# نۇزھەتۇل مۇتتەقىين

## «ياخشىلار باغچىسى» دىكى مۇتتەقىيلەرنىڭ سەيلىسى

نزهة المتقين

شرح رياض الصالحين

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەد سالىھ ھاجىم
نەزىرە مۇھەممەد سالىھ

كومپيۇتېرغا ئالغۇچى:

**ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى**

## مۇندەرىجە

1 ـ باب بارلىق سۆز ـ ھەرىكەت ۋە يوشۇرۇن ـ ئاشكارا ھالەتلەردە ئىخلاس ۋە ھوزۇرى قەلب بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدا ..... 21
2 ـ باب تەۋبە توغرىسىدا ..... 30
3 ـ باب سەۋر توغرىسىدا ..... 48
4 ـ باب راستچىللىق توغرىسىدا ..... 68
5 ـ باب ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 72
6 ـ باب تەقۋالىق توغرىسىدا ..... 79
7 ـ باب كامىل ئىشەنچ ۋە تەۋەككۇل قىلىش توغرىسىدا ..... 82
8 ـ باب توغرا يولدا بولۇش توغرىسىدا ..... 90
9 ـ باب ئاللاھ تائالانىڭ بۈيۈك مەخلۇقاتلىرى، دۇنيانىڭ تۈگىشى، ئاخىرەتنىڭ قورقۇنچلىرى ۋە باشقا ئىشلار ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش، نەپسىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرى، ئۆز نەپسىنى تۈزەش ۋە ئۇنى توغرا يولغا يېتەكلەش توغرىسىدا ..... 92
10. باب ياخشى ئىشلارغا ئالدىراش، ياخشىلىققا يۈزلەنگەن كىشىنى ئىككىلەنمەستىن شۇ ئىشنى تېزلىك بىلەن قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا ..... 93
11 ـ باب (شەيتان، ھاۋايى ـ ھەۋەس، نەپسى قاتارلىقلار بىلەن) كۈرەش قىلىش توغرىسىدا ..... 97
12 ـ باب كىشىنى ئاخىرقى ئۆمرىدە ياخشىلىقلارنى كۆپ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا ..... 106
13 ـ باب ياخشىلىق يوللىرىنىڭ كۆپلىكى توغرىسىدا ..... 109
14 ـ باب تائەت ـ ئىبادەتتە ئوتتۇراھال بولۇش توغرىسىدا ..... 122
15 ـ باب ئىبادەتكە ئائىت ئەمەللەرنى داۋاملاشتۇرۇش توغرىسىدا ..... 131
16 ـ باب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە رىئايە قىلىشقا، ئەدەب ـ ئەخلاقىنى ئۆگىنىشكە بۇيرۇش توغرىسىدا ..... 133
17 ـ باب ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكۈملىرىگە بويسۇنۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى، ئۇنىڭغا چاقىرىلغان ھەم ياخشىلىققا بۇيرۇلغان ۋە يامانلىقتىن توسۇلغان كىشىنىڭ نېمە دەيدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 141
18 ـ باب بىدئەت ۋە دىندا يېڭى پەيدا بولغان ئىشلارنى چەكلەش توغرىسىدا ..... 143
19 ـ باب بىرەر ياخشى ئىش ياكى يامان ئىشنى پەيدا قىلغۇچى كىشى توغرىسىدا ..... 145
20. باب ياخشىلىققا دالالەت قىلىش ۋە ھىدايەتكە ياكى گۇمراھلىققا دەۋەت قىلىش توغرىسىدا ..... 147
21 ـ باب ياخشىلىققا ۋە تەقۋالىققا ياردەملىشىش توغرىسىدا ..... 150
22 ـ باب سادىق بولۇش توغرىسىدا ..... 151
23 ـ باب ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش توغرىسىدا ..... 152
24 ـ باب كىشىلەرگە ئەمرىمەئرۇپ قىلىدىغان، ئەمەلىيەتتە ئۆزى ئەمەل قىلمايدىغان



www.munber.org

كىشىلەرنىڭ قاتتىق جازالىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ........................ 161
25 ـ باب ئامانەتنى ئۆز جايىغا قارار تاپقۇزۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا ................ 162
26 ـ باب زۇلۇمنىڭ ھاراملىقى ۋە ماددىي، مەنىۋى ھەقلەرنى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا .................................... 168
27 ـ باب مۇسۇلمانلارغا چېقىلماسلىق، ئۇلارغا مېھىر ـ شەپقەت قىلىش، كۆيۈنۈش ۋە ئۇلارنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلىش توغرىسىدا............................ 178
28 ـ باب مۇسۇلمانلارنىڭ ئەيىبىنى يېپىش ۋە زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇلارنىڭ ئەيىبلىرىنى ئاشكارىلىماسلىق توغرىسىدا .................................... 186
29 ـ باب مۇسۇلمانلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش توغرىسىدا ........................ 188
30. باب شاپائەت قىلىش توغرىسىدا .................................... 190
31 ـ باب كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈش توغرىسىدا............................ 190
32 ـ باب ئاجىز، نامرات ۋە نامسىز مۇسۇلمانلارنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ............ 193
33 ـ باب يېتىم ئوغۇل ۋە يېتىم قىزلارنىڭ بېشىنى سىلاش، مىسكىن، دىلى سۇنۇق كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش، شەپقەت قىلىش، ئۇلار بىلەن كەمتەر مۇئامىلىدە بولۇپ، ئۇلارنى قانات ئاستىغا ئېلىش توغرىسىدا ....... 199
34 ـ باب ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش توغرىسىدا ........................ 205
35 ـ باب ئەرنىڭ ئايالىنىڭ ئۈستىدىكى ھەققى توغرىسىدا ........................ 209
36 ـ باب خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىغا خىراجەت بېرىش توغرىسىدا .................... 212
37 ـ باب ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرىنى سەرپ قىلىش ۋە ياخشىلىرىنى بېرىش توغرىسىدا .................................................... 215
38 ـ باب ئۆزىنىڭ ئەھلى ـ ئەۋلادلىرىنى، ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتكەن باللىرىنى ۋە باشقا قول ئاستىدىكىلىرىنى ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇش، چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىشتىن توسۇش ۋە ئۇلارغا ئەدەب ـ ئەخلاق ئۆگىتىش توغرىسىدا .................................................... 217
39 ـ باب قوشنىلارنىڭ ھەققى ۋە قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا............ 219
40 ـ باب ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ۋە سىلە ـ رەھىم قىلىش توغرىسىدا ...... 222
41 ـ باب ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىشنىڭ ۋە سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا .................................................... 233
42 ـ باب ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دوستلىرىغا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا، يېقىنلىرىغا، ئايالىغا ۋە بارلىق ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا .................................................... 236
43 ـ باب رەسۇلۇللاھنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلارنىڭ پەزىلىتىنىڭ بايانى .................................................... 239
44 ـ باب ئۆلىمالارنى، ياشانغانلارنى ۋە پەزىلەت ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارنى باشقىلاردىن ئۈستۈن بىلىش، ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈرۈش توغرىسىدا .................................................... 241
45 ـ باب ياخشىلارنى زىيارەت قىلىش ۋە ئۇلار بىلەن ھەمسورۇن بولۇش، ھەمسۆھبەت



www.munber.org

بولۇش، ئۇلارنى ياخشى كۆرۈش، ئۇلارنى زىيارەت قىلىش، ئۇلاردىن دۇئا تەلەپ قىلىش ۋە ئۇلۇغ جايلارنى زىيارەت قىلىش توغرىسىدا ..... 246
46 - باب كىشىنى ئاللاھ تائالا يولىدا ياخشى كۆرمەكنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭغا قىزىقتۇرۇش، بىر كىشىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشىسىگە ئۆزىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ۋە بىلدۈرگەن كىشىگە نىمە دېيىش توغرىسىدا ..... 253
47 - باب ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەرنى ياخشى كۆرگەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرى ۋە بۇ ئالامەتلەرنى كىشى ئۆزىگە سىڭدۈرۈش ۋە ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش توغرىسىدا ..... 258
48 - باب ياخشى ئادەملەرنى، ئاجىز مىسكىنلەرنى رەنجىتىشتىن ھەزەر ئەيلەش توغرىسىدا ..... 261
49 - باب كىشىلەرنىڭ تاشقى قىياپىتىگە قاراپ ھۆكۈم قىلىش، ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇش توغرىسىدا ..... 262
50. باب ئاللاھ تائالادىن قورقۇش توغرىسىدا ..... 266
51 - باب ئۈمىدۋارلىق توغرىسىدا ..... 274
52 - باب ئۈمىدۋار بولۇش توغرىسىدا ..... 291
53 - باب ھەم قورقۇش ھەم ئۈمىدۋار بولۇش توغرىسىدا ..... 292
54 - باب ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ، ئاللاھ تائالانى سېغىنىپ يىغلاشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ..... 294
55 - باب دۇنياغا بېرىلمەسلىكنىڭ پەزىلىتى، دۇنيانىڭ كۆپ بولماسلىقىغا قىزىقتۇرۇش ۋە نامراتلىقنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ..... 299
56 - باب ئاچ - توق يۈرۈش ۋە ئاددىي - ساددا ياشاشنىڭ پەزىلىتى، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك ۋە باشقا ئېھتىياجلىق نەرسىلەردە ئاز بىلەن چەكلىنىش ۋە نەپسى خاھىشقا بېرىلمەسلىك توغرىسىدا ..... 312
57 - باب قانائەتچان، نومۇسچان بولۇش، تۇرمۇشتا ۋە ئىقتىسادتا تېجەشلىك بولۇش، زۆرۈر بولمىسا باشقىلاردىن تىلەمەسلىك توغرىسىدا ..... 329
58 - باب تىلەمەستىن ۋە تەمە قىلماستىن نەرسە ئېلىشنىڭ دۇرۇسلۇقى توغرىسىدا ..... 336
59 - باب ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ ياشاش، تىلەمچىلىكتىن ۋە تەمەخورلۇقتىن ساقلىنىش توغرىسىدا ..... 337
60. باب مەردلىك، سېخىيلىق ۋە ئاللاھ تائالاغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل - مال سەرپ قىلىش توغرىسىدا ..... 338
61 - باب بېخىللىق ۋە خەسىسلىكتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا ..... 347
62 - باب باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىدىن ئەلا بىلىش ۋە كىشىلەرگە غەمخورلۇق قىلىش توغرىسىدا ..... 347
63 - باب ئاخىرەتكە ئائىت ياخشى ئەمەللەردە رىقابەتلىشىش، بەرىكەتلىك ئىشلارنى كۆپرەك قىلىش توغرىسىدا ..... 350
64 - باب شۈكۈر قىلغۇچى باينىڭ پەزىلىتى، شۈكۈر قىلغۇچى باي دېگەن پۇلنى ئۆز



www.munber.org

يولى بىلەن تېپىپ ئۆز يولىغا ئىشلەتكەن كىشى ئىككىلىكى توغرىسىدا ...... 351
65 ـ باب ئۆلۈمنى ياد ئېتىپ تۇرۇش ۋە يوقىلاڭ ئارزۇنى كۆپ قىلماسلىق توغرىسىدا .. 354
66 ـ باب ئەرلەر قەبرە يوقلىسا بولىدىغانلىقى ۋە قەبرە يوقلىغۇچىنىڭ
ئوقۇيدىغانلىرى توغرىسىدا .................................... 358
67 ـ باب زىيان ـ زەخمەتكە يولۇقۇش تۈپەيلىدىن ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىشىنىڭ ياخشى
ئەمەسلىكى، لېكىن دىندا پىتنىگە قېلىشتىن قورقۇپ ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلسا
كارايىتى يوقلۇقى توغرىسىدا .................................... 360
68 ـ باب پەرھىزكار بولۇش ۋە شۈبھىلىك نەرسىلەرنى تەرك ئېتىش توغرىسىدا ........ 361
69 ـ باب زامان بۇزۇلغاندا ياكى دىندا پىتنىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىشتىن ۋە هارام
شۈبھىلىك ئىشلارغا ئارىلىشىپ ياكى يولۇقۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەندە،
كىشىلەردىن ئايرىلىپ تۇرۇشنىڭ ياخشى سانىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ........ 365
70. باب كىشىلەرگە ئارىلىشىپ جامائەت نامازلىرىغا هازىر بولۇش، خەيرلىك
سورۇنلارغا ۋە ئىلىم ـ زىكىر سورۇنلىرىغا قاتنىشىش، كېسەللەرنى يوقلاش،
جىنازا نامىزىغا قاتنىشىش، يوقسۇللارنىڭ هالىدىن خەۋەر ئېلىش، كىشىلەرنى
ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشقا قادىر بولالىغان ئادەمنىڭ
نادانلارنى هىدايەت يولىغا يېتەكلەش، باشقىلارغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن ئۆزىنى
چەكلەش، باشقىلاردىن يەتكەن ئەزىيەتكە سەۋر قىلىش قاتارلىقلارنىڭ پەزىلىتى
توغرىسىدا ............................................................ 367
71 ـ باب كەمتەر بولۇش ۋە مۇئمىنلەرگە مۇلايىم بولۇش توغرىسىدا ................. 368
72 ـ باب هاكاۋۇرلۇق، ئۆزىگە تەمەننا قويۇشنىڭ هاراملىقى توغرىسىدا ............. 372
73 ـ باب گۈزەل ئەخلاق توغرىسىدا ........................................ 375
74 ـ باب كۆڭلى يۇمشاقلىق، تەمكىنلىك، مۇلايىملىق توغرىسىدا.................. 379
75 ـ باب ئەپۇچان بولۇش ۋە نادانلار بىلەن تەڭ بولماسلىق توغرىسىدا............... 382
76 ـ باب ئەزىيەتلەرگە چىداش توغرىسىدا ................................... 385
77 ـ باب شەرىئەتنىڭ ئەھكاملىرى دەپسەندە قىلىنسا غەزەپلىنىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ
دىنىغا ياردەم بېرىش توغرىسىدا...................................... 385
78 ـ باب ئىش ئۈستىدىكىلەرنىڭ پۇقرالارغا مۇلايىم، سەمىمي بولۇشى، ئۇلارغا
شەپقەت قىلىشى، ئۇلارغا ساختىلىق قىلماسلىقى، قاتتىق قول بولماسلىقى،
ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىگە سەل قارىماسلىقى ۋە ئۇلارنىڭ هاجەتلىرىگە
بىپەرۋالىق قىلماسلىقى توغرىسىدا .................................... 388
79 ـ باب ئادىل هۆكۈمران.................................................. 391
80. باب گۇناھ بولمايدىغان ئىشلاردا هۆكۈمرانلارغا ئىتائەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى،
گۇناھ بولىدىغان ئىشلاردا ئىتائەت قىلىشنىڭ هاراملىقى توغرىسىدا .......... 393
81 ـ باب هۆكۈمدار بولۇشنى تەلەپ قىلىشنى چەكلەش، تەيىنلىنىپ قالمىسا ۋە ياكى
زۆرۈرىيەت بولمىسا ئەمەل تۇتماسلىقنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا............. 397
82 ـ باب سۇلتاننى ياخشى ۋەزىر تەيىنلەشكە، قازى ۋە باشقا ئىش ئۈستىدىكىلەرنى
ياخشى ياردەمچى تەيىنلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئۇلارنى يامان دوست



www.munber.org

تۇتۇشتىن ۋە يامان كىشىلەرنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش
توغرىسىدا ... 399
83 ـ باب ھۆكۈمران بولۇشنى، قازى بولۇشنى ۋەياخشى ئەمەللەرگە قويۇشنى تەلەپ
قىلغان ياكى ئۇنىڭغا قىزىقىدىغانلىقىنى پۇرىتىپ ئۆتكەنلەرنى ئەمەلگە
قويماسلىق توغرىسىدا ... 400
84 ـ باب ھايا ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى، ھايالىق بولۇشقا رىغبەتلەندۇرۇش توغرىسىدا ... 401
85 ـ باب سىر ساقلاش توغرىسىدا ... 402
86 ـ باب ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، ۋەدىدە تۇرۇش توغرىسىدا ... 405
87 ـ باب ئادەتلەنگەن ياخشى ئىشنى داۋاملاشتۇرۇش توغرىسىدا ... 407
88 ـ باب كىشىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا شېرىن سۆزلۈك ۋە خۇش چىراي بولۇش
توغرىسىدا ... 408
89 ـ باب سۆز قىلغاندا سۆزنى چۈشىنىشلىك ۋە روشەن قىلىشنىڭ، قارشى تەرەپ بىر
قېتىمدا چۈشىنەلمىسە سۆزنى تەكرارلاشنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا ... 409
90. باب سورۇنداشنىڭ ياخشى سۆزنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاشنىڭ لازىملىقى، ئالىم ۋە تەبلىغ
قىلغۇچىنىڭ سۆزلىگەندە باشقىلارنىڭ سۆزنى توختىتىپ قويۇشى توغرىسىدا ... 409
91 ـ باب يىغىنچاق ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش توغرىسىدا ... 410
92 ـ باب ئېغىر ـ بېسىقلىق ۋە تەمكىنلىك توغرىسىدا ... 412
93 ـ باب ناماز ۋە ئىلىم سورۇنلىرى قاتارلىق ئىبادەت ئورۇنلىرىغا كەلگەندە تەمكىنلىكنى
ساقلاش توغرىسىدا ... 412
94 ـ باب مېھماننى ھۆرمەتلەش توغرىسىدا ... 413
95 ـ باب خۇش خەۋەر بېرىش ۋە مۇبارەكلەشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ... 415
96 ـ باب سەپەرگە ۋە سىرتقا چىققاندا ھەمراھى بىلەن خوشلىشىش ۋە ئۇنىڭغا دۇئا
بېرىش ۋە ئۇنىڭدىن دۇئا ئېلىش توغرىسىدا ... 421
97 ـ باب ئىستىخارە قىلىش ۋە مەسلىھەت توغرىسىدا ... 423
98 ـ باب ھېيت نامىزىغا، كېسەل يوقلاشقا، ھەجگە، جەڭگە، جىنازا نامىزىغا
بارغاندا ساۋابىنىڭ كۆپ بولۇشى ئۈچۈن، بارغاندا بىر يول بىلەن، كەلگەندە
باشقا بىر يول بىلەن مېڭىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ... 425
99 ـ باب ياخشى ئىشلارنى ئوڭ تەرەپتىن باشلاشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ... 425
100. باب تاماق يېيىشنىڭ ئەدەب ـ قائىدىلىرى ۋە تاماقتىن بۇرۇن « بِسمِ اللّهِ »
تاماقتىن كېيىن « اَلحَمدُ لِلّهِ »، دېيىش توغرىسىدا ... 428
101 ـ باب تاماقنى ياراتماسلىقنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى ۋە تاماقنى ماختاشنىڭ
ياخشىلىقى توغرىسىدا ... 431
102 ـ باب روزا تۇتقان ئادەم ئىپتار بولمىغان ۋاقىتتا تاماق كەلتۈرۈلسە قانداق
قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا ... 432
103 ـ باب تاماققا چاقىرىلغان ئادەمگە باشقا بىر كىشى ئەگىشىپ بارسا قانداق
قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا ... 432
104 ـ باب تاماقنى ئۆزىنىڭ ئالدىدىن يېيىش ۋە تاماق يېيىشنىڭ ئەدەب قائىدىسىنى



www.munber.org

بىلمىگەن كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىش ۋە ئەدەب ـ قائىدىلىرىنى ئۆگىتىش توغرىسىدا ........ 432

105 ـ باب خورما قاتارلىق مېۋىلەرنى ھەمراھلىرىنىڭ رۇخسىتىسىز بىراقلا ئىككىدىن ئېغىزىغا سېلىشتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا ........ 433

106 ـ باب يەپ تويمايدىغانلارنىڭ نېمە دېيىشى ۋە نېمە قىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا ........ 434

107 ـ باب تاماق يېگەندە تاۋاقنىڭ چۆرىسىدىن يېيىش، ئوتتۇرىسىدىن يېمەسلىك توغرىسىدا ........ 434

108 ـ باب يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا ........ 435

109 ـ باب تاماق يېيىشتىكى ياخشى ئادەتلەر توغرىسىدا ........ 436

110. باب تاماقنى كۆپرەك ئادەم بىلەن بىللە يېيىش توغرىسىدا ........ 438

111 ـ باب سۇ ئىچىشنىڭ ئەدەب ـ قائىدىسى ۋە سۇ ئىچكەندە قاچىنىڭ سىرتىغا ئۈچ قېتىم تىنىۋېلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، قاچىنىڭ ئىچىگە تىنىشنىڭ مەكرۇھ ئىكەنلىكى، قاچىنى سۇ ئىچىشنى باشلاپ بەرگەن ئادەمنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئايلاندۇرۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ........ 439

112 ـ باب ئىچىدە نېمە بارلىقىنى كۆرگىلى بولمايدىغان قاچىنىڭ ئاغزىدىن سۇ ئىچىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا ........ 440

113 ـ باب ئىچىملىككە پۇۋلەشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا ........ 441

114 ـ باب ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچىشنىڭ دۇرۇسلىقى ۋە لېكىن ئولتۇرۇپ سۇ ئىچكەنىنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكى توغرىسىدا ........ 442

115 ـ باب كىشىلەرگە سۇ قۇيۇپ بەرگەن ئادەمنىڭ سۇنى ئەڭ ئاخىرىسىدا ئىچىشنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا ........ 443

116 ـ باب ئالتۇن، كۈمۈش قاچىلاردىن باشقا ھەرخىل پاكىز قاچىلاردا سۇ ئىچىشكە بولىدىغانلىقى، ئۆستەڭ قاتارلىقلاردىن سۇنى بىۋاسىتە قاچىسىز ئىچىشكە بولىدىغانلىقى، ئالتۇن قاچىدا تاماق يېيىشكە، سۇ ئىچىشكە، تاھارەت ئېلىشقا قەتئىي بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا ........ 443

117 ـ باب ئاق كىيىمنى كىيىشنىڭ ياخشىلىقى، قىزىل، يېشىل، سېرىق، قارا كىيىملەرنى كىيىشنىڭ دۇرۇسلۇقى، يىپەك رەختلەردىن بولمىسىلا بۇ رەڭلەردە ياختا، تالا، يۇڭ رەختلەردىن تىكىلگەن كىيىمنى كىيىشكە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ........ 445

118 ـ باب كۆينەك كىيىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ........ 448

119 ـ باب كۆينەكنىڭ ۋە كۆينەك يېڭىنىڭ، ئىشتاننىڭ پۇچقىقىنىڭ ۋە سەللىنىڭ ئۇچىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ........ 448

120. باب كەمتەرلىك يۈزىسىدىن ئېسىل كىيىم كىيىشنى تەرك ئېتىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ........ 455

121 ـ باب كىيىم ـ كېچەكتە ئوتتۇراھال بولۇشنىڭ ياخشىلىقى، شەرئى مەقسەت ياكى زۆرۈرىيەت بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ھۆرمەتنى چۈشۈرۈۋېتىدىغان ناچار

www.munber.org

كىيىملەرنى كىيمەسلىك توغرىسىدا ..................................... 455
122 ـ باب ئەرلەرگە يىپەك كىيىم كىيىش، يىپەك كۆرپىدە ئولتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا يۆلىنىشنىڭ ھاراملىقى، ئاياللارغا ئۇنى كىيىشنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ........................................................ 455
123 ـ باب بەدىنى قىچىشىدىغان ئادەمگە يىپەك كىيىم كىيىشنىڭ دۇرۇسلۇقى توغرىسىدا ........................................................ 457
124 ـ باب يولۋاس تېرىسىدىن تۇشەك قىلىش ياكى ئىگەر، توقۇم قىلىپ مىنىشتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا ........................................ 457
125 ـ باب يېڭى كىيىم ۋە يېڭى ئاياغ كىيگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا توغرىسىدا......... 458
126 ـ باب كىيىم كىيگەندە ئوڭدىن باشلاشنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا............... 458
127 ـ باب ئۇخلاش ۋە يېتىپ قوپۇش ئەدەبلىرى توغرىسىدا ......................... 459
128 ـ باب ئەۋرەت ئېچىلىپ قالمىسىلا پۇتنى مىنگەشتۇرۇپ ئوڭدىسىغا يېتىشنىڭ دۇرۇسلۇقى ۋە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ ۋە كاسىسىنى يەرگە قويۇپ، تىزنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇشنىڭ دۇرۇسلۇقى توغرىسىدا ............................ 460
129 ـ باب سورۇن ۋە سورۇنداشلارنىڭ ئەدەبلىرى توغرىسىدا....................... 461
130. باب چۈش ۋە چۈشكە ئالاقىدار ئىشلار توغرىسىدا ........................... 466
131 ـ باب سالام قىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە سالامنى ئومۇملاشتۇرۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا ... 470
132 ـ باب سالام بېرىش رەۋىشى توغرىسىدا ..................................... 473
133 ـ باب سالاملىشىشنىڭ ئەدەب ـ قائىدىلىرى توغرىسىدا......................... 475
134 ـ باب قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تەكرار ئۇچراشسىمۇ، كىرىپ ـ چىقىپ يەنە قايتا كىرسىمۇ ياكى ئارىسىدا دەرەخ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر توساق بولۇپ يەنە كۆرۈشسىمۇ قايتا سالام قىلىشنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا .......... 476
135 ـ باب ئۆز ئۆيىگە كىرگەندە سالام قىلىشنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا................. 477
136 ـ باب كىچىك بالىلارغا سالام قىلىش توغرىسىدا ................................ 477
137 ـ باب ئەرنىڭ ئۆز ئايالىغا ۋە ئۆزىگە نامەھرەم ئايال تۇغقانلىرىغا، پىتنە بولۇپ قېلىشىدىن قورقمىسا بىر ياكى كۆپ يات ئاياللارغا سالام قىلىشى ۋە شۇ شەرت بىلەن ئاياللارنىڭ يات ئەرلەرگە سالام قىلىشى توغرىسىدا ........ 477
138 ـ باب غەيرىي دىندىكىلەرگە ئالدى بىلەن سالام بېرىشنىڭ ھاراملىقى ۋە ئۇلارغا سالامنى قانداق قايتۇرۇش كېرەكلىكى ۋە مۇسۇلمان بىلەن غەيرىي دىندىكىلەر ئارىلاش ئولتۇرغان سورۇندىكى كىشىلەرگە سالام بېرىشنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا.................................................. 479
139 ـ باب سورۇندىن تۇرۇپ كەتكەندە ۋە سورۇنداشلىرى ياكى سۆھبەتداشلىرىدىن ئايرىلغاندا سالام بېرىپ قوپۇشنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا .................. 479
140. باب سالام قىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە سالامنى ئومۇملاشتۇرۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا.... 480
141 ـ باب ئىجازەت سورىغۇچىغا: « سىز كىم؟ »، دېيىلسە، ئۇ كىشىنىڭ: « مەن پالانچى »، دەپ ئىسمىنى ياكى تەخەللۇسىنى ئېيتىشىنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكى ۋە « مەن »، دېيىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا..................... 481

www.munber.org

142 - باب چۈشكۈرگۈچى «اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ» (ھەمدۇسانا ئاللاھ ئۈچۈندۇر) دېسە، ئاڭلىغۇچى «يَرْحَمُكَ اللّٰهُ» (ئاللاھ ساڭا رەھىم قىلسۇن) دەپ جاۋاب قايتۇرۇشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، چۈشكۈرگۈچى ھەمدۇ ئېيتمىسا، جاۋاب قايتۇرۇشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، چۈشكۈرگەنگە جاۋاب قايتۇرۇش، چۈشكۈرۈش، ئەسنەشنىڭ ئەدەبلىرى توغرىسىدا ..... 482
143 - باب قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشنىڭ ۋە خۇش چىراي قارشى ئېلىشنىڭ ۋە كىشىلەرنىڭ قولىنى سۆيۈشنىڭ، مېھرىبانلىق يۈزىسىدىن ئۆزىنىڭ بالىسىنى سۆيۈشنىڭ، سەپەردىن قايتىپ كەلگەن كىشى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشنىڭ ياخشىلىقى ۋە ئېگىلىپ تەزىم قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا ..... 485
144 - باب كېسەل يوقلاش توغرىسىدا ..... 487
145 - باب سالام قىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە سالامنى ئومۇملاشتۇرۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا ..... 490
146 - باب كېسەلنىڭ ئەھۋالىنى سوراشنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا ..... 493
147 - باب ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگەن كىشىنىڭ نېمە دەيدىغانلىقى توغرىسىدا ..... 494
148 - باب كېسەلنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ۋە كېسەلگە خىزمەت قىلغۇاتقانلارغا كېسەلگە ياخشى قاراشنى تەۋسىيە قىلىش، كېسەل بېقىشتىكى ئېغىرچىلىقلارغا چىداشنىڭ ياخشىلىقى ۋە شۇنىڭدەك شەرئىي جازا بىلەن ياكى قىساس بىلەن ئۆلتۈرۈلۈشى يېقىن بولغان كىشىگىمۇ ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىش توغرىسىدا . 495
149 - باب نارازى بولماي، چىدامسىزلىق قىلماي تۇرۇپ، مەن ئاغرىقمەن ياكى قىزىپ كېتىۋاتىمەن، ۋاي بېشىم دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقى توغرىسىدا ..... 495
150. باب جان ئۈزۈش ئالدىدىكى كىشىگە «لاَ إِلَهَ إِلَّا اللّٰهُ»نى تەلقىن قىلىش توغرىسىدا ..... 496
151 - باب ئۆلگەن كىشىنىڭ كۆزىنى يۇمدۇرغاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئالار توغرىسىدا ..... 497
152 - باب مېيىتنىڭ يېنىدا ئوقۇلىدىغان ۋە مېيىت ئىگىسىنىڭ ئوقۇيدىغان دۇئالىرى توغرىسىدا ..... 497
153 - باب مېيىتكە ئۈنسىز ۋە قوشاق قوشماي يىغلاشنىڭ دۇرۇسلۇقى توغرىسىدا ..... 500
154 - باب مېيىتنى يۇيۇۋاتقاندا بايقالغان يامان ئەھۋالنى سۆزلىمەسلىك توغرىسىدا ..... 501
155 - باب مېيىتكە جىنازا نامىزى ئوقۇش، جىنازىغا ئەگىشىش ۋە دەپنە قىلىشقا قاتنىشىشنىڭ ياخشىلىقى، ئاياللارنىڭ جىنازىغا ئەگىشىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا ..... 501
156 - باب جىنازا نامىزىنى ئوقۇغۇچى ئادەملەرنىڭ كۆپ بولۇشىنىڭ ۋە سەپنىڭ ئۈچ ياكى ئۈچتىنمۇ كۆپ بولۇشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ..... 503
157 - باب جىنازا نامىزىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا توغرىسىدا ..... 504
158 - باب جىنازىنى ئېلىپ مېڭىشتا ئالدىراش توغرىسىدا ..... 506
159 - باب مېيىتنىڭ قەرزىنى تېزدىن بېرىش ۋە ئۇنى كۆمۈشكە ئالدىراش، ئەگەر مېيىت تۇيۇقسىز ئۆلگەن بولسا، ئۇنىڭ راستىن ئۆلگەنلىكى ئېنىق



www.munber.org

بولغۇچە مېيىتنى كۆمۈشنى كېچىكتۈرۈش بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئىكەنلىكى توغرىسىدا ........ 507
160. باب قەبرىستاندا ۋەز ئېيتىش توغرىسىدا ........ 507
161 - باب مېيىتنى دەپنە قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلىش، ئىستىغفار ئېيتىش، قۇرئان ئوقۇش ئۈچۈن قەبرە يېنىدا بىر ئاز ۋاقىت ئولتۇرۇش توغرىسىدا ........ 508
162 - باب مېيىت ئۈچۈن سەدىقە قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلىش توغرىسىدا ........ 509
163 - باب مېيىتنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىش توغرىسىدا ........ 510
164 - باب كىچىك بالىلىرى ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئېرىشىدىغان پەزىلىتى توغرىسىدا ........ 512
165 - باب زالىملارنىڭ قەبرىلىرىدىن ۋە ئۇلار ھالاك قىلىنغان جايلاردىن ئۆتكەندە يىغلىماق ۋە قورقماق، ئاللاھ تائالاغا ھاجىتىنى ئىزھار قىلماق ۋە غەپلەتتە قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا ........ 513
166 - باب پەيشەنبە كۈنى سەپەرگە چىقىشنىڭ ۋە سەپەرگە ئەتىگەن چىقىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ........ 514
167 - باب سەپەردە ھەمراھ ئىزدەش ۋە ھەممىسى گېپىنى ئاڭلايدىغان بىرىنى ئۆزىگە باشلىق سايلاشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ........ 514
168 - باب يول يۈرۈش، قونالغۇغا چۈشۈش ۋە قونۇش، ئۇخلاش ئەدەبلىرى، كېچىسى يول يۈرۈش ۋە ئۇلاغقا كۆيۈنۈش، ئۇلاغنى ئاسراشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، ئەگەر ئۇلاغ كۆتۈرەلىسە، ئۇلاغقا مىندۈرۈۋېلىشنىڭ جائىزلىقى ۋە ئۇلاغنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغان كىشىنى ئۇنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا ........ 516
169 - باب بۇرادەرلىرىگە ياردەم بېرىش توغرىسىدا ........ 519
170 - باب ئۇلاغ مىنگەندە ئوقۇيدىغان دۇئالار توغرىسىدا ........ 520
171 - باب سەپەرگە چىققۇچىنىڭ دۆڭ قاتارلىقلارغا چىقسا تەكبىر ئېيتىشى، ئويمانلىقلارغا چۈشسە تەسبىھ ئېيتىشى ۋە تەكبىر، تەسبىھلەرنى ئېيتقان چاغدا ئاۋازىنى ھەددىدىن ئارتۇق يۇقىرى كۆتۈرۈۋەتمەسلىك توغرىسىدا ........ 522
172 - باب سەپەردە دۇئا قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ........ 524
173 - باب يولۇچى كىشىلەردىن ۋە باشقا نەرسىلەردىن قورققاندا قىلىدىغان دۇئا توغرىسىدا ........ 525
174 - باب يولۇچىنىڭ مەنزىلگاھقا چۈشكەندە ئوقۇيدىغان دۇئالىرى توغرىسىدا ........ 525
175 - باب ئىشلىرى تۈگىگەن مۇساپىرنىڭ ئائىلىسىگە قايتىشقا ئالدىراشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ........ 526
176 - باب مۇساپىر ئادەمنىڭ ئۆز ئۆيىگە كۈندۈزى قايتىپ كېلىشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، زۆرۈر بولمىسا كېچىسى قايتىپ كېلىشىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا ........ 526
177 - باب سەپەردىن قايتقاندا، يۇرتىنى كۆرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئالار توغرىسىدا ........ 527
178 - باب سەپەردىن قايتقان كىشىنىڭ ئالدى بىلەن مەھەللىسىدىكى مەسجىدكە




www.munber.org

كىرىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا .......... 527
179 ـ باب ئايال كىشىنىڭ يالغۇز سەپەر قىلىشى توغرىسىدا ...................... 527
180. باب قۇرئان ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ............................. 529
181 ـ باب قۇرئاندىن ياد ئالغاننى ئۇنتۇپ قالماي ئوقۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا . 532
182 ـ باب قۇرئاننى چىرايلىق ئاۋاز بىلەن ئوقۇشنىڭ ياخشىلىقى ۋە قۇرئاننى چىرايلىق ئوقۇيدىغان كىشىنىڭ ئوقۇپ بېرىشىنى ئۆتۈنۈش ۋە ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىش توغرىسىدا ........................................................ 533
183 ـ باب بەزى سۈرىلەر ۋە مەخسۇس ئايەتلەرنى ئوقۇشنى تەرغىب قىلىش توغرىسىدا .......................................................... 535
184 ـ باب يىغىلىپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا............... 541
185 ـ باب تاھارەتنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا................................. 541
186 ـ باب ئەزاننىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا .................................. 545
187 ـ باب نامازنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ................................ 549
188 ـ باب بامدات نامىزى ۋە ئەسىر نامىزىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ............... 551
189 ـ باب مەسجىدكە پىيادە بېرىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ...................... 553
190. باب نامازنى كۈتۈپ تۇرۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ......................... 556
191 ـ باب جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا .................... 557
192 ـ باب بامدات ۋە خۇپتەندە جامائەتكە ھازىر بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا . 560
193 ـ باب بەش ۋاخ نامازنى داۋاملىق ئوقۇشقا بۇيرۇش ۋە ئۇلارنى تەرك ئېتىشتىن قاتتىق مەنئى قىلىش ۋە بەش ۋاخ نامازنى تەرك ئەتسە قاتتىق ئازابقا قالىدىغانلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا ........................... 561
194 ـ باب ئالدىنقى سەپنىڭ پەزىلىتى ۋە ئالدىنقى سەپنى توشقۇزۇشقا، سەپنى تۈز قىلىشقا، سەپتە بىر ـ بىرىگە يېقىن تۇرۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا ............. 564
195 ـ باب پەرز نامازلارغا قوشۇپ ئوقۇلىدىغان سۈننەت نامازلارنىڭ پەزىلىتى ۋە نامازلارنىڭ سان ۋە ساۋابىنىڭ ئاز ـ كۆپ بولۇشى ۋە ئوتتۇراھال بولۇشى توغرىسىدا .......................................................... 569
196 ـ باب بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇشنى تەكىتلەش توغرىسىدا .......................................................... 570
197 ـ باب بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى يەڭگىل ئوقۇش، ئۇ ئىككى رەكئەتتە ئوقۇلىدىغان سۈرىلەر ۋە نامازنىڭ ۋاقتى توغرىسىدا ........................... 571
198 ـ باب بامداتنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئوڭ يانىنى بىسىپ يېتىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، كېچىسى تەھەججۇد ئوقۇسۇن ياكى ئوقۇمىسۇن شۇنداق قىلىشنىڭ ئەۋزەللىكى توغرىسىدا.............................. 573
199 ـ باب پېشىنىنىڭ سۈننىتى توغرىسىدا.................................. 574
200. باب ئەسىرنىڭ سۈننىتى توغرىسىدا ................................... 576
201 ـ باب شامنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئوقۇلىدىغان سۈننەت نامازلار توغرىسىدا. 577
202 ـ باب خۇپتەننىڭ پەرزىدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى سۈننەتلىرى توغرىسىدا......... 578



www.munber.org

203 ـ باب جۈمە نامىزىنىڭ سۈننىتى توغرىسىدا ................................ 578
204 ـ باب مەيلى تەكىتلەنگەن بولسۇن ياكى تەكىتلەنمىگەن بولسۇن، نەفلى
نامازنىڭ ئۆيدە ئوقۇلۇشىنىڭ ياخشىلىقى، نەفلى ئوقۇش ئۈچۈن پەرز ئوقۇغان
جايدىن يۆتكىلىپ باشقا يەردە نەفلى ئوقۇش ياكى پەرز بىلەن نەفلىنىڭ
ئارىسىدا سۆز قىلىۋېتىپ، ئاندىن نەفلى ئوقۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا ......... 579
205 ـ باب ۋىتىر نامىزىغا رىغبەتلەندۈرۈش، ئۇنىڭ سۈننەتى مۇئەككەدە ئىكەنلىكى
ۋە ئۇنىڭ ۋاقتى توغرىسىدا........................................... 580
206 ـ باب چاشگاھ نامىزىنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ ئاز ـ كۆپ ۋە ئوتتۇراھال
بولۇشىنىڭ بايانى ۋە ئۇنى ئوقۇپ تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا ....... 582
207 ـ باب كۈن نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەندىن تارتىپ تاكى كۈن تىكلەنگەنگە قەدەر
چاشگاھ نامىزى ئوقۇشنىڭ دۇرۇسلۇقى، كۈن كۆتۈرۈلۈپ قاتتىق قىزىغاندا
چاشگاھ نامىزى ئوقۇشنىڭ ئەۋزەللىكى توغرىسىدا ......................... 583
208 ـ باب مەسجىدكە سالام بېرىش (تەھىييەتۇلمەسجىد) نامىزىنى ئوقۇشقا
رىغبەتلەندۈرۈش، مەسجىدكە كىرگەن كىشىنىڭ تەھىييەتۇلمەسجىد نامىزىنىڭ
نىيىتى بىلەن ياكى پەرز، ياكى سۈننىتى مۇئەككەدە ۋەياكى باشقا سۈننەت
نىيىتى بىلەن بولسۇن، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشتىن بۇرۇن ئولتۇرۇۋېلىشىنىڭ
ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا ............................................ 584
209 ـ باب تاھارەت ئالغاندىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشنىڭ ياخشى
ئىكەنلىكى توغرىسىدا.................................................. 584
210. باب جۈمە كۈنىنىڭ پەزىلىتى، جۈمەنىڭ پەرزلىكى ۋە جۈمە كۈنى غۇسلى
قىلىش ۋە خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىش، جۈمەگە بالدۇر بېرىش، جۈمە
كۈنى دۇئا قىلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىشنىڭ پەزىلىتى،
جۈمە كۈنى دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتنىڭ بايانى ۋە جۈمەدىن كېيىن ئاللاھ
تائالانى كۆپ ياد ئېتىشنىڭ ياخشى ئىش ئىكەنلىكى توغرىسىدا .............. 585
211 ـ باب كۆرۈنەرلىك نېئمەتكە ئېرىشكەندە ياكى ئوچۇق بىر بالا ـ قازا دەپئى
قىلىنغاندا شۈكۈر سەجدىسى قىلىشنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا............... 589
202 ـ باب تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن كېچىدە ئورنىدىن تۇرۇشنىڭ پەزىلىتى
توغرىسىدا ........................................................... 590
203 ـ باب رامىزان كېچىلىرى تەراۋىھ ئوقۇشنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا............... 600
214 ـ باب شەبى قەدرى كېچىسىدە ئىبادەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى، قايسى كېچىلەرنىڭ
شەبى قەدرى كېچىسى بولۇشقا يېقىنراق ئىكەنلىكى توغرىسىدا ............... 601
215 ـ باب مىسۋاك ئىشلىتىشنىڭ پەزىلىتى، تەبىئىي خىسلەتلەر توغرىسىدا.......... 603
216 ـ باب زاكاتنىڭ پەرز ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار
مەسىلىلەرنىڭ بايانى توغرىسىدا ....................................... 605
217 ـ باب رامىزان روزىسىنىڭ پەرزلىكى، روزا تۇتۇشنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭغا
ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ....................................... 611
218 ـ باب رامىزان ئېيىدا كەڭ قول بولۇش، ياخشىلىق قىلىش، بولۇپمۇ ئاخىرقى ئون



www.munber.org

كۈندە ياخشىلىقلارنى تېخىمۇ كۆپ قىلىش توغرىسىدا ........................ 615
219 ـ باب شەئبانىنىڭ ئون بەشىدىن كېيىن، رامزاندىن ئىلگىرى روزا تۇتماسلىق، تۇتۇپ كېلىۋاتقان روزىسىغا توغرا كېلىپ قېلىش ياكى بۇرۇندىن روزا تۇتۇپ كېلىۋاتقان ئادىتىگە توغرا كېلىپ قېلىشىنىڭ بۇنىڭغا كىرمەيدىغانلىقى توغرىسىدا ........................................................ 616
220 ـ باب يېڭى ئاينى كۆرگەندە نېمە دېيىش توغرىسىدا ........................ 617
221 ـ باب سوھۇرلۇق يېيىشنىڭ ۋە تاڭ يورۇپ كېتىشتىن ئەنسىرىمىسىلا سوھۇرلۇق يېيىشنى كېچىكتۈرۈشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا............................ 617
222 ـ باب بالدۇر ئېپتار قىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە نېمە بىلەن ئېغىز ئېچىش ۋە نېمە دېيىش توغرىسىدا ............................................... 618
223 ـ باب روزىدار ئادەمنىڭ تىلىنى ۋە باشقا ئەزالىرىنى يامان ئىشلاردىن ۋە تىللىشىشتىن ساقلاشقا ئەمر قىلىش توغرىسىدا .................................. 620
224 ـ باب روزىغا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا................................ 621
225 ـ باب مۇھەررەم، شەئبان ۋە ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا (زۇلقەئدە، زۇلھەججە، مۇھەررەم، رەجەپ ئايلىرى) روزى تۇتۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا............. 622
226 ـ باب زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاۋۋالقى ئونىدا روزا تۇتۇش ۋە باشقا ئىبادەتلەرنى قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا........................................ 624
227 ـ باب ئەرافات كۈنى ۋە مۇھەررەم ئېيىنىڭ توققۇزىنچى ۋە ئونىنچى كۈنى روزا تۇتۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ........................................ 624
228 ـ باب شەۋۋال ئېيىدا ئالتە كۈن روزا تۇتۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا .... 625
229 ـ باب دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنى روزا تۇتۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا .. 626
230. باب ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا .......... 626
231 ـ باب روزىدارنى ئېپتار قىلدۇرغان كىشىنىڭ پەزىلىتى، يېنىدا تاماق يېيىلگەن روزا تۇتقۇچىنىڭ پەزىلىتى ۋە تاماق يېگۈچىنىڭ ئېپتار قىلدۇرغۇچىغا دۇئا قىلىشى توغرىسىدا .................................................... 628
232 ـ باب ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ............................ 629
233 ـ باب ھەجنىڭ پەرز ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا .................. 629
234 ـ باب جىھاد قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ................................ 634
235 ـ باب كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشۇپ جەڭدە شېھىت بولمىغان، يۇيۇلۇپ نامىزى چۈشۈرۈلىدىغان، ئەمما ئاخىرەتتە شېھىتلەرگە ئوخشاش ئەجىرگە ئېرىشىدىغان كىشىلەرنىڭ باياني توغرىسىدا ........................................ 644
236 ـ باب قۇل ئازاد قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا............................. 645
237 ـ باب قۇللارغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا ................................ 646
238 ـ باب ئاللاھنىڭ ۋە خوجايىنىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان قۇلنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ........................................................ 647
239 ـ باب پىتنە ـ پاسات زامانىدا ئىبادەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ........... 649
240. باب سودا ـ سېتىقتا، ئېلىم ـ بېرىمدا كەڭچىلىك قىلىشنىڭ پەزىلىتى،



www.munber.org

قەرزنى ئادا قىلىش ۋە سۆيلەشتە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش، ئۆلچەم ۋە
تارازىدا ئېغىر بېرىش، كەم بېرىشنى مەنئى قىلىش ۋە قول ئىلكىدە بار ئادەمنىڭ
قىيىنچىلىقى بار ئادەمگە قەرز قايتۇرۇشنىڭ ۋاقتىنى ئارقىغا سۈرۈپ بېرىش ياكى
كەچۈرۈم قىلىۋېتىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ........................ 649
241 ـ باب ئىلىمنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا .............................. 653
242 ـ باب ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ۋە شۈكۈر ئېيتىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا .......... 660
243 ـ باب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش توغرىسىدا .................... 662
244 ـ باب ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭغا قىزىقتۇرۇش
توغرىسىدا .................................................... 667
245 ـ باب ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ۋە تاھارەتسىز،
جۇنۇب، ھەيزدار بولغاندىمۇ ئاللاھ تائالانى ياد قىلىش توغرىسىدا، پەقەت
جۇنۇب ۋە ھەيزدار ھالدا قۇرئان ئوقۇشنىڭ بۇنىڭدىن مۇستەسنالىقى
توغرىسىدا .................................................... 681
246 ـ باب ئۇخلىغاندا ۋە ئويغانغاندا نېمە ئوقۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا ............. 682
247 ـ باب جەم بولۇپ ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە شۇنداق
سورۇنلارغا بېرىشقا دالالەت قىلىش، ئۈزرىسىز شۇنداق سورۇنلاردىن
ئايرىلىشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا ................................ 683
248 ـ باب ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش توغرىسىدا ..................... 686
249 ـ باب ئۇخلايدىغان ۋاقىتتا نېمە ئوقۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا ........................ 689
250. باب دۇئانىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا .............................. 692
251 ـ باب باشقىلار ئۈچۈن غايىبانە دۇئا قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ................ 702
252 ـ باب دۇئانىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا.................................. 703
253 ـ باب ئاللاھ تائالاغا يېقىن بولغان كىشىلەرنىڭ كاراмەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ
پەزىلىتى توغرىسىدا ........................................... 705
254 ـ باب غەيۋەتنىڭ ھاراملىقى ۋە تىلنى ساقلاشقا بۇيرۇش توغرىسىدا.............. 714
255 ـ باب غەيۋەتكە قۇلاق سېلىشنىڭ ھاراملىقى، غەيۋەتنى ئاڭلاپ قالغان كىشىنى
غەيۋەتنى ئىنكار قىلىشقا ۋە رەت قىلىشقا بۇيرۇش، ئەگەر بۇنداق قىلىشتىن
ئاجىز كەلسە ياكى غەيۋەت قىلغۇچى ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلمىسا، مۇمكىن
قەدەر ئۇ يەردىن كېتىشنىڭ لازىملىقى توغرىسىدا ........................ 720
256 ـ باب يامان بولمايدىغان غەيۋەتلەر توغرىسىدا.............................. 722
257 ـ باب چېقىمچىلىقنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا.................................. 725
258 ـ باب گەپ توشۇش، پىتنە ـ پاساتتىن قورقۇشتەك زۆرۈرىيەت بولمىغاندا
كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىنى باشقىلارغا يەتكۈزۈشتىن چەكلەش توغرىسىدا......... 726
259 ـ باب ئىككى يۈزلىمچىلىكنى سۆكۈش توغرىسىدا............................ 726
260 ـ باب يالغانچىلىقنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا ............................. 728
261 . باب يالغان ئېيتىش دۇرۇس بولىدىغان ئورۇنلارنى بايان قىلىش توغرىسىدا ..... 733
262 ـ باب ئويلىنىپ سۆزلەش توغرىسىدا.................................. 734

www.munber.org

263 . باب يالغان گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ چوڭ گۇناھلىقى توغرىسىدا ... 735
264 ـ باب ئىنسان ياكى ھايۋاننىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ لەنەت ئېيتىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا ... 736
265 ـ باب گۇناھكارلارنىڭ ئىسمىنى ئاتىماي لەنەت ئوقۇشنىڭ دۇرۇسلۇقى توغرىسىدا ... 739
266 ـ باب بىرەر مۇسۇلمان ئادەمنى ناھەق تىللاشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا ... 740
267 ـ باب ئۆلگەنلەرنى ناھەق ۋە دىنى زۆرۈرىيەتسىز تىللاشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا ... 742
268 ـ باب باشقىلارغا ئازار بېرىشتىن چەكلەش توغرىسىدا ... 742
269 ـ باب دۈشمەنلىشىش، مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش ۋە تەتۈر قارىشىپ يۈرۈشتىن چەكلەش توغرىسىدا ... 743
270 ـ باب ھەسەت قىلىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا ... 744
271 ـ باب كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىرىنى ئىزدەشتىن ۋە باشقىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىنى ياقتۇرمىغان كىشىنىڭ سۆزىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاشتىن چەكلەش توغرىسىدا ... 745
272 ـ باب زۆرۈرىيەت بولمىغاندا مۇسۇلمانلارغا يامان ئويدا بولۇشتىن چەكلەش توغرىسىدا ... 747
273 ـ باب مۇسۇلمانلارنى كەمسىتىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا ... 747
274 ـ باب مۇسۇلماننىڭ بېشىغا كەلگەن كېلىشمەسلىككە خۇرسەن بولۇشتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا ... 748
275 ـ باب كۆرۈنۈشتە شەرىئەتتە ئىزچىللاشقان نەسەبكە تىل تەككۈزۈشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا ... 749
276 ـ باب ئالدامچىلىق ۋە مەككارلىقتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا ... 749
277 ـ باب ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىقنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا ... 751
278 ـ باب بەرگەن نەرسىگە مىننەت قىلىشتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا ... 753
279 ـ باب ماختانچاقلىقتىن ۋە باشقىلارغا چېقىلىشتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا ... 754
280. باب بىدئەتچى ياكى پاسىق بولمىسىلا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلىۋېتىشىنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا ... 755
281 ـ باب ئۈچ كىشى بىر يەردە بولۇپ زۆرۈرىيەت بولمىسا ئۈچىنچى بىر ئادەمنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي ئىككى كىشىنىڭ پىچىرلىشىشىدىن ياكى ئۈچىنچى كىشى بىلمەيدىغان تىل بىلەن سۆزلىشىشتىن چەكلەش توغرىسىدا ... 757
282 ـ باب قۇلىنى، ئۇلاغلىرىنى، ئايالىنى ۋە باللىرىنى شەرئى سەۋەبسىز ياكى ھەددىدىن ئوشۇق قىيناشتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا ... 759
283 ـ باب ھەرقانداق ھايۋاننى، ھەتتا پىتىنمۇ ئوت بىلەن ئازابلاشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا ... 762
284 ـ باب ھەقدار ھەققىنى سۈيلىگەندە باي ئادەمنىڭ ئۇنى ۋاقتىدا بەرمەي كېچىكتۈرۈشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا ... 763
285 ـ باب بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە بىرەر نەرسىنى سوۋغا قىلماقچى بولسا، سوۋغا ئالماقچى بولغان تەرەپ سوۋغىنى تاپشۇرۇۋېلىشتىن بۇرۇن بەرمەكچى



www.munber.org

بولغان تەرەپنىڭ يېنىۋېلىشىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، ئۆزىنىڭ بالىسىغا قىلغان سوۋغىسىدىن بالىسى تاپشۇرۇۋالغان بولسۇن ياكى ئالمىغان بولسۇن، يېنىۋېلىشىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى ۋە سەدىقە، زاكات، كەففارەتتىن بىرەر نەرسىنى بىر ئادەمگە بېرىپ كېيىن شۇ بەرگەن ئادەمدىن سېتىۋېلىشىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، ئەگەر بېرىلگەن ئادەمدىن باشقا بىر ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن سېتىۋالسا دۇرۇس بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ......... 764
286 ـ باب يېتىمنىڭ مېلىنى يېۋېلىشنىڭ ھاراملىقىنى تەكىتلەش توغرىسىدا .......... 765
287 ـ باب جازانىنىڭ قاتتىق ھاراملىقى توغرىسىدا .............................. 765
288 ـ باب رىيانىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا .................................... 767
289 ـ باب رىيا دەپ قارىلىدىغان، ئەمما رىيا ئەمەس ئىشلار توغرىسىدا.............. 770
290. باب ئاياللارغا، كېلىشكەن يىگىتلەرگە دىنىي زۆرۈرىيەت بولمىغان شارائىتتا قاراشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا .................................... 770
291 ـ باب يات ئايال بىلەن يالغۇز تۇرۇشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا...................... 773
292 ـ باب كىيىم ـ كېچەك ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشتا ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا، ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاش بولۇۋېلىشىنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا ..................... 774
293 ـ باب شەيتانغا ۋە يەھۇدى، ناسارالارغا ئوخشاپ قېلىشتىن چەكلەش توغرىسىدا .. 776
294 ـ باب ئەر ۋە ئاياللارنىڭ چاچ ـ ساقاللىرىنى قارا رەڭدە بوياشتىن چەكلەش توغرىسىدا .............................................................. 776
295 ـ باب چاچنىڭ بىر قىسمىنى چۈشۈرۈپ، بىر قىسمىنى چۈشۈرمەي قالدۇرۇشتىن مەنئى قىلىش ۋە ئاياللار ئۈچۈن ئەمەس، ئەرلەر ئۈچۈن چاچنىڭ ھەممىسىنى چۈشۈرۈشنىڭ دۇرۇسلۇقى توغرىسىدا......................... 777
296 ـ باب چاچ ئۇلاش، مەڭ چېكىش ۋە چىش ياستىشنىڭ (يەنى ساق چىشنى چىرايلىق قىلىش ئۈچۈن ئىكەكلىتىپ ئەسلىي ھالىتىنى ئۆزگەرتىش) ھاراملىقى توغرىسىدا ......................................... 778
297 ـ باب ساقالغا ۋە باشقا كىرگەن ئاقنى يۇلۇۋېتىشتىن مەنئى قىلىش ۋە ياش ئوغلاننىڭ تۇنجى چىققان ساقىلىنى تېرىۋېتىشتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا.... 780
298 باب ئۆزرىسىز ئوڭ قول بىلەن ئىستىنجا قىلماسلىق، ئىستىنجا قىلغان ۋاقتىدا ئوڭ قول بىلەن ئەۋرەتنى تۇتماسلىق توغرىسىدا............................ 780
299 ـ باب سەۋەبسىز بىرپاي ئاياغ ۋە بىرپاي ئۆتۈك ياكى مەيسە بىلەن مېڭىشنىڭ ۋە ئۆرە تۇرۇپ ئاياغ، ئۆتۈك ـ مەيسە كېيىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا .............................................................. 781
300 ـ باب كېچىسى ئۆيدىكى ئوت ۋە چىراغلارنى ئۆچۈرۈپ يېتىش توغرىسىدا.......... 782
301 ـ باب سۆز ۋە ھەرىكەتلەردە ئارتۇقچە زورۇقۇشتىن چەكلەش توغرىسىدا .......... 783
302 ـ باب ئۆلگەن ئادەم ئۈچۈن ئۈن سېلىپ يىغلاش، يۈزىنى كاچاتلاش، ياقىسىنى يىرتىش، چېچىنى يۇلۇش ۋە چۈشۈرۈۋېتىش ۋە ئاللا ـ تۈۋا سېلىپ يىغلاشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا .............................................................. 783
303 ـ باب پال سېلىشنىڭ ۋە پال سالدۇرۇشنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقى توغرىسىدا ..... 787



www.munber.org

304 - باب شۇم پال ئېلىشتىن چەكلەش توغرىسىدا ................................ 790
305 - باب گىلەم، پالاس، ئەدىيال، تاش، كىيىم - كېچەك، تىللا، تەڭگە، ياستۇق قاتارلىقلارغا جانلىقلارنىڭ سۈرىتىنى سىزىشنىڭ ھاراملىقى ۋە تامغا، تورۇسقا، پەردىگە، باش كىيىمگە، كىيىم - كېچەك قاتارلىقلارغا سۈرەت سىزىشنىڭ ھاراملىقى ۋە سىزىلغان سۈرەتلەرنى يوقىتىۋېتىشكە بۇيرۇش توغرىسىدا ............................................................. 791
306 - باب ئوۋ ئوۋلاش، مال - ۋاران ياكى دېھقانچىلىقتا قارىتىشتىن باشقا سەۋەبلەر بىلەن ئىت بېقىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا ................................ 794
307 - باب تۆگە ۋە باشقا ھايۋانلارغا قوڭغۇراق ئېسىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى ۋە سەپەردە ئىت ۋە قوڭغۇراق ئېلىپ يۈرۈشنىڭمۇ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا . 795
308 - باب گەندە يېيىشكە ئادەتلىنىپ قالغان (بەدبۇي پۇراپ تۇرغان) تۆگىلەرگە مىنىشتىن مەنئى قىلىنغانلىقى، ئەگەر ئۇلار پاك نەرسىلەرنى يەپ گۆشى پاكلانسا ئۇلاردىن پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا .................... 796
309 - باب مەسجىدكە تۈكۈرۈشتىن مەنئى قىلىش، مەسجىدتە تۈكۈرۈك بولسا تازىلىۋېتىش ۋە مەسجىدنى پاك تۇتۇش توغرىسىدا ..................... 796
310. باب جېدەل - ماجىرا قىلىش، يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلىش، يىتكەن نەرسىنى ئىزدەش، سودا - سېتىق قىلىش، ئىجارە ئېلىش، باشقا مۇئامىلىگە ئائىت ئىشلارنى قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا ......................... 797
311 - باب (خام) سامساق، (خام) پىياز، كۈدىلەرنى ۋە ئۇلاردىن باشقا بەدبۇي نەرسىلەرنى يەپ، ئۇلارنىڭ پۇرىقى يوقىلىشتىن بۇرۇن زۆرۈرىيەت بولمىسا مەسجىدكە كىرىشتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا ........ 799
312 - باب جۈمە كۈنى ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقان چاغدا، ئىككى تىزنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا ............................ 800
313 - باب زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئونى كىرگەندە قۇربانلىق قىلماقچى بولغان ئادەمنىڭ تاكى قۇربانلىق قىلغۇچە بەدىنىدىكى تۈكلەرنى ۋە تىرنىقىنى ئالماسلىقى توغرىسىدا ............................................................. 801
314 - باب پەيغەمبەر، كەئبە، پەرىشتە، ئاسمان، ئاتا - بوۋا، ھاياتلىق، روھ، باش، سۇلتاننىڭ نېئمىتى، پالانىنىڭ قەبرىسى ۋە ئاللاھ بۇيرۇغان ناماز، روزا، ھەج قاتارلىق پەرزلەر بىلەن قەسەم قىلىش (مۇشۇنداق قەسەم تېخىمۇ قاتتىق مەنئى قىلىندى) شۇنداقلا مەخلۇقاتلارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىشتىن مەنئى قىلىنغانلىقى توغرىسىدا ............................................ 801
315 - باب قەستەن يالغان قەسەم قىلىشنىڭ قاتتىق گۇناھلىقى توغرىسىدا ........... 803
316 - باب بىر كىشى بىرەر ئىشقا قەسەم قىلسا، ئاندىن ئۇ ئىشتىن ياخشىراق بىر ئىشنى كۆرسە قەسىمىنى بۇزۇپ، ئىچكەن قەسىمىگە كەففارەت بېرىپ، شۇ ياخشى ئىشنى قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا.................... 804
317 - باب ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ۋە ماقۇل ئاللاھ بىلەن قەسەمكى دېگەندەك قەسەمنى نىيەت قىلماستىن تىلغا رام بولۇپ قالغان سۆزلەرنى

www.munber.org

قىلىپ سەۋەنلىك بىلەن قىلىنغان قەسەملەرگە كەففارەت كەلمەيدىغانلىقى، كەچۈرۈلىدىغانلىقى توغرىسىدا ........ 806
318 ـ باب گەرچە راست بولسىمۇ سودىدا قەسەم قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا ........ 807
319 ـ باب ئاللاھ نامى بىلەن جەننەتتىن باشقىنى سوراشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى ۋە ئاللاھنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ ۋە ئاللاھنى شېپى كەلتۈرۈپ بىر نەرسە سورىغان كىشىگە سورىغىنىنى بەرمەسلىكنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا ........ 807
320. باب سۇلتاننى شاھىنشاھ دەپ ئاتاشنىڭ ھاراملىقى، چۈنكى ئۇنىڭ مەنىسى « شاھلارنىڭ شاھى »، دېگەن بولىدىغانلىقى، ئاللاھتىن غەيرىيىنى بۇنداق سۈپەتلەش لايىق ئەمەسلىكى توغرىسىدا........ 808
321 ـ باب پاسىقلارنى، بىدئەتچىلەرنى خوجا دەپ ئاتاش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھۆرمەت سۆزلىرى بىلەن ئاتاپ تۇرۇپ سۆزلىشىشنىڭ مەنئى قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ........ 809
322 ـ باب قىزىتمىنى تىللاشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا........ 809
323 ـ باب شامالنى تىللاشتىن مەنئى قىلىش ۋە شامال چىققاندا نېمە دېيىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ........ 810
324 ـ باب خورازنى تىللاشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا ........ 811
325 ـ باب پالانى يۇلتۇز بەرىكىتىدىن بىزلەرگە يامغۇر ياغدى دېيىشنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقى توغرىسىدا ........ 811
326 ـ باب مۇسۇلماننى كافىر دېيىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا ........ 812
327 ـ باب يامان سۆزلەرنى قىلىش ۋە ئاغزى بېزەپلىكتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا ... 813
328 ـ باب ئاۋام خەلق بىلەن پاراڭلاشقاندا ئۇستىلىق بىلەن پاساھەتلىك سۆزلەيمەن دەپ زورۇقۇش، ئادەتتە ئىشلەتمەيدىغان ياۋا سۆزلەرنى ۋە چۈشىنىكسىز ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا .. 813
329 ـ باب نەپسىم ئەسكىلىشىپ كەتتى دېيىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا .... 814
330. باب ئۈزۈمنى كەرم (ئۇلۇغ) دەپ ئاتاشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا ...... 815
331 ـ باب ئۆيلىنىشكە ئوخشاش بىرەر شەرئىتكە دائىر سەۋەب بولمىسا، ئەر كىشىگە بىر ئايالنىڭ گۈزەللىكلىرىنى سۆزلەپ بېرىشتىن چەكلەش توغرىسىدا ........ 816
332 ـ باب ئى ئاللاھ، خالىساڭ مەغفىرەت قىلغىن، دەپ دۇئا قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، بەلكى ئىشىنىپ مەغفىرەت تىلەش كېرەكلىكى توغرىسىدا........ 816
333 ـ باب ئاللاھ ۋە پالانى خالىسا دېيىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى توغرىسىدا ........ 817
334 ـ باب خۇپتەندىن كېيىن پاراڭ سېلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا........ 817
335 ـ باب شەرئى ئۆزرىسى بولمىسىلا ئايال كىشىنىڭ ئېرى تۆشەككە چاقىرغاندا باش تارتىشىنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا........ 819
336 ـ باب ئەر يېنىدا بار تۇرۇقلۇق ئەرنىڭ رۇخسىتىسىز ئايال كىشىنىڭ نەفلى روزا تۇتۇشىنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا........ 819

www.munber.org

337 - باب بىرەر ئىمامغا ئەقتىدا قىلغۇچىنىڭ ئىمامدىن بۇرۇن رۇكۇ ياكى سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرۈشىنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا ........ 820
338 - باب نامازدا تۇرغان كىشىنىڭ قولىنى بېقىنىغا قويۇپ تۇرۇشىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا ........ 820
339 - باب تاماق تەييار بولۇپ كىشىنىڭ نەپسى تاقىلداپ تۇرغان ياكى ئالدى ـ ئارقا تاھارەت قىستاپ تۇرغان چاغدا ناماز ئوقۇشىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا ..... 821
340. باب نامازدا تۇرۇپ ئاسمانغا قاراشتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا ........ 821
341 - باب نامازدا (تۇرغان ئادەمنىڭ) ئۆزرىسىز ئۇياق ـ بۇياققا قارىشىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا ........ 822
342 - باب قەبرىلەرگە قاراپ ناماز ئوقۇشتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا ........ 823
343 - باب ناماز ئوقۇۋاتقان ئادەمنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا...... 823
344 - باب مۇئەززىن تەكبىر ئېيتىپ پەرز نامازنى ئوقۇلىدىغان چاغدا مەيلى مۇشۇ نامازنىڭ سۈننىتىنى بولسۇن ياكى نەفلى نامازلارنى بولسۇن ئوقۇشنىڭ مەكرۇھلىقى توغرىسىدا ........ 824
345 - باب جۈمە كۈنىنىڭ كۈندۈزىنى روزا تۇتۇشقا، كېچىسىنى ناماز ئوقۇشقا خاس قىلىۋېلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا ........ 824
346 - باب ئىككى ـ ئۈچ كۈن يېمەي ـ ئىچمەي روزا تۇتۇشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا ... 825
347 - باب قەبرە ئۈستىدە ئولتۇرۇشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا ........ 826
348 - باب قەبرىگە گەچ ئىشلىتىش ۋە قۇرۇلۇش قىلىشتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا .. 826
349 - باب قۇلنىڭ خوجايىنىنىڭ خىزمىتىدىن قېچىشىنىڭ قاتتىق ھاراملىقى توغرىسىدا ........ 827
350. باب شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىشقا ئارا تۇرۇشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا 827
351 - باب يولغا، كىشىلەر سايىدايدىغان جايغا ۋە سۇ ئالىدىغان جايغا چوڭ تەرەت قىلىپ قويۇشتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا ........ 828
352 - باب توختام سۇغا سىيىپ قويۇشتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا........ 829
353 - باب ئاتىنىڭ بالىلىرىغا نەرسە بېرىشتە بەزىسىگە بەزىسىدىن ئارتۇق بېرىشىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا........ 829
354 - باب ئايال كىشى ئۆز ئېرىگە تۆت ئاي ئون كۈن قارىلىق تۇتقاندىن باشقا، باشقا مېيىتلارغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق قارىلىق تۇتۇشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا ........ 830
355 - باب يەرلىك كىشىنىڭ سىرتتىن مال ئېلىپ كەلگەن قىرلىق ياكى يېزىلىقنىڭ مېلىنى ئۆزىگە شۇ كۈنكى باھا بويىچە ساتقىلى قويماي، «مەن سېتىپ قوياي» دېيىشىنىڭ، مال ئېلىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئالدىنى توساشنىڭ، قېرىندىشىنىڭ سودىسىنى بۇزۇپ ئۆز مېلىنى سېتىشىنىڭ، قېرىندىشى ئالماقچى بولغان ئايالغا توي تەلىپى قويۇشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا........ 831
356 - باب شەرىئەتتە دۇرۇس ئەمەس يوللارغا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقى توغرىسىدا ........ 833

www.munber.org

357 ـ باب مۇسۇلمانغا مەيلى راست مەيلى چاقچاق بولسۇن قورال خاراكتېرىنى ئالغان نەرسىلەرنى تەڭلەشتىن ۋە قىلىچنى يالىڭاچ سۇنۇشتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا ........ 835
358 ـ باب ئەزاندىن كېيىن پەرزنى ئوقۇماستىن مەسجىدتىن چىقىپ كېتىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا ........ 835
359 ـ باب بىرەر خۇشبۇي نەرسە سوۋغا قىلىنسا ئۇنى ئۆزرىسىز قايتۇرۇۋېتىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا ........ 836
360. باب يۈز تۇرانە ماختالغان ئادەمنىڭ مەغرۇرلىنىپ ئۆزىنى بىلەلمەي قېلىش خەۋپى بولسا ئۇنى يۈزتۇرانە ماختاشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، ئۇنداق بولمىسا ئۇنى ئالدىدا ماختاشنىڭ دۇرۇسلۇقى توغرىسىدا ........ 836
361 ـ باب ۋابا كېسىلى پەيدا بولغان يۇرتتىن قېچىپ چىقىپ كېتىشنىڭ ۋە سىرتتىكى كىشىلەرنىڭ ئۇ يۇرتقا كىرىشىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا ........ 838
362 ـ باب سېھىرگەرلىكنىڭ قاتتىق ھاراملىقى توغرىسىدا ........ 840
363 ـ باب «قۇرئان كەرىم» نىڭ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ خارلىنىپ قېلىشىدىن قورقسا ئۇنى كۇففار يۇرتىغا ئېلىپ بارماسلىق توغرىسىدا ........ 841
364 ـ باب يېيىش ـ ئىچىش، تازىلىق ۋە باشقا بارلىق ئىشلاردا ئالتۇن ـ كۈمۈش قاچىلارنى ئىشلىتىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا ........ 841
365 ـ باب ئەر كىشىنىڭ زەپەر رەڭلىك كىيىم كىيىشىنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا ........ 842
367 ـ باب كىشىنىڭ ئۆز ئاتىسىدىن باشقا كىشىنى ئاتام دەۋېلىشىنىڭ ۋە ئۆزىنى ئازاد قىلغان كىشىدىن باشقا كىشىنى مېنىڭ ئازاد قىلغۇچۇم دەۋېلىشىنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا ........ 844
368 ـ باب ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى مەنئى قىلغان ئىشنى قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا ........ 846
369 ـ باب ئاللاھ مەنئى قىلغان ئىشنى قىلىپ سالغان ئادەمنىڭ نېمە قىلىش ۋە نېمە دېيىشى توغرىسىدا ........ 846
370 ـ باب خىلمۇخىل مەزمۇندىكى ھەدىسلەر ........ 847
371 ـ باب ئىستىغفار ئېيتىش توغرىسىدا ........ 885
372 ـ باب ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىنلەرگە جەننەتتە تەييارلىغان نەرسىلىرى توغرىسىدا ........ 891

www.munber.org

## 1 . باب بارلىق سۆز ـ ھەرىكەت ۋە يوشۇرۇن ـ ئاشكارا ھالەتلەردە ئىخلاس ۋە ھوزۇرى قەلب بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أُمِرُوا إِلاَّ لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاءَ وَيُقِيمُوا الصَّلاةَ وَيُؤْتُوا الزَّكَاةَ وَذَلِكَ دِينُ الْقَيِّمَةِ﴾ ﴿ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاھقىلا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى). ئەنە شۇلار (يەنى ئىبادەت، ئىخلاس، ناماز، زاكاتلار) توغرا دىندۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەييىنە 5 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَنْ يَنَالَ اللَّهَ لُحُومُهَا وَلا دِمَاؤُهَا وَلَكِنْ يَنَالُهُ التَّقْوَى مِنْكُمْ﴾ ﴿ئاللاھقا ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ۋە قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ، ئاللاھقا يېتىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھەج 37 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ إِنْ تُخْفُوا مَا فِي صُدُورِكُمْ أَوْ تُبْدُوهُ يَعْلَمْهُ اللَّه﴾ ﴿ئېيتقىنكى، دىلىڭلاردىكىنى مەيلى يوشۇرۇڭلار، مەيلى ئاشكارىلاڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال ئىمران 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

1 ـ مۇئمىنلەرنىڭ خەلىفىسى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «إنَّما الأعمالُ بالنِّيَّات، وإِنَّمَا لِكُلِّ امرئٍ مَا نَوَى، فمنْ كانَتْ هجْرَتُهُ إِلَى الله ورَسُولِهِ فهجرتُه إلى الله ورسُولِهِ، ومنْ كانْت هجْرَتُه لدُنْيَا يُصيبُها، أَو امرَأَةٍ يَنْكحُها فهجْرَتُهُ إلى ما هَاجَر إليْهِ» «ھەقىقەتەن بارلىق ئەمەللەرنىڭ دۇرۇس بولۇشى نىيەتكە باغلىق. ھەقىقەتەن كىشىگە ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىسى بولىدۇ. كىمكى ئاللاھ تائالا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇ ھىجرىتىدىن شۇنى تاپىدۇ. كىمكى بۇ دۇنيادا پۇل ـ مالغا ئېرىشىش ياكى بىرەر خوتۇن ئېلىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇ ھىجرىتىدىن شۇنى تاپىدۇ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەمەللەرگە بېرىلىدىغان ساۋابنىڭ نىيەتكە باغلىق ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن. لېكىن نىيەتنىڭ ئەمەللەرنىڭ دۇرۇس بولۇشىدىكى شەرت ئىكەنلىكى ھەققىدىكى كۆز قارىشى ئوخشاش ئەمەس. شافىئىي مەزھىپىدىكىلەر تاھارەتكە ئوخشاش ئەمەللەرنىڭ ۋاسىتىلىرىدە ۋە نامازغا ئوخشاش ئەمەللەرنىڭ ئەسلىي مەقسىتىدە نىيەتنى شەرت دەپ قارايدۇ. ھەنەفى مەزھىپىدىكىلەر نىيەت ئەمەللەرنىڭ ۋاسىتىلىرىدە ئەمەس، پەقەت



www.munber.org

مەقسەتتىدىلا شەرت دەپ قارايدۇ. ناماز روزىغا ئوخشاش ئەمەللەر مەقسەت قىلىنغان ئەمەللەر دېيىلىدۇ. تاھارەت، غۇسلى قاتارلىق ئىبادەتلەرنىڭ دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن شەرت قىلىنغان ئەمەللەر ۋاستە ئەمەللەر دېيىلىدۇ.

2) نىيەت كۆڭۈلگە پۈكۈش بىلەن بولىدۇ. ئېغىزدا دېيىش شەرت قىلىنمايدۇ.

3) ئەمەللەردە ئاللا تائالانىڭ رازىلىقىنى تىلەشتەك ئىخلاس ــــ ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىنغان خالىس ئەمەلدىن باشقىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

**2 ـ مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «يَغْزُو جَيْشٌ الْكَعْبَةَ فَإِذَا كَانُوا بِبيْداءَ مِنَ الأَرْضِ يُخْسَفُ بأَوَّلِهِم وَآخِرِهِمْ» **« بىر قوشۇن كەئبىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن چىقىپ بىر دالاغا كەلگەندە قوشۇننىڭ ھەممىسىنى زېمىن يۇتۇۋېتىدۇ »، دېدى. مەن: « ئى رەسۇلۇللاھ! قانداقلارچە ئۇلارنىڭ باش ـ ئاخىرى بولۇپ ھەممىنى يەر يۇتۇۋېتىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇلارنىڭ قاتارىدا بولمىغان كىشىلەرمۇ، جەڭگە قاتناشمايدىغان بازارچىلارمۇ بار تۇرسا؟ »، دەپ سورىغىنىمدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «يُخْسَفُ بِأَوَّلِهِم وَآخِرِهِمْ، ثُمَّ يُبْعَثُون عَلَى نِيَّاتِهِمْ» **« يەر ئۇلارنى باشتىن ـ ئاخىر يۇتۇۋېتىدۇ، كېيىن ئۇلار نىيەتلىرىگە يارىشا تىرىلدۈرۈلىدۇ »، دېدى.**

ــــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىنسانغا نىيەت قىلغان ياخشىلىق ۋە يامانلىقىغا يارىشا مۇئامىلە قىلىنىدىغانلىقى، زالىم، بۇزۇق ئادەملەر بىلەن بىللە بولۇشتىن ئاگاھلاندۇرۇلغانلىقى.

2) ياخشىلار بىلەن بىرگە يۈرۈشكە تەۋسىيە قىلىنغانلىقى.

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تېخى يۈز بەرمىگەن ئىشلاردىن ئالدىن خەۋەر بېرىشى ۋە ئۇنىڭ ھەدىستە خەۋەر بېرىلگەن بويىچە يۈز بېرىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز نەپس ـ خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدىغانلىقى.

**3 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «لا هِجْرَةَ بَعْدَ الْفَتْحِ، وَلكنْ جِهَادٌ وَنِيَّةٌ، وَإِذَا اسْتُنْفِرتُمْ فانْفِرُوا» **« مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن ھىجرەت قىلىش دېگەن گەپ بولمايدۇ، لېكىن جىھاد ۋە نىيەت باقىي قالىدۇ. سىلەر ئۇرۇشقا چاقىرىلساڭلار چىقىڭلار! ».**

ــــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**4 ـ ئەبۇ ئابدۇللاھ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئەنسارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر جىھادتا بىللە ئىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:** «إِنَّ بِالْمَدِينَةِ لَرِجَالاً مَا سِرْتُمْ مَسِيراً، وَلاَ قَطَعْتُمْ



www.munber.org

وَادِياً إِلاَّ كانُوا مَعكُم حَبَسَهُمُ الْمَرَضُ» « مەدىنىدە كېسەل سەۋەبىدىن قېلىپ قالغان نۇرغۇن كىشىلەر بار، سىلەر قەيەرگە ماڭساڭلار، ھەر قانداق جىلغىلاردىن ئۆتسەڭلار، ئۇلار سىلەر بىلەن بىللە بولغان ھېسابلىنىدۇ » (يەنە بىر رىۋايەتتە: «إِلاَّ شَرِكُوكُمْ في الأَجْرِ» « ئۇلار ساۋابتا سىلەر بىلەن ئورتاق »، دېگەن، دېيىلىدۇ).

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مۇنداق دېدى، دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تەبۇك غازىتىدىن بىللە قايتقاندۇق. ئۇ مۇنداق دېگەن: «إِنَّ أَقْوَامَاً خلْفَنَا بالمدِينةِ مَا سَلَكْنَا شِعْباً وَلاَ وَادِياً إِلاَّ وَهُمْ مَعَنَا، حَبَسَهُمُ الْعُذْرُ» «ھەقىقەتەن نۇرغۇن كىشىلەر مەدىنىدە كەينىمىزدە قېپقالدى. مەيلى بىز جىلغىلاردىن، مەيلى چىغىر يوللاردىن ماڭايلى، ئۇلار بىز بىلەن بىللە بولغاندەك بولىدۇ، ئۇلار پەقەت ئۆزرىسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا مەدىنىدە قېپقالدى».

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بىرەر ئادەمنىڭ جىھادقا چىقىدىغان نىيىتى ۋە مەقسىتى دۇرۇس بولىدىكەن، ئەگەر بىرەر ئۆزرە سەۋەبىدىن چىقالماي قالسا، ئۇنىڭغا يەنىلا مۇجاھىدلارنىڭ ساۋابىنىڭ بېرىلىدىغانلىقى.

5 ـ مەئنى ئىبنى يەزىد ئىبنى ئەخنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم (يەزىد، ئۇنىڭ دادىسى ۋە بوۋىسى ھەممىسى ساھابە ئىدى) رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: دادام يەزىد سەدىقە قىلىش ئۈچۈن مەسجىدتىكى بىر كىشىگە دىنارلارنى قويۇپ قويۇپتۇ. مەن مەسجىدكە كېلىپ ئۇنى ئالغاندىن كېيىن دادامنىڭ قېشىغا كەلدىم. دادام: «ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ دىنارلارنى مەن ساڭا بېرىشنى نىيەت قىلمىغانىدىم»، دېدى. بىز دەتالاش قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لَكَ مَا نويْتَ يَا يَزِيدُ، وَلَكَ مَا أَخذْتَ يَا مَعْنُ» «ئى يەزىد! ساڭا قىلغان نىيىتىڭ ئۈچۈن ساۋاب بېرىلىدۇ. ئى مەئنى! سېنىڭ ئالغىنىڭ ساڭا تېگىشلىك بولدى»، دېدى.

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) سەدىقىنى ئۆزىنىڭ ئەۋلادلىرىغا بەرسە دۇرۇس بولىدىغانلىقى، ئەمما زاكاتنى ئەجدادلىرى ۋە ئەۋلادلىرىدىن ھېچبىرىگە بېرىش دۇرۇس ئەمەسلىكى.

2) سەدىقە بېرىشتە بىرەر ئادەمنى ئۆزىگە ۋەكىل قىلسا دۇرۇس بولىدىغانلىقى.

6 ـ سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەجىنى قىلغان يىلى ئېغىر كېسەل بولۇپ ياتقىنىمدا مېنى يوقلاپ كەلگەنىكەن. مەن رەسۇلۇللاھقا: « كېسىلىم ئېغىرلىشىپ



www.munber.org

قالدى، مەن مالدار ئادەممەن، ماڭا مىراسخور بولىدىغان بىرلا قىزىم بار، مېلىمنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى سەدىقە قىلايمۇ؟ »، دېسەم، رەسۇلۇللاھ: « لا » دېدى. مەن: « يېرىمىنىچۇ؟ »، دېسەم، رەسۇلۇللاھ: « لا » « ياق »، « ياق »، دەپ بولۇپ: «الثُّلثُ والثُّلُثُ كثِيرٌ أَوْ كَبِيرٌ إِنَّكَ إِنْ تَذرَ ورَثتك أغنِياءَ خَيْرٌ مِن أَنْ تذرهُمْ عالَةً يَتكفَّفُونَ النَّاس، وَإِنَّكَ لَنْ تُنفِق نَفَقةً تبْتغِي بِهَا وجْهَ الله إِلاَّ أُجرْتَ عَلَيْهَا حَتَّى ما تَجْعلُ في امْرَأَتكَ» « ئۈچتىن بىرىنى قىلساڭ بولىدۇ، بۇمۇ كۆپلۈك قىلىدۇ. ۋارىسلىرىڭنى كىشىلەردىن تىلەيدىغان گاداي ھالدا قالدۇرغىنىڭدىن كۆرە، باي ھالدا قالدۇرغىنىڭ ياخشى. ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ خەير ـ ئېھسان قىلساڭ ساۋاب تاپىسەن، ھەتتا ئايالىڭنىڭ ئاغزىغا سالغان لوقما ئۈچۈنمۇ ساۋاب تاپىسەن »، دېدى. مەن: « ئى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى! مەن كېسەل سەۋەبى بىلەن بۇرادەرلىرىمنىڭ ئارقىسىدا قېلىپ قالارمەنمۇ؟ »، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إِنَّك لن تُخَلَّفَ فتعْمَل عَمَلاً تَبْتغِي بِهِ وَجْهَ الله إِلاَّ ازْددْتَ بِهِ دَرَجةً ورِفعةً ولعَلَّك أَنْ تُخلَّف حَتَى ينْتفعَ بكَ أَقَوامٌ وَيُضَرَّ بك آخرُونَ» « سەن كەينىدە قالغان بولمايسەن، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قايسى بىر ئىشنى قىلمىغىن، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى ئەجرىڭ ئۈستۈن بولىۋېرىدۇ. سېنىڭ بۇ يەردە قېپقېلىشىڭ بىلەن بەزى كىشىلەر مەنپەئەتدار بولۇشى مۇمكىن، بەزى كىشىلەر زىيانكار بولۇشى مۇمكىن »، دېدى. ۋە: «اللَّهُمَّ أَمْضِ لِأَصْحابي هجْرتَهُم، وَلاَ تـرُدَّهُمْ عَلَى أَعْقَابِهِم» « ئى ئاللاھ! ساھابىلىرىمنىڭ ھىجرىتىنى ئۈزۈپ قويمىغىن، ئۇلارنى ئارقىغا چېكىندۈرمىگىن »، دەپ دۇئا قىلدى. ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچى مۇنداق دەيدۇ: لېكىن، رەسۇلۇللاھ ئىچىنى ئاغرىتقان بىچارە سەئد ئىبنى خەۋلە مەككىدە ئۆلۈپ كەتكەندى. (سەئد ئىبنى خەۋلە مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلماي مەككىدە قېپقالغاندى، ئۇنىڭ بىچارىلىكى مۇشۇ ئىدى. —— ت)

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كېسەل كىشىنىڭ داۋالىنىشى ياكى سالىھ بەندىنىڭ ئۆزىگە دۇئا قىلىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىش يۈزىسىدەك توغرا نىيەت بىلەن كېسەلنى تىلغا ئېلىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكى.

2) ھالال يول بىلەن پۇل ـ مال يىغىشنىڭ مۇباھ ئىكەنلىكى، ئەگەر مالدار ئادەم مال ـ مۈلۈكنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلسا، ئۇنىڭ مال ئىگىسىگە ۋاباللىق ئېلىپ كەلگۈچى خەزىنە بولۇپ قالمايدىغانلىقى.

3) بىرەر ئادەمنىڭ ئېغىر كېسەللىك ھالىتىدە قىلىدىغان سەدىقىسىنىڭ مال ـ مۈلۈكنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، ۋارىسلارنىڭ رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ، مال ـ مۈلۈكنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن ئارتۇقىنى سەدىقە قىلسا دۇرۇس بولمايدىغانلىقى.



www.munber.org

4) ئىنسانغا ئۆزىنىڭ نىيەت قىلغان نەرسىسى بولىدىغانلىقى، ئەگەر ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىنى باققان بولسا، بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ كىشىگە ساۋاب بېرىلىدىغانلىقى.

7 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ئابدۇراھمان ئىبنى سەخرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ الله لا يَنْظُرُ إِلى أَجْسامِكُمْ، وَلا إِلى صُوَرِكُمْ، وَلَكِنْ يَنْظُرُ إِلَى قُلُوبِكُمْ وَأَعمالِكُمْ» « شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ تۇرقۇڭلارغا ۋە تاشقى كۆرۈنۈشۈڭلارغا ئەمەس، بەلكى سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا ۋە ئەمەللىرىڭلارغا قارايدۇ ». —— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەمەللەرگە بېرىلىدىغان ساۋاب كۆڭۈلگە پۈكۈلگەن ئىخلاس ۋە نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشىغا باغلىق ئىكەنلىكى.

2) قەلبنى ئاللاھ تائالا يامان كۆرىدىغان بارلىق ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن پاكلاش، نىيەتنى توغرىلاشقا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكى.

3) بەدەن ئەزالىرىنىڭ ئەمەللىرىنى تۈزەشتىن ئىلگىرى نىيەتنى توغرىلاشنىڭ مۇھىملىقى، چۈنكى ئەمەللەرنى تۈزىگۈچى قەلب ئىكەنلىكى.

8 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن « ئۆزىنىڭ نوچىلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ياكى غۇرۇھۋازلىق ئۈچۈن ۋە ياكى ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن جەڭ قىلىدىغانلار بار، بۇلارنىڭ قايسىسى ئاللاھ تائالا يولىدا جەڭ قىلغان بولىدۇ؟ »، دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مَنْ قاتَلَ لِتَكُون كلِمةُ اللَّهِ هِي الْعُلْيَا فهُوَ في سَبِيلِ اللَّهِ» « كىمكى ئاللاھ تائالانىڭ تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ ئۈستۈن بولۇشى ئۈچۈن جەڭ قىلىدىكەن، ئەنە شۇ ئاللاھ تائالا يولىدا جەڭ قىلغان بولىدۇ »، دېدى. —— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاللاھ تائالا بەندىنىڭ ئەمەللىرىگە ئۇنىڭ نىيىتىگە قاراپ ساۋاب بېرىدۇ. ئايەت ۋە ھەدىسلەردە كەلگەن مۇجاھىدلارنىڭ پەزلى ـ ساۋابى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ ئۈستۈن بولۇشى ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلارغا خاس قىلىنغان. لېكىن بۇ، ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمگە يۇماي، كېپەنلىمەي، نامىزىنى چۈشۈرمەي دەپنە قىلىنىدىغان شېھىت قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشنى چەتكە قاقمايدۇ. ئۇنىڭ نىيىتى ۋە مەقسىتىنىڭ قانداقلىقىدىن ئاللاھ تائالا ئۆزى ھېساب ئالىدۇ.

9 ـ ئەبۇ بەكرەتە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِذَا الْتقَى الْمُسْلِمَانِ بسيْفيْهِمَا فالْقاتِلُ والمقْتُولُ في النَّارِ» « ئەگەر ئىككى مۇسۇلمان بىر ـ بىرىگە تىغ كۆتۈرسە، ئۆلتۈرگۈچى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچىمۇ دوزاختا ». مەن: « ئى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى! ئۆلتۈرگۈچىغۇ شۇنداق بولسۇن، ئۆلگۈچى نېمىشقا دوزاختا بولىدۇ؟ »، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:



www.munber.org

«إِنَّهُ كَانَ حَرِيصاً عَلَى قَتْلِ صَاحِبِهِ» «چۈنكى، ئۆلتۈرۈلگۈچىمۇ ئۆزىنىڭ ھەمراھىنى ئۆلتۈرۈش كويىدا بولغانلىقى ئۈچۈن»، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بىرەر گۇناھلىق ئىش قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ۋە شۇ ئىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ بەل باغلىغان ئادەمگە، مەيلى ئۇ ئىشنى قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئەپۇ قىلمىسا جازاغا لايىق بولىدىغانلىقى، ئەمما خىيالىغا بىرەر يامانلىق كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق تەييارلىق قىلمىغان، پەقەت خىيال ـ پىكىر سۈپىتىدىلا قالغان بولسا، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە ھېچقانداق گۇناھ يېزىلمايدىغانلىقى.

2) مۇسۇلمانلارنى ئۆزئارا ئۇرۇشۇشتىن ساقلىنىشقا ئاگاھلاندۇرۇش، چۈنكى بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا. ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا بۇ تۈپەيلى غەزەپ قىلىشىغا ئېلىپ بارىدىغانلىقى.

**10. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «صَلاَةُ الرَّجُلِ في جماعةٍ تزيدُ عَلَى صَلاَتِهِ في سُوقِهِ وَبَيْتِهِ بضْعاً وعِشْرِينَ دَرَجَةً، وذلِكَ أَنَّ أَحَدَهُمْ إِذا تَوَضَّأَ فَأَحْسَنَ الْوُضُوءَ، ثُمَّ أَتَى الْمَسْجِد لا يُرِيدُ إِلاَّ الصَّلاَةَ، لا يَنْهَزُهُ إِلاَّ الصَّلاَةُ، لَمْ يَخطُ خُطوَةً إِلاَّ رُفِعَ لَهُ بِها دَرجةٌ، وَحُطَّ عَنْهُ بِهَا خَطيئَةٌ حتَّى يَدْخلَ الْمَسْجِدَ، فَإِذَا دخل الْمَسْجِدَ كانَ في الصَّلاَةِ مَا كَانَتِ الصَّلاةُ هِيَ التي تحبِسُهُ، وَالْمَلائِكَةُ يُصَلُّونَ عَلَى أَحَدكُمْ ما دام في مَجْلِسهِ الَّذي صَلَّى فِيهِ، يقُولُونَ: اللَّهُمَّ ارْحَمْهُ، اللَّهُمَّ اغْفِرْ لَهُ، اللَّهُمَّ تُبْ عَلَيْهِ، مالَمْ يُؤْذِ فِيهِ، مَا لَمْ يُحْدِثْ فِيهِ» **«بىر كىشىنىڭ جامائەت بىلەن ئوقۇغان نامىزى ئۇنىڭ ئۆيدە ياكى بازاردا ئوقۇغان نامىزىدىن يىگىرمە نەچچە ھەسسە ئārتۇق تۇرىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىرەر ئادەم تاھارەتنى كامىل ئېلىپ، نامازنى كۆڭلىگە پۈكۈپ مەسجىدكە كەلسە ۋە ناماز ئۈچۈنلا ئورنىدىن قوزغالسا، تاكى مەسجىدكە كىرگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى ھەر بىر باسقان قەدىمى ئۈچۈن مەرتىۋىسى بىر دەرىجە كۆتۈرۈلىدۇ. ھەر قەدىمى ئۈچۈن بىر خاتالىقى ئۆچۈرۈلىدۇ. مەسجىدكە كىرىپ نامازنى كۈتۈپ ئولتۇرسا، ئۇنىڭغا نامازنىڭ ئىچىدە تۇرغانىنىڭ ساۋابى بولىدۇ. بىرىڭلار مادامىكى، ناماز ئوقۇغان ئورنىدىن قوزغالمىغانىكەن، بىرەرسىگە ئازار بەرمىگەنىكەن ۋە تاھارىتى سۇنۇپ كەتمىگەنىكەن، پەرىشتىلەر: ‹ئى ئاللاھ! ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغىن، ئۇنىڭغا مەغفىرەت قىلغىن، ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغىن›، دەپ دۇئا قىلىپ تۇرىدۇ».** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بازاردىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ تۈپەيلى، ھۇزۇرى قەلب ۋە ئاللاھ تائالادىن قورقۇش ھالىتىدە ناماز ئوقۇش تەس بولغانلىقى ئۈچۈن، بازاردا ناماز ئوقۇش مەكرۇھ بولسىمۇ، ئەمما دۇرۇس بولىدىغانلىقى.

2) بەزى ھەدىسلەردە ئوچۇق ئېيتىلغاندەك، جامائەت بىلەن ئوقۇغان ناماز يالغۇز ئوقۇغان نامازدىن يىگىرمە بەش ھەسسە، ياكى يىگىرمە ئالتە ھەسسە، ياكى يىگىرمە يەتتە ھەسسە ئارتۇق تۇرىدىغانلىقى.

3) بۇ ساۋابنىڭ قولغا كېلىشى ئادەمنىڭ نامازدىكى ئىخلاسىغا باغلىق ئىكەنلىكى.



www.munber.org

4) ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان پەرىشتىلەرنىڭ ناماز ئوقۇغۇچىغا قىلغان دۇئاسىدىن مەلۇمكى، ناماز باشقا ياخشى ئەمەللەردىن ئەۋزەل ئىكەنلىكى.

5) ئاللاھ تائالا « قۇرئان كەرىم »دە ئېيتقاندەك: ﴿الَّذِينَ يَحْمِلُونَ الْعَرْشَ وَمَنْ حَوْلَهُ يُسَبِّحُونَ بِحَمْدِ رَبِّهِمْ وَيُؤْمِنُونَ بِهِ وَيَسْتَغْفِرُونَ لِلَّذِينَ آمَنُوا﴾ ﴿ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ۋە ئەرشنىڭ چۆرىسىدىكى پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ھەمدە ئېيتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ، مۇئمىنلەرگە مەغفىرەت تىلەيدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە غافىر 7 ـ ئايەت) پەرىشتىلەرنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن بىرى مۇئمىنلەرگە دۇئا قىلىش ئىكەنلىكى. ناماز ئوقۇغان ئادەمنىڭ تاھارىتى سۇنۇپ كەتمىگەن ۋە مەسجىدتە بىرەرسىگە ئازار بەرمىگەنلا بولىدىكەن، يۇقىرىقى ساۋابقا ئېرىشەلەيدىغانلىقى.

**11 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتقان:** «إِنَّ الله كتَبَ الْحسناتِ والسَّيِّئاتِ ثُمَّ بَيَّنَ ذلك: فمَنْ همَّ بِحَسَنةٍ فَلمْ يعْمَلْهَا كتبَهَا اللَّهُ عِنْدَهُ تَبَارَكَ وَتَعَالَى عِنْدَهُ حسنةً كامِلةً وَإِنْ همَّ بهَا فَعمِلَهَا كَتَبَهَا اللَّهُ عَشْر حَسَنَاتٍ إِلَى سَبْعِمَائِةِ ضِعْفٍ إِلَى أَضْعَافٍ كثيرةٍ، وَإِنْ هَمَّ بِسيِّئَةِ فَلَمْ يَعْمَلْهَا كَتَبَهَا اللَّهُ عِنْدَهُ حَسَنَةً كامِلَةً، وَإِنْ هَمَّ بِها فعَمِلها كَتَبَهَا اللَّهُ سَيِّئَةً وَاحِدَةً» **«ئۇلۇغ ئاللاھ تائالا ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ئىلمىي ئەزەلىدە تەقدىر قىلىپ يازدى. ئاندىن ئۇلارنى تەپسىلىي بايان قىلدى. كىمكى بىرەر ياخشىلىقنى كۆڭلىگە كەلتۈرۈپ ئۇنى قىلالمىسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا تولۇق بىر ياخشىلىقنىڭ ساۋابىنى يازىدۇ. ئەگەر ئۇ ياخشىلىقنى كۆڭلىگە كەلتۈرسە ۋە قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئۇن ياخشىلىقنىڭ ساۋابىدىن يەتتە يۈز ياخشىلىقنىڭ ساۋابىغىچە ياكى ئۇنىڭدىن زىيادە ساۋاب يازىدۇ. كىمكى بىرەر يامانلىقنى كەلتۈرۈپ ئۇنى قىلمىسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا تولۇق بىر ياخشىلىقنىڭ ساۋابىنى يازىدۇ. ئەگەر ئۇنى كۆڭلىگە كەلتۈرسە ۋە قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا بىر يامانلىقنىڭ گۇناھىنى يازىدۇ».** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كىمكى بىر ياخشىلىقنى نىيەت قىلىپ، ئۇنى قىلمىغان تەقدىردىمۇ ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا تولۇق بىر ياخشىلىقنى قىلغاننىڭ ساۋابىنى يازىدىغانلىقى، چۈنكى ياخشىلىقنى نىيەت قىلىپ بەل باغلاش ئۇنى قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغانلىقى. ياخشىلىق قىلىشنىڭ سەۋەبىمۇ ياخشىلىق ھېسابلىنىدىغانلىقى.

2) كىمكى بىرەر يامانلىقنى نىيەت قىلىپ، كېيىن باشقا سەۋەب تۈپەيلىدىن ئەمەس، ئاللاھ تائالادىن قورقۇش يۈزىسىدىن ئۇنى قىلىشتىن يانسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا تولۇق بىر ياخشىلىق قىلغاننىڭ ساۋابىنى يازىدىغانلىقى، چۈنكى يامانلىقتىن يېنىشىنىڭ ئۆزى ياخشىلىق بولۇپ، ساۋابقا لايىق ئىكەنلىكى. ئەگەر نېمىشقا يامانلىقنى نىيەت قىلغىنىغا گۇناھ يېزىلمايدۇ؟ دېيىلسە، يامانلىقتىن يېنىش نىيەتتىن كېيىن بولۇپ، نىيەتنى بىكار قىلىۋېتىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىگە ئوخشاشتۇر: ﴿إِنَّ الْحَسَنَاتِ يُذْهِبْنَ السَّيِّئَاتِ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە ھۇد 114 ـ ئايەت)

**12 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم:** «انْطَلَقَ ثَلاَثَةُ

www.munber.org

نفر مِمَّنْ كَانَ قَبْلَكُمْ حَتَّى آوَاهُمُ الْمبِيتُ إِلَى غَارٍ فَدَخَلُوهُ، فانْحَدَرَتْ صَخْرَةٌ مِنَ الْجبلِ فَسَدَّتْ عَلَيْهِمُ الْغَارَ، فَقَالُوا: إِنَّهُ لا
يُنْجِيكُمْ مِنْ الصَّخْرَةِ إِلاَّ أَنْ تَدْعُوا الله تعالى بصالح أَعْمَالكُمْ . قال رجلٌ مِنهُمْ: اللَّهُمَّ كَانَ لِي أَبَوانِ شَيْخَانِ كَبِيرانِ،
وكُنْتُ لاَ أَغبِقُ قبْلهَما أَهْلاً وَلا مالاً فنأى بي طَلَبُ الشَّجرِ يَوْماً فَلمْ أُرِحْ عَلَيْهمَا حَتَّى نَامَا فَحَلبْت لَهُمَا غبُوقهمَا
فَوَجَدْتُهُمَا نَائِميْنِ، فَكَرِهْت أَنْ أُوقظَهمَا وَأَنْ أَغْبِق قَبْلَهُمَا أَهْلاً أَوْ مَالاً، فَلَبِثْتُ وَالْقَدَحُ عَلَى يَدِى أَنْتَظِرُ اسْتِيقَاظَهُما
حَتَّى بَرَقَ الْفَجْرُ وَالصِّبْيَةُ يَتَضاغَوْنَ عِنْدَ قَدَمى فَاسْتَيْقظَا فشَربَا غَبُوقهُمَا . اللَّهُمَّ إِنْ كُنْتُ فَعلْتُ ذَلِكَ ابْتِغَاءَ وَجْهِكَ فَفَرِّجْ
عَنَّا مَا نَحْنُ فِيهِ مِنْ هَذِهِ الصَّخْرَة، فانْفَرَجَتْ شَيْئاً لا يَسْتَطيعُونَ الْخُرُوجَ مِنْهُ .قال الآخر: اللَّهُمَّ إِنَّهُ كَانتْ لِيَ ابْنَةُ عمٍّ
كانتْ أَحبَّ النَّاسِ إِلَيَّ، وفي رواية: «كُنْتُ أُحِبُّهَا كَأَشد مَا يُحبُّ الرِّجَالُ النِّسَاءِ» فَأَرَدْتُهَا عَلَى نَفْسهَا فَامْتَنَعَتْ مِنِّى
حَتَّى أَلَمَّتْ بِهَا سَنَةٌ مِنَ السِّنِينَ فَجَاءَتْنِى فَأَعْطَيْتُهَا عِشْرِينَ وَمِائَةَ دِينَارٍ عَلَى أَنْ تُخَلِّىَ بَيْنِى وَبَيْنَ نَفْسِهَا ففَعَلَت، حَتَّى إِذَا
قَدَرْتُ عَلَيْهَا، وفي رواية: «فَلَمَّا قَعَدْتُ بَيْنَ رِجْلَيْهَا» قَالتْ: اتَّقِ الله ولا تَفُضَّ الْخاتَمَ إِلاَّ بِحَقِّهِ، فانْصَرَفْتُ عَنْهَا وَهِىَ
أَحَبُّ النَّاسِ إِليَّ وَتركْتُ الذَّهَبَ الَّذي أَعْطَيْتُهَا، اللَّهُمَّ إِنْ كُنْتُ فَعلتُ ذَلِكَ ابْتِغَاءَ وَجْهِكَ فافْرُجْ عَنَّا مَا نَحْنُ فِيهِ،
فانفَرَجَتِ الصَّخْرَةُ غَيْرَ أَنَّهُمْ لا يَسْتَطِيعُونَ الْخُرُوجَ مِنْهَا . وقَالَ الثَّالِثُ: اللَّهُمَّ إِنِّي اسْتَأْجَرْتُ أُجراءَ وَأَعْطَيْتُهمْ أَجْرَهُمْ غَيْرَ
رَجُلٍ وَاحِدٍ تَرَكَ الَّذي لَّه وذهب فثمَّرت أجره حتى كثرت منه الأموال فجائنى بعد حين فقال يا عبد الله أَدِّ إِلَيَّ أَجْرِي،
فَقُلْتُ: كُلُّ مَا تَرَى منْ أَجْرِكَ: مِنَ الإِبِلِ وَالْبَقَرِ وَالْغَنَم وَالرَّقِيق فقال: يا عَبْدَ اللَّهِ لا تَسْتهْزِيْ بي، فَقُلْتُ: لاَ أَسْتَهْزِيُ بك،
فَأَخَذَهُ كُلَّهُ فاسْتَاقَهُ فَلَمْ يَتْرُكْ مِنْه شَيْئاً، اللَّهُمَّ إِنْ كُنْتُ فَعَلْتُ ذَلِكَ ابْتغَاءَ وَجْهِكَ فافْرُجْ عَنَّا مَا نَحْنُ فِيهِ، فَانْفَرَجَتِ
الصَّخْرَةُ فخرَجُوا يَمْشُونَ» «سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەردىن ئۈچ كىشى ماڭغە ـ ماڭغە كەچ
كىرىپ قېلىپ، بىر غارنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدۇ. بۇ چاغدا بىر قورام تاش
يۇقىرىدىن دومىلاپ چۈشۈپ، غارنىڭ ئاغزىنى توسۇۋالدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ
تاشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن: ‹ئۆزئارا هاياتىمىزدا ئىشلىگەن ئەڭ ئەۋزەل ئەمەللىمىزنى
تىلغا ئېلىپ، ئاللاھ تائالاغا سېغىنايلى›، دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى: ‹ئى ئاللاھ!
مېنىڭ ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانام بار ئىدى. مەن ھەمىشە ئالدى بىلەن ئاتا ـ
ئانامنى غىزالاندۇرۇپ، ئاندىن ئەھلى ـ ئايالىم ۋە خىزمەتچىلىرىمنى
غىزالاندۇراتتىم. بىر كۈنى مەن ماللىرىمنى ئوتلىتىش ئۈچۈن يىراق جايلارغا
كېتىپ كەچرەك قايتىپ كەلدىم. ماللىرىمنى سېغىپ، سۈتىنى ئېلىپ كەلسەم،
ئاتا ـ ئانام ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇلارنى ئويغىتىشنى ۋە ئۇلاردىن بۇرۇن ئەھلى ـ ئايالىم
ۋە خىزمەتچىلىرىمنى غىزالاندۇرۇشنى خوپ كۆرمەي، تاڭ ئاتقانغا قەدەر قاچا
قولۇمدا ئاتا ـ ئانامنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتتۈم. كىچىك بالىلىرىم قورسىقى ئاچ
هالدا ئايىغىمدا يىغلاپ تۇرۇشاتتى. ئاتا ـ ئانام ئويغىنىپ كەچلىك تامىقى بولغان
سۈتنى ئىچىشتى. ئى ئاللاھ! مۇشۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغانلىقىمنى
بىلگەن بولساڭ، بۇ تاشنى كۆتۈرۈۋەتكىن›، دېدى. شۇنىڭ بىلەن قورام تاش بىر ئاز
كۆتۈرۈلدى، لېكىن ئۇلار بۇنىڭ بىلەن چىقىپ كېتەلمەيتتى. ئۇلارنىڭ يەنە بىرى:
‹ئى ئاللاھ! مېنىڭ تاغامنىڭ مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر قىزى بار ئىدى (يەنە
بىر رىۋايەتتە: «كُنْتُ أُحِبُّهَا كَأَشد مَا يُحبُّ الرِّجَالُ النِّسَاءِ» «ھېچقانداق بىر ئەر بىر ئايالنى



www.munber.org

مەن ئۇنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرمەيتتى»، دېيىلگەن.) مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە بولۇشنى تەلەپ قىلدىم. ئۇ تەلىپىمنى رەت قىلدى. قەھەتچىلىك بولۇپ كەتكەن بىر يىلى ئۇ مېنىڭ قېشىمغا كەپتۇ، ئۇنىڭ ئىختىيارىنى ماڭا تاپشۇرۇش شەرتى ئاستىدا ئۇنىڭغا بىر يۈز يىگىرمە تىللا بەردىم. ئۇ تەلىپىمگە ماقۇل بولدى. ئۇنى نىمە قىلسام شۇنى قىلالايدىغان چېغىمدا (يەنە بىر رىۋايەتتە: «فَلَمَّا قَعَدْتُ بَيْنَ رِجْلَيْهَا» «ئۇنىڭغا يېقىنلاشماقچى بولغان چېغىمدا»، دېيىلگەن.) ئۇ: ‹ئاللاھ تائالادىن قورققىن، نىكاھسىز يېقىنلاشمىغىن›، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى تاشلاپ كەتتىم، ھالبۇكى مەن ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم. ئۇنىڭغا بەرگەن ئالتۇنلارنىمۇ ئۇنىڭدىن قايتۇرۇۋالمىدىم. ئى ئاللاھ! مەن سېنىڭ رازىلىقىڭنى دەپ شۇنداق قىلدىم. بۇ تاشنى بىزدىن كۆتۈرۈۋەتكىن›، دېۋىدى، تاش يەنە بىر ئاز كۆتۈرۈلدىيۇ، لېكىن ئۇلار بۇنىڭ بىلەن چىقىپ كېتەلمىدى. ئۈچىنچىسى: ‹مەن نۇرغۇن مەدىكارلارنى ئىشلەتكەنىدىم، مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىش ھەققىنى ئالماي كەتكەن بىر ئادەمدىن باشقا ھەممىسىنىڭ ئىش ھەققىنى بەرگەنىدىم. مەن ئۇنىڭ ئىش ھەققىنى ئىشلىتىپ كۆپەيتىپ قويدۇم. ئۇنىڭ ماللىرى كۆپىيىۋەردى. بىر مۇددەتتىن كېيىن ئۇ ئادەم كېلىپ: ‹ئى ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى، مېنىڭ ئىش ھەققىمنى بەرگىن›، دېدى. مەن ئۇنىڭغا: ‹سەن كۆرۈۋاتقان ئاشۇ نەرسىلەر، يەنى تۆگە، كالا، قوي ۋە قۇللارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ ئىش ھەققىڭ›، دېدىم. ئۇ: ‹ئى ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى، مېنى زاڭلىق قىلما›، دېدى. مەن ئۇنىڭغا: ‹سېنى زاڭلىق قىلىۋاتقىنىم يوق›، دېدىم. ئاندىن ئۇ ھېچ نەرسىنى قويماي ھەممىنى ئېلىپ كەتتى. ئى ئاللاھ! مۇشۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغانلىقىمنى بىلگەن بولساڭ، بىزدىن ئۇ تاشنى كۆتۈرۈۋەتكىن›، دېۋىدى. تاش پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، ئۇلار غاردىن چىقىپ كەتتى»». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كىشىلەرنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەن قىيىن ۋاقىتلاردا بىر ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى تىلغا ئېلىپ دۇئا قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش، ئۇلارنى باشقا ھەر قانداق ئادەمدىن — خوتۇن، بالا ـ چاقىدىنمۇ ئارتۇقراق كۆرۈشنىڭ ئۇلۇغ ئىكەنلىكى.

3) ئاللاھ تائالا چەكلىگەن ھارام ئىشلاردىن ساقلىنىپ، ئىپپەتلىك بولۇش، بولۇپمۇ ئۇنىڭغا قادىر بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى تىلەشتەك خالىس نىيەت بىلەن ھارامنى تەرك ئېتىشكە رىغبەتلەندۈرۈلگەنلىكى.

4) ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئامانەتنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇش، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا مۇئامىلىدە كەڭ قورساق، ئەپۇچان بولۇشنىڭ ئىسىل پەزىلەت ئىكەنلىكى.

5) بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەن ئادەمنىڭ چىن ئىخلاسى بىلەن ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، ئاللاھ تائالادىن ياردەم سوراپ قىلغان دۇئاسى ئىجابەت بولىدىغانلىقى، ئىلگىرى ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرنىڭ بولسا تېخىمۇ شۇنداق بولىدىغانلىقى.



www.munber.org

6) ئـــاللاھ تائـــالانىڭ ياخشـــى ئەمەللـــەرنى قىلغـــان كىشـــىنىڭ ئـــەجرىنى بىكـــار قىلىۋەتمەيدىغانلىقى.

## 2. باب تەۋبە توغرىسىدا

ئۆلىمالارنىڭ ئېيتىشىچە، ھەر قانداق گۇناھقا تەۋبە قىلىش زۆرۈردۇر. ئەگەر گۇناھ ئاللاھ تائالا بىلەن بەندە ئارىسىدىكى ئىش بولۇپ، بەندىنىڭ ھەققى بىلەن چېتىشلىقى بولمىسا، ئۇنىڭغا ئۈچ شەرت لازىم بولىدۇ:

1 ـ گۇناھتىن يېنىش.

2 ـ گۇناھىغا پۇشايمان قىلىش.

3 ـ شۇ گۇناھنى قايتا قىلماسلىققا بەل باغلاش.

ئەگەر بۇ ئۈچ شەرتنىڭ بىرى ھازىرلانمىسا، ئۇنىڭ تەۋبىسى دۇرۇس بولمايدۇ. ئەگەر گۇناھ بەندىنىڭ ھەققىگە چېتىشلىق بولسا، ئۇنىڭ شەرتلىرى تۆتتۇر. يۇقىرىقى ئۈچ شەرتتىن باشقا تۆتىنچى شەرتنى ئورۇنداش، يەنى ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش، ئەگەر مال ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بولسا، ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇش، ئەگەر بوھتان چاپلىغان، دەررە ئۇردۇرغان بولسا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا ئىشلار بولسا، ھەق ئىگىسىنىڭ ئەنتىنى ئېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش ياكى ئەپۇ قىلىشىنى تەلەپ قىلىش، ئەگەر غەيۋەت قىلغان بولسا ئاشۇ كىشىدىن ئەپۇ سوراش كېرەك. تەۋبە قىلغۇچى بارلىق گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىشى كېرەك.

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ قارىشىدا: قىسمەن گۇناھىغا تەۋبە قىلسا، ئۇنىڭ تەۋبىسى شۇ گۇناھىغىلا ھېساب بولىدۇ. تەۋبە قىلىنماي قالغان گۇناھلىرى ئۇنىڭ گەدىنىدە قالىدۇ. تەۋبىنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىگە «قۇرئان كەرىم»نىڭ دەلىللىرى ۋە پۈتۈن ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكى ناھايىتى ئېنىق.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَتُوبُوا إِلَى اللَّهِ جَمِيعًا أَيُّهَا الْمُؤْمِنُونَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! بەختكە ئېرىششىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە نۇر 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اسْتَغْفِرُواْ رَبَّكُمْ ثُمَّ تُوبُواْ إِلَيْهِ﴾ ﴿سىلەر پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغفىرەت تەلەپ قىلىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھۇد 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

www.munber.org

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا تُوبُوا إِلَى اللَّهِ تَوْبَةً نَّصُوحًا عَسَى رَبُّكُمْ أَن يُكَفِّرَ عَنكُمْ سَيِّئَاتِكُمْ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھ تائالاغا سەمىمىي تەۋبە قىلىڭلار، ئۈمىدكى پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىدۇ﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە تەھرىم 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

13 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، دەيدۇ: «واللَّه إِنِّي لأَسْتَغْفرُ الله، وَأَتُوبُ إِلَيْه، في اليَوْمِ، أَكثر مِنْ سَبْعِين مرَّةً» «ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن كۈنىگە چوقۇم ئاللاھ تائالادىن يەتمىش قېتىمدىن كۆپرەك مەغفىرەت تىلەيمەن ۋە ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىمەن». —— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنى ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىش ۋە ئىستىغفار ئېيتىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۇناھلاردىن پاك، مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى تۇرۇقلۇق، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىنى مەغفىرەت قىلغان تۇرۇقلۇق، كۈنىگە يەتمىش قېتىمدىن كۆپرەك تەۋبە قىلىپ مەغفىرەت تىلىگەن يەردە، باشقا مۇئمىنلەرنىڭ شۇنداق قىلىشىنىڭ تېخىمۇ زۆرۈر ئىكەنلىكى.

14 ـ ئەغەر ئىبنى يەسارى مۇزەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يا أَيُّها النَّاس تُوبُوا إِلى اللَّهِ واسْتغْفرُوهُ فإِنِي أَتوبُ في اليَوْمِ مائة مَرَّة» «ئى خالايىقلار! ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىڭلار ۋە ئاللاھ تائالادىن مەغفىرەت تىلەڭلار، ھەقىقەتەن مەن كۈندە يۈز قېتىم تەۋبە قىلىمەن».

—— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

15 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمەتچىسى ئەبۇ ھەمزە ئەنەس ئىبنى مالىك ئەنسارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «اللهُ أَفْرحُ بتْوبةِ عَبْدِهِ مِنْ أَحَدِكُمْ سقطَ عَلَى بعِيرِهِ وقد أَضلَّهُ في أَرضٍ فَلاةٍ» «ئاللاھ تائالا بەندىسىنىڭ قىلغان تەۋبىسىدىن سىلەرنىڭ بىرىڭلار دالادا تۆگىسىنى يوقىتىپ قويۇپ تېپىۋالغان ۋاقتىدىكى خۇشاللىقىدىنمۇ ئارتۇق خۇشال بولىدۇ». —— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن دېيىلىدۇ: «اللهُ أَشدُّ فرحاً بِتَوْبَةِ عَبْدِهِ حِين يتُوبُ إِلْيهِ مِنْ أَحَدِكُمْ كان عَلَى راحِلَتِهِ بِأَرْضٍ فلاةٍ، فانْفلتتْ مِنْهُ وعلَيْها طعامُهُ وشرَابُهُ فأَيِسَ مِنْهَا، فأَتَى شَجَرةً فاضْطَجَعَ في ظِلِّهَا، وقد أَيِسَ مِنْ رَاحِلتِهِ، فَبَيْنما هوَ كَذَلِكَ إِذْ هُوَ بِها قَائِمة عِنْدَهُ، فَأَخذ بِخطامِهَا ثُمَّ قَالَ مِنْ شِدَّةِ الفَرحِ: اللَّهُمَّ أَنت عبْدِي وأَنا ربُّكَ، أَخْطَأَ مِنْ شِدَّةِ الفرح» «سىلەرنىڭ بىرىڭلار قۇملۇقتا ئۈستىدە يېمەك ـ ئىچمىكى بولغان ئۇلىغى بىلەن كېتىۋاتقاندا ئۇلىغى شۇ قۇملۇقتا يىتىپ كېتىپ، نائۈمىد ھالدا بىر دەرەخنىڭ سايىسىدە ياتقان



www.munber.org

چېغىدا، تۇساتتىنلا ئۇلىغى كېلىپ قالسا، شۇ چاغدا شۇنداق چاپسان ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئارغامچىسىنى تۇتۇپ، قاتتىق خۇشاللىنىپ كەتكەنلىكتىن ئۆزىنى يوقىتىپ، خاتا ھالدا: ‹ئى ئاللاھ! سەن مېنىڭ بەندەم، مەن سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ›، دەپ سالىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىسىنىڭ تەۋبىسىدىن ئاشۇ كىشىدىنمۇ بەكرەك خۇشال بولۇپ كېتىدۇ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتقىنىدەك: ﴿إِنَّ اللَّـهَ يُحِبُّ التَّوَّابِينَ وَيُحِبُّ الْمُتَطَهِّرِينَ﴾ ﴿ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ، (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 222 ـ ئايەت) ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇلارنى دوست تۇتۇش بىلەن رەھىم ـ شەپقەت ۋە مەرھەمەت قىلىدىغانلىقى.

2) مۇئمىنلەرنى تەۋبىگە ئۈندەيدىغانلىقى.

3) ئىنساننىڭ مەقسەتسىز ھالدا سادىر قىلغان خاتالىقى ئۈچۈن جازالانمايدىغانلىقى.

4) تەلىم ـ تەربىيەدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزمۇننى ئاڭلىغۇچىلارغا تېخىمۇ ئوچۇق ئىزاھلاپ، سۈرەتلەپ بېرىش ئۈچۈن ئەمەلىي مىساللارنى كەلتۈرۈشتەك ئۇسۇلىنى ئۆلگە قىلىش كېرەكلىكى.

5) پايدا ـ مەنپەئەت بار ئىشلارنى تەكىتلەش يۈزىسىدىن قەسەم قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

**16 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ الله تعالى يَبْسُطُ يدهُ بِاللَّيْلِ لِيتُوب مُسيءُ النَّهَارِ وَيبْسُطُ يَدهُ بالنَّهَارِ لِيَتُوبَ مُسِيءُ اللَّيْلِ حتَّى تَطْلُعَ الشَّمْسُ مِن مغْرِبِها» «ئاللاھ تائالا كۈندۈزدە گۇناھ قىلغۇچىنىڭ گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىۋېلىشى ئۈچۈن كېچىدە قولىنى كەڭ ئېچىپ بېرىدۇ ۋە كېچىدە گۇناھ قىلغۇچىنىڭ گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىۋېلىشى ئۈچۈن كۈندۈزدە قولىنى كەڭ ئېچىپ بېرىدۇ، تاكى قىيامەت كۈنىگىچە». (بەزىلەر «ئاللاھ تائالا قولىنى كەڭ ئېچىپ بېرىدۇ»، دېگەن سۆزنى ئاللاھنىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭلىكىنى ئىپادىلەيدىغان كىنايە سۆز دەپ چۈشەندۈرىدۇ. —— ت)** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە بولغان رەھمەت ـ ئەپۇسى ھەممە زامان، ھەممە ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى. گەرچە ئايرىم ۋاقىتلارنىڭ باشقا ۋاقىتلاردىن ئارتۇقچىلىقى بولسىمۇ، تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇشى مەلۇم ۋاقىتقا خاس قىلىنغان ئەمەسلىكى.

2) مەيلى كېچە ياكى كۈندۈزدە بىرەر گۇناھ قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىشقا ئالدىرىشىنىڭ لازىملىقى.

3) مادامىكى، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ـ ئەپۇ دەرۋازىسى بەندىلىرىگە ئوچۇقلا بولىدىكەن، تەۋبىنىڭ قوبۇل بولىدىغانلىقى، تاكى قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى بولغان كۈننىڭ



www.munber.org

غەربتىن چىققان ۋاقتىغا قەدەر ئەپۇنىڭ ئىشىكى يېپىلمايدىغانلىقى. بۇ ئالامەت كۆرۈلگەن چاغدا قىلغان تەۋبىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدىغانلىقى.

**17 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «مَنْ تاب قَبْلَ أنْ تطلُعَ الشَّمْسُ مِنْ مغْرِبِهَا تَابَ الله علَيْه» «كىمكى كۈن غەربتىن چىقىشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ».**

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: تەۋبە قوبۇل بولۇشنىڭ شەرتلىرى ھازىرلانغان بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ مەرھەمەت قىلىپ، بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى. شۇ شەرتلەرنىڭ بىرى بەندىنىڭ چوقۇم كۈن غەربتىن چىقىشتىن ئىلگىرى، يەنى قىيامەت بولۇشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلغان بولۇشى كېرەكلىكى. بۇ مەزمۇننى تىخىمۇ ئوچۇق ئىزاھلاپ تۆۋەندىكى ئايەت كەلگەن: ﴿يَوْمَ يَأْتِي بَعْضُ آيَاتِ رَبِّكَ لاَ يَنفَعُ نَفْسًا إِيمَانُهَا لَمْ تَكُنْ آمَنَتْ مِن قَبْلُ أَوْ كَسَبَتْ فِي إِيمَانِهَا خَيْرًا﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كەلگەن كۈندە، ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە ئەنئام 159 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

**18 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «إِنَّ الله عزَّ وجَلَّ يقْبَلُ توْبة العبْدِ مَالَم يُغرْغرِ» «بەندە سەكراتقا چۈشۈپ قالمىغانلا بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ».**

ـــ تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بالاغەتكە يەتكەن كىشىنىڭ قىلغان تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇشىدىكى شەرتلەرنىڭ بىرى، ئۇ كىشىنىڭ تەۋبىسى سەكراتقا چۈشۈپ قېلىشتىن ئىلگىرى بولۇشى كېرەك. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَيْسَتِ التَّوْبَةُ لِلَّذِينَ يَعْمَلُونَ السَّيِّئَاتِ حَتَّى إِذَا حَضَرَ أَحَدَهُمُ الْمَوْتُ قَالَ إِنِّي تُبْتُ الآنَ وَلاَ الَّذِينَ يَمُوتُونَ وَهُمْ كُفَّارٌ أُوْلَـئِكَ أَعْتَدْنَا لَهُمْ عَذَابًا أَلِيمًا﴾ ﴿داۋاملىق يامان ئىشلارنى قىلىپ، بېشىغا ئۆلۈم كەلگەن چاغدا، ئەمدى تەۋبە قىلدىم، دىگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى ۋە كافىر پېتى ئۆلگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى (يەنى ئۆلۈم ئالدىدا ئىمان ئېيتتىم دىگۈچىلەرنىڭ ئىمانى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئەنە شۇلارغا قاتتىق ئازاب تەييارلىدۇق﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە نىسا 18 ـ ئايەت)

**19 ـ زىررە ئىبنى ھۇبەيش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن سەفۋان ئىبنى ئەسسال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئىككى ئۆتۈككە مەسھ قىلىش توغرىسىدا سوراش ئۈچۈن ئۇنىڭ قېشىغا كەلگەنىدىم. ئۇ: «ئى زىررە، نېمە قىلغىلى كەلدىڭ؟ »، دېدى. مەن: «ئىلىم تەلەپ قىلىپ كەلدىم»، دېدىم. ئۇ: «پەرىشتىلەر ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىنىڭ تەلەپ قىلغان نەرسىسىدىن مەمنۇن بولغان ھالدا ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارغا قاناتلىرىنى يېيىپ بېرىدۇ»، دېدى. (ھەمدەم بولۇپ ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ، دىگەن مەنىدە. ـــ ت) مەن ئۇنىڭغا: «ھەققەتەن چوڭ ۋە كىچىك تەرەتتىن كېيىن ئۆتۈككە مەسھ قىلىش ئىشى توغرۇلۇق كۆڭلۈمدە چىگىش بولۇپ قالدى. سەن بولساڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى، شۇڭا سەندىن سورىغىلى كەلدىم، سەن**

ئاشۇ ئىش توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر نەرسە ئاڭلىدىڭمۇ؟»، دېدىم. ئۇ: «ھەئە، سەپەر ئۈستىدە بولساق ياكى مۇساپىر بولساق، جۇنۇپ بولۇپ قالمىساقلا چوڭ ـ كىچىك تەرەتلەردىن ۋە ئۇيقۇدىن كېيىن ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزگىچە ئۆتۈكمىزنى سالماي مەسھ قىلساقمۇ بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم»، دېدى. (دېمەك چوڭ ـ كىچىك تەرەتتىن ياكى ئۇيقۇدىن كېيىن تاھارەت ئالغاندا ئوشۇقنى يېپىپ تۇرىدىغان ئاياغقا مەسھ قىلسا بولىدۇ. ـــ ت)

مەن ئۇنىڭغا: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىنى ياخشى كۆرۈش توغرىسىدا بىر نەرسە دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟»، دېدىم. ئۇ: «ھەئە، بىر سەپەردە بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدۇق. شۇ چاغدا بىر ئەئرابى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: ‹ئى مۇھەممەد!›، دەپ چاقىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئوخشاش يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: ‹هاؤُمْ› ‹ھە، نېمە گەپ؟›، دېدى. مەن ئۇ ئەئرابىغا: ‹ۋاي ساڭا، پەيغەمبەرنىڭ ئالدىدا ئاۋازىڭنى پەسلەتكىن، سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىدا تۇرۇۋاتىسەن›، دېدىم. ئۇ: ‹ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، مەن ئاۋازىمنى پەسلەتمەيمەن›، دېدى. ئاندىن: ‹بىر كىشى بىر جامائەنى ئەڭ ياخشى كۆرىدۇ، لېكىن ئۇ جامائەنىڭ دەرىجىسىگە يېتەلمەيدۇ›، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹الْمرْءُ مع منْ أَحَبَّ يَوْمَ الْقِيامةِ› ‹كىشى قىيامەت كۈنى ياخشى كۆرگەن ئادىمى بىلەن بىللە بولىدۇ›، دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەئرابى كېلىشتىن بۇرۇن دەۋاتقان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، كەڭلىكى غەربتىن باشلاپ ماڭسا، ئۇلاغ بىلەن قىرىق يىل ياكى يەتمىش يىل ماڭىدىغان بىر دەرۋازىنى سۆزلەپ بەردى»، دەپ جاۋاب بەردى. رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ بىرى سۇفيان مۇنداق دېگەن: «ئۇ ئىشىك شام تەرەپتە بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئاسمان ـ زېمىنلارنى ياراتقان كۈنىلا كىشىلەرنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئۇ دەرۋازىنى ئوچۇق ياراتقان. ئۇ دەرۋازا تاكى كۈن غەربتىن چىققۇچە تاقالمايدۇ».

ـــ ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىلىم تەلەپ قىلىشقا ۋە بالاغەتكە يەتكەن كىشىنى ئۆز دىنىنىڭ ئىشلىرىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوئال سوراشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەنلىكى.

2) مەسە ـ كالاچ، ئۆتۈككە ئوخشاش ئوشۇقنى يېپىپ تۇرىدىغان ئاياغ كىيمگە مەسھ قىلىش دۇرۇس بولىدىغانلىقى، چوڭ ـ كىچىك تەرەتتىن كېيىن تاھارەت بىلەن مەسھ قىلىپ، ئۆتۈكنى كىيگەن كىشىنىڭ ئەگەر سەپەردە بولسا ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزگىچە، ئۆز يۇرتىدا مۇقىم بولسا بىر كېچە ـ كۈندۈزگىچە ئۆتۈكىنى سالمىسىلا، مەسھ قىلسا ھېساب بولىۋېرىدىغانلىقى. ئاياغ كىيمگە مەسھ قىلىشتا تۆۋەندىكى شەرتلەر ھازىرلانغان بولۇشى كېرەكلىكى، يەنى ئاياغ كىيىم پاك بولۇشى، ئۇنى تولۇق تاھارەت ئالغاندىن كېيىن ئاندىن كىيىش كېرەكلىكى، شۇنداقلا ئوشۇقنى يېپىپ تۇرىدىغان بولۇشى، سەپەردىكى ئادەمنىڭ ھاجەتلىرى ئۈچۈن ماڭىدىغان يولى كۆپ بولغاچقا،



www.munber.org

مەسىھ قىلىنغان ئاياغ كىيىمدە ماشىغلى بولىدىغان ۋە ھۆل بولۇپ كەتمەيدىغان بولۇشى كېرەكلىكى. ھەدىستە ئېيتىلغاندەك، تاھارەت ئېلىشتا پۇتىنى يۇيۇشنىڭ ئورنىغا ئاياغ كىيىمگە مەسىھ قىلىش پەقەت چوڭ ـ كىچىك تەرەت ۋە ئۇيقۇدىن كېيىنكى تاھارەت سۇنۇشتا دۇرۇس بولىدىغانلىقى. ئەمما، جۇنۇپ، ھەيز، نىفاستەك تاھارەتسىزلىك ھالەتلىرىدە چوقۇم ئاياغ كىيىمنى سېلىپ، پۇتىنى يۇيۇش كېرەكلىكى.

3) ئۆلىمالار، فازىللار ئالدىدا ئەدەبلىك بولۇش، ئىلىم سورۇنلىرىدا ئاۋازنى پەسەيتىش كېرەكلىكى.

4) جاھىل، نادان كىشىلەرگە گۈزەل ئەخلاق ۋە قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئۆگىتىش لازىملىقى.

5) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى، مۇلايىملىقىنى، كىشىلەرگە خىتاب قىلغاندا چۈشىنىشكە ئاسان بولۇشى ئۇچۇن ئۇلارنىڭ ئىلمى ۋە ئەقلىگە يارىشا سۆز قىلىدىغانلىقىنى ئۈلگە قىلىش لازىملىقى.

6) سالىھ بەندىلەر بىلەن كۆپرەك ئارىلىشىش، ئۇلارغا يېقىنلىشىشقا ھېرىسمەن بولۇش، يامانلار بىلەن ئارىلىشىشتىن، پاسىق ـ گۇناھكارلار بىلەن دوست بولۇشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەكلىكى.

7) كىشىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلغاندا مۇلايىم بولۇش، ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ـ ئەپۇ دەرۋازىسىنىڭ ئوچۇق ئىكەنلىكى بىلەن ئۈمىد بېغىشلاش كېرەكلىكى.

8) ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭلىكى، بەندىلىرىگە ھىدايەتنىڭ يوللىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ، تەۋبە دەرۋازىسىنى ئېچىپ بېرىدىغانلىقى، ھەدىستە ئېيتىلغان دەرۋازا بەلكىم كىنايە يۈزىسىدىن ئېيتىلغان بولۇپ، ئۇ دەرۋازىنىڭ ھەقىقىتىنىڭ قانداقلىقىنى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.

**20. سەئىد ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كان فِيمنْ كَانَ قَبْلَكُمْ رَجُلٌ قتل تِسْعةً وتِسْعِين نفْساً، فسأل عن أعلَم أَهْلِ الأَرْضِ فدُلَّ على راهِبٍ، فَأَتَاهُ فقال : إِنَّهُ قَتَل تِسعةً وتسعِينَ نَفْساً ، فَهلْ لَهُ مِنْ توْبَةٍ؟ فقال : لا ، فقتلَهُ فكمَّلَ بِهِ مِائةً ثمَّ سألَ عن أعلم أهلِ الأرضِ، فدُلَّ على رجلٍ عالمٍ فقال : إنهَ قَتل مائةَ نفسٍ فهلْ لَهُ مِنْ تَوْبَـةٍ؟ فقـالَ : نَعَمْ ومنْ يحُولُ بيْنَهُ وبيْنَ التوْبَة؟ انْطَلِقْ إِلَى أَرْضِ كذا وكذا ، فإِنَّ بها أُنَاساً يعْبُدُونَ الله تعالى فاعْبُدِ الله مَعْهُمْ، ولا تَرْجعْ إِلى أَرْضِكَ فإِنَّهَا أَرْضُ سُوءٍ ، فانطَلَق حتَّى إِذا نَصَف الطَّرِيقُ أَتَاهُ الْموْتُ فاختَصمتْ فيهِ مَلائكَةُ الرَّحْمَةِ وملاكةُ الْعَذابِ. فقالتْ ملائكةُ الرَّحْمَةَ : جاءَ تائِباً مُقْبلا بِقلْبِهِ إِلى اللَّهِ تعالى ، وقالَتْ ملائكَةُ الْعذابِ : إِنَّهُ لمْ يَعْمَلْ خيْراً قطُّ ، فأَتَاهُمْ مَلكٌ في صُورَةِ آدمي فجعلوهُ بيْنهُمْ أي حكماً فقال قيسوا ما بَيْن الأَرْضَين فإِلَى أَيَّتهما كَان أَدْنى فهْو لَهُ، فقاسُوا فوَجَدُوه أَدْنى إِلَى الأَرْضِ التي أَرَادَ فَقبَضْتهُ مَلائكَةُ الرَّحمةِ» «سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن توقسان توققۇز ئادەمنى ئۆلتۈرگەن بىر ئادەم بولغان. ئۇ: ‹زېمىن ئەھلىدىن ئەڭ ئالىم كىشى كىم؟›، دەپ سورىغان. كىشىلەر ئۇنى بىر راھىبنىڭ ئالدىغا باشلاپ قويغان. ئۇ راھىبتىن: ‹مەن توقسان توققۇز ئادەمنى ئۆلتۈردۈم، تەۋبە قىلسام ماڭا تەۋبە قوبۇل بولامدۇ؟›، دەپ سورىسا، ئۇ راھىب: ‹ياق›، دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈپ



www.munber.org

سانىنى يۈزگە يەتكۈزۈپ، ئاندىن: ‹زېمىن ئەھلى ئىچىدە ئالىمراق كىشى كىم؟›، دەپ سورىغان. كىشىلەر ئۇنى بىر ئالىم كىشىنىڭ يېنىغا باشلاپ قويغان. ئۇ: ‹مەن يۈز ئادەمنى ئۆلتۈردۈم، تەۋبە قىلسام قوبۇل بولامدۇ؟›، دېگەن. ئالىم: ‹تەۋبەڭنىڭ قوبۇل بولۇشىنى كىم توسۇپ قالالايدۇ، سەن پالانى جايغا بارغىن، ئۇ جايدا كىشىلەر ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىدۇ، سەنمۇ شۇ كىشىلەر بىلەن ئىبادەت قىلغىن، يۇرتۇڭغا ھەرگىزمۇ قايتىپ كەلمىگىن، بۇ يەر يامان جايدۇر›، دېگەن. ئۇ كىشى شۇ جايغا قاراپ ماڭغان، يېرىم يولغا كەلگەندە ئۆلۈپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۈستىدە رەھمەت پەرىشتىلىرى بىلەن ئازاب پەرىشتىلىرى تالىشىپ قالغان. رەھمەت پەرىشتىلىرى: ‹ئۇ تەۋبە قىلىپ، پۈتۈن نىيىتى بىلەن ئاللاھ تائالاغا يۈزلەنگەن ھالدا كەلدى›، دېگەن. ئازاب پەرىشتىلىرى: ‹ئۇ پەقەت ياخشى ئەمەللەرنى قىلمىغان›، دېگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر پەرىشتە ئادەمزات سۈرىتىدە ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلگەن. پەرىشتىلەر ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقارغۇچى قىلغان. ئۇ پەرىشتە ئۇلارغا: ‹سىلەر ئىككى جاينىڭ ئارىلىقىنى ئۆلچەڭلار، ئۇ قايسى جايغا يېقىن بولسا، شۇنىڭغا ھېساب بولسۇن›، دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆلچەپ، ئۇ كىشىنىڭ بارماقچى بولغان جايغا (يەنى، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەر بار جايغا) يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ جېنىنى رەھمەت پەرىشتىلىرى ئالغان».

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «فكَان إِلَى الْقرْيَةِ الصَّالحَةِ أَقْربَ بِشِبْرٍ، فجُعِل مِنْ أَهْلِها» «ئۇ ئادەم ياخشى كىشىلەرنىڭ جايىغا بىر غېرىچ يېقىن بولغانىدى، شۇڭا ئۇ ياخشىلار قاتارىدا بولغان»، دېيىلگەن.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «فأَوْحَى اللَّهُ تعالَى إِلَى هَذِهِ أَن تَبَاعَدِى، وإِلى هَذِهِ أَن تَقرَّبِي وقَال: قِيسُوا مَا بيْنهمَا، فَوَجدُوه إِلَى هَذِهِ أَقَربَ بِشِبْرٍ فَغُفرَ لَهُ» «ئاللاھ تائالا زېمىنغا ۋەھيي قىلىپ، يامان جايدىن يىراقلاشقىن، ياخشى جايغا يېقىنلاشقىن، دەپتۇ. كېيىن پەرىشتىلەرگە ئىككى جاينىڭ ئارىسىنى ئۆلچەڭلار، دەپتۇ. ئۇلار ئۆلچەپ ئۇ ئادەمنىڭ ياخشى جايغا بىر غېرىچ يېقىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمگە مەغفىرەت قىلىنىپتۇ»، دېيىلگەن.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «فنأَى بِصَدْرِهِ نَحْوهَا» «ئۇ ئۆزىنىڭ كۆكرىكى بىلەن سۈرۈلۈپ تۇرۇپ، ئۇ تەرەپكە يېقىنلاشقان»، دېيىلگەن.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلغاندا، ئەمەلىي مىساللارنى كەلتۈرۈپ چۈشەندۈرىدىغان گۈزەل ئۇسلۇبى ۋە ئىسلام دىنىغا مۇخالىپ كەلمەيدىغان بولسا، ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ئىشلىرىنى سۆزلەشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.



www.munber.org

2) كىشى ھاۋايى ـ ھەۋەسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، ھىدايەت يولىدىن ئېزىپ كەتكەن بولسىمۇ، ياخشىلىق ۋە ھەقىقەت يولىغا قايتىشقا كۆڭلىدە بەل باغلىغانلا بولسا، توغرا يولغا قايتىدىغانلىقى.

3) ئىلىم بىلەن قىلغان ئاز ئىبادەت نادانلىق بىلەن قىلغان كۆپ ئىبادەتتىن ئەۋزەلدۇر. چۈنكى، نادان بىرەر ياخشىلىق قىلىشنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ، بىلمىسىزلىكتىن گۇناھ قىلىپ، ئۆزىنى ۋە باشقىلارنىمۇ ھالاك قىلىشى مۇمكىن. ئالىم بولسا ئىلىمنىڭ نۇرى بىلەن ھىدايەت ۋە ھەق يولنى تېپىپ، ئۆزىگىمۇ، باشقىلارغىمۇ مەنپەئەت يەتكۈزىدىغانلىقى.

4) بەندىنىڭ گۇناھلىرى ھەر قانچە چوڭ، خاتالىقى ھەر قانچە كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ، تەۋبىنىڭ دەرۋازىسى ئۇنىڭغا ئوچۇق ئىكەنلىكى.

5) كىشىلەرنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى، مەسلىھەت بەرگۈچى ئالىم چوقۇم ھېكمەت ـ ئەقىل ئىگىسى بولۇشى، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى چۈشىنىشكە ماھىر بولۇشى، ئۇلارنى خاتالىقلىرىنى تۈزىتىشكە بولىدىغانلىقىغا، يەنى تەۋبە قىلىشقا ئىمكان بارلىقىغا قايىل قىلىشى لازىملىقى.

6) قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ چىن ئىخلاسى بىلەن قىلغان تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن. بۇ ھەدىستىكى قاتىلمۇ قەستەن، ئاداۋەت بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭغىمۇ تەۋبە قىلىشنىڭ ئىمكانىيىتى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ھەدىستىكى بۇ ۋەقەلىك گەرچە ئىسلام شەرىئىتىدىن ئىلگىرىكى ئۇممەتلەرنىڭ شەرىئىتىدە بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشاشلا ئىسلام شەرىئىتىدىمۇ كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكى. « قۇرئان كەرىم »دىكى تۆۋەندىكى ئايەتلەر شۇنى ئىسپاتلىيالايدۇ: ﴿وَلا يَقْتُلُونَ النَّفْسَ الَّتِي حَرَّمَ اللَّهُ إِلا بِالْحَقِّ﴾ ﴿ئۇلار ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ﴾، ﴿يُضَاعَفْ لَهُ الْعَذَابُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَيَخْلُدْ فِيهِ مُهَانًا﴾ ﴿قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدۇ، ئۇ مەڭگۈ ئازاب ئىچىدە خارلانغان ھالدا قالىدۇ﴾، ﴿إِلا مَن تَابَ وَآمَنَ وَعَمِلَ عَمَلًا صَالِحًا فَأُولَئِكَ يُبَدِّلُ اللَّهُ سَيِّئَاتِهِمْ حَسَنَاتٍ وَكَانَ اللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا﴾ ﴿پەقەت (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بۇ دۇنيادىكى چېغىدا) تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار مەڭگۈ ئازاب ئىچىدە خارلانغان ھالدا قالمايدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ، ئاللاھ تولىمۇ مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە فۇرقان 68 ~ 70 ـ ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمى)

7) يامان يولدىن قايتمىغان گۇناھكار كىشىلەر بىلەن ئارىلاشماسلىق، تەقۋادار، توغرا يولدىكى ئىلىم ئەھلىلىرى بىلەن كۆپرەك بىللە بولۇشى كېرەكلىكى.

8) ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ تەۋبە قىلىشىنى ياقتۇرىدىغانلىقى، ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىدىغانلىقى، پەرىشتىلەرنىڭ بۇ ھەقتە خەۋەر بەرگەنلىكى.

9) ياخشى ئىشلارغا ئەگىشىش، ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئاللاھ تائالاغا چىن ئىخلاسى بىلەن قىلغان تەۋبىنىڭ راستلىقىنىڭ بىر دەلىلىدۇر.

10) ھەدىستە، پەرىشتىلەرنىڭ تۈرلۈك شەكىل ـ سۈرەتلەرگە ئۆزگىرەلەيدىغان قۇدرىتى بايان قىلىنغان. شۇنداقلا، پەرىشتىنىڭ ئادەم سۈرىتىگە كىرىپ ھۆكۈم قىلىشىدىن ئادەمنىڭ پەزلى ـ ئارتۇقچىلىقىغا ئىشارەت قىلىنغان.

**21 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەما بولۇپ قالغاندا، بالىلىرىنىڭ**



www.munber.org

ئىچىدىكى ئابدۇللاھ دادىسى كەئبنى يېتىلەپ يۈرىدىغان بالا ئىدى. ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: مەن كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەبۇك ئۇرۇشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇرۇشقا چىقمىغانلىق توغرىسىدىكى ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. كەئبنىڭ بايانى مۇنداق ئىدى:

مەن تەبۇك ئۇرۇشىدىن باشقا بەدرى ئۇرۇشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغان ئۇرۇشلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن قېپقالمىغانىدىم. بەدرى ئۇرۇشىغا چىقمىغانلار ئەيىبلەنمىگەنىدى. بەدرى ۋەقەسىدە مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە قۇرەيش كارۋىنىنى توسۇش مەقسىتىدە چىققانىدى. ئويلىمىغان يەردىن ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلار بىلەن دۈشمەنلەرنى كۆزلىگەن يەردىن باشقا بىر جايدا ئۇچراشتۇرۇپ قويىدى. بىز ئەقەبە كېچىسى ئىسلام دىنىنى قوغداش ئۈچۈن ئەھدۇ ـ پەيمان قىلىشقان ۋاقتىمىزدا مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدىم. گەرچە خەلق ئارىسىدا بەدرى ئۇرۇشى مەشھۇر بولسىمۇ، لېكىن مەن ئەقەبە كېچىسىنى بەدرى ئۇرۇشىدىن تۆۋەن چاغلىمايمەن. تەبۇك ئۇرۇشىدا مېنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە چىقماي قېلىشىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ ئۇرۇش بولغان ۋاقىتتا مەن قول ئىلكىمدە بار كىشى ئىدىم. ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ ئۇرۇشتىن ئىلگىرى مېنىڭ قول ئىلكىمدە ئىككى ئۇلۇغۇم بولۇپ باققان ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قاچان بىرەر ئۇرۇشنى ئىرادە قىلسا، باشقا بىر ئۇرۇشنى شەپە بېرىپ قويۇپ قىلماقچى بولغان ئۇرۇشنى مەخپىي تۇتاتتى. بۇ قېتىم بارىدىغان جاينى ئوچۇق ئېلان قىلدى. بۇ ئۇرۇش ناھايىتى ئىسسىققا توغرا كەلدى. سەپەر ئۇزۇن بولۇپ، يولدا چوڭ باياۋان بار ئىدى. دۈشمەنمۇ كۆپ ئىدى. ياخشى تەييارلىق قىلىۋېلىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلار بارىدىغان جاي ئاشكارا ئېلان قىلىنغانىدى. رەسۇلۇللاھ بىلەن چىقىدىغان مۇسۇلمانلار كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ سانى ئېلىنمىغانىدى. قېپقالاي دەيدىغان ئادەملەر بولغاندىمۇ «ئاللاھ تائالادىن ۋەھيي كېلىپلا قالمىسا، ئۇرۇشقا چىقمىغىنىم بىلىنمەيدىغۇ!»، دەپ ئويلايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئۇرۇشنى قىلغان چاغ مېۋىلەر راسا پىشىپ ۋايىغا يەتكەن، سايىلار تاشلاپ تۇرغان ۋاقىت ئىدى. كۆڭلۈم ئۇلاردىن بەھرىمەن بولۇشقا تارتىپ تۇراتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەر بىلەن تەييارلىققا كىرىشىپ كەتتى. مەنمۇ ھەر ئەتتىگىنى ساھابىلەر بىلەن بىللە تەييارلىق قىلاي دەيتتىم يۇ، قايتىپ كېلىپ تەييارلىق قىلالمايتتىم. ئىچىمدە «تەييارلىق قىلاي دېسەم ئاسانغۇ؟»، دەپ ئويلايتتىم. مەن شۇ ئوي بىلەن ئۆتتۈۋەردىم. كىشىلەرنىڭ تەييارلىقى پۈتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتتىگەندە مۇسۇلمانلار بىلەن سەپەرگە ئاتلاندى. مەن بولسام ھېچ تەييارلىقسىز ئىدىم. شۇ كۈنى قايتىپ كېلىپمۇ ھېچبىر تەييارلىق



www.munber.org

قىلمىدىم. مەن كەينىدىن يېتىشىۋالىمەن دېگەن ئوي بىلەن يولىۋەردىم. كىشىلەر ئاتلىنىپ يىراقلاپ كەتتى. ھەتتا غازاتمۇ ئاخىرلاشتى. مەن يولغا چىقىپ، ئۇلارغا يېتىشىۋالاي دېگەن ئويغىمۇ كەلدىم. كاشكى شۇنداق قىلغان بولسامچۇ؟! بۇ ماڭا نېسىپ بولمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەتكەندىن كېيىن كوچىلارغا چىقىپ قارىسام، كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ قالاتتى. مەن كوچىلاردا مۇناپىقلارنى ياكى پۈتۈنلەي جىھادقا چىقىشقا ئامالسىز ئاجىز كىشىلەردىن باشقا ئۆزۈمنىڭ چىقمىغانلىقىغا تەسەللىي بولغۇدەك بىرەر كىشىنى ئۇچراتمايتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇككا بارغۇچە مېنى تىلغا ئالماپتۇ. تەبۇككا يېتىپ بارغاندىن كېيىن دەم ئېلىپ ئولتۇرغىنىدا: «كەئب ئىبنى مالىكقا نېمە بولدى؟»، دەپ سوراپتۇ. بەنى سەلەمە جەمەتىدىن بىر كىشى: «ئى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى! كەئبنى ئۆزىنىڭ ئىسىل تونىنى كىيىپ ئىككى يانغا ئېغىناشلىرى ئۇرۇشقا كەلگىلى قويمىغاندۇ؟»، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام لام ـ جىم دېمەپتۇ. شۇ چاغدا، يىراقتىكى توپا ـ چاڭ ئارىسىدىن ئاق تونلۇق بىر كىشىنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كُنْ أَبَا خَيْثَمَةَ» «سەن ئەبۇ خەيسەمە بولۇپ قالغىيدىڭ»، دەپتۇ. دەرۋەقە ئۇ ئادەم ئەبۇ خەيسەمەتۇل ئەنسارىي بولۇپ چىقىپتۇ. بۇ ھېلىقى بىر شىڭ خورمىنى سەدىقە بەرسە مۇناپىقلار زاڭلىق قىلىشقان كىشى ئىدى.

ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبۇكتىن قايتىپ كەلمەكچى بولغانلىقىنىڭ خەۋىرى يەتكەندە، غەم قىلىشقا باشلىدىم. مەن يالغان ئۆزرىلەرنى ئويلاشقا باشلىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەزىپىدىن قانداق قۇتۇلۇشنى ئويلايتتىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئائىلەمدىكىلەر بىلەنمۇ مەسلىھەتلەشتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قايتىپ كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغىنىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەر قانداق يالغانچىلىق بىلەنمۇ قۇتۇلالمايدىغانلىقىمنى چوڭقۇر چۈشەندىم. ئاخىر راستىنى ئېيتىش قارارىغا كەلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتىگەندە مەدىنىگە قايتىپ كەلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانداق بىر سەپەردىن قايتىپ كەلسە، ئالدى بىلەن مەسجىدكە كىرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئولتۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدىن پارىغ بولغاندىن كېيىن، ئۇرۇشقا چىقمىغانلار قەسەم قىلىشىپ ئۆزرە بايان قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار سەكسەن نەچچە كىشى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشتىكى ئۆزرىلىرىنى ۋە بەيئەتلىرىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇلارغا مەغفىرەت تەلەپ قىلدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى ئاللاھ تائالاغا قويدى. شۇ قاتاردا مەنمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاچچىققىنە كۈلۈپ قويدى. ئاندىن كېيىن: «تَعَالَ» «كەل»، دېدى. مەن ئاستا مېڭىپ پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ئولتۇردۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «مَا خَلَّفَكَ؟ أَلَمْ تكُنْ قد ابْتَعْتَ ظَهْرَك» «سېنى ئۇرۇشتىن نېمە قالدۇردى؟ سەن ئۇرۇش ئۈچۈن مىنىدىغان تۆگە سېتىۋالغان ئەمەسمىدىڭ؟»، دېدى. مەن: «ئى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر دۇنيا ئەھلى ئىچىدە سەندىن باشقا بىرەر كىشىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان بولسام، ئۇنىڭ غەزىپىدىن بىرەر باھانە بىلەن سۆزمەنلىك قىلىپ ئۆتۈپ كېتەلەيتتىم. لېكىن، مەن بۈگۈن سېنى قايىل قىلىدىغان بىر يالغاننى سۆزلىگىنىم بىلەن پات يېقىندا ئاللاھ تائالا ۋەھيى ئارقىلىق (مېنىڭ ئەھۋالىمنى ساڭا خەۋەر قىلىش بىلەن) سېنىڭ ماڭا بولغان غەزىپىڭنى كەلتۈرىدۇ. ئەگەر ساڭا راست سۆزلىسەم، مەندىن خاپا بولسەن. ھەقىقەتەن مەن راست سۆزۈم بىلەن ئاللاھ تائالادىن كېلىدىغان ياخشى ئاقىۋەتنى ئۈمىد قىلىمەن (ئاللاھنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىشى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رازى بولۇشى. ــــ ت). ئاللاھ تائالا بىلەن ئېيتىمەنكى، مېنىڭ ئۇرۇشقا چىقماسلىقىقا ھېچقانداق ئۆزرەم يوق ئىدى. مەن ھېچقاچان سەن بىلەن بىللە ئۇرۇشقا چىقىدىغان چاغدىكىدىنمۇ كۈچلۈك ۋە مالدار بولۇپ باققان ئەمەس»، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَمَّا هذَا فقَدْ صَدَقَ، فَقُمْ حَتَّى يَقْضيَ اللَّهُ فيكَ» «بۇ ھەقىقەتەن راست سۆزلىدى، تاكى ئاللاھ تائالا سەن توغرۇلۇق ھۆكۈم چىقارغانغا قەدەر كۈتۈپ تۇرغىن»، دېدى.

مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن قايتىپ چىققىنىمدىن كېيىن بەنى سەلەمەدىن بىر مۇنچە كىشىلەر كەينىمگە كىرىۋېلىپ: «بۇنىڭدىن ئىلگىرى سېنىڭ بىرەر گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىڭنى بىلمەيمىز. سەن باشقىلارغا ئوخشاش ئۆزرە ئېيتىشتىن ئاجىز كەلدىڭمۇ؟ ئۆزرە ئېيتقان بولساڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەن ئۈچۈن مەغفىرەت تىلىشى كۇپايە قىلمايتتىمۇ؟»، دېيىشتى. ئۇلار مېنى ئەيىبلەۋېرىپ، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۆزۈمنى يالغانچى قىلماقچىمۇ بولدۇم. ئاندىن مەن ئۇلارغا: «ماڭا ئوخشاش ئەھۋالغا يولۇققانلار بارمۇ؟»، دېدىم. ئۇلار: «ھەئە، سەندىن باشقا ساڭا ئوخشاش يەنە ئىككى كىشى بار. ئۇلار ساڭا ئوخشاش راست گەپ قىلدى. ئۇلارغىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساڭا قىلغان گەپنى قىلدى»، دېدى. مەن: «ئۇلار كىم؟»، دېسەم، ئۇلار: «مۇرارە ئىبنى رەبى ئەمرى بىلەن ھىلال ئىبنى ئۇمەييە ۋاقىفى»، دەپ، بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئىككى ياخشى كىشىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەردى. بۇنى ئاڭلاپ ئىلگىرى قىلغان راست سۆزۈمدە تۇرىۋەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى جەڭگە چىقمىغانلارنىڭ ئارىسىدىن پەقەت بىز ئۈچەيلەن بىلەن سۆزلىشىشتىن چەكلىدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بىزدىن يىراقلاشتى. بىزگە باشقىچە مۇئامىلىدە بولدى. ھەتتا زېمىن ماڭا بۇرۇنقى تونۇشلۇق زېمىن ئەمەستەك يات تۇيۇلدى. بىز



www.munber.org

مۇشۇ يوسۇندا ئەللىك كېچىنى ئۆتكۈزدۇق. مېنىڭ ئىككى بۇرادىرىم بېكىنىۋېلىپ، ئۆيلىرىدە يىغلىشىپ ئولتۇرۇشتى. ئەمما، مەن بولسام ئۇ ئىككىسىدىن ياشراق، چىداملىقراق ئىدىم. مەن سىرتلارغا چىقاتتىم. نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇيتتۇم. بازارلاردا ئايلىنىپ يۈرەتتىم. لېكىن، كىشىلەر ماڭا گەپ قىلمايتتى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى ئوقۇپ بولغان چاغدا ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا سالام قىلاتتىم. مەن ئىچىمدە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سالام قايتۇرۇش ئۈچۈن لەۋلىرىنى مىدىرلىتارمۇ، يوق؟»، دەپ ئويلايتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ناماز ئوقۇيتتۇم ۋە ئۇنىڭغا ئوغرىلىقچە قارايتتىم. مەن نامازغا يۈزلەنگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا قارايتتى. مەن ئۇ تەرەپكە قارىسام مەندىن يۈزىنى ئۆرۈۋالاتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ ماڭا بولغان سوغۇق مۇئامىلىسى داۋاملىشىۋاتقان پەيتتە، مەن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى ماڭا ئەڭ يېقىن بولغان تاغامنىڭ ئوغلى ئەبۇ قەتادەنىڭ بېغىنىڭ تېمىدىن چۈشتۇم. ئۇنىڭغا سالام بەرسەم، ئۇ خۇدا ھەققى ماڭا سالام قايتۇرمىدى. مەن ئۇنىڭغا: «ئى ئەبۇ قەتادە! ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن سورايمەنكى، سەن مېنىڭ ئاللاھ تائالا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلىنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلەمسەن؟»، دېدىم. ئۇ گەپ قىلمىدى. مەن يەنە سورىدىم. ئۇ يەنە گەپ قىلمىدى. مەن يەنە سورىۋېدىم، ئۇ: «ئاللاھ تائالا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلى ئەڭ ئوبدان بىلگۈچىدۇر»، دېدى. ئىككى كۆزۈمدىن ياش قۇيۇلدى. مەن تامدىن ئاتلاپ قايتىپ چىقىپ كەتتىم. مەدىنە بازىرىدا مېڭىپ يۈرسەم، مەدىنىگە ئاشلىق ساتقىلى كەلگەن شام دېھقانلىرىدىن بىر دېھقان: «كىم مېنى كەئب ئىبنى مالىكنىڭ قېشىغا باشلاپ قويىدۇ؟ »، دېۋىدى، كىشىلەر مېنى كۆرسىتىپ ئىشارەت قىلغىلى تۇردى. ئۇ كېلىپ غەسسان پادىشاھىنىڭ بىر پارچە خېتىنى ماڭا تاپشۇردى. مەن خەت يېزىشنى، ھەم ئوقۇشنى بىلەتتىم. خەتتە مۇنداق يېزىلغانىدى:

*مەقسەتكە كەلسەك، بىزگە سېنىڭ بۇرادىرىڭنىڭ جاپا قىلغانلىق خەۋىرى يەتتى. ئاللاھ تائالا سېنى خارلىقتا قالدۇرىدىغان زېمىندا ياشاشقا مەجبۇرلىغان ئەمەس، بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلگىن، بىز كۆڭلۈڭگە تەسەللى بېرىمىز.*

خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، بۇمۇ بىر سىناق دەپ ئويلىدىم. شۇنىڭ بىلەن خەتنى تونۇرغا سېلىپ كۆيدۈرۈۋەتتىم. مۇشۇ يوسۇندا قىرىق كېچە ئۆتتى. ۋەھيي كېچىكتى. توساتتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر ئەلچى كېلىپ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېنى ئايالىڭدىن ئايرىلىپ تۇرسۇن، دەيدۇ»، دېدى. مەن ئۇنىڭغا: «خوتۇنۇمنى تالاق قىلامدىكەنمەن ياكى قانداق قىلىدىكەنمەن؟ »، دېدىم. ئەلچى: «ياق، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ، يېقىن يولمايدىكەنسەن»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ ئىككى ھەمراھىمغىمۇ مۇشۇ تەرىقىدە ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. مەن

ئايالىمغا: «بۇ ئىش توغرىسىدا ئاللاھ تائالا ھۆكۈم چىقارغۇچىلىك سەن ئاتا ـ ئاناڭنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇرغىن»، دېدىم. ھىلال ئىبنى ئۇمەييەنىڭ ئايالى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى! ھىلال ئىبنى ئۇمەييە بولسا ئاجىز، قېرى كىشى، ئۇنىڭ خىزمەتچىسىمۇ يوق، مەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلسام خاپا بولامسەن؟ »، دەپتۇ. رەسۇلۇللاھ: «لا، وَلَكِنْ لا يَقْرَبَنَّك» «ياق، لېكىن ئۇ ساڭا يېقىنلاشمىسۇن»، دەپتۇ. ئۇ ئايال: «ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ ھېچقانداق نەرسىگە رايى يوقتۇر. قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ مۇشۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن تارتىپ تا بۈگۈنگىچە يىغلاپ كېلىۋاتىدۇ»، دەپتۇ. مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەردىن بەزىلىرى: «سەنمۇ ئايالىڭ توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوراپ باقساڭ بولمامدۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىلال ئىبنى ئۇمەييەنىڭ ئايالىغا ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا رۇخسەت قىلىپتىغۇ؟ »، دېيىشتى. مەن: «بۇ توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىزنى سورىمايمەن، مەن ياش تۇرۇپ بۇ توغرىدا ئىزنى سورىسام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نېمە دەپ قالار؟ »، دېدىم. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئون كېچە ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى سۆزلىشىشتىن چەكلىگەندىن تارتىپ تولۇق ئەللىك كېچە ئۆتتى. ئەللىكىنچى كېچىنىڭ سەھەرىدە بامدات نامىزىنى ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدە ئوقۇدۇم. شۇ چاغدا مەن ئاللاھ تائالا بىز توغرۇلۇق «قۇرئان كەرىم»دە تىلغا ئالغىنىغا ئوخشاش نەپسىم سىقىلىپ، كەڭ زېمىن تار كەلگەندەك ھالەتتە ئولتۇراتتىم. تۇيۇقسىز بىرسىنىڭ سەلئە تېغى ئۈستىگە چىقىۋېلىپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: «ئى كەئب ئىبنى مالىك! خۇش خەۋەر»، دەپ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلىدىم. شۇئان سەجدىگە باردىم. كۆڭۈل ئازادىلىكىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدىم. ئەسلىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ بىزنىڭ تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بامدات نامىزىدا كىشىلەرگە جاكارلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بىزگە خۇش خەۋەر يەتكۈزگىلى مېڭىپتۇ. مېنىڭ ئىككى بۇرادىرىمگىمۇ كىشىلەر خۇش خەۋەر يەتكۈزگىلى كېتىپتۇ. بىر كىشى مەن تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ كەلدى. بەنى ئەسلەم قەبىلىسىدىن بىر ئادەم پىيادە كەلدى. بۇ ئادەم تاغقا چىقىپ، خۇش خەۋەر بېرىپ ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئاتتىنمۇ تېز ئىدى. ماڭا خۇش خەۋەر يەتكۈزگەن ئادەم يېنىمغا كەلگەندە، ئۇنىڭغا سۆيۈنچە ئۈچۈن ئۇچامدىكى ئىككى كىيىمنى سېلىپ ئۇنىڭغا كىيدۈرۈپ قويدۇم. ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، بۇ كۈنلەردە مېنىڭ ئىلكىمدە بۇ ئىككى كىيىمدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى. مەن يەنە ئىككى كىيىمنى ئۆتنە ئېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا چاپتىم. يول بويى توپ ـ توپ كىشىلەر ماڭا ئۇچرىشىپ، تەۋبەمنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقىنى

www.munber.org

تەبرىكلىشىپ: «ئاللاھ تائالانىڭ ساڭا ئاتاسى بولغان تەۋبەڭنى قوبۇل قىلغانلىقىغا مۇبارەك بولسۇن!»، دېيىشتى.

مەن مەسجىدكە كىرسەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چۆرىدەپ ئەتراپىدا نۇرغۇن كىشىلەر ئولتۇرۇشۇپتىكەن. تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈگۈرۈپ كېلىپ مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە مېنى مۇبارەكلىدى. ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، مۇھاجىرلارنىڭ ئىچىدىن تەلھەدىن باشقىسى ماڭا ئورنىدىن تۇرمىدى. مەن تەلھەنىڭ قىلغىنىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىۋېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېچىلىپ ـ يېيىلغانلىقىدىن چىرايى نۇرلانغان ھالدا: «أَبْشِرْ بِخَيْرِ يَوْمٍ مَرَّ عَلَيْكَ، مُذْ ولَدَتْكَ أُمُّكَ» «سەن تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئۆتكەن كۈنلىرىڭنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ خۇشاللىق كۈن بىلەن ساڭا خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ»، دېدى. مەن: «بۇ خۇش خەۋەر سەن تەرەپتىنمۇ ياكى ئاللاھ تائالا تەرەپتىنمۇ؟ »، دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «لاَ، بَلْ مِنْ عِنْدِ الله عَز وجَلَّ» «مەندىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قاچان خۇشال بولسا، چىرايى نۇرلىنىپ، گوياكى ئايدەك يورۇپ كېتەتتى. بىزمۇ بۇنى بىلەتتۇق. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ: «ئى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى! مەن تەۋبەمنىڭ خۇشاللىقى يۈزىسىدىن بارلىق مال ـ مۈلكۈمنى ئاللاھ تائالا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلى ئۈچۈن سەدىقە قىلىپ بېرىۋېتەي»، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَمْسِكْ عَلَيْكَ بَعْضَ مَالِكَ فَهُوَ خَيْر لَكَ» «ماللىرىڭنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزۈڭگە قالدۇرۇپ قويغىنىڭ ياخشى»، دېدى. مەن: «خەيبەردىن تەگكەن ئۈلۈشۈمنى قالدۇرۇپ قوياي»، دېدىم. مەن يەنە: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ تائالا مېنى راستچىللىقىم سەۋەبلىك نىجاتلىققا ئېرىشتۈردى. ھاياتلا بولسام راست سۆزلەش مېنىڭ تەۋبەمنىڭ جۈملىسىدىن بولسۇن»، دېدىم.

ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ گەپنى دېگەندىن باشلاپ بۈگۈنگىچە ئاللاھ تائالانىڭ بىر كىشىنى راستچىللىقتا مېنى سىنىغاندىن ئارتۇق سىنىغانلىقىنى بىلمەيمەن. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇشۇ سۆزنى قىلغاندىن كېيىن تا ھازىرغىچىلىك بىرەر يالغان گەپ قىلىپ باقمىدىم. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئاللاھ تائالانىڭ مېنى يالغان گەپ قىلىشتىن ساقلىشىنى تىلەيمەن. ئاندىن ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿لَقَد تَّابَ اللهُ عَلَى النَّبِيِّ وَالْمُهَاجِرِينَ وَالأَنصَارِ الَّذِينَ اتَّبَعُوهُ فِي سَاعَةِ الْعُسْرَةِ مِن بَعْدِ مَا كَادَ يَزِيغُ قُلُوبُ فَرِيقٍ مِّنْهُمْ ثُمَّ تَابَ عَلَيْهِمْ إِنَّهُ بِهِمْ رَؤُوفٌ رَّحِيمٌ۞ وَعَلَى الثَّلاَثَةِ الَّذِينَ خُلِّفُواْ حَتَّى إِذَا ضَاقَتْ عَلَيْهِمُ الأَرْضُ بِمَا رَحُبَتْ وَضَاقَتْ عَلَيْهِمْ أَنفُسُهُمْ وَظَنُّواْ أَن لاَّ مَلْجَأَ مِنَ اللّهِ إِلاَّ إِلَيْهِ ثُمَّ تَابَ عَلَيْهِمْ لِيَتُوبُواْ إِنَّ اللّهَ هُوَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ۞ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اتَّقُواْ اللّهَ وَكُونُواْ مَعَ الصَّادِقِينَ﴾ ﴿ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن پەيغەمبەرنىڭ ۋە ئۇنىڭغا قىيىنچىلىق پەيتىدە

ئەگەشكەن مۇھاجىر ۋە ئەنسارىيلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. (ئەينى زاماندا) ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ دىللىرى ھەقتىن بۇرۇلۇپ كېتىشكە تاس قالغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا تولىمۇ مەرھەمەتلىك، ناھايىتى مېھرىباندۇر. جىھادقا چىقمىغان ئۈچ كىشىنىڭ تەۋبىسىنىمۇ ئاللاھ تائالا قوبۇل قىلدى. شۇنچە كەڭ زېمىن ئۇلارغا تار تۇيۇلغان، ئۇلارنىڭ جانلىرى سىقىلغان. ئۇلار ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلماي تۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ئىشەنگەنىدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلغۇچىلاردىن بولۇشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلدى. ئاللاھ تائالا تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر. ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە تەۋبە 119 ~ 117 ـ ئايەتلەر)

كەئب مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ تائالانىڭ مېنى مۇسۇلمان قىلىپ ھىدايەت قىلغانلىقىدىن قالسىلا، ماڭا بەرگەن ئەڭ چوڭ نېئمىتى مېنى رەسۇلۇللاھقا راست سۆزلەيدىغان قىلغانلىقىدۇر. ئەگەر مەن ئۇنىڭغا يالغان سۆزلىگەن بولسام، بۇرۇن يالغان سۆزلەپ ھالاك بولغانلاردەك ھالاك بولغان بولاتتىم. ئاللاھ تائالا ۋەھيي نازىل قىلغاندا يالغان سۆزلىگۈچىلەرگە قارىتا ھېچ كىشىگە ئېيتىلمىغان يامان سۆز ئېيتىلغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿سَيَحلِفون بِاللَّه لَكُمْ إِذَا انْقَلَبْتُم إِلَيْهِم لتُعْرِضوا عَنْهُمْ فأَعْرِضوا عَنْهُمْ إِنَّهُمْ رِجْس ومَأْواهُمْ جَهَنَّمُ جَزاءً بِمَا كَانُوا يكْسبُون يَحْلِفُونَ لَكُمْ لِتَرْضَوْا عَنْهُمْ فَإِنْ ترْضَوْا عَنْهُمْ فَإِن الله لاَ يَرْضَى عَنِ الْقَوْم الفاسقين﴾ ﴿ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار)نىڭ يېنىغا بارغىنىڭلاردا، ئۇلار سىلەرنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىمەسلىكىڭلار ئۈچۈن (يالغان ئۆزرىلەر بايان قىلىپ) ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەم قىلىدۇ. ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈڭلار، ئۇلار ھەقىقەتەن نىجىستۇر. قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر. سىلەرنىڭ رازىلىقىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇلار سىلەرگە يالغان قەسەم ئىچىپ بېرىدۇ. سىلەر ئۇلاردىن رازى بولساڭلار (بۇ ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ)، چۈنكى ئاللاھ تائالا پاسىق قەۋمدىن رازى بولمايدۇ﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە تەۋبە 96 ـ، 95 ـ ئايەتلەر)

كەئب يەنە مۇنداق دەيدۇ: بىز ئۈچ نەپەر كىشىنىڭ ئىشى كېيىنگە قالدۇرۇلغانىدى. باشقىلار ئۆزرىسى بارلىقىغا قەسەم ئىچىشكەن، شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇلار ئۈچۈن مەغفىرەت تەلەپ قىلغانىدى. رەسۇلۇللاھ بىزنىڭ ئىشىمىزنى ئاللاھ تائالا ھۆكۈم چىقارغۇچە تەخىر قىلدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿وَعَلَى الثَّلاَثَةِ الَّذِينَ خُلِّفُوا﴾ ﴿...كېچىككەن ئۈچ كىشى...﴾ (« قۇرئان كەرىم » سۈرە تەۋبە 118 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) بۇ ئايەتتە دېيىلىۋاتقىنى بىزنىڭ غازاتتىن كېچىككىشىمىز بولماستىن، ھەقىقەتتە ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ



www.munber.org

قالدۇرۇشى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بىزنىڭ ئىشىمىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قەسەم ئىچىپ ئۆزرە ئېيتقان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ئۆزرىلىرى قوبۇل قىلىنغان كىشىلەرنىڭ ئىشىدىن كېچىكتۈرۈشى ئىدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇك ئۇرۇشىغا پەيشەنبە كۈنى چىققان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيشەنبە كۈنى ئۇرۇشقا چىقىشنى ياخشى كۆرەتتى، دېيىلگەن.

يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەردىن كۈندۈزى چاشگاھ ۋاقتىدا قايتىپ كېلىپ، ئالدى بىلەن مەسجىدكە كىرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئاندىن مەسجىدتە ئولتۇراتتى، دېيىلگەن.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مۇسۇلمان راستچىل، ئۆز كەمچىلىكلىرىنى ئېتىراپ قىلىدىغان، سەمىمىي بولۇشى، ئەيىبنى يېپىش ئۈچۈن ياغلىما سۆزلەر بىلەن يالغان ئۆزرە ئېيتماسلىقى كېرەكلىكى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادەتتە ئۇرۇش پىلانىنى مەخپىي تۇتىدىغانلىقى، ئۇياقتىن شەپە بېرىپ، بۇياقتىن ھۇجۇم قىلىدىغان ئەسكىرىي ئىشلاردىكى ئەقىل ـ پاراستى، شۇنداقلا بەزى ئالاھىدە قىيىن پەيتلەردە ئەسكەرلەرنىڭ ئۆز زىممىسىدىكى يۈكلەنگەن ئېغىر ۋەزىپىگە ئوبدان تەييارلىق قىلىشى ئۈچۈن ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتىدىغان ھېكمىتى.

3) ھەر قانچە جاپا ـ مۇشەققەت بولسىمۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا بويسۇنۇش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن ئاللاھ تائالا يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش جەھەتتىكى قىزغىنلىقى.

4) ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىشتا ئىككىلەنمەسلىك، دەرھال تەييارلىق قىلىش زۆرۈرلۈكى.

5) راستچىل مۆئمىننىڭ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشتا كەتكۈزۈپ قويغان كەمچىلىكى ئۈچۈن ئۆكۈنىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئارقىدا قالغۇچىلار ۋە مۇناپىقلاردىن بولۇپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەيدىغانلىقى.

6) ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىدا بارلىق ئىشلار ھەققىدە مەيلى ئۆز ئۆزلىرىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرى ھەققىدە بولسىمۇ، راستچىل، ھەق سۆزلەيدىغان ئوچۇق ـ يورۇق خىسلىتى.

7) ئىنسانغا ئۇنىڭ ئەمەل ۋە سۆزلىرىگە ئاساسەن باھا بېرىلىدىغانلىقى ۋە شۇ بويىچە مۇئامىلە قىلىنىدىغانلىقى. ئەمما، نىيىتىنىڭ قانداقلىقى، ئىچكى يوشۇرۇن ئىشلىرىغا بولسا ئاللاھ تائالا ئۆزى ھۆكۈم قىلىدىغانلىقى.

8) مۇناپىقنىڭ ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن قىلغان يالغان ئۆزرىسى بولغانلىق بىلەن ئەپۇ قىلىنمايدىغانلىقى.

9) تەقۋا، توغرا يولدىكى كىشىلەرنى ئۈلگە قىلىش، ئۇلارنىڭ ئەخلاقىغا، يولىغا ئەگىشىش.

10) يامان ئادەملەر بىلەن كارى بولماسلىق، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ پاش بولىدىغانلىقى.



www.munber.org

11) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلەشكەندىكى گۈزەل ئەدەبلىرى، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىغا خۇش بولىدىغان، ياخشىلىقلىرىدىن شاتلىنىدىغان ئېسىل ئەخلاقى.

12) مۆئمىن ئادەم ئۆزىنىڭ دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىدا سىناققا دۇچ كېلىدىغانلىقى. ئاللاھ تائالا ياخشىلىقنى ئىرادە قىلغان ئادەمنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا راستچىل بولۇپ، ۋەدىسىدە تۇرىدىغانلىقى.

13) مۆئمىن ئاللاھ تائالا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىشنى باشقا ھەر قانداق نەرسىدىن ئارتۇق ۋە ئەۋزەل كۆرىدىغانلىقى.

14) بىرەر كىشىگە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كىشىگە سۆيۈنچە بېرىش، خۇشال ـ خۇراملىقتا ئېرىشىش مۇناسىۋەتلىرىدە كىشىلەرنى تەبرىكلەشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

15) كەمبەغەللىك ۋە كىشىلەردىن تىلەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن، قول ئىلكىدىكى مال ـ مۈلۈكنىڭ ھەممىسىنى سەدىقە قىلىۋېتىشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكى.

16) راستچىللىقنىڭ ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھالاكەتتىن ساقلايدىغانلىقى.

17) ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەرنىڭ گۇناھىنى مەغفىرەت قىلىپ، تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغان مەرھەمىتى ئۈچۈن مۆئمىننىڭ ئاللاھ تائالاغا كۆپ شۈكۈر قىلىشىنىڭ لازىملىقى.

18) ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئەگەر بىرەر گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولسا، تەۋبە قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش يولىنى تۇتۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى.

19) مۆئمىننىڭ راستچىللىق بىلەن ھەق يولغا قايتقانلىقى ۋە تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولغانلىقىدىن خۇش بولۇشتەك پەزىلىتى.

**22 ـ ئەبۇ نۇجەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جۇھەينە قەبىلىسىدىن زىنادىن ھامىلىدار بولغان بىر ئايال رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ ئايال: «ئى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا شەرئى جازا تېگىشلىك بولدى، ئۇنى ئىجرا قىلغىن»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئادىمىنى چاقىرىپ: «أَحْسِنْ إِلَيْهَا، فَإِذَا وَضَعَتْ فَأْتِنِي» «ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغىن، ئۇ بالىنى تۇغۇپ بولغاندا ئۇنى قېشىمغا ئېلىپ كەلگىن»، دېدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرى بويىچە قىلدى. ئۇ ئايال يەڭگىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ كىيىمىگە يۆگەلدى. ئاندىن چالما ـ كېسەك قىلىشقا بۇيرۇلدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھقا: «ئى رەسۇلۇللاھ! زىنا قىلغان ئايالنىڭمۇ نامىزىنى چۈشۈرەمسەن؟ »، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لَقَدْ تَابَتْ تَوْبَةً لَوْ قُسِمَتْ بَيْنَ سبْعِينَ مِنْ أَهْلِ المدِينَةِ لوسعتهُمْ وَهَلْ وَجَدْتَ أَفْضَلَ مِنْ أَنْ جَادَتْ بِنفْسهَا للَّهِ عَزَّ وجَل؟» «ھەقىقەتەن ئۇ ئايال شۇنداق تەۋبە قىلدىكى، ئەگەر ئۇنىڭ تەۋبىسى مەدىنە ئەھلىدىن 70 ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەقسىم قىلىنسا، يېتىپ ئاشاتتى. ئۆز جېنىنى ئاللاھ تائالاغا ئاتىغان كىشىدىنمۇ ئارتۇق كىشىنى تاپالامسەن؟ »، دېدى».** ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مۇئمىن ئادەمنىڭ بىرەر گۇناھ قىلسا، قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، ئۆزىنى پاكلاش ئۈچۈن جىنىنىمۇ ئايىمايدىغانلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ھەر قانداق جازاغا رازى بولۇش مۇئمىنىنىڭ پەزىلىتى ئىكەنلىكى.

2) ئەگەر گۇناھ قىلغان ئادەم قاتتىق پۇشايمان ۋە تەۋبە ـ ئىستىغفار بىلەن بۇ دۇنيالىق جازاغا تارتىلسا، بۇ ئۇنىڭ گۇناھىنى تولۇق يۇيۇۋېتىدىغانلىقى.

**23 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لَوْ أَنَّ لابْنِ آدَمَ وَادِياً مِنْ ذَهَبٍ أَحَبَّ أَنْ يَكُونَ لَهُ وادِيانِ، وَلَنْ يَمْلأَ فَاهُ إِلاَّ التُّرَابُ، وَيَتُوب اللَّهُ عَلَى مَنْ تَابَ» «ئەگەر ئادەم بالىسىنىڭ بىر ئويمان ئالتۇنى بولسا، ئۇ يەنە بىر ئويمان ئالتۇنۇم بولسىكەن، دەيدۇ. ئادەمنىڭ ئاغزىنى پەقەت تۇپراقلا توشقۇزىدۇ. تەۋبە قىلغان ئادەمنىڭ تەۋبىسىنى ئاللاھ تائالا قوبۇل قىلىدۇ».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىنساننىڭ پۇل ـ مال توپلاشقا ۋە بۇ دۇنيانىڭ نازۇ نېئمەتلىرىگە تويمايدىغان ھېرىسمەنلىكى ئادەمنى تائەت ـ ئىبادەت قىلىشتىن توسسا، ئاخىرەتكە قارىغاندا، دۇنيا ئىشلىرىغا ھەددىدىن ئارتۇق مايىل قىلىدىغان بۇنداق ھېرىسمەنلىكنىڭ دىندا ئەيىبلىنىدىغانلىقى.

2) ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغان رەھمەت ـ ئەپۇ ئىگىسى ئىكەنلىكى.

**24 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يَضْحكُ اللَّهُ سبْحَانُه وتَعَالَى إِلَى رَجُلَيْنِ يقْتُلُ أَحدُهُمَا الآخَرَ يدْخُلاَنِ الجَنَّة، يُقَاتِلُ هَذَا في سبِيلِ اللَّهِ فيُقْتل، ثُمَّ يَتُوبُ اللَّهُ عَلَى الْقَاتِلِ فَيسْلِمُ فيستشهدُ» «ئاللاھ تائالا جەننەتكە كىرىدىغان ئىككى ئادەمگە قاراپ كۈلىدۇ (يەنى مەمنۇن بولىدۇ). ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىنى ئۆلتۈرگەن، ئۆلگۈچى ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا ئۇرۇشقانلىقى ئۈچۈن جەننەتكە كىرىدۇ. قاتىلغا بولسا ئاللاھ تائالا تەۋبە ئاتا قىلىدۇ. ئۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن شېھىت قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ جەننەتكە كىرىدۇ».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھەر قانچە چوڭ گۇناھ بولسىمۇ، بەندىنىڭ چىن ئىخلاسى بىلەن قىلغان تەۋبىسىنى ئاللاھ تائالانىڭ قوبۇل قىلىدىغانلىقى.

2) ئىسلام دىنىغا كىرىش بەندىنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرىنى يۇيۇۋېتىدىغانلىقى، شۇنداقلا تەۋبە قىلىشنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقنى يۇيۇۋېتىدىغانلىقى.

www.munber.org

## 3 . باب سەۋر توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اصْبِرُواْ وَصَابِرُواْ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! تائەت ـ ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىڭلار﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە ئال ئىمران 200 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَنَبْلُوَنَّكُمْ بِشَيْءٍ مِّنَ الْخَوفْ وَالْجُوعِ وَنَقْصٍ مِّنَ الأَمَوَالِ وَالأنفُسِ وَالثَّمَرَاتِ وَبَشِّرِ الصَّابِرِينَ﴾ ﴿بىز سىلەرنى بىر ئاز قورقۇنچ بىلەن، بىر ئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، باللىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز. (بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان ـ زەخمەتلەرگە ) سەۋر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە بەقەرە 155 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا يُوَفَّى الصَّابِرُونَ أَجْرَهُم بِغَيْرِ حِسَابٍ﴾ ﴿پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئەجرى ھېسابسىز بېرىلىدۇ﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە زۇمەر 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَمَن صَبَرَ وَغَفَرَ إِنَّ ذَلِكَ لَمِنْ عَزْمِ الْأُمُورِ﴾ ﴿كىمكى (ئەزىيەتكە ) سەۋر قىلسا، (ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالمىسا، بۇ ئەلۋەتتە مەرغۇپ ئىشلاردىندۇر﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە شۇرا 43 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اسْتَعِينُواْ بِالصَّبْرِ وَالصَّلاَةِ إِنَّ اللّهَ مَعَ الصَّابِرِينَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! سەۋر ئارقىلىق ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار، ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە بەقەرە 153 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَنَبْلُوَنَّكُمْ حَتَّى نَعْلَمَ الْمُجَاهِدِينَ مِنكُمْ وَالصَّابِرِينَ﴾ ﴿بىز سىلەرنى ئەلۋەتتە (جىھادقا ئەمىر قىلىش ۋە مۇشەققەتلىك ئىشلارغا تەكلىپ قىلىش بىلەن) سىنايمىز، تاكى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن (ئاللاھنىڭ يولىدا) جىھاد قىلغۇچىلارنى ۋە (جىھادنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ) چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى بىلگەنگە، سىرلىرىڭلاردىن ۋاقىپ بولغانغا قەدەر﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە مۇھەممەد 31 ـ ئايەت)

سەۋرگە بۇيرۇش ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدىكى ئايەتلەرنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكى ھەممىگە مەلۇملۇق.

www.munber.org

**25 ـ ئەبۇ مالىك ئىبنى ھارىس ئىبنى ئاسىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «الطُّهُورُ شَطْرُ الإِيْمَانِ، وَالْحَمْدُ للّه تَمْلأَ الْميزانَ وسُبْحَانَ الله والحَمْدُ للّه تَمْلآنِ أَوْ تَمْلأ مَا بَيْنَ السَّموَاتِ وَالأَرْضِ وَالصَّلاَةِ نورٌ، والصَّدَقَةُ بُرْهَانٌ، وَالصَّبْرُ ضِيَاءٌ، والْقُرْآنُ حُجَّةٌ لَكَ أَوْ عَلَيْكَ. كُلُّ النَّاس يَغْدُو، فَبِائِعٌ نَفْسَهُ فمُعْتِقُها، أَوْ مُوبِقُهَا» **«پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر، ئاللاھ تائالاغا ھەمد ئېيتىش تارازا ـ مىزاننى توشقۇزىدۇ.** ‹سبحان الله›، ‹الحمد لله›، **دېگەن كەلىمە ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئوتتۇرىسىنى توشقۇزىدۇ، ناماز نۇردۇر، سەدىقە بەرگۈچىنىڭ ئىمانىغا پاكىتتۇر، سەۋر جۇلالىنىپ تۇرغان نۇردۇر.** ‹قۇرئان كەرىم› **(ئەمەل قىلساڭ) سېنىڭ پايداڭغا ياكى (ئەمەل قىلمىساڭ) زىيىنىڭغا ھۆججەتتۇر. ھەر ئىنسان ئەتىگەندە ئۆزى ئۈستىدە ئىلىم ـ سېتىم قىلغۇچىدۇر. ئۇ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرغۇچىدۇر ياكى ئۆزىنى ھالاك قىلغۇچىدۇر».**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىسلام دىنىدا تاھارەتنىڭ پەزىلىتى، تاھارەت بولسا ناماز دۇرۇس بولۇشىنىڭ شەرتىدۇر.**

**2) ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىشنىڭ پەزىلىتى.**

**3) كۆپرەك ناماز ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش، چۈنكى ناماز مۇسۇلماننى ھاياتتا توغرا يولغا باشلايدىغان نۇردۇر. ئۇ كىشىنى يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، ياخشىلىققا يېتەكلەيدۇ. ھالاكەتتىن ساقلاپ قالىدۇ.**

**4) كۆپرەك سەدىقە بېرىش. چۈنكى، ئۇ مۇئمىننىڭ ئىمانىنىڭ راستلىقى ۋە ئىخلاسىنىڭ دەلىل ـ پاكىتىدۇر.**

**5) سەۋرنىڭ پەزىلىتىنىڭ بايانى.**

**6) «قۇرئان كەرىم» شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ بىرىنچى مەنبەسىدۇر. تالاش ـ تارتىشلارغا ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر. مۇسۇلمانىنىڭ دەستۇرىدۇر.**

**7) ئىنساننىڭ زىيان تارتماسلىق، ئۆزىنىڭ پايدىسىغا ئىش قىلىش ئۈچۈن چوقۇم ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشى كېرەكلىكى.**

**8) مۇسۇلمانىنىڭ ئۆز ئۆمرىنى ئاللاھ تائالاغا تائەت ـ ئىبادەت قىلىشقا سەرپ قىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى.**

**26 ـ ئەبۇ سەئىد ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەنسارىيلاردىن بىر مۇنچە كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن غەنىيمەتلەرنى بېرىشىنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بەردى. ئۇلار يەنە سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بەردى. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا بەرگۈدەك بىر نەرسە قالمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قولىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن:** «مَا يَكُنْ مِنْ خَيْرٍ فَلَنْ أَدَّخِرَهُ عَنْكُمْ، وَمَنْ



www.munber.org

يستَعْفِفْ يُعِفَّهُ الله وَمَنْ يَسْتَغْنِ يُغْنِهِ اللَّهُ، وَمَنْ يَتَصَبَّرْ يُصَبِّرْهُ اللَّهُ. وَمَا أُعْطِيَ أَحَدٌ عَطَاءً خَيْراً وَأَوْسَعَ مِنَ الصَّبْرِ»
«مەن ئىلكىمدىكى ياخشىلىقلارنى سىلەردىن ھەرگىز ئايىمايمەن، كىمكى ئىپپەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇنى قانائەتچان قىلىدۇ، كىمكى بىھاجەت بولۇشنى تەلەپ قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇنى مەنىۋى جەھەتتىن باي قىلىدۇ ۋە كىمكى سەۋر تەلەپ قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇنى سەۋرچان قىلىدۇ. ھېچ ئادەمگە سەۋردىنمۇ ياخشىراق، كەڭرەك بىر نەرسە بېرىلگىنى يوق». —— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبىئىتىگە سىڭگەن سېخىيلىق، كەڭ قوللۇقتەك گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلىتى.

2) مال ـ دۇنيانىڭ كۆپ بولۇشى ھەقىقىي بايلىق ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي بايلىق مەنىۋى بايلىق ئىكەنلىكى.

3) كىشىنى قانائەتچان، ئىپپەتلىك بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

4) سەۋرنىڭ كىشىگە گۈزەل ئەخلاق، ئېسىل خۇلۇق ئاتا قىلىدىغانلىقى.

27 ـ ئەبۇ يەھيا سۇھەيب ئىبنى سىنان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «عَجَباً لأمْرِ الْمُؤْمِنِ إِنَّ أَمْرَهُ كُلَّهُ لَهُ خَيْرٌ، وَلَيْسَ ذَلِكَ لأَحَدٍ إِلاَّ لِلْمُؤْمِنِ: إِنْ أَصَابَتْهُ سَرَّاءُ شَكَرَ فَكَانَ خَيْراً لَهُ، وَإِنْ أَصَابَتْهُ ضَرَّاءُ صَبَرَ فَكَانَ خيْراً لَهُ»
«مەن مۇئمىن بەندىنىڭ ئىشلىرىدىن ھەيرانمەن. ئۇنىڭ ھەممىلا ئىشى ياخشىدۇر، لېكىن مۇئمىنلەردىن باشقىلار ئۇنداق ئەمەس. ئەگەر مۇئمىنگە باياشاتلىق يەتسە، شۈكۈر قىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭغا ياخشىدۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا قاتتىقچىلىق يەتسە سەۋر قىلىدۇ. بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر». —— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مۇسۇلماننىڭ ھاياتىدىكى خۇشاللىق ياكى خاپىلىق بولسۇن ھەممىسى ياخشىلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئەجرىگە ئېرىشىدىغانلىقى.

2) ئىمانى كامىل، ھەقىقىي مۇئمىن خۇشاللىق پەيتلىرىدە ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىدۇ، غەم ـ قايغۇغا پاتقان چاغلىرىدا سەۋر قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ئەمما، ئىمانى كەمتۈك ئادەم بولسا، بېشىغا بىرەر مۇسىبەت يەتسە ئىچى سىقىلىپ، غەزەپلىنىدۇ، سەۋر قىلمايدۇ. بۇنداق ئادەم باياشات ۋاقىتلىرىدىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ نېمىتىگە شۈكۈر قىلمايدۇ. ئۇنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ خۇشاللىقى خاپىلىققا، ئىلكىدىكى نېمىتى بالا ـ قازاغا ئايلىنىدۇ.

28 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ، سەكرات يەتكەن چاغدا، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ۋاي دادامەي ...!»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لِيْسَ عَلَى أَبِيك كرْبٌ بعْدَ اليَوْمِ» «بۈگۈندىن كېيىن داداڭغا سەكرات كەلمەيدۇ»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتكەندە، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ئى ئاللاھ تائالانىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقان داداجان! ياتقان جايىڭىز فىردەۋس جەننىتىدە بولغاي



www.munber.org

داداجان! ئى داداجان! ئۆلۈم خەۋرىنى جىبرىئىلغا يەتكۈزىمىز»، دېدى. رەسۇلۇللاھ دەپنە قىلىنغان چاغدا فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈستىگە توپا تاشلاشقا قانداقمۇ كۆڭلۈڭلار ئۇنىدى؟»، دېدى. — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كىشى سەكراتتا چۈشۈپ قالغاندا، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

2) كىشى ئۆلگەندىن كېيىن، مېيىتنىڭ ياخشى سۈپەت ـ خۇلۇقلىرىنى تىلغا ئېلىشنىڭ دۇرۇسلۇقى.

3) قاتتىق سەكرات ھالىتىدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىدامچانلىقى.

29 ـ رەسۇلۇللاھنىڭ خادىمى زەيد ئىبنى ھارىس بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دوستى ۋە دوستىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇ ئىككىسىدىن رازى بولسۇن، ئۇنىڭدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى زەينەب: «مېنىڭ ئوغلۇم سەكراتتا، بىزنىڭ قېشىمىزغا كەلسىكەن»، دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئادەم ئەۋەتكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارماستىن، سالام يوللاپ: «إن للَّه مَا أَخَذَ، ولهُ مَا أعْطَى، وكُلُّ شَيْءٍ عِنْدَهُ بأَجَلٍ مُسمًّى، فلتصْبِر ولتحْتسبْ» «ئالغان نەرسە ئاللاھ تائالانىڭدۇر، بەرگەن نەرسىمۇ ئاللاھ تائالانىڭدۇر، ھەر قانداق ئىشنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا بەلگىلەنگەن مۇددىتى بولىدۇ. قىزىم سەۋر قىلسۇن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلسۇن»، دېدى. زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھا قەسەم قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چوقۇم كېلىشىنى سوْيلەپ يەنە ئادەم ئەۋەتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ سەئد ئىبنى ئۇبادە، مۇئاز ئىبنى جەبەل، ئۇبەي ئىبنى كەئب ۋە زەيد ئىبنى سابىت قاتارلىق بىرمۇنچە ساھابىلەر بىلەن بىللە قىزىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۆيىگە كىرگەندە بالا رەسۇلۇللاھنىڭ قۇچىقىغا قويۇلدى. بالا بىئارام بولۇپ ئىڭراۋاتاتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ كۆزىدىن ياش قۇيۇلدى. سەئد: «ئى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى! بۇ نېمە ئىش؟»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «هَذِهِ رَحْمَةٌ جعلَهَا اللَّهُ تعَالَى في قُلُوبِ عِبَادِهِ» «بۇ ئاللاھ تائالا خالىغان بەندىلىرىنىڭ دىلىغا سالغان رەھمەتتۇر»، دېدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «في قُلُوبِ منْ شَاءَ مِنْ عِبَادِهِ وَإِنَّمَا يَرْحَمُ اللَّهُ منْ عِبَادِهِ الرُّحَمَاءَ» «ئاللاھ تائالا خالىغان بەندىلەرنىڭ قەلبىدە رەھمەت پەيدا قىلىدۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ ئىچىدىكى رەھىمدىل بولغان بەندىلىرىگە مەرھەمەت قىلىدۇ»، دېيىلگەن. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كېسەل ئادەم سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا، تەقۋا، فازىل كىشىلەرنىڭ بەرىكىتىنى ۋە دۇئاسىنى ئۈمىد قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلارنى سەكراتقا چۈشكەن ئادەمنىڭ يېنىدا تۇرغۇزۇشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.



www.munber.org

2) ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە رەھىم قىلىش، ئۆزئارا مېھىر ـ شەپقەت قىلىشقا رىغبەتلەندۇرۇش.

3) كىشىلەرنى باغرى تاشلىق، رەھىمسىزلىكتىن ئاگاھلاندۇرۇش.

4) «ئاھ ـ ۋاھ»، دەپ سۇرەن سالماستىن، ئاۋازسىز يىغلاشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

5) ھازىدار ئادەمگە مۇسىبەت قايغۇسىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىش، چىرايلىق گەپلەرنى قىلىش.

**30. سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «كَانَ مَلِكٌ فِيمَنْ كَانَ قبْلَكُمْ، وَكَانَ لَهُ سَاحِرٌ، فَلَمَّا كَبِرَ قَالَ لِلْمَلِك: إِنِّي قَدْ كَبِرْتُ فَابعَثْ إِلَيَّ غُلاَماً أُعَلِّمْهُ السِّحْرَ، فَبَعَثَ إِلَيْهِ غُلاَماً يعَلِّمُهُ، وَكَانَ في طَرِيقِهِ إِذَا سَلَكَ رَاهِبٌ، فَقَعَدَ إِلَيْهِ وَسَمِعَ كَلاَمَهُ فأَعْجَبهُ، وَكَانَ إِذَا أَتَى السَّاحِرَ مَرَّ بالرَّاهِب وَقعَدَ إِلَيْه، فَإِذَا أَتَى السَّاحِرَ ضَرَبَهُ، فَشَكَا ذَلِكَ إِلَى الرَّاهِبِ فقال: إِذَا خَشِيتَ السَّاحِرَ فَقُلْ: حبَسَنِي أَهْلي، وَإِذَا خَشِيتَ أَهْلَكَ فَقُلْ: حَبَسَنِي السَّاحرُ. فَبيْنَمَا هُو عَلَى ذَلِكَ إِذْ أَتَى عَلَى دابَّةٍ عظِيمَة قدْ حَبَسَت النَّاس فقال: اليوْمَ أَعْلَمُ السَّاحِرُ أَفْضَل أم الرَّاهبُ أَفْضلَ؟ فأَخَذَ حجَراً فقالَ: اللهُمَّ إنْ كان أَمْرُ الرَّاهب أَحَبَّ إِلَيْكَ مِنْ أَمْرِ السَّاحِرِ فاقتُلْ هَذِهِ الدَّابَّة حتَّى يَمْضِيَ النَّاسُ، فرَماها فقتَلَها ومَضى النَّاسُ، فأَتَى الرَّاهب فأَخبَرهُ. فقال لهُ الرَّاهبُ: أَىْ بُنيَّ أَنْتَ اليوْمَ أَفْضلُ منِّي، قدْ بلَغَ مِنْ أَمْركَ مَا أَرَى، وإِنَّكَ ستُبْتَلَى، فإِنِ ابْتُليتَ فَلاَ تدُلَّ عليَّ، وكانَ الغُلامُ يبْرِئُ الأَكْمهَ والأَبرصَ، ويدَاوي النَّاس مِنْ سائِرِ الأَدواءِ. فَسَمعَ جليسٌ للملِكِ كانَ قدْ عمِيَ، فأَتَاهُ بهدايا كثيرَةٍ فقال: ما ههُنَا لك أَجْمَعُ إنْ أَنْتَ شفَيْتني، فقال إنِّي لا أَشفِي أَحَداً، إِنَّمَا يشْفِي الله تعَالى، فإِنْ آمنْتَ بِاللَّهِ تعَالَى دعوْتُ الله فشَفَاكَ، فآمَنَ باللَّه تعَالى فشفَاهُ اللَّهُ تَعَالَى، فأَتَى المَلِكَ فجَلَس إليْهِ كما كانَ يجْلِسُ فقالَ لَهُ المَلكُ: منْ ردَّ علَيْك بصَرك؟ قال: ربِّي. قَالَ: ولكَ ربٌّ غيْرِي؟ قَالَ: رَبِّي وربُّكَ الله، فأَخَذَهُ فلَمْ يزلْ يُعذِّبُهُ حتَّى دلَّ عَلَى الغُلاَمِ فجِيءَ بِالغُلاَمِ، فقال لَهُ المَلكُ: أَىْ بُنَيَّ قدْ بَلَغَ منْ سِحْرِك مَا تبْرِئُ الأَكْمَهَ والأَبـرَصَ وتَفْعلُ وَتفْعَلُ فقالَ: إِنِّي لا أَشْفي أَحَداً، إِنَّما يشْفي الله تَعَالَى، فأَخَذَهُ فَلَمْ يزَلْ يعذِّبُهُ حتَّى دلَّ عَلَى الرَّاهبِ، فجِئ بالرَّاهِبِ فقيل لَهُ: ارجَعْ عنْ دِينك، فأَبَى، فدَعا بالمنْشَار فوُضِع المنْشَارُ في مفْرقِ رأْسِهِ، فشقَّهُ حتَّى وقَعَ شقَّاهُ، ثُمَّ جِئ بجَلِيسِ المَلكِ فقِلَ لَهُ: ارجِعْ عنْ دينِكَ فأَبَى، فوُضِعَ المنْشَارُ في مفْرِقِ رَأْسِهِ، فشقَّهُ به حتَّى وقَع شقَّاهُ، ثُمَّ جِئ بالغُلامِ فقِيل لَهُ: ارجِعْ عنْ دينِكَ، فأَبَى، فدَفعَهُ إِلَى نَفرٍ منْ أَصْحابِهِ فقال: اذهبُوا بِهِ إِلَى جبَلِ كَذَا وكذَا فاصعدُوا بِهِ الجبلَ، فإِذَا بلغتُمْ ذروتهُ فإِنْ رجعَ عنْ دينِهِ وإِلاَّ فاطرَحوهُ فذهبُوا به فصعدُوا بِهِ الجَبَل فقال: اللَّهُمَّ اكفِنِيهمْ بمَا شئْت، فرجَف بِهمُ الجَبَلُ فسقَطُوا، وجَاءَ يمْشي إِلَى المَلِكِ، فقالَ لَهُ المَلكُ: ما فَعَلَ أَصحَابكَ؟ فقالَ: كفانِيهِمُ الله تعالَى، فدفعَهُ إِلَى نَفَرَ منْ أَصْحَابِهِ فقال: اذهبُوا بِهِ فاحملُوه في قُرْقُور وَتَوسَّطُوا بِهِ البحْرَ، فإِنْ رَجَعَ عنْ دينِهِ وإِلاَّ فَاقْذفُوهُ، فذَهبُوا بِهِ فقال: اللَّهُمَّ اكفِنِيهمْ بمَا شِئْت، فانكَفَأَتْ بِهِمُ السَّفِينةُ فغرِقوا، وجَاءَ يمْشِي إِلَى المَلِك. فقالَ لَهُ الملِكُ: ما فَعَلَ أَصحَابكَ؟ فقال: كفانِيهمُ الله تعالَى. فقالَ للمَلِكِ إِنَّك لسْتَ بقَاتِلِي حتَّى تفْعلَ ما آمُركَ بِهِ. قال: ما هُوَ؟ قال: تجْمَعُ النَّاس في صَعيدٍ واحدٍ، وتصلُبُني عَلَى جذْعٍ، ثُمَّ خُذ سهْماً مِنْ كنَانتِي، ثُمَّ ضعِ السَّهْمِ في كَبدِ القَوْسِ ثُمَّ قُل: بسْمِ اللَّهِ ربِّ الغُلاَمِ ثُمَّ ارمِنِي، فإِنَّكَ إِذَا فَعلْتَ ذَلِكَ قَتَلْتنِي. فجَمَعَ النَّاس في صَعيدٍ واحِدٍ، وصلَبَهُ عَلَى جذْعٍ، ثُمَّ أَخَذَ سهْماً منْ كنَانَتِهِ، ثُمَّ وضَعَ السَّهمَ في كبِدِ القَوْسِ، ثُمَّ قَالَ: بِسْم اللَّهِ رَبِّ الغُلامِ، ثُمَّ رمَاهُ فَوقَعَ السَّهمُ في صُدْغِهِ، فَوضَعَ



www.munber.org

يدَهُ في صُدْغِهِ فمَاتَ. فقَالَ النَّاسُ: آمَنَّا بِرَبِّ الغُلاَمِ، فَأُتِيَ المَلكُ فَقِيلُ لَهُ: أَرَأَيْت ما كُنْت تحْذَر قَدْ وَاللَّه نَزَلَ بِك حَذرُكَ. قدْ آمنَ النَّاسُ. فأَمَرَ بِالأخدُودِ بأفْوَاهِ السِّكك فخُدَّتَ وَأَضْرِمَ فِيها النيرانُ وقالَ: مَنْ لَمْ يرْجَعْ عنْ دينِهِ فأَقْحمُوهُ فِيهَا أَوْ قيلَ لَهُ: اقْتَحمْ، ففعَلُوا حتَّى جَاءتِ امرَأَةٌ ومعَهَا صَبِيٌّ لهَا، فَتقَاعَسَت أَنْ تَقعَ فِيهَا، فقال لَهَا الغُلاَمُ: يا أُمَّاهْ اصبِرِي فَإِنَّك عَلَي الحَقِّ» «سىلەردىن ئىلگىرى كىشىلەر ئارىسىدا بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىر سېھرىگىرى بار ئىدى. ئۇ سېھرىگەر قېرىغاندا پادىشاھقا: ‹مەن قېرىپ قالدىم، ماڭا بىر بالا ئەۋەتسەڭ، مەن ئۇنىڭغا سېھرىگەرلىكنى ئۆگىتىپ قويسام›، دەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا بىر بالىنى سېھىر ئۆگىنىشكە ئەۋەتىپتۇ. بالا يولدا كېتىۋېتىپ بىر راھىبقا ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، راھىبقا قىزىقىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەر كۈنى سېھرىگەرنىڭ يېنىغا بارغۇچە راھىبنىڭ قېشىدا ئولتۇرىدىكەن، سېھرىگەرنىڭ قېشىغا كەلگەندە، سېھرىگەر ئۇنى كېچىكىپ قالدىڭ دەپ ئۇرىدىكەن. ئۇ بالا بۇ ئىشنى راھىبقا شىكايەت قىلىپتۇ. راھىب ئۇنىڭغا: ‹ئەگەر سېھرىگەردىن قورقساڭ، ئۇنىڭغا مېنى ئۆيدىكىلەر كېچىكتۈردى، دېگىن. ئەگەر ئۆيۈڭدىكىلەردىن قورقساڭ، مېنى سېھرىگەر كېچىكتۈردى، دېگىن›، دەپتۇ. بالا شۇنداق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇشتۇمتۇت يوغان بىر ھايۋان پەيدا بولۇپ، كىشىلەرنىڭ يولىنى توسۇۋاپتۇ. بالا كۆڭلىدە: ‹راھىب ئۈستۈنمۇ ياكى سېھرىگەر ئۈستۈنمۇ؟ بۈنى بۈگۈن بىر بىلىپ باقاي›، دەپتۇ ـ دە، تاشتىن بىرنى ئېلىپ: ‹ئى ئاللاھ! ئەگەر ساڭا راھىبنىڭ ئىشى سېھرىگەرنىڭ ئىشىدىن ياخشى بولسا، مۇشۇ تاش بىلەن ھايۋاننى ئۆلتۈرگىن، كىشىلەرنىڭ يولى راۋان بولسۇن›، دەپ تاشنى ئېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھايۋان ئۆلۈپتۇ. كىشىلەرنىڭ يولى راۋان بولۇپتۇ. بالا بۇ ئىشتىن راھىبنى خەۋەرلەندۈرۈپتۇ. راھىب بالىغا: ‹ئى بالام! سەن بۈگۈن مەندىن ئېشىپ كېتىپسەن، بۇ ماقامغا ئىگە بولۇپسەن، ھەقىقەتەن سەن پات ئارىدا سىناققا دۇچ كېلىسەن، سىناققا دۇچ كەلگەن چېغىڭدا مېنى ئاشكارىلاپ قويمىغىن›، دەپتۇ. كېيىنچە بالا قارىغۇ، ئاق كېسەللىرىنىمۇ ۋە باشقا كېسەللەرنىمۇ داۋالايدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھنىڭ كور بولۇپ قالغان ئۈلپەتدىشىدىن بىرى بۇنى ئاڭلاپ، نۇرغۇن ھەدىيىلەرنى ئېلىپ كېلىپ: ‹ئەگەر كۆزۈمنى ساقايتىپ قويساڭ، مۇشۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ساڭا سوۋغا قىلىمەن›، دەپتۇ. ئۇ بالا: ‹مەن ھەقىقەتەن ھېچبىر كىشىنى ساقايتالمايمەن، پەقەت ئاللاھ تائالا شىپالىق بېرىدۇ، ئەگەر سەن ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتساڭ، مەن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلاي، ساڭا شىپالىق بەرسۇن›، دەپتۇ. ئۇ ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىپتۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا شىپالىق بېرىپتۇ. ئۇ كىشى پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ بۇرۇنقى ئورنىدا ئولتۇرۇپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا: ‹كۆزۈڭنى كىم ساقايتىپ قويدى؟›، دەپتۇ. ئۇ: ‹پەرۋەردىگارىم›، دەپتۇ. پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كېلىپ: ‹سېنىڭ مەندىن باشقا پەرۋەردىگارىڭ



www.munber.org

بارمۇ؟›، دەپتۇ. ئۇ: ‹ئاللاھ تائالا سېنىڭ ۋە مېنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇر›، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۇنى قاتتىق قىيناپتۇ. ئۇ ئاخىر بالىنى دەپ قويۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ بالا پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلۈپتۇ. پادىشاھ بالىغا: ‹ئى ئوغلۇم، سېنىڭ سېھىردىكى ماھارىتىڭ قارىغۇ ۋە ئاق كېسەللەرنى داۋالاش دەرىجىسىگە يېتىپتۇ ھەم مۇنداق ـ مۇنداق ئىشلارنى قىلالايسەن›، دەپتۇ. بالا: ‹ياق، مەن ھېچكىمنى ساقايتالمايمەن، پەقەت ئاللاھ تائالا شىپالىق بېرىدۇ›، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۇنىمۇ قاتتىق قىيناپتۇ. ئاخىر بالا راھىبنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. راھىب ئەكەلدۈرۈلۈپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا: ‹دىنىڭدىن يان›، دەپتۇ. راھىب ئۇنىماپتۇ. پادىشاھ ھەرە ئەكەلدۈرۈپ، راھىبنىڭ بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ ھەرىدەپتۇ. راھىبنىڭ بېشى ئىككى پارچە بولۇپ يەرگە چۈشۈپتۇ. ئاندىن پادىشاھ ئۇلپەتدىشىنى ئەكەلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا: ‹دىنىڭدىن يان›، دەپتۇ. ئۇمۇ ئۇنىماپتۇ. ئاندىن ئۇنىڭ بېشىنىمۇ ھەرىدەپ ئىككى پارچە قىلىۋېتىپتۇ. ئاندىن بالىنى ئەكېلىپ ئۇنىڭغىمۇ: ‹دىنىڭدىن يان›، دەپتۇ. بالىمۇ ئۇنىماپتۇ. پادىشاھ ئۇنى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى بىر توپ كىشىگە تاپشۇرۇپ: ‹سىلەر پالانى تاغقا چىقىڭلار، تاغنىڭ چوققىسىغا چىققاندا، ئۇ دىنىدىن يانمىسا تاشلىۋېتىڭلار›، دەپتۇ. ئۇلار مېڭىپ بىر تاغقا چىقىپتۇ. بالا: ‹ئى ئاللاھ! سەن خالىغىنىڭ بويىچە مېنى ئۇلارنىڭ شەررىدىن ساقلىغىن›، دەپتۇ. شۇ چاغدا تاغ تەۋرەپ پادىشاھنىڭ ئادەملىرى تاغدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ بالا پادىشاھنىڭ ئالدىغا يالغۇز كەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭدىن: ‹ھەمراھلىرىڭغا نېمە بولدى؟›، دەپ سوراپتۇ. بالا: ‹ئاللاھ تائالا مېنى ئۇلارنىڭ شەررىدىن ساقلىدى›، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ ئۇنى ئۆز ئادەملىرىدىن بىر توپ كىشىلەرگە تاپشۇرۇپ: ‹سىلەر ئۇنى ئاپىرىپ كېمىگە سېلىڭلار، كېمە دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا، ئەگەر دىنىدىن يانمىسا ئۇنى دېڭىزغا تاشلىۋېتىڭلار›، دەپتۇ. ئۇلار مېڭىپ دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە، ئۇ بالا: ‹ئى ئاللاھ! خالىغىنىڭ بويىچە مېنى ئۇلارنىڭ شەررىدىن ساقلىغىن›، دەپتۇ. شۇ چاغدا كېمە ئاغدۇرۇلۇپ كېتىپتۇ. ئۇ يەنە پادىشاھنىڭ قېشىغا يالغۇز كەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا: ‹ھەمراھلىرىڭغا نېمە بولدى؟›، دەپتۇ. بالا: ‹ئاللاھ تائالا مېنى ئۇلارنىڭ شەررىدىن ساقلاپ قالدى، سەن مېنىڭ دېگىنىم بويىچە قىلمىغۇچە مېنى ھەرگىز ئۆلتۈرەلمەيسەن›، دەپتۇ. پادىشاھ: ‹ئۇ نېمە ئىش؟›، دەپ سوراپتۇ. ئۇ بالا: ‹سەن كىشىلەرنى بىر دۆڭگە يىغىپ، مېنى خورمىنىڭ شېخىغا ئاسقىن، ئاندىن مېنىڭ ئوقدىنىمدىن بىر ئوقنى ئېلىپ، ئوقيانىڭ ئوتتۇرىغا قويۇپ: ‹بالىنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن باشلايمەن›، دەپ ئاتقىن. ھەقىقەتەن شۇنداق قىلساڭ مېنى ئۆلتۈرەلەيسەن›، دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ پادىشاھ كىشىلەرنى بىر دۆڭگە يىغىپتۇ. بالىنى بىر خورما شېخىغا ئېسىپتۇ. ئاندىن ئوقداندىن ئوقنى ئېلىپ، ئوقيانىڭ



www.munber.org

ئوتتۇرىسىغا قويۇپ: ‹بالىنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن باشلايمەن›، دەپ ئۇنىڭغا ئېتىپتۇ. ئوق بالىنىڭ چېكىسىگە تېگىپتۇ. ئۇ قولى بىلەن چېكىسىنى تۇتقان پېتى ئۆلۈپتۇ. كىشىلەر: ‹بىز بالىنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتتۇق›، دەپ توۋلىشىپتۇ. كىشىلەر پادىشاھنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا: ‹كۆردۈڭمۇ؟ ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن قورققان ئىش ئاخىر يۈز بەردى. ھەقىقەتەن نۇرغۇن كىشىلەر ئىمان ئېيتتى›، دەپتۇ. ئاندىن پادىشاھ كوچا ئېغىزلىرىغا چوڭقۇر ئورەك كولاپ، ئوت يېقىشقا بۇيرۇپتۇ. ئوت يېقىلىپ ئۇلغىيىشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ: ‹كىم دىنىدىن يانمايدىكەن، ئۇنى ئوت يېقىلغان ئورەككە تاشلاڭلار ياكى ئۇلارغا ئورەكلەرگە چۈشۈڭلار، دەڭلار›، دەپتۇ. پادىشاھنىڭ ئادەملىرى شۇنداق قىلىپتۇ. ھەتتا كىچىك بالىسى بار بىر ئايال ئورەك ئالدىدا تۇرۇپ قالغاندا، ئۇنىڭ بالىسى زۇۋانغا كېلىپ: ‹ئانىجان! چىدىغىن، چۈنكى ھەقىقەت سەن تەرەپتە›، دەپتۇ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەۋلىيالارغا ئاللاھ تائالانىڭ بەزى كارامەتلەرنى ئاتا قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش.

2) ئۇرۇشتا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھالەتلەردە ئۆز جېنىنى ھالاك بولۇشتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يالغان ئېيتىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

3) مۆئمىن ئادەمنىڭ ئىماننىڭ راستلىقى، ھەق سۆزدە چىڭ تۇرۇش ـ تۇرالماسلىقىدا سىنىلىدىغانلىقى، ھەتتا بۇ خىل سىناق ئۇنىڭ جېنىغا بېرىپ تاقىلىشى مۇمكىنلىكى.

4) ئاللاھ تائالاغا دەۋەت قىلىش ۋە ھەقنى ئىسپاتلاش يولىدا پىداكارلىق قىلىشنىڭ پەزىلىتى.

5) ئاللاھ تائالانىڭ ھەقنى ئۈستۈن قىلىپ، ھەقىقەت ئەھلىگە غەلىبە ئاتا قىلىدىغانلىقى، يالغاننى پەس ـ خار قىلىپ، يالغانچى زالىملارنى مەغلۇپ قىلىدىغانلىقى.

6) بۇ ھەدىستىكى قىسسەدە «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۆجىزىسى ئىسپاتلانغان. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» تارىخ ئالىملىرى ئۇنتۇغان، ھېچكىم بىلمەيدىغان ۋەقە، ئىشلارنى بايان قىلغان. «قۇرئان كەرىم» سۈرە بۇرۇجدا يۇقىرىدىكى قىسسە تىلغا ئېلىنغان.

7) ۋەز ـ نەسىھەت قىلغاندا، ھېكايىنىڭ كىشىلەرگە بەكرەك تەسىر قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇزاققىچە ئۇنتۇلمايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھېكايە ئېيتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشنىڭ بىر خىل ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ئىكەنلىكى.

**31 ـ** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەبرىنىڭ بېشىدا (ئۆلۈپ كەتكەن بالىسىغا) يىغلاۋاتقان بىر ئايالنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇ ئايالغا: «اتَّقِي اللهَ وَاصْبِرِي» «ئاللاھ تائالادىن قورققىن، سەۋر قىلغىن»، دېدى. ئۇ ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تونۇماي: «نېرى بار، ماڭا كەلگەن مۇسىبەت ساڭا كەلگىنى يوق»، دېدى. ئاندىن ئۇ ئايالغا بۇ زاتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكى ئېيتىلغاندا، ئۇ ئايال پەيغەمبەر



www.munber.org

ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ (ئادەتتە پادىشاھلارنىڭ ئوردىلىرىنىڭ ئالدىدا بولىدىغان دەرۋازىۋەنلەرنىمۇ ئۇچراتماي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئۇدۇل كىرىپ): «ئى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى! مەن سىنى تونۇيالماپتىمەن»، دەپ ئۆزرە بايان قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إِنَّما الصَّبْرُ عِنْدَ الصَّدْمَةِ الأولَى» «مۇسىبەتتىن تۇنجى زەربە تەگكەندە (يەنى يېڭىلىقىدا) قىلىنغان سەۋر ياخشى ھېسابلىنىدۇ»، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) سەۋرسىزلىكنىڭ تەقۋالىق بىلەن قارىمۇقارشىلىقى.

2) بەندە ساۋاب تاپىدىغان سەۋر دېگەن مۇسىبەت يەتكەن ئەڭ دەسلەپكى ۋاقتتا قىلغان سەۋر بولۇپ، كېيىن ۋاقتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەبىئىي ھالدا خاپىلىق ئۇنتۇلۇپ، ئادەم سەۋر قىلىپ قالىدىغانلىقى.

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدىكى كەمتەرلىكى ۋە نادانغا سەۋرچان، مۇلايىم مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى.

4) مۇئمىننىڭ ھەر ۋاقىت ياخشىلىققا دەۋەت قىلىپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشنى ئادىتىگە ئايلاندۇرۇشى كېرەكلىكى.

5) ئاياللارنىڭ قەبرە يوقلىشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى، ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلۋەتتە ئۇ ئايالنى چەكلىگەن بولاتتى.

32 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يَقولُ اللَّهُ تَعَالَى: مَا لِعَبْدِي المُؤْمِنِ عِنْدِي جَزَاءٌ إِذَا قَبضْتُ صَفِيَّهُ مِنْ أَهْلِ الدُّنْيَا ثُمَّ احْتَسَبَهُ إِلاَّ الجَنَّة» «ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ‹ئەگەر مەن مۇئمىن بەندەمنىڭ ياخشى كۆرگەن بىرەر ئادىمىنى ئېلىپ كەتسەم، ئۇ ساۋاب ئۈمىد قىلىپ سەۋر قىلسا، مەن ئۇنى پەقەت جەننەت بىلەنلا مۇكاپاتلايمەن›». — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىنسانىنىڭ بېشىغا چۈشكەن مۇسىبەتلەرنىڭ ئەڭ ئېغىرى ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى ئىكەنلىكى.

2) ئىمانسىز ئادەم مەيلى ھەر قانچە كۆپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭغا قىل چاغلىق ساۋاب بېرىلمەيدىغانلىقى.

33 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ۋابا كېسىلى توغرۇلۇق سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «أَنَّهُ كَانَ عَذَاباً يَبْعَثُهُ اللَّه تعالى عَلَى منْ يَشَاءُ، فَجَعَلَهُ اللَّهُ تعالَى رحْمةً للْمُؤْمِنِينَ، فَلَيْسَ مِنْ عَبْدٍ يَقَعُ في الطَّاعُون فَيَمْكُثُ في بلَدِهِ صَابِراً مُحْتَسِباً يَعْلَمُ أَنَّهُ لاَ يُصِيبُهُ إِلاَّ مَا كَتَبَ اللَّهُ لَهُ إِلاَّ كَانَ لَهُ مِثْلُ أَجْرِ الشَّهِيدِ» «ۋابا بۇرۇن ئاللاھ تائالانىڭ خالىغان بەندىلىرىگە ئەۋەتكەن بىر تۈرلۈك ئازابى ئىدى. كېيىن ئۇنى ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەر ئۈچۈن رەھمەت قىلدى. ۋابا كېسىلىگە مۇپتىلا بولغان ئادەم ماڭا پەقەت ئاللاھ تائالا پۈتۈۋەتكەندىن باشقا ئىش بولمايدۇ، دەپ



www.munber.org

قاراپ، سەۋر قىلغان ھالدا ئاللاھ تائالانىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ، شۇ شەھەردە تۇرسا، جەزمەن ئۇنىڭغا شېھىتنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ»، دېگەن.

ــــ بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەگەر مۇئمىننىڭ مەقسىتى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ۋە ساۋابىنى ئۈمىد قىلىش بولسا، ئۇ ئۆزىگە يەتكەن ۋابا كېسىلىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن شۇنداق بولغانلىقىغا، كېسەلدىن ساقىيىشىنىڭمۇ ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا چىن پۈتۈپ، ساق ۋە كېسەل ھالەتلىرىدە پەقەت بىر ئاللاھ تائالاغا يۆلەنسە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا شېھىتنىڭ ساۋابىنى بېرىدىغانلىقى.

2) ۋاباغا ئوخشاش يامان كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ، سەۋر قىلغان كىشى قەبرە ئازابى ۋە قەبرىنىڭ پىتنىسىدىن ئامان بولىدىغانلىقى.

3) ۋابا كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەمنىڭ كېسەللىكنىڭ باشقا يەرگە تارقاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۆزى تۇرۇۋاتقان جايدىن چىقىپ كەتمەسلىكى.

4) شېھىتنىڭ ساۋابى بېرىلىدىغان ئادەم پەقەت مۇجاھىدلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، بەلكى ئۇ ۋابا بىلەن ئۆلگەن ئادەم، سۇدا غەرىق بولۇپ ئۆلگەن ئادەم ۋە نىفاس بىلەن ئۆلگەن ئادەملەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**34 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «إنَّ اللَّه عَزَّ وجَلَّ قَالَ: إِذَا ابْتَلَيْتُ عَبدِي بحبيبتَيْهِ فَصبَرَ عَوَّضْتُهُ مِنْهُمَا الْجنَّةَ» «ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ‹مەن بەندەمنى ئىككى كۆزىدىن ئايرىسام، ئۇ بۇنىڭغا سەۋر قىلسا، ئىككى كۆزىنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭغا جەننەت ئاتا قىلىمەن› ».**

ــــ بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىنسانلارغا جەننەتتەك مۇشۇنداق زور مۇكاپات ۋەدە قىلىنىشىنىڭ سەۋەبى، ئىككى كۆزنىڭ ئىنساننىڭ ئەزالىرى ئىچىدىكى قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىنىڭ زورلۇقى.

2) جەننەتنىڭ ئىككى كۆزدىن ئايرىلىپ قالغانلارغا بېرىلىدىغان ئەڭ چوڭ مۇكاپات ئىكەنلىكى، چۈنكى دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشنىڭ كىشىگە باقىۋەندە ئەمەسلىكى، ئەمما جەننەتكە كىرگەن ئادەمنىڭ مەڭگۇ ئۇ يەردە قالىدىغانلىقى.

**35 ـ ئەتائ ئىبنى ئەبۇ رەباھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئابباس ماڭا: «ساڭا ئەھلى جەننەتتىن بىر ئايالنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟»، دېۋىدى، مەن: «شۇنداق قىلغىن»، دېدىم. ئىبنى ئابباس: «ئۇ بولسا قارا تەنلىك ئايالدۇركى، ئۇ خوتۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ‹مېنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلىم بار، تۇتقاق كېسىلىم قوزغىلىپ قالغان چاغلاردا يىقىلىپ چۈشۈپ، بەدەنلىرىم ئېچىلىپ قالىدۇ. مېنىڭ ساقىيىپ قېلىشىم ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ قويساڭ›، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إِن شئْتِ صَبَرْتِ ولكِ الْجنَّةُ، وإنْ شِئْتِ دعَوْتُ اللَّه**



www.munber.org

تَعالَى أنْ يُعافِيَكِ» ‹ئەگەر سەۋر قىلساڭ بۇنىڭ ئۈچۈن جەننەتكە كىرىسەن، ئەگەر خالىساڭ ساقىيىشىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلاي›، دېۋىدى، ئۇ ئايال: ‹مەن سەۋر قىلاي، كېسىلىم تۇتقاندا ئېچىلىپ قالىمەن، مېنىڭ ئېچىلىپ قالماسلىقىمغا دۇئا قىلىپ قويساڭ›، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالغا دۇئا قىلىپ قويدى».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بۇ دۇنيادىكى بالا ـ قازاغا سەۋر قىلىشنىڭ كىشىنى جەننەتكە ئېرىشتۈرىدىغانلىقى.

2) كېسەل داۋالاشتا دورا ـ ئوكۇل ئىشلىتىش بىلەن بىللە ئاللاھ تائالادىن شىپالىق تىلەپ ئىلتىجا قىلىش، دۇئا قىلىشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكى.

3) ئىنسان تاقىتى ـ قۇربى يېتىدىغان ھالەتتە ساۋاب ئۈمىد قىلىش يۈزىسىدىن ئىبادەتلەرنى تولۇقى بىلەن قىلىشنىڭ ئەۋزەللىكى.

**36 ـ ئەبۇ ئابدۇراھمان ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر پەيغەمبەر توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەن ئىدىكى، ھېلىمۇ ھازىرقىدەك ئېسىمدە: «بىر پەيغەمبەر ئۆتكەن، قەۋمى ئۇرۇپ ئۇنىڭ بەدىنىنى قانغا بويىۋەتكەن. ئۇ يۈزىدىكى قانلارنى سۈرتۈپ تۇرۇپ:**
«اللَّهمَّ اغْفِرْ لِقَوْمي فإنَّهُمْ لا يعْلمُونَ» ‹ئى ئاللاھ! قەۋمىمنى ئەپۇ قىلغىن، چۈنكى ئۇلار ئۇقمايدۇ›، دېگەن».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەرلەرنىڭ كىشىلەرنى ئاللاھ تائالاغا دەۋەت قىلىش يولىدا تارتقان جاپا ـ ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىشى.

2) نادانلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى ۋە كەڭ قورساقلىقىنى ئۈلگە قىلىپ، نادانلار بىلەن تەڭ بولماسلىق كېرەكلىكى.

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەت يولىدا چەككەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىشى، ئۇھۇد كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈزىدىكى قاننى سۈرتۈپ تۇرۇپ: « پەرۋەردىگارىم قەۋمىمنى مەغفىرەت قىلغىن، ئۇلار ئۇقمايدۇ »، دېيىشتىن باشقا سۆز قىلمىغانلىقى.

**37 ـ ئەبۇ سەئىد ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «مَا يُصِيبُ الْمُسْلِمَ مِنْ نَصَبٍ وَلاَ وَصَبٍ وَلاَ هَمٍّ وَلاَ حَزَنٍ وَلاَ أَذًى وَلاَ غمٍّ، حتَّى الشَّوْكَةُ يُشَاكُها إلاَّ كفَّرَ اللَّه بهَا مِنْ خطَايَاه» **«مۇسۇلمانغا يەتكەن قىيىنچىلىق، كېسەللىك، غەم ـ غۇسسە، ئەزىيەت ۋە خاپىلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن، ھەتتا بەدىنىگە كىرگەن تىكەن ئۈچۈنمۇ ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى كەچۈرىدۇ».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مۇئمىنگە يېتىدىغان كېسەللىككە ئوخشاش ئەزىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى يۇيۇۋېتىدىغانلىقى.



www.munber.org

**38 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاغرىپ ياتقاندا كىرسەم، ئۇ قاتتىق قىزىپ ھەرەج تارتىۋاتقانىكەن. مەن ئۇنىڭغا: «ھەقىقەتەن قاتتىق قىزىۋاتىسەن، بۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا ئىككى ھەسسە ساۋاب بېرىلەمدۇ؟ »، دەپ سورىدىم. رەسۇلۇللاھ: «أَجَلْ ذَلك كَذَلك مَا مِنْ مُسْلِمٍ يُصِيبُهُ أَذًى، حتى الشوْكَةُ يشاكها إلاَّ كَفَّر اللّه بهَا سيئاته، وَحطَّتْ عنْهُ ذُنُوبُهُ كَمَا تَحُطُّ الشَّجرةُ وَرَقَهَا» «ھەئە، مۇسۇلمان ئادەمگە ئەزىيەت يەتسىلا، ھەتتا تىكەن چاقىلىق ۋە ئۇنىڭدىن چوڭراق ئەزىيەت يەتسىمۇ ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۇ ئادەمنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆچۈرىۋېتىدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى دەرەخنىڭ ياپراقلىرى تۆكۈلگەندەك تۆكۈۋېتىدۇ».** —— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھەر خىل بالا ـ قازا يەتكەن ئادەم سەۋر قىلسا ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقى.

2) يەنە بىر ھەدىستە: «أَشَدُّكُمْ بَلاَءً اَلْأَنْبِيَاءُ» « قاتتىق بالا ـ قازاغا يولۇقىدىغانلار پەيغەمبەرلەردۇر »، دېيىلگەن. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى كىشىلەرنىڭ ئۈلگىسى قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا كامالى سەۋر ئاتا قىلغان.

**39 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ يُرِدِ اللّهُ بِهِ خَيْراً يُصِبْ مِنْهُ» «ئاللاھ تائالا كىمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى خاپىلىققا دۇچار قىلىدۇ».** —— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مۇئمىن بىرەر كۆڭۈلسىزلىك، بالالارغا يولۇقۇشتىن خالىي بولالمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇئمىن ئۈچۈن ياخشىلىق، ساۋاب ئاتا قىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ يامانلىقلىرىنى يۇيۇۋېتىدۇ.

**40. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا يتَمنينَّ أَحدُكُمُ الْمَوْتَ لِضُرٍّ أَصَابَهُ، فَإِنْ كَانَ لا بُدَّ فاعلاً فليقُل: اللَّهُمَّ أَحْيني ما كَانَت الْحياةُ خَيراً لِي وتوفَّني إِذَا كَانَتِ الْوفاَةُ خَيْراً لِي» «سىلەردىن بىر كىم كېسەل بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىسۇن، ئەگەر چوقۇم شۇنداق قىلىدىغان بولسا، مۇنداق دېسۇن: ‹ئى ئاللاھ! ماڭا ھاياتلىق ياخشى بولىدىغان بولسا، مېنى ھايات قالدۇرغىن، ماڭا ماماتلىق ياخشى بولىدىغان بولسا، مېنى قەبزى روھ قىلغىن›».** —— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بۇ يەردىكى كېسەل باشقا زىيان ـ زەخمەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2) مۇئمىننىڭ ھاياتلىق ۋە ماماتلىق ئىختىيارىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرىدىغانلىقى.

www.munber.org

3) ئەگەر بىرەر ئادەمنىڭ ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىشى ئاللاھ تائالاغا سىغىنىش يۈزىسىدىن ياكى ئاللاھ تائالا يولىدا شېھىت بولۇش ۋە ياكى مۇبارەك يۇرتتا دەپنە قىلىنىشنى ئارزۇ قىلىش ياكى دىندا پىتنە پەيدا بولۇشتىن قورقۇش يۈزىسىدىن بولسا، يامان سانالمايدىغانلىقى.

**41 ـ ئەبۇ ئابدۇللاھ خەبباب ئىبنى ئەرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىشقا ھال ئېيتقىلى كەلسەك، ئۇ كەئبىنىڭ سايىسىدا چاپىنىنى بېشىغا قويۇپ يېتىپتىكەن، بىز ئۇنىڭغا: «ئاللاھ تائالادىن بىزگە نۇسرەت تەلەپ قىلمامسەن، بىزگە دۇئا قىلمامسەن»، دېسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قَد كَانَ مَنْ قَبْلَكُمْ يؤْخَذُ الرَّجُلُ فيُحْفَرُ لَهُ في الأَرْضِ فَيُجْعَلُ فِيهَا، ثمَّ يُؤْتِى بالْمِنْشارِ فَيُوضَعُ علَى رَأْسِهِ فيُجعلُ نصْفَيْن، ويُمْشطُ بِأَمْشاطِ الْحديدِ مَا دُونَ لَحْمِهِ وَعظْمِهِ، ما يَصُدُّهُ ذلكَ عَنْ دِينِهِ، واللَّه ليتِمنَّ اللَّهُ هَذا الأَمْر حتَّى يسِير الرَّاكِبُ مِنْ صنْعاءَ إِلَى حَضْرمْوتَ لا يخافُ إِلاَّ الله والذِّئْبَ عَلَى غنَمِهِ، ولكِنَّكُمْ تَسْتَعْجِلُونَ» «سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەردىن بولغان ئادەملەر تۇتۇپ كېلىنىپ، كولانغان ئورەكلەرگە تاشلىنىپ، ئۇلارنىڭ باشلىرى ھەرە بىلەن ھەرىدىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ باشلىرى ئىككى پارچە قىلىنىۋېتەتتى ۋە تۆمۈر تارغاقلار بىلەن ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى تارىلىپ، گۆشلىرى ئۇستىخانلىرىدىن ئاجرىتىلىۋېتەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى دىنىدىن ياندۇرۇۋېتەلمىگەنىدى. ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ تائالا ئىسلام دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىدۇ. ھەتتا سەنئادىن ھەزرەمەۋتكىچە بولغان ئارىلىقتا ماڭغان ئۇلاغلىق كىشىلەر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايدىغان بولىدۇ. پادىلىرى توغرۇلۇق بۆرىلەردىنلا ئەنسىرەيدۇ. لېكىن، سىلەر ئالدىراپ كېتىۋاتىسىلەر»، دېدى.**

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**يەنە بىر رىۋايەتتە: «وهُوَ مُتَوسِّدٌ بُرْدَةً» «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تونىنى بېشىغا قويۇپ يېتىپتۇ»، دېگەن سۆزنىڭ ئاخىرىغا، «وقَدْ لقِينَا مِنَ الْمُشْرِكِين شِدَّةً» «مۇشرىكلاردىن قاتتىق ئەزىيەتلەرگە ئۇچرىدۇق»، دېگەن ئىبارە قىستۇرۇلغان، دېيىلگەن.**

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەقىدە يولىدا تارتقان ئەزىيەت ـ ئازابلارغا سەۋر قىلىشنىڭ پەزىلىتى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى، شۇنىڭ بىلەن تىنچلىق ـ خاتىرجەملىكنىڭ ئومۇملىشىشى ھەققىدىكى كەلگۈسىدىن ئالدىن بېشارەت بەرگەن بېشارىتىنىڭ پەيغەمبەرلىك دەلىللىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدىغانلىقى.

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ھەر خىل ئەزىيەت ـ ئازابلارغا سەۋر قىلىشى، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھال ئېيتىشى زېرىكىش ۋە مالاللىقتىن بولماستىن، بەلكى ئۇلار تىنچ شارائىتتا پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىشنى ئارزۇ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئىكەنلىكى.

www.munber.org

4) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلەرگە ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن سالىھ بەندىلەرنىڭ دىندا قاتتىق سىناقلارغا دۇچ كېلىپ، سەۋر قىلغانلىقىنى ئۈلگە قىلىش يۈزىسىدىن ئېيتىپ ئۆتكەنلىكى.

5) ئىسلام دىنىنىڭ تىنچلىق دىنى ئىكەنلىكى.

**42 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ھۇنەين جېڭىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەنىيمەتلەرنى بۆلۈشتە بەزى كىشىلەرگە ئېتىبار بەردى. ئەقرەئە ئىبنى ھارىسقا 100 تۆگە، ئۇيەينە ئىبنى ھىسنىگە 100 تۆگە بەردى ۋە ئەرەبلەرنىڭ مۆتىۋەرلىرىگىمۇ تەقسىماتتا ئېتىبار بەردى. بىر كىشى: «ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ تەقسىماتتا ئادىللىق بولمىدى، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى كۆزدە تۇتۇلمىدى»، دېگەندى. مەن: «ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، بۇ گەپنى چوقۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزىمەن»، دېدىم. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇ گەپنى يەتكۈزگىنىمدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ، گويا قىزىل بوياق تۇسىگە كىردى. ئاندىن ئۇ: «فَمنْ يَعْدِلُ إِذَا لَمْ يعدِلِ اللَّهُ ورسُولُهُ؟ ثم قال: يرحَمُ اللَّهُ موسى قَدْ أُوْذِيَ بِأَكْثَرَ مِنْ هَذَا فَصبرَ» «ئاللاھ تائالا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلى ئادىل بولمىسا كىم ئادىل بولىدۇ؟»، دېدى. ئاندىن كېيىن: «ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلسۇنكى، ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا بۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئەزىيەت يەتكەندى. ئۇ سەۋر قىلغانىدى»، دېدى. مەن: «بۇنىڭدىن كېيىن مەن ھەرگىزمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا گەپ توشۇپ كەلمەيمەن»، دېدىم.** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) يامان، پەس ئادەملەرنى ئەيىپ قىلىش پەيغەمبەرلەرنىڭ قەدىمدىن بۇيانقى ئادىتى ئىكەنلىكى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبلەرنى دوستلاشتۇرۇشتىكى ھېكمىتى ۋە مۇلايىم، كەڭ قورساقلىقى.

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەردىن ئۆرنەك ئېلىشى.

4) پەيغەمبەرلەرمۇ ئوخشاشلا ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇمۇ ئادەملەرگە ئوخشاش ياخشىلىقتىن خۇشاللىنىپ، كۆڭۈلسىزلىكتىن خاپا بولىدىغانلىقى.

**43 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إِذَا أَرَادَ اللَّهُ بعبْدِهِ خَيْراً عجَّلَ لَهُ الْعُقُوبةَ في الدُّنْيَا، وإِذَا أَرَادَ اللَّه بِعبدِهِ الشَّرَّ أمسَكَ عنْهُ بذَنْبِهِ حتَّى يُوافِيَ بِهِ يَومَ الْقِيامةِ» **«ئەگەر ئاللاھ تائالا بىرەر بەندىسىگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازانى ئاخىرەتكە قالدۇرماي دۇنيادىلا بېرىۋېتىدۇ. ئەگەر ئاللاھ تائالا بىرەر بەندىسىگە يامانلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭ گۇناھىنىڭ جازاسىنى قىيامەت كۈنى تولۇق بېرىش ئۈچۈن،**



www.munber.org

ئاخىرەتكە قالدۇرىدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «إِنَّ عِظَمَ الْجزاءِ مَعَ عِظَمِ الْبلاءِ، وإِنَّ اللّٰه تعالى إِذَا أَحَبَّ قَوماً ابتلاهُمْ، فَمنْ رضِيَ فلَهُ الرضَا، ومَنْ سَخِطَ فَلَهُ السُّخْطُ» «كىشىگە يېتىدىغان بالايىئاپەت قانچە چوڭ بولسا، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ساۋابمۇ شۇنچە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن بىرەر قەۋمنى ياخشى كۆرسە، تۇرلۇك بالالار بىلەن ئۇنى سىنايدۇ، كىمكى ئۇنىڭغا رازى بولسا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولىدۇ. كىمكى ئۇنىڭدىن داتلىسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا غەزەپلىنىدۇ»، دېگەندى. — ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كىشىلەرنىڭ دىن يولىدا تۇرلۇك سىناقلارغا دۇچ كېلىدىغانلىقى.

2) مۇسىبەت، كېسەللىككە سەۋر قىلىش كىشىنىڭ گۇناھىنى يۇيىدىغانلىقى.

3) ئاللاھ تائالانىڭ توغرا يولدىكى بەندىسىنى ياخشى كۆرۈشى ئۇنى تۇرلۇك ئىشلار بىلەن سىناش ئارقىلىق بولىدىغانلىقى.

4) مۇئمىننىڭ دۇچ كەلگەن سىناقتىن دادلاپ، ئۈمىدسىزلىنىپ، شىكايەت قىلماستىن، ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىگە رازى بولۇشى كېرەكلىكى.

44 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ تەلھەنىڭ ئوغلى ئاغرىپ قېلىپ، ئۇ ئادەم تاپقىلى ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بالا ئۆلۈپ قالىدۇ. ئەبۇ تەلھە قايتىپ كېلىپ: «ئوغلۇم قانداق؟»، دەپ سورايدۇ. بالىنىڭ ئانىسى ئۇممۇ سۇلەيم: «بۇرۇنقىدەك خاتىرجەم ياتىدۇ»، دەيدۇ. ئاندىن كەچلىك تاماق ئېلىپ كېلىدۇ. كەچ كىرگەندە ئەبۇ تەلھە ئايالى بىلەن بىر تۆشەكتە بىرگە بولىدۇ. ئىش تۈگىگەندىن كېيىن ئۇممۇ سۇلەيم: «بالىنى دەپنە قىلىڭلار»، دەيدۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئەبۇ تەلھە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ بولغان ئىشنى ئېيتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَعرَّسْتُمُ اللَّيْلَةَ؟» «كېچىدە بىر تۆشەكتە بىللە بولدۇڭلارمۇ؟»، دەيدۇ. ئەبۇ تەلھە: «ھەئە»، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللَّهمَّ بارِكْ لَهُما» «ئى ئاللاھ! ئۇ ئىككىسىگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن»، دەپ دۇئا قىلىدۇ. كېيىن ئۇممۇ سۇلەيم بىر ئوغۇل تۇغىدۇ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: ئەبۇ تەلھە ماڭا بالىنى كۆتۈرۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بارغىن، دەپ بالا بىلەن بىرگە بىر نەچچە تال خورما ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَ معهُ شيْءٌ؟» «بالا بىلەن بىرەر نەرسە بارمۇ؟»، دېدى. مەن: ‹ھەئە، بىر نەچچە دانە خورما بار›، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ خورمىلارنى ئېلىپ چاينىغاندىن كېيىن ئاغزىدىن چىقىرىپ، بالىنىڭ ئاغزىغا سىلىپ ئېغىزلاندۇردى. بالىغا ئابدۇللاھ دەپ ئىسىم قويدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدە ئۇيەينەنىڭ ئوغلى مۇنداق دەيدۇ: ئەنسارىيلاردىن بىر كىشى ئېيتتى: مەن توققۇز بالىنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرئاننى يادلىغانلار بولۇپ، مۇشۇ ئابدۇللاھنىڭ بالىلىرى ئىدى.

مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە: ئەبۇ تەلھەنىڭ ئۇممۇ سۇلەيمدىن بولغان ئوغلى ئۆلۈپ كەتتى. ئۇممۇ سۇلەيم ئۆزىنىڭ بالىلىرىغا: « سىلەر ئەبۇ تەلھەگە بالىسى توغرۇلۇق مەن گەپ قىلمىغۇچە ھەرگىز گەپ قىلماڭلار »، دېدى. ئەبۇ تەلھە قايتىپ كەلدى. ئۇممۇ سۇلەيم ئۇنىڭغا كەچلىك تاماق ئېلىپ كەلدى. ئۇ يېدى ۋە ئىچتى. ئاندىن ئۇممۇ سۇلەيم ئىلگىرى ياسانغاندىنمۇ چىرايلىقراق ياساندى. ئاندىن ئەبۇ تەلھە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولدى. ئۇ ئايال ئەبۇ تەلھەنىڭ يەپ ـ ئىچىپ ۋە بىر تۆشەكتە بىللە بولۇپ بولغاندىن كېيىنكى كەيپىياتىنى كۆرۈپ: « ئېيتىپ باقە، ئەگەر كىشىلەر بىر ئائىلىدىن بىرەر نەرسىنى ئارىيەت ئالغان بولسا، ئاندىن شۇ ئائىلە ئارىيەت ئالغان نەرسىنى تەلەپ قىلسا، ئۇنى قايتۇرۇپ بەرمىسە بولامدۇ؟ »، دېدى. ئەبۇ تەلھە: « ياق »، دېدى. ئايالى: « ئۇنداقتا سەن ئوغلۇڭنىڭ ئىشىغا سەۋر قىلىپ، ساۋاب كۈت »، دېدى. ئەبۇ تەلھەنىڭ ئاچچىقى كېلىپ: « سەن مېنىڭ جۇنۇپ ھالەتتە تۇرغىنىمدا، ئوغلۇمنىڭ ئىشىنى ماڭا خەۋەر قىلدىڭمۇ؟ »، دېدى. ئاندىن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ بولغان ئىشنى بايان قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بَارِكَ اللَّه لكُما في لَيْلَتِكُما» « ئىككىڭلارنىڭ كېچىسىگە ئاللاھ تائالا بەرىكەت ئاتا قىلسۇن »، دېدى. ئۇممۇ سۇلەيم ھامىلىدار بولدى. ئۇممۇ سۇلەيم بىر سەپەردە رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەردىن قايتقاندا، مەدىنىگە كېچىسى كىرمەيتتى. ئۇلار مەدىنىگە ئاز قالغاندا، ئۇممۇ سۇلەيمنى تولغاق تۇتتى. ئەبۇ تەلھەمۇ توختاپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېڭىۋەردى. ئەبۇ تەلھە: « ئى رەببىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاچان سىرتقا چىقسا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىقىشنى شۇنچە ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە قايتىشنىمۇ شۇنچە ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئەلۋەتتە بىلىسەن، ھەقىقەتەن سەن كۆرۈۋاتقان ئىش بىلەن يولۇمدىن توختاپ قالدىم »، دېدى. ئۇممۇ سۇلەيم: « ئى ئەبۇ تەلھە! تولغاق ئازابى توختاپ قالدى، مېڭىۋەرگىن »، دېدى. ئاندىن بىز ماڭدۇق. مەدىنىگە كەلگەندە ئۇممۇ سۇلەيمنى يەنە تولغاق تۇتۇپ، بىر ئوغۇل تۇغدى. ئانام ماڭا: « ئى ئەنەس! تاكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئېغىزلاندۇرمىغۇچىلىك ئۇنى ھېچكىمگە ئەمگۈزمەڭلار »، دېدى. تاڭ ئاتقاندا ئۇنى كۆتۈرۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدىم. بالا بىلەن بىرگە بىر نەچچە تال خورما بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أمعهُ شَيْءٌ؟» « بالا بىلەن بىر نەرسە بارمۇ؟ »، دېدى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: « ھەئە، بىر نەچچە تال خورما بار »، دېدى.



www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئېلىپ چاينىدى. ئاندىن ئۇنى ئاغزىدىن چىقىرىپ بالىنىڭ ئاغزىغا سىلىپ ئېغىزلاندۇردى ۋە ئۇنىڭغا ئابدۇللاھ دەپ ئىسىم قويدى.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھەدىستە ئەقىل ـ پاراسەتلىك مۇسۇلمان ئايال، ئوبدان خوتۇننىڭ ئەمەلىي ئۈلگىسى كۆرسىتىپ بېرىلگەنلىكى.

2) بالىسىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋر قىلغان ئۇممۇ سۇلەيم سەۋرسىز ئاياللار ئۈچۈن ياخشى ئۆرنەك بولىدىغانلىقى.

3) بىرەر مۇسىبەت خەۋىرىنى يەتكۈزۈشتە، سىلىق ـ سىپايە گەپلەر بىلەن ئىپادىلەشنىڭ لازىملىقى.

4) ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببىتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش، ئۇنىڭ بەرىكەتلىك دۇئاسىغا ئېرىششكە بولغان ھېرىسمەنلىكى.

5) ئەر ـ خوتۇننىڭ بىر ـ بىرىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، قايغۇسىنى يەڭگىللىتىشى، ئوتتۇرىدىكى مۇھەببەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئۆزىنى تۈزەپ، ياسىنىپ يۈرۈشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكى.

6) ئاتا ـ ئانا بولغۇچىنىڭ بالىسىغا ياخشى مەنىلىك ئىسىملارنى تاللىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى، ئىسىملارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئابدۇللاھ ئىكەنلىكى.

7) كىمكى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بىرەر نەرسىنى تەرك ئېتىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى نەرسە تولدۇرۇپ بېرىدىغانلىقى.

45 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لَيْسَ الشديدُ بالصُّرَعةِ إنَّما الشديدُ الَّذي يَمْلِكُ نَفسَهُ عِنْدَ الْغَضَبِ» «چېلىشقاندا يەڭگەن نوچى ئەمەس، ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى بېسىۋالغان ئادەم ھەقىقىي نوچىدۇر». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىسلام دىنىدىكى كۈچ ـ قۇۋۋەت، باتۇرلۇق ئىبارىسىنىڭ مەنىسىنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدىكىگە ئوخشىمىغان ھالدا ئېسىل ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي خۇلقنى كۆرسىتىدىغانلىقى.

2) ئىنساننىڭ ئۆز نەپسى بىلەن كۈرەش قىلىشى ۋە ئۇنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇرۇشىنىڭ دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلغاندىن قىيىن ئىكەنلىكى.

3) مۇسۇلماننىڭ غەزەپ، ئاچچىقلىنىشتىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشىنىڭ لازىملىقى، ئاچچىقنىڭ كىشىگە جىسمانىي، پسىخىكىلىق ۋە ئىجتىمائىي زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقى.

46 ـ سۇلايمان ئىبنى سۇرەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئولتۇراتتىم. ئىككى ئادەم تىللىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنىڭ يۈزى قىزىرىپ، تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إنِّي لأعلَمُ كَلِمةً لَوْ قالَهَا لَذَهَبَ عنْهُ ما يجِدُ، لوْ قَالَ: أَعْوذُ بِاللّهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ ذَهَبَ عنْهُ ما يجدُ» «ھەقىقەتەن مەن بىر سۆز بىلىمەنكى، ئۇ ئادەم ئۇنى ئېيتسا



www.munber.org

ئاچچىقى يانىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ‹اَعُوذُ بِاللَّهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ› ، دېگەندىن ئىبارەت » ، دېدى. ساھابىلەر غەزەپلەنگەن كىشىگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «‹اَعُوذُ بِاللَّهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ›، دېگىن »، دېدى، دەپ خەۋەر قىلدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بۇ ھەدىس ﴿وَإِمَّا يَنزَغَنَّكَ مِنَ الشَّيْطَانِ نَزْغٌ فَاسْتَعِذْ بِاللَّهِ إِنَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ﴾ ﴿ئەگەر شەيتان ساڭا ۋەسۋەسە قىلسا، ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن، ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە ئەئراف 200 ـ ئايەت) دېگەن ئايەتتىن ئېلىنغان بولۇپ، شەيتان غەزەپنى قوزغايدۇ. غەزەپ، ئاچچىق بولسا دىن ۋە دۇنيالىقتا كىشىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. شۇڭا، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ پاناھ تىلەش بىلەن قۇتۇلغىلى بولىدىغانلىقى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر قانداق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ساھابىلىرىگە تەلىم بېرىدىغانلىقى.

47 ـ مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ كظَمَ غيظاً ، وهُو قَادِرٌ عَلَى أَنْ يُنْفِذَهُ ، دَعَاهُ اللَّهُ سُبْحانَهُ وتَعالَى عَلَى رُؤُوسِ الْخلائقِ يَوْمَ الْقِيامَةِ حَتَّى يُخَيِّرَهُ مِنَ الْحُورِ الْعِينِ مَا شَاءَ» «كىمكى ئاچچىقى بويىچە ئىش قىلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق ئاچچىقىنى يۇتسا، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ئۇ ئادەمنى خالايىقلارنىڭ ئالدىدا چاقىرىپ، گۈزەل ھۆرلەردىن خالىغىنىنى تاللاش ئىختىيارىنى بېرىدۇ». — ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مۆئمىننىڭ ئاچچىقىنى بېسىشقا بۇيرۇلغانلىقى.

48 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ماڭا نەسىھەت قىلىپ قويغىن»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لا تَغضَبْ» «ئاچچىقلانمىغىن»، دېدى. ئۇ ئادەم يەنە «ماڭا نەسىھەت قىلىپ قويغىن»، دېگەن سۆزنى بىر قانچە قېتىم تەكرارلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لا تَغضَبْ» «يەنىلا ئاچچىقلانما»، دەپ جاۋاب بەردى.

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاچچىقلىنىش، غەزەپنىڭ كىشىگە كەلتۈرىدىغان زىيانلىرى.

2) دۇنيا ئىشلىرىدا ئاچچىقلىنىش، غەزەپ قىلىشنىڭ ئەيىبلىنىدىغانلىقى.

49 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَا يَزَال الْبَلاءُ بِالْمُؤْمِنِ وَالْمؤمِنَةِ في نَفْسِهِ وَولَدِهِ ومَالِهِ حَتَّى يَلْقَى اللَّه تعالى وَمَا عَلَيْهِ خَطِيئَةٌ» «مۇئمىن ئەر ۋە مۇئمىن ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ جانلىرىدا، بالىلىرىدا، ماللىرىدا مۇسىبەتلەرگە يولۇقۇپ تۇرىدۇ، ئاخىر گۇناھلاردىن پاك بولغان ھالدا ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا بارىدۇ». — تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مۇئمىن ئەر ۋە مۇئمىن ئايالنىڭ تۇرلۇك بالالار بىلەن سىنىلىپ تۇرىدىغانلىقى.

2) ئاللاھ تائالا « قۇرئان كەرىم »دە: ﴿وَلَنَبْلُوَنَّكُمْ بِشَيْءٍ مِّنَ الْخَوفْ وَالْجُوعِ وَنَقْصٍ مِّنَ الأَمَوَالِ وَالأنفُسِ وَالثَّمَرَاتِ﴾ ﴿بىز سىلەرنى بىر ئاز قورقۇنچ بىلەن، بىر ئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز﴾ (« قۇرئان كەرىم » سۈرە بەقەرە 155 ـ ئايەت) دېگەن. ھەدىستە سىنالغۇچى مۇئمىنلەرگە بېرىلىدىغان ساۋابتىن خۇش خەۋەر بېرىلگەن.

**50 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇيەينە ئىبنى ھىسنى كېلىپ قېرىندىشىنىڭ ئوغلى ھۇر ئىبنى قەيسنىڭكىگە چۈشتى. ئۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېقىنلىرىدىن ئىدى. قارىيلار مەيلى قېرى بولسۇن، مەيلى ياش بولسۇن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆھبەتداش كىشىلىرى ۋە مەسلىھەتچىلىرى ئىدى. ئۇيەينە قېرىندىشىنىڭ ئوغلىغا: «ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى، سېنىڭ خەلىفىنىڭ ئالدىدا يۈزۈڭ بار. كۆرۈشۈشكە ماڭا رۇخسەت ئېلىپ بەرسەڭ»، دېدى. خەلىفە ئۆمەر ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى. ئۇيەينە كىرىپ: «ئى خەتتابنىڭ ئوغلى! ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، سەن بىزگە كۆپ نەرسە بەرمىدىڭ، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئادىل ھۆكۈم قىلمىدىڭ»، دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاچچىقى كەلدى. ھەتتا ئۇنى ئۇرماقچىمۇ بولدى. ئاندىن ھۇر ئىبنى قەيس ئۇنىڭغا: «ئى مۇئمىنلەرنىڭ خەلىفىسى، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ئۆز پەيغەمبىرىگە ﴿خُذِ الْعَفْوَ وَأْمُرْ بِالْعُرْفِ وَأَعْرِضْ عَنِ الجاهلِينَ﴾ ﴿ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا (يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرۇغىن ۋە نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن (يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم مۇئامىلىدە بولغىن)﴾، (« قۇرئان كەرىم » سۈرە ئەئراف 199 ـ ئايەت) دېگەنىدى. ھەقىقەتەن ئۇ نادانلاردىندۇر»، دېدى. ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، ئايەت ئوقۇلۇۋاتقان چاغدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جىم تۇردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى ئوقۇلغان چاغدا ھەر قانداق ئىشتىن توختايتتى.**

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) « قۇرئان كەرىم »نى يادلىغان قارىيلارنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقى، ئۇلارنىڭ ئورنى توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىملاردا قۇرئان ئوقۇپ جان بېقىش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئاندىكى ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلغۇچى ئالىملار بولۇشى بىلەن ئۆلچىنىدىغانلىقى.

2) ئىش ئۈستىدىكىلەرنىڭ ياخشى ھەمسۆھبەت بولىدىغان ۋە توغرا مەسلىھەت بېرىدىغان كىشىلەرنى سىرداش، دوست تۇتۇشى كېرەكلىكى.

**51 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّهَا سَتكُونُ بَعْدِى أَثَرَةٌ وَأُمُورٌ تُنْكِرونَها» «مەندىن كېيىن نەپسانىيەتچىلىك ۋە سىلەر خوپ كۆرمەيدىغان بىر مۇنچە ئىشلار مەيدانغا**

كېلىدۇ»، دېدى. بىز: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ چاغدا بىزنى نېمىگە بۇيرۇيسەن؟ »، دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تُؤَدُّونَ الْحقَّ الَّذي عَلَيْكُمْ وتَسْألونَ اللّه الذي لكُمْ» «سىلەر ئۈستۈڭلاردىكى ھەقنى ئادا قىلىڭلار، ھەققىڭلارنى ئاللاھ تائالادىن سوراڭلار»، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مۇئمىنلەرنى تەقدىرنىڭ ياخشى ۋە يامانلىقلىرىغا رازى بولۇش، ئۇنىڭغا سەۋر قىلىشقا بۇيرۇش.

2) ھەممىنى بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ تائالاغا بويسۇنۇش.

52 ـ ئەبۇ يەھيا ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئەنسارىيلاردىن بىر كىشى: «ئى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى! پالانى كىشىگە ئەمەل بەرگىنىڭگە ئوخشاش ماڭىمۇ ئەمەل بەرمەمسەن؟ »، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إِنَّكُمْ سَتَلْقَوْنَ بَعْدي أَثَرَةً فاصْبِرُوا حَتَّى تلقَوْنِي علَى الْحوْضِ» «سىلەر ھەقىقەتەن مەندىن كېيىن نەپسانىيەتچىلىكلەرگە دۇچار بولىسىلەر، بۇ ئىشتا تاكى ھەۋزى كەۋسەردە ماڭا مۇلاقات بولغۇچە سەۋر قىلىڭلار»، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلاردىن ئالدىن خەۋەر بېرىشتەك مۆجىزىسى.

2) ئۆزى ئەمەل تۇتۇشقا ئەڭ لايىق بولغان ۋە شۇ ئىشنى قىلىشقا ئۆزىدىن باشقا مۇناسىپ ئادەم بولمىغان ئەھۋالدىن باشقا شارائىتتا ئەمەل تەلەپ قىلماسلىقنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكى.

53 ـ ئەبۇ ئىبراھىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇش قىلغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، دۈشمەننى تاكى كۈن قايرىلغۇچە كۈتتى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ: «يَا أَيُّهَا النَّاسُ لا تَتَمنَّوا لِقَاءَ الْعدُوِّ، وَاسْأَلُوا اللَّه العَافِيَةَ، فَإِذَا لقيتُموهم فاصْبرُوا، وَاعْلَمُوا أَنَّ الْجَنَّة تَحْتَ ظِلاَلِ السُّيُوفِ» «ئى خالايىق! دۈشمەنلەر بىلەن ئۇچرىشىشنى ئۈمىد قىلماڭلار ۋە ئاللاھ تائالادىن خاتىرجەملىك سوراڭلار. ئەگەر دۈشمەن بىلەن ئۇچراشساڭلار چىداملىق بولۇڭلار، بىلىڭلاركى جەننەت قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدىدۇر»، دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللَّهُمَّ مُنْزِلَ الْكِتَابِ وَمُجْرِيَ السَّحَابِ، وَهَازِمَ الأَحْزابِ، اهْزِمْهُمْ وَانْصُرْنا عَلَيْهِمْ» «ئى كىتابنى نازىل قىلغۇچى، بۇلۇتلارنى ماڭدۇرۇپ بەرگۈچى، قوشۇنلارنى ھالاك قىلغۇچى ئاللاھ تائالا! ئۇلارنى ھالاك قىلغىن، ئۇلارغا قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن»، دەپ دۇئا قىلدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئۇرۇش قىلىشنىڭ تەييارلىقى كۈچىنى توپلاپ، ئوبدان تەييارلىق قىلىش، دۈشمەن بىلەن يۈزلىشىش ئۈچۈن ئاتلىنىش ۋە گۇناھلىق ئىشلارنى تەرك ئېتىپ،



www.munber.org

چىن ئىخلاسى بىلەن ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلەپ دۇئا قىلىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2) باشقا كۈن چۈشكەن ئېغىر پەيتلەردە ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ، دۇئا قىلىشنىڭ شەرىئەتتە تەشەببۇس قىلىنىدىغانلىقى.

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ۋە ئۈممىتىگە بولغان رەھمىتى.

4) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنى دۈشمەن بىلەن يۈزمۇيۈز مۇلاقات بولۇشنى ئارزۇ قىلىشتىن چەكلىگەنلىكى.

5) ئۇرۇش قىلىشتا پەقەت ماددىي كۈچكىلا تايىنىۋېلىپ، ئېھتىيات قىلىش بىلەن كەسكىن بولۇشقا سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقى.

## 4 . باب راستچىللىق توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اتَّقُواْ اللّهَ وَكُونُواْ مَعَ الصَّادِقِينَ﴾ ﴿ئى مۆئمىنلەر! ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە تەۋبە 119 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالصَّادِقِينَ وَالصَّادِقَاتِ.... أَعَدَّ اللَّهُ لَهُم مَّغْفِرَةً وَأَجْرًا عَظِيمًا﴾ ﴿راستچىل ئەرلەر ۋە راستچىل ئاياللارغا.... ئاللاھ تائالا مەغفىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەھزاب 35 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلَوْ صَدَقُوا اللَّهَ لَكَانَ خَيْرًا لَّهُمْ﴾ ﴿ئۇرۇش قارار قىلىنغان چاغدا، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا سادىق بولۇشسا، ئەلۋەتتە ئۇلار ئۈچۈن ياخشى ئىدى﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە مۇھەممەد 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

54 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ الصِّدْقَ يَهْدِي إِلَى الْبِرِّ وَإِنَّ الْبِرَّ يَهْدِي إِلَى الْجَنَّةِ، وَإِنَّ الرَّجُلَ لَيَصْدُقُ حَتَّى يُكْتَبَ عِنْدَ اللَّهِ صِدِّيقاً، وَإِنَّ الْكَذِبَ يَهْدِي إِلَى الفجُورِ وَإِنَّ الفجُورَ يَهْدِي إِلَى النَّارِ، وَإِنَّ الرَّجُلَ لَيَكْذِبُ حَتَّى يُكتَبَ عِنْدَ اللَّهِ كَذَّاباً» «ھەقىقەتەن راستچىللىق ياخشىلىققا باشلايدۇ. ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ. بىر ئادەم راست سۆز قىلىۋەرسە، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا راستچىل دەپ پۈتۈلىدۇ. يالغانچىلىق بولسا گۇناھقا باشلايدۇ. گۇناھ دوزاخقا باشلايدۇ. بىر ئادەم يالغانچىلىق قىلىۋەرسە، ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا يالغانچى دەپ پۈتۈلىدۇ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) راستچىللىقنى دوست تۇتۇش، چۈنكى ئۇ بارلىق ياخشىلىقنىڭ سەۋەبىدۇر. يالغانچىلىقتىن ھەزەر ئەيلەش، چۈنكى ئۇ بارلىق يامانلىقنىڭ مەنبەسىدۇر. كىمكى قانداق



www.munber.org

سۈپەت بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا نامى چىقىدىكەن، ئۇنى شۇنداق نەرسە بىلەن سۈپەتلەشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

2) ئىنسانغا بېرىلىدىغان ساۋاب ۋە جازانىڭ ئىنساننىڭ قىلغان ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرىگە يارىشا بولىدىغانلىقى.

**55 ـ ھەسەن ئىبنى ئەلي ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىدىن شۇنى ئېسىمگە ئېلىۋالغانىدىم:** «دَعْ ما يَرِيبُكَ إِلَى مَا لا يَرِيبُكَ، فَإِنَّ الصِّدْقَ طُمأنينَةٌ، وَالْكَذِبَ رِيبةٌ» **«سەن شەكلىنىدىغان نەرسىنى قويۇپ، شەكلەنمەيدىغان نەرسىنى تۇتقىن، چوقۇم راستچىللىق دىلنىڭ خاتىرجەملىكىدۇر، يالغانچىلىق دىلغۇللۇقتۇر».**

— تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: شۈبھىلىك ئىشلاردىن ساقلىنىش، ھالاللىقى ئېنىق بولغان ئىشلارنى قىلىش، چۈنكى شەكلىنىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىش بىلەن مۇئمىن ئۆزىنىڭ دىنىنى ۋە نام ـ شەرىپىنى قوغداپ قالىدىغانلىقى.

**56 ـ ئەبۇ سۇفيان سەخىر ئىبنى ھەرب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رۇم پادىشاھى ھىرەقلنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىپ يازغان مەكتۇبىنى تاپشۇرۇۋالغاندىكى ۋەقەلىكنى بايان قىلغان ئۇزۇن ھەدىسىدە مۇنداق دەيدۇ: ھىرەقلى مەندىن: «سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلار سىلەرنى نېمىگە ئۈندەيدۇ»، دەپ سورىدى. مەن:** «اعْبُدُوا اللَّهَ وَحْدَهُ لا تُشرِكُوا بِهِ شَيْئاً، واتْرُكُوا ما يَقُولُ آباؤُكُمْ، ويَأْمُرنَا بالصَّلاةِ والصِّدقِ، والْعفَافِ، والصِّلَةِ» **«بىرلا ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىنى تاشلاشقا، ناماز ئوقۇشقا، راستچىللىققا، ئىپپەتلىك بولۇشقا ۋە ئۆزئارا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ»، دېدىم.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىل ئىكەنلىكى ۋە مۇشۇ سۈپەت بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا مەشھۇر بولۇپ، دۈشمەنلىرىنىڭمۇ بۇنىڭغا ئىقرار ئىكەنلىكى.

2) ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ مۇھىم يادروسى ـــ ئاللاھ تائالانى بىر دەپ تونۇش، ھېچقانداق نەرسىنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرمەسلىك ئىكەنلىكى. بۇ تەۋھىد بولسا بارلىق پەزىلەتلەرنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكى.

3) قارىغۇلارچە دوراشتىن ساقلىنىش، بولۇپمۇ دىنىي ئىشلاردا تېخىمۇ شۇنداق قىلىش كېرەكلىكى.

**57 ـ سەھل ئىبنى ھۇنەيف بەدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «مَنْ سَأَلَ اللَّهَ تعالَى الشَّهَادَةَ بِصِدْقٍ بَلَّغهُ اللَّهُ مَنَازِلَ الشُّهدَاء، وإِنْ مَاتَ عَلَى فِراشِهِ» **«كىمكى ئاللاھ تائالادىن چىن دىل بىلەن شېھىتلىكنى**



www.munber.org

سورىسا، ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ تۇشكىدە ئۆلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئاللاھ تائالا ئۇنى شېھىتلەرنىڭ دەرىجىسىگە يەتكۈزىدۇ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) چىن دىل بىلەن سەمىمىي بولۇش مۇئمىننى ئارزۇسىغا يەتكۈزىدۇ. ئەگەر ئۇ بىرەر ياخشىلىقنى نىيەت قىلىپ، قىلالمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا شۇنىڭ ساۋابى بېرىلىدىغانلىقى.

2) شېھىتلىكنى ئارزۇ قىلىش ياخشى كۆرۈلىدىغان ئىشلار جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى.

58 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «غزا نَبِيٌّ مِنَ الأنْبِياءِ صلواتُ اللّٰه وسلامُهُ علَيهِمْ فَقَالَ لقوْمِهِ: لا يتْبعْني رَجُلٌ ملَكَ بُضْعَ امْرَأَةٍ. وَهُوَ يُرِيدُ أن يَبْنِيَ بِهَا وَلَمَّا يَبْنِ بِها، ولا أحدٌ بنَى بيُوتاً لَمْ يرفع سُقوفَهَا، ولا أَحَدٌ اشْتَرى غَنَماً أَوْ خَلَفَاتٍ وهُو يَنْتَظرُ أوْلادَهَا. فَغزَا فَدنَا مِنَ الْقَرْيَةِ صلاةَ الْعصْرِ أَوْ قَرِيباً مِنْ ذلكَ، فَقَال للشَّمس: إِنَّكِ مَأْمُورةٌ وأَنا مأْمُورٌ، اللهمَّ احْبسْهَا علَينا، فَحُبستْ حَتَّى فَتَحَ اللَّهُ عليْهِ، فَجمَعَ الْغَنَائِم، فَجاءَتْ يَعْنِي النَّارَ لتَأْكُلهَا فَلَمْ تطْعمْهَا، فقال: إِنَّ فِيكُمْ غُلُولاً، فليبايعنِي منْ كُلِّ قبِيلَةٍ رجُلٌ، فلزِقتْ يدُ رَجُلٍ بِيدِهِ فَقَالَ: فِيكُم الْغُلولُ، فليبايعنِي قبيلَتُك، فلزقَتْ يدُ رجُليْنِ أو ثلاثَةٍ بِيَدِهِ فقَالَ: فِيكُمُ الْغُلُولُ، فَجاءوا برأْسٍ مِثْلِ رَأْس بقَرَةٍ مِنْ الذَّهبِ، فوضَعها فَجَاءَت النَّارُ فَأَكَلَتها، فلمْ تَحل الْغَنَائِمُ لأحدٍ قَبلَنَا، ثُمَّ أَحَلَّ اللَّهُ لَنا الغَنَائِمَ لَمَّا رأَى ضَعفَنَا وعجزَنَا فأَحلَّها لنَا» «پەيغەمبەرلەردىن بىرى (يەنى يۈشەئ ئىبنى نۇن) غازاتقا چىقتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قەۋمىگە مۇنداق دېدى: ‹ئۆيلىنىپ ئايالى بىلەن بىر ياستۇققا باش قويماقچى بولغان، تېخى بىرگە بولمىغان كىشى، يەنە ئۆي سېلىپ ئۈينىڭ ئۈستىنى يېپىپ بولمىغان كىشى ۋە ساغلىق ياكى بوغاز تۆگە سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭ تۇغۇشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان كىشى ماڭا ئەگەشمىسۇن›، دېدى. ئاندىن ئۇرۇش قىلدى. ناماز ئەسىر ۋاقتىدا ياكى ئاز قالغاندا ئۇ بىر شەھەرگە (يەنى ئەرىھاغا) يېقىنلاشتى. ئۇ قۇياشقا: ‹سەنمۇ بۇيرۇق بىلەن ماڭىسەن، مەنمۇ بۇيرۇق بىلەن ماڭىمەن، ئى ئاللاھ! ئۇنى بىزگە توختىتىپ بەرگىن›، دېدى. تاكى ئۇلار غەلىبە قىلغۇچە كۈن توختىتىپ قويۇلدى. ئۇلار غەنىيمەتلەرنى يىغدى، غەنىيمەتلەرنى كۆيدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن ئوت غەنىيمەتلەرنى كۆيدۈرمەي قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئىچىڭلاردا قارا ساناش ئىشلىرى بار ئىكەن، ماڭا ھەر بىر قەبىلىدىن بىر كىشى قولىنى بەرسۇن›، دېدى. ئاندىن بىر كىشىنىڭ قولى ئۇنىڭ قولىغا چاپلىشىپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا قارا ساناش بار ئىكەن، سېنىڭ قەبىلەڭ ماڭا قول بەرسۇن›، دېدى. ئاندىن ئىككى ياكى ئۈچ ئادەمنىڭ قولى ئۇنىڭ قولىغا چاپلىشىپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: ‹ئىچىڭلاردا قارا ساناش ئىشلىرى بار ئىكەن›، دېدى. ئاندىن ئۇلار ئالتۇندىن ياسالغان كالىنىڭ بېشىغا ئوخشاش بىر باشنى ئەكېلىپ قويدى. ئاندىن ئوت كېلىپ ئۇنى كۆيدۈردى. غەنىيمەتلەر بىزدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەردىن ھېچبىرىگە ھالال ئەمەس ئىدى. ئاللاھ تائالا بىزنىڭ

ئاجىزلىقىمىزنى ۋە كەمبەغەللىكىمىزنى كۆرۈپ، غەنىيمەتلەرنى بىزگە ھالال قىلىپ بەردى››.
— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر يۇقىرىقى ئۈچ تۈرلۈك كىشىنى ئۆزىگە ئەگىشىپ ئۇرۇش قىلىشتىن توسقان. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇ كىشىلەرنىڭ دىللىرى ئاشۇ سەۋەبلەرگە باغلىنىپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇشتىكى ئىرادىسى ئاجىزلىشىپ كېتىدىغانلىقى، قىزغىنلىقى ئاسانلا سوۋۇپ كېتىدىغانلىقى.

2) دۈشمەن بىلەن كۈرەش قىلغۇچىلارنىڭ دۇنيا ئىشلىرىدىن بىكار بولۇپ پۈتۈن ئىخلاسى ۋە زېھنى بىلەن ئۇرۇشقا كىرىشى لازىملىقى.

3) ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرگە مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلغانلىقى.

4) جانسىز نەرسىلەردە ھېچقانداق ئىختىيار ۋە مەسئۇلىيەت بولمايدىغانلىقى، ئەمما ئادەملەرنىڭ بولسا شەرئىي ئەھكاملىرىنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقى.

5) ئۆتكەن ئۈممەتلەرگە غەنىيمەت ھالال قىلىنمىغان بولۇپ، ئاسماندىن چۈشكەن ئوتنىڭ غەنىيمەتلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغانلىقى. ئەمما، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە غەنىيمەتلەرنى ھالال قىلىپ بەرگەنلىكى. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى.

**59 ـ ھەكىم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ‹‹الْبَيِّعَان بالخِيارِ ما لم يَتفرَّقا، فإن صدقَا وبيَّنا بُورِك لهُما في بَيعْهِما، وإن كَتَما وكذَبَا مُحِقَتْ بركةُ بيْعِهِما›› ‹‹ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى سودىلاشقان جايىدىن يۆتكىلىپ كەتمىسىلا، ئۇلارنىڭ سودىنى بۇزۇش ئىختىيارى بولىدۇ. ئەگەر سودىسىدا راست گەپ قىلىشسا، مالنىڭ ئەيىبلىرىنى يوشۇرۇشمىسا، ئۇلارنىڭ سودىسى بەرىكەتلىك بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇلار مالنىڭ، پۇلنىڭ ئەيىبلىرىنى يوشۇرۇشسا، سودا ئۈستىدە يالغان گەپ قىلىشسا، قىلغان سودىسىنىڭ بەرىكىتى ئۆچۈپ كېتىدۇ››.**
— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) شافىئىي مەزھىپىدىكىلەر ھەدىستە ئېيتىلغان ئايرىلىپ كەتمەسلىكنى سودىلاشقان جايىدىن ئايرىلىپ كەتمەسلىك دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئەمما، ھەنەفىي مەزھىپىدىكىلەر بۇنى ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچىنىڭ « مانچە پۇلغا ساتتىم، مانچە پۇلغا ئالدىم »، دېگەن سۆزىنىڭ بىردەك بولۇشى دەپ چۈشەندۈرىدۇ. يەنى، ساتقۇچى « بۇنى ئون كويغا ساتتىم »، دېگەن بولسا ئالغۇچى: « 20 كويغا ئالدىم »، دېسە، بۇ سۆزنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن سودىنى بۇزۇش ئىختىيارى بولىدۇ.

2) مۇئمىنلەرنىڭ سودا ـ سېتىقتا مالنىڭ ئەيىبىنى ئېيتىش كېرەكلىكى، ئۇنى يوشۇرۇشنىڭ ھاراملىقى. ئەگەر ئەيىبىنى ئاشكارىلىسا، ئۇلىمالار ئېيتقاندەك شەرت بىلەن سودىنى بۇزۇش ئىختىيارى بولىدىغانلىقى.

3) يالغانچىلىقنىڭ ھەرقانداق ئىشنىڭ بەرىكىتىنى ئۆچۈرۈۋېتىدىغانلىقى.



www.munber.org

4) خۇددى سودىگەر ئۆز سودىسىدا راستچىل بولسا، ئالدامچىلىق قىلمىسا، ئۇنىڭ سودىسىغا بەرىكەت ياغقاندەك، بەندىمۇ ئاللاھ تائالاغا قىلغان ئىبادىتىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەمەس، چىن ئىخلاسى بىلەن قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا تېگىشلىك ساۋاب بېرىدىغانلىقى.

## 5. باب ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِي يَرَاكَ حِينَ تَقُومُ۞ وَتَقَلُّبَكَ فِي السَّاجِدِينَ﴾ ﴿ئاللاھ سېنى نامازغا قوپقىنىڭدا كۆرۈپ تۇرىدۇ، ناماز ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى (سەجدىگە بارغانلىق، رۇكۇغا تۇرغانلىق ۋە قىيامدا تۇرغانلىق) ھەرىكىتىڭنى كۆرۈپ تۇرىدۇ﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە شۇئەرا 218 ـ، 219 ـ ئايەتلەر)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَهُوَ مَعَكُمْ أَيْنَ مَا كُنتُمْ وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ﴾ ﴿سىلەر قەيەردە بولماڭلار، ئاللاھ سىلەر بىلەن بىرگە، ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە ھەدىد 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللّهَ لاَ يَخْفَىَ عَلَيْهِ شَيْءٌ فِي الأَرْضِ وَلاَ فِي السَّمَاء﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، ئاسمان ۋە زېمىندىكى ھېچ نەرسە ئاللاھ تائالاغا مەخپىي ئەمەس﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە ئال ئىمران 5 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ رَبَّكَ لَبِالْمِرْصَادِ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭ (بەندىلەرنى) ئەلۋەتتە كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە فەجر 14 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَعْلَمُ خَائِنَةَ الأَعْيُنِ وَمَا تُخْفِي الصُّدُور﴾ ﴿ئاللاھ تائالا كۆزلەرنىڭ خىيانىتىنى ۋە دىللاردىكى يوشۇرۇن نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە غافىر 19 ـ ئايەت)

بۇ بابقا ئائىت ئايەتلەر كۆپتۇر ۋە مەلۇملۇقتۇر. ھەدىسلەرگە كېلىدىغان بولساق، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

60. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتۇق، تۇيۇقسىز قېشىمىزغا كىيىملىرى ئاپئاق، چاچلىرى قاپقارا بىر كىشى چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن سەپەر قىلغانلىق ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. ھېچ قايسىمىز ئۇنى تونۇمىدۇق. ئۇ ئىككى تىزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى تىزىغا تەگكۈزۈپ، ئىككى ئالقىنىنى ئىككى يوتىسىغا قويۇپ: «ئى مۇھەممەد! ماڭا ئىسلامنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگىن»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الإسلامُ أنْ تَشْهَدَ أنْ لا إلَهَ إلاَّ اللَّهُ، وأنَّ مُحَمَّداً رسولُ اللَّهِ وَتُقِيمَ الصَّلاَةَ، وَتُؤتِيَ الزَّكاةَ، وتصُومَ رَمضَانَ، وتَحُجَّ الْبيْتَ إنِ استَطَعتَ إلَيْهِ



www.munber.org

سَبِيلاً» «ئىسلام دېگەن بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى، دەپ گۇۋاھلىق بەرگەيسەن، پەرز نامازنى ئوقۇغايسەن، زاكات بەرگەيسەن، رامىزان روزىسىنى تۇتقايسەن، قادىر بولالىساڭ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىپ، ھەج قىلغايسەن»، دېدى. ئۇ كىشى: «راست ئېيتتىڭ»، دېدى. بىز ئۇ كىشىنىڭ ئۆزى سوراپ، ئۆزىنىڭ سورالغان سوئالىغا جاۋاب بېرىلسە، راست دەيسەن، دەپ تەستىقلىغىنىغا ئەجەبلەندۇق. ئاندىن ئۇ كىشى يەنە: «ماڭا ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگىن»، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «أَنْ تُؤْمِنَ بِاللَّهِ وملائِكَتِهِ، وكُتُبِهِ ورُسُلِهِ، والْيومِ الآخِرِ، وتُؤمِنَ بالْقَدَرِ خَيْرِهِ وشَرِّهِ» «ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلىرىگە، ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىغا، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە، قىيامەتكە، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەيسەن»، دېدى. ئۇ كىشى: «راست ئېيتتىڭ»، دېدى. ئاندىن: «ماڭا ئېھساننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگىن»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَنْ تَعْبُدَ اللَّه كَأَنَّكَ تَراهُ. فإِنْ لَمْ تَكُنْ تَراهُ فإِنَّهُ يَراكَ» «ئاللاھ تائالاغا خۇددى ئاللاھ تائالانى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىبادەت قىلغايسەن، گەرچە سەن ئاللاھ تائالانى كۆرەلمىسەڭمۇ، ئاللاھ تائالا سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ»، دېدى. ئۇ كىشى: «ماڭا قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگىن»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مَا المسْؤُولُ عَنْهَا بأَعْلَمَ مِن السَّائِلِ» «جاۋاب بەرگۈچى سورىغۇچىدىن ئارتۇق بىلمەيدۇ»، دېدى. ئۇ كىشى: «ماڭا قىيامەتنىڭ ئالدىن بولىدىغان ئالامەتلىرىنى ئېيتىپ بەرگىن»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَنْ تلدَ الأَمَةُ ربَّتَها، وَأَنْ تَرى الحُفَاةَ الْعُراةَ الْعالَةَ رِعاءَ الشَّاءِ يتَطاولُون في الْبُنيانِ» «دېدەك ئۆز خوجايىنىنى تۇغقان چاغدا، يالاڭ ئاياغ، نامرات پادىچىلار چوڭ ئىمارەتلەرنى سېلىش بىلەن پەخىرلەنگەن چاغدا قىيامەت يېقىنلاشقان بولىدۇ»، دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىشى بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. مەن بىر ھازاغىچە تۇرۇپ قاپتىمەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يا عُمرُ، أَتَدرِي مَنِ السَّائِلُ» «ئى ئۆمەر! سوئال سورىغۇچىنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟»، دېدى. مەن: «ئاللاھ تائالا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلى ئوبدان بىلگۈچىدۇر»، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «فَإِنَّهُ جِبْرِيلُ أَتَاكُمْ يُعلِّمُكم أَمردِينِكُمْ» «ئۇ جىبرىئىل بولىدۇ. ئۇ سىلەرگە دىنىڭلارنىڭ ئاساسلىرىنى تەلىم بەرگىلى كەلگەن»، دېدى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىسمى بىلەن چاقىرىشنىڭ ھۆرمەتسىزلىك بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دېگەن: ﴿لا تَجْعَلُوا دُعَاء الرَّسُولِ بَيْنَكُمْ كَدُعَاء بَعْضِكُم بَعْضًا﴾ ﴿پەيغەمبەرنى سىلەر بىر ـ بىرىڭلارنى چاقىرغاندەك چاقىرماڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە نۇر 63 ـ ئايەت) ھەدىستە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئى مۇھەممەد!»، دەپ چاقىرىشىدىكى سەۋەب بولسا، ئۆزىنىڭ پەرىشتە ئىكەنلىكىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ۋە ياكى ئايەتتىكى خىتاپ مۆئمىنلەرگە قىلىنغان خىتاپ بولۇپ، پەرىشتىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.



www.munber.org

2) ئىمان بولسا دىنىنىڭ تۈپ قائىدىلىرىگە ئىشىنىشتۇر. ئىسلام بولسا شەرىئەت بەلگىلىگەن ئەھكاملارغا بويسۇنۇشتۇر. ئۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىگە باغلىنىشلىق، ئوخشىمىغان ئىككى ئۇقۇمدۇر. ئىمانسىز ئىسلام بولمايدۇ. ئىسلامسىز ئىمان بولمايدۇ. شەرىئەتتە ھەر ئىككىلىسى ئۆزىگە خاس مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندۇر.

3) كەلىمە شاھادەتنى ئېيتىشقا قادىر ئادەمنىڭ ئۇنى ئېيتىشى ئۇ ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادا ئىسلام ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلىشىنىڭ شەرتىدۇر.

4) جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىئالوگىدا سۆزلىشىش، سوئال ـ جاۋابنىڭ ئەدەبلىرى كۆرسىتىلگەن.

5) جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىدا ئولتۇرۇشىدا ئىلىم سورۇنلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئەدەب ـ ئەخلاق كۆرسىتىلگەندۇر.

6) قىيامەتنىڭ قاچان بولۇشى، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىمگە مەلۇم ئەمەستۇر. ئەمما ئاللاھ تائالا قىيامەتنىڭ بەزى ئالامەتلىرىنى ئېيتقان. بۇلاردىن ھەدىستە تىلغا ئېلىنغاندىن باشقا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مەيدانغا چىقىشى، دەججالنىڭ چىقىشى، كۈننىڭ غەربتىن چىقىشى قاتارلىقلار بار.

7) ئىنسانىنىڭ ھەر قاچان ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى كۆزىتىپ، ئەمەللىرىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى.

8) مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئۆز دىنىنىڭ ئاساسلىرى ۋە ئەھكاملىرىغا رىئايە قىلىشى، ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ھېس قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىمانىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۆز ئەمىلىنى تۈزەش لازىملىقى.

**61 ـ ئەبۇ زەر ۋە مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «اتَّقِ اللَّهَ حَيْثُمَا كُنْتَ وأَتْبِعِ السَّيِّئَةَ الْحسنةَ تَمْحُهَا، وخَالقِ النَّاسَ بخُلُقٍ حَسَنٍ» «قەيەردىلا بولساڭ، ئاللاھ تائالاغا تەقۋادار بولغىن ۋە بىرەر يامان ئىش قىلىپ سالساڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىرەر ياخشىلىق قىلغىن. ئۇ ياخشىلىق يامانلىقنى ئۆچۈرىدۇ. كىشىلەرگە چىرايلىق مۇئامىلىدە بولغىن».**

ـــ ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ياخشىلىق يامانلىقنى ئۆچۈرۈۋېتىدىغانلىقى. بۇ كىچىك گۇناھلاردا شۇنداق بولىدىغانلىقى. ئەمما، چوڭ گۇناھلاردا، ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ ھەققىگە چېتىشلىق بولمىغان گۇناھ بولىدىكەن، شەرتلىرى تولۇق بولغان تەۋبە بىلەن كىشىنىڭ گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنىدىغانلىقى.

2) كىشىلەرگە خۇش چىراي بولۇش، ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىك، ياخشىلىق قىلىش، كىشىلەرگە ئوبدان مۇئامىلىدە بولۇش، ئىسلام دىنىدىكى گۈزەل ئەخلاقلار جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى.

**62 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلىغىنىڭ كەينىگە مىنگىشىۋالغانىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يَا غُلامُ إنِّي أُعلِّمك كَلِمَاتٍ: احْفَظِ اللَّهَ يَحْفَظْكَ احْفَظِ اللَّهَ تَجِدْهُ تُجَاهَكَ، إذَا**

سَأَلْتَ فَاسْأَل اللّه، وَإِذَا اسْتَعَنْتَ فَاسْتَعِنْ بِاللَّهِ، واعلَمْ: أَنَّ الأُمَّةَ لَو اجتَمعتْ عَلَى أَنْ يـنفعُوكَ بِشيْءٍ، لَمْ يَـنْفعُوكَ إِلاَّ بِشَيْءٍ قَد كَتَبَهُ اللَّهُ لَكَ، وإِنِ اجْتَمَعُوا عَلَى أَنْ يَضُرُّوك بِشيْءٍ، لَمْ يَضُرُّوكَ إِلاَّ بَشَيْءٍ قد كَتَبَهُ اللَّه عليْكَ، رُفِعَتِ الأَقْلامُ، وجَفَّتِ الصُّحُفُ» «ئى ئوغۇل، مەن ساڭا بىر نەچچە سۆزنى ئۆگىتىپ قوياي: ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىپ تۇرغىن، ئاللاھ تائالامۇ سېنى ياد ئېتىدۇ. ئاللاھ تائالانى ياد ئەتكىن، ئاللاھ تائالانى ئالدىڭدىلا تاپىسەن. قاچانكى بىرەر نەرسە سورىماقچى بولساڭ، ئاللاھ تائالادىنلا سورا. بىلگىنكى، ئەگەر جىمىي ئادەملەر ساڭا بىرەر نەرسە بىلەن پايدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن يىغىلسىمۇ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ساڭا پۈتۈۋەتكەن نەرسىدىن باشقىنى بېرەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇلار ساڭا بىرەر نەرسە بىلەن زىيان يەتكۈزۈشكە يىغىلسىمۇ، ئاللاھ تائالا ساڭا پۈتۈۋەتكەن نەرسىدىن باشقا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. قەلەملەر كۆتۈرۈلدى، بەتلەر قۇرۇدى (يەنى تەقدىر ئاللىقاچان پۈتۈلۈپ بولدى)»، دېدى. — ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بەندىنىڭ رىزقى، كېسەلدىن ساقىيىشى، گۇناھلىرىنىڭ مەغفىرەت قىلىنىشى، غەلىبە قىلىشىدەك ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىمنىڭ قۇربى يەتمەيدىغان ئىشلاردا بىر ئاللاھ تائالادىن باشقىسىدىن سوراشنىڭ ھاراملىقى. ئادەتتە، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا ئۆتنە ئېلىش، قەرز ئېلىش، مەسلىھەت سوراشتەك ئىشلار بولسا بۇنىڭ سىرتىدا ئىكەنلىكى.

2) ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمىدىكى تەقدىرگە پۈتۈۋەتكەن ئىشلارنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقى، ئەمەلدىن قالمايدىغانلىقى. مەيلى ئۆتۈپ كەتكەن ياكى كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالاغا مەلۇم ئىكەنلىكى.

3) بەندىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشۈپ، ھەممىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەندە، قەلبى پەقەت بىر ئاللاھ تائالاغىلا باغلىنىپ، ئاللاھ تائالادىن ياردەم سورايدۇ. مانا بۇ ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىشنىڭ ھەقىقىتىدۇر.

4) ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىنى كۆزىتىپ، بىلىپ تۇرىدىغانلىقى، شۇڭا بەندىنىڭ ئۆز ئىشلىرىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇپ، ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىشى، ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكى، قۇدرىتى، بارلىق مەخلۇقاتنىڭ ئاللاھ تائالاغا موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى.

63 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: سىلەر شۇنداق بىر ئىشلارنى قىلىدىكەنسىلەركى، قارىشىڭلارچە ئۇ كىچىك ئىشلار ھېسابلىنىدىكەن، رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاقتىدا ئۇ ئىشلارنى بىز كىشىنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارغۇچى چوڭ ئىشلاردىن سانايتتۇق». — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بەندىنىڭ گۇناھىنى كىچىك ئىش ھېسابلىشى ئۇنىڭ ئاللاھ تائالادىن قورقۇشىنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرسەتسە، ئەكسىچە كىچىك ئىشلارنى چوڭ گۇناھ دەپ بىلىشى ئاللاھ تائالادىن قورقۇشىنىڭ، تەقۋالىقىنىڭ كۈچلۈكلىكىنى كۆرسىتىدىغانلىقى.

2) پەيغەمبەرلەردىن قالسا، ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرەت ـ ئەزىمىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ئاللاھ تائالادىن ئەڭ قورققۇچى تەقۋادار كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى بولۇپ، ئۇلار

www.munber.org

ئـاللاھ تائـالانـىڭ ئۇلـۇغ قۇدرىتىـگـە، مۆجىـزىلـىرىـگـە شـاھىـت بولـۇپ، كىچىـك ئـىشـلارنـىمۇ كـىشىـنى ھالاك قىلىدىغان چوڭ گۇناھ ھېسابلايدىغانلىقى.

64 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ اللَّهَ تَعَالَى يَغَارُ، وَغَيْرَةُ اللَّهِ تَعَالَى، أَنْ يَأْتِيَ الْمَرْءُ مَا حَرَّمَ اللَّهُ عَلَيْهِ» «ھەقىقەتەن ئـاللاھ تائـالا قورۇيدۇ، ئـاللاھ تائـالانـىڭ قورۇشى ئـاللاھ تائـالا ھارام قىلغان نەرسىنى قىلغان كىشىگە قارىتىلىدۇ». —— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بەندىنى ھارام ئىشلاردىن ساقلىنىشقا بۇيرۇش، چۈنكى ئۇ ئـاللاھ تائالانىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ.

65 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىم: «إِنَّ ثَلاَثَةً مِنْ بَنِي إِسْرائِيلَ: أَبْرَصَ، وأَقْرَعَ، وأَعْمَى، أَرَادَ اللَّهُ أَنْ يَبْتَلِيَهُمْ فَبعث إِلَيْهِمْ مَلَكاً، فأَتَى الأَبْرَصَ فقَالَ: أَيُّ شَيْءٍ أَحبُّ إِلَيْكَ؟ قَالَ: لَوْنٌ حسنٌ، وَجِلْدٌ حَسَنٌ، ويُذْهَبُ عنِّي الَّذي قَدْ قَذَرنِي النَّاسُ، فَمَسَحهُ فذَهَب عنهُ قذره وَأُعْطِيَ لَوْناً حَسناً. قَالَ: فَأَيُّ الْمالِ أَحَبُّ إِلَيْكَ؟ قال: الإِبلُ أَوْ قَالَ الْبَقَر (شَكَّ الرَّاوِي) فأُعْطِيَ نَاقَةً عُشراءَ، فَقَالَ: بارَك اللَّهُ لَكَ فِيها. فأَتَى الأَقْرعَ فَقَالَ: أَيُّ شَيْءٍ أَحب إِلَيْكَ؟ قال: شَعْرٌ حسنٌ، ويذْهبُ عنِّي هَذَا الَّذي قَذِرَني النَّاسُ، فمسحهُ عنْهُ. أُعْطِيَ شَعراً حسناً. قال فَأَيُّ الْمَالِ. أَحبُّ إِلَيْكَ؟ قال: الْبَقرُ، فأُعِطيَ بقرةً حامِلاً، وقَالَ: بَارَكَ اللَّهُ لَكَ فِيهَا. فَأَتَى الأَعْمَى فقَالَ: أَيُّ شَيْءٍ أَحَبُّ إِلَيْكَ؟ قال: أَنْ يردُّ اللَّهُ إِلَيَّ بَصَري فَأُبْصِرَ النَّاسَ فَمَسَحَهُ فردَّ اللَّهُ إِلَيْهِ بصرَهُ. قال: فَأَيُّ الْمَالِ أَحَبُّ إِليْكَ؟ قال: الْغنمُ فَأُعْطِيَ شَاةً والِداً فَأَنْتجَ هذَانِ وولَّدَ هَذا، فكَانَ لِهَذَا وَادٍ مِنَ الإِبِلِ، ولِهَذَا وَادٍ مِنَ الْبَقرِ، وَلَهَذَا وَادٍ مِنَ الْغَنَم. ثُمَّ إِنَّهُ أَتَى الأُبرص في صورَتِهِ وَهَيْئتِهِ، فَقَالَ: رَجُلٌ مِسْكِينٌ قدِ انقطعتْ بِيَ الْحِبَالُ في سَفَرِي، فَلا بَلاغَ لِيَ الْيَوْمَ إِلاَّ باللَّهِ ثُمَّ بِكَ، أَسْأَلُك بِالَّذي أَعْطَاكَ اللَّوْنَ الْحَسَنَ، والْجِلْدَ الْحَسَنَ، والْمَالَ، بَعيراً أَتبلَّغُ بِهِ في سفَرِي، فقالَ: الحقُوقُ كَثِيرةٌ. فقال: كَأَنِّي أَعْرفُكَ أَلَمْ تَكُنْ أَبْرص يَقْذُرُكَ النَّاسُ، فَقيراً، فَأَعْطَاكَ اللَّهُ، فقالَ: إِنَّما وَرِثْتُ هَذا المالَ كَابراً عَنْ كابِرٍ، فقالَ: إِنْ كُنْتَ كَاذِباً فَصَيَّرَكَ اللَّهُ إِلى مَا كُنْتَ. وأَتَى الأَقْرَع في صورتهِ وهيئَتِهِ، فَقَالَ لَهُ مِثْلَ ما قَالَ لهذَا، وَرَدَّ عَلَيْه مِثْلَ مَاردَّ هَذَّا، فَقَالَ: إِنْ كُنْتَ كَاذِباً فَصَيّرَكَ اللهُ إِليَ مَاكُنْتَ. وأَتَى الأَعْمَى في صُورتِهِ وهَيْئَتِهِ، فقالَ: رَجُلٌ مِسْكِينٌ وابْنُ سَبِيلٍ انْقَطَعَتْ بِيَ الْحِبَالُ في سَفَرِي، فَلا بَلاغَ لِيَ اليَوْمَ إِلاَّ بِاللَّهِ ثُمَّ بِكَ، أَسْأَلُكَ بالَّذي رَدَّ عَلَيْكَ بصرَكَ شَاةً أَتَبَلَّغُ بِهَا في سَفَرِي؟ فقالَ: قَدْ كُنْتُ أَعْمَى فَرَدَّ اللَّهُ إِلَيَّ بَصري، فَخُذْ مَا شِئْتَ وَدعْ مَا شِئْتَ فَوَاللَّهِ ما أَجْهَدُكَ الْيَوْمَ بِشْيءٍ أَخَذْتَهُ للَّهِ عزَّ وجلَّ. فقالَ: أَمْسِكْ مالَكَ فَإِنَّمَا ابْتُلِيتُمْ فَقَدْ رضيَ اللَّهُ عنك، وَسَخَطَ عَلَى صَاحِبَيْكَ» «بەنى ئىسرائىلدا بىر ئاق كېسەل، بىر تاز ۋە بىر ئەمادىن ئىبارەت ئۈچ ئادەمنى ئـاللاھ تائـالا سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ، ئۇلارغا بىر پەرىشتىنى ئەۋەتتى. پەرىشتە ئاق كېسەلنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ‹سەن قايسى نەرسىنى ئەڭ ياقتۇرىسەن؟›، دەپ سورىدى. ئۇ: ‹كىشىلەر مەندىن يىرگىنىدۇ. تېرەم تۈزۈلۈپ چىرايلىق رەڭدە بولۇشنى ئەڭ ياقتۇرىمەن›، دېدى. پەرىشتە ئۇنى سىلاپ قويۇۋېدى، ئۇنىڭ رەڭگى تۈزۈلۈپ، تېرىسى چىرايلىق بولۇپ كەتتى. پەرىشتە ئۇنىڭغا: ‹قايسى مالنى ئەڭ ياقتۇرىسەن؟›، دېدى. ئۇ: ‹تۆگىنى



www.munber.org

ياكى كالىنى (ئاق كېسەل بىلەن تازنىڭ بىرى تۆگىنى، بىرى كالىنى ياقتۇرىمەن دېگەن، كىمنىڭ نېمىنى دېگەنلىكى ئېسىمدە قالماپتۇ. ــــ رىۋايەت قىلغۇچىدىن) ياقتۇرىمەن›، دېدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا بىر بوغاز تۆگە ئاتا قىلدى. پەرىشتە ئۇنىڭغا: ‹مىلىڭ بەرىكەتلىك بولسۇن›، دېدى. پەرىشتە تازنىڭ يېنىغا كېلىپ: ‹سەن قايسى نەرسىنى ئەڭ ياقتۇرىسەن؟›، دېدى. تاز ‹كىشىلەر مەندىن يىرگىنىدۇ. بېشىم تۈزۈلۈپ چىرايلىق چېچىم بولۇشنى ئەڭ ياقتۇرىمەن›، دېدى. پەرىشتە ئۇنى سىلاپ قويۇۋېدى، بېشى تۈزۈلۈپ، چىرايلىق چاچ چىقتى. پەرىشتە ئۇنىڭغا: ‹قايسى مالنى ئەڭ ياقتۇرىسەن؟›، دېدى. ئۇ: ‹كالىنى ئەڭ ياقتۇرىمەن›، دېدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا بىر بوغاز كالا ئاتا قىلدى. پەرىشتە ئۇنىڭغا: ‹مىلىڭ بەرىكەتلىك بولسۇن›، دېدى. پەرىشتە ئەمانىڭ يېنىغا كېلىپ: ‹سەن قايسى نەرسىنى ئەڭ ياقتۇرىسەن؟›، دەپ سورىدى. ئەما: ‹ئاللاھ تائالا كۆزۈمنى ئېچىۋەتسە، كىشىلەرنىڭ چىرايلىرىنى كۆرسەم ئىكەنمەن›، دېدى. پەرىشتە سىلاپ قويۇۋېدى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ كۆزىنى ئېچىۋەتتى. پەرىشتە ئۇنىڭدىن: ‹قايسى مالنى ئەڭ ياقتۇرىسەن؟›، دېدى. ئۇ: ‹قوينى ئەڭ ياقتۇرىمەن›، دېدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا بىر ساغلىق ئاتا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ماللىرى كۆپىيىپ ئاق كېسەل بىر ئويمان تۆگىگە، تاز بىر ئويمان كالىغا، ئەما بىر ئويمان قويغا ئىگە بولۇپ قالدى. ئاندىن كېيىن پەرىشتە ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى سۈرىتى ۋە تۇرقىدا كېلىپ، ئاق كېسەلگە: ‹مەن مىسكىن ئادەممەن، سەپىرىمدە رىزىقنىڭ يولىنى تېپىشتىن ئامالسىز قالدىم. بۈگۈن تىلىكىمنىڭ ھەل بولۇشى ئاللاھ تائالادىن قالسا ساڭىلا باغلىق بولۇپ قالدى. سېنىڭ رەڭگىڭنى، تېرەڭنى چىرايلىق قىلغان، ساڭا مال بەرگەن ئاللاھ تائالانىڭ ھەققى ئۈچۈن سەندىن سەپىرىمدە ھاجىتىمدىن چىقىدىغان بىر تۆگە سورايمەن›، دېدى. ئۇ: ‹مالنىڭ تېگىشلىك چىقىملىرى كۆپ›، دەپ جاۋاب بەردى. پەرىشتە ئۇنىڭغا: ‹مەن سېنى تونۇيدىغاندەك قىلىمەنغۇ؟ سەن كىشىلەر يىرگىنىدىغان ئاق كېسەل ئەمەسمىدىڭ؟ ئاللاھ تائالا ساڭا مال بەردىغۇ!›، دېدى. ئۇ: ‹بۇ مال ماڭا چوڭ ئۆتكەن ئاتا ـ بوۋىلىرىمدىن مىراس قالغان›، دېدى. پەرىشتە: ‹يالغان ئېيتقان بولساڭ، ئاللاھ تائالا سېنى ئىلگىرىكىدەك قىلىپ قويسۇن›، دېدى. پەرىشتە تازنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئاق كېسەلگە قايسى گەپلەرنى دېگەن بولسا، ئۇنىڭغىمۇ شۇ گەپلەرنى دېدى. تازمۇ ئۇنىڭغا ئاق كېسەلنىڭ جاۋابىدەك جاۋاب بەردى. پەرىشتە تازغا: ‹يالغان ئېيتقان بولساڭ، ئاللاھ تائالا سېنى ئىلگىرىكىدەك قىلىپ قويسۇن›، دېدى. پەرىشتە ئەمانىڭ يېنىغا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى سۈرىتىدە كېلىپ: ‹مەن مىسكىن، مۇساپىر ئادەممەن. سەپىرىمدە رىزىقنىڭ يوللىرى كېسىلدى. بۈگۈن تىلىگىمنىڭ ھەل بولۇشى ئاللاھ تائالادىن قالسا ساڭىلا باغلىق بولۇپ قالدى. سېنىڭ كۆزۈڭنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ئاللاھ تائالانىڭ ھەققى ئۈچۈن سەندىن سەپىرىمدە ھاجىتىمدىن چىققۇدەك بىر قوي

www.munber.org

سورايمەن›، دېدى. ئەما: ‹مەن ئەما ئىدىم، ئاللاھ تائالا كۆزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈردى. گاداي ئىدىم، ئاللاھ تائالا مېنى باي قىلدى، خالىغىنىڭنى ئالغىن، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەن خۇدا ھەققى ئۈچۈن ئالىدىغان نەرسىنى بەرمەي، سېنى قىيىن ئەھۋالدا قويمايمەن›، دېدى. پەرىشتە ئۇنىڭغا: ‹مېلىڭنى ئۆزۈڭ ئالغىن، ئاللاھ سىلەرنى سىناپ كۆردى. ئاللاھ سەندىن رازى بولدى. سېنىڭ ئىككى ھەمراھىڭغا غەزەپ قىلدى›، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەڭ يامان خۇلۇقلارنىڭ بىرى بېخىللىقتۇر. ھەدىستىكى ئىككى كىشىنى ئاللاھ تائالانىڭ نېئمەتلىرىنى ئۇنتۇشقا، ھەتتا ئۇنى ئىنكار قىلىشقا بېخىللىقنىڭ سەۋەبچى بولغانلىقى.

2) بېخىللىق ۋە يالغانچىلىقنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغانلىقى.

3) راستچىللىق ۋە سېخىيلىقنىڭ گۈزەل ئەخلاق ئىكەنلىكى، ھەدىستىكى قارىغۇ كىشىنىڭ بۇ خىل ئېسىل ئەخلاقى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا، ساۋابىغا ئېرىشكەنلىكى.

4) بەنى ئىسرائىل ھەققىدىكى ۋەقەلەرنى سۆزلەشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى، ئۇنىڭدا باشقىلار ئۈچۈن ئىبرەت، ۋەز ـ نەسىھەت بارلىقى.

5) مۇئمىننىڭ راستچىل ۋە كەڭ قول بولۇپ، سۆزى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ نېئمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىشىنىڭ لازىملىقى.

66 ـ ئەبۇ يەئلا شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الكَيِّس مَنْ دَانَ نَفْسَهُ، وَعَمِلَ لِما بَعْدَ الْموْتِ، وَالْعَاجِزُ مَنْ أَتْبَعَ نَفْسَه هَواهَا ، وتَمَنَّى عَلَى اللَّهِ الأماني» «ئەقىللىق كىشى ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرىدۇ ۋە ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن پايدىلىق ئەمەللەرنى قىلىدۇ. ئەقىلسىز كىشى ئۆزىنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىگە ئەگىشىدۇ ۋە ئاللاھ تائالادىن قۇرۇق ئۈمىدلەرنى كۈتىدۇ». — تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مۇئمىننىڭ ھەر دائىم ئۆز ئەمەللىرىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇشى، قۇرۇق ئارزۇ، خام خىيالغا بېرىلمەستىن، بەندىلىك ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى، چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ قۇرۇق ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىغا ئەمەس، قىلغان ئەمەللىرىگە يارىشا ساۋاب بېرىدىغانلىقى.

67 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مِنْ حُسْنِ إِسْلامِ الْمَرْءِ تَرْكُهُ مَالاَ يَعْنِيهِ» «بىر كىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىغان پايدىسىز ئىشلارنى تەرك ئېتىشى، ئۇنىڭ مۇسۇلمانچىلىقىنىڭ بەلەنلىكىدىندۇر». — تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئىنساننىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشى، ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق، پايدىسىز ۋە زىيانلىق ئىشلارنى تەرك ئېتىشى ئۇنىڭ توغرا يولدا ماڭغانلىقىنىڭ ئالامىتىدىن ئىكەنلىكى.



www.munber.org

68 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا يُسْأَلُ الرَّجُلُ فِيمَ ضَرَبَ امْرَأَتَهُ» «ئايالىنى ئۇرغان كىشىدىن نېمە ئۈچۈن ئۇرغانلىقى سورالمايدۇ». — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدىكى مەخپىيەتنى ساقلاشنىڭ زۆرۈرلۈكى.

2) ئەر كىشىدىن ئايالىنى نېمىشقا ئۇرغانلىقىنىڭ سورالماسلىقىدىكى سەۋەب، بەلكى ئۇرۇشنىڭ سەۋەبى ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدىكى تىلغا ئېلىشتىن ئۇيىلىدىغان نومۇسلۇق ئىش بولۇشى ۋە ياكى خەقلەردىن يوشۇرۇش زۆرۈر بولغان ئىش بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدىكى ئىشلار ئاللاھ تائالانىڭ كۆزىتىشى ۋە ھېسابىغا قالدۇرۇلىدۇ. چۈنكى، ئەر كىشى ئايالىنى توغرا يولغا باشلاشقا بۇيرۇلغان. ئەگەر ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىش قازىخانىغا ئەرز سۈپىتىدە سۇنۇلسا، ھەققەتنى ئېنىقلاش ۋە ياقلاش، ئارىنى ياخشىلاش يۈزىسىدىن سەۋەب ئېيتىلسا بولىدۇ.

## 6 . باب تەقۋالىق توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اتَّقُواْ اللّهَ حَقَّ تُقَاتِهِ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھ تائالاغا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال ئىمران 102 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاتَّقُوا اللَّهَ مَا اسْتَطَعْتُمْ﴾ ﴿تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئاللاھ تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە تەغابۇن 16 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَقُولُوا قَوْلًا سَدِيدًا﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار، توغرا سۆزنى قىلىڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەھزاب 70 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَن يَتَّقِ اللَّهَ يَجْعَل لَّهُ مَخْرَجًا۝ وَيَرْزُقْهُ مِنْ حَيْثُ لَا يَحْتَسِبُ﴾ ﴿كىمكى ئاللاھ تائالادىن قورقىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە تالاق 2 ـ، 3 ـ ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ إَن تَتَّقُواْ اللّهَ يَجْعَل لَّكُمْ فُرْقَاناً وَيُكَفِّرْ عَنكُمْ سَيِّئَاتِكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ وَاللّهُ ذُو الْفَضْلِ الْعَظِيمِ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر ئاللاھ تائالادىن قورقساڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرگە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ، گۇناھىڭلارنى كەچۈرىدۇ، سىلەرگە مەغفىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا كاتتا پەزىل ئىگىسىدۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەنفال 29 ـ ئايەت)



www.munber.org

**69 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر كىشى: «ئى ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلى! كىشىلەرنىڭ ھۆرمەتلىكى كىم؟» ، دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَتْقَاهُمْ» «ئۇلارنىڭ تەقۋادارلىرى»، دېدى. ئۇلار: «بىز بۇنى سورىماقچى ئەمەس»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «فَيُوسُفُ نَبِيُّ اللَّهِ ابن نَبِيِّ اللَّهِ ابن نَبِيِّ اللَّهِ ابنِ خَلِيلِ اللَّهِ» «ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامدۇركى، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى (يەئقۇب ئەلەيھىسسالام)نىڭ ئوغلىدۇر، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى (ئىسھاق ئەلەيھىسسالام)نىڭ ئوغلىدۇر، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى (ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام)نىڭ ئوغلىدۇر»، دېدى. ئۇلار: «بىز بۇنى سورىماقچى ئەمەسمىز»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «فعَنْ مَعَادِنِ الْعَرَبِ تسْأَلُونِي؟ خِيَارُهُمْ في الْجاهِلِيَّةِ خِيَارُهُمْ في الإِسلامِ إِذَا فَقِهُوا» «سىلەر مەندىن ئەرەبنىڭ كاتتىلىرىدىن سورىماقچىمۇ؟ ئۇلارنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ياخشىلىرى ئەگەر دىن ئەھكاملىرىغا ئۇستا بولسىلا، ئىسلام دەۋرىدىمۇ ياخشىلاردۇر»، دېدى.**

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىنساننىڭ ھۆرمىتى ۋە شەرىپى ئاللاھ تائالاغا قىلغان تەقۋادارلىقى بىلەن بولىدۇ. تەقۋادار بەندە دۇنيادا ياخشىلىققا نائىل بولغۇچى، ئاخىرەتتە دەرىجىسى ئۈستۈن بولغۇچىدۇر.

2) بىرەر ئادەمنىڭ ئاتا ـ بوۋا، ئەجدادلىرى تەقۋادار بولۇپ، ئۇ ئادەممۇ شۇلارنىڭ يولىدىن ماڭغان بولسا، ھۆرمەتلىك بولىدۇ.

**70. ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ الدُّنْيا حُلْوَةٌ خضِرَةٌ، وإِنَّ اللَّهَ مُسْتَخْلِفُكُمْ فِيهَا. فيَنْظُر كَيْفَ تَعْمَلُونَ. فَاتَّقوا الدُّنْيَا واتَّقُوا النِّسَاءِ. فَإِنَّ أَوَّلَ فِتْنةِ بَنِي إِسْرَائيلَ كَانَتْ في النسَاءِ» «ھەقىقەتەن دۇنيا شېرىن ۋە يېپيېشىلدۇر. ئاللاھ تائالا سىلەرنى دۇنيادا ئورۇنباسار قىلدى. سىلەرنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىڭلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. مال ـ دۇنياغا مەغرۇر بولۇپ كېتىشتىن ۋە ئاياللارنىڭ سەۋەبى بىلەن ئېزىپ كېتىشتىن ساقلىنىڭلار. ھەقىقەتەن بەنى ئىسرائىلدىكى پىتنە ـ پاسات ئالدى بىلەن ئاياللارنىڭ سەۋەبىدىن ئىدى».**

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاياللارنىڭ پىتنە ـ پاسىتى بىلەن ئېزىپ كېتىشتىن ھەزەر ئەيلەش، بۇنىڭ ئۈچۈن كىشىنى ئازغۇنلۇققا ئېلىپ بارىدىغان يات ئاياللار بىلەن ئارىلىشىش، ئۇلارغا يامان كۆزدە قاراشتەك ھاۋايى ـ ھەۋەسنى قوزغايدىغان قىلىقلارنى تەرك ئېتىش كېرەككى، ھالال جۈپتى بىلەن بىرگە بولۇشقا ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلىپ كېتىپ ئاللاھ تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىپ، پەرز ـ ۋاجىپلىرىنى ئادا قىلىشقا تەسىر يەتكۈزمەسلىكى كېرەككى.

www.munber.org

2) ئۆتكەن ئۇممەتلەردىن ئىبرەت ئېلىش، باشقا ھەر قانداق بىر قەۋمدە بەنى ئىسرائىلدىكىگە ئوخشاش ئىشلار يۈز بېرىدىكەن، ئۇلارمۇ شۇ خىل پىتنە ـ پاساتلار بىلەن ئازغۇنلۇققا دۇچ كېلىدىغانلىقى.

**71 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى: «اللَّهُمَّ إنِّي أَسْأَلُكَ الْهُدَى وَالتُّقَى وَالْعفافَ والْغِنَى» «ئى ئاللاھ! مەن سەندىن ھىدايەتنى، تەقۋادارلىقنى، ئىپپەتلىك بولۇشنى، بىھاجەتلىكنى سورايمەن».**

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بەندىنىڭ ھەممە خىل ھالەتلەردە تۆۋەنچىلىك بىلەن ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، ئاللاھ تائالادىن تىلەش كېرەكلىكى، ئاللاھ تائالانى ئەڭ بىلگۈچى ۋە ئاللاھ تائالادىن ئەڭ قورققۇچى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالادىن سورىغان نەرسىلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە ئىكەنلىكى.

**72 ـ ئەبۇ تەرىف ئەدى ئىبنى ھاتەم تائىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «مَنْ حَلَفَ عَلَى يمِين ثُمَّ رَأى أتقَى للَّهِ مِنْها فَلْيَأْتِ التَّقْوَى» «كىمكى بىر ئىشنى قىلىشقا قەسەم قىلسا، ئاندىن ئۇ ئىشقا قارىغاندا ئاللاھنى تېخىمۇ رازى قىلىدىغان يەنە بىر ئىشنى كۆرسە، ئاللاھ تائالانى رازى قىلىدىغان ئىشنى قىلسۇن».**

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بەندىنىڭ تەقۋادارلىقنى دوست تۇتۇشىنىڭ لازىملىقى.

2) كىمكى بىرەر يامان ئىشقا بەل باغلاپ، ئۇنى قىلىشقا قەسەم ئىچكەن تەقدىردىمۇ ئۇنى قىلماسلىق، قەسەمنى بۇزۇپ، گۇناھلىق ئىشقا يېقىن يولىماسلىقى لازىملىقى.

**73 ـ ئەبۇ ئۇمامە سۇدەييە ئىبنى ئەجلانە باھىلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەججەتۇل ۋىدادا مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «اتَّقُوا اللَّه، وصَلُّوا خَمْسكُمْ، وصُومُوا شَهْرَكمْ، وأَدُّوا زكَاةَ أَمْوَالِكُمْ، وَأَطِيعُوا أُمَرَاءَكُمْ، تَدْخُلُوا جَنَّةَ رَبِّكُمْ» «ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار، بەش ۋاخ نامازنى ئوقۇڭلار، رامىزان روزىسىنى تۇتۇڭلار، ماللىرىڭلارنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلىڭلار. ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، (شۇنداق قىلساڭلار) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ جەننىتىگە كىرىسىلەر».**

ـــ تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) يۇقىرىقى ئىشلارنى ئادا قىلىش ئاللاھ تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىش جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى. ئاللاھ تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىش جەننەتكە كىرىشنىڭ شەرتى ۋە يولى ئىكەنلىكى. دۇنيادا توغرا يولدا مېڭىش بولسا ئاخىرەتتىكى نىجاتلىقنىڭ سەۋەبى ئىكەنلىكى.

2) ئىش ئۈستىدىكىلەر ئاللاھ تائالا چەكلىگەن گۇناھلىق ئىشلارغا بۇيرۇمىغان شەرت ئاستىدا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشنىڭ لازىملىقى.



www.munber.org

## 7 . باب كامىل ئىشەنچ ۋە تەۋەككۈل قىلىش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَمَّا رَأَى الْمُؤْمِنُونَ الْأَحْزَابَ قَالُوا هَذَا مَا وَعَدَنَا اللَّهُ وَرَسُولُهُ وَصَدَقَ اللَّهُ وَرَسُولُهُ وَمَا زَادَهُمْ إِلَّا إِيمَانًا وَتَسْلِيمًا﴾ ﴿مۇئمىنلەر ئىتتىپاقداش قوشۇننى كۆرگەن چاغدا: «بۇ (يەنى قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش) ئاللاھ تائالا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ۋەدە قىلغان ئىشتۇر. ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى راست ئېيتتى»، دېيىشتى. (بۇ ئىش) ئۇلارنىڭ (ئاللاھ تائالاغا بولغان) ئىمانىنى ۋە (ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىغا بولغان) بويسۇنۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەھزاب 22 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ قَالَ لَهُمُ النَّاسُ إِنَّ النَّاسَ قَدْ جَمَعُواْ لَكُمْ فَاخْشَوْهُمْ فَزَادَهُمْ إِيمَاناً وَقَالُواْ حَسْبُنَا اللّهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ۞ فَانقَلَبُواْ بِنِعْمَةٍ مِّنَ اللّهِ وَفَضْلٍ لَّمْ يَمْسَسْهُمْ سُوءٌ وَاتَّبَعُواْ رِضْوَانَ اللّهِ وَاللّهُ ذُو فَضْلٍ عَظِيمٍ﴾ ﴿(مۇشرىكلار تەرەپدارلىرى بولغان) ئادەملەر ئۇلارغا: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، كىشىلەر (يەنى قۇرەيشلەر) سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار»، دېدى. بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى. ئۇلار: «بىزگە ئاللاھ تائالا كۇپايە. ئاللاھ تائالا نېمە دېگەن ياخشى هامىي!»، دېدى. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ نېئمىتى ۋە پەزلى بىلەن قايتىپ كەلدى. ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمىدى. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدىدى، ئاللاھ تائالا ئۇلۇغ پەزل ئىگىسىدۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال ئىمران 173 ـ ، 174 ـ ئايەتلەر)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَتَوَكَّلْ عَلَى الْحَيِّ الَّذِي لَا يَمُوتُ﴾ ﴿(ھەممە ئىشىڭدا) ئۆلمەيدىغان مەڭگۈ هايات ئاللاھ تائالاغا يۆلەنگىن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە فۇرقان 58 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَعَلَى اللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ الْمُؤْمِنُونَ﴾ ﴿مۇئمىنلەر (ھەممە ئىشتا) يالغۇز بىر ئاللاھ تائالاغىلا تەۋەككۈل قىلسۇن (يەنى ھەممە ئىشلىرىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرسۇن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئىبراھىم 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِذَا عَزَمْتَ فَتَوَكَّلْ عَلَى اللّهِ﴾ ﴿بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۈل قىلغىن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال ئىمران 159 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَن يَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ فَهُوَ حَسْبُهُ﴾ ﴿كىمكى ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۈل قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە تالاق 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)



www.munber.org

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ إِذَا ذُكِرَ اللّهُ وَجِلَتْ قُلُوبُهُمْ وَإِذَا تُلِيَتْ عَلَيْهِمْ آيَاتُهُ زَادَتْهُمْ إِيمَانًا وَعَلَى رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ﴾ ﴿پەقەت ئاللاھ تائالا ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا، ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل مۇئمىنلەردۇر﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە ئەنفال 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

74 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «عُرِضَت عليَّ الأمَمُ، فَرَأَيْت النَّبِيَّ وَمعَه الرُّهيْطُ والنَّبِيَّ ومَعهُ الرَّجُل وَالرَّجُلانِ، وَالنَّبِيَّ وليْسَ مَعهُ أحدٌ إذ رُفِعَ لِي سوادٌ عظيمٌ فظننتُ أنَّهُمْ أُمَّتِي، فَقِيلَ لِي: هذا موسى وقومه ولكن انظر إلى الأفق فإذا سواد عظيم فقيل لى انظر إلى الأفق الآخر فإذا سواد عظيم فقيل لي: هَذه أُمَّتُكَ، ومعَهُمْ سبْعُونَ ألْفاً يَدْخُلُونَ الْجَنَّة بِغَيْرِ حِسَابٍ ولا عَذَابٍ» «ماڭا ئۈممەتلەر توغرىلاندى. مەن بىر پەيغەمبەرنى كۆردۈم. ئۇنىڭ بىلەن بىر قانچە كىشى بار ئىكەن. يەنە بىر پەيغەمبەرنى كۆردۈم، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئىككى كىشى بار ئىكەن ۋە يەنە بىر پەيغەمبەرنى كۆردۈم، ئۇنىڭ بىلەن بىرمۇ كىشى يوق ئىكەن. شۇ چاغدا تۇيۇقسىز بىر توپ كىشىلەر كۆتۈرۈلدى. ئاندىن مەن ئۇلارنى مېنىڭ ئۈممىتىممىكىن، دەپ قالدىم. ماڭا: ‹بۇ مۇسا ۋە ئۇنىڭ قەۋمى، لېكىن ئەتراپقا قارىغىن›، دېيىلدى. شۇ چاغدا بىر توپ كىشىلەرنى كۆردۈم. ماڭا: ‹يەنە بىر قارىغىن›، دېيىلدى. مەن يەنە بىر توپ كىشىلەرنى كۆردۈم. ماڭا: ‹بۇ سېنىڭ ئۈممىتىڭ ۋە ئۇلار بىلەن ھېسابسىز ۋە ئازابسىز جەننەتكە كىرىدىغان 70 مىڭ ئادەم بىللە›، دېيىلدى». ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئاندىن ساھابىلەر ھېساب ئېلىنماي ۋە ئازابقا دۇچار بولماي جەننەتكە كىرىدىغان كىشىلەر توغرىسىدا دەتالاش قىلىشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى: «ئۇ كىشىلەر بەلكىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدۇر»، دېيىشتى. بەزىلەر: «بەلكىم ئىسلامدا تۇغۇلۇپ، ئاللاھ تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن كىشىلەر بولۇشى مۇمكىن»، دېيىشتى. ئۇلار يەنە كۆپ گەپلەرنى قىلىشتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقىپ، ئۇلاردىن: «مَا الَّذي تَخُوضونَ فِيهِ؟» «نېمە توغرىسىدا دەتالاش قىلىشۋاتىسىلەر؟»، دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نېمە توغرىسىدا دەتالاش قىلىنىشۋاتقانلىقى ئېيتىپ بېرىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «هُمْ الَّذِينَ لا يرقُونَ، وَلا يَسْتَرْقُونَ، وَلاَ يَتَطيَّرُون، وَعَلَى ربِّهمْ يتَوكَّلُونَ» «ئۇلار سۈف كۆچ قىلمايدىغان، سۈف كۆچ قىلدۇرمايدىغان، پال ئاچمايدىغان، ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەردۇر»، دېدى. ئۇككاشە ئىبنى مۇھسىن ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئاللاھ تائالانىڭ مېنى شۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلىشىغا دۇئا قىلساڭ»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أنْت مِنْهُمْ» «سەن شۇلارنىڭ قاتارىدا بولىسەن»، دېدى. ئاندىن يەنە

www.munber.org

بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ: «مېنىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ شۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلىشىغا دۇئا قىلساڭ»، دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سَبَقَكَ بِهَا عُكَّاشَةُ» «ئۇككاشە ئىبنى مۇھسىن بۇ ئىشتا سېنىڭ ئالدىڭغا ئۆتۈپ كەتتى»، دېدى.

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقى، چۈنكى ئۈنىڭغا ئۈممەتلەر توغرىلانغان، ئۈممەتلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا توغرىلىنىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشىدە بولغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشلىرى راست كېلىدۇ ۋە ياكى بۇ ئىش ئىسرا كېچىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئويغاق ھالەتتە تۇرغان چېغىدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزى خالىغان نەرسىنى ئاتا قىلىدىغانلىقى.

2) ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنى سان جەھەتتىن ئەڭ كۆپ قىلىش بىلەن ئۈنى باشقىلاردىن ئارتۇق قىلغانلىقى.

3) پايدىغا ئېرىشىش ياكى زىيان ـ زەخمەتتىن ساقلىنىشتا ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۈل قىلىشنىڭ پەزىلىتى. ئاللاھ تائالانىڭ تەۋەككۈل قىلغۇچىلار ئۈچۈن چوڭ ساۋاب تەييارلىغانلىقى.

4) «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان دۇئالار ئارقىلىق دەم سېلىشنىڭ دۇرۇسلۇقى، جاھىلىيەت ۋە گۇمراھلىقنىڭ قىلىقلىرى بولغان سۇفكەشلىك، جادۇگەرلىكلەرنىڭ ئىمانىنىڭ ساغلاملىقىغا زىت كېلىدىغان ئالدامچىلىق ئىكەنلىكى.

5) شۇم پال ئېلىشنىڭ ھاراملىقى.

75 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دائىم مۇنداق دەيتتى: «اللَّهُم لَكَ أَسْلَمْتُ وبِكَ آمنْتُ، وعليكَ توَكَّلْتُ، وإلَيكَ أَنَبْتُ، وبِكَ خاصَمْتُ. اللَّهمَّ أَعُوذُ بِعِزَّتِكَ، لا إِلَه إلاَّ أَنْتَ أنْ تُضِلَّنِي أَنْت الْحيُّ الَّذي لا تَمُوتُ، وَالْجِنُّ وَالإِنْسُ يُمُوتُونَ» «ئى ئاللاھ! ساڭا بويسۇندۇم، ساڭا ئىمان ئېيتتىم، ساڭا تەۋەككۈل قىلدىم ۋە سەن تەرەپكە قايتتىم. سېنى دەپ (دۈشمەنلىرىڭ بىلەن) جاڭجاللىشىمەن، ئى ئاللاھ! سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇركى، سېنىڭ سەلتەنىتىڭ بىلەن مېنى ئازدۇرۇۋېتىشىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، سەن ئۆلمەيدىغان مەڭگۈ ھاياتسەنكى، مەخلۇقاتلارنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىسەن، جىن ۋە ئىنسانلار بولسا ئۆلىدۇ».

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بىر ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۈل قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ئۆز پاناھىدا ساقلاشنى تىلەشنىڭ پەزىلىتى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بارلىق كامالى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگۈچى بولۇپ، پەقەت ئاللاھ تائالاغا تايانغان ئادەمنىڭلا نىجاتلىق تاپىدىغانلىقى. مەخلۇقاتلارنىڭ بولسا ھەممىسى ئاجىز بولۇپ، ئۆلۈم بىلەن ھاياتى ئاخىرلىشىدىغانلىقى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقىي ئىمان ۋە ئاللاھ تائالاغا بولغان تەۋەررەنمەس ئىشەنچ چاقناپ تۇرغان يۇقىرىقى دۇئاسىنى مۇئمىنلەرنىڭ ئۈلگە قىلىشى كېرەكلىكى.



www.munber.org

76 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، «ئاللاھ تائالا بىزگە كۇپايىدۇر ۋە ئاللاھ تائالا نېمە دېگەن ياخشى ھامىي». بۇنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتقا تاشلانغان چاغدا دېگەن. ئۇ سۆزنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ ئېيتقان. بۇ سۆز «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق كەلگەن: ﴿«إِنَّ النَّاسَ قَدْ جَمعُوا لَكُمْ فَاخْشَوْهُمْ فَزَادَهُمْ إِيماناً وقَالُوا : حَسْبُنَا اللَّهُ وَنِعْمَ الْوكِيلُ»﴾ ﴿(مۇشرىكلار تەرەپدارلىرى بولغان) ئادەملەر ئۇلارغا: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، كىشىلەر (يەنى قۇرەيشلەر) سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار»، دېدى. بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى. ئۇلار: «بىزگە ئاللاھ تائالا كۇپايە، ئاللاھ تائالا نېمە دېگەن ياخشى ھامىي!»، دېدى. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ نېئمىتى ۋە پەزلى بىلەن قايتىپ كەلدى. ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمىدى. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدىدى، ئاللاھ تائالا ئۇلۇغ پەزل ئىگىسىدۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال ئىمران 173 ـ، 174 ـ ئايەتلەر)

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ئىبن ئابباس رىۋايەت قىلغان يەنە بىر رىۋايەتتە: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتقا تاشلانغان چاغدا قىلغان ئەڭ ئاخىرقى سۆزى: «ئاللاھ تائالا ماڭا كۇپايىدۇر، ئۇ نېمە دېگەن ياخشى ھامىي!»، دېيىلگەن.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كىشىگە بالا ـ قازا يەتكەندە ئاللاھ تائالاغا يۆلىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە پەزىلىتى.

2) پەيغەمبەرلەرنىڭ، تەقۋادارلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۈل قىلىشىنى، ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلىشنى ئۆرنەك قىلىش كېرەكلىكى.

77 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يَدْخُلُ الْجَنَّةَ أَقْوَامٌ أَفْئِدتُهُمْ مِثْلُ أفئدة الطَّيْرِ» «قەلبلىرى ئۇچار قۇشلارنىڭ قەلبىگە ئوخشايدىغان (يەنى تەۋەككۈل قىلىدىغان، دىلى ئۈزۈك) كىشىلەر جەننەتكە كىرىدۇ».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مۇئمىننى ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۈل قىلىش، رەھىمدىل بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش، بۇ ئىككىسى بولسا ئۇنى جەننەتكە باشلايدىغان سەۋەبلەر ئىكەنلىكى.

78 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن نەجد تەرەپتىكى غازاتقا قاتنىشىپ، يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە قايتىپ كېتىۋېتىپ، دەرەخلىق بىر ئورمانغا كەلگەندە، كۈن قاتتىق ئىسسىپ كېتىدۇ. رەسۇلۇللاھ باشلىق ھەممەيلەن شۇ يەرگە چۈشىدۇ. كىشىلەر دەرەخلەرنىڭ ئاستىدا سايىداش ئۈچۈن تارقاپ كېتىدۇ. رەسۇلۇللاھمۇ بىر ئەرەب كاۋچۇك دەرىخى ئاستىغا سايىداش ئۈچۈن چۈشۈپ، قىلىچىنى دەرەخقە ئېسىپ قويىدۇ. جابىر مۇنداق دەيدۇ: بىز ئۇخلاپ كېتىپتۇق، بىر چاغدا رەسۇلۇللاھ



www.munber.org

بىزنى تۇيۇقسىز تۇۋلاپ قالدى. رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كەلسەك، ئۇنىڭ قېشىدا بىر ئەئرابى ئولتۇرۇپتۇ. رەسۇلۇللاھ بىزگە ئۇنى كۆرسىتىپ: «إنَّ هَذَا اخْتَرَطَ عَلَيَّ سَيْفِي وأنَا نَائِمٌ، فاسْتَيقَظْتُ وَهُو فِي يدِهِ صَلْتاً، قالَ: مَنْ يَمْنَعُكَ مِنِّي؟ قُلْتُ: اللَّه ثَلاثاً» «مەن ئۇخلاۋاتسام، بۇ مېنىڭ قىلىچمنى سۇغۇرۇپ ئاپتۇ. ئويغانسام، ئۇنىڭ قولىدا يالىڭاچ قىلىچ تۇرىدۇ. ئۇ ماڭا: ‹مەندىن سېنى كىم قۇتقۇزالايدۇ؟› دەپ ئۈچ قېتىم سورىغان ئىدى، مەنمۇ: ‹ئاللاھ تائالا قۇتقۇزىدۇ›، دەپ ئۈچ قېتىم دېدىم»، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنى جازالىمىدى، ئۇ بولسا رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى.

ئىبنى ئىسماقنىڭ رىۋايىتىدە: «اللَّه» «ئاللاھ قۇتقۇزىدۇ»، دېگەن سۆزدىن كېيىن مۇنۇ سۆزلەر ئېيتىلغان: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئەئرابىنىڭ كۆكرىكىدىن ئىتتەرگەنىدى، ئۇنىڭ قولىدىن قىلىچ چۈشۈپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ قىلىچنى ئېلىپ: «مَنْ يَمنعُكَ مِنِّي؟» «سېنى مەندىن كىم قۇتقۇزىدۇ؟»، دېگەنىدى. ئەئرابى: «ھېچكىم قۇتقۇزالمايدۇ»، دېدى. «قۇرئان كەرىم»دە ئاللاھ پەيغەمبەرگە قارىتا: ﴿وَاللّهُ يَعْصِمُكَ مِنَ النَّاسِ﴾ ﴿ئاللاھ تائالا سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە مائىدە 67 ـ ئايەت)، دېگەن. —— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە جابىر ئېيتتى: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن زاتۇررىقا دېگەن جايدا بىللە ئىدۇق. بىز سايىلىق بىر دەرەخنىڭ قېشىغا كەلدۇق. ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سايىدىشىغا قالدۇرغانىدۇق. ئۇنىڭغىچە بىر مۇشرىك كېلىپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلىچى دەرەخكە ئېسىقلىق تۇراتتى. مۇشرىك قىلىچنى ئېلىۋېلىپ، ئېيتتى: «مەندىن قورقامسەن؟» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لا» «ياق»، دېدى. ئۇ مۇشرىك: «مېنىڭدىن سېنى كىم قۇتقۇزالايدۇ؟»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله» «ئاللاھ»، دېدى.

ئەبۇ بەكرى ئىسمائىلىنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: مۇشرىك: «مېنىڭدىن سېنى كىم قۇتقۇزالايدۇ»، دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله» «ئاللاھ»، دېگەن. ئاندىن قىلىچ ئۇنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كەتكەن. قىلىچنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ: «مَنْ يَمنعُكَ مِنِّي؟» «مېنىڭدىن سېنى كىم قۇتقۇزالايدۇ»، دېگەن. مۇشرىك: «ئەسىر ئالغۇچىنىڭ ياخشىراقى بولغىن»، دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تَشهدُ أنْ لا إلَه إلا اللَّهُ، وأنِّي رسولُ اللَّه» «بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مېنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بەرگىن»، دېگەن. مۇشرىك: «ياق، لېكىن سەن بىلەن ئۇرۇشماسلىققا ۋە سەن بىلەن ئۇرۇشقانلارنىڭ سېپىدە بىللە بولماسلىققا ۋەدە بېرەي»، دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ



www.munber.org

مۇشرىكنى قويۇۋەتكەن. مۇشرىك ھەمراھلىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ: «مەن كىشىلەرنىڭ ياخشىسىنىڭ قېشىدىن كەلدىم»، دېگەن.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋپ ـ خەتەر ئالدىدىكى باتۇرلۇقى، ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىشەنچى، يۆلىنىشى ۋە چوڭقۇر ئىلتىجاسى.

2) قىيىن پەيتلەردە بالا ـ قازادىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىشنىڭ رولى.

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەپۇچانلىقى، شەخسى ئىنتىقامىنى ئەمەس، كىشىلەر قەلبىنى ھەققە مايىل قىلىش ئۈچۈن ئومۇمىي مەنپەئەتنى ئويلايدىغان، يىراقنى كۆرەلەيدىغان ئېسىل خىسلەتكە ئىگە ئىكەنلىكى.

**79 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم:** «لَوْ أَنَّكم تتوكَّلونَ على اللّهِ حقَّ تَوكُّلِهِ لرزَقكُم كَما يرزُقُ الطَّيْرَ، تَغْدُو خِماصاً وتروُحُ بِطَاناً» **«ئەگەر ئاللاھ تائالاغا ھەقىقىي تەۋەككۇل قىلىدىغان بولساڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرگە خۇددى قۇشلارغا رىزىق بەرگەندەك رىزىق بېرىدۇ. قۇشلار ئەتىگەنلىرى ئاچ ھالەتتە چىقىپ، كەچلىرى توق قورساق قايتىپ كېلىدۇ».** — تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مۇئمىن ئادەمنى ھەممە ئىشلىرىدا تولۇق ئىشەنچ بىلەن بىر ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

2) ئىشلاردا چارە ـ تەدبىر قىلىش، رىزىق تەلەپ قىلىش ئۈچۈن تىرىشىش ئاللاھ تائالاغا ھەقىقىي تەۋەككۇل قىلغانلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇ خۇددى قۇشلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئۈچۈن قاراپ ئولتۇرماي، ئۇۋىسىدىن چىقىپ، ھەرىكەت قىلىپ تىرىشقىنىغا ئوخشاشتۇر.

**80. ئەبۇ ئۇمارە بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «يا فُلان إذَا أَويْتَ إِلَى فِرَاشِكَ فَقُل: اللَّهمَّ أَسْلَمْتُ نفسي إِلَيْكَ، ووجَّهتُ وجْهي إِلَيْك، وفَوَّضْتُ أمري إِلَيْكَ، وأَلْجأْتُ ظهْرِي إِلَيْكَ. رغْبَة ورهْبةً إِلَيْكَ، لا ملجَأَ ولا منْجى مِنْكَ إلاَّ إِلَيْكَ، آمَنْتُ بِكِتَابِكَ الَّذي أَنْزَلْتَ، وبنبيِّك الّذي أَرْسلتَ، فَإِنَّكَ إنْ مِتَّ مِنْ لَيْلَتِكَ مِتَّ عَلَى الْفِطْرَةِ، وإِنْ أَصْبْحْتَ أَصَبْتَ خيْراً» **«ئى پالانى! سەن ياتىدىغان چېغىڭدا، ‹ئى ئاللاھ! ئۆزۈمنى ساڭا تاپشۇردۇم، سېنىڭ ساۋابىڭنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىڭدىن قورقۇپ، سەن تەرەپكە يۈزلەندىم. ئىشلىرىمنى ساڭا تاپشۇردۇم. ئۆزۈمنى سېنىڭ قوغدىشىڭغا يۆلىدىم. پاناھگاھ ۋە قۇتقۇزغۇچى ئۆزۈڭسەن. سېنىڭ نازىل قىلغان كىتابلىرىڭغا ۋە سەن ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىڭگە ئىشەندىم›، دەپ ياتقىن. ئەگەر شۇ كېچىسى قازا قىلىدىغان بولساڭ، ئىمان بىلەن كېتىسەن ۋە ياكى تاڭ ئاتقۇزساڭ ياخشىلىق ئۈستىدە تاڭ ئاتقۇزغان بولىسەن».** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**بەرا ئىبنى ئازىبنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:** «إِذَا أَتَيْتَ مضجعَكَ فَتَوَضَّأْ وُضُوءَكَ للصَّلاَةِ، ثُمَّ اضْطَجِعْ عَلَى شِقِّكَ الأَيْمَنِ وقُلْ: وذَكَر نَحْوَه» **«سەن ياتىدىغان**

www.munber.org

چىقىشىدا نامازغا تاھارەت ئالغانغا ئوخشاش تاھارەت ئالغىن. ئاندىن ئوڭ تەرىپىڭنى بېسىپ ياتقىن ۋە يۇقىرىدا دېيىلگەندەك دېگىن»، دېدى. ئاندىن: «وَاجْعَلْهُنَّ آخرَ ما تَقُولُ» «ئاشۇ دۇئالار شۇ كۈندىكى سۆزلىرىڭنىڭ ئاخىرقىسى بولسۇن»، دېدى، دېيىلگەن.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھەممە ئەھۋالدا ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ تۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەش.

2) بەندىنىڭ ھەر كېچىسى ئۆزىنىڭ سۆزلىرى ۋە ئەمەللىرىدىن ھېساب ئېلىپ، ئىمانىنى كۈچەيتىپ، پەرۋەردىگارى بىلەن بولغان باغلىنىشنى چىڭىتىشنىڭ لازىملىقى.

3) ھەدىستىكى دۇئا ئىمان ۋە تەقۋالىق مەنىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ھەر كېچىسى ئۇخلاشتىن بۇرۇن بۇ دۇئانى ئوقۇشنىڭ ۋە كامىل تاھارەت ئېلىپ ئۇخلاشنىڭ پەزىلىتى.

81 ـ ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز غاردىكى چاغدا مۇشرىكلار بىزنىڭ بېشىمىزدا ئىدى. مەن مۇشرىكلارنىڭ پۇتىنى كۆرۈپ تۇردۇم. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرەرسى پۇتىنىڭ ئاستىغا قارىسىلا، بىزنى چوقۇم كۆرۈۋالىدىغۇ»، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مَا ظَنُّك يا أبا بكرٍ باثْنَيْنِ اللَّهُ ثالِثُهْما» «ئىككى كىشى بولۇپ، ئۈچىنچىسى ئاللاھ تائالا بولسا، ئۇ ئىككى كىشى ھەققىدە قانداق ئويدا بولىسەن»، دېدى. بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بەندىنىڭ زۆرۈر ئېھتىيات تەدبىرلىرىنى قوللانغاندىن كېيىن ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىشى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز پاناھىدا ساقلايدىغانلىقىغا چىن پۇتۇشىنىڭ لازىملىقى.

2) ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببىتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۈشمەنلەرنىڭ زىيان ـ زەخمىتىگە ئۇچراپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيدىغانلىقى.

3) ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرى ۋە ئەۋلىيالارنى ئۆز پاناھىدا ساقلاپ، ئۇلارغا غەلىبە ئاتا قىلىدىغانلىقى.

4) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باتۇرلۇقى، ئاللاھ تائالاغا بولغان چوڭقۇر ئىمانى بىلەن قىيىن پەيتلەردە ھەمراھلىرىغا تەسەللى بېرىپ، خاتىرجەم قىلىدىغان پەزىلىتى.

82 ـ مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيدىن چىققاندا مۇنداق دەيتتى: «بسم اللَّهِ، توكَّلْتُ عَلَى اللَّهِ، اللَّهُمَّ إِنِّي أعوذُ بِكَ أنْ أَضِلَّ أو أُضَلَّ، أَوْ أَزِلَّ أَوْ أُزلَّ، أَوْ أظلِمَ أَوْ أُظلَم، أَوْ أَجْهَلَ أو يُجهَلَ عَلَيَّ» «ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلدىم، ئى ئاللاھ! ئېزىپ كېتىشتىن، ئازدۇرۇلۇپ كېتىشتىن، تېيىلىپ كېتىشتىن ياكى تېيىلدۇرۇلۇشتىن، زۇلۇم قىلىشتىن ياكى زۇلۇم قىلىنىشتىن، نادانلىق



www.munber.org

**قىلىشىمدىن ياكى ماڭا باشقىلارنىڭ نادانلىق قىلىپ قوپۇشىدىن سېنىڭ بىلەن پاناھ تىلەيمەن».**
— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بەندىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىپ، ئۆيدىن چىققاندا يۇقىرىقى دۇئانى ئوقۇشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئېزىپ كېتىشتىن، زۇلۇمدىن ۋە نادانلىقتىن يىراق بولۇپ، ياخشىلىقلارغا ئېرىشىدىغانلىقى.

**83 - ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «مَنْ قَالَ يعنِي إذا خَرَج مِنْ بيْتِهِ: بِسْم اللَّهِ توكَّلْتُ عَلَى اللَّهِ، ولا حوْلَ ولا قُوةَ إلاَّ بِاللَّهِ، يقالُ لهُ هُديتَ وَكُفِيت ووُقِيتَ، وتنحَّى عنه الشَّيْطَانُ» **«كىمكى ئۆيدىن چىققاندا ‹ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلدىم، ئاللاھ تائالانىڭ مەدىتى بولمىسا قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ›، دېسە، ئۇ كىشىگە: ‹ھىدايەت قىلىندىڭ، كۇپايە قىلىندىڭ ۋە قوغدالدىڭ›، دېيىلىدۇ. شەيتان ئۇنىڭدىن يىراق بولىدۇ».**
— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ظـﮔبذ داۋذدنعث يـﮔنـة بعر ر عۋايعتعدة: «فيقول: يعْنِي الشَّيْطَانَ لِشَيْطانٍ آخر: كيْفَ لك بِرجُلٍ قَدْ هُدِيَ وَكُفي ووُقِي» **« شەيتان يەنە بىر شەيتانغا: ھىدايەت قىلىنغان، كۇپايە قىلىنغان ۋە قوغدالغان ئادەمگە قانداقمۇ كۈچۈڭ يەتسۇن، دەيدۇ »، دېيىلگەن.**

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بەندىنىڭ سۆز ۋە ھەرىكىتىدە ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىشىنىڭ پەزىلىتى. مانا بۇ بولسا مۆئمىننى بارلىق يامانلىقتىن ساقلايدىغان تۇمار ھېسابلىنىدىغانلىقى.

2) ھەدىستە ئېيتىلغان ياخشىلىقلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆيدىن چىققاندا يۇقىرىقى دۇئانى ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىش ئىكەنلىكى.

**84 - ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدا ئىككى قېرىنداش بار ئىدى. ئۇ ئىككىسىدىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا تەلىم ئېلىش ئۈچۈن كېلىپ تۇراتتى. يەنە بىرى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىناتتى. كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شىكايەت قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «لَعلَّكَ تُرْزَقُ بِهِ» **«ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ساڭا رىزىق بېرىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن»، دېگەن.**
— ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كىمكى ئىلىم تەلەپ قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئىتىنى قوغداش ئۈچۈن دىنىي ئەھكاملارنى ئۆگىنىش بىلەن تىرىكچىلىك قىلىشقا ئېشىنالمىسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ، ئۇنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن بىھاجەت قىلىدىغان ئادەمنى تەييارلاپ بېرىدىغانلىقى.

2) ئىلىم ئەھلىگە ياردەم قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەنلىكى.

www.munber.org

## 8. باب توغرا يولدا بولۇش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاسْتَقِمْ كَمَا أُمِرْتَ وَمَن تَابَ مَعَكَ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئاللاھ تائالا سېنى بۇيرۇغاندەك توغرا يولدا بولغىن، ساڭا ئىمان ئېيتقانلارمۇ توغرا يولدا بولسۇن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھۇد 112 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ قَالُوا رَبُّنَا اللَّهُ ثُمَّ اسْتَقَامُوا تَتَنَزَّلُ عَلَيْهِمُ الْمَلَائِكَةُ أَلَّا تَخَافُوا وَلَا تَحْزَنُوا وَأَبْشِرُوا بِالْجَنَّةِ الَّتِي كُنتُمْ تُوعَدُونَ۞ نَحْنُ أَوْلِيَاؤُكُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَفِي الْآخِرَةِ وَلَكُمْ فِيهَا مَا تَشْتَهِي أَنفُسُكُمْ وَلَكُمْ فِيهَا مَا تَدَّعُونَ۞ نُزُلًا مِّنْ غَفُورٍ رَّحِيمٍ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، «پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ تائالادۇر»، دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت بىلەن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادا، ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلاردۇرمىز، جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى بار، (ئۇلار) ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان (ئاللاھ تائالا) تەرىپىدىن بېرىلگەن زىياپەتتۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە فۇسسىلەت 30 ~ 32 ـ ئايەتلەر)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ قَالُوا رَبُّنَا اللَّهُ ثُمَّ اسْتَقَامُوا فَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ۞ أُولَئِكَ أَصْحَابُ الْجَنَّةِ خَالِدِينَ فِيهَا جَزَاءً بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾ ﴿«پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ تائالادۇر»، دېگەن، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا، شۈبھىسىزكى، (كەلگۈسىدىن) غەم قىلىش، (كەتكەنگە) قايغۇرۇش يوقتۇر. ئەنە شۇلار ئەھلى جەننەتتۇر، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ. (بۇ) ئۇلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈندۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەھقاف 13 ـ، 14 ـ ئايەتلەر)

**85** ـ ئەبۇ ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئى ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلى! ماڭا ئىسلام توغرىسىدا شۇنداق بىر سۆزنى ئېيتىپ بەرگىنكى، بۇ توغرۇلۇق باشقا ئادەمدىن سوراپ يۈرمەي»، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قُلْ: آمَنْتُ بِاللَّهِ، ثُمَّ اسْتَقِمْ» «ئاللاھ تائالاغا ئىشەندىم، دېگىن. ئاندىن توغرا يولدا بولغىن»، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىخچام ئىبارىلەر بىلەن چوڭقۇر ھېكمەتلىك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان پاساھەتلىك نۇتۇق قابىلىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.



www.munber.org

2) توغرا يولدا بولۇش دىگەنلىك ئىسلامنىڭ ئەركانلىرىنى بىجانىدىل ئادا قىلىپ، مەھكەم تۇرۇش بولۇپ، بۇ ھەقتە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: « توغرا يولدا بولۇشنىڭ مەنىسى ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، چەكلىگەنلىرىدىن ساقلىنىشتۇر » .

3) ئىمان دىگەن قەلبنىڭ ئىشىنىشى ۋە ئەمەل قىلىشى بىلەن بولىدىغانلىقى، ھىچقانداق ئەمەل قىلماي قۇرۇق ئىمان دەۋاسى قىلىشنىڭ قۇرۇق گەپ ئىكەنلىكى. بەندىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى بولسا ئىمانىنىڭ مىۋىسى ۋە كۆرۈنۈشى ئىكەنلىكى.

4) بەندىنىڭ توغرا يولدا مىڭشى ئۇنىڭ كامالى ئىمانىنى كۆرسىتىدىغان ئالىي دەرىجە ئىكەنلىكى.

**86 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «قَارِبُوا وسدِّدُوا، واعْلَمُوا أنَّه لَنْ ينْجُو أحدٌ منْكُمْ بعملِهِ» «ئىبادەتتە ئاشۇرۇۋەتمەي، كەم قىلىپمۇ قويماي، نورمال بولۇڭلار، توغرا يولدا بولۇڭلار. بىلىڭلاركى، ئىچىڭلاردىن ھىچكىم ئۆز ئەمەلى بىلەن نىجات تاپالمايدۇ». كىشىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! سەنمۇ شۇنداقمۇ؟ »، دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ولا أنَا إلا أنْ يتَغَمَّدني اللَّه برَحْمةٍ منْه وَفضْلٍ» «مەنمۇ شۇنداق، لېكىن ئاللاھ تائالا مىنى ئۆز رەھمىتى ۋە ئۆز پەزلى دائىرىسىگە ئالغان»، دەپ جاۋاب بەردى.**

ــــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ساۋاب، جازا، شەرىئەتنىڭ ھۆكمى ئەقىل بىلەن ئەمەس، بەلكى، ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئىتى ئارقىلىق بەلگىلىنىدىغانلىقى.

2) ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە قىلىدىغان پەزلى ـ مەرھەمىتى بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئىكەنلىكى.

3) بەندىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىسىز پەقەت ئۆزىنىڭ قىلغان ئەمەللىرى بىلەنلا جەننەتكە ھەرگىز ئېرىشەلمەيدىغانلىقى.

4) پەرۋەردىگارىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش بەندىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانغا بەرگەن نېئمەتلىرى چەكسىز بولۇپ، بەندە ئۇنى ساناشقىمۇ ئاجىزلىق قىلىدىغانلىقى، شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِن تَعُدُّواْ نِعْمَتَ اللّهِ لاَ تُحْصُوهَا﴾ ﴿سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ نېئمەتلىرىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە ئىبراھىم 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

5) ياخشى ئەمەللەر جەننەتكە كىرىشىنىڭ سەۋەبى بولىدىغانلىقى، بەندىنىڭ جەننەتكە ئېرىششى يەنىلا ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بىلەن بولىدىغانلىقى.

6 ـ مۇئمىنىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ۋە جەننىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن بىرگە دۇئا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى.

www.munber.org

## 9 . باب ئاللاھ تائالانىڭ بۈيۈك مەخلۇقاتلىرى، دۇنيانىڭ تۈگىشى، ئاخىرەتنىڭ قورقۇنچلىرى ۋە باشقا ئىشلار ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش، نەپسنىڭ يېتەرسىزلىكلىرى، ئۆز نەپسىنى تۈزەش ۋە ئۇنى توغرا يولغا يېتەكلەش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إنَّمَا أعِظُكُمْ بِوَاحدةٍ أنْ تقُوموا للّهِ مَثْنَى وفُرادَى ثُمَّ تَتَفَكَّرُوا﴾ ﴿ئېيتقىنكى: «مەن سىلەرگە بىر ئىشنى تەۋسىيە قىلىمەن، سىلەر خۇدالىق ئۈچۈن ئىككىدىن، يا بىردىن تۇرۇڭلار (يەنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن يىغىلىپ ياكى يەككە ھالدا ھەقنى تىلەڭلار) ئاندىن پىكىر يۈرگۈزۈڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە سەبەئ 46 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إنَّ في خَلْقِ السَّمواتِ والأرْضِ واخْتلافِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ لآيَاتٍ لأُولِي الألْبَابِ الَّذِينَ يَذْكُرونَ اللّه قِياماً وَقُعُوداً وعَلَى جُنُوبِهِمْ ويَتَفَكَّرون في خَلْق السَّمواتِ وَالأرْضِ ربَّنَا مَا خَلَقْتَ هَذَا بَاطلاً سُبْحَانَكَ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە روشەن دەلىللەر بار. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھ تائالانى ئەسلەپ تۇرىدۇ. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ): «پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ، سەن پاكتۇرسەن»﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال ئىمران 190 ـ، 191 ـ ئايەتلەر)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أفلا ينْظُرونَ إلَى الإبلِ كِيْفَ خُلِقَتْ وإلَى السَّمَاءِ كَيْفَ رُفِعتْ وإلَى الْجِبالِ كَيْفَ نُصِبتْ وَإلَى الأرضِ كيْفَ سُطِحتْ فَذَكِّرْ إنما أنْتَ مُذَكِّرٌ﴾ ﴿ئۇلار قارىمامدۇكى، تۆگىلەر قانداق يارىتىلدى، ئاسمان قانداق ئېگىز قىلىندى، تاغلار قانداق تۇرغۇزۇلدى، زېمىن قانداق يېيىتىلدى. سەن (ئۇلارغا) ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن، سەن پەقەت (ئۇلارغا) ۋەز ـ نەسىھەت قىلغۇچىسەن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە غاشىيە 17 ~ 21 ـ ئايەتلەر)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَفَلَمْ يَسِيرُوا فِي الأَرْضِ فَيَنظُرُوا كَيْفَ كَانَ عَاقِبَةُ الَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ﴾ ﴿ئۇلار زېمىندا سەير قىلىپ، ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە مۇھەممەد 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

بۇ بابقا ئائىت ئايەتلەر كۆپتۇر. يۇقىرىدا ئۆتكەن 66 ـ نومۇرلۇق ھەدىسمۇ مۇشۇ بابقا ئالاقىدار ھەدىستۇر.



www.munber.org

## 10. باب ياخشى ئىشلارغا ئالدىراش، ياخشىلىققا يۈزلەنگەن كىشىنى ئىككىلەنمەستىن شۇ ئىشنى تېزلىك بىلەن قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاسْتَبِقُواْ الْخَيْرَاتِ﴾ ﴿(ئى مۇئمىنلەر!) ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 148 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَسَارِعُواْ إِلَى مَغْفِرَةٍ مِّن رَّبِّكُمْ وَجَنَّةٍ عَرْضُهَا السَّمَاوَاتُ وَالأَرْضُ أُعِدَّتْ لِلْمُتَّقِينَ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغفىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال ئىمران 133 ـ ئايەت)

**87** ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بادِروا بالأعْمالِ الصَّالِحةِ، فستكونُ فِتَنٌ كقطَعِ اللَّيلِ الْمُظْلمِ يُصبحُ الرجُلُ مُؤمناً ويُمْسِي كافراً، ويُمسِي مُؤْمناً ويُصبحُ كافراً، يبيع دينه بعَرَضٍ من الدُّنْيا» «ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراڭلار، قاراڭغۇ كېچىنىڭ پارچىلىرىغا ئوخشاش پىتنە ـ پاساتلار مەيدانغا كېلىدۇ. بىر كىشى مۇئمىن ھالىتىدە تاڭ ئاتقۇزسا، كافىر ھالىتىدە كەچ قىلىدۇ. مۇئمىن ھالىتىدە كەچ قىلسا، كافىر ھالىتىدە تاڭ ئاتقۇزىدۇ. ئۆزىنىڭ دىنىنى دۇنيانىڭ ئازغىنا نەرسىسىگە سېتىۋېتىدۇ». —— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بەندىنىڭ ئۆز دىنىغا مەھكەم يېپىشىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى. دىنغا بىرەر توسالغۇ، چەكلىمە بولۇپ قېلىشتىن ئىلگىرى، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراش كېرەكلىكى.

2) قىيامەت يېقىنلاشقانسېرى كىشىلەرنى ئازدۇرغۇچى پىتنە ـ پاساتلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كېلىدىغانلىقى.

**88** ـ ئۇقبە ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن مەدىنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا ئەسىر نامىزى ئوقۇدۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سالام بەرگەندىن كېيىن ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئارىلاپ ئۆتۈپ، ئۇدۇل ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىراپ مېڭىشىدىن ھەيران قالدى. بىردەمدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىدىن چىقىپ كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىراش ماڭغانلىقىدىن ئەجەبلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ مۇنداق دېدى: «ذكرت شيئاً من تبْرٍ عندَنا، فكرِهْتُ أن يحبسَنِي، فأمرْتُ بقسْمتِه» «ئۆيىمىزدىكى بىر پارچە ئالتۇن ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ مېنىڭ پىكرىمنى چېچىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى تەقسىم قىلىپ بېرىۋېتىشكە بۇيرۇدۇم». —— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

يەنە بىر رىۋايەتتە: «كنْتُ خلَّفْتُ في الْبيتِ تِبراً من الصَّدقةِ، فكرِهْتُ أنْ أُبَيِّتَه» «مەن سەدىقىدىن كەلتۈرۈلگەن بىر پارچە ئالتۇننى ئۆيدە قالدۇرغانىدىم. مەن ئۇنىڭ ئۆيۈمدە كېچىچە تۇرۇپ قېلىشىنى ياقتۇرمىدىم»، دېدى، دېيىلگەن.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كىشىنىڭ ئىبادەتتە زېھنى چېچىلىپ كېتىشكە سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى تېزرەك قىلىپ تۈگىتىپ، ھۇزۇرى قەلب بىلەن ئىبادەتكە بېرىلىشىنىڭ لازىملىقى.

2) سەدىقىنى ئۆزى بېرىشكە قادىر ھالەتتىمۇ باشقا بىرەرسىنى ئۆزىگە ۋەكىل قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

**89 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر ساھابە ئۇھۇد كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «ئەگەر مەن ئۆلتۈرۈلسەم قەيەردە بولىمەن؟ »، دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «في الْجنَّةِ» «جەننەتتە»، دېۋىدى، ئۇ ساھابە قولىدىكى بىر قانچە خورمىنى تاشلىۋېتىپ، جەڭگە ئاتلىنىپ، تاكى ئۆلتۈرۈلگۈچە ئۇرۇشتى.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بەندىنىڭ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىرىشى لازىملىقى، ئاللاھ تائالا يولىدا ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىنىدىغانلىقى.

2) ئىنساننىڭ ئۆزى بىلمىگەن نەرسىلىرى ئۈستىدە سورىشىنىڭ ياخشى پەزىلەت ئىكەنلىكى.

**90. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! قايسى خىلدىكى سەدىقىنىڭ ساۋابى ئەڭ چوڭ بولىدۇ؟ »، دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أنْ تَصَدَّقَ وأنْت صحيحٌ شَحيحٌ تَخْشى الْفقرَ، وتأْمُلُ الْغنى، ولا تُمْهِلْ حتَّى إذا بلَغتِ الْحلْقُومَ» «سەن كەمبەغەللىشىپ قېلىشتىن قورقۇپ تۇرغان، باي بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ تۇرغان، پۇل ـ مالغا ھېرىسمەن بولۇپ تۇرغان، ساغلام تۇرغان ۋاقتىڭدا قىلغان سەدىقىنىڭ ساۋابى ئەڭ چوڭ بولىدۇ. سەدىقە بېرىشنى كېچىكتۈرمىگىن، كېچىكتۈرۈپ جان ھەلقۇمغا يەتكەن چاغدا، پالانىغا مۇنچىلىك بېرىڭلار، پوكۇنىغا مۇنچىلىك بېرىڭلار دېگىنىڭ بىلەن، بۇ چاغدا مال باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ»، دەپ جاۋاب بەردى.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كىشىنىڭ ساق ۋاقتىدا قىلغان سەدىقىسى كېسەل ۋاقتىدا قىلغان سەدىقىسىدىن ئەۋزەل بولىدىغانلىقى. چۈنكى، كىشى ساغلام ۋاقتىدا بېخىلراق بولىدۇ. بۇنداق ھالەتتە سەدىقە بېرىش شۇ كىشىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، نىيىتىنىڭ دۇرۇس، چىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغانلىقى. بۇنىڭ ئەكسىچە، ساقىيىشتىن ئۈمىد ئۈزگەن، مالنىڭ باشقىلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كېتىش ئېھتىماللىقىنى كۆرگەن، كېسەل ھالەتتە قىلغان سەدىقىنىڭ كەمتۈك ھېسابلىنىدىغانلىقى.



www.munber.org

2) كىشىنىڭ ئەجەل يېتىشتىن ئىلگىرى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا، سەدىقە بېرىشكە ئالدىرىشى كېرەكلىكى.

**91 - ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇھۇد كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلىچنى ئېلىپ: «مَنْ يأْخُذُ منِّي هَذا؟» «بۇنى مەندىن كىم ئالىدۇ؟ »، دېدى. ساھابىلەر قوللىرىنى سوزۇپ: «مەن، مەن»، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «فمنْ يأْخُذُهُ بحقِهِ؟» «بۇنى كىم ئېلىپ ھەققىنى ئادا قىلالايدۇ؟ »، دېدى. كىشىلەر تۇرۇپ قالدى. ئەبۇ دۇجانە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن ئۇنى ئېلىپ ھەققىنى ئادا قىلالايمەن»، دېدى ـ دە، قىلىچنى ئېلىپ مۇشرىكلارنىڭ باشلىرىنى چاپتى.**

—— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەبۇ دۇجانەنىڭ باتۇرلۇقى، ئاللاھ تائالا يولىدىكى پىداكارلىقى، باشقا ساھابىلەرنىڭ تۇرۇپ قېلىشى بولسا ئۇلارنىڭ قورقۇنچاقلىقىدىن ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز قولى بىلەن بەرگەن قىلىچنىڭ ھەققىنى ئادا قىلالماسلىق، ئېغىر مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئورۇنلىيالماسلىقتىن ئەنسىرىگەنلىكى، ئەيمەنگەنلىكى ئۈچۈن ئىكەنلىكى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنى ئاللاھ تائالا يولىدا تىخمۇ جان پىدالىق قىلىشقا، دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرىدىغانلىقى.

**92 - زۇبەير ئىبنى ئەدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا ھەججاجنىڭ قىلىۋاتقان زۇلۇمىنى شىكايەت قىلىپ كەلدۇق. ئۇ: «اصْبِروا فإِنه لا يأْتي زمانٌ إلاَّ والَّذي بعْده شَرٌ منه حتَّى تلقَوا ربَّكُمْ» «سەۋر قىلىڭلار، مەن شۇبھىسىزكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: ‹بۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا بارغۇچە تىخمۇ بەتتەررەك كۈنلەر كېلىدۇ›، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم»، دېدى.**

—— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بەندىنى قىيىنچىلىق، بالا ـ قازالارغا سەۋر قىلىشقا ئۈندەش.

2) كىشىلەرگە قىيامەت ئاز قالغاندا پىتنە ـ پاساتلار كۆپىيىپ، تېخمۇ ئېغىر كۈنلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىش.

**93 - ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بادروا بالأعْمال سبعاً، هل تَنتَظرونَ إلاَّ فقراً مُنسياً، أَوْ غنيٌّ مُطْغياً، أَوْ مرضاً مُفسداً، أَو هرماً مُفْنداً أَو موتاً مُجهزاً أَوِ الدَّجَّال فشرُّ غَائب يُنتَظر، أَوِ السَّاعة فالسَّاعةُ أَدْهى وأَمر» «سىلەرگە يەتتە تۈرلۈك ئىش كېلىشتىن بۇرۇن، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىۋېلىشقا ئالدىراڭلار، ئۇ ئىشلار بولسا: ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان نامراتلىق ياكى يولدىن چىقىرىدىغان بايلىق، بەدەننى كاردىن چىقىرىۋېتىدىغان كېسەللىك ياكى بىلجىرلىتىدىغان قېرىلىق، ئۇشتۇمتۇت كېلىدىغان ئۆلۈم ياكى دەججالكى، دەججال**

كۈتۈپ تۇرۇلۇۋاتقان ئەڭ يامان مەخلۇقتۇر ياكى قىيامەتكى، قىيامەت دېگەن دەھشەتلىك ۋە قورقۇنچلۇقتۇر»، دېدى. — ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) قىيامەت يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى دەججالنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئىكەنلىكى.

2) ئىنساننىڭ بىرەر توسالغۇ بولۇپ قېلىشتىن ئىلگىرى ياخشى ئىشلارنى قىلىۋېلىشقا ئالدىرىشى كېرەكلىكى، چۈنكى دۇنيانىڭ ئازابى ئاخىرەت ئازابىدىن كۆپ يەڭگىل ئىكەنلىكى.

3) كىشىنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشتىن توسۇپ قويىدىغان ئەڭ مۇھىم توسالغۇلار قاتتىق نامراتلىق، بايلىق ۋە قېرىلىق ئىكەنلىكى.

94 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەر كۈنى: «لأعطِينَّ هذهِ الراية رجُلا يُحبُّ اللّه ورسُوله، يفتَح اللّه عَلَى يديهِ» «مەن بۇ ئەلەمنى چوقۇم ئاللاھ تائالا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىگە بېرىمەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ قولى بىلەن بۇ قەلئەلەرنى فەتىھ قىلىدۇ»، دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «مېنىڭ پەقەت شۇ چاغدىلا ئەمىر بولغۇم كېلىپ كەتتى. ئاندىن مەن چاقىرىلىپ قالسام ئىكەنمەن دەپ بويۇنلىرىمنى سوزۇپ كەتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپنى چاقىرىپ، ئەلەمنى ئۇنىڭغا بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «امش ولا تلْتَفتْ حتَّى يَفتح اللّه عليكَ» «ئاتلانغىن، ھەتتا ئاللاھ تائالا ساڭا فەتىھنى نېسىپ قىلمىغۇچە، ئارقاڭغا قارىمىغىن»، دېدى. ئاندىن ئەلى ئەلەمنى ئېلىپ ئازراق مېڭىپ توختىدى ۋە كەينىگە قارىماي تۇرۇپ ۋارقىرىدى: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار بىلەن نېمە ئاساستا ئۇرۇشىمەن». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قاتلْهُمْ حتَّى يشْهدوا أنْ لا إله إلاَّ اللَّه، وأنَّ مُحمَّداً رسول اللَّه، فَإِذا فعلوا ذلك فقدْ منعوا منْك دماءَهُمْ وأموالهُمْ إلاَّ بحَقِّها، وحِسابُهُمْ على اللَّهِ» «ئۇلار تاكى بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى دەپ كەلىمە شاھادەت ئېيتقانغا قەدەر ئۇرۇشقىن. ئەگەر ئۇلار كەلىمە شاھادەت ئېيتسا، ئۇلارنىڭ جانلىرى ۋە ماللىرى قوغدىلىدۇ. (ئۇلارنىڭ ئۈستىدە شەرىئەت ھەققى بولۇپ قالسا، جازالىنىۋېرىدۇ) ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىشىدۇر»، دېدى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە بولغان مۇھەببەت بولسا پەقەت ئۇلارغا ئىشىنىش بىلەن ۋە بۇيرۇلغاننى ئورۇنداش بىلەن بولىدىغانلىقى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەيبەرنى فەتىھ قىلىشقا ئوخشاش كەلگۈسىدىكى ئىشلاردىن ئالدىنئالا خەۋەر بېرىشتەك مۆجىزىسى.

3) كەلىمە شاھادەتنى ئېيتقان ئادەمگە دىندىن ئاشكارا بىرەر نەرسىنى ئىنكار قىلىشتەك كۇفرىلىققا ئېلىپ بارىدىغان بىرەر ئىش سادىر بولمىغۇچە چېقىلىشنىڭ دۇرۇس بولمايدىغانلىقى.



www.munber.org

4) ئىسلامنىڭ ئەھكاملىرى كىشىلەرنىڭ زاھىرى ـ ئاشكارا ھالەتلىرىگە قاراپ ئىجرا قىلىنىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئىچكى سىرلىرىنىڭ قانداقلىقىغا ئاللاھ تائالا ھۆكۈم قىلىدىغانلىقى.

## 11 ـ باب (شەيتان، ھاۋايى ـ ھەۋەس، نەپسى قاتارلىقلار بىلەن) كۆرەش قىلىش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ جَاهَدُوا فِينَا لَنَهْدِيَنَّهُمْ سُبُلَنَا وَإِنَّ اللَّهَ لَمَعَ الْمُحْسِنِينَ﴾ ﴿بىز ئۈچۈن كۆرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز. ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەنكەبۇت 69 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاعْبُدْ رَبَّكَ حَتَّى يَأْتِيَكَ الْيَقِينُ﴾ ﴿سەن ئۆزۈڭگە ئۆلۈم كەلگەنگە )يەنى، ئەجىلىڭ يەتكەنگە) قەدەر پەرۋەردىگارىڭغا ئىبادەت قىلغىن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھىجىر ـ 99 ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:﴿ وَاذْكُرِ اسْمَ رَبِّكَ وَتَبَتَّلْ إِلَيْهِ تَبْتِيلًا ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى ياد ئەتكىن، (ئىبادىتىڭدە) ئۇنىڭغا تولۇق يۈزلەنگىن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە مۇززەممىل 8 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَمَن يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا يَرَهُ﴾ ﴿كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە زەلزەلە ـ 7 ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا تُقَدِّمُوا لِأَنفُسِكُم مِّنْ خَيْرٍ تَجِدُوهُ عِندَ اللَّهِ هُوَ خَيْرًا وَأَعْظَمَ أَجْرًا﴾ ﴿ئۆزۈڭلار ئۈچۈن (دۇنيادا) قايسىبىر ياخشى ئىشنى قىلساڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ كاتتا ساۋابقا ئېرىشىسىلەر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە مۇززەممىل 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ﴿ :وَمَا تُنفِقُواْ مِنْ خَيْرٍ فَإِنَّ اللّهَ بِهِ عَلِيمٌ﴾ ﴿مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير ـ ئېھسان قىلماڭلار، ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن ئۇنى بىلگۈچىدۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە ـ 273 ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

95 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إنَّ اللَّه تعالى قال: منْ عادى لي وليًّا. فقدْ آذنتهُ بالْحرْب. وما تقرَّبَ إِلَيَ عبْدِي بِشْيءٍ أَحبَّ إِلَيَ مِمَّا افْتَرَضْتُ عليْهِ: وما يَزالُ عبدِي يتقرَّبُ إِلي بالنَّوافِل حَتَّى أُحِبَّه، فَإِذا أَحبَبْتُه كُنْتُ سمعهُ الَّذي يسْمَعُ به، وبَصره الذي يُبصِرُ بِهِ، ويدَهُ التي يَبْطِش بهَا، ورِجلَهُ التي يَمْشِي بها، وَإِنْ سأَلَنِي أَعْطيْتَه، ولَئِن اسْتَعَاذَنِي لأُعِيذَنَّه» «ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: كىمكى مېنىڭ ياخشى بەندەمنى دۈشمەن تۇتىدىكەن، ئۇنىڭغا مەن ئۇرۇش ئاچقانلىقىمنى ئۇقتۇرىمەن. مەن بەندەمنىڭ ئۇنىڭ



www.munber.org

ئۈستىگە پەرز قىلىپ بېكىتكەن ئىبادەتلىرىمنى ئادا قىلىش ئارقىلىق ماڭا يېقىنلىشىشىنى ئەڭ ياقتۇرىمەن. بەندەم نەفلى ئىبادەتلەر ئارقىلىق ماڭا يېقىنلىشىۋەرسە، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالىمەن. مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغان چاغدا، ئۇنىڭغا ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى ۋە ماڭىدىغان پۇتى بولۇپ قالىمەن. ئەگەر ئۇ سورىسا، سورىغىنىنى چوقۇم بېرىمەن. ئەگەر ئۇ مېنىڭدىن پاناھ تىلىسە، ئۇنىڭغا چوقۇم پاناھ بولىمەن».

—— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالانىڭ دوست تۇتقان بەندىلىرىنى ئۆچ كۆرۈش، ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن دۈشمەنلىك قىلىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكى، لېكىن ھەقنى ئۈستۈن قىلىش، مۇجمەل ئىشنى ئېنىقلاش يۈزىسىدىن ئۇلار بىلەن قازىخانىدا دەۋا ـ دەستۇردا بولۇپ قېلىش بۇنىڭ دائىرىسىگە كىرمەيدىغانلىقى.

2) پەرزلەرنى ئادا قىلىش نەفلى ئىبادەتلەرنى قىلىشتىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى. چۈنكى، پەرزلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ قەتئىي ئەمرى بىلەن بېكىتكەنلىكى، ئەمما كېچىدە ئىبادەت قىلىش، قۇرئان ئوقۇشتەك نەفلى ئىبادەتلەر پەرزلەردىن كېيىن تۇرىدىغان بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىشكە ئېلىپ بارىدىغانلىقى.

3) ئاللاھ تائالانى زاتى سۈپىتىگە ماس كەلمەيدىغان سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەپ قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەكلىكى، قانداقتۇر بەزىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقات بىلەن بىرلىشىپ كېتىشى ياكى ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتنىڭ ۋۇجۇدىغا چۈشۈشى دېگىنىدەك قاراشلاردىن ئاللاھ تائالانى پاك ھېسابلاشنىڭ تېگىشلىك ئىكەنلىكى.

4) بەندە پەرۋەردىگارىغا چىن ئىخلاسى بىلەن ئىبادەت قىلىدىكەن، ئاللاھ تائالا بۇ بەندىنى دوست تۇتۇپ، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدىغانلىقى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلىدىغانلىقى.

96 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىس قۇددۇستا ئاللاھ تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: «إِذَا تقرب الْعبْدُ إليَّ شِبْراً تَقرَّبْتُ إِلَيْهِ ذِراعاً، وإِذَا تقرَّب إِلَيَّ ذراعاً تقرَّبْتُ منه باعاً، وإِذا أَتانِي يَمْشِي أَتيْتُهُ هرْولَةً» «ئەگەر بەندە ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر گەز يېقىنلىشىمەن. ئەگەر ئۇ ماڭا بىر گەز يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن. ئەگەر ئۇ ماڭا مېڭىپ كەلسە، مەن ئۇنىڭغا يۈگۈرۈپ بارىمەن».

—— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە چەكسىز مېھرىبان، رەھىم ـ شەپقەتلىك ئىكەنلىكى، بەندىنىڭ ئاللاھ تائالا ئۈچۈن قىلغان ئازراق ئىشى ئۈچۈنمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ناھايىتى زور ساۋاب بېرىدىغانلىقى.

97 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «نِعْمتانِ مغبونٌ فيهما كثير من الناس: الصحة والفراغ» «ئىككى

خىل نېئمەت بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇ ئىككى نېئمەتنىڭ قەدرىگە يەتمەي زىيان تارتىدۇ. ئۇ بولسىمۇ تەن ساقلىق ۋە بوش ۋاقىتتىن ئىبارەتتۇر».

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھەدىستە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئورۇنداشقا تەكلىپ قىلىنغان بەندىنى سودىگەرگە، ساقلىق ۋە بوش ۋاقىتنى دەسمايىگە ئوخشاتقان. كىمكى بۇ ئىككى نەرسىدىن ياخشى پايدىلىنىدىكەن، جەزمەن پايدىغا ئېرىشىدۇ. ئەكسىچە بولسا، زىيان تارتىپ، پۇشايمان قىلىدۇ.

2) ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش، قۇربى يەتكەن ۋاقىتتا كۆپرەك ياخشى ئەمەللەرنى قىلىۋېلىش ئۈچۈن ساقلىق ۋە بوش ۋاقىتتىن ئوبدان پايدىلىنىشقا ھېرىسمەن بولۇش.

3) نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئىككى خىل نېئمەتنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ. ئۇلار ۋاقىتنى ھېچقانداق پايدىسى يوق ئىشلارغا سەرپ قىلىدۇ، زىيانلىق ئىشلارنى قىلىپ، سالامەتلىكنى نابۇت قىلىدۇ. ئىسلام دىنى بولسا ۋاقىتنى پايدىلىق ئىشلارغا سەرپ قىلىشقا، سالامەتلىكنى ئاسراشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

98 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىلىرى نامازدا ئۇزۇن تۇرۇپ، پۇتلىرى ئىششىپ يېرىلىپ كېتەتتى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ تائالا سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى مەغفىرەت قىلىۋەتكەن تۇرسا، نېمىشقا مۇنداق قىلىسەن؟»، دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَفَلاَ أُحِبُّ أَنْ أَكُونَ عبْداً شكُوراً؟» «شۈكۈر قىلغۇچى بەندە بولۇشنى ياقتۇرمامدىمەن؟!»، دەپ جاۋاب بەردى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان مۇھەببىتى. تەقۋادارلىقنى ئۆزىنىڭ ئادىتىگە ئايلاندۇرۇۋالغانلىقى.

2) بەندىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بەرگەن نېئمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى.

99 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كېچىسى كىرگەندە ئۇخلىمايتتى ۋە ئۆيدىكىلەرنى ئويغىتاتتى. تىرىشچان بولۇپ، پۈتۈنلەي ئىبادەتكە بېرىلەتتى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ساۋابى كۆپ بولىدىغان ئالاھىدە ۋاقىتلاردىن ئوبدان پايدىلىنىپ، كۆپرەك ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشنىڭ پەزىلىتى.

2) رامزان كېچىلىرىدە كۆپرەك ئىبادەت قىلىش، بولۇپمۇ رامزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدىكى كېچىلەردە ئۇخلىماي ئىبادەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى.

www.munber.org

**100. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الْمُؤمِن الْقَوِيُّ خيرٌ وَأَحبُّ إِلى اللَّهِ مِنَ الْمُؤْمِنِ الضَّعِيفِ وفي كُلٍّ خيْرٌ. احْرِصْ عَلَى مَا ينْفَعُكَ، واسْتَعِنْ بِاللَّهِ وَلاَ تَعْجَزْ. وإنْ أصابَك شيءٌ فلاَ تقلْ: لَوْ أَنِّي فَعلْتُ كانَ كَذَا وَكذَا، وَلَكِنْ قُلْ: قدَّرَ اللَّهُ، ومَا شَاءَ فَعَلَ، فَإِنَّ لَوْ تَفْتَحُ عَمَلَ الشَّيْطَان» «كۈچلۈك مۆئمىن ياخشىدۇر. ئاللاھ تائالا ئاجىز مۆئمىندىن كۈچلۈك مۆئمىننى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئەسلىي ئىماندا ئورتاق بولغانلىقى ئۈچۈن ھەممىسىدە ياخشىلىق بار. سەن ئۆزۈڭگە پايدىلىق نەرسىلەرگە ھېرىس بولغىن. ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلىگىن، ئاجىزلىقنى ئۆزۈڭگە يولاتمىغىن. ئەگەر ساڭا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يېتىپ قالسا، ئۇنداق قىلغان بولسام بوپتىكەن، مۇنداق قىلسام بوپتىكەن دېمىگىن، ئاللاھ تائالانىڭ پۈتۈۋەتكەن تەقدىرى شۇ ئىكەن، ئاللاھ تائالا خالىغان نەرسە بولىدۇ، دېگىن. ئەگەر، كاشكى دېگەن سۆزلەر شەيتاننىڭ ئىشىغا يول ئېچىپ بېرىدۇ».** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كۈچلۈك ۋە ئاجىزلىق دېگەن توغرا يول ئۈچۈن ئۆز نەپسى بىلەن كۈرەش قىلىش، تائەت ـ ئىبادەتكە بېرىلىش، كىشىلەرگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ، زىيانلىق ئىشلارنى تەرك ئېتىش دېگەنلىكتۇر.

2) كىشىنىڭ دىنىنى، ئائىلىسىدىكىلەرنى ۋە ئەخلاقىنى قوغدايدىغان پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا ھېرىس بولۇشىنىڭ لازىملىقى، بۇنىڭدا ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلىگەن، ئاللاھ تائالا مەدەت بەرگەن كىشىنىڭ نىجاتلىق تاپىدىغانلىقى.

3) ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىگە تەن بېرىش، يۈز بېرىپ بولغان، ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار ئۈچۈن غەم ـ قايغۇغا چۆكمەي، ھەممە ئىشنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ پۈتكەن تەقدىرى بىلەن بولغانلىقىغا چىن پۈتۈپ، ئالدىغا قاراش لازىملىقى.

**101 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «حُجِبتِ النَّارُ بِالشَّهَواتِ، وحُجِبتْ الْجَنَّةُ بَالمَكَارِهِ» «دوزاخ ھاۋايى ـ ھەۋەس بىلەن ئورالغان، جەننەت كىشىنىڭ نەپسى ياقتۇرمايدىغان نەرسە بىلەن ئورالغان».** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: بۇ ھەدىس ئەرەب تىلىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پاساھەت ـ بالاغىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. جەننەتكە ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالا چەكلىگەن، نەپسىگە تەرك ئېتىش قىيىنراق تۇيۇلىدىغان ئىشلارنى تەرك ئېتىش بىلەنلا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى، ھاۋايى ـ ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرمەي، توغرا يولدىن مېڭىش بىلەنلا دوزاخ ئازابىدىن قوتۇلغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

**102 ـ ئەبۇ ئابدۇللاھ ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كېچىسى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ناماز ئوقۇدۇم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈرە بەقەرەنى باشلىدى. مەن 100 ئايەت ئوقۇپ بولۇپ، رۇكۇ قىلامدىكىن، دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇۋەردى. مەن سۈرە**



www.munber.org

بەقەرەنىڭ ھەممىسىنى بىر رەكئەتتە ئوقۇيدىغان بولدى، دەپ ئويلىدىم. يەنە ئوقۇۋېرىپ، سۈرە بەقەرە تۈگىگەندىمۇ رۇكۇ قىلمىدى. ئاندىن سۈرە نىسانى باشلىدى. ئۇنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن سۈرە ئال ئىمرانىنى باشلاپ توختىماي ئوقۇۋەردى. ئايەتلەرنى ئالدىرىماي ئوقۇدى. تەسبىھ بار ئايەتلەرنى ئوقۇغان چاغدا، تەسبىھ ئوقۇدى. دۇئا بار ئايەتلەردىن ئۆتسە دۇئا قىلدى ۋە پاناھ تىلەش بار ئايەتلەر ئۆتسە پاناھ تىلىدى. ئاندىن رۇكۇ قىلىپ: «سُبحانَ رَبِّيَ الْعظِيمِ» « ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم پاكتۇر »، دېدى. قىيامدا تۇرغانغا ئوخشاش ئۇزۇن رۇكۇ قىلدى. ئاندىن كېيىن «سمِعَ اللَّهُ لِمن حمِدَه، ربَّنا لك الْحمدُ» « ئاللاھ تائالا ئۆزىگە ئېيتىلغان ھەمدلەرنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، ئى پەرۋەردىگارىمىز ھەمد سەن ئۈچۈندۇر »، دېدى. ئاندىن قىيامدا رۇكۇغا ئوخشاش ئۇزۇن تۇردى. ئاندىن سەجدە قىلىپ: «سبحان رَبِّيَ الأعلَى» « ئۈستۈن پەرۋەردىگارىم پاكتۇر »، دېدى. قىيامدا تۇرغانغا ئوخشاش ئۇزۇن سەجدە قىلدى.

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: نەفلى نامازلاردا ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى، كېچىدە ئوقۇغان تەھەججۇد نامازلىرىدا ئۇزۇنراق قىيامدا تۇرۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، سۈرىلەرنىڭ تەرتىپىنى « قۇرئان كەرىم »دىكىدىن باشقىچە ئىلگىرى ـ كېيىن ئوقۇشنىڭ مەكرۇھ ئەمەسلىكى.

103 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇ: بىر كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ناماز ئوقۇدۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامدا شۇنداق ئۇزۇن تۇردىكى، ھەتتا مەن بولمىغۇر ئىشنى كۆڭلۈمگە كەلتۈردۈم. ئىبنى مەسئۇددىن: «سەن نېمىنى كۆڭلۈڭگە كەلتۈردۈڭ؟ »، دەپ سورالغاندا، ئۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قىيامدا قويۇپ، ئۆزۈم ئولتۇرۇۋېلىشنى ئويلاپ قالدىم»، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) نامازدا ئىمامغا ئىقتىدا قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئەگەشمەسلىكنىڭ يامان ئىش سانىلىدىغانلىقى.

2) مۇجمەل بولۇپ قالغان ئىشلارنى سوراپ بىلىۋېلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

104 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يتْبعُ الميْتَ ثلاثَةٌ: أهلُهُ ومالُه وعمَلُه، فيرْجع اثنانِ ويبْقَى واحِدٌ: يرجعُ أهلُهُ ومالُهُ، ويبقَى عملُهُ» «مېيىتقا ئۈچ نەرسە ئەگىشىدۇ (يەنى قەبرىگە ئەگىشىپ بارىدۇ): ئۇنىڭ بالا ـ ۋاقىسى، مېلى، ئەمەلىدىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ بىرسى مېيىت بىلەن قېلىپ، ئىككىسى قايتىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ بالا ـ ۋاقىسى ۋە مېلى قايتىپ كېلىدۇ. ئەمەلى ئىگىسى بىلەن بىللە قېلىپ قالىدۇ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

هةدعسنعث مذهعم نذقتعسع: كىشىلەر مېيىتنى قەبرىدە يالغۇز قويۇپ ماڭغاندا، مېيىتقا ھەمراھ بولىدىغان بىردىنبىر نەرسە ياخشى ئەمەل بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسانغا ئاخىرەتتە ئەسقاتىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، مال ـ دۇنيانىڭ ئەسقاتمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىش.

**105 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «الجنة أقَربُ إلى أحدِكُم مِنْ شِراكِ نَعْلِهِ والنَّارُ مِثْلُ ذلِكَ» **«جەننەت سىلەرگە ئۆزۈڭلارنىڭ ئايىغىنىڭ شوينىسىدىنمۇ يېقىنراقتۇر، دوزاخمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش يېقىندۇر».** — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش كىشىنى جەننەتكە باشلىسا، ئاسىيلىق قىلىش دوزاخقا باشلايدىغانلىقى.

2) ئىنسانىنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىنى تەرك ئېتىشى جەننەتكە، ئۇنىڭغا ئەگىشىشى دوزاخقا ئېلىپ بارىدىغانلىقى، ئىنسان شۇ ئىككى يولنىڭ بىرىنىلا تاللايدىغانلىقى.

**106 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھلى سۇففەلەردىن بولغان خادىمى ئىبنى كەئب ئەسلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە يېتىپ قوپاتتىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاھارەت سۈيىنى ۋە باشقا كېرەكلىك نەرسىلىرىنى ھازىرلاپ بېرەتتىم. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «سلْني» **«مەندىن سورىغىن»، دېدى. مەن: «مەن سەندىن جەننەتتىمۇ ساڭا ھەمراھ بولۇشنى سورايمەن»، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «أوَ غَيْرَ ذلِك؟» **«باشقىسى يوقمۇ؟»، دېدى. مەن: «پەقەت مۇشۇ»، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «فأَعِنِّي على نَفْسِكَ بِكَثْرةِ السجُودِ» **«ئۇنداقتا ئۆزۈڭ سەجدىنى كۆپ قىلىش بىلەن ماڭا ياردەم بەرگىن»، دېدى.** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھەدىستە جەننەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشى، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە ئەگىشىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆز نەپسى بىلەن كۆرەش قىلىشى لازىملىقى كۆرسىتىلگەن. بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت شۇنداق قىلغانلارنىڭلا جەننەتتە ئۆزى بىلەن بىللە بولالايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن.

2) ساھابىلەرنىڭ ئاخىرەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە بولۇشقا ھېرىس ئىكەنلىكى.

3) تاھارەت سۈيىنى تەييارلاشتا باشقىلاردىن ياردەم سوراشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

**107 ـ ئەبۇ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:** «عليكَ بِكَثْرةِ السُّجُودِ، فإِنَّك لَنْ تَسْجُد للَّهِ سجْدةً إلاَّ رفَعكَ اللَّهُ بِهَا درجةً، وحطَّ عنْكَ بِهَا خَطِيئَةً» **«سەجدىنى كۆپ قىلغىن،**

شۈبھىسىزكى، سەن سەجدە قىلساڭ، ئاللاھ تائالا ھەر بىر سەجدەڭ ئۈچۈن سېنى بىر دەرىجە كۆتۈرىدۇ. ھەر بىر سەجدە بىلەن بىر خاتالىقىڭنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) نەفلى ئىبادەتلەرنىڭ گۇناھنى يۇيىدىغانلىقى.

2) مۇسۇلماننىڭ پەرز ۋە نەفلى نامازلارنى ئادا قىلىشقا ھېرىس بولۇشى لازىملىقى.

108 ـ ئەبۇ سەفۋان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «خَيْرُ النَّاسِ مَن طالَ عمُرُه وَحَسُنَ عملُه» «كىشىلەرنىڭ ياخشىسى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن، ئەمەللىرى ياخشى بولغان كىشىلەردۇر».

— ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ئادەمنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنىڭ پەزلى ـ ئارتۇقچىلىقى، ئەكسىچە يامان ئەمەللەرنى قىلغان ئادەمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ئىكەنلىكى.

109 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇ: تاغام ئەنەس ئىبنى نەزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەدرى ئۇرۇشىغا قاتنىشالمىدى. ئۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن سەن مۇشرىكلار بىلەن ئېلىپ بارغان تۇنجى ئۇرۇشقا قاتنىشالمىدىم. ئەگەر ئاللاھ تائالا مېنى مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا نېسىپ قىلسا، قانداق قىلىدىغانلىقىمنى چوقۇم كۆرىدۇ»، دېدى. ئۇھۇد ئۇرۇشى كۈنىدە مۇسۇلمانلار پىتراپ كەتتى. ئەنەس ئىبنى نەزىر: «ئى ئاللاھ! ھەمراھلىرىمنىڭ بۇنداق قىلغانلىرىدىن ساڭا ئۆزرە ئېيتىمەن. شۇنىڭدەك، مۇشرىكلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن چەك ئارىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن»، دېدى. ئاندىن ئالغا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭغا سەئد ئىبنى مۇئاز ئۇچراپ قالدى. تاغام: «ئى سەئد ئىبنى مۇئاز! كەئبىنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇھۇد تەرەپتىن جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇراۋاتىمەن»، دەپ جەڭ مەيدانىغا كىرىپ كەتتى. سەئد: «مەن ئەنەسنىڭ قىلغىنىدەك قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم»، دېدى. ئەنەس: «بىز ئەنەس ئىبنى نەزىرنى ئۇنىڭغا قىلىچ ئۇرۇلغان، نەيزە سانچىلغان، ئوقيانىڭ ئوقى تەگكەن ھەممىسى بولۇپ 80 نەچچە يېرىنىڭ يارىلانغانلىقىنى كۆردۇق. ئۇنى ئۆلتۈرۈلۈپ، مۇشرىكلارنىڭ ئۇنىڭ چىرايىنى بۇزۇۋەتكەن ھالىتىدە تاپتۇق. ئۇنى پەقەت بىر سىڭلىسى بارماقلىرىدىن تونۇۋالدى. بىز ﴿مِنَ المُؤْمِنِينَ رِجالٌ صدقُوا ما عَاهَدُوا اللّٰه علَيهِ﴾ ﴿مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدىن ئاللاھ تائالاغا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەھزاب 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)، دېگەن ئايەتنى ئەنەس ئىبنى نەزىر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەر توغرىسىدا چۈشكەن دەپ ئويلايمىز».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: 1) ياخشى ئەمەللەرگە ۋەدە بېرىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى. ئىنساننىڭ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىرىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ شېھىت بولۇشىنى تەلەپ قىلىشتىكى سەمىمىيلىكى ۋە جەننەتكە كىرىشكە بولغان ھېرىسمەنلىكى.

**110.** ئىبنى ئەمر ئەنسارىي بەدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، سەدىقىنىڭ ئايىتى چۈشكەندە، بىز ھامماللىق قىلىپ، تىرىكچىلىك قىلاتتۇق. بىر كۈنى بىر كىشى كېلىپ نۇرغۇن نەرسە سەدىقە قىلدى. كىشىلەر ئۇنى رىياخور دېيىشتى. يەنە بىر كىشى كېلىپ، بىر سا (بىر سا ئىككى كىلو قىرىق گىرامغا تەڭ. ــــ ت) نەرسە سەدىقە قىلدى. كىشىلەر: «ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بىر سا نەرسىسىدىن بىھاجەت»، دېيىشتى. شۇ ۋاقىتتا بۇ ئايەت نازىل بولدى: ﴿الَّذِينَ يَلْمِزُونَ الْمُطَّوِّعِينَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ فِي الصَّدَقَاتِ وَالَّذِينَ لاَ يَجِدُونَ إلاَّ جُهْدَهُمْ﴾ ﴿(مۇناپىقلار) مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدىكى مەردلىك بىلەن (كۆپ) سەدىقە قىلغۇچىلارنى، تاقىتىنىڭ يېتىشىچە (يەنى كەمبەغەل بولغانلىقتىن ئاز) سەدىقە قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەيدۇ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە تەۋبە ـ 79 ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ــــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىنساننىڭ تاقىتىنىڭ يېتىشىچە پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلىشى، ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە، مەيلى ئۇ ئاز بولغان تەقدىردىمۇ سەدىقە بېرىشى، مۇناپىقلار ۋە يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماسلىقى لازىملىقى.

2) ئاز بولغان تەقدىردىمۇ كىشىنىڭ سەدىقە بېرىپ تۇرۇشىنىڭ لازىملىقى.

3) ياخشى ئەمەللەرنى ئازكەن دەپ، مەنسىتمەسلىكنىڭ خاتا ئىكەنلىكى.

**111** ـ سەئىد ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەبىئە ئىبنى يەزىددىن، ئۇ دادىسى ئەبۇ ئىدرىس خەۋلانىدىن، ئۇ دادىسى ئەبۇ زەر جۇندۇب ئىبنى جۇنادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىس قۇددۇسىيدا مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «يا عِبَادِي إِنِّي حَرَّمْتُ الظُّلْمَ عَلَى نَفْسِي وَجَعَلْتُهُ بَيْنَكُمْ مُحَرَّماً فَلاَ تَظالَمُوا، يَا عِبَادِي كُلُّكُم ضَالٌّ إِلاَّ مَنْ هَدَيْتُهُ، فَاسْتَهْدُونِي أَهْدِكُمْ، يَا عِبَادِي كُلُّكُمْ جائعٌ إِلاَّ مـنْ أطعمتُـه، فاسْتطْعموني أطعمْكم، يا عبادي كلكم عَارٍ إِلاَّ مِنْ كَسَوْتُهُ فَاسْتَكْسُونِي أَكْسُكُمْ، يَا عِبَادِي إِنَّكُمْ تُخْطِئُونَ بِاللَّيْلِ وَالنَّهَارِ وَأَنَا أَغْفِرُ الذُّنُوبَ جَمِيعاً، فَاسْتَغْفِرُونِي أَغْفِرْ لَكُمْ، يَا عِبَادِي إِنَّكُمْ لَنْ تَبْلُغُوا ضُرِّي فَتَضُرُّونِي، وَلَنْ تَبْلُغُوا نَفْعِي فَتَنْفَعُونِي، يَا عِبَادِي لَوْ أَنَّ أَوَّلَكُمْ وآخِرَكُمْ، وَإِنْسَكُمْ وَجِنَّكُمْ كَانُوا عَلَى أتقى قلبِ رجلٍ واحدٍ منكم ما زادَ ذلكَ فِي مُلكي شيئاً، يا عِبَادِي لو أَنَّ أَوَّلكم وآخرَكُم وإنسَكُم وجنكُمْ كانوا عَلَى أفْجَرِ قَلْبِ رَجُلٍ وَاحِدٍ مِنْكُمْ مَا نَقَصَ ذَلِكَ مِنْ مُلْكِي شَيْئاً، يَا عِبَادِي لَوْ أَنَّ أَوَّلَكُمْ وَآخِرَكُمْ وَإِنْسَكُمْ وَجِنَّكُمْ، قَامُوا فِي صَعِيدٍ وَاحِدٍ، فَسأَلُونِي فَأَعْطَيْتُ كُلَّ إِنْسانٍ مَسْأَلَتَهُ، مَا نَقَصَ ذَلِكَ مِمَّا عِنْدِي إِلاَّ كَمَا يَنْقُصُ المِخْيَطُ إِذَا أُدْخِلَ البَحْرَ، يَا عِبَادِي إِنَّما هِيَ أَعْمَالُكُمْ أُحْصِيهَا لَكُمْ، ثُمَّ أُوَفِّيكُمْ إِيَّاهَا، فَمَنْ

www.munber.org

وَجَدَ خَيْراً فَلْيَحْمِدِ اللَّه، وَمَنْ وَجَدَ غَيْرَ ذَلِكَ فَلاَ يَلُومَنَّ إلاَّ نَفْسَهُ» «ئى بەندىلىرىم! مەن ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلىشنى ھارام قىلدىم. سىلەرگىمۇ ئۆزئارا زۇلۇم قىلىشنى ھارام قىلدىم. زۇلۇم قىلىشماڭلار، ئى بەندىلىرىم! مەن ھىدايەت قىلغان كىشىدىن باشقا ھەممىڭلار ئازغۇچى. مەندىن ھىدايەت تەلەپ قىلىڭلار، سىلەرنى ھىدايەت قىلىمەن. ئى بەندىلىرىم! مەن ئوزۇقلاندۇرغان كىشىدىن باشقا ھەممىڭلار ئاچ قالىسىلەر، مەندىن ئوزۇق تەلەپ قىلىڭلار، سىلەرگە تائام بېرىمەن. ئى بەندىلىرىم! مەن كىيىم بەرگەن كىشىدىن باشقىڭلار يالىڭاچسىلەر، مەندىن كىيىم تەلەپ قىلىڭلار، مەن سىلەرگە كىيىم بېرىمەن. ئى بەندىلىرىم! سىلەر كېچە ـ كۈندۈز خاتالىشىسىلەر، مەن ھەممە گۇناھىڭلارنى مەغفىرەت قىلىمەن، مەغفىرەت تەلەپ قىلىڭلار، سىلەرنى مەغفىرەت قىلىمەن. ئى بەندىلىرىم! سىلەر ماڭا زىيان يەتكۈزمەكچى بولساڭلار، ماڭا ھەرگىز زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر، پايدا يەتكۈزمەكچى بولساڭلارمۇ پايدا يەتكۈزەلمەيسىلەر. ئى بەندىلىرىم! سىلەردىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئىنسانلار ۋە جىنلار ھەممىسى يىغىلىپ، بىر ئەڭ تەقۋادار كىشىنىڭ قەلبىگە ئوخشاش بولۇپ كەتسەڭلارمۇ، مېنىڭ سەلتەنىتىمدىكى قىلچىلىك نەرسىنىمۇ زىيادە قىلالمايسىلەر، ئەگەر سىلەردىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ، ئەڭ پاسىق ئادەمنىڭ قەلبىگە ئوخشاش بولۇپ كەتسەڭلارمۇ مېنىڭ سەلتەنىتىمدىكى ھېچ نەرسىنى كېمەيتەلمەيسىلەر. ئى بەندىلىرىم! سىلەردىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ ھەممىسى بىر تۈزلەڭلىككە يىغىلىپ مەندىن سورىسا، مەن ھەر بىر ئىنسانغا مەندىن سورىغىنىنى بەرسەم، پەقەت دېڭىزغا چىلىنىپ ئېلىنغان يىڭنىغا يۇققان سۇ دېڭىز سۈيىدىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتەلمىگەندەك مېنىڭ سەلتەنىتىمدىكى نەرسىلەردىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتەلمەيدۇ. ئى بەندىلىرىم! پەقەت سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنىڭ سانىنى تولۇق ئىگىلەكلىكمەن. ئاندىن ئۇنىڭ ئەجرىنى سىلەرگە تولۇق بېرىمەن. كىمكى ياخشىلىققا ئېرىشسە، ئاللاھ تائالاغا ھەمد ئېيتسۇن، كىمكى ئۇنىڭدىن باشقىغا ئېرىشىپ قالسا، پەقەت ئۆزىنى ئەيىبلىسۇن». سەئىد ئېيتىدۇ: «ئەبۇ ئىدرىس قاچانكى بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلسا تىزلىنىپ ئولتۇراتتى».

—— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بەندىنىڭ دۇئا ئارقىلىق ھىدايەتنى تەلەپ قىلىشنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكى، چۈنكى ھىدايەت، رىزىق ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرى، ئۇلار ھېچ نەرسىگە ئىگە ئەمەس، چۈنكى چارە ـ تەدبىر قىلىشمۇ ئاللاھ تائالانىڭ يارىتىشى بىلەن بولىدۇ ـ دە!

2) بەندىنىڭ كۆپرەك تەۋبە ـ ئىستىغفار ئېيتىشىنىڭ لازىملىقى، چۈنكى بەندىنىڭ چىن ـ ئىخلاسى بىلەن قىلغان تەۋبىسىنى ئاللاھ تائالانىڭ قوبۇل قىلىپ، گۇناھلىرىنى مەغفىرەت قىلىدىغانلىقى.



www.munber.org

3) بەندىلەرنىڭ تائەت ـ ئىبادىتى ئاللاھ تائالاغا ھېچقانداق پايدا يەتكۈزەلمىگىنىدەك، گۇناھلىرىنىڭمۇ ئاللاھ تائالاغا زەررە چاغلىق زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقى.

## 12. باب كىشىنى ئاخىرقى ئۆمرىدە ياخشىلىقلارنى كۆپ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَوَلَمْ نُعَمِّرْكُم مَّا يَتَذَكَّرُ فِيهِ مَن تَذَكَّرَ وَجَاءَكُمُ النَّذِيرُ﴾ ﴿سىلەرگە ئۆمۈرۈڭلارنى ئۇزۇن قىلىپ، ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدىغان ئادەم ۋەز ـ نەسىھەت ئالالىغۇدەك ۋاقىت بەرمىدىممۇ؟ سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى، پەيغەمبەر) كەلدىغۇ؟﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە فاتىر 37 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئىبن ئابباس ۋە باشقا مۇھەققىق ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ مەنىسى سىلەرگە 60 يىل ئۆمۈر بەرمىدىممۇ؟ دېگەنلىكتۇر». بىز تۆۋەندە بايان قىلغان ھەدىسمۇ ئۇنىڭ مەنىسىنى كۈچلەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ مەنىسىنى 18 يىل دېگەنلەرمۇ بار. شۇنداقلا 40 يىل دېگەنلەرمۇ بار. بۇ سۆزنى ھەسەن بەسرى، كەلبى ۋە مەسرۇقلار دېگەن. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەدىنىلىكلەرنىڭ يېشى قىرىققا يەتسە، ئىبادەتكە بېرىلىپ كېتەتتى. بەزىلىرى بالاغەت يېشى 40 ياشتۇر، دېگەن.

ئاللاھ تائالانىڭ ﴿وَجَاءَكُمُ النَّذِيرُ﴾ ﴿سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى، پەيغەمبەر) كەلدىغۇ؟﴾ دېگەن سۆزىنى ئىبنى ئابباس ۋە كۆپچىلىك ئۆلىمالار: «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ»، دېسە، ئىكرەمە ئىبنى ئۇيەينە قاتارلىق ئالىملار: «چاچ، ساقاللاردىكى ئاقنى كۆرسىتىدۇ»، دەيدۇ.

112 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «أعْذَرَ اللَّهُ إلى امْرِىءٍ أَخَّرَ أجلَه حتى بلَغَ سِتِّينَ سنةً» «ئاللاھ تائالا ئۆمۈر بېرىپ، 60 يىل ياشىغان ئادەمنىڭ (ئۆمرىۋە ئۇزۇن بولغان بولسا، ئۇنى قىلاتتىم، بۇنى قىلاتتىم دەيدىغان) ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ».

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنى ئاگاھلاندۇرماي، دەلىل ـ پاكىتلار بىلەن بېشارەت بەرمەي جازالىمايدىغانلىقى.

2) ئىنسانىنىڭ 60 ياشقا توشقانلىقى ئەجىلىنىڭ يېقىنلاشقانلىق ئېھتىماللىقىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى.

113 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېنى بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئاقساقاللارنىڭ يىغىنلىرىغا بىللە ئەكىرەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزئارا: «نېمىشقا بىزنىڭ يېنىمىزغا كىرىدۇ؟

ئۇ بىزنىڭ بالىلىرىمىز بىلەن تەڭغۇ؟!»، دېگەندەك گەپلەرنى قىلاتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ: «ھەقىقەتەن ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكى سىلەرگە مەلۇملۇق»، دېدى. بىر كۈنى ئۇ مېنى يەنە چاقىردى. مەن شۇ ۋاقىتتا ئۇنى قانداقلىقىمنى ئۇلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن چاقىردىمىكىن، دەپ ئويلىدىم. ئۇ كىشىلەرگە: «سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ﴿إذا جاءَ نَصْرُ اللَّهِ والْفَتْحُ﴾ ﴿ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن چاغدا﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە نەسر 1 ـ ئايەت) دېگەن سۆزىنى قانداق مەنادا چۈشىنىسىلەر؟»، دەپ سورىدى. بەزىلىرى: «ئاللاھ تائالانىڭ غەلىبىسى كەلگەن چاغدا ئاللاھ تائالاغا ھەمد ئېيتىشقا ۋە مەغفىرەت تىلەشكە بۇيرۇلدۇق»، دېيىشتى. بەزىلىرى بولسا ئۈندىمەي جىم ئولتۇردى. ئۇ ماڭا: «ئى ئىبنى ئابباس، سەنمۇ شۇلار دېگەندەك دەمسەن؟»، دېدى. مەن: «ياق»، دېدىم. ئۇ: «ئۇنداقتا سەن بۇ ھەقتە نېمە دەيسەن؟»، دېدى. مەن: «ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەجىلىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇ زاتقا بىلدۈرۈشى بولۇپ، ئاللاھ تائالا: ﴿إذا جَاءَ نَصْرُ اللَّهِ والْفتحُ﴾ ﴿ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن چاغدا﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە نەسر 1 ـ ئايەت) دېدى. ئۇ بولسىمۇ ئەجەلىنىڭ ئالامىتى بولۇپ ﴿فَسَبِّحْ بِحمْدِ رَبِّكَ واسْتغْفِرْهُ إِنَّه كانَ تَوَّاباً﴾ ﴿شۇ چاغدا رەببىڭگە تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمد ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغفىرەت تىلىگىن، ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن تەۋبىنى قوبۇل قىلغۇچىدۇر﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە نەسر 3 ـ ئايەت) دېگەنلىكتۇر»، دېدىم. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ: «مەن ھەم بۇ ئايەتنى پەقەت سەن دېگەن مەنىدە چۈشىنىمەن»، دېدى. ـــ بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) رەسۇلۇللاھنىڭ تەۋبە ـ ئىستىغفار ئېيتىشقا بۇيرۇلۇشىنىڭ ئەجىلىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىدىن بېشارەت ئىكەنلىكى، چۈنكى تەۋبە ـ ئىستىغفار ئىشلارنىڭ ئاخىرىدا بولىدىغانلىقى.

2) كىشى ئۆزىنىڭ بىلىمىنىڭ كەڭلىكى ۋە پىكرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن ئۆز تەڭتۇشلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى، ئەقلىنىڭ ياشتا ئەمەس، باشتا بولىدىغانلىقى.

3) ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ پەزلى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىغا بولغان چۈشەنچىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، شۇڭا « قۇرئاننىڭ تەفسىرشۇناسى »، دېگەن نام بىلەن ئاتالغانلىقى.

4) ئىلىمنىڭ پەزلى ۋە ئۆلىمالارنىڭ پەزىلەتلىك ئىكەنلىكى.

114 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ﴿إِذَا جَاءَ نصْرُ اللّٰهِ والْفَتْحُ﴾ ﴿ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن چاغدا﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە نەسر 1 ـ ئايەت) دېگەن ئايەت چۈشكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇسا: «سُبْحانك ربَّنَا وبِحمْدِكَ، اللَّهُمَّ اغفِرْ لي» «ئى پەرۋەردىگارىمىز سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، جىمى

ھەمدۇ ـ سانا ساڭا خاستۇر، ئى ئاللاھ مېنى مەغفىرەت قىلغىن»، دەيتتى. ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇكۇ ۋە سەجدە قىلغان چېغىدا «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە: «سُبْحانك ربَّنَا وبِحمْدِكَ، اللّهُمَّ اغْفِرْ لى» «ئى پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ تائالا! سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز ۋە سېنى مەدھىيلەيمىز. ئى ئاللاھ! مېنى مەغفىرەت قىلغىن»، دېگەننى كۆپ دەيتتى، دېيىلگەن.

مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى: «سُبْحانك ربَّنَا وبِحمْدِكَ، اللّهُمَّ اغْفِرْ لى» «ئى ئاللاھ! سەن پاكتۇرسەن ۋە جىمىي ھەمدۇسانا ساڭا خاستۇر، سەندىن مەغفىرەت تىلەيمەن ۋە ساڭا تەۋبە قىلىمەن»، دېگەن سۆزلەرنى كۆپ دېگەندى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن سېنىڭ يېڭى سۆزلەرنى دەۋاتقانلىقىڭنى ئاڭلاۋاتىمەنغۇ؟ »، دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جُعِلَتْ لِي علامةٌ في أمَّتي إذا رَأيتُها قُلتُها ﴿إِذَا جَاءَ نَصْرُ اللّٰهِ والْفَتْحُ﴾» «ئۇممىتىمنىڭ ئىچىدە بىر ئالامەتنىڭ بولۇشى ماڭا خاس قىلىندى، مەن شۇنى كۆرگەن چاغدا ئۇ سۆزنى دەيمەن، ئۇ بېشارەت بولسىمۇ ﴿ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن چاغدا...﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە نەسر 1 ـ ئايەت) »، دېگەن سۈرىنى ئاخىرغىچە ئوقۇدى.

مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سُبْحانَ اللّهِ وبِحَمْدِهِ. أَسْتَغْفِرُ اللّٰه وَأَتُوبُ إِلَيْه» «ئاللاھ تائالانى پاك دەپ ياد ئېتىمەن، جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالادىن مەغفىرەت تىلەيمەن ۋە ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىمەن»، دېگەن سۆزلەرنى كۆپ دەيتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ سۆزلەرنى كۆپ دەيسەنغۇ»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَخْبرني ربِّي أنِّي سَأرَى علاَمَةً فِي أُمَّتي فَإِذَا رأيْتُها أكْثَرْتُ مِن قَوْلِ: سُبْحانَ اللّهِ وبِحَمْدِهِ، أَسْتَغْفِرُ اللّٰه وَأَتُوبُ إِلَيْهِ: فَقَدْ رَأَيْتُها: ﴿إِذَا جَاءَ نَصْرُ اللّٰهِ والْفَتْحُ﴾ فَتْحُ مَكَّةَ، ﴿ورأيْتَ النَّاس يدْخُلُونَ فِي دِينِ اللّٰهِ أَفْوَاجًا، فَسبحْ بِحمْدِ ربِّكَ واسْتَغفِرْهُ إنَّهُ كانَ توَّاباً﴾» «رەببىم ماڭا پات ئارىدا ئۇممىتىمدىن بىر ئالامەت كۆرىدىغانلىقىمدىن بېشارەت بەردى. ئۇلارنى كۆرگەن چاغدا مەن بۇ سۆزنى كۆپ ئېيتىمەن. شۈبھىسىزكى، مەن بۇ ئالامەتنى كۆردۈم. ئۇ بولسىمۇ مەككىنىڭ فەتھە قىلىنىشىدۇر. بۇ ھەقتە نازىل بولغان ﴿ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن چاغدا...﴾ دېگەن ئايەتلەردۇر»، دېدى.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىپ، كۆپ ئىستىغفار ئېيتىدىغانلىقى ۋە ئىلتىجا قىلىدىغانلىقى.



www.munber.org

2) بەندىنىڭ نىيەتكە ئېرىشكەندە ئاللاھقا كۆپ شۈكۈر قىلىش لازىملىقى.

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ، ئىقتىدا قىلىش يۈزىسىدىن ئاللاھ تائالاغا ئىستىغفار ئېيتىش ۋە دۇئا قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

**115 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇلۇغ ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن ئىلگىرى ۋەھيىنى كەينى ـ كەينىدىن چۈشۈرۈپ تۇردى. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيى كۆپ چۈشۈپ تۇرغان ۋاقىتتا ۋاپات بولدى.** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ۋەھيىنىڭ تولۇق نازىل بولۇپ بولغانلىقى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ۋەھيىنىڭ كۆپ چۈشكەنلىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالاغا تېخىمۇ يېقىنلىق ھاسىل قىلغانلىقى، ئەجىلىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىكەنلىكى.

**116 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يُبْعَثُ كُلُّ عبْدٍ على ما مَاتَ علَيْهِ» «ھەر قانداق بەندە قانداق ھالەتتە ئۆلگەن بولسا، شۇ ھالەتتە تىرىلدۈرۈلىدۇ».** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بەندىنى قىيامەت كۈنىدە ياخشى ئەمەللىرى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇشى ئۈچۈن ھاياتلىقىدا ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا، ئىبادەتتە، ئەخلاقتا ۋە بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىشكە رىغبەتلەندۈرۈش.

2) بەندە ھەر ۋاقىت ئۆلۈمگە يېقىن تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن ھەممە ۋاقىتتا كۆپرەك تائەت ـ ئىبادەت قىلىشنىڭ لازىملىقى.

## 13 . باب ياخشىلىق يوللىرىنىڭ كۆپلىكى توغرىسىدا

**ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا تَفْعَلُواْ مِنْ خَيْرٍ فَإِنَّ اللّهَ بِهِ عَلِيمٌ﴾ ﴿ياخشىلىقتىن نېمىنى قىلماڭلار، ئاللاھ تائالا ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾.** («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 215 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

**ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا تَفْعَلُواْ مِنْ خَيْرٍ يَعْلَمْهُ اللّهُ﴾ ﴿سىلەر قانداقلىكى ياخشى ئەمەلنى قىلساڭلار، ئاللاھ تائالا ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾.** («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 197 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

**ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَمَن يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا يَرَهُ﴾ ﴿كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ﴾.** («قۇرئان كەرىم» سۈرە زەلزەلە 7 ـ ئايەت)

www.munber.org

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَنْ عَمِلَ صَالِحًا فَلِنَفْسِهِ﴾ ﴿كىمكى (دۇنيادا) ياخشى ئىش قىلسا، ئۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن قىلىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 197 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

**117** ـ ئەبۇ زەر جۇندۇب ئىبنى جۇنادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، مەن: «ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! قايسى ئەمەل ئەۋزەلرەك؟»، دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الإِيمانُ بِاللّـهِ، وَالجِهَادُ فِي سَبِيلِهِ» «ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىش ۋە ئاللاھ تائالا يولىدا جىھاد قىلىش»، دېدى. مەن: «قايسى قۇلنى ئازاد قىلىش ئەۋزەلرەك؟»، دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَنْفَسُهَا عِنْدَ أَهْلِهَا، وأَكْثَرُهَا ثَمَناً» «خوجايىنىنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئېسىلى، باھاسى ئەڭ يۇقىرى بولغىنىنى»، دېدى. مەن: «ئەگەر ئۇنداق قىلالمىسامچۇ؟»، دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تُعِينُ صَانِعاً أَوْ تَصْنَعُ لأَخْرَقَ» «قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلگەن ئادەمگە ياردەم بەرگىن ياكى بىرەر ئىشنى قاملاشتۇرالمايدىغان ئادەمنىڭ ئىشلىرىنى قىلىشىپ بەرگىن»، دېدى. مەن: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! دەپ باقە، ئەگەر شۇ ئىشلارنىڭ بەزىسىنى قىلىشتىن ئاجىز كەلسەمچۇ؟»، دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تَكُفُّ شَرَّكَ عَنَ النَّاسِ فَإِنَّها صدقةٌ مِنْكَ على نَفسِكَ» «كىشىلەرگە يامانلىق قىلىشتىن ئۆزۈڭنى تارتقىن، بۇ ئۆزۈڭ ئۈچۈن بولغان بىر سەدىقە ھېسابلىنىدۇ»، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مۇسۇلماننى قىيىنچىلىقى بار ۋە ئۆز ئىشىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان كىشىلەرگە ياردەم بېرىشكە رىغبەتلەندۈرۈش.

2) باشقىلارغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكى، چۈنكى بۇنىڭ ساۋابى سەدىقە ۋە خەير ـ ئېھسان قىلغاندىن كەم ئەمەس ئىكەنلىكى.

3) ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىش ئەمەللەرنىڭ توغرا بولۇشى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇشىنىڭ ئاساسىدۇر. چۈنكى، ئەمەل ئىماننىڭ مېۋىسى ھېسابلىنىدۇ.

4) ئىسلام دىنىنىڭ قۇللارنى ئازاد قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقى.

**118** ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يُصْبِحُ على كلِّ سُلاَمَى مِنْ أَحَدِكُمْ صدقَةٌ، فَكُلُّ تَسبِيْحةٍ صَدقةٌ، وكُلُّ تَحْمِيدَةٍ صدقةٌ، وكُلُّ تهْلِيلَةٍ صَدَقةٌ، وكلُّ تَكْبِيرةٍ صَدَقَةٌ، وأَمْرٌ بالمعْرُوفِ صدقةٌ، ونَهْيٌ عَنِ الْمُنْكَرِ صدقةٌ. ويُجْزِئُ مِنْ ذَلك رَكعَتَانِ يرْكَعُهُما مِنَ الضُّحى» «ھەر سەھەردە ھەر بىر ئۈگىلىرىڭلارغا قارىتا ئادا قىلىشقا تېگىشلىك سەدىقە بار. ھەر تەسبىھ (سُبْحَانَ اللّـه يەنى، ئاللاھ تائالا پاكتۇر) سەدىقىدۇر. ھەر ھەمد (الحَمْدُ لِلَّهِ يەنى ئاللاھ تائالانى مەدھىيەلەيمەن) سەدىقىدۇر. ھەر تەھلىل (لاَ إِلـهَ الاّ اللّـه يەنى، ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر) سەدىقىدۇر. ھەر



www.munber.org

تەكبىر (اللّٰه اَكْبَرْ يەنى، ئاللاھ تائالا ئۇلۇغدۇر) سەدىقىدۇر. ياخشىلىققا بۇيرۇش سەدىقىدۇر. يامانلىقتىن توسۇش سەدىقىدۇر. چاشگاھ ۋاقتىدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش بولسا يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىگە ساۋابتا كۇپايە قىلىدۇ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالانىڭ نېئمەتلىرىگە شۇكۇر قىلىش، بالا ـ قازادىن ساقلىنىش يۈزىسىدىن كۆپ سەدىقە قىلىشنىڭ لازىملىقى. ئەگەر بۇنىڭغا قادىر بولالمىسا، ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاپ، زىكىر ئېيتىش، يامانلىقتىن توسۇپ، ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش بۇنىڭ ئورنىنى باسىدىغانلىقى.

2) ھەدىستە ئېيتىلغان بويىچە ئاللاھ تائالانى كۆپ زىكىر قىلىشنىڭ پەزلى، چاشگاھ نامىزىنى ئادا قىلىشقا ھېرىس بولۇش، ئۇنىڭ ئەڭ ئېزى ئىككى رەكئەت، ئەڭ كۆپى سەككىز رەكئەت ئىكەنلىكى.

3) قۇربى يەتكەن ئادەمنىڭ سەدىقە، خەير ـ ئېھسان قىلىشىنىڭ باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغانلىقى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ھېسابلىنىدىغانلىقى.

119 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «عُرِضَتْ عَلَيَّ أعْمالُ أُمَّتي حسَنُهَا وسيِّئُهَا فوجَدْتُ في مَحاسِنِ أعْمالِهَا الأذَى يُماطُ عن الطَّرِيقِ، وَوجَدْتُ في مَساوَىءِ أعْمالِهـا النُّخَاعَةُ تَكُونُ فِي المَسْجِدِ لاَ تُدْفَنُ» «ماڭا ئۈممىتىمنىڭ ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسى توغرىلاندى. مەن يولدىن ئۆتكۈچىلەرگە (تاش، تىكەندەك) ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان بىرەر نەرسىنى ئېلىۋەتكەنچىلىك كىچىك ئىشنىڭ ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنىڭ قاتارىدا بولغانلىقىنى ۋە مەسجىدتە كۆمۈۋېتىلمەي قالغان تۈكۈرۈكنىڭ ئۇلارنىڭ يامان ئەمەللىرىنىڭ قاتارىدا بولغانلىقىنى كۆردۈم».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ياخشى ئەمەللەرنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكى. يولۇچىلارغا ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان بىرەر تىكەننى يولدىن ئېلىۋېتىش، مەسجىدتىكى تۈكۈرۈكنى تازىلىۋېتىشتەك كىشىلەر كۆزگە ئىلمايدىغان كىچىك ئىشلارغىمۇ ساۋاب بېرىلىدىغان ياخشى ئەمەللەر جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى.

2) كىشىلەرگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش، زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلاردىن يىراق بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

3) مەسجىدنى ھۆرمەتلەش، مەسجىد ئەدەبلىرىگە بويسۇنۇش، تۈكۈرۈش، مىشقىرىشتەك مەسجىدنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىمايدىغان بولمىغۇر ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكى.

120. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، كىشىلەر (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «ئى رەسۇلۇللاھ! بايلار ساۋابتا بىزدىن ئۆتۈپ كەتتى. بىز ئوقۇغان نامازنى ئۇلارمۇ ئوقۇسا، بىز تۇتقان روزىنى ئۇلارمۇ تۇتسا، يەنە ئۆزلىرىنىڭ شۇنچە ماللىرىنى



www.munber.org

سەدىقە بەرسە (بىز بىرەلمەيدىغان تۇرساق)»، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أوَ لَيْس قَدْ جَعَلَ لَكُمْ مَا تَصَدَّقُونَ بِهِ: إنَّ بِكُلِّ تَسْبِيحَةٍ صَدقَةً، وكُلِّ تَكبِيرةٍ صدقة، وكلِّ تَحْمِيدةٍ صدقةً، وكلِّ تِهْلِيلَةٍ صَدَقَةً، وأمرٌ بالمعْرُوفِ صدقةٌ، ونَهْيٌ عنِ المُنْكرِ صدقةٌ وفي بُضْعِ أحدِكُمْ صدقةٌ» «ئاللاھ تائالا سىلەرگىمۇ سەدىقە قىلىدىغان نەرسە ئاتا قىلدىغۇ؟ ھەر بىر تەسبىھ ئېيتىش سەدىقىدۇر، ھەر بىر تەكبىر ئېيتىش سەدىقىدۇر. ھەر بىر ھەمد ئېيتىش سەدىقىدۇر، ھەر بىر تەھلىل ئېيتىش سەدىقىدۇر، ياخشىلىققا بۇيرۇش سەدىقىدۇر، يامانلىقتىن توسۇش سەدىقىدۇر، سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئاياللىڭلار بىلەن بىرگە بولۇشىمۇ سەدىقە»، دېدى. كىشىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىزنىڭ بىرەرىمىز ئۆزىنىڭ شەھۋىتىنى قاندۇرسىمۇ ساۋاب بېرىلەمدۇ؟»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أرأيْتُمْ لو وضَعهَا في حرامٍ أكَانَ عليهِ وِزْرٌ؟ فكذلكَ إذا وضَعهَا في الحلاَلِ كانَ لَهُ أجْرٌ» «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ ئەگەر ئۇ شەھۋىتىنى ھارام يول بىلەن قاندۇرسا، ئۇنىڭغا گۇناھ بولمامدۇ؟ (ئەلۋەتتە بولىدۇ) شۇنىڭغا ئوخشاش شەھۋىتىنى ھالال يول بىلەن قاندۇرسا، ئۇنىڭغا ساۋاب بېرىلىدۇ»، دېدى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشتا، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا زور ئەجىر ـ پەزىلگە ئېرىششتە ئۆزئارا بەسلىششىدىغانلىقى، ئازراق كەم قالغان يەرلىرى ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىدىغانلىقى.

2) ئىسلام دىنىدا ئىبادەتنىڭ دائىرىسىنىڭ ئىنتايىن كەڭ ئىكەنلىكى، مۇسۇلماننىڭ توغرا نىيەت، ياخشى مەقسەت بىلەن قىلغان ئەڭ ئاددىي ئىشلىرىنىڭمۇ ئىبادەت ھېسابلىنىپ، ئەجىرگە ئېرىشىدىغانلىقى.

3) ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى تۇتۇش يۈزىسىدىن گۇناھنى تەرك ئەتكۈچىلەرگە ياخشى ئىش قىلغاننىڭ ساۋابى بېرىلىدىغانلىقى.

121 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا مۇنداق دېگەن: «لاَ تَحقِرنَّ مِن المعْرُوفِ شَيْئاً ولَوْ أنْ تلْقَى أخَاكَ بِوجهٍ طلِيقٍ» «سەن كىچىككىنە بىر ياخشىلىقنىمۇ كىچىك چاغلىما، قېرىندىشىڭ بىلەن خۇش چىراي ئۇچراشقىنىڭچىلىك بولسىمۇ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ياخشىلىققا ياتىدىغان ئەمەللەر كىچىك بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى سەل چاغلىماسلىقنىڭ لازىملىقى.

2) مۇئمىنلار ئارىسىدىكى قېرىنداشلارچە مۇھەببەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش، خۇشاللىق بېغىشلاشنىڭ خەيرلىك ئىش ئىكەنلىكى.

122 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كُلُّ سُلاَمَى مِنَ النَّاسِ علَيْهِ صدَقةٌ كُلَّ يَومٍ تَطْلُعُ فيه الشَّمْسُ: تعدِلُ بيْن الاثْنَيْنِ صدَقَةٌ، وتُعِينُ الرَّجُلَ في دابَّتِهِ، فَتحْمِلُهُ عَلَيْهَا، أوْ ترفَعُ لَهُ علَيْهَا متَاعَهُ صدقةٌ، والكلمةُ



www.munber.org

الطَّيِّبةُ صدَقةٌ، وبِكُلِّ خَطْوَةٍ تمْشِيها إلى الصَّلاَةِ صدقَةٌ، وَتُميطُ الأذَى عَن الطرِيق صَدَقَةٌ» «ھەر كۈنى تاڭ ئېتىشىغا كىشىلەرنىڭ ھەر بىر ئۇگىسىگە سەدىقە كېلىدۇ. ئىككى ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەققانىي ھۆكۈم قىلغىنىڭ سەدىقە ۋە بىر كىشىنىڭ ئۇلىغىغا مىنىۋېلىشىغا ياردەم بەرگىنىڭمۇ سەدىقە ياكى ئۇ ئادەم ئۈچۈن ئۇلىغىغا يۈك ـ تاقلىرىنى ئارتىپ بېرىشىڭمۇ سەدىقە. ياخشى سۆزمۇ سەدىقە. ناماز ئۈچۈن ماڭغان ھەر بىر قەدىمىڭمۇ سەدىقە، يولدىن كىشىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىشىڭمۇ سەدىقە». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

مۇسلىمنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إنَّهُ خُلِقَ كُلُّ إنْسانٍ مِنْ بني آدم علَى سِتِّينَ وثلاثمائَةِ مَفْصِلٍ، فَمنْ كَبَّر اللَّه، وحمِدَ اللَّه، وَهَلَّلَ اللَّه، وسبَّحَ اللَّه واستَغْفَر اللَّه، وعَزلَ حَجراً عنْ طَرِيقِ النَّاسِ أَوْ شَوْكَةً أَوْ عظْماً عن طَرِيقِ النَّاسِ، أَوْ أمر بمعرُوفٍ أَوْ نهى عنْ مُنْكَرٍ، عَددَ السِّتِّينَ والثَّلاَثمائة، فَإِنَّهُ يُمْسي يَوْمئِذٍ وَقَد زَحزحَ نفْسَهُ عنِ النَّارِ» «ھەقىقەتەن ئىنسان بالىسى بولغان ھەر ئادەم 360 دانە ئۇگىلىك قىلىپ يارىتىلدى. كىمكى تەكبىر ئېيتسا، تەھلىل ئېيتسا، ھەمد ئېيتسا، تەسبىھ ئېيتسا، مەغپىرەت تەلەپ قىلسا، ياكى كىشىلەرنىڭ يولىدىكى ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان تاش، يانتاق، سۆڭەك قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىۋەتسە ياكى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسسا، ئەنە شۇنداق ئەمەللىرى 360 تىن ئاشسا، ھەقىقەتەنمۇ شۇ كۈنى ئۆزىنى دوزاختىن يىراق قىلغان ھالدا يۈرىدۇ»، دېگەن.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ئادىللىق بىلەن تۈزەش، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

2) مەسجىدتە جامائەت بىلەن بىرگە ئوقۇغان نامازنىڭ پەزلى.

3) ھەدىستە بايان قىلىنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىشقا ۋەياكى پەقەت بەزىسىنى قىلىشقا قادىر بولالىغان ئادەمگە سەدىقە قىلغاننىڭ ئەجىر ـ ساۋابى بېرىلىدىغانلىقى.

4) مۇسۇلماننىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نېئمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن تائەت ـ ئىبادەت ۋە تۈرلۈك ياخشى ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىششىنىڭ زۆرۈرلۈكى.

123 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «منْ غدَا إلى المَسْجِدِ أو رَاحَ، أعدَّ اللَّهُ لَهُ في الجَنَّةِ نُزُلاً كُلَّمَا غَدا أَوْ رَاحَ» «كىمكى ئەتىگەن ـ ئاخشاملىرى مەسجىدكە كېلىپ تۇرسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە جەننەتتە ئەتىگەن ـ ئاخشاملىرى ئۈچۈن زىياپەت تەييارلاپ بېرىدۇ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مەسجىدگە بېرىشنىڭ پەزىلىتى. نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش.



www.munber.org

**124 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «يا نِسَاء الْمُسْلِمات لاَ تَحْقِرنَّ جارَةٌ لِجارتِهَا ولَوْ فِرْسِنَ شاةٍ» **«ئى مۇسۇلمان ئاياللار! ھەقەمسايىلىرىڭلارغا قويىنىڭ تۇۋىقى چاغلىق نەرسە بولسىمۇ ئاز كۆرمەي سۇنۇڭلار».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مۇسۇلماننى ئاز بولسىمۇ چامىسىنىڭ يېتىشىچە سەدىقە ـ ئېھسان قىلىش ۋە ھەدىيە ـ سوۋغا بېرىشكە رىغبەتلەندۇرۇش، چۈنكى ياخشىلىق قىلغۇچىنىڭ ھامان رەھمەتكە ئېرىشىدىغانلىقى.

**125 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «الإِيمَانُ بِضْعٌ وَسبعُونَ، أوْ بِضْعٌ وَسِتُّونَ شَعْبَةً: فَأَفْضلُهَا قولُ لاَ إلَهَ إلاَّ اللَّهُ، وَأَدْنَاهَا إمَاطَةُ الأَذَى عنِ الطَّرِيقِ، وَالحيَاءُ شُعْبَةٌ مِنَ الإِيمانِ» **«ئىمان 70 نەچچە ياكى 60 نەچچە شاخچىلاردىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق دېيىش، ئۇنىڭ ئەڭ تۆۋىنى ئەزىيەت يېتىدىغان بىرەر نەرسىنى يولدىن ئېلىۋېتىشتۇر. ھايامۇ ئىماننىڭ بىر شاخچىسى».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىمان بەندىنىڭ ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسى ۋە ئەمەلىيىتىگە قاراپ دەرىجىلەرگە بۆلۈنىدىغانلىقى، ئىمان ۋە ئەمەل بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدىغانلىقى ۋە بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان تەركىبلەر ئىكەنلىكى.

2) ھايا ـ نومۇسنىڭ پەزىلەتلىك ئىشىك ئىكەنلىكى، مۇسۇلماننى مۇشۇنداق گۈزەل خۇلقلۇق بولۇشقا رىغبەتلەندۇرۇش، چۈنكى ھايانىڭ بەندىنى يامان، گۇناھلىق ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلاپ، تائەت ـ ئىبادەتكە يېتەكلەيدىغانلىقى.

**126 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «بَيْنمَا رَجُلٌ يَمْشِي بطَرِيقٍ اشْتَدَّ علَيْهِ الْعَطشُ، فَوجد بِئراً فَنزَلَ فيها فَشَرِبَ، ثُمَّ خرج فإِذا كلْبٌ يلهثُ يَأْكُلُ الثَّرَى مِنَ الْعَطَشِ، فقال الرَّجُلُ: لَقَدْ بلَغَ هَذَا الْكَلْبُ مِنَ العطشِ مِثْلَ الَّذِي كَانَ قَدْ بَلَغَ مِنِّي، فَنَزَلَ الْبِئْرَ فَملأَ خُفَّه مَاءً ثُمَّ أَمْسَكَه بِفيهِ، حتَّى رقِيَ فَسَقَى الْكَلْبَ، فَشَكَرَ اللَّهُ لَه فَغَفَرَ لَه» **«بىر كىشى يولدا كېتىۋېتىپ قاتتىق ئۇسساپ كېتىپتۇ. بىر قۇدۇقنى تېپىپ ئۇنىڭغا چۈشۈپ سۇ ئىچىپتۇ. قۇدۇقتىن چىققاندا، بىر ئىتنىڭ ئۇسسۇزلۇقتىن نەم تۇپىنى يالاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئاندىن ئۇ كىشى: بۇ ئىتمۇ مەن ئۇسسىغاندەك ئۇسساپ كېتىپتۇ، دەپ قۇدۇققا چۈشۈپ، ئۆتىكىگە سۇ توشقۇزۇپ، ئۇنى چىشلەپ يۇقىرىغا يامىشىپ چىقىپ، ئىتنى سۇغۇرۇپتۇ. ئاللاھ تائالا بۇ كىشىدىن رازى بولۇپ، ئۇنى مەغفىرەت قىپتۇ». كىشىلەر: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! چارۋىلارنى سۇغارساقمۇ ساۋاب بولامدۇ؟»، دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «في كُلِّ كَبِدٍ رَطْبَةٍ أَجْرٌ» **«ھەر قانداق ھۆل جىگەردە (يەنى جېنى بار ھايۋاندا) ساۋاب بار»، دېدى.**



www.munber.org

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

بذخار عنعث ر عؤايعتعدة: «فَشَكَرَ اللّٰه لهُ فَغَفَرَ لَه، فَأَدْخَلَه الْجنَّةَ» « ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولدى، ئاندىن ئۇنى مەغفىرەت قىلدى ۋە جەننەتكە كىرگۈزدى »، دېيىلگەن.

ئۇ ئىككىسىنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: «بَيْنَما كَلْبٌ يُطيف بِركِيَّةٍ قَدْ كَادَ يقْتُلُه الْعطَشُ إِذْ رأَتْه بغِيٌّ مِنْ بَغَايا بَنِي إِسْرَائيلَ، فَنَزَعَتْ مُوقَهَا فاسْتَقت لَهُ بِهِ، فَسَقَتْهُ فَغُفِر لَهَا بِهِ» « بىر ئىت ئۇسسۇزلۇقتىن قۇدۇقنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئۆلەي دەپ قالغاندا، تۇيۇقسىز بەنى ئىسرائىلدىن بىر پاھىشە ئايال كېلىپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۆتىكى بىلەن سۇ تارتىپ ئىتنى سۇغاردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايالغا مەغفىرەت قىلىندى »، دېيىلگەن.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھەر قانداق مەخلۇقاتقا ياخشىلىق قىلىشنىڭ پەزىلىتى، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ زور ئەجىر ـ ساۋاب بېرىدىغان، شۇ سەۋەبلىك بەندىسىنىڭ گۇناھلىرىنى مەغفىرەت قىلىۋېتىدىغان ياخشى ئەمەللەر جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى.

2) بەندىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىنغان ھالدا بىرەر موھتاج ئادەم ياكى ھايۋاننى سۇ بېرىپ ئۇنى ئۇسسۇزلۇقتىن قۇتقۇزۇشنىڭ بەندىنى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان پەزىلەتلىك، ساۋابلىق ئىش ئىكەنلىكى.

3) ئىسلام دىنىنىڭ ئادەم تۇگۇل، ھەتتا ھايۋانلارغىمۇ رەھىم ـ شەپقەت قىلىدىغان رەھمەت دىنى ئىكەنلىكى.

4) ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە پەزلى ـ رەھمىتىنىڭ ناھايىتى كەڭ ئىكەنلىكى، بەندىنىڭ قىلغان ئازراق ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈنمۇ چوڭ گۇناھلىرىنى مەغفىرەت قىلىدىغانلىقى.

**127 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «لَقَد رأَيْتُ رَجُلاً يَتَقَلَّبُ فِي الْجنَّةِ فِي شَجرةٍ قطعها مِنْ ظَهْرِ الطَّريقِ كَانَتْ تُؤْذِي الْمُسلِمِينَ» **«مەن ھەقىقەتەن يولنىڭ ئۈستىدە مۇسۇلمانلارغا ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان بىر تال دەرەخنى كېسىۋەتكەن بىر كىشىنىڭ جەننەتتە ياياراپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم».**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «مرَّ رجُلٌ بِغُصْنِ شَجرةٍ عَلَى ظَهْرِ طرِيقٍ فَقَالَ: واللَّهِ لأُنَحِّيَنَّ هـذا عـنِ الْمسلِمِينَ لا يُؤْذِيهُمْ، فـأُدْخِلَ الْجنَّـةَ» بىر كىشى يولنىڭ ئۈستىدىكى دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى ئارىلىقىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ دېدىكى: « ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مۇسۇلمانلارغا پۇتلاشماسلىق ئۈچۈن بۇ دەرەخنى چوقۇم ئېلىۋېتىمەن »، دەپ ئېلىۋەتتى. شۇڭا، ئۇ جەننەتكە كىردى.

بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: «بيْنَما رجُلٌ يمْشِي بِطريقٍ وجد غُصْنَ شَوْكٍ علَى الطَّرِيقِ، فأَخَّرُه فشَكَر اللَّهُ لَهُ، فغَفر لَهُ» « بىر كىشى يولدا كېتىۋېتىپ، يول ئۈستىدىكى بىر

www.munber.org

تىكەنلىك شاخنى كۆردى ـ دە، ئاندىن ئۇنى بىر چەتكە سۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولدى ۋە ئۇنى مەغفىرەت قىلدى.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: يولدىن كىشىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان تىكەن، تاشتەك نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىشنىڭ پەزلى ـ ساۋابى، شۇنداقلا بەندىنى مۇسۇلمانلارغا پايدا يەتكۈزىدىغان، زىياندىن ساقلايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

**128 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «مَنْ توضَّأ فأَحَسَنَ الْوُضُوءَ، ثُمَّ أَتَى الْجُمعةَ، فَاستمع وأَنْصتَ، غُفِرَ لَهُ ما بيْنَهُ وبيْنَ الْجُمعةِ وزِيادةُ ثَلاثَةِ أَيَّامٍ، ومَنْ مسَّ الْحصا فَقد لَغَا» **«كىمكى تاھارەتنى تولۇق ئېلىپ، جۈمە ئوقۇش ئۈچۈن مەسجىدكە كەلسە، ئاندىن جىم ئولتۇرۇپ، جۈمەنىڭ خۇتبىسىنى ئاڭلىسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بىر جۈمە بىلەن يەنە بىر جۈمە ۋە يەنە ئۇنىڭغا ئۈچ كۈن قوشۇپ، شۇ ئارىلىقتىكى گۇناھلىرىنى مەغفىرەت قىلىدۇ. كىمكى ئىمام سۆزلەۋاتقاندا ئۇششاق تاشلارنى ئېلىۋەتكەنچىلىك بىر ئىش قىلسىمۇ، ھەقىقەتەن بىمەنە ئىش قىلغان بولىدۇ (يەنى جۈمەنىڭ ساۋابىدىن قۇرۇق قالىدۇ).**

—— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: **1)** مۇسۇلماننى تاھارەتنى تولۇق ئېلىشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

**2)** جۈمە نامىزىنىڭ پەزلى ـ ساۋابىنىڭ چوڭلۇقى، جۈمە نامىزىنىڭ ھەر بىر بالاغەتكە يەتكەن، ئۆز يۇرتىدا مۇقىم تۇرغان ھۆر كىشىگە پەرز ئىكەنلىكى.

**3)** جۈمە نامىزىنىڭ بەندىنىڭ ئون كۈن ئىچىدىكى كىچىك گۇناھلىرىغا كەففارەت بولىدىغانلىقى، چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ بىر ياخشىلىق ئۈچۈن ئون ھەسسە ساۋاب بېرىدىغانلىقى.

**4)** جۈمە نامىزىنىڭ خۇتبىسىگە جىمجىت قۇلاق سېلىش كېرەكلىكى، گەپ قىلىشقا ئوخشاش ھەر قانداق ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكى.

**129 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إِذَا تَوضَّأَ الْعبْدُ الْمُسْلِم، أَو الْمُؤْمِنُ فغَسلَ وجْههُ خرج مِنْ وَجْهِهِ كُلُّ خطِيئةٍ نظر إِلَيْهَا بعينهِ مَعَ الْماءِ، أَوْ مَعَ آخِرِ قطْرِ الْماءِ، فَإِذَا غَسَل يديهِ خَرج مِنْ يديْهِ كُلُّ خَطِيْئَةٍ كَانَ بطشْتْهَا يداهُ مع الْمَاءِ أَو مع آخِرِ قَطْرِ الْماءِ، فَإِذَا غسلَ رِجليْهِ خَرجَتْ كُلُّ خَطِيْئَةٍ مشَتْها رِجْلاُه مع الْماءِ أَوْ مع آخِرِ قَطْرِ الْمَاءِ حَتَّى يخْرُج نقِياً من الذُّنُوبِ» **«بىر مۇئمىن مۇسۇلمان تاھارەت ئېلىپ، يۈزىنى يۇغاندا كۆزى بىلەن قارىغان گۇناھى سۇ بىلەن ياكى سۇنىڭ ئاخىرقى تامچىسى بىلەن يۈزىدىن يۇيۇلۇپ چىقىپ كېتىدۇ. قولىنى يۇغاندا، قول بىلەن تۇتۇپ قىلغان خاتالىقى سۇ بىلەن ياكى سۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تامچىسى بىلەن يۇيۇلۇپ چىقىپ كېتىدۇ. پۇتىنى يۇغاندا، پۇتى بىلەن مېڭىپ قىلغان خاتالىقى سۇ بىلەن ياكى سۇنىڭ ئاخىرقى تامچىسى بىلەن بىللە يۇيۇلۇپ چىقىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن**

www.munber.org

**تاھارەتنىڭ كامىل ئېلىنغانلىقىدىن ئۇ گۇناھلاردىن پاك ـ پاكىز تازىلانغان ھالدا چىقىپ كېلىدۇ».**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: تاھارەتنىڭ پەزلى ـ ساۋابى، ئۇنىڭ بەندىنىڭ گۇناھتىن پاكلىنىش ۋاستىسى بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە قىلغان پەزلى ـ مەرھەمىتى ئىكەنلىكى.

**130. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «الصَّلواتُ الْخَمْسُ، والْجُمُعَةُ إِلَى الْجُمُعةِ، ورمضانُ إِلَى رمضانَ مُكفِّرَاتٌ لِمَا بينَهُنَّ إِذَا اجْتِنِبَت الْكَبائِرُ» **«بىر ئادەم چوڭ گۇناھلارنى قىلمىغانلا بولسا، بەش ۋاخ ناماز ۋە جۇمە نامىزى بىر جۈمەدىن يەنە بىر جۈمەگىچە، روزا بۇ رامىزاندىن يەنە بىر رامىزانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى گۇناھلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ».**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ھەدىستە ئېيتىلغان ئىشلارنى تولۇق رەۋىشتە ئادا قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى، رەھمىتى بىلەن بەندىنىڭ كىچىك گۇناھلىرىنى مەغفىرەت قىلىشىنىڭ سەۋەبى ئىكەنلىكى، ئەگەر بەندە كىچىك گۇناھتىن باشقا چوڭ گۇناھلارنىمۇ قىلغان بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ يەڭگىللىتىشىنى ئۈمىد قىلىش كېرەكلىكى، چۈنكى چوڭ گۇناھلارنىڭ مەغفىرەت قىلىنىشى ئۈچۈن بەندىنىڭ چىن ئىخلاسى بىلەن قىلغان تەۋبىسىنىڭ شەرت قىلىنىدىغانلىقى.

**131 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «ألا أدلُّكَم على ما يَمْحُو اللَّهُ بِهِ الْخَطايا، ويرْفَعُ بِهِ الدَّرجاتِ؟» **«مەن سىلەرنى ئاللاھ تائالا خاتالىقلارنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدىغان، دەرىجىلەرنى كۆتۈرىدىغان بىر ئىشقا دالالەت قىلمايمۇ؟»، دېگەندە، كىشىلەر: «شۇنداق قىلغىن، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!»، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «إِسباغ الْوُضوءِ على الْمَكَارِهِ وكَثْرةُ الْخُطَا إِلَى الْمسَاجِدِ، وانْتِظَارُ الصَّلاةِ بعْدِ الصَّلاةِ، فَذلِكُمُ الرِّبَاطُ» **«ئېغىر تۇيۇلغان ئەھۋالدىمۇ تاھارەتنى كامىل ئېلىش، مەسجىدكە كۆپ بېرىش ۋە بىر نامازدىن كېيىن يەنە بىر نامازغا مۇنتەئزىر بولۇش (كۈتۈپ تۇرۇش)، مانا بۇلار ئاللاھ تائالا يولىدا جىھاد قىلغانغا ئوخشاشتۇر»، دېدى.**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) قاتتىق سوغۇق، ياكى سۇغا ھاجەتمەن بولغان ۋە سۇ ئىزدەۋاتقاندەك قىيىن ھالەتلەردىمۇ بەدىنى تولۇق تاھارەت ئېلىشقا قىزىقتۇرۇش.

2) جامائەت نامىزىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى مەسجىدتە ئادا قىلىش كېرەكلىكى.

3) ھەدىستىكى ئەمەللەر بەندىنىڭ گۇناھلىرىنىڭ مەغفىرەت قىلىنىشىدىكى ۋە ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىششتىكى ۋاستە ئىكەنلىكى.



www.munber.org

4) ھەدىستە دېيىلگەن مەغفىرەت قىلىنىدىغان گۇناھلار ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا بولۇپ، بەندىنىڭ ھەققىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا چوقۇم ئىگىسىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش، ئادا قىلىش شەرت قىلىنىدىغانلىقى.

**132 ـ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ صلَّى الْبَرْدَيْنِ دَخَلَ الْجنَّةَ» «كىمكى بامدات ۋە ئەسىر نامىزىنى ئوقۇسا، جەننەتكە كىرىدۇ».** ــــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بامدات ۋە ئەسىر نامىزىنى ۋاقتىدا ئادا قىلىشنىڭ پەزىلى ـ ساۋابى، چۈنكى بامدات نامىزى كىشىنىڭ شېرىن ئۇيقۇدىكى ۋاقتىدا بولىدۇ. ئەسىر نامىزى بولسا كىشىنىڭ بىر كۈنلۈك ئىشلىرىنى تۈگىتىشكە ئالدىراپ ئىشلەۋاتقان ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، باشقا نامازلارنى ۋاقتىدا ئادا قىلىش تېخىمۇ زۆرۈردۇر.

**133 ـ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِذَا مرِضَ الْعبْدُ أَوْ سافَر كُتِب لَهُ ما كانَ يعْملُ مُقِيماً صحِيحاً» «ئەگەر بىر ئادەم كېسەل بولۇپ قېلىش ياكى سەپەرگە چىقىش سەۋەبى بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئەمەللىرىنى قىلالمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ئادەمگە مۇقىملىق، ساغلاملىق ھالىتىدە قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ».** ــــ بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بەندىنىڭ ئادەتتىكى ئەھۋالدا پەرز قىلىنمىغان بىرەر ياخشى ئىشنى داۋاملاشتۇرۇۋېتىپ، كېسەللىك، سەپەرگە ئوخشاش تاسادىپىي ئۆزرىلەر بىلەن ئۇنى ئۈزۈپ قويسىمۇ، يەنىلا شۇ ئەمەللەرنى قىلغانلىقنىڭ ساۋابى يېزىلىۋېرىدۇ. لېكىن پەرز قىلىنغان ئەمەللەر بولسا، ئۇ بەندىنىڭ گەدىنىدىن ساقىت قىلىنمايدۇ. بەلكى پەرزنى تەرك ئەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇ كىشى گۇناھكار بولىدۇ.

**134 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كُلُّ معرُوفٍ صدقَةٌ» «قىلىنغان ھەربىر ياخشىلىق سەدىقە ھېسابلىنىدۇ».** ــــ بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مۇئمىننىڭ قىلغان ھەربىر ياخشىلىقى ئۈچۈن سەدىقە ـ ئېھساننىڭ ساۋابى بېرىلىدىغانلىقى.

**135 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ما مِنْ مُسْلِمٍ يَغْرِسُ غَرْساً إلاَّ كانَ ما أُكِلَ مِنْهُ لهُ صدقةً، وما سُرِقَ مِنْه لَه صدقَةً، ولا يرْزؤه أَحَدٌ إلاَّ كَانَ له صدقةً» «بىرەر مۇسۇلمان بىر كۆچەت تىكىپ، باشقىلار ئۇنىڭ مېۋىسىدىن يېسە، ئۇ كىشى ئۈچۈن بىر سەدىقىدۇر. مېۋىسىدىن ئوغرىلانسىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر سەدىقىدۇر. ئۇنى بىرسى سۇندۇرۇۋەتسىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن سەدىقىدۇر».**

www.munber.org

يەنە بىر رىۋايەتتە: «فَلا يغْرِس الْمُسْلِم غرساً ، فَيَأْكُلَ مِنْهُ إِنسانٌ ولا دابةٌ ولا طَيرٌ إلاَّ كانَ له صدقَةً إِلَى يَوْمِ الْقِيَامة» «ئەگەر بىرەر مۇسۇلمان كۆچەت تىكسە، ئۇنىڭ مېۋىسىدىن ئىنسان، ياكى ھايۋان، ياكى قۇشلار يېسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن تاكى قىيامەتكىچە سەدىقە ھېسابلىنىدۇ»، دېيىلگەن.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «لا يغْرِس مُسلِم غرْساً، ولا يـزْرعُ زرْعاً، فيأْكُل مِنْه إِنْسانٌ وَلا دابَّةٌ ولا شَيْءٌ إلاَّ كَانَتْ لَه صدقةً» «ئەگەر بىرەر مۇسۇلمان كۆچەت تىكسە ياكى زىرائەت تېرىسا، ئۇنىڭ مېۋىسىدىن ئىنسان، ياكى ھايۋان، ياكى باشقىلار يېسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن سەدىقە ھېسابلىنىدۇ»، دېيىلگەن. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كۆچەت تىكىش، زىرائەت تېرىشنىڭ پەزىلىتى، ساۋابى ۋە بەندىنى شۇنداق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش. بۇ بولسا بەندە ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ساۋاب ئۈزۈلمەي يېزىلىپ تۇرىدىغان ياخشى ئەمەللەر قاتارىغا كىرىدىغانلىقى.

2) ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىغا پايدىلىق بولغان، ئۇلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ، ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدىغان ئەمەللەرنى قىلىشنىڭ ساۋابلىق ئىش ئىكەنلىكى.

3) بەندە ئۆز مۈلكىدىن ئوغرىلانغان، بۇلانغان، بۇزۇۋېتىلگەن نەرسىلەرگە سەۋر قىلسا، شۇلار ئۈچۈن ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقى.

**136 - جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بەنى سەلەمە قەبىلىسى مەسجىدكە يېقىنراق جايغا كۆچۈپ كەلمەكچى بولدى. بۇ خەۋەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «إِنَّه قَدْ بَلَغَنِي أَنَّكُمْ تُرِيدُونَ أَنْ تَنْتَقِلُوا قُربَ الْمَسْجِدِ؟» «ماڭا سىلەرنىڭ مەسجىدكە يېقىنراق جايغا كۆچۈپ كەلمەكچى بولغانلىقىڭلار يەتتى، شۇنداقمۇ؟»، دېدى. ئۇلار: «شۇنداق، ئى رەسۇلۇللاھ! بىز شۇنداق قىلماقچى بولدۇق»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يا بَنِي سَلِمةَ ديارَكُمْ، تكْتبْ آثَارُكُمْ، دِياركُم، تُكْتَبْ آثارُكُمْ» «ئى بەنى سەلەمە! جايىڭلاردا تۇرۇۋېرىڭلار، مەسجىدكە كېلىش ئۈچۈن باسقان ھەر بىر قەدىمىڭلارغا ساۋاب يېزىلىپ تۇرىدۇ. جايىڭلاردا تۇرۇۋېرىڭلار، باسقان ھەر بىر قەدىمىڭلارغا ساۋاب يېزىلىپ تۇرىدۇ»، دېدى.** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «إِنَّ بِكُلِّ خَطْوةٍ درجةً» «ھەقىقەتەن ھەربىر باسقان قەدىمىڭلارغا بىر دەرىجە بېرىلىدۇ»، دېيىلگەن.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بەندىنىڭ ئەمەللىرىگە ئۇنىڭ تارتقان جاپاسىغا لايىق ساۋاب بېرىلىدىغانلىقى.

2) كىشىلەرنى مەسجىدتىن يىراق يەردە تۇرسىمۇ، يەنىلا جامائەت نامىزىنى ئادا قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەنلىكى.



www.munber.org

**137 ـ ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيى مەسجىدكە ھەممىدىن يىراق ئىدى. ئۇ ئادەم بىرەر ۋاخ نامازنىڭمۇ ۋاقتىنى ئۆتكۈزمەي جامائەت بىلەن مەسجىدتە ئوقۇيتتى. ئۇنىڭغا دېيىلدى ياكى مەن دېدىم: «سەن قاراڭغۇ كېچىلەردە ۋە قاتتىق ئىسسىقلاردا مەسجىدكە مىنىپ كېلىش ئۈچۈن بىرەر ئېشەك سېتىۋالساڭ بولمامدۇ؟» ئۇ: «ئۆيۈمنىڭ مەسجىدنىڭ يېنىدا بولۇشىدىن خۇشال بولمايمەن، چۈنكى مېنىڭ مەسجىدكە كەلگەن ۋە قايتقان چاغلىرىمدىكى قەدەملىرىمگە. ماڭغان يولۇمغا ساۋاب يېزىلىپ تۇرۇشىنى خالايمەن»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ: «قَدْ جمع اللّٰهُ لكَ ذٰلِكَ كُلَّهُ» «ئاللاھ تائالا ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ساڭا جەملەپ بەردى»، دېدى.** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**يەنە بىر رىۋايەتتە:** «إِنَّ لَكَ مَا احْتَسَبْت» **« ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالانىڭ رىزاسى ئۈچۈن قىلغان ئىشلىرىڭنىڭ ساۋابى ساڭا بولدى » ، دېدى، دېيىلگەن.**

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئىنساننىڭ ئەمەللىرىدە نىيەت ۋە مەقسىتىگە لايىق ئەجىر ـ ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقى.

**138 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «أَرْبعُونَ خَصْلَةً أعلاها مِنِيحةُ الْعَنْزِ، ما مِنْ عامَلٍ يعملَ بِخَصْلَةٍ مِنْها رجاءَ ثَوَابِهَا وتَصْدِيقَ موْعُودِهَا إِلاَّ أَدْخلَهُ اللّٰهُ بِهَا الْجنَّةَ» **«40 خىسلەت بار. ئۇلارنىڭ يۇقىرىسى بىر مۇسۇلمان بۇرادىرىگە ئۆچكىنىڭ سۈتىنى سېغىپ ئىچىۋېلىش ئۈچۈن ئۆتنە بېرىپ تۇرۇشتۇر. قانداقلىكى بىر ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ، ئاشۇ خىسلەتلەرنىڭ بىرەرسىگە ئەمەل قىلسا، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ».** — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ياخشىلىق يوللىرىنى ۋە تۈرلىرىنى كۆپ قىلىپ بەرگەنلىكىدەك رەھمەت ـ مەرھەمىتىنىڭ ناھايىتى كەڭلىكى، بەندىنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن قىلغان ئۆچكىنىڭ سۈتىنى سېغىۋېلىشى ئۈچۈن بىر بۇرادىرىگە بېرىشتەك كىچىك ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ ساۋاب بېرىلىدىغانلىقى.

**139 ـ ئەدىي ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم:** «اتَّقُوا النار وَلوْ بِشقٍّ تَمْرةٍ» **«گەرچە يېرىم خورما چاغلىق نەرسە بىلەن بولسىمۇ سەدىقە قىلىپ، دوزاختىن ساقلىنىڭلار».** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «مَا مِنْكُمْ مِنْ أَحَدٍ إِلاَّ سيُكَلِّمُه ربُّه لَيْس بَيْنَهُ وبَينَهُ تَرْجُمَان، فَينْظُرَ أَيْمنَ مِنْهُ فَلا يَرى إِلاَّ مَا قَدَّم، وينْظُر أشأَمَ مِنْهُ فلا يَرَى إِلاَّ ما قَدَّمَ، وَينْظُر



www.munber.org

بَيْنَ يدَيْهِ فَلا يَرى إلاَّ النَّارَ تِلْقَاءَ وَجْهِهِ، فاتَّقُوا النَّارَ ولوْ بِشِقِّ تَمْرةٍ، فَمَنْ لَمْ يَجدْ فَبِكَلِمَةٍ طيِّبَةٍ» « ئاللاھ تائالا يات ئارىدا ھەر بىرىڭلار بىلەن تەرجىمانسىز بىۋاستە سۆزلىشىدۇ. ئۇ ئادەم ئوڭ تەرىپىگە قارىسىمۇ، سول تەرىپىگە قارىسىمۇ ئەمەللىرىنىلا كۆرىدۇ. ئۆزىنىڭ ئالدىغا قارىسا، كۆز ئۇدۇلىدا تۇرغان دوزاختىن باشقىنى كۆرمەيدۇ. يېرىم خورما چاغلىق نەرسە سەدىقە قىلىپ بولسىمۇ، دوزاختىن ساقلىنىڭلار، شۇنچىلىك نەرسىنىمۇ تاپالمىغان ئادەم بىرەر ئېغىز ياخشى سۆز قىلىش بىلەن بولسىمۇ دوزاختىن ساقلانسۇن ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بەندىنى قۇربى يېتىشىچە سەدىقە قىلىشقا، گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن خۇلۇقلىنىپ، كىشىلەرگە چىرايلىق مۇئامىلە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

2) مۇئمىننىڭ ئاللاھ بىلەن ئۇچرىشىدىغان كۈندە يەرگە قاراپ قالماسلىق ئۈچۈن كۆپرەك تائەت ـ ئىبادەت قىلىپ، يامانلىقلاردىن ساقلىنىشى كېرەكلىكى.

3) بەندىنىڭ قىيامەت كۈندە ھېچقانداق پەردە، ۋاستە بولمىغان ھالدا ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىدىغانلىقى، شۇڭا پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشتىن ساقلىنىشى كېرەكلىكى.

4 ـ ئىنسانغا قىيامەت كۈندە ياخشى ئەمەللىرىدىن باشقا ھېچ نەرسە ئەسقاتمايدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ دۇنيادا ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ھېرىس بولۇشى لازىملىقى.

**140. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ اللَّه لَيرْضَى عَنِ الْعَبْدِ أَنْ يَأْكُلَ الأَكْلَةَ فيحْمدَهُ عليْهَا، أَوْ يشْربَ الشَّرْبَةَ فيحْمدَهُ عليْهَا» «ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ئەتىگەن ۋە كەچلىك تاماقلىرىدا يېگەن نەرسىلەرگە ھەمدە ئېيتقان ۋە ئىچكەن نەرسىلەرگە ھەمدە ئېيتقان بەندىلىرىگە ئەلۋەتتە ساۋاب بېرىدۇ».** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بەندىنى ئاللاھ تائالانىڭ پەزىل ـ رەھمىتىنىڭ كەڭلىكى، نېئمەتلىرىنىڭ سانسىزلىقى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىش، ھەمدۇسانا ئېيتىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەمدۇساناغا ئەڭ لايىق زات بولۇپ، شۈكۈر قىلىش بەندىنىڭ ئەمەللىرىنىڭ قوبۇل بولۇشى ۋە نىجاتلىق تېپىش يولى ئىكەنلىكى.

**141 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «عَلَى كُلِّ مُسْلِمٍ صدقةٌ» «ھەر بىر مۇسۇلمان سەدىقە قىلىشى لازىم». ئەبۇ مۇسا: «ئېيتىپ باققىنكى، سەدىقە قىلىدىغان نەرسە تاپالمىسىچۇ؟»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يعْمَل بِيَدِيهِ فَيَنْفَعُ نَفْسَه وَيَتَصدَّقُ» «ئۆز قولى بىلەن كەسىپ قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگىمۇ پايدا يەتكۈزسۇن، سەدىقىمۇ قىلسۇن»، دېدى. ئەبۇ مۇسا: «ئېيتىپ باققىنكى، ئۇنداقمۇ قىلالمىسىچۇ؟ »، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يُعِينُ ذَا الْحَاجَةِ الْملْهوفَ» «ئاجىز ـ بىچارىلەرگە يار ـ يۆلەك بولسۇن»، دېدى. ئەبۇ مۇسا: «ئۇنىمۇ قىلالمىسىچۇ؟ »، دېدى. پەيغەمبەر**



www.munber.org

ئەلەيهىسسالام: «يَأْمُرُ بِالمَعْرُوفِ أَوِ الْخَيْرِ» «ياخشىلىققا بۇيرۇسۇن»، دېدى. ئەبۇ مۇسا: «ئۇنىمۇ قىلالمىسىچۇ؟»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «يُمْسِكُ عَنِ الشَّرِّ فَإِنَّهَا صدَقَةٌ» «يامان ئىشلاردىن قول يىغسۇن، بۇ ئۇنىڭغا سەدىقىنىڭ ئورنىدا بولىدۇ»، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مۇسۇلماننى ئۆزىنىڭ ھاجەتلىرىدىن چىقىش، باشقىلاردىن سورىماسلىق، بەلكى ئۆز ئەمىلى ئارقىلىق باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىرەر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

2) سەدىقىنىڭ دائىرىسىنىڭ ئىنتايىن كەڭلىكى، تۈرلۈك ياخشىلىق يوللىرى، ھەتتا يامان ئىشلاردىن قول يىغىشنىڭمۇ سەدىقە دائىرىسىگە كىرىدىغانلىقى.

## 14. باب تائەت ـ ئىبادەتتە ئوتتۇراھال بولۇش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿طه۞ مَا أَنزَلْنَا عَلَيْكَ الْقُرْآنَ لِتَشْقَى﴾ ﴿تاھا (يەنى ئى مۇھەممەد!)، قۇرئاننى ساڭا سېنى جاپاغا سېلىش ئۈچۈن نازىل قىلمىدۇق﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە تاھا 1 ~ 3 ـ ئايەتلىرى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يُرِيدُ اللّهُ بِكُمُ الْيُسْرَ وَلاَ يُرِيدُ بِكُمُ الْعُسْرَ﴾ ﴿ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 185 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

142 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇنىڭ قېشىغا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام كىردى. ئائىشەنىڭ قېشىدا بىر ئايال بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «مَنْ هَذِهِ؟» «بۇ كىم بولىدۇ؟»، دەپ سورىدى. ئائىشە: «بۇ پالانى بولىدۇ»، دەپ ئۇنىڭ ئوقۇيدىغان نامازلىرىنى سۆزلەپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «مَهُ عليكُمْ بِما تُطِيقُون، فَوَاللَّه لا يَمَلُّ اللَّهُ حتَّى تَمَلُّوا وكَانَ أَحَبُّ الدِّينِ إِلَيْهِ ما داوَمَ صَاحِبُهُ علَيْهِ» «بولدى قىلغىن، سىلەر ئۆزۈڭلار زورۇقماي قىلالايدىغان ئىبادەتلەرنى قىلىڭلار، ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، سىلەر زېرىكىپ قالمىغۇچە ئاللاھ تائالا زېرىكىپ قالمايدۇ. ئۈزۈپ قويۇلماي قىلىنغان تائەت ـ ئىبادەت ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئەڭ سۆيۈملۈك ھېسابلىنىدىغان تائەت ـ ئىبادەتتۇر».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بەندىنىڭ زېرىكىپ، قېچىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھەددىدىن ئارتۇق ئىبادەت قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى.

2) تائەت ـ ئىبادەتتە ئوتتۇراھال بولۇش لازىملىقى.



www.munber.org

3) ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ساۋابلىقى ئاز بولسىمۇ ئۈزۈلۈپ قالماي داۋاملاشقىنىدۇر.

4) ئاز بولسىمۇ داۋاملاشقان تائەت ـ ئىبادەتتە ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىش، ئىخلاس بىلەن ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىش، ئاللاھ تائالانىڭ ھەر ۋاقىت كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەسلەپ تۇرۇش بار ئىكەنلىكى.

**143 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۈچ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادىتى توغرۇلۇق سورىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئىبادىتىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنى ئاز ساناپ: «ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆتكەنكى ۋە كېيىنكى گۇناھىنى كەچۈرگەن تۇرسا، بىز قانداقمۇ ئۇنىڭغا يېتىشەلەيتتۇق»، دېيىشتى. ئۇلارنىڭ بىرى: «مەن ھەمىشە كېچىچە ئۇخلىماي ناماز ئوقۇپ چىقىمەن»، دېدى. يەنە بىرسى: «مەن ھەمىشە روزا تۇتىمەن، ھەرگىزمۇ ئىغىزىم ئوچۇق يۈرمەيمەن»، دېدى. يەنە بىرسى: «مەن ئاياللاردىن يىراق بولىمەن، ھەرگىز ئۆيلەنمەيمەن»، دېدى. رەسۇلۇللاھ كېلىپ ئۇلارغا: «أَنْتُمُ الَّذِينَ قُلْتُمْ كذا وكذَا؟ أما واللَّهِ إِنِّي لأَخْشَاكُمْ للَّهِ وَأَتْقَاكُم له لكِنِي أَصُومُ وَأُفْطِرُ، وَأُصلِّي وَأَرْقُد، وَأَتَزَوّجُ النِّسَاءَ، فمنْ رغِب عن سُنَّتِي فَلَيسَ مِنِّى» «سىلەر مۇنداق ـ مۇنداق دەپسىلەر. ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سىلەرگە قارىغاندا ئاللاھتىن بەكرەك قورقىمەن ۋە ئەڭ تەقۋادارمەن. مەن بەزىدە روزا تۇتىمەن، بەزىدە تۇتمايمەن، كېچىسى ھەم ناماز ئوقۇيمەن، ھەم ئۇخلايمەن. خوتۇنمۇ ئالىمەن. كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمنى تەرك ئېتىدىكەن، ئۇ مېنىڭ سۈننىتىمگە مەنسۇپ ئەمەس»، دېدى.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىبادەتنى ئاشۇرۇۋەتمەستىن، نورمال قىلىش كېرەكلىكى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ تائەت ـ ئىبادەتنى كۆپرەك قىلىشقا ھېرىس ئىكەنلىكى.

3) قۇربى يەتكەنلەرنى توي قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

4) يىل بويى روزا تۇتۇشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى.

5) داۋاملىق كېچىچە ئۇخلىماي ئىبادەت قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى.

6) ئاللاھ تائالاغا ھەقىقىي تەقۋادارلىق قىلىپ، تائەت ـ ئىبادەتنى ئوتتۇراھال قىلىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىش لازىملىقى.

**144 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «هَلَكَ الْمُتَنَطِّعُونَ» «(ئەمەللىرىدە) قاتتىق يول تۇتقۇچىلار ھالاك بولدى». ئۇ بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغانىدى.**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆز ۋە ئەمەللىرىدە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتكۈچىلەرنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

2) ئەمەللىرىدە ھەددىدىن ئارتۇق قاتتىق يول تۇتۇشنىڭ ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقى.

**145 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ الدِّينَ يُسْرٌ، ولَنْ يشادَّ الدِّينُ إلاَّ غَلَبه فسدِّدُوا وقَارِبُوا وَأَبْشِرُوا، واسْتعِينُوا بِالْغدْوةِ والرَّوْحةِ وشَيْءٍ مِن الدُّلْجةِ» «ھەقىقەتەن دىن ئاساندۇر، دىندا قاتتىق يول تۇتۇشقا بولمايدۇ. كىمكى دىندا قاتتىق يول تۇتسا ھۆددىسىدىن چىقىپ بولالماي، ئىشلىرىدا يېڭىلىپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا، ئوتتۇرا ھال يول تۇتۇڭلار. مۇكەممەللىك قولۇڭلاردىن كەلمىسە، شۇنىڭغا يېقىنلىشىڭلار. ئۈمىدۋار بولۇڭلار، ئەتىگىنى، كەچقۇرۇنلۇقى ۋە كېچىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدىن (ئىبادەت ئۈچۈن) پايدىلىنىڭلار».**

يەنە بىر رىۋايەتتە: «سدِّدُوا وقَارِبُوا واغْدوا ورُوحُوا، وشَيْءٌ مِنَ الدُّلْجةِ، الْقَصْد الْقصْد تَبْلُغُوا» «ئوتتۇرا ھاللىققا يېقىن بولۇڭلار، ئەتىگەنلىكى، كەچقۇرۇنلۇقى ۋە كېچىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدىن (ئىبادەت ئۈچۈن) پايدىلىنىڭلار، نورمال بولۇڭلار، مەقسەتكە ئېرىشىسىلەر»، دېيىلگەن.

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كىشىنى سەگەك ۋاقتىنى ئىبادەت ئۈچۈن تاللاشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

2) بەندىنىڭ ئاشۇرۇۋېتمەستىن نورمال ئىبادەت قىلىشى بەندىنى پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىغا ۋە پەرزلىرىنى داۋاملىق ئادا قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغانلىقى.

**146 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدكە كىرگەندە ئىككى تۈۋرۈكنىڭ ئارىلىقىغا ئارغامچا تارتىپ قويۇلغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ما هَذَا الْحبْلُ؟» «بۇ نېمە ئارغامچا؟»، دەپ سورىدى. كىشىلەر: «بۇ زەينەبنىڭ ناماز ئوقۇپ ھېرىپ قالغاندا ئېسىلىدىغان ئارغامچىسى»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «حُلّوهُ، لِيُصَلِّ أَحدُكُمْ نَشَاطَهُ، فَإِذا فترَ فَلْيرْقُدْ» «ئۇنى يېشىۋېتىڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار نامازنى روھلۇق، تېتىك ھالىتىدە ئوقۇسۇن، ئەگەر بوشاپ قالسا، بېرىپ ئۇخلىسۇن»، دېدى.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىسلام دىنىنىڭ ئاسانلىق دىنى ئىكەنلىكى.

2) ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ مەسجىدتە نەفلى ناماز ئوقۇشىنىڭ جائىز ئىكەنلىكى.

3) ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقاندا بىرەر نەرسىگە يۆلىنىشىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى.

4) ئىبادەتتە ئوتتۇراھال بولۇش ۋە سەگەك ۋاقتىدا ئىبادەت قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.



www.munber.org

147 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِذَا نَعَسَ أَحدُكُمْ وَهُوَ يُصَلِّي، فَلْيَرْقُدْ حَتَّى يَذْهَبَ عَنْهُ النَّوْمُ، فإِن أَحدَكم إِذَا صلَّى وهُو نَاعَسٌ لا يَدْرِي لعلَّهُ يذهَبُ يسْتَغْفِرُ فيَسُبُّ نَفْسَهُ» «ئەگەر سىلەرنىڭ بىرىڭلار ناماز ئوقۇۋېتىپ، مۈگدەپ قالسا بىرىپ ئۇيقۇسىغا قانغۇچە ئۇخلىسۇن. ئەگەر سىلەرنىڭ بىرىڭلار مۈگدەپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇسا، مەغفىرەت تىلەيمەن دەپ تۇرۇپ، ئۆزى بىلمەستىن بەد دۇئا قىلىپ سېلىشى مۇمكىن». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بەندىنىڭ ھېرىپ ـ چارچاپ كەتكەن ھالىتىدە ئۆزىنى تائەت ـ ئىبادەتكە زورلىشىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى.

2) ئىبادەتتە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتمەسلىك كېرەكلىكى.

148 ـ جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ناماز ئوقۇغانىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىزىمۇ، خۇتبىسىمۇ ئوتتۇرا ھال ئىدى.

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىقتىدا قىلىپ بىللە ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىدىكى كېسەل ۋە ھاجەتمەن كىشىلەرگە رەھىم قىلىپ، نامازنى ۋە خۇتبىنى ئوتتۇراھال ئوقۇيدىغانلىقى.

2) ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پاساھەتلىك ۋە مېغىزلىق سۆزلەيدىغان نۇتۇق قابىلىيىتى ئاتا قىلغانلىقى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشلاردا ئاشۇرۇۋەتمەيدىغانلىقى.

3) ئىشلاردا مۆتىدىل بولۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

149 ـ ئەبۇ جۇھەيفە ۋەھب ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەلمان بىلەن ئەبۇ دەردائىنى قېرىنداش قىلىپ قويىدى. بىر قېتىم سەلمان ئەبۇ دەردائىنى يوقلاپ كېلىپ، ئەبۇ دەردائىنىڭ ئايالىنىڭ سالتاڭ كىيىنىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا: «نېمە ئىش بولدى؟ »، دېدى. ئۇ ئايال: «قېرىندىشىڭ ئەبۇ دەردائ دۇنياغا قىزىقمايدۇ»، دېدى. ئەبۇ دەردائ كېلىپ سەلمانغا تاماق تەييارلىدى. ئاندىن ئۇنىڭغا: «سەن يېگىن، مەن روزىدارمەن»، دېدى. سەلمان: «سەن يېمىگۈچە مەنمۇ يېمەيمەن»، دېدى. ئاندىن ئەبۇ دەردائ يېدى. كېچىدە ئەبۇ دەردائ ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن تۇرماقچى بولدى. سەلمان ئۇنىڭغا: «ئۇخلا»، دېۋىدى، ئەبۇ دەردائ ئۇخلىدى. بىر ئازدىن كېيىن يەنە تۇرماقچى بولۇۋىدى، ئۇنىڭغا يەنە: «ئۇخلا»، دېدى. كېچىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، سەلمان: «ئەمدى تۇرغىن»، دېدى. ئىككىسى بىللە ناماز ئوقۇشتى. سەلمان ئەبۇ دەردائقا: «ھەقىقەتەن سېنىڭ ئۈستۈڭدە پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھەققى بار ۋە سېنىڭ بەدىنىڭ ۋە ئەھلىڭنىڭمۇ ھەققى بار. ھەر بىر ھەق ئىگىسىگە ھەققىنى ئۆز جايىدا



www.munber.org

بەرگىن»، دېدى. ئەبۇ دەرداﺋ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، سەلمان بىلەن بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «صَدَقَ سلْمَانُ» «سەلمان راست ئېيتىپتۇ»، دېدى. — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالا يولىدا ئۆزئارا قېرىنداش بولۇش، بىر ـ بىرىنى زىيارەت قىلىپ تۇرۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) مۇسۇلمانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە نەسىھەت قىلىشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

3) كېچىنىڭ ئاخىرىدا ناماز ئوقۇشنىڭ ساۋابلىق ئىش ئىكەنلىكى.

4) ئەرنىڭ ئايالىغا چىرايلىقچە مۇئامىلە قىلىپ ئۆتۈشى ئايالىنىڭ ھەققى ئىكەنلىكى.

5) ياخشى سانالغان ئىشلارنى قىلغاندا باشقىلارنىڭ ھەققىگە زىيان يەتكۈزىدىغان بولسا، ئۇنى چەكلەشنىڭ دۇرۇسلۇقى.

**150.** ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇ: مېنىڭ: «ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، ھاياتىم بار ئىكەن كۈندۈزى روزا تۇتىمەن ۋە ھاياتلا بولسام كېچىنى ئىبادەت بىلەن بىدار ئۆتكۈزىمەن»، دېگەن سۆزۈم پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا ئاڭلىنىپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مەندىن: «أَنْتَ الَّذِي تَقُول ذلك؟» «سەن شۇنداق دېدىڭمۇ؟»، دەپ سورىدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇنكى، مەن ھەقىقەتەن شۇ گەپلەرنى قىلدىم»، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «فَإِنكَ لا تَسْتَطِيعُ ذلِكَ، فَصُمْ وأَفطِرْ، ونَمْ وَقُمْ، وَصُمْ مِنَ الشَّهْرِ ثَلاثَةَ أَيَّامٍ فَإِنَّ الْحسنَةَ بعَشْرِ أَمْثَالِهَا، وذلكَ مثْلُ صِيامِ الدَّهْرِ» «شۈبھىسىزكى، سەن شۇنىڭغا قادىر بولالمايسەن، روزىمۇ تۇتقىن، ئاغزىڭ ئوچۇقمۇ يۈرگىن، كېچىسى ئۇخلىغىن ۋە ئىبادەتمۇ قىلغىن. (رامىزاندىن باشقا) ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتقىن. ھەقىقەتەن بىر ياخشىلىققا ئۇن ياخشىلىقنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ. ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش يىل بويى روزا تۇتقانغا باراۋەر بولىدۇ»، دېدى. مەن: «ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق قىلىشقا قادىر بولالايمەن»، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «فَصمْ يَوْماً وَأَفْطِرْ يَوْمَيْنِ» «ئۇنداق بولسا بىر كۈن تۇتۇپ، ئىككى كۈن تۇتمىغىن»، دېدى. مەن: «ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراق قىلىشقا قادىر بولالايمەن»، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «فَصُم يَوْماً وَأَفْطِرْ يوْماً، فَذلكَ صِيَام دَاوود صلى الله عليه وسلم، وَهُو أَعْدَلَ الصِّيَامِ» «ئۇنداق بولسا بىر كۈن تۇتۇپ، بىر كۈن تۇتما، ئاشۇ داۋۇد ئەلەيهىسسالامنىڭ روزىسى بولۇپ، ئەڭ نورمال روزىدۇر»، دېدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «هوَ أَفْضَلُ الصِّيامِ» «ئۇ ئەڭ ئەۋزەل روزىدۇر»، دېدى. مەن: «ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراق قىلىشقا قادىر بولالايمەن»، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «لا أَفْضَلَ مِنْ ذلكَ» «ئۇنىڭدىنمۇ



www.munber.org

ئەۋزەلرەكى يوق»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا دېگەن ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشنى قوبۇل قىلغىنىم مەن ئۈچۈن ئەھلىمدىن ۋە مال ـ بىساتىمدىنمۇ ياخشى ئىكەن.

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَلَمْ أُخْبَرْ أَنَّكَ تَصومُ النَّهَارَ وتَقُومُ اللَّيْلَ؟» «سېنى كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى ئىبادەت قىلىدىكەن دەپ ئاڭلىدىمغۇ؟»، دېدى. مەن: «شۇنداق. ئى رەسۇلۇللاھ!»، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «فَلا تَفْعل: صُمْ وأَفْطرْ، ونَمْ وقُمْ فَإِنَّ لجَسَدكَ علَيْكَ حقًّا، وإِنَّ لعيْنَيْكَ عَلَيْكَ حَقًّا وَإِنَّ لـزَوْجِكَ علَيْكَ حَقًّا، وَإِنَّ لزَوْرِكَ عَلَيْكَ حَقًّا، وإِنَّ بحَسْبكَ أَنْ تَصْومَ فِي كُلِّ شَهْرٍ ثَلاثَةَ أَيَّامٍ، فَإِنَّ لَكَ بِكُلِّ حَسَنةٍ عشْرَ أَمْثَالِهَا، فَإِذن ذلك صِيَامُ الدَّهْرِ» «ئۇنداق قىلمىغىن، روزا تۇتقىن ۋە ئېغىز ئوچۇقمۇ يۈرگىن، ئۇخلىغىن ۋە ئىبادەتمۇ قىلغىن، ھەقىقەتەن بەدىنىڭنىڭ سەندە ھەققى بار. كۆزۈڭنىڭمۇ سەندە ھەققى بار. ئايالىڭنىڭمۇ سەندە ھەققى بار ۋە سېنى يوقلاپ كەلگۈچىنىڭمۇ سەندە ھەققى بار. ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش ساڭا كۇپايە قىلىدۇ. ھەقىقەتەن بىر ياخشىلىققا ئون ھەسسە ساۋاب بېرىلىدۇ. ئاشۇ ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش ھەمىشە روزا تۇتقانغا باراۋەر بولىدۇ»، دېدى. مەن بۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك تۇتۇشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغىنىم ئۈچۈن ماڭا شۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك يۈكلەندى. مەن: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەندە ھەقىقەتەن كۈچ ـ قۇۋۋەت بار»، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «صُمْ صِيَامَ نَبِيِّ اللَّهِ داوُدَ وَلا تَزدْ عَلَيْهِ» «سەن ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ روزىسىنى تۇتقىن، ئۇنىڭدىن ئارتۇق قىلىۋەتمىگىن»، دېدى. مەن: «داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ روزىسى قانداق بولىدۇ؟»، دەپ سورىسام، ئۇ: «نِصْفُ الدهْرِ» «بىر يىلنىڭ يېرىمى (بىر كۈن تۇتۇپ، بىر كۈن تۇتماسلىق)»، دېدى.

ئابدۇللاھ قېرىغاندا مۇنداق دېگەن: «كاشكى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسىنى (ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشنى) قوبۇل قىلسام بوپتىكەن».

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَلَمْ أُخْبَرْ أَنَّك تصُومُ الدَّهْرِ، وَتْقَرَأُ الْقُرْآنَ كُلَّ لَيْلَة؟» «سېنىڭ يىل بويى روزا تۇتىدىغانلىقىڭنى، ھەر كېچىدە بىر قېتىم قۇرئاننى ئۆتكۈزىدىغانلىقىڭنى ئاڭلىدىمغۇ؟»، دېدى. مەن: «شۇنداق، ئى رەسۇلۇللاھ!، مەن پەقەت ياخشىلىقنىلا ئىرادە قىلدىم»، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «فَصُمْ صَوْمَ نَبِيِّ اللَّهِ داودَ، فَإِنَّه كَانَ أَعْبَدَ النَّاسِ، واقْرأْ الْقُرْآنَ فِي كُلِّ شَهْرٍ» «سەن داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ روزىسىنى تۇتقىن، ھەقىقەتەن ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ ئىبادەت قىلىدىغان زات ئىدى. قۇرئاننى ئايدا بىر قېتىم ئۆتكۈزگىن»، دېدى. مەن:



www.munber.org

«ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، مەن ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقىغا تاقەت قىلالايمەن»، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «فَاقْرَأْه فِي كُلِّ عِشْرِينَ» «ئۇنداقتا 20 كۈندە بىر قېتىم ئۆتكۈزگىن»، دېدى. مەن: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقىنى قىلالايمەن»، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «فَاقْرَأْهُ فِي كُلِّ عَشْرٍ» «ئون كۈندە بىر قېتىم ئۆتكۈزگىن»، دېدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقىغا تاقەت قىلالايمەن»، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «فَاقْرَأْه في كُلِّ سَبْعٍ وَلاَ تَزِدْ عَلَى ذَلِكَ» «يەتتە كۈندە بىر قېتىم ئۆتكۈزگىن، ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋەتمىگىن»، دېدى. مەن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق قىلىشنى تەلەپ قىلغانلىقىم ئۈچۈن ماڭا بۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك يۈكلەندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «إِنَّكَ لاَ تَدْرِي لَعلَّكَ يَطُول بِكَ عُمُرٌ» «سەن بىلمەيسەن، ئېھتىمال سېنىڭ ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولۇشى مۇمكىن (قېرىغاندا تاقەت قىلالمايسەن)»، دېدى. مەن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېگەن ياشقا يەتتىم. ياش چوڭايغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رۇخسىتىنى قوبۇل قىلغان بولسامچۇ؟! دەپ ئويلاپ كەتتىم.

يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «وَإِنَّ لوَلَدِكَ علَيْكَ حَقًّا» «سەندە بالىلىرىڭنىڭ ھەققى بار»، دېدى، دېيىلگەن.

يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لا صَامَ من صَامَ الأَبَدَ» «يىل بويى روزا تۇتقان ئادەمنىڭ روزىسى روزا ھېسابلانمايدۇ»، دېگەننى ئۈچ قېتىم دېدى، دېيىلگەن.

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَحَبُّ الصَّيَامِ إِلَى اللَّه تَعَالَى صِيَامُ دَاوُدَ، وَأَحَبُّ الصَّلاةِ إِلَى اللَّهِ تَعَالَى صَلاةُ دَاوُدَ: كَانَ يَنَامُ نِصْفَ اللَّيلِ، وَيَقُومُ ثُلُثَهُ، وَيَنَامُ سُدُسَهُ، وَكَانَ يَصُومُ يوْماً ويُفْطِرُ يَوْماً، وَلا يَفِرُّ إِذَا لاقَى» «ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىملىق روزا داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ روزىسىدۇر. ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىملىق ناماز داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىزىدۇر. ئۇ كېچە يېرىملاشقاندا ئۇخلايتتى، كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى قالغاندا تۇراتتى. ئالتىدىن بىرىدە ئۇخلايتتى. روزىنى بىر كۈن تۇتۇپ، بىر كۈن تۇتمايتتى ۋە دۈشمەنگە مۇلاقات بولغاندا قاچمايتتى»، دېدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە: دادام مېنى ئېسىل بىر ئايالغا ئۆيلەپ قويدى. ئۇ قاچانلا بولسۇن ئۆزىنىڭ كېلىنىنى يوقلاپ تۇراتتى. ئۇ ئايالىمدىن ئەھۋالىمنى سورىدى. ئايالىم ئۇنىڭغا: «بۇ ئەرلەرنىڭ ياخشىسى، بىز كەلگەندىن بۇيان بىزنىڭ كۆرپىلىرىمىزدە يېتىپمۇ قويمىدى ۋە بىزنىڭ چىملدىقلىرىمىزنى ئېچىپمۇ قويمىدى»، دېدى. بۇ ئىش داۋاملىشىۋەرگەندى، دادام بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الْقَنِي بِهِ» «بالاڭنى ماڭا



www.munber.org

ئۇچراشتۇرغىن»، دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن رەسۇلۇللاھقا ئۇچراشتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كيفَ تَصُومُ؟» «قانداق روزا تۇتىسەن؟ »، دېدى. مەن: «ھەر كۈنى»، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «وَكَيْفَ تَخْتِمُ؟» «قۇرئاننى قانداق تامام قىلىسەن؟ »، دېدى. مەن: «ھەر كېچىدە»، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئەھۋاللارنى ماڭا بايان قىلىپ بەردى، دېيىلگەن.

ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇللاھ كېچىدە يەڭگىل بولۇشى ئۈچۈن كۈندۈزى ئەھلىگە قۇرئاننىڭ يەتتىدىن بىرىنى ئوقۇپ بېرەتتى. بەزى ۋاقىتلاردا كۈچلىنىۋېلىش مەقسىتىدە بىر نەچچە كۈن روزا تۇتمايتتى. بۇ كۈنلەرنى خاتىرىلەپ قوياتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا قىلغان ئەمەللىرىدىن بىرەرسىنىمۇ تەرك ئېتىشنى ياقتۇرمىغانلىقى ئۈچۈن شۇ روزا تۇتمىغان كۈنلەرنىڭ قازاسىنى تۇتۇۋالاتتى».

بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسى سەھىھدۇر. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى سەھىھۇلبۇخارى بىلەن سەھىھۇلمۇسلىمنىڭ ئىككىلىسىدە بار. ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمى سەھىھۇلبۇخارى بىلەن سەھىھۇلمۇسلىمنىڭ بىرسىدە بار.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كىشىنىڭ مالال بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىبادەتكە ھەددىدىن ئارتۇق كۈچەپ زورۇقۇشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى.

2) ئىبادەتتە ئوتتۇراھال يول تۇتۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

3) ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاسنىڭ پەزىلىتى.

4) بەندىنى كېچىدە ئىبادەت قىلىشقا، تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

5) ئىسلام دىنىنىڭ تەركي دۇنياچىلىقنى تەشەببۇس قىلمايدىغانلىقى.

6) ياخشى ئەمەللىرىگە قارىتا نەچچە ھەسسە ئارتۇق ساۋابقا ئېرىشىش ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئۈممەتكە ئاتا قىلغان خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى.

7) ئىسلام دىنىدىكى تائەت ـ ئىبادەت كىشىنى رىزىق تەلەپ قىلىش ئۈچۈن تىرىشىش، رىزىق يولىدا سەۋەب قىلىشتىن توسمايدىغانلىقى.

8) ئىسلام دىنىنىڭ كىشىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئۈچۈن تەڭ ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈرىدىغانلىقى.

**151** ـ ھەنزەلە ئىبنى رەبىئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا ئۇچرىشىپ قېلىپ: «ئى ھەنزەلە، قانداق تۇرۇۋاتىسەن»، دېدى. مەن: «ھەنزەلە مۇناپىقلىق قىلدى»، دېدىم. ئۇ: «سۇبھانائللاھ! نېمە دەۋاتىسەن؟ »، دېدى. مەن: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا بولغان چېغىمىزدا جەننەت ۋە دوۋزاخلارنى سۆزلەپ بەرسە، گوياكى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈۋاتقاندەك ھېسسىياتتا بولىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ



www.munber.org

قىشىدىن چىقساقلا، ئاياللىرىمىز ۋە بالىلىرىمىز بىلەن، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ كىتىپ، ئاڭلىغانلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنلىرىنى ئۇنتۇپ كىتىمىز»، دىدىم. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، بىزمۇ مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كىلىمىز»، دىدى. ئەبۇ بەكرى بىلەن ئىككىمىز مىڭىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىشىغا كىردۇق. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ھەنزەلە مۇناپىقلىق قىلدى»، دىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ومَا ذَاكَ؟» «بۇ نىمە ئىش؟ »، دىدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! سىنىڭ يىنىڭدا بولغان چىغىمىزدا، بىزگە دوزاخ ۋە جەننەتلەرنى سۆزلەپ بەرسەڭ، بىز ئۇلارنى ئەينەن كۆرگەندەك بولىمىز. سىنىڭ يىنىڭدىن چىقىپ كەتكەن چاغدا، ئايالىرىمىز بىلەن ۋە تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ كىتىپ، ئاڭلىغانلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنلىرىنى ئۇنتۇپ قالىمىز»، دىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «وَالَّذِي نَفْسِي بِيدِهِ أن لَوْ تَدُومُونَ عَلَى مَا تَكُونُونَ عِنْدِي وَفِي الذِّكْر لصَافَحتْكُمُ الملائِكَةُ عَلَى فُرُشِكُم وفي طُرُقِكُم، وَلَكِنْ يا حنْظَلَةُ ساعةً وساعةً» «مىنىڭ جىنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەر مىنىڭ ئالدىمدا بولغان ھالەتىڭلار بىلەن ۋە زىكىر بىلەن داۋاملىق بولغان بولساڭلار، ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن پەرىشتىلەر ئۆيلىرىڭلاردا ۋە يوللىرىڭلاردا كۆرۈشۈپ يۈرەتتى، ئى ھەنزەلە! ئىنسان گاھى ئاخىرەتلىك ئىشلىرى بىلەن، گاھى دۇنيالىق ئىشلىرى بىلەن بولىدۇ»، دەپ بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىنساننىڭ پەرىشتىلەر ئالىمى بىلەن شەيتانلار ئارىسىدا تۇرىدىغانلىقى.

2) بەندىنىڭ كۈندىلىك ۋاقتىنىڭ بىر قىسمىدا پەرۋەردىگارىغا ئىلتىجا قىلىشى لازىملىقى، بىر قىسمىدا ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرى ھەققىدە ئويلىنىپ، ئۆز ـ ئۆزىدىن ھىساب ئېلىشى لازىملىقى، بىر قىسمىدا ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقانلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشى لازىملىقى، يەنە بىر قىسمىدا دۇنيالىق ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشى لازىملىقى.

3) ئىسلام دىنى ئىنسان تەبىئىتىگە ھۆرمەت قىلىدىغان، مۆتىدىللىكنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن بولۇپ، ئىككىلا دۇنيانىڭ ئىشلىرىغىمۇ، روھ ۋە بەدەننىڭ ھاجەتلىرىگىمۇ تەڭ ئەھمىيەت بىرىدىغان دىن ئىكەنلىكى.

152 ـ ئىبنى ئاببا س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇتۇق سۆزلەۋاتقانىدى. بىر كىشىنىڭ ئۆرە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ باشقىلاردىن ئۇ كىشى توغرۇلۇق سورىدى. كىشىلەر: «ئۇ ئەبۇ ئىسرائىل (ئەنسارىيلاردىن بولغان بىر ساھابە بولۇپ، ئىسمى يۇسەير ئىدى.) دىگەن كىشىدۇر. ئۇ كۈنگە قاقلىنىپ ئۆرە تۇرۇشقا، ئولتۇرماسلىققا، سايىدىماسلىققا، گەپ قىلماسلىققا، روزا تۇتۇشقا خۇداغا ئەھدە قىلىپتۇ»، دىدى. پەيغەمبەر



www.munber.org

ئەلەيھىسسالام: «مُرُوهُ فَلْيَتَكَلَّمْ ولْيَستَظِلَّ وليقعد ولْيُتِمَّ صومَهُ» «ئۇنىڭغا دەڭلار، گەپ قىلسۇن، سايىدىسۇن، ئولتۇرسۇن ۋە روزىسىنى داۋاملاشتۇرۋەرسۇن»، دېدى.

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىسلام شەرىئىتىدە بەندىنىڭ گەپ قىلماسلىقتا ئاللاھ تائالاغا ئەھدە بېرىشىنىڭ يوق ئىش ئىكەنلىكى.

2) ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز شەرىئىتىدە بەلگىلىمىگەن، رۇخسەت قىلمىغان ئەمەلنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقى.

## 15. باب ئىبادەتكە ئائىت ئەمەللەرنى داۋاملاشتۇرۇش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَمْ يَأْنِ لِلَّذِينَ آمَنُوا أَن تَخْشَعَ قُلُوبُهُمْ لِذِكْرِ اللَّهِ وَمَا نَزَلَ مِنَ الْحَقِّ وَلَا يَكُونُوا كَالَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ مِن قَبْلُ فَطَالَ عَلَيْهِمُ الْأَمَدُ فَقَسَتْ قُلُوبُهُمْ﴾ ﴿مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ دىللىرى ئاللاھ تائالانىڭ زىكرىگە ۋە نازىل بولغان ھەقىقەتكە (يەنى قۇرئان ئايەتلىرىگە) ئېرىيدىغان ۋاقىت يەتمىدىمۇ؟ ئۇلار ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالاردەك) بولمىسۇن، (ئۇلار بىلەن پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى) زاماننىڭ ئۇزۇرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرى قېتىپ كەتتى﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھەدىد 16 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ثُمَّ قَفَّيْنَا عَلَى آثَارِهِم بِرُسُلِنَا وَقَفَّيْنَا بِعِيسَى ابْنِ مَرْيَمَ وَآتَيْنَاهُ الْإِنجِيلَ وَجَعَلْنَا فِي قُلُوبِ الَّذِينَ اتَّبَعُوهُ رَأْفَةً وَرَحْمَةً وَرَهْبَانِيَّةً ابْتَدَعُوهَا مَا كَتَبْنَاهَا عَلَيْهِمْ إِلَّا ابْتِغَاءَ رِضْوَانِ اللَّهِ فَمَا رَعَوْهَا حَقَّ رِعَايَتِهَا﴾ ﴿مەريەم ئوغلى ئىيسانى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق. ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ دىللىرىغا شەپقەت ۋە مېھرىبانلىقنى سالدۇق. رەھبانىيەتنى ئۇلار ئۆزلىرى پەيدا قىلدى. ئۇلارغا ئۇنى بىز بېكىتمىدۇق. ئۇلار ئۇنى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى تىلەپ (پەيدا قىلدى)، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغا لايىق دەرىجىدە ئەمەل قىلمىدى﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھەدىد 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلاَ تَكُونُواْ كَالَّتِي نَقَضَتْ غَزْلَهَا مِن بَعْدِ قُوَّةٍ أَنكَاثًا﴾ ﴿سىلەر پىششىق ئېگىرگەن يىپىنى چۇۋۇپ پارچە ـ پارچە قىلىۋەتكەن خوتۇندەك بولماڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە نەھل 92- ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاعْبُدْ رَبَّكَ حَتَّى يَأْتِيَكَ الْيَقِينُ﴾ ﴿سەن ئۆزۈڭگە ئۆلۈم كەلگەنگە (يەنى، ئەجىلىڭ يەتكەنگە) قەدەر پەرۋەردىگارىڭغا ئىبادەت قىلغىن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھىجر 99 ـ ئايەت)

www.munber.org

بۇ ھەقتە نۇرغۇن ھەدىسلەر بار. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بايان قىلغان ھەدىس شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئىبادەتلەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغىنى شۇ ئەمەل ئىگىسىنىڭ داۋاملىق تاشلىماي قىلغان ئەمەلىدۇر». بۇ ھەقتە ئىلگىرىكى بابلاردا توختالغانىدۇق.

153 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ نَامَ عَنْ حِزْبِهِ مِنَ اللَّيْل، أو عَنْ شَيْءٍ مِنْهُ فَقَرَأه ما بينَ صلاةِ الْفَجرِ وَصلاةِ الظهرِ، كُتب لَهُ كأنما قرأهُ مِن اللَّيْلِ» «كىمكى ئۆزىنىڭ كېچىلىك ئوقۇيدىغان ۋەزىپىسىنى ئوقۇماي ياكى بەزىسىنى ئوقۇيالماي ئۇخلاپ قالسا، ئاندىن ئۇنى بامدات نامىزى بىلەن پېشىن نامىزىنىڭ ئارىسىدا ئوقۇۋالسا، ئۇنىڭغا گويا كېچىدە ئوقۇغانغا ئوخشاش ساۋاب بېرىلىدۇ». ــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بەندىنىڭ كېچىلىك ئوقۇيدىغان ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ئوقۇپ تۇرۇشى كېرەكلىكى، ئەگەر ئۈزرە بىلەن ۋاقتىدا ئوقۇيالماي قالغان بولسا، قازاسىنى ئوقۇۋېلىشقا ئالدىراش كېرەكلىكى، قازاسىغىمۇ خۇددى ۋاقتىدا ئوقۇغانغا ئوخشاش ساۋاب بېرىلىدىغانلىقى.

154 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «يَا عبْدَ اللَّه لا تَكُنْ مِثلْ فُلانٍ، كَانَ يقُومُ اللَّيْلَ فَتَركَ قِيامَ اللَّيْل» «ئى ئابدۇللاھ! سەن پالانىغا ئوخشاش بولمىغىن، ئۇ كېچىلىرى تۇرۇپ ئىبادەت قىلاتتى، كېچىسى قىلىدىغان ئىبادەتنى تاشلىۋەتتى»، دېگەنىدى.

ــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كىشىنى ئەيىبى بىلەن تىلغا ئالىدىغان ئىشلاردا ئىسمىنى ئاتىماسلىق كېرەكلىكى.

2) ئىنساننىڭ ئادەتلەنگەن ياخشى ئەمەللىرىنى داۋاملاشتۇرۇشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

155 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەگەر كېسەللىك ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن كېچىسى ئوقۇيدىغان نامىزىنى ئوقۇيالماي قالغان بولسا، ئۇنى كۈندۈزى 12 رەكئەت قىلىپ ئوقۇۋالاتتى.

ــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بەندىنىڭ بىرەر ئۈزرە سەۋەبىدىن كېچىسى ئوقۇيالمىغان ۋەزىپىسىنى كېيىن ئوقۇۋېلىشى كېرەكلىكى.

2) نەفلى ئىبادەتلەرنىڭ قازاسىنى قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

www.munber.org

## 16 . باب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە رىئايە قىلىشقا، ئەدەب ـ ئەخلاقىنى ئۆگىنىشكە بۇيرۇش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا آتَاكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَانتَهُوا﴾ ﴿پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە ھەشر 7 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا يَنطِقُ عَنِ الْهَوَى إِنْ هُوَ إِلَّا وَحْيٌ يُوحَى﴾ ﴿(ئۇ) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە نەجم 3 ـ ، 4 ـ ئايەتلەر)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ إِن كُنتُمْ تُحِبُّونَ اللّهَ فَاتَّبِعُونِي يُحْبِبْكُمُ اللّهُ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر ئاللاھ تائالانى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھ تائالا سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، (ئۆتكەنكى) گۇناھلىرىڭلارنى مەغفىرەت قىلىدۇ﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە ئال ئىمران 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِّمَن كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ﴾ ﴿سىلەرگە ـ ئاللاھ تائالانى، ئاخىرەت كۈننى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە ئەھزاب 21 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلاَ وَرَبِّكَ لاَ يُؤْمِنُونَ حَتَّىَ يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لاَ يَجِدُواْ فِي أَنفُسِهِمْ حَرَجًا مِّمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُواْ تَسْلِيمًا﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشتا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە نىسا 65 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِن تَنَازَعْتُمْ فِي شَيْءٍ فَرُدُّوهُ إِلَى اللّهِ وَالرَّسُولِ﴾ ﴿ئەگەر بىرەر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالاغا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە نىسا 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ يُطِعِ الرَّسُولَ فَقَدْ أَطَاعَ اللّهَ﴾ ﴿كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە نىسا 80 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)



www.munber.org

ئـاللاھ تائـالا يەنـە مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿وَإِنَّـكَ لَـتَهْدِي إِلَـى صِـرَاطٍ مُّسْـتَقِيمٍ﴾ ﴿شـەك ـ شۈبھىسىزكى، سەن توغرا يولغا باشلايسەن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە شۇئەرا 52 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلْيَحْذَرِ الَّذِينَ يُخَالِفُونَ عَنْ أَمْرِهِ أَن تُصِيبَهُمْ فِتْنَةٌ أَوْ يُصِيبَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ﴾ ﴿پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيانىڭ چوڭ بىر پىتنىسىگە يولۇقۇشتىن ياكى (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە نۇر 63 ـ ئايەت)

ئـاللاھ تائـالا يەنـە مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿وَاذْكُـرْنَ مَـا يُتْلَى فِي بُيُوتِكُنَّ مِـنْ آيَـاتِ اللَّـهِ وَالْحِكْمَـةِ﴾ ﴿ئـۆيلىرىڭلاردا ئـاللاھ تـائـالانىڭ ئايـەتلىرىدىن ۋە ھىكمـەت (يـەنى پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى)تىن ئوقۇلۇۋاتقان نەرسىلەرنى ياد ئېتىڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەھزاب 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

بۇ باب توغرىسىدا ئايەتلەر كۆپ، ھەدىسلەر بولسا تۆۋەندىكىچە:

156 ـ ئـەبۇ ھۇرەيـرە رەزىيـەللاھۇ ئـەنھۇ رىۋايـەت قىلىـپ مۇنـداق دەيـدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «دَعُونِي ما تَرَكْتُكُمْ: إنَّما أَهْلَكَ من كَانَ قبْلَكُم كَثْرةُ سُؤَالِهِمْ، وَاخْتِلافُهُمْ عَلَى أَنْبيائِهِمْ، فَإِذَا نَهَيْتُكُمْ عنْ شَيْءٍ فاجْتَنِبُوهُ، وَإِذَا أَمَرْتُكُمْ بأَمْرٍ فَأْتُوا مِنْهُ ما اسْتَطَعْتُمْ» «مادامىكى مەن سىلەرنى جىم قويغان ئىكەنمەن، سىلەرمۇ مېنى جىم قويۇڭلار. سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرنى ئۇلارنىڭ كۆپ سوئال سورىشلىرى ۋە پەيغەمبەرلىرى بىلەن ئىختىلاپ قىلىشلىرى ھالاك قىلغان. ئەگەر مەن سىلەرنى بىر نەرسىدىن چەكلىسەم، ئۇنىڭدىن چەكلىنىڭلار. سىلەرنى بىرەر نەرسىگە بۇيرۇسام، قۇدرىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئۇنى ئورۇنداڭلار». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مەسىلىلەرنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىدىغان، ئىختىلاپقا ئېلىپ بارىدىغان شۇبھە تۇغدۇرىدىغان سوئاللارنى سورىماسلىق كېرەكلىكى.

2) ئىختىلاپلارنى تۇغدۇرىدىغان مەسىلىلەر كىشىلەرنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقى، بەنى ئىسرائىلنىڭ مۇشۇ جۈملىدىن ئىكەنلىكى.

3) ئەگەر چەكلەش قەتئىي بولسا، چوقۇم ئۇنى تەرك ئېتىش ۋاجىپلىقى، ئەگەر چەكلەش قەتئىي يوسۇندا بولمىسا، ئۇنى تەرك ئېتىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

4) بەندىنى بىرەر ئىشتىن چەكلەشتە مۇشەققەت بولمىغاچقا، چەكلەشنىڭ ئومۇمىي بولىدىغانلىقى، بىرەر ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇشتا قىلغۇچىغا مۇشەققەت بولغانلىقى ئۈچۈن، بەندىنى تاقىتىنىڭ يېتىشىچە قىلىشقا بۇيرۇيدىغانلىقى.

157 ـ ئىرباز ئىبنى سارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى تەسىرلىك بىر ۋەز سۆزلىدىكى، ئۇنىڭدىن دىللىرىمىزنى قورقۇنچ باستى. كۆزلىرىمىزدىن ياش قۇيۇلدى. بىز: «ئى ئاللاھنىڭ



www.munber.org

پەيغەمبىرى! بۇ سۆز ۋىدالاشقۇچىنىڭ سۆزلىرىگە ئوخشاپ كەتتى. بىزگە يەنە نەسىھەت قىلساڭ»، دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «أُوصِيكُمْ بِتَقْوى اللَّه، وَالسَّمْعِ وَالطَّاعَةِ وإِنْ تَأَمَّر عَلَيْكُمْ عَبْدٌ حبشيٌّ، وَأَنَّهُ مَنْ يَعِشْ مِنْكُمْ فَسَيرى اخْتِلافاً كثِيرا. فَعَلَيْكُمْ بسُنَّتي وَسُنَّةِ الْخُلُفَاءِ الرَّاشِدِينَ الْمَهْدِيِّينَ، عضُّوا عَلَيْهَا بالنَّواجِذِ، وإِيَّاكُمْ ومُحْدثَاتِ الأُمُورِ فَإِنَّ كُلَّ بِدْعَةٍ ضلالَةٌ» «سىلەرگە ئاللاھ تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىشنى، سىلەرگە بىر قۇل باشلىق بولسىمۇ ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاشنى ۋە ئىتائەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمەن»، دېدى. يەنە: «ئىچىڭلاردىن كىمنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولسا، نۇرغۇن ئىختىلاپلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرىدۇ. سىلەر مېنىڭ سۈننىتىمگە، راستچىل ۋە توغرا يولغا باشلىغۇچى خەلىفىلەرنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىڭلار ۋە ئۇلارنى مەھكەم ئۇچلاڭلار. بىدئەت ئىشلاردىن ساقلىنىڭلار، ھەقىقەتەن ھەر قانداق بىدئەت ئازغۇنلۇقتۇر»، دېدى.

— ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىش، بۇ بولسا ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش، چەكلىگەنلىرىدىن ساقلىنىش بىلەن بولىدىغانلىقى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلاردىن ئالدىن خەۋەر بېرىشتەك مۆجىزىسى، راستتىنلا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ ئىختىلاپ قىلىشىپ، نۇرغۇن پىرقە ـ گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكى.

3) راستچىل، توغرا يولغا باشلىغۇچى خەلىفىلەرنىڭ ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى (ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن) بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ سۈننىتىنى ئەڭ ئوبدان بىلگۈچى ۋە تەقۋادار بولغاچقا، باشقىلاردىن ئاۋۋال ئۇلارغا ئەگىشىش، ئىتائەت قىلىش لازىملىقى.

4) بىدئەتنى ئەيىبلەش شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇنىڭ دىنغا مۇخالىپ كېلىدىغانلىقى ۋە دىننىڭ قائىدىلىرىگە قارشى بولغان ئىشلار بىلەن باغلانغانلىقىدىندۇر.

158 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «كُلُّ أُمَّتِي يدْخُلُونَ الْجنَّةَ إِلاَّ مَنْ أَبِي» «ئۇممىتىمنىڭ ھەممىسى جەننەتكە كىرىدۇ، پەقەت جەننەتكە كىرىشتىن باش تارتقان كىشىلەرلا كىرمەيدۇ»، دېدى. ئى رەسۇلۇللاھ! كىم باش تارتىدۇ؟ دېگۈچىگە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «منْ أَطَاعَنِي دَخَلَ الجَنَّةَ، ومنْ عصَانِي فَقَدْ أَبِي» «ماڭا ئىتائەت قىلغان كىشى جەننەتكە كىرىدۇ ۋە ماڭا ئاسيي بولغان كىشى باش تارتقان بولىدۇ»، دېدى. — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

159 ـ ئەبۇ مۇسلىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ قېشىدا سول قولى بىلەن تاماق يېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭغا: «كُلْ بِيمِينِكَ» «ئوڭ قولۇڭ بىلەن يېگىن»، دېدى. ئۇ كىشى: «يېيەلمەيمەن»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «لا استطعَتَ» «يېيەلمىگەيسەن»،

www.munber.org

دەۋەتتى. ئۇ تەكەببۇرلۇق قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىمىغان. ئاخىر ئۇ كىشى ئۆلگۈچە ئوڭ قولىنى ئاغزى تەرەپكە كۆتۈرەلمىگەن.

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئوڭ قول بىلەن تاماق يېيىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، كىسەل ياكى قولى كېسىۋېتىلگەنلىك ئۆزرىسى يوق تۇرۇپ سول قولدا يېيىشنىڭ مەكرۇھ ئىكەنلىكى.

2) ياخشى ھېسابلانغان ئىشلارنى تەرك ئېتىشنىڭ گۇناھ ھېسابلانمايدىغانلىقى، ئەمما ھەدىستىكى ئادەمنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەكەببۇرلۇق قىلىپ باش تارتقانلىقى ئۈچۈن گۇناھكار بولغانلىقى.

**160**. نوئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «لَتُسَوُّنَّ صُفُوفَكُمْ أَوْ لَيُخَالِفَنَّ اللَّهُ بَيْنَ وُجُوهِكُمْ» «سىلەر سەپلىرىڭلارنى تۈز قىلىڭلار، ئۇنداق قىلمايدىكەنسىلەر ئاللاھ تائالا يۈزلىرىڭلارنى چەلەڭگۈش قىلىپ قويىدۇ»، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ سەپلىرىمىزنى ئوقيانىڭ ئوقىدەك تۈزلەيتتى. ھەتتا بىز چۈشىنىپ بولغۇچە ئاشۇنداق قىلغانىدى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقتى. ئاندىن نامازغا تۇرماقچى بولدى. ھەتتا تەكبىر ئېيتىشقا ئاز قالغاندا بىرسىنىڭ كۆكرىكىنىڭ ئالدىغا چىقىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ: «عِبادَ اللَّه لَتُسوُّنَّ صُفوفَكُمْ أَوْ لَيُخَالِفَنَّ اللَّه بيْن وُجُوهِكُمْ» « ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرى! سىلەر سەپلىرىڭلارنى تۈزەڭلار، ئۇنداق قىلمىساڭلار ئاللاھ تائالا يۈزۈڭلارنى چەلەڭگۈش قىلىپ قويىدۇ »، دېدى، دېيىلگەن.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: نامازغا تۇرغاندا جامائەتنىڭ سەپتە تۈز تۇرۇشى لازىملىقى. ئەگەر سەپ تۈز بولمىسا، سەپنى تۈزلەش ئۈچۈن ئىقامەت بىلەن نامازنى باشلاشنىڭ ئالدىدا گەپ قىلىشنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقى، ئەمما باشقا چاغدا بۇنىڭ توغرا ئەمەسلىكى.

**161** ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كېچىسى مەدىنىدە بىر ئۆي ئائىلىدىكىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كۆيۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئىشلىرى رەسۇلۇللاھقا يەتكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إِنَّ هَذِهِ النَّار عَدُوٌّ لكُمْ، فَإِذَا نِمْتُمْ فَأَطْفِئُوهَا عَنْكُمْ» «شۈبھىسىزكى، ئوت سىلەرگە دۈشمەندۇر، سىلەر ئۇخلىغاندا ئوتنى ئۆچۈرۈۋېتىڭلار»، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئوتنى ئۆچۈرۈۋېتىش لازىملىقى، بۇ ھەدىس كىشىلەرگە يول كۆرسىتىش ياكى پايدىلىق مەسلىھەت تەرىقىسىدە ئېيتىلغان. خەتىرى بولمىسىلا، ئاسما چىراغلار بۇنىڭغا كىرمەيدۇ.

www.munber.org

162 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ مَثَلَ مَا بعَثني اللَّه بِهِ منَ الْهُدَى والْعلْمِ كَمَثَلَ غَيْثٍ أَصَاب أَرْضاً فكَانَتْ طَائِفَةٌ طَيبَةٌ، قبِلَتِ الْمَاءَ فأَنْبَتتِ الْكلأَ والْعُشْبَ الْكَثِيرَ، وَكَانَ مِنْهَا أَجَادِبُ أَمسكَتِ الماءَ، فَنَفَعَ اللَّه بها النَّاس فَشَرِبُوا مِنْهَا وسَقَوْا وَزَرَعَوا. وأَصَابَ طَائِفَةً أُخْرَى، إِنَّمَا هِيَ قِيعانٌ لا تُمْسِكُ ماءً وَلا تُنْبِتُ كَلأً فَذَلِكَ مَثَلُ مَنْ فَقُهَ فِي دِينَ اللَّه، وَنَفَعَه ما بعَثَنِي اللَّه به، فَعَلِمَ وعَلَّمَ، وَمثلُ مَنْ لَمْ يَرْفَعْ بِذلِكَ رَأْساً وِلَمْ يَقْبَلْ هُدَى اللَّهِ الذي أُرْسِلْتُ بِهِ» «مەن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن ھىدايەت ۋە شەرىئەت ئىلمى زېمىنغا ياغقان مول يامغۇرغا ئوخشايدۇ. بەزى يەرلەر مۇنبەت بولۇپ، يامغۇرنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، ئۆسۈملۈكلەرنى ۋە نۇرغۇن ئوت ـ چۆپلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ. بەزى يەرلەر گىياھ ئۈنمەس، سۇ سىڭمەس تېتىر بولۇپ، ئۈستىدە سۇ لەيلەپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن كىشىلەرنى مەنپەئەتلەندۈرىدۇ. شۇ سۇدىن كىشىلەر ئىچىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۇلاغلىرىنى ۋە زىرائەتلىرىنى سۇغىرىدۇ. يەنە بىر قىسىم تۇزلەڭ، شور يەرلەر بولۇپ، ئۈستىدە سۇمۇ تۇرمايدۇ. گىياھمۇ ئۈنمەيدۇ. ئەنە شۇ يۇقىرىدىكىلەر ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى چۈشىنىپ، مەن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلتۈرگەن تەلىماتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن كىشىنىڭ مىسالىدۇر، تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئۇ تەلىماتقا باقمىغان ۋە مەن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن ھىدايەتنى قوبۇل قىلمىغان ئادەمنىڭ مىسالىدۇر.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئېلىپ كەلگەن ھىدايەت ۋە ئىلىمنى كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان مول يامغۇرغا ئوخشاتقان. چۈنكى، زېمىن يامغۇر بىلەن ياشارغاندەك، قەلبلەر ھىدايەت ۋە ئىلىم بىلەن نۇرلىنىدۇ. شۇنداقلا، ئىلىم ئۆگىنىپ، كىشىلەرگە ئۇنى ئۆگەتكەن كىشىنى مۇنبەت يەرگە ئوخشاتقان، ئىلىم ئۆگەنگەن، بىراق ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمايدىغان كىشىنى گىياھ ئۈنمەس، پەقەت كىشىلەر ئۇنىڭ سۈيىدىن پايدىلىنىدىغان تېتىر يەرگە ئوخشاتقان. ئىلىم ئۆگەنمىگەن ھەم ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمايدىغان كىشىنى بولسا، سۈيى يوق، شۇنداقلا گىياھمۇ ئۈنمەس يەرگە ئوخشاتقان. بۇ بولسا ئەڭ ناچار كىشى بولۇپ، ئۆزگىگىمۇ، ئۆزىگىمۇ ھېچقانداق پايدىسى يوقتۇر.

2) ھەدىستە ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشكە ۋە ئۆگەنگۈچىلەرگە ئىلىمگە ئەمەل قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن. ئىلىمسىزلىكتىن ئاگاھلاندۇرغان.

3) ئىلىم ئۆگىنىپ ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا پايدا يەتكۈزگەن كىشىنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنغان.

163 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مثَلِي ومثَلُكُمْ كَمَثَل رجُلٍ أَوْقَدَ نَاراً فَجَعَلَ الْجَنَادِبُ وَالْفَراشُ يَقَعْنَ فيهَا وهُوَ يذُبُّهُنَّ عَنهَا وأَنَا آخذٌ بحُجَزِكُمْ عَنِ النارِ، وأَنْتُمْ تَفَلَّتُونَ منْ يَدِي» «مەن بىلەن سىلەرنىڭ مىسالىڭلار بىر كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇكى، ئۇ كىشى ئوت ياققان، ھاشاراتلار ۋە پەرۋانىلەر ئۇ ئوتقا ئۆزلىرىنى ئېتىۋاتقان، ھالبۇكى ئۇ كىشى ئۇلارنى ئوتتىن



www.munber.org

**تۇسۇۋاتقان. مەن بولسام ئۇتقا چۈشۈپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈن بېلىڭلارنىڭ تۆۋىنىدىن تۇتۇۋېلىۋاتىمەن، سىلەر بولساڭلار قولۇمدىن چىقىپ كېتىۋاتىسىلەر».**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە ناھايىتى رەھىمدىل ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە ھېرىس بولغاچقا، قىلىشقا تېگىشلىك بارلىق ياخشىلىقلارنى ئۇلارغا كۆرسىتىپ، ساقلىنىشى زۆرۈر بولغان بارلىق يامانلىقلاردىن ئاگاھلاندۇرغانلىقى.

2) ھەدىستە كىشىلەرنىڭ نۇرغۇنلىرىنىڭ نادانلىقى سۆزلەنگەن. شەرىئەت ئەھكاملىرىغا خىلاپلىق قىلىشتىن ئىبارەت نادانلىقنىڭ كىشىنى جەھەننەم ئازابىغا دۇچار قىلىدىغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

**164 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارماقلارنى ۋە تاۋاقنى يالاشقا بۇيرۇپ: «إِنَّكُم لا تَدْرُونَ في أَيِّهَا الْبَرَكَةَ» «شۇبھىسىزكى، سىلەر بەرىكەتنىڭ قايسىدا ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر»، دېگەن.**— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «إِذَا وَقَعتْ لُقْمةُ أَحدِكُمْ. فَلْيَأْخُذْهَا فَلْيُمِطْ مَا كَانَ بِهَا مِنْ أَذًى، وَلْيَأْكُلْهَا، وَلا يَدَعْهَا لَلشَّيْطانِ، وَلا يَمْسَحْ يَدَهُ بِالْمَنديلِ حَتَّى يَلْعَقَ أَصَابِعهُ، فَإِنَّهُ لا يدْرِي في أَيِّ طَعَامِهِ الْبَرَكَةَ» **« بىرەرسىڭلارنىڭ بىرەر لوقمىسى چۈشۈپ كەتسە، ئۇنى ئېلىپ، يۇقۇپ قالغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىپ يەۋەتسۇن، ئۇنى شەيتانغا تاشلاپ بەرمىسۇن. بارماقلىرىنى يالىۋەتمىگۈچىلىك قولىنى لۆڭگە بىلەن ئېرتمىسۇن. چۈنكى، ئۇ بەرىكەتنىڭ تاماقنىڭ قەيىرىدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ »، دېيىلگەن.**

يەنە بىر رىۋايەتتە: «إِنَّ الشَّيْطَانَ يَحْضُرُ أَحَدكُمْ عِنْدَ كُلِّ شَيءٍ مِنْ شَأْنِهِ حَتَّى يَحْضُرَهُ عِنْدَ طَعَامِهِ، فَإِذَا سَقَطَتْ مِنْ أَحَدِكُمْ اللُّقْمَةُ فَلْيُمِطْ مَا كَان بِهَا منْ أَذًى، فَلْيأْكُلْها، وَلا يَدَعْهَا لِلشَّيْطَانِ» **« ھەقىقەتەن شەيتان سىلەرنىڭ ھەر قانداق ئىشىڭلاردا، ھەتتا تامىقىڭلاردىمۇ ھازىر بولىدۇ. تاماق يەۋاتقاندا، سىلەرنىڭ بىرىڭلار لوقمىسى چۈشۈپ كەتسە، ئۇنىڭغا يۇققان نەرسىنى ئېلىۋېتىپ، ئۇنى يەۋەتسۇن. ئۇنى شەيتانغا تاشلاپ بەرمىسۇن »، دېيىلگەن.**

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھەدىستە تاماقتىن كېيىن تاماق يېگەن قاچىنى ۋە بارماقلىرىنى يالىۋېتىشكە رىغبەتلەندۇرۇلگەن، چۈنكى بۇ ئاللاھ تائالانىڭ نېئمەتلىرىنى قەدىرلەش، كەمتەرلىك بولۇپ، ئېشىپ قالغان تاماقلارنى تۆكۈۋېتىش نېئمەتكە كۇفرىلىق قىلغانلىق ۋە تەكەببۇرلۇق قىلغانلىق بولىدۇ.

2) تاماق يېگەندە بىرەر لوقما نىجىس يەرگە چۈشمىگەن، شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى مەينەتچىلىكنى تازىلىۋېتىش ئىمكانىيىتى بولغان ئەھۋالدا ئۇنى تازىلىۋېتىپ يەۋېتىش لازىملىقى.

3) ھەدىستە شەيتانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئۇلارنىڭمۇ تائام يەيدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. گەرچە بىز شەيتانلارنى كۆرەلمىسەكمۇ، ئۇلارنىڭ قانداق يەيدىغانلىقىنى بىلمىسەكمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە ئىشىنىشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكى.



www.munber.org

165 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئارىمىزدا تۇرۇپ مۇنداق ۋەز ـ نەسىھەت قىلدى: «أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّكُمْ محشورونَ إِلَى اللَّه تَعَالَى حُفَاةً عُرَاةً غُرْلاً» «ئى كىشىلەر! سىلەر ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا تەرەپكە يالاڭ ئاياغ، قىپيالىڭاچ، ئاندىن تۇغما ھالەتتە يىغىلىسىلەر»، دەپ بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿كَمَا بَدَأْنَا أَوَّلَ خَلْقٍ نُعِيدُهُ وَعْداً علَيْنَا إِنَّا كُنَّا فَاعِلِينَ﴾ ﴿مەخلۇقاتلارنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالەتتە ئەسلىگە قايتۇرىمىز، بۇ بىز ئۈستىمىزگە ئالغان ۋەدىدۇر. (ئۇنى) چوقۇم ئىشقا ئاشۇرىمىز﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەنبىيا 103 ـ ئايەت) ئاندىن مۇنداق دېدى: «أَلا وَإِنَّ أَوَّلَ الْخَلائِقِ يُكْسى يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِبراهيم صَلّى اللهُ عَلَيْهِ وسَلَّم، أَلا وإِنَّهُ سَيُجَاء بِرِجَالٍ مِنْ أُمَّتِي، فَيُؤْخَذُ بِهِمْ ذَاتَ الشِّمال فأَقُولُ: يارَبِّ أَصْحَابِي، فيُقَالُ: إِنَّكَ لا تَدْرِي مَا أَحْدَثُوا بَعْدَكَ، فَأَقُول كَما قَالَ الْعَبْدُ الصَّالِحُ: ﴿وكُنْتُ عَلَيْهِمْ شَهيداً مَّا دُمْتُ فِيهِمْ فَلَمَّا تَوَفَّيْتَنِي كُنتَ أَنتَ الرَّقِيبَ عَلَيْهِمْ وَأَنتَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ شَهِيدٌ۞ إِن تُعَذِّبْهُمْ فَإِنَّهُمْ عِبَادُكَ وَإِن تَغْفِرْ لَهُمْ فَإِنَّكَ أَنتَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ﴾» «ئاگاھ بولۇڭلار! قىيامەت كۈنى كىيىم كىيدۈرۈلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋۋىلى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدۇر. ئاگاھ بولۇڭلار، ئۈممىتىمدىن بىر مۇنچە كىشىلەر كەلتۈرۈلۈپ، دوزاخ تەرەپكە ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەن: ‹ئى رەببىم! ئۇلار مېنىڭ يار ـ بۇرادەرلىرىمدۇر›، دەيمەن. ماڭا: ‹سەن ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ سەندىن كېيىن نېمىلەرنى پەيدا قىلغانلىقىنى بىلمەيسەن›، دېيىلىدۇ. مەن ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشۇ سۆزىگە ئوخشاش سۆزنى دەيمەن: ﴿مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغان مۇددەتتە، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرغانىدىم، مېنى قەبزى روھ قىلغىنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى سەن كۆزىتىپ تۇرغانىدىڭ. سەن ھەممە نەرسىدىن خەۋەرداسەن. ئەگەر ئۇلارغا ئازاب قىلساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر. ئەگەر ئۇلارغا مەغفىرەت قىلساڭ، سەن غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە مائىدە 117 ـ، 118 ـ ئايەتلەر) ماڭا: ‹إِنَّهُمْ لَمْ يَزَالُوا مرْتَدِّينَ عَلَى أَعقَابِهِمْ مُنذُ فارَقْتَهُمْ› ‹سەن ئۇلاردىن ئايرىلغاندىن تارتىپ ئۇلار ھەمىشە مۇرتەد بولۇپ، كەينىگە چېكىنىپ تۇردى›، دېيىلىدۇ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھەدىس ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. بەلكى، بۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن بىر تۈرلۈك ئالاھىدىلىك بولۇپ، ئەۋزەل ۋە ئارتۇقچىلىقنى بىلدۈرمەيدۇ.

2) ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن ۋە باشقا دىنغا ئالماشتۇرغان گۇناھكارلارنىڭ قىيامەت كۈنىدە ئازابلىنىدىغانلىقى، ئۇلار ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرىنچى تۈرى، دىندىن چىققان كىشىلەر، ئۇلار مەڭگۈ دوزاختا قالىدۇ. ئىككىنچى تۈرى، گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەر بولۇپ، ئۇلار مەلۇم مەزگىل ئازابلانغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتى بىلەن دوزاختىن چىقىرىلىدۇ.

www.munber.org

3) ئاللاھ تائالانىڭ دىندا چىڭ تۇرمىغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەگەشمىگەن كىشىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى بولۇشى ئۇنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلاپ قالالمايدىغانلىقى.

**166 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاش ئېتىشىپ (بارماق بىلەن ئېتىش) ئويناشتىن چەكلەپ:** «إِنَّهُ لا يقْتُلُ الصَّيْدَ، ولا يَنْكَأُ الْعَدُوَّ، وَإِنَّهُ يَفْقَأُ الْعَيْنَ، ويَكْسِرُ السِّنَّ» **« ئۇ ئوۋ ھايۋانلىرىنى ئۆلتۈرەلمەيدۇ، دۈشمەننى قورقىتالمايدۇ، ئۇ پەقەت كۆزنى قويۇۋېتىدۇ، چىشنى سۇندۇرۇۋېتىدۇ »، دېگەن.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئىبنى مۇغەففەلنىڭ بىر يېقىنى تاش ئېتىپ (بارماق بىلەن) ئويىنىغانىدى. ئىبنى مۇغەففەل ئۇنى توسۇپ:** «إِنَّهَا لا تَصِيدُ صَيْداً» **« ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ تاش ئېتىشتىن چەكلىگەن، ئۇ ئوۋ ھايۋانلىرىنى ئوۋلىيالمايدۇ »، دېسىمۇ ئۇ يەنە تاش ئېتىۋەردى. ئىبنى مۇغەففەل: « سېنى ئۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چەكلىدى دەۋاتسام، تاش ئېتىشنى يەنە تەكرارلاۋاتامسەن؟ مەن ساڭا ھەرگىز گەپ قىلمايمەن »، دېدى.**

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) تاش ئېتىشنىڭ باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغاچقا، ئۇنىڭ ھاراملىقى.

2) توغرا يولغا دەۋەت قىلسىمۇ، يەنىلا يانمىغان كىشى بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

**167 ـ ئابىس ئىبنى رەبىئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەجەرۇلئەسۋەدنى سۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ تاشنى سۆيۈپ:** «مەن سېنىڭ ھېچقانداق پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىڭنى بىلىمەن، ئەگەر مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سېنى سۆيگەنلىكىنى كۆرمىگەن بولسام، سېنى سۆيمەيتتىم».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بىرەر ھېكمىتى بايقالمىغان ئەھۋالدىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىشنىڭ زۆرۈرلۈكى. چۈنكى ئاللاھ تائالا « قۇرئان كەرىم »دە مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَا آتَاكُمْ الرّسُوْلُ فَخُذُوْهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَانْتَهُوْا﴾ ﴿پەيغەمبەر بۇيرۇغان ئىشنى قىلىڭلار، چەكلىگەن ئىشتىن ساقلىنىڭلار﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە ھەشر 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

2) ئىمام تەبارانى مۇنداق دېگەن: « ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ گېپىنى دېيىشىدىكى سەۋەب شۇكى، بۇ ۋاقىتتا كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگىنىگە ئۇزاق بولمىغان، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نادان ئادەملەرنىڭ ھەجەرۇلئەسۋەدنى سۆيۈشنى جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدەك تاش ـ بۇتلارنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن بولغان دەپ چۈشىنىپ قالماسلىق ئۈچۈن شۇنداق دېگەن ».

www.munber.org

## 17 . باب ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكۈملىرىگە بويسۇنۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى، ئۇنىڭغا چاقىرىلغان ھەم ياخشىلىققا بۇيرۇلغان ۋە يامانلىقتىن توسۇلغان كىشىنىڭ نېمە دېيىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلاَ وَرَبِّكَ لاَ يُؤْمِنُونَ حَتَّىَ يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لاَ يَجِدُواْ فِي أَنفُسِهِمْ حَرَجًا مِّمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُواْ تَسْلِيمًا﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە نىسا 65 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّما كان قول الْمُؤْمِنِينَ إِذَا دُعُوا إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ لِيَحْكُمَ بَيْنَهُمْ أَن يَقُولُوا سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا وَأُوْلَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾ ﴿(پەيغەمبەر) مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدا، ئۇلار: «ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق»، دېيىشلىرى كېرەك. مانا شۇنداق كىشىلەر مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە نۇر 51 ـ ئايەت)

**168** ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ﴿للَّهِ ما في السَّمواتِ وَمَا فِي الأرض وإن تبدوا مافِي أَنْفُسِكُمْ أَوْ تُخْفوهُ يُحاسِبْكُمْ بِهِ اللَّه﴾ ﴿ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى شەيئىلەر (ئىگىدارچىلىق قىلىش جەھەتتىن بولسۇن، تەسەررۇپ قىلىش جەھەتتىن بولسۇن) ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر. دىلىڭلاردىكى (يامانلىقنى) مەيلى ئاشكارا قىلىڭلار، مەيلى يوشۇرۇڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 284 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئايەت نازىل بولغان چاغدا، ساھابىلەرگە مۇشكۈل تۇيۇلۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇلار تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ناماز، جىھاد، روزا تۇتۇش ۋە سەدىقە قىلىش قاتارلىق تاقىتىمىز يېتىدىغان ئەمەللەرگە بۇيرۇلغانىدۇق. لېكىن، ساڭا نازىل بولغان بۇ ئايەتكە (يەنى بۇ ئايەت بويىچە ئىش قىلىشقا) تاقىتىمىز يەتمەيدۇ»، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَتُرِيدُونَ أَنْ تَقُولوا كَمَا قَالَ أَهْلُ الْكِتابَيِن مِنْ قَبْلكُمْ: سَمِعْنَا وَعصينَا؟ بَلْ قُولوا: سمِعْنا وَأَطَعْنَا غُفْرانَك رَبَّنَا وَإِلَيْكَ الْمصِيرُ» «سىلەر ئىلگىرىكى ئەھلى كىتابقا ئوخشاش ‹ئاڭلىدۇق ۋە ئاسىي بولدۇق›، دېمەكچىمۇسىلەر؟ بەلكى، ‹ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز مەغفىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر قايتىدىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر، دەڭلار›»، دېدى. ئۇ ئايەتنى ساھابىلەر ئوقۇپ، تىللىرى ئوقۇشقا رام بولغاندا ئاللاھ تائالا كەينىدىنلا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿آمنَ الرَّسُولُ بِما أُنْزِلَ إِلَيْهِ مِنْ رَبِّهِ وَالْمُؤْمِنونَ كُلٌّ آمنَ بِاللَّه وَملائِكَتِهِ وكُتبِه وَرُسُلِهِ لا نُفرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِنْ رُسُلهِ وَقالوا سمعْنَا وَأَطعْنا غُفْرَانكَ رَبَّنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ﴾



www.munber.org

﴿پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى. مۇئمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز دەيدۇ. ئۇلار: بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز! مەغفىرىتىڭنى تىلەيمىز. ئاخىر ياندىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 285 ـ ئايەت)، دەيدۇ. ساھابىلەر ئايەتلەرنى ئوقۇپ تۇرغان ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ساھابىلەرگە مۈشكۈل تۇيۇلغان ئايەتنى مەنسۇخ قىلىپ (ئەمەلدىن قالدۇرۇپ)، بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿لا يُكلِّفُ اللّه نَفْساً إلاَّ وُسْعَهَا لَهَا مَا كَسَبَتْ وَعَلَيْهَا مَا اكْتَسَبتْ، رَبَّنَا لا تُؤاخِذْنَا إنْ نَسِينَا أو أخْطَأْنَا﴾ ﴿ئاللاھ تائالا ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇمايدۇ، كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى ئۆزىگىدۇر، يامانلىقىمۇ ئۆزىگىدۇر. ئۇلار: پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق، بىزنى جازاغا تارتمىغىن﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 286 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەندە، ئاللاھ تائالا: «نعَمْ» «ماقۇل»، دېدى. ﴿رَبَّنَا وَلا تَحْمِلْ عَلَيْنَا إصْراً كَمَا حمَلْتَهُ عَلَى الّذِينَ مِنْ قَبْلِنَا﴾ ﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش، بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 286 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەندە، ئاللاھ تائالا: «نعَمْ» «ماقۇل»، دېدى. ﴿رَبَّنَا ولا تُحَمِّلْنَا مَالا طَاقَةَ لَنَا بِهِ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 286 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەندە، ئاللاھ تائالا: «نعَمْ» «ماقۇل»، دېدى. ﴿واعْفُ عَنَّا واغْفِرْ لَنَا وَارْحَمْنَا أنْت مَوْلانَا فانْصُرنَا عَلَى الْقَومِ الْكَافِرِينَ﴾ ﴿بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغفىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، كۇفرى قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 286 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەندە، ئاللاھ تائالا: «نعَمْ» «ماقۇل»، دېدى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بەندىلەرنى بىرەر ئىشقا بۇيرۇغان ئەھكاملارنىڭ مەنسۇخ (نازىل قىلىنغاندىن كېيىن ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى) قىلىنىشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

2) ساھابىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە كېچىدىغان بولمىغۇر خىيال، يامانلىقلاردىن ھېساب ئېلىشىدىن قاتتىق قورققان، چۈنكى ئۇلار بۇنىڭغا كۈچىمىز يەتمەيدۇ، دەپ قارىغان. ئۇلار ئايەتنى ئوقۇپ: «ئاڭلىدۇق ۋە رەببىمىزگە ئىتائەت قىلدۇق»، دېگەندە، ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن مۇشەققەتنى كۆتۈرۈۋەتكەنلىكىدىن، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە كەلگەن ۋە خىيال قىلغان نەرسىلىرى ئۈچۈن ھېساب ئالمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. ئۇلارغا قانداق دۇئا قىلىشنى، پەرۋەردىگارىدىن قانداق تىلەشنى ئۆگەتكەن.



www.munber.org

## 18 . باب بىدئەت ۋە دىندا يېڭى پەيدا بولغان ئىشلارنى چەكلەش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَمَاذَا بَعْدَ الْحَقِّ إِلاَّ الضَّلاَلُ﴾ ﴿ھەقىقەتتىن قالسا، گۇمراھلىقتىن غەيرىي نەرسە مەۋجۇت ئەمەس﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە يۇنۇس 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِن تَنَازَعْتُمْ فِي شَيْءٍ فَرُدُّوهُ إِلَى اللّهِ وَالرَّسُولِ﴾ ﴿ئەگەر بىرەر شەيئى ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار (يەنى، «قۇرئان كەرىم» ۋە سۈننەتكە مۇراجىئەت قىلىڭلار)﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە نىسا 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَنَّ هَذَا صِرَاطِي مُسْتَقِيمًا فَاتَّبِعُوهُ وَلاَ تَتَّبِعُواْ السُّبُلَ فَتَفَرَّقَ بِكُمْ عَن سَبِيلِهِ﴾ ﴿بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، نا توغرا يولدا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەنئام 153 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ إِن كُنتُمْ تُحِبُّونَ اللّهَ فَاتَّبِعُونِي يُحْبِبْكُمُ اللّهُ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ. گۇناھىڭلارنى مەغفىرەت قىلىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال ئىمران 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

بۇ بابقا دائىر ئايەتلەر كۆپ، بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەرمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ يەردە پەقەت بىر قىسمىنىلا بايان قىلىمىز:

169 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ أَحْدَثَ في أَمْرِنَا هَذَا مَا لَيْسَ مِنْهُ فهُو رَدٌّ» «كىمكى ئىسلام دىنىدا بولمىغان بىر ئىشنى پەيدا قىلسا، ئۇ نەرسە قوبۇل قىلىنمايدۇ».

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

مۇسلىمنىڭ بىر رىۋايىتىدە: «مَنْ عَمِلَ عمَلاً لَيْسَ عَلَيْهِ أَمْرُنَا فَهُو ردٌّ» «كىمكى بىزنىڭ دىنىمىزدا يوق بىر ئىشنى قىلىدىكەن، ئۇ رەت قىلىنىدۇ»، دېيىلگەن.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىسنى يادلىۋېلىش، ئۇنى بىدئەت ئىشلارنى توسۇشتا ئاساس قىلىش كېرەك». ئىمام ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىس دىنىنىڭ تۈپ يىلتىزى ۋە ئاساسىي قائىدىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ».

2) دىنغا زىت بولغان، دىنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسىگە ياكى ئايرىم ئەھكاملىرىغا خىلاپ بولغان بىدئەتلەرنى رەت قىلىش زۆرۈردۇر. بىراق، يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىش دىنغا خىلاپ بولمىسا، بەلكى دىنىنىڭ ئومۇمىي ئۇسۇل قائىدىلىرى ۋە ئەھكاملىرىنىڭ بىر تارمىقى بولسا، ئۇ ئىش رەت قىلىنمايدۇ، بەلكى ئۇ ئىش ۋاجىپ ياكى مەندۇپ (قىلغۇچىغا ساۋاب ـ ئەجىر

بېرىلىدىغان، تەرك ئەتكۈچى جازالانمايدىغان ئىش) بولۇشى مۇمكىن. يەنى، زامانىۋى قوشۇن ھازىرلاش، ئۇرۇش قوراللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتەك زور ئىشلار ياكى ئىلىم تارقىتىش ۋە كىشىلەرگە ئىلىم ئۆگىتىش ئۈچۈن مەكتەپ سېلىش ۋە كىتابلارنى نەشر قىلىپ بېسىپ تارقىتىشتەك ياخشى ئىشلاردۇر.

**170.** جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇتۇق سۆزلىگەندە كۆزلىرى قىزىرىپ، ئاۋازى كۆتۈرۈلۈپ، غەزەپلەنگەندەك بىر ھالغا كېلەتتى. گوياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھالىتى دۈشمەن قوشۇنلىرى ئەتىگەن ۋە كەچلەردە ھۇجۇم قىلىش ئالدىدا تۇرماقتا، دەپ دۈشمەن قوشۇنلىرىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچىنىڭ ھالىتىگە ئوخشايتتى. «بُعِثْتُ أَنَا والسَّاعةُ كَهَاتيْن» «مەن پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلدىم، ھالبۇكى قىيامەتنىڭ مەن بىلەن ئارىلىقى مۇشۇ ئىككى بارماقتا ئوخشاش»، دەپ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى جۈپلەشتۈرۈپ كۆرسەتتەتتى. يەنە مۇنداق دەيتتى: «أَمَّا بَعْدُ، فَإِنَّ خَيرَ الْحَدِيث كِتَابُ اللَّه، وخَيْرَ الْهَدْى هدْيُ مُحمَّد صَلّى اللهُ عَلَيْهِ وسَلَّم، وَشَرَّ الأُمُورِ مُحْدثَاتُهَا وكُلَّ بِدْعَةٍ ضَلالَةٌ» «مەن سىلەرگە ئېيتماقچىمەنكى، سۆزنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىدۇر. يولنىڭ ئەڭ ياخشىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدۇر. ئىشلارنىڭ يامىنى يېڭى پەيدا بولغان ئىشلاردۇر. بىدئەتنىڭ ھەممىسى گۇمراھلىقتۇر». يەنە مۇنداق دەيتتى: «أَنَا أَوْلَى بُكُلِّ مُؤْمِن مِنْ نَفْسِهِ. مَنْ تَرَك مَالا فَلأَهْلِهِ، وَمَنْ تَرَكَ دَيْناً أَوْ ضَيَاعاً، فَإِلَيَّ وعَلَيَّ» «مەن ھەربىر مۇئمىنگە ئۇنىڭ جېنىدىنمۇ ئارتۇقراقتۇرمەن. كىمكى مىراس مال قالدۇرسا ئۇ ئائىلىسىنىڭ ھەققىدۇر. كىمكى قەرزنى ۋە تەربىيىگە موھتاج بالا ـ چاقىلىرىنى قالدۇرسا، ئۇلارنى مەن ئۈستۈمگە ئالىمەن». —— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

«رەسۇلۇللاھنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاقلىرى ۋە سۈننىتىگە رىئايە قىلىش توغرىسىدا»، دېگەن ماۋزۇلۇق 16 ـ بابتىكى ئىرباز ئىبنى سارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستىمۇ مۇشۇ مەزمۇن بايان قىلىنغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كىشىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئەگىشىشىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىش ئىكەنلىكى. دىنغا مۇخالىپ كېلىدىغان، تۈپ ئاساسىغا ئۇيغۇن بولمىغان بىدئەتلەرگە قارشى تۇرۇش لازىملىقى.

2) مۇسۇلمانلارنىڭ بەيتۇلمالدىن پۇل ئاجرىتىپ ئاجىز ـ يېتىملەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىنىڭ ۋاجىپلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپاتىدىن كېيىن خەلىپىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنىدا ئۇلارغا ھامىي بولۇپ، ھالىدىن خەۋەر ئالغانلىقى.

www.munber.org

## 19 - باب بىرەر ياخشى ئىش ياكى يامان ئىشنى پەيدا قىلغۇچى كىشى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا هَبْ لَنَا مِنْ أَزْوَاجِنَا وَذُرِّيَّاتِنَا قُرَّةَ أَعْيُنٍ وَاجْعَلْنَا لِلْمُتَّقِينَ إِمَامًا﴾ ﴿ئۇلار: ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشىڭنى تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى قىلغىن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە فۇرقان 74 - ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَجَعَلْنَاهُمْ أَئِمَّةً يَهْدُونَ بِأَمْرِنَا﴾ ﴿ئۇلارنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بويىچە (كىشىلەرنى بىزنىڭ دىنىمىزغا) يېتەكلەيدىغان پېشۋا قىلدۇق﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەنبىيا 73 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەرگە كەلسەك، تۆۋەندىكىچە:

171 - ئەبۇ ئەمرىن ۋە جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز بىر كۈنى چاشگاھ ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا تۇرغىنىمىزدا بەدەنلىرى ئېچىلىپ قالغان، يۇڭ توقۇلمىلارنى تېشىپ بېشىغا ئۆتكۈزۈپ كىيىۋالغان، قىلىچلىرىنى بويىنىغا ئېسىۋالغان، تولىسى ياكى ھەممىسى مۇزەر قەبىلىسىدىن بولغان بىر قەۋم كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ نامراتلىقىنى كۆرۈپ، چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىگە كىرىپ چىقىپ، بىلالنى ئەزان ۋە تەكبىر ئېيتىشقا بۇيرۇدى. ئاندىن ناماز ئوقۇدى. ئاندىن: ﴿يَا أَيُّهَا الناسُ اتَّقُوا رَبَّكُمُ الذي خلقكُمْ مِنْ نَفْسٍ وَاحِدةٍ﴾ ﴿ئى خالايىق! سىلەرنى بىر جاندىن ياراتقان رەببىڭلاردىن قورقۇڭلار﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە نىسا 1 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئايەتتىن ﴿إِنَّ اللَّهَ كَانَ عَلَيْكُمْ رَقِيباً﴾ ﴿ئاللاھ تائالا سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە نىسا 1 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئايەتكىچە ئوقۇدى ۋە ھەشىر سۈرىسىنىڭ ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمنُوا اتَّقُوا اللَّه ولْتنظُرْ نَفْسٌ مَّا قَدَّمتْ لِغَدٍ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر، ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار! ھەر ئادەم ئەتە (يەنى قىيامەت كۈنى) ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەردىن نېمىلەرنى تەييارلىغانلىقىغا قارىسۇن﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھەشىر 18 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.

رەسۇلۇللاھ يەنە: «تَصدَّق رَجُلٌ مِنْ دِينَارِهِ مِنْ دِرْهَمِهِ مِنْ ثَوْبِهِ مِنْ صَاعِ بُرِّهِ مِنْ صَاعِ تَمرِهِ» «ھەر كىشى ئۆزىنىڭ دەرھەملىرىدىن، دىنارلىرىدىن، كىيىملىرىدىن، بۇغداي ۋە خورمىلىرىدىن بىرەر سادىن بولسىمۇ سەدىقە قىلسۇن»، دېدى. ئاندىن ئەنسارىيلاردىن بولغان بىر ساھابە ئېغىرلىقىدىن كۆتۈرەلمىگۈدەك، بەلكى كۆتۈرەلمىگەن دەرىجىدە كۆپ پۇل قاچىلانغان بىر خالتىنى سەدىقە قىلدى. ئاندىن كېيىن كىشىلەر ئارقىمۇئارقا سەدىقە قىلىشىپ، يېغىلغان ئاشلىق ۋە كىيىملەرنىڭ ئىككى دۆۋە بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. بۇ چاغدا پەيغەمبەر



www.munber.org

ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايى خۇددى ئالتۇندەك پارقىراپ، نۇرلىنىپ كەتتى ۋە: «مَنْ سَنَّ في الإِسْلام سُنَةً حَسنةً فَلَهُ أَجْرُهَا ، وأَجْرُ منْ عَملَ بِهَا مِنْ بَعْدِهِ مِنْ غَيْرِ أَنْ يَنْقُصَ مِنْ أُجُورهِمْ شَيءٌ ، ومَنْ سَنَّ في الإِسْلامِ سُنَّةً سيِّئةً كَانَ عَليه وِزْرها وَوِزرُ مَنْ عَمِلَ بِهَا مِنْ بعْده مِنْ غَيْرِ أَنْ يَنْقُصَ مِنْ أَوْزارهمْ شَيْءٌ» «كىمكى ئىسلامدا ياخشى بىر يولنى ئوتتۇرىغا قويسا، ياخشى يولنىڭ ساۋابى ۋە شۇ يولدا ماڭغۇچىلارنىڭ ساۋابىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەستىن ھەممىسى قوشۇلۇپ، شۇ كىشىگە ئوخشاش ساۋاب بولىۋېرىدۇ. كىمكى ئىسلامدا بىرەر يامان يول پەيدا قىلسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ يامان يولنىڭ گۇناھى ۋە يامان يولدا ماڭغۇچىلارنىڭ گۇناھىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەستىن، پەيدا قىلغۇچىغا شۇنىڭغا ئوخشاش گۇناھ بولۇۋېرىدۇ»، دېدى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) قول ئىلكىدە بار كىشىلەرنىڭ ھاجەتمەن، نامراتلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇشى ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئىكەنلىكى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەمبەغەل ـ مىسكىنلەرگە ناھايىتى رەھىمدىللىكى، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن خۇشال بولۇپ، ئۇلارغا ياردەم بېرىش، پايدا يەتكۈزۈشكە ھېرىس ئىكەنلىكى.

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاقىلانىلىك بىلەن مۆئمىنلار ئارىسىدىكى قېرىنداشلىق مېھىر ـ مۇھەببەتنى كۈچەيتىش، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش ھەققىدە ئەمەلي تەربىيە بەرگەنلىكى.

4) ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىشنىڭ مۇسۇلمان كىشىنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشى ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىرىشىدىكى رولى.

5) ئازراق بولسىمۇ سەدىقە قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

6) مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىگە دەرھال ئاۋاز قوشۇپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشتا بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشىدىغانلىقى.

7) مۇسۇلماننىڭ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشتا ئۈلگە بولۇشى لازىملىقى، باتىل ۋە يامان ئىشلارنى قىلىشتا ئۈلگە بولۇپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلىشى كېرەكلىكى.

8) كىمكى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ھەرىكەتلىنىدىكەن، ئۇ كىشىگە شۇ ئەمەلنى قىلغۇچىنىڭ ساۋابى بېرىلىدىغانلىقى، كىمكى بىرەر يامان ئىشنى قىلىشقا ھەرىكەتلىنىدىكەن، ئۇنىڭغا شۇ ئىشنى قىلغۇچىنىڭ گۇناھى يېزىلىدىغانلىقى.

**172 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ليس مِنْ نفْسٍ تُقْتَلُ ظُلماً إِلاَّ كَانَ عَلَى ابنِ آدمَ الأَوَّلِ كِفْلٌ مِنْ دمِهَا لأَنَّهُ كَان أَوَّل مَنْ سَنَّ الْقَتْلَ» «قانداق بىر جان ناھەق ئۆلتۈرۈلىدىكەن، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى ئوغلىغا (يەنى قابىلغا) ئادەم ئۆلتۈرگۈچىگە يېزىلغان گۇناھقا ئوخشاش گۇناھ يېزىلىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇ تۇنجى بولۇپ قاتىللىق قىلغان ئادەم». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ياخشى ياكى يامان ئەمەل بولسۇن، شۇ ئىشقا سەۋەب بولغۇچى، ئۇنى قىلىشقا ھەرىكەتلەندۈرگۈچىگە شۇ ئىشنى بىۋاسىتە قىلغۇچىغا ئوخشاش ئەجىر ياكى گۇناھ يېزىلىدىغانلىقى، ھەتتا مەسئۇلىيىتى قىلغۇچىدىن بەكرەك چوڭ بولىدىغانلىقى.

## 20. باب ياخشىلىققا دالالەت قىلىش ۋە ھىدايەتكە ياكى گۇمراھلىققا دەۋەت قىلىش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَادْعُ إِلَى رَبِّكَ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭ تەرەپكە دەۋەت قىلغىن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 197 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ادْعُ إِلَى سَبِيلِ رَبِّكَ بِالْحِكْمَةِ وَالْمَوْعِظَةِ الْحَسَنَةِ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا، ياخشى ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە قەسەس 87 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَتَعَاوَنُواْ عَلَى الْبرِّ وَالتَّقْوَى﴾ ﴿ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە مائىدە 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلْتَكُن مِّنكُمْ أُمَّةٌ يَدْعُونَ إِلَى الْخَيْرِ﴾ ﴿سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان بىر جامائە بولسۇن، ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 197 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

173 ـ ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ دَلَّ عَلَى خَيْرٍ فَلَهُ مثلُ أَجْرِ فَاعِلِهِ» «كىمكى بىر ئادەمنى ياخشىلىققا دالالەت قىلسا، ئۇ ئادەمگە شۇ ياخشىلىقنى قىلغۇچىغا بېرىلگەن ساۋابقا ئوخشاش ساۋاب بېرىلىدۇ». ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كىشىلەرنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا تەرغىب قىلىش ۋە دالالەت قىلىش، چۈنكى ياخشىلىقنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا سەۋەب بولغۇچىغا ئۇنى قىلغۇچىغا ئوخشاش ساۋاب بېرىلىدىغانلىقى.

174 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مِنْ دَعَا إِلَى هُدًى كَانَ لَهُ مِنَ الأَجْرِ مِثْلُ أُجُورِ مـنْ تَبِعَهُ لا يَنْقُصُ ذلِكَ مِنْ أُجُورِهِمِ شَيْئاً، ومَنْ دَعَا إِلَى ضَلاَلَةٍ كَانَ عَلَيْهِ مِنَ الإِثْـمِ مِثْلُ آثَامِ مَنْ تَبِعَهُ لا يـنقُصُ ذلكَ مِنْ آثَامِهِمْ شَيْئاً» «كىمكى باشقىلارنى توغرا يولغا چاقىرسا، ئۇ ئادەمگە توغرا يولغا ئەگەشكەن ئادەمنىڭ ساۋابىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەستىن، ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىگە ئوخشاش ساۋاب بېرىلىدۇ. كىمكى گۇمراھلىققا چاقىرسا، چاقىرغۇچى ئادەمگە شۇ



www.munber.org

گۇمراھلىقتا ئەگەشكەن كىشىنىڭ گۇناھىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەستىن ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىگە ئوخشاش گۇناھ بولۇپ تۇرىدۇ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بىرەر ئىشنى قىلىشقا سەۋەب بولغۇچىنىڭ قىلغۇچى بىلەن ساۋاب ۋە جازادا ئوخشاش ئىكەنلىكى.

2) مۇسۇلمانلارنىڭ يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ، ئىسىل ئۈلگە بولۇشى لازىملىقى.

3) مۇسۇلمان ئادەمنىڭ يامان دەۋەت ۋە يامان ھەمراھلاردىن يىراق بولۇشى كېرەكلىكى.

4) ياخشىلىققا سەۋەب بولغۇچىغا ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىدىغانلىقى، يامانلىققا سەۋەب بولغۇچىغىمۇ ھەسسىلەپ جازا بېرىلىدىغانلىقى.

175 - ئەبۇلئابباس ئىبنى سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لأعْطِيَنَّ الرَّايَةَ غداً رَجُلاً يَفْتَحُ اللّٰه عَلَى يَدَيْهِ، يُحبُّ اللّٰه ورسُولَهُ، وَيُحبُّهُ اللّٰه وَرَسُولُهُ» «مەن ئەتە بۇ تۇغنى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ قولى بىلەن غەلىبە ئاتا قىلىدىغان ۋە ئاللاھ تائالانى، ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرىدىغان ئاللاھ تائالا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلىمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەمگە بېرىمەن»، دېدى. ساھابىلەر ئۇ تۇغنى قايسىمىزغا بېرىدىغاندۇ؟ دەپ پاراڭ سېلىشىپ، كېچىنى ئۆتكۈزدى. ساھابىلەر تاڭ ئاتقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۇغنى ماڭا بەرسىكەن، دەپ ئۈمىد قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أيْنَ عليُّ بنُ أبي طالب؟» «ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ قەيەردە؟»، دېۋىدى، «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭ كۆزى ئاغرىق»، دېيىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «فَأرْسِلُوا إلَيْهِ» «ئۇنىڭغا ئادەم ئەۋەتىڭلار»، دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئىككى كۆزىگە سۈق دەپ دۇئا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆزى ئاغرىپ باقمىغاندەك ساقىيىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغنى ئۇنىڭغا بەردى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار بىلەن تاكى ئۇلار دىنىمىزگە كىرىپ، بىزگە ئوخشاش بولغۇچە ئۇرۇش قىلامدىم؟»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «انْفُذْ عَلَى رِسلِكَ حَتَّى تَنْزِلَ بِسَاحتِهِمْ، ثُمَّ ادْعُهُمْ إلَى الإسْلامِ، وَأخْبِرْهُمْ بِمَا يجِبُ مِنْ حقِّ اللّٰه تَعَالَى فِيهِ، فَواللّٰه لأنْ يَهْدِيَ اللّٰه بِكَ رَجُلاً وَاحِداً خَيْرٌ لَكَ مِنْ حُمْرِ النَّعَمَ» «سەن ئۇلارنىڭ جايىغا يېتىپ بارغۇچە ئالدىرىماي ئاستا ماڭغىن، ئاندىن ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغىن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىدىن نىمىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ قىلىشىغا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا ئۇقتۇرغىن. ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ تائالانىڭ سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن بىرەر كىشىنى ھىدايەت قىلىپ قويغىنى سەن ئۈچۈن قىزىل تۆگىدىنمۇ ياخشىدۇر». (قىزىل تۆگە ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ

www.munber.org

قىممەتلىك مېلى ھېسابلىناتتى. بۇ يەردە ئەڭ چوڭ ساۋاب كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ـــ ت)
ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزلى ۋە ئۇنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىسىنىڭ دەرىجىسى بايان قىلىنغان.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىزنى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسەلنى ساقايتقانلىقى.

3) ساھابىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھەببىتى ۋە رازىلىقىغا ئېرىششكە ھېرىسمەنلىكى، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشتا بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشىدىغانلىقى.

4) ئىسلام دىنىنىڭ ئالىيجانابلىقى، ئۇرۇش قىلىشتا بېكىتكەن ئەدەب ـ قائىدىلىرى ۋە كىشلەرنى گۇمراھلىقتىن قۇتقۇزۇش غايىسى بايان قىلىنغان.

5) ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى، ياخشىلىق ۋە ھەققە دەۋەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، بۇنىڭ ناھايىتى زور ئەجىر ـ ساۋاب بېرىلىدىغان ئىش ئىكەنلىكى.

176 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەسلەم قەبىلىسىدىن بىر ياش: «ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! مەن جىھادقا چىقاي دەيمەن، لېكىن جابدۇنۇشتىن ئاجىزمەن»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ائْتِ فُلاناً فإِنه قَدْ كانَ تَجَهَّزَ فَمَرِضَ» «سەن پالانچىنىڭكىگە بارغىن، ئۇ جابدۇنۇپ بولغاندا، كېسەل بولۇپ قالدى»، دېدى. ئۇ ياش ئۇ ئادەمنىڭ يېنىغا كېلىپ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساڭا سالام ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە جىھاد ئۈچۈن تەييارلىغان نەرسىلىرىڭنى ماڭا بېرىشنى ئېيتتى»، دېدى. ئۇ ئادەم ئايالىغا: «مەن تەييارلىق قىلغان نەرسىلەردىن بىر ئازنىمۇ قالدۇرماي ئۇنىڭغا بەرگىن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىرەر نەرسىنى ئېلىپ قالساڭ، ئۇنىڭدا ساڭا بەرىكەت بولمايدۇ»، دېدى. ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ياخشىلىققا دالالەت قىلىش ۋە ئۇنى قىلىشقا تىرىشىش، شۇنداقلا ياخشىلىقنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا ياردەم بېرىش كېرەكلىكى.

2) كىمكى بىرەر ياخشى ئىشنى قىلىشقا تەييارلىق قىلىپ، ئۇنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا ئۆزرىلىك بولۇپ قالغاندا، بۇنى ئۆزىنىڭ تاقىتى يېتىدىغان يەنە بىر ياخشىلىقنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا سەرپ قىلىشىنىڭ ياخشى ئىش ئىكەنلىكى.

3) كىمكى پۇل ـ مېلىنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشىلىق يوللىرىدا سەرپ قىلىشقا بېخىللىق قىلىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ماللىرىنىڭ بەرىكىتىنى ئۆچۈرۈۋېتىدىغانلىقى، ئۇ ئادەمنىڭ بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزىنى ھالاكەت يولىغا تاشلايدىغانلىقى.



www.munber.org

## 21 . باب ياخشىلىققا ۋە تەقۋالىققا ياردەملىشىش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَتَعَاوَنُواْ عَلَى الْبرِّ وَالتَّقْوَى﴾ ﴿ياخشىلىققا ۋە تەقۋالىققا ياردەملىشىڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە مائىدە 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالْعَصْرِ۞ إِنَّ الْإِنسَانَ لَفِي خُسْرٍ۞ إِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَتَوَاصَوْاْ بِالْحَقِّ وَتَوَاصَوْاْ بِالصَّبْرِ﴾ ﴿زامان بىلەن قەسەمكى،ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر ـ بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر ـ بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەسر 3 ~ 1 ـ ئايەتلەر)

ئىمام شافىئىي (ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)نىڭ بىر سۆزى بولۇپ، ئۇ سۆزنىڭ مەنىسى مۇنداق: «ھەقىقەتەن كىشىلەر ياكى كىشىلەرنىڭ تولىسى سۈرە ئەسرنى چوڭقۇر ئويلىنىشتىن غەپلەتتىدۇر».

177 ـ زەيد ئىبنى خالىد جۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ جهَّزَ غَازِياً في سَبِيلِ اللَّه فَقَدْ غزَا وَمَنْ خَلَفَ غَازِياً في أَهْلِهِ بِخَيْرٍ فَقَدْ غَزَا» «كىمكى ئاللاھ تائالا يولىدا جىھاد قىلغۇچىنى جابدۇتسا، ئۇنىڭغىمۇ جىھاد قىلغاننىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ. كىمكى جىھاد قىلغۇچىنىڭ بالا ـ چاقا، ئائىلىسىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشقا قالغان بولسا، ئۇنىڭغىمۇ جىھاد قىلغاننىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

178 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام لىھيان قەبىلىسىگە (بۇ قەبىلە تېخى بۇ چاغدا مۇشرىك ئىدى) ھۇزەيل قەبىلىسىدىن بىر تۈركۈم ساھابىلەرنى ئەۋەتمەكچى بولۇپ: «لِيَنْبعِثْ مِنْ كُلِّ رَجُلَيْنِ أَحَدُهُمَا وَالأَجْرُ بَيْنَهُمَا» «ھەر ئىككى كىشىدىن بىر كىشى بارسۇن، ساۋاب ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئورتاق بولغۇسى»، دېدى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

179 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رەۋھا دېگەن جايدا بىر كارۋانغا ئۇچراشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مَنِ الْقومُ؟» «سىلەر كىم بولىسىلەر؟»، دېدى. ئۇلار: «بىز مۇسۇلمانلارمىز»، دەپ جاۋاب بەردى. ئۇلار: «سىز كىم؟»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «رسولُ اللَّه» «ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلى»، دېدى. بىر ئايال بىر كىچىك بالىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ: «بۇنىڭ ھەج قىلىشىغا بولامدۇ؟»، دېدى. پەيغەمبەر

www.munber.org

ئەلەيھىسسالام: «نَعمْ وَلَكِ أَجْرٌ» «ھەج قىلىشقا بولىدۇ، ساڭىمۇ ساۋابى بولىدۇ»، دېدى. —— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بىرەر تائەت ـ ئىبادەتنىڭ ئورۇنلىنىشىغا سەۋەبچى بولسا ياكى ياردەملەشسە، ئۇنى ئۆزى بىۋاستە قىلغاننىڭ ساۋابى بولىدىغانلىقى.

2) كىچىك بالىنىڭ ھەج قىلىشىنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ساۋاب تاپىدىغانلىقى، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن چوڭ بولۇپ بالاغەتكە يەتكەندىكى ھەج پەرزىنىڭ ساقىت بولمايدىغانلىقى.

180. ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الخَازِنُ المُسْلِمُ الأَمِينُ الذي يُنَفِّذُ ما أُمِرَ بِهِ، فَيُعْطِيهِ كَامِلاً مَوفَّراً، طَيِّبَةً بِهِ نَفْسُهُ فَيَدْفَعُهُ إِلى الذي أُمِرَ لَهُ بِهِ أَحَدُ المُتَصَدِّقَيْنِ» «نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئورۇنلايدىغان، بېرىشكە تېگىشلىكنى كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن تولۇق بېرىدىغان، كىمگە بېرىشكە بۇيرۇلسا شۇنىڭغا بېرىدىغان ئىشەنچىلىك مۇسۇلمان خەزىنىچى سەدىقە بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ»، دېگەن. —— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

## 22. باب سادىق بولۇش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ﴾ ﴿مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھۇجۇرات 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَنَاْ لَكُمْ نَاصِحٌ أَمِينٌ﴾ ﴿مەن سىلەرگە ئىشەنچىلىك نەسىھەتچىمەن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەئراف 68 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

181 ـ ئىبنى ئەۋس دارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الدِّينُ النَّصِيحَةُ» «دىننىڭ ئاساسى سادىق بولۇش»، دېدى. بىز: «كىمگە سادىق بولۇش؟» دەپ سورىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لِلَّه وَلِكِتَابِهِ وِلرِسُولِهِ وَلأَئمَّةِ المُسْلِمِينَ وَعَامَّتِهِمْ» «ئاللاھ تائالاغا سادىق بولۇش، پەيغەمبەرگە سادىق بولۇش، مۇسۇلمانلارنىڭ يولباشچىلىرىغا سادىق بولۇش ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا سادىق بولۇشتىن ئىبارەتتۇر»، دەپ جاۋاب بەردى. —— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ھەدىستە مۇسۇلمانلارنىڭ سەممىي ـ سادىق بولۇشى زۆرۈر ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. چۈنكى، سادىقلىق دىننىڭ ئاساسى ۋە تۈۋرۈكىدۇر. ئاللاھ تائالاغا سادىق بولۇش دېگەن ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىماننىڭ دۇرۇسلۇقى ۋە ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئىبادەت قىلىشتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىغا سادىق بولۇش بولسا، ئۇنىڭغا چىن دىلى بىلەن ئىشىنىش، دائىم تىلاۋەت قىلىپ تۇرۇش، ئۇنىڭ ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىش، ئۇنى ئۆزگەرتىۋەتمەسلىكتۇر.



www.munber.org

ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرگە سادىق بولۇش دېگەنلىك ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە چىنپۈتۈش، ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىش، ئۇنىڭ شەرىئىتى ۋە سۈننىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئەگىشىش. مۇسۇلمانلارنىڭ يولباشچىلىرىغا سادىق بولۇش بولسا، توغرا، ھەق ئىشلاردا ئۇلارغا ياردەملىشىش، گۇناھ بولمىغان ئىشلاردا ئۇلارغا بويسۇنۇش، ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى ياخشىلىق بىلەن تۈزەشتۇر. مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا سادىق بولۇش دېگەنلىك ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاش، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش.

بۇ ھەدىس ئىسلام دىنىدىكى جىمي ياخشىلىقلارنى جەملىگەن ئاساسلىق ھەدىستۇر.

**182 ـ جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ھەر بىر مۇسۇلمانغا نەسىھەت قىلىش جەھەتلەردە بەيئەت قىلدىم.** ــــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە نەسىھەت قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى بايان قىلىنغان. شۇڭا، ساھابىلەر بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان، بۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا ۋەدە قىلغان.

**183 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لاَ يُؤْمِنُ أَحَدُكُمْ حَتَّى يُحِبَّ لأَخِيهِ مَا يُحِبُّ لِنَفْسِهِ» «سىلەردىن قانداق بىر كىشى ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىسىنى قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرگەندىلا ئاندىن مۇسۇلمانى كامىل ھېسابلىنىدۇ».** ــــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مۇسۇلماننىڭ ئىمانى كامىل بولۇشىنىڭ شەرتى شۇكى، ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىنى ۋە قىزىققان ياخشىلىق، تائەت ـ ئىبادەتلەرنى باشقا مۇسۇلمانلارغا دالالەت قىلىدۇ، ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشىدۇ، مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق بولغان ئىشلارنى قىلىشقا نەسىھەت قىلىدۇ.

## 23 . باب ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش توغرىسىدا

**ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلْتَكُن مِّنكُمْ أُمَّةٌ يَدْعُونَ إِلَى الْخَيْرِ وَيَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَأُوْلَـئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾ ﴿سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ يامان ئىشلاردىن توسىدىغان بىر جامائە بولسۇن، ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾.** («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال ئىمران 104 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

**ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ﴾ ﴿سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان ئەڭ ياخشى ئۇممەتسىلەر﴾.** («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال ئىمران 110 ـ ئايەت)



www.munber.org

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿خُذِ الْعَفْوَ وَأْمُرْ بِالْعُرْفِ وَأَعْرِضْ عَنِ الْجَاهِلِينَ﴾ ﴿ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەئراف 199 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالْمُؤْمِنُونَ وَالْمُؤْمِنَاتُ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاء بَعْضٍ يَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ﴾ ﴿مۇئمىن ئەرلەر، مۇئمىن ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە تەۋبە 71 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لُعِنَ الَّذِينَ كَفَرُواْ مِن بَنِي إِسْرَائِيلَ عَلَى لِسَانِ دَاوُودَ وَعِيسَى ابْنِ مَرْيَمَ ذَلِكَ بِمَا عَصَوا وَّكَانُواْ يَعْتَدُونَ۞ كَانُواْ لاَ يَتَنَاهَوْنَ عَن مُّنكَرٍ فَعَلُوهُ لَبِئْسَ مَا كَانُواْ يَفْعَلُونَ﴾ ﴿بەنى ئىسرائىلدىن كافىر بولغانلارغا داۋۇدنىڭ ۋە مەريەم ئوغلى ئىيسانىڭ تىلى بىلەن لەنەت قىلىندى. بۇ ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكلىرى تۈپەيلىدىن بولدى. ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر ـ بىرىنى توسمايتتى. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمە دېگەن يامان﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە مائىدە 78 ـ، 79 ـ ئايەتلەر)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقُلِ الْحَقُّ مِن رَّبِّكُمْ فَمَن شَاء فَلْيُؤْمِن وَمَن شَاء فَلْيَكْفُرْ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) (بۇ) ھەق (قۇرئان) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نازىل بولدۇ، خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كافىر بولسۇن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە كەھف 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاصْدَعْ بِمَا تُؤْمَرُ﴾ ﴿ساڭا بۇيرۇلغاننى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغىن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھىجر 94 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَنجَيْنَا الَّذِينَ يَنْهَوْنَ عَنِ السُّوءِ وَأَخَذْنَا الَّذِينَ ظَلَمُواْ بِعَذَابٍ بَئِيسٍ بِمَا كَانُواْ يَفْسُقُونَ﴾ ﴿يامان ئىشلاردىن مەنئى قىلغۇچىلارنى قۇتقۇزدۇق، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىدىن چىققانلىقلىرى ئۈچۈن زالىملارنى قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلدۇق﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەئراف 165 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

بۇ باب ھەققىدە ئايەتلەر كۆپتۇر، ئەمدى ھەدىسلەرگە كېلىدىغان بولساق، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

184 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «مَنْ رَأَى مِنْكُم مُنْكراً فَلْيغيِّرْهُ بِيَدِهِ، فَإِنْ لَمْ يَسْتَطعْ فبِلِسَانِهِ، فَإِنْ لَمْ يَسْتَطِعْ فبقَلبِهِ وَذَلَكَ أَضْعَفُ الإِيمانِ» «سىلەردىن بىرىڭلار بىرەر يامانلىقنى كۆرسە ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن، ئەگەر ئۇنىڭغا قادىر



www.munber.org

بولالمىسا ئۇنى تىلى بىلەن ئۆزگەرتسۇن، ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا ئۇنىڭغا قەلبى بىلەن بولسىمۇ نارازى بولسۇن، قەلبى بىلەن نارازى بولۇش ئىماننىڭ ئەڭ زەئىپ دەرىجىسىدۇر».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) يامانلىقنى بارلىق مۇمكىن بولغان ۋاسىتىلەر بىلەن ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكى.

2) يامانلىققا قەلبىدە نارازى بولۇشنىڭ پايدىسى شۇكى، ئۇ يامانلىققا قارىتا كىشى قەلبىدە غەزەپ پەيدا قىلىدۇ، داۋاملىق ئۇنى ئىنكار قىلىشنى كىشىگە ئەسلىتىپ تۇرىدۇ.

3) ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش ئىسلام ئۈممىتىگە ئورتاق مەسئۇلىيەت بولۇپ، پەرز كۇپايىدۇر.

4) بەزىلەر بۇ ھەدىسنى ئىسلام دىنىنىڭ ئۈچتىن بىرىگە تەڭ، چۈنكى بۇ ھەدىس ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇشتەك ئەڭ ئاساسىي مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان، دېيىشىدۇ. يەنە بەزىلەر ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن مەزمۇنى مۇشۇ ھەدىسكە يىغىنچاقلانغان، چۈنكى شەرىئەت ئەھكاملىرى ئومۇمىيۈزلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇشتىن ئىبارەت، دەيدۇ.

185 - ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَا مِنَ نَبِيٍّ بعَثَهُ اللَّه في أُمَّةٍ قَبْلِي إِلاَّ كان لَه مِن أُمَّتِهِ حوارِيُّون وأَصْحَابٌ يَأْخذون بِسُنَّتِهِ ويقْتدُون بأَمْرِه، ثُمَّ إِنَّها تَخْلُفُ مِنْ بعْدِهمْ خُلُوفٌ يقُولُون مَالاَ يفْعلُونَ، ويفْعَلُون مَالاَ يُؤْمَرون، فَمَنْ جاهدهُم بِيَدهِ فَهُو مُؤْمِنٌ، وَمَنْ جاهدهم بقَلْبِهِ فهُو مُؤْمِنٌ، ومَنْ جَاهَدهُمْ بِلِسانِهِ فَهُو مُؤْمِنٌ، وليس وراءَ ذلِك مِن الإِيمانِ حبَّةُ خرْدلٍ» «ئاللاھ تائالا مەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ ئۆز ئۈممىتىدىن سۈننىتىنى مەھكەم ئۇچلاپ، بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلىدىغان ھەۋارىيونلىرى (يېقىن مۇخلىسلىرى) بولغانىدى. پەيغەمبەردىن كېيىن ئۆزى بىلەن سۆزى ئوخشىمايدىغان، بۇيرۇلمىغان ئىشلارنى قىلىدىغان يامان ئىز باسارلار پەيدا بولدى. كىمكى ئۇلار بىلەن قولى ئارقىلىق ئېلىشسا، ئۇ مۇئمىن ھېسابلىنىدۇ. كىمكى ئۇلار بىلەن قەلبى بىلەن ئېلىشسا، ئۇمۇ مۇئمىن ھېسابلىنىدۇ. كىمكى ئۇلار بىلەن تىلى بىلەن ئېلىشسا، ئۇمۇ مۇئمىن ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداق قىلمىغان ئادەمدە زەررىچىلىك ئىمان بولمايدۇ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

186 - ئۇبادە ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇشۇ ئاساستا بەيئەت قىلدۇقكى، قىيىنچىلىق ۋە ئاسانچىلىق، ئوڭۇشلۇق ۋە ئوڭۇشسىزلىق ھالەتلىرىمىزدىمۇ ئۇنىڭغا بويسۇنغايمىز، ئىش ئۈستىدىكىلىرىمىزدىن ئاشكارا كۇفرىلىق سادىر بولغانلىقىغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بولغان بىرەر پاكىت بولمىسىلا، ئۇلار بىزنىڭ ھەقلىرىمىزگە



www.munber.org

كۆز يۇمسىمۇ، ئۇلار بىلەن جەڭگە ـ جېدەل قىلمىغايمىز، قەيەردە بولمايلى، ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقماي، ھەقنى سۆزلىگەيمىز.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**187 ـ نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «مَثَلُ القَائِمِ في حُدودِ اللّٰه، والْوَاقِعِ فيها كَمَثَلِ قَومٍ اسْتَهَمُوا على سفينةٍ فصارَ بعضُهم أعلاهَا وبعضُهم أسفلَها وكانَ الذينَ في أسفلها إِذَا اسْتَقَوْا مِنَ الماءِ مَرُّوا عَلَى مَنْ فَوْقَهُمْ فَقَالُوا : لَوْ أَنَّا خَرَقْنَا في نَصِيبِنا خَرْقاً وَلَمْ نُؤْذِ مَنْ فَوْقَنَا ، فَإِنْ تَرَكُوهُمْ وَمَا أَرادُوا هَلكُوا جَمِيعاً ، وإِنْ أَخَذُوا عَلَى أَيْدِيهِمْ نَجوْا ونَجوْا جَمِيعاً» **«ئاللاھ تائالا بېكىتكەن چەك ـ چېگراغا رىئايە قىلىدىغان (ئاللاھ تائالانىڭ ھارام قىلغان ئىشلىرىنى توسىۇش) ئادەم بىلەن ئۇنىڭغا رىئايە قىلمىغان ئادەمنىڭ مىسالى كېمىدە ياخشى ئورۇنغا ئورۇنلىشىشى ئۈچۈن چەك تاشلاپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كېمىنىڭ ئۈستىگە، بەزىلىرى كېمىنىڭ ئاستىغا ئورۇنلاشقان كىشىلەرنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. كېمىنىڭ ئاستىغا ئورۇنلاشقانلىرى ئۈستىگە چىقىپ سۇ ئالغان ۋاقتىتا، ئۈستىدىكى ئادەملەرنىڭ قېشىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار: ‹ئۆزىمىز ئولتۇرغان جايىمىزدىن بىر تۆشۈك ئېچىپ، سۇنى شۇ يەردىن ئالساق، ئۈستىدىكىلەرنى ئاۋارە قىلمىساق، دېيىشىدۇ. ئۈستۈنكى قەۋەتتىكىلەر ئاستىدىكىلەرنى ئاۋارە قىلمىساق دېيىشىدۇ. ئۈستۈنكى قەۋەتتىكىلەر ئاستىنقى قەۋەتتىكىلەرنىڭ خاھىشىغا قويۇپ بەرسە ھەممىسى ھالاك بولىدۇ. ئەگەر ئۈستۈنكى قەۋەتتىكىلەر ئاستىنقى قەۋەتتىكىلەرنى توسۇپ، تۆشۈك تەشكىلى قويمىسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى نىجاتلىققا بىردەك ئېرىشىدۇ».** — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالا چەكلىگەن ئىشلارنى تەرك ئېتىش تەرك ئەتكۈچى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن جەمئىيەت ئەزالىرى ئۈچۈنمۇ پايدا ـ مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقى.**

**2) جەمئىيەتنىڭ ھالاك بولۇشى يەر يۈزىدىكى يامان كىشىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرى تۈپەيلىدىن بولىدىغانلىقى.**

**3) ئىنسان ئەركىنلىكىنىڭ مۇتلەق بولمايدىغانلىقى، بەلكى ئەتراپىتىكى كىشىلەرنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش، مەنپەئەتىنى قوغداش يۈزىسىدىن چەكلىك بولىدىغانلىقى.**

**4) بەزى كىشىلەر ياخشى نىيەت بىلەن كالتە پەملىك قىلىپ جەمئىيەتكە زىيانلىق بەزى ئىشلارنى قىلغاندا، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى كۆرسىتىپ چەكلەش لازىملىقى.**

**188 ـ مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إِنَّهُ يُسْتَعْملُ عَلَيْكُمْ أُمَراءُ فَتَعْرِفُونَ وتُنْكِرُونَ فَمنْ كَرِه فقَدْ بَرِئَ وَمَنْ أَنْكَرَ فَقَدْ سَلِمَ، وَلَكِنْ منْ رَضِيَ وَتَابَعَ» **«سىلەرگە ھۆكۈمرانلىق**

قىلىدىغان كىشىلەر بولىدۇ. سىلەر ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ بەزىسىنى شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولغانلىقى ئۈچۈن بىلەلەيسىلەر ۋە بەزىسىنى ئۇيغۇن بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىنكار قىلىسىلەر. كىمكى شەرىئەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئەمەللەرنى يامان كۆرسە شۇلارنىڭ ئىشىدىن چەك ئارىغان بولىدۇ ۋە كىمكى ئۇلارنى ئىنكار قىلسا، گۇناھتىن ئامان بولىدۇ. لېكىن، كىمكى ئۇلارغا رازى بولسا ۋە ئەگەشسە گۇناھكار بولىدۇ»، دېگەندە، ساھابىلەر: «ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ئۇلار بىلەن ئۇرۇشمامدۇق؟ »، دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لاَ، مَا أَقَامُوا فِيكُمْ الصَّلاَةَ» «ياق، ئۇلار ئاراڭلاردا ناماز ئوقۇپلا تۇرىدىكەن، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشماڭلار»، دېگەن.

—— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلاردىن ئالدىنئالا خەۋەر بېرىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ئىكەنلىكى.

2) نامازنىڭ ئىسلامنىڭ مۇھىم رۇكنى ئىكەنلىكى.

3) بىرلىكنى ساقلاش كېرەكلىكى، پىتنە ـ پاساتنىڭ تارىلىشى ۋە گەپ ـ سۆزدە ئىختىلاپنىڭ كۆپىيىشىدىن ھەزەر ئەيلەش كېرەكلىكى.

**189** ـ مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى جەھشىنىڭ قىزى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پاراكەندە ھالدا ئۇنىڭ قېشىغا كىردى ـ دە: «لا إِلهَ إِلاَّ اللَّه، ويْلٌ لِلْعربِ مِنْ شَرٍّ قَدِ اقْتربَ، فُتحَ الْيَوْمَ مِن ردْمِ يَأْجُوجَ وَمأْجوجَ مِثْلُ هذِهِ» « بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىلاھ يوق، ئەرەبلەرگە ۋاي! ئۇلارغا بىر بالا ـ قازا يېقىنلاشتى. بۈگۈن يەئجۇج ـ مەئجۇجنىڭ يوچۇغىدىن مۇشۇنچىلىك ئېچىلىپ كەتتى »، دېدى ـ دە، باش بارمىقى بىلەن كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى چەمبەر شەكلىدە كۆرسەتتى. مەن: « ئى رەسۇلۇللاھ! ئارىمىزدا ياخشى كىشىلەر تۇرۇقلۇقمۇ بىز ھالاك بولامدۇق؟ »، دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نَعَمْ إِذَا كَثُرَ الْخَبَثُ» « شۇنداق، يامان ئىشلار كۆپىيىپ كەتسە (ياخشىلار ئۇنى توسمىسا) شۇنداق بولىدۇ »، دېدى.

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ياخشىلار كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ، ئومۇمىيۈزلۈك ھالاك بولۇش يامان ئىشلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى ۋە يامراپ كېتىشى بىلەن بولىدىغانلىقى.

2) گۇناھلىق ئىشلارنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى بايان قىلىش.

3) بالا ـ قازانىڭ ياخشى ـ يامان دېمەي ھەممىنىڭ بېشىغا ئورتاق كېلىدىغانلىقى، لېكىن كىشىلەر قىيامەت كۈنى تىرىلگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ نىيىتى ئاساس قىلىنىدىغانلىقى.

4) يامان ئىشلارنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنى توسۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

**190** . ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إِيَّاكُم وَالْجُلُوسَ في الطرُقاتِ» «يولدا ئولتۇرۇشتىن ساقلىنىڭلار»، دېدى.



www.munber.org

ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىز يولدا پاراڭلىشىش ئۈچۈن ئولتۇرمىساق بولمايدۇ»، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «فَإِذَا أَبَيْتُمْ إِلاَّ الْمَجْلِس فَأَعْطُوا الطَّرِيقَ حَقَّهُ» «ئەگەر ئولتۇرىمىز، دەپ تۇرۇۋالساڭلار، يولنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىڭلار»، دېدى. ساھابىلەر: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! يولنىڭ ھەققى نېمە؟»، دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «غَضُّ الْبَصَر، وكَفُّ الأَذَى، ورَدُّ السَّلام، وَالأَمْرُ بالْمعْروفِ، والنَّهْيُ عنِ الْمُنْكَرَ» «كۆزنى (ھارام ئىشلاردىن) يىغىش ۋە باشقىلارغا ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىك، سالامنى ئىلىك ئېلىش، ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش»، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىسلام دىنىدا يولنىڭ ھەققى توغرىسىدىكى باشقا ھەدىسلەردە مۇنۇلار تىلغا ئېلىنغان: «ياخشى سۆزلەرنى قىلىش، نەرسە ـ كېرەك كۆتۈرۈۋشتە قىينالغانلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا، قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم بېرىش، ئېزىپ قالغانلارغا يول كۆرسىتىپ قويۇش، ‹اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ› دېيىلگەندە، ‹يَرْحَمُكَ الله› دەپ دۇئا قىلىش.

2) يول ئاممىۋى ئەسلىھە بولۇپ، جەمئىيەتكە تەۋە. شەخسلەرنىڭ ئۇنى ئىگىلىۋېلىشىنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكى.

3) مۇسۇلمانىنىڭ دائىم ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشى ۋە كىشىلەرنى شۇنداق قىلىشقا دەۋەت قىلىشىنىڭ لازىملىقى.

**191 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىنىڭ قولىغا بىر دانە ئالتۇن ئۈزۈك سېلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى تارتىپ ئېلىپ تاشلىۋەتتى ۋە: «يَعْمَدُ أَحَدُكُمْ إِلَى جَمْرَةٍ مِنْ نَارٍ فَيجْعلهَا في يَدِهِ» «سىلەردىن بىرەرسىڭلار قولىدا ئوتنىڭ چوغىنى تۇتۇپ تۇرۇشنى خالامدۇ؟»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەتكەن چاغدا ئۇ كىشىگە باشقىلار: «ئۈزۈكۈڭنى ئېلىپ ئۇنىڭدىن پايدىلانغىن»، دېدى. ئۇ كىشى: «ياق، ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاشلىۋەتكەن نەرسىنى ھەرگىز ئالمايمەن»، دېدى.**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) قۇربى يەتكەن كىشىنىڭ يامانلىقنى قولى بىلەن ئۆزگەرتىشى كېرەكلىكى.

2) ئەرلەرنىڭ ئالتۇن ئۈزۈك سېلىشى ھارام بولغاچقا، ئۇنىڭدىن چەكلىنىش لازىملىقى.

3) ئەرلەرنىڭ ئالتۇن ئۈزۈك سېلىشىغا قاتتىق ئازاب ۋەدە قىلىنغانلىقتىن، ئۇنىڭ چوڭ گۇناھ سانىلىدىغانلىقى.

4) ھەدىستە ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇغىنىنى تولۇق قىلىپ، چەكلىگەن ئىشلىرىدىن چەكلىنىشتەك يۈكسەك ئېھتىياتچانلىقى كۆرسىتىلگەن.

www.munber.org

192 ـ ئەبۇ سەئىد ھەسەن بەسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئائىز ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى رىيادنىڭكىگە كىرىپ: «ئى ئوغلۇم! مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: ‹إِنَّ شَرَّ الرِّعَاءِ الْحُطَمَةُ› ‹ھەقىقەتەن ھاكىملارنىڭ ئەڭ ئەسكىسى پۇقرالىرىنى دەپسەندە قىلىدىغان ھاكىمدۇر›. سەن شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ قالمىغىن»، دېۋىدى، ئۇبەيدۇللاھ ئائىزگە: «ئولتۇر، ئۆزۈڭ بولساڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ كېپەكلىرى؟»، دېدى. ئائىز ئىبنى ئەمر: «ساھابىلەرنىڭ ئىچىدە كېپەكتەك ئەرزىمەس كىشىلەر بولغانمىدى؟ ھەقىقەتەن ئەرزىمەس كېپەكلەر ساھابىلەردىن كېيىن كېلىدىغان ساھابە بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ»، دېدى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ساھابىلەرنىڭ ئەمرىمەئرۇپ، نەھيى ـ مۇنكەر (كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش)نى چىڭ تۇتىدىغانلىقى.

2) ساھابە ئائىز ئىبنى ئەمرىنىڭ ئۇبەيدۇللاھقا نەسىھەت قىلىشتىكى جۈرئىتى، ئۇنىڭ ئۇبەيدۇللاھقا ساھابىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ناھايىتى ئېسىل، فازىللار ئىكەنلىكىنى، چۈپرەندە، كېپەكلەرنىڭ ساھابىلەردىن كېيىنكى زامانلاردا مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلغانلىقى.

193 ـ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «والَّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَتَأْمُرُنَّ بالْمعرُوفِ، ولَتَنْهَوُنَّ عَنِ الْمُنْكَرِ، أَوْ لَيُوشِكَنَّ اللَّه أَنْ يَبْعثَ عَلَيْكمْ عِقَاباً مِنْهُ، ثُمَّ تَدْعُونَهُ فَلاَ يُسْتَجابُ لَكُمْ» «مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان (يەنى ئاللاھ تائالا) بىلەن قەسەمكى، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشۇڭلار كېرەك. ئۇنداق قىلالمىساڭلار پات يېقىندا ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئۆز تەرىپىدىن بىر بالا ئەۋەتىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا دۇئا قىلساڭلار، دۇئايىڭلار ئىجابەت بولمايدۇ». — تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەمرى ـ مەئرۇپ، نەھيى ـ مۇنكەرنى تەرك ئەتكەننىڭ جازاسى شۇ كىشىلەرنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولماسلىقىدىن ئىبارەت بولىدىغانلىقى.

2) يامان ئىشلارنىڭ شۇملۇقى يامانلارنىڭ بېشىغىلا ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىللە ياخشىلارنىڭ بېشىغىمۇ كېلىدىغانلىقى، بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنى «قۇرئان كەرىم» دىكى مۇنۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى تەكىتلەيدۇ: ﴿وَاتَّقُواْ فِتْنَةً لاَّ تُصِيبَنَّ الَّذِينَ ظَلَمُواْ مِنكُمْ خَآصَّةً وَاعْلَمُواْ أَنَّ اللّهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ﴾ ﴿سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى زۇلۇم قىلغانلارنىڭ بېشىغا كېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان بالا ـ قازادىن ساقلىنىڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى قاتتىقتۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەنفال 25 ـ ئايەت)

194 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «أَفْضَلُ الْجِهَادِ كَلِمَةُ عَدْلٍ عِندَ سلْطَانٍ جائِرٍ» «جىھادنىڭ ئەۋزىلى زالىم پادىشاھنىڭ ئالدىدا ھەق گەپنى قىلىشتۇر».



www.munber.org

— ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇش جىھادنىڭ بىر تۈرى ئىكەنلىكى.

2) زالىم پادىشاھقا زۇلۇم قىلماسلىق ۋە ئادىل بولۇش ھەققىدە نەسىھەت قىلىش ئەڭ چوڭ جىھاد سانىلىدىغانلىقى.

3) جىھادنىڭ بىر قانچە دەرىجىلەرگە بۆلۈنىدىغانلىقى.

4) نەسىھەت قىلىشتا مۇلايىم بولۇش كېرەكلىكى.

**195 ـ ئىبنى شىھاب بەجەلى ئەھمەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى ئىتىنىڭ ئۈزەڭگىسىنى دەسسەپ تۇرۇپ، رەسۇلۇللاھتىن: «قايسى جىھاد ئەڭ ئەۋزەل؟»، دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كَلِمَةُ حقٍّ عِنْدَ سُلْطَانٍ جائِرٍ» «زالىم پادىشاھنىڭ ئالدىدا ھەقنى سۆزلەش»، دەپ جاۋاب بەردى.** —
نەسەئىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: زالىم پادىشاھنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلىپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ جىھادنىڭ ئەڭ ئەۋزەلى سانىلىدىغانلىقى، چۈنكى ئۇ شۇ كىشىنىڭ ئىمانىنىڭ كامىللىقىنى كۆرسىتىدىغانلىقى، ئۇ كىشىنىڭ پادىشاھنىڭ زۇلمىدىن قورقماي، ئۆز جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بويىچە زالىم پادىشاھقا نەسىھەت قىلىشى ئۇرۇش مەيدانىدىكى خەتەردىن چوڭراق خەتەر سانىلىدىغانلىقى.

**196 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إِنَّ أَوَّلَ مَا دخَلَ النَّقْصُ عَلَى بَنِي إِسْرائيلَ أَنَّه كَانَ الرَّجُلُ يَلْقَى الرَّجُلَ فَيَقُولُ: يَا هَذَا اتَّق اللَّه وَدعْ مَا تَصْنَعُ فَإِنَّهُ لا يَحِلُّ لك، ثُم يَلْقَاهُ مِن الْغَدِ وَهُو عَلَى حالِهِ، فلا يمْنَعُه ذلِك أَنْ يكُونَ أَكِيلَهُ وشَرِيبَهُ وَقعِيدَهُ، فَلَمَّا فَعَلُوا ذَلِكَ ضَرَبَ اللَّه قُلُوبَ بَعْضِهِمْ بِبَعْضٍ» **«بەنى ئىسرائىلغا دەسلەپتىلا دىنىي جەھەتتە يەتكەن نۇقسان شۇ ئىدىكى، بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە ئۇچراشسا: ئى ئادەم، بۇ ئىشتا ئاللاھ تائالادىن قورق، قىلىۋاتقان ئىشىڭنى تاشلا. ئۇ ساڭا ھالال بولمايدۇ، دەيتتى. ئاندىن ئۇ ئەتىسى ھېلىقى ئادەمنى يەنە شۇ ھالىتىدە ئۇچراتسىمۇ يەنىلا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھەمداستىخان بولۇش، ھەمسۆھبەت بولۇشتىن ئۆزىنى تارتمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ قەلبىنى بەزىلىرى ئارقىلىق پەردىلەپ قويدى.** ﴿لُعِنَ الَّذِينَ كَفَروا مِنْ بنِي إِسْرَائِيلَ عَلَى لِسَانِ داوُدَ وعِيسَى ابنِ مَرْيمِ ذلِك بما عَصَوْا وكَانوا يعْتَدُونَ۞ كَانوا لاَ يَتَنَاهَوْنَ عَن مُّنكرٍ فَعلُوهُ لَبِئْسَ مَا كَانُواْ يَفْعَلُونَ۞ تَرَى كَثِيرًا مِّنْهُمْ يَتَوَلَّوْنَ الَّذِينَ كَفرُواْ لَبِئْسَ مَا قَدَّمَتْ لَهُمْ أَنفُسُهُمْ أَن سَخِطَ اللّهُ عَلَيْهِمْ وَفِي الْعَذَابِ هُمْ خَالِدُونَ۞ وَلَوْ كَانُوا يُؤْمِنُونَ بِاللهِ والنَّبِيِّ وَمَا أُنزِلَ إِلَيْهِ مَا اتَّخَذُوهُمْ أَوْلِيَاء وَلَكِنَّ كَثِيرًا مِّنْهُمْ فَاسِقُونَ﴾ **ئاندىن بەنى ئىسرائىلدىن كۇففار بولغانلارغا داۋۇدنىڭ ۋە مەريەم ئوغلى ئىيسانىڭ تىلى بىلەن لەنەت قىلىندى. بۇ ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئېشىپ**

www.munber.org

كەتكەنلىكلىرى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر ـ بىرىنى توسمايتتى. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان. ئالدىن تەييارلىغان ئەمەللىرى نېمىدېگەن يامان. (بۇ ئەمەللەر) ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلار مەڭگۈلۈك ئازابقا قالغۇچىلاردۇر. ئەگەر ئۇلار ئاللاھ تائالاغا، پەيغەمبەرگە ۋە پەيغەمبەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان ئېيتسا ئىدى، كۇففارلارنى دوست تۇتمايتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ تولىسى پاسىقلاردۇر﴾، («قۇرئان كەرىم» سۈرە مائىدە 78~81 ـ ئايەتلەر) دېگەن ئايەتكىچە ئوقۇدى. ئاندىن: «كَلاَّ، وَاللَّه لَتَأْمُرُنَّ بِالْمَعْرُوفِ، وَلَتَنْهَوُنَّ عَنِ الْمُنْكَرِ، ولَتَأْخُذُنَّ عَلَى يَدِ الظَّالِمِ، ولَتَأْطِرُنَّهُ عَلَى الْحَقِّ أَطْراً، ولَتَقْصُرُنَّهُ عَلَى الْحَقِّ قَصْراً، أَوْ لَيَضْرِبَنَّ اللَّه بِقُلُوبِ بَعْضِكُمْ عَلَى بَعْضٍ، ثُمَّ لَيَلْعَنَكُمْ كَمَا لَعَنَهُمْ» «ئاگاھ بولۇڭلار! ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، سىلەر ياخشىلىققا بۇيرۇيسىلەر، يامانلىقتىن توسايسىلەر، زالىمنى قىلمىشىدىن توسايسىلەر، ئۇنىڭغا ھەق ئىشنىلا قىلدۇرىسىلەر، ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىكەنسىلەر، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ بەزىڭلارنىڭ سەۋەبى بىلەن قالغانلىرىڭلارنىڭ قەلبىنى پەردىلەپ قويىدۇ. ئاندىن بەنى ئىسرائىل كىشىلىرىنى ئۆز رەھمىتىدىن يىراق قىلغانغا ئوخشاش سىلەرنىمۇ ئۆز رەھمىتىدىن يىراق قىلىۋېتىدۇ»، دېگەنىدى. — ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

تىرمىزىنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لَمَّا وَقَعَتْ بَنُوْا إِسْرَائِيْلَ فِي الْمَعَاصِيْ نَهَتْهُمْ عُلَمَاؤُهُمْ فَلَمْ يَنْتَهُوْا فَجَالَسُوْهُمْ فِيْ مَجَالِسِهِمْ وَوَاكَلُوْهُمْ وَشَارَبُوْهُمْ فَضَرَبَ اللهُ قُلُوْبَ بَعْضِهِمْ بِبَعْضٍ وَلَعَنَهُمْ عَلَى لِسَانِ دَاوُدَ وَعِيْسَى ابْنِ مَرْيَمَ ذَلِكَ بِمَا عَصَوْا وَكَانُوْا يَعْتَدُوْنَ» «بەنى ئىسرائىل گۇناھلارغا چۆمگەندە، ئۆلىمالىرى ئۇلارنى توستى، ئۇلار يانمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆلىمالىرى ئۇلار بىلەن سورۇنداش ۋە ھەمداستىخان بولۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ئاسىي بولغانلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئاشقانلىقلىرى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا بەزىلىرىنىڭ سەۋەبى تۈپەيلى بەزىلىرىنىڭ قەلبلىرىنى پەردىلىۋەتتى ۋە داۋۇد ئەلەيھىسسالام ۋە مەريەمنىڭ ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق لەنەت قىلدى». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى يۆلىنىپ تۇرۇپ سۆزلىگەنىدى. ئاندىن ئۇ بىردىنلا رۇس ئولتۇرۇپ: «لا وَالَّذِيْ نَفْسِيْ بِيَدِهِ حَتَّى تَأْطِرُوْهُمْ عَلَى الْحَقِّ أَطْرًا» «ئۇنداق بولمىسۇن، جېنىم ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، سىلەر زالىملارنى ھەققە ئۈندەپ، ئۇلارنى ھەق تەرەپتە تۇرغۇزۇشۇڭلار كېرەك»، دېدى.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) يامان ئىشلارنى ئاشكارا قىلىش بىلەن ئۇنىڭدىن توسماسلىقتىن ئىبارەت ئىللەتلەرنىڭ يەھۇدىيلاردا تېپىلىدىغانلىقى.

2) يامان ئىشلارنى توسماستىن ئۇنىڭغا سۈكۈت قىلىش، ئەمەلىيەتتە ئۇنى قوللاش بولىدىغانلىقى ۋە تېخىمۇ كەڭ تارقىلىشىغا سەۋەبچى بولىدىغانلىقى.



www.munber.org

3) يامانلىقنى قولى بىلەن توسۇپ، ئۆزگەرتىشكە قادىر تۇرۇقلۇق پەقەت تىلى بىلەن ئۆزگەرتمەكچى بولۇشنىڭ كۇپايە قىلمايدىغانلىقى.

**197 - ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ: ئى ئىنسانلار! ھەقىقەتەن سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا عَلَيْكُمْ أَنْفُسَكُمْ لا يَضُرُّكُمْ مَنْ ضَلَّ إِذَا اهْتَدَيْتُمْ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر، ئۆزۈڭلارنى گۇناھتىن ساقلاڭلار، سىلەر قاچانكى توغرا يولدا بولساڭلار، باشقىلارنىڭ ئاداشقىنى سىلەرگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە مائىدە 105 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن بۇ ئايەتنى ئوقۇيسىلەر. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «إِنَّ النَّاسَ إِذَا رَأَوْا الظَّالِمَ فَلَمْ يَأْخُذُوا عَلَى يَدَيْهِ أَوْشَكَ أَنْ يَعُمَّهُمُ اللَّه بِعِقَابٍ مِنْهُ» «ئەگەر كىشىلەر زۇلۇم قىلغۇچىنى كۆرۈپ، زۇلۇمنى توسمىسا، پات ئارىدا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بېشىغا ئورتاق كېلىدىغان ئازابنى چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ»، دېدى.**

—— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مۇئمىنلارنىڭ ئۆزئارا بىر - بىرىگە مەسئۇل بولۇشى، بىر - بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشى، نەسىھەت قىلىشى زۆرۈر بولۇپ، شۇنداق قىلغاندىلا ئۇلارغا ھېچ نەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقى، ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلارنىڭ بارلىق ئادەملەرنى توغرا يولغا دەۋەت قىلىش مەجبۇرىيىتىنىڭ ساقىت بولمايدىغانلىقى.

2) ئاللاھ تائالانىڭ زالىمنى زۇلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئەتراپىدىكى ئادەملەرنى بولسا زالىمنىڭ زۇلمىغا سۈكۈت قىلغانلىقى، ئۇنى توسۇشقا قادىر تۇرۇقلۇق توسمىغانلىقى ئۈچۈن ئوخشاش جازالايدىغانلىقى.

## 24 . باب كىشىلەرگە ئەمرىمەئرۇپ قىلىدىغان، ئەمەلىيەتتە ئۆزى ئەمەل قىلمايدىغان كىشىلەرنىڭ قاتتىق جازالىنىدىغانلىقى توغرىسىدا

**ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَتَأْمُرُونَ النَّاسَ بِالْبِرِّ وَتَنسَوْنَ أَنفُسَكُمْ وَأَنتُمْ تَتْلُونَ الْكِتَابَ أَفَلاَ تَعْقِلُونَ﴾ ﴿كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ، ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟ ھالبۇكى سىلەر كىتابنى ئوقۇپ تۇرىسىلەر، چۈشەنمەمسىلەر؟﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە بەقەرە 44 - ئايەت)**

**ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آَمَنُوا لِمَ تَقُولُونَ مَا لَا تَفْعَلُونَ۞ كَبُرَ مَقْتًا عِندَ اللَّهِ أَن تَقُولُوا مَا لَا تَفْعَلُونَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيسىلەر؟ سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دېيىشىڭلار ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ (كۆرۈلىدىغان نەرسىدۇر)﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە سەف 2 - ، 3 - ئايەتلەر)**

www.munber.org

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أُرِيدُ أَنْ أُخَالِفَكُمْ إِلَى مَا أَنْهَاكُمْ﴾ ﴿سىلەرگە قىلىش مەنئى قىلىنغان نەرسىنى ئۆزۈممۇ قىلىشنى خالىمايمەن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھۇد 88 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

198 ـ ئەبۇ زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «يُؤْتَى بالرَّجُلِ يَوْمَ الْقِيامةِ فَيُلْقَى في النَّار، فَتَنْدلِقُ أَقْتَابُ بَطْنِهِ، فيَدُورُ بِهَا كَمَا يَدُورُ الحِمَارُ في الرَّحا، فَيجْتَمِعُ إِلَيْهِ أَهْلُ النَّار فَيَقُولُونَ: يَا فُلانُ مَالَكَ؟ أَلَمْ تَكُن تَأْمُرُ بالمَعْرُوفِ وَتَنْهَى عَنِ المُنْكَرِ؟ فَيَقُولُ: بَلَى، كُنْتُ آمُرُ بالمَعْرُوفِ وَلاَ آتِيه، وَأَنْهَى عَنِ المُنْكَرِ وَآتِيهِ» «قىيامەت كۈنى بىر كىشى كەلتۈرۈلۈپ، دوزاخقا تاشلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچەيلىرى قورسىقىدىن ساڭگىلاپ قالغان بولىدۇ. ئۇ ئادەم خۇددى ئېشەك تۈگمەننى چۆرگىلىگەندەك ئىچى باغرىنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەپ تۇرىدۇ. دوزاخ ئەھلىلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ: ‹ئى پالانى! ساڭا نېمە بولدى؟ سەن ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توساتتىڭغۇ؟›، دەيدۇ. ئۇ كىشى: ‹شۇنداق مەن ياخشىلىققا بۇيرۇيتتۇميۇ، ئۆزۈم قىلمايتتىم ۋە يامانلىقتىن توسۇيتتۇميۇ، ئۆزۈم قىلاتتىم››»، دەيدۇ. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) يامانلىقنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەشنى بىلمەيدىغان ئادەمنىڭ قاتتىق جازالىنىدىغانلىقى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دوزاخنىڭ سۈپىتى ۋە ئۇنىڭدا ئازابلانغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىشى ئىلمى غەيب جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى.

3) ياخشىلىق قىلىش، يامانلىقنى تەرك ئېتىشنىڭ كىشىنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلايدىغانلىقى.

## 25 . باب ئامانەتنى ئۆز ئىگىسىگە قارار تاپقۇزۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللّهَ يَأْمُرُكُمْ أَن تُؤدُّواْ الأَمَانَاتِ إِلَى أَهْلِهَا﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە نىسا 58 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّا عَرَضْنَا الْأَمَانَةَ عَلَى السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَالْجِبَالِ فَأَبَيْنَ أَن يَحْمِلْنَهَا وَأَشْفَقْنَ مِنْهَا وَحَمَلَهَا الْإِنسَانُ إِنَّهُ كَانَ ظَلُومًا جَهُولا﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، بىز ئامانەتنى ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەڭلىدۇق. ئۇلار ئۇنى ئۈستىگە ئالمىدى. ئۇنىڭ (ئېغىرلىقىدىن) قورقتى. ئۇنى ئىنسان ئۈستىگە ئالدى. ئىنسان ھەقىقەتەن (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىدۇر. ھەقىقەتەن ناداندۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەھزاب 72 ـ ئايەت)



www.munber.org

199 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «آيَةُ المُنَافِقِ ثَلاثٌ: إِذَا حَدَّثَ كَذَبَ، وَإِذَا وَعَدَ أَخْلَفَ، وإِذَا آؤْتُمِنَ خَانَ» «مۇناپىقنىڭ بەلگىسى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىدۇ، ئامانەتكە خىيانەت قىلىدۇ».

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «وَإِنْ صَامَ وَصَلَّى وزعَمَ أَنَّهُ مُسْلِمٌ» «مۇنداق ئادەم ناماز ئوقۇسىمۇ، روزا تۇتسىمۇ، ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ئويلىسىمۇ ھامان مۇناپىقتۇر»، دېيىلگەن.

200. ھۇزەيفە ئىبنى يەمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئىككى ئىش توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭ بىرىنى كۆردۇم، يەنە بىرىنى كۈرۈشنى كۈتۈۋاتىمەن. بىرىنچىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «أَنَّ الأَمَانَة نَزلتْ في جَذْرِ قُلُوبِ الرِّجَالِ، ثُمَّ نَزَلَ الْقُرآنُ فَعلموا مِنَ الْقُرْآن، وَعلِمُوا مِنَ السُّنَّةِ» «ئامانەت بولسا كىشىلەرنىڭ قەلب يىلتىزىغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن قۇرئان چۈشمەي تۇرۇپلا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئاندىن قۇرئان نازىل بولغان بولۇپ، كىشىلەر قۇرئان ۋە سۈننەتتىن ئامانەتنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى»، دەپ سۆزلەپ بەردى. ئىككىنچىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئامانەتنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى توغرىسىدا سۆزلەپ: «يَنَامُ الرَّجل النَّوْمة فَتُقبضُ الأَمَانَةُ مِنْ قَلْبِهِ، فَيظلُّ أَثَرُهَا مِثْلَ الْوَكْتِ، ثُمَّ ينامُ النَّوْمَةَ فَتُقبضُ الأَمَانَةُ مِنْ قَلْبِهِ، فيظَلُّ أَثَرُهَا مِثْل أثرِ الْمَجْلِ، كجَمْرٍ دَحْرجْتَهُ عَلَى رِجْلكَ، فَنفطَ فتَرَاه مُنْتبراً وَلَيْسَ فِيهِ شَيءٌ» ثُمَّ أَخذَ حَصَاةً فَدَحْرجَهَا عَلَى رِجْلِهِ، فَيُصْبحُ النَّاسُ يَتبايَعونَ، فَلا يَكادُ أَحَدٌ يُؤَدِّي الأَمَانَةَ حَتَّى يُقَالَ: إِنَّ في بَنِي فَلانٍ رَجُلاً أَميناً، حَتَّى يُقَالَ لِلَّرجلِ: مَا أَجْلدهُ مَا أَظْرَفهُ، مَا أَعْقلَهُ، وَمَا في قَلْبِهِ مِثْقَالُ حَبَّةٍ مِنْ خَرْدَلِ مِنْ إِيمَانٍ. وَلَقَدْ أَتَى عَلَيَّ زَمَانٌ وَمَا أُبَالِي أَيُّكُمْ بايعْتُ، لَئِنْ كَانَ مُسْلماً ليردُنَّهُ عَليَّ دِينُه، ولَئِنْ كَانَ نَصْرانياً أَوْ يَهُودِيًّا لَيُردُنَّهُ عَلَيَّ سَاعِيه، وأَمَّا الْيَوْمَ فَما كُنْتُ أُبايُعُ مِنْكمْ إِلاَّ فُلاناً وَفلاناً» «كىشى ئۇخلاپ قالغاندا، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئامانەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. پەقەت ئۇنىڭ سەل ـ پەل ئىزى قالىدۇ. ئاندىن ئۇ يەنە ئۇخلايدۇ ـ دە، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئامانەت كۆتۈرۈلۈپ خۇددى پۇتىنىڭ ئۈستىدىكى دۈگىلەپ چۈشكەن چوغ پەيدا قىلغان قاپارتمىنىڭ ئىزىغا ئوخشاش ئىزى قالىدۇ. قاراپ باقساڭ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئىچىدە ھېچنېمە يوق بولۇپ چىقىدۇ»، دېدى. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر تال كىچىك تاشنى ئېلىپ، پۇتىنىڭ ئۈستىدە يۇمۇلىتىپ كۆرسىتىپ قويدى. «ئامانەت كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن كىشىلەر سودا ـ سېتىق قىلىشسا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەر ئىشەنچىلىك ئادەمنى تاپقىلى بولمايدۇ. ھەتتاكى شۇ ھالەتتە كىشىلەرگە پالانى ئەۋلادتا بىر ئىشەنچلىك ئادەم بار ئىكەن دېيىلسە، كىشىلەر ئۇنىڭغا قارىتا: ‹نېمىدېگەن باتۇر! نېمىدېگەن



www.munber.org

قىزىقارلىق! نېمىدېگەن ئەقىللىق!›، دەپ ئاپىرىن ئوقۇپ كېتىشىدۇ. ھەقىقەتتە ئاشۇ ماختىلىۋاتقان كىشىنىڭ قەلبىدە قىچا چاغلىق ئىمان يوق. مېنىڭ بېشىمدىن شۇنداق كۈنلەر ئۆتكەن ئىدىكى، ئۇ چاغدا قايسى بىرىڭلار بىلەن سودا ـ سېتىق قىلسام پەرۋا قىلمايتتىم. مەن مۇئامىلە قىلىشقان كىشى مۇسۇلمان بولسا ئۇنىڭ دىيانىتى ماڭا ئۇنىڭ خىيانەت قىلىشىدىن توساتتى. ئەگەر خرىستىئان ياكى يەھۇدىي بولىدىغان بولسا ئۇنىڭ باشلىقى ئۇنى ماڭا خىيانەت قىلىشتىن توساتتى. بۈگۈنكى كۈنگە كېلىدىغان بولساق، مەن سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى پەقەت پالانى ۋە پالانىلار بىلەنلا ئالدى ـ بەردى قىلالايمەن». —— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئامانەتنى ئۆز جايىدا ئادا قىلىش بولسا، كىشىنىڭ شەرىئەت تەكلىپلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش، مۇئامىلىدە راستچىل بولۇش، باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغانلىقى، ئامانەتنىڭ كىشىلەرنىڭ يامان ئەمەللىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بارا ـ بارا كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، ھەتتا بىرەر ئىشەنچلىك ئادەمنىمۇ تاپقىلى بولمايدىغانلىقى، بۇ ئالدىنئالا بېرىلگەن خەۋەر بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك ئالامەتلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى.

201 ـ ھۇزەيفە ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يَجْمعُ اللّـه، تَبارك وَتَعَالَى، النَّاسَ فَيُقُومُ الْمُؤمِنُونَ حَتَّى تَزْلف لَهُمُ الْجَنَّةُ، فَيَأْتُونَ آدَمَ صلواتُ اللَّه عَلَيْهِ، فَيَقُولُون: يَا أَبَانَا اسْتَفْتحْ لَنَا الْجَنَّةَ، فَيَقُولُ: وهَلْ أَخْرجكُمْ مِنْ الْجَنَّةِ إِلاَّ خَطِيئَةُ أَبِيكُمْ، لَسْتُ بصاحبِ ذَلِكَ، اذْهَبُوا إِلَى ابْنِي إِبْراهِيمَ خَلِيل اللَّه، قَالَ: فَيأْتُونَ إِبْرَاهِيمَ، فيقُولُ إِبْرَاهِيمُ: لَسْتُ بصَاحِبِ ذَلِك إِنَّمَا كُنْتُ خَلِيلاً مِنْ وَرَاءَ وراءَ، اعْمَدُوا إِلَى مُوسَى الذي كَلَّمهُ اللَّه تَكْلِيماً، فَيَأْتُونَ مُوسَى، فيقُولُ: لسْتُ بِصاحِب ذلكَ، اذْهَبُوا إِلَى عِيسى كَلِمَةِ اللَّه ورُوحِهِ فيقُولُ عيسَى: لَسْتُ بِصَاحِبِ ذلكَ. فَيَأْتُونَ مُحَمَّداً صَلّى اللهُ عَلَيْهِ وسَلَّم، فَيَقُومُ فيُؤْذَنُ لَهُ، وَتُرْسَلُ الأَمانَةُ والرَّحِمُ فَيَقُومَان جَنْبَتَي الصراطِ يَمِيناً وشِمالاً، فيَمُرُّ أَوَّلُكُمْ كَالْبَرْقِ» قُلْتُ: بأَبِي وَأُمِّي، أَيُّ شَيءٍ كَمَرِّ الْبَرْقِ؟ قال: «أَلَمْ تَرَوْا كَيْفَ يُمرُّ ويَرْجعُ في طَرْفَةِ عَيْنٍ؟ ثُمَّ كَمَرِّ الريحِ ثُمَّ كَمرِّ الطَّيْرِ؟ وَأَشَدُّ الرِّجالِ تَجْرِي بهِمْ أَعْمَالُهُمْ، ونَبِيُّكُمْ قَائِمٌ عَلَى الصراطِ يَقُولُ: رَبِّ سَلِّمْ، حَتَّى تَعْجِزَ أَعْمَالُ الْعِبَادِ، حَتَّى يَجِيءَ الرَّجُلُ لا يَسْتَطِيعُ السَّيْرَ إِلاَّ زَحْفاً، وفِي حافَتَي الصرِّاطِ كَلالِيبُ مُعَلَّقَةٌ مَأْمُورَةٌ بأَخْذِ مَنْ أُمِرَتْ بِهِ، فَمَخْدُوشٌ نَاجٍ وَمُكَرْدَسٌ في النَّارِ» «قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا كىشىلەرنى يىغىپ، مەھشەرگاھقا توپلايدۇ. مۇسۇلمانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرىدۇ. جەننەت ئۇلارغا يېقىن قىلىنىدۇ. ئۇلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ‹ئى ئاتىمىز، بىزگە جەننەتنى ئېچىپ بېرىشنى تەلەپ قىلساڭ›، دەيدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام: ‹سىلەر جەننەتتىن ئاتاڭلارنىڭ خاتالىقى تۈپەيلى چىقىرىۋېتىلگەن ئەمەسمۇ؟ مەن بۇنىڭ ئەھلى ئەمەسمەن. سىلەر مېنىڭ ئوغلۇم، ئاللاھ تائالانىڭ دوستى ئىبراھىمنىڭ قېشىغا بېرىڭلار›، دەيدۇ. ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بارىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: ‹مەن بۇنىڭ ئەھلى ئەمەسمەن. مەن ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان دوستلۇق جەھەتتە يەنىلا پەردە ئارقىسىدىمەن. سىلەر ئاللاھ تائالا بىلەن بىۋاستە

سۆزلەشكەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىڭلار›، دەيدۇ. ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام: ‹مەنمۇ بۇنىڭ ئەھلى ئەمەسمەن. سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ كەلىمىسى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ روھى بولغان ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىڭلار›، دەيدۇ. ئۇلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بارغاندا، ئىيسا ئەلەيھىسسالام: ‹مەنمۇ بۇنىڭ ئەھلى ئەمەسمەن›، دەيدۇ. ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا ئىجازەت بېرىلىدۇ ۋە ئامانەت ھەم رەھمەت ئەۋەتىلىدۇ. ئۇ ئىككىسى پىلسىرات كۆۋرۈكىنىڭ ئوڭ ۋە سول ئىككى تەرىپىدە تۇرىدۇ. ئاندىن سىلەرنىڭ ئاۋۋالقى جامائەتلىرىڭلار چاقماقتەك ئۆتۈپ كېتىدۇ»، دېدى. مەن: «ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇنكى، چاقماقتەك ئۆتۈش قانداق بولىدۇ؟»، دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر چاقماقنىڭ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرمىگەنمۇ؟ ئاندىن شامالغا ئوخشاش ئۆتىدۇ، ئاندىن ئۇچار قۇشلارغا ئوخشاش ئۆتىدۇ ۋە كۈچلۈك ئادەملەر يۈگۈرگەندەك ئۆتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى پىلسىراتتىن ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى ئۆتكۈزىدۇ ۋە سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلار پىلسىراتتا تۇرۇپ: ‹ئى پەرۋەردىگارىم! ئۈممەتلىرىمنى سالامەت قىلغىن›، دەيدۇ. ھەتتا بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرى ئۇلارنى پىلسىراتتىن ئۆتكۈزۈشكە ئاجىز كېلىدۇ. بەزى كىشىلەر ھەتتا مېڭىشقا قادىر بولالماي ئۆمىلەپ تۇرۇپ ئۆتىدۇ. كۆۋرۈكنىڭ ئىككى تەرىپىدە بۇيرۇلغان كىشىلەرنى تۇتۇشقا ئېسىقلىق ئامبۇرلار بولۇپ، يارىلانغان بولسىمۇ ئۆتۈپ كەتكۈچىلەر نىجاتلىققا ئېرىشكۈچىلەردۇر. بەزىلەر جەھەننەمگە سۆرىلىپ، ئۈستى ـ ئۈستىگە تاشلىنىدۇ»، دېدى. ئەبۇ ھۇرەيرە: «ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن جەھەننەمنىڭ چوڭقۇرلۇقى 70 يىللىق مۇساپىدۇر»، دېدى.

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا پەيغەمبەرلەردىن ئارتۇقلۇقى، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقى، مەھشەر كۈنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە شاپائەت قىلىدىغانلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿عَسَىٰٓ أَن يَبْعَثَكَ رَبُّكَ مَقَامًا مَّحْمُودًا﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇنغا (يەنى، بۈيۈك شاپائەت ماقامىغا) تۇرغۇزۇشى مۇھەققەقتۇر﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئىسرا 78 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگىنىدەك ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقى.

**202 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، زۇبەير جەمەل ئۇرۇشىدا ھازىر ئىدى. ئۇ مېنى چاقىردى. مەن يېنىدا تۇردۇم. ئاتام: «ئى ئوغلۇم! بۈگۈنكى كۈندە زۇلۇم قىلغۇچى زۇلۇم قىلىنغۇچىنى ئۆلتۈرىدۇ. مەن بۈگۈن ئۆزۈمنى زۇلۇم قىلىنغان ھالدا ئۆلتۈرۈلىمەن، دەپ قارايمەن. مېنىڭ ئەڭ چوڭ غېمىم مېنىڭ ئۈستۈمدىكى قەرزدۇر. سېنىڭچە بىزنىڭ قەرزىمىزنى تۆلەشكە**



www.munber.org

ماللىرىمىز يېتىپ، يەنە بىر نەرسە ئاشارمۇ؟»، دېدى. ئاندىن: «ئى ئوغلۇم! ماللىرىمىزنى سېتىپ قەرزىمنى ئادا قىلغىن»، دېدى. مېلىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى بالىلىرىغا ۋەسىيەت قىلدى. ئۇ: «قاچانكى قەرزىمنى ئادا قىلىپ ئېشىنالىساڭ ئۈچتىن بىرىنى بالىلىرىڭغا بەرگىن»، دېدى. (يەنە ئۈچتىن بىر قىسمىنى (چوڭ ئوغلى) ئابدۇللاھنىڭ بالىلىرىغا ۋەسىيەت قىلدى).

ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلاردىن ھىشام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇللاھنىڭ بەزى بالىلىرى زۇبەيرنىڭ بەزى بالىلىرى خۇبەيب ۋە ئەببادلار بىلەن تەڭتۇش ئىدى. ئۇ كۈنلەردە زۇبەيرنىڭ توققۇز ئوغۇل، توققۇز قىزى بار ئىدى».

ئاتام قەرزى توغرۇلۇق ماڭا ۋەسىيەت قىلىپ: «ئى بالام! ئەگەر سەن قەرزنى ئادا قىلىشتىن ئاجىز كەلسەڭ، ئىگەمدىن ياردەم تىلىگىن»، دېدى. مەن ئاتامنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنەلمەي: «ئاتا ئىگەم كىم؟»، دېدىم. ئاتام: «ئاللاھ تائالا»، دېدى. ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىشتا قانداقلا بىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسەم: «ئى زۇبەيرنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ! زۇبەيرنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىشقا ياردەم بەرگىن»، دەيتتىم. ئاللاھ تائالا قەرزنى ئادا قىلىشقا ياردەم بېرەتتى. دېگەندەك ئاتام ئۆلتۈرۈلدى. ئاتام ئالتۇن-كۈمۈش قالدۇرماي بىر نەچچە يەردە زېمىن قالدۇرغانىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە غابە دەپ ئاتالغان مەدىنە ئەتراپىدىكى بىر مەشھۇر زېمىنمۇ بار ئىدى. مەدىنىدە 11 ھويلا، بەسرەدە ئىككى ھويلا، كۇفەدە بىر ھويلا، مىسىردا بىر ھويلا بار ئىدى. ئاتام ۋەسىيەت قىلغان قەرزلەرنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى مۇنداق ئىدى: كىشىلەر ماللىرىنى ئاتامنىڭ قېشىغا ئامانەت قويۇشقا ئېلىپ كەلسە، ئاتام: «ياق، مەن ئامانەتنىڭ زايە بولۇپ كېتىشىدىن قورقىمەن، لېكىن بۇ ماڭا قەرز ھېسابىدا بولسۇن»، دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن قەرزدارلار كۆپىيىپ كەتكەنىدى. ئاتام ھەرگىزمۇ سېلىق، خىراجەت ۋە باشقا نەرسىلەرنى يىغىشقا قويۇلغان ئەمەس ۋە ئەمەلدارمۇ بولمىغان. پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بىلەن غازاتتا بىللە بولغان، ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ ئۆتكەن كىشى ئىدى. مەن ئاتامنىڭ گەدىنىدىكى قەرزنى ھېسابلاپ باقسام ئىككى مىليون 200 مىڭ چىقتى. ھەكىم ئىبنى ھىزام ماڭا ئۇچرىشىپ: «ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! قېرىندىشىمنىڭ قانچىلىك قەرزى بار ئىكەن؟»، دېۋىدى، مەن يوشۇرۇپ: «100 مىڭ»، دەپ قويدۇم. ھەكىم: «مېنىڭچە سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار بۇنىڭغا يەتمەسمىكىن»، دېدى. مەن: «ئەگەر ئىككى مىليون 200 مىڭ بولسا قانداق قارايسەن؟»، دېسەم، ئۇ: «بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەيسىلەر، ئەگەر قەرز قايتۇرۇشقا ئاجىز كەلسەڭلار، مەندىن ياردەم تىلەڭلار»، دېدى. ئاتام غابە دېگەن جاينى 170 مىڭغا سېتىۋالغانىكەن. مەن ئۇنى بىر مىليون 600 مىڭغا ساتتىم. ئاندىن مەن: «كىمنىڭ ئاتامدا ئېلىشى بولسا،



www.munber.org

بىرنىڭ غابە دېگەن زېمىنىمىزغا چىقىپ ماڭا يولۇقسۇن»، دەپ ئېلان قىلدىم. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر كەلدى. ئۇنىڭ زۇبەيردە 400 مىڭ ئېلىشى بار ئىكەن. جەئفەر ماڭا: «ئەگەر خالىساڭلار، مېنىڭ مېلىمنى سىلەردىن ئالماي»، دېۋىدى، مەن: «ياق»، دەپ ئۇنىمىسام، جەئفەر: «ئەگەر خالىساڭلار مېنىڭ ئېلىشىمنى ئەڭ كەينىدە بېرىڭلار»، دېدى. مەن: «ياق»، دېدىم. جەئفەر: «ئۇنداقتا ماڭا زېمىندىن بىر پارچە بۆلۈپ بېرىڭلار»، دېۋىدى، مەن: «بۇ يەردىن بۇ يەرگىچە سېنىڭ ھەققىڭگە ھېساب بولسۇن»، دەپ بۆلۈپ بەردىم. مەن ئۇ زېمىننى سېتىپ ئاتامنىڭ قەرزىنى تولۇق ئادا قىلدىم. ئۇ زېمىندىن يەنە تۆت يېرىم ھەسسە قالدى. مەن مۇئاۋىيىنىڭ قېشىغا كەلسەم، ئۇنىڭ بىلەن ئەمر ئىبنى ئوسمان، مۇنزىر ئىبنى زۇبەير ۋە ئىبنى زەمئەلار بار ئىكەن. مۇئاۋىيە: «غابەگە قانداق باھا قويۇلدى؟»، دېدى. مەن «ھەر بىر ھەسسىگە 100 مىڭ»، دېۋىدىم، ئۇ: «ئۇنىڭدىن قانچىلىك قالدى»، دېدى. مەن: «تۆت يېرىم ھەسسە»، دېدىم. مۇنزىر ئىبنى زۇبەير: «بىر ھەسسىنى 100 مىڭغا مەن ئالاي»، دېدى. ئەمر ئىبنى ئوسمان: «بىر ھەسسىنى 100 مىڭغا مەن ئالاي»، دېدى. ئىبنى زەمئە: «بىر ھەسسىنى 100 مىڭغا مەن ئالاي»، دېدى. مۇئاۋىيە: «ئەمدى قانچىلىك قالدى؟»، دېدى. مەن: «بىر يېرىم ھەسسە»، دېدىم. ئۇ: «ئۇنى 150 مىڭغا مەن ئالاي»، دېدى. كېيىن ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر ئۆز نېسىۋىسىنى مۇئاۋىيەگە 600 مىڭغا سېتىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ ئابدۇللاھ ئاتىسىنىڭ قەرزىنى تۆگىتىپ بولغاندا، زۇبەيرنىڭ باشقا باللىرى ئۇنىڭغا: «مىراسىمىزنى تەقسىم قىلىپ بەرگىن»، دېيىشتى. ئابدۇللاھ: «ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، ‹ھەر يىلى ھەج مەۋسۇمىدا زۇبەيردە قەرزى بارلار كەلسۇن، بىز قەرزىنى قايتۇرىمىز›، دەپ ئۇدا تۆت يىل جاكارلايمەن. شۇنىڭغىچە مىراسنى تەقسىم قىلمايمەن»، دېدى. ھەر يىلى ھەج مەۋسۇمىدا شۇنداق جاكارلاپ، تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن قېرىنداشلىرىغا مالنىڭ ئۈچتىن بىرىنى بۆلۈپ بەردى. زۇبەيرنىڭ تۆت ئايالى بولۇپ، مىراسى ھەر بىر ئايالىغا بىر مىليون 200 مىڭدىن تەگدى. زۇبەيرنىڭ ئومۇمىي مېلى 50 مىليون 200 مىڭ ئىدى. — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئۇرۇشتا ئۆلۈش ئېھتىمالى بولغاچقا، ئۇرۇشقا ماڭغان كىشىنىڭ ۋەسىيەت قىلىشى شەرىئەتكە ئۇيغۇن ئىش ئىكەنلىكى، كىشىنىڭ ھەممە خىل ئەھۋالدا ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىش، ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلىشى لازىملىقى، ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ ياخشى ياردەم بەرگۈچى ئىكەنلىكى.

2) قەرز سوراشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى، ۋەسىيەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە مېيىت قالدۇرغان مال ـ مۈلۈكنى تەقسىم قىلىشتىن ئىلگىرى مېيىتنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ قەرزىنى قايتۇرۇشى زۆرۈر ئىكەنلىكى.

3) شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولسىلا، ھەر قانچە كۆپ ھويلا ـ ئارام، زېمىننى شەخسىي مۈلۈك ھېسابىدا ئىگىلەشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.



www.munber.org

4) ئامانەتنى ئادا قىلىش لازىملىقى، ساھابىلەرنىڭ ئىشلىرى توغرۇلۇق سۆكۈت قىلىش، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىلمى بويىچە ئىجتىھات قىلغۇچىلار بولۇپ، زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن ئەمەسلىكى.

## 26. باب زۇلۇمنىڭ ھاراملىقى ۋە ماددىي، مەنىۋى ھەقلەرنى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَا لِلظَّالِمِينَ مِنْ حَمِيمٍ وَلَا شَفِيعٍ يُطَاعُ﴾ ﴿زالىملارغا يېقىن دوست ۋە شاپائىتى قوبۇل قىلىنىدىغان شاپائەتچى بولمايدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە غافىر 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا لِلظَّالِمِينَ مِن نَّصِيرٍ﴾ ﴿زالىملارغا ھېچقانداق مەدەتكار بولمايدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھەج 71 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ھەدىسلەرگە كېلىدىغان بولساق، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس يەنى 111 ـ ھەدىس يۇقىرىدا ئۆتتى.

**203 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «اتَّقُوا الظُّلْمَ فَإِنَّ الظُّلْمَ ظُلُمَاتٌ يَوْمَ الْقِيَامَةِ، واتَّقُوا الشُّحَّ فَإِنَّ الشُّحَّ أَهْلَكَ مَنْ كَانَ قَبْلَكُمْ، حملَهُمْ على أَنْ سفكَوا دِماءَهُمْ واسْتَحلُّوا مَحارِمَهُمْ» «زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، ھەقىقەتەن زۇلۇم قىيامەت كۈنى قاراڭغۇ ـ زۇلمەتكە ئايلىنىدۇ. بېخىللىق قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، ھەقىقەتەن بېخىللىق سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىنىڭ قانلىرىنى تۆكۈشكە، ھارام نەرسىلەرنى ھالال ساناشقا ئېلىپ بېرىپ، ھالاك قىلغان».**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) زۇلۇم قىلىشتىن، بېخىللىق قىلىشتىن ساقلىنىپ، ئادىل، سېخىي بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

2) زۇلۇمنىڭ چوڭ گۇناھلار جۈملىسىدىن بولۇپ، زۇلۇم قىلغۇچى قىيامەت كۈنىدە قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلىنىدىغانلىقى.

3) دۇنياغا ئۆزىنى ئۇرۇش، ھېرىسمەنلىك، پۇل ـ مالغا بېخىللىق قىلىش بولسا، ئىنساننى ئاسىيلىققا سۆرەپ، گۇناھ پاتقىقىغا پاتۇرىدىغانلىقى.

**204 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لَتُؤَدُّنَّ الْحُقُوقَ إِلَى أَهْلِهَا يَوْمَ القيامَةِ حَتَّى يُقَادَ للشَّاةِ الْجَلْحَاء مِنَ الشَّاةِ الْقَرْنَاء» «قىيامەت كۈنى ھەقلەر ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇلىدۇ، ھەتتاكى مۈڭگۈزسىز قويغىمۇ مۈڭگۈزلۈك قويدىن قىساس ئېلىپ بېرىلىدۇ».**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالانىڭ ئادىللىقى، قىيامەت كۈنىدە بەندىلىرىنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بېرىدىغانلىقى، بۇنىڭ زۇلۇم قىلغۇچىنىڭ ياخشىلىقلىرىنىڭ ساۋابىنى، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا ئېلىپ بېرىش ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ گۇناھلىرىنى زۇلۇم قىلغۇچىغا يۈكلەش بىلەن بولىدىغانلىقى.

2) ئاللاھ تائالانىڭ ئادىللىقى مۇتلەق بولۇپ، ھەتتا ھايۋانلارنىڭمۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالمايدىغانلىقى.

3) ھەقنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا ئالدىراش لازىملىقى.

205 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز ھەججەتۇل ۋىدانىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمدۇسانا ئېيتتى. ئاندىن دەججالنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭ توغرىسىدا ئۇزۇن توختىلىپ: «ما بَعَثَ اللَّه مِنْ نَبيٍّ إلاَّ أَنْذَرَهُ أُمَّتهُ: أَنْذَرَهُ نوحٌ وَالنَّبِيُّون مِنْ بَعْدِهِ، وَإنَّهُ إنْ يَخْرُجْ فِيكُمْ فما خفِيَ عَليْكُمْ مِنْ شَأْنِهِ فَلَيْسَ يَخْفِي عَلَيْكُمْ، إنَّ رَبَّكُمْ لَيس بأعْورَ، وَإِنَّهُ أعورُ عَيْن الْيُمْنَى، كَأَنَّ عيْنَهُ عِنبَةٌ طَافِيَةٌ. ألا إن اللَّه حرَّم علَيْكُمْ دِمَاءَكُمْ وَأَمْوالكُمْ، كَحُرْمَةِ يوْمكُمْ هذا، في بلدِكُمْ هذا، في شَهْرِكُم هذا ألاَ هل بلَّغْتُ؟» «دەججالدىن ئۆز ئۇممىتىنى ئاگاھلاندۇرمىغان پەيغەمبەر يوقتۇر. نۇھ ئەلەيھىسسالاممۇ، نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەرمۇ ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرغان. ئەگەر ئۇ سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن چىقسا، ئۇنىڭ ئەھۋالى سىلەرگە مەخپىي بولمايدۇ. ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئالغاي ئەمەس، دەججالنىڭ ئوڭ كۆزى ئالغايدۇر. ئۇنىڭ كۆزى خۇددى پۇلتىيىپ چىقىپ قالغان ئۈزۈمگە ئوخشايدۇ. ئاگاھ بولۇڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنىڭ جېنىغا، مېلىغا چېقىلىپ قويۇشۇڭلار، خۇددى مۇشۇ شەھەردە مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈننىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماسلىق ھارام قىلىنغانغا ئوخشاشلا ھارامدۇر، ئاگاھ بولۇڭلاركى، يەتكۈزدۈممۇ؟»، دېدى. ساھابىلەر: «شۇنداق»، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللَّهُمَّ اشْهَدْ» «ئى ئاللاھ! گۇۋاھ بولغىن»، دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. ئاندىن: «ويْلَكُمْ أَوْ ويحكُمْ، انظُرُوا لا ترْجِعُوا بَعْدِي كُفَّاراً يضْرِبُ بَعْضُكُمْ رِقَابَ بَعْضٍ» «سىلەرگە ۋاي، دىققەت قىلىڭلار، مەندىن كېيىن بەزىڭلار بەزىڭلارنى قىرىدىغان كۇففارلاردىن بولۇپ قالماڭلار»، دېدى. — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) يۈز بېرىدىغان پىتنە ـ پاساتتىن كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش، پىتنە تېرىغۇچىلارنىڭ سۈپەتلىرىنى بىلدۈرۈش بىلەن ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلەش كېرەكلىكى.

2) دەججالنىڭ مەيدانغا كېلىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ چوقۇم مۇشۇ ئۇممەتنىڭ ئىچىدىن چىقىدىغانلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىنلەرگە دەججالنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ ئۇلارغا بىلدۈرۈش بىلەن ئۇنىڭ پىتنىسىدىن مۇئمىنلەرنى ساقلايدىغانلىقى.

3) مۇسۇلمانلارنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ جېنىغا، مېلىغا چېقىلىشى ھارام ئىكەنلىكى، ئۇنى قوغداش لازىملىقى.



www.munber.org

4) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئۈممىتىگە ناھايىتى رەھىمدىل ئىكەنلىكى، ئۈممىتىنى كۇفرىلىقتا ئېلىپ بارىدىغان پىتنە ـ پاسات ۋە زۇلۇمنىڭ خەتىرىدىن ئاگاھلاندۇرغانلىقى.

**206 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ ظَلَمَ قِيدَ شِبْرٍ مِنَ الأرْضِ طُوِّقَهُ مِنْ سَبْعِ أَرَضِينَ» «كىمكى كىشىنىڭ بىر غېرىچ زېمىنىنى تارتىۋالسا، ئۇ بىر غېرىچ زېمىن يەتتە قات زېمىننىڭ قەرىگىچە يەتكۈزۈلۈپ، ئۇ ئادەمنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويۇلىدۇ».**

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىشنىڭ قاتتىق ئازاب ۋەدە قىلىنغان ئىش ئىكەنلىكى، شۇڭا ئاز بولغان تەقدىردىمۇ كىشىنىڭ ھەققىنى ئۆزىگە قايتۇرۇش كېرەكلىكى.

**207 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ اللَّهَ لَيُمْلِي لِلظَّالِمِ فَإِذَا أَخَذَهُ لَمْ يُفْلِتْهُ» «ئاللاھ تائالا شۈبھىسىزكى، زۇلۇم قىلغۇچىغا بىر چاغقىچە مۆھلەت بېرىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە، بىر تۇتىدۇ ـ دە، ئۇ ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ». ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ﴿وَكَذَلِكَ أَخْذُ رَبِّكَ إِذَا أَخَذَ الْقُرَى وَهِيَ ظَالِمَةٌ إِنَّ أَخْذَهُ أَلِيمٌ شَدِيدٌ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭ زالىم يۇرتلار (ئاھالىسى)نى ھالاك قىلسا، ئەنە شۇنداق ھالاك قىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى ھەقىقەتەن تولىمۇ قاتتىقتۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھۇد 102 ـ ئايەت) دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.**

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالانىڭ زۇلۇم قىلغۇچىنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيدىغانلىقى، لېكىن ئاللاھ تائالانىڭ جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغانلىقى، مۆھلەتنى توشقاندا زالىمنى قاتتىق جازالايدىغانلىقى.

2) ئەقىل ـ ھوشى جايىدا ئادەمنىڭ كىشىلەرگە قىلغان زۇلمى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ چوقۇم ھېساب ئالىدىغانلىقى، ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، تەۋبە قىلىپ، كىشىنىڭ ھەققىنى ئۆزىگە قايتۇرۇشقا ئالدىرىشى لازىملىقى.

**208 ـ مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى يەمەنگە ئەۋەتىش ۋاقتىدا مۇنداق دېگەن:** «إِنَّكَ تَأْتِي قَوْماً مِنْ أَهْلِ الْكِتَاب، فادْعُهُمْ إِلَى شَهَادة أَنْ لا إِلَهَ إلاَّ اللَّه، وأَنِّي رسول اللَّه فإِنْ هُمْ أَطاعُوا لِذَلِكَ، فَأَعْلِمهُمْ أَنَّ اللَّه قَدِ افْترضَ علَيْهم خَمْسَ صَلَواتٍ في كُلِّ يومٍ ولَيْلَةٍ، فَإِنْ هُمْ أَطَاعُوا لِذلك، فَأَعلِمْهُمْ أَنَّ اللَّه قَدِ افْتَرَضَ عَلَيهِمْ صدَقَةً تُؤْخذُ مِنْ أَغنيائِهِمْ فَتُرَدُّ عَلَى فُقَرائهم، فَإِنْ هُمْ أَطَاعُوا لِذلكَ، فَإِيَّاكَ وكَرائِمَ أَمْوالِهم. واتَّقِ دعْوةَ الْمَظْلُومِ فَإِنَّهُ لَيْس بينها وبيْنَ اللَّه حِجَابٌ» **«سەن ئەھلى كىتاب (يەھۇدىيلار، خرىستىئانلار. ـــ ت) نىڭ يېنىغا كېتىۋاتىسەن، بارغاندىن كېيىن ئۇلارنى بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا مەئبۇد يوق، مۇھەممەد ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى دەپ كەلىمە شاھادەت ئېيتىشقا دەۋەت قىلغىن، بۇنى قوبۇل قىلسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا بىر كېچە ـ كۈندۈزدە بەش ۋاخ نامازنى**

پەرز قىلغانلىقىنى ئېيتقىن، بۇنى قوبۇل قىلسا، بايلىرىنىڭ ماللىرىدىن زاكات ئېلىنىپ، كەمبەغەللىرىگە بېرىلىدىغانلىقىنى ئېيتقىن، بۇنى قوبۇل قىلسا، زاكاتنى ئۇلارنىڭ ياخشى ماللىرىدىن ئالمىغىن، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ بەددۇئاسىدىن ساقلانغىنكى، مۇنداق دۇئا بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئارىسىدا پەردە ـ ھىجاپ يوق (بۇنداق دۇئا چاپسان قوبۇل بولىدۇ دېگەن مەنىدە. ــــ ت)».

ــــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كۇففارلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىش كېرەكلىكى.

2) زاكاتنىڭ بىر يۇرتتىكى بايلاردىن ئېلىنىپ، شۇ يەردىكى كەمبەغەللەرگە بېرىلىدىغانلىقى، ھەرگىز بۇ يۇرتتىن ئېلىنىپ، يەنە بىر يەرگە تارقىتىلمايدىغانلىقى، پەقەت شۇ يۇرتتا زاكاتقا موھتاج كەمبەغەللەر بولمىغان ئەھۋالدىلا باشقا يەرگە بېرىلسە بولىدىغانلىقى.

3) زاكات يىغقۇچىنىڭ زاكات ئۈچۈن بايلارنىڭ ئەڭ ئېسىل مېلىنى ئېلىۋېلىش دۇرۇس ئەمەسلىكى، ئەگەر شۇنداق قىلسا، بۇنىڭ زۇلۇم ھېسابلىنىدىغانلىقى.

4) كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەكلىكى، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسىنىڭ چوقۇم ئىجابەت قىلىنىدىغانلىقى.

**209** ـ ئابدۇرەھمان ئىبنى سەئد سائىدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەزدى قەبىلىسىدىن ئىبنى لۇتبىييە ئىسىملىك بىر كىشىنى زاكات يىغىشقا قويدى. ئۇ كىشى زاكات يىغىشتىن قايتىپ كېلىپ: مانا ماۋۇ يىغىلغان زاكات بولسا سىلەرنىڭدۇر، بۇ بولسا ماڭا ھەدىيە قىلىنغىنىدۇر»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەرگە چىقىپ ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتقاندىن كېيىن: «أَمَّا بعْدُ فَإِنِّي أَسْتَعْمِلُ الرَّجُلَ مِنْكُمْ على الْعمَلِ مِمَّا ولاَّنِي اللَّه، فَيَأْتِي فَيَقُولُ: هَذَا لَكُمْ، وَهَذَا هَدِيَّةٌ أُهْدِيَت إِلَيَّ، أَفَلا جلس في بيتِ أَبيهِ أَوْ أُمِّهِ حتَّى تأْتِيَهُ إِنْ كَانَ صادقاً، واللَّه لا يأْخُذُ أَحدٌ مِنْكُمْ شَيْئاً بِغَيْرِ حقِّهِ إِلاَّ لَقِيَ اللَّه تَعالَى، يَحْمِلُهُ يوْمَ الْقِيامَةِ، فَلا أَعْرِفَنَّ أَحداً مِنْكُمْ لَقِيَ اللَّه يَحْمِلُ بعِيراً لَهُ رغَاءٌ، أَوْ بَقرة لَهَا خُوارٌ، أَوْ شاةً تيْعَرُ» «دېمەكچىمەنكى، مەن ئاللاھ تائالا مېنى ئىگە قىلغان ئىشلاردىن بىرەر ئىشقا سىلەردىن بىرەرسىڭلارنى باشقۇرغۇچى قىلىپ قويسام، ئۇ كېلىپ ماۋۇ سىلەرنىڭدۇر، بۇ بولسا ماڭا قىلىنغان ھەدىيىدۇر، دەيدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىنغىنى راست بولىدىغان بولسا قېنى ئۇ ئاتىسىنىڭ ياكى ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ باقسۇنكى ئۇنىڭغا ھەدىيە كېلەمدۇ؟ ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، سىلەردىن بىرىڭلار ھەقسىز رەۋىشتە باشقىلاردىن بىرەر نەرسە ئالمىسۇن، ئەگەر ئالىدىغان بولسا قىيامەتتە ئۇ نەرسىلەرنى كۆتۈرگەن ھالدا ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ھازىر بولىدۇ. مەن سىلەردىن بىرەرسىڭلارنىڭ بوقىراپ تۇرغان تۆگە ياكى مۆرەۋاتقان كالا ياكى مەرەۋاتقان قوينى كۆتۈرۈپ تۇرغان ھالدا ئاللاھ تائالاغا مۇلاقات بولۇشىڭلارنى كۆرمىگەيمەن»، دېدى. ئاندىن ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ



www.munber.org

تۇرۇپ ئۈچ قېتىم: «اللّٰهُمَّ هَلْ بَلَّغْتُ» «ئى ئاللاھ! يەتكۈزدىممۇ؟ »، دېدى. رەسۇلۇللاھ قولىنى كۆتۈرگەندە، ئىككى قولتۇقىنىڭ ئاقلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) زاكات يىغقۇچىنىڭ يىغىلغان زاكاتنى ئادىللىق بىلەن زاكات ئېلىشقا تېگىشلىك كىشىلەرگە تارقىتىشى مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكى.

2) زاكات يىغقۇچىلارنىڭ ئورنى ۋە مەنسىپىگە قاراپ بېرىلگەن سوۋغىنىڭ پارا بولۇپ، ھارام ئىكەنلىكى، ئۇنى قوبۇل قىلىشنىڭ جامائەتنىڭ مۈلكىنى ناھەق يەۋېلىش بولىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە سوۋغات تەلەپ قىلىشى بولسا، زۇلۇم ھېسابلىنىدىغانلىقى.

3) زاكات يىغقۇچىلارنىڭ ئادەتتە سوۋغا ـ سالام بېرىشىدىغان يېقىنلىرى ياكى دوستلىرىنىڭ قىلغان سوۋغىسىنى ئېلىش دۇرۇس ئىكەنلىكى، ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن سوۋغا بەرگۈچىنىڭ سوۋغا ئالغۇچىنىڭ سوراپ بېرىشىنى ئۆتۈنگەن دەۋا دەستۇرى، ھاجىتى بولماسلىقى شەرت ئىكەنلىكى.

4) ۋەزىپە، مەنسەپتىن ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن پايدىلىنىشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكى.

5) كىشىلەرنىڭ مېلىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ قىلمىشىنى بۇ دۇنيادا ھېچكىم بىلمىسىمۇ، قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ تائالا ئۇنى خالايىق ئالدىدا رەسۋا قىلىپ، جازالايدىغانلىقى.

**210. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ كَانتْ عِنْدَه مَظْلمَةٌ لأَخِيهِ، مِنْ عِرْضِهِ أَوْ مِنْ شَيْءٍ، فَلْيَتَحَلَّلْهِ منْه الْيوْمَ قَبْلَ أَنْ لا يكُونَ دِينَارٌ ولا دِرْهَمٌ، إنْ كَانَ لَهُ عَملٌ صَالحٌ أُخِذَ مِنْهُ بِقدْرِ مظْلمتِهِ، وإنْ لَمْ يَكُنْ لَهُ حسَنَاتٌ أُخِذَ مِنْ سيِّئَاتِ صاحِبِهِ فَحُمِلَ عَلَيْهِ» «كىمكى ئۆزىدە بىراۋنىڭ مەنىۋى ياكى ماددىي ھەققى قالغان بولسا، ئۇنى دىنارمۇ بولمايدىغان، دەرھەممۇ بولمايدىغان قىيامەت كۈنىگە قالدۇرماي، ھەق ئىگىسىنى مۇشۇ دۇنيادىلا رازى قىلىۋەتسۇن. (ئەگەر ئاخىرەتكە قالدۇرسا) زۇلۇم قىلغۇچىنىڭ ياخشى ئەمەلىدىن ھەق ئىگىسىنىڭ قانچىلىك ھەققى بولسا، شۇنچىلىك ئېلىپ بېرىلىدۇ. زۇلۇم قىلغۇچىنىڭ ياخشى ئەمەللىرى بولمىسا ھەق ئىگىسىنىڭ گۇناھلىرىدىن ئېلىپ زۇلۇم قىلغۇچىغا يۈكلىنىدۇ».**

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كىشىگە زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەكلىكى.

2) كىشىلەرگە زۇلۇم قىلغان ئادەمنىڭ ئۇلارنىڭ ھەققىنى قايتۇرۇشقا ئالدىرىشى كېرەكلىكى.

3) كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىشنىڭ بەندىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى يوق قىلىپ، ئەجرىنى بىكار قىلىۋېتىدىغانلىقى.

**211 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الْمُسْلِمُ مَنْ سَلِمَ الْمُسْلِمُونَ مِنْ لِسانِهِ ويَدِهِ، والْمُهَاجِرُ مَنْ هَجَرَ ما نَهَى اللَّه عَنْهُ» «سۆزى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا**



www.munber.org

زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمىگەن ئادەم ھەقىقىي مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مەنئى قىلغان نەرسىلەرنى تەرك ئەتكەن ئادەم مۇھاجىرلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە كۆچۈشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە مەككىدىن مەدىنىگە كۆچۈپ بارغان مۇسۇلمانلار ـــ ت) قاتارىدا سانىلىدۇ».

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كىشىلەرگە مەيلى ماددىي ياكى مەنىۋى جەھەتتىن بولسۇن زىيان يەتكۈزمەسلىك كامالى ئىمان ۋە ئىسلامنىڭ جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى.

2) گۇناھلارنى تەرك ئېتىپ، ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئەمەللەرنى قىلىش زۆرۈرلۈكى.

3) مەككە فەتھى قىلىنىشتىن ئىلگىرى مۇسۇلمانلارنى بىر يەرگە توپلاش ۋە ئۇلارنى كۈچەيتىش يۈزىسىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش زۆرۈر ئىدى. ئىسلام دىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ، مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن بۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

212 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېغىر يۈكلىرىنى كۆتۈرىدىغان كىركىرە دەيدىغان بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ ئۆلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى «هُوَ فِي النَّارِ» «دوزىخىي»، دېدى. ساھابىلەر ئۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىش ئۈچۈن ئۆيىگە بارغاندا، ئۇلار ئۇنىڭ ئۆيىدىن خىيانەت قىلغان بىر كىيىمنى تاپتى.

ـــ بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئومۇمنىڭ مال ـ مۈلكىگە خىيانەت قىلىش دوزاخقا تاشلىنىش بىلەن جازالىنىدىغان قىلمىش ئىكەنلىكى.

213 ـ ئەبۇ بەكرەتە نۇفەيى ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إِنَّ الزَّمَانَ قَدِ اسْتَدَارَ كَهَيْئَتِهِ يَوْمَ خَلَقَ اللَّه السَّموات والأَرْضَ: السَّنَةُ اثْنَا عَشَرَ شَهْراً، مِنْهَا أَرْبَعَةٌ حُرُم: ثَلاثٌ مُتَوَالِيَاتٌ: ذُو الْقعْدة وَذو الْحِجَّةِ، والْمُحرَّمُ، وَرجُب الذي بَيْنَ جُمادَي وَشَعْبَانَ» «ئاللاھ تائالا ئاسمان ـ زېمىننى ياراتقان ۋاقىتتىن تارتىپ، زامان ئۆز پېتىچە دەۋر قىلىپ كەلدى. بىر يىل 12 ئايدۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۆت ئاينىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماسلىق ھارام قىلىنغان. بۇ ئايلارنىڭ ئۈچى ـ زۇلقەئدە، زۇلھەججە، مۇھەررەم بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ كېتىدۇ. جامادىيەل بىلەن شەئبان ئىبىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىدىغان مۇزەر قەبىلىسىنىڭ رەجەب ئېيىدۇر»، دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَيُّ شَهْرٍ هَذَا؟» «بۇ قايسى ئايدۇر؟ »، دېدى. بىز: «ئاللاھ تائالا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلى ئوبدان بىلگۈچىدۇر»، دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىم تۇردى. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئاينى باشقا بىر ئىسىم بىلەن ئاتايدىغان بولدى، دەپ ئويلىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَلَيْس ذَا الْحِجَّةِ؟» «زۇلھەججە ئېيى ئەمەسمۇ؟ »، دېدى. بىز: «شۇنداق»، دېدۇق. پەيغەمبەر



www.munber.org

ئەلەيھىسسالام: «فأيُّ بلَدٍ هَذَا؟» «بۇ قايسى شەھەر؟ »، دېدى. بىز: «ئاللاھ تائالا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلى ئوبدان بىلگۈچىدۇر»، دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىم تۇردى. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ شەھەرنى باشقا بىر ئىسىم بىلەن ئاتايدىغان بولدى، دەپ ئويلىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَلَيْسَ الْبلْدَةَ الحرمَ؟» «بۇ مەككە شەھرى ئەمەسمۇ؟ »، دېدى. بىز: «ھەئە»، دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «فَأَيُّ يَومٍ هذَا؟» «بۇ قايسى كۈن؟ »، دېدى. بىز: «ئاللاھ تائالا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلى ئوبدان بىلگۈچىدۇر»، دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىم تۇردى. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ كۈننىمۇ باشقا بىر ئىسىم بىلەن ئاتايدىغان بولدى، دەپ ئويلىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَلَيْسَ يَوْمَ النَّحْرِ؟» «بۇ قۇربانلىق قىلىدىغان كۈن ئەمەسمۇ؟ »، دېدى. بىز: «ھەئە»، دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «فإِنَّ دِماءَكُمْ وَأَمْوَالَكُمْ وأَعْراضَكُمْ عَلَيْكُمْ حرَامٌ، كَحُرْمَةِ يَوْمِكُمْ هَذَا في بَلَدِكُمْ هَذا في شَهْرِكم هَذَا، وَسَتَلْقَوْن ربَّكُم فَيَسْأَلُكُمْ عَنْ أَعْمَالِكُمْ، أَلا فَلا تَرْجِعُوا بَعْدِي كُفَّاراً يضْرِبُ بَعْضُكُمْ رِقَابَ بَعْضٍ، أَلاَ لِيُبلِّغِ الشَّاهِدُ الْغَائِبَ، فلَعلَّ بعْض من يبْلغُه أَنْ يَكُونَ أَوْعَى لَه مِن بَعْضِ مَنْ سَمِعه» «سىلەرنىڭ بىر ـ بىرىڭلارنىڭ مېلىڭلا، جېنىڭلا ۋە نومۇس ـ ئابرۇيىڭلا چېقىلىشىڭلار خۇددى مۇشۇ كۈنىڭ، مۇشۇ شەھەرنىڭ ۋە مۇشۇ ئاينىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماسلىق ھارام قىلىنغانغا ئوخشاشلا ھارام قىلىنغان. سىلەر پات ئارىدا رەببىڭلارغا مۇلاقات بولۇپ، ئەمەللىرىڭلار ئۈستىدە سورىلىسىلەر، ئاگاھ بولۇڭلاركى، مەندىن كېيىن كۇففارلارغا ئوخشاش بىر ـ بىرىڭلارنى قىرىدىغان بولماڭلار. ئاگاھ بولۇڭلاركى، بۇ يەردە ھازىر بولغانلار ھازىر بولمىغانلارغا يەتكۈزسۇن، بۇ سۆزۈمنى كېيىن يەتكۈزۈلگەن كىشىلەرنىڭ بەزىسى ھازىر ئاڭلىغۇچىلارنىڭ بەزىسىدىن بەكرەك چۈشىنىشى مۇمكىن، «أَلا هَلْ بَلَّغْتُ، أَلا هَلْ بلَّغْتُ؟» ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمىنى يەتكۈزدىممۇ؟ »، دېدى. بىز: «ھەئە، يەتكۈزدۇڭ»، دېدۇق. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللَّهُمْ اشْهدْ» «ئى ئاللاھ! گۇۋاھ بولغىن»، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلەرنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى قىلمىشلىرىنى بىكار قىلىپ، ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان مۇئەييەن ئايلارنى بېكىتكەنلىكى.

2) مۇسۇلمانلارنىڭ جانلىرى، ماللىرى ۋە نام ـ ئابرۇيىنىڭ دەخلىسىزلىكىنى تەكىتلەپ، بۇلارنى قوغداشقا دەۋەت قىلىنغان ۋە بۇلارغا چېقىلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

3) بەندىنىڭ قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا بارلىق چوڭ ـ كىچىك ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىدىغانلىقى.

4) راستچىللىق ۋە سادىقلىق بىلەن ئىلىمنى يەتكۈزۈش ۋە تارقىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەنلىكى.



www.munber.org

5) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەرگە تەلىم بېرىشتىكى گۈزەل ئۇسلۇبى، ئاڭلىغۇچىلارغا چوڭقۇر تەسىر قىلىشى ۋە ئېنىق چۈشىنىشى ئۈچۈن سۆزدە ئەمەلىي مىساللارنى كەلتۈرىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

**214 - ئەبۇ ئۇمامە ئىياس ئىبنى سەئلەبە ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «مَنِ اقْتَطَعَ حَقَّ امْرِيءٍ مُسْلِمٍ بِيَمِينِهِ فَقدْ أَوْجَبَ اللَّه لَـه النَّارَ، وَحَرَّمَ عَلَيْهِ الْجَنَّةَ» **«كىمكى بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ ھەققىنى قەسەم قىلىپ تۇرۇپ ناھەق ئېلىۋالسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا دوزاخنى تېگىشلىك قىلىدۇ ۋە جەننەتنى ھارام قىلىدۇ»، دېۋىدى، بىر كىشى: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئازغىنا نەرسە بولسىچۇ؟ »، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «وإِنْ قَضِيباً مِنْ أَرَاكٍ» **«مىسۋاك ياغىچى چاغلىق نەرسە بولسىمۇ ھەم شۇنداق بولىدۇ»، دېدى.** —— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋېلىشتىن ھەزەر ئەيلەش، ئەگەر ئۇ ئاز بولغان تەقدىردىمۇ كىشىنىڭ ھەققىنى ھەق ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا ئالدىراش كېرەكلىكى.

2) ھەدىستىن مەلۇمكى، كىشىنىڭ ھەققىگە قارا سانىغان ۋە بۇنى ھالال بىلگەن، قىلمىشىغا تەۋبە قىلماي ئۆلگەن ئادەمنىڭ مەڭگۈ دوزاختا قالىدىغانلىقى.

**215 - ئەدىي ئىبنى ئەمرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:** «مَن اسْتَعْمَلْنَاهُ مِنْكُمْ عَلَى عَمَل، فَكَتَمَنَا مِخْيَطاً فَمَا فَوْقَهُ، كَانَ غُلُولا يَأْتِي بِهِ يَوْم الْقِيامَةِ» **«بىز سىلەردىن بىرەر كىشىنى ئەمەلگە قويساق، بىزدىن يىڭنە چاغلىق، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك نەرسىنى يوشۇرسا، ئۇ خىيانەت قىلغان ھېسابلىنىپ، قىيامەت كۈنى خىيانەت قىلغان نەرسىسى بىلەن بىللە ھازىر بولىدۇ»، دېدى. ئاندىن ئەنسارىيلاردىن بولغان بىر قارامۇتۇق ساھابە ئورنىدىن تۇرۇپ (مەن ئۇنى گويا ھازىر كۆرۈپ تۇرغاندەك): «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن سەن بەرگەن ئەمەلدىن ئىستىپا بېرەي، قوبۇل قىلغىن»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «ومَالكَ؟» **«ساڭا نىمە بولدى؟ »، دېدى. ئۇ ساھابە: «سېنىڭ مۇنداق - مۇنداق دېگەنلىرىڭنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتسام»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «وَأَنَا أَقولُهُ الآن : من اسْتعْملْنَاهُ عَلَى عملٍ فلْيجِيء بقَلِيلهِ وَكِثيرِهِ، فمَا أُوتِي مِنْهُ أَخَذَ ومَا نُهِي عَنْهُ انْتَهَى» **«يەنە دەيمەنكى، بىز كىمنى بىرەر ئەمەلگە قويساق، ئاندىن ئۇ ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن توپلىغاننىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەلسۇن، ئۇ نەرسىلەردىن بېرىلگىنىنى ئالسۇن، بېرىلمىگىنىنى ئالمىسۇن»، دېدى.**

—— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەمەل - ۋەزىپىسىدىن پايدىلىنىپ، مەيلى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، بىرەر نەرسىگە خىيانەت قىلغان ئادەمنىڭ قاتتىق جازالىنىدىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرۇش.

2) جامائەت ئىشىنىپ، ئومۇمىي مال - مۈلۈكلەرنى ئامانەت قويغان كىشىنىڭ ئۇنى ئوبدان ساقلىشى، تېگىشلىك كىشىلەرگە تارقىتىپ بېرىشى، ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسىنى ئۆزىنىڭ

قىلىشۇالماسلىقى، ئەگەر خىيانەت قىلغان بولسا، ئۇنى دەرھال جايىغا قايتۇرۇشى كېرەكلىكى، ئۇنداق قىلمايدىكەن، قىيامەت كۈنىدە گۇۋاھچىلار ئالدىدا رەسۋا بولىدىغانلىقى.

3) ئۆزىنىڭ ئىخلاس ۋە سادىقلىق بىلەن ئەمەلنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشىغا كۆزى يەتمىگەن ئادەمنىڭ ئەمەل مەنسەپ تۇتۇشتىن يىراق بولۇشىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ياخشى ئىكەنلىكى.

**216 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، خەيبەر كۈنى بولغان چاغدا بىر تۈركۈم ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى. ئاندىن: «پالانى شېھىت بولدى، پوكۇنى شېھىت بولدى»، دېيىشتى. ھەتتا بىر كىشىنى تىلغا ئېلىپ: «پالانى شېھىت بولدى»، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «كلاَّ إِنِّي رَأَيْتُهُ فِي النَّارِ فِي بُرْدَةٍ غَلَّها أَوْ عبَاءَةٍ» **«ئۇنداق ئەمەس، مەن ئۇنى بىر تون ياكى بىر كىيىمگە خىيانەت قىلغانلىقى ئۈچۈن دوزاختا كۆردۈم»، دېدى.**

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئومۇمنىڭ مۈلكىگە خىيانەت قىلىشنىڭ چوڭ گۇناھ بولۇپ، ئېغىر جازالىنىدىغانلىقى.

2) ئاللاھ تائالا يولىدا شېھىت بولۇشمۇ كىشىنىڭ ھەققىنى يەۋېلىشتەك گۇناھنى يۇيۇۋېتەلمەيدىغانلىقى.

**217 ـ ئەبۇ قەتادە ئىبنى رەبئى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ:** «أَنَّ الْجِهادَ فِي سبِيلِ اللَّه وَالإِيمانَ بِاللَّه أَفْضلُ الأَعْمالِ» **«ئاللاھ تائالا يولىدا قىلىنغان جىھاد ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىش بولسا ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر»، دېدى. بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئاللاھ تائالا يولىدا ئۆلتۈرۈلسەم، مېنىڭ خاتالىقلىرىم يۇيۇلۇپ كېتەمدۇ؟»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «نَعَمْ إِنْ قُتِلْتَ فِي سَبِيلِ اللَّه وأَنْتَ صَابر مُحْتَسِبٌ، مُقْبِلٌ غيْرَ مُدْبِرٍ» **«ھەئە، ئەگەر ئاللاھ تائالا يولىدا سەن چىداملىق بولغان، ئاللاھ تائالادىن ساۋاب ئۈمىد قىلغان، جەڭگە يۈزلەنگەن، جەڭدىن قاچمىغان ھالەتتە ئۆلتۈرۈلسەڭ شۇنداق بولىدۇ»، دېدى. ئۇ كىشى: «ئەگەر ئاللاھ تائالا يولىدا ئۆلتۈرۈلسەم، خاتالىقلىرىم ئۆچۈرۈلۈپ كېتەمدۇ؟»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:** «نَعمْ وأَنْت صابِرٌ مُحْتَسِبٌ، مُقبِلٌ غَيْرَ مُدْبِرٍ، إِلاَّ الدَّيْن فَإِنَّ جِبْرِيلَ قال لِي ذلِكَ» **«ھەئە، ئەگەر ئاللاھ تائالا يولىدا سەن چىداملىق بولغان، ئاللاھ تائالادىن ساۋاب ئۈمىد كۈتكەن، جەڭگە يۈزلەنگەن، جەڭدىن قاچمىغان ھالەتتە ئۆلتۈرۈلسەڭ، گەدىنىڭدىكى قەرزدىن باشقا خاتالىقلىرىڭ ئۆچۈرۈلىدۇ، شۈبھىسىزكى، ماڭا جىبرىئىل شۇنداق دېگەن»، دېدى.**

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاللاھ تائالا يولىدا شېھىت بولۇش ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان شەرتلىرى بىلەن ئۇ كىشىنىڭ گەدىنىدىكى قەرزىگە ئوخشاش بەندىنىڭ ھەققىگە مۇناسىۋەتلىك



www.munber.org

گۇناھتىن باشقا گۇناھلارنى يۇيۇۋېتىدىغانلىقى. ئۇ كىشى شۇ قەرزنى ئادا قىلىشقا قادىر تۇرۇپ، ئادا قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭ گۇناھى يۇيۇلمايدىغانلىقى. ئەمما، قەرزنى قايتۇرۇشقا قۇربى يەتمىگەن ۋە پۇشايمان بىلەن تەۋبە قىلغان كىشى بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولىدىغانلىقى.

218 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَتَدْرُون مَن الْمُفْلِسُ؟» «سىلەر كەمبەغەل ياكى ئىگەلىكىنى بىلەمسىلەر؟»، دەپ سورىغاندا، ساھابىلەر: «ياكى كۆش دېگەن بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى پۇلى يوق، مېلى يوق ئادەم»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إنَّ الْمُفْلِسَ مِنْ أُمَّتِي مَنْ يَأْتِي يَوْمَ الْقِيامةِ بِصَلاةٍ وَصِيَامٍ وزَكَاةٍ، ويأْتِي وقَدْ شَتَمَ هذا، وقذَفَ هذَا وَأَكَلَ مالَ هَذَا، وسفَكَ دَم هذَا، وَضَرَبَ هذا، فيُعْطَى هذَا مِنْ حَسَنَاتِهِ، وهَذا مِن حسَنَاتِهِ، فَإنْ فَنِيَتْ حسناته قَبْلَ أَنْ يقْضِيَ مَا عَلَيْهِ، أُخِذَ مِنْ خَطَايَاهُمْ فَطُرِحَتْ علَيْه، ثُمَّ طُرِح في النَّارِ» «ھەقىقەتەن ياكى كۆش دېگەن مېنىڭ ئۈممىتىمدىن قىيامەت كۈنى ناماز ۋە روزا، زاكات قاتارلىق ئەمەللەر بىلەن ھازىر بولغان، لېكىن بىرىنى تىللىغان، بىرىگە بۆھتان چاپلىغان، بىرىنىڭ مېلىنى يەۋالغان، بىرىنىڭ ناھەق قېنىنى تۆككەن، بىرىنى ئۇرغان بولۇپ (قىساسى ياكى تۆلەم ئۈچۈن) ياخشىلىقلىرىدىن ئۇنىڭغا بېرىپ، بۇنىڭغا بېرىپ، ياخشىلىقلىرى تۈگەپ كەتكەندە، باشقىلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئۇزىگە يۈكلىۋالغان، شۇنىڭ بىلەن دوزاخقا تاشلانغان كىشىدۇر»، دېدى. ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەكلىكى، بولۇپمۇ كىشىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھەقلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىنىش لازىملىقى.

2) ھارام ئىشلاردىن يىراق بولۇش، بولۇپمۇ كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىش ۋە چېقىلىش شۇ بەندىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرىپ، ئەجرىنى بىكار قىلىۋېتىدىغانلىقى.

3) ۋەز ـ تەبلىغ ۋە نەسىھەت قىلغاندا كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان، بەكرەك ئېسىدە قالىدىغان تەسىرلىك سۆز، گۈزەل ئۇسلۇبنى قوللىنىش لازىملىقى.

219 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إنَّمَا أَنَا بشَرٌ، وَإنَّكُمْ تَخْتَصِمُونَ إلَيَّ، ولَعَلَّ بَعْضَكُمْ أَنْ يَكُونَ أَلْحنَ بِحُجَّتِهِ مِنْ بَعْض، فأَقْضِي لَهُ بِنحْو ما أَسْمَعُ فَمَنْ قَضَيْتُ لَهُ بحَقِّ أَخِيهِ فَإنَّمَا أَقْطَعُ لَهُ قِطْعَةً مِنَ النَّارِ» «ھەقىقەتەن مەن بىر ئىنسان، سىلەر جېدەللىشىپ قېلىپ، مېنىڭ ئالدىمغا كېلىسىلەر، سىلەرنىڭ بەزىڭلار پاكىت قويۇشتا، بەزىڭلاردىن ئۇستىراق بولۇشۇڭلار مۇمكىن. مەن بولسام ئاڭلىغىنىم بويىچە ھۆكۈم چىقىرىمەن. ئەگەر مەن بىرەرسىگە ئۇنىڭ قېرىندىشىنىڭ ھەققىنى ھۆكۈم قىلىپ بەرگەن بولسام، ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئوتتىن بىر پارچىنى ئۈزۈپ بەرگەن بولىمەن». ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكى، شۇڭا ئادەملەر ئۇچرىغان تۈرلۈك ئىشلارغا ئۇچرايدىغانلىقى، پەقەتلا ئاللاھ تائالا بايان قىلغاندەك ئىسلام دەۋىتىنى يەتكۈزۈش، خاتالىقتىن پاك، ھارام ئىشلارنى قىلىشتىن پاك ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

2) قازى، سوتچى ئالدىغا كەلگەن دەۋاگەر ۋە جاۋابكارغا ئۆزى بىلىدىغان گۇۋاھچى، قەسەمدەك پاكىت ـ ئىسپاتلارغا ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىدىغانلىقى، ھەرگىزمۇ قىياس، پەرەز بىلەن ھۆكۈم قىلمايدىغانلىقى.

3) قازىنىڭ، سوتچىنىڭ ھۆكمى ئاشكارا پاكىتلارغا ئاساسەن چىقىرىلغان بولسىمۇ، ئۇ ھارامنى ھالال، ھالالنى ھارام قىلالمايدۇ. ئەگەر قازى بىر ئادەمنىڭ پايدىسىغا ھۆكۈم چىقارغان بولسا، ئۇ ئادەم بۇنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنى بىلسە، ئۇنىڭ شۇ ھەقنى ئېلىشى دۇرۇس بولمايدۇ، ئەگەر شۇنداق قىلسا، قىيامەت كۈنى قىلمىشى ئۈچۈن جازالىنىدۇ.

220. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «لَنْ يَزَالَ الْمُؤمِنُ فِي فُسْحَةٍ مِنْ دِينِهِ مَالَمْ يُصِبْ دَماً حَراماً» «مۇئمىن ئادەم ناھەق قان تۆكمىسىلا، ھەمىشە ئۆز دىنىدا كەڭچىلىك ئاساستا ياشايدۇ». — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ناھەق قان تۆكۈشنىڭ چوڭ گۇناھ بولۇپ، كىشىنى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىدىغانلىقى.

221 ـ ھەمزىنىڭ ئايالى، ئامىرنىڭ قىزى خەۋلە ئەنسارىيەدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىم: «إِنَّ رِجَالاً يَتَخَوَّضُونَ فِي مالِ اللَّهِ بِغَيْرِ حَقٍّ فَلَهُمُ النَّارُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ» «ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلارنىڭ ماللىرىنى ناتوغرا تەسەررۇپ قىلىدىغان ئادەملەرنى ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى دوزاخقا تاشلايدۇ». — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مۇسۇلمانلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ناھەق ھالدا ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەكلىكى، بۇنىڭ چوڭ گۇناھ بولۇپ، شۇنداق قىلغۇچىنىڭ قىيامەت كۈنى دوزاخقا كىرىدىغانلىقى.

## 27 . باب مۇسۇلمانلارغا چېقىلماسلىق، ئۇلارغا مېھىر ـ شەپقەت قىلىش، كۆيۈنۈش ۋە ئۇلارنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلىش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَن يُعَظِّمْ حُرُمَاتِ اللَّهِ فَهُوَ خَيْرٌ لَّهُ عِندَ رَبِّهِ﴾ ﴿كىمكى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۇلۇغلىسا، (يەنى ھەج جەرياندا ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، مەنئى قىلغان ئىشلىرىدىن چەكلەنسە) بۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ (دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكى) ئۈچۈن ياخشىدۇر﴾.
(«قۇرئان كەرىم» سۈرە ھەج 30 ـ ئايەت)



www.munber.org

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَن يُعَظِّمْ شَعَائِرَ اللَّهِ فَإِنَّهَا مِن تَقْوَى الْقُلُوبِ﴾ ﴿كىمكى دىنىي ئىشلارنى ئۇلۇغلايدىكەن، (جۇملىدىن ھەجنىڭ ئەمەللىرىنى، قۇربانلىقلارنى) بۇ دىللارنىڭ تەقۋالىقىدىندۇر﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە ھەج 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاخْفِضْ جَنَاحَكَ لِلْمُؤْمِنِينَ﴾ ﴿مۇئمىنلەرگە كەمتەر بولغىن﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە ھەجىر 88 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَن قَتَلَ نَفْسًا بِغَيْرِ نَفْسٍ أَوْ فَسَادٍ فِي الأَرْضِ فَكَأَنَّمَا قَتَلَ النَّاسَ جَمِيعًا وَمَنْ أَحْيَاهَا فَكَأَنَّمَا أَحْيَا النَّاسَ جَمِيعًا﴾ ﴿كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ. كىمكى بىر ئادەمنى تىرىلدۈرسە (يەنى قۇتقۇزسا ياكى ھايات قېلىشىغا سەۋەبچى بولسا) ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى تىرىلدۈرگەندەك بولىدۇ﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە مائىدە 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

222 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الْمُؤْمِنُ لِلْمُؤْمِنِ كَالْبُنْيَانِ يَشُدُّ بَعْضُهُ بَعْضاً» «مۇئمىن مۇئمىن ئۈچۈن بۆلەكلىرى بىر ـ بىرىنى چىڭىتىپ تۇرغان بىناغا ئوخشايدۇ»، دەپ بارماقلىرىنى بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈپ كۆرسەتتى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھەدىستە خۇددى بىنانىڭ بۆلەكلىرى بىر ـ بىرىنى چىڭىتىپ تۇرمىسا، ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك، مۇئمىن بىلەن مۇئمىننىڭ بارلىق ئىشلاردا ئۆزئارا ھەمكارلىشىشى، ئىتتىپاقلىشىشى كېرەكلىكى بايان قىلىنغان.

2) مۇئمىن ئادەم جامائەتتىن ئايرىلغان ھالدا، دىنىي ۋە دۇنياۋى ئىشلىرىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدىغانلىقى، ئۇ چوقۇم ئۆزىنىڭ مۇئمىن بۇرادىرى بىلەن ھەمكارلىشىشى، ئىتتىپاقلىشىشى زۆرۈر ئىكەنلىكى، ئۇنداق قىلالمايدىكەن، ئۇ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىدىغانلىقى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرى قالايمىقانلىشىپ كېتىدىغانلىقى، ئاخىرىدا ھالاك بولغۇچىلاردىن بولۇپ قالىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

223 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَن مَرَّ فِي شَيْءٍ مِنْ مَسَاجِدِنَا، أَوْ أَسْوَاقِنَا، ومَعَه نَبْلٌ فَلْيُمْسِكْ، أَوْ لِيَقْبِضْ عَلَى نِصالِهَا بِكفِّهِ أَنْ يُصِيبَ أَحَداً مِنَ الْمُسْلِمِينَ مِنْهَا بِشَيْءٍ» «كىمكى بىزنىڭ مەسجىدلىرىمىزدىن ياكى بازارلىرىمىزدىن ئۆتسە ئۇنىڭ يېنىدا ئوق بولسا، ئۇنى ئېھتىيات بىلەن تۇتسۇن ياكى ئوق ئۇچىدىكى تۆمۈرنى سىقىمدىۋالسۇن، ھەتتاكى بىرەرسىگە زىيان يەتكۈزۈپ قويمىغاي». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئۈممىتىگە ناھايىتى رەھىمدىل ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ سالامەت بولۇشىغا ھېرىس ئىكەنلىكى.



www.munber.org

2) ئىسلام دىندا قورال كۆتۈرۈشتىكى رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەب ـ قائىدىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى.

3) باشقىلارغا ھۇجۇم قىلىش، تەھدىت سېلىپ قورقۇتۇش ۋە ياكى ھېچقانداق مەقسەتسىز ھالدا قورال كۆتۈرۈپ يۈرۈشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكى.

**224 ـ نوئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «مثَلُ الْمُؤْمِنِينَ فِي تَوَادِّهِمْ وتَرَاحُمِهِمْ وتَعاطُفِهِمْ، مَثَلُ الْجَسَدِ إِذَا اشْتَكَى مِنْهُ عُضْوٌ تَداعَى لَهُ سائِرُ الْجسدِ بالسهَرِ والْحُمَّى» **«مۇئمىنلەرنىڭ مىسالى ئۆزئارا دوستلىشىش، كۆيۈنۈش ۋە يار يۆلەك بولۇشتا بىر پۈتۈن بەدەنگە ئوخشايدۇ. بەدەندىن بىرەر ئەزا ئاغرىسا، پۈتۈن بەدەندىن ئۇيقۇ قېچىپ ۋە قىزىپ ئارامسىزلىنىدۇ».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: جەمئىيەتتە مېھىر ـ مۇھەببەت، كۆيۈنۈش ۋە ھەمكارلىق ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەيدىكەن، بۇنداق جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ خۇشاللىقى ۋە قايغۇ ـ ھەسرىتى ئورتاق بولىدۇ. « سەھىھۇل مۇسلىم »دا نوئمان رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « اَلْمُؤْمِنُ كَرَجُلٍ وَاحِدٍ إِذَا اِشْتَكَى عَيْنُهُ اِشْتَكَى كُلُّهُ وَإِذَا اِشْتَكَى رَأْسُهُ إِشْتَكَى كُلُّهُ » « مۇئمىنلەر گويا بىر ئادەمگە ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ كۆزى ئاغرىسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇنىڭدىن بىئارام بولىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ بېشى ئاغرىسا، ئۇلار ھەممىسى بۇنىڭدىن ئارامسىزلىنىدۇ ».

**225 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى سۆيۈپ قويدى. ئۇلارنىڭ قېشىدا ئەقرەب ئىبنى ھارىس بار ئىدى. ئۇ:** «**ھەققەتەن مېنىڭ ئون ئوغلۇم بار، مەن ئۇلارنىڭ بىرەرىنىمۇ سۆيۈپ قويغىنىم يوق**»**، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ:** «مَن لا يَرْحمْ لا يُرْحَمْ» «**رەھىم قىلمىغان كىشىگە ئاللاھ تائالا رەھىم قىلمايدۇ**»**، دېدى.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) باشقىلارغا رەھىم قىلمىغان، ياخشىلىق قىلمىغان ئادەمنىڭ ساۋاب ـ ئەجرگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقى.

2) دادىنىڭ باللىرىنى ئەركىلىتىپ، مېھىر بىلەن سۆيۈشى ياخشى ئىش ئىكەنلىكى.

**226 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەئرابىلاردىن بىر توپ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇلار:** «**سىلەر باللىرىڭلارنى سۆيەمسىلەر؟**»**، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «نَعَمْ» «**ھەئە**»**، دېۋىدى، ئۇلار:** «**ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇلارنى سۆيمەيمىز**»**، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «أَوَ أَمْلِكُ إِنْ كَانَ اللَّه نَزعَ مِنْ قُلُوبِكُمْ الرَّحمَةَ» «**ئاللاھ تائالا**

سىلەرنىڭ دىلىڭلاردىن رەھىمدىللىكنى كۆتۈرۈۋەتسە، مەن ئۇنى سىلەرنىڭ دىلىڭلارغا سالالامتىم؟ »، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**227 ـ جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ لا يرْحَم النَّاس لا يرْحمْهُ اللَّه» «كىشىلەرگە رەھىم قىلمايدىغان ئادەمگە ئاللاھ تائالامۇ رەھىم قىلمايدۇ».** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالانىڭ جىمىي مەخلۇقاتلىرىغا، ھەتتا ھايۋاناتلارغىمۇ رەھىمدىل بولۇش مۇسۇلماندا بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەت ئىكەنلىكى، ئىنسانغا بولغان رەھىمدىللىكنى تەكىتلەش يۈزىسىدىن ھەدىستە ئىنسان تىلغا ئېلىنغانلىقى.

2) مەخلۇقاتلار تەرىپىدىن بولىدىغان رەھىمدىللىك، مېھىر ـ شەپقەت مەنىسىدە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بولىدىغان رەھىمدىللىك ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىغا نېئمەت ئاتا قىلىشى مەنىسىدە بولىدىغانلىقى.

**228 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِذا صلى أَحدُكُمْ للنَّاسِ فلْيُخَفِّفْ، فَإِنَّ فِيهِمْ الضَّعِيفَ وَالسقيمَ والْكَبِيرَ. وإِذَا صَلَّى أَحَدُكُمْ لِنَفْسِهِ فَلْيطَوِّل ما شَاءَ» «سىلەردىن بىر كىشى كىشىلەرگە ئىمام بولغاندا، نامازنى يەڭگىل ئوقۇسۇن، چۈنكى جامائەت ئىچىدە ئاجىز، كېسەل، ياشانغان ۋە ئىش ـ كۈشى بار ئادەملەر بولىدۇ. ئۆزۈڭلار نامازنى يالغۇز ئوقۇغاندا، خالىغىنىڭلارچە ئۇزۇن ئوقۇساڭلار بولىۋېرىدۇ».** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىمام جامائەتكە ئىمامەتچىلىك قىلغاندا، قىسقا سۈرىلەرنى ئوقۇشى، رۇكۇ ۋە سەجدەلەردە تەسبىھنى ئۈچ قېتىم ئوقۇشى بىلەن نامازنى يەڭگىل ئوقۇشى، ئەمما مۇئەييەن ئادەمگە ئىمامەتچىلىك قىلغاندا، بۇ كىشىلەر نامازنى ئۇزۇنراق ئوقۇشقا رازى بولغان ئەھۋالدا نامازنى ئۇزۇنراق، ئالدىرىماي ئوقۇشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، ئەمما ھەدىستە ئېيتىلغاندەك ناماز ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئۆزرىلىك ئادەملەر بولغاندا نامازنى ئۇزۇن ئوقۇشنىڭ مەكرۇھ ئىكەنلىكى.

2) ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلەرگە ئاسانلىقنى كۆزدە تۇتىدىغان دىن ئىكەنلىكى، ناماز ئوقۇغۇچىلارغا قىيىنچىلىق بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئۇلاردىن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدىغانلىقى.

**229 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئەمەللەرنىمۇ كىشىلەر ئۇنى قىلىۋېرىپ، پەرز قىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قىلمايتتى.** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىي ئىشلاردا ئۆز ئۈممىتىگە ئېغىر كېلىپ قالماسلىقى، ئورۇنداشقا ئاجىزلىق قىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارغا ئاسانلاشتۇرۇش، يەڭگىللەشتۈرۈشكە ھېرىسمەن ئىكەنلىكى.

www.munber.org

230. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە كۆيۈنۈش يۈزىسىدىن، ئۇلارنى روزا تۇتقاندا ئۇزۇن مۇددەت ئىغىز ئاچماستىن ئىككىنچى كۈنى ئۇلاپ روزا تۇتۇشتىن چەكلىگەندە، ساھابىلەر: «سەن ئۇلاپ روزا تۇتىسەنغۇ؟»، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إِنِّي لَسْتُ كَهَيْئَتِكُمْ إِنِّي أَبِيتُ يُطْعِمُنِي رَبِّي وَيَسْقِينِي» «مەن سىلەرگە ئوخشىمايمەن، مەن يېمىسەممۇ، ئىچمىسەممۇ ماڭا ئاللاھ تائالا يېگەننىڭ، ئىچكەننىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى بېرىپ تۇرىدۇ»، دېدى. —— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ھەدىستىكى چەكلەشنىڭ مەنىسى ئۇزۇن ۋاقىت ئارقىمۇئارقا ئۇلاپ روزا تۇتۇشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭدىكى ھېكمەت بەندىنىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىشى، زېرىكىپ قېلىشى ۋە باشقا ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشقا قۇربى يەتمەي قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىكەنلىكى، ھالبۇكى ئۇدا ئۇلاپ روزا تۇتۇش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خاس ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى.

231 ـ ھارىس ئىبنى رەبئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنِّي لأَقُومُ إِلَى الصَّلاةِ، وَأُرِيدُ أَنْ أُطَوِّلَ فِيها، فَأَسْمَعُ بُكَاءَ الصَّبِيِّ، فَأَتَجوَّزَ فِي صلاتِي كَرَاهِيَةَ أَنْ أَشُقَّ عَلَى أُمِّهِ» «مەن نامازنى ئۇزۇن ئوقۇماقچى بولىمەن، نامازدا تۇرۇپ بالىنىڭ يىغلىغانلىقىنى ئاڭلىسام، ئانىسىنى بىئارام قىلىپ قويماي دەپ نامازنى قىسقىراق ئوقۇيمەن». —— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىگە ناھايىتى رەھىمدىل ئىكەنلىكى، ھەر دائىم چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى نەزەرگە ئالىدىغانلىقى.

232 ـ جۇندۇپ ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ صَلَّى صَلاةَ الصُّبحِ فَهُوَ فِي ذِمةِ اللَّه فَلا يطْلُبنَّكُمْ اللَّهُ مِنْ ذِمَّتِهِ بِشَيْءٍ، فَإِنَّهُ منْ يَطْلُبْهُ مِنْ ذِمَّتِهِ بِشَيْءٍ يُدرِكْه، ثُمَّ يكُبُّهُ عَلَى وجْهِهِ في نَارِ جَهَنَّم» «كىمكى بامداتنى ئوقۇسا، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ كېپىللىكىدە بولغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا سىلەردىن ئۆز كېپىللىكىدىكى كىشى توغرۇلۇق ھېساب ئېلىپ قالمىسۇن. ئاللاھ تائالا ئۆز كېپىللىكىدىكى كىشى توغرۇلۇق ھېساب ئېلىپ قالسا، ئۇنى تۇتۇپ يۈزى بىلەن دوزاخقا تاشلايدۇ». —— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھەدىستىكى ئەۋزەللىك بامدات نامىزىغا خاس قىلىنغان، چۈنكى بۇ بىر كۈننىڭ باشلىنىشى، كىشىلەرنىڭ ئۆز ھاجەتلىرى ئۈچۈن زېمىنغا تارىلىدىغان ۋاقتى ئىكەنلىكى.

2) ناماز بامداتنى تەرك ئېتىش ئاللاھ تائالا بىلەن مۇئمىن ئوتتۇرىسىدىكى ئەھدىگە خىلاپ ئىكەنلىكى.

www.munber.org

233 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «المُسْلِمُ أَخُو المُسْلِمِ، لا يظْلِمُه، ولا يُسْلِمهُ، منْ كَانَ فِي حَاجَةِ أَخِيهِ كَانَ اللَّهُ فِي حاجتِهِ، ومَنْ فَرَّج عنْ مُسْلِمٍ كُرْبةً فَرَّجَ اللَّهُ عنْهُ بِهَا كُرْبَةً مِنْ كُرَبِ يوْمَ الْقِيامَةِ، ومَنْ ستر مُسْلِماً سَتَرهُ اللَّهُ يَوْمْ الْقِيَامَـةِ» «مۇسۇلمانلار ئۆزئارا قېرىنداش، (ئۇنى زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچراشتىن قوغدايدۇ ياكى ئۇنىڭ بېشىغا بىرەر مۇسىبەت كەلسە، تەسەللىي بېرىدۇ ۋە ياردەمدە بولىدۇ، دېگەن مەنىدە . ــــ ت) بىر ـ بىرىگە زۇلۇم قىلمايدۇ ۋە بىر ـ بىرىنى تاشلىۋەتمەيدۇ. كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىدىن چىقسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ھاجىتىدىن چىقىدۇ. كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقلىرىنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن قىيامەت كۈنىنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ».

ــــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

234 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «المُسْلِمُ أَخُو الْمُسْلِمِ لا يخُونُه ولا يكْذِبُهُ ولا يخْذُلُهُ، كُلُّ الْمُسْلِمِ عَلَى الْمُسْلِمِ حرامٌ عِرْضُهُ ومالُه ودمُهُ التَّقْوَى هَاهُنا ، بِحسْبِ امْرِىءٍ مِنَ الشَّرِّ أَنْ يَحْقِرَ أَخاهُ المسلم» « مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر. ئۇ قېرىندىشىغا خىيانەت قىلمايدۇ، يالغانچىلىق قىلمايدۇ. ئۇنى ياردەمسىز قالدۇرمايدۇ. ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ ئابرۇيىغا، مېلىغا چېقىلىشى، قېنىنى تۆكۈشى مەنئى قىلىنغان. تەقۋالىق مانا بۇ يەردە (يەنى دىلدا). ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى ھاقارەتلىگەنلىكى كىشىنىڭ يامان ئىكەنلىكىگە يېتەرلىكتۇر » .

ــــ تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

235 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لا تَحاسدُوا ولا تناجشُوا ولا تَباغَضُوا ولا تَدابرُوا ولا يبِعْ بعْضُكُمْ عَلَى بيْعِ بعْضٍ، وكُونُوا عِبادَ اللَّه إِخْواناً. المُسْلِمُ أَخُو الْمُسْلِمِ لا يَظلِمُه ولا يَحْقِرُهُ ولا يَخْذُلُهُ، التَّقْوَى هَاهُنا» «ھەسەت قىلىشماڭلار ۋە باھانى يۇقىرى قويۇپ خېرىدارنى ئالدىماڭلار (يەنى يالغاندىن بىر ئادەمنى خېرىدار قىلىپ كۆرسىتىپ، مال باھاسىنى ئۆستۈرمەكچى بولغانلىقنى كۆرسىتىدۇ. ــــ ت)، دۈشمەنلەشمەڭلار، ئۆزئارا ئارازلاشماڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنىڭ سودىسىنى بۇزماڭلار. ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئۆزئارا قېرىنداش بولۇپ ياشاڭلار، مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر. مۇسۇلمان قېرىندىشىغا زۇلۇم قىلمايدۇ ۋە ئۇنى كەمسىتمەيدۇ. بېشىغا كۈن چۈشكەندە ياردەمسىز قالدۇرمايدۇ. تەقۋالىق مانا بۇ يەردە»، دەپ كۆكرىكىگە ئۈچ قېتىم ئىشارەت قىلدى. ئاندىن: «بِحسْبِ امْرِيءٍ مِنَ الشَّرِّ

www.munber.org

أَنْ يَحْقِرِ أَخاهُ المسلم. كُلَّ الْمُسْلِمِ عَلَى الْمُسْلِمِ حرامٌ دمُهُ ومالُهُ وعِرْضُهُ» «مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىنى ھاقارەتلىگەنلىكى شۇ كىشىنىڭ يامان ئىكەنلىكىگە يېتەرلىكتۇر. مۇسۇلماننىڭ قېنى ۋە مېلى ۋە ئابرۇيىغا چېقىلىش ھارامدۇر»، دېدى.

—— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھەسەتخورلۇقنىڭ ئاللاھ تائالاغا بويۇنتاۋلۇق قىلىش، قارشىلىق قىلىش بولۇپ، ھارام ئىكەنلىكى.

2) يالغاندىن بىر ئادەمنى خېرىدار قىلىپ كۆرسىتىپ، مالنى يۇقىرى باھادا ساتماقچى بولۇش ئالدامچىلىق بولۇپ، ھارام ئىكەنلىكى.

3) شەرىئەتكە ئۇيغۇن ئۆزرىسى بولغاندىن باشقا خىل ئەھۋالدا مۇسۇلمان قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق گەپ قىلماسلىقنىڭ ھارام ئىكەنلىكى.

4) خېرىدارغا ئوخشاش مالنى ئۇنىڭدىن ئەرزان بېرىدىغانلىقى بىلەن بىر ئادەمنىڭ سودىسىنى بۇزۇشتىن چەكلەش، چۈنكى بۇنداق قىلىش كىشىلەر ئارىسىغا ئۆچ ـ ئاداۋەت ئۇرۇقلىرىنى چاچىدىغانلىقى.

**236 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا يُؤْمِنُ أَحدُكُمْ حتَّى يُحِبَّ لأَخِيهِ مَا يُحِبُّ لِنَفْسِهِ» «سىلەردىن ھەر قانداق بىر كىشى ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىنى قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرگەندىلا ئاندىن مۇسۇلمانى كامىل ھېسابلىنىدۇ».**

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**237 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «انْصُرْ أَخَاكَ ظَالِماً أَوْ مَظْلُوماً» «زۇلۇم قىلغۇچى بولسۇن ياكى زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى بولسۇن قېرىندىشىڭغا ياردەم قىلغىن»، دېگەندە، بىر كىشى: «ئى رەسۇلۇللاھ! قېرىندىشىم زۇلۇمغا ئۇچرىغان بولسىغۇ ياردەم قىلارمەن، ئېيتىپ باققىنە، زۇلۇم قىلغۇچىغا قانداق ياردەم قىلىمەن؟ »، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «تَحْجُزُهُ أَوْ تَمْنَعُهُ مِنَ الظُّلْمِ فَإِنَّ ذلِك نَصْرُهُ» «ئۇنى زۇلۇم قىلىشتىن توسقىن، ھەقىقەتەن ئۇ ئۇنىڭغا ياردەم ھېسابلىنىدۇ»، دېدى.**

—— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەسلەپكى سۆزى ئەرەبلەرنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى كۈچلۈك قەبىلىۋازلىق، يەنى قانداقلا بولسۇن ئۆز قەبىلىسىنىڭكىنى توغرا دەپ قارايدىغان خاھىشنى بايان قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ بۇ خىل ناتوغرا خاھىشنى بىكار قىلىپ، ھەققانىيەت تەرەپتە تۇرۇشقا دەۋەت قىلىدىغانلىقىنى شەرھىلەپ بەرگەن.

**238 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «حقُّ الْمُسْلمِ عَلَى الْمُسْلِمِ خمسٌ: رَدُّ السَّلامِ، وَعِيَادَةُ الْمرِيضَ، واتِّبَاعُ الْجنَائِزِ، وإِجابةُ الدَّعوةِ، وتَشمِيت العَاطِسِ» «مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلماندا بەش**



www.munber.org

تۇرلۇك ھەققى بولىدۇ: سالامنى ئىلىك ئېلىش، كېسەلنى يوقلاش، جىنازىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىش، چاقىرغان يەرگە بېرىش ۋە چۈشكۈرگەن كىشى الحَمْدُ لِلَّهِ يەنى، جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھ تائالاغا خاستۇر دېسە، يَرْحَمُكَ اللَّهِ يەنى ئاللاھ تائالا ساڭا رەھمەت قىلسۇن، دېيىش ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «حق الْمُسْلِمِ سِتٌّ: إِذا لقِيتَهُ فسلِّم عليْهِ، وإِذَا دَعاكَ فَأَجبْهُ، وَإِذَا اسْتَنْصَحَكَ فَانْصحْ لهُ، وإِذا عطَس فحمِد اللَّه فَشَمِّتْهُ، وَإِذَا مرِضَ فَعُدْهُ، وَإِذَا ماتَ فاتْبعهُ» «مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلماندا ئالتە تۇرلۇك ھەققى بولىدۇ: ئۇچراشساڭ سالام بەرگىن، چاقىرغان يەرگە بارغىن، ئەگەر سەندىن نەسىھەت تەلەپ قىلسا، نەسىھەت قىلىپ قويغىن، چۈشكۈرۈپ الحَمْدُ لِلَّهِ يەنى جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھ تائالاغا خاستۇر دېسە، يَرْحَمُكَ اللَّهِ يەنى ئاللاھ تائالا ساڭا رەھمەت قىلسۇن، دەپ جاۋاب قايتۇرغىن، كېسەل بولۇپ قالسا يوقلىغىن، ئۆلۈپ كەتسە، جىنازىسىغا ئەگەشكىن » ، دېگەن، دېيىلگەن.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەگەر سالام قىلىنغۇچى بىر ئادەم بولسا، ئۇنىڭغا سالام قايتۇرۇش پەرز ئەيىن ھېسابلىنىدۇ. ناۋادا سالام قىلىنغۇچى جامائەت بولسا، سالام قايتۇرۇش پەرز كۇپايە ھېسابلىنىدۇ.

2) كېسەلنى يوقلاش سۈننەتتۇر، ئەمما ئاغرىپ قالغۇچى ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنا ۋە ياردەمگە، يار ـ يۆلەككە موھتاج كىشىلەر بولغاندا، كېسەل يوقلاش ۋاجىپ بولىدۇ.

3) جىنازا نامىزى ئوقۇلغان جايدىن دەپنە قىلىنىدىغان جايغا بارغۇچە جىنازىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىش پەرز كۇپايە ھېسابلىنىدۇ.

4) شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن شەرتلەرگە ئۇيغۇن توي مۇراسىمىغا چاقىرىلسا بېرىش ۋاجىب ھېسابلىنىدۇ، ئەمما باشقا مۇناسىۋەت بىلەن چاقىرىلغان يەرلەرگە بېرىش سۈننىتى مۇئەككەدە ھېسابلىنىدۇ.

5) چۈشكۈرگەن ئادەم « الحمد لله » ، دېسە يېنىدىكى ئادەمنىڭ بۇنىڭغا جاۋابەن « يَرْحَمُكَ اللهِ » ، دېيىشنى بەزى ئۆلىمالار ئەگەر چۈشكۈرگۈچىنىڭ يېنىدا بىرلا ئادەم بولسا، بۇ پەرز ئەيىن، ئەگەر جامائەت بار يەردە بولسا، پەرز كۇپايە بولىدۇ، دەيدۇ. بەزىلەر بولسا مۇستەھەپ دەپ قارايدۇ.

6) كىشى تەلەپ قىلغاندا ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ قويۇشنىڭ دىنىنىڭ جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى.

239 ـ بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى مۇنداق يەتتە ئىشقا بۇيرۇپ، يەتتە ئىشتىن توستى: بىزنى كېسەللەرنى يوقلاشقا، جىنازىغا ئەگىشىشكە، چۈشكۈرۈپ ھەمد ئېيتقۇچىغا جاۋاب قايتۇرۇشقا، قەسەم قىلغۇچىنىڭ قەسىمىنى ئورۇنلىشىغا ياردەم بېرىشكە (ياخشى ئىشنى قىلىشقا قەسەم ئىچكەن بولۇشى شەرت. — ت)، زۇلۇمغا



www.munber.org

ئۇچرىغۇچىغا ياردەم بېرىشكە، چاقىرغان يەرگە بېرىشقا، سالامنى ئومۇملاشتۇرۇشقا بۇيرۇدى ۋە بىزنى ئالتۇن ئۈزۈك تاقاشتىن، كۈمۈش قاچىلاردا يېيىش ۋە ئىچىشتىن، تۆگىلىرىنىڭ ئىگەرلىرىگە پاختا بىلەن پەردازلانغان قىزىل يىپەكلەرنى ئىشلىتىشتىن، زىغىر يىپى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان يىپەك كىيىملەرنى كىيىشتىن، تۇم ۋە ئىنچىكە تالالىق يىپەك رەختلەردە كىيىم كىيىشتىن چەكلىدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە: بۇيرۇلغان يەتتە ئىشنىڭ قاتارىدا، يىتىپ كەتكەن نەرسىنى ئېلان قىلىشقا بۇيرۇدى، دېيىلگەن.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى مەيلى مۇسۇلمان ۋە ياكى مۇسۇلمانلار بىلەن تىنچ بىللە ياشاشقا كېلىشكەن كىشىلەر بولسۇن، ياردەم بېرىشكە قادىر ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشى لازىملىقى.

2) زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا ياردەم قىلىش، زالىمدىن ئۇنىڭ ھەققىنى ئېلىپ ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىش بىلەن بولىدىغانلىقى.

3) مۇباھ ۋە ياخشى ئىشلار ئۈچۈن قەسەم قىلغان كىشىنىڭ قەسىمىنى ئورۇنلىشىغا ياردەم قىلىش كېرەكلىكى.

4) ھەدىستىن مەلۇم بولىدۇكى، كۈمۈش ۋە ئالتۇن قاچىلارنى ئىشلىتىش ھارامدۇر.

5) ئالتۇن ئۈزۈك تاقاش، يىپەك كىيىملەرنى كىيىشنىڭ ئەرلەرگە ھارام ئىكەنلىكى.

## 28 . باب مۇسۇلمانلارنىڭ ئەيىبىنى يېپىش ۋە زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇلارنىڭ ئەيىبلىرىنى ئاشكارىلىماسلىق توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يُحِبُّونَ أَن تَشِيعَ الْفَاحِشَةُ فِي الَّذِينَ آمَنُوا لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ فِي الدُّنْيَا وَالآخِرَةِ﴾ ﴿مۇئمىنلەر ئۈستىدە يامان سۆزلەرنىڭ تارىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر شۈبھىسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە نۇر 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

240. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا يستُرُ عَبْدٌ عبْداً فِي الدُّنْيَا إِلاَّ سَتَرهُ اللَّه يَومَ الْقيامَةِ» « دۇنيادا بەندە بەندىنىڭ ئەيىبىنى ياپسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ ».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇ دۇنيادا بەندىنىڭ ئەيىبىنى ياپقان كىشىنىڭ ئەمەلىگە يارىشا ئەجرىگە ئېرىشىپ، ئاللاھ تائالانىڭ قىيامەت كۈنىدە ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدىغانلىقى، بۇ بولسا



www.munber.org

ئاللاھ تائالانىڭ شۇ كىشىنى سوراق قىلماي تۇرۇپ گۇناھىنى يۇيۇۋېتىدىغانلىقى ياكى گۇناھىنى ھېچكىمگە ئاشكارىلىماي، سوراق قىلىپ ئەپۇ قىلىۋېتىدىغانلىقى بىلەن بولىدىغانلىقى.

**241 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم:** «كُلُّ أُمَّتِي مُعَافًى إِلاَّ المُجاهرينَ، وإِنَّ مِن المُجاهرةِ أَن يعمَلَ الرَّجُلُ بالليلِ عملاً، ثُمَّ يُصبحَ وَقَدْ سَتَرهُ اللَّه عَلَيْهِ فيقُولُ: يَا فلانُ عَمِلْتُ الْبَارِحَةَ كذَا وَكَذَا، وَقَدْ بَاتَ يَسْتره ربُّهُ، ويُصْبحُ يَكْشفُ سِتْرَ اللَّه» **«ئۇممىتىمنىڭ ھەر بىرىنىڭ گۇناھى كەچۈرۈلىدۇ. گۇناھنى ئاپئاشكارا قىلغۇچىلارنىڭكى بولسا كەچۈرۈلمەيدۇ. ئاشكارىلاش دېگەن بىر ئادەم كېچىسى بىرەر گۇناھ ئىشنى قىلغان ۋە ئاللاھ تائالا ئۇنى يوشۇرغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئەتىگىنى تۇرۇپ: ‹ھوي پالانى، ئاخشام مۇنداق ـ مۇنداق ئىشلارنى قىلدىم›، دەپ ئاللاھ يوشۇرغان بۇ ئىشنى ئاشكارىلىشىدۇر».**

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) گۇناھنى ئاشكارىلاشنى مەقسەت قىلىپ ئاشكارىلىغۇچىلارنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقى.

2) ئاللاھ تائالا ياپقاننى ئاشكارىلاش ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغانلىقى. گۇناھقا تەۋبە قىلىپ ياپقان كىشىنىڭ گۇناھىنى ئاللاھنىڭمۇ ياپىدىغانلىقى.

3) گۇناھنى ئاشكارىلاش، ئاللاھنى، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە تەقۋا مۇسۇلمانلارنى كۆزگە ئىلمىغانلىق بولىدىغانلىقى.

4) گۇناھنى ئاشكارىلاش ھارامنىڭ پاسىلىنى بۇزۇش ۋە دىننى مەنسىتمەسلىك بولىدىغانلىقى.

**242 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إِذَا زَنَتِ الأَمةُ فَتبينَ زِناهَا فَليجلدْها الحدَّ، ولا يُثَرِّبْ عَلَيْهَا، ثمَّ إِنْ زَنَتِ الثَّانية فَلْيجلدْها الحدَّ ولا يُثرِّبْ عَلَيْهَا، ثُمَّ إِنْ زَنتِ الثَّالثةَ فَلْيبعَها ولوْ بِحبْلٍ مِنْ شعرٍ» **«ئەگەر چۆرە زىنا قىلسا، ئۇنىڭ زىنا قىلغانلىقى ئېنىق ئاشكارىلانسا، ئۇنى شەرىئەت بويىچە جازالىسۇن، ئۇنى كەمسىتمىسۇن، ئاندىن ئىككىنچى قېتىم يەنە زىنا قىلسا، ئۇنى يەنە جازالىسۇن ۋە ھاقارەت قىلمىسۇن، ئاندىن كېيىن يەنە ئۈچىنچى قېتىم زىنا قىلسا، ئۇنى قىلدىن ئېشىلگەن ئارغامچىغا بولسىمۇ سېتىۋەتسۇن».**

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھەدىستە ئېيتىلغان چۆرىنى سېتىۋېتىشتە چوقۇم چۆرىنىڭ ئىگىسى خېرىدارغا چۆرىنىڭ ئەيىبىنى ئېيتىشى، بۇنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكى.

2) گۇناھ ئۆتكۈزگەن كىشىنى چىرايلىق ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن توغرا يولغا قايتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا رەھىمدىل بولۇش كېرەكلىكى.



www.munber.org

243 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ھاراق ئىچكەن بىر ئادەم كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اضْرِبُوهُ» «ئۇنى ئۇرۇڭلار»، دېدى. ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق دەيدۇ: ئۇنى بەزىمىز قولىمىز بىلەن، بەزىمىز ئاياغلىرىمىز بىلەن ۋە بەزىلىرىمىز كىيىمىمىز بىلەن ئۇردۇق. ئۇ ئادەم كەتكەن چاغدا بەزى كىشىلەر: «ئاللاھ تائالا سېنى رەسۋا قىلغۇتكەي»، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لا تقُولُوا هَكَذا لا تُعِينُوا عليه الشَّيْطان» «ئۇنداق دېمەڭلار، ئۇنىڭغا قارشى شەيتانغا ياردەم بەرمەڭلار»، دېدى.

—— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھاراق ئىچكۈچىنى جازالاشتا قامچا ياكى قول، ياكى كىيىم، ياكى ئاياغ بىلەن ئۇرسا بولىدىغانلىقى.

2) گۇناھكار شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن جازا بىلەن جازالانغاندىن كېيىن توغرا يولدا مېڭىشقا، خورلۇقتىن قۇتۇلۇشقا دۇئا قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭغا يامانلىق تىلەپ دۇئا قىلىشنىڭ شەيتانغا ياردەم بەرگەنلىك بولىدىغانلىقى.

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۇناھ قىلغان كىشىنى تىللىماستىن، قارغىماستىن توغرا مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى. بۇنىڭ ئۇ كىشىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن گۇناھنى تەرك ئېتىشىگە تۈرتكە بولىدىغانلىقى.

## 29 ـ باب مۇسۇلمانلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَافْعَلُوا الْخَيْرَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ ﴿بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلىڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھەج 77 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

244 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «المسلمُ أخو المسلم لا يَظلِمُه ولا يُسْلِمُهُ. ومَنْ كَانَ فِي حاجةِ أخِيهِ كانَ اللَّهُ فِي حاجتِهِ، ومنْ فَرَّجَ عنْ مُسلمٍ كُرْبَةً فَرَّجَ اللَّهُ عنه بها كُرْبَةً من كُرَبِ يومَ القيامةِ، ومن سَتَرَ مُسْلماً سَتَرَهُ اللَّهُ يَومَ الْقِيامَـةِ» «مۇسۇلمانلار ئۆزئارا قېرىنداش، بىر ـ بىرىگە زۇلۇم قىلمايدۇ ۋە بىر ـ بىرىنى تاشلىۋەتمەيدۇ. كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىدىن چىقسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ھاجىتىدىن چىقىدۇ. كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقلىرىنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن قىيامەت كۈنىنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ».

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

245 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «من نَفَّس عن مؤمن كُرْبة منْ كُرب الدُّنْيا، نفَّس اللَّه عنْه كُرْبة منْ كُرَب يوم الْقِيامَةِ، ومنْ يسَّرَ على مُعْسرٍ يسَّرَ اللَّه عليْه في الدُّنْيَا والآخِرةِ، ومنْ سَتَرَ مُسْلِماً سَترهُ اللَّه فِي الدنْيا والآخرة، واللَّه فِي عوْنِ العبْد ما كانَ العبْدُ في عوْن أَخيهِ، ومنْ سلك طَريقاً يلْتَمسُ فيهِ عِلْماً سهَّل اللَّه لهُ به طريقاً إِلى الجنَّة. وما اجْتَمعَ قوْمٌ فِي بيْتٍ منْ بُيُوتِ اللَّه تعالَى، يتْلُون كِتَابَ اللَّه، ويَتَدارسُونهُ بيْنَهُمْ إِلاَّ نَزَلَتْ عليهم السَّكِينةُ، وغَشِيَتْهُمُ الرَّحْمةُ، وحفَّتْهُمُ الملائكَةُ، وذكَرهُمُ اللَّه فيمَنْ عنده. ومنْ بَطَّأَ به عَمَلُهُ لمْ يُسرعْ به نَسَبُهُ» «كىمكى دۇنيا ئىغىرچىلىقلىرىدىن بىر ئىغىرچىلىقنى مۇئمىندىن كۆتۈرۈۋەتسە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن قىيامەت كۈنىنىڭ ئىغىرچىلىقلىرىدىن بىر ئىغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. كىمكى قىيىنچىلىققا ئۇچرىغۇچىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرسە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاسانلىق بېرىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، ئاللاھ تائالامۇ ئۇنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەيىبىنى ياپىدۇ. كىمكى ئۆز قېرىندىشىغا يار - يۆلەك بولىدىكەن، ئاللاھ تائالامۇ ئۇنىڭغا يار - يۆلەك بولىدۇ. كىمكى ئىلىم ئېلىش ئۈچۈن يول ئالسا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. قاچانكى، بىر جامائە ئاللاھ تائالانىڭ ئۆيلىرىدىن بىر ئۆيگە يىغىلىپ، «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇسا ۋە ئۆگەتسە، ئۇلارغا تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك يۇزلىنىدۇ ۋە ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت پەرىشتىلىرى ئورىۋالىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ھوزۇرىدىكىلەرگە ئۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ. ئەمەلى ئارقىدا قالدۇرغان ئادەمنى نەسەبى ئالدىغا چىقىرالمايدۇ».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) قىيىنچىلىقتا قالغان كىشىگە ياردەم بېرىپ، مۇشكۇلىنى ئاسان قىلىشنىڭ ساۋابى.

2) ئىلىم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن تىرىشىشنىڭ چوڭ ساۋاب بېرىلىدىغان ئىش ئىكەنلىكى.

3) « قۇرئان كەرىم »نى ئۆگىنىش ۋە تىلاۋەت قىلىش ئۈچۈن يىغىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەنلىكى.

4) بەندىنىڭ ھەقىقىي بەخت - سائادەتكە نەسەبى بىلەن ئەمەس، بەلكى ياخشى ئەمەللىرى ئارقىلىق ئېرىشىدىغانلىقى.

5) مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشى ئىشلار ئۈستىدە ئۆزئارا ھەمكارلىشىشى ۋە يار - يۆلەكتە بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكى.

www.munber.org

## 30. باب شاپائەت قىلىش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَّن يَشْفَعْ شَفَاعَةً حَسَنَةً يَكُن لَّهُ نَصِيبٌ مِّنْهَا﴾ ﴿كىمكى (كىشىلەر ئارىسىدا) ياخشى (ئىش ئۈچۈن) شاپائەت قىلسا، ئۇنىڭ (ياخشى ئىشتىن) نېسىۋىسى بولىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە نىسا 85 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

246 ـ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا بىرەر ھاجەتمەن كەلسە، ئۇ بىللە ئولتۇرغان كىشىلەرگە قاراپ: «اشْفَعُوا تُؤجَرُوا ويَقْضِي اللَّه عَلَى لِسان نَبِيِّهِ ما أَحبَّ» «شاپائەت قىلىڭلار، ساۋاب تاپىسىلەر، ئاللاھ تائالا ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ تىلى بىلەن ئۆزى ياقتۇرغاننى ھۆكۈم قىلدۇرىدۇ»، دەيتتى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ھاجەتمەننىڭ ھاجىتىدىن چىقىش ـ چىقالماسلىقتىن قەتئىينەزەر ئەجرگە ئېرىشىش ئۈچۈن شاپائەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

247 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بەرىرە ۋە ئۇنىڭ يولدىشىنىڭ ۋەقەسىدە (بەرىرە ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ چۆرىسى بولۇپ، ئائىشە ئۇنى ئازاد قىلىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قۇل ئېرى مۇغىسنىڭ نىكاھىدا داۋاملىق تۇرۇش ـ تۇرماسلىقى بەرىرەنىڭ ئىختىيارىدا بولغان. چۈنكى، چۆرە بىرەر قۇلنىڭ نىكاھىدا تۇرۇقلۇق ئازاد قىلىنسا، ئۇنىڭ نىكاھىنى بىكار قىلىش قىلماسلىقى چۆرىنىڭ ئىختىيارىدا بولىدۇ. — ت) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەرىرەگە: «لَوْ راجَعْتِهِ؟» «ئۇنىڭ بىلەن يارىشىۋالساڭ بولمامدۇ؟»، دېدى. بەرىرە: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ بۇيرۇقمۇ؟»، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «إنَّما أَشْفعُ» «ياراشتۇرۇپ قويااي دەۋاتىمەن»، دېدى. بەرىرە: «مېنىڭ ئۇنىڭغا ھاجىتىم يوق»، دېدى. — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

## 31 . باب كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لاخَيْرَ فِي كَثِيرٍ مِّن نَّجْوَاهُمْ إِلاَّ مَنْ أَمَرَ بِصَدَقَةٍ أَوْ مَعْرُوفٍ أَوْ إِصْلاَحٍ بَيْنَ النَّاسِ﴾ ﴿ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن سۆھبەتلىرىنىڭ تولىسىدا خەيرىيەت يوقتۇر. پەقەت سەدىقىغە ياكى ياخشىلىققا ياكى كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈشكە ئەمىر قىلغان كىشىلەرنىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتى بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە نىسا 114 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

www.munber.org

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالصُّلْحُ خَيْرٌ﴾ ﴿كېلىشىش ئۇزۇلۇپ كېتىشتىن ياخشىدۇر﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە نىسا 128 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاتَّقُواْ اللّهَ وَأَصْلِحُواْ ذَاتَ بِيْنِكُمْ﴾ ﴿ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار، (ئىختىلاپ قىلىشماي ئىتتىپاق بولۇپ) ئاراڭلارنى تۈزەڭلار﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە ئەنفال 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ فَأَصْلِحُوا بَيْنَ أَخَوَيْكُمْ﴾ ﴿مۆئمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە ھۇجۇرات 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

**248** ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كُلُّ سُلامى مِنَ النَّاسِ عَلَيْهِ صَدَقَةٌ كُلَّ يوْمٍ تَطْلُعُ فِيهِ الشَّمْسُ: تَعْدِلُ بيْن الاثْنَيْنِ صَدقَةٌ، وَتُعِينُ الرَّجُلَ فِي دَابَّتِهِ فَتحْمِلُهُ عَلَيْهَا ، أَوْ تَرْفَعُ لَهُ عَلَيْهَا مَتَاعهُ صَدقَةٌ، وَالْكَلِمَةُ الطَّيبَةُ صدقَةٌ، وبكُلِّ خَطْوَةٍ تَمْشِيهَا إِلَى الصَّلاةِ صَدقَةٌ، وَتُمِيطُ الأَذَى عَنِ الطَّرِيقِ صَدَقَةٌ» «قوۋياش چىقىپ تۇرىدىغان ھەر كۈنى ئادەمنىڭ ھەربىر ئۇگىلىرىگە سەدىقە بېرىش لازىم. ئىككى ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادىللىق قىلىشمۇ سەدىقىدۇر. بىر كىشىنىڭ ئۇلىغىغا مىنىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش ياكى ئۇنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى يۈتكىشىپ بېرىشمۇ سەدىقىدۇر. ياخشى سۆزمۇ بىر سەدىقىدۇر. نامازغا ماڭغان ھەر بىر قەدەممۇ بىر سەدىقىدۇر ۋە يولدىن ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان بىرەر نەرسىنى ئېلىۋېتىشمۇ بىر سەدىقىدۇر».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بەندىنىڭ ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن ھەر كۈنى سەدىقە قىلىشى لازىم ئىكەنلىكى، « سەھىھۇل بۇخارى » ۋە « سەھىھۇل مۇسلىم »دىكى يەنە بىر ھەدىستە: « فَإِنْ لَمْ يَفْعَلْ فَلْيمسك عَنِ الشَّرِّ فَإِنَّهُ لَهُ صَدَقَةٌ » « ئەگەر كىشى ئۇلارنى قىلالمىسا، يامانلىقتىن ئۆزىنى تارتىشمۇ سەدىقە ھېسابلىنىدۇ » ، دېيىلگەن. شۈكۈر قىلىش ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرى شۈكۈر ۋاجىپ، بۇ پەرزلەرنى ئادا قىلىش، ھارامنى تەرك ئېتىش بىلەن بولىدۇ. ئىككىنچىسى، شۈكۈر مۇستەھەپ بولۇپ، بۇ زىكىر ـ تەسبىھكە ئوخشاش نەفلى ئىبادەتلەر، باشقىلارغا ياردەم بېرىش، ھەقنى سۆزلەش بىلەن بولىدۇ. ھەدىستە ئىككىنچى تۈردىكى شۈكۈر مۇستەھەپ كۆزدە تۇتۇلغان.

**249** ـ ئۇممۇ كۇلسۇم بىنتى ئۇقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «لَيْسَ الْكَذَّابُ الذي يُصْلحُ بَيْنَ النَّاسِ فَيَنْمي خَيْراً، أَوْ يَقُولُ خَيْراً» «كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈش ئۈچۈن يالغاننى قىلغان ۋە ياكى يالغان گەپ يەتكۈزگەن ئادەم يالغانچى ھېسابلانمايدۇ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: ئۇممۇ كۇلسۇم مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم دەيدۇ: «ئۇرۇشتا، كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈشتە ۋە ئارىنى تۈزەش ئۈچۈن ئەر كىشىنىڭ ئايالىغا، ئايال كىشىنىڭ ئېرىگە يالغان سۆزلىشىگە رۇخسەت قىلغاندىن باشقا، كىشىلەرنىڭ يالغان سۆزلىشىگە رۇخسەت قىلىنمىغان»، دېيىلگەن.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: ئەسلىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يالغانچىلىق ھارام، پەقەت ھەدىستە ئېيتىلغان ئۈچ خىل ئەھۋالدىلا يالغان ئېيتىشقا رۇخسەت قىلىنغان. گاھىدا ئادەمنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇشقا مۇناسىۋەتلىك چاغلاردا يالغان ئېيتىش ۋاجىپمۇ بولۇپ قالىدۇ.

250. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشىك ئالدىدا ئىككى كىشىنىڭ ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى يەنە بىرىدىن ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتىپ گەدىنىدىكى قەرزلەرنىڭ بەزىسىنى كۆتۈرۈۋېتىشىنى ئۆتۈنەتتى. يەنە بىرى بولسا: «ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، ئۇنداق قىلمايمەن»، دەيتتى. ئۇلارنىڭ يېنىغا رەسۇلۇللاھ چىقىپ: «أَيْنَ الْمُتَأَلِّي عَلَى اللّٰه لا يَفْعَلُ المَعْرُوفَ؟» «ياخشىلىق قىلمايمەن دەپ ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەم قىلغان كىشى قېنى؟»، دېدى. ئۇ كىشى: «مەن بولىمەن، ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ كىشى ئۈچۈن قانداق قىلىش ياخشى بولسا شۇنداق قىلاي»، دېدى.

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھەدىستە ئېغىر كۈنگە قالغان قەرزدارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش ۋە گەدىنىدىكى قەرزنى كۆتۈرۈۋېتىشكە رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

2) ياخشى ئەمەللەرنى قىلماسلىققا قەسەم ئىچىشتىن چەكلىگەن ۋە ئازارلىشىپ قالغان ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

251 ـ ئەبۇ ئابباس سەھل ئىبنى سەئد سائىدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەمر ئىبنى ئەۋفنىڭ جەمەتى ئارىسىدا جاڭجال چىققانلىق خەۋىرى يەتتى. رەسۇلۇللاھ ساھابىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئارىسىنى تۈزەش ئۈچۈن چىقتى. رەسۇلۇللاھ ئۇ يەردە ھايال بولۇپ قېلىپ ناماز ۋاقتى بولۇپ قالدى. بىلال ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى ئەبۇ بەكرى! رەسۇلۇللاھ ھايال بولۇپ قالدى، نامازنىڭ ۋاقتى بولدى. سەن كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ بېرەرسەنمۇ؟»، دېدى. ئەبۇ بەكرى: «بولىدۇ، ئەگەر خالىساڭ»، دېدى. بىلال نامازغا تەكبىر ئېيتتى. ئەبۇ بەكرى ئالدىغا ئۆتۈپ نامازغا قۇلاق قاقتى. كىشىلەرمۇ قۇلاق قاقتى. رەسۇلۇللاھ كېلىپ سەپلەرنىڭ ئىچىدىن مېڭىپ ئۆتۈپ، ئالدىنقى سەپكە بېرىپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر چاۋاك چېلىشقا باشلىدى. ئەبۇ بەكرى نامازدا ئەتراپىغا قارىمىدى. كىشىلەر چاۋاك چېلىۋەرگەندىن كېيىن ئەبۇ بەكرى كەينىگە قارىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا

www.munber.org

نامىزىغنى ئوقۇۋەرگىن، دەپ ئىشارەت قىلدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قولىنى كۆتۈرۈپ ئاللاھ تائالاغا ھەمد ئېيتىپ، ئارقىچە كەينىگە يېنىپ، بىرىنچى سەپتە تۇردى. رەسۇلۇللاھ ئالدىغا ئۆتۈپ، كىشىلەرگە نامازنى ئوقۇپ بەردى. رەسۇلۇللاھ نامازدىن فارىغ بولغاندىن كېيىن كىشىلەرگە قاراپ: «أَيُّهَا النَّاسُ مالَكُمْ حِين نَابَكُمْ شَيْءٌ في الصَّلاَةِ أَخذْتمْ فِي التَّصْفيقِ؟ إِنَّما التَّصْفِيقُ لِلنِّسَاءِ. منْ نَابُهُ شيءٌ فِي صلاتِهِ فَلْيَقلْ: سُبْحَانَ اللَّهِ؟ فَإِنَّهُ لا يَسْمعُهُ أَحدٌ حِينَ يَقُولُ: سُبْحانَ اللَّهِ، إِلاَّ الْتَفَتَ. يَا أَبَا بَكْرٍ: ما منعَك أَنْ تُصَلِّيَ بِالنَّاسِ حِينَ أَشرْتُ إِلَيْكَ؟» «ئى خالايىق! سىلەرگە نامازدا بىرەر ئىش بولسا، چاۋاك چالغىنىڭلار نېمىسى، چاۋاك پەقەت ئاياللارغا خاستۇر. بىر كىشىگە نامازدا بىرەر ئىش بولسا «سُبْحَانَ اللهِ» يەنى ئاللاھ تائالا پاكتۇر دېسۇن. قانداق بىر ئادەم «سُبْحَانَ اللهِ»نى ئاڭلىسا قارايدۇ. ئى ئەبۇ بەكرى! مەن ساڭا ئىشارەت قىلغان چاغدا كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بېرىشتىن ساڭا نېمە توسقۇنلۇق قىلدى؟»، دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئەبۇ قۇھافەنىڭ ئوغلى رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بېرىشكە لايىق ئەمەستۇر»، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كىشىلەر ئارىسىنى تۈزەپ قويۇشقا ئالدىراشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، ئىمامنىڭ ئۇلارغا باش بولۇپ شۇنداق قىلىشى كېرەكلىكى.

2) بىر نامازغا ئىككى ئىمامنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىماملىق قىلىشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

3) ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى.

4) ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزرىلىك ئەھۋالدا بەزىبىر ئۇششاق ھەرىكەتلەرنى قىلىشىنىڭ دۇرۇسلۇقى، ئەمما ئۇنىڭ كۆپ بولۇپ كەتمەسلىكى، ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ مەقسىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشارەت قىلىشقا بولىدىغانلىقى.

## 32. باب ئاجىز، نامرات ۋە نامسىز مۇسۇلمانلارنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاصْبِرْ نَفْسَكَ مَعَ الَّذِينَ يَدْعُونَ رَبَّهُم بِالْغَدَاةِ وَالْعَشِيِّ يُرِيدُونَ وَجْهَهُ وَلَا تَعْدُ عَيْنَاكَ عَنْهُمْ تُرِيدُ زِينَةَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا﴾ ﴿سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار (يەنى ئاجىز، كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) بىلەن سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن، ھاياتى دۇنيانىڭ زىبۇزىنىنىتىنى (يەنى مۇشرىكلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ سۆھبىتىنى) دەپ ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە كەھف 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

252 ـ ھارىس ئىبنى ۋەھبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «أَلا أُخْبِرُكُمْ بِأَهْلِ الجَنَّةِ؟ كُلُّ ضَعيفٍ مُتَضَعِّفٍ لَوْ



www.munber.org

أَقْسَمَ عَلَى اللّٰه لأَبرَّه، أَلاَ أُخْبِرُكُمْ بَأَهْلِ النَّارِ؟ كُلُّ عُتُلٍّ جَوَّاظٍ مُسْتَكْبِرٍ» «مەن سىلەرگە ئەھلى جەننەتنى دەپ بېرەيمۇ؟ ئۇلار ئاجىز، بوزەك كىشىلەردۇر. ئەگەر ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ مەرھەمىتىنى ئۈمىد قىلىپ قەسەم قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دېگىنىنى بېرىدۇ. مەن سىلەرگە دوزاخ ئەھلىنى دەپ بېرەيمۇ؟ ئۇلار قوپال، كۆرەڭلەپ ماڭىدىغان، ھاكاۋۇر كىشىلەردۇر».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) قوپاللىق ۋە ھاكاۋۇرلۇقتىن چەكلەش.

2) مۇسۇلمانلارنىڭ كەمتەر، كىچىك پېئىل بولۇش لازىملىقى.

253 ـ ئەبۇ ئابباس سەھل ئىبنى سەئد سائىدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدىن بىر كىشى ئۆتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىدا تۇرغان ئادەمدىن: «ما رَأْيُكَ فِي هَذَا؟» «بۇ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەمگە قانداق قارايسەن؟»، دەپ سورىدى. ئۇ: «بۇ بىر ئېسىلزادە ئادەم. ئاللاھ تائالاغا قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر ئۇ ئۆيلەنمەكچى بولسا، ئەلۋەتتە خوتۇن ئالالايدۇ، ئەگەر شاپائەت قىلسا، ئەلۋەتتە شاپائىتى قوبۇل قىلىنىدۇ»، دېدى. سەھل مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى گەپنى ئاڭلاپ سۈكۈت قىلدى. ئۇنىڭغىچە ئۇنىڭ ئالدىدىن يەنە بىر ئادەم ئۆتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېلىقى يېنىدا ئولتۇرغان ئادەمدىن: «مَا رأْيُكَ فِي هَذَا؟» «بۇ ئادەمگە قانداق قارايسەن؟»، دەپ سورىۋىدى، ئۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ مۇسۇلمانلاردىن بىر پېقىر ئادەم. ئەگەر ئۇ ئۆيلەنمەكچى بولسا، ئەلۋەتتە خوتۇن ئالالمايدۇ. ئەگەر شاپائەت قىلسا، ئەلۋەتتە شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەگەر سۆزلىسە، ئەلۋەتتە باشقىلار ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمايدۇ»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «هَذَا خَيْرٌ منْ مِلءِ الأَرْضِ مِثْلَ هذَا» «بۇ پېقىر ئادەم ھېلىقىدەك سان ـ ساناقسىز ئېسىلزادە ئادەمدىن ياخشى»، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كەمبەغەل، نامسىز كىشىلەرنى كەمسىتمەسلىك كېرەكلىكى، ئۇلارنىڭ باي ۋە شان ـ شۆھرەتلىك كىشىلەردىن ئەۋزەل بولۇشى مۇمكىنلىكى.

2) ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتى «قۇرئان كەرىم»دە ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِندَ اللّٰهِ أَتْقَاكُمْ﴾ ﴿ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر﴾ (سۈرە ھۇجۇرات 13- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگىنىدەك ئۇنىڭ نەسەبى ياكى خەلق ئارىسىدىكى ئابروي ـ ئىناۋىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى تەقۋادارلىقى بىلەن ئۆلچىنىدىغانلىقى.

3) گەرچە نامرات بولسىمۇ، تەقۋادار سالىھ كىشىلەرگە نىكاھلىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەنلىكى.

4) پەقەت بۇ دۇنيادىلا خوجا بولۇپ، ئۈستۈن بولۇشنىڭ مۇسۇلمانلار جامائەسىگە ھېچقانداق پايدىسى يوقلۇقى، ئەكسىچە دۇنيالىقتىن نېسىۋىدار بولالمىغان ئادەم ياخشى ئەمەللەر ۋە تەقۋادارلىق بىلەن ئورنىنى تولدۇرالايدىغانلىقى.



www.munber.org

254 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «احْتَجَّتِ الجَنَّةُ والنَّارُ فقالت النَّارُ: فيَّ الجَبَّارُونَ والْمُتَكَبِّرُونَ، وقَالتِ الجَنَّةُ: فيَّ ضُعفَاءُ النَّاسِ ومسَاكِينُهُم فَقَضَى اللَّهُ بَيْنَهُما: إنَّك الجَنَّةُ رحْمتِي أرْحَمُ بِكِ مَنْ أَشَاءُ، وَإنَّكِ النَّارُ عَذابِي أُعذِّبُ بِكِ مَنْ أَشَاءُ، ولِكِلَيكُمَا عَلَيَّ مِلؤُها» «جەننەت بىلەن دوزاخ مۇنازىرىلىشىپ قالدى. دوزاخ: ‹مەندە زومىگەرلەر ۋە مۇتەكەببىرلەر بار›، دېدى. جەننەت: ‹مەندە كىشىلەرنىڭ ئاجىزلىرى ۋە مىسكىنلىرى بار›، دېدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىپ: ‹جەننەت! سەن مېنىڭ رەھمىتىم، مەن سەن ئارقىلىق خالىغان كىشىلەرگە رەھىم قىلىمەن. دوزاخ! سەن بولساڭ مېنىڭ ئازابىم، سەن ئارقىلىق خالىغان كىشىلەرنى ئازابلايمەن ۋە ئىككىڭلارنى توشقۇزۇش مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم›، دېگەن».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالانىڭ كىشىلەرگە ھەق بىلەن گۇمراھلىق يولىنى ئېنىق بايان قىلىپ كۆرسەتكەندىن كېيىن قايسى يولدا مېڭىشنى ئۇلارنىڭ ئىختىيارىغا قويغانلىقى، كىشىلەرنىڭ بىر تۈركۈمىنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن يامانلىق يولىنى تاللاپ، ئاقىۋەتتە دوزاخقا لايىق بولىدىغانلىقى، يەنە بىر تۈركۈمىنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ياخشىلىق يولىنى تاللاپ، جەننەتكە لايىق بولىدىغانلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ شۇلار بىلەن جەننەت ۋە دوزاخنى تولدۇرىدىغانلىقى.

2) نامرات، ئاجىز مۇئمىنلەرگە جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلگەنلىكى، ھاكاۋۇر، زالىملارغا دوزاخقا كىرىش بىلەن ئازاب ۋەدە قىلىنغانلىقى.

255 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّهُ لَيأْتِي الرَّجُلُ السَّمِينُ العْظِيمُ يَوْمَ الْقِيامةِ لا يـزنُ عِنْد اللَّـه جنَاحَ بعُوضَةٍ» «قىيامەت كۈنى يوغان، سېمىز بىر ئادەم كەلتۈرۈلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئۇنىڭ پاشىنىڭ قانىتىچىلىكمۇ ئېتىبارى بولمايدۇ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: قىيامەت كۈنىدە ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتى تاشقى شەكلى، كۆرۈنۈشى بىلەن ئەمەس، ئەمەللىرى بىلەن بولىدىغانلىقى.

256 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەسجىدنى سۈپۈرىدىغان بىر قارا تەنلىك ئايال بار ئىدى ياكى بىر ياش بالا بار ئىدى (قايسى ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ ئېسىدە يوق). ئۇ يوقاپ كېتىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇ ئايالنى ياكى ياش بالىنى سورىدى. كىشىلەر: «ئۇ ئۆلۈپ كەتتى»، دېيىشتى، رەسۇلۇللاھ: «أَفَلا كُنْتُمْ آذَنْتُمُونِي» «سىلەر نېمىشقا مېنى خەۋەردار قىلىپ قويمىدىڭلار؟»، دېدى. كىشىلەر ئۇنى كىچىك ئىش سانىغاندەك قىلاتتى. رەسۇلۇللاھ: «دُلُّونِي عَلَى قَبْرِهِ» «مېنى ئۇنىڭ تۈپرىقىغا باشلاپ بېرىڭلار»، دېدى.



www.munber.org

كىشىلەر رەسۇلۇللاھنى باشلاپ ئاپاردى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇدى. ئاندىن كېيىن: «إِنَّ هَـذِهِ الْقُبُور مملُوءَةٌ ظُلْمَةً عَلَى أَهْلِهَا، وإِنَّ اللَّه تعالى يُنَوِّرهَا لَهُمْ بِصَلاتِي عَلَيْهِمْ» «ھەقىقەتەن بۇ قەبرىلەر ياتقانلار ئۈچۈن قاراڭغۇلۇق بىلەن توشۇپ كەتكەندۇر. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا مېنىڭ ئۇلارغا ئوقۇغان نامىزىمنىڭ بەرىكىتى بىلەن ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىنى نۇرلاندۇرىدۇ»، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مەسجىدلەرنى تازىلاشنىڭ پەزلى ـ ساۋابى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەمتەرلىكى، دوستلىرى ۋە خىزمەتچىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇرىدىغانلىقى.

3) ياخشى كىشىلەرنىڭ جىنازا نامىزىغا ھازىر بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش، جىنازا نامىزىغا ھازىر بولالمىغان ئادەمنىڭ مېيىت دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن بولسىمۇ، جىنازا نامىزى ئوقۇشقا بولىدىغانلىقى.

**257 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «رُبَّ أَشْعثَ أغبرَ مدْفُوعٍ بالأَبْوَابِ لَوْ أَقْسمَ عَلَى اللَّهِ لأَبرَّهُ» «ئىشىك ئالدىدا تەمتىرەپ يۈرگەن، چاچلىرى پاخپايغان، باش ـ كۆزىنى توپا بېسىپ كەتكەن نۇرغۇن كىشىلەر باركى، ئۇلار ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەم قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قەسىمىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بېرىدۇ».**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە ئەمەس، قەلبى ۋە ئەمەللىرىگە قارايدىغانلىقى.

2) ئىنساننىڭ نىيىتىنى دۇرۇس قىلىشى ۋە ئەمەللىرىنى تۈزەشكە، تاشقى كۆرۈنۈشىگە ۋە كىيىنىشلەرگە ئەھمىيەت بەرگەندىن بەكرەك ئەھمىيەت بېرىشى لازىملىقى.

3) ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتى، تاشقى كۆرۈنۈشى، نەسەب ياكى مال ـ دۇنياسى بىلەن ئەمەس، ئەمەللىرى بىلەن ئۆلچىنىدىغانلىقى.

**258 ـ ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قُمْتُ عَلَى بابِ الْجنَّةِ، فَإِذَا عامَّةُ مَنْ دخَلَهَا الْمَسَاكِينُ، وأَصْحابُ الجَدِّ محْبُوسُونَ غيْر أَنَّ أَصْحاب النَّارِ قَدْ أُمِر بِهِمْ إِلَى النَّارِ. وقُمْتُ عَلَى بابِ النَّارِ فَإِذَا عامَّةُ منْ دَخَلَهَا النِّسَاءُ» «مەن جەننەتنىڭ ئىشىكىدە تۇردۇم. جەننەتكە كىرگەنلەرنىڭ تولىسى مىسكىنلەر ئىكەن، دۆلەتمەنلەر مىسكىنلەردىن كېيىن كىرىش ئۈچۈن توختىتىلىپ قويۇلۇپتۇ. دوزىخىيلار بولسا دوزاخقا كىرىشكە ھۆكۈم قىلىنىپتۇ، مەن دوزاخ ئىشىكىدە تۇردۇم. ئۇنىڭغا كىرگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاياللار ئىكەن».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دوزاخ ۋە جەننەت ئەھلىنىڭ ئەھۋالىدەك غەيب ئىلىمدىن خەۋەر بەرگەنلىكى.

2) مىسكىنلەر ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرنىڭ جەننەت ئەھلى ئىكەنلىكى.

3) قىيامەت كۈنىدە ئىنسانغا ياخشى ئەمەللىرىدىن باشقا، مال ـ دۇنيا ۋە پەرزەنتلەرنىڭ ئەسقاتمايدىغانلىقى.

4) ھەدىستە ئېيتىلغان ئاياللار بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلغانلار، ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغانلار، ياخشىلىق ۋە خەير ـ ئېھساننى ئىنكار قىلغان ئاياللاردۇر.

259 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لَمْ يَتَكَلَّمْ فِي المَهْدِ إلاَّ ثَلاثَةٌ: عِيسى ابْنُ مريَمَ، وصَاحِب جُرَيْجٍ، وكَانَ جُرَيْجٌ رَجُلاً عَابِداً، فَاتَّخَذَ صَوْمَعَةً فكانَ فِيهَا، فَأَتَتْهُ أُمُّهُ وَهَو يُصلي فَقَالَتْ: يا جُرَيْجُ، فقال: يَارَبِّ أُمِّي وَصَلاتِي فَأَقْبلَ عَلَى صلاتِهِ فَانْصرفَتْ فَلَمَّا كَانَ مِنَ الْغَدِ أَتَتْهُ وهُو يُصَلِّي، فقَالَتْ: يَا جُرَيْجُ، فقال: أَيْ رَبِّ أُمِّي وَصَلاتِي. فَأَقْبَلَ عَلَى صَلاتِهِ، فَلَمَّا كَانَ مِنَ الْغَد أَتَتْهُ وَهُو يُصَلِّي فَقَالَتْ: يَا جُرَيْجُ فقال: أَيْ رَبِّ أُمِّي وَصَلاتِي، فَأَقبَلَ عَلَى صَلاتِهِ، فَقَالَتْ: اللَّهُمَّ لا تُمِتْه حَتَّى ينْظُرَ إِلَى وُجُوه المومِسَاتِ. فَتَذَاكَّرَ بَنُو إِسْرائِيلَ جُرَيْجاً وَعِبادَته، وَكَانَتِ امْرَأَةٌ بغِيٌّ يُتَمَثَّلُ بِحُسْنِهَا، فَقَالَتْ: إِنْ شِئْتُمْ لأَفْتِنَنَّهُ، فتعرَّضَتْ لَهُ، فَلَمْ يلْتَفِتْ إِلَيْهَا، فَأَتتْ رَاعِياً كَانَ يَأْوِي إِلَى صومعَتِهِ، فَأَمْكَنَتْهُ مِنْ نفسها فوقع عليْهَا. فَحملَتْ، فَلَمَّا ولَدتْ قَالَتْ: هُوَ جُرَيْجٌ، فَأَتَوْهُ فاسْتنزلُوه وهدَمُوا صومعَتَهُ، وَجَعَلُوا يَضْرِبُونَهُ، فقال: ما شَأْنُكُمْ؟ قالوا: زَنَيْتَ بِهذِهِ الْبغِيِّ فَولَدتْ مِنْك. قال: أَيْنَ الصَّبِيُّ؟ فَجاءَوا بِهِ فقال: دَعُونِي حَتَّى أُصَلِّي فَصلىَّ، فَلَمَّا انْصَرَفَ أَتَى الصَّبِيَّ فَطَعنَ فِي بطْنِهِ وقالَ: يا غُلامُ مَنْ أَبُوكَ؟ قال: فُلانٌ الرَّاعِي، فَأَقْبلُوا على جُرَيْجٍ يُقبِّلُونَهُ وَيَتَمَسَّحُونَ بِهِ وقَالُوا: نَبْنِي لَكَ صومَعَتَكَ مِنْ ذَهَبٍ قال: لا، أَعِيدُوهَا مِنْ طِينٍ كمَا كَانَتْ، فَفَعَلُوا. وَبيْنَا صَبِيٌّ يرْضعُ مِنْ أُمِّهِ، فمَرَّ رَجُلٌ رَاكِبٌ عَلَى دابَّةٍ فَارِهَةٍ وَشَارةٍ حَسَنَةٍ فقالت أُمُّهُ: اللَّهُمَّ اجْعَل ابْنِي مثْلَ هَذَا، فَتَرَكَ الثَّدْيَ وَأَقْبَلَ إِلَيْهِ فَنظَرَ إِلَيْهِ فقال: اللَّهُمَّ لا تَجْعَلْنِي مِثْلهُ، ثُمَّ أَقَبَلَ عَلَى ثَدْيِهِ فَجَعْلَ يَرْتَضِعُ» «بۆشۈكتىكى چېغىدا پەقەت ئۈچلا بوۋاق سۆزلىگەن. ئۇلارنىڭ بىرى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامدۇر، ئىككىنچىسى، جۇرەيجنىڭ ۋەقەلىكىدىكى بوۋاقتۇر، جۇرەيج بولسا بىر ئابىد كىشى ئىدى. ئۇ مەخسۇس ئىبادەتخانىدىن بىرنى سېلىپ شۇ يەردە تۇراتتى. بىر كۈنى ئاپىسى ئۇ ناماز ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتا كېلىپ: «جۇرەيج!»، دەپ چاقىردى. جۇرەيج ئىچىدە: «ئى رەببىم! ئانامغا جاۋاب قايتۇرايمۇ؟ نامىزىمنى داۋاملاشتۇرۇۋېرەيمۇ؟»، دەپ ئاخىر نامىزىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. ئانىسى كېتىپ قالدى. جۇرەيج ئەتىسى يەنە ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئانىسى كېلىپ: «جۇرەيج!»، دەپ چاقىردى. جۇرەيج: «ئى رەببىم! ئانامغا جاۋاب قايتۇرايمۇ؟ ياكى نامىزىمنى ئوقۇۋېرەيمۇ؟»، دەپ ئاخىر نامىزىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. ئەتىسىمۇ بۇ ئەھۋال تەكرارلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئانىسى: «ئى ئاللاھ! جۇرەيج بۇزۇق خوتۇنلارنىڭ يۈزىگە قارىمىغۇچە ئۇنىڭ جېنىنى ئالما (يەنى بىر تۆھمەتكە گىرىپتار بولسۇن)»، دەپ بەد دۇئا قىلدى. بەنى ئىسرائىل قەۋمى ئارىسىدا جۇرەيجنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرى توغرىسىدا گەپ ـ سۆزلەر بولۇپ تۇراتتى. چىرايلىقلىقى بىلەن داڭلىق بىر بۇزۇق خوتۇن بولۇپ، ئۇ: «ئەگەر خالىساڭلار مەن يولدىن چىقىراي»، دەپ جۇرەيجنى



www.munber.org

ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئۆزىگە قاراتماقچى بولدى. جۇرەيج ئۇنىڭ دامىغا چۈشمىدى. بۇ خوتۇن جۇرەيجنىڭ ئىبادەتخانىسى يېنىدا تۇرىدىغان بىر پادىچىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى ئۆزىگە قارىتىۋالدى. پادىچى ئۇنىڭغا چېقىلىپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھامىلىدار بولۇپ قالدى. بالا تۇغۇلغاندا، ئۇ خوتۇن بالىنى «جۇرەيجدىن بولغان»، دەپ تۇرۇۋالدى. كىشىلەر جۇرەيجنى ئىبادەتخانىسىدىن تارتىپ چىقىرىپ، ئىبادەتخانىسىنى چېقىپ، ئۇنى دۇمبالىغىلى تۇردى. جۇرەيج: «بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟ »، دېۋىدى، كىشىلەر: «سەن بۇ خوتۇن بىلەن زىنا قىپتىكەنسەن، سەندىن ئۇ بالىنى تۇغۇپتۇ»، دېدى. جۇرەيج: «قېنى ئۇ بالا؟»، دېدى. بالىنى ئەكېلىشتى. جۇرەيج: «مېنى قويۇپ بېرىڭلار، ناماز ئوقۇۋالاي»، دەپ ناماز ئوقۇدى. نامازنى ئوقۇپ بولۇپ بالىنىڭ يېنىغا كېلىپ، بالىنىڭ قورسىقىغا قولىنى سانچىپ تۇرۇپ: «ئى بالا! ئاتاڭ كىم؟ »، دېۋىدى، بالا: «پالانى پادىچى»، دەپ جاۋاب بەردى. كىشىلەر جۇرەيجنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ، جۇرەيجنى سۆيگىلى ئۇنىڭ قوللىرىنى بەدىنىگە سۈركەپ، تەۋەررۇك قىلغىلى تۇردى. ئۇلار: «ساڭا ئالتۇندىن بىر ئىبادەتخانا سېلىپ بېرەيلى»، دېۋىدى، جۇرەيج: «ياق، مېنىڭ ئىبادەتخانامنى لايدىن قايتا بۇرۇنقىدەك سېلىپ بېرىڭلار»، دېدى. كىشىلەر شۇنداق قىلدى. ئۈچىنچىسى، ئانىسىنى ئېمىۋاتقان كىچىك بالا بار ئىدى. ئۇنىڭ ئانىسى ئېسىل، چىرايلىق ئاتقا مىنىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان، كېلىشكەن بىر كىشىنى كۆرۈپ: «ئى ئاللاھ! بالامنى مۇشۇ كىشىدەك قىلغىن»، دېدى. بالا ئىمىشتىن توختاپ، ھېلىقى كىشىگە قاراپ بېقىپ: «ئى ئاللاھ! مېنى بۇ كىشىدەك قىلمىغىن»، دەپ قويۇپ، ئانىسىنى يەنە ئېمىۋەردى. ئەبۇ ھۇرەيرە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ بالىنىڭ ئېمىشىنى سۆرەتلەپ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ئاغزىغا سېلىپ شوراپ كۆرسەتكەنلىكى ھازىرقىدەك كۆز ئوڭۇمدا تۇرۇپتۇ»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «وَمَرُّوا بِجَارِيَةٍ وَهُمْ يَضْرِبُونَهَا ، وَيَقُولُونَ : زَنَيْتِ سَرَقْتِ، وَهِي تَقُولُ : حَسْبِيَ اللَّهُ وَنِعْمَ الْوكِيلُ. فقالت أُمُّهُ : اللَّهُمَّ لا تَجْعَلْ ابْنِي مِثْلَهَا ، فَتَركَ الرِّضَاعَ وَنَظَرَ إِلَيْهَا فقال : اللَّهُمَّ اجْعَلْنِي مِثْلَهَا ، فَهُنالِكَ تَرَاجَعَا الحَدِيثِ فقالَت : مَرَّ رَجُلٌ حَسنُ الهَيْئَةِ فَقُلْتُ : اللَّهُمَّ اجْعَلْ ابْنِي مِثْلَهُ فَقُلْتَ : اللَّهُمَّ لا تَجْعَلنِي مِثْلَهُ، وَمَرُّوا بِهَذِهِ الأَمَةِ وَهُم يَضْرِبُونَهُا وَيَقُولُونَ : زَنَيْتِ سَرَقْتِ، فَقُلْتُ : اللَّهُمَّ لا تَجْعَلْ ابْنِي مِثْلَهَا فَقُلْتَ : اللَّهُمَّ اجعلْنِي مِثْلَهَا؟ قَالَ : إِنَّ ذلِكَ الرَّجُلَ كَانَ جَبَّاراً فَقُلت : اللَّهُمَّ لا تجْعَلْنِي مِثْلَهُ، وإِنَّ هَذِهِ يَقُولُونَ لها زَنَيْتِ، وَلَمْ تَزْنِ، وَسَرقْت، وَلَمْ تَسْرِقْ، فَقُلْتُ : اللَّهُمَّ اجْعَلْنِي مِثْلَهَا» « ئانا ـ بالا ئىككىسى كىشىلەر: ‹زىنا قىلدىڭ، ئوغرىلىق قىلدىڭ›، دەپ ئۇرۇۋاتقان بىر قىزنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. ئۇ قىز بولسا: ‹ئاللاھ تائالا ماڭا كۇپايىدۇر، ئاللاھ تائالا نېمىدېگەن ياخشى ۋەكىل›، دەيتتى. بۇنى كۆرگەن ئانا: ‹ئى ئاللاھ! بالامنى بۇ قىزدەك قىلىپ قويمىغىن›، دېدى. بالا ئېمىشنى توختىتىپ، ئۇ قىزغا قاراپ: ‹ئى ئاللاھ! مېنى مۇشۇ قىزدەك قىلىپ قويغىن›، دېدى. ئانا ـ بالا ئىككىيلەن بولۇۋاتقان ئىشلار ئۈستىدە گەپ تالىشىپ قالدى. ئانىسى: ‹كېلىشكەن بىر ئادەم ئۆتتۈۋىدى، بالامنى مۇشۇ كىشىدەك قىلساڭ، دەپ دۇئا قىلسام، ئى ئاللاھ! مېنى ئۇ كىشىدەك قىلىپ قويمىغىن دەيسەن، كىشىلەر بىر دېدەكنى زىنا قىلدىڭ،



www.munber.org

ئوغرىلىق قىلدىڭ دەپ ئۇرۇپ دۇمبالىۋىدى، ئى ئاللاھ! بالامنى بۇ قىزدەك قىلىپ قويمىغىن دېسەم، ئى ئاللاھ! مېنى شۇ قىزدەك قىلىپ قويغىن، دەيسەنغۇ؟›، دېگەندە، بالا: ‹سەن دېگەن ھېلىقى ئادەم بولسا زومىگەر كىشى ئىدى. شۇڭا، ئى ئاللاھ! مېنى مۇشۇ كىشىدەك قىلىپ قويمىغىن، دېدىم. كىشىلەر زىنا قىلدىڭ، ئوغرىلىق قىلدىڭ دەپ ئەيىبلىگەن ھېلىقى قىز بولسا، زىنامۇ قىلمىغان، ئوغرىلىقمۇ قىلمىغان پاك قىز ئىدى. شۇڭا، مەن ئى ئاللاھ! مېنى ئاشۇ قىزدەك قىلىپ قويغىن، دېدىم›، دېدى».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) نەفلى ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئانىسى چاقىرسا، دەرھال جاۋاب قايتۇرۇش لازىملىقى، چۈنكى نەفلى ئىبادەت بولسا سۈننەت، ئانىغا جاۋاب قايتۇرۇش ۋاجىپ ئىكەنلىكى.

2) ھەدىستە ئېرلەردىن، ئاياللاردىن بولسۇن، سالىھ، تەقۋا بەندىلەرنىڭ قولىغا ئاللاھ تائالا بەزى كارامەتلەرنى خاس قىلىدىغانلىقى ۋە پەيغەمبەرلەردىن مۆجىزىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىقى.

3) ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ پەزلى ـ ساۋابى.

## 33. باب يېتىم ئوغۇل ۋە يېتىم قىزلارنىڭ بېشىنى سىلاش، مىسكىن، دىلى سۇنۇق كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش، شەپقەت قىلىش، ئۇلار بىلەن كەمتەر مۇئامىلىدە بولۇپ، ئۇلارنى قانات ئاستىغا ئېلىش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاخْفِضْ جَنَاحَكَ لِلْمُؤْمِنِينَ﴾ ﴿مۇئمىنلەرگە كەمتەر بولغىن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھىجر 88 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاصْبِرْ نَفْسَكَ مَعَ الَّذِينَ يَدْعُونَ رَبَّهُم بِالْغَدَاةِ وَالْعَشِيِّ يُرِيدُونَ وَجْهَهُ وَلَا تَعْدُ عَيْنَاكَ عَنْهُمْ تُرِيدُ زِينَةَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا﴾ ﴿سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار (يەنى ئاجىز، كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) بىلەن سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن، ھاياتى دۇنيانىڭ زىبۇزىننەتلىرىنى (يەنى مۇشرىكلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ سۆھبىتىنى) دەپ ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە كەھف 28 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَأَمَّا الْيَتِيمَ فَلاَ تَقْهَرْ وَأَمَّا السَّائِلَ فَلاَ تَنْهَرْ﴾ ﴿يېتىمنى خارلىما، سائىلغا قوپاللىق قىلما﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە زۇھا 9 ـ، 10 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَرَأَيْتَ الَّذِي يُكَذِّبُ بِالدِّينِ ۞ فَذَلِكَ الَّذِي يَدُعُّ الْيَتِيمَ ۞ وَلَا يَحُضُّ عَلَى طَعَامِ الْمِسْكِينِ﴾ ﴿دىنىنى ئىنكار قىلغان ئادەمنى كۆردۇڭمۇ؟ ئۇ يېتىمنى



www.munber.org

دۇشكەللەيدىغان، مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمايدىغان ئادەمدۇر﴾.
(«قۇرئان كەرىم» سۈرە مائۇن 1 ~ 3 ـ ئايەتلەر)

**260** . سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز ئالتە كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدۇق. مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئۇلارنى قوغلىۋەتكىن، ئۇلار بىزلەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىسۇن»، دېدى. ئۇ ئالتە كىشى مەن، ئىبنى مەسئۇد، ھۇزەيل قەبىلىسىدىن بىر كىشى، بىلال ۋە يەنە مەن ئىسمىنى ئاتىمايدىغان ئىككى كىشىدىن ئىبارەت ئىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىدىن ئاللاھ تائالا خالىغان نەرسىلەر كەچتى. دىلىغا كەچكەننى ئۆز ـ ئۆزىگە دەپ كۆردى. شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿ولا تَطْرُدِ الَّذِينَ يَدْعُون رَبَّهُمْ بالْغَداةِ والعَشِيِّ يُريدُونَ وجْهَهُ﴾ ﴿ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن ـ ئاخشامدا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدىغانلارنى يېنىڭدىن قوغلىۋەتمىگىن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەنئام 52 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)
ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كەمبەغەل، مىسكىنلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئىسلام دىنىغا كىرگەن كىشىلەر ئىكەنلىكى.

2) سالىھ، تەقۋادار كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارغا ئازار بېرىدىغان، ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىش لازىملىقى. چۈنكى، ئۇلارغا ئازار بېرىش ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغانلىقى.

3) كىشىلەرنى مال ـ مۈلكى ۋە ئابرۇيى ـ ئىناۋىتىگە ئەمەس، دىنى ۋە ئىمانىغا قاراپ ھۆرمەتلەش، قەدىرلەش كېرەكلىكى.

4) ئىسلام دەۋىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن باشلاپلا ئىسلام دىنىدا كىشىلەرنىڭ ئىنسانىي قىممەتتە باراۋەر ئىكەنلىكى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلانغانلىقى.

5) ئىسلام دىنى ئاللاھ تائالانىڭ جىمىي ئىنسانلارغا چۈشۈرگەن دىنى بولۇپ، بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمدىن مال ـ دۇنيا ۋە شان ـ شۆھرەت بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق ۋە ياخشى ئەمەللەر بىلەن ئارتۇق بولىدىغانلىقى.

**261** ـ ئەبۇ ھۇبەيرە ئائىز ئىبنى ئەمر مۇزەننىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ ھۇبەيرە بولسا رىزۋان بەيئىتىگە قاتناشقانلاردىن ئىدى. سەلمان، سۇھەيب ۋە بىلال قاتارلىق بىر قانچە كىشىنىڭ قېشىغا ئەبۇ سۇفيان كەلدى. ئاندىن ئۇلار: «ئاللاھ تائالانىڭ قىلىچلىرى ئاللاھ تائالانىڭ دۈشمىنىنى تېگىشلىك رەۋىشتە چاپالمىدى»، دېيىشتى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «سىلەر بۇ سۆزنى قۇرەيشنىڭ سەردارى ۋە كاتتىۋېشىغا دەمسىلەر؟»، دېدى. ئاندىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنى بۇ گەپتىن خەۋەرلەندۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يا أبا بَكْر لَعلَّكَ أَغْضَبْتَهُمْ؟ لَئِنْ كُنْتَ أَغْضَبْتَهُمْ لَقَدْ



www.munber.org

أَغْضَبتَ رَبَّكَ؟» «ئى ئەبۇ بەكرى! سەن ئۇلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغان بولۇشۇڭ مۇمكىن، ئۇلارنى غەزەپلەندۈرۈپ قويساڭ، ئاللاھ تائالانى غەزەپلەندۈرۈپ قويغان بولىسەن»، دېدى. ئەبۇ بەكرى ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ: «ئى قېرىنداشلار! سىلەر خاپا بولدۇڭلارمۇ؟ »، دېدى. ئۇلار: «ياق، ئى قېرىندىشىم، ئاللاھ تائالا سېنى مەغفىرەت قىلسۇن»، دېدى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مۇئمىنلەرگە مېھرىبان، مۇلايىم بولۇش لازىملىقى.

2) ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان سەلمان فارىسى، سۇھەيب ۋە بىلالنىڭ يەزلى ۋە ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقى.

3) ئاللاھ تائالا يولىدىكى قېرىنداشلارنىڭ ئۆزئارا بەزىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ياخشى تەرەپكە بۇراپ چۈشىنىدىغانلىقى.

262 - سەھل ئىبنى سەئد سائىدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَنَا وكافلُ الْيتِيمِ في الجَنَّةِ هَكَذَا» «مەن يېتىمنى باققۇچى ئادەم بىلەن جەننەتتە مۇشۇنداق يېقىن تۇرىمەن»، دەپ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنىڭ ئارىسىنى ئېچىپ كۆرسەتكەن. — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

263 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كَافِلِ الْيتيمِ لَهُ أَوْ لِغَيرِهِ. أَنَا وهُوَ كهَاتَيْنِ في الجَنَّةِ» «مەيلى تۇغقىنىنىڭ ياكى يات بولسۇن، يېتىملارنى باققۇچى بىلەن مەن جەننەتتە مۇشۇنداق يېقىن تۇرىمەن»، دېگەن. ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچى مالىك ئىبنى ئەنەس كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنىڭ ئارىسىنى ئېچىپ كۆرسەتكەن.

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) يېتىمنىڭ مال - مۈلكىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ھامىي بولۇشقا رىغبەتلەندۈرگەن.

2) ئىبنى بەتتال مۇنداق دەيدۇ: « بۇ ھەدىسنى ئاڭلىغان ھەر قانداق بىر ئادەم شۇنداق قىلىشقا قىزىقىدۇ، چۈنكى ئاخىرەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمراھى بولۇشتىنمۇ ئەۋزەلرەك ئورۇن يوق » .

264 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لَيْسَ المِسْكِينُ الذي تَرُدُّهُ التَّمْرةُ وَالتَّمْرتَانِ، ولا اللُّقْمةُ واللُّقْمتانِ إِنَّمَا المِسْكِينُ الذي يتَعَفَّفُ» «باشقىلارنىڭ ئالدىدىن بىر - ئىككى تال خورما ۋە بىر - ئىككى لوقما تائام بىلەن قايتقان ئادەم مىسكىن ئەمەس، ھەقىقىي مىسكىن دېگەن تىلەمچىلىكتىن ئۆزىنى تارتقان ئادەمدۇر».

www.munber.org

يەنە بىر رىۋايەتتە: «لَيْسَ المِسْكِينُ الذي يطُوفُ علَى النَّاسِ تَرُدُّهُ اللُّقْمةُ واللُّقْمتَان، وَالتَّمْرَةُ وَالتَّمْرتَانِ، ولَكِنَّ المِسْكِينَ الذي لا يَجِدُ غِنًى يُغْنِيه، وَلا يُفْطَنُ بِهِ فيُتَصدَّقَ عَلَيهِ، وَلا يَقُومُ فَيسْأَلَ النَّاسَ» «كىشىلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر ـ ئىككى لوقما ۋە بىر ـ ئىككى تال خورما بەرسە قايتىپ كېتىدىغان ئادەم مىسكىن ئەمەس، مىسكىن دېگەن ئۆزىنى بىھاجەت قىلغۇدەك بايلىققا ئىگە ئەمەس، لېكىن ئۇنىڭ مىسكىنلىكىنى باشقىلار سەزمەيدىغان، باشقىلار سەدىقىمۇ بەرمەيدىغان، تىلەمچىلىكمۇ قىلمايدىغان كىشىلەردۇر»، دېيىلگەن.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) خەتتابى ۋە باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: ھەدىستە ئېيتىلغان كىشىلەردىن تىلەيدىغان تىلەمچىگە زاكات بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىھاجەت بولۇپ، مىسكىن دەپ ئاتالمايدۇ. بەلكى، كىشىلەردىن ھايا قىلىپ تىلىمەيدىغان كىشى كەمبەغەل پېتى تۇرىۋېرىدۇ، ئەنە شۇ كىشى مىسكىن دەپ ئاتىلىشقا لايىقتۇر.

2) كىشىلەردىن تىلەشنىڭ ياخشى ئىش ئەمەسلىكى.

3) ھەدىستە كىشى ھايالىق بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

265 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «السَّاعِي علَى الأَرْمَلَةِ وَالمِسْكِينِ كَالمُجاهِدِ في سبيلِ اللّه، وَكَالْقائِمِ الّذي لا يَفْتُرُ، وَكَالصَّائِمِ لا يُفْطِرِ» «تۇل خوتۇنلارغا ۋە مىسكىنلەرگە خەير ـ ئېھسان قىلغۇچىغا ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلغۇچىنىڭ ياكى كېچىسى ئىبادەت قىلىپ، كۈندۈزى روزا تۇتقۇچىنىڭ ساۋابى بولىدۇ»، دېيىلگەن.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) تۇل خوتۇن ۋە مىسكىنلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش سەۋر قىلىش، نەپسى ۋە شەيتان بىلەن كۈرەش قىلىش تەلەپ قىلىنىدىغان ئىش بولغاچقا، تۇل خوتۇن ۋە مىسكىنلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغۇچىلار ئاللاھ تائالا يولىدا جىھاد قىلغۇچى مۇجاھىدقا ئوخشىتىلغان.

2) ئاجىزلارنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىنى كۆتۈرۈۋېتىش، ھاجەتلىرىنى ئورۇنلاپ بېرىشكە رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

3) ئىبادەتنىڭ بارلىق ياخشى ئەمەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى.

266 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شَرُّ الطَّعَام طَعَامُ الْوليمةِ، يُمْنَعُها مَنْ يأْتِيهَا، ويُدْعَى إِلَيْهَا مَنْ يَأْبَاهَا، ومَنْ لَمْ يُجِبِ الدَّعْوةَ فَقَدْ عَصَى اللَّه ورَسُولُهُ» «تائامنىڭ يامىنى توينىڭ تائامىدۇر، ئۇنىڭغا كېلىشنى خالايدىغان كىشىلەر (يەنى مىسكىنلەر) چاقىرىلماي، كېلىشنى خالىمايدىغان كىشىلەر (يەنى بايلار) چاقىرىلىدۇ. كىمكى چاقىرغان يەرگە بارمىسا ئاللاھ تائالا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلىغا ئاسىي بولغان بولىدۇ».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

يەنە بىر رىۋايەتتە: «بِئْسَ الطَّعَامُ طَعَامُ الْوَلِيمَةِ يُدْعَى إِلَيْهَا الأَغْنِيَاءُ وَيُتْرَكُ الفُقَرَاءُ» «ئۇنىڭغا بايلار چاقىرىلىپ، كەمبەغەللەر چاقىرىلمىغان تويىنىڭ تائامى ئەڭ يامان تائامدۇر»، دېيىلگەن.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) تويغا چاقىرىلسا بېرىش ۋاجىپ، ئەمما باشقا مۇناسىۋەت بىلەن چاقىرىلغان يەرلەرگە بېرىش مەندۇپتۇر. بىراق شۇ شەرت بىلەن ئىكەنكى، تويدا شەرىئەتتە چەكلەنگەن ھاراق ـ شاراب، ئويۇن ـ تاماشالار بولماسلىقى كېرەك.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىدىن كېيىنكى دەۋرلەردە پەقەت بايلار تويغا چاقىرىلىدىغان بولىدىغانلىقىدىن ئالدىنئالا خەۋەر بەرگەنلىكى.

3) كەمبەغەللەرنىڭ ھالىغا يېتىش، ئۇلارغا مۇلايىم بولۇش كېرەكلىكى.

4) بايلارنى باي بولغىنى ئۈچۈنلا ئۇلۇغلاشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى.

267 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ عَالَ جَارِيَتَيْنِ حَتَّى تَبْلُغَا جَاءَ يَومَ القِيامَةِ أَنَا وَهُو كَهَاتَيْنِ» «كىمكى ئىككى قىزنى بالاغەتكە يەتكۈچىلىك بېقىپ چوڭ قىلسا، قىيامەت كۈنى ئۇ مەن بىلەن مۇشۇنداق كېلىدۇ»، دەپ ئۆزىنىڭ بارماقلىرىنى جۈپلەپ كۆرسەتتى.

ــــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) قىزلارنى بېقىپ، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ پەزلى ـ ساۋابى.

2) قىزلىرىنى ئوبدان تەربىيەلەپ قاتارغا قوشۇشنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ جەننەتكە كىرىش ۋە ئاخىرەتلىك مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ئىش ئىكەنلىكى.

268 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، مېنىڭ قېشىمغا بىر ئايال ئىككى قىزى بىلەن كىرىپ بىر نەرسە سورىدى. مەن بىر خورمىدىن باشقا ھېچ نەرسە تاپالمىدىم. ئۇنى ئايالغا بەردىم. ئۇ ئايال ئۇنى ئوتتۇرىسىدىن ئىككى قىلىپ، ئىككى قىزىغا بەردى. ئۇ ئايال ئۇنىڭدىن يېمىدى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىرگەندە ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى دەپ بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مَنِ ابْتُلِيَ مِنْ هَذِهِ البَنَاتِ بِشَيْءٍ فَأَحْسَنَ إِلَيْهِنَّ كُنَّ لَهُ سِتْراً من النَّارِ» «كىمكى مۇشۇنداق قىزلار بىلەن سىنىلىپ، ئۇ كىشى ئۇلارغا ياخشىلىق قىلغان بولسا، ئۇ قىزلار ئۇ كىشى ئۈچۈن دوزاختىن پەردە بولىدۇ»، دېدى. ــــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: قىزلارنى بېقىپ ئوبدان تەربىيەلەشنىڭ شۇ كىشىنى دوزاختىن ساقلايدىغان، خاتالىقلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىدىغان ساۋابلىق ئىش ئىكەنلىكى.

269 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، مېنىڭ قېشىمغا ئىككى قىزنى كۆتۈرۈۋالغان بىر مىسكىن ئايال كىردى. مەن ئۇنىڭغا ئۈچ تال

www.munber.org

خورما بەردىم. ئۇ ئايال ئىككى قىزىغا بىردىن خورمىنى بەردى. بىرىنى ئۆزى يېيىش ئۈچۈن ئاغزىغا ئاپىرىۋىدى، ئىككى قىز ئۇنىمۇ يېگۈزۈپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى، ئۇ ئايال ئۇنىمۇ ئۇ ئىككىسىگە يېگۈزۈپ قويدى. مەن ئۇنىڭ ئىشىدىن ئەجەبلىنىپ، بۇ ئىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆزلەپ بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إن اللّه قَدْ أَوْجَبَ لَهَا بِهَا الجَنَّةَ، أو أَعْتَقَها بِهَا من النَّارِ» «ھەقىقەتەن شۇ ئىشىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇ ئايالغا جەننەتنى تېگىشلىك قىلدى ياكى ئۇنى دوزاختىن خالاس قىلدى»، دېدى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مۇئمىن ئادەمنىڭ پەرۋەردىگارىغا بولغان ئىمانىنىڭ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىگە ۋە ساۋابىغا بولغان ئىشەنچىسىنىڭ راستلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان سەدىقىنىڭ پەزىلىتى.

2) ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئومۇمىي ۋە ئايرىم رۇخسىتى بويىچە ئېرىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن سەدىقە قىلىشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئايال ۋە ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئوخشاش ئەجىر ـ ساۋابقا ئىگە بولىدىغانلىقى.

3) ئانىنىڭ بالىلىرىغا بولغان چوڭقۇر مېھىر ۋە كۆيۈمچانلىقى.

4) جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەرەبلەر قىز تۇغۇشنى يامان كۆرەتتى. قىز بوۋاقلارنى كۆمۈۋېتىدىغان قەبىھ ئادەت بار ئىدى. ئىسلام دىنى بۇ خىل قەبىھ قىلمىشقا رەددىيە بېرىپ، قىزلارنى ياخشى تەربىيىلەش شۇ كىشىنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە سەۋەب بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

**270. خۇۋەيلىد ئىبنى ئەمرى خۇزائىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «اللَّهُمَّ إِنِّي أُحَرِّجُ حَقَّ الضَّعيفينِ الْيَتِيمِ والمرْأَةِ» «ئى ئاللاھ! مەن يېتىم ۋە تۇل ئايالدىن ئىبارەت ئىككى ئاجىزنىڭ ھەققىگە چېقىلىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرىمەن».** — نەسەئىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) يېتىمغا ۋە تۇل ئايالغا ھەر قانداق رەۋىشتە ئۇۋال قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان.

2) يېتىم ۋە تۇل ئايال ئاجىزلار بولۇپ، ھەممە ئىشلىرىدا ئاللاھ تائالاغا يۆلىنىپ، ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا زۇلۇم قىلغۇچىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە قارشى چىققانلىقى بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدىغانلىقى.

**271 ـ مۇسئەب ئىبنى سەئد ئىبنى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، سەئد ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىلەردىن ئۆزىنى ئۈستۈن چاغلىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «هَل تُنْصرُونَ وتُرزقُونَ إِلاَّ بِضُعفائِكُم» «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاجىز كىشىلەرنىڭ بەرىكاتىدىن ئاللاھ سىلەرگە مەدەت قىلىپ تۇرىدۇ ۋە رىزقىڭلارنى بېرىپ تۇرىدۇ»، دېدى.** — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

272 ـ ئەبۇ دەرداﺋ ئۇۋەيمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «ابْغُونِي في الضُّعَفَاءَ، فَإِنَّمَا تُنْصرُونَ، وتُرْزَقون بِضُعفائِكُمْ» «مېنى ئاجىز كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن تېپىڭلار، ھەقىقەتەن سىلەرگە سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئاجىز كىشىلەرنىڭ بەرىكاتىدىن رىزقى بېرىلىدۇ ۋە مەدەت بېرىلىدۇ». — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاجىزلار دۇنيا مەئىشەتلىرىدىن يىراق، قەلبى دۇنيانىڭ راھەت ـ پاراغەتلىرىدىن خالىي بولغاچقا، ئىبادەتتە تېخىمۇ ئىخلاسمەن ئىكەنلىكى، ھەممە ئىشلىرىدا بىر ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلەيدىغانلىقى.

2) كەمتەر بولۇش، ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن چاغلىماسلىق لازىملىقى.

3) كۆچلۈكلەر ئۆزىنىڭ كۈچى بىلەن، ئاجىزلار ئىخلاسى ۋە ئاللاھ تائالاغا يۆلىنىشى بىلەن ئۈستۈن بولىدىغانلىقى.

## 34 ـ باب ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَعَاشِرُوهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ﴾ ﴿ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە نىسا 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَن تَسْتَطِيعُواْ أَن تَعْدِلُواْ بَيْنَ النِّسَاء وَلَوْ حَرَصْتُمْ فَلاَ تَمِيلُواْ كُلَّ الْمَيْلِ فَتَذَرُوهَا كَالْمُعَلَّقَةِ وَإِن تُصْلِحُواْ وَتَتَّقُواْ فَإِنَّ اللّهَ كَانَ غَفُورًا رَّحِيمًا﴾ ﴿قانچە تىرىشساڭلارمۇ، ئاياللىرىڭلارغا مۇھەببەت ۋە دىلنىڭ مايىللىقىدا باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇشقا ھەرگىز قادىر بولالمايسىلەر، شۇنىڭ ئۈچۈن بىرسىگە پۈتۈنلەي مايىل بولۇپ، ئىككىنچىسىنى ئېرى بار دەپمۇ ئەمەس، يوقتەكمۇ ئەمەس، ئېسىپ قويۇلغان ئايالدەك تاشلاپ قويماڭلار، ئەگەر بۇ جەھەتتىكى قۇسۇرۇڭلارنى تۈزەتسەڭلار (يەنى ئۇلارغا زۇلۇم سېلىشتىن ساقلانساڭلار)، ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە سىلەرگە مەغفىرەت قىلىدۇ، رەھىم قىلىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە نىسا 129 ـ ئايەت)

273 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «استَوْصُوا بِالنِّساءِ خيْراً، فإنَّ المرْأَةَ خُلِقَتْ مِنْ ضِلَعٍ، وَإنَّ أعْوجَ ما في الضِّلعِ أعْلاهُ، فَإنْ ذَهبتَ تُقيمُهُ كَسرْتَهُ، وإنْ تركتَهُ، لمْ يزلْ أعوجَ، فاستوْصُوا بِالنِّسَاءِ» «ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشۇڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن، قوۋۇرغىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قىسمى ئەڭ ئەگرى كېلىدۇ، چۈنكى ئاياللار ئەگرى قوۋۇرغىدىن يارىتىلغان. ئۇنى رۇسلايمەن دېسەڭ، سۇندۇرۇپ قويىسەن، قويۇپ قويساڭ، ئۆز پېتى تۇرىۋېرىدۇ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

يەنە بىر رىۋايەتتە: «المرْأَةُ كالضلعِ إِنْ أَقَمْتَها كسرْتَهَا ، وإِنِ استَمتعْتَ بِهَا ، استَمتعْتَ وفِيها عَوجٌ» « ئايال كىشى قوۋۇرغىغا ئوخشايدۇ، ئۇنى تۈزلەيمەن دېسەڭ، سۇندۇرۇۋالىسەن. ئۇنىڭدىن پايدىلىنىمەن دېسەڭ، ئەگرى پېتى پايدىلىنىۋېرىسەن » ، دېيىلگەن. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

مذسلعمنعث يةنة بعر ر عؤايعتعدة: «إِنَّ المرْأَةَ خُلِقتْ مِن ضِلَعٍ، لَنْ تَسْتقِيمَ لكَ علَى طريقةٍ، فَإِنْ استمتعْتَ بِهَا ، اسْتَمتَعْتَ بِهَا وفِيها عَوجٌ، وإِنْ ذَهَبْتَ تُقيمُها كسرتَهَا ، وَكَسْرُهَا طلاقُها» « ئايال كىشى قوۋۇرغىدىن يارىتىلغان، ساڭا ھەرگىزمۇ ھەمىشە تۈز بولۇپ بېرىۋەرمەيدۇ. پايدىلىنىمەن دېسەڭ، ئەگرى پېتى پايدىلىنىۋېرىسەن، تۈزەيمەن دېسەڭ، ئۇنى سۇندۇرۇۋالىسەن، ئۇ قوۋۇرغىنىڭ سۇنۇشى دېگەن ئايالنىڭ قويۇپ بېرىلىشىدۇر » ، دېيىلگەن.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) تەكرار ھالدا ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشقا تەۋسىيە قىلىش زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئاياللار ئاجىز بولۇپ، ئۆزلىرىگە ھامىي بولىدىغان كىشىگە موھتاج بولىدىغانلىقى.

2) ئاياللارغا كەڭ قورساق، ئەپۇچان ۋە سەۋرلىك بولۇش كېرەكلىكى.

3) ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللارغا كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە غەمخورلۇق قىلىشى جەمئىيەتنىڭ ساغلاملىقى، نورماللىقىنى ساقلاش ئۈچۈن ئىكەنلىكى.

4) ئەرلەر ئاياللارغا قارىغاندا سەۋرلىك، كۆتۈرۈشلۈك بولغاچقا، ئۇلارنى ئاياللارنىڭ بەزىبىر كەمچىلىك ـ ئەيىبلىرىنى كۆتۈرۈش ۋە كەچۈرۈۋېتىش كېرەكلىكى.

274 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى زەمئەتە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇتبىسىنى ئاڭلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسىنى ۋە ئۇنى ئۆلتۈرگەن كىشىنى تىلغا ئېلىپ: ﴿إِذِ انْبعثَ أَشْـقَاهَا﴾ ﴿ئـەينى ۋاقىتتا سـەمۇدنىڭ ئـەڭ بەدبـەخ ئـادىمى تۆگـىنى ئۆلتۈرۈشكە ئـالدىرىدى﴾ (« قۇرئان كەرىم » سۈرە شەمس 12 ـ ئايەت)، دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ، ئۇنىڭغا ئالدىرىغان كىشى نوپۇزلۇق ئادەم بولۇپ، ئۇ كىشىلەر ئارىسىدىكى ھەم كۈچلۈك ھەم ئەسكى ئادەم ئىدى، دەپ شەرھلىدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئاياللارنى تىلغا ئېلىپ، ئۇلار توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى ۋە: «يعْمِدُ أَحدكُمْ فيجْلِدُ امْرأَتَهُ جلْد الْعَبْدِ فلَعلَّهُ يُضاجعُهَا مِـنْ آخِـرِ يومِـهِ» « سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى بىرىڭلار ئۆزىنىڭ ئايالىنى قۇللارنى قامچىلىغاندەك قامچىلىماقچى بولىدۇ. كەچ كىرگەندە ئۇ ئايالى بىلەن بىر تۆشەكتە بىللە بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن » ، دېدى. ئاندىن يەل قويۇپ بەرگەن كىشىنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىپ: «لِـمَ يضـحكُ أَحَدَكُـمْ مِمَّـا يفعـلُ؟» « سىلەرنىڭ بىرىڭلار نېمە ئۈچۈن ئۆزىمۇ سادىر قىلىپ قويىدىغان ئىش توغرىسىدا زاڭلىق قىلىپ كۈلىدۇ! » ، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئايال ھەددىدىن ئېشىپ ئېرىغا بۇيۇنتاۋلۇق قىلسا، ئېرى ئۇنىڭغا چىرايلىقچە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشى، ئەگەر بۇ كار قىلمىسا، ئاندىن يەڭگىل ئۇرۇپ قويۇشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى، ئەمما ئايالىنىڭ سۆڭىكىنى سۇندۇرۇۋېتىدىغان، ئۇنى جاراھەتلەندۈرىدىغان دەرىجىدە ئۇرماسلىقى، شۇنداقلا ئايالىنىڭ يۈزى ۋە بېشىغا ئۇرۇشتىن ساقلىنىش كېرەكلىكى.

**275 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:** «لا يَفْرَكْ مُؤْمِنٌ مُؤْمِنَةً إِنْ كَرِه مِنها خُلقاً رضِيَ مِنْها آخَرَ» **«بىر مۇئمىن ئادەم يەنە بىر مۇئمىن ئايالنى يامان كۆرمىسۇن، ئۇنىڭدا ئۇ كىشى ياقتۇرمايدىغان ئەخلاقتىن بىرسى تېپىلسا، ياقتۇرىدىغان ئەخلاقتىنمۇ بىرسى تېپىلىپ قالىدۇ».**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەرنىڭ ئۆز ئايالىنى يامان كۆرۈشىدىن چەكلىگەن، چۈنكى ئۇ ئايالىنىڭ بىرەر خۇلقىنى ياقتۇرمىغان بولسا، ئۇ ئايالدا ياخشى كۆرىدىغان باشقا خۇلقمۇ تېپىلىپ قالىدۇ.

2) مۇئمىننىڭ ئايالى بىلەن بىرەر ئىش ئۈستىدە تالىشىپ قالغاندا، ئالدىراقسانلىق بىلەن ۋاقىتلىق ھېسسىياتىغا ئەمەس، ئەقلىگە تايىنىپ ھۆكۈم چىقىرىشى لازىملىقى.

**276 ـ ئەمرى ئىبنى ئەھۋەس جۇشەمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەججەتۇل ۋەدادا مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم:** «أَلا واسْتَوْصوا بِالنِّساءِ خَيْراً، فَإِنَّمَا هُنَّ عَوانٍ عِنْدَكُمْ لَيس تَمْلكُونَ مِنْهُنَّ شَيْئاً غيْرَ ذلِكَ إِلاَّ أَنْ يأْتِينَ بِفَاحشةٍ مُبيِّنةٍ، فإِنْ فعلْنَ فَاهْجُروهُنَّ في المضَاجعِ، واضْرِبُوهنَّ ضَرْباً غيْر مُبرِّحٍ، فإِنْ أَطعنَكُمْ فَلا تَبْغُوا عَلَيْهِنَّ سبيلا، أَلا إِنَّ لَكُمْ عَلَى نِسائِكُمْ حَقًّا، ولِنِسائِكُمْ عَلَيْكُمْ حقًّا، فَحَقُّكُمْ عَلَيْهِنَّ أَن لا يُوطِئْنَ فُرُشكمْ منْ تَكْرهونَ، وَلا يأْذَنَّ في بُيُوتكمْ لِمن تكْرهونَ، أَلا وحقُّهُنَّ عَلَيْكُمْ أَن تُحْسنُوا إِليْهنَّ في كِسْوتِهِنَّ وَطعامهنَّ» **«ئاگاھ بولۇڭلار! ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار، ھەقىقەتەن ئۇلار سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا قولۇڭلارغا چۈشكەن ئەسىرگە ئوخشايدۇ. سىلەر ئۇلاردىن ئاشۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرگە ئىگە بولالمايسىلەر، ئەگەر ئۇلار ئوچۇق ـ ئاشكارا بىرەر يامان ئىش سادىر قىلسا، ئۇلار بىلەن بىر تۆشەكتە ياتماڭلار، ئۇلارنى قاتتىق ئۇرماڭلار، ئەگەردە سىلەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇلارنى بوزەك قىلماڭلار. ئاگاھ بولۇڭلاركى، سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلارنىڭ ئۈستىدە ھەققىڭلار بار، ئاياللىرىڭلارنىڭمۇ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا ھەقلىرى بار. سىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى ھەققىڭلار، يات كىشىلەرنى تۆشەكلىرىڭلارغا يولاتماسلىق ۋە يات كىشىلەرنى ئۆيىگە كىرىشكە رۇخسەت قىلماسلىق. ئاگاھ بولۇڭلار، ئۇلارنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى ئۇلارنى كىيىم ـ كېچەك ۋە يېمەك ـ ئىچمەكتە ياخشى تەمىنلەشتۇر».**

— تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئايالنىڭ ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز يات كىشىلەرنى ئۆيىگە كىرگۈزۈشىنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكى.

2) ئايالى ئېرىغا بويۇنتاۋلۇق قىلمىغان ئەھۋالدا ئەرنىڭ ئۆز ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا يارىشا ئايالىنى يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلىشىنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكى.

**277 ـ مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدەتە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن: «ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ئايالىرىمىزنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى ھەققى نېمە؟ »، دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «أن تُطْعمَها إِذَا طَعِمْتَ، وتَكْسُوهَا إِذَا اكْتَسيْتَ ولا تَضْرِبِ الْوَجهَ، وَلا تُقَبِّحْ، ولا تَهْجُرْ إِلاَّ في الْبَيْتِ» **«تاماق يېگەن چېغىڭدا تاماق بىلەن تەمىنلىگىن، كىيىم كىيگەن چېغىڭدا كىيىم بىلەن تەمىنلىگىن ۋە ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرمىغىن، ئۇنى سەتلىمىگىن، نورمال مۇئامىلىدە بولغىن، زۆرۈر تېپىلغاندا بىر تۆشەكتە بولماستىن ئۆيدىن باشقا يەرگە تاشلاپ كەتمىگىن»، دېدى.**

ـــ ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) يۈزنىڭ ھۆرمىتى بولغاچقا، يۈزگە ئۇرۇشتىن ساقلىنىش لازىملىقى.

2) ئايالىنى سەت گەپلەر بىلەن ھاقارەتلىمەسلىك كېرەكلىكى.

3) ئايالى ھەددىدىن ئېشىپ، ئېرىغا بويۇنتاۋلۇق قىلسا، ئۇنىڭ بىلەن بىر تۆشەكتە ياتماسلىق ئايالىنى ئەدەبلەشتىكى بىر ۋاستە ئىكەنلىكى.

**278 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «أَكْمَلُ الْمُؤْمنِين إِيمَاناً أَحْسنُهُمْ خُلُقاً، وَخِيارُكُمْ خيارُكم لِنِسَائِهِم» **«مۇئمىنلەر ئىچىدىكى ئەخلاقلىقلىرى ئىمانى ئەڭ كامىل كىشىلەردۇر. سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئاياللىرىڭلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلىرىڭلار ئەڭ ياخشى كىشىلەردۇر».**

ـــ تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەرلەرنىڭ ئايالىغا مۇئامىلە قىلىشتا ئوچۇق چىراي بولۇشى، سەۋرچانلىق بىلەن ئىش تۇتۇشى، ئازار بەرمەسلىكى ۋە ياخشىلىق قىلىشى كېرەكلىكى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدىكىلەرگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇلارغا ئەڭ سەۋرچانلىق بىلەن ئىش كۆرىدىغانلىقى.

**279 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ زۇباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «لاَ تَضْرِبُوا إِمَاءَ اللَّهِ» **«ئاللاھ تائالانىڭ ئايال بەندىلىرىنى ئۇرماڭلار». ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئاياللار ئەرلەرگە يوغانلىق قىلىدىغان بولۇپ كەتتى»، دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۇرۇشقا رۇخسەت قىلدى. ئاندىن كېيىن نۇرغۇن ئاياللار ئەرلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، پەيغەمبەر**

ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كېلىشكە باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لَقَدْ أَطَافَ بِآلِ بَيْتِ مُحمَّدٍ نِساءٌ كَثِيرٍ يشْكُونَ أَزْوَاجَهُنَّ لَيْسَ أُولِئك بخِيارِكُمْ» «نۇرغۇن ئاياللار ئەرلىرىنى شىكايەت قىلىپ، مۇھەممەدنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرىدۇ، ئاشۇ ئاياللارنى رەنجىتكەنلەر ياخشى كىشىلەر ھېسابلانمايدۇ»، دېدى.

— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئۇرۇش ۋاستىسىنى قوللىنىش كەڭ قورساق بولۇش، ئەپۇچان بولۇشتەك گۈزەل خۇلقنىڭ ئەكسىچە قارنى ـ كۆكسىنىڭ تارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەرگىزمۇ ئايالىنى ۋە خىزمەتچىسىنى ئۇرغان ئەمەس».

2) ئۇرۇشنىڭ ئەر ـ ئايال ئارىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەتكە تەسىر يەتكۈزىدىغانلىقى، ياخشى سۆز، ۋەز ـ نەسىھەت، بىر تۆشەكتە ياتماسلىق قاتارلىق ۋاستىلەر كار قىلمىغاندا قوللىنىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ۋاستە ئىكەنلىكى.

280. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الدُّنْيَا مَتَاعٌ، وَخَيْرُ مَتاعهَا المَرْأَةُ الصَّالحَةُ» «دۇنيا دېگەن ۋاقىتلىق پايدىلىنىدىغان نەرسىدۇر. دۇنيادىكى پايدىلىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ياخشى ئايالدۇر».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەرنىڭ ياخشى، توغرا يوللۇق ئايالنى خوتۇنلۇققا تاللىشى ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا بەختلىك بولۇشىغا ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشىغا ياردەم بەرگۈچى سەۋەب بولىدىغانلىقى.

## 35. باب ئەرنىڭ ئايالىنىڭ ئۈستىدىكى ھەققى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الرِّجَالُ قَوَّامُونَ عَلَى النِّسَاء بِمَا فَضَّلَ اللّهُ بَعْضَهُمْ عَلَى بَعْضٍ وَبِمَا أَنفَقُواْ مِنْ أَمْوَالِهِمْ فَالصَّالِحَاتُ قَانِتَاتٌ حَافِظَاتٌ لِّلْغَيْبِ بِمَا حَفِظَ اللّهُ﴾ ﴿ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن، (يەنى ئەرلەرنى كۈچ ـ قۇۋۋەت، غازاتقا چىقىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاياللاردىن) ئارتۇق قىلغانلىقىدىندۇر ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل ـ ماللىرىنى سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر، (يەنى ئاياللارنىڭ نەپىقىسى ئەرلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكىدىندۇر) ياخشى ئاياللار ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، ئەرلىرى يېنىدا بولمىغان چاغلاردا ئاللاھ تائالانىڭ پاناھىدا ئەرلىرىنىڭ ھەقلىرىنى ساقلىغۇچىلاردۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە نىسا 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)



www.munber.org

**281 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إِذَا دعَا الرَّجُلُ امْرأَتَهُ إِلَى فِرَاشِـهِ فلَمْ تَأْتِـهِ فَبَات غَضْبانَ عَلَيْهَا لَعَنتهَا الملائكَةُ حَتَّى تُصْبحَ» **«ئەر كىشى ئۆزىنىڭ ئايالىنى بىللە بولۇشقا تۆشەككە چاقىرسا، ئايال ئۇنىماي، ئەر خاپا بولۇپ يېتىپ قالسا، پەرىشتىلەر ئۇ ئايالغا تاڭ ئاتقۇچە لەنەت ئوقۇيدۇ».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**يەنە بىر رىۋايەتتە:** «إِذَا بَاتَتْ المَرْأَةُ هَاجِرَةً فِرَاشَ زَوْجهَا لَعنتْهَا المَلائِكَةُ حَتَّى تُصْبِحَ» **«ئەگەر بىر ئايال ئۆزىنىڭ ئېرى بىلەن بىللە بولۇشتىن باش تارتىپ يېتىپ قالسا، پەرىشتىلەر ئۇ ئايالغا تاڭ ئاتقۇچە لەنەت ئوقۇيدۇ»، دېيىلگەن.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**يەنە بىر رىۋايەتتە:** «والَّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ مَا مِن رَجُلٍ يَدْعُو امْرَأَتَهُ إِلَى فِرَاشِهِ فَتَأْبَى عَلَيْهِ إِلاَّ كَانَ الَّذي في السَّماءِ سَاخِطاً عَلَيْهَا حَتَّى يَرْضَى عَنْها» **«جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئەگەر بىر ئەر ئايالىنى تۆشەككە چاقىرسا، ئايال ئۇنىمىسا ئاسماندىكى ھەممىنى ياراتقۇچى زات ئۇ ئايالغا غەزەپ قىلىدۇ، تاكى ئۇ ئەر ئۇ ئايالدىن رازى بولمىغۇچىلىك»، دېيىلگەن.**

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئايالىنىڭ ئۆزرىلىك بولمىغان ئەھۋالدا ئېرىگە ئىتائەت قىلىشى لازىملىقى، ئۆزرىسىز ھالدا ئېرىنى رەت قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىپ قويىدىغان گۇناھ ئىكەنلىكى.

2) ئايالىنىڭ ئېرىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشى ئەرنىڭ بىرەر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويۇشىغا سەۋەب بولۇپ قالىدىغانلىقى.

**282 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «لا يَحلُّ لامْرَأَةٍ أَنْ تَصُومَ وَزَوْجُهَا شَاهِدٌ إِلا بِإِذْنِهِ، وَلا تَأْذَنْ في بَيْتِهِ إِلاَّ بِإِذنِهِ» **«ئېرى يېنىدا بار ھالەتتە ئۇنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ (نەفلى) روزا تۇتۇش ئايال كىشىگە دۇرۇس بولمايدۇ ۋە بىر كىشىنى ئەرنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆيىگە كىرىشكە رۇخسەت قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئايالىنىڭ ئېرىنىڭ رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ نەپلى روزا تۇتۇشى ھارام ئىكەنلىكى، چۈنكى بۇنىڭدا ئەرنىڭ ئايالى ئۈستىدىكى ھەققى زايە بولۇپ كېتىدىغانلىقى.

2) ئايالىنىڭ ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز يات ئادەمنى ئۆيىگە كىرگۈزۈشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكى.

**283 - ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «كُلُّكُمْ راعٍ، وكُلُّكُمْ مسئولٌ عنْ رعِيَّتِهِ، والأَمِيرُ رَاعٍ، والرَّجُلُ راعٍ علَى أَهْلِ

www.munber.org

بَيْتِهِ، والمرْأَةُ راعِيةٌ على بيْتِ زَوْجِها وولَدِهِ، فَكُلُّكُمْ راعٍ، وكُلُّكُمْ مسئولٌ عنْ رعِيَّتِهِ» «سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى، سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىشلار توغرۇلۇق سوراق قىلىنىسىلەر. خەلىفىمۇ پادىچى. ھەر بىر ئادەممۇ ئۆز ئەھلىگە پادىچىدۇر ۋە ئايال كىشىمۇ ئېرىنىڭ ئۆيىگە ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىغا پادىچى، سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى، سىلەرنىڭ ھەممىڭلار ئۆز پادىلىرىڭلاردىن سوراق قىلىنىسىلەر». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) جەمئىيەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيىتى بارلىقى.

2) ئايالنىڭ ئېرىگە ئىتائەتلىك بولۇشى، ئېرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئوبدان ساقلىشى كېرەكلىكى.

3) ئەر ـ ئايال ئىككىسى ھاياتتىكى ھەمراھلار بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئۆز ئۈستىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ۋە بىر ـ بىرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشى لازىملىقى.

**284 ـ تەلق ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِذَا دعا الرَّجُلُ زَوْجَتَهُ لِحَاجَتِهِ فَلْتَأْتِهِ وإِنْ كَانَتْ عَلَى التَّنُّور» «ئەگەر بىر ئەر ئۆزىنىڭ ئايالىنى ھاجىتى ئۈچۈن چاقىرسا، ئۇ ئايال تونۇر بېشىدا بولسىمۇ كەلسۇن». — تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەرنىڭ ئايالى ئۈستىدىكى ھەققىنىڭ چوڭلۇقى.

2) ئايالنىڭ ئۆز ئىمكانىيىتى دائىرىسىدە ئاللاھ تائالا ۋاجىپ قىلغان ئىشلاردا ئېرىغا ئىتائەت قىلىشى ۋە رازى قىلىشى لازىملىقى.

**285 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لَوْ كُنْتُ آمِراً أَحَداً أَنْ يسْجُدَ لأَحدٍ لأَمَرْتُ المرْأَةَ أَنْ تَسْجُدَ لِزَوْجِهَا» «ئەگەر مەن بىر كىشىنى يەنە بىر كىشىگە (ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن) سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان بولسام، شەكسىز ئايال كىشىنى ئېرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيتتۇم». — تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشى ۋە ئېرىغا ئىتائەت قىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى.

2) پەقەت ئاللاھلا بەندە سەجدە قىلىشقا لايىق زات ئىكەنلىكى.

**286 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «أَيُّما امرأَةٍ ماتَتْ وزوْجُهَا عنها راضٍ دخَلَتِ الجَنَّةَ» «قانداق بىر ئايال ئېرى ئۇنىڭدىن رازى بولغان ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسە، جەننەتكە كىرىدۇ». — تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئايال مۇئمىن ھالدا ۋاپات بولسا، ئېرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان، ئۇنى رازى قىلغان بولسا، جەننەتكە كىرىدىغانلىقى، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ شۇ ئايالنىڭ گۇناھلىرىنى مەغفىرەت قىلغانلىقى ياكى ئۇنىڭدىن رازى بولغانلىقىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىنلىكى.

**287 ـ مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «لا تُؤْذِي امْرَأَةٌ زَوْجَهَا في الدُّنْيا إلاَّ قالَتْ زَوْجَتُهُ مِنَ الحُورِ الْعِينِ لا تُؤْذِيه قَاتلَكِ اللَّه، فَإِنَّمَا هُو عِنْدَكِ دخِيلٌ يُوْشِكُ أنْ يُفارِقَكِ إِلَينا» **«ئەگەر بىر ئايال بۇ دۇنيادا ئېرىغا ئەزىيەت يەتكۈزسە، ئۇ ئەرنىڭ (ئۇ دۇنيادىكى) ھۆر پەرىلەردىن بولغان ئايالى (ئۇ ئايالغا): ‹ئۆلگۈر، ئۇنىڭغا ئەزىيەت يەتكۈزمە، ئۇ سېنىڭ قېشىڭدا بىر مېھماندۇر، ئۇ سېنىڭدىن ئايرىلىپ بىزلەرنىڭ قېشىمىزغا كېلىدىغانغا ئازلا ۋاقىت قالدى›، دەيدۇ».**

— ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئايال كىشىنىڭ ناھەق ھالدا ئېرىغا ئازار بېرىشىدىن ئاگاھلاندۇرۇلغان.

**288 ـ ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «ما تركْتُ بعْدِي فِتْنَةً هِي أَضَرُّ عَلَى الرِّجالِ: مِنَ النِّسَاءِ» **«مەن ئەرلەرگە ئاياللاردىن قاتتىقراق بىر سىناقنى قويۇپ كەتمىدىم».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئەرلەر ئاياللارغا مايىل بولىدىغانلىقى ۋە شۇ سەۋەبلىك بەزى گۇناھلارنى ئۆتكۈزۈپ قويىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئەرلەرنى ئاياللار بىلەن سىناش ئۇلارغا نىسبەتەن ئېغىر سىناق ھېسابلىنىدىغانلىقى.

## 36 . باب خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىغا خىراجەت بېرىش توغرىسىدا

**ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:** ﴿وَعلَى الْمَوْلُودِ لَهُ رِزْقُهُنَّ وَكِسْوَتُهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ﴾ **﴿ئاتا ـ ئانىلار قائىدە بويىچە يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇش كېرەك﴾.**
(«قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 233 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

**ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:** ﴿لِيُنفِقْ ذُو سَعَةٍ مِّن سَعَتِهِ وَمَن قُدِرَ عَلَيْهِ رِزْقُهُ فَلْيُنفِقْ مِمَّا آتَاهُ اللَّهُ لَا يُكَلِّفُ اللَّهُ نَفْسًا إِلَّا مَا آتَاهَا﴾ **﴿باي ئادەم (ئايالىنى ۋە بالىسىنى) ئۆزىنىڭ بايلىقىغا يارىشا تەمىنلىسۇن، رىزقى تار قىلىنغان ئادەم ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا بەرگىنىگە يارىشا تەمىنلىسۇن (يەنى ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا يارىشا خىراجەت قىلسۇن)، ئاللاھ تائالا ئىنساننى پەقەت تاقىتى يېتىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىدۇ (يەنى پېقىر ئادەمنى بايىنى تەكلىپ قىلغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ)﴾.**
(«قۇرئان كەرىم» سۈرە تالاق 7 ـ ئايەت)

www.munber.org

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أَنفَقْتُم مِّن شَيْءٍ فَهُوَ يُخْلِفُهُ﴾ ﴿(ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا) بەرگەن نەرسەڭلارنىڭ ئورنىنى ئاللاھ تائالا تولدۇرۇپ بېرىدۇ﴾. (‹‹قۇرئان كەرىم›› سۈرە سەبەئ 39 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

289 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ‹‹دِينَارٌ أَنْفَقْتَهُ في سبيلِ اللَّه، وَدِينَارٌ أَنْفَقتَهُ في رقَبَةٍ، ودِينَارٌ تصدَّقْتَ بِهِ عَلَى مِسْكِينٍ، وَدِينَارٌ أَنْفقْتَهُ علَى أَهْلِكَ، أَعْظمُهَا أَجْراً الَّذي أَنْفَقْتَهُ علَى أَهْلِكَ›› ‹‹ئاللاھ تائالا يولىدا بىر دىنارنى سەرپ قىلساڭ، قۇل ئازاد قىلىشتا بىر دىنار سەرپ قىلساڭ، مىسكىنگە بىر دىنار سەرپ قىلساڭ، ئائىلەڭگە بىر دىنار سەرپ قىلساڭ، مۇشۇلارنىڭ ئىچىدىن ئائىلەڭگە سەرپ قىلغان دىنارىڭنىڭ ساۋابى ئەڭ كاتتا بولىدۇ››. ــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئۆز ئائىلىسىگە خىراجەت قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋە جايىدا خىراجەت قىلىش ئىكەنلىكى، چۈنكى بۇ ۋاجىپ بولۇپ، باشقا يەرلەرگە پۇل ـ مال سەرپ قىلىش مەندۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، پەرز زاكات بۇنىڭ سىرتىدا.

290. رەسۇلۇللاھنىڭ خىزمەتچىسى ئەبۇ ئابدۇرەھمان سەۋبان ئىبنى بۇجدۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ‹‹أَفْضَلُ دِينَارٍ يُنْفِقُهُ الرَّجُلُ دِينَارٌ يُنْفِقُهُ عَلَى عِيالِهِ، وَدِينَارٌ يُنْفِقُهُ عَلَى دابَّتِهِ في سبيلِ اللَّه، ودِينَارٌ يُنْفِقُهُ علَى أَصْحابه في سبِيلِ اللَّهِ›› ‹‹بىر كىشىنىڭ سەرپ قىلغان دىنارلىرى ئىچىدە ئەجرى ئەڭ كاتتا بولىدىغىنى ئائىلىسىگە سەرپ قىلغان دىناردۇر. ئاللاھ تائالا يولىدا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئاتاپ قويغان ئۇلاغقا خەجلىگەن دىناردۇر ۋە ئاللاھ تائالا يولىدا بۇرادەرلىرىگە سەرپ قىلغان دىناردۇر››. ــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: تۆرلۈك يوللارغا سەرپ قىلىنغان پۇل ـ مالنىڭ ساۋابىنىڭ تەرتىپى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆز ئائىلىسىگە خەجلىگەن خىراجەتنىڭ ساۋابىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىكەنلىكى.

291 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن: ‹‹ئى رەسۇلۇللاھ! ئەبۇ سەلەمەنىڭ بالىلىرىنى باققانلىقىمغا ساۋاب بولامدۇ؟ مەن ئۇلارنى جان بېقىش كويىدا تەرەپ ـ تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن ھالەتتە تاشلاپ قويمىدىم. ئۇلار مېنىڭمۇ بالىلىرىمدۇر››، دېدى. رەسۇلۇللاھ: ‹‹نَعَمْ لَكِ أَجْرُ ما أَنْفَقْتِ علَيهِم›› ‹‹شۇنداق، ئۇلار ئۈچۈن تارتقان چىقىملىرىڭغا ساڭا ساۋاب بولىدۇ››، دېدى.

ــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: گەرچە ئانا بالىلىرىغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتى تۈپەيلىدىن ئۇلارغا چىقىم قىلىپ باقسىمۇ، مۇشۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئانىغا ساۋاب بولىدىغانلىقى.

www.munber.org

**292 ـ سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «وَإِنَّكَ لَنْ تُنْفِقَ نَفَقَةً تَبْتَغِي بِهَا وَجهَ اللَّه إلاَّ أُجِرْتَ بها حَتَّى ما تَجْعَلُ في في امرأَتِكَ» «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى تىلەپ بىرەر نەپىقە بەرسەڭ ئۇنىڭ ساۋابىنى تاپىسەن، ھەتتاكى ئايالىڭنىڭ ئاغزىغا سالغان بىرەر لوقما ئۈچۈنمۇ ساۋاب تاپىسەن».** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئەرنىڭ ئايالىغا قىلغان نەپىقىسى ئۈچۈنمۇ ئۇ كىشىگە ساۋاب بېرىلىدىغانلىقى، ھېچقانداق ساۋابمۇ ياكى گۇناھمۇ بولمايدىغان مۇباھ ئىشلار ياخشى نىيەت بىلەن ئېلىپ بېرىلسا تائەت ـ ئىبادەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدىغانلىقى.

**293 ـ ئەبۇ مەسئۇد بەدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِذَا أَنْفَقَ الرَّجُلُ على أَهْلِهِ نفقَةً يحْتَسِبُها فَهِي لَهُ صدقَةٌ» «مۇسۇلمان ئادەم ئاللاھ تائالانى كۆزدە تۇتقان ھالدا ئائىلىسىگە خىراجەت قىلسا، ئۇنىڭغا سەدىقە بەرگەننىڭ ساۋابى بولىدۇ».** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**294 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كَفَي بِالمرْءِ إِثْماً أَنْ يُضَيِّعَ مَنْ يقُوتُ» «بىر كىشىنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق بولغان كىشىلەرنىڭ خىراجىتىنى بەرمەسلىكى يېتەرلىك گۇناھتۇر».** — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

**مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كَفَي بِالمرْءِ إِثْماً أَنْ يَحْبِسَ عَمَّنْ يملِكُ قُوتَهُ» «بىراۋنىڭ ئۆزىگە تەۋە كىشىلەرنىڭ خىراجىتىنى ئۈزۈپ قويۇشى يېتەرلىك گۇناھتۇر»، دېگەن، دېيىلگەن.**

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئۆزىگە قاراشلىق كىشىلەرگە نەپىقە بېرىشتە بېخىللىق قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان.

2) ئەرنىڭ ئايالى، بالا ـ چاقىلىرى، شۇنىڭدەك خىزمەتچىگە ئوخشاش كىشىلەرگە مەسئۇل بولۇشى كېرەكلىكى.

**295 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَا مِنْ يومٍ يُصْبِحُ الْعِبَادُ فِيهِ إِلاَّ ملَكَانِ يَنْزلانِ، فَيقولُ أَحدُهُما: اللَّهُمَّ أَعْطِ مُنْفِقاً خَلفاً، ويَقولُ الآخَرُ: اللَّهُمَّ أَعْطِ مُمْسِكاً تَلَفاً» «كىشىلەرگە ھەر كۈنى ئاسماندىن ئىككى پەرىشتە چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ بىرى: «ئى ئاللاھ! سېخىي ئادەمگە ئۇنىڭ خەير ـ ئېھسان قىلىپ بەرگىنىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بەرگىن»، دەيدۇ. يەنە بىرى: «ئى ئاللاھ! بېخىلنىڭ مېلىنى تىرىپىسەن قىلىۋەتكىن»، دەيدۇ.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: سخىي ئادەمگە خەير ـ ئېھسان قىلغان مېلى ئۈچۈن تېخىمۇ زىيادە ئاتا قىلىشقا دۇئا قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى. شۇنداقلا نەپىقە بېرىشكە تېگىشلىك كىشىلەرگە بېخىللىق قىلغان ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىنى تېرىپسەن قىلىۋېتىشكە دۇئا قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

**296 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الْيَدُ الْعُلْيا خَيْرٌ مِنَ الْيدِ السُّفْلَى وابْدَأْ بمن تَعُولُ، وَخَيْرُ الصَّدَقَةِ مَا كَانَ عَنْ ظَهْرِ غِنَى، ومَنْ يَسْتَعِففْ، يُعِفَّهُ اللَّهُ، ومَنْ يَسْتَغْنِ يُغْنِه اللَّهُ» «ئۈستۈنكى قول (بەرگەن قول) ئاستىنقى قولدىن (ئالغان قولدىن) ياخشىدۇر. بېرىشتە، ئۆزۈڭگە يېقىن كىشىلەردىن باشلا. ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن ئاشقاننى بېرىش ئەڭ ياخشى سەدىقىدۇر. كىمكى ئىپپەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئىپپەتلىك قىلىدۇ. كىمكى بىھاجەتلىكنى تەلەپ قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇنى بىھاجەت قىلىدۇ».**

—— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كىشىلەر تۆت دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ. ئەڭ ئەۋزىلى باشقىلارغا خەير ـ ئېھسان قىلىپ، پۇل ـ مال بەرگۈچى ئادەم، ئۇنىڭدىن قالسا باشقىلاردىن بىرەر نەرسە ئېلىشتىن ئۆزىنى تارتىدىغان ئادەم، ئۇنىڭدىن قالسا كىشىلەردىن تىلىمىگەن، بەرگەننى ئالغان ئادەم، ئۇنىڭدىن قالسا سوراپ ئالغۇچى تىلەمچىدۇر.

2) بىرەر نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن سورىغان كىشىگە ئاللاھ تائالانىڭ بېرىدىغانلىقى، ئىپپەت ـ ھايا ۋە قانائەت سالىھ مۇئمىننىڭ سۈپىتى ئىكەنلىكى.

3) كىشىنىڭ ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرگە خىراجەت قىلىپ ئېشىنغاندىن كېيىن قىلغان سەدىقىسىنىڭ ئەڭ ياخشى سەدىقە ئىكەنلىكى.

## 37 ـ باب ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرىنى سەرپ قىلىش ۋە ياخشىلىرىنى بېرىش توغرىسىدا

**ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَن تَنَالُواْ الْبِرَّ حَتَّى تُنفِقُواْ مِمَّا تُحِبُّونَ﴾ ﴿ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغۇچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر﴾.** («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال ئىمران 92 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

**ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ أَنفِقُواْ مِن طَيِّبَاتِ مَا كَسَبْتُمْ وَمِمَّا أَخْرَجْنَا لَكُم مِّنَ الأَرْضِ وَلاَ تَيَمَّمُواْ الْخَبِيثَ مِنْهُ تُنفِقُونَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئېرىشكەن نەرسەڭلارنىڭ ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەر (يەنى ئاشلىقلار، مېۋىلەر)نىڭ ياخشىسىدىن سەدىقە قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارمۇ پەقەت كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئالىدىغان ناچارلىرىنى ئېلىپ سەدىقە قىلماڭلار﴾.** («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 267 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

www.munber.org

297 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىدىكى ئەنسارىيلارنىڭ ئىچىدە خورمىلىق بېغى ئەڭ كۆپ كىشى ئىدى ۋە ماللىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەبۇ تەلھە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىگە قاراپ تۇرىدىغان بەيرۇھا دېگەن بېغى ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇ باغقا كىرىپ باغنىڭ شېرىن سۈيىنى ئىچەتتى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَنْ تَنَالُوا الْبِرَّ حتَّى تُنْفِقُوا مِمَّا تُحِبُّونَ﴾ ﴿ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلارنى سەرپ قىلمىغۇچە ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال ئىمران 92 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)، دېگەن ئايەت نازىل بولغان چاغدا، ئەبۇ تەلھە ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ تائالا ساڭا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى. بەيرۇھا مېنىڭ مۈلكۈم ئارىسىدىكى ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك ۋە قىممەتلىكتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئەسقاتىدىغان قۇرامساق مال بولۇپ قالسۇن دەپ ئۇنى سەدىقە قىلىمەن. ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى ئاللاھ تائالا ساڭا كۆرسەتكەن يەرگە ئىشلەتكىن»، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «بَخٍ، ذلِكَ مَالٌ رَابحٌ، ذلِكَ مَالٌ رَابِحٌ، وَقَدْ سمِعْتُ مَا قُلْتَ، وَإِنِّي أَرَى أَنْ تَجْعَلَهَا في الأَقْرَبِينَ» «پاھ. پاھ! نېمە دېگەن پايدىلىق مال بۇ! نېمە دېگەن پايدىلىق مال بۇ! مەن سېنىڭ دېگەن سۆزۈڭنى ئاڭلىدىم. مەن ئۇنى ئۆز يېقىنلىرىڭغا بېرىشىڭنى مۇناسىپ كۆرىمەن»، دېدى. ئەبۇ تەلھە: «شۇنداق قىلاي»، دەپ ئۇنى خىش ـ ئەقرىبالىرىغا ۋە تاغىسىنىڭ باللىرىغا تەقسىم قىلىپ بەردى.

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەڭ ياخشى، شۇنداقلا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان مالدىن سەرپ قىلىشنىڭ پەزلى ـ ساۋابى.

2) ساھابىلەرنىڭ پەزلى، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى دەرھال ئورۇنلاشقا ئالدىرايدىغان تەقۋالىقى، ئاخىرەتتە ئۈستۈن ئورۇنغا ئېرىشىشكە بولغان ھېرىسمەنلىكى.

3) پەزىلەت ئىگىلىرىگە مىراسنى تەقسىم قىلىش، ياخشىلىق يوللىرىغا سەدىقە قىلىش ۋەزىپىسىنى ھاۋالە قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

4) خىش ـ ئەقرىبا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلاردىن موھتاج كىشىلەر بولسا، ئەنە شۇلار خەير ـ ئېھسان قىلىشقا ئەڭ لايىق كىشىلەر ئىكەنلىكى، ئۇلاردىن قالسا باشقىلار ئىكەنلىكى.

www.munber.org

## 38 . باب ئۆزىنىڭ ئەھلى ـ ئەۋلادلىرىنى، ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتكەن باللىرىنى ۋە باشقا قول ئاستىدىكىلىرىنى ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇش، چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىشتىن توسۇش ۋە ئۇلارغا ئەدەب ـ ئەخلاق ئۆگىتىش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِالصَّلَاةِ وَاصْطَبِرْ عَلَيْهَا﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە ئۇممىتىڭنى) نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشتا چىداملىق بولغىن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە تاھا 132 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قُوا أَنفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى دوزاختىن ساقلاڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە تەھرىيم 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

**298 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەلىنىڭ ئوغلى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەدىقە قىلىنغان بىر خورمىنى ئاغزىغا سېلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «كُخْ كُخْ، إِرْمِ بِهَا، أَما عِلِمْتَ أَنَّا لا نأْكُلُ الصَّدقةَ؟» «ھاي ـ ھاي، خورمىنى چىقىرىپ تاشلىۋەت، سەن بىزنىڭ سەدىقە يېمەيدىغانلىقىمىزنى بىلمەمسەن»، دېدى.**

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كىشىنىڭ ئۆز ئائىلىسىدىكى ۋە ئۆزىگە قاراشلىق ئادەملەرنى ھارامدىن چەكلەش، ئۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈش كېرەكلىكى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسى ۋە ئۇرۇق ـ ئەۋلادىغا سەدىقە ۋە زاكات ئېلىش ھارام قىلىنغانلىقى، ئۇلارغا ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنىڭ بەشتىن بىرىنى ئېلىش ھالال قىلىنغانلىقى.

3) ئىش ئۈستىدىكىلەرنىڭ زاكاتنى يىغىشى ھەمدە ئۇنى ئېلىشقا ئەڭ ھەقلىق كىشىلەرگە تارقىتىپ بېرىشى، بۇلارنى ئەستايىدىللىق ۋە ئىشەنچلىك رەۋىشتە ئادا قىلىشى كېرەكلىكى.

**299 ـ رەسۇلۇللاھنىڭ تەربىيىسىدە بولغان ئەبۇ ھەفسى ئۆمەر ئىبنى ئەبۇ سەلەمە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلئەسەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەربىيىسىدە تۇرۇۋاتقان بالا ئىدىم. تاماق يەۋاتقان چاغدا قولۇم لېگەندە چېپىپ يۈرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يا غُلامُ سمِّ اللَّهَ تعالى، وَكُلْ بِيمِينِكَ، وكُل ممَّا يليكَ» «ئى بالا! ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى بىلەن باشلىغىن، دەپ ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ ئالدىدىن يېگىن»، دېگەن. شۇنىڭدىن بۇيان تاماق يېيىش ئۇسۇلۇم ھامان رەسۇلۇللاھ دېگەندەك بولۇپ كەلدى.**

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەرزەنتلەرنى ئىسلام ئەدەب ـ ئەخلاقلىرى بىلەن تەربىيىلەش، ئۇلارنىڭ خاتالىق، سەۋەنلىكلىرىنى ۋاقتىدا كۆرسىتىپ تۈزىتىشكە يېتەكلەش لازىملىقى.



www.munber.org

2) تاماق يېيىشتە رىئايە قىلىدىغان ئەدەب شۇكى، «بسم الله» دەپ باشلاش، ئوڭ قول بىلەن يېيىش، باشقىلارنىڭ ئالدىدىن ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئالدىدىن يېيىش، ئۆلىمالار مېۋە ـ چېۋە يېگەن ياكى تاماقتا بىللە بولغان كىشى ئۇنىڭ ئالدىدىن يېيىشكە رازى بولغاندىن باشقا چاغدا يۇقىرىقى ئەدەبلەرگە رىئايە قىلىش كېرەك، دەپ بىرلىككە كەلگەن.

3) ساھابىلەرنىڭ بىردەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ، سۈننەتكە ئەگىشىدىغانلىقى، ھەتتا كىچىكلەرنىڭمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەسلىكى.

**300. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:** «كُلُّكُمْ راعٍ، وكُلُّكُمْ مسئولٌ عنْ رعِيَّتِهِ، والأِمَامُ رَاعٍ، ومسئولٌ عَنْ رَعِيَّتِهِ، والرَّجُلُ رَاعٍ في أَهْلِهِ ومسئولٌ عَنْ رَعِيَّتِهِ، والمرْأَةُ راعِيةٌ في بيْتِ زَوْجِهَا ومسئولة عنْ رعِيَّتِهَا، والخَادِمُ رَاعٍ في مالِ سيِّدِهِ ومسئولٌ عَنْ رَعِيَّتِهِ، فكُلُّكُمْ راعٍ ومسئولٌ عنْ رعِيتِهِ» **«سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى ۋە سىلەرنىڭ ھەممىڭلار ئۆز پادىلىرىڭلار توغرۇلۇق سوراق قىلىنىسىلەر، خەلىفىمۇ پادىچى، ئۇلار ئۆز پۇقرالىرى توغرۇلۇق سورىلىدۇ ۋە ئەر كىشىمۇ پادىچى، ئۇ بالا ـ چاقىلىرى توغرۇلۇق سورىلىدۇ ۋە ئايال كىشىمۇ پادىچى، ئۇ ئېرىنىڭ ئۆيى ۋاقىسى، بالا ـ چاقىسى توغرۇلۇق سورىلىدۇ ۋە خىزمەتچىمۇ پادىچى، ئۇ خوجايىنىنىڭ ماللىرى توغرۇلۇق سورىلىدۇ، دېمەك سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى بولۇپ، ئۆز پادىلىرىڭلار توغرۇلۇق سورىلىسىلەر».**

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىسلام دىنىدا ھەر بىر ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى دىنىي بۇرچ ئىكەنلىكى، كىمكى مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلمايدىكەن، بۇ دۇنيادا قانۇن ئالدىدا جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدىغانلىقى، قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ تائالا ئالدىدا بۇنىڭ ئۈچۈن ھېساب بېرىلىدىغانلىقى. ئىسلامدا مەيلى چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن، ھەممە جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئۆزىگە لايىق مەسئۇلىيىتى بولىدىغانلىقى.

2) دادا بولغۇچىنىڭ بالىلىرىنى ئوبدان تەربىيىلەپ، توغرا يولغا باشلىشى باش تارتىپ بولماس مەسئۇلىيەت ئىكەنلىكى.

**301 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «مُرُوا أَوْلادكُمْ بِالصَّلاةِ وهُمْ أَبْنَاءُ سبع سِنِينَ، واضْرِبُوهمْ علَيْهَا وَهُمْ أَبْنَاءُ عَشْرٍ، وفرَّقُوا بيْنَهُمْ في المضَاجعِ» **«بالىلىرىڭلار يەتتە ياشقا كىرگەندە، ئۇلارنى ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار، ئۇلار ئون ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇمىسا، ئۇلارنى ئۇرۇڭلار ۋە ئۇلارنى يېتىپ ـ قوپۇشتا ئۆزئارا ئايرىۋېتىڭلار».**

ـــ ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاتا ـ ئانا بولغۇچىنىڭ بالىلىرىغا كىچىكىدىن باشلاپ نامازنىڭ ئەھكاملىرىنى، ئەھمىيىتىنى ئۆگىتىشى، ئۇلارنى ناماز ئوقۇشقا ئادەتلەندۈرۈش كېرەكلىكى.

www.munber.org

2) ئاتا ـ ئانىنىڭ باللىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە، پىتنە ـ پاسات قوزغايدىغان نەرسىلەردىن يىراق قىلىشى، بولۇپمۇ بالاغەتكە يېتىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان پەرزەنتلىرىگە ئەۋرەتنى ئېچىشنىڭ ھاراملىقىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلار بىلەن ئايرىم يېتىش، ئەگەر ئىمكانىيىتى بولسا، ھەر بىر بالىغا بىردىن ئايرىم ھۇجرا قىلىپ بېرىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىنىڭ ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتىش ۋە ئۆگىنىش ۋاقتىنىڭ يەتتە ياش بولىدىغانلىقى، بالاغەت يېشىنىڭ ئون ياشتىن باشلىنىدىغانلىقى، بالاغەت يېشىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بايان قىلىنغان.

**302 ـ ئەبۇ سۈرەييە سەبرە ئىبنى مەئبەد جۇھەننى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «عَلِّمُوا الصَّبِيَّ الصَّلاةَ لِسَبْعِ سِنِينَ، وَاضْرِبُوهُ علَيْهَا ابْنَ عشْرِ سِنِينَ» «باللىرىڭلار يەتتە ياشقا كىرگەندە، ئۇلارغا ناماز ئوقۇشنى ئۆگىتىڭلار، ئۇلار ئون ياشقا كىرگەندە ئوقۇمىسا ئۇرۇڭلار».**

— ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەرنى توغرا يولغا باشلاشتا ئالدى بىلەن ئۆزلىرى ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىپ ئۈلگە بولۇشى كېرەكلىكى، ئاتا ـ ئانا بولغۇچى ئۆزى ناماز ئوقۇماي تۇرۇپ باللىرىدىن ناماز ئوقۇشنى تەلەپ قىلىشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدىغانلىقى، شۇنداقلا ئۇستاز ـ تەربىيىچىلەرنىڭ ئالدى بىلەن ئۆزى گۈزەل ئەخلاقلىق، ئەھكاملارنى تولۇق بىرلىدىغان ۋە ئادا قىلىدىغان بولغاندىلا، ئاندىن ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلىگىلى بولىدىغانلىقى.

## 39 . باب قوشنىلارنىڭ ھەققى ۋە قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا

**ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاعْبُدُواْ اللّهَ وَلاَ تُشْرِكُواْ بِهِ شَيْئًا وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا وَبِذِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَالْجَارِ ذِي الْقُرْبَى وَالْجَارِ الْجُنُبِ وَالصَّاحِبِ بِالجَنبِ وَابْنِ السَّبِيلِ وَمَا مَلَكَتْ أَيْمَانُكُمْ﴾ ﴿ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ ئاناڭلارغا، خىش ـ ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن ـ يىراق قوشنىلارغا، ياندىكى ھەمراھقا (سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا)، مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل ـ چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە نىسا 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)**

**303 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَا زَالَ جِبْرِيلُ يُوصِينِي بِالجارِ حتَّى ظَنَنتُ أَنَّهُ سيُوَرِّثُهُ» «جىبرىئىل ماڭا قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىۋەرگەچكە، قوشنىلارنى بىر ـ بىرىگە مىراسخور قىلامدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ھەققىنىڭ چوڭلۇقى، بۇنى ئادا قىلىش كېرەكلىكى.

2) ھەدىستە قوشنىنىڭ ھەققىنى ۋەسىيەت ئارقىلىق تەكىتلەش، قوشنىلارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلار بىلەن ئىناق دوستانە ئۆتۈش، ئۇلارغا زىيان يېتىپ قېلىشتىن ساقلىنىش، ئاغرىپ قالغاندا يوقلاش، خۇشاللىقىدا تەبرىكلەش، مۇسىبىتىدە تەزىيە بىلدۈرۈش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**304 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «يَا أَبَا ذرّ إِذا طَبَخْتَ مَرَقَةً، فَأَكْثِرْ مَاءَها، وَتَعَاهَدْ جِيرَانَكَ» **«ئى ئەبۇ زەر! ئەگەر سەن شورپا قىلساڭ، ئۇنىڭ سۈيىنى كۆپەرەك قىل ۋە قوشنىلىرىڭغىمۇ سۇنغىن».**

**يەنە بىر رىۋايەتتە: مېنىڭ دوستۇم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ماڭا تەۋسىيە قىلىپ:** «إِذا طبخْتَ مَرَقاً فَأَكْثِرْ مَاءَهُ ثُمَّ انْظُرْ أَهْلَ بَيْتٍ مِنْ جيرانِكَ، فَأَصِبْهُمْ مِنْهَا بِمعْرُوفٍ» **«ئەگەر شورپا قىلساڭ، سۈيىنى كۆپەرەك قىل، قوشنىلىرىڭنىڭ ئۆيىگە قاراپ بېقىپ، ئۇلارغىمۇ شورپىدىن سۇنغىن»، دېگەن، دېيىلگەن.** —— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: قوشنىلارغا تاماق سۇنۇشنىڭ ياخشى پەزىلەت ئىكەنلىكى.

**305 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «وَاللَّهِ لا يُؤْمِنُ، وَاللَّهِ لا يُؤْمِنُ، وَاللَّهِ لا يُؤْمِنُ» **«ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، كامىل مۇئمىن بولغان بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، كامىل مۇئمىن بولغان بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، كامىل مۇئمىن بولغان بولمايدۇ»، دېگەن. «ئى رەسۇلۇللاھ! كىم كامىل مۇئمىن بولمايدۇ؟ »، دەپ سورالغاندا، ئۇ:** «الَّذي لا يأْمنُ جارُهُ بَوَائِقَهُ» **«قوشنىلىرىغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشتىن ئۆزىنى ساقلىمىغان ئادەم»، دېگەن.** —— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە:** «لا يَدْخُلُ الجنَّة مَنْ لا يأْمنُ جارُهُ بوَائِقهُ» **«قولۇم ـ قوشنىلىرىغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشتىن ئۆزىنى ساقلىمىغان ئادەم جەننەتكە كىرەلمەيدۇ»، دېگەن، دېيىلگەن.**

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھەدىستە قوشنىلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان. ئۇلارنى بىرەر يامانلىقتىن قوغداش ئىماننىڭ كامىللىقى ۋە گۈزەل ئەخلاق ھېسابلىنىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن.

2) قوشنىلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشنىڭ كىشىنى كۇفرىلىققا، دوزاخقا ئېلىپ بارىدىغان خەتىرىنى بايان قىلغان.

**306 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «يَا نِسَاءَ الْمُسلِمَاتِ لا تَحْقِرَنَّ جارَةٌ لجارتِهَا وَلَوْ فِرْسَنَ



www.munber.org

شَاةٍ» «ئى مۇسۇلمان ئاياللار! ھەقەمسايىلىرىڭلارغا قوينىڭ تۇۋقى چاغلىق نەرسە بولسىمۇ ئاز كۆرمەي سۇنۇڭلار». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: قوشنىلار ئارا ئاز بولسىمۇ ئۆزئارا سوۋغات بېرىشنىڭ ياخشى ئىش ئىكەنلىكى.

**307 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا يَمْنَعْ جارٌ جارَهُ أَنْ يغْرِزَ خَشَبَةً في جِدارِهِ» «كىشى ئۆزىنىڭ تېمىغا قوشنىسىنىڭ ياغاچ قويۇۋېلىشىنى توسمىسۇن». ئاندىن ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە نېمە بولدى؟ مەن سىلەرنى بۇ سۈننەتتىن يۈز ئۆرىگەن ھالدا كۆرۈۋاتىمەنغۇ؟ ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇ سۈننەتنى سىلەرنىڭ زىممەڭلارغا يۈكلەيمەن (يەنى بۇ ئامانەت ئىلمىنى سىلەرگە يەتكۈزۈپ، ئۆزۈمنى مەسئۇلىيەتتىن قۇتقۇزىمەن)». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) قوشنىلارنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىشىشى، كەڭ قورساق بولۇپ، ئۆزئارا ئەپۇ قىلىشى لازىملىقى. بىر ـ بىرىگە زىيان يەتكۈزمىگەن ھالدا زۆرۈر بولغاندا، بەزى ھوقۇقتىن ۋاز كەچسە ھېچنېمە بولمايدىغانلىقى.

2) كىشىنىڭ قوشنىسىغا پايدىلىق بولغان، شۇنداقلا ئۆزىگىمۇ زىيان يەتكۈزمەيدىغان ئىشلاردىن قوشنىسىنى توسماسلىقى لازىملىقى.

3) قوشنىلارنىڭ ھەمكارلىشىپ، ئىناق ئۆتۈشى ئۆزئارا قېرىنداشلىق ۋە جەمئىيەت ھەمكارلىقىنىڭ ئالامەتلىرىدىن ئىكەنلىكى.

**308 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ كَانَ يُؤْمِنُ باللَّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ، فَلا يُؤْذِ جَارَهُ، وَمَنْ كَانَ يُؤْمِنُ باللَّهِ والْيَوْمِ الآخِرِ، فَلْيُكرِمْ ضَيْفَهُ، وَمَنْ كَانَ يُؤْمنُ باللَّهِ وَالْيومِ الآخِرِ، فَلْيَقُلْ خَيْراً أَوْ لِيَسْكُتْ» «كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، قولۇم ـ قوشنىسىغا ئەزىيەت يەتكۈزمىسۇن، كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن مېھمىنىنى ھۆرمەتلىسۇن، كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى سۈكۈت قىلىپ تۇرسۇن». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) قوشنىلارغا ئەزىيەت يەتكۈزۈش ھارام بولۇپ، ئىماننىڭ كامىللىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغانلىقى.

2) مېھمانلارنى ئىززەتلەش لازىملىقى.

3) غەيۋەت، سۇخەنچىلىككە ئوخشاش گەپ سۆزدىكى ھارامدىن ساقلىنىش لازىملىقى.

4) سۆز قىلىش پايدىسىز بولغان ئەھۋالدا سۈكۈت قىلىش لازىملىقى.

5) ئىماننىڭ قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىش، مېھماننى ھۆرمەتلەش، چىرايلىق گەپ قىلىش، سۆز قىلىش پايدىسىز چاغدا سۈكۈت قىلىشقا ئوخشاش ئالامەتلىرى ۋە نەتىجىلىرى بولىدىغانلىقى.

www.munber.org

309 ـ ئەبۇ شۇرەيھى خۇزائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ كَانَ يُؤمِنُ بِاللَّهِ والْيومْ الآخِرِ، فَلْيُحسِنْ إِلى جارِهِ، ومنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللَّهِ والْيومِ الآخِرِ فَلْيُكْرِمْ ضَيْفَهُ، ومنْ كانَ يؤمنُ باللَّهِ واليومِ الآخرِ فَلْيَقُلْ خَيْراً أَوْ لِيسْكُتْ» «كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنسە قوشنىسىغا ياخشىلىق قىلسۇن، كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنسە مېھمىنىنى ھۆرمەتلىسۇن، كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنسە ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى سۈكۈت قىلسۇن». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: قوشنىسىنىڭ ھەققىگە رىئايە قىلىش، مېھمانىنى ھۆرمەتلەش، ياخشى سۆز قىلىش ياكى سۈكۈت قىلىش بولسا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىشنىڭ ۋە ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ھېس قىلىشنىڭ ھەقىقىتى ئىكەنلىكى.

310. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئى رەسۇلۇللاھ! ھەقىقەتەن مېنىڭ ئىككى ھەقەمسايەم بار. ئالدى بىلەن ئۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسىغا سوۋغا بەرسەم بولار؟»، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إِلى أَقْرِبهِما مِنْك باباً» «ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ ئىشىكى ساڭا يېقىنراق بولسا شۇنىڭغا بەرگىن»، دېدى. — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئەگەر قوشنىلارنىڭ ھەممىسىگە ياخشىلىق قىلىشقا، سوۋغا بېرىشكە قادىر بولالمىسا، يېقىنراق قوشنىلىرىغا قىلىشى كېرەكلىكى.

311 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «خَيْرُ الأَصحاب عِنْدَ اللَّهِ تعالى خَيْرُهُمْ لصاحِبِهِ، وخَيْرُ الجيران عِنْدَ اللَّه تعالى خَيْرُهُمْ لجارِهِ» «ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ھەمراھىغا ياخشى بولغان كىشى ئەڭ ياخشى ھەمراھ ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە قوشنىسىغا ياخشى بولغان كىشى ئەڭ ياخشى كىشى ھېسابلىنىدۇ». — ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: دوستلار ۋە قوشنىلارغا پايدا يەتكۈزۈش، ئۇلارنى زىيان ـ زەخمەتتىن قوغداشتا ھېرىسمەن بولۇش كېرەكلىكى.

## 40 ـ باب ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ۋە سىلە ـ رەھىم قىلىش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاتَّقُواْ اللّهَ الَّذِي تَسَاءلُونَ بِهِ وَالأَرْحَامَ﴾ ﴿بىر ـ بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار، سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە نىسا 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

www.munber.org

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ يَصِلُونَ مَا أَمَرَ اللّهُ بِهِ أَن يُوصَلَ﴾ ﴿ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى بەجا كەلتۈرىدۇ﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە رەئىد 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَوَصَّيْنَا الْإِنسَانَ بِوَالِدَيْهِ حُسْنًا﴾ ﴿ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە ئەنكەبۇت 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَضَى رَبُّكَ أَلاَّ تَعْبُدُواْ إِلاَّ إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا إِمَّا يَبْلُغَنَّ عِندَكَ الْكِبَرَ أَحَدُهُمَا أَوْ كِلاَهُمَا فَلاَ تَقُل لَّهُمَآ أُفٍّ وَلاَ تَنْهَرْهُمَا وَقُل لَّهُمَا قَوْلاً كَرِيمًا ۞ وَاخْفِضْ لَهُمَا جَنَاحَ الذُّلِّ مِنَ الرَّحْمَةِ وَقُل رَّبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيرًا﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرسى يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ، ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەللىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن»، دېگىن﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە ئىسرا 23 ـ، 24 ـ ئايەتلەر)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَوَصَّيْنَا الْإِنسَانَ بِوَالِدَيْهِ حَمَلَتْهُ أُمُّهُ وَهْنًا عَلَى وَهْنٍ وَفِصَالُهُ فِي عَامَيْنِ أَنِ اشْكُرْ لِي وَلِوَالِدَيْكَ﴾ ﴿ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق، ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۈستى ـ ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. ئى ئىنسان! ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە لوقمان 14 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

312 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «ئاللاھ تائالا ئۈچۈن قايسى ئەمەل ئەڭ سۆيۈملۈك ھېسابلىنىدۇ؟»، دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الصَّلاةُ على وقْتِهَا» «ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز»، دېدى. مەن: «ئاندىن قالسىچۇ؟»، دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بِرُّ الْوَالِدَيْنِ» «ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش»، دېدى. مەن: «ئاندىن قالسىچۇ؟»، دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الجِهَادُ في سبِيل اللَّهِ» «ئاللاھ تائالا يولىدا جىھاد قىلىش»، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاللاھ تائالانىڭ خالىس ھەقلىرىدىن ئەڭ ئەۋزىلى كەلىمە شەھادەتتىن قالسا ناماز، كىشىلەرنىڭ ھەققىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھەققى، قۇربان بېرىشنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى جىھاد ئىكەنلىكى.



www.munber.org

**313 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا يَجْزِي ولَدٌ والِداً إلاَّ أنْ يَجِدَهُ مملُوكاً، فَيَشْتَرِيَهُ، فَيَعْتِقَهُ» «بالا ئاتىنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرالمايدۇ، پەقەت بالىنىڭ ئاتىسى قۇل بولۇپ، بالا ئۇنى سېتىۋېلىپ ئازاد قىلسا، ئاندىن ئاتىسىنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرغان بولىدۇ».

—— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: 1) ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىدىكى ھەققى، ئەجرىنىڭ ئىنتايىن چوڭلۇقى.

2) ئەگەر ئاتا قۇل ھالىتىدە بولسا، بالىنىڭ ئۇنى سېتىۋېلىشىنىڭ ئۆزىلا قۇللۇقتىن ئازاد قىلغانغا باراۋەر بولىدىغانلىقى.

**314 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللَّهِ والْيومِ الآخِرِ، فَلْيُكْرِمْ ضَيْفَهُ، وَمَنْ كانَ يُؤْمِنُ بِاللَّهِ والْيوم الآخِرِ، فَلْيصلْ رَحِمَهُ، وَمَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللَّه وَالْيوْمِ الآخِرِ، فلْيقُلْ خيراً أَوْ لِيَصمُتْ» « كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنسە مېھمىنىنى ھۆرمەت قىلسۇن، كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنسە سىلە ـ رەھىم قىلسۇن، كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنسە ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى سۈكۈت قىلسۇن ».

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مېھماننى ھۆرمەتلەش، سىلە ـ رەھىمنى داۋاملاشتۇرۇش، مۇلايىم، يۇمشاق سۆزلەش، سەت گەپلەرنى قىلماسلىقلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىشنىڭ ئالامەتلىرىدىن ھېسابلىنىدىغانلىقى.

**315 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ اللَّه تَعَالى خَلَقَ الخَلْقَ حَتَّى إِذَا فَرَغَ مِنْهُمْ قَامَتِ الرَّحِمُ، فَقَالَتْ: هذا مَقَامُ الْعَائِذِ بِكَ مِنَ الْقَطِيعةِ، قال: نَعَمْ أَمَا تَرْضينَ أَنْ أَصِلَ مَنْ وَصَلَكِ، وَأَقْطعَ مَنْ قَطَعَكِ؟ قالت: بَلَى، قال فذلِكَ» «ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا بارلىق مەخلۇقاتلارنى يارىتىپ تاماملىغاندىن كېيىن سىلە ـ رەھىم ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى ئاللاھ! بۇ ئورۇن سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن پاناھ تىلەپ ساڭا سېغىنغۇچىنىڭ ئورنىمۇ؟ »، دېدى. ئاللاھ تائالا: «شۇنداق، سىلە ـ رەھىم قىلغان كىشىگە رەھىم قىلسام، سىلە ـ رەھىم قىلمىغان كىشىگە رەھىم قىلمىسام رازى بولامسەن؟ »، دېدى. ئۇ: «ھەئە، رازى بولىمەن»، دېدى. ئاللاھ تائالا: «بۇ مەرھەمەت ساڭا خاستۇر»، دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ: «اقرءوا إِنْ شِئتُمْ» «ئەگەر خالىساڭلار بۇنى ئوقۇڭلار»، دېدى: ﴿فهَلِ عَسَيْتمْ إِن تَولَّيتُم أَنْ تُفسِدُوا في الأَرْضِ وتُقطِّعُوا أَرْحامكُمْ صَلّى اللهُ عَلَيْهِ وسَلَّم أُولَئِكَ الذين لَعنَهُم اللَّهُ فأَصَمَّهُمْ وَأَعْمَى أَبْصَارَهُمْ﴾ «سىلەر ئىسلام دىنىدىن يۈز ئۆرىسەڭلار، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلارسىلەرمۇ؟ ۋە سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويارسىلەرمۇ؟ ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى ئاللاھ تائالا ئۆز



www.munber.org

رەھمىتىدىن يىراق قىلدى. ئۇلارنى (ھەقنى ئاڭلاشتىن) گاس قىلدى، (ھىدايەتنى كۆرۈشتىن) كور قىلدى﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە مۇھەممەد 22 ـ، 23 ـ ئايەتلەر)

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

بۇخارىنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: ئاللاھ تائالا: «منْ وَصلَكِ، وَصلْتُهُ، ومنْ قَطَعكِ قطعتُهُ» «كىمكى سىلە ـ رەھىم قىلسا، ئۇنىڭغا رەھىم قىلىمەن، كىمكى سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويسا، ئۇنىڭغا سىلە ـ رەھىم قىلمايمەن»، دېگەن، دېيىلگەن.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشنىڭ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى يوقلاش، ياردەم بېرىش، ئۇلار بىلەن بېرىش ـ كېلىشنى تەرك ئېتىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى.

2) سىلە ـ رەھىم قىلىشقا تېگىشلىك كىشىلەر دادا ۋە ئانا تەرەپتىن بولغان بارلىق ئۇرۇق ـ تۇغقان، يېقىنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى.

316 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ ياخشىلىق قىلىشىمغا ئەڭ ھەقلىق ئادىمىم كىم؟»، دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أُمُّك» «ئاناڭ»، دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم: «ئاندىن قالسىچۇ؟»، دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أُمُّك» «ئاناڭ»، دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم: «ئاندىن قالسىچۇ؟»، دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أُمُّك» «ئاناڭ»، دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم: «ئاندىن قالسىچۇ؟»، دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَبُوكَ» «ئۇنىڭدىن قالسا داداڭ»، دەپ جاۋاب بەردى.

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ ياخشىلىق قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق ئادىمىم كىم؟»، دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: أُمُّكَ ثُمَّ أُمُّكَ، ثُمَّ أُمُّك، ثمَّ أَباكَ، ثُمَّ أَدْنَاكَ أَدْنَاكَ» «ئاناڭ، ئاندىن ئاناڭ، ئاندىن ئاناڭ، ئاندىن ئاتاڭ، ئاندىن قالسا يېقىن تۇغقانلىرىڭ»، دېدى، دېيىلگەن.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش، ھۆرمەتلەش دەرىجىلەرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئانىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە موھتاجلىقى سەۋەبلىك ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىش تەكىتلەنگەن.

2) فىقھشۇناسلار بۇ ھەدىسكە ئاساسەن، ئەگەر بىر ئادەمگە دادىسى ۋە ئانىسىغا نەپىقە بېرىپ بېقىش ۋاجىپ بولغاندا، ئەگەر ھەر ئىككىلىسىگە نەپىقە بېرىشكە قادىر بولالمىسا، پەقەت بىرىگىلا نەپىقە بېرىشكە قادىر بولالايدىغان بولسا، ئانىغا بېرىش كېرەك، دەپ قارىشىدۇ.

317 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «رغِم أَنْفُ، ثُم رغِم أَنْفُ، ثُمَّ رَغِم أنف مَنْ أدرْكَ أَبَويْهِ عِنْدَ الْكِبرِ، أحدُهُمَا أَوْ كِلاهُما، فَلمْ يدْخلِ الجَنَّةَ» «خاروزار بولسۇن! خاروزار بولسۇن! خاروزار

بولسۇن! ئاتىسى بىلەن ئانىسى، يا ئۇلارنىڭ بىرى قېرىغىچە ياشاپ، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ جەننەتكە كىرەلمىگەن كىشى». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاتا ـ ئانا مەيلى ياش ياكى قېرىغاندا بولسۇن ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش بالىغا تېگىشلىك ئىكەنلىكى، ھالبۇكى ئۇلار قېرىغاندا ياخشىلىق قىلىشقا تېخىمۇ موھتاج بولىدىغانلىقى، ئۇلارغا قېرىغاندا ياخشى قاراش كېرەكلىكى.

2) ئاتا ـ ئانىغا ۋاپاسىزلىق قىلىش، ئۇلارنى خارلاش ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم قىلىدىغان، دوزاخ ئازابىغا دۇچار قىلىدىغان چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدىغانلىقى.

**318 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر كىشى: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمغا سىلە ـ رەھىم قىلسام، ئۇلار مەندىن سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويىدۇ ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلسام، ئۇلار ماڭا يامانلىق قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا مۇلايىم بولسام، ئۇلار ماڭا قوپاللىق قىلىدۇ»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لَئِنْ كُنْت كما قُلْتَ، فَكَأَنَّمَا تُسِفُّهُمُ المَلَّ، ولا يَزَالُ معكَ مِنَ اللَّهِ ظهِيرٌ عَلَيْهِمْ ما دمْتَ عَلَى ذَلكَ» «ئەگەر سەن دېگىنىڭدەك قىلغان بولساڭ، گويا ئۇلارغا قوقاسنى يېگۈزگەندەك بولۇپسەن (قوقاسنى يېگۈچىنىڭ ئاغرىققا دۇچار بولغىنىدەك ئۇلارنىڭ گۇناھقا دۇچار بولغىنىغا تەمسىل. — ت)، سەن داۋاملىق مۇشۇنداق قىلىدىغان بولساڭ، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ساڭا بىر يۆلەنچۈك بولىدۇ»، دېدى.** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: يامانلىق قىلغۇچىغا ياخشىلىق قىلىش، بەلكىم ئۇ كىشىنى يامانلىقتىن قايتۇرۇشى مۇمكىنلىكى، ئەگەر يامانلىقىدا قېلىۋەرسە، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىدىغانلىقى.

**319 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ أَحبَّ أَنْ يُبْسَطَ له في رِزقِهِ، ويُنْسأَ لَهُ في أَثرِهِ، فَلْيصِلْ رحِمهُ» «كىمكى رىزقىنىڭ كەڭ بولۇشىنى، ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى ياقتۇرسا، سىلە ـ رەھىم قىلسۇن».** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: سىلە ـ رەھىم قىلىشنىڭ پەزلى ـ ساۋابى، ئۇنىڭ كىشىنىڭ ئۆمرى، رىزقىگە بەرىكەت بولىدىغانلىقى، سىلە ـ رەھىم قىلىشنىڭ شۇ كىشىنىڭ ساغلاملىقىغا كېپىللىك قىلىدىغان، ئۆلگەندىن كېيىن كىشىلەر ئارىسىدا ياخشى نام قالدۇرىدىغان، ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلدۇرىدىغان، ۋاقتىنى بىھۇدە ئىسراپ قىلمايدىغان، روھىي جەھەتتە خاتىرجەملىك، خۇشاللىق ھېس قىلدۇرىدىغان ساۋابى كۆپ ئەمەل ئىكەنلىكى.

**320. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىدىكى ئەنسارىيلارنىڭ ئىچىدە خورمىلىق بېغى ئەڭ كۆپ كىشى ئىدى ۋە ماللىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەبۇ تەلھە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىگە قاراپ تۇرىدىغان بەيرۇھا دېگەن بېغى ئىدى.**



www.munber.org

رەسۇلۇللاھ ئۇ باغقا كىرىپ باغنىڭ شىرىن سۈيىنى ئىچەتتى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَنْ تَنَالُوا الْبِرَّ حَتَّى تُنْفِقُوا مِمَّا تُحِبُّونَ﴾ ﴿ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلارنى سەرپ قىلمىغۇچە ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال ئىمران 92 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)، دېگەن ئايەت نازىل بولغان چاغدا، ئەبۇ تەلھە ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ تائالا ساڭا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى. بەيرۇھا ماللىرىم ئىچىدىكى مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ۋە قىممىتى يۇقىرى ئىدى، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئەسقاتىدىغان قۇرامساق مال بولۇپ قالسۇن دەپ ئۇنى سەدىقە قىلىمەن، ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى ئاللاھ تائالا ساڭا كۆرسەتكەن يەرگە ئىشلەتكىن»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بَخٍ، ذلِكَ مالٌ رابحٌ، ذلِكَ مالٌ رابحٌ، وقَدْ سَمِعْتُ ما قُلتَ، وإنِّي أرى أنْ تَجْعَلَهَا في الأَقْرَبِين» «پاھ، پاھ! نېمە دېگەن پايدىلىق مال بۇ! نېمە دېگەن پايدىلىق مال بۇ! مەن سېنىڭ سۆزلىرىڭنى ئاڭلىدىم. مەن ئۇنى ئۆز يېقىنلىرىڭغا بېرىشىڭنى مۇناسىپ كۆرىمەن»، دېدى. ئەبۇ تەلھە: «شۇنداق قىلاي»، دەپ ئۇنى خىش ـ ئەقرىبالىرىغا ۋە تاغىسىنىڭ باللىرىغا تەقسىم قىلىپ بەردى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

321 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «مەن ئاللاھ تائالادىن ساۋاب تەلەپ قىلىش يۈزىسىدىن ھىجرەت قىلىشقا ۋە جىھاد قىلىشقا ساڭا بەيئەت قىلىمەن»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «فهَلْ مِنْ والدِيْكَ أَحدٌ حَيٌّ؟» «سېنىڭ ئاتا ـ ئاناڭدىن بىرەرسى ھاياتمۇ؟»، دېدى. ئۇ كىشى: «ھەئە، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ھايات»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «فَتَبْتَغِي الأَجْرَ مِنَ اللَّه تعالى؟» «سەن ئاللاھ تائالادىن ساۋاب تەلەپ قىلامسەن؟»، دېدى. ئۇ كىشى: «ھەئە»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اَرْجعْ إِلى والدِيْكَ، فَأَحْسِنْ صُحْبَتَهُما» «سەن ئاتا ـ ئاناڭنىڭ يېنىغا قايتقىن، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلغىن»، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: بىر كىشى جىھادقا چىقىشقا ئىزنى سوراپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَحيٌّ والِداكَ؟» «سېنىڭ ئاتا ـ ئاناڭ ھاياتمۇ؟»، دېدى. ئۇ كىشى: «ھەئە»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ففِيهِما فَجاهِدْ» «ئۇ ئىككىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، جىھادنىڭ ساۋابىنى ئالغىن»، دېدى.

322 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لَيْسَ الْواصِلُ بِالْمُكافِئِ وَلَكِنَّ الواصِلَ الَّذي إِذا قَطَعتْ رَحِمُهُ وصلَهَا» «تۇغقانلىرىدىن كۆرگەن ياخشىلىققا جاۋابەن ياخشىلىق

www.munber.org

قىلغان ئادەم سىلە ـ رەھىم قىلغان بولمايدۇ، سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويغۇچىغا ياخشىلىق قىلغان كىشى ھەقىقىي سىلە ـ رەھىم قىلغان بولىدۇ».

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: سىلە ـ رەھىم قىلىشنىڭ ساۋابلىق ئىش ئىكەنلىكى، باشقىلار ئۈزۈپ قويغان تەقدىردىمۇ، سىلە ـ رەھىمنى داۋاملىق زىيادە قىلىشنىڭ پەزلى ـ ساۋابى.

323 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الرَّحمُ مَعَلَّقَةٌ بِالعَرْشِ تَقُولُ: مَنْ وصلني وَصَلَهُ اللَّه، وَمَن قَطَعَني، قَطَعَهُ اللَّه» «سىلە ـ رەھىم ئەرشكە ئېسىقلىق بولۇپ، ئۇ: <مېنى كىم ئۇلىسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا مېنى ئۇلايدۇ، مېنى كىم ئۈزۈپ قويسا، ئاللاھ تائالا مېنى ئۇنىڭدىن ئۈزۈپ قويىدۇ>، دەيدۇ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: سىلە ـ رەھىم قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، ئۇنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ئاگاھلاندۇرغان.

324 ـ مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى مەيمۇنە بىنتى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، مەيمۇنە رەسۇلۇللاھتىن سورىماستىن دېدەكنى ئازاد قىلىۋەتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرىغا تەقسىم قىلغان كۈنلىرىدىن مەيمۇنەنىڭ نۆۋىتى كەلگەن چاغدا: «ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ دېدەكىمنى ئازاد قىلىۋەتكىنىمنى ئۇقمىدىڭمۇ؟»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أوَ فَعلْتِ؟» «شۇنداق قىلدىڭمۇ؟»، دېدى. مەيمۇنە: «ھەئە»، دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «أما إنَّكِ لو أعْطَيتِهَا أخوالَكِ كان أعظَمَ لأجرِكِ» «ئەگەر ئۇنى تاغىلىرىڭغا بېرىۋەتكەن بولساڭ، ساڭا تېخىمۇ كاتتا ساۋاب بولاتتى»، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئايالنىڭ ئۆز شەخسىي مال ـ مۈلكىنى ئېرىدىن سورىماي تۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

2) قولىنى موھتاج، كەمبەغەل تۇغقىنىغا بېرىۋېتىشتە ھەم سەدىقە ھەم سىلە ـ رەھىمنىڭ ساۋابى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ قۇل ئازاد قىلىۋېتىشتىن ئەۋزەل بولىدىغانلىقى.

325 ـ ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ قىزى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىسىدا ئانام مېنى يوقلاپ كەلدى. بۇ چاغدا ئۇ تېخى مۇسۇلمان بولمىغانىدى. مەن رەسۇلۇللاھتىن: «ئانام مېنىڭ قېشىمغا مەندىن بىرەر نەرسە تەمە قىلىپ كەپتۇ، ئانامغا سىلە ـ رەھىم قىلامدىم؟»، دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نَعمْ صِلي أُمَّكِ» «ھەئە، سىلە ـ رەھىم قىلغىن»، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئۇرۇش ھالىتىدە بولمىغان شارائىتتا مۇشرىك ئاتا ـ ئانىغا سىلە ـ رەھىم قىلىشنىڭ جائىز ئىكەنلىكى.

www.munber.org

326 ـ زەينەب سەقەفى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تَصدَّقنَ يا مَعْشَرَ النِّسَاءِ ولَو مِن حُلِيِّكُنَّ» «ئى ئاياللار جامائەسى! زىنىنەت بۇيۇملىرىڭلاردىن بولسىمۇ سەدىقە قىلىڭلار!»، دېدى. مەن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا بېرىپ: «ھەقىقەتەن سەن بولساڭ ئاجىز، قولۇڭ قىسقا ئادەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى سەدىقە قىلىشقا بۇيرۇدى. سەن بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوراپ باققىنكى، سەدىقىنى دۇرۇس بولسا ساڭا بېرەي، بولمىسا باشقىسىغا بېرەي»، دېدىم. ئابدۇللاھ: «ئۆزۈڭ بېرىپ سورىغىن»، دېدى. مەن بارسام رەسۇلۇللاھنىڭ ئىشىكىدە ئەنسارىيلاردىنمۇ بىر ئايال بار ئىكەن. ئۇنىڭ سورىماقچى بولغان مەسىلىسى مېنىڭكىگە ئوخشاش ئىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. بىلال بىز تەرەپكە چىقىپ كەلدى. بىز ئۇنىڭغا: «سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئىشىك ئالدىدا ئىككى ئايال تۇرۇپتۇ، ئۇلار سەدىقىلەرنى ئەرلىرىگە ۋە ئۆيلىرىدىكى ئۇششاق باللارغا بەرسە دۇرۇس بولۇش ـ بولماسلىقىنى سوراۋاتىدۇ، دېگىن ۋە بىزنىڭ كىملىكىمىزنى دېمىگىن»، دېدۇق. بىلال رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كىرىپ بىز دېگەن ئىشنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «من هما؟» «ئۇلار كىم؟ »، دەپ سورىدى. بىلال: «ئەنسارىيلاردىن بولغان بىر ئايال ۋە زەينەب»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أيُّ الزَّيَانِبِ هِي؟» «قايسى زەينەب؟ »، دېدى. بىلال: «ئابدۇللاھنىڭ ئايالى زەينەب»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لَهُمَا أجْرانِ: أجْرُ القرابةِ وَأجْرُ الصَّدقَةِ» «ئۇ ئىككىسىگە قوش ساۋاب بېرىلىدۇ. بىرى، تۇغقانلىرىغا سىلە ـ رەھىم قىلغانلىقنىڭ ساۋابى ۋە يەنە بىرى سەدىقە قىلغانلىقنىڭ ساۋابى»، دېدى.

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھېچقانداق نەپىقە قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالمىغان ئايالنىڭ سەدىقىنى ھەتتا پەرز زاكاتنى بولسىمۇ ئېرى ۋە باللىرىغا سەدىقە قىلىشنىڭ جائىز ئىكەنلىكى.

2) دىنىي مەسىلىلەرنى سوراش ئۈچۈن ئايال كىشىنىڭ سىرتقا چىقىشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

3) ئىلىم تەلەپ قىلىش ئەرگە ئوخشاش، ئايالغىمۇ پەرز ئىكەنلىكى.

4) دىنىي مەسىلىلەردە مۇجمەل بولۇپ چۈشىنەلمەي قالغاننى سوراش لازىملىقى.

327 ـ ئەبۇ سۇفيان سەخر ئىبنى ھەرب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھېرەقلنىڭ قىسسىدىكى ئۇزۇن ھەدىسىدە مۇنداق بايان قىلىدۇ: ھېرەقلى ئۇنىڭدىن: «پەيغەمبىرىڭلار سىلەرنى نېمىلەرگە بۇيرۇيدۇ؟ »، دەپ سورىغاندا، ئۇ: «پەيغەمبىرىمىز بىر ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىڭلار، ئاللاھ تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ بوۋاڭلار چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرنى تاشلاڭلار،



www.munber.org

دەپ بۇيرۇيدۇ، شۇنىڭدەك، بىزنى ناماز ئوقۇشقا، راستچىل بولۇشقا، ئىپپەتلىك بولۇشقا ۋە سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ»، دەپ جاۋاب بەرگەن.

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بايان قىلىنغان.

2) ئېتىقاد مەسىلىسىدە قارىغۇلارچە ئەگەشمەستىن تەپەككۇر قىلىش، ئويلىنىش لازىملىقى.

**328 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّكُم ستفْتَحُونَ أَرْضاً يُذْكَرُ فِيهَا القِيرَاطُ» «سىلەر پات ئارىدا قىيرات (ئەينى زامانلاردا ئىشلىتىلىدىغان پۇلنىڭ نامى بولۇپ، بىر قىيرات بىر دەرھەمنىڭ 12/1گە تەڭ كېلىدۇ) ئىشلىتىدىغان زېمىننى فەتھ قىلىسىلەر».**

يەنە بىر رىۋايەتتە: «ستفْتَحُونَ مصْر وهِي أَرْضٌ يُسَمَّى فِيها القِيراطُ، فَاستَوْصُوا بِأَهْلِها خيْراً، فَإِنَّ لَهُمْ ذِمة ورحِماً» **«سىلەر پات يېقىندا مىسىرنى فەتھ قىلىسىلەر، ئۇ مىسىر دېگەن قىيرات ئىشلىتىدىغان جايدۇر. سىلەر مىسىر ئاھالىسىگە ياخشىلىق قىلىڭلار، چۈنكى ئۇلارنىڭ سىلەر بىلەن باغلىنىشلىقى ۋە تۇغقاندارچىلىقى باردۇر»، دېيىلگەن.**

يەنە بىر رىۋايەتتە: «فإِذا افْتتَحتُموها، فَأَحْسِنُوا إِلى أَهْلِهَا، فَإِنَّ لهُم ذِمَّةً ورحِماً» أَو قال «ذِمَّةً وصِهراً» **«ئەگەر سىلەر ئۇ زېمىننى فەتھ قىلساڭلار، ئاھالىسىگە ياخشىلىق قىلىڭلار، ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ باغلىنىشلىقى ۋە تۇغقاندارچىلىقى باردۇر. ياكى سىلەر بىلەن باغلىنىشلىقى ۋە قۇدا باجىلىقى باردۇر »، دېيىلگەن.**

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**ئۆلىمالارنىڭ دېيىشىچە: تۇغقاندارچىلىقنىڭ بولۇشى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ھاجەرنىڭ مىسىرلىق بولغانلىقىدىندۇر. قۇدا ـ باجىلىقنىڭ بولۇشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىبراھىمنىڭ ئانىسى مارىيەنىڭ مىسىرلىق بولغانلىقىدىندۇر.**

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىر فەتھ قىلىنىشتىن ئىلگىرى، بۇنىڭدىن ئالدىنئالا خەۋەر بەرگەنلىكىدەك مۆجىزىسى بايان قىلىنغان.

**329 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ﴿وَأَنْذِر عشِيرتكَ الأَقربِينَ﴾ ﴿يېقىن خىش ـ ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن﴾، («قۇرئان كەرىم» سۈرە شۇرا 214 ـ ئايەت) دېگەن ئايەت نازىل بولغان چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيش جامائەسىنى چاقىرىپ، ئۇلار توپلانغاندىن كېيىن ئۇلارنى ھەممىسىگە ئورتاق بولغان ئىشقا چاقىرىپ مۇنداق دېدى:** «يا بَني عبدِ شَمسٍ، يا بني كَعْب بنِ لُؤَي، أَنقِذُوا أَنْفُسَكُمْ مِنَ

www.munber.org

النَّارِ، يَا بني مُرَّةَ بنِ كَعبٍ، أَنْقِذُوا أنفسَكُمْ مِن النَّار، يا بني عبْدِ مَنَافٍ، أَنْقِذُوا أَنْفُسَكُمْ مِنَ النَّارِ، يا بَنِي هاشِمٍ أَنقِذُوا أَنْفُسكُمْ مِنَ النَّارِ، يا بني عبْدِ المطَّلِبِ أَنْقِذُوا أَنْفُسكُمْ مِن النَّارِ، يا فاطِمَةَ أَنْقِذي نفْسَكَ منَ النَّار، فَإِني لا أَمْلِكُ لَكُمْ منَ اللَّه شيْئاً، غَيْر أَنَّ لَكُمْ رحِماً سأَبلُّهَا بِبِلالِها» «ئى ئابدۇشەمس ئەۋلادلىرى! ئى كەئب ئىبنى لۇئەينىڭ ئەۋلادلىرى! ئۆزۈڭلارنى دوزاختىن قۇتقۇزۇڭلار! ئى مۇررە ئىبنى كەئبنىڭ ئەۋلادلىرى! ئۆزۈڭلارنى دوزاختىن قۇتقۇزۇڭلار! ئى ئابدۇمانافنىڭ ئەۋلادلىرى! ئۆزۈڭلارنى دوزاختىن قۇتقۇزۇڭلار! ئى ھاشىم ئەۋلادلىرى! ئۆزەڭلارغا دوزاختىن قۇتقۇزۇڭلار! ئى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ ئەۋلادلىرى! ئۆزۈڭلارنى دوزاختىن قۇتقۇزۇڭلار! ئى فاتىمە! ئۆزۈڭنى دوزاختىن قۇتقۇزغىن! مەن ھەقىقەتەن سىلەر ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسىگە ئارا تۇرالمايمەن. لېكىن، شۇنىسى باركى، يەقەتلا ئارىمىزدا تۇغقاندارچىلىق بولۇپ، بۇ دۇنيادا ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىمەن»، دېدى.

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاخىرەت كۈنىدىكى مۇكاپات ۋە جازانىڭ بەندىنىڭ ئىمانى ۋە ياخشى ئەمەللىرىگە ئاساسەن بولىدىغانلىقى، بۇ دۇنيادىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق ۋە نەسەبنىڭ ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدىغانلىقى.

2) بۇ دۇنيادا كىشىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا تۇغقاندارچىلىقنى يەتكۈزۈشى لازىملىقى، ئۇنىڭ ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇلارنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلىش، ھىدايەت يولىنى كۆرسىتىش بىلەن بولىدىغانلىقى.

**330. ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مەخپىي ئەمەس، ئاشكارا ھالدا مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم:** «إِنَّ آلَ بَنِي فُلانٍ لَيْسُوا بأَوْلِيائي إِنَّما وَلِيِّي اللَّهُ وصالحُ المؤْمِنِين، ولَكِنْ لَهُمْ رحِمٌ أَبُلُّها بِبِلالِها» **«پالانى جەمەتنىڭ باللىرى مېنىڭ دوستلىرىم ئەمەس، مېنىڭ دوستلىرىم پەقەت ئاللاھ تائالادۇر ۋە ياخشى مۇئمىنلەردۇر. لېكىن ئۇلارنىڭ مەن بىلەن تۇغقاندارچىلىقى باركى، ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىمەن».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**331 ـ خالىد ئىبنى زەيد ئەنسارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى: «ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ جەننەتكە كىرىشىمگە ۋە دوزاختىن يىراق بولۇشۇمغا سەۋەب بولىدىغان بىر ئەمەلنى ئېيتىپ بەرگىن»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «تعبُدُ اللَّه، ولا تُشْرِكُ بِهِ شَيْئاً، وَتُقِيمُ الصَّلاَةَ، وتُؤْتي الزَّكاةَ، وتَصِلُ الرَّحِمِ» **«ئاللاھ تائالاغىلا ئىبادەت قىلغىن، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرمىگىن، ناماز ئوقۇغىن، زاكات بەرگىن ۋە سىلە ـ رەھىم قىلغىن»، دېدى.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ھەدىستە كىشىنىڭ قىيامەت كۈنىدە دوزاختىن يىراق بولۇپ، جەننەتكە كىرىشىگە سەۋەب بولىدىغان ئەمەللەر كۆرسىتىلگەن. سىلە ـ رەھىم قىلىش ئەنە شۇ ئەمەللەر جۈملىسىدىندۇر.

**332 ـ سەلمان ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِذا أَفْطَرَ أَحَدُكُمْ فَلْيُفْطِرْ عَلَى تَمرٍ، فَإِنَّهُ بركَةٌ، فَإِنْ لَمْ يجِد تَمْراً، فَالماءُ، فَإِنَّهُ طَهُورٌ» وقال: «الصَّدقَةُ عَلَى المِسكِينِ صدقةٌ، وعَلَى ذي الرَّحِمِ ثِنْتَانِ: صَدَقَةٌ وصِلَةٌ» «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئىپتار قىلسا، خورمىدا قىلسۇن، ھەقىقەتەن خورما بەرىكەتتۇر. ئەگەر خورما تاپالمىسا سۇدا قىلسۇن، سۇ پاكتۇر. مىسكىنگە قىلغان سەدىقىگە بىر سەدىقىنىڭ ساۋابى بولىدۇ، ئۇرۇغ ـ تۇغقانغا قىلغان سەدىقە سەدىقە ۋە سىلە ـ رەھىم ھېسابلىنىپ، قوش ساۋاب بېرىلىدۇ».** ـــ تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) خورما ياكى سۇ بىلەن ئىپتار قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) ئىنساننىڭ ساۋابى كۆپ بولىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى تاللىشى كېرەكلىكى.

3) ئۇرۇق ـ تۇغقانغا سەدىقە قىلىشنىڭ ساۋابى ئارتۇق بولىدىغانلىقى، چۈنكى كىشىنىڭ بۇنىڭ بىلەن سەدىقە ۋە سىلە ـ رەھىمدىن ئىبارەت قوش ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقى.

**333 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مېنىڭ بىر ئايالىم بار ئىدى. مەن ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم. ئاتام ئۆمەر ئۇنى ياقتۇرمىغاچقا ماڭا: «ئۇنى قويۇۋەت»، دېدى. مەن ئۇنىمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئاتام رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ بۇ ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى. رەسۇلۇللاھ ماڭا: «طَلِّقْهَا» «ئۇنى قويۇۋەت»، دېدى.** ـــ ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) شەرىئەتكە ئۇيغۇن دىنىي مەسىلىدە ئاتىنىڭ دادىغا بويسۇنۇشى كېرەكلىكى، ئىبنى ئۆمەر ئايالىنى ئىنسانىي تۇيغۇ بىلەن ياخشى كۆرگەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا ئۇ ئايالنى دىنىي جەھەتتىكى مەسىلە سەۋەبىدىن ياقتۇرمىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنى دادىسىغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان. ئەگەر ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كېلىنىنى ياقتۇرماسلىقى دىنىي جەھەتتىن بولماي، ناھەق بولغان بولسا رەسۇلۇللاھ ھەرگىزمۇ ئىبنى ئۆمەرنى خوتۇنىنى قويۇۋېتىشكە بۇيرۇمىغان بولاتتى.

**334 ـ ئەبۇ دەردائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى كېلىپ ئۇنىڭغا: «مېنىڭ بىر ئايالىم بار، ئانام ئۇنى قويۇۋېتىشكە بۇيرۇۋاتىدۇ»، دېدى. ئەبۇ دەردا: مەن رەسۇلۇللاھنىڭ: «الْوالِدُ أَوْسطُ أَبْوابِ الجَنَّةِ، فَإِنْ شِئْتَ فَأَضِعْ ذلِك الْبابَ، أَوِ احفظْهُ» «ئاتا جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىنىڭ ياخشىسىدۇر، ئەگەر خالىساڭ ئۇ ئىشىكنى بۇزۇۋەت، خالىساڭ، ئۇنى پۇختا ساقلا»، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، دېدى.**

ـــ تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بالىسىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى رازى قىلىشقا ھېرىسمەن بولۇشى كېرەكلىكى، چۈنكى ئاتا ـ ئانىنىڭ رازىلىقى بالىنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە سەۋەب بولىدىغانلىقى، شەرىئەتكە ئۇيغۇن، شۇنداقلا بىراۋغا ناھەق زۇلۇم قىلمىغان ئەھۋالدا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلماسلىق كېرەكلىكى.

335 ـ بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الخَالَةُ بِمَنْزِلَةِ الأُمِّ» «ھامما (ئانىسىنىڭ ھەمشىرىسى) ئانىنىڭ ئورنىدىدۇر». —— ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئانىنىڭ قىز قېرىنداشلىرىنىڭ بالىلىرىغا مېھرىبانلىق قىلىش، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشتا ئۇلارنىڭ ئانىسىغا ئوخشاش ئىكەنلىكى.

بۇ بابتا كەلگەن ھەدىسلەر كۆپ، ئۇلار سەھىھلەردە مەشھۇردۇر. ئەسھابۇلغار ھەققىدىكى ھەدىس، جۇرەيج ھەققىدىكى ھەدىسلەر شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، ئۇلار يۇقىرىدا ئۆتتى. يەنە بىر مۇنچە مەشھۇر ھەدىسلەر بولۇپ، كىتابىنىڭ ئىخچام بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى بايان قىلمىدىم. شۇ ھەدىسلەرنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن بىرى ئەمر ئىبنى ئەبەسەنىڭ ھەدىسىدۇركى، ئۇ ئۇزۇن ھەدىس بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە ـ ئەدەبلىرىنىڭ مۇھىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇ ھەدىسنى رەجا بابىدا تولۇق بايان قىلىمەن، شۇ ھەدىستە ئەمر مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ مەككىدىكى چاغدا، مەن ئۇنىڭ يېنىغا كىردىم. بۇ پەيغەمبەرلىكنىڭ دەسلەپكى چاغلىرى ئىدى. مەن ئۇنىڭغا: «سەن كىم؟»، دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «نَبِيٌّ» «پەيغەمبەرمەن»، دېدى. مەن: «پەيغەمبەر دېگەن كىم؟»، دەپ سورىدىم. رەسۇلۇللاھ: «أرسلَني اللَّهُ تعالى» «ئاللاھ تائالا مېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى»، دېدى. مەن: «سېنى نېمە ئۈچۈن ئەۋەتتى؟»، دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «أرْسلَني بِصِلةِ الأَرْحامِ، وكَسْرِ الأوثَانِ، وأنْ يُوحَّدَ اللَّه لا يُشرَكُ بِهِ شَيءٌ» «سىلە ـ رەھىم قىلىشقا، بۇتلارنى چېقىشقا، ئاللاھ تائالانى بىر بىلىپ، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە ئەۋەتتى»، دېدى.

## 41 . باب ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىشنىڭ ۋە سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَهَلْ عَسَيْتُمْ إِن تَوَلَّيْتُمْ أَن تُفْسِدُوا فِي الْأَرْضِ وَتُقَطِّعُوا أَرْحَامَكُمْ ۞ أُولَـٰئِكَ الَّذِينَ لَعَنَهُمُ اللَّـهُ فَأَصَمَّهُمْ وَأَعْمَىٰ أَبْصَارَهُمْ﴾ ﴿سىلەر، ئىسلام دىنىدىن يۈز ئۆرۈسەڭلار، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلارسىلەرمۇ؟ ۋە سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويارسىلەرمۇ؟ ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى ئاللاھ تائالا رەھمىتىدىن يىراق قىلدى. ئۇلارنى (ھەقنى



www.munber.org

ئاڭلاشتىن) گاس قىلدى، (ھىدايەت يولىنى كۆرۈشتىن) كور قىلدى﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە مۇھەممەد 22 ـ، 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ يَنقُضُونَ عَهْدَ اللّهِ مِن بَعْدِ مِيثَاقِهِ وَيَقْطَعُونَ مَآ أَمَرَ اللّهُ بِهِ أَن يُوصَلَ وَيُفْسِدُونَ فِي الأَرْضِ أُوْلَئِكَ لَهُمُ اللَّعْنَةُ وَلَهُمْ سُوءُ الدَّارِ﴾ ﴿ئاللاھ تائالاغا بەرگەن ۋەدىسىنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن بۇزغانلار، ئاللاھ تائالانىڭ سىلە ـ رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى تۇتمىغانلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار، ئەنە شۇلار لەنەتكە دۇچار بولىدۇ ۋە (ئۇلارنىڭ) ئاخىرەتلىكى يامان بولىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە رەئد 25 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَضَى رَبُّكَ أَلاَّ تَعْبُدُواْ إِلاَّ إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا إِمَّا يَبْلُغَنَّ عِندَكَ الْكِبَرَ أَحَدُهُمَا أَوْ كِلاَهُمَا فَلاَ تَقُل لَّهُمَآ أُفٍّ وَلاَ تَنْهَرْهُمَا وَقُل لَّهُمَا قَوْلاً كَرِيمًا ۞ وَاخْفِضْ لَهُمَا جَنَاحَ الذُّلِّ مِنَ الرَّحْمَةِ وَقُل رَّبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيرًا﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى، يا بىرسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ، ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا: «ئوھوي»، دېمىگىن (يەنى مالالىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەللىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك، ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن»، دېگىن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئىسرا 23 ـ، 24 ـ ئايەتلەر)

336 ـ ئەبۇ بەكرەتە نۇفەي ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ألا أُنَبِّئُكمْ بِأكْبَرِ الْكَبائِرِ؟» «سىلەرگە چوڭ گۇناھلارنى دەپ بېرەيمۇ؟»، دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. بىز: «شۇنداق قىلغىن! ئى رەسۇلۇللاھ!»، دېدۇق. رەسۇلۇللاھ: «الإِشْراكُ بِاللَّهِ، وعُقُوقُ الْوالِدَيْنِ» «ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش»، دېدى. رەسۇلۇللاھ بۇ چاغدا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى، ئاندىن رۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ: «ألا وقوْلُ الزُّورِ وشهادُةُ الزُّورِ» «ئاگاھ بولۇڭلاركى، يالغان سۆز ۋە يالغان گۇۋاھلىق»، دەپ ئۇنى تەكرارلاۋەردى، ھەتتا بىز رەسۇلۇللاھ توختاپ قالسىكەن دەپ ئۈمىد قىلىپ كەتتۇق.

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) گۇناھلارنىڭ پاسات تېرىش دەرىجىسىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقى، پەرقلىنىدىغانلىقى.

2) ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشىتىش ۋە يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلغانلىقى.

3) ئەڭ ئېغىر گۇناھ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاندىن قالسا يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ئىكەنلىكى.



www.munber.org

4) ساھابىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ۋە كۆيۈنىدىغانلىقى.

**337 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الْكبائرُ: الإِشْراكُ بِاللَّه، وعقُوق الْوالِدَيْنِ، وقَتْلُ النَّفْسِ، والْيمِينُ الْغَموس» «چوڭ گۇناھلار: ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش، ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە يالغان قەسەم قىلىش».**

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كىشىلەرنى ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان گۇناھلاردىن ئاگاھلاندۇرغان، چۈنكى بۇلار چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدۇ.

**338 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مِنَ الْكبائِرِ شتْمُ الرَّجلِ والِدَيْهِ» «بىر كىشىنىڭ ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنى قارغىشى ئەڭ زور گۇناھ ھېسابلىنىدۇ»، دېدى. كىشىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! كىشى قانداقمۇ ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنى قارغايدۇ؟ »، دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نَعمْ، يَسُبُّ أَبا الرَّجُلِ، فيسُبُّ أَباه، ويسُبُّ أُمَّهُ، فَيسُبُّ أُمَّهُ» «بىر ئادەم بىراۋنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى تىللايدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن قارشى تەرەپمۇ ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى تىللايدۇ»، دەپ جاۋاب بەردى.** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «إِنَّ مِنْ أَكْبرِ الكبائِرِ أَنْ يلْعنَ الرَّجُلُ والِدَيْهِ» «ھەقىقەتەن بىر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى قارغىشى چوڭ گۇناھ جۈملىسىدىندۇر»، دېگەن. كىشىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! كىشى قانداقمۇ ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى قارغايدۇ؟ »، دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: «يسُبُّ أَبا الرَّجُل، فَيسُبُّ أَبَاهُ، وَيَسبُّ أُمَّه، فيسُبُّ أُمَّهُ» «ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ دادىسىنى تىللايدۇ. ئاندىن ئۇمۇ بۇنىڭ دادىسىنى تىللايدۇ ۋە بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ ئانىسىنى تىللايدۇ. ئۇمۇ بۇنىڭ ئانىسىنى تىللايدۇ»، دېگەن.**

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاتا ـ ئانىنى تىللاشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى.

2) كىشىنىڭ ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تىللىنىشى ۋە لەنەت ئوقۇلۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشنى قىلىشمۇ ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىشقا كىرىدىغانلىقى.

3) ئۆزئارا تىللاش، قارغاشنى تەرك ئېتىش كېرەكلىكى، چۈنكى بۇنىڭ كىشىنىڭ ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تىللىنىشى ۋە قارغىلىشىغا سەۋەب بولۇپ قالىدىغانلىقى.

**339 ـ جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا يَدْخُلُ الجَنَّةَ قَاطِعٌ» «سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويغان ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ».** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇش كىشىنى جەننەتكە كىرىشتىن توسايدىغان گۇناھ بولغاچقا، ئۇنىڭدىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان.

**340. مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إِنَّ اللّٰهُ تعالى حَرَّمَ عَلَيْكُمْ عُقُوقَ الأُمهَاتِ، ومنْعاً وهات، ووأْدَ البنَاتِ، وكَرِهَ لكُمْ قِيل وقالَ، وكثرة السَؤالِ، وإِضَاعة المالِ» **«ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن سىلەرگە ئانىلارنى قاقشىتىشنى ھارام قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئۆتىمەسلىكنى، ئۆزگە تېگىشلىك بولمىغاننى تەلەپ قىلىشنى ھارام قىلدى. قىز باللارنى تىرىك كۆمۈشنى ھارام قىلدى ۋە ئاساسى يوق سۆزلەرنى تارقىتىپ يۈرۈشنى، ئورۇنسىز سوئال سوراۋېرىشنى، پۇل ـ مالنى ئورۇنسىز جايلارغا سەرپ قىلىۋېتىشنى يامان كۆردى».** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئانىنىلا ئەمەس، بەلكى دادىنى قاقشىتىشمۇ ھارامدۇر، ھەدىستە پەقەت ئانىنىڭ تىلغا ئېلىنىشى ئانىنىڭ ياخشىلىق قىلىشقا تېخىمۇ ھەقلىق ئىكەنلىكى ۋە ئاجىز ئىكەنلىكى ئۈچۈندۇر.

2) ئاللاھ تائالا بېرىشكە بۇيرۇغاننى بەرمەسلىكتىن، تېگىشلىك بولمىغان نەرسىنى تەلەپ قىلىشتىن چەكلىگەن.

3) قىز بولسۇن، ئوغۇل بولسۇن پەرزەنتلەرنى تىرىك كۆمۈش ھارامدۇر، ھەدىستە قىزنىڭ تىلغا ئېلىنىشىدىكى سەۋەب جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەرەبلەر ئارىسىدا تۇغۇلغان قىز بوۋاقلارنى تىرىك كۆمۈۋېتىشتەك قەبىھ ھادىسىلەر بار ئىدى.

4) بەزى ئالىملار بۇ ھەدىسنى گۈزەل ئەخلاق ۋە ئېسىل خۇلۇقنى جەملىگەن دەپ شەرھلەيدۇ.

5) ھەدىستە ھېچقانداق پايدىسى يوق بىمەنە تالاش ـ تارتىش ۋە ئۆچمەنلىكتىن چەكلىگەن.

6) مال ـ مۈلۈكنى پايدىسى يوق ئىشلارغا سەرپ قىلىش ۋە ئىسراپ قىلىشتىن چەكلىگەن. چۈنكى، قىيامەت كۈنىدە ئىنسان مال ـ مۈلكىنى قانداق تاپقانلىقى ۋە نېمىلەرگە ئىشلەتكەنلىكى ھەققىدە سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ.

## 42. باب ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دوستلىرىغا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا، يېقىنلىرىغا، ئايالىغا ۋە بارلىق ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا

**341. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إِن أَبرَّ البرِّ أَنْ يصِلَ الرَّجُلُ وُدَّ أَبِيهِ» **«كىشىنىڭ دادىسىنىڭ دوستلىرىغا سىلە ـ رەھىم قىلىشى ئەڭ چوڭ ياخشىلىقتۇر».** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كىشىنىڭ دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن دادىسىنىڭ دوستلىرىنى ياخشى كۆرۈشى دادىسىغا ياخشىلىق قىلىش جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى.



www.munber.org

342 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇنىڭغا بىر ئەئرابى مەككىنىڭ يولىدا ئۇچراشتى. ئۇنىڭغا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر سالام قىلدى ۋە ئۆزى مىنگەن ئېشەككە مىندۈرۈۋالدى ۋە بېشىدىكى سەللىسىنى ئۇنىڭغا بەردى. ئىبنى دىنار مۇنداق دېدى: « بىز ئابدۇللاھقا: ‹ئاللاھ تائالا ساڭا ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن، ئۇلار بولسا ئەئرابى، ھەقىقەتەن ئەئرابىلارغا ئازراق نەرسە بەرسەڭلا رازى بولاتتى›، دېدۇق. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر: ‹بۇ كىشىنىڭ ئاتىسى ئاتام ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ دوستى ئىدى. مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «إِنَّ أَبَرَّ البِرِّ صِلَةُ الرَّجُلِ أَهْلَ وُدِّ أَبِيهِ» « بىر كىشىنىڭ دادىسىنىڭ دوستىغا سىلە ـ رەھىم قىلىشى ئەڭ كاتتا ياخشىلىقتۇر »، دېدى.

ئىبن دىنارنىڭ ئىبنى ئۆمەر توغرۇلۇق قىلغان يەنە بىر رىۋايىتىدە: ئىبنى ئۆمەر مەككىگە چىققاندا تۆگە مىنىشتىن زېرىكىپ قالسا، مىنىپ راھەتلىنىدىغان ئېشىكى ۋە بېشىغا ئورىۋالىدىغان سەللىسى بار ئىدى. ئۇ بىر كۈنى ئېشەكلىك كېتىۋاتقاندا، بىر ئەئرابى ئۇچرىشىپ قالدى. ئىبنى ئۆمەر: « سەن پالانىنىڭ بالىسى پالانى ئەمەسمۇ؟ »، دېدى. ئەئرابى: « شۇنداق »، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىبنى ئۆمەر ئېشەكنى مىنگىن ۋە سەللىنى بېشىڭغا ئورىغىن، دەپ ئۇلارنى ئۇنىڭغا بەردى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ بەزى ھەمراھلىرى: « ئاللاھ تائالا ساڭا مەغفىرەت قىلسۇن، سەن بۇ ئەئرابىغا ئۆزۈڭ مىنىپ ئارام ئالىدىغان ئېشىكىڭنى، بېشىڭغا ئورايدىغان سەللەڭنى بېرىۋەتتىڭغۇ؟ »، دېگەندە، ئۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «إِنْ مِنْ أَبَرِّ البِرِّ أَنْ يَصِلَ الرَّجُلُ أَهْلَ وُدِّ أَبِيهِ بَعْد أَنْ يُوَلِّيَ» « بىر كىشىنىڭ ئاتىسىدىن كېيىنمۇ ئاتىسىنىڭ دوستلىرىغا سىلە ـ رەھىم قىلىشى ئەڭ چوڭ ياخشىلىقتۇر »، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئاتىسى ئاتام ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دوستى ئىدى، دېدى، دېيىلگەن.

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

343 ـ مالىك ئىبنى رەبىئە سائىدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتۇق. بەنى سەلەمەدىن بىر كىشى كېلىپ: « ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ساۋابى ئۇلارغا يېتىپ تۇرىدىغان، مەن قىلىدىغان ياخشىلىقلاردىن بىرەرسى بارمۇ؟ »، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «نَعَمْ، الصَّلاَة علَيْهِمَا، والاسْتِغْفَارُ لَهُما، وإِنْفاذُ عَهْدِهِما، وصِلَةُ الرَّحِمِ التي لا تُوصَلُ إِلاَّ بِهِمَا، وإِكَرَامُ صَدِيقهما» « شۇنداق، ئۇلارغا دۇئا قىلغايسەن، ئۇلارغا مەغفىرەت تىلىگەيسەن، ئۇلارنىڭ قىلغان ۋەدىلىرىنى ئورۇنلىغايسەن، ئۇلار ئارقىلىق قىلىنىدىغان سىلە ـ رەھىمنى قىلىپ تۇرغايسەن ۋە ئۇلارنىڭ دوستلىرىنى ھۆرمەتلىگەيسەن »، دېدى.

ـــ ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

هەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاتا ـ ئانىنىڭ ھاياتلىقىدا پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش كېرەكلىكى، ئۇلار ۋاپات بولغاندىن كېيىن ياخشىلىق قىلىش بولسا، ئۇلارغا دۇئا قىلىش، ئۇلارغا ئىستىغفار ئېيتىش بىلەن بولىدىغانلىقى.

2) ئاتا ـ ئانىغا رىئايە قىلىش بولسا، ئۇلارنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنلاش، تۇغقانلىرىغا سىلە ـ رەھىم قىلىش، دوست ـ بۇرادەرلىرىنى ھۆرمەتلەش بىلەن بولىدىغانلىقى.

3) ئاتا ـ ئانا ۋاپات بولغاندىن كېيىن بالىنىڭ ئۇلارغا قىلغان دۇئاسىنىڭ قوبۇل بولىدىغانلىقى ۋە بۇنىڭ ساۋابى ئۇلارغا يېتىپ تۇرىدىغانلىقى.

**344** ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ ھېچبىرىگە خەدىچىگە كۆندەشلىك قىلغاندەك كۆندەشلىك قىلىپ باقمىغانىدىم. مەن خەدىچىنى كۆرۈپ باقمىغان، لېكىن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ گېپىنى كۆپ قىلاتتى ۋە قوي سويغان چاغلىرىدا قويىنى بىر نەچچىگە بۆلۈپ، ئاندىن ئۇنى خەدىچىنىڭ دوستلىرىغا ئەۋەتىپ بېرەتتى. مەن كۆپ قېتىم رەسۇلۇللاھقا: ‹دۇنيادا گويا خەدىچىدىن باشقىسى يوقتەك›، دېسەم، رەسۇلۇللاھ خەدىچىنى ماختاپ: «إِنَّها كَانتْ وكَانَتْ وكَانَ لي مِنْهَا ولَدٌ» «خەدىچە مۇنداق ـ مۇنداق ئايال ئىدى، مەن ئۇنىڭدىن بالىلىقمۇ بولغان»، دەيتتى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە: ئەگەر رەسۇلۇللاھ قوي سويۇپ قالسا، خەدىچىنىڭ دوستلىرىغا يېتەرلىك ھەدىيە قىلاتتى، دېيىلگەن.

يەنە بىر رىۋايەتتە: ئەگەر رەسۇلۇللاھ قوي سويۇپ قالسا: «أَرْسِلُوا بِهَا إِلى أَصْدِقَاءِ خَدِيجَةَ» «بۇنى خەدىچىنىڭ دوستلىرىغا ئاپىرىپ بېرىڭلار»، دەيتتى، دېيىلگەن.

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: خەدىچىنىڭ سىڭلىسى خۇۋەيلىدنىڭ قىزى بولغان ھالە رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كىرىشكە رۇخسەت سورىدى. (ئاۋازىنىڭ ئوخشاشلىقىدىن) رەسۇلۇللاھ ئۇنى خەدىچىنىڭ ئاۋازى دەپ بىلىپ خۇش بولۇپ كەتتى. ئاندىن: «اللَّهُمَّ هَالَةُ بِنْتُ خوَيْلِدٍ» «خۇدا ھەققى، ئۇ خۇۋەيلىدنىڭ قىزى ھالەكەنغۇ؟»، دېدى.

هەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: « مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى » خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى قوللىغان، ياردەم بەرگەن پەزلى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئۇنى دائىم ئەسلەپ تۇرىدىغانلىقى.

**345** ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ بەجەلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە سەپەرگە چىقتىم. ئۇ مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلدى. (ياشتا ئۇ مېنىڭدىن چوڭ ئىدى). مەن ئۇنىڭغا:

www.munber.org

«ئۇنداق قىلمىغىن»، دېدىم. ئۇ: «مەن ھەقىقەتەن ئەنسارىيلارنىڭ رەسۇلۇللاھقا خىزمەت قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، مەن ئەنسارىيلارنىڭ بىرەرسىگە ھەمراھ بولۇپ قالسام، چوقۇم ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىمەن، دەپ قەسەم قىلغان»، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ بەجەلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزلى، كەمتەرلىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببىتى بايان قىلىنغان.

## 43 . باب رەسۇلۇللاھنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلارنىڭ پەزىلىتىنىڭ بايانى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا يُرِيدُ اللَّهُ لِيُذْهِبَ عَنكُمُ الرِّجْسَ أَهْلَ الْبَيْتِ وَيُطَهِّرَكُمْ تَطْهِيرًا﴾ ﴿ئى پەيغەمبەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر! ئاللاھ سىلەردىن گۇناھنى ساقىت قىلىشنى ۋە سىلەرنى تامامەن پاك قىلىشنى خالايدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەھزاب 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَن يُعَظِّمْ شَعَائِرَ اللَّهِ فَإِنَّهَا مِن تَقْوَى الْقُلُوبِ﴾ ﴿كىمكى دىنىي ئىشلارنى ئۇلۇغلايدىكەن، بۇ دىللارنىڭ تەقۋالىقىدىندۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھەج 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

346 ـ يەزىد ئىبنى ھەييان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن ۋە ھۇسەيىن ئىبنى سەبرە ۋە ئەمر ئىبنى مۇسلىم بىلەن بىرلىكتە زەيد ئىبنى ئەرقەمنىڭكىگە باردۇق (ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن). بىز ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ھۇسەيىن: «ئى زەيد! رەسۇلۇللاھنى كۆردۈڭ، ھەدىسلىرىنىمۇ ئاڭلىدىڭ، رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇرۇشتا بىللە بولدۇڭ، ئۇنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇدۇڭ، ھەقىقەتەن سەن كۆپ ياخشىلىقلارنى بېشىڭدىن كەچۈردىڭ، سەن رەسۇلۇللاھتىن ئاڭلىغانلىرىڭنى سۆزلەپ بەرگىن»، دېدى. ئۇ: «ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن مەن ياشىنىپ قالدىم، ئۇ ئىشلارغا ئۇزۇن زامان بولۇپ كەتتى. مەن رەسۇلۇللاھتىن ئاڭلىغان نەرسىلىرىمنىڭ بەزىسىنى ئۇنتۇپ كەتتىم، سىلەرگە سۆزلەپ بەرگەنلىرىمنى قوبۇل قىلىڭلار، سۆزلەپ بەرمىگەنلىرىمگە مېنى تەكلىپ قىلماڭلار»، دېدى. ئاندىن مۇنداق دېدى: «رەسۇلۇللاھ مەككە بىلەن مەدىنە ئارىسىدىكى خۇمما دەپ ئاتىلىدىغان سۇ بويىدا سۆز قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتتى ۋە ۋەز ـ نەسىھەت قىلدى. «أَمَّا بعْدُ: أَلا أَيُّهَا النَّاسُ، فَإِنَّمَا أَنَا بَشَرٌ يُوشِكُ أَنْ يَأْتِيَ رسولُ ربي فَأُجيبَ، وأَنَا تَارِكٌ فِيكُمْ ثَقَلَيْنِ: أَوَّلُهُما كِتابُ اللَّهِ، فِيهِ الهُدى وَالنُّورُ، فَخُذُوا بِكِتابِ اللَّه، وَاسْتَمْسِكُوا به» «مەقسەتكە كەلسەك: ئى خالايىق! ئاگاھ بولۇڭلار، ھەقىقەتەن مەنمۇ بىر ئىنسان، پات يېقىندا رەببىم ئەۋەتكەن ئۆلۈم پەرىشتىسى

كەلسە، ئۇنىڭغا جان تەسلىم قىلىمەن، مەن سىلەرگە ئىككى نەرسىنى قويۇپ كېتىمەن، ئۇلارنىڭ بىرسى ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىدۇر، ئۇ ھىدايەت ۋە نۇردۇر. ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىنى مەھكەم تۇتۇڭلار ۋە ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلىڭلار!»، دېدى ۋە بىزنى ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىغا قىزىقتۇردى، رىغبەتلەندۈردى. ئاندىن: «وأَهْلُ بَيْتِي، أُذكّركم اللّه في أهلِ بيْتي، أذكّرُكم اللّه في أهل بيتي» «مەن سىلەرگە ئائىلە ـ تاۋاباتىم ھەققىدە ئاللاھ تائالانى يادىڭلارغا سالىمەن»، دېدى. ئاندىن ئۇنىڭغا ھۇسەين: «ئى زەيد! رەسۇلۇللاھنىڭ ئائىلە ـ تاۋاباتى كىم؟ رەسۇلۇللاھنىڭ ئائىلە ـ تاۋاباتى ئۇنىڭ ئاياللىرى ئەمەسمۇ؟ »، دېدى. زەيد: «رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرى رەسۇلۇللاھنىڭ ئائىلە ـ تاۋاباتىغا كىرىدۇ، لېكىن، رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنى سەدىقە ھارام قىلىنغان كىشىلەردۇر»، دېدى. ھۇسەين: «ئۇلار كىم؟ »، دېدى. زەيد: «ئۇلار ئەلىنىڭ ئائىلىسى، ئەقىيلنىڭ ئائىلىسى، جەئفەرنىڭ ئائىلىسى ۋە ئابباسنىڭ ئائىلىسى»، دېدى. ھۇسەين: «ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە سەدىقە ھاراممۇ؟ »، دېدى. زەيد: «شۇنداق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە سەدىقە ھارام»، دېدى.

—— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «ألا وَإِنِّي تَارِكٌ فِيكُمْ ثَقَلَيْن : أحدُهَما كِتَابُ اللّه وَهُو حبْلُ اللّه، منِ اتَّبَعه كَانَ عَلَى الهُدى، ومَنْ تَرَكَهُ كانَ على ضَلالَةٍ» «ئاگاھ بولۇڭلاركى، مەن سىلەرگە ئىككى كاتتا نەرسىنى قويۇپ كېتىمەن، ئۇنىڭ بىرسى ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىدۇر، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئارغامچىسىدۇر، كىمكى ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلسا ئۇ توغرا يولدا بولغان بولىدۇ، كىمكى ئۇنى تاشلاپ قويسا، ئۇ ئازغۇنلۇقتا بولغان بولىدۇ»، دېيىلگەن.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) يېشى چوڭىيىپ قېرىپ كەتكەندە كىشىنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ئاجىزلىشىپ كېتىپ ئۇنتۇغاق بولۇپ قالىدىغانلىقى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ئادەملەرگە ئوخشاش ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچى ئىنسان ئىكەنلىكى.

3) ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىنى چىڭ تۇتۇپ، بۇيرۇلغاننى قىلىش، چەكلەنگەننى تەرك ئېتىش لازىملىقى.

4) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەيتىگە ياخشىلىق قىلىش ھەققىدىكى ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىش، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈش كېرەكلىكى.

347 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ارْقُبُوا مُحَمَّداً صَلّى اللّهُ عَلَيْهِ وسَلَّم في أَهْلِ بيْتِهِ» «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋاباتلىرىنى ھۆرمەتلەش بىلەن ھۆرمەتلەڭلار».

—— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالىملىرىدىكىلەرنى ياخشى كۆرۈش، ئۇلارنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈش كېرەكلىكى.

## 44 . باب ئۆلىمالارنى، ياشانغانلارنى ۋە پەزىلەت ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارنى باشقىلاردىن ئۈستۈن بىلىش، ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈرۈش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ هَلْ يَسْتَوِي الَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَالَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُولُوا الْأَلْبَابِ﴾ ﴿ئېيتقىنكى، بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە زۇمەر 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

348 ـ ئەبۇ مەسئۇد ئۇقبە ئىبنى ئەمر بەدرىل ئەنسارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يَؤُمُّ الْقَوْمَ أَقْرَؤُهُمْ لِكِتَابِ اللَّهِ، فَإِنْ كَانُوا فِي الْقِرَاءَةِ سَوَاءً، فَأَعْلَمُهُمْ بِالسُّنَّةِ، فَإِنْ كَانُوا فِي السُّنَّةِ سَوَاءً، فَأَقْدَمُهُمْ هِجْرَةً، فَإِنْ كَانُوا فِي الهِجْرَةِ سَوَاءً، فَأَقْدَمُهُمْ سِنّاً وَلا يُؤَمَّنَّ الرَّجُلُ الرَّجُلَ فِي سُلْطَانِهِ، وَلا يَقْعُدُ فِي بَيْتِهِ على تَكْرِمتِهِ إِلاَّ بِإِذْنِهِ» «كىشىلەرگە قۇرئاننى ياخشى ئوقۇيالايدىغانلار ئىمام بولسۇن. ئەگەر قىرائەتتە ئوخشاش بولسا، ئۇلارنىڭ سۈننەتنى كۆپرەك بىلىدىغانلىرى ئىمام بولسۇن، ئەگەر سۈننەت ئىلمىدە ئوخشاش بولسا، ئەڭ بۇرۇن ھىجرەت قىلغانلىرى ئىمام بولسۇن، ئەگەر ھىجرەتتە ئوخشاش بولسا، يېشى چوڭلىرى ئىمام بولسۇن ۋە بىر كىشى باشقا بىر كىشىنىڭ تەۋەلىك دائىرىسىدە ئىمام بولمىسۇن ۋە ئۆيي ئىگىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئورنىدا رۇخسەتسىز ئولتۇرمىسۇن».

يەنە بىر رىۋايەتتە: «فَأَقْدمهُمْ سِلْماً أَوْ سِنًّا» «ئۇلارنىڭ يېشى چوڭلىرى ياكى ئىسلامغا بالدۇر كىرگەنلىرى»، دېيىلگەن. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «يَؤُمُّ الْقَوْمَ أَقْرَؤُهُمْ لِكتَابِ اللَّهِ، وأَقْدمُهُمْ قِراءَةً، فَإِنْ كَانَتْ قِراءَتُهمْ سَواءً فَيَؤُمُّهم أَقْدَمُهُمْ هِجْرةً، فَإِنْ كَانوا فِي الهِجْرَةِ سواء، فَلْيُؤمَّهُمْ أَكْبرُهُمْ سِناً» «كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى قارىي قۇرئان بولغانلىرى، ئۇلارنىڭ قىرائەتتە ياخشى بولغانلىرى، ئەگەر ئۇلار قىرائەتتە ئوخشاش بولسا، ئەڭ بۇرۇن ھىجرەت قىلغانلىرى، ئەگەر ھىجرەتتە ئوخشاش بولسا، ئۇلارنىڭ ياشتا چوڭلىرى ئىمام بولسۇن»، دېيىلگەن.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) سۇلتان، ئۆيي ئىگىسى، سورۇن ئىگىسى ۋە مەسجىدنىڭ ئىمامى نامازدا ئىمام بولۇشقا ئەڭ ھەقلىق ئىكەنلىكى.

2) ھىجرەت قىلغاننىڭ ۋە ئەڭ دەسلەپ ئىسلام دىنىغا كىرگەننىڭ پەزىل ـ ساۋابى.

3) ئايال ئەرگە ئىمام بولسا دۇرۇس ئەمەسلىكى.



www.munber.org

**349 ـ ئەبۇ مەسئۇد ئۇقبە ئىبنى ئەمر بەدرى ئەنسارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ نامازغا تۇرغاندا، بىزنىڭ مۈرىلىرىمىزنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «اسْتَوُوا وَلا تَخْتَلِفُوا، فَتَخْتَلِفَ قُلُوبُكُمْ، لِيَلِنِي مِنكُمْ أُولوا الأَحْلامِ والنُّهَى، ثُمَّ الَّذِينَ يَلُونَهم، ثُمَّ الذين يلونَهم» «رۇس تۇرۇڭلار، ئىلگىرى ـ كېيىن تۇرماڭلار. ئەگەر ئۇنداق قىلساڭلار ئالا كۆڭۈل بولۇپ قالىسىلەر. ئەقىل ۋە پەزىل ئىگىلىرى (ئەقىللىدار ۋە پەزىلەتلىكلەرمۇ دېيىلگەن) يېقىن تۇرسۇن، ئاندىن ئۇلارغا يېقىنلىرى، ئاندىن ئۇلارغا يېقىنلىرى تۇرسۇن»، دېگەن.** —— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: **1)** ئىلىم ئەھلى بولغان ئادەملەرنىڭ ئىمامغا يېقىن تۇرۇشى ۋە ناماز سېپىنىڭ شۇ يوسۇندا تىزىلىشى لازىملىقى، چۈنكى ئەھلى ئىلىم ئادەملەرنىڭ ھۆرمەتكە لايىق كىشىلەر بولۇپ، بۇنىڭدا ئىمام ئۈزرىلىك بولۇپ قالغاندا، ئۇلارنىڭ ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇش ئېھتىماللىقى بارلىقى. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىمامنىڭ ئۇنتۇپ قېلىشى ياكى سەۋەنلىك تۈپەيلى نامازدا كەم قالغان، دۇرۇس بولمىغان جايلارنى بايقاپ ئىمامغا ئېيتىشى، ناماز ئوقۇشنىڭ ئەدەبلىرى ۋە سۈپەتلىرىنى كىشىلەرگە ئۆگىتىش ئېھتىماللىقى كۆزدە تۇتۇلغان.

**2)** ئەھلى ئىلىم ئادەملەرنىڭ ئەڭ ئالدىدا بولۇشى نامازدىلا ئەمەس، باشقا ئىشلارغىمۇ قارىتىلغانلىقى.

**3)** ناماز سېپىنىڭ تۈز، باراۋەر بولۇشى كېرەكلىكى، بۇنىڭدا يەنە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ، ئىتتىپاق بولۇشى، ھەممە ئىشلاردا بۇ بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىشارەت قىلىنغان.

**350 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لِيَلِنِي مِنْكُمْ أُولُوا الأَحْلامِ والنُّهَى، ثُمَّ الَّذِينَ يَلُونَهُمْ» «سىلەردىن ماڭا ئەقىل ۋە پەزىل ئىگىلىرى، مۇلايىم ۋە ئەقىللىدارلار يېقىن تۇرسۇن، ئاندىن ئۇلارغا يېقىن بولغانلىرى»، دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. ئاندىن كېيىن يەنە: «وإِيَّاكُم وهَيْشَاتِ الأَسْواقِ» «ئۆزۈڭلارنى بازارنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرىدىن تارتىڭلار»، دېدى.** —— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: **1)** مەسجىد ئالدىدا ۋە ناماز ئوقۇۋاتقانلارنىڭ ئالدىدا شاۋقۇن ـ سۈرەن سېلىش، يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلىشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكى.

**2)** ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ھوزۇرى قەلب بىلەن ناماز ئوقۇشى ئۈچۈن شاۋقۇن ـ سۈرەن، گەپ ـ سۆز بىلەن ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلمەسلىك كېرەكلىكى.

**351 ـ ئەبۇ يەھيا ئەنسارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئابدۇللاھ ئىبنى سەھلە ۋە مۇھەييەسە ئىبنى مەسئۇد خەيبەرگە ماڭدى. ئۇ كۈنلەردە خەيبەر سۈلھە ھالىتىدە ئىدى. ئۇلار خەيبەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئايرىلىپ كەتتى. مۇھەييەسە كېيىن ئابدۇللاھ ئىبنى سەھلىنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئابدۇللاھ ئىبنى سەھل ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، قانغا مىلىنىپ ياتاتتى. ئۇ ئابدۇللاھ ئىبنى**



www.munber.org

سەھلنى دەپنە قىلىپ بولۇپ، مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. ئابدۇرەھمان ئىبنى سەھل ۋە مەسئۇدنىڭ ئىككى ئوغلى مۇھەييىسە بىلەن ھۇۋەييىسە رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا باردى. ئاندىن ئابدۇرەھمان ئەھۋالنى بايان قىلىشقا باشلىدى. رەسۇلۇللاھ: «كَبِّرْ كَبِّرْ» «چوڭدىن كەلسۇن، چوڭدىن كەلسۇن، چوڭ دېگەن قەۋمنىڭ سۆزلەيدىغان كىشىسى»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جىم تۇرۇپ قالدى. ئاندىن ئۇ ئىككىسى سۆزلىدى. رەسۇلۇللاھ: «أَتَحْلِفُونَ وَتَسْتَحِقُّونَ قَاتِلَكُمْ؟» «سىلەر قاتىل مۇشۇ دەپ قەسەم قىلىپ ئۇنىڭدا ھەققىڭلار بارلىقنى ئىسپاتلىيالامسىلەر؟»، دېدى، دەپ ھەدىسنى تولۇق بايان قىلدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: **1)** ئىلىم، پەزىلەتتە باراۋەر بولغان ئىككى كىشىدىن يېشى چوڭ كىشىنىڭ ئالدى بىلەن سۆزلىشى، شۇنداقلا ئىمامەتچىلىك، تويى ئىشىغا باش بولۇشتىمۇ شۇنداق بولۇشى لازىملىقى.

**2)** ئۆلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرى قىساس ئېلىشنى تەلەپ قىلغاندا ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن **50** قېتىم قەسەم قىلدىغانلىقى، شۇنداقلا جاۋابكار ئاتالغۇچى قاتىللىقنى ئىنكار قىلسىمۇ، **50** قېتىم ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىدىغانلىقى.

**352** ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇھۇد غازىتىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى بىر قەبرىگە ئىككىدىن قويۇپتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ: «أَيُّهُمَا أَكْثَرُ أَخْذاً لِلْقُرْآنِ؟» «ئىككىسىنىڭ قايسى قۇرئاننى كۆپ ياد ئالغان؟»، دەيتتى. قۇرئاننى كۆپ ياد ئالغانلىقىغا قايسى كۆرسىتىلگەن بولسا، شۇنى قەبرىگە ئىلگىرى قويۇپتى. — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: زۆرۈرىيەت بولغاندا ئىككى ياكى ئۈچ ئادەمنى بىر قەبرىگە دەپنە قىلىشنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقى، قايسىسى قۇرئاننى كۆپ يادلىغان بولسا، ھۆرمەت يۈزىسىدىن شۇنى ئالدى بىلەن قويۇش كېرەكلىكى.

**353** ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «أَرَانِي فِي الْمَنَامِ أَتَسَوَّكُ بِسِوَاكٍ، فَجَاءَنِي رَجُلانِ، أَحدُهُمَا أَكْبَرُ مِنَ الآخَرِ، فَنَاوَلْتُ السِّوَاكَ الأَصْغَرَ، فقيلَ لي : كَبِّرْ، فَدَفَعْتُهُ إِلى الأَكْبَرِ مِنْهُمَا» «مەن چۈشۈمدە مىسۋاك ئىشلىتىپ چىش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە مېنىڭ ئالدىمغا ئىككى ئادەم كەپتۇدەك، ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى يەنە بىرىدىن چوڭدەك، مەن مىسۋاكنى كىچىكىگە سۇنسام، ئۇ ماڭا: ‹چوڭدىن كەلسۇن›، دەپتۇدەك، مەن ئۇنى قايتۇرۇۋېلىپ، چوڭىغا بەرگۈدەكمەن». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: باشقىلارنىڭ مىسۋاكنى رۇخسەت بىلەن ئېلىپ ئىشلىتىشنىڭ مەكرۇھ ئەمەسلىكى.

www.munber.org

**354 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ مِنْ إِجْلاَلِ اللَّهِ تعالى إِكْرَامَ ذِى الشَّيْبَةِ الْمُسْلِمِ، وَحَامِلِ الْقُرآنِ غَيْرِ الْغَالي فِيهِ، والجَافي عَنْهُ وإِكْرَامَ ذِي السُّلْطَانِ الْمُقْسِطِ» « ياشانغان مۇسۇلماننى ھۆرمەتلەش، قۇرئاننى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەي، تاشلىۋەتمەي قويماي ئۆزلەشتۈرگەن ئادەمنى ھۆرمەتلەش ۋە ئادىل ھۆكۈمراننى ھۆرمەتلەش ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاشنىڭ جۈملىسىدىندۇر » .** — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ياشانغان مۇسۇلماننى، قۇرئان يادلىغان قارىنى ۋە ئادىل ھوقۇقدارنى ھۆرمەتلەشنىڭ مۇستەھەپ ئىكەنلىكى.

2) ئىشلاردا ئاشۇرۇۋەتمەستىن، شۇنداقلا كېمەيتىپمۇ قويماستىن ئوتتۇراھال بولۇش، قۇرئاننى ئوقۇشتىمۇ شۇنداق بولۇش كېرەكلىكى.

**355 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لَيْسَ مِنَّا مَنْ لَمْ يَرْحَمْ صَغِيرَنَا، وَيَعْرِفْ شَرفَ كَبِيرِنَا» «كىچىكلىرىمىزگە رەھىم قىلمىغان ۋە چوڭلىرىمىزنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمىغان كىشىلەر بىزگە مەنسۇپ ئەمەس».** — ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كىچىكلەرگە كۆيۈنۈش، رەھىم ـ شەپقەت قىلىش، ياخشىلىق قىلىش ۋە چوڭلارنى ھۆرمەتلەش كېرەكلىكى.

**356 ـ مەيمۇنە ئىبنى ئەبۇ شەبىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىدىن بىر تىلەمچى ئۆتۈۋېدى، ئۇنىڭغا بىر پارچە نان بېرىپ يولغا سالدى. ئاندىن ئۇنىڭ يېنىدىن كۆرۈنۈشى تۈزۈك، كىيىنىشى جايىدا بىر كىشى ئۆتۈۋېدى، ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ تاماق بەردى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بۇ ھەقتە سورالغاندا، ئۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَنْـزِلُوا النَّاسَ مَنَازِلَهُمْ» «كىشىلەرگە ئۆز لايىقىدا مۇئامىلە قىلىڭلار»، دېگەن، دېدى.**

— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

**مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «أَمرنا رسولُ اللَّه صَلّى اللهُ عَلَيْهِ وسَلَّم أَنْ نُنْزِل النَّاسَ مَنَازِلَهُمْ» «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى كىشىلەرنى ئۆز لايىقىدا ھۆرمەتلەڭلار، دەپ بۇيرۇغان»، دېگەن.**

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كىشىلەرنىڭ ئورنى ۋە مەرتىۋىسىگە قاراپ ئىش تۇتۇش كېرەكلىكى، ھەر بىر ئادەمگە ئۆز لايىقىدا مۇئامىلە قىلىش لازىملىقى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسى شەرىئەتتىكى ئەڭ كۈچلۈك دەلىل ـ ئىسپات بولىدىغانلىقى، بۇنىڭ ئىسپاتنى كەلتۈرمەي تۇرۇپ ھۆكۈم قىلىشتىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى.

**357 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇيەينە ھىسنى كېلىپ قېرىندىشىنىڭ ئوغلى ھۇررە ئىبنى قەيسنىڭكىگە چۈشتى. ئۇ ئۆمەر**



www.munber.org

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېقىن ـ يورۇقلىرى ئىدى. مەيلى قېرى بولسۇن، مەيلى ياش بولسۇن، قارىيلار ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆھبەتداشلىرى ۋە مەسلىھەتچىلىرى ئىدى. ئۇيەينە قېرىندىشىنىڭ ئوغلىغا: «ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! سېنىڭ خەلىفىنىڭ ئالدىدا يۈزۈڭ بار، كۆرۈشۈشكە ماڭا رۇخسەت ئېلىپ بەرسەڭ»، دېدى. ئۇ رۇخسەت سورىۋىدى، خەلىفە ئۆمەر ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى. ئۇيەينە كىرىپ: «ئى خەتتابنىڭ ئوغلى! ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، سەن بىزگە كۆپرەك بىر نەرسە بەرمىدىڭ، ئارىمىزدا ئادىل ھۆكۈم قىلمىدىڭ»، دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاچچىقى كەلدى. ھەتتا ئۇنى ساۋىماقچى بولدى. ھۇررە ئۇنىڭغا: «ئى مۇئمىنلەرنىڭ خەلىفىسى! ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ئۆز پەيغەمبىرىگە ﴿خُذِ العَفْوَ وَأْمُرْ بِالعُرْفِ وَأَعْرِضْ عَنِ الجَاهِلِينَ﴾ ﴿ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا بۇيرۇغىن ۋە نادانلاردىن يۈز ئۆرىگىن﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەئراف 199 ـ ئايەت) دېگەنىدى، ھەقىقەتەن ئۇ نادانلاردىندۇر»، دېدى. ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، يۇقىرىدىكى ئايەت ئوقۇلىۋاتقان چاغدا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جىم تۇردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «قۇرئان كەرىم» ئوقۇلىۋاتقان چاغدا ھەقىقەتەن جىمجىت تۇراتتى.

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**358 ـ ئەبۇ سەئىد سەمۇرە جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاقتىدا تېخى كىچىك بالا ئىدىم. مەن رەسۇلۇللاھتىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاڭلاپ يادلىۋالغانىدىم. لېكىن، بۇ يەردە مەندىن ياش جەھەتتە چوڭ كىشىلەر بولغاچقا ئەدەب يۈزىسىدىن مەن سۆز قىلمايمەن.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئىبنى ئەللان مۇنداق دەيدۇ: « ھەدىس ئالىملىرى: ‹ئەگەر بىر يۇرتتا بىر ئادەمدىن ھەدىس ئىلىمدە ياكى قۇرئان، سۈننەتنى يادلاشتا ئارتۇق ياكى ياشتا چوڭ كىشىلەر بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ باشتا سۆزلىشى ياخشى ئەمەس، ئەمما باشقا ئىلىملاردا بۇ ئاساس قىلىنمايدۇ، كىم سۆزلىسە بولۇۋېرىدۇ›، دېيىشىدۇ ».

**359 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ما أَكْرَمَ شَابٌّ شَيْخاً لِسِنِّهِ إِلاَّ قَيَّضَ اللّٰه لَهُ مَنْ يُكْرِمُهُ عِنْدَ سِنِّه» «بىرەر ياش ياشانغان كىشىنى ھۆرمەتلەيدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئۇ كىشىنىڭ يېشىغا بارغاندا ئۇنى ھۆرمەتلەيدىغان بىر كىشىنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىدۇ».**

— تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ياشانغان، ئاجىز كىشىلەرگە ياردەم قىلىش كېرەكلىكى.

2) كىمكى بىرەر ياخشىلىق قىلىدىكەن، ئۆزىمۇ شۇ ياخشىلىققا ئېرىشىدىغانلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ ياخشىلىق قىلغۇچىنىڭ ئەجرىنى زايە قىلىۋەتمەيدىغانلىقى.



www.munber.org

3) گۈزەل ئەخلاق دىنىنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، ئۇنىڭسىز دىنىنىڭ مۇكەممەل بولمايدىغانلىقى.

## 45. باب ياخشىلارنى زىيارەت قىلىش ۋە ئۇلار بىلەن ھەمسوھبەت بولۇش، ھەمسۆھبەت بولۇش، ئۇلارنى ياخشى كۆرۈش، ئۇلارنى زىيارەت قىلىش، ئۇلاردىن دۇئا تەلەپ قىلىش ۋە ئۇلۇغ جايلارنى زىيارەت قىلىش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذْ قَالَ مُوسَى لِفَتَاهُ لا أَبْرَحُ حَتَّى أَبْلُغَ مَجْمَعَ الْبَحْرَيْنِ أَوْ أَمْضِيَ حُقُبًا﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ياش خادىمىغا (يەنى يۇشەئ ئىبنى نۇنغا): «ئىككى دەريانىڭ قوشۇلىدىغان جايىغا يەتمىگۈچە مېڭىشىمنى توختاتمايمەن، (شۇ جايغا يەتكەنگە قەدەر ئۇزاققىچە مېڭىۋېرىمەن»، دېدى﴾، دېگەن يەردىن ﴿قَالَ لَهُ مُوسَى هَلْ أَتَّبِعُكَ عَلَى أَن تُعَلِّمَنِ مِمَّا عُلِّمْتَ رُشْدًا﴾ ﴿مۇسا ئۇنىڭغا: «ئاللاھ ساڭا بىلدۈرگەن توغرا ئىلىمنى ئۆگىتىشىڭ ئۈچۈن ساڭا ئەگىشەيمۇ؟»﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە كەھف 60 ~ 66- ئايەتلەر) دېگەن يەرگىچە.

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاصْبِرْ نَفْسَكَ مَعَ الَّذِينَ يَدْعُونَ رَبَّهُم بِالْغَدَاةِ وَالْعَشِيِّ يُرِيدُونَ وَجْهَهُ﴾ ﴿سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن- ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار (يەنى ئاجىز، كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) بىلەن سەۋرچان بىللە بولغىن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە كەھف 28- ئايەت)

360. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «يۈرگىن، رەسۇلۇللاھ ئۇممۇ ئەيمەن رەزىيەللاھۇ ئەنھانى قانداق يوقلاپ تۇرغان بولسا، بىزمۇ شۇنداق يوقلايلى»، دېدى. ئۇ ئىككىسى ئۇممۇ ئەيمەننىڭكىگە كەلگەن چاغدا ئۇممۇ ئەيمەن ئۇلارنى كۆرۈپ يىغلاپ كەتتى. ئىككىيلەن ئۇنىڭغا: «نېمىگە يىغلايسەن؟ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ »، دېدى. ئۇممۇ ئەيمەن: «مەن ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلمەي يىغلاۋاتقىنىم يوق، مەن ئاسماندىن چۈشىدىغان ۋەھىينىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىغا يىغلاۋاتىمەن»، دېدى. ئۇلارنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئۇممۇ ئەيمەن بىلەن قوشۇلۇپ يىغلاپ كەتتى.

—— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دەيدۇ: بۇ ھەدىستىن مەلۇمكى، سالىھ، ياخشى كىشىلەر بىزدىن ئايرىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ ياخشى نەرسىلەرگە ئېرىشسىمۇ، ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن قايغۇرۇپ يىغلاشنىڭ دۇرۇسلۇقى.



www.munber.org

2) سالىھ كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ دوست ـ يارەنلىرىنى يوقلاپ تۇرۇشنىڭ لازىملىقى.

3) ئۇممۇ ئەيمەن رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنغان.

**361 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «أَنَّ رَجُلاً زَارَ أَخاً لَهُ في قَريَةٍ أُخْرَى، فَأَرْصد اللَّهُ تعالى على مَدْرجَتِهِ ملَكاً، فَلَمَّا أَتَى عَلَيْهِ قال: أَيْن تُريدُ؟ قال: أُرِيدُ أَخاً لي في هذِهِ الْقَرْيةِ. قال: هَلْ لَكَ علَيْهِ مِنْ نِعْمَةٍ تَرُبُّهَا عَلَيْهِ؟ قال: لا، غَيْر أَنِّي أَحْبَبْتُهُ في اللَّهِ تعالى، قال: فَإِنِّي رسول اللَّهِ إِلَيْكَ بأَنَّ اللَّه قَدْ أَحبَّكَ كَما أَحْبَبْتَهُ فِيهِ» **«بىر كىشى باشقا بىر يۇرتتىكى (دىنىي) قېرىندىشىنى يوقلاپ ماڭدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ يولىغا بىر پەرىشتىنى قويدى. ئۇ كىشى مېڭىپ پەرىشتىنىڭ قېشىغا كەلگەندە، پەرىشتە: ‹قەيەرگە ماڭدىڭ؟›، دەپ سورىدى. ئۇ كىشى: ‹بۇ يۇرتتىكى بىر قېرىندىشىمنى يوقلاپ كېلەي، دەپ ماڭدىم›، دېدى. پەرىشتە: ‹سېنىڭ ئۇ كىشىگە قىلغان قانداقتۇر بىرەر ياخشىلىقىڭ بولۇپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە نەپكە ئېرىشىش ئويۇڭ بارمۇ؟›، دېدى. ئۇ كىشى: ‹ياق، مېنىڭ ئۇنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ياخشى كۆرۈشتىن باشقا ئويۇم يوق›، دېدى. پەرىشتە: ‹مەن ئاللاھ تائالانىڭ ساڭا ئەۋەتكەن ئەلچىسى، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا سېنى سەن قېرىندىشىڭنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆردى›، دېدى».** —— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالانىڭ بەندىگە بولغان مۇھەببىتى ئۇنىڭغا ياخشىلىقنى ئىرادە قىلىش ۋە ئىشلىرىغا تەۋپىق، نۇسرەت ئاتا قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى.

2) ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈش ۋە بىر ـ بىرىنى يوقلاپ تۇرۇشنىڭ ناھايىتى ساۋابلىق كاتتا ئىش ئىكەنلىكى.

**362 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «مَنْ عَادَ مَرِيضاً أَوْ زَار أَخاً لَهُ في اللَّه، نَادَاهُ مُنَادٍ: بِأَنْ طِبْتَ، وطَابَ مَمْشَاكَ، وَتَبَوَّأْتَ مِنَ الجَنَّةِ منْزِلاً» **«كىمكى بىرەر كېسەلنى يوقلىسا ياكى ئاللاھ تائالا يولىدا دوست تۇتۇشسا، بىر قېرىندىشىنى يوقلىسا، بىر نىدا قىلغۇچى ئۇنىڭغا: ‹ياخشى ئىش قىلدىڭ، باسقان قەدەملىرىڭ خەيرلىك بولدى ۋە ئۆزۈڭ ئۈچۈن جەننەتتىن بىر ئورۇن ھازىرلىدىڭ›، دەپ نىدا قىلىدۇ».**

—— تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كېسەل يوقلاشنىڭ، ئاللاھ يولىدا قېرىنداشلىرىنى يوقلاپ تۇرۇشنىڭ ئەجىر ـ ساۋابى بايان قىلىنغان.

**363 ـ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إِنَّما مثَلُ الجلِيس الصَّالِحِ وَجَلِيسِ السُّوءِ. كَحَامِلِ المِسْكِ، وَنَافِخِ الْكِيرِ، فَحامِلُ المِسْكِ، إِمَّا أَنْ يُحْذِيَكَ، وَإِمَّا أَنْ تَبْتَاعَ مِنْهُ وَإِمَّا أَنْ تَجِدَ مِنْهُ رِيحاً طيِّبةً. ونَافخُ الكيرِ إِمَّا أَن يَحْرِقَ ثِيابَكَ وإِمَّا أَنْ تجِدَ مِنْهُ رِيحاً مُنْتِنَةً» **«ھەقىقەتەن ياخشى ھەمراھ بىلەن يامان ھەمراھنىڭ**

www.munber.org

مىسالى ئىپار ساتقۇچى بىلەن تۆمۈرچىگە ئوخشايدۇ. ئىپار ساتقۇچىغا كەلسەك، ئۇ ياكى ساڭا ئىپاردىن بېرىدۇ، ياكى ساڭا سېتىپ بېرىدۇ، ياكى ئۇنىڭ خۇش پۇرىقىنى پۇرىۋالىسەن. تۆمۈرچىگە كەلسەك، ئۇ ياكى كىيىمىڭنى كۆيدۈرىدۇ، ياكى ئۇنىڭ سېسىق پۇرىقىنى پۇرايسەن». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كىشىنىڭ دۇنيالىق ئىشلىرى ۋە دىنغا زىيان يەتكۈزىدىغان ھەمراھلار بىلەن دوست بولماسلىقى كېرەكلىكى.

2) تاللاپ دوست تۇتۇش، پايدىلىق توغرا يوللۇق كىشىلەر بىلەن دوست بولۇش لازىملىقى.

3) ئىپار سېتىشنىڭ جائىز ئىكەنلىكى ۋە ئىپارنىڭ پاك ئىكەنلىكى.

364 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تُنْكَحُ المَرْأَةُ لأَرْبعٍ: لِمالِهَا، وَلِحَسَبِهَا، وَلِجَمَالِهَا، ولِدِينِهَا، فَاظْفَرْ بِذَاتِ الدِّينِ تَرِبَتْ يَدَاكَ» «خوتۇن ئېلىشتا ئايال كىشىنىڭ پۇل ـ مېلى، شان ـ شەرىپى، ھۆسن ـ جامالى، دىيانىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دىيانەتلىك ئايالنى ئالغىن، ئاللاھ تائالا سېنى ئۆز پەزلىدىن باي قىلىدۇ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىسلام دىنى ھەر بىر مۇسۇلماننى دىيانەتلىك ئايالنى ھەمراھلىققا تاللاشقا دەۋەت قىلىدىغانلىقى.

2) ئەر ئۆيلىنىشتە ئايالنىڭ دىيانىتىنى ئاساس قىلىدىكەن، بۇنداق نىكاھنىڭ داۋاملىشىدىغانلىقى، چۈنكى دىن ئەقىل ۋە ۋىجداننى توغرا يولغا باشلايدىغانلىقى، دىيانەتلىك ئايالدا باشقا گۈزەل پەزىلەتلەرنىڭمۇ تېپىلىدىغانلىقى.

365 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىلغا: «مَا يَمْنَعُكَ أَنْ تَزُورَنَا أَكْثَرَ مِمَّا تَزُورنَا؟» «بىزنى ھازىرقىدىن كۆپرەك زىيارەت قىلىشىڭغا نېمە توسقۇنلۇق قىلىدۇ؟»، دېگەندە، بۇ ئايەت نازىل بولغان: ﴿ومَا نَتَنَزَّلُ إلاَّ بِأَمْرِ رَبِّكَ لَهُ مَا بَيْنَ أَيْدِينَا وَمَا خَلْفَنَا وما بَيْنَ ذلِكَ﴾ ﴿بىز بىر جايدىن يەنە بىر جايغا پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقى بىلەنلا يۆتكىلەلەيمىز، بىزنىڭ ئالدى ـ كەينىمىزدىكى ۋە شۇنىڭ ئارىلىقىدىكى نەرسىلەر ئاللاھ تائالاغا خاستۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە مەريەم 64 ـ ئايەت) — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببىتى، ئۇنى كۆرۈشكە، ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئىلىم، ۋەھيىگە بولغان ھېرىسمەنلىكى بايان قىلىنغان.

366 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا تُصَاحبْ إلاَّ مُؤْمِناً، ولا يَأْكُلْ طعَامَكَ إلاَّ تَقِيٌّ» «سەن پەقەت مۇئمىن بىلەنلا ھەمسۆھبەت بولغىن، تامىقىڭنى پەقەت تەقۋادارلارلا يېسۇن».

— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

367 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الرَّجُلُ عَلَى دِينِ خَلِيلِهِ، فَلْيَنْظُرْ أَحَدُكُمْ مَنْ يُخَالِلُ» «كىشىنىڭ دىيانىتى دوستىنىڭ دىيانىتىگە باغلىق بولىدۇ. شۇڭا، سىلەرنىڭ ھەربىرىڭلار كىم بىلەن دوستلىشىدىغانلىقىغا قارىسۇن».

— ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «بىر كىشى ياخشى كىشىلەرنى ياقتۇرسا، ئۇلارنىڭ دەرىجىسىگە يېتەلمىسە قانداق قىلىدۇ؟ »، دېيىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الْمَرْءُ مَعَ مَنْ أَحَبَّ» «كىشى ياخشى كۆرگەن ئادىمى بىلەن بىللە بولىدۇ»، دېدى، دېيىلگەن.

368 ـ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الْمَرْءُ مَعَ مَنْ أَحَبَّ» «كىشى ياخشى كۆرگەن ئادىمى بىلەن بىللە بولىدۇ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كىشىنىڭ قىيامەت كۈنىدە ياخشىلار، تەقۋادارلار بىلەن بىللە جەم بولۇشى ئۈچۈن شۇلار بىلەن دوستلىشىشى، يامانلار، پاسىقلاردىن يىراق بولۇشى لازىملىقى.

369 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئەئرابى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «قىيامەت قاچان بولىدۇ؟ »، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مَا أَعْدَدْتَ لَهَا؟» «قىيامەتكە نېمىلەرنى تەييارلىدىڭ؟ »، دېدى. ئۇ كىشى: «ئاللاھ تائالا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلىنىڭ مۇھەببىتىنى تەييارلىدىم»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَنْتَ مَعَ مَنْ أَحْبَبْتَ» «سەن ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭ بىلەن بىللە بولىسەن»، دېدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە: مەن ئۇنىڭغا روزىلارنى كۆپ تۇتۇش، نامازلارنى كۆپ ئوقۇش ۋە سەدىقىلەرنى كۆپ بېرىشنى تەييارلىيالمىدىم، لېكىن مەن ئاللاھ تائالا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرىمەن»، دېدى، دېيىلگەن. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سوئال سورىغۇچىغا ئاقىلانە جاۋاب بەرگەنلىكى، ئۇ كىشىگە قىيامەتنىڭ ۋاقتىغا ئەمەس، قانداق ئەمەللەرنى تەييارلاشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەكلىكىنى ئاگاھلاندۇرغانلىقى.

2) قىيامەت كۈنىدە ھەر بىر كىشىنىڭ مەيلى ياخشى، يامان بولسۇن، ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادىمى بىلەن بىللە بولىدىغانلىقى.

370 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا بىر كىشى كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ياخشى كىشىلەرنى

www.munber.org

ياقتۇرۇپ ئۇلارنىڭ دەرىجىسىگە يېتەلمىگەن كىشى توغرىسىدا نېمە دەيسەن؟ »،
دېدى. رەسۇلۇللاھ: «الْمَرْءُ مَعَ مَنْ أَحَبَّ» «كىشى ياخشى كۆرگەن كىششىسى بىلەن بىللە
بولىدۇ»، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

371 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «النَّاسُ معَادِنُ كَمَعَادِنِ الذَّهَبِ وَالْفِضَّةِ، خِيَارُهُمْ في الجَاهِلِيَّةِ
خِيارُهُمْ في الإِسْلامِ إِذَا فَقهُوا. وَالأَرْوَاحُ جُنُودٌ مُجنَّدَةٌ، فَمَا تَعَارَفَ مِنْهَا ائْتَلَفَ، وَمَا تَنَاكَرَ مِنْهَا، اخْتَلَفَ»
«كىشىلەر ئالتۇن ـ كۈمۈش كانلىرىغا ئوخشاش كانلاردۇر. ئۇلارنىڭ جاھىلىيەت
دەۋرىدىكى ياخشىلىرى ئىسلام دىنى دەۋرىدىمۇ ياخشىلاردۇر. كىشىلەرنىڭ روھلىرى
ئالەمى ئەرۋاھتا توپلانغان لەشكەرلەردۇر. ئالەمى ئەرۋاھتا ئۆزئارا تونۇشقان روھلار
بۇ دۇنيادا بىر ـ بىرى بىلەن كېلىشەلەيدۇ. تونۇشمىغانلىرى بولسا كېلىشەلمەيدۇ».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ كىشىلەرنىڭ پەزىلەتلىرى پەقەت شۇ دەۋردە ياشىغان كىشىلەر ئىمان ئېيتىپ، مۇسۇلمان بولۇپ، دىنىي ئىلىملەرنى ئىگىلەپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغاندىلا، ئاندىن ھېسابقا ئېلىنىدىغانلىقى.

2) روھلارنىڭ ئەسلىي يارىلىشىدىكى ياخشىلىق ياكى يامانلىق تەبىئەتلىرى بىلەن تونۇشقانلىرى بۇ دۇنيادىمۇ چىقىشىپ ئۆتىدىغانلىقى، قارشىلاشقانلىرى بۇ دۇنيادىمۇ ئەپ ئۆتمەيدىغانلىقى.

372 - ئۇسەير ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۆمەر
ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يەمەنلىكلەردىن ياردەمچى كىشىلەر كەلگەندە،
ئۇلاردىن: «ئاراڭلاردا ئۇۋەيس ئىبنى ئامىر بارمۇ؟ »، دەپ سورىدى ۋە بارلىقىنى
بىلگەندىن كېيىن ئۇۋەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا باردى. ئۇنىڭغا: «سەن
ئۇۋەيس ئىبنى ئامىرمۇ؟ »، دېدى. ئۇ: «ھەئە»، دېدى. ئاندىن ئۇنىڭغا: «سەندە
ئاق كېسەل بولۇپ، ھازىر ساقىيىپ پەقەت بىر دەرھەمچىلىك ئورنى قالدىمۇ؟ »،
دېدى. ئۇ: «ھەئە»، دېدى. ئۆمەر: «سېنىڭ ئاناڭ بارمۇ؟ »، دېدى. ئۇ: «ھەئە»،
دېدى. ئاندىن ئۆمەر: «مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: ‹يَأْتِي
عَلَيْكُمْ أُوَيْسُ بْنُ عَامِرٍ مع أَمْدَادِ أَهْلِ الْيَمَنِ مِنْ مُرَادٍ، ثُمَّ مِنْ قَرَنٍ كَانَ بِهِ برصٌ، فَبَرَأَ مِنْهُ إِلاَّ مَوْضعَ دِرْهَمٍ، لَهُ وَالِدَةٌ هُو
بِهَا برٌّ لَوْ أَقْسمَ على اللَّه لأَبَرَّهُ، فَإِن اسْتَطَعْتَ أَنْ يَسْتَغْفِرَ لَكَ فَافْعَلْ› ‹سىلەرگە يەمەن ئەھلىدىن
ياردەمچى قوشۇنلىرى بىلەن مۇراد قەبىلىسىدىكى قەرەن جەمەتىدىن بولغان ئۇۋەيس
ئىبنى ئامىر دېگەن كىشى كېلىدۇ. ئۇ ئاق كېسەل بولۇپ، ساقىيىپ بىر
دەرھەمچىلىك ئورنى قالىدۇ. ئۇنىڭ بىر ئانىسى بولۇپ، ئۇ ئانىسىغا بەك
ياخشىلىق قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئاللاھ تائالاغا قەسەم قىلسىلا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ
قەسىمىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشساڭ، ساڭا



www.munber.org

مەغفىرەت تەلەپ قىلىشنى ئۆتۈنگىن›. ماڭا مەغفىرەت تەلەپ قىلغىن»، دېدى. ئاندىن ئۇ ئاللاھ تائالادىن مەغفىرەت تەلەپ قىلدى. ئۆمەر ئۇنىڭغا: «سەن قەيەرگە بېرىشنى خالايسەن؟»، دېۋىدى، ئۇ: «كۇفەگە بېرىشنى خالايمەن»، دېدى. ئۆمەر: «ئۇ يەرنىڭ باشلىقلىرىغا سەن توغرۇلۇق خەت يېزىپ بېرەيمۇ؟»، دېدى. ئۇ كىشى: «مېنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئاجىزلاردىن بولغىنىم ياخشىدۇر»، دېدى.

ياندۇرقى يىلى ھەج مەۋسۇمىدا ئۆمەر ئۇلارنىڭ چوڭلىرىدىن بىر كىشىگە ئۇچراشتى. ئۇنىڭدىن ئۇۋەيس توغرۇلۇق سورىدى. ئۇ: «مەن ھەجگە ماڭغان چاغدا، ئۇۋەيسنىڭ ئۆيلىرى ۋەيرانە ۋە مال ـ مۈلۈكلىرى ناھايىتى ئاز قالغانىدى»، دېدى. ئۆمەر: «مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان»، دەپ رەسۇلۇللاھنىڭ يۇقىرىدا سۆزلىگەنلىرىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ كىشى ھەجدىن قايتىپ ئۇۋەيسنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ماڭا ئاللاھ تائالادىن مەغفىرەت تىلىگىن»، دېدى. ئۇۋەيس ئۇ كىشىگە: «سەن ئۆمەر بىلەن ئۇچرىشىپسەن ـ دە»، دېدى. ئۇ كىشى: «ھەئە»، دېگەندىلا، ئۇۋەيس ئۇ كىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن مەغفىرەت تىلىدى. ئاندىن كىشىلەر ئۇنى تونۇپ قېلىۋىدى، ئۇ كۇفەنى تاشلاپ كەتتى.

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: ئۇسەير ئىبنى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، كۇفە ئەھلى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇۋەيسنى مەسخىرە قىلىدىغان كىشىلەردىن بىرسى بار ئىدى. ئۆمەر: «بۇ يەردە قەرەن جەمەتىدىن بىرەرسى بارمۇ؟»، دەپ سورىۋىدى، ئۇ كىشى كەلدى. ئۆمەر: «ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إِنَّ رَجُلاً يَأْتِيْكُمْ مِنَ الْيَمَنِ يُقَالُ لَهُ أُوَيْسٌ لاَ يَدَعُ بِالْيَمَنِ غَيْرَ أُمٍّ لَهُ قَدْ كَانَ بِهِ بَيَاضٌ فَدَعَا اللهَ تَعَالَى فَأَذْهَبَهُ إِلاَّ مَوْضِعَ الدِّيْنَارِ أَوِ الدِّرْهَمِ فَمَنْ لَقِيَهُ مِنْكُمْ فَلْيَسْتَغْفِرْ لَكُمْ» ‹سىلەرگە يەمەندىن ئۇۋەيس ئىسىملىك بىر كىشى كېلىدۇ، ئۇ يەمەندە ئانىسىدىن باشقا نەرسىنى قالدۇرۇپ قويمايدۇ، ھەقىقەتەن ئۇ ئاق كېسەل بولۇپ قېلىپ، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىۋېدى، ساقىيىپ، كېسەل پەقەت دىنارنىڭ ياكى دەرھەمنىڭ ئورنىچىلىك جايدىلا قالدى، سىلەردىن كىمكى ئۇنىڭغا يولۇقسا، ئۆزى ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن مەغفىرەت تەلەپ قىلىشنى سورىسۇن›، دېگەندى»، دېدى.

مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ: «إِنَّ خَيْرَ التَّابِعِيْنَ رَجُلٌ يُقَالُ لَهُ أُوَيْسٌ وَلَهُ وَالِدَةٌ وَكَانَ بِهِ بَيَاضٌ فَمُرُوْهُ فَلْيَسْتِغْفِرْ لَكُمْ» «تابىئىنلارنىڭ ياخشىسى ئۇۋەيس ئاتلىق كىشىدۇر. ئۇنىڭ ئانىسى بار ۋە ئاق كېسەل بىلەن ئاغرىغان. ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن مەغفىرەت تەلەپ قىلىشنى سوراڭلار».



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئۇۋەيس ئىبنى ئامىرنىڭ پەزىلىتى، ئۇنىڭ تابىئىنلارنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىدىن ئىكەنلىكى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىشلاردىن ئالدىنئالا خەۋەر بېرىدىغان مۆجىزىسى بايان قىلىنغان.

3) ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شەرىئەت ئىلمىنى يەتكۈزۈش، سۈننەتنى تارقىتىش يولىدىكى تىرىشچانلىقى، ئۇنىڭ پازىل كىشىلەرنى قەدىرلەيدىغان، ماختايدىغان پەزىلەتلىك ئىمانىنىڭ كامىللىقى ئاشكارا بولىدىغانلىقى.

4) خەيرلىك، ساۋابلىق سەپەرنىڭ بەرىكىتى، ئۇنىڭدىن قايتقان كىشىنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولىدىغانلىقى.

5) سالىھ، تەقۋادار كىشىلەردىن دۇئا قىلىپ قويۇشنى سوراش، گەرچە دۇئا تەلەپ قىلغۇچى ئۇ كىشىدىن ئەۋزەل بولسىمۇ، ياخشىلىق، ساۋابنى زىيادە قىلىش يۈزىسىدىن دۇئا قىلىپ قويۇشنى سوراشنىڭ توغرا ئىكەنلىكى.

**373 - ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن رەسۇلۇللاھتىن ئۆمرە قىلىشقا ئىزنى سورىدىم. رەسۇلۇللاھ ماڭا ئىزنى بېرىپ: «لا تَنْسَنَا يا أَخَيَّ مِنْ دُعَائِكَ» «ئى قېرىندىشىم، دۇئايىڭدا بىزنى ئۇنتۇپ قالمىغىن»، دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇ سۆزىنىڭ ئورنىغا پۈتۈن دۇنيا مېنىڭ ئىلكىمدە بولسىمۇ مېنى ئۇنچىلىك خۇشال قىلالمايتتى»، دېدى.**

— ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

**يەنە بىر رىۋايەتتە: «أَشْرِكْنَا يَا أَخَيَّ فِي دُعَائِكَ» «ئى قېرىندىشىم! دۇئايىڭغا بىزنىمۇ شېرىك قىلغىن»، دېگەن، دېيىلگەن.**

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مۇقىم بىر يەردە تۇرغۇچىنىڭ سەپەر قىلغۇچىدىن ئۆزىگە دۇئا قىلىپ قويۇشنى سورىشى، ئەگەر سەپەر ھەج ياكى ئۆمرە ئۈچۈن بولغاندا، گەرچە ئۇ ئادەم سەپەر قىلغۇچىدىن ئەۋزەل بولسىمۇ، سەپەر قىلغۇچىدىن دۇئا قىلىپ قويۇشنى سوراشنىڭ پەزلى بايان قىلىنغان.

2) ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزلى بايان قىلىنغان.

**374 - ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاغلىقمۇ، پىيادىمۇ قۇبا مەسجىدىنى زىيارەت قىلاتتى، ئۇ يەردە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر شەنبە كۈنى ئۇلاغلىق ۋە پىيادە قۇبا مەسجىدىگە كېلەتتى، ئىبنى ئۆمەرمۇ شۇنداق قىلاتتى، دېيىلگەن.**

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) قۇبا مەسجىدىنى زىيارەت قىلىشنىڭ مۇستەھەپلىكى. ئۇ يەردە ناماز ئوقۇشنىڭ ساۋابى ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان. «صَلاَةٌ فِيْ مَسْجِدِ قُبَاء كَعُمْرَة» « قۇبا

مەسجىدىدە ناماز ئوقۇغان كىشى ئۆمرە قىلغانغا ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدۇ»، دېگەن ھەدىسنى ئىمام تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

2) ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ ھەممە ئىشلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىپ سۈننەتكە ئەگەشىدىغانلىقى.

## 46 . باب كىشىنى ئاللاھ تائالا يولىدا ياخشى كۆرمەكنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭغا قىزىقتۇرۇش، بىر كىشىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشىسىگە ئۆزىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ۋە بىلدۈرگەن كىشىگە نېمە دېيىش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مُحَمَّدٌ رَّسُولُ اللَّهِ وَالَّذِينَ مَعَهُ أَشِدَّاء عَلَى الْكُفَّارِ رُحَمَاء بَيْنَهُمْ﴾ ﴿مۇھەممەد ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۇئمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە فەتھ 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ تَبَوَّؤُوا الدَّارَ وَالْإِيمَانَ مِن قَبْلِهِمْ يُحِبُّونَ مَنْ هَاجَرَ إِلَيْهِمْ﴾ ﴿ئۇلاردىن (يەنى مۇھاجىرلاردىن) مەدىنىدە يەرلىك بولغان، ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى دوست تۇتىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھەشر 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

375 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ثَلاثٌ مَنْ كُنَّ فِيهِ وَجَدَ بِهِنَّ حَلاَوَةَ الإِيمَانِ: أَنْ يَكُونَ اللَّهُ وَرَسُولُهُ أَحَبَّ إِلَيْهِ مِمَّا سِوَاهُمَا، وَأَنْ يُحِبَّ المَرْءَ لا يُحِبُّهُ إِلاَّ لِلَّهِ، وَأَنْ يَكْرَهَ أَنْ يَعُودَ فِي الكُفْرِ بَعْدَ أَنْ أَنْقَذَهُ اللَّهُ مِنْهُ، كَمَا يَكْرَهُ أَنْ يُقْذَفَ فِي النَّارِ» «كىمدە ئۈچ تۈرلۈك نەرسە تېپىلسا، ئۇ ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىنى ھەممە نەرسىدىن ئارتۇق سۆيۈش، بىرەر بەندىنى دوست تۇتسا، ئۇنى پەقەت خۇدالىق ئۈچۈن دوست تۇتۇش، ئاللاھ تائالانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن كۇفرىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، قايتا كۇفرىغا قايتىشنى تىرىك پېتى ئوتقا تاشلانغاندىمۇ يامان كۆرۈش».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالاغا تائەت ـ ئىبادەت قىلىش، ئۇنى دۇنيا نېئمەتلىرىدىن ئارتۇق كۆرگەندىلا ئىماننىڭ ھالاۋىتىدىن لەززەتلەنگىلى بولىدىغانلىقى.

2) ئاللاھ تائالانى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرۈش — ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلىنىڭ رازىلىقىنى ئۆز نەپسى ـ خاھىشىدىن ئارتۇق كۆرۈش بىلەن بولىدىغانلىقى.

3) كۇفرىلىقنى يامان كۆرۈش — ئۇنىڭ بۇۋاستە سەۋەبلىرىدىن ۋە كۇفرىلىققا ئېلىپ بارىدىغان گۇناھلاردىن يىراق بولۇش بىلەن بولىدىغانلىقى.



www.munber.org

**376 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سبْعَةٌ يُظِلُّهُم اللّه في ظِلِّهِ يَوْمَ لا ظِلَّ إِلاَّ ظِلُّهُ: إِمامٌ عادِلٌ، وَشَابٌ نَشَأَ في عِبَادَةِ اللَّهِ عَزَّ وَجلَّ، وَرَجُلٌ قَلْبُهُ مَعلّقٌ بِالمَسَاجِدِ ورَجُلان تَحَابَّا في اللَّهِ اجْتَمَعَا عَلَيْهِ، وَتَفَرَّقَا عَلَيْهِ، ورَجُلٌ دَعَتْهُ امْرَأَةٌ ذَاتُ مَنْصِبٍ وَجَمَال، فقال: إِنِّي أَخافُ اللَّه، وَرَجُلٌ تَصَدَّقَ بِصَدَقَةٍ، فَأَخْفَاهَا حَتَّى لا تَعْلَمَ شِمَالُهُ ما تُنْفِقُ يَمِينُهُ، وَرَجُلٌ ذَكَرَ اللَّهَ خَالِياً فَفَاضَتْ عَيْنَاهُ» «ئاللاھ تائالانىڭ سايىسىدىن باشقا ھېچقانداق سايە يوق قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ تائالا يەتتە تۈرلۈك ئادەمنى ئۆز ئەرشى ئاستىدا سايىدىتىدۇ: 1) ئادىل پادىشاھ. 2) پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالانىڭ ئىبادىتىدە ئۆسكەن ياش. 3) ئەس ـ يادى ھەمىشە مەسجىدتە بولغان ئادەم. 4) ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن دوست بولۇشقان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئايرىلىشقان ئادەملەر. 5) ئېسىل ۋە چىرايلىق بىر ئايال ئۆزىگە چاقىرسا، ‹ئاللاھ تائالادىن قورقىمەن›، دەپ ئۇنى رەت قىلغان كىشى. 6) ئوڭ قولى بىلەن نېمىنى بەرگەنلىكىنى سول قولى بىلمەي قالغۇدەك دەرىجىدە مەخپىي سەدىقە بەرگەن كىشى. 7) خالىي جايدا ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىپ ياش تۆككەن كىشى».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئادىل سۇلتاننىڭ پەزلى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا بولغان مەرھەمىتى بايان قىلىنغان. ئادىل پادىشاھنىڭ باشقىلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا كېلىشى نۇرغۇن مەنپەئەت ۋە ھەقنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

2) ئاللاھ تائالانىڭ تائەت ـ ئىبادىتى بىلەن چوڭ بولغان، گۇناھلاردىن يىراق بولغان ياشنىڭ پەزلى.

3) جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنى ياخشى كۆرۈپ، قەلبى مەسجىدكە باغلانغان كىشىنىڭ پەزلى.

4) دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرى يۈزىسىدىن ئەمەس، ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈپ جەم بولۇشنىڭ پەزلى.

5) گۇناھنىڭ شارائىتى ھازىرلانغاندا ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ ئىپپەتلىك بولغان كىشىنىڭ پەزلى.

6) كەمبەغەلنىڭ غۇرۇرىغا تېگىشتىن ساقلىنىدىغان، كەمسىتمەيدىغان، شۇنداقلا كىشىلەر ئارىسىدا رىياغا ئېلىپ بارمايدىغان مەخپىي يوسۇندىكى سەدىقىنىڭ پەزلى.

7) ئاللاھ تائالانىڭ ھەر دائىم كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدىغان ۋە خالىي جايدا ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ ياش تۆككەن ئادەمنىڭ پەزلى.

8) باشقا ھەدىسلەردە قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ يەتمىش تۈرلۈك ئادەمنى ئۆز سايىسىدا سايىدىتىغانلىقى بايان قىلىنغان. ئىمام سۇيۇتى بۇ يەتتە تۈرلۈك ئادەمنىڭ ئورنىنىڭ ئالاھىدە ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ پەزلى سەۋەبىدىن بۇ ھەدىستە يەتتە تۈرلۈك ئادەملا تىلغا ئېلىنغان دەپ كۆرسىتىدۇ.

www.munber.org

9) دوستلىشىشنىڭ پرىنسىپىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

**377 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إن اللّه تعالى يقولُ يَوْمَ الْقِيَامةِ: أَيْنَ الْمُتَحَابُّونَ بِجَلالِي؟ الْيَوْمَ أُظِلُّهُمْ في ظِلِّي يَومَ لا ظِلَّ إلاَّ ظِلِّي» **«ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى: ‹مېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇم بىلەن دوستلاشقان كىشىلەر قەيەردە؟ مېنىڭ سايەمدىن باشقا ھېچقانداق سايە بولمىغان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇلارنى ئۆز سايەمدە سايىدىتىمەن›، دەيدۇ».** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**378 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «وَالَّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لا تَدْخُلُوا الجَنَّةَ حَتَّى تُؤْمِنُوا، ولا تُؤْمِنُوا حَتَّى تَحَابُّوا، أَوَ لا أَدُلُّكُمْ عَلَى شَيءٍ إِذَا فَعَلْتُمُوه تَحَابَبْتُمْ؟ أَفْشُوا السَّلامَ بينَكم» **«جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، سىلەر مۆئمىن بولمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، ئۆزئارا دوستلاشمىغۇچە مۆئمىن بولالمايسىلەر. مەن سىلەرنى ئۆزئارا دوستلاشتۇرىدىغان بىر ئىشنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ ئاراڭلاردا سالامنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار».** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىمانسىز ھالدا جەننەتكە كىرگىلى بولمايدىغانلىقى، مۇسۇلمانىنىڭ ئۆزى ئېمىنى ياخشى كۆرسە قېرىندىشىغىمۇ شۇنى ياخشى كۆرمىگۈچە ئىمانىنىڭ كامىل بولمايدىغانلىقى.

2) سالام بېرىش ئۆزئارا دوستلىشىشنىڭ سەۋەبلىرىدىندۇركى، ئۇ دوستلۇقنى، مېھرىبانلىقنى پەيدا قىلىدۇ. سالام بېرىش بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەت كۈچىيىدۇ. سالام بىلەن مۇسۇلمانلار باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. سالام قىلىش سۈننەت، ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇش پەرز. سالام قىلىش قائىدىسى: « اَلسَّلامُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ » « ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ »، دېيىش بولۇپ، باشقا سۆزلەرنى ئېيتىپ سالاملىشىش بۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ.

**379 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «أَنَّ رَجُلاً زَارَ أَخاً لَهُ في قَرِيَةٍ أُخْرَى، فَأَرْصد اللَّهُ تعالى على مَدْرجَتِهِ ملَكاً، فَلَمَّا أَتَى عَلَيْهِ قال: أَيْن تُرِيدُ؟ قال: أُرِيدُ أَخاً لي في هذِهِ الْقَرْيةِ. قال: هَلْ لَكَ علَيْهِ مِنْ نِعْمَةٍ تَرُبُّهَا عَلَيْهِ؟ قال: لا، غَيْر أَنِّي أَحْبَبْتُهُ في اللَّهِ تعالى، قال: فَإِنِّي رسول اللَّهِ إِلَيْكَ بأَنَّ اللَّه قَدْ أَحبَّكَ كَما أَحْبَبْتَهُ فِيهِ» **«بىر كىشى باشقا بىر يۇرتتىكى (دىنىي) قېرىندىشىنى يوقلاپ ماڭدى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ يولىغا بىر پەرىشتىنى قويدى. ئۇ كىشى مېڭىپ پەرىشتىنىڭ قېشىغا كەلگەندە، پەرىشتە: ‹قەيەرگە ماڭدىڭ؟›، دەپ سورىدى. ئۇ كىشى: ‹بۇ يۇرتتىكى بىر قېرىندىشىمنى يوقلاپ كېلەي، دەپ ماڭدىم›، دېدى. پەرىشتە: ‹سېنىڭ ئۇ كىشىگە قىلغان قانداقتۇر بىرەر ياخشىلىقىڭ بولۇپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە نەپكە ئېرىشىش ئويۇڭ بارمۇ؟›، دېدى. ئۇ كىشى: ‹ياق، مېنىڭ ئۇنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۈچۈن**



www.munber.org

ياخشى كۆرۈشتىن باشقا ئويۇم يوق›، دېدى. پەرىشتە: ‹مەن ئاللاھ تائالانىڭ ساڭا ئەۋەتكەن ئەلچىسى، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا سېنى سەن قېرىندىشىڭنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆردى›، دېدى». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

380. بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا يُحِبُّهُمْ إِلاَّ مُؤمِنٌ، وَلا يُبْغِضُهُمْ إِلاَّ مُنَافِقٌ، مَنْ أَحَبَّهُمْ أَحبَّه اللّهُ، وَمَنْ أَبْغَضَهُمْ أَبْغَضَهُ اللّه» «ئەنسارىيلارنى پەقەت مۇئمىنلەرلا ياخشى كۆرىدۇ، مۇناپىقلارلا يامان كۆرىدۇ. ئەنسارىيلارنى ياخشى كۆرگەن ئادەمنى ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدۇ. ئەنسارىيلارنى يامان كۆرگەن ئادەمنى ئاللاھ تائالامۇ يامان كۆرىدۇ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئەنسارىيلارنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ نۇسرەت تېپىشى ئۈچۈن كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى سەۋەبلىك ئەنسارىيلارنى ياخشى كۆرۈش تېگىشلىكتۇر ۋە ئىمانىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرىدۇر، ئۇلارنى يامان كۆرۈش مۇناپىقلىق بولۇپ، مۇسۇلمانلار تائىپىسىدىن چىقىپ كەتكەنلىكتۇر، ئەمما ئۇلارنىڭ بىرەرسىنى بىرەر ئاداۋەت تۈپەيلى يامان كۆرۈش مۇناپىقلىق ئەمەس، بەلكى گۇناھ ھېسابلىنىدۇ.

381 ـ مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «قَالَ اللّهُ عَزَّ وَجَلَّ: الْمُتَحَابُّونَ في جَلالي، لَهُمْ مَنَابِرُ مِنْ نُورٍ يَغْبِطُهُمُ النَّبِيُّونَ وَالشُّهَدَاءُ» «ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇم توغرۇلۇق دوستلاشقان كىشىلەرگە نۇرلۇق مۇنبەرلەر تەييارلىنىدۇ، پەيغەمبەرلەرمۇ، شېھىتلەرمۇ ئۇلارغا زوقلىنىدۇ». — تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاللاھ تائالا يولىدا دوستلاشقانلارغا ئاخىرەتتە چوڭ ساۋاب ۋە كاتتا ئورۇن ھازىرلانغان بولىدۇ. پەيغەمبەرلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ ئەۋزەل بەندىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ نۇرلۇق مۇنبەرلەرنى ئارزۇ قىلىشى ئاللاھ تائالا يولىدا دوستلاشقانلارنىڭ پەزلى، شەرىپى، دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى بايان قىلىش يۈزىسىدىن ئېيتىلغان.

382 ـ ئەبۇ ئىدرىس خەۋلانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن دەمەشىقنىڭ مەسجىدىگە كىردىم. ئۇ مەسجىدتە خۇش چىراي بىر يىگىت بار ئىكەن، كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرۇپتۇ. ئەگەر ئۇلار بىرەر نەرسىدە دەتالاش قىلىشىپ قالسا، ئۇ يىگىتكە تەلپۈنۈپ، ئۇنىڭ پىكرىنى ئېلىپ قايتىدىكەن. مەن ئۇ يىگىت توغرۇلۇق سورىسام، ئۇلار: «بۇ مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولىدۇ»، دېيىشتى. ئەتىسى ئەتىگەندە مەسجىدكە بالدۇر كىرىپ قارىسام، ئۇ مەندىنمۇ بالدۇر كېلىپ ناماز ئوقۇۋېتىپتۇ. مەن ئۇنى نامىزىنى ئوقۇپ بولغۇچە كۈتۈپ تۇردۇم، ئاندىن ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۆتۈپ سالام بېرىپ: «ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، مەن سېنى ئاللاھ تائالا رىزاسى ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن»، دېدىم. ئۇ: «ئاللاھ تائالا ئۈچۈنمۇ؟ »، دېدى. مەن: «ئاللاھ تائالا ئۈچۈن»، دېدىم.



www.munber.org

ئۇ: «ئاللاھ تائالا ئۈچۈنمۇ؟ »، دېدى. مەن: «ئاللاھ تائالا ئۈچۈن»، دېدىم. ئۇ مېنى تونۇمىنىڭ پېشىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى. ئاندىن: «ساڭا خۇش خەۋەر، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ: ‹قالَ اللَّهُ تعالى وَجَبَتْ مَحبَّتِي لِلْمُتَحَابِّينَ فيَّ، والمُتَجالِسِينَ فيَّ، وَالْمُتَزَاوِرِينَ فيَّ، وَالْمُتَباذِلِينَ فيَّ› ‹ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ مۇھەببىتىمنى دەپ دوستلاشقان، مېنى دەپ بىللە ئولتۇرۇشقان، مېنى دەپ زىيارەت قىلىشقان، مېنى دەپ ئۆزئارا بىر نەرسىلەرنى بېرىشكەن كىشىلەرگە مېنىڭ مۇھەببىتىم تېگىشلىك بولدى›، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان»، دېدى. — ئىمام مالىك رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالا ئۈچۈن دوستلاشقان ئادەمنىڭ دوستلاشقان ئادىمىگە ئۆزىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، ئىبادەت قىلىۋاتقان بولسا، ئۇ ئىبادەتتىن بوشىغاندا ئاندىن ئۇنىڭغا گەپ قىلىشىنىڭ سۆزلىشىش ئەدەبلىرى جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى.

2) بىرەرسىگە گەپ قىلغاندا، ئۇنى چۆچۈتۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئالدى تەرىپىدىن كېلىپ گەپ قىلىشنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاق جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى.

383 ـ ئەبۇ (كەرىمە) مىقداد ئىبنى مەئدى كەرىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِذَا أَحَبَّ الـرَّجُلُ أَخَاهُ، فَلْيُخْبِـرْه أَنَّـهُ يُحِبُّـهُ» «ئەگەر بىر كىشى بىرەر قېرىندىشىنى ياخشى كۆرسە، ئۇنىڭغا ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرسۇن». — ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كىشىنىڭ دىنىي قېرىندىشىغا ئۆزىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇشتىن مەقسەت، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق، مېھىر ـ مۇھەببەت، ھەمكارلىق، قېرىنداشلىق ئالاقىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈندۇر.

384 ـ مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «يَا مُعَاذُ واللَّهِ، إِنِّي لأُحِبُّكَ، ثُمَّ أُوصِيكَ يَا مُعاذُ لا تَدَعنَّ في دُبُرِ كُلِّ صلاةٍ تَقُولُ: اللَّهُم أَعِنِّي على ذِكْرِكَ وَشُكْرِكَ، وحُسنِ عِبَادتِكَ» «ئى مۇئاز! ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، مەن سېنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىمەن»، دېدى. ئاندىن ۋەسىيەت قىلىپ: «ئى مۇئاز! ساڭا تەۋسىيە قىلىمەنكى، ھەر نامازنىڭ كەينىدە: ‹ئى ئاللاھ! سېنى زىكىر قىلىشىمغا، ساڭا شۈكۈر قىلىشىمغا ۋە ساڭا ئوبدان قۇلچىلىق قىلىشىمغا يار ـ يۆلەك بولغايسەن›، دېيىشنى تەرك ئەتمىگىن»، دېدى.

— ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسەئى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھەر پەرز نامازدىن كېيىن يۇقىرىقى دۇئانى ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بولغان مۇھەببىتى، ھۆرمىتى، ئۇنىڭ تېخىمۇ كۆپ ياخشىلىق ۋە ساۋابقا ئېرىششىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقى.



www.munber.org

385 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىدا تۇراتتى. بىر كىشى ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. ئۇ كىشى: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇنى ئەلۋەتتە ياخشى كۆرىمەن»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «أأعْلمتَهُ؟» «ئۇنىڭغا بىلدۈردىڭمۇ؟»، دېدى. ئۇ: «ياق»، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «أعْلِمْهُ» «ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويغىن»، دېدى. ئاندىن ئۇ كىشى يېتىشىۋېلىپ: «مەن سېنى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن»، دېدى. ئۇ كىشى: «سەن مېنى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ياخشى كۆرگەندەك ئاللاھ تائالامۇ سېنى ياخشى كۆرگەي»، دېدى. ـــ ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

## 47 . باب ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەرنى ياخشى كۆرگەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرى ۋە بۇ ئالامەتلەرنى كىشى ئۆزىگە سىڭدۈرۈش ۋە ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ إِن كُنتُمْ تُحِبُّونَ اللّهَ فَاتَّبِعُونِي يُحْبِبْكُمُ اللّهُ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَاللّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، (ئۆتكەنكى) گۇناھىڭلارنى مەغفىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال ئىمران 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ مَن يَرْتَدَّ مِنكُمْ عَن دِينِهِ فَسَوْفَ يَأْتِي اللّهُ بِقَوْمٍ يُحِبُّهُمْ وَيُحِبُّونَهُ أَذِلَّةٍ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ أَعِزَّةٍ عَلَى الْكَافِرِينَ يُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللّهِ وَلاَ يَخَافُونَ لَوْمَةَ لآئِمٍ ذَلِكَ فَضْلُ اللّهِ يُؤْتِيهِ مَن يَشَاء وَاللّهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن، ئاللاھ (ئۇنىڭ ئورنىغا) ئاللاھ ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ ئاللاھنى دوست تۇتىدىغان، مۇئمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كۇففارلارغا شەپقەتسىز، ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ پەزلىدۇركى، ئۇنى خالىغان كىشىگە بېرىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ (پەزلى) كەڭدۇر، ئاللاھ تائالا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە مائىدە 54 ـ ئايەت)

386 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ اللّه تعالى قال: مَنْ عادَى لِيَ وليّاً، فقدْ آذَنْتُهُ بالحَرْبِ، ومَا تَقَرَّبَ إِليَّ عَبْدِي بِشَيْءٍ أَحبَّ إِلَيَّ مِمَّا افْتَرَضْتُ عَلَيْهِ، وَمَا يَزَالُ عَبْدِي يَتَقَرَّبُ إِلَيَّ بِالنَّوَافِلِ حَتَّى أُحِبَّهُ، فَإذَا أَحْبَبْتُهُ، كُنْتُ سَمْعَهُ الَّذِي يَسْمَعُ بِهِ، وَبَصَرَهُ الَّذِي يُبْصِرُ بِهِ، ويَدَهُ الَّتي يبْطِشُ بِهَا، وَرِجْلَهُ الَّتي يَمْشِي بها وإنْ سَأَلَني أَعْطَيْتُهُ،

www.munber.org

وَلَئِنْ اسْتَعَاذَنِي لأُعِيذَنَّهُ» «ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ‹كىمكى مېنىڭ ياخشى بەندەمنى دۈشمەن تۇتىدىكەن، ئۇنىڭغا مەن ئۇرۇش ئاچقانلىقىمنى ئۇقتۇرىمەن. مەن بەندەمنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىگە پەرز قىلىپ بېكىتكەن ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىش ئارقىلىق ماڭا يېقىنلىشىشىنى ئەڭ ياقتۇرىمەن، بەندەم نەفلى ئىبادەتلەر ئارقىلىق ماڭا يېقىنلىشىۋەرسە، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالىمەن. مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغان چاغدا، ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى ۋە ماڭىدىغان پۇتى بولۇپ قالىمەن. ئەگەر ئۇ سورىسا سورىغىنىنى چوقۇم بېرىمەن. ئەگەر ئۇ مېنىڭدىن پاناھ تىلىسە، ئۇنىڭغا چوقۇم پاناھ بولىمەن›».

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرگەن كىشىگە دۈشمەنلىك قىلغۇچىدىن ئاللاھ تائالانىڭ ئىنتىقام ئالىدىغانلىقى.

2) بەندىنىڭ پەرز ئەمەللەرنى ئادا قىلىش بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىدىغانلىقى، نەفلى ئەمەللەر بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتىنىڭ تېخىمۇ زىيادە بولىدىغانلىقى.

3) پەرز ئەمەللەرنى ئادا قىلىش نەفلى ئەمەللەرنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغانلىقى، چۈنكى پەرز ئەمەللەر ئاللاھ تائالانىڭ قەتئىي ئەمرى بولۇپ، ئەمەل قىلغۇچىغا ساۋاب ـ ئەجىر بېرىلىدىغانلىقى، تەرك ئەتكۈچىگە گۇناھ يېزىلىدىغانلىقى، ئەمما نەپلى ئەمەللەرنى قىلغۇچىغا ساۋاب بېرىلىپ، تەرك ئەتكەن كىشىگە گۇناھ يېزىلمايدىغانلىقى.

4) ھەدىستە ئېيتىلغان «كُنْتُ سَمْعَهُ الَّذِي يَسْمَعُ بِهِ» «مەن ئۇ بەندىنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى...»، دېگەن سۆپەتلەرنى مۇنداق ئىككى خىل مەنىدە چۈشىنىش مۇمكىن. بىرى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇ بەندىنىڭ قۇلىقىنى ۋە كۆز، قول، پۇتتەك ئەزالىرىنى ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشقا، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا مۇيەسسەر قىلىپ بېرىدىغانلىقى، ھارام ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلايدىغانلىقى. يەنە بىرى بۇ سۆپەتلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئۇ بەندىگە ياردەم قىلىدىغانلىقى. بۇنى ھەرگىزمۇ ھۇلۇل ۋە ئاھاد ئېقىمدىكىلەر ئېيتقاندەك: «ئاللاھ تائالانىڭ ئۇ بەندە بىلەن قوشۇلۇپ كېتىشى ياكى ئەزالىرىغا كىرىشى»، دەپ چۈشىنىشكە بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق ئىنسانچە ئوخشىتىشتىن پاكتۇر، ئۇلۇغدۇر.

5) ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرگەن بەندىنىڭ ۋاقىت ئۇزارغان تەقدىردىمۇ ھامان دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولىدىغانلىقى.

**387 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِذَا أَحَبَّ اللّٰهُ تعالى العَبْدَ، نَادَى جِبْرِيل: إِنَّ اللّٰه تعالى يُحِبُّ فُلاناً، فَأَحْبِبْهُ، فَيُحبُّهُ جِبْرِيلَ، فَيُنَادى في أَهْلِ السَّمَاء: إِنَّ اللّٰه يُحِبُّ فُلاناً، فَأَحِبوهُ، فَيُحِبُّهُ أَهْلُ السَّمَاءِ، ثُمَّ يُوْضَعُ لَه القَبُولُ في الأَرْضِ» «ئاللاھ تائالا بىرەر بەندىنى دوست تۇتسا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا: ‹ئاللاھ تائالا پالانى كىشىنى دوست تۇتىدۇ. سەنمۇ ئۇنى دوست تۇتقىن›، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنى دوست تۇتىدۇ. جىبرىئىل

www.munber.org

ئەلەيھىسسالام ئاسماندىكىلەرنى تـوۋلاپ: ‹ئـاللاھ تائـالا پـالانى ئـادەمنى دوست تۇتـىدۇ، سـىلەرمۇ ئۇنى دوسـت تۇتۇڭـلار›، دەيـدۇ. شـۇنـىڭ بىلـەن ئاسماندىكىلەرمۇ ئۇنـى دوسـت تۇتـىدۇ. شـۇنـىڭدىن كېيىـن ئـۇ زېمىندىكىلـەر دوسـت تۇتىدىغـان ئـادەم بولـۇپ قـالىدۇ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن، دېيىلىدۇ: «إِنَّ اللَّه تعالى إِذا أَحبَّ عبْداً دَعا جِبْرِيلَ، فقال: إِنِّي أُحِبُّ فُلاناً فَأَحْبِبْهُ، فَيُحِبُّهُ جِبْرِيلُ، ثُمَّ يُنَادِي في السَّماءِ، فَيَقُولُ: إِنَّ اللَّه يُحِبُّ فُلاناً، فَأَحِبُّوهُ فَيُحبُّهُ أَهْلُ السَّمَاءِ ثُمَّ يُوضَعُ له القَبُولُ في الأَرْضِ، وإِذا أَبْغَضَ عَبداً دَعا جِبْرِيلَ، فَيَقولُ: إِنِّي أُبْغِضُ فُلاناً، فَأَبْغِضْهُ، فَيُبْغِضُهُ جِبْرِيلُ، ثُمَّ يُنَادِي في أَهْلِ السَّماءِ: إِنَّ اللَّه يُبْغِضُ فُلاناً، فَأَبْغِضُوهُ، فَيُبْغِضُهُ أَهْلُ السَّماءِ ثُمَّ تُوضَعُ لـه البَغْضَاءُ في الأَرْضِ» «ئەگـەر ئـاللاھ تائـالا بىـرەر بـەندىنى ياخشى كۆرسە، جىبرىئىلنى چاقىرىپ: ‹مەن پالانى كىشىنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇنى سەنمۇ ياخشى كۆرگىن›، دەيدۇ. جىبرىئىل ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاندىن ئاسماندا نىدا قىلىپ: ‹ئاللاھ تائالا پالانى كىشىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنى ياخشى كۆرۈڭلار›، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى پەرىشتىلەرمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ئاندىن ئۇ ئادەمنى زېمىندىكى كىشىلەرمۇ مەقبۇل كۆرىدۇ. ئەگەر ئاللاھ تائالا بىرەر بەندىنى يامان كۆرسە جىبرىئىلنى چاقىرىپ: ‹مەن پالانى كىشىنى يامان كۆرىمەن، ئۇنى يامان كۆرگىن›، دەيدۇ. ئۇنى جىبرىئىلمۇ يامان كۆرىدۇ ۋە پەرىشتىلەرگە نىدا قىلىپ: ‹پالانى كىشىنى ئاللاھ تائالا يامان كۆرىدۇ، ئۇنى يامان كۆرۈڭلار›، دەيدۇ. ئاندىن پەرىشتىلەرمۇ ئۇنى يامان كۆرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم كىشىلەر تەرىپىدىن يامان كۆرۈلىدۇ».

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئىنسانىنىڭ بىرەرسىنى ياخشى كۆرۈش ياكى يامان كۆرۈشىدىكى ئۆلچەمدە ياخشىلارنى ۋە پەزىلەت ئىگىلىرىنى ياخشى كۆرۈشنى ئاساس قىلىشى كېرەكلىكى، پاسىقلارنىڭ سالىھ كىشىنى يامان كۆرۈشىنىڭ، ئۆزىگە ئوخشاش پاسىقلارنى ياخشى كۆرۈشىنىڭ ئۇلارنىڭ ناچار تەبىئەتلىك بولغانلىقىدىن ئىكەنلىكى. مۇئمىننىڭ كىشىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ نۇرى بىلەن قارايدىغانلىقى، ئاللاھ تائالا كىمنى ياخشى كۆرسە شۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى.

**388** ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ بىر كىشىنى قوشۇنغا قوماندان قىلىپ ئەۋەتكەندى. ئۇ كىشى ئىمام بولۇپ نامىزىدا ئوقۇغان ئايەتلىرىگە «قُلْ هُوَ اللَّهُ اَحَدٌ ...» نى قوشۇپ ئوقۇدى، ئۇلار قايتقاندىن كېيىن بۇ ئىشنى رەسۇلۇللاھقا يەتكۈزۈۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «سَلُوهُ لأَيِّ شَيءٍ يَصْنَعُ ذلكَ؟» «سىلەر نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن سوراڭلار»، دېدى. ئۇلار ئۇنىڭدىن سورىۋىدى، ئۇ: «‹قُلْ هُوَ اللَّهُ اَحَدٌ ...› بولسا ئاللاھ تائالانىڭ سۈپىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇڭا، مەن ئۇنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن»، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «أَخْبِرُوهُ أَنَّ اللَّه تعالى يُحبُّهُ» «ئۇ كىشىگە ئېيتىپ قويۇڭلاركى، ئۇنى ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىدۇ»، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) نامازدىكى بىر رەكئەتتە سۈرە فاتىھەدىن باشقا ئىككى سۈرىنى بىللە ئوقۇشنىڭ جائىز ئىكەنلىكى.

2) ساھابىلەرنىڭ ئۆزلىرى يولۇققان ھەر بىر مەسىلىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇراجىئەت قىلىپ ھۆكمىنى بىلىشكە ئالدىرايدىغانلىقى.

3) سۈرە ئىخلاسقا ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان سۈپەتلەرنىڭ جەملەنگەنلىكى، ئۇنىڭدا تەۋھىد، بەندىلەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا ھەممە ئىشىدا ئىلتىجا قىلىدىغانلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ تۇغۇلغانمۇ ئەمەس، بالا تاپقانمۇ ئەمەسلىك سۈپەتلىرى بايان قىلىنغانلىقى.

4) بەندىنىڭ ئەمەللىرىگە ئۇنىڭ مەقسىتىگە يارىشا ساۋاب بېرىلىدىغانلىقى، بەندە ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان ئەمەللەر بىلەن ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشماقچى بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى.

5) نامازدا ئوخشاش بىر سۈرىنى تەكرارلاشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى، چۈنكى ھەدىستە ئېيتىلغاندەك ساھابە ھەر بىر قىرائەتتىن كېيىن سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇغان.

## 48 . باب ياخشى ئادەملەرنى، ئاجىز مىسكىنلەرنى رەنجىتىشتىن ھەزەر ئەيلەش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ يُؤْذُونَ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ بِغَيْرِ مَا اكْتَسَبُوا فَقَدِ احْتَمَلُوا بُهْتَانًا وَإِثْمًا مُّبِينًا﴾ ﴿مۇئمىنلەر مۇئمىنەلەرگە قىلمىغان ئىشلارنى (چاپلاپ) ئۇلارنى رەنجىتىدىغانلار، شۇ بوھتاننى ۋە روشەن گۇناھنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە ئەھزاب 58 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَأَمَّا الْيَتِيمَ فَلَا تَقْهَرْ۞ وَأَمَّا السَّائِلَ فَلَا تَنْهَرْ﴾ ﴿يېتىمنى خارلىما، سائىلغا قوپاللىق قىلما﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە زۇھا 9 ـ، 10 ـ ئايەتلەر)

بۇ توغرىسىدا ھەدىسلەر كۆپ، ئۇلاردىن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ئالدىنقى بابتىكى بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى مېنىڭ ياخشى بەندەمنى دۈشمەن تۇتىدىكەن، مەن ئۇنىڭغا ئۇرۇش ئاچقانلىقىمنى ئۇقتۇرىمەن».

سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان يېتىم ئوغۇل ۋە يېتىم قىزلارغا مېھرىبانلىق كۆرسىتىش دېگەن بابتا كەلگەن 261 ـ ھەدىستىكى رەسۇلۇللاھنىڭ: «يا أبا بَكْرٍ لَعلَّكَ أَغْضَبتَهُم؟ لَئِنْ كُنْتَ أَغْضَبْتَهُمْ لَقَدْ أَغْضَبتَ رَبَّكَ؟» «ئى ئەبۇ بەكرى! ئۇلارنى خاپا قىلىپ قويغان بولۇشۇڭ مۇمكىن، سەن ئۇلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويساڭ ئاللاھ تائالا ساڭا غەزەپلىنىدۇ»، دېگەن سۆزىمۇ بۇ ماۋزۇدا بايان قىلىنىدىغان ھەدىسلەر جۈملىسىدىندۇر.



www.munber.org

389 - جۇندۇب ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ صَلَّى صَلاَةَ الصُّبْحِ، فَهُوَ في ذِمَّةِ اللَّه، فَلا يَطْلُبَنَّكُمْ اللَّهُ مِنْ ذِمَّتِهِ بِشَيَءٍ، فَإِنَّهُ مَنْ يَطْلُبْهُ مِنْ ذِمَّتِهِ بِشَيَءٍ، يُدْرِكْهُ، ثُمَّ يَكُبُّهُ عَلى وَجْهِهِ فِي نَارِ جَهَنَّمَ» «كىمكى بامدات نامىزىنى ئوقۇسا، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ كېپىللىكىدە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆز كېپىللىكىدىكى بىرەر نەرسە توغرۇلۇق سىلەردىن ھېساب ئالماقچى بولۇپ قالمىسۇن. ئاللاھ تائالا ئۆز كېپىللىكىدىكى نەرسە توغرۇلۇق ھېساب ئالىدىكەن، تۇتماي قويمايدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ يۈزىنى يەرگە قىلىپ دوزاخقا تاشلايدۇ».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كىمكى جامائەت بىلەن بىللە بامدات نامىزىنى ئوقۇيدىكەن، ئۇ كىشىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ كېپىللىكى ۋە قوغدىشىدا بولىدىغانلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ كېپىللىكىدىكى كىشىگە ئازار بەرمەسلىك كېرەكلىكى، ئەگەر كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇ كىشىگە غەزەپلىنىپ، جازالايدىغانلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن بولماي، يۈزى بىلەن دوزاخقا تاشلىنىدىغانلىقى، جامائەت بىلەن بىللە بامدات نامىزى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغان كىشىگە زىيان يەتكۈزۈشنىڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكى.

## 49 . باب كىشىلەرنىڭ تاشقى قىياپىتىگە قاراپ ھۆكۈم قىلىش، ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِن تَابُواْ وَأَقَامُواْ الصَّلاَةَ وَآتَوُاْ الزَّكَاةَ فَخَلُّواْ سَبِيلَهُمْ﴾ ﴿ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا، ناماز ئوقۇسا، زاكات بەرسە ئۇلارنى قويۇپ بېرىڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە تەۋبە 5 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

390. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «أُمِرْتُ أَنْ أُقَاتِلَ النَّاسَ حَتَّى يَشْهَدُوا أَنْ لا إِلهَ إِلاَّ اللَّه، وَأَنَّ مُحَمَّداً رسولُ اللَّهِ، ويُقِيمُوا الصَّلاَةَ، وَيُؤتوا الزَّكاةَ، فَإِذَا فَعَلُوا ذلكَ، عَصمُوا مِنِّي دِماءَهُمْ وَأَمْوالَهُمْ إِلاَّ بِحَقِّ الإِسْلامِ، وحِسابُهُمْ عَلى اللَّه تعالى» «مەن كىشىلەر بىلەن ئۇلار بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى، دەپ گۇۋاھلىق بەرگەنگە قەدەر شۇنىسى باركى، ئۇلار ئىسلامىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشى ۋە ئىسلامدا چەكلەنگەن ئىشلاردىن چەكلىنىشى لازىم. ئۇرۇش قىلىشتا بۇيرۇلدۇم. ئۇلار ناماز ئوقۇسا، زاكات بەرسە، ئۇلارنىڭ جانلىرى ۋە ماللىرى دەخلىسىزدۇر. ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىشى».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى ئېلان قىلىپ، ئىسلامنىڭ ئەھكاملىرىنى ئادا قىلغان كىشىلەرنىڭ جانلىرى ۋە ماللىرىغا چېقىلىش ھارام ئىكەنلىكى، ئۇلارغا بۇ دۇنيادا ئىسلام ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلىشتا مۇسۇلمان سۈپىتى بىلەن مۇئامىلە

قىلىنىدىغانلىقى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچكى ئەھۋالى، نىيەتلىرىنىڭ قانداقلىقى ھەققىدە پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ھېساب ئالىدىغانلىقى.

**391 ـ ئابدۇللاھ تارىق ئىبنى ئەشيەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «مَنْ قال لا إِلهَ إِلاَّ اللَّهُ محمدا رسولُ اللَّه، وَكَفَرَ بِما يُعْبَدُ مِنْ دُونِ اللَّهِ، حَرُمَ مالُهُ وَدَمُهُ، وَحِسابُهُ على اللَّه تعالى» «كىمكى بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دېسە ۋە ئاللاھ تائالادىن باشقا چوقۇنۇلۇۋاتقان بۇتلارنى ئىنكار قىلسا، ئۇنىڭ مېلى ۋە جېنى دەخلىسىزدۇر. ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىشىدۇر».**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مۇسۇلمانىنىڭ بارلىق باتىل مەئبۇدلارنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭدىن چەك ـ چېگرا ئايرىشى ۋاجىپ ئىكەنلىكى.

**392 ـ ئەبۇ مەئبەد مىقداد ئىبنى ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن رەسۇلۇللاھقا: «ئەگەر مەن كۇففارلاردىن بىرەيلەن بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشسام، ئۇ بىر قولۇمنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۈزۈۋەتسە، ئاندىن بىر دەرەخنىڭ يېنىغا بېرىپ پاناھلىنىپ: ‹ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈردۈم›، دېسە، ئۇنى ئۆلتۈرسەم بولامدۇ؟ ئى رەسۇلۇللاھ!»، دەپ سورىدىم. رەسۇلۇللاھ: «لا تَقْتُلْهُ» «ئۇنى ئۆلتۈرسەڭ بولمايدۇ»، دېدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ مېنىڭ قولۇمنى ئۈزۈۋەتكەندىن كېيىن ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈردۈم دېگەن تۇرسا»، دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «لا تَقْتُلْهُ، فِإِنْ قَتَلْتَهُ، فَإِنَّهُ بِمنَزِلَتِكَ قَبْلَ أَنْ تَقْتُلَهُ. وَإِنَّكَ بِمَنْزِلَتِهِ قَبْلَ أَنْ يَقُولَ كَلِمَتَهُ التي قال» «ئۇنى ئۆلتۈرمەيسەن، ئەگەر ئۇنى ئۆلتۈرىدىغان بولساڭ، ئۇ سېنىڭ سەن ئۇنى ئۆلتۈرۈشتىن ئىلگىرىكى ھالىتىڭدە بولىدۇ، سەن بولساڭ، ئۇنىڭ ئىمان ئېيتىشتىن ئىلگىرىكى ھالىتىدە بولۇپ قالىسەن»، دېدى (رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇ سېنىڭ ئورنىڭدا بولىدۇ، دېگىنى ئۇ مۇسۇلمانلارغا ئوخشاشلا مېلى ۋە جېنى دەخلىسىز بولىدۇ، دېگىنىدۇر. سەن ئۇنىڭ ھالىتىدە بولۇپ قالىسەن دېگىنى سەن ئۇنى ئۆلتۈرسەڭ، ئۇ ئىمان بىلەن ئۆلگەچكە، ۋارىسلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن سەندىن قىساس ئېلىشقا ھەقلىق بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر. ئۇنىڭدىن سەن ئۇنىڭ كۇفرىلىق ھالىتىدە بولۇپ قالىسەن، دېگەن مەنە چىقمايدۇ، ئاللاھ تائالا ئۆزى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر).**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بىرەر ئادەمنىڭ سۆزى ياكى ھەرىكىتى ئۇنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى كۆرسەتسە، ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى.

2) ئەگەر بىر ئادەم يۇقىرىقى ھۆكۈمنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى ئۆلتۈرسە ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىنىدۇ. ئەگەر بىلمەستىن ئۆلتۈرسە دىيەت تۆلەيدۇ. بەزى ساھابىلەر كەلىمە شاھادەتنى ئېيتقان

www.munber.org

كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈلۈشتىن قورقۇپ ئىمان ئېيتتى دەپ چۈشىنىپ ئۆلتۈرۈۋەتكىنىگە ئوخشاش ئۇلار دىيەت تۆلەيدۇ.

**393 ـ ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ بىزنى جۇھەينە قەبىلىسىدىن بولغان ھۇرەقە جەمەتىگە ئەۋەتتى. بىز تاڭ ئاتقاندا قەۋمنىڭ ئىچىدىغان سۇ بېشىغا كەلدۇق. مەن ۋە ئەنسارىيلاردىن بىر كىشى ئۇ قەۋمنىڭ بىر ئادىمىنى تۇتۇۋالدۇق. بىز ئۇنى ئارىغا ئېلىۋالغاندا، ئۇ: «بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق»، دېدى. ئەنسارىيلاردىن بولغان ئادەم ئۇنىڭغا قول سالمىدى. مەن نەيزەمنى سانجىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم. بىز مەدىنىگە كەلگەندە بۇ ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتتى. رەسۇلۇللاھ ماڭا:** «يا أُسامةُ أَقَتَلْتَهُ بَعْدَ ما قَالَ: لا إِلهَ إِلاَّ اللَّهُ؟» **«ئى ئۇسامە! ئۇنى بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، دېگەندىن كېيىنمۇ ئۆلتۈرۈۋەتتىڭمۇ؟»، دېدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن شۇنداق دېدى»، دېدىم. رەسۇلۇللاھ:** «أَقَتَلْتَهُ بَعْدَ مَا قَالَ لا إِلهَ إِلاَّ اللَّهُ؟» **«ئۇنى بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، دېگەندىن كېيىنمۇ ئۆلتۈرۈۋەتتىڭمۇ؟»، دېدى. ئاندىن بۇ گەپنى تەكرارلاۋەردى، ھەتتا مەن شۇ كۈندىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولمىغان بولسام بوپتىكەن، دەپ قالدىم.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: رەسۇلۇللاھ:** «أَقَالَ: لا إِلهَ إِلاَّ اللَّهُ وَقَتَلْتَهُ؟» **«ئۇ بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق دېگەندىن كېيىن ئۆلتۈرۈۋەتتىڭمۇ؟»، دېدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ ھەقىقەتەن قورالدىن قورقۇپ شۇنداق دېدى»، دېدىم. رەسۇلۇللاھ:** «أَفَلا شَقَقْتَ عَنْ قَلْبِهِ حَتَّى تَعْلَمَ أَقَالَهَا أَمْ لا؟» **«سەن ئۇنىڭ چىن دىلىدىن دېگەن ياكى دېمىگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ قەلبىنى يېرىپ باقتىڭمۇ؟»، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇ گەپنى تەكرارلاۋەرگەنلىكتىن مەن شۇ كۈنى مۇسۇلمان بولسام بوپتىكەن، دەپ ئويلاپ كەتتىم.**

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىسلام ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلىشتا بەندىلەرنىڭ تاشقى ھالىتى بىلەن كۇپايىلىنىش، ئىچكى سىرلىرى ھەققىدە ئارتۇقچە سۈرۈشتە قىلماسلىق. بۇ ئىنتىقام ئېلىشنى مەقسەت قىلىپ، قارشى تەرەپنىڭ نىيىتىنىڭ چىن ئەمەسلىكىنى باھانە قىلىپ ئۆلتۈرمەكچى بولغانلارنى مەنئى قىلىش ئۈچۈندۇر.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇسامەدىن قىساس ئېلىشنى ھۆكۈم قىلمىغان، چۈنكى ئۇسامە ئۇ كىشىنى ئۆلۈمدىن قورقۇپ يالغان ئىمان ئېيتتى دەپ چۈشەنگەن. بۇ شۇبھىلىك مەسىلىسىدۇر، شۇڭا ئۇنىڭغا ھەد (شەرئەتتە بەلگىلەنگەن جازا) بېرىلمەيدۇ، لېكىن ئۆلتۈرگۈچىگە دىيەت تۆلەش تېگىشلىكتۇر.

www.munber.org

3) ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزگەن مۇسۇلماننىڭ ئىمان ئېيتمىغان بولسامچۇ. دەپ پۇشايمان قىلىشى دۇرۇس ئەمەس، ئۇسامە بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قىلمىشىنى قاتتىق ئىنكار قىلغانلىقتىن قورقۇپ شۇنداق دېگەن.

394 ـ جۇندۇب ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ بىر مۇسۇلمانلار قوشۇنىنى بىر مۇشرىكلار قەۋمىگە ئەۋەتتى. ئۇلار ئۇرۇشتى. مۇشرىكلاردىن بىر كىشى بار بولۇپ، مۇسۇلمانلاردىن قايسى كىشىنى ئۆلتۈرمەكچى بولسا، شۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. مۇسۇلمانلاردىن بىر كىشى ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلىدى ۋە ئۇنى ئۆلتۈردى. بىز ئۇنى ئۆلتۈرگەن كىشى ئۇسامە ئىبنى زەيد دېيىشتۇق. ئۇسامە قىلىچىنى كۆتۈرگەندە، مۇشرىك: «لا الـه الا الله»، دەپ تۇرسىمۇ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئاندىن بىر خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچى رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كەلدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن ئەھۋاللارنى سورىدى. ئۇ بولغان ئىشلارنى ۋە بىر مۇسۇلمان ئەرنىڭ قانداق قىلغانلىقىنى يەتكۈزدى. رەسۇلۇللاھ ئۇ كىشىنى چاقىرىپ: «لِـمَ قَتَلْتَـهُ؟» «ئۇنى نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭ؟ »، دەپ سورىدى. ئۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلدى ۋە پالانى، پۈكۈنىنى ئۆلتۈردى»، دەپ رەسۇلۇللاھقا بىر مۇنچە كىشىلەرنى ساناپ بەردى ۋە: «مەن قىلىچىمنى كۆتۈرۈۋىدىم، ئۇ قىلىچىمنى كۆرۈپ: ‹لا الـه الا الله›، دېگەن سۆزنى دېدى»، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «أَقَتَلْتَهُ؟» «ئۇنى ئۆلتۈردۈڭمۇ؟ »، دەپ سورىۋىدى، ئۇ: «ھەئە»، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «فَكَيْفَ تَصْنَعُ بلا إِلـه إِلاَّ اللَّـهُ، إِذا جاءَت يـوْمَ القيامَـةِ؟» «لا إِلـه إِلاَّ اللَّـهُ دېگەن سۆزنى قىيامەت كۈنى قانداق قىلىسەن؟ »، دېدى. ئۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا مەغفىرەت تىلىگىن»، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «فَكَيْفَ تَصْنَعُ بلا إِله إِلاَّ اللَّهُ، إِذا جاءَت يومَ القيامَةِ؟» «لا إِله إِلاَّ اللَّهُ» دېگەن سۆزنى قىيامەت كۈنى قانداق قىلىسەن؟ »، دەپ بىرەر سۆزنىمۇ ئارتتۇرماي مۇشۇ سۆزنى دەۋەردى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

395 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇتبە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ھەقىقەتەن كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرى رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاقتىدا ۋەھيى بىلەن بىلىنەتتى. ھازىر بولسا ۋەھيي ئۈزۈلدى. ھازىر پەقەت سىلەرنىڭ زاھىرى ئەمەللىرىڭلارغا قاراپ مۇئامىلە قىلىۋاتىمىز. كىمكى بىزگە زاھىرى ياخشىلىقنى كۆرسەتسە، ئۇنى بىز خاتىرجەم قىلىمىز، ئۇنى ئۆزىمىزگە يېقىن تۇتىمىز ۋە بىز ئۇنىڭ ئىچكى ئەھۋالىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيمىز. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىچكى ئەھۋالى بىلەن ئاللاھ تائالا ئۆزى ھېسابلىشىدۇ. كىمكى بىزگە يامانلىقلىرىنى كۆرسەتسە بىز ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولالمايمىز ۋە ئۇ ئىچكى ئەھۋالىم ياخشى دېسىمۇ چىن پۈتمەيمىز». — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىسلام ئەھكاملىرىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئاشكارا ئەمەللىرىگە ئاساسەن ئىجرا قىلىنىدىغانلىقى.

2) ياخشى نىيەت ھەدەۋە قىساس ئېلىشقا لايىق گۇناھكار كىشىنىڭ گۇناھىنى ئاقلىيالمايدىغانلىقى.

## 50. باب ئاللاھ تائالادىن قورقۇش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِيَّايَ فَارْهَبُونِ﴾ ﴿مەندىنلا قورقۇڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ بَطْشَ رَبِّكَ لَشَدِيدٌ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ جازاسى شەك ـ شۈبھىسىزكى قاتتىقتۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە بۇرۇج 12 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَكَذَلِكَ أَخْذُ رَبِّكَ إِذَا أَخَذَ الْقُرَى وَهِيَ ظَالِمَةٌ إِنَّ أَخْذَهُ أَلِيمٌ شَدِيدٌ۞ إِنَّ فِي ذَلِكَ لآيَةً لِّمَنْ خَافَ عَذَابَ الآخِرَةِ ذَلِكَ يَوْمٌ مَّجْمُوعٌ لَّهُ النَّاسُ وَذَلِكَ يَوْمٌ مَّشْهُودٌ۞ وَمَا نُؤَخِّرُهُ إِلاَّ لِأَجَلٍ مَّعْدُودٍ۞ يَوْمَ يَأْتِ لاَ تَكَلَّمُ نَفْسٌ إِلاَّ بِإِذْنِهِ فَمِنْهُمْ شَقِيٌّ وَسَعِيدٌ۞ فَأَمَّا الَّذِينَ شَقُواْ فَفِي النَّارِ لَهُمْ فِيهَا زَفِيرٌ وَشَهِيقٌ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭ زالىم يۇرتلارنى ھالاك قىلسا، ئەنە شۇنداق ھالاك قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن تولىمۇ قاتتىقتۇر. ئاخىرەت ئازابىدىن قورقىدىغان ئادەم بۇ (قىسسە)دىن ئەلۋەتتە ئىبرەت ئالىدۇ. ئەنە شۇ كۈن پۈتۈن خالايىق يىغىلىدىغان كۈندۇر، ئۇنى بىز مۇئەييەن مۇددەتكىچە تەخىر قىلىمىز. قىيامەت كۈنى بولغاندا ھەر قانداق ئادەم پەقەت ئاللاھتىن ئىجازەت بولغاندىلا سۆزلەيدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەدبەخت بولىدۇ، بەزىلىرى سائادەتمەن بولىدۇ. بەدبەختلەرگە كەلسەك، ئۇلار دوزاخقا كىرىدۇ، ئۇلار دوزاختا تۇۋلاپ نالە ـ پەرياد چېكىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھۇد 102 ــــ 106 ـ ئايەتلەر)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيُحَذِّرُكُمُ اللّهُ نَفْسَهُ﴾ ﴿ئاللاھ سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقۇتىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال ئىمران 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَوْمَ يَفِرُّ الْمَرْءُ مِنْ أَخِيهِ۞ وَأُمِّهِ وَأَبِيهِ۞ وَصَاحِبَتِهِ وَبَنِيهِ۞ لِكُلِّ امْرِئٍ مِّنْهُمْ يَوْمَئِذٍ شَأْنٌ يُغْنِيهِ﴾ ﴿ئۇ كۈندە كىشى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن، خوتۇنىدىن ۋە بالىلىرىدىن قاچىدۇ، ئۇ كۈندە ھەر ئادەمنىڭ بىر ھالى بولىدۇكى، ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىشىغا (شۇ ھالى) يار بەرمەيدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەبەسە 34 ــــ 37 ـ ئايەتلەر)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ياأَيُّهَا النَّاسُ اتَّقُوا رَبَّكُمْ إِنَّ زَلْزَلَةَ السَّاعَةِ شَيْءٌ عَظِيمٌ۞ يَوْمَ تَرَوْنَهَا تَذْهَلُ كُلُّ مُرْضِعَةٍ عَمَّا أَرْضَعَتْ وَتَضَعُ كُلُّ ذَاتِ حَمْلٍ حَمْلَهَا وَتَرَى النَّاسَ سُكَارَى وَمَا هُم بِسُكَارَى وَلَكِنَّ عَذَابَ

www.munber.org

اللَّـهِ شَـدِيدٌ﴾ ﴿ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلاردىن (يەنى ئازابىدىن) قورقۇڭلار، قىيامەتنىڭ زىلزىلىسى ھەقىقەتەن چوڭ ئىشتۇر. ئۇ كۈندە ھەربىر سۈت ئېمىتىۋاتقان ئايال (قاتتىق قورقۇنچتىن تېڭىرقاپ قېلىش بىلەن) ئېمىتىۋاتقان بوۋاقنى ئۇنتۇيدۇ. ھەربىر ھامىلدار ئايالنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىدۇ. ئىنسانلارنى مەست كۆرىسەن، ھالبۇكى ئۇلار (ھەقىقەتتە) مەست ئەمەس، (دېمەك قىيامەتنىڭ دەھشىتى ئۇلارنى ئەس ـ ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەتكەن) لېكىن ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى قاتتىقتۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھەج 1 ـ، 2 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلِمَنْ خَافَ مَقَامَ رَبِّهِ جَنَّتَانِ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ھېساب بېرىشتىن قورققان ئادەمگە ئىككى جەننەت بار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە رەھمان 46 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَقْبَلَ بَعْضُهُمْ عَلَى بَعْضٍ يَتَسَاءلُونَ۞ قَالُوا إِنَّا كُنَّا قَبْلُ فِي أَهْلِنَا مُشْفِقِينَ۞ فَمَنَّ اللَّهُ عَلَيْنَا وَوَقَانَا عَذَابَ السَّمُومِ۞ إِنَّا كُنَّا مِن قَبْلُ نَدْعُوهُ إِنَّهُ هُوَ الْبَرُّ الرَّحِيمُ﴾ ﴿ئۇلار يەنى جەننەت ئەھلى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ پاراڭ سېلىشىدۇ. ئۇلار ئېيتىدۇ: «بىز ھەقىقەتەن (دۇنيادىكى چاغدا) ئائىلىمىزدە (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قورقاتتۇق. ئاللاھ تائالا بىزگە مەرھەمەت قىلدى. بىزنى زەھەرلىك ئازابتىن ساقلىدى. بىز ھەقىقەتەن ئىلگىرى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلاتتۇق. ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن ئېھسان قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە تۇر 25 ~ 28 ـ ئايەتلەر)

بۇ بابتىكى ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر ۋە مەلۇملۇقتۇر. بۇ يەردە پەقەت ئۇلارنىڭ بەزىسىنى ئالدۇق. بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەرمۇ كۆپتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ تەۋپىقى بىلەن بۇ يەردە پەقەت ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنىلا ئالدۇق.

396 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۆز سۆزىدە راستچىل بولغان ۋە راستچىللىقى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ أَحَدَكُمْ يُجْمَعُ خَلْقُهُ في بَطْنِ أُمِّهِ أَرْبَعِينَ يَوْماً نُطْفَةً، ثُمَّ يَكُونُ عَلَقَةً مِثْلَ ذلِكَ، ثُمَّ يَكُونُ مُضْغَةً مثْلَ ذلِكَ، ثُمَّ يُرْسَلُ المَلَكُ، فَيَنْفُخُ فِيهِ الرَّوحَ، وَيُؤْمَرُ بِأَرْبَعِ كَلِماتٍ: بِكَتْبِ رِزْقِهِ، وَأَجلِهِ، وَعمَلِهِ، وَشَقيٌّ أَوْ سعِيدٌ. فَوَ الَّذِي لا إِله غَيْرُهُ إِنَّ أَحَدَكُمْ لَيَعْمَلُ عَمَلَ أَهْلِ الجَنَّةِ حَتَّى مَا يَكُونُ بَيْنَهُ وبَيْنَهَا إِلاَّ ذِراعٌ، فَيَسْبقُ عَلَيْهِ الْكِتابُ، فَيَعْمَلُ بِعَمَلِ أَهْلِ النَّارِ، فَيَدْخُلُهَا، وَإِنَّ أَحَدَكُمْ لَيَعْمَلُ بِعَمَلِ أَهْلِ النَّارِ حَتَّى مَا يَكُونُ بَيْنَهُ وَبَيْنَهَا إِلاَّ ذِرَاعٌ، فَيَسْبِقُ عَلَيْهِ الْكِتَابُ فَيَعْمَلُ بِعَمَلِ أَهْلِ الجَنَّةِ فَيَدْخُلُهَا» «ئىنسان ئانىسىنىڭ قورسىقىدا نۇتپە (ئابى مەنى. ـــ ت) بولۇپ، 40 كۈن پارچە گۆش ھالىتىدە تۇرىدۇ، يارىلىدىغان تەييارلىق ھالىتىدە 40 كۈن تۇرىدۇ. ئاندىن كاللەك قان پارچىسى بولۇپ 40 كۈن تۇرىدۇ. ئاندىن كېيىن ئاللاھ تائالا بىر پەرىشتىنى ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا جان



www.munber.org

گىرگۈزىدۇ ۋە مۇنداق تۈت نەرسىنى يېزىشقا بۇيرۇيدۇ: پەرىشتە ئۇنىڭ رىزقىنى، ئەجىلىنى، ئەمىلىنى ۋە شەقىي ياكى سائادەتمەن بولىدىغانلىقىنى يازىدۇ. ئاندىن كېيىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا جان كىرگۈزىدۇ. بىر ئادەم ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلىقىدىن ئۇنىڭ بىلەن جەننەتنىڭ ئارىسىدا بىر گەزچە ئارىلىق قالغاندا، قورساقتىكى چاغدا پېشانىگە پۈتۈلگىنى غالىب كېلىدۇ ـ دە، ئۇ ئەھلى دوۋزاخنىڭ ئەمىلىنى قىلىپ، دوۋزىخي بولۇپ كېتىدۇ. بىر ئادەم يامان ئەمەللەرنى قىلغانلىقىدىن ئۇنىڭ بىلەن دوزاخنىڭ ئارىسىدا بىر گەزچە ئارىلىق قالغاندا، قورساقتىكى چاغدا پېشانىگە پۈتۈلگىنى غالىب كېلىدۇ ـ دە، ئۇ جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىپ جەننەتى بولۇپ كېتىدۇ» . ــــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) قەزا ۋە قەدەرگە ئىمان ئېيتىش، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بولىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىش زۆرۈرلۈكى.

2) ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراش ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇش زۆرۈرلۈكى.

3) ئىشلارنىڭ خاتىمىسىنىڭ مۇھىملىقى، شۇڭا ئىنسانىنىڭ ئىلگىرى قىلغان ئەمەللىرىگە مەغرۇرلىنىپ يۆلىنىۋېلىشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكى.

4) ياخشى ئەمەل قىلغان كىشىنىڭ داۋاملىق شۇ ئەمەللىرىنى ساقلاپ، ئۇنىڭغا يامانلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇۋېلىشىدىن ساقلىنىشى لازىملىقى.

5) بەندىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولۇشىنى ئاللاھ تائالادىن سورىشى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن مەدەت تىلىشى، يامان ئاقىۋەتتىن ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ پاناھ تىلىشى زۆرۈرلۈكى.

397 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يُؤْتَى بِجَهَنَّمَ يَوْمَئِذٍ لَهَا سَبْعُونَ أَلْفَ زِمَامٍ، مَعَ كُلِّ زِمَامٍ سَبْعُونَ أَلْفَ مَلَكٍ يَجُرُّونَهَا» «قىيامەت كۈنى بىر جەھەننەم مەھشەرگاھقا ھازىر قىلىنىدۇ. جەھەننەمنىڭ 70 مىڭ تىزگىنى بولۇپ، ھەر بىر تىزگىننى تارتىدىغان 70 مىڭ پەرىشتە بولىدۇ». ــــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

398 ـ نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «إِنَّ أَهْوَنَ أَهْلِ النَّارِ عَذَاباً يَوْمَ الْقِيامَة لَرَجُلٌ يُوضَعُ في أَخْمَصِ قَدميْهِ جمْرَتَانِ يغْلي مِنْهُمَا دِمَاغُهُ مَا يَرى أَنَّ أَحداً أَشَدُّ مِنْه عَذَاباً، وَإِنَّه لأَهْوَنُهُمْ عذَاباً» «قىيامەت كۈنى دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەڭ يېنىك ئازاب چېكىدىغىنى شۇنداق بىر كىشىدۇركى، ئۇنىڭ ئىككى تاپىنى ئاستىغا ئىككى چوغ قويۇلىدۇ. چوغنىڭ تەسىرىدىن مېڭىسى قايناپ كېتىدۇ. ئۇ مەندىنمۇ قاتتىق ئازابلانغان كىشى يوقتۇر، دەپ قارايدۇ. ھەقىقەتتە ئۇ ئەڭ يەڭگىل ئازاب چەككەن كىشىدۇر».

ــــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كىشىلەرنى دوزاخ ئەھلىدىن بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، گۇناھلاردىن يىراق بولۇشقا ئاگاھلاندۇرغان.

**399 - سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «مِنْهُمْ مَنْ تَأْخُذُهُ النَّارُ إِلى كَعْبَيهِ، ومِنْهُمْ منْ تأْخُذُهُ إِلى رُكْبَتَيْهِ، وَمِنْهُمْ منْ تَأْخُذُهُ إِلى حُجْزَتِهِ، وِمِنْهُمْ منْ تَأْخُذُهُ إِلى تَرْقُوَتِهِ» **«ئوت ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ھوشۇقىغىچە كۆيدۈرىدۇ ۋە بەزىلىرىنى تىزىغىچە كۆيدۈرىدۇ، بەزىلىرىنى بەلگىچە، بەزىلىرىنى ئوخرەك سۆڭەكلىرىگىچە كۆيدۈرىدۇ».** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كىشىلەرنى دوزاختىن قورقۇتۇش، دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمەللىرىنى قىلغانلارغا قاتتىق ئازاب ۋەدە قىلىنغانلىقى.

2) دوزاخ ئەھلىنىڭ ئازاب چېكىشتە ھەممىسى بىر خىل ئەمەس، پەرقلىق بولىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ دەرىجىلەرگە بۆلۈنىدىغانلىقى.

**400. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «يَقُومُ النَّاسُ لِرَبِّ العالمِينَ حَتَّى يَغِيب أحدُهُمْ في رَشْحِهِ إِلى أَنْصَافِ أُذُنَيه» **«كىشىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ھوزۇرىدا تىك تۇرىدۇ، ئۇلار قۇلاقلىرىنىڭ يۇمشاق يېرىگىچىلىك تەرگە چۆمۈپ كېتىدۇ».** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: قىيامەت كۈنىدە كىشىلەرنىڭ قەبرىلىرىدىن چىقىپ، ھېساب بېرىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا يىغىلىدىغانلىقى، قىيامەت كۈنىنىڭ دەھشىتى ۋە قورقۇنچى بايان قىلىنغان.

**401 - ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق ۋەز سۆزلىدىكى، مەن بۇنداق ۋەزنى پەقەت ئاڭلاپ باقمىغان. رەسۇلۇللاھ:** «لَوْ تَعْلَمُونَ مَا أَعْلَمُ لَضَحِكْتُمْ قلِيلا ولبَكيْتمْ كَثِيراً» **«ئەگەر مەن بىلگەن نەرسىلەرنى بىلگەن بولساڭلار، ئەلۋەتتە ئاز كۈلەتتىڭلار، كۆپ يىغلايتتىڭلار»، دېدى. ساھابىلەر يۈزلىرىنى ئېتىۋېلىپ، قاتتىق يىغلىشىپ كەتتى.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**يەنە بىر رىۋايەتتە: ساھابىلەردە يۈز بەرگەن بىر ئىش رەسۇلۇللاھقا يەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزلەپ:** «عُرِضَتْ عَلَيَّ الجَنَّةُ والنَّارُ، فَلَمْ أَر كَاليَوْمِ في الخَيْرِ وَالشَّرِّ، ولَوْ تَعْلَمُونَ مَا أعلَمُ لَضحِكْتُمْ قلِيلاً، وَلَبَكَيْتُمْ كَثِيراً» **«ماڭا جەننەت بىلەن دوزاخ توغرىلاندى. مەن ئۇ ئىككىسىنى ياخشىلىق ۋە يامانلىق جەھەتلەردە بۈگۈنكىدەك كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ئەگەر مەن بىلگەننى بىلگەن بولساڭلار، ئاز كۈلۈپ، كۆپ يىغلايتتىڭلار»، دېدى. ساھابىلەرنىڭ بېشىغا شۇ كۈندىن ئېغىرراق بىر كۈن كەلمىگەنىدى. ئۇلار باشلىرىنى چۈمكىۋېلىپ، يىغلىشىپ كەتتى، دېيىلگەن.**



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇپ كۆپ يىغلاش، ئاز كۈلۈشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، كۆپ كۈلۈشنىڭ ئىنساننىڭ غەپلەتتە قالغانلىقى ۋە قەلبىنىڭ قاساۋەتلىشىپ (قاتتىقلىشىپ) كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغانلىقى.

2) ساھابىلەرنىڭ ۋەز ـ تەبلىغدىن قاتتىق تەسىرلىنىدىغانلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن ناھايىتى قورقىدىغانلىقى.

3) يىغلىغاندا يۈزنى يۆگىۋېلىپ يىغلاشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

4) جەننەت ۋە دوزاخنىڭ ئاللاھ تائالا ياراتقان مەخلۇقات بولۇپ، ھازىرمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكى.

**402 ـ مىقداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «تُدْني الشَّمْسُ يَومَ القِيَامَةِ مِنَ الخَلْقِ حتَّى تَكُونَ مِنْهُمْ كَمِقْدَارِ مِيلٍ» (شەرىئەتتە تۆت مىڭ گەز بىر مىل ھېسابلىنىدۇ)، (بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان سۇلەيم ئىبنى ئامىر ئېيتىدۇكى، مىقداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دېدىكى: ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ بىر مىل دېگەن سۆزى بىلەن زېمىندىكى مۇساپىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ياكى كۆزگە تارتىدىغان مىلنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن)، «فَيَكُونُ النَّاسُ عَلَى قَدْرِ أَعْمالِهِمْ في العَرَقِ، فَمِنْهُمْ مَنْ يَكُونُ إلى كَعْبَيْهِ، وَمِنْهُمْ مَنْ يَكُونُ إلى رُكْبَتَيْهِ، ومِنْهُمْ منْ يكون إلى حِقْوَيْهِ ومِنْهُمْ مَنْ يُلْجِمُهُ العَرَقُ إلجاماً» «قىيامەت كۈنى قۇياش مەخلۇقاتقا بىر مىل ئارىلىقتا يېقىن قىلىنىدۇ. كىشىلەر ئەمەللىرىگە قاراپ تەرلەيدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدىن تەر ھوشۇقىغىچە ئاقىدۇ. بەزىلىرىنىڭ تىزىغىچە ئاقىدۇ. بەزىلىرىنىڭ بېلىگىچە ئاقىدۇ. بەزىلىرىنىڭ ئېغىزلىرىغا تەردىن يۈگەن سېلىنىدۇ»، دەپ رەسۇلۇللاھ قولى بىلەن ئاغزىنى ئىشارەت قىلىپ كۆرسەتتى.**

—— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) قىيامەت كۈنىدە كىشىلەر ئەمەللىرىدىن ھېساب بەرگەندىكى قاتتىق قورقۇنچ بايان قىلىنغان.

2) ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا رىغبەتلەندۇرۇپ، يامان ئەمەللەردىن يىراق بولۇشقا ئاگاھلاندۇرغان.

**403 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يَعْرَقُ النَّاسُ يَوْمَ القِيامَةِ حَتَّى يذْهَب عَرَقُهُمْ في الأَرْضِ سَبْعِينَ ذِراعاً، ويُلْجِمُهُمْ حَتَّى يَبْلُغَ آذَانَهُمْ» «كىشىلەر قىيامەت كۈنى شۇنداق تەرلەپ كېتىدۇكى، ئۇلارنىڭ تەرلىرى زېمىندا 70 گەز چوڭقۇرلۇقتا ئاقىدۇ. ئۇلارغا تەردىن يۈگەن سېلىنىدۇ. ھەتتا تەر ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىغىچە چىقىدۇ».**

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

**404 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە ئىدۇق، تۇيۇقسىز بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ:** «هَلْ تَدْرُونَ ما هذا؟» **«بۇنىڭ نېمە ئاۋاز ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟»، دېدى. بىز: «ئاللاھ تائالا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلى ھەممىدىن ئوبدان بىلگۈچىدۇر»، دېدۇق. رەسۇلۇللاھ:** «ذا حَجَرٌ رُمِيَ بِهِ في النَّارِ مُنْذُ سَبْعِينَ خَرِيفاً فَهُوَ يهْوِي في النَّارِ الآنَ حَتَّى انْتَهَى إِلى قَعْرِهَا، فَسَمِعْتُمْ وجْبَتَهَا» **«بۇ دوزاخقا 70 يىل بۇرۇن تاشلانغان تاشتۇر، ئۇ ھازىرمۇ دوزاخقا چۈشۈۋاتىدۇ، ئەمدى دوزاخنىڭ تېگىگە يېتىپ باردى، سىلەرمۇ چۈشۈۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلىدىڭلار»، دېدى.**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) جەھەننەمنىڭ ناھايىتى چوڭقۇرلۇقى، ئۇنىڭدىكى ئازابنىڭ قاتتىقلىقى، مانا بۇ بەندىلەرنى دوزاختىن قورقۇشقا ئاگاھلاندۇرىدىغانلىقى.**

**2) ساھابىلەرنىڭ تاشنىڭ چۈشۈۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلىيالىشى ئۇلارنىڭ تەقۋالىقى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان كارامىتى ئىكەنلىكى.**

**3) ئۆگەتكۈچىنىڭ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئاسان چۈشىنىشى ئۈچۈن بايان قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى لازىملىقى.**

**405 ـ ئەدىي ئىبنى ھاتىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «ما مِنْكُمْ مِنْ أَحَدٍ إِلاَّ سَيُكَلِّمُهُ رَبُّهُ لَيْسَ بيْنَهُ وبَيْنَهُ تَرْجُمَانٌ، فَيَنْظُرُ أَيْمنَ مِنْهُ، فَلا يَرَى إِلاَّ ما قَدَّمَ، وينظر أشأم منه فلا يرى إلا ما قدم، وينْظُرُ بيْنَ يَدَيهِ، فَلا يَرَى إِلاَّ النَّارِ تِلْقَاءَ وَجهِهِ، فاتَّقُوا النَّارِ وَلَوْ بِشِقِّ تَمْرَةٍ» **«ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلار بىلەن تەرجىمانسىز سۆزلىشىدۇ. ئۇ ئوڭ تەرەپكە قارايدۇ، ئىلگىرىكى ئىشلىرىدىن باشقا ھېچ نېمىنى كۆرمەيدۇ. ئۇ سول تەرەپكە قارايدۇ، ئىلگىرىكى ئىشلىرىدىن باشقا ھېچ نېمىنى كۆرمەيدۇ. ئۇ ئالدىغا قارايدۇ ـ دە، ئۇدۇلىدا دوزاختىن باشقا ھېچ نېمىنى كۆرمەيدۇ، يېرىم خورما چاغلىق نەرسە بولسىمۇ سەدىقە قىلىپ دوزاختىن ساقلىنىڭلار».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**406 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إِنِّي أَرى مالا تَرَوْنَ، أَطَّتِ السَّماءُ وحُقَّ لَهَا أَنْ تَئِطَّ، مَا فِيهَا موْضِعُ أَرْبَعِ أَصَابِعَ إِلاَّ وَمَلَكٌ واضِعٌ جبهتَهُ ساجِداً للَّهِ تَعَالى، واللَّه لَوْ تَعْلَمُونَ مَا أَعْلَمُ، لضَحِكْتمْ قَلِيلاً، وَلَبكَيْتُمْ كَثِيراً، وما تَلَذَّذْتُم بِالنِّسَاءِ عَلَى الْفُرُشِ وَلَخَرجْتُمْ إِلَى الصُّعُداتِ تَجْأَرُون إِلى اللَّه تَعَالَى» **«ھەقىقەتەن مەن سىلەر كۆرەلمەيدىغان نەرسىلەرنى كۆرۈپ تۇرىمەن. ئاسمان غىچىرلاپ ئاۋاز چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ غىچىرلاپ ئاۋاز چىقىرىشى ھەقلىق بولدى، چۈنكى ھەر تۆت بارماقچىلىك ئورۇندا بىر پەرىشتە پېشانىسىنى يەرگە قويۇپ، ئاللاھ تائالاغا سەجدە قىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، مەن بىلگەننى بىلگەن بولساڭلار، ئاز كۈلۈپ، كۆپ يىغلايتتىڭلار ۋە تۆشەكلىرىڭلاردا ئاياللىرىڭلار بىلەن**



www.munber.org

ھۇزۇرلانمايتتىڭلار، ئاللاھ تائالاغا نالە قىلىپ پەرياد چېكىپ، كوچىلارغا چىقىپ كەتكەن بولاتتىڭلار».

— تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بەندىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، قۇدرىتىنى بىلگەنسېرى، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇش ۋە ساۋابىنى ئۈمىد قىلىشىنىڭ كۈچىيىدىغانلىقى. شۇنىڭ بىلەن گۇناھتىن يىراق بولۇپ، تېخىمۇ كۆپ تائەت ـ ئىبادەت قىلىدىغانلىقى.

2) ئاللاھ تائالادىن ئەيمىنىش ۋە قورقۇش مۆئمىننىڭ سۈپىتى ئىكەنلىكى. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى.

3) بەندىنى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنى، رازىلىقىنى ۋە ياردىمىنى تىلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش.

**407 ـ ئەبۇ بەرزەتە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «لا تَزُولُ قَدمَا عبْدٍ حَتَّى يُسْأَلَ عَنْ عُمْرِهِ فِيمَ أَفْنَاهُ، وَعَنْ عِلْمِهِ فِيم فَعَلَ فِيهِ، وعَنْ مالِهِ منْ أَيْنَ اكْتَسبهُ، وَفِيمَ أَنْفَقَهُ، وَعَن جِسْمِهِ فِيمَ أَبْلاهُ» **«قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا بەندىنىڭ قەدىمى جايىدىن مىدىرلىماي تۇرۇپ، ئۇنى ئۆمرىنى قانداق ئىشلارغا سەرپ قىلغانلىقى، ئۆگەنگەن بىلىمىنى نېمىلەرگە ئىشلەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئىقتىسادىنى قەيەردىن تېپىپ، نېمىلەرگە سەرپ قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىنى قانداق ئىشلارغا ئۇپراتقانلىقىدىن سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ».**

— تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بەندىنىڭ ئۆز ھاياتىنى ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈشى، ئەمەللىرىنى ئىخلاس بىلەن قىلىشى، شەرىئەتكە ئۇيغۇن، ھالال يول بىلەن پۇل تېپىشى ۋە ئۇنى ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىشى لازىملىقى.

2) ئىنسانىنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىنى ھارام ئىشلاردىن ساقلىشى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ تائەت ـ ئىبادىتىگە بېغىشلىشى كېرەكلىكى.

3) ئىنسانىنىڭ پايدىلىق ئىلىمنى ئۆگىنىپ، ئۇنى خالىس ھالدا ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئىشلىتىشى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزۈشى لازىملىقى.

4) قىيامەت كۈنىدە ئىنسانىنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ سۈرۈشتە قىلىنىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

**408 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام** ﴿يوْمَئِذٍ تُحَدِّثُ أَخْبارَهَا﴾ **﴿بۇ كۈندە زېمىن ئۆزىنىڭ خەۋەرلىرىنى مەلۇم قىلىدۇ﴾** («قۇرئان كەرىم» سۈرە زەلزەلە 4 ـ ئايەت) **دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. ئاندىن:** «أَتَدْرُونَ مَـا أَخْبَارُهَـا؟» **«زېمىننىڭ خەۋەرلىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟»، دېدى. ساھابىلەر: «ئاللاھ تائالا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلى ھەممىدىن ياخشى بىلىدۇ»، دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ:** «فَإِنَّ أَخْبَارَها أَنْ تَشْهَدَ عَلَى كُلِّ عَبْدٍ أَوْ أَمةٍ بِمَا عَمِلَ عَلَى ظَهْرِهَا، تَقُولُ: عَمِلْتَ كَذَا وكذَا في يَوْمِ كَذَا وَكَذَا، فهَذِهِ أَخْبَارُهَا» **«زېمىن ھەر بىر ئەر ۋە ھەر بىر ئايال بەندىنىڭ**



www.munber.org

زېمىندا نىمە قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىپ: ‹سەن پالان ـ پالانى كۈنلەردە مۇنداق ـ مۇنداق ئىشلارنى قىلدىڭ›، دەيدۇ. مانا بۇ زېمىننىڭ خەۋەرلىرىدۇر»، دېدى.

ـــ تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بەندىنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشى، گۇناھلاردىن يىراق تۇرۇشى لازىملىقى.

2) ئاللاھ تائالانىڭ جانسىز نەرسىلەرنى تىلغا كىرگۈزۈپ، ئىنساننىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە گۇۋاھلىق بېرىدىغان گۇۋاھچى قىلىشتەك ئۇلۇغ قۇدرىتى بايان قىلىنغان.

409 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كَيْفَ أَنْعَمُ وَصَاحِبُ الْقَرْنِ قَدِ الْتَقَمَ الْقَرْنَ، وَاسْتَمَعَ الإِذْنَ مَتَى يُؤْمَرُ بِالنَّفْخِ فَيَنْفُخُ» «مەن قانداقمۇ شاد ـ خۇرام ياشايمەن، ھالبۇكى سۇر چالغۇچى سۇرنى چېلىش ئۈچۈن ئاغزىغا ئالغان تۇرسا، ئۇ رۇخسەتنى كۈتۈۋاتىدۇ، قاچانكى ئۇنى پۈۋلەشكە بۇيرۇق قىلىنسا، ئۇنى پۈۋلەيدۇ». گويا بۇ گەپ ساھابىلەرگە قاتتىق تەسىر قىلغاندەك ئىدى. رەسۇلۇللاھ: «قُولُوا : حَسْبُنَا اللَّهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ» «ئاللاھ تائالا بىزگە كۇپايە، ئاللاھ تائالا نىمە دېگەن ياخشى ئىگە، دەڭلار»، دېدى.

ـــ تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بەندىنىڭ قىيامەت كۈنىدىن قورقۇشى لازىملىقى.

2) بەندىنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىشى، ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلىشى ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىرىشى كېرەكلىكى.

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامەت قايىم بولغاندا، زېمىندا ھايات تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۈممىتى ئىچىدىكى ئەڭ يامان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋپسىرەيدىغانلىقى.

410. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ خَافَ أَدْلَجَ، وَمَنْ أَدْلَجَ، بَلَغَ الْمَنْزِلَ أَلا إِنَّ سِلْعَةَ اللَّهِ غَالِيَةٌ، أَلا إِنَّ سِلْعَةَ اللَّهِ الْجَنَّةُ» «قورققان كىشى كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە ماڭىدۇ، كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە ماڭغان ئادەم مەنزىلىگە يېتىپ بارىدۇ. ئاگاھ بولۇڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ ماللىرى بىباھادۇر. بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالانىڭ مېلى جەننەتتىن ئىبارەتتۇر».

ـــ تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بەندىنى تائەت ـ ئىبادەتكە ئەھمىيەت بېرىشكە، گۇناھتىن خالاس بولۇشقا ئالدىراشقا، جەننەتكە ئېرىشىش يولىدا ماللىرىنى ۋە جانلىرىنى ئاللاھ تائالا يولىغا ئاتاشقا رىغبەتلەندۇرگەن.

411 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «يُحْشَرُ النَّاسُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ حُفَاةً عُرَاةً

www.munber.org

غُـرْلاً» «قىيامـەت كۈنـى كـىشـىلەر يـالاڭ ئاياغ، يالىڭـاچ، خەتنىسـىز ھالەتتـە توپـلىنىدۇ». مـەن: «ئـى رەسـۇلۇللاھ! ئەرلـەر ۋە ئايـاللار توپلانسـا، بـەزىلىرى بەزىلىرىگە قارايدىغۇ؟ »، دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «يا عَائِشَةُ الأَمرُ أَشَدُّ من أَنْ يُهِمَّهُم ذلكَ» «ئى ئائىشە! قىيامەتنىڭ دەھشىتىدىن ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە قارىغۇدەك ھالى بولمايدۇ»، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «الأَمْرُ أَهَمُّ مِن أَن يَنْظُرَ بَعضُهُمْ إِلى بَعْضٍ» «ئۆز ھالى بىلەن قىلىپ بىر ـ بىرىگە قارىيالمايدۇ»، دېيىلگەن.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: قىيامەت كۈنىدىكى قورقۇنچنىڭ قاتتىق بولىدىغانلىقى. ھەر بىر ئىنسانىنىڭ ئۇ كۈندە ئۆز ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىشتىن باشقا ھېچ نەرسىگە قاراشقا ماجالى يەتمەيدىغانلىقى.

## 51 . باب ئۈمىدۋارلىق توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ يَا عِبَادِيَ الَّذِينَ أَسْرَفُوا عَلَى أَنفُسِهِمْ لَا تَقْنَطُوا مِن رَّحْمَةِ اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ جَمِيعًا إِنَّهُ هُوَ الْغَفُورُ الرَّحِيمُ﴾ ﴿مېنىڭ تىلىمدىن ئېيتقىنكى، گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بەندىلىرىم! ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار، ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغفىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە زۇمەر 53 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَهَلْ نُجَازِي إِلَّا الْكَفُورَ﴾ ﴿بىز پەقەت كۇفرىلىق قىلغۇچىلارنىلا جازالايمىز﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە سەبەئ 17 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّا قَدْ أُوحِيَ إِلَيْنَا أَنَّ الْعَذَابَ عَلَى مَن كَذَّبَ وَتَوَلَّى﴾ ﴿بىزگە شەك ـ شۈبھىسىز ۋەھيي قىلىندۇكى، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغان، (ئىماندىن) يۈز ئۆرىگەن ئادەم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ، دەڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە تاھا 48 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَرَحْمَتِي وَسِعَتْ كُلَّ شَيْءٍ﴾ ﴿مېنىڭ رەھمىتىم مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقتۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەئراب 156 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

412 ـ ئۇبادە ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «منْ شَهِدَ أَنْ لا إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، وأَنَّ مُحمَّداً



www.munber.org

عبْدُهُ ورَسُولُهُ، وأنَّ عِيسى عَبْدُ اللّهِ ورَسُولُهُ، وكَلِمَتُهُ ألْقاها إلى مَرْيَمَ ورُوحٌ مِنْهُ، وأنَّ الجَنَّةَ حَقٌّ والنَّارَ حَقٌّ، أدْخَلَهُ اللّهُ الجَنَّةَ عَلى ما كانَ مِنَ العمَلِ» «كىمكى يېگانە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى، ئاللاھ تائالانىڭ مەريەمگە ئىلقا قىلغان كەلىمىسى، ئاللاھ تائالا تەرەپتىن بولغان روھتۇر، جەننەت بىلەن دوزاخ ھەقتۇر، دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇنىڭ ئەمەلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاللاھ تائالا ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە، «مَنْ شَهِدَ أنْ لا إلَهَ إلاَّ اللّهُ، وأنَّ مُحَمَّداً رسُولُ اللّهِ، حَرَّمَ اللّهُ علَيهِ النَّارَ» «كىمكى بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بەرسە ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا دوزاخنى ھارام قىلىدۇ»، دېيىلگەن.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كىمكى ئىمان بىلەن ئۆلىدىكەن، چوڭ گۇناھ قىلغان تەقدىردىمۇ ئىماندىن چىقىپ كەتمەيدىغانلىقى، ئۇ كىشىنىڭ مەڭگۈ دوزاختا قالمايدىغانلىقى.

**413 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «يقولُ اللّهُ عزَّ وجَلّ: مَنْ جاءَ بِالحَسَنَةِ، فَلَهُ عَشْرُ أمْثَالِها أوْ أزِيْدُ، ومَنْ جاءَ بِالسَّيِّئَةِ، فَجَزَاءُ سَيِّئَةٍ سَيِّئَةٌ مِثْلُهَا أوْ أغْفِرُ. وَمَنْ تَقرَّبَ مِنِّي شِبْراً، تَقرَّبْتُ مِنْهُ ذِرَاعاً، ومنْ تَقرَّبَ مِنِّي ذِرَاعاً، تَقَرَّبْتُ مِنْهُ باعاً، وَمَنْ أتاني يمشي، أتَيْتُهُ هَرْوَلَةً، وَمَنْ لَقِيَنِي بِقُرَابِ الأرْضِ خَطِيئَةً لاَ يُشْرِكُ بِي شَيْئاً، لَقِيتُهُ بِمِثْلِها مغْفِرَةً» «ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇكى، كىمكى بىرەر ياخشىلىقنى قىلغان بولسا، ئۇن ھەسسە ئارتۇق ساۋابقا ئېرىشىدۇ ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق كۆپەيتىپ بېرىمەن. كىمكى بىرەر يامانلىق قىلسا، پەقەت ئۇنىڭ يامانلىقىغا باراۋەر جازا بېرىلىدۇ ياكى مەغفىرەت قىلىمەن. كىمكى ماڭا بىر گەز يېقىنلاشسا مەن ئۇنىڭغا بىر غېرىچ يېقىنلىشىمەن، كىمكى ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر گەز يېقىنلىشىمەن، كىمكى ماڭا مېڭىپ كەلسە، مەن ئۇنىڭغا يۈگۈرۈپ بارىمەن. كىمكى ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي يەر يۈزى تولغۇدەك خاتالىق بىلەن دەرگاھىمغا كەلسە، مەن ئۇنىڭغا زېمىن توشقۇدەك مەغفىرەت بىلەن مۇلاقات بولىمەن». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بەندىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنى ۋە مەغفىرىتىنى داۋاملىق ئۈمىد قىلىشى، ئۇنىڭدىن ئۈمىدسىزلەنمەسلىكى لازىملىقى. بەندە قىلغان بىر ياخشىلىققا ئون ھەسسە ساۋاب بېرىش ساۋابىنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ بىر ياخشىلىققا 70ھەسسىدىن 700ھەسسىگىچە ساۋاب بېرىشكە ۋەدە قىلغانلىقى.

**414 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بىر ئەئرابى كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! كىشىنى جەننەتكە**



www.munber.org

ياكى دوزاخقا كىرىشكە تېگىشلىك قىلىدىغان ئىككى ئىش قايسى؟ »، دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: «مَنْ مَاتَ لاَ يُشرِكُ بِاللَّه شَيْئاً دخَلَ الجَنَّةَ، وَمَنْ ماتَ يُشْرِكُ بِهِ شَيْئاً، دَخَلَ النَّارَ» «بىرى، كىمكى ئاللاھ تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئۆلىدىكەن، ئۇ ئادەم جەننەتكە كىرىدۇ. يەنە بىرى، كىمكى ئاللاھ تائالاغا بىرەر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرۈپ ئۆلىدىكەن ئۇ ئادەم دوزاخقا كىرىدۇ»، دېدى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئىمان بىلەن ئۆلگەن كىشىنىڭ ھەر قانداق گۇناھ قىلغان تەقدىردىمۇ، دوزاختا مەڭگۈ قالمايدىغانلىقى ۋە كۇففارلارنىڭ دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئۆلىمالار ئورتاق پىكىرگە كەلگەن.

415 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ بىلەن مۇئاز بىر ئۇلاغقا مىنىگەلىك ئىدى. رەسۇلۇللاھ: «يا مُعاذُ» «ئى مۇئاز!»، دېدى. مۇئاز: «خوش، لەببەي، ئي رەسۇلۇللاھ!»، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «يا مُعاذ» «ئى مۇئاز!»، دېدى. مۇئاز: «خوش، لەببەي، ئي رەسۇلۇللاھ!»، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «ما مِن عَبدٍ يَشْهَدُ أَنْ لاَ إِله إِلاَّ اللَّهُ، وَأَنَّ مُحَمدا عَبْدُهُ ورَسُولُهُ صِدْقاً مِنْ قَلْبِهِ إِلاَّ حَرّمَهُ اللَّهُ على النَّارِ» «بىر بەندە چىن قەلبى بىلەن راستتىن ‹بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى›، دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا دوزاخنى ھارام قىلىدۇ»، دېدى. مۇئاز: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ سۆزۈڭنى كىشىلەرگە يەتكۈزمەيمەنمۇ، ئۇلارمۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشاللانسۇن»، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «إِذاً يَتَّكلُوا» «ئۇنداقتا ئۇلار بۇ سۆزگە يۆلىنىۋالىدۇ»، دېدى. مۇئاز ئۆلۈپ كېتىدىغان چاغدا (ئىلىمنى يوشۇرغانلىق سەۋەبى بىلەن) گۇناھكار بولۇپ قالماي دەپ، كىشىلەرگە بۇنى سۆزلەپ بەرگەن.
— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: سۆزلىسە باشقىچە مەنە چىقىپ قالىدىغان ۋە كىشىلەرنى ئەمەل قىلماي يۆلىنىۋېلىشقا ئېلىپ بارىدىغان سۆزلەرنى سۆزلىمەسلىكنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى، مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىلىمنى يوشۇرۇش گۇناھىغا قېلىشتىن قورقۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىنى كىشىلەرگە ئېيتقانلىقى.

416 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، تەبۇك غازىتىدا كىشىلەر ئاچلىقتىن قىينالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر رۇخسەت قىلساڭ، تۆگىلىرىمىزنى سويۇپ يېسەك ۋە ئۇنىڭ بىلەن مايلانساق»، دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ: «افْعَلُوا» «شۇنداق قىلىڭلار»، دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر ئۇنداق قىلىدىغان بولساق، ئۇلاغلىرىمىز ئازىيىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ سەپەرگە تەييارلىغان ئېشىنچە ئوزۇقلىرىنى يىغىپ، ئۇنىڭ بەرىكەتلىك بولۇشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلغىن. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا بەرىكەت بېرىشى مۇمكىن»، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «نَعَمْ» «بولىدۇ»، دېدى. ئاندىن بىر تېرە داستىخاننى



www.munber.org

يايدى ۋە ئۇلارنىڭ ئېشىنچە ئوزۇقلىرىنى ئەكىلىشكە بۇيرۇدى. بىرى بىر سىقىم تېرىق ئەكەلدى. بىرى بىر چاڭگال خورما ئەكەلدى. يەنە بىرى بىر پارچە نان ئەكەلدى. شۇنىڭ بىلەن داستىخانغا ئازراق بىر نەرسە يىغىلدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ بەرىكەتلىك بولۇشىغا دۇئا قىلدى. ئاندىن: «ئۇلارنى قاچاڭلارغا سېلىڭلار»، دېدى. ئۇلار قاچىلىرىغا سالدى. ھەتتا قوشۇندىن ئېشىپمۇ قالدى. رەسۇلۇللاھ: «أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ، وَأَنِّي رَسُولُ اللَّهِ لاَ يَلْقَى اللَّه بهما عَبْدٌ غَيْرُ شاكٍّ، فَيُحْجبَ عَنِ الجَنَّةِ» «بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، مەن ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسىدۇرمەن. ھەر قانداق بەندە بۇ ئىككى كەلىمە بىلەن ھېچ قانداق شەك كەلتۈرمەستىن ئاللاھ تائالاغا مۇلاقات بولىدىكەن، ئۇ جەننەتكە كىرمەي قالمايدۇ»، دېدى. — ترمزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ساھابىلەرنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشلىرىدا رەسۇلۇللاھتىن رۇخسەت سوراپ قىلىدىغانلىقى، ئۇنى يولباشچى بىلىپ، سۆزىنى ئاڭلايدىغان ئەدەب ـ ئەخلاقى بايان قىلىنغان.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاز تائامغا دۇئا قىلىپ بەرىكەتلىك قىلىشتەك مۆجىزىسى بايان قىلىنغان. بۇ خىل ئەھۋال مۇشۇ بىر قېتىمدىلا ئەمەس، بىر قانچە قېتىم يۈز بەرگەن.

417 ـ ئىتبان ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى (ئۇ بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقانلاردىن ئىدى)، مەن قەۋمىم بەنى سالىمگە ئىمام بولۇپ، ناماز ئوقۇپ بېرەتتىم. مەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر جىلغا بولۇپ، يامغۇر ياغقاندا مەسجىد تەرەپكە ئۆتۈشۈم قىيىن بولاتتى. مەن رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا: «مېنىڭ كۆزۈم ئاجىزلاپ قالدى، مەن بىلەن قەۋمىمنىڭ ئارىسىدا بىر جىلغا بار، يامغۇر ياغقان چاغدا جىلغىدا سۇ كۆپىيىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەرەپكە ئۆتۈشۈم قىيىنلىشىدۇ، ئۆيۈمدىكى بىرەر جاينى ناماز ئوقۇيدىغان جاي قىلىۋېلىشىم ئۈچۈن ئۆيۈمگە كېلىپ ناماز ئوقۇپ بەرسەڭكەن، دەيمەن»، دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «سَأَفْعَلُ» «شۇنداق قىلاي»، دېدى. ئەتىسى قۇياش كۆتۈرۈلگەندە، رەسۇلۇللاھ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار بىلەن بىللە كەلدى. رەسۇلۇللاھ كىرىشكە ئىجازەت سورىدى، مەن ئىجازەت بەردىم. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئولتۇرمايلا: «أَيْنَ تُحِبُّ أَنْ أُصَلِّيَ مِنْ بَيْتِكَ؟» «ئۆيۈڭنىڭ قەيىرىدە ناماز ئوقۇپ بېرىشىمنى ياخشى كۆرىسەن؟»، دېدى. مەن ناماز ئوقۇشنى ياقتۇرىدىغان جاينى كۆرسىتىپ بەردىم. رەسۇلۇللاھ تۇرۇپ تەكبىر ئېيتىپ، قۇلاق قاقتى. بىزمۇ ئۇنىڭ كەينىدە سەپ بولۇپ تۇردۇق. رەسۇلۇللاھ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ سالام بەردى. بىزمۇ سالام بەردۇق. ئاندىن رەسۇلۇللاھنى ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلانغان خەزىرە تامىقى (ئۇن بىلەن مايدا پىشۇرۇلىدىغان تاماق)غا تۇتۇپ قالدىم. مەھەللىدىكىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ بىزنىڭ ئۆيدە ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، توپ ـ توپ بولۇپ كېلىپ، ئۆيدە ئادەم كۆپىيىپ كەتتى. بىر كىشى: «مالىك كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ئۇنىڭغا نېمە



www.munber.org

بولغاندۇ؟»، دېدى. يەنە بىر كىشى: «ئۇ ئاللاھ تائالا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلىنى سۆيمەيدىغان مۇناپىق»، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «لاَ تَقُلْ ذَلِكَ أَلاَ تَراهُ قالَ: لاَ إِلَـهَ إِلاَّ اللَّهُ يَبْتَغِي بِذَلِكَ وَجْهَ اللَّهِ تَعالى؟» «ئۇنداق دېمەڭلار. ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق دېگەنلىكىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟»، دېدى. مەن: «ئاللاھ تائالا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلى ياخشى بىلىدۇ. ئەمما ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇنىڭ مۇناپىقلاردىن باشقا كىشىلەر بىلەن سۆزلەشكەنلىكىنى ۋە دوستلاشقانلىقىنى كۆرمىدۇق»، دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «فَإِنَّ اللَّه قَدْ حَرَّمَ على النَّارِ مَنْ قَالَ: لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ يَبْتَغِي بِذَلِكَ وَجْهِ اللَّهِ» «ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ‹بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق›، دېگەن كىشىگە دوزاخ ھارام بولىدۇ»، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئۆيىنىڭ بىرەر جايىنى ناماز ئوقۇيدىغان يەر قىلىشنىڭ پەزلى ۋە شۇ جايدا ناماز ئوقۇشنىڭ باشقا يەرگە قارىغاندا ئەۋزەل ئىكەنلىكى. مۇشۇنداق ناماز ئوقۇيدىغان جايدا بەرىكەتنىڭ كۆپ بولۇشى ئۈچۈن ئەمەلى ياخشى كىشىلەرنىڭ شۇ جايدا ناماز ئوقۇشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

2) ئىمان ئېيتقان كىشىلەرگە قۇرۇق شۈبھە بىلەن يامان گۇماندا بولۇشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكى.

**418 - ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا بىر نەچچە ئەسىر ئېلىپ كېلىندى. شۇ ۋاقىتتا ئەسىرلەر ئىچىدىكى بىر ئايال مېغىپ يۈرۈپ ئەسىرلەر ئارىسىدىن بىر كىچىك بالىنى تاپتى ۋە ئۇنى باغرىغا بېسىپ ئېمىتتى. رەسۇلۇللاھ:** «أَتُـرَوْنَ هَـذِهِ المَـرْأَةَ طارِحَةً وَلَدَهَا في النَّـارِ؟» **«قاراڭلار، بۇ ئايال ئۆز بالىسىنى ئوتقا تاشلارمۇ؟»، دېدى. بىز: «ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، ئۇنداق قىلمايدۇ»، دېدۇق. رەسۇلۇللاھ:** «للَّهُ أَرْحمُ بِعِبادِهِ مِنْ هَذِهِ بِولَدِهَا» **«ئاللاھ تائالا ئۆز بەندىلىرىگە بۇ ئايالنىڭ ئۆز بالىسىغا بولغان مېھرىبانلىقىدىنمۇ ئارتۇق مېھرىباندۇر»، دېدى.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ناھايىتى رەھىمدىل، مېھرىبان ئىكەنلىكى، ئۇلارغا ياخشىلىقنى خالايدىغانلىقى، بەندىلىرىگە تەۋبە ۋە ئۈمىدنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەرگەنلىكى.

2) كىشىنىڭ ئەتراپىتا يۈز بەرگەن ئەھۋاللارغا قاراپ ئۇنى تەلىم - تەربىيە بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ھېكمەت ئۆگىنىشى، ئىبرەت ئېلىشى كېرەكلىكى.

**419 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «لما خَلَقَ اللَّهُ الخَلْقَ، كَتَبَ في كِتَابٍ، فَهُوَ عِنْدَهُ فَوْقَ العَـرْشِ: إِنَّ رَحْمـتي تَغْلِـبُ غضَـبِي» **«ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتلارنى ياراتقان چاغدا، ئەرشنىڭ**



www.munber.org

ئۇستىدىكى ئۆز دەرگاھىدىكى كىتابقا: ‹ھەقىقەتەن مېنىڭ رەھمىتىم غەزىپىمنى يەڭدى›، دەپ يازغان».

يەنە بىر رىۋايەتتە: «غَلَبَتْ غَضَبِي» «رەھمىتىم غەزىپىمدىن غالىب كەلدى»، دەپ يازدى، دېيىلگەن.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «سَبَقَتْ غَضَبِي» «رەھمىتىم غەزىپىمدىن ئۆتۈپ كەتتى»، دەپ يازدى، دېيىلگەن. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپى ۋە رەھمىتى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولىدىغانلىقى. ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائەت قىلغۇچىنى مۇكاپاتلايدىغان ۋە بەندىلىرىگە ياخشىلىقنى خالايدىغان ئىرادىسى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ۋە رەھمىتى ئىكەنلىكى، ئاللاھ تائالا ئاسىيلىق قىلغۇچىنى جازالايدىغان ئىرادىسى ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپى ئىكەنلىكى.

2) ھەدىستە دېيىلگەن غالىب كېلىش ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنىڭ كۆپلۈكى ۋە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىغا قارىتىلغان.

3) ئاللاھ تائالانىڭ ئاسىيلىق قىلغۇچىنى ۋە كۇففارلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغانلىقى، تەۋبە قىلغۇچىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى. ئىتائەت قىلغۇچىغىمۇ، ئاسىيلىق قىلغۇچىغىمۇ رىزىق بېرىلىدىغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭلىكىنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر.

420. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «جَعَلَ اللَّهُ الرَّحْمَةَ مائَةَ جُزْءٍ، فَأَمْسَكَ عِنْدَهُ تِسْعَةً وتِسْعِينَ، وَأَنْزَلَ في الأَرْضِ جُزْءًا واحِداً، فَمِنْ ذَلِكَ الجُزْءِ يَتَراحمُ الخَلائِقُ حَتَّى تَرْفَعَ الدَّابَّةُ حَافِرَهَا عَنْ ولَدِهَا خَشْيَةَ أَنْ تُصِيبَهُ» «ئاللاھ تائالا رەھىمدىللىقنى 100 ئۈلۈش قىلىپ، ئۆزىنىڭ قېشىدا 99نى ئېلىپ قېلىپ، زېمىنغا پەقەت بىر ئۈلۈشىنى چۈشۈرگەن، مەخلۇقاتلارنىڭ ئۆزئارا سىلە ـ رەھىم قىلىشى، ھەتتا ئاتنىڭ ئۆز بالىسىنى دەسسىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن تۇۋىقىنى كۆتۈرۈۋېلىشىمۇ ئەنە شۇ بىر ئۈلۈشنىڭ سەۋەبىدىندۇر».

مۇسلىمنىڭ سەلمان فارىسىدىن قىلغان يەنە بىر رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن، دېيىلگەن: «إِنَّ للَّهِ تَعَالَى مِائَةَ رَحْمَةٍ فَمِنْها رَحْمَةٌ يَتَراحَمُ بها الخَلْقُ بَيْنَهُمْ، وَتِسْع وَتِسْعُونَ لِيَوْم القِيامَةِ» «ئاللاھ تائالانىڭ 100 ئۈلۈش رەھمىتى بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر ئۈلۈش رەھمىتى بىلەن مەخلۇقاتلار ئۆزئارا رەھىم قىلىشىدۇ. قالغان 99 ئۈلۈشى بولسا، قىيامەت كۈنىگە قالدۇرۇلغان».

يەنە بىر رىۋايەتتە: «إِنَّ اللَّه تعالى خَلَقَ يَومَ خَلَقَ السَّمَواتِ والأَرْضَ مِائَةَ رَحْمَةٍ كُلُّ رَحْمَةٍ طِبَاقُ مَا بَيْنَ السَّمَاءِ إِلى الأَرْضِ، فَجَعَلَ مِنها في الأَرْضِ رَحْمَةً فِيها تَعْطِفُ الوَالِدَةُ عَلَى وَلَدِهَا وَالْوحْشُ وَالطَّيْرُ بَعْضُها عَلَى بَعْضٍ فَإِذا



www.munber.org

كانَ يَوْمُ القِيامَةِ، أَكْمَلَها بِهذِهِ الرَّحْمَةِ» «ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان كۈنى ھەر بىرى ئاسمان ۋە زېمىنچە كېلىدىغان 100 رەھمەتنى يارىتىپ، ئۇنىڭدىن بىر رەھمەتنى زېمىندا قالدۇردى. ئاشۇ بىر رەھمەت بىلەن ئانا بالىسىغا، ياۋايى ھايۋانلار بىلەن ئۇچار قۇشلارمۇ بىر ـ بىرىگە مېھرىبانلىق قىلىدۇ. قىيامەت بولغاندا، ئاللاھ تائالا ئۆز ھۇزۇرىدىكى 99 رەھمەتنى يايىدۇ»، دېيىلگەن.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاللاھ تائالا رەھمەتنى يارىتىپ ئۇنى بەندىلىرىنىڭ قەلبىگە ئورناتقان. بەندىلەرگە چۇشۇرگەن ياخشىلىق بولسا ئاللاھ تائالانىڭ پەزلىدىندۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى بولسا ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى بەندىلىرى ئۈچۈن ساقلاپ قويغان رەھمىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، بۇنىڭدا مۆئمىنلەر ئۈچۈن چوڭ خۇش خەۋەر ۋە ئۈمىد بارلىقى.

**421 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «أَذنَب عبْدٌ ذَنباً، فقالَ: اللَّهُمَّ اغفِرْ لي ذَنبي، فقال اللَّهُ تَبَارَكَ وَتَعالى: أَذنَبَ عبدِي ذنباً، فعلِم أنَّ لَهُ ربًّا يَغْفِرُ الذَّنْبَ، وَيأْخُذُ بِالذَّنبِ، ثُمَّ عَادَ فَأَذْنَبَ، فقال: أيْ ربِّ اغفِرْ لي ذنبي، فقال تبارك وتعالى: أذنبَ عبدِي ذَنباً، فَعَلَمَ أنَّ لَهُ رَبًّا يَغفِرُ الذَّنبَ، وَيَأْخُذُ بِالذنْبِ، ثُمَّ عَادَ فَأَذنَبَ، فقال: أي رَبِّ اغفِرْ لي ذَنبي، فقال تَبَارَكَ وَتَعَالى: أَذنَبَ عَبدِي ذَنباً، فعَلِمَ أنَّ لَهُ رَبًّا يَغْفِرُ الذَّنبَ، وَيأْخُذُ بِالذَّنبِ، قدَ غَفَرْتُ لِعبدي.. فَلْيَفعَلْ ما شَاءَ» «بىر بەندە گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، ئى ئاللاھ! مېنىڭ گۇناھلىرىمنى مەغفىرەت قىلغىن، دېسە، ئاللاھ تائالا: ‹مېنىڭ بەندەم گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ گۇناھىنى مەغفىرەت قىلىدىغان ۋە گۇناھى ئۈچۈن جازالايدىغان پەرۋەردىگارىنىڭ بارلىقىنى بىلدى›، دەيدۇ. ئاندىن ئۇ بەندە قايتا گۇناھ ئۆتكۈزۈپ: ‹ئى ئاللاھ! مېنىڭ گۇناھىمنى مەغفىرەت قىلغىن›، دېسە، ئاللاھ تائالا: ‹مېنىڭ بەندەم گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ گۇناھىنى مەغفىرەت قىلىدىغان ۋە گۇناھى ئۈچۈن جازالايدىغان پەرۋەردىگارىنىڭ بارلىقىنى بىلدى›، دەيدۇ. ئاندىن ئۇ بەندە قايتا گۇناھ ئۆتكۈزۈپ: ‹ئى ئاللاھ! مېنىڭ گۇناھىمنى مەغفىرەت قىلغىن›، دېسە، ئاللاھ تائالا: ‹مېنىڭ بەندەم گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ گۇناھىنى مەغفىرەت قىلىدىغان ۋە گۇناھى ئۈچۈن جازالايدىغان پەرۋەردىگارىنىڭ بارلىقىنى بىلدى، ھەقىقەتەن مەن بەندەمنى مەغفىرەت قىلدىم، خالىغىنىنى قىلسۇن›، دەيدۇ (يەنى مادامىكى بەندەم ماڭا شۇ يوسۇندا ئېتىقاد قىلىپ، قىلغان ھەربىر گۇناھى ئارقىسىدىن چىن دىلى بىلەن تەۋبە قىلىپ تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى مەن مەغفىرەت قىلىپ تۇرىمەن)».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بەندىلەر ئەمەللىرىدىن ھېساب ئالىدىغان پەرۋەردىگارىنى تونۇسىلا، ئۇنىڭ خالىسا بەندىسىنىڭ گۇناھىنى مەغفىرەت قىلىدىغان، خالىسا جازالايدىغان مۇتلەق خاھىشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلسىلا، ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە رەھمىتى ۋە پەزلى كەڭ بولۇپ تۇرىدىغانلىقى.

2) بەندىنىڭ چىن كۆڭلى بىلەن قىلغان تەۋبىسىنىڭ ئۇنىڭ گۇناھىنى يۇيۇۋېتىدىغانلىقى.



www.munber.org

3) ئاللا تائالاغا ئىمان ئېيتقۇچى بەندە گۇناھ قىلغان تەقدىردىمۇ، گۇناھىدا چىڭ تۇرۇۋالماي، چىن كۆڭلى بىلەن تەۋبە قىلىپ، پەرۋەردىگارىنىڭ مەغفىرىتىنى ئۈمىد قىلىپ، خاتالىقىنى تۈزىتىشكە، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىرىشى كېرەكلىكى.

**422 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «وَالَّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَوْ لَمْ تُذْنِبُوا، لَذَهَبَ اللَّهُ بِكُمْ، وَجَاءَ بِقوم يُذْنِبُونَ، فَيَسْتَغْفِرُونَ اللَّه تعالى، فيَغْفرُ لَهُمْ» **«جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەر گۇناھ ئۆتكۈزمىسەڭلار، ئەلۋەتتە سىلەرنى ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيادىن ئېلىپ كېتىپ، گۇناھ ئۆتكۈزىدىغان بىر قەۋمنى ئېلىپ كەلگەن، ئۇلار گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، ئاللاھ تائالادىن مەغفىرەت تەلەپ قىلغان، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى مەغفىرەت قىلغان بولاتتى».** —— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەرگە مەغفىرىتى، ئەپۇسىنىڭ كەڭلىكى، مۇئمىنلەرنىڭ ئىستىغفار ئېيتىپ، ئاللاھ تائالانىڭ مەغفىرىتىنى تەلەپ قىلىشقا ئالدىرىشى لازىملىقى.

**423 ـ ئەبۇ ئەييۇب خالىد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم:** «لَوْلا أَنَّكُمْ تُذنبُونَ، لخَلَقَ اللَّهُ خَلقاً يُذنِبونَ، فَيَسْتَغْفِرُونَ، فَيَغْفِرُ لَهُمْ» **«ئەگەر سىلەر گۇناھ ئۆتكۈزمىسەڭلار، ئاللاھ تائالا گۇناھ ئۆتكۈزىدىغان مەخلۇقاتلارنى يارىتىدۇ، ئاندىن ئۇلار مەغفىرەت تەلەپ قىلىدۇ ـ دە، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى مەغفىرەت قىلىدۇ».**

—— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بەندىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ مەغفىرىتىدىن ئۈمىدۋار بولۇشى لازىملىقى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز ئەپۇسى ۋە پەزلىنى ئىزھار قىلىش يۈزىسىدىن ئاسىيلىق قىلغۇچىنىڭ گۇناھىنى مەغفىرەت قىلىدىغانلىقى.

2) بۇ ھەدىسنىڭ ھەرگىزمۇ كىشىلەرنى گۇناھ ئۆتكۈزۈشكە رىغبەتلەندۈرۈش مەنىسى يوق، بەلكى بۇ ھەدىس ساھابىلەرنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندىكى قاتتىق قورقۇنچى ۋە ئۈمىدسىزلىنىشىنى تۈگىتىشنى ۋە ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ مەغفىرىتىنىڭ كەڭلىكى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشنى مەقسەت قىلغان. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالادىن قاتتىق قورققانىنىڭ دەستىدىن تاغلارغا چىقىپ كېتىپ، زاھىدلارچە تۇرمۇش كەچۈرگەن. بۇ ھەدىس ئارقىلىق ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدۋار قىلىش ۋە دىللىرىغا خاتىرجەملىك بېغىشلاشنى مەقسەت قىلغان.

**424 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە ئولتۇرغانىدۇق، بىز بىلەن ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر قاتارلىق بىر قانچە كىشىلەر بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ بىزنىڭ ئارىمىزدىن چىقىپ كېتىپ خېلى ۋاقىتقىچە قايتىپ كەلمىدى. بىز رەسۇلۇللاھقا بىرەر ئىش يېتىپ قالمىسۇن، دەپ چۆچۈپ، ئىزدەش ئۈچۈن ئورنىمىزدىن تۇردۇق. چۆچۈگەن كىشىلەرنىڭ بىرىنچىسى**



www.munber.org

مەن ئىكەنمەن، مەن رەسۇلۇللاھنى ئىزدەپ سىرتقا چىقتىم. ھەتتا ئەنسارىيلارنىڭ بىر تېمىغا باردىم»، دەپ ئۇزۇن ھەدىسنى بايان قىلغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: رەسۇلۇللاھ ماڭا: «اذْهَبْ فَمَنْ لَقِيتَ وَرَاءَ هَذَا الحَائِطِ يَشْهَدُ أَنْ لا إِلَهَ إلاَّ اللَّه، مُسْتَيْقِناً بهَا قَلْبُهُ فَبَشِّرْهُ بِالجَنَّةِ» «بارغىن، چىن قەلبى بىلەن ئىشىنىپ ‹بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق›، دەپ گۇۋاھلىق بېرىدىغان بىرەر كىشىنى مۇشۇ تامنىڭ كەينىدە ئۇچراتساڭ ئۇنىڭغا جەننەت بىلەن بېشارەت بەرگىن»، دېدى.

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) چىن دىلىدىن ئېيتىلغان ئىمان بەندىنى ياكى دەسلىپىدىلا ئاللاھ تائالانىڭ مەغفىرىتى بىلەن جەننەتكە كىرگۈزىدۇ ۋە ياكى دوزاختىن چىققاندىن كېيىن ئاللاھ تائالانىڭ جەننەتكە كىرىشكە نېسىپ قىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

2) خۇش خەۋەر بىلەن كىشىگە بېشارەت بېرىشنىڭ شەرىئەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكى.

425 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام توغرىسىدىكى ﴿رَبِّ إِنَّهُنَّ أَضْلَلْنَ كَثِيراً مِنَ النَّاسِ فَمَن تَبِعَنِي فَإِنَّهُ مِنِّي﴾ ﴿پەرۋەردىگارىم! ھەقىقەتەن ئۇلار (بۇتلار) نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى. كىمكى ماڭا ئەگەشكەن بولسا، ئۇ مېنىڭ دىنىمدىندۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئىبراھىم 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ﴿إِنْ تُعَذِّبْهُم فَإِنَّهُم عِبَادُكَ وَإِنْ تَغْفِرْ لَهُم فَإِنَّكَ أَنتَ الْعَزِيزُ الحَكِيمُ﴾ ﴿ئەگەر ئۇلارغا ئازاب قىلساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر (ئۇلارنى خالىغىنىڭچە تەسەررۇپ قىلىسەن)، ئەگەر ئۇلارنى مەغفىرەت قىلساڭ، سەن غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە مائىدە 118 ـ ئايەت) تىلاۋەت قىلدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ: «اللَّهُمَّ أُمَّتِي أُمَّتِي» «ئى ئاللاھ! ئۇممىتىم، ئۇممىتىم!»، دەپ يىغلاپ كەتتى. ئاللاھ تائالا: «يا جبريلُ اذْهَبْ إِلى مُحَمَّدٍ وَرَبُّكَ أَعْلَمُ،فسلْهُ مَا يُبْكِيهِ؟» «ئى جىبرىئىل! مۇھەممەدنىڭ قېشىغا بارغىن، گەرچە پەرۋەردىگارىڭ ھەممىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، سورىغىنكى، ئۇ نېمىشقا يىغلايدۇ؟»، دېدى. ئاندىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تائالا نېمە ئۈچۈن يىغلىغانلىقىمنى ئوبدان بىلىدۇ»، دەپ يىغلىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى دەپ بەردى. ئاللاھ تائالا: «يا جِبريلُ اذهَبْ إِلى مُحَمَّدٍ فَقُلْ: إِنَّا سَنُرضِيكَ في أُمَّتِكَ وَلا نَسُوؤُكَ» «ئى جىبرىئىل! مۇھەممەدنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا: ‹بىز ئۇممىتىڭ توغرىسىدا سېنى رازى قىلىمىز ۋە سېنى رەنجىتمەيمىز›، دېگىن»، دېدى.

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇممىتىگە شاپائەت قىلىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ۋە مەنپەئەتىگە بەك كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى، ئاللاھنىڭ رەسۇلۇللاھنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئۇممىتىگە رەھىمدىل ئىكەنلىكى.

**426 - مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېشىكىنىڭ ئارقىسىغا مىنگىشىپ كېتىۋاتاتتىم. ئۇ ماڭا: «يَا مُعَاذُ هَل تَدري مَا حَقُّ اللَّه عَلى عِبَادِهِ، ومَا حَقُّ الْعِبادِ عَلى اللَّه؟» «ئى مۇئاز، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز بەندىلىرىدىكى ھەققى نېمە ۋە بەندىلەرنىڭ ئاللاھ تائالا ئۈستىدىكى ھەققى نېمە، بىلەمسەن؟»، دېدى. مەن: «بۇنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئوبدان بىلىدۇ»، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «فَإِنَّ حَقَّ اللَّهِ عَلَى العِبَادِ أَن يَعْبُدُوه، وَلا يُشْرِكُوا بِهِ شَيْئاً، وَحقَّ العِبادِ عَلى اللَّهِ أَنْ لا يُعَذِّبَ مَنْ لا يُشرِكُ بِهِ شَيْئاً» «ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز بەندىلىرىدىكى ھەققى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، بەندىلەرنىڭ ئاللاھ تائالادىكى ھەققى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرمىگەن ئادەمنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابلىماسلىقىدۇر»، دېدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! كىشىلەرگە بۇنىڭ بىلەن بېشارەت بەرمەيمۇ؟ »، دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «لا تُبَشِّرْهُم فَيَتَّكِلُوا» «بېشارەت بەرمىگىن، ئۇلار بۇنىڭغا يۆلىنىۋالمىسۇن»، دېدى.** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە بولغان رەھمىتى ۋە مەغفىرىتىنىڭ كەڭلىكى.

2) كىشىلەرنى تېخىمۇ ئەۋزەل ئەمەللەرنى قىلىشتىن توسۇپ قويىدىغان ئىشلارنى ئېيتىپ خۇش خەۋەر يەتكۈزمەسلىكنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

**427 - بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «المُسْلِمُ إِذَا سُئِلَ فِي القَبرِ يَشهَدُ أَن لا إِلَهَ إِلاَّ اللَّه، وأَنَّ مُحَمَّداً رسولُ اللَّه، فذلك قولهُ تعالى: ﴿يُثَبِّتُ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا بِالقَوْلِ الثَّابِتِ في الحَياةِ الدُّنيَا وفي الآخِرَةِ﴾» «مۇسۇلمان بەندە قەبرىدە سوراق قىلىنغان چاغدا ئۇ ‹بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى›، دەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بۇنى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى ئىسپاتلايدۇ. ﴿ئاللاھ مۆئمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە بەرقارار قىلىدۇ﴾». («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئىبراھىم 27 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى)»** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مېيىتنىڭ قەبرىدە سوئال - سوراق قىلىنىشى ھەقىقەتتۇر، ئاللاھ تائالانىڭ مۆئمىن بەندىسىگە شۇ كىشىنى ئازابتىن قۇتقۇزغۇچى كەلىمە شاھادەتنى ئېيتىشنى دىلىغا سېلىپ شۇنىڭغا مۇۋەپپەق قىلىدىغانلىقى.

**428 - ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ الكَافِرَ إِذَا عَمِلَ حَسَنَةً، أُطعِمَ بِهَا طُعمَةً مِنَ الدُّنيَا، وَأَمَّا المُؤمِن، فَإِنَّ**



www.munber.org

اللّه تعـالى يَدَّخِرُ لَـهُ حَسَـنَاتِهِ في الآخِـرَةِ، وَيُعْقِبُـهُ رِزْقاً في الدُّنْيَـا عَـلى طَاعَتِـهِ» « ھەقىقەتـەن كۇففارلاردىن بولغان ئادەم قىلغان ياخشى ئىش ئۈچۈن دۇنيانىڭ نېئمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئەمما، مۇئمىنغا كېلىدىغان بولساق، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئاخىرەتكە قالدۇرۇپ قويىدۇ. ئۇنىڭ تائەت ـ ئىبادىتى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا دۇنيادىمۇ رىزىق بېرىدۇ ».

يەنە بىر رىۋايەتتە: «إِنَّ اللّه لا يَظْلِمُ مُؤْمِناً حَسَنَةً يُعْطَى بِهَا في الدُّنْيَا، وَيُجْزَى بِهَا في الآخِرَةِ، وَأَمَّا الْكَافِرُ، فَيُطْعَمُ بِحَسَنَاتِ مَا عَمِلَ للّٰهِ تعالى، في الدُّنْيَا حَتَّى إِذَا أَفْضَى إِلى الآخِرَةِ، لَمْ يَكُنْ لَهُ حَسَنَةٌ يُجْزَى بِهَا» «ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا مۇئمىنغا قىلغان ياخشىلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ياخشىلىقىغا دۇنيادىمۇ رىزىق بېرىدۇ. ئاخىرەتتىمۇ مۇكاپاتلايدۇ. ئەمما، كۇففارلارغا كەلسەك، ئۇلار قىلغان ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى تىلىمىگەنلىكى ئۈچۈن دۇنيادىلا رىزىق بېرىلىدۇ، ئاخىرەتكە بارغاندا، ئۇلارنىڭ مۇكاپاتلانغۇدەك ياخشىلىقلىرى قالمايدۇ»، دېيىلگەن.

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كۇففار قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بەدىلىگە بۇ دۇنيادا ياكى مال ـ مۈلكى كۆپ بولۇش، ۋە ياكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى بېشىدىن كۆتۈرۈۋېتىشتەك ئىشلار بىلەن مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى، ئەمما ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە ھېچقانداق ساۋاب بېرىلمەيدىغانلىقى. چۈنكى، كۇففارلىق ئۇنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئاخىرەتتىكى ئەجرىنى بىكار قىلىۋېتىدىغانلىقى. ئەمما مۇئمىن قىلغان ياخشى ئەمەللىرى سەۋەبلىك دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقى.

429 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَثَلُ الصَّلَوَاتِ الخَمْسِ كَمَثَلِ نَهَرٍ جَارٍ غَمْرٍ عَلَى بَابِ أَحَدِكُمْ يَغْتَسِلُ مِنْهُ كُلَّ يَوْمٍ خَمْسَ مَرَّاتٍ» «بەش ۋاخ نامازنىڭ مىسالى سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدا ئېقىپ تۇرغان چوڭقۇر بىر ئۆستەڭ بولۇپ، ئۇ كۈنىگە بەش قېتىم يۇيۇنۇپ تۇرغانغا ئوخشايدۇ».

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بەش ۋاخ ناماز كىشىنىڭ مەنىۋى كىرلىرى يەنى كىچىك گۇناھلىرىنى يۇيۇۋېتىدۇ.

430. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «مَا مِنْ رَجُلٍ مُسلِمٍ يَمُوتُ فَيَقُومُ عَلَى جَنازَتِـهِ أَرَبَعُونَ رَجُلاً لا يُشرِكُونَ بِاللّٰهِ شَيئاً إِلاَّ شَفَّعَهُمُ اللّٰهُ فيـه» «ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان كىشى ئۆلسە، ئۇنىڭ جىنازا نامىزىغا ئاللاھ تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدىغان 40 ئادەم ھازىر بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ شۇ مۇسۇلمان ھەققىدىكى شاپائىتىنى قوبۇل قىلىدۇ».

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مۆئمىنلەرگە شاپائەت قىلىنىدىغانلىقى، ئەگەر ئۆلگۈچى شاپائەتكە لايىق كىشىلەردىن بولسا، مۆئمىنلەرنىڭ شۇ كىشى ھەققىدىكى شاپائىتى قوبۇل قىلىنىپ ئاللاھ تائالانىڭ ئۇ كىشىنىڭ گۇناھلىرىنى مەغفىرەت قىلىدىغانلىقى.

2) ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى بىلەن مېيىتنىڭ گۇناھلىرىنىڭ مەغفىرەت قىلىنىشى ئۈچۈن، جىنازا نامىزىغا كۆپرەك كىشىلەرنىڭ ھازىر بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەنلىكى.

**431 - ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز بىر چېدىردا 40 تەك ئادەم رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە ئىدۇق. رەسۇلۇللاھ:** «أَتَرضَونَ أَنْ تَكُونُوا رُبُعَ أَهْلِ الجَنَّةِ؟» **«سىلەر ئەھلى جەننەتنىڭ تۆتتىن بىرى بولۇشقا رازى بولامسىلەر؟ »، دېدى. بىز: «ھەئە، رازى بولىمىز»، دېدۇق. رەسۇلۇللاھ:** «أَتَرضَونَ أَن تَكُونُوا ثُلُثَ أَهْلِ الجَنَّةِ؟» **«سىلەر ئەھلى جەننەتنىڭ ئۈچتىن بىرى بولۇشقا رازى بولامسىلەر؟ »، دېدى. بىز: «ھەئە، رازى بولىمىز»، دېدۇق. رەسۇلۇللاھ:** «وَالَّذِي نَفسُ مُحَمَّدٍ بِيَدِهِ إِنِّي لأَرجُو أَنْ تَكُونُوا نِصفَ أَهْلِ الجَنَّة، وَذَلِك أَنَّ الجَنَّةَ لا يَدخُلُهَا إِلاَّ نَفسٌ مُسلِمَةٌ، وَمَا أَنْتُمْ في أَهْلِ الشِّرِكِ إِلاَّ كَالشَّعرَةِ البَيْضَاءِ في جلدِ الثَّورِ الأَسودِ، أَوْ كَالشَّعَرَةِ السَّوداَءِ في جلدِ الثَّورِ الأَحْمَرِ» **«مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرنىڭ ئەھلى جەننەتنىڭ يېرىمى بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. سەۋەبى جەننەتكە پەقەت مۇسۇلمان ئادەم كىرىدۇ. سىلەرنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىغان ئەھلى مۇشرىككە سېلىشتۇرغاندا، قارا ئۆكۈزنىڭ تېرىسىدىكى ئاق تۈككە ياكى قىزىل ئۆكۈزنىڭ تېرىسىدىكى قارا تۈككە ئوخشايسىلەر»، دېدى.** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاللاھ تائالاغا كۆپتىن - كۆپ شۈكۈر ئېيتىش يۈزىسىدىن خۇش خەۋەرنى بىرقانچە قېتىم تەكرارلاشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنىڭ جەننەت ئەھلىنىڭ يېرىمى يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە ئۈچتىن بىرى ئىكەنلىكى، بۇنىڭدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنىڭ ئاللاھ تائالا ئالدىدىكى ئورنىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەر بارلىقى. جەننەتكە پەقەت ئىمان ئېيتقان كىشىنىڭلا كىرىدىغانلىقى. شېرىك ئەھلىنىڭ سانى مۆئمىنلەردىن كۆپ ئىكەنلىكى.

**432 - ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إِذَا كَانَ يَوْمُ الْقِيامَةِ دَفَعَ اللَّهُ إِلى كُلِّ مُسْلِمٍ يَهُودِيًّا أَو نَصْرَانِيّاً فَيَقُولُ: هَذَا فِكَاكُكَ مِنَ النَّارِ» **«قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ھەر بىر مۇسۇلمانغا بىر يەھۇدىي ياكى ناسارانى ئېلىپ كېلىپ: ‹مانا بۇ سېنىڭ دوزاختىكى ئورنىڭنى ئالغان كىشىدۇر›، دەيدۇ».**

يەنە بىر رىۋايەتتە، **رەسۇلۇللاھ** مۇنداق دېگەن، دېيىلىدۇ: «يَجِيءُ يَوْمَ الْقِيامَةِ نَاسٌ مِنَ المُسْلِمِينَ بِذُنُوبٍ أَمْثَالِ الجبَالِ يَغفِرُهَا اللَّهُ لهمُ» **«قىيامەت كۈنى بىر مۇنچە مۇسۇلمان ئادەملەر**



www.munber.org

تاغدەك گۇناھلارنى يۇكلىۋېلىپ كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغفىرەت قىلىۋېتىدۇ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يۇقىرىدىكى «إِذَا كَانَ يَوْمُ الْقِيامَةِ دَفَعَ اللَّهُ إِلى كُلِّ مُسْلِمٍ يَهُودِيًّا أَو نَصْرَانِيّاً فَيَقُولُ: هَذَا فِكَاكُكَ مِنَ النَّارِ» «قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ھەر بىر مۇسۇلمانغا بىر يەھۇدىي ياكى ناسارانى ئېلىپ كېلىپ: ‹مانا بۇ سېنىڭ دوزاختىكى ئورنۇڭنى ئالغان كىشىدۇر›، دەيدۇ»، دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە كەلگەن مانا بۇ سۆزنىڭ ئەينەن ئۆزىدۇر: «لِكُلِّ أَحَدٍ مَنزِلٌ في الجَنَّةِ، ومَنزِلٌ في النَّارِ، فالمُؤْمِن إِذَا دَخَلَ الجَنَّةَ خَلَفَهُ الكَافِرُ في النَّارِ، لأَنَّهُ مُسْتَحِق لذلكَ بكُفْرِهِ» «ھەر بىر كىشىنىڭ جەننەتتە بىر ئورنى بولىدۇ. دوزاختا بىر ئورنى بولىدۇ. مۇئمىن ئادەم جەننەتكە كىرسە، ئۇنىڭ دوزاختىكى ئورنىنى كۇففارلاردىن بولغان ئادەم باسىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ كۇفرى سەۋەبلىك شۇنىڭغا تېگىشلىك بولغان ئادەمدۇر».

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى ـ رەھمىتى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغفىرەت قىلىدىغانلىقى، كۇففارلارنى بولسا قىلغان ئەمەللىرى ۋە گۇناھلىرى سەۋەبلىك دوزاخقا تاشلايدىغانلىقى.

433 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «يُدْنَى المُؤْمِنُ يَومَ القِيَامَةِ مِنْ رَبِّهِ حتَّى يَضَعَ كَنَفَهُ عَلَيهِ، فَيُقَرِّرَهُ بِذُنُوبِه، فيقولُ: أَتَعرفُ ذنبَ كَذا؟ أَتَعرفُ ذَنبَ كَذَا؟ فيقول: رَبِّ أَعْرِفُ، قال: فَإِنِّي قَد سَتَرتُهَا عَلَيكَ في الدُّنيَا، وَأَنَا أَغفِرُهَا لَكَ اليَومَ، فَيُعطَى صَحِيفَةَ حسَنَاته» «قىيامەت كۈنى مۇئمىن ئۆز رەببىگە يېقىن قىلىنىدۇ، ھەتتا ئاللاھ تائالا ئۆز رەھمىتىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە يېيىپ، ئۇنىڭغا گۇناھلىرىنى ئىقرار قىلدۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا: ‹سەن مۇنداق ـ مۇنداق گۇناھلىرىڭنى بىلەمسەن؟›، دەيدۇ. ئۇ كىشى: ‹ئى رەببىم! بىلىمەن›، دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: ‹مەن سېنىڭ گۇناھلىرىڭنى دۇنيادا ياپقانىدىم. بۈگۈن بولسا سېنىڭ گۇناھلىرىڭنى مەغفىرەت قىلىمەن›، دەيدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭغا ياخشى ئەمەللىرى پۈتۈلگەن دەپتىرى بېرىلىدۇ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالانىڭ بەزى كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە يېپىپ، ئۇلارغا رەھمەت قىلىدىغان پەزلى ـ رەھمىتى بايان قىلىنغان.

2) گۇناھنى ئېتىراپ قىلىشنىڭ بەندىنى ئەپۇغا ئېرىشتۈرىدىغانلىقى.

3) ئىمكانىيەتىنىڭ يېتىشىچە مۇئمىننىڭ گۇناھلىرىنى يېپىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

434 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى بىر ئايالنى سۆيۈۋالغانىدى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ بۇ ئىشنى ئېيتتى. ئاندىن ئاللاھ تائالا رەسۇلۇللاھقا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿وَأَقِمِ الصَّلاَةَ طَرَفَي النَّهَارِ وَزُلَفاً



www.munber.org

مِنَ اللَّيْلِ إِنَّ الحَسَنَاتِ يُذْهِبْنَ السَّيِّئَاتِ﴾ ﴿كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە (يەنى ئەتىگەندە ۋە كەچقۇرۇن ۋاقىتلىرىدا) ۋە كېچىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ناماز ئۆتىگىن. شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ...﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھۇد 114 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ئۇ كىشى: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ ئايەت مەن ئۈچۈنلا نازىل قىلىنغانمۇ؟»، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «لِجَميعِ أُمَّتي كُلهِمْ» «ئۈممىتىمنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن»، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) نامازنىڭ كىشىنىڭ كىچىك گۇناھلىرىنى يۇيۇۋېتىدىغانلىقى. خاس سەۋەبلەر يۈزىسىدىن نازىل قىلىنغان ھۆكۈمنىڭ ئومۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى.

2) گۇناھكار كىشىنىڭ گۇناھىنى يېپىش ۋە ئۇنى يېيىۋەتمەسلىكنىڭ ياخشى ئىش ئىكەنلىكى.

435 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بىر كىشى كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن تەئزىر ئۇرۇلۇشقا لايىق (ئەمەلىيەتتە شەرىئەتتە ھەد كەلمەيدىغان ئادەتتىكى گۇناھ ئىدى. — ت) بولۇپ قالدىم، ماڭا تەئزىر ئۇرغىن»، دېدى. ئۇ كىشى رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە ناماز ئوقۇدى. ئۇ كىشى رەسۇلۇللاھ ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن تەئزىر ئۇرۇشقا لايىق بولۇپ قالدىم. ماڭا ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىدىكى ھۆكۈمنى ئىجرا قىلغىن»، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «هَلْ حَضَرْتَ مَعَنَا الصَّلاَةَ؟» «سەن بىز بىلەن ناماز ئوقۇدىڭمۇ؟»، دېدى. ئۇ: «ھەئە»، دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «قد غُفِرَ لَكَ» «ساڭا مەغفىرەت قىلىندى»، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

436 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ اللَّه لَيَرضي عن الْعَبْدِ أَنْ يَأْكُلَ الأَكلَةَ، فَيحْمَدُهُ عليها، أَوْ يَشْربَ الشَّرْبَةَ، فَيَحْمَدُهُ عَليها» «شۈبھىسىزكى، يەيدىغاننى يەپ، ئاللاھ تائالاغا ھەمد ئېيتقان ۋە ئىچىدىغاننى ئىچىپ، ئاللاھ تائالاغا ھەمد ئېيتقان بەندىسىدىن ئاللاھ تائالا رازى بولىدۇ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بەندىنىڭ ھەر قېتىم تاماق يېگەن ۋە ئۇسسۇزلۇق ئىچكەندە بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا ھەمد ئېيتىشىنىڭ ياخشى ئىش ئىكەنلىكى. چۈنكى بۇنداق قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ بەرگەن نېئمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش بولۇپ، ئاللاھنى رازى قىلىدىغانلىقى.

437 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ اللَّه تعالى، يَبْسُطُ يَدَهُ باللَّيلِ لَيَتُوبَ مُسيءُ النَّهَارِ، وَيَبْسُطُ يَدهُ بِالنَّهارِ لِيَتُوبَ مُسيءُ اللَّيلِ حتى تَطْلُعَ الشمسُ مِنْ مَغْرِبَها» «ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا كۈندۈزدە گۇناھ قىلغۇچىغا تەۋبە قىلىۋېلىشى ئۈچۈن كېچىدە رەھمەت قولىنى يايىدۇ ۋە كېچىسى

www.munber.org

گۇناھ قىلغۇچىنىڭ تەۋبە قىلىشىنى ئۈچۈن كۈندۈزى رەھمەت قولىنى يايىدۇ، تاكى قۇياش مەغرىبتىن كۆتۈرۈلگۈچىلىك شۇنداق داۋاملىشىدۇ». ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بەندىنىڭ قىلغان گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىشقا ئالدىرىشى لازىملىقى، كۈن غەربتىن چىقىشتىن ئىلگىرى قىلغان تەۋبىنى ئاللاھ تائالانىڭ قوبۇل قىلىدىغانلىقى، قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى بولغان كۈن غەربتىن چىققان چاغدا قىلغان تەۋبىنىڭ قوبۇل بولمايدىغانلىقى.

**438** ـ ئەبۇ نەجىھ ئەمر ئىبنى ئەبەسە سۇلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن جاھىلىيەتتىكى چېغىمدا كىشىلەرنى گۇمراھلىقتا بولۇپ، ئۇلار ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەيدۇ، دەپ ئويلايتتىم. كىشىلەر بۇتلارغا ئىبادەت قىلاتتى. شۇ چاغدا مەن مەككىدە تۈرلۈك خەۋەرلەرنى سۆزلەيدىغان بىر ئادەم مەيدانغا كەپتۇ، دەپ ئاڭلاپ، ئۇلىغىمغا مىنىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدىم. ئۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ئىسلام دىنىغا يوشۇرۇن دەۋەت قىلىۋاتقانىكەن. قەۋمى ئۇنىڭغا قوپال مۇئامىلە قىلىدىكەن. مەن ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ: «سەن قانداق ئادەم؟»، دېدىم. ئۇ: «أنا نَبي» «مەن پەيغەمبەرمەن»، دېدى. مەن: «پەيغەمبەر دېگەن نېمە؟»، دېدىم. ئۇ: «أَرْسَلَنِي اللَّه» «ئاللاھ تائالا مېنى ئەۋەتتى»، دېدى. مەن: «سېنى نېمىگە ئەۋەتتى؟»، دېدىم. ئۇ: «أَرْسَلَنِي بِصِلَةِ الأَرْحام، وكسرِ الأَوْثان، وَأَنْ يُوَحَّدَ اللَّه لايُشْرَكُ بِهِ شَيْءٌ» «مېنى سىلە ـ رەھىم قىلىشقا، بۇتلارنى چېقىپ تاشلاشقا ۋە ئاللاھ تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئاللاھ تائالانى بىر دەپ بىلىشكە ئەۋەتتى»، دېدى. مەن: «بۇ ئىشتا كىملەر ساڭا ئەگەشتى؟»، دېدىم. ئۇ: «حُر وَعَبْدٌ» «ماڭا ئەگەشكەن بىر ھۆر ئادەم ۋە بىر قۇل بار»، دېدى. ئۇ كۈنلەردە ئۇنىڭغا ئەبۇ بەكرى ۋە بىلال ئەگەشكەن ئىدىكى، ئاللاھ تائالا ئۇ ئىككىسىدىن رازى بولسۇن. مەن: «مەن ساڭا ئەگىشەي»، دېدىم. ئۇ: «إِنَّكَ لَنْ تَستطِيعَ ذلكَ يَوْمَكَ هَذا. ألا تَرى حَالي وحالَ النَّاسِ؟ وَلَكِنِ ارْجعْ إِلى أَهْلِكَ فَإِذا سمعْتَ بِي قد ظَهَرْتُ فَأْتِني» «سەن بۇ كۈنلەردە بۇنداق قىلىشقا قادىر بولالمايسەن، مېنىڭ ۋە كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ھازىرچە مۇسۇلمان بولۇپ، ئۆيۈڭگە قايتىپ تۇرغىن، سەن مېنىڭ ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىققانلىقىمنى ئاڭلىغىنىڭدا كەلگىن»، دېدى. مەن ئۆيۈمگە قايتتىم. كېيىن رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە كەپتۇ. مەن بولسام ئۆز قەۋمىم ئارىسىدا ئىدىم. رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە كەلگەن چاغدا مەن كىشىلەردىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇردۇم. كېيىن مەدىنىلىكلەردىن بىر قانچىسى كەلدى. مەن ئۇلاردىن: «مەدىنىگە كەلگەن بۇ كىشى نېمە قىلىۋاتىدۇ؟»، دەپ سورىدىم. ئۇلار: «كىشىلەر ئۇنىڭ قېشىغا ئارقىمۇ ئارقا كېلىۋېتىپتۇ، قەۋمى ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى نىيەت قىلىپتۇ، لېكىن ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قادىر بولالماپتۇ»، دېيىشتى. مەن مەدىنىگە كېلىپ ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى تونۇدىڭمۇ؟»، دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «نَعم أَنتَ

www.munber.org

الّـذي لَقيتـنَي بمكـةَ» «شـۇنـداق، تـونـۇدـىم، سـەن ماڭـا مـەككـىدە مۇلاقـات بـولـغـان»، دېـدى. مـەن: «ئـى رەسـۇلـۇللاھ! ماڭـا ئـاللاھ تـائـالا سـاڭـا بـىلـدۈرگـەن، مـەن بـىلـمـەيـدىـغـان نەرسىلەردىن دەپ بەرسەڭ. ناماز ھەققىدە دەپ بەرسەڭ»، دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «صَلِّ صَلاَةَ الصُّبح، ثُمَّ اقْصُرْ عَنِ الصَّلاةِ حَتَّى تَرتفعَ الشَّمْسُ قِيدَ رُمْحٍ، فَإِنَّهَا تَطْلُعُ حين تطلع بَيْنَ قَرْنَي شَيْطَانٍ، وَحِينئِذٍ يَسْجُدُ لَهَا الكفَّارُ، ثُمَّ صَل، فَإِنَّ الصَّلاَةَ مشهودة محضورة. حتى يستقِلَّ الظِّلُّ بالرُّمحِ، ثُمَّ اقْصُر عن الصَّلاةِ، فإنه حينئذٍ تُسجَرُ جَهَنَّمُ، فإذا أقبلَ الفَيء فصَلِّ، فإنَّ الصَّلاةَ مَشهودةٌ محضورة حتى تُصَلِّيَ العصرَ ثم اقْصُر عن الصلاةِ حتى تَغْرُبَ الشـمسُ، فإنها تُغرُبُ بـين قَـرنيْ شـيطانٍ، وحينئذٍ يَسْجُدُ لهـا الكُفَّارُ» «نـامـاز بـامداتـنى ئـوقـۇغـىن، ئۇنىڭدىن كېيىن تاكى كۈن نەيزە بويى ئۆرلىمىگۈچە ناماز ئوقۇمىغىن، كۈن بولسا شەيتاننىڭ ئىككى مۈڭگۈزى ئارىسىدىن چىقىدۇ. بۇ ۋاقىتتا كۇففارلار كۈنگە باش ئۇرىدۇ. ئاندىن كېيىن ناماز ئوقۇغىنكى، ناماز ۋاقتىدا رەھمەت پەرىشتىلىرى ھازىر بولىدۇ. كۈننىڭ سايىسى قىسقىراپ نەيزە باراۋىرىدە بولغان چاغدا ناماز ئوقۇشنى توختاتقىن. بۇ ۋاقىتتا دوزاخ قىزىتىلىدۇ. سايە چۈشۈپ كۈن قايرىلغاندىن كېيىن ناماز ئوقۇغىن، ناماز ۋاقتىدا رەھمەت پەرىشتىلىرى ھازىر بولىدۇ. ناماز دىگەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن تاكى كۈن ئولتۇرغۇچىلىك ناماز ئوقۇمىغىن، چۈنكى كۈن شەيتاننىڭ ئىككى مۈڭگۈزى ئارىسىدا پاتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا كۇففارلار كۈنگە باش ئۇرىدۇ»، دېدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا تاھارەت توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگىن»، دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «ما منْكُمْ رجُل يُقَرِّبُ وَضُوءَهُ، فَيَتَمَضْمضُ ويستنْشِقُ فَيَنْتَثِرُ، إِلاَّ خَرَّتْ خطايَا وجهِهِ وفيهِ وخياشِيمِهِ. ثم إِذا غَسَلَ وجهَهُ كما أَمَرَهُ اللَّه إِلاَّ خرّت خطايا وجهِهِ مِنْ أطرافِ لِحْيَتِهِ مع الماءِ. ثم يغسِل يديهِ إِلى المِرفَقَينِ إِلاَّ خرّت خطايا يديه من أناملِهِ مع الماءِ، ثم يَمْسَحُ رَأْسَهُ، إِلاَّ خَرَّتْ خَطَايَا رَأْسِهِ من أَطرافِ شَعْرِهِ مع الماءِ، ثم يَغْسِل قَدَمَيهِ إِلى الكَعْبَيْنِ، إِلاَّ خَرت خطايا رِجْلَيه من أَنَامِلِهِ مَع الماءِ، فإِن هو قامَ فصلَّى، فحمِد اللَّه تعالى، وأَثْنَى عليهِ وَمجَّدَهُ بالذي هو له أهل،وَفَرَّغَ قلبه للَّه تعالى. إِلا انصَرَفَ من خطيئَتِهِ كَهَيْئَتِهِ يومَ وَلَدَتْهُ أُمُّهُ» «سىلەردىن كىمكى تاھارەت ئالىدىغان سۇ بىلەن ئاغزىنى، بۇرنىنى چايقىسا، ئۇنىڭ ئاغزىدىكى ۋە بۇرنىدىكى خاتالىقلار يۇيۇلۇپ كېتىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە يۈزىنى يۇسا، يۈزىنىڭ خاتالىقلىرى سۇ بىلەن ساقاللىرىنىڭ ئارىسىدىن يۇيۇلۇپ كېتىدۇ. ئاندىن قولىنى جەينىكى بىلەن قوشۇپ يۇسا، ئۇنىڭ قولىنىڭ خاتالىقلىرى سۇ بىلەن بارماقلىرى ئارىسىدىن يۇيۇلۇپ كېتىدۇ. ئاندىن ئۇ بېشىغا مەسىھ قىلسا، ئۇنىڭ بېشىنىڭ خاتالىقلىرى چاچلىرىنىڭ ئارىسىدىن تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. ئاندىن ئۇ ئىككى پۇتىنى ھوشۇقى بىلەن قوشۇپ يۇسا ئۇنىڭ پۇتىنىڭ خاتالىقلىرى پۇتىنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ناماز ئوقۇپ، ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتسا، ئاللاھ تائالانى لايىق رەۋىشتە ئۇلۇغلىسا ۋە قەلبىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرسا، ئۇ كىشى بارلىق گۇناھلىرىدىن پاكلىنىپ، ئانىدىن تۇغۇلغان كۈندىكىدەك پاك بولىدۇ»، دېدى. كېيىن ئەمر ئىبنى

www.munber.org

ئەبەسە بۇ ھەدىسنى رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرىدىن ئەبۇ ئۇمامەگە سۆزلەپ بەرگەندە، ئەبۇ ئۇمامە: «ئى ئەمر ئىبنى ئەبەسە! نېمە دەيدىغانسەن، پەقەت تاھارەت ئالغان كىشىگە شۇنچىۋالا ساۋاب بېرىلەمدۇ؟ »، دېۋىدى، ئەمر: «ئى ئەبۇ ئۇمامە، مەن ياشىنىپ قالدىم، ئەجىلىمۇ يېقىنلاپ قالدى، مۇشۇ ھالىتىمدە ئاللاھ تائالا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلىغا يالغاننى چاپلاشقا نېمە ھەددىم بولسۇن، مەن بۇ ھەدىسنى رەسۇلۇللاھتىن بىر ـ ئىككى ـ ئۈچ... نۆۋەت دەپ، يەتتە قېتىمغىچە ساناپ، كۆپ قېتىم ئاڭلىمىغان بولسام، بۇ ھەدىسنى ھەرگىزمۇ سۆزلەپ بەرمىگەن بولاتتىم، لېكىن بۇ ھەدىسنى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ قېتىم ئاڭلىغانمەن»، دېدى.

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مۇسۇلمانلار ئاجىز ھالەتتە تۇرغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبى نەجىھكە قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ ئەزىيەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ قايتىپ كېتىشكە بۇيرۇشىنىڭ ئاقىلانىلىق ئىكەنلىكى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشرىكلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن قىلىشقا بولغان ئۈمىدۋارلىقى.

3) تاھارەت، نامازغا ئوخشاش ئىبادەتلەرنىڭ بەندىنىڭ ئۆتكۈزگەن كىچىك گۇناھلىرىنى يۇيۇۋېتىدىغانلىقى.

4) نامازنى ئاللاھ تائالادىن قورقۇش ۋە تەۋەززۇ بىلەن ئوقۇش لازىملىقى، پەرىشتىلەرنىڭ نامازغا ھازىر بولۇپ گۇۋاھچى بولىدىغانلىقى.

5) ناماز ئوقۇش مەكرۇھ بولغان ۋاقىتلارنى بايان قىلغان.

**439 ـ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِذا أَرادَ اللَّه تعالى، رحمةَ أُمَّةٍ، قَبضَ نبيَّهَا قَبلَها، فجعلَهُ لها فَرَطاً وسلَفاً بين يَدَيها، وإذا أرادُ هَلَكةَ أُمَّةٍ، عذَّبها ونبيُّهَا حَيٌّ، فَأَهْلَكَهَا وهوَ حَيٌّ ينظُرُ، فَأَقَرَّ عينَهُ بِهلاكها حين كذَّبوهُ وعصَوا أَمْرَهُ» «ئەگەر ئاللاھ تائالا بىرەر ئۈممەتكە رەھمەت قىلماقچى بولسا، پەيغەمبىرىنى ئۇز ئۈممىتىگە نازۇ نېئمەت ۋە ئۇسسۇلۇق تەييارلاش ھازىرلىقلىرى ئۈچۈن ئۆز دەرگاھىغا ئېلىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۈممەتنى ھالاك قىلماقچى بولسا، پەيغەمبەرلەر ھايات تۇرۇقلۇق ئۇلارنى ئازابلاپ، ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ. ئۇلار پەيغەمبەرنى يالغانچى قىلغان، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغان چاغدا، ئۇلارنى ھالاك قىلىپ پەيغەمبەرنى خاتىرجەم قىلىدۇ».

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇ ھەدىس قەۋمنى ياخشىلىققا، ھىدايەتكە دەۋەت قىلسا، قەۋمى يالغانغا چىقارغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىسبەتەن تەسەللىي ھېسابلىنىدىغانلىقى.

www.munber.org

## 52 . باب ئۈمىدۋار بولۇش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأُفَوِّضُ أَمْرِي إِلَى اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ بَصِيرٌ بِالْعِبَادِ۝ فَوَقَاهُ اللَّهُ سَيِّئَاتِ مَا مَكَرُوا﴾ ﴿مەن ئىشىمنى ئاللاھقا تاپشۇرىمەن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بەندىلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللاھ ئۇنى فىرئەۋن جامائەسىنىڭ سۇيىقەستىدىن ساقلىدى﴾.
(«قۇرئان كەرىم» سۈرە غافىر 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

**440.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قالَ اللَّه، عَزَّ وَجلَّ، أَنَا عِنْدَ ظَنِّ عَبْدِي بي، وأَنَا مَعَهُ حَيْثُ يَذْكُرُني، وَاللَّهِ للَّهُ أَفْرَحُ بتَوْبَةِ عَبْدِهِ مِنْ أَحَدِكُمْ يجِدُ ضالَّتَهُ بالْفَلاةِ، وَمَنْ تَقَرَّبَ إِلَيَّ شِبْراً، تَقرَّبْتُ إِلَيْهُ ذِرَاعاً، وَمَنْ تَقَرّبَ إِلَيَّ ذِراعاً، تقَرَّبْتُ إِليه بَاعاً، وإِذَا أَقْبَلَ إِلَيَّ يمْشي، أَقبلتُ إِلَيه أُهَرْوِلُ» «ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ‹بەندەم مېنىڭ قانداق بولۇشۇمنى ئويلىسا، مەن ئۇنىڭغا شۇنداق بولىمەن، ئۇ مېنى ئەسلىگەن چاغدا مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىمەن›. ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ تائالا ئۆز بەندىسىنىڭ تەۋبىسىدىن سىلەرنىڭ بىرىڭلار چۆل ـ باياۋاندا تۆگىسىنى يوقىتىپ قويۇپ، تېپىۋالغان چاغدىكى خۇشاللىقىدىنمۇ ئارتۇق خۇشال بولىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ‹كىمكى ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر گەز يېقىنلىشىمەن، كىم ماڭا بىر گەز يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن، مەن تەرەپكە مېڭىپ كەلسە، مەن ئۇنىڭغا يۈگۈرۈپ بارىمەن›». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدۋار بولۇپ، ياخشىلىقنى كۆتۈش. ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىش بىلەن تەۋبە قىلىشقا ئالدىراش لازىملىقى.

**441** ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپات بولۇشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «لا يموتن أَحَدُكُم إِلاَّ وَهُوَ يُحْسِنُ الظَّنَّ باللَّه عزَّ وَجَلَّ» «سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلار ئۆلۈم ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئۇ دۇنيالىقىغا نىسبەتەن ئۈمىدۋار بولسۇن».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بەندىنى ئۈمىدسىزلىكتىن ساقلىنىپ، ئۈمىدۋار بولۇشقا، بولۇپمۇ ئۆلۈم ئالدىدا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدۋار بولۇشقا رىغبەتلەندۈرگەن.

**442** ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «قال اللَّه تعالى: يَا ابْنَ آدَمَ إِنَّكَ مَا دَعوْتَني وَرَجوْتَني غَفَرْتُ لَكَ عَلى ما كَانَ مِنكَ ولا أُبَالِي، يا ابن آدمَ، لَوْ بَلغَتْ ذُنُوبُكَ عَنَانَ السماءِ، ثم اسْتَغْفَرْتَني غَفَرتُ لَكَ، يَا ابْنَ آدَم، إِنَّكَ لَو أَتَيْتَني بِقُرابِ الأَرْضِ خطايا، ثُمَّ لَقِيْتَني لا تُشْرِكُ بِي شَيْئاً، لأَتَيْتُكَ بِقُرَابِهَا مَغْفِرَةً»



www.munber.org

«ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ‹ئى ئادەم بالىسى! سەن قاچانكى ماڭا دۇئا ـ تەلەپتە بولساڭ ۋە مەندىن ئۈمىدۋار بولساڭ، سېنىڭ گۇناھلىرىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سېنى مەغفىرەت قىلىمەن، ئى ئادەم بالىسى! سېنىڭ ئاسمانغا تاقاشقۇدەك كۆپ گۇناھلىرىڭ بولسىمۇ مەندىن مەغفىرەت تەلەپ قىلساڭ، سېنى مەغفىرەت قىلىمەن، ئى ئادەم بالىسى! ئەگەر سەن يەر يۈزىنى قاپلىغۇدەك خاتالىقلىرىڭ بىلەن ماڭا ھېچ نەرسە شېرىك كەلتۈرمەي دەرگاھىمدا ماڭا مۇلاقات بولساڭ، مەن ساڭا يەر يۈزىنى قاپلىغۇدەك مەغفىرەت بىلەن مۇلاقات بولىمەن›». — ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى ـ كەرىمىنىڭ كەڭلىكى، رەھمىتىنىڭ چەكسىزلىكى.

2) بەندىنى ئىستىغفار ئېيتىش، دۇئا قىلىش، ئاللاھ تائالادىن ئۈمىدۋار بولۇشقا رىغبەتلەندۈرگەن.

3) بەندە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگەن بولسىلا، ھەرقانچە كۆپ ۋە ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ مەغفىرىتىدىن ئۈمىد كۈتسە بولىدىغانلىقى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ اللّهَ لاَ يَغْفِرُ أَن يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَلِكَ لِمَن يَشَاء﴾ ﴿ئاللاھ تائالا ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى (يەنى مۇشرىكلىك گۇناھىنى) ئەلۋەتتە مەغفىرەت قىلمايدۇ، بۇنىڭدىن باشقىنى (ئاللاھ تائالا ئۆزى) خالىغان ئادەمگە مەغفىرەت قىلىدۇ﴾. (سۈرە نىسا 116 ـ ئايىتىنىڭ بىر قىسمى)

## 53. باب ھەم قورقۇش ھەم ئۈمىدۋار بولۇش توغرىسىدا

بەندە ساپ ـ ساق ۋاقتىدا ھەم قورقۇشى، ھەم ئۈمىدۋار بولۇشى، ئۈمىد بىلەن قورقۇشىنىڭ ئىككىلىسىنىڭ بولۇشى، كېسەل ۋاقتىدا پەقەت ئۈمىدىنىڭلا بولۇشى لازىمدۇر. ئىسلام شەرىئىتىنىڭ «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردىكى تېكىستلىرى بۇ مەنانى كۈچلەندۈرىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلاَ يَأْمَنُ مَكْرَ اللّهِ إِلاَّ الْقَوْمُ الْخَاسِرُونَ﴾ ﴿پەقەت زىيان تارتقۇچى قەۋملا ئاللاھنىڭ مەكرىدىن قورقمايدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەئراف 99 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّهُ لاَ يَيْأَسُ مِن رَّوْحِ اللّهِ إِلاَّ الْقَوْمُ الْكَافِرُونَ﴾ ﴿پەقەت كۇففار قەۋملا ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە يۇسۇف 87 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)



www.munber.org

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَوْمَ تَبْيَضُّ وُجُوهٌ وَتَسْوَدُّ وُجُوهٌ﴾ ﴿شۇ كۈندە بەزى يۈزلەر قارىيىدۇ، بەزى يۈزلەر ئاقىرىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال ئىمران 106 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ رَبَّكَ لَسَرِيعُ الْعِقَابِ وَإِنَّهُ لَغَفُورٌ رَّحِيمٌ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ ئەلۋەتتە تېز جازالىغۇچىدۇر، ئەلۋەتتە مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەئراف 167 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الْأَبْرَارَ لَفِي نَعِيمٍ ۞ وَإِنَّ الْفُجَّارَ لَفِي جَحِيمٍ﴾ ﴿مۇئمىنلەر شەك ـ شۈبھىسىزكى جەننەتتە بولىدۇ، كۇففارلار شەك ـ شۈبھىسىز دوزاختا بولىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئىنفىتار 13 ـ، 14 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَأَمَّا مَن ثَقُلَتْ مَوَازِينُهُ ۞ فَهُوَ فِي عِيشَةٍ رَّاضِيَةٍ ۞ وَأَمَّا مَنْ خَفَّتْ مَوَازِينُهُ ۞ فَأُمُّهُ هَاوِيَةٌ ۞ وَمَا أَدْرَاكَ مَا هِيَهْ ۞ نَارٌ حَامِيَةٌ﴾ ﴿تارازىسى ئېغىر كەلگەن ئادەمگە كەلسەك، ئۇ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتا بولىدۇ. تارازىسى يېنىك كەلگەن ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭ جايى ھاۋىيە بولىدۇ. ھاۋىيەنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟ ھاۋىيە قىزىق ئوتتۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە قارىئە 6 ــ 11 ـ ئايەتلەر)

بۇ مەنىدە كەلگەن ئايەتلەر كۆپتۇر. قورقۇش بىلەن ئۈمىدۋارلىق بىر ـ بىرىگە يېقىن ئىككى ئايەتتە ياكى باشقا ـ باشقا ئايەتلەردە ياكى بىرلا يەككە ئايەتتە كېلىدۇ.

**443 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لَوْ يَعْلَمُ الْمُؤْمِنُ مَا عِنْدَ اللَّهِ مِنَ الْعُقُوبَةِ. ما طَمِعَ بِجَنَّتِهِ أَحَدٌ، وَلَوْ يَعْلَمُ الكافِرُ مَا عِنَد اللَّهِ مِنَ الرَّحْمَةِ، مَا قَنطَ مِنْ جَنَّتِهِ أَحَدٌ» «ئەگەر مۇئمىن ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىنى بىلسە ئىدى، ئاللاھ تائالانىڭ جەننىتىنى ھېچ بىر كىشى تەمە قىلمىغان بولاتتى. ئەگەر كۇففارلار ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنى بىلسە ئىدى، ھېچبىرى ئاللاھ تائالانىڭ جەننىتىدىن نائۈمىد بولمايتتى». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بەندىنى ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن قورقۇشقا، ئاللاھنىڭ ساۋابىدىن، مەغفىرىتىدىن ۋە رازىلىقىدىن ئۈمىدۋار بولۇشقا رىغبەتلەندۈرگەن.

**444 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إذا وُضِعتِ الجَنَازَةُ واحْتمَلَهَا النَّاسُ أو الرِّجالُ عَلى أعْنَاقِهِم، فَإِنْ كانَتْ صالِحَةً قالَتْ: قَدِّمُوني قَدِّمُوني، وَإِنْ كانَتْ غَير صالحةٍ، قالَتْ: يا ويْلَهَا، أَيْنَ تَذْهَبُونَ بَها؟ يَسْمَعُ صَوتَها كُلُّ شيءٍ إلاَّ الإِنْسَانُ، وَلَوْ سَمِعَهُ لَصَعِقَ» «قاچانكى مېيىت تاۋۇتقا قويۇلۇپ كىشىلەر ئۇنى يەلكىلىرىگە ئېلىپ ماڭسا، ئۆلگۈچى ياخشى ئادەم بولسا: ‹مېنى تېز ئېلىپ



www.munber.org

مېخشىلار، مېنى تېز ئېلىپ مېخشىلار!›، دەيدۇ. ئەگەر ئۆلگۈچى شەقىي ئادەم بولسا، ئۇ: ‹ئىسىت، مېنى قەيەرگە ئېلىپ بارىسىلەر؟›، دەيدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئادەمزاتتىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى ئاڭلايدۇ. ئەگەر ئۇنى ئادەمزات ئاڭلايدىغان بولسا، چىنىدىن جۇدا بولغان بولاتتى». — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ئورنىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارغا تەييارلانغان نەرسىلەرنى خەۋەر قىلىدىغانلىقى، مۇئمىنىنىڭ ئاللاھ تائالا بېرىدىغان ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئېرىشىشكە ئالدىرايدىغانلىقى، كۇففارلار ۋە پاسىقلارنىڭ قاتتىق ئازابتىن قورقىدىغانلىقى.

2) بەزى ئاۋازلارنى ئىنسانلارنىڭ ئاڭلىيالمايدىغانلىقى، ئىنسانلاردىن باشقا جانلىقلارنىڭ ئاڭلىيالايدىغانلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىسى مۆجىزىلەر جۈملىسىدىن بولۇپ، ھازىرقى زامان ئىلىم ـ پېنى تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان.

445 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الجَنَّةُ أَقْرَبُ إِلى أَحَدِكُمْ مِنْ شِرَاكِ نَعْلِه وَالنَّارُ مِثْلُ ذلك» «جەننەت سىلەرنىڭ بىرىڭلارغا كەشىنىڭ شوينىسىدىنمۇ يېقىندۇر ۋە دوزاخمۇ ھەم شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر». — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كىشىنىڭ ناھايىتى كىچىك ئىشلار سەۋەبىدىنمۇ جەننەتكە كىرىدىغانلىقى، شۇنداقلا بەزى كىچىك گۇناھلار سەۋەبىدىنمۇ دوزاخقا كىرىدىغانلىقى، شۇڭا مۇئمىنىنىڭ تائەت ـ ئىبادەتنى كەمتۈك قىلىپ قويماسلىقى، گۇناھلىق ئىشلاردا ئەزۋەيلەپ كەتمەسلىكى كېرەكلىكى.

## 54 . باب ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ، ئاللاھ تائالانى سېغىنىپ يىغلاشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيَخِرُّونَ لِلأَذْقَانِ يَبْكُونَ وَيَزِيدُهُمْ خُشُوعًا﴾ ﴿ئۇلار يىغلىغان ھالدا سەجدە قىلىشقا يىقىلىدۇ، (قۇرئاننى ئاڭلاش بىلەن ئۇلار ئاللاھقا) تېخىمۇ تەزەررۇ قىلىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال ئىمران 109 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَفَمِنْ هَذَا الْحَدِيثِ تَعْجَبُونَ ۞ وَتَضْحَكُونَ وَلَا تَبْكُونَ﴾ ﴿مەسخىرە قىلىپ، بۇ قۇرئاندىن ئەجەبلىنەمسىلەر؟ يىغلىمامسىلەر؟﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە نەجىم 59 ـ، 60 ـ ئايەتلەر)

446 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ماڭا رەسۇلۇللاھ: «اقْرَأْ عليَّ القُرآنَ» «قۇرئاننى ئوقۇپ بەرگىن»، دېدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! قۇرئان ساڭا نازىل بولغان تۇرسا، قۇرئاننى مەن ساڭا ئوقۇپ بېرەمدىمەن»، دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «إِني أُحِبُّ أَنْ أَسْمَعَهُ مِنْ غَيْرِي» «مەن قۇرئاننى باشقا

www.munber.org

ئادەمنىڭ ئوقۇغىنىنى ئاڭلاشنى ياقتۇرىمەن»، دېدى. مەن رەسۇلۇللاھقا سۈرە نىسانى ئوقۇپ ﴿فَكَيْفَ إِذا جِئْنا مِنْ كُلِّ أُمَّة بِشَهيد وِجِئْنا بِكَ عَلى هَؤلاءِ شَهِيدا﴾ ﴿بىز ھەر بىر ئۇممەتكە بىر گۇۋاھچىنى كەلتۈرگەن ۋە (ئى مۇھەممەد!) سېنى بۇلارغا گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن چېغىمىزدا ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە نىسا 41 ـ ئايەت) دېگەن ئايەتكە كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ: «حَسْبُكَ الآنَ» «ئەمدى توختا»، دېدى. مەن رەسۇلۇللاھقا قارىسام، ئۇنىڭ ئىككى كۆزىدىن ياش قۇيۇلۇۋېتىپتۇ.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) «قۇرئان كەرىم»نى باشقىلاردىن ئاڭلاشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، بۇنىڭدا ئاڭلىغۇچى ئادەمنىڭ قۇرئان ئوقۇغان ئادەمدەك تەلەپپۇز ۋە ئۆلچەمگە لايىق ئوقۇشقا زېھنى بۆلۈنۈپ كېتىشتىن خالىي ھالدا، تېخىمۇ ئاسان چۈشىنىدىغانلىقى.

2) ئوقۇغۇچىنىڭ ئۇستازىغا ئوقۇپ بېرىشىنىڭ جائىز ئىكەنلىكى، بۇنىڭلىق بىلەن ئوقۇغۇچى ئاڭلىغۇچىدىن ئەۋزەل ھېسابلانمايدىغانلىقى.

3) قۇرئان ئوقۇغاندا ئوقۇغۇچىنىڭ بىردەم توختىتىپ تۇرۇشى زۆرۈر بولسا، توختىتىپ تۇرۇشقا بۇيرۇق قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

4) قۇرئان ئوقۇغاندا ياكى تىڭشىغاندا كىشىنىڭ قەلبىگە تەسىر قىلىشى ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ مەنىسى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

5) قۇرئان ئاڭلىغاندا جىمجىتلىقنى بۇزماسلىق ۋە تووۋلاپ ئاۋاز چىقارماسلىق شەرتى ئاستىدا ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ يىغلاشنىڭ پەزلى بايان قىلىنغان.

**447 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق بىر نۇتۇق سۆزلىدىكى، مەن ئۇنداق نۇتۇقنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لَوْ تعْلمُونَ ما أعْلَمُ لَضَحِكْتُمْ قَلِيلاً وَلَبَكَيْتُمْ كثيراً» «مۇبادا مەن بىلگەننى بىلسەڭلار ئىدى، شۈبھىسىزكى، ئاز كۈلەتتىڭلار، كۆپ يىغلايتتىڭلار»، دېدى. ساھابىلەر يۈزلىرىنى ئېتىۋېلىپ، يىغلاپ كەتتى.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ساھابىلەرنىڭ ۋەز ـ تەبلىغدىن تەسىرلىنىپ يۈرىگى ئېرىيدىغان، ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ ياش تۆكىدىغان ھالىنى بايان قىلىپ، شۇلارنى ئۈلگە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەنلىكى.

**448 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لاَيَلِجُ النَّارَ رَجُلٌ بَكَى مِنْ خَشْيَةِ اللَّه حَتَّى يَعُودَ اللَّبَنُ في الضَّرْعِ وَلا يَجْتَمعُ غُبَارٌ في سَبِيلِ اللَّه ودُخانُ جَهَنَّمَ» «سېغىلغان سۈتنىڭ يېلىنغا قايتىپ كىرىشى يوق گەپ بولغىنىدەك، ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ ياش تۆككەن ئادەمنىڭ دوزاخقا**

www.munber.org

كىرىشمۇ يوق گەپ. ئاللاھ تائالا يولىدىكى بەندىنىڭ بەدىنىگە قونغان چاڭ ـ توزان بىلەن دوزاخ تۈتۈنى بىر يەردە جەم بولالمايدۇ».

— تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ يىغلاشنىڭ كىشىنى توغرا يولغا باشلاشقا سەۋەب بولىدىغانلىقى، شۇنداقلا بۇنىڭ شۇ كىشىنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلايدىغانلىقى.

**449 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «سَبْعَةٌ يُظِلُّهُمُ اللَّهُ في ظِلِّهِ يَوْمَ لا ظِلَّ إلاَّ ظِلُّهُ: إِمامٌ عادِلٌ، وشابٌّ نَشَأَ في عِبَادَةِ اللَّه تَعالى. وَرَجُلٌ قَلْبُهُ مُعَلَّق بالمَسَاجِدِ. وَرَجُلانِ تَحَابَّا في اللَّه. اجتَمَعا عَلَيهِ. وتَفَرَّقَا عَلَيهِ، وَرَجَلٌ دَعَتْهُ امْرَأَةٌ ذَاتُ مَنْصِبٍ وَجَمالٍ. فَقَالَ: إِنّي أَخافُ اللَّه. ورَجُلٌ تَصَدَّقَ بِصَدَقَةَ فأَخْفاها حتَّى لاَ تَعْلَمَ شِمالُهُ ما تُنْفِقُ يَمِينُهُ. ورَجُلٌ ذَكَرَ اللَّه خالِياً فَفَاضَتْ عَيْنَاهُ» **«ئاللاھ تائالانىڭ سايىسىدىن باشقا ھېچقانداق سايە يوق قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ تائالا يەتتە تۈرلۈك ئادەمنى ئۆز ئەرشى ئاستىدا سايىدىتىدۇ: 1) ئادىل پادىشاھ. 2) پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالانىڭ ئىبادىتىدە ئۆسكەن ياش. 3) ئەس ـ يادى ھەمىشە مەسجىدتە بولغان ئادەم. 4) ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن دوست بولۇشقان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئايرىلىشقان ئادەملەر. 5) ئېسىل ۋە چىرايلىق بىر ئايال ئۆزىگە چاقىرسا، ‹ئاللاھ تائالادىن قورقىمەن›، دەپ ئۇنى رەت قىلغان كىشى. 6) ئوڭ قولى بىلەن نېمىنى بەرگەنلىكىنى سول قولى بىلمەي قالغۇدەك دەرىجىدە مەخپىي سەدىقە بەرگەن كىشى. 7) خالىي جايدا ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىپ ياش تۆككەن كىشى».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: خالىي جايدا ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىپ، ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىپ، ساۋابىنى ئۈمىد قىلغان ھالدا ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ ياش تۆككەن ئادەمنىڭ پەزلى، ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ يىغلاشنىڭ شۇ كىشىنى بۇ دۇنيادا خاتىرجەملىككە، قىيامەت كۈنىدە خۇشاللىققا ئېرىشتۈرىدىغانلىقى.

**450. ئابدۇللاھ ئىبنى شەخىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كەلسەم، رەسۇلۇللاھ ناماز ئوقۇۋاتقانىكەن. ئۇنىڭ يىغلىغان يىغىسىدىن ئىچىدىن قايناۋاتقان قازاننىڭ ئاۋازىدەك ئاۋاز چىقاتتى».**

— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ئالدىدىكى ئورنى، دەرىجىسىنىڭ شۇنچە يۇقىرى تۇرۇپ، يەنىلا ئاللاھ تائالادىن قورقۇش ۋە تۆۋەنچىلىك بىلەن ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىدىغان پەزلى بايان قىلىنىپ، مۆئمىنلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىپ ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە رىغبەتلەندۈرگەن.

2) سۆز ئارىلاشمىغان ھالدىكى غەيرىي ئاۋاز چىقارغان كىشىنىڭ نامىزىنىڭ بۇزۇلمايدىغانلىقى.



www.munber.org

**451** ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «إِنَّ اللَّه، عَزَّ وجَلَّ، أَمْرَنِي أَنْ أَقْرَأَ عَلَيْكَ: لَمْ يَكُنِ الَّذِينَ كَفَرُوا» «ئۇلۇغ ئاللاھ تائالا مېنى ساڭا بەييىنە سۈرىسىنى ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرۇدى»، دېدى. ئۇبەي: «ئاللاھ تائالا مېنىڭ ئىسمىمنى ئاتىدىمۇ؟ »، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نَعَمْ» «ھەئە»، دېۋىدى، ئۇبەي يىغلاپ كەتتى.

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «فَجَعَلَ أُبَيٌّ يَبْكِي» «يىغلىغىلى تۇردى»، دېيىلگەن.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) نېئمەتكە ئېرىشكەندە خۇشاللىقتىن يىغلاش، شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ ئاتا قىلغان نېئمەتنىڭ شۈكرانىسىنى تولۇق ئادا قىلالماسلىقتىن قورقۇپ يىغلاشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

2) ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزلى، ئۇنىڭ قۇرئان يادلاش ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىشتىكى يۇقىرى ئورنى بايان قىلىنغان.

3) باشقىلارغا قۇرئان ئوقۇپ بېرىشنىڭ ياخشى ئىش بولۇپ، سۈننەت ئىكەنلىكى.

4) ئىلىم ئەھلىنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشتە كەمتەر بولۇشى لازىملىقى.

**452** ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «يۈرگىن، رەسۇلۇللاھ ئۇممۇ ئەيمەن رەزىيەللاھۇ ئەنھانى قانداق يوقلاپ تۇرغان بولسا، بىزمۇ شۇنداق يوقلايلى»، دېدى. ئۇ ئىككىسى ئۇممۇ ئەيمەننىڭكىگە كەلگەن چاغدا ئۇممۇ ئەيمەن ئۇلارنى كۆرۈپ يىغلاپ كەتتى. ئىككىيلەن ئۇنىڭغا: «نېمىگە يىغلايسەن؟ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ »، دېدى. ئۇممۇ ئەيمەن: «مەن ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلمەي يىغلاۋاتقىنىم يوق، مەن ئاسماندىن چۈشىدىغان ۋەھيىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىغا يىغلاۋاتىمەن»، دېدى. ئۇلارنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئۇممۇ ئەيمەن بىلەن قوشۇلۇپ يىغلاپ كەتتى.

—— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئۇنىڭسىز كەمتۈكلۈك ھېس قىلىنىدىغان ياخشىلىق ئۈزۈلۈپ قالغاندا ئۇنىڭ ئۈچۈن يىغلاشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) توغرا يوللۇق، سالىھ كىشىلەردىن ئايرىلىپ قالغاندا يىغلاشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى. بۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ قازا ۋە قەدەرىگە بويسۇنۇشقا زىت ئەمەسلىكى.

**453** ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقان ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ناماز توغرۇلۇق سۆز قىلىندى. رەسۇلۇللاھ: «مُرُوا أَبا بَكْرٍ فَلْيُصَلِّ بالنَّاسِ» «ئەبۇ بەكرىنى بۇيرۇڭلار، نامازنى ئوقۇپ بەرسۇن»، دېدى.



www.munber.org

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ھەقىقەتەن ئەبۇ بەكرى كۆڭلى ئۇزۇك ئادەم، ئۇ قۇرئان ئوقۇسا ئۇنى يىغا تۇتىدۇ»، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «مُرُوهُ فَلْيُصَلِّ» «ئۇنى بۇيرۇڭلار، ئۇ ئوقۇپ بەرسۇن»، دېدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ھەقىقەتەن ئەبۇ بەكرى سىنىڭ ئورنۇڭدا ناماز ئوقۇپ بەرگەن چاغدا يىغا سەۋەبىدىن كىشىلەر ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايدۇ»، دېدى، دېيىلگەن. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزلى، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالادىن شۇ دەرىجىدە قورقىدىغانلىقى.

2) مۇئمىننىڭ باغرى يۇمشاق بولۇشى، قۇرئان تىلاۋەت قىلغاندا يۈرىكى ئېرىپ ياش تۆكۈشنىڭ ياخشى ئىش ئىكەنلىكى.

**454 ـ** ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ ئوغلى ئىبراھىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋفكە تاماق كەلتۈرۈلدى. ئۇ روزىدار ئىدى. ئۇ: «مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئۆلتۈرۈلدى. ئۇ مەندىن ياخشى ئىدى، ئۇنىڭغا كېپەنلىك قىلىشقا ئۇنىڭ تونىدىن باشقا نەرسە تاپالمىدۇق، ئۇنىڭ بېشىنى يۆگىسەك پۇتى ئېچىلىپ قالاتتى. پۇتىنى يۆگىسەك بېشى ئېچىلىپ قالاتتى. ھازىر بايلاشاتچىلىقا چۆمدۇق ياكى بىزگە دۇنيالىقتىن كۆپ نەرسىلەر بېرىلدى. بىزگە ئاخىرەتتە بېرىلىدىغان ياخشىلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇ دۇنيادىلا بېرىلىشتىن قورقىمىز»، دەپ يىغلاپ كەتتى. يىغلاش بىلەن تاماقنىمۇ يېمەي قويدى. — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ساھابىلەرنىڭ ئىسىل پەزلى، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ناھايىتى تۆۋەن تۇتىدىغان كەمتەرلىكى، ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن ھېسابلايدىغان پەزىلىتى بايان قىلىنغان. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلگەن ساھابىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ بايلىقىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ پايدا ـ مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ۋاستە ئىدى. ئۇ ئەمەلىيەتتە مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيردىن ئەۋزەل ئىدى.

2) مۇئمىننى دۇنياغا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كېتىشتىن، دۇنياغا بېرىلىپ كېتىش سەۋەبى بىلەن ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئادا قىلالماسلىقتىن، ئۆزىگە يۈكلەنگەن ھەقلەرنى ئادا قىلالماي، تەرك ئېتىش بىلەن نېئمەت بەرگۈچى ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلالماسلىقتىن ئاگاھلاندۇرغان.

**455 ـ** ئەبۇ ئۇمامە سۇدەي ئىبنى باھىلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لَيْسَ شَيءٌ أَحَبَّ إِلى اللّه تعالى من قَطْرَتَين. وأَثَرَيْنِ: قَطْرَةُ دُمُوعٍ من خَشيَةِ اللّه وَقَطرَةُ دَمٍ تُهرَاقُ في سَبِيلِ اللّه تعالى، وأما الأثران فأثر في سبيل الله تعالى وَأَثَرٌ في فَرِيضَةٍ منْ فَرَائِضِ اللّه تعالى» «ئاللاھ تائالا ئىككى تامچە بىلەن ئىككى ئىزنى ئەڭ ياقتۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىرى ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ تۆكۈلگەن ياش تامچىسى، يەنە



www.munber.org

بىرى ئاللاھ تائالا يولىدا تۆكۈلگەن قاننىڭ تامچىسىدۇر. ئىككى ئىزغا كېلىدىغان بولساق، بىرى ئاللاھ تائالا يولىدا بېسىلغان قەدەمنىڭ ئىزى، يەنە بىرى ئاللاھ تائالانىڭ پەرزلىرىنى ئادا قىلىشتا قالغان ئىزدۇر». — تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ ياش تۆكۈشنىڭ پەزلى، چۈنكى بۇ بەندىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان چىن ئىمانىنىڭ دەلىلى ئىكەنلىكى.

2) جىھادنىڭ پەزلى، ئاللاھ تائالا يولىدا قېنى ئاققان كىشىگە كاتتا ساۋاب بېرىلىدىغانلىقى.

3) تاھارەتنىڭ ھۆللۈكنى قالدۇرۇپ قويغىنىغا ئوخشاش، ئىبادەتنىڭ ئىز ـ نىشانلىرىنى قالدۇرۇپ قويۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

456 ـ ئىرباز ئىبنى سارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ بىزگە شۇنداق بىر ۋەز ـ نەسىھەت قىلدىكى، ئۇنىڭدىن قەلبلەر لەرزىگە كەلدى ۋە كۆزلەردىن ياش قۇيۇلدى. — ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

## 55 . باب دۇنياغا بېرىلمەسلىكنىڭ پەزلىتى، دۇنيانىڭ كۆپ بولماسلىقىغا قىزىقتۇرۇش ۋە نامراتلىقنىڭ پەزلىتى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا مَثَلُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا كَمَاء أَنزَلْنَاهُ مِنَ السَّمَاء فَاخْتَلَطَ بِهِ نَبَاتُ الأَرْضِ مِمَّا يَأْكُلُ النَّاسُ وَالأَنْعَامُ حَتَّىَ إِذَا أَخَذَتِ الأَرْضُ زُخْرُفَهَا وَازَّيَّنَتْ وَظَنَّ أَهْلُهَا أَنَّهُمْ قَادِرُونَ عَلَيْهَآ أَتَاهَا أَمْرُنَا لَيْلاً أَوْ نَهَارًا فَجَعَلْنَاهَا حَصِيدًا كَأَن لَّمْ تَغْنَ بِالأَمْسِ كَذَلِكَ نُفَصِّلُ الآيَاتِ لِقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ﴾ ﴿ھاياتى دۇنيانىڭ مىسالى بىز ئاسماندىن چۈشۈرگەن (يامغۇر) سۈيىگە ئوخشايدۇكى، ئۇنىڭ بىلەن زېمىننىڭ ئىنسانلار، ھايۋانلار يەيدىغان تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلىرى بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن، ھەتتا زېمىن گۈزەل تۈسكە كىرگەن، چىرايلىق ياسانغان، زېمىن ئىگىلىرى ئۇنىڭدىن مول ھوسۇل ئېلىشقا جەزمى قىلىپ تۇرغان چاغدا، ناگاھان كېچىسى ياكى كۈندۈزى ئۇنىڭغا قازايىمىز يەتتى ـ دە، (زىرائەتلەر) تۈنۈگۈن (يەنى ئىلگىرى) يوقتەك، (پۈتۈنلەي) ئورۇپ تاشلانغاندەك قىلىۋەتتۇق (يەنى نابۇت قىلىپ، يوق قىلدۇق). پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلى بايان قىلىمىز﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە يۇنۇس 24 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاضْرِبْ لَهُم مَّثَلَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا كَمَاء أَنزَلْنَاهُ مِنَ السَّمَاء فَاخْتَلَطَ بِهِ نَبَاتُ الْأَرْضِ فَأَصْبَحَ هَشِيمًا تَذْرُوهُ الرِّيَاحُ وَكَانَ اللَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ مُّقْتَدِرًا ۞ الْمَالُ وَالْبَنُونَ زِينَةُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَالْبَاقِيَاتُ الصَّالِحَاتُ خَيْرٌ عِندَ رَبِّكَ ثَوَابًا وَخَيْرٌ أَمَلًا﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا دۇنيا تىرىكچىلىكى ھەققىدە شۇنداق بىر مىسالنى كەلتۈرگىن. (ئۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇكى)، بىز ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇردۇق، شۇ سۇ بىلەن زېمىننىڭ ئۆسۈملۈكلىرى بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ، بولۇق ئۆستى، كېيىن ئۇ قۇرۇپ



www.munber.org

تۆكۈلدى، شاماللار ئۇنى (تەرەپ ـ تەرەپكە) ئۇچۇرۇپ كەتتى. ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. ماللار ۋە بالىلار دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىنىنىتىدۇر. (باقىي) قالىدىغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ ساۋابى پەرۋەردىگارىڭنىڭ نەزىرىدە تېخىمۇ ياخشىدۇر، ئۈمىد تېخىمۇ چوڭدۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە كەھف 45 ـ، 46 ـ ئايەتلەر)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّ وَعْدَ اللَّهِ حَقٌّ فَلَا تَغُرَّنَّكُمُ الْحَيَاةُ الدُّنْيَا وَلَا يَغُرَّنَّكُم بِاللَّهِ الْغَرُورُ﴾ ﴿ئى ئىنسانلار! ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، سىلەرنى ھەرگىز دۇنيا تىرىكچىلىكى مەغرۇر قىلمىسۇن، شەيتاننىڭ سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئەپۇسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن مەغرۇر قىلىشىغا يول قويماڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە فاتىر 5 ـ ئايەت)

457 ـ ئەمر ئىبنى ئەۋف ئەنسارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بەھرەيننىڭ جىزىيەسىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئۇ بەھرەيندىن مال ئېلىپ كەلدى. ئەنسارىيلار ئەبۇ ئۇبەيدەنىڭ بەھرەيندىن مال ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدى. ئۇلار بامدات نامىزىغا كېلىپ نامازنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئوقۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدىن قايتقاندا، ئۇلار ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇشتى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرەپ: «أَظُنُّكُم سَمِعتُم أَنَّ أَبَا عُبَيْدَةَ قَدِمَ بِشَيءٍ مِنَ الْبَحْرَيْنِ» «ئەبۇ ئۇبەيدىنىڭ بىر نەرسە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان بولۇشۇڭلار كېرەك»، دېدى. ئۇلار: «شۇنداق، ئى رەسۇلۇللاھ»، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَبْشِرُوا وأَمِّلُوا ما يَسرُّكُمْ، فواللَّه ما الفقْرَ أَخْشَى عَلَيْكُمْ. وَلكنّي أَخْشى أَنْ تُبْسَطَ الدُّنْيَا عَلَيْكُم كما بُسطَتْ عَلَى مَنْ كَانَ قَبْلَكُمْ، فَتَنَافَسُوهَا كَمَا تَنَافَسُوهَا. فَتَهْلِكَكُمْ كَمَا أَهْلَكَتْهُمْ» «سىلەرنى خۇشال قىلىدىغان نەرسە بىلەن شادلىنىڭلار ۋە ئۇنى كۈتۈڭلار. ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ يوقسۇل بولۇپ قېلىشىڭلاردىن قورقمايمەن، لېكىن بۇرۇنقىلارنىڭ باي بولۇپ كەتكىنىدەك، سىلەرنىڭمۇ باي بولۇپ كېتىشىڭلاردىن، شۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقىلارنىڭ بايلىققا ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلىپ كېتىپ ھالاك بولغىنىدەك، سىلەرنىڭمۇ بايلىققا ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلىپ كېتىپ ھالاك بولۇشۇڭلاردىن قورقىمەن»، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) دۇنيالىق رىزقى كەڭ ـ تاشا بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ دۇنيانىڭ نېئمەتلىرى بىلەن سىنىلىپ يامان ئاقىۋەتكە قېلىشىدىن ئاگاھلاندۇرغان.

2) دۇنيالىق مال ـ مۈلۈك ئۈچۈن ھەددىدىن زىيادە قىزىقىپ كېتىش ئادەمنى دىنىنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئېلىپ بارىدۇ، ئىبنى ھەجەر رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «مال ـ دۇنيا ئىنسانغا ناھايىتى چىرايلىق، تاتلىق تۇيۇلىدۇ، ئۇنى تەلەپ قىلىش بىلەن ئىنساننىڭ كۆڭلى راھەتلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مال ـ دۇنيا تالىشىش سەۋەبى بىلەن كىشىلەر ئارىسىغا ئاداۋەت چۈشۈپ، ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ».

**458 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنبەر ئۈستىدە ئولتۇردى. بىز ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇردۇق. رەسۇلۇللاھ: «إِنَّ مِمَّا أَخَافُ عَلَيْكُم مِنْ بَعْدِي مَا يُفْتَحُ عَلَيْكُمْ مِن زَهْرَةِ الدُّنيَا وَزِينَتهَا» «مەن مېنىڭدىن كېيىن سىلەرگە دۇنيانىڭ كەڭ ـ كۇشادە بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن»، دېدى.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**459 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ الدُّنْيَا حُلْوَةٌ خَضِرَةٌ وَإِنَّ اللَّه تَعالى مُسْتَخْلِفكُم فِيهَا، فَيَنْظُرُ كَيْفَ تَعْمَلُونَ فاتَّقُوا الدُّنْيَا واتَّقُوا النِّسَاءِ» «ھەقىقەتەن دۇنيا شېرىن ۋە ياپيېشىلدۇر. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئورۇنباسار قىلدى. سىلەرنىڭ قانداق ئەمەل قىلىدىغانلىقىڭلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. مال ـ دۇنيا بىلەن مەغرۇرلىنىشتىن ۋە ئاياللارنىڭ سەۋەبى بىلەن ئېزىپ كېتىشتىن ساقلىنىڭلار».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**460. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «اللَّهُمَّ لا عَيْشَ إِلاَّ عَيْشُ الآخِرَةِ» «ئى ئاللاھ! پەقەت ئاخىرەتنىڭ تۇرمۇشىلا ھەقىقىي تۇرمۇشتۇر».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئىبنى ئەللان مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەججىدىكى ئەرافات كۈنىدە مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدا بۇ سۆزنى ئېيتقان. بۇنىڭ مەنىسى ئەقىللىق كىشى بۇ باقىيسىز دۇنيانىڭ خۇشاللىقلىرى ئۈچۈن خۇش بولۇپ كەتمەيدۇ، ئۇنىڭ ئەھمىيەت بېرىدىغىنى ئاخىرەتنىڭ خۇشاللىقىدۇر، چۈنكى ئاخىرەتتىكى ھايات ئىنساننىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتىدۇر.

**461 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يَتْبَعُ المَيِّتَ ثَلاثَةٌ: أَهْلُهُ وَمالُهُ وَعَمَلُهُ: فَيَرْجِعُ اثْنَانِ. وَيَبْقَى وَاحدٌ: يَرْجِعُ أَهْلُهُ وَمَالُهُ وَيَبْقى عَمَلُهُ» «مېيىتقا ئۇنىڭ ئەھلى، مېلى ۋە ئەمەلىدىن ئىبارەت ئۈچ نەرسە ئەگىشىپ بارىدۇ، ئۇنىڭ ئىككىسى قايتىپ كېلىدۇ، بىرى قالىدۇ. ئۇنىڭ ئەھلى بىلەن مېلى قايتىپ كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئەمەلى مېيىت بىلەن بىللە قېلىپ قالىدۇ».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مېيىت دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە قالىدىغىنى ئۇنىڭ بۇ دۇنيالىقتا قىلغان ئەمەللىرى ئىكەنلىكى.

**462 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يُؤْتِيَ بَأَنْعَمِ أَهْلِ الدُّنْيَا مِن أَهْلِ النَّارِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ، فَيُصْبَغُ في النَّارِ صَبْغَةً ثُمَّ يُقَالُ: يا ابْنَ آدَمَ هَلْ رَأَيْتَ خيراً قَطُّ؟ هَلْ مَرَّ بِكَ نَعيمٌ قطُّ؟ فيقول: لا واللّه يارَبِّ. وَيُؤْتِى بأَشَدِّ النَّاسِ بُؤْساً في الدُّنْيَا**

www.munber.org

مِنْ أَهْلِ الجَنَّةِ فَيُصْبَغُ صَبْغَةً في الجَنَّةِ، فَيُقَالُ لَهُ: يا ابْنَ آدَمَ هَلْ رَأَيْتَ بُؤْساً قَطُّ؟ هَلْ مَرَّ بِكَ شِدَّةٌ قَطُّ؟ فيقولُ: لا، وَاللَّه، مَا مَرَّ بِي بُؤْسٌ قَطُّ، وَلا رَأَيْتُ شِدَّةً قَطُّ» « قىيامەت كۈنى دۇنيادا ئەڭ باياشاتچىلىقتا ياشىغان، ئەمما دوۋزىخىي بولغان بىر ئادەم كەلتۈرۈلۈپ، دوزاخقا چۆكتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا: ‹ئى ئادەم بالىسى! سەن بۇرۇن ياخشى ياشىغانمۇ؟ نازۇ نېمەتلەرنى كۆرگەنمۇ؟›، دېيىلىدۇ. ئۇ ئادەم: ‹ياق، رەببىم سەن بىلەن قەسەمكى، ھېچقاچان ياخشى ياشاپ باقمىغان›، دەيدۇ. دۇنيادا ئەڭ جاپا مۇشەققەتتە ياشىغان، ئەمما جەننەتى بولغان بىر كىشى كەلتۈرۈلۈپ، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭغا: ‹ئى ئادەم بالىسى! سەن بۇرۇن قاتتىقچىلىق، جاپا ـ مۇشەققەت تارتقانمۇ؟ بېشىڭدىن قاتتىقچىلىق ئۆتكەنمۇ؟›، دېيىلىدۇ. ئۇ: ‹ياق، ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، مەن قىيىنچىلىق تارتىپ باقمىدىم، مەن قاتتىقچىلىقنىمۇ بېشىمدىن ئۆتكۈزمىدىم›، دەيدۇ ».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مەڭگۈلۈك جەننەتنىڭ نېمەتلىرىگە قىزىقتۇرۇپ، دوزاخ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغان.

2) ئاللاھ تائالا ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا تەييارلىغان مۇكاپات بىلەن خۇش خەۋەر بېرىپ، ئاسىيلىق قىلغۇچىلارغا تەييارلىغان ئازابتىن ئاگاھلاندۇرغان.

**463 ـ مۇستەۋرىد ئىبنى شەدداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَا الدُّنْيَا في الآخِرَةِ إلاَّ مِثْلُ مَا يَجْعَلُ أحدُكُمْ أُصْبُعَهُ في الْـيَمِّ. فَلْيَنْظُـرْ بِـمَ يَـرْجِعُ؟» «دۇنيانى ئاخىرەتكە سېلىشتۇرغاندا، دۇنيا پەقەت سىلەرنىڭ قولۇڭلارنى دېڭىزغا سېلىپلا چىقارغاندەك گەپ، قولنى سۇغا سالغۇچى قاراپ باقسۇنكى، ئۇنىڭ قولىغا قانچىلىك سۇ يۇقىدۇ؟!».** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاخىرەت نېمەتلىرىنىڭ ئالدىدا دۇنيانىڭ قانچىلىك ئەرزىمەس ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. ئاخىرەتتىكى ياخشىلارغا تەييارلانغان نازۇ نېمەت ۋە راھەت ـ پاراغەتكە سېلىشتۇرغاندا بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرى بىر ئادەم قولىنى دېڭىز سۈيىگە تىقىپ قارىسا بارمىقىغا ھېچ نەرسە يۇقۇشمىغاندەك ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان قۇرۇق نەرسە ئىكەنلىكى.

**464 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ بازاردىن ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى. بازارنىڭ ئىككى قاسنىقىدا نۇرغۇن كىشىلەر بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۆلۈپ قالغان كىچىك قۇلاقلىق بىر ئوغلاقنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بېرىپ ئۇنىڭ قۇلىقىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «أَيُّكُمْ يُحِبُّ أَنْ يَكُونَ هَذَا لَهُ بِدِرْهَمٍ؟» «قايسىڭلار بۇنى بىر دەرھەمگە ئېلىشنى ياقتۇرىسىلەر؟ »، دېدى. كىشىلەر: «بىز ئۇنى كىچىككىنە نەرسىگە ئېلىشنىمۇ خالىمايمىز، بىز ئۇنى نېمە قىلىمىز»، دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ: «أَتُحِبُّونَ أَنَّهُ لَكُمْ؟» «سىلەر ئۇ ئوغلاقنىڭ سىلەرنىڭ بولۇپ قېلىشىنى خالامسىلەر؟ »، دېدى. ئۇلار: «ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، ئۇ تىرىك چېغىدىمۇ قۇلىقى كىچىك بولۇپ، ئەيىبلىك تۇرسا ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى قانداق قىلاتتۇق؟ »، دېيىشتى.**



www.munber.org

رەسۇلۇللاھ: «فَوَ اللّه للدُّنْيَا أَهْونُ عَلى اللّه مِنْ هذا عَلَيْكُمْ» «ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، دۇنيا ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە سىلەرنىڭ بۇنى مەنسىتمىگىنىڭلاردىنمۇ بەكرەك ئەرزىمەستۇر»، دېدى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە دۇنيانىڭ خۇددى كىشىلەر ئۆلۈپ قالغان قۇلىقى كىچىك ئوغلاقنى كۆزگە ئىلمىغىنىدىنمۇ بەكرەك ئەرزىمەس ئىكەنلىكى.

**465** - ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەدىنىدىكى قارا تاشلىقتا كېتىۋاتاتتىم. بىزگە ئۇھۇد تېغى كۆرۈندى. رەسۇلۇللاھ: «يـا أبَـا ذَرٍّ» «ئى ئەبۇ زەر»، دېدى. مەن: «خوش! ئى رەسۇلۇللاھ!»، دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «مَا يَسُرُّني أنَّ عِنْدِي مِثل أُحُدٍ هذا ذَهباً تَمْضِي عَلَيَّ ثَلاثَةُ أَيَّامٍ وعِنْدِي مِنْهُ دِينَارٌ، إلاَّ شَيْءٌ أَرْصُدُهُ لِدَيْنٍ، إلاَّ أَنْ أَقُولَ بِهِ في عِبَاد اللّه هكَذَا وَهَكَذا» «مېنىڭ مۇشۇ ئۇھۇد تېغىچىلىك ئالتۇنۇم بولسا، ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۇنىڭدىن قەرز قايتۇرۇشۇمغا ئېلىپ قالغىنىمدىن باشقا بىر دىنارنىڭ مەندە قېلىشى مېنى خۇشال قىلمايدۇ، مېنىڭ دەيدىغىنىم مۇشۇ تاغ باراۋىرىدە ئالتۇنۇم بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە مۇنداق - مۇنداق، يەنى ئوڭ تەرىپىمدىن، سول تەرىپىمدىن ۋە ئارقا تەرىپىمدىن بەرگەن بولاتتىم»، دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېڭىپ كېتىۋېتىپ: «إنَّ الأَكْثَرِينَ هُمُ الأَقَلُّونَ يَومَ القيامةِ إلاَّ مَنْ قَالَ بالمَالِ هكذَا وهكذا عن يمينهِ، وعن شمالهِ، ومِنْ خَلفه وَقَليلٌ مَا هُمْ» «دۇنيادا پۇل - مېلى كۆپ بولغانلار قىيامەت كۈنى نامرات ئادەملەردۇر، لېكىن ماللىرىنى ئوڭدىن، سولدىن، كەينىدىن بەرگەنلەر نامرات ھېسابلانمايدۇ، لېكىن ئۇنداقلار ئازدۇر»، دېدى. ئاندىن ماڭا: «مَكَانَكَ لا تَبْرَحْ حَتَّى آتيَكَ» «مەن قايتىپ كەلگۈچىلىك جايىڭدىن مىدىرلىماي تۇرغىن»، دەپ قويۇپ كېچىنىڭ قاراڭغۇسىدا غايىب بولدى. ئاندىن مەن بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم. مەن رەسۇلۇللاھقا بىرەر خەتەر يېتىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭ قېشىغا بېرىشنى ئويلىدىم، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ «لا تَبْرَحْ حَتَّى آتيَكَ» «مەن كەلگۈچىلىك مىدىرلىما»، دېگەن بۇيرۇقىنى ئەسلەپ تاكى رەسۇلۇللاھ قايتىپ كەلگۈچە جايىمدىن مىدىرلىمىدىم. رەسۇلۇللاھقا بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتكەنلىكىمنى ئېيتتىم. رەسۇلۇللاھ: «وَهَلْ سَمِعْتَهُ؟» «ئۇ ئاۋازنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ »، دېدى. مەن: «ھەئە»، دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «ذَاكَ جِبريلُ أتاني فقال: مَن ماتَ مِنْ أُمتِكَ لايُشرِكُ باللّه شَيئاً دَخَلَ الجَنَّةَ» «ئۇ جىبرىئىل بولۇپ، مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ: ‹سېنىڭ ئۇممىتىڭدىن بىرەر كىشى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرمەيلا ئۆلسە، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ›، دېدى»، دېدى. مەن: «وَإنْ زَنَي وَإنْ سَرَقَ؟» «ئەگەر ئوغرىلىق ۋە زىنا قىلسىچۇ؟ »، دېسەم، رەسۇلۇللاھ: «وَإنْ زَنَى وَإنْ سَرَقَ» «ئوغرىلىق قىلسىمۇ، زىنا قىلسىمۇ»، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناھايىتى كەمتەرلىكى، ساھابىلىرىدىن بىرەرىگىمۇ چوڭچىلىق قىلمايدىغانلىقى.

2) ئالدىنئالا بىرەر قەرزنى تۆلەش ئۈچۈن مال ـ مۈلكىنى ساقلاپ قويۇشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى، خەير ـ ئېھسان ئۈچۈن سەدىقە قىلىشتىن ئاۋال گەدىنىدىكى قەرزلەرنى تۆلىۋېتىش كېرەكلىكى.

3) مال ئىگىلىرىنى ئاللاھ تائالا يولىدا مال ـ مۈلكىنى سەرپ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەنلىكى.

4) ئاللاھ تائالا يولىدا پۇل، مېلىدىن خەير ـ ئېھسان قىلىپ تۇرغان كىشىگە نىسبەتەن مال ـ دۇنيانىڭ يامان نەرسە ھېسابلانمايدىغانلىقى.

5) بەزى گۇناھلارنى قىلغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرمەي ئىمان بىلەن ئۆلگەن كىشىنىڭ گۇناھىغا لايىق جازادىن كېيىن جەننەتكە كىرىدىغانلىقى.

6) ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن كىشىنىڭ دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغانلىقى.

**466 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لو كان لي مِثلُ أُحُدٍ ذَهَباً، لَسرَّني أنْ لا تَمُرَّ عليَّ ثَلاثُ لَيَالٍ وَعِندِي منه شَيءٌ إلاَّ شَيءٌ أُرْصِدُه لِدَينٍ» «مۇبادا مۇشۇ ئۇھۇد تېغىچىلىك ئالتۇنۇم بولسا، ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۇنىڭدىن قەرز قايتۇرۇشۇمغا ئېلىپ قالغىنىمدىن باشقا بىر دىنارنىڭ قېلىشىنىمۇ خالىمايمەن».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) قەرزنى قايتۇرۇش، ئامانەتنى لايىق رەۋىشتە ئادا قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن.

2) ياخشىلىقنى ئۈمىد قىلىش يۈزىسىدىن مۇبادا دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا بېرىلمەيدىغان خىسلىتى بايان قىلىنغان.

**467 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «انْظُرُوا إلى منْ هَوَ أسفَلُ منْكُمْ وَلا تَنْظُرُوا إلى مَنْ فَوقَكُم فهُوَ أجْدرُ أن لا تَزْدَرُوا نعمةَ اللّه عَليْكُمْ» «سىلەر ئۆزۈڭلاردىن تۆۋەن كىشىگە قاراڭلار، ئۆزۈڭلاردىن يۇقىرى كىشىلەرگە قارىماڭلار. بۇنداق قىلىشىڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە بەرگەن نېئمەتلىرىنى كىچىك سانىماسلىقىڭلار ئۈچۈن ئەڭ لايىقتۇر».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مۇسۇلماننىڭ دۇنيا ئىشلىرىدا ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىلەرگە قارىشى، دىنىي ئىشلاردا ئۆزىدىن يۇقىرى كىشىلەرگە قارىشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، چۈنكى ئادەمنىڭ مال ـ دۇنياسى ئۆزىدىن كۆپ كىشىگە قارىشى شۇ ئادەمنى بىئاراملىق، نارازىلىق، ئاللاھ تائالانىڭ نېئمەتلىرىگە ناشۈكۈرلۈك قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغانلىقى، دىن ئىشلىرىدا ئۆزىدىن ئەۋزەل كىشىگە قارىشى شۇ ئادەمنى تىرىشىپ كۆپرەك ئىبادەت بىلەن ئاللاھقا يۈزلىنىشكە ئېلىپ بارىدىغانلىقى.



www.munber.org

**468** ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تَعِسَ عبْدُ الدِّينَارِ وَالدِّرْهَمِ وَالقطيفَةِ وَالخَمِيصَةِ، إنْ أُعطِيَ رضِـي، وَإنْ لَـمْ يُعـطَ لَـمْ يَـرْضَ» «دىنار، دەرھەم، يەكتەك ۋە توقۇلما رەختلەرگە قۇل بولغۇچىلار ھالاك بولسۇنكى، ئەگەر ئۇنىڭغا بېرىلسە رازى بولىدۇ، بېرىلمىسە رازى بولمايدۇ». ـــ بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالادىن غەيرىيگە چوقۇنۇشتىن، بولۇپمۇ مال ـ دۇنيانىڭ قۇلى بولۇپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇلغان.

2) ھاجىتىدىن ئاشقۇدەك ھالدا مال ـ دۇنيا توپلاپ، ئۇ مال ـ دۇنيانى ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ياخشىلىق يوللىرىغا ئىشلەتمەسلىك قىلمىشى ئەيىبلەنگەن.

**469** ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن ئەھلى سۇففەدىن (ئەھلى سۇففە ـــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر جامائە تەقۋادار، نامرات ساھابىلىرى بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدلىرىنىڭ ئاخىر تەرىپىدىكى سۇپىنى ماكان تۇتقانىدى. ـــ ت) 70 كىشىنى كۆردۈم. ئۇلاردىن ئۇچىسىغا تون كىيگەن بىرەر كىشى يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۇچىسىدىكى كىيىمى پەقەت بىرلا ئىشتان ياكى بوينىغا چىگىۋالىدىغان بىرەر پارچە رەختتىن ئىبارەت بولۇپ، ئاشۇ كىيىمنىڭ ئۇزۇنلۇقى بەزىلەرنىڭ پاچىقىنىڭ يېرىمىغا كەلسە، بەزىلىرىنىڭ ھوشۇقىغىچە كېلەتتى. ئۇلار ئەۋرەتلىرىنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، قولى بىلەن كىيىملىرىنى يىغىپ تۇتۇۋالاتتى. ـــ بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەبۇ نۇئەيىم « ئەۋلىيالار زىننىتى » ناملىق كىتابىدا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ئەھلى سۇففە كىشىلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن مەلۇمكى، ئۇلار ناھايىتى كەمبەغەل بولۇپ، ئازغا شۈكۈر قىلغان ۋە شۇنى تاللىغان، ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئىككى كىيىمى بولمىغان ۋە ياكى ئىككى خىل تائامغا بىرلا ۋاقىتتا ئېغىز تەگمىگەن.

2) مۇشۇنداق ياشاش يوللۇق. بىر ئۇلۇغ غايىگە يېتىش ئۈچۈن زۆرۈرىيىتى بولغاندىلا، مۇشۇنداق ياشاشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

**470**. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الدُّنْيَـا سِـجْنُ المُؤْمِـنِ وجنَّـةُ الكَـافِرِ» «دۇنيا مۇئمىنگە زىنداندۇر، كۇففارلارنىڭ جەننىتىدۇر (مۇئمىن بەندىگە ئاخىرەتتە تەييارلانغان نېئمەتلەرگە نىسبەتەن بۇ دۇنيانىڭ گويا بىر زىندانىنىڭ ئورنىدا ئىكەنلىكى، كۇففارلارغا ئۇ دۇنيادا تەييارلانغان قاتتىق ئازابقا نىسبەتەن بۇ دۇنيانىڭ ئۇلارغا گويا جەننەتتەك بولىدىغانلىقى)». ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

**471 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۈرەمنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «كُنْ في الدُّنْيا كأَنَّكَ غريبٌ، أَوْ عَابِرُ سبيلٍ» «دۇنيادا خۇددى مۇساپىر ياكى يولۇچىدەك بولغىن»، دېگەنىدى.**

**ئىبن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيتتى: «إذا أَمْسيْتَ، فَلا تَنْتَظِرِ الصَّباحَ وإِذَا أَصْبحْت، فَلا تنْتَظِرِ المَساءَ، وخُذْ مِنْ صِحَّتِكَ لمرضِكَ ومِنْ حياتِك لِموتكَ» «كەچقۇرۇنلۇقى ئەتىگەنلىكىڭنى كۈتمىگىن، ئەتىگەنلىكى كەچقۇرۇنلۇقىڭنى كۈتمىگىن. ساق ۋاقتىڭنى غەنىيمەت بىلىپ، كېسەل ۋاقتىڭدا قىلالمايدىغان ئىشلىرىڭنى قىلىۋال، ھاياتلىقىڭنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆلگەندىن كېيىن قىلالمايدىغان ئىشلىرىڭنى قىلىۋال».**

ـــ بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھەربىر ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا قىلىشقا ئالدىراش كېرەكلىكى.**

**2) قۇرۇق ئارزۇنى ئاز قىلىش كېرەكلىكى. مۇنداق قىلىشنىڭ ئەمەللەرنى تۈزەپ، ياخشىلىق قىلىشقا ئۈندەپ، ھورۇنلۇق، سۆرەلمىلىكتىن ساقلايدىغانلىقى.**

**3) مۇئمىننىڭ كۆپرەك تائەت ـ ئىبادەت قىلىۋېلىش ئۈچۈن ھەربىر پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشى لازىملىقى.**

**4) ھاياتلىق ۋە سالامەتلىك مۇئمىن ئۈچۈن ئىككى چوڭ نېئمەت بولۇپ، بۇ ئىككىسىدىن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن پايدىلىنىش كېرەكلىكى، ھەرگىزمۇ ئاخىرەتلىك ئۈچۈن پايدىسىز بولغان ئىشلار بىلەن ئۇلارنى ئىسراپ قىلىۋەتمەسلىك كېرەكلىكى.**

**472 ـ ئەبۇ ئابباس سەھل ئىبنى سەئد سائىدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇ ئىشنى قىلسام، مېنى ئاللاھ تائالامۇ ياخشى كۆرىدىغان، كىشىلەرمۇ ياخشى كۆرىدىغان بىرەر ئىشقا بۇيرۇغىن»، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «ازْهَدْ في الدُّنيا يُحِبَّكَ اللَّه، وَازْهَدْ فِيمَا عِنْدَ النَّاسِ يُحبَّكَ النَّاسُ» «دۇنياغا بېرىلمە، ئاللاھ تائالا سېنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ ئىلكىدىكى نەرسىگە قىزىقما، شۇنداق قىلساڭ كىشىلەر سېنى ياخشى كۆرىدۇ»، دېدى.**

ـــ ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

**ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مۇئمىننىڭ رىزىق تەلەپ قىلىش يولىدا بارلىق تىرىشچانلىقنى كۆرسەتكەندىن كېيىن ھالالدىن تاپقان رىزىققا قانائەت قىلىشى كېرەكلىكى.**

**2) مۇئمىننىڭ ھارامدىن ئۆزىنى ساقلاپ، شۈبھىلىك ئىشلاردىن ئېھتىيات قىلىشى، ھالال رىزىقىغا قانائەت قىلىپ، ئۇنى شەرىئەتكە ئۇيغۇن رەۋىشتە سەرپ قىلىشى كېرەكلىكى.**

**3) ئىنساننىڭ مال ـ دۇنيانى قولىدا تۇتۇپ، ئۇنى مەقسەتكە يېتىشتىكى بىر ۋاستە دەپ قاراش، ھەرگىزمۇ ئۇنى چىن كۆڭلىدىن پۈتۈن ئىشلىرىنىڭ مەقسىتى قىلىۋالماسلىقى**

www.munber.org

4) زاھىدلىق دېگەن نامراتلىق، خارلىق، ھورۇنلۇق بىلەن بولمايدىغانلىقى، بەلكى ئىنساننىڭ روھى باي بولۇشى، موھتاج بولسىمۇ تىلەمەيدىغان، تەمە قىلمايدىغان بولۇشى بىلەن بىللە، ئىپپەتلىك بولۇشى، ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان ئىشلارغا ئۆزىنى ئاتىشى كېرەكلىكى.

5) كىشىنىڭ مال ـ دۇنياغا ھېرىسمەن بولۇشى شەھۋانىي نەپسى، ھاۋايى ـ ھەۋەسى ئۈچۈن بولسا بۇنداق ھېرىسمەنلىك ئەيىب سانىلىدۇ. ئەمما، مال ـ دۇنيا تېپىشى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئۈچۈن بولسا، بۇ ئەيىبلەنمەيدۇ، بەلكى بۇ ئاللاھ تائالاغا بولغان تائەت ـ ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ.

**473 ـ نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرنىڭ دۇنيادا ئېرىشكەن نەرسىلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى، ئاندىن: «مەن رەسۇلۇللاھنىڭ قورسىقى تويغۇدەك ناچار خورمىمۇ يوق، كۈن بويى ئاچ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەنىدىم»، دېدى.** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا بېرىلمەسلىكى ئاجىزلىق ۋە كەمبەغەللىكتىن بولماستىن، ئاخىرەتنى دۇنيادىن ئەۋزەل بىلگەنلىكى، ساھابىلىرى ۋە ئۈممىتىگە دۇنيانىڭ راھەت ـ پاراغەت، ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىگە بېرىلىپ كېتىپ تائەت ـ ئىبادەتنى تەرك ئەتمەسلىكنى ئۆگىتىش ئۈچۈندۇر.

**474 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغاندا، ئۆيۈمدە پەقەت تاختا بېشىدىكى ئازراق ئارپىدىن باشقا يېگۈدەك نەرسە يوق ئىدى. مەن ئۇنى ئۇزۇنغىچە يېدىم. ئازغىنا ئارپا نېمانچە تۈگىمەيدىغاندۇ، دەپ ئۇنى تارتىپ كۆرگەنىدىم، ئۇ تۈگەپ كەتتى.** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پۈتكۈل ئەرەب يېرىم ئارىلىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغان، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە، ياخشى كۆرىدىغان ئايالىنىڭ يېنىدا ئازغىنە ئارپىدىن باشقا نەرسە يوقلۇقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا بېرىلمەيدىغان كامالى خىسلەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغانلىقى.

2) ئاز تائامنى كۆپ بەرىكەتلىك قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى.

**475 ـ ئەمر ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغان چاغدا دىنار، دەرھەم، قۇل، دېدەك ۋە باشقا ھېچقانداق نەرسىلەرنى قالدۇرمىغان، پەقەت ئۇ ئۆزى مىنىدىغان بىر ئاق خېچىرنى، ئۇرۇش قوراللىرىنى ۋە ئىبنى سەبىللەرگە سەدىقە قىلغان بىر پارچە زېمىننى قالدۇرغانىدى.** — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**476 ـ خەبباب ئىبنى ئەرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، رەسۇلۇللاھ بىلەن ھىجرەت قىلدۇق. بىزنىڭ ساۋابىمىزنى ئاللاھ تائالانىڭ بېرىشى تېگىشلىك بولدى. بىزدىن بەزى كىشىلەر غەنىيمەتتىن ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەي ئۆلۈپ كەتتى. ئۇھۇد كۈنى ئۆلۈپ كەتكەن**

www.munber.org

ۋە بىر پارچە رەڭلىك يۇڭ توقۇلما رەخت قالدۇرغان مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەنە شۇلاردىن ئىدى. بىز رەخت بىلەن ئۇنىڭ جەسىتىنى يۆگىگەندە بېشىنى يۆگىسەك پۇتى ئېچىلىپ قالاتتى، پۇتىنى يۆگىسەك بېشى ئېچىلىپ قالاتتى. رەسۇلۇللاھ بىزنى ئۇنىڭ بېشىنى رەخت بىلەن يۆگەشكە، پۇتىنى ئىزخىر (قەغەزگۆل دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل پۇراقلىق ئۆسۈملۈك. — ت) بىلەن يېپىشقا بۇيرۇدى. ھالبۇكى، بىزنىڭ ئارىمىزدا مېۋىلىرى پىشىپ، ئۇنى ئۈزۈۋاتقانلارمۇ بار ئىدى (يەنى باياشات ياشاۋاتقانلارمۇ بار ئىدى).

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھىجرەتنىڭ نېئمەتلىرى ۋە ئاللاھ تائالا يولىدا ھىجرەت قىلغان خالىس نىيەتلىك مۇھاجىرلارغا بېرىلگەن ساۋاب بايان قىلىنغان.

2) تەقۋادار مۇئمىنلەرنىڭ تېز بولغاندا بۇ دۇنيادا، كېچىكسە ئاخىرەتتە ۋە ياكى ھەر ئىككى دۇنيادا ئەجىر ـ ساۋاب بىلەن مۇكاپاتلىنىدىغانلىقى.

477 ـ سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لَوْ كَانَت الدُّنْيَا تَعْدِلُ عِنْدَ اللَّه جَنَاحَ بَعُوضَةٍ، مَا سَقَى كَافراً منْها شَرْبَةَ مَاءٍ» «ئەگەر دۇنيا ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە پاشىنىڭ قانىتىچىلىك ئېتىبارغا ئىگە بولغان بولسا، كۇففارلار بىر يۇتۇم سۇ بىلەنمۇ سۇغۇرۇلمىغان بولاتتى».

— تىرمىزي رىۋايەت قىلغان.

478 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «أَلاَ إِنَّ الدُّنْيَا مَلْعُونَةٌ، مَلعون مَا فيها، إِلاَّ ذِكْرَ اللَّه تعالى، ومَا وَالاَه وَعالماً وَمُتَعلِّماً» «ئاگاھ بولۇڭلار! شۈبھىسىزكى، دۇنيا ئەرزىمەستۇر، دۇنيادىكى نەرسىلەرنىڭمۇ قىممىتى يوقتۇر. پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ زىكرىگە دائىر نەرسىلەر ۋە ئالىم ۋە ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارلا بۇنىڭ سىرتىدا».

— تىرمىزي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: دۇنيانى مۇتلەق ھالدا قارغاپ، لەنەت ئوقۇش دۇرۇس ئەمەس، چۈنكى بەزى ھەدىسلەردە لەنەت ئوقۇش مەنئى قىلىنغان. ئەمما، دۇنيادىكى بەندىنى ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىشتىن يىراقلاشتۇرىدىغان، ئاللاھ تائالاغا تائەت ـ ئىبادەت قىلىشتىن بۇرىۋېتىدىغان نەرسىلەرگە لەنەت ئوقۇش بۇنىڭ سىرتىدىدۇر. يۇقىرىقى ھەدىس شۇ مەنىدە ئېيتىلغان.

479 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا تَتَّخِذُوا الضَّيْعَةَ فَتَرْغَبُوا في الدُّنْيا» «كۆپ مال ـ مۈلۈك توپلىۋالماڭلار، ئۇنداق قىلساڭلار دۇنياغا بېرىلىپ كېتىسىلەر».

— تىرمىزي رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

**480. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز قومۇشتىن ياسالغان ئۆيلىرىمىزنى ئوڭشاۋاتقانىدۇق، رەسۇلۇللاھ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «ما هذا؟» «نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟»، دېدى. بىز: «ئۆي ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قاپتۇ، ئۇنى ئوڭشاپ قويۇۋاتىمىز»، دېدۇق. رەسۇلۇللاھ: «ما أرَى الأمْرَ إلاَّ أعْجَلَ مِنْ ذلكَ» «مەن ئەجەلنى بۇنىڭدىنمۇ تېزرەك كېلىپ قالارمىكىن دەيمەن»، دېدى.**

— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىنساننىڭ ھەر دائىم ئۆلۈمنى كۆز ئوڭىدا تۇتۇپ، ئۇنىڭ ھەربىر جان ئىگىسىگە قانداق يېقىنلىشىنى ياد ئېتىپ تۇرۇشى لازىملىقى.

2) ئىنساننىڭ ھەرگىزمۇ ئاخىرەتلىك ياخشى ئەمەللەردىن توسىدىغان دۇنيا ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كەتمەسلىكى، ئاخىر قايتىدىغان جاي ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى لازىملىقى.

**481 ـ كەئب ئىبنى ئىياز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «إنَّ لِكُلِّ أُمَّةٍ فتنةً، فِتنَةُ أُمَّتي المَالُ» «ھەربىر ئۈممەت ئۈچۈن بىر سىناق بولىدۇ، مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ سىنىلىدىغان نەرسىسى مال ـ دۇنيادۇر».**

— ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاللاھ تائالانىڭ مال ـ دۇنيانى ھايات زىنىنەتلىرىنىڭ بىرى قىلغانلىقى ۋە ئىنساننىڭ تەبىئىتىنى مال ـ دۇنياغا مايىل، بايلىق توپلاشقا ھېرىسمەن قىلىپ ياراتقانلىقى.

**482 ـ ئەبۇ ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لَيْسَ لابْنِ آدَمَ حَقٌّ في سِوى هَذِهِ الخِصَال: بَيْتٌ يَسْكُنُهُ، وَثَوْبٌ يُوَارِي عَوْرَتَهُ وَجِلْفُ الخُبز، وَالمَاءِ» «ئادەم بالىسىنىڭ ئولتۇرىدىغان ئۆيى ۋە ئەۋرىتىنى ياپىدىغان كىيىمى، يەيدىغان نېنى، ئىچىدىغان سۈيى بولسىلا، ئۇنىڭ باشقىنى تەلەپ قىلىشى بىھاجەتتۇر».**

— ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىنساننىڭ تۇرىدىغان ئۆيى، ئەۋرىتىنى ياپىدىغان كىيىمى، قورسىقىنى تويغۇزىدىغان ئوزۇقلۇقى بولسىلا، شۇنىڭ بىلەن كۇپايىلىنىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) ئايالنىڭ بەدىنىدىن يۈز ۋە قولىدىن (ئالقان) باشقا ھەممە يەرنىڭ ئەۋرەت ھېسابلىنىدىغانلىقى، ئەر كىشىنىڭ بەدىنىدىن كىندىكىدىن تىزىغىچە بولغان يەرنىڭ ئەۋرەت سانىلىدىغانلىقى، بۇ يەردە دېيىلگىنى بەدەننى ياپىدىغان كىيىم بولۇپ، بۇ ئىنساننىڭ زۆرۈر ئېھتىياجى ئىكەنلىكى.

**483 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى شەخىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كەلسەم، رەسۇلۇللاھ سۈرە تەكاسۇرنى ئوقۇۋاتاتتى. رەسۇلۇللاھ: «يَقُولُ ابنُ آدَم: مَالي، مَالي، وَهَل لَكَ يَا ابن آدمَ مِنْ مالِكَ إلاَّ مَا أكَلت فَأفْنيْتَ، أو لِبستَ فَأبْلَيْتَ، أوْ**



www.munber.org

تَصَدَّقْتَ فَأَمْضَيْتَ؟» «ئادەمنىڭ بالىسى مېلىم، مېلىم، دەيدۇ. ئى ئادەم بالىسى! ئۇ ماللىرىڭنىڭ ئىچىدىن يەپ تۈگەتتۈرگەنلىرىڭنىڭ ياكى كىيىپ ئەسكىرتكەنلىرىڭنىڭ ياكى سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتكەنلىرىڭنىڭ سېنىڭ بولىدۇ»، دېدى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) زۆرۈر ئېھتىياجىدىن ئارتۇق مال ـ دۇنيا يىغقان ئادەمنىڭ خۇددى باشقىلارغا خەجلەيدىغان بايلىقنى ساقلاپ بېرىدىغان ئامبارچىغا ئوخشايدىغانلىقى.

2) مال ـ دۇنيا، بايلىقنى بېرىلمەسلىككە، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئېھتىياجىنى قامدىغۇدەك نەرسە بىلەن كۇپايىلىنىپ، كۆپلەپ سەدىقە بېرىشكە، ھاجەتمەنلەرگە ياردەم قىلىشقا، پۇل ـ مېلىنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى يولىدا سەرپ ئېتىشكە تەۋسىيە قىلغان.

**484** ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، مەن سېنى ئەلۋەتتە ياخشى كۆرىمەن»، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «انْظُرْ ماذا تَقُولُ؟» «نېمە دەۋاتقانلىقىڭغا قارىغىن»، دېدى. ئۇ كىشى: «ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە ياخشى كۆرىمەن»، دەپ بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ: «إِنْ كُنْتَ تُحبُّني فَأَعِدَّ لَلفقْر تِجْفافاً، فإِنَّ الفَقْر أَسْرَعُ إلى من يُحِبُّني مِنَ السَّيْل إلى مُنْتَهَاهُ» «ئەگەر سەن مېنى ياخشى كۆرسەڭ، كەمبەغەللىك لىباسىنى ھازىرلىغىن، شۈبھىسىزكى، كەمبەغەللىك مېنى ياخشى كۆرگەن كىشىگە كەلكۈننىڭ بارار جايىغا يېتىپ بېرىشىدىنمۇ تېز يېتىپ بارىدۇ»، دېدى. — تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: دۇنيانىڭ راھەت ـ پاراغەتلىرىگە، مال ـ دۇنياغا بېرىلىپ كەتمەسلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ دەلىلى ئىكەنلىكى. چۈنكى، ھەقىقىي مۇھەببەت ياخشى كۆرگەن كىشىنىڭ خۇلۇق ـ ئەخلاقىنى ئۈلگە قىلىش، ئۆزىگە سىڭدۈرۈش بىلەن بولىدىغانلىقى.

**485** ـ كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَاذِئْبَان جَائعَانِ أُرْسِلا في غَنَم بأَفْسَدَ لَهَا مِنْ حِرْصِ المَرْءِ على المالِ وَالشَّرفِ لِدِينهِ» «بىر ئادەمنىڭ مالغا ۋە ئابرۇيغا بېرىلىپ كېتىشى دىنىنى بۇزۇشتا ئىككى ئاچ بۆرىنىڭ قويلار ئارىسىغا قويۇپ بېرىلىشىدىنمۇ خەتەرلىكتۇر».

— تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

**486** ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ بىر بورىنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ بىقىنلىرىغا بورىنىڭ ئىزلىرى چىقىپ كېتىپتۇ. بىز: «ئى رەسۇلۇللاھ! ساڭا كۆرپە بەرگەن بولساقچۇ؟!»، دېدۇق. رەسۇلۇللاھ: «مَالي وَلَلدُّنْيَا؟ مَا أَنَا في الدُّنْيَا إِلاَّ كَرَاكبٍ اسْتَظَلَّ تَحْتَ شَجَرَةٍ ثُمَّ رَاحَ وَتَرَكَهَا» «مېنىڭ دۇنيا بىلەن نېمە ئىشىم؟ مەن دۇنيادا پەقەت دەرەخنىڭ ئاستىدا سايىداپ ئارام ئالغاندىن كېيىن ئۇنى تاشلاپ كەتكەن يولۇچىغا ئوخشايمەن»، دېدى.



www.munber.org

ــــ تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا بىرىلمەسلىكى، دۇنيا ھاياتىنى خۇددى ئاخىرقى مەنزىل ــــ ئاخىرەتكە قاراپ كېتىۋاتقان يولۇچى ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئۆتەڭگە ئوخشاتقانلىقى.

2) بەندىنىڭ ياخشى ئەمەللەر بىلەن ئاخىرەتلىكىنىڭ ياخشى بولۇشىغا تەييارلىق قىلىشى كېرەكلىكى.

**487 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يَدْخُلُ الفُقَراءُ الجَنَّةَ قَبْلَ الأَغْنِيَاءِ بِخَمْسِمائَةِ عَامٍ» «كەمبەغەللەر بايلاردىن بەش يۈز يىل بۇرۇن جەننەتكە كىرىدۇ».**

ــــ تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كەمبەغەللەرنىڭ گۇناھ پاتقىقىغا پاتقان بايلاردىن ئەۋزەل ئىكەنلىكى.

2) كەمبەغەللەر بايلاردىن 500 يىل ئىلگىرى جەننەتكە كىرىدۇ. مۇنداق بولۇشى شۇ مۇددەتتە بايلار بايلىقىنى قايسى يول بىلەن تاپقانلىقى ۋە قانداق ئىشلارغا سەرپ ئەتكەنلىكى توغرىسىدا ھېساب بېرىدۇ.

**488 - ئىبنى ئابباس ۋە ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «آطَّلَعْتُ في الجَنَّةِ فَرَأَيْتُ أَكْثَرَ أَهلِهَا الفُقَراءَ. وَاطَّلَعْتُ في النَّارِ فَرَأَيْتُ أَكْثَرَ أَهْلِهَا النِّساءَ» «مەن جەننەتكە قاراپ جەننەت ئەھلىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ كەمبەغەللەر ئىكەنلىكىنى كۆردۈم، دوزاخقا قاراپ دوزاخ ئەھلىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئاياللار ئىكەنلىكىنى كۆردۈم».**

ــــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) جەننەتتە كەمبەغەللەر بايلاردىن كۆپ، كەمبەغەل جەننەتكە نامراتلىق سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى ياخشى ئەمەللىرى سەۋەبىدىن كىرىدۇ.

2) بەندىنى دۇنيا ھاياتىدا بەك راھەت-پاراغەت ۋە بايلىقنى قوغلاشماسلىققا تەۋسىيە قىلغان.

3) ئاياللارنى ئۆزىنى دوزاخ ئوتىدىن ساقلاش ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

**489 - ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قُمْتُ عَلى بَابِ الجَنَّةِ، فَكَانَ عَامَّةُ مَنْ دَخَلَهَا المَساكِينُ. وأَصَحَابُ الجِدِّ محبُوسُونَ، غَيْرَ أَنَّ أَصحَابَ النَّارِ قَد أُمِرَ بِهِمْ إِلى النَّارِ» «مەن جەننەتنىڭ دەرۋازىسىدا تۇردۇم، جەننەتكە كىرگەنلەرنىڭ تولىسى مىسكىنلەر ئىكەن، دۆلەتمەن كىشىلەر جەننەتكە مىسكىنلەردىن كېيىن كىرىشى ئۈچۈن توختىتىلىپ قويۇلۇپتۇ، لېكىن دوزىخىيلار دوزاخقا بۇيرۇلۇپ بولغان ئىدى».**

ــــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

**490**. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «أَصْدَقُ كَلِمَةٍ قَالَهَا شَاعِرٌ كَلِمَةُ لَبِيدٍ: أَلا كُلُّ شيْءٍ ما خَلا اللهَ بَاطِلُ» «لەبىدنىڭ مۇنۇ سۆزى شائىرلارنىڭ سۆزى ئارىسىدا ئەڭ راست سۆزدۇر: ‹بىكاردۇر بىر خۇدادىن باشقا بارلىق نەرسە دۇنيادا›». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەگەر ياخشى مەقسەت ئۈچۈن بولسا ئىسلام دىنىدا شېئىر ئوقۇش چەكلەنمەيدىغانلىقى.

2) دۇنيا ھاياتىنىڭ ئەرزىمەس ئىكەنلىكى، چۈنكى ئۇنىڭ يوقلىش ۋە ھالاكەت بىلەن ئاياغلىشىدىغانلىقى.

3) ھايات ھەرقانچە ئۇزۇن بولسىمۇ ئۇنىڭ ئاخىرەتكە سېلىشتۇرغاندا بەك قىسقا ئىكەنلىكى.

## 56 . باب ئاچ ـ توق يۈرۈش ۋە ئاددىي ـ ساددا ياشاشنىڭ پەزىلىتى، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا ئېھتىياجلىق نەرسىلەردە ئاز بىلەن چەكلىنىش ۋە نەپسى خاھىشىغا بېرىلمەسلىك توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَخَلَفَ مِن بَعْدِهِمْ خَلْفٌ أَضَاعُوا الصَّلَاةَ وَاتَّبَعُوا الشَّهَوَاتِ فَسَوْفَ يَلْقَوْنَ غَيًّا ۞ إِلَّا مَن تَابَ وَآمَنَ وَعَمِلَ صَالِحًا فَأُولَئِكَ يَدْخُلُونَ الْجَنَّةَ وَلَا يُظْلَمُونَ شَيْئًا﴾ ﴿ئۇلار كەتكەندىن كېيىن (ئۇلارنىڭ) ئورنىنى باسقان ئورۇنباسارلار نامازنى تەرك ئەتتى، نەپسى ـ خاھىشىغا ئەگەشتى، ئۇلار قىيامەتتە گۇمراھلىقنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ، تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئەنە شۇلار جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلاردىن ھېچ نەرسە كېمەيمەيدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە مەريەم 59 ـ، 60 ـ ئايەتلەر)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَخَرَجَ عَلَى قَوْمِهِ فِي زِينَتِهِ قَالَ الَّذِينَ يُرِيدُونَ الْحَيَاةَ الدُّنيَا يَا لَيْتَ لَنَا مِثْلَ مَا أُوتِيَ قَارُونُ إِنَّهُ لَذُو حَظٍّ عَظِيمٍ ۞ وَقَالَ الَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ وَيْلَكُمْ ثَوَابُ اللَّهِ خَيْرٌ لِّمَنْ آمَنَ وَعَمِلَ صَالِحًا وَلَا يُلَقَّاهَا إِلَّا الصَّابِرُونَ﴾ ﴿قارۇن ئۆز قەۋمىنىڭ ئالدىغا بارلىق زىننىتى بىلەن ھەشەمەتلىك ھالدا چىقتى. دۇنيا تىرىكچىلىكىنى كۆزلەيدىغانلار: «كاشكى، بىزگە قارۇنغا بېرىلگەن بايلىق بېرىلسىچۇ، ئۇ ھەقىقەتەن (دۇنيالىق) چوڭ نېسىۋىگە ئىگە ئىكەن»، دېدى. ئىلىملىك كىشىلەر: «ۋاي سىلەرگە! ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغان كىشىگە ئاللاھنىڭ ساۋابى ياخشىدۇر، ئۇ ساۋاب پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغا بېرىلىدۇ»، دېدى﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە قەسەس 79 ـ، 80 ـ ئايەتلەر)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ثُمَّ لَتُسْأَلُنَّ يَوْمَئِذٍ عَنِ النَّعِيمِ﴾ ﴿ئاندىن (دۇنيادا سىلەرگە بېرىلگەن) نېئمەتلەردىن سوئال ـ سوراق قىلىنىسىلەر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە تەكاسۇر 8 ـ ئايەت)



www.munber.org

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَنْ كَانَ يُرِيدُ الْعَاجِلَةَ عَجَّلْنَا لَهُ فِيهَا مَا نَشَاء لِمَن نُّرِيدُ ثُمَّ جَعَلْنَا لَهُ جَهَنَّمَ يَصْلاهَا مَذْمُومًا مَّدْحُورًا﴾ ﴿بىز دۇنيانى كۆزلىگەنلەر ئىچىدە خالىغان ئادەمگە (ئۇنىڭ خالىغىنىنى ئەمەس) بىزنىڭ خالىغىنىمىزنى بېرىمىز، ئاندىن ئۇنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەم بىلەن جازالايمىز، جەھەننەمگە ئۇ خارلانغان، (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) قوغلانغان ھالدا كىرىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئىسرا 18 ـ ئايەت)

491 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر رەسۇلۇللاھ ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر، ئۇدا ئىككى كۈن ئارپا نېنىغا تويغان ئەمەس. ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا، راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلمەسلىكى، ئىلىكىگە ئۆتكەن مال ـ مۈلكىنىڭ ھەممىسىنى موھتاجلارنىڭ ھاجىتى ئۈچۈن سەرپ قىلىپ، ئۆزى ئۈچۈن ھېچ نەرسە ئېلىپ قالمايدىغان سېخىيلىقى.

492 ـ ئۇرۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى، بىز ئايغا قارايتتۇق، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر ئاي، ئاندىن كېيىن يەنە بىر ئايغا قارايتتۇق، كۆتەتتۇق، ئىككى ئاي، ئۈچ ئاي ئۆتەتتى. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيلىرىدە ئوچاققا ئوت يېقىلىپ باقمايتتى»، دېدى. مەن: «ھامما! سىلەر قانداق تۇرمۇش كەچۈرەتتىڭلار؟»، دېدىم. ئۇ: «خورما ۋە سۇ بىلەن، لېكىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئەنسارىي قوشنىلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆچكە ياكى تۆگىلىرىنىڭ سۈتىنى رەسۇلۇللاھقا ئەۋەتىپ تۇراتتى. بىز ئاشۇ سۈتنى بىرگە ئىچەتتۇق»، دېدى. ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) شەرىئەت چەكلىمىگەن ئەھۋال ئاستىدا ئۆيدىكى ئىشلارنى باشقىلارغا ئېيتىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى، بۇنىڭ شىكايەت ھېسابلانمايدىغانلىقى.

2) مىسال كەلتۈرۈش، باشقىلارغا ياخشى ئۈلگە تىكلەش يۈزىسىدىن كىشىنىڭ خاس ئەھۋاللىرىنى تىلغا ئېلىشقا بولىدىغانلىقى.

493 ـ ئەبۇ سەئىد مەقبۇرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قويىنىڭ گۆشىنى كاۋاپ قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. كىشىلەر ئۇنى گۆش يېيىشكە تەكلىپ قىلدى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يېيىشكە ئۇنىمىدى ۋە مۇنداق دېدى: «رەسۇلۇللاھ دۇنيادىن ئارپا نېنىغا تويماي ئۆتۈپ كەتكەن». ـــ بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ساھابىلەرنىڭ ھەربىر ئىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىدىغانلىقى، ئىنساندا تۈرلۈك خىياللارنى پەيدا قىلىدىغان شەھۋەتنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئازغا شۈكۈر قىلىدىغانلىقى، بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەرنىڭ گاھىدا تويغۇچە



www.munber.org

غىزالىنىشى بىلەن زىت ئەمەسلىكى، چۈنكى مۇتلەق كۆپ ھالالاردا ئۇلارنىڭ ئاچلىق ۋە ئازغىنە تاماق بىلەن يۈرىدىغانلىقى.

494 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغۇچە ئۇ شىرەدە تاماق يەپ باقمىغان، تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر تاسقالغان يۇمشاق ئۇنىنىڭ نېنىنى يەپ باقمىغان».

بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بوغۇزلىنىپ قاپىناقسۇغا بېسىلىپ يۇڭدالغان قوينىڭ گۆشىنى يېمىگەن، دېيىلگەن (دۆلەتمەن ئادەملەر بوغۇزلانغان قوينى قاپىناقسۇغا بېسىپ، يۇڭدىۋېتىپ، تېرىسى بىلەن پىشۇرۇپ يەيتتى). — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: دۇنيانىڭ راھەت ـ پاراغەتلىرىگە ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلىپ كەتكۈچىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جانلىق ئۈلگە تىكلەپ بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا بېرىلمەسلىكى، نامراتلارنى يوقلىيدىغان، مىسكىنلەرگە تەسەللىي بېرىپ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان ئىسىل پەزىلىتى ئۇلار ئۈچۈن ناھايىتى ئوبدان ئۈلگە، دۇنياغا بېرىلىپ، ئۆز نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىش كىشىنىڭ شەھۋىتىنى قوزغاپ، گۇناھقا سۆرەپ كىرىدىغانلىقى ئەمەلىيەت.

495 ـ نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ قورسىقى تويغۇدەك ناچار خورمىنىمۇ تاپالماي يۈرگەنلىكىنى كۆرگەندىم». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى چاغلاردا ھەتتا قورسىقىنى تويغۇزغۇدەك ئۇزۇقمۇ تاپالمايدىغانلىقى، بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام دەۋىتى ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتاپ، ھاۋايى ـ ھەۋەسنى تەرك ئېتىشى سەۋەبىدىن ئىكەنلىكى.

496 ـ سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندىن تارتىپ تاكى ئاللاھ تائالا ئۇنى قەبزى روھ قىلغانغا قەدەر ئۇ تاسقالغان يۇمشاق ئۇنىنىڭ نېنىنى كۆرۈپ باقمىغان. سەھل ئىبنى سەئدكە: «رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاقتىدا ئەگلەك بارمىدى؟»، دېيىلدى. ئۇ: «رەسۇلۇللاھنى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندىن تارتىپ ئاللاھ تائالا ئۇنى قەبزى روھ قىلغانغا قەدەر ئەگلەك دېگەن نەرسىنى كۆرۈپ باقمىغاندى»، دېدى. ئۇنىڭغا: «سىلەر ئارپا ئۇنىنى تاسقىماي قانداق يەيتتىڭلار؟»، دېيىلدى. ئۇ: «بىز ئۇنى يانچىيتتۇق ۋە پۈۋلەيتتۇق، ئۇچقۇنى ئۇچۇپ كېتەتتى، قالغانلىرىنى بولسا يۇغۇرۇپ خېمىر قىلاتتۇق»، دېدى. — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

497 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ بىر كۈندۈزى ياكى كېچىسى سىرتقا چىقتى. شۇ ۋاقىتتا ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر



www.munber.org

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارمۇ چىققانىدى. رەسۇلۇللاھ: «ما أَخْرَجَكُمَا مِنْ بُيُوتِكُما هذِهِ السَّاعَةَ؟» «بۇ چاغدا ئىككىڭلار ئۆيدىن نېمىشقا چىقتىڭلار؟»، دېدى. ئۇ ئىككىيلەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! قورسىقىمىز ئېچىپ كېتىپ چىقتۇق»، دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ: «وَأَنا، والَّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ، لأَخْرَجَنِي الَّذِي أَخْرَجَكُما. قُوما» «جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، مەنمۇ سىلەر نېمە دەپ چىققان بولساڭلار شۇنى دەپ چىقتىم، يۈرۈڭلار»، دېدى. ئۇلار ئەنسارىيلاردىن بىر كىشىنىڭ (بۇ ئەنسارىي ئەبۇ ھەيسەم ئىبنى تەييان ئىدى. — ت) ئۆيىگە باردى. ئۇ ۋاقىتتا ئۇ كىشى ئۆيدە يوق ئىدى. رەسۇلۇللاھنى ئۇ كىشىنىڭ ئايالى كۆرۈپ: «خۇش كەپسەن، قارشى ئالىمىز»، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇ ئايالغا: «أَيْنَ فُلانٌ» «پالانى قەيەرگە كەتتى؟»، دېدى. ئۇ ئايال: «بىزگە تاتلىق سۇ ئالغىلى كەتتى»، دېدى. شۇ ۋاقىتتا ئەنسارىي كەلدى. ئۇ رەسۇلۇللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئىككى ھەمراھىغا قاراپ: «خۇداغا شۈكۈر، بۈگۈنكى كۈندە مېنىڭ مېھمانلىرىمدىنمۇ ھۆرمەتلىك مېھمىنى بار كىشى يوق»، دېدى ـ دە، بېرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا خام خورما، پىشقان خورما ۋە قۇرۇق خورمىلار بولغان خورما شېخىنى ئېلىپ كەلدى. ئاندىن: «يەڭلار»، دېدى ۋە پىچاقنى قولىغا ئالدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: «إِيَّاكَ وَالحَلُوبَ» «ساغىلىقلارنى ئۆلتۈرمىگىن»، دېدى. ئۇ مېھمانلارغا بىر قوي سويدى. ئۇلار قوي گۆشىدىن ۋە خورمىلاردىن يېدى ۋە ئىچتى. ئۇلار تويغاندا ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارغا: «وَالَّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ، لَتُسْأَلُنَّ عَنْ هذَا النَّعيمِ يَوْمَ القِيامَةِ، أَخْرَجَكُمْ مِنْ بُيُوتِكُمُ الجُوعُ، ثُمَّ لَمْ تَرْجِعُوا حَتَّى أَصَابَكُمْ هذا النَّعِيمُ» «جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، سىلەر قىيامەت كۈنى مۇشۇ نېئمەتلەردىن سوئال ـ سوراق قىلىنىسىلەر، ئاچلىق سىلەرنى ئۆيۈڭلاردىن چىقارغانىدى. ئاندىن سىلەر بۇ نېئمەتكە ئېرىشمىگۈچە قايتمىدىڭلار»، دېدى.

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھىجرەتتىن كېيىن ساھابىلەرنىڭ جانلىرى ۋە ماللىرىنى ئاللاھ تائالا يولىدا ئاتىۋەتكەنلىكى، بەزى چاغلاردا ئۇلارنىڭ يېگۈدەك بىر نەرسىسىنىڭ بولمايدىغانلىقى (بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ بەزى چاغلاردا يېمەك ـ ئىچمەكتە كەڭ تاشا بولۇشىدىن چەكلەنگەنلىك مەناسى چىقمايدۇ)، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ياردەملىشىدىغانلىقى.

2) دىنىي قېرىنداشنىڭ رازىلىقىنى بىلگەن ھالدا ئۇنىڭدىن ياردەم سوراپ ئۆيىگە بېرىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

3) مېھماننى ھۆرمەتلەش ۋە ئاللاھنىڭ نېئمىتىگە شۈكۈر قىلىشى لازىملىقى.

4) سۆزنى تەكىتلەش يۈزىسىدىن قەسەم قىلىشنىڭ جائىز ئىكەنلىكى.

5) ئەرنىڭ مېھمانلىرى ئۆيىگە كەلگەندە، ئەگەر فىتنە بولىدىغان ۋە مېھمان بىلەن ئايال خالىي قالىدىغان ئەھۋال بولمىغاندا ئايالىنىڭ ئېرىنىڭ مېھمانلىرىنىڭ ئالدىغا چىقىشقا بولىدىغانلىقى، يەنە كېلىپ ھەدىستە ئۆي ئىگىسى — ئەرنىڭ كەينىدىنلا يېتىپ كەلگەنلىكى.

**498** ـ خالىد ئىبنى ئۆمەر ئەدەۋىيدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇتبە ئىبنى غەزۋان نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ بەسرىنىڭ ۋالىيسى ئىدى. ئۇ ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتقاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «دۇنيا ئاخىرلىشىدىغانلىقىدىن دېرەك بەردى. دۇنيا تېزلىك بىلەن كېتىۋاتىدۇ. دۇنيا كىشىنىڭ تاماق قاچىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى تاماق قالدۇقىنى يىغقاندەك ئازغىنا قالدى. سىلەر بۇ دۇنيادىن مەڭگۈلۈك ماكانغا يۆتكىلىسىلەر، سىلەر ئۆزۈڭلاردىكى ئەڭ ياخشى نەرسىلەر بىلەن يۆتكىلىڭلار، بىزگە شۇنداق بايان قىلىنىپ بېرىلگەنكى، جەھەننەمنىڭ ئۈستىدىن بىر تاش تاشلانسا، **70** يىل چۈشۈپمۇ تېگىگە يېتەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، جەھەننەم چوقۇم سىلەر بىلەن توشقۇزۇلىدۇ. سۆزۈمدىن ئەجەبلىنەمسىلەر؟! بىزگە شۇنداق بايان قىلىنغانكى، جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىنىڭ ئىككى قانىتى **40** يىللىق مۇساپىدۇر. چوقۇمكى، شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇكى، جەننەتكە كىرىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن شۇنداق كەڭ جەننەت تارلىق قىلىدۇ. ئەينى چاغدا مەن رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە بولغان يەتتە كىشىنىڭ بىرى ئىدىم. بىزلەرگە يېگۈدەك نەرسە يوق، يەيدىغىنىمىز دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرى ئىدى. ئۇنى يەپ كالپۇكلىرىمىز يېرىلىپ كېتەتتى. مەن بىر تونغا ئېرىشىپ، ئۇنى يىرتىپ بىر بۆلىكىنى سەئد ئىبنى مالىكقا بەردىم. بىر بۆلۈكىنى مەن، يەنە بىر بۆلىكىنى سەئد ئىشتان قىلىپ كىيىۋالدۇق. بۈگۈنكى كۈندە بولسا ھەربىرىمىز بىردىن شەھەرگە ۋالىي بولدۇق. جەزمەنكى، مەن ئۆزۈمگە چوڭ، ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە كىچىك بولۇپ قېلىشىمدىن ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن»، دېدى.

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: **1**) قېرىنداش ئۇچۇن نەسىھەت قىلىش، ئۇلارنى ياخشىلىققا تەۋسىيە قىلىپ، ئاخىرەتتىكى ھېسابتىن قورقۇتۇشنىڭ شەرىئەتكە ئۇيغۇن ئىش ئىكەنلىكى.

**2**) قىيامەت كۈنىنىڭ يېقىن ئىكەنلىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە: «بُعِثْتُ أَنَا والسَّاعةُ كَهَاتيْن وَأَشَارَ بِأصبعَيْهِ السَّبَّابَةَ وَالْوُسْطَى» « مەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم، ھالبۇكى بۇنىڭ بىلەن قىيامەتنىڭ ئارىلىقى مانا مۇشۇنچىلىك دەپ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى كۆرسەتكەن » ، دېگەن ھەدىسمۇ بار.

**3**) ئاللاھ تائالانىڭ جەننەت ۋە دوزاخنى ياراتقاندىكى ئۇلۇغلىقىنىڭ بايانى.

**4**) ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭلىكى ۋە پەزلىنىڭ زىيادىلىكى بىلەن جەننەتكە كىرىدىغانلارنىڭ كۆپلۈكى.

**5**) ساھابىلەرنىڭ كەمبەغەللىك، موھتاجلىقتا سەۋر قىلغانلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ ئۇلارغا غەلبە، كەڭچىلىك ۋە باياشاتلىق ئاتا قىلغانلىقى.

**6**) ئىنساننىڭ نەپسىنىڭ مەغرۇرلۇقى ۋە شەيتاننىڭ ئالدىشىدىن ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ پاناھ تىلىشى لازىملىقى.

www.munber.org

**499 ـ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يىرىك رەختتىن تىكىلگەن قوپال ئىشتان بىلەن چاپاننى ئېلىپ چىقىپ بىزگە كۆرسىتىپ: «رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغاندا مۇشۇ كىيىم ئۇچىسىدا ئىدى»، دېدى.** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزىدە قوپال رەختتىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىدىغانلىقى، ئەمما بۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە باشقا كىيىملىرى بارلىقىنى چەتكە قاقمايدىغانلىقى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېچقانداق تەكەللۇپسىز توغرا كەلگەن كىيىمنى كىيىۋېرىدىغانلىقى، توغرا كەلگەن تاماقنى يەۋېرىدىغانلىقى.

**500. سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن ئاللاھ تائالا يولىدا ئوق ئاتقان ئەرلەرنىڭ تۇنجىسىدۇرمەن. بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇرۇشلارغا چىققاندا، بىزگە يەيدىغان نەرسە يوق، يەيدىغىنىمىز پەقەت جاڭگالدىكى كاۋچۇك دەرىخىنىڭ مېۋىلىرى ۋە يوپۇرماقلىرى ئىدى، ھەتتا بىزنىڭ بىرىمىز تەرەت قىلساق، خۇددى چاپلاشمايدىغان قوينىڭ مايىقلىرىغا ئوخشاش قۇرغاق تەرەت قىلاتتۇق.** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىنسانىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نېئمەتلىرى ئۈستىدە سۆزلىگەندە قاتتىقچىلىق كۈنلەردىكى ئەھۋاللىرىدىن شىكايەت يۈزىسىدىن ئەمەس، بايان قىلىش يۈزىسىدىن سۆزلىشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

2) ساھابىلەرنىڭ تاكى ئاللاھ تائالا ئۇلارغا نۇرغۇن يەرلەرنى فەتھى قىلىشقا مۇيەسسەر قىلىپ، ئۆز پەزلى بىلەن ئۇلارنى بىھاجەت قىلغۇچە قىيىنچىلىقلارغا سەۋر قىلغانلىقى. ھەدىستىن ساھابىلەر جەڭگە چىققاندا ئوزۇق ـ تۈلۈكسىز، تەييارلىقسىز چىقاتتى، دېگەن مەنا چىقمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ تەييارلىغان ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرى جەڭ جەريانىدا تۈگەپ كېتەتتى.

**501 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللَّهُمَّ اجْعَلْ رِزْقَ آلِ مُحَمَّدٍ قُوتاً» «ئى ئاللاھ! مۇھەممەدنىڭ ئائىلىسىنىڭ رىزقىنى كۈن ئۆتكۈزگۈدەك بەرسەڭ كۇپايە»، دەيتتى.** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىنسانىنىڭ ئاللاھ تائالادىن ئۆزىگە يەتكۈدەك دەرىجىدە رىزىق تىلەپ دۇئا قىلىشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى، پەيغەمبەرلەر دۇنيا ۋە ئۇنىڭ راھەتلىرىگە بېرىلمىگەچكە، بۇنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ دۇئاسى ئىكەنلىكى، ئەمما ھەدىستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەمبەغەللىكنى تىلىگەن دېگەن مەنا چىقمايدىغانلىقى، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئالىرىدا كەمبەغەللىكتىن پاناھ تىلەيدىغان بولۇپ، ھاجىتىگە يەتكۈدەك رىزىق بىلەن كۇپايىلەنگەنلىكى.

2) بۇ ھەدىس باي بولۇشقا زىت بولماستىن. بەندىنىڭ ھالال يول بىلەن باي بولۇشى ۋە مال ـ مۈلكىدىكى ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشى كېرەكلىكى. ساھابىلەرنىڭ ئارىسىدا شۈكۈر قىلغۇچى بايلارنىڭ بولغانلىقى.



www.munber.org

**502** ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۆزىدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ بولمىغان زات بىلەن قەسەمكى، مەن ئاچلىقتىن مەيدەمنى يەرگە يېقىپ يېتىپ قالاتتىم. ئاچلىقتىن قورسىقىمغا تاش تېڭىۋالاتتىم. بىر كۈنى يول بويىدا ئولتۇرۇپ قالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، مېنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىدى، مېنىڭ ئەھۋالىمنى بىلدى. ئاندىن: «أَبا هِرٍّ» «ئەبا ھۇرەيرە»، دېدى. مەن: «خوش، لەببەي، ئى رەسۇلۇللاھ!»، دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «الحَقْ» «ماڭا ئەگىشىپ ماڭغىن»، دېدى. مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدىم. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۆيىگە كىرىشكە ئىجازەت سورىدى. مەن ئۇچۇنمۇ ئىجازەت سورىدى. ئاندىن بىز ئۆيىگە كىرگەندە، بىر قاچا سۈتنى كۆرۈپ: «مِنْ أَيْنَ هذَا اللَّبَنُ؟» «بۇ قەيەردىن كەلگەن سۈت؟ »، دەپ سورىدى. ئۇلار: «پالانى كىشى ياكى پالانى ئايال ساڭا ھەدىيە قىلىپتۇ»، دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ: «أَبا هِرٍّ» «ئەبە ھۇرەيرە»، دېدى. مەن: «لەببەي، ئى رەسۇلۇللاھ!»، دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «الحق إِلى أَهْل الصُّفَّةِ فادْعُهُمْ لي» «سەن ئەھلى سۇففەگە بېرىپ، ئۇلارنى چاقىرىپ كەلگىن، ئەھلى سۇففە ئىسلامنىڭ مېھمانلىرىدۇر، ئۇلارنىڭ يۆلەنچۈك بولىدىغان ئائىلىسى، مېلى ۋە ھېچقانداق كىشىسى يوق»، دېدى. رەسۇلۇللاھقا بىرەر سەدىقە كەلسە، ئۇلارغا ئەۋەتىپ بېرەتتى، ئۇنىڭدىن ھېچ بىر نەرسىنى ئېلىپ قالمايتتى. ئەگەر رەسۇلۇللاھقا ھەدىيە كەلسە، ئۆزىمۇ ئالاتتى. ئۇلار بىلەنمۇ ئورتاق بەھرلىنەتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇلارنى چاقىرىپ كەلگىن، دېگىنى ماڭا ياقماي، كۆڭلۈمدە: «بۇ سۈت ئەھلى سۇففەنىڭ ئىچىشىگە يېتەتتىمۇ؟ بۇ سۈتنى ئىچىپ قۇۋۋەتلىنىۋېلىشقا مەن ئەڭ تېگىشلىك ئىدىم، ئەگەر ئۇلار كەلسە، رەسۇلۇللاھ مېنى بۇيرۇسا، ئۇلارغا مېنىڭ تەقسىم قىلىپ بېرىشىمگە توغرا كېلىدۇ. بۇ سۈت ماڭا يەتمەسلىكى تۇرغانلا گەپ، ئاللاھ تائالا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلىغا بويسۇنماي بولمايدۇ»، دېگەنلەرنى ئويلىغاچ ئەھلى سۇففەلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇلارنى چاقىرىپ كەلدىم. ئۇلارنىڭ كىرىشىگە ئىجازەت بېرىلگەندىن كېيىن ئۇلار ئۆيىگە كىرىپ ئولتۇرۇشتى. رەسۇلۇللاھ: «يا أَبا هِرّ» «ئى ئەبا ھۇرەيرە!»، دېدى. مەن: «لەببەي، ئى رەسۇلۇللاھ!»، دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «خذْ فَأَعْطِهِمْ» «بۇ سۈتنى ئۇلارغا بەرگىن»، دېدى. مەن قاچىنى كىشىلەر ئارىسىدا ئايلاندۇرغىلى تۇردۇم، مەن قاچىنى بىر كىشىگە بېرەتتىم، ئۇ قانغۇچە ئىچىپ بولۇپ، ماڭا قايتۇرۇپ بېرەتتى. ئۇنى يەنە بىر كىشىگە بېرەتتىم، ئۇ قانغۇچە ئىچىپ بولۇپ، ماڭا قايتۇرۇپ بېرەتتى. ئاندىن ئۇنى يەنە بىر كىشىگە بېرەتتىم، ئۇ قانغۇچە ئىچىپ بولۇپ، ماڭا قايتۇرۇپ بېرەتتى. ئاخىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ توختىدىم. كىشىلەر ھەممىسى سۈتكە قانغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاچىنى قولىغا ئېلىپ ماڭا قاراپ: «بَقِيتُ أَنَا وَأَنْتَ» «ئى ئەبا ھۇرەيرە! سۈتنى ئىچمىگەن سەن بىلەن مەنلا قاپتۇق»،



www.munber.org

دېدى. مەن: «توغرا ئېيتتىڭ»، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اقْعُدْ فَاشْرَبْ» «ئولتۇر، ئىچكىن»، دېدى. مەن ئولتۇرۇپ ئىچتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اشْرَبْ» «يەنە ئىچكىن»، دېدى. يەنە ئىچتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە «اشْرَبْ» ئىچكىن دەۋەردى، مەن ئاخىر: «سېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەمكى، قورسىقىمغا سىغقۇدەك يەر قالمىدى»، دېۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «فَأَرِنِي» «ئۇنداق بولسا، قاچىنى ماڭا بەرگىن»، دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىپ «بِسْمِ اللَّهِ»، يەنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، دەپ سۈتنىڭ قالغىنىنى ئىچتى.

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلەرنىڭ كەمبەغەللىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى ۋە ئۇلارغا كۆپ ئىلتىپات قىلىدىغانلىقى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاز تائامنى كۆپكە ئايلاندۇرىدىغان مۆجىزىسى ۋە بۇنىڭ بىرقانچە قېتىم يۈز بەرگەنلىكى.

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سەدىقە ئېلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى، ھەدىيە ئېلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

4) بىرەر نەرسە ئىچكەندە ئولتۇرۇپ ئىچىشنىڭ ۋە ‹بِسْمِ اللَّهِ›، دەپ ئىچىپ، تۈگەتكەندە ‹الْحَمْدُ لِلّهِ›، دەپ ئاللاھ تائالاغا ھەمد ئېيتىشنىڭ مۇستەھەپ ئىكەنلىكى، شۇنداقلا باشقىلار ئىچىپ قالدۇرۇپ قويغاننى ئىچىشنىڭمۇ ياخشى ئىكەنلىكى.

5) مېھماننى كۆپرەك يەپ-ئىچىشكە تەكلىپ قىلىپ تائامنى مېھماننىڭ ئالدىغا تىزىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، بەزى چاغلاردا ئىسراپ قىلماستىن تويغۇدەك يەپ-ئىچىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى، بۇنىڭ قورساقنىڭ بىر قىسمىنى بوش قويۇپ يېگەندىن تويۇش بىلەن قارمۇقارشى ئەمەسلىكى، بەلكى يېگەندىن تويۇشنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكى.

**503 - مۇھەممەد ئىبنى سىرىن ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبىرىدىن ئائىشىنىڭ ئۆيىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى جايدا ھوشسىزلىنىپ يىقىلىپ چۈشتۈم. بىرسى كېلىپ مېنى مەجنۇن ئوخشايدۇ، دەپ پۇتىنى گەدىنىمگە قويدى. ئەمەلىيەتتە مەن مەجنۇن ئەمەس ئىدىم، بەلكى ئاچلىقتىن ھوشۇمدىن كەتكەنىدىم.**

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ساھابىلەرنىڭ موھتاج تۇرۇپمۇ كىشىلەردىن سورىمايدىغان، كەمبەغەللىك ۋە قىيىنچىلىقتا سەۋر قىلىدىغان پەزىلىتى بايان قىلىنغان.

**504 - ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ ساۋۇتى ئوتتۇز كۈرە ئارپا ئۈچۈن بىر يەھۇدىينىڭ قېشىغا گۆرۈگە قويۇلغانىدى.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مال ـ دۇنيا يىغماي، راھەتكە بېرىلمەي ئۆتكەنلىكى.

2) ئەھلى كىتاب بىلەن ئىقتىسادى مۇئامىلە قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەھۇدىيغا گۆرۈگە قويۇشى ئەھلى كىتاب بىلەن مۇئامىلە قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ياكى ساھابىلەرنىڭ يېنىدا گۆرۈ ھەققى بەرگۈدەك بىرەر نەرسىنىڭ يوق بولغانلىقى ۋە ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەق ئېلىشقا ئۇنىماسلىقىدىن ئەندىشە قىلغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

3) ئىشەنچىلىك ئادەم بىلەن قەرز مۇئامىلىسى قىلسا دۇرۇس بولىدىغانلىقى.

**505 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساۋۇتىنى ئارپىغا گۆرۈگە قويۇپ قويىدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بىر ئارپا نېنى بىلەن تەمى ئۆزگىرىپ قالغان ئېرىتىلگەن ياغ ئېلىپ كەلدىم. ئۇنىڭ: «ما أَصْبَحَ لآلِ مُحَمَّدٍ صاعٌ ولا أَمْسَى وَإِنَّهُم لَتِسْعَةُ أَبْيَاتٍ» «مۇھەممەدنىڭ بالا ـ چاقىلىرى ئۈچۈن توققۇز ئۆيدە ئەتىگەندىن كەچكىچە يېگۈدەك بىرەر سا (ئېغىرلىق بىرلىكى) دەك ئاشلىق بولمىدى»، دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.**

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناھايىتى كەمتەرلىكى، مال ـ دۇنيادىن قانچىلىك خالىسا شۇنچىلىك يىغالايدىغان تۇرۇقلۇق مال ـ دۇنياغا بېرىلمەي، پۇل ـ مال توپلىماي ئىلكىدىكى ھەممە نەرسىنى كەمبەغەل ـ مىسكىنلەرگە بېرىۋېتىپ ئۆزى ئۇرۇش كىيىمىنى گۆرۈگە قويۇشقا مەجبۇر بولغانلىقى.

**506 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن ئەھلى سۇففەدىن 70 كىشىنى كۆردۈم. ئۇلاردىن ئۈچىسىغا تون كىيگەن بىرەر كىشىمۇ يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۈچىسىدىكى كىيىمى پەقەت بىرلا ئىشتان ياكى بويۇندىن چىگىۋالىدىغان بىرەر پارچە رەخت ئىدى. بۇ رەختىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بەزىلەرنىڭ تىزىغىچە كېلەتتى، بەزىلەرنىڭ ھوشۇقىغىچە كېلەتتى. ئۇلار ئەۋرەتلىرىنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قولى بىلەن كىيىمىنى يىغىۋالاتتى.**

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**507 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھنىڭ تۆشىكى، ئىچىگە خورما دەرىخىنىڭ قوۋزاقلىرى تىقىلغان ئەيلەنگەن تېرە ئىدى.**

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنيانى دوست تۇتماسلىقى، ھاجىتىگە يەتكۈدەك نەرسە بىلەنلا كۇپايىلىنىدىغانلىقى.

**508 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە ئولتۇرغانىدۇق. ئەنسارىيلاردىن بىر كىشى كېلىپ رەسۇلۇللاھقا سالام**



www.munber.org

بىرىپ ئاندىن كەينىگە ياندى. رەسۇلۇللاھ: «يَا أَخَا الأَنْصَارِ، كَيْفَ أَخِي سعْدُ بنُ عُبادةَ؟» «ئى ئەنسارىيلارنىڭ قېرىندىشى! قېرىندىشىم سەئد ئىبنى ئۇبادە قانداقراق؟ »، دېدى. ئۇ كىشى: «ياخشى»، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «مَنْ يعُودُهُ مِنْكُمْ؟» «قايسىڭلار ئۇنى يوقلاشقا بارىسىلەر؟ »، دېدى ـ دە، ئورنىدىن تۇردى. بىزمۇ تۇردۇق. بىز ئون نەچچە ئادەم ئىدۇق. بىز شورلۇقتا ماڭغان ۋاقتىمىزدا بىزنىڭ نە كەش، نە ئۆتۈك، نە باش كىيىم، نە كۆينىكىمىز يوق ئىدى. بىز شۇ ماڭغانچە ئۇنىڭ ئۆيىگە باردۇق. ئۇنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ ئەتراپىدىن قوزغىلىپ ئورۇن بوشاتتى. رەسۇلۇللاھ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۇنىڭغا يېقىن كەلدى. —— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناھايىتى كەمتەرلىكى ۋە ئىسىل پەزلى، ساھابىلەرنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ يوقلاپ تۇرىدىغانلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەئدنى قېرىندىشىم دەپ ئاتىشى سەئدنىڭ ئىمانىغا بېرىلگەن گۇۋاھلىقتۇر.

2) كېسەلنى سورىغان كىشىگە كېسەللىك ئەھۋالىنى دېيىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى. كېسەل يوقلاشنىڭ ۋە كېسەل يوقلاشقا باشقىلارنى رىغبەتلەندۈرۈشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

3) ساھابىلەرنىڭ دۇنياغا بېرىلمەسلىكى، جۈملىدىن كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ ناھايىتى ئاز ئىكەنلىكى، مېھمانلار ئۈچۈن ئورۇن بوشىتىپ بېرىدىغانلىقى.

**509 ـ ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «خَيْرُكُمْ قَرنِي، ثُمَّ الَّذِينَ يلونَهم، ثُمَّ الَّذِينَ يلُونَهُم» «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار مېنىڭ زامانىمدىكىلەردۇر، ئاندىن ئۇلارنىڭ زامانىغا يېقىن بولغانلاردۇر، ئاندىن ئۇلارنىڭ زامانىغا يېقىن بولغانلاردۇر». ئىمران ئېيتتى: «مەن رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ گەپنى ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم دېگەنلىكىنى بىلەلمىدىم». ئاندىن رەسۇلۇللاھ: «ثُمَّ يَكُونُ بَعدَهُمْ قَوْمٌ يشهدُونَ ولا يُستَشْهَدُونَ، وَيَخُونُونَ وَلا يُؤْتَمَنُونَ، وَيَنْذِرُونَ وَلَا يُوفُونَ، وَيَظْهَرُ فِيهِمْ السِّمَنُ» «ئۇلاردىن كېيىن شۇنداق كىشىلەر كېلىدۇكى، گۇۋاھلىققا چاقىرىلماي تۇرۇپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ، خىيانەت قىلىدۇ، ئىشەنچلىك دەپ قارالمايدۇ، بىرەر ياخشىلىق قىلىشقا ۋەدە قىلىدۇيۇ، ۋاپا قىلمايدۇ، ئۇلاردا سېمىزلىك پەيدا بولىدۇ».** —— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى دەۋر كىشىلىرىنىڭ باشقا مۇسۇلمانلاردىن ئەۋزەل ئىكەنلىكى، بۇ ئەۋزەللىك ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا شۇ زاماندىكى جامائەت نۇقتىسىدىن ئېيتىلغان بولۇپ، بىر ئادەمنى بىر ئادەم بىلەن سېلىشتۇرۇش مەنىسىدە ئەمەسلىكى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىن ئىككى دەۋر كېيىنكى مۇسۇلمانلاردا دۇنيانىڭ راھەت ـ پاراغەتلىرىگە بېرىلىش، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە ئەگىشىش، كۆپ تاماق يېيىشتەك تۈرلۈك ئەيىب ـ نۇقسانلار كۆرۈلىدىغانلىقى.

3) يالغان گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى، ھەدىستە مۇشۇ مەنا كۆزدە تۇتۇلغان.

www.munber.org

4) مەيلى ئاللاھ تائالانىڭ ئامانىتى ياكى بەندىنىڭ ئامانىتى بولسۇن ئۇنىڭغا خىيانەت قىلىش ھارام ئىكەنلىكى. ياخشى ئىش قىلىشقا ۋەدە قىلغان كىشىنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشىنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكى.

**510. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «يا ابْنَ آدمَ: إِنَّكَ إِنْ تَبْذُل الفَضلَ خَيْرٌ لَكَ، وَأَن تُمْسِكهُ شرٌّ لَكَ، ولا تُلامُ عَلى كَفَافٍ، وَابدأ بِمنْ تَعُولُ» **«ئى ئادەم بالىسى! ئارتۇق مېلىڭنى بېرىۋەتكىنىڭ ياخشىدۇر، ئۇنى بەرمەسلىكىڭ سەن ئۈچۈن ياماندۇر. يېتەرلىك رىزقىڭغا قانائەت قىلساڭ، ئەيىبكە بۇيرۇلمايسەن، خەير ـ ئېھسانىنى ئۆزۈڭگە تەۋە كىشىلىرىڭدىن باشلا».** ـــ ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىنسانىنىڭ ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھاجىتىگە يەتكۇدەك پۇل ـ مال توپلىشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

2) ئىنسانىنى ھاجىتىدىن ئېشىنغان پۇل ـ مالنى ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىشقا رىغبەتلەندۇرگەن. ئىنساننىڭ ئوشۇق مېلىنى ھاجەتمەن كىشىلەرگە بەرمەي بېخىللىق بىلەن چىڭ تۇتۇپ تۇرۇۋېلىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن يامانلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

3) ئىنساننىڭ ئەڭ ئاۋۋال ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرنى بېقىشى پەرز ئەين ھېسابلىنىدۇ، خەير ـ ئېھسان يۈزىسىدىن باشقىلارغا ياردەم قىلىشى بولسا پەرز كۇپايە ياكى سۈننەتتۇر.

**511 ـ ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى مىھسەن ئەنسارىي خەتمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «منْ أَصبح مِنكُمْ آمِناً في سِرْبِهِ، معافى في جَسدِه، عِندهُ قُوتُ يَومِهِ، فَكَأَنَّمَا حِيزَتْ لَهُ الدُّنْيَا بِحذافِيرِها» **«سىلەردىن كىمكى تىنچ ئامان، تېنى ساغلام، ئالدىدا كۈندىلىك يېمەك ـ ئىچمىكى بار بولسا، گويا دۇنيانىڭ ھەممە تەرەپلىرى ئۇنىڭ ئىلكىگە جەملەنگەن بولىدۇ».** ـــ ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كىمكى تۇرمۇشتا خاتىرجەم، ھاجىتىگە يەتكۇدەك نەرسىلىرى بولىدىكەن، دۇنيانىڭ ھەممە ياخشىلىقلىرىغا ئېرىشكەن ھېسابتا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆپرەك نەرسىگە ئېرىششىنى تەلەپ قىلىش بولسا كىشىنى پەرۋەردىگارىنىڭ زىكرىدىن بۇراپ، ناشۈكۈرلىككە ئېلىپ بارىدۇ.

**512 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «قَدْ أَفَلَحَ مَن أَسلَمَ، وكَانَ رِزقُهُ كَفَافاً، وَقَنَّعَهُ اللَّه بِمَا آتَاهُ» **«ئىمان ئېيتقان، يەتكۇدەك رىزقى بېرىلگەن، ئاللاھ تائالانىڭ بەرگەنلىرىگە قانائەت قىلغان كىشى مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ».**

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھەممە ئىشنىڭ ئاساسى ئىسلام دىنىدۇر، شۇنداقلا ئىسلام كىشىنىڭ ئەمەللىرى قوبۇل بولۇشىنىڭ ئاساسىدۇر.



www.munber.org

2) رىزىق ئىنساننىڭ ھاجىتىگە يەتكۈدەك دەرىجىدە بولسا، ئۇ ئىنساننى خارلىقتىن، زۇلۇمغا ئۇچراشتىن ساقلايدۇ. ھەقىقىي بايلىق پۇل ـ مالنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن ئەمەس، قانائەت بىلەن بولىدۇ.

513 ـ ئەبۇ مۇھەممەد فەزالە ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «طُوبَى لِمَنْ هُدِيَ إِلَى الإِسلامِ، وَكَانَ عَيْشُهُ كَفَافاً، وَقَنِعَ» «ئىسلامغا ھىدايەت قىلىنغان، يەتكۈدەك رىزقى بېرىلگەن ۋە بېرىلگەن رىزقىغا قانائەت قىلغان كىشىگە خۇش مۇبارەك بولسۇن!». — ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئىنساننىڭ بەختى — ئىماننىڭ كاملىقى، تۇرمۇشنىڭ ئۆزىگە يېتەرلىك بولۇشى ۋە ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان نەرسىلەرگە رازى بولۇشى بىلەن بولىدىغانلىقى، بۇنىڭدىن باشقا ئارتۇقچە نەرسە ئىنساننى پەرۋەردىگارىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئاخىرەتنى ياد ئېتىشنى ئۇنتۇلدۇرىدىغانلىقى.

514 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ ئۇدا نەچچە كۈن ئاچ قورساق يېتىپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر كەچقۇرۇنلۇقى يېگۈدەك تاماق تاپالمايتتى. ئۇلارنىڭ نېنىنىڭ تولىسى ئارپا نېنى ئىدى. — ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

515 ـ فەزالە ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بەرگەن چاغدا نۇرغۇن كىشىلەر نامازدا ئاچلىقتىن يىقىلىپ چۈشەتتى. ئۇلار ئەھلى سۇففەلەر ئىدى. ھەتتا ئەئرابىيلار ئۇلارنى تۇتقاقلىق كېسىلى بار ئىكەن، دېيىشەتتى. رەسۇلۇللاھ نامازنى ئوقۇپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ: «لَوْ تَعْلَمُونَ ما لَكُمْ عِنْدَ اللَّه تعالى، لأَحْبَبْتُمْ أَنْ تَزْدادُوا فَاقَةً وَحَاجَةً» «ئەگەر سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى سىلەرگە تەييارلانغان نەرسىلەرنى بىلگەن بولساڭلار، ئەلۋەتتە تېخىمۇ نامرات، تېخىمۇ ھاجەتمەن بولۇشنى ياخشى كۆرەتتىڭلار»، دەيتتى. — ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

516 ـ ئەبۇ كەرىمە مىقداد ئىبنى مەئدى كەرىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «مَا ملأ آدميٌّ وِعَاءً شَرّاً مِنْ بَطنِه، بِحسْبِ ابن آدمَ أُكلاتٌ يُقِمْنَ صُلْبُهُ، فإنْ كَانَ لا مَحالَةَ، فَثُلُثٌ لطَعَامِهِ، وثُلُثٌ لِشرابِهِ، وَثُلُثٌ لِنَفَسِهِ» «ئادەم بالىسىنىڭ قورسىقىدىنمۇ يامان ئاراق توشقۇزىدىغان قاچا يوق. ئادەم بالىسىغا ھاياتىنى ساقلىيالىغۇدەك بىر قانچە لوقما كۇپايە قىلىدۇ. ئەگەر كۆپرەك يېمىسە بولمايدىغان بولۇپ قالسا، قورساقنىڭ ئۈچتىن بىرىگە تائام يېسۇن، ئۈچتىن بىرىگە سۇ ئىچسۇن ۋە ئۈچتىن بىرىنى نەپەسلىنىشى ئۈچۈن بوش قويسۇن». — ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: تاماقنى بەك تويغۇچە يېمەسلىك، بۇنىڭ كىشىنى خامۇشلاشتۇرۇپ سالامەتلىكنى بۇزىدىغانلىقى.

**517 - ئەبۇ ئۇمامە ئىياس ئىبنى سەئلەبە ئەنسارىي ھارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرى بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا دۇنيا توغرىسىدا پاراڭلاشتى. رەسۇلۇللاھ: «أَلا تَسْمَعُونَ؟ أَلا تَسْمَعُونَ؟ إِنَّ الْبَذَاذَةَ مِن الإِيمَان إِنَّ الْبَذَاذَةَ مِنَ الإِيمَانِ» «سىلەر ئاڭلىمامسىلەر؟! سىلەر ئاڭلىمامسىلەر؟! ئاددىي - ساددا كىيىنىش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر، ئاددىي - ساددا كىيىنىش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر».** — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئىنساننى ئاددىي - ساددا بولۇشقا، دۇنيا زىننەتلىرىگە بەك بېرىلىپ كەتمەسلىككە تەۋسىيە قىلغان. چۈنكى، ئىنساننىڭ راھەت - پاراغەتكە پۈتۈنلەي بېرىلىپ كېتىشى ئۇنى دىنىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن، ئاللاھ تائالا يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىشتىن توسىدۇ. ئىنساننىڭ ئاخىرىتىنىڭ خەيرلىك بولۇشىنى تەلەپ قىلىش يۈزىسىدىن نەپسىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى، يۈكلەنگەن مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى ئىماننىڭ بەلگىسىدۇر. ئاددىي - ساددا كىيىنىش دېگەن سۆز ھەرگىزمۇ پاكىزلىقنى تەرك ئېتىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ، ھەدىستە كەلگەندەك پاكىزلىق ئىماننىڭ بىر بۆلىكىدۇر.

**518 - ئەبۇ ئابدۇللاھ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ بىزنى ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ باشچىلىقىدا قۇرەيشنىڭ كارۋىنىنى توسۇشقا ئەۋەتتى. باشقا نەرسە تاپالمىغاچقا ئوزۇق ئۈچۈن بىزگە بىر قاپ خورما بەرگەندى. ئەبۇ ئۇبەيدە بولسا خورمىنى بىزگە بىر تالدىن - بىر تالدىن بېرەتتى. ئۇ بىر تال خورمىنى قانداق قىلاتتىڭلار؟ دەپ سورالغاندا، ئابدۇللاھ ئېيتتى: «ئۇ بىر تال خورمىنى كىچىك بالا شورىغاندەك شوراپ ئۈستىگە سۇ ئىچەتتۇق. بىر دانە خورما بىر كۈنلۈك ئوزۇقىمىز ئىدى. ھاسىلىرىمىز بىلەن قۇرۇق يوپۇرماقلارنى چۈشۈرۈپ سۇ بىلەن نەمدەپ يەيتتۇق». شۇنداق قىلىپ دېڭىزنىڭ قىرغىقىغا بېرىپ قالدۇق. دېڭىزنىڭ قىرغىقىدا دۆڭگە ئوخشاش بىر چوڭ نەرسە دومبىيىپ چىقىپ قالغانىدى. يېقىن كېلىپ قارىساق، «كىت»، دېيىلىدىغان بىر جانىۋار ئىكەن. ئەبۇ ئۇبەيدە: «بۇ كىت ئۆلۈكتەكەن»، دېدى. ئاندىن: «ياق، بەلكى بىز ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەلچىلىرىمىز، بىز ئاللاھ تائالانىڭ يولىدىمىز، سىلەر يېيىشكە مەجبۇر بولۇپ قالدىڭلار، يەڭلار»، دېدى. بىز ئۇ جايدا بىر ئاي تۇردۇق. بىز ئۈچ يۈز كىشى ئىدۇق. بىز ئۇنى يەپ سەمرىپ كەتتۇق. بەزىلىرىمىز ھەتتا، ئۇ جانىۋارنىڭ كۆزىنىڭ چانىقىدىكى ماينى قاچا بىلەن سۈزۈۋالدۇق. ئۆكۈزدەك - ئۆكۈزدەك چوڭ گۆش پارچىلىرىنى كېسىپ ئالاتتۇق. ئەبۇ ئۇبەيدە بىزدىن ئون ئۈچ كىشىنى ئۇنىڭ كۆز چانىقىدا ئولتۇرغۇزۇپمۇ باقتى. ئۇنىڭ قوۋۇرغىلىرىدىن بىر تال قوۋۇرغىنى يەرگە تىكلەپ چوڭ تۆگىدىن بىرگە مىنىپ ئۇنىڭ ئاستىدىن ئۆتتۈپمۇ باقتى. جانىۋارنىڭ گۆشىدىن**



www.munber.org

ئوزۇقلۇق ئۈچۈن قۇرۇتۇپ ئېلىپ كەتتۇق. مەدىنىگە كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردۇق. رەسۇلۇللاھ: «هُوَ رِزْقٌ أَخْرَجَهُ اللَّه لَكُمْ، فَهَلْ مَعَكُمْ مِنْ لَحْمِهِ شَيْء فَتطْعِمُونَا؟» «ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە چىقىرىپ بەرگەن رىزقىدۇر، سىلەردە ئۇنىڭ گۆشىدىن بار بولسا، بىزگىمۇ تېتىتىماسسىلەر»، دېدى. بىز رەسۇلۇللاھقا بېرىۋىدۇق، ئۇ زاتمۇ يېدى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ساھابىلەرنىڭ دۇنياغا قىزىقماي ئاز بىلەن كۇپايىلىنىدىغانلىقى، غۇربەتچىلىك بىلەن ياشاشقا چىدىغانلىقى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرىكىتى سەۋەبىدىن ساھابىلەرنىڭ بىر خورما بىلەن بىر كۈننى ئۆتكۈزگەنلىكى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان مۆجىزىلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى.

3) مەسىلىلەردە ئىجتىھات قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى ۋە ئىجتىھات بىلەن ھۆكۈمنى ئۆزگەرتىشنىڭمۇ دۇرۇس ئىكەنلىكى، ئەبۇ ئۇبەيدە دەسلەپتە كىتنى يېيىشتىن توسقان، ئاندىن كېيىن ئىجتىھات بىلەن ھۆكۈمنى ئۆزگەرتىپ ئۇنىڭدىن يېيىشكە رۇخسەت قىلغان.

4) ئاللاھ تائالانىڭ ساھابىلەرگە ھۆرمەت ئىلتىپات قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىخلاسىنى ۋە موھتاجلىقىنى بىلىپ رىزىق بەرگەنلىكى.

**519 - يەزىدنىڭ قىزى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېدى: رەسۇلۇللاھنىڭ كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بېغىشىغىچە ئىدى.**

— ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كىيىمنىڭ ئۇزۇن بولۇشى كىشىنىڭ تەكەببۇرلۇقىغا سەۋەب بولۇشى ياكى تېز ھەرىكەت قىلىشقا پۇتلىكاشاڭ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، قىسقا بولۇشى كىشىنى ئىسسىق ياكى سوغۇقتىن ساقلىيالماسلىقى مۇمكىن، شۇڭا ئىشلارنىڭ ياخشىسى ئوتتۇراھال بولغىنىدۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشلاردا مۇشۇنداق ئوتتۇرا ھال يول تۇتاتتى.

**520. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز خەندەك غازىتى كۈنى خەندەك كولاۋېتىپ، يەر قاتلىمىنىڭ پالتا ئۆتمەيدىغان قاتتىق بۆلىكىگە توغرا كېلىپ قېلىپ، رەسۇلۇللاھقا ئەھۋالنى ئېيتتۇق. رەسۇلۇللاھ: «أَنَا نَازِلٌ» «مەن چۈشەي»، دەپ ئورنىدىن تۇردى. رەسۇلۇللاھ قورسىقىغا تاش تېڭىۋالغانىدى. بىز ئۈچ كۈن ھېچ نەرسە يېمىگەنىدۇق. رەسۇلۇللاھ مەتىننى ئېلىپ چاپتى. ھېلىقى قاتتىق يەر رەسۇلۇللاھنىڭ چېپىشى بىلەن قۇمدەك يۇمشاپ كەتكەنىدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۆيگە بېرىپ كېلەي»، دەپ رۇخسەت ئېلىپ ئۆيگە بېرىپ ئايالىمغا: «رەسۇلۇللاھنىڭ تاقەت قىلالمىغۇدەك قورساقى ئېچىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم، يېگۈدەك بىرەر نەرسەڭ يوقمۇ؟»، دېدىم. ئايالىم: «ئارپا بىلەن بىر چىشى ئوغلاق بار»، دېدى. مەن ئوغلاقنى بوغۇزلاپ، ئارپىنى يانجىدىم، گۆشنى قازانغا سېلىپ، ئوچاققا ئېسىپ، گۆش پىشاي دەپ قالغاندا، رەسۇلۇللاھنىڭ**



www.munber.org

قىشىغا كەلدىم. مەن رەسۇلۇللاھقا: «مەن ئازراق تاماق تەييار قىلغانىدىم، سەن بىر ياكى ئىككى كىشى بىلەن بارساڭ»، دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «كَمْ هُوَ؟» «قانچىلىك تاماق ئۇ؟»، دېۋىدى، رەسۇلۇللاھقا دەپ بەرسەم، رەسۇلۇللاھ: «كثِير طيب، قُل لَهَا لا تَنْزِع البُرْمَةَ، ولا الخُبْزَ مِنَ التَّنُورِ حَتَّى آتيَ» «بەك كۆپ ئىكەن، ياخشىكەن، ئايالىڭغا ئېيتقىن، مەن بارغۇچە قازاننى ئوچاقتىن ئېلىۋەتمىسۇن، ناننى تونۇردىن ئېلىۋەتمىسۇن»، دېدى. ئاندىن: «قُومُوا» «تۇرۇڭلار»، دېۋىدى، مۇھاجىر ـ ئەنسارىيلار ئورنىدىن تۇردى. مەن ئايالىمنىڭ قېشىغا كىرىپ: «ساڭا خۇدا رەھمەت قىلسۇن، رەسۇلۇللاھ مۇھاجىر ـ ئەنسارىيلارنى ۋە ئۇلار بىلەن بىللە بولغان كىشىلەرنى ئېلىپ كەلمەكتە»، دېسەم، ئايالىم: «سەندىن رەسۇلۇللاھ تامىقىڭ قانچىلىك دەپ سورىمىدىمۇ؟ »، دېدى. مەن: «سورىدى»، دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «ادْخُلوا وَلا تَضَاغطُوا» «كىرىڭلار! قىستاشماڭلار!»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناننى ئۇشتۇپ، گۆشنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالاتتى. ناننى ئالغاندا قازان ۋە تونۇرنى يېپىپ قويۇپ، ئۇنى ساھابىلەرگە سۇنۇپ بېرىپ يەنە ئالاتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تويۇپ تاماقتىن ئېشىپ قالدى. رەسۇلۇللاھ جابىرنىڭ ئايالىغا: «كُلِي هذَا وَأَهدي، فَإِنَّ النَّاسَ أَصَابَتْهُمْ مَجَاعَةٌ» «سىزمۇ يەڭ، باشقىلارغىمۇ سۇنۇپ بېرىڭ، ھەقىقەتەن كىشىلەرگە ئاچارچىلىق يەتتى»، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: خەندەك كولاۋاتقان چاغدا مەن رەسۇلۇللاھنىڭ قورسىقىنىڭ ئىچىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئايالىمنىڭ يېنىغا كېلىپ: «يېگۈدەك بىرەر نەرسەڭ بارمۇ؟ رەسۇلۇللاھنىڭ قورسىقىنىڭ ئىچىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم»، دېدىم. ئۇ ماڭا ئارپا قاچىلانغان بىر خالتىنى بەردى. ئۆيدە بېقىلغان بىر چىشى ئوغلاقمىز بار ئىدى. مەن ئۇنى بوغۇزلىدىم. مەن ئوغلاقنى سويۇپ بولغۇچە ئايالىم ئارپىنى ئۇن قىلىپ بولدى. مەن ئوغلاقنى پارچىلاپ قازانغا سالدىم. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا مېڭىۋىدىم، ئايالىم ماڭا: «سەن رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە كۆپ ئادەم باشلاپ كېلىپ، مېنى كىشىلەر ئالدىدا يەرگە قاراتما»، دېدى. مەن رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ ئاستا: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىزنىڭ بىر ئوغلىقىمىز بار ئىدى. ئۇنى بوغۇزلاپ ئىككى كۈرىدىن ئارتۇقراق ئارپا بىلەن تاماق تەييارلىدىم. سەن بىر قانچە ئادەم بىلەن بارساڭ ئىكەن»، دېسەم، رەسۇلۇللاھ: «يَا أَهْلَ الخَنْدَق: إِنَّ جابراً قدْ صنَع سُؤْراً فَحَيَّهَلاً بكُمْ» «ئى خەندەك كولاۋاتقانلار! جابىر تائام تەييارلاپتۇ، يۈرۈڭلار!»، دېدى ۋە: «لا تُنْزِلُنَّ بُرْمَتَكُمْ وَلا تَخْبِزُنَّ عجِينَكُمْ حَتَّى أَجيءَ» «مەن بارغۇچە قازاننى چۈشۈرمەڭلار، ناننى راسلىماڭلار»، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئىككىمىز ئۆيگە كەلدۇق. مەن ئايالىمنىڭ يېنىغا كىردىم. ئايالىم تاپا ـ تەنە قىلىپ: «سەنزە!»، دەپ كەتتى. مەن: «مەن سەن

دېگەندەك قىلدىم»، دېدىم. ئايالىم خېمىرنى ئېلىپ چىقتى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا سۈۋ قىلىپ بەرىكەت تىلىدى. ئاندىن قازان تۈۋىگە بېرىپ، ئۇنىڭغىمۇ سۈۋ قىلىپ بەرىكەت تىلىدى. ئاندىن: «ادْعُ خَابِزَةً فَلْتَخْبِزْ مَعَكِ، وَاقْدَحِي مِنْ بُرْمَتِكُم وَلا تَنْزِلُوها» «نان راسلىيالىغۇدەك بىر ئايالنى چاقىرغىن، سەن بىلەن نان راسلىسۇن، قازاندىن گۆشنى سۈزگىن، قازاننى ئوچاقتىن چۈشۈرمەي تۇرۇڭلار»، دېدى. ئۇلار مىڭ ئادەم ئىدى. ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، ئۇلار تاماقنى يەپ بولالماي ئاشۇرۇپ قويۇشتى. قازانمۇ بۇرۇنقىدەك قايناۋاتاتتى. نانلىرىمىزمۇ يېقىلىۋاتاتتى.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى:

1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى بىلەن بىللە ئەمگەك قىلىدىغانلىقى، ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ۋە ئۇلارغا كۆيۈنىدىغانلىقى.

2) ساھابىلەرنىڭ ئاچلىق ۋە ھارغىنلىققا چىدايدىغان سەۋرسى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقى.

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرىكەت بىلەن ئاز تائامنى نۇرغۇن ئادەمگە يەتكۈدەك دەرىجىدە كۆپەيتىۋېتىدىغان مۆجىزىسى، بۇنىڭ بىرقانچە قېتىم يۈز بەرگەنلىكى،

4) كىشىگە سوۋغا ـ ھەدىيە بېرىشنىڭ ياخشى ئىش ئىكەنلىكى، بولۇپمۇ ھاجەتمەن ۋە ئاچارچىلىق ھالىتىدىكى كىشىلەرگە سوۋغا بېرىشنىڭ تېخىمۇ ياخشى ئىكەنلىكى.

مۇلاھىزە: دۇنياغا بېرىلمەسلىك ماۋزۇسى ئاستىدىكى بۇ بابنىڭ ئاخىرىدا شۇنى تەكىتلەپ قويۇش زۆرۈركى، ئىسلام دىنى مال ـ دۇنياغا ئىگە بولۇش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقان نېئمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشنى چەكلىمەيدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنىدا ئاللاھ تائالا كائىناتتىكى ھەممە نەرسىنى ئىنسانىنىڭ پايدىلىنىشى، مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن ياراتقان. لېكىن، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ پۇل ـ مالغا تويماسلىق، ئىسراپخورلۇق تەبىئىيتىنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر. شۇڭا ئىنسان تەبىئىتىدىكى بۇ كەمتۇكلۈكنى دۇنياغا بېرىلمەسلىك، ئاخىرەتلىك ئۈچۈن كۆپرەك ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ ھەردائىم ئاخىرەتلىكنى كۆز ئوڭىدا تۇتۇشتەك تەشەببۇس ئارقىلىق داۋالايدۇ. مانا مۇشۇ خىل تەشەببۇس بىلەن ئىنسان دۇنيا ئىشلىرىدا مۆتىدىل بولۇپ، پۇل ـ مال ۋەسۋەسىسىدە ھارامنى يەپ، گۇناھ پاتقىقىغا پېتىشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ. ساھابىلەرنىڭ دۇنيانىڭ پۇل ـ مال، نازۇنېئمەتلىرىگە پەقەتلا بېرىلمەسلىكى ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە نىسبەتەن ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. چۈنكى، ئۇ مەزگىلدە ئىسلام دىنى جاھىلىيەتنىڭ بارلىق نەرسىلىرى بىلەن كۆرەش قىلىدىغان، دۇنياغا بېرىلمىگەن ئېسىل پەزىلەتلىك كىشىلەرگە موھتاج ئىدى. ساھابىلەر دۇنياغا بېرىلمىگەن، ئاچلىق، جاپا ـ مۇشەققەتكە ئاجايىپ سەۋرلىك ئىدى، ئەمما كۆپچىلىك كىشىلەر مۇنداق قىلالمايدۇ. شۇنداقلا ئۇلارغا، دۇنيالىق پۇل ـ مال جەھەتلەردە ئوتتۇراھال بولۇپ، نېئمەتلەردىن بەھرىمەن بولۇشتىن باشقا يۇقىرى تەلەپمۇ قويۇلمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن (يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار. ئاللاھ ئىسراپخورلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ).

521 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ تەلھە ئۇممۇ سۇلەيمگە: «مەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئاۋازىنىڭ ناھايىتى بوشلىقىنى ئاڭلاپ، قورسىقى



www.munber.org

ئېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلدىم، بىرەر نەرسەڭ بارمۇ؟»، دېدى. ئۇممۇ سۇلەيم: «بار»، دېدى ۋە بىر نەچچە ئارپاناننى ئېلىپ روملىغا ئوراپ، كىيىمىمنىڭ ئاستىغا تىقتى ۋە يەنە بىر تەرىپىنى ماڭا تۇتقۇزۇپ مېنى رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. مەن ناننى ئېلىپ بېرىپ رەسۇلۇللاھنى كىشىلەر بىلەن مەسجىدتە ئولتۇرغان يېرىدىن تاپتىم. مەن ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇردۇم. رەسۇلۇللاھ ماڭا: «أَرْسَلَكَ أَبُو طَلْحَةَ؟» «سېنى ئەبۇ تەلھە ئەۋەتتىمۇ؟»، دېدى. مەن جاۋابەن: «ھەئە»، دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «أَلِطَعَام» «تاماققا چاقىرىپتىمۇ؟»، دېدى. مەن: «ھەئە»، دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «قُومُوا» «تۇرۇڭلار»، دېدى. ئۇلار ھەممىسى ماڭدى. مەن ئالدىدا كېلىپ ئەبۇ تەلھەگە خەۋەر قىلدىم. ئۇ: «ئى ئۇممۇ سۇلەيم! رەسۇلۇللاھ كىشىلەر بىلەن كېلىۋاتىدۇ، ئۇلارغا يەتكۈدەك تاماقىمىز بولمىسا قانداق قىلىمىز»، دېدى. ئۇممۇ سۇلەيم: «ئاللاھ تائالا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلى بىلىدۇ»، دېدى. ئەبۇ تەلھە چىقىپ رەسۇلۇللاھ بىلەن سالاملىشىپ بىللە ئۆيگە كىردى. رەسۇلۇللاھ: «هَلُمِّي ما عِندَكِ يا أُمِّ سُلَيْمٍ» «بار نەرسىلىرىڭنى كەلتۈر! ئى ئۇممۇ سۇلەيم!»، دېدى. ئۇ ئاشۇ ئارپا نېنىنى ئېلىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمرى بىلەن نان ئۇشتۇلدى. ناننىڭ ئۈستىگە ئۇممۇ سۇلەيم ياغ ئالىدىغان تېرە تۇلۇمنى سىقىپ، نانغا ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈدەك نەرسە قىلدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ نانغا بىر نېمىلەرنى ئوقۇدى. ئاندىن: «ائذَن لِعَشَرَةٍ» «ئون ئادەمگە رۇخسەت قىل»، دېدى. ئۇلار كىرىپ يەپ تويۇپ چىقىپ كەتتى. يەنە ئون ئادەم كىرىپ يەپ تويۇپ چىقىپ كەتتى. شۇ تەرىقىدە كەلگەن بارلىق ئادەم يەپ تويدى. كەلگەنلەر 70 ~ 80 ئادەم ئىدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە: ئادەملەر ئوندىن، ئوندىن كىرىپ تاماقتىن يەپ تويۇپ چىقىپ كەتتى، ئاندىن قالغان تاماقنى يىغىپ كۆرۈۋىدى، ئۇلار يېيىشتىن بۇرۇن قانچىلىك بولسا، خورىماي شۇنچىلىك تۇرۇپتۇ، دېيىلگەن.

يەنە بىر رىۋايەتتە: كىشىلەر ئوندىن كىرىپ يېدى، شۇ تەرىقىدە تويغۇچە يېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ۋە ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغىمۇ ئۇلاردىن ئېشىپ قالدى، دېيىلگەن.

يەنە بىر رىۋايەتتە: ئۇلار قوشنىلىرىغىمۇ يەتكۈدەك ئاشۇرۇپ قويدى، دېيىلگەن.

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلسەم، ئۇ ساھابىلىرى بىلەن ئولتۇرغانىكەن. ئۇ قورسىقىنى تېڭىۋالغانىدى. مەن ساھابىلەردىن: «رەسۇلۇللاھ



www.munber.org

نىمىشقا قورسىقىنى تېڭىۋالدى؟!»، دېسەم، ئۇلار: «ئاچلىقتىن شۇنداق قىلدى»، دېيىشتى. مەن ملھاننىڭ قىزى ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ ئېرى ئەبۇ تەلھەنىڭ قېشىغا باردىم ۋە ئۇنىڭغا: «ئى ئاتا! رەسۇلۇللاھنىڭ قورسىقىنى تېڭىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ساھابىلەردىن نىمىشقا تېڭىۋالغانلىقىنى سورىسام، ئۇلار ئاچلىقتىن، دەيدۇ»، دېدىم. ئەبۇ تەلھە ئانامنىڭ يېنىغا كىرىپ: «يېگۈدەك نەرسەڭ يوقمۇ؟»، دېۋىدى، ئانام: «بار، بىر پارچە نان ۋە نەچچە تال خورما بار. ئەگەر رەسۇلۇللاھ يالغۇز كەلسە يېتىدۇ، باشقىلار ئەگىشىپ كەلسە ئازلىق قىلىدۇ»، دېدى.

ئەنەس ھەدىسنى ئاخىرىغىچە بايان قىلدى.

## 57 . باب قانائەتچان، نومۇسچان بولۇش، تۇرمۇشتا ئىقتىسادتا تېجەشلىك بولۇش، زۆرۈر بولمىسا باشقىلاردىن تىلەمسىلىك توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَا مِن دَآبَّةٍ فِي الأَرْضِ إِلاَّ عَلَى اللّهِ رِزْقُهَا﴾ ﴿يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى ئاللاھ (مەرھەمەت يۈزىسىدىن) ئۈستىگە ئالغان﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھۇد 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿لِلْفُقَرَاء الَّذِينَ أُحصِرُواْ فِي سَبِيلِ اللّهِ لاَ يَسْتَطِيعُونَ ضَرْبًا فِي الأَرْضِ يَحْسَبُهُمُ الْجَاهِلُ أَغْنِيَاء مِنَ التَّعَفُّفِ تَعْرِفُهُم بِسِيمَاهُمْ لاَ يَسْأَلُونَ النَّاسَ إِلْحَافًا﴾ ﴿ئۆزىنى ئاللاھ يولىغا ئاتىغان، (تىرىكچىلىك ئۈچۈن) يىراق جايلارغا بارالمايدىغان يوقسۇللارغا خەير ـ ئېھسان قىلىنىشى كېرەك، ئەھۋالنى ئۇقمىغانلار، ئۇلارنىڭ نەرسە تىلىمىگەنلىكىگە قاراپ، ئۇلارنى باي گۇمان قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن تونۇيسەن، ئۇلار كىشىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 273 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَالَّذِينَ إِذَا أَنفَقُوا لَمْ يُسْرِفُوا وَلَمْ يَقْتُرُوا وَكَانَ بَيْنَ ذَلِكَ قَوَامًا﴾ ﴿ئۇلار (يەنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىق قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇرا ھال خىراجەت قىلىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە فۇرقان 67 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ۞ مَا أُرِيدُ مِنْهُم مِّن رِّزْقٍ وَمَا أُرِيدُ أَن يُطْعِمُونِ﴾ ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم، ئۇلاردىن مەن رىزىق تىلىمەيمەن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى ئوزۇقلاندۇرۇشىنى تىلىمەيمەن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە زارىيات 56 ـ، 57 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)



www.munber.org

**522 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «لَيس الغِنَي عَن كثْرَةِ العَرضِ، وَلَكِنَّ الغنِيَ غِنَي النَّفسِ» **«پۇل ـ مالنىڭ كۆپلۈكى بايلىق ئەمەس، ھەقىقىي بايلىق روھىي بايلىقتۇر».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان رىزىققا قانائەت قىلىش، ھاجىتىدىن ئوشۇق نەرسىگە ئىگە بولۇشقا ۋە باشقىلارنىڭ ئىلكىدىكى نەرسىلەرنى ئىگىلىۋېلىشقا ھېرىسمەن بولماسلىق.

**523 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «قَدْ أفلَحَ مَنْ أسَلَمَ، وَرُزِقَ كَفَافاً، وَقَنَّعَهُ اللّه بما آتَاهُ» **«ئىمان ئېيتقان، يەتكۈدەك رىزىق بېرىلگەن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بەرگەنلىرىگە قانائەت قىلغان كىشى مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ».** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كىشىلەردىن تىلىمەي، ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان رىزىققا ئاز بولسىمۇ قانائەت قىلغان كىشىنىڭ پەزلى.

**524 ـ ھەكىم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر نەرسە سورىدىم، ئۇ بەردى. يەنە سورىۋىدىم، يەنە بەردى. يەنە سورىۋىدىم، يەنە بەرگەندىن كېيىن:** «يا حَكيمُ، إنَّ هذا المَالَ خَضِرٌ حُلْوٌ، فَمن أخَذَهُ بِسَخَاوَةِ نَفس بُورِكَ لَهُ فِيه، وَمَن أخَذَهُ بِإشرَافِ نَفْسٍ لَم يُبَارَكْ لهُ فيهِ، وكَانَ كَالَّذِي يَأْكُلُ ولا يَشْبَعُ، واليَدُ العُلَيا خَيرٌ مِنَ اليَدِ السُّفلَى» **«ئى ھەكىم! مال ـ دۇنيا دېگەن يېشىل نەرسىلەرگە ئوخشاش كۆرۈنۈشى چىرايلىق، تەمى شېرىن نەرسە، ئۇنى توقۋازلىق بىلەن ئالغان ئادەمگە ئۇنىڭ بەرىكىتى بولىدۇ. ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئالغان ئادەمگە ئۇنىڭ بەرىكىتى بولمايدۇ. بۇنداق ئادەم خۇددى يەپ تويمايدىغان ئادەمدەك بولىدۇ. بەرگەن قول تىلىگەن قولدىن ياخشى»، دېدى. ھەكىم: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن سېنى ھەق پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەندىن كېيىن تاكى دۇنيادىن ئۆتكۈچە ھېچ ئادەمدىن بىر نەرسە ئالمايمەن»، دېدىم»، دەيدۇ. رەسۇلۇللاھتىن كېيىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ھەكىمگە مال بەرسە قوبۇل قىلمىدى. ئاندىن كېيىن ھەزرىتى ئۆمەر مال بەرسىمۇ ئالمىدى. ھەزرىتى ئۆمەر: «ئى مۇسۇلمانلار جامائەسى! ھەكىمنى بەيتۇلمال (دۆلەت خەزىنىسى. — ت)دىن تېگىشلىك ھەققىنى ئېلىشقا تەكلىپ قىلغانىدىم، لېكىن ئۇ بۇنى ئېلىشقا ئۇنىمىدى»، دېدى. دېمەك، ھەكىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن تاكى دۇنيادىن ئۆتكۈچە ھېچ ئادەمدىن بىر نەرسە ئالمىغان.** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) سېخىيلىق بىلەن باشقىلارغا سوۋغا بېرىش، بېخىللىق قىلماسلىق، بولۇپمۇ كىشىلەرنى ئۆزئارا دوستلاشتۇرۇش مەقسىتىدە سوۋغا بېرىشنىڭ ياخشى ئىش ئىكەنلىكى.

2) ھېچقانداق ھاجىتى يوق تۇرۇپ پۇل ـ مالغا ھېرىسمەن بولۇپ كېتىشنىڭ ئىللەت ئىكەنلىكى، شۇ كىشىگە مەلۇم مەسئۇلىيەتنى يۈكلەپ قويىدىغانلىقى، بۇنىڭ خۇددى تويماس كىشىنى ھەرقانچە تائامۇ تويدۇرالمىغىنىغا ئوخشاش ئىش ئىكەنلىكى.

3) شەرىئەتكە ئۇيغۇن يول بىلەن پۇل ـ مال تېپىش ۋە توپلاشنىڭ دۇنياغا بېرىلمەيدىغان زاھىدلىق بىلەن زىت ئەمەسلىكى، چۈنكى دۇنياغا بېرىلمەسلىك دېگەن گەپ سېخىي بولۇش ۋە مال ـ دۇنياغا كۆڭلىنى بەرمەسلىك دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكى.

4) كىشىلەردىن بىرەر نەرسە تىلىمەسلىك، بولۇپمۇ ھاجىتى يوق تۇرۇپ سوراشنىڭ يامان ئىش ئىكەنلىكى.

5) كىشىنىڭ باشقىلاردىن سوراپ تىلىگۈچى ئەمەس، بەرگۈچى بولۇشقا ھېرىسمەن بولۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

**525 ـ ئەبۇ بۇردە ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن غازاتقا چىقتۇق. بىز ئالتە كىشى ئىدۇق، بىزدە بىرلا تۆگە بولۇپ، ئۇنى نۆۋەتلىشىپ مىنەتتۇق. پۇتلىرىمىز قاپىرىپ كەتكەنىدى. مېنىڭمۇ پۇتلىرىم قاپىرىپ، تىرناقلىرىم چۈشۈپ كەتتى. بىز پۇتلىرىمىزغا لاتا ئورىۋالدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ غازات «زاتۇررىقا» غازىتى دەپ ئاتالدى. ئەبۇ بۇردە مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ مۇسا بۇ ھەدىسنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن بۇنى ياقتۇرمىغاندەك: «ئۇنى تىلغا ئېلىپ نېمە قىلاتتىم»، دېدى. بىرەر ئىشنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقنى ياقتۇرمىغاندەك «بۇنى تىلغا ئېلىپ نېمە قىلاتتىم»، دېدى.**

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ساھابىلەرنىڭ مەمنۇنلۇق ۋە چىداملىقلىق بىلەن ئاددىي ـ ساددا ياشايدىغانلىقى.

2) رىياكار بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەش يۈزىسىدىن بىرەر ياخشىلىق قىلغان ئادەمنىڭ باشقىلار ئالدىدا ياخشىلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى.

**526 ـ ئەمر ئىبنى تەغلىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھقا بىر تۈركۈم مال ياكى ئەسىرلەر كەلتۈرۈلدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنى تەقسىم قىلىپ بەزى كىشىلەرگە بەردى، بەزى كىشىلەرگە بەرمىدى. رەسۇلۇللاھقا مال بەرمىگەن كىشىلەرنىڭ نارازى بولغانلىق خەۋىرى يەتتى. رەسۇلۇللاھ ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتقاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «أَمَا بَعدُ، فَوَاللَّه إِنِّي لأُعْطِي الرَّجُلَ وَأَدَعُ الرَّجُلَ، والَّذِي أَدَعُ أَحَبُّ إليَّ مِنَ الَّذِي أُعْطِي، وَلكِنِّي إِنَّمَا أُعْطِي أَقوَاماً لِما أَرى في قُلُوبِهِمْ مِن الجَزعِ والهَلَعِ، وَأَكِلُ أَقْواماً إِلى ما جعَلَ اللَّه في قُلُوبِهِمْ مِنَ الغِني والخَيْرِ، مِنْهُمْ عَمْرُو بنُ تَغلِبَ» «مەقسەتكە كەلسەك، ئاللاھ تائالا بىلەن**

قەسەمكى، مەن ئەلۋەتتە بەزىلەرگە بېرىپ، بەزىلەرگە بەرمىدىم. بەرگەن كىشىلىرىمدىن بەرمىگەن كىشىلىرىم ماڭا سۆيۈملۈكرەكتۇر، لېكىن مەن دىللىرىدا سەۋرسىزلىك ۋە غەم ـ قايغۇ بار كىشىلەرگە بەردىم. ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن قەلبلىرىگە بايلىق ۋە ياخشىلىق بېرىلگەن كىشىلەرگە بەرمىدىم. ئەمر ئىبنى تەغلىب ئەنە شۇلاردىندۇر»، دېدى. ئەمر ئىبنى تەغلىب: «ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھنىڭ ماڭا ئېيتقان بىر ئېغىز سۆزى ئەرەبلەر ئارزۇلايدىغان قىزىل تۆگىدىنمۇ سۆيۈملۈكرەكتۇر»، دېدى. — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پۇل، مال ـ دۇنيانىڭ ئىنساننىڭ ئىززىتىنى ئۆلچەيدىغان ۋە ئورنىنى كۆرسىتىدىغان ئۆلچەم ئەمەسلىكى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبلەرنى دوستلاشتۇرۇش ۋە ئۇنى ھالاكەتتىن ساقلاشتىكى ھېكمىتى.

3) پۇل ـ مالنى سەرپ قىلىش ۋە باشقىلارغا نەرسە بېرىشتە ئومۇمىي مەنپەئەتنى ئاساس قىلىش كېرەكلىكى.

4) مۇسۇلماننى باشقىلاردىن سورىماي، تەلەپ قىلماي ئۆز ئەمگىكى بىلەن ئېرىشكەن رىزقىغا رازى بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

**527 ـ ھەكىم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «اليدُ العُليا خَيْرُ مِنَ اليَدِ السُّفْلى، وابْدَأْ بِمَنْ تَعُولُ، وَخَيْرُ الصَّدَقَةِ ما كان عنْ ظَهْرِ غِني، ومَنْ يَسْتَعْفِفْ يُعفُّهُ اللَّه، ومَنْ يَسْتَغْن يُغْنِهِ اللَّه» «بەرگۈچى قول تىلىگۈچى قولدىن ياخشى، سەدىقىنى ئالدى بىلەن سەن تەمىنلەشكە تېگىشلىك ئادەملىرىڭگە بەرگىن (ئاناڭغا، ئاندىن ئاتاڭغا، ئاندىن ئاچا ـ سىڭلىڭغا، ئاندىن ئاكا ـ ئۇكاڭغا، ئاندىن دەرىجە بويىچە ساڭا يېقىنلارغا. — ت). بايلىقتا بېرىلگەن سەدىقە ئەۋزەل سەدىقىدۇر. كىمكى ئاللاھ تائالادىن كىشىلەردىن نەرسە تىلەشتىن ساقلاشنى تىلىسە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا تىلىگىنىنى بېرىدۇ. كىمكى ئاللاھ تائالادىن بايلىقنى تىلىسە، ئاللاھ تائالا ئۇنى باي قىلىدۇ».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) نەپىقە بېرىشكە ئەڭ تېگىشلىك ئادەم مۇسۇلماننىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۇنىڭغا قاراشلىق كىشىلەر ئىكەنلىكى.

2) باشقىلاردىن سوراشقا مەجبۇر بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۆزى ئېھتىياجلىق ياكى ئىلكىدىكى ھەممە نەرسىنى سەدىقە قىلىۋېتىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى.

3) كىشىلەردىن ھاجەتمەن بولۇپ تىلىمەسلىك، ئاللاھ تائالادىن تىلەش بىلەن كۈپايىلىنىشنىڭ رىزىقنى كەلتۈرىدىغان ۋە كىشىنىڭ ئىززىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان يول ئىكەنلىكى.



www.munber.org

**528 ـ ئەبۇ ئابدۇرەھمان مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان ئىبنى سەخر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «لا تُلْحِفُوا في المسألَةِ، فوَاللّه لا يَسْأَلُني أَحَدٌ مِنْكُمْ شَيْئاً، فَتُخرِجَ لَهُ مَسْأَلَتُهُ مِنِّي شَيْئاً وَأَنا لَهُ كارِهٌ، فَيُبَارَكَ لَهُ فيما أَعْطَيْتُهُ» **«كىشىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ نەرسە تىلىمەڭلار. ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ بىرىڭلار مەندىن تۇرۇۋېلىپ بىر نەرسە سورىمىسۇن، ئۇنىڭ سورىشى بىلەن ياقتۇرماي تۇرۇپ بىرەر نەرسە بەرسەم، ئۇنىڭغا بەرگەن نەرسەمدە بەرىكەت بولمايدۇ».** ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) باشقىلاردىن بىرەر نەرسە بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋېلىشتىن چەكلەش.

2) كىشىنىڭ رازى بولماي تۇرۇپ مەجبۇري ھالدا ياكى ھايا قىلىش يۈزىسىدىن بەرگەن نەرسىسىنىڭ ھارام ئىكەنلىكى.

**529 ـ ئەبۇ ئابدۇرەھمان ئەۋف ئىبنى مالىك ئەشجەئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھنىڭ ھوزۇرىدا يەتتە ياكى سەككىز ياكى توققۇز ئادەم بار ئىدۇق. رەسۇلۇللاھ:** «أَلاَ تُبَايِعُونَ رَسُولَ اللّه صَلّى اللهُ عَلَيْهِ وسَلَّم» **«ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلىغا بەيئەت قىلمامسىلەر؟»، دېدى. بىز: «بىز ساڭا ئەمدىلا بەيئەت قىلغانىدۇققۇ؟»، دېدۇق. رەسۇلۇللاھ:** «ألا تبايعون رسول الله؟» **«ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلىغا بەيئەت قىلمامسىلەر؟»، دېدى. بىز قوللىرىمىزنى يېيىپ: «بىز جەزمەن ساڭا بەيئەت قىلدۇق، ئى رەسۇلۇللاھ! بىز نېمىگە بەيئەت قىلىمىز؟»، دېدۇق. رەسۇلۇللاھ:** «على أَنْ تَعْبُدُوا اللّه ولا تُشْرِكُوا بِهِ شَيْئاً، والصَّلَوَاتِ الخَمْس وَتِطِيعُوا» **«ئاللاھ تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىشقا، بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشقا ۋە ئىتائەت قىلىشقا بەيئەت قىلىڭلار»، دېدى ۋە پەس ئاۋازدا:** «وَلاَ تَسْأَلُوا النَّاسِ شَيْئاً» **«كىشىلەردىن بىر نەرسە سورىماڭلار»، دېدى. مەن ئاشۇ كىشىلەرنىڭ بەزىسىنىڭ ئۇلاقتىن قامچىسى يەرگە چۈشۈپ كەتسىمۇ بىرەر كىشىدىن ئۇنى ئېلىپ بېرىشنى سورىمىغانلىقىنى كۆردۈم.** ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مۆئمىنىنىڭ ئىمانىنىڭ راستلىقى، ئىبادەتتىكى چىن ئىخلاسى ۋە شەرىئەت يولىنى چىڭ تۇتقانلىقىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان ئەھدىنى يېڭىلاپ تۇرۇشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) گۈزەل ئەخلاق بىلەن خۇلۇقلىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، كىشىنىڭ كۆزى توقلۇق، ئېسىل سۈپەت بىلەن باشقىلاردىن نەرسە تىلىمەسلىكى، باشقىلاردىن بىھاجەت بولۇشنىڭ شۇ گۈزەل ئەخلاق جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى.

3) مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىدا باشقىلارغا يۆلىنىۋالماي، ئۆزىگە تايىنىشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

www.munber.org

4) ئاددىي ئىشلاردا بولسۇن باشقىلاردىن بىرەر نەرسە سوراش ۋە تىلەشتىن ساقلىنىش لازىملىقى.

**530. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لاَ تَزَالُ المَسأَلَةُ بِأَحَدِكُمْ حَتى يَلْقى اللّه تعالى ولَيْسَ في وَجْهِهِ مُزْعةُ لَحْمٍ» «كىشى تىلەمچىلىك قىلىۋەرسە، قىيامەت كۈنى يۈزىدە گۆش دىدارى بولمىغان ھالدا ھازىر بولىدۇ».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: باشقىلاردىن نەرسە تىلەش كىشىگە بۇ دۇنيادا خارلىق، ئاخىرەتتە ئازاب ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن مۇنداق قىلمىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەكلىكى.

**531 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ سەدىقە ئېلىش ۋە تىلەمچىلىك قىلىشتىن ساقلىنىش ئۈستىدە توختىلىپ: «اليَد العلْيا خَيْرٌ مِنَ اليَدِ السُّفْلى» «ئۈستۈنكى قول تۆۋەن قولدىن ياخشى، ئۈستۈن قول — بەرگۈچى قولدۇر، ئاستىن قول — سورىغۇچى قولدۇر»، دېدى.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**532 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ سَأَلَ النَّاس تَكَثُّراً فَإِنَّمَا يَسْأَلُ جَمْراً، فَلْيسْتَقِلَّ أَوْ لِيَسْتَكْثِرْ» «مېلىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن سورىغان كىشى بىر پارچە چوغ سورىغان بولىدۇ. ئەمدى ئۇ ئادەم قاراپ باقسۇنكى، چوغدىن ئاز تەلەپ قىلامدۇ ياكى كۆپ تەلەپ قىلامدۇ؟»**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**533 ـ سەمۇرە ئىبنى جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ المَسأَلَةَ كَدٌّ يكُدُّ بها الرَّجُلُ وجْهَهُ، إِلاَّ أَنْ يَسألَ الرَّجُلُ سُلْطاناً أَوْ في أَمْر لابُدَّ مِنْهُ» «ھەقىقەتەن تىلەمچىلىك بىر تاتىلىغۇچ بولۇپ، كىشى ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ يۈزىنى تاتىلايدۇ. لېكىن پادىشاھتىن سوراش ياكى ئىلاجسىزلىقتىن كىشىلەردىن سوراش بۇنىڭ سىرتىدا».**

— تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پادىشاھتىن سوراش ۋە زۆرۈر ھاجەت ئۈچۈن كىشىلەردىن سوراشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى، بۇ ئىككى خىل ھالەتتىن باشقىسىنىڭ چەكلىنىدىغانلىقى.

**534 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ أَصابَتْهُ فَاقَةٌ فَأَنْزَلَهَا بِالنَّاسِ لَمْ تُسَدَّ فاقَتُهُ، وَمَنْ أَنْزَلها باللَّه، فَيُوشِكُ اللَّه لَهُ بِرِزقٍ عاجِلٍ أَوْ آجِلٍ» «كىمكى نامراتلىققا دۇچار بولۇپ، ئۇ بۇنى كىشىلەر ئارقىلىق تۈگەتمەكچى بولسا، ئۇنىڭ نامراتلىقى تۈگىمەيدۇ. كىمكى ئۇنى ئاللاھ تائالادىن تىلەپ تۈگەتمەكچى بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ نامراتلىقىنى تېز كېلىدىغان ياكى كېيىن كېلىدىغان رىزقى بىلەن ھەل قىلىپ بېرىدۇ».**



www.munber.org

— ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بەندىنى ئاللاھ تائالادىن سوراش، قىيىنچىلىق ۋە غەم ـ قايغۇغا دۇچ كەلگەندە ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، چۈنكى ئاللاھ تائالا سورىغاننى بېرىشكە قادىردۇر.

**535 ـ سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ تَكَفَّلَ لي أن لا يسْأَلَ النَّاسَ شَيْئاً، وَأَتَكَفَّلُ له بالجَنَّة؟» « كىمكى ماڭا كىشىلەردىن بىر نەرسە سورىماسلىققا كېپىللىك قىلسا، مەن ئۇنىڭغا جەننەت بىلەن كېپىللىك قىلىمەن»، دېدى. مەن: « ئى رەسۇلۇللاھ! مانا مەن كىشىلەردىن ھېچ نەرسە سورىمايمەن»، دېدىم (ئۇ ھەقىقەتەن كىشىلەردىن ھېچ نەرسە سورىمايتتى).** — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: **1)** بەندىنىڭ ھاجىتىنى ئاللاھتىن سورىشى، كىشىلەردىن تىلىمەسلىكى لازىملىقى.

**2)** سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنغان. ئىمام ئىبنى ماجە مۇنداق يازغان: سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلاققا مىنگەن چېغىدا قامچىسى يەرگە چۈشۈپ كەتسە بىرەرسىگە قامچامنى ئېلىپ بەر دېمەستىن ئۆزى ئۇلاقتىن چۈشۈپ ئالاتتى.

**536 ـ ئەبۇ بىشىر قەبىسە ئىبنى مۇخارىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن ماجىرالاشقان ئىككى جامائەنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن مەبلەغ جاۋابكارلىقىنى ئۈستۈمگە ئالغانىدىم. بۇ توغرۇلۇق ياردەم سوراپ رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كەلدىم. رەسۇلۇللاھ: «أَقِمْ حَتَّى تَأْتِينَا الصَّدَقَةُ فَنأْمُرَ لكَ بِها» «بىزگە سەدىقە كەلگۈچە تۇرۇپ تۇرغىن، شۇ چاغدا ئۇنىڭدىن ساڭا بۇيرۇپ بېرەيلى»، دېدى. ئاندىن: «ياَ قَبِيصَةُ إِنَّ المَسأَلَةَ لا تَحِلُّ إلاَّ لأَحَدِ ثَلاثَةٍ: رَجُلٌ تَحَمَّلَ حمالَةً، فَحَلَّتْ لَهُ المَسْأَلَةُ حَتَّى يُصيبَها، ثُمَّ يُمْسِكُ. ورجُلٌ أَصابَتْهُ جائِحَةٌ اجْتَاحَتْ مالَهُ، فَحَلَّتْ لهُ المَسأَلَةُ حَتَّى يُصِيبَ قِوَاماً مِنْ عيْشٍ، أَوْ قال: سِداداً مِنْ عَيْشٍ، ورَجُلٌ أَصابَتْهُ فاقَة، حَتى يقُولَ ثلاثَةٌ مِنْ ذَوِي الحِجَى مِنْ قَوْمِهِ: لَقَدْ أَصَابَتْ فُلاناً فَاقَةٌ، فحلَّتْ لَهُ المسْأَلةُ حتَّى يُصِيبَ قِواماً مِنْ عَيْشٍ، أَوْ قالَ: سِداداً مِنْ عَيْشٍ. فَمَا سِواهُنَّ مِنَ المَسأَلَةِ يا قَبِيصَةُ سُحْتٌ، يأَكُلُها صاحِبُها سُحْتاً» «ئى قەبىسە سوراش پەقەت ئۈچ تۈرلۈك ئادەمگە دۇرۇس بولىدۇ: 1) باشقىلارنىڭ ئىقتىسادىي جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالغان كىشىگە ئاشۇ ئۈستىگە ئالغان نەرسىگە باراۋەر نەرسىنى سوراش ھالال بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ئارتۇق سورىماسلىق كېرەك. 2) بىر كىشىنىڭ بىرەر نەرسىسى يوقالغان بولسا، ئۇ ئادەم تۇرمۇشتا زۆرۈر ئېھتىياجىنى قامدىغۇدەك بولغانغا قەدەر بىر نەرسە سورىسا بولىدۇ. 3) بىرەر ئادەمگە نامراتلىق يېتىپ، ئۇنىڭ قەۋمىدىن ئۈچ ئەقىلدار كىشى «ھەقىقەتەن پالانچىغا نامراتلىق يەتتى»، دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئاندىن ئۇنىڭغا تۇرمۇشىنى قامدىغۇدەك بىر نەرسە سوراش دۇرۇس بولىدۇ. ئى قەبىسە! يۇقىرىقى**



www.munber.org

ئۈچ خىل ھالەتتىن باشقا ھالەتتە كىشىلەردىن سوراپ ئېلىنغان نەرسە ھارام ھېسابلىنىپ، كىشى ئۇنى ھارامدىن يېگەن بولىدۇ»، دېدى.

—— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھەدىستە بايان قىلىنغان سەۋەبلەرنىڭ بىرەرسى تېپىلغان ئەھۋالدا سوراشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

2) ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان كىشىلەرگە زاكاتتىن بېرىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى، چۈنكى ئۇلارنىڭ بىرىنچىسىنىڭ جەرىمانە قويۇلغۇچى، قالغان ئىككىسىنىڭ كەمبەغەل ئىكەنلىكى.

3) باشقىلاردىن نەرسە سوراش دۇرۇس دەپ قارالغان كىشىنىڭمۇ ھاجىتىدىن ئارتۇق نەرسىنى سورىماسلىقى لازىملىقى.

**537 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لَيْسِ المِسْكِينُ الّذِي يطُوفُ عَلى النَّاسِ تَرُدُّهُ اللُّقْمَةُ واللُّقْمَتانِ، وَالتَّمْرَةُ والتَّمْرتَانِ، وَلَكِنَّ المِسْكِينَ الّذِي لا يجِدُ غِنًى يُغنِيهِ، وَلاَ يُفْطَنُ لَهُ، فَيُتَصدَّقَ عَلَيْهِ، وَلاَ يَقُومُ فَيسْأَلَ النَّاسَ» «ئىشىكمۇ-ئىشىك يۈرۈپ بىر-ئىككى لوقما ۋە بىر-ئىككى خورما بېرىلىش بىلەن تەلپى ئورۇنلىنىدىغان ئادەم مىسكىن ئەمەس، ھەقىقىي مىسكىن دېگەن تىلەمچىلىك قىلىشتىن ئۆزىنى تارتقان، نامراتلىقى بىلىنمىگەچكە، ئۇنىڭغا سەدىقىمۇ بېرىلمەيدىغان، كىشىلەردىن تىلەشنى خالىمايدىغان كىشىلەردۇر».**

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئوچۇق-ئاشكارا كىشىلەردىن بىر نەرسە تىلەشتىن ئۆزىنى ساقلايدىغان ۋە سەۋر بىلەن ئۆتىدىغان پېقىر-كەمبەغەللەرگە بېرىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

## 58. باب تىلىمەستىن ۋە تەمە قىلماستىن نەرسە ئېلىشنىڭ دۇرۇسلۇقى توغرىسىدا

**538 - سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ ماڭا سوۋغا بېرەتتى، مەن: ئۇنى مەندىنمۇ كەمبەغەلرەك كىشىگە بەرگىن، دېسەم، رەسۇلۇللاھ: «خُذهُ، إِذَا جاءَكَ مِن هذا المَالِ شَيءٌ، وَأَنْتَ غَيْرُ مُشْرِفٍ ولا سَائِلٍ، فَخُذْهُ فتَموَّلْهُ فَإِن شِئتَ كُلْهُ، وإِن شِئْتَ تَصْدَقْ بِهِ، وَمَا لا، فَلا تُتبِعْهُ نَفْسَكَ» «ئۇنى ئالغىن، قاچانكى ساڭا مۇشۇ ماللاردىن بىرەر نەرسە كېپقالسا، ۋەھالەنكى، سەن تەمەمۇ قىلمىغان، سورىمىغان بولساڭ، ئۇنى ئېلىۋەر، باي بولۇۋال، خالىساڭ ئۇنى يېگىن، خالىساڭ ئۇنى سەدىقە قىلغىن. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئۇنى قوغلاشما»، دېگەنىدى. سالىم مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇللاھ كىشىلەردىن بىر نەرسە سورىمايتتى ۋە بېرىلگەن نەرسىنى قايتۇرمايتتى».**

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كىشىنىڭ ھاجىتىدىن ئېشىنغان مالنى ھاجەتمەنلەرگە بېرىش ۋە ئۇلارنى ئارتۇق بىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) سورىماستىن ھەدىيە ياكى باشقا يول بىلەن كەلگەن مالنى ئېلىش ۋە ئىگىلەشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

3) ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتى ۋە ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىش ئۈچۈن پۇل ـ مالغا ئىگە بولۇشنىڭ پەزلى.

## 59 . باب ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ ياشاش، تىلەمچىلىكتىن ۋە تەمەخورلۇقتىن ساقلىنىش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَإِذَا قُضِيَتِ الصَّلَاةُ فَانْتَشِرُوا فِي الْأَرْضِ وَابْتَغُوا مِن فَضْلِ اللَّهِ﴾ ﴿ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا زېمىنغا تارىلىپ، ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار﴾.
(«قۇرئان كەرىم» سۈرە جۇمە 10 ـ ئايەت)

539 ـ ئەبۇ ئابدۇللاھ زۇبەير ئىبنى ئاۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لأنْ يَأْخُذَ أحَدُكُم أحبُلَهُ ثُمَّ يَأْتِيَ الجَبَلَ، فَيَأْتِيَ بِحُزْمَةٍ مِن حَطَبٍ عَلى ظَهرِهِ فَيَبِيعَهَا، فَيَكُفَّ اللّهُ بها وَجْهَهُ، خَيْرٌ لَهُ مِنْ أن يَسألَ النَّاسَ، أعطَوْهُ أوْ مَنَعُوهُ» «سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئارغامچىسىنى ئېلىپ چىقىپ تاغدىن بىر باغلام ئوتۇن تېرىپ كېلىپ، سېتىپ ئۆزىنى تەمىنلىسە، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇنى تىلەش ۋە تەمە قىلىشتىن ساقلاپ قالسا، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن، كىشىلەر مەيلى بىر نەرسە بەرسۇن، مەيلى بەرمىسۇن كىشىدىن تىلىگىنىدىن ياخشى».

—— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بەدەننى مەيلى ناھايىتى ئاددىي، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە تۆۋەن سانىلىدىغان بولسۇن ھالال كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ ھالال رىزىق ئۈچۈن تىرىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

540. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لأنْ يحْتَطِبَ أحَدُكُم حُزمَةً على ظَهرِه، خَيْرٌ من أنْ يَسألَ أحَداً، فَيُعْطِيَه أو يمْنَعَهُ» «سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئوتۇن تېرىپ ئۈشىنىسىگە بىر باغلام ئوتۇننى ئارتىپ كېلىپ ئۇنى سېتىپ جان باققىنى مەيلى بەرسۇن، مەيلى بەرمىسۇن، باشقىلاردىن بىر نەرسە تىلىگىنىدىن ياخشىدۇر». —— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

541 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كانَ دَاوُدُ عليهِ السَّلامُ لا يَأْكُل إلاَّ مِن عَمَلِ يَدِهِ» «داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ ياشايتتى».



www.munber.org

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**542 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كَانَ زَكَرِيَّا عليه السَّلامُ نَجَّاراً» «زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ياغاچچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلاتتى».** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەرلەرنى ئۇلگە قىلىپ تۇرلۇك كەسىپ ـ ئەمەللەر بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ پەزلى.

**543 ـ مىقداد ئىبنى مەئدى كەرىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَا أَكَلَ أَحَدٌ طَعَاماً خَيْراً مِن أنَ يَأْكُلَ مِن عمَلِ يَدِهِ، وَإِنَّ نَبِيَّ اللَّه دَاوُدَ صَلّى اللهُ عَلَيْهِ وسَلَّم كان يَأْكلُ مِن عَمَلِ يَدِهِ» «كىشىنىڭ ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ يېگەن تامىقى ئەڭ ھالال تاماقتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ ياشايتتى».** — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كىشىنىڭ تىرىشىپ ئىجتىھاد قىلىپ ئېرىشكەن تائام ۋە تۇرمۇشىنىڭ ئەڭ ئوبدان تائام ۋە ئەڭ خاتىرجەم تۇرمۇش ئىكەنلىكى.

بذ بابتعكع هةدعسلةرنعث ظومذمعي مةزمذنع: 1) بەندىنى ئىش ـ ئەمەللىرىدە سەۋەب قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن. بۇ ھەرگىز ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىش بىلەن قارمۇقارشى ئەمەس.

2) كىشىنىڭ دۇنيا ئىشلىرىدا ئۆزىگە تايىنىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، ھەرگىز ھورۇنلۇق، بوشاڭلىق قىلىپ باشقىلارغا تايىنىپ ئۆزىنى خار قىلماسلىقنى تەكىتلىگەن. مۇستەقىللىقنى يېتىلدۈرىدىغان تەربىيىنىڭ كىشىنى جانلىق، پائالىيەتچان قىلىدىغانلىقى، ئىسلام دىنىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھاياتلىققىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئىشلەش ۋە تىرىشچانلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

## 60. باب مەردلىك، سېخىيلىق ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىتىقاد قىلغان ھالدا ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل ـ مال سەرپ قىلىش توغرىسىدا

**ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَا أَنفَقْتُم مِّن شَيْءٍ فَهُوَ يُخْلِفُهُ﴾ ﴿(ئاللاھنىڭ يولىدا) بەرگەن نەرسەڭلارنىڭ ئورنىنى ئاللاھ تولدۇرۇپ بېرىدۇ﴾.** («قۇرئان كەرىم» سۈرە سەبەئ 39 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

**ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَا تُنفِقُواْ مِنْ خَيْرٍ فَلأنفُسِكُمْ وَمَا تُنفِقُونَ إِلاَّ ابْتِغَاء وَجْهِ اللّهِ وَمَا تُنفِقُواْ مِنْ خَيْرٍ يُوَفَّ إِلَيْكُمْ وَأَنتُمْ لاَ تُظْلَمُونَ﴾ ﴿مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير ـ ئېھسان قىلماڭلار، ئۇ ئۆزۈڭلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر، سىلەر پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا خەير ـ ئېھسان قىلىسىلەر، مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير ـ ئېھسان قىلماڭلار، سىلەرگە**

www.munber.org

ئۆزىنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 272 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَا تُنفِقُواْ مِنْ خَيْرٍ فَإِنَّ اللّهَ بِهِ عَلِيمٌ﴾ ﴿مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير ـ ئېھسان قىلماڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلگۈچىدۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 273 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

**544 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «لا حَسَدَ إِلاَّ في اثنتينِ: رَجُلٌ آتَاهُ اللَّه مَالاً، فَسَلَّطَه عَلَى هَلَكَتِهِ في الحَقِّ، وَرَجُلٌ آتَاه اللَّه حِكْمَةً، فَهُوَ يَقْضِي بِهَا وَيُعَلِّمُهَا» «مۇنداق ئىككى خىسلەتنى بار ئادەملەردىن بولۇشنى ئارزۇ قىلساڭلار بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان پۇل ـ مېلىنىڭ ھەممىسىنى تامامەن ئورۇنلۇق سەرپ قىلغان كىشى، يەنە بىرى، ئاللاھ تائالا بەرگەن قۇرئان ئىلمىنى بويىچە ھۆكۈم قىلغان ۋە ئۇلارنى باشقىلارغا ئۆگەتكەن كىشى».**

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەيىبلىنىدىغان ھەسەتنىڭ خەتەرلىك ئىجتىمائىي كېسەللىك بولۇپ ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەش ۋە يىراقلىشىش زۆرۈرلۈكى.

2) ياخشىلىق يوللىرىغا ئىنتىلىش يۈزىسىدىن مەندىمۇ شۇنداق بولسىچۇ دەپ ئارزۇ قىلىشنىڭ ئالدىنقىسىدىن پەرقلىق ھالدا ھەسەت ھېسابلانمايدىغانلىقى.

3) دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىشكە ۋە باشقىلارغا ئۆگىتىشكە رىغبەتلەندۈرگەن.

**545 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «أَيُّكُمْ مَالُ وَارِثِهِ أَحَبُّ إِليه مِن مَالِهِ؟» «سىلەردىن قايسىڭلار ئۆز مېلىدىن مىراسخورىنىڭ مېلىنى ئەڭ ياخشى دەپ قارايدۇ؟»، دېدى. ئۇلار: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىزنىڭ ھەر بىرىمىزگە پەقەت ئۆزىمىزنىڭ مېلىلا ياخشىراقتۇر»، دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ: «فَإِنَّ مَالَه ما قَدَّمَ وَمَالَ وَارِثِهِ ما أَخَّرَ» «ھەقىقەتەن سەرپ قىلغىنى ئۆزىگە تەۋە بولىدۇ، سەرپ قىلماي قويۇپ قويغىنى ئۆزىگە تەۋە ئەمەستۇر».**

—— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا تارقالغان تۈرلۈك ئۇقۇم ـ چۈشەنچىلەرنى تۈزىتىشكە ھېرىسمەن ئىكەنلىكى.

2) بەندىنى ئاخىرەتلىك ساۋابنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە پۇل ـ ماللىرىنى ياخشىلىق يوللىرىدا سەرپ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش.



www.munber.org

546 ـ ئەدىي ئىبنى ھاتىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «اتَّقُوا النَّارَ وَلَوْ بِشِقِّ تَمْرَةٍ» «يېرىم تال خورما چاغلىق نەرسىنى سەدىقە قىلىپ بولسىمۇ دوزاختىن ساقلىنىڭلار».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كىشىنى ئاز بولسىمۇ سەدىقە، خەير ـ ئېھسان قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

547 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر كىشى بىرەر نەرسە سورىسا، «يوق»، دەپ باققان ئەمەس.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر نەرسە سوراپ كەلگەن ئادەمگە يېنىدا بولسىلا بېرەتتى، ئەگەر بولمىسا كېلەر قېتىمدا بېرىشكە ۋەدە قىلىپ تېپىپ بېرەتتى، ھەرگىزمۇ سورىغۇچىنى رەت قىلىپ ياندۇرمايتتى، بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سېخىيلىقى، كەڭ قولللىقىدەك گۈزەل ئەخلاقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

548 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَا مِنْ يَوْمٍ يُصبِحُ العِبادُ فِيهِ إلاَّ مَلَكَانِ يَنْزِلانِ، فَيَقُولُ أَحَدَهُمَا: اللَّهُمَّ أعطِ مُنْفِقاً خَلَفاً، وَيَقُولُ الآخَرُ: اللَّهُمَّ أعطِ مُمسكاً تَلَفا» «كىشىلەرگە ھەر كۈنى ئاسماندىن ئىككى پەرىشتە چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ بىرى: ‹ئى ئاللاھ! سېخىي ئادەمگە ئۇنىڭ خەير ـ ئېھسان قىلىپ بەرگىنىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بەرگىن›، دەيدۇ. يەنە بىرى: ‹ئى ئاللاھ! بېخىلنىڭ مېلىنى تىرىپىرەن قىلىۋەتكىن›، دەيدۇ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: تېگىشلىك يەرگە پۇل خەجلەش كېرەكلىكى، ئىمام نەۋەۋى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك تائەت ـ ئىبادەت ئىشلىرىغا، ئائىلىدىكى نەپىقىگە قاراشلىق كىشىلەرگە، مېھمانلارغا ۋە خەير ـ ئېھسان يوللىرىغا سەرپ قىلىشنىڭ ئەڭ جايىدا پۇل خەجلەش بولىدىغانلىقى.

549 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قال اللّه تعالى: أنفِق يا ابْنَ آدمَ يُنْفَقْ عَلَيْكَ» «ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ‹ئى ئادەم بالىسى! ئاللاھ تائالا يولىدا بەرگىن، ساڭىمۇ ئاللاھ تائالا بېرىدۇ›».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

550. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، بىر ئادەم رەسۇلۇللاھتىن: «ئىسلام دىنىنىڭ ياخشى خىسلەتلىرى نېمە؟ »، دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: «تُطْعِمْ الطَّعَامَ، وَتَقْرأُ السَّلامَ عَلى مَنْ عَرَفْتَ وَمَنْ لم تَعْرِفْ»



www.munber.org

«كىشىلەرگە ئاش ـ نان بېرىش، تونۇيدىغان ئادەمگىمۇ، تونۇمايدىغان ئادەمگىمۇ سالام قىلىش»، دەپ جاۋاب بەردى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كىشىلەرنىڭ قەلبىنى دوستلاشتۇرۇش ئۈچۈن مېھماندوست بولۇشقا ۋە باشقىلارغا سالام قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

**551 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «أَرْبَعونَ خَصلَةً أعلاهَا مَنِيحَةُ العَنْز ما مِن عَاملٍ يعْملُ بخَصلَةٍ منها رَجَاءَ ثَوَابِهَا وَتَصْدِيقَ مَوْعُودِهَا إلاَّ أَدْخَلَهُ اللَّه تعالى بِهَا الجَنَّةَ» «40 خىسلەت بار، ئۇلارنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى سۈتلۈك ئۆچكىسىنى سۈتىنى ئىچىپ تۇرۇش ئۈچۈن بىراۋغا بېرىپ تۇرۇش. ھەر قانداق بىر ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىنى راست بىلىپ شۇ خىسلەتلەرگە ئىگە بولسا، شۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ».** — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بەزى ئۆلىمالار ھەدىستە ئېيتىلغان **40** خىسلەتنى بىرمۇ بىر ساناپ چىققان. چۈشكۈرگۈچى «الحمد لله»، دېسە يېنىدا تۇرغان كىشىنىڭ بۇنىڭغا جاۋابەن «يرحمك الله»، دېيىشى، ئاچ قالغانغا تائام بېرىش، ئۇسسىغاننىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇش قاتارلىقلارنى مۇشۇ جۈملىدىن ھېسابلىغان. ئىبنى ھەجەر بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: بۇ **40** خىسلەتنى سانىماي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇجمەل قويغاندەك مۇجمەل قويغان ياخشىراق، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى بىلىدىغان ھېكمەت سەۋەبىدىن بۇ **40** خىسلەتنى بىرمۇبىر سانىماي مۇجمەل پېتىلا ئېيتىپ ئۆتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بايان قىلمىغاننى باشقىلار قانداقمۇ بايان قىلالىسۇن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇجمەل قىلىشىدىكى ھېكمەت، بەلكى مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن ھەرقانداق ياخشىلىقنى سەل چاغلىماسلىق. كىشىلەرنىڭ پەقەت تىلغا ئېلىپ سانىغان ياخشىلىققىلا ئەھمىيەت بېرىپ، باشقا تۈرلەرگە سەل قاراپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر.

**552 ـ ئەبۇ ئۇمامە سۇدەي ئىبنى ئەجلان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يا ابْنَ آدَمَ إِنَّكَ إِن تَبْذُلَ الفَضْلَ خَيرٌ لَكَ، وإِن تُمْسِكَهُ شَرٌّ لَكَ، وَلا تُلامُ عَلى كَفَافٍ، وَابْدأْ بِمَنْ تَعُولُ، واليَدُ العُلْيَا خَيْرٌ مِنَ اليَدِ السُّفْلَى» «ئى ئادەم بالىسى! ئارتۇق مېلىڭنى بېرىۋەتكىنىڭ ياخشىدۇر، ئۇنى بەرمەسلىكىڭ سەن ئۈچۈن ياماندۇر. يېتەرلىك رىزقىڭغا قانائەت قىلساڭ، ئەيىبكە بۇيرۇلمايسەن، خەير ـ ئېھساننى ئۆزۈڭگە تەۋە كىشىلىرىڭدىن باشلا بەرگۈچى قول ئالغۇچى قولدىن ياخشىدۇر».** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بەندىنى ئىشلەش، ئىجتىھاد قىلىش، باشقىلاردىن تىلەمسىلىككە رىغبەتلەندۈرۈش.

**553 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ھەر قاچان رەسۇلۇللاھتىن ئىسلام ئۈچۈن بىرەر نەرسە سورالسا، ئۇ بەرمەي قويمايتتى.**



www.munber.org

ھەقىقەتەن بىر كىشى رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا بىر نەرسە سوراپ كېلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا ئىككى تاغ ئارىسىدىكى بىر توپ قوي پادىسىنى بېرىۋەتتى. ئۇ كىشى مەھەللىسىگە قايتىپ بېرىپ مۇنداق دېدى: «ئى قەۋمىم! مۇسۇلمان بولۇڭلار! ھەقىقەتەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام نامرات بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىمەيدىغان ئادەمدەك بېرىدىكەن». ئاندىن ئەنەس مۇنداق دېدى: «گەرچە بىر كىشى مال ـ دۇنيا ئۈچۈن مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ كىشى ئىسلامنى دۇنيا ۋە دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدىنمۇ بەكرەك سۆيىدىغان بولۇپ قالاتتى». —— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىنى دوستلاشتۇرۇش، ئىسلام دىنىغا بولغان مايىللىقىنى ئاشۇرۇش يۈزىسىدىن زاكات ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ خەزىنىسىدىن پۇل ـ مال بېرىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى، ئەمما غەيرىي مۇسۇلمانلارغا زاكاتتىن بېرىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى، چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ئىسلام دىنىغا نۇسرەت ئاتا قىلىپ، ئەزىز قىلغانلىقى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلب ئىللەتلىرىنى داۋالاشقا ماھىرلىقى، گۈزەل ئەخلاقى ۋە مۇھەببەتلىك تەربىيە بىلەن كىشى قەلبىنى دۇنيانى ياخشى كۆرۈشتىن ئاخىرەتنى ياخشى كۆرۈشكە، مال ـ دۇنيانى ياخشى كۆرۈشتىن ئىسلام دىنىنى ياخشى كۆرۈشكە بۇرىغانلىقى.

554 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مال تەقسىم قىلدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ نەرسىلەرگە ئېرىشىشكە بۇلارغا قارىغاندا باشقىلار ئەڭ مۇستەھىق ئىدى»، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إِنَّهُمْ خَيَّرُونِي أَن يَسأَلُونِي بالْفُحشِ فَأُعْطِيَهم أَوْ يُبَخِّلُونِي، وَلَستُ بِبَاخِلٍ» «ئۇلار مەندىن ئەدەبسىزلىك بىلەن سوراپ تۇرۇۋالدى. مەن ئۇلارغا بېرىشىم كېرەك، بەرمىسەم ئۇلار مېنى بېخىل دەيدۇ، مەن بېخىل ئەمەس»، دېدى. —— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋرلىك كىشىلەرگە مۇلايىم گۈزەل ئەخلاق ئىگىسى ئىكەنلىكى، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقى بويىچە جاھىللاردىن نېرى بولغانلىقى.

2) كىشىلەرگە ئىماننىڭ لەززىتىنى ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنى دوستلاشتۇرۇشنىڭ جائىز ئىكەنلىكى.

555 ـ جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ھۇنەين غازىتىدىن قايتىش يولىدا ئۇ رەسۇلۇللاھ بىلەن كېتىپ باراتتى. ئەئرابىلار رەسۇلۇللاھتىن بىر نەرسە سوراپ ئېسىلىۋېلىپ، رەسۇلۇللاھنى قىستاپ كاۋچۇك دەرىخىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويىدى. دەرەخ رەسۇلۇللاھنىڭ رىداسىنى ئىلىۋالدى. رەسۇلۇللاھ توختاپ: «أَعْطُونِي رِدَائِي، فَلَوْ كَانَ لِي عَدَدُ هذِهِ العِضَاهِ نَعَماً، لَقَسَمْتُهُ بَيْنَكُمْ، ثم لا تَجِدُونِي بَخِيلاً وَلا كَذَّاباً وَلا جَبَاناً» «رىدايىمنى بېرىڭلار، ئەگەر مېنىڭ ئاشۇ دەرەخنىڭ تىكەنلىرىدەك

كۆپ ماللىرىم بولغان بولسا، چوقۇم سىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىۋەتكەن بولاتتىم، شۇندىلا مېنىڭ بېخىل، كاززاپ، قورقۇنچاق ئەمەسلىكىمنى بىلگەن بولاتتىڭلار»، دېدى.
— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بېخىللىق، يالغانچىلىق، قورقۇنچاقلىقتەك يامان خۇلۇقلارنى ئەيىبلەش، مۇسۇلمانلارنىڭ يول باشچىسىنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشى، ئۇنىڭدا يۇقىرىقى يامان ئىللەتلەردىن بىرەرسىنىڭ بولۇپ قالماسلىقى لازىملىقى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەرنىڭ قوپاللىقى، ئەزىيەتلىرىگە قارىتا ناھايىتى سەۋرلىك، مۇلايىم، كەڭ قورساق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى.

3) كىشىنىڭ نادانلار تەرىپىدىن يامان نام بىلەن ئاتىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن زۆرۈر بولغاندا ئۆزىنى ياخشى ئەخلاقلىرى بىلەن ماختىشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى، بۇنىڭ ئەيىبلىنىدىغان تەكەببۇرلۇق، ماختانچاقلىق دائىرىسىگە كىرمەيدىغانلىقى.

**556 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَا نَقَصَتْ صَدَقَةٌ مِنْ مَالٍ، وَمَا زَادَ اللَّهُ عَبْداً بِعَفْوٍ إِلاَّ عِزّاً، وَمَا تَوَاضَعَ أَحَدٌ لِلَّهِ إِلاَّ رَفَعَهُ اللَّهُ عَزَّ وجلَّ» «سەدىقە بېرىش بىلەن مال خوراپ قالمايدۇ. قانداق بىر بەندە ئەپۇچان بولىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنى تېخىمۇ ئەزىز قىلىدۇ. كىمكى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن كەمتەر بولىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ».**
— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) سەدىقىنىڭ مالنى كېمەيتىۋەتمەيدىغانلىقى، چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنداق مالغا بەرىكەت بېرىپ، سەدىقىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بېرىدىغانلىقى، سەدىقە ئۈچۈن بېرىلگەن ئەجىر ۋە ساۋابنىڭ ئاخىرەتتە كىشىنىڭ ئەيىبلىرىنى ياپىدىغانلىقى.

2) كەڭ قورساق، ئەپۇچان كىشىنىڭ دۇنيادا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدىغانلىقى، ئاخىرەتتىمۇ ئورنى ۋە دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى بولىدىغانلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ كەمتەر ئادەمنى كىشىلەر قەلبىدە بۈيۈك قىلىپ، ئاخىرەتتىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغانلىقى.

**557 ـ ئەبۇ كەبشە ئەمر ئىبنى سەئد ئەنمارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ثَلاثَةٌ أُقْسِمُ عَلَيهِنَّ وَأُحَدِّثُكُم حَدِيثاً فَاحْفَظُوهُ: مَا نَقَصَ مَالُ عَبدٍ مِن صَدَقَةٍ، وَلا ظُلِمَ عَبْدٌ مَظْلَمَةً صَبَرَ عَلَيهَا إِلاَّ زَادَهُ اللَّهُ عِزّاً، وَلا فَتَحَ عَبْدٌ باب مَسأَلَةٍ إِلاَّ فَتَحَ اللَّه عَلَيْهِ باب فَقْر» «شۇنداق ئۈچ خىسلەت باركى، مەن ئۇنى سىلەرگە قەسەم قىلىپ سۆزلەپ بېرىمەن، ئېسىڭلاردا چىڭ ساقلاڭلاركى، سەدىقە قىلىش بىلەن بەندىنىڭ مېلى خوراپ قالمايدۇ. زۇلۇمغا ئۇچرىغان بەندە سەۋر قىلسىلا، ئاللاھ تائالا ئۇنى تېخىمۇ ئەزىز قىلىدۇ. بىرەر بەندە نەرسە تىلەشنىڭ ئىشىكىنى ئاچسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا نامراتلىقنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدۇ»، دېدى ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان سۆزنى قىلدى: «وَأُحَدِّثُكُم حَدِيثاً فَاحْفَظُوهُ. قال إِنَّمَا الدُّنْيَا لأَرْبَعَةِ نَفَر: عَبدٍ رَزَقَه اللَّه مَالاً وَعِلْماً، فَهُو يَتَّقِي فِيهِ رَبَّهُ، وَيَصِلُ فِيهِ رَحِمَهُ، وَيَعْلَمُ لِلَّهِ فِيهِ حَقا**



www.munber.org

فَهذَا بأفضَل المَنازل. وَعَبْدٍ رَزَقَهُ اللَّه عِلْماً، وَلَمْ يَرْزُقهُ مَالاً فَهُوَ صَادِقُ النِّيَّةِ يَقُولُ: لَو أنَّ لي مَالاً لَعمِلْتُ بِعَمَل فُلانٍ، فَهُوَ نِيَّتُهُ، فَأَجْرُهُمَا سَوَاءٌ. وَعَبْدٍ رَزَقَهُ اللَّهُ مَالاً، وَلَمْ يرزُقْهُ عِلْماً، فهُوَ يَخْبِطُ في مالِهِ بِغَير عِلمٍ، لا يَتَّقي فِيهِ رَبَّهُ وَلا يَصِلُ رَحِمَهُ، وَلا يَعلَمُ للَّهِ فِيهِ حَقا، فَهَذَا بأَخْبَثِ المَنَازِلِ. وَعَبْدٍ لَمْ يرزُقْهُ اللَّه مَالاً وَلا عِلْماً، فَهُوَ يَقُولُ: لَوْ أَنَّ لي مَالاً لَعَمِلْتُ فِيهِ بِعَمَل فُلانٍ، فَهُوَ نِيَّتُهُ، فَوِزْرُهُمَا سَوَاءٌ» «سىلەرگە شۇنى سۆزلەپ بېرەي ئېسىڭلاردا چىڭ ساقلاڭلار: ھەقىقەتەن دۇنيادا تۆت تۈرلۈك ئادەم بولىدۇ. 1) ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا مال ۋە ئىلىم بەرگەن، بۇ ھەقتە پەرۋەردىگارىدىن قورقىدىغان، سىلە رەھىم قىلىدىغان، مالدا خۇدانىڭ ھەققى بارلىقىنى بىلىدىغان كىشىلەردۇر. مانا بۇنداق ئادەم ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا بولىدۇ. 2) يەنە بىر ئادەمگە ئاللاھ تائالا ئىلىم بېرىدۇ، پۇل ـ مال بەرمەيدۇ، بۇ ئادەمنىڭ نىيىتى توغرا بولۇپ، ‹كاشكى مېنىڭ پۇل ـ مېلىم بولسىدى، ئەلۋەتتە پالانى قىلغان ياخشى ئىشلارنى مەنمۇ قىلاتتىم›، دەيدۇ. بۇ ئادەمنىڭ نىيىتىگە ساۋاب بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى كىشىنىڭ ئېرىشكەن ئەجرى باراۋەر بولىدۇ. 3) يەنە بىر بەندە بولۇپ، مال بېرىلىپ ئىلىم بېرىلمىگەن، ئۇ مېلىنى قالايمىقان تەسەررۇپ قىلىدۇ ۋە بۇ جەھەتتە پەرۋەردىگارىدىن قورقمايدۇ. سىلە رەھىم قىلمايدۇ. ئۇ مالدا ئاللاھ تائالانىڭ ھەققى بار، دەپ تونۇمايدۇ. مانا بۇ ئادەم ئەڭ يامان ئورۇندا بولىدۇ. 4) يەنە بىر بەندە بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا پۇل ـ مالمۇ، ئىلىممۇ بەرمىگەن، ئۇ: ‹كاشكى، مېنىڭمۇ پۇل ـ مېلىم بولغان بولسا، ئەلۋەتتە پالانى قىلغان ئىشلارنى قىلغان بولاتتىم›، دەيدۇ. بۇنىڭ نىيىتى ئۇچۇن گۇناھ يېزىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىدىكى ئىككىسىنىڭ گۇناھى ئوخشاش بولىدۇ». — تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) باي تۇرۇپ، مال ـ مۈلكىنى تېخىمۇ كۆپەيتىش مەقسىتىدە كىشىلەردىن تىلىگەن ئادەمنى ئاللاھ تائالانىڭ بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە كەمبەغەللىككە دۇچار قىلىدىغانلىقى.

2) ئىخلاسى بىلەن ئۆگىنىش ۋە ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش.

3) ئىلىمسىزلىك ۋە نادانلارنى ئەيىبلەش، چۈنكى ئىلىمسىزلىكنىڭ كىشىنى ھارام ئىشلارنى قىلىشقا باشلايدىغانلىقى.

**558 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇلار بىر قوي سويغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مَا بَقِيَ مِنها؟» «قويدىن نېمىسى قالدى؟»، دېدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «قويدىن پەقەت تاغىقىلا قالدى»، دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بَقِي كُلُّهَا غَيرَ كَتِفِهَا» «پەقەت تاغىقى ئاخىرەت ئۈچۈن بولماپتۇ»، دېدى. (يەنى، گۆشنىڭ ھەممىسى سەدىقە قىلىنىپ، تاغىقىلا قالغانلىقى ئۈچۈن تاغاقتىن سەدىقىنىڭ ساۋابىنى تاپقىلى بولماپتۇ، دېگەن مەنىدە).** — تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كىشىنى سەدىقە بېرىشكە رىغبەتلەندۈرۈش.

2) ئىنساننىڭ توغرا نىيەتلىك بولمىغان ھالدا يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، تۇرالغۇغا ئوخشاش ئۆزى ئۈچۈن خەجلىگەن پۇلىنىڭ ھېچقانداق ساۋابى بولمايدىغانلىقى.

**559 ـ ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «لا تُوكِي فَيوكِيَ اللَّهُ عَلَيْكِ» «چىڭ سىقىۋالمىغىن، ئۇنداق قىلساڭ ئاللاھ تائالا ساڭا بېرىۋاتقىنىنى ئۈزۈپ قويىدۇ»، دېدى.**

**يەنە بىر رىۋايەتتە: «أنفِقِي أو أنْفَحِي أو أنْضِحِي، وَلا تُحْصي فَيُحْصِيَ اللّه عَلَيكِ، وَلا تُوعِي فيوعِيَ اللَّهُ عَلَيْكِ» «ئاللاھ تائالا يولىدا سەرپ قىلغىن، پۇل ـ مالنى خەجلىمەي ئۇنى چىڭ تۇتۇۋالمىغىن، ئۇنداق قىلساڭ ئاللاھ تائالامۇ رىزقىڭنى سىقىپ قويىدۇ. ئاشقىنىڭنى موھتاجلاردىن ئايىمىغىن، بولمىسا ئاللاھ تائالامۇ ساڭا پەزلى ـ مەرھەمىتىنى ئاياپ قويىدۇ»، دېيىلگەن.** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بەندىنىڭ قىلغان ئەمەلىگە يارىشا جازا ياكى مۇكاپات بېرىش ئاللاھ تائالانىڭ ئادىللىقى جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى.

**560. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «مَثَلُ البَخِيلِ والمُنْفِقِ، كَمَثَلِ رَجُلَيْنِ عَلَيْهِمَا جُبَّتَانِ مِن حَديد مِنْ ثُدِيِّهِما إلى تَرَاقِيهمَا ، فَأَمَّا المُنْفِقُ، فَلا يُنْفِقُ إلاَّ سَبَغَتْ، أَوْ وَفَرَتْ على جِلدِهِ حتى تُخْفِيَ بَنَانَهُ، وَتَعفُوَ أَثَرَهُ، وَأَمَّا البَخِيلُ، فَلا يُرِيدُ أَنْ يُنْفِقَ شَيَئاً إلاَّ لَزِقَتْ كُلُّ حَلْقَةٍ مَكَانَهَا ، فَهُو يُوَسِّعُهَا فَلا تَتَّسِعُ» «بېخىل بىلەن سېخىي گويا كۆكرىكىدىن ئوقرىكىگىچە تۆمۈر تون كىيگەن ئىككى ئادەمگە ئوخشايدۇ. سېخىي ئادەم خەير ـ ئېھسان قىلغانسېرى تۆمۈر تون تېخىمۇ سوزۇلۇپ، بەدىنىنىڭ ئۈستىگە كېڭىيىپ، ئۇنىڭ قولىنىڭ بارماقلىرىنىمۇ قوشۇپ يېپىپ تۇرىدۇ. بەدىنىدە ئىزمۇ قالدۇرمايدۇ. بېخىل ئادەم خەير ـ ئېھسان قىلماقچى بولسا، بۇ تۆمۈر تون ئۇنىڭ بەدىنىگە پېتىپ تۇرغاچقا، ئۇنى كېڭەيتەي دېسىمۇ كېڭەيمەيدۇ».** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) سەدىقىنىڭ بەندىنىڭ خاتالىقلىرىنى يۇيۇۋېتىدىغانلىقى.

2) ئاللاھ تائالانىڭ سەدىقە بەرگۈچىگە بەرىكەت، ياردەم بېرىشكە، ئۆز پاناھىدا ساقلاشقا ۋە بالا ـ قازانى كۆتۈرۈۋېتىشكە كېپىللىك قىلىپ ۋەدە بەرگەنلىكى، بېخىلنى بالا ـ قازاغا دۇچار قىلىدىغانلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇرغانلىقى.

3) ئاللاھ يولىدا سەدىقە، خەير ـ ئېھسان قىلغۇچىنى ئاللاھ تائالا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۈستۈن قىلىدىغانلىقى.

www.munber.org

**561 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ تَصَدَّقَ بِعِدْلِ تَمْرَةٍ مِنْ كَسْبٍ طَيِّبٍ، ولا يَقْبَلُ اللَّهُ إلاَّ الطَّيِّبَ فَإِنَّ اللَّه يقْبَلُهَا بِيَمِينِهِ، ثُمَّ يُرَبِّيها لِصَاحِبَها ، كَمَا يُرَبِّي أَحَدُكُمْ فَلُوَّهُ حتى تَكُونَ مِثْلَ الجَبلِ» «كىمكى ھالال كەسىپ بىلەن تاپقان مېلىدىن خورما چاغلىق نەرسە بولسىمۇ سەدىقە قىلسا (ئاللاھ تائالا پەقەت ھالالنىلا قوبۇل قىلىدۇ) ئاللاھ تائالا ئۇنى ئوڭ قولى بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. ئاندىن شۇ خورما چاغلىق نەرسىسىنى خۇددى سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆز تايچىقىنى ئوبدان بېقىپ ئۆستۈرگەندەك ئۆستۈرۈپ، سەدىقە قىلغۇچى ئۈچۈن ئۇنىڭ ساۋابىنى تاغدەك زورايتىپ بېرىدۇ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالا پەقەت ھالال يول بىلەن تاپقان پۇل ـ مالدىن قىلىنغان سەدىقىنى قوبۇل قىلىدۇ. چۈنكى ھارام مالنى ئىشلىتىش چەكلەنگەن.

2) ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتقا ئوخشاپ قېلىشتىن پاكتۇر.

**562 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بيْنَما رَجُلٌ يَمشِي بِفَلاةٍ مِن الأَرض، فَسَمِعَ صَوتاً في سَحَابَةٍ: اسقِ حَدِيقَةَ فُلانٍ، فَتَنَحَّى ذلكَ السَّحَابُ فَأَفْرَغَ مَاءَهُ في حَرَّةٍ، فإذا شرجة من تِلْكَ الشِّراجِ قَدِ اسْتَوعَبَتْ ذلِكَ الماءَ كُلَّهُ فَتَتَبَّعَ الماءَ، فإذا رَجُلٌ قَائِمٌ في حَدِيقَتِهِ يُحَوِّلُ المَاءَ بِمسحَاتِهِ، فقال له: يا عَبْدَ اللَّهِ ما اسْمُكَ قال: فُلانٌ، للاسْمِ الَّذِي سَمِعَ في السَّحَابَةِ، فقال له: يَا عَبْدَ اللَّهِ لِمَ تَسْأَلُنِي عَنِ اسْمِي؟ فَقَال: إني سَمِعْتُ صَوتاً في السَّحَابِ الذي هذَا مَاؤُهُ يقُولُ: اسقِ حَدِيقَةَ فُلانٍ لإِسمِكَ، فما تَصْنَعُ فِيها؟ فقال: أَما إِذْ قُلْتَ هَذَا، فَإني أَنْظُرُ إِلى ما يَخْرُجُ مِنها، فَأَتَّصَدَّقُ بثُلُثِه، وآكُلُ أَنا وعِيالي ثُلُثاً، وأَردُّ فِيها ثُلثَهُ» «بىر ئادەم چۆلدە كېتىۋاتقاندا، بىر بۇلۇتتىن ‹پالانىنىڭ بېغىنى سۇغۇرۇپ قويغىن›، دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. بۇلۇت بېرىپ ئۆزىنىڭ سۈيىنى بىر سايغا قۇيۇپتۇ. شۇ يەردىكى ئېقىنلاردىن بىرى سۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە تارتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئادەم سۇغا ئەگىشىپ ماڭغانىكەن، بىر ئادەمنىڭ بېغىدا گۈرجەكى بىلەن سۇ تۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە: ‹ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى! ئىسمىڭ نىمە؟›، دەپتۇ. ئۇ: ‹ئىسمىم پالانى›، دەپ بۇلۇتتىن كەلگەن ئاۋازدا ئېيتىلغان ئىسىمنى دەپتۇ. باغۋەن ھېلىقى ئادەمگە: ‹ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى! سەن نىمە ئۈچۈن مېنىڭ ئىسمىمنى سورايسەن؟›، دەپتىكەن، ئۇ: «مۇشۇ سۇنى تۆككەن بۇلۇتنىڭ ئىچىدىن سېنىڭ ئىسمىڭنى ئاتاپ تۇرۇپ پالانىنىڭ بېغىنى سۇغارغىن، دەپ بۇيرۇق قىلغان ئاۋازنى ئاڭلىدىم. سەن بېغىڭنى قانداق تەسەررۇپ قىلاتتىڭ؟›، دەپتۇ. باغۋەن: ‹بۇ گېپىڭگە كېلىدىغان بولساق، مەن بېغىمدىن چىققان نەرسىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ ئۇنىڭ ئۈچتىن بىرىنى سەدىقە قىلىپ بېرىۋېتىمەن، ئۈچتىن بىرىنى بالىلىرىم بىلەن يەيمەن، ئۈچتىن بىرىنى باغقا ئىشلىتىمەن›، دەپتۇ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل ـ مال سەرپ قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىشقا رىغبەتلەندۇرۇش.

2) ئاللاھ تائالانىڭ بەزى پەرىشتىلەرنى رىزىق تەقسىم قىلىشقا مەسئۇل قىلغانلىقى.

## 61. باب بېخىللىق ۋە خەسىسلىكتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَأَمَّا مَن بَخِلَ وَاسْتَغْنَى ۞ وَكَذَّبَ بِالْحُسْنَى ۞ فَسَنُيَسِّرُهُ لِلْعُسْرَى ۞ وَمَا يُغْنِي عَنْهُ مَالُهُ إِذَا تَرَدَّى﴾ ﴿بېخىللىق قىلىپ (ئاللاھ تائالانىڭ ساۋابىدىن) ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلىغان، كەلىمە تەۋھىدنى ئىنكار قىلغان ئادەمگە كەلسەك، بىز ئۇنىڭغا يامان يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز، ئۇ (دوزاخقا) تاشلانغان چاغدا، ئۇنىڭ مېلى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە لەيل 8 ~ 11 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَنْ يُوقَ شُحَّ نَفْسِهِ فَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾ ﴿كىمكى نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلىنىدىكەن، ئۇلار مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە تەغابۇن 16 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

563 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «اتَّقُوا الظُّلْمَ، فَإِنَّ الظُّلْمَ ظُلماتٌ يومَ القِيامَة، واتَّقُوا الشُّحَّ، فَإِنَّ الشُّحَّ أَهْلَكَ منْ كانَ قَبْلَكُمْ، حَمَلَهُم على أن سَفَكُوا دِمَاءَهم واستحَلُّوا مَحَارِمَهُم» «زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، ھەقىقەتەن زۇلۇم دېگەن قىيامەت كۈنىدە قاراڭغۇ ـ زۇلمەت بولىدۇ. خەسىسلىكتىن ساقلىنىڭلار، خەسىسلىك سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرنى بىر ـ بىرىنىڭ قېنىنى تۆكۈشكە، ھارام نەرسىلەرنى ھالال ساناشقا ئاپىرىپ، ئۇلارنى ھالاك قىلىشقا سەۋەب بولغان». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

## 62. باب باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىدىن ئەلا بىلىش ۋە كىشىلەرگە غەمخورلۇق قىلىش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَيُؤْثِرُونَ عَلَى أَنفُسِهِمْ وَلَوْ كَانَ بِهِمْ خَصَاصَةٌ﴾ ﴿ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئىتىدىن) ئەلا بىلىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھەشر 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَيُطْعِمُونَ الطَّعَامَ عَلَى حُبِّهِ مِسْكِينًا وَيَتِيمًا وَأَسِيرًا﴾ ﴿ئۆزى موھتاج تۇرۇقلۇق مىسكىنگە، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە تائام بېرىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئىنسان 8 ـ ئايەت)



www.munber.org

564 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: «مەن قىيىنچىلىقتا قالدىم»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىدىن بىرىنىڭ ئۆيىگە ئادەم ئەۋەتتى. ئۇ: «سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەمكى، مەندە سۇدىن باشقا نەرسە يوق»، دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ئايالىنىڭ ئۆيىگە ئادەم ئەۋەتتى. ئۇمۇ شۇنداق دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى بىردەك: «سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەمكى، مەندە سۇدىن باشقا نەرسە يوق»، دەپ جاۋاب بېرىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «من يُضِيفُ هَذا اللَّيْلَةَ؟» «بۇ كىشىنى بۈگۈن كىم مېھمان قىلىدۇ؟ »، دېۋىدى، ئەنسارىيلاردىن بولغان بىر ئادەم: «مانا مەن، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!»، دەپ ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ بېرىپ ئايالىغا: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھمىنىنى ھۆرمەتلىگىن»، دېدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە دېيىلىشىچە، ئۇ ئادەم ئايالىغا: «ئۆيدە يېگۈدەك بىرەر نەرسە بارمىدۇ؟ »، دېدى. ئايالى: «يوق، پەقەت كىچىك باللار يېگۈدەك بىر نەرسە بار»، دېدى. ئەنسارىيلاردىن بولغان ئادەم ئايالىغا: «باللارنى بىر نەرسە بىلەن گوللاپ، ئۇخلىتىپ قويغىن، مېھمىنىمىز كىرسە چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، بىزمۇ تاماق يېگەن بولۇۋالايلى»، دېدى. ئۇلار ئولتۇرۇشتى. مېھمان تاماق يېدى. ئۇ ئىككىسى ئاچ قورساق يېتىپ قېلىشتى. تاڭ يورۇغاندا ساھىبخان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لَقَد عَجِبَ اللَّه مِن صَنِيعِكُمَا بِضَيفِكُمَا اللَّيْلَةَ» «ئاخشام ئىككىڭلارنىڭ مېھمىنىڭلارغا قىلغان ئىشىڭلاردىن ئاللاھ تائالانىڭ مەسلىكى كەلدى»، دېدى.

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) باشقىلارنى ئۆزىدىن ئارتۇق كۆرۈشكە رىغبەتلەندۈرۈش.

2) ئاللاھ تائالانىڭ ئەنساري بىلەن ئۇنىڭ ئايالىنىڭ قىلغىنىنى ياقتۇرغىنى ئۇلارنىڭ ياخشى قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

3) مېھماننى ئىززەت بىلەن كۈتۈۋېلىش ئىسلام دىنىدا مەدھىيەلىنىدىغان گۈزەل ئەخلاق ھېسابلىنىدىغانلىقى. ئەمما، ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ (باشقىلارغا موھتاج قىلماي) ھاجىتىدىن چىقىش پەرز بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرىدىغانلىقى.

565 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «طَعَامُ الاثنَينِ كافي الثَّلاثَةِ، وطَعامُ الثَّلاثَةِ كافي الأَربَعَةِ» «ئىككى ئادەمنىڭ تامىقى ئۈچ ئادەمگە، ئۈچ ئادەمنىڭ تامىقى تۆت ئادەمگە يېتىدۇ».

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

مۇسلىمنىڭ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان يەنە بىر رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «طَعَامُ الوَاحِدِ يَكفي الاثْنَينِ، وطَعَامُ الاثْنَيْنِ يَكْفِي الأَربَعَةَ وطَعَامُ الأَرْبعةِ يَكفي الثَّمَانِيَةَ» «بىر



www.munber.org

كىشىنىڭ تامىقى ئىككى كىشىگە، ئىككى كىشىنىڭ تامىقى تۆت كىشىگە، تۆت كىشىنىڭ تامىقى بولسا سەككىز كىشىگە يېتىدۇ».

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) سېخىيلىقتا ۋە بارغا قانائەت قىلىپ كۆپايلىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

2) ھەدىستە ئېيتىلغان تاماقنى يەپ تويىدىغان كىشىلەرنىڭ سانى نوقۇل ساناش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۆزئارا ھەمكارلىق ياردەمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. چۈنكى ھەمكارلىق، قېرىنداشلارچە ياردەمدە بەرىكەت بولىدۇ.

3) تاماقنى بىر ئادەم يالغۇز يېمەي، كۆپچىلىك بىرگە يېيىشنىڭ بەرىكەتلىك بولىدىغانلىقى.

566 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە سەپەر ئۈستىدە ئىدۇق. بىر كىشى ئالدىمىزغا كەلدى. ئۇ كىشى ئوڭ ـ سولغا ھەدەپ كۆز يۈگۈرتەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مَنْ كَانَ مَعَهُ فَضْلُ ظَهرٍ فَلْيَعُدْ بِهِ عَلى مَنْ لا ظَهْرَ لَهُ، وَمَن كانَ لَهُ فَضْلٌ مِن زَادٍ، فَلْيَعُدْ بِهِ على مَن لا زَادَ لَهُ» «كىمنىڭ ئارتۇق ئۇلىغى بولسا، ئۇنى ئۇلاغسىز كىشىگە بەرسۇن، كىمنىڭ ئارتۇق ئوزۇقلۇقى بولسا، ئۇنى ئوزۇقسىز كىشىگە بەرسۇن»، دەپ شۇنداق جىق مالنىڭ تۈرلىرىنى ساندىكى، ھەتتا بىز: «ھېچقايسىمىزنىڭ ئارتۇق نەرسىمىزدە ھەققىمىز يوق ئىكەن»، دەپ ئويلاپ قالدۇق. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: قىيىنچىلىق مەزگىللەردە ئۆزئارا ھەمكارلىشىش، بىر ـ بىرىگە ياردەم قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، بۇخىل ياردەم پەقەت تاماقتىلا ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ كەڭ ھالدا تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە ئۆزئارا ھەمكارلىشىشنى كۆرسىتىدۇ.

567 ـ سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئايال توقۇلغان تونىنى ئەكېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «بۇ تونىنى ساڭا كىيدۈرۈپ قوياي دەپ، ئۆز قولۇم بىلەن توقۇدۇم»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ تونىنى خۇددى ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىقتەك قوبۇل قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ قېشىمىزغا چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بىلەن بەدىنىنىڭ تۆۋەن تەرىپىنى ئورىۋالغان ھالدا چىققانىدى. بىر كىشى: «بۇ نېمە دېگەن چىرايلىق! ئۇنى ماڭا كىيگۈزۈپ قويساڭ»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نَعَمْ» «ماقۇل»، دەپ سورۇندا بىردەم ئولتۇرۇپ، قايتىپ بېرىپ، ئۇنى قاتلاپ ھېلىقى كىشىگە ئەۋەتىپ بەردى. كىشىلەر ئۇنىڭغا: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ تونىنى ئېھتىياجلىق بولغان ھالدا كىيگەن تۇرسا، ئۇنى سوراپ ياخشى قىلمىدىڭ، ھەققەتەنمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر نەرسە سورىغان ئادەمنى قۇرۇق قول قايتۇرمايدىغانلىقىنى بىلىسەن»، دېدى. ئۇ كىشى: «ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنى كىيىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كېپەنلىك قىلىش ئۈچۈنلا سورىدىم»، دېدى. كېيىن ئۇ تون ئۇنىڭ كېپەنلىكى بولغانىدى. — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھەدىيە بەرگۈچىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن سوۋغىنى قوبۇل قىلىشقا ئالدىراشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سورىغان ئادەمنى قۇرۇق قول ياندۇرمايدىغان سخىيلىقى.

3) تەقۋادار، توغرا يوللۇق كىشىلەرنىڭ نەرسىلىرىنى تەۋەررۈك قىلىپ ئىشلىتىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

4) ھاجەت بولۇشتىن ئىلگىرى شۇ نەرسىنى ئالدىنئالا تەييارلاپ قويۇشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

**568 - ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «إنَّ الأشعَرِيين إذَا أرملُوا فِي الْغَزْوِ، أو قَلَّ طَعَامُ عِيَالِهِم بالمَدِينَةِ، جَمَعُوا ما كَانَ عِندَهُم في ثَوبٍ وَاحدٍ، ثُمَّ اقتَسَمُوهُ بَيْنَهُم في إِنَاءٍ وَاحِدٍ بالسَّوِيَّةِ فَهُم مِنِّي وَأَنَا مِنهُم» **«ئەشئەر جەمەتى قاچانكى جەڭدە ياكى ئۆيدە يەيدىغىنى ئۆكسۈپ قالسا، ئۆزلىرىدە بار نەرسىنى بىر چاپانغا يىغاتتى. ئاندىن ئۇنى قاچا ـ قاچىغا ئوخشاش قىلىپ بۆلەتتى. ئۇلار ماڭا مەنسۇپ، مەنمۇ ئۇلارغا مەنسۇپ»، دېگەنىدى.** ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەشئەرىلەر جەمەتىنىڭ پەزىلىتى.

2) ئۆزئارا ياردەملىشىشنىڭ پەزلى، سەپەرگە چىققان كىشىلەرنىڭ تەييارلىغان ئوزۇقىنى جەملەپ، يېتىشمىگەندە تەڭ تەقسىم قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

## 63. باب ئاخىرەتكە ئائىت ياخشى ئەمەللەردە رىقابەتلىشىش، بەرىكەتلىك ئىشلارنى كۆپرەك قىلىش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَفِي ذَلِكَ فَلْيَتَنَافَسِ الْمُتَنَافِسُونَ﴾ ﴿ئۇنىڭدىن ئىپارنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ، قىزىققۇچىلار شۇنىڭغا قىزىقسۇن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە مۇتەففىفىن 26 ـ ئايەت)

**569 - سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىچىش ئۈچۈن بىر نەرسە كەلتۈرۈلگەندە، ئۇنى ئىچتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئۆسمۈر بالا، سول تەرىپىدە ياشانغانلار بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوڭ تەرەپتىكى ئۆسمۈر بالىغا:** «أَتَأْذَنُ لِي أَنْ أُعْطِيَ هُؤلاءِ؟» **«بۇلارغا بېرىشىمگە رۇخسەت قىلامسەن؟»، دېدى. ئۇ بالا: «ياق، ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سەندىن كەلگەن نېسىۋەمنى ھېچكىمگە ئۆتۈنۈپ بەرمەيمەن»، دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاچىنى ئۇ بالىنىڭ قولىغا بەردى، ئۇ ئىبنى ئابباس ئىدى.** ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ساھابىلەرنىڭ پايدىلىق ئىشلارغا ھېرىس ئىكەنلىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەرسىلىرىنى تەۋەررۇك قىلىشمۇ شۇ جۈملىدىن ئىكەنلىكى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىچىش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىچىپ ئېشىپ قالغان مۇبارەك سۇ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بەرمىگەنلىكى.

2) مېھماندارچىلىق سورۇنىنى شۇ سورۇندىكى ئەڭ ئەۋزەل ئادەمدىن، ئاندىن قالسا ئوڭ تەرەپتىن باشلاش كېرەكلىكى.

3) كىشىلەرنىڭ ھەققىنى ئۆز جايىدا ئادا قىلىش، مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن ئۇلارغا ئەدەب بىلەن چىرايلىق مۇئامىلە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

**570. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «بيْنَا أَيُّوبُ عليه السلام يَغتَسِلُ عُرِيَاناً، فَخَرَّ عَلَيْهِ جَرَادٌ مِن ذَهَبٍ، فَجَعَلَ أَيُّوبُ يَحثِي في ثَوبِهِ، فَنَادَاهُ رَبُّهُ عَزَّ وَجلَّ: يَا أَيُّوبُ، أَلَم أَكُنْ أَغنَيْتُكَ عمَّا تَرَى؟ قال: بَلَى وَعِزَّتِكَ، وَلكِن لا غِنَى بي عَن بَـرَكَتِكَ» **«ئەييۇب ئەلەيھىسسالام يالىڭاچ يۇيۇنۇۋاتقاندا، ئۈستىگە بىر ئالتۇن چېكەتكە چۈشتى. ئۇ ئۇنى ئېلىپ كىيىمىنىڭ ئىچىگە سالدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا: «ئى ئەييۇب! سېنى ئالتۇن چېكەتكىدىن بىھاجەت قىلمىدىممۇ؟» ، دەپ توۋلىدى. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام: «رەببىم، سېنىڭ ئۇلۇغلۇقىڭ بىلەن قەسەمكى، سېنىڭ ئېيتقىنىڭ راست، ئەمما مەن سېنىڭ پەزلىڭدىن بىھاجەت ئەمەسمەن»، دېدى.**

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئۆزى پايدىلىنىش ۋە باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن پۇل ـ مال توپلاشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

2) بەندە مەيلى قانچىلىك پۇل ـ مال توپلىغان بولسۇن، يەنىلا ئاللاھتىن بەرىكەت ۋە باشقىلارغا موھتاج بولۇپ قالماسلىقنى تىلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش.

## 64. باب شۈكۈر قىلغۇچى باينىڭ پەزىلىتى، شۈكۈر قىلغۇچى باي دېگەن پۇلنى ئۆز يولى بىلەن تېپىپ ئۆز يولىغا ئىشلەتكەن كىشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

**ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:** ﴿فَأَمَّا مَن أَعْطَى وَاتَّقَى ۞ وَصَدَّقَ بِالْحُسْنَى ۞ فَسَنُيَسِّرُهُ لِلْيُسْرَى﴾ **﴿پۇل ـ مېلىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) سەرپ قىلغان، تەقۋادارلىق قىلغان، (كەلىمە تەۋھىدنى) تەستىق قىلغان ئادەمگە كەلسەك. ئۇنىڭغا بىز ياخشى يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز﴾.** («قۇرئان كەرىم» سۈرە لەيل 5 ـ 6 ـ 7 ـ ئايەتلەر)

**ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:** ﴿وَسَيُجَنَّبُهَا الْأَتْقَى الَّذِي يُؤْتِي مَالَهُ يَتَزَكَّى وَمَا لِأَحَدٍ عِندَهُ مِن نِّعْمَةٍ تُجْزَى إِلَّا ابْتِغَاء وَجْهِ رَبِّهِ الْأَعْلَى وَلَسَوْفَ يَرْضَى﴾ **﴿پاكلىنىش ئۈچۈن مال ـ مۈلكىنى (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدىغان ئادەم ئۇنىڭدىن (يەنى ئوتتىن) يىراق قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقى بىراۋنىڭ ياخشىلىقىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت**



www.munber.org

ئۇلۇغ پەرۋەردىگارنىڭ رازىلىقى ئۈچۈندۇر. ئۇ (يەنى ئېھسان قىلغۇچى ئادەم) (پەرۋەردىگارنىڭ بەرگەن مۇكاپاتىدىن) چوقۇم رازى بولىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە لەيل 17 ــ21 ـ ئايەتلەر)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿ إِن تُبْدُواْ الصَّدَقَاتِ فَنِعِمَّا هِيَ وَإِن تُخْفُوهَا وَتُؤْتُوهَا الْفُقَرَاء فَهُوَ خَيْرٌ لُّكُمْ وَيُكَفِّرُ عَنكُم مِّن سَيِّئَاتِكُمْ وَاللّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ﴾ ﴿سەدىقىنى ئاشكارا بەرسەڭلار، بۇ ياخشىدۇر، ئەگەر ئۇنى مەخپىي بەرسەڭلار ۋە يوقسۇللارغا بەرسەڭلار تېخىمۇ ياخشىدۇر، بۇ سىلەرنىڭ بەزى گۇناھىڭلارغا كەففارەت بولىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 217 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿ لَن تَنَالُواْ الْبِرَّ حَتَّى تُنفِقُواْ مِمَّا تُحِبُّونَ وَمَا تُنفِقُواْ مِن شَيْءٍ فَإِنَّ اللّهَ بِهِ عَلِيمٌ﴾ ﴿ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغۇچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال ئىمران 92 ـ ئايەت)

**571 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «لا حَسَدَ إلاَّ في اثنَتَيْنِ: رَجُلٌ آتَاهُ اللَّهُ مَالاً، فَسَلَّطَهُ على هَلَكَتِهِ في الحَقِّ. ورَجُلٌ آتَاه اللَّهُ حِكْمَةً فُهو يَقضِي بِها وَيُعَلِّمُهَا» «مۇنداق ئىككى خىسلىتى بار ئادەملەردەك بولۇشنى ئارزۇ قىلساڭلار بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى، ئاللاھ ئاتا قىلغان پۇل ـ مېلىنىڭ ھەممىسىنى تامامەن ئورۇنلۇق يەرگە سەرپ قىلغان كىشى. يەنە بىرى، ئاللاھ تائالا بەرگەن قۇرئان ئىلمىلىرى بويىچە ھۆكۈم قىلغان ۋە ئۇلارنى باشقىلارغا ئۆگەتكەن كىشى».**

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىش ئۈچۈن پۇل ـ مال يىغىش، باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىلىم ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈش.

2) فەزل ـ ئارتۇقچىلىققا ئىگە ئادەمگە ئوخشاش ئەجىر ـ ساۋابقا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىپ شۇ ئادەمگە ئوخشاش ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولۇشنى ئاللاھ تائالادىن تەلەپ قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

3) پۇل ـ مالنى ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش يوللىرىغا سەرپ قىلىش بىلەن پۇل ـ دۇنيا نېئمىتىگە شۈكۈر قىلىش، ئۆگەنگەن ئىلىمگە ئەمەل قىلىش ۋە باشقىلارغا ئۆگىتىش بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ بەرگەن ئىلىم نېئمىتىگە شۈكۈر قىلىش.

**572 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا حَسَدَ إلاَّ في اثنَتَين: رَجُلٌ آتَاهُ اللَّه القُرآنَ، فهو يَقُومُ بِهِ آنَاءَ اللَّيلِ وآنَاءَ النَّهارِ. وَرَجُلٌ آتَاهُ اللَّهُ مَالاً. فهوَ يُنْفِقهُ آنَاءَ اللَّيْلِ وآنَاءَ النَّهارِ» «مۇنداق ئىككى خىسلىتى بار**

www.munber.org

ئادەملەردەك بولۇشنى ئارزۇ قىلساڭلار بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى، ئاللاھ قۇرئان ئىلمىنى ئاتا قىلغان كىشى بولۇپ، ئۇ كېچە ۋە كۈندۈزلەردە قۇرئان ئوقۇپ تۇرىدۇ. يەنە بىرى، ئاللاھ تائالا مال ئاتا قىلغان كىشى بولۇپ، ئۇ مالنى كېچە ۋە كۈندۈزلەردە ئاللاھ تائالا يولىدا سەرپ قىلىپ تۇرىدۇ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

573 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، نامرات مۇھاجىرلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مالدارلار جەننەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىرى ۋە نازۇ نېئمەتلىرىگە ئېرىشتى»، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ومَا ذَاكَ؟» «بۇ قانداق گەپ؟ »، دېۋىدى، ئۇلار: «پۇلدارلار بىز ئوقۇغان نامازنى ئوقۇيدۇ، بىز تۇتقان روزىنى تۇتىدۇ ۋە سەدىقە بېرىدۇ، بىز سەدىقە بېرەلمەيمىز. ئۇلار قۇللارنى ئازاد قىلىدۇ، بىز قىلالمايمىز»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَفَلا أُعَلِّمُكُمْ شَيئاً تُدرِكُونَ بِهِ مَنْ سبَقَكُمْ، وتَسْبِقُونَ بِهِ مَنْ بَعْدَكُمْ وَلاَ يَكُونُ أَحَدٌ أَفْضَلَ مِنْكُم إِلاَّ مَنْ صَنَعَ مِثلَ ما صَنَعْتُم؟» «ئەگەر قىلساڭلار سىلەردىن ئۆتۈپ كەتكەنلەرگە يېتىشىۋالىدىغان، سىلەردىن كېيىنكىلەر ئۆتۈپ كېتەلمەيدىغان، سىلەر قىلغاننى قىلمىغۇچە ھېچ ئادەم سىلەردىن ئارتۇق ھېسابلانمايدىغان نەرسىنى ئۆگىتىپ قويايمۇ؟ »، دېۋىدى، ئۇلار: «شۇنداق قىلغىن، ئى رەسۇلۇللاھ!»، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تُسبحُونَ، وتحَمَدُونَ وتُكَبِّرُونَ، دُبُر كُلِّ صَلاة ثَلاثاً وثَلاثِينَ مَرَّةً» «ھەر نامازدىن كېيىن ‹سُبْحَانَ اللهِ›، (يەنى ئاللاھ تائالا پاكتۇر) ‹الحَمْدُ لِلَّهِ›، (يەنى جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھ تائالاغا خاستۇر) ‹اَللَّهُ اَكْبَرُ›، (يەنى ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر) نىڭ ھەربىرىنى 33 قېتىمدىن دەڭلار»، دېدى. كېيىن نامرات مۇھاجىرلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: «بىزنىڭ مالدار قېرىنداشلىرىمىز بىزنىڭ قىلغىنىمىزنى ئاڭلاپ، بىز قىلغاننى قىلغىلى تۇردى»، دەپ شىكايەت قىلىشىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ذلك فَضْلُ اللَّهِ يُؤْتِيهِ مَن يشَاءُ» «بۇ بولسا ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى - مەرھەمىتى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى خالىغان كىشىلەرگە بېرىدۇ»، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ساھابىلەرنىڭ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ھېرىس ئىكەنلىكى ۋە بۇ يولدا ئۆزئارا مۇسابىقىلىشىدىغانلىقى.

2) ساھابىلەرنىڭ ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان مال - دۇنياغا شۈكۈر قىلىپ، خەير - ئېھسان بىلەن ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىدىغانلىقى.

3) ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ ئەجرگە ئېرىشىشنىڭ يوللىرىنىڭ كۆپ ۋە تۈرلۈك ئىكەنلىكى.

4) پەرز نامازلاردىن كېيىن ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىشنىڭ پەزلى ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.



www.munber.org

5) بايلارنى پەقەت پۇل ـ ماللىرىنى ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىش بىلەنلا قالماي كۆپرەك ئىبادەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

6) كەمبەغەللەرنى پۇل ـ مالنى خەير ـ ئېھسان يولىغا سەرپ قىلىشنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىش ئۈچۈن پۇل ـ مال يىغىشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

7) ئاللاھ تائالانىڭ بەندىگە پۇل ـ مال ئاتا قىلىشى ۋە ياكى كەمبەغەل ھالەتتە قالدۇرۇشى ھەرئىككىسى ئاللاھ تائالانىڭ سىنىقى بولۇپ، مۇئمىن راھەتتە ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىدۇ. جاپادا بولسا سەۋر قىلىدۇ.

## 65. باب ئۆلۈمنى ياد ئېتىپ تۇرۇش ۋە يوقىلاڭ ئارزۇنى كۆپ قىلماسلىق توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿كُلُّ نَفْسٍ ذَآئِقَةُ الْمَوْتِ وَإِنَّمَا تُوَفَّوْنَ أُجُورَكُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَمَن زُحْزِحَ عَنِ النَّارِ وَأُدْخِلَ الْجَنَّةَ فَقَدْ فَازَ وَما الْحَيَاةُ الدُّنْيَا إِلاَّ مَتَاعُ الْغُرُورِ﴾ ﴿ھەر بىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر، سىلەرنىڭ ئەجرىڭلار قىيامەت كۈنى تولۇق بېرىلىدۇ. كىمكى دوزاختىن يىراق قىلىنغان ۋە جەننەتكە كىرگۈزۈلگەنىكەن، ئۇ مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ. دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئالدايدىغان مالدىنلا ئىبارەتتۇر (يەنى ئالدايدىغان نەرسە بولۇپ، ئازغىنا بەھرىمەن بولغاندىن كېيىن تۈگەيدۇ)﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال ئىمران 185 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَا تَدْرِي نَفْسٌ مَّاذَا تَكْسِبُ غَدًا وَمَا تَدْرِي نَفْسٌ بِأَيِّ أَرْضٍ تَمُوتُ إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ﴾ ﴿ھېچ ئادەم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، ھېچ ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە لوقمان 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿فَإِذَا جَاء أَجَلُهُمْ لاَ يَسْتَأْخِرُونَ سَاعَةً وَلاَ يَسْتَقْدِمُونَ﴾ ﴿ئۇلارنىڭ (ھالاك بولۇشى) ۋاقتى كەلگەندە، قىلچە ۋاقتىمۇ كېچىكتۈرۈلمەيدۇ، (ۋاقىت كەلمىسە) قىلچە ۋاقتىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلمەيدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە نەھىل 61 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تُلْهِكُمْ أَمْوَالُكُمْ وَلَا أَوْلَادُكُمْ عَن ذِكْرِ اللَّهِ وَمَن يَفْعَلْ ذَلِكَ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْخَاسِرُونَ۞ وَأَنفِقُوا مِن مَّا رَزَقْنَاكُم مِّن قَبْلِ أَن يَأْتِيَ أَحَدَكُمُ الْمَوْتُ فَيَقُولَ رَبِّ لَوْلَا أَخَّرْتَنِي إِلَى أَجَلٍ قَرِيبٍ فَأَصَّدَّقَ وَأَكُن مِّنَ الصَّالِحِينَ۞ وَلَن يُؤَخِّرَ اللَّهُ نَفْسًا إِذَا جَاء أَجَلُهَا وَاللَّهُ خَبِيرٌ بِمَا تَعْمَلُونَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! ماللىرىڭلار ۋە باللىرىڭلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ زىكرىدىن غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن، كىملەركى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر، بىرىڭلارغا ئۆلۈم كېلىپ: «پەرۋەردىگارىم نېمىشقا مېنى (يەنى ئەجىلىمنى) بىر ئاز كېچىكتۈرمىدىڭ، سەدىقە قىلىپ ياخشىلاردىن بولار ئىدىم»، دېيىشتىن بۇرۇن،



www.munber.org

ئۆزۈكلارغا رىزىق قىلىپ بېرىلگەن نەرسىلەرنى سەدىقە قىلىڭلار، ئاللاھ ھېچ ئادەمنى ئەجىلى كەلگەندە ھەرگىز كېچىكتۈرمەيدۇ. ئاللاھ قىلغۇاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە مۇنافىقۇن 11 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿حَتَّى إِذَا جَاء أَحَدَهُمُ الْمَوْتُ قَالَ رَبِّ ارْجِعُونِ۞ لَعَلِّي أَعْمَلُ صَالِحًا فِيمَا تَرَكْتُ كَلَّا إِنَّهَا كَلِمَةٌهُوَ قَائِلُهَا وَمِن وَرَائِهِم بَرْزَخٌ إِلَى يَوْمِ يُبْعَثُونَ۞ فَإِذَا نُفِخَ فِي الصُّورِ فَلَا أَنسَابَ بَيْنَهُمْ يَوْمَئِذٍ وَلَا يَتَسَاءلُونَ﴾ ﴿(ئۇلارنىڭ كۇففارلارنىڭ) بىرىگە ئۆلۈم كەلسە، ئېيتىدۇكى: «پەرۋەردىگارىم، مېنى (دۇنياغا) قايتۇرغىن، مەن قويۇپ كەلگەن مال ـ مۈلكۈم بىلەن ياخشىلىق قىلىشىم مۇمكىن». (ئۇنىڭ دۇنياغا قايتىشى) مۇمكىن ئەمەس، ئۇ چوقۇم شۇ سۆزنى قىلغۇچىدۇر. ئۇلار قەبرىلىرىدىن تۇرغۇزۇلغان كۈنگە قەدەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا (ئۇلارنى دۇنياغا قايتىشتىن توسىدىغان) بىر توسما بولىدۇ. سۇر چېلىنغان كۈندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇغقاندارچىلىق مەۋجۇت بولماي قالىدۇ، بىر ـ بىرىنىڭ (ئەھۋالىنىمۇ) سوراشمايدۇ﴾. دېگەن ئايەتتىن﴿ أَفَحَسِبْتُمْ أَنَّمَا خَلَقْنَاكُمْ عَبَثًا وَأَنَّكُمْ إِلَيْنَا لَا تُرْجَعُونَ﴾ ﴿ئىنسانلار بىزنى سىلەر ئۆزۈكلارنى بىكار ياراتتى (يەنى سىلەر بىزنى ھايۋانلارنى ياراتقىنىمىزدەك بىز ھېچقانداق ساۋابمۇ بەرمەيدىغان، جازامۇ بەرمەيدىغان قىلىپ ياراتتى) ئۆزۈكلارنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايمىز، دەپ ئويلامسىلەر؟﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە مۇئمىنۇن 99 ــــ 115 ـ ئايەتلەر)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿ أَلَمْ يَأْنِ لِلَّذِينَ آمَنُوا أَن تَخْشَعَ قُلُوبُهُمْ لِذِكْرِ اللَّهِ وَمَا نَزَلَ مِنَ الْحَقِّ وَلَا يَكُونُوا كَالَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ مِن قَبْلُ فَطَالَ عَلَيْهِمُ الْأَمَدُ فَقَسَتْ قُلُوبُهُمْ وَكَثِيرٌ مِّنْهُمْ فَاسِقُونَ﴾ ﴿مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ دىللىرى ئاللاھنىڭ زىكرىگە ۋە نازىل بولغان ھەقىقەتكە (يەنى قۇرئان ئايەتلىرىگە) ئېرىيدىغان ۋاقىت يەتمىدىمۇ؟ ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)دەك بولمىسۇن، (ئۇلار بىلەن پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى) زاماننىڭ ئۇزۇرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرى قېتىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھەدىد 16 ـ ئايەت)

574 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۈرەمنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «كُنْ فِي الدُّنْيَا كَأَنَّكَ غَرِيبٌ أَو عابرُ سَبِيلٍ» «دۇنيادا خۇددى مۇساپىر ياكى يولۇچىدەك بولغىن»، دېگەنىدى.

ئىبن ئۆمەر مۇنداق دەيتتى: «إِذا أَمسَيتَ، فَلا تَنْتَظِرِ الصَّبَاحَ، وَإِذَا أَصْبَحْتَ، فَلا تَنْتَظِرِ المَسَاءَ، وخذ مِن صِحَّتِكَ لَمَرَضِك وَمِن حَيَاتِكَ لَمَوتِكَ» «كەچقۇرۇنلۇقى ئەتىگەنلىكىڭنى كۈتمىگىن، ئەتىگەنلىكى كەچقۇرۇنلۇقىڭنى كۈتمىگىن، ساق ۋاقتىڭنى غەنىيمەت بىلىپ،

www.munber.org

كېسەل ۋاقتىڭدا قىلالمايدىغان ئىشلىرىڭنى قىلغۇال، ھاياتلىقىڭنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆلگەندىن كېيىن قىلالمايدىغان ئىشلىرىڭنى قىلغۇال».

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

575 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ما حَقُّ امْرِيءٍ مُسلِمٍ لَهُ شَيءٌ يُوصي فِيهِ. يبيتُ لَيْلَتَيْنِ إلاّ وَوَصِيَّتُهُ مَكْتُوبَةٌ عِنْدَهُ» «ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ۋەسىيەت قالدۇرغۇدەك بىر نەرسىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەسىيەت قالدۇرماي ئىككى كېچىنى ئۆتكۈزۈۋېتىشى توغرا بولمايدۇ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە، «يَبِيتُ ثَلاثَ لَيَالٍ» ئۈچ كېچە دېيىلگەن. ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇشۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن بۇيان ۋەسىيىتىم يېنىمدا بولمىغان بىرەر كېچىمۇ ئۆتمىدى».

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئالدىنئالا ۋەسىيەت يېزىپ قويۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، چۈنكى ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ قاچان ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغانلىقى. بۇ ئىئانە، ياردەم توغرىلۇق ۋەسىيەت قىلىشنى نىيەت قىلغان كىشىگە نىسبەتەن ئېيتىلغان. ئەمما قەرزنى ئادا قىلىش ياكى ئامانەتنى قايتۇرۇش توغرىسىدىكى ۋەسىيەت قالدۇرۇش ۋاجىپتۇر.

2) ئالدىنئالا ۋەسىيەت قالدۇرۇشنىڭ پەقەت كېسەل ئادەمگىلا خاس ئەمەسلىكى.

3) مۇئمىننىڭ ئۆلۈمنى دائىم ياد ئېتىپ تۇرۇشى ۋە ئۆلۈمگە تەييارلىنىشى لازىملىقى.


576 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر مۇنچە سىزىق سىزىپ مۇنداق دېگەن: «هَذا الإنسَانُ وَهَذا أَجَلُهُ. فَبَيْنَما هو كَذَلِكَ إِذ جَاءَ الخَطُّ الأَقْرَبُ» «مانا بۇ ئىنساننىڭ ئارزۇلىرى، مانا بۇ ئۇنىڭ ئەجىلى، ئىنسان بىخەۋەر يۈرگەندە يېقىن ئەجەل كېلىپ ئۇنى ئېلىپ كېتىدۇ».

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

577 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆت چاسا كاتەكچە سىزىپ ئۇ كاتەكچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇنىڭدىن چىقىپ كەتكەن بىر سىزىق سىزدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە كاتەكچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر مۇنچە ئۇششاق سىزىقلارنى سىزدى ۋە: «هَذَا الإنسَانُ، وَهَذَا أَجَلُهُ مُحِيطاً بِـهِ أو قَد أَحَاطَ بِـهِ وَهَذَا الَّذِي هُوَ خَارِجٌ أَمَلُهُ وَهَذِهِ الْخُطَطُ الصِّغَارُ الأَعْراضُ، فَإِنْ أَخْطَأَهُ هَذَا، نَهَشَهُ هَذا، وَإِنْ أَخْطَأَهُ هَذا نَهَشَهُ هَذا» «بۇ ئوتتۇرىدىكى سىزىق ئىنسان، ئۇنى ئوراپ تۇرغۇچى بۇ كاتەكچە بولسا ئۇنىڭ ئەجىلى. كاتەكچىدىن چىقىپ تۇرغىنى بولسا، ئۇنىڭ ئارزۇسى. بۇ كىچىك سىزىقلار بولسا دۇنيادىكى پايدىلىنىدىغان نەرسىلەردۇر. ئەگەر كىشى بىر كىچىك سىزىقتىن

www.munber.org

قۇتۇلسا، يەنە بىر كىچىك سىزىق چىرمىۋالىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىنمۇ قۇتۇلسا، يەنە بىرى چىرمىۋالىدۇ»، دېدى. — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.



ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ماھىر ئۇستاز ئىكەنلىكى، ساھابىلىرىنىڭ ئاسان چۈشىنىشى ئۈچۈن مەزمۇننى ئېنىق مىساللار بىلەن چۈشەندۈرىدىغانلىقى.

2) مۆئمىننىڭ ھاياتىنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا ئۈمىد باغلىماستىن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ۋە تەۋبىگە ئالدىرىشى لازىملىقى.

578 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «بَادِرُوا بِالأَعْمَالِ سَبْعاً، هَل تَنْتَظِرُونَ إلاَّ فَقْراً مُنْسِياً، أَو غِنَى مُطغِياً، أَوْ مَرَضاً مُفسِداً، أَو هَرَماً مُفَنِّداً، أَو مَوتاً مُجْهِزاً، أَو الدَّجَّالَ، فَشَرُّ غَائِبٍ يُنْتَظَرُ، أَوِ السَّاعَةَ وَالسَّاعَةُ أَدْهَى وأَمَرُّ؟» «بېشىڭلارغا مۇنداق يەتتە تۈرلۈك ئىش كەلگۈچە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراڭلار. سىلەرنى كۈتۈپ تۇرىدىغىنى: ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرغۇچى نامراتلىق، يولدىن چىقارغۇچى بايلىق، بەدەننى كاردىن چىقارغۇچى كېسەللىك، ئەقىلنى ئاجىزلاتقۇچى قېرىلىق، تېز كەلگۈچى ئۆلۈم، يولدىن چىقارغۇچى، ئازدۇرغۇچى دەججال ياكى سىلەرنى كۈتۈپ تۇرغۇچى قىيامەتتۇر، قىيامەت بولسا ئەڭ قاتتىق ۋە دەھشەتلىكتۇر». — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدىغان نەرسىلەرنى ساناپ، ئىنساننى ئاگاھلاندۇرغان.

579 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «أَكْثِرُوا ذِكْرَ هَاذِمِ اللَّذَّاتِ» «ئۆلۈمنى كۆپ ياد ئېتىڭلار». — تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مۆئمىننىڭ مەيلى ساق ياكى كېسەل ۋاقتىدا ئۆلۈمنى قەلبىدە ياد ئېتىپ تۇرۇشى، تىلىدا زىكىر قىلىپ نەزەردە تۇتۇشى ئۇنى گۇناھتىن يىراق، تائەت ـ ئىبادەتكە تېخىمۇ يېقىن ۋە ھېرىس قىلىدىغانلىقى.

580. ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۆتسە، ئورنىدىن تۇرۇپ: «يا أيها

www.munber.org

النَّاسُ اذْكُرُوا اللّٰه جَاءَتِ الرَاجِفَةُ تَتْبَعُهَا الرَّادِفَةُ، جاءَ المَوْتُ بما فِيهِ، جاءَ المَوْتُ بما فِيهِ» «ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد ئېتىڭلار، بىرىنچى سۇر چېلىنىدىغان ۋاقىت يېتىپ كېلىپ قالدى. ئۇنىڭغا ئىككىنچى سۇر ئەگىشىدۇ، ئۆلۈم دەھشەت بىلەن كېلىدۇ. ئۆلۈم دەھشەت بىلەن كېلىدۇ»، دەيتتى. مەن: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مەن ساڭا كۆپ دۇرۇد ئېيتاي دەيمەن، دۇئايىمنىڭ قانچىلىكىنى ساڭا دۇرۇد ئېيتىشقا قاراتسام بولار؟»، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ما شِئْتَ» «خالىغىنىڭچە»، دېدى. مەن: «تۆتتىن بىرى بولارمۇ؟»، دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ما شِئْتَ» «خالىغىنىڭچە»، دېدى. مەن: «يېرىمىنى قىلايمۇ؟»، دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ما شِئْتَ» «خالىغىنىڭچە»، دېدى. مەن: «ئۈچتىن ئىككىسىنى قىلايمۇ؟»، دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ما شئْتَ، فَإِنْ زِدتَ فَهُوَ خَيْرٌ لكَ» «خالىغىنىڭچە قىلغىن، ئەگەر كۆپەيتسەڭ ئۆزۈڭ ئۈچۈن ياخشى»، دېدى. مەن: «بارلىق دۇئالىرىمنى ساڭا دۇرۇد ئوقۇشقا قاراتسامچۇ؟»، دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إذاً تُكفي هَمَّكَ، ويُغْفَرُ لكَ ذَنْبُكَ» «ئۇ چاغدا غەم ـ قايغۇڭنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە كۇپايە قىلىدۇ، گۇناھلىرىڭ مەغفىرەت قىلىنىدۇ»، دېدى. — ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇئا قىلىشنىڭ پەزلى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېلىپ بارىدىغان يولغا باشلاشقا ھېرىس ئىكەنلىكى.

3) بەندىنىڭ بىرەر مەقسەت ئۈچۈن (تەكەببۇرلۇقتىن ساقلىنىشقا ئېشەنچى بولغان ئەھۋال ئاستىدا) ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى تىلغا ئېلىشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

## 66. باب ئەرلەر قەبرە يوقلىسا بولىدىغانلىقى ۋە قەبرە يوقلىغۇچىنىڭ ئوقۇيدىغانلىرى توغرىسىدا

581 ـ بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كُنْتُ نَهَيْتُكُمْ عَنْ زِيارَةِ القُبُورِ فَزُوروها» «سىلەرنى قەبرىنى زىيارەت قىلىشتىن چەكلىگەنىدىم، ئەمدى قىلساڭلار بولىدۇ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) قەبرىنى زىيارەت قىلىشنىڭ جائىز ئىكەنلىكى. ئۆلىمالار ئەرلەرنىڭ دادىسى، دوستىغا ئوخشاش يېقىن ئادەملىرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن قەبرىنى زىيارەت قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن، چۈنكى قەبرىنى زىيارەت قىلىش كىشىگە ئاخىرەتنى ئەسلىتىدۇ، ئۆلۈم ۋە قەبرىدىكى سوئال ـ سوراق، ھېساب ـ كىتابلارنى ئەسكە سېلىش بىلەن دىللارنى ئېرىتىدۇ.

2) ئەمما ئاياللارنىڭ قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشى يامان كۆرۈلىدۇ. شۇنداقلا بۇ ھەقتە چەكلەش بايان قىلىنغان. ئەگەر ئاياللارنىڭ قەبرىنى زىيارەت قىلىشى پىتنە ياكى ئاۋازىنى يۇقىرى



www.munber.org

كۆتۈرۈپ يىغلاشتەك شەرىئەتتە چەكلەنگەن ئىشلار بىلەن باغلىنىپ قالسا ئۇلارنى زىيارەتتىن چەكلەش كېرەك. ئەگەر ئۆلگۈچى ئايالنىڭ ناھايىتى يېقىن ئادىمى بولسا. شۇنداقلا ئايالنىڭ قەبرىنى زىيارەت قىلىشى شەرىئەتتە چەكلەنگەن ئىشلار بىلەن باغلانمىسا، قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشى مۇباھ ھېسابلىنىدۇ.

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

4) ئىسلام شەرىئىتىدە بەزى ئەھكاملارنىڭ نەسخى (ئەمەلدىن قالدۇرۇش) قىلىنىشى جائىز ئىكەنلىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەسلەپتە جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئادەتلىرى تەلتۆكۈس يوقالمىغانلىقىنى، بۇتپەرەسلىكنىڭ يوقالمىغانلىقىنى ۋە كىشىلەرنىڭ قەبرە بېشىدا ئىسلام دىنىدا چەكلەنگەن ھۇ تارتىپ يىغلاشلىرىدەك قىلمىشلارنى كۆزدە تۇتۇپ كىشىلەرنى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشتىن چەكلىگەن.

5) ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىلىرى پۇختا ئورنىتىلغان، ئەھكاملىرى روشەنلەشكەن، ئۇمىد ئەقىدىسى كىشىلەر قەلبىگە مەھكەم ئورناشقاندىن كېيىن چەكلەشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشقا رۇخسەت قىلغان.

**582 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قاچان ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ نۆۋەت كېچىسى بولسا، كېچىنىڭ ئاخىرىدا بەقى قەبرىستانلىقىغا چىقىپ:** «السَّلامُ عَلَيْكُمْ دَارَ قَوْمٍ مُؤمِنِينَ، وأَتَاكُمْ ما تُوعَدُونَ، غَداً مُؤَجَّلُونَ، وإِنَّا إِنْ شَاءَ اللَّهُ بِكُمْ لاحِقُونَ، اللَّهُمَّ اغْفِرْ لأَهْلِ بَقِيعِ الغَرْقَدِ» **«ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە سالام! ۋەدە قىلىنغان نەرسىلەر سىلەرگە كەلدى، ئەتە كۆز ئالدىڭلارغا ھازىر بولىدۇ، ئەگەر ئاللاھ تائالا خالىسا، بىزمۇ سىلەرگە قوشۇلىمىز، ئى ئاللاھ! بەقىدىكىلەرنى مەغفىرەت قىلغىن»، دەيتتى.** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) قەبرىدىكىلەرگە سالام بېرىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈلگە بېرىپ، ئۇلار ئۈچۈن ئىستىغفار ئېيتىپ دۇئا قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) كېچىدە قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

**583 ـ بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، قاچانكى كىشىلەر قەبرىستانلىققا چىقماقچى بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى تەلىم بېرەتتى:** «السَّلامُ عَلَيكُمْ أَهْلَ الدِّيارِ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ والْمُسْلِمِينَ وَإِنَّا إِنْ شَاءَ اللَّهُ بِكُمْ لاَحِقُونَ، أَسْأَلُ اللَّه لَنَا وَلَكُمُ العافِيَةَ» **«ئى مۇئمىن مۇسۇلمانلار! سالام سىلەرگە! ئاللاھ تائالا خالىسا بىزمۇ سىلەرگە قوشۇلىمىز. ئاللاھ تائالادىن بىز ئۈچۈن ۋە سىلەر ئۈچۈن ئامانلىق تىلەيمىز».** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**584 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە قەبرىستانلىقىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، قەبرىستانلىققا يۈز كەلتۈرۈپ:** «السَّلامُ عَلَيْكُمْ يا أَهْلَ القُبُورِ، يَغْفِرُ اللَّهُ لَنا وَلَكُمْ، أَنْتُم سَلَفُنا ونَحْنُ بالأَثَرِ» **«ئى قەبرە ئەھلى!**



www.munber.org

سىلەرگە سالام! ئاللاھ تائالا بىزنى ۋە سىلەرنى ئەپۇ قىلغاي، سىلەر بىزدىن بۇرۇن كەلگۈچىلەر، پات يېقىندا بىزمۇ سىلەرگە ئەگىشىپ كېلىمىز»، دېدى.

— تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئۆلۈكلەرگە ئالدىنى قىلىپ يۈزلىنىپ تۇرۇپ سالام بېرىش ۋە دۇئا قىلىش قەبرىنى زىيارەت قىلىشنىڭ ئەدەبلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى.

## 67. باب زىيان ـ زەخمەتكە يولۇقۇش تۈپەيلىدىن ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، لېكىن دىندا پىتنىگە قېلىشتىن قورقۇپ ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلسا كارايىتى يوقلۇقى توغرىسىدا

**585** ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا يَتَمَنَّ أَحَدُكُمُ المَوْتَ إِمَا مُحسِناً، فَلَعَلَّهُ يَزْدادُ، وَإِمَّا مُسِيئاً فَلَعَلَّهُ يَسْتَعْتِبُ» «سىلەردىن بىرەرسى ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىسۇن، ئۇ كىشى ئەگەر ياخشى كىشى بولسا، بەلكىم ياخشىلىقىنى كۆپەيتىۋېلىشى مۇمكىن، ئەگەر يامان كىشى بولسا تەۋبە قىلىۋېلىشى مۇمكىن». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن، دېيىلگەن: «لا يَتَمَنَّ أَحَدُكُمُ المَوْتَ، وَلا يَدْعُ بِهِ مِنْ قَبْلِ أَنْ يَأْتِيَهُ، إِنَّهُ إِذا ماتَ انْقَطَعَ عَمَلُهُ، وَإِنَّهُ لا يَزِيدُ المُؤْمِنَ عُمْرُهُ إِلاَّ خَيراً» «سىلەردىن بىرەرسى ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ، ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى تىلەپ دۇئا قىلمىسۇن، چۈنكى مۇئمىن ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەملى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ، ھەقىقەتەن مۇئمىننىڭ ئۆمرىنىڭ زىيادە بولۇشى مۇئمىن ئۈچۈن پەقەت ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى زىيادە قىلىدۇ».

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەجىلى يېتىشتىن ئىلگىرى ئاللاھ تائالادىن ئۆلۈمنى تىلەشنىڭ يامان ئىكەنلىكى، چۈنكى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ تەقۋالىق بىلەن ياشىسا ئاللاھ تائالا ئالدىدىكى ياخشىلىقلىرى كۆپىيىدىغانلىقى، شۇڭا ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە: « خَيْرُ النَّاسِ مَنْ طَالَ عُمْرُهُ وَحَسُنَ عَمَلُهُ » « كىشىلەرنىڭ ياخشىسى ئۆمرى ئۇزۇن بولۇپ، ياخشىلىقلىرى زىيادە بولغان كىشىدۇر »، دېگەن.

2) ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن ئەمەللىرى توختاپ ھېساب ـ كىتاب دەپتىرىنىڭ يېپىلىدىغانلىقى، ئۇ چاغدا پەقەت مۇشۇ دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدىغانلىقى.

**586** ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا يَتَمَنَّيَنَّ أَحَدُكُمُ المَوْتَ لِضُرٍّ أَصَابَهُ فَإِنْ كانْ لابُدَّ فاعِلاَ، فَلْيَقُل: اللَّهُمَّ أَحْيِني ما كانَتِ الحَياةُ خَيْراً لي، وتَوَفَّني إِذا كانَتِ الوفاةُ خَيراً لي» «سىلەردىن بىرەرسى ئۆزىگە كەلگەن بەختسىزلىك سەۋەبىدىن ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىسۇن، ئەگەر ئۆلۈم تىلەشكە مەجبۇر



www.munber.org

بولۇپ قالسا: ‹ئى ئاللاھ! ئەگەر ھايات قېلىشىم ماڭا ياخشى بولسا، مېنى ھايات قالدۇرغىن. ئەگەر ئۆلۈمۈم ماڭا ياخشى بولسا، مېنى قەبزى روھ قىلغىن›، دېسۇن». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مۇسۇلمانغا دۇنيالىقدا زىيان ـ زەخمەت، خاپىلىق يېتىپ قالسا ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ تىلەشنىڭ يامان ئىش ئىكەنلىكى، چۈنكى بۇنداق قىلىش شۇ بەندىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ پۈتكەن تەقدىرىگە نارازى بولۇش مەنىسىنى بىلدۈرۈپ قالىدىغانلىقى.

2) بەندىنىڭ خاپىلىق، ئەزىيەت تارتقاندا ھەدىستە ئېيتىلغان دۇئا بىلەن دۇئا قىلىشىنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكى، چۈنكى بۇ دۇئا بەندىنىڭ ئىشلارنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە ئاقىۋىتىنى بىلگۈچى ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىگە تولۇق بويسۇنغانلىقىنى كۆرسىتىدىغانلىقى.

587 ـ قەيس ئىبنى ئەبۇ ھازىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز خەبباب ئىبنى ئەرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يوقلاپ كەلگەنىدۇق. ئۇ داۋالىنىش مەقسىتىدە بەدىنىنىڭ يەتتە يېرىنى داغلاتقانىكەن. ئۇ: «ھەقىقەتەن بىزنىڭ بۇرۇنقى ھەمراھلىرىمىز ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇلار دۇنيانىڭ ھوزۇر ـ ھالاۋىتىدىن بەھرىمەن بولمىدى، بىز بولساق نۇرغۇن ماللارغا ئېرىشىپ، ئۇنى قويىدىغانغا تۇپىدىن باشقا جاي تاپالمىدۇق (يەنى ئېھتىياجدىن ئارتۇق مال تۇپلاپ، ئۇنى ساقلاشقا تۇپىدىن باشقا جاي تاپالمىدۇق. ياكى بولمىسا ئىمارەتلەرنى سېلىپ ئۇنى ئىجارىگە بېرىپ، كىرىم قىلماقچى بولدۇق). ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى ئۆلۈمنى تىلەشتىن چەكلىمىگەن بولسا، چوقۇم ئۆلۈمنى تىلەپ دۇئا قىلاتتىم»، دېدى. ئاندىن ئۇنىڭ قېشىغا ئىككىنچى قېتىم كەلگىنىمىزدە، ئۇ تام ياساۋاتقانىكەن. ئۇ: «مۇسۇلمان ئادەم مۇشۇ تۇپىغا سەرپ قىلغانلىرىدىن باشقا خەجلىگەن ھەر بىر مېلى ئۈچۈن چوقۇم ساۋابقا ئىگە بولىدۇ»، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

## 68 ـ باب پەرھىزكار بولۇش ۋە شۈبھىلىك نەرسىلەرنى تەرك ئېتىش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿تَحْسَبُونَهُ هَيِّنًا وَهُوَ عِندَ اللَّهِ عَظِيمٌ﴾ ﴿ئۇنى سەل چاغلىدىڭلار، ھالبۇكى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئۇ چوڭ گۇناھتۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە نۇر 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ رَبَّكَ لَبِالْمِرْصَادِ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭ (بەندىلەرنى) ئەلۋەتتە كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە فەجىر 14 ـ ئايەت)

588 ـ نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إنَّ الحَلاَلَ بَيِّنٌ، وإنَّ الحَرامَ بَيِّنٌ، وَبَيْنَهما مُشْتَبِهاتٌ لاَ يَعْلَمُهُنَّ كَثِيرٌ مِنَ النَّاسِ، فَمَن اتَّقى الشُّبُهاتِ، اسْتَبْرَأَ لِدِينِهِ وعِرْضِهِ، وَمَنْ وَقَعَ في الشبُهاتِ، وقَعَ في الحَرامِ، كالرَّاعي



www.munber.org

يرْعى حَوْلَ الحِمى يُوشِكُ أَنْ يَرْتَعَ فِيهِ، أَلاَ وإِنَّ لِكُلِّ مَلِكٍ حِمًى، أَلاَ وَإِنَّ حِمَى اللَّهِ مَحَارِمُهُ، أَلاَ وإِنَّ في الجسَدِ مُضغَةً إذا صلَحَت صَلَحَ الجسَدُ كُلُّهُ، وَإِذا فَسَدَتْ فَسدَ الجَسَدُ كُلُّهُ: أَلاَ وَهِي القَلْبُ» «ھالال ئىشلارمۇ ئېنىق كۆرستىلگەن، ھارام ئىشلارمۇ ئېنىق كۆرستىلگەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شۈبھىلىك (ھالالغىمۇ، ھارامغىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇقالمايدىغان، ھۆكمى ئېنىق بەلگىلەنمىگەن ئىشلار. — ت) ئىشلار بار، شۈبھىلىك ئىشلاردىن ھەزەر قىلغان ئادەم دىنىنى ۋە نومۇسىنى ئادالىغ تۇتقان بولىدۇ. شۈبھىلىك ئىشلارنى قىلغان ئادەم ھارامغا دۇچار بولۇپ، چارىگاھنىڭ چۆرىسىدە پادا باققۇچى پادىچىغا ئوخشايدۇ. پادا چارىگاھقا كىرىپ قېلىشى مۇمكىن، ھەر پادىشاھنىڭ بىر چارىگاھى بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ زېمىندىكى چارىگاھى بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ ھارام قىلىپ بېكىتكەن ئىشلىرىدىن ئىبارەت. قۇلاق سېلىڭلار، ئىنساننىڭ بەدىنىدە بىر پارچە گۆش بولىدۇ، بۇ گۆش تۈزەلسە پۈتۈن بەدەن تۈزۈلىدۇ، ئۇ بۇزۇلسا پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ يۈرەكتىن ئىبارەت».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھالالنى قوبۇل قىلىپ ھارامدىن يىراق بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

2) شۈبھىلىك ئىشلاردىن ساقلىنىش كېرەكلىكى.

3). بەدەننى ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، بۇنى ئىچىدىن، يەنى قەلبىنى تۈزەشتىن باشلاش كېرەكلىكى.

4) بەدەننىڭ تىرىكچىلىك ئىشلىرى ۋە ھۈنەر ـ كەسپتە شۈبھىلىك مەسىلىلەرگە سەل قارىشى بارا ـ بارا ھارام، گۇناھلىق ئىشلارنى قىلىپ سېلىشقا ئېلىپ بارىدىغانلىقى.

**589** ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى يولدىن بىر تال خورما تېپىۋېلىپ مۇنداق دېگەن: «لَوْلاَ أَنِّي أَخافُ أَنْ تَكُونَ مِنَ الصَّدَقَةِ لأَكَلْتُها» «ئەگەر مەن ئۇنىڭ سەدىقە بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمىگەن بولسام، ئەلۋەتتە يېگەن بولاتتىم». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاجىپ ۋە مەندۇپ سەدىقىلەرنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس خۇسۇسىيىتى ئىكەنلىكى، بۇنىڭدىكى ھېكمەت كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى ئېلىشتىن پاك بولۇش ۋە دۇنيانى دوست تۇتماسلىق ئىكەنلىكى.

2) كىشى يولدا ئۇچرىغان ئەرزىمەس ئۇششاق نەرسىلەرنى ئېلىپ پايدىلانسا دۇرۇس بولىدىغانلىقى.

3) بەدەننىڭ توغرۇلۇقىغا شەكلەنگەن ئىشنى قىلماسلىقى لازىملىقى.



www.munber.org

590. نەۋۋاس ئىبنى سىمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «البرُّ حُسنُ الخُلُقِ وَالإثمُ ما حاكَ في نفسِكَ، وكَرِهْتَ أنْ يَطَّلَعَ عَلَيْهِ النَّاسُ» «ياخشىلىق دېگەن گۈزەل ئەخلاقتۇر. گۇناھ دېگەن كۆڭلۈڭ غەش بولغان، كىشىلەرنىڭ ئۇنى بىلىپ قېلىشىنى سەن ياقتۇرمىغان ئىشلاردۇر».

—— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىسلام دىنىدا گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقى.

2) گۇناھنىڭ ئىككى تۈرلۈك ئالامىتى بولىدىغانلىقى ئۇنىڭ بىرى كىشىنىڭ يۈرىكىنى تاتىلاپ ئارام بەرمەيدىغانلىقى، يەنە بىرى كىشىنىڭ ئۇنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورقىدىغانلىقى.

3) ھەدىستە ئىنساننىڭ تەبىئىتىدە ياخشىلىققا ئىنتىلىدىغان، يامانلىقنى ئەيىبلەيدىغان تەبئىي تۇيغۇ بولىدىغانلىقىغا دەلىل بارلىقى.

4) بەندە كۆڭلىدە بىرەر يامانلىقنى ئويلاپ، ئۇنى سۆزلىمىسە ۋە قىلمىسا ھېچقانداق گۇناھ بولمايدىغانلىقى.

5) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان پاساھەت ـ بالاغەت بىلەن سۆزلەش خۇسۇسىيىتى بۇ ھەدىستە ئىپادىلەنگەن، بۇ ھەدىستە ئىخچام سۆزلەر ئارقىلىق چوڭقۇر مەنىنى بايان قىلغان.

591 ـ ۋابىسە ئىبنى مەئبەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جِئْتَ تسألُ عنِ البِرِّ؟» «ياخشىلىقلار توغرۇلۇق سوراپ كەلدىڭمۇ؟»، دېدى. مەن: «ھەئە»، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اسْتَفْتِ قَلْبَكَ، البِرُّ: ما اطْمَأَنَّتْ إِلَيْهِ النَّفْسُ، واطْمَأَنَّ إِلَيْهِ القَلْبُ، والإثمُ ما حاكَ في النَّفْسِ وتَرَدَّدَ في الصَّدْرِ، وإِنْ أَفْتَاكَ النَّاسُ وَأَفْتَوكَ» «قەلبىڭدىن سورا، ياخشىلىق دېگەن كۆڭلۈڭ تىنغان، دىلىڭ خاتىرجەم بولغان نەرسىدۇر. گۇناھ دېگەن، گەرچە كىشىلەر ساڭا پەتىۋا بەرگەن بولسىمۇ كۆڭلۈڭنى غەش قىلىدىغان ۋە دىلىڭدا ئىككىلىنىش پەيدا قىلىدىغان نەرسىدۇر»، دېدى. —— ئەھمەد ۋە دارىمى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشلار يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى بۇنى بىلىدىغان ئالاھىدىلىكى بارلىقى. سوئال سورىغۇچى سوراشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلىدىغانلىقى.

2) كىشىنى كۆڭلىدە ھارام بولۇپ قېلىشتىن قورققان شۈبھىلىك ئىشلارنى قىلماي تەرك ئېتىشكە بۇيرۇغان.

592 ـ ئۇقبە ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ ئەبۇ ئىھاب ئىبنى ئەزىزنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەنىدى. ئۇنىڭ ئالدىغا بىر ئايال كېلىپ: «ھەقىقەتەن مەن ئۇقبە ۋە ئۇنىڭ ئايالىنى ئېمىتكەنىدىم»، دېدى. ئۇقبە ئۇ ئايالغا: «مەن سېنىڭ مېنى ئېمىتكەنلىكىڭنى بىلمەيدىكەنمەن، ماڭا بۇرۇن دېمىگەن ئىدىڭ»، دېدى. ئۇ ئۇلىغىغا مىنىپ، مەدىنىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ



www.munber.org

يېنىغا بېرىپ بۇ ئىش توغرۇلۇق سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كَيْفَ، وَقَدْ قِيلَ؟» «سەلەرنى ئېمىلدەش دېگەن تۇرسا، قانداقمۇ بىر يەردە بولسىلەر»، دېدى. ئۇقبە ئۇ ئايالدىن ئاجرىشىپ كەتتى. ئاندىن ئۇ ئايال باشقا بىرىگە تەگدى.

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**593** ـ ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن «دَعْ ما يَرِيبُكَ إِلَى مَا لا يَرِيبُك» «سېنى شەككە سالىدىغان نەرسىنى تاشلاپ، سېنى شەككە سالمايدىغان نەرسىنى تۇتقىن»، دېگەن سۆزنى يادلىۋالغانىدىم.

— ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

**594** ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر غۇلامى بولۇپ، ئىشلەپ تاپقان نەرسىنىڭ بىر قىسمىنى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە بېرەتتى. ئەبۇ بەكرى شۇنى ئىستېمال قىلاتتى. بىر كۈنى ئەبۇ بەكرى غۇلام ئېلىپ كەلگەن نەرسىدىن يېدى. ئۇ بالا: «بۇنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلەمسەن؟»، دېدى. ئەبۇ بەكرى: «ئۇ قانداق كەلگەن؟»، دېۋىدى. ئۇ بالا: «مەن جاھىلىيەت دەۋرىدە بىر كىشىگە پال سېلىپ بەرگەنىدىم. ئەمەلىيەتتە مەن پالچىلىقنى بىلمەيمەن. پەقەت ئۇنى ئالدىغانىدىم. ئۇ ماڭا ئۇچراپ قېلىپ سەن يېگەن شۇ نەرسىنى مېنىڭ پال سېلىپ بەرگەنلىكىم ئۈچۈن بەردى»، دېۋىدى، ئەبۇ بەكرى قولىنى ئېغىزىغا تىقىپ، يېگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ياندۇرۇۋەتتى.

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزلى، تەقۋادارلىقى. جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئادەتلىرىدىن ئۇزۇل ـ كېسىل چەك ـ چېگرا ئايرىغانلىقى.

**595** ـ نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قېتىملىق تەقسىماتتا ئالدىنقى مۇھاجىرلارغا 4000 دەرھەم، ئوغلىغا 3500 دەرھەم تەيىن قىلىپ بەردى. ئۇنىڭغا: «ئوغلۇڭمۇ مۇھاجىرلاردىنغۇ، ئۇنىڭغا كەم بەردىڭغۇ؟»، دېيىلگەندە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۇنى ئاتىسى ھىجرەت قىلدۇرغان، ئابدۇللاھ ئۆزى ھىجرەت قىلغان كىشىگە ئوخشىمايدۇ»، دېدى.

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ياش چېغىدا دادىسى، ئانىسى بىلەن بىللە ھىجرەت قىلغان. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يالغۇز ھىجرەت قىلغان شۇنداقلا ھىجرەت ۋە سەپەرنىڭ جاپاسىنى تارتقان مۇھاجىردىن پەرقلەندۈرۈش، تەقۋادارلىق ۋە ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا 500 دىرھەمنى ئاز بەرگەن.

**596** ـ ئەتىييە ئىبنى ئۇرۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لايبلغ العبدُ أنْ يكون من المتقين حتى يَدَعَ مالا بَأس بِهِ



www.munber.org

حَذراً مما بِهِ بَأسٌ» «بەندە شۇبھىلىك نەرسىلەردىن ئېھتىيات قىلىش يۈزىسىدىن باك يوق نەرسىلەرنىمۇ تەرك ئەتمىگۈچە تەقۋادارلاردىن بولالمايدۇ». — ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) شۇبھىلىك ئىشلاردىن ھەزەر ئەيلەش، ئىشەنچلىك پاكىت بىلەن ھالاللىقى ئېنىقلانمىغان نەرسىنى قوبۇل قىلىشتىن ساقلىنىش.

2) بەندىنىڭ نەپسىنى شۇبھىلىك، مۇجمەل نەرسىلەردىن ساقلىشى ۋە ئۇنىڭدىن يىراق بولۇشى تەقۋادارلىقنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر.

## 69. باب زامان بۇزۇلغاندا ياكى دىندا پىتنىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىشتىن ۋە ھارام شۇبھىلىك ئىشلارغا ئارىلىشىپ ياكى يولۇقۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەندە، كىشىلەردىن ئايرىلىپ تۇرۇشنىڭ ياخشى سانىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَفِرُّوا إِلَى اللَّهِ إِنِّي لَكُم مِّنْهُ نَذِيرٌ مُّبِينٌ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئاللاھ تەرەپكە قېچىڭلار، (يەنى ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىڭلار) مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن (كەلگەن) ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە زارىيات 50 ـ ئايەت)

597 ـ سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «إنَّ اللَّه يُحِبُّ العَبدَ التَّقِيَّ الغَنِيَّ» «ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن پەرھىزكار، روھى باي، ئۆزىنى كۆرسىتىشنى ياقتۇرمايدىغان بەندىسىنى ياخشى كۆرىدۇ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

598 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، بىر كىشى: «ئى رەسۇلۇللاھ! كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى كىم؟»، دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مُؤْمِنٌ مجَاهِدٌ بِنَفسِهِ وَمَالِهِ في سبيل اللّه» «جېنى ۋە مېلى بىلەن ئاللاھ تائالا يولىدا جىھاد قىلغۇچى»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ثم رَجُلٌ مُعتَزِلٌ في شِعْبٍ مِن الشِّعَاب يَعبُدُ رَبَّهِ» «ئاندىن كېيىن تاغ ـ جىلغىلاردا كىشىلەردىن ئايرىلغان ھالدا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدىغان ئادەم»، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «يتَّقي اللّه، ويَدَعُ النَّاسَ مِن شَرِّهِ» «ئاللاھ تائالادىن قورققان ۋە كىشىلەرگە يامانلىق تەگمەيدىغان كىشى»، دېيىلگەن.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىنسانىنىڭ بىلىشكە پەرز بولغان دىنىي مەسىلىلەرنى سوراپ بىلىۋېلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىش پىتنە پاساتقا سەۋەب بولغان چاغدا، بەندىنىڭ كىشىلەردىن ئايرىلىپ ئۇلارغا ئارىلاشماي ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن ياشىشىنىڭ پەزلى.

**599 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «يُوشِكَ أَنْ يَكُونَ خَيْرَ مَال الْمُسْلِم غَنَمٌ يَتَّبَّعُ بهَا شَعَفَ الجِبَال. ومواَقِعَ الْقَطْرِ يَفِرُّ بِدِينِهِ من الفِتنِ» **«پات يېقىندا مۇسۇلماننىڭ مېلىنىڭ ياخشىسى قوي بولۇپ قالىدۇ. مۇسۇلمانلار دىنىنى پىتنىلەردىن ساقلاش يۈزىسىدىن قويلىرىنى ھەيدەپ تاغ جىلغىلىرىدا، ئوتلاقلاردا ياشايدۇ».** — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ھەدىستە مۇسۇلمانلارغا يۈزلىنىدىغان ئۇلارنىڭ ھۈنەر ـ كەسپلىرىگە ھارام ئارىلىشىپ بۇلغىنىپ كېتىدىغان، گۇناھلىق ئىشلارنىڭ ئىشىكلىرى ئۇلارغا ئېچىلغان كەلگۈسىدىكى ھالەتتىن ئالدىن خەۋەر بېرىلگەن. مۇنداق چاغدا كىشىنىڭ دىنىنى قوغداپ ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بۇلغانغان يەردىن باشقا يەرگە كېتىشى ئەڭ ئەۋزەل تائەت ئىبادەت ئىكەنلىكى، ھالال كەسپ بىلەن شۇغۇللىنىشى لازىملىقى.

**600. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «ما بَعَثَ اللّه نَبِيًّا إِلاَّ رَعَى الْغَنَمَ» **«ئاللاھ تائالا ئەۋەتكەنلىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى قوي باققان». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى: «ئى رەسۇلۇللاھ! سەنمۇ قوي باققانمۇ؟»، دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «نَعَمْ، كُنْت أَرْعَاهَا عَلى قَرارِيطَ لأَهْلِ مَكَّةَ» **«ھەئە، مەنمۇ مەككىلىكلەرنىڭ قويىنى بىر نەچچە تەڭگىگە باقاتتىم»، دېگەن.** — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەرلەرنىڭ كەمتەرلىكى، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئادەتتىكى كەسپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى.

2) كىرىمى ئاز بولسىمۇ ھالال كەسپ بىلەن شۇغۇللىنىش لازىملىقى.

3) پادا بېقىش ئاددى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كىشىلەرگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە مۇئامىلە قىلىدىغان، سەۋرنى ۋە كىشىلەرنى زىياندىن ساقلاپ ئۇلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدىغان ئىش ئىكەنلىكى.

**601 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «مِنْ خَير مَعَاشِ النَّاسِ رَجُلٌ مُمْسِكٌ عِنَانَ فَرسِهِ في سَبِيلِ اللّه، يَطيرُ عَلى مَتنِهِ، كُلَّمَا سَمِعَ هَيْعَةً أَوْ فَزْعَةً، طارَ عَلَيْهِ يَبْتَغِي الْقَتلَ، أَو المَوْتَ مظَانَّه، أَوْ رَجُلٌ في غُنَيمَةٍ في رَأْسِ شَعَفَةٍ مِن هَذهِ الشَّعَفِ، أَوْ بَطنِ وادٍ مِن هَذهِ الأَوديَةِ، يُقِيم الصَّلاةَ ويُؤتي الزَّكاةَ، ويَعْبُد رَبَّهُ حتَّى يَأْتِيَهُ اليَقِينُ لَيسَ مِنَ النَّاسِ إِلاَّ في خَيْرٍ» **«كىشىلەرنىڭ ھاياتىدا مۇنداق ئادەمنىڭ ھاياتى ياخشىكى، ئۇ كىشى ئاللاھ تائالا يولىدا ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ. ھەر قاچان جەڭ ئاۋازىنى**



www.munber.org

ئاڭلىسا، دۈشمەننى ئۆلتۈرۈش ياكى ئاللاھ تائالا يولىدا شېھىت بولۇشنى، ياكى ياۋنى ئۆلتۈرۈشنى كۆزلەپ ئۇچقاندەك چاپىدۇ. ياكى مۇنداق بىر كىشى بولۇپ، قويى بىلەن مۇشۇ تاغ چوققىلىرىدىن بىر چوققا، ياكى جىلغىلاردىن بىر جىلغىدا تۇرۇپ تاكى ئەجىلى توشقۇچە ناماز ئوقۇپ، زاكات بېرىپ، پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدۇ، كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەنە شۇلار ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كىشىلەردىن يىراق ھالدا پادا بېقىشتەك ھالال كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش كىشىنىڭ نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلىشىغا، كىشىلەرنىڭ ھەققىنى جايىدا ئادا قىلىشىغا تەسىر يەتكۈزمىسىلا شۇ كىشىگە زاكاتنىڭ ئورنىدا بولىدىغانلىقى.

2). بەندىنى ئەجىلى پۈتكىچە كىشىلەر بىلەن پەقەت ياخشى رەۋىشتە ئارىلىشىش، پىتنە ـ پاساتتىن يىراق تۇرۇپ سەۋرلىك بولۇشقا رىغبەتلەندۈرگەن.

## 70. باب كىشىلەرگە ئارىلىشىپ جامائەت نامازلىرىغا ھازىر بولۇش، خەيرلىك سورۇنلارغا ۋە ئىلىم ـ زىكىر سورۇنلىرىغا قاتنىشىش، كېسەللەرنى يوقلاش، جىنازا نامىزىغا قاتنىشىش، يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشقا قادىر بولالىغان ئادەمنىڭ نادانلارنى ھىدايەت يولىغا يېتەكلەش، باشقىلارغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن ئۆزىنى چەكلەش، باشقىلاردىن يەتكەن ئەزىيەتكە سەۋر قىلىش قاتارلىقلارنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

بىلىش كېرەككى، كىشىلەرگە مەن يۇقىرىدا بايان قىلغان يول بىلەن ئارىلىشىش لازىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە باشقا پەيغەمبەرلەر (ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ۋە سالىمى بولسۇن)، شۇنىڭدەك چاھارىيارلار ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى ساھابىلەر، تابىئىنلار، مۇسۇلمان ئالىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ياخشىلىرى ماڭغان بۇ يول بولسا تابىئىنلارنىڭ كۆپچىلىكى ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەرنىڭ مەزھىپىدۇر. ئەھمەد ۋە شافىئىي ۋە فىقھشۇناسلارنىڭ تولىسى مۇشۇ قاراشتىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَتَعَاوَنُوا عَلَى الْبِرِّ وَالتَّقْوَىَ﴾ ﴿ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە مائىدە 2 ـ ئايەت)

بۇ توغرىدا يەنە نۇرغۇن ئايەتلەر بار.

www.munber.org

## 71 . باب كەمتەر بولۇش ۋە مۇئمىنلەرگە مۇلايىم بولۇش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَاخْفِضْ جَنَاحَكَ لِمَنِ اتَّبَعَكَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ﴾ ﴿ساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگە مۇلايىم بولغىن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە شۇئەرا 215 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ مَن يَرْتَدَّ مِنكُمْ عَن دِينِهِ فَسَوْفَ يَأْتِي اللّهُ بِقَوْمٍ يُحِبُّهُمْ وَيُحِبُّونَهُ أَذِلَّةٍ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ أَعِزَّةٍ عَلَى الْكَافِرِينَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن، ئاللاھ (ئۇنىڭ ئورنىغا) ئاللاھ تائالا ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ ئاللاھنى دوست تۇتىدىغان، مۇئمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كۇففارلارغا شەپقەتسىز بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە مائىدە 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَاكُم مِّن ذَكَرٍ وَأُنثَى وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِندَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ﴾ ﴿ئى ئىنسانلار سىلەرنى ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت)، بىر ئاتا ـ ئانىدىن ياراتتۇق. ئۆزئارا تونۇشۇشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇغ قىلدۇق. ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھۇجۇرات 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿فَلَا تُزَكُّوا أَنفُسَكُمْ هُوَ أَعْلَمُ بِمَنِ اتَّقَى﴾ ﴿سىلەر ئۆزۈڭلارنى پاك ھېسابلىماڭلار، ئاللاھ تەقۋادار بولغان ئادەمنى ئوبدان بىلىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە نەجم 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَنَادَى أَصْحَابُ الأَعْرَافِ رِجَالاً يَعْرِفُونَهُمْ بِسِيمَاهُمْ قَالُواْ مَا أَغْنَى عَنكُمْ جَمْعُكُمْ وَمَا كُنتُمْ تَسْتَكْبِرُون أَهَؤُلاء الَّذِينَ أَقْسَمْتُمْ لاَ يَنَالُهُمُ اللّهُ بِرَحْمَةٍ ادْخُلُواْ الْجَنَّةَ لاَ خَوْفٌ عَلَيْكُمْ وَلاَ أَنتُمْ تَحْزَنُونَ﴾ ﴿ئەئرافتىكىلەر (يەنى ياخشىلىقلىرى بىلەن يامانلىقلىرى تەڭ بولۇپ قالغان، جەننەتتىمۇ ئەمەس، دوزاختىمۇ ئەمەس كىشىلەر) سىماسىدىن تونۇيدىغان (دوزىخىي) ئادەملەرگە: «توپلىغان پۇل ـ مالliرىڭلار ۋە تەكەببۇرلۇقىڭلار نېمىگە ئەسقاتتى؟»، دەپ توۋلايدۇ. (ئەئرافتىكىلەر دوزىخىيلارغا مۇئمىنلارنىڭ پېقىرلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ): «سىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ، دەپ قەسەم قىلغان كىشىلەر مۇشۇلارمۇ؟ (مانا بۇلارغا): ‹جەننەتكە كىرىڭلار، سىلەرگە (كەلگۈسىدىن) غەم قىلىش، (كەتكەنگە) قايغۇرۇش يوقتۇر›، دېيىلدى»، دەيدۇ. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەئراف 48 ـ ، 49 ـ ئايەتلەر)

602 ـ ئىياز ئىبنى ھىمار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ اللَّه أَوحَى إِليَّ أَنْ تَواضَعُوا حتى لا يَفْخَرَ أَحَدٌ عَلَى أَحدٍ،



www.munber.org

ولا يَبغِيَ أَحَدٌ على أَحَدٍ» «ئاللاھ تائالا ماڭا ۋەھيي قىلدىكى، سىلەر كەمتەر بولۇڭلار، ھېچكىم ھېچكىمگە چوڭچىلىق قىلمىسۇن، ھېچكىم ھېچكىمگە يوغانچىلىق قىلمىسۇن». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كەمتەر بولۇش، يوغانچىلىق قىلماسلىق، كىشىلەرگە چېقىلماسلىقنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكى.

2) مۇسۇلمانغا پەرز قىلىنغان كەمتەرلىك ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى يۈزىسىدىن ئاللاھ تائالاغا، ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلىغا، ئۆلىمالارغا ۋە سالىھ كىشىلەرگە كەمتەر بولۇشنى كۆرسىتىدىغانلىقى، ئاللاھ تائالا مۇنداق ئادەمنىڭ قەدرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ياخشى نامغا ئىگە قىلىدىغانلىقى، ئەمما زالىملارنىڭ ئالدىدا باش ئېگىپ كەمتەر بولۇش كىشىنىڭ ئىززىتىنى يەرگە ئۇرۇپ خارلىققا ئېلىپ بارىدىغان يامان ئىش ئىكەنلىكى.

603 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ما نَقَصَتْ صَدَقَةٌ من مالٍ، وما زاد اللّٰه عَبداً بِعَفوٍ إِلاَّ عِزّاً، ومَا تَوَاضَعَ أَحَدٌ للّٰهِ إِلاَّ رَفَعَهُ اللّٰهُ» «سەدىقە بېرىش بىلەن مال كېمىيىپ قالمايدۇ، كىمكى ئەپۇچان بولىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئىززىتىنى زىيادە قىلىدۇ. بىر كىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تۆۋەن تۇتىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرمەي قالمايدۇ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) سەدىقە بېرىش، يامانلىق قىلغۇچىنى ئەپۇ قىلىۋېتىش، مۇئمىنلەرگە كەمتەر بولۇشنىڭ ياخشى ئىش ئىكەنلىكى، سەدىقە مالنى كېمەيتمەستىن، بەلكى مالنى بەرىكەتلىك قىلىدىغانلىقى.

2) كەمتەر بولۇش ئاللاھ تائالانىڭ ۋە كىشىلەرنىڭ ئالدىدا شۇ كىشىنىڭ قەدرىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدىغانلىقى.

604 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ كىچىك بالىلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇلارغا سالام قىلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ شۇنداق قىلاتتى، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كىچىكلەرگە سالام بېرىش، ئۇلارغا ئىسلام شەرىئىتىنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىنى ئۆگىتىپ ئادەتلەندۈرۈش، كىبىرنى تاشلاپ مۇلايىم، كەمتەر بولۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىشنى داۋاملاشتۇرغانلىقى.

605 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ھەقىقەتەن مەدىنىنىڭ چۆرىلىرىدىن خالىغان چۆرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدىن يېتىلەپ (ئىشىمنى قىلىپ بەرگىن دەپ) خالىغان يەرگە ئېلىپ كېتەتتى (يەنى ھەر قانداق



www.munber.org

ئاجىز، مەرتىۋىسىز ئادەممۇ ھېچبىر ئەيمەنمەستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇراجىئەت قىلىپ، تارتىنماي، ئىشى بار يەرگە ئېلىپ بارالايتتى).

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەمتەرلىكى، مۇلايىملىقى، بۇ ھەدىستە باشقىلارنى مۇشۇنداق بولۇشقا رىغبەتلەندۈرگەن.

2) كىشىلەرگە باراۋەر ـ ئادىل مۇئامىلە قىلىشقا دەۋەت قىلغان. چۈنكى، ئىنسانلار ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ قۇللىرى ـ بەندىلىرىدۇر.

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشقا ھېرىسمەن ئىكەنلىكى.

606 ـ ئەسۋەد ئىبنى يەزىددىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيدە نېمە قىلاتتى؟»، دەپ سورالغاندا، ئۇ: «ئۆز ئائىلىلىرىگە ياردەمدە بولاتتى، ناماز ۋاقتى بولسا، نامازغا چىقاتتى»، دېدى.

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەمتەرلىكى، ئائىلىسىدىكىلەرگە كۆيۈمچانلىقى، نامازنى ئەڭ ئاۋۋالقى ۋاقتىدا ئوقۇيدىغانلىقى.

607 ـ ئەبۇ رىفائە تەمىم ئىبنى ئۇسەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بارسام، ئۇ ۋەز سۆزلەۋېتىپتىكەن، مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىر مۇساپىر ئادەم دىن توغرۇلۇق سورىغىلى كەپتۇ، ئۇ دىننى بىلمەيدىكەن»، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا يۈزلىنىپ ۋەزدىن توختاپ ئالدىمغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر ئورۇندۇق ئەكېلىپ بېرىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇ زاتقا ئۆگەتكەن نەرسىلەرنى ماڭا ئۆگەتكىلى تۇردى. ئاندىن ۋەز ئېيتقان جايىغا قايتىپ بېرىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسۇلمانلارغا ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكى، ئۇلارغا كۆيۈنىدىغانلىقى.

2) دىنىي مەسىلە سوراپ كەلگۈچىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشكە ئالدىراش لازىملىقى. ئۆلىمالار ئىمان ۋە ئىسلام دىنىغا كىرىشنىڭ يوللىرى ھەققىدە سوراپ كەلگەن كىشىگە دەرھال جاۋاب بېرىش ۋە ئۆگىتىشنىڭ ھەربىر مۇسۇلمانغا ۋاجىپ ئىكەنلىكى ھەققىدە بىرلىككە كەلگەنلىكى.

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەرگە دىنىي ئىلىم ئۆگىتىشكە ھېرىسمەن ئىكەنلىكى.

608 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاچانكى تاماق يېسە، ئۆزىنىڭ ئۈچ بارمىقىنى يالايتتى ۋە: «إِذَا سَقطَتْ لُقْمَةُ أَحَدِكُمْ، فَلْيُمِطْ عَنْها الأَذى، ولْيأْكُلْها، وَلا يَدَعْها للشَّيْطَانِ» «سىلەرنىڭ بىرەرسىڭلار يەۋاتقان تامىقىدىن بىرەر لوقما چۈشۈپ كەتسە، ئۇنى پاكىزلىۋېتىپ يەۋەتسۇن، ئۇنى



www.munber.org

شەيتانغا تاشلاپ قويمىسۇن»، دەيتتى ۋە قالغان قاچىسىنى يالىۋېتىشكە بۇيرۇپ: «فَإِنَّكُمْ لا تَدْرُونَ في أيِّ طَعامِكُمُ البَرَكَةُ» «تاماقلىرىڭلارنىڭ قەيەرىدە بەرىكەت بارلىقىنى بىلمەيسىلەر»، دەيتتى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) تاماق يەپ بولۇپ قولىنى يۇيۇشتىن ئىلگىرى بارماقلارنى يالىۋىتىش، تەخسىنى پاكىزلاپ يالاش، تەخسىدىن چۈشۈپ كەتكەن تاماقنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا يېپىشقان مەينەت نەرسىنى ئېلىۋېتىپ، پاكىزلاپ يەۋېتىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، چۈنكى بۇ ئاللاھ تائالانىڭ نېئمىتىنى ئىسراپ بولۇپ كېتىشتىن ساقلىغانلىق بولىدىغانلىقى.

2) پۇل ـ مال مەيلى كۆپ ياكى ئاز بولسۇن، ئىسلام دىنىنىڭ ئۇنى ئىسراپ قىلماستىن ئوبدان ساقلاشقا بۇيرۇيدىغانلىقى.

**609 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ما بعثَ اللّهُ نَبِيّاً إلاَّ رعى الغنَمَ» «ئاللاھ تائالا ئەۋەتكەنلىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى قوي باققان»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى: «سەنمۇ قوي باققانمۇ؟ ئى رەسۇلۇللاھ!»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نَعَمْ كُنْتُ أرْعَاهَا على قَرارِيطَ لأهْلِ مَكَّةَ» «ھەئە، مەنمۇ مەككىلىكلەرنىڭ قويىنى بىر نەچچە تەڭگىگە باقاتتىم»، دېدى.** — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**610. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لَوْ دُعِيتُ إلى كُراعٍ أوْ ذِرَاعٍ لقبلتُ. وَلَوْ أُهْدى إليَّ ذِراعٌ أو كُراعٌ لَقَبِلْتُ» «ئەگەر مەن قوينىڭ سېنى ياكى قولىغا مېھمان قىلىشقا چاقىرىلسام، ئەلۋەتتە باراتتىم. ئەگەر ماڭا قوينىڭ قولى ياكى سېنى سوۋغا قىلىنسىمۇ قوبۇل قىلاتتىم».** — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) باشقىلارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىش، بۇنىڭ كەمتەرلىك ۋە كىشىلەرنى دوستلاشتۇرۇش بولىدىغانلىقى.

2) باشقىلار سوۋغا قىلغان ھەدىيىنى ئاز بولسىمۇ قوبۇل قىلىش، بۇنداق قىلىش قەلبلەرنى دوستلاشتۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق ئىكەنلىكى،

**611 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەزبا ئىسىملىك بىر تۆگىسى بار بولۇپ، مۇسابىقىدە ھېچ قانداق بىر تۆگە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيتتى ياكى يېتەلمەيتتى. كىچىك تۆگىگە مىنگەن بىر ئەئرابى ئەزبانىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. بۇ مۇسۇلمانلارغا ئېغىر كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى سېزىپ: «حَقٌّ عَلى اللّهِ أنْ لاَ يَرْتَفِعَ شَيء مِنَ الدُّنْيَا إلاَّ وَضَعَهُ» «دۇنيادىكى دەرىجىسى ئۈستۈن بىر نەرسىنى تۆۋەنلىتىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر»، دېدى.** — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە دۇنيانىڭ نەقەدەر ئەرزىمەس ئىكەنلىكى، بەندىنىڭ ماختىنىش ـ پەخىرلىنىشىنى تاشلاپ كەمتەر بولۇشى، تەكەببۇرلۇق قىلماسلىقى كېرەكلىكى، دۇنيانىڭ ئىشلىرىنىڭ ھامان كەمتۈك بولۇپ، مۇكەممەل بولمايدىغانلىقى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەمتەرلىكى ۋە ساھابىلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئايايدىغان مېھرىبانلىقى.

## 72 . باب ھاكاۋۇرلۇق، ئۆزىگە تەمەننا قويۇشنىڭ ھارامىلقى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿تِلْكَ الدَّارُ الْآخِرَةُ نَجْعَلُهَا لِلَّذِينَ لَا يُرِيدُونَ عُلُوًّا فِي الْأَرْضِ وَلَا فَسَادًا وَالْعَاقِبَةُ لِلْمُتَّقِينَ﴾ ﴿ئەنە شۇ ئاخىرەت يۇرتىنى يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلىشنى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى كۆزلىمەيدىغانلارغا خاس قىلدۇق، (ياخشى) ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە قەسەس 83 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَا تَمْشِ فِي الْأَرْضِ مَرَحًا﴾ ﴿سەن زېمىندا مەغرۇرانە يۈرمىگىن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئىسرا 37 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَا تُصَعِّرْ خَدَّكَ لِلنَّاسِ وَلَا تَمْشِ فِي الْأَرْضِ مَرَحًا إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ كُلَّ مُخْتَالٍ فَخُورٍ﴾ ﴿كىشىلەرنى مەنسىتمەسلىك بىلەن يۈز ئۆرىمىگىن، زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھاكاۋۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە لوقمان 18 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ قَارُونَ كَانَ مِن قَوْمِ مُوسَى فَبَغَى عَلَيْهِمْ وَآتَيْنَاهُ مِنَ الْكُنُوزِ مَا إِنَّ مَفَاتِحَهُ لَتَنُوءُ بِالْعُصْبَةِ أُولِي الْقُوَّةِ إِذْ قَالَ لَهُ قَوْمُهُ لَا تَفْرَحْ إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْفَرِحِينَ﴾ ﴿قارۇن ھەقىقەتەن مۇسانىڭ قەۋمىدىن ئىدى. قارۇن ئۇلارغا يوغانلىق قىلدى. قارۇنغا خەزىنىلەردىن شۇ قەدەر كۆپ بەرگەن ئىدۇقكى، ئۇلارنىڭ ئاچقۇچلىرىنى (كۆتۈرۈش) كۈچلۈك بىر جامائەگىمۇ ئېغىرلىق قىلاتتى. ئەينى ۋاقىتتا قەۋمى قارۇنغا ئېيتتى: كۆرەڭلەپ كەتمە، ئاللاھ ھەقىقەتەن كۆرەڭلەپ كەتكۈچىلەرنى دوست تۇتمايدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە قەسەس 81 ـ ئايەت)

612 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لا يَدْخُلُ الجَنَّةَ مَنْ كَانَ فِي قَلْبِهِ مِثْقَالُ ذَرَّةٍ مَنْ كِبرٍ» «قەلبىدە زەررىچىلىك تەكەببۇرلۇق بار ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ»، دېدى. بىر ئادەم: «ھەقىقەتەن كىشى ئۆزىنىڭ كىيىمى ۋە ئايىغىنىڭ چىرايلىق بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إِنَّ اللَّه جَمِيلٌ يُحِبُّ الجَمالَ الكِبْرُ بَطَرُ الحَقِّ وغَمْطُ



www.munber.org

النَّاسِ» «ئاللاھ تائالا گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياقتۇرىدۇ. تەكەببۇرلۇق دېگەن ھەق گەپكە ئۇنىماسلىق، كىشىلەرنى كۆزگە ئىلماسلىقتۇر»، دېدى.

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) تەكەببۇرلۇقنىڭ ھارام ئىكەنلىكى، مۇتەكەببىر كىشى ئىماننى ئېتىبارغا ئالمىغان ھالدا تەكەببۇرلۇق قىلسا جەننەتكە كىرمەيدىغانلىقى، ئەگەر تەكەببۇرلۇقى باشقا سەۋەبتىن بولسا ئۇ كىشىنىڭ دەسلەپتە جەننەتكە كىرىدىغانلاردىن بولالمايدىغانلىقى.

2) تەكەببۇرلۇق قىلماسلىق شەرتى ئاستىدا ئۆزىنى تۈزەپ يۇرۇشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

**613** ـ سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا سول قولى بىلەن يېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «كُلْ بِيَمِينِكَ» «ئوڭ قولۇڭ بىلەن يە»، دېۋىدى، ئۇ كىشى: «ئوڭ قولۇمدا يېيىشكە قادىر بولالمايمەن»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لا اسْتَطَعْتَ» «قادىر بولالمىغايسەن»، دېدى. ئۇ كىشىنى ئوڭ قول بىلەن يېيىشكە كىبىرى توسقۇنلۇق قىلدى. ئۇ كىشى ئۆلگۈچە ئوڭ قولىنى ئېغىزىغا ئېلىپ بارالمىدى.

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**614** ـ ھارىس ئىبنى ۋەھبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «أَلاَ أُخْبِرُكُمْ بِأَهْلِ النَّارِ؟ كُلُّ عُتُلٍّ جَوَّاظٍ مُسْتَكْبِرٍ» «مەن سىلەرگە ئەھلى دوزاختىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ ئۇلار: قوپال، بېخىل، تەكەببۇر كىشىلەردۇر».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**615** ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «احْتَجَّتِ الجَنَّةُ والنَّارُ، فقالت النَّارُ: فيَّ الجَبَّارُونَ والمُتَكَبِّرُونَ، وقالَتِ الجَنَّةُ: فيَّ ضُعَفاءُ النَّاسِ ومَسَاكِينُهُمْ. فَقَضَى اللّٰه بيْنَهُمَا: إنَّكِ الجَنَّةُ رَحْمَتِي، أَرْحَمُ بِكِ مَنْ أشاءُ وإنَّكِ النَّارُ عذَابِي، أُعَذِّبُ بِكِ مَنْ أشَاءُ، ولِكِلَيْكُما عليَّ مِلْؤُها» «جەننەت بىلەن دوزاخ مۇنازىرىلىشىپ قالدى. دوزاخ: ‹مەندە زومىگەرلەر ۋە مۇتەكەببۇرلار بار›، دېدى. جەننەت: ‹مەندە كىشىلەرنىڭ ئاجىزلىرى ۋە مىسكىنلىرى بار›، دېدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىپ: ‹جەننەت! سەن مېنىڭ رەھمىتىم، مەن سەن ئارقىلىق خالىغان كىشىلەرگە رەھىم قىلىمەن. دوزاخ! سەن بولساڭ مېنىڭ ئازابىم، سەن ئارقىلىق خالىغان كىشىنى ئازابلايمەن ۋە ئىككىڭلارنى توشقۇزۇش مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم›، دېگەن».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: تەكەببۇرلۇقتىن ئاگاھلاندۇرۇش، كەمتەر بولۇشقا رىغبەتلەندۇرۇش، ئاللاھ تائالانىڭ ياخشى ئەمەل قىلغان كىشىلەر بىلەن جەننەتنى، يامان ئىش قىلغان كىشىلەر بىلەن دوزاخنى تولدۇرىدىغانلىقى.



www.munber.org

**616 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «لا يَنْظُرُ اللَّه يَوْمَ القِيامةِ إِلى مَنْ جَرَّ إِزارَه بَطَراً» **«ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى تەكەببۇرلۇقتىن ئىشتىنىنى سۆرەپ كىيىۋالغان كىشىگە رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ».** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: تەكەببۇرلۇق يۈزىسىدىن ئۇزۇن كىيىم كىيىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى، ئەگەر باشقا سەۋەبتىن بولسا بۇنىڭ مەكرۇھ ئىكەنلىكى، سۆرىلىپ قالماستىن، پاچاقنىڭ يېرىمىغا كىيىم كىيىشنىڭ مۇستەھەپ ئىكەنلىكى.

**617 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «ثَلاثةٌ لاَ يُكَلِّمُهُمُ اللَّه يَوْمَ القِيامَةِ، وَلا يُزَكِّيهِمْ، وَلاَ يَنْظُرُ إِلَيْهِمْ، وَلهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ: شَيْخٌ زانٍ، ومَلِكٌ كَذَّابٌ، وعائلٌ مُسْتَكْبِرٌ» **«قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا سۆزلەشمەيدىغان، گۇناھلىرىنى پاكلىمايدىغان، قارىمايدىغان ۋە دەھشەتلىك ئازابقا قالىدىغان ئۈچ تۈرلۈك كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى قېرىغىنىنى تۇيمايدىغان پاھىشىۋاز، يەنە بىرى يالغانچى پادىشاھ، يەنە بىرى تەكەببۇر نامرات ئادەم».** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) زىنانىڭ ھارام ئىكەنلىكى، قېرى ئادەمنىڭ بۇ گۇناھنى قىلىشىنىڭ تېخىمۇ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكى، چۈنكى ، يېشىنىڭ چوڭلۇقىغا قارىماي بۇ گۇناھنى قىلىش ئۇ ئادەمنىڭ دىنىنىڭ سۇسلىقى، تەبىئىتىنىڭ پەسلىكىنى كۆرسىتىدىغانلىقى.

2) يالغانچىلىقنىڭ ھارام ئىكەنلىكى، ھۆكۈمراننىڭ يالغان ئېيتىشى تېخىمۇ ئېغىر ئىكەنلىكى، چۈنكى ھۆكۈمران يالغان ئېيتىشقا مەجبۇر ئەمەس، بۇ ئۇنىڭ دىنىنىڭ بۇزۇقلىقى، ئادەمگەرچىلىكىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتىدىغانلىقى.

3) تەكەببۇرلۇقنىڭ ھارام ئىكەنلىكى، كەمبەغەلنىڭ تەكەببۇرلۇق قىلىشى تېخىمۇ قەبىھ ئىكەنلىكى، چۈنكى ئۆيىنىڭ ئىچىدە تەكەببۇرلۇق قىلغۇدەك ھېچ نەرسە يوق تۇرۇپ تەكەببۇرلۇق قىلىش شۇ كىشىنىڭ دىنى مەنسىتمىگەنلىكى بولىدىغانلىقى.

**618 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «قال اللَّه عزَّ وجلَّ: العِزُّ إِزاري، والكِبْرياءُ رِدَائِي، فَمَنْ يُنَازعُني في واحدٍ منهُما فقدْ عذَّبْتُه» **«ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ‹كۈچ ـ قۇدرەت، ئۇلۇغلۇق ئاللاھ تائالانىڭ خاس سۈپەتلىرىدۇر›. ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ‹كىمكى مېنىڭ شۇ ئىككى سۈپىتىم بىلەن سۈپەتلىنىشكە ئورۇنسا، ئۇنى ئازابقا دۇچار قىلىمەن›».** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كىشىلەرگە چوڭچىلىق، تەكەببۇرلۇق قىلغان ھەربىر ئادەمنىڭ ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقى، بۇخىل سۈپەت ئاجىز بولغان ئىنسانغا ماس كەلمەيدىغانلىقى.

**619 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «بيْنَمَا رَجُلٌ يَمْشِي في حُلَّةٍ تُعْجِبُه نفْسُه، مرَجِّلٌ رأْسَه،

www.munber.org

يَخْتَالُ في مَشْيَتِهِ، إذْ خَسَفَ اللَّهُ بِهِ، فهو يَتَجَلْجَلُ في الأرْضِ إلى يومِ القِيامةِ» «بىر كىشى ئېسىل كىيىنىپ، چاچلىرىنى رەتلىك تاراپ، ئۆز ـ ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىپ، غادىيىپ كېتىۋاتقاندا، ئاللاھ تائالا ئۇنى يەرگە يۇتقۇزدى. ئۇ قىيامەتكىچە يەر ئاستىغا چۆكۈپ بارىدۇ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

620. سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا يزَالُ الرَّجُلُ يَذْهَبُ بنفْسِهِ حَتَّى يُكْتَبَ في الجَبَّارينَ، فَيُصِيبُهُ ما أصابَهمْ» «كىشى تەكەببۇرلۇق قىلىۋېرىپ، زالىملار قاتارىغا يېزىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن زالىملار قانداق ئازابلانسا، ئۇلارمۇ شۇنداق ئازابلىنىدۇ». — تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بىرەر قەۋمگە خۇلقى، قىلغان ئىشلىرى ئوخشاپ قالغان ئادەمنىڭ شۇ قەۋم بىلەن بىر ھېسابلىنىپ، ئوخشاش ئازابقا ئۇچرايدىغانلىقى.

## 73. باب گۈزەل ئەخلاق توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِنَّكَ لَعَلى خُلُقٍ عَظِيمٍ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن گۈزەل ئەخلاقتا ئىگىسەن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە قەلەم 4 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَالْكَاظِمِينَ الْغَيْظَ وَالْعَافِينَ عَنِ النَّاسِ﴾ ﴿(ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلار...﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال ئىمران 134 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

621 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ ئەخلاقلىق ئىدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېسىل ئەخلاق ئىگىسى ئىكەنلىكى، قۇرئاندىكى گۈزەل ئەخلاق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى ئىكەنلىكى، شۇڭا قۇرئاندىكى ھالال دېگەننى ھالال، ھارام دېيىلگەننى ھارام دەپ يەتكۈزگەنلىكى.

622 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالىقىنىدىنمۇ يۇمشاقراق ھېچقانداق شايى ئەتلەس ئۇچراتمىدىم. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىدىدىنمۇ خۇش پۇراق نەرسىنى پۇراپ باقمىدىم. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئون يىللاپ خىزمەت قىلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ھېچقاچان ‹ئوھوي›، دەپ باقمىدى. قىلغان ئىشىمغا

www.munber.org

«نېمە ئۈچۈن قىلدىڭ؟»، قىلمىغان ئىشىمغا «قىلساڭ بولماسمىدى؟»» ، دەپ باقمىدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، ساھابىلىرى ۋە خىزمەتچىلىرىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى، بۇنىڭ ئۈممەتلىرىگە تەلىم بېرىش، ئەدەب ئۆگىتىش ئۈچۈن ئىكەنلىكى.

623 ـ سەئد ئىبنى جەسسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر قۇلان ھەدىيە قىلغانىدىم. ئۇنى ماڭا قايتۇرۇپ بەردى. ئۇ چىرايىمدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ: «إِنَّا لَمْ نَرُدَّهُ عَلَيْكَ إِلاَّ لأَنَّا حُرُمٌ» «بىز ئېھرامدا بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ساڭا قايتۇرۇپ بەردۇق»، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھەدىيىنى قوبۇل قىلىش كېرەكلىكى، پەقەت شەرىئەت بويىچە ئۆزرىلىك بولغان ئەھۋالدىلا ھەدىيىنى قايتۇرسا بولىدىغانلىقى، ئۆزرە ئېيتىپ ھەدىيە بەرگۈچىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ قويۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) ئېھرام باغلىغان كىشىنىڭ سوۋغا قىلىنغان تىرىك ھايۋاننى بوغۇزلىشى دۇرۇس ئەمەسلىكى، شۇنداقلا ئوۋلانغان ھايۋان ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يېيىشنىڭمۇ دۇرۇس ئەمەسلىكى.

624 ـ نەۋۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ياخشىلىق ۋە يامانلىق توغرىسىدا سورىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «البِرُّ حُسنُ الخُلُقِ، والإِثمُ: ما حاكَ في نَفْسِكَ، وكَرِهْتَ أَنْ يَطَّلعَ عَلَيْهِ النَّاسُ» «ياخشىلىق دېگەن گۈزەل ئەخلاقتۇر، گۇناھ دېگەن كۆڭلۈڭ غەش بولغان ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇنى بىلىپ قېلىشىنى سەن ياقتۇرمىغان ئىشتۇر»، دېدى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: گۈزەل ئەخلاقتا ياخشىلىق بارلىقى، چۈنكى گۈزەل ئەخلاق ئىگىسىنىڭ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا، يامانلىقنى تەرك ئېتىشكە ئالدىرايدىغانلىقى.

625 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناچار سۆز، ناچار ئىشلاردىن يىراق ئىدى. ئۇ: «إِنَّ مِن خِيارِكُم أَحْسَنَكُم أَخْلاقاً» «ئىچىڭلاردىكى كىشىلەرنىڭ ياخشىلىرى ئەڭ گۈزەل ئەخلاقلىقا ئىگە بولغانلاردۇر»، دەيتتى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

626 ـ ئەبۇ دەرداء رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ما من شَيءٍ أَثْقَلُ في ميزَانِ المُؤمِنِ يَومَ القِيامة من حُسْنِ الخُلُقِ. وإِنَّ اللَّه يُبغِضُ الفَاحِشَ البَذِيِّ» «قىيامەت كۈنى مۇئمىننىڭ تارازىسىدا گۈزەل ئەخلاقتىنمۇ ئېغىر



www.munber.org

توختايدىغان نەرسە يوق، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا يامان سۆز قىلغۇچى، سۆرەن سالغۇچى ئادەمنى يامان كۆرىدۇ». — ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: گۈزەل ئەخلاقتا ئىمان قوشۇلسا ئاخىرەتتە كىشىگە پايدىلىق ئىكەنلىكى، كۇفرىلىق، ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشنى تەرك ئېتىش ئەڭ يامان خۇلۇق ئىكەنلىكى، ئاللاھ تائالانىڭ مۇنداق كىشىنى يامان كۆرىدىغانلىقى، ئۇنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىدىغانلىقى.

**627 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «كىشىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە ئەڭ سەۋەب بولىدىغان نەرسە نىمە؟ »، دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تَقْوى اللَّهِ وَحُسنُ الخُلُق» «ئاللاھ تائالادىن قورقۇش ۋە گۈزەل ئەخلاق»، دېگەنىدى. يەنە: «كىشىلەرنىڭ دوزاخقا كىرىشىگە ئەڭ سەۋەب بولىدىغان نەرسە نىمە؟ »، دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الفَمُ وَالفَرْجُ» «ئېغىز ۋە جىنسىي ئەزا»، دېگەنىدى.**

— ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) تەقۋالىق ۋە گۈزەل ئەخلاقتا ئۇنىدەش، كۇفرىلىق، يالغانچىلىق، زىنادىن ئاگاھلاندۇرۇش.

2) ھەدىس تەقۋالىق بىلەن گۈزەل ئەخلاقنى جەملىگەن، چۈنكى تەقۋالىق ئىنسان بىلەن پەرۋەردىگارى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى كۈچەيتىدۇ، گۈزەل ئەخلاق بولسا ئىنسان بىلەن ئىنسان ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىدۇ. شۇنداقلا ھەدىس ئىنساننىڭ ئېغىزى بىلەن ئەۋرىتىنى بىر يەرگە قويغان. چۈنكى، ئېغىزدىن كۇفرىلىق، غەيۋەت، سۇخەنچىلىك، ھەقنى يالغانغا چىقىرىشتەك يامان ئىشلار سادىر بولىدۇ. ئەۋرەتتىن بولسا بالاغا سەۋەبچى بولىدىغان، دوزاخنىڭ يولىغا باشلايدىغان گۇناھ — زىنا سادىر بولىدۇ.

**628 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «أَكْمَلُ الْمُؤْمِنِينَ إِيمَاناً أَحسَنُهُم خُلُقاً، وخيارُكُم خِيَارُكُمْ لِنِسَائِهِمْ» «مۇئمىنلەردىن ئىمانى ئەڭ مۇكەممەل بولغانلىرى ئۇلاردىن ئەڭ گۈزەل ئەخلاقلىق بولغانلىرىدۇر. سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولغانلىرىڭلار سىلەرنىڭ ياخشىڭلار ھېسابلىنىسىلەر».** — ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىمان بىلەن گۈزەل ئەخلاق ئوتتۇرىسىدا زىچ باغلىنىش بارلىقى، بەندە گۈزەل ئەخلاقلىق بولغاندا ئىمانىمۇ كامىل بولىدىغانلىقى، كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارغا ئوچۇق چىراي ئېچىپ، ئەزىيەتنى توسۇپ ياخشىلىق قىلغاندا، ئۇ كىشىنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدىمۇ ئەۋزەل ھېسابلىنىدىغانلىقى.

2) ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇلارنى ھۆرمەتلەشنىڭ گۈزەل ئەخلاق جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى.



www.munber.org

629 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «إنَّ الْمُؤمِنَ لَيُدْرِكُ بِحُسنِ خُلُقِه درَجةَ الصائمِ القَائم» «شۈبھىسىزكى، مۇئمىن ئادەم ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى بىلەن كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى ئىبادەت قىلغۇچىنىڭ دەرىجىسىگە يېتىدۇ».

— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

630. ئەبۇ ئۇمامە باھىلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «أنا زَعِيمٌ ببَيتٍ في ربَضِ الجنَّةِ لِمَنْ تَرَكَ المِراءَ، وَإنْ كَانَ مُحِقّاً، وَببيتٍ في وَسَطِ الجنَّةِ لِمَنْ تَرَكَ الكَذِبَ، وإن كَانَ مازِحاً، وَببيتٍ في أعلى الجَنَّةِ لِمَن حَسُنَ خُلُقُهُ» «گەرچە ھەق ئۆزى تەرەپتە بولسىمۇ جېدەللىششىنى تەرك ئەتكەن كىشىگە جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئۆيگە ئورۇنلىششقا كېپىلمەن. چاقچاق قىلىپ بولسىمۇ يالغان سۆزلىمىگەن كىشىگە جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر ئۆيگە ئورۇنلىششقا كېپىلمەن. گۈزەل ئەخلاق ئىگىسىگە جەننەتنىڭ ئەڭ ئۈستۈن جايىدىن بىر ئۆيگە ئورۇنلىششقا كېپىلمەن». — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پايدىسى يوق تالاش ـ تارتىشنى قىلماسلىق، چاقچاق قىلىش مەقسىتىدە قىلىنغان يالغانچىلىقنىمۇ تەرك ئېتىشكە دەۋەت قىلغانلىقى.

2) گۈزەل خۇلۇقنىڭ ئەجرى ئەڭ كۆپ بېرىلىدىغان پەزىلەت ئىكەنلىكى، چۈنكى گۈزەل ئەخلاقتا گۈزەل پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسى جەملەنگەنلىكى.

631 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إن مِنْ أحَبِّكُم إلَيَّ، وَأقْرَبِكُمْ مِنِّي مَجلساً يَومَ القِيَامَةِ، أحَاسِنَكُم أخلاقاً. وإنَّ أبْغَضَكُم إليَّ وأبْعَدكُم مِنِّي يومَ الْقِيامةِ، الثَّرْثَارُونَ والمُتَشَدِّقُونَ وَالمُتَفَيْهِقُونَ» «قىيامەتتە ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك ۋە ئورۇن جەھەتتە ئەڭ يېقىن بولىدىغانلار گۈزەل ئەخلاقتا ئىگە بولغانلاردۇر. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى قىيامەت كۈنى مېنىڭ ئۆچۈمگە ئەڭ ئۆچلۈككۈمنى كەلتۈرىدىغان ۋە مەندىن ئەڭ يىراق بولىدىغانلار ۋالاقتەككۇر، گەپدانلىق قىلىپ باشقىلارغا گەپ بەرمەيدىغان، مەمەدانلىق قىلغۇچىلاردۇر».

— ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك گۈزەل ئەخلاقنى چۈشەندۈرۈپ: «خۇش چىراي بولۇش، ياخشىلىقنى ئايىماسلىق، باشقىلارغا ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىك»، دەيدۇ.



www.munber.org

## 74 . باب كۆڭلى يۇمشاقلىق، تەمكىنلىك، مۇلايىملىق توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَالْكَاظِمِينَ الْغَيْظَ وَالْعَافِينَ عَنِ النَّاسِ وَاللّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ ﴾ ﴿(ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال ئىمران 134 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿خُذِ الْعَفْوَ وَأْمُرْ بِالْعُرْفِ وَأَعْرِضْ عَنِ الْجَاهِلِينَ﴾ ﴿ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەئراف 199 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَا تَسْتَوِي الْحَسَنَةُ وَلَا السَّيِّئَةُ ادْفَعْ بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ فَإِذَا الَّذِي بَيْنَكَ وَبَيْنَهُ عَدَاوَةٌ كَأَنَّهُ وَلِيٌّ حَمِيمٌ۞ وَمَا يُلَقَّاهَا إِلَّا الَّذِينَ صَبَرُوا وَمَا يُلَقَّاهَا إِلَّا ذُو حَظٍّ عَظِيمٍ﴾ ﴿ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ. ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزۈڭنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ. بۇ خىسلەتكە پەقەت سەۋرچان ئادەملەرلا ئېرىشەلەيدۇ، بۇ خىسلەتكە پەقەت بۈيۈك نېسىۋە ئىگىسىلا ئېرىشەلەيدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە فۇسسىلەت 34 ـ ، 35 ـ ئايەتلەر)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَمَن صَبَرَ وَغَفَرَ إِنَّ ذَلِكَ لَمِنْ عَزْمِ الْأُمُورِ﴾ ﴿كىمكى (ئەزىيەتكە) سەۋر قىلسا، (ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالمىسا، بۇ ئەلۋەتتە مەرغۇپ ئىشلاردىندۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە شۇئەرا 43 ـ ئايەت)

632 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەشەج ئابدۇلقەيسكە مۇنداق دېگەن: «إِنَّ فيك خَصْلَتَيْنِ يُحِبُّهُمَا اللَّهُ: الحِلْمُ وَالأَنَاة» «ھەقىقەتەن سەندە ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان كۆڭلى يۇمشاقلىق ۋە تەمكىنلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىسلەت بار ئىكەن». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەگەر ماختالسا مەغرۇرلىنىپ كەتمەيدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلسا ۋە باشقىلارغا ئۈلگە قىلىش مەقسىتىدە كىشىنى يۈزىگە ماختاشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

2) مۇلايىملىقتا، تەمكىنلىككە، ئىشلارغا ھۆكۈم قىلىشتىن ئىلگىرى ئەتراپلىق تەكشۈرۈشكە دەۋەت قىلغانلىقى.

633 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ اللَّه رفيقٌ يُحِبُّ الرِّفْقَ في الأَمْرِ كُلِّه» «مۇلايىملىق ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىدىن بولۇپ، ھەر قانداق ئىشتا مۇلايىم بولغان كىشىنى ئاللاھ تائالا ياقتۇرىدۇ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مۇلايىملىقنىڭ قەلبلەرنى دوستلاشتۇرىدىغان، ئاسانلىقنى جەلپ قىلىدىغان خىسلەت ئىكەنلىكى.

**634 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إِنَّ اللَّهَ رَفِيقٌ يُحِبُّ الرِّفقَ، وَيُعْطِي على الرِّفق مالا يُعطي عَلى العُنفِ وَما لا يُعْطِي عَلى ما سِوَاهُ» **«شۈبھىسىزكى، مۇلايىملىق ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىدىن بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇلايىملىقنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇلايىم كىشىلەرگە شۇنداق مەرھەمەت قىلىدۇكى، بۇنداق مەرھەمەتنى قوپال ۋە ناچار خۇلقلۇق كىشىلەرگە ۋە باشقىلارغا قىلمايدۇ».** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مۇلايىملىقنىڭ باشقا پەزىلەتلەرگە قارىغاندا ئەۋزەللىكى، ئاللاھ تائالا مۇلايىملىقنى دوست تۇتقان كىشىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە باشقىلارغا بەرگەندىن ئارتۇقراق ئەجىر ئاتا قىلىدىغانلىقى.

**635 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إِنَّ الرِّفقُ لا يَكُونُ في شيءٍ إِلاَّ زَانَهُ، وَلا يُنْزَعُ مِنْ شَيءٍ إِلاَّ شَانَهُ» **«مۇلايىملىق قانداق بىر نەرسىدە بولىدىكەن، ئۇنىڭغا زىننەت بېغىشلايدۇ. قانداق بىر نەرسىدە بولمايدىكەن ئۇنى سەتلەشتۈرۈۋېتىدۇ».** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كىشىنىڭ مۇلايىم بولۇشى، چۈنكى بۇنىڭ بىلەن شۇ كىشىنىڭ ئاللاھ تائالا ۋە كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ھۆرمەتلىك بولىدىغانلىقى، ئەگەر ئىنسان گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولمىسا ئۇنىڭدىن نۇرغۇن ئەيىبلەرنى تاپقىلى بولىدىغانلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ـ ئەخلاقلىق كىشىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى.

**636 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئەئرابى مەسجىدكە سىيىپ قويۇۋېدى، كىشىلەر دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «دَعُوهُ وَأَرِيقُوا عَلى بَوْلِهِ سَجْلاً مِنْ مَاءٍ، أَوْ ذَنُوباً مِن مَاءٍ، فَإِنَّما بُعِثْتُم مُيَسِّرِينَ ولَمْ تُبْعَثُوا مُعَسِّرِينَ» **«ئۇنى قويۇۋېتىڭلار، سىيدۈكىنىڭ ئۈستىگە بىر چېلەك سۇ قۇيۇۋېتىڭلار، ھەقىقەتەن سىلەر كىشىلەرگە قىيىنچىلىق تۇغدۇرغۇچى ئەمەس، ئوڭايلىق ياراتقۇچى بولۇپ ئەۋەتىلدىڭلار»، دېدى.** — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) نادان، قارا قورساق كىشىلەر بىلەن تەڭ بولماسلىق، ئۇلارغا مۇلايىم بولۇش، ياردەم بېرىش، ئەدەب ئۆگىتىش لازىملىقى.

2) يەرگە سۇ قۇيۇش ئارقىلىق يەرنىڭ مەينەتچىلىكتىن پاكلىنىدىغانلىقى.

**637 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «يسِّرُوا وَلا تُعَسِّروا وَبَشِّرُوا وَلا تُنَفِّرُوا» **«كىشىلەرگە ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار، خۇش بېشارەت بېرىڭلار، تەزدۇرۇۋەتمەڭلار».** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كىشىلەرنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلىش، ئۇلارغا قوپاللىق قىلىپ قاچۇرۇپ قويماستىن، سىلىقلىق بىلەن دەۋەت قىلىش لازىملىقى.

**638 ـ جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «مَنْ يُحْرَمِ الرِّفْقَ يُحْرِمِ الخَيْرَ كُلَّهُ» «مۇلايىملىقتىن مەھرۇم بولغان كىشى جىمى ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم بولغان بولىدۇ».** ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**639 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر كىشى: «ماڭا نەسىھەت قىلغىن»، دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لا تَغْضَبْ» «ئاچچىقلانمىغىن»، دېدى. ئۇ كىشى سۆزىنى بىر قانچە قېتىم تەكرارلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنىلا: «لا تَغْضَبْ» «ئاچچىقلانما»، دەپ جاۋاب بەردى.** ـــ بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) تەلىم ئېلىش يۈزىسىدىن سوئال سوراش، ياخشىلىققا دەۋەت قىلىشنى تەلەپ قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى، ئاچچىقلاشنى ئېيىبلەش ۋە ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەش لازىملىقى.

2) سوئال سورىغۇچىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان توغرا يولنى كۆرسىتىشنىڭ ھېكمەت ئىكەنلىكى.

**640. ئەبۇ يەئلا شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إنَّ اللَّه كَتَبَ الإِحسَانَ على كُلِّ شَيءٍ، فإِذا قَتَلتُم فَأَحسِنُوا القِتْلَة وَإِذَا ذَبَحْتُم فَأَحْسِنُوا الذِّبْحة وليُحِدَّ أَحَدُكُم شَفْرتَه وَلِيُرِحْ ذَبيحَتَهُ» «ھەقىقەتەن ئالالاھ تائالا ھەر قانداق ئىشنى ياخشىلىق بىلەن قىلىشنى بەلگىلىدى. قاچانكى جىنايەتچىلەرنى ئۆلتۈرسەڭلار، ئۇنى قىينىماي ئۆلتۈرۈڭلار. قاچانكى مال بوغۇزلىساڭلار قىينىماي ئۆلتۈرۈڭلار، مال ئۆلتۈرىدىغان پىچاقنى بىلەپ ئىتتىك قىلىڭلار، ئۆلتۈرىدىغان مالنى قىينىماڭلار».** ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مۇسۇلماننىڭ ھەربىر ئىشنى ياخشىلىق بىلەن قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقى، ھايۋاننى بوغۇزلىغاندا ياكى زىيانداش ھايۋانلارنى ئۆلتۈرگەندە ئۇلارنى ئازابلىماي ئۆلتۈرۈش، بىسى ئۆتكۈر پىچاقنى بىرلا سۈركەپ ئۆلتۈرۈش، تېنى سوۋۇماستىن بۇرۇن تېرىسىنى شىلىۋالماسلىق، بوغۇزلاش ئۈچۈن قوپاللىق بىلەن سۆرىمەسلىك، گەدىنىدىن بوغۇزلىماسلىق.

**641 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى ئىختىيار قىلىشقا توغرا كەلسە، گۇناھ بولمايدىغانلا ئىش بولسا، ئۇلارنىڭ ئاسانراقىنى تاللايتتى. ئەگەر گۇناھ بولىدىغان بولسا، ئەڭ يىراق بولاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئۈچۈن ئۆچ ئالمايتتى،**



www.munber.org

پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ھۆرمىتى دەپسەندە قىلىنغاندىلا ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ئۆچ ئالاتتى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئىسلام دىنىنىڭ ئاسانلاشتۇرۇش دىنى ئىكەنلىكى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتىگە رەھىمدىل ئىكەنلىكى. ئاللاھ تائالانىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئاچچىقلاشنىڭ توغرا ئىكەنلىكى.

642 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «أَلا أُخْبِرُكُمْ بِمَنْ يَحْرُمُ عَلَى النَّارِ أَوْ بِمَنْ تَحْرُمُ عَلَيْهِ النَّارُ؟ تَحْرُمُ على كُلِّ قَرِيبٍ هَيِّنٍ لَيِّنٍ سَهْلٍ» «ئاگاھ بولۇڭلار! مەن سىلەرگە دوزاختا ھارام بولىدىغان ياكى دوزاخ ئۇنىڭغا ھارام بولىدىغان كىشىنى دەپ بېرەيمۇ؟ دوزاخ كىشىلەر ياخشى كۆرىدىغان، دىلى سۇنۇق، مۇلايىم ئادەمگە ھارام قىلىنىدۇ».

— ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقى، ئۇنىڭ كىشىنى دوزاختىن قۇتۇلدۇرىدىغانلىقى، كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئىمان جۇملىسىدىن ئىكەنلىكى.

2) مۇھىم مەسىلىلەر ھەققىدە سۆزلەشتىن ئىلگىرى ئاڭلىغۇچىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىشى كېرەكلىكى.

## 75 ـ باب ئەپۇچان بولۇش ۋە نادانلار بىلەن تەڭ بولماسلىق توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَاصْفَحِ الصَّفْحَ الْجَمِيلَ﴾ ﴿چىرايلىق مۇئامىلىدە بولغىن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھەجىر 85 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَلْيَعْفُوا وَلْيَصْفَحُوا أَلَا تُحِبُّونَ أَن يَغْفِرَ اللَّهُ لَكُمْ﴾ ﴿ئەپۇ قىلسۇن، كەچۈرسۇن، ئاللاھنىڭ سىلەرگە مەغفىرەت قىلىشىنى ياقتۇرامسىلەر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە نۇر 22 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَالْعَافِينَ عَنِ النَّاسِ وَاللّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ﴾ ﴿تەقۋادارلار (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال ئىمران 134 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَمَن صَبَرَ وَغَفَرَ إِنَّ ذَلِكَ لَمِنْ عَزْمِ الْأُمُورِ﴾ ﴿كىمكى (ئەزىيەتكە) سەۋر قىلسا، (ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالمىسا، بۇ ئەلۋەتتە مەرغۇب ئىشلاردىندۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە شۇرا 43 ـ ئايەت)

www.munber.org

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿خُذِ الْعَفْوَ وَأْمُرْ بِالْعُرْفِ وَأَعْرِضْ عَنِ الْجَاهِلِينَ ﴾ ﴿ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن. (يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي) ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە ئەئراف 199 ـ ئايەت)

643 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «ساڭا ئۇھۇد كۈنىدىنمۇ ئېغىرراق كۈن كەلگەنمۇ؟ »، دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لَقَدْ لَقِيتُ مِنْ قَومِكِ، وكَان أشدُّ ما لَقِيتُ مِنْهُمْ يومْ العقبَةِ، إذْ عرَضتُ نَفسِي على ابْنِ عَبْدِ يَالِيلَ ابنِ عبْدِ كُلال، فلَمْ يُجبنِى إلى ما أردْتُ، فَانْطَلَقْتُ وَأنَا مَهْمُومٌ على وَجْهِي، فلَمْ أَسْتَفِقْ إلاَّ وَأنا بقرنِ الثَّعالِبِ، فَرفَعْتُ رأْسِي، فَإذا أنَا بِسحابَةٍ قَد أظلَّتني، فنَظَرتُ فَإذا فِيها جِبريلُ عليه السلام، فنَاداني فقال: إنَّ اللَّه تعالى قَد سَمِعَ قَولَ قومِك لَكَ، وَما رَدُّوا عَلَيكَ، وَقد بعثَ إلَيك ملَكَ الجبالِ لِتأْمُرهُ بما شِئْتَ فِيهم فَنَادَانِي ملَكُ الجِبَالِ، فَسلَّمَ عَلَيَّ ثُمَّ قال: يا مُحَمَّدُ إنَّ اللَّه قَد سمعَ قَولَ قَومِكَ لَكَ، وأنَا مَلَكُ الجِبالِ، وقَدْ بَعَثَني رَبِّي إلَيْكَ لِتأْمُرَني بِأمْرِكَ، فَمَا شئتَ: إنْ شئْتَ: أطْبَقْتُ عَلَيهمُ الأَخْشَبَيْنِ» «مەن سىنىڭ قەۋمىڭدىن ھەر قىسما كۆلپەتلەرگە يولۇققانمەن. مەن ئۇچرىغان ئەڭ چوڭ كۆلپەت ئەقەبە كۈنىدىكى كۆلپەتتۇر. ئۇ كۈنى مەن ئەبدۇيالىل ئىبنى ئەبدى كۇلال (سەقىف قەبىلىسىنىڭ باشلىقى)دىن ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىش يولىدا ياردەم تەلەپ قىلغانىدىم. ئۇلار تەلىپىمنى قوبۇل قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن غەمكىن ھالدا ئالدىمغا قاراپ مېڭىۋېرىپ، ‹قەرنى سائالىب›، دېگەن جايغا كەلگەندە ئاندىن ئېسىمگە كەپتىمەن. بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىسام، ماڭا بىر بۇلۇت سايە تاشلاپ تۇرۇپتۇ. بۇلۇت ئىچىدە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بار ئىكەن. ئۇ ماڭا: «ئاللاھ تائالا ھەققەتەن قەۋمىڭنىڭ ساڭا قىلغان سۆزلىرى ۋە جاۋابلىرىنى ئاڭلاپ، تاغقا مۇئەككەل پەرىشتىنى سېنىڭ خالىغان نەرسەڭنى بەجا كەلتۈرۈشكە ئەۋەتتى»، دەپ نىدا قىلدى. ئاندىن ماڭا سالام بەردى. تاغقا مۇئەككەل پەرىشتە: «ئى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام)! ئاللاھ تائالا سېنىڭ قەۋمىڭنىڭ ساڭا قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلىدى. مەن بولسام تاغقا مۇئەككەل پەرىشتە، رەببىم مېنى سېنىڭ بۇيرۇقلىرىڭنى بەجا كەلتۈرۈشكە ئەۋەتتى، نېمىنى خالايسەن؟ خالىساڭ ئەخشەب ناملىق ئىككى تاغنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كۆمتۈرەي»، دېدى. مەن: «بلْ أرْجُو أنْ يُخْرِجَ اللَّه مِنْ أصْلابِهِم منْ يعْبُدُ اللَّه وَحْدَهُ لا يُشْرِكُ بِهِ شَيْئاً» «ياق، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ پۇشتىدىن يالغۇز بىر ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىدىغان، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرمەيدىغان كىشىلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن»، دېدىم.

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە ناھايىتى رەھىمدىل ئىكەنلىكى، ئۇلاردىن يەتكەن ئەزىيەتكە سەۋر قىلىدىغانلىقى، يامانلىق قىلغۇچىلارنى ئەپۇ قىلىدىغان گۈزەل ئەخلاقى بايان قىلىنغان.



www.munber.org

644 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەيلى ئايالى بولسۇن، مەيلى خىزمەتچىسى بولسۇن، ھېچكىمنى قولى بىلەن ئۇرۇپ باققان ئەمەس. پەقەت ئاللاھ تائالا يولىدا جىھاد قىلغاندىلا دۈشمەننى ئۇرغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچكىمدىن ئۆزىگە يەتكەن ئەزىيەت ئۈچۈن ئۆچ ئالمىغان، پەقەت ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان نەرسىلەر چەكلەنمىسە، ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ئۆچ ئالاتتى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇلايىملىقى، ئۆزىگە يامانلىق قىلغانلارنى ئەپۇ قىلىش بىلەن بىرگە ئاللاھ تائالانىڭ ھۆرمىتىگە تىل تەككۈزگەنلەرگە قاتتىق غەزەپلىنىدىغانلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ بېكىتكەن جازالىرىنى شۇ جازاغا لايىق گۇناھكارلارغا قىلچە ئىككىلەنمەستىن تەتبىقلايدىغانلىقى.

645 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كېتىۋاتاتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچىسىدا قوپال رەختتىن توقۇلغان نەجران تونى بار ئىدى. بىر ئەئرابى كېلىپ ئۇنىڭ تونىدىن سىلكىپ تارتقانىدى، تونىنىڭ ياقىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بوينىنى سۈرۈۋەتتى. ئۇ ئەئرابى: «ئى مۇھەممەد! يېنىڭدىكى ئاللاھ تائالانىڭ مېلىدىن بۇ ئىككى تۆگەمگە يۈكلەپ بەر»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئاندىن ئۇنىڭغا بىر نەرسە بېرىشكە بۇيرۇدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

646 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەردىن بىر پەيغەمبەر توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگىنى ئېسىمدە: «اللّهُمَّ اغفِرِ لِقَومي فَإِنَّهُم لا يَعْلَمُونَ» ئۇ پەيغەمبەرنى ئۆز قەۋمىنىڭ ئادەملىرى ئۇرۇپ، يۈزلىرىنى قانغا بوياۋەتكەن، ئۇ يۈزىدىكى قاننى سۈرتۈپ تۇرۇپ: «ئى ئاللاھ! قەۋمىمنى كەچۈرگىن، چۈنكى ئۇلار بىلمەيدۇ»، دېگەنىكەن.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەپۇچانلىقتەك گۈزەل ئەخلاقى، ئەزىيەت يەتكۈزگەنلەرگە مەغفىرەت تىلەپ دۇئا قىلىدىغانلىقى، ئۇلارنى بىلمەسلىكتىن شۇنداق قىلغان دەپ ئۆزرە قويىدىغانلىقى، بۇخىل زىيادە ئېسىل پەزىلەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىنىڭ كامالىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغانلىقى.

647 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لَيس الشَّديدُ بِالصُّرعَةِ، إنَّما الشديدُ الذي يَملِكُ نفسهُ عِند الغضبِ» «چېلىشتا يەڭگەن باتۇر ئەمەس، پەقەت ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان ئادەم ھەقىقىي باتۇر ھېسابلىنىدۇ».



www.munber.org

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ھەقىقىي كۈچلۈكلۈك ئەخلاقى جەھەتتىكى تاكامۇللۇق ئىكەنلىكى، ئاچچىقلانغاندا ئۆزىنى بېسىۋېلىش، يامانلىق قىلغۇچىنى ئەپۇ قىلىش شۇ جۈملىدىن ئىكەنلىكى، شۇنداقلا دىندا ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئۈچۈن ساغلام كۈچلۈك بەدەنگە ئىگە بولۇشمۇ تەلەپ قىلىنىدىغانلىقى.

## 76. باب ئەزىيەتلەرگە چىداش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَالْكَاظِمِينَ الْغَيْظَ وَالْعَافِينَ عَنِ النَّاسِ وَاللّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ﴾ ﴿(ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال ئىمران 134 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَمَن صَبَرَ وَغَفَرَ إِنَّ ذَلِكَ لَمِنْ عَزْمِ الْأُمُورِ﴾ ﴿كىمكى (ئەزىيەتكە) سەۋر قىلىپ (ئاللا تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالمىسا، بۇ ئەلۋەتتە مەرغۇپ ئىشلاردىندۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە شۇرا 43 ـ ئايەت)

648 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر كىشى: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىمغا سىلە ـ رەھىم قىلسام، ئۇلار مەندىن سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويىدۇ ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلسام، ئۇلار ماڭا يامانلىق قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا مۇلايىم بولسام، ئۇلار ماڭا قوپاللىق قىلىدۇ»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لَئِن كُنتَ كَمَا قُلتَ فَكَأَنَّمَا تُسِفُّهم الملَّ ولا يزَالُ معكَ من اللّه تعالى ظَهيرٌ عَلَيهم ما دُمْتَ عَلى ذلك» «ئەگەر سەن دېگىنىڭدەك قىلغان بولساڭ، گويا ئۇلارغا قوقاسنى يېگۈزگەندەك بولۇپسەن (قوقاسنى يېگۈچىنىڭ ئاغرىققا دۇچار بولغىنىدەك ئۇلارنىڭ گۇناھقا دۇچار بولغىنىغا تەمسىل. —— ت)، سەن داۋاملىق مۇشۇنداق قىلىدىغان بولساڭ، ئاللاھ تائالا ساڭا مەدەتكار بولىدۇ»، دېدى.

—— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

## 77. باب شەرىئەتنىڭ ئەھكاملىرى دەپسەندە قىلىنسا غەزەپلىنىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ياردەم بېرىش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَن يُعَظِّمْ حُرُمَاتِ اللَّهِ فَهُوَ خَيْرٌ لَّهُ عِندَ رَبِّهِ﴾ ﴿كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۇلۇغلىسا، بۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھەج 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)



www.munber.org

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿ إِن تَنصُرُوا اللَّهَ يَنصُرْكُمْ وَيُثَبِّتْ أَقْدَامَكُمْ﴾ ﴿ئى مۆئمىنلەر! سىلەر ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھ سىلەرگە (دۈشمەنلىرىڭلارغا قارشى) ياردەم بېرىدۇ، قەدەملىرىڭلارنى (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) بەرقارار قىلىدۇ﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە مۇھەممەد 7 - ئايەت)

649 - ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «پالانى (ئىمام بولۇپ) نامازنى ئۇزۇن ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن بامداتقا كېچىكىپ چىقىمەن»، دېدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ كۈندىكى ئېيتقان ۋەزدە غەزەپلەنگىنىدەك غەزەپلەنگىنىنى كۆرمىگەنىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يَا أيهَا النَّاس: إنَّ مِنكم مُنَفِّرين. فأيُّكُمْ أَمَّ النَّاسَ فَلْيُوجِز، فإنَّ مِنْ ورائِهِ الكَبيرَ والصَّغيرَ وذا الحَاجَةِ» «ئى خالايىق! بەزىڭلار كىشىلەرنى جامائەتتىن قاچۇرۇپ قويىدىكەنسىلەر، قايسىبىرىڭلار كىشىلەرگە ئىمام بولساڭلار نامازنى قىسقا ئوقۇڭلار، چۈنكى ئۇنىڭ كەينىدە ياشانغانلار، كىچىك باللار ۋە ھاجەتمەنلەر بولىدۇ»، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) دىنىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئاچچىقلىنىشنىڭ توغرا ئىكەنلىكى، شۇنداقلا كىشىلەرگە قىسنچىلىق، ئەزىيەت ئېلىپ كەلگەن ئىشتىن شىكايەت قىلىشنىڭمۇ توغرا ئىكەنلىكى.

2) جامائەت نامىزىنى ئۇزۇن ئوقۇشقا رازى ئەمەس كىشىلەر بىلەن ناماز ئوقۇغاندا ياكى جامائەت ئىچىدە كىچىك ۋە ئاجىزلار بولغاندا جامائەت نامىزىنى يەڭگىل، قىسقا ئوقۇشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقى.

3) ئۆزرە سەۋەبلىك جامائەت نامىزىدىن قېپقېلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

4) كىشىلەرنى ئىبادەتنى ئادا قىلىشتىن قاچۇرۇپ قويىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىق كېرەكلىكى.

650 - ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر سەپەردىن قايتىپ كەلدى. مەن كارىۋاتقا سۈرەت چۈشۈرۈلگەن نېپىز پەردە تارتىپ قويغانىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈپلا يىرتىۋەتتى ۋە چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى. ئاندىن: «يَا عائِشَةُ: أَشَدُّ النّاسِ عَذَاباً عِند اللَّهِ يوم القيامةِ الَّذينَ يُضاهُونَ بِخَلقِ اللَّهِ» «ئى ئائىشە! قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدىغان كىشى ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتىغا بىر نەرسىنى ئوخشاتقان كىشىدۇر»، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: جانلىق نەرسىلەرنىڭ رەسىمىنى سىزىشنىڭ چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكى، ئەگەر ئۇنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن سىزغان بولسا بۇنىڭ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە كۇفرلىق بولىدىغانلىقى.

www.munber.org

**651** ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەخزۇم قەبىلىسىدىن بولغان ئوغرىلىق قىلغان ئايالنىڭ ئىشى قۇرەيشلىكلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويدى. ئۇلار: «بۇ توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سۆزلىشىشكە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمى ئۇسامە ئىبنى زەيدىدىن باشقىسى جۈرئەت قىلالمايدۇ، ھەقىقەتەن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەك يېقىن»، دېيىشتى. ئۇسامە بۇ توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا گەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «أَتَشفعُ في حدٍّ مِن حُدُودِ اللَّهِ تعالى؟» «ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن بەلگىلىمىلەرنىڭ ئىجرا بولۇشىغا ئارا تۇرامسەن؟ »، دېدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ خۇتبىگە چىقىپ مۇنداق دېدى: «إنما أَهْلَكَ من قبلكُم أنَّهُم كانُوا إذَا سرقَ فِيهِمِ الشَّرِيفُ تَركُوهُ، وإذا سرق فِيهِم الضَّعِيفُ أَقامُوا عليهِ الحدَّ، وايْمُ اللَّه، لو أنَّ فاطمَة بنت محمدٍ سرقَتْ لقَطَعْتُ يَدهَا» «سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر ئەگەر ئىچىدىن ئابرويلۇق كىشىلەر ئوغرىلىق قىلسا جازالىماي، ئاجىز كىشىلىرى ئوغرىلىق قىلسا جازالىغانلىقى ئۈچۈن ھالاك بولغان. ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە ئوغرىلىق قىلغان تەقدىردىمۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قولىنى كەسكەن بولاتتىم».

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئېنىق جازا بېكىتىلگەن گۇناھقا شاپائەت قىلىش چەكلەنگەنلىكى، كىشىلەرگە ئايرىپ مۇئامىلە قىلىش زۇلۇم ئىكەنلىكى، بۇنىڭ ئۈممەتنى ھالاك بولۇشقا ئېلىپ بارىدىغانلىقى.

2) جىنايەتچىنىڭ ئىسىل ئادەم بولۇشى ئۇنىڭغا بېكىتىلگەن جازانى ئۇنىڭدىن ساقىت قىلمايدىغانلىقى، چۈنكى شەرىئەتنىڭ ئەھكامىدا مەيلى ئېسىل ـ تۆۋەن بولسۇن ھەممە ئادەمنىڭ باراۋەر ئىكەنلىكى.

**652** ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدنىڭ قىبلە تەرىپىدە بىر بەلغەمنى كۆرۈپ قالدى. بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېغىر تۇيۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى قولى بىلەن سۈرتىۋېتىپ: «إن أحَدكم إذا قَام في صَلاتِه فَإِنَّهُ يُنَاجِي ربَّه، وإنَّ ربَّهُ بَينَهُ وبَينَ القِبْلَةِ، فلا يَبْزُقَنَّ أحدُكُم قِبلَ القِبْلَةِ، ولكِن عَنْ يَسَارِهِ أوْ تحْتَ قدَمِهِ» «سىلەرنىڭ بىرىڭلار نامازغا تۇرغاندا پەرۋەردىگارىغا مۇراجىئەت قىلىدۇ، ئۇ كىشى بىلەن قىبلە ئارىسىدا پەرۋەردىگارى بولغان بولىدۇ. سىلەردىن ھېچكىم قىبلە تەرەپكە قاراپ تۈكۈرمىسۇن، ئەمما سول تەرەپتىن تۈكۈرسۇن ياكى پۇتىنىڭ ئاستىغا تۈكۈرسۇن»، (سول تەرىپىگە تۈكۈرسۇن ياكى پۇتىنىڭ ئاستىغا تۈكۈرسۇن دېگەن سۆز مەسجىدنىڭ سىرتىغا قارىتىلغان، مەسجىدتە تۈكۈرۈشكە بولمايدۇ. تۈكۈرۈشكە مەجبۇر بولۇپ قالسا، چاپىنىغا تۈكۈرسە بولىدۇ) دېدى ئاندىن تونىنىڭ

www.munber.org

بىر تەرىپىنى قايرىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا تۇكۇردى. ئاندىن ئۇنى پۇكلەپ قويۇپ «أو يَفْعَلُ هكذا»: «ياكى مۇنداق قىلسۇن»، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ياخشىلىقنى بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش، كۆچىنىڭ يېتىشىچە قولى بىلەن يوقىتىش مۇسۇلمانغا پەرز ئىكەنلىكى.

2) مەسجىدلەرنىڭ ھۆرمىتى، ئۇنىڭغا مەينەت نەرسىلەرنى تاشلاش ياكى بۇلغاش چەكلەنگەن.

3) قىبلە تەرەپنىڭ ھۆرمىتى، قىبلىگە قاراپ تۈكۈرۈشكە بولمايدىغانلىقى، نامازغا تۇرغاندا ئەگەر مەجبۇر بولۇپ قالغان تەقدىردە ناماز كىيىمىگە تۈكۈرۈشكە بولىدىغانلىقى.

## 78 ـ باب ئىش ئۈستىدىكىلەرنىڭ پۇقرالارغا مۇلايىم، سەمىمىي بولۇشى، ئۇلارغا شەپقەت قىلىشى، ئۇلارغا سائتىلىق قىلماسلىقى، قاتتىق قول بولماسلىقى، ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىگە سەل قارىماسلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھاجەتلىرىگە بىپەرۋالىق قىلماسلىقى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَاخْفِضْ جَنَاحَكَ لِمَنِ اتَّبَعَكَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ ﴾ ﴿ساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگە مۇلايىم بولغىن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە شۇئەرا 215 ـ ئايەت)

ظاللاه تاظالا يةنة مذنداق دئضةن: ﴿إِنَّ اللّهَ يَأْمُرُ بِالْعَدْلِ وَالإِحْسَانِ وَإِيتَاء ذِي الْقُرْبَى وَيَنْهَى عَنِ الْفَحْشَاء وَالْمُنكَرِ وَالْبَغْيِ يَعِظُكُمْ لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ﴾ ﴿ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن ئادىل بولۇشقا، ياخشىلىق قىلىشقا، خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. قەبىھ (سۆز ـ ھەرىكەتلەر)دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ، ۋەز ـ نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ، ئاللاھ تائالا سىلەرگە پەندى ـ نەسىھەت قىلىدۇ﴾.
(«قۇرئان كەرىم» سۈرە نەھل 90 ـ ئايەت)

653 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كُلُّكُم راعٍ، وكُلُّكُمْ مسؤولٌ عنْ رعِيتِهِ: الإمامُ راعٍ ومَسْؤُولٌ عَنْ رعِيَّتِهِ، والرَّجُلُ رَاعٍ في أهلِهِ وَمسؤولٌ عنْ رَعِيَّتِهِ، وَالمَرأَةُ راعيةٌ في بيتِ زَوجها وَمسؤولةٌ عَنْ رعِيَّتِها، والخَادِمُ رَاعٍ في مال سَيِّدِهِ وَمَسؤُولٌ عَنْ رَعِيتِهِ، وكُلُّكُم راعٍ ومسؤُولٌ عَنْ رعِيَّتِهِ» «سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى ۋە سىلەرنىڭ ھەممىڭلار ئۆز پادىلىرىڭلار توغرۇلۇق سوراق قىلىنىسىلەر، خەلىفىمۇ پادىچى، ئۇلار ئۆز پۇقرالىرى توغرۇلۇق سورىلىدۇ ۋە ئەر كىشىمۇ پادىچى، ئۇ ئۆيىدىكىلىرى توغرۇلۇق سورىلىدۇ ۋە ئايال كىشىمۇ پادىچى، ئۇ ئېرىنىڭ ئۆيىدىكىلەر توغرۇلۇق سورىلىدۇ ۋە خىزمەتچىمۇ پادىچى، ئۇ خوجايىنىنىڭ ماللىرى توغرۇلۇق سورىلىدۇ، دېمەك سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى ۋە ئۆز پادىلىرىڭلار توغرۇلۇق سوراق قىلىنىسىلەر». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

**654 ـ ئەبۇ يەئلا مەئقىل ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ما مِن عبدٍ يسترعِيهِ اللّه رعيَّةً، يَمُوتُ يومَ يَموتُ وهُوَ غَاشٌ لِرَعِيَّتِهِ، إلاَّ حَرَّمَ اللّه علَيهِ الجَنَّةَ» «قايسى بەندىنى ئاللاھ تائالا بىرەر خەلققە ھۆكۈمران قىلغان بولسا، ئۇ ئۆز قەۋمىگە خىيانەتكار ھالدا ئۆلگەن بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**يەنە بىر رىۋايەتتە: «فَلَم يَحُطهَا بِنُصْحهِ لم يجِد رَائحَةَ الجَنَّة» «ھۆكۈمران بولغۇچى ئۆز قەۋمىگە سەمىمىي مۇئامىلە قىلمىغان بولسا جەننەتنىڭ پۇرىقىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ»، دېيىلگەن.**

**مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: «ما مِن أَمِيرٍ يَلِي أُمورَ المُسلِمينَ، ثُمَّ لا يَجهَدُ لَهُم، ويَنْصحُ لهُم، إلاَّ لَم يَدخُل مَعَهُمُ الجَنَّة» «مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىغا ئىگە بولغان بىرەر ئەمىر ئۇلار ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتمىسە، ئۇلارغا سەمىمىي بولمىسا، ئۇنداقتا ئۇ ئەمىر مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە جەننەتكە كىرەلمەيدۇ»، دېيىلگەن.**

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: **1)** ئەمەلدارلارنى ئۆز پۇقرالىرىنىڭ ھەقلىرىگە تولۇق رىئايە قىلماسلىقتىن ۋە ئۇلارنىڭ مەسىلىلىرى ۋە ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە سەل قاراشتىن ئاگاھلاندۇرۇش.

**2)** خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى چىقىرىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكى ۋە بۇنىڭغا سەل قارىغانلارنىڭ جەننەتكە ئىرىشىشتىن مەھرۇم قالىدىغانلىقى.

**3)** ئىسلامدىكى ئەمەل تۇتقۇچىلارنىڭ مەنسىپىنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلىش.

**655 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيۈمدە مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «اَللَّهُمَّ مَنْ وَلِيَ مِنْ أَمْرِ أُمَّتِيْ شَيْئاً فَشَقَّ عَلَيْهِمْ فَاشْقُقْ عَلَيْهِ، وَمَنْ وَلِيَ مِنْ أَمْرِ أُمَّتِيْ شَيْئاً فَرَفَقَ بِهِمْ فَارْفُقْ بِهِ» «ئى ئاللاھ! بىرەر كىشى ئۈممىتىمنىڭ ئىشىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلارغا جاپا سالسا سەنمۇ ئۇنىڭغا جاپا سالغايسەن، كىمكى مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ بىرەر ئىشىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلارغا يۇمشاق كۆڭۈللۈك قىلغان بولسا، سەنمۇ ئۇنىڭغا يۇمشاق كۆڭۈللۈك قىلغايسەن».**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: **1)** بەندىگە بېرىلىدىغان ساۋاب ياكى جازانىڭ ئەمەلىگە قاراپ بولىدىغانلىقى، ئەگەر ئەمەل تۇتقۇچىلار پۇقرالىرىنى قىيناپ زۇلۇم قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇنى دۇنيادا تۈرلۈك ئازابلارغا دۇچار قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە دۈشمەنلەرنى ھۆكۈمران قىلىش ئارقىلىق ئېغىر قىيىنچىلىقتا قالدۇرىدىغانلىقى.

**2)** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئۈممەتلىرىنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى.



www.munber.org

**656 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كَانَت بَنُو إسرَائِيلَ تَسُوسُهُمُ الأنْبياءُ، كُلَّما هَلَكَ نبي خَلَفَهُ نبي، وَإنَّهُ لا نبي بَعدي، وسَيَكُونُ بَعدي خُلَفَاءُ فَيَكثُرُونَ» «بەنى ئىسرائىلغا پەيغەمبەرلەر كېلىپ ئۇلارنى باشقۇراتتى. قاچانكى بىرى ۋاپات بولسا، ئورنىغا يەنە بىرى كېلەتتى. مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ. نۇرغۇن خەلىفىلەر كېلىدۇ»، دېدى. ساھابىلەر: «شۇ چاغدا بىزنى نېمىگە بۇيرۇيسەن؟»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أوفُوا بِبَيعَةِ الأوَّلِ فالأوَّلِ، ثُمَّ أعطُوهُم حَقَّهُم، وَاسألُوا اللّه الذي لَكُم، فَإنَّ اللّه سائِلُهم عمَّا استَرعاهُم» «ئەۋزىلىگە بەيئەت قىلىڭلار، ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ ھەققىنى ئاللاھ تائالادىن سوراڭلار، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا بەرگەن ھۆكۈمرانلىقى توغرۇلۇق ئۆزى سوئال ـ سوراق قىلىدۇ»، دېدى.**

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاۋامغا ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى قىلىدىغان ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاپ زالىملارنىڭ شەررىدىن ساقلايدىغان پەيغەمبەر ياكى خەلىفىنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھۆكۈمرانلار، مادامىكى، ھەققانىيەت بىلەنلا ئىش قىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ خەلىفىلىرى ھېسابلىنىدىغانلىقى، پەيغەمبەرنىڭ ئورۇنباسارى ھېسابلىنىدىغانلىقى، پۇقرالارنىڭ ئۇلارغا سادىق بولۇشى ۋە ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشى، شۇنداقلا بەيئەت (بەرگەن ۋەدە) لىرىگە ئەمەل قىلىشى كېرەكلىكى. خەلىفىلەر ئۇچۇن كۆرەش قىلىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكى، پۇقرالارنىڭ ھۆكۈمرانلاردىن مېھرى ـ شەپقەت ۋە ئاۋامنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشنى تىلىشىنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكى.

2) دىنىي ئىشلارنى دۇنيا ئىشلىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇش. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇلتان (پادىشاھ)لارنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشقا بۇيرۇغان بولۇپ، بۇنداق قىلىش دىننى يۇقىرى كۆتۈرگەنلىك ۋە پىتنىدىن ساقلانغانلىق. ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكۈمرانلارنى مەسئۇلىيىتىگە سەل قارىغانلىقىدىن سوئال ـ سوراق قىلىدىغانلىقى.

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان غەيب ئىشلاردىن خەۋەر بەرگەنلىكى ۋە بۇ ئىشلارنىڭ خەۋەر بەرگەن بويىچە ئەمەلىيەتتە يۈز بەرگەنلىكى.

**657 ـ ئائىز ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كۈنى ئۇ ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى زىيادنىڭ يېنىغا كىرىپ ئۇنىڭغا: «ئى بالام! مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «إنَّ شَرَّ الرِّعاءِ الحُطَمَةُ» ‹ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەڭ ئەسكىسى كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىدىغان، قارا كۆڭۈل بولغانلاردۇر›، سەن ئاشۇلاردىن بولۇپ قېلىشتىن ساقلانغىن»، دېدى.**

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئەمەلدارلارنى ئاۋامغا زۇلۇم سېلىش ۋە قاتتىق قوللۇق قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش. ئەمەلدارلارغا نەسىھەت قىلىش، ئاخىرەتنى ئەسلىتىپ قويۇش ۋە ئۇلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش.

www.munber.org

**658 ـ ئەبۇ مەريەم ئەزدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇئاۋىيىگە مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم:** «من ولاَّهُ اللَّه شَيئاً مِن أُمورِ المُسلِمينَ فَاحتَجَبَ دُونَ حَاجتِهِم وخَلَّتِهِم وفَقرِهِم، احتَجَب اللَّه دُونَ حَاجَتِه وخَلَّتِهِ وفَقرِهِ يومَ القِيامَةِ» **«ئاللاھ تائالا بىر كىشىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىغا باش قىلغان بولسا، ئۇ باشچى بولغان ئادەم پەردە ئارقىسىغا ئۆتۈۋېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقمىسا، داد ـ ئەھۋالىغا يەتمىسە، نامراتلىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلمىسا، ئاللاھ تائالامۇ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ پېقىرلىقى، ھاجىتى، داد ـ ئەھۋالىغا قۇلاق سالمايدۇ». شۇنىڭ بىلەن مۇئاۋىيە مەخسۇس بىر ئادەمنى كىشىلەرنىڭ ھاجەتلىرىنى ئاڭلاشقىلا تەيىنلىدى.**

—— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بەندىنىڭ ئەمەللىرىگە يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىدىغانلىقى، ھەر قانداق بىر ئەمەلدار ئۆز خەلقىنىڭ ھاجەتلىرىدىن چىقمىسا، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئۆز پەزلى ئېھسانىدىن مەھرۇم قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلمايدىغانلىقى.

2) ئەمەلدارلارنى كىشىلەرگە پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزۈشتىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش ۋە ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە توسقۇنلۇق قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش.

## 79 . باب ئادىل ھۆكۈمران

**ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:** ﴿وَأَقْسِطُوا إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُقْسِطِينَ﴾ **﴿(ھەممە ئىشتا) ئادىل بولۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ﴾.** («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھۇجۇرات 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

**659 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «سَبْعَةٌ يُظِلُّهُمُ اللَّه في ظِلِّهِ يومَ لا ظِلَّ إلاَّ ظِلُّهُ: إمَامٌ عادِلٌ، وشَابٌّ نَشَأَ في عِبادَةِ اللَّهِ تَعالى، ورَجُلٌ مُعَلَّقٌ قَلبُهُ في المَسَاجِدِ، ورجُلانِ تَحَابَّا في اللَّه، اجتَمعَا عليهِ، وتَفرَّقَا علَيهِ، ورجُلٌ دعَتهُ امرَأَةٌ ذَاتُ مَنصِبٍ وجمَالٍ، فقَال: إنِّي أَخَافُ اللَّه، ورَجُلٌ تَصَدَّقَ بِصدقةٍ، فَأَخْفَاها حَتَّى لا تَعلَمَ شِمالُهُ ما تُنفِقُ يمِينُهُ، ورَجُلٌ ذَكَر اللَّه خَالِياً فَفَاضَتْ عينَاهُ» **«ئاللاھ تائالانىڭ سايىسىدىن باشقا ھېچقانداق سايە يوق قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ تائالا يەتتە تۈرلۈك ئادەمنى ئۆز ئەرشى ئاستىدا سايىدىتىدۇ: 1) ئادىل پادىشاھ. 2) پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالانىڭ ئىبادىتىدە ئۆسكەن ياش. 3) ئەس ـ يادى ھەمىشە مەسجىدتە بولغان ئادەم. 4) ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن دوست بولۇشقان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئايرىلىشقان ئادەملەر. 5) ئېسىل ۋە چىرايلىق بىر ئايال ئۆزىگە چاقىرسا، ‹ئاللاھ تائالادىن قورقىمەن›، دەپ ئۇنى رەت قىلغان كىشى. 6) ئوڭ قولى بىلەن نېمىنى**



www.munber.org

بەرگەنلىكىنى سول قولى بىلمەي قالغۇدەك دەرىجىدە مەخپىي سەدىقە بەرگەن كىشى. 7) خالىي جايدا ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىپ ياش تۆككەن كىشى».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**660. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إنَّ المُقسِطينَ عِنْدَ اللَّهِ عَلى مَنابِرَ مِنْ نورٍ؛ الَّذِينَ يعْدِلُونَ في حُكْمِهِمْ وأَهليهِمْ وما وُلُّوا» **«شۈبھىسىزكى، ئادىل ھۆكۈمرانلار ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا نۇردىن بولغان مۇنبەردە ئولتۇرىدۇ. ئۇلار شۇنداق كىشىلەركى، ئۆز ھۆكۈملىرى، ئۆز ئەھلى ۋە ئۆزى ئىگە بولغان نەرسىلەردە ھەققانىي بولغان كىشىلەردۇر».**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئادىللىقنىڭ پەزىلىتى ۋە ئادىللىق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

2) ئادىل كىشىلەرنىڭ قىيامەتتىكى مەرتىۋىسىنى بايان قىلىش.

**661 ـ ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:** «خِيَارُ أئِمَتِكُمْ الَّذِينَ تُحِبُّونهُم ويُحبُّونكم، وتُصَلُّونَ علَيْهِم ويُصَلُّونَ علَيْكُمْ، وشِرَارُ أئِمَّتِكُم الَّذينَ تُبْغِضُونهُم ويُبْغِضُونَكُمْ، وتَلْعُنونَهُمْ ويلعنونكم» **«سىلەرنىڭ ياخشى ھۆكۈمرانلىرىڭلار سىلەرمۇ ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۇلارغا دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان، ئۇلارمۇ سىلەرنى ياخشى كۆرىدىغان، سىلەرگە .دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان كىشىلەردۇر. سىلەرنىڭ يامان ھۆكۈمرانلىرىڭلار سىلەر ئۇلارنى يامان كۆرىدىغان، لەنەت ئوقۇيدىغان، ئۇلارمۇ سىلەرنى يامان كۆرىدىغان، سىلەرگە لەنەت ئوقۇيدىغان كىشىلەردۇر». ئەۋف مۇنداق دېدى: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ئۇلارغا قارشى چىقمايمىزمۇ؟» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «لا، ما أَقَامُوا فِيكُمُ الصَّلاةَ، لا، ما أَقَامُوا فيكُمُ الصَلاة» **«ئۇلار ئاراڭلاردا ناماز ئوقۇسىلا قارشى چىقماڭلار، ئۇلار ئاراڭلاردا ناماز ئوقۇسىلا قارشى چىقماڭلار»، دەپ تەكرارلىدى.**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پۇقرالار ئارىسىدا ئىتتىپاقلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىش ئىگىلىرى ئەمەلدارلارنى ئاۋامغا ئادىل مۇئامىلىدە بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

2) ئاۋامنى توغرا ئىشلاردا ئىش ئىگىلىرىگە ئىتائەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

3) ئەمەلدارلار بىلەن ئاۋام ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە سەممىي بولۇش ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق، ئىتتىپاقلىقتا سەۋەبچى بولىدىغانلىقى ۋە تىنچ، ئامانلىقنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقى.

4) نامازنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئىسلامنىڭ بەلگىسى ۋە مۇھىم ئەركانلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى.



www.munber.org

**662 ـ ئىياز ئىبنى ھەزىرەتى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «أَهْلُ الجَنَّةِ ثَلاثَةٌ: ذُو سُلْطانٍ مُقْسِطٌ مُوَفَّقٌ، ورَجُلٌ رَحِيمٌ رَقيقُ القَلْبِ لِكُلِّ ذِي قُرْبَى وَمُسْلِمٍ، وعَفِيفٌ مُتَعَفِّفٌ ذُو عِيالٍ» «جەننەت ئەھلى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇلار: 1) ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن تەۋپىق ئاتا قىلىنغان ئادىل پادىشاھ. 2) ئۆز يېقىنلىرىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا كۆيۈمچان، مۇلايىم بولغان كىشى. 3) بالا ـ چاقىلىق، ئۆزى موھتاج تۇرۇپمۇ كىشىلەردىن نەرسە تىلىمەيدىغان كىشىدۇر».**

ــــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالانىڭ بەرەر ئەمەلدارغا ياخشىلىق ئىرادە قىلسا، ئۇنى پۇقرالارغا ئادىللىق قىلىش ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىدىغانلىقى.

2) كىشىلەرگە سىلىق ـ سىپايىلىق بىلەن مۇئامىلىدە بولۇشقا رىغبەتلەندۇرۇلگەنلىكى.

3) تىلەمچىلىكتىن ئۆزىنى ساقلاش ۋە ھۈنەر ـ كەسىپ ئارقىلىق رىزىق تېپىش كېرەكلىكى.

4) كىشىنىڭ مۇشۇ يۇقىرىقى ياخشى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىشىنىڭ ئۇنىڭ ئەھلى جەننەتلەردىن بولۇشىنىڭ ئالامەتلىرىدىن ئىكەنلىكى.

## 80. باب گۇناھ بولمايدىغان ئىشلاردا ھۆكۈمرانلارغا ئىتائەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى، گۇناھ بولىدىغان ئىشلاردا ئىتائەت قىلىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

**ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ أَطِيعُواْ اللّهَ وَأَطِيعُواْ الرَّسُولَ وَأُوْلِي الأَمْرِ مِنكُمْ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار﴾.** («قۇرئان كەرىم» سۈرە نىسا 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

**663 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «عَلى المَرْءِ المُسْلِمِ السَّمْعُ والطَّاعَةُ فِيما أَحَبَّ وكَرِهَ، إلاَّ أنْ يُؤْمَرَ بِمَعْصِيَةٍ فَإذا أُمِرَ بِمعْصِيَةٍ فَلاَ سَمْعَ وَلا طاعَةَ» «مۇسۇلمان كىشىنىڭ بىرەر گۇناھ ئىشقا بۇيرۇلمىسىلا مەيلى ياقتۇرسۇن، مەيلى ياقتۇرمىسۇن ئۆز ھۆكۈمرانىغا ئىتائەت قىلىشى زۆرۈر. ئەگەر گۇناھقا بۇيرۇسا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ».**

ــــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**664 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز ھەر قاچان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشقا بەيئەت قىلساق ئۇ بىزگە: «فيما اسْتَطَعْتُمْ» «قولۇڭلاردىن كېلىشىچە بەيئەت قىلىڭلار»، دەيتتى.**

ــــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىش ئىگىلىرىگە ئىتائەت قىلىشنىڭ ئاۋامنىڭ كۆچى يېتىدىغان ئىشلاردا بولىدىغانلىقى.

2) ئىش ئىگىلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىش يۈزىسىدىن ئاۋامغا مېھرى ـ شەپقەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەنلىكى.

**665 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان.** «مَنْ خلَعَ يَداً منْ طَاعَةٍ لَقِيَ اللَّه يـوْم القيامَةِ ولاَ حُجَّةَ لَـهُ، وَمَـنْ مـاتَ وَلَـيْس في عُنُقِـهِ بيْعَـةٌ مَـاتَ مِيتـةً جَاهِلِّيَّـةً» **«كىمكى ئۆز خەلىپىسىگە بويسۇنۇشتىن باش تارتسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالاغا ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقىغا پاكىتسىز ھالدا مۇلاقات بولىدۇ. كىمكى ئىتائەت قىلىشتىكى بەيئەتنى بۇزغانلىقىغا ھېچ ئۆزرىسى بولمىغان ھالدا ئۆلسە، جاھىلىيەت زامانىسىدىكىلەرگە ئوخشاش گۇمراھلىق بىلەن ئۆلگەن بولىدۇ».**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە:** «ومَنْ ماتَ وَهُوَ مُفَارِقٌ للْجَماعةِ، فَإِنَّهُ يُموت مِيتَةً جَاهِلِيَّةً» **«كىمكى جامائەتتىن ئايرىلغان ھالدا ئۆلسە، ئۇ جاھىلىيەت زامانىسىدىكىلەرگە ئوخشاش گۇمراھلىق بىلەن ئۆلگەن بولىدۇ»، دېيىلگەن.**

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئادىل يولباشچىغا قول بېرىش ـ بەيئەت قىلىشنىڭ ۋە مۇسۇلمانلار جامائىتىنى لازىم تۇتۇشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكى، گۇناھ ئىشلارغا بۇيرۇمىسىلا ئاسىيلىق قىلىشقا ۋە ئىتائەتتىن سەۋەبسىز باش تارتىشقا بولمايدىغانلىقى.

**666 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «اسْمَعُوا وأطيعوا، وإنِ اسْتُعْمِل علَيْكُمْ عبْدٌ حبشيٌّ، كَأَنَّ رَأْسهُ زَبِيبَةٌ» **«گەرچە سىلەرگە بېشى ئۈزۈمدەك كىچىك، پاخمىباش قارا قۇل ھۆكۈمران بولسىمۇ ئىتائەت قىلىڭلار».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىش ئىگىلىرى گۇناھ ـ مەئسىيەتكە بۇيرۇمىسىلا ئۇلارنىڭ رەڭگى ۋە ئىرقىغا قارىماستىن ئىتائەت قىلىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكى.

2) ھەدىستىكى « قارا قۇل »، دېگەننى تىلغا ئېلىش بولسا ئىتائەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەش ئۈچۈندۇر. قۇل كىشىنىڭ ھۆكۈمران بولۇشى جائىز ئەمەس، چۈنكى ھۆكۈمران بولۇشتا كىشىنىڭ ئازاد بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ.

**667 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «عليْكَ السَّمْعُ وَالطَّاعةُ في عُسْرِكَ ويُسْرِكَ وَمنْشَطِكَ ومَكْرهِكَ وأَثَرَةٍ عَلَيْك» **«سېنىڭ قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشلۇق ھالەتلىرىڭدە بولسۇن ياكى ياقتۇرمىغان ھالەتلىرىڭدە بولسۇن، ۋە مەيلى ھۆكۈمرانىنىڭ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ نەپسانىيەتچىلىك قىلغان ھالەتلىرىدە بولسۇن ئىتائەت قىلىشىڭ لازىم».**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا مەيلى بەزى ھەقلىرىدىن ئايرىلىپ قالسۇن ۋە ياكى قىيىنچىلىققا دۇچار بولسۇن كوللېكتىپ مەنپەئىتىنى شەخسىي مەنپەئەتنىڭ ئۈستىگە قويۇش يۈزىسىدىن ئىتائەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى.

**668** - ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر سەپەردە بولدۇق. بىز بىر جايغا چۈشتۇق. بەزىلىرىمىز چېدىرلىرىمىزنى تۈزەۋاتاتتۇق. بەزىلىرىمىز ئوقيا ئېتىش مۇسابىقىسى بىلەن بولۇۋاتاتتۇق ۋە بەزىلىرىمىز ئۇلاقلارنى ئوتلىتىش بىلەن بولۇۋاتاتتۇق. بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋاكالىتەن: «جامائەت نامىزىغا ھازىر بولۇڭلار»، دەپ چاقىرىپ قالدى. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىغا يىغىلدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «إِنَّهُ لَمْ يَكُنْ نبي قَبْلِي إلاَّ كَانَ حَقا علَيْهِ أنْ يَدُلَّ أُمَّتَهُ عَلى خَيرِ ما يعْلَمُهُ لهُمْ، ويُنذِرَهُم شَرَّ ما يعلَمُهُ لهم، وإنَّ أُمَّتَكُمْ هذهِ جُعِلَ عَافيتُها في أَوَّلِها، وسَيُصِيبُ آخِرَهَا بلاءٌ وأُمورٌ تُنكِرُونَهَا، وتجيءُ فِتَنٌ يُرقِّقُ بَعضُها بَعْضاً، وتجيء الفِتْنَةُ فيقُولُ المؤمِنُ: هذهِ مُهْلِكَتي، ثُمَّ تَنْكَشِفُ، وتجيءُ الفِتنَةُ فَيَقُولُ المُؤْمِنُ: هذهِ هذهِ، فَمَنْ أَحَبَّ أنْ يُزَحْزَحَ عن النَّارِ، ويُدْخَلَ الجَنَّةَ، فَلْتَأْتِهِ منيته وَهُوَ يُؤْمِنُ بِاللَّهِ وَاليَوْمِ الآخِرِ، ولَيَأْتِ إلى الناسِ الذي يُحِبُّ أَنْ يُؤتَى إِلَيْهِ ومَنْ بَايع إماماً فَأَعْطَاهُ صَفْقَةَ يدِهِ، وثَمرَةَ قَلْبِهِ. فَلْيُطعْهُ إنِ اسْتَطَاعَ، فَإِنْ جَاءَ آخَرُ ينازِعُهُ، فاضْرِبُوا عُنُقَ الآخَرِ» «مەندىن ئىلگىرى قانداقلا بىر پەيغەمبەر ئۆتمىسۇن ئۆز ئۈممىتى ئۈچۈن ياخشى دەپ بىلگەن نەرسىلىرىگە ئۈممىتىنى دالالەت قىلىش، ئۇلارغا يامان دەپ بىلگەن نەرسىدىن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۇنىڭ زىممىسىگە ئارتىلغاندى. سىلەردىن ئىبارەت بۇ ئۈممەتنىڭ ئاۋۋالقىلىرىغا ئامانلىق نېسىپ بولغان. كېيىنكىلىرىگە بولسا (يەنى ھىجرىينىڭ 3 - ئەسىرىدىن كېيىنكىلەرگە) تۈرلۈك بالا - قازا. سىلەر ئىنكار قىلىدىغان بىدئەت ئىشلار مەيدانغا كېلىدۇ. شۇنداق بىر پىتنىلار كېلىدۇكى باشتا كەلگەن پىتنىلەر كېيىن كەلگەن پىتنىلەرنىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسە بولماي قالىدۇ ۋە يەنە شۇنداق بىر پىتنە بولىدۇكى مۇئمىن ئۇنى كۆرگەن چاغدا بۇ پىتنە مېنى ھالاك قىلىدۇ دەپ تۇرغاندا ئۇ پىتنە كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ ۋە يەنە بىر خىل پىتنە كېلىپ مۇئمىن كىشى بۇ پىتنە مېنى ھالاك قىلىدىغان بولدى، بۇ پىتنە مېنى ھالاك قىلىدىغان بولدى، دەپ قالىدۇ. قانداق بىر كىشى دوزاختىن يىراق بولاي، جەننەتكە كىرەي دېسە، ئاللاھ تائالا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ھالدا كەلسۇن. ئۆزى قانداق مۇئامىلىگە ئۇچراشنى ياقتۇرسا، كىشىلەرگە شۇنداق مۇئامىلە قىلسۇن. كىمكى بىرەر ھۆكۈمرانغا سەممىيلىك بىلەن قول بەرگەن بولسا، قولىدىن كېلىشىچە ئىتائەت قىلسۇن، ئەگەر باشقا بىر كىشى كېلىپ ئۇ خەلىفە بىلەن ھاكىمىيەت تالاشسا ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالسۇن».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كىشىلەرنى ئۇلار ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان خەۋەر - مەسىلىلەر ئۈچۈن بىرىيەرگە توپلاشقا بولىدىغانلىقى.



www.munber.org

2) ئۇممەتنى خەتەرلىك ئەھۋاللاردىن ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ ھۆكۈمرانلار ۋە ئۆلىمالار ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكى.

3) بىر ـ بىرىگە ئۇلۇشۇپ كەينى ـ كەينىدىن يۈز بېرىدىغان ئېغىر پىتنىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر قىلغىنىدەك يۈز بەرگەنلىكى، بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىنئالا خەۋەر بېرىشتەك مۆجىزىلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكى.

4) پىتنە ـ پاسات بىلەن بولۇپ كېتىشتىن ۋە گۇناھلار دولقۇنىغا چۆكۈپ كېتىشتىن ئاگاھلاندۇرۇلغانلىقى.

5) ئىماننى ساقلاشقا، توغرا يولدا مېڭىشقا، گۈزەل ئەخلاق ۋە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش، بۇنداق قىلىشنىڭ پىتنە ـ پاساتنىڭ شەررىدىن ساقلاپ دوزاخقا چۈشۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغانلىقى.

6) كۆڭلى يېتىدىغان توغرا ئىشلاردا ھاكىملارغا بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش ۋە ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش كېرەكلىكى.

7) ئادىل ھۆكۈمراننىڭ باشچىلىقىدا ھۆكۈمرانلارغا ئىتائەت قىلمىغانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكى.

**669 ـ ئەبۇ ھۇنەيدە ۋائىل ئىبنى ھۇجر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، سەلەمە ئىبنى يەزىد جۇئفى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، بىزدىن ئۆز ھەققىنى تەلەپ قىلىدىغان، بىزنىڭ ھەققىمىزنى بەرمەيدىغان ھۆكۈمرانلار مەيدانغا كەلسە بىزنى نېمە قىلىشقا بۇيرۇيسەن؟»، دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اسْمَعُوا وأطِيعُوا، فَإنَّما علَيْهِمْ ماحُمِّلُوا وعلَيْكُم ما حُمِّلْتُمْ» «سۆزىنى ئاڭلاڭلار، ئەمرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، چۈنكى ئۇلارمۇ ئىشىغا جاۋابكار، سىلەرمۇ قىلغان ئۆز ئىشىڭلارغا جاۋابكار»، دېدى.** ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھۆكۈمرانلارغا گەرچە ئۇلار ئۆز مەجبۇرىتىنى تولۇق ئادا قىلالمىغان بولسىمۇ، مۇقىملىق ۋە ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكى.

2) ئۆز مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلالماسلىقى ئاۋامنىڭ ھۆكۈمرانلار توغرىسىدىكى مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلماسلىقىغا باھانە بولالمايدىغانلىقى.

3) ھەركىم ئۆز قىلمىشىغا ئۆزى مەسئۇل ۋە تولۇق ئادا قىلمىغان مەجبۇرىيىتى ئۈچۈن ئۆزى جاۋابكار بولىدىغانلىقى.

**670. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إنَّهَا ستَكُونُ بعْدِي أَثَرَةٌ، وأُمُورٌ تُنْكِرُونَهَا» «مەندىن كېيىن ئىنساپسىزلىقلار ۋە سىلەر ئىنكار قىلىدىغان ئىشلار پەيدا بولىدۇ»، ئۇلار: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، بىزدىن شۇ زامانغا توغرا كېلىپ قالغانلارنى قانداق قىلسۇن دەيسەن؟ »، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تُؤَدُّونَ الحَقَّ الذي عَلَيْكُمْ، وتَسْأَلُونَ اللَّه**



www.munber.org

الـذي لَكُـمْ» «سـىلەرنىڭ زىممەڭلەرگە يۈكلەنگەن ئـادا قىلىشقا تېگىشلىك بولغـان ھـەقنى ئـادا قىلىڭلار. ئۆزەڭلارغا تېگىشلىك ھەققىڭلارغا ئېرىشىشنى ئـاللاھتىن تـىلەڭلار»، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

671 - ئـەبۇ ھۇرەيـرە رەزىيـەللاھۇ ئـەنھۇدىن رىۋايـەت قىلىـنىدۇكى، پـەيغەمبەر ئەلەھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ أطَاعَنِي فَقَدْ أطَاعَ اللّه، وَمَنْ عَصَانِي فَقَدْ عَصَى اللّه، وَمَنْ يُطِعِ الأمِيرَ فَقَدْ أطَاعَنِي، ومَنْ يعْصِ الأميرَ فَقَدْ عَصَانِي» «كىمكى ماڭا ئىتائەت قىلسا ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. كىمكى ماڭا ئاسىيلىق قىلسا ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ، كىمكى ھۆكۈمدارغا ئىتائەت قىلسا ماڭا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. كىمكى ھۆكۈمدارغا ئاسىيلىق قىلسا ماڭا ئاسىيلىق قىلغان بولغان بولىدۇ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

672 - ئىبنى ئابباس رەزىيـەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايـەت قىلىـنىدۇكى، پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «من كَرِه مِنْ أمِيرِهِ شيْئاً فَلْيَصبِر، فإنَّهُ مَن خَرج مِنَ السُّلطَانِ شِبراً مَاتَ مِيتَةً جاهِلِيةً» «كىمكى باشلىقىنىڭ بىرەر ئىشىنى ياقتۇرمىسا سەۋر قىلسۇن، كىمكى سـۇلتانغا ئىتائـەت قىلىشـتىن بىـر غېـرىچ چەتنەيدىكـەن، ئـۇ جاھىلىيـەت دەۋرىدىكىلەرگە ئوخشاش ئۆلگەن بولىدۇ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ھۆكۈمدارلارنىڭ قىغىرلىق تەرەپلىرىگە ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ ۋە ھەققەتنى ئۇچۇق-ئاشكارا سۆزلەش بىلەن بىرگە سەۋر قىلىش.

673 - ئەبۇ بەكرى رەزىيـەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىـنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «مَن أهَانَ السُّلطَانَ أهَانَهُ اللَّه» «كىمكى ھۆكۈمدارنى مەنسىتمىسە، ئاللاھ تائالا ئۇنى مەخسىتمەيدۇ». — ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ھۆكۈمدارلار ئۆلىمالارنى كامالى ئىھتىرام بىلەن ھۆرمەتلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش.

## 81 - باب ھۆكۈمدار بولۇشنى تەلەپ قىلىشنى چەكلەش، تەيىنلىنىپ قالمىسا ۋە ياكى زۆرۈرىيەت بولمىسا ئەمەل تۇتماسلىقنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿تِلْكَ الدَّارُ الْآخِرَةُ نَجْعَلُهَا لِلَّذِينَ لَا يُرِيدُونَ عُلُوًّا فِي الْأَرْضِ وَلَا فَسَادًا وَالْعَاقِبَةُ لِلْمُتَّقِيْنَ﴾ ﴿ئەنە شۇ ئـاخىرەت يۇرتىنى يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلىشنى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى كۆزلىمەيدىغانلارغا خاس قىلدۇق، (ياخشى) ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە قەسەس 83 - ئايەت)



www.munber.org

**674 ـ ئەبۇ سەئد ئابدۇراھمان ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا مۇنداق دېگەن:** «يَا عَبدَ الرَّحمن بن سمُرَةَ: لا تَسأل الإمارَةَ، فَإنَّكَ إن أُعْطِيتَها عَن غَيْرِ مسألَةٍ أُعنتَ علَيها، وإن أُعطِيتَها عَن مسألةٍ وُكِلتَ إلَيْها، وإذَا حَلَفْتَ عَلى يَمِين، فَرَأَيت غيرها خَيراً مِنهَا، فَأْتِ الذي هُو خيرٌ، وكفِّر عَن يَمينِكَ» **«ئى ئابدۇراھمان ئىبنى سەمۇرە، مەنسەپنى تىلەپ قولغا كەلتۈرمىگىن. ئۇنى تىلەپ قولغا كەلتۈردىغان بولساڭ شۇنىڭ بىلەن بولۇپ كېتىسەن ـ دە، ئاللاھ تائالا ساڭا ياردەم بەرمەيدۇ. ئۇ سەن تەلەپ قىلماستىن قولۇڭغا كېلىدىغان بولسا ئاللاھ تائالا ساڭا يار ـ يۆلەك بولىدۇ. بىرەر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن قەسەم ئىچكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ غەيرىنى قىلىش پايدىلىق بولىدىغانلىقنى بايقىساڭ ئىچكەن قەسىمىڭگە كەففارەت بېرىپ، پايدىلىق ئىشنى قىلساڭ بولىدۇ».** —— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: **1)** مەنسەپ تەمە قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، ئەگەر تەمە قىلماستىن مەنسەپ بېرىلسە ئۇنى قوبۇل قىلسا بولىدىغانلىقى، ئەگەر ئۆزىدىن باشقا ئەڭ لايىق كىشى بولمىسا، تەلەپ قىلىش ۋە ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى.

**2)** ياخشى ئىشنى قىلماسلىققا ياكى گۇناھ ئىشنى قىلىشقا قەسەم ئىچكەن بولسا بۇنداق قەسەمنى بۇزۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى. ياخشى ئىشقا قەسەم ئىچكەن كىشىگە قەسىمنى ئورۇنلاشقا ياردەم بېرىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

**3)** قەسىمنى بۇزغان كىشى كەففارەت بېرىشى لازىم. يەنى، بىر قۇل ئازاد قىلىش ياكى ئون مىسكىنگە بىر كۈنلۈك نورمال تائام بېرىش، ئەگەر يۇقىرىدىكى ئىشلارغا كۈچى يەتمەيدىغان نامرات كىشى بولسا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش.

**675 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا مۇنداق دېگەن:** «يا أَبا ذَر أَرَاك ضعِيفاً، وإني أُحِبُّ لكَ ما أُحِبُّ لِنَفسي، لا تَأَمَّرنَّ على اثْنيْن ولا تولّيَنَّ مال يتِيمٍ» **«ئى ئەبۇ زەر! مەن سېنى ئاجىز كۆرىمەن، مەن ئۆزۈمگە نېمىنى ياخشى كۆرسەم ساڭىمۇ شۇنى ياخشى كۆرىمەن، ئىككى ئادەمگە بولسىمۇ ھەرگىز باشلىق بولما ۋە يېتىمنىڭ مېلىغا ئىگە بولۇشقا يولىمىغىن».**

—— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: **1)** ئەمەلدارلىق يۈكىنى كۆتۈرەلمەسلىكنى بىلگەن كىشىنىڭ ئەمەلدار بولۇشىنىڭ قەتئىي بولمايدىغانلىقى.

**2)** يېتىمنىڭ مېلىنى ئاسراشقا رىغبەتلەندۈرۈش، ئۇنى ھەقسىز يەۋالماسلىق ياكى زايە قىلىۋەتمەسلىك كېرەكلىكى.

**3)** ئىسلامنىڭ ئۇمۇمنىڭ مەنپەئىتىنى ۋە يېتىملارنىڭ ماللىرىنى قوغدايدىغانلىقى.

**676 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «مېنى بىرەر ئەمەلگە قويمامسەن؟ »، دېدىم. پەيغەمبەر**



www.munber.org

ئەلەيھىسسالام مۇرەمگە ئۇرۇپ تۇرۇپ: «يا أبا ذَرٍّ إنَّكَ ضَعِيف، وإنَّهَا أمانة، وإنَّها يوم القيامَة خِزْيٌ ونَدَامةٌ، إلاَّ من أخَذها بِحقِّها، وأدى الذي عليهِ فِيها» «ئى ئەبۇزەر، سەن ئاجىز، ئەمەلنىڭ ئۆزى بىر ئامانەت. ئۇ ئۇنىڭ ھەققىنى قوبۇل قىلىپ توغرا رەۋىشتە ئادا قىلغان ئادەمدىن باشقىسىغا قىيامەت كۈنى رەسۋالىق ۋە نادامەت بولىدۇ»، دېدى. —— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مەنسەپ تەلەپ قىلغان كىشىگە مەنسەپ بېرىلمەيدۇ، مەنسەپتىن ئۆزىنى تارتقان ۋە ئۇنى ياقتۇرمىغان كىشى مەنسەپكە ئەڭ لايىق كىشىدۇر.

2) باشلىقلىق چوڭ ئامانەت ۋە خەتەرلىك مەسئۇلىيەت. باشلىقلىق مەنسىپىگە ئىگە بولغانلار مەنسىپىگە ھەقىقىي رىئايە قىلىشى، ئاللاھ تائالاغا بەرگەن ۋەدىسىگە خىيانەت قىلماسلىقى.

3) باشلىقلىق مەنسىپىگە لاياقەتچىلىك بىلەن ئولتۇرغان مەيلى ئادىل خەلىفە ياكى ئىشەنچىلىك خەزىنىچى ۋە ياكى ئۆز ئىشىغا پۇختا ئىشچى بولسۇن ھەممىسىنىڭ پەزىلىتى.

677 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إنَّكم ستحرِصون على الإمارةِ، وستَكُونُ نَدَامَة يوْم القِيامَةِ» «سىلەر ئەمەل تۇتۇشقا ھېرىسلىق قىلىسىلەر. تۇتقان ئەمەلىڭلار ئۈچۈن قىيامەت كۈنى نادامەت چېكىسىلەر». دېدى. —— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) سالاھىيىتى يوق ياكى مەجبۇرىيەتنى تولۇق ئادا قىلالمايدىغان كىشىلەرنىڭ مەنسەپ مەرتىۋىلەرگە ھېرىسمەن بولۇشىدىن ئاگاھلاندۇرۇش.

2) باشلىقلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ ئېغىرلىقى ۋە تولۇق ئادا قىلالماسلىقنىڭ جازاسى.

## 82 . باب سۇلتاننى ياخشى ۋەزىر تەيىنلەشكە، قازى ۋە باشقا ئىش ئۈستىدىكىلەرنى ياخشى يارىدەمچى تەيىنلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئۇلارنى يامان دوست تۇتۇشتىن ۋە يامان كىشىلەرنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الْأَخِلَّاء يَوْمَئِذٍ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ عَدُوٌّ إِلَّا الْمُتَّقِينَ﴾ ﴿بۇ كۈندە دوستلار بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ، پەقەت (خۇدالىق ئۈچۈن دوستلاشقان) تەقۋادارلار ئۇنداق ئەمەستۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە زۇخرۇف 67 ـ ئايەت)

678 ـ ئەبۇ سەئد ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَا بَعَثَ اللَّهُ مِن نبي، ولا استَخْلَف مِنْ خَليفَةٍ إلاَّ كَانَتْ لَهُ بِطَانتَانِ: بِطَانَةٌ تَأْمُرُهُ بِالمَعْرُوفِ وَتحُضُّهُ عليه، وبِطَانَةٌ تَأْمُرُهُ بِالشَّرِّ وتحُضُّهُ عليهِ والمَعصُومُ من عَصَمَ اللَّهُ» «ئاللاھ تائالا بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتسە ۋە بىرەر خەلىفىنى قويسا، ئۇنىڭ ئىككى خىل سىردىشى بولىدۇ. بىرى، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، ۋە شۇنىڭغا قىزىقتۇرىدۇ،



www.munber.org

يەنە بىرى يامان ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ ۋە يامان ئىشلارغا قىزىقتۇرىدۇ، يامان سىردىشىنىڭ تەسىرىدىن قالغان ئادەم ئاللاھ تائالا ساقلىغان ئادەمدۇر».

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) تەقۋادارلىق، ئىشەنچ ۋە ياخشىلىق بىلەن تونۇلغان بىر بۆلۈك كىشىلەرنى تاللاپ ئۆز يېنىغا تارتىپ ئۇلاردىن مەسلىھەت ئېلىشنىڭ ھۆكۈمدارلارغا زۆرۈر ئىكەنلىكى، لېكىن بۇزۇقچىلىق ۋە ئەسكىلىك بىلەن تونۇلغان كىشىلەردىن يىراق بولۇش، ھەزەر ئەيلەش كېرەكلىكى.

2) ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئىتى ئىزىپ كېتىشتىن ساقلايدىغانلىقى، شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمرانلارنىڭ يامانلىقنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كېتىشتىن ئۆزىنى ساقلاش ئۈچۈن شەرىئەتنى مەھكەم تۇتۇپ ئىشلىرىنى شەرىئەت ھۆكمىگە تەتبىقلىشى كېرەكلىكى.

**679 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إذا أَرَادَ اللّه بالأمِيرِ خيراً، جَعَلَ له وزيرَ صِدقٍ، إن نَسي ذكَّرهُ، وَإن ذَكَرَ أعَانَهُ، وَإذا أَرَاد بهِ غَيرَ ذلك جعَلَ له وَزِيرَ سُوءٍ، إن نَسي لم يُذَكِّره، وَإن ذَكَرَ لم يُعِنْهُ» **«ئاللاھ تائالا بىرەر ھۆكۈمدارغا ياخشىلىق قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا بىرەر ياخشى ۋەزىرنى نېسىپ قىلىدۇ. ئەگەر ھۆكۈمدار بىرەر ئىشنى ئۇنتۇپ قالسا ۋەزىرى ئۇنىڭ ئېسىگە سالىدۇ، ئەگەر ھۆكۈمدارنىڭ ئېسىدە بولسا ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ. ئەگەر ئاللاھ تائالا ھۆكۈمدارغا يامانلىقنى خالىسا ئۇنىڭغا يامان ۋەزىرنى نېسىپ قىلىدۇ. ئەگەر ھۆكۈمدار ئۇنتۇپ قالسا ئۇ ئېسىگە سالمايدۇ، ئېسىدە بولسا ياردەم بەرمەيدۇ».**

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھۆكۈمدارنىڭ ئەتراپىدا ھۆكۈمدارنى ياخشىلىققا يېتەكلەپ ياردەم بېرىدىغان بىر تۈركۈم سالىھ كىشىلەرنىڭ بولۇشى ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكۈمدارنى ياخشىلىققا مۇۋەپپەق قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن رازى بولغانلىقىنىڭ دەلىلى بولۇپ بۇنداق قىلغاندا ئادىللىقنى بەرپا قىلىشقا ياردىمى بولىدىغانلىقى.

2) ھۆكۈمدارلارنى يامان سىرداشلارنى تۇتۇشتىن ئاگاھلاندۇرۇش، چۈنكى بۇنداق قىلىش بۇزۇقچىلىق ۋە ھەددىدىن ئېشىشقا سەۋەب بولۇپ قالىدىغانلىقى.

## 83 ـ باب ھۆكۈمران بولۇشنى، قازى بولۇشنى ۋەيائىشى ئەمەللەرگە قويۇشنى تەلەپ قىلغان ياكى ئۇنىڭغا قىزىقىدىغانلىقىنى پۇرىتىپ ئۆتكەنلەرنى ئەمەلگە قويماسلىق توغرىسىدا

**680. ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن تاغامنىڭ ئىككى ئوغلى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كىردۇق، ئۇلارنىڭ بىرى: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئاللاھ ساڭا بەرگەن يۇرتلارنىڭ بەزىسىگە بىزنى ئەمەلدار قىلىپ قويغىن»، دېدى. يەنە بىرىمۇ شۇنداق دېدى. پەيغەمبەر**



www.munber.org

ئەلەيھىسسالام: «إنَّا واللّه لا نُوَلِّي هذَا العَمَلَ أحداً سَأَلَه، أو أَحَداً حَرَص عليه» «ھەققەتەن ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، بىز بۇ ئەمەلنى ئۇنى سورىغان ياكى ئۇنىڭغا قىزىققان ئادەمگە بەرمەيمىز»، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مەنسەپ تەمە قىلغان مەنسەپكە ئامراق كىشىلەرنى مەنسەپكە قويۇشقا بولمايدىغانلىقى، چۈنكى بۇنداق كىشىلەر كۆپىنچە ھاللاردا ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى ئەمەس ئۆز مەنپەئەتىنى ئويلايدىغان بولۇپ، بۇنداق قىلىش ئۇممەتكە زىيانلىق ئىكەنلىكى.

2) ھۆكۈمدارلارنىڭ لاياقەتسىز كىشىلەرنى مەنسەپكە قويماسلىقى كېرەكلىكى.

## 84 . باب ھايا ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى، ھايالىق بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا

681 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز قېرىندىشىغا ھايالىق بولغاندا يېتىدىغان زىيان ئۈستىدە توختىلىۋاتقان ئەنسارىيلاردىن بولغان بىر ئادەمنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «دَعْهُ فإنَّ الحياءَ مِنَ الإيمانِ» «ئۇنى ئۆز ھالىغا قويغىن، ھايالىق بولۇش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر»، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھايانىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ ئىمانى كامىللىق ئىكەنلىكى، چۈنكى ھايالىق كىشى گۇناھلاردىن قول ئۈزىدۇ. شۇنداقلا ھايا ئۇ كىشىنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

2) ھايا ـ ئىنسانى خاراكتېر ۋە تۇغما تەبىئەت بولۇپ ئۇ شەرىئەت ئەدەبلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش ئارقىلىق تېخىمۇ ئېشىپ بارىدۇ.

682 ـ ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الحياَءُ لا يَأْتي إلاَّ بخَيْرٍ» «ھايا بەندە ئۈچۈن ھەممە ياخشىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

683 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الإيَمَانُ بِضْع وسبْعُونَ، أَوْ بِضْعُ وَسِتُّونَ شُعْبَةً، فَأَفْضَلُها قَوْلُ لا إله إلاَّ اللّه، وَأَدْنَاها إمَاطَةُ الأَذَى عنَ الطَّرِيقِ، والحياءُ شُعْبَةٌ مِنَ الإيمَانِ» «ئىمان جەمئى يەتمىش نەچچە ياكى ئاتمىش نەچچە شاخچىدىن تەركىب تاپقان، ئىماننىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى بولسا ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر»، دېيىشتۇر. ئىماننىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى بولسا، يول ئۈستىدىن كىشىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىشتۇر. ھايا ئىماننىڭ بىر بۆلىكىدۇر». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: «الحَيَاءُ خَيْرٌ كُلُّهُ» «ھايالىق بولۇش پۈتۈنلەي ياخشىلىقتىن ئىبارەت»، دېيىلىدۇ.

684 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەردىدىكى قىزدىنمۇ بەكرەك ھايالىق ئىدى. ئەگەر رەسۇلۇللاھ بىرەر ئىشنى ياقتۇرمىسا بىز ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىدىن بىلىۋالاتتۇق.

ئۆلىمالار: ھايانىڭ ماھىيىتى قەبىھ، ناچار ئىشلارنى تەرك ئېتىشكە سەۋەب بولىدىغان، ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشتا سۇسلۇق قىلىشتىن توسىدىغان پەزىلەتتۇر، دەپ قارايدۇ. ــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ ھايانى ئۆزلەشتۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرۈش.

2) ھايا ئاياللارغا نىسبەتەن تېخىمۇ ئالاھىدە سۈپەت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللاردىكى ھاياسىزلىق قىيامەتنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنىڭ دەلىلى.

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايالىق ئىكەنلىكى، ھايانىڭ بۈيۈك ئەخلاق ئىكەنلىكى.

## 85 . باب سىر ساقلاش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَأَوْفُواْ بِالْعَهْدِ إِنَّ الْعَهْدَ كَانَ مَسْؤُولاً ﴾ ﴿ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، (قىيامەت كۈنى) ئەھدە ئۈستىدە (يەنى ئەھدىگە ۋاپا قىلغان ـ قىلمىغانلىق ئۈستىدە) ئەلۋەتتە سوئال ـ سوراق قىلىنىسىلەر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەنى ئىسرائىل 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

685 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا مۇنداق دېگەن: «إِنَّ مِنْ أَشَرِّ النَّاسِ عِنْدَ اللَّهِ مَنْزِلَةً يَوْمَ الْقِيامَةِ الرَّجُلَ يُفضِي إلى المَرْأَةِ وَتُفضِي إِلَيهِ ثُمَّ يَنْشُرُ سِرَّهَا» «ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىن قىيامەت كۈنى ئەڭ ناچار ئورۇندا بولىدىغان كىشى شۇنداق ئەردۇركى، ئايالى بىلەن بىر يەردە بولۇپ ئۇنىڭ سىرلىرىنى باشقىلارغا يايىدۇ». ــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئايالىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى پاش قىلغان كىشىنىڭ ئېغىر ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقى، چۈنكى بۇنداق قىلىشنىڭ چوڭ گۇناھلارغا سەۋەبچى ئىكەنلىكى.

2) ئايالىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلىماسلىقنىڭ ئەرنىڭ ئايالىغا قارىتا مەجبۇرىيىتى ئىكەنلىكى.

686 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى تۇل قالغان چاغدا ھەزرىتى ئۆمەر



www.munber.org

مۇنداق دېگەن: «مەن ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يولۇقۇپ، ئۇنىڭغا قىزىم ھەفسىنى نىكاھىڭغا ئالغىن»، دېدىم. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن ئويلىنىپ باقاي»، دەپ نەچچە كۈندىن كېيىن: «مەن توي قىلمىسام بولىدىغاندەك تۇرىدۇ»، دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يولۇقتۇم ۋە ئۇنىڭغا خالىساڭ قىزىم ھەفسىنى نىكاھىڭغا ئالغىن»، دېدىم. ئەبۇ بەكرى گەپ سۆز قىلمىدى. مەن ئوسمانغا قارىغاندىمۇ ئۇنىڭدىن بەكرەك خاپا بولدۇم. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ھەفسىگە پەيغەمبىرىمىز لايىق بولۇپ كەلدى. مەن ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياتلىق قىلدىم. كېيىن ماڭا ئەبۇ بەكرى ئۇچراپ: «بەلكىم سەن ماڭا ھەفسىنى سايە قىلغاندا، مەن گەپ قىلمىسام ئاچچىقلىق كەلگەندۇ. مېنىڭ ساڭا بىر نەرسە دېمەسلىكىمدىكى سەۋەب، رەسۇلۇللاھ ھەفسەنىڭ گېپىنى قىلغانىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلاشنى ھەم خالىمايتتىم. مۇبادا پەيغەمبىرىمىز ھەفسە بىلەن توي قىلمىسا، مەن چوقۇم ئۇنى قوبۇل قىلغان بولاتتىم»، دېگەن. — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) قىزنى دىيانەتلىك، ياخشى كىشىلەرگە بېرىشكە تۇغرىلاشنىڭ جائىز ئىكەنلىكى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز ئاچقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ سۆز ئېچىشنىڭ چەكلىنىدىغانلىقى.

3) مەخپىيەتلىكنى قەتئىي ساقلاش كېرەكلىكى.

4) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تىلغا ئېلىپ ئاندىن بولدى قىلغان ئايالنى باشقىلارنىڭ نىكاھلاپ ئېلىشقا بولىدىغانلىقى، چۈنكى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئەمەس.

687 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مۇئمىنلەرنىڭ ئانىلىرىنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئىدى، بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى فاتىمە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ مېڭىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈپ: «مرْحباً يابنَتي» «كەل قىزىم، ئولتۇر»، دەپ ئۆزىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ياكى سول تەرىپىدە ئولتۇرغۇزدى. دەسلەپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزى فاتىمەنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ بىر نەرسە دېۋىدى، فاتىمە قاتتىق يىغلاپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزىنىڭ بىئارام بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا يەنە پىچىرلاپ بىر نىمىلەرنى دېۋىدى، ئۇ كۈلۈپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىنى قويۇپ تۇرۇپ سەن بىلەن ئالاھىدە سىرداشتى، ئاندىن سەن يىغلىدىڭ»، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقىپ كەتكەندىن كېيىن فاتىمەدىن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساڭا نىمە دېدى؟»، دەپ سورىسام، فاتىمە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىرىنى ھېچكىمگە ئېيتمايمەن»،



www.munber.org

دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساڭا دېگەن مەخپىيەتلىكنى ئەمدى بىلسەم بولامدۇ؟»، دېگىنىمدە، فاتىمە: «ئەمدى دەپ بەرسەم بولىدۇ. دەسلەپتە ماڭا پىچىرلىغىنى: ‹أنَّ جبْرِيل كَان يُعارِضُهُ القُرْآن في كُلِّ سَنَةٍ مرَّة أَوْ مَرَّتَيْن، وأَنَّهُ عَارَضهُ الآنَ مَرَّتَيْنِ، وإِني لا أُرَى الأَجَل إلاَّ قدِ اقْتَرَب، فاتَّقِي اللَّه واصْبِرِي، فَإِنَّهُ نِعْم السَّلَف أَنَا لكِ› ‹پەرىشتە جىبرىئىل ھەر يىلى ‹قۇرئان كەرىم›نى بىر ياكى ئىككى قېتىم ئالدىمدىن ئۆتكۈزەتتى، لېكىن بۇ يىل ئىككى قېتىم ئوقۇپ بەردى، قارىغاندا ئەجىلىم يېقىنلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەن ئاللاھ تائالاغا تەقۋادارلىق قىلغىن، سەۋرچان بولغىن، مەن سېنىڭ ئالدىڭدا كەتكەن نېمىدېگەن ياخشى پېشۋامەن›، دېگەندە، مەن سەن كۆرگەندەك قاتتىق يىغلاپ كەتتىم. ئۇ مېنىڭ بىئارام بولغانلىقىمنى كۆرۈپ ئىككىنچى قېتىم ماڭا پىچىرلاپ مۇنداق دېدى: ‹يَا فَاطمةُ أَما تَرْضِينَ أَنْ تَكُوني سيِّدَةَ نِسَاء المُؤْمِنِينَ، أَوْ سَيِّدَةَ نِساءِ هذهِ الأُمَّةِ؟› ‹قىزىم فاتىمە، ئاخىرەتتە پۈتكۈل مۆئمىن ئاياللارنىڭ سەييىدەسى بولۇشتىن ياكى بۇ ئۈممەتنىڭ ئاياللىرىنىڭ سەييىدەسى بولۇشتىن مەمنۇن بولمامسەن›، دېگەندە سەن كۆرگەندەك كۈلۈپ كەتتىم»، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) گۇناھ بولمايدىغان دەرىجىدە يىغلاشنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقى.

2) فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ ئىسلام ئۈممىتى ئاياللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىكەنلىكى.

3) مۆئمىن مۇسىبەتكە ئۇچرىغاندا سەۋر قىلىدۇ. ياخشىلىق يەتسە ئۆزىنى يوقىتىپ ھاكاۋۇرلۇق قىلمايدۇ.

**688 ـ سابىت ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئەنەس ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: مەن كىچىك باللار بىلەن ئويناۋاتاتتىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىمغا كېلىپ ماڭا سالام بەردى ۋە مېنى بىر ئىشقا بۇيرۇدى، بۇ ئىشنى قىلىمەن دەپ ئانامنىڭ خىزمىتىگە كېچىكىپ قالدىم. مەن ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ئانام: «نېمىشقا كېچىكىپ قالدىڭ؟»، دەپ سورىدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېنى بىر ئىشقا بۇيرۇغانلىقىنى ئېيتتىم. ئانام: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نېمە ئىشى بار ئىكەنتۇق؟»، دېدى. مەن: «بۇ مەخپىيەتلىك»، دېدىم. ئانام: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىرىنى ھېچكىمگە ئېيتما»، دېدى. ئەنەس مۇنداق دېدى: «ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئۇ سىرنى بىرسىگە دېمەكچى بولىدىغان بولسام، ئى سابىت ئەلۋەتتە ئۇنى ساڭا دەيتتىم».** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ پەزىلىتى: ئۇنىڭ مېھرىبانلىقى، ۋاپادار، ئىشەنچلىكلىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئۇ ھايات ۋاقتىدىمۇ ۋە ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ساقلىغانلىقى.

www.munber.org

2) ئەنەسنىڭ ئاپىسىنىڭ ئوغۇللىرىنى ياخشى تەربىيلىگەنلىكى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەخپىيەتلىكنى سۆزلىمەسلىككە تەۋسىيە قىلغانلىقى.

3) قېرىنداشلارنىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ۋە ئۇنى پاش قىلماسلىقنىڭ ئىسلامنىڭ ئېسىل ئەدەب ـ ئەخلاقلىرىدىن ئىكەنلىكى.

## 86 . باب ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، ۋەدىدە تۇرۇش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَأَوْفُواْ بِالْعَهْدِ إِنَّ الْعَهْدَ كَانَ مَسْؤُولاً﴾ ﴿ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، (قىيامەت كۈنى) ئەھدە ئۈستىدە (يەنى ئەھدىگە ۋاپا قىلغان ـ قىلمىغانلىق ئۈستىدە) ئەلۋەتتە سوئال ـ سوراق قىلىنىسىلەر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەنى ئىسرائىل 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَأَوْفُواْ بِعَهْدِ اللّهِ إِذَا عَاهَدتُّمْ﴾ ﴿سىلەر ئەھدە تۈزۈشكەنلىرىڭلاردا، ئاللاھنىڭ ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە نەھل 91 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ أَوْفُواْ بِالْعُقُودِ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! ئەھدىلەرگە (ئاللاھ بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ۋە سىلەرنىڭ ئۆزئاراڭلاردىكى ئەھدىلەرگە) ۋاپا قىلىڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە مائىدە 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ظاللاه تاظالا مذنداق دئضةن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لِمَ تَقُولُونَ مَا لَا تَفْعَلُونَ كَبُرَ مَقْتًا عِندَ اللَّهِ أَن تَقُولُوا مَا لَا تَفْعَلُونَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيسىلەر؟ (يەنى ئەمەلدە سىلەر قىلمايدىغان ياخشى ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن ئاغزىڭلاردا قىلىمىز دەيسىلەر؟) سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دېيىشىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ (كۆرۈلىدىغان نەرسىدۇر)﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە سەف 2 ـ، 3 ـ ئايەتلەر)

689 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا مۇنداق دېگەن: «آيَةُ الْمُنَافِقِ ثَلاثٌ: إذا حَدَّث كَذب، وإذا وَعدَ أخلَف، وإذا اؤْتُمِنِ خَانَ» «مۇناپىقنىڭ بەلگىسى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. 1) سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ. 2) ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ. 3) ئامانەتكە خىيانەت قىلىدۇ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: «وإنْ صَامَ وصَلَّى وَزَعَمَ أَنَّهُ مسلِمٌ» «گەرچە ئۇ كىشى روزا تۇتسىمۇ، ناماز ئوقۇسىمۇ، ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ئويلىسىمۇ (يەنىلا يۇقىرىقى ئىشنى قىلغان ئادەم مۇناپىق ھېسابلىنىدۇ)»، دېگەن سۆز قوشۇلغان.

www.munber.org

**690. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «أَرْبع مِنْ كُنَّ فِيهِ كَانَ مُنَافِقاً خَالِصاً. ومنْ كَانَتْ فِيه خَصلَةٌ مِنْهُنَّ كانَتْ فِيهِ خَصْلَة مِن النِّفاقِ حَتَّى يَدَعَهَا: إذا اؤْتُمِنَ خَان، وإذَا حدَّثَ كذَبَ، وَإذا عَاهَدَ غَدَر، وَإذا خَاصَم فَجَرَ» **«بۇ تۆت خىل سۈپەت تېپىلغان ئادەم ھەقىقىي مۇناپىق ھېسابلىنىدۇ. كىمدە شۇ سۈپەتلەرنىڭ بىرەرى تېپىلسا ۋە ئۇنى تاشلىمىسا، تەرك ئەتمىگۈچە ئۇنىڭغا مۇناپىقلىقتىن بىر سۈپەت بولغان بولىدۇ. ئۇلار بولسا: 1 ـ ئامانەتكە خىيانەت قىلىدۇ. 2 ـ سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ. 3 ـ ۋەدىگە ۋاپا قىلمايدۇ. 4 ـ مۇنازىرلەشكەندە چېكىدىن ئاشۇرۋېتىدۇ».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) يۇقىرىقى ھەدىستە مۇناپىقنىڭ ئۈچ ئالامىتى بۇ ھەدىستە بولسا تۆت ئالامىتى بايان قىلىندى، ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق زىتلىق يوق، چۈنكى سان مۇئەييەن چەكنى بىلدۈرمەيدۇ.

2) ئېسىل ئەخلاقنىڭ ئىمان بىلەن مەھكەم باغلىنىشلىق ئىكەنلىكى.

3) مۇناپىقلىق ئىنسان تەبىئىتىدىكى پەسلىك بولۇپ، شەخس ۋە جەمئىيەتنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ.

**691 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «لـو قـدْ جـاءَ مـالُ الْبَحْـرَيْن أعْطَيْـتُكَ هكَـذا وهكـذا وَهَكَـذا» **«بەھرەيندىن ماللار ئېلىپ كېلىنسە، مەن ساڭا مۇشۇنچىلىك، مۇشۇنچىلىك تەقسىم قىلىپ بېرىمەن»، دەپ قولى بىلەن ئىشارەت قىلدى. بىراق، بۇ پۇللار ئېلىپ كېلىنگۈچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ كەتتى. بەھرەيندىن ماللار ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى ئادەم تەيىنلەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا، ئۇ كىمگە مال ۋەدە قىلغان بولسا ياكى كىمنىڭ رەسۇلۇللاھتا ئېلىشى بولسا، كېلىپ ئېلىۋېلىشنى ئۇقتۇردى. مەن بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ماڭا مۇشۇنچىلىك، مۇشۇنچىلىك مال ۋەدە قىلغانلىقىنى ئېيتتىم. ئەبۇ بەكرى ماڭا چاڭگاللاپ چاڭگاللاپ مال بەردى. سانىسام بەش يۈز ئىكەن. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ماڭا: «سەن يەنە ئىككى ھەسسە ئالغىن»، دېدى.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان ۋەدىسىنى ئورۇندىغانلىقى.

2) ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جابىرغا ئىشەنچ قىلغاچقا ئۇنىڭدىن ھۆججەت تەلەپ قىلماي سۆزىگە ئىشىنىپلا ماللاردىن بېرىشكە ئالدىرىغانلىقى.

www.munber.org

## 87 ـ باب ئادەتلەنگەن ياخشى ئىشنى داۋاملاشتۇرۇش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الله لاَ يُغَيِّرُ مَا بِقَوْمٍ حَتَّى يُغَيِّرُواْ مَا بِأَنْفُسِهِمْ﴾ ﴿ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزى ئۆزگەرتمىگۈچە (يەنى ئاللاھنىڭ بەرگەن نېئمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگۈچە) ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ (يەنى ئاللاھ ئۇلارغا بەرگەن نېئمەت، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ)﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە رەئد 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَلاَ تَكُونُواْ كَالَّتِي نَقَضَتْ غَزْلَهَا مِن بَعْدِ قُوَّةٍ أَنكَاثًا﴾ ﴿سىلەر پىششىق ئېگىرىگەن يىپىنى چۇۋۇپ پارچە ـ پارچە قىلىۋەتكەن خوتۇندەك بولماڭلار﴾. («سۈرە قۇرئان» سۈرە نەھل 92 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ وَلَا يَكُونُوا كَالَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ مِن قَبْلُ فَطَالَ عَلَيْهِمُ الْأَمَدُ فَقَسَتْ قُلُوبُهُمْ﴾ ﴿ئۇلار (مۆئمىنلەر)، ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىي ۋە ناسارالار) دەك بولمىسۇن، (ئۇلار بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئارىلىقىدىكى) زاماننىڭ ئۇزىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرى قېتىپ كەتتى﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھەدىد 16 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ فَمَا رَعَوْهَا حَقَّ رِعَايَتِهَا﴾ ﴿لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغا لايىق دەرىجىدە ئەمەل قىلمىدى﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھەدىد 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

692 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يا عبْدَ اللّه، لا تَكُنْ مِثل فُلانٍ، كَانَ يقُومِ اللَّيْلَ فَتركَ قِيَامَ اللَّيْلِ» «ئابدۇللاھ، سەن پالانىغا ئوخشاش كېچىسى ناماز ئوقۇيدىغان، كېيىن ئۇنى تاشلاپ قويىدىغان كىشىلەردەك بولما».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەمەللەرنى ئاز بولسىمۇ داۋاملاشتۇرۇپ تۇرۇشنىڭ پەزىلىتى.

2) ئادەتلەنگەن ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتنى تەرك ئەتكەنلىك شۇ كىشىنىڭ تائەت ـ ئىبادەتكە كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكى ۋە قەلبىنىڭ ئاللاھ تائالادىن باشقا تەرەپكە بۇرۇلۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغانلىقى.

www.munber.org

## 88. باب كىشىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا شىرىن سۆزلۈك ۋە خۇش چىراي بولۇش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَاخْفِضْ جَنَاحَكَ لِلْمُؤْمِنِينَ﴾ ﴿مۇئمىنلەرگە كەمتەر بولغىن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھىجر 88 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَوْ كُنتَ فَظًّا غَلِيظَ الْقَلْبِ لاَنفَضُّواْ مِنْ حَوْلِكَ﴾ ﴿ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال ئىمران 159 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

**693 ـ** ئەدىي ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «اتَّقُوا النَّارَ وَلَوْ بِشِقِّ تَمْرَةٍ فَمَنْ لَمْ يجِدْ فَبِكَلِمَةٍ طَيِّبَةٍ» «سىلەر يېرىم خورما چاغلىق نەرسىنى سەدىقە قىلىپ بولسىمۇ دوزاختىن ساقلىنىڭلار، يېرىم خورما چاغلىق نەرسىنىمۇ تاپالمىغان كىشى ياخشى سۆز بىلەن بولسىمۇ دوزاختىن ساقلانسۇن». ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاز بولسىمۇ سەدىقە قىلىپ تۇرۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) ئەگەر يېنىدا بەرگۈدەك نەرسىسى بولمىسا، سائىلنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ياخشى ۋەدىلەرنى بېرىپ قايتۇرۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

**694 ـ** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «والكلِمةُ الطَّيِّبَةُ صدَقَةٌ» «ياخشى سۆزنىڭ ئۆزىمۇ بىر سەدىقە». ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ياخشىلىقتا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش ۋە باشقىلارغا ياخشى سىلىق گەپ قىلىش سەدىقە ھېسابلىنىدىغانلىقى.

2) سەدىقىنىڭ بارچە ياخشىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى. گەرچە سەدىقە كۆپىنچە ھاللاردا پۇل ـ مالغا قارىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن كۆلۈمسىرەش، سىلىق گەپ قىلىشقا ئوخشاش باشقا ئىشلارنىڭمۇ سەدىقە ھېسابلىنىدىغانلىقى.

**695 ـ** ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا تحْقِرَنَّ مِنَ المعْرُوفِ شَيْئاً، وَلَوْ أنْ تَلْقَى أخَاكَ بِوَجْهٍ طَلِيقٍ» «ھەرقانداق بىر ياخشى ئىشنى كىچىك سانىمىغىن، ھەتتاكى قېرىندىشىڭ بىلەن ئۇچۇق چىراي مۇلاقات بولۇشۇڭمۇ ياخشى ئەمەل قاتارىغا كىرىدۇ».

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مۇئمىنلەر ئارا بىر ـ بىرىدىن دوستلۇق ۋە مۇھەببەت ئىزدەش، خۇش چىراي بولۇش، كۆلۈمسىرەش قەلبتىكى دوستلۇق ـ مۇھەببەتنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر.

www.munber.org

## 89 . باب سۆز قىلغاندا سۆزنى چۈشىنىشلىك ۋە روشەن قىلىشنىڭ، قارشى تەرەپ بىر قېتىمدا چۈشۈنەلمىسە سۆزنى تەكرارلاشنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا

قارشى تەرەپكە ئېنىق چۈشەندۇرۇش زۆرۈر بولغاندا، سۆزنى تەكرارلاش ئارقىلىق قارشى تەرەپتە چۈشەنچە ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

696 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزلىگەندە چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن، سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر جامائە قېشىغا كەلگەندە سالامنى ئۈچ قېتىم تەكرارلايتتى. ـــ بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) سالام ياكى سۆزنى باشقىلارنىڭ ئاڭلىيالماسلىقى ياكى چۈشىنەلمەسلىكىدىن ئەنسىرىسە تەكرارلاشنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكى.

2) تەكرارلاشنىڭ ئۈچ قېتىم بولىدىغانلىقى.

3) ئۆگەتكۈچىلەرنىڭ كىشىلەرگە تەلىم بېرىشى ۋە ئۇلارغا سۆز قىلىش ئۇسلۇبىنى كۆرسىتىپ بېرىشى كېرەكلىكى.

697 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى ئېنىق سۆزلەيتتى. ئاڭلىغانلا ئادەم چۈشىنەلەيتتى.

ـــ ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاساھەتلىك ۋە كىشىلەر چۈشىنەلەيدىغان سۆز قىلىدىغانلىقى.

## 90. باب سورۇنداشنىڭ ياخشى سۆزنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاشنىڭ لازىملىقى، ئالىم ۋە تەبلىغ قىلغۇچىنىڭ سۆزلىگەندە باشقىلارنىڭ سۆزنى توختىتىپ قويۇشى توغرىسىدا

698 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ھەججەتۇلۋىدادا مۇنداق دېگەن: «اسْتَنْصِتِ النَّاسَ» «سەن كىشىلەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاشقا دەۋەت قىلغىن» ئاندىن يەنە مۇنداق دېگەن: «لا تَرْجِعُوا بَعْدِي كُفَّاراً يَضْرِبُ بَعْضُكُمْ رِقَابَ بَعْضٍ» «سىلەر مەندىن كېيىن، ھەرگىزمۇ بىر ـ بىرىڭلارنى قىرىدىغان كۇففار بولماڭلار»، دېدى. ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ھەسەت قىلىشىپ بىر ـ بىرى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزىدىغان ياكى ئۇرۇشۇپ قالىدىغان ئىشلاردىن چەكلەش.

www.munber.org

## 91 ـ باب يېقىنچاق ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ادْعُ إِلَى سَبِيلِ رَبِّكَ بِالْحِكْمَةِ وَالْمَوْعِظَةِ الْحَسَنَةِ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە نەھل 125 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

699 ـ ئەبۇ ۋائىل شەقىق ئىبنى سەلەمە رىۋايەت قىلىدۇكى، ئىبنى مەسئۇد بىزگە ھەر پەيشەنبە ۋەز ـ نەسىھەت قىلاتتى. بىر كىشى: «ئى ئىبنى مەسئۇد، بىزگە ھەركۈنى ۋەز ـ نەسىھەت قىلساڭ، نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە!»، دېگەندە، ئىبنى مەسئۇد: «مەن سىلەرنىڭ زېرىكىپ قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن، شۇڭا ئارىلاپ ۋەز سۆزلەيمەن، ئەينى ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ بىزلەرنى زېرىكىپ قالمىسۇن دەپ ئارىلاپ ۋەز سۆزلەيتتى»، دېدى.

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ۋەز ـ نەسىھەتنى ئىخچام قىلىش كېرەكلىكى، چۈنكى گەرچە ياخشى كۆرسىمۇ داۋاملىشىپ تۇرىدىغان نەرسىلەردىن كىشىنىڭ زېرىكىشىنىڭ تەبىئىي ئىكەنلىكى.

2) تەلىم ـ تەربىيە ۋە ۋەز ـ نەسىھەتنى جۈشقۇن ۋاقىتلاردا ئېلىپ بېرىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

3) ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىگە ئەگىشىشكە ھېرىسمەن ئىكەنلىكى.

700. ئەبۇ يەقزان ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «إِنَّ طُولَ صلاةِ الرَّجُلِ، وَقِصر خُطْبَتِه، مِئِنَّةٌ مِنْ فقهِهِ. فَأَطِيلوا الصَّلاةَ، وَأَقْصِروا الخُطْبَةَ» «كىشىنىڭ نامازنى ئۇزۇن ئوقۇشى، ۋەز ـ نەسىھەتنى قىسقا قىلىشى ئۇنىڭ دىندا مەلۇماتلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، سىلەر نامازنى ئۇزۇنراق ئوقۇڭلار، ۋەز ـ نەسىھەتنى قىسقا قىلىڭلار!». ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: نامازنى ئۇزۇن، خۇتبىنى قىسقا ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، چۈنكى سۆزنىڭ ياخشىسى ئاز بولسىمۇ ساز بولغىنىدۇر.

701 ـ مۇئاۋىيە ئىبنى ھەكەم سۇلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ناماز ئوقۇۋاتاتتۇق، بىر كىشى چۈشكۈرگەندى، مەن: «ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن!»، دېدىم. بۇ چاغدا جامائەت ماڭا گۆلىيىپ قارىدى. مەن: «ۋاي ئانام، ماڭا نېمانداق قارايسىلەر؟»، دېسەم، ئۇلار قوللىرى بىلەن يوتىسىغا ئۇرۇشقا باشلىدى. مەن ئۇلارنىڭ مېنى جىم تۇرۇشقا



www.munber.org

ئۇنىدەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ جىم تۇردۇم. ئاتا ـ ئانام پىدا بولسۇنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇنمۇ، كېيىنمۇ ئۇنىڭدەك چىرايلىقچە تەلىم بېرىدىغان ئادەمنى كۆرگىنىم يوق. ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى ئەيىبلىمىدى، ئۇرغىنىمۇ يوق، تىللىغىنىمۇ يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ماڭا مۇنداق دېدى: «إِنَّ هَذِهِ الصَّلاةَ لا يَصْلُحُ فيها شَيْءٌ مِنْ كَلامِ النَّاسِ، إِنَّمَا هِيَ التَّسْبِيحُ والتَّكْبِيرُ، وقرَاءَةُ الْقُرآنِ» «بۇ شۇنداق بىر نامازدۇركى، بۇ نامازدا سۆز قىلىشقا بولمايدۇ. نامازدا پەقەتلا تەسبىھ ئېيتىلىدۇ، تەكبىر ئېيتىلىدۇ ۋە قۇرئان ئوقۇلىدۇ». ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداقراق گەپلەرنى قىلدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ، مەن تېخى جاھىلىيەتتىن ئەمدىلا قۇتۇلدۇم. ئاللاھ تائالا ئىسلام دىنىنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئارىمىزدىكى بەزى كىشىلەر پالچىلارغا پال سالدۇرىدۇ»، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «فَلا تَأْتِهِمْ» «ئۇلارغا بارمىغىن»، دېدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ بىزنىڭ ئىچىمىزدە بەزى ئىشلاردىن شۇم پال (خۇددى كىشىلەرنىڭ قاغىدىن شۇم پال ئالغىنىغا ئوخشاش ئىشلار. ــــ ت) ئالىدىغانلار بار»، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ذَاكَ شَيْءٌ يَجِدونَه في صُدورِهِم، فَلا يصُدَّنَّهُمْ» «بۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە كەچكەن بىر تۈرلۈك خىيالدۇر. بۇ ئۇلارنى ئىشىدىن توسمىسۇن»، دېدى. ــــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) نامازنىڭ قۇرئان ئايەتلىرى ۋە نامازدا ئوقۇلىدىغان زىكىر ـ تەسبىھلەردىن باشقا سۆزلەرنى قىلىش بىلەن بۇزۇلىدىغانلىقى.

2) ناماز ئوقۇشنى ۋە نامازنىڭ تەركىبى قىسمى بولغان « قۇرئان كەرىم »دىن قىرائەت ئوقۇش، تەسبىھ ۋە تەكبىردىن ئىبارەت ناماز ئوقۇشنىڭ رەۋىشنى بايان قىلىش.

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ئۇسلۇبىنى بايان قىلىش.

4) كاھىن ۋە پالچىلارنىڭ يېنىغا بېرىشتىن توسۇش، چۈنكى ئۇلار كىشىلەرگە شەرىئەتنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ غايىبتىن سۆزلىگەن سۆزلىرىنىڭ بىرەرسى تاسادىپىي راست چىقىپ قالىدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كىشىلەرنى يولدىن ئازدۇرىدۇ.

5) پال ئېلىش ۋە پال سېلىشتىن توسۇش، بۇ يەردىكى توسۇش پال بويىچە ئىش قىلىشتىن توسۇشقا قارىتىلغان. لېكىن، كۆڭلىگە كەچكەن ئەمەلىيەتتە قىلالمىغان ئىشلار بۇنىڭغا كىرمەيدۇ.

**702 ـ ئىرباز ئىبنى سارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە شۇنداق بىر ۋەز ـ نەسىھەت قىلدىكى، ئۇنىڭدىن دىللىرىمىزنى قورقۇنچ باستى، كۆزلىرىمىزدىن ياش قۇيۇلدى.** ــــ تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ۋەزلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئەتراپلىق، پاساھەتلىك، پايدىلىق بولغان ۋەز ئىكەنلىكى.



www.munber.org

## 92 . باب ئېغىر ـ بېسىقلىق ۋە تەمكىنلىك توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَعِبَادُ الرَّحْمَنِ الَّذِينَ يَمْشُونَ عَلَى الْأَرْضِ هَوْنًا وَإِذَا خَاطَبَهُمُ الْجَاهِلُونَ قَالُوا سَلَامًا ﴾ ﴿مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ (ياخشى كۆرىدىغان) بەندىلىرى زېمىندا ئېززەتلىك ۋە ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن ماڭىدۇ، نادانلار ئۇلارغا (ياقتۇرمايدىغان) سۆز قىلسا، ئۇلار: «سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز»، دەيدۇ (يەنى گۇناھ بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ)﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە فۇرقان 63 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

703 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈستىنكى تاڭلىيى كۆرۈنگۈدەك دەرىجىدە ئاغزىنى ئېچىپ قاقاقلاپ كۈلگەنلىكىنى ھېچ كۆرگۈنۈم يوق. ئۇ پەقەتلا كۈلۈمسىرەپ قوياتتى.

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاز كۈلۈشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، چۈنكى كۆپ كۈلۈش ئاللاھ تائالادىن غاپىل قىلىپ قويىدۇ. بەزى ھاللاردا كۆپ كۈلۈش كىشىنىڭ قېرىنداشلىرى ئارىسىدىكى تەمكىنلىكىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ قويىدۇ.

## 93 . باب ناماز ۋە ئىلىم سورۇنلىرى قاتارلىق ئىبادەت ئورۇنلىرىغا كەلگەندە تەمكىنلىكنى ساقلاش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَن يُعَظِّمْ شَعَائِرَ اللَّهِ فَإِنَّهَا مِن تَقْوَى الْقُلُوبِ﴾ ﴿ئىش مانا شۇنداق، كىمكى دىنى ئىشلارنى ئۇلۇغلايدىكەن، بۇ دىللارنىڭ تەقۋادارلىقىدۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھەج 32 ـ ئايەت)

704 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىغان: «إذا أُقِيمَتِ الصَّلاة، فَلا تَأْتُوهَا وأَنْتُمْ تَسْعَوْنَ، وأْتُوهَا وَأَنْتمْ تَمْشُونَ، وعَلَيكم السَّكِينَة، فَما أَدْرَكْتُمْ فَصَلُّوا، وَمَا فَاتَكُمْ فَأَتِمُّوا» «جامائەت نامىزى باشلىنىپ كەتكەن بولسا، نامازغا يۈگۈرۈشۈپ كەلمەڭلار، بەلكى ئالدىرىماي، تەمكىنلىك بىلەن كېلىڭلار، نەچچە رەكئەت نامازغا ئۈلگۈرەلىسەڭلار، شۇنچە رەكئەت ئوقۇڭلار، ئۈلگۈرەلمىگەن نامىزىڭلارنى تولۇقلىۋالساڭلار بولىدۇ».

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

يەنە بىر رىۋايەتتە: «فَإنَّ أحدَكُمْ إذا كانَ يعمِدُ إلى الصلاةِ فَهُوَ في صلاةٍ» «سىلەرنىڭ بىرىڭلار نامازغا ئوقۇشقا نىيەت قىلىپ ماڭسىلا ئۇ ناماز ئوقۇۋاتقان كىشى بىلەن باراۋەر»، دېيىلگەن.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) جامائەت نامىزىغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن يۈگۈرۈشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، چۈنكى بۇنداق قىلغاندا ئىنساندا جىددىيلىشىش بولۇپ، نامازغا كەيپىياتى ياخشى ھالدا كىرەلمەيدىغانلىقى.

2) نامازغا ھوزۇرى قەلب ۋە تەمكىنلىك بىلەن كىرىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

3) نامازنى دەپ قەدەم ئالغان كىشىگە بىرىنچى قەدەمدىن باشلاپ ساۋاب يېزىلىپ تۇرىدىغانلىقى.

**705 - ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەرەفە كۈنى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەينى تەرىپىدىن چىققان ۋارقىرىغان، تۆگىلەرنى ھەيدىگەن ۋە ئۇرغان ئاۋازلارنى ئاڭلاپ، قامچىسى بىلەن كىشىلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «أَيُّهَا النَّاسُ عَلَيْكُمْ بِالسَّكِينَةِ فَإِنَّ الْبِرَّ لَيْسَ بِالإِيضَاعِ» «ئى ئىنسانلار، ئالدىراقسانلىق قىلماڭلار، ئىغىر - بېسىق بولۇڭلار، ئالدىراپ - تېنەش بىلەن ياخشىلىققا ئېرىشكىلى بولمايدۇ»، دېدى.**

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئىبادەتلەرنى خۇدادىن قورققان ۋەزمىن ھالدا ئادا قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، چۈنكى ۋەزمىنلىكنىڭ ئىبادەتنى ھوزۇرى قەلب بىلەن قىلىشقا ياردىمى بولىدۇ. ئىبادەتلەرنىڭ ساۋابى شۇ كىشىنىڭ ئىبادەتنى ئاللاھتىن قورققان ھالدا ھوزۇرى قەلب بىلەن قىلىشىغا قاراپ بولىدۇ.

## 94 . باب مېھماننى ھۆرمەتلەش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿هَلْ أَتَاكَ حَدِيثُ ضَيْفِ إِبْرَاهِيمَ الْمُكْرَمِينَ ۞ إِذْ دَخَلُوا عَلَيْهِ فَقَالُوا سَلَامًا قَالَ سَلَامٌ قَوْمٌ مُنْكَرُونَ۞ فَرَاغَ إِلَى أَهْلِهِ فَجَاءَ بِعِجْلٍ سَمِينٍ۞ فَقَرَّبَهُ إِلَيْهِمْ قَالَ أَلَا تَأْكُلُونَ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ساڭا ئىبراھىمنىڭ ھۆرمەتلىك مېھمانلىرىنىڭ خەۋىرى يەتتىمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئىبراھىمنىڭ يېنىغا كىرىپ: «سالام»، دېدى. ئىبراھىم سالامنى ئىلىك ئالدى. (ئىچىدە): «ناتونۇش ئادەملەرغۇ»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستا ئائىلىسىگە چىقىپ (پىشۇرۇلغان) بىر سېمىز موزاينى ئېلىپ كىرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ: «يېمەمسىلەر؟ »، دېدى﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە زارىيات 24 — 27 - ئايەتلەر)



www.munber.org

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَجَاءهُ قَوْمُهُ يُهْرَعُونَ إِلَيْهِ وَمِن قَبْلُ كَانُواْ يَعْمَلُونَ السَّيِّئَاتِ قَالَ يَا قَوْمِ هَـؤُلاء بَنَاتِي هُنَّ أَطْهَرُ لَكُمْ فَاتَّقُواْ اللّهَ وَلاَ تُخْزُونِ فِي ضَيْفِي أَلَيْسَ مِنكُمْ رَجُلٌ رَّشِيدٌ﴾ ﴿لۇتنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ قېشىغا ئالدىراپ كېلىشتى، ئۇلار بۇرۇنلا يامان ئىشلارنى قىلاتتى (يەنى لىۋاتەت قىلاتتى). لۇت ئېيتتى: «ئى قەۋمىم» مېنىڭ بۇ قىزلىرىم سىلەرگە ئەڭ پاكتۇر، ئاللاھدىن قورقۇڭلار، مېھمانلىرىم ئۈستىدە مېنى رەسۋا قىلماڭلار، ئاراڭلاردا قەبىھ ئىشتىن توسىدىغان بىرەر كاللىسى جايىدا ئادەم يوقمۇ؟﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھۇد 78 - ئايەت)

706 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ كانَ يُؤمنُ بِاللَّه واليَومِ الآخِرِ فَلْيُكرِمْ ضَيفَهُ، وَمَنْ كَانَ يُؤمِنُ بِاللَّه واليَوم الآخِرِ فليصِلْ رَحِمَهُ، وَمَنْ كَانَ يؤمِنُ بِاللَّه وَاليوْمِ الآخِرِ فَلْيَقلْ خَيْراً أَوْ لِيَصْمُتْ» «كىمكى ئاللاھ ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، مېھمىنىنى ھۆرمەت قىلسۇن! كىمكى ئاللا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، سىلە رەھىم قىلسۇن! كىمكى ئاللاھ ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، ياخشى گەپ قىلسۇن ياكى سۈكۈت قىلسۇن!». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مېھماننى ھۆرمەتلەش ئىماننى كامىللىقنىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكى، مېھماننى ھۆرمەتلەشنىڭ خۇش چىراي ئېچىش بىلەن، كىچىكتۇرمەي زىياپەت تەييارلاش ۋە مېھماننىڭ خىزمەتلىرىدە بولۇش بىلەن بولىدىغانلىقى، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق رىشتىسىنى باغلاش ئىماننىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش دېگەن ئۇلارنى ھۆرمەتلەش، يوقلاپ تۇرۇش ۋە ئۇلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇش ئارقىلىق بولىدىغانلىقى.

2) ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش توغرىلىق ۋە باشقا ياخشى سۆزلەرنى سۆزلەشتىن باشقا ۋاقىتلاردا ئاز سۆزلەش ياكى سۈكۈت قىلىش كېرەكلىكى.

707 - ئەبۇ شۇرەي خۇۋەيلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «مَنْ كان يؤمِنُ بِاللَّه واليومِ الآخِرِ فَلْيُكرمْ ضَيفَهُ جَائِزَتَهُ» «كىمكى ئاللاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، ئۇ مېھمىنىنىڭ ئىنئامىنى بېرىپ ھۆرمەتلىسۇن» ساھابىلەر سورىدى: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئىنئامىنى بېرىش دېگەن قانداق بولىدۇ؟» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يَومُه وَلَيْلَتُهُ. والضِّيَافَةُ ثَلاثَةُ أَيَّامٍ، فما كان وَرَاءَ ذلكَ فهو صَدَقَة عليه» «بىر كېچە - كۈندۈز ياخشى كۈتسۇن، مېھماندارچىلىق دېگەن ئۈچ كۈن بولىدۇ. ئۈچ كۈندىن ئېشىپ كەتسە سەدىقە ھېسابلىنىدۇ»، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يَومُه وَلَيْلَتُهُ والضِّيَافَةُ ثَلاثَةُ أَيَّامٍ، فما كان وَرَاءَ ذلكَ فهو صَدَقَة عليه» «مۇسۇلمان ئادەم قېرىندىشىنىڭ ئۆيىدە ئۇزۇن تۇرۇپ، قېرىندىشىنى گۇناھكار قىلىپ قويۇشتىن ساقلانسۇن»، دېدى.

ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى قانداق قىلىپ گۇناھكار قىلىپ قويىدۇ؟»، دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ: «يُقِيمُ عِنْدَهُ وَلا شَيءَ لَهُ يَقْرِيهِ بِهِ» «قېرىندىشىنىڭ ئۆيىدە شۇ قەدەر ئۇزۇن تۇرۇۋالاركى، ساھىبخانىنىڭ ئۇنى مېھمان قىلغۇدەك نەرسىسى قالماس»، دېدى.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مېھمان قىلىشنىڭ ئۈچ كۈن بولىدىغانلىقى، ئۈچ كۈندىن ئارتۇق بولسا سەدىقە بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق قىلىشنىڭ ئىسىل پەزىلەت ئىكەنلىكى.

2) مېھمىنىنى تۇنجى كۈنى ئىنتايىن ياخشى كۈتۈش، قالغان ئىككى كۈندە بولسا قولىدىن كېلىشىچە كۈتۈش.

3) مۇسۇلمان كىشىنىڭ مېھمان قىلغۇدەك نەرسىسى قالمىغان قېرىندىشىنىڭ يېنىدا ئۇنى غەيۋەت ياكى يالغان سۆزلەشكە ئوخشاش گۇناھ ئىشلارغا چۈشۈرۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن ئۇزۇن مېھمان بولۇپ تۇرۇشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى.

## 95. باب خۇش خەۋەر بېرىش ۋە مۇبارەكلەشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَالَّذِينَ اجْتَنَبُوا الطَّاغُوتَ أَن يَعْبُدُوهَا وَأَنَابُوا إِلَى اللَّهِ لَهُمُ الْبُشْرَى فَبَشِّرْ عِبَادِ الَّذِينَ يَسْتَمِعُونَ الْقَوْلَ فَيَتَّبِعُونَ أَحْسَنَهُ أُولَئِكَ الَّذِينَ هَدَاهُمُ اللَّهُ وَأُولَئِكَ هُمْ أُولُوا الْأَلْبَابِ﴾ ﴿شەيتانغا (ۋە بۇتلارغا) چوقۇنۇشتىن يىراق بولغانلارغا، ئاللاھقا (ۋە ئۇنىڭ ئىبادىتىگە) قايتقانلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ. سۆزگە قۇلاق سېلىپ ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا ئەگىشىدىغانلارغا (يەنى تەقۋادار بەندىلىرىمگە) خۇش خەۋەر بەرگىن، ئەنە شۇلار ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر، ئەنە شۇلار (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرىدۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە زۇمەر 17 ـ، 18 ـ ئايەتلەر)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿يُبَشِّرُهُمْ رَبُّهُم بِرَحْمَةٍ مِّنْهُ وَرِضْوَانٍ وَجَنَّاتٍ لَّهُمْ فِيهَا نَعِيمٌ مُّقِيمٌ﴾ ﴿پەرۋەردىگارى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ رەھمىتى، رازىلىقى ۋە جەننەتلىرى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈلۈك نېئمەتكە ئېرىشىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە تەۋبە 21 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿أَلَّا تَخَافُوا وَلَا تَحْزَنُوا وَأَبْشِرُوا بِالْجَنَّةِ الَّتِي كُنتُمْ تُوعَدُونَ﴾ ﴿قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە فۇسسىلەت 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَبَشَّرْنَاهُ بِغُلَامٍ حَلِيمٍ﴾ ﴿بىز ئىبراھىمغا ناھايىتى مۇلايىم بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ساففات 101 ـ ئايەت)

www.munber.org

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَقَدْ جَاءتْ رُسُلُنَا إِبْرَاهِيمَ بِالْبُشْرَى﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز (يەنى پەرىشتىلەر) ئىبراھىمغا خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدى﴾. ( « قۇرئان كەرىم » سۈرە ھۇد 69 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَبَشَّرْنَاهَا بِإِسْحَقَ وَمِن وَرَاء إِسْحَقَ يَعْقُوبَ﴾ ﴿ئۇنىڭ ئايالى بىر تەرەپتە تۇرۇپ (لۇت قەۋمىنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقىدىن خۇشاللىنىپ) كۈلدى، بىز ئۇنىڭغا ئىسھاق بىلەن ۋە ئىسھاقتىن كېيىن كېلىدىغان يەئقۇب بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق﴾. ( « قۇرئان كەرىم » سۈرە ھۇد 71 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:﴿ فَنَادَتْهُ الْمَلآئِكَةُ وَهُوَ قَائِمٌ يُصَلِّي فِي الْمِحْرَابِ أَنَّ اللّهَ يُبَشِّرُكَ بِيَحْيَى﴾ ﴿ئۇ (زەكەرىيا) ئىبادەتگاھدا ناماز ئوقۇۋاتقاندا پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا: «ساڭا ئاللاھنىڭ كەلىمىسى (يەنى ئىيسا)نى تەستىق قىلغۇچى، سەييىد، پەرزكار ۋە پاخشىلاردىن بولغان يەھيا ئىسىملىك بىر پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ»، دەپ نىدا قىلدى﴾. ( « قۇرئان كەرىم » سۈرە ئال ئىمران 39 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِذْ قَالَتِ الْمَلآئِكَةُ يَا مَرْيَمُ إِنَّ اللّهَ يُبَشِّرُكِ بِكَلِمَةٍ مِّنْهُ اسْمُهُ الْمَسِيحُ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ وَجِيهًا فِي الدُّنْيَا وَالآخِرَةِ وَمِنَ الْمُقَرَّبِينَ﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەر ئېيتتى: «ئى مەريەم! ئاللاھ ساڭا (ئاتىنىڭ ۋاستىسىز) ئاللاھنىڭ بىر كەلىمىسى(دىن تۆرەلگەن بىر بوۋاق) بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇكى، ئۇنىڭ ئىسمى مەسىھ مەريەم ئوغلى ئىيسادۇر، ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئابرۇيلۇق ۋە ئاللاھقا يېقىنلاردىن بولىدۇ﴾. ( « قۇرئان كەرىم » سۈرە ئال ئىمران 45 ـ ئايەت)

708 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى خەدىچەگە جەننەتتىكى مەرۋايىتتىن بىنا قىلىنغان شاۋقۇن ـ سۈرەنسىز، ئارامبەخش گۈزەل بىر ئۆي بىلەن خۇش خەۋەر بەردى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ياخشىلىق بىلەن خۇش بېشارەت بېرىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، چۈنكى بۇنداق قىلىشنىڭ مۇئمىنلەرنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغانلىقى.

2) خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى ئايالى، ئۇنىڭغا تۇنجى ئىمان ئېيتقۇچى، پۇل ـ مال ۋە جېنى بىلەن ياردەم قىلغۇچى ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئايال ئىكەنلىكى. ئۇ توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « آمَنَتْ بِي حِيْنَ كَفَرَ النَّاسُ وَصَدَّقَتْنِي حِيْنَ كَذَّبَنِي النَّاسُ وَوَاسَتْنِي بِمَالِهَا حِيْنَ حَرَمَنِي النَّاسُ » « خەدىچە ـ كىشىلەر مېنى ئىنكار قىلغاندا ئىمان ئېيتتى، كىشىلەر مېنى يالغانغا چىقارغاندا مېنى تەستىق قىلدى، كىشىلەر مېنى مەھرۇم قىلغاندا ئۇ پۇل ـ مېلى بىلەن ماڭا غەمخورلۇق قىلدى »، دېگەن.

709 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن ئۆيدە تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، چىقىپ ناماز ئوقۇدۇم، مەن پەيغەمبەر



www.munber.org

ئەلەيھىسسالامدىن بىر قەدەممۇ نېرى كەتمەي كۈن بويى ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشقا قەسەم بېرىپ، مەسجىدكە كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەدىلىكىنى سوراۋۇشتۇردۇم. بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى «ئاۋۇ يەرگە كەتتى»، دېدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىز دېرىكىنى قىلىپ، كەتكەن يېرىنى سوراپ ماڭدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئەرس» قۇدۇقى يېنىدا بولۇپ، ھاجەت قىلىپ تاھارەت ئېلىپ بولغۇچە ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇردۇم. ئاندىن ئۇنىڭ يېنىغا كەلسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشتىنىنىڭ ئايىغىنى تىزىغىچە تۈرۈپ، ئىككى پۇتىنى قۇدۇققا ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپتۇ. مەن سالام بەرگەندىن كېيىن، كەينىمگە يېنىپ ئىشىك تۈۋىگە كەلدىم، كۆڭلۈمدە «بۈگۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىك باقارى بولاي»، دەپ ئويلىدىم. شۇ ۋاقىتتا ئەبۇ بەكرى كېلىپ ئىشىكنى چەكتى، مەن: «كىم؟»، دەپ سورىدىم. ئۇ: «مەن ئەبۇ بەكرى»، دېدى. مەن: «تەخىر قىلغىن»، دېدىم ۋە بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئەبۇ بەكرى سەن بىلەن كۆرۈشمەكچىكەن»، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ائْذَنْ لَه وبشِّرْه بالجَنَّةِ» «كىرسۇن، ئۇنىڭغا جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن»، دېدى. مەن چىقىپ ئەبۇ بەكرىگە: «كىرگىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساڭا جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەردى»، دېدىم، ئەبۇ بەكرى كىرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇردى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش ئىشتىنىنى تىزىغىچە تۈرۈپ، پۇتىنى قۇدۇققا ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى. مەن كۆڭلۈمدە «بىر قېرىندىشىم تاھارەت ئېلىپ بولۇپ بۇ يەرگە كەلگەن بولسا ۋە ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەن بولسا»، دەپ ئۈمىد قىلدىم. دەل شۇ ۋاقىتتا بىرسى ئىشىكنى چەكتى، مەن: «كىم؟»، دېدىم. قارشى تەرەپ: «مەن ئۆمەر»، دېدى. مەن: «تەخىر قىلغىن»، دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا سالام بېرىپ: «ئۆمەر سەن بىلەن كۆرۈشمەكچىكەن»، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ائْذَنْ لَه وبشِّرْه بالجَنَّةِ» «كىرسۇن، ئۇنىڭغا جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن»، دېدى. مەن چىقىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم. ئۆمەر كىرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سول تەرىپىدە، پۇتىنى قۇدۇققا ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى. مەن ئىشىك تۈۋىدە ئولتۇرۇپ كۆڭلۈمدە: «ئاللاھ تائالا خالىغان بىر كىشىسىگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلغان بولسا، ئۇ كىشى چوقۇم بۇ يەرگە كېلىدۇ»، دەپ ئويلۇدۇم. دەرۋەقە يەنە بىرسى ئىشىكنى چەكتى. مەن: «كىم؟ »، دەپ سورىدىم. ئۇ كىشى: «مەن ئوسمان ئىبنى ئەففان بولىمەن»، دېدى. مەن: «تەخىر قىلىپ تۇرغىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزەي»، دېدىم. كىرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەھۋالنى يەتكۈزدۈم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ائْذَنْ لَهُ وبَشِّرْهُ بِالجَنَّةِ مَعَ بَلْوى تُصيبُهُ» «كىرسۇن، ئۇنىڭغا جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن، ئۇ دۇنيادا



www.munber.org

پىشكەللىككە يولۇقىدۇ»، دېدى. ئوسمان كىرىپ قۇدۇقنىڭ بىر تەرىپىنىڭ توشۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، يەنە بىر تەرىپىگە ئۆتۈپ ئۇلارغا قاراپ ئولتۇردى. سەئىد ئىبنى مۇسەييەب: «مەن ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇشىنى ئۇلارنىڭ قەبرىسىنىڭ شۇنداق بولىدىغانلىقى بىلەن ئىزاھلىدىم (شۇنىڭدەك ھازىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ قەبرىلىرى شۇ يەردە، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بولسا باشقا جايدا. ــــ ت)»، دېدى.

ــــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبىتىگە ئامراق ئىكەنلىكى، ئۆزىنى باشقىلارنىڭ خىزمىتىگە ئاتىۋېتىشنىڭ جائىز ئىكەنلىكى، ئەبۇ مۇسا ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەرۋازىۋەنلىكىگە ئاتىۋەتكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشنى ئىنكار قىلمىغان.

2) ئىجازەت سورىغۇچىنىڭ ئىسمى سورالغاندا ئىسمىنى ئوچۇق ئېيتىشىنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكى.

3) ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇلارنىڭ جەننەت ئەھلىدىن ئىكەنلىكى.

4) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا كېلىدىغان مۇسىبەتلەر توغرىسىدا خەۋەر بەرگەنلىك مۆجىزىسىنى بايان قىلىش.

5) سورۇندىكىلەرنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، ئوڭ تەرەپنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ تەرەپ ئىكەنلىكى، كىشىنىڭ ئۆز ئەھلى ۋە قېرىنداشىغا ياخشىلىقنى ئۈمىد قىلسا بولىدىغانلىقى.

6) سورۇنغا كىرسە بوش يەردە ئولتۇرۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

**710**. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇراتتۇق، ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدە ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ ئۇزاققىچە كەلمىدى. بىز ھەممىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئەنسىرەپ چۆچۈپ ئورنىمىزدىن تۇردۇق. مەن بولسام ناھايىتى ئەنسىرەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىزدەپ كېتىۋېتىپ نەججار جەمەتىدىن بولغان بىر ئەنسارىينىڭ تېمىنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدىم، شۇنىڭ بىلەن كىرىش ئېغىزىنى ئىزدىدىم. ئىشىكنى تاپالماي كىتىۋېتىپ تۇيۇقسىز بىر كىچىك ئېرىقتىكى سۇنىڭ تام تۈۋىدىكى بۇلاقتىن ئېقىپ چىقىپ، تامنىڭ ئاستىدىكى ئېرىقتىن ئىچى تەرەپكە ئاققانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم، شۇنىڭ بىلەن ئېرىقتىن ئۆمىلەپ كىرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا باردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ما شَأْنُكَ» «نېمە بولدى؟»، دەپ سورىدى. مەن: «سەن بىز بىلەن بىللە ئىدىڭ، كېيىن ئورنىڭدىن



www.munber.org

تۇرۇپ كېتىپ قايتىپ كەلمىدىڭ، بىز سەندىن ئەنسىرەپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن ئىزدىدۇق. مەن بۇ تام ئاستىدىكى ئېرىقتىن تۈلكىگە ئوخشاش ئۆمىلەپ ئۆتتۇم، باشقىلار مېنىڭ ئارقىمدىن كېلىۋاتىدۇ»، دەپ جاۋاب بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايىغىنى ماڭا سۇنۇپ: «اذْهَبْ بِنَعْلَي هاتَيْنِ، فَمنْ لقيتَ مِنْ وَرَاءِ هَذا الحائِط يَشْهَدُ أَنْ لا إلهِ إلاَّ اللّٰهُ مُسْتَيْقناً بها قَلبُهُ، فَبَشِّرْهُ بالجَنَّةِ» «ئەبۇ ھۇرەيرە! سەن بۇ بىر جۈپ ئاياغنى ئېلىپ ماڭغىن، مۇشۇ تام سىرتىدا سەممىي نىيەت بىلەن ‹بىر ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق›، دېگەن ئادەمنى ئۇچراتساڭ، ئۇنىڭغا جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن»، دېدى.

—— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىمان بولسىلا دەسلەپتىلا ياكى دوزاخقا كىرىپ چىققاندىن كېيىن جەننەتكە كىرەلەيدىغانلىقى.

2) ياخشىلىق بىلەن بېشارەت بېرىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىگە ئامراق ئىكەنلىكى، ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىغا كۆيۈنىدىغانلىقى.

711 ـ ئىبنى شۇماسەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەمر ئىبنى ئاس جان ئۈزۈش ئالدىدا بىز ئۇنىڭ يېنىدا ھازىر بولغانىدۇق. ئۇ بۇ چاغدا سەكراتتا ئىكەن، ئەمر يۈزىنى تام تەرەپكە قىلىپ ناھايىتى ئۇزۇن يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئوغلى: «دادا! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساڭا مۇنداق، مۇنداق خەۋەر بەرگەن ئەمەسمىدى؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساڭا مۇنداق، مۇنداق خۇش خەۋەر بەرگەن ئەمەسمىدى!»، دېدى. ئەمر يۈزىنى بۇراپ ئۆيدىكىلەرگە قاراپ: «مېنىڭ قارىشىمچە ئەڭ ياخشى خۇش خەۋەر ‹بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەرھەق ئەلچىسى›، دېمەكتۇر. مەن ھاياتىمدا ئۈچ مەزگىلنى بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم. مەن ئەسلىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دۈشمەن ھېسابلاپ، ئۇنى پۇرسەت چىقسىلا ئۆلتۈرۈۋېتىشكە تىرىشاتتىم. ئەگەر مەن ئاشۇ ھالىتىمدە ئۆلگەن بولسام، مۇقەررەر دوزىخىي بولۇپ كېتەتتىم. ئاللاھ تائالا دىلىمغا ئىماننى سالغاندىن كېيىن، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈپ: ‹ئى رەسۇلۇللاھ، ئوڭ قولۇڭنى ماڭا بەرسەڭ، مەن ساڭا ئەھدە بەرسەم›، دېدىم. رەسۇلۇللاھ ئوڭ قولىنى ماڭا سۇندى، مەن قولۇمنى تارتىۋالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹مالك يا عمرو؟› ‹ئەمر نېمە ئىش؟›، دېدى. مەن: ‹بىر شەرتىم بار›، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹تَشْتَرطُ ماذَا؟› ‹نېمە شەرت ئۇ؟›، دېدى. مەن: ‹گۇناھىمنىڭ مەغفىرەت قىلىنىشى›، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹أَمَا عَلمْتَ أنَّ الإِسْلام يَهْدِمُ ما كَانَ قَبلَهُ، وَأَن الهجرَةَ تَهدمُ ما كان قبلَها، وأنَّ الحَجَّ يَهدِمُ ما كانَ قبلَهُ؟› ‹ئىسلامنىڭ ئىلگىرىدىكى گۇناھلارنى يۇيۇدىغانلىقى، ھىجرەتنىڭ ئىلگىرىدىكى يامانلىقلارنى يوققا چىقىرىدىغانلىقى،



www.munber.org

ھەجنىڭمۇ ئىلگىرىدىكى گۇناھلارنىڭ ھەممىسىنى تۈگىتىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟›، دېدى. بۇ چاغدا ھېچقانداق ئادەم ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىنمۇ سۆيۈملۈكرەك ئەمەس ئىدى. نەزىرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىنمۇ كاتتا كىشى يوق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھېيىققانلىقىمدىن ئۇنىڭغا تويغۇدەك قارىيالمايتتىم. ئەگەر بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپىتىنى سورىسا، كۆزۈم تويغۇدەك قارىيالمىغاچقا، سۈپەتلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلاتتىم. ئەگەر مەن شۇ ھالەتتە قەبزى روھ قىلىنغان بولسام، ئەھلى جەننەت بولۇشنى ئەلۋەتتە ئۈمىد قىلاتتىم. كېيىن مەن ئەمەل تۇتۇپ بەزى ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدىم. بۇنداقتا مېنىڭ ھالىم نېمە بولار؟ ئەگەر مەن ئاخىرەتكە سەپەر قىلسام، ھەرگىز يىغا ـ زارە قىلىشماڭلار، مېنى كۆمگەن چېغىڭلاردا تويىنى ئاز ـ ئازدىن سېرىپ چۈشۈرۈڭلار... بىر تۆگىنى سويۇپ، گۆشىنى كەمبەغەللەرگە تەقسىم قىلىپ بەرگۈدەك ۋاقىتقىچىلىك قەبرەم ئۈستىدە تۇرۇڭلار! تاكى مەن سىلەر بىلەن ئۇنسى ـ ئۈلپەت ئېلىپ يالغۇزلۇق ھېس قىلمىغايمەن ۋە پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشىمنى كۈتكەيمەن»، دېدى.

ــــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) سەكراتتىكى كىشىگە قاراپ ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭ گۇناھلىرىدىن ئۆتۈشىنى ئۈمىد قىلىپ يىغلىسا بولىدىغانلىقى.

2) سەكراتقا چۈشكەن كىشىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ۋە مەغفىرىتى بىلەن بېشارەت بېرىش، كافىر كىشى مۇسۇلمان بولسا بۇرۇنقى گۇناھلىرى توغرىسىدا سورالمايدىغانلىقى، ھىجرەت، ھەج ۋە نامازلارنىڭ كىچىك گۇناھلارغا كەففارەت بولىدىغانلىقى، ئەمما چوڭ گۇناھلار بولسا شەرتكە ئۇيغۇن تەۋبە ئارقىلىق كەچۈرۈلىدىغانلىقى.

3) ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بەك ھۆرمەتلەيدىغانلىقى ۋە ياخشى كۆرىدىغانلىقى.

4) مېيىتقا يىغلاشقا ۋە جىنازىسىغا ئوت ئەگەشتۈرۈشكە قەتئىي بولمايدىغانلىقى.

5) ئۆلۈشتىن بۇرۇن ۋەسىيەت قالدۇرۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

6) قەبرىدە ئىككى پەرىشتە تەرىپىدىن سوئال ـ سوراق قىلىنىدىغانلىقىنىڭ ھەقلىقى، بۇ ئىسلامدىكى ئەڭ توغرا كۆزقاراشتىكىلەرنىڭ قارىشى ئىكەنلىكى.

7) مېيىتنى دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن قەبرە يېنىدا ھەدىستە ئېيتىلغان مۇددەتتە تۇرۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.



www.munber.org

## 96 ـ باب سەپەرگە ۋە سىرتقا چىققاندا ھەمراھى بىلەن خوشلىشىش ۋە ئۇنىڭغا دۇئا بېرىش ۋە ئۇنىڭدىن دۇئا ئېلىش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَوَصَّى بِهَا إِبْرَاهِيمُ بَنِيهِ وَيَعْقُوبُ يَا بَنِيَّ إِنَّ اللّهَ اصْطَفَى لَكُمُ الدِّينَ فَلاَ تَمُوتُنَّ إَلاَّ وَأَنتُم مُّسْلِمُونَ۞ أَمْ كُنتُمْ شُهَدَاء إِذْ حَضَرَ يَعْقُوبَ الْمَوْتُ إِذْ قَالَ لِبَنِيهِ مَا تَعْبُدُونَ مِن بَعْدِي قَالُواْ نَعْبُدُ إِلَـهَكَ وَإِلَـهَ آبَائِكَ إِبْرَاهِيمَ وَإِسْمَاعِيلَ وَإِسْحَقَ إِلَـهًا وَاحِدًا وَنَحْنُ لَـهُ مُسْلِمُون ﴾ ﴿ئىبراھىم ۋە يەئقۇب ئۆز ئوغۇللىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ: «ئى ئوغۇللىرىم! ئاللاھ سىلەرگە مۇشۇ دىننى تاللىدى، پەقەت مۇسۇلمان پېتىڭلارچە ئۆلۈڭلار (يەنى ئىمانىڭلاردا مەھكەم تۇرۇڭلار، تاكى ئىمان بىلەن كېتىڭلار)»، دېدى. يەئقۇب جان ئۈزۈۋاتقان ۋاقىتتا سىلەر يېنىدا بارمىدىڭلار؟ شۇ چاغدا يەئقۇب ئوغۇللىرىدىن: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن كىمگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟»، دەپ سورىدى: ئۇلار: «سېنىڭ ئىلاھىڭ ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىڭ ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاقلارنىڭ ئىلاھى بولغان بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىمىز، بىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىمىز»، دېدى﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەر 132 ـ، 133 ـ ئايەتلەر).

712 ـ زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ ئارىمىزدا بىزگە سۆز قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئاۋۋال ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتقاندىن كېيىن ۋەز ـ نەسىھەت قىلدى. ئۇ: «أَمَّا بَعْدُ، أَلا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّمَا أَنا بشرٌ يُوشِكُ أَنْ يَأْتِيَ رَسُولُ رَبِّي فأُجيب، وأَنَا تَارِكٌ فيكُمْ ثَقَلَيْنِ: أَوَّلهُمَا: كتاب اللَّهِ، فيهِ الهُدَى وَالنُّورُ، فَخُذُوا بِكتاب اللَّه، وَاسْتَمْسِكُوا بِهِ» «مەنمۇ پەقەت بىر ئىنسانمەن، ئۇزۇنغا قالماي كۆز يۇمۇشۇم مۇمكىن. ئى ئىنسانلار، مەن سىلەرگە ئىككى نەرسىنى قالدۇرۇپ كېتىمەن؛ بىرى ‹قۇرئان كەرىم› بولۇپ، ئۇ ھىدايەتنى ۋە نۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سىلەر ئاللاھنىڭ كىتابىنى مەھكەم تۇتۇڭلار ۋە ئۇنىڭغا چىڭ يېپىشىڭلار»، دېدى ۋە «قۇرئان كەرىم»گە ئەمەل قىلىشقا رىغبەتلەندۇردى ۋە قىزىقتۇردى. «وَأَهْلُ بَيْتِي، أُذَكِّرُكُمُ اللَّه في أَهْلِ بَيْتِي» «يەنە بىرى مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەر بولۇپ، سىلەرنىڭ مېنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىمنى ئەستە تۇتۇشۇڭلارنى ئاللاھتىن تىلەيمەن»، دېدى.

—— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: سەپەرگە چىقماقچى بولغاندا ياكى ئىغىر كېسەل ھالىتىدە ئۇرۇق ـ ئەۋلادى ۋە دوست يارەنلىرىگە ياخشى ئىشلارنى ۋە دىنى ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنى ۋەسىيەت قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

713 ـ ئەبۇ سۇلايمان مالىك ئىبنى ھۇۋەيرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، تەڭتۇش ياشلاردىن بىر قانچىمىز ئىسلامدىن تەلىم ئېلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا 20كۈن تۇردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

رەھىمدىل، مۇلايىم ئىدى. ئۇ بىزنىڭ ئائىلىمىزنى سېغىنغانلىقىمىزنى ھېس قىلىپ، بىزدىن ئائىلىمىزدە كىملەرنىڭ بارلىقىنى سورىدى. بىز ئېيتىپ بەردۇق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە: «ارْجعُوا إِلى أَهْليكم فَأَقِيمُوا فِيهِمْ، وَعلِّموهُم وَمُرُوهُمْ، وَصَلُّوا صَلاةَ كَذا في حِين كَذَا، وَصَلُّوا كَذَا في حِين كَذَا، فَإِذَا حَضَرَتِ الصَّلاةُ فَلْيُؤَذِّنْ لَكُمْ أَحَدُكُمْ، وَلْيؤمَّكُم أَكبَرُكُمَ» «سىلەر ھەممىڭلار قايتىپ كېتىڭلار! ئۆيۈڭلاردىكىلەر بىلەن بىللە تۇرۇڭلار، ئۇلارغا دىنني ئىلىم ئۆگىتىڭلار، ئۇلارغا نەسىھەت قىلىڭلار، ئۇلارنى ۋاقتىدا ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار، سىلەر پالانى نامازنى پۈكۈنى چاغدا ئوقۇڭلار، ناماز ۋاقتى بولغاندا بىرىڭلار ئەزان ئېيتىڭلار. يېشىڭلار چوڭراقىڭلار ئىمام بولۇڭلار»، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارىنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە، «وَصَلُّوا كمَا رَأَيتُمُوني أُصَلِّي» «مەن قانداق ناماز ئوقۇغان بولسام، سىلەر مۇشۇنداق ئوقۇڭلار»، دېگەن سۆز قوشۇلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مەيلى پەرز ئەيىن ياكى پەرز كۇپايەنى ئورۇنلاش ئۈچۈن بولسۇن ئۆزىنىڭ يۇرتىدا شارائىت بولمىسا، باشقا يۇرتلارغا ئىلىم تەلەپ قىلىپ سەپەر قىلىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكى.

2) ئىش بېشىدىكىلەرنىڭ ئۆز پۇقرالىرىدىن ھال سوراپ تۇرۇشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ساھابىلىرىگە كۆيۈنىدىغانلىقى. ئەھلى ئىلىملەرنىڭ بىلىمسىز ئاۋامغا تەلىم بېرىشى ۋە ئۇلارغا دىننى بىلدۈرۈشىنىڭ ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشىنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكى.

4) نامازلارغا ئەزان توۋلاشنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى. ئەگەر ھەممىسى ئىلىمدا تەڭ بولسا ياشتا چوڭىنى ئىمام قىلىش، لېكىن باشقىلاردىن بىلىملىكرەكى بولسا شۇنى ئىمام قىلىش.

714 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆمرە ھەجگە بېرىپ كېلىشنى سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇخسەت قىلدى، ۋە ماڭا: «لا تنْسنَا يَا أخيَّ مِنْ دُعَائِكَ» «ئى ئەزىز بۇرادىرىم! دۇئايىڭدا بىزنى ئۇنتۇمىغىن»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزى ماڭا شۇنداق قىممەتلىكتۇركى، ئۇنىڭ بەدىلىگە پۈتۈن دۇنيا مېنىڭ بولسىمۇ، ئۇنچىلىك خۇشال بولمىغان بولاتتىم. — تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇئامىلىسىدىكى ئەدەبلىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زىيادە كەمتەرلىكى، بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئۆز ـ ئارا بىرى ـ بىرىگە دۇئا قىلىپ قويۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش، گەرچە سورىغۇچى سورالغۇچىدىن ئۇلۇغراق كىشى بولغان تەقدىردىمۇ. بۇ ھەدىس دۇئانىڭ تىرىك ئادەملەرگە پايدىسى تېگىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغانلىقى.



www.munber.org

**715 ـ سالىم ئىبنى ئابدۇللاھدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىر ئادەم سەپەر قىلماقچى بولسا ئۇنىڭغا مۇنداق دەيتتى: «ماڭا يېقىن كەل! سەن بىلەن خوشلىشىۋالاي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بىزنى بىلەن مۇشۇنداق خوشلىشاتتى ۋە: ‹أَسْتَوْدِعُ اللَّه دِينَكَ، وَأَمانَتَكَ، وخَوَاتِيمَ عَمَلِكَ› ‹مەن سېنىڭ دىنىڭنى، ئىشەنچىڭنى ۋە ئىشىڭنىڭ تۈگەنچىسىنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم›، دەيتتى».**

— ترمىزى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: سەپەرگە چىقماقچى بولغان كىشىنىڭ خوشلىشىشى ۋە ئۇلارنى يۇقىرىقى سۆزلەر ئارقىلىق ئۇزىتىپ قويۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

**716 ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇن بىلەن خوشلاشقان ۋاقتىدا مۇنداق دەيتتى: «أَسْتَوْدِعُ اللَّه دِينَكُمْ، وَأَمَانَتكُم، وَخَوَاتِيمَ أَعمَالِكُمْ» «مەن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى، ئىشەنچىڭلارنى ۋە ئىشىڭلارنىڭ تۈگەنچىسىنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم!».**

— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئىش بېشىدىكىلەرنىڭ جەڭگە ئاتلىنىش ئالدىدىكى قوشۇنلىرىنى ئۇزىتىپ قويۇشىنىڭ ۋە مۇشۇنداق سۆزلەرنى تەۋسىيە قىلىشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

**717 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشتى ۋە: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، مەن سەپەرگە چىقماقچى، مېنى ئوزۇقلاندۇرساڭ»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «زَوَّدَكَ اللَّه التَّقْوَى» «ئاللاھ ساڭا تەقۋادارلىقنى ئوزۇق قىلىپ بەرسۇن»، دېدى. ئۇ كىشى: يەنىچۇ، دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «وَغَفَرَ ذَنْبَكَ» «ئاللاھ تائالا گۇناھلىرىڭنى مەغفىرەت قىلسۇن»، دېدى. ئۇ كىشى يەنە: يەنىچۇ، دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «وَيَسَّرَ لكَ الخَيْرَ حَيْثُمَا كُنْتَ» «سەن قەيەردە بولمىغىن، ئاللاھ تائالا ساڭا ياخشىلىقنى مۇيەسسەر قىلىپ بەرسۇن»، دېدى.**

— ترمىزى رىۋايەت قىلغان.

## 97 . باب ئىستىخارە قىلىش ۋە مەسلىھەت توغرىسىدا

**ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَشَاوِرْهُمْ فِي الأَمْرِ فَإِذَا عَزَمْتَ فَتَوَكَّلْ عَلَى اللّهِ﴾ ﴿ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن، بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن﴾.** («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال ئىمران 159 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

**ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:** ﴿فَمَا أُوتِيتُم مِّن شَيْءٍ فَمَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَمَا عِندَ اللَّهِ خَيْرٌ وَأَبْقَى لِلَّذِينَ آمَنُوا وَعَلَى رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ (وَالَّذِينَ يَجْتَنِبُونَ كَبَائِرَ الْإِثْمِ وَالْفَوَاحِشَ وَإِذَا مَا غَضِبُوا هُمْ يَغْفِرُونَ۞ وَالَّذِينَ اسْتَجَابُوا لِرَبِّهِمْ وَأَقَامُوا الصَّلَاةَ وَأَمْرُهُمْ شُورَى بَيْنَهُمْ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنفِقُونَ۞ وَالَّذِينَ إِذَا أَصَابَهُمُ الْبَغْيُ هُمْ يَنتَصِرُونَ﴾



www.munber.org

﴿سىلەرگە بېرىلگەن ھەرقانداق نەرسە دۇنيا تىرىكچىلىكىدە پايدىلىنىدىغان نەرسىلەردۇر، ئىمان ئېيتقان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرگە، گۇناھى كەبىرىلەردىن، قەبىھ ئىشلاردىن ساقلانغۇچىلارغا، دەرغەزەپ بولغانلىرىدا كەچۈرەلەيدىغانلارغا، پەرۋەردىگارىنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشالايدىغانلارغا، نامازنى تەئدىل ئەركان بىلەن ئۆتەيدىغانلارغا، ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدىغانلارغا، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن سەدىقە قىلىدىغانلارغا، ئۇچرىغان زۇلۇمغا قارشى تۇرالايدىغانلارغا، ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدىكى ساۋاب تېخىمۇ ياخشىدۇر، تېخىمۇ باقىيدۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە شۇرا ـ 36 ~ 39 ئايەتلەر)

718 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشلىرىمىزدا ئىستىخارە قىلىشنى بىزگە خۇددى «قۇرئان كەرىم» سۈرىلىرىنى تەلىم بەرگەندەك تەلىم بېرەتتى. ئۇ مۇنداق دەيتتى: «إِذا هَمَّ أَحَدُكُمْ بالأمر، فَلْيَركعْ رَكعتَيْنِ مِنْ غَيْرِ الفرِيضَةِ ثم ليقُلْ: اللَّهُم إِني أَسْتَخِيرُكَ بعِلْمِكَ، وأَستقدِرُكَ بقُدْرِتك، وأَسْأَلُكَ مِنْ فضْلِكَ العَظِيم، فإِنَّكَ تَقْدِرُ ولا أَقْدِرُ، وتعْلَمُ ولا أَعْلَمُ، وَأَنتَ علاَّمُ الغُيُوبِ. اللَّهُمَّ إِنْ كنْتَ تعْلَمُ أَنَّ هذا الأمرَ خَيْرٌ لي في دِيني وَمَعَاشي وَعَاقِبَةِ أَمْرِي» أَوْ قالَ: «عَاجِلِ أَمْرِي وَآجِله، فاقْدُرْهُ لي وَيَسِّرْهُ لي، ثمَّ بَارِكْ لي فِيهِ، وَإِن كُنْتَ تعْلمُ أَنَّ هذَا الأَمْرَ شرٌّ لي في دِيني وَمَعاشي وَعَاقبةِ أَمَرِي» أَو قال: «عَاجِل أَمري وآجِلهِ، فاصْرِفهُ عَني، وَاصْرفني عَنهُ، وَاقدُرْ لي الخَيْرَ حَيْثُ كانَ، ثُمَّ رَضِّني بِهِ» «سىلەردىن بىرىڭىز بىرەر ئىش قىلماقچى بولسا، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئاندىن بۇ دۇئانى ئوقۇسۇن: ‹ئى ئاللاھ ماڭا بۇ ئىشتا قانداق قىلسام ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئىلمىڭ بىلەن تىلەيمەن. شۇنى قىلىشقا ماڭا قۇدرىتىڭ بىلەن كۈچ ـ قۇۋۋەت بېرىشىڭنى تىلەيمەن. سېنىڭ ئۇلۇغ پەزلىڭدىن سورايمەن. چۈنكى، ھەممىگە سەن قادىرسەن. مەن قادىر ئەمەسمەن. ھەممىنى سەن بىلىسەن. مەن بىلمەيمەن. ھەممە غەيب ساڭا ناھايىتى ئايدىڭ. ئى ئاللاھ، ئەگەر سەن بۇ ئىشنىڭ مېنىڭ دىنىم، دۇنيالىقىم ئۈچۈن خەيرلىك بولىدىغانلىقىنى، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ خەيرلىك بولىدىغانلىقىنى بىلسەڭ، ئۇ ئىشنى ماڭا مۇيەسسەر قىلىپ بەرگىن. ئەگەر بۇ ئىشنىڭ مېنىڭ دىنىم، دۇنيالىقىم ئۈچۈن زىيانلىق بولىدىغانلىقىنى ۋە ئاقىۋىتىنىڭ زىيانلىق بولىدىغانلىقىنى بىلسەڭ، ئۇنى مەندىن ۋە مېنى ئۇنىڭدىن يىراق قىلغىن. ياخشىلىق قەيەردە بولسۇن، ئۇنى ماڭا مۇيەسسەر قىلغىن. شۇنىڭ بىلەن مېنى مەمنۇن قىلغىن›». — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىستىخارە نامىزى ئوقۇشنىڭ ۋە نامازدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغان ئىستىخارە دۇئاسىنى قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) مۇسۇلمان كىشى مۇباھ ئىشلاردا (يەنى، قىلسا شەرىئەتتە گۇناھمۇ بولمايدىغان، ساۋابمۇ بولمايدىغان ئىشتا) ئىستىخارە قىلسا بولىدۇ. ئەمما، پەرز، ۋاجىب، ھارام، مەكرۇھ ئىشلاردا ئىستىخارە قىلىشقا بولمايدۇ، چۈنكى شەرىئەت بۇيرۇغان ياكى چەكلىگەن ئىشلاردا شۇ بويىچە قىلىش زۆرۈر بولۇپ ئىستىخارىگە ئورۇن يوق.



www.munber.org

3) مۆئمىن ھەممە ئىشلارنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇشى كېرەك، چۈنكى ئاللاھ تائالا كۈچ - قۇۋۋەت ئىگىسى، ھەممە ئاللاھ تائالاغا تايىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يۆلىنىدۇ.

4) ھەدىسنىڭ زاھىرى ئىستىخارە دۇئاسىنى ئىستىخارە نامىزىدىن كېيىن قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. شەرىئەت ئالىملىرى بۇ دۇئانى ناماز ئىچىدە بولۇپمۇ سەجدىدە ۋە تەشەھھۇدتىن كېيىن قىلىسىمۇ بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

## 98. باب ھېيت نامىزىغا، كېسەل يوقلاشقا، ھەجكە، جەڭگە، جىنازا نامىزىغا بارغاندا ساۋابىنىڭ كۆپ بولۇشى ئۈچۈن، بارغاندا بىر يول بىلەن، كەلگەندە باشقا بىر يول بىلەن مېڭىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

719 - جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېيت نامىزىغا بارغاندا بېرىش ۋاقتىدا بىر يول بىلەن، قايتىش ۋاقتىدا باشقا بىر يول بىلەن ماڭاتتى. — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش ئۈچۈن ھېيت نامىزىغا بىر يول بىلەن بېرىپ باشقا بىر يول بىلەن قايتىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى. ئاللاھ تائالا: ﴿رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە سىلەرگە ياخشى ئۈلگە﴾، دېگەن.

2) ئىمام نەۋەۋى يول ئۆزگەرتىشتىكى ھېكمەت «ئىبادەتنى كۆپەيتىش ئۈچۈن»، دېدى. باشقا ئالىملار ئۇنىڭدىكى ھېكمەت: «قىيامەت كۈنى ئىككىلا يولنىڭ ئۇ كىشىگە گۇۋاھلىق بېرىشى ئۈچۈن ياكى ئىككىلا يولنى ئاللاھ تائالانى ئەسلەشتىن خالىي قىلماسلىق ئۈچۈن، ياكى شۇ يولدىكى پېقىر - مىسكىنلەرگە سەدىقە بېرىش ئۈچۈن، ياكى مۇناپىقلارغا ئۆچمەنلىك قىلىش، ياكى ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلەش ئۈچۈن، ياكى ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ياخشى پال ئېلىش ئۈچۈن ۋە ياكى رەھمەتكە ئۇچراش ئۈچۈن»، دېيىشتى.

720. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە شەھرىدىن چىققاندا، شەجەرە دېگەن يولدىن چىقىپ، مۇئەررەس دېگەن يولدىن كىرەتتى، مەككىگە كىرگەندە يۇقىرى يولدىن كىرىپ، چىققاندا تۆۋەن يولدىن چىقاتتى. — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ھەجگە بارغاندا ياكى غازاتقا چىققاندا بىر يول بىلەن بېرىپ باشقا بىر يول بىلەن قايتىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، كىرگۈچى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنغا كىرىشنى كۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن يۇقىرى ئورۇندىن كىرىش خاس قىلىندى، چىققاندا بولسا ئەكسىچە.

## 99. باب ياخشى ئىشلارنى ئوڭ تەرەپتىن باشلاشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

تاھارەت ئېلىش، غۇسلى قىلىش، تەيەممۇم قىلىش، كىيىم كىيىش، ئاياغ كىيىملىرىنى كىيىش، مەسجىدگە كىرىش، مىسۋاك قىلىش، سۈرمە تارتىش، تىرناق ئېلىش، بۇرۇتنى قىسقارتىش، قولتۇقنى پاكىزلاش، چاچ ئېلىش، نامازدا سالام



www.munber.org

بېرىش، تاماق يېيىش، سۇ ئىچىش، كۆرۈشۈش، «كەبە» دىكى قارا تاشنى بوسە قىلىش، ھاجەتخانىدىن چىقىش، نەرسە قوبۇل قىلىش ۋە نەرسە بېرىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئوڭ تەرەپتىن باشلىنىدۇ.

ئەكسىچە تۆۋەندىكى ئىشلاردا سول تەرەپتىن باشلاش ياخشى ھېسابلىنىدۇ.

مەسىلەن: بۇرۇننى تازىلاش، تۈكۈرۈش، ھاجەتخانىغا كىرىش، مەسجىددىن چىقىش، ئاياغ كىيىمى ۋە كىيىملارنى سېلىش، چوڭ ـ كىچىك تەرەتتىن كېيىن بەدەننى تازىلاش، مەينەت ئىشلارنى قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَأَمَّا مَنْ أُوتِيَ كِتَابَهُ بِيَمِينِهِ فَيَقُولُ هَاؤُمُ اقْرَؤُوا كِتَابِيهْ﴾ ﴿نامە ئەمالى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن ئادەم (خۇشاللىقتىن): «بۇ مېنىڭ نامە ئەمالىمنى ئېلىپ ئوقۇپ بېقىڭلار»، دەيدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھاققە 19 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:﴿ فَأَصْحَابُ الْمَيْمَنَةِ مَا أَصْحَابُ الْمَيْمَنَةِ وَأَصْحَابُ الْمَشْأَمَةِ مَا أَصْحَابُ الْمَشْأَمَةِ﴾ ﴿(بىرىنچى پىرقە) سائادەتمەنلەردۇر، سائادەتمەنلەر قانداق ئادەملەر؟ (ئۇلار نامە ئەمالى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلىدىغان) ئادەملەردۇر. (ئىككىنچى پىرقە) بەختسىز ئادەملەردۇر، بەختسىز ئادەملەر قانداق ئادەملەر؟ (ئۇلار نامە ئەمالى سول تەرىپىدىن بېرىلىدىغان) ئادەملەردۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ۋاقىئە8 ـ 9 ـ ئايەتلەر)

721 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئالغاندا، ئاياغ كىيگەندە، چېچىنى تارىغاندا ئوڭ تەرەپتىن باشلاشنى ياقتۇراتتى».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

722 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئالغاندا، تاماق يېگەندە ئوڭ قولىنى ئىشلىتەتتى. ھاجەتكە كىرگەندە ۋە مەينەت نەرسىلەرنى تازىلىغاندا سول قولىنى ئىشلىتەتتى».

— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

723 ـ ئۇممۇ ئەتىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قازا قىلغان قىزى زەينەبنىڭ جەسىتىنى يۇيۇدىغان ۋاقتىمىزدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە: «ابْدَأْنَ بِميامِنِهَا وَمَواضِعِ الوُضُوءِ مِنْها» «سىلەر ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن باشلاپ يۇيۇڭلار، تاھارەت ئېلىشنىڭ تەرتىپى بويىچە ئېلىپ بېرىلسۇن»، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) خۇددى تىرىك كىشىلەر يۇيۇنغاندا ئوڭ تەرەپتىن باشلىغىنىدەك، مېيىت يۇغاندا ئوڭ تەرىپىدىن باشلاشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) ئايال مېيىتنى ئاياللارنىڭ يۇيۇش كېرەكلىكى ۋە ئايالLارنىڭ بۇنىڭغا مېيىتنىڭ مەھرەملىرىدىنمۇ لايىقراق ئىكەنلىكى.



www.munber.org

**724 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إِذا انْتَعَلَ أحدُكُمْ فَلْيَبْدَأْ باليُمْنى، وَإِذا نَزَع فَلْيَبْدَأْ بِالشِّمالِ. لِتَكُنِ اليُمْنى أَوَّلَهُما تُنْعَلُ، وآخِرَهُمَا تُنْزَعُ» **«ئاياغ كىيمەكچى بولساڭلار ئوڭ پۇتتىن باشلاپ كىيىڭلار، سالماقچى بولساڭلار ئاۋۋال سول پۇتتىن باشلاڭلار. ئىپسىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلاركى، كىيىش ئوڭدىن بولىدۇ، سېلىش سولدىن!» بولىدۇ.** ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**725 ـ ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاماق يېگەندە، سۇ ئىچكەندە، كىيىم كىيگەندە ئوڭ قولىنى ئىشلىتەتتى. سول قول بىلەن باشقا ئىشلارنى قىلاتتى.**

ـــ ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

**726 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إِذا لَبِسْتُمْ، وَإِذا تَوَضَّأْتُم، فَابْدَؤُوا بِأَيَامِنكُمْ» **«سىلەر كىيىم كىيگەندە، تاھارەت ئالغاندا ئوڭ تەرەپتىن باشلاڭلار».**

ـــ ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

**727 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىنا تېغىغا كېلىپ، شەيتانغا تاش ئاتتى. ئاندىن مىنادىكى چېدىرغا كېلىپ قۇربانلىق قىلدى. ئاندىن (ئېھرامدىن چىققاندىن كېيىن) ساتىراچقا: (يەنى باشنىڭ ئوڭ تەرىپىنى كۆرسىتىپ)** «خُذْ» **«بۇ يەردىن باشلاپ ئالغىن»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چېچىنى كىشىلەرگە بېرىشكە باشلىدى.**

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) چېچىنى چۈشۈرگەن ئادەمنىڭ ئوڭ تەرەپتىن باشلىشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، بۇ كۆپ سانلىق ئالىملارنىڭ قارىشى. ھەنەفىيلەرنىڭ قارىشىچە، ساتىراش ئوڭ تەرىپىدىن باشلايدۇ، بۇ چاچ چۈشۈرگۈزمەكچى بولغان ئادەمنىڭ سول تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەرگە ئۆزى ۋاپات بولغاندىن كېيىن كىشىلەر ئارىسىدا بەرىكەتلىك تەۋرۈك بولۇپ قېلىشى ۋە كىشىلەرنىڭ ھەر قېتىم كۆرگەندە ئۇنى ئەسلەپ تۇرۇشى ئۈچۈن چېچىنى تارقىتىپ بەرگەنلىكى.

3) رۇخسەت بېرىلگەن دائىرە ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قالغان نەرسىلەرنى بەرىكەتلىك نەرسە دەپ قاراشنىڭ دۇرۇسلۇقى.



www.munber.org

## 100. باب تاماق يېيىشنىڭ ئەدەب ـ قائىدىلىرى ۋە تاماقتىن بۇرۇن «بِسْمِ اللهِ» تاماقتىن كېيىن «اَلْحَمْدُ لِلهِ»، دېيىش توغرىسىدا

**728 ـ ئۆمەر ئىبنى ئەبۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «سَمِّ اللّه وكُلْ بيمينكَ، وكُلْ مِمَّا يَلِيكَ» «تاماق يېگەندە ئالدى بىلەن بِسْمِ اللهِ (ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن) دەپ، ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ ئالدىدىن ئېلىپ يېگىن»، دېگەن.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) تاماق يېگەندە بِسْمِ الله دەپ يېيىش كۆپ سانلىق ئالىملارنىڭ قارىشىدا تەشەببۇس قىلىنغان ئىش، تاماق يېگەندە بِسْمِ الله دېگەنگە ئوخشاش، ئىچكەندىمۇ بِسْمِ الله دېيىش كېرەك.

ئىمام نەۋەۋى ئېيتىدۇ: «تاماق يېگەندە بِسْمِ الله دېيىش، يەپ بولغاندا ئاللاھقا تەشەككۇر ئېيتىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىگە ھەممە ئالىملار بىرلىككە كەلگەن. بِسْمِ الله دېيىشنىڭ ھېكمىتى: بەرىكەت ياغدۇرىدۇ، كىشىنى ئاچ كۆزلۈك ئەمەس قانائەتكە چاقىرىدۇ.

2) ئالدىدىن ئېلىپ يېيىشنىڭ ھەممىنىڭ قارىشى ئوخشاش بولغان ئەدەب ئىكەنلىكى، ئەكسىچە يېيىشنىڭ يامان كۆرۈلىدىغان ئىش ئىكەنلىكى.

بۇخىل يېيىش مېۋە ـ چېۋىلەردىن باشقا يېمەكلىكلەرگە قارىتىلغان بولۇپ، مېۋە ـ چېۋە يېگۈچى ئالدىغا قويۇلغان مېۋىلەردىن قايسىنى تاللاپ يېسە بولىدۇ.

3) تاماق يېگەندە بِسْمِ الله دېسە سۈننەتنىڭ ئادا بولىدىغانلىقى، بسم الله الرحمن الرحيم دېسە تېخىمۇ ياخشى بولىدىغانلىقى.

**729 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إذا أكل أَحَدُكُمْ فَلْيَذْكُر اسْمَ اللَّه تعالى، فإنْ نسي أَنْ يَذْكُرَ اسْمَ اللَّه تَعَالَى في أَوَّلِهِ، فَلْيَقُلْ: بِسْمِ اللَّه أَوَّلَهُ وَآخِرَهُ» «تاماق يېگۈچى بِسْمِ اللهِ دەپ باشلىشى كېرەك! ئەگەر ئۇنتۇپ قالغان بولسا، ئېسىگە كەلگەن ھامان ‹تاماقنىڭ ئالدى ۋە كەينىدە ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن›، دېيىشى كېرەك».**

— ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: تاماق يەۋېتىپ، تاماقنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن دېيىش. ھەدىسنىڭ زاھىرى تاماقتىن كېيىن ئاللاھنى ياد ئېتىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**730. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «إِذا دخل الرَّجُل بيْتَهُ، فَذَكَرَ اللَّه تعالى عِنْد دُخُولِهِ وعِنْدَ طَعامِهِ، قال الشَّيْطانُ لأَصحَابِهِ: لا مبيتَ لَكُمْ ولا عشَاءَ، وإذا دخَل، فَلَم يَذكُر اللَّه تَعَالى عِنْد دخُولِهِ، قال**



www.munber.org

الشَّيْطَانُ : أَدْركتمُ المبيت، وإِذا لَم يَذْكُرِ اللَّه تعَالى عِنْد طَعامِهِ قال : أَدْرَكْتُمُ المبيتَ وَالعَشاءَ›› «كىمكى ئۆيگە كىرمەكچى بولسا، بِسْمِ الله دەپ كىرىشى، تاماق يېگەندىمۇ بِسْمِ الله دەپ باشلىشى كېرەك! شۇنداق قىلغاندا شەيتان ئۆز ھەمراھلىرىغا: ‹سىلەرگە بۇ يەردە قونالغۇ يوق، كەچلىك تاماقمۇ يوق!›، دەيدۇ. ئەگەر بِسْمِ الله دەپ ئۆيگە كىرمىگەندە، شەيتان: ‹سىلەرگە بۇ يەردە قونالغۇ بار›، دەيدۇ. تاماق يېگەندە بِسْمِ الله دېمىسە، شەيتان: ‹بۈگۈن ئاخشام بۇ يەردە قونالغۇ ۋە تاماق بار›، دەيدۇ».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) تاماق يېگەندە ۋە ئۆيگە كىرگەندە ئاللاھنى ياد ئېتىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن كىرمىگەن ئۆينى شەيتاننىڭ ماكان تۇتۇدىغانلىقى. ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن يېمىگەن تاماققا شەيتان شېرىك بولىدىغانلىقى.

3) تاماق يېگەندە ۋە ئۆيگە كىرگەندە ئاللاھنى ياد ئېتىش بولسا غاپىللىقتىن يىراق قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھتىن غاپىل بولۇش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە قارشىلىق قىلىش ۋە شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ.

731 - ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە تاماق يېدۇق. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاماققا قول تەككۈزگەندىن كېيىن، ئاندىن قول تەككۈزەتتۇق. بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە تاماق يەۋاتقان ۋاقتىمىزدا، بىر كىچىك قىز كەلدى، كىشىلەر ئۈنىڭغا تاماق بەردى، ئۇ ئەمدىلا تاماققا قول ئۇزىتىشىغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى، يەنە بىر سەھرالىق كىشىمۇ كېلىپ، كىشىلەر بەرگەن تاماققا قول ئۇزارتىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قولىنىمۇ تۇتۇۋالدى ۋە مۇنداق دېدى: «إِنَّ الشَّيْطانَ يَسْتَحِلُّ الطَّعامَ أَنْ لا يُذْكَرَ اسمُ اللَّهِ تَعَالى عليه. وإِنَّهُ جاءَ بهذِهِ الجارِيَةِ لِيستَحِلَّ بِها ، فَأَخَذتُ بِيدِهَا ، فَجَاءَ بهذا الأَعْرَابِيِّ لِيستَحِلَّ بِهِ، فَأَخَذْتُ بِيدِهِ، والذي نَفسي بِيَدِهِ إِنَّ يدَهُ في يَدي مَعَ يَدَيْهِما» «شەيتان تاماق يېگەندە بِسْمِ الله دەپ يېمىگەن كىشىنىڭ تامىقىنى خالىغانچە يەيدۇ. بۇ كىچىك قىز تاماق يېيىشكە تەمشىلىۋىدى ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدىم. بۇ سەھرالىق كىشى تاماق يېيىشكە تەمشىلىۋىدى ئۇنىڭمۇ قولىنى تۇتۇۋالدىم. جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇ ئىككىسىنىڭ قولىنى تۇتۇش بىلەن بىرگە شەيتاننىڭ قولىنىمۇ تۇتۇۋالدىم»، دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بِسْمِ اللهنى ئېيتقاندىن كېيىن، تاماققا قول ئۇزاتتى.

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ساھابىلەرنىڭ تاماقتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھۆرمەت بىلدۈرىدىغانلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدى بىلەن تاماققا ئېغىز تەگكۈزمىگۈچە ساقلايدىغانلىقى، چوڭلار بىلەن بولغان ئەدەبنىڭ مۇشۇنىڭدەك بولىدىغانلىقى.



www.munber.org

2) ئاشلىغۇچىغا ئىشنى تەكتىلەش يۈزىسىدىن قەسەم قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

3) ھەدىستە ياخشىلىقا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشقا دەلىل كەلتۈرۈلگەن.

4) كىشىلەرگە ئىسلامدىكى يېمەك ـ ئىچمەك ئەدەب قائىدىلىرىنى ئۆگىتىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

5) بِسْمِ الله دېمەي يېگەن يېمەكلىكلەرگە شەيتان شېرىك بولىدىغانلىقى.

**732 ـ ئۇمەييە ئىبنى مەخشى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بار سورۇندا تاماق يېدى، بىراق بِسْمِ الله دەپ باشلىمىدى. بۇ كىشى ئەڭ ئاخىرقى بىر قوشۇق تاماقنى ئاغزىغا سېلىش ئالدىدا: تاماقنىڭ بېشى ۋە ئاخىرىسىدا ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈپ تۇرۇپ: «مَا زَالَ الشَّيْطَانُ يَأْكُلُ مَعَهُ، فَلمَّا ذَكَر اسمَ اللَّهِ استْقَاءَ مَا في بَطنِهِ» «شەيتان دەسلەپتە ئۇنىڭ بىلەن بىللە تاماق يېدى. بۇ كىشى بِسْمِ الله دېگەندە شەيتان يېگەن تاماقنى قۇسۇپ تاشلىدى»، دېدى.** ـــ ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

**733 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالتە ساھابە بىلەن تاماق يەۋاتاتتى، بىر سەھرالىق ئادەم كەلدى، ئۇ كىشى ئىككى كاپام تاماق يېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أما إِنَّهُ لوْ سَمَّى لَكَفَاكُمْ» «ئەگەر ئۇ كىشى بِسْمِ الله دەپ تاماق يېگەن بولسا بۇ تاماقتا ھەممىڭلار تويغان بولاتتىڭلار»، دېدى.**

ـــ تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاللاھ تائالانىڭ بِسْمِ الله دەپ يېيىلگەن تاماققا بەرىكەت بېرىدىغانلىقى، بِسْمِ الله دېمىگەن تاماقتا بەرىكەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغانلىقى.

**734 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داستىخان يىغىلغاندا: «الحَمْدُ للَّه حمداً كَثيراً طَيِّباً مُبَارَكاً فِيه، غَيرَ مَكْفِيٍّ وَلا مُسْتَغْنًي عَنْهُ رَبَّنَا» «كۆپ، پاك، بەرىكەتلىك بولغان ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر، كىشىلەر شۇ ھەمدۇساناىدىن نە كۇپايىلەنسۇن، نە بىھاجەت بولسۇن، ئى پەرۋەردىگارىمىز»، دەيتتى.** ـــ بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش يۈزىسىدىن تاماق يەپ بولغاندا ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ، تەشەككۇر ئېيتىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

**735 ـ مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «منْ أَكَلَ طَعَاماً فقال: الحَمْدُ للَّهِ الذي أَطْعَمَني هذا، وَرَزَقَنِيهِ مِنْ غيْرِ حَوْلٍ مِنِّي وَلا قُوّةٍ، غُفِرَ لَهُ مَا تَقَدَّمَ مِنْ ذَنْبِهِ» «كىمكى تائام يەپ بولغاندىن كېيىن:**

www.munber.org

‹مېنىڭ چارەمسىز ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتمىسىز ماڭا بۇ تاماقنى بەرگەن ئاللاھقا شۈكۈر›، دېسە ئۇ كىشىنىڭ بۇرۇن ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى مەغفىرەت قىلىنىدۇ».

— ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: تاماق يەپ بولغاندا تۆۋەنچىلىك بىلەن ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ، تەشەككۈر ئېيتىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنئام قىلغۇچى ۋە رىزىق بەرگۈچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلغۇچىلارنىڭ كىچىك گۇناھلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەپۇ قىلىدىغانلىقى.

## 101 ـ باب تاماقنى ياراتماسلىقنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى ۋە تاماقنى ماختاشنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا

736 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچقاچان تاماقنى كەمسىتىپ باقمىغانىدى، كۆڭلى تارتسا يەيتتى. كۆڭلى تارتمىسا قويۇپ قوياتتى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش ئۈچۈن تاماقنى ياراتماي قويماسلىق، چۈنكى تاماقنى ئەيىبلەش چوڭچىلىق، كىبىر ۋە راھەتپەرەسلىك جۈملىسىدىندۇر.

2) تاماقنى ماختاش نېئمەتنى ياقتۇرغانلىق بولىدىغانلىقى، تاماقنى ياراتماسلىق بولسا نېئمەتنى كۆزگە ئىلمىغانلىق بولىدىغانلىقى.

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىنىڭ ئېسىل ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ھېچقانداق تاماقنى ياراتماي قالمىغانلىقى.

737 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيدىكىلەردىن نان بىلەن قوشۇپ يەيدىغان نەرسىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سورىدى، ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭغا: يوق، پەقەت سىركە بار، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بولىدۇ، ئەكىلىڭلار»، دېدى، ۋە بىر تەرەپتىن يېگەچ: «نِعْمَ الأُدُمُ الخلُّ نِعْمَ الأُدُمُ الخَلُّ» «بۇ ئاچچىق سىركە بىلەن نان نېمە دېگەن يېيىشلىك، بەك ياخشى ئىكەن»، دېدى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاددىي بولسىمۇ، تاماقنى ماختاشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) تاماقتا تېجەشلىك بولۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، قىممەت مايلىق تاماقلارغا ئۆزىنى كۆندۈرۈشنىڭ چەكلىنىدىغانلىقى.

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتىكى ئاددىيلىقى ۋە كەمتەرلىكى.



www.munber.org

## 102. باب روزا تۇتقان ئادەم ئىپتار بولمىغان ۋاقتىدا تاماق كەلتۈرۈلسە قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا

738 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِذا دُعِيَ أَحَدُكُمْ، فَلْيُجِبْ، فَإِنْ كان صائماً فَلْيُصلِّ، وَإِنْ كانَ مُفْطَراً فَلْيَطْعَمْ» «كىمكى تاماققا چاقىرىلىدىكەن، ئۇ بارسۇن. ئەگەر روزىدار بولسا چاقىرغۇچى ھەققىدە دۇئا قىلسۇن، ئاغزى ئوچۇق بولسا تاماقنى يەۋەرسۇن».

—— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

## 103. باب تاماققا چاقىرىلغان ئادەمگە باشقا بىر كىشى ئەگىشىپ بارسا قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا

739 - ئەبۇ مەسئۇد بەدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بەش كىشىلىك تاماق تەييارلانغان سورۇنغا تەكلىپ قىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەشىنچىسى ئىدى. بىراق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ سورۇنغا ماڭغاندا يەنە بىر كىشى ئۇنىڭغا ئەگىشىۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھىبخانىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ساھىبخانىغا: «إِنَّ هذا تَبِعَنا، فإِنْ شئت أَنْ تَأْذَنَ لَهُ، وإِنْ شِئتَ رَجَعَ» «بۇ كىشى بىزگە ئەگىشىپ كەلدى، ئەگەر خالىساڭ كۈتۈۋالغىن، خالىمىساڭ كەتكۈزۈۋەتكىن»، دېدى. ئۆي ئىگىسى: بولىدۇ، ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇ مېھمان بولسۇن، دېدى.

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بۇ ھەدىستىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھىبخانىدىن ئىجازەت سورىغانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆي ئىگىسىنىڭ رازىلىقىنى بىلمىگەنلىكتىن بولغان. ئەگەر رازىلىقىغا ئىشەنچى بولسا ئىجازەت سورىمىسىمۇ بولىدىغانلىقى. (يۇقىرىقى قاراشنى تەكىتلەيدىغان ھەدىسلەر بار.)

2) چاقىرىلمىغان تويى، زىياپەتلەرگە بېرىشقا بولمايدىغانلىقى.

## 104. باب تاماقنى ئۆزىنىڭ ئالدىدىن يېيىش ۋە تاماق يېيىشنىڭ ئەدەب قائىدىسىنى بىلمىگەن كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىش ۋە ئەدەب - قائىدىلىرىنى ئۆگىتىش توغرىسىدا

740. ئۆمەر ئىبنى ئەبۇ سەلەمە مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەربىيىسىدە تۇرۇۋاتقان بالا ئىدىم. تاماق يەۋاتقان چېغىمدا قولۇم لېگەندە چېپىپ يۈرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يَا غُلامُ سَمِّ اللَّه تعالى وَكُلْ بيمينِكَ وكلْ مِمَّا يَلِيكَ» «ئى



www.munber.org

بالام، تاماق يېگەندە بِسْمِ الله (ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن) دەپ، ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ ئالدىدىن يېگىن»، دېگەن. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلاردىن كۆپىنچە ھاللاردا كىشى بىزار بولىدىغان ئىشلار سادىر بولۇپ تۇرۇشىغا قارىماي، ئۆزىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسكەن كىچىك بالا بىلەن بىللە رازىمەنلىك بىلەن تاماق يېگەنلىكىدىن ئىبارەت كەمتەرلىكى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆمەر ئىبنى ئەبۇ سەلەمەگە ئىسلامدىكى تاماق يېيىش ئەدەب قائىدىسىدىن تەلىم بەرگەنلىكى.

741 ـ سەلەمە ئىبنى ئەكۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «كُلْ بِيَمِينِكَ» «تاماقنى ئوڭ قولۇڭ بىلەن يېگىن»، دېدى. ئۇ كىشى: ئوڭ قولۇم بىلەن يېيەلمەيمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لا اسْتَطَعْتَ» «يېيەلمىگەيسەن»، دېدى ۋە يەنە: «ئوڭ قولۇڭ بىلەن تاماق يېيىشكە ئۆزۈڭنى مەجبۇرلا!»، دېدى. ئۇ ئادەم تەكەببۇر بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دېگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئادەم ئۆمۈر بويى ئوڭ قولىنى ئاغزىغا ئېلىپ بارالمىدى.

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئوڭ قولى بىلەن، بِسْمِ الله دەپ تاماق يېيىشنىڭ تەشەببۇس قىلىنىدىغانلىقى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېلىقى كىشىگە بەد دۇئا قىلىشىدىكى سەۋەب: ئۇ كىشىنىڭ چوڭچىلىق قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىپ يالغان ئۆزرە بايان قىلغانلىقىدىن بولغان.

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ ئۆمۈر بويى ئوڭ قولىنى ئېغىزىغا ئاپىرالماسلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارا مۆجىزىسى ئىكەنلىكى.

## 105 ـ باب خورما قاتارلىق مېۋىلەرنى ھەمراھلىرىنىڭ رۇخسىتىسىز بىراقلا ئىككىدىن ئېغىزغا سېلىشتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا

742 ـ جەبەل ئىبنى سۇھەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز قەھەتچىلىك يىلىدا ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير بىلەن بىللە ئىدۇق. بىز خورمىغا ئېرىشتۇق، بىز خورمىلارنى يەۋاتقان ۋاقتىمىزدا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ «سىلەر خورمىنى جۈپلەپ ئاغزىڭلارغا سالماڭلار، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن توسقان»، دېدى. يەنە «إِلاَّ أَنْ يَسْتَأْذِنَ الرَّجُلُ أَخَاهُ»

www.munber.org

«لېكىن، ھەمراھىنىڭ رۇخسىتى بىلەن مۇنداق يېيىش بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر». دېدى. ــــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كۆپچىلىك بىلەن بىللە يىگەندە ئىككى خورمىنى جۈپلەپ يېيىشتىن توسۇش، چۈنكى بۇ ئاچ كۆزلۈكنى كۆرسىتىدۇ. ھەمراھىنى مەنسىتمىگەنلىك ۋە ئۇنىڭ كۆزىنى بويىغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەمراھىنىڭ رۇخسىتىسىز جۈپلەپ يېيىش چەكلەنگەن.

خورمىنى جۈپلەپ يېيىش چەكلەنگەنلىك توغرىسىدىكى بۇ ھۆكۈم باشقا يېمەكلىكلەرگىمۇ ئوخشاش تەتبىقلىنىدۇ.

## 106. باب يەپ تويمايدىغانلارنىڭ نېمە دېيىشى ۋە نېمە قىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا

743 ـ ۋەھشى ئىبنى ھەرب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى رەسۇلۇللاھ، بىز تاماق يەيمىزيۇ تويمايمىز، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «فَلَعَلَّكُمْ تَفْتَرِقُونَ» «تاماقنى يالغۇز يەمسىلەر!»، دېدى. بىز: «ھەئە»، دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «فَاجْتَمِعُوا عَلَى طَعَامِكُمْ، وَاذْكُرُوا اسْمَ اللَّهِ، يُبَارَكْ لَكُمْ فِيهِ» «تاماقنى بىر قاچىدا بىرلىكتە يەڭلار! ‹بِسْمِ الله›، دەپ يەڭلار! تاماقڭلار بەرىكەتلىك بولىدۇ»، دېدى.

ــــ ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بىرگە يىغىلىپ ۋە ‹بِسْمِ الله›، دەپ تاماق يېيىشنىڭ تاماققا بەرىكەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ۋە تاماق يىگۈچىلەرنىڭ ئوبدان تويىدىغانلىقى.

## 107. باب تاماق يىگەندە تاۋاقنىڭ چۆرىسىدىن يېيىش، ئوتتۇرىسىدىن يېمەسلىك توغرىسىدا

744 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الْبَرَكَةُ تَنْزِلُ وَسَطَ الطَّعَامِ فَكُلُوا مِنْ حَافَّتَيْهِ ولاَ تَأْكُلُوا مِن وَسَطِهِ» «تاماقنىڭ بەرىكىتى ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. سىلەر تاۋاقنىڭ چۆرىسىدىن ئېلىپ، ئوتتۇرىدىن يېمەڭلار». ــــ ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: تاماقنى قاچىنىڭ باشقا يېرىدىن ئەمەس، ئالدىدىكىنى يېيىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، باشقىلار بىلەن بىللە يىگەندە تېخىمۇ شۇنداقلىقى، شۇنىڭغا ئوخشاش نان يىگەندىمۇ ناننىڭ ئوتتۇرىسىدىن باشلاپ يېمەي بىر تەرىپىدىن يېيىش كېرەكلىكى.

745 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا تۆت ئادەم ئاران كۆتۈرەلەيدىغان چوڭ بىر تاۋاق بار ئىدى. ئىككى رەكئەت چاشگاھ نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن نان چىلانغان



www.munber.org

شورپا ئاق تاۋاقتا كۆتۈرۈپ ئەكىلىندى. كۆپچىلىك ئاق تاۋاقنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى، بۇ ۋاقىتدا ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. بىر ئەئرابى كىلىپ: «بۇ قانداق ئولتۇرۇش؟»، دىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إِنَّ اللَّه جَعَلني عَبْداً كَرِيماً، ولَمْ يَجْعَلْني جَباراً عَنِيداً، كُلُوا مِنْ حَوَالَيْهَا، وَدَعُوا ذِرْوَتَهَا يُبَارَكْ فِيها» «ئاللاھ مېنى كەڭ قورساق يارا تقان، زۇلۇم قىلغۇچى، ھەددىدىن ئاشقۇچى قىلىپ ياراتمىغان، جامائەت سىلەر تاماقنى ئۆز ئالدىڭلاردىن ئېلىپ يەڭلار، ئوتتۇرىسىدىن يېمەڭلار، مۇشۇنداق قىلساڭلار، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا بەرىكەت بېرىدۇ»، دىدى. — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېسىللىكى ۋە كەمتەرلىكى.

2) يىغىلىپ تاماق يېيىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، ھەدىستىكىگە ئوخشاش ئولتۇرۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، سورۇن تار كەلگەندە تېخىمۇ شۇنداق بولىدىغانلىقى ۋە بۇنداق قىلىشنىڭ ئېسىللەرنىڭ خىسلىتى ئىكەنلىكى.

3) باشقىلارغا چوڭچىلىق قىلىشتىن ۋە ھاكاۋۇرلۇق قىلىشتىن، ھەقىقەتكە رەددىيە بېرىشتىن چەكلەش.

4) تاۋاقنىڭ بىر تەرىپىدىن تاماق يېيىشنىڭ لازىملىقى، بەرىكەتنى بار يېرىنى ئالدىدا يېۋالماسلىققا رىغبەتلەندۈرۈش.

## 108 . باب يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا

746 . ئەبۇ جۇھەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىم دەيدۇ: «لا آكُلُ مُتَّكِئاً» «مەن تاماق يېگەندە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ يېمەيمەن». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

747 . ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كاسىسىنى يەرگە قويۇپ ئىككى پاچىقىنى تىكلەپ ئولتۇرۇپ خورما يېگەنلىكىنى كۆرگەن. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) تاماقتا ئولتۇرغاندا چوڭچىلىق ۋە ھاكاۋۇرلۇق قىياپىتىدە ئولتۇرۇشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، بۇنداق ئولتۇرۇش تۇرلۇك يۇرت ۋە تۇرلۇك زامانلاردا ئوخشاش بولماسلىقى مۇمكىن.

2) تاماقنى كۆپ يېمەسلىك ۋە داستىخاندا ئۇزۇن ئولتۇرماسلىق.

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش يۈزىسىدىن كەمتەر بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش.



www.munber.org

## 109 . باب تاماق يېيىشتىكى ياخشى ئادەتلەر توغرىسىدا

بۇ ئۈچ بارماق بىلەن تاماق يېيىش، بارماقلارنى يالاش، بارماقتىكى تاماق قالدۇقلىرىنى يالاشتىن بۇرۇن ئېرتىۋەتمەسلىك، تاماق قاچىسىنى يالاش، يەرگە چۈشكەن يېمەكلىكلەرنى ئېلىش قاتارلىق ئادەتلەرنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، بارماقلارنى يالىغاندىن كېيىن بىلەك، پۇتلارغا سۈركىۋېتىشنىڭ دۇرۇسلۇقى توغرىسىدىكى باب.

**748 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إذا أكلَ أحدُكُمْ طَعَاماً، فَلا يَمسحْ أصابِعَهُ حتى يلعَقَهَا أو يُلْعِقَها» «بىرىڭلار تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، قولىنى يالىۋەتمىگۈچە ياكى باشقىلارغا يالاتمىغىچە ئېرتمىسۇن».** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: **1**) بارماقلارنى ۋە شۇنىڭدەك قوشۇقلارنى يۇيۇۋېتىش ۋە سۈرتىۋېتىشتىن ئىلگىرى يالىۋېتىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، بارماق ۋە قوشۇقتا تاماق قالدۇقلىرى قالدۇرماسلىق.

**2**) ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە تەۋەررۇك بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ بارمىقىنى يالىسا بولىدىغانلىقى.

**749 ـ كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاماقنى ئۈچ بارمىقى بىلەن يېگەنلىكىنى، كېيىندىن قولىنى يالىۋەتكەنلىكىنى كۆرگەن.** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بارماقلارنى يالاشنىڭ تاماقتىن كېيىن بولىدىغانلىقى، تاماق ئارىسىدا بولمايدىغانلىقى. چۈنكى ئۇ كىشى تاماق ئارىسىدا قولىنى يالىسا شۆلگەيلىرى قولىدا قېلىپ ئىككىنچى قېتىم تاماققا قول ئۇزارتسا كۆڭلى كۆتۈرمەي قالىدۇ.

**750. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزدىن قولىمىزنى ۋە يېگەن تاماق قاچىمىزنى يالىۋېتىشكە ئەمر قىلاتتى ھەمدە «إنَّكُمْ لا تَدرُونَ في أيِّ طعَامِكم البَرَكةُ» «بەرىكەتنىڭ تامىقىڭلارنىڭ قايسىسىدا ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر»، دەيتتى.** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: تاماق قالدۇقلىرىنى بارماقلار بىلەن بىللە يالاشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، بۇنىڭ ھېكمىتى شۇكى بۇنداق قىلغاندا تاماقنىڭ بەرىكىتى بولىدىغانلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ نېئمىتىنى كەمسىتمىگەنلىك، تاماقلارنىڭ ھەممىسىدىن پايدىلانغانلىق ۋە شۇ تاماق ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا كۈچ توپلىغانلىق بولىدىغانلىقى.

**751 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إذا وقعت لُقمَةُ أحدِكُمْ، فَليَأْخُذْهَا فَلْيُمِطْ ما كان بها من أذًى وليَأْكُلْهَا، ولا يدَعْها للشَّيطَانِ، ولا يمسَحْ يَدهُ بالمِنْديلِ حتَّى يَلعقَ أصَابِعَهُ، فإنه لا يَدرِي في أيِّ طعامِهِ البركةُ»**



www.munber.org

«بىرىڭلارنىڭ يەۋاتقان تامىقىدىكى يېمەكلىكلەر داستىخانغا چۈشۈپ كەتسە، ئېرىنمەستىن يەۋەتسۇن! شەيتانغا قالدۇرۇپ قويمىسۇن، قولىنى يالىۋەتمىگۈچە لۆڭگە بىلەن قولىنى ئېرتمىسۇن، چۈنكى ئۇ ئادەم بەرىكەتنىڭ تاماقنىڭ قايسى قىسمىدا ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كەمتەرلىك، شەيتاننى يېڭىش ۋە بەرىكەتكە ئېرىشىش يۈزىسىدىن يەرگە ياكى باشقا جايغا چۈشۈپ كەتكەندە تاماقنى تازىلىۋېتىپ پاك بولسىلا يېيىۋېتىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) تاماق يەپ بارماقلىرىنى يالاپ بولغاندىن كېيىن لۆڭگە بىلەن قولىنى سۈرتۈشكە بولىدىغانلىقى، قولىنى يۇيۇشنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكى.

752 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ الشَّيْطَانَ يَحضرُ أَحدَكُم عِند كُلِّ شَيءٍ مِنْ شَأْنِهِ، حتى يَحْضُرَهُ عِندَ طعَامِهِ، فَإِذا سَقَطَتْ لُقْمةُ أَحَدِكم فَلْيَأْخذْهَا فَلْيُمِطْ ما كانَ بها مِن أذى، ثُمَّ ليَأْكُلْهَا ولا يَدَعها للشَّيْطَانِ، فإذا فَرغَ فَلْيلْعَقْ أصابِعِهُ فإِنَّه لا يدري في أيِّ طعامِهِ البرَكَةُ» «مەيلى سىلەر نېمە ئىش قىلماڭلار، شەيتان سىلەر بىلەن بىللە بولىدۇ. ھەتتا تاماقىڭىزمۇ ھازىر بولىدۇ. بىرىڭلارنىڭ يېمەكلىكى يەرگە چۈشۈپ كەتسە، تېرىپ تازىلىۋەتكەندىن كېيىن يەۋەتسۇن، ئۇنى شەيتانغا قالدۇرۇپ قويمىسۇن، تاماقتىن كېيىن قولىنى يالىۋەتسۇن، چۈنكى ئۇ ئادەم بەرىكەتنىڭ تامىقىنىڭ قايسى قىسمىدا ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) شەيتاننىڭ ئىنسانغا ھەممە ئىشلاردا چاپلىشىۋالىدىغانلىقى، كىشىنىڭ شەيتاندىن ۋە ئۇنىڭ گۇناھقا كۈشكۈرتىشىدىن ھەزەر ئەيلىشى كېرەكلىكى.

2) تاماق يېگەندە شەيتاننى قوغلاش ئۈچۈن بِسْمِ الله دېيىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

753 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاماق يېگەندە ئۈچ بارمىقىنى يالايتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى: «إِذا سقَطَتْ لُقمةُ أَحدِكم فَلْيَأْخُذْها، وليمِطْ عنها الأذى، وليَأْكُلْهَا، ولا يَدعْهَا للشَّيطَانِ» «بىرىڭلارنىڭ يېمەكلىكى يەرگە چۈشۈپ كەتسە تېرىپ پاكىزلىغاندىن كېيىن يەۋەتسۇن، ئۇنى شەيتانغا قالدۇرۇپ قويمىسۇن». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاماق قاچىسىنى يالىۋېتىشىمىزنى بۇيرۇغان ۋە مۇنداق دېگەن: «سىلەر بەرىكەتنىڭ تاماقنىڭ قايسى قىسمىدا ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) تاماقتىن پايدىلىنىش، ئۇنى ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ ياراتماي بىكاردىن ـ بىكار تاشلىۋەتمەسلىك. قاچا ـ قۇچا ۋە بارماقلاردىكى تاماق قالدۇقلىرىنى يالىۋېتىش بىلەن بەرىكەت بولىدىغانلىقى.

www.munber.org

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېمەكلىكتىن بىرەر نەرسىنىمۇ زايە قىلىۋەتمەسلىككە تەرغىب قىلغانلىقى.

754 ـ سەئد ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ جابىردىن: ئوتتا پىشۇرۇلغان يېمەكلىكلەرنى يېگەندىن كېيىن تاھارەت ئېلىش لازىممۇ؟ دەپ سورىدى. جابىر: ياق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدا، بىز ئوتتا قاقلاپ پىشۇرۇلغان تاماقنى كەمدىن ـ كەم ئۇچرىتاتتۇق، ئۇنى يېگەن چاغدا، يېنىمىزدا قول ياغلىق بولمىغانلىقتىن ئالقانلىرىمىزغا، بىلەكلىرىمىزگە ۋە پۇتلىرىمىزغا سۈرتىۋېتىپ، چىقىپ ناماز ئوقۇيتتۇق، قايتا تاھارەت ئالمايتتۇق، دەپ جاۋاب بەردى. — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئوتتا قاقلاپ پىشۇرغان نەرسىلەرنى يېگەندىن كېيىن تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇغان ھەدىسنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقى.

2) تاماق قالدۇقلىرىنى ئەگەر يۇيۇۋەتەلمىسە ياكى لۆڭگە بىلەن ئېرتىۋېتەلمىسە قولى بىلەن سۈرتىۋەتسە بولىدىغانلىقى، ھەدىسنىڭ زاھىرىغا قارىغاندا بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت: نامازدا ئەگەر توپا يەرگە سەجدە قىلسا قوللىرىنى بۇلغىۋالماسلىق ئىكەنلىكى.

3) ساھابە كىراملارنىڭ غورىگۇل تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ قورساق ھەلەكچىلىكىدە يۈرمەيدىغانلىقى، بەلكى نېمە توغرا كەلسە شۇنى يەيدىغانلىقى.

## 110. باب تاماقنى كۆپرەك ئادەم بىلەن بىللە يېيىش توغرىسىدا

755 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «طَعَامُ الإثنينِ كافي الثَّلاثَةِ، وَطَعَامُ الثَلاثَةِ كافي الأربعَةِ» «ئىككى ئادەمنىڭ يەيدىغان تامىقى ئۈچ ئادەمگە يېتىدۇ، ئۈچ ئادەمنىڭ يەيدىغان تامىقى تۆت ئادەمگە يېتىدۇ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) يالغۇز يېمەستىن كۆپ ئادەمنىڭ جەم بولۇپ غىزالىنىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) باشقىلارغا تاماق بېرىشكە تەرغىب قىلىش، قورساقنى دال بولغۇدەك بىر نەرسە يېيىش بىلەن كۇپايىلىنىش.

3) كۆپ كىشىلەرنىڭ بىر يەردە غىزالىنىشىنىڭ دىللارنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغانلىقى، خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ۋە بەرىكەتلىك بولىدىغانلىقى.

756 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «طَعامُ الوَاحِدِ يَكْفِي الإثَّنيْنِ، وطعامُ الإثـنينِ يكْفِي الأربعةَ، وطعامُ الأَرْبَعةِ يَكْفِي الثَّمانِيَةَ» «بىر ئادەمنىڭ يەيدىغان تامىقى ئىككى ئادەمگە

www.munber.org

يېتىدۇ، ئىككى ئادەمنىڭ يەيدىغان تامىقى تۆت ئادەمگە يېتىدۇ، تۆت ئادەمنىڭ يەيدىغان تامىقى سەككىز ئادەمگە يېتىدۇ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

## 111 . باب سۇ ئىچىشنىڭ ئەدەب ـ قائىدىسى ۋە سۇ ئىچكەندە قاچىنىڭ سىرتىغا ئۈچ قېتىم تىنىۋېلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، قاچىنىڭ ئىچىگە تىنىشنىڭ مەكرۇھ ئىكەنلىكى، قاچىنى سۇ ئىچىشنى باشلاپ بەرگەن ئادەمنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئايلاندۇرۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

757 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇ ئىچكەندە قاچىنىڭ سىرتىغا ئۈچ قېتىم تىنىپ ئىچەتتى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: سۇ ئىچكەندە ئۈچ يۇتۇم ئىچىشنىڭ، ھەربىر يۇتۇم ئىچكەندىن كېيىن ئاغزىنى سۇ قاچىسىدىن يىراق تۇتۇپ نەپەسلىنىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى ۋە بۇنداق قىلىشنىڭ ساغلاملىققا پايدىلىق ئىكەنلىكى.

758 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا تَشْرَبُوا واحِداً كَشُرْبِ البَعِير، وَلكِنِ اشْرَبُوا مَثْنى وثُلاثَ، وسَمُّوا إِذا أَنْتُمْ شَرِبْتُمْ، واحْمدوا إِذا أَنْتُمْ رَفعْتُمْ» «سۇنى تۆگىگە ئوخشاش بىر سۇمۇرۇپلا ئىچىۋەتمەڭلار، ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم تىنىپ ئىچىڭلار، سۇ ئىچكەندە ‹بِسْمِ الله› دەپ ئىچىڭلار، ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ‹اَلْحَمْدُ لِلهِ› دەڭلار». — تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

759 ـ ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇ ئىچكەندە قاچىنىڭ ئىچىگە تىنىپ ئىچىشنى مەنئى قىلدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: سۇغا تۈكرۈك ياكى نەپەس چىقارغاندىكى غەيرىي پۇراقنىڭ كىرىپ كېتىپ ئىچكۈچىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرۇپ قويماسلىقى ئۈچۈن سۇ ئىچىۋاتقاندا ياكى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ئېغىزنى قاچىدىن يىراق قىلماي تۇرۇپ نەپەسلىنىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى.

760 . ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۇ ئارلاشتۇرۇلغان سۈت ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر ئەئرابى، سول تەرىپىدە بولسا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۈتتىن ئازراق ئىچكەندىن كېيىن، بۇ ئەئرابىغا تۇتتى ۋە «الأَيْمَنَ فالأَيمَنَ» «ئوڭ تەرەپتىن ئايلانسۇن»، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئۇسسۇزلۇق ۋە زىيادىلىك بىرىشتىكى سۈننەت: سورۇندىكى ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىدىن باشلاش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدىكى كىشىگە بېرىش، ئەگەر سورۇندىكىلەر باراۋەر بولسا زىيادىلەت بەرگۈچى ئۆزىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن باشلاش، ئەگەر بىرەرسى سۇ سورىسا دەسلەپ سورىغان كىشىدىن باشلاپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدىكى كىشىگە بېرىلىدۇ. گەرچە سول تەرىپىدىكى ئادەم سورۇندىكىلەردىن ئارتۇقراق تۇرىدىغان كىشى بولسىمۇ.

**761 - سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر قاچا سۇ تۇتتى، بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر كىچىك بالا، سول تەرىپىدە بولسا بىر قانچە ياشانغان كىشى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۇدىن ئىچكەندىن كېيىن، ئوڭ تەرىپىدىكى بالىغا: «أَتَأْذَنُ لِي أَنْ أُعْطِيَ هٰؤلاءِ؟» «مەن بۇ سۇنى ئالدى بىلەن ياشانغانلارغا بېرەي، بولامدۇ؟»، دەپ سورىدى. بالا: بولمايدۇ، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىنىڭدىن كەلگەن نېسىۋەمنى ھېچ كىمگە ئۆتۈنۈپ بەرمەيمەن! دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاچىنى بالىغا تۇتتى.**

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ھەق ئىگىسىنىڭ خاپا بولمايدىغانلىقىنى بىلسە، ھەق ئىگىسىنى قويۇپ باشقىلارغا بېرىشكە بولىدىغانلىقى.

## 112. باب ئىچىدە نېمە بارلىقىنى كۆرگىلى بولمايدىغان قاچىنىڭ ئاغزىدىن سۇ ئىچىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا

بۇنداق قاچا ئاغزىدىن سۇ ئىچىش مەكرۇھ بولۇپ، ھارام ئەمەس.

**762 - ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇلۇمدەك قاچىلارغا ئاغزىنى تىقىپ سۇ ئىچىشتىن چەكلىگەن.**

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئىچىدە زىيانلىق نەرسە بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئىچىنى كۆرگىلى بولمايدىغان قاچىلاردىن سۇ ئىچىشنىڭ چەكلەنگەنلىكى.

**763 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇنى تۇلۇمغا ئوخشاش قاچىدىن ئىچىشنى چەكلىگەن.**

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

764 - ئۇممۇ كەبشە بىنتى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ ئۆيۈمگە كېلىپ ئېسىقلىق تۇرغان تۇلۇمنىڭ ئاغزىدىن ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچتى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇ ئىچكەن تۇلۇمنىڭ ئاغزىنى كېسىۋالدىم ۋە ساقلاپ قويدۇم. — ترمىزي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچىشكە بولىدىغانلىقى، ھەمدە ئىچىنى بىۋاستە كۆرگىلى بولمايدىغان قاچىنىڭ ئاغزىدىنمۇ سۇ ئىچىشكە بولىدىغانلىقى، يۇقىرىقى ھەدىستىكى بۇخىل قاچىلاردا سۇ ئىچىشتىن چەكلەش بولسا ئۇنداق ئىشلارغا دىققەت قىلىپ قويۇش يۈزىسىدىن بولغانلىقى.

2) چوقۇنۇش ۋە ئۇلۇغلاش تۇسىنى ئالمىغان شەرت ئاستىدا سالىھ كىشىلەر قالدۇرغان نەرسىلەرنى تەۋەررۇك بىلىشكە بولىدىغانلىقى.

## 113 . باب ئىچىملىككە پۇۋلەشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا

765 - ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىچىدىغان نەرسىگە پۇۋلەشنى چەكلىگەن. بىر كىشى: قاچىدا پاسكىنا نەرسە بارلىقنى كۆرسەم قانداق قىلىمەن؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَهْرِقْهَا» «تۆكىۋەتكىن»، دېدى.

ئۇ كىشى: «مەن بىر تىنىپ ئىچسەم سۇغا قانمايمەن»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «فَأَبِنَ القَدَحَ إِذاً عَنْ فِيكَ» «ئۇنداق بولسا ھەر تىنىقىڭدا قاچىنى ئاغزىڭدىن يىراق تۇتقىن»، دېدى. — ترمىزي رىۋايەت قىلغان.

766 - ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاچىنىڭ ئىچىگە پۇۋلەشتىن ياكى تىنىشتىن مەنئى قىلدى.

— ترمىزي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مەيلى ئىچىۋاتقان ياكى ئىچىپ بولغاندا بولسۇن ئۇنىڭدىكى مەينەت نەرسىلەرنى نېرى قىلىش ئۈچۈن ياكى سوۋۇتۇش ئۈچۈن پۇۋلەشنىڭ مەكرۇھ ئىكەنلىكى.

2) ئىچىۋاتقان سۇدا مەينەت نەرسە بولسا يوق قىلىش ئۈچۈن ئازراق تۆكىۋېتىش كېرەكلىكى.

3) ئىسلام دىنىنىڭ ساغلاملىققا ۋە بەدەننى زىيانلىق نەرسىلەردىن ساقلاشقا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى.

www.munber.org

## 114 ـ باب ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچىشنىڭ دۇرۇسلىقى ۋە لېكىن ئولتۇرۇپ سۇ ئىچكەننىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكى توغرىسىدا

767 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئازراق زەمزەم سۈيى تۇتقانىدىم، ئۇ ئۆرە تۇرۇپ ئىچىۋەتتى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

768 ـ ئەززال ئىبنى سەبەرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەڭ بىر مەيداندا ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچىپ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن»، دېدى. — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دىنىي ئەھكامنى سۆز ۋە ھەرىكىتى بىلەن بايان قىلىپ بېرىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

769 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا، مېڭىپ تۇرۇپ تاماق يەيتتۇق، ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچەتتۇق. — تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

770. ئەمر ئىبنى شۇئەيبنىڭ ئاتىسىنىڭ ئاتىسى بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچكەنلىكىنىمۇ ۋە ئولتۇرۇپ سۇ ئىچكەنلىكىنىمۇ كۆرگەن. — تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: گەرچە ئولتۇرۇپ سۇ ئىچىش ئەڭ ئەۋزەل بولسىمۇ، لېكىن ئۆرە تۇرۇپ، ئولتۇرۇپ ۋە ياكى مېڭىپ كېتىۋېتىپ سۇ ئىچىشنىڭمۇ بولىدىغانلىقى.

771 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەلۇم بىر كىشىنى ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچىشتىن مەنئى قىلدى. قەتادە مۇنداق دەيدۇ. بىز ئەنەسكە: ئۆرە تۇرۇپ يېيىشچۇ؟ دەپ سورىدۇق. ئەنەس: «ذلكَ أشَرُّ أو أخْبثُ» «ئۆرە تۇرۇپ يېيىش ياخشى ئەمەستۇر»، دېدى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

772 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لاَ يشْرَبَن أحدٌ مِنْكُمْ قَائماً، فَمَنْ نَسِيَ فَلْيَسْتَقيءْ» «سىلەردىن ھېچ ئادەم ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچمىسۇن، ئېسىدە يوق ئىچىپ قالسا قۇسۇۋەتسۇن».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، ئۆرە تۇرۇپ يېيىشنىڭ تېخىمۇ ياخشى ئەمەسلىكى.

2) ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچكۈچى سۇنىنتكە مۇخالىپەتچىلىك قىلغانلىقتىن ئۆزىگە ساۋاق بېرىپ سۇنى قەي قىلىۋېتىشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.



www.munber.org

بـۇ ھەدىسـتە پـەقەت ھەسـتەن سۇنـنەتكە مۇخالـىپـەتچىلىك قىلغـانلار كـۆزدە تۇتۇلغـان، چۈنكـى يۇقىرىقى ھەدىسلەردە ئۆرە تۇرۇپ ئىچىش ۋە يېيىشنىڭ دۇرۇسلىقى بايان قىلىنغان.

## 115 . باب كىشىلەرگە سۇ قۇيۇپ بەرگەن ئادەمنىڭ سۇنى ئەڭ ئاخىرىدا ئىچىشىنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا

773 ـ ئـەبۇ قـەتادە رەزىيـەللاھۇ ئـەنھۇدىن رىۋايـەت قىلىـنىدۇكى، پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سَاقِي القَوْمِ آخِرُهُمْ» «كىشىلەرگە سۇ بەرگەن ئادەم سۇنى ئەڭ ئاخىرىدا ئىچىدۇ!».

— تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: جامائەتكە يېمەك ـ ئىچمەك ياكى مېۋە ـ چېۋە تارقاتقان كىشىنىڭ ھەممىنىڭ كەينىدە يەپ ـ ئىچىشىنىڭ ئەدەب ئەخلاققا ياتىدىغانلىقى.

## 116 . باب ئالتۇن، كۈمۈش قاچىلاردىن باشقا ھەرقىل پاكىز قاچىلاردا سۇ ئىچىشكە بولىدىغانلىقى، ئۆستەڭ قاتارلىقلاردىن سۇنى بىۋاستە قاچىسىز ئىچىشكە بولىدىغانلىقى، ئالتۇن قاچىدا تاماق يېيىشكە، سۇ ئىچىشكە، تاھارەت ئېلىشقا قەتئىي بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا

774 ـ ئەنەس رەزىيـەللاھۇ ئـەنھۇ رىۋايـەت قىلىـپ مۇنـداق دەيـدۇ، نامـاز ۋاقتى كـىرىپ قـالدى. ئـۆيى يېقىـنلار ئۆيگـە قـايتىپ تاھـارەت ئېلىـشقا كـەتتى. يەنـە بىـر قىسىـملىرى قـايتمىدى. پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بىـر تـاش قـاچىدا سۇ كـەلتۈرۈلدى، قـاچىنىڭ كىچىكلىكىدىـن پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ قوللىـرى قاچىغا سىغمايتتى. ئـاندىن كىشـىلەرنىڭ ھەممىسى (پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىنىڭ ئـىچىدىن چىققان سۇدا) تاھارەت ئېلىشتى.

كۆپـچىلىك ئەنەسـتىن: سـىلەر بـۇ ۋاقىـتىدا قـانچىلىك ئـادەم ئىدىـڭلار؟ دەپ سورىغـىنىدا، ئۇ: «سەكسەن ۋە ئۇنـىڭدىنمۇ كۆپ ئادەم ئىدۇق»، دەپ جاۋاب بەرگەن.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزدىن بىر قاچا سۇ تەلەپ قىلدى. چوڭ بىر قاچا سۇ ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن بارماقلىرىنى ئۇنىڭغا قويدى. سۇنىڭ ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تاھارەت ئالغانلارنىڭ سانى 70 بىلەن 80نىڭ ئارىلىقىدا ئىدى»، دېدى.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) تاھارەت ۋە باشقا ئىشلار ئۈچۈن تاشتىن ياسالغان قاچىلارنى ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقى.



www.munber.org

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن سۇنىڭ چىققانلىقى ۋە كۆپەيگەنلىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ئىكەنلىكى.

**775 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلگەندى، بىز بىر مىس قاچىدا تاھارەت ئالىدىغان سۇ تەييارلاپ بەردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدا تاھارەت ئالدى.**

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: تاھارەت ۋە باشقا ئىشلار ئۈچۈن مىستىن ياسالغان قاچىلارنى ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقى.

**776 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمراھى بىلەن بىر ئەنسارىينىڭ قېشىغا كىرىپ: «إِنْ كَانَ عِنْدَكَ مَاءٌ بَاتَ هَذِهِ اللَّيْلَةَ في شَنَّةٍ وَإِلاَّ كَرعْنا» «قېشىڭدا تۇلۇمغا قاچىلانغان ھەم بىر كېچە تۇرغان سوغۇق سۇ بولسا قويۇپ بەرگىن، بولمىسا بىز سۇنى قاچىسىز ھالدا سۇمۇرۇپلا ئىچىمىز»، دېدى.**

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: سۇنى قاچا ئېغىزىدىن بىۋاسىتە ئېغىزنى تەككۈزۈپ ئىچىشكە بولىدىغانلىقى. باشقا ھەدىستىكى بۇنداق ئىچىشتىن چەكلەش بولسا بۇنداق ئىچىشنىڭ مەكرۇھ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**777 ـ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزلەرنى يىپەك رەختلەردىن كىيىم كىيىشتىن، ئالتۇن ـ كۇمۇش قاچىلاردا سۇ ئىچىشتىن مەنئى قىلدى ۋە: «هِيَ لَهُمْ في الدُّنْيا، وهى لَكُمْ في الآخِرَةِ» «بۇ خىل نەرسىلەر بۇ دۇنيادا كۇففارلار ئۈچۈن بېرىلگەن، ئاخىرەتتە بولسا سىلەر ئۈچۈن بېرىلىدۇ»، دەيتتى.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) يىپەكتىن كىيىم كىيىشنىڭ ئەرلەرگە ھارام ئىكەنلىكى ۋە ئالتۇن ـ كۇمۇش قاچىلاردا ئىچىشنىڭمۇ ھاراملىقى.

2) كۇففارلارنىڭ شۇنىڭدەك ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان ئىشلاردا ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغان كىشىلەرنىڭ ئاخىرەتتىكى نېئمەتلەردىن مەھرۇم قالىدىغانلىقى.

**778 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الذي يَشْرَبُ في آنِيَةِ الفِضَّةِ إِنَّما يُجرْجِرُ في بَطْنِهِ نَارَ جَهَنَّمَ» «ئالتۇن ياكى كۇمۇش قاچىدا سۇ ئىچكەن ئادەمنىڭ قارنىدا دوزاخنىڭ چاراسلاپ كۆيگەن ئوت ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «مَنْ شَرِبَ فِيْ إِنَاءِ مِنْ ذَهَبٍ أَوْ فِضَّةٍ فَإِنَّمَا يُجَرْجِرُ فِيْ بَطْنِهِ نَارًا مِنْ جَهَنَّمَ» « كىمكى ئالتۇن قاچىدا ياكى كۆمۈش قاچىدا سۇ ئىچىدىكەن ئۇنىڭ قارنىدا دوزاخنىڭ چاراسلاپ كۆيگەن ئوت ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ ».



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: يېمەك ـ ئىچمەك ۋە باشقا ئىشلاردا ئالتۇن ـ كۈمۈش قاچىلارنى ئىشلەتكەن كىشىلەرنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش، ئىبنى ھەجەر ھەيتەمى بۇنىڭغا ئوخشاش قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلغان ئىشلار چوڭ گۇناھلار قاتارىغا كىرىدۇ، دەپ قارايدۇ. چۈنكى، بۇنداق قىلىش ئىسراپخورلۇق ۋە بۇزۇپ ـ چىچىشقا كىرىدۇ، ئىسراپخورلۇق بولسا ھاكاۋۇر بايلارنىڭ ئادىتى. بۇنداق قىلىش ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ مۇئامىلە ئارقىلىق ئايلىنىپ تۇرۇشىنى ئازايتىپ كىشىلەرگە قىيىنچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

## 117 ـ باب ئاق كىيىمنى كىيىشنىڭ ياخشىلىقى، قىزىل، يېشىل، سېرىق، قارا كىيىملەرنى كىيىشنىڭ دۇرۇسلۇقى، يىپەك رەختلەردىن بولمىسىلا بۇ رەڭلەردە پاختا، تالا، يۇڭ رەختلەردىن تىكىلگەن كىيىمنى كىيىشكە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿يَا بَنِي آدَمَ قَدْ أَنزَلْنَا عَلَيْكُمْ لِبَاسًا يُوَارِي سَوْءَاتِكُمْ وَرِيشًا وَلِبَاسُ التَّقْوَىَ ذَلِكَ خَيْرٌ﴾ ﴿ئى ئادەم باللىرى! بىز سىلەرگە ئەۋرەتىڭلارنى ياپىدىغان لىباسنى ۋە زىننەتلىنىدىغان لىباسنى چۈشۈردۇق. تەقۋادارلىق لىباسى ئەڭ ياخشىدۇر﴾.
(«قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەئراف 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَجَعَلَ لَكُمْ سَرَابِيلَ تَقِيكُمُ الْحَرَّ وَسَرَابِيلَ تَقِيكُم بَأْسَكُمْ﴾ ﴿سىلەرگە ئىسسىقتىن (ۋە سوغۇقتىن) ساقلىنىدىغان كىيىملەرنى، ئۇرۇشتا سىلەرنى (زىيان ـ زەخمەتتىن) ساقلايدىغان تۆمۈر كىيىملەرنى تەييار قىلدى﴾.
(«قۇرئان كەرىم» سۈرە نەھل 81 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

779 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ﴿الْبَسُوا مِنْ ثِيَابِكُمُ البَيَاضَ، فَإِنَّهَا مِن خَيْرِ ثِيابِكُمْ، وَكَفِّنُوا فِيها مَوْتَاكُمْ» «كىيىملىرىڭلاردىن ئاق رەڭلىكىنى كىيىڭلار، ئاق رەڭلىك كىيىم كىيىمىڭلارنىڭ ياخشىسىدۇر. ئۆلۈكلىرىڭلارنى ئاق كېپەن بىلەن كېپەنلەڭلار».

— ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

780. سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الْبَسُوا البَيَاضَ، فَإِنها أَطْهَرُ وأَطَيبُ، وكَفِّنُوا فِيها مَوْتَاكُمْ» «ئاق كىيىم كىيىڭلار، چۈنكى ئاق كىيىم ئەڭ پاكىزدۇر ۋە ئەڭ بەلەندۇر. مېيىتىڭلارنى ھەم ئاق بىلەن كېپەنلەڭلار».

— نەسەئى، ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاق كىيىم كىيىشنىڭ بولۇپمۇ جۈمە ۋە باشقا مۇراسىملاردا ياخشى ئىكەنلىكى. ھېيت ئايەمدە تاپالىسا يېڭى كىيىم كىيىشنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكى، ئەگەر ئاق بولسا تېخىمۇ ئەۋزەل بولىدىغانلىقى.

2) مېيىتلارنى ئاق كېپەندە كېپەنلەشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.



www.munber.org

781 ـ بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرا بوي ئىدى. قىزىل تونلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن چىرايلىقراق ئادەمنى كۆرگىنىم يوق.

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

782 ـ ئەبۇ جۇھەيفە ۋەھب ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىكى جىرادا ماخا تونۇش بولغان، قىزىل رەڭلىك كۆندە ياسالغان چېدىردا تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. بىلال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئېلىپ ئاشقان سۇنى چېدىردىن ئېلىپ چىقتى. ساھابىلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇ سۇنى تەۋەررۇك قىلىپ بەدەنلىرىگە چاچتى. بەزىلىرى بولسا قولى بىلەن بەدەنلىرىگە سۈرتەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزىل تون بىلەن چېدىردىن چىقىپ كەلدى. مەن ھازىرمۇ گويا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى پاچىقىنىڭ ئاقلىقىنى كۆرۈپ تۇرغاندەك بولۇۋاتىمەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئالدى، بىلال ئەزان توۋلىدى، مەن بىلالنىڭ ئاغزىغا كۆڭۈل قويۇپ زەن سېلىپ تۇردۇم، ئۇ ئوڭغا ۋە سولغا بۇرۇلۇپ: نامازغا كېلىڭلار، نىجاتلىققا كېلىڭلار، دەيتتى. ئارقىدىن بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدى تەرىپىگە توساق بولسۇن ئۈچۈن تاياقتەك بىر نەرسىنى سانجىپ قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدىن ئىت، ئېشەك قاتارلىق ھايۋانلار ئۆتۈپ تۇراتتى، نامازغا دەخلى قىلمىدى.

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەرلەرنىڭ قىزىل كىيىم كىيىشىنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقى ۋە سالىھلارنىڭ ئىشلەتكەن نەرسىلىرىنى تەۋەررۇك قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

2) مۇئەززىننىڭ « حَيّ عَلَى الصَّلاة »، دېگەندە بېشىنى ئوڭغا، « حَيّ عَلَى الْفَلاح »، دېگەندە بولسا، بېشىنى سولغا قىلىشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

3) سەھرا ـ دالادا ناماز ئوقۇغاندا ئالدى تەرەپكە ئۆزىدىن تەخمىنەن بىر يېرىم مېتىر ئارىلىق قالدۇرۇپ تاياق تىكلەپ قويۇشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، ئۇنداق قىلغاندا ئالدىدىن ئۆتكەن نەرسىلەرنىڭ نامازغا دەخلى قىلمايدىغانلىقى.

783 ـ ئەبۇ رىمسە رىفائە تەمىيمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى قۇر يېشىل كىيىم كىيگەنلىكىنى كۆرگەن.

ـــ ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: يېشىل كىيىم جەننەت ئەھلىنىڭ كىيىمى بولغانلىقى ئۈچۈن يېشىل رەڭلىك كىيىم كىيىشكە بولىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.



www.munber.org

784 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەككە فەتھ بولغان كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشىغا قارا سەللە يۆگىۋالغان ھالدا مەككىگە كىرگەنىدى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

785 ـ ئەبۇ سەئىد ئەمر ئىبنى ھۇرەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قارا رەڭلىك سەللە يۆگىۋالغانلىقىنى ۋە سەللىنىڭ ئىككى ئۇچى مۈرىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تاشلىنىپ تۇرغانلىقىنى ھازىرقىدەك كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمەن. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: قارا كىيىم كىيىشكە بولىدىغانلىقى، ئۆلىمالار دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندا قارا سەللە يۆگەش ياخشى دەپ قارايدۇ.

786 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېپەنلىكى يەمەندە ئىشلەنگەن ئۈچ پارچە ئاق رەڭلىك قىلىن پاختا رەخت ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆينەك كىيگۈزۈلمىدى ۋە سەللىمۇ يۆگەلمىدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پاختا رەختتە كىيىم كىيىشنىڭ دۇرۇسلىقى.

2) ئەرلەرنى ئۈچ قەۋەت كېپەنلىسە ياخشى بولىدىغانلىقى، كېپەننىڭ ئاق بولۇشىنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكى.

787 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى ئەتىگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قارا يۇڭدىن تىكىلگەن، تۆگىنىڭ ئېگىرىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تون كىيىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: يۇڭدىن توقۇلغان كىيىملەرنى كىيىش، قارا كىيىم كىيىش ۋە جانسىز نەرسىلەرنىڭ سۈرىتىنى سىزىشنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقى.

788 ـ مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن بىر كېچىسى سەپەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىدە بولغانىدىم، ئۇ مەندىن: «أمعَكَ مَاء؟» «سۈيۈڭ بارمۇ؟» ، دېدى. مەن: «بار»، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىدىن چۈشۈپ مېڭىپ كېچە قاراڭغۇلۇقىدا غايىب بولدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قايتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئىۆرىقتىن سۇ قۇيۇپ بەردىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈزىنى يۇدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇچىسىدا يېڭى تار يۇڭ چاپان بولۇپ، يېڭى تار بولغانلىقتىن ئىككى بىلىكىنى چىقىرالماي ئاخىرى چاپاننىڭ ئاستىدىن چىقىرىپ يۇدى ۋە ئاندىن بېشىغا مەسھ قىلدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايىغىنى سالدۇرۇشقا ئېڭىشكەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دعْهمَا فَإنِى أدخَلْتُهُمَا طَاهِرَتَيْنِ» «بولدى



www.munber.org

سالدۇرما! تاھارەت بىلەن كىيىۋالغان»، دېدى ۋە ئىككى ئايىغىغا مەسھ قىلدى.
— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇچىسىدا شام (سۇرىيە)دە تىكىلگەن يۇڭ چاپان بار ئىدى، دېيىلگەن.

يەنە بىر رىۋايەتتە: بۇ ۋەقە تەبۇك غازىتىدا بولغان، دېيىلگەن.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) يۇقىدىن توقۇلغان كىيىملەرنى كىيسە بولىدىغانلىقى، تۇزلەڭ يەردە ھاجەتكە چىققان ئادەم كىشىلەر كۆرمەيدىغان، ئاۋاز ۋە پۇراق يەتمەيدىغان يىراق جايغا بېرىشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) تاھارەت ئالغاندا باشقىلار سۇ قۇيۇپ بەرسە دۇرۇس بولىدىغانلىقى، لېكىن بۇنداق قىلماسلىقنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكى.

3) شەرئەت كىتابلىرىدا بايان قىلىنغان شەرت ئاستىدا ھوشۇقنى يېپىپ تۇرىدىغان ئىككى ئاياغقا مەسھ قىلسا بولىدىغانلىقى.

## 118. باب كۆينەك كىيىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

789 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىيىملەر ئىچىدە كۆينەكنى ئەڭ ياخشى كۆرەتتى. — ئەبۇ داۋۇد ۋە ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تىكىلگەن كىيىملەر ئىچىدە كۆينەك كىيىشنى ياقتۇراتتى. چۈنكى، بۇنداق كىيىم بەدەننى ئىشتان ۋە رىداغا قارىغاندا تېخىمۇ يېپىپ تۇرىدىغانلىقى ھەمدە ئۇزى ئەرزان، بەدەنگە يەڭگىل ئىكەنلىكى، ئۇنى كىيگۈچىنىڭ تېخىمۇ كەمتەر كۆرۈنىدىغانلىقى.

2) كىيىم كىيىشتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىش كېرەكلىكى.

## 119. باب كۆينەكنىڭ ۋە كۆينەك يېڭىنىڭ، ئىشتاننىڭ پۆپۈكىنىڭ ۋە سەللىنىڭ ئۇچىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

790. يەزىدنىڭ قىزى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆينىكىنىڭ يېڭى قولىنىڭ بىغىشىغىچە ئىدى، دېگەن. — ئەبۇ داۋۇد ۋە ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كۆينەكنى بېغىشىدىن ئاشۇرماسلىق، كۆينەكتىن باشقا كىيىملەرنى بارماق ئۇچىدىن ئاشۇرماسلىقنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكى.

**791 - ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ جَرَّ ثَوْبَهُ خُيَلاءَ لَمْ يَنْظُرِ اللّه إليهِ يَوْمَ القِيَامَةِ» «كىمكى كىيىملىرىنى تەكەببۇرلۇق يۈزىسىدىن ئۇزارتىۋالىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئاخىرەت كۈنى ئۇنىڭغا رەھمەت كۆزى بىلەن قارىمايدۇ»، دېدى.**

**ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى: ئى رەسۇلۇللاھ، مەن دىققەت قىلمىسام ئىشتىنىم ساڭگىلاپ چۈشۈپ تۇرىدۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إِنَّكَ لَسْتَ مِمَّنْ يَفْعَلُهُ خُيَلاءَ» «سەن تەكەببۇرلۇقتىن كىيىمىنى ئۇزارتىۋالغانلاردىن ئەمەس.»دېدى.**

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ھەرقانداق ئەمەلنىڭ نىيەتكە باغلىق بولىدىغانلىقى شۇڭا ئەھكاملارنىڭمۇ نىيەتنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ پەرقلىق بولىدىغانلىقى ۋە ھاكاۋۇرلۇق يۈزىسىدىن سۆرۈلۈپ تۇرىدىغان كىيىم كىيىدىغان مەنمەنلىك كىشىنى ئاگاھلاندۇرۇش.

**792 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا يَنْظُرُ اللّه يَوْمَ القِيَامة إلى مَنْ جَرَّ إزَارَهُ بَطراً» «ئاخىرەت كۈنى، ئاللاھ تائالا ئىشتىنىنى تەكەببۇرلۇقتىن ئۇزۇن قىلىۋالغان كىشىلەرگە قارىمايدۇ».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**793 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَا أَسْفَلَ مِنَ الْكَعْبَيْنِ مِنَ الإزار ففي النَّار» «ئىشتاننىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى ھوشۇقتىن ئېشىپ كەتسە ھوشۇقنىڭ تۆۋىنى دوزاختا ئازابلىنىدۇ».**

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ھەدىسنىڭ زاھىرىدىن كىيىمنىڭ ئۆزىنىڭ دوزاخقا كىرىدىغانلىقى چىقىدۇ، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىگە ئوخشايدۇ: ﴿إِنَّكُمْ وَمَا تَعْبُدُونَ مِن دُونِ اللَّهِ حَصَبُ جَهَنَّمَ أَنتُمْ لَهَا وَارِدُونَ﴾ ﴿(ئى مۇشرىكلەر!) ھەقىقەتەن سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان نەرسەڭلار بىلەن دوزاخقا يېقىلغۇ بولىسىلەر، سىلەر دوزاخقا كىرىسىلەر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەنبىيائ 98 - ئايەت) بۇ ئايەت گۇناھ ئۆتكۈزۈشكە قورال بولغان نەرسىنىڭ دوزاخقا كىرىشىدىن گۇناھ ئۆتكۈزگۈچىنىڭ دوزاخقا كىرىشىنىڭ تېخىمۇ تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. خەتتابى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە ھوشۇقنىڭ تۆۋىنىنىڭ ئازابلىنىدىغانلىقىنى دېيىش ئارقىلىق ئۇزۇن ئىشتان كىيگۈچىنىڭ دوزاخقا كىرىدىغانلىقىنى كىنايە قىلغان. نافىئ بۇ توغرۇلۇق سورالغاندا، مۇنداق دېگەن: «كىيىمدە نېمە گۇناھ، بۇ ئىككى پۇتنىڭ دوزاخقا كىرىشىنى كۆرسىتىدۇ».

www.munber.org

**794 ـ ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ثلاثةٌ لا يُكَلِّمُهُمُ اللَّهُ يَوْمَ القِيَامةِ، ولا يَنْظُرُ إِلَيْهِم، وَلا يُزَكِّيهِمْ، وَلهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ» «ئاخىرەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئۈچ خىل ئادەملەر بىلەن سۆزلەشمەيدۇ ۋە ئۇلارغا قارىمايدۇ، ھەم ئۇلارنى پاكلىمايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان، رىۋايەت قىلغۇچى: ئۇلار ئۈمىدسىزلىككە چۆمگەن ۋە زىيانكار بولغۇچىلاردۇر، ئى رەسۇلۇللاھ ئۇلار زادى قانداق ئادەملەر؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «المُسبِلُ، والمنَّانُ وَالمُنْفِقُ سِلْعَتَهُ بِالحَلفِ الكاذِبِ» «ئىشتىنىنى ئۇزۇن قىلىۋالغان ئادەم، مىننەت قىلغۇچى ئادەم، ئۆزىنىڭ مېلىنى يالغان قەسەم ئىچىپ ساتقان ئادەم»، دېدى.**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ ئىشتاننى ئۇزۇن كىيىشتىن ۋە مىننەت قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇلغان، چۈنكى بۇنداق قىلىش ئازار ھېسابلىنىدىغانلىقى. ئاللاھ تائالا: ﴿لاَ تُبْطِلُواْ صَدَقَاتِكُم بِالْمَنِّ وَالأذَى﴾ ﴿سىلەر سەدىقەڭلارنى مىننەت ۋە ئازار بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار﴾ («قذرظان كةرعم» سىرة بةقةرة 264- ظايةتنعث بعر قعسمع) دېگەن.**

**2) مېلىنى سېتىش ئۈچۈن يالغان قەسەم قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان، بۇ ھەدىستە سۆزلەنگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى چوڭ گۇناھلار ھېسابلىنىدىغانلىقى.**

**795 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الإِسْبَالُ في الإِزارِ، والقَمِيصِ، وَالعِمَامةِ، منْ جَرَّ شَيئا خُيَلاءَ لَم يَنظُرِ اللَّه إِليهِ يومَ القِيَامةِ» «تەكەببۇرلۇقتىن ئىشتىنىنى، كۆينىكىنى ۋە سەللىسىنى ئۇزۇن قىلىپ كىيگەن ئادەمگە ئاللاھ تائالا ئاخىرەت كۈنى قارىمايدۇ».** — ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسەئى رىۋايەت قىلغان.

**ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ ئىشتىنىنى يەرگە سۆرەپ كىيىشنىڭ ھاراملىقى، كىمكى شۇنداق قىلىپ تەۋبە قىلمىسا ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا قىيامەتتە رەھمەت كۆزى بىلەن قارىمايدىغانلىقى.**

**2) ئىشتاننى ھاكاۋۇرلۇق ۋە تەكەببۇرلۇق قىلماي ئۇزۇن كىيگەندە ئۇنىڭ مەكرۇھ بولىدىغانلىقى.**

**3) ئەگەر زۆرۈرىيەت ئۈچۈن ئۇزۇن كىيسە مەكرۇھ ئەمەس مۇباھ بولىدىغانلىقى.**

**796 ـ ئەبۇ جۇرەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن بىر ئادەمنىڭ جامائەت ئىچىدە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، كىشىلەر ئۇنىڭ سۆزىنى زەن قويۇپ ئاڭلايتتى. مەن: بۇ كىشى كىم؟ دەپ سورىدىم. كىشىلەر: ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى دېدى. مەن: ئى رەسۇلۇللاھ، ئەلەيكەسسالام (ساڭا ئامانلىق بولسۇن) دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لا تَقُل علَيكَ السَّلامُ، علَيكَ السلامُ تحِيَّةُ الموْتَى قُلِ:**

www.munber.org

السَّلامُ علَيك» «ئەلەيكەسسالام دېگەن سۆز ئۆلۈكلەرگە قارىتا بېرىلىدىغان سالام. سەن ئەسسالامۇ ئەلەيكە (ساڭا ئامانلىق بولسۇن!) دېگىن»، دېدى. مەن: سەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسىمۇ؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أنَا رسول اللّه الذي إِذا أَصابَكَ ضَرٌّ فَدعَوْتَهُ كَشَفَهُ عنْكَ، وإِذا أَصَابَكَ عامُ سنَة فدَعوْتَهُ أَنبتَهَا لك، وإِذَا كُنتَ بِأَرْضٍ قَفْرٍ أَوْ فلاةٍ، فَضَلَّت راحِلَتُك، فَدعوْتَه رَدَّهَا علَيكَ» «مەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئەگەر سەن بىرەر زىيان زەخمەتكە يولۇققان ۋاقتىڭدا، ئاللاھتىن تىلىسەڭ، ئاللاھ تائالا زىيان زەخمەتنى بېشىڭدىن كۆتۈرۈۋېتىدۇ. ئەگەر سەن قەھەتچىلىككە ئۇچراپ ئاللاھتىن تىلىسەڭ، ئاللاھ تائالا ساڭا مولچىلىق ئاتا قىلىدۇ. ئەگەر سەن دەشتى ـ باياۋاندا مىنىدىغان ئات ـ ئۇلاغلىرىڭنى يىتتۈرۈپ قويساڭ، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلساڭ، ئاللاھ تائالا ساڭا ئۇنى قايتۇرۇپ ئەكېلىپ بېرىدۇ»، دېدى. مەن: يەنە ماڭا نەسىھەت قىلساڭ، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لا تسُبَّنَّ أَحداً» «ھېچ ئادەمنى تىللىمىغىن»، دېدى. مەن شۇندىن كېيىن، ھېچقانداق بىر ئادەمنى، ھەتتا قۇللارنى ۋە تۆگە، قويلارنىمۇ تىللىمىدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «وَلا تَحقِرنَّ مِنَ المعروفِ شَيْئاً، وأَنْ تُكلِّمَ أَخَاك وأَنتَ مُنْبسِطٌ إِليهِ وجهُكَ، إِنَّ ذلك مِنَ المعرُوفِ . وارفَع إِزاركَ إِلى نِصْفِ السَّاقِ، فَإِن أَبيتَ فإِلى الكَعبين، وإِياكَ وإِسْبال الإِزارِ فَإِنَّهَا مِن المخِيلةِ وإِنَّ اللّـه لا يحبُّ المَخِيلة، وإِن امْرؤٌ شَتَمك وَعَيَّركَ بِمَا يَعْلَمُ فيكَ فلا تُعيِّرهُ بما تَعلَم فيهِ، فإِنَّمَا وبالُ ذلكَ عليهِ» «ھەرقانداق ياخشى ئىشنى كىچىك سانىمىغىن. قېرىندىشىڭغا ئوچۇق چىراي گەپ قىلىشىڭمۇ ياخشى ئىش ھېسابلىنىدۇ. ئىشتىنىڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى پاقالچىقىڭنىڭ يېرىمىغىچە بولسۇن. ئەگەر ئۇنىڭغا ئۇنىمىساڭ ئوشۇغىڭچىلىك بولسۇن، ئىشتاننى ئۇزۇن كىيىشتىن ساقلانغىن، چۈنكى بۇ تەكەببۇرلۇققا ياتىدۇ. ئاللاھ تائالا تەكەببۇرلۇقنى ياقتۇرمايدۇ. ئەگەر سېنى بىر ئادەم تىللىسا ۋە سەندە بار ئەيىبلەرنى ئېچىپ سېنى ئوسال قىلسا سەن ئەيىبى بىلەن ئوسال قىلمىغىن، شۇنداق قىلساڭ ئۇ جازاسىنى ئۆزى تارتىدۇ»، دېضەن.

ـــ ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: تىللاش ۋە ھاقارەتلەشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى، تىللانغان كىشى تىللىغۇچى كىشىنى ئۆزىنى قانداق تىللىسا شۇنداق تىللىماي، يالغان ـ ياۋداقنى قوشۇپ ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ دۇرۇس بولمايدىغانلىقى، ئەگەر تىللانغان كىشى قىساسىنى ئالسىمۇ ئالدى بىلەن تىللىغان كىشىنىڭ ئالدىدا تىللىغانلىق گۇناھى بولىۋېرىدىغانلىقى.

797 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم ئۇزۇن ئىشتان كىيگەن ھالدا نامازغا تۇرۇۋشقا تەمشىلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە: «اذهَب فَتَوضأْ» «بېرىپ تاھارەت ئالغىن»، دېدى. ئۇ كىشى تاھارەت ئېلىپ بولۇپ يېنىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئۇ كىشىگە



www.munber.org

«اذهَب فَتَوضأْ» «بېرىپ تاھارەت ئالغىن!»، دېدى. بىر كىشى: ئى رەسۇلۇللاھ! سەن نىمە ئۈچۈن ئۇ كىشىنى تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇدۇڭ؟ جىم تۇردۇڭ؟ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إِنه كانَ يُصلِّي وهو مُسْبلٌ إِزارهُ، إِن اللّه لا يقْبلُ صلاةَ رجُلٍ مُسبِلٍ» «ئۇ ئادەم ئۇزۇن ئىشتان كىيىپ ناماز ئوقۇۋاتقا تۇردى. ئاللاھ تائالا ھوشۇقتىن ئېشىپ كەتكەن ئۇزۇن ئىشتان كىيىپ ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ نامىزىنى قوبۇل قىلمايدۇ»، دېدى.

ـــ ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېلىقى كىشىنى قايتا تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇغانلىقى، قايتا تاھارەت ئېلىش ئۇ كىشىنىڭ تەكەببۇرلۇقتىن ئىشتانىنى يەرگە سۆرەپ كىيگەن گۇناھىنىڭ كەففارىتى بولۇشى ئۈچۈندۇر، شۇنداق ھەدىسمۇ كەلگەنكى «تاھارەت دېگەن گۇناھلارغا كەففارەت بولىدۇ». بۇ يەردە تاھارەت ئالغۇچىنىڭ تاھارىتىدە نۇقسان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى قايتا تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇغان بولۇشى مۇمكىن. ناماز نەفلى ناماز بولغانلىقى ئۈچۈن قايتا ئوقۇشقا بۇيرۇمىغان.

**798** ـ قەيس ئىبنى بەشىردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مېنىڭ دادام بولسا ئەبۇ دەردائنىڭ دوستى ئىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: دەمەشقتە ئىبنى ھەنزەلىيە ئىسىملىك بىر ساھابە بولۇپ، ئۇ كىشى يالغۇز يۈرەتتى، كىشىلەر بىلەن ئاز ئارىلىشاتتى، ناماز ئوقۇپ بولۇپ ئۆيىگە كەلگۈچىلىك ئاللاھ تائالاغا كۆپ تەسبىھ ۋە تەكبىر ئېيتاتتى. بىر كۈنى بىز ئەبۇ دەردائنىڭ قېشىدا ئىدۇق، ئۇ كىشى بىزنىڭ قېشىمىزدىن ئۆتتى، ئەبۇ دەردائ ئۇنىڭدىن: بىزگە بىر ئېغىز پايدىلىق نەسىھەت قىلىپ قويساڭ، دەپ ئۆتۈندى. ئۇ ساھابە مۇنداق دېدى: بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر جايغا لەشكەر ئەۋەتتى. لەشكەرلەر قايتىپ كەلگەندە ئۇلاردىن بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئولتۇرغان جايدا ئولتۇرۇپ يېنىدىكى كىشىگە: ئەگەر بىز دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتىمىزدا، ئارىمىزدىن بىرسى قىلىچنى دۈشمەنگە تەڭلەپ مېنى كىچىك چاغلىما! مەن غىفارى قەبىلىسىنىڭ يىگىتىمەن، دېسە سەن ئۇ سۆزگە قارىتا قانداق قارايسەن؟ دېدى. ئۇ كىشى: مېنىڭچە ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئەجىر بېرىلمەيدۇ، دېدى. ئۇنى ئاڭلىغان يەنە بىر كىشى: مېنىڭ قارىشىمچە ئەجىر بېرىلىدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسى گەپ تالىشىپ قالدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ مۇنداق دېدى: «سُبْحان اللَّه؟ لا بَأْس أَن يُؤْجَرَ ويُحْمَد» «سۇبھانالالاھ! (ئاللاھ پاكتۇر) ھېچقانداق باك يوق، ئۇ كىشىگە ئەجىر بېرىلىدۇ ۋە ماختاشقا سازاۋەر بولىدۇ»، دېدى. مەن ئەبۇ دەردائنىڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ بېشىنى كۆتۈرۈپ: بۇ سۆزنى سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغانمۇ؟ دېگەنلىكىنى ساھابىنىڭ: ھەئە، شۇنداق، دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى كۆردۈم. ئەبۇ دەردائ بۇ سۆزنى داۋاملىق تەكرارلاۋەردى ھەتتاكى مەن: ئەبۇ دەردائ (ئۇ ساھابىغا ھۆرمەت يۈزىسىدىن) تىزلىنىپ



www.munber.org

ئۇلتۇرامدىكىن دەپ قالدىم. يەنە بىر كۈنى ئۇ ئادەم بىزنىڭ يېنىمىزدىن ئۆتتى، ئەبۇ دەردائ ئۇ ئادەمگە: بىزگە پايدىلىق نەسىھەت قىلىپ قويساڭ؟ دەپ ئۆتۈنۈپ سورىدى، ئۇ ئادەم مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە: ‹المُنْفِقُ عَلى الخَيْلِ كالبَاسِطِ يَدَهُ بالصَّدَقة لا يَقْبِضُها› ‹جىھاتقا ئات تەييارلىغان ۋە ئۇنىڭغا خىراجەت قىلغان كىشى داۋاملىق سەدىقە قىلىپ تۇرغان كىشىگە ئوخشايدۇ›، دېگەنىدى». ئاندىن ئۇ ساھابە يەنە بىر كۈنى بىزنىڭ قېشىمىزدىن ئۆتتۈۋىدى، ئەبۇ دەردائ يەنە: « بىزگە بىرەر ئېغىز پايدىلىق نەسىھەت قىلىپ قويساڭ »، دەپ ئۆتۈنۈپ سورىدى. ئۇ ساھابە مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نعْمَ الرَّجُلُ خُرَيْمٌ الأَسَديُّ، لولا طُولُ جُمته وَإِسْبَالُ إِزَارِه» «خۇرەيم ئۇسەيدى چېچىنى مۈرىسىگە چۈشۈرۈۋالمىغان، ئىشتىنىنى يەرگە سۆرىۋالمىغان بولسا، نېمە دېگەن ياخشى ئادەم»، دېگەنىدى. بۇ گەپ خۇرەيمگە يېتىپ، ئۇ دەرھال ئۇستۇرا بىلەن چېچىنى قۇلىقىغىچىلىك، ئىشتىنىنى پاچىقىغىچىلىك كېسىۋەتتى. ئاندىن ئۇ ساھابە يەنە بىر كۈنى بىزنىڭ قېشىمىزدىن ئۆتتۈۋىدى، ئەبۇ دەردائ يەنە ئۇنىڭدىن: بىزگە بىر ئېغىز پايدىلىق نەسىھەت قىلىپ قويساڭ، دەپ ئۆتۈنۈپ سورىدى. ئۇ ساھابە مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ (ساھابىلەرگە): «إِنَّكُمْ قَادمُونَ عَلى إِخْوانِكُمْ. فَأَصْلِحُوا رِحَالَكمْ، وأَصْلحوا لبَاسَكُمْ حتى تَكُونُوا كَأَنَّكُمْ شَامَة في النَّاسِ، فَإِنَّ اللَّه لاَ يُحبُّ الفُحْشَ وَلاَ التَّفَحُش» «سىلەر قېرىندىشىڭلارنىڭ قېشىغا كېتىۋاتىسىلەر، ئوخشاش كۆركەم بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ئۇلاقلىرىڭلارنى ۋە كىيىمىڭلارنى چىرايلىق تۈزەشتۈرۈڭلار، چۈنكى ئاللاھ تائالا بىلىپ بىلمەي رەتسىز يۈرگەن ئادەمنى ياخشى كۆرمەيدۇ»، دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەبۇ دەردائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىلىمنى زىيادە قىلىشقا ھېرىسمەنلىكى ۋە ئىلىم تەلەپ قىلىشتىكى كەمتەرلىكى.

2) ئەگەر بىر كىشى باتۇرلۇق بىلەن خەلق ئارىسىدا تونۇلغان بولسا جەڭ مەيدانىدا دۈشمەنگە ئۆزىنىڭ نام ـ شەرىپىنى تونۇشتۇرۇشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى، چۈنكى بۇنىڭدا دۈشمەننى قورقۇتۇش مەقسەت قىلىنىپ تەكەببۇرلۇق، مەنمەنچىلىك قىلىش نىسبىتى يوقلۇقى.

3) بەندىنىڭ ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ئەيىبلىشىدىن ساقلىنىشى، قېرىنداشلىرىغا پايدىلىق بولغان ئىشنى قىلىپ، ئۇلارنىڭ دوستلۇقى ۋە مۇھەببىتىنى قوزغىتىشى، رەتسىزلىك ۋە مەينەتلىكتىن ساقلىنىش لازىملىقى، چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىسىگە بەرگەن نېئمىتىنىڭ بەلگىلىرىنى شۇ بەندىدە كۆرۈشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى.

**799 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إزرَةُ المُسلِمِ إِلى نصْفِ السَّاقِ، وَلاَ حَرَجَ أَوْ لا جُنَاحَ فيما بَيْنَهُ وَبَيْنَ الكَعْبَيْنِ، فَمَا كانَ أَسْفَلَ منَ الكعْبَينِ فَهوُ في النَّارِ، ومَنْ جَرَّ إِزارهُ بَطَراً لَمْ يَنْظرِ اللَّه إِلَيْهِ» «مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشتىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى پاقالچىقىنىڭ يېرىمىغىچە بولسا بولىدۇ، پاقالچاقنىڭ يېرىمىدىن ھوشۇققىچە بولسىمۇ ھېچ گەپ يوق. ھوشۇقىدىنمۇ ئېشىپ

www.munber.org

كەتكەن ئىشتاننى كىيگەن ئادەم چوقۇم دوزاخقا كىرىدۇ. كىمكى تەكەببۇرلۇقتىن ئىشتىنىنى ئۆزارتىۋالىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە قارىمايدۇ».

— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

**800.** ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۇزۇن ئىشتان كىيىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن ئۆتتۈم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا قاراپ: «يا عَبْدَ اللَّهِ، ارْفَعْ إِزارَكَ» «ئابدۇللاھ، ئىشتىنىڭنى كۆتۈرۈۋالغىن!»، دېدى. مەن ئىشتاننى يۇقىرى كۆتۈردۈم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «زِدْ» «يەنە ئازراق كۆتۈرگىن»، دېدى. شۇ ئىشتىن كېيىن مەن ئىشتاننىڭ ئۇزۇنلىقىغا ناھايىتى دىققەت قىلىدىغان بولدۇم. بەزى ئادەملەر ئىبنى ئۆمەردىن: «قانچىلىك ئۇزۇنلۇقتا كىيىش كېرەك؟» ، دەپ سورىدى. ئۇ: «پاقالچاقنىڭ ئوتتۇرىغىچىلىك ئۇزۇنلۇقتا بولسا بولىدۇ»، دېدى.

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: **1)** ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە سۈننەتكە يېقىندىن ئەگىشىدىغانلىقى.

**2)** ئىشتاننى پاقالچىقىنىڭ يېرىمىغىچىلىك كىيىشنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكى.

**801** ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ جَرَّ ثَوبَه خيلاءَ لَمْ يَنْظُرِ اللّه إلَيْهِ يَوْمَ القيامَةِ» «تەكەببۇرلۇقتىن كىيىملەرنى ئۇزۇن قىلىۋالغان كىشىگە ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى قارىمايدۇ».

ئۇممۇ سەلەمە: «ئاياللارنىڭ كىيىملىرى قانداق بولۇشى كېرەك؟» ، دەپ سورىدى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «يُرْخِينَ شِبْراً» «بىر غېرىچ ئۇزۇن بولسۇن»، دېدى. ئۇممۇ سەلەمە: ئۇنداقتا پۇت ئۇچۇق قالىدىغۇ دېدى. ئىبنى ئۆمەر: «فيُرْخِينَهُ ذِراعاً لاَ يَزِدْنَ» «ئۇنداق بولسا بىر گەز ئۇزۇنلۇقتا بولسۇن، بۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ»، دېدى.

— ئەبۇ داۋۇد ۋە ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاياللارنىڭ پۇتىنى يېپىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يەرگە تەگكۈدەك قىلىپ كىيىمنى بىرەر گەز ئۇزۇن كىيىشىنىڭ دۇرۇسلىقى.



www.munber.org

## 120. باب كەمتەرلىك يۈزىسىدىن ئېسىل كىيىم كىيىشنى تەرك ئېتىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

يۇقىرىدىكى ئاچلىق ۋە ئاددىي ـ ساددا ياشاش توغرىسىدىكى بابتىمۇ بۇ بابقا دائىر ھەدىسلەر ئۆتتى.

**802** ـ مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ تَرَكَ اللِّباس تَواضُعاً للَّه، وَهُوَ يَقْدِرُ علَيْهِ، دعاهُ اللَّهُ يَوْمَ القِيامَةِ عَلى رُؤُوسِ الخَلائِقِ حتى يُخيِّره منْ أيِّ حُلَلِ الإِيمان شَاءَ يلبَسُها» «ئېسىل كىيىملەرنى كىيىشكە قادىر تۇرۇقلۇق، ئاللاھ تائالا رازىلىقى ئۈچۈن كەمتەر بولۇپ ئېسىل كىيىملەرنى كىيمىگەن كىشىنى ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى بارلىق كىشىلەر ئالدىدا چاقىرىپ مۇئمىنلەر جەننەتتە كىيىدىغان كىيىملەردىن خالىغىنىنى كىيىش ئىختىيارلىقىنى بېرىدۇ». — ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاددىي ـ ساددا كىيىنىشنىڭ، باشقىلارغا ھاكاۋۇرلۇق قىلماسلىق ۋە كۆز ـ كۆزقىلماسلىقنىڭ پەزىلىتى.

## 121. باب كىيىم ـ كېچەكتە ئوتتۇراھال بولۇشنىڭ ياخشىلىقى، شەرئى مەقسەت ياكى زۆرۈرىيەت بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ھۆرمىتىنى چۈشۈرۈۋېتىدىغان ناچار كىيىملەرنى كىيمەسلىك توغرىسىدا

**803** ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِن اللَّه يُحِبُّ أَنْ يُرى أَثَرُ نِعْمَتِهِ عَلى عبْدِه» «شۈبھىسىزكى ئاللاھ تائالا ئۆز نېئمىتىنىڭ ئەسەرىنى (ئالامەتلىرىنى) بەندىلىرىدە كۆرۈشنى ياقتۇرىدۇ». — ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: تەكەببۇرلۇق قىلىش ۋە باشقىلارغا كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ نېئمىتىنى نامايان قىلىش يۈزىسىدىن چىرايلىق كىيىنىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى ۋە خىش ـ ئەقرىبالىرىغا سىلە ـ رەھىم قىلىش، موھتاجلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇشقا ئوخشاش ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىش كېرەكلىكى.

## 122. باب ئەرلەرگە يىپەك كىيىم كىيىش، يىپەك كۆرپىدە ئولتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا يۆلىنىشنىڭ ھاراملىقى، ئاياللارغا ئۇنى كىيىشنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

**804** ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لاَ تَلْبَسُوا الحرير، فَإِنَّ مَنْ لَبِسهُ في الدُّنْيَا لَمْ يَلْبَسْهُ في



www.munber.org

الآخرة» «يىپەك كىيىم كىيمەڭلار، دۇنيادا يىپەك كىيىم كىيگەن كىشى ئاخىرەتتە ئۇنى كىيەلمەيدۇ».
— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بالاغەتكە يەتكەن ئەرلەرگە بۇ دۇنيادا يىپەكتىن كىيىم كىيىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى ۋە بۇنىڭدىكى ھېكمەتنىڭ بولسا پەخىرلىنىش ۋە ھاكاۋۇرلۇقنى، ھەشەمەتچىلىك ۋە زىننەتنى ياكى مۇشرىكلارنى دوراشنى تەرك ئېتىش ئىكەنلىكى.

805 - ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «إنَّما يلبَسُ الحريرَ مَنْ لا خَلاقَ لَهُ» «شەكسىزكى، يىپەك كىيىمنى ئاخىرەتتە يىپەك كىيىمدىن نېسىۋىسى يوق كىشىلەرلا كىيىدۇ».
— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ھارام قىلىنغان ئىشلارنى قىلغان ۋە بۇ دۇنيادا يىپەكتىن كىيىم كىيگەن كىشىلەر تەۋبە قىلىپ ئاللاھتىن گۇناھىنى تىلىمىسە دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدىغانلىقى.

806 - ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ لَبِسَ الحرير في الدُّنْيا لَمْ يَلْبسْهُ في الآخرَةِ» «دۇنيادا يىپەك كىيىم كىيگەن ئادەم ئاخىرەتتە كىيەلمەيدۇ»
— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: يىپەكتىن كىيىم كىيىشنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ « ئۇلارنىڭ كىيىملىرى يىپەكتىن بولىدۇ » ، دېگەن سۆزىگە ئاساسلانغاندا ئاخىرەتنىڭ نېئمەتلىرىدىن ئىكەنلىكى، ئەرلەرنىڭ بۇ دۇنيادا يىپەكتىن كىيىم كىيىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىق بولۇپ، ئۇ دۇنيادا يىپەك كىيىم كىيىشتىن مەھرۇم قالىدىغانلىقى.

807 - ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوڭ قولىغا يىپەك، سول قولىغا ئالتۇننى ئېلىپ: «إنَّ هذَيْنِ حرَامٌ عَلى ذُكُورِ أُمَّتي» «ھەقىقەتەن بۇ ئىككىسى ئۇممىتىمنىڭ ئەركەكلىرىگە ھارامدۇر»، دېگەنلىكىنى كۆردۇم، دېدى.
— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

808 - ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «حُرِّم لِبَاسُ الحَرِيرِ وَالذَّهَب على ذُكُورِ أُمَّتي، وَأُحلَّ لإنَاثِهِم» «يىپەك كىيىم بىلەن ئالتۇن ئۇممىتىمنىڭ ئەركەكلىرىگە ھارام، ئاياللىرىغا ھالال قىلىندى».
— تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: يىپەكتىن كىيىم كىيىشنىڭ ۋە ئالتۇننىڭ ئاياللارغا ھالال ئىكەنلىكى.

809 - ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى ئالتۇن ياكى كۈمۈش قاچىلاردا يېيىش - ئىچىشتىن، ئىنچىكە

www.munber.org

ۋە كەڭ تالالىق يىپەك كىيىملەرنى كىيىشتىن ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشتىن چەكلىگەن. — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بۇ ھەدىستىكى چەكلەش سۆزى ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

2) يىپەك ئۈستىدە بىۋاستە ئولتۇرۇشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى كۆپ سانلىق ئۆلىمالارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆز قارىشىدۇر.

3) سائەت ۋە كۆز ئەينەككە ئوخشاش ئالتۇندىن ياسالغان بۇيۇم ۋە ئالتۇن قاچا ـ قۇچىلارنى ئىشلىتىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى.

4) ھەشەمەتچىلىك قىلىشتىن ۋە كۇففارلارنى دوراشتىن يىراق بولۇش.

5) زىننەت ئۈچۈن ئالتۇن بۇيۇم تاقاشنىڭ ئاياللارغا خۇددى يىپەكتىن كىيىم كىيىشكە رۇخسەت قىلىنغىنىغا ئوخشاشلا رۇخسەت قىلىنغانلىقى.

6) ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغان قاچىلارنى ئىشلىتىش ۋە تاۋار ـ دۇردۇن ئۈستىدە ئولتۇرۇشنىڭ ھەشەمەتخور مۇتەكەببىرلارنىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكى.

## 123 . باب بەدىنى قىچىشىدىغان ئادەمگە يىپەك كىيىم كىيىشنىڭ دۇرۇسلۇقى توغرىسىدا

**810.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، زۇبەير بىلەن ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ قىچىشقاق كېسىلى بولغاچقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىگە يىپەك كىيىم كىيىشكە رۇخسەت قىلدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) قىچىشقاق كېسىلى بار بالاغەتكە يەتكەن ئەرلەرنىڭ يىپەكتىن كىيىم كىيىشىگە رۇخسەت قىلىنغانلىقى.

2) ئىسسىق ياكى سوغۇقتىن دالدا قىلىش ئۈچۈن يىپەك كىيىمدىن باشقا ھېچقانداق كىيىمى يوق ئەھۋال ئاستىدا يىپەك ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقى.

## 124 . باب يولۋاس تېرىسىدىن تۆشەك قىلىش ياكى ئېگەر، توقۇم قىلىپ مىنىشتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا

**811** ـ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لاَ تَرْكَبوا الخَزَّ وَلاَ النَّمارَ» «يولۋاس تېرىسى ۋە يىپەكنى ئۇلاغقا توقۇم ئېگەر قىلىپ مىنمەڭلار». — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: يىپەك ئىشلىتىلگەن ئېگەرگە مىنىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى ۋە يولۋاس تېرىسى ئىشلىتىشنىڭمۇ ھاراملىقى، چۈنكى بۇنىڭ زىننەتلىنىش ۋە ھاكاۋۇرلۇققا



www.munber.org

كىرىدىغانلىقى، يەنە كېلىپ يولۇاس تېرىسى ئىشلىتىشنىڭ غەيرىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىتى ئىكەنلىكى.

**812 ـ** ئەبۇ مەلىھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدە ئولتۇرۇشتىن چەكلىگەن.

ـــ ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئۇلاغقا ۋە باشقا جايلارغا يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى سېلىشقا بولمايدىغانلىقى. بەيھەقى: «نەجات تاپقۇچىلارنىڭ دەلىلى»، دېگەن كىتابتا شۇنداق ئېيتىدۇ: «يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى ئىشلىتىشكە بولماسلىقى ئاشلاشنىڭ تېرىگە تەسىر قىلمايدىغانلىقى ۋە تېرىدە تۈكلەرنىڭ قېپقالىدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك»، يەنە باشقا ئالىملار: «يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى ئىشلىتىشكە بولماسلىقى ئاشلانمىغان تېرىلەرگە قارىتىلغان بولۇشى مۇمكىن ياكى ئۇنىڭ ئىسراپخور ۋە ھاكاۋۇرلارنىڭ سېلىنچىلىرى بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك»، دەپ قارايدۇ.

## 125 ـ باب يېڭى كىيىم ۋە يېڭى ئاياغ كىيگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا توغرىسىدا

**813 ـ** ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاچانكى يېڭى كىيىم كىيسە، مەيلى سەللە بولسۇن مەيلى كۆينەك، مەيلى تون بولسۇن، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ مۇنداق دەيتتى: «اللَّهُمَّ لكَ الحَمْدُ أَنْتَ كَسَوْتَنِيهِ، أَسْأَلُكَ خَيْرَهُ وَخَيْرَ ما صُنِع لَهُ، وأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّهِ وشَرِّ ما صُنِعَ لَهُ» «ئى ئاللاھ! بارلىق مەدھىيە ساڭا خاستۇركى، ئۇ كىيىمنى ماڭا سەن كىيدۈردۈڭ، بۇ كىيىمنىڭ ياخشىلىقىنى ۋە بۇ كىيىمنىڭ ياخشى ئىشلار ئۈچۈن تىكىلگەن بولۇشىنى سورايمەن ۋە بۇ كىيىمنىڭ يامانلىقىدىن ۋە بۇ كىيىمنىڭ يامان ئىشلارغا تىكىلگەن بولۇشىدىن پاناھ تىلەيمەن».

ـــ تىرمىزىي ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: يېڭى كىيىم كىيگەندە ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى ۋە يۇقىرىقى دۇئا بىلەن دۇئا قىلىشنىڭ ئەۋزەللىكى.

## 126 ـ باب كىيىم كىيگەندە ئوڭدىن باشلاشنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا

بۇ بابنىڭ مەزمۇنى ئىلگىرىكى بابلاردا سۆزلەنگەن بولۇپ **724** ـ، **725** ـ، **726** ـ ھەدىسلەرگە قارالسۇن.

www.munber.org

## 127. باب ئۇخلاش ۋە يېتىپ قوپۇش ئەدەبلىرى توغرىسىدا

**814** ـ بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، قاچانكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياتىدىغان چاغدا، ئوڭ تەرىپىنى بېسىپ يېتىپ مۇنداق دەيتتى: «اللّٰهُمَّ أَسْلَمْتُ نَفْسِي إليْكَ، وَوجَّهْتُ وَجْهي إلَيْكَ، وفَوَّضْتُ أمْرِي إلَيْكَ، وَأَلْجَأْتُ ظهْري إلَيْكَ، رَغْبَةً وَرهْبَةً إلَيْكَ، لا مَلْجأَ ولا مَنْجى مِنْكَ إلاَّ إلَيْكَ، آمَنْتُ بِكتَابكَ الذي أنْزلتَ، وَنَبيِّكَ الذي أَرْسَلْتَ» «ئى ئاللاھ ئۆزۈمنى ساڭا تاپشۇردۇم، يۈزۈمنى ساڭا قاراتتىم، ئىشلىرىمنى ساڭا تاپشۇردۇم، سەندىن ئۈمىدۋار بولۇپ، سەندىن ئەيمىنىپ ساڭا يۆلەندىم، سەندىنلا پاناھلىق ۋە نىجاتلىق تىلەيمەن. سېنىڭ نازىل قىلغان كىتابىڭغا ۋە ئەۋەتكەن پەيغەمبىرىڭگە ئىمان كەلتۈردۈم».

ـــ بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**815** ـ بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «إذَا أتَيْتَ مَضْجَعكَ فَتَوَضَّأْ وُضُوءَكَ لِلصَّلاةِ، ثُمَّ اضْطَجِعْ عَلى شِقِّكَ الأَيْمَنِ، وَقُلْ» «ئەگەر ئۇخلىماقچى بولساڭ، نامازغا ئالغاندەك تاھارەت ئېلىپ، ئوڭ يېنىڭنى بېسىپ يېتىپ مۇنداق دېگىن»، دەپ يۇقىرىدا ئۆتكەن دۇئانى ئۆگەتتى ۋە: «واجْعَلْهُنَّ آخِرَ مَا تَقولُ» «ئۇ دۇئانى شۇ كۈنى دەيدىغان سۆزلىرىڭنىڭ ئاخىرقىسى قىل»، دېدى.

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**816** ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىسى **11** رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى، تاڭ سۈزۈلگەندە يەڭگىل ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى، ئاندىن مۇئەززىن كېلىپ: جامائەت ھازىر بولدى، دەپ ئېلان قىلغۇچىلىك ئوڭ يېنىنى بېسىپ ياتاتتى.

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: ئىمامى نەۋەۋى ئېيتىدۇ: بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىدىن كېيىن يېنى يېتىش بولسا يۇقىرىدا بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: « ...ثُمَّ اضْطَجِعْ عَلى شِقِّكَ الأَيْمَنِ » « ئوڭ يېنىڭنى بېسىپ ياتقىن » ، دېگەن ھەدىسگە ئاساسلانغاندا سۈننەت ھېسابلىنىدۇ.

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئادەتنى داۋاملىق قىلمىغانلىقى بۇنىڭ ۋاجىپ ئەمەس، سۈننەت ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى بولالايدۇ.

2) ئوڭ يېنىنى بېسىپ يېتىشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكى.

**817** ـ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخشىمى ياتقاندا: «اللّٰهُمَّ بِاسْمِكَ أمُوتُ وَأَحْيَا» «ئى ئاللاھ، ياشايدىكەنمەن، ئىسمىڭنى زىكىر قىلىپ ياشايمەن. ئۆلىدىكەنمەن، سېنىڭ

www.munber.org

ئىسمىڭنى زىكىر قىلىپ ئۆلىمەن»، دەيتتى. ئەتىگەندە تۇرغاندا: «الحَمْدُ للّٰهِ الّذي أحْيَانَا بعْدَ مَا أمَاتَنَا وإليه النُّشُورُ» «جىمى مەدھىيە بىزنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرگەن ئاللاھقا مەنسۇپ، قىيامەت كۈنى يەنە ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ»، دەيتتى.

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇخىل ھالەتتە ئۇخلاشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش ئۈچۈن بۇ دۇئانى ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

**818** - يەئىيشە ئىبنى تىخفە غىفارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئاتام ماڭا مۇنداق دەيتتى: بىر كۈنى مەسجىدتە دۈم ياتقانىدىم، بىر كىشى پۇتى بىلەن مېنى مىدىرلىتىپ: «إنَّ هذِهِ ضَجْعَةٌ يُبْغِضُهَا اللّٰهُ» «بۇ ئاللاھ تائالا يامان كۆرىدىغان يېتىش»، دېدى. قارىسام ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىكەن.

— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: دۈم يېتىپ ئۇخلاشنىڭ چەكلىنىدىغانلىقى.

**819** - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ قَعَدَ مَقْعَداً لَمْ يَذْكُرِ الله تعالى فِيهِ كَانَتْ عَلَيهِ مِنَ الله تعالى تِرةٌ، وَمَنِ اضْطَجَعَ مُضْطَجَعاً لاَيَذْكُرُ الله تعالى فِيهِ كَانَتْ عَلْيه مِن اللهِ تِرةٌ» «كىمكى بىرەر جايدا ئولتۇرۇپ ئۇ جايدا ئاللاھ تائالانى ياد قىلمىسا ئاللاھ تائالادىن ئۇنىڭغا بىرەر كەمتۈكلۈك يېتىپ قالىدۇ، كىمكى بىرەر جايدا يېتىپ ئۇ جايدا ئاللاھ تائالانى ياد ئەتمىسە ئاللاھ تائالادىن ئۇنىڭغا بىرەر كەمتۈكلۈك يېتىپ قالىدۇ».

— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاللاھ تائالانى ھەممە جايدا ئەسلەپ زىكىر قىلىش يۈزىسىدىن ياتقان ۋاقىتتىمۇ ئاللاھ تائالانى ئەسلەشتىن غاپىل بولماسلىق لازىملىقى.

## 128. باب ئەۋرەت ئېچىلىپ قالمىسىلا پۇتنى مىنگەشتۈرۈپ ئوڭدىسىغا يېتىشنىڭ دۇرۇسلۇقى ۋە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ ۋە كاسىسنى يەرگە قويۇپ، تىزنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇشنىڭ دۇرۇسلۇقى توغرىسىدا

**820**. ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدتە بىر پۇتىنى يەنە بىر پۇتىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئوڭدىسىغا ياتقانلىقىنى كۆرگەن.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئەۋرەتنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىدىن ئەمىن بولالىسا بىر پۇتنى يەنە بىر پۇتنىڭ ئۈستىگە قويۇپ (مىنگەشتۈرۈپ) ئوڭدىسىغا يېتىشنىڭ جائىز ئىكەنلىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق قىلغانلىقى بۇنىڭ دەلىلى ئىكەنلىكى.



www.munber.org

**821** - جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامداتنى ئوقۇپ بولۇپ كۈن روشەن كۆتۈرۈلگۈچە مەسجىدتە بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇراتتى. — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: **1**) مەسجىدتە بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ جائىز ئىكەنلىكى.

**2**) بامدات نامىزىدىن كېيىن ئاز ۋاقىت ئولتۇرۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

**822** - ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەئبىنىڭ سەيناسىدا كاسىسىنى يەرگە قويۇپ، ئىككى تىزىنى تىكلەپ، ئىككى قولى بىلەن ئۇنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم، دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئولتۇرۇشنى كۆرسىتىپ بەردى.

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: يەردە ئىككى پۇتنى قورساققا چاپلاپ ئاندىن ئىككى قولى بىلەن پۇتنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

**823** - قەيلە بىنتى مەخرەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كاسىسىنى يەرگە قويۇپ، ئىككى تىزىنى تىكلەپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم، رەسۇلۇللاھ شۇ ئولتۇرۇشىدا شۇنچىلىك تۆۋەنچىلىك بىلەن ئولتۇرغانكى، ئەيمىنىپ بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىپ كەتتى.

— ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھتىن قورقۇپ، بەندىلەرگە خاس تۆۋەنچىلىك بىلەن ئولتۇرىدىغان خۇسۇسىيىتى بايان قىلىنغان.

**824** - شەرىد ئىبنى سۇۋەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا سول قولۇمنى ئارقامغا تىرەپ ئولتۇرغانىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أتقْعُدُ قِعْدَةَ المَغضُوبِ عَلَيهِمْ» «غەزەپ قىلىنغانلارنىڭ (يەنى يەھۇدىيلارنىڭ) ئولتۇرۇشىدا ئولتۇرامسەن؟»، دېدى.

— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

## 129 . باب سورۇن ۋە سورۇنداشلارنىڭ ئەدەبلىرى توغرىسىدا

**825** - ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لايُقِيمَنَّ أحَدُكُمْ رَجُلاً مِنْ مَجْلسِهِ ثم يَجْلسُ فِيهِ ولكِنْ تَوسَعُّوا وتَفَسَّحوا» «سىلەردىن ھېچ كىم بىر ئادەمنى ئورنىدىن قوپقۇزۇۋېتىپ ئۇنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇۋالمىسۇن، لېكىن سۈرۈلۈپ ئورۇن بوشىتىپ بېرىڭلار»، دېگەنىدى.



www.munber.org

ئىبنى ئۆمەر بىرەرسى ئورنىدىن تۇرۇپ ئورۇن بوشىتىپ بەرسە ئۇ ئورۇندا ئولتۇرمايتتى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) سورۇنغا ئىلگىرى كىرىپ ئولتۇرغان كىشىنى ئورۇن تالىشىپ ئورنىدىن قوپۇرۇۋېتىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى، كېيىن كىرگۈچى ئولتۇرغۇچىدىن ئىلمدە ئارتۇق، ياش جەھەتتە چوڭ بولغان تەقدىردىمۇ بۇنىڭ توغرا ئەمەسلىكى، بۇ ھۆكۈمنىڭ ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى.

2) لېكىن فىقھىلەر يۇقىرىقى ھۆكۈمدىن بىرقانچە خىل ھۆكۈمنى بۇنىڭدىن مۇستەسنا قىلىپ ئايرىپ چىقاردى:

A. بىر ئادەم مەسچىدتە مەلۇم بىر ئورۇندا دەرس ئۆتۈدىغان بولۇپ، بۇ ئورۇندا باشقىلار ئولتۇرۇۋالغان بولسىمۇ، يەنىلا دەرس ئۆگەتكۈچى كىشىگە بوشىتىپ بېرىلىدۇ.

B. بىر ئادەم بازاردىن مەلۇم بىر ئورۇننى ئىگىلىگەن بولسا ئۇ ئورۇندا ئولتۇرۇۋالغۇچىلارنى قوپۇرۇۋېتىش ھوقۇقى بار.

C. بۇ بىرەر ئۆلىما ئۆزى ئارزۇ قىلماستىن، تەلەپ قىلماستىن باشقىلار ئۇنىڭغا ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئورۇن بوشىتىپ بېرىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىگە زىت كەلمەيدۇ.

D. لېكىن ئىبنى ئۆمەر ئالىملارغا ئۆز ئورنىدىن قوپۇرۇۋېتىشتىن چەكلىگەنلىك توغرىسىدىكى ھەدىسكە خىلاپ بولۇپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ تەرك ئەتكەن.

E. سورۇنغا كېيىن كەلگەن كىشىگە سۇرۇلۇپ ئورۇن چىقىرىپ بېرىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

**826 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إذا قَامَ أحَدُكُمْ منْ مَجْلِسٍ ثُمَّ رَجَعَ إلَيْهِ فَهُوَ أحَقُّ بِهِ» «قاچانكى بىرىڭلار ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ ئاندىن ئورنىغا قايتىپ كەلسە، شۇ ئورۇندا ئولتۇرۇشقا ھەقلىقتۇر».** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بىر ئادەم مەسچىد ياكى بازاردىكى بىرەر ئورۇنغا باشقىلاردىن بۇرۇن كەلگەن بولسا، شۇ ئورۇنغا ئەڭ لايىقلىق ۋە ئورنىدىن بىرەر ئۆزرىسى بولۇپ قېلىپ تۇرۇپ كەتسە، ھەققى ساقىت بولۇپ كەتمەيدىغانلىقى. ئۇ يەردە ئولتۇرۇۋالغۇچىلارنى قوپۇرىۋەتسە جائىز ئىكەنلىكى.

**827 ـ جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، قاچانكى بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلسەك، توغرا كەلگەن يەردە ئولتۇراتتۇق.** — ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) سورۇندا ئولتۇرۇشنىڭ ئەدەبلىرى، سورۇندىكىلەر جايلىشىپ بولۇپ ئاشقان يەردە ئولتۇرۇش، سورۇنغا كېيىن كەلگەن كىشىلەر بوش جاي تېپىپ ئولتۇرۇش، ئەگەر باشقا ئورۇن بولمىسا، سورۇنغا بىرەر ئۆزرە بىلەن كېلەلمىگەن كىشىلەرنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇش.

2) ئۆزى ئولتۇرۇش ئۈچۈن باشقىلارنى ئورنىدىن قوپۇرىۋەتمەسلىك.



www.munber.org

**828 ـ ئەبۇ ئابدۇللاھ سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لاَ يَغْتَسِلُ رَجُلٌ يَوْمَ الجُمُعة وَيَتَطهّرُ ما اسْتَطاعَ منْ طُهر وَيدَّهنُ منْ دُهْنِهِ أَوْ يَمسُّ مِنْ طيب بَيْته ثُمَّ يَخْرُجُ فَلاَ يُفَرِّقُ بَيْنَ اثْنينْ ثُمَّ يُصَلّي ما كُتِبَ لهُ ثُمَّ يُنْصِتُ إِذَا تَكَلَّمَ الإمامُ إلا غُفِرَ لهُ ما بَيْنَهُ وَبَيْن الجمُعَةِ الأُخْرَى» «قانداق بىر كىشى جۈمە كۈنىدە غۇسلى قىلىپ پاكلىنىپ، ئۆزىنىڭ مايلىرى بىلەن مايلىنىپ ياكى ئۆيىدە بار خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىپ، ئاندىن مەسجىدكە كېلىپ ئىككى ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىپ ئولتۇرماي، ئۆزىگە بەلگىلەنگەن نامازنى ئوقۇپ، ئىمام خۇتبە ئوقۇغاندا جىم ئولتۇرسا، ئۇنىڭ ئىككى جۈمە ئارىلىقىدىكى گۇناھى مەغفىرەت قىلىنىدۇ».**

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) جۈمە كۈنى غۇسلى ـ تاھارەت ئېلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، بەزى ئالىملار جۈمە كۈنى غۇسلى ـ تاھارەت ئېلىشنى زۆرۈر دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ ئەڭ ئوبدان ۋاقتى تاڭ ئاتقاندىن باشلاپ، كۈن ئېگىلگەنگە قەدەر (جۈمە نامىزىدىن ئازراقلا ئىلگىرى) ئىكەنلىكى.

2) خۇش پۇراق نەرسىلەرنى ئىشلىتىش، توغرا كەلگەن يەردە ئولتۇرۇش، كىشىلەرنىڭ بېشىدىن ئاتلىماسلىق، ئولتۇرغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىۋەتمەسلىك.

3) خۇتبىدىن ئىلگىرى نەفلى ناماز ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، خۇتبىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاشنىڭ زۆرۈرلۈكى.

4) جۈمە نامىزىنى يۇقىرىقى ئەدەبلەر بىلەن ئادا قىلىشنىڭ يەنە بىر جۈمەگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئاللاھ تائالانىڭ ھەقلىرىگە ئالاقىدار كىچىك گۇناھلارغا كەففارەت بولىدىغانلىقى، چوڭ گۇناھلارنىڭ بولسا تەۋبىگە باغلىق ئىكەنلىكى، كىشىلەرنىڭ ھەققىگە ئالاقىدار ئىشلارنىڭ بولسا ئىگىسىنى رازى قىلىش ياكى ھەققىنى ئۇلارغا قايتۇرۇش بىلەن بولىدىغانلىقى.

**829 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ ئاتىسىدىن، ئاتىسى ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لايَحِلُّ لِرَجُل أن يُفَرِّقَ بَيْنَ اثْنيْنِ إلا بإذْنِهِمَا» «يېقىن ئولتۇرغان ئىككى كىشىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر ئادەمنىڭ كىرىپ ئولتۇرۇشى دۇرۇس ئەمەس».**

— ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: يۇقىرىقى ھەدىسلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىغا ئوخشاش، ئىككى كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىنى رۇخسەتسىز ئايرىۋېتىش ۋە ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇۋېلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، مەخپىي سۆزلىشىۋاتقان ئىككى ئادەمنىڭ سۆزىنى ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز ئاڭلىۋېلىشنىڭمۇ ئوخشاشلا دۇرۇس ئەمەسلىكى.

**830. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەلقە بولۇپ ئولتۇرغانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغۇچىغا لەنەت قىلدى.**

— ئەبۇ دۇۋاد رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئولتۇرغۇچىلاردىن ئاتالاپ ئۆتۈپ كېتىش ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇۋېلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى.

2) مۇسۇلمانلارنىڭ باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلىشى ۋە سورۇنلىرىغا دەخلى قىلماسلىقى ياكى خۇسۇسىي ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالماسلىقىنىڭ زۆرۈرلۈكى.

**831 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «خَيْرُ الْمَجَالِسِ أوْسَعُهَا» «سورۇننىڭ ياخشىسى، ئۇنىڭ ئازادە بولغىنىدۇر»، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان.** ـــ ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كەڭرەك جايدا سورۇن تۈزەشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى. بۇنىڭ ئولتۇرغۇچىلارغا ياخشىلىق، بەرىكەت ۋە راھەت بولىدىغانلىقى.

2) ئۆزئارا ئۆچ ـ ئاداۋەت، پېتىشماسلىقتا ئوخشاش سورۇننىڭ كۆڭۈلسىز بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەكلىكى.

**832 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ جَلَسَ فِي مَجْلس فَكَثُرَ فيهِ لَغطُهُ فقال قَبْلَ أنْ يَقُومَ منْ مجلْسه ذلك: سبْحانَك اللَّهُمّ وبِحَمْدكَ أَشْهدُ أنْ لا إله إلا أنْت أَسْتغْفِرك وَأتُوبُ إلَيْك؛ إلا غُفِرَ لَهُ ما كانَ في مجلسه ذلكَ» «كىمكى بىرەر سورۇندا ئولتۇرۇپ، ئۇ سورۇندا پايدىسىز سۆزنى كۆپ قىلغان بولسا، ئۇ سورۇندىن تۇرۇپ كېتىشتىن بۇرۇن: «ئى ئاللاھ! سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، سېنى مەدھىيىلەيمەن، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن، گۇناھلىرىمنى ئەپۇ قىلىشىڭنى سورايمەن، ساڭا تەۋبە قىلىمەن»، دېسە، ئۇنىڭ شۇ سورۇندىكى گۇناھى مەغفىرەت قىلىنىدۇ».** ـــ تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھەر قانداق سورۇن ئاخىرلاشقاندا بۇ دۇئا بىلەن دۇئا قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى ۋە بۇ دۇئانى ئوقۇشنىڭ سورۇندا ئۆتۈلۈپ قالغان گۇناھلارغا كەففارەت بولىدىغانلىقى.

2) ئالىملار بۇ يەردە دېيىلگەن گۇناھلارنى باشقا ھەدىسلەرگە ئاساسلىنىپ ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە ئالاقىدار كىچىك گۇناھلارغا قارىتىلغان، دەپ قارىدى.

**833 ـ ئەبۇ بەرزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا قاچانكى بىرەر سورۇندىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولسا، سۆزىنىڭ ئاخىرىدا: «سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ وبَحَمْدكَ أَشْهدُ أنْ لا إلهَ إلا أنْتَ أَسْتَغْفِرُكَ وأتُوبُ إلَيْكَ» «ئى ئاللاھ! سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، ساڭا ھەمدە ئېيتىمەن، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن، سەندىن مەغفىرەت تىلەيمەن، ساڭا تەۋبە قىلىمەن»، دەيتتى. بىر ئادەم: «ئى رەسۇلۇللاھ! سەن ئىلگىرى دېمەيدىغان سۆزلەرنى دەۋاتىسەنغۇ؟»، دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «ذلكَ كفَّارَةٌ لِمَا يَكُونُ في الْمجْلسِ» «بۇ سۆز سورۇندا ئۆتۈلگەن گۇناھلارغا كەففارەت بولىدۇ»، دېدى.**

www.munber.org

— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سورۇندا بىرەر خاتالىق سادىر قىلىپ قويغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇممەتلىرىگە تەلىم بېرىش ۋە كۆپ ساۋابقا ئېرىشىش يۈزىسىدىن بۇ دۇئا بىلەن دۇئا قىلىدىغانلىقى.

**834 - ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھنىڭ بىرەر سورۇندىن بۇ دۇئانى ئوقۇماي تۇرۇپ قالىدىغان ۋاقتى ئاز ئىدى:** «اللّهمَّ اقْسِم لَنَا مِنْ خَشْيَتِكَ ما تَحُولُ بِه بَيْنَنَا وبَيْنَ مَعْصِيَتِك، ومن طَاعَتِكَ ماتُبَلِّغُنَا بِه جَنَّتَكَ، ومِنَ اليَقِين ماتُهوِّنُ بِه عَلَيْنا مَصَائِبَ الدُّنيا. اللّهُمَّ مَتِّعْنا بأسْمَاعِنا، وأبْصَارنا، وقُوّتِنا ما أحييْتَنَا، واجْعَلْهُ الوَارِثَ منَّا، واجعَل ثَأرَنَا عَلى مَنْ ظَلَمَنَا، وانْصُرْنا عَلى مَنْ عادَانَا، ولا تَجْعلْ مُصيبَتَنا في دينَنا، ولا تَجْعلِ الدُّنْيَا أكبَرَ همِّنا ولا مبلغ عِلْمِنَا، ولا تُسَلِّط عَلَيْنَا مَنْ لا يَرْحَمُنَا» **«ئى ئاللاھ! بىزگە بىزنى سېنىڭ ئالدىڭدا گۇناھكار بولۇشتىن توسىدىغان قورقۇنچ ئاتا قىلغىن، بىزنى جەننىتىڭگە ئېرىشتۈرىدىغان تائەت - ئىبادىتىڭگە مۇيەسسەر قىلغىن، بىزگە دۇنيانىڭ بالايىئاپەتلىرىنى مەنسىتمەيدىغان ئىشەنچ ئاتا قىلغىن. مادامىكى جېنىمىزنى ئېسەن قىلىدىكەنسەن، بىزنى قۇلاقلىرىمىزدىن، كۆزلىرىمىزدىن ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىمىزدىن بەھرىمەن قىلغىن. ئۆمرىمىز بويىچە بىزنى شۇ ئىشەنچتىن ئايرىمىغىن. بىزگە زۇلۇم قىلغانلاردىن ئۆچىمىزنى ئالىدىغان قىلغىن، دۈشمەنلىرىمىزگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن، بېشىمىزغا كېلىدىغان پېشكەللىكنى دىنى جەھەتتە كەلتۈرمىگىن. دۇنيانى ئەڭ چوڭ غېمىمىز ۋە بىلىمىمىزنىڭ چېكى قىلمىغىن، سەندىن قورقمايدىغان، بىزگە رەھىم قىلمايدىغان ئادەمنى گۇناھلىرىمىز تۈپەيلىدىن بىزگە مۇسەللەت قىلمىغىن».**

— تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) سورۇندىن تۇرغان ۋاقىتتا دۇنيا - ئاخىرەتلىك مەنپەئەت ئۈچۈن دۇئا قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، چۈنكى دۇئا ئىبادەتنىڭ يىلىكى، ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالاغا قۇلچىلىق قىلىشى ئۇنىڭغا ھەر دائىم پەرزلىق خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكى.

2) ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن ئۆمۈر بويى سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ ساغلام بولۇشىغا ھېرىسمەن بولۇش، ئاللاھ تائالادىن زالىم دۈشمەنلەر ئۈستىدىن نۇسرەت ئاتا قىلىشنى تىلەش.

3) دىنىدىكى پېشكەللىكنىڭ دۇنيا - ئاخىرەتلىك بەختسىزلىككە سەۋەب بولىدىغان ئەڭ چوڭ پېشكەللىك ئىكەنلىكى.

**835 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «مَا مِنْ قَوْمٍ يَقومونَ منْ مَجْلسٍ لا يَذكُرُون الله تعالى فيه إلا قَاموا عَنْ مِثلِ جيفَةِ حِمَارٍ وكانَ لَهُمْ حَسْرَةً» **«قانداقلا بىر قەۋم بىرەر سورۇندىن ئاللاھ تائالانى ياد ئەتمەي تۇرۇپ كەتسە، خۇددى ئېشەكنىڭ ئۆلۈكىنىڭ ئۈستىدىن تۇرۇپ كەتكەندەك بولىدۇ، ئۇ سورۇن ئۇلار ئۈچۈن ھەسرەت بولىدۇ».** — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ھەدىستىكى ئادەمنىڭ تېنى شۇركۇنگۇدەك تەسۋىر ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ زىكرىدىن غەپلەتتە قېلىشتەك يامان قىلمىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش، چۈنكى ئاللاھ تائالادىن غاپىل بولۇش قەلب كېسەللىكلىرىنىڭ ئەڭ چوڭى ھېسابلىنىدىغانلىقى، گۇناھلارنىڭ تولىسى غاپىللىقتىن بولىدىغانلىقى.

**836 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «مَا جَلَسَ قَومٌ مَجْلِساً لم يَذْكرُوا الله تَعَالَى فيه ولَم يُصُّلوا على نَبِيِّهم فيه إلاَّ كانَ عَلَيّهمْ تِرةٌ، فإِنْ شاءَ عَذَّبَهُم، وإنْ شَاءَ غَفَرَ لَهُم» **«قانداق بىر قەۋم بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ ئۇ سورۇندا ئاللاھ تائالانى ياد ئەتمىسە، ماڭا دۇرۇد ئېيتمىسا، ئۇ سورۇن ئۇلار ئۈچۈن ۋابال بولىدۇ. ئاللاھ تائالا خالىسا ئۇلارنى ئازابلايدۇ، خالىسا مەغفىرەت قىلىدۇ».**

— ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ھەر قانداق سورۇندا ئاللاھ تائالانى ئەسلەشنىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى، بۇنى تەرك ئەتكەنلەر بولسا ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقى، بىر قىسىم ئالىملار ئاللاھ تائالانى ئەسلىمەسلىك ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتماسلىقنى مەكرۇھ سانىغان. بۇ ھەدىسنىڭ زاھىرى بولسا، ئۇنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئىپادىلەيدۇ.

**837 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «مَنْ قعَدَ مَقْعَداً لم يَذْكُرِ الله تعالى فِيهِ كَانَت عليه مِنَ الله ترَة، وَمَن اضطجَعَ مُضْطَجَعاً لايَذْكرُ الله تعالى فيه كَانَتْ عَلَيْه مِنَ الله تِرَةٌ» **«كىمكى ئولتۇرغان بىرەر سورۇندا ئاللاھ تائالانى ياد ئەتمىسە، ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالادىن ۋاباللىق يېتىپ قالىدۇ، كىمكى بىرەر يەردە يېتىپ ئۇ يەردە ئاللاھ تائالانى ياد ئەتمىسە، ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالادىن ۋاباللىق يېتىپ قالىدۇ».**

— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسىغا ئوخشاش، مۇسۇلمان ھەر دائىم ئاللاھ تائالاغا باغلىنىپ تۇرۇشى ئۈچۈن، ھەر قانداق ئورۇن ۋە سورۇندا (ھەتتا ياتقاندىمۇ) ئاللاھ تائالانى ئەسلەشنىڭ زۆرۈرلۈكى.

## 130. باب چۈش ۋە چۈشكە ئالاقىدار ئىشلار توغرىسىدا

**ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:** ﴿وَمِنْ آيَاتِهِ مَنَامُكُم بِاللَّيْلِ وَالنَّهَارِ وَابْتِغَاؤُكُمْ مِنْ فَضْلِهِ﴾ **﴿سىلەرنىڭ كېچىسى ۋە كۈندۈزى ئۇخلىشىڭلار، (كۈندۈزى) ئاللاھ تائالانىڭ مەرھەمىتىدىن (رىزىق) تەلەپ قىلىشىڭلار (ھەرىكەتلىنىشىڭلار)، ئاللاھ تائالانىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر﴾.** («قۇرئان كەرىم» سۈرە رۇم 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

**838 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، دەيدۇ:** «لم يَبْقَ مِنَ النُبُوَّة إلا



www.munber.org

المُبَشِّراتُ» «پەيغەمبەرلىكتىن پەقەت بىشارەتلا قالدى». ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىشارەت دېگەن نىمە؟ »، دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الُّرؤْيَا الصَّالِحَةُ» «ياخشى چۈش»، دېدى.

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) چۈشنىڭ ھەق ئىكەنلىكى، ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىنلەرگە چۈش ئارقىلىق كەلگۈسىدىكى ياخشى ـ يامان ئىشلاردىن بىشارەت بېرىدىغانلىقى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھېچقانداق ئادەمگە ۋەھيىنىڭ نازىل بولمايدىغانلىقى.

**839 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إِذَا اقتَربَ الزَّمَانُ لَمْ تَكَدْ رُؤْيَا الُمؤْمن تَكذبُ، وَرُؤْيَا الُمؤْمِنِ جُزْءٌ مِنْ ستَّةٍ وَأَرْبَعِينَ جُزْءًا مِنَ النُبُوةِ» **«زامان ئاخىر يېقىنلاشقاندا مۇئمىننىڭ كۆرگەن چۈشى ئاسانلىقچە يالغان چىقمايدۇ. مۇئمىننىڭ چۈشى پەيغەمبەرلىكنىڭ 46 ھەسسىسىدىن بىر ھەسسىدۇر».**

**يەنە بىر رىۋايەتتە:** «أَصْدَقُكُم رُؤْيَا : أَصْدُقكم حَديثاً» **«ئاراڭلاردىكى چۈشى راست چىقىدىغانلار سىلەرنىڭ راست سۆزلەيدىغانلىرىڭلاردۇر»، دېيىلگەن.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) زامان پىتنە ـ پاسات بىلەن تولغاندا، ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىنگە بەزى ھەقىقەتلەرنى كۆرسىتىش ئارقىلىق تەسەللى بېرىپ، كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزىدىغانلىقى.

2) چۈش كۆرگۈچى راستچىل بولسا، ئۇنىڭ كۆرگەن چۈشىنىڭمۇ راستلىق دەرىجىسى ئاشىدىغانلىقى. مۇھەللەب شۇنداق ئېيتىدۇ: « پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ھەق، مۇئمىنلەرنىڭ قەلبىگە شەيتان ئورۇن تۇتالمىغاچقا، ئۇلارنىڭ چۈشى تولا ھاللاردا راست چىقىدۇ. پاسىقلارنىڭ دىللىرىنى شەيتان ئىگىلىۋالغاچقا، ئۇلارنىڭ چۈشلىرى يالغان چىقىدۇ ».

**840. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «مَنْ رآني في المَنَامِ فَسَيَرَاني في اَليَقَظَةِ أَوْ كأَنَّمَا رآني في اليَقَظَةِ لايَتَمثَّلُ الشَّيْطانُ بي» **«مېنى چۈشىدە كۆرگەن ئادەم ئويغاقلىقتا كۆرىدۇ ياكى مېنى گويا ئويغاقلىقتا كۆرگەندەك بولىدۇ. شەيتان مېنىڭ شەكلىمگە كىرەلمەيدۇ».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) چۈشىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن كىشى قىيامەت كۈنى ئۇنى كۆرىدىغانلىقى ۋە بۇنىڭ چۈش كۆرگۈچىگە خۇش بىشارەت ئىكەنلىكى ياكى چۈشىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن كىشىنىڭ خۇددى ئويغاق ھالەتتە ئۇنى كۆرگەندەك بولىدىغانلىقى ۋە بۇنىڭ چۈش كۆرگۈچىنىڭ ئەزىز ئىكەنلىكىدىن بىشارەت ئىكەنلىكى، پەيغەمبەر



www.munber.org

ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇھەببەتى بار ۋە ئۇنىڭ سۈننەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىدىغان كىشىلەرنىڭلا چۈشىدە ئايان بولىدىغانلىقى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چۈشەش، ھەرگىزمۇ مەنىسى يوق قالايمىقان چۈشلەر جۈملىسىدىن ئەمەس ئىكەنلىكى، چۈنكى شەيتاننىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەكلىگە كىرەلمەيدىغانلىقى، سەھىھ ھەدىسلەرگە ئاساسلانغاندا شەيتاننىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەكلىگە كىرەلمەيدىغانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**841 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:** «إذا رَأى أحدُكُم رُؤْيَا يُحِبُّهَا فَإنَّما هي من الله تعالى فَلْيَحْمَدِ الله عَلَيهَا وَلْيُحُدِّثْ بِها وفي رواية: فَلا يُحَدِّثْ بَها إلا مَنْ يُحِبُّ وَإذا رأى غَيرَ ذَلك مما يَكرَهُ فإنَّما هي منَ الشَّيْطانِ فَلْيَسْتَعِذْ منْ شَرِّهَا وَلا يَذكُرها لأحد فإنها لا تضُره» **«قاچانكى بىرەرسىڭلار ياخشى چۈش كۆرسە، شەكسىز ئۇ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بولغان بولىدۇ. ئۇ كىشى ئاللاھ تائالاغا ھەمد ئېيتسۇن ھەمدە بىرەرسىگە سۆزلىمەكچى بولسا سۆزلىسۇن».**

**يەنە بىر رىۋايەتتە:** «فَلا يُحَدِّثْ بَها إلا مَنْ يُحِبُّ وَإذا رأى غَيرَ ذَلك مما يَكرَهُ فإنَّما هي منَ الشَّيْطانِ فَلْيَسْتَعِذْ منْ شَرِّهَا وَلا يَذكُرها لأحد فإنها لا تضُره» **«ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىگە سۆزلىسۇن، قاچانكى يامان چۈش كۆرسە، شەكسىزكى، ئۇ شەيتان تەرىپىدىن بولغان بولىدۇ. ئۇنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلىسۇن، ھېچ كىشىگە ئۇنى سۆزلىمىسۇن، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ چۈش ئۇ ئادەمگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ»، دېيىلگەن.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كىمكى ياخشى چۈش كۆرسە، ئۇنى ئاللاھ تائالادىن كۆرسۇن ۋە بۇ ياخشى چۈشكە بىنائەن ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتسۇن. ياخشى چۈشنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىشنىڭ زىيىنى يوق، چۈنكى ياخشى چۈش كىشىگە ئۈمىد بېغىشلايدۇ. ئۈمىدۋار بولۇش توغرا ئىش.

2) كىمكى يامان چۈش كۆرسە، ئۇنى شەيتاندىن كۆرسۇن، يامان چۈش كۆپىنچە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن بولىدۇ. يامان چۈشنى باشقىلارغا سۆزلەپ بەرمىسۇن، چۈنكى يامان چۈش كىشىدە ئۈمىدسىزلىكنى پەيدا قىلىدۇ. ئۈمىدسىزلىك ياخشى ئەمەس. ئۇ كىشى ئاللاھ تائالاغا تايانسۇن ۋە پاناھ تىلىسۇن. بۇ چاغدا يامان چۈش ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

**842 ـ ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «الرّؤيا الصَّالَحِةُ وفي رواية الرُّؤيَا الحَسَنَةُ منَ الله، والحُلُم مِنَ الشَّيْطَان، فَمَن رَأى شَيْئاً يَكرَهُهُ فَلْيَنْفُثْ عَن شِمَاله ثَلاَثاً، ولْيَتَعَوَّذْ مِنَ الشَّيْطان فَإنَّها لا تَضُرُّهُ» **«توغرا چۈش (يەنە بىر رىۋايەتتە ياخشى چۈش) ئاللاھ تائالا تەرىپىدىندۇر. يامان چۈش شەيتاندىندۇر. كىمكى يامان چۈش كۆرسە، سول تەرىپىگە ئۈچ قېتىم سۈف دەۋەتسۇن، شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلىسۇن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ چۈش زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: يامان چۈش كۆرگەن ۋاقىتتا سول تەرىپىگە ئۈچ قېتىم سۈف دېيىشنىڭ ۋە شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى. بۇنداق قىلىشنىڭ شەيتانى قوغلىغانلىق ۋە ئۇنىڭغا ھاقارەت قىلغانلىق بولىدىغانلىقى، يامان چۈشكە پەرۋا قىلماسلىق، يامان چۈشنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىزنىسىز زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقى.

**843 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إذَا رَأى أَحَدُكُم الرُّؤيا يَكْرَهُها فلْيبصُقْ عَن يَسَارِهِ ثَلاَثاً، ولْيَسْتَعِذْ باللهِ مِنَ الشَّيَطانِ ثَلاثاً، وليَتَحوَّل عَنْ جَنْبِهِ الذي كان عليه» **«قاچانكى سىلەردىن بىرەرسى يامان چۈش كۆرۈپ قالسا، سول تەرىپىگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرسۇن، ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ شەيتاننىڭ يامانلىق قىلىشىدىن ئۈچ قېتىم پاناھلىق تىلىسۇن، بىسىپ ياتقان تەرىپىدىن يەنە بىر تەرىپىگە ئۆرۈلۈۋالسۇن».** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: يامان چۈشنىڭ ياخشى چۈشكە ئۆزگىرىشى ئۈچۈن يامان چۈش كۆرگەندە بىسىپ ياتقان تەرىپىدىن ئۆرۈلۈش، سول تەرىپىگە تۈكۈرۈشكە ۋە « سۈف »، دېيىشكە بۇيرۇش شەيتاننىڭ يۈنىلىشىنى بىلدۈرۈپ قويۇشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى.

**844 ـ ئەبۇ ئەسقەئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إنَّ من أعظَم الفِرَى أن يَدَّعِي الرَّجُلُ إلى غَيْرِ أبيه، أوْ يُرِي عَيْنَهُ مَالم تَرَ، أوْ يقولَ على رسول الله صَلّى اللهُ عَلَيْهِ وسَلَّم مَا لَمْ يَقُلْ» **«ئەڭ چوڭ يالغانچىلىق بىر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ دادىسىنى قويۇپ باشقا بىرىنى دادام دەپ دەۋا قىلىشى ياكى كۆزى كۆرمىگەننى كۆردۈم دېيىشى (يالغان چۈش بايان قىلىشى) ياكى رەسۇلۇللاھ دېمىگەن سۆزنى رەسۇلۇللاھ دېگەن، دەپ رىۋايەت قىلىشىدۇر».** — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئۆز دادىسىدىن باشقا ئادەمنى دادام دەپ دەۋا قىلىشنىڭ چوڭ گۇناھقا كىرىدىغانلىقى، چۈنكى بۇنداق قىلىشنىڭ نەسەپلەرنى يوققا چىقارغانلىق ۋە ئەسلىدە يوق ئىشلارنى نەسەپكە ئارىلاشتۇرۇپ قويغانلىق بولىدىغانلىقى ۋە بۇنىڭ شەرىئەتتىكى كۆپلىگەن چەكلەنگەن ئىشلارغا سەۋەبچى بولۇپ قالىدىغانلىقى.

2) چۈش توغرۇلۇق يالغان سۆزلەشنىڭمۇ چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە چۈشىدە كۆرسەتمىگەن نەرسىنى « مەن چۈشۈمدە كۆردۈم »، دېيىشنىڭ ئاللاھ تائالا توغرىلىق يالغان ئېيتقانلىق بولىدىغانلىقى. بۇنىڭ ئويغاق ھالەتتە يالغان سۆزلەشكە ئوخشىمايدىغانلىقى، ئويغاق ھالەتتە يالغان ئېيتىش بەندىگە يالغان ئېيتقانلىق بولۇپ، بۇنىڭ ھارام ئىكەنلىكى، لېكىن بۇنىڭ ئاللاھ تائالا توغرىلىق يالغان ئېيتىشتىن (گۇناھ جەھەتتىن) يەڭگىل تۇرىدىغانلىقى.

3) «چۈشۈمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆردۈم»، دەپ يالغان ئېيتىشنىڭمۇ چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدىغانلىقى ۋە بۇ يالغاننىڭ كىشىلەرنى دىندا قايمۇقتۇرۇشقا سەۋەب بولىدىغانلىقى.

www.munber.org

## 131. باب سالام قىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە سالامنى ئومۇملاشتۇرۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَدْخُلُوا بُيُوتًا غَيْرَ بُيُوتِكُمْ حَتَّى تَسْتَأْنِسُوا وَتُسَلِّمُوا عَلَى أَهْلِهَا﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىشكە) ئىجازەت سورىمىغۇچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگۈچە كىرمەڭلار﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە نۇر 27 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿فَإِذَا دَخَلْتُم بُيُوتًا فَسَلِّمُوا عَلَى أَنفُسِكُمْ تَحِيَّةً مِّنْ عِندِ اللَّهِ مُبَارَكَةً طَيِّبَةً﴾ ﴿سىلەر ئۆيلەرگە كىرگەن چېغىڭلاردا ئۆزۈڭلارغا (يەنى ئۆيدىكى كىشىلەرگە) ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن مۇبارەك، پاك سالامنى بېرىڭلار (يەنى، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەڭلار)﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە نۇر 61 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِذَا حُيِّيْتُم بِتَحِيَّةٍ فَحَيُّواْ بِأَحْسَنَ مِنْهَا أَوْ رُدُّوهَا﴾ ﴿سىلەرگە بىر كىشى سالام بەرسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭلار، (يەنى بىر كىشى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەپ سالام بەرسە، ئۇنىڭغا ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ۋەرەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ دەڭلار) ياكى ئۇنىڭ سالىمىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار (يەنى ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام دەڭلار)﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە نىسا 86 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿هَلْ أَتَاكَ حَدِيثُ ضَيْفِ إِبْرَاهِيمَ الْمُكْرَمِينَ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ساڭا ئىبراھىمنىڭ ھۆرمەتلىك مېھمانلىرىنىڭ خەۋىرى يەتتىمۇ؟﴾ (« قۇرئان كەرىم » سۈرە زارىيات 24 ـ ئايەت)

**845 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: « ئىسلامدىكى ياخشى خىسلەتلەر قايسى؟ »، دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:** «تُطْعِمُ الطَّعَامَ ، وَتَقْرأُ السَّلام عَلَى مَنْ عَرِفَتَ وَمَنْ لَمْ تَعْرِفْ» **« كىشىلەرگە تائام بېرىشىڭ، تونۇغان ۋە تونۇمىغان كىشىلەرگە سالام بېرىشىڭ »، دەپ جاۋاب بەردى.**

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پېقىر ـ مىسكىنلەرگە تاماق بېرىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، چۈنكى بۇنداق قىلىشنىڭ دىللارنى بىرلەشتۈرۈپ، مۇھەببەتنى زىيادە قىلىدىغانلىقى ۋە بۇنىڭ سېخىلىقنىڭ دەلىلى ئىكەنلىكى.

2) تونۇيدىغان ۋە تونۇمايدىغان كىشىلەرگە سالام قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، يالغۇز بىر ئادەمنىڭ سالام بېرىشىگە توغرا كەلگەندە، سالام بېرىشنىڭ سۈننىتى مۇئەككەدە بولىدىغانلىقى. جامائەتنىڭ سالام بېرىشىگە توغرا كەلگەندە، ئارىدىن بىر ئادەم سالام بەرسە، قالغانلارغا كۇپايە

www.munber.org

بولىدىغانلىقى، يالغۇز ئادەم سالام قايتۇرۇشقا توغرا كەلگەندە سالام قايتۇرۇشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكى، ئالدى بىلەن سالام بېرىشنىڭ سالامنى قايتۇرغانغا قارىغاندا ئەۋزەل، سالام قىلىش بىلەن پېقىر ـ مىسكىنلەرگە تاماق بېرىش مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا مۇھەببەتكە سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن بولغانلىقتىن بۇ ئىككىسىنىڭ بىر ئورۇندا تىلغا ئېلىنغانلىقى.

3) « ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن، مەرھابا، ياخشىمۇسىز، قانداق ئەھۋالىڭىز » دېگەندەك سۆزلەرنىڭ « ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم » دېگەن سالامنىڭ ئورنىنى باسالمايدىغانلىقى.

**846 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «لما خَلَقَ الله آدم صَلّى اللهُ عَلَيْهِ وسَلَّم قال: اذْهَبْ فَسَلِّمْ عَلَى أُولِئِكَ نَفَرٍ مِنَ المَلاَئكة جُلُوسٌ فاسْتمعْ ايُحَيُّونَكَ فَإِنَّها تَحيَّتُكَ وَتَحِيَّةُ ذُرِّيَّتِك. فقال: السَّلام عَلَيْكُمْ، فقالوا: السَّلامُ عَلَيْكَ وَرَحْمَةُ الله، فَزادُوهُ: وَرَحْمَةُ الله» **«ئاللاھ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقان چاغدا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا: ‹ئاۋۇ ئولتۇرغان پەرىشتىلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بەرگىن، ئاندىن ئۇلارنىڭ ساڭا قايتۇرغان سالامغا قۇلاق سالغىن، بۇ سېنىڭ ۋە ئەۋلادلىرىڭنىڭ سالىمى بولۇپ قالىدۇ›، دېدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام: ‹ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم›، دەپ سالام بەردى. پەرىشتىلەر: ‹ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ›، دەپ ‹رەھمەتۇللاھ›نى قوشۇپ قويدى».** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: « ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم »، دېگەن سۆز بىلەن سالام قىلىشنى ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقان ۋاقىتتىن باشلاپلا بەندىلەرگە قىلىشقا تېگىشلىك ئىش قىلىپ بېكىتكەنلىكى، سالامنى ئۆز پېتى ئەمەس، قوشۇپ قايتۇرۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

**847 ـ بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى يەتتە ئىشقا بۇيرۇدى:** «بِعَيادَةِ الَمرِيضِ. وَاتِّباعِ الجَنائز، وَتشْميت العَاطس، ونصرِ الضَّعِيف، وَعَوْنِ المظلوم، وإفْشاءِ السَّلام، وإبرارِ المقسم» **« بىرىنچى، كېسەل يوقلاشقا؛ ئىككىنچى، جىنازىغا ئەگىشىپ قەبرىستانلىققا بېرىشقا؛ ئۈچىنچى، كىشى** «اَلْحَمْدُ لِلهِ» **( ھەمدۇسانا ئاللاھ ئۈچۈندۇر ) دېسە، ئاڭلىغۇچى** «يَرْحَمُكَ اللهُ» **( ئاللاھ ساڭا رەھىم قىلسۇن ) دېيىشكە؛ تۆتىنچى، ئاجىزلارغا يار ـ يۆلەك بولۇشقا؛ بەشىنچى، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارغا ياردەم بېرىشكە؛ ئالتىنچى، سالامنى ئومۇملاشتۇرۇشقا؛ يەتتىنچى، قەسەم قىلغۇچىنىڭ قەسىمىنى ئورۇنلىشىغا ياردەم بېرىشكە ( گۇناھ ئىشلارنى قىلىشقا قەسەم ئىچمىگەنلا بولسا ) ».** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بۇ خىل ئىسلامى ئەدەب ـ ئەخلاقنى تەرغىب قىلىش.

2) بۇ خىل ئىسلامى ئەدەب ـ ئەخلاقلارنىڭ مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىق رىشتىسىنى كۈچەيتىدىغانلىقى، دىللارنى بىرلەشتۈرۈپ، مېھىر ـ مۇھەببەتكە ئېرىشتۈرىدىغانلىقى ۋە تىنچلىق ـ خاتىرجەملىك تارقىتىدىغانلىقى.

www.munber.org

**848** ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا تَدْخُلُوا الجَنَّةَ حَتَّى تُؤْمِنُوا وَلا تُؤمِنوا حَتى تَحَابُّوا، أَوَلا أَدُلُّكُمْ عَلَى شَيءٍ إذا فَعَلْتُمُوهُ تَحابَبْتُم؟ أَفْشُوا السَّلام بَيْنَكُم» «سىلەر مۇئمىن بولمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، بىر ـ بىرىڭلارنى ياخشى كۆرمىگۈچىلىك مۇئمىن بولالمايسىلەر، سىلەرنى ئۇنى قىلساڭلار بىر ـ بىرىڭلارنى ياخشى كۆرىدىغان بىر ئىشقا دالالەت قىلايمۇ؟ سىلەر ئاراڭلاردا سالامنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار». —— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: جەننەتكە كىرىشنىڭ پەقەت كامالى ئىمان بىلەن بولىدىغانلىقى، ئىماننىڭ پەقەت مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت بىلەن كامال تاپىدىغانلىقى، مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنىڭ سالامنى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقى.

**849** ـ ئەبۇ يۇسۇف ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «يَا أَيُّهَا النّاسُ أَفْشُوا السَّلام، وَأَطْعِمُوا الطْعَامَ، وَصِلُوا الأُرحامَ، وَصَلُّوا والنَّاس نيامٌ، تَدْخُلوا الجَنَّة بسلام» «ئى ئىنسانلار! سالامنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار، كىشىلەرگە ئاش ـ نان بېرىڭلار، سىلە ـ رەھىم قىلىڭلار، كىشىلەر ئۇخلاۋاتقاندا سىلەر ناماز ئوقۇڭلار، شۇنداق قىلساڭلار جەننەتكە ئامان ـ ئېسەن كىرەلەيسىلەر». —— ترمىزى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇ خىسلەتلەرنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ جەننەتكە كىرىشكە ئېلىپ بارىدىغانلىقى.

**850**. تۇفەيل ئىبنى ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئەتىگەندە بازارغا باراتتى. تۇفەيل مۇنداق دەيدۇ: «بىز بازارغا كەلگەندە ئابدۇللاھ مەيلى كونا ماللارنى ساتقۇچى، مەيلى كەسپى سودىگەر، مەيلى مىسكىن، مەيلى باشقا كىشى بولسۇن، ھەممە ئادەمگە سالام بېرەتتى. بىر كۈنى ئابدۇللاھنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ مەن بىلەن بازارغا ماڭدى. مەن ئۇنىڭغا: «بازاردا نىمە قىلىسەن؟ يا بىرەر سودا قىلمايسەن، يا مال باھاسىنى سورىمايسەن، يا مالغا خېرىدار بولمايسەن، يا بازاردىكى بىرەر سورۇندا ئولتۇرمايسەن، بۇ جايدا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشايلى»، دېدىم. ئۇ: «ھەي يوغان قورساق (تۇفەيل قورساقلىق ئادەم ئىدى.)، شۇبھىسىزكى، بىز بازارغا ئۇچرىغانلىكى كىشى بىلەن سالاملىشىۋېلىش ئۈچۈن بارىمىز»، دېدى.

—— ئىمام مالىك رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: **1**) ئەگەر يولدا بىرەر گۇناھ سادىر قىلىپ قويۇشتىن ئەمىن بولالىسا كىشىلەرگە سالام بېرىش ئۈچۈن —— ھېچقانداق ئېھتىياجى بولمىسىمۇ —— سورۇنلارغا بېرىشنىڭ جائىز ئىكەنلىكى، ئەگەر بىرەر گۇناھ سادىر قىلىپ قويۇشتىن قورقسا، ئۆيدە ئولتۇرغىنى ئەۋزەل بولىدىغانلىقى.

2) ئۇچراشقان كىشىلەر كۆپ بولسىمۇ ھەممىسىگە سالام قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

3) دوستى رازى بولغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇنىڭدىكى بەزىبىر ئىشلارنى مەسخىرە قىلىپ كەمسىتىش بىلەن ئەمەس، بەلكى چاقچاق قىلىش مەنىسىدە ئېيتىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

## 132. باب سالام بېرىش رەۋىشى توغرىسىدا

سالام بېرىدىغان كىشى بىر بولسىمۇ، سالام بەرگۈچىنىڭ كۆپلۈك ئىبارىسىنى قوللىنىپ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ»، دېيىشى ۋە سالام قايتۇرغۇچىنىڭمۇ: «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ»، دەپ جاۋاب قايتۇرۇشى ياخشىدۇر.

851 - ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا سالام قايتۇردى. ئاندىن ئۇ ئادەم ئولتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «عَشْرٌ» «ئون ساۋاب»، دېدى. يەنە بىر كىشى كېلىپ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇردى. ئاندىن ئۇ ئادەم ئولتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «عِشْرون» «يىگىرمە ساۋاب»، دېدى. ئاندىن يەنە بىر ئادەم كېلىپ: « ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ »، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سالام قايتۇردى. ئاندىن ئۇ ئادەم ئولتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ثَلاثُونَ» « ئوتتۇز ساۋاب »، دېدى.

ـــ ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ساۋابنىڭ سالامنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن ئېشىپ بارىدىغانلىقى، « ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم »، دېسە، بىردىن ئون ھەسسىگىچە ساۋاب بولىدىغانلىقى، « ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى »، دېسە، ئىككىدىن يىگىرمە ھەسسىگىچە ساۋاب بولىدىغانلىقى، « ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ »، دېسە، ئۈچتىن ئوتتۇز ھەسسىگىچە ساۋاب بولىدىغانلىقى.

852 - ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «هذا جِبريلُ يَقرأُ عَلَيْكِ السَّلَامَ» «جىبرىئىل ساڭا سالام ئېيتتى»، دېۋىدى، مەن: «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ»، دېدىم.

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىش، پەرىشتىلەرنىڭ ئىنسانلارغا سالام بېرىدىغانلىقى، يىراقتىكى ئادەمگە سالام ئېيتىپ قويۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى ۋە بۇ خىل سالامنى قايتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى.



www.munber.org

**853** ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر سۆز قىلسا، چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن سۆزىنى ئۈچ قېتىم تەكرارلايتتى. كىشىلەرنىڭ قېشىغا كېلىپ سالام بەرسە، سالامنى ئۈچ قېتىم تەكرارلايتتى.

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىغا تولىمۇ مېھرىبان ئىكەنلىكى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايلىق سۆز قىلىدىغانلىقى.

2) گەرچە كۆپچىلىكنىڭ بىر قىسمى ئاڭلىسا سالامدىن ئىبارەت بۇ سۈننەت ئادا بولسىمۇ، كۆپچىلىك بىرىنچى قېتىملىق سالامنى ئاڭلىيالمايدىغان دەرىجىدە كۆپ بولسا، قايتىلاپ سالام قىلىشنىڭ جائىز ئىكەنلىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ كۆڭلىگە سالامدىن ئىبارەت بۇ سۈننەتنى قايتىدىن سىلىپ قويۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغانلىقى.

**854** ـ مىقداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ ئۇزۇن ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن: «بىز سۈت ساغقاندا رەسۇلۇللاھنىڭ نېسىۋىسىنى ئېلىپ قوياتتۇق، رەسۇلۇللاھ كېچىلىرى كېلىپ ئۇخلاپ قالغانلار ئويغانمىغۇدەك، ئويغاقلار ئاڭلىغۇدەك ئاۋاز بىلەن سالام قىلاتتى. بۈگۈنمۇ رەسۇلۇللاھ كېلىپ ئىلگىرىكىدەكلا سالام بەردى».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئۇخلاۋاتقان كىشىلەرگە سالام قىلىشنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكى، لېكىن ئاۋازىنى ئۇخلاۋاتقانلارنى ئويغاتقۇدەك دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرمەسلىكى، شۇنداقلا ئويغاقلار ئاڭلىيالمىغۇدەك دەرىجىدە تۆۋەنمۇ قىلماسلىقنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكى.

**855** ـ ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدكە كىرىپ ئۆتۈپتۇ، ئولتۇرغان ئاياللارغا قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ سالام بەردى (بۇ ئىشارەت چوقۇم ئاغزاكى سالام بىلەن بىللە بولغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئەبۇ داۋۇدتىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئىشارەت بىلەن ئاغزاكى سالام بىرلىكتە ئىكەنلىكى ئېيتىلغان).

— تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) يىراق جايدىكى كىشىلەرگە سالام قىلغان ۋاقىتتا سالام سۆزىنى دېيىش بىلەن بىللە قولى بىلەن ئىشارەت قىلىشنىڭ جائىز ئىكەنلىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشارەت بىلەنلا سالام قىلىشتىن نەھيى قىلغانلىق ھەدىسىگە بىنائەن سالامدا ئىشارەت بىلەنلا چەكلىنىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى ۋە ئىشارەت بىلەنلا سالام قىلىشنىڭ غەيرىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىتىدىن ئىكەنلىكى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پىتنىدىن ساقلىنالايدىغانلىقى ئۈچۈن ئاياللارغا سالام قىلغانلىقى، باشقا كىشىلەرنىڭ پىتنىدىن ساقلىنالىسا، ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالىسا ئاياللارغا سالام قىلسا بولىدىغانلىقى، ئەگەر ئۇنداق قىلالمىسا، سالام قىلماي سۈكۈت قىلىشنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكى.



www.munber.org

856 - ئەبۇ جۇرەييە ھۇجەيمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئەلەيكەسسالام ئى رەسۇلۇللاھ»، دېسەم، رەسۇلۇللاھ: «لاتَقُلْ عَلَيْكَ السَّلامُ، فإن عَلَيْكَ السّلامُ تَحِيَّةُ الموتى» «ئەلەيكەسسالام دېمە، ئەلەيكەسسالام دېگەن ئۆلۈكلەرگە قىلىنىدىغان سالام»، دېدى.

—— ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

## 133. باب سالاملىشىشنىڭ ئەدەب - قائىدىلىرى توغرىسىدا

857 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يُسَلِّمُ الرَّاكِبُ عَلَى الْمَاشِي، وَالْماشي عَلَى القَاعِدِ، والقليلُ على الكَثِيرِ» «كىچىكلەر چوڭلارغا، ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار ئولتۇرۇۋاتقانلارغا، ئۇلاغلىق ئادەم پىيادە ماڭغۇچى ئادەمگە، ئاز سانلىق كۆپ سانلىققا سالام قىلىشى كېرەك». (بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدە «والصغيرُ على الْكَبِيرِ» «كىچىك چوڭغا»، دېيىلگەن.

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بويىچە سالام قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى ۋە بۇنىڭدىكى ھېكمەتنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئىكەنلىكى:

2) مېڭىۋاتقان ئادەم ئۆيگە كىرگەن ئادەمگە ئوخشىتىلىپ، ئۇنىڭ ئاۋۋال سالام قىلىشى ھەقلىق دەپ قارالدى.

3) كىچىكلەر بولسا چوڭلارنى ھۆرمەتلەشكە ۋە ئۇلار ئالدىدا كەمتەر بولۇشقا بۇيرۇلغان.

4) ئۇلاغقا مىنگۈچى بولسا، ئۇزىنىڭ ئۇلاغقا مىنگەنلىكى بىلەن گىدىيىۋالماسلىقى ئۈچۈن، ئاز سانلىق بولسا كۆپ سانلىقنىڭ ھەققىگە ھۆرمەت قىلىش ئۈچۈن ئاۋۋال سالام قىلىدىغانلىقى، چۈنكى كۆپ سانلىقنىڭ ھەققىنىڭ چوڭ بولىدىغانلىقى، ئىسلامدىكى سالام ئەدەبلىرىنىڭ يۇقىرىقىدەك بولىدىغانلىقى.

858 - ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إنَّ أَوْلَىَ النَّاس بالله مَنْ بَدأهم بالسَّلاَمِ» «كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىن ئادەم كىشىلەرگە ھەممىدىن ئاۋۋال سالام قىلىدىغان ئادەمدۇر».

—— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

تىرمىزىينىڭ ئەبۇ ئۇمامەدىن قىلغان يەنە بىر رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئىككى ئادەم ئۇچرىشىپ قالغاندا قايسىسى بۇرۇن سالام قىلىدۇ؟»، دېيىلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «أَوْلاهُمَا بالله تعالى» «ئۇلاردىن ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىن بولغىنى ئالدى بىلەن سالام بېرىدۇ»، دېدى.

www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاللاھ تائالاغا تائەت بىلەن ئەگ يېقىن تۇرىدىغان كىشى ئۇچراشقان ۋاقىتتا قېرىندىشىغا ئاۋۋال سالام بەرگەن كىشى، چۈنكى ئۇ ئاللاھ تائالانى ئەسلەشتىمۇ ئىلگىرى بولغان ۋە قېرىندىشىنى خۇش قىلىشقىمۇ ئالدىرىغان بولۇپ، ئۆزى ئاللاھنى ئەسلەش بىلەن بىللە قېرىندىشىغىمۇ ئاللاھ تائالانى ئەسلەتكەن كىشى ھېسابلىنىدۇ.

## 134 . باب قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تەكرار ئۇچراشسىمۇ، كىرىپ ـ چىقىپ يەنە قايتا كىرسىمۇ ياكى ئارىسىدا دەرەخ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر توساق بولۇپ يەنە كۆرۈشسىمۇ قايتا سالام قىلىشنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا

**859** ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نامازنى ياخشى ئوقۇيالمىغان ئادەم ھەققىدىكى ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: بىر كىشى كېلىپ، ناماز ئوقۇپ بولۇپ رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ سالام بەردى. رەسۇلۇللاھ سالامنى ئىلىك ئېلىپ: «ارجع فَصَلِّ فَإِنَّكَ لم تُصَلِّ» «قايتقىن! نامازنى باشقىدىن ئوقۇغىن، سەن ناماز ئوقۇمىدىڭ»، دېدى. ئۇ ئادەم قايتىپ بېرىپ نامازنى قايتا ئوقۇپ كېلىپ، رەسۇلۇللاھقا سالام بەردى. بۇ ئىش مۇشۇ يوسۇندا ئۈچ قېتىم تەكرارلاندى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مەسجىدنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان نامازنىڭ سالام قىلىشنىڭمۇ ئالدىدا تۇرىدىغانلىقى، چۈنكى ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھەققى بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنىڭ كىشىلەر ھەققىنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغانلىقى.

2) گەرچە بىرىنچى سالام بىلەن ئىككىنچى سالام ئوتتۇرىسىدا ئاز ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، قايتا ـ قايتا سالام قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

**860**. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إذا لقيَ أَحَدَكُمْ أخاه فَلْيُسَلِّمْ عَلَيْهِ، فَإِنْ حالَتْ بَيْنَهُمَا شَجَرَةٌ أو جِدَارٌ أَوْ حَجَرٌ ثُمَّ لَقِيَهُ فَلْيُسَلِّمْ عَلَيْه» «قاچانكى بىرەرسىڭلار بۇرادىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا، ئۇنىڭغا سالام قىلسۇن، گەرچە ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى دەرەخ، ياكى تام، ياكى يوغان تاش ئايرىۋېتىپ قايتا ئۇچراشقان بولسىمۇ سالام بەرسۇن».

— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: گەرچە ئىككى ئۇچرىشىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا دەرەخ، تام ۋە ياكى تاشقا ئوخشاش نەرسىلەر پاسىل بولسىمۇ، ھەر بىر ئۇچراشقاندا سالام قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.



www.munber.org

## 135 . باب ئۆز ئۆيىگە كىرگەندە سالام قىلىشنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَإِذَا دَخَلْتُم بُيُوتًا فَسَلِّمُوا عَلَى أَنفُسِكُمْ تَحِيَّةً مِّنْ عِندِ اللَّهِ مُبَارَكَةً﴾ ﴿سىلەر ئۆيگە كىرگەن چېغىڭلاردا ئۆزۈڭلارغا (يەنى ئۆيدىكى كىشىلەرگە) ئاللاھ بەلگىلىگەن پاك سالامنى بېرىڭلار، (يەنى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم) دەڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە نۇر 61 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

**861** ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «يابُنَّي، إذا دَخَلْتَ على أَهْلِكَ فَسَلِّمْ يَكُنْ بَركةً عَلَيْكَ وَعَلَى أهلِ بَيْتِكَ» «ئى ئوغلۇم، قاچانكى، ئۆيۈڭگە كىرسەڭ، سالام قىلىپ كىرگىن، قىلغان سالامىڭ سەن ئۈچۈن ۋە ئائىلەڭ ئۈچۈن بەرىكەت بولىدۇ»، دېدى. — ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئۆز ئوغلى بولمىغان كىشىلەرنى «ئوغلۇم»، دەپ چاقىرىشنىڭ جائىز ئىكەنلىكى. بۇنداق چاقىرىشنىڭ ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق قىلغانلىق ۋە ياخشى كۆرىدىغانلىقنى ئىپادىلەش بولىدىغانلىقى.

2) ئۆز ئۆيىگە كىرگەن كىشىنىڭ ئۆيىدىكىلەرگە سالام قىلىشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى. ئەگەر ئۆيىدە بالا ـ چاقىلىرى بولمىسا «السلام عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِالله الصّالِحِيْنَ» (سالام بىزگە ۋە ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىگە بولسۇن)، دەپ سالام قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، چۈنكى مۇشۇنداق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇ كىشىگە ۋە ئۇنىڭ ئەھلىگە ئاللاھنى ئەسلىگەنلىكتىن بەرىكەت ياغىدىغانلىقى.

## 136 . باب كىچىك بالىلارغا سالام قىلىش توغرىسىدا

**862** ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ كىچىك بالىلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇلارغا سالام بېرىپ: «رەسۇلۇللاھ مۇشۇنداق قىلاتتى»، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: سالام، ئەدەپ ئۆگىتىش، شۇنداقلا دىللىرىغا خۇشاللىق بەخش ئېتىش يۈزىسىدىن كىچىك بالىلارغا سالام قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

## 137 . باب ئەرنىڭ ئۆز ئاياللىغا ۋە ئۆزىگە نامەھرەم ئايال تۇغقانلىرىغا، پىتنە بولۇپ قېلىشىدىن قورقمىسا بىر ياكى كۆپ يات ئاياللارغا سالام قىلىشى ۋە شۇ شەرت بىلەن ئاياللارنىڭ يات ئەرلەرگە سالام قىلىشى توغرىسىدا

**863** ـ سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، بىزنىڭ ئىچىمىزدە بىر ئايال (يەنە بىر رىۋايەتتە بىر قېرى موماي دېيىلگەن.) بار ئىدى.



www.munber.org

ئۇ چامغۇرنى ۋە ئارپىنى تارتىپ قازىنىغا تاشلاپ قوياتتى. بىز جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ قايتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا سالام بېرەتتۇق، ئۇ موماي تاماقنى ئالدىمىزغا ئېلىپ كېلەتتى.

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئەگەر ئەرلەر پىتنىدىن ئەمىن بولالىسا ياش ياكى ياشانغان ئاياللارغا سالام بەرسە جائىز بولىدىغانلىقى.

**864 ـ ئۇممۇ ھانىي رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەككە فەتھە بولغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلسەم يۇيۇنۇۋېتىپتۇ، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىر پارچە كىيىم بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى توساپ تۇرۇپتۇ. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام قىلدىم، دەپ ھەدىسنىڭ داۋامىنى سۆزلىدى.**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئەگەر ئاياللار پىتنىدىن ئەمىن بولالىسا، ئەرلەرگە سالام بەرسە بولىدىغانلىقى.

**865 ـ ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىز بىر نەچچە ئاياللارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىزگە سالام بەردى.**

— ئەبۇ داۋۇد ۋە ترمىزى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: ئەگەر پىتنىدىن ئەمىن بولالىسا ئەر ـ ئاياللار بىر ـ بىرىگە سالام بەرسە جائىز بولىدىغانلىقى. يۇقىرىقى سالام قىلغان ۋە سالام بىرىلگەن كىشىلەر توغرىسىدىكى ھەدىسلەر بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ.

بۇ ھەقتىكى مەسىلىنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە: 1) يالغۇز ياش ئاياللارنىڭ ئالدى بىلەن ئەرلەرگە سالام بېرىشى ياكى ئۇلارغا سالام قايتۇرۇشىنىڭ ھارام ئىكەنلىكى.

2) بىر توپ ئاياللار ياكى مومايلارنىڭ ئالدى بىلەن ئەرلەرگە سالام بېرىشى ۋە ئۇلارغا سالام قايتۇرۇشىنىڭ جائىز ئىكەنلىكى، بەلكى ئۇنىڭ تەشەببۇس قىلىنغان ئىش ئىكەنلىكى، شۇنىڭدەك ئەرلەرنىڭ ئالدى بىلەن ئاياللارغا سالام بېرىشى ۋە ئۇلارنىڭ سالىمىنى قايتۇرۇشىنىڭ جائىز ئىكەنلىكى.

3) بىر ئەرنىڭ يالغۇز ياش ئايالغا سالام قىلىشى ياكى ئۇنىڭ سالىمىنى قايتۇرۇشىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى.

4) ئەگەر پىتنىدىن ئەمىن بولالىسا، بىر توپ ئەرلەرنىڭ ياش ئايالغا سالام قىلىشىنىڭ جائىز ئىكەنلىكى.

5) بىر ئەرنىڭ بىر توپ ئاياللارغا سالام قىلىشىنىڭ جائىز ئىكەنلىكى، بەلكى بۇنىڭ ياخشى ھېسابلىنىدىغانلىقى.

www.munber.org

## 138 . باب غەيرىي دىندىكىلەرگە ئالدى بىلەن سالام بېرىشنىڭ ھارامىلىقى ۋە ئۇلارغا سالامنى قانداق قايتۇرۇش كېرەكلىكى ۋە مۇسۇلمان بىلەن غەيرىي دىندىكىلەر ئارىلاش ئولتۇرغان سورۇندىكى كىشىلەرگە سالام بېرىشنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا

866 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لاتَبدَأوا اليَهُودَ ولا النَّصَارى بالسَّلام، فإذا لَقِيتُم أحَدَهُم في طَرِيق فَاضطَرُّوهُ إلى أضْيَقِهِ» «يەھۇدىي ياكى خرىستىئانلارغا ئالدى بىلەن سالام بەرمەڭلار، ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە يولدا ئۇچرىشىپ قالساڭلار، ئۇلارنى بىر چەتتە مېڭىشقا قىستاپ مېڭىڭلار». ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

867 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إذَا سَلَّمَ عَلَيكُم أهلُ الكتاب فَقُولُوا: وعَلَيْكُمْ» «ئەگەر سىلەرگە ئەھلى كىتاب سالام بەرسە ۋەئەلەيكۇم دەڭلار». ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: غەيرىي مۇسۇلمانلارغا «وَعَلَيْكُمْ السَّلَام» دەپ سالام قايتۇرماستىن، «وَعَلَيْكُمْ» دەپ سالام قايتۇرۇشنىڭ جائىز ئىكەنلىكى.

868 ـ ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلار بۇتپەرەس مۇشرىكلار، يەھۇدىيلار ئارىلاش ئولتۇرغان بىر سورۇندىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇلارغا سالام قىلدى. ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: سورۇندا غەيرىي مۇسۇلمانلار بولسىمۇ سالام قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

## 139 . باب سورۇندىن تۇرۇپ كەتكەندە ۋە سورۇنداشلىرى ياكى سۆھبەتداشلىرىدىن ئايرىلغاندا سالام بېرىپ قوپۇشنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا

869 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إذَا انْتَهَى أحَدُكُم إلى المَجْلسِ فَلْيُسَلِّمْ، فَإذَا أرَادَ أنْ يَقُومَ فَلْيُسَلِّمْ، فَليسْت الأُولى بِأَحَقّ من الآخِرَة» «سىلەردىن بىرەرسىڭلار بىرەر سورۇنغا بارسا سالام قىلسۇن، سورۇندىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولسىمۇ سالام قىلسۇن». ـــ ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئۇچراشقان ۋە ئايرىلغان ۋاقىتلاردا سالام قىلىشنىڭ تەشەببۇس قىلىنغان ئىش ئىكەنلىكى.

www.munber.org

## 140. باب سالام قىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە سالامنى ئومۇملاشتۇرۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَدْخُلُوا بُيُوتًا غَيْرَ بُيُوتِكُمْ حَتَّى تَسْتَأْنِسُوا وَتُسَلِّمُوا عَلَى أَهْلِهَا﴾ ﴿ئى مۇئمىنلار! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىشكە) ئىجازەت سورىمىغۇچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگۈچە كىرمەڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە نۇر 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِذَا الْأَطْفَالُ مِنكُمُ الْحُلُمَ فَلْيَسْتَأْذِنُوا كَمَا اسْتَأْذَنَ الَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ﴾ ﴿كىچىك بالىلىرىڭلار بالاغەتكە يەتكەندە ئۇلار ئىلگىرىكىلەر (يەنى چوڭلار كىرىشتە) ئىجازەت سورىغاندەك ئۆيگە كىرىشتە ھەممە ۋاخ ئىجازەت سورىسۇن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە نۇر 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

**870.** ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الاستِئْذانُ ثَلاَثٌ، فَإِنْ أُذِنَ لَكَ وَ إلاَّ فَارْجِع» «ئىجازەت سوراش دېگەن ئۈچ قېتىم بولىدۇ. ساڭا كىرىشكە ئىجازەت بېرىلسە كىرگىن، بېرىلمىسە قايتقىن».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئىجازەت سوراشنىڭ قائىدىسى: ئىجازەتنى ئۈچ قېتىم تەكرارلاش، ئىجازەت بېرىلسە كىرىش، ئىجازەت بېرىلمىسە كىرمەسلىك، ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق سورىماسلىق.

**871** ـ سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إنَّمَا جُعِلَ الاستئذاُن منْ أَجْلِ البَصَر» «ئىجازەت سوراش كۆزنىڭ نامەھرەمگە چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن يولغا قويۇلغان».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: باشقىلارنىڭ ئۆيىگە سوراپ كىرىشتىكى ھېكمەت شۇكى، كىرگۈچى ئۆيدىكىلەرنىڭ ئەۋرىتىنى كۆرۈپ قالماسلىقى ياكى باشقىلارنىڭ كۆرۈشى دۇرۇس بولمايدىغان نەرسىلەرنى كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈندۇر.

**872** ـ رەبئىي ئىبنى ھىراش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، بەنى ئامىر قەۋمىدىن بىر كىشى بىزگە مۇنداق دەپ بەردى: بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىدىكى چاغدا ئىجازەت سوراپ: «كىرەيمۇ؟»، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۆزىنىڭ خادىمىغا بۇيرۇپ: «أُخْرُج إلى هذا فعَلِّمْهُ الإستئذَانَ فَقُل لَهُ قُل: السَّلامُ عَلَيكُم، أأدْخُلُ؟» «چىقىپ ئۇنىڭغا ئىجازەت سوراشنى ئۆگىتىپ قويغىن، ئۇنىڭغا دېگىنكى، ‹ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، كىرەيمۇ؟›، دېسۇن»، دېدى. ئۇ كىشى بۇنى ئاڭلاپ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، كىرەيمۇ؟»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە ئىجازەت قىلىۋىدى، ئۇ كىردى.

— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىجازەت سوراشتىكى ئەدەبنى بايان قىلىش، باشتا سالام قىلىپ، ئاندىن ئىجازەت سوراشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكى.

2) ئىسلامدا كىشىلەر تۇرۇشلۇق ئۆي ـ جايلار دەخلىسىز ئەمەس بولۇپ، ئۆي ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز كىرىشنىڭ جائىز ئەمەسلىكى.

3) نادانلارغا تەلىم بېرىش، ئۇلارنى ئۆگىنىشكە ۋە بىلگىنىگە ئەمەل قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

873 ـ كىلدە ئىبنى ھەنبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «ارْجِعْ فَقُلْ السَّلامُ عَلَيكُم أَأَدْخلُ؟» «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا سالام قىلماي كىرىپتىمەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹قايتىپ چىقىپ كىتىپ، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، كىرەيمۇ؟ دېگىن»، دېدى. — ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ياخشىلىققا بۇيرۇش، سۈننەت ۋە ئەدەب ـ ئەخلاق ئىشلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگەنگەنلىرىنى ئۆز ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاش، ئۇلارغا سەل قارىماسلىق.

## 141 ـ باب ئىجازەت سورىغۇچىغا: « سىز كىم؟ »، دېيىلسە، ئۇ كىشىنىڭ: « مەن پالانچى »، دەپ ئىسمىنى ياكى تەخەللۇسىنى ئېيتىشىنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكى ۋە « مەن »، دېيىشىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا

874 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مىئراج توغرىسىدىكى مەشھۇر ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ثُمَّ صَعِدَ بي جِبْرِيلُ إلى السّماء الدُّنيا فاستفتح» فقيل: منْ هذا؟ قال: جبْريلُ، قِيلَ: وَمَنْ مَعَك؟ قال: مُحمَّدٌ. ثمَّ صَعِدَ إلى السَّماء الثّانية فاستفتح، قيل: مَنْ هذا؟ قال: جبريلُ، قيل: وَمَنْ مَعَكَ؟ قال: مُحَمدٌ والثّالثة والرَّابعة وَسَائرهنَّ وَيُقالُ في باب كل سماء: مَنْ هذا؟ فَيقُولُ: جبريل» «ئاندىن جىبرىئىل مېنى بىرىنچى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ، ئاسماننىڭ ئىشىكىنى ئېچىشنى تەلەپ قىلدى.

— كىم؟ ـ دېيىلدى.

ئۇ: ‹جىبرىئىل›، دېدى.

— سەن بىلەن كىم بار؟ — دېيىلدى.

جىبرىئىل: ‹مۇھەممەد›، دېدى.

ئاندىن مېنى ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى ۋە قالغان ئاسمانلارغا ئېلىپ چىقتى. ھەر بىر ئاسماننىڭ ئىشىكىدە: ‹بۇ كىم؟›، دېيىلەتتى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: ‹جىبرىئىل›، دەيتتى». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

875 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كېچىسى سىرتقا چىققاندىم، قارىسام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يالغۇز كېتىۋېتىپتۇ، مەن (كېچە قاراڭغۇسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى كۆرۈپ قالمىسۇن، دەپ) ئاي قاراڭغۇسىدا ماڭدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەينىگە بۇرۇلۇپ مېنى كۆرۈپ قېلىپ: «مَنْ هذا؟» ‹كىم؟›، دېدى. مەن: ‹ئەبۇ زەر›، دېدىم».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

876 ـ ئۇممۇ ھانىي رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلسەم، ئۇ يۇيۇنۇۋاتقانىكەن، فاتىمە ئۇنى پەردە بىلەن توسۇپ تۇرۇۋاتقانىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مَنْ هذه» ‹كىم؟›، دېۋىدى، مەن: ‹ئۇممۇ ھانىي›، دېدىم». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

877 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ ئىشىكنى قاقتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «من هذا؟» «كىم؟»، دېدى. مەن: «مەن»، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ «مەن»، دېگەنلىكىمنى ياقتۇرمىغاندەك: «أنا، أنا؟» «مەن، مەن»، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىجازەت سورىغۇچى ئادەم ئىجازەت سورىغۇچىنىڭ كىملىكىنى ئېنىقلىماقچى بولسا، ئىجازەت سورىغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ قوللىنىۋاتقان ئىسمى ياكى لەقىمىنى ئېيتىپ بېرىش كېرەكلىكى.

2) ئىشىك قېقىش سۆز بىلەن ئىجازەت سوراشنىڭ ئورنىنى باسىدىغانلىقى.

3) يۇقىرىقى ھەدىسلەردىن مەلۇمكى ئىجازەت سورىغۇچىنىڭ «كىم»، دەپ سورالغان سوئالغا «مەن»، دەپ ۋە ياكى كىملىكىنى ئېنىق بىلدۈرەلمەيدىغان باشقا سۆزلەر بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، بەلكى ئېنىق ھالدا ئىسمىنى دېيىشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكى.

## 142. باب چۈشكۈرگۈچى «اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ» (ھەمدۇسانا ئاللاھ ئۇيغۇندۇر) دېسە، ئاڭلىغۇچى «يَرْحَمُكَ اللّٰهُ» (ئاللاھ ساڭا رەھىم قىلسۇن) دەپ جاۋاب قايتۇرۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، چۈشكۈرگۈچى ھەمدۇ ئېيتمىسا، جاۋاب قايتۇرۇشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، چۈشكۈرگەندە جاۋاب قايتۇرۇش، چۈشكۈرۈش، ئەسنەشنىڭ ئەدەبلىرى توغرىسىدا

878 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إن الله يُحِبُّ العطاسَ وَيَكْرَهُ التَّثاؤُبَ، فَإِذَا عَطَس أحَدكُم وحمد الله تعالى



www.munber.org

كانَ حقًّا على كل مسلم سمعهُ أن يقول له يرحمك الله وأما التّثاوب فإنما هو من الشيطان، فإذا تثاءب أحدكم فليردُّهُ ما استطاع، فإن أحدكم إذا تثاءب ضَحِكَ منه الشيطان» «ئاللاھ تائالا چۈشكۈرۈكنى ياقتۇرىدۇ. ئەسنەكنى يامان كۆرىدۇ. بىر كىشى چۈشكۈرۈپ: ‹اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ› (ھەمدۇسانا ئاللاھ ئۇچۇندۇر) دېسە، ئاڭلىغۇچى ‹يَرْحَمُكَ اللهُ› (ئاللاھ ساڭا رەھىم قىلسۇن) دېيىشكە تېگىشلىك. ئەسنەك شەيتان تەرىپىدىن بولىدۇ. ئەسنەك كەلگەندە مۇمكىنقەدەر ئۇنى قايتۇرغىن، ئەسنىگەن كىشى ‹ھا›، دېسە، شەيتان ئۇنىڭدىن كۈلىدۇ».

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) چۈشكۈرگەندە ئاللاھ تائالانىڭ نېئمىتىگە تەشەككۈر ئېيتىشنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقى، چۈنكى چۈشكۈرۈش بەدەندىكى ھۇللۇكنى دەفئ قىلىدۇ. دىماغنى جانلاندۇرىدۇ. ئەزىيەتنى كەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەزالارنىڭ سالامەتلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. چۈشكۈرۈپ « اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ »، دېگۈچىگە ئاڭلىغان ئادەمنىڭ « يَرْحَمُكَ اللهُ »، دېيىشى سۈننەتتى مۇئەككەدە ئىكەنلىكى.

2) ئەسنەكنى توسۇش ئۈچۈن ئېغىزنى ئېتىۋېلىش ياكى قولنى ئېغىزغا قويۇۋېلىشقا تەرغىب قىلىنىدىغانلىقى.

879 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إذَا عَطَسَ أَحَدُكُمْ فَلْيَقُلْ: اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ، وَلْيَقُلْ لَهُ أَخُوهُ أَوْ صَاحِبُهُ: يَرْحَمُكَ الله، فَإِذَا قَالَ لَهُ: يَرْحَمُكَ الله فَلْيَقُلْ: يَهْدِيْكُمُ اللهُ وَيُصْلِحُ بَالَكُمْ» «بىرىڭلار چۈشكۈرسە، ‹اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ› (ھەمدۇسانا ئاللاھ ئۇچۇندۇر) دېسۇن، چۈشكۈرگەن كىشىگە ئۇنىڭ قېرىندىشى ياكى ھەمراھى: ‹يَرْحَمُكَ اللهُ›، دېسۇن. ئەگەر ‹يَرْحَمُكَ اللهُ› (ئاللاھ ساڭا رەھىم قىلسۇن) دېيىلسە، چۈشكۈرگەن قېرىندىشى: ‹يَهْدِيْكُمُ اللهُ وَيُصْلِحُ بَالَكُمْ› (ئاللاھ تائالا سىلەرنى ھىدايەت قىلسۇن ۋە ھالىڭلارنى ياخشىلىسۇن)، دېسۇن». — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

880. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «إذا عَطَس أحدُكُم فحمد الله فشمتوه، فإنْ لم يحمد الله فلا تُشمتوه» «سىلەرنىڭ بىرىڭلار چۈشكۈرۈپ ‹اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ› (ھەمدۇسانا ئاللاھ ئۇچۇندۇر) دېسە، ‹يَرْحَمُكَ اللهُ› (ئاللاھ ساڭا رەھىم قىلسۇن)، دەپ جاۋاب قايتۇرۇڭلار، ‹اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ›نى دېمىسە، ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرماڭلار».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

881 - ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىككى كىشى رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا چۈشكۈرگەندى، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ بىرىگە جاۋاب بېرىپ، يەنە بىرىگە جاۋاب بەرمىدى. رەسۇلۇللاھ جاۋاب قايتۇرمىغان كىشى: «ئى رەسۇلۇللاھ، پالانى چۈشكۈرسە جاۋاب بېرىپ، مەن چۈشكۈرسەم جاۋاب



www.munber.org

قايتۇرمىدىڭغۇ؟»، دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «هَذَا حَمِدَ الله، وَإِنَّكَ لَمْ تَحْمَدِ الله» «چۈنكى، ئۇ ‹اَلْحَمْدُ لِلهِ›، دېدى. سەن ‹اَلْحَمْدُ لِلهِ›، دېمىدىڭ»، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) چۈشكۈرگەندىن كېيىن ئاللاھ تائالاغا ھەمد ئېيتقان «اَلْحَمْدُ لِلهِ»، دېگەن كىشىگە «يَرْحَمُكَ اللهُ»، دېيىش كېرەكلىكى. ئاللاھ تائالاغا ھەمد ئېيتمىغان («اَلْحَمْدُ لِلهِ»، دېمىگەن) كىشىگە بولسا «يَرْحَمُكَ اللهُ»، دېيىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقى.

2) ئىشلارنىڭ ھېكمىتىنى سۈرۈشتە قىلىشقا بولىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى بايان قىلىپ بېرىشكە بولىدىغانلىقى.

3) ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغان (ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان) كىشىلەرنى ئىززەتلەش، سۈننەتنى تەرك ئەتكەن كىشىگە ئۇنىڭ كەمچىلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش.

**882 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈشكۈرگەن چاغدا قولىنى ياكى كىيىمىنى ئاغزىغا قويۇۋالاتتى ۋە ئاۋازىنى پەسلىتەتتى.** — ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) چۈشكۈرگۈچىنىڭ يېنىدىكى كىشىلەرگە تۈكرۈك چاچرىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئېغىز - بۇرنىغا بىر نەرسە قويۇپ چۈشكۈرۈشنىڭ سورۇن ئەدەبلىرىدىن ئىكەنلىكى.

2) تۆۋەن ئاۋازدا چۈشكۈرۈشنىڭ تەشەببۇس قىلىنىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئېسىل ئەخلاقتا ياتىدىغانلىقى.

**883 - ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆزلىرىگە «يَرْحَمُكَ اللهُ»، دېسىكەن، دەپ رەسۇلۇللاھنىڭ ھوزۇرىدا چۈشكۈرۈشەتتى. بىراق، رەسۇلۇللاھ: «يَهْدِيْكُمُ اللهُ وَيُصْلِحِ بَالَكُمْ» (ئاللاھ تائالا سىلەرنى ھىدايەت قىلسۇن ۋە ھالىڭلارنى ياخشىلىسۇن)، دەيتتى.**

— ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەقەت مۇسۇلمانلارغىلا رەھمەت تىلەپ دۇئا قىلىش كېرەكلىكى.

2) غەيرىي مۇسۇلمانلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا دۇئا قىلىشنىڭ جائىز ئىكەنلىكى.

3) ئەھلى كىتابلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى كۆڭلىدە بىلىدىغانلىقى، لېكىن ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلۇقى بۇنى ئېتىراپ قىلىشقا قويمايدىغانلىقى.

**884 - ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِذَا تَثَاءَبَ أَحَدُكُمْ فَلْيُمسكْ بِيَده على فيه فإنَّ الشيطان يدْخل» «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئەسنىگەن چاغدا، قولى بىلەن ئاغزىنى ئېتىۋالسۇن، چۈنكى شەيتان ئېغىزدىن كىرىدۇ».** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) شەيتانلارنىڭ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرماسلىق ئۈچۈن ئەسنىگەندە قولنى ئېغىزغا قويۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) ھەر قانداق ئەھۋالدا ئىسلامى ئەدەب ـ ئەخلاقنى ساقلاش كېرەكلىكى ۋە بۇنىڭ مۇكەممەللىكىنىڭ ۋە ئەخلاقنىڭ بەلگىسى ئىكەنلىكى.

3) مۇسۇلمانلارنىڭ شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن ۋە ئازدۇرۇشىدىن يىراق بولۇشىنىڭ لازىملىقى.

4) ئاۋاز چىقىرىپ ئەسنەشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، ئىبنى ماجە مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «وَلَايَعْوِي فَإِنَّ الشَّيْطَانَ يَضْحَكُ مِنْهُ» «ئاۋاز چىقارما، بۇنداق قىلساڭ شەيتان سەندىن كۈلىدۇ».

## 143 . باب قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشنىڭ ۋە خۇش چىراي قارشى ئېلىشنىڭ ۋە كىشىلەرنىڭ قولىنى سۆيۈشنىڭ، مېھرىبانلىق يۈزىسىدىن ئۆزىنىڭ بالىسىنى سۆيۈشنىڭ، سەپەردىن قايتىپ كەلگەن كىشى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشنىڭ ياخشىلىقى ۋە ئېگىلىپ تەزىم قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا

**885 ـ ئەبۇ خەتتاب قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن ئەنەسكە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئارىسىدا قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ئادىتى بارمىدى؟»، دەپ سورىسام، ئۇ: «ھەئە»، دەپ جاۋاب بەردى.**

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشنىڭ يوللۇقلۇقى ۋە ئۇنىڭ ساھابىلەر ئارىسىدا مەۋجۇتلۇقى، بۇ ساھابىلەر ۋە تابىئىنلار سۆزسىز بىرلىككە كەلگەن ئىش بولۇپ، دەلىل ھېسابلىنىدىغانلىقى.

**886 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، يەمەنلىكلەر كېلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قَدْ جَاءَكُمْ أَهْلُ الْيَمَنِ، وَهُمْ أولُ مَنْ جَاءَ بالْمُصَافَحَةِ» «سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا يەمەنلىكلەر كەلدى، ئۇلار ئەڭ بۇرۇن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشنى ئادەت قىلغان خەلق»، دېدى.**

— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈكۈت ئارقىلىق ماقۇللىغان ئىش ئىكەنلىكى ۋە بۇ ئادەتنى كىشىلەر ئارىسىغا تۇنجى بولۇپ ئېلىپ چىققانلارنىڭ يەمەنلىكلەر ئىكەنلىكى.

**887 ـ بەرائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ما مِنْ مُسْلِمَيْنِ يَلْتَقِيَانِ فَيَتَصافَحَانِ إلا غُفر لَهما قبل أن يفترقا» «ئىككى مۇسۇلمان ئۇچرىشىپ قول ئېلىشىپ سالاملاشسا، ئۇلار ئايرىلىشتىن بۇرۇن گۇناھى مەغفىرەت قىلىنىدۇ».**

— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئۇچراشقاندا قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشنىڭ ۋە بۇنى تەرغىب قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، بۇنداق قىلىشنىڭ كىچىك گۇناھلارغا كەففارەت بولىدىغان ياخشى ئەمەللەردىن ئىكەنلىكى. قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشنىڭ دوستلۇق ۋە مۇھەببەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقى.

**888 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، بىر ئادەم: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىر كىشى قېرىندىشى ياكى دوستىغا ئۇچراپ قالغاندا ئېگىلىپ كۆرۈشسە بولامدۇ؟ »، دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: «لا» «ياق»، دېدى. ئۇ ئادەم: «ئەمىسە قۇچاقلاشسا ۋە سۆيۈشسە بولامدۇ؟ »، دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «لا» «ياق»، دېدى. ئۇ ئادەم يەنە: «ئەمىسە قول ئېلىشىپ كۆرۈشسە بولامدۇ؟ »، دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «نَعَمْ» «ھەئە»، دېدى.** — ترمزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئۇچراشقاندا ئېگىلىپ تەزىم بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ نەھيى قىلىنغان بىدئەت ئىش ئىكەنلىكى. قۇچاقلىشىپ، بىر ـ بىرىنى سۆيۈپ كۆرۈشۈشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، سەپەردىن كەلگەن ياكى ئۇزۇن ۋاقىت كۆرۈشمىگەن كىشىلەر بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشنىڭ جائىز ئىكەنلىكى.

**889 ـ سەفۋان ئىبنى ئەسسال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، بىر يەھۇدىي دوستىغا: «يۈرە، ئۇ پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا بارايلى»، دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن توققۇز روشەن ئالامەت توغرىسىدا سورىدى. سەفۋان ھەدىسنىڭ داۋامىنى ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ قول ـ پۇتلىرىغا سۆيۈپ: «سېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىمىز»، دېگەن سۆزگە قەدەر بايان قىلدى.** — ترمزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: تەقۋادار، سالىھ كىشىلەرنى تەۋەررۈك بىلىپ، ئۇلارنىڭ قوللىرىغا سۆيۈشنىڭ جائىزلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغۇ قولىغا باشقىلار سۆيگەندە ئۇلارنى توسمىغان.

**890. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ سۆزلەپ بەرگەن ۋەقەدە: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىن كېلىپ قولىغا سۆيدۇق، دېگەن سۆزلەر بار ئىدى.** — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

**891 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، زەيد ئىبنى ھارىس مەدىنىگە كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ ئۆيۈمدە ئىدى. زەيد كېلىپ ئىشىكنى چەكتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ تونىنى سۆرىگەن ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ قۇچاقلىدى ۋە سۆيدى.** — ترمزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەگەر پىتنىدىن ئەمىن بولالىسا، سەپەردىن قايتىپ كەلگەنلەر بىلەن قۇچاقلىشىپ، سۆيۈشۈپ كۆرۈشۈشنىڭ جائىز ئىكەنلىكى. مۇشۇ بابنىڭ 4 ـ ھەدىسىدە كەلگەن قۇچاقلىشىپ، سۆيۈشۈپ كۆرۈشۈشنى نەھيى قىلغانلىقنىڭ ھارام دەرىجىسىدە ئەمەس، مەكرۇھ دەرىجىسىدە ئىكەنلىكى.



www.munber.org

2) ياخشى كۆرگەن كىشىلەر بىلەن مۇلاقات بولۇشقا ئالدىراش.

3) زەيد ئىبنى ھارىسنىڭ پەزىلىتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى.

**892 - ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا مۇنداق دېگەنىدى، دەيدۇ: «لاتَحقِرَنَّ مِنَ المعْرُوف شَيْئاً وَلَو أن تلقى أخاك بوجه طليق» «ياخشىلىقلار ئىچىدىكى بۇرادىرى بىلەن خۇش چىراي كۆرۈشۈش چاغلىق ئىشنىمۇ كىچىك چاغلىمىغىن».**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: سەپەردىن كەلگەن ياكى ئۇزۇن ۋاقىت كۆرۈشمىگەنلەر بىلەن ئۇچراشقاندا خۇش چىراي، تەبەسسۇم بىلەن كۆرۈشۈشكە تەرغىب قىلىش.

**893 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلىنىڭ ئوغلى ھەسەننى سۆيگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئەقرە ئىبنى ھابىس ئولتۇراتتى. ئەقرە: «مېنىڭ ئون بالام بار، ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى سۆيگەن ئەمەسمەن»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قاراپ قويغاندىن كېيىن: «مَنْ لاَيَرْحَمْ لا يُرْحَمْ» «مېھرىبان بولمىغان ئادەمگە ئاللاھ تائالا مېھرىبان بولمايدۇ»، دېدى.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كىچىك بالىلارغا مېھرىبانلىق قىلىپ، ئۇلارنى سۆيۈپ قويۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى ۋە بۇنداق قىلىشنىڭ مېھىر ـ شەپقەتنىڭ بەلگىسى ئىكەنلىكى، ئاللاھ تائالانىڭ رەھىم ـ شەپقەت قىلىشنىڭ بەندىلەرنىڭ ئۆزئارا رەھىمدىل بولۇشى بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكى.

## 144 . باب كېسەل يوقلاش توغرىسىدا

**894 - بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ بىزنى يەتتە ئىشقا بۇيرۇدى: 1) كېسەل يوقلاشقا. 2) جىنازىغا ئەگىشىپ قەبرىستانلىققا بېرىشقا. 3) كىشى چۈشكۈرۈپ «اَلْحَمْدُ لِلهِ»، دېگەن كىشىگە ئاڭلىغۇچى «يَرْحَمُكَ اللهُ»، دەپ جاۋاب قايتۇرۇشقا. 4) قەسەم قىلغۇچىنىڭ قەسىمىنى ئورۇنلىشىغا ياردەم بېرىشكە (گۇناھ ئىشلارنى قىلىشقا قەسەم ئىچمىگەنلا بولسا). 5) زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارغا ياردەم بېرىشكە. 6) چاقىرغان يەرگە بېرىشقا. 7) سالامنى ئومۇملاشتۇرۇشقا.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**895 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «حَقُّ الْمُسلِمِ عَلَى الْمُسلِمِ خَمْسٌ، رَدُّ السَّلام. وَعِيادَةُ المَرِيض، وَاتباعُ الجنائز، وإجابة الدَّعوة. وتشميت العاطس» « مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلماندا بەش تۈرلۈك ھەققى باردۇر:**

سالامنى ئىلىك ئېلىش، كېسەل بولسا يوقلاش، جىنازىسىنى ئۇزىتىپ قەبرىستانلىققا بېرىش، چاقىرغان يەرگە بېرىش ۋە چۈشكۈرگۈچى «اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ» (ھەمدۇسانا ئاللاھ ئۈچۈندۇر)، دېسە، «يَرْحَمُكَ اللهُ» (ئاللاھ ساڭا رەھىم قىلسۇن) دېيىش.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىشلارنى تەكتىلەش ۋە ئۇ ئىشلارنىڭ مۇسۇلمان كىشىنىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان ئۈستىدىكى ھەققى ئىكەنلىكى.

2) بۇ ھەقلەرگە رىئايە قىلىشنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىغا ئۆزئارا دوستلۇق ۋە ئىتتىپاقلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقى، شۇنداقلا قېرىنداشلىق رىشتىلىرىنى چىڭىدىغانلىقى.

مەزكۇر ھەقلەر ئىمام مالىكنىڭ قارىشىدا ۋاجىپ ھەقلەر ھېسابلىنىدۇ.

896 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إنَّ الله عزَّ وجل يَقُولُ يَوْمَ القيَامَة : ‹يَا ابْنَ آدَمَ مَرضْتُ فَلَم تَعُدْني، قال : ياربِّ كَيْفَ أعُودُكَ وأنْتَ رَبُّ العَالَمين؟ قال : أمَا عَلْمتَ أنَّ عَبْدي فُلاَناً مَرِضَ فَلَمْ تَعُدْهُ، أمَا علمتَ أنَّك لو عُدْته لَوَجَدْتَني عِنْدَهُ؟ يَا ابْنَ آدَمَ اسْتَطْعَمْتُكَ فَلَمْ تُطْعِمْنِي، قَالَ : يَا رَبِّ كَيْفَ أُطْعِمُكَ وَأَنْتَ رَبُّ الْعَالَمِيْنَ، قَالَ : أَمَا عَلِمْتَ أَنَّهُ اسْتَطْعَمَكَ عَبْدِي فُلَانٌ فَلَمْ تُطْعِمْهُ أَمَا عَلِمْتَ أَنَّكَ لَوْ أَطْعَمْتَهُ لَوَجَدْتَ ذَلِكَ عِنْدِي؟ يَا ابْنَ آدَمَ اَسْتَسْقَيْتُكَ فَلَمْ تَسْقِنِي، قَالَ : يَارَبِّ كَيْفَ اَسْقِيْكَ وَأَنْتَ رَبُّ الْعَالَمِيْنَ؟ قَالَ : اسْتَسْقَاكَ عَبْدِي فُلَانٌ فَلَمْ تَسْقِهِ أَمَا عَلِمْتَ أَنَّكَ لَوْ سَقِيْتَهُ لَوَجَدْتَ ذَلِكَ عَنْدِي؟› ‹ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى: ‹ئى ئادەم بالىسى، مەن ئاغرىپ قالسام مېنى يوقلىمىدىڭغۇ؟›، دەيدۇ. ئادەم: ‹ئى رەببىم، سەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرساڭ، مەن سېنى قانداقمۇ يوقلاي؟›، دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: ‹بىلمەمتىڭ، مېنىڭ پالانى بەندەم ئاغرىپ قېلىۋىدى، ئۇنى يوقلىمىدىڭ، ئۇنى يوقلىغان بولساڭ، ئۇنىڭ يېنىدىن مېنى چوقۇم تاپاتتىڭ›، دەيدۇ. يەنە: ‹ئى ئادەم بالىسى، مەن سەندىن تاماق سورىسام ماڭا تاماق بەرمىدىڭ؟!›، دەيدۇ. ئۇ ئادەم: ‹ئى پەرۋەردىگارىم، سەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرساڭ، مەن ساڭا قانداقمۇ تاماق بېرەلەي؟›، دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: ‹پالانى بەندەم تاماق سورىۋىدى، ئۇنىڭغا تاماق بەرمىدىڭ، ئۇنىڭغا تاماق بەرسەڭ، ئۇنىڭ ئەجرىنى مېنىڭ بېرىدىغانلىقىمنى بىلمەمتىڭ؟›، دەيدۇ. يەنە: ‹ئى ئادەم بالىسى، سەندىن سۇ سورىسام، ماڭا سۇ بەرمىدىڭ؟›، دەيدۇ. ئۇ ئادەم: ‹ئى رەببىم، سەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرساڭ، مەن ساڭا قانداقمۇ سۇ بېرەلەي؟›، دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: ‹پالانى بەندەم سەندىن سۇ سورىۋىدى، ئۇنىڭغا سۇ بەرمىدىڭ، ئەگەر ئۇنىڭغا سۇ بەرگەن بولساڭ، ئۇنىڭ ئەجرىنى مېنىڭ بېرىدىغانلىقىمنى بىلمەمتىڭ؟›، دەيدۇ.

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كېسەل يوقلاش ۋە يوقسۇلغا تاماق، ئۇسسۇزغا سۇ بېرىشكە رىغبەتلەندۈرۈش، ئاللاھ تائالانىڭ مۇشۇنداق قىلغان كىشىلەرگە قىيامەت كۈنى ئەجىر - مۇكاپات بېرىشكە كېپىل ئىكەنلىكى.



www.munber.org

2) پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا موھتاج بولىدىغانلىقى، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلغان ۋە ياردەم قولىنى سۇنغان كىشىگە ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىدىغانلىقى.

897 - ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «عُودُوا المَرِيضَ، وَأَطْعِمُوا الجَائِعَ، وفُكُّوا العَانِي» «كېسەللەرنى يوقلاڭلار، ئاچ قالغانلارغا تائام بېرىڭلار، ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان كىشىنى قويۇپ بېرىڭلار».
— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەسىرلەرنى قويۇۋېتىشكە، قەرزدارلارنىڭ قەرزىنى تۆلەپ قويۇشقا ۋە بېشىغا كۈن كەلگەن كىشىلەرنى قۇتقۇزۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

2) ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزئارا ياردەم قىلىش، ھەمكارلىشىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن ئىكەنلىكى. ھەدىستە بايان قىلىنغان ئىشلارنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا ھەمكارلىششقا ياتىدىغان ئىشلار ئىكەنلىكى.

ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿وَتَعَاوَنُوا عَلَى الْبِرِّ وَالتَّقْوَى﴾ «يەنى، ياخشى ئىشلار ۋە تەقۋالىقتا ئۆزئارا ھەمكارلىشىڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە مائىدە 2 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

898 - سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إِنَّ الْمُسْلِمَ إِذَا عَادَ أَخَاهُ الْمُسْلِمَ لَمْ يَزَلْ فِي خُرْفَةِ الْجَنَّةِ حَتَّى يَرْجِعَ» «بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلمان بۇرادىرىنى يوقلاپ بارسا تاكى قايتقۇچە جەننەتنىڭ خۇرفىلىرى ئىچىدە بولىدۇ»، دېدى. «جەننەتنىڭ خۇرفىلىرى دېگەن نېمە، ئى رەسۇلۇللاھ؟ »، دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جەننەتتە ئۈزۈلىدىغان مېۋىلەر»، دېدى.
— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

899 - ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «مَا مِنْ مُسْلِمٍ يَعُودُ مُسْلِماً غُدْوَةً إِلَّا صَلَّى عَلَيْهِ سَبْعُونَ أَلْفَ مَلَكٍ حَتَّى يُمْسِي، وَإِنْ عَادَهُ عَشِيَّةً إِلَّا صَلَّى عَلَيْهِ سَبْعُونَ أَلْفَ مَلَكٍ حَتَّى يُصْبِحَ، وَكَانَ لَهُ خَرِيْفٌ فِي الْجَنَّةِ» «بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلماننى ئەتىگەندە يوقلىسا 70 مىڭ پەرىشتە كەچكىچە ئۇنىڭ ئۈچۈن مەغفىرەت تىلەيدۇ، كەچتە يوقلىسا تاڭ ئاتقۇچە مەغفىرەت تىلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەتتە مېۋىلەر ھازىرلانغان بولىدۇ».

— ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

900. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر يەھۇدىي غۇلامى بولۇپ، ئۇ كېسەل بولۇپ قالغاندا رەسۇلۇللاھ ئۇنى يوقلاپ بېرىپ بېشىدا ئولتۇرۇپ: «أَسْلِمْ» «مۇسۇلمان بولغىن»، دېدى. ئۇ يېنىدا تۇرغان دادىسىغا سوئال نەزىرىدە قارىدى. دادىسى: «ئەبۇلقاسىمغا (يەنى رەسۇلۇللاھقا) ئىتائەت قىل»، دېدى. يەھۇدىي غۇلام مۇسۇلمان بولدى.



www.munber.org

رەسۇلۇللاھ چىقىپ كېتىۋېتىپ: «الحَمْدُ للَّهِ الَّذي أنْقذهُ مِنَ النَّارِ» «بارلىق مەدھىيىلەر ئۇنى دوزاختىن قۇتۇلدۇرغان ئاللاھ تائالاغا بولسۇن»، دېدى. — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كۇففار كىشىنىڭ كېسىلىنى يوقلاشقا بولىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ئىسلام دىنىنى تەرغىب قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەزىلىتى، ئۇنىڭ ئىخلاس ۋە كۆيۈمچانلىقى بىلەن كىشىلەر قەلبلىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى.

3) سالىھ كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇشنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇلار بىلەن سۆھبەتتە بولۇشنىڭ ئۇ دۇنياغا بېرىشتىن بۇرۇنلا بۇ دۇنيادىمۇ نەتىجىسىنىڭ كۆرۈلىدىغانلىقى.

4) ئاسىي، كۇففار بەندىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىنى ئارزۇ قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا ئۈمىدۋار بولۇش.

5) ئاتا ـ ئانىلارنى ئۆز پەرزەنتلىرىگە ھىدايەت ۋە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلىشقا رىغبەتلەندۇرۇش.

## 145 . باب سالام قىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە سالامنى ئومۇملاشتۇرۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

**901 ـ** ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، بىرەر كىشى رەسۇلۇللاھقا ئۆزىنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى ياكى جاراھەتلەنگەنلىكىنى شىكايەت قىلىپ كەلسە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيتتى، دەپ رىۋايەت قىلغۇچى سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە رەسۇلۇللاھنىڭ قانداق قىلغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى يەرگە تەگكۈزۈپ كۆتۈرۈپ مۇنداق دېدى: «بِسْمِ اللَّهِ، تُربَةُ أرْضِنا، بِرِيقَةِ بَعْضِنَا، يُشْفَى بِهِ سَقِيمُنَا، بِإِذْنِ رَبِّنَا» «ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن باشلايمەنكى، زېمىنىمىزنىڭ تۇپرىقى، بەزىمىزنىڭ سۈۋ قىلىشى ئارقىلىق پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئىزنى بىلەن كېسىلىمىز شىپا تاپىدۇ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېسەللەرنىڭ شىپا تېپىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇلارنى سۈفلەپ ۋە پاكىز تۇپا ئارقىلىق داۋالاپ ئاللاھ تائالانىڭ ئىزنى بىلەن ساقايتاتتى. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس مۆجىزىلەر ھېسابلىنىدۇ.

2) « شىپالىق پەقەت ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بولىدۇ »، دېگەن ئېتىقاد بىلەن ھەر خىل سەۋەب قىلىپ داۋالاپ بېقىش ۋە تېبابەتتىن خەۋەردار كىشىلەردىن كېسەللى توغرىسىدا مەسلىھەت سوراشنىڭ لازىملىقى.

**902 ـ** ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىنىڭ بىرىنى (كېسىلىنى) يوقلاپ بارغاندا ئۇنى ئوڭ قولى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ مۇنداق دەيتتى: «اللَّهُمَّ ربَّ النَّاسِ، أذْهِب الْبَأسَ، واشْفِ، أنْتَ الشَّافي لا شِفَاءَ إلاَّ



www.munber.org

شِــفَاؤُكَ، شِــفاءً لا يُغَــادِرُ ســقَماً» «ئـى ئـىنسـانلارنىڭ پەرۋەردىگـارى، كېسـەللىكنى كـۆتۈرۋەتكـىن، شـىپالـىق بەرگـىن، سـەن شـىپالىق بەرگۈچىسـەن، پـەقەت سـېنىڭ بەرگـەن شـىپايىڭلا ئۈنۈملـۈك بولـىدۇ. شـۇنداق شـىپالـىق بەرگـىنكى، كېسـەللىك قالمىغاي». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

903 ـ ئەنــەس رەزىيــەللاھۇ ئــەنھۇدىن رىۋايــەت قىلىــنىدۇكى، ئـۇ سـابىتقا: «رەسۇلۇللاھ ئوقۇپ سـالىدىغان دەمـنى سـاڭا سـەپ قويايمۇ؟»، دېـدى. سـابىت: «بولىدۇ، سالغىن»، دېۋىدى، ئـۇ تـۆۋەندىكى دۇئـانى ئوقۇدى: «ئـى ئـىنسـانلارنىڭ پەرۋەردىگـارى، ئوقۇبـەتنى كەتكۈزگـۈچى! شـىپالـىق بەرگـىنكى، سـەنلا شـىپالىق بېرىسـەن، سـەندىن باشقا شـىپالىق بەرگـۈچى يـوق، شـۇنداق شـىپالىق بەرگـىنكى، ھېچقانداق كېسەللىك قالمىغاي». — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسـنىڭ مۇھـىم نۇقتىسى: ھەر قانداق كېسەلگە رۇقيە (كېسەللەرگە ئوقۇلىدىغان دۇئا) ئوقۇسا بولىدىغانلىقى. ئالىملار رۇقيە ئوقۇشنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل شەرت ئاستىدا جائىز دەپ قارىدى:

1) رۇقيە (ئوقۇلىدىغان دۇئا) — چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ كالامى ياكى ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدىن بولۇشى كېرەك.

2) ئەرەب تىلىدا بولۇشى ياكى مەنىسى ئېنىق ئىبارىلەر بىلەن بولۇشى.

3) رۇقيىنىڭ ئۆزىلا تەسىر قىلالمايدۇ، پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن تەسىر قىلىپ ساقىيىدۇ دەپ قارىشى، ئەڭ ياخشىسى ھەدىسلەردە كەلگەن ئىبارىلەر بىلەن رۇقيە قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

904 ـ سـەئد ئىبـنى ئـەبۇ ۋەققـاس رەزىيـەللاھۇ ئـەنھۇدىن رىۋايـەت قىلىـنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى يوقلاپ كېلىپ: «اللَّهُمَّ اشْفِ سعْداً، اللَّهُمَّ اشْـفِ سَعْداً، اللَّهُمَّ اشْفِ سَعداً» «ئى ئاللاھ! سەئدكە شىپالىق بەرگىن، ئى ئاللاھ! سەئدكە شىپالىق بەرگىن، ئى ئاللاھ! سەئدكە شىپالىق بەرگىن»، دېدى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسـنىڭ مۇھـىم نۇقتىسى: كېسـەل يوقلاپ بارغـاندا كېسـەلنىڭ ئىسـمىنى ئاتـاپ تـۇرۇپ شىپالىق تىلەپ دۇئا قىلىپ قويۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

905 ـ ئـەبۇ ئابدۇللاھ ئوسـمان ئىبـنى ئـەبىلئاس رەزىيـەللاھۇ ئـەنھۇدىن رىۋايـەت قىلىـنىدۇكى، ئـۇ پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالامغا بـەدىنىدىكى ئـاغرىقتىن شـىكايەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ضَعْ يَدَكَ عَلى الذي يَأْلَمُ مِن جَسَدِكَ وَقلْ: بِسمِ اللَّهِ ثَلاثاً وَقُلْ سَبْعَ مَرَّاتٍ: أَعُوذُ بِعِزَّةِ اللَّهِ وَقُدْرَتِهِ مِن شَرِّ مَا أَجِدُ وَأُحاذِرُ» «قولۇڭنى بەدىنىڭدىكى ئاغرىۋاتقان جايغا قويۇپ ئۈچ قېتىم (بِسْمِ الله)، دېگىن. ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقى بىلەن ۋە قۇدرىتى بىلەن ئۆزۈم سېزىپ، ئاقىۋەتىدىن قورقۇپ تۇرغان كېسەلنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، دېگىن»، دېدى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ھەدىستىكى مەزكۇر شەكىل ۋە دۇئا بىلەن ئۆزىگە ئۆزى رۇقيي ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

**906 - ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ عَادَ مَرِيضاً لَمْ يَحْضُرْهُ أَجَلُهُ، فقالَ عِنْدَهُ سَبْعَ مَرَّات: أَسْأَلُ اللَّه الْعَظِيمَ رَبَّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ أَنْ يَشفِيَك: إِلاَّ عَافَاهُ اللَّه مِنْ ذلكَ المَرَضِ» «كىمكى ئەجىلى توشمىغان بىر كېسەلنى يوقلىغان چاغدا، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ يەتتە قېتىم ‹ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان بۈيۈك ئاللاھ تائالادىن ساڭا شىپالىق بېرىشنى سورايمەن›، دېسە، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى مۇشۇ كېسەلدىن خالاس قىلىدۇ».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كېسەل يېنىدا دۇئا قىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە سەمىمىيلىك، توغرۇلۇق بىلەن قىلىنغان دۇئانىڭ كېسەلنىڭ شىپا تېپىشىغا تەسىرى بولىدىغانلىقى.

**907 - ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئەئرابىنى يوقلاپ ئۇنىڭ يېنىغا كىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەرسىنى يوقلاپ كىرسە: «لا بَأْس، طَهُورٌ إِن شَاء اللَّه» «كېرەك يوق، ئاللاھ تائالا خالىسا بۇ كېسەللىك گۇناھلاردىن پاكلىغۇچىدۇر»، دەيتتى.**

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كېسەل كىشىگە ئەجىر بىلەن خۇش بىشارەت بېرىپ دۇئا قىلىشنىڭ ۋە ئۇنىڭغا خۇشال قىلىدىغان، كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزىدىغان سۆزلەرنى قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

**908 - ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام رەسۇلۇللاھنى يوقلاپ كېلىپ: «ئاغرىپ قالدىڭمۇ؟ ئى مۇھەممەد»، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «نَعَمْ» «ھەئە»، دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: «بِسْمِ اللَّهِ أَرْقِيكَ، مِنْ كُلِّ شَيْءٍ يُؤْذِيكَ، مِنْ شَرِّ كُلِّ نَفْسٍ أَوْ عيْنِ حَاسِدٍ، اللَّهُ يشْفِيك، بِسْمِ اللَّهِ أَرْقِيكَ» «ساڭا ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان ھەر نەرسىدىن، ھەر جان ئىگىسىنىڭ شەررىدىن ياكى ھەسەتخورنىڭ يامان كۆزىدىن ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن ساڭا دەم سالىمەن. ئاللاھ تائالا ساڭا شىپالىق بەرگەي، ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى بىلەن دەم سالىمەن»، دېدى.**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مالاللىق بىلدۈرمىگەن ھالدا، ئۆزىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئېيتىش.

2) ھەدىستە بايان قىلىنغان ئىبارىلەر بىلەن رۇقيي ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن، كېسەللىك، ئەزىيەتلەرنىڭ ۋە ھەسەتخورلارنىڭ زىيان-زەخمىتىنىڭ تەسىر قىلىدىغانلىقى، شۇنداقلا ئۇنىڭمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئامان-ئېسەن قىلىشىغا ۋە شىپالىق بېرىشىگە موھتاج ئىكەنلىكى.



www.munber.org

909 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ قال: لا إلهَ إلاَّ اللَّهُ واللَّهُ أكْبَرُ، صدَّقَهُ رَبُّهُ، فقال: لا إله إلاَّ أنَا وأنا أكْبرُ. وَإذَا قال: لا إلهَ إلاَّ اللَّهُ وحْدهُ لا شَرِيكَ لَهُ، قال: يقول: لا إله إلا أنَا وحْدِي لا شَرِيك لي. وإذا قال: لا إلهَ إلاَّ اللَّهُ لَهُ المُلْكُ ولَهُ الحَمْدُ، قال: لا إلهَ إلاَّ أنَا لِيَ المُلْك ولِيَ الحَمْدُ. وإذا قال: لا إله إلاَّ اللَّهُ ولا حَوْلَ ولا قوَّةَ إلاَّ باللَّهِ، قال لا إله إلاَّ أنَا ولا حَوْلَ ولا قوَّةَ إلاَّ بِي» «كىمكى ‹بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر›، دېسە، پەرۋەردىگارى ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ مۇنداق دەيدۇ: ‹مەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، مەن ئەڭ ئۇلۇغمەن›، بەندە ‹يالغۇز بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر›، دېسە، ئاللاھ: ‹يالغۇز مەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر›، دەيدۇ، بەندە: ‹يالغۇز بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر›، دېسە، ئاللاھ: ‹يالغۇز مەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، مېنىڭ ھېچ شېرىكىم يوقتۇر›، دەيدۇ، بەندە بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، پۈتۈن سەلتەنەت ئاللاھقا خاستۇر، جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر›، دېسە، ئاللاھ: ‹مەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، پۈتۈن سەلتەنەت ۋە جىمى ھەمدۇسانا ماڭا خاستۇر›، دەيدۇ. بەندە: ‹بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھنىڭ مەدىتى بولمىسا ھېچبىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ›، دېسە، ئاللاھ: ‹پەقەت مەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ھەرقانداق ئىش پەقەت مېنىڭ مەدەت قىلىشىم بىلەنلا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ›، دەيدۇ، يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مَنْ قالهَا في مَرَضِهِ ثُمَّ ماتَ لَمْ تَطْعَمْهُ النَّارُ» «كىمكى كېسەللىكىدە بۇ دۇئانى ئوقۇپ، ئاندىن ۋاپات بولسا، دوزاختىن نىجات تاپىدۇ»، دېگەن. — ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھەدىستىكى ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىش، بىر دەپ ئېتىقاد قىلىش، نېئمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش، ھەر قانداق ئىشتا ئاللاھ تائالاغا يۆلىنىش ۋە ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىشنى بىلدۈرىدىغان جۈملىلەر بىلەن دۇئا قىلىشنىڭ پەزىلىتى.

2) بۇ دۇئانى كېسەل كىشىنىڭ يېنىدا، ناۋادا ئۇ ۋاپات بولۇپ كېتىپ قالسا، ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى ـ رەھمىتى بىلەن مۇسۇلمان ھالەتتە دۇنيادىكى ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان بەلگىسى بولۇش ئۈچۈن كۆپ ئوقۇپ بېرىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

## 146 . باب كېسەلنىڭ ئەھۋالىنى سوراشنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا

910. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇش ئالدىدىكى كېسەللىك مەزگىلىدە ئەلى رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدىن چىقىۋىدى، كىشىلەر: «ئى ھەسەننىڭ دادىسى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئەھۋالى

قانداقراق؟ »، دەپ سورىۋىدى، ئەلى: «ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر، ياخشى بولۇپ قالدى»، دېدى.

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەگەر كېسەل كىشىنى بىرەر ئۆزرە تۈپەيلى يوقلىيالمىسا، باشقىلاردىن ئۇنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى سوراپ تۇرۇشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، چۈنكى كېسەل كىشى بۇنى ئاڭلىسا خۇشال بولىدۇ.

2) كېسەل كىشىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا سورالغان كىشىنىڭ سورىغان كىشىگە خۇشال قىلىدىغان ۋە خاتىرجەم قىلىدىغان سۆزلەر بىلەن جاۋاب بېرىشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

## 147. باب ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگەن كىشىنىڭ نېمە دېيىشى لازىملىقى توغرىسىدا

911 - ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھنىڭ ماڭا يۆلىنىپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «اللَّهُمَّ اغفِرْ لي وَارْحمْني، وَأَلحِقني بالرَّفِيقِ الأَعْلَى» «ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى مەغفىرەت قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، مېنى دەرگاھىڭغا ئېلىپ كەتكىن».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئۆلۈم ئالامەتلىرى كۆرۈلگەندە ئاللاھ تائالادىن رەھمەت ۋە مەغفىرەت ئۈمىد قىلىپ، قەلبىنى دۇنياغا ئالاقىدار ئىشلاردىن ئۈزۈش ۋە ھەق تەرەپكە ئېسىلىش كېرەكلىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق دۇئا قىلغانلىقى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ گۇناھ سادىر قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن بولماستىن، بەلكى ياخشىلىقلىرىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىپ، مەرتىۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ھەمدە ئۈممەتلىرىگە تەلىم بېرىش يۈزىسىدىن بولغان، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۇناھلاردىن پاك زاتتۇر.

912 - ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىغا يېقىن، ئۇنىڭ يېنىدا قويۇلغان بىر قاچا سۇغا قولىنى چىلاپ، ئاندىن ئۇ سۇ بىلەن يۈزىنى سىلاپ تۇرۇپ: «اللَّهُمَّ أَعِنِّي على غمرَاتِ الموْتِ وَسَكَراتِ المَوْتِ» «ئى ئاللاھ! ئۆلۈمنىڭ دەھشىتى ۋە سەكراتتا مەدەتكار بولغايسەن»، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.

— تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەرلەرمۇ خۇددى باشقا كىشىلەرگە ئوخشاشلا كېسەل بولۇپ ئاغرىق تارتىدىغانلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەگكەن كېسەل يۇقىرى قىزىتما بولۇپ، ئۇ سوغۇق سۇنى يۈزىگە سۈرتۈش ئارقىلىق قىزىتمىنى پەسەيتەتتى.

2) روھنىڭ تەندىن ئايرىلىشىنىڭ ناھايىتى قىيىنلىش بىلەن بولىدىغانلىقى، شۇڭا بۇ ئازابنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن دۇئا قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.



www.munber.org

## 148. باب كېسەلنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ۋە كېسەلگە خىزمەت قىلىۋاتقانلارغا كېسەلگە ياخشى قاراشنى تەۋسىيە قىلىش، كېسەل بېقىشتىكى ئېغىرچىلىقلارغا چىداشنىڭ ياخشىلىقى ۋە شۇنىڭدەك شەرئىي جازا بىلەن ياكى قىساس بىلەن ئۆلتۈرۈلۈشى يېقىن بولغان كىشىگىمۇ ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىش توغرىسىدا

913 - ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جۇھەينە قەبىلىسىدىن بىر ئايال رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كەلدى. ھالبۇكى، ئۇ زىنادىن ئېغىر ئاياغ بولۇپ قالغانىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھقا: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن جازاغا لايىق بولۇپ قالدىم، مېنى جازالىغىن»، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ئىگىسىنى چاقىرىپ: «أحْسِنْ إِلَيْهَا، فَإِذا وضَعتْ فَأْتِني بِهَا» «ئۇنىڭغا ياخشى قارىغىن، ئۇ يەڭگىپ بولغاندىن كېيىن مېنىڭ يېنىمغا ئېلىپ كەلگىن»، دېدى. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە قىلدى. رەسۇلۇللاھ ئۇ ئايالنى كىيىمگە يۆگەپ چالما - كېسەك قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇ ئايال چالما - كېسەك قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇ ئايالنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئېغىر ئاياغ ئايالغا تاكى ئۇ يەڭگىۋالغۇچىلىك ھەد ئىجرا قىلىنمايدىغانلىقى، ھەدنىڭ گۇناھكارلارنىڭ گۇناھىغا كەففارەت بولىدىغانلىقى ۋە ھەد ئىجراسى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن كىشىگە مېيىت نامىزى ئوقۇلىدىغانلىقى.

## 149. باب نارازى بولماي، چىدامسىزلىق قىلماي تۇرۇپ، مەن ئاغرىقمەن ياكى قىزىپ كېتىۋاتىمەن، ۋاي بېشىم دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقى توغرىسىدا

914 - ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كىرسەم ئۇنىڭ ئىستىمىسى بەك ئۆرلەپ كېتىپتۇ. مەن رەسۇلۇللاھنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «قاتتىق قىزىپ كېتىپسەنغۇ»، دېسەم، رەسۇلۇللاھ: «أَجَلْ إِنِّي أُوَعَكُ كما يُوعكُ رَجُلانِ مِنْكُمْ» «ھەئە، مەن سىلەردەك ئىككى ئادەمنىڭ قىزىتمىسىدا قىزىۋاتىمەن»، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ ئاغرىپ قالىدىغانلىقى، بۇنىڭدىكى ھېكمەت — ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالا ئالدىدىكى مەرتىۋىسىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈندۇر.

915 - سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغاندا، رەسۇلۇللاھ مېنى يوقلاپ كەلدى. مەن رەسۇلۇللاھقا: «مېنىڭ كېسەل بولۇپ قايسى ھالغا چۈشۈپ قالغىنىمنى كۆرۈپ تۇرۇپسەن، مەن مالدار ئادەممەن، بىر قىزىمدىن باشقا مىراسخورۇم يوق»، دېدىم، دەپ ھەدىسنىڭ داۋامىنى بايان قىلدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كىسەل كىشى « كېسىلىم ئېغىرلىشىۋاتىدۇ ياكى بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ »، دېسە بولىدىغانلىقى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنى يوقلاپ تۇرىدىغانلىقى ھەمدە ئۇلارغا كۆيۈنىدىغانلىقى.

3) كىسەل كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى سەدىقە قىلىشقا ۋەسىيەت قىلىشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى، شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنى جىق كۆرۈپ، ئازراق خەير ـ ئېھسان قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى.

**916 ـ قاسىم ئىبنى مۇھەممەدتىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ۋاي بېشىم! دېسەم بولىدۇ»، دېدى، دەپ ھەدىسنىڭ ئاخىرىنى بايان قىلدى.**

ـــ بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باش ئاغرىقىدىن دادلانغانلىقى.

## 150. باب جان ئۈزۈش ئالدىدىكى كىشىگە «لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ»نى تەلقىن قىلىش توغرىسىدا

**917 ـ مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «مَنْ كَانَ آخِرَ كَلاَمِهِ لا إِلهَ إِلاَّ اللَّه دَخَلَ الجَنَّةَ» «ئاخىرقى سۆزى ‹لاَ اِلَهَ اِلاَّ اللهُ› بولغان ئادەم جەننەتكە كىرىدۇ».** ـــ ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كەلىمە شاھادەتنى ئېيتىشنىڭ پەزىلى، جان ئۈزۈش ئالدىدا ئاخىرقى سۆزى كەلىمە شاھادەت بولغان كىشىنىڭ دەسلەپىدىلا جەننەتكە كىرىدىغانلىقى ياكى گۇناھلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىپ بولغاندىن كېيىن جەننەتكە كىرىدىغانلىقى، مەڭگۈ دوزاختا قالمايدىغانلىقى.

**918 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «لَقِّنُوا موْتَاكُمْ لا إِلهَ إِلاَّ اللَّهُ» «جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇرغان ئادەملىرىڭلارغا ‹لاَ اِلَهَ اِلاَّ اللهُ›، دېگەن سۆزنى تەلقىن قىلىپ بېرىڭلار».** ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: سەكراتتىكى كىشىگە (ئۆلۈم ئالدىدا شاھادەت ئېيتىۋېلىش ئۈچۈن) شاھادەت كەلىمىسىنى تەلقىن قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

كۆپ سانلىق ئالىملار ھەدىسنىڭ زاھىرىغا قاراپ: كىشى ئۆلگەندىن كېيىن ۋە دەپنە قىلىنىپ بولغان كېيىنمۇ ـــ ئىككى پەرىشتە سوئال قىلىدىغان ۋاقىتتا ـــ شاھادەت كەلىمىسىنى تەلقىن قىلسا ياخشى، دەپ قاراشتى.



www.munber.org

## 151 . باب ئۆلگەن كىشىنىڭ كۆزىنى يۇمدۇرغاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئالار توغرىسىدا

**919 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەبۇ سەلەمەنىڭ يېنىغا كىردى. ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلىپ قالغانىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇنىڭ كۆزىنى يۇمدۇرۇپ:** «إِنَّ الرُّوح إِذا قُبِضَ، تبِعَه الْبصَرُ» **«قەبزى روھ بولغان چاغدا، كۆز روھقا ئەگىشىدۇ»، دېدى.**

**مېيىت ئەھلى ئۇن سېلىپ يىغلىشىپ كېتىۋىدى، رەسۇلۇللاھ:** «لا تَدْعُوا عَلى أَنْفُسِكُم إِلاَّ بِخَيْرٍ، فإِنَّ المَلائِكَةَ يُؤَمِّنُون عَلى ما تَقُولونَ» **«ئۆزۈڭلارغا ياخشىلىقلارنىلا تىلەڭلار، چۈنكى سىلەر دېگەن سۆزگە پەرىشتىلەر ‹ئامىن›، دەيدۇ». ئاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ:** «اللَّهُمَّ اغْفِر لأَبي سَلَمَة، وَارْفَعْ درَجَتهُ في المَهْدِيِّينَ، وَاخْلُفْهُ في عَقِبِهِ في الْغَابِرِين، واغْفِرْ لَنَا ولَه يَاربَّ الْعَالمِينَ، وَافْسحْ لَهُ في قَبْرِهِ، وَنَوِّرْ لَهُ فيه» **«ئى ئاللاھ! ئەبۇ سەلەمەنى مەغفىرەت قىلغىن، دەرىجىسىنى ھىدايەت تاپقانلار ئارىسىدا يۇقىرى قىلغىن، ئۇنىڭدىن كېيىن قالغانلارغا پاناھ بولۇپ بەرگىن، ئى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى! بىزنى ۋە ئۇنى مەغفىرەت قىلغىن، ئۇنىڭ قەبرىسىنى كەڭ ۋە نۇرلۇق قىلغىن»، دېدى.** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: **1)** كۆزى ئوچۇق قالماسلىقى ئۈچۈن ئۆلگەندىن كېيىنلا مېيىتنىڭ كۆزىنى يۇمدۇرۇپ قويۇش.

**2)** كۆزنىڭ روھقا ئەگىشىدىغانلىقى.

**3)** ئائىلە ئەزالىرىدىن بىرەرسى ۋاپات بولغاندا ئاللا ـ توۋا قىلىپ ئۆزىگە بەددۇئا قىلماسلىق، چۈنكى پەرىشتىلەرنىڭ مېيىت ئىگىلىرىنىڭ دۇئالىرىغا ئامىن دېيىشىپ بېرىدىغانلىقى.

**4)** پەزىل ئىگىسى بولغانلار ئۆز قېرىنداشلىرىنى كېسەل بولغاندا يوقلاپ تۇرۇشى ۋە ئۇلار جان ئۈزىدىغان چاغدا ھەم ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلىپ تۇرۇشى كېرەكلىكى.

**5)** بۇ ھەدىستە يەنە: قەبرىدە نېئمەتلەر بولىدىغانلىقى ۋە دۇئانىڭ مېيىتكە پايدىسى بولىدىغانلىقىغا ئىشارەت بار.

## 152 . باب مېيىتنىڭ يېنىدا ئوقۇلىدىغان ۋە مېيىت ئىگىسىنىڭ ئوقۇيدىغان دۇئالىرى توغرىسىدا

**920. ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إِذا حَضرْتُمُ المرِيضَ، أَوِ المَيِّتَ، فَقُولُوا خيْراً، فَإِنَّ الملائِكَةَ يُؤَمِّنونَ عَلى ما تقُولُونَ» **« ئەگەر سىلەر كېسەلنىڭ يېنىدا ياكى مېيىتنىڭ يېنىدا بولساڭلار، ياخشى سۆز قىلىڭلار، چۈنكى پەرىشتىلەر سىلەر دېگەن سۆزگە: ‹ئامىن›، دېيىشىپ بېرىدۇ ». ئۇممۇ سەلەمە ئېيتتى: ئەبۇ سەلەمە (يەنى ئېرىم) ۋاپات بولغاندا**

رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەبۇ سەلەمە قازا قىلدى»، دېدىم. رەسۇلۇللاھ ماڭا: «قُولي: اللَّهُمَّ اغفِرْ لي ولَهُ، وَأَعْقِبْني مِنْهُ عُقبى حسنةً» «ئى ئاللاھ! مېنى ۋە ئۇنى مەغفىرەت قىلغىن، ماڭا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئورۇن باسار بەرگىن، دېگىن»، دېدى. مەن شۇنداق دېدىم. ئاللاھ تائالا ماڭا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى بولغان رەسۇلۇللاھنى ئورۇنباسار قىلىپ بەردى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كېسەل كىشىنىڭ يېنىدا كېسەل كىشىگە ۋە باشقىلارغا دۇئا قىلىپ قويۇشنىڭ ھەمدە ئۇنىڭغا شاھادەت كەلىمىسىنى تەلقىن قىلىشنىڭ ۋە سۈرە ياسىننى ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) كېسەل كىشى يېنىدا يامان سۆز قىلىشقا ۋە ۋاپات بولغاندا ئاللا ـ توۋا قىلىپ ئۆزىگە بەد دۇئا قىلىشقا بولمايدىغانلىقى، چۈنكى پەرىشتىلەر مېيىت ئىگىلىرىنىڭ دۇئالىرىغا ئامىن دېيىشىپ بېرىدىغانلىقى.

3) «ئى ئاللاھ! بۇ مۇسىبىتىمدە ماڭا ساۋاب ئاتا قىلغىن ۋە ئۇنىڭ ئورنىنى ياخشىسى بىلەن تولدۇرۇپ بەرگىن»، دەپ دۇئا قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

921 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «مَا مِنْ عبدٍ تُصِيبُهُ مُصِيبَةٌ، فيقولُ: إِنَّا للَّهِ وَإِنَّا إِليهِ رَاجِعُونَ: اللَّهمَّ أجرني في مُصِيبَتي، وَاخْلُف لي خَيْراً مِنْهَا، إِلاَّ أَجَرَهُ اللَّهُ تعَالى في مُصِيبتِهِ وَأَخْلَفَ لَه خَيْراً مِنْهَا» «بىرەر بەندە قانداقلا بىر مۇسىبەت كەلمىسۇن، ‹بىز ئاللاھ تائالانىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز، ئى ئاللاھ، مۇسىبىتىمدە ماڭا ساۋاب ئاتا قىلغىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراقىنى ئاتا قىلغىن›، دېسە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ مۇسىبىتىدە ساۋاب ئاتا قىلىپ، ئۇ يوقاتقان نەرسىنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراقىنى ئاتا قىلىدۇ». ئۇممۇ سەلەمە مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ سەلەمە قازا قىلغاندا رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە دېگەنىدىم، ئاللاھ ماڭا ئەبۇ سەلەمەدىن ياخشىراق بولغان رەسۇلۇللاھنى ئەبۇسەلەمەنىڭ ئورنىغا بەردى». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: يۇقىرىقى ھەدىستە ئېيتىلغانىدەك ئاللاھ تائالانىڭ مۇسىبەتنىڭ ئورنىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىسى بىلەن تولدۇرۇپ بېرىدىغانلىقى.

922 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِذا ماتَ وَلدُ العبْدِ قال اللَّهُ تعالى لملائِكَتِهِ: قَبضْتُم وَلدَ عَبْدِي؟ فيقولُونَ: نعَم، فيقولُ: قَبَضتُم ثمَرَةَ فُؤَادِهِ؟ فيقولونَ: نَعم. فَيَقُولُ: فَمَاذَا قال عبْدِي؟ فيقُولُونَ: حمِدكَ واسْتَرْجعَ، فيقولُ اللَّهُ تعالى: ابْنُوا لعبدِي بَيتاً في الجَنَّة، وَسَمُّوهُ بيتَ الحمدِ» «ئەگەر بىرەر بەندىنىڭ بالىسى ئۆلسە، ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرگە: ‹بەندەمنىڭ بالىسىنى قەبزى روھ قىلدىڭلارمۇ؟›، دەيدۇ.

پەرىشتىلەر: ‹ھەئە›، دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: ‹بەندەمنىڭ يۈرەك پارىسىنى قەبزى روھ قىلدىڭلارمۇ؟›، دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ‹ھەئە›، دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: ‹بەندەم نېمە دېدى؟›، دەپ سورايدۇ. پەرىشتىلەر: ساڭا ھەمدە ئېيتىپ: ﴿ھەممىمىز ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز﴾، دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى، دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: ‹ئۇنداق بولسا، بەندەم ئۈچۈن جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىپ، ئۇنى ھەمدۇسانا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆيى، دەپ ئاتاڭلار›، دەيدۇ».

— ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مۇسىبەت يەتكەندە سەبرى قىلىشقا، قازا ـ قەدەرگە رازى بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش ۋە سەۋر قىلغانلار ھەمدە رازى بولغانلار ئۈچۈن جەننەتتە كاتتا ساۋاب ۋەدە قىلىنغانلىقى.

923 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يقُولُ اللَّهُ تعالى: ما لعَبْدِي المؤْمِن عِنْدي جزَاءٌ إِذا قَبَضْتُ صَفيَّه مِنْ أَهْلِ الدُّنْيَا، ثُمَّ احْتَسَبهُ، إِلاَّ الجَنَّةَ» «ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇكى، مېنىڭ مۇئمىن بەندەمنىڭ دۇنيادىكى يېقىن ئادىمىنى قەبزى روھ قىلسام، ئۇ مېنىڭ ساۋاب بېرىشىمنى كۆزدە تۇتۇپ بۇنىڭغا سەۋر قىلسا، ئۇنى جەننەت بىلەنلا مۇكاپاتلايمەن».

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مۇسىبەت يەتكەندە ساۋابنى ئۈمىد قىلىپ سەۋر قىلىشقا تەۋسىيە قىلىنغان، جەننەت ۋەدە قىلىنغانلىقىدىن بېشارەت بېرىلگەن.

924 ـ ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھنىڭ قىزلىرىدىن بىرى بالىسىنىڭ جان بېرىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ، رەسۇلۇللاھنى چاقىرىشقا ئادەم ئەۋەتىپتۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلچىگە: «ارْجِعْ إِلَيْهَا، فَأَخْبِرْهَا أَنَّ للَّهِ تعالى مَا أَخذَ ولَهُ ما أعطى، وَكُلُّ شَيْءٍ عِنْدَهُ بِأَجْلٍ مُسَمًّى، فَمُرْهَا، فلْتَصْبِرْ ولْتَحْتسِبْ» «قايتىپ بېرىپ ئۇنىڭغا ئېيتقىنكى، ئاللاھنىڭ ئەپكەتكىنىمۇ، بەرگىنىمۇ ئۆز مۈلكىدۇر، ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا ھەممە نەرسىنىڭ بەلگىلەنگەن مۇددىتى بولىدۇ. ئۇنىڭغا دېگىنكى، سەۋر قىلسۇن ۋە ئەجرىدىن ئۈمىدۋار بولسۇن»، دېدى، دەپ ھەدىسنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇردى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مۇسىبەت يەتكەندە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

www.munber.org

## 153 . باب مېيىتكە ئۈنسىز ۋە قوشاق قوشماي يىغلاشنىڭ دۇرۇسلۇقى توغرىسىدا

**925 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف، سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدلار بىلەن بىرلىكتە سەئد ئىبنى ئۇبادەنى يوقلاپ كېلىپ يىغلىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ يىغلىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارمۇ يىغلاپ سالدى. رەسۇلۇللاھ:** «أَلا تَسْمعُونَ؟ إِنَّ اللَّه لا يُعَذِّبُ بِدمْعِ العَيْنِ، وَلا بِحُزْنِ القَلْبِ، وَلَكِنْ يُعَذّبُ بِهذاَ أَوْ يَرْحَمُ» **« قۇلاق سېلىڭلار، ئاللاھ كۆز يېشى قىلغانلىق، دىلدا قايغۇرغانلىق ئۈچۈن ئازابلىمايدۇ، لېكىن ماۋۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ئازابلايدۇ ياكى رەھىم قىلىدۇ »، دەپ تىلىغا ئىشارەت قىلدى.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مېيىتقا دىلدا قايغۇرۇپ ياش تۆكسە گۇناھ بولمايدىغانلىقى، گۇناھنىڭ پەقەت: يۇقىرى ئاۋازدا ئاللا ـ تاۋۋا سېلىپ ۋە قوشاق قېتىپ، شۇنداقلا قازا ـ قەدەرگە نارازىلىقنى ئىپادىلەپ يىغلاشتىن ئىبارەت شەرىئەت چەكلىگەن ئىشلارنى سادىر قىلىپ قويۇشتا بولىدىغانلىقى.

قوشاق قېتىپ يىغلاش دېگەنلىك: مېيىتنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى ساناپ يۇقىرى ئاۋازدا ئاللا ـ تاۋۋا كۆتۈرۈپ يىغلاش.

ئۈن سېلىپ يىغلاش دېگەنلىك: مېيىتنىڭ ياخشى ئىش ـ ئىزلىرىنى ساناپ يىغلاش. ئەگەر كىشى ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۆلۈشتىن بۇرۇنلا ئۆزى ئۆلگەندىن كېيىن يۇقىرى ئاۋازدا ئاللا ـ تاۋۋا كۆتۈرۈپ يىغلاشقا ۋەسىيەت قىلغان ياكى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۆزىگە شۇنداق يىغلايدىغانلىقىنى بۇرۇن بىلىپ تۇسمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن يىغا ـ زارە قىلىشى بىلەن ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقى.

**926 ـ ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇل نەۋرىسى جان تالىشىۋاتقاندا رەسۇلۇللاھقا سۇنۇپ بېرىلدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئىككى كۆزىدىن ياش قۇيۇلدى. سەئد رەسۇلۇللاھقا: « بۇ نېمە ئىش ئى رەسۇلۇللاھ؟ »، دېدى. رەسۇلۇللاھ:** «هَذِهِ رحمةٌ جَعَلَها اللّٰهُ تَعالى في قلوبِ عبادِهِ، وَإِنَّما يَرْحَمُ اللَّهُ مِنْ عبَادِهِ الرُّحَمَاءَ» **« بۇ بولسا ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ دىلىغا سالغان رەھمەتتۇر، ئاللاھ تائالا ئۆز بەندىلىرىنىڭ ئىچىدىكى رەھىمدىللىرىغا رەھىم قىلىدۇ »، دېدى.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مېيىتقا ئاللا ـ تاۋۋا كۆتۈرمەستىن ۋە يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىرىماستىن يىغلاشقا بولىدىغانلىقى، چۈنكى يىغلاشنىڭ دىلنىڭ ئۇزۇكلۈكى ۋە دىلدىكى مېھىر ـ شەپقەتنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكى.



www.munber.org

927 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئۆز ئوغلى ئىبراھىمنىڭ يېنىغا كىردى. ئىبراھىم بۇ چاغدا بولسا، جان ئۈزۈۋشكە ئاز قالغانىكەن. رەسۇلۇللاھنىڭ كۆزىدىن ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەسۇلۇللاھقا: « ئى رەسۇلۇللاھ! سەنمۇ يىغلامسەن؟ »، دېدى. رەسۇلۇللا: «يا ابْنَ عوفٍ إِنَّها رَحْمةٌ» « ئى ئابدۇراھمان، بۇ ئىچ ئاغرىتىپ يىغلىغان يىغىدۇر »، دەپ بولۇپ، ئۇ سۆزىگە ئۇلاپ: «إِنَّ الْعَيْنَ تَدْمَعُ والقَلْب يَحْزَنُ، وَلا نَقُولُ إِلا ما يُرضي رَبَّنا وَإِنَّا لفِرَاقِكَ يا إِبْرَاهيمُ لَمَحْزُونُونَ» « شۇبھىسىزكى، كۆز ياش تۆكمەكتە، دىل غەمكىن بولماقتا، ھالبۇكى، بىز رەببىمىز رازى بولىدىغان سۆزنى قىلىمىز: ئى ئىبراھىم! بىز سەندىن ئايرىلغىنىمىزغا غەمناكتۇرمىز »، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: يۇقىرىقى ھەدىسلەردە بايان قىلىنغىنىغا ئوخشاشلا ئاللاھ تائالانىڭ قازا ـ قەدەرىگە رازى بولۇشنىڭ لازىملىقى.

بۇ بابتا كەلگەن ھەدىسلەر سەھىھۇلبۇخارىدا كۆپتۇر ۋە مەشھۇردۇر.

## 154 . باب مېيىتنى يۇيۇۋاتقاندا بايقالغان يامان ئەھۋالنى سۆزلىمەسلىك توغرىسىدا

928 ـ ئەبۇ رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ غَسَّل ميِّتاً فكَتَمَ عَلَيْه، غَفَرَ اللَّهُ له أَرْبعِينَ مرَّةً» « كىمكى بىرەر مېيىتنى يۇيۇپ، مېيىتنىڭ بەدىنىدىكى ئەيىبىنى باشقىلارغا دەپ يۈرمىسە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ قىرىق قېتىملىق گۇناھىنى مەغفىرەت قىلىدۇ ». — ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مېيىتنىڭ يۈزى قارىيىپ قالغانغا ۋەياكى جەستى ئۆزگىرىپ كەتكىنىگە ئوخشاش ئىشلار بولسا، مېيىتنى يېپىپ قويۇشنىڭ لازىملىقى.

2) يۈزىنىڭ نۇرلۇقلىقىغا ئوخشاش مېيىت كىشىنىڭ گۈزەللىكلىرىنى سۆزلەشكە بولىدىغانلىقى.

## 155 . باب مېيىتكە جىنازا نامىزى ئوقۇش، جىنازىغا ئەگىشىش ۋە دەپنە قىلىشقا قاتنىشىشنىڭ ياخشىلىقى، ئاياللارنىڭ جىنازىغا ئەگىشىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا

929 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ شَهِدَ الجَنَازَةَ حَتَّى يُصَلِّي عَلَيها فَلَهُ قِيرَاطٌ، وَمَنْ شَهدَهَا حَتَّى تُدْفَنَ فَلَهُ قِيراطَانِ» « كىمكى ھازا ئۈستىدە ھازىر بولۇپ، ئاندىن جىنازا نامىزىغا داخىل



www.munber.org

بولسا، ئۇنىڭغا بىر قىيرات ساۋاب بولىدۇ. كىمكى جىنازا نامىزىغا داخىل بولۇپ، دەپنە قىلىشقىمۇ قاتناشقان بولسا، ئۇ ئادەمگە ئىككى قىيرات ساۋاب بولىدۇ». «ئىككى قىيرات دېگەن قانچىلىك كېلىدۇ؟»، دەپ سورالغاندا، رەسۇلۇللاھ: «مِثْلُ الجَبَلَيْنِ العَظِيمَيْنِ» «ئىككى چوڭ تاغدەك كېلىدۇ»، دەپ جاۋاب بەرگەن.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: جىنازىغا ئەگىشىشكە ۋە مېيىتنى دەپنە قىلىشقا قاتنىشىشقا تەرغىب قىلىش، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بىر ـ بىرى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىن بولۇپ پەرز كۇپايە ھېسابلىنىدىغانلىقى.

**930.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «من اتَّبعَ جَنَازَةَ مُسْلمٍ إيمَاناً واحْتِسَاباً، وَكَانَ مَعَهُ حَتَّى يُصَلِّي عَلَيها ويَفْرُغَ من دَفنِها، فَإِنَّهُ يَرْجعُ مِنَ الأَجرِ بقِيراطَين كُلُّ قيرَاط مِثلُ أُحُدٍ، ومَنْ صَلَّى عَلَيهَا، ثم رَجَعَ قبل أَن تُدْفَنَ، فَإِنَّهُ يرجعُ بقِيرَاط» «كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ جىنازىسىغا ئاللا تائالانىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەن ۋە ساۋابىنى ئۈمىد قىلغان ھالدا ئەگىشىپ، ناماز ئوقۇلۇپ، دەپنە قىلىنغانغا قەدەر بىللە بولسا، ھەر بىرى ئۇھۇد تېغىچىلىك بولغان ئىككى قىيرات ساۋاب بىلەن قايتىدۇ. كىمكى جىنازا نامىزىغا قاتنىشىپ، مېيىت دەپنە قىلىنىشتىن بۇرۇن قايتىپ كەتسە، بىر قىيرات ساۋاب بىلەن قايتىدۇ». — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: جىنازىغا ئۆيىدىن باشلاپ تاكى دەپنە قىلىنىپ بولغانغا قەدەر ئەگىشىپ بېرىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، چۈنكى بۇنداق قىلىش ئارقىلىق كاتتا ساۋابقا ئېرىشىش بىلەن بىرگە مېيىت ئىگىلىرىنىڭ كۆڭلىنى يوپۇتقىلى بولىدۇ.

**931** ـ ئۇممۇ ئەتىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز ئاياللار جىنازىغا ئەگىشىشتىن مەنئى قىلىندۇق. لېكىن، بۇ مەنئى قىلىنىش ھارام دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاياللارنىڭ جىنازىغا ئەگىشىشىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى. بۇ كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشى.

2) ئاياللارنىڭ جىنازىغا ئەگىشىشى شەرىئەتتە چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ سادىر بولۇشىغا سەۋەب بولمىغان ئەھۋالدا مەكرۇھ ھېسابلىنىدىغانلىقى. ئەگەر ھارام ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەبچى بولسا ھارام ھېسابلىنىدۇ.

www.munber.org

## 156 . باب جىنازا نامىزىنى ئوقۇغۇچى ئادەملەرنىڭ كۆپ بولۇشىنىڭ ۋە سەپنىڭ ئۈچ ياكى ئۈچتىنمۇ كۆپ بولۇشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

**932 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «ما مِنْ ميِّتٍ يُصلِّي عليهِ أُمَّةٌ مِنَ الْمُسْلِمِينَ يبلُغُونَ مئَة كُلُّهُم يشْفَعُونَ له إِلا شُفِّعُوا فيه» **« مۇسۇلمانلار جامائەسىدىن يۈز ئادەم بىرەر مېيىتنىڭ نامىزىنى چۈشۈرسە، ھەممىسى ئۇ مېيىت ئۈچۈن شاپائەت تىلىسە، ئۇلارنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنىدۇ ».**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: جىنازا نامىزىدا ئوقۇلغان دۇئا مېيىت ئۈچۈن پايدىلىق بولغاچقا جىنازىغا ھازىر بولغان جامائەتنىڭ كۆپ بولۇشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.**

**933 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:** «مَا مِنْ رَجُلٍ مُسْلِمٍ يَمُوتُ، فَيقومُ عَلَى جَنَازتِهِ أَرْبَعونَ رَجُلا لا يُشركُونَ باللَّه شَيْئاً إِلاَّ شَفَّعَهُمْ اللَّهُ فيهِ» **« بىرەر مۇسۇلمان ئادەم ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ جىنازىسىغا ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدىغان 40 كىشى قاتناشسا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ شۇ مېيىت ھەققىدىكى شاپائىتىنى قوبۇل قىلماي قالمايدۇ ».**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ شاپائىتى مەقبۇل بولۇپ، ئاللاھ تائالا شاپائەت قىلىنغان كىشىلەرنى قەبرە ئازابى ياكى ئاخىرەت ئازابىدىن خالاس قىلىشى ۋەياكى ئىككىلا ئازابنى يەڭگىللىتىشى مۇمكىن.**

**934 ـ مەرسەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مالىك ئىبنى ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىرەر جىنازا نامىزىنى ئوقۇش توغرا كەلگەندە، جامائەتنى ئاز كۆرۈپ قالسا، ئۇلارنى ئۈچ سەپكە بۆلۈپ تۇرغۇزاتتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن، دەيتتى:** «مَنْ صَلَّى عليهِ ثَلاثَةُ صُفُوف، فَقَدْ أَوْجَبَ» **« قانداق بىر كىشىگە ئۈچ سەپ مۇسۇلمان نامىاز چۈشۈرسە، ئۇنىڭغا جەننەت تېگىشلىك بولىدۇ ».**

— ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

**ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مېيىت نامىزى ئوقۇغۇچىلارنى قېرىندىشىغا شاپائەت تىلەش ۋە ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىشتە ئاز بولسىمۇ كۆپ كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئۈچ ياكى ئۈچتىن ئارتۇق سەپكە بۆلۈشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.**

www.munber.org

## 157 ـ باب جىنازا نامىزىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا توغرىسىدا

**935** ـ ئەبۇ ئابدۇراھمان ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ بىر جىنازا نامىزىدا ئوقۇغان دۇئاسىدىن بۇلارنى يادلىۋالغانىدىم. رەسۇلۇللاھ: «اللَّهُمَّ اغْفِرْ لَهُ، وارْحمْهُ، وعافِهِ، واعْفُ عنْهُ، وَأَكرِمْ نزُلَهُ، وَوسِّعْ مُدْخَلَهُ واغْسِلْهُ بِالماءِ والثَّلْجِ والْبرَدِ، ونَقِّه منَ الخَطَايَا، كما نَقَّيْتَ الثَّوب الأَبْيَضَ منَ الدَّنَس، وَأَبْدِلْهُ دارا خيراً مِنْ دَارِه، وَأَهْلاً خَيّراً منْ أَهْلِهِ، وزَوْجاً خَيْراً منْ زَوْجِهِ، وأَدْخِلْه الجَنَّةَ، وَأَعِذْه منْ عَذَابِ القَبْرِ، وَمِنْ عَذَابِ النَّار» «ئى ئاللاھ! ئۇنىڭغا مەغفىرەت قىلغىن، ئۇنىڭغا رەھمى قىلغىن، ئۇنى ئامان ـ ئېسەن قىلغىن، ئۇنى ئەپۇ قىلغىن، ئاخىرەتتىكى جايىنى جەننەتتە قىلغىن، قەبرىسىنى كەڭ قىلغىن، ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى سۇ، قار، مۆلدۈرلەر بىلەن يۇغىن، ئۇنى خاتالىقلىرىدىن ئاق كىيىمنى كىردىن پاكلىغاندەك پاكلىغىن، ئۇنىڭغا ئۆز ئۆيىدىن ياخشى ئۆي، ئۆز ئەھلىدىن ياخشى ئەھلى، ئۆز ئايالىدىن ياخشى ئايال ئاتا قىلغىن، ئۇنى جەننەتكە داخىل قىلغىن، ئۇنى قەبرە ۋە دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن»، دەپ دۇئا قىلىۋىدى، مەن: «كاشكى، ئاشۇ مېيىت مەن بولۇپ قالسامچۇ؟»، دەپ ئارزۇ قىلىپ كەتتىم. —— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مېيىت نامىزى ئوقۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە تېخىمۇ چوڭ ساۋابقا ئېرىشىش ئۈچۈن پۈتۈن ياخشىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ دۇئا بىلەن دۇئا قىلىشنىڭ ياخشىلىقى. دۇئانىڭ مېيىتكە پايدىسى بولىدىغانلىقى ۋە قەبرىدىكى نېئمەت ۋە ئازابنىڭ ھەقلىقى.

**936** ـ ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ قەتادە ۋە ئەبۇ ئىبراھىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ بىر جىنازا نامىزىنى ئوقۇپ تۆۋەندىكى دۇئالارنى ئوقۇدى: «اللَّهم اغفر لِحَيِّنَا وَميِّتِنا، وَصَغيرنا وَكَبيرِنَا، وذَكَرِنَا وَأُنْثَانَا، وشَاهِدِنا وَغائِبنَا. اللَّهُمَّ منْ أَحْيَيْتَه منَّا فأَحْيِه على الإِسْلامِ، وَمَنْ توَفَّيْتَه منَّا فَتَوَفَّهُ عَلَى الإِيمانِ، اللَّهُمَّ لا تَحْرِمْنا أَجْرَهُ، وَلا تَفْتِنَّا بَعْدَهُ» «ئى ئاللاھ! بىزنىڭ ئۆلۈك ۋە تىرىكلىرىمىزنى ۋە چوڭ ـ كىچىكلىرىمىزنى، ئەر ـ ئاياللىرىمىزنى، بىزنىڭ ھازىر بولغانلىرىمىزنى ۋە ھازىر بولمىغانلىرىمىزنى مەغفىرەت قىلغىن. ئى ئاللاھ! بىزدىن مەيلى كىمنى تىرىك قالدۇرساڭ، ئۇنى ئىسلام ئاستىدا تىرىك قالدۇرغىن، كىمنى ۋاپات قىلدۇرساڭ، ئىسلام ئاستىدا ۋاپات قىلدۇرغىن. ئى ئاللاھ! بىزنى بۇ مۇسىبەتنىڭ ساۋابىدىن مەھرۇم قىلمىغىن، ئۇنىڭدىن كېيىن بىزنى پىتنىلەرگە گىرىپتار قىلمىغىن». —— تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

**937** ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «إذ صَلَّيْتُم عَلى المَيِّت، فأَخْلِصُوا لهُ الدُّعاءَ»



www.munber.org

« ئەگەر بىرەر مېيىتكە جىنازا نامىزى ئوقۇساڭلار، ئۇنىڭغا چىن كۆڭلۈڭلار بىلەن دۇئا قىلىڭلار ». — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مېيىتقا دۇئا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى، دۇئاسىز مېيىت نامىزى ئوقۇشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكى.

938 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ بىر جىنازىغا ناماز چۈشۈرگەندە، بۇ دۇئانى ئوقۇغان: «اللَّهُمَّ أنْتَ ربُّهَا، وَأَنْتَ خَلَقْتَهَا، وأَنْتَ هَدَيْتَهَا للإسلامِ، وَأَنْتَ قَبَضْتَ رُوحَهَا، وَأَنْتَ أعْلمُ بِسِرِّهَا وَعَلانِيَتِها، جِئْنَاكَ شُفَعاءَ لَهُ فاغفِرْ لَهُ» « ئى ئاللاھ! سەن بۇ مېيىتنىڭ پەرۋەردىگارىدۇرسەن، سەن ئۇنى ياراتتىڭ، سەن ئۇنى ئىسلام دىنىغا مۇشەررەپ قىلدىڭ، ئۇنىڭ جېنىنى قەبزى روھ قىلدىڭ، ئۇنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھالىتىنى ياخشى بىلىسەن، سېنىڭ ھوزۇرۇڭغا ئۇنىڭغا شاپائەت تىلەپ كەلدۇق، ئۇنىڭ گۇناھىنى مەغفىرەت قىلغىن ». — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

939 ـ ۋاسىلە ئىبنى ئەسقە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ بىز بىلەن بىللە بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ جىنازا نامىزىنى چۈشۈردى. مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دۇئا قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم: «اللَّهُمَّ إنَّ فُلانَ ابْنَ فُلان في ذِمَّتِكَ وحَلَّ بجوارك، فَقِهِ فِتْنَةَ القَبْرِ، وَعَذَابَ النَّارِ، وَأَنْتَ أَهْلُ الوَفاءِ والحَمْدِ، اللَّهُمَّ فاغفِرْ لهُ وَارْحَمْهُ، إنكَ أَنْتَ الغَفُور الرَّحيمُ» « ئى ئاللاھ! پالانچىنىڭ ئوغلى پالانچى سېنىڭ ئامانلىقىڭدا ۋە سېنىڭ پاناھىڭدىدۇر، ئۇنى قەبرە ۋە دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن، سەن ۋاپالىقسەن، ھەمدۇسانا ئېيتىلىشقا لايىق زاتتۇرسەن، ئى ئاللاھ! ئۇنىڭغا مەغفىرەت قىلغىن ۋە رەھمەت قىلغىن، چۈنكى سەن ئەڭ مەغفىرەت قىلغۇچى ۋە مېھرىبان زاتتۇرسەن ». — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

940. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ قىزىنىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقۇغاندا تۆت تەكبىر ئېيتىپ، تۆتىنچى تەكبىردىن كېيىن، ئىككى تەكبىر ئوتتۇرىسىدا تۇرغاندەك تۇرۇپ، قىزى ئۈچۈن مەغفىرەت تىلەپ دۇئا قىلدى. ئاندىن: « رەسۇلۇللاھ شۇنداق قىلاتتى »، دېدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئابدۇللاھ تۆت تەكبىر ئېيتىپ بولۇپ، شۇنچىلىك ئۇزۇن تۇردىكى، ئۇنى بەشىنچى تەكبىرنى ئېيتسا دەپ ئويلاپ قالدىم. ئاندىن ئوڭ ۋە سول تەرىپىگە سالام بەردى. ئۇ نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن: « بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ »، دەپ سورىساق، ئۇ: « مەن رەسۇلۇللاھتىن كۆرگىنىمنى قىلدىمكى، ئاشۇرۇۋەتكىنىم يوق، رەسۇلۇللاھ شۇنداق قىلاتتى »، دېدى. — ھاكىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مېيىتقا دۇئانى ئۇزۇن قىلىش ۋە تۆتىنچى تەكبىردىن كېيىنلا سالام بېرىشكە ئالدىراپ كەتمەستىن، ئەكسىچە تۆتىنچى تەكبىردىن كېيىن مېيىتقا ئۇزۇن دۇئا قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

## 158 . باب جىنازىنى ئېلىپ مېڭىشقا ئالدىراش توغرىسىدا

941 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «أَسْرِعُوا بِالجَنَازَةِ، فَإنْ تَكُ صَالِحَةً، فَخَيْرٌ تُقَدِّمُونها إلَيْهِ، وَإنْ تَكُ سِوَى ذلِكَ، فَشَرٌّ تَضَعُونَهُ عَنْ رِقَابِكُمْ» «جىنازىنى كۆتۈرگەندە تېز مېڭىڭلار. ئەگەر مېيىت ياخشى بەندە بولسا، ئۇنى ياخشى ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈشكە تېز ئېلىپ ماڭغان بولىسىلەر، ئەگەر ئۇ يامان بەندە بولسا، مۈرەڭلاردىن يامان ئادەمنى تېزرەك چۈشۈرۈۋەتكەن بولىسىلەر». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: «فَخَيْرٌ تُقَدِّمُونَهَا عَلَيْه» «جىنازىنى بۇرۇنراق يەتكۈزگىنىڭلار ياخشىدۇر»، دېيىلگەن.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: جىنازىنى كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان كىشىلەرگە مۇشەققەت يەتكۈزمىگەن ھالەتتە تېز ئېلىپ مېڭىش، مېيىتنى تاسقىماسلىق، مېيىتنىڭ ئاخىرقى بارىدىغان جايىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تەقدىرنى بايان قىلىش ۋە بۇ ئىشلارنىڭ غەيب ئىشلارنىڭ جۈملىسىگە كىرىدىغانلىقى.

942 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إذا وُضِعَتِ الجِنَازَةُ، فَاحْتَمَلَهَا الرِّجَالُ عَلى أعنَاقِهِمْ، فَإنْ كَانتْ صَالحَةً، قالتْ: قَدِّمُوني، وَإنْ كَانَتْ غَيْرَ صَالِحَةٍ، قَالَتْ لأَهْلِهَا: يَاوَيْلَهَا أَيْنَ تَذْهَبُونَ بِهَا، يَسْمَعُ صَوْتَهَا كُلُّ شَيْءٍ إلاَّ الإنسانَ، وَلَوْ سَمِعَ الإنْسَانُ، لَصَعِقَ» «مېيىتنى جىنازىغا سېلىپ ئەر كىشىلەر مۈرىلىرىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ ماڭغان چاغدا، مېيىت ئەگەر سائادەتمەن بەندە بولسا: ‹مېنى تېزرەك ئېلىپ بېرىڭلار›، دەيدۇ. ئەگەر ئۇ شەقىي بەندە بولسا: ‹ھالىمغا ۋاي، مېنى نەگە ئېلىپ بارىسىلەر؟›، دەپ توۋلايدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئىنسانلاردىن باشقا جىمى مەۋجۇدات ئاڭلايدۇ. ئەگەر ئۇنى ئىنسانلار ئاڭلايدىغان بولسا، چېنىدىن جۇدا بولاتتى». — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مېيىت كىشىدە ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئالاھىدە بىر خىل تۇيغۇنىڭ بولىدىغانلىقى ھەمدە بۇنى ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىدىن بەك بىلگۈچى ئىكەنلىكى.

www.munber.org

## 159 . باب مېيىتنىڭ قەرزىنى تېزدىن بېرىش ۋە ئۇنى كۆمۈشكە ئالدىراش، ئەگەر مېيىت تۇيۇقسىز ئۆلگەن بولسا، ئۇنىڭ راستىن ئۆلگەنلىكى ئېنىق بولغۇچە مېيىتنى كۆمۈشنى كېچىكتۈرۈش بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئىكەنلىكى توغرىسىدا

**943 ـ** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «نَفْسُ المُؤْمِنِ مُعَلَّقَةٌ بِدَيْنِهِ حَتَّى يُقْضَي عَنْهُ» «(ئۆلگەن) مۇئمىننىڭ جېنى تاكى ئۇنىڭ قەرزى ئادا قىلىنغانغا قەدەر (يۇقىرى ئورۇنغا يېتىشتىن) ئېسىلىپ تۇرىدۇ». — تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مېيىتنىڭ قەرزىنى ئۇنىڭ قىپقالغان ماللىرىدىن ئادا قىلىشقا ئالدىراشنىڭ زۆرۈرلۈكى، قەرزنى ئادا قىلىش بولسا كىشى ئۆلگەندىن كېيىنكى قېپقالغان ماللىرىغا ئالاقدار بارلىق ھەقلەرنىڭ مۇھىمى ھېسابلىنىدىغانلىقى، مۇئمىننىڭ روھىنىڭ تاكى ئۇنىڭ قەرزى ئادا قىلىنغانغا قەدەر ئۆزىنىڭ ئېسىل ماقامىغا يەتكۈزۈلمەي، يا نىجاتلىققا، ياكى ھالاكەتكە ھۆكۈم قىلىنماي توختىتىلىپ تۇرىلىدىغانلىقى.

2) بىر قىسىم ئالىملار بۇ ھەدىسنى قەرزگە تانغان ياكى قەرزنى تولۇق ئادا قىلمىغان كىشىگە قارىتىلغان دېيىشتى. بۇ ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتىدىكى ساۋۇتىنىڭ بىر يەھۇدىينىڭ يېنىدا يېمەكلىك بەدىلىگە گۆرۈ قويۇلغانلىقىغا زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى، گۆرۈگە قويۇلغۇچىنىڭ يېنىدىكى گۆرۈ مىلى ھەقنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. شۇڭا، بۇ ھالەتتە ئۇ كىشىنىڭ قەرزى يوق بولغانغا ئوخشاش بولىدۇ.

**944 ـ** ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، تەلھە ئىبنى بەرائە ئاغرىپ قالغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇنى يوقلاپ كېلىپ مۇنداق دېدى: «إنّي لا أُرَى طَلْحةَ إلاَّ قدْ حَدَثَ فِيهِ المَوْتُ فَآذِنُوني بِهِ وَعَجِّلُوا بِهِ، فَإنَّهُ لا يَنْبَغِي لِجِيفَةِ مُسْلِمٍ أنْ تُحْبَسَ بَيْنَ ظَهْرَانَيْ أَهْلِهِ» «مەن تەلھەنىڭ ئۆلۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمەن، ئۇ قازا قىلغان ھامان ماڭا خەۋەر قىلىڭلار ۋە ئۇنى دەپنە قىلىشقا ئالدىراڭلار، مۇسۇلماننىڭ جەسىتىنىڭ ئۆز ئەھلى ئارىسىدا تۇرۇپ قېلىشى توغرا بولمايدۇ». — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مېيىتنىڭ ۋاپات بولغانلىقى ئىسپاتلانغاندىن كېيىنلا، ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى، سەۋەبسىز ھالدا كېچىكتۈرۈشنىڭ يامان ئىكەنلىكى.

## 160. باب قەبرىستاندا ۋەز ئېيتىش توغرىسىدا

**945 ـ** ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىز بەقى غەرقەد قەبرىستانلىقىدا بىر جىنازا ئۈستىدە بولغاندۇق. رەسۇلۇللاھ كېلىپ ئولتۇردى. بىزمۇ ئۇنىڭ چۆرىسىدە ئولتۇردۇق. رەسۇلۇللاھنىڭ قولىدا بىر تاياق



www.munber.org

تۇراتتى. رەسۇلۇللاھ تاياقنىڭ ئۇچىنى ئالماشتۇرۇپ تۇتتى ـ دە، ئۇنىڭ بىلەن يەرنى نوقۇپ تۇرۇپ: «ما مِنكُمْ مِنْ أَحَدٍ إلاَّ وَقَدْ كُتِبَ مقْعَدُهُ مِنَ النَّارِ ومَقْعَدُهُ مِنَ الجَنَّة» «مەيلى سىلەردىن ھەرقانداق ئادەمنىڭ جەننەتتە ۋە دوزاختا بارار ئورنى بۇرۇن پۈتۈلگەن بولىدۇ»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئى رەسۇلۇللاھ! (ياخشى ئەمەللەرنى قىلماي) پۈتۈلگەن تەقدىرىمىزنى كۈتۈپ تۇرساق بولمامدۇ؟»، دېگەن كىشىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اعْمَلُوا، فَكُلٌّ مُيَسَّرٌ لِمَا خُلِقَ لَهُ» «ئەمەل قىلىڭلار، ھەرقانداق ئادەمنىڭ قەيەرگە بېرىشى پۈتۈلگەن بولسا ئۇنىڭغا شۇ ئەمەل مۇيەسسەر قىلىپ بېرىلىدۇ، يەنى سائادەتمەن بەندىگە سائادەتمەن بەندىلەرنىڭ ئەمەلى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىلىدۇ. شەقىي بەندىلەرگە شەقىيلەرنىڭ ئەمەلي مۇيەسسەر قىلىپ بېرىلىدۇ»، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: تۇپراق بېشىدا ۋەز ئېيتىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى. چۈنكى، مېيىتنى كۆرۈش دىللارنى ئېرىتكەچكە ۋەز كىشىلەرگە بەكرەك تەسىر قىلىدۇ. يەنە بۇ ھەدىستە: ئاللاھ تائالانىڭ كىشىلەرنىڭ سائادەت ۋە شاقاۋەتتىن ئىبارەت ئاخىرقى يېتىپ بارىدىغان جايىنى بىلىدىغانلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ بۇنى بىلىشى بەندىنى ئەمەللەرنى قىلىشقا مەجبۇرلىغانلىق بولمايدىغانلىقىنى، بەلكى بۇنىڭ «پالانى ئادەم ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن يامان ئەمەللەرنى قىلىدۇ ـ دە، ئاخىر ئۇ شەقىيلەردىن بولىدۇ»، دېگەندەك ئالدىنئالا بىلىش ئىكەنلىكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمى غەيبكە تەئەللۇق بولۇپ، بۇنى كىشىلەرنىڭ بىلمەيدىغانلىقى. ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمىغا دۆڭگەپ قويۇپلا ئەمەللەرنى قىلماسلىقنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكى، بەلكى ئىنساننىڭ ياخشىلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن سەئيى قىلىش لازىملىقى، شۇندىلا ئاللاھ تائالانىڭ ياخشىلىقنى ئۇ كىشىگە تەقدىر قىلىپ، ئۇ كىشىنى شۇ ياخشىلىققا ئۇندەيدىغانلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ بەندىنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلغان ئەمەلىدىن ھېساب ئالىدىغانلىقى.

## 161. باب مېيىتنى دەپنە قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلىش، ئىستىغفار ئېيتىش، قۇرئان ئوقۇش ئۈچۈن قەبرە يېنىدا بىر ئاز ۋاقىت ئولتۇرۇش توغرىسىدا

946 ـ ئەبۇ ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مېيىت دەپنە قىلىنىپ بولغاندا، رەسۇلۇللاھ قەبرە بېشىدا بىر ئاز توختايتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: «استغفِرُوا لأخِيكُم وسَلُوا لَهُ التَّثبيتَ فإنَّهُ الآن يُسألُ» «قېرىندىشىڭلار ئۈچۈن، مەغفىرەت تەلەپ قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭ (سوئال ـ سوراق) ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇشىنى تىلەڭلار، چۈنكى ئۇ ھازىر سوئال ـ سوراق قىلىنىۋاتىدۇ»، دەيتتى. — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مېيىت دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، تۇپراق بېشىدا تۇرۇش ۋە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن مېيىتقا ئىككى پەرىشتە ئەۋەتىلىپ، سوئال ـ سوراق قىلغاندا ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى ئىماندا مۇستەھكەم قىلىشىنى تىلەش، مۇئمىن كىشىگە ئۇ دەيدىغان سۆزنى

ئاللاھ تائالا ئىلھام قىلىدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم: «رەببىم ئاللاھ، دىنىم ئىسلام»، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. كۇففارلار ۋە مۇناپىقلار ھەددىستە دېيىلگەندەك، كېكەچلەپ: «بىلمەيمەن»، دەيدۇ.

2) يەنە بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، ئىككى پەرىشتىنىڭ مېيىتتىن قەبرىدە سوئال سورايدىغانلىقىنىڭ ھەق ئىكەنلىكى.

947 ـ ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «مېنى دەپنە قىلغان چېغىڭلاردا قەبرەم ئۈستىدە بىر تۆگە سويۇلۇپ، گۆشى تەقسىم قىلىنىپ بولغۇدەك ۋاقىت تۇرۇڭلار، مەن يالغۇزسىراپ قالمىغايمەن، پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىرىگە قانداق جاۋاب بېرىشىمنى بىلىۋالغايمەن»، دېدى.

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئىمام شافىئىي رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى مۇنداق دېگەن: «ئۆلگۈچىنىڭ قەبرە بېشىدا ئاز ـ تولا قۇرئان ئوقۇلغىنى ياخشى، ئەگەردە قۇرئان باشتىن ـ ئاخىر ئوقۇلۇپ دەپنە قىلىنسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ».

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مېيىتنىڭ قېرىنداش ۋە ئەھلى ـ ئەۋلادلىرىنىڭ دۇئاسى بىلەن قەبرىسىدە خاتىرجەملىك ھېس قىلىدىغانلىقى.

## 162 ـ باب مېيىت ئۈچۈن سەدىقە قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلىش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَالَّذِينَ جَاؤُوا مِن بَعْدِهِمْ يَقُولُونَ رَبَّنَا اغْفِرْ لَنَا وَلِإِخْوَانِنَا الَّذِينَ سَبَقُونَا بِالْإِيمَانِ﴾ ﴿ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغفىرەت قىلغىن»، دەيدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھەشر 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

948 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم رەسۇلۇللاھقا: «ئانام تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتتى، مېنىڭچە ئەگەر ئۇ سۆزلىيەلىگەن بولسا، بىرەر سەدىقە بەرگەن بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن سەدىقە قىلسام، ئۇنىڭغا ساۋابى بولامدۇ؟»، دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: «ئەنە» «ھەئە»، دەپ جاۋاب بەردى.

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: مېيىت نامىدىن سەدىقە قىلىشنىڭ شەرىئەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكى ۋە بۇنىڭ ساۋابىنىڭ مېيىتقا يېتىدىغانلىقى. بۇنداق قىلىشنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿وَأَن لَّيسَ لِلْإِنسَانِ إِلَّا مَا سَعَى﴾ ﴿ئىنسان ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە نەجم 39 ـ ئايەت) دېگەن سۆزىگە زىت ئەمەسلىكى، چۈنكى بۇ ئايەت كۇففارلار توغرىسىدا كەلگەن. ئىنسانلار سۆزى ئومۇمىي بولۇپ، بۇنىڭدىن خاسلىق مەقسەت قىلىنغان. يەنە بىر تەپسىردە ئىنساننىڭ سەئيى قىلغانغا ئېرىشكىنى ئادالەت يۈزىسىدىن ئىكەنلىكى، لېكىن پەزلى يۈزىسىدىن ئېيتقاندا ئاللاھ تائالانىڭ مەرھەمىتىنىڭ كاتتىلىقى، يامانلىقلارنى ئەپۇ قىلىپ، ياخشىلىقلارنى



www.munber.org

ھەسسىلەپ بېرىدىغانلىقى، مۇئمىنگە باشقا مۇئمىن قېرىنداشلىرىنىڭ دۇئاسى ۋە ئەھلى ـ ئەۋلادلىرىنىڭ قىلغان سەدىقىلىرىنىڭ ساۋابىنىڭ يېتىپ تۇرىدىغانلىقى. بۇ خۇددى ئاتا ـ ئانا بالىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە سەۋەبچى بولۇپ، بالىنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئۇچۇن ئاتا ـ ئانىغا ساۋاب بېرىلىدىغانلىقىغا ئوخشاش ئىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئادەم بالىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەمەللىرى ئۈزۈلىدۇ (يەنى ساۋابمۇ يېزىلمايدۇ، گۇناھمۇ يېزىلمايدۇ)، پەقەت مۇشۇ ئۈچ ئىشنىڭ ساۋابى يېزىلىپ تۇرىدۇ: داۋاملىشىپ تۇرىدىغان سەدىقە، ئەلگە پايدىلىق ئىلىم ۋە دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى پەرزەنتلەردىن ئىبارەت»، دېگەن ھەدىسىمۇ بۇ قاراشنى تەكىتلەيدۇ.

949 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إذا مَاتَ الإنسَانُ انقطعَ عملُهُ إلاَّ مِنْ ثَلاثٍ: صَدقَةٍ جاريَةٍ، أَوْ عِلم يُنْتَفَعُ بِهِ، أَوْ وَلَدٍ صَالحٍ يَدعُو له» «ئەگەر ئىنسان ئۆلسە، ئۇنىڭ بارلىق ئەمەلى توختايدۇ. پەقەت تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئەمەلنىڭ ساۋابى توختىماي نامۇ ئەمالىغا يېزىلىپ تۇرىدۇ: بىرىنچى، ساۋابى ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرىدىغان سەدىقە (مەسجىد، مەدرىسە سالغانغا ئوخشاش). ئىككىنچى، ئەلگە پايدىلىق ئىلىم (يەنى، باشقىلارغا ئۆگەتكەن ئىلىم ۋە يېزىلغان ئەسەرلەر). ئۈچىنچى، ئارقىسىدىن ئاتا ـ ئانىسى ھەققىدە دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان پەرزەنت». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇ ئۈچ ئىشنىڭ ساۋابىنىڭ مېيىتقا يېتىپ تۇرىدىغانلىقى. چۈنكى، ئۇ كىشى بۇ ئىشلارنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنىڭ سەۋەبچىسى بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ بۇ ئىشلارنى ھازىرمۇ قىلىپ تۇرغاندەك ھېسابلىنىدىغانلىقى. ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ساۋابى داۋاملىق يېتىپ تۇرىدىغان ئەمەللەرنى قىلىشقا تەرغىب قىلىش. ئىلىمنىڭ ۋە ئىلىم تارقىتىش ۋە ئۆگىتىشنىڭ پەزىلىتى.

## 163. باب مېيىتنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىش توغرىسىدا

950. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، كىشىلەرنىڭ ئالدىدىن بىر جىنازا ئۆتكەندى. كىشىلەر ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «وَجَبَتْ» «تېگىشلىك بولدى»، دېدى. ئاندىن كېيىن يەنە بىر جىنازا ئۆتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «وَجبَتْ» «تېگىشلىك بولدى»، دېدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھ ئەنھۇ: «نېمە تېگىشلىك بولدى؟»، دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «هذا أَثنَيتُمْ علَيْهِ خَيراً، فَوَجبتْ لَهُ الجَنَّةُ، وهذا أَثنَيتُم عليه شراً، فَوَجبتْ لَهُ النَّارُ، أَنتُم شُهَدَاءُ اللَّهِ في الأَرضِ» «بىرىنچى جىنازىنىڭ ياخشى گېپىنى قىلغانلىقىڭلار، ئۇنىڭغا جەننەت تېگىشلىك بولدى. ئىككىنچى جىنازىنىڭ يامان گېپىنى قىلغانلىقىڭلار، ئۇنىڭغا دوزاخ تېگىشلىك



www.munber.org

بولدى. سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ زېمىندىكى گۇۋاھچىلىرى »، دېدى. ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئىخلاسمەن مۇئمىنلەرنىڭ مۇئمىن قېرىندىشىنى ماختىشى ئۇنىڭ زاھىرىنىڭ ۋە باتىنىنىڭ ياخشىلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەنلىكتۇر. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇلار ماختىغاندەك بولسا جەننەت ئەھلىدىن بولىدۇ. شۇنىڭدەك زاھىرى ۋە باتىنىنىڭ بۇزۇقلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىش ئۇ كىشىنىڭ (گۇۋاھلىق بېرىلگۈچىنىڭ) دوزاخ ئەھلى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، مۇئمىنلەر راستچىل بولۇپ نەپسى خاھىشىغا ئەگەشمەيدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ گۇۋاھچىلىرى بولۇپ پەقەت ھەقنى سۆزلەيدۇ. ئاللاھ تائالا توغرا سۆزنى ئۇلارنىڭ دىلىغا سالىدۇ. پاسىق كىشىلەرنىڭ « ياخشى، يامان »، دېگەندەك گۇۋاھلىقلىرى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ « سىلەر ئۆلگەن ئادەمنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىڭلار، يامان گېپىنى قىلماڭلار »، دېگەن ھەدىسى مۇئمىنلەرگە قارىتىلغان. ئەگەر بىر ئادەم كۇففارلاردىن بولسا ياكى گۇناھ ـ مەئسىيەتلىرىنى ئاشكارا قىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ يامان ئىشلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە سۆزلىسە بولىدىغانلىقى.

**951** ـ ئەبۇ ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن مەدىنىگە كېلىپ، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانىدىم. بىر جىنازا قېشىمىزدىن ئۆتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى قىلغانىدى. ئۇ: « تېگىشلىك بولدى »، دېدى. ئاندىن يەنە بىر جىنازا ئۆتۈپ كىشىلەر ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى قىلغانىدى، ھەزرىتى ئۆمەر: « تېگىشلىك بولدى »، دېدى. ئاندىن ئۈچىنچى جىنازا ئۆتۈپ كىشىلەر ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلغانىدى، ھەزرىتى ئۆمەر: « تېگىشلىك بولدى »، دېدى. مەن: « نېمە تېگىشلىك بولدى؟ ئى مۇئمىنلەرنىڭ خەلىفىسى »، دەپ سورىدىم. ھەزرىتى ئۆمەر: « مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېگەن سۆزنى دېدىم. ئۇ مۇنداق دېگەن: «أَيُّمَا مُسلِمٍ شَهِدَ لَهُ أَربعةٌ بِخَير، أَدخَلَهُ اللَّه الجَنَّةَ» ‹قايسى بىر مۇسۇلماننى تۆت نەپەر مۇسۇلمان كىشى ياخشى دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئاللاھ تائالا ئۇنى جەننەتكە داخىل قىلىدۇ›، دېدى. بىز: ‹ئۈچ ئادەم بولسىچۇ؟›، دەپ سورىساق، رەسۇلۇللاھ: «وثَلاثَةٌ» ‹ئۈچ ئادەم بولسىمۇ بولىدۇ›، دېدى. بىز: ‹ئىككى ئادەم بولسىچۇ؟›، دەپ سورىۋىدۇق، رەسۇلۇللاھ: «وَإِثْنَانِ» ‹ئىككى ئادەم بولسىمۇ بولىدۇ›، دەپ جاۋاب بەردى. بىز: ‹بىر ئادەم بولسىچۇ؟›، دەپ سورىمىدۇق ». ـــ بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئالىملار مۇنداق بايان قىلىدۇ: يېنىدىن جىنازا ئۆتكەن ئادەمنىڭ جىنازىدىكى قېرىندىشىغا ـــ ئەگەر ئۇ شۇنىڭغا لايىق بولسا ـــ دۇئا قىلىش ۋە ئۇنى ياخشى سۆزلەر بىلەن ماختىشى ياخشى ئىش، لېكىن ماختاش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشى، ماختاپ كۆككە ئۇچۇرۇۋېتىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى.

www.munber.org

## 164. باب كىچىك بالىلىرى ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئېرىشىدىغان پەزىلىتى توغرىسىدا

952 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَا مِنْ مُسلِمٍ يَمُوتُ له ثلاثَةٌ لم يَبلُغُوا الحِنْثَ إلا أدخلَهُ اللّه الجَنَّةَ بِفَضْلِ رحْمَتِهِ إيَّاهُمْ» « بىرەر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ بالاغەتكە يەتمىگەن ئۈچ سەغىرە بالىسى ئۆلۈپ كەتسە، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلىش يۈزىسىدىن ئۇ ئادەمنىمۇ جەننەتكە كىرگۈزىدۇ ».
— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: نارسىدە بالىلىرى ۋاپات بولغاندا سەۋر قىلىپ ساۋابىنى كۆزدە تۇتقان كىشىنىڭ پەزىلىتى. ئۇ كىشىنىڭ بالىلىرىغا بولغان مېھىر ـ شەپقىتى چوڭقۇر بولغانلىقتىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلىپ، بالىلىرىغا قىلغان رەھمىتىنىڭ پەزلى بىلەن ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغانلىقى.

953 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا يَمُوتُ لأَحَدٍ مِنَ الُمسْلِمِينَ ثَلاثةٌ مِنَ الوَلَدِ لا تَمَسُّهُ النَّارُ إلاَّ تَحِلَّةَ القَسَم» « قايسى بىر مۇسۇلماننىڭ ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ دوزاختا كۆيمەيدۇ (جەھەننەمنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان كۆۋرۈكتىن ئۆتۈش يۈزىسىدىن دوزاخقا بىر نۆۋەت يېقىنلىششنى ھېسابقا ئالمىغاندا). پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ سۈرە مەريەم 71 ـ ئايەتتە: ﴿وَإِن مِّنكُمْ إِلَّا وَارِدُهَا﴾ ﴿سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن دوزاخقا بارمايدىغان بىرەر كىشىمۇ قالمايدۇ﴾، دېگەن قەسىمىنىڭ مۇقەررەرلىكى نۇقتىسىدىنلا دوزاختىن ئۆتىدۇ ».
— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كەتكەن مۇئمىن ئاللاھنىڭ قازا ـ قەدەرىگە رازى بولۇپ، سەۋر قىلىپ، ساۋابىنى كۆزلىسە ئۇ دوزاخقا كىرمەيدۇ. ئۇنىڭغا سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندە دوزاخنىڭ يالقۇنى زىيان يەتكۈزمەيدۇ. ئۇ سائادەت ئەھلىدىن بولسا سىرات كۆۋرۈكىدىن كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلىك ۋاقىتتا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

954 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بىر ئايال كېلىپ: « ئى رەسۇلۇللاھ، سىنىڭ سۆزلىرىڭنى ئەرلەرلا ئاڭلاۋاتىدۇ. بىزگىمۇ ئىختىيارىڭ بويىچە بىر كۈننى بەلگىلەپ بەرسەڭ، شۇ كۈندە يىغىلساق، بىزگە ئاللاھ تائالا ساڭا بىلدۈرگەن دىنىي ئەھكاملارنى ئۆگەتسەڭ »، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «اجْتَمِعْنَ يَوْمَ كَذَا وَكَذَا» « پالانى كۈندە پالانى جايغا يىغىلىڭلار »، دېدى. ئۇلار يىغىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا دىنىي ئەھكاملارنى تەلىم بەردى. ئاندىن ئۇلارغا: «ما مِنْكُنَّ مِن امْرَأَةٍ تُقَدِّمُ ثَلاثةً مِنَ الوَلَدِ إلاَّ كانُوا لَها حِجَاباً مِنَ النَّار» « سىلەردىن بىرەر ئايالنىڭ ئۆزىدىن



www.munber.org

ئىلگىرى ئۈچ بالىسى ئۆلگەن بولسا، ئۇ ئۇنىڭغا دوزاختىن پەردە بولىدۇ»، دېدى. توپلانغان ئاياللاردىن بىرى: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئالدىن ئۆلگەن بالىسى ئىككى بولسىچۇ؟»، دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «وَاثْنَيْنِ» «ئىككى بولسىمۇ شۇنداق بولىدۇ»، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاياللارنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشتە ھەققى بولۇپ، شەرىئەت ئۇلارنى ئىلىم ئۆگىنىشكە بۇيرۇغان. ئاياللارغا دۇنيا ۋە دىن ئىشلىرىنى ياخشىلاش ۋە جەمئىيەتكە پايدىلىق، ياراملىق ئەزا بولۇش ئۈچۈن ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللارنىڭ ئىلىم ئۆگىنىش تەلىپىگە ئاۋاز قوشقانلىقى ۋە ئاياللارغا ئۇلارغا ئائىت ئىشلار توغرۇلۇق تەلىم بېرىشكە ھېرىسمەنلىكى.

3) ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بالىسى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالغا ئاللاھ تائالانىڭ جەننەت بىلەن ساۋاب بېرىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىش.

4) ئاياللارنىڭ پىتنىلەردىن يىراق ھالدا، ئەرلەر بىلەن خالىي جايدا بولماسلىق شەرتى ئاستىدا مەنپەئەتلىك نەرسىلەرنى ئۆگىنىشنىڭ شەرىئەتتە يوللۇق ئىكەنلىكى.

## 165 . باب زالىملارنىڭ قەبرىلىرىدىن ۋە ئۇلار ھالاك قىلىنغان جايلاردىن ئۆتكەندە يىغلىماق ۋە قورقماق، ئاللاھ تائالاغا ھاجىتىنى ئىزھار قىلماق ۋە غەپلەتتە قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا

955 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەمۇد دىيارىدىن ئۆتكەندە ساھابىلىرىگە: «لا تَدْخُلُوا عَلى هَؤُلاءِ الْمُعَذَّبِينَ إِلاَّ أَنْ تَكُونُوا بَاكِينَ، فَإِنْ لَمْ تَكُونُوا بَاكِين، فَلا تَدْخُلُوا عَلَيْهِمْ، لا يُصِيبُكُمْ مَا أَصَابَهُمْ» «ئاۋۇ ئازابقا دۇچار بولغان كىشىلەرنىڭ دىيارىغا يىغلاپ داخىل بولۇڭلار. يىغلىيالمىساڭلار ئۇ جايغا داخىل بولماڭلار. ئۇلارغا كەلگەن ئازاب سىلەرگىمۇ كېلىپ قالمىسۇن»، دېگەنىدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: رەسۇلۇللاھ سەمۇد دىيارىدىن ئۆتكەندە: «لا تَدْخُلُوا مَسَاكِنَ الَّذِينَ ظَلَمُوا أَنْفُسَهُمْ أَنْ يُصِيبكُمْ مَا أَصَابَهُمْ إِلاَّ أَنْ تَكُونُوا بَاكِينَ» «ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان كىشىلەرنىڭ ماكانلىرىغا كىرمەڭلار، ئۇلارغا كەلگەن بالا سىلەرگىمۇ كېلىپ قالمىسۇن، ئەگەر كىرمەكچى بولساڭلار يىغلاپ ئۆتسەڭلار بولىدۇ»، دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ بېشىنى ئوراپ، ئۇلىغىنى تېز ھەيدەپ جىلغىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى بىلەن ھالاك بولغان كۇففار قەۋمنىڭ يۇرتىدىن ئۆتكەندە، تېز ئۆتۈپ كېتىش كېرەكلىكى.



www.munber.org

2) ئۇلارنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى ئويلاش ۋە ئۇلارغا چۈشكەن ئازابنى ئويلاش، ئۆز ھالىنىڭ ئۇلارنىڭ ھالىغا ئوخشاش بولۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، يىغلاشقا تۈرتكە بولغان ئىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش كېرەككى، ئەگەر شۇ خارابە يۇرتتىن ئۆتكەندە كىشىنى يىغا تۇتىدىغان ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇ ئىشلاردىن چوڭقۇر ئىبرەت ئالمىساق قەلبىنىڭ قاساۋەتلىشىپ كېتىشىدە بىزمۇ شۇ قەۋمگە ئوخشاپ قالغان بولىمىز. شۇڭا، بىز ئاللاھ تائالا ئېيتقانىدەك زالىملار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇشتىن، بىللە ياشاشتىن نەھيى قىلىنغان.

## 166 . باب پەيشەنبە كۈنى سەپەرگە چىقىشنىڭ ۋە سەپەرگە ئەتىگەن چىقىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

956 ـ كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ تەبۇك غازىتىغا پەيشەنبە كۈنى چىققان، رەسۇلۇللاھ سەپەرگە پەيشەنبە كۈنى چىقىشنى ياخشى كۆرەتتى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە رەسۇلۇللاھ كۆپىنچە پەيشەنبە كۈنى سەپەرگە چىقاتتى، دېيىلگەن.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيشەنبە كۈنلۈكتە سەپەر قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

957 ـ سەخر ئىبنى ۋەدائە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللَّهُمَّ بَارِكْ لأُمَّتِي في بُكُورِها» «ئى ئاللاھ! مېنىڭ ئۇممىتىمنىڭ ئەتىگەنكى ۋاقىتلىرىغا بەرىكەت بەرگىن»، دەيتتى. رەسۇلۇللاھ بىرەر يەرگە ئاز ياكى كۆپ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتسە، ئۇلارنى ئەتىگەنلىكى يولغا سالاتتى. سەخر سودىگەر بولۇپ، باشقا جايلارغا سودا ماللىرىنى ئەتىگەندە ئەۋەتەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بېيىپ مالدار بولۇپ كەتكەنىدى. — ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) سەپەرگە چىققاندا پەيشەنبە كۈنى بولسۇن ياكى باشقا كۈنلەردە بولسۇن ئەتىگەن تەرەپتە چىقىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) سەھەر تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش، ھەر قانداق ئىش ـ ھەرىكەت، سودا ۋە باشقا پايدا ـ مەنپەئەتكە ئېرىشىشتە ئەتىگەننى قولدىن بەرمەسلىك.

3) سەھەردە كىشى تېتىك بولىدۇ. ئىش ئاۋۇيدۇ. پايدا كۆپىيىدۇ، بەرىكەتلىك بولىدۇ.

## 167 . باب سەپەردە ھەمراھ ئىزدەش ۋە ھەممىسى كېيىنى ئاڭلايدىغان بىرىنى ئۆزىگە باشلىق سايلاشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

958 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «لَوْ أَنَّ النَّاسَ يَعْلَمُونَ مِنَ الوحْدةِ ما أَعلَمُ ما سَارَ رَاكِبٌ بِلَيْلٍ وحْدَهُ» «كىشىلەر يالغۇز



www.munber.org

**يول يۈرۈشنىڭ زىيىنىنى مەن بىلگەندەك بىلسە ئىدى، ھېچ يولۇچى كېچىسى يالغۇز يول يۈرمەس ئىدى».** — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھەمراھسىز، يالغۇز سەپەرگە چىقىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى ۋە بۇنىڭدىكى ھېكمەت: ھەر بىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ، بولۇپمۇ سەپەرگە چىقىپ باققان كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىكەنلىكى.

2) يالغۇز سەپەرگە چىقىشتا، جامائەت نامىزىدىن مەھرۇم قېلىش، تەنھالىق، خەتەرگە دۇچ كېلىش ۋە دوست ـ يارەنلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا ئوخشاش كۆپلىگەن دىنىي ۋە دۇنياۋى زىيان ـ زەخمەتلەرنىڭ كۆرۈلىدىغانلىقى.

**959 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «الرَّاكِبُ شَيطَانٌ ، والرَّاكِبان شَيطَانانِ، والثَّلاثَةُ رَكبٌ» **«يالغۇز يولۇچى بىر شەيتان، ئىككى يولۇچى ئىككى شەيتان، ئۈچ يولۇچى كارۋان ھېسابلىنىدۇ».** — ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزىي ۋە نەسەئىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: سەپەردىكى ھەمراھلارنىڭ ئۈچتىن ئاز بولماسلىقىنىڭ ياخشىلىقى، چۈنكى سەپەردە جامائە بولۇپ مېڭىشنىڭ مەنپەئىتى ئۈچ ئادەم بولغاندا كۆرۈلىدۇ. چۈنكى، ئىككى ئادەمنىڭ بىرەرسى بىرەر سەۋەب بىلەن سەپەردىن چۈشۈپ قالسا، يەنىلا يالغۇز بىر ئادەم قالىدىغانلىقى.

**960. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن:** «إِذا خَرَج ثَلاثَةٌ في سفَرٍ فليُؤَمِّرُوا أحدهم» **«قاچانكى ئۈچ ئادەم بىرگە سەپەرگە چىقسا، بىرسىنى ئۆزئارا باشلىق سايلىۋالسۇن».**

— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كوللېكتىپ سەپەر قىلغۇچىلارنىڭ ئۆز ئىچىدىن بىرەيلەننى باشلىق سايلاپ، شۇ كىشىنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى. ئەڭ ياخشىسى باشلىق ئۇششاق مەسىلىلەرنى پىششىق بىلىدىغان، قەتئىي ئىرادىلىك، سەپەر ئەھۋاللىرىدىن خەۋەردار ئادەم بولۇشى. ئەلماۋەردى «ئەلھاۋى»، دېگەن كىتابتا ئېيتىدۇ: «بۇ ھەدىستىكى بۇيرۇق (يەنى، بىرسىڭلارنى باشلىق سايلىۋېلىڭلار، دېگەن گەپ)، زۆرۈرلۈكنى ئىپادىلەيدىغان بۇيرۇق خاراكتېرىنى ئالغان».

**961 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «خَيرُ الصَّحَابةِ أَرْبَعَةٌ، وَخَيْرُ السَّرايا أَرْبَعُمِائَةٍ، وخَيرُ الجُيُوش أَرْبعةُ آلافٍ، ولَن يُغْلَبَ اثْنَا عشر أَلْفاً منْ قِلَّة» **«ھەمراھنىڭ تۆت بولغىنى ياخشىدۇر، قوشۇننىڭ 400 بولغىنى، كۆپ بولغاندا 4000 بولغىنى ياخشىدۇر. 12000 ئەسكەر ھەرگىزمۇ ئازلىقتىن يېڭىلمەيدۇ».** — ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) سەپەردە تۆت ھەمراھ بولسا ئەڭ ياخشى بولىدىغانلىقى ۋە بۇنىڭدىكى ھېكمەت: بەزىدە ئۇلار بىرەر ئىشقا ئېھتىياجلىق بولسا بىر ـ بىرى بىلەن مەسلىھەتلىشەلەيدىغانلىقى، شۇ ئارقىلىق خەيرىيەت ئاساسىدا ھەمكارلىشالايدىغانلىقى.

2) مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ سانى 12000 بولۇپ غازاتتا مەغلۇپ بولسا، بۇنىڭ ئۇلارنىڭ سانىنىڭ ئازلىقىدىن ئەمەس، باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىكەنلىكى.

## 168 ـ باب يول يۈرۈش، قونالغۇغا چۈشۈش ۋە قونۇش، ئۇخلاش ئەدەبلىرى، كېچىسى يول يۈرۈش ۋە ئۇلاغقا كۆيۈنۈش، ئۇلاغنى ئاسراشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، ئەگەر ئۇلاغ كۆتۈرەلىسە، ئۇلاغقا مىنىۋرۇۋېلىشنىڭ جائىزلىقى ۋە ئۇلاغنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغان كىشىنى ئۇنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

962 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «إذا سافَرْتُم في الخِصْبِ فَأَعْطُوا الإِبِلَ حظَّهَا مِنَ الأَرْضِ، وإِذا سافَرْتُمْ في الجَدْبِ، فَأَسْرِعُوا عَلَيْهَا السَّيْرَ وَبادروا بِهَا نِقْيَهَا، وَإذا عرَّسْتُم، فَاجتَنِبُوا الطَّرِيقَ، فَإِنَّهَا طرُقُ الدَّوابِّ، وَمأْوى الهَوامِّ بـاللَّيْلِ» «قاچانكى سىلەر ئوت ـ چۆپ مول چاغدا سەپەر قىلساڭلار، ئۇلاغنى ئوتلىتىپ مېڭىڭلار، ئەگەر قورغاقچىلىقتا سەپەر قىلساڭلار، مېڭىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، ئۇلاغنىڭ ئىلىكىنى ئاسراپ قېلىشقا ئالدىراڭلار (يەنى، ئوت ـ چۆپ بار يەرگە يېتىۋېلىڭلار). ئەگەر كېچىسى قونالغۇ قىلىپ بىر يەرگە چۈشسەڭلار، يولدىن يىراقراق يەرگە چۈشۈڭلار، چۈنكى يول ئۈستى ھايۋاناتنىڭ يولى. زىيانداش ھايۋانلارنىڭ كېچىسى جايلىشىدىغان ماكانىدۇر». —— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئوت ـ چۆپنى كۆرگەن ياكى يېنىدىن ئۆتكەن ۋاقىتتا ھايۋانلارغا يايلاقتىكى نېسىۋىسىنى بېرىش ئارقىلىق كۆيۈنۈش. ھايۋانلار ئوبدان ئوتلىيالمايدىغان جايدا ئۇزۇن تۇرماسلىق.

2) سەپەر جەريانىدا قورقۇنچلۇق ئورۇنلاردىن ۋە ئىشەنچسىز قونالغۇلاردىن ساقلىنىش كېرەكلىكى.

963 ـ ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، قاچانكى رەسۇلۇللاھ سەپەرگە چىقىپ، كېچىسى بىر جايدا قونسا، ئوڭ يېنىنى بېسىپ ياتاتتى. ئەگەر تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن مەنزىلگاھقا چۈشسە، ئوڭ بىلىكىنى تىكلەپ، بېشىنى ئالقىنىغا قويۇپ ياتاتتى. ئۆلىمالارنىڭ ئېيتىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوڭ بىلىكىنى تىكلەپ، ئالقىنىغا بېشىنى قويۇپ يېتىشى ئۇخلاپ قېلىپ بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى ياكى ئاۋۋالقى ۋاقتىدىن چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكىدىن ئىدى. —— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئۇلاغ يېنى — ئۇلۇغ بولغاچقا — نى بېسىپ ئۇخلاشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى. ناماز ۋاقتى كىرىپ بولغاندىن كېيىن ناماز ئوقۇماي ئۇخلاشتىن ئېھتىيات قىلىش.

2) ناماز ۋاقتى كىرىشتىن بۇرۇن ئۇخلاشقا بولىدىغانلىقى. ناماز ۋاقتى چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇن ئويغىنالىشىغا ئىشەنچىسى بولمىسا، ناماز ۋاقتى كىرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇخلاشقا بولمايدىغانلىقى، ئەمما ئۇيقۇ غالىب كەلسە گۇناھ بولمايدىغانلىقى.

**964 - ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن:** «عَلَيْكُمْ بِالدُّلْجَةِ، فَإِنَّ الأَرْضَ تُطْوَى بِاللَّيلِ» **«كېچىسى سەپەر قىلىڭلار، چۈنكى كېچىسى زېمىن قاتلىنىپ، يول قىسقىرايدۇ».** — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: سەپەردە كېچىدە، بولۇپمۇ كېچە ئاخىرىدا مېڭىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى. بۇ ۋاقىتنىڭ كىشىنىڭ جۇشقۇنلۇقىغا ۋە يولنىڭ ئاۋۇشىغا پايدىلىق ئىكەنلىكى.

**965 - ئەبۇ سەئلەبە خۇشەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، سەپەر ئۈستىدە كىشىلەر مەنزىلگاھقا چۈشسە، ئۇلار ئويمانلارغا ۋە باغ يوللىرىغا تارقىلىپ كېتەتتى. رەسۇلۇللاھ:** «إن تَفَرُّقَكُمْ في هَذِهِ الشِّعابِ وَالأَوْدِيةِ إِنَّما ذلكُمْ منَ الشَّيْطَان» **«سىلەرنىڭ بۇ تاغ يوللىرى ۋە ئويمانلارغا تارقىلىپ كېتىشىڭلار شەيتان تەرىپىدىن بولغان ئىشتۇر»، دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ساھابىلەر بىرەر مەنزىلگاھقا چۈشسە، بىر يەردە جەم بولۇپ ياتاتتى.** — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئۆيدە ياكى سەپەردە يالغۇز قېلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى. ئۆزئارا ياردەم ۋە ئۈنسى - ئۈلپەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن سەپەردە باشقىلار بىلەن ھەمراھ بولۇپ سەپەرگە چىقىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، چۈنكى سەپەر يالغۇزلۇق ۋە مۇساپىرلىقنىڭ بەلگىسى ئىكەنلىكى.

**966 - سەھل ئىبنى ئەمر (يەنە بىر رىۋايەتتە سەھل ئىبنى رەبى ئىبنى ئەمر دېيىلگەن، ئۇ دەسلەپتە رىزۋان بەيئىتىگە قاتناشقان ساھابىلەردىن ئىدى.) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئاچلىقتىن قورسىقى چاپلىشىپ كەتكەن بىر تۆگىنى ئۇچرىتىپ قېلىپ:** «اتَّقُوا اللّه في هذه البهَائمِ المُعْجمةِ فَارْكبُوها صَالِحَةً، وكُلُوها صالحَة» **«تىلسىز بۇ ھايۋان ھەققىدە ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار، ئۇنى سەمرىتىپ مىنىڭلار ۋە سەمرىتىپ يەڭلار»، دېدى.** — ئەبۇ داۋد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھايۋانات ۋە ئۇلاغلارغا كۆيۈنۈش لازىملىقى. ئۇلارغا ئېغىر يۈك ئارتماسلىق، چۈنكى ئۇلار ئازابلىنىدۇ، سۆزلىيەلمەيدۇ.

2) بەدخەجلىك قىلماي، مال - مۈلۈكنى تېجەشلىك بىلەن تۇتۇشنىڭ لازىملىقى.

**967 - ئەبۇ جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ مېنى ئۇلىغىنىڭ ئارقىسىغا مىندۈرۈۋېلىپ، ماڭا مەخپىي سۆز قىلدى.**



www.munber.org

مەن ئۇنى ھېچكىمگە سۆزلىمەيمەن. رەسۇلۇللاھ تەرەت سۇندۇرغاندا بىرەر دۆڭ ياكى خورمىلىق باغلارنىڭ تاملىرى بىلەن دالدىلىنىشنى ئەڭ ياقتۇراتتى. رەسۇلۇللاھ ئەنسارىيلاردىن بىرىنىڭ خورمىزارلىقىغا كىرىپ قارىسا، بىر تۆگە تۇرغانىكەن. تۆگە رەسۇلۇللاھنى كۆرۈپ بوزلاپتۇ. ئۇنىڭ ئىككى كۆزىدىن ياش قۇيۇلۇپتۇ. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، لوكىسى ۋە قۇلىقىنىڭ كەينىنى سىلىغانىكەن، تۆگە جىم بولۇپتۇ. رەسۇلۇللاھ: «مَنْ رَبُّ هذا الجَمَلِ، لِمَنْ هَذا الجَمَلُ؟» «بۇ تۆگىنىڭ ئىگىسى كىم؟ بۇ تۆگە كىمنىڭ؟»، دەپتۇ. ئەنسارىيلاردىن بىر يىگىت كېلىپ: «بۇ مېنىڭ تۆگەم، ئى رەسۇلۇللاھ»، دەپتۇ. رەسۇلۇللاھ: «أَفَلا تَتَّقِي اللّٰه في هذِهِ البَهِيمَةِ التي مَلَّكَكَ اللّٰهُ إياهَا؟ فإنَّهُ يَشْكُو إِلـيَّ أَنَّـكَ تُجِيعُهُ وَتُدْئِبُـهُ» «ئاللاھ تائالا ساڭا بەرگەن بۇ تۆگە ھەققىدە ئاللاھ تائالادىن قورقمامسەن؟ ئۇ تۆگە سېنىڭ ئۆزىنى ئاچ قويىدىغانلىقىڭ ۋە كۆپ ئىشلىتىدىغانلىقىڭ توغرىسىدا ماڭا شىكايەت قىلىۋاتىدۇ»، دېدى.

— مۇسلىم ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كىشىنىڭ ئەگەر ئۇلىغى بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولسا، كەينىگە ئادەم مىنگەشتۈرسە بولىدىغانلىقى.

2) چاھارپايلار ئاللاھ تائالانىڭ نېئمەتلىرىدىن بولۇپ، ئۇلارغا كۆيۈنۈش ۋە قورسىقىنى بېقىش ئارقىلىق ئاللاھقا — نېئمىتىگە — شۈكۈر قىلىش.

3) چاھارپايلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا داتلانغانلىقى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنىڭ ھالىنى چۈشەنگەنلىكى.

4) كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىغا ياخشىلىق قىلىشقا يېتەكلەشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

968 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، سەپەردە بىز ھەر قاچان بىر مەنزىلگاھقا چۈشسەك، ئالدى بىلەن يۈك ـ تاقلىرىمىزنى چۈشۈرمىگۈچە نەفلى ناماز ئوقۇمايتتۇق. بىز نەفلى نامازغا شۇنچە ھېرىسمەن تۇرۇپمۇ تۆگىلەرگە ئاراملىق بەرمىگۈچە نامازغا تۇرمايتتۇق.

— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئۇلاغلارنى دەم ئالدۇرۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، دەم ئالدۇرغاندا ئۈستىدىكى يۈك ـ تاقلارنى چۈشۈرۈۋەتمەي قويۇشقا بولمايدىغانلىقى.

2) سەپەردە نەفلى ئىبادەت قىلىشقا بولىدىغانلىقى.



www.munber.org

## 169. باب بۇرادەرلىرىگە ياردەم بېرىش توغرىسىدا

مۇشۇ مەزمۇندا نۇرغۇن ھەدىسلەر بولۇپ، ئۇلار يۇقىرىدا ئۆتتى. مەسىلەن: «وَاللهُ فِي عَوْنِ الْعَبْدِ مَا كَانَ الْعَبْدُ فِي عَوْنِ اَخِيْهِ» «كُلُّ مَعْرُوفٍ صَدَقَةٌ» «بەندە قېرىندىشىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئاللاھ تائالامۇ ئۇ بەندىگە ياردەم بېرىدۇ». «ھەر ياخشىلىق بىر سەدىقىنىڭ ئورنىدا بولىدۇ»، دېگەن ھەدىسلەرگە ئوخشاش.

**969 - ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز سەپەر قىلىپ كېتىۋاتقىنىمىزدا تۇيۇقسىزلا بىر كىشى ئۇچرىدى. ئۇ كىشى ئۇ يېنىغا - بۇ يېنىغا قارىغىلى تۇرۇۋېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «مَنْ كَانَ مَعَهُ فَضْلُ ظَهرٍ، فَلْيعُدْ بِهِ على منْ لا ظَهر له، ومَنْ كانَ له فَضلُ زَادٍ، فَلْيَعُدْ بِهِ عَلى مَنْ لا زَادَ له» **«كىمنىڭ ئارتۇق ئۇلىغى بولسا، ئۇنى ئۇلىغى يوق ئادەمگە بەرسۇن، كىمنىڭ ئارتۇق ئوزۇقلۇقى بولسا، ئۇنى ئوزۇقلۇقى يوق ئادەمگە بەرسۇن»، دەپ شۇنداق جىق مالنىڭ تۈرلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتىكى، ھەتتا بىز: «ھېچقايسىمىزنىڭ ئارتۇق نەرسىمىزدە ھەققىمىز يوق ئوخشايدۇ»، دەپ قالدۇق.** —— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: **1)** مۇسۇلمانلارنى ئۆز - ئارا ياردەم قىلىشقا، بولۇپمۇ قىيىنچىلىقلاردا ھەمدەمدە بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

**2)** مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا ھەمكارلىق ئۇلار قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن مەزگىلدە تېخىمۇ كۈچلۈك تەكىتلىنىدۇ ۋە ئومۇمەن مۇسۇلمانلارغا، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى چامىسى يېتىدىغانلارغا پەرز كۇپايىگە ئايلىنىدۇ.

**3)** ھەمكارلىشىشتا يېمەك - ئىچمەكتىلا چەكلەنمەسلىك، بەلكى ھەمكارلىقنىڭ ھايات زۆرۈرىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى.

**970. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ غازاتقا چىقماقچى بولۇپ مۇنداق دېدى:** «يا معْشَرَ المُهَاجِرِينَ والأنصارِ، إِنَّ مِنْ إخوَنِكُم قَوْماً، ليْس لهمْ مَالٌ، وَلا عشِيرَةٌ، فَلْيَصُمَّ أَحَدكم إِليْهِ الرَجُلَيْنِ أَوِالثَّلاثَةَ،» **«ئى مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىيلار جامائەسى، سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار ئىچىدە شۇنداق كىشىلەر باركى، ئۇلارنىڭ نە مال، نە يېقىن ئۇرۇق جەمەتى يوق. ھەر بىرىڭلار ئۇلاردىن ئۆزىگە ئىككى ياكى ئۈچنى قوشۇۋالسۇن»، دېدى. بىزنىڭ ھېچقايسىمىزنىڭ ئۆز ئالدىغا مىنىدىغان ئۇلىغىمىز يوق بولۇپ، پەقەت ئۇلاغقا نۆۋەتلىشىپ مىنەتتۇق. مەنمۇ ئۆزۈمگە ئىككى ياكى ئۈچ ئادەم قوشۇۋالغانىدىم. تۆگەمنى ئۇلار بىلەن نۆۋەتلىشىپ مىنەتتۇق.**

—— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) غازات ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ياخشى ئىشلاردا ئۆزئارا ياردەمدە بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

2) ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشقا ئالدىرايدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بىجانىدىل ئورۇنلايدىغانلىقى.

**971 - جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەپەردە كەينىدە قېلىپ، ئاجىزلارنى ئالدىدا ماڭغۇزاتتى ۋە ئۇلاغقا مىندۇرۇۋالاتتى ھەم ئۇلار ھەققىدە دۇئا قىلاتتى.** ــــ ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەمتەر ئىكەنلىكى، ساھابىلىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى.

2) باشلىقنىڭ ئۆز پۇقرالىرىنى يوقلاپ تۇرۇشى، ئۇلار ئارىسىدىكى ئاجىزلارغا ئىلھام بېرىپ موھتاجلارنى يۆلىشى ۋە ھەر بىر مۇسۇلمانغا شۇنداق قىلىشى لازىملىقى.

3) ئاجىز ياكى ئىرادىسى بوش كىشىلەرنىڭ ئارزۇسىغا يېتىشى ئۈچۈن ئۇلارغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلىپ قويۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

## 170 - باب ئۇلاغ مىنگەندە ئوقۇيدىغان دۇئالار توغرىسىدا

**ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:** ﴿جَعَلَ لَكُم مِّنَ الْفُلْكِ وَالْأَنْعَامِ مَا تَرْكَبُونَ۝ لِتَسْتَوُوا عَلَى ظُهُورِهِ ثُمَّ تَذْكُرُوا نِعْمَةَ رَبِّكُمْ إِذَا اسْتَوَيْتُمْ عَلَيْهِ وَتَقُولُوا سُبْحانَ الَّذِي سَخَّرَ لَنَا هَذَا وَمَا كُنَّا لَهُ مُقْرِنِينَ۝ وَإِنَّا إِلَى رَبِّنَا لَمُنقَلِبُونَ﴾ **﴿سىلەرگە ئۈستىگە چىقىشىڭلار ئۈچۈن كېمە ۋە مىنىشىڭلار ئۈچۈن ھايۋان قاتارلىقلارنى ياراتتى. ئاندىن سىلەر ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چىققانلىرىڭلاردا پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېمىتىنى ئەسلەپ: «بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر، بىز ئۇنىڭغا (مىنىشكە) قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ھەققەتەن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز»، دېگەيسىلەر﴾** («قۇرئان كەرىم» سۈرە زۇخرۇف 12~14 - ئايەت)

**972 - ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەپەرگە چىقىپ تۆگىسىگە مىنگەندە، ئۈچ قېتىم تەكبىر ئېيتاتتى. ئاندىن مۇنداق دەيتتى:** «سبْحانَ الذي سخَّرَ لَنَا هذا وما كنَّا له مُقرنينَ، وَإِنَّا إِلى ربِّنَا لَمُنقَلِبُونَ. اللَّهُمَّ إِنَّا نَسْأَلُكَ في سَفَرِنَا هذا البرَّ والتَّقوى، ومِنَ العَمَلِ ما تَرْضى. اللَّهُمَّ هَوِّنْ علَيْنا سفَرَنَا هذا وَاطْوِ عنَّا بُعْدَهُ، اللَّهُمَّ أَنتَ الصَّاحِبُ في السَّفَرِ، وَالخَلِيفَةُ في الأَهْلِ. اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ وعْثَاءِ السَّفَرِ، وكآبةِ المنظَرِ، وَسُوءِ المنْقلَبِ في المالِ والأهلِ وَالولَدِ» **«بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر، بىز ئۇنىڭغا مىنىشكە قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ھەققەتەن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز. ئى ئاللاھ! سەندىن مۇشۇ سەپىرىمىزدە ياخشىلىق ۋە تەقۋالىق سورايمىز ۋە سەن رازى بولىدىغان**



www.munber.org

ئەمەللەرنى سورايمىز. ئى ئاللاھ! بىزنىڭ بۇ سەپىرىمىزنى ئاسان قىلغايسەن ۋە ئۇنىڭ يىرىقىنى يېقىن قىلغايسەن. ئى ئاللاھ! بۇ سەپىرىمىزنىڭ ئىگىسى ۋە ئەھلىمىزنىڭ يۆلەنچۈكى سەندۇرسەن. ئى ئاللاھ، سەن بىلەن سەپەرنىڭ مۇشەققەتلىرىدىن ۋە سەپەردىن قايتقاندا مال، ئەھلى - ئايال، باللىرىمىزنىڭ يامان كۆرۈنۈشىدىن، يامان ھالەتتىن پاناھ تىلەيمەن». رەسۇلۇللاھ سەپەردىن قايتىپ كەلگەن ۋاقتىدا يۇقىرىقى دۇئالارنى ئوقۇپ بولۇپ، ئارقىدىن يەنە: «آيبونَ تَائِبونَ عَابِدُون لِرَبِّنَا حَامِدُونَ» «بىز قايتقۇچىلارمىز، تەۋبە قىلغۇچىلارمىز، ئىبادەت قىلغۇچىلارمىز، پەرۋەردىگارىمىزغا ھەمد ئېيتقۇچىلارمىز»، دېگەن سۆزنى قوشۇپ قوياتتى.

—— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: سەپەرگە چىققاندا ياكى سەپەردىن قايتقاندا يۇقىرىقى دۇئا بىلەن دۇئا قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى. چۈنكى، سەپەردە كىشىنىڭ ئىبادەت ۋە باشقا ئەمەللىرىنى كەمتۈك قىلىپ قويۇش ۋە ئاللاھ تائالادىن پاناھلىق تىلەيدىغان ئىشلارنىڭ كۆپ بولۇش ئېھتىماللىقى بارلىقى. ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىش ۋە ئۇنىڭدىن ئاسانلىق، ياخشىلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەت ئۈمىد قىلىش، شۇنداقلا مۇۋەپپەق قىلغان نېئمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش.

**973** - ئابدۇللاھ ئىبنى سەرجىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەر قىلسا، سەپەرنىڭ مۇشەققىتىدىن، يامان ئاقىۋەتتىدىن، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ بەد دۇئاسىدىن، توغرا يولدىن بۇرۇلۇپ كېتىشتىن، ئەھلى ۋە مېلىنىڭ يامان كۆرۈنۈشىدىن پاناھ تىلەيتتى.

—— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مەزكۇر ئىشلاردىن پاناھ تىلەش، چۈنكى سەپەردە ئۇ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىمالى كۆپ.

2) سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن زۇلۇم قىلىنغۇچىنىڭ ھەققىنى ئۆزىگە قايتۇرۇش. چۈنكى، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى زۇلۇم قىلغۇچى كىشىگە سەپەردىكى ۋاقتىدا دۇئا قىلسا، ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. سەپەردىكى ۋاقىتتا زۇلۇمنىڭ ئاقىۋىتى ئەڭ ئېغىر بولۇپ قايتىپ قالىدۇ.

3) باشقىلارنى سەپەردە ياردەمسىز قويۇش ياكى ھەققىنى كەم بېرىشكە ئوخشاش زۇلۇملارنى قىلماسلىق.

**974** - ئەلى ئىبنى رەبىئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مىنىشى ئۈچۈن بىر ئۇلاغ كەلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇ پۇتىنى ئۈزەڭگىگە قويغاندا: «بِسْمِ اللهِ» «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن»، دېدى. ئاندىن ئۇلاغنىڭ ئۈستىگە جايلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن: «الْحَمْدُ للّٰهِ الذي سَخَّرَ لَنَا هذا، وما كُنَّا لَهُ مُقْرنِينَ» «بىزلەرگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئاللاھ تائالاغا ھەمدىلەر بولسۇن، بىز ئۇنىڭغا (مىنىشكە

قادىر ئەمەس ئىدۇق. بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمىزغا قايتقۇچىلارمىز»، دېدى. ئاندىن ئۈچ قېتىم «اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ» «ھەمدۇسانا ئاللاھ تائالاغا خاستۇر»، دېدى. ئاندىن ئۈچ قېتىم «سُبْحَانَ اللهِ» «ئاللاھ پاكتۇر»، دېدى. ئاندىن «اَللّٰهُ أَكْبَرُ» «ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر»، دېدى. ئاندىن: «مەن ھەقىقەتەن ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم، گۇناھىمنى مەغفىرەت قىلغىن، گۇناھنى پەقەت سەنلا مەغفىرەت قىلىسەن»، دەپ بولۇپ كۈلدى. «ئى مۆئمىنلەرنىڭ خەلىپىسى، نېمە ئۈچۈن كۈلىسەن؟»، دەپ سورىغاندا، ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەن قىلغاندەك ئىشنى قىلىپ كۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ: ‹ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، نېمە ئۈچۈن كۈلىسەن؟›، دېسەم، ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: ‹إِنَّ رَبَّك سُبْحانَهُ يَعْجب مِنْ عَبْده إذا قال: اغْفِرِ لي ذنُوبي، يَعْلَمُ أَنَّهُ لا يغْفِرُ الذُّنُوبَ غَيْرِي› ‹پەرۋەردىگارىڭ پاكتۇر، قاچانكى، بىر بەندىسى گۇناھلىرىمنى مەغفىرەت قىلغىن، دېسە، ئاللاھ ئۇنىڭدىن خۇش بولىدۇ. ئاللاھ ئېيتىدۇكى: بەندەم مەندىن باشقا ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى مەغفىرەت قىلغۇچى زات يوق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ›».

— ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) سەپەرگە چىقىش ھەققىدىكى ھەدىسلەرنىڭ ئومۇمىسىغا ئاساسەن ئۇلاغقا مىنگەن چاغدا ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى بىلەن باشلاشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) ئاللاھ تائالانىڭ مول نېئمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولغاندا كۆپ ھەمدۇسانا ئوقۇش، ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاش ۋە ئاللاھ تائالانى پاك دەپ تەسبىھ ئېيتىش.

3) كۆپ ئىستىغفار ئېيتىش، بولۇپمۇ ئاللاھ تائالانىڭ نېئمەتلىرىنىڭ شۈكرانىسىنى قىلالمىغاندا.

4) ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭ ئىكەنلىكى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ نىجاتلىقىغا ھېرىسمەنلىكى، ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نەقەدەر ئەگەشكەنلىكى.

## 171 - باب سەپەرگە چىققۇچىنىڭ دۆڭ قاتارلىقلارغا چىقسا تەكبىر ئېيتىشى، ئويمانلىقلارغا چۈشسە تەسبىھ ئېيتىشى ۋە تەكبىر، تەسبىھلەرنى ئېيتقان چاغدا ئاۋازنى ھەددىدىن ئارتۇق يۇقىرى كۆتۈرۈۋەتمەسلىك توغرىسىدا

975 - جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئەگەر بىز ئېگىزلىكلەرگە چىقساق، «اَللّٰهُ أَكْبَرُ» «ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغ»، دەيتتۇق. پەسكە چۈشسەك، «سُبْحَانَ اللهُ» «ئاللاھ پاكتۇر»، دەيتتۇق. — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

976 - ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ ۋە قوشۇنلىرى ئېگىزلىكلەرگە چىققان چاغدا «اَللّٰهُ أَكْبَرُ» «ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغ»،



www.munber.org

**دەيتتى. پەسكە چۈشسە** «سُبْحَانَ اللهُ» **« ئاللاھ پاكتۇر » ، دەيتتى.** ــــ ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

**ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: يۇقىرى جايلارغا ئۆرلىگەندە مەنىۋى يۇقىرىلىقنى ھېسسىي يۇقىرىلىق ئۈستىگە قويۇش يۈزىسىدىن تەكبىر ئېيتىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى. تۆۋەنگە چۈشكەندە بولسا، ئاللاھ تائالانى كەمچىلىك ۋە تۆۋەنلىكتىن پاك ھېسابلاپ تەسبىھ ئېيتىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.**

**977 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەجدىن ياكى ئۆمرىدىن قايتقاندا بىرەر دۆڭ ياكى ئېگىزلىككە چىقسا، ئۈچ قېتىم** «اَللّٰهُ اَكْبَرُ» **، دەپ تەكبىر ئېيتاتتى. ئاندىن:** «لا إله إلاَّ اللَّه وَحْدَهُ لا شَرِيكَ لَهُ، لَهُ المُلْك ولَهُ الحمْدُ، وَهُو على كلِّ شَيءٍ قَدِيرٌ. آيبُونَ تَائِبُونَ عابِدُونَ ساجِدُونَ لِرَبِّنَا حَامِدُونَ. صدقَ اللَّه وَعْدَهُ، وَنَصر عبْده، وَهَزَمَ الأَحزَابَ وحْدَه» **« يالغۇز ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، ئاللاھنىڭ شېرىكى يوق، پۈتۈن سەلتەنەت ئاللاھقا خاستۇر، بارلىق مەدھىيە ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھەر قانداق ئىشقا قادىردۇر. بىز قايتقۇچىلاردۇرمىز، تەۋبە قىلغۇچىلاردۇرمىز، ئىبادەت قىلغۇچىلاردۇرمىز. سەجدە قىلغۇچىلاردۇرمىز، رەببىمىزگە ھەمد ئېيتقۇچىلاردۇرمىز. ئاللاھ ئۆز ۋەدىسىنى راستقا چىقاردى. بەندىسىگە ياردەم بەردى. ئۆزى يالغۇز دۈشمەنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى » ، دەيتتى.** ـ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: يۇقىرىقى ھەدىستىكى مۇھىم نۇقتىغا ئوخشاشلا يۇقىرىغا ئۆرلىگەندە ئاللاھ تائالانى بىر دەپ ئەسلەش، ئاللاھ تائالانىڭ ئىززەتلىگىنىگە شۈكۈر قىلىش ۋە ئۇنىڭ پەزلىنى تونۇپ يېتىشنىڭ، شۇنداقلا تائەت ـ ئىبادەت ۋە تەۋبە قىلىشقا بەل باغلاشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.**

**978 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى: « ئى رەسۇلۇللاھ، مەن سەپەرگە چىققاندىم، ماڭا نەسىھەت قىلىپ قويغىن » ، دېدى. رەسۇلۇللاھ:** «عَلَيْكَ بِتقوى اللَّهِ، وَالتَّكبير عَلى كلِّ شَرفٍ» **« ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلغىن، بىرەر ئېگىز جايغا چىققاندا، ‹اَللّٰهُ اَكْبَرُ›، دېگىن » ، دېدى. ئۇ ئادەم ئارقىغا بۇرۇلۇپ مېڭىۋىدى، رەسۇلۇللاھ:** «اللَّهمَّ اطْوِ لهُ البُعْدَ، وَهَوِّنْ عَليهِ السَّفر» **« ئى ئاللاھ، ئۇ كىشى ئۈچۈن سەپەردىكى يىراق مۇساپىنى يېقىن قىلىپ بەرگىن، ئۇنىڭ سەپىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىن » ، دېدى.** ــــ ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

**ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) سەپەرگە چىقماقچى بولغان كىشىنىڭ دۇئا ئېلىشى ۋە توغرا يول تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئىلىملىك، پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ يېنىغا بېرىشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.**

**2) مۇساپىرغا ئاللاھ تائالاغا تەقۋادارلىق قىلماقنى تەۋسىيە قىلىش ۋە سەپەر ئەدەبلىرىدىن تەلىم بېرىش بىلەن بىرگە سەپىرىنىڭ مۇشەققەتتىن يىراق، پايدىلىق بولۇشىغا دۇئا قىلىپ قويۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.**

www.munber.org

979 ـ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: سەپەر ئۈستىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدۇق. كېتىپ بېرىپ بىرەر ئويمانغا چۈشكەن ۋاقتىمىزدا ۋارقىراپ تەھلىل (لآ إلـه إلاّ اللهُ دېيىش. ــــ ت) ۋە تەكبىر ئېيتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يا أيُّهَا الناس ارْبَعُوا عَلى أنْفُسِكم فَإنَّكم لا تَدعونَ أصَمَّ وَلا غَائِباً. إنَّهُ مَعكُمْ، إنَّهُ سَمِيعٌ قَرِيبٌ» «ئى خالايىق! ئاۋازىڭلارنى پەس قىلىڭلار، سىلەر گاسنى ۋە غايىبنى چاقىرىۋاتقىنىڭلار يوق، ئاللاھ تائالا سىلەر بىلەن بىللە، ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، سىلەرگە يېقىندۇر»، دېدى.

ــــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالانى تۆۋەن ئاۋازدا ياد ئېتىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىگە كۆيۈنىدىغانلىقى.

3) ئاللاھ تائالانىڭ مۆئمىنلەرگە يېقىن ئىكەنلىكى.

4) ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە چىڭ ئېسىلىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سۆھبەتتە بولۇشقا ھېرىسمەن ئىكەنلىكى.

## 172. باب سەپەردە دۇئا قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

980. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ثَلاثُ دَعَوَاتٍ مُسْتَجَابَاتٌ لا شَكَّ فِيهنَّ: دَعْوَةُ المَظلومِ، وَدَعْوَةُ المسَافِرِ، وَدَعْوَةُ الوَالِـدِ عَلى وَلَـدِهِ» «ئۈچ تۈرلۈك دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىدا شەك يوق. ئۇلار: بىرىنچى، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسى. ئىككىنچى، مۇساپىرنىڭ دۇئاسى. ئۈچىنچى، ئاتىنىڭ پەرزەنتىگە قىلغان دۇئاسى». ــــ ئەبۇ داۋۇد ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مۇساپىرنىڭ ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا دۇئا قىلىپ قويۇشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا مۇساپىرنىڭ دۇئاسىنى ــــ ئۇ سەپەردە جاپا ـ مۇشەققەت چەككەچكە ــــ ئىجابەت قىلىدىغانلىقى.

2) زۇلۇم ۋە ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش. زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ بەددۇئاسىدىن ساقلىنىش، چۈنكى بۇ ئىككىسىنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولماي قالمايدۇ.

www.munber.org

## 173 . باب يولۇچى كىشىلەرنىڭ ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ قورقۇنچىدا قىلىنىدىغان دۇئا توغرىسىدا

**981 ـ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ بىرەر قەۋمدىن خەۋپسىرىسە، مۇنداق دۇئا قىلاتتى:** «اللَّهُمَّ إِنَّا نجعلُكَ في نحورِهِمْ، ونعُوذُ بِكَ مِنْ شرُورِهِمْ» **« ئى ئاللاھ، بىز سەندىن بىزگە بەرگەن ياردىمىڭنى بىزگە، دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلىسىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە قايتۇرۇشۇڭنى تىلەيمىز ۋە ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن سەن بىلەن پاناھ تىلەيمىز ».**

— ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسەئىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بېشىغا كۈن چۈشسە ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئېسىلىش، زالىم ۋە باشقىلارنىڭ يامانلىقىغا دۇچ كەلگەندە بولسا بۇ دۇئا بىلەن دۇئا قىلىش. بۇنداق قىلىشنىڭ سەپەردە تېخىمۇ كۈچلۈك تەكىتلىنىدىغانلىقى. چۈنكى، مۇساپىر سەپەردە تۈرلۈك خەۋپكە دۇچ كېلىش مۇمكىنچىلىكى بارلىقى.

## 174 . باب يولۇچىنىڭ مەنزىلگاھقا چۈشكەندە ئوقۇيدىغان دۇئالىرى توغرىسىدا

**982 ـ خەۋلە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: « مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم:** «مَنْ نَزلَ مَنزِلاً ثُمَّ قال: أَعُوذُ بِكَلِماتِ اللّٰهِ التَّامَّاتِ مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ، لَمْ يضرَّه شَيْءٌ حتَّى يرْتَحِلَ مِنْ منزِلِهِ ذلكَ» **« كىمكى بىرەر ئورۇنغا چۈشۈپ، ‹نۇقسانسىز، مۇكەممەل كالامۇللاھقا سېغىنىپ، ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن›، دېسە، ئۇ كىشى مۇشۇ جايدىن كەتكۈچە ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ ».**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كىچە ياكى كۈندۈزدە بولسۇن، ھەر قانداق پىشكەللىككە دۇچ كەلگەندە بۇ دۇئا بىلەن دۇئا قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

**983 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەپەردە كېتىۋېتىپ كەچ كىرىپ قالسا، مۇنداق دەيتتى:** «يَا أَرْضُ ربِّي وَربُّكِ اللّٰه، أَعُوذُ بِاللّٰهِ مِنْ شرِّكِ وشَرِّ ما فِيكِ،وشر ماخُلقَ فيكِ، وشَرِّ ما يدِبُّ عليكِ، وأعوذ باللّٰهِ مِنْ شَرِّ أَسدٍ وَأَسْودٍ، ومِنَ الحيَّةِ والعقربِ، وَمِنْ سَاكِنِ البلَدِ، ومِنْ والِدٍ وما وَلَد» **« ئى زېمىن، سېنىڭ ۋە مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ئاللاھ تائالادۇر. ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن سېنىڭ ۋە سەندىكى نەرسىلەرنىڭ شەررىدىن، سەندىن يارىتىلغان نەرسىنىڭ ۋە سېنىڭ ئۈستۈڭدە ئۆمىلىگۈچىلەرنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن. يولۋاسنىڭ، چوڭ قارا يىلاننىڭ، بارلىق يىلان ـ**



www.munber.org

چاياناردىن، شەھەردە ماكانلاشقۇچىلاردىن، ئىبلىس ۋە بارلىق شەيتانلارنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن ».

—— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: سەپەردە بىرەر ئورۇنغا چۈشكەندە، بولۇپمۇ كېچىدە چۈشكەندە بۇ دۇئا بىلەن دۇئا قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى. چۈنكى، كېچە قاراڭغۇلۇقىدا ئەزىيەت، خەتەرلەر كۆندۈزدىكىدىن كۆپ بولىدۇ. كىمكى بۇ دۇئا بىلەن دۇئا قىلسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئىزنى بىلەن ئامان قالغۇسى.

## 175 . باب ئىشلىرى تۈگىگەن مۇساپىرنىڭ ئائىلىسىگە قايتىشقا ئالدىراشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

984 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «السَّفَرُ قِطْعَةٌ مِن العذَابِ، يمْنَعُ أَحدَكم طَعامَهُ، وشَرَابَهُ وَنَوْمَهُ، فإذا قَضَى أَحَدُكُمْ نَهْمَتَهُ مِنْ سَفَرِهِ، فَلْيُعَجِّل إلى أَهْلِهِ» « سەپەر دېگەن بىر تۈرلۈك ئازابتۇر، ئۇ يېيىش ـ ئىچىشلارغا ۋە ئۇخلىشلارغا كاشال بولىدۇ. سەپەرگە چىققان ئادەم مەقسىتى ھاسىل بولغاندىن كېيىن ئائىلىسىگە قايتىشقا ئالدىرىسۇن ».

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: سەپەردە ئىشنى تۈگىتىپ بولغان كىشىنىڭ مەيلى بالا ـ چاقىسى بولسۇن ياكى بولمىسۇن، يۇرتىغا قايتىشقا ئالدىراشقا تەرغىب قىلىش، ئارقىغا سۇرۇشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى.

## 176 . باب مۇساپىر ئادەمنىڭ ئۆز ئۆيىگە كۈندۈزى قايتىپ كېلىشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، زۆرۈر بولمىسا كېچىسى قايتىپ كېلىشىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا

985 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إذا أَطالَ أحدُكمْ الغَيْبةَ فَلا يطْرُقنَّ أَهْلَهُ لَيْلاً» « بىرىڭلار ئائىلىسىدىن ئايرىلغىلى ئۇزاق بولغان بولسا، قايتىپ كەلگەندە ئائىلىسىگە كېچىسى كىرمىسۇن ».

يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەردىن كەلگەن كىشىنىڭ ئۆز ئۆيىگە كېچىسى كىرىشنى مەنئى قىلغان، دېيىلگەن. —— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

986 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەردىن قايتقاندا ئۆيىگە كېچىسى كىرمەيتتى. ئەتىگەن ياكى كەچقۇرۇندا كىرەتتى.

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) سەپەردىن قايتقاندا بالا ـ چاقىلىرىنى چۆچۈتۈپ قويماسلىقى ۋە ياقتۇرمايدىغان ئىشلارنى كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن كېچىدە ئەمەس، بەلكى ئەتىگەن ياكى كەچ تەرەپتە كېلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) ئەگەر بالا ـ چاقىلىرى ئۇنىڭ كېلىشىنى بىلسە ياكى كېچىدە كەلمىسە بولمايدىغان زۆرۈرىيەت بولسا كېچىدە كەلسىمۇ بولىدىغانلىقى.

## 177 ـ باب سەپەردىن قايتقاندا، يۇرتنى كۆرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئالار توغرىسىدا

987 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە سەپەردىن قايتىپ، مەدىنىگە يېقىن كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ: «ئَايِبُونَ، تَائِبُونَ، عَابِدُونَ، لِرَبِّنَا حَامِدُونَ» «بىز قايتقۇچىلارمىز، تەۋبە قىلغۇچىلارمىز، ئىبادەت قىلغۇچىلارمىز، پەرۋەردىگارىمىزغا ھەمدۇسانا ئېيتقۇچىلارمىز»، دېدى. رەسۇلۇللاھ بۇ سۆزنى مەدىنىگە كىرگۈچە ئوقۇپ تۇردى. ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: سەپەردىن قايتىپ يۇرتىغا كەلگەندە يۇقىرىقىدەك ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش دۇئالارنى قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى. چۈنكى، بۇ دۇئادا تەۋبە، تائەت ۋە شۈكۈر قىلىشقا ئىرادە قىلىش بىلەن بىلەن يەنە تىنچ ـ ئامان يۇرتىغا قايتىپ كېلىشتەك نېئمەتكە ئېرىشكەنلىكىگە شۈكۈر قىلغانلىقتەك مەزمۇنلارنىڭ ئىپادىلەنگەنلىكى.

## 178 ـ باب سەپەردىن قايتقان كىشىنىڭ ئالدى بىلەن مەھەللىسىدىكى مەسجىدكە كىرىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

988 ـ كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەپەردىن قايتقاندا ئالدى بىلەن مەسجىدكە كىرىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى. ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: سەپەردىن قايتىپ ئۆيگە بېرىشتىن بۇرۇن ئۆيگە ئەڭ يېقىن مەسجىدتە ئاز دېگەندىمۇ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى. بۇنىڭدىكى ھېكمەت شۇكى، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ تۇرۇشنى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن باشلىغانلىق بولىدىغانلىقى.

## 179 ـ باب ئايال كىشىنىڭ يالغۇز سەپەر قىلىشى توغرىسىدا

989 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا يَحِلُّ لامْرَأَةٍ تُؤْمِنُ باللَّهِ وَاليَومِ الآخِرِ تُسَافِرُ مَسِيرَةَ يَوْمٍ وَلَيْلَةٍ إلاَّ مَعَ ذِي محرمٍ



www.munber.org

عليْهَا» « ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ئاياللىڭ مەھرەمسىز بىر كېچە ـ كۈندۈزلۈك يولغا سەپەرگە چىقىشى دۇرۇس بولمايدۇ » .

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**990. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:** «لا يخلُونَّ رَجُلٌ بامْرأةٍ إلا ومَعَهَا ذُو محْرمٍ، ولا تُسَافِرُ المرْأةُ إلاّ معَ ذِي محْرمٍ» **« مەھرەمسىز ئايال يات ئەر بىلەن ئايرىم خالىي جايدا تۇرمىسۇن ۋە مەھرەمسىز سەپەر قىلمىسۇن » . بىر كىشى رەسۇلۇللاھقا: « ئى رەسۇلۇللاھ، مېنىڭ ئايالىم ھەج قىلىشقا چىققانىدى، مەن پالانى ـ پالانى غازاتقا چىقىشقا تىزىملاتقانىدىم » ، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇ كىشىگە:** «انْطلِقْ فَحُجَّ مع امْرأتِكَ» **« ماڭغىن، ئايالىڭ بىلەن بىللە ھەج قىلغىن » ، دېدى.**

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئايال كىشىنىڭ ھەج ـ ئۆمرىدىن باشقا ئىشلار ئۈچۈن ئېرىدىن ئايرىلىپ مەھرەمسىز سەپەر قىلىشىنىڭ ھارام ئىكەنلىكى. شەرىئەت ئالىملىرى ئايال كىشىنىڭ يۇقىرىقىدەك سەپەر قىلىشىنى مەيلى ئۇ سەپەر ئۇزۇن ياكى قىسقا بولسۇن بىردەك چەكلەيدۇ.

2) ھەنەفىيلەر ئايال كىشىنىڭ سەپىرى ناماز قەسىر قىلىنىدىغان مۇساپىدىن ئۇزۇن بولسا چەكلەيدۇ. ئەمما، شافىئىيلار پەرز ھەج ۋە ئۆمرىدە ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالىسا، مەھرەمسىز سەپەر قىلسا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھەنەفىيلەر بىلەن ئىمامى ئەھمەد (ھەنبەلى مەزھىپىدىكىلەر) بىردەك بۇنى، يەنى شافىئىيلارنىڭ قارىشىنى بولسا، تۆۋەندىكى دارىلقۇتنى رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «لاَتحج امْرَأةٌ إلَّا وَمَعَهَا ذُومَحْرَمٍ» « ئايال كىشى مەھرەمسىز ھەج قىلمىسۇن » ، دېگەن ھەدىسكە ئاساسلىنىپ جائىز ئەمەس، دەپ قارايدۇ.

3) كۆپ سانلىق ئالىملار ئايال كىشى ھەج قىلىشقا ماڭغان بىر توپ ئاياللار بىلەن بىللە مەھرەمسىز ياكى ئېرىدىن ئايرىلىپ چىقسا بولىدۇ، دەپ قاراشتى. ئىمامى ئەھمەد: « ئەگەر ئايال كىشى بىلەن بىللە ھەج قىلىشقا چىقىدىغان باشقا ئاياللار بولمىسا، چوقۇم ئېرى ياكى مەھرىمى بىلەن بىللە چىقىشى لازىم » ، دەپ قارايدۇ. لېكىن، ئاياللار سەپەرداشلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ياكى دۈشمەندىن ئەنسىرىگەنگە ئوخشاش زۆرۈر ئەھۋال ئاستىدا يالغۇز سەپەر قىلسا بولىدۇ.

4) ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللارغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنى ئاسرايدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ قۇرۇق سۆز، قۇرۇق تۆھمەتكە قالماسلىقىغا ۋە باشقىلارنىڭ چېقىلىشىغا ئۇچرىماسلىقىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى.

5) ئايال كىشى بىلەن خىلۋەت جايدا بولۇشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى. چۈنكى، بۇنداق قىلىش باشقىلارنىڭ يامان گۇماندا بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدىغانلىقى ۋە بۇزۇقچىلىققا ئېلىپ بارىدىغانلىقى.



www.munber.org

## 180. باب قۇرئان ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

991 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «اقْرَؤُا القُرْآنَ فإِنَّهُ يَأْتي يَوْمَ القيامةِ شَفِيعاً لأَصْحابِهِ» «قۇرئان ئوقۇڭلار، (قۇرئان كەرىم) قىيامەت كۈنى قۇرئان ئوقۇغانلارغا شاپائەت قىلىش ئۈچۈن ھازىر بولىدۇ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: قۇرئان ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى، قۇرئاننىڭ قىيامەت كۈنى ئۇنى ئوقۇپ ئەمەل قىلغانلارغا شاپائەت قىلىدىغانلىقى.

992 ـ نەۋۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «يُؤْتى يومَ القِيامةِ بالْقُرْآنِ وَأَهْلِهِ الذِين كانُوا يعْمَلُونَ بِهِ في الدُّنيَا تَقدُمُهُ سورة البقَرَةِ وَآل عِمرَانَ، تحَاجَّانِ عَنْ صاحِبِهِمَا» «قىيامەت كۈنى قۇرئاننى ئوقۇغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئەمەل قىلغان كىشىلەر ھازىر قىلىنىدۇ. ئالدى بىلەن سۈرە بەقەرە ۋە سۈرە ئال ئىمران ئۇلارنى ئوقۇغانلارنىڭ تەرىپىنى ئالىدۇ».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: قۇرئان ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى، بەقەرە ۋە ئال ئىمران سۈرىسىنى ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى ۋە قىيامەت كۈنى بۇ ئىككى سۈرىنىڭ ئۆزىدىكى بۇيرۇلغان ئىشلارغا ئەمەل قىلىپ، چەكلىگەن ئىشلىرىدىن يانغانلارنىڭ تەرىپىنى ئالىدىغانلىقى.

993 ـ ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «خَيرُكُم مَنْ تَعَلَّمَ القُرْآنَ وَعلَّمَهُ» «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئان ئۆگەنگەن ۋە قۇرئان ئۆگەتكەن ئادەملەردۇر».

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: «قۇرئان كەرىم»نى ئۆگىنىشنىڭ پەزىلىتى ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى تەجۋىد قائىدىسى بويىچە ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى، خۇدا رازىلىقىنى ئىزدەپ ۋە ئۇنىڭدىكى ھۆكۈم، ئەدەب ـ ئەخلاقلارغا ئەمەل قىلىپ ئىخلاس بىلەن «قۇرئان كەرىم» ئۆگەتكەنلەرنىڭ پەزىلىتى.

994 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الَّذِي يَقرَأُ القُرْآنَ وَهُو ماهِرٌ بِهِ معَ السَّفَرةِ الكرَامِ البررَةِ، والذي يقرَأُ القُرْآنَ ويتَتَعْتَعُ فِيهِ وَهُو عليهِ شَاقٌّ له أجْران» «قۇرئاننى ماھىرلىق بىلەن ئوقۇيدىغان ئادەم ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر بىلەن بولىدۇ. قۇرئاننى كۆڭۈل قويۇپ تەسلىكتە ئوقۇيدىغان ئادەمگە ئىككى ھەسسە ئەجىر بېرىلىدۇ».



www.munber.org

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) «قۇرئان كەرىم»نى توغرا، پىششىق ئوقۇيدىغان كىشىنىڭ پەزىلىتى ۋە بۇ كىشىنىڭ ئاخىرەتتىكى قارارگاھىدا ئېسىل پەرىشتىلەر بىلەن بىللە بولىدىغانلىقى.

2) «قۇرئان كەرىم»نى ھەجىلەپ ئوقۇيدىغان كىشىگە ئىككى ھەسسە ئەجىر بولىدىغانلىقى. بىرى، ئوقۇغانلىق ئەجرى، يەنە بىرى قىينىلىپ ئوقۇغانىنىڭ ئەجرى.

**995 - ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «مثَلُ المؤمنِ الَّذي يقْرَأُ القرآنَ مثلُ الأُتْرُجَّةِ: ريحهَا طَيِّبٌ وطَعمُهَا حلْوٌ، ومثَلُ المؤمنِ الَّذي لا يَقْرَأُ القُرْآنَ كَمثَلِ التَّمرةِ: لا رِيح لهَا وطعْمُهَا حلْوٌ، ومثَلُ المُنَافِق الذي يَقْرَأُ القرْآنَ كَمثَلِ الرِّيحانَةِ: رِيحها طَيِّبٌ وطَعْمُهَا مرٌّ، ومَثَلُ المُنَافِقِ الذي لا يَقْرَأُ القرآنَ كَمَثلِ الحَنْظَلَةِ: لَيْسَ لَها رِيحٌ وَطَعمُهَا مُرٌّ»

**«قۇرئان ئوقۇپ تۇرىدىغان مۇئمىن لىمونغا ئوخشايدۇ. لىمون دېگەن ھەم تەملىك ھەم خۇشبۇي بولىدۇ. قۇرئان ئوقۇپ تۇرمايدىغان مۇئمىن خورمىغا ئوخشايدۇ. خورمىنىڭ ئۆزى تەملىك بولىدۇ. ئەمما، خۇشبۇي ئەمەس. قۇرئان ئوقۇپ تۇرىدىغان مۇناپىق رەيھانغا ئوخشايدۇ. رەيھاننىڭ ھىدى خۇشبۇي، تەمى ئاچچىق. قۇرئان ئوقۇپ تۇرمايدىغان مۇناپىق ھەنزەلگە ئوخشايدۇ. ھەنزەل (ھەنزەل: ئاچچىق تاۋۇز، كاۋا ئائىلىسىگە كىرىدىغان بىرخىل ئۆسۈملۈك. — ت) دېگەن ھەم ئاچچىق بولىدۇ، ھەم خۇشبۇي ئەمەس».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) «قۇرئان كەرىم»نى يادقا ئالغان ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغان كىشىلەرنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىدە بولىدىغانلىقى. ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالا ۋە كىشىلەر تەرىپىدىن يادلىنىپ تۇرىدىغانلىقى.

2) «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇمايدىغان مۇئمىننىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ۋە كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە يەنىلا ياخشى ھېسابلىنىدىغانلىقى.

3) «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇيدىغان مۇناپىقنىڭ تېشى گۈزەل بولغاندىمۇ، ئىچى بۇزۇق بولىدىغانلىقى.

4) «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇمايدىغان مۇناپىقنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ بۇزۇق بولىدىغانلىقى.

**996 - ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إِنَّ اللَّه يرفَعُ بِهذَا الكتاب أقواماً ويضَعُ بِهِ آخَرين»

**«ئاللاھ تائالا مۇشۇ كىتاب، يەنى ‹قۇرئان كەرىم› ئارقىلىق بىر مۇنچە كىشىلەرنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلسا، يەنە بىر مۇنچە كىشىلەرنىڭ مەرتىۋىسىنى تۆۋەن قىلىدۇ».**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلىش، چۈشىنىش، يادلاش ۋە ئەمەل قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشكە رىغبەتلەندۈرۈش. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم»گە ئېسىلغان كىشىنىڭ نامى ئۇلۇغ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگەن، سەل قارىغان ۋە «قۇرئان



www.munber.org

كەرىم »گە ئەمەل قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

997 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا حَسَدَ إلاَّ في اثنَتَيْن: رجُلٌ آتَاهُ اللّه القرآنَ، فهوَ يقومُ بِهِ آناءَ اللَّيلِ وآنَاءَ النَّهَارِ، ورَجُلٌ آتَاهُ اللّه مالا، فهُو يُنْفِقهُ آنَاءَ اللَّيْلِ وَآنَاءَ النهارِ» « مۇشۇنداق ئىككى خىسلەتتى بار ئادەملەردەك بولۇشنى ئارزۇ قىلساڭلار بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ئاللاھ تائالا قۇرئان ئاتا قىلغان كىشىدۇركى، ئۇنى كېچە ۋە كۈندۈز ئارىلىقلىرىدا ئوقۇپ تۇرىدۇ. يەنە بىرى ئاللاھ تائالا پۇل ـ مال ئاتا قىلغان، ئۇنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىپ تۇرغان كىشىدۇر ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

998 ـ بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى سۈرە كەھفنى ئوقۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئىككى قات ئارغامچا بىلەن باغلانغان بىر ئات تۇراتتى. قۇرئان ئوقۇۋاتقان ئادەمنىڭ ئۈستىگە بىر بۇلۇت كېلىپ يېقىنلاشتى. ئۇ كىشىنىڭ ئېتى بۇنىڭدىن ئۈركۈپ كەتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئەھۋالنى بايان قىلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «تِلكَ السَّكِينَةُ تَنَزَّلَتْ للقُرآنِ» « شۇ بۇلۇت بولۇپ كۆرۈنگەن نەرسە قۇرئان ئوقۇغان چاغدا چۈشىدىغان خاتىرجەملىكتۇر »، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: « سۈرە كەھف »نى ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى. ئاللاھ تائالانىڭ سالىھ كىشىلەرگە كارامەتلەرنى ۋە ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى قىلالايدىغان قابىلىيەتنى ئاتا قىلىدىغانلىقى.

999 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «منْ قرأ حرْفاً مِنْ كتاب اللَّهِ فلَهُ حسنَةٌ، والحسنَةُ بِعشرِ أَمثَالِهَا لا أقول: الم حَرفٌ، وَلَكِن: أَلِفٌ حرْفٌ، ولامٌ حرْفٌ، ومِيمٌ حرْفٌ» « كىمكى قۇرئاندىن بىر ھەرپ ئوقۇيدىكەن، ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق بېرىلىدۇ. بىر ياخشىلىق ئۇچۇن ئون ياخشىلىقنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ. مەن ‹ئەلىف، لام، مىم›نى بىر ھەرپ دەپ ھېسابلىمايمەن، بەلكى ‹ئەلىف› بىر ھەرپ، ‹لام› بىر ھەرپ، ‹مىم› بىر ھەرپتۇر ».

— تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) « قۇرئان كەرىم »نى تىلاۋەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

2) « قۇرئان كەرىم »نى ئوقۇغۇچىغا ئوقۇغان ھەر بىر سۆزىدىكى ھەر بىر ھەرپى ئۈچۈنمۇ ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىدىغانلىقى.



www.munber.org

**1000.** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إنَّ الَّذي لَيس في جَوْفِهِ شَيْءٌ مِنَ القُرآنِ كالبيتِ الخَرِبِ» «دىلىدا ‹قۇرئان كەرىم›دىن ھېچ نەرسە بولمىغان ئادەم خاراب بولغان ئۆيگە ئوخشايدۇ». — تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: «قۇرئان كەرىم»نى يادلاش ۋە ئۇنى ئوقۇپ تۇرۇشقا ئادەتلىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈش. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم»نى يادلىغان (قارىي)لارنىڭ ياخشىلىق ۋە ئېھسانغا ئېرىشىدىغانلىقى.

**1001** ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يُقَالُ لِصاحبِ القُرآنِ: اقْرأْ وارْتَقِ وَرَتِّلْ كَما كُنْتَ تُرَتِّلُ في الدُّنْيَا، فَإنَّ منْزِلَتَكَ عِنْد آخِرِ آيةٍ تَقْرَؤُهَا» «قۇرئاننى ياد قىلىپ ئوقۇپ تۇرغۇچى كىشىگە (قىيامەت كۈنى جەننەتكە كىرىدىغان چاغدا): ‹ئوقۇغىن (سەن قۇرئان ئايەتلىرىدىن ياد ئالغان ئايەتلەرنىڭ سانى بويىچە جەننەتنىڭ دەرىجىلىرىگە) ئۆرلىگىن، دۇنيادا قۇرئاننى تەرتىل بىلەن ئوقۇغىنىڭدەك، بۇ يەردىمۇ شۇنداق ئوقۇغىن، سېنىڭ يادا بىلگەن ئايەتلىرىڭنىڭ ئاخىرقى سانى قانچە بولسا، سېنىڭ جەننەتتىكى دەرىجەڭ شۇ سان بويىچە بولىدۇ›، دېيىلىدۇ».

— ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: «قۇرئان كەرىم»نى يادلىغۇچىغا يادلىغان ئايەتلەرنىڭ سانى قانچىلىك بولسا، جەننەتتە شۇنچە يۇقىرى دەرىجە بېرىلىدىغانلىقى.

بۇ بابتىكى مۇھىم نۇقتىلار: «قۇرئان كەرىم»نى تەپەككۇر قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش بىلەن بىللە كۆپ ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش. «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇپ تامام قىلىپ تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش. يادلاشقا رىغبەتلەندۈرۈش. «قۇرئان كەرىم» تەشەببۇس قىلغان ئەخلاقلار بىلەن خۇلۇقلىنىش.

## 181 ـ باب قۇرئاندىن ياد ئالغاننى ئۇنتۇپ قالماي ئوقۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

**1002** ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تَعاهَدُوا هذا الْقُرآنَ فَوَالَّذي نَفْسُ مُحمَّدٍ بِيدِهِ لَهُو أشَدُّ تَفَلُّتاً مِنَ الإبِلِ في عُقُلِهَا» «قۇرئاننى ئوقۇپ تۇرۇڭلار، مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، ‹قۇرئان كەرىم› باغلاقتىكى تۆگىدىنمۇ يامان قاچقاقتۇر (داۋاملىق ئوقۇپ تۇرمىسا، تېز ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ)».



www.munber.org

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: « قۇرئان كەرىم » قايتا ـ قايتا كۆڭۈل بۆلۈپ ئوقۇغان كىشىنىڭ قەلبىدە ساقلىنىپ قالىدىغانلىقى، ئەگەر كۆڭۈل قويۇپ يادلىمىسا، تۆگە قاچقاندىنمۇ بەك تېز قېچىپ كېتىپ، ئۇنتۇلۇپ قالىدىغانلىقى.

**1003 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إِنَّمَا مَثَلُ صاحِبِ الْقُرْآنِ كَمَثَلِ الإِبِلِ الْمُعقَّلَةِ، إِنْ عَاهَدَ عَلَيْها أَمْسَكَهَا، وإِنْ أَطْلَقَهَا، ذَهَبَتْ» **« قۇرئاندىن تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان ئادەمنى باغلاقلىق تۆگىنىڭ ئىگىسىگە تەمسىل قىلسا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم تۆگىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدىغان بولسا، ئۇنى داۋاملىق تۇتۇپ تۇرالايدۇ. ئەگەر ئۇنى قويۇۋېتىدىغان بولسا، قېچىپ كېتىدۇ ».** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: « قۇرئان كەرىم »نى يادلىغان كىشىنى تۆگە باغلىغان كىشىگە ئوخشاتقانلىقى. ئەگەر ئۇنى باغلاپ، مۇھاپىزەت قىلسا (خەۋەر ئالسا) قېچىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالالايدىغانلىقى، ئەكسىچە ئۇنى بوش قويۇۋەتسە قېچىپ كېتىدىغانلىقى ۋە ئۇنى ئىزدەپ تېپىشنىڭ قىيىن بولىدىغانلىقى. « قۇرئان كەرىم »نى يادلىغۇچى بىلەن تۆگە باغلىغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق شۇكى، تېز قېچىپ كېتىش ۋە ئۇنتۇلۇپ كېتىشتە.

## 182 . باب قۇرئاننى چىرايلىق ئاۋاز بىلەن ئوقۇشنىڭ ياخشىلىقى ۋە قۇرئاننى چىرايلىق ئوقۇيدىغان كىشىنىڭ ئوقۇپ بېرىشىنى ئۆتۈنۈش ۋە ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىش توغرىسىدا

**1004 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:** «مَا أَذِنَ اللهُ لِشَيْءٍ مَا أَذِنَ لِنَبِيٍّ حَسَنِ الصَّوْتِ يَتَغَنَّى بِالْقُرْآنِ يَجْهَرُ بِهِ» **« ئاللاھ تائالا ھېچبىر نەرسىگە چىرايلىق ئاۋازلىق پەيغەمبەرنىڭ قۇرئاننى چىرايلىق، ئۈنلۈك ئوقۇغىنىغا مەمنۇنىيەت بىلەن قۇلاق سالغىنىدەك قۇلاق سالغان ئەمەس ».** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاللاھ تائالانىڭ « قۇرئان كەرىم » ئوقۇغۇچىنىڭ قۇرئان ئوقۇغاندىكى چىرايلىق ئاۋازى ئۈچۈنمۇ ئەجىر ئەزىم ئاتا قىلىدىغانلىقى. ئەگەر قۇرئاننى چىرايلىق ئاۋازدا ئوقۇش قۇرئاننىڭ ھەرپلىرىنى كەم ـ زىيادە قىلىشقا ئېلىپ بارمىسىلا، چىرايلىق ئاۋاز بىلەن ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇشقا بولىدىغانلىقى.

**1005 ـ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن:** «لَقَدْ أُوتِيتُ مِزْمَاراً مِنْ مَزَامِيرِ آلِ دَاوُد» **« شۈبھىسىزكى، ساڭىمۇ داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايلىق ئاۋازلىرىدىن بولغان بىر ئاۋاز بېرىلگەن ».** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: « قۇرئان كەرىم »نى تەجۋىد قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن ھالدا چىرايلىق ئاۋاز بىلەن ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، چۈنكى قۇرئاننىڭ گۈزەللىكى ۋە قەلبلەرگە تەسىر قىلىشى چىرايلىق ئاۋاز ئارقىلىق تېخىمۇ ئېشىپ بارىدىغانلىقى. لېكىن، چىرايلىق ئاۋازدا ئوقۇشقا كۆچىنىپ كېتىپ، تەجۋىد بىلەن ئۆلچەملىك ئوقۇشتىن چەتلەپ كېتىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى.

1006 ـ بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇپتەندە « تىين » سۈرىسىنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىدىم. مەن ھېچبىر ئادەمنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازىدىنمۇ چىرايلىق ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئەمەسمەن. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاننى چىرايلىق تىلاۋەت قىلىدىغانلىقى، بۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بارلىق پەزىلەتلەر بىلەن مۇكەممەل قىلغانلىقىنىڭ دەلىلى ئىكەنلىكى.

1007 ـ ئەبۇ لۇبابە بەشىر ئىبنى ئابدۇل مۇنزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ لَمْ يَتَغَنَّ بِالْقُرْآنِ فَلَيْسَ مِنَّا» « كىمكى ‹قۇرئان كەرىم› نى چىرايلىق ئاھاڭ بىلەن ئوقۇمايدىكەن، ئۇ كىشى بىزنىڭ يولىمىزدا ئەمەس ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: « قۇرئان كەرىم »نى چىرايلىق ئاۋازدا تىلاۋەت قىلىشنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن ئىكەنلىكى، چۈنكى چىرايلىق ئاۋازنىڭ « قۇرئان كەرىم »نىڭ گۈزەللىكى ۋە تەسىرچانلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدىغانلىقى.

1008 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ماڭا رەسۇلۇللاھ: «اقْرَأْ عَلَيَّ الْقُرْآنَ» « قۇرئاننى ئوقۇپ بەرگىن »، دېدى. مەن: « ئى رەسۇلۇللاھ، قۇرئان ساڭا نازىل بولغان تۇرسا، ساڭا ئوقۇپ بېرەمدىم »، دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «إِنِّي أُحِبُّ أَنْ أَسْمَعَهُ مِنْ غَيْرِي» « مەن قۇرئاننى ئۆزۈمدىن باشقا ئادەمنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاشنى ياقتۇرىمەن »، دېدى. مەن رەسۇلۇللاھقا سۈرە نىسانى ئوقۇپ: ﴿فَكَيْفَ إِذَا جِئْنَا مِنْ كُلِّ أُمَّةٍ بِشَهِيدٍ وَجِئْنَا بِكَ عَلَى هؤُلاءِ شَهِيداً﴾ ﴿بىز ھەر ئۈممەتكە بىر گۇۋاھچىنى كەلتۈرگەن ۋە (ئى مۇھەممەد) سېنى بۇلارغا گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن چېغىمىزدا ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟﴾ (« قۇرئان كەرىم » سۈرە نىسا 41 ـ ئايەت) دېگەن ئايەتكە كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ: «حَسْبُكَ الآنَ» « ئەمدى بولدى قىلغىن »، دېدى. مەن رەسۇلۇللاھقا قارىسام، ئۇنىڭ ئىككى كۆزىدىن ياش قۇيۇلۇۋېتىپتۇ. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) باشقىلاردىن « قۇرئان كەرىم »نى چىرايلىق ئاۋازدا ئوقۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ۋە ئۇنى ئويلىنىپ، تەپەككۇر قىلىپ تۇرۇپ تىڭشاش.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممەتلىرىگە ناھايىتى كۆيۈمچان ئىكەنلىكى، ئەھلى ئىلىم ۋە پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ ئالدىدا كەمتەر بولۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئورنىنى كۆتۈرۈشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

## 183 . باب بەزى سۈرىلەر ۋە مەخسۇس ئايەتلەرنى ئوقۇشنى تەرغىب قىلىش توغرىسىدا

**1009** ـ ئەبۇ سەئىد رافىئ ئىبنى مۇئەللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ماڭا: «أَلا أُعَلِّمُكَ أَعْظَمَ سُورةٍ فِي الْقُرْآنِ قَبْلَ أَنْ تَخْرُجَ مِنَ الَمَسْجِدِ؟» « مەن ساڭا سەن مەسجىدتىن چىقىشتىن بۇرۇن قۇرئاندىكى ئەڭ ئۇلۇغ بىر سۈرىنى ئۆگىتىپ قويايمۇ؟ »، دەپ قولۇمنى تۇتتى. بىز چىقماقچى بولغىنىمىزدا، مەن: « ئى رەسۇلۇللاھ! سەن ماڭا قۇرئاندىكى ئەڭ ئۇلۇغ سۈرىنى ئۆگىتىپ قويايمۇ، دىگەنىدىڭ ئەمەسمۇ »، دېسەم، رەسۇلۇللاھ: «الحَمْدُ للَّهِ رَبِّ العَالِمِينَ هِي السَّبْعُ المَثَاني، وَالْقُرْآنُ الْعَظِيمُ الَّذي أُوتِيتُهُ» « ئۇ سۈرە بولسا ‹فاتىھە› سۈرىسىدۇر. بۇ سۈرە تەكرار ئوقۇلۇپ تۇرىدىغان يەتتە ئايەتتۇر ۋە ماڭا بېرىلگەن ئۇلۇغ قۇرئاندۇر »، دېدى. —
بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) « سۈرە فاتىھە »نىڭ « قۇرئان كەرىم »دىكى ئەڭ ئۇلۇغ سۈرە ئىكەنلىكى، چۈنكى ئۇ « قۇرئان كەرىم »نىڭ پۈتۈن مەقسەتلىرىنى ۋە باشقا سۈرىلەردە تەپسىلىي بايان قىلىنغان مەزمۇنلارنىڭ يىغىندىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇنىڭدا يەنە تەۋھىد ئەقىدىسى، ياراتقۇچى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىنلەرنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدىغان ۋەدىسى، ئاسىيلارنى قاتتىق جازالايدىغان ئاگاھلاندۇرۇشى، شۇنداقلا ئۆتمۈشتىكى بەختلىك كىشىلەر ۋە ئازغۇنلارنىڭ قىسسىلىرىنىڭ خۇلاسىسى ۋە بۇلار ھەققىدىكى ئىبرەتلەر مۇجەسسەملەنگەنلىكى.

2) ئەبۇ داۋۇد بىلەن تىرمىزىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن « سۈرە پاتىھە قۇرئاننىڭ ئانىسىدۇر »، دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان.

**1010** . ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىخلاس سۈرىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «والَّذِي نَفْسِي بِيدِهِ، إِنَّهَا لَتَعْدِلُ ثُلُثَ القُرآنِ» « جېنىم ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سۈرە ئىخلاس شۈبھىسىزكى، قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ ».

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: رەسۇلۇللاھ ساھابىلەرگە: «أَيَعْجِزُ أَحَدُكُم أَنْ يقْرَأَ بِثُلُثِ الْقُرْآنِ في لَيْلَةٍ» « قايسىڭلار بىر كېچىدە قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئوقۇپ بولالايسىلەر؟ »، دېۋىدى، بۇ ئۇلارغا قىيىن تۇيۇلۇپ: « ئى رەسۇلۇللاھ، بىزنىڭ



www.munber.org

قايسى بىرىڭىز ئۇنداق قىلىشقا قادىر بولالايدۇ »، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: «قُلْ هُو اللّٰه أَحَدٌ، اللّٰهُ الصَّمَدُ: ثُلُثُ الْقُرْآنِ» «‹قُلْ هُو اللّٰه أَحَدٌ، اللّٰهُ الصَّمَدُ› قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ »، دېدى. — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

1011 - ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەلۇم بىر كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ ‹قُلْ هُوَ اللّٰهُ أَحَدٌ› سۈرىسىنى تەكرار ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، تاڭ ئاتقاندا رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ بۇ ئىشنى سۆزلەپ بەردى. بۇ ئادەم بۇ ئىشنى كىچىك سانايتتى. رەسۇلۇللاھ ئۇ كىشىگە: «والَّذي نَفْسِي بِيَدِهِ، إِنَّها لَتَعْدِلُ ثُلُثَ الْقُرْآنِ» « جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، شۈبھىسىزكى، ئۇ سۈرە قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ »، دېدى. — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

1012 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىخلاس سۈرىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «إِنَّهَا تَعْدِلُ ثُلُثَ القُرْآنِ» « شۈبھىسىزكى، ئۇ سۈرە قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ ».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1013 - ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى رەسۇلۇللاھقا: « ئى رەسۇلۇللاھ، مەن سۈرە ئىخلاسنى ياخشى كۆرىمەن »، دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇ كىشىگە: «إِنَّ حُبَّها أَدْخَلَكَ الجَنَّةَ» « سېنىڭ ئۇ سۈرىنى ياخشى كۆرۈشۈڭ سېنى جەننەتكە ئېلىپ باردى »، دېدى. — تىرمىزي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئىخلاس سۈرىسىنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىش ۋە ئۇنى بىر قېتىم ئوقۇغانلىقنىڭ « قۇرئان كەرىم »نىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئوقۇغاننىڭ ساۋابى بىلەن ئوخشاش بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەش. بۇ سۈرىنىڭ « قۇرئان كەرىم »نىڭ ئۈچتىن بىرىگە باراۋەر بولۇشىنىڭ سەۋەبى پۈتۈن قۇرئاننىڭ « تەۋھىد، شەرىئەت ۋە ئەخلاق »تىن ئىبارەت ئۈچ ئىلىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى. ئىخلاس سۈرىسى بىر پۈتۈن تەۋھىد ئىلىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

1014 - ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «أَلَمْ تَر آيَاتٍ أُنْزِلَتْ هَذِهِ اللَّيْلَةَ لَمْ يُرَ مِثْلُهُن قَطُّ؟ قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ الفَلَقِ، وَقُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ» « بۈگۈن كېچە چۈشۈرگەن ئايەتلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئوخشىشى ھېچ چۈشۈرۈلگەن ئەمەس. ئۇلار سۈرە ‹فەلەق› ۋە سۈرە ‹ناس›تۇر ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1015 - ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سۈرە « فەلەق » بىلەن « سۈرە ناس » چۈشكەنگە قەدەر ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ جىنلاردىن ۋە كىشىلەرنىڭ يامان كۆزلىرىدىن پاناھ تىلەيتتى. ئۇ ئىككى



www.munber.org

سۈرە نازىل بولغاندىن كېيىن باشقىسىنى تەرك ئېتىپ، بۇ ئىككى سۈرىنىلا ئوقۇيدىغان بولدى.

— تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) فەلەق ۋە ناس سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاناھ تىلەپ دۇئا قىلىشقا بۇ ئىككى سۈرىنى خاس قىلغانلىقى. بۇنىڭ سەۋەبى بۇ سۈرىلەرنىڭ نېمىدىن، كىم بىلەن پاناھ تىلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىدىن بولغان.

2) جىن ـ شەيتانلارنىڭ ئازار بېرىشىدىن ۋە ھەسەتخور ئىنسانلارنىڭ كۆزى تېگىپ كېتىشىدىن پاناھ تىلەش، چۈنكى بۇ ئىككىسىنىڭ زىيىنى ئېغىردۇر. فەلەق سۈرىسى بىلەن ناس سۈرىسى يۇقىرىقىلارنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەشكە ئەڭ مۇناسىپتۇر.

3) كۆز تېگىش ھەقتۇر. شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ كۆز تېگىشتىن پاناھ تىلىگەن.

**1016 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مِنَ القُرْآنِ سُورَةٌ ثَلاثُونَ آيَةً شَفعتْ لِرَجُلٍ حَتَّى غُفِرَ لَهُ، وهِيَ: تبارَكَ الذِي بِيَدِهِ المُلْكُ» « قۇرئاندا ئوتتۇز ئايەتلىك بىر سۈرە بولۇپ، ئۇنى ئوقۇغان كىشىگە شاپائەت قىلىنىدۇ، گۇناھلىرى مەغفىرەت قىلىنىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ‹تەبارەك› سۈرىسىدۇر ».**

— ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مۇلۇك سۈرىسىنىڭ (سۈرە تەبارەكنىڭ) پەزىلىتى. ئۇ سۈرىنى يادلاش ۋە ئوقۇپ تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش. چۈنكى، بۇ سۈرە بۇ سۈرىنى ئوقۇغان كىشىلەرگە قىيامەت كۈنى تاكى ئۇ كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرى كەچۈرۈلگۈچە شاپائەت قىلىدۇ.

**1017 ـ ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ قَرَأَ بالآيتَيْنِ مِنْ آخِرِ سُورةِ البقَرةِ فِي لَيْلَةٍ كَفَتَاهُ» « كېچىدە سۈرە بەقەرەنىڭ ئاخىرسىدىكى ئىككى ئايەتنى ئوقۇغان كىشىگە شۇ ئىككى ئايەت يېتەرلىكتۇر ».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئىككى ئايىتىنى ئوقۇغان كىشىنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك غەم ـ ئەندىشىلىرى يوقىلىدىغانلىقى ۋە ھەرقانداق يامانلىقتىن ساقلىنىپ قالىدىغانلىقى.

2) ئۇ ئىككى ئايەت ياراتقۇچىسىغا ئۆزىنى تاپشۇرۇش مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن ئوقۇغان كىشىنىڭ ئىمانى يېڭىلىنىدۇ. دېگەن گەپمۇ بار. يەنە بەزىلەرنىڭ ئۇ ئىككى ئايەت باشقا دۇئالارنى قىلىشتىن كۇپايە قىلىدۇ، چۈنكى « بۇلار بىلەن دۇئا قىلىش دۇنيا ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىغا ئېرىشىشكە كېپىلدۇر »، دېگەن سۆزلىرىمۇ بار.

**1018 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا تَجْعَلُوا بُيُوتَكُمْ مَقَابِر، إِنَّ الشَّيْطَانَ يَنْفِرُ مِن الْبيْتِ الَّذي تُقْرأُ فِيهِ سُورةُ**



www.munber.org

الْبقَرةِ» « ئۆيلىرىڭلارنى (قۇرئان تىلاۋەت قىلماي) گۆرىستانلىق قىلىۋالماڭلار. شۈبھىسىزكى، شەيتان سۈرە بەقەرە ئوقۇلغان ئۆيدىن قېچىپ كېتىدۇ ».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بەقەرە سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنى تەپەككۇر بىلەن ئوقۇش ۋە ئۇنىڭدىكى كۆرسەتمىلەرگە ئەمەل قىلىشنىڭ شەيتاندىن يىراقلاشتۇرۇپ ئازغۇن يوللاردىن توسىدىغانلىقى.

2) ئىبنى ئەللان بەقەرە سۈرىسىنىڭ پەزىلىتىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ شۇنداق ئېيتىدۇ: « قۇرئان كەرىم »نىڭ باشقا سۈرىلىرىدە ئەھكاملار ۋە ئاجايىپ ـ غارايىپ مۆجىزە ۋەقەلىكلەر بەقەرە سۈرىسىدە بايان قىلىنغىنىدەك تەپسىلىي بايان قىلىنغان ئەمەس. بەقەرە سۈرىسىدە ئاللاھ تائالانىڭ خاس ئەۋلىيالىرى ۋە تاللانغان بەندىلىرى زىكىر قىلىنىش بىلەن بىرگە شەيتان رەسۋا قىلىنغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنغانلىقى ۋە شەيتاننىڭ ئادەم ۋە ئادەم ئەۋلادلىرىنى ئازدۇرغانلىقى بايان قىلىنغان.

شۇڭا، بەزىلەر بۇ سۈرىنى « مىڭ بۇيرۇق، مىڭ نەھيى (چەكلىمە)، مىڭ ھۆكۈم، مىڭ خەۋەر » بار سۈرە دەيدۇ.

1019 ـ ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ ماڭا: «يا أبا المُنذِرِ أتَدْرِي أيُّ آيةٍ مِن كتابِ اللّهِ معكَ أعْظَمُ» « ھەي مۇنزىرنىڭ ئاتىسى، سەن يادا ئالغان قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ئىچىدە قايسى ئايەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئايەت ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ »، دېدى. مەن: « ئايەتۇلكۇرسى »، دېسەم، رەسۇلۇللاھ كۆكرىكىمگە ئۇرۇپ قويۇپ: «لِيهْنكَ الْعِلْمُ أبَا المُنذِرِ» « ھەي مۇنزىرنىڭ ئاتىسى، ساڭا ئىلىم مۇبارەك بولسۇن »، دېدى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) « قۇرئان كەرىم » سۈرىلىرىنىڭ بەزىسىنىڭ بەزىسىدىن پەزىلەتلىك ئىكەنلىكى.

2) ئايەتۇلكۇرسى قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مەقسەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولغاچقا، ئۇ ئەڭ ئۇلۇغ ئايەت ھېسابلىنىدىغانلىقى.

3) ئەگەر مەغرۇرلىنىپ كەتمەسلىكىگە ئىشەنچ قىلالىسا، باشقىلارنى يۈز تۇرانە ماختاشقا بولىدىغانلىقى.

1020 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ ماڭا رامىزان ئۆچۈن ئادا قىلىنىدىغان سەدىقە پىترىنى ساقلاشقا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىراۋ كېلىپ، يېمەكلىكتىن ئۇچۇمداپ ئالغىلى تۇردى. مەن ئۇنى تۇتۇۋېلىپ: « سېنى چوقۇم رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارىمەن »، دېدىم. ئۇ: « مەن بالا ـ چاقىلىق ھاجەتمەن ئادەم ئىدىم. مەن يېمەكلىككە بەك موھتاج »، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى قويۇۋەتتىم. تاڭ ئاتقاندا رەسۇلۇللاھ ماڭا: «يا أبا هُريرة، ما فَعلَ أسِيرُكَ



www.munber.org

الْبارِحةَ؟» « ئى ئەبۇ ھۇرەيرە، تۈنۈگۈن سەن تۇتۇۋالغان كىشى نېمە قىلدى؟ »، دېدى. مەن: « ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇ ئۆزىنىڭ ھاجەتمەن ۋە بالا ـ چاقىلىق ئىكەنلىكىدىن دادلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ قويۇۋەتتىم »، دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «أما إِنَّهُ قَدْ كَذَبك وسيعُودُ» « بىلىپ قويغىنكى، ئۇ يالغان سۆزلەپتۇ، ئۇ يەنە كېلىدۇ »، دېدى. مەن رەسۇلۇللاھنىڭ گېپى بويىچە ئۇنىڭ يەنە كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ، كۆزىتىپ تۇردۇم. ئۇ قايتا كېلىپ يېمەكلىكتىن ئۇچۇملاپ ئالغىلى تۇردى. مەن ئۇنى تۇتۇۋېلىپ: « سېنى چوقۇم رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارىمەن »، دېدىم. ئۇ ماڭا: « مېنى قويۇۋەتكىن، مەن موھتاج ۋە بالا ـ چاقىلىق ئادەممەن، مەن قايتا كەلمەيمەن »، دېدى. ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قويۇۋەتتىم. شۇنىڭ بىلەن تاڭ ئاتقاندا رەسۇلۇللاھ ماڭا: «يَا أَبا هُرَيْرةَ، ما فَعل أَسِيرُكَ الْبارِحةَ؟» « ئى ئەبۇ ھۇرەيرە، سېنىڭ تۈنۈگۈن تۇتۇۋالغان ئەسىرىڭ نېمە قىلدى؟ »، دېدى. مەن: « ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇ ئۆزىنىڭ ھاجەتمەن ۋە بالا ـ چاقىلىق ئىكەنلىكىدىن دادلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ قويۇۋەتتىم »، دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «إِنَّهُ قَدْ كَذَبكَ وسيَعُودُ» « بىلىپ قويغىنكى، ئۇ يالغان سۆزلەپتۇ، ئۇ يەنە كېلىدۇ »، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى ئۈچىنچى نۆۋەت كۆزەتتىم. ئۇ كېلىپ يېمەكلىكنى ئالغىلى تۇردى. مەن ئۇنى تۇتۇۋېلىپ: « سېنى رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارىمەن، بۇ ئۈچىنچى قېتىم بولدى. سەن ماڭا قايتا كەلمەيمەن، دەپ يەنە قايتا كەلدىڭ »، دېدىم. ئۇ ماڭا: « مېنى قويۇۋەتكىن، مەن ساڭا بىر نەچچە كەلىمىلەرنى ئۆگىتىپ قوياي، ئاللاھ تائالا ئۇلار بىلەن ساڭا نەپ يەتكۈزگەي »، دېدى. مەن: « ئۇ قايسى سۆزلەر؟ »، دېدىم. ئۇ: « سەن ئۇخلاش ئۈچۈن تۆشەككە بارغىنىڭدا ئايەتۇلكۇرسى ﴿اللَّـه لا إِلـهَ إِلاَّ هُـو الحـيُّ الْقَـيُّومُ﴾ (« قۇرئان كەرىم » سۈرە بەقەرە 255 ـ ئايەت)نى باشتىن ـ ئاخىر ئوقۇغىن، شۇنداق قىلساڭ، ھامان ئاللاھ ساڭا بىر قوغدىغۇچى پەرىشتىنى مۇئەككەل قىلىدۇ، تاكى تاڭ ئاتقۇچىلىك شەيتان ساڭا يېقىن كېلەلمەيدۇ »، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى قويۇۋەتتىم. تاڭ ئاتقاندا رەسۇلۇللاھ ماڭا: «ما فَعلَ أَسِيرُكَ الْبارِحةَ؟» « تۈنۈگۈنكى ئەسىرىڭ نېمە قىلدى؟ »، دېدى. مەن: « ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇ ئوقۇسام ماڭا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان بىر نەچچە پايدىلىق كەلىمىنى ئۆگىتىپ قويىدى. شۇڭا، مەن ئۇنى قويۇۋەتتىم، دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «مَا هِـيَ؟» « ئۇ قايسى سۆزلەر؟ »، دېدى. مەن: « سەن ئۇخلاش ئۈچۈن تۆشەككە بارغىنىڭدا ئايەتۇلكۇرسىنى باشتىن ـ ئاخىر ئوقۇغىن، شۇنداق قىلساڭ ھامان ئاللاھ ساڭا بىر قوغدىغۇچى پەرىشتىنى مۇئەككەل قىلىدۇ، تاكى تاڭ ئاتقۇچىلىك شەيتان ساڭا يېقىن كېلەلمەيدۇ، دېدى »، دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «أَمَا إِنَّه قَدْ صَدقكَ وَهُو



www.munber.org

كَذوبٌ، تَعْلَم مَنْ تُخَاطِبُ مُنْذ ثَلاثٍ يا أَبا هُرِيْرَةَ؟ » « ئۇ شۇنچە يالغانچى تۇرۇقلۇق، ساڭا راست ئېيتىپتۇ. ئى ئەبۇ ھۇرەيرە، ئۈچ كۈندىن بۇيان كىم بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ »، دېدى. مەن: « ياق »، دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «ذَاكَ شَـيْطَانٌ» « ئۇ شەيتاندۇر »، دېدى.

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئايەتۇلكۇرسىنى ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى ۋە ئايەتۇلكۇرسى كەچ تەرەپتە بىرەر ئۆيدە ئىخلاس بىلەن ئوقۇلسا شۇ كېچىسى شەيتاندىن ساقلايدىغانلىقى.

2) ئايەتۇلكۇرسىنى ئۇخلاش ئالدىدا ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

1021 ـ ئەبۇ دەردائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مـنْ حفِظَ عشْر آيَاتٍ مِنْ أَوَّلِ سُورةِ الْكَهْف، عُصمَ منَ الدَّجَّالِ» « كىمكى ‹سۈرە كەھف›نىڭ بېشىدىن ئون ئايەت ياد ئالسا، دەججالنىڭ پىتنىسىدىن ساقلىنىدۇ ».

يەنە بىر رىۋايەتتە: «مِنْ آخِرِ سُورةِ الكهْف» سۈرە « كەھف »نىڭ ئاخىرىدىن ئون ئايەتنى ياد ئالسا، دېيىلگەن.

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: سۈرە كەھفنىڭ ئاۋۋالقى ئون ئايىتىنى ۋە: ﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ كَانَتْ لَهُمْ جَنَّاتُ الْفِرْدَوْسِ نُزُلًا﴾ « شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ مەنزىلگاھى فىردەۋس جەننەتلىرىدە بولىدۇ » (« قۇرئان كەرىم » سۈرە كەھف 107 ـ ئايەت) دېگەن ئايىتىدىن باشلاپ سۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە يادلاپ ئەتىگەن ـ ئاخشامدا داۋاملىق ئوقۇپ بەرگەن كىشىنىڭ مەسىھ دەججالنىڭ پىتنىسىدىن ئامان قالىدىغانلىقى.

بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇشقا تاللاشتىكى ھېكمەت: بۇ ئايەتلەرنىڭ بالايىئاپەت ۋە پىتنە ـ پاساتلار قانچە ئېغىر بولۇپ كەتسىمۇ، قەلبكە تەۋرەنمەس ئىماننى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن.

1022 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانىدى. ئۈستۈن تەرەپتىن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈرۈپ: « بۇ ئاسماننىڭ بىر ئىشىكى بولۇپ، بۈگۈن ئېچىلدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئېچىلىپ باقمىغان »، دېدى. شۇ ئىشىكتىن بىر پەرىشتە چۈشتى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: « بۇ پەرىشتە بۇنىڭدىن بۇرۇن زېمىنغا چۈشۈپ باقمىغان، پەقەت بۈگۈنلا چۈشتى »، دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەرىشتە كېلىپ رەسۇلۇللاھقا سالام قىلىپ: « بۇ ئىككى نۇر سۈرە فاتىھە ۋە بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئايەتلىرىدىن ئىبارەت. سەندىن ئىلگىرى ھېچقانداق پەيغەمبەرگە بېرىلىپ باقمىغان ئىككى نۇر بىلەن ساڭا خۇش



www.munber.org

خەۋەر، بۇ ئايەتلەردىن بىر ھەرپىنى ئوقۇيدىغانلا بولساڭ، ئاللاھ تائالا ساڭا سورىغىنىڭنى بېرىدۇ »، دېدى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: « سۈرە بەقەرە »نىڭ ئاخىرقى ئايەتلىرىنىڭ ۋە سۈرە پاتىھەنىڭ پەزىلىتى، ئۇ ئىككىسىنى ئىخلاس بىلەن ئوقۇغان كىشىگە ئاللاھ تائالانىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھىدايەت، مەغفىرەت ۋە بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلىدىغانلىقى.

## 184 . باب يىغىلىپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا

**1023** ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ومَا اجْتَمَعَ قَوْمٌ في بَيْتٍ من بُيوتِ اللَّهِ يَتْلُونَ كتابَ اللَّهِ، ويتَدَارسُونَه بيْنَهُم، إِلاَّ نَزَلَتْ عليهم السَّكِينَة، وغَشِيَتْهُمْ الرَّحْمَة، وَحَفَّتْهُم الملائِكَةُ، وذَكَرهُمْ اللَّه فيمنْ عِنده» « بىرەر قەۋم مەسجىدلەردىن بىرىگە يىغىلىپ، قۇرئان تىلاۋەت قىلىشسا ۋە قۇرئان ئۈستىدە توختىلىپ، ئۇنى ئۆزئارا ئۆگەنسە، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا خاتىرجەملىك بېغىشلايدۇ. ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ئورايدۇ، پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا جەم بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆز ھوزۇرىدىكى پەرىشتىلەرگە ئۇلاردىن مەمنۇن بولغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مەسجىدلەردە يىغىلىپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنىڭ، قۇرئان ئىلىملىرىنى ئۆگىنىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى. مۇنداق قىلىشنىڭ خاتىرجەملىك ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنىڭ چۈشىشىگە، پەرىشتىلەرنىڭ ھازىر بولۇشىغا، يىغىلغۇچىلاردىن ئاللاھ تائالانىڭ رازى بولۇشىغا ۋە ئۇلارنىڭ ياخشى ئىشلىرىنىڭ ئاسماندا تىلغا ئېلىنىشىغا سەۋەبچى بولىدىغانلىقى.

## 185 . باب تاھارەتنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ إِذَا قُمْتُمْ إِلَى الصَّلاةِ فاغْسِلُواْ وُجُوهَكُمْ وَأَيْدِيَكُمْ إِلَى الْمَرَافِقِ وَامْسَحُواْ بِرُؤُوسِكُمْ وَأَرْجُلَكُمْ إِلَى الْكَعْبَينِ وَإِن كُنتُمْ جُنُبًا فَاطَّهَّرُواْ وَإِن كُنتُم مَّرْضَى أَوْ عَلَى سَفَرٍ أَوْ جَاء أَحَدٌ مَّنكُم مِّنَ الْغَائِطِ أَوْ لاَمَسْتُمُ النِّسَاء فَلَمْ تَجِدُواْ مَاء فَتَيَمَّمُواْ صَعِيدًا طَيِّبًا فَامْسَحُواْ بِوُجُوهِكُمْ وَأَيْدِيكُم مِّنْهُ مَا يُرِيدُ اللّهُ لِيَجْعَلَ عَلَيْكُم مِّنْ حَرَجٍ وَلَـكِن يُرِيدُ لِيُطَهَّرَكُم وَلِيُتِمَّ نِعْمَتَهُ عَلَيْكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر ناماز (ئوقۇماقچى) بولۇپ تۇرغىنىڭلاردا يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھە قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار. ئەگەر جۇنۇب بولساڭلار پاكلىنىڭلار (يەنى غۇسلى قىلىڭلار). ئەگەر كېسەل بولساڭلار (سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا) ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ



www.munber.org

(سۇ تاپالمىساڭلار)، ياكى سىلەرنىڭ بىرسىڭلار ھاجەتخانىدىن كەلگەن بولساڭلار، ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن (غۇسلى تاھارەت ئۈچۈن) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا مەسھ قىلىڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ، لېكىن ئاللاھ تائالا شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى پاك قىلىشنى، نېئمىتىنى سىلەرگە تاماملاشنى خالايدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە مائىدە 6 ـ ئايەت)

1024 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «إِنَّ أُمَّتِي يُدْعَوْنَ يَوْمَ القِيامَةِ غُرّاً محَجَّلِينَ مِنْ آثَارِ الوضوءِ فَمنِ اسْتَطَاعَ مِنْكُمْ أَنْ يُطِيل غُرَّتَه، فَليفعلْ» «مېنىڭ ئۈممىتىم قىيامەت كۈنى تاھارەتنىڭ تەسىرىدىن چىرايلىرى، پۇت ـ قوللىرى نۇرانە بولغان ھالدا چاقىرىلىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۆزىدىكى نۇرانىلىقنى كېڭەيتەلىسە كەڭەيتسۇن».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) تاھارەت ئارقىلىق يۈز ـ قول ۋە پۇتتىكى يۇيۇشقا تېگىشلىك جايلارنى ئوشۇقراق يۇيۇش ئارقىلىق نۇرانىلىقنى كېڭەيتىشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكى.

2) تاھارەت ئالغاندا تاھارەتنىڭ سۈننەتلىرىنى تولۇق بەجا كەلتۈرۈشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

1025 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، دەيدۇ: «تَبْلُغُ الحِلية مِنَ المؤمِن حَيْث يبْلُغُ الوضوءُ» «مۇئمىننىڭ جەننەتتىكى زىبۇ زىننىتى تاھارەت ئالغان چاغدىكى سۇ يەتكەن جايغىچە بولىدۇ».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1026 ـ ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «مَن تَوَگَّوَ فَوَّچسَنَ الوگوءَ، خَرَجَت خَطَايَاهُ مِن جسَدِهِ چتَّوُ تَجرُجَ مِن تچتِ وَّئفارهِ» «كىمكى تاھارەتنى كەم ـ كۈتىسىز ئالسا، ئۇنىڭ خاتالىقلىرى بەدىنىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ھەتتا، تىرناقلىرى ئاستىدىنمۇ چىقىپ كېتىدۇ».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1027 ـ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مېنىڭ تاھارەت ئالغىنىمدەك تاھارەت ئالغانلىقىنى كۆردۈم. كېيىن رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «مَنْ تَوَضَّأً هكذا غُفِرَ لَهُ مَا تَقَدَّمَ مِنْ ذَنبِهِ، وَكَانَتْ صَلاتُهُ وَمَشْيُهُ إِلى المَسْجِدِ نَافِلَةً» «كىمكى مۇشۇنداق تاھارەت ئالسا، ئىلگىرىكى گۇناھى مەغفىرەت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئوقۇغان نامىزىغا ۋە مەسجىدكە ماڭغان قەدىمى ئۈچۈن كۆپ ساۋاب بېرىلىدۇ».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) تاھارەتنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە ئالاقىدار كىچىك گۇناھلارنىڭ ئەپۇ قىلىنىشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقى.

2) مەسچىدكە پىيادە بېرىش ۋە مەسچىدتە ناماز ئوقۇشنىڭ كىشىنى نۇرغۇن ياخشىلىقلارغا ئېرىشتۈرىدىغانلىقى.

**1028 ـ** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إذا تَوَضَّأَ العبدُ المُسلِمِ أوِ المؤْمِنُ فَغَسل وجهَهُ خَرَجَ مِنْ وَجهِهِ كلُّ خطيئَة نَظَرَ إلَيْهَا بِعيْنيْهِ مع الماءِ أوْ معَ آخرِ قَطْرِ الماءِ، فإذا غَسل يديهِ، خَرج مِنْ يديهِ كُلُّ خَطيئَةٍ كانَ بطَشَتْهَا يداهُ مَعَ الماءِ أَوْ مع آخِرِ قَطْرِ الماءِ، فإذا غَسلَ رِجلَيْهِ، خَرَجَتْ كُلُّ خَطِيئَةٍ مَشَتها رِجلاه مع الماءِ أوْ مَع آخرِ قطرِ الماءِ، حتى يَخرُجَ نَقِيًّا مِن الذُّنُوبِ» «بىر مۇئمىن بەندە ياكى بىر مۇسۇلمان بەندە تاھارەت ئېلىپ، يۈزىنى يۇغاندا كۆزى بىلەن قارىغان گۇناھىنىڭ ھەممىسى سۇ بىلەن ياكى سۇنىڭ ئاخىرقى تامچىسى بىلەن يۇيۇلۇپ چىقىپ كېتىدۇ. قولىنى يۇغاندا قول بىلەن تۇتۇپ قىلغان گۇناھلارنىڭ ھەممىسى سۇ بىلەن ياكى سۇنىڭ ئاخىرقى تامچىسى بىلەن بىللە يۇيۇلۇپ چىقىپ كېتىدۇ. پۇتىنى يۇغاندا پۇتى بىلەن مېڭىپ قىلغان گۇناھلىرىنىڭ ھەممىسى سۇ بىلەن ياكى سۇنىڭ ئاخىرقى تامچىسى بىلەن بىللە يۇيۇلۇپ چىقىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەم بارلىق گۇناھى سەغىرەلەردىن پاكلىنىدۇ. گۇناھلىرى پاك ـ پاكىز يۇيۇلۇپ كېتىدۇ». —— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: تاھارەتنىڭ كىشىنى كىچىك گۇناھلاردىن پاكلايدىغانلىقى ۋە بەدەننى كىر ۋە نىجاسەتتىن تازىلايدىغانلىقى.

**1029 ـ** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ بەقى قەبرىستانلىقىغا كېلىپ: «السَّلامُ عَلَيْكُمْ دَارَ قَومٍ مُؤْمِنِينِ وإِنَّا إِنْ شَاءَ اللّه بِكُمْ لاحِقُونَ، ودِدْتُ أَنَّا قَدْ رأيْنَا إخْوانَنَا» «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئى مۇئمىنلەر دىيارى! بىزمۇ چوقۇم ئاللاھ خالىسا سىلەرنىڭ ئارقاڭلاردىن بارىمىز. مەن قېرىنداشلىرىمىزنى كۆرسەم ئىكەن دەيمەن»، دېدى. ساھابىلەر: «بىز سىېنىڭ قېرىنداشلىرىڭ ئەمەسمۇ؟ ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى»، دېيىشتى، رەسۇلۇللاھ: «أَنْتُمْ أَصْحَابي، وَإخْوَانُنَا الّذينَ لَم يَأْتُوا بعد» «سىلەر مېنىڭ ساھابىلىرىم بولىسىلەر، بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز بولسا تېخى دۇنياغا كەلمىگەن كىشىلەردۇر»، دېدى. ساھابىلەر: «تېخى دۇنياغا كەلمىگەن كىشىلەرنى سەن قانداق تونۇيسەن؟»، دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ: «أَرَأَيْتَ لَوْ أَنَّ رَجُلا لَهُ خَيْلٌ غُرٌّ مُحجَّلَةٌ بيْنَ ظهْرَيْ خَيْلٍ دُهْمٍ بهْمٍ، ألا يعْرِفُ خَيْلَهُ؟» «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئاق رەڭلىك ئاتلىرى قارا رەڭلىك ئاتلارغا ئارىلىشىپ كەتسە، ئۆزىنىڭ ئاتلىرىنى تونۇيالامدۇ؟»، دېدى. ساھابىلەر: «شۇنداق، تونۇيالايدۇ ئى رەسۇلۇللاھ!»، دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ: «فَإِنَّهُمْ يأْتُونَ غُرًّا مُحجَّلِينَ مِنَ الوُضُوءِ، وأَنَا فَرطُهُمْ على الحوْضِ»



www.munber.org

« شۇبھىسىزكى، تاھارەتنى كامىل ئالغۇچىلار قىيامەت كۈنى تاھارەتنىڭ پەزىلىتىدىن نۇرانە ھالەتتە كېلىدۇ، مەن ئۇلارنى نۇرانىلىقىدىن تونۇۋالىمەن، مەن ئۇلاردىن ئاۋۋال ھەۋزى كەۋسەرگە بېرىپ كۈتۈپ تۇرىمەن »، دېدى.

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ساھابىلەر زامانىدىن كېيىن كېلىدىغان كىشىلەرنىڭمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى ئىكەنلىكى. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە ھۇجۇرات 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ئەمما ساھابىلەر بولسا، ئۇزلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبىتىدە بولغانلىق شاراپىتىدىن كېيىنكىلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى.

2) قىيامەت كۈنى ھەۋزى كەۋسەرگە ئەڭ بۇرۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارىدىغانلىقىنى ئۇممەتلەرگە بېشارەت بېرىش، ھەۋزى كەۋسەرگە ئېرىشىپ ئۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە بولىدىغانلارغا خۇش مۇبارەك!

3) قىيامەت كۈنى ئەرەساتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەۋزى كەۋسەر ئاتا قىلىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەۋسەر سۈيى بىلەن ھۆرمەتلىنىدىغانلىقى. (ھەۋزى كەۋسەر بولسا ئەرەساتتا بولۇپ، ئۇنىڭدا جەننەتتىكى كەۋسەردىن ئىككى تۇرۇبا قۇيۇلۇپ تۇرىدۇ. كىمكى ئۇنىڭدىن ئىچىدىكەن ھەرگىز تەشنا بولمايدۇ).

**1030. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «ألا أَدُلُّكُمْ على ما يَمْحُو اللّه بِهِ الخَطَايا، ويرْفَعُ بِهِ الدَّرجاتِ؟» **« مەن سىلەرنى ئاللاھ تائالا گۇناھلىرىنى ئۆچۈرۈپ، دەرىجىلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان بىر ئىشقا باشلاپ قويمايمۇ؟ »، دېگەندە، كىشىلەر: « شۇنداق قىلغىن، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى »، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «إِسْباغُ الوُضُوءِ على المكَارِهِ وكَثْرَةُ الخُطَا إلى المساجِدِ، وانْتِظَارُ الصَّلاةِ بعْد الصَّلاةِ، فَذلِكُمُ الرِّبَاطُ، فذلِكُمُ الرِّباطُ» **« قىيىن ئەھۋالدىمۇ تاھارەتنى كامىل ئېلىش ۋە مەسجىدكە كۆپ بېرىش ۋە بىر نامازدىن كېيىن يەنە بىر نامازغا تەقەززا بولۇش، مانا بۇ ئەمەللەر قەلب چېگراسىنى شەيتاندىن ساقلىماقلىقتۇر »، دېدى.**

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1031 ـ ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** « الطُّهُورُ شَطْرُ الإِيمانِ » **« پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر ».**

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: تاھارەتنىڭ نامازنىڭ دۇرۇس بولۇشىتىكى شەرت ئىكەنلىكى. ھەدىستە « يېرىمى »، دېگەن سۆزنى ئىشلىتىش تاھارەتنىڭ شاراپىتىنى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەن.



www.munber.org

**1032** ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ما مِنْكُمْ مِنْ أحدٍ يتوضأُ فَيُبْلِغُ أو فَيُسْبِغُ الوُضُوءَ ثُمَّ قَالَ: أشْهدُ أنْ لا إِله إلاَّ اللَّه وحْدَه لا شَرِيكَ لهُ، وأشْهدُ أنَّ مُحمَّدًا عبْدُهُ وَرسُولُه، إلاَّ فُتِحَتْ لَهُ أَبْوابُ الجَنَّةِ الثَّمَانِيَةُ يَدْخُلُ مِنْ أَيِّها شاءَ» « سىلەرنىڭ بىرىڭلار تاھارەتنى تولۇق ئېلىپ، ئاندىن كېيىن: ‹گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، شېرىكى يوق بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر›، دېسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن سەككىز جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىپ، ئۇ كىشى خالىغان ئىشىكتىن كىرىدۇ ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: تاھارەتنىڭ ۋاجىب ۋە مۇستەھەپلىرىنى تولۇق ئورۇنداشنىڭ ۋە تاھارەتتىن كېيىن يۇقىرىقى دۇئا بىلەن دۇئا قىلىشنىڭ پەزىلىتى.

## 186 . باب ئەزاننىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

**1033** ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لَوْ يعْلمُ النَّاسُ ما في النِّداءِ والصَّفِّ الأَولِ. ثُمَّ لَمْ يَجِدُوا إِلاَّ أَنْ يسْتَهِموا علَيهِ لاسْتهموا علَيْهِ، ولوْ يعْلَمُونَ ما في التَّهْجِير لاسْتبَقوا إِليْهِ، ولَوْ يعْلَمُون ما في العَتَمَةِ والصُّبْحِ لأَتوهمُا ولَوْ حبواً» « ئەگەر كىشىلەر ئەزاننىڭ ۋە ئاۋۋالقى سەپتە ناماز ئوقۇشنىڭ ساۋابىنى بىلسە ئىدى، ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن چەك تاشلاشقا توغرا كەلگەندىمۇ، ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن چەك تاشلىغان بولاتتى. ئەگەر ئۇلار نامازغا ئالدىراشنىڭ ساۋابىنى بىلسە ئىدى، نامازغا چوقۇم بالدۇر كېلەتتى. ئەگەر ئۇلار خۇپتەن ۋە بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇغاننىڭ ساۋابىنى بىلسە ئىدى، ئۇلار ئۆمىلەپ بولسىمۇ كەلگەن بولاتتى ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەزان ئېيتىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، چۈنكى ئەزان ئىسلامنىڭ شوئارى ۋە ئىسلامدىكى سۈننەت. مۇئەززىننىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى مۇكاپاتىنىڭ ناھايىتى كاتتا ئىكەنلىكى.

2) بىرىنچى سەپتە ناماز ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش. چۈنكى، بىرىنچى سەپتە ناماز ئوقۇغانلار نامازغا دەسلەپكى ۋاقتىدا كەلگەنلەردۇر. شۇنداقلا رەھمەت پەرىشتىلىرى ئىمامغا ئاندىن كېيىن بىرىنچى سەپتىكىلەرگە، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى... سەپتىكىلەرگە دۇئا قىلىدۇ.

3) جامائەت نامىزىنىڭ ۋە نامازغا بۇرۇن كېلىشنىڭ پەزىلىتى.

4) خۇپتەن ۋە بامدات نامىزىنى مەسجىدتە جامائەت بىلەن ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش، چۈنكى ئۇ ئىككى ناماز ئاللاھ تائالاغا بولغان ساداقەتنى (باشقا نامازلارغا قارىغاندا) ئەڭ ياخشى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ۋە مۇناپىق ـ ئازغۇنلارغا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان ناماز.



www.munber.org

**1034 ـ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:** «المُؤَذِّنونَ أَطْولُ النَّاسِ أَعْنَاقاً يوْمَ القِيامةِ» **« قىيامەت كۈنى مۇئەززىنلەرنىڭ (يەنى، ئەزان ئوقۇغۇچىلارنىڭ) بويۇنلىرى ئەڭ ئۇزۇن بولىدۇ ».**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مۇئەززىننىڭ شەرىپىنى ۋە ئۇلارنىڭ قىيامەتتىكى مەرتىۋىلىرىنىڭ يۇقىرىلىقىنى بايان قىلىش، چۈنكى مۇئەززىن كىشىلەرنى نامازغا چاقىرىپ ياخشىلىققا يېتەكلەيدۇ. كىمكى ياخشىلىققا يېتەكلىسە، شۇ ياخشىلىقنى قىلغۇچىلارنىڭ ساۋابى ئۇنىڭغىمۇ يېتىپ تۇرىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە: « مۇئەززىنلەرنىڭ بويىنى ئەڭ ئۇزۇن بولىدۇ »، دېگەن سۆز قىيامەتتە ئۇلارنىڭ ئورنىنىڭ ۋە مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**1035 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ سەئىد ئۇنىڭغا: « مەن بىلىمەن، سەن قىردا پادا بېقىشنى ياخشى كۆرىسەن، ئەگەر سەن پادىدا ياكى قىردا بولساڭ، نامازغا ئەزان ئېيتقىنىڭدا توغرا كەلگەندە، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئەزان ئېيتقىن، چۈنكى ئەزاننى ئاڭلىغان مەيلى ئىنسان، مەيلى جىن ياكى باشقا نەرسە بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇئەززىن ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىدۇ. مەن بۇنى رەسۇلۇللاھتىن ئاڭلىغانىدىم »، دېدى.**

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالاغا تەكبىر ئېيتىپ، ئۇنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان مۇئەززىننىڭ پەزىلىتىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش. مۇئەززىننىڭ ئەزاننى ئاڭلىغان ھەر بىر نەرسىنىڭ قىيامەت كۈنى مۇئەززىن ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقى ۋە بۇ گۇۋاھلىقنىڭ پايدىسىنىڭ قىيامەت كۈنى مۇئەززىننىڭ پەزىلىتى ۋە مەرتىۋىسىنى ئاشكارىلاشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى.

2) يالغۇز كىشىنىڭمۇ ئۈنلۈك ئاۋازدا ئەزان توۋلاپ ناماز ئوقۇشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

**1036 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إِذا نُودِي بالصَّلاةِ، أَدْبرَ الشيْطَانُ و لهُ ضُرَاطٌ حتَّى لا يسْمع التَّأْذِينَ، فَإِذا قُضِيَ النِّداءُ أَقْبَل، حتَّى إِذا ثُوِّبَ للصَّلاةِ أَدْبَر، حَتَّى إِذا قُضِيَ التَّثْويبُ أَقْبلَ، حَتَّى يخْطِر بَيْنَ المرْءِ ونَفْسِهِ يقُولُ: اذْكُرْ كَذا، واذكُرْ كذا لِمَا لَمْ يذْكُرْ منْ قَبْلُ حَتَّى يظَلَّ الرَّجُلُ مَا يدرَي كَمْ صلَّى» **« قاچانكى نامازغا ئەزان ئېيتىلغان چاغدا، شەيتان ئەزاننى ئاڭلىماي دەپ ئوسۇرغان پېتى كەينىگە قاراپ تىكىۋېتىدۇ. قاچانكى، ئەزان تۈگىگەندە يەنە كېلىدۇ. نامازغا تەكبىر ئېيتىلغان چاغدا يەنە تىكىۋېتىدۇ. تەكبىر ئېيتىلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە كېلىدۇ. ناماز ئوقۇغان ئىنساننىڭ دىلىغا ئۇنى، بۇنى، كۆڭلىگە كەچمىگەن نەرسىلەرنى سېلىپ ۋەسۋەسە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى نامازنى قانچە رەكئەت ئوقۇغانلىقىنى بىلەلمەي قالىدۇ ».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەزاننىڭ پەزىلىتى ۋە ئەزاننىڭ شەيتانلارنى قورقۇنچىغا سېلىپ قاچۇرىدىغانلىقى ھەمدە ئۇلارنىڭ دىنىنىڭ ئاساسىي ئەركانلىرىنى جاكارلاۋاتقان، تەۋھىد ئەقىدىسى ئىزھار قىلىۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقىنى كۆرۈپ ھەسرەت بىلەن قايتىپ كېتىدىغانلىقى.

2) نامازنى قاتتىق بېرىلىپ ھۇزۇرى دىل بىلەن ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەنلىكى. نامازدا شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن ساقلىنىش كېرەكلىكى.

**1037 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:** «إِذا سمِعْتُمُ النِّداءَ فَقُولُوا مِثْلَ ما يَقُولُ، ثُمَّ صلُّوا عليَّ، فَإِنَّهُ مَنْ صَلَّى عليَّ صَلاةً صَلَّى اللَّه عَلَيْهِ بِهَا عشْراً، ثُمَّ سلُوا اللَّه لي الْوسِيلَةَ، فَإِنَّهَا مَنزِلَةٌ في الجَنَّةِ لا تَنْبَغِي إِلاَّ لعَبْدٍ منْ عِباد اللَّه وَأَرْجُو أَنْ أَكُونَ أَنَا هُو، فَمنْ سَأَل ليَ الْوسِيلَةَ حَلَّتْ لَهُ الشَّفاعَةُ» **« ئەزاننى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا مۇئەززىن نېمە دېسە شۇنى دەڭلار. ئاندىن ماڭا دۇرۇد ئېيتىڭلار. كىمكى ماڭا بىر دۇرۇد ئېيتسا، ئۇنىڭ بىر دۇرۇدى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئون رەھمەت ئاتا قىلىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالادىن ماڭا ۋەسىلە سوراڭلار. ۋەسىلە دېگەن، جەننەتتىكى بىر يۇقىرى ئورۇن بولۇپ، ئۇ پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىدىن بىرلا بەندىگە بېرىلىدۇ. شۇ بەندىنىڭ مەن بولۇپ قېلىشىمنى ئۈمىد قىلىمەن، كىمكى ئاللاھ تائالادىن ماڭا شۇ ئورۇننى تىلىسە، ئۇنىڭغا مېنىڭ شاپائىتىم تېگىشلىك بولىدۇ ».** ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەزاننىڭ ھەربىر كەلىمىسى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن مۇئەززىنگە جاۋاب قايتۇرۇشنىڭ ياخشىلىقى. ئىككى «حَيَّ عَلَى» (حَيَّ عَلَى الصَّلاَةِ، حَيَّ عَلَى الفَلاَحِ) دا «وَلاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاّ بِالله العَلِيِّ العَظِيْمِ» « ئۇلۇغ ۋە بۈيۈك ئاللاھنىڭ مەدىتى بولمىسا، ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ »، دەپ جاۋاب قايتۇرۇشنىڭ ياخشىلىقى.

2) ئەزان ئېيتىلىپ بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان دۇئا بىلەن دۇئا قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىشنىڭ ئۇلۇغ ئىش ئىكەنلىكى، شۇنداقلا بۇنداق قىلىشنىڭ ئەزان ئېيتقۇچى ۋە ئاڭلىغۇچىغا سۈننەت ئىكەنلىكى.

4) دۇئا قىلغۇچى ۋە قىلىنغۇچى ھەر ئىككىسىگە پەزلى ۋە ساۋاب ـ ئەجىر بېرىلىدىغانلىقى.

**1038 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إِذا سمِعْتُمُ النِّداءَ، فَقُولُوا كَما يقُولُ المُؤَذِّنُ» **« قاچانكى ئەزاننى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا مۇئەززىن نېمە دېسە شۇنى دەڭلار ».** ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1039 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «من قَال حِين يسْمعُ النِّداءَ: اللَّهُمَّ رَبَّ هذِهِ الدَّعوةِ التَّامَّةِ، والصَّلاةِ الْقَائِمةِ،



www.munber.org

آت مُحَمَّداً الْوسِيلَةَ، والْفَضَيلَة، وابْعثْهُ مقَامًا محْمُوداً الَّذي وعَدْتَه، حلَّتْ لَهُ شَفَاعتِي يوْم الْقِيامِة» « كىمكى ئەزاننى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن: ‹ئى كامىل ئەزاننىڭ ۋە ھازىر ئوقۇلماقچى بولغان نامازنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا جەننەتتىكى يۇقىرى ئورۇننى ۋە ئالىي مەرتىۋىنى بەرگىن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭغا ۋەدە قىلغان بۈيۈك شاپائەت قىلىش ماقامىغا يەتكۈزگىن›، دېسە، ئۇ قىيامەت كۈنى مېنىڭ شاپائىتىمگە ئېرىشىدۇ ». — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەزان ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن دۇئا قىلىشنىڭ پەزىلىتى. دۇئا قىلىشقا بۇ ۋاقىتنى بەلگىلەشنىڭ ھېكمىتى شۇ ۋاقىتنىڭ پەزىلەتلىدىندۇر. ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسەئىي رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « ئەزان بىلەن تەكبىر ئارىلىقىدا قىلىنغان دۇئا ئىجابەتسىز قايتۇرۇلمايدۇ »، دېگەن.

2) ھەر دائىم ئەزان ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن دۇئا قىلىش بولسا ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدۇ ۋە شاپائەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

3) ماقامى مەھمۇد، ۋەسىلە ۋە شاپائەتلەر پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئىكەنلىكى. ماقامى مەھمۇد — بۈيۈك شاپائەت قىلىش ماقامى. ۋەسىلە — جەننەتتىكى بىر ئالىي جاي.

**1040.** سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ قَال حِينَ يسْمعُ الْمُؤذِّنَ: أَشْهَد أَنْ لا إِلـه إِلاَّ اللَّه وحْدهُ لا شَرِيك لهُ، وَأَنَّ مُحمَّداً عبْدُهُ وَرسُولُهُ، رضِيتُ بِاللَّهِ ربًّا، وبُمحَمَّدٍ رَسُولاً، وبالإِسْلامِ دِينًا، غُفِر لَهُ ذَنْبُهُ» « كىمكى ئەزان ئاڭلىغان چاغدا: ‹گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، شېرىكى يوق يالغۇز بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر، ئاللاھ تائالانىڭ پەرۋەردىگارىم، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبىرىم، ئىسلامنىڭ دىنىم بولغانلىقىغا چىن دىلىمدىن مەمنۇن بولدۇم›، دېسە، ئۇنىڭ گۇناھى مەغفىرەت قىلىنىدۇ ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1041** ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «الدُّعَاءُ لا يُردُّ بين الأذانِ والإِقامةِ» « ئەزان بىلەن تەكبىر ئارىلىقىدا قىلىنغان دۇئا قوبۇل بولماي قالمايدۇ ». — ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئەزان ۋە تەكبىر ئارىلىقىدىكى ۋاقىتنىڭ پەزىلىتى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ شۇ ۋاقىتتىكى دۇئانى ئىجابەت قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىش.

www.munber.org

## 187 ـ باب نامازنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ الصَّلَاةَ تَنْهَى عَنِ الْفَحْشَاءِ وَالْمُنكَرِ﴾ ﴿ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەنكەبۇت 45 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

1042 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ: «أرأيْتُمْ لَوْ أنَّ نَهْراً بِباب أحَدِكم يغْتَسِلُ مِنْه كُلَّ يَوْمٍ خَمْس مرَّاتٍ، هلْ يبْقى مِنْ دَرَنِهِ شَيءٌ؟» «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ سىلەردىن بىر كىشىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا بىر ئۆستەڭ بولۇپ، ئۇ ئۇنىڭدا كۈنىگە بەش قېتىم يۇيۇنسا، ئۇنىڭ بەدىنىدە كىر قالامدۇ؟»، دېگەنلىكىنى، ساھابىلەرنىڭ: «ئۇنىڭ بەدىنىدە كىر دېگەن نەرسە قالمايدۇ»، دېگەندە، رەسۇلۇللاھنىڭ: «فذلكَ مَثَلُ الصَّلَواتِ الخَمْسِ، يمْحُو اللَّه بهِنَّ الخطَايا» «بەش ۋاخ ناماز ئەنە شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلار ئارقىلىق گۇناھلارنى كەچۈرىدۇ»، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بەش ۋاخ نامازنى ئوقۇشنىڭ ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ پەزىلىتى.

2) ئاللاھ تائالانىڭ بەش ۋاخ نامازنى شەرت، رۇكنى ۋە ئەدەبلىرى بىلەن تولۇق ئوقۇغان كىشىنىڭ كىچىك گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىپ تۇرىدىغانلىقى، ئەمما چوڭ گۇناھلارغا بولسا تەۋبە قىلىش لازىملىقى.

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممەتلىرىنى تائەت ـ ئىبادەتكە رىغبەتلەندۈرۈش ۋە مەزمۇننى چۈشىنىشلىك قىلىپ بېرىش ئۈچۈن مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق تەرغىب قىلىدىغان، يوليورۇق كۆرسىتىدىغان ئۇسلۇبىنى بايان قىلغان.

1043 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَثَلُ الصَّلواتِ الخَمْسِ كمثَلِ نهْرٍ غمْرٍ جارٍ عَلى باب أَحَدِكُم يغْتَسِلُ مِنْهُ كُلَّ يَوْمٍ خمْسَ مرَّاتٍ» «بەش ۋاخ نامازنىڭ مىسالى سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدا ئېقىپ تۇرغان ئۆستەڭ بولۇپ، كۈنىگە بەش قېتىم يۇيۇنۇپ تۇرغىنىغا ئوخشايدۇ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ناماز ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى ۋە نامازنىڭ خۇددى سۇ كىرنى يۇغاندەك گۇناھلارنى يۇيۇۋېتىدىغانلىقى.

2) نامازنى ئادا قىلىشقا ھېرىس بولۇشنىڭ لازىملىقى.

1044 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، بىر ئادەم بىر ئايالنى سۆيۈپ سېلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ بۇ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿وأَقِمِ الصَّلاةَ طَرفي النَّهَارِ وَزُلَفا مِنَ اللَّيْلِ، إنَّ



www.munber.org

الْحَسَنَاتِ يُذْهِبْنَ السَّيِّئَاتِ﴾ ﴿كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە (يەنى، ئەتىگەندە ۋە كەچقۇرۇن ۋاقىتلىرىدا) ۋە كېچىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ناماز ئوقۇغىن، شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھۇد 114 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ئۇ كىشى: «بۇ ئايەت ماڭىلا خاسمۇ؟ ئى رەسۇلۇللاھ»، دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «لجميع أُمَّتي كُلِّهِمْ» «بارلىق ئۈممىتىمنىڭ ھەممىسى ئۈچۈندۇر»، دېدى.

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ناماز ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى ۋە نامازنىڭ كىچىك گۇناھلارغا كەففارەت بولىدىغانلىقى.

2) يات ئايال كىشىنى سۆيۈش ۋە قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش بولسا گۇناھ ئىشلاردىن ئىكەنلىكى.

1045 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الصَّلواتُ الخَمْسُ، والجُمُعةُ إلى الجُمُعَةِ، كفَّارةٌ لما بَيْنهُنَّ، ما لم تُغش الكبَائِرُ» «كىمكى چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزمىسىلا، ئوقۇغان بەش ۋاخ نامىزى، نامازلىرىنىڭ ئارىلىقىدا ئۆتكۈزگەن كىچىك گۇناھلىرىنى يۇيىدۇ. ئوقۇغان جۈمە نامىزى يەنە بىر جۈمەگىچىلىك بولغان ئارىلىقتىكى كىچىك گۇناھلىرىنى يۇيىدۇ».

—— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ناماز ئوقۇشنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىش ۋە جۈمە نامىزى ئوقۇغان كىشىنىڭ كىچىك گۇناھلىرى يۇيۇلىدىغانلىقى.

2) چوڭ گۇناھلارغا سەمىمىي تەۋبە قىلىش شەرت ئىكەنلىكى.

1046 ـ ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ما مِن امْرِيءٍ مُسْلِمٍ تحضُرُهُ صلاةٌ مَكتُوبةٌ فَيُحْسِنُ وُضُوءَهَا، وَخُشوعَهَا، وَرُكُوعَها، إلاَّ كانت كَفَّارةً لما قَبْلَهَا مِنْ الذنُوبِ ما لم تُؤْتَ كَبِيرةٌ، وَذلكَ الدَّهْرَ كلَّهُ» «ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان پەرز نامازنى تاھارەتنى كامىل ئېلىپ، نامازنىڭ تەرتىپلىرى ۋە رۇكۇ ـ سەجدىلىرىنى ئوبدان ئورۇنلاپ ئادا قىلسا، چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزمىسىلا، نامازنىڭ ئۇنىڭ ئىلگىرىكى كىچىك گۇناھلىرىغا كەففارەت بولىدۇ. بۇ مېنىڭ زامانىمغىلا خاس ئەمەس، ھەر زامان مۇسۇلمانلىرىغا ئومۇمىيدۇر».

—— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: نامازنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل بولۇشى ئۈچۈن تاھارەتنى كامىل ئېلىپ خۇشۇ ـ خۇزۇ بىلەن رۇكۇ ـ سەجدىلىرىنى تولۇق قىلىپ ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش ۋە شۇنداق ئوقۇلغان نامازنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلارغا كەففارەت بولىدىغانلىقى.



www.munber.org

## 188 . باب بامدات نامىزى ۋە ئەسىر نامىزىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

1047 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ صلَّى البرْدَيْن دَخَلَ الجَنَّة» «كىمكى بامدات ۋە ئەسىر نامىزىنى ئوقۇيدىكەن، جەننەتكە كىرىدۇ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1048 ـ ئەبۇ زۇھەير ئىبنى ئۇمارە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «لَنْ يلجَ النَّار أحدٌ صلَّى قبْلَ طُلوعِ الشَّمْسِ وَقَبْلَ غُرُوبِهَا» «كۈن چىقىشتىن ۋە كۈن پېتىشتىن ئىلگىرىكى نامازنى (يەنى بامدات بىلەن ئەسىرنى) ئوقۇغان كىشى دوزاخقا كىرمەيدۇ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئەسىر نامىزى بىلەن بامدات نامىزىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە رىغبەتلەندۈرۈش. چۈنكى، بۇ ئىككى نامازغا كۆڭۈل بۆلگەن كىشىنىڭ دوزاخقا چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلىنىپ قالىدىغانلىقى. بۇنداق دېگەنلىك باشقا نامازنى ئوقۇماي پەقەت مۇشۇ ئىككى نامازنى ئوقۇش بىلەنلا جەننەتكە كىرگىلى بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. بەش ۋاخ نامازنىڭ ھەممىسىگە كۆڭۈل بۆلۈپ ئوقۇش، شۇنداقلا بۇزۇقچىلىق، يامان ئىشلار ۋە زۇلۇمدىن يىراق بولۇشتىن ئىبارەت نامازنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىش كېرەك. ھەدىستە بامدات نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزىنىلا تىلغا ئېلىش ئۇ ئىككىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش كېرەكلىكى ئۈچۈن بولغان.

1049 ـ جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «منْ صَلَّى الصُّبْحَ فهُوَ في ذِمَّةِ اللَّهِ فَانْظُرْ يَا ابنَ آدم لاَ يَطْلُبنَّك اللَّه مِنْ ذِمَّتِهِ بِشيءٍ» «كىمكى بامدات نامىزىنى ئوقۇسا، ئۇ كىشى ئاللاھ تائالانىڭ مۇھاپىزىتىدە بولىدۇ. ئى ئادەم بالىسى! ئاللاھ تائالا سېنى ئۆز مۇھاپىزىتىدە بولغان ئادەمگە چېقىلىشىڭ بىلەن سوئال ـ سوراق قىلىپ قالمىسۇن». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بامدات نامىزىنى داۋاملىق جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى.

2) ئاللاھ تائالانىڭ مۇھاپىزىتىدە بولغان ئادەمگە چېقىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش.

1050 . ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يَتَعَاقَبُونَ فِيكم مَلائِكَةٌ بِاللَّيْلِ، وملائِكَةٌ بِالنَّهَارِ، وَيَجْتَمِعُونَ في صَلاةِ الصُّبْحِ وصلاةِ العصْرِ، ثُمَّ يعْرُجُ الَّذينَ باتُوا فِيكم، فيسْأَلُهُمُ اللَّه وهُو أَعْلمُ بهِمْ: كَيفَ تَركْتمْ عِبادِي؟ فَيقُولُونَ: تَركنَاهُمْ وهُمْ يُصَلُّونَ، وأَتيناهُمْ وهُمْ يُصلُّون» «ئارقىلاردا كېچىنىڭ پەرىشتىلىرى بىلەن كۈندۈزنىڭ پەرىشتىلىرى نۆۋەت بىلەن ئالمىشىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئەسىر نامىزى بىلەن بامدات نامىزى ۋاقتىدا جەم بولىدۇ. ئاندىن سىلەرنىڭ يېنىڭلاردا بولغان پەرىشتىلەر ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ. پاك ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى پەرىشتىلەردىن



www.munber.org

ئوبدانراق بىلىپ تۇرۇپ ئۇلاردىن: ‹بەندىلىرىمنى قايسى ھالدا قويۇپ چىقتىڭلار؟›، دەپ سورايدۇ. پەرىشتىلەر: ‹ئۇلارنى ناماز ئوقۇۋاتقان ھالدا قويۇپ چىقتۇق ۋە ئۇلارنىڭ يېنىغا ئۇلار ناماز ئوقۇۋاتقان ھالدا يېتىپ بارغانىدۇق›، دېيىشىدۇ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىنلەرنى ئۇلار ئىبادەت قىلىۋاتقان ۋاقىتتا پەرىشتىلەرنىڭ ئۇلار ئەتراپىغا يىغىلىپ ۋە ئايرىلىپ تۇرۇش ئارقىلىق ھۆرمەتلەپ مېھىر ـ شەپقەت قىلىدىغانلىقى. ئاللاھ تائالانىڭ ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ شەرىپىنى ئىزھار قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرىنىڭ پەزلىنى بايان قىلىش يۈزىسىدىن پەرىشتىلەردىن ئۇلار توغرۇلۇق سوراپ تۇرىدىغانلىقى.

1051 ـ جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدۇق. ئۇ ئاسماندىكى ئايغا قاراپ تۇرۇپ: «إنكم سَتَرَوْنَ ربكمْ كما تَروْنَ هذا القَمر، لا تُضَامُّونَ في رُؤْيَتِهِ، فَإنِ اسْتَطَعْتُمْ أنْ لا تُغْلبُوا عَلى صلاةٍ قَبْل طُلُوعِ الشَّمْسِ، وَقَبْل غُرُوبِها فافْعلُوا» «سىلەر رەببىڭلارنى خۇددى مۇشۇ ئاينى كۆرگەندەك ھېچقانداق توسالغۇسىز ئوچۇق ـ ئاشكارا كۆرىسىلەر. كۈن چىقىشتىن بۇرۇن ۋە كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى ئوقۇلىدىغان نامازنى (بامدات نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ـــ ت) ئىمكانىيىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ۋاقتىدا ئوقۇڭلار»، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مۇئمىنلەرنىڭ ئاللاھ تائالانى (كۆرۈنۈشنىڭ قانداقلىقىنى سۈرۈشتە قىلماستىن، ئاللاھ تائالانىڭ كامالىتىگە لايىق ھالدا) كۆرۈشىنىڭ ھەق ئىكەنلىكى، ئەمما كۇففارلارنىڭ بۇنىڭدىن مەھرۇم ئىكەنلىكى.

2) بامدات نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزىغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇ ئىككى ناماز ئارقىلىق ئاللاھ تائالانى كۆرۈش شەرىپىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىش. ئاللاھ تائالانى كۆرۈش بولسا جەننەت لەززەتلىرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغىدۇر.

1052 ـ بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ تَرَكَ صَلاةَ العصْرِ فَقَدْ حَبِطَ عَملُهُ» «كىمكى ئەسىر نامىزىنى ئوقۇمىسا، ئۇنىڭ ئەمىلى يوققا چىقىرىلىدۇ».

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: نامازنى تەرك ئېتىشنىڭ، بولۇپمۇ ئەسىر نامىزىنى تەرك ئېتىشنىڭ ھاراملىقى، ئەسىر نامىزىنىڭلا تىلغا ئېلىنىشى ئۇ نامازغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش ئۈچۈندۇر. كىمكى نامازنى تەرك ئېتىشنى توغرا ساناپ تەرك ئەتسە ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى بىكار بولىدۇ. چۈنكى، نامازنى ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ تەرك ئېتىش بولسا، ئۇ نامازنى تەرك ئېتىشنى ھالال سانىغانلىق بولۇپ، ئۇنى كۇفرىغا ئېلىپ بېرىپ قىلغان ئەمەللىرى بىكار قىلىنىدۇ.



www.munber.org

## 189 . باب مەسچىتكە پىيادە بېرىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

**1053** ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ غَدا إِلى المسْجِدِ أَوْ رَاحَ، أَعَدَّ اللّه لهُ في الجَنَّةِ نُزُلاً كُلَّمَا غَدَا أَوْ رَاحَ» «كىمكى مەسچىتكە ئەتىگەندە ۋە ئاخشامدا بارىدىكەن، ئۇنىڭ بېرىپ تۇرغان ۋاقىتلىرىدا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا جەننەتتە چۈشىدىغان جاي ھازىرلايدۇ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئەتىگەن ۋە كەچ تەرەپلەردە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە بارغان كىشىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىززەتلەيدىغانلىقى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئەڭ ئۇلۇغ زات بولۇپ، ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجىر ـ ساۋابلىرىنى ھەرگىزمۇ بىكار قىلىۋەتمەيدىغانلىقى.

**1054** ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ تَطَهَّرَ في بَيْتِهِ، ثُمَّ مَضى إِلى بيْتٍ مِنْ بُيُوتِ اللّهِ، لِيَقْضِيَ فَرِيضَةً مِنْ فَرائِضِ اللّهِ كانَتْ خُطُواتُهُ إِحْدَاها تَحُطُّ خَطِيئَةً، والأُخْرى تَرْفَعُ دَرَجَةً» «كىمكى ئۆيىدە تاھارەت ئېلىپ پەرز نامازنى ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە بارسا، ئۇنىڭ باسقان قەدەملىرىنىڭ بىرى خاتالىقىنى ئۆچۈرىدۇ. يەنە بىرى ئۇنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ناماز ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە بېرىش ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە ئالاقىدار بولغان كىچىك گۇناھلارغا كەففارەت بولىدۇ ۋە ئالغان ھەر بىر قەدىمى باراۋىرىگە ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا جەننەتتىكى مەرتىۋىلىرىدىن بىر دەرىجە كۆتۈرۈلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى ـ مەرھەمىتى كەڭدۇر. چوڭ گۇناھلار ۋە كىشىلەرنىڭ ھەقلىرىگە كېلىدىغان بولساق، گۇناھلارنىڭ ئەپۇ قىلىنىشى تەۋبە شەرتلىرىگە ئۇيغۇن قىلىنغان تەۋبىگە باغلىق بولىدۇ.

**1055** ـ ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەنسارىيلاردىن بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆيى مەسچىتكە ھەممە كىشىنىڭكىدىن يىراق ئىدى. ئۇ كىشى بىرەر ۋاخ نامازغىمۇ كەلمەي قالمايتتى. ئۇنىڭغا مۇنداق دېيىلىپتۇ: «سەن كېچىلەردە ۋە تومۇز ئىسسىقلاردا مەسچىتكە بېرىشتا مىنىۋالىدىغان بىرەر ئېشەك سېتىۋالساڭ بولماسمىدى؟». ئۇ: «ئۆيۈمنىڭ مەسچىتكە يېقىن بولۇشى مېنى خۇشال قىلمايدۇ. چۈنكى، مېنىڭ مەسچىتكە بېرىش ـ كېلىشتىكى قەدەملىرىمگە ساۋاب بېرىلىشىنى تىلەيمەن»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قَدْ جَمَعَ اللّه لكَ ذَلكَ كُلَّه» «ساڭا تىلىگەن ساۋابلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى بەرسۇن»، دېدى.

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: **1)** مەسچىتكە پىيادە بېرىشنىڭ پەزىلىتى. مەسچىد بىلەن ئۆينىڭ ئارىلىقى قانچە يىراق بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ساۋابى شۇنچە چوڭ بولىدىغانلىقى.



www.munber.org

2) ھەر قانداق ئەمەلدىكى دۇرۇس نىيەت ۋە ئىخلاسمەنلىك ئىنساننى كاتتا ئەجىرگە ئېرىشتۈرىدىغانلىقى.

**1056 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەسجىدنىڭ ئەتراپى چۆللىشىپ قالدى. بەنى سەلەمە جەمەتى مەسجىد يېنىغا كۆچۈپ كەلمەكچى بولدى. بۇ خەۋەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «بَلَغَني أنَّكُمْ تُريدُونَ أن تَنْتَقِلُوا قُرْبَ المَسْجِدِ؟» «سىلەر مەسجىدنىڭ يېنىغا كۆچۈپ كەلمەكچى بولۇپسىلەرغۇ؟»، دېدى. ئۇلار: «شۇنداق، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، بىز شۇنداق قىلماقچى بولدۇق»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بَنِي سَلمَةَ دِيارَكُمْ تُكْتَبْ آثارُكُمْ، دِيارَكُمْ تُكْتَبْ آثارُكُمْ» «ئى بەنى سەلەمە جامائەسى، جايىڭلاردىن قوزغالماڭلار، باسقان قەدەمىڭلارنىڭ ساۋابى يېزىلىپ تۇرىدۇ، جايىڭلاردىن قوزغالماڭلار، باسقان قەدەمىڭلارنىڭ ساۋابى يېزىلىپ تۇرىدۇ»، دېدى. ئۇلار: «ئەمدى بىزنى كۆچۈش خۇشال قىلمايدۇ، جايىمىزدا تۇرۇۋېرىمىز»، دېيىشتى.**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مەسجىدكە يىراقتىن پىيادە بېرىپ ـ كېلىشنىڭ پەزىلىتىنىڭ ئارتۇق بولىدىغانلىقى.

2) شەھەر ئەتراپىدىن يىراقلىشىپ كەتمەي دەپ ياكى مەسجىدكە بېرىپ ـ كېلىشتە جاپا تارتىپ قالماي دەپ ئۆينى مەسجىدكە يېقىن سېلىۋېلىش ياخشى ئەمەس. چۈنكى، ئەجىر ـ ساۋاب جاپا ـ مۇشەققەت تارتقانلىقىغا قاراپ بولىدۇ.

3) زېمىن ئۆز ئۈستىدە بولۇپ ئۆتكەن ھەممە ئەمەللەرنى خاتىرىلەپ يېزىپ تۇرىدۇ.

**1057 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إنَّ أعْظَمَ الناس أجرًا في الصَّلاةِ أبْعَدُهُمْ إليْها مَمْشًى فَأَبْعَدُهُمْ. والَّذي يَنْتَظِرُ الصَّلاةَ حتَّى يُصلِّيها مَعَ الإمامِ أعْظَمُ أجراً مِنَ الذي يُصلِّيها ثُمَّ يَنَامُ» «كىشىلەر ئارىسىدىن نامازنىڭ ساۋابىغا ئەڭ كۆپ ئېرىشكۈچىلەر يىراقتىن يوللارنى بېسىپ كەلگەن كىشىلەردۇر. نامازنى ئىمام بىلەن ئوقۇش ئۈچۈن كۈتۈپ تۇرغان كىشىنىڭ ساۋابى نامازنى ئۆزى يالغۇز ئوقۇپ ئۇخلاپ قالغان كىشىنىڭكىدىن كۆپتۇر».** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئۆي بىلەن مەسجىد ئارىلىقى يىراق بولغانسېرى قەدەملەر ۋە مۇشەققەتمۇ كۆپىيىدۇ ـ دە، بۇنىڭغا ساۋاب تېخىمۇ كۆپ بېرىلىدۇ. جامائەت بىلەن بىللە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن كۈتۈش نامازنى ئاۋۋالقى ۋاقتىدا يالغۇز ئوقۇۋېلىپلا ئۇخلىغاندىن ياخشى. چۈنكى، جامائەت نامىزىنىڭ پەزىلىتى كۆپتۇر.

2) نامازنى كۈتۈپ تۇرغان كىشىگە ناماز ئوقۇغانلىق ساۋابى بېرىلىدىغانلىقى.



www.munber.org

**1058 - بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «بشّروا المَشّائِينَ في الظُّلَم إلى المساجِدِ بالنُّور التّامِّ يَوْمَ القِيامَةِ» **« قاپقاراڭغۇ چاغلاردا مەسجىدلەرگە پىيادە بارغان كىشىلەرگە قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ نۇرلىرىنىڭ زىيادە بولۇشى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىڭلار » .** — ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: نامازغا، بولۇپمۇ خۇپتەن بىلەن بامدات نامىزىغا مەسجىدكە پىيادە بېرىشنىڭ پەزىلىتى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ داۋاملىق مۇشۇنداق قىلغان كىشىلەرگە قىيامەت كۈنى قىلسىراتنى يورۇتۇپ بېرىدىغان نۇر بىلەن مۇكاپات بېرىدىغانلىقى.

**1059 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «ألا أدُلُّكُمْ عَلى مَا يَمْحُو اللّهُ بِهِ الخَطَايَا، وَيَرْفَعُ بِهِ الدَّرَجَاتِ؟» **« مەن سىلەرنى ئاللاھ تائالا گۇناھىڭلارنى ئۆچۈرۈپ، دەرىجەڭلارنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان بىر ئىشقا باشلاپ قوياييمۇ؟ »، دېگەندە، كىشىلەر: « شۇنداق قىلغىن، ئى رەسۇلۇللاھ! »، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «إسْباغُ الْوُضُوءِ عَلى المَكَارِهِ، وَكَثْرَةُ الخُطَا إلى المَسَاجِدِ، وَانْتِظَارُ الصَّلاةِ بعْد الصَّلاةِ، فَذلِكُمُ الرِّباطُ، فَذلكُمُ الرِّباطُ» **« قىيىن ئەھۋالدىمۇ تاھارەتنى كامىل ئېلىش ۋە مەسجىدكە كۆپ بېرىش ۋە بىر نامازدىن كېيىن يەنە بىر نامازغا تەقەززا بولۇپ كۈتۈش. مانا بۇ ئەمەللەر قەلب چېگراسىنى شەيتاندىن ساقلىماقتۇر »، دېدى.** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مەسجىدتىن يىراق ئۆيلەرنىڭ (نامازغا بېرىش ئۈچۈن كۆپ قەدەم ئېلىشقا توغرا كەلگەچكە) پەزىلىتىنىڭ چوڭلۇقى.

2) قاتتىق سوغۇقتا سوغۇق سۇ بىلەن تاھارەت ئالغانغا ئوخشاش مۇشەققەت ئىشلارنى ئۆزىگە يۈكلىگەن ئادەمنىڭ ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقى.

3) نامازنى كۈتۈشنىڭ ھەقىقي غازاتقا تەييارلىق قىلغانلىق بولىدىغانلىقى. چۈنكى، بۇنداق قىلىش ئۆز نەپسى بىلەن كۈرەش قىلغانلىق بولۇپ، ئۆز نەپسى بىلەن كۈرەش قىلىشنىڭ چوڭ جىھاد ھېسابلىنىدىغانلىقى.

4) نامازنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەت ئىكەنلىكى.

**1060. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إذا رَأَيْتُمُ الرَّجُلَ يَعْتَادُ المَسَاجِد فاشْهدُوا لَهُ بِالإيمَانِ» **« بىر كىشىنىڭ مەسجىدكە داۋاملىق كېلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغانلىقىنى كۆرسەڭلار، ئۇنىڭ ئىمانىغا گۇۋاھلىق بېرىڭلار. چۈنكى ئۇلۇغ ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:** ﴿إنَّمَا يَعْمُرُ مَسَاجِدَ اللَّهِ مَنْ آمَن بِاللَّهِ والْيَوم الآخِرِ﴾ **﴿شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىنى ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشىلەرلا ئاۋات قىلىدۇ﴾** («قۇرئان كەرىم» سۈرە تەۋبە 18 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى) » . — تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مۇسۇلماننىڭ تاشقى ئەھۋالىغا قاراپ ئۇنىڭ ئىمانىنىڭ بارلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىشكە بولىدىغانلىقى.

2) ھەر دائىم مەسجىدكە بېرىپ ناماز ئوقۇشنىڭ، مەسجىدنى ياخشى كۆرۈشنىڭ ۋە مەسجىدنى ئاۋات قىلىش، تائەت ـ ئىبادەت قىلىش، ئاللاھ تائالانى ئەسلەش ۋە مەسجىدتە ئىلىم تەلەپ قىلىش، ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش، شۇنداقلا باشقىلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىپ يېتەكلەشكە ئوخشاش ئىشلارنىڭ پەزىلىتى.

## 190. باب نامازنى كۈتۈپ تۇرۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

**1061 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «لا يَزَالُ أَحَدُكُمْ في صَلاةٍ مَا دَامتِ الصَّلاَةُ تَحْبِسُهُ، لا يَمْنَعُهُ أَنْ يَنْقَلِبَ إِلى أَهْلِهِ إِلاَّ الصَّلاَةُ» **«سىلەرنىڭ بىرىڭلار نامازنى دەپ ئۆيىگە قايتماي تۇرغان بولسا، ئۇ ھامان نامازغا تۇرغان ۋاقتىتكىدەك ساۋابقا ئېرىشىدۇ».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: نامازنى كۈتۈپ تۇرۇشنىڭ پەزىلەتلىك ئىكەنلىكى. كىشى بىرەر دۇنياۋى غەرەزسىز نامازنى كۈتۈپ تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ كۈتۈپ تۇرغان ۋاقتىدىمۇ نامازغا تۇرغاندەك ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقى.

**1062 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «المَلائِكَةُ تُصَلِّي عَلَى أَحَدِكُمْ مَا دَامَ في مُصَلاَّهُ الَّذي صَلَّى فِيهِ مَا لمْ يُحْدِثْ، تَقُولُ: اللَّهُمَّ اغْفِرْ لَهُ، اللَّهُمَّ ارْحَمْهُ» **«بىرەرسىڭلار ناماز ئوقۇيدىغان جايىدىلا بولىدىكەن، تاھارىتى سۇنۇپ كەتمىسىلا، پەرىشتىلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن رەھمەت تىلەپ: ‹ئى ئاللاھ! ئۇنىڭغا مەغفىرەت قىلغىن، ئى ئاللاھ! ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغىن›، دەيدۇ.**

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەرىشتىلەرنىڭ دۇئاسىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغان جايدا ئۇزۇن ئولتۇرۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

**1063 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ بىر ئاخشىمى خۇپتەننى يېرىم كېچىگىچىلىك كېچىكتۈردى. نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بىزگە يۈزلىنىپ مۇنداق دېدى:** «صَلىَّ النَّاسُ وَرَقَدُوا ولَمْ تَزَالُوا في صَلاةٍ مُنْذُ انْتَظَرْتُمُوها» **«بەزى كىشىلەر نامازنى يالغۇز ئوقۇپ بولۇپلا ئۇخلاپ قالدى، سىلەر بولساڭلار كۈتۈپ تۇرغان چاغلىرىڭلاردىن ھازىرغا قەدەر نامازنىڭ ئىچىدە تۇرغان ھېسابلىنىسىلەر».** — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) خۇپتەننى كېچە يېرىمىغىچە كېچىكتۈرۈپ ئوقۇشنىڭ جائىز بولىدىغانلىقى، نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇش ئۈچۈن كۈتۈپ تۇرغان ئادەمنىڭ ئېرىشىدىغان ساۋابى ئالدىراپ كېتىپ نامازنى يالغۇز ئوقۇۋالغان ئادەمنىڭ ساۋابىدىن ئارتۇق بولىدىغانلىقى.

2) نامازنى ئالدىراپ، ئاۋۋالقى ۋاقتىدا ئوقۇۋېلىشنىڭ كېچىكتۈرۈپ ئوقۇغاندىن ئارتۇقراق بولىدىغانلىقى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپ ھاللاردا نامازنى ئاۋۋالقى ۋاقتىدا ئوقۇغان. بۇ « نامازنى كۈتۈپ تۇرغۇچىنىڭ ساۋابى ئارتۇق بولىدۇ » ، دېگەن سۆزگە زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى، جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇش ئۈچۈن نامازنى كۈتۈپ تۇرۇش ئالاھىدە ئىبادەت بولۇپ، بۇنىڭغا ناماز ئوقۇغاننىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ.

## 191 . باب جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

**1064 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «صَلاةُ الجَمَاعَةِ أفضَلُ مِنْ صَلاةِ الفَذِّ بِسَبْعٍ وَعِشْرِينَ درَجَةً» **« جامائەت بىلەن ئوقۇلغان نامازنىڭ ساۋابى يالغۇز ئوقۇلغان نامازنىڭ ساۋابىدىن 27 ھەسسە ئارتۇق تۇرىدۇ » .** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: جامائەت بىلەن ئوقۇغان نامازنىڭ پەزىلىتى. بۇنداق ئوقۇغان نامازنىڭ ساۋابىنىڭ يالغۇز ئوقۇغان نامازنىڭ ساۋابىدىن 27 ھەسسە ئارتۇق تۇرىدىغانلىقى. بۇ رىۋايەت بىلەن « 25 ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ » ، دېگەن رىۋايەتنى ماسلاشتۇرۇش جەھەتتە ئۆلىمالار تۆۋەندىكىدەك چۈشەندۈرۈشلەرنى بېرىدۇ.

1) 25 ھەسسە دېگەن 27 ھەسسە دېگەن سۆزنى ئىنكار قىلغان بولمايدۇ. چۈنكى، 25 ھەسسە 27 ھەسسە دېگەننىڭ ئىچىدە.

2) دەسلەپتە 25 ھەسسە بولىدىغانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بىلدۈرۈلگەن. كېيىن 27 ھەسسە بولىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەنلىك ئېھتىماللىقى بار.

3) 25 ھەسسە ياكى 27 ھەسسە بولۇشى ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ نامازنى پۈتۈن ئەركانلىرىنى تولۇق ئورۇنلىغانلىقىغا ۋە ئىخلاس بىلەن ئوقۇغانلىقىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

**1065 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «صَلاةُ الرَّجُلِ في جَماعةٍ تُضَعَّفُ عَلى صلاتِهِ في بَيْتِهِ وفي سُوقِهِ خمساً وَعِشْرِينَ ضِعفًا ، وذلكَ أنَّهُ إذا تَوَضَّأَ فَأَحْسَنَ الْوُضُوءَ ثُمَّ خَرَجَ إلى المَسْجِدِ ، لا يُخْرِجُه إلاَّ الصَّلاةُ ، لَمْ يَخْطُ خَطْوةً إلاَّ رُفِعَتْ لَه بها دَرَجَةٌ ، وَحُطَّتْ عَنْه بها خَطِيئَةٌ ، فَإذا صَلى لَمْ تَزَلِ المَلائِكَة تُصَلِّي عَلَيْهِ مَا دَامَ في مُصَلاَّه ، مَا لَمْ يُحْدِثْ ، تَقُولُ : اللَّهُمَّ صَلِّ عَلَيْهِ ، اللَّهُمَّ ارحَمْهُ . وَلا يَزَالُ في صَلاةٍ مَا انْتَظَرَ الصَّلاةَ» **« بىر كىشىنىڭ جامائەت بىلەن ئوقۇغان نامىزى، ئۇنىڭ ئۆيىدىكى ياكى بازاردىكى ئوقۇغان نامىزىدىن 25ھەسسە ئارتۇق تۇرىدۇ. سەۋەبى، ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، تاھارەتنى كامىل ئېلىپ، ئاندىن مەسجىدكە پەقەت ناماز ئوقۇش ئۈچۈنلا كەلسە، ئۇ ئادەم مەسجىدكە كەلگۈچە ئۇنىڭ**



www.munber.org

باسقان ھەر بىر قەدىمى ئۈچۈن بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ ۋە باسقان ھەر بىر قەدىمى ئۈچۈن بىر خاتالىق ئۆچۈرۈلىدۇ. ناماز ئوقۇپ بولۇپ تاھارىتى سۇنماستىن مەسجىدتە ئولتۇرسىلا پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا ئاللاھتىن رەھمەت تىلەپ: ‹ئى ئاللاھ! ئۇنىڭغا رەھمىتىڭنى نازىل قىلغىن، ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغىن›، دەيدۇ. ئۇ ئادەم مادامىكى، نامازنى كۈتۈپ تۇرىدىكەن، ناماز ئىچىدە بولغاندەك بولىدۇ ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) جامائەت نامىزىنىڭ پەزىلىتى. ئالىملار جامائەت نامىزىنىڭ پەزىلىتىگە ئېرىشىش نامازنى مەيلى قەيەردە بولمىسۇن جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇش ئارقىلىق بولامدۇ ياكى يالغۇز مەسجىدتىلا جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇش ئارقىلىق بولامدۇ، دېگەن مەسىلىدە بىردەكلىككە كېلەلمىگەن.

2) تاھارەتنى كامىل ئېلىشنىڭ پەزىلىتى.

3) نامازنى خاس ئاللاھ تائالاغا ئوقۇش ئۈچۈن نىيەتتە دۇرۇس، سەمىمىي بولۇش كېرەكلىكى.

1066 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا بىر ئەما كىشى كېلىپ: « ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى مەسجىدكە يېتىلەپ ئېلىپ كېلىدىغان ئادەم يوق »، دەپ رەسۇلۇللاھتىن نامازنى ئۆيدە ئوقۇشقا رۇخسەت سورىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇ كىشىگە رۇخسەت قىلدى. ئۇ كىشى كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭغاندا، رەسۇلۇللاھ چاقىرىپ ئۇنىڭغا: «هلْ تَسْمَعُ النِّدَاءَ بِالصَّلاةِ؟» « ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلامسەن؟ »، دېدى. ئۇ كىشى: « ھەئە »، دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «فَأَجِبْ» « ئۇنداق بولسا نامازغا كەلگىن »، دېدى.

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئەزان ئاۋازى ئاڭلىغان كىشىگە جامائەت بىلەن بىللە ناماز ئوقۇشنى تەكىتلەش ۋە جامائەت بىلەن بىللە ناماز ئوقۇشتىكى جاپالارغا چىداشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

1067 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ: « ئى رەسۇلۇللاھ، مەدىنە دېگەن ئادەمگە زىيان يەتكۈزىدىغان ھاشاراتلار ۋە يىرتقۇچلار كۆپ جاي »، دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «تَسْمَعُ حَيَّ عَلَى الصَّلاةِ، حَيَّ عَلَى الفَلاحِ، فَحَيَّهَلاً» « نامازغا ۋە نىجاتلىققا كېلىڭلار، دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىساڭلا نامازغا كەلگىن »، دېدى.

— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) جامائەت بىللە ناماز ئوقۇشنى تەكىتلەش ۋە جامائەت بىلەن بىللە ناماز ئوقۇغاندا بولىدىغان جاپالارنى كۆتۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرۈش.

2) جامائەت نامىزىغا چىقماسلىقتىكى ئۆزرىلەر: قاتتىق سوغۇق، يامغۇر، قاتتىق قاراڭغۇلۇق، دۈشمەن ياكى يىرتقۇچ ھايۋاندىن ئەنسىرەش، كېسەل بولۇپ قېلىش ياكى قارىغۇچىسى يوق كېسەلگە قاراش.

**1068 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «وَالَّذِي نَفْسِي بِيدِهِ لَقَدْ هَمَمْتُ أن آمُرَ بِحَطَبٍ فَيُحْتَطَب، ثُمَّ آمُرَ بالصَّلاةِ فَيُؤَذَّنَ لَهَا، ثُمَّ آمُرَ رَجُلاً فَيُؤمَّ النَّاسَ ثُمَّ أُخَالِفَ إلى رِجَالٍ فأُحَرِّقَ عَلَيْهِمْ بيوتهم» **« جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئوتۇنغا بۇيرۇسام، ئوتۇن ئېلىپ كېلىنسە، ئاندىن نامىاز ئوقۇشقا بۇيرۇسام، ئەزان ئېيتىلسا، ئاندىن بىر كىشىنى بۇيرۇسام ئىمام بولسا، ئاندىن نامىاز ئوقۇۋاتقانلارنى قالدۇرۇپ، نامازغا كەلمىگەنلەرنىڭكىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىسام، دەيمەن ».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) جامائەت نامىزىنى ئۆزرىسىز تەرك ئەتكەن كىشىنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش. ئۆلىمالار جۈمە نامىزىدىن باشقا جامائەت نامىزىنىڭ ھۆكمى توغرۇلۇق ھەر خىل قاراشتا بولدى. بىر قىسىملىرى: «جامائەت نامىزى ئۆزرىسى يوق، مۇقىم ئازاد ئەرلەرگە پەرز »، دەپ قاراپ يۇقارقى ھەدىسنى ۋە ئابدۇللاھ ئۇممۇ مەكتۇمغا جامائەت نامىزىنى تەرك قىلىشقا رۇخسەت قىلمىغانلىق توغرىسىدىكى ھەدىسنى دەلىل كەلتۈرسە، يەنە بەزىلەر: «جامائەت نامىزى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بىللە ئوقۇشى ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدىغان ئىبادەت »، دەپ قارايدۇ. يەنە بىر قىسىم ئالىملار: «جامائەت نامىزى سۈننەت بولۇپ، جامائەت نامىزى توغرىسىدىكى ھەدىسلەر پەقەت نامازنى جامائەت بولۇپ ئوقۇشقا تەرغىب قىلىش ئۈچۈن كەلگەن »، دەيدۇ. ئەگەر جامائەت نامىزى پەرز بولغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جامائەتنى تەرك ئەتكەنلەرنى جازالىغان بولاتتى. مانا بۇنىڭدىن بىز جامائەت نامىزىنىڭ كۈچلۈك سۈننەت ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز، دەپ قارىشىدۇ.

2) جازادىن ئىلگىرى گۇناھلاردىن ئاگاھلاندۇرۇش كېرەكلىكى.

**1069 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: قانداق بىر كىشى قىيامەت كۈنىدە مۇسۇلمان پېتى ئاللاھ تائالاغا مۇلاقات بولۇشتىن خۇشاللىنىدىغان بولسا، ئەزان ئېيتىلغان چاغدا بەش ۋاخ نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرسۇن، چۈنكى ئاللاھ سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلارغا ھىدايەتنىڭ يوللىرىنى بېكىتىپ بەردى. بەش ۋاخ نامازمۇ ھىدايەتنىڭ يوللىرىندۇر. ئەگەر ماۋۇ نامازنى جامائەتتىن ئايرىلىپ ئۆيىدە ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش سىلەرمۇ نامازنى ئۆيىدە ئوقۇساڭلار، چوقۇم پەيغەمبىرىڭلارنىڭ سۈننىتىنى تەرك ئەتكەن بولىسىلەر، ئەگەر پەيغەمبىرىڭلارنىڭ سۈننىتىنى تەرك ئەتسەڭلار، ئەلۋەتتە ئېزىپ كېتىسىلەر، ھەقىقەتەن مەن بىزنىڭ دەۋرىمىزدە نامازغا پەقەت مۇناپىقلىقى ئاشكارا بولغانلارنىڭلا كەلمەيدىغانلىقىنى كۆرەتتىم. ھەتتا بەزى ئاجىز كىشىلەر ئىككى كىشى تەرىپىدىن يۆلەپ ئەكېلىنىپ، سەپتە تۇرغۇزۇلۇپ قويۇلاتتى.**

www.munber.org

يەنە بىر رىۋايەتتە: رەسۇلۇللاھ بىزگە ھىدايەت يوللىرىنى ئۆگەتتى. ئەزان ئېيتىلىپ تۇرغان مەسجىدتە ناماز ئوقۇشمۇ ھىدايەت يوللىرىدىندۇر، دېيىلگەن. ــــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1070- ئەبۇ دەردائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:** «ما مِن ثَلاثَةٍ في قَرْيَةٍ ولا بَدْوٍ لا تُقَامُ فِيهمُ الصَّلاةُ إِلاَّ قدِ اسْتَحْوَذَ عَلَيْهِمُ الشَّيْطَانُ. فَعَلَيكُمْ بِالجَمَاعَةِ، فَإِنَّمَا يأْكُلُ الذِّئْبُ مِنَ الغَنمِ القَاصِيَةَ» **« مەيلى ئاۋات جاي بولسۇن ياكى ئاھالىسى شالاڭ جاي بولسۇن، ئۈچ نەپەر مۇسۇلمان بولۇپ، ئۇلار جامائەت بولماي ناماز ئوقۇيدىكەن، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن شەيتان غەلىبە قىلىدۇ. جامائەت بولۇشنى لازىم تۇتۇڭلار، چۈنكى پادىدىن ئايرىلغان قوينى بۆرە يەپ كېتىدۇ ».** ــــ ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) جامائەت نامىزىغا رىغبەتلەندۈرۈش. جامائەت نامىزىنى تەرك قىلغانلىق بولسا شەيتان ۋەسۋەسىلىرىنىڭ غالىب كەلگەنلىكىنىڭ ئىسپاتى ئىكەنلىكى.

2) جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىپ، بىرى ـ بىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىدىغانلىقى. جامائەتنى تەرك ئېتىش بولسا ئاجىزلىق، ئىتتىپاقسىزلىق ۋە ئىختىلاپ قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغانلىقى.

## 192 . باب بامدات ۋە خۇپتەندە جامائەتكە ھازىر بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا

**1071 ـ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:** «مَنْ صَلَّى العِشَاءَ في جَمَاعَةٍ، فَكَأَنَّما قامَ نِصْفَ اللَّيْل وَمَنْ صَلَّى الصبْح في جَمَاعَةٍ، فَكَأَنَّما صَلَّى اللَّيْل كُلَّهُ» **« كىمكى خۇپتەننى جامائەت بىلەن ئوقۇسا، گويا كېچىنىڭ يېرىمىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەندەك بولىدۇ. كىمكى بامداتنى جامائەت بىلەن ئوقۇسا، گويا كېچىچە ناماز ئوقۇغاندەك بولىدۇ ».** ــــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**تىرمىزىينىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن، دېيىلىدۇ:** «مَنْ شَهِدَ العِشَاءَ في جماعةٍ كان لهُ قِيامُ نِصْفِ لَيْلَة، ومَنْ صَلَّى العِشَاءَ والْفَجْرَ في جماعَةٍ، كَانَ لَهُ كَقِيَامِ لَيْلَة» **« كىمكى خۇپتەننى جامائەت بىلەن ئوقۇيدىكەن، ئۇنىڭغا يېرىم كېچە ئىبادەت قىلغاننىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ. كىمكى خۇپتەن بىلەن بامداتنى جامائەت بىلەن ئوقۇيدىكەن ئۇنىڭغا پۈتۈن كېچە ئىبادەت قىلغاننىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ ».**

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: خۇپتەن ۋە بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى ۋە بۇنىڭ ئەجرىنىڭ پۈتۈن بىر كېچە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇغانلىقىغا باراۋەر بولىدىغانلىقى.

1072 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «وَلَوْ يعْلَمُونَ مَا في العَتَمَةِ والصُّبْح لأَتَوْهُما وَلَو حبْوًا» « ئەگەر كىشىلەر خۇپتەن بىلەن بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇغاننىڭ ساۋابىنى بىلەلىگەن بولسا ئىدى، ئۆمىلەپ بولسىمۇ ئۇ ئىككى نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشقا كەلگەن بولاتتى ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: خۇپتەن بىلەن بامداتنى جامائەت بىلەن بىرگە ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى. بۇ ئىككى نامازنىڭ تىلغا ئېلىنىشى بامدات ۋاقتىنىڭ شېرىن ئۇيقۇدىكى ۋاقىت ۋە خۇپتەن ۋاقتىنىڭ كىشىنى ئۇيقۇ بېسىپ، مۈگدەپ قالىدىغان ۋاقىت بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

1073 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لَيْسَ صَلاةٌ أَثْقَلَ عَلَى المُنَافِقِينَ مِنْ صلاة الفَجْرِ وَالعِشاءِ وَلَوْ يَعْلَمُونَ ما فِيهما لأَتَوْهُما وَلَوْ حبْوًا» « ناماز ئىچىدە بامدات ۋە خۇپتەن نامىزى مۇناپىقلارغا ئەڭ ئېغىر تۇيۇلىدۇ. ئەگەر بۇ ئىككى نامازنىڭ ساۋابىنى بىلسە، ئۇلار بۇ نامازلارنى جامائەت بولۇپ ئوقۇشقا ئۆمىلەپ بولسىمۇ كەلگەن بولاتتى ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

## 193 ـ باب بەش ۋاخ نامازنى داۋاملىق ئوقۇشقا بۇيرۇش ۋە ئۇلارنى تەرك ئېتىشتىن قاتتىق مەنئى قىلىش ۋە بەش ۋاخ نامازنى تەرك ئەتسە قاتتىق ئازابقا قالىدىغانلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿حَافِظُواْ عَلَى الصَّلَوَاتِ والصَّلاَةِ الْوُسْطَى﴾ ﴿(بەش ۋاخ) نامازنى، بولۇپمۇ ناماز دىگەرنى داۋاملاشتۇرۇڭلار﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە بەقەرە 238 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿فَإِن تَابُواْ وَأَقَامُواْ الصَّلاَةَ وَآتَوُاْ الزَّكَاةَ فَخَلُّواْ سَبِيلَهُمْ﴾ ﴿ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا، ناماز ئوقۇسا، زاكات بەرسە ئۇلارنى قويۇپ بېرىڭلار﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە بەقەرە 238 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

1074 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن رەسۇلۇللاھتىن: « ھەممىدىن ئەۋزەل ئەمەل قايسى؟ »، دەپ سورىدىم. رەسۇلۇللاھ: « الصَّلاةُ علـى وَقْتِها » « ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز »، دېدى. مەن: « ئاندىن قالسىچۇ؟ »، دېسەم، رەسۇلۇللاھ: « بِـرُّ الوَالِدَيْـنِ » « ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش »، دېدى. مەن: « ئاندىن قالسىچۇ؟ »، دېسەم، رەسۇلۇللاھ: « الجهادُ في سَبِيلِ اللَّهِ » « ئاللاھ تائالا يولىدا جىھاد قىلىش »، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

**1075 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن:** «بُنِيَ الإِسَلامُ على خَمْسٍ: شَهادَةِ أَنْ لا إِلهَ إِلاَّ اللَّه، وأَنَّ مُحمداً رسولُ اللَّهِ، وإِقامِ الصَّلاةِ، وَإِيتاءِ الزَّكاةِ، وَحَجِّ البَيْتِ، وَصَوْمِ رَمضانَ» **« ئىسلام دىنى بەش ئەركان ئۈستىگە قۇرۇلغان. بىرىنچىسى، ‹ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى، دەپ گۇۋاھلىق بېرىش›. ئىككىنچىسى، ناماز ئوقۇش. ئۈچىنچىسى، زاكات بېرىش. تۆتىنچىسى، ھەج قىلىش. بەشىنچىسى، روزا تۇتۇش ».**

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئىسلام مۇشۇ بەش ئاساسقا ئىشىنىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. كىمكى بۇلاردىن بىرىنى ئىنكار قىلسا ئىسلام دىنىنى ئىنكار قىلغان بولىدۇ. كىمكى سەل قاراپ ئۇلاردىن بىرىنى تەرك ئېتىدىكەن پاسىق بولغان بولىدۇ.

**1076 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «أُمِرْتُ أَنْ أُقاتِلَ الناسَ حتَّى يَشْهدُوا أَنْ لا إِله إِلاَّ اللَّه وَأَنَّ مُحَمَّدًا رسولُ اللَّهِ، وَيُقِيمُوا الصَّلاَة، ويُؤْتُوا الزَّكاةَ، فَإِذا فَعَلُوا ذلكَ عَصمُوا مِنِّي دِماءَهُمْ وَأَمْوَالَهمْ إِلاَّ بحقِّ الإِسلامِ، وَحِسَابُهُمْ على اللَّهِ» **« مەن كىشىلەر (يەنى مۇشرىكلار) بىلەن تاكى ئۇلار ‹بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى›، دەپ گۇۋاھلىق بەرگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىشقا ئەمر قىلىندىم. ئەگەر ئۇلار ناماز ئوقۇسا، زاكات بەرسە، ئۇلارنىڭ قانلىرى، ماللىرى مېنىڭ ئالدىمدا دەخلىسىز بولىدۇ. پەقەت ئىسلامدىكى ھەد، قىساس بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىشى ».** —— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىسلام دىنىنىڭ ئەركانلىرىنى تولۇق ئادا قىلغان مۇسۇلماننىڭ جېنى ۋە مېلى دەخلىسىز بولۇپ، چېقىلىشقا بولمايدىغانلىقى. كىمكى ئۇنىڭغا چېقىلىدىكەن، شەرىئەتنىڭ ھۆكمى بويىچە قىساس ياكى رىجىم، ياكى ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىشتەك جازا بېرىلىدىغانلىقى.

2) ئەمما، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا يوشۇرۇن ئىشلارنى (2) ئەمما، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا پۈككەنلىرىدىن ھېساب ئېلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىشى ئىكەنلىكى.

**1077 ـ مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز ئىبنى جەبەلنى يەمەنگە ئەۋەتىش ۋاقتىدا مۇنداق دېگەن:** «إِنَّكَ تأْتي قَوْمًا منْ أَهْلِ الكتاب، فَادْعُهُمْ إِلى شَهَادةِ أَنْ لا إِله إِلاَّ اللَّه، وأَنِّي رسولُ اللَّه، فَإِنْ هُمْ أطاعُوا لِذلكَ، فَأَعْلِمهُم أَنَّ اللَّه تَعالى افْتَرَض عَلَيْهِمْ خمْسَ صَلواتٍ في كلِّ يَوْمٍ ولَيْلَةٍ، فَإِنْ هُمْ أَطَاعُوا لِذلكَ، فأَعْلِمهُم أَنَّ اللَّه تَعَالى افْتَرَض علَيْهِمْ صَدقة تُؤْخَذُ مِنْ أَغْنِيائِهم فَتُردُّ عَلى فُقَرائِهم، فَإِنْ هُمْ أَطَاعُوا لِذلَكَ، فَإِيَّاكَ وكَرائِم أَمْوالِهم وَاتَّقِ دَعْوةَ المظْلُوم، فَإِنَّهُ لَيْسَ بَيْنَهَا وبيْنَ اللَّهِ حِجَابٌ» **« سەن ئەھلى كىتاب (يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلار. —— ت) نىڭ يېنىغا**



www.munber.org

كېتىۋاتسەن. بارغاندىن كېيىن ئۇلارنى ‹بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا مەبۇد يوق. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى›، دەپ كەلىمە شاھادەت ئېيتىشقا دەۋەت قىلغىن. بۇنى قوبۇل قىلسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا بىر كېچە ـ كۈندۈزدە بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلغانلىقىنى ئېيتقىن. بۇنى قوبۇل قىلسا، بايلىرىنىڭ ماللىرىدىن زاكات ئېلىنىپ، كەمبەغەللىرىگە بېرىلىدىغانلىقىنى ئېيتقىن. بۇنى قوبۇل قىلسا، زاكاتنى ئۇلارنىڭ ياخشى ماللىرىدىن ئالمىغىن. زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ بەد دۇئاسىدىن ساقلانغىنكى، مۇنداق دۇئا بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئارىسىدا پەردە ـ ھىجاب يوق (بۇنداق دۇئا چاپسان قوبۇل بولىدۇ، دېگەن مەنىدە .ــــ ت). ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1078 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «إِنَّ بَيْنَ الرَّجُلِ وَبَيْنَ الشِّرْكِ والكُفْرِ تَرْكَ الصَّلاةِ» «كىشى بىلەن شېرىك ۋە كۇفرى ئارىسىدىكى پەرق نامازنى تەرك ئېتىشتۇر». ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئىسلام بىلەن ياكى كۇفرى بىلەن سۈپەتلىنىشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ نامازنى ئادا قىلىش ياكى تەرك ئېتىش ئىكەنلىكى. كىمكى نامازنى ئىنكار قىلىپ تەرك قىلىدىكەن، ئىماندىن ئاجرايدىغانلىقى. كۆپ سانلىق ئالىملار بۇ ھەدىستىكى كۇفرىلىقنى نامازنى تەرك ئېتىشنى ھالال سانىغان كىشىگە قارىتىلغان، دەپ قارايدۇ. ئەمما، نامازغا سەل قاراپ ياكى ھورۇنلۇق قىلىپ تەرك ئەتكەن كىشىگە قارىتا، بىر قىسىم ئالىملار ھەد يۈرگۈزۈلىدۇ، مۇسۇلمان بولۇپ قېلىۋېرىدۇ، دەيدۇ.

1079 ـ بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «العهْدُ الذي بيْنَنا وبَيْنَهُمْ الصَّلاةُ، فمنْ تَرَكَهَا فَقدْ كَفرَ» «بىز بىلەن مۇناپىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەھدە نامازدۇر. كىمكى نامازنى تەرك ئېتىدىكەن ئۇ كۇففارلاردىن بولغان بولىدۇ». ـــ تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: نامازنى ھورۇنلۇق قىلىپ تەرك ئەتكەن كىشىنى ئىماندىن ئاجرىغانلىق ۋە مۇرتەد دەپ قاراش بىر قىسىم ساھابە ۋە ئالىملارنىڭ قارىشى. ئەمما، كۆپ سانلىق ئۆلىمالار نامازنى تەرك ئېتىشنى ھەق سانىغان ۋە ئۇنىڭ پەرزلىكىنى ئىنكار قىلغان كىشىنى كۇففارلاردىن بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. يەنە بىر بۆلۈك ئالىملار بولسا: نامازنى تەرك ئېتىش كىشىنى ئاخىرى كۇفرىغا ئېلىپ بارىدۇ، دەپ قارايدۇ. چۈنكى، گۇناھلار كۇفرىنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر. يەنە بىر قىسىم ئالىملار بۇ ھەدىسنى نامازنى تەرك ئېتىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ، توساش ئۈچۈن ئېيتىلغان، دەپ قارايدۇ.

1080. شەقىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرى نامازدىن باشقا بىرەر ئەمەلنىڭ تەرك ئېتىلىشىنى كۇفرىلىق، دەپ قارىمايتتى. ـــ تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ناماز مەسىلىسىنىڭ بەك چوڭ مەسىلە ئىكەنلىكى ۋە نامازنى ھەر دائىم ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش، شۇنداقلا نامازنى تەرك ئېتىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش.

**1081 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إنَّ أوَّل ما يُحاسبُ بِهِ العبْدُ يَوْمِ القِيامةِ منْ عَملِهِ صلاتُهُ، فَإنْ صَلُحت، فَقَدْ أَفلحَ وَأَنجح، وإن فَسدتْ، فَقَدْ خَابَ وخَسِر، فَإنِ انْتقص مِنْ فرِيضتِهِ شَيْئاً، قال الرَّبُّ، عَزَّ وجلَّ: انظُروا هَلْ لِعَبْدِي منْ تَطوُّع، فَيُكَمَّلُ بها ما انْتَقَص مِنَ الفَرِيضَةِ؟ ثُمَّ تكونُ سَائِرُ أعمالِهِ عَلى هذا» **« بەندىدىن قىيامەت كۈنى تۇنجى ھېساب ئېلىنىدىغان ئەمەل نامازدۇر. ئەگەر ناماز دۇرۇس ئادا قىلىنغان بولسا، ئۇ ئادەم نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ. ئەگەر نامىزى دۇرۇس رەۋىشتە ئادا قىلىنمىغان بولسا، ئۇ ئادەم زىيانكار بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ پەرز نامازلىرىدا نۇقسان كۆرۈلسە، ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ‹قاراڭلار، بەندەمنىڭ قىلغان نەفلى ئىبادەتلىرى بارمۇ؟ نەفلى ئىبادەتلىرى بولسا، پەرزدىن كەملەپ قالغان جايلىرى نەفلى ئىبادەتلىرى بىلەن تولۇقلانسۇن›. ئاندىن ئۇنىڭ قالغان ئەمەللىرى ئۈستىدىنمۇ شۇ بويىچە ھېساب ـ كىتاب قىلىنىدۇ ».** —— تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەرزلەرنى پۇختا، كامىل ئادا قىلىشقا ۋە پەرزلەرنى ياخشى ئادا قىلىش، كەم ـ كۈتا قىلىپ قويماسلىققا رىغبەتلەندۈرۈلگەنلىكى.

2) پەرز نامازلارنى ئادا قىلىشتا ھەر قانداق ئادەم خالىي بولالمايدىغان يېتەرسىزلىكلەرنى تولدۇرۇش ئۈچۈن نەفلى ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەنلىكى.

## 194 . باب ئالدىنقى سەپنىڭ پەزىلىتى ۋە ئالدىنقى سەپنى توشقۇزۇشقا، سەپنى تۈز قىلىشقا، سەپتە بىر ـ بىرىگە يېقىن تۇرۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

**1082 ـ جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ مەسجىدكە چىقىپ بىزگە:** «ألا تَصُفُّونَ كما تُصُفُّ الملائِكَةُ عِنْدَ رَبِّهَا؟» **« پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارى ئالدىدا سەپ تارتىپ تۇرغاندەك تۇرمامسىلەر »، دېدى. بىز: « ئى رەسۇلۇللاھ، پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارى ئالدىدا قانداق سەپ تارتىپ تۇرىدۇ؟ »، دېدۇق. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى:** «يُتِمُّونَ الصُّفوفَ الأُولَ، ويَتَراصُّونَ في الصفِّ» **« ئۇلار ئاۋۋالقى سەپنى تولدۇرىدۇ، سەپتە رۇس تۇرىدۇ ».** —— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: سەپلەرنى تۈز قىلىش ۋە بىرىنچى سەپتىن باشلاپ سەپلەرنى توشقۇزۇش، شۇنداقلا سەپتە يەنە بىر ناماز ئوقۇغۇچى پاتقۇدەك بوش جاي قالدۇرماسلىققا رىغبەتلەندۈرۈش. سەپلەرنى بوش قويۇشنىڭ جامائەت ساۋابىنى ئېلىشتىن مەھرۇم قىلىپ قويىدىغانلىقى.

www.munber.org

**1083 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «لوْ يعلَمُ الناسُ ما في النِّدَاءِ وَالصَّفِّ الأَوَّلِ، ثُم لَمْ يجِدُوا إِلاَّ أَنْ يَسْتَهِمُوا عَلَيْهِ لاسْتَهمُوا» **«ئەگەر كىشىلەر ئەزاننىڭ ۋە ئاۋۋالقى سەپتە نامازئوقۇشنىڭ ساۋابىنى بىلسە ئىدى، ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن چەك تاشلاشقا توغرا كەلگەندىمۇ، ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن چەك تاشلىغان بولاتتى».**

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بىرىنچى سەپنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىش، چۈنكى بىرىنچى سەپتە ناماز ئوقۇغۇچى ئىمامغا يېقىن بولغاچقا، ئىمامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئەھۋاللىرىنى كۆرۈش ئارقىلىق توغرا يولنى تاپالايدۇ ـ دە، باشقىلاردىن بۇرۇن ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

**1084 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «خَيْرُ صُفوفِ الرِّجالِ أَوَّلُهَا، وشرُّها آخِرُهَا وخيْرُ صُفوفِ النِّسَاءِ آخِرُها، وَشرُّهَا أَوَّلُهَا» **«ئەرلەرنىڭ سەپنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئالدىنقى سەپتۇر. ئەڭ يامىنى بولسا ئاخىرقى سەپتۇر. ئاياللارنىڭ سەپلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاخىرقى سەپتۇر. ئەڭ يامىنى بولسا ئالدىنقى سەپتۇر».**

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەر كىشىلەرگە ئارقىدىكى سەپتىن ئالدىدىكى سەپ ياخشى. چۈنكى، ئالدىدىكى سەپ ئىمامغا يېقىن ۋە ئاياللارنىڭ ئەۋرەتلىرىنى كۆرۈپ قېلىپ، پىتنىگە چۈشۈپ قېلىشتىن يىراق.

2) ئايال كىشىلەرگە ئارقىدىكى سەپ ئالدىدىكى سەپتىن ياخشىراق. چۈنكى، ئارقىدىكى سەپ ئەرلەردىن يىراق بولۇپ، پىتنىگە چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلايدۇ. ھەدىستىكى «سەپلەرنىڭ ياخشىسى ۋە يامىنى»، دېگەندىكى «ياخشى ـ يامان» سۆزى گۇناھقا قارىتىلغان ئەمەس، ساۋابنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قارىتىلغان.

**1085 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنىڭ سەپنى ئۆزىدىن يىراقراق قىلىپ تۈزگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا:** «تقَدَّمُوا فأْتَمُّوا بِي، وَلْيَأْتَمَّ بِكُمْ مَنْ بَعْدَكُم، لا يزالُ قَوْمٌ يَتَأَخَّرُونَ حَتى يُؤخِّرَهُمُ اللَّه» **«ئالدىغا ئۆتۈڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلار، سىلەرگە سىلەرنىڭ كەينىڭلاردىكى كىشىلەر ئەگەشسۇن، بىرەر قەۋم پەزىلەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتىن كەينىگە چېكىنىدىكەن، ئاللاھمۇ ساۋابنى قولغا كەلتۈرۈشتىن چېكىندۈرۈۋېتىدۇ».**

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەخلاق ۋە ياخشى ئىشلاردا ئۆزئارا بەسلىشىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنىڭ تەكىتلەنگەنلىكى. كۆڭۈل تارتقان ئىشلارغا بېرىلىپ، ياخشى ئىشلارنى تەرك ئېتىشتىن ئاگاھلاندۇرۇلغانلىقى.



www.munber.org

2) ئىمام بىلەن بىرىنچى سەپ ۋە باشقا سەپلەرنىڭ ئارىلىقلىرى ئۈچ گەز ئەتراپىدا بولۇشى، بۇنداق بولغاندا بىرىنچى سەپتىكىلەر ئىمامنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىمۇ كېيىنكى سەپتىكىلەر ئالدىدىكى سەپنى كۆرۈپ ئىمامغا تەك، بىردەك ئەگىشەلەيدۇ.

**1086 ـ ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا بىزنىڭ مۈرىلىرىمىزنى تۇتۇپ، سەپنى تۈزەيتتى ۋە مۇنداق دەيتتى:** «اسْتَوُوا ولا تَختلِفوا فتَخْتَلِفَ قُلُوبُكُمْ، لِيلِيني مِنْكُم أُولُوا الأَحْلامِ والنُّهَى، ثمَّ الذينَ يلُونَهمْ، ثُمَّ الذِين يَلُونَهمْ» **« سەپراس تۇرۇڭلار، نېرى ـ بېرى تۇرماڭلار، ئەگەر ئۇنداق قىلساڭلار، قەلبىڭلار باشقا ـ باشقا بولۇپ كېتىدۇ. ماڭا سىلەردىن بالاغەتكە يەتكەن ۋە ئاقىلراق بولغانلىرىڭلار يېقىن تۇرسۇن، ئاندىن ئۇلارغا يېقىن بولغان كىشىلەر، ئاندىن ئۇلارغا يېقىن بولغان كىشىلەر يېقىن تۇرسۇن ».** —— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىمامنىڭ ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەپلىرىنى توغرىلىشىغا بۇيرۇشى. ئەگەر ناماز ئوقۇغۇچىلار ئۆزلۈكىدىن سەپتە تۈز تۇرمىسا، ئىمام ئۇلارنىڭ سەپلىرىنى بىۋاستە تۈزلىشى لازىملىقى.

2) ئىمامنىڭ كەينىدىكى سەپتە ئىلىم، ئەقىل ۋە ياشقا چوڭراق كىشىلەرنىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى سەپلەردە ئادەتتىكى كىشىلەر، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسىدە كىچىك باللار، ئۇلارنىڭمۇ كەينىدە ئاياللارنىڭ تۇرۇشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

**1087 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** « سَوُّوا صُفُوفَكُمْ، فَإنَّ تَسْوِيةَ الصَّفِّ مِنْ تَمامِ الصَّلاةِ» **« سەپراس تۇرۇڭلار، چۈنكى سەپنىڭ تۈز بولۇشى نامازنىڭ تولۇق ئوقۇلغانلىقىدۇر ».**

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: سەپتە تۈز تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش. سەپلەرنىڭ تۈزلىكى نامازنىڭ ياخشى بولۇشىنى، جامائەتلەرنىڭ نامازغا تولۇق بېرىلگەنلىكىنى، كۆرۈنۈشىنىڭ گۈزەللىكىنى ۋە قەلبلىرىنىڭ بىردەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**1088 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، نامازغا تەكبىر ئېيتقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ:** «أَقِيمُوا صُفُوفَكُمْ وتَراصُّوا، فَإنِّي أَراكُمْ مِنْ وَرَاءِ ظَهْرِي» **« سەپراس، بىر ـ بىرىڭلارغا يېقىن تۇرۇڭلار، مەن سىلەرنى كەينىمدىن كۆرۈپ تۇرىمەن »، دېدى.** —— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**يەنە بىر رىۋايەتتە: بىزنىڭ بىرىمىز مۈرىسىنى ھەمراھىنىڭ مۈرىسىگە، پۇتىنى ھەمراھىنىڭ پۇتىغا تەگكۈزۈپ تۇراتتى، دېيىلگەن.**

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىمام بولغان كىشىنىڭ ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەپلىرىگە قاراپ سەپنى تۈز قىلىشقا بۇيرۇشى، ئەگەر ئېھتىياجلىق بولسا، سەپلەرنى ئۆزى بىۋاستە تۈزلەپ قويۇشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.



www.munber.org

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەيەردە بولمىسۇن، كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىنى بىلىپ كۆرۈپ تۇرۇشى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان مۆجىزىلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكى.

1089 ـ نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لَتُسوُّنَّ صُفُوفَكُمْ، أَوْ ليُخَالِفَنَّ اللَّه بَيْنَ وجُوهِكُمْ» «نامازغا ئوقۇغاندا سەپتە رۇس تۇرۇشىڭلار كېرەك. ئۇنداق بولمىسا ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا تەپرىقە سېلىپ قويىدۇ». ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ سەپلىرىمىزنى خۇددى ئوقيانىڭ ئوقلىرىنى رۇسلىغاندەك رۇسلايتتى. ھەتتا بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىدىكىدەك سەپراس تۇرىدىغان بولغىنىمىزغا قەدەر شۇنداق قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى چىقىپ تەكبىر ئېيتىلىدىغان چاغدا بىر كىشىنىڭ كۆكرىكىنىڭ سەپتىن چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ: «عِبَادَ اللَّهِ، لَتُسَوُّنَّ صُفُوفَكُمْ، أَوْ لَيُخَالِفَنَّ اللَّه بيْنَ وجُوهكُمْ» «ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! سىلەر چوقۇم سەپراس تۇرۇڭلار، ئۇنداق قىلمىساڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا تەپرىقە سېلىپ قويىدۇ»، دېدى.

1090. بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۈرە ۋە مەيدىلىرىمىزنى سىلاپ، سەپنى تۈزەش ئۈچۈن ئۇ باشتىن ـ بۇ باشقىچە ئارىلاپ «لا تَخْتَلِفُوا فَتَخْتَلِفَ قُلُوبُكُمْ»: «نېرى ـ بېرى تۇرماڭلار، ئۇنداق قىلساڭلار، قەلبىڭلار چەلەڭگۈش بولۇپ قالىدۇ»، دەيتتى ۋە يەنە: «إن اللَّه وَمَلائِكَتَهُ يُصَلُّونَ على الصُّفُوفِ الأُوَلِ» «ئالدىنقى سەپتە تۇرغانلارغا ئاللاھ تائالا رەھمەت قىلىدۇ، ئۇلارغا پەرىشتىلەرمۇ مەغفىرەت تەلەپ قىلىدۇ»، دەيتتى. ـــ ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

1091 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «أَقِيمُوا الصُّفُوفَ وَحَاذُوا بَينَ المنَاكِب، وسُدُّوا الخَلَلَ، وَلِينُوا بِأَيْدِي إِخْوَانِكُمْ، وَلا تَذَرُوا فَرُجَاتٍ للشيْطانِ، ومَنْ وصَلَ صَفًّا وَصَلَهُ اللَّه، وَمَنْ قَطَعَ صَفًّا قَطَعهُ اللَّه» «سەپراس تۇرۇڭلار، مۈرەڭلەرنى تەكشى قىلىڭلار، بوش قالغان يەرنى تولدۇرۇڭلار، سەپ تۈزىگۈچى قېرىنداشلىرىڭلارغا مۇلايىم بولۇڭلار، شەيتانغا يوچۇق قالدۇرماڭلار، كىم ئالدىنقى سەپكە يەتسە ئاللاھ تائالامۇ ئۇنى مۇرادىغا يەتكۈزىدۇ. كىمكى ئالدىنقى سەپنى ئۈزۈپ قويسىلا (بوشلۇق تولدۇرۇلمىسا) ئاللاھ تائالامۇ ئۇنى ئۈزۈپ قويىدۇ». ـــ ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) سەپلەرنى تۈز قىلىشنىڭ ۋە تولدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى، ئالدىنقى سەپ توشقۇزۇلماي تۇرۇپ، يېڭىدىن سەپ تۈزۈشكە بولمايدىغانلىقى.



www.munber.org

2) بۇ ھەدىستە سەپلەرنى بوش قويۇپ قويۇشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلغان. ئالدىنقى سەپ توشقۇزۇلماي ياكى ئازراق بوش ئورۇن بار تۇرۇپ ئۆزى يەنە بىر سەپتە تۇرۇش ۋە سەپلەرنى تۈز قىلماسلىق بولسا، شەيتاننىڭ شۇنداق ئىشلارنى چىرايلىق كۆرسەتكەنلىكى ۋە ۋەسۋەسىسى ئىكەنلىكى.

1092 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «رُصُّوا صُفُوفَكُمْ، وَقَارِبُوا بَيْنَهَا، وحاذُوا بالأَعْناقِ، فَوَالَّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ إِنِّي لأَرَى الشَّيْطَانَ يَدْخُلُ منْ خَلَلِ الصَّفِّ، كأنَّها الحَذَفُ» « سەپلىرىڭلارنى تۆپتۈز قىلىپ تۇرۇڭلار، سەپلەرنىڭ ئارىلىقىنى يېقىن قىلىڭلار، بويۇنۇڭلارنى تەكشى قىلىپ تۇرۇڭلار، جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، مەن شەيتانلارنىڭ سەپلەر ئارىسىدىن خۇددى قارا پاقلاندەك ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىمەن ». — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) سەپلەرنى تۈز قىلىش ۋە بىر ـ بىرىگە يېقىن قىلىش، ئىككى سەپنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن ئۈچ گەزدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، ئۆزرىسىز ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ جامائەت نامىزىنىڭ ساۋابىدىن قۇرۇق قويىدىغانلىقى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەيتانلارنى كۆرگەنلىكى، ئۇلارنىڭ كىشىلەرگە ۋەسۋەسە قىلىپ، سەپلىرىدە تۈز تۇرۇشتىن پەرۋاسىز قىلىپ قويغانلىقىنى كۆرۈشى ھەقىقىي كۆرۈش بولۇشى مۇمكىن ياكى شەيتاننىڭ نامازغا دەخلى قىلىدىغان بارلىق ئىشلارغا رازى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىلدۈرۈلگەن ئىلىمگە ئائىت كۆرۈش بولۇشى مۇمكىن.

1093 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «أَتِمُّوا الصَّفَّ المقدَّمَ، ثُمَّ الَّذي يلِيهِ، فَمَا كَانَ مَنْ نقْصٍ فَلْيَكُنْ في الصَّفِّ المُؤَخَّرِ» « ئالدىنقى سەپنى تولدۇرۇڭلار، ئاندىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى سەپنى تولدۇرۇڭلار. بوش قالىدىغان سەپ ئاخىرقى سەپ بولسۇن ». ـ ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

1094 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ اللَّه وملائِكَتَهُ يُصلُّونَ على ميامِنِ الصُّفوف» « سەپنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرغانلارغا ئاللاھ رەھمەت قىلىدۇ. پەرىشتىلەر مەغفىرەت تىلەيدۇ ». — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئىمامنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى. ئالىملار ئېيتىدۇ: مەسجىدكە كىرگەندە ئىمامنىڭ كەينى تەرىپىدە كىشىلەر بولۇپ، ئىككى يېنى بىكار بولسا ئوڭ تەرەپكە بېرىپ تۇرۇش. بۇ خىل تۇرۇش ئىمامنىڭ كەينى تەرەپ ئۇدۇلىدىن سەپنى باشلاشقا زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى، ئوڭ تەرەپتە تۇرۇش ئوتتۇرىدا تۇرۇپ بولغاندىن كېيىن باشلىنىدۇ.

1095 ـ بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇغاندا ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سالام بەرگەندە بىز تەرەپكە يۈزلىنەتتى. مەن



www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «رَبِّ قِنِي عذَابَكَ يَومَ تَبْعَثُ أَوْ تَجْمَعُ عبَادَكَ» «ئى رەببىم! بەندىلىرىڭنى قايتا تىرىلدۈرىدىغان ياكى مەھشەرگاھقا يىغىلىدىغان كۈندە مېنى ئازابىڭدىن ساقلىغىن»، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1096 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «وسِّطُوا الإمامَ، وَسُدُّوا الخَلَلَ» «ئىمامنى ئوتتۇرىدا تۇرغۇزۇڭلار، سەپتە بوش قالغان ئورۇننى تولدۇرۇڭلار». — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

## 195 . باب پەرز نامازلارغا قوشۇپ ئوقۇلىدىغان سۈننەت نامازلارنىڭ پەزىلىتى ۋە نامازلارنىڭ سان ۋە ساۋابىنىڭ ئاز ـ كۆپ بولۇشى ۋە ئوتتۇراھال بولۇشى توغرىسىدا

1097 ـ ئۇممۇ ھەبىيبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «مَا مِنْ عبْدٍ مُسْلِمٍ يُصَلِّي للَّهِ تَعَالى كُلَّ يَومٍ ثِنْتَيْ عشْرَةَ رَكْعَةً تَطوعاً غَيْرَ الفرِيضَةِ، إِلاَّ بَنَى اللَّه لهُ بَيْتاً في الجَنَّةِ، أَوْ: إِلاَّ بُنِي لَهُ بيتٌ في الجَنَّةِ» «قانداق بىر مۇسۇلمان بەندە ئاللاھ تائالانى دەپ كۈندە 17 رەكئەت پەرزدىن باشقا 12 رەكئەت نەفلى ناماز ئوقۇسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىدۇ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئون ئىككى رەكئەت ئىختىيارى نامازنى ئوقۇشقا كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى. ھەدىستە كۆرسىتىلگەن ئىختىيارى ناماز سۈننەت نامازلارنى ۋە چاشگاھ نامازلىرىنمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1098 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن پېشىندىن ئىلگىرى ئىككى رەكئەت، پېشىندىن كېيىن ئىككى رەكئەت، جۈمەدىن كېيىن ئىككى رەكئەت، شامدىن كېيىن ئىككى رەكئەت، خۇپتەندىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدۇم».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: يۇقىرىقى نەفلى نامازلارنى ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى. كۈندىلىك سۈننەت نامازلار ئون رەكئەت بولۇپ، ئۇلار بامداتتىن بۇرۇنقى ئىككى رەكئەت، پېشىن نامىزىدىن بۇرۇنقى ئىككى رەكئەت، كېيىنكى ئىككى رەكئەت. ناماز شامدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت ۋە خۇپتەن نامىزىدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت. كۆپ سانلىق ئالىملار جۈمە نامىزىنى پېشىن نامىزىغا ئوخشاش دەپ قارايدۇ. يۇقىرىقى كۈندىلىك سۈننەت ئىبادەتلەرنى ئۆيدە ئوقۇغان ئەڭ ياخشى.

1099 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بَيْنَ كُلِّ أَذانَيْنِ صَلاةٌ، بيْنَ كلِّ أَذَانيْنِ صَلاةٌ، بَيْنَ كُلِّ أَذَانَيْنِ صَلاةٌ» «ھەر



www.munber.org

ئىككى ئەزاننىڭ ئوتتۇرىسىدا ناماز بار، ھەر ئىككى ئەزاننىڭ ئوتتۇرىسىدا ناماز بار»، دەپ، ئۈچىنچىسىدە: «خالىغان كىشى ئۈچۈن شۇنداق»، دېگەن.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بەش ۋاخ نامازنىڭ ھەممىسىدە ئەزان بىلەن نامازغا تۇرغاندىكى ئىقامەت ئارىلىقىدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى. بۇ ئىككى رەكئەت نامازنىڭ يۇقىرىقى ھەدىستە سۆزلەنگەن ئۇن رەكئەت كۈندىلىك سۈننەت نامازلاردەك تەكىتلەنمەيدىغانلىقى.

## 196. باب بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇشنى تەكىتلەش توغرىسىدا

**1100** ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پېشىندىن ئىلگىرى تۆت رەكئەت ۋە بامداتتىن ئىلگىرى ئىككى رەكئەت نامازنى تاشلىمايتتى». — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**1101** ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەفلى نامازلىرى ئىچىدە بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى باشقا نەفلى نامازلارغا قارىغاندا ھەممىدىن مۇھىم بىلەتتى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1102** ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «رَكعتا الفجرِ خيرٌ مِنَ الدُّنيا ومَا فِيها» «بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتى دۇنيا ۋە دۇنيادىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئارتۇقتۇر». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1103** ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئەززىنى بىلال ئىبنى رەباھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن كەلگەن. بۇ چاغدا ئائىشە ئۇنىڭدىن بىر ئىشنى سوراپ، ئۇنى ھايال قىلىپ قويغانلىقتىن تاڭ بەك يورۇپ كەتكەن. بىلال قوپۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چاقىرىپ قويۇپ نامازغا ئەزان ئېيتقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىكىپرەك چىقىپ كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بەرگەن. بىلال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئائىشەنىڭ بىر ئىشنى سوراپ ئۆزىنى ھايال قىلىپ قويۇپ تاڭنىڭ يورۇپ كەتكەنلىكىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ كېچىكىپ چىققانلىقىنى ئېيتقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إِني كُنْتُ رَكَعْتُ ركعتي الفَجْرِ» «مەن بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئۆتەش بىلەن بولۇپ كېتىپتىمەن»، دېدى. بىلال: «ئى رەسۇلۇللاھ، تاڭنى بەك يورۇتۇۋەتتىڭ»، دېۋىدى، پەيغەمبەر



www.munber.org

ئەلەيھىسسالام: «لَوْ أَصبَحتُ أَكْثَرَ مِما أَصبَحتُ، لرَكَعْتُهُما، وأَحْسَنْتُهُمَا وَأَجمَلْتُهُمَا» «ئەلۋەتتە، بۇنىڭدىنمۇ بەك يورۇتۇۋەتسەممۇ، ئۇ ئىككى رەكئەت سۈننەتنى شۇنداق چىرايلىق ۋە مۇكەممەل ئادا قىلىپ، ئاندىن مەسجىدكە چىقاتتىم»، دېدى.

— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇش تەكىتلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ. بۇ ئىككى رەكئەت نامازنىڭ ئادا قىلىنىشىنىڭ ئالاھىدە تەكىتلىنىشى بىلەن بىللە ئۇلارنى ئىخلاس بىلەن ئوقۇش دۇنيادىكى ھەممە نەرسىلەردىن ياخشى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ.

2) ۋاقىت يېتىشسىلا بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىنى سۈننەتكە مۇۋاپىق رەۋىشتە پۈتۈن ئەركانلىرى بىلەن تېخىمۇ تولۇق ئادا قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

## 197. باب بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى يەڭگىل ئوقۇش، ئۇ ئىككى رەكئەتتە ئوقۇلىدىغان سۈرىلەر ۋە نامازنىڭ ۋاقتى توغرىسىدا

1104 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامدات نامىزىنىڭ ئەزان ـ تەكبىرىنىڭ ئارىسىدا ئىككى رەكئەت سۈننەتنى يەڭگىل ئوقۇيتتى.

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەزاننى ئاڭلىغان چاغدا ئىككى رەكئەت سۈننەتنى يەڭگىل ئوقۇيتتى. ھەتتا مەن ئۇنى ئىككى رەكئەتتە سۈرە فاتىھەنى ئوقۇغانمىدۇ، دەپ قالاتتىم.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىنى (پەرزگە ۋاقىت ئاجرىتىش ۋە قىرائەتنى ئۇزۇن قىلىش ئۈچۈن) ئەزان بىلەن تەكبىر ئارىسىدا (قىرائەت ۋە ئەركانلىرىنى يەڭگىل قىلىپ) ئوقۇشقا ئالدىراش كېرەكلىكى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى قولدىن بەرمىگەنلىكى ۋە ئۇنى ئوقۇشقا ئالدىرىغانلىقى بۇ ئىككى رەكئەت نامازغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

1105 ـ ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئەززىن بامداتقا ئەزان ئېيتقاندا، تاڭ سۈزۈلگەندە، يەڭگىل ئىككى رەكئەت ناماز (يەنى بامداتنىڭ سۈننىتىنى) ئوقۇيتتى».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاڭ ئاتقاندا ئىككى رەكئەت بامداتنىڭ سۈننىتىدىن باشقا نەفلى ناماز ئوقۇمايتتى، دېيىلگەن.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بامدات نامىزى ۋاقتىنىڭ بېرىنچى تاڭ (سۇبھى سادىق) ئاتقانلىقى ئېنىقلانغاندىن كېيىن بولىدىغانلىقى.

2) تاڭ ئاتقاندىن كېيىن بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى پەرزگە ۋاقىت قالدۇرۇش ئۈچۈن يەڭگىلرەك ئوقۇش كېرەكلىكى.

**1106 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىسى تەھەججۇد نامىزىنى ئىككى رەكئەت، ئىككى رەكئەتتىن ئوقۇپ، ئاخىرىدا بىر رەكئەت ۋىتىر ئوقۇيتتى. بامداتتىن ئىلگىرىكى ئىككى رەكئەت سۈننەتنى خۇددى تەكبىر ئاۋازى قۇلاق تۈۋىدىلا ئاڭلىنىۋاتقاندەك يەڭگىل، تېز ئوقۇيتتى.** —— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كېچىدە ئوقۇلىدىغان نامازلارنى ئىككى رەكئەت، ئىككى رەكئەتتىن ئوقۇشنىڭ ئەۋزەللىكى.

2) ھەدىستە بايان قىلىنغان ۋىتىرنىڭ ئەقەللىسى بىر رەكئەت بولۇپ، ئالدىنقى نامازلاردىن سالام ئارقىلىق ئايرىپ، ئايرىم ھالدا ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ شافىئىي، مالىكىي ۋە ھەنبەلىيلارنىڭ قارىشى بولۇپ، ھەنەفىيلەرنىڭ «ۋىتىرنىڭ ئەقەللىيسى ئۈچ رەكئەت»، دېگەن قارىشى بىلەن ئوخشىمايدۇ.

3) بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىگە ئالدىراش ۋە ئۇنى يەڭگىلرەك ئوقۇش.

**1107 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامداتنىڭ سۈننىتىنىڭ ئالدىنقى رەكئىتىگە «سۈرە بەقەرە»نىڭ ﴿قُولُواْ آمَنَّا بِاللهِ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيْنَا...﴾ (136 ـ ئايەت) دېگەن ئايىتىنى، كېيىنكى رەكئىتىگە «سۈرە ئال ئىمران»نىڭ ﴿... آمَنَّا بِاللهِ وَاشْهَدْ بِأَنَّا مُسْلِمُونَ﴾ (52 ـ ئايەت) دېگەن ئايىتىنى ئوقۇيتتى.**

**يەنە بىر رىۋايەتتە: ئاخىرقى رەكئەتكە «سۈرە ئال ئىمران»نىڭ ﴿... تَعَالَوْاْ إِلَى كَلَمَةٍ سَوَاء بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمْ...﴾ (64 ـ ئايەت) دېگەن ئايىتىنى ئوقۇيتتى، دېيىلگەن.**

—— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىدە سۈرە فاتىھەنى ۋە سۈرە بەقەرە بىلەن سۈرە ئال ئىمراندىن قىسقا ئايەتلەرنى ئوقۇيدىغانلىقى.

**1108 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامداتنىڭ سۈننىتىنىڭ بىرىنچى رەكئىتىگە كافىرۇن سۈرىسىنى، ئىككىنچى رەكئىتىگە ئىخلاس سۈرىسىنى ئوقۇيتتى.** —— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1109 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىرەر ئايچە سەپسالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامداتنىڭ**

www.munber.org

سۈننىتىگە ﴿قُلْ يَا أَيُّهَا الكَافِرُونَ﴾ «كافىرۇن سۈرىسى» بىلەن ﴿قل هُوَ اللَّه أَحَدٌ﴾ «ئىخلاس سۈرىسى»نى ئوقۇدى.
— تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: يۇقىرىقى ئۈچ ھەدىستە كەلگەن بايانلارنى بىرلەشتۈرۈپ بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىدىكى بىرىنچى رەكئەتتە «بەقەرە» سۈرىسىنىڭ ئايىتى بىلەن «كافىرۇن» سۈرىسىنى ئوقۇش، ئىككىنچى رەكئەتتە بولسا «بەقەرە» ۋە «ئال ئىمران» سۈرىسىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن «ئىخلاس» سۈرىسىنى ئوقۇشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكى. ئىككى رەكئەت سۈننەتنى بۇ خىل رەۋىشتە ئوقۇش بۇ نامازنى يەڭگىلرەك ئوقۇش دېگەن تەشەببۇسقا زىت ئەمەس. چۈنكى، يەڭگىل ئوقۇش دېگەن نىسبەتەن يەڭگىل ئوقۇش دېگەنلىك بولۇپ، بۇ خىل يەڭگىل ئوقۇش ئۇزۇن ئوقۇلغان نامازلارغا نىسبەتەن يەڭگىلرەك ئوقۇشتۇر.

## 198. باب بامداتنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئوڭ يانىنى بېسىپ يېتىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، كېچىسى تەھەججۇد ئوقۇسۇن ياكى ئوقۇمىسۇن شۇنداق قىلىشنىڭ ئەۋزەللىكى توغرىسىدا

**1110.** ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامداتنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇپ بولغاندا ئوڭ يېنىنى بېسىپ ياتاتتى.
— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتى بىلەن پەرزىنىڭ ئارىسىنى ئايرىش ئۈچۈن يېنى يېتىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) يېنى ياتقاندا ئوڭ يېنىنى بېسىپ يېتىشنىڭ سەۋەبى، ئوڭ تەرەپنىڭ شەرەپلىك بولغانلىقىدىندۇر.

**1111.** ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇپتەن نامىزىدىن فارىغ بولغاندىن كېيىن، بامداتقىچە ئون بىر رەكئەت تەھەججۇد نامىزى ئوقۇيتتى. ھەر ئىككى رەكئەتتە بىر سالام بېرىپ، بىر رەكئەتنى ئايرىم (بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋىتىر نامىزىنى بىر رەكئەت ئوقۇغانلىقى چىقىدۇ. ھەنەفىي مەزھىپىدە ۋىتىر ئۈچ رەكئەت بولۇپ، بىر رەكئەت ئوقۇشنى توغرا تاپمايدۇ. ھەنەفىي مەزھىپىدىكى ئۆلىمالارنىڭمۇ بۇ ھەقتە كىشىنى قايىل قىلغۇدەك دەلىللىرى بار. — ت) ئوقۇيتتى. تاڭ سۈزۈلۈپ مۇئەززىن بامداتنىڭ ئەزىنىنى تۈۋلاپ بولۇپ كەلگەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى يەڭگىل ئوقۇپ، ئاندىن مۇئەززىن تەكبىر ئېيتىش ئۈچۈن كەلگەنگە قەدەر ئوڭ يېنىنى بېسىپ ياتاتتى. ئاندىن مەسجىدكە چىقاتتى.
— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ۋىتىر نامىزىنىڭ ۋاقتى خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن تاكى تاڭ ئاتقان ۋاقىتقىچە ئىكەنلىكى.

**1112 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِذا صَلَّى أَحَدُكُمْ ركْعَتَيِ الفَجْرِ فَلْيَضطَجِعْ عَلى يمِينِهِ» « بىرەرسىڭلار بامداتنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇپ بولغاندا، ئوڭ يېنىنى بېسىپ يېتىۋالسۇن ».**

— ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئىتىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، يېنىچە يېتىشقا رىغبەتلەندۈرۈش. ئىبنى ھەجەر «الفتح» ، دېگەن كىتابىدا ئېيتىدۇ: بىر قىسىم سەلەف ئالىملىرى يېنىچە يېتىشنىڭ مەسجىدتە ئەمەس، ئۆيدە ياخشى ئىكەنلىكىنى توغرا دەپ قارىدى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدتە يېنىچە ياتقانلىقى توغرۇلۇق نەقىل قىلىنمىغان. ئىمام ئەھمەدتىن بۇ توغرىسىدا سورالغاندا ئۇ: « مەن بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىدىن كېيىن يېنىچە ياتمىدىم، كىمكى بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىدىن كېيىن يېنىچە ياتسا ياخشى ئىش قىلغان بولىدۇ »، دېگەن. ئىمام نەۋەۋى ئېيتىدۇ: ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ بۇ ھەدىسىنىڭ زاھىرىغا قارىساق، بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىدىن كېيىن يېنىچە يېتىشنىڭ تەشەببۇس قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر قىسىم ۋاقىتلاردا بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىدىن كېيىن يېنىچە يېتىشنى تەرك ئەتكەنلىكى بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىدىن كېيىن يېنىچە يېتىشنىڭ قىلسىمۇ بولىدىغان، قىلمىسىمۇ بولىدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

## 199 . باب پېشىننىڭ سۈننىتى توغرىسىدا

**1113 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن پېشىننىڭ پەرزىدىن بۇرۇن ئىككى رەكئەت، كېيىن ئىككى رەكئەت سۈننەت ناماز ئوقۇدۇم.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1114 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پېشىننىڭ پەرزىدىن ئىلگىرىكى تۆت رەكئەت سۈننەت نامازنى تەرك ئەتمەيتتى.**

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پېشىن نامىزىنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرى تۆت رەكئەت نامازنى داۋاملىق ئوقۇيدىغانلىقى بۇ نامازنىڭ تەكىتلەنگەن سۈننەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن، فىقھى كىتابلىرىدا پېشىن نامىزىنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرىكى تەكىتلەنگەن سۈننىتىنىڭ ئىككى رەكئەت ئىكەنلىكى مەشھۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزىدە ئىككى رەكئىتىنى تەرك ئېتەتتى. بۇ يەردىكى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ رىۋايەت قىلغىنى ئائىشەنىڭ نۆۋىتى كەلگەن كۈندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ نامازنى تۆت رەكئەت ئوقۇغانلىقى بولسا كېرەك.



www.munber.org

1115 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ ئۆيۈمدە پېشىنىنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرى تۆت رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇيتتى. ئاندىن مەسجىدكە چىقىپ كىشىلەرگە پەرزنى ئوقۇپ بېرىپ، قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۆيدە پېشىنىنىڭ ئاخىرقى سۈننىتىنى ئوقۇيتتى. كىشىلەرگە شامنى ئوقۇپ بېرىپ، قايتىپ كىرگەندىن كېيىن ئۆيدە شامنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇيتتى. كىشىلەرگە خۇپتەننى ئوقۇپ بېرىپ، مېنىڭ ئۆيۈمگە قايتىپ كىرىپ خۇپتەننىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇيتتى.

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1116 ـ ئۇممۇ ھەبىيبە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «منْ حَافظَ عَلى أَرْبَعِ ركعَاتٍ قَبْلَ الظُّهْرِ، وَأَرْبعٍ بَعْدَهَا، حَرَّمهُ اللَّه على النَّارَ» «كىمكى پېشىنىنىڭ پەرزىدىن بۇرۇن تۆت رەكئەت سۈننەتنى ۋە پەرزدىن كېيىن تۆت رەكئەت سۈننەتنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە دوزاخ ئوتىنى ھارام قىلىدۇ». — ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: يۇقىرىقى نامازلارغا كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا ۋاپات بولغان كىشىنىڭ ئىمان بىلەن كېتىدىغانلىقى (بۇ مەزكۇر كىشىنىڭ كۇففارلارغا ئوخشاش دوزاختا مەڭگۈ قالمايدىغانلىقىغا. گۇناھلىرىغا چۇشلۇق ئازابلىنىپ بولغاندىن كېيىن جەننەتكە كىرىدىغانلىقىغا بېشارەت).

1117 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى سائىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈن قايرىلغاندىن كېيىن، پېشىنىنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرى تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى ۋە: «إِنَّهَا سَاعَةٌ تُفْتَحُ فِيهَا أَبوابُ السَّمَاءِ، فأُحِبُّ أَن يَصعَدَ لي فيها عمَلٌ صَالِحٌ» «بۇ ۋاقىت ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدىغان ۋاقىت، مەن مۇشۇ ۋاقىتتا بىرەر ياخشى ئەمىلىمنىڭ ئاسمانغا ئۆرلىشىنى ياقتۇرىمەن»، دەيتتى. — تىرمىزي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كۈن ئېگىلگەندىن كېيىنكى ۋاقىتنىڭ پەزىلىتىنى ئەسكەرتىپ قويۇش ۋە بۇ ۋاقىتتا ناماز ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

1118 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پېشىنىنىڭ پەرزىدىن بۇرۇن تۆت رەكئەت سۈننەتنى ئوقۇيالماي قالسا، ئۇنى پېشىندىن كېيىن ئوقۇۋالاتتى. — تىرمىزي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پېشىن نامىزىنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرى تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇشقا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى.

ئىبن ئەللان ئېيتىدۇ: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ سۆزىدە پېشىن نامىزىدىن ئىلگىرىكى سۈننەتكە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇنى چوقۇم پەرزدىن ئىلگىرى ئوقۇشقا ئىشارەت بار. ئەگەر پەرزدىن

www.munber.org

ئىلگىرى ئوقۇيالمىغان بولسا، پېشىن ۋاقتى چىقىپ كەتكۈچە پەرزدىن كېيىن ئوقۇش. ئەگەر ۋاقتى چىقىپ كەتكەندە بولسا قازاسىنى قىلىش.

## 200. باب ئەسىرنىڭ سۈننىتى توغرىسىدا

**1119 ـ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسىرنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرى تۆت رەكئەت سۈننەت ناماز ئوقۇيتتى. ئاللاھ تائالاغا يېقىن پەرىشتىلەرگە ۋە پەرىشتىلەرگە ئەگەشكەن مۇئمىن مۇسۇلمانلارغا سالام بېرىش بىلەن تۆت رەكئەت نامازنى ئىككىگە ئايرىيتتى.**

— ترمىزى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئەسىر نامىزىدىن ئىلگىرىكى تۆت رەكئەت سۈننەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىش يۈزىسىدىن ھەر ئىككى رەكئەت ئارىسىنى سالام بىلەن ئايرىپ ئوقۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكى. تۆت رەكئەتنىڭ ھەممىسىنى بىرلا سالام بىلەن ئوقۇسىمۇ بولىدىغانلىقى. پېشىن نامىزىنىڭ پەرزدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى تۆت رەكئەت سۈننىتىنىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئوقۇشقا بولىدىغانلىقى.

**1120. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «رَحِمَ اللَّه امْرَءاً صلَّى قبْلَ العَصْرِ أَرْبعاً» **«ئەسىرنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرى تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇغان كىشىگە ئاللاھ تائالا رەھمەت قىلسۇن».**

— ئەبۇ داۋۇد ۋە ترمىزى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئەسىر نامىزىنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش. بۇ سۈننەتنىڭ ئەسىر نامىزىدىن ئىلگىرى ئوقۇلىدىغانلىقى، لېكىن بۇ نامازنىڭ تەكىتلەنگەن سۈننەت ئەمەسلىكى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسىر نامىزىدىن بۇرۇن تۆت رەكئەت نامازنى ئوقۇشقا ئادەتلەنگەن كىشىگە ئاللاھ تائالادىن مەغفىرەت ۋە ئىنئام تىلەپ دۇئا قىلغانلىقى.

**1121 ـ ئەلي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسىردىن ئىلگىرى ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى.**

— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسىر نامىزىدىن ئىلگىرى ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدىغانلىقى.

ئىبن ئەللان ئېيتىدۇ: بۇ ھەدىس بىلەن يۇقىرىقى ھەدىس ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق زىتلىق مەۋجۇت ئەمەس. چۈنكى، سان چۈشەنچىسى مۇھىم ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى رەكئەتنى داۋاملىق ئوقۇيتتى، ئاندىن كېيىن يەنە ئىككى رەكئەتنى كەينىگە ئۇلاپ ئوقۇيتتى ۋە بەلكىم مۇھىم ئىشى ۋە ئۆزرە سەۋەبىدىن ئىككى رەكئەتلا ئوقۇيتتى.



www.munber.org

## 201 . باب شامنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئوقۇلىدىغان سۈننەت نامازلار توغرىسىدا

ئالدىنقى بابلاردا ئىبنى ئۆمەر ۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شامنىڭ پەرزىدىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدىغانلىقى سۆزلەپ ئۆتۈلدى.

**1122** ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «صَلُّوا قَبلَ المَغرِب» «شامنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرى ناماز ئوقۇڭلار»، دېدى. ئۈچىنچى قېتىمدا: «لِمَنْ شَاءَ» «خالىغان كىشى ئوقۇسۇن»، دېدى.

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ناماز شامدىن ئىلگىرى نەفلى ناماز ئوقۇشنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ناماز ئوقۇڭلار»، دېگەن سۆزىگە ئاساسەن تەشەببۇس قىلىنىدىغانلىقى. «خالىغان كىشى ئوقۇسۇن»، دېگەن ئىبارە بۇنىڭ ۋاجىب ئەمەس، بەلكى ئىختىيارلىق ئاساسىدىكى سۈننەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**1123** ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن شامغا ئەزان ئېيتىلغان چاغدا ساھابىلەرنىڭ چوڭلىرىنىڭ نەفلى ناماز ئوقۇۋېلىش ئۈچۈن تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۇدۇلىغا كېتىپ بارغانلىقىنى كۆردۈم». — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ شام نامىزىدىن كېيىن يەڭگىل ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدىغانلىقى. بۇ ناماز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «بَيْنَ كُلِّ أَذَانَيْنِ صَلَاةٌ» «ھەر ئەزان بىلەن تەكبىر ئارىلىقىدا ناماز بار»، دېگەن سۆزىگە قارىغاندا تەشەببۇس قىلىنىدىغان نامازدۇر.

**1124** ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن، شامدىن ئىلگىرى ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتۇق»، دېۋىدى، ئۇنىڭدىن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ شۇ نامازنى ئوقۇمتتى؟»، دەپ سورالدى. ئەنەس: «ئۇ ئىككى رەكئەت نامازنى ئوقۇغىنىمىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرۈپ تۇراتتى. بىزنى ئوقۇشقا بۇيرۇمايتتى ياكى ئوقۇشتىن مەنئى قىلمايتتى»، دېدى.

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلەرنىڭ شام نامىزىدىن ئىلگىرى ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشنى توغرا تاپقانلىقى بۇ نامازنىڭ تەشەببۇس قىلىنىدىغان ناماز ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.



www.munber.org

1125 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەدىنىدىكى ۋاقتىمىزدا شامغا ئەزان ئېيتىلغاندا كىشىلەر تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۇدۇلىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى. ھەتتا مەسجىدكە بىرەر مۇساپىر كىرىپ قالسا، شام ئوقۇلۇپ بولغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالاتتى.

—— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆپ سانلىق ساھابىلىرىنىڭ داۋاملىق شام نامىزىدىن ئىلگىرى ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدىغانلىقى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شام نامىزىدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت تەكىتلەنگەن سۈننەت بولۇپ، ئىلگىرىكىسى بولسا تەكىتلەنمىگەن سۈننەت ئىكەنلىكى.

## 202 . باب خۇپتەننىڭ پەرزىدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى سۈننەتلىرى توغرىسىدا

يۇقىرىدا ئۆتكەن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان « مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن خۇپتەندىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدۇم »، دېگەن سۆز بىلەن باشلىنىدىغان 1098 ـ ھەدىس ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەلدىن رىۋايەت قىلىنغان « ھەر ئىككى ئەزاننىڭ ئوتتۇرىسىدا ناماز بار »، دەپ باشلىنىدىغان 1099 ـ ھەدىس مۇشۇ بابقا مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەردۇر.

## 203 . باب جۈمە نامىزىنىڭ سۈننىتى توغرىسىدا

يۇقىرىدا ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىنغان 1098 ـ ھەدىستە ئىبنى ئۆمەرنىڭ جۈمەدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

1126 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إذا صَلَّى أحدُكُمُ الجُمُعَةَ، فَلْيُصَلِّ بعْدَهَا أَرْبعاً» « سىلەردىن بىرسىڭلار جۈمەنىڭ پەرزىنى ئوقۇپ بولسا، جۈمەدىن كېيىن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇسۇن ».

—— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: جۈمە نامىزىدىن كېيىن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇش بەش ۋاخ پەرز نامازدىن ئارتۇق پەرز نامازنىڭ بولمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئوچۇق ھەدىسلەرگە ئاساسەن ۋاجىپلىقنى بىلدۈرىدىغان بۇيرۇق ئەمەس.

www.munber.org

1127 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمەنىڭ پەرزىدىن كېيىن باشقا ناماز ئوقۇماستىن ئۆيىگە قايتىپ ئۆيىدە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى.

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جۈمە نامىزىدىن كېيىن ئىككى رەكئەت ياكى تۆت رەكئەت نامازنى ئۆيىدە ئوقۇيدىغانلىقى. مانا بۇ سۈننەتتۇر.

## 204 . باب مەيلى تەكىتلەنگەن بولسۇن ياكى تەكىتلەنمىگەن بولسۇن، نەفلى نامازنىڭ ئۆيدە ئوقۇلۇشىنىڭ ياخشىلىقى، نەفلى ئوقۇش ئۈچۈن پەرز ئوقۇغان جايدىن يۆتكىلىپ باشقا يەردە نەفلى ئوقۇش ياكى پەرز بىلەن نەفلىنىڭ ئارىسىدا سۆز قىلىۋېتىپ، ئاندىن نەفلى ئوقۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

1128 ـ زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «صلُّوا أيُّها النَّاسُ في بُيُوتِكُمْ، فَإنَّ أفضلَ الصَّلاةِ صلاةُ المَرْءِ في بَيْتِهِ إلاَّ المكْتُوبَةَ» « ئى ئىنسانلار! سىلەر ئۆيلىرىڭلاردىمۇ ناماز ئوقۇڭلار، پەرزدىن قالسىلا كىشىنىڭ ئۆيىدە ئوقۇغان نامىزى ئەڭ ئەۋزەل نامازدۇر ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: نەفلى نامازلارنى ئۆيدە ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى. بۇنداق قىلىشنىڭ رىيادىن يىراق بولىدىغانلىقى، شۇنداقلا ئۆي ۋە ئۆي ئەھلىگە بەرىكەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقى.

1129 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «اجْعَلُوا مِنْ صلاتِكُمْ في بُيُوتِكُمْ، ولا تَتَّخِذُوهِا قُبُوراً» « بەزى نامازلىرىڭلارنى ئۆيۈڭلاردا ئوقۇڭلار، ئۆيۈڭلارنى قەبرىستانلىقتەك (نامازدىن خالىي) قىلىپ قويماڭلار ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئۆيىنى ناماز ئارقىلىق ئاۋات قىلىشقا رىغبەتلەندۇرۇش، ئۆيىنى ياخشىلىق ۋە ياخشى ئەمەللەردىن خالىيلىقتا قەبرىگە ئوخشاش بولۇپ قېلىشتىن ساقلاش.

1130. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إذا قَضَى أَحَدُكُمْ صلاتَهُ في مسْجِدِهِ، فَلَيجْعَلْ لِبَيْتِهِ نَصِيباً مِنْ صَلاتِهِ، فَإنَّ اللَّه جَاعِلٌ في بيْتِهِ مِنْ صلاتِهِ خَيْراً» « سىلەرنىڭ بىرەرسىڭلار مەسجىدتىكى نامىزىنى ئوقۇپ بولسا، ئۆز نامىزىدىن ئۆيىگىمۇ نېسىۋە قالدۇرسۇن، چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىڭ ئۆيىدە ئوقۇغان نامىزىغا خەيرلىك ئاتا قىلغۇچىدۇر ».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: نەفلى نامازلار ئارقىلىق ئۆيلەرنى ئاۋات قىلىپ تۇرۇش ئۆيلەرنىڭ ياخشىلىق ۋە بەرىكەتكە تولۇشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقى.

**1131 ـ ئەمر ئىبنى ئەتائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، نافىئ ئىبنى جۇبەير ئەمرىنىڭ ھەمشىرىسىنىڭ ئوغلى سائىبنىڭ قېشىغا مۇئاۋىيەنىڭ سائىبنىڭ ئوقۇغان نامىزىدىن كۆرۈپ قالغان بىر ئىش توغرۇلۇق سائىبدىن سوراپ كېلىشكە ئەۋەتتى. سائىب مۇنداق دېدى: « شۇنداق، مەن مۇئاۋىيە بىلەن مەسجىدنىڭ ئايرىم خانىسىدا جۈمە ئوقۇدۇم. ئىمام سالام بەرگەندە ئورنۇمدىن تۇرۇپ پەرز ئوقۇغان جايدا سۈننەت ئوقۇشقا باشلىدىم. مۇئاۋىيە ئۆيىگە بېرىپ ئادەم ئەۋەتىپ: ‹بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق قىلما، ئەگەر جۈمەنى ئوقۇپ بولساڭ، بىرەر سۆز قىلمىغۇچە ياكى ئۇ جايدىن يۆتكىلىپ كەتمىگۈچە ناماز ئوقۇما، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان›، دېدى ».**

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەرز ناماز بىلەن سۈننەت ناماز ئارىلىقىنى سۆز ياكى مەسجىدتىن ئۆيىگە چىقىش ۋەياكى ناماز ئوقۇغان ئورۇندىن يۆتكىلىش ئارقىلىق ئايرىشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكى.

## 205 ـ باب ۋىتىر نامىزىغا رىغبەتلەندۈرۈش، ئۇنىڭ سۈننەتى مۇئەككەدە ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ۋاقتى توغرىسىدا

**1132 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ۋىتىر نامىزى پەرز نامازدەك پەرز قىلىنغان ئەمەس، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى سۈننەت قىلىپ بېكىتىپ مۇنداق دېگەن:** «إِنَّ اللَّه وِترٌ يُحِبُّ الْوِتْرَ، فأَوْتِرُوا، يَا أَهْلَ الْقُرْآنِ» **« ئاللاھ تائالا تاقتۇر، تاقنى ياخشى كۆرىدۇ، ئى قۇرئان ئەھلى! ۋىتىر ئوقۇڭلار ».**

ـــ ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ۋىتىر نامىزىنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكى. ۋىتىر نامىزىنى دائىم ئوقۇشنىڭ نىجات تېپىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىشكە سەۋەب بولىدىغانلىقى.

**1133 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىتىر نامىزنى ھەر كېچىسى كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە ياكى ئوتتۇرىلىرىدا ۋەياكى ئاخىرىدا ئوقۇيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋىتىر نامىزى تاڭ سۈزۈلۈشتىن بۇرۇن ئاخىرلىشىپ بولاتتى.**

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ۋىتىر نامىزىنىڭ ۋاقتى خۇپتەن نامىزىنىڭ پەرزىدىن كېيىن تاكى تاڭ يورۇغۇچىلىك ئىكەنلىكى.

**1134 - ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «اجْعلوا آخِرَ صلاتِكُمْ بِاللَّيْلِ وِتْراً» «كېچىسى ئوقۇلىدىغان ئاخىرقى نامىزىڭلار ۋىتىر نامىزى بولسۇن».** —بذخارع ۋة مذسلعم رعۋايةت قعلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: تەراۋىھ نامىزى، تەھەججۇد ۋە نەفلى نامازلاردىن ئىبارەت كېچىدە ئوقۇلىدىغان نامازلاردىن كېيىن ئەقەللىيسى بىر رەكئەت ياكى تولۇقى ئون بىر رەكئەت ۋىتىر ئوقۇشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكى، بۇنىڭدىكى ھېكمەت: ۋىتىر نامىزىنىڭ كېچىدە ئوقۇلىدىغان بارلىق نامازلاردىن ياخشى ئىكەنلىكى ۋە بىر كۈنلۈك ئەمەللەرنى ئەڭ ياخشى ئەمەل بىلەن ئاياغلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش ئىكەنلىكى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېچىنىڭ باش تەرىپىدە ناماز ئوقۇغانلىقى، بۇ ۋاقىتتا ناماز ئوقۇشقا بولىدىغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

**1135 - ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «أَوْتِرُوا قبْلَ أنْ تُصْبِحُوا» «تاڭ سۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى ۋىتىر نامىزى ئوقۇڭلار».** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1136 - ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىلىك نامىزىنى ئوقۇيتتى. ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا توغرىسىغا يېتىپ ئۇخلايتتى. ۋىتىر نامىزى قالغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەنى ئويغىتاتتى. ئائىشەمۇ ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇيتتى.**
— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**يەنە بىر رىۋايەتتە: ۋىتىر نامىزى قالغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئائىشە! تۇرغىن، ۋىتىر ئوقۇغىن»، دەيتتى، دېيىلگەن.**

**1137 - ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بَادِروا الصُّبْحَ بالوِتْرِ» «تاڭ سۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى ۋىتىر نامىزى ئوقۇشقا ئالدىراڭلار».** — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كېچىنىڭ ئاخىرىدا ئويغىنالىشىغا ئىشەنچىسى بار كىشى ۋىتىر نامىزىنى تاڭ سۈزۈلۈشنىڭ ئالدىدىكى ۋاقىتقا قەدەر كېچىكتۈرۈپ ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى. ئەگەر كېچە ئاخىرىدا ئويغىنالىشىغا ئىشەنچىسى بولمىسا ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

**1138 - جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «منْ خَاف أَنْ لا يَقُوم مِنْ آخرِ اللَّيْلِ، فَلْيُوتِرْ أَوَّلَهُ، ومنْ طمِع أَنْ يقُومَ آخِرَهُ، فَليوتِرْ آخِرَ اللَّيْل، فإِنَّ صلاة آخِرِ اللَّيْلِ مشْهُودةٌ، وذلكَ أَفضَلُ» «كىمكى كېچىنىڭ ئاخىرىسىدا تۇرالماسلىقتىن ئەنسىرىسە، كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدىلا ۋىتىر نامىزى ئوقۇۋالسۇن.**



www.munber.org

كىمكى كېچىدە ئويغىنىشقا ئىشەنچىسى بولسا ۋىترىنى كېچىنىڭ ئاخىرىدا ئوقۇسۇن. ھەقىقەتەن كېچىنىڭ ئاخىرىدىكى ناماز پەرىشتىلەر ھازىر بولىدىغان نامازدۇر. شۇڭا، بۇ ۋاقىتتىكى ناماز ئەۋزەلدۇر ».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن ئويغىنىشقا ئىشەنچىسى بار ئادەمنىڭ ۋىتىر نامىزىنى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇشىنىڭ ئەۋزەللىكى. چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا خاتىرجەملىك ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى چۈشىدىغانلىقى.

## 206 . باب چاشگاھ نامىزىنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ ئاز ـ كۆپ ۋە ئوتتۇراھال بولۇشىنىڭ بايانى ۋە ئۇنى ئوقۇپ تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا

1139 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مېنىڭ دوستۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشنى، چاشگاھ نامىزى ئوقۇشنى، ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ ئاندىن ئۇخلاشنى ۋەسىيەت قىلدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش، چاشگاھ نامىزى ئوقۇش ۋە ۋىتىر نامىزى ئوقۇشقا كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ پەزىلىتى.

2) تائەت ـ ئىبادەت قىلىشقا ۋە ياخشى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەۋسىيە قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

1140. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يُصبِحُ عَلى كُلِّ سُلامَى مِنْ أَحدِكُمْ صدقَةٌ: فَكُلُّ تَسبِيحة صدَقةٌ،وكل تحميدة صدقة، وكُل تَهليلَةٍ صدَقَةٌ، وَكُلُّ تكبيرة صدَقةٌ، وأَمر بالمعْروفِ صدقَةٌ، ونهيٌ عنِ المُنْكَرِ صدقَةٌ، ويُجْزِئُ مِن ذلكَ ركْعتَانِ يركَعُهُما مِنَ الضحى» « ھەر سەھەردە سىلەرنىڭ ھەر بىر ئۇگىلىرىڭلار ئۈچۈن بىر سەدىقە بېرىش لازىم بولىدۇ. ‹سُبْحَانَ اللهِ›، دېيىش بىر سەدىقىدۇر. ‹اَلْحَمْدُ للهِ›، دېيىش بىر سەدىقىدۇر. ‹لَآ اِلٰهَ اِلاّ اللهُ›، دېيىش بىر سەدىقىدۇر. ‹اَللهُ اَكْبَرُ›، دېيىش بىر سەدىقىدۇر. ياخشىلىققا رىغبەتلەندۈرۈش بىر سەدىقىدۇر. يامانلىقتىن توسۇش بىر سەدىقىدۇر. چاشگاھ ۋاقتىدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش بولسا، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىگە كۇپايە قىلىدۇ ».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) چاشگاھ نامىزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە ئۇ نامازنىڭ ئەقەللىيسى ئىككى رەكئەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش، شۇنداقلا چاشگاھ نامىزىنى ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش.



www.munber.org

2) سەدىقە چۇشەنچىسىنىڭ چېتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ۋە بارلىق ياخشىلىق تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى.

**1141 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ چاشگاھ نامىزىنى تۆت رەكئەت ئوقۇيتتى. خالىسا زىيادە قىلاتتى.** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: چاشگاھ نامىزىنى قانچە رەكئەت ئوقۇسا بولىۋېرىدىغانلىقى، لېكىن بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاشگاھ نامىزىنى سەككىز رەكئەتتىن كۆپ ئوقۇمىغانلىقىنى ۋە ئون ئىككى رەكئەتتىن كۆپ ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرمىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**1142 ـ ئۇممۇ ھانىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەككە فەتھە بولغان يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىزدەپ بارسام ئۇ غۇسلى قىلىۋاتقانىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غۇسلى قىلىپ بولغاندىن كېيىن سەككىز رەكئەت ناماز ئوقۇدى. بۇ چاشگاھ نامىزى ئىدى.** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: چاشگاھ نامىزىنىڭ ئەڭ كۆپىنىڭ سەككىز رەكئەت ئىكەنلىكى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇغانلىقىغا ئاساسلانغاندا سەككىز رەكئەت ئوقۇشنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكى.

## 207 . باب كۈن نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەندىن تارتىپ تاكى كۈن تىكلەنگەنگە قەدەر چاشگاھ نامىزى ئوقۇشنىڭ دۇرۇسلۇقى، كۈن كۆتۈرۈلۈپ قاتتىق قىزىغاندا چاشگاھ نامىزى ئوقۇشنىڭ ئەۋزەللىكى توغرىسىدا

**1143 ـ زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ بىر جامائەنىڭ چاشگاھ نامىزى ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مۇنداق دېگەن: «بۇ جامائەگە نامازنىڭ بۇ ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتتا ئوقۇلسا ئەۋزەل بولىدىغانلىقى شەكسىز مەلۇمدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ‹صَلاةُ الأوَّابِينَ حِينَ تـرْمَضُ الفِصَالُ› ‹تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ نامىزى بوتىلاقلار ئىسسىقتىن پۇتلىرىنى يەرگە قويالمىغان چاغدىكى نامازدۇر› ».** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: چاشگاھ نامىزىنى كۈن كۆتۈرۈلگەندىن باشلاپ كۈن قايرىلغۇچە ئوقۇشقا بولىدىغانلىقى. لېكىن، كۈن كۆتۈرۈلۈپ ئالەم قىزىشقا باشلىغاندا ئوقۇشنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكى. بۇ ۋاقىتتا ئوقۇشتىكى ھېكمەت چاشگاھ ناماز ئوقۇغان ۋاقىتنىڭ ناماز ئوقۇش چەكلەنگەن كۈن چىقىش ۋاقتىدىن يىراق بولۇشى ئۈچۈندۇر.

www.munber.org

## 208. باب مەسجىدكە سالام بېرىش (تەھىييەتۇلمەسجىد) نامىزىنى ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش، مەسجىدكە كىرگەن كىشىنىڭ تەھىييەتۇلمەسجىد نامىزىنىڭ نىيىتى بىلەن ياكى پەرز، ياكى سۈننەتنى مۇئەككەدە ۋەياكى باشقا سۈننەت نىيىتى بىلەن بولسۇن، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشتىن بۇرۇن ئولتۇرۇۋېلىشىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا

1144 - ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إذا دَخَلَ أحَدُكم المسْجِدَ، فَلا يَجلِسْ حَتَّى يُصَلِّيَ رَكْعَتيْنِ» «ھەر قانداق ئادەم مەسجىدكە كىرگەن چاغدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ ئاندىن ئولتۇرسۇن». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1145 - جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلسەم، مەسجىدتە ئولتۇرغانىكەن، ماڭا: «صَلِّ ركْعَتيْن» «ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغىن»، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى رەكئەت تەھىييەتۇلمەسجىد نامىزى ئوقۇشقا بۇيرۇغانلىقى. بۇ بۇيرۇق مەزكۇر نامازنىڭ چوقۇم ئوقۇمىسا بولمايدىغان ناماز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان بۇيرۇق ئەمەس، بەلكى بۇ نامازغا كۆڭۈل بۆلۈپ ئوقۇشقا تەشەببۇس قىلغان بۇيرۇقتۇر. مەسجىدكە كىرگەن ياكى مەسجىد ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋەياكى مەسجىدتە ئۇخلاپ ئويغانغان كىشىنىڭ بۇ نامازنى ئوقۇماسلىقى ياخشى ئەمەس. پەرز نامازغا ئاران ئۈلگۈرگەن ياكى ئوقۇيالماي قالغان نامازنى تولۇقلاپ ئوقۇۋاتقان كىشىلەر تەھىييەتۇلمەسجىد نامىزىنى ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ شۇ نامىزىنى ئوقۇسا كۇپايە.

## 209. باب تاھارەت ئالغاندىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

1146 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامدات نامىزى ۋاقتىدا بىلالغا: «يَا بِلالُ حَدِّثْنِي بِأَرْجَى عَمَل عَمِلْتَهُ في الإِسْلامِ، فَإِنِّي سمِعْتُ دَفَّ نَعْلَيْكَ بيْنَ يَديَّ في الجَنَّة» «ئى بىلال! سەن مۇسۇلمان بولغاندىن بۇيان قىلغان ئەمەللىرىڭ ئىچىدە ئۈمىدلىك ئەمەلىڭنى سۆزلەپ بەرگىن، چۈنكى مەن كېچە جەننەتتە ئالدىمدا كەشىڭنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم»، دېدى. بىلال: «مەن ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئۈمىدلىك بولغان ئەمەلنى قىلغىنىم يوقكى، كېچە ياكى كۈندۈزنىڭ قايسى ۋاقىتلىرىدا بولمىسۇن، تاھارەت ئالسالا شۇ تاھارەت بىلەن ئاللاھ تائالا ماڭا مۇيەسسەر قىلغان نامازلارنى ئوقۇيتتىم»، دېدى.



www.munber.org

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) تاھارەتتىن، ياكى غۇسلىدىن ۋەياكى تەيەممۇمدىن كېيىن ئىككى رەكئەت ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ناماز ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى ۋە بۇنداق قىلىشقا ئادەتلىنىشنىڭ ساۋابقا كۆپ ئېرىشىشكە سەۋەب بولىدىغانلىقى.

2) شەرىئەت بەلگىلەپ بەرگەن دائىرە ئىچىدە ئىبادەت قىلىش بىلەن چەكلىنىپ قالماي، ئىبادەت دۇرۇس بولىدىغان ۋاقىتلاردا كۆپرەك ئىبادەت قىلىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقى.

## 210. باب جۇمە كۈنىنىڭ پەزىلىتى، جۇمەنىڭ پەرزلىكى ۋە جۇمە كۈنى غۇسلى قىلىش ۋە خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىش، جۇمەگە بالدۇر بېرىش، جۇمە كۈنى دۇئا قىلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىشنىڭ پەزىلىتى، جۇمە كۈنى دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتنىڭ بايانى ۋە جۇمەدىن كېيىن ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد ئېتىشنىڭ ياخشى ئىش ئىكەنلىكى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَإِذَا قُضِيَتِ الصَّلَاةُ فَانتَشِرُوا فِي الْأَرْضِ وَابْتَغُوا مِن فَضْلِ اللَّهِ وَاذْكُرُوا اللَّهَ كَثِيرًا لَّعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ ﴿ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا، زېمىنغا تارىلىپ ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە جۇمۇئە 10 ـ ئايەت)

1147 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «خَيْرُ يومٍ طلعَتْ عَلَيْهِ الشَّمْسُ يَوْمُ الجُمُعَةِ: فِيهِ خُلِقَ آدمُ، وَفيه أُدْخِلَ الجَنَّةَ، وفيه أُخْرِجَ مِنْهَا» «كۈن چىققانلىكى كۈنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى جۈمە كۈنىدۇر. شۇ كۈنى ئادەم يارىتىلدى. شۇ كۈنى جەننەتكە كىرگۈزۈلدى ۋە شۇ كۈنى جەننەتتىن چىقىرىلدى». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) جۈمە كۈنىنىڭ باشقا كۈنلەردىن (شۇ كۈندە يۈز بەرگەن چوڭ ۋەقەلەر سەۋەبىدىن) پەزىلەتلىك ئىكەنلىكى. ئۇ ۋەقەلەر: پۈتۈن مەخلۇقاتلاردىن يۇقىرى تۇرىدىغان بىر خىل تۈر ئىنسانلار جامائەسىنىڭ ئەسلى بولغان ئادەم ئەلەيھىسسالام بۇ كۈندە يارىتىلغان. ئادەمنىڭ جەننەتكە كىرىش بىلەن ئۇلۇغلانغانلىقى جۈمە كۈنىدە بولغان. بۇ كۈندە ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ زېمىندىكى خەلىپىسى بولۇش ئۈچۈن زېمىنغا چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ئادەمنىڭ زېمىنغا چۈشۈشى پەيغەمبەر ۋە سالىھ كىشىلەردىن ئىبارەت ئەۋلادلارنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە سەۋەب بولغان.

2) قىيامەت كۈنىنىڭ جۈمە كۈنىدە بولىدىغانلىقى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كۈندە ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىپ، ئازابىدىن ساقلىنىشقا تەييارلىق كۆرۈشكە ۋە بۇ كۈنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش.



www.munber.org

1148 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ تَوَضَّأَ فأَحْسَنَ الوُضُوءَ ثُمَّ أتى الجُمُعَةَ، فاسْتَمَعَ وَأَنْصتَ، غُفِرَ لَهُ ما بَيْنَه وَبَيْنَ الجُمُعَةِ وزِيَادة ثَلاثَةِ أيَّامٍ، وَمَنْ مَسَّ الحَصَى، فَقَدْ لَغَا» «كىمكى تاھارەتنى كامىل ئېلىپ جۈمەگە كېلىپ جىم ئولتۇرۇپ، خۇتبە ئاڭلىسا بۇ جۈمە بىلەن يەنە بىر جۈمە ئارىلىقىدىكى گۇناھى، يەنە ئۈچ كۈنلۈك گۇناھى قوشۇلۇپ ئەپۇ قىلىنىدۇ. مەسجىدتە خۇتبە ئوقۇلۇۋاتقاندا، كىمكى قولى بىلەن تاشنى ئىتتىرىۋەتسىمۇ ئورۇنسىز ئىش قىلغان بولىدۇ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) جۈمە نامىزىنىڭ پەزىلىتى ۋە جۈمە نامىزىنىڭ كىچىك گۇناھلارغا كەففارەت بولىدىغانلىقى.

2) تاھارەتنى ئۆيدە ئېلىپ، ئاندىن مەسجىدكە كېلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

3) ۋەز ـ نەسىھەتنى دىققەت بىلەن كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاشقا ۋە ئىبادەتكە چىن قەلبى بىلەن ۋە تاشقى ئەزالىرى بىلەن بېرىلىشكە رىغبەتلەندۈرۈش.

4) ۋەز ئېيتىلىۋاتقاندا ئادەمنىڭ زېھنىنى چېچىۋېتىدىغان ئىشلاردىن چەكلىنىش.

1149 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الصَّلَواتُ الخَمْسُ والجُمُعَةُ إلى الجُمعةِ، وَرَمَضَانُ إلى رمَضَانَ، مُكَفِّرَاتٌ ما بيْنَهُنَّ إذا اجْتُنِبَتِ الكبَائِرُ» «ئەگەر بەندە چوڭ گۇناھلارنى ئۆتكۈزمىگەنلا بولسا، بەش ۋاخ ناماز، جۈمە نامىزى بىر جۈمەدىن يەنە بىر جۈمەگىچە، روزا بۇ رامزاندىن يەنە بىر رامزانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۆتكۈزۈلگەن گۇناھلىرىغا كەففارەت بولىدۇ».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1150 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبىرىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «لَيَنْتَهِيَنَّ أقْوَامٌ عَنْ وَدْعِهِمُ الجمُعَاتِ، أوْ لَيَخْتِمَنَّ اللَّه على قُلُوبِهمْ، ثُمَّ لَيَكُونُنَّ مِنَ الغَافِلِينَ» «كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ جۈمەنى ئوقۇماي تاشلىۋېتىشىدىن قايتسۇن. ئەگەر قايتمايدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى پېچەتلىۋېتىدۇ ـ دە، ئۇلار غەپلەتتە قالغۇچىلاردىن بولۇپ قالىدۇ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: جۈمە نامىزىنى تەرك ئەتكەن كىشىنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش. جۈمە نامىزىنى تەرك ئېتىشنىڭ مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتى ۋە ھالاكەتكە يۈزلىنىشنىڭ سەۋەبى ئىكەنلىكى.

www.munber.org

1151 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِذا جاَءَ أَحَدُكُمُ الجُمُعَةَ، فَلْيَغْتَسِلْ» « سىلەردىن بىرەرسىڭلار جۈمەگە كەلمەكچى بولىدىكەن، غۇسلى قىلىپ كەلسۇن ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1152 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «غُسْلُ يَوْمِ الجُمُعَةِ وَاجِبٌ على كلِّ مُحْتَلِمٍ» « جۈمە كۈنى غۇسلى قىلىش ھەر بىر بالاغەتكە يەتكەن مۇسۇلمانغا زۆرۈردۇر ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1153 ـ سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ تَوَضَّأَ يَوْمَ الجمعة فَبِها ونعمت، ومن اغتسلَ فالغُسْل أفضَل» « كىمكى جۈمە كۈنى تاھارەت ئالسا، نېمىدېگەن ياخشى، كىمكى جۈمە كۈنى غۇسلى قىلىدىكەن، بۇ بولسا ئەۋزەلدۇر ». — ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

1154 ـ ئابدۇللاھ سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا يَغْتَسِلُ رَجُلٌ يَوْمَ الجُمُعةِ، ويَتَطَهرُ ما استَطَاعَ مِنْ طُهْرٍ، وَيدَّهِنُ مِنْ دُهْنِهِ، أَو يَمَسُّ مِن طِيبِ بَيتِهِ، ثُمَّ يَخْرُجُ فلا يُفرِّق بَيْنَ اثَنيْنِ، ثُمَّ يُصَلِّي مَا كُتِبَ لَهُ، ثُمَّ يُنْصِتُ إذا تكَلَّم الإِمَامُ، إِلاَّ غُفِرَ لهُ ما بَيْنَه وبيْنَ الجُمُعَةِ الأخرَى» « جۈمە كۈنىدە كىشى يۇيۇنۇپ، ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە تازىلىنىپ ئۆزىنى مايلاپ، يا ئۆيدىكى خۇش پۇراقنى چېچىپ، ئاندىن بېرىپ ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىنى قىستىماستىن، بەلگىلەنگەن نامازلارنى ئوقۇپ بولۇپ، ئىمام خۇتبە ئوقۇغۇچە جىم تۇرسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بۇ جۈمە بىلەن ئىككىنچى جۈمە ئارىلىقىدىكى گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ ». — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) جۈمە نامىزىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كامىل تاھارەت ئېلىپ تازىلىقنى ياخشى قىلىش بىلەن بىرگە كۆپ كىشىلەرنىڭ بىر جايغا يىغىلغانلىقىدىن پەيدا بولغان بەدبۇي پۇراقلارنى يوقىتىش ئۈچۈن خۇش پۇراق نەرسىلەرنى ئىشلىتىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى ۋە بۇنداق قىلىشنىڭ دىنىي ئىسلامنىڭ گۈزەل قائىدە ـ يوسۇنلىرىدىن ئىكەنلىكى.

2) جۈمە نامىزىغا بالدۇر بېرىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، ھېچبىر ئادەمنى رەنجىتمەسلىك.

3) جۈمە نامىزى ئوقۇلۇشتىن بۇرۇن مەسجىد ئىچىدە نەفلى ناماز ئوقۇشقا بولىدىغانلىقى.

4) خۇتبىنى كۆڭۈل قويۇپ تىڭشاشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

1155 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَن اغْتَسَلَ يَوْمِ الجُمُعَةِ غُسْلَ الجَنَابَةِ، ثُمَّ رَاحَ في الساعة الأولى، فكَأَنَّمَا قَرَّبَ بَدَنَةً، ومنْ رَاحَ في السَّاعَةِ الثَّانِيَة، فَكأَنَّما قرَّبَ بَقَرَةً، وَمَنْ رَاحَ في السَاعَةِ الثَالِثةِ، فكأنَّما قَرَّبَ كَبْشاً أَقرَنَ، ومنْ



www.munber.org

رَاحَ في السَّاعَةِ الرَّابِعةِ، فَكأنَّما قَرَّبَ دَجَاجَةً، ومنْ رَاحَ في السَّاعَةِ الخامِسةِ فكأنَّما قَرَّبَ بيْضَةً، فَإِذا خَرَجَ الإِمامُ، حَضَرَتِ الملائِكَةُ يَسْتَمِعُونَ الذِّكرَ» «كىمكى جۈمە كۈنى جۇنۇبلۇقتىن غۇسلى قىلغاندەك غۇسلى قىلىپ، جۈمەگە دەسلەپكى سائەتتە بارسا، ئۇ بىر تۆگە سەدىقە قىلغاندەك بولىدۇ. كىمكى ئىككىنچى سائەتتە بارسا، ئۇ بىر كالا سەدىقە قىلغاندەك بولىدۇ. كىمكى ئۈچىنچى سائەتتە بارسا، ئۇ بىر قوچقار سەدىقە قىلغاندەك بولىدۇ. كىمكى تۆتىنچى سائەتتە بارسا، ئۇ بىر مېكىيان سەدىقە قىلغاندەك بولىدۇ. كىمكى بەشىنچى سائەتتە بارسا، ئۇ بىر تۇخۇم سەدىقە قىلغاندەك بولىدۇ. ئىمام خۇتبىگە چىققان چاغدا پەرىشتىلەر ھازىر بولۇپ، خۇتبە ئاڭلايدۇ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) جۈمە نامىزىغا بالدۇر بېرىشنىڭ پەزىلىتى ۋە شۇنداق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش. جۈمە نامىزىغا قانچە بالدۇر بارسا ساۋابى شۇنچە كاتتا بولىدىغانلىقى، بۇ ساۋابقا ئېرىشىشنىڭ خۇتبە باشلانغانغا قەدەر بولىدىغانلىقى.

2) جۈمە نامىزىدا خاتىرجەملىك ۋە رەھمەتكە سەۋەبچى بولىدىغان پەرىشتىلەرنىڭ ھازىر بولۇشىغا ئوخشاش بۈيۈك سىرلار ۋە كاتتا پايدىلارنىڭ بارلىقى.

3) جۈمە كۈنىدە غۇسلى قىلىشنىڭ ساۋابىغا پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ساۋابىنى كۆزلەپ پۈتۈن بەدەننى يۇيۇشتىن ئىبارەت جىنابەت غۇسلىسىغا ئوخشاش غۇسلى قىلغاندىلا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى، ئەگەر بىر ئادەم جۈمە كۈنى جۇنۇبلۇق ھالەتتىن غۇسلى قىلىش بىلەن بىللە ۋە جۈمەنىڭ غۇسلىسىنى نىيەت قىلسا، ساۋابقا ئېرىشىدۇ، شۇنداقلا سۈننەتنى ئىجرا قىلغان بولىدۇ.

1156 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمە كۈنى ئۈستىدە توختىلىپ: «فِيها سَاعَةٌ لا يُوَافِقها عَبْدٌ مُسلِمٌ، وَهُو قَائِمٌ يُصَلِّي يسأَلُ اللَّه شَيْئاً، إِلاَّ أَعْطَاهُ إِيَّاه» «جۈمە كۈنىدە دۇئا ئىجابەت بولىدىغان بىر ۋاقىت بار. بىرەر مۇسۇلمان بەندە ناماز ئوقۇۋاتقان چاغدا شۇ ۋاقىتنى تېپىپ ئاللاھ تائالادىن بىرەر نەرسە تىلىسىلا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ تىلىگىنىنى بەرمەي قويمايدۇ»، دېگەن ۋە قولى بىلەن ئۇ ۋاقىتنىڭ قىسقا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز بەندىلىرىگە پەزلى مەرھەمەت قىلىپ جۈمە كۈنىدە دۇئا ئىجابەت بولىدىغان قىسقا بىر ۋاقىتنى ئاتا قىلغانلىقى.

2) جۈمە كۈنىدىكى دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتنى تېپىش ئۈچۈن بۇ كۈندە ئاللاھ تائالاغا قاتتىق ئېسىلىپ كۆپ تائەت ئىبادەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

1157 ـ ئەبۇ بۇردە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ماڭا ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ: «سەن ئاتاڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جۈمە كۈنىدىكى ۋاقىت توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگىنىنى ئاڭلىغانمۇ؟»، دېدى. مەن: «ھەئە،



www.munber.org

ئاڭلىغانىدىم. ئاتام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ ۋاقىتنىڭ ئىمام خۇتبىگە ئولتۇرغاندىن تارتىپ ناماز ئادا قىلىنىپ بولغۇچىلىك ئارىلىقتىكى ۋاقىت ئىكەنلىكىنى ئېيتقانلىقىنى ئاڭلىغانىكەن»، دېدىم. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: جۈمە كۈنى دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتنىڭ خۇتبە ئوقۇلۇۋاتقان ۋە نامازدا تۇرۇۋاتقان ۋاقىت ئىكەنلىكى ئەڭ توغرا سۆز بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا پەرىشتىلەر ھازىر بولغان چاغ بولغاچقا، ئاللاھ تائالاغا ئىخلاس ۋە ھوزۇرى قەلب بىلەن يۈزلىنىش كېرەك.

1158 ـ ئەۋس ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ مِنْ أفضَلِ أيَّامِكُمْ يَوْمَ الْجُمُعَةِ، فأكثروا عليَّ مِنَ الصَّلاةِ فِيهِ، فَإِنَّ صَلاتَكُمْ مَعْرُوضَةٌ عليَّ» «سىلەرنىڭ كۈنلىرىڭلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى جۈمە كۈنىدۇر. جۈمە كۈنىدە ماڭا دۇرۇدنى كۆپ ئېيتىڭلار. چەزمەنكى، سىلەرنىڭ ئېيتقان دۇرۇدىڭلار ماڭا توغرىلىنىپ تۇرىدۇ». — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد يوللاشقا رىغبەتلەندۈرۈش، كۆپ ئەجىر ۋە پەزىلەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن جۈمە كۈنى كۆپ دۇرۇد يوللاش. چۈنكى ياخشى ئەمەللەر ۋاقتى ۋە ئورنىنىڭ شارائىتى سەۋەبىدىن تېخىمۇ شەرەپلىك بولىدۇ.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۈممەتنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەللىرى توغرىلىنىپ تۇرىدىغانلىقى. بۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئۈممەتلەرگە قىلغان مەرھەمىتى ئىكەنلىكى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىز ئۈممەتلەرگە رەھمەت ۋە مەغفىرەت تىلەيدىغانلىقى.

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتىلغان دۇرۇدنىڭ ئەڭ ياخشى شەكلى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە بۇيرۇغان ۋە تەلىم بەرگەن نامازدا تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندا ئوقۇلىدىغان دۇرۇد ئىكەنلىكى.

## 211 . باب كۆرۈنەرلىك نېئمەتكە ئېرىشكەندە ياكى ئوچۇق بىر بالا ـ قازا دەپئى قىلىنغاندا شۈكۈر سەجدىسى قىلىشنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا

1159 ـ سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەككىدىن مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. ئەزۋەرائ دېگەن جايغا يېقىن بارغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىسىدىن چۈشۈپ، قولىنى كۆتۈرۈپ، ئاللاھ تائالاغا خېلى ئۇزۇن ۋاقىت دۇئا قىلدى. ئاندىن سەجدىگە بېرىپ ئۇزاق تۇردى. ئاندىن تۇرۇپ قولىنى كۆتۈرۈپ يەنە خېلى ۋاقىت دۇئا قىلدى. ئاندىن يەنە سەجدىگە باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشنى ئۈچ قېتىم تەكرار قىلدى ۋە دېدىكى: «إِنِّي سَأَلْتُ رَبِّي، وَشَفَعْتُ لأُمَّتِي، فَأَعْطَانِي ثُلُثَ أُمَّتِي، فَخَررتُ ساجدًا لِرَبِّي شُكرًا، ثُمَّ رَفعتُ رَأْسِي، فَسَأَلْتُ رَبِّي لأُمَّتي، فَأَعْطَانِي ثُلثَ أُمَّتي، فَخررْتُ ساجداً لربِّي شُكراً، ثمَّ رَفعْت رَأْسِي فَسَأَلتُ



www.munber.org

رَبِّي لأُمَّتي، فَأعطاني الثُّلُثَ الآخَرَ، فَخَرَرتُ ساجِدا لِرَبِّي» «ئاللاھتىن ئۈممىتىمگە شاپائەت قىلىشىمنى سورىدىم. ئاللاھ ماڭا ئۈممىتىمنىڭ ئۈچتىن بىرىنى بەردى. شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن سەجدە قىلدىم. ئاندىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ رەببىمدىن ئۈممىتىمنى سورىدىم. رەببىم ماڭا ئۈممىتىمنىڭ يەنە ئۈچتىن بىرىنى بەردى. شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن رەببىمگە سەجدە قىلدىم. ئاندىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۈممىتىمنى سورىدىم. رەببىم ماڭا ئۈممىتىمنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرىنى بەردى. رەببىمگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن سەجدىگە باردىم».

—— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) شۈكۈر سەجدىسىنىڭ شەرىئەتتە يولغا قويۇلغان ئىش ئىكەنلىكى. ئۆزى ۋە باشقىلار نېئمەتكە ئېرىشكەندە ياكى بالا ـ قازادىن ئامان قالغاندا شۈكۈر سەجدىسىنى قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، ئۇ تىلاۋەت سەجدىسىگە ئوخشاش بىر سەجدىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنى ئۇزۇنراق قىلىشنىڭ ياخشىلىقى. بۇ سەجدە شافىئىيلارنىڭ قارىشىدا: نىيەت قىلىش، تەكبىر تەھرىمە قىلىش ۋە سالام بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. ھەنەفىيلەرنىڭ قارىشىدا بولسا: ئىككى تەكبىر ئارىلىقىدىكى بىر سەجدە، دەپ قارايدۇ. شۈكۈر سەجدىسىنى ناماز سىرتىدا قىلىش، ئەگەر ناماز ئىچىدە قەستەن شۈكۈر سەجدىسى قىلسا ناماز بۇزۇلىدۇ.

2) نېئمەت يېغىلانغان ۋەياكى بالا ـ قازادىن ئامان قالغان ھەر قانداق ۋاقىتتا شۈكۈر سەجدىسى قىلىشنىڭ ۋە سەجدە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئۈممەتلىرىگە نەقەدەر كۆيۈنىدىغانلىقى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە بەندىلەرگە زىيادە مەرھەمەت قىلىدىغانلىقى.

## 202 . باب تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن كېچىسى ئورنىدىن تۇرۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَمِنَ اللَّيْلِ فَتَهَجَّدْ بِهِ نَافِلَةً لَّكَ عَسَى أَن يَبْعَثَكَ رَبُّكَ مَقَامًا مَّحْمُودًا﴾ ﴿ساڭا نەفلى (ئىبادەت) بولۇشى ئۈچۈن، كېچىنىڭ بىر قىسمىدا (ناماز ئوقۇشقا، قۇرئان ئوقۇشقا) ئويغانغىن، (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇنغا (يەنى بۈيۈك شاپائەت ماقامىغا) تۇرغۇزۇشى مۇھەققەقتۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئىسرا 79 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿تَتَجَافَى جُنُوبُهُمْ عَنِ الْمَضَاجِعِ يَدْعُونَ رَبَّهُمْ خَوْفًا وَطَمَعًا وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنفِقُونَ﴾ ﴿ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن ـ كۆرپىدىن يىراق بولىدۇ (يەنى، ئۇلار كېچىسى ئىبادەت قىلىپ ئاز ئۇخلايدۇ)، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ (ئازابىدىن) قورقۇپ، (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ. ئۇلارغا بىز رىزىق

www.munber.org

قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدۇ). (« قۇرئان كەرىم » سۈرە سەجدە 16 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿كَانُوا قَلِيلًا مِّنَ اللَّيْلِ مَا يَهْجَعُونَ﴾ ﴿ئۇلار كېچىسى ئاز ئۇخلايتتى﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە زارىيات 17 ـ ئايەت)

**1160. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىسى ناماز ئوقۇپ پۇتلىرى ئىششىپ كېتەتتى. ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: « ئى رەسۇلۇللاھ! نېمىشقا مۇنداق قىلىسەن؟ ۋەھالەنكى، سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بارلىق گۇناھلىرىڭ مەغفىرەت قىلىنغان تۇرسا؟ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹أَفَلا أَكُونُ عَبْدًا شَكُورًا› ‹ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلغۇچى بەندە بولمامدىمەن›، دېدى ».** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش يۈزىسىدىن كېچە ئىبادىتىگە ئادەتلىنىشكە ۋە كۆپ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

2) قىيىن تۇيۇلىدىغان ئىشنى ئۈستىگە ئېلىپ، جىسمانىي راھەتتىن ۋاز كەچكەچكە، كېچە ئىبادىتى بەندىنىڭ ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلغانلىقىنىڭ ئەڭ ياخشى دەلىلىدۇر.

**1161 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى بىلەن فاتىمەنىڭ قېشىغا بىر كېچىسى كېلىپ: «أَلا تُصَلِّيَانِ؟» « قوپۇپ ناماز ئوقۇمامسىلەر »، دېگەن.** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كېچە ئىبادىتىدە كۆپ پەزىلەت بولغاچقا باشقىلارنى كېچە ئىبادىتى ئۈچۈن ئويغىتىپ قويۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

**1162 ـ ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى سالىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نِعْمَ الرَّجلُ عبدُ اللَّهِ لَو كانَ يُصَلِّي مِنَ اللَّيْلِ» « ئابدۇللاھ كېچىسى تەھەججۇد نامىزى ئوقۇغان بولسا، نېمىدېگەن ياخشى ئادەم بولغان بولاتتى ـ ھە؟ »، دېدى. سالىم مۇنداق دېگەن: « ئابدۇللاھ شۇ سۆزدىن كېيىن كېچىسى ناھايىتى ئاز ئۇخلايدىغان بولغان ».** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كېچە ئىبادىتىنىڭ زىيادە پەزىلىتىنى بايان قىلىش ۋە ئۇنىڭغا رىغبەتلەندۈرۈش. كېچە ئىبادىتىنىڭ كامالەت مەرتىۋىلىرىدىن ئىكەنلىكى.

2) ساھابىلەرنىڭ تاكامۇللۇق مەرتىۋىلىرىگە يېتىش ئۈچۈن ئالدىرايدىغانلىقى.

3) ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى.

4) قارشى تەرەپنىڭ مەغرۇرلىنىپ كەتمەيدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلالىسا، ئۇنى يۈزتۇرانە ماختاشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.



www.munber.org

**1163 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «يَا عَبْدَ اللَّهِ لا تكن مِثْلَ فُلانٍ: كانَ يَقُومُ اللَّيْلَ فَتَرَكَ قِيَامَ اللَّيْلِ» **« ئى ئابدۇللاھ! سەن پالانچىدەك بولمىغىن، ئۇ كېچىسى تۇرۇپ تەھەججۇد نامىزى ئوقۇيتتى. كېيىن ئۇ تەھەججۇد نامىزىنى تاشلاپ قويدى ».**

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كېچە ئىبادىتىنى ئۆزلۈكسىز ۋە زىيادە قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى. ياخشى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش. ئادەتلىنىپ كەلگەن ياخشى ئىشلارنى توختىتىپ قويۇشتىن ئاگاھلاندۇرۇش.

2) ئاز بولسىمۇ داۋاملىشىپ تۇرغان ئەمەلنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغان كۆپ ئەمەلدىن ياخشى ئىكەنلىكى.

3) تىرىشچان كىشىلەرگە ئەگىشىش، ھورۇنلارنى دورىماسلىق كېرەكلىكى.

**1164 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا بىر كىشىنىڭ كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «ذاكَ رَجُلٌ بال الشَّيْطَانُ في أُذنَيْهِ أو قال: في أُذنِه» **« ئۇ ئىككى قۇلىقىغا (ياكى بىر قۇلىقىغا دېگەن) شەيتان سىيىپ قويغان ئادەم ئىكەن » ، دېدى.** —— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كېچە ئىبادىتىنى تەرك ئېتىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى ۋە بۇنداق قىلىشنىڭ شەيتاننىڭ ئىشى ئىكەنلىكى.

2) ئاللاھ تائالانىڭ ھەقلىرىگە سەل قاراش نەپسى ـ خاھىشىغا ۋە شەيتاندىن ئىبارەت دۈشمەنلىرىگە ئورۇن بەرگەنلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ ـ دە، بۇ دۈشمەنلەر ئىنساننى ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشتىن توسۇپ قويىدۇ.

**1165 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «يَعْقِدُ الشَّيْطَانُ عَلى قافِيةِ رَأْسِ أَحَدِكُم، إِذا هُوَ نَامَ، ثَلاثَ عُقدٍ، يَضرِبُ عَلى كلِّ عُقدَةٍ: عَلَيْكَ لَيْلٌ طَويلٌ فَارقُدْ، فإِنْ اسْتَيْقظَ، فَذَكَرَ اللَّه تَعَالَى انحَلَّت عُقْدَةٌ، فإِنْ توضَّأَ انحَلَّت عُقدَةٌ، فَإِن صلَّى انحَلَّت عُقدُهُ كُلُّهَا، فأَصبَحَ نشِيطاً طَيِّبَ النَّفسِ، وَإِلاَّ أَصبح خَبِيثَ النَّفْسِ كَسْلانَ» **« كىشى ئۇخلىغان چېغىدا، شەيتان ئۇنىڭ گەجگىسىگە ئۈچ تۈگۈناق چىگىدۇ. ھەر تۈگۈناقنى چەككەندە: ‹ئۇخلاۋەرگىن، كېچە ئۇزۇن›، دەيدۇ. كىشى ئويغىنىپ ئاللاھ تائالاغا زىكىر ئېيتسا، بىر تۈگۈناق يېشىلىدۇ. تاھارەت ئالسا، يەنە بىر تۈگۈناق يېشىلىدۇ. ناماز ئوقۇسا يەنە بىر تۈگۈناق يېشىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تېتىك، روھلۇق بولۇپ قالىدۇ. ئۇنداق قىلمىسا، ئېزىلەڭگۈ، ھورۇن بولۇپ قالىدۇ ».** —— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) شەيتانلارنىڭ مۇئمىنلەرنى ياخشى ئىشلاردىن توسۇپ قويىدىغانلىقى، كېچىدە ئىبادەت قىلالماسلىق شەيتاننىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقانلىق ھەمدە شەيتان ئالدىدا مەغلۇپ بولغانلىق بولىدىغانلىقى.

2) كېچىدە ئاللاھ تائالانى ئەسلەشكە، دۇئا قىلىشقا ۋە ناماز ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەنلىكى.

3) ئاللاھ تائالانى ئەسلەش ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىنى يوقاتقاچقا ئىنساننىڭ روھى ئۇچۇق ۋە جۇشقۇن بولۇپ، خامۇشلۇق، ھورۇنلۇقلار تۈگىتىلىپ، روھىي بېسىم ۋە غەمنىڭ يوقىلىدىغانلىقى.

4) مۇئمىن كىشىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى تائەت ـ ئىبادەتكە مۇۋەپپەق قىلغانلىقىدىن خۇشاللىنىپ، ئۆزىنىڭ پەزلى مەرتىۋىلىرىدە يېتەرسىز بولغانلىقىدىن كۆڭلى يېرىم بولىدىغانلىقى.

**1166 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى سەلام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:** «أَيُّهَا النَّاسُ أَفْشوا السَّلامَ، وَأَطْعِمُوا الطَّعَامَ، وَصَلُّوا بـاللَّيْلِ وَالنَّـاسُ نِيامٌ، تَدخُلُوا الجَنَّةَ بِسَلامٍ» **«ئى ئىنسانلار! سالامنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار، كىشىلەرگە تائام بېرىڭلار، كىشىلەر ئۇخلاۋاتقاندا كېچىسى قوپۇپ ناماز ئوقۇڭلار، شۇنداق قىلساڭلار جەننەتكە سالامەت كىرەلەيسىلەر».** ـــ ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) يۇقىرىقى ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ئادەتلەنگەن كىشىلەرگە خۇش خەۋەر بېرىلگەنلىكى.

2) تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشتا كىشى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ، ئۆز نەپسىنى ئۇيقۇ لەززەتلىرىدىن مەھرۇم قىلغاچقا تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش قىيامەت كۈنى نىجاتلىققا ئېرىشىشنىڭ ۋاستىلىرىدىن ئىكەنلىكى.

**1167 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «أَفْضَلُ الصيَّامِ بعْدَ رَمَضَانَ شَهْرُ اللَّهِ الْمُحَرَّمُ، وَأَفْضَلُ الصَّلاةِ بعدَ الفَرِيضَةِ صَلاةُ اللَّيْلِ» **«رامزاندىن قالسا ئەڭ ئەۋزەل روزا مۇھەررەم ئېيىنىڭ روزىسىدۇر. پەرز نامازدىن قالسا ئەڭ ئەۋزەل ناماز تەھەججۇد نامىزىدۇر».**

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) نەفلى نامازلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئەۋزەل ناماز تەھەججۇد نامىزى ئىكەنلىكى، چۈنكى كېچە تىنچ ۋاقىت بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا قىلغان ئەمەلنىڭ رىيادىن خالىي، خالىس بولىدىغانلىقى.

2) مۇھەررەم ئېيىدا نەفلى روزا تۇتۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەنلىكى.

**1168 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «صَـلاةُ اللَّـيْلِ مَثْـنَى مَثْـنَى، فَـإِذا خِفْـتَ الصُّـبْح فَـأَوْتِرْ بِواحِـدَةٍ»



www.munber.org

«تەھەججۇد نامىزى ئىككى رەكئەت، ئىككى رەكئەتتىن ئوقۇلىدۇ. تاڭ سۈزۈلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىسەڭ، بىر رەكئەت قىلىپ ئوقۇۋالغىن».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1169 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىسى تەھەججۇد نامىزىنى ئىككى رەكئەت، ئىككى رەكئەت ئوقۇپ، ئاخىرىدا قوشۇپ بىر رەكئەت ۋىتىر ئوقۇيتتى.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كېچىدە ئوقۇيدىغان ناماز ئىككى رەكئەتلىك بولسا ياخشى بولىدىغانلىقى.

2) ئىككى رەكئەتتىن ئوقۇلۇپ ئاخىرىدا بىر رەكئەت بىلەن تاماملانغان ۋىتىر نامىزىنىڭ شافىئىي مەزھىپىدە ئەڭ توغرا دەپ قارىلىدىغانلىقى.

**1170. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى ئايلاردا، ھەتتا بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايدا روزا تۇتمامدۇ نېمە، دەپ گۇمان قىلىپ قالغۇدەك ھالدا روزا تۇتماي يۈرەتتى. بەزى ئايلاردا بولسا شۇنداق روزا تۇتاتتىكى، ھەتتا بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايدا بىرەر كۈنمۇ روزا تۇتماي قالمايدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالاتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كېچىسى ناماز ئوقۇۋاتقان ھالدا كۆرەي دېسەڭ ناماز ئوقۇۋاتقان ھالدا، ئۇخلاۋاتقان ھالدا كۆرەي دېسەڭ ئۇخلاۋاتقان ھالدا كۆرەتتىڭ.**

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەرگە رىئايە قىلىپ نورمال رەۋىشتە نەفلى روزا تۇتۇشقا ۋە تەھەججۇد نامازلىرىنى ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەنلىكى.

2) بەزى كېچە ۋە كۈنلەرنى مەخسۇس ناماز ئوقۇش ياكى روزا تۇتۇشقا خاس قىلىۋالماسلىق كېرەكلىكى. بۇنداق قىلغاندا ئادەت بولۇپ قېلىپ، نەپسگە جاپالىق تۇيۇلماي قالىدىغانلىقى ئۈچۈن، ساۋابىنىڭ ئاز بولۇپ قالىدىغانلىقى.

**1171 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىسى ئون بىر رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا شۇنداق ئۇزۇن سەجدە قىلاتتىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرگۈچە بىرىڭلار قۇرئاندىن 50 ئايەت ئوقۇپ بولغۇدەك ۋاقىت ئۆتەتتى. بامداتنىڭ ئالدىدا ئىككى رەكئەت سۈننەتنى ئوقۇپ بولۇپ، مۇئەززىن ئەزان ئېيتىپ نامازغا چاقىرغۇچە ئوڭ يېنىنى بېسىپ ياتاتتى.** — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) تەھەججۇد ئوقۇغاندا سەجدىنى ئۇزۇن قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، چۈنكى بەندە سەجدىدىكى ۋاقىتتا ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىن بولىدۇ. سەجدىنىڭ ئۆزى



www.munber.org

كىشــىنىڭ ئــاللاھ تائــالانىڭ ئــالدىدا ناھــايىتى تــۆۋەنچىلىك بىلــەن كــۆڭلى ئېرىگــەن ھالەتتــە تۇرغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ ھەمدە بۇ ۋاقىتتا بەندە ئاللاھ تائالاغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يۈزلىنىدۇ.

2) قەبرىدە ياتىدىغانلىقىنى ئەسلىتىش ئۈچۈن بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇپ بولۇپ پەرزنى ئوقۇشتىن بۇرۇن يېنىچە يېتىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى. بۇنداق قىلىشنىڭ نامازدا تۆۋەنچىلىك ئىزھار قىلىپ تۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىغانلىقى، لېكىن بىر قىسىم كىشىلەردەك مەسجىدكە نالايىق ھالدا ۋە ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ئازار بولىدىغان ھالەتتە يېتىشتىن ساقلىنىش كېرەكلىكى، ئۆيدە يېنى يېتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

**1172 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامزاندىن باشقا چاغلاردا كېچىلىك نامازنى ئون بىر رەكئەتتىن ئارتۇق ئوقۇمايتتى. كېچىلىرى بولسا تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇيتتىكى، ئۇنىڭ شۇنچە مۇكەممەل ۋە ئۇزۇن بولغانلىقىنى سورىمايلا قوي. ئاندىن ئۈچ رەكئەت ئوقۇيتتى. مەن: « ئى رەسۇلۇللاھ! سەن ۋىتىر ئوقۇشتىن ئىلگىرى ئۇخلامسەن؟ »، دېسەم، رەسۇلۇللاھ:** «يا عائشةُ إِنَّ عيْنَيَّ تَنامانِ وَلا يَنامُ قلبي» **« ئى ئائىشە، مېنىڭ ئىككى كۆزۈم ئۇخلىغان بىلەن قەلبىم ئويغاق »، دېدى.** —— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) تەھەججۇد نامىزىنى تەئدىل ـ ئەركان بىلەن ئوقۇشنىڭ، شۇنداقلا ئۇزۇن ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى ھەمدە پۈتۈن رەكئەتلىرىنى بىر خىل ئوقۇش، بىرىنچى رەكئەتنى تېتىك ھالدا ئوقۇپ، كېيىنكى رەكئەتلەردە سۇسلىشىپ قالماسلىق كېرەكلىكى.

2) شافىئىيلارنىڭ مەزھىپىدە ۋىتىر نامىزى 11 رەكئەتتىن ئارتۇق ئەمەس. ئەگەر ئۇخلاپ ئويغانغاندىن كېيىن ۋىتىر ئوقۇسا تەھەججۇدنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ.

3) بامدات نامىزىدىن ئىلگىرى ئويغىنىشقا ئىشەنچىسى بار كىشى ۋىتىر نامىزىنى ئۇخلاپ ئويغانغاندىن كېيىن ئوقۇسىمۇ بولىدىغانلىقى، ئەگەر ئويغىنىشقا ئىشەنچىسى بولمىسا، ۋىتىر ئوقۇماي ئۇخلاشقا بولمايدىغانلىقى.

**1173 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە ئۇخلايتتى. ئاخىرىدا ناماز ئوقۇيتتى.**

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: روھنى ۋە بەدەننى چارچىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن كېچىنىڭ ھەممىسىدە ئىبادەت قىلماي، بىر قىسىم ۋاقىتدا ئۇخلاپ، يەنە بىر قىسىم ۋاقىتدا ئىبادەت قىلىش. ئىبادەتنى ئەڭ تېتىك ھالدا قىلىش ئۈچۈن كېچىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتدا تۇرۇشنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكى.

**1174 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ناماز ئوقۇپ قالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامدا شۇنداق ئۇزۇن تۇردىكى، ھەتتا مەن بولمىغۇر خىيالغا كېلىپ قالدىم. ئۇنىڭدىن: « سەن قانداق خىيالغا كېلىپ قالدىڭ »، دەپ**



www.munber.org

سورالغاندا، ئۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆرە پېتى قويۇپ قويۇپ، ئۆزۈم ئولتۇرۇۋېلىش خىيالىغا كېلىپ قالدىم»، دېگەن. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېچىدىكى نامازنى ئۇزۇن ئوقۇيدىغانلىقى.

2) نەفلى نامازلارنى جامائەت بولۇپ ئوقۇشقا بولىدىغانلىقى.

3) نەفلى نامازدا ئىمام نامازنى بەك ئۇزۇن ئوقۇپ كەتسە، ئىقتىدا قىلغۇچى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ نامازنى ئۆزى يالغۇز تاماملىسا بولىدىغانلىقى.

1175 ـ ئەبۇ ئابدۇللاھ ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كېچىسى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ناماز ئوقۇپ قالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈرە فاتىھەدىن كېيىن سۈرە بەقەرەنى باشلىدى. مەن يۈزىنچى ئايەتتە رۇكۇ قىلامدىكىن، دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توختىماي ئوقۇۋەردى. مەن بەقەرە سۈرىسىنىڭ ھەممىسىنى بىر رەكئەتتىلا ئوقۇيدىغان بولدى، دەپ ئويلىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىرائىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپ سۈرە نىسانى باشلىدى. ئۇنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن سۈرە ئال ئىمراننى باشلىدى. بۇ ئايەتلەرنى ئاستا ـ ئاستا ئوقۇيتتى. تەسبىھ ئايەتلىرى ئۆتسە تەسبىھ ئوقۇيتتى. دۇئا ئايەتلىرى ئۆتسە دۇئا قىلاتتى ۋە پاناھ تىلەشكە ئائىت ئايەتلەر ئۆتسە پاناھ تىلەيتتى. ئاندىن رۇكۇ قىلىپ: «سُبْحَانَ رَبِّيَ العَظِيْم»، دېدى. ئاندىن سەجدە قىلىپ: «سُبحَانَ رَبِّيَ الاعلىٰ»، دېدى. سەجدىدىمۇ قىيامدا تۇرغانغا ئوخشاش ئۇزۇن تۇردى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېچىدىكى نامىزىنىڭ بەك ئۇزۇن ۋە مۇكەممەل ئادا قىلىنغانلىقىنى بايان قىلىش.

2) ئىككىنچى رەكئەتتە بىرىنچى رەكئەتتە ئوقۇغان سۈرىنىڭ ئالدىدىكى سۈرىنى ئوقۇسا دۇرۇس بولىدىغانلىقى، شۇنداقلا بىر رەكئەتتىلا مۇشۇنداق ئوقۇسىمۇ بولىدىغانلىقى. بەزىلەر مۇنداق ئوقۇشقا بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار بۇ ھەدىسنى نامازدا سۈرىلەرنى تەرتىپ بىلەن ئوقۇش يولىغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى مەيدانغا كەلگەن ھەدىس ئىدى، دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

1176 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قايسى نامازنىڭ ئەۋزەللىكى توغرۇلۇق سورالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «طُولُ القُنُوتِ» «قىيامى ئۇزۇن بولغان ناماز»، دەپ جاۋاب بەردى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: نامازدا رۇكۇ ـ سەجدىنى ئۇزۇن قىلغاندىن قىيامنى ئۇزۇن قىلىشنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكى. چۈنكى، قىيامدا تۇرغاندا ئەڭ ئەۋزەل بولغان زىكىر «قۇرئان كەرىم» ئوقۇلىدۇ.



www.munber.org

**1177 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «أَحَبُّ الصَّلاةِ إلى اللَّهِ صَلاةُ دَاوُدَ، وَأَحبُّ الصيامِ إلى اللَّهِ صِيامُ دَاوُدَ، كَانَ يَنَامُ نِصْفَ اللَّيْلِ وَيَقُومُ ثُلُثَهُ ويَنَامُ سُدُسَهُ وَيصومُ يَوماً وَيُفطِرُ يَوماً» **«ئاللاھ تائالا ئەڭ ياقتۇرىدىغان ناماز داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇغان نامىزىدۇر. ئاللاھ تائالا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان روزىمۇ داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ روزىسىدۇر. ئۇ زات كېچىنىڭ ئاۋۋالقى يېرىمىدا ئۇخلايتتى. ئۇچتىن بىرىدە ئىبادەت قىلاتتى. ئاندىن كېچىنىڭ ئالتىدىن بىرىدە ئۇخلايتتى. بىر كۈن روزا تۇتاتتى. بىر كۈن ئىپتار قىلاتتى (يەنى روزا تۇتمايتتى)».** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: **1)** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «لَاصِيَامَ مَنْ صَامَ الْأَبَد» «پۈتۈن بىر ئۆمۈر روزا تۇتۇش يوق»، دېگەن سۆزىگە ئاساسەن (روزا تۇتۇش چەكلەنگەن ئىككى ھېيت كۈنىدىن باشقا) ھەممىلا كۈندە روزا تۇتۇشنىڭ ۋە كېچىچە ناماز ئوقۇشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى.

**2)** روزا تۇتۇش ۋە كېچىدە ناماز ئوقۇشنىڭ يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغانداك بولسا ياخشى بولىدىغانلىقى.

**3)** ئەمەللەرنى رىيادىن خالىي، خالىس قىلىش ئۇچۇن مەخپىي ئېلىپ بېرىشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

**1178 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:** «إنَّ في اللَّيْلِ لَسَاعةً، لا يُوافِقُهَا رَجُلٌ مُسلِمٌ يسأَلُ اللَّه تعالى خيراً من أمرِ الدُّنيا وَالآخِرَةِ إلاَّ أَعْطاهُ إيَّاهُ، وَذلكَ كلَّ لَيْلَةٍ» **«كېچىدە دۇئا ئىجابەت بولىدىغان بىر ۋاقىت بار. بىرەر مۇسۇلمان بەندىنىڭ ئاللاھ تائالادىن دۇنيا ـ ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىنى سورىشى شۇ ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قالسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىڭ سورىغىنىنى بېرىدۇ. بۇ مۇبارەك ۋاقىت ھەر كېچىسى بار».** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: **1)** كېچىنىڭ قايسى قىسمىدا بولمىسۇن، ناماز ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

**2)** ھەر كېچىدە دۇئا ئىجابەت قىلىنىدىغان بىر ۋاقىتنىڭ بارلىقى، كېچىدىكى بۇ ۋاقىتنىڭ جۈمە كۈنىدىكى دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتتىن ئۈزۈن ئىكەنلىكى.

**1179 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إذا قَامَ أَحَدُكُم مِنَ اللَّيلِ فَلْيَفتَتِح الصَّلاةَ بِركعَتَيْن خَفيفتيْنِ» **«بىرەرسىڭلار كېچىسى تەھەججۇد ئۇچۇن تۇرسا، ئالدى بىلەن يەڭگىل ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇۋالسۇن».** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

1180 . ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىسى تەھەججۇد نامىزى ئۈچۈن تۇرسا، ئالدى بىلەن يەڭگىل ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇۋالاتتى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش، تەھەججۇد نامىزنى يەڭگىل ئىككى رەكئەت نامازدىن باشلاش كېرەكلىكى، بۇنداق قىلىشنىڭ ئۇيقۇ ۋە خامۇشلۇق ئالامەتلىرىنى يوقىتىپ، تېتىك، جۇشقۇن ھالەتنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقى.

1181 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاغرىق ياكى باشقا سەۋەبتىن كېچىسى تەھەججۇد نامىزنى ئوقۇيالماي قالسا، كۈندۈزى ئون ئىككى رەكئەت ئوقۇۋالاتتى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1182 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ نَام عن حِزْبِهِ، أو عَنْ شَيْءٍ مِنهُ، فَقَرأهُ فِيما بينَ صَلاةِ الفَجْرِ وصَلاةِ الظُّهْرِ، كُتِبَ لهُ كأنَّما قَرَأَهُ منَ اللَّيْلِ» «كىمكى ئۆزىنىڭ (نەفلى ناماز ياكى قۇرئان ئوقۇشقا ئوخشاش) كېچىلىك ۋەزىپىسىنىڭ ھەممىسىنى ياكى بەزىسىنى ئادا قىلالماي قالسا، ئۇنى ئەتىسى بامدات بىلەن پېشىنىنىڭ ئارىلىقىدا ئادا قىلىۋالسا، خۇددى ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلغاندەك بولىدۇ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) قولدىن كەتكۈزۈپ قويغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) ئادەتلىنىپ كەتكەن نەفلى ئىبادەتلەرنى قىلالماي قالسا، كېيىن قازاسىنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەنلىكى.

3) بىرەر ئۆزرە سەۋەبىدىن ئۆز ۋاقتىدا قىلالمىغان ئىبادەتلەرنى ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن قىلسىمۇ خۇددى بۇ ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا قىلغاندەك ئەجىر بېرىلىدىغانلىقى.

1183 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «رحِمَ اللَّه رَجُلا قَامَ مِنَ اللَّيْلِ، فصلىَّ وأيْقَظَ امرأتـهُ، فإنْ أبَـتْ نَضحَ في وجْهِهَا الماءَ، رَحِمَ اللَّهُ امَرَأَةً قَامت مِن اللَّيْلِ فَصلَّتْ، وأَيْقَظَتْ زَوْجَهَا فإِن أَبي نَضَحَتْ في وجْهِهِ الماءَ» «ئاللاھ تائالا كېچىدە قوپۇپ ناماز ئوقۇغان ۋە ئايالىنى ئويغاتقان، ئەگەر ئايالى قوپقىلى ئۇنىمىسا ئۇنىڭ يۈزىگە سۇ چاچقان ئەرگە رەھمەت قىلسۇن، كېچىدە قوپۇپ ناماز ئوقۇغان ۋە ئېرىنى ئويغاتقان، ئەگەر ئېرى قوپقىلى ئۇنىمىسا ئۇنىڭ يۈزىگە سۇ چاچقان ئايالغا رەھمەت قىلسۇن». — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) تائەت ـ ئىبادەت ۋە ياخشى ئەمەللەردە ئۆزئارا ياردەمدە بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەنلىكى.



www.munber.org

2) ئەر ـ خوتۇن بىر ـ بىرىنى كېچىلىك ئىبادەتلىرى ئۈچۈن ئويغىتىپ قويۇشىنىڭ ۋە بىر ـ بىرىنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇشقا ياردەم قىلىشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

3) ھەدىستىن ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتا باراۋەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدىغانلىقى.

**1184 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إذا أيقَظَ الرَّجُلُ أهْلَهُ مِنَ اللَّيْل فَصَلَّيا أوْ صَلَّى ركْعَتَيْنِ جَمِيعاً، كُتِبَ في الذَّاكرِينَ وَالذَّكِراتِ» **« ئەگەر بىر ئەر كېچىسى ئايالىنى ئويغىتىپ، ئىككىسى ناماز ئوقۇسا ياكى ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا. ئۇ ئىككىسىگە ئاللاھ تائالانى كۆپ زىكىر قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھ تائالانى كۆپ زىكىر قىلغۇچى ئاياللار قاتارىدا ساۋاب بېرىلىدۇ ».**

— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەر كىشىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى نەفلى ـ ئىبادەتلەرنى قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىشىنىڭ پەزىلەتلىك ئىش ئىكەنلىكى.

2) ﴿وَالذَّاكِرِينَ اللَّهَ كَثِيرًا وَالذَّاكِرَاتِ أَعَدَّ اللَّهُ لَهُم مَّغْفِرَةً وَأَجْرًا عَظِيمًا﴾ ﴿ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلغۇچى ئاياللارغا ئاللاھ مەغفىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە ئەھزاب 35 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) بالا ـ چاقىلىرى بىلەن كېچىدە ئىبادەت قىلغان كىشىنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالا مەغفىرەت ۋە كاتتا ئىنئام تەييارلىغان « ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلغۇچى ئەر ۋە ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلغۇچى ئاياللار » قاتارىدا بولىدىغانلىقى.

**1185 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إِذا نَعَس أَحَدُكُمْ في الصَّلاةِ، فَلْيَرْقُدْ حتى يَذهَب عَنْهُ النَّومُ، فَإِنَّ أحدكُمْ إذا صَلى وهو ناعِسٌ، لَعَلَّهُ يَذهَبُ يَستَغفِرُ فَيَسُبَّ نَفسهُ» **« سىلەر ناماز ئوقۇۋېتىپ مۈگدەپ قالساڭلار، بېرىپ ئۇيقۇڭلار توگىگۈچە ئۇخلاڭلار. چۈنكى، مۈگدەپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇساڭلار ئىستىغفار ئېيتتىم، دەپ بەد دۇئا قىلىپ قويۇشۇڭلار مۇمكىن ».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1186 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إِذا قَامَ أَحدُكُمْ مِنَ اللَّيْلِ فَاستعجمَ القُرآنُ على لِسَانِهِ، فَلَم يَدْرِ ما يقُولُ، فَلْيضْطَجِعْ» **« بىرەرسىڭلار تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن تۇرسا، ئۇيقۇ بېسىپ، تىلىغا قۇرئان ئايەتلىرى ئوچۇق راۋان كەلمەي، نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلەلمىسە، يېتىپ ئارام ئالسۇن ».**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كېچىدە تېتىك ۋە ھوزۇرى قەلب ھالىتىدە نامازغا تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەنلىكى.

2) تەھەججۇد نامىزىنى مۈگدىگەندە ياكى خامۇشلۇق ھالەتتە ئوقۇشقا بولمايدىغانلىقى.



www.munber.org

3) كېچىدە ناماز ئوقۇۋېتىپ ئۈيقۇسى كەلگەن كىشى تېتىك بولۇش ئۈچۈن بىر ئاز ئۇخلاپ، ئاندىن ناماز ئوقۇسا ياخشى بولىدىغانلىقى.

4) ھوزۇرى قەلب بىلەن ناماز ئوقۇشقا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئۈيقۇ پەقەت نامازدىلا ئەمەس، باشقا ئىبادەتلەردىمۇ بار. شۇڭا، باشقا ئەمەللەرنى تېتىك ھالدا قىلىش ئۈچۈن ئۈيقۇنى قاچۇرۇش كېرەكلىكى.

## 203 . باب رامزان كېچىلىرى تەراۋىھ ئوقۇشنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا

**1187 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «مَنْ قام رَمَضَانَ إِيماناً واحْتِساباً غُفِرَ لَهُ مَا تَقَدَّمَ مِنْ ذَنْبِهِ» **« كىمكى رامزان كېچىسى ئاللاھ تائالانىڭ بېرىدىغان ساۋابىغا ئىشىنىپ، ئاللاھ تائالاغا ئىخلاسىنى بىلدۈرۈپ تەراۋىھ ئوقۇسا، ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغفىرەت قىلىنىدۇ ».** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1188 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامزان كېچىسى كىشىلەرنى ئىبادەت قىلىشقا تەرغىب قىلاتتى. ئۇلارنى چوقۇم شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇمايتتى ۋە:** «مَنْ قَامَ رَمَضَانَ إِيماناً واحْتِسَاباً غُفِرَ لَهُ مَا تَقَدَّمَ مِنْ ذَنْبِهِ» **« كىمكى رامزان كېچىسى ئاللاھ تائالانىڭ بېرىدىغان ساۋابىغا ئىشىنىپ، ئىخلاسىنى بىلدۈرۈپ تەراۋىھ ئوقۇسا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرى مەغفىرەت قىلىنىدۇ »، دەيتتى.** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) رامزان كېچىلىرىدە ناماز ئوقۇشنى تەكىتلەش ۋە رامزان ئېيىدا كۆپ ئىبادەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەنلىكى. رامزان ئېيىدىكى ئىبادەتلەرنىڭ ئىنساندىن سادىر بولغان ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە ئالاقىدار كىچىك گۇناھ ۋە كەمچىلىكلەرگە كەففارەت بولىدىغانلىقى.

2) رامزان كېچىسىدىكى ئىبادەت — تەراۋىھ نامىزى. بۇ ناماز (ئۈچ رەكئەت ۋىتىر نامىزىدىن باشقا) يىگىرمە رەكئەت بولۇپ، ئىككى رەكئەتتىن ئوقۇلىدۇ. بۇ نامازنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىتىر نامىزىدىن سىرت سەككىز رەكئەتمۇ ئوقۇغان. تەراۋىھ (ئارام ئېلىش نامىزى) دەپ ئاتىلىشتىكى سەۋەب: بۇ نامازنىڭ قىيامى بەك ئۇزۇن بولغاچقا، ھەر ئىككى سالامدىن كېيىن (يەنى ھەر تۆت رەكئەتتىن كېيىن) بىر قېتىم ئارام ئېلىپ ئوقۇلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن رامزان كېچىسىدىكى ئىبادەتكە كىشىلەرنى يىغقان تۇنجى كىشى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولۇپ، بۇ ئىجمائ دەرىجىسىدىكى ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغان ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ نامازنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامزان كېچىسى بۇ نامازنى ئۈچ كېچە ئوقۇپ بەرگەن. نامازغا قاتناشقان كىشىلەر بەك كۆپىيىپ كەتكەچكە ئۈچىنچى كېچىسى بۇ نامازنى (ئۇممەتلىرىگە پەرز بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ) توختاتقان.



www.munber.org

## 214 . باب شەبى قەدرى كېچىسىدە ئىبادەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى، قايسى كېچىلەرنىڭ شەبى قەدرى كېچىسى بولۇشقا يېقىنراق ئىكەنلىكى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّا أَنزَلْنَاهُ فِي لَيْلَةِ الْقَدْرِ... سَلَامٌ هِيَ حَتَّى مَطْلَعِ الْفَجْرِ﴾ ﴿بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن شەبى قەدرىدە نازىل قىلدۇق ... شۇ كېچە تاڭ يورۇغانغا قەدەر پۈتۈنلەي تىنچ ـ ئامانلىقتىن ئىبارەتتۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە قەدر)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّا أَنزَلْنَاهُ فِي لَيْلَةٍ مُّبَارَكَةٍ﴾ ﴿بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن مۇبارەك كېچىدە نازىل قىلدۇق﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە دۇخان 3 ـ ئايەت)

**1189** ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ قام لَيْلَةَ القَدْرِ إِيماناً واحْتِسَاباً، غُفِر لَهُ ما تقدَّم مِنْ ذنْبِهِ» «كىمكى شەبى قەدرى كېچىسى ئاللاھ تائالانىڭ بەرىدىغان ساۋابىغا ئىشىنىپ، ئاللاھ تائالاغا ئىخلاسىنى بىلدۈرگەن ھالدا تەراۋىھ ئوقۇسا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرى مەغفىرەت قىلىنىدۇ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) قەدرى كېچىسىنىڭ پەزىلىتى ۋە بۇ كېچىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈشكە رىغبەتلەندۈرۈلگەنلىكى.

2) قەدرى كېچىسىدە ئىبادەت قىلىشنىڭ كىچىك گۇناھلارغا كەففارەت بولىدىغانلىقى.

3) قەدرى كېچىسىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكنىڭ ساۋابىغا ئۇ كېچىسى خۇپتەن نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇپ، بامدات نامىزىنىمۇ جامائەت بىلەن ئوقۇشنى ئىرادە قىلسا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى.

**1190** . ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر مۇنچە ساھابىلەر چۈشىدە شەبى قەدرى كېچىسىنىڭ رامىزاننىڭ ئاخىرقى يەتتە كېچىسىدە بولىدىغانلىقىنى كۆردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أرى رُؤيَاكُمْ قَدْ تَوَاطَأَتْ في السَّبْعِ الأَوَاخِرِ، فَمَنْ كَانَ مُتحَرِّيهَا، فَلْيَتَحرَّهَآ في السبْعِ الأواخِرِ» «چۈشۈڭلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ رامىزاننىڭ ئاخىرقى يەتتىسىگە بىرلىككە كەلگەنلىكىنى كۆردۈم، كىمكى شەبى قەدرى كېچىسىنى تاپماقچى بولسا، ئۇنى رامىزاننىڭ ئاخىرقى يەتتىسىدىن تاپسۇن».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1191** ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئېتىكاپتا كىرەتتى ۋە: «تَحَرَّوْا لَيْلَةَ القَدْرِ في العشْرِ الأَوَاخِرِ مِنْ رَمَضَانَ» «شەبى قەدرى كېچىسىنى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدىن ئاختۇرۇڭلار»، دەيتتى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

**1192 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تَحرّوْا لَيْلَةَ القَدْرِ في الوِتْرِ من العَشْرِ الأَواخِرِ مِنْ رمَضَانَ» « شەبى قەدرى كېچىسىنى رامزاننىڭ ئاخىرقى ئونىنىڭ تاق كېچىلىرىدىن ئاختۇرۇڭلار ».**

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) قەدرى كېچىسى رامزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بولىدىغانلىقى. ئاخىرقى ئون كۈننىڭ تاق كۈنلىرىدە بولىدىغانلىقى ھەممىدىن كۈچلۈك قاراش. بەزى ئۆلىمالار بۇ جەھەتتىكى ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنىنى ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق شەبى قەدرى كېچىسى رامزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدىكى كېچىلەر ئارىسىدا يۆتكىلىپ تۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ مەنىسى بۇ رامزاندا شەبى قەدرى مۇئەييەن بىر كېچىسى ئۆتسە، ئىككىنچى يىلى رامزاندا يەنە شۇ ئون كۈن ئىچىدىكى باشقا بىر مۇئەييەن كېچىدە ئۆتىدۇ.

2) ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش، شەبى قەدرىنى ئۇچرىتىش ئۈچۈن ھەر رامزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئون كېچىسىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈشكە رىغبەتلەندۇرۇش. قەدرى كېچىسىنىڭ ئېنىقسىز قالدۇرۇلغانلىقىدىكى ھېكمەت مانا شۇ.

**1193 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامزان كېچىلىرىنىڭ ئاخىرقى ئونى كىرگەندە كېچىلىرىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى ۋە ئاياللىرىنىمۇ ئويغىتاتتى، ئادەتتىكىدىن زىيادە ئىبادەت قىلاتتى، ئىبادەتكە بەلنى چىڭ باغلايتتى.** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1194 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامزان ئېيىدا (ئىبادەت جەھەتتە) رامزاندىن باشقا چاغلاردا كۆرۈلمىگەن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. رامزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئۇنىڭدىن باشقا چاغلاردا كۆرۈلۈپ باقمىغان تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى.**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) رامزان ئېيىدا بولۇپمۇ ئاخىرقى ئون كۈنىدە كۆپلەپ تائەت ـ ئىبادەت ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەنلىكى.

2) ئاخىرقى ئون كۈنىدىكى كېچىنى شەبى قەدرىنى ئۇچرىتىش مەقسىتىدە ئىبادەت ۋە دۇئا بىلەن ئۆتكۈزۈش كېرەكلىكى.

3) رامزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنلىرىدىكىگە ئوخشاش تائەت ـ ئىبادەتلەر مەقبۇل بولىدىغان پەيسەللەردە ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە نائىل بولۇش ئۈچۈن ئۆي ئىچى، بالا ـ چاقىلىرىنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا رىغبەتلەندۇرۇش كېرەكلىكى.

4) رامزان ئېيىنىڭ باشقا ئايلاردىن ئارتۇق ئىكەنلىكى. رامزان ئېيىدىكى ئاخىرقى ئون كۈننىڭ باشقا كۈنلەردىن ئارتۇق ئىكەنلىكى.

5) رامزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشقا رىغبەتلەندۇرۇش ۋە بۇنداق قىلىشنىڭ تەكىتلەنگەن سۈننەت ئىكەنلىكى.



www.munber.org

1195 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ، مەن شەبى قەدرى كېچىسىنىڭ قايسى كېچە ئىكەنلىكىنى بىلگىنىمدە، ئۇ كېچىسى نېمە دەيدىغانلىقىمنى دەپ بەرسەڭ»؟ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قُولي: اللَّهُمَّ إنَّكَ عَفُوٌّ تُحِبُّ العفْوَ فاعْفُ عنِّي» «(ئى ئاللاھ! سەن ئەپۇ قىلغۇچى، ئەپۇ قىلىشنى ياخشى كۆرىسەن، مېنى ئەپۇ قىلغىن!)، دېگىن»، دېدى. —
ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مۇسۇلماندىن كۈتۈلىدىغان ئەڭ مۇھىم تەلەپ: گۇناھلاردىن پاك بولۇش ۋە پۈتۈنلەي ئادا ـ جۇدا بولۇش ئىكەنلىكى.

2) ئاللاھ تائالاغا چىڭ ئېسىلىپ تۇرۇپ كەچۈرۈم سوراشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەنلىكى. دۇئالار مەقبۇل بولىدىغان ۋاقىتلاردا تېخىمۇ شۇنداق بولۇپ بۇۋاقىتلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىنىڭ قەدرى كېچىسى ئىكەنلىكى.

3). ئالىملار قەدىر كېچىسىنىڭ ئالامەتلىرىنى مۇسۇلمان بەندىنىڭ قەلب ئازادىلىكى ۋە خاتىرجەملىك بىلەن ئاللاھ بىلەن بىللە بولغاندەك تۇيغۇغا كېلىشى دەپ قارىدى. بۇنىڭدىن باشقا: بۇ كېچىنىڭ ھېچقانداق قورقۇنچلۇق ئىش يۈز بەرمەي تىنچ بولىدىغانلىقىدەك باشقا ئالامەتلىرىمۇ بولىدۇ.

## 215 ـ باب مىسۋاك ئىشلىتىشنىڭ پەزىلىتى، تەبىئىي خىسلەتلەر توغرىسىدا

1196 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لَوْلا أنْ أَشُقَّ عَلَى أُمَّتي أَوْ عَلى الناس لأمرْتُهُمْ بِالسِّواكِ معَ كلِّ صلاةٍ» «ئۇممىتىمگە ياكى كىشىلەرگە (ئۇممىتىم ياكى كىشىلەر»، دېگەن ئىككى سۆزنىڭ قايسىسىنىڭ دېيىلگەنلىكى رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ ئېسىدە ئېنىق قالمىغان) ئېغىرچىلىق تۇغدۇرۇپ قويماي دېمىسەم، ئەلۋەتتە ئۇلارنى ھەربىر نامازدا مىسۋاك ئىشلىتىشكە بۇيرۇيتتىم. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1997 ـ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇيقۇدىن ئويغانسىلا ئاغزىغا مىسۋاك ئىشلىتەتتى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1198 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مىسۋاك ۋە تاھارەت ئالىدىغان سۇ تەييارلاپ بېرەتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىسى ئاللاھ تائالا خالىغان چاغدا تۇرۇپ مىسۋاك ئىشلىتەتتى، تاھارەت ئالاتتى، ناماز ئوقۇيتتى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

1199 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «أكْثَرْتُ عَلَيكُمْ في السِّوَاكِ» «مەن سىلەرگە مىسۋاك ئىشلىتىش توغرۇلۇق كۆپ تەۋسىيە قىلدىم». — بذخارع رعؤايةت قعلغان.

1200. شۇرەيھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن ئائىشەگە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيگە كىرسە ھەممىدىن ئىلگىرى نىمە ئىش قىلاتتى؟»، دېسەم. ئائىشە: «مىسۋاك قىلاتتى»، دېدى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1201 ـ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرسەم مىسۋاكنىڭ باش تەرىپى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاغزىدا ئىكەن. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مىسۋاكلاشنىڭ ئەڭ توغرا ۋە ياخشى ئۇسۇلى: مىسۋاكنى ئاستىنقى چىشلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇپ يان تەرەپ (سىرتقى تەرەپ)تىن ئوڭغا قاراپ ئاخىرىغىچە مىسۋاكلاپ ئاستىنقى چىشنىڭ ئۈستى تەرىپىگە چىقىپ ئۈستى تەرىپىنى دەسلەپ باشلانغان يېرىمىغىچىلىك مىسۋاكلاش. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاستىنقى چىشنىڭ قالغان يېرىمىنى چىشنىڭ يان تەرەپ (سىرتقى تەرەپ)دىن باشلاپ ئاخىرىغىچە مىسۋاكلاپ ئاستىنقى چىشنىڭ ئۈستى تەرىپىگە چىقىپ، ئۈستىدىكى قالغان يېرىمىنى مىسۋاكلاش. ئۈستىنكى چىشلارنىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش مىسۋاكلاش. شۇنىڭ بىلەن بىرگە چىشنىڭ ئىچكى تەرىپىنى ۋە ئۈستۈن تاڭلايلارنى مىسۋاكلاش كېرەك.

1202 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «السِّواكُ مَطهَرَةٌ للفَمِ مرْضَاةٌ للرَّبِّ» «مىسۋاك دېگەن ئېغىزنى پاكىز قىلىدۇ. ئاللاھنى رازى قىلىدۇ». — نەسەئىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مىسۋاك ئىشلىتىشنى يۈزەكى چۈشەنسەك: مىسۋاك ئېغىزنى تازىلاشنىڭ بىرخىل ۋاستىسى ھەمدە ئۇ ئىجتىمائىي ساغلاملىق جەھەتتە پايدىلىق. تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ چۈشەنسەك: مىسۋاك ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىششتىكى يول بولۇپ، بەندە مىسۋاك ئارقىلىق ئاللاھ تائالا بىلەن ئەڭ ياخشى مۇناجاتلىشالايدۇ. ئۇ مۇناجات ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت مەزمۇنلار بولغان نامازدۇر.

1203 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الفِطرةُ خَمسٌ، أوْ خمسٌ مِنَ الفِطرةِ: الخِتان، وَالاسْتِحْدَادُ، وَتقلِيمُ الأظفَارِ، ونَتف الإبِطِ، وقَصُّ الشَّارِبِ» «بەش تۈرلۈك ئىش سۈننەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىشلار: خەتنە قىلىش، سۈننەت قىلىش (ئەۋرەتنىڭ تۈكلىرىنى تازىلاش.ــت)، بۇرۇت قىرقىش، تىرناق ئېلىش ۋە قولتۇق ئاستىدىكى تۈكلەرنى يۇلۇشتىن ئىبارەت».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇ بەش خىسلەتنىڭ بارلىق پەيغەمبەرلەر تاللىغان ۋە بۇرۇنقى شەرىئەتلەر بىرلىككە كەلگەن قەدىمىي سۈننەتلەر ئىكەنلىكى. شۇنداقلا بۇ خىسلەتلەرنىڭ پاكىزلىق ۋە ئىنسان تەبىئىتى تەقەززا قىلىدىغان ئىشلار ئىكەنلىكى.

1204 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «عَشرٌ مِنَ الفِطرَةِ: قَصُّ الشَّارِبِ، وإعفَاءُ اللِّحْيَةِ، وَالسِّوَاكُ، واسْتِنشَاقُ الماءِ، وقَصُّ الأظفَارِ، وغَسلُ البَرَاجِمِ، وَنَتفُ الإبطِ، وَحلقُ العانَة، وانتِقاصُ المَاءِ» «ئون ئىش بولۇپ بۇ تەبىئىي خىسلەت ھېسابلىنىدۇ: بۇرۇتنى قىسقارتىش، ساقال قويۇش، مىسۋاك ئىشلىتىش، بۇرنىغا سۇ ئېلىش، تىرناق ئېلىش، بارماق ئارىلىرىنى يۇيۇش، قولتۇقنى تازىلاش، ئەۋرەتنى تازىلاش، ئىستىنجا قىلىش». رىۋايەت قىلغۇچى: «ئونىنچىسىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، بەلكى ئېغىزغا سۇ ئېلىش بولسا كېرەك»، دېدى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1205 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «أَحْفُوا الشَّوارِبَ وأَعْفُوا اللِّحَى» «بۇرۇتنى قىسقارتىڭلار، ساقالنى قويۇڭلار». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

## 216 ـ باب زاكاتنىڭ پەرز ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەرنىڭ بايانى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَأَقِيمُواْ الصَّلاَةَ وَآتُواْ الزَّكَاةَ﴾ ﴿نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 43 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاء وَيُقِيمُوا الصَّلَاةَ وَيُؤْتُوا الزَّكَاةَ وَذَلِكَ دِينُ الْقَيِّمَةِ﴾ ﴿ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى، نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى)، ئەنە شۇلار توغرا دىندۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەييىنە 5 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿خُذْ مِنْ أَمْوَالِهِمْ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيهِم بِهَا﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە تەۋبە 103 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى)

1206 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بُنِيَ الإِسْلامُ عَلى خَمْسٍ: شَهَادَةِ أَنْ لا إِلهَ إِلاَّ اللَّه، وأَنَّ مُحمَّداً عَبْدُهُ

www.munber.org

ورسُولهُ، وإقامِ الصَّلاةِ، وَإِيتَاءِ الزَّكَاةِ، وحَجِّ البَيْتِ، وَصَوْمِ رمضَان» «ئىسلام بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان، ئۇ بولسا: ‹ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى›، دەپ كەلىمە شاھادەت ئېيتىش، پەرز نامازلارنى ئادا قىلىش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىش، رامزان روزىسىنى تۇتۇشتىن ئىبارەت.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇ ھەدىستە زاكاتنىڭ ئىسلامدىكى بەش ئاساسنىڭ بىرى ئىكەنلىكى ۋە زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە توشقۇدەك مالغا ئىگە بولۇپ بىر يىل ئۆتسە زاكات پەرز بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

1207 ـ تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، نەجدلىك چاچلىرى چۇۋۇق بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىغا كەلدى. بىز ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق يۇ، لېكىن نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىيالمىدۇق، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىن كېلىپ، بىردىنلا ئىسلام توغرۇلۇق سوراپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «خَمْسُ صَلَواتٍ في اليوْمِ واللَّيْلَةِ» «بىر كېچە كۈندۈزدە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش»، دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئېيتتىكى: «ئۇ نامازلاردىن باشقا يەنە ناماز ئوقۇمدىمەن؟»، دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لا، إلاَّ أنْ تَطَّوَّعَ» «ياق، ئوقۇيمەن دېسەڭ نەفلى ناماز ئوقۇغىن»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «وصِيَامُ شَهْرِ رَمَضَانَ» «رامزان ئېيىنىڭ روزىسىنى تۇتۇش»، دېدى. ئۇ: «ماڭا ئۇنىڭدىن باشقا روزىمۇ بارمۇ؟»، دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لا، إلاَّ أنْ تَطَّوَّعَ» «يوق، تۇتماقچى بولساڭ نەفلى روزا تۇتقىن»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا زاكاتنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بەرگەندى. ئۇ كىشى: «مەن بېرىشكە تېگىشلىك ئۇنىڭدىن باشقىسى بارمۇ؟»، دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لا، إلاَّ أنْ تَطَّوَّعَ» «يوق، بەرمەكچى بولساڭ سەدىقە بەرگىن»، دېدى. ئاندىن ئۇ كىشى: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى مەن بۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋەتمەيمەن، كېمەيتىپمۇ قويمايمەن»، دېگەن پېتى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أفْلَحَ إنْ صَدَقَ» «ئۇ راستلا دېگىنىدەك قىلسا نىجات تاپىدۇ»، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەرنى دىنغا ھېكمەت بىلەن چاقىرغانلىقى، شۇڭا قىسقىغىنا ۋاقىتتا كىشىلەرنى زۇلمەتتىن نۇرغا ئېلىپ چىققانلىقى سۆزلەنگەن.

2) يۇقىرىقى ئەركانلارنىڭ ئىسلامدىكى تەسىرى، ئۇلارغا سەل قاراشنىڭ ئىسلامدىن چىقىرىۋېتىدىغانلىقى ياكى ئىماننى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدىغانلىقى.



www.munber.org

3) ئىسلام ئەقىدە ۋە ئەمەلدىن ئىبارەت بولۇپ، ئىمانسىز ئەمەل پايدىسىز ئىكەنلىكى. شۇنداقلا ئەمەلسىز ئىماننىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدىغانلىقى.

**1208 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئازنى يەمەنگە ئەۋەتكەندە ئۇنىڭغا:** «ادْعُهُمْ إِلى شهادَةِ أَنْ لا إلهَ إِلاَّ اللَّه وَأَنِّي رسُولُ اللَّهِ، فإِنْ هُمْ أَطَاعُوا لِذلكَ، فَأَعْلِمْهُم أَنَّ اللَّهَ تَعَالى افترض عَليهِمْ خَمسَ صَلَواتٍ في كُلِّ يَوْمٍ وليلةٍ، فَإِن هُمْ أَطاعُوا لِذلكَ فَأَعْلمْهُمْ أَنَّ اللَّه افترض عَليهِمْ صَدقَةً تُؤخَذُ مِنْ أَغْنِيَائِهِمْ، وَتُردُّ عَلى فُقَرائهِمِ» **《 سەن ئۇلارنى ئاللاھتىن باشقا ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مېنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمگە كەلىمە شاھادەت ئېيتىشقا دەۋەت قىلغىن، ئۇلار ئۇنى قوبۇل قىلسا ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ بىر كېچە كۈندۈزدە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشنى پەرز قىلغانلىقىنى بىلدۈرگىن، ئۇلار ئۇنى قوبۇل قىلسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا بايلىرىدىن ئېلىپ پېقىرلارغا بېرىدىغان زاكاتنى پەرز قىلغانلىقىنى بىلدۈرگىن 》، دېدى.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كىشىلەرگە ئېغىر تۇيۇلماسلىقى ئۈچۈن ئىسلامغا تەدرىجىي ھالدا دەۋەت قىلىش، ئىسلام ئەركانلىرىدىن ئاستا ـ ئاستا خەۋەردار قىلىش، تەۋھىد دىننىڭ ئاساسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئالدى بىلەن تەۋھىدكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەكلىكى، چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى تونۇشتىن ئىلگىرى ھېچقانداق ئەمەلنىڭ دۇرۇس بولمايدىغانلىقى.

**1209 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «أُمِرْتُ أَن أُقاتِلَ النَّاسَ حتى يشهدوا أَن لا إِلهَ إِلاَّ اللَّه وأَنَّ مُحَمَّداً رَسُولُ اللَّهِ، ويُقِيمُوا الصَّلاةَ، وَيُؤْتُوا الزَّكاةَ، فَإِذا فَعَلوا ذلكَ، عَصَمُوا مِنِّي دِمَاءَهُمْ وأَمْوَالَهم إِلاَّ بِحَقِّ الإِسلامِ وحِسابُهُمْ عَلى اللَّـهِ» **《 مەن كىشىلەر تاكى ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى دەپ ئىقرار قىلغانغا، ناماز ئوقۇغانغا ۋە زاكات بەرگەنگە قەدەر ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. ئۇلار بۇ ئىشلارنى ئورۇنلىغان ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ جانلىرىغا ۋە ماللىرىغا ناھەق چېقىلىش بىزگە ھارام قىلىندى، ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىشى 》.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1210. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىفە بولغاندا ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدىن بەزىلىرى كۇفرىغا يېنىۋالغان (يەنى زاكات بېرىشتىن باش تارتقان). ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئۇلار بىلەن ئۇرۇشماقچى بولغاندا ھەزرىتى ئۆمەر ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە: 《 پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** ‹أُمِرتُ أَنْ أُقاتِل النَّاسَ حتَّى يَقُولُوا لا إِلهَ إِلاَّ اللَّه فَمَنْ قَالهَا، فقَدْ عَصَمَ مِني مَالَهُ وَنَفْسَهُ إِلاَّ بِحَقِّه، وَحِسَابُهُ عَلى اللَّهِ؟› **‹مەن كىشىلەر بىلەن ئۇلار**

تاكى ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق دەپ كەلىمە شاھادەت ئېيتقانغا قەدەر ئۇرۇشۇشقا بۇيرۇلدۇم. كىمكى كەلىمە شاھادەت ئېيتسا ئۇلارنىڭ مېلىغا ۋە جېنىغا ناھەق چېقىلىش بىزگە ھارام قىلىندى. ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش ئاللاھنىڭ ئىشى›، دېگەن تۇرسا ئۇلارغا قارشى قانداقمۇ جەڭ ئېلان قىلىسەن؟ »، دېۋىدى. ئەبۇ بەكرى: « ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ناماز بىلەن زاكاتنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ قارىغان كىشىگە چوقۇم ئۇرۇش ئاچىمەن، چۈنكى زاكات دېگەن مالنىڭ ھەققىدۇر. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىپ كېلىۋاتقان چۇلۇۋۇر چاغلىق نەرسىنىمۇ بەرمىسە شۇنى بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىمەن »، دېدى. ئۆمەر: « ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ ئەبۇ بەكرىنىڭ كۆڭلىگە جىھادنى سالىپتۇ، دەپ قارىدىم، ئاندىن ئەبۇ بەكرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم »، دېدى.

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1211** ـ ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مېنىڭ جەننەتكە كىرىشىمگە سەۋەبچى بولىدىغان بىرەر ئەمەلنى ئېيتىپ بەرسەڭ، دېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تَعْبُدُ اللَّه وَلاَ تُشْرِكُ بِه شَيْئاً، وتُقِيمُ الصَّلاةَ، وتُؤْتي الزَّكَاةَ، وتَصِلُ الرَّحِمَ» « ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەيسەن، ناماز ئۆتىگەيسەن، زاكاتنى بەرگەيسەن، سىلە ـ رەھىم قىلغايسەن »، دېدى.

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى (1209~1211): 1) ھەدىستىكى مەزكۇر ئىشلارنى ئورۇندىغان ئادا قىلىشنىڭ مۇئمىن ئادەمنىڭ جەننەتتىكى مەرتىبىسىنىڭ يۇقىرى بولۇشىنىڭ يولى ئىكەنلىكى.

2) سىلە ـ رەھىم قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

**1212** ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئەئرابى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: مېنىڭ جەننەتكە كىرىشىمگە سەۋەب بولىدىغان بىرەر ئەمەلنى كۆرسىتىپ بەرسەڭ، مەن شۇنى قىلسام، دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تَعْبُدُ اللَّه ولا تُشْرِكُ بِهِ شَيْئاً، وَتُقِيمُ الصَّلاةَ، وَتُؤْتِي الزَّكَاةَ المَفْرُوضَةَ، وَتَصُومُ رَمَضَانَ» « ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلماستىن ئىبادەت قىلغايسەن، ناماز ئوقۇغايسەن، پەرز قىلىنغان زاكاتنى بەرگەيسەن، رامزان روزىسىنى تۇتقايسەن »، دېگەنىدى. ئۇ كىشى: جېنىم ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، مەن بۇنىڭدىن زىيادە قىلمايمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشى بۇرۇلۇپ ماڭغاندا: «مَنْ سَرَّهُ أَنْ يَنْظُرَ إِلى رَجُلٍ مِنْ أَهْلِ الجَنَّةِ فَلْيَنْظُرْ إِلى هذا» « كىمنى جەننەت ئەھلىگە قاراش خۇشاللاندۇرسا مۇشۇ كىشىگە قارىسۇن »، دېدى.

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېڭى مۇسۇلمان بولغان ئەئرابىلارغا پەقەت پەرز ئەمەللىرىنى قىلىشقا بۇيرۇش بىلەن كۇپايىلىنىدىغانلىقى. تەبرانى ئېيتىدۇ: يۇقىرىقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەدىس يېڭى مۇسۇلمان بولغان ئەئرابىلارغا قارىتىلغان بولۇپ ئۇلارغا ئېغىر كېلىپ مالال بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن پەقەت پەرز ئەمەللەرنى قىلىشقىلا بۇيرۇلغان. ئەگەر ئۇلار ئىسلامنى ھەقىقي چۈشىنىپ نەفلى ئەمەللەرنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىشكە ھېرىسمەن بولسا ئاندىن ئۇلارغا نەفلى ئەمەللەردىن تەلىم بېرىشنىڭ زۆرۈر بولىدىغانلىقى.

**1213 ـ جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش ۋە ھەربىر مۇسۇلمانغا نەسىھەت قىلىش جەھەتلەردە بەيئەت قىلدىم.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بارلىق كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىش كېرەكلىكى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «الدِّينُ النَّصِيحَةُ» «دىن دېمەك ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە بارلىق مۇئمىنلەرگە سادىق بولۇش دېمەكتۇر» ، دېگەن ھەدىسىگە ئاساسلانغاندا دىنىنىڭ ئەمەلگىمۇ قارىتىلىدىغانلىقى.

3) ھەدىستە ناماز بىلەن زاكاتنىڭلا تىلغا ئېلىنىشى ئۇلارنىڭ ئىسلام ئەركاملىرى ئىچىدە مەشھۇر ئىكەنلىكىدىندۇر.

**1214 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «مَا مِنْ صاحِبِ ذهَبٍ، وَلا فِضَّةٍ، لا يُؤَدِّي مِنْهَا حَقَّهَا إِلاَّ إذا كَانَ يَوْمُ القِيامَةِ صُفِّحَتْ لَهُ صَفائِحُ مِنْ نَارِ، فَأُحْمِيَ عَلَيْهَا في نار جَهَنَّمَ، فَيُكْوَى بهَا جنبُهُ، وجبِينُهُ، وظَهْرُهُ، كُلَّما برَدتْ أُعِيدتْ لَـهُ في يـوْمٍ كَانَ مِقْدَارُه خمسِينَ أَلْف سنَةٍ، حتَّى يُقْضَى بيْنَ العِبادِ فَيُرَى سبِيلُهُ، إِمَّا إِلَى الجنَّةِ وإِما إِلَى النَّارِ» **«ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ زاكىتىنى بەرمىگەن كىشى قىيامەت كۈنى ئۇزۇنلۇقى 50 مىڭ يىلغا باراۋەر كېلىدىغان كۈندە ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىپ ئۇ كىشىنىڭ جەننەتكە ياكى دوزاخقا كىرىدىغانلىقى ئېنىق بولغانغا قەدەر ئالتۇن ـ كۈمۈش پەتنۇستەك كەڭ قىلىنىپ جەھەننەمنىڭ ئوتى بىلەن قىزىتىلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىنىڭ بىقىنى، يۈزى ۋە دۈمبىسى داغلىنىپ تۇرىدۇ، ئۇلار سوۋۇپ قالغان ھامان قايتا ئوتتا قىزىتىلىپ تۇرىدۇ». ساھابىلەر: ئى رەسۇلۇللاھ تۆگىنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «ولا صاحبِ إِبِلٍ لا يؤَدِّي مِنهَا حقَّهَا، ومِنْ حقِّهَا، حَلْبُهَا يومَ وِرْدِها، إِلا إذا كان يوم القيامَة بُطِحَ لها بِقَاعٍ قَرْقَرٍ أَوْفر ما كانتْ، لا يَفقِدُ مِنْهَا فَصِيلاً واحِداً، تَطؤُهُ بأَخْفَافِها، وتَعَضُّهُ بِأَفْواهِها، كُلَّما مَرَّ عليْهِ أَولاها، ردَّ عليْهِ أُخْراها، في يومٍ كانَ مِقْداره خَمْسِينَ أَلْفَ سَنةٍ، حتَّى يُقْضَي بَيْنَ العِبَاد، فَيُرَى سبِيلُه، إِمَّا إِلَى الجنَّةِ وإِمَّا إِلَى النـارِ» **«تۆگىسىدىكى ھەققىنى ئادا قىلمىغان كىشى جازالىنىدۇ. ئۇنىڭدىكى ھەققىنىڭ بىرسى ئۇنى سۇغارغىلى ئەكەلگەن كۈنى ئۇنى سېغىپ سۈتىنى**



www.munber.org

كىشىلەرگە بېرىشتۇر. قىيامەت كۈنى ئۇزۇنلۇقى 50 مىڭ يىلغا باراۋەر كېلىدىغان كۈندە ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىپ ئۇ كىشىنىڭ جەننەتتى ياكى دوۋزىخي ئىكەنلىكى بەلگىلەنگۈچە ئۇ كىشى تۈپتۈز دۈم ياتقۇزۇلۇپ، تۆگىگە تاشلاپ بېرىلىدۇ. تۆگە ناھايىتى كۈچتۈڭگۈر بولۇپ بارلىق بوتىلاقلىرىنى باشلاپ كېلىپ ئۆز ئىگىسىنى دەسسەپ چىشلەپ ئۆتىدۇ. ھەممىسى ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، يەنە قايتىدىن ئىگىسىنى دەسسەپ، چىشلەپ ئۆتۈشكە باشلايدۇ »، دەپ جاۋاب بەردى. ساھابىلەر: « ئى رەسۇلۇللاھ كالا بىلەن قوينىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟ »، دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ولا صاحِبِ بقرٍ ولا غَنمٍ لا يُؤَدِّي مِنْهَا حقَّهَا إِلاَّ إِذا كان يَوْمُ القيامَةِ، بُطِحَ لهَا بقَاعٍ قَرقَرٍ، لا يفْقِد مِنْهَا شَيْئاً لَيْس فِيها عَقْصاءُ، وَلا جَلْحاءُ، وَلا عَضباءُ، تَنْطحه بِقُرُونهَا، وَتَطَؤُهُ بِأَظْلافِهَا، كُلَّمَا مَرَّ عَلَيْهِ أُولاها، رُدَّ عَلَيْهِ أُخْراها، في يومٍ كانَ مِقدَارُهُ خَمْسِينَ أَلْف سنَةٍ حتَّى يُقْضَى بيْنَ العِبادِ، فيُرَى سبِيلُهُ إِمَّا إِلى الجَنَّةِ وإِمَّا إِلى النَّارِ» « قوي كالىسىنىڭ زاكىتىنى ئايرىمىغان كىشى قىيامەت كۈنى ئۇزۇنلۇقى 50 مىڭ يىلغا باراۋەر كېلىدىغان كۈندە ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىپ ئۇ كىشىنىڭ جەننەتتى ياكى دوزىخىي بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەنگە قەدەر مال ئىگىسى ئۆزىنىڭ كالا قويلىرىغا تاشلاپ بېرىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ موزاي ۋە پاخلانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەگرى مۈڭگۈزلۈك ياكى مۈڭگۈزسىز ياكى سونۇق مۈڭگۈزلۈك بولمايدۇ. ئۇلار مال ئىگىسىنى بىر ـ بىرلەپ ئۈسۈپ دەسسەپ ئۆتىدۇ. ھەممىسى ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، يەنە قايتىدىن شۇنداق ئۆتۈشكە باشلايدۇ »، دەپ جاۋاب بەردى. ساھابىلەر: ئى رەسۇلۇللاھ ئاتنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الخَيْلُ ثلاثَةٌ: هِي لِرَجُلٍ وِزرٌ، وهِيَ لِرَجُلٍ سِتْرٌ، وهِي لرجُلٍ أَجْرٌ، فأَمَّا التي هي لهُ وزر فَرَجُلٌ ربطَها رِياءً وفَخْراً ونِواءً علَى أَهْلِ الإِسْلامِ، فهي لَهُ وِزرٌ، وأَمَّا التي هِيَ لَهُ سِتْرٌ، فَرَجُل ربَطَهَا في سَبِيلِ اللَّهِ، ثُمَّ لم ينْسَ حقَّ اللَّهِ في ظُهُورِها، ولا رِقابها، فَهِي لَهُ سِتْرٌ، وأَمَّا التي هِيَ لَهُ أَجْرٌ، فرجُلٌ ربطَهَا في سبِيلِ اللَّهِ لأَهْل الإِسْلامِ في مَرْجٍ، أَو رَوضَةٍ، فَمَا أَكَلَت مِن ذلك المَرْجِ أَو الرَّوضَةِ مِن شَيءٍ إِلاَّ كُتِب لَهُ عدد ما أَكَلَت حسَنَاتٌ، وكُتِب لَه عدد أَرْوَاثِها وأَبْوَالِهَا حَسنَاتٌ، وَلا تَقْطَعُ طِولَهَا فاستَنَّت شَرَفاً أَو شَرفَيْنِ إِلاَّ كَتَب اللَّهُ لَهُ عدد آثَارِهَا، وأَرْوَاثها حَسنَاتٍ، ولا مرَّ بها صاحِبُهَا عَلى نَهْرٍ فشَرِبَت مِنْهُ، وَلا يُرِيدُ أَنْ يَسْقِيَهَا إِلاَّ كَتَبَ اللَّه لَهُ عدَدَ ما شَرِبَت حَسنَاتٍ» « ئات ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇ بەزىلەر ئۈچۈن گۇناھ ئېلىپ كېلىدۇ. بەزىلەر ئۈچۈن دوزاختىن دالدا بولىدۇ. بەزىلەر ئۈچۈن ساۋاب ئېلىپ كېلىدۇ. ئىگىسىگە گۇناھ ئېلىپ كېلىدىغان ئات كۆز ـ كۆز قىلىش، مەنمەنلىك قىلىش ۋە مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىك قىلىش ئۈچۈن بېقىلغان ئاتتۇر. ئىگىسىگە دوزاختىن دالدا بولىدىغان ئات بولسا خۇدا يولىدا مىنىلىدۇ دەپ باغلاپ قويۇلغان، ئۇ ئاتنى مىنىشتە بولسۇن بېقىشتا بولسۇن ئىگىسى گەدىنىدىكى ئاللاھنىڭ ھەققىنى

ئۇنتۇمىغان ئاتتۇر. ئىگىسىگە ساۋاب ئېلىپ كېلىدىغان ئات ئەھلى ئىسلام ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا يايلاقتا ياكى بوستانلىقتا باغلاپ قويۇلغان ئاتتۇر، ئۇنىڭ يايلاقتا ياكى بوستانلىقتا يېگەنلىرى، ياكى تېزەكلىگەن تېزەكلىرى، ياكى سىيگەن سۈيدۈكلىرىگىمۇ نۇرغۇن ساۋاب بېرىلىدۇ. ئارغامچىسىدا تۇرۇپ ئۇياق ـ بۇياققا ماڭغان ۋاقتىدا ئالغان ھەربىر قەدىمىگىمۇ، تېزەكلىگەن بىرتال تېزىكىگىمۇ ئاللاھ تائالا نۇرغۇن ساۋابنى يازىدۇ. ئىگىسى بىلەن ئېرىقتىن ئۆتكەن ۋاقتىدا ئىگىسى سۇغارماستىن ئات ئۆزى ئىچىۋالغان ھەر يۇتۇم سۇ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا نۇرغۇن ساۋاب يازىدۇ »، دەپ جاۋاب بەردى. ساھابىلەر: ئى رەسۇلۇللاھ، ئېشەك ھەققىدە نېمە ھۆكۈم بار؟ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ما أُنْزِل علَيَّ في الحُمُرِ شَيءٌ إلاَّ هذِهِ الآيةُ الْفَاذَّةُ الجَامِعَةُ: ﴿فمن يعْملْ مِثقَال ذرَّةٍ خَيْراً يرهُ ومَن يعْملْ مثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرَّاً يرهُ﴾» « ماڭا ئېشەك توغرىسىدا بىر نەرسە نازىل بولمىدى ۋە لېكىن بۇ يەردە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئايەت بار ئۇ بولسىمۇ: ﴿فَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا يَرَاهُ وَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرًّا يَرَاهُ﴾ ﴿كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپىتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴾ ». («قۇرئان كەرىم» سۈرە زەلزەلە 6 ـ، 7 ـ ئايەتلەر) ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: زاكات بېرىشتىن باش تارتقانلار ئاگاھلاندۇرۇلغان. بېخىل ۋە زاكات بەرمىگەنلەرنىڭ قىيامەت كۈنى زاكىتىنى ئايرىمىغان پۇل ـ ماللىرى بىلەن ئازابلىنىدىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پۇلى ـ مېلى قىيامەت كۈنى ئۇلارغا ھەسرەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقى.

## 217 . باب رامزان روزىسىنىڭ پەزىلىكى، روزا تۇتۇشنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ پەرز قىلىندى﴾، دېگەن ئايەتتىن ﴿فَمَن شَهِدَ مِنكُمُ الشَّهْرَ فَلْيَصُمْهُ وَمَن كَانَ مَرِيضًا أَوْ عَلَى سَفَرٍ فَعِدَّةٌ مِّنْ أَيَّامٍ أُخَرَ﴾ ﴿سىلەردىن كىمكى رامزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامزان روزىسى تۇتسۇن، كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن (باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن﴾ دېگەن ئايەتكىچە. («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 183 ـ، 184 ـ، 185 ـ ئايەتلەر)

1215 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن، دەيدۇ: «قال اللّه عَزَّ وجلَّ: كُلُّ عملِ ابْنِ آدم لهُ إِلاَّ



www.munber.org

الصِّيام، فَإِنَّهُ لي وأَنَا أَجْزِي بِهِ . والصِّيام جُنَّةٌ فَإِذا كَانَ يوْمُ صوْمِ أحدِكُمْ فلا يرْفُثْ ولا يَصْخَبْ، فَإِنْ سابَّهُ أَحدٌ أَوْ قاتَلَهُ، فَلْيَقُلْ: إِنِّي صَائمٌ . والَّذِي نَفْس محَمَّدٍ بِيدِهِ لَخُلُوفُ فَمِ الصَّائمِ أَطْيبُ عِنْد اللَّهِ مِنْ رِيحِ المِسْكِ. للصَّائمِ فَرْحَتَانِ يفْرحُهُما: إِذا أَفْطرَ فَرِحَ بِفِطْرِهِ، وإِذَا لَقِي ربَّهُ فرِح بِصوْمِهِ» « ئادەم بالىسىنىڭ ھەرقانداق ئەمەلىدىن ئۇنىڭ (كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇش، ئابرويىغا ئېرىشىش قاتارلىق دۇنيادا قولغا كەلتۈرۈشكە ئالدىرايدىغان) بىرەر نېسىۋىسى بولىدۇ. پەقەت روزا ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى ئۇ، ماختا رىيادىن خالىي بولغان ھالدا قىلىنغان ئەمەلدۇر. ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئۆزۈم بېرىمەن. روزا گۇناھلاردىن ساقلايدىغان قالقاندۇر. سىلەرنىڭ بىرىڭلار روزا تۇتقان كۈندە ناشايان سۆزلەرنى قىلمىسۇن، جېدەل ـ ماجرا تۇغدۇرۇپ چوقان كۆتۈرمىسۇن، ئەگەر بىرەر كىشى ئۇنى تىللىسا ياكى ئۇرۇشسا مەن روزىدارمەن دېسۇن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، روزىدار ئادەمنىڭ ئاغزىنىڭ ھىدى ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئىپارنىڭ بۇيىدىنمۇ خۇش پۇراقتۇر. روزىدار ئادەمگە ئىككى تۈرلۈك خۇشاللىق بولىدۇ. بىرى ئىپتار قىلغاندا، يەنە بىرى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولغان چاغدا روزا تۇتقانلىق سەۋەبى بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلىغان نازۇنېمەتلەردىن خۇشال بولىدۇ ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «يتْرُكُ طَعامَهُ، وَشَرابَهُ، وشَهْوتَهُ، مِنْ أَجْلي، الصِّيامُ لي وأَنا أَجْزِي بِهِ، والحسنَةُ بِعَشْرِ أَمْثَالِهَا» « روزىدار كىشى مېنىڭ رازىلىقىم ئۈچۈن يېمەك ـ ئىچمىكىنى ۋە جىنسىي ئالاقىنى تەرك ئېتىدۇ. ئۇنىڭغا ئۆزۈم مۇكاپات بېرىمەن، ياخشى ئەمەللەرنىڭ سەۋەبى ئون ھەسسىسىگىچە كۆپەيتىلىپ بېرىلىدۇ »، دېيىلگەن.

مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: «كُلُّ عَملِ ابنِ آدَمَ يُضَاعفُ الحسَنَةُ بِعشْر أَمْثَالِهَا إِلى سَبْعِمِائة ضِعْفٍ» « ئادەم بالىسىنىڭ ھەر بىر ياخشى ئەمىلىنىڭ ئەجرى ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە كۆپەيتىلىپ بېرىلىدۇ »، دېيىلگەن.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: «إِلاَّ الصَّوْمَ فَإِنَّهُ لِي وأَنا أَجْزِي بِهِ: يدعُ شَهْوتَهُ وَطَعامَهُ مِنْ أَجْلي . لِلصَّائم فَرْحتَانِ: فرحة عند فطره، فَرْحةٌ عِنْدَ لقَاء رَبِّهِ . ولَخُلُوفُ فَمِ الصَّائِمِ أَطْيَبُ عِنْدَ اللَّهِ مِنْ ريحِ المِسْكِ» « لېكىن روزا بۇنداق ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ماختا رىيادىن خالىي ھالدا خالىس قىلىنغان ئەمەلدۇر. ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئۆزۈم بېرىمەن، ئۇ كىشى مېنىڭ رازىلىقىم ئۈچۈن يېمەك ـ ئىچمىكىنى، جىنسىي ئالاقىنى تەرك قىلىدۇ، روزىدار ئادەمگە ئىككى تۈرلۈك خۇشاللىق بولىدۇ. بىرى ئىپتار قىلغاندا، يەنە بىرى پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولغان چاغدا. روزىدار ئادەمنىڭ ئاغزىنىڭ ھىدى ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئىپارنىڭ بۇيىدىنمۇ خۇشپۇراقتۇر ».



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) روزىنىڭ پەزىلىتى ۋە روزىنىڭ روزا تۇتقۇچىلارنى دۇنيادا ئېزىپ كېتىشتىن، ئاخىرەتتە دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولۇشتىن ساقلايدىغانلىقى.

2) روزىنىڭ ئەدەبلىرى: بولمىغۇر ناشايان سۆزلەرنى قىلماسلىق. باشقىلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلىش ۋە باشقىلارنىڭ يامان مۇئامىلىسىگە قارىتا چىرايلىق مۇئامىلىدە بولۇش ۋە كەڭ قورساق بولۇش لازىملىقى.

3) روزىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئىپغىزنى خۇشبۇي قىلىدىغانلىقى ۋە روزا تۇتقۇچىنى خۇشال قىلىدىغانلىقى.

1216 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ أَنْفَقَ زَوْجَيْنِ فِي سَبِيلِ اللَّهِ نُودِيَ مِنْ أَبْوابِ الجَنَّةِ: يَا عَبْدَ اللَّهِ هذا خَيْرٌ، فَمَنْ كَان مِنْ أَهْلِ الصَلاةِ دُعِي منْ باب الصَّلاةِ، ومَنْ كانَ مِنْ أَهْلِ الجِهَادِ دُعِي مِنْ باب الجِهَادِ، ومَنْ كَانَ مِنْ أَهْل الصِّيامِ دُعِيَ مِنْ باب الرَّيَّانِ ومنْ كَانَ مِنْ أَهْل الصَّدقَة دُعِي مِنْ باب الصَّدقَةِ» «كىمكى ئاللاھنىڭ يولىدا قوشلاپ - قوشلاپ نەرسە بېرىدىكەن. ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ ھەربىر ئىشىك باقارى: ‹ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى، بۇ ئىشىك ياخشىدۇر›، دەيدۇ. ئۇ ناماز ئەھلىدىن بولسا ناماز ئىشىكىدىن چاقىرىلىدۇ، ئۇ جىھاد ئەھلىدىن بولسا جىھاد ئىشىكىدىن چاقىرىلىدۇ، ئۇ روزا ئەھلىدىن بولسا رەييان ئىشىكىدىن چاقىرىلىدۇ. ئۇ سەدىقە ئەھلىدىن بولسا سەدىقە ئىشىكىدىن چاقىرىلىدۇ» ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ ساڭا ئاتام - ئانام پىدا بولسۇنكى، بىر ئادەم شۇ ئىشىكلەرنىڭ ھەممىسىدىن چاقىرىلامدۇ؟ كىشىنىڭ شۇ ئىشىكلەرنىڭ ھەممىسىدىن چاقىرىلىشىنىڭ زۆرۈرىيتى يوققۇ؟»، دېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نَعَم وَأَرْجُو أَنْ تكُونَ مِنهم» «شۇنداق، ئۇلار چاقىرىلىدۇ. سېنىڭ شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن»، دېگەن.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭدا ياخشى ئەمەللەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تېپىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ جەننەتنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىدىن چاقىرىلىدىغانلىقى.

2) قارشى تەرەپ مەغرۇرلىنىشتىن ساقلىنالايدىغانلا بولسا ئۇنى يۈز تۇرانە ماختاشنىڭ جائىز ئىكەنلىكى.

1217 - سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ فِي الجَنَّة باباً يُقَالُ لَهُ: الرَّيَّانُ، يدْخُلُ مِنْهُ الصَّائمونَ يومَ القِيامةِ، لا يدخلُ مِنْه أَحدٌ غَيرهُم، يقالُ: أَينَ الصَّائمُونَ؟ فَيقومونَ لا يدخلُ مِنهُ أَحَدٌ غيرهم، فإِذا دَخَلوا أُغلِقَ فَلَم يدخلْ مِنْهُ أَحَدٌ» «جەننەتتە رەييان دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئىشىك بولۇپ، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭدىن روزا تۇتقانلارلا كىرىدۇ، باشقىلار كىرەلمەيدۇ، روزا تۇتقۇچىلار قەيەردە؟



www.munber.org

دېيىلسە، روزا تۇتقۇچىلار ئورنىدىن تۇرىدۇ، ئۇ ئىشىكتىن ئۇلاردىن باشقا بىرى كىرەلمەيدۇ، ئۇلار كىرىپ بولغاندا ئىشىك تاقىلىپ باشقا ھېچكىم كىرەلمەيدۇ ».

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: روزا تۇتقۇچىلارنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇلارنىڭ قىيامەتتە ھەممە كىشىلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى.

1218 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَا مِنْ عبْدٍ يصُومُ يَوماً في سبِيلِ اللَّه إلاَّ باعَدَ اللَّه بِذلك اليَومِ وجهَهُ عَن النَّارِ سبعِينَ خريفاً» « ھەرقانداق بىر بەندە ئاللاھ تائالا يولىدا بىر كۈن روزا تۇتسا، شۇ بىر كۈننىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇ ئادەمنى ئاللاھ تائالا دوزاختىن 70 يىللىق يىراق قىلىدۇ ». —— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بىركۈن بولسىمۇ روزا تۇتۇشنىڭ پەزىلىتى ۋە روزىنىڭ دوزاختىن ساقلاپ قالىدىغانلىقى.

1219 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ صَامَ رَمَضَانَ إيمَاناً واحْتِساباً، غُفِرَ لَهُ ما تَقَدَّمَ مِنْ ذنْبِهِ» « كىمكى رامزاننى چىن دىلىدىن ئىشىنىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ۋە ساۋابىنى تەلەپ قىلىش يۈزىسىدىن تۇتسا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرى مەغفىرەت قىلىنىدۇ ».

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاللاھ تائالانى دەپ خالىس تۇتقان روزىنىڭ ساۋابى ۋە ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە ئالاقىدار كىچىك گۇناھلارنىڭ مەغفىرەت بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدىغانلىقى.

1220. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إذا جَاءَ رَمَضَانُ، فُتِّحَتْ أَبْوَابُ الجَنَّةِ، وغُلِّقَت أَبْوَابُ النَّارِ، وصُفِّدتِ الشياطِينُ» « رامزان ئېيى كىرگەندە جەننەت دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ، دوزاخنىڭ دەرۋازىلىرى تاقىلىدۇ، شەيتانلارغا ئىشكەل سېلىنىدۇ ». —— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇ ھەدىستە: رامزان ئېيىنىڭ ھۆرمەتلىك ئاي ئىكەنلىكى سۆزلەنگەن، ھەمدە روزا تۇتقۇچىلارغا بۇ مۇبارەك ئاينىڭ ئىبادەت ۋە ياخشىلىقنىڭ مەزگىلى ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىلگەن.

1221 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «صُومُوا لِرُؤْيَتِهِ، وَأَفْطِرُوا لِرُؤيَتِهِ، فإن غُمَّ عَليكم، فَأَكْمِلُوا عِدَّةَ شَعْبَانَ

www.munber.org

ﷺ « ئاي كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار، ئاي كۆرۈپ ئېغىز ئېچىڭلار، ھاۋا بۇلۇتلۇق بولۇپ قالسا شەئبان ئېيىنى 30 كۈنگە توشقۇزۇڭلار ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: رامىزان تۇتۇش ۋە ئېغىز ئېچىش كۈنلىرىنى ئېنىق بەلگىلەش ئۈچۈن شەئبان ئېيىنىڭ ۋە رامىزان ئېيىنىڭ 29 ـ كۈنى كۈن پاتقاندا يېڭى ئاينى كۆرۈشكە تىرىشىش مۇسۇلمانلارغا پەرز كۇپايە ئىكەنلىكى.

## 218 . باب رامزان ئېيىدا كەڭ قول بولۇش، ياخشىلىق قىلىش، بولۇپمۇ ئاخىرقى ئون كۈندە ياخشىلىقلارنى تېخىمۇ كۆپ قىلىش توغرىسىدا

1222 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولى بەك كەڭ ئىدى. بولۇپمۇ رامزان ئېيىدا جىبرىئىل بىلەن ئۇچراشقان چاغلىرىدا تېخىمۇ سېخىيلىشىپ كېتەتتى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام رامزاندا ھەر كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنىڭغا « قۇرئان كەرىم »دىن تەلىم بېرەتتى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقان چاغلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيرلىك ئىشلاردا يامغۇرلۇق بۇلۇتنى ئېلىپ كەلگەن شامالدىنمۇ تېز ۋە ئومۇمىي ئىدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىپ رامزاندا كەڭ قول بولۇشنىڭ ۋە « قۇرئان كەرىم »نى ئوقۇش، تەلىم ئېلىش ۋە تەلىم بېرىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

ئىمامى شافىئى ئېيتىدۇ: « روزا تۇتقۇچى كىشىنىڭ رامزان ئېيىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش يۈزىسىدىن تېخىمۇ ساخاۋەتلىك بولۇشنى ياخشى كۆرىمەن ».

1223 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنى كىرسە، كېچىلەرنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئائىلىسىدىكىلەرنى ئويغىتاتتى. ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بىلىنى چىڭ باغلايتتى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: رامزان ئېيىدا ئىبادەت ئىشلىرىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش ۋە ئاخىرقى ئون كۈندە قەدىر كېچىسىنى ئىزدەش.

www.munber.org

## 219 . باب شەئباننىڭ ئون بەشىدىن كېيىن، رامزاندىن ئىلگىرى روزا تۇتماسلىق، تۇتۇپ كېلىۋاتقان روزىسىغا توغرا كېلىپ قېلىش ياكى بۇرۇندىن روزا تۇتۇپ كېلىۋاتقان ئادىتىگە توغرا كېلىپ قېلىشنىڭ بۇنىڭغا كىرمەيدىغانلىقى توغرىسىدا

1224 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا يتَقَدَّمَنَّ أَحَدُكمْ رَمَضَانَ بِصَومِ يومٍ أَوْ يومَيْنِ، إِلاَّ أَن يَكونَ رَجُلٌ كَانَ يصُومُ صَوْمَهُ، فَلْيَصُمْ ذلكَ اليوْمَ» «رامزاندىن بىر ياكى ئىككى كۈن بۇرۇن روزا تۇتماڭلار، ئەمما ھەر ئاينىڭ باش ئاخىرىدا روزا تۇتۇپ كېلىۋاتقان بىر ئادەم بولسا شۇ كۈندىكى روزىسىنى تۇتسا بولىدۇ» — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) روزا تۇتۇپ ئادەتلەنمىگەن كىشىنىڭ رامزاندىن ياكى ئىككى كۈن بۇرۇن ۋە شەئباننىڭ كېيىنكى يېرىمىدا روزا تۇتۇشىغا بولمايدىغانلىقى.

2) ئىبادەتلەرنى ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدىغانلىقى.

1225 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا تَصُومُوا قَبْلَ رَمَضَانَ، صُومُوا لِرُؤْيتِهِ، وَأَفْطِرُوا لِرُؤْيَتِهِ، فَإِنْ حالَتْ دُونَهُ غَيَايةٌ فأَكْمِلوا ثَلاثِينَ يوماً» «رامزان كىرىشتىن ئاۋۋال روزا تۇتماڭلار، ئاينى كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار، ئاينى كۆرۈپ ئىغىز ئېچىڭلار، ئەگەر ئاي بۇلۇتلۇق بولۇپ، يېڭى ئاينى كۆرگىلى بولمىسا شەئبان ئېيىنى 30 قىلىڭلار». — تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) شەئبان ئېيىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا روزا تۇتۇشتىن چەكلەنگەنلىكى.

2) ئاي كۆرۈپ روزا تۇتۇش ۋە ئاي كۆرۈپ ئىغىز ئېچىش كېرەكلىكى، ئەگەر ئاي كۆرەلمىسە شەئبان ئېيىدىن 30 كۈن ئۆتكۈزۈۋېتىپ روزا باشلاش ۋە رامزاننى تولۇقلاپ 30 كۈن تۇتۇپ ئىغىز ئېچىش كېرەكلىكى.

1226 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِذا بَقِيَ نِصْفٌ مِنْ شَعْبانَ فَلا تَصُومُوا» «شەئبان ئېيى يېرىملاشقاندىن كېيىن روزا تۇتماڭلار». — تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

1227 ـ ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، كىمكى شەك كۈنى روزا تۇتىدىكەن ئۇ ئەبۇلقاسىمغا (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ. — ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى (1226~1227): شەك كۈنى ياكى شەئبان ئېيىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا روزا تۇتۇشتىن چەكلەنگەنلىكى.

www.munber.org

## 220 - باب يېڭى ئاينى كۆرگەندە نېمە دېيىش توغرىسىدا

1228 - تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاينى كۆرگەندە مۇنداق دەيتتى: «اللَّهُمَّ أَهِلَّهُ علَيْنَا بِالأَمْنِ والإِيمَانِ، وَالسَّلامَةِ والإِسْلامِ، رَبِّي وربُّكَ اللَّه، هِلالُ رُشْدٍ وخَيْرٍ» «ئى ئاللاھ! بۇ ئاينى بىزگە ئامانلىق ۋە سالامەتلىك، ئىمان ۋە ئىسلام ئېيى قىلىپ بەرگىن، ئى ئاي! سېنىڭ ۋە مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ئاللاھتۇر. بۇ ئاي ھىدايەت ۋە ياخشىلىقنىڭ ئېيى بولغاي».

— تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: يېڭى ئاي كۆرگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغان يۇقىرىقى دۇئانى قىلىشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكى.

## 221 - باب سوھورلۇق يېيىشنىڭ ۋە تاڭ يورۇپ كېتىشتىن ئەنسىرىمىسىلا سوھورلۇق يېيىشنى كېچىكتۈرۈشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

1229 - ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تَسَحَّرُوا فَإِنَّ في السُّحُورِ بَرَكَةً» «سوھۇرلۇق يەڭلار. چۈنكى سوھورلۇقتا بەرىكەت بار».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) روزا تۇتقۇچىنىڭ سوھۇرلۇق يېيىشى سۈننەت بولۇپ، بۇ ئازغىنا تاماق بىلەن، ھەتتا بىر يۇتۇم سۇ بىلەن بولسىمۇ ئورۇنلىنىدۇ.

2) سۇھۇرلۇقتىكى بەرىكەتنىڭ سەۋەبى سۇھۇرلۇق روزا تۇتقۇچىغا كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلاپ ئۇنى تېتىكلەشتۈرىدىغانلىقى ۋە روزىنى ئۇنىڭغا ئاسان قىلىدىغانلىقى.

1230 - زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سوھۇرلۇق يەپ بولۇپ ناماز بامداتقا تۇراتتۇق، دېۋىدى، سوھورلۇق بىلەن نامازنىڭ ئارىلىقىدا قانچىلىك ۋاقىت ئۆتەتتى؟ دەپ سورالغاندا، زەيد: ئەللىك ئايەتنى ئوقۇغۇدەك ۋاقىت ئۆتەتتى، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: سۇھۇرنى تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن يېيىش كېرەكلىكى، سوھۇر يەپ توختىغان ۋاقىت بىلەن بامدات نامىزىغا ئەزان ئېيتىشنىڭ ئارىلىقىدا ئۇزۇنمۇ ئەمەس، قىسقىمۇ ئەمەس، ئوتتۇرىھال ئايەتلەردىن 50 ئايەتنى تېزمۇ ئەمەس، ئاستىمۇ ئەمەس، ئوتتۇرىھال ئوقۇغانچىلىك ۋاقىتنىڭ بولۇشى كېرەكلىكى.



www.munber.org

1231 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىلال ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمتىن ئىبارەت ئىككى مۇئەززىنى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إِنَّ بلالاً يُؤَذِّنُ بِلَيْلٍ، فَكُلُوا وَاشْرَبُوا حتَّى يُؤَذِّنَ ابْنُ أُمِّ مَكْتُومٍ» « بىلال تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن ئەزان ئېيتىدۇ، ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم ئەزان ئېيتقۇچىلىك سوھورلۇق يەڭلار »، دېدى. ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دېدى: ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا پەقەت بىرى پەشتاقتىن چۈشۈپ، يەنە بىرى پەشتاققا چىققۇچىلىك ۋاقىت بار ئىدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بامدات نامىزىغا ئىككى مۇئەززىن بولۇشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) نامازغا تەييارلىنىش ئۈچۈن بامدات ناماز ۋاقتى كىرىشتىن بۇرۇن ئەزان ئېيتىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

3) تاڭ ئېتىپ قىلىشتىن ئەنسىرىمىسە سوھورلۇقنى كەينىگە تارتىپراق يېيىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، بۇ توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «لَايَزَالُ النَّاسُ بِخَيْرٍ مَاعجِلُوا الْفطرَ» « كىشىلەر مادامىكى ئىپتارنى بالدۇر قىلىدىكەن ۋە سوھورلۇقنى كېچىكىپ يەيدىكەن ئۇلار مېنىڭ سۈننىتىم بويىچە ئىش قىلغان بولىدۇ »، دېگەندەك ھەدىسلىرى بار بولۇپ، سوھۇرلۇقنى كېچىكتۈرۈش تەقۋالىقتا ئەڭ يېقىن تۇرىدۇ. ئەگەر تاڭ ئېتىپ كېتىشتىن ئەنسىرىسە سوھورلۇقنى كېچىكتۈرمەسلىك ئەۋزەلدۇر.

1232 ـ ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «فَضْلُ ما بيْنَ صِيَامِنَا وَصِيامِ أَهْل الكتاب أَكْلَةُ السَّحَرِ» « سوھورلۇق يېيىش ئەھلى كىتابنىڭ روزىسى بىلەن بىزنىڭ روزىمىز ئارىسىدىكى بىردىنبىر پەرقتۇر ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: سوھورلۇق يېيىش ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ سوھورلۇق ئارقىلىق ئىسلام ئۈممىتىگە رەھمەت قىلىپ، كۆيۈنگەنلىكى ۋە باشقىلاردىن ئۈستۈن قىلغانلىقى.

## 222 . باب بالدۇر ئىپتار قىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە نېمە بىلەن ئىپتار ئېچىش ۋە نېمە دېيىش توغرىسىدا

1233 ـ سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا يَزالُ النَّاسُ بخَيْرٍ مَا عَجلوا الفِطْرَ» « كىشىلەر مادامىكى ئىپتارنى بالدۇر قىلىدىكەن، ئۇلار مېنىڭ سۈننىتىم بويىچە ئىش قىلغان بولىدۇ ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كۈننىڭ كىرىپ كەتكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن ئېغىز ئېچىشقا ئالدىراشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) ئىپتارنى بالدۇر قىلىشتىكى ھېكمەت شۇكى، روزا تۇتقۇچى ئۇچۇن ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ ئىبادەتكە مەدەت بولىدىغانلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بويىچە ئىش قىلىش يۈزىسىدىن ئىپتارنى بالدۇر قىلىپ، سوھورلۇقنى كېچىكتۈرۈپ قىلىش بەزىلەرنىڭ بۇ جەھەتلەردە ئېغىز ئېچىش ۋاقتىنى سوزۇۋېتىپ كىشىلەرگە قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر.

**1234 ـ ئەبۇ ئەتىييە دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن مەسرۇق بىلەن بىللە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىرگەندۇق. مەسرۇق ئائىشەگە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن ئىككىسى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشتا بىر ـ بىرىدىن كەم ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى شامنى بالدۇرراق ئوقۇيتتى ۋە ئىپتارنى بالدۇرراق قىلاتتى. يەنە بىرى بولسا ئالدىرىمايتتى، دېدى. ئائىشە: شام بىلەن ئىپتارغا ئالدىرايدىغىنى كىم ئىدى؟ دېۋىدى مەسرۇق: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، دېدى. ئائىشە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلاتتى، دېدى.**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈن كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ناماز شامغا ۋە ئېغىز ئېچىشقا ئالدىرىشىدەك ئەمەلى كۆرسەتمىسى بايان قىلىنغان.

**1235 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «قال اللّه عَزَّ وَجَلَّ: أَحَبُّ عِبَادِي إِلَيَّ أَعْجَلُهُمْ فِطْراً» **« ئاللاھ ئېيتىدۇ: ‹بەندىلىرىمنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياقتۇرىدىغىنىم ئۇلارنىڭ ئىپتار قىلىشقا ئالدىرايدىغانلىرىدۇر› ».**

— تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كىمكى كۈن كىرىپ كەتكەندىن كېيىنلا ئېغىز ئېچىشقا ئالدىراشتەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەگىششكە ھېرىس بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتى ۋە رازىلىقىغا ئېرىشىدىغانلىقى.

**1236 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إِذا أَقْبَلَ اللَّيْلُ مِنْ ههُنَا وأَدْبَرَ النَّهَارُ مِنْ ههُنا، وغَرَبَتِ الشَّمسُ، فَقَدْ أَفْطَرَ الصائمُ» **« كېچە كىرىپ كۈندۈز كەتكەندە، كۈن پاتقاندا روزىدار ئادەم ئىپتار قىلسا بولىدۇ ».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1237 ـ ئەبۇ ئىبراھىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە سەپەرگە چىقتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزىدار ئىدى. كۈن ئولتۇرۇشىغىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىگە:** «يَا فُلانُ انْزِلْ فَاجْدحْ لَنا» **« ھەي پالانچى چۈشكىن، بىزگە تالقان چىلىپ بەرگىن »، دېدى. ئۇ**



www.munber.org

كىشى: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى تېخى كەچ كىرمىدىغۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «انْزِلْ فَاجْدَحْ لَنَا» «چۈشكىن، بىزگە تالقاننى چېلىپ بەرگىن»، دېدى. ئۇ كىشى: تېخى كۈندۈز تۇرىدىغۇ؟ دېۋىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «انْزِلْ فَاجْدَحْ لَنَا» «چۈشكىن، بىزگە تالقاننى چېلىپ بەرگىن»، دېدى. ئۇ كىشى چۈشۈپ تالقاننى چېلىپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چېلىپ بەرگەن تالقاننى ئىچىپ بولۇپ: «إِذا رَأَيْتُمُ اللَّيْلَ قَدْ أَقْبَلَ مِنْ هھُنَا، فَقَدْ أَفْطَرَ الصَّائمُ» «كەچ كىرسىلا، روزى تۇتقان ئادەم ئىپتار قىلسا بولىدۇ»، دەپ قولى بىلەن شەرق تەرەپنى كۆرسەتتى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1238 ـ سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِذَا أَفْطَرَ أَحَدُكُمْ، فَلْيُفْطِرْ عَلَى تَمْرٍ، فَإِنْ لَمْ يَجِدْ، فَلْيُفْطِرْ على مَاءٍ فَإِنَّه طَهُورٌ» «سىلەردىن بىرەرسىڭلار ئىپتار قىلماقچى بولسا خورما بىلەن ئىغىز ئاچسۇن، ئەگەر خورما تاپالمىسا سۇ بىلەن ئىغىز ئاچسۇن، چۈنكى سۇ پاكتۇر»

— ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

1239 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز شامنى ئوقۇشتىن بۇرۇن بىر نەچچە تال ھۆل خورما بىلەن ئىغىز ئاچاتتى. ھۆل خورما تېپىلمىسا بىر نەچچە تال قۇرۇق خورما بىلەن، ئەگەر ئۇمۇ تېپىلمىسا سۇ بىلەن ئىغىز ئاچاتتى.

— ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى (1236~1239): ئىپتارنى ھۆل خورما بىلەن قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، ئەگەر ھۆل خورما بولمىسا قۇرۇق خورمىدا قىلىش ئەگەر خورما بولمىسا سۇدا قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يۇقىرىقى تەرتىپكە رىئايە قىلىش كېرەكلىكى. ھۆل خورما ياكى قۇرۇق خورمىدا ئىپتار قىلىشتىكى ھېكمەت: ئۇلار ئاشقازاندىكى قالدۇق نەرسىلەرنى تازىلايدۇ. ئۇ ياخشى يېمەكلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا بەدەن ئېھتىياجلىق بولغان ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلىرىنىڭ تولۇسىنىڭ تېپىلىدىغانلىقى، بۇ بويىچە قىلسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بويىچە ئىش قىلغان بولىدىغانلىقى.

## 223 . باب روزىدار ئادەمنىڭ تىلىنى ۋە باشقا ئەزالىرىنى يامان ئىشلاردىن ۋە تىللىشىشتىن ساقلاشقا ئەمر قىلىش توغرىسىدا

1240 . ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِذا كَانَ يَوْمُ صَوْمِ أَحدِكُمْ، فَلا يَرْفُثْ وَلا يَصْخَبْ، فَإِنْ سَابَّهُ أَحَدٌ، أَوْ قاتَلَهُ، فَلْيَقُلْ: إِنِّي صائمٌ» «سىلەردىن بىرەرسىڭلار روزا تۇتقان كۈندە ناشايان سۆزلەرنى



www.munber.org

قىلمىسۇن، جېدەل ـ ماجىرا تۇغدۇرۇپ چوقان كۆتۈرمىسۇن، ئەگەر بىر كىشى ئۇنى تىللىسا ياكى ئۇرۇشسا، مەن روزىدارمەن دېسۇن». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) تاشقى ئەزالىرىنى گۇناھ ئىشلاردىن ساقلاش، تىلىنى بولمىغۇر، بىھۇدە يالغان سۆزلەردىن غەيۋەت، چېقىمچىلىقتىن ۋە جېدەللىشىشتىن ساقلاش كېرەكلىكى.

2) ئاللاھ تائالانى ئەسلەش ۋە «قۇرئان كەرىم» ئوقۇش بىلەن مەشغۇل بولۇش كېرەكلىكى.

**1241 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «مَنْ لَمْ يَدعْ قَوْلَ الزُّورِ والعمَلَ بِهِ فلَيْسَ للَّهِ حَاجةٌ في أَنْ يَدَعَ طَعامَهُ وشَرَابهُ» **«كىمكى روزىدار تۇرۇپ يالغان سۆزلەشنى ۋە يالغان سۆز بىلەن ئىش قىلىشنى تەرك ئەتمەيدىكەن، ئۇنىڭ تاماق يېمەي، سۇ ئىچمەي، تۇتقان روزىسىغا ئاللاھ تائالا موھتاج ئەمەس».** — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) روزا تۇتۇپ تۇرۇپ يالغان سۆزلەشنى توختاتمىسا روزىنىڭ ئەجرى بىكار بولۇپ كېتىدىغانلىقى.

2) روزا دېگەنلىك يېيىش ـ ئىچىش، ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن ھەمدە غەيۋەت، يالغانچىلىق، يامان سۆز ۋە ئەخلاقسىزلىققا ئوخشاش ئىشلاردىن ئۆزىنى ساقلاش دېگەنلىكتۇر.

## 224 . باب روزىغا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا

**1242 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إِذا نَسِيَ أَحَدُكُم، فَأَكَلَ أَوْ شَرِبَ، فَلْيتِمَّ صَوْمَهُ، فإِنَّمَا أَطْعَمَهُ اللَّه وَسَقَاهُ» **«روزىدار ئادەم ئېسىدە يوق بىر نەرسە يەپ ۋە ئىچىپ سالسا روزىنى بۇزماي تۇتۇۋەرسۇن. چۈنكى، ئۇنى ئاللاھ تائالا يېگۈزگەن ۋە ئىچكۈزگەن بولىدۇ».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەگەر روزا تۇتقۇچى مەيلى پەرز روزىدا بولسۇن ۋە ياكى نەفلى روزىدا بولسۇن ئۇنتۇپ قېلىپ بىرنەرسە يەپ سالسا ياكى ئىچىپ قالسا روزىسى بۇزۇلمايدۇ. ھەدىستىن بۇنداق قىلغان كىشىگە روزىسىنىڭ قازاسى ۋە ياكى كاففارات كەلمەيدىغانلىقى ئېنىق چىقىپ تۇرۇپتۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىس بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مَنْ اَفْطَرَ فِي رَمضَانَ نَاسِيًا فَلَا قَضَاءَ عَلَيْهِ وَلَا كَفَّارَة» «كىمكى رامىزاندا ئۇنتۇپ قېلىپ ئېغىز ئېچىپ قالسا قازاسىنى قىلمايدۇ ۋە كەففارەتمۇ بەرمەيدۇ»، دېگەن.

2) بۇ ھۆكۈم يېمەك ـ ئىچمەككىلا ئەمەس، بارلىق روزىنى بۇزىدىغان ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەدىستە پەقەت كۆپ ھاللاردا يۈز بېرىدىغان ھالەتنى كۆزدە تۇتۇپ، يېمەك ـ ئىچمەككىلا تىلغا ئېلىنغان، روزىنى بۇزغۇچى ئىشلار قەستەن بولمىسىلا، ئاز ياكى كۆپ بولۇشىنىڭ ھۆكمى ئوخشاشلا.



www.munber.org

1243 ـ لەقىيت ئىبنى سەۋرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن: ئى رەسۇلۇللاھ ماڭا تاھارەت ئېلىشنى دەپ بەرسەڭ. دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَسْبِغِ الْوضُوءَ، وَخَلِّلْ بَيْنَ الأَصَابِعِ، وَبَالِغْ في الاسْتِنْشَاقِ، إِلاَّ أَنْ تكُونَ صَائماً» «تاھارەتنى كامىل ئالغىن، بارماقلىرىڭنىڭ ئارىسىنى يۇغىن، روزىدار بولمىساڭلا ئېغىز ـ بۇرنۇڭغا ئوبدان سۇ ئالغىن»، دېدى. — ئەبۇ داۋۇد ۋە ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) روزا تۇتمىغان ھالەتتە ئېغىز ـ بۇرۇننى كۆچەپ چايقاش.

2) روزا تۇتقاندا سۇ ئىچىگە كىرىپ روزىسىنى سۇندۇرۇپ قويماسلىقى ئۈچۈن ئېغىز ـ بۇرۇننى يېنىك چايقاش.

1244. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئاياللىرى بىلەن بىر يەردە بولۇپ جۇنۇپ ھالەتتە تاڭ ئېتىپ قالاتتى. بۇ چاغدا غۇسلى قىلىۋېتىپ روزىسىنى تۇتۇۋېرەتتى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1245 ـ ئائىشە ۋە ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۇنۇپلۇق ھالەتتە تاڭ ئېتىپ قالسا، روزىسىنى تۇتۇۋېرەتتى. جۇنۇپلۇق ئېھتىلام بولغانلىقتىن ئەمەس، ئاياللىرى بىلەن بىرگە بولغانلىقتىن ئىدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى (1244~1245): مەيلى ئەر ـ ئايال بىرگە بولۇشتىن، مەيلى ئېھتىلام بولۇشتىن بولسۇن، تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن جۇنۇپ بولۇپ قېلىشنىڭ روزىغا دەخلى يەتكۈزمەيدىغانلىقىغا ئۆلىمالارنىڭ قارىشى بىردەكلىككە ئىگە.

## 225 ـ باب مۇھەررەم، شەئبان ۋە ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا (زۇلقەئدە، زۇلھەججە، مۇھەررەم، رەجەپ ئايلىرى) روزا تۇتۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

1246 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «أَفْضَلُ الصِّيَامِ بعْدَ رَمضَانَ: شَهْرُ اللَّهِ المحرَّمُ، وَأَفْضَلُ الصَّلاةِ بَعْد الفَرِيضَةِ: صَلاةُ اللَّيْلِ» «رامزاندىن قالسىلا روزىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى مۇھەررەم ئېيىدا تۇتۇلغان روزىدۇر. پەرز نامازدىن قالسىلا ئەڭ ئەۋزەل ناماز تەھەججۇد نامىزىدۇر».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مۇھەررەم ئېيىدىكى روزىنىڭ پەزىلىتى.

www.munber.org

**1247 ـ** ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا ئايلاردا شەئبان ئېيىدىكىدەك كۆپ روزا تۇتمايتتى. ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەئبان ئېيىنىڭ كۆپ كۈنلىرىدە روزا تۇتاتتى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە: شەئبان ئېيىنىڭ ئاز بىر قىسمىدىلا روزا تۇتمايتتى، دېيىلگەن.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) شەئبان ئېيىدا روزا تۇتۇشنىڭ پەزىلىتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئايدا كۆپ روزا تۇتىدىغانلىقى. بۇنداق قىلىشنىڭ رامزان ئېيىغا تولۇق تەييارلىق قىلىش ئىكەنلىكى ۋە بۇ ئايدا ئەمەللەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا كۆتۈرۈلىدىغانلىقى. نەسەئى ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە ئۇسامە ئېنىق ئېيتىدۇ: مەن رەسۇلۇللاھقا: «ئى رەسۇلۇللاھ سېنىڭ باشقا ئايلاردا شەئباندا روزا تۇتقاندەك روزا تۇتقىنىڭنى كۆرمىدىمغۇ؟»، دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەئبان ئېيى رەجەپ ئېيى بىلەن رامزان ئېيى ئارىسىدا كېلىدىغان ئاي بولۇپ، كىشىلەر بۇ ئايدا غەپلەتتە قالىدۇ. شەئبان ئېيىدا ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئەمەللەر كۆتۈرۈلىدۇ. مەن ئەمەلىمنىڭ مەن روزىدار ھالدا ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كۆتۈرۈلۈشىنى ياقتۇرىمەن»، دېگەن.

2) روزا تۇتۇپ ئادەتلەنمىگەن كىشىلەرنىڭ شەئبان ئېيىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا روزا تۇتماسلىقىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

**1248 ـ** مۇجىيبە باھىلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇنىڭ دادىسى (ساھابە ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ياكى تاغىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. ئاندىن قايتىپ كېتىپ بىر يىلدىن كېيىن يەنە كەلدى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ بۇرۇنقى تۇرقى ۋە رەڭگىرويى ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ: ئى رەسۇلۇللاھ، مېنى تونۇمىدىڭمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «وَمَنْ أنتَ؟» «سەن كىم؟»، دېۋىدى، ئۇ كىشى: مەن ئۆتكەن يىلى ھۇزۇرۇڭغا كەلگەن باھىلىلىق بولىمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «فَمَا غَيَّرَكَ، وقَدْ كُنتَ حَسَنَ الهَيئةِ؟» «نېمە سېنى بۇنچە ئۆزگەرتىۋەتتى، رەڭگىرويىڭ چىرايلىق ئىدىغۇ؟»، دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم: مەن سەندىن ئايرىلغاندىن بېرى پەقەت كېچىسىلا تاماق يەۋاتىمەن (يەنى روزىدارمەن)، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «عَذّبْتَ نَفسَكَ، صُمْ شَهرَ الصَّبرِ، ويوماً مِنْ كلِّ شَهر» «جېنىڭنى قىيناپسەن، رامزان ئېيىدا بىر ئاي ۋە رامزاندىن باشقا ھەر ئايدا بىر كۈن روزا تۇت»، دېۋىدى، ئۇ ئادەم: مېنى كۆپرەك تۇتۇشقا بۇيرۇغىن، چۈنكى مېنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىم يېتىدۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «صُمْ يَومَيْنِ» «ئۇنداق بولسا ھەر ئايدا ئىككى كۈن روزا تۇت»، دېدى. ئۇ ئادەم: مېنى يەنىمۇ كۆپرەك تۇتۇشقا بۇيرۇغىن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «صُمْ ثلاثَةَ



www.munber.org

أيَّامٍ» «ئۈچ كۈن روزا تۇتقىن»، دېۋىدى، ئۇ ئادەم: يەنىمۇ كۆپرەك بۇيرۇغىن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «صُمْ مِنَ الْحُرُمِ وَاتْرُكْ، صُمْ مِنَ الحرُمِ وَاترُكْ، صُمْ مِنَ الحرُمِ وَاتْرُكْ» «ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇپ، ئاندىن تەرك ئەت. ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇپ، ئاندىن تەرك ئەت. ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇپ، ئاندىن تەرك ئەت»، دېدى ۋە ئۈچ بارمىقىنى جۈپلەپ كۆرسىتىپ ئاندىن قويۇۋەتتى. — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

## 226 . باب زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاۋۋالقى ئونىدا روزا تۇتۇش ۋە باشقا ئىبادەتلەرنى قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

1249 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ما مِنْ أيامٍ العَمَلُ الصَّالحُ فِيها أَحَبُّ إِلى اللَّهِ مِنْ هذِهِ الأَيَّامِ» «ئاللاھ تائالا زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاۋۋالقى ئون كۈنىدە قىلغان ياخشى ئەمەللەرنى باشقا كۈندە قىلغان ئەمەللەرگە قارىغاندا ئەڭ ياقتۇرىدۇ»، دېۋىدى، ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ ئاللاھ يولىدا قىلىنغان جىھادمۇ بۇنىڭغا يەتمەمدۇ؟»، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ولا الجهادُ في سبِيلِ اللَّهِ، إلاَّ رَجُلٌ خَرجَ بِنَفْسِهِ، وَمَالِهِ فَلَم يَرجِعْ منْ ذلك بِشَيءٍ» «ئاللاھ يولىدىكى جىھادمۇ بۇنىڭغا يەتمەيدۇ، پەقەت جېنى، مېلى بىلەن جىھادقا چىقىپ، سالامەت ـ قايتىپ كەلمەي شېھىت بولۇپ كەتكەن كىشىلا بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر»، دېدى. — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاۋۋالقى ئون كۈنىدە قىلغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ باشقا ئايلاردا قىلغان ئەمەللەردىن ئەۋزەل ئىكەنلىكى. چۈنكى، بۇ مەزگىل ھەج پائالىيەت مەزگىلى. ئاللاھ تائالا: ﴿وَالْفَجْرِ ۞ وَلَيَالٍ عَشْرٍ﴾ ﴿سۇبھى بىلەن، زۇلھەججىنىڭ دەسلەپكى ئون كۈنى بىلەن﴾ دەپ قەسەم قىلغان ئۇلۇغ كۈنلەر ئىكەنلىكى.

## 227 . باب ئەرافات كۈنى ۋە مۇھەررەم ئېيىنىڭ توققۇزىنچى ۋە ئونىنچى كۈنى روزا تۇتۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

1250 . ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئەراپات كۈنىدە روزا تۇتۇش توغرۇلۇق سورىغانىدى، پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام: «يكفِّرُ السَّنَةَ المَاضِيةَ وَالبَاقِيَةَ» «ئەراپات كۈنىدە روزا تۇتۇش ئۆتكەن يىلى ۋە كېلىدىغان يىلدىكى گۇناھلىرىغا كەففارەت بولىدۇ» ، دېدى.

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ھەج قىلغۇچىلار ئەمەس كىشىلەرنىڭ ئەراپات كۈنىسى روزا تۇتۇشى ياخشى ئىكەنلىكى، ھەج قىلغۇچى كىشى ئەرافات كۈنىدە روزا تۇتسا تەلبىيە ئېيتىش، زىكىر ۋە دۇئالاردا جانلىق بولالمايدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ كۈندە روزا تۇتۇشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى.

1251 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشۇرا كۈنىدە روزا تۇتاتتى ۋە باشقىلارنىمۇ روزا تۇتۇشقا بۇيرىغانتى (مۇھەررەمنىڭ 10 ـ كۈنى). — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتۇشقا بۇيرۇش ياخشى ئىشنى قىلىشقا تەكىتلەش يۈزىسىدىن بولغان.

1252 ـ ئەبۇ قاتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاشۇرا كۈنى (مۇھەررەم ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنى) روزا تۇتۇش توغرۇلۇق سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يُكَفِّرُ السَّنَةَ المَاضِيَةَ» «ئۆتكەن يىلقى گۇناھلىرىغا كەففارەت بولىدۇ» ، دېدى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1253 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لَئِنْ بَقِيتُ إلى قَابِلٍ لأَصُومَنَّ التَّاسِعَ» «ئەگەر مەن كېلەر يىلغىچە ئامان بولسام چوقۇم مۇھەررەمنىڭ توققۇزىنچى كۈنىدىمۇ روزا تۇتىمەن» . — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى (1252~1253): بۇ ھەدىستە مۇھەررەم ئېيىنىڭ 9 ـ، 10 ـ كۈنلىرى روزا تۇتۇشقا ئۈندەلگەن. 9 ـ كۈنىنى قوشۇپ روزا تۇتۇشتىكى ھېكمەت: 10 ـ كۈنىدىلا روزا تۇتىدىغان يەھۇدىيلارغا ئوخشاپ قالماسلىقى ئۈچۈندۇر.

## 228 . باب شەۋۋال ئېيىدا ئالتە كۈن روزا تۇتۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

1254 ـ ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ صَامَ رَمَضَانَ ثُمَّ أَتْبَعَهُ سِتًّا مِنْ شَوَّالٍ كانَ كَصِيَامِ الدَّهْرِ» «كىمكى رامىزان روزىسىنى تۇتۇپ بولۇپ ئارقىسىدىن شەۋۋال ئېيىدا ئالتە كۈن روزا تۇتسا زاماندىن زامانغا روزا تۇتقانغا ئوخشاش بولىدۇ» . — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كىمكى رامىزان ئېيىغا ئۇلاپلا شەۋۋال ئېيىدىن ئالتە كۈن روزا تۇتسا خۇددى پۈتۈن بىر ئۆمۈر روزا تۇتقان بىلەن ئوخشاش بولىدىغانلىقى.



www.munber.org

2) شەۋۋالدىكى ئالتە كۈن روزىنى ھېيتتىن كېيىنلا ئارقىمۇئارقا تۇتۇش ئەۋزەلدۇر.

## 229. باب دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنى روزا تۇتۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

1255 ـ ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن دۈشەنبە كۈنى روزا تۇتۇش توغرىسىدا سورالغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ذلكَ يَوْمٌ وُلِدْتُ فِيهِ، وَيَوْمٌ بُعِثْتُ، أَوْ أُنزِلَ عليَّ فِيهِ» «مەن ئاشۇ كۈندە تۇغۇلدۇم. ئاشۇ كۈندە پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلدىم ياكى ماڭا ئاشۇ كۈندە ۋەھى نازىل قىلىندى»، دېدى. ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: دۈشەنبە كۈنى روزا تۇتۇشنىڭ پەزىلىتى، چۈنكى بۇ كۈندە يەنى رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىنىڭ دۈشەنبە كۈنلۈكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان ۋە رامىزاننىڭ ئون يەتتىنچى كۈنى دۈشەنبە «قۇرئان كەرىم» نازىل بولۇشقا باشلىغان.

1256 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تُعْرَضُ الأَعْمَالُ يومَ الاثْنَيْنِ والخَميسِ، فَأُحِبُّ أَنْ يُعْرَضَ عَملي وَأَنَا صَائِمٌ» «ئەمەللەر ئاللاھ تائالاغا دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنى توغرىلىنىدۇ، مېنىڭ ئەمەللىرىمنىڭ مەن روزىدار ھالدا توغرىلىنىشىنى ياقتۇرىمەن»، دېدى. ـــ ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى روزا تۇتۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، چۈنكى بۇ كۈندە ئەمەللەرنىڭ خۇداغا توغرىلىنىدىغانلىقى.

1257 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنى روزا تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرەتتى.

ـــ ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

## 230. باب ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

بۇ ئۈچ كۈن روزىنى ئايدىڭ كېچىلەردە يەنى ئاينىڭ 13 ـ، 14 ـ، 15 ـ كۈنلىرىدە تۇتۇش ئەۋزەلدۇر. يەنە بىر رىۋايەتتە ئاينىڭ 12 ـ، 13 ـ، 14 ـ كۈنلىرى دېيىلگەن. توغرا، مەشھۇر رىۋايەت بېشىدا ئېيتىلغىنىدۇر.

1258 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مېنىڭ دوستۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ئۈچ نەرسىنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلار ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش، ئىككى رەكئەت چاشگاھ نامىزى ئوقۇش ۋە ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ۋىتىر نامىزى ئوقۇشتىن ئىبارەت». ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشنىڭ بولۇپمۇ ئايدىڭ كۈنلەردە (ئاسماندىكى ئاينىڭ 13 ـ، 14 ـ، 15 ـ كۈنلىرى) روزا تۇتۇشنىڭ پەزىلىتى.

1259 ـ ئەبۇ دەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، دوستۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتلا بولىدىكەنمەن ماڭا ئۈچ ئىشنى تەرك قىلماسلىقنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇلار: ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشنى، چاشگاھ نامىزى ئوقۇش ۋە ۋىتىر ئوقۇماي تۇرۇپ ئۇخلىماسلىقلاردىن ئىبارەت. ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1260. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «صومُ ثلاثةِ أيَّامٍ منْ كلِّ شَهرٍ صومُ الدهْرِ كُلِّهُ» «ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش ئۆمۈر بويى روزا تۇتقانغا باراۋەر».

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1261 ـ مۇئازە ئەدەۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، مەن ئائىشەدىن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتامتى؟ دەپ سورىسام، ئۇ: «ھەئە، شۇنداق»، دېدى. ئاندىن مەن: «ئاينىڭ قايسى كۈنلىرى روزا تۇتاتتى؟»، دەپ سورىدىم. ئۇ: «ئاينىڭ قايسى كۈنىدە تۇتۇشنى تەيىن قىلىۋالمايتتى»، دېدى. ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى (1259~1261): ھەر ئايدىكى ئۈچ كۈنلۈك روزىنى پەقەت بەلگىلىك كۈنلەرگە خاس قىلىۋالماسلىق، لېكىن بىشىدىكى ھەدىستە 13 ـ، 14 ـ، 15 ـ كۈنلىرىدە روزا تۇتۇشنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن.

1262 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إذا صُمْتَ مِنَ الشَّهْرِ ثَلاثاً، فَصُمْ ثَلاثَ عَشْرَةَ، وَأَرْبَعَ عَشْرَةَ، وخَمْسَ عَشْرَةَ» «ئەگەر ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتاي دېسەڭ، 13 ـ، 14 ـ، 15 ـ كۈنلىرى روزا تۇتقىن»، دېدى. ـــ ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

1263 ـ قەتادە ئىبنى مىلھان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى ئاينىڭ ئايدىڭ كېچىلىرى يەنى 13 ـ، 14 ـ، 15 ـ، كۈنلىرى روزا تۇتۇشقا بۇيرۇيتتى. ـــ ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى (1262~1263): ئاق كۈنلەردە روزا تۇتۇشقا ئۈندەلگەن. بۇ كۈنلەردە ئاي تولۇپ ئايدىڭ بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئاق كۈن دەپ ئاتالغان.

1264 ـ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەيلى ئۆيدە بولسۇن مەيلى سەپەردە بولسۇن، ئايدىڭ كېچىلىرى يەنى ئاينىڭ 13 ـ، 14 ـ، 15 ـ كۈنلىرى روزا تۇتماي قالمايتتى. ـــ نەسەئىي رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەيلى سەپەردە ياكى ئۆيدە بولسۇن، ھەمىشە ئاق كۈنلەردە روزا تۇتۇشنى داۋام قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاق كۈنلەردە روزا تۇتۇش سۈننىتى مۇئەككەدە ھېسابلىنىدۇ.

## 231 . باب روزىدارنى ئىپتار قىلدۇرغان كىشىنىڭ پەزىلىتى، يېنىدا تاماق يېيىلگەن روزا تۇتقۇچىنىڭ پەزىلىتى ۋە تاماق يېگۈچىنىڭ ئىپتار قىلدۇرغۇچىغا دۇئا قىلىشى توغرىسىدا

1265 ـ زەيد ئىبنى خالىد جۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مَنْ فَطَّرَ صَائماً، كانَ لَهُ مِثْلُ أَجْرِهِ غَيْرَ أَنَّهُ لا يَنْقُصُ مِنْ أَجْرِ الصَّائمِ شيءٍ» «كىمكى روزا تۇتقۇچىنى ئىپتار قىلدۇرسا روزا تۇتقۇچىنىڭ ساۋابىدىن ھېچ نەرسە كېمەيمەستىن ئىپتار قىلدۇرغۇچىغا روزا تۇتقۇچىغا بېرىلگەن ساۋابقا ئوخشاش ساۋاب بېرىلىدۇ». دېگەن. — ترمزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: (ئىپتارلىق بېرىشنىڭ) ئىپتار قىلدۇرۇشنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنغان ۋە ئۇنىڭغا تەرغىب قىلىنغان. چۈنكى ئىپتارلىق بېرىش مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا مۇھەببەتنى كۈچەيتىش ۋە يار ـ يۆلەكتە بولۇشقا ئېلىپ بارىدۇ.

1266 ـ ئۇممى ئۇمارە ئەنسارىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ يېنىغا كىردى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تاماق ئېلىپ كېلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كُلِي» «سەنمۇ يېگىن»، دېدى. ئۇ ئايال: مەن روزىدار، دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إِنَّ الصَّائمَ تُصلِّي عَلَيْهِ المَلائِكَةُ إذا أُكِلَ عِنْدَهُ حتَّى يَفْرَغُوا» «روزىدارنىڭ يېنىدا تاماق يېيىلىۋاتقان بولسا پەرىشتىلەر تاماق يېيىلىپ بولغانغا قەدەر شۇ روزىدارغا مەغفىرەت تەلەپ قىلىپ تۇرىدۇ»، دېدى. — ترمزىي رىۋايەت قىلغان.

1267 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئد ئىبنى ئۇبادە نىڭكىگە كەلدى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا نان ۋە زەيتۇن مېيى كەلتۈردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن يېدى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَفْطَرَ عِندكُمْ الصَّائمونَ، وأَكَلَ طَعَامَكُمْ الأَبْرَارُ وَصَلَّتْ عَلَيْكُمُ المَلائِكَةُ» «روزا تۇتقۇچىلار سىلەرنىڭ ھۇزۇرۇڭلاردا ئىپتار قىلدى، تاماقىڭلارنى ياخشىلار يېدى، پەرىشتىلەر سىلەرگە مەغفىرەت تەلەپ قىلدى»، دېدى. — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى (1266~1267): 1) مېھماننى ئادەتتىكى نەرسىلەر بىلەن كۈتۈشمۇ سىخىيلىققا زىت ئەمەسلىكى.



www.munber.org

2) باشقىلار بەرگەن ئىپتارلىقنى ھەرقانداق كىشىنىڭ قاتناشسا بولىدىغانلىقى، داخىل بولغان روزىدارنىڭ يۇقىرىقى دۇئا بىلەن دۇئا قىلىشى كېرەكلىكى.

## 232. باب ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

1268 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپتا ئولتۇراتتى.

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1269 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ تائالا قەبزى روھ قىلغانغا قەدەر رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپتا ئولتۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى. ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى (1268~1269): بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىش يۈزىسىدىن رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشقا ئۈندەلگەن. ئېتىكاپنىڭ ھېكمىتى زېھنىنى يىغىش، قەلبىنى ساپلاشتۇرۇش، تائەت ـ ئىبادەتكىلا بېرىلىش، پەرىشتىلەرنى دوراش ۋە قەدىر كېچىسىنى تېپىشنىڭ كويىدا بولۇشتىن ئىبارەت.

1270. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر رامىزاندا ئون كۈن ئېتىكاپتا ئولتۇراتتى. ۋاپات بولغان يىلى 20 كۈن ئېتىكاپتا ئولتۇردى. ـــ بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

## 233. باب ھەججىنىڭ پەرز ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَلِلّهِ عَلَى النَّاسِ حِجُّ الْبَيْتِ مَنِ اسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلاً وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ الله غَنِيٌّ عَنِ الْعَالَمِينَ﴾ ﴿قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەئبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى بۇنى ئىنكار قىلىدىكەن (يەنى ھەجنى تەرك ئېتىدىكەن زىيىنى ئۆزىگە) شۈبھىسىزكى ئاللاھ ئەھلى جاھاندىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە ئال ئىمران 97 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

1271 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بُنِيَ الإِسْلامُ عَلَى خَمْسٍ: شَهَادَةِ أَنْ لا إله إلا اللّه وأنَّ مُحَمَّداً رسولُ اللّهِ، وإقَامِ الصَّلاةِ وإيتَاءِ الزَّكَاةِ، وحَجِّ البيْتِ، وصَوْمِ رَمَضَانَ» « ئىسلام بەش نەرسە ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئۇ بولسا



www.munber.org

ئـاللاھ تائـالادىن باشـقا ئـىلاھ يـوق، مۇھەممـەد ئەلەيھىسسـالام ئـاللاھنىڭ بەرھـەق پـەيغەمبىرى دەپ كەلىمـە شاھادەت ئېيتىشتىن، پـەرز نامـازلارنى ئـادا قىلىشتىن، زاكات بېرىشتىن، ھەج قىلىشتىن، رامزان روزىسى تۇتۇشتىن ئىبارەت.

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ھەج ئىسلامدىكى بەش ئەركاننىڭ بىرى بولۇپ، ھەجنى ئىنكار قىلغۇچىنىڭ مۇسۇلمان ھېسابلانمايدىغانلىقى.

**1272 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە تەبلىغ قىلىپ:** «يَا أَيُّهَا النَّاسُ إنَّ اللّه قَدْ فَرضَ عَلَيْكُمُ الحَجَّ فحُجُّوا» **« ئى ئىنسانلار شۈبھىسىزكى ئاللاھ سىلەرگە ھەجنى پەرز قىلدى، ھەج قىلىڭلار! »، دېگەنىدى. بىر كىشى: « ئى رەسۇلۇللاھ ھەر يىلى ھەج قىلىمىزمۇ؟ »، دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىم تۇردى، ھەتتا ئۇ كىشى سوئالنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «لَـوْ قُلْتُ نَعَمْ لَوجَبَت وَلَمَا اسْتَطَعْتُمْ،ذَرُوني ما تركْتُكُمْ، فَإنَّمَا هَلَكَ منْ كانَ قَبْلَكُمْ بكَثْرَةِ سُؤَالهِمْ، وَاخْتِلافِهِم على أنْبِيائِهمْ، فإذا أَمَرْتُكُمْ بِشَيْءٍ فَأْتوا مِنْهُ مَا استطَعْتُم، وَإذا نَهَيْتُكُم عَن شَيْءٍ فَدعُوهُ» **« ئەگەر مەن ھەئە دەۋەتسەم يىلدا ھەج قىلىش پەرزگە ئايلىناتتى، سىلەر بۇنىڭغا قادىر بولالمايتتىڭلار. مەن بىرەر نەرسە ئۈستىدە ئەتەي توختالمىسام، سىلەر بۇ توغرۇلۇق سورىماي قويۇڭلار، سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەر پەيغەمبەرلىرىدىن كۆپ سوئال سورىغانلىقلىرى، پەيغەمبەرلىرىنىڭ تەلىماتلىرىغا خىلاپلىق قىلغانلىقلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك بولغان، ئەگەر مەن سىلەرنى بىر ئىشنى بۇيرۇسام، ئۇنى قۇدرىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئادا قىلىڭلار، مەن سىلەرنى بىرەر ئىشتىن چەكلىسەم، ئۇنى قىلماڭلار »، دېدى.**

—— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىسلام دىنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈستىگە قۇرۇلغاچقا، ئىنسانغا مۇشەققەت سالىدىغان ئىشلارغا تەكلىپ قىلمايدۇ.

2) مۇناسىۋەتسىز سوئاللارنى ۋە ئېنىق جاۋاب بېرىلسە كىشىنى بىئارام قىلىپ قويىدىغان سوئاللارنى سورىماسلىق.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تَسْأَلُواْ عَنْ أَشْيَاء إِن تُبْدَ لَكُمْ تَسُؤْكُمْ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە ئاشكارا قىلىنسا سىلەرنى بىئارام قىلىپ قويىدىغان نەرسىلەر توغرۇلۇق (پەيغەمبەردىن) سورىماڭلار﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە مائىدە 101 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

3) قادىر بولغان كىشىگە ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج قىلماقنىڭ پەرز ئىكەنلىكى.

**1273 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: « قايسى ئەمەل ئەڭ ئەۋزەل؟ »، دەپ سورالدى. پەيغەمبەر**

www.munber.org

ئەلەيھىسسالام: «إِيمَانٌ بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ» «ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش»، دېدى. «ئاندىن قايسى؟»، دەپ سورالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الجِهَادُ فِي سَبِيلِ اللَّهِ» «ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش»، دېدى. «ئاندىن قايسى؟»، دەپ سورالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «حَجٌّ مَبرُورٌ» «قوبۇل قىلىنغان ھەج»، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ھەجنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنغان ۋە گۇناھتىن يىراق ھالدا ئىخلاس بىلەن قىلىنغان ھەجنىڭ ئەڭ كۆپ ساۋاب بېرىلىدىغان ئەمەل ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن.

1274 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم دەيدۇ: «مَنْ حجَّ فَلَم يرْفُثْ، وَلَم يفْسُقْ، رجَع كَيَومِ ولَدتْهُ أُمُّهُ» «كىمكى خۇدالىق ئۈچۈن ھەجگە بېرىپ، ھەج قىلىش جەريانىدا ھەجدە چەكلەنگەن ئىشلارنى ۋە گۇناھ ئىشلارنى قىلماي ھەجنى تاماملاپ قايتسا، خۇددى ئانىسىدىن تۇغۇلغان كۈندىكىدەك گۇناھلاردىن پاك بولۇپ قايتقان بولىدۇ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھەجنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇنقى بارلىق گۇناھلارنى يۇيۇۋېتىدىغانلىقى، ھەج يۇيۇۋېتىدىغان گۇناھلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە ئالاقىدار كىچىك گۇناھلار ئىكەنلىكى كۆپ سانلىق ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىدۇر.

2) ھەجنىڭ گۇناھلارغا كەففارات بولۇشىنىڭ شەرتى ھەجنىڭ قوبۇل قىلىنغان ھەج بولۇشى (قوبۇل قىلىنغان ھەج دېگىنى: گۇناھ ئارىلاشمىغان، جېدەل ـ ماجىرا تۇغدۇرىدىغان ياكى شەھۋانىي نەپسىنى قوزغايدىغان ئىشلاردىن يىراق ھالدا قىلىنغان ھەج).

3) چوڭ گۇناھلار تەۋبە قىلىش ئارقىلىق ۋە ھەقلەرنى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇش ئارقىلىق يۇيۇلىدىغانلىقى.

1275 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «العُمْرَةَ إلى العُمْرِةِ كَفَّارةٌ لما بيْنهُما، والحجُّ المَبرُورُ لَيس لهُ جزَاءٌ إلاَّ الجَنَّةَ» «بىر ئۆمرە ئىككىنچى ئۆمرىگە قەدەر سادىر بولغان گۇناھلارغا كەففارەت بولىدۇ، توغرا رەۋىشتە قىلىنغان ھەجنىڭ مۇكاپاتى پەقەتلا جەننەتتۇر».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئۆمرە ھەجنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنغان ۋە ئۇنىڭغا رىغبەتلەندۈرۈلگەن. قوبۇل بولغان ھەجنىڭ ساۋابى پەقەت گۇناھلارنىڭ يۇيۇلۇشى بولماستىن، بەلكى جەننەتكە كىرىشكىمۇ سەۋەبچى بولىدۇ.

1276 - ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ھەممە ئەمەللەرنىڭ ئەۋزىلى دەپ قارايمىز،



www.munber.org

بىز ئاياللارمۇ جىھاد قىلمايلىمۇ؟ »، دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لكِنْ أفضَلُ الجِهَادِ: حَجٌّ مبرُورٌ» « سىلەر ئۈچۈن جىھادنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى توغرا رەۋىشتە قىلىنغان ھەجدۇر »، دېدى. — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ھەجنى جىھاد بىلەن ئېپادىلەش ھەجنىڭ ناھايىتى پەزىلەتلىك ۋە ساۋابىنىڭ كاتتا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا ئاياللارنى ھەج قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

1277 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ما مِنْ يَوْمٍ أكثَرَ مِنْ أنْ يعْتِقَ اللَّه فِيهِ عبْداً مِنَ النَّارِ مِنْ يَوْمِ عَرَفَةَ» « ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ھەر قانداق كۈنگە قارىغاندا ئەرافات كۈنىدە دوزاختىن ئەڭ كۆپ ئازاد قىلىدۇ ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئەرافات كۈنىنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىش. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ كۈندە باشقا كۈنلەردىكىدىنمۇ كۆپ كىشىلەرنى دوزاختىن ئازاد قىلىدىغانلىقى ۋە بۇ كۈندە ئاللاھنىڭ رەھمىتى بەندىلەرگە تەجەللى بولۇپ پەرىشتىلەرنىڭ ئۇلار بىلەن پەخىرلىنىدىغانلىقى شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى مەغفىرەت قىلىپ بەندىلەرگە رەھىم قىلىدىغانلىقى.

1278 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «عُمرَةٌ في رمضَانَ تَعدِلُ عَمْرَةً أَوْ حَجَّةً مَعِي» « رامزاندا قىلىنغان ئۆمرەنىڭ ساۋابى ھەجنىڭ ياكى مەن بىلەن بىللە قىلىنغان ھەجنىڭ ساۋابىغا باراۋەر بولىدۇ ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: رامزان ئېيىدا ئۆمرە ھەج قىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە رامزان روزىسىنىڭ كەئبىنى زىيارەت قىلىشقا ۋە ئۆمرە پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا زىت ئەمەسلىكى.

1279 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، بىر ئايال: « ئى رەسۇلۇللاھ، ئاللاھنىڭ بەندىلەرگە بۇيرۇغان ھەج پەرزى ئاتامنىڭ ياشىنىپ قېرىپ قالغان، ئۇلاغ مىنەلمەيدىغان ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالدى. ئاتام ئۈچۈن مەن ھەج قىلسام بولامدۇ »، دېگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نعم» « بولىدۇ »، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھەجنىڭ تەكىتلەنگەنلىكى.

2) ھەجنى ئۆزى بىۋاستە قىلسا كاتتا ساۋاب، ئەجىر بولىدىغانلىقى.

3) ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇلارغا پايدىلىق بولغان دۇنيا ۋە دىنىي ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىش كېرەكلىكى.

4) ئۆلۈپ كەتكەن كىشىگە ۋاكالىتەن ھەج قىلىپ قويسا بولىدىغانلىقى.

www.munber.org

1280 ـ لەقىت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: « ئاتام قېرىپ قالدى، ھەج قىلىشقىمۇ، ئۆمرە قىلىشقا، سەپەر قىلىشقىمۇ قادىر بولالمايدۇ »، دېۋىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «حُجَّ عَنْ أَبِيكَ واعْتَمِرْ» « سەن ئاتاڭ ئۈچۈن ھەج ۋە ئۆمرە قىلغىن »، دېدى.

ــــ ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: قېرى ۋە ساقايماس كېسەل كىشىلەرگە ۋاكالىتەن ھەج ۋە ئۆمرە قىلىپ قويسا بولىدىغانلىقى، ئەمما ئاۋۋال شۇ كىشى ئۆزى ئۈستىدىكى ھەجنى ئادا قىلىپ بولغان بولۇشى شەرت قىلىنىدىغانلىقى.

كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدا مەيلى پەرز ھەج بولسۇن، مەيلى نەفلى ھەج بولسۇن، باشقىلارغا ۋاكالىتەن قىلىنىدىغان ھەج، ھەج بولۇۋېرىدۇ.

1281 ـ سائىب ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېدى: « ھەججەتۇل ۋىدا يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەجگە ئېلىپ بېرىلىپتىمەن. شۇ چاغدا مېنىڭ يەتتە ياش ۋاقتىم ئىكەن »، دېدى.

ــــ بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: يېتىلمىگەن ئۆسمۈر بالىنىڭ ھەج قىلىشى دۇرۇس بولۇپ، بۇنداق قىلىش ئۇنى ئىبادەتكە كۆندۈرگەنلىك بولىدىغانلىقى.

1282 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رەۋھا دېگەن جايدا بىر كارۋانغا ئۇچراپ قېلىپ: «مَنِ القَوْمُ؟» « كىم سىلەر؟ »، دەپ سورىدى. ئۇلار: « بىز مۇسۇلمانلار »، دەپ ئاندىن: « ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ »، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «رسولُ اللَّهِ» « ئاللاھنىڭ ئەلچىسى »، دېۋىدى، بىر ئايال بىر كىچىك بالىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ: « بۇ بالىمۇ ھەج قىلسا بولامدۇ؟ »، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نَعَمْ ولكِ أجرٌ» « ھەئە، ساڭىمۇ ساۋاب بولىدۇ »، دېدى.

ــــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كىچىك بالا ئۈچۈن ھەج پەرز ئەمەس. ئەگەر ھەج قىلغان بولسا بۇ ھەج نەفلى ھەجگە تەۋە بولىدۇ. ئەمما، بالاغەتكە يېتىپ شەرت ـ شارائىتلىرى ھازىرلانغان چاغدىكى ھەج پەرزى ساقىت بولمايدۇ.

2) كىچىك بالىغا ئۇ قىلغان بارلىق ياخشىلىقلارنىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ. گۇناھ يېزىلمايدۇ.

1283 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر تۆگە بىلەن ھەج قىلغان، ئۇ تۆگە ھەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى كۆتۈرىدىغان تۆگە ئىدى (بۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەمتەرلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ).



www.munber.org

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1284** ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇكاز، مىجەننە ۋە زۇلمەجاز دېگەن يەرلەر جاھىلىيەت دەۋرىدە بازار ئىدى. كېيىن كىشىلەر ئۇ يەرلەردە ھەج مەۋسۇمىدا سودا قىلىشنى گۇناھ دەپ قارىۋىدى، بۇ ئايەت نازىل بولدى: ﴿لَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَن تَبْتَغُوا فَضلاً مِن رَبِّكُم﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭلاردىن (ھەج مەۋسۇمىدا تىجارەت ۋە باشقا ئوقەت ئارقىلىق) رىزىق تەلەپ قىلساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 198 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى (1283~1284): ھەج ۋاقتىدا تىجارەت قىلىشنىڭ ھەجنىڭ دۇرۇسلۇقىغا تەسىر يەتكۈزمەيدىغانلىقى، لېكىن بۇۋاقىتتا تىجارەت قىلماسلىق ئەۋزەل، چۈنكى تىجارەت ئاللاھ تائالاغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يۈزلىنىشكە توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

## 234 . باب جىھاد قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

اللہ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿قَاتِلُوا الْمُشْرِكِينَ كَافَّةً كَمَا يُقَاتِلُونَكُمْ كَافَّةً وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ مَعَ الْمُتَّقِينَ﴾ ﴿مۇشرىكلار سىلەرگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلغاندەك، سىلەرمۇ ئۇلارغا قارشى بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، اللہ تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر (يەنى اللہ نىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش، مەنئى قىلغان ئىشلىرىدىن چەكلىنىش بىلەن اللہ دىن قورققۇچىلارغا اللہ نىڭ ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنچىدە بولۇڭلار)﴾ (سۈرە تەۋبە 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

اللہ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿كُتِبَ عَلَيْكُمُ الْقِتَالُ وَهُوَ كُرْهٌ لَكُمْ وَعَسَى أَنْ تَكْرَهُوا شَيْئاً وَهُوَ خَيْرٌ لَكُمْ وَعَسَى أَنْ تُحِبُّوا شَيْئاً وَهُوَ شَرٌّ لَكُمْ وَاللَّهُ يَعْلَمُ وَأَنْتُمْ لا تَعْلَمُونَ﴾ ﴿سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىندى. ھالبۇكى، سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر؛ سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) اللہ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر، (شۇنىڭ ئۈچۈن) اللہ بۇيرۇغانغا ئالدىراڭلار﴾ (سۈرە بەقەرە 216 ـ ئايەت).

اللہ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿انْفِرُوا خِفَافاً وَثِقَالاً وَجَاهِدُوا بِأَمْوَالِكُمْ وَأَنْفُسِكُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ﴾ ﴿(ئى مۆمىنلەر جامائەسى!) سىلەر يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە (يەنى مەيلى ياش ـ قېرى، پىيادە، ئۇلاغلىق بولۇڭلار، ئوڭۇشلۇق ۋە قىيىن شارائىتتا بولۇڭلار، ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز بولۇڭلار، ھەممە ئەھۋالدا) جىھادقا چىقىڭلار، اللہ نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار مۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر﴾ (سۈرە تەۋبە 41 ـ ئايەت)



www.munber.org

الله تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ اللَّهَ اشْتَرَى مِنَ الْمُؤْمِنِينَ أَنْفُسَهُمْ وَأَمْوَالَهُمْ بِأَنَّ لَهُمُ الْجَنَّةَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَيَقْتُلُونَ وَيُقْتَلُونَ وَعْداً عَلَيْهِ حَقّاً فِي التَّوْرَاةِ وَالأَنْجِيلِ وَالْقُرْآنِ وَمَنْ أَوْفَى بِعَهْدِهِ مِنَ اللَّهِ فَاسْتَبْشِرُوا بِبَيْعِكُمُ الَّذِي بَايَعْتُمْ بِهِ وَذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، الله مۆمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى. ئۇلار الله نىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ شېھىت بولىدۇ)، (جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان (الله نىڭ) راست ۋەدىسىدۇر، ۋەدىسىگە الله دىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار ؟ (يەنى الله دىنمۇ ۋاپادار ئەھەدى يوق) قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر﴾ (سۈرە تەۋبە 111 ـ ئايەت.)

الله تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿لا يَسْتَوِي الْقَاعِدُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ غَيْرُ أُولِي الضَّرَرِ وَالْمُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ فَضَّلَ اللَّهُ الْمُجَاهِدِينَ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ عَلَى الْقَاعِدِينَ دَرَجَةً وَكُلّاً وَعَدَ اللَّهُ الْحُسْنَى وَفَضَّلَ اللَّهُ الْمُجَاهِدِينَ عَلَى الْقَاعِدِينَ أَجْراً عَظِيماً دَرَجَاتٍ مِنْهُ وَمَغْفِرَةً وَرَحْمَةً وَكَانَ اللَّهُ غَفُوراً رَحِيما﴾ ﴿مۆمىنلەردىن ئۆزرىسىز (ئەما، توكۇر، كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرىسى بارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا) جىھادقا چىقمىغانلار الله يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ. الله ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلارنى جىھادقا چىقمىغانلاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن قىلدى. بۇ ئىككى خىل كىشىلەر (يەنى ئۆزرىسى بولۇپ جىھادقا چىقالمىغانلار ۋە جىھادقا چىققۇچىلار) نىڭ ھەممىسىگە الله جەننەتنى ۋەدە قىلدى. الله جىھاد قىلغۇچىلارغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى (ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقمىغانلاردىن ئارتۇق) قىلدى، الله (ئۇلارغا) بەلەن مەرتىۋىلەر، مەغپىرەت ۋە رەھمەت ئاتا قىلدى، الله مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ (سۈرە نىسا 95 ـــ 96 ـ ئايەتكىچە).

الله تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا هَلْ أَدُلُّكُمْ عَلَى تِجَارَةٍ تُنْجِيكُمْ مِنْ عَذَابٍ أَلِيمٍ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَتُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِكُمْ وَأَنْفُسِكُمْ ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَكُمْ إِنْ كُنْتُمْ تَعْلَمُونَ يَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَيُدْخِلْكُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الأَنْهَارُ وَمَسَاكِنَ طَيِّبَةً فِي جَنَّاتِ عَدْنٍ ذَلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ وَأُخْرَى تُحِبُّونَهَا نَصْرٌ مِنَ اللَّهِ وَفَتْحٌ قَرِيبٌ وَبَشِّرِ الْمُؤْمِنِينَ﴾ ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر تىجارەتنى كۆرسىتىپ قويايمۇ ؟ الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە (چىن) ئىمان ئېيتقايسىلەر، الله نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلغايسىلەر، ئەگەر بىلسەڭلەر، سىلەر ئۈچۈن بۇ ياخشىدۇر. (شۇنداق قىلساڭلار) الله سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، دائىمىي تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردىكى گۈزەل سارايلاردا(تۇرغۇزىدۇ)، بۇ چوڭ مۇۋاپپەقىيەتتۇر. سىلەرگە (مەرھەمەت

قىلىنىدىغان) سىلەر ياخشى كۆرىدىغان ئىككىنچى بىر نېمەت الله دىن كېلىدىغان نۇسرەت ۋە يېقىن غەلبە (يەنى مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى) دۇر، (ئى مۇھەممەد!) مۆمىنلەرگە (بۇ روشەن مەرھەمەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن﴾ (سۈرە سەف 10 ـــ 13 ـ ئايەتكىچە)

1285 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى قايسى ئەمەلدۇر؟ دەپ سورالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إيمانٌ باللّهِ ورَسولِهِ» «ئۇ ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىش»، دېدى. ئاندىن قالسىچۇ؟ دەپ سورالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الجهادُ في سبيلِ اللّهِ» «ئاللاھ تائالا يولىدا جىھاد قىلىشتۇر»، دېدى. يەنە ئاندىن قالسىچۇ؟ دەپ سورالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «حَجٌّ مَبْرُورٌ» «توغرا رەۋىشتە قىلىنغا ھەجدۇر»، دېدى. ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1286 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن ئى رەسۇلۇللاھ، قايسى ئەمەل ئاللاھ تائالاغا ئەڭ سۆيۈملۈكتۇر؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الصَّلاةُ عَلى وَقْتِهَا» «ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇلغان نامازدۇر»، دېدى. ئاندىن قالسىچۇ؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بِرُّ الوَالدَيْنِ» «ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشتۇر»، دېدى. مەن: ئاندىن قالسىچۇ؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الجِهَادُ في سَبيلِ اللّهِ» «ئاللاھ تائالا يولىدا جىھاد قىلىش».

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1287 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن: قايسى ئەمەل ئەڭ ئەۋزەل؟ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الإيْمَانُ باللّهِ، وَالجِهَادُ في سبيلِهِ» «ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىش»، دېدى.

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1288 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لَغَدْوَةٌ في سبيلِ اللّهِ، أوْ رَوْحَةٌ، خَيْرٌ مِن الدُّنْيَا وَمَا فِيها» «ئەتىگەن تەرەپتە ياكى كەچ تەرەپتە ئاللاھ يولىدا كۆرەش قىلىش دۇنيادىن ۋە دۇنيادىكى نەرسىلەردىن ياخشىدۇر». ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1290. سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «رِباطُ يَوْمٍ في سَبيلِ اللّهِ خَيْرٌ مِنَ الدُّنْيا وما عَلَيْها، ومَوْضِعُ سَوْطِ أَحدِكُمْ مِنَ الجَنَّةِ خَيْرٌ من الدُّنْيا وما عَلَيْها، والرَّوْحةُ يرُوحُها العبْدُ في سَبيلِ اللّهِ تَعالى، أوِ الغَدْوَةُ، خَيْرٌ مِنَ الدُّنْيا



www.munber.org

وَما عَلَيْهَا» «ئاللاھ يولىدا بىركۈن چېگرىنى قوغداش دۇنيادىن ۋە دۇنيادىكى نەرسىلەردىن ئارتۇقتۇر. بىرىڭلارغا جەننەتتىن بېرىلىدىغان قامچا چاغلىق جاي دۇنيادىن ۋە دۇنيانىڭ لەززەتلىرىدىن ئارتۇقتۇر. بىرەر بەندىنىڭ ئاللاھ يولىدا بىرەر ئەتىگەنى ياكى بىرەر كەچقۇرۇن كۆرەش قىلىشى دۇنيادىن ۋە دۇنيادىكى نەرسىلەردىن ئارتۇقتۇر». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1291 ـ سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «رِبَاطُ يَوْمٍ وَلَيْلَةٍ خَيْرٌ مِنْ صِيامِ شَهْرٍ وقِيامِهِ، وَإِنْ ماتَ فيهِ أجري عليه عمَلُهُ الَّذي كان يَعْمَلُ، وَأُجْرِيَ عَلَيْهِ رِزقُهُ، وأمِنَ الفَتَّانَ» «بىر كېچە ـ كۈندۈز ئاللاھ يولىدا چېگرىنى قوغداش بىر ئاي كۈندۈزى روزا تۇتۇپ كېچىلىرى ئىبادەت قىلىشتىن ئەۋزەلدۇر. چېگرىنى قوغداش يولىدا ئۆلۈپ كەتسە ئۇنىڭ ياخشىلىق ئەمەلى ئۇنىڭ نامە ـ ئەمالىغا يېزىلىپ تۇرىدۇ ۋە جەننەتتىن رىزقى بېرىلىپ تۇرىدۇ. قەبرە ئازابىدىن ئەمىن بولىدۇ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1292 ـ فەزالە ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كُلُّ مَيِّتٍ يُخْتَمُ على عَمِلِهِ إلاّ المُرابِطَ في سَبيلِ اللّهِ، فَإنَّهُ يُنَمَّى لَهُ عَمَلُهُ إلى يومِ القِيامَةِ، ويُؤمَّنُ فِتْنةِ القَبرِ» «بىر بەندە ئۆلسە، ئۇنىڭ نامە ـ ئەمەلى يېپىلىدۇ. ئەمما، ئاللاھ يولىدا چېگرىنى قوغدىغۇچىنىڭ نامە ـ ئەمەلى يېپىلماي قىيامەتكىچە ئۇنىڭغا ساۋاب يېزىلىپ تۇرىدۇ ۋە قەبرە ئازابىدىن ئەمىن بولىدۇ».
— ئەبۇ داۋۇد ۋە ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

1293 ـ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «رباطُ يَوْمٍ في سبيلِ اللّه خَيْرٌ مِنْ ألْفِ يَوْمٍ فيما سواهُ مِنَ المَنازِلِ» «ئاللاھ تائالا يولىدا چېگرىنى بىر كۈن قوغداشنىڭ ساۋابى باشقا جايلارنى قوغداش يولىدىكى مىڭ كۈننىڭ ساۋابىدىن ئارتۇقتۇر».

— ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

1300. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إنَّ في الجَنَّةِ مائَةَ درجةٍ أعدَّهَا اللّه للمُجَاهِدينَ في سبيلِ اللّه ما بيْن الدَّرجَتَيْنِ كما بيْنَ السَّماءِ والأرْضِ» «ئاللاھ تائالا جەننەتتە ئۇنىڭ يولىدا كۆرەش قىلغۇچىلارغا يۈز دەرىجە تەييارلىدى، بىر دەرىجە بىلەن يەنە بىر دەرىجىنىڭ ئارىلىقى ئاسمان ـ زېمىندەك كېلىدۇ». — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

1303 ـ ئەبۇ ئەبس ئابدۇرراھمان ئىبنى جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ما اغْبَرَّتْ قدَمَا عَبْدٍ في سبيلِ اللَّه فتَمسَّه النَّارُ» « ئاللاھ يولىدا بىرەر بەندىنىڭ ئىككى قەدىمى چاڭ ـ توزانغا مىلەنسە، ئۇ دوزاخ ئازابىدىن ئەمىن بولىدۇ ».

—— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

1304 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا يلجُ النَّارَ رَجُلٌ بَكَى مِنْ خَشْيةِ اللَّهِ حتَّى يعُودَ اللَّبَن في الضَّرعِ، وَلاَ يَجْتَمِعُ عَلَى عَبْدٍ غُبَارٌ في سبيل اللَّهِ ودخَان جهَنَّم» « سېغىلغان سۈتنىڭ يېلىنىگە قايتىپ كىرىشى يوق گەپ بولغىنىدەك، ئاللاھتىن قورقۇپ ياش تۆككەن ئادەمنىڭ دوزاخقا كىرىشىمۇ يوق گەپ. ئاللاھ يولىدىكى بەندىنىڭ بەدىنىگە قونغان چاڭ ـ توزان بىلەن دوزاخ تۈتۈنى بىرىيەردە جەم بولمايدۇ ».

—— ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

1305 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم دەيدۇ: «عيْنَانِ لا تَمسُّهُمَا النَّارُ: عيْنٌ بكَت مِنْ خَشْيةِ اللَّهِ، وعيْنٌ باتَت تحْرُسُ في سبِيلِ اللَّهِ» « دوزاخقا دۇچار بولمايدىغان ئىككى تۈرلۈك كۆز بولۇپ، ئۇلار ئاللاھتىن قورقۇپ ياش تۆككەن كۆز ۋە ئاللاھ يولىدا چېگرا ساقلىغان كۆزدىن ئىبارەت ».

—— ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

1311 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ما أَحدٌ يدْخُلُ الجنَّة يُحِبُّ أَنْ يرْجِعَ إِلى الدُّنْيَا ولَه ما على الأَرْضِ منْ شَيءٍ إلاَّ الشَّهيدُ، يتمَنَّى أنْ يَرْجِع إلى الدُّنْيَا، فَيُقْتَلَ عشْرَ مَرَّاتٍ، لِما يرى مِنَ الكرامةِ» « جەننەتكە كىرگەن ئادەم پۈتكۈل پانىي دۇنيا ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان تەقدىردىمۇ، دۇنياغا قايتىشنى ياقتۇرمايدۇ. پەقەت شېھىتلا شېھىتنىڭ جەننەتتىكى دەرىجىسىنىڭ كاتتىلىقىدىن پانىي دۇنياغا قايتىپ ئون قېتىم شېھىت بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ ».

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1312 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يغْفِرُ اللَّه للشَّهيدِ كُلَّ شَيْءٍ إلاَّ الدَّيْنَ» « ئاللاھ تائالا شېھىتنىڭ ھەممە گۇناھىنى مەغفىرەت قىلىدۇ، پەقەت ئۇنىڭ ئۈستىدە بىراۋنىڭ ھەققى بولسا مۇشۇ گۇناھى مەغپىرەت قىلىنمايدۇ ».

—— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1316 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: بىرمۇنچە ئادەملەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ: بىزگە

www.munber.org

بىرنەچچە ئادەملەرنى قوشۇپ بەرسەڭ. بىزگە «قۇرئان كەرىم» بىلەن «ھەدىس شەرىف»نى ئۆگەتسە، دېدى. ئەنسارىيلاردىن قارىيلار دېيىلىدىغان 70 نەپەر ئادەمنى ئۇلارغا قوشۇپ قويدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تاغام ھەراممۇ بار ئىدى. ئۇلار كېچىسى «قۇرئان كەرىم» ئوقۇيتتى، «قۇرئان كەرىم»نى مۇتالىئە قىلاتتى ۋە ئۆگىنەتتى. كۈندۈزلىرى مەسجىدكە سۇ تۇشۇيتتى. ئۇلار ئوتۇن كېسىپ كېلىپ سېتىپ، ئەھلى سۇففە ۋە كەمبەغەللەرگە يېمەك-ئىچمەك سېتىۋالاتتى. مانا مۇشۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قوشۇپ بەردى. ئۇلار كۆزلىگەن جايغا يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن يولدا مۇشرىكلار ئۇچراپ قېلىپ ئۇلارنى قىرىپ تاشلىدى. ئۇلار شۇ چاغدا: «ئى ئاللاھ، پەيغەمبىرىمىزگە بىزدىن يەتكۈزۈپ قويغىنكى، بىز ساڭا مۇلاقات بولدۇق. سەندىن بىز مەمنۇن بولدۇق، سەنمۇ بىزدىن رازى بولدۇڭ»، دېدى. مۇشرىكلەردىن بىرسى كېلىپ ئەنەسنىڭ تاغىسى ھەرامنىڭ ئارقا تەرىپىدىن نەيزە سانجىدى، سانجىلغان نەيزە ئالدىدىن تېشىپ چىقتى، ھەرام: «كەئبىنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەمكى، مەن مۇرادىمغا يەتتىم»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە مۇنداق دېدى: «إنَّ إخْوانَكم قَد قُتِلُوا وإنهم قالُوا: اللَّهُمَّ بلِّغ عنَّا نبينا أنَّا قَد لَقِيناكَ فَرضِينَا عنكَ ورضِيتَ عَنَّا» «سىلەرنىڭ قېرىنداشلار ھەممىسى شېھىت بولدى. ئۇلار شېھىت بولۇش ئالدىدا: ‹ئى ئاللاھ پەيغەمبىرىمىزگە بىزدىن يەتكۈزگىنكى، بىز ساڭا مۇلاقات بولدۇق. سەندىن بىز مەمنۇن بولدۇق. سەنمۇ بىزدىن رازى بولدۇڭ›، دېدى». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1317 - ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مېنىڭ تاغام ئەنەس ئىبنى نەزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەدر ئۇرۇشىغا قاتنىشالمىغانىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى، مەن سەن مۇشرىكلار بىلەن ئېلىپ بارغان تۇنجى ئۇرۇشقا قاتنىشالمىدىم. ئاللاھ تائالا ماڭا مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇشۇشنى نېسىپ قىلسا، مېنىڭ ئۇرۇشتا قانداق قىلىدىغانلىقىمنى چوقۇم كۆرىدۇ»، دېدى. ئۇھۇد ئۇرۇشى كۈنى مۇسۇلمانلار پىتىراپ كەتتى. ئەنەس ئىبنى نەزىر: «ئى ئاللاھ، بۇلارنىڭ (ھەمراھلىرىمنىڭ) بۇنداق قىلغانلىقىدىن ساڭا ئۆزرە ئېيتىمەن. شۇنىڭدەك بۇلارنىڭ (مۇشرىكلارنىڭ) ئىشلىرىدىن چىكارىگاھمەن»، دېدى. ئاندىن كېيىن ئالدىغا مېڭىپ سەئد ئىبنى مۇئازغا ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ «ئى سەئد ئىبنى مۇئاز، نەزىرنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەمكى، ئۇھۇد تەرەپتىن جەننەتنىڭ ھىدىنى ئېلىۋاتىمەن»، دېدى. سەئد ئىبنى مۇئاز: «ئى رەسۇلۇللاھ، مەن ئەنەس ئىبنى نەزىرنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى قىلالمىدىم»، دېدى. ئەنەس مۇنداق دەيدۇ: «ئەنەس ئىبنى نەزىرنى كېيىن جەڭ مەيدانىدا شېھىت بولغان ھالدا ئۇچراتتۇق. ئۇنىڭ قىلىچ بىلەن چېپىلىپ، نەيزە بىلەن سانجىلىپ، ئوق بىلەن ئېتىلىپ، سەكسەن نەچچە يېرىنىڭ يارىلانغانلىقىنى



www.munber.org

كۆردۇق. مۇشرىكلار ئۇنىڭ ئەزالىرىنى، قۇلاق، بۇرۇنلىرىنى كېسىپ تاشلىغانىدى. ئۇنى پەقەت ھەمشىرىسىلا بارماقلىرىدىن تونۇيالىدى. بىز مۇشۇ ئايەتنى ئەنەس ئىبنى نەزىر ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلار ھەققىدە نازىل بولغان دەپ ئويلىدۇق: ﴿مِنَ الْمُؤْمِنِينَ رِجَالٌ صدقُوا ما عَاهَدوا اللّه عليْهِ فَمِنْهُمْ منْ قَضَى نَحْبَهُ وَمِنْهُم مَّن يَنتَظِرُ وَمَا بَدَّلُوا تَبْدِيلًا﴾ ﴿مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدە ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شېھىت بولدى. بەزىسى (شېھىت بولۇشنى) كۈتمەكتە، ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىسىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق﴾ ». (« قۇرئان كەرىم » سۈرە ئەھزاب 23 ـ ئايەت)

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1318 ـ سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «رأَيْتُ اللَّيْلَةَ رجُلين أتَياني، فَصعِدا بي الشَّجرةَ، فَأَدْخَلاني دَاراً هِي أحْسنُ وَأَفضَل، لَمْ أَر قَطُّ أَحْسنَ منها، قالا: أَمَّا هذِهِ الدَّار فَدارُ الشهداءِ» « كېچە مەن ئادەم سۈرىتىدە ئىككى پەرىشتىنى كۆردۈم، ئۇلار ئىككىسى كېلىپ مېنى دەرەخكە ئېلىپ چىقتى. ئۇلار مېنى ناھايىتى چىرايلىق، ئېسىل بىر ھويلىغا باشلاپ كىردى. مەن مۇنداق گۈزەل ھويلىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ئۇلار ئىككىسى: ‹بۇ ھويلا بولسا شېھىتلەرنىڭ ھويلىسىدۇر »دېدى. (ئۇلار جىبرىئىل بىلەن مىكائىل ئىدى.) — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

1319 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، بەرانىڭ قىزى ھارىسە ئىبنى سۇراقىنىڭ ئانىسى ئۇممۇ رەبى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ: « ئى رەسۇلۇللاھ، ھارىسە توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرسەڭچۇ؟ (ھارىسە بەدرى سوقۇشىدا شېھىت بولغانىدى) ئەگەر ھارىسە جەننەتتە بولىدىغان بولسا مەن سەۋر قىلىمەن، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا تېخىمۇ يىغلايمەن »، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يا أُم حارِثَةَ إنَّهَا جِنانٌ في الجَنَّةِ، وَإِنَّ ابْنَكَ أَصاب الفِرْدوْسَ الأَعْلى» « ئى ھارىسەنىڭ ئانىسى، جەننەتنىڭ دەرىجىلىرى كۆپ بولىدۇ. سېنىڭ ئوغلۇڭ فىردەۋس جەننىتىدە بولىدۇ »، دېدى. — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

1320. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، مېنىڭ ئاتامنىڭ جەسىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىندى. مۇشرىكلەر ئۇنىڭ جەسىتىنى پارە ـ پارە قىلىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ يۈزىنى ئاچماقچى بولغانىدىم. باشقىلار مېنى بۇنىڭدىن توستى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ما زَالَتِ الملائِكَةُ تُظِلُّهُ بِأَجْنِحَتِها» « پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا قاناتلىرىنى سايىۋەن قىلىپ تۇرۇپتۇ »، دېدى.

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

1321 - سەھل ئىبن ھۇنەيف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ سألَ اللّه تعالى الشَّهَادةَ بِصِدْقٍ بلَّغهُ منَازِلَ الشُّهَداءِ وإنْ ماتَ على فِراشِهِ» « كىمكى ئاللاھ تائالادىن چىن دىلى بىلەن شېھىت بولۇشنى تەلەپ قىلسا، ئۇ ئادەم تۆشەكتە ئۆلگەن بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنى شېھىتلەر دەرىجىسىگە يەتكۈزىدۇ ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1322 - ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «منْ طلَب الشَّهَادةَ صادِقاً أُعطيها ولو لم تُصِبْهُ» « كىمكى چىن دىلى بىلەن شېھىتلىكنى تەلەپ قىلسا، شېھىت بولمىسىمۇ، ئۇنىڭغا شېھىتلىكنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1323 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ما يَجِدُ الشَّهِيدُ مِن مَسِّ القتْلِ إلاَّ كما يجِدُ أحدُكُمْ مِنْ مسِّ القَرْصَةِ» « شېھىت قىلىنىۋاتقان كىشى پەقەت چۈمۈلە چاققانچىلىكلا ئازابلىنىدۇ ». — تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

1325 - سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ثِنْتَانِ لا تُردَّانِ، أَوْ قَلَّمَا تُردَّانِ: الدُّعاءُ عِنْد النِّدَاءِ وعِند البأسِ حِينَ يُلْحِمُ بَعْضُهُم بَعضاً» « ئىككى تۈرلۈك رەت قىلىنمايدىغان ياكى كەمدىن ـ كەم رەت قىلىنىدىغان دۇئا بار، ئۇلار ئەزان ئېيتقاندا قىلىنغان دۇئا ۋە دۈشمەن بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەندە قىلىنغان دۇئادىن ئىبارەت ». — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

1327 - ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قەۋمدىن خەۋپسىرىسە مۇنداق دەيتتى: «اللَّهُمَّ إنَّا نَجعَلُكَ في نُحُورِهِم، ونَعُوذُ بِكَ مِنْ شُرورِهِم» « ئى ئاللاھ، سېنى بىز دۈشمەنلىرىمىزگە قارشى چارە تېپىپ بەرگۈچى دەپ بىلىمىز ۋە ساڭا سېغىنىپ دۈشمەنلەرنىڭ يامانلىقلىرىدىن پاناھ تىلەيمىز ». — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

1329 - ئۇرۋە بارىقىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الخَيْلُ مَعقُودٌ في نَواصِيهَا الخَيرُ إلى يـوْمِ القِيامَـةِ: الأجرُ، والمغنَمُ» « جەڭ ئېتىنىڭ ماڭلاي تۈكلىرىگە تاكى قىيامەتكىچە ياخشىلىق يەنى ساۋاب بىلەن غەنىيمەت پۈتۈلگەن ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

1330. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «من احتَبَس فَرساً في سبيلِ اللَّهِ، إيماناً باللَّهِ، وتَصديقاً بِوعْدِهِ، فإنَّ شِبَعَهُ ورَيَّهُ وروْثَهُ، وبولَهُ في مِيزَانِهِ يومَ القِيامَةِ» «كىمكى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش ۋە ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىش يۈزىسىدىن ئاللاھنىڭ يولىدا بىرەر ئاتنى بېقىپ پەرۋىش قىلسا، ئاتنىڭ تويغىنى، سۇ ئىچىپ قانغىنى، تېزەكلىگىنى ۋە سىيگىنى (ساۋاب ئىشلىرى قاتارىدا) قىيامەت كۈنى شۇ ئادەمنىڭ نامى ئەمال تارازىسىغا سېلىنىدۇ». — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

1331 ـ ئەبۇ ئەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا چۇلۇك سېلىنغان بىر ھىنگان تۆگىنى ئېلىپ كېلىپ، مۇنداق دېدى: ئى رەسۇلۇللاھ. بۇ جانىۋار ئاللاھ يولىدا پەرۋىش قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «لكَ بِهَا يَومَ القِيامةِ سَبعُمِائَةِ ناقَةٍ كُلُّها مخطُومةٌ» «بۇنىڭ بەدىلىگە قىيامەت كۈنى ساڭا چۇلۇك سېلىنغان 700 تۆگە بېرىلىدۇ».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1338 ـ ئەبۇ يەھيا خۇرەيىم ئىبنى فاتىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ أَنْفَقَ نَفَقَةً في سبيلِ اللَّهِ كُتِبَ لَهُ سبْعُمِائَةِ ضِعفٍ» «كىمكى ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلسا، ئۇنىڭغا 700 ھەسسە ساۋاب يېزىلىدۇ». — ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

1339 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ما مِنْ عبدٍ يصومُ يوْماً في سبِيلِ اللَّهِ إلاَّ باعد اللَّه بِذلكَ اليوم وَجْهَهُ عَنِ النَّارِ سبْعِين خَرِيفاً» «ھەرقانداق بەندە ئاللاھ يولىدا بىركۈن روزا تۇتىدىكەن. ئاللاھ تائالا شۇ كۈن ئۇچۈن ئۇ ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىنى دوزاختىن 70 يىللىق مۇساپىدەك يىراقلىقتا قىلىدۇ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1340. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ صامَ يَوْماً في سبيل اللَّهِ جَعَلَ اللَّه بينَهُ وَبيْنَ النَّارِ خَنْدَقاً كَمَا بيْنَ السَّماءِ والأَرْضِ» «كىمكى ئاللاھ يولىدا بىركۈن روزا تۇتىدىكەن. ئاللاھ تائالا ئۇ ئادەم بىلەن دوزاخ ئوتتۇرىسىدا بىر خەندەكنى پەيدا قىلىدىكەنكى، ئۇ خەندەكنىڭ كەڭلىكى ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىسىدەك كېلىدۇ».

— ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

1342 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر جەڭدە بولغانىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إنَّ بالمدينةِ لَرِجالاً ما سِرتُمْ مَسيراً، وَلا قَطَعْتُمْ وادياً إلاَّ كانُوا معكُم، حَبَسهُمُ المَرضُ» « مەدىنىدە كىسەل سەۋەبى بىلەن قېلىپ قالغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلار سىلەر قەيەرگە ماڭساڭلار، قانداق جىلغىلارنى كېسىپ ئۆتسەڭلار، سىلەر بىلەن بىللە بولغاندەك ھېسابلىنىدۇ ».

يەنە بىر رىۋايەتتە: «إلاَّ شَرَكُوكُمْ في الأجرِ» « ئۇلارمۇ سىلەرگە ئوخشاش ساۋاب تاپىدۇ »، دېيىلگەن. ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1347 ـ سائىب ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇك غازىتىدىن قايتىپ كەلگەندە، كىشىلەر ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى. مەنمۇ كىچىك بالىلار بىلەن « سەنىييەتۇل ۋادا »، دېگەن جايدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشتۇم. ـــ ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

بۇخارىنىڭ بىر رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قارشى ئېلىشقا بىز كىچىك بالىلار بىلەن « سەنىييەتۇل ۋادا »، دېگەن جايغىچە باردۇق.

1350. ئەبۇ ئەمر نوئمان ئىبنى مۇقەررىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆردۈمكى ئۇ كۈندۈزنىڭ دەسلىپىدە ئۇرۇش قىلمىسا، ئۇرۇشنى كۈن قايرىلغان، شامال چىققان، غەلىبىگە يۈزلەنگەن چاغقىچە كېچىكتۈرەتتى. ـــ ئەبۇ داۋۇد ۋە ترمىزى رىۋايەت قىلغان.

1351 ـ ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «لا تَتَمَنَّوْا لِقَاءَ العَدُوِّ، واسألوا الله العافيةَ، فإذا لَقيتُمُوهم، فَاصْبِروا» « سىلەر دۈشمەنگە ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلماڭلار، ئەگەر سىلەر ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالساڭلار چىداملىق بولۇڭلار » ـ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

1352 ـ ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الحرْبُ خُدْعَةٌ» « ئۇرۇش تاكتىكىدۇر ».

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

www.munber.org

## 235 ـ باب كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشۇپ جەڭدە شېھىت بولمىغان، يۇيۇلۇپ نامىزى چۈشۈرۈلىدىغان، ئەمما ئاخىرەتتە شېھىتلەرگە ئوخشاش ئەجىرگە ئېرىشىدىغان كىشىلەرنىڭ بايانى توغرىسىدا

1353 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الشُّهَدَاءُ خَمسَةٌ: المَطعُونُ، وَالمبْطُونُ، والغَرِيقُ، وَصَاحبُ الهَدْمِ وَالشَّهيدُ في سبيل اللّه» « شېھىت بەش تۈرلۈك بولىدۇ: ۋابا بىلەن ئۆلگەن ئادەم، قورساق ئاغرىقى بىلەن ئۆلگەن ئادەم، سۇدا غەرق بولۇپ ئۆلگەن ئادەم، تام بېسىۋېلىپ ئۆلگەن ئادەم، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ ئۆلگەن ئادەم » .

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1354 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ما تَعُدُّونَ الشهداءَ فِيكُم؟» « سىلەر شېھىت دەپ كىملەرگە ئېيتىسىلەر؟ » . ساھابىلەر: « ئى رەسۇلۇللاھ كىمكى ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن بولسا، شۇ شېھىتتۇر » ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إنَّ شُهَدَاءَ أُمَّتي إذاً لَقلِيلٌ» « ئۇنداق بولسا مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ شېھىتلىرى ئاز بولۇپ قالىدىغۇ؟ » . ساھابىلەر: « ئۇنداق بولسا كىملەر شېھىت بولىدۇ؟ » ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مَنْ قُتِل في سبيلِ اللّٰه فهُو شَهيدٌ، ومنْ ماتَ في سبيل اللّه فهُو شهيدٌ، ومنْ ماتَ في الطّاعُون فَهُو شَهيدٌ، ومنْ ماتَ في البطنِ فَهُو شَهيدٌ، والغَريقُ شَهيدٌ» « كىمكى ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلسە ئۇ شېھىتتۇر، كىمكى ۋابا بىلەن ئۆلسە ئۇ شېھىتتۇر، كىمكى قورسىقى ئاغرىپ ئۆلسە ئۇ شېھىتتۇر، كىمكى سۇدا غەرق بولۇپ ئۆلسە ئۇ شېھىتتۇر، كىمكى تام بېسىۋېلىپ ئۆلسە ئۇ شېھىتتۇر » . — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1355 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ قُتِل دُونَ مالِه، فَهُو شهيدٌ» « كىمكى ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلسە ئۇ شېھىدتۇر » .

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1357 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، « ئى رەسۇلۇللاھ، بىر ئادەم كېلىپ مېنىڭ مال ـ مۈلكۈمنى تارتىۋالماقچى بولسا، قانداق قىلسام بولىدۇ؟ » ، دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «فَلا تُعْطِهِ مالكَ» « ئۇنىڭغا مال ـ مۈلكىڭنى بەرمىگىن » ، دېدى. ئۇ ئادەم: « مەن مېلىمنى بەرمىسەم ئۇ مەن بىلەن



www.munber.org

ئۇرۇشسىچۇ؟ »، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قَاتِلْهُ» « سەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقىن »، دېدى. ئۇ ئادەم: « ئەگەر ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسىچۇ؟ »، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «فَأَنْتَ شَهِيدٌ» « ئۇنداق بولسا سەن شېھىت بولغان بولىسەن »، دېدى. ئۇ ئادەم: « ئەگەر مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەمچۇ؟ »، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «هُوَ فِي النَّارِ» « ئۇ دوۋزىخىي بولۇپ كېتىدۇ »، دېدى.

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

## 236 . باب قۇل ئازاد قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَلَا اقْتَحَمَ الْعَقَبَةَ ۝ وَمَا أَدْرَاكَ مَا الْعَقَبَةُ ۝ فَكُّ رَقَبَةٍ﴾ ﴿ئۇ داۋان ئاشمىدى، داۋان ئېشىشنىڭ نېمىلىگىنى قانداق بىلەتتىڭ. (داۋان ئېشىش دېگەن) قۇل ئازاد قىلماقتۇر﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە بەلەد 11 ـ، 12 ـ، 13 ـ ئايەتلەر)

**1358** ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ أَعْتَقَ رَقَبَةً مُسْلِمَةً أَعْتَقَ اللَّه بِكُلِّ عُضْوٍ مِنْهُ عُضْواً مِنْهُ مِنَ النَّارِ حتى فَرْجَهُ بِفرجِهِ» « قانداق بىر كىشى بىر مۇسۇلمان قۇلنى ئازاد قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنىڭ بارابىرىگە ئۇ كىشىنىڭ ئەزاسىنى دوزاختىن ئازاد قىلىدۇ. ھەتتا ئۇ كىشىنىڭ ئەۋرەت ئەزاسىنى ئۇ قۇلنىڭ ئەۋرەت ئەزاسىنىڭ بارابىرىگە دوزاختىن ئازاد قىلىدۇ ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بۇرۇن ئۆتكەن سەلەف سالىھلار قۇل ئازاد قىلىشتا بەك ئاكتىپ بولۇپ، ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ 30مىڭ قۇلنى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ 1000دىن ئارتۇق قۇلنى ئازاد قىلغۇچىلىكى نەقىل قىلىنغان.

2) قۇللارنى قۇللۇق كىشەنلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش قىيامەتتە دوزاختىن قۇتۇلۇپ، جەننەتتىكى يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىشكە سەۋەب ئىكەنلىكى.

**1359** ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن: « ئى رەسۇلۇللاھ، ئەمەللەرنىڭ قايسىسى ئەڭ ئەۋزەل ھېسابلىنىدۇ »، دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الإيمانُ باللَّه، والجِهادُ في سبيلِ اللَّه» « ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش »، دېدى. مەن: « قايسى خىلدىكى قۇلنى ئازاد قىلىش ئەڭ ئەۋزەل؟ »، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَنْفَسُهَا عِنْدَ أَهْلِهَا، وَأَكْثَرُهَا ثَمَناً» « ئۆز ئىگىسىنىڭ نەزەرىدە ئەڭ ئېسىل ۋە باھاسىمۇ قىممەت بولغىنىنى »، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش بارلىق ياخشى ئەمەللەرنىڭ ئاساسى. ئاللاھ تائالانىڭ كەلىمىسىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى قىلىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىش بولسا ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىكەنلىكى.

2) قۇل ئازاد قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن، خوجايىنىغا كۆپ پايدا ئېلىپ كېلىدىغان ئەتىۋارلىق قۇلنى ئازاد قىلىشنىڭ ساۋابىنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقى. شۇنداقلا ئىگىسى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مالنى ئېھسان ـ سەدىقە قىلىشمۇ ئۇنىڭ ساۋابى كۆپ بولىدىغانلىقى.

## 237 . باب قۇللارغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَاعْبُدُواْ اللّهَ وَلاَ تُشْرِكُواْ بِهِ شَيْئًا وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا وَبِذِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَالْجَارِ ذِي الْقُرْبَى وَالْجَارِ الْجُنُبِ وَالصَّاحِبِ بِالجَنبِ وَابْنِ السَّبِيلِ وَمَا مَلَكَتْ أَيْمَانُكُمْ﴾ ﴿ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ ئاناڭلارغا، خىش ـ ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يىراق يېقىندىكى قوشنىلارغا، ياندىكى ھەمراھقا، مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل ـ چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە نىسا 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

1360. مەئرۇر ئىبنى سۇۋەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن ئەبۇ زەرنى ئۈستىگە چىرايلىق تون كىيىۋالغان ھالدا كۆردۈم، ئۇنىڭ خىزمەتكارىنىڭ ئۈچىسىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش تون بار ئىكەن. مەن ئۇنىڭدىن بۇ ئىش توغرۇلۇق سورىسام ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدا بىر كىشىنى ئانىسىنى تىلغا ئېلىپ تىللىغانلىقىنى، شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا: «إنَّك امْرُؤٌ فِيك جاهِلِيَّةٌ» : هُمْ إخْوانُكُمْ، وخَولُكُمْ، جعَلَهُمُ اللَّه تَحت أيدِيكُمْ، فَمَنْ كَانَ أَخُوهُ تَحت يَدهِ فليُطعِمهُ مِمَّا يَأْكلُ، وَلْيُلْبِسْهُ مِمَّا يلبَسُ، ولا تُكَلِّفُوهُم مَا يَغْلبُهُمْ، فإن كَلَّفتُمُوهُم فَأَعِينُوهُم» «سەندە جاھىلىيەت ۋاقتىدىكى ئىللەتلەر بار ئىكەن، ئۇلار بولسا سىلەرنىڭ قېرىندىشىڭلاردۇر ۋە خىزمەتكارلىرىڭلاردۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى سىلەرنىڭ قول ئاستىڭلاردا قىلدى، كىمكى ئۇنىڭ قېرىندىشى ئۇنىڭ قول ئاستىدا بولسا ئۆزى نېمە يېسە ئۇنىڭغا شۇنى يېگۈزسۇن، ئۆزى نېمىنى كىيسە شۇنى كىيگۈزسۇن، ئۇلارنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا ئۇلارنى بۇيرۇمىسۇن، ئەگەر بۇيرۇسا ئۇلارغا ياردەملەشسۇن»، دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) قول ئاستىدىكى كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن. بالا ـ چاقىلىرىغا قانداق مۇئامىلىدە بولغان بولسا، ئۇلارغا نېمە كىيدۈرگەن بولسا قول ئاستىدىكىلەرگىمۇ شۇنداق مۇئامىلىدە بولۇش ۋە ئوخشاش كىيىندۈرۈش ياخشى مۇئامىلە قىلغانلىق ھېسابلىنىدىغانلىقى ۋە بۇنداق قىلىشنىڭ تەشەببۇس قىلىنغان ياخشى ئىش



www.munber.org

ئىكەنلىكى، قول ئاستىدىكى كىشىلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكدىن ئىبارەت ئېھتىياجلىرىدىن لايىقىدا چىقىشنىڭ خوجايىنلار ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكى.

2) قول ئاستىدىكىلەرگە كۆيۈنۈش، ئۇلارنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا سالماسلىق ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

3) گۈزەللىك، جەمئىيەتنى قۇرۇشتىكى ئۆز ئارا ئاھلىيەت ئەخلاقلىرى بىلەن ئەخلاقلىنىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش.

4) ئىسلامدىكى باراۋەرلىكنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، بارلىق كىشىلەرنىڭ قېرىنداش ئىكەنلىكى، كىشىلەرنىڭ پەقەت تەقۋادارلىق بىلەنلا بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولىدىغانلىقى.

**1361 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إذا أتى أحدَكم خَادِمُهُ بِطَعامِهِ، فَإنْ لم يُجْلِسْهُ معهُ، فَليُناوِلْهُ لُقمةً أوْ لُقمَتَيْنِ أوْ أُكلَةً أوْ أُكلَتَيْنِ، فَإنَّهُ وليَ عِلاجهُ» **« بىرەركىمنىڭ خىزمەتچىسى تاماق ئېلىپ كەلسە، ئۇ ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ بىللە يېسۇن، خىزمەتچىسى بىلەن بىللە يېمىگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا تاماقتىن ئاز ـ تولا ئېغىز تەگدۈرسۇن، چۈنكى ئۇ تاماق ئېتىشنىڭ جاپاسىنى تارتقان ».** ــ بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) تاماق تەييارلىغان كىشىنى داستىخاندا ئولتۇرغۇزۇپ بىللە غىزالىنىش ئۇلارغا كۆيۈنگەنلىك ۋە كەمتەرلىك بولىدىغانلىقى.

2) تاماق تەييارلىغان ئاشپەز، خادىملىرىغا ئېشىپ قالغىنىنى ئەمەس، شۇ تاماقتىن بېرىشنىڭ لازىملىقى.

## 238 ـ باب ئاللاھنىڭ ۋە خوجايىننىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان قۇلنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

**1362 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إنَّ العَبْدَ إذا نَصحَ لِسيِّدِهِ، وَأَحْسَنَ عِبادةَ اللَّهِ، فَلَهُ أجْرُهُ مرَّتيْنِ» **« بىرەر قۇل خوجايىنىغا سادىق بولسا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئىبادىتىنى ياخشى قىلسا، ئۇنىڭغا ئىككى ھەسسە ئەجىر بېرىلىدۇ ».** ــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1363 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** « للعبدِ المملوكِ المُصلحِ أجْرانِ » **« ياخشى قۇل قوش ئەجىرگە ئېرىشىدۇ »، دېگەنىدى. ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق دېدى: « ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئاللاھ تائالا يولىدىكى جىھاد قىلىش، ھەج قىلىش، ئانامغا ياخشىلىق قىلىش قاتارلىق ئەمەللەر بولمىغان بولسا، ئەلۋەتتە مەن قۇل بولغان ھالدا ئۆلۈشنى ياخشى كۆرەتتىم ».**

www.munber.org

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1364 ـ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «الممْلُوكُ الذي يُحْسِنُ عِبَادَةَ رَبِّهِ، وَيُؤَدِّي إلى سَيِّدِهِ الذي عليهِ مِنَ الحقِّ، والنَّصِيحَةِ، والطَّاعَةِ، لهُ أجْرَانِ» **« ئۆز رەببىنىڭ ئىبادىتىنى ياخشى قىلغان، شۇنداقلا ئۆز خوجايىنىنىڭ ئۆزى ئۈستىدىكى ھەققىنى ئادا قىلغان، سەمىمىي، سادىق بولغان، ئىتائەتچان بولغان قۇلغا قوش ساۋاب بېرىلىدۇ ».**

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**1365 ـ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «ثلاثةٌ لهُمْ أجْرانِ : رَجُلٌ مِنْ أهْلِ الكتاب آمن بنبيَّه وآمنَ بمُحَمدٍ ، والعبْدُ المَمْلُوكُ إذا أدَّى حقَّ اللَّهِ، وَحقَّ مَوَالِيهِ، وَرَجُل كانَتْ لَهُ أَمةٌ فَأَدَّبها فَأَحْسَنَ تَأْدِيبَها ، وَعلَّمها فَأَحْسَنَ تَعْلِيمَها ، ثُمَّ أَعْتقَهَا فَتَزَوَّجَهَا ، فَلَهُ أجْرَان» **« ئۈچ تۈرلۈك ئادەمنىڭ ئەجرى قوشلاپ بېرىلىدۇ. خرىستىئان ياكى يەھۇدىي بولۇپ، پەيغەمبىرى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ياكى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماڭىمۇ ئىمان كەلتۈرگەن بولسا ئۇنىڭغا قوش ئەجر بېرىلىدۇ. بىر قۇل ئاللاھنىڭ ھەققىنىمۇ ئادا قىلسا، خوجايىنىنىڭ ھەققىنىمۇ ئادا قىلسا ئۇنىڭ قوش ئەجىر بېرىلىدۇ. بىر ئادەمنىڭ بىر دېدىكى بولۇپ، ئۇنى ياخشى تەربىيىلەپ، ياخشى ئوقۇتۇپ ئاندىن ئۇنى ئازاد قىلىپ نىكاھىغا ئالغان بولسا بۇ كىشىگىمۇ قوش ئەجىر بېرىلىدۇ ».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

بۇ بابتىكى ھەدىسلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى (1362~1365): 1) پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادىتىنى ۋە خوجايىنىنىڭ ئىشلىرىنى ياخشى قىلغان سالىھ قۇلنىڭ پەزىلىتى ۋە ساۋابىنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقى.

2) قۇل ـ چاكارلارغا ئوخشاش ئاجىز كىشىلەرگە غەمخورلۇق قىلىش، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاياش ۋە ئۇلارنى سەۋرچانلىققا، ئاللاھ تائالانىڭ ساۋابىنى كۆزلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش.

3) مۇسۇلمانلارنى قۇل ئاستىدىكى كىشىلەرگە ياردەم بېرىشكە، ئۇلارنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىنى ياخشى قىلىشقا ۋە ئۇلارنى ئۆيلەش، ئازاد قىلىۋېتىش ۋە خاتىرجەم قىلىشقا، بولۇپمۇ ئاياللارنى ئۆي ـ ئوچاقلىق قىلىپ قويۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

4) جىھاد ۋە ھەجنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنغان، ئاتا ـ ئانىغا، بولۇپمۇ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

5) ئەھلى كىتابلارنى ئۆز پەيغەمبىرىگە ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈپ قوش ئەجىرگە نائىل بولۇش ئۈچۈن ئىسلامغا كىرىشكە رىغبەتلەندۈرگەن.

www.munber.org

## 239 . باب پىتنە ـ پاسات زامانىدا ئىبادەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

1366 ـ مەئقىل ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «العِبَادَةُ في الهَرْجِ كهِجْرةٍ إلَيَّ» « پىتنە ـ پاسات زامانىدا قىلىنغان ئىبادەت مېنىڭ تەرىپىمگە ھىجرەت قىلغانغا ئوخشايدۇ » .

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پىتنىلەر ئەۋج ئېلىپ كىشىلەر ئاللاھ تائالانىڭ تائىتىدىن غاپىل قالغان كۈنلەردە ئاللاھ تائالاغا تائەت ـ ئىبادەتلەر بىلەن يۈزلىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈش.

2) ھىجرەتنىڭ مەنىسى ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى زاھىرى ھىجرەت، بۇنىڭ لۇغەت مەنىسى بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە يۆتكىلىشتىن ئىبارەت. شەرئىيتتىكى مەنىسى بولسا، ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان نەرسىنى تەرك ئېتىپ، بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلىشتىن ئىبارەت. شۇڭا، دىنىي پىتنىدىن قوغداپ، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت بىلەن ئىلتىجا قىلغان كىشى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى تەرەپكە ھىجرەت قىلغان ھېسابلىنىدۇ.

3) پىتنىگە ئۇچرىماسلىق ۋە بۇزۇقچىلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ شەرئىيتى، پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىدە چىڭ تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

## 240. باب سودا ـ سېتىقتا، ئېلىم ـ بېرىمدا كەڭچىلىك قىلىشنىڭ پەزىلىتى، قەرزنى ئادا قىلىش ۋە سۆيلەشتە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش، ئۆلچەم ۋە تارازىدا ئېغىر بېرىش، كەم بېرىشنى مەنئى قىلىش ۋە قول ئىلكىدە بار ئادەمنىڭ قىيىنچىلىقى بار ئادەمگە قەرز قايتۇرۇشنىڭ ۋاقتىنى ئارقىغا سۈرۈپ بېرىش ياكى كەچۈرۈم قىلىۋېتىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَا تَفْعَلُواْ مِنْ خَيْرٍ فَإِنَّ اللّهَ بِهِ عَلِيمٌ﴾ ﴿ياخشىلىقتىن نېمىنى قىلماڭلار، ئاللاھ تائالا ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 215 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَيَا قَوْمِ أَوْفُواْ الْمِكْيَالَ وَالْمِيزَانَ بِالْقِسْطِ وَلاَ تَبْخَسُواْ النَّاسَ أَشْيَاءهُمْ﴾ ﴿ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆلچەمنى كەم بەرمەڭلار، توغرا ئۆلچەڭلار، تارازىنى توغرا تارتىڭلار، كىشىلەرگە نەرسىلەرنى كەم بەرمەڭلار﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھۇد 85 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَيْلٌ لِّلْمُطَفِّفِينَ* الَّذِينَ إِذَا اكْتَالُواْ عَلَى النَّاسِ يَسْتَوْفُونَ * وَإِذَا كَالُوهُمْ أَو وَّزَنُوهُمْ يُخْسِرُونَ* أَلَا يَظُنُّ أُولَئِكَ أَنَّهُم مَّبْعُوثُونَ* لِيَوْمٍ عَظِيمٍ* يَوْمَ يَقُومُ النَّاسُ لِرَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ ﴿(ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا) كەم بەرگۈچىلەرگە ۋاي! ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغان چاغدا، تولۇق ئالىدۇ. كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەن چاغدا كەم بېرىدۇ.



www.munber.org

ئۇلار بۈيۈك بىر كۈندە تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەمدۇ. ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ھوزۇرىدا تىك تۇرىدۇ﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە مۇتەففىفىين 1 ~ 6 ـ ئايەتلەر)

1367 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قەرز سۈيلەپ كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قوپال مۇئامىلە قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئۇنىڭ ئۈستىگە يوپۇرۇلۇپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دعُوهُ فَإِنَّ لِصَاحِبِ الحَقِّ مقَالاً، أَعْطُوه سِنًّا مِثْلَ سِنِّهِ» « بولدى قىلىڭلار، ھەق ئىگىسىنىڭ سۆزلەشكە ھەققى بار. ئۇنىڭغا ئۇنىڭ تۆگىسىنىڭ يېشىدىكى تۆگىنى بېرىڭلار »، دېدى. ساھابىلەر: « ئى رەسۇلۇللاھ، بىز ئۇنىڭ تۆگىسىدىن ياخشىراق تۆگىنىلا تاپالىدۇق »، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَعْطُوهُ فَإِنَّ خَيْرَكُم أَحْسَنُكُمْ قَضَاءً» « ئۇنى بېرىڭلار، چۈنكى قەرز قايتۇرۇشتا ياخشى بولغىنىڭلار سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلاردۇر »، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) گەرچە ھەق ئىگىسى بولسىمۇ، قارشى تەرەپكە ياخشى مۇئامىلە قىلىش ۋە يۇمشاق، سىلىق سۆزلەشكە رىغبەتلەندۈرۈلگەن. ھەق ئىگىسى شەرىئەت دائىرىسى ئىچىدە ھەققىنى قوپاللىق بىلەن تەلەپ قىلسا جازاغا تارتىلمايدۇ.

2) قەرزدار قەرزنى تاپشۇرغاندا ئەسلىدىكىدىن ئارتۇقراق بەرسىمۇ بولىدىغانلىقى، لېكىن ھەقدار ئارتۇق بېرىشنى شەرت قىلىدىغان بولسا، جازانە بولىدىغانلىقى.

3) قەرز ئېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇلغان. چۈنكى، قەرز تىلەشنى ۋە خارلىقنى ئېلىپ كېلىدۇ.

1368 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «رَحِمَ اللَّه رجُلا سَمْحاً إذا بَاع، وَإِذا اشْتَرى، وَإِذا اقْتَضَى» « بىر نەرسە ساتقاندا، بىر نەرسە ئالغاندا ۋە قەرز سۈيلىگەندە مەرد بولغان ئادەمگە ئاللاھ تائالا رەھىم قىلسۇن ». — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدا كەڭچىلىك قىلىشقا، ھەققىنى تەلەپ قىلغاندا يۇمشاقڭقۇلراق بولۇشقا ۋە ھەقتىن ئازراق كېچىشكە رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

2) سېتىۋالغۇچى پۇلدا ئېتىبار بېرىشى، ساتقۇچى مالدا ئېتىبار بېرىشى كېرەك. مانا بۇ كەڭ قورساقلىق ھېسابلىنىدۇ.

1369 ـ ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «مَنْ سَرَّهُ أَنْ يُنَجِّيَهُ اللَّه مِنْ كُرَبِ يَوْمِ القِيَامَةِ، فَلْيُنَفِّسْ عَنْ مُعْسِرٍ أَوْ يَضَعْ عَنْهُ» « ئاللاھ تائالانىڭ قىيامەتنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىدىن ئۆزىنى



www.munber.org

نىجات تاپقۇزۇشىدىن خۇشال بولغانىدى. بۇ ئەمەل ئەگەر كۈچسىز ئىنسان دىگەن ئادەم قىيىنچىلىقى بار كىشىدىكى قەرزنى ئېلىشنىڭ مۆھلىتىنى ئۇزارتىپ بەرسۇن ياكى قەرزنى ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈۋەتسۇن».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1370. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:** «كَانَ رجلٌ يُداينُ النَّاسَ، وَكَان يَقُولُ لِفَتَاهُ: إذا أَتَيْتَ مُعْسِراً فَتَجاوزْ عَنْهُ، لَعلَّ اللّه أنْ يَتجاوزَ عنَّا فَلقِيَ اللّه فَتَجاوَزَ عنْهُ» **«كىشىلەرگە قەرز بېرىدىغان بىر سودىگەر بار ئىدى. ئۇ قىيىنچىلىقى بار قەرزدارنى كۆرسە، خىزمەتچىلىرىگە: ‹ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلىڭلار، ئاللاھ تائالا بىزگىمۇ كەڭچىلىك قىلىشى مۇمكىن›، دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇ سودىگەرگە كەڭچىلىك قىلغانىدى».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1371 ـ ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:** «حُوسب رَجُلٌ مِمَّنْ كَانَ قبلكم فَلَمْ يُوجدْ لَهُ مِنَ الخَيْرِ شَيءٌ، إلاّ أَنَّهُ كَان يُخَالِطُ النَّاس، وَكَانَ مُوسِراً، وَكَانَ يأْمُرُ غِلْمَانَه أن يَتَجَاوَزُوا عن المُعْسِرِ . قال اللّه، عزَّ وجَلَّ: «نَحْنُ أحقُّ بِذَلكَ مِنْهُ، تَجاوَزُوا عَنْهُ» **« سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەردىن بىر كىشىدىن ھېساب ئېلىنىپتۇ. ئۇنىڭدا ھېچ قانداق بىر ياخشى ئەمەل تېپىلماپتۇ. ئۇ كىشىلەرگە ئارىلىشىدىكەن، باي ئادەم ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ خىزمەتچىلىرىنى قىيىنچىلىقى بارلاردىن قەرزلىرىنى كەچۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇيدىكەن. ئۇلۇغ ئاللاھ تائالا: ‹بۇنداق كەچۈرۈۋېتىشكە بىز ئۇنىڭدىنمۇ لايىق، ئۇ ئادەمنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈۋېتىڭلار›، دەپتۇ».**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1372 ـ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا ئاللاھ تائالا پۇل ـ مال بەرگەن بەندىلەردىن بىر بەندە كەلتۈرۈلۈپتۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا:** «ماذَا عمِلْتَ في الدُّنْيَا؟» **« دۇنيادا نېمە ئىش قىلدىڭ؟ »، دەپتۇ. ھۇزەيفە بۇ رىۋايەتنى سۆزلەۋېتىپ، ئۇلار ئاللاھ تائالادىن بىرەر سۆزنى يوشۇرالمايدۇ، دېگەننى قوشۇپ قويدى. ئۇ بەندە: « ئى رەببىم! سەن ماڭا مېلىڭدىن بەردىڭ، مەن كىشىلەر بىلەن سودا ـ سېتىق قىلىشاتتىم. مۇئامىلىدە كەڭ قورساق بولۇش مېنىڭ مىجەزىم ئىدى. مەن بايلارغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرەتتىم. قىيىنچىلىقى بار كىشىلەرگە قەرزنىڭ قايتۇرۇش مۆھلىتىنى سۇرۇپ بېرەتتىم »، دېدى. ئاللاھ تائالا:** «أَنَا أَحقُّ بذا مِنْكَ، تجاوزُوا عَنْ عبْدِي» **« مەن بۇنداق قىلىشقا سېنىڭدىنمۇ ھەقلىقراق، بۇ بەندەمنى كەچۈرۈۋېتىڭلار »، دېدى. ئۇقبە ئىبنى ئامىر بىلەن ئەبۇ مەسئۇد ئەنسارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئىككىسى: « بىزمۇ**



www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاغزىدىن مۇشۇنداق ئاڭلىغانىدۇق» ، دېيىشتى.
— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1373 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «من أنْظَرَ مُعْسِراً أَوْ وَضَعَ لَهُ، أظلَّهُ اللَّه يَوْمَ القِيامَةِ تَحْتَ ظِلِّ عَرْشِهِ يَوْمَ لا ظِلَّ إلاَّ ظِلُّهُ» **«كىمكى قىيىنچىلىقى بار ئادەمگە قەرز قايتۇرۇشنىڭ مۆھلىتىنى ئۇزارتىپ بەرسە ياكى ئۇنىڭدىن قەرزنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى ئۆزىنىڭ سايىسىدىن باشقا ھېچقانداق سايە بولمىغان كۈن قىيامەت كۈنىدە ئەرشىنىڭ سايىسى ئاستىدا سايىدىتىدۇ».** — تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى (1369~1373): 1) قەرز تۆلەش سۈرۈكىنى ئۇزارتىپ بېرىش ياكى قەرزنىڭ ھەممىسى ۋەياكى بىر قىسمىنى كۆتۈرۈۋېتىش ئارقىلىق قەرزدارغا كەڭچىلىك قىلىشقا ۋە قەرز ئىگىسىگە ئېغىر كەلمىسە، قەرزنىڭ بىر قىسمىنى كۆتۈرۈۋېتىشكە رىغبەتلەندۇرۇلگەن.

2) كەڭچىلىك قىلغۇچى قەرز ئىگىسىنىڭ پەزىلىتى، كاتتا ئەجىرگە نائىل بولىدىغانلىقى، ئەگەر قەرزنى كەچۈرۈم قىلىۋەتسە، ئاللاھ تائالانىڭمۇ ئۇ كىشىنىڭ گۇناھلىرىدىن ئۆتۈپ، جەننەتكە كىرگۈزىدىغانلىقى.

3) مۇكاپاتنىڭ ئەمەلگە قاراپ بولىدىغانلىقى. ئەگەر قەرز ئىگىسى قەرزدارنى دۇنيادىكى جاپا - مۇشەققەت، قەرز غەم - قايغۇلىرىدىن قۇتقۇزسا، ئاللاھ تائالانىڭمۇ قەرز ئىگىسىنى قىيامەتنىڭ ئېغىر كۈنلىرىدىن، مەھشەردىكى پىژغىرىم ئىسسىقتىن ساقلايدىغانلىقى.

4) مۇئامىلىدە (ھەتتا بايلار بىلەن بولسىمۇ) كەڭ قورساق بولۇش كېرەكلىكى.

5) ئەگەر زىيان يوقلىپ، پايدا كېلىدىغان ئىش بولسا، كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇلارغا ئارىلىششقا رىغبەتلەندۇرۇلگەن.

6) كىشىلەرگە قۇلايلىق يارىتىپ بېرىش ۋە ياردەم قولىنى سۇنۇشنىڭ پەزىلىتى.

**1374 - جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جابىردىن بىر تۆگە ئاشلىق (ياكى خورما) سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭ پۇلىنى بېرىشتە (كۈمۈش ياكى ئالتۇننى) ۋەزنىنى ئېغىر قىلىپ ئارتتۇرۇپ بەردى.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1375 - ئەبۇ سەفۋان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەخرەمەتۇل ئەبدىي ئىككىمىز ھەجەر دېگەن شەھەردىن كىيىم - كېچەك ئېلىپ كەلدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ بىر ئىشتاننى سېتىۋالدى. مېنىڭ يېنىمدا (كىيىم سېتىۋالغۇچىلارنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش ۋە باشقا نەرسىلىرىنى ئۆلچەيدىغان) تارازىغا مەسئۇل بىر خىزمەتچىم بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تارازىچىغا:** «زِنْ وَأَرْجِحْ» **«ئېغىرراق تارتقىن»، دېدى.** — ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى (1374~1375): 1) سېتىۋالغۇچى مال ئىگىسىگە كەڭ قورساقلىق قىلىپ، پۇتۇشكەن باھادىن زىيادىراق بېرىشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى. شۇنداقلا ساتقۇچىنىڭمۇ پۇتۇشكەن باھادىن بىر ئاز چۈشۈرۈپ بېرىشى ياكى مالدىن كۆپرەك بېرىشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەڭ قورساقلىقى، مۇئامىلىسىنىڭ ياخشىلىقى ۋە ئەخلاقىنىڭ ئېسىللىكىدىن ئىبارەت پەزىلەتلىرى بايان قىلىنغان.

## 241. باب ئىلىمنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَقُل رَّبِّ زِدْنِي عِلْمًا﴾ ﴿ئى پەرۋەردىگارىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن، دېگىن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە تاھا 114 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿قُلْ هَلْ يَسْتَوِي الَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَالَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ﴾. ﴿ئېيتقىنكى، بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە زۇمەر 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿يَرْفَعِ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنكُمْ وَالَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ دَرَجَاتٍ﴾ ﴿ئاللاھ تائالا سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە مۇجادىلە 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّمَا يَخْشَى اللَّهَ مِنْ عِبَادِهِ الْعُلَمَاء﴾ ﴿ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھ تائالادىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە فاتىر 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

1376 ـ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ يُرِدِ اللَّه بِهِ خيْراً يُفَقِّهْهُ في الدِّينِ» «ئاللاھ تائالا كىمگە ياخشىلىق قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دىنىي ئىلىملەرگە ئالىم قىلىدۇ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇ ھەدىستە ئىلىمنىڭ پەزىلىتى ۋە ئىلىمنىڭ ياخشىلىقىنىڭ مەنبەسى، شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ تەۋپىقى ۋە رازىلىقىغا ئېرىشىشنىڭ بەلگىسى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

1377 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم دەيدۇ: «لا حَسَد إلاَّ في اثْنَتَيْنِ: رَجُلٌ آتَاهُ اللَّه مَالاً فَسلَّطهُ عَلى هلَكَتِهِ في الحَقِّ، ورَجُلٌ آتاهُ اللَّه الحِكْمَةَ فهُوَ يَقْضِي بِهَا، وَيُعَلِّمُهَا» «مۇشۇنداق ئىككى خىسلەتتى بار ئادەملەردەك بولۇشنى ئارزۇ قىلساڭلار بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ئاللاھ

تائالا ئاتا قىلغان پۇل ـ مېلىنىڭ ھەممىسىنى تامامەن ئورۇنلۇق سەرپ قىلغان، يەنە بىرى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا پايدىلىق ئىلىملەر ئاتا قىلغان، شۇ ئىلىملەر بويىچە ھۆكۈم قىلغان ۋە ئۇلارنى باشقىلارغا ئۆگەتكەن ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىلىم تەلەپ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن ۋە ئىلىمگە ئەمەل قىلىشنىڭ، كىشىلەرگە ئۆگىتىشنىڭ، شۇنداقلا ئىلىمنى كىشىلەر مەنپەئىتىگە خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى بايان قىلىنغان.

2) ياخشى ئىشلارغا سەرپ قىلىش ئۈچۈن پۇل ـ مال تېپىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى ئارزۇ قىلىشقا بولىدىغانلىقى.

1378 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَثَلُ مَا بعثَنِي اللَّه بِهِ مِنَ الهُدى والْعِلْمِ كَمَثَل غَيْثٍ أصاب أرْضاً، فَكَانَتْ مِنْهَا طَائفَةٌ طَيِّبَةٌ قَبِلَتِ المَاءَ فَأَنْبَتَتِ الْكَلأَ، وَالْعُشْب الْكَثِير، وَكَانَ مِنْهَا أَجَادِبُ أمسَكَتِ المَاءَ، فَنَفَعَ اللَّه بِهَا النَّاسَ، فَشَرِبُوا مِنْهَا وَسَقَوْا وزَرَعُوا، وأَصَاب طَائفَةً مِنْهَا أُخْرى إنَّما هِي قِيعانٌ، لا تمْسِكُ مَاءً، وتُنْبِتُ كَلأً، فَذلكَ مثَلُ منْ فَقُهَ في دِينِ اللَّهِ، وَنَفَعَهُ ما بَعَثَنِي اللَّه بِهِ فعلِمَ وَعلَّمَ، وَمَثَلُ منْ لَمْ يَرْفَعْ بِذلك رأساً، وَلَمْ يَقْبَلْ هُدَى اللَّهِ الَّذي أُرْسِلْتُ بِهِ» « مەن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن ھىدايەت ۋە شەرىئەت ئىلمى زېمىنغا ياغقان مول يامغۇرغا ئوخشايدۇ. بەزى يەرلەر مۇنبەت بولۇپ، يامغۇرنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، ئۆسۈملۈكلەرنى ۋە نۇرغۇن ئوت ـ چۆپلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ. بەزى يەرلەر گىياھ ئۈنمەس، سۇ سىڭمەس تېتىر بولۇپ، ئۈستىدە سۇ لەيلەپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن كىشىلەرنى مەنپەئەتلەندۈرىدۇ. شۇ سۇدىن كىشىلەر ئىچىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۇلاغلىرىنى ۋە زىرائەتلىرىنى سۇغىرىدۇ. يەنە بىر قىسىم تۇزلەڭ، شور يەرلەر بولۇپ، ئۈستىدە سۇمۇ تۇرمايدۇ. گىياھمۇ ئۈنمەيدۇ. ئەنە شۇ يۇقىرىدىكىلەر ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى چۈشىنىپ، مەن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلتۈرگەن تەلىماتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن كىشىنىڭ مىسالىدۇر، تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئۇ تەلىماتقا باقمىغان ۋە مەن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن ھىدايەتنى قوبۇل قىلمىغان ئادەمنىڭ مىسالىدۇر ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پايدىسىنىڭ تېخىمۇ ئومۇمىي ۋە تېخىمۇ كەڭ بولۇشى ئۈچۈن ئىلىم تەلەپ قىلىشتا ۋە ئۆگىتىشتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

2) ئىلىمگە قارىتا كىشىلەر ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. بىر خىلى، ئىلىم ئۆگىنىپ ئەمەل قىلىپ، باشقىلارغا ئۆگىتىپ، ئۆزىمۇ ۋە باشقىلارمۇ پايدىلانغانلار بولۇپ، بۇ خىلدىكىلەر ئەڭ ئەۋزەل كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر خىلى، ئىلىم ئۆگىنىپ ھەم باشقىلارغا ئۆگەتمىگەنلەر بولۇپ، ئۆزى ئەمەل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ خىلدىكىلەر بىرىنچى خىلدىكىلەردىن تۆۋەنرەك تۇرىدۇ.



www.munber.org

ئۈچىنچى خىلدىكىسى، ئىلىم ئۈگىنىش ـ ئۆگىتىشتىن ۋە ئىلىمنى ئاڭلاپ پايدىلىنىشتىن يۈز ئۆرىگەن كىشىلەر بولۇپ، بۇ خىلدىكىلەر بولسا ئەڭ بەتتەر كىشىلەردۇر.

**1379 ـ سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:** «فو اللّهِ لأنْ يهْدِيَ اللّه بِكَ رجُلاً واحِداً خَيْرٌ لكَ من حُمْرِ النَّعم» **« ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ تائالانىڭ سەن ئارقىلىق بىر كىشىنى ھىدايەت قىلغىنى سەن ئۈچۈن قىزىل تۆگىدىنمۇ ياخشىراقتۇر (چۈنكى قىزىل تۆگە ئەرەبلەردە ئەڭ ئېسىل مال ھېسابلىناتتى) »، دېگەن.**

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇ ھەدىستە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا چاقىرىش (دەۋەت قىلىش)نىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنغان ھەمدە كىشىلەرنى ھەق يولغا باشلاشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن ۋە بۇنىڭ پەقەت ئىلىم بىلەنلا بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

**1380. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «بلِّغُوا عَنِّي ولَوْ آيَةً، وحَدِّثُوا عنْ بني إسْرَائيل وَلا حَرجَ، ومنْ كَذَب علَيَّ مُتَعمِّداً فَلْيتَبوَّأْ مَقْعَدهُ من النَّار» **« مېنىڭ سۆزلىرىمنى گەرچە بىر ئايەت بولسىمۇ باشقىلارغا يەتكۈزۈڭلار، بەنى ئىسرائىل ھەققىدىكى سۆزلەرنى نەقىل قىلىڭلار. كىمكى مەن دېمىگەن سۆزنى يالغاندىن مېنى دېدى، دېسە، ئۇ ئادەم جايىنى دوزاخ دەپ بىلسۇن ».**

ـــ بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئىتىنى باشقىلارغا يەتكۈزەلەيدىغان بولۇش ئۈچۈن ئىلىم تەلەپ قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەمدە بۇ زۆرۈر مەجبۇرىيەتنىڭ بىر بۆلۈك كىشىلەر ئىجرا قىلسا، باشقىلاردىن ساقىت بولىدىغان، ھېچقايسىسى باشقىلارغا يەتكۈزمىسە، ھەممىسى گۇناھكار بولىدىغان پەرز كۇپايە ئىكەنلىكى.

2) ئىسلام شەرىئىتىگە ئۇيغۇن ۋە راستلىقى ئىسپاتلانغان سۆزلەر بولۇش شەرتى ئاستىدا ئىبرەت ئېلىش ئۈچۈن بەنى ئىسرائىللاردا يۈز بەرگەن ئىشلار توغرىسىدا سۆزلىسە بولىدىغانلىقى.

3) ئاللاھ تائالانىڭ دىنى توغرىسىدا يالغانچىلىق قىلىشنىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىغا يالغاننى توقۇشنىڭ دوزاخقا دۇچار قىلىدىغان چوڭ گۇناھلار قاتارىدىن ئىكەنلىكى.

4) سۆز قىلغاندا، بولۇپمۇ ئاللاھ تائالانىڭ دىنى توغرىسىدا كىشىلەرگە سۆز ئاچقاندا يالغان بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن سۆزدە ئېھتىيات قىلىش ۋە راست بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەكلىكى، بۇنىڭ ناھايىتى ئېنچىكە، ھەق ئىلمىگە پەرز ئىكەنلىكى.

**1381 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «... ومَنْ سلَك طريقاً يَلْتَمِسُ فِيهِ عِلْماً، سهَّلَ اللَّه لَهُ بِهِ طَرِيقاً إلى الجَنَّةِ»



www.munber.org

«كىمكى ئىلىم ئېلىش يولىدا ماڭىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ يولىنى ئاسان قىلىپ بېرىدۇ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئىلىم تەلەپ قىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ جەننەتكە كىرگۈزىدىغان يول ئىكەنلىكى، چۈنكى ئىلىم مۇسۇلماننى روشەن پاكىتقا ئىگە قىلىپ، ياخشى ئىشلارغا باشلايدۇ ھەمدە قەلبىگە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىيالايدىغان نۇرنى كىرگۈزۈپ، شۇ ئارقىلىق توغرا ئىشلارنى خاتاسىدىن ئايرىيالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە قىلىدۇ.

1382 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ دعا إلى هُدىً كانَ لهُ مِنَ الأجْرِ مِثلُ أُجورِ منْ تَبِعهُ لا يَنْقُصُ ذلكَ من أُجُورِهِم شَيْئاً» «كىمكى بىرەر كىشىنى ھىدايەت يولىغا دەۋەت قىلسا، ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ھىدايەت تاپقان ئادەمنىڭ ساۋابىدىن ھېچ نىمە كېمەيتىلمەستىن، ھىدايەت تاپقۇچىغىمۇ ئوخشاش ساۋاب بېرىلىدۇ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: دىنىي ئىلىمنىڭ فەزلى ۋە كىشىلەرگە بېرىدىغان پايدىسى چوڭ بولىغانلىقى ئۈچۈن، دىنىي ئىلىم ئۆگەنگەن، باشقىلارغا ئۆگەتكەن ۋە ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلغان كىشىلەرنىڭ ھەسسىلەپ ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

1383 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إذا ماتَ ابْنُ آدَم انْقَطَع عَمَلُهُ إلاَّ مِنْ ثَلاثٍ: صَدَقَةٍ جارية، أَوْ عِلمٍ يُنْتَفَعُ بِهِ، أَوْ وَلَدٍ صالحٍ يدْعُو لَهُ» «ئەگەر ئادەم بالىسى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئۈچ خىل ئەمەلىدىن باشقا ئەمەلىنىڭ ساۋابى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ: بىرىنچىسى، ئۈزۈلۈپ قالماستىن پايدىسى جارى بولۇپ تۇرىدىغان سەدىقە (مەسجىد، مەدرىسە سېلىش، ۋەخپە قاتارلىقلارغا ئوخشاش خەيرىيەت ئىشلىرى). ئىككىنچىسى، خەلق پايدىلىنىپ تۇرىدىغان ئىلىم (باشقىلارغا ئىلىم ئۆگىتىش، كىتاب يېزىپ قالدۇرۇشقا ئوخشاش). ئۈچىنچىسى، ئۆزى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى پەرزەنت تەربىيىلەپ قويۇش». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنغان ھەمدە ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ساۋابىنىڭ ئوخشاشلا داۋاملىشىشى، ئۆسۈپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئىلىمگە رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

2) پايدىسى تېگىپ، يېتىپ تۇرىدىغان سەدىقە جارىيەنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنغان ھەمدە ئۆلۈمدىن كېيىن بالىسىنىڭ دۇئا ـ ئىستىغفارلىرىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئاتا بولغۇچىنىڭ پەرزەنتنى ئىسلامى ئەخلاقتا ئۆيغۇن تەربىيىلىشى كېرەكلىكى بايان قىلىنغان.

1384 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «الدُّنْيَا ملْعُونَةٌ، ملْعُونٌ ما فِيهَا، إلاَّ ذِكرَ اللَّه



www.munber.org

تَعَالَى، وما والاَهُ، وعَالماً، أوْ مُتَعلّماً» «ئاگاھ بولۇڭلار! ھەقىقەتەن دۇنيانىڭ قىممىتى يوقتۇر. دۇنيادىكى نەرسىلەرنىڭمۇ قىممىتى يوقتۇر. پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ زىكرىگە ياندىشقان نەرسىلەر، ئالىم ۋە ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەرلا بۇنىڭ سىرتىدا».

— ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىپ، رەھمىتىگە نائىل بولۇش ئۈچۈن ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشكە رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

2) نىيەت خالىس بولسىلا ۋە بەندىلەرنىڭ مەنپەئىتى كۆزلەنسىلا، ئىلىم تەلەپ قىلىش ۋە ئىلىمگە ئالاقىدار ئىشلارنىڭ ئەيىبلەنگەن دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا ياتمايدىغانلىقى.

**1385 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَن خرَج في طَلَبِ العِلمِ، فهو في سَبيلِ اللّهِ حتى يرجعَ» «كىمكى ئىلىم ئىزدەش يولىدا سەپەرگە چىقسا، تاكى قايتىپ كەلگۈچە ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا بولغان بولىدۇ».** — ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىلىم تەلەپ قىلىش ئاللاھ تائالا يولىدا كۈرەش قىلغانلىق ھېسابلىنىدىغانلىقى ۋە ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىغا مۇجاھىدنىڭ ئەجرى بولىدىغانلىقى.

2) ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىدا جان ئۈزگەن كىشىگە شېھىتلىكنىڭ ئەجرى بېرىلىدىغانلىقى، ئەگەر ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى پېقىر بولسا، ئۇنىڭغا زاكات بېرىشنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقى.

**1386 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لَنْ يَشبَعَ مُؤمِنٌ مِنْ خَيْرٍ حتى يكون مُنْتَهَاهُ الجَنَّةَ» «مۇئمىن ئادەم تاكى جەننەتكە يېتىپ بارمىغۇچە، ياخشى ئىشلارغا تويمايدۇ».** — ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ياخشى ئەمەللەرنى داۋاملىق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن ۋە ئەڭ شەرەپلىك ئەمەلنىڭ ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

**1387 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «فضْلُ الْعالِمِ على الْعابِدِ كَفَضْلي على أدْنَاكُمْ، إنَّ اللّه وملائِكَتَهُ وأهْلَ السَّمواتِ والأرضِ حتَّى النَّمْلَةَ في جُحْرِهَا وحتى الحُوتَ لَيُصَلُّونَ عَلى مُعلِّمِي النَّاسِ الخَيْرْ» «ئالىمنىڭ ئابىد (ئىبادەت قىلغۇچى)تىن ئارتۇقچىلىقى، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئەڭ تۆۋەن ئادەمدىن مېنىڭ ئارتۇق بولغىنىمدەك پەرقى بار. ئاللاھ تائالا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلىرى، ئاسمان ـ زېمىن ئەھلى، ھەتتا ئۆز ئۇۋىسىدىكى چۈمۈلە ۋە بېلىقلارمۇ كىشىلەرگە ئىلىم ئۆگەتكۈچىلەرگە خەيرلىك دۇئا قىلىدۇ».** — ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئۆزى ۋە ئۆزگىگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

www.munber.org

2) مەجبۇرىيەتلەردىن ئىشىنىپ، ئىلىم تەلەپ قىلىشنىڭ نەفلى ئىبادەتلەردىن ئەۋزەل ئىكەنلىكى، چۈنكى ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق شۇ كىشىنىڭ ئۆزىلا نەپكە ئېرىشسە، ئىلىم ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزى ۋە ئۆزگىنىمۇ نەپكە ئېرىشتۈرەلەيدۇ.

3) ئۆلىمالارنى ۋە ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارنى ھۆرمەتلەشكە ۋە ئۇلارغا دۇئا قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

**1388 ـ ئەبۇ دەردائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:** «مَنْ سلك طَرِيقاً يَبْتَغِي فِيهِ عِلْماً سهَّل اللَّه لَه طَرِيقاً إلى الجنةِ، وَإنَّ الملائِكَةَ لَتَضَعُ أَجْنِحَتَهَا لِطالب الْعِلْمِ رِضاً بِما يَصْنَعُ، وَإنَّ الْعالِم لَيَسْتَغْفِرُ لَهُ منْ في السَّمَواتِ ومنْ في الأَرْضِ حتَّى الحِيتانُ في الماءِ، وفَضْلُ الْعَالِم على الْعابِدِ كَفَضْلِ الْقَمر عَلى سائر الْكَوَاكِبِ، وإنَّ الْعُلَماءَ وَرَثَةُ الأَنْبِياءِ وإنَّ الأَنْبِياءَ لَمْ يُورِّثُوا دِينَاراً وَلا دِرْهَماً وإنَّما ورَّثُوا الْعِلْمَ، فَمنْ أَخَذَهُ أَخَذَ بِحظٍّ وَافِرٍ» **《 كىمكى ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىدا ماڭسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا جەننەت يولىنى ئاسان قىلىپ بېرىدۇ. پەرىشتىلەر ئىلىم ئۆگەنگۈچىنىڭ ئىشىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا قاناتلىرىنى يېيىپ بېرىدۇ. ئالىم ئۈچۈن ئاسماندىكى ۋە زېمىندىكى مەخلۇقاتلار، ھەتتا سۇدىكى بېلىقلارمۇ ئەلۋەتتە مەغفىرەت تەلەپ قىلىپ تۇرىدۇ. ئالىمنىڭ ئابىدتىن ئارتۇقلۇقى ئاسماندىكى ئاينىڭ باشقا يۇلتۇزلاردىن ئۈستۈن بولغىنىغا ئوخشاشتۇر. شۈبھىسىزكى، ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەر تىللا ـ كۈمۈش مىراس قالدۇرمىغان، پەقەت ئىلىمنى مىراس قالدۇرغان. كىمكى ئىلىم ئالسا تولۇق نېسىۋىگە ئېرىشكەن بولىدۇ 》.**

ـــ ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارنى ھۆرمەتلەشكە، ئۇلار ئالدىدا كەمتەر بولۇپ، ئىشلىرىدىن مەمنۇن بولۇشقا ۋە ئۇلارغا دۇئا قىلىپ تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

2) ئىلىمنىڭ پەزىلىتى، ئىلىمنىڭ كىشىلەرگە ياخشىلىق ۋە ھەققانىيەت يوللىرىنى نۇرلاندۇرۇپ بېرىدىغانلىقى.

3) ئىلىم ئەڭ زور ۋە شەرەپلىك بايلىق بولۇپ، ئىلىم ئۆگەنگەنلەرنىڭ ھۆرمەتلىنىشى ۋە ئىززەتلىنىشى كېرەكلىكى.

4) مۇكەممەل ئىلىمنىڭ ئەخلاق ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش ۋە ئەمەل قىلىش ئارقىلىق قولغا كېلىدىغانلىقى.

5) ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆلىمالارنى خارلاش ۋە ئۇلارغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشنىڭ پاسىقلىق ۋە ئازغۇنلۇق بولىدىغانلىقى.

**1389 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:** «نَضَّرَ اللَّه امْرءاً سمِع مِنا شَيْئاً، فبَلَّغَهُ كما سَمعَهُ فَرُبَّ مُبَلَّغٍ أَوْعى مِنْ سَامِعٍ» **《 مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ، ئېسىدە قالدۇرۇپ، ئۇنى باشقىلارغا**

www.munber.org

ئەينەن يەتكۈزگەن ئادەمنى ئاللاھ تائالا شادلاندۇرغاي. ھەدىس سەۋىيىسى تۆۋەنلەر ھەدىسنى ئۆزلىرىدىن سەۋىيىسى يۇقىرىلارغا يەتكۈزۈشى مۇمكىن».

— ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىلىمنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنىپ، ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشكە رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

2) ئىلىمنى يەتكۈزۈشتە ئېھتىياتچان بولۇش ۋە ئىلىم ئىگىلەش، چۈشىنىشتە بولسۇن ئېھتىياتچان بولۇش كېرەكلىكى.

3) بىر قىسىم تابىئىنلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى بەزى ساھابىلەردىنمۇ ياخشى بىلىشى مۇمكىن ئىكەنلىكى.

1390. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ سُئِلَ عنْ عِلمٍ فَكَتَمَهُ، أُلجِمَ يَومَ القِيامةِ بِلِجامٍ مِنْ نَارٍ» «كىمكى بىرەر ئىلىم توغرۇلۇق سورالسا، ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرسا، قىيامەتتە ئۇنىڭغا ئوتتىن يۈگەن سېلىنىدۇ». — ئەبۇ داۋۇد ۋە ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئىلىمنى يەتكۈزۈشى، بولۇپمۇ دىنىي ئىشلاردا باشقىلارغا ئۆگىتىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكى.

2) ئىلىمنى يوشۇرۇش قاتتىق ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچار قىلىدىغان چوڭ گۇناھلارنىڭ قاتارىدىن بولىدىغانلىقى.

1391 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ تَعلَّمَ عِلماً مما يُبتَغَى بِهِ وَجْهُ اللَّهِ عز وَجَلَّ لا يَتَعلَّمُهُ إلا ليصِيبَ بِهِ عرضاً مِنَ الدُّنْيا لَمْ يجِدْ عَرْفَ الجَنَّةِ يوْمَ القِيامةِ» «كىمكى ئاللاھ تائالا رازىلىقى ئۈچۈن تەلەپ قىلىنىدىغان ئىلىمنى دۇنيالىق بىرەر غەرەز ئۈچۈن ئۆگەنسە، قىيامەت كۈنى جەننەتنىڭ ھىدىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ». — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىلىم تەلەپ قىلىشتا خالىس بولۇش، ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىش زۆرۈرلۈكى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش مەقسىتىدە ئۆگىنىش كېرەكلىكى.

2) ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئىلىم ئۆگىنىپ، مال ـ دۇنياغا ئېرىشسە ۋە ئۇنى قوبۇل قىلسا دۇرۇس بولىدىغانلىقى.

1392 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «إنَّ اللَّه لا يقْبِض العِلْم انْتِزَاعاً ينْتزِعُهُ مِنَ النَّاسِ، ولكِنْ يقْبِضُ العِلْمَ بِقَبْضِ العُلَماءِ حتَّى إذا لمْ يُبْقِ عالماً، اتَّخَذَ النَّاسُ رُؤوساً جُهَّالاً فَسئِلُوا، فأفْتَوْا بغَيْرِ علمٍ، فَضَلُّوا وأَضَلُّوا» «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا ئىلىمنى كىشىلەردىن يۇلۇپ ئالغاندەك ئالمايدۇ. بەلكى ئالىملارنى قەبزى روھ قىلىش ئارقىلىق ئېلىپ كېتىدۇ.



www.munber.org

ھەتتا ئاللاھ تائالا بىرەر ئالىمنىڭ قويمىغاندا كىشىلەر ئۆزلىرىگە نادانلارنى باشلىق قىلىۋالىدۇ ـ دە، ئۇلاردىن سورالسا، بىلمەي تۇرۇپ پەتىۋا بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىمۇ ئازىدۇ ۋە باشقىلارنىمۇ ئازدۇرىدۇ». ــــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئۆلىمالارنىڭ كىشىلەرنى زېمىندا تىنچ ـ ئامانلىققا ئېرىشتۈرگۈچىلەر ۋە ياخشىلىق ـ پەزىلەت بۇلىقى ئىكەنلىكى.

2) ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلىمالارغا بەرگەن نېئمىتىنى تارتىپ ئېلىپ كەتمەستىن، ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى ـ مەرھەمىتىنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇش بىلەن بېشارەت بەرگەنلىكى.

3) ئۆلىمالارنىڭ كۆپىيىشى، كىشىلەرنىڭ دىنىي ئىشلىرىدا ئۇلارنى يېتەكلەيدىغان ئەھلى ـ ئىلىملەرنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈن ئىلىم تەلەپ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

4) بىلەرمەنلىك قىلىپ، كىشىلەرنى قارىسىغا خاتا پەتىۋا بەرسە ئاللاھ تائالاغا يالغاننى چاپلىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۆھمەت قىلغان بولۇپ، ئۆز ـ ئۆزىنى زىيانغا ئۈچرىتىدىغانلىقى ھەمدە كىشىلەرنى ھەقتىن قايمۇقتۇرۇپ، كىشىلەرنىمۇ زىيانغا ئۇچرىتىدىغانلىقى.

## 242 ـ باب ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ۋە شۈكۈر ئېيتىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَاذْكُرُونِي أَذْكُرْكُمْ وَاشْكُرُواْ لِي وَلاَ تَكْفُرُونِ﴾ ﴿مېنى ياد ئېتىڭلار، مەنمۇ سىلەرنى ياد ئېتىمەن، ماڭا شۈكۈر قىلىڭلار، ناشۈكۈرلۈك قىلماڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 152 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿لَئِن شَكَرْتُمْ لأَزِيدَنَّكُمْ﴾ ﴿نېئمىتىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئىبراھىم 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَقُلِ الْحَمْدُ لِلّه﴾ ﴿ئېيتقىنكى، جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھ تائالاغا خاستۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئىسرا 111 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَآخِرُ دَعْوَاهُمْ أَنِ الْحَمْدُ لِلّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ ﴿ئۇلارنىڭ دۇئاسىنىڭ ئاخىرى: «جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە يۇنۇس 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

1393 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مىئراج كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر قەدەھ سۈت ۋە بىر قەدەھ شاراب كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قاراپ سۈتنى ئىختىيار قىلدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: «سېنى تەبىئىي نەرسىنى ئىختىيار قىلدۇرغان ئاللاھ



www.munber.org

**تائالاغا ھەمدۇسانالار بولسۇنكى، ئەگەر شارابنى ئالغان بولساڭ ئۇممىتىڭ ئېزىپ كەتكەن بولاتتى»، دېدى.**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىسلام دىنى ساغلام تەبىئەتلىك، ئەقىللىق كىشىلەر چۈشىنەلەيدىغان، كىشىنىڭ تەبىئىي خاراكتېرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان دىن ئىكەنلىكى.**

**2) ئاللاھ تائالانىڭ مۇۋەپپەق قىلغان ياخشىلىقى ۋە پەزلى ـ مەرھەمىتىگە شۈكۈر قىلىش لازىملىقى، ياخشى بېشارەتلەر ۋە خۇشاللىق ئالامەتلىرىدىن ئۈمىدلىنىشنىڭ ئوبدان ئىش ئىكەنلىكى.**

**3) ھاراق بارلىق ئەسكىلىكلەرنىڭ مەنبەسى بولۇپ، بىر مىللەتنىڭ ھاراق ـ شارابقا بېرىلگەنلىكى شۇ مىللەتنىڭ نادانلىقى، ئازغۇنلۇقىنىڭ بەلگىسى ۋە ھالاكىتىنىڭ سىگنالى ئىكەنلىكى.**

**1394 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «كُلُّ أمْرٍ ذِي بال لا يُبْدأُ فيه بـ: الحمد للّٰه فَهُوَ أَقْطَعُ» **«ئاللاھ تائالا ھەمدۇسانا ئېيتىش بىلەن باشلانمىغان ھەر قانداق ئىش بەرىكەت تاپمايدۇ».**

— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

**ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھەر قانداق سۆز ـ ھەرىكەتنى ئاللاھ تائالاغا ھەمد ئېيتىش بىلەن باشلاشنىڭ مۇسۇلمانىنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاقلىرى جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى، ئەڭ ياخشىسى «بِسمِ اللهِ» بىلەن «الحَمدُ لِلهِ»نى بىللە دېيىش كېرەكلىكى.**

**2) دىندا ياخشى دەپ سانالغان ياكى قىلىشقا ئۈندەلگەن، ياكى ۋاجىپ قىلىنغان ۋەياكى مۇباھ سانالغان سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى «بِسْمِ اللهِ» ۋە «اَلْحَمْدُ لِلهِ»، دەپ باشلاشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى. مەكرۇھ ئىشلارنى قىلغان ۋاقىتتا «بِسْمِ اللهِ»، «اَلْحَمْدُ لِلهِ»، دېيىشنىڭ مەكرۇھ ئىكەنلىكى، ھارام ئىشلارنى قىلغان ۋاقىتتا «بِسْمِ اللهِ»، «اَلْحَمْدُ لِلهِ»، دېيىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى.**

**1395 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إذا ماتَ ولَدُ العبْدِ قال اللّٰه تعالى لِملائِكَتِهِ: قَبضْتُمْ ولَدَ عبْدِي؟ فيقولُون: نَعمْ، فَيقولُ: قبضتُم ثَمرةَ فُؤَادِهِ؟ فيقولون: نَعَمْ، فيقولُ: فَمَاذَا قال عَبْدي؟ فيقولون: حمِدكَ واسْتَرْجَع، فَيقُولُ اللّٰه تَعالى: ابْنُوا لِعَبْدِي بيْتاً في الجَنَّةِ، وسَمُّوهُ بَيْتَ الحمْدِ» **«ئەگەر بىرەر بەندىنىڭ بالىسى ئۆلسە، ئاللاھ تائالا پەرىشتىلىرىگە: ‹بەندەمنىڭ بالىسىنىڭ جېنىنى ئالدىڭلارمۇ؟›، دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ‹ھەئە›، دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: ‹بەندەمنىڭ يۈرەك پارىسىنى ئېلىۋالدىڭلارمۇ؟›، دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ‹ھەئە›، دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: ‹بەندەم نېمىلەرنى دېدى؟›، دەپ سورايدۇ. پەرىشتىلەر: ‹ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتىپ:** ﴿قَالُواْ إِنَّا لِلّهِ وَإِنَّـا إِلَيْهِ رَاجِعونَ﴾ **﴿بىز ھەممىمىز ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىمىز. ھەممىمىز ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز﴾** («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 156 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)،



www.munber.org

دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى›، دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: ‹ئۇنداق بولسا، بەندەمگە جەننەتتىن بىر ئۆي بىنا قىلىپ، ئۇنى ھەمدۇسانا ئۆيتقۇچىلار ئۆيى، دەپ ئاتاڭلار›، دەيدۇ ».
— ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مۇسىبەت يەتكەن ۋاقىتتا ئاللاھ تائالانىڭ قازاسىغا رازى بولۇپ، سەۋر قىلىشنىڭ پەزىلىتى، مۇسىبەت قانچە چوڭ بولۇپ، سەۋر قىلسا ئەجىر ـ ساۋابىنىڭمۇ شۇنچە كاتتا بولىدىغانلىقى.

2) مۇئمىنلەرنىڭ ھەر دائىم ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن سىنىلىپ تۇرىدىغانلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ قازاسىغا رازى بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى ساۋابنى كۆزلەيدىغانلىقى.

3) ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

4) ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلەر تەبىئىتىگە ماس ئىكەنلىكى ۋە كىشى تەبىئىتىنى ھۆرمەت قىلىدىغان دىن ئىكەنلىكى.

**1396 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إنَّ اللَّه لَيرضي عنِ العبْدِ يَأْكُلُ الأَكْلَةَ فَيَحْمَدُهُ عليْهَا ، وَيَشْرب الشَّرْبَةَ فَيَحْمَدُهُ عَلَيْهَا» **« ئاللاھ تائالا بىر لوقما يېمەكلىك يەپ ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئېيتقان ۋە بىر يۇتۇم سۇ ئىچىپ ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئېيتقان كىشىدىن مەمنۇن بولىدۇ ».**
— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىشنىڭ پەزلى ۋە كاتتا ئەجىر بېرىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ئىش كىچىك بولسۇن، چوڭ بولسۇن ھەمدۇسانا ئېيتىپ تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

2) ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى ـ مەرھەمىتىنىڭ كەڭ ئىكەنلىكى.

## 243 . باب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىش توغرىسىدا

**ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:** ﴿إِنَّ اللَّهَ وَمَلَائِكَتَهُ يُصَلُّونَ عَلَى النَّبِيِّ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا صَلُّوا عَلَيْهِ وَسَلِّمُوا تَسْلِيمًا﴾ **﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ. پەرىشتىلەرمۇ ھەقىقەتەن مەغفىرەت تەلەپ قىلىدۇ. ئى مۇئمىنلەر! سىلەرمۇ پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار﴾.** («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەھزاب 56 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

**1397 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:** «من صلَّى عليَّ صلاَةً، صلَّى اللَّه عليْهِ بِهَا عشْراً» **« كىمكى ماڭا بىر قېتىم دۇرۇد ئېيتىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئون قېتىم رەھمەت قىلىدۇ ».**
— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىشنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنغان ۋە دۇرۇد ئېيتىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

**1398 - ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «أَوْلى النَّاسِ بي يومَ الْقِيامةِ أَكْثَرُهُم عَليَّ صلاةً» **« ماڭا دۇرۇدنى ئەڭ كۆپ ئېيتقان كىشىلەر قىيامەت كۈنى ماڭا ئەڭ يېقىن تۇرىدىغان كىشىلەردۇر ».** — تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆپ دۇرۇد ئېيتىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن ۋە كۆپ دۇرۇد ئېيتقۇچىلارنىڭ قىيامەتتىكى مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

**1399 - ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «إنَّ مِن أَفْضلِ أيَّامِكُمْ يَوْمَ الجُمُعةِ، فَأَكْثِرُوا عليَّ مِنَ الصلاةِ فيه، فإنَّ صَلاتَكُمْ معْرُوضَةٌ علَيَّ» **« سىلەرنىڭ كۈنلىرىڭلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى جۈمە كۈنىدۇر. جۈمە كۈنىدە ماڭا دۇرۇدنى كۆپ ئېيتىڭلار. چۈنكى، سىلەرنىڭ دۇرۇدىڭلار ماڭا توغرىلىنىپ تۇرىدۇ »، دېدى. ساھابىلەر: « ئى رەسۇلۇللاھ، سېنىڭ جەسىتىڭ چىرىپ كېتىدىغان تۇرسا، دۇرۇدىمىز ساڭا قانداق توغرىلىنىدۇ؟ »، دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «إنَّ اللَّه حَرم على الأَرْضِ أَجْسادَ الأَنْبِياءِ» **« چۈنكى، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ جەسەتلىرىنى زېمىننىڭ يېيىشىدىن ھارام قىلدى »، دېدى (يەنى، زېمىن پەيغەمبەرلەرنىڭ جەسىتىنى چىرىتەلمەيدۇ).** — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) جۈمە كۈنىنىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شۇ كۈندە دۇرۇد ئېيتىشنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنغان.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىشتىن ئىبارەت ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن. چۈنكى، ئېيتىلغان دۇرۇد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا توغرىلىنىپ تۇرىدۇ ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن مەمنۇن بولۇپ، ئاللاھ تائالادىن دۇرۇد يوللىغۇچىغا رازىلىق تىلەيدۇ.

3) پەيغەمبەرلەرنىڭ جەسەتلىرى چىرىپ كەتمەي قەبرى روھ بولغان ھالىتىدە ساقلىنىدىغانلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇدلار توغرىلانغاندا ئۇنىڭ روھىنىڭ قايتۇرۇلىدىغانلىقى.

**1400. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «رَغِم أَنْفُ رجُلٍ ذُكِرْتُ عِنْدَهُ فَلَمْ يُصَلِّ علَيَّ» **« مېنىڭ نامىم تىلغا ئېلىنغاندا، ماڭا دۇرۇد ئېيتمىغان كىشى خار - زار بولسۇن ».** — تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېزىق ياكى تىلدا زىكىر قىلىنغاندا، ئۇنىڭغا دۇرۇد يوللاشقا ئۈندەلگەن. بىر بۆلۈك ئالىملار دۇرۇد ئېيتىشنى ۋاجىپ دەپ قارايدۇ.



www.munber.org

**1401 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «لا تَجْعلُوا قَبْرِي عِيداً، وَصلُّوا عَلَيَّ، فَإِنَّ صَلاتَكُمْ تَبْلُغُني حيْثُ كُنْتُمْ» **«قەبرەمنى ھېيتگاھ قىلىۋالماڭلار (سىلەر مېنىڭ قەبرەمنى زىيارەت قىلىمىز دەپ ھېيت بولغاندەك قەبرەمگە توپلىشىۋالماڭلار)، ماڭا دۇرۇد ئېيتىڭلار، قەيەردە بولماڭلار، دۇرۇدىڭلار ماڭا يېتىپ تۇرىدۇ».** —— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغاندا، ئەدەب ـ ئەخلاقتا زىت ھەرىكەتلەرنى قىلىشتىن چەكلەنگەنلىكى، چۈنكى بۇنداق قىلىش ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنى بۇتپەرەسلىككە ئېلىپ بارغاندەك بۇتپەرەسلىككە ئېلىپ بارىدۇ. بىر قىسىم نادان مۇسۇلمان ئاممىسى سالىھ كىشىلەرنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغاندا ئالاھىدە ياسىنىپ ـ تارىنىپ، خۇشاللىق سادالىرىنى ياڭرىتىپ، شەرمى ـ ھاياغا خىلاپ ھالدا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، ئۇسسۇلغا ئوخشاش بولمىغۇر قىلىقلارنى قىلىدۇ. مانا بۇلار دىننى بىلمەسلىك ۋە دىنغا بىئەدەبلىك قىلىش بولۇپ، تەۋھىدكە دەخلى يەتكۈزۈش بىلەن بىرگە ئىسلامنىڭ پاكلىقىنى، گۈزەللىكىنى ۋە ئەسلى جەۋھىرىنى بۇلغايدۇ.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ۋە قەبرىسى ئالدىدا ئۇنىڭ سۈننەت ـ كۆرسەتمىلىرىگە خىلاپلىق قىلمىغان ھالدا سالام قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

3) ھەر قانداق ئورۇندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن. چۈنكى، دۇرۇد پەيغەمبىرىمىزگە يېتىپ تۇرىدۇ.

**1402 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «ما مِنْ أحد يُسلِّمُ علَيَّ إلاَّ ردَّ اللَّه علَيَّ رُوحي حَتَّى أرُدَّ عَليهِ السَّلامَ» **«كىمكى ماڭا سالام قىلسا، ئاللاھ تائالا ماڭا روھىمنى قايتۇرىدۇ. مەن ئۇنىڭ سالامىغا جاۋاب قايتۇرىمەن».** —— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەبرىسىدە ھايات بولۇپ، سالام قىلغان كىشىلەرنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتىلىدىغان دۇرۇد ھېچقانداق ۋاقىتتا ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىدىكى ھاياتلىقىنىڭ ھەقىقىتىنى ئاللاھ تائالا ئوبدان بىلگۈچى بولۇپ، ئۇ ھاياتلىق بىزنىڭ ھاياتلىقىمىزدىن پەرقلىق بولىدۇ.

3) ئەڭ ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرنىڭ سالام قايتۇرۇش شەرىپىگە نائىل بولۇش ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆپ دۇرۇد ۋە سالاملار يوللاشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

**1403 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «الْبخِيلُ من ذُكِرْتُ عِنْدَهُ، فَلَم يُصَلِّ علَيَّ» **«كىمكى مېنىڭ نامىم ئۇنىڭ ئالدىدا تىلغا ئېلىنغاندا دۇرۇد ئېيتمىسا، ئۇ كىشى بېخىل ھېسابلىنىدۇ».** —— تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك نامى تىلغا ئېلىنغان ھەر قانداق ۋاقىتتا دۇرۇد ئېيتىش كېرەك. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمان ئۈممەتلىرىنى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشكە سەۋەبچى بولغان پەيغەمبەردۇر.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىشنى تەرك ئېتىش پىخسىقلىقنىڭ بەلگىسى ۋە پەس تەبىئەتلىكنىڭ دەلىلى. چۈنكى، ئۇ كىشى ئۆزى ھېچقانداق كۈچ تەلەپ قىلمايدىغان، ئەكسىچە ئۆزىگە كاتتا پايدا ئېلىپ كېلىدىغان ئىشنى ھەمدە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى ئىجرا قىلىشنى تەرك ئەتكەن بولىدۇ.

**1404 ـ فەزالە ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمنىڭ نامازدا ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتماي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتماي دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ: « عَجِلَ هـذا » « ئۇ ئالدىراپ قالدى »، دەپ ئۇنى ئالدىغا چاقىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ياكى ئۇنىڭدىن باشقىلارغا:** «إذا صلَّى أحَدُكُمْ فليبْدأْ بِتَحْمِيدِ ربِّهِ سُبْحانَهُ والثَّنَاءِ عليهِ، ثُمَّ يُصلي عَلى النبي صَلّى اللهُ عَلَيْهِ وسَلَّم ثُمَّ يدْعُو بَعدُ بِما شاءَ» **« ناماز ئوقۇغان چاغدا ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتسۇن، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتسۇن، ئاندىن خالىغانچە دۇئاسىنى قىلسۇن »، دېدى.**

—— ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: دۇئانى دەسلەپ ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد يوللاپ بولغاندىن كېيىن باشلاشنىڭ ھەمدە دۇئانى دۇرۇد بىلەن ئاخىرىدا ھەمد بىلەن ئاياغلاشتۇرۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

**1405 ـ ئەبۇ مۇھەممەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ يېنىمىزغا چىققاندى. بىز: « ئى رەسۇلۇللاھ ساڭا قانداق سالام بېرىشنى ئۆگەندۇق. ئەمدى قانداق دۇرۇد ئېيتىمىز؟ »، دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «قُولُوا: اللَّهمَّ صَلِّ على مُحمَّدٍ، وَعَلى آلِ مُحمَّد، كَمَا صَلَّيْتَ عَلى آلِ إبْرَاهِيمَ، إنَّكَ حمِيدٌ مجيدٌ. اللهُمَّ بارِكْ عَلى مُحَمَّد، وَعَلى آلِ مُحَمَّد، كَما بَارَكْتَ على آلِ إبْراهِيم، إنَّكَ حميدٌ مجيدٌ» **« ئى ئاللاھ! مۇھەممەدكە ۋە مۇھەممەدنىڭ جەمەتىگە (خۇددى) ئىبراھىم ۋە ئىبراھىمنىڭ جەمەتىگە رەھمەت قىلغاندەك رەھمەت قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن مەدھىيىگە لايىقسەن، ئۇلۇغسەن. ئى ئاللاھ! مۇھەممەدكە ۋە مۇھەممەدنىڭ جەمەتىگە (خۇددى) ئىبراھىمغا ۋە ئىبراھىمنىڭ جەمەتىگە بەخت ئاتا قىلغاندەك بەخت ئاتا قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن مەدھىيىگە لايىقسەن، ئۇلۇغسەن، دەڭلار »، دېدى.**

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد يوللاشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى. دۇرۇد يوللاش ئارقىلىق پەزىلەتكە نائىل بولغىلى بولىدىغانلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلىش ۋە ئەگىشىشنىڭ پەزىلىتى، شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ



www.munber.org

سۈننەتكە ئەگىشىشنىڭ بىدئەت ئىش پەيدا قىلىشتىن ياخشى ئىكەنلىكى، سۈننەتكە ئەگىشىشنىڭ باشقا ئىشلاردىن بەھاجەت قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

**1406 - ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز سەئد ئىبنى ئۇبادەنىڭ سورۇنىدا ئىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلدى. بەشىر ئىبنى سەئد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: « ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ تائالا بىزنى ساڭا دۇرۇد ئېيتىشقا بۇيرۇدى. ساڭا بىز قانداق دۇرۇد ئېيتىمىز؟ »، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈكۈتكە چۆمدى. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىمىساق بولۇپتىكەن، دەپ قالدۇق. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «قولُوا : اللَّهمَّ صلِّ عَلى مُحَمَّدٍ ، وَعَلى آلِ مُحمَّدٍ ، كما صليْتَ على آل إبْراهِيم ، وَبارِكْ عَلى مُحَمَّد ، وعَلى آلِ مُحمَّد ، كما بَاركْتَ عَلى آل إبْراهِيم ، إنكَ حمِيدٌ مجِيدٌ ، والسلام كما قد عَلِمتم» **« ‹ئى ئاللاھ! مۇھەممەدكە ۋە مۇھەممەدنىڭ جەمەتىگە (خۇددى) ئىبراھىم ۋە ئىبراھىمنىڭ جەمەتىگە رەھمەت قىلغانىدەك رەھمەت قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن مەدھىيىگە لايىقسەن، ئۇلۇغسەن. ئى ئاللاھ! مۇھەممەدكە ۋە مۇھەممەدنىڭ جەمەتىگە (خۇددى) ئىبراھىمغا ۋە ئىبراھىمنىڭ جەمەتىگە بەخت ئاتا قىلغانىدەك بەخت ئاتا قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن مەدھىيىگە لايىقسەن ۋە ئۇلۇغسەن›، دەڭلار »، دېدى.**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) يۇقىرىقى ھەدىسلەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد يوللاش بىلەن بىرگە يەنە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا قوشۇپ دۇرۇد يوللاش كېرەكلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.**

**2) مۇسۇلمان كىشى بىلەلمىگەن دىنىي ئەھكاملارنى ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سورىشى كېرەك. ئۆزى بىلەلمەي ياكى ئەھلىلىرىدىن سورىماي، بىدئەت ئىشلارنى پەيدا قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ.**

**1407 - ئەبۇ ھۇمەيد سائىدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ساھابىلەر: « ئى رەسۇلۇللاھ! ساڭا قانداق دۇرۇد ئېيتىمىز؟ »، دېگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «قولُوا : اللَّهُمَّ صلِّ على مُحمِّدٍ ، وعَلى أزْواجِهِ وَذُرِّيَّتِهِ ، كما صَلَّيْتَ على إبْراهِيمَ ، وبارِكْ عَلى مُحَمَّدٍ ، وعَلى أزْوَاجِهِ وذُرِّيَّتِهِ ، كما بارَكتَ على إبْراهِيم ، إنَّكَ حمِيدٌ مجِيدٌ» **« ئى ئاللاھ! مۇھەممەدكە ۋە ئۇنىڭ ئاياللىرى، ئەۋلادلىرىغا (خۇددى) ئىبراھىمغا رەھمەت قىلغانىدەك رەھمەت قىلغىن. ئى ئاللاھ! مۇھەممەدكە ۋە ئۇنىڭ ئاياللىرى، ئەۋلادلىرىغا (خۇددى) ئىبراھىمغا بەرىكەت ئاتا قىلغانىدەك بەرىكەت ئاتا قىلغىن، دەڭلار »، دېدى.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىشنىڭ ۋە ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا بەرىكەت تىلەشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا بىرگە بەرىكەت**

تىلەش، چوقۇم دۇرۇدتىن كېيىن بولۇشى، ھەرگىزمۇ پەيغەمبەرلەردىن باشقا ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىدىن يالغۇز بىرىگىلا بەرىكەت تىلەپ سالام يوللاشقا بولمايدىغانلىقى.

## 244 . باب ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭغا قىزىقتۇرۇش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَذِكْرُ اللَّهِ أَكْبَرُ﴾ ﴿ئاللاھنى ياد ئېتىش ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەنكەبۇت 45 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿فَاذْكُرُونِي أَذْكُرْكُمْ﴾ ﴿مېنى ياد ئېتىڭلار، مەنمۇ سىلەرنى ياد ئېتىمەن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 152 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَاذْكُر رَّبَّكَ فِي نَفْسِكَ تَضَرُّعاً وَخِيفَةً وَدُونَ الْجَهْرِ مِنَ الْقَوْلِ بِالْغُدُوِّ وَالآصَالِ وَلاَ تَكُن مِّنَ الْغَافِلِينَ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭنى يېلىنغان ۋە ئۇنىڭدىن قورققان ھالدا ئىچىڭدە ياد ئەتكىن، ئەتىگەندە ـ ئاخشامدا ئۇنى پەس ئاۋازدا زىكىر قىلغىن، غاپىللاردىن بولمىغىن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەئراف 205 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَاذْكُرُوا اللَّهَ كَثِيرًا لَّعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ ﴿مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد ئېتىڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە جۈمۇئە 10 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ الْمُسْلِمِينَ وَالْمُسْلِمَاتِ.... وَالذَّاكِرِينَ اللَّهَ كَثِيرًا وَالذَّاكِرَاتِ أَعَدَّ اللَّهُ لَهُم مَّغْفِرَةً وَأَجْرًا عَظِيمًا﴾ ﴿مۇسۇلمان ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئاياللارغا.... ئاللاھ تائالانى كۆپ زىكىر قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھ تائالانى كۆپ زىكىر قىلغۇچى ئاياللارغا ئاللاھ تائالا مەغفىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەھزاب 35 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اذْكُرُوا اللَّهَ ذِكْرًا كَثِيرًا وَسَبِّحُوهُ بُكْرَةً وَأَصِيلًا﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد ئېتىڭلار، ئۇنىڭغا ئەتىگەن ـ ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەھزاب 41 ـ، 42 ـ ئايەتلەر).

بۇ باپتا كەلگەن ئايەتلەر كۆپ بولۇپ، ھەممىسى مەلۇملۇقتۇر.

**1408** ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كَلِمتَانِ خَفِيفَتَانِ عَلَى اللِّسانِ، ثَقيلَتَانِ في المِيزَانِ، حَبِيبَتَانِ إلى الرَّحْمنِ: سُبْحانَ اللَّهِ وَبِحَمْدِهِ، سُبحانَ اللَّه العظيمِ» «تىلغا يەڭگىل كېلىدىغان، مىزان (قىيامەت كۈنى كىشىلەرنىڭ نامە ـ ئەمالىنى تارتىدىغان تارازا. ـــ ت) دا ئېغىر كېلىدىغان، ئاللاھ

www.munber.org

تائالاغا ياقىدىغان ئىككى سۆز بار. ئۇ بولسىمۇ ‹سُبْحَانَ اللهِ العَظِيْمُ› (ئۇلۇغ ئاللاھنى تەرىپلەيمەن)، ‹سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ› (ئاللاھ تائالانى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، ئاللاھ تائالانى مەدھىيىلەيمەن)، دېگەن سۆزلەردىن ئىبارەت».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1409 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لأن أقولَ سبْحانَ اللَّهِ، وَالحَمْدُ للَّهِ، ولا إلَه إلاَّ اللَّه، وَاللَّه أكْبرُ، أحبُّ إليَّ مِمَّا طَلَعَت عليهِ الشَّمْسُ» «(ئاللاھ تائالانى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، بارلىق ھەمدۇسانا ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ تائالا ئەڭ ئۇلۇغدۇر)، دەپ ئېيتىشىم مەن ئۈچۈن جاھاندىكى بارلىق نەرسىلەردىن سۆيۈملۈكرەكتۇر».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى (1408~1409): ئاللاھ تائالانى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىش، ھەمدۇسانا ئېيتىش، ئۇلۇغلاش ۋە ئاللاھ تائالانى بىر دەپ قاراش بىلەن بىرگە ئاللاھ تائالانى ئەسلەپ تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش، شۈبھىسىزكى، يۇقىرىقى زىكرلەر ساۋابى مەڭگۈ ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان، داۋاملىشىپ تۇرىدىغان ئاخىرەتكە تەۋە ئەمەللەر بولۇپ، دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى ئەمەللەر ھېسابلىنىدۇ. دۇنيا باقىي ئەمەس، ئاخىر تۈگەيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿سىلەرنىڭ يېنىڭلاردىكى نەرسىلەر تۈگەيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى نەرسە تۈگىمەس باقىيدۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە نەھل 96 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

1410. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «منْ قال لا إله إلاَّ اللَّه وَحْدَهُ لا شرِيكَ لَهُ، لهُ المُلكُ، وَلهُ الحَمْدُ، وَهُوَ عَلى كُلِّ شَيءٍ قَدِيرٌ، في يومٍ مِائةَ مَرَّةٍ كانَتْ لَهُ عَدْل عَشر رقَابٍ وكُتِبَتْ لَهُ مِائَةُ حَسَنةٍ، وَمُحِيت عنهُ مِائة سيِّئَةٍ، وكانت له حِرزاً مِنَ الشَّيطَانِ يومَهُ ذلكَ حتى يُمسِي، ولم يأْتِ أحدٌ بِأَفضَل مِمَّا جاءَ بِهِ إلاَّ رجُلٌ عَمِلَ أكثَر مِنه» «كىمكى ‹يالغۇز بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، پۈتۈن سەلتەنەت ۋە جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر›، دېگەن كەلىمىنى بىر كۈندە 100 قېتىم ئوقۇسا، ئۇ(ن) قۇل ئازاد قىلغانلىق باراۋىرىدە بولىدۇ ۋە ئۇ كىشىگە 100 ياخشىلىق يېزىلىپ، ئۇنىڭدىن 100 خاتالىق ئۆچۈرۈلىدۇ. بۇ دۇئا شۇ كۈنى كەچكىچە ئۇ كىشىنى شەيتاندىن ساقلايدۇ».

يەنە بىر رىۋايەتتە: «من قالَ سُبْحَانَ اللَّهِ وَبحمْدِهِ، في يوْمِ مِائَةَ مَرَّةٍ، حُطَّتْ خَطَاياهُ، وإنْ كَانَتْ مِثْلَ زَبَدِ البَحْـر» «كىمكى (ئاللاھ تائالانى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، ئاللاھ تائالانى مەدھىيىلەيمەن)نى كۈندە 100 قېتىم دېسە، ئۇنىڭ گۇناھلىرى دېڭىزنىڭ



www.munber.org

كۆپۈكىدەك كۆپ بولغاندىمۇ يوقفا چىقىرىلىدۇ » ، دېيىلگەن. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1411 ـ ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ قالَ لا إله إلاَّ اللّه وحْدهُ لا شَرِيكَ لهُ، لَهُ المُلْكُ، ولَهُ الحمْدُ، وَهُو على كُلِّ شيَءٍ قَدِيرٌ، عشْر مرَّاتٍ: كان كَمَنْ أَعْتَقَ أَرْبعةَ أَنفُسٍ مِن وَلِد إِسْماعِيلَ» « كىمكى ‹بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، پۈتۈن سەلتەنەت ۋە جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھ تائالاغا خاس. ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىر›، دەپ ئون قېتىم دېسە، ئىسمائىل ئەۋلادىدىن تۆت ئادەمنى ئازاد قىلغانىنىڭ ساۋابى بولىدۇ » .

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1412 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «ألا أُخْبِرُكَ بِأَحبِّ الكَلامِ إلى اللّهِ؟ إنَّ أَحبَّ الكَلامِ إلى اللّه: سُبْحانَ اللّه وبِحَمْدِهِ» « ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىملىق بولغان سۆزنى ساڭا ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىملىق بولغان سۆز: ‹ئاللاھ تائالانى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، ئاللاھ تائالانى مەدھىيىلەيمەن›، دېگەن سۆزدۇر » ، دېدى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى (1410~1412): يۇقىرىقى زىكىرلەر ئاللاھ تائالانى مۇقەددەس ۋە پاك دەپ ئېتىقاد قىلىش ۋە تۇرلۇك ھەمدۇسانانى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقتىن كىشىنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىدە، يامانلىقلارنىڭ (كىچىك گۇناھلارنىڭ) ئەپۇ قىلىنىشىدا ۋە شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن ساقلىنىشتا ئەھمىيىتى چوڭدۇر. بەزىلەر يۇقىرىقى زىكىرلەر پەقەت كىچىك گۇناھلارغا كەففارەت بولىدۇ. چوڭ گۇناھلارغا ئايرىم تەۋبە قىلىش لازىم، دەپ قارايدۇ.

1413 ـ ئەبۇ مالىك ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الطُّهُورُ شَطْرُ الإيمان، والحمدُ للَّهِ تَمْلأُ المِيْزانَ، وسُبْحَانَ اللَّهِ والحمْدُ للَّه تَملآنِ أو تَمْلأُ ما بَيْنَ السَّمَواتِ والأَرْضِ» « پاكلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر ۋە ‹اَلْحَمْدُ لله› (جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھ تائالاغا خاستۇر) نام ـ ئەمەل تارازىسىنى توشقۇزىدۇ. ‹سُبْحَانَ اللهِ وَالْحَمْدُ لله› (ئاللاھ تائالانى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھ تائالاغا خاستۇر) ئاسمان ـ زېمىننىڭ ئارىسىنى توشقۇزىدۇ » . — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: 1) ھېسسىي ۋە مەنىۋى پاكلىققا رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

2) يۇقىرىقى زىكىرلەرنىڭ ساۋابىنىڭ ناھايىتى كاتتا ئىكەنلىكى، ساۋابى شۇنداق كاتتا ئىكەنكى، يۇقىرىقى زىكىر كەلىمىلەر سۈرەتكە كىلىپ، جىسىمغا ئايلىنىدىغان بولسا، چوڭلۇقىنىڭ ئاسمان ـ زېمىننىڭ ئارىسىنى توشقۇزىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

3) ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى ـ مەرھەمىتىنىڭ كەڭ ۋە بۈيۈكلۈكى بايان قىلىنغان.

www.munber.org

**1414** ـ سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئەئرابى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: « ماڭا مەن ئوقۇيدىغان سۆز ئۆگىتىپ قويغىن »، دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قُل لا إله إلاَّ اللَّه وحدَهُ لا شرِيكَ لهُ، اللَّه أَكْبَرُ كَبِيراً، والحمْدُ للَّهِ كَثيراً، وسُبْحانَ اللَّه ربِّ العالمِينَ، ولا حولْ وَلا قُوَّةَ إلاَّ باللَّهِ العَزِيزِ الحكيمِ» « ‹يالغۇز بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، ئاللاھ تائالا ناھايىتى بۈيۈكتۇر، ئاللاھ تائالاغا كۆپ مەدھىيە بولسۇن، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالانى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن. بارلىق كۈچ ـ قۇۋۋەت غالىب ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر›، دېگىن »، دېدى. ئۇ كىشى: « بۇ سۆزلەرنى رەببىم ئۈچۈن ئوقۇيمەن، ئۆزۈم ئۈچۈن نېمە ئوقۇيمەن؟ »، دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قُل: اللَّهُمَّ اغْفِرْ لي وارْحمني، واهْدِنِي، وارْزُقْني» « ‹ئى ئاللاھ! مېنى مەغفىرەت قىلغىن، ماڭا رەھمەت قىلغىن، مېنى ھىدايەت قىلغىن، ماڭا رىزىق بەرگىن›، دېگىن »، دېدى. ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بۇ زىكىرلەرنى كۆپ ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئەڭ ساپ ھەمدە ئاللاھ تائالا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان سۆزلەر ئىكەنلىكى. چۈنكى، بۇ زىكىرلەر ئاللاھ تائالانىڭ شېرىكسىز، يەككە ـ يېگانە ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ نالايىق سۈپەتلەردىن پاك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان سانالاردۇر.

2) كىشىنىڭ ئۆزىگە ئەڭ ياخشى، دىن ۋە دۇنياۋى ياخشىلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇشۇ دۇئالار بىلەن دۇئا قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى. ئەڭ مۇھىم دىنىي ئىش ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېلىپ بارىدىغان ھىدايەت تېپىش، ئەڭ مۇھىم دۇنيالىق ئىش بولسا، باشقىلاردىن تىلەشتىن ۋە خارلىقتىن ساقلايدىغان يېتەرلىك رىزىققا ئېرىشىش.

**1415** ـ سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى ئوقۇپ بولغاندا ئۈچ قېتىم ئىستىغفار ئېيتاتتى ۋە: «اللَّهُمَّ أَنْتَ السَّلامُ، ومِنكَ السَّلامُ، تباركْتَ يَاذا الجلالِ والإكرام» « ئى ئاللاھ، سەن نۇقسانلاردىن پاكتۇرسەن، سەن مۇئمىنلەرگە سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇرسەن، ئى ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك زات! سەن بۈيۈكتۇرسەن »، دەيتتى. ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ بىرى ئەۋزائىغا: « ئىستىغفار قانداق ئېيتىلىدۇ؟ »، دېيىلىۋىدى، ئۇ: « ئەستەغفىرۇللاھ، دېسۇن »، دېدى. ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1416** ـ مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر بىر پەرز نامازنىڭ ئارقىسىدا: «لا إلهَ إلاَّ اللَّه وحْدَهُ لا شَرِيكَ لَهُ، لهُ المُلْكُ ولَهُ الحَمْدُ، وهُوَ عَلى كُلِّ شَيءٍ قَديرٌ. اللَّهُمَّ لا مانِعَ لما أعْطَيْتَ، وَلا مُعْطيَ لما مَنَعْتَ، ولا ينْفَعُ ذا الجَدِّ مِنْكَ الجدُّ» (يالغۇز بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، ئاللاھ تائالانىڭ شېرىكى

www.munber.org

يوق، بارچە مەخلۇقات ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە، جىمى مەدھىيە ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ. ئاللاھ تائالانىڭ ھەممە نەرسىگە تولۇق قۇدرىتى يېتىدۇ. ئى ئاللاھ! سەن بەرگەن نەرسىگە ھېچكىم توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ. سەن بەرمىگەن نەرسىنى ھېچكىم بېرەلمەيدۇ. سېنىڭ ئالدىڭدا بايلارنىڭ بايلىقى ئەسقاتمايدۇ)»، دەيتتى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1417** ـ ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ ھەر نامازنىڭ كەينىدە سالام بەرگەندە: «يالغۇز بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، پۈتكۈل سەلتەنەت ۋە مەدھىيە ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، ئاللاھ تائالا ھەر نەرسىگە قادىردۇر. كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىلاھ يوق، پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا ئىبادەت قىلىمىز. نازۇ ـ نېئمەت ۋە پەزىلەتلەر ۋە گۈزەل سانالار ئاللاھ تائالاغىلا خاستۇر. گەرچە كۇففارلار ياقتۇرمىسىمۇ دىنىمىزغا چىن قەلبىمىزدىن بېرىلگەن ھالدا بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىلاھ يوق، دەيمىز»، دەيتتى.

ئۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر نامازدىن كېيىن بۇلارنى ئوقۇيتتى»، دېدى.

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى (1415~1417): 1) ھەر پەرز نامازدىن كېيىن يۇقىرىقى ئىلاھىي كامالەت سۈپەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زىكرلەرنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) ئاللاھ تائالاغا قايتىش ۋە ئۇنىڭ ھۆكمىگە قايىل بولۇشقا تەرغىب قىلىنغان.

**1418** ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندى: مۇھاجىرلارنىڭ پېقىرلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «پۇلدارلار كاتتا دەرىجىلەرگە ۋە مۇقىم نېئمەتلەرگە ئېرىشتى. ئۇلار بىز ئوقۇغاندەك ناماز ئوقۇيدۇ، بىز روزا تۇتقاندەك روزا تۇتىدۇ. قوللىرىدىكى ئارتۇق مال ـ مۈلكى بىلەن ھەج قىلىدۇ، ئۆمرە قىلىدۇ، جىھاد قىلىدۇ ۋە سەدىقە قىلىدۇ»، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ألا أُعلمُكُمْ شَيْئاً تُدْرِكُونَ بِهِ مَنْ سبَقَكُمْ، وتَسبِقُونَ بِهِ مَنْ بَعْدكُمْ . ولا يَكُونُ أَحَدٌ أَفْضلَ مِنْكُمْ إلاَّ مَنْ صَنَع مِثْلَ ما صَنَعْتُم؟» «مەن سىلەرگە شۇنداق بىر سۆزنى ئۆگىتىپ قويايكەنكى، سىلەر ئۇ سۆز بىلەن ئىلگىرىكىلەرگە يېتىۋالالايسىلەر، كېيىنكىلەردىن ئېشىپ كېتىسىلەر، سىلەر قىلغاننى قىلغان كىشىدىن باشقا ھېچ كىشى سىلەردىن ئارتۇق بولالمايدۇ»، دېدى. ئۇلار: «ئى رەسۇلۇللاھ، شۇنداق قىلغىن»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تُسبِّحُونَ، وتَحْمدُونَ وتُكَبِّرُونَ، خلْفَ كُلِّ صلاةٍ

www.munber.org

ثلاثاً وثلاثينَ» « ھەر نامازنىڭ ئارقىسىدىن 33 قېتىمدىن ‹سُبحَانَ اللهِ، الحَمدُ لِلّٰهِ، اللهُ اكبَرُ›، دەڭلار »، دېدى.

ئەبۇ سالىھ ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، يۇقىرىقى سۆزلەرنىڭ ئوقۇش رەۋىشىدىن سورالغاندا: « ئۈچ سۆزنىڭ ھەر بىرى ئۈچ قېتىمدىن ئوقۇلسۇن »، دېدى.

مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: كەمبەغەل مۇھاجىرلار رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ: « بىزنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزنى ئاڭلاپ، پۇلدارلارمۇ شۇنداق ئوقۇدى »، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «ذلكَ فَضْلُ اللّٰه يُؤْتِيهِ منْ يشاءُ» « ئەنە شۇ ئاللاھ تائالانىڭ پەزلىدۇركى، ئۇنى خالىغان كىشىگە ئاتا قىلىدۇ »، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1419 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ سَبَّحَ اللّٰه في دُبُرِ كُلِّ صلاةٍ ثَلاثاً وثَلاثينَ، وَحمِدَ اللّٰه ثَلاثاً وثَلاثين، وكَبَّرَ اللّٰه ثَلاثاً وَثَلاثينَ وقال تَمامَ المِائَةِ: لا إلهَ إلاَّ اللّٰه وحْدَه لا شَريك لهُ، لَهُ المُلْكُ وَلَهُ الحمْد، وهُو على كُلِّ شَيءٍ قَدِيرٌ، غُفِرتْ خطَاياهُ وإن كَانَتْ مِثْلَ زَبدِ الْبَحْرَ» « كىمكى ھەر نامازدىن كېيىن 33 قېتىم تەسبىھ ئېيتسا، 33 قېتىم ھەمد ئېيتسا، 33 قېتىم تەكبىر ئېيتسا، يۈزىنچى قېتىمدا ‹لآ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ، لَهُ المُلْكُ ولَهُ الحَمْدُ وَهَوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرُ› (يالغۇز بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، پۈتۈن سەلتەنەت ۋە جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر)، دېسە، ئۇنىڭ گۇناھلىرى دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ بولسىمۇ، مەغفىرەت قىلىنىدۇ ».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1420. كەئب ئىبنى ئۇجرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مُعقِّبَاتٌ لا يَخِيبُ قَائِلُهُنَّ أو فَاعِلُهُنَّ دُبُرَ كُلِّ صلاةٍ مكتُوبةٍ: ثَلاثاً وثَلاثينَ تَسْبِيحَةً، وَثَلاثاً وَثَلاثِينَ تَحْمِيدَةً، وَأَرْبَعاً وثَلاثِينَ تَكبِيرةً» « ھەر پەرز نامازنىڭ كەينىدىن ئېيتىلىدىغان تەسبىھلەر بولۇپ، ئۇلارنى ئېيتقۇچى نائۇمىد قالمايدۇ. ئۇ بولسىمۇ، 33 قېتىم تەسبىھ ئېيتىش، 33 قېتىم ھەمدۇسانا ئېيتىش ۋە 33 قېتىم تەكبىر ئېيتىشتىن ئىبارەت ».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1421 ـ سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازلارنىڭ كەينىدە بۇ سۆزلەرنى ئوقۇپ پاناھ تىلەيتتى: «اللّٰهُمَّ إنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الجُبْنِ والْبُخلِ وَأَعوذُ بِكَ مِنْ أنْ أُرَدَّ إلى أرْذَل العُمُرِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ الدُّنْيا، وأَعوذُ بِكَ مِنْ



www.munber.org

فِتْنَةِ القَبرِ» «ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ قورقۇنچاقلىقتىن، بېخىللىقتىن پاناھ تىلەيمەن، بەك قېرىپ كېتىشتىن پاناھ تىلەيمەن، سەن بىلەن دۇنيانىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن ۋە سەن بىلەن گۆر ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن».

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى (1418~1421): 1) ھەر نامازدىن كېيىن بۇ زىكىرلەرنى يۇقىرىقى زىكىرلەر بىلەن قوشۇپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) بۇ سۆزلەرنى نامازنىڭ ئاخىرىدا سالام قىلىشتىن ئىلگىرى ئېيتاتتى، يۇقىرىدا ئېيتىلغان تەسبىھنى بولسا، سالام بېرىپ بولۇپ، نامازنىڭ ئاخىرىدا ئېيتاتتى، دېگەن قاراشلارمۇ بار.

**1422 - مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ:** «يَا مُعَاذُ، وَاللَّهِ إِنِّي لأُحِبُّكَ فقال: أُوصِيكَ يَا معاذُ لا تَدعَنَّ في دُبُرِ كُلِّ صَلاةٍ تقُولُ: ‹اللَّهُمَّ أعِنِّي على ذِكْرِكَ، وشُكْرِكَ، وَحُسنِ عِبادتِكَ›» **«ئى مۇئاز، ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، سېنى مەن چوقۇم ياخشى كۆرىمەن. ئاندىن ساڭا تەۋسىيە قىلىمەنكى، سەن ھەر نامازنىڭ ئارقىسىدا: ‹ئى ئاللاھ! سېنى زىكىر قىلىشىمغا، ساڭا شۈكۈر قىلىشىمغا ۋە ساڭا ئوبدان قۇللۇق قىلىشىمغا يار ـ يۆلەكتە بولغايسەن›، دېگەن دۇئانى ئوقۇشنى تەرك ئەتمىگىن»، دېدى.**

— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

2) ئاللاھ تائالانى ئەسلەش مۇئمىننى يارىتقۇچىغا تەشەككۈر بىلدۈرۈشكە ئېلىپ بارىدۇ، تەشەككۈر بولسا ئاللاھ تائالاغا راستچىللىق بىلەن قۇللۇق قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

**1423 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إذا تَشَهَّدَ أحدُكُمْ فَليستَعِذْ بِاللَّه مِنْ أَرْبَعٍ، يقولُ: اللَّهُمَّ إنِّي أعُوذُ بِكَ مِنْ عذَابِ جهَنَّمَ، وَمِنْ عَذَابِ القَبرِ، وَمِنْ فِتْنةِ المحْيَا والمَماتِ، وَمِنْ شَرِّ فِتْنَةِ المَسِيحِ الدَّجَّالِ» **«سىلەرنىڭ بىرىڭلار تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندا ئاللاھ تائالادىن تۆت نەرسىدىن پاناھ تىلىسۇن، يەنى ئۇ كىشى: ‹ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ جەھەننەمنىڭ ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن. قەبرىنىڭ ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن. ھاياتلىق ۋە ماماتلىقنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن ۋە ساڭا سېغىنىپ كەززاب دەججالنىڭ پىتنىسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن›، دېسۇن».**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ھەدىستە سۆزلەنگەن ئىشلاردىن ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ پاناھ تىلەشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى ۋە قەبرە ئازابى، قەبرىدىكى سوئال ـ سوراقلار، دەججالنىڭ مەيدانغا كېلىشى قاتارلىق قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى بايان قىلىنغان.

www.munber.org

1424 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا ئولتۇرغاندا تەشەھھۇد بىلەن سالامنىڭ ئوتتۇرىسىدا دەيدىغان ئاخىرقى سۆزى بولسا: «اللّهمَّ اغفِرْ لي ما قَدَّمتُ وما أخَّرْتُ، وما أسْرَرْتُ ومَا أعْلَنْتُ، وما أسْرفْتُ، وما أنتَ أعْلمُ بِهِ مِنِّي، أنْتَ المُقَدِّمُ، وَأنْتَ المُؤَخِّرُ، لا إله إلاَّ أنْتَ» « ئى ئاللاھ! ئىلگىرى ۋە كېيىن قىلغان گۇناھلىرىمنى، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قىلغان گۇناھلىرىمنى مەغفىرەت قىلغىن، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن گۇناھلىرىمنى مەغفىرەت قىلغىن، سەن خالىغان بەندەڭنى رەھمىتىڭگە بالدۇر ئېرىشتۈرىسەن، خالىغان بەندەڭنى رەھمىتىڭگە كېيىن ئېرىشتۈرىسەن، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق » . — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالاغا تولۇق بويسۇندىغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ قۇلچىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغانلىقى.

2) ئىستىغفار ئېيتىشقا ۋە پەرۋەردىگارىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا باش ئېگىش تۇيغۇسىدا بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

1425 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىلىرىدە بۇ دۇئانى ئوقۇيتتى: «سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ رَبَّنَا وَبِحَمْدِك ، اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي» « ئى پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ! سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن ۋە ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن. ئى ئاللاھ! مېنى مەغفىرەت قىلغىن » .

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1426 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىلىرىدە: «سُبُّوحٌ قدُّوسٌ ربُّ الملائِكةِ وَالـرُّوح» « ئى ئاللاھ! سەن نۇقسانلاردىن خالىي، پاكتۇرسەن، بارلىق مەلائىكە ۋە جىبرىئىلنىڭ پەرۋەردىگارىدۇرسەن » ، دەيتتى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى (1425~1426): نامـاز ئوقۇغۇچىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش يۈزىسىدىن يۇقىرىقى سۆزلەرنى رۇكۇ ـ سەجدىلەردە دېيىش كېرەكلىكى.

1427 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «فَأَمَّا الرُّكوعُ فَعَظِّموا فيهِ الرَّبَّ، وأمَّا السُّجُودُ فَاجْتَهِدُوا في الدُّعاء فَقَمِنٌ أنْ يُسْتَجَاب لَكُمْ» « رۇكۇدا بولسا ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاڭلار (يەنى ‹سُبحَانَ رَبِّيَ العَظِيمُ›، دەڭلار)، سەجدىدە بولسا تىرىشىپ دۇئا قىلىڭلار، سەجدىدە قىلغان دۇئايىڭلار ئىجابەت بولۇشقا لايىق » . — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1428 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «أقربُ ما يَكونُ العبْدُ مِن ربِّهِ وَهُو ساجدٌ، فَأكْثِرُوا الدُّعاءَ»

www.munber.org

« بەندىنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئەڭ يېقىن بولغان ۋاقتى سەجدىدە تۇرغان ۋاقتىدۇر. شۇڭا، سەجدىدە دۇئانى كۆپ قىلىڭلار ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى (1427~1428): رۇكۇدا تەسبىھ ئېيتىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، تەسبىھنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ‹سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَظِيْمُ› بولۇپ، بىر قېتىم دېسە سۈننەت ئادا تاپىدۇ. ئۈچ قېتىم دېسە، تولۇق قىلغان بولىدۇ. ئون بىر قېتىم دېسە، كامىل ئادا قىلغان بولىدۇ. سەجدىدە ئىنسان بېشىنى زېمىنغا قويۇپ، ئاللاھ تائالاغا تولۇق باش ئەگكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، بۇ ھالەتتە تەسبىھ ئېيتىش بىلەن بىرگە كۆپلەپ دۇئا قىلىش ياخشى. شۇڭا، سەجدىدىكى ھالەت كىشىنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىن تۇرغان ھالىتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەنىۋى جەھەتتىكى يېقىنلىق بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇ بەندىدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ تىلىگىنىنى بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**1429** - ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدىدە: اللَّهُمَّ اغفِرْ لي ذَنبي كُلَّهُ: دِقَّه وجِلَّهُ، وأَوَّله وَآخِرَهُ، وعلانيته وَسِرَّه» « ئى ئاللاھ تائالا! مېنىڭ گۇناھلىرىمنىڭ ھەممىسىنى مەغفىرەت قىلغىن، كىچىكلىرىنى ۋە چوڭلىرىنى، ئالدىنقىلىرىنى ۋە كېيىنكىلىرىنى، ئاشكارىلىرىنى ۋە يوشۇرۇنلىرىنى مەغفىرەت قىلغىن »، دەيتتى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1430**. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن بىر كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاپالماي ئىزدەپ قارىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇكۇ ياكى سەجدىدە بولۇپ، مۇنداق دەۋاتقانىكەن: «سُبْحَانكَ وبحمدِكَ، لا إلـهَ إلاَّ أنْتَ» « ئى ئاللاھ! سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن ۋە ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن. سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق ».

يەنە بىر رىۋايەتتە: مېنىڭ قولۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاپىنىغا تەگدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدىدە بولۇپ، ئىككى پۇتى تىكلەكلىك ئىكەن، ئۇ مۇنداق دەۋېتىپتىكەن: «اللَّهُمَّ إنِّي أعُوذُ بِرضَاكَ مِنْ سَخَطِكَ، وبمُعافاتِكَ مِنْ عُقوبتِكَ، وَأَعُوذُ بِك مِنْكَ، لا أُحْصِي ثَنَاءً عليكَ أَنْتَ كما أثنيتَ على نَفْسِكَ» « ئى ئاللاھ! سېنىڭ رازىلىقىڭ ئارقىلىق غەزىپىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، سېنىڭ قوغدىشىڭ بىلەن سېنىڭ ئازابىڭدىن پاناھ تىلەيمەن. سەن بىلەن سېنىڭ دوزىخىڭدىن پاناھ تىلەيمەن. سەن ئۆزۈڭگە سانا ئېيتقاندەك مۇكەممەل رەۋىشتە سانا ئېيتىشتىن ئاجىزدۇرمەن ».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى (1429~1430): 1) ئاللاھ تائالانىڭ پاكلىق ۋە ئۇلۇغلۇق سۈپەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ زىكىرلەرنى سەجدىدە ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.



www.munber.org

2) ئىنسان ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاپ، نۇرغۇن ھەمدۇسانالارنى ئېيتسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئەزىمىتى ۋە بۈيۈكلىكىنىڭ چېكىگە يېتەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ « قۇرئان كەرىم »دە ئېيتقان ھەمدۇسانالىرىنىڭ چېكىگە يېتەلمەيدۇ.

1431 ـ سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىدا ئىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أيعجِزُ أحدُكم أنْ يكْسِبَ في كلِّ يومٍ ألفَ حَسَنَةٍ» « سىلەرنىڭ بىرىڭلار كۈنىگە 1000 ياخشىلىق قىلىشقا قادىر بولالامدۇ؟ »، دېدى. سورۇنداشلىرىدىن بىرى: « بىر ئادەم قانداقمۇ بىر كۈندە 1000 ياخشىلىق قىلالىسۇن؟ »، دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يُسَبِّحُ مِائةَ تَسْبِيحة، فَيُكتَبُ لهُ ألفُ حسَنَةٍ، أوْ يُحَطُّ عنْهُ ألفُ خَطِيئَةٍ» « كىمكى ھەر كۈنى 100 قېتىم تەسبىھ ئېيتسا، ئۇنىڭغا 1000 ياخشىلىق يېزىلىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن 1000 خاتالىق ئۆچۈرۈلىدۇ »، دېدى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بىر ياخشىلىقنىڭ ساۋابى ئون ھەسسىگىچىلىك كۆپەيتىپ بېرىدىغانلىقى. ساۋابنىڭ ئون ھەسسە بېرىلىدىغانلىقى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىدۇر. بىر ياخشىلىقنىڭ ساۋابى 700 ھەسسىگىچە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ھەدىسمۇ بار. بۇ ھەدىستىكى «ۋە» (ياكى) بولسا «و» (ۋە) مەنىسىدە كەلگەن بولۇپ، يەنى ئۇ كىشىدىن 1000يامانلىق ئۆچۈرىلىدۇ، دېمەكچى. تەسبىھ ئارقىلىقمۇ ساۋابلار يېزىلىدۇ ۋە ئۆچۈرۈلىدۇ.

1432 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يُصبحُ عَلى كُلِّ سُلامَى مِنْ أحدِكُمْ صَدَقةٌ: فكُلُّ تَسْبيحةٍ صدقَةٌ، وكُلُّ تَحْمِيدَةٍ صَدَقَةٌ، وَكُلُّ تَهْلِيلَةٍ صَدَقَةٌ، وكُلُّ تَكْبِيرةٍ صدقةٌ، وَأَمْرٌ بِالمعْرُوفِ صَدَقةٌ، وَنَهْيٌ عَنِ المُنكَرِ صدقةٌ. ويُجْزِيءُ مِنْ ذلكَ رَكْعتَانِ يَرْكَعُهُما منَ الضُّحَى» « ھەر سەھەردە سىلەرنىڭ ھەر بىر ئۇگىلىرىڭلار ئۈچۈن بىر سەدىقە بېرىش لازىم بولىدۇ. ھەر بىر ‹سُبْحَانَ اللهِ› دېيىش سەدىقىدۇر. ‹اَلْحَمْدُ لِلهِ› دېيىش سەدىقىدۇر. ‹لآإِلَـهَ إلا الله› دېيىش سەدىقىدۇر. ‹اَللهُ أَكْبَرُ›، دېيىش سەدىقىدۇر ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇش بىر سەدىقىدۇر. يامانلىقتىن توسۇش بىر سەدىقىدۇر. چاشگاھ ۋاقتىدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش بولسا يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىگە كۇپايە قىلىدۇ ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇ ھەدىستە تەننىڭ كېسەللىكلەردىن سالامەت بولغانلىقىغا تەشەككۇر بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان چاشگاھ نامىزىنىڭ پەزىلىتى تەكىتلەنگەن.

1433 ـ مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى جۇۋەيرىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئەتىگىنى بامداتنى ئوقۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىدىن چىقىپ كەتكەندە جۇۋەيرىيە ئۆزى ناماز ئوقۇغان جايدا ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاشگاھ نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ قايتىپ كىرسە، ئۇ يەنە

www.munber.org

شۇ جايدا ئىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مازلْتِ على الحال التي فارَقْتُكَ عَلَيْهَا؟» «مەن چىقىپ كەتكەندىن تا ھازىرغىچە مۇشۇ ھالدا ئولتۇردىڭمۇ؟»، دېۋىدى، ئۇ: «ھەئە»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لَقَدْ قُلْتُ بَعْدكِ أَرْبَعَ كَلمَاتٍ ثَلاثَ مرَّاتٍ، لَوْ وُزِنَتْ بِمَا قُلْتِ مُنْذُ الْيَومِ لَوَزَنْتهُنَّ: سُبْحَانَ اللَّهِ وبحَمْدِهِ عَدَدَ خَلْقِهِ، وَرِضَاءَ نَفْسِهِ، وَزِنَةَ عرْشِهِ، ومِداد كَلمَاتِه» «مەن سېنىڭ يېنىڭدىن چىققاندىن كېيىن تۆت كەلىمە سۆزنى ئۈچ قېتىم ئوقۇدۇم. ئۇنى سېنىڭ بۈگۈن كەچكىچە ئوقۇغانلىرىڭ بىلەن ئۆلچەپ قارالسا، بۇ تۆت كەلىمە چوقۇم ئېغىر كېلىدۇ. ئۇلار: «‹سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ عَدَدَ خَلْقِهِ وَرِضَى نَفْسِهِ وَزِنَةِ عَرْشِهِ وَمِدَادَ كَلِمَاتِهِ› (ئاللاھ تائالانى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، ئاللاھ تائالاغا ئۆزى ياراتقان مەخلۇقاتلارنىڭ ساندەك كۆپ ھەمد ئېيتىمەن. ئاللاھ تائالا رازى بولغۇدەك ھەمد ئېيتىمەن. ئاللاھ تائالانىڭ ئەرشىگە توغرا كەلگۈدەك ھەمد ئېيتىمەن. ئاللاھ تائالانىڭ كالامى يېزىلغان سىياھتەك كۆپ ھەمد ئېيتىمەن»). — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: «سُبْحانَ اللَّهِ عددَ خَلْقِهِ، سُبْحَانَ اللَّهِ رِضَاءَ نَفْسِهِ، سُبْحانَ اللَّهِ زِنَةَ عَرْشِهِ، سُبْحَانَ اللَّهِ مِداد كَلماتِهِ» «ئاللاھ تائالانى ئۇ ياراتقان مەخلۇقاتلارنىڭ ساندەك كۆپ پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن. ئاللاھ تائالانى ئۆزى رازى بولغۇدەك پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن. ئاللاھ تائالانى ئەرشىگە توغرا كەلگۈدەك كۆپ پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، ئاللاھ تائالانى ئۇنىڭ كالامى يېزىلغان سىياھتەك كۆپ پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن»، دېيىلگەن.

تىرمىزىنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۇۋەيرىيەگە: «ألا أُعلِّمُكِ كَلماتٍ تَقُولِينَها؟ سُبْحانَ اللَّهِ عَدَدَ خلْقِهِ، سُبْحانَ اللَّهِ عَددَ خَلْقِهِ، سُبْحانَ اللَّه عدد خَلْقِهِ، سُبْحانَ اللَّه رضا نَفْسِهِ، سُبْحان اللَّهِ رضا نَفْسِهِ، سُبْحانَ اللَّه رضا نَفْسِهِ، سُبحَانَ اللَّه زِنَةَ عرْشِهِ، سُبحَانَ اللَّه زِنَةَ عرْشِهِ، سُبحَانَ اللَّه زِنَةَ عرْشِهِ، سُبحَانَ اللَّهِ مِدادَ كَلماتِهِ، سُبحَانَ اللَّهِ مِدادَ كَلماتِهِ، سُبحَانَ اللَّهِ مِدادَ كَلماتِه» «مەن ساڭا سەن ئوقۇيدىغان بىر قانچە سۆزلەرنى ئۆگىتىپ قويمايمۇ؟ 1) ‹سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ عَدَدَ خَلْقِه› (ئاللاھ تائالانى ئۆزى ياراتقان مەخلۇقاتلىرىنىڭ ساندەك پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن)، دەپ ئۈچ قېتىم دەيسەن. 2) ‹وَرِضَى نَفْسِهِ› (ئاللاھ تائالا ئۆزى رازى بولغۇدەك پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن)، دەپ ئۈچ قېتىم دەيسەن. 3) ‹وَزِنَةِ عَرْشِهِ› (ئاللاھ تائالانىڭ ئەرشىگە توغرا كەلگۈدەك پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن)، دەپ ئۈچ قېتىم دەيسەن. 4) ‹وَمِدَادَ كَلِمَاتِهِ› (ئاللاھ تائالانىڭ كالامى يېزىلغان سىياھتەك كۆپ پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن)، دەپ ئۈچ قېتىم دەيسەن»، دېگەن.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇ ھەدىسلەردە ئاللاھ تائالانىڭ ئاز ئەمەلگە كۆپ ساۋاب بېرىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن ۋە مەزكۇر شەكىلدىكى زىكىرلەرنىڭ شەرىپى بايان قىلىنغان.



www.munber.org

**1434 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «مَثَلُ الذي يَذكُرُ ربَّهُ وَالذي لا يذكُرُهُ، مَثَل الحيِّ والمَيِّتِ» **«پەرۋەردىگارىغا زىكىر ئېيتىپ تۇرىدىغان ئادەم تىرىك ئادەمگە ئوخشايدۇ. زىكىر ئېيتىپ تۇرمايدىغان ئادەم ئۆلۈك ئادەمگە ئوخشايدۇ».** — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە:** «مَثَلُ البَيْتِ الَّذي يُذْكَرُ اللّه فِيهِ، وَالبَيتِ الذي لا يُذْكَرُ اللّه فِيهِ، مَثَلُ الحَيِّ والمَيِّتِ» **«ئاللاھ تائالانى ئەسلەپ تۇرىدىغان ئۆي بىلەن ئەسلەپ تۇرمايدىغان ئۆي ئۆلۈك ۋە تىرىكنىڭ مىسالىغا ئوخشاش»، دېيىلگەن.**

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: زىكىر ئېيتمىغان كىشى ئۆلۈككە ئوخشايدۇ. چۈنكى، زىكىرنى تەرك ئېتىش كىشىنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشتىن يىراقلاشتۇرۇپ، غەپلەتتە قالدۇرىدۇ.

**1435 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «يقُولُ اللّه تَعالى : أنَا عِنْدَ ظَنِّ عبدي بي، وأنا مَعهُ إذا ذَكَرَني، فَإن ذَكرَني في نَفْسهِ، ذَكَرْتُهُ في نَفسي، وإنْ ذَكَرَني في ملإٍ، ذكَرتُهُ في ملإٍ خَيْرٍ منْهُمْ» **«ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ‹بەندەم مېنىڭ قانداق بولۇشۇمنى ئويلىسا، مەن ئۇنىڭغا شۇنداق بولىمەن، ئۇ مېنى ياد ئەتسە، مەنمۇ ئۇنى ياد ئېتىمەن، ئەگەر ئۇ مېنى مەخپى ياد ئەتسە مەنمۇ ئۇنى مەخپى ياد ئېتىمەن. ئەگەر ئۇ مېنى جامائە بار يەردە ياد ئەتسە مەن ئۇنى ئۇ جامائەدىنمۇ ياخشىراق جامائە بار يەردە ياد ئېتىمەن›».** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالاغا قارىتا ياخشى ئويدا بولۇش زۆرۈركى، ئاللاھ تائالا تەۋبىنى قوبۇل قىلىدۇ. گۇناھلارنى كەچۈرىدۇ. غەم ـ قايغۇلارنى كەتكۈزىدۇ. بېشىغا كۈن چۈشكەنلەرنى ئۆز پاناھىغا ئالىدۇ. يامانلىقلارنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. شۇڭلاشقا، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدنى ئۈزۈش كۇفرىلىق ھېسابلىنىدۇ.

2) ئاللاھ تائالا بەندىسى بىلەن بىللە بولۇپ، بەندىسىنىڭ زىكىر ـ تەسبىھلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ. سىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ. تائەت ـ ئىبادەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ساۋاب بېرىدۇ.

3) ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرلەر ئىچىدىكى ئالاھىدە شەخسلەر جىبرىئىلغا ئوخشاش ئالاھىدە پەرىشتىلەردىن ئەۋزەل بولىدۇ. پەرىشتىلەرنىڭ ئالاھىدىلىرى ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئەۋزەل بولىدۇ. ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئىچىدىكى ئاللاھ تائالاغا ئىتائەتمەنلىرى پەرىشتىلەرنىڭ ئادەتتىكىلىرىدىن ئەۋزەل. پەرىشتىلەرنىڭ ئادەتتىكىلىرى ئىنسانلارنىڭ گۇناھكارلىرىدىن ئەۋزەل.

**1436 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «سبقَ المُفَرِّدُونَ» **«مۇفەررىدلەر (ئاخىرەتتە) ھەممىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ»، دېگەنىدى، ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! مۇفەررىدلەر كىم؟»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «الذَّاكِرُونَ اللّه كَثيراً والذَّاكِراتُ» **«ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد**



www.munber.org

قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد قىلغۇچى ئاياللار »، دېدى. —
مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: شەھۋەت ۋە لەززەتلەرگە ئەگىشىشتىن زىكىر بىلەن مەشغۇل بولۇش ئارقىلىق ئۆزىنى تارتىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، ئاخىرەتتە پەقەت تائەت ـ ئىبادەتنى كۆپ قىلغان ھەمدە ئىخلاس بىلەن قىلغان كىشىلەرلا ئۇتتۇپ چىققۇچىلاردۇر.

1437 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «أَفْضَلُ الذِّكرِ: لا إله إلاَّ اللَّه» « زىكىرنىڭ ئەۋزىلى: ‹لا إله إلاَّ اللَّه› تۇر ». — تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: تەۋھىد كەلىمىسى ئاللاھ تائالانىڭ يەككە ـ يېگانىلىقىنى، شېرىكسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان سۆز بولغانلىقى ئۈچۈن، تەۋھىد كەلىمىسى ھەممىدىن ئەۋزەلدۇر. شۇنداقلا تەۋھىد كەلىمىسى پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ ئەڭ ياخشى سۆزى بولۇپ، پەيغەمبەرلەر مۇشۇ سۆزنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن. بۇ سۆز جەننەتكە كىرىشنىڭ ۋە دوزاختىن نىجات تېپىشنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

1438 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى: « ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئورۇندايدىغان ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئەھكاملىرى كۆپ ئىكەن. مەن مەھكەم تۇرىدىغان بىرەرنى ئېيتىپ بەرسەڭ »، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لا يَزالُ لِسَانُكَ رَطْباً مِنْ ذِكْرِ اللَّهِ» « تىلىڭ ھەمىشە ئاللاھ تائالانىڭ زىكرى بىلەن بولسۇن »، دېدى. — تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

1439 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «منْ قال: سُبْحانَ اللَّهِ وبحَمدِهِ، غُرِستْ لـهُ نَخْلَةٌ في الجَنَّةِ» « كىمكى ‹سُبحانَ اللَّهِ وبحَمدِهِ› ‹ئاللاھ تائالانى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، ئاللاھ تائالانى مەدھىيىلەيمەن›، دېسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەتتە بىر تۈپ خورما دەرىخى تىكىلىدۇ ». — تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاللاھ تائالانىڭ جەننىتىنىڭ كەڭلىكى، تەسبىھ ئېيتقان بەندىگە جەننەتكە خورما تىكىلىدىغانلىقى، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى ـ مەرھەمىتى ئىكەنلىكى، بۇ سۆز ياكى ماجازى بولۇپ، ئەجىر ـ ساۋابنىڭ زىيادىلىكىنى ۋە مۇقىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

1440. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لَقِيتُ إبراهيمَ صَلّى اللهُ عَلَيْهِ وسَلَّم لَيْلَةَ أُسْرِيَ بي فقال: يا مُحمَّدُ أقرِيءْ أُمَّتَكَ مِنِّي السَّلام، وأخبِرْهُمْ أنَّ الجَنَّةَ طَيِّبةُ التُّربةِ، عذْبَةُ الماءِ، وأنَّها قِيعانٌ وأنَّ غِراسَها: سُبْحَانَ اللَّه، والحمْدُ للَّه، ولا إلـه إلاَّ اللَّـه واللَّـه أكْبَـرُ» « مەن ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلغان كېچىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئۇچراشتىم. ئۇ ماڭا: ‹ئى مۇھەممەد! ئۇممىتىڭگە مەندىن سالام



www.munber.org

ئېيتقىن، ئۇلارغا خەۋەر قىلغىنكى، جەننەت تۇپرىقى پاك، سۈيى تاتلىق بىپايان كەڭرى جايدۇر. ئۇنىڭ كۆچەتلىرى: ‹سُبْحَانَ اللهِ والحَمْدُ للهِ ولآ اِلَـهَ اِلاَّ اللهُ واللهُ اَكْبَرُ› (ئاللاھ تائالانى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، بارلىق ھەمدۇسانا ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ تائالا ئەڭ ئۇلۇغدۇر)، دېگەن سۆزلەردۇر›، دېدى». — تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇ لەفزىلەر بىلەن ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىش جەننەتتىكى نازۇنېئمەتلەرنى زىيادە قىلىدىغانلىقى ۋە گۈلىستانلىقلارنى كۆپەيتىدىغانلىقى، شۇڭا مۇسۇلمان كىشى زىكىر ئېيتىشقا ئامراق بولۇشى لازىملىقى. بۇلار ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە قىلغان پەزلى ـ مەرھەمىتىدىن ئىكەنلىكى.

1441 ـ ئەبۇ دەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ألا أُنَبِّئُكُم بِخَيْرِ أَعْمَالِكُم، وأَزْكَاهَا عِند مليكِكم، وأَرْفعِها في دَرجاتِكم، وخَيْرٌ لَكُمْ مِنْ إِنْفَاق الذَّهَبِ والفضَّةِ، وخَيْرٌ لَكُمْ مِنْ أَنْ تَلْقوْا عدُوَّكم، فَتَضربُوا أَعْنَاقَهُم، ويضرِبوا أَعْنَاقكُم؟» «مەن سىلەرگە ئەمەللىرىڭلارنىڭ ياخشىراقى بولغان ۋە پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نەزىرىدە پاكراقى، دەرىجەڭلار ئىچىدىكى يۇقىرىراقى بولغان ۋە سىلەر ئۇچۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش سەدىقە قىلغاندىنمۇ، دۈشمەنلىرىڭلارغا ئۇچرىشىپ سىلەر ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا، ئۇلار سىلەرنىڭ بويۇنلىرىڭلارغا ئۇرغاندىنمۇ ياخشىراق بولغان ئەمەلدىن خەۋەر بېرەيمۇ؟»، دېدى. ساھابىلەر: «شۇنداق قىلغىن، ئى رەسۇلۇللاھ»، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ذِكْرُ اللَّهِ تَعالى» «ئۇ بولسىمۇ ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش»، دېدى. — تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا ئاللاھ تائالاغا زىكىر ئېيتىپ تۇرۇش ئەڭ پايدىلىق ۋە ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىنلىقتۇر. چۈنكى، پۈتۈن ۋاقىت، ئۆمۈرنى زىكىر بىلەن ئۆتكۈزۈش كىشىلەرنى تەقۋادارلىققا ئۈندەپ، پىتنە ـ پاسات، نەپسى ـ خاھىشى ۋە يامانلىقتىن ساقلاپ، ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان ئالاقىنى دائىم ئۇلاپ تۇرىدىغان جىھادنىڭ بىر تۈرىدۇر.

1442 ـ سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئالدىغا تاش ياكى ئۇرۇقچا قويۇۋېلىپ، تەسبىھ ئېيتىۋاتقان بىر ئايالنىڭ يېنىغا كىردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ألا أُخْبِرُك بما هُو أَيْسرُ عَلَيْكِ مِنْ هذا أَوْ أَفْضَلُ» فقالَ: «سُبْحانَ اللَّهِ عددَ مَا خَلَقَ في السَّماءِ، وَسُبْحانَ اللَّهِ عددَ ما خَلَقَ في الأَرْضِ، سُبحانَ اللَّهِ عددَ ما بيْنَ ذلك، وسبْحانَ اللَّهِ عدد ما هُوَ خَالِقٌ . واللَّه أَكْبرُ مِثْلَ ذلكَ، والحَمْد للَّهِ مِثْل ذلك، ولا إِله إِلا اللَّه مِثْل ذلكَ، ولا حوْل ولا قُوَّةَ إِلاَّ باللَّه مِثْلَ ذلك» «مەن ساڭا ئۇنىڭدىنمۇ ئاسانراق ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراق بىر كەلىمىنى دەپ بېرەيمۇ؟»، دەپ مۇنداق دېدى: «مەن ئاللاھ تائالا ئاسماندا ياراتقان مەخلۇقلار سانى باراۋېرىدە ئاللاھ تائالانى پاك دەپ بىلىمەن ۋە زېمىندا ياراتقان ۋە ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدا ياراتقان مەخلۇقاتلارنىڭ



www.munber.org

سانى باراۋېرىدە ئاللاھ تائالانى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ياراتماقچى بولغان نەرسىلەرنىڭ سانى باراۋېرىدە ئاللاھ تائالانى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن ۋە شۇ نەرسىلەر باراۋېرىدە ئاللاھ تائالاغا ھەمد ئېيتىمەن ۋە شۇ نەرسىلەرنىڭ باراۋېرىدە بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىلاھ يوق، دەيمەن ۋە شۇ نەرسىلەرنىڭ باراۋېرىدە كۈچ ـ قۇدرەت پەقەت ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، دەيمەن».

—— تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇ ھەدىستىكى لەفزىلەر بىلەن زىكىر ئېيتىش تاش ۋە تەسۋى ئىشلىتىشتىنمۇ ياخشى. چۈنكى، تاشلارنى ۋە ئۇرۇقلارنى سانىغاندا ئۇنىڭ سانى چەكلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ سانى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان ئاللاھ تائالا ئاسمان ۋە زېمىندا ياراتقان مەخلۇقاتلارنىڭ سانىغا قارىغاندا ئازدۇر.

**1443** ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «ألا أدُلُّك على كَنْزٍ مِنْ كُنُوزِ الجنَّةِ؟» «سېنى جەننەتنىڭ خەزىنىلىرىدىن بىرىگە دالالەت قىلايمۇ؟»، دېدى. مەن: «بولىدۇ، قىلغىن ئى رەسۇلۇللاھ!»، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لا حول ولا قُوَّةَ إِلاَّ بِاللَّهِ» «ئاللاھنىڭ مەددىتى بولمىسا، ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ»، دېدى.

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: «لاَحَوْلَ وَلاَقُوَّةَ اِلاَّ بِاللهِ»نى كۆپ ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى. چۈنكى، بۇنى ئوقۇش ئاللاھ تائالاغا بويسۇنۇپ، ئۆزىنى ئۇنىڭ ئىلكىگە تاپشۇرغانلىق ھېسابلىنىدىغانلىقى. بەندىنىڭ بىرەر نەرسىگە ئىگە بولۇشى ياكى ياخشىلىققا ئېرىششى ۋە يامانلىقتىن دەپئىي قىلىشى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەنلا بولىدىغانلىقى.

## 245 . باب ئۆرە تۇرغانىدىمۇ، ئولتۇرغانىدىمۇ، ياتقانىدىمۇ ۋە تاھارەتسىز، جۇنۇب، ھەيزدار بولغانىدىمۇ ئاللاھ تائالانى ياد قىلىش توغرىسىدا، پەقەت جۇنۇب ۋە ھەيزدار ھالدا قۇرئان ئوقۇشنىڭ بۇنىڭدىن مۇستەسنالىقى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَاخْتِلاَفِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ لآيَاتٍ لِّأُوْلِي الأَلْبَابِ... الَّذِينَ يَذْكُرُونَ اللّهَ قِيَامًا وَقُعُودًا وَعَلَىَ جُنُوبِهِمْ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە روشەن دەلىللەر بار. ئۇلار ئۆرە تۇرغانىدىمۇ، ئولتۇرغانىدىمۇ، ياتقانىدىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال ئىمران 190 ـ، 191 ـ ئايەتلەر)



www.munber.org

**1444 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانى ھەر قانداق ۋاقىتتا ياد ئېتىپ تۇراتتى.**

—— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ھەر قانداق ۋاقىت ۋە ھەر قانداق ئەھۋالدا زىكىر ئېيتىشقا بولىدىغانلىقى ۋە زىكىرنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

**1445 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «لو أَنَّ أَحَدَكُمْ إِذا أَتَى أَهلَهُ قالَ: بِسْمِ اللَّهِ اللَّهُمَّ جَنِّبْنَا الشَّيطَانَ وَجنِّبِ الشَّيطانَ ما رزَقْتَنَا، فَقُضِي بيْنهُما ولَدٌ، لم يضُرّهُ» **« سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئايالى بىلەن بىر تۆشەكتە بولماقچى بولسا، ‹ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەنكى، ئى ئاللاھ! بىزنى شەيتاندىن يىراق قىلغىن، سەن بىزگە ئاتا قىلىدىغان پەرزەنتنىمۇ شەيتاندىن يىراق قىلغىن›، دېگەن دۇئانى ئوقۇسۇن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بالا بولۇپ قالسا، ئۇنىڭغا شەيتان ھەرگىزمۇ زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ ».**

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئايالى بىلەن بىرگە بولۇشتىن ئىلگىرى بۇ دۇئانى ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) ئەگەر ئايال شۇ دۇئا ئوقۇلۇپ باشلانغان جىمادا ھامىلدار بولسا، بۇ دۇئانىڭ بەرىكىتى بىلەن تۇغۇلغان بوۋاق شەيتاننىڭ تېگىپ قويۇشى ۋە ئەزىيىتىدىن ئامان قالىدىغانلىقى.

## 246 . باب ئۇخلىغاندا ۋە ئويغانغاندا نېمە ئوقۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا

**1446 ـ ھۇزەيفە ۋە ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇخلاش ئۈچۈن ئورنىغا كەلگەندە:** «بِاسمِكَ اللَّهُمَّ أَحْيَا وَأَمُوتُ» **« ئى ئاللاھ! ياشايدىكەنمەن ئىسمىڭنى زىكىر قىلىپ ياشايمەن، ئۆلىدىكەنمەن ئىسمىڭنى زىكىر قىلىپ ئۆلىمەن »، دەيتتى. ئويغانغاندا:** «الحمْدُ للَّهِ الذِي أَحْيَانَا بعد مَا أَماتَنَا وَإِلَيْهِ النُّشورُ» **« جىمى مەدھىيە بىزنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرىدىغان ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ، ھەممە ئاللاھ تەرەپكە قايتىدۇ »، دەيتتى.**

—— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئويغاق ۋە ئۇيقۇلۇق ھالەتتە ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىش ئۈچۈن ئۇخلىغان ياكى ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا بۇ دۇئانى ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى. كېچە ـ كۈندۈز ئاللاھ تائالانىڭ زىكرى بىلەن بولسا، كىشىنىڭ غەپلەتتە قالمايدىغانلىقى.

www.munber.org

## 247 . باب ئەمەل بولۇپ ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە شۇنداق سورۇنلارغا بېرىشقا دالالەت قىلىش، ئۆزرىسىز شۇنداق سورۇنلاردىن ئايرىلىشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَاصْبِرْ نَفْسَكَ مَعَ الَّذِينَ يَدْعُونَ رَبَّهُم بِالْغَدَاةِ وَالْعَشِيِّ يُرِيدُونَ وَجْهَهُ وَلَا تَعْدُ عَيْنَاكَ عَنْهُمْ تُرِيدُ زِينَةَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا﴾ ﴿سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار بىلەن سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن، ھاياتىي دۇنيانىڭ زىبۇ زىننىتىنى دەپ، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە كەھف 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

1447 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ لِلَّهِ تَعالى ملائِكَةً يَطُوفُونَ في الطُّرُق يَلْتَمِسُونَ أَهْلَ الذِّكْرِ، فإِذا وَجدُوا قَوْماً يذكُرُونَ اللَّه عَزَّ وَجلَّ، تَنَادَوْا: هَلُمُّوا إِلى حاجَتِكُمْ، فَيَحُفُّونَهم بِأَجْنِحَتِهِم إِلى السَّمَاء الدُّنْيَا، فَيَسأَلُهُم رَبُّهُم وَهُوَ أَعْلم: ما يقولُ عِبَادِي؟ قال: يَقُولُونَ: يُسبِّحُونَكَ وَيُكَبِّرونَكَ، ويحْمَدُونَكَ، ويُمَجِّدُونَكَ، فيقولُ: هل رأَوْني؟ فيقولون: لا واللَّهِ ما رأَوْكَ، فَيَقُولُ: كَيْفَ لو رَأَوْني؟ قال: يقُولُون لو رَأَوْكَ كانُوا أَشَدَّ لكَ عِبادَةً، وأَشَدَّ لكَ تمْجِيداً، وأَكثَرَ لكَ تَسْبِيحاً. فَيَقُولُ: فماذا يَسأَلُونَ؟ قال: يَقُولونَ: يسأَلُونَكَ الجَنَّةَ. قالَ: يقولُ: وَهل رَأَوْهَا؟ قالَ: يَقُولُونَ: لا وَاللَّه يارَبِّ مَا رأَوْهَا. قَالَ: يَقُولُ: فَكَيْفَ لو رَأَوْهَا؟ قال: يَقُولُونَ: لو أَنَّهُم رأَوْها كَانُوا أَشَدَّ علَيْهَا حِرْصاً، وَأَشَدَّ لَهَا طَلَباً، وَأَعْظَمَ فِيهَا رغْبَة. قَالَ: فَمِمَّ يَتَعَوَّذُونَ؟ قَالَ: يقولُون يَتعَوَّذُونَ مِنَ النَّارِ، قال: فَيقُولُ: وهَل رَأَوْهَا؟ قالَ: يقولونَ: لا واللَّهِ ما رأَوْهَا. فَيَقُولُ: كَيْف لو رَأَوْها؟ قال: يقُولُون: لو رَأَوْهَا كانوا أَشَدَّ منها فِراراً، وأَشَدَّ لها مَخَافَة. قَالَ: فيقُولُ: فَأُشْهِدُكم أَنِّي قَد غَفَرْتُ لهم، قَالَ: يقُولُ مَلَكٌ مِنَ الملائِكَةِ: فِيهم فُلانٌ لَيْس مِنهم، إِنَّمَا جاءَ لِحاجَةٍ، قال: هُمُ الجُلَسَاءُ لا يَشْقَى بِهم جلِيسهُم» «ئاللاھ تائالانىڭ ئاللاھ تائالاغا زىكىر ئېيتقانلارنى ئىزدەپ، يوللارنى ئايلىنىپ يۈرىدىغان پەرىشتىلىرى بار. ئۇلار زىكىر ئېيتىۋاتقان خەلقنى ئۇچراتقان چاغلىرىدا ئۆزئارا: ‹كېلىڭلار، ئىزدىگىنىڭلار تېپىلدى›، دەپ توۋلىشىدۇ. ئۇلارنى پەرىشتىلەر قاناتلىرى بىلەن بىرىنچى ئاسمانغىچە ئورىۋالىدۇ. ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەردىنمۇ ئوبدانراق بىلىپ تۇرۇپ: ‹مېنىڭ بەندىلىرىم نېمە دەۋاتىدۇ؟›، دەپ پەرىشتىلەردىن سورايدۇ. پەرىشتىلەر: ‹ئۇلار ساڭا تەسبىھ ئېيتىۋاتىدۇ. تەكبىر ئېيتىۋاتىدۇ. ھەمد ئېيتىۋاتىدۇ. سېنى ئۇلۇغلاۋاتىدۇ›، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇلۇغ ئاللاھ تائالا: ‹بەندىلىرىم مېنى كۆرگەنمۇ؟›، دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ‹ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار سېنى كۆرمىگەن›، دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: ‹ئەگەر ئۇلار مېنى كۆرگەن بولسا قانداق قىلاتتى؟›، دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ‹ئەگەر ئۇلار سېنى كۆرگەن بولسا، ساڭا تېخىمۇ قاتتىق ئىبادەت قىلاتتى، سېنى تېخىمۇ ئۇلۇغلايتتى. ساڭا تېخىمۇ كۆپ تەسبىھ ئېيتاتتى›، دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: ‹بەندىلىرىم مەندىن نېمىنى سورايدۇ؟›، دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ‹سەندىن جەننەتنى سورايدۇ›، دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: ‹ئۇلار جەننەتنى كۆرگەنمۇ؟›، دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ‹ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار

www.munber.org

جەننەتنى كۆرمىگەن›، دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: ‹ئەگەر ئۇلار جەننەتنى كۆرگەن بولسا قانداق قىلاتتى؟›، دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ‹ئەگەر ئۇلار جەننەتنى كۆرگەن بولسا، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئامراق بولۇپ كېتەتتى. تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قىلاتتى ۋە تېخىمۇ زور قىزىقاتتى›، دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: ‹بەندىلىرىم نېمىدىن پاناھ تىلەيدۇ؟›، دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ‹ئۇلار دوزاختىن پاناھ تىلەيدۇ›، دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: ‹ئەگەر ئۇلار ئۇنى كۆرگەن بولسا، ئۇلار قانداق قىلاتتى؟›، دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ‹ئەگەر ئۇلار ئۇنى كۆرگەن بولسا تېخىمۇ بەك قاچاتتى ۋە تېخىمۇ بەك قورقاتتى›، دەيدۇ. ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرگە: ‹سىلەرنى گۇۋاھ قىلىمەنكى، بەندىلىرىمنى ھەقىقەتەن مەغفىرەت قىلدىم›، دەيدۇ. بۇ چاغدا بىر پەرىشتە: ‹ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پالانى ئادەم زىكىر ئېيتقۇچىلارنىڭ قاتارىدا يوق ئىدى، ئۇ بىر ئىش ئۈچۈن كېلىپ، ئۇلارغا قوشۇلۇپ قالغان›، دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: ‹ئۇلار سۆھبەتداشتۇر. ئۇلارنىڭ سۆھبەتدىشى مەھرۇم قىلىنمايدۇ›، دەيدۇ ››. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) زىكىرنىڭ، زىكىر ئېيتقۇچىلارنىڭ ۋە زىكىر ئېيتىش ئۈچۈن يىغىلىشنىڭ پەزىلىتى.

2) زىكىر ئېيتقۇچىلارنى پەرىشتىلەرنىڭ ياخشى كۆرىدىغانلىقى.

**1448** ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا يَقْعُدُ قَوْمٌ يذْكُرُونَ اللَّهَ إِلاَّ حفَّتْهُمُ الملائِكة، وغشِيتهُمُ الرَّحْمَةُ ونَزَلَتْ علَيْهِمْ السَّكِينَة، وذكَرَهُم اللَّه فِيمن عِنْدَهُ» « قايسى بىر قەۋم ئاللاھ تائالانىڭ زىكرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ بىرەر جايدا ئولتۇرىدىكەن، ئۇلارنى پەرىشتىلەر ئورىۋالىدۇ ۋە ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ياغىدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرىغا خاتىرجەملىك ئورۇنلىشىدۇ. ئۇلارنى ئاللاھ تائالا ئۆز دەرگاھىدىكى پەرىشتىلەرگە بايان قىلىدۇ ››. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1449** ـ ئەبۇ ۋاقىد ھارس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدكە كىرىپ تۇرغان چاغدا ئۈچ ئادەم كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئىككىسى رەسۇلۇللاھ تەرەپكە يۈزلەندى. بىرسى كېتىپ قالدى. رەسۇلۇللاھ تەرەپكە يۈزلەنگەننىڭ بىرسى بىر بوش جاينى كۆرۈپ شۇ يەردە ئولتۇردى. يەنە بىرسى كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇردى. كېتىپ قالغان بىرسى ئۇدۇل چىقىپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ بىكار بولغاندىن كېيىن جامائەتكە: «ألا أُخبِرُكم عن النَّفَرِ الثَّلاثَةِ، أَمَّا أَحدُهم، فَأَوى إِلى اللَّهِ فآواه اللَّه وأَمَّا الآخرُ فَاسْتَحْيي فاستحيي اللَّهُ مِنْهُ وَأَمَّا الآخرُ، فأَعْرضَ، فأَعْرض اللَّهُ عنْهُ» « سىلەرگە يۇقىرىدىكى ئۈچ ئادەمنىڭ ھالىدىن خەۋەر بېرەي، بوش جايدا ئولتۇرغان ئادەم ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلدى ـ دە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا جاي بەردى. ئارقىدا ئولتۇرغان ئادەم جامائەتنى قىستاشنى خوپ كۆرمىدى. ئاللاھ تائالا



www.munber.org

ئۇنىڭغا رەھمەت قىلدى. كېتىپ قالغان ئادەم پەيغەمبەرنىڭ سۆھبىتىدىن قاچتى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا غەزەپ قىلدى »، دېدى.

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىلىم سورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشنىڭ ۋە بوش ئورۇن بار يەردە ئولتۇرۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) ھايالىق بولۇشنىڭ ۋە كىشىلەرنى قىستاپ قويماسلىقنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنغان.

3) ئىلىم سورۇنىدىن ئۆزرىسىز يۈز ئۆرۈش ئەيىبلىنىدىغانلىقى، ئىلىم سورۇنىدىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

1450. ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسجىدتە چۆرىدىشىپ ئولتۇرغانلارنىڭ يېنىغا كېلىپ: « ئولتۇرۇپسىلەرغۇ؟ »، دېدى. ئۇلار: « ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىپ ئولتۇرۇپتىمىز »، دېيىشتى. مۇئاۋىيە: « ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، راستىنلا ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش ئۈچۈن ئولتۇردۇڭلارمۇ؟ »، دېدى. ئۇلار: « پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈن ئولتۇردۇق »، دېيىشتى. مۇئاۋىيە ئۇلارغا مۇنداق دېدى: « بىلىڭلاركى، مەن سىلەرگە تۆھمەت چاپلاپ قەسەم قىلدۇرماقچى ئەمەس، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا مېنىڭدەك ئورۇندا بولغان ھېچ ئادەمنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسلىرى مېنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسلىرىمدەك ئاز ئەمەس، شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى جەم بولغان بىر سورۇنغا كېلىپ: ‹ما أجْلَسكُمْ؟› ‹نېمىشقا ئولتۇردۇڭلار؟›، دەپ سورىدى. ساھابىلەر: ‹بىز ئاللاھ تائالانىڭ بىزنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغىنىغا ۋە بىزگە قىلغان ئىلتىپاتلىرى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىپ ۋە ھەمد ئېيتىپ ئولتۇرۇپتىمىز›، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹آللَّهِ ما أجْلَسكُمْ إلاَّ ذَاكَ؟› ‹ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، سىلەر راستىنلا ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش ئۈچۈن ئولتۇردىڭلارمۇ؟›، دېدى. ساھابىلەر: ‹ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئولتۇردۇق›، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹أما إنِّي لَمْ أسْتَحْلِفْكُمْ تُهمةً لكُمْ، ولِكنَّهُ أتانِي جبرِيلُ فَأَخْبرني أنَّ اللَّه يُباهِي بِكُمُ الملائكَةَ› ‹بىلىڭلاركى، مەن سىلەرگە تۆھمەت چاپلاپ قەسەم قىلدۇرماقچى ئەمەس، لېكىن جىبرىئىل كېلىپ ماڭا ئاللاھ تائالانىڭ سىلەر بىلەن پەرىشتىلەرگە پەخىرلىنىۋاتقانلىقىنى يەتكۈزدى›، دېدى ».

—— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

## 248 . باب ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَاذْكُر رَّبَّكَ فِي نَفْسِكَ تَضَرُّعاً وَخِيفَةً وَدُونَ الْجَهْرِ مِنَ الْقَوْلِ بِالْغُدُوِّ وَالآصَالِ وَلاَ تَكُن مِّنَ الْغَافِلِينَ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭنى يىلىنغان ۋە ئۇنىڭدىن قورققان ھالدا ئىچىڭدە ياد ئەتكىن، ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۈنى پەس ئاۋازدا زىكىر قىلغىن، غاپىللاردىن بولمىغىن﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەئراف 205 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ قَبْلَ طُلُوعِ الشَّمْسِ وَقَبْلَ غُرُوبِهَا وَمِنْ آنَاء اللَّيْلِ فَسَبِّحْ وَأَطْرَافَ النَّهَارِ لَعَلَّكَ تَرْضَى﴾ ﴿مەمنۇن بولۇشۇڭ ئۈچۈن، كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى، كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى پەرۋەردىگارىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن ۋە ھەمد ئېيتقىن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە تاھا 130 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ بِالْعَشِيِّ وَالْإِبْكَارِ﴾ ﴿ئەتىگەن ـ ئاخشىمى پەرۋەردىگارىڭغا ھەمد بىلەن تەسبىھ ئېيتقىن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە غافىر 55 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فِي بُيُوتٍ أَذِنَ اللَّهُ أَن تُرْفَعَ وَيُذْكَرَ فِيهَا اسْمُهُ يُسَبِّحُ لَهُ فِيهَا بِالْغُدُوِّ وَالْآصَالِ... رِجَالٌ لَّا تُلْهِيهِمْ تِجَارَةٌ وَلَا بَيْعٌ عَن ذِكْرِ اللَّهِ﴾ ﴿ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىنىشى ۋە ئىسمىنىڭ ياد ئېتىلىشى بۇيرۇلغان مەسجىدلەردە (مۇئمىنلەر) ئەتىگەن ـ ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ. ئۇلار شۇنداق ئەرلەركى، سودا ـ سېتىق ئۇلارنى ئاللاھنى زىكىر قىلىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمايدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە نۇر 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّا سَخَّرْنَا الْجِبَالَ مَعَهُ يُسَبِّحْنَ بِالْعَشِيِّ وَالْإِشْرَاقِ﴾ ﴿بىز ھەقىقەتەن تاغلارنى (داۋۇدقا) بويسۇندۇرۇپ بەردۇق. ئۇلار داۋۇد بىلەن ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى تەسبىھ ئېيتاتتى﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ساد 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

1451 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ قال حِينَ يُصْبِحُ وحِينَ يُمسِي: سُبْحانَ اللَّهِ وبِحمدِهِ مِائَةَ مَرةٍ لَم يأْتِ أَحدٌ يوْمَ القِيامة بأَفضَلِ مِما جَاءَ بِهِ، إِلاَّ أَحدٌ قال مِثلَ مَا قال أَوْ زَادَ» «كىمكى ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ‹سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ› (ئاللاھ تائالانى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، ئاللاھ تائالانى مەدھىيىلەيمەن)›نى 100 قېتىم دېسە، قىيامەت كۈنى شۇ كىشىنىڭ دېگىنىنى دېگەن ياكى ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپراق دېگەن ئادەمدىن باشقا ھېچبىر ئادەم ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئەمەلنى ئەكېلەلمەيدۇ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: زىكىرنى كۆپ قىلغان كىشىنى ئاللاھ تائالانىڭ ياخشى كۆرىدىغانلىقى ۋە زىكىرنىڭ چېكى يوق ئىكەنلىكى، زىكىرنى ئەتىگەنگە، ئاخشامغا خاس

www.munber.org

قىلىشىنىڭ ھېكمىتى شۇكى، ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە ئاخشامقى ۋاقىتلارنى دىنى ئىبادەت بىلەن باشلىغاندا، پۈتۈن كۈندىكى گۇناھلىرىغا كەففارەت بولىدىغانلىقى.

**1452 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: « ئى رەسۇلۇللاھ، كېچە مېنى چايان چېقىۋالدى » ، دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «أما لَو قُلتَ حِينَ أمْسيت: أعُوذُ بِكَلماتِ اللَّهِ التَّامَّاتِ منْ شَرِّ ما خَلَقَ لم تَضُرَّك» **« ‹ئاللاھ تائالانىڭ نۇقسانسىز مۇكەممەل كالامى بولغا قۇرئانغا سېغىنىپ، ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن›، دېگەن دۇئانى ئوقۇغان بولساڭ، ئۇ ساڭا زىيان يەتكۈزەلمەيتتى، ئەمەسمۇ؟ » ، دېدى.**

—— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىدىغان ئىشلاردىن ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ پاناھ تىلەشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پاناھ تىلىگەن كىشىنى ساقلايدىغانلىقى.

**1453 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاڭ ئاتقاندا:** «اللَّهُمَّ بِكَ أَصْبحْنَا وبِكَ أمسَيْنَا وبِكَ نَحيا، وبِكَ نَمُوتُ، وَإِلَيْكَ النُّشُورُ» **« ئى ئاللاھ! سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن تاڭ ئاتقۇزدۇق ۋە سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن كەچ قىلدۇق، سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن ياشايمىز ۋە سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن ئۆلىمىز، قىيامەت كۈنى سەن تىرىلدۈرىسەن » ، دەيتتى. كەچ كىرگەندە:** «اللَّهُمَّ بِكَ أَمْسَيْنَا، وبِكَ نَحْيا، وبِك نموتُ وإِلَيْكَ المَصِير» **« ئى ئاللاھ! سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن كەچ قىلدۇق، سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن ياشايمىز ۋە سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن ئۆلىمىز، قىيامەت كۈنى سەن تىرىلدۈرىسەن » ، دەيتتى.**

—— ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

**1454 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: « ئى رەسۇلۇللاھ، ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا ئېيتىدىغان سۆزلەردىن تەلىم بەرسەڭ » ، دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: قىل:** «اللَّهُمَّ فَاطِرَ السَّمَوَاتِ والأرضِ عَالِمَ الغَيْب وَالشَّهَادةِ، ربَّ كُلِّ شَيءٍ وَمَلِيكَهُ . أشْهَدُ أن لاَ إِله إِلاَّ أنتَ، أعُوذُ بكَ منْ شَرِّ نَفسي وشَرِّ الشَّيْطَانِ وَشِرْكهِ، قُلْها إِذا أَصْبحْتَ، وَإِذا أَمْسَيْتَ، وإِذا أَخذْتَ مَضْجِعَكَ» **« ‹ئى ئاسمان ـ زېمىننىڭ ياراتقۇچىسى، مەخپىي ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى، بارلىق شەيئىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە ئۇنىڭ پادىشاھى بولغان ئاللاھ! گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، سەندىن باشقا ئىلاھ يوق، ساڭا سېغىنىپ نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن ۋە شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن ۋە شەيتان ئېزىقتۇرغان شېرىكلىكتىن پاناھ تىلەيمەن›، دېگىن. ئۇنى ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ۋە ياتقان چېغىڭدا ئوقۇغىن » ، دېدى.**

—— ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

1455 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەچ كىرگەندە: «أَمْسَيْنَا وأَمْسى المُلكُ للَّهِ، والحمْدُ للَّهِ، لاَ إِلهَ إِلاَّ اللَّه وحْدَهُ لاَ شَريكَ لَه» «كەچ قىلدۇق، ئاللاھنىڭ ئىلكىدىكى ھەممە نەرسە كەچ قىلدى. بارلىق ھەمدۇسانا ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ھېچقانداق شېرىكى يوق يالغۇز بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىلاھ يوق»، دەيتتى. رىۋايەت قىلغۇچى مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنۇ سۆزلەرنىمۇ قوشۇپ دېدى، دەپ قارايمەن: ‹لهُ المُلكُ وَلَه الحمْدُ وهُوَ عَلى كلِّ شَيءٍ قدِيرٌ، ربِّ أَسْأَلُكَ خَيْرَ مَا في هذِهِ اللَّيلَةِ، وَخَيْرَ مَا بَعْدَهَا، وأَعُوذُ بِكَ منْ شَرِّ مَا في هذِهِ اللَّيْلَةِ وشَرِّ ما بعْدَهَا، ربِّ أَعُوذُ بِكَ من الكَسَلِ، وَسُوءِ الكِبْرِ، أعوذُ بِكَ منْ عذَابٍ في النَّار، وَعَذَابٍ في القبر› ‹بارلىق سەلتەنەت ۋە ھەمدۇسانا ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالا ھەر نەرسىگە قادىردۇر. پەرۋەردىگارىم! مەن سەندىن مۇشۇ كېچىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى كېچىلەردىكى ياخشىلىقنى سورايمەن. ساڭا سېغىنىپ مۇشۇ كېچىنىڭ يامانلىقىدىن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى كېچىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ ھورۇنلۇقتىن ۋە قېرىلىقنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. ساڭا سېغىنىپ دوزاخ ئازابىدىن ۋە قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن›. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاڭ ئاتقاندا شۇ دۇئالارنى ئوقۇيتتى. دۇئانىڭ بېشىدا: ‹أَصْبحْنَا وَأَصبَحَ المُلْك للَّهِ› ‹ئى ئاللاھ! تاڭ ئاتقۇزدۇق، ئاللاھنىڭ ئىلكىدىكى نەرسىلەرمۇ تاڭ ئاتقۇزدى›، دەيتتى». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى (1453~1455): پەرۋەردىگارىنى دائىم ئەسلەپ تۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن ھىدايەت تىلەش ئاللاھ تائالانىڭ پەرۋەردىگارلىقىنى ۋە ئىلاھلىقىنى ئىقرار قىلغان ھالدا نىجاتلىق ۋە دۇنيا ـ ئاخىرەت ئەزىيەتلىرىدىن ئامانلىق ئۈمىد قىلىش ئۈچۈن ئۇخلىغاندا، ئويغانغاندا، ئەتىگەن ـ ئاخشاملاردا بۇ زىكىرلەرنى ئوقۇپ تۇرۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

1456 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى خۇبەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «اقْرأْ: قُلْ هوَ اللَّه أَحَدٌ، والمعوِّذَتَيْن حِينَ تُمْسِي وَحِينَ تُصبِحُ، ثَلاثَ مَرَّاتٍ تَكْفِيكَ مِنْ كلِّ شَيْءٍ» «سەن سۈرە ئىخلاس، سۈرە فەلەق ۋە سۈرە ناسنى كەچتە ۋە ئەتىگەندە ئۈچ قېتىم ئوقۇساڭ، سېنىڭ ھەممە ئىشىڭغا كۇپايە قىلىدۇ»، دېگەن.

— ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئەتىگەن ـ ئاخشامدا سۈرە ئىخلاس ۋە سۈرە فەلەق بىلەن سۈرە ناسنى ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېتىشتىن بۇرۇن بۇ سۈرىلەرنى ئوقۇپ، قولىغا ھۈرۈپ، بەدىنىنىڭ ئىككى قولى يەتكەن جايلىرىنىڭ ھەممىسىنى سىلايدىغانلىقى.

1457 ـ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر كۈنى ئەتىگەندە ۋە كەچتە مۇنداق دەيتتى: «مَا مِنْ عَبْدٍ يَقُولُ في صَبَاحِ



www.munber.org

كلِّ يَوْمٍ ومَسَاءِ كلِّ لَيْلَةٍ: بِسْمِ اللَّهِ الَّذِي لاَ يَضُرُّ مَعَ اسْمِهِ شيء في الأرضِ ولا في السماءِ وَهُوَ السَّمِيعُ الْعلِيمُ، ثلاث مَرَّاتٍ، إلاَّ لَمْ يَضُرَّهُ شَيءٌ» «بىرەر بەندە ھەر كۈنى ئەتىگەندە ۋە ھەر كۈنى ئاخشامدا: ‹ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەنكى، ئاللاھنىڭ ئىسمى بار يەردە زېمىن ۋە ئاسماندىكى ھېچ نەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر›، دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم ئوقۇسا، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ». — ئەبۇ داۋۇد ۋە ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن يامانلىق ۋە زىيانلاردىن ساقلىنىپ قېلىش ئۈچۈن بۇ زىكىرلەرنى ئوقۇش تەكىتلەنگەن.

2) بارلىق بالايىئاپەت، مۇسىبەتلەردىن ئامانلىق ۋە خاتىرجەملىك تىلەشتە ئاللاھ تائالاغا تايىنىش كېرەكلىكى. ئاللاھ تائالا ئىنساننى ئۆزىنىڭ كامالى قۇدرىتى بىلەن ھەر قانداق بالايىئاپەتلەردىن ساقلايدىغانلىقى.

## 249 . باب ئۇخلايدىغان ۋاقىتتا نېمە ئوقۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ وَاخْتِلاَفِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ لآيَاتٍ لِّأُوْلِي الألْبَابِ... الَّذِينَ يَذْكُرُونَ اللّهَ قِيَامًا وَقُعُودًا وَعَلَىَ جُنُوبِهِمْ وَيَتَفَكَّرُونَ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە روشەن دەلىللەر بار. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھ تائالانى ئەسلەپ تۇرىدۇ. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال ئىمران 190 ـ، 191 ـ ئايەتلەر).

1458 ـ ھۇزەيفە ۋە ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇخلاش ئۈچۈن ئورۇنغا كەلگەندە: «باسْمِكَ اللَّهُمَّ أَحْيَا وَأَمُوتُ» «ئى ئاللاھ، ياشايدىكەنمەن، ئىسمىڭنى زىكىر قىلىپ ياشايمەن، ئۆلىدىكەنمەن، ئىسمىڭنى زىكىر قىلىپ ئۆلىمەن»، دەيتتى. — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) رەسۇلۇللاھقا ئەگىشىش يۈزىسىدىن ئۇخلاشتىن بۇرۇن بۇ سۆزلەرنى دېيىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) مۇسۇلمان كىشىنىڭ ھەر دائىم ئۆلۈمگە تەييار تۇرۇشى كېرەكلىكى.

1459 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى ۋە پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا: «إذَا أَوَيْتُمَا إلى فِراشِكُما، أَوْ إذَا أَخَذْتُمَا مَضَاجِعَكُما فكَبِّرا ثَلاثاً وَثَلاثِينَ، وَسَبِّحَا ثَلاثاً وثَلاثِينَ، وَاحْمَدَا ثَلاثاً وَثَلاثِين» «سىلەر ئۇخلاش ئۈچۈن



www.munber.org

ئورۇنغا كەلگەندە 33 قېتىم تەكبىر ئېيتىشلار، 33 قېتىم تەسبىھ ئېيتىشلار، 33 قېتىم ھەمد ئېيتىشلار »، دېگەن.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «التَّسْبِيحُ أَرْبَعاً وَثَلاثِينَ» « 34 قېتىم تەسبىھ ئېيتىشلار، دېدى »،

يەنە بىر رىۋايەتتە: «التَّكْبِيرُ أَرْبعاً وَثَلاثِينَ» « 34 قېتىم تەكبىر ئېيتىشلار، دېدى »، دېيىلگەن. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1460. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إذا أوَى أَحَدُكُم إلى فِراشِهِ، فَلْيَنْفُض فِراشَهُ بداخِلَةِ إِزَارِهِ فإنَّهُ لاَ يَدْرِي مَا خَلَفَهُ عَلَيْهِ، ثُمَّ يَقُولُ: بِاسْمِكَ رَبِّي وَضَعْتُ جَنْبِي، وَبِكَ أَرْفَعُهُ، إنْ أَمْسَكْتَ نَفْسِي فَارْحَمْها، وإنْ أَرْسَلْتَهَا، فَاحْفَظْهَا بِمَا تَحْفَظُ بِهِ عِبادَكَ الصَّالِحِينَ» « سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۇخلاش ئۈچۈن ئورنىغا كەلگەن ۋاقىتتا كۆرپىسىنى ئىشتىنىنىڭ ئىچى تەرىپى بىلەن قېقىۋەتسۇن، چۈنكى كىشى ئەتىگەن تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ئورنىغا نىمىلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئۇ كىشى: ‹ئى رەببىم! سېنىڭ نامىڭ بىلەن يانپىشىمنى يەرگە قويدۇم، سېنىڭ نامىڭ بىلەن ئۇنى يەردىن كۆتۈرىمەن، ئەگەر سەن مېنى قەبزى روھ قىلساڭ، ماڭا رەھىم قىلغىن، ئەگەر مېنى ھايات قالدۇرساڭ، ياخشى بەندىلىرىڭنى ساقلايدىغان نەرسە بىلەن ساقلىغىن›، دېسۇن ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كۆرپىنى توپا ياكى پاسكىنا نەرسىلەر ۋەياكى زىيانلىق ھاشاراتلاردىن تازىلىۋېتىش ئۈچۈن كۆرپىدە يېتىشتىن بۇرۇن قېقىۋېتىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) بۇ ھەدىستە كەلگەن دۇئا بىلەن دۇئا قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن. چۈنكى، بۇ دۇئادا ئۆز نەپسىنى پۈتۈنلەي ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇش، روھى ۋە پىكرىي خاتىرجەملىككە ئېرىشىش ئىدىيىسى سىڭدۈرۈلگەن.

1461 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياتقان چاغدا « فەلەق » سۈرىسى بىلەن « ناس » سۈرىسىنى ئوقۇپ، ئىككى قولىغا ھۈرۈپ، بەدىنىنى سىلايتتى.

يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر كېچىسى تۆشىكىگە ياتقان چېغىدا ئىككى ئالقىنىنى جۈپلەپ ئىخلاس، فەلەق، ناس سۈرىلىرىنى ئوقۇپ، ئىككى ئالقىنىغا ھۈرۈپ، بەدىنىنىڭ قولى يەتكەن يېرىگىچە سىلايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىلاشتا بېشى، يۈزى ۋە ئالدى تەرىپى بىلەن باشلايتتى، شۇنى ئۈچ قېتىم قىلاتتى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى بىلەن بىزگە ئۇخلاشتىن بۇرۇن نېمە دېيىشىمىز ۋە نېمە قىلىشىمىزنى ئۆگەتكەنلىكى بايان قىلىنغان. بۇنىڭغا ئاللاھ تائالاغا تولۇق سېغىنىش ۋە زىيان ـ زەخمەتتىن خالاس تېپىش روھى سىڭگەن.

www.munber.org

1462 - بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِذَا أَتَيتَ مَضْجَعَكَ فَتَوضَّأْ وضُوءَكَ لِلصَّلاةِ، ثُمَّ اضْطَجِعْ عَلى شِقِّكَ الأَيمَنِ، وقلْ: اللَّهُمَّ أَسْلَمْتُ نفسِي إِلَيكَ، وَوَجَّهْتُ وَجْهِي إِلَيْكَ . وَفَوَّضتُ أمري إِلَيْكَ، وَأَلَجَأْتُ ظَهرِي إِلَيْكَ، رغبةً ورهْبَةً إِلَيْكَ، لامَلجأَ ولا مَنجي مِنْكَ إلاَّ إِليكَ، آمنتُ بِكِتَابِكَ الذِي أَنزَلْتَ، وَبِنَبِيِّكَ الذِي أَرسَلتَ، فإِنْ مِتَّ . مِتَّ على الفِطرةِ، واجْعَلهُنَّ آخِرَ ما تَقُولُ» «سەن ياتىدىغان چېغىڭدا نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئالغىن، ئاندىن ئوڭ تەرىپىڭنى بېسىپ مۇنداق دېگىن: ‹ئى ئاللاھ! ئۆزۈمنى سېنىڭ ھۆكمىڭگە بويسۇندۇرغان قىلدىم. ئۆزۈمنى ۋە جىمى ئىشلىرىمنى ساڭا تاپشۇردۇم. سېنىڭ ئازابىڭدىن قورقۇپ، ساۋابىڭنى ئۈمىد قىلىپ، ساڭا ئىلتىجا قىلىپ يۆلەندىم. سېنىڭ نازىل قىلغان كىتابىڭغا ۋە سەن ئەۋەتكەن پەيغەمبىرىڭگە ئىمان كەلتۈردۈم›، دەپ ياتقىن. ئەگەر شۇ كېچىسى قەبزى روھ بولساڭ، ئىمان بىلەن كېتىسەن. بۇ دۇئا سېنىڭ شۇ كۈنكى قىلغان ئاخىرقى سۆزۈڭ بولۇپ قالسۇن». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: تاھارەت بىلەن ۋە ئاللاھ تائالاغا بولغان قۇلچىلىقنى ئىپادە قىلىدىغان بۇ دۇئا بىلەن دۇئا قىلىپ ئۇخلاشنىڭ ياخشىلىقى.

1463 - ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇخلاش ئۈچۈن تۆشىكىگە جايلاشقاندا مۇنداق دەيتتى: «الحمْدُ للَّهِ الَّذي أَطْعَمنَا وسقَانا، وكفَانَا وآوانَا، فكمْ مِمَّنْ لا كافِيَ لَهُ ولا مُؤْوِيَ» «بىزنى ئوزۇقلاندۇرغان، ئۇسسۇزلۇق بەرگەن، بىزگە كۇپايە قىلغان، بىزگە ئورۇن بەرگەن ئاللاھ تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن. دۇنيادا نۇرغۇن ئىنسانلار باركى، ئۇلارنىڭ غەمخورلۇق قىلغۇچىسىمۇ يوق، پاشپاناسىمۇ يوق». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئۇخلاشتىن بۇرۇن بۇ دۇئانى ئوقۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى. ئاللاھ تائالانىڭ نېئمەتلىرىنى ساناش ۋە ئۆزىدىكى نەرسىلەرنى قەدىرلەپ ئاللاھ تائالاغا تېخىمۇ شۈكۈر ئېيتىش ئۈچۈن ئۆزىدىن تۆۋەن شارائىتتىكى كىشىلەرگە قاراش لازىملىقى.

1464 - ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇخلىماقچى بولسا ئوڭ قولىنى مەڭزىنىڭ ئاستىغا قويۇپ: «اللَّهمَّ قِنِي عَذَابكَ يومَ تَبعثُ عِبادَكَ» «ئى ئاللاھ! مېنى، بەندىلىرىڭنى قايتا تىرىلدۈرىدىغان كۈندىكى ئازابىڭدىن ساقلىغىن»، دەيتتى. — تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇ دۇئالارنىڭ پەزىلىتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان بويى ئېگىشى ھەمدە داۋاملىق ئەسلەش، ئۇلۇغلاش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.



www.munber.org

## 250. باب دۇئانىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَقَالَ رَبُّكُمُ ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتىدۇ، ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە غافىر 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿ادْعُواْ رَبَّكُمْ تَضَرُّعًا وَخُفْيَةً إِنَّهُ لاَ يُحِبُّ الْمُعْتَدِينَ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭلارغا تۆۋەنچىلىك بىلەن يوشۇرۇن دۇئا قىلىڭلار، (دۇئا قىلغاندا كەلسە ـ كەلمەس سۆزلەپ، تۇۋلاپ) ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەرنى ئاللاھ ياقتۇرمايدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەئراف 55 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ أُجِيبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ إِذَا دَعَانِ﴾ ﴿مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا، (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 186 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿أَمَّن يُجِيبُ الْمُضْطَرَّ إِذَا دَعَاهُ وَيَكْشِفُ السُّوءَ﴾ ﴿بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا، ئىجابەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان كىم؟﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە نەمله 62 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

1465 ـ نوئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الدُّعاءُ هوَ العِبَادةُ» «دۇئا قىلىشنىڭ ئۆزى بىر ئىبادەتتۇر». — ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئىسلامدىكى ئىبادەتنىڭ بارلىق تائەتلەرنى ۋە ئاللاھ تائالاغا بوي ئېگىشنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى، لېكىن بۇنىڭ مەنىسى ھەرگىزمۇ دۇئانىڭ ناماز، روزا، زاكات، ھەجگە ئوخشاش پەرز ئىبادەتلەرنىڭ ئورنىنى باسىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. دۇئانىڭ پەقەت ئومۇمىي ئىبادەتلەر قاتارىغا كىرىدىغانلىقىنى ۋە ئاللاھ تائالاغا قۇللۇق ئىزھار قىلىشنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

1466 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزى ئىخچام، مەزمۇنى چوڭقۇر دۇئالارنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنداق بولمىغانلىرىنى تەرك ئېتەتتى. — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاسان ئىبارىلەر بىلەن دۇئا قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، دۇئا قىلغۇچى ئاسان يول بىلەن مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن مەزمۇنى مول، چوڭقۇر، قىسقا ئىبارىلەر بىلەن دۇئا قىلىش كېرەكلىكى.



www.munber.org

**1467 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى:** «اللَّهُمَّ آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً، وفي الآخِرةِ حَسنَةً، وَقِنَا عَذابَ النَّارِ» **« ئى ئالللاھ! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن ».** ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) « قۇرئان كەرىم »دە كەلگەن ۋە دۇنيا ـ ئاخىرەت ياخشىلىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، شۇنداقلا پەيغەمبىرىمىز ھەر دائىم ئوقۇيدىغان دۇئالار بىلەن دۇئا قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) ساھابىلەرنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشكە ھېرىس ئىكەنلىكى.

**1468 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «اللَّهُمَّ إِني أَسْأَلُكَ الهُدَى، وَالتُّقَى، وَالعفَافَ، والغنَى» **« ئى ئالللاھ! سېنىڭ توغرا يولغا يېتەكلىشىڭنى، تەقۋادار قىلىشىڭنى، ھارامدىن پاك قىلىشىڭنى ۋە باي قىلىشىڭنى تىلەيمەن ».** ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغان بۇ دۇئا گەرچە قىسقا بولسىمۇ، قوبۇل بولسا مۇسۇلماننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغانلىقى.

**1469 ـ تارىق ئىبنى ئەشيەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىرەر كىشى ئىسلامغا ئىمان كەلتۈرسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا نامازنى ئوقۇشنى ئۆگەتكەندىن كېيىن بۇ سۆزلەر بىلەن دۇئا قىلىشقا بۇيرۇيتتى:** «اللَّهُمَّ اغفِرْ لي، وَارْحمْني، واهْدِني، وعافِني، وارْزُقني» **« ئى ئالللاھ! مېنى مەغفىرەت قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، مېنى ھىدايەت قىلغىن، مېنى سالامەت قىلغىن، ماڭا رىزىق ئاتا قىلغىن ».**

**تارىق ئىبنى ئەشيەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: بىر ئادەم كېلىپ: « ئى رەسۇلۇللاھ! مەن پەرۋەردىگارىمدىن سورىغان چاغدا نېمە دەيمەن؟ »، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «قُلْ: اللَّهُمَّ اغْفِرْ لي، وَارْحَمْني، وَعَافِني، وَارْزُقني، فَإِنَّ هَؤُلاءِ تَجْمَعُ لَكَ دُنْيَاكَ وَآخِرَتَكَ» **« ئى ئالللاھ! مېنى مەغفىرەت قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، مېنى سالامەت قىلغىن، ماڭا رىزىق ئاتا قىلغىن، دېگىن، چۈنكى بۇ دۇئا دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ھاجەتلىرىڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان »، دېدى.** ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) نامازغا كۆڭۈل بۆلۈش كېرەكلىكى، چۈنكى ناماز دىنىنىڭ تۈۋرۈكىدۇر.



www.munber.org

2) ھەدىستىكى دۇئاغا رىغبەتلەندۈرۈلگەن. چۈنكى، بۇ دۇئاغا ئىنسانىنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك مۇراد ـ مەقسەتلىرى مۇجەسسەملەنگەن.

**1470. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «اللَّهُمَّ مُصَرِّفَ القُلُوبِ صرِّفْ قُلوبَنَا عَلَى طَاعَتِكَ» **《 ئى دىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى ئاللاھ! دىللىرىمىزنى ساڭا ئىتائەت قىلىشقا ئۆزگەرتكىن 》.**

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇ دۇئادا تائەتكە يېتەكلەش ۋە تائەتنى داۋاملاشتۇرۇش تىلەنگەنلىكتىن، بۇ دۇئانىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

**1471 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «تَعَوَّذُوا بِاللَّهِ مِنْ جَهْدِ الْبَلاءِ، وَدَرَكِ الشَّقَاءِ، وَسُوءِ الْقَضَاءِ، وَشَماتَةِ الأَعْدَاءِ» **《 ئېغىر ئەھۋالدا قېلىشتىن، بەختسىزلىككە دۇچار بولۇپ قېلىشتىن، بالا ـ قازاغا يولۇقۇشتىن ۋە دۈشمەنلەرنى خۇش قىلىدىغان ئىشلارغا دۇچار بولۇشتىن ئاللاھ بىلەن پاناھ تىلەڭلار 》.**

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇ دۇئا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ كۆڭۈلسىزلىكلىرىدىن ساقلايدىغان، مەزمۇنى كەڭ دۇئا بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ بۇ دۇئا بىلەن دۇئا قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلغان.

**1472 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «اللَّهمَّ أَصْلِحْ لي دِيني الَّذي هُوَ عِصْمَةُ أَمْرِي، وأَصْلِحْ لِي دُنْيَايَ التي فِيهَا مَعَاشِي، وَأَصْلِحْ لي آخِرَتي الَّتي فِيها معادي، وَاجْعلِ الحَيَاةَ زِيادَةً لي في كُلِّ خَيْرٍ، وَاجْعَلِ الموتَ راحَةً لي مِنْ كُلِّ شَرٍ» **《 ئى ئاللاھ! مېنىڭ دىنىمنى ياخشى قىلغىنكى، ئۇ مېنىڭ ھەممە ئىشىمدا ئېسىلىدىغان نەرسەمدۇر. دۇنيايىمنى ياخشىلاپ بەرگىنكى، ئۇ مېنىڭ ياشاش ئورنۇمدۇر. ئاخىرىتىمنى ياخشىلاپ بەرگىنكى، ئۇ مېنىڭ قايتىدىغان جايىمدۇر. ياخشىلىق ھالەتلەردە ھاياتىمنى ئۇزۇن قىلىپ بەرگىن، يامانلىق ھالەتلەردە ئۆلۈمنى ئارام قىلىپ بەرگىن 》.**

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممەتلىرىگە تەلىم بېرىش ئۈچۈن بۇ دۇئا بىلەن دۇئا قىلاتتى. بۇ دۇئانىڭ خۇلاسىسى: 《 ئى ئاللاھ! ئۆمرۈمنى سەن ياقتۇرىدىغان ئىشلارغا سەرپ قىلىشىمغا مۇيەسسەر قىلغىن ۋە سەن ياقتۇرمايدىغان ئىشلاردىن مېنى ساقلىغىن 》، دېگەن بولىدۇ.

**1473 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:** «قُلْ: اللَّهُمَّ اهْدِني، وَسدِّدْني» **《 ئى ئاللاھ! مېنى ھىدايەت قىلغىن ۋە توغرا ئادەم قىلغىن، دېگىن 》، دېگەن.**



www.munber.org

يەنە بىر رىۋايەتتە: «اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ الْهُدى وَالسَّدَادَ» « ئى ئاللاھ! سەندىن ھىدايەتنى ۋە توغرۇلۇقنى سورايمەن، دېگىن » ، دېگەن.

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مۇۋەپپەقىيەت ۋە توغرا يولنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ سۆزلەر بىلەن دۇئا قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) دۇئا قىلغۇچى ئۆز ئەمەلىنى توغرىلاشقا ۋە تۈزەشكە ۋە سۈننەتتە چىڭ تۇرۇشقا ھېرىسمەن بولۇشنىڭ لازىملىقى.

1474 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى: «اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْعجْزِ والكَسَلِ وَالْجُبْنِ وَالهَرَمِ، وَالْبُخْلِ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ القبْرِ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ الْمَحْيا وَالْمَمَاتِ» « ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، بەكمۇ قېرىپ كېتىشتىن، بېخىللىقتىن پاناھ تىلەيمەن. ساڭا سېغىنىپ، گۆر ئازابىدىن، ھاياتلىقنىڭ پىتنىلىرىدىن ۋە ئۆلۈمنىڭ پىتنىلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن » .

يەنە بىر رىۋايەتتە: «وَضَلَعِ الدَّيْنِ وَغَلَبَةِ الرِّجَالِ» « ئېغىر قەرزدىن ۋە زۇلۇمدىن پاناھ تىلەيمەن » ، دېيىلگەن.

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: يامانلىقلاردىن نىجاتلىق تېپىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا سېغىنىش ۋە شۇ يامانلىقلارغا دۇچار بولۇپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش.

1475 ـ ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: « ماڭا نامىزىمدا ئوقۇيدىغان بىر دۇئا تەلىم بەرسەڭ » ، دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنۇ دۇئانى ئوقۇشنى تەلىم بەرگەن: «اللَّهمَّ إِنِّي ظَلَمْتُ نَفْسِي ظُلْماً كثِيراً، وَلا يَغْفِر الذُّنوبَ إِلاَّ أَنْتَ، فَاغْفِر لي مغْفِرَةً مِن عِنْدِكَ، وَارحَمْني، إِنَّكَ أَنْتَ الْغَفور الرَّحِيم» « ئى ئاللاھ! مەن ئۆزۈمگە كۆپ زۇلۇم قىلدىم. گۇناھلارنى سەنلا مەغفىرەت قىلىسەن، مەرھەمەت قىلىپ ماڭا كەڭ مەغفىرەت ۋە رەھىم قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىسەن ۋە كۆيۈنگۈچىدۇرسەن » .

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تەلىم بەرگەن بۇ سۆزلەرنى ئۆيدە ۋە نامازدا ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

1476 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «اللَّهمَّ اغفِر لي خَطِيئَتي وجهْلي، وإِسْرَافي في أَمْري، وما أَنْتَ أَعلَم بِهِ مِنِّي، اللَّهمَّ اغفِرْ لي جِدِّي وَهَزْلي، وَخَطَئي وَعمْدِي، وَكلُّ ذلِكَ عِنْدِي، اللَّهُمَّ اغْفِرْ لي مَا قَدَّمْتُ وَمَا أَخَّرْتُ، وَما أَسْرَرْتُ وَمَا أَعْلَنْتُ، وَمَا أَنْتَ أَعْلَمُ بِهِ مِنِّي، أَنْت المقَدِّمُ، وَأَنْتَ الْمُؤَخِّرُ، وَأَنْتَ عَلى كلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ» « رەببىم،

مېنىڭ گۇناھلىرىمنى، نادانلىقىمنى، ئىشلىرىمدىكى ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىرىمنى ۋە سەن مەندىنمۇ ياخشىراق بىلىدىغان گۇناھلىرىمنى مەغفىرەت قىلغىن، ئى ئاللاھ! مېنىڭ قەستەن، بىلمەستىن، بىلىپ تۇرۇپ ۋە چاقچاق يۈسۈندا قىلىپ تاشلىغان گۇناھلىرىمنى مەغفىرەت قىلغىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەندە تېپىلىدۇ. ئى ئاللاھ! ئىلگىرى ۋە كېيىن قىلغان گۇناھلىرىمنى، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قىلغان گۇناھلىرىمنى مەغفىرەت قىلغىن. خالىغان بەندەڭنى رەھمىتىڭگە بالدۇر ئېرىشتۈرىسەن، خالىغان بەندەڭنى رەھمىتىڭگە كېيىن ئېرىشتۈرىسەن. سەن ھەممىگە قادىرسەن». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئۈممەتلىرىگە مەزمۇنى مول دۇئالار بىلەن تەلىم بەرگەنلىكى ۋە ئاللاھ تائالاغا سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدە كەمتەرلىكنى بىلدۈرگەنلىكى.

2) ھەر قانداق ئەھۋال ۋە ھەر قانداق چاغدا گۇناھلارنىڭ مەغفىرەت بولۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلىش كېرەكلىكى.

1477 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئاسىدا مۇنداق دەيتتى: «اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ ما عمِلْتُ ومِنْ شَرِّ ما لَمْ أَعْمَلْ» «ئى ئاللاھ! قىلغان ئەمەللىرىمنىڭ يامانلىقىدىن ۋە قىلمىغان ئەمەللىرىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: سادىر قىلغان ياكى سادىر قىلىش مۇمكىنچىلىكى بولغان ئىشلارنىڭ يامانلىقىدىن ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ پاناھ تىلەش، چۈنكى بۇنداق قىلىش ئاللاھ تائالاغا ساداقەتمەنلىك بىلەن قۇلچىلىق قىلىپ، تەكەببۇرلۇق ۋە مەنمەنچىلىكنى تەرك ئەتكەنلىك ھېسابلىنىدۇ.

1478 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ دۇئا قىلغان: «اللَّهمَّ إِنِّي أَعوذُ بِكَ مِنْ زَوَالِ نِعْمَتِكَ، وَتَحَوُّلِ عَافِيَتِكَ وَفُجاءَةِ نِقْمَتِكَ، وَجميعِ سخَطِكَ» «ئى ئاللاھ! سەن بىلەن بەرگەن نېئمىتىڭنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن، ئامانلىقىمنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشىدىن، تۇيۇقسىز جازالىشىڭدىن ۋە جىمى غەزەپلىرىڭدىن پاناھ تىلەيمەن». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) نېئمەتنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن، تىنچلىقنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن، ئاللاھ تائالانىڭ تۇيۇقسىز جازالىشىدىن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان بارلىق ئىشلاردىن پاناھ تىلەشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) ئاللاھ تائالا بەرگەن نېئمەتلەرنى ۋە ئامانلىقنى داۋاملىق ساقلاش ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان ئىشلارغا سەرپ قىلىش كېرەكلىكى.

1479 ـ زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى: «اللهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ العَجْزِ وَالكَسَلِ، والبُخْلِ وَالهَرم،



www.munber.org

وعَذَاب الْقَبْر، اللَّهُمَّ آتِ نَفْسِي تَقْوَاهَا، وَزَكِّهَا أَنْتَ خَيرُ مَنْ زَكَّاهَا، أَنْتَ ولِيُّهَا وَموْلاَهَا، اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ عِلمٍ لا يَنْفَعُ، ومِنْ قَلْبٍ لاَ يَخْشَعُ، وَمِنْ نَفْسٍ لا تَشبَعُ، ومِنْ دَعْوةٍ لا يُسْتَجابُ لهَا» «ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، بېخىللىقتىن ۋە بەك قېرىپ كېتىشتىن، قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! نەپسىمنى تەقۋادار قىلغىن ۋە ئۇنى پاك قىلغىن، ئۇنى پەقەتلا سەنلا پاك قىلىسەن، سەن ئۇنى قوغدىغۇچىسەن ۋە ئۇنىڭ ئىگىسىدۇرسەن. ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ پايدىسىز ئىلىمدىن، بويسۇنماس قەلبتىن، تويماس نەپسىدىن ۋە ئىجابەت بولماس دۇئادىن پاناھ تىلەيمەن».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھەدىستە سۆزلەنگەن ئىشلاردىن پاناھ تىلەشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

2) تەقۋادارلىقىقا ۋە ئىلىم تارقىتىش ھەمدە ئىلىمگە ئەمەل قىلىشقا رىغبەتلەندۇرۇلگەن.

3) مۇئمىننىڭ تەقۋادارلىقنى لازىم تۇتۇشى، تائەت ـ ئىبادەت ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى ئوبدان ئادا قىلىشى كېرەكلىكى، كۆڭلىنى ياخشىلىق بىلەن ساپلاشتۇرۇشى ۋە ئىشلارنىڭ غەلىبىلىك، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا تايىنىشى كېرەكلىكى.

4) دىنىي ۋە دۇنياسى ئۈچۈن پايدىلىق ئىلىم تەلەپ قىلىش، پايدىسىز ئىشلارنى تەرك ئېتىپ، قانائەتچان بولۇش كېرەكلىكى.

**1480**. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى: «اللَّهُمَّ لَكَ أَسْلَمْتُ، وَبِكَ آمَنْتُ، وعلَيْكَ تَوَكَّلْتُ، وَإِلَيْكَ أَنَبْتُ وَبِكَ خَاصَمْتُ، وإِلَيْكَ حَاكَمْتُ . فاغْفِرْ لي ما قَدَّمْتُ، وما أَخَّرْتُ، وَمَا أَسْرَرْتُ ومَا أَعلَنْتُ، أَنْتَ الْمُقَدِّمُ، وَأَنْتَ الْمُؤَخِّرُ، لا إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ» «ئى ئاللاھ! سېنىڭ ئەمرىڭگە بويسۇندۇم، ساڭا ئىشەندىم، ساڭا تەۋەككۇل قىلدىم. قەلبىم بىلەن ساڭا يۈزلەندىم. سەن بەرگەن قورال بىلەن دۈشمىنىمنى يەڭدىم. ئىنكار قىلغانلارنى ساڭا قويدۇم. ئىلگىرى ـ كېيىن قىلغان ۋە يوشۇرۇن ـ ئاشكارا قىلغان گۇناھلىرىمنى مەغفىرەت قىلغىن. قىيامەتنىڭ دەسلەپكى ۋاقتىدا، دۇنيانىڭ ئاخىرقى ۋاقتىدا مېنى تىرىلدۈرگۈچىدۇرسەن. سەن يالغۇز بىر ئىلاھتۇرسەن، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق».

بەزى رىۋايەت قىلغۇچىلار: «ولا حَولَ ولا قوَّةَ إِلاَّ بِاللَّهِ» (ئاللاھنىڭ مەدەتى بولمىسا، ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ)»، دېگەننى قوشتى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاللاھ تائالا تەرەپكە قايتىش، ھەر قانداق ئەھۋالدا ئاللاھ تائالاغا تايىنىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا مەھكەم ئېسىلىش كېرەكلىكى بايان قىلىنغان.

www.munber.org

**1481 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنۇ سۆزلەر بىلەن دۇئا قىلاتتى: «اللَّهُمَّ إني أعوذُ بِكَ مِن فِتنةِ النَّارِ، وعَذَابِ النَّارِ، وَمِن شَرِّ الغِنَى وَالفَقْر» « ئى ئاللاھ! سەن بىلەن دوزاخنىڭ پىتنىسىدىن، دوزاخنىڭ ئازابىدىن، بايلىق ۋە كەمبەغەللىكنىڭ يامانلىقلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن ».**

— ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) دوزاختىن قورقۇش ۋە دوزاخقا چۈشۈپ كېتىشكە سەۋەبچى بولىدىغان گۇناھ ـ مەئسىيەتلەردىن يىراق بولۇشى كېرەكلىكى.

2) بايلىق ۋە نامراتلىقتىن توغرا پايدىلانغان ئادەمگە ھەر ئىككىسىدە ياخشىلىق بارلىقى.

3) بايلىق ۋە نامراتلىق پىتنىسىدىن ئاگاھلاندۇرۇلغان.

**1482 ـ زىياد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى: «اللَّهمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِن منْكَرَاتِ الأَخلاقِ، والأعْمَالِ والأَهْواءِ» « ئى ئاللاھ! سەن بىلەن يامان ئەخلاقلاردىن، يامان ئەمەللەردىن، يامان ھەۋەسلەردىن پاناھ تىلەيمەن ».**

— تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: يامان ئىشلاردىن ھەزەر ئەيلەشكە، ئېسىل ئەخلاق ۋە ياخشى ئەمەللەردە چىڭ تۇرۇشقا چاقىرىلغان.

**1483 ـ شەكەل ئىبنى ھۇمەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «قُلْ: اللَّهُمَّ إني أعوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ سَمْعِي، وَمِن شَرِّ بصَرِي، وَمِن شَرِّ لسَانِي، وَمِن شَرِّ قَلبي، وَمِن شَرِّ منِيِّي» « ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا دۇئا ئۆگىتىپ قويغىن »، دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « ‹ئى ئاللاھ! سەن بىلەن قۇلىقىمنىڭ يامانلىقىدىن، كۆزۈمنىڭ يامانلىقىدىن، تىلىمنىڭ يامانلىقىدىن، قەلبىمنىڭ يامانلىقىدىن ۋە جان پىرىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن›، دېگىن »، دېگەن.**

— ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كۆز، قۇلاق، تىل، قەلب ۋە ئەۋرەتنى ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان ئىشلارغا ئىشلىتىش ئارقىلىق بۇلارنى گۇناھتىن ساقلاشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

2) ئاللاھ تائالا مۇنۇ سۆزىدە: ﴿إِنَّ السَّمْعَ وَالْبَصَرَ وَالْفُؤَادَ كُلُّ أُولـئِكَ كَانَ عَنْهُ مَسْؤُولاً﴾ ﴿(ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى، سەزگۈ ئەزالىرى)نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ﴾ (« قۇرئان كەرىم » سۈرە ئىسرا 36 ـ ئايەت) دەپ ئېيتقانغا ئوخشاش بۇ ھەدىستە ئىنسانىنىڭ ئۆز سەزگۈ ئەزالىرى ئۈستىدە مەسئۇلىيىتى بارلىقى تىلغا ئېلىنغان.

**1484 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى: «اللَّهمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْبرَصِ، وَالجُنُونِ، والجُذَامِ، وسَيِّءِ الأَسْقامِ»**



www.munber.org

« ئى ئاللاھ! سەن بىلەن ئاق كېسەلدىن، روھىي كېسەلدىن، ماخاۋ كېسەلدىن ۋە يامان ئاغرىقلاردىن پاناھ تىلەيمەن ». — ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: ئىنسان چىداشلىق بېرەلمەيدىغان سەۋر قىلغانلىق ئەجرىگە ئېرىشەلمەيدىغان ھالاكەتلىك، ئېغىر كېسەللەردىن پاناھ تىلەش كېرەكلىكى.

1485 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى: «اللَّهمَّ إنِّي أعُوذُ بِكَ مِنَ الجُوعِ، فإنَّهُ بِئْسَ الضَّجيعُ، وَأَعُوذُ بِكَ من الخِيانَةِ، فَإنَّهَا بِئْسَتِ البِطانَةُ» « ئى ئاللاھ! سەن بىلەن ئاچلىقتىن پاناھ تىلەيمەن، ئاچ قېلىش نېمىدېگەن يامان. سەن بىلەن خىيانەتتىن پاناھ تىلەيمەن، خىيانەت قىلىش نېمىدېگەن يامان ». — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: قاتتىق ئاچارچىلىقتىن ۋە خىيانەتكە ئادەتلىنىپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئۇلاردىن ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ پاناھ تىلەش كېرەكلىكى.

1486 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇنىڭ ئالدىغا بىر قۇل كېلىپ: « مەن مېنىڭ ئازاد بولۇشۇم ئۈچۈن بەلگىلەنگەن پۇلنى تېپىشتىن ئاجىز كەلدىم. ماڭا ياردەم قىلغىن »، دېدى. ئەلى: « مەن ساڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆگىتىپ قويغان بىر نەچچە كەلىمىلەرنى ئۆگىتىپ قويايمۇ؟ تاغدەك قەرزىڭ بولسىمۇ ئاللاھ سېنى ئۇنىڭدىن خالاس قىلىدۇ. سەن ‹ئى ئاللاھ! ماڭا ھالال رىزقى ئاتا قىلىپ مېنى ھارامدىن بىھاجەت قىلغىن، پەزلى مەرھەمىتىڭ بىلەن مېنى ئۆزۈڭدىن غەيرىيدىن بىھاجەت قىلغىن›، دېگىن »، دېدى.

— تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇ كەلىمىلەر بىلەن دۇئا قىلىشنىڭ ياخشىلىقى، قەرزنىڭ ئادا بولۇشىدا ۋە كىشىلەرگە بىھاجەت بولۇشتا بۇ دۇئانىڭ بەرىكىتى نامايان بولىدۇ.

1487 ـ ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىمراننىڭ ئاتىسى ھۇسەينگە دۇئا قىلىدىغان مۇنداق ئىككى سۆزنى ئۆگىتىپ قويغان: «اللَّهُمَّ ألهِمْنِي رُشْدِي، وأعِذني مِن شَرِّ نفسي» « ئى ئاللاھ! ھەق يولدا چىڭ تۇرۇشۇمنى مېنىڭ كۆڭلۈمگە سالغىن، نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن مېنى ساقلىغىن ». — تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: نەپسىنىڭ شەررىدىن ئاگاھلاندۇرۇلغان ۋە بارلىق ئىشلاردا ھىدايەت، توغرۇلۇق، دۇرۇسلۇق تىلەش كېرەكلىكى بايان قىلىنغان.

1488 ـ ئەبۇلفەزلى ئاببास ئىبنى ئابدۇل مۇتتەلىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇ: « ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ئاللاھ تائالادىن تىلەيدىغان بىرەر نەرسىنى ئۆگىتىپ قويساڭ »، دېسەم، رەسۇلۇللاھ: «سَلُوا اللَّهَ العافِيةَ» « ئاللاھ تائالادىن



www.munber.org

ئامانلىقنى تىلەڭلار »، دېدى. بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مەن يەنە بېرىپ: « ئى رەسۇلۇللاھ، ماڭا ئاللاھ تائالادىن تىلەيدىغان بىرەر نەرسىنى ئۆگىتىپ قويساڭ »، دېسەم، ئۇ ماڭا: «يَا عبَّاسُ يا عمَّ رَسولِ اللَّهِ ، سَلُوا اللَّه العافيةَ في الدُّنْيا والآخِرةِ» « ئى ئابباس! ئى رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالادىن ئامانلىقنى تىلەڭلار »، دېدى.

—— تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاللاھ تائالادىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئامانلىق تىلەشكە رىغبەتلەندۈرۈلگەن. چۈنكى، بۇنداق قىلغاندا ھەر خىل كېسەل ۋە گۇناھلاردىن ئامان بولغىلى بولىدۇ.

**1489 ـ شەھر ئىبنى ھەۋشەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن: « ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى، سېنىڭ قېشىڭدىكى چاغدا رەسۇلۇللاھنىڭ كۆپرەك قىلىدىغان دۇئاسى نېمە ئىدى؟ »، دەپ سورىغاندا، ئۇممۇ سەلەمە:** «يا مُقلبَ القُلوبِ ثَبِّتْ قلْبي علَى دِينِكَ» **« ‹ئى دىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى ئاللاھ! قەلبىمنى سېنىڭ دىنىڭدا ئىزچىل قىلغىن›، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى »، دەپ جاۋاب بەرگەن.**

—— تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالاغا كەمتەرلىك بىلەن باش ئېگىدىغانلىقى ۋە ئۇممەتلىرىگە بۇ دۇئانى تەلىم بەرگەنلىكى.

2) ھەق يولدا مۇستەھكەم تۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى كۆرسىتىلگەن.

**1490. ئەبۇ دەردائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «كانَ مِن دُعاءِ دَاوُدَ صَلّى اللهُ عَلَيْهِ وسَلَّم : «اللّهمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ حُبَّكَ، وَحُبَّ من يُحِبُّكَ، وَالعمَل الذي يُبَلِّغُني حُبَّكَ اللّهُمَّ اجْعل حُبَّكَ أَحَبَّ إِلَيَّ مِن نَفسي، وأَهْلي، ومِن الماءِ البارد» **« ئى ئاللاھ! مەن سەندىن سېنىڭ مۇھەببىتىڭنى، ساڭا مۇھەببەت باغلىغانلارنىڭ مۇھەببىتىنى سورايمەن ۋە سېنىڭ مۇھەببىتىڭگە ئېرىشتۈرىدىغان ئەمەلنى سورايمەن. ئى ئاللاھ! سېنىڭ مۇھەببىتىڭنى ماڭا ئۆزۈمدىنمۇ، خىش ـ ئەقرىبالىرىمدىنمۇ ۋە چاڭقاپ كەتكەن ۋاقىتتىكى مۇزدەك سۇدىنمۇ سۆيۈملۈك قىلغىن »، دەپ دۇئا قىلىدى. ئاندىن مۇنداق دېدى: « بۇ دۇئا داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئالىرىدىندۇر ».**

—— تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ياخشى ئىشلارنى قىلىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن. ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ﴿ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر ئاللاھ تائالانى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھ تائالا سىلەرنى دوست تۇتىدۇ﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە ئال ئىمران 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)



www.munber.org

2) نەپسى بىلەن كۈرەش قىلىش. ئاللاھ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشنى جېنى، ئائىلىسى ۋە نەپسى خاھىشلىرىدىن ئەلا بىلىش كېرەك.

**1491 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «أَلِظُّوا بِياذا الجَلالِ وَالإِكرامِ» « دۇئايىڭلارنى ياذا الجَلالِ وَالإِكرامِ (ئى ئەزىمەتلىك ۋە ھۆرمەتلىك ئاللاھ)، دېگەن سۆز بىلەن باشلاڭلار ».**

—— تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كۆپ دۇئا قىلىشقا ۋە ھەدىستىكى سۆز ئاللاھ تائالانى تولۇق مەدھىيىلەشنى ۋە كامالى سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇ سۆزلەر بىلەن دۇئانى باشلاشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

**1492 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇرغۇن دۇئا قىلدى. ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى تۇتۇۋالالماي: « ئى رەسۇلۇللاھ! نۇرغۇن دۇئا قىلدىڭ. ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى تۇتۇۋالالمىدۇق »، دېدۇق. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى:** «ألا أَدُلُّكُم على ما يَجْمَعُ ذَلكَ كُلَّهُ؟ تَقُولُ: ‹اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُك مِن خَيرِ ما سأَلَكَ مِنْهُ نبيُّكَ مُحَمَّدٌ صَلّى اللهُ عَلَيْهِ وسَلَّم، وأَعُوذُ بِكَ من شَرِّ ما اسْتَعاذَ مِنْهُ نَبيُّكَ مُحمَّدٌ صَلّى اللهُ عَلَيْهِ وسَلَّم، وَأَنْتَ المُسْتَعَانُ، وعليْكَ البلاغُ، ولا حَوْلَ ولا قُوَّةَ إِلاَّ بِاللَّهِ›» **« دۇئانىڭ بارلىق مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر دۇئانى ساڭا ئېيتىپ بېرەي، مۇنداق دېسەڭ بولىدۇ: ‹ئى ئاللاھ! سەندىن سېنىڭ پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سورىغان نەرسىلەرنىڭ ياخشىسىنى سورايمەن، سېنىڭ پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سەن بىلەن پاناھ تىلىگەن نەرسىلەرنىڭ يامىنىدىن پاناھ تىلەيمەن. مەدەت سەندىنلا سورىلىدۇ. ھەر قانداق چارە ـ تەدبىر ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاللاھ تائالانىڭ خاھىشى بىلەن بارلىققا كېلىدۇ› ».**

—— تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق دۇئالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ دۇئا بىلەن دۇئا قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇش.

2) بۇ دۇئانىڭ پايدىسى، بولۇپمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئالىرىنى يادلىمىغان كىشىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ گەۋدىلىك كۆرۈلىدۇ. بۇ ئىسلامنىڭ ئاممىبابلىقى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە قىلغان رەھمىتىنىڭ كەڭلىكىدىندۇر.

**1493 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بۇ دۇئا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان دۇئالىرىنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى:** «اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ مُوجِباتِ رحْمتِكَ، وَعزَائمَ مغفِرتِكَ، والسَّلامَةَ مِن كُلِّ إِثمٍ، والغَنِيمَةَ مِن كُلِّ بِرٍ، وَالفَوْزَ بالجَنَّةِ، وَالنَّجاةَ مِنَ النَّارِ» **« ئى ئاللاھ! سەندىن سېنىڭ رەھمىتىڭگە ئېرىشتۈرىدىغان نەرسىلەرنى، مەغفىرىتىڭگە سەۋەب بولىدىغان نەرسىلەرنى سورايمەن. ھەر بىر گۇناھتىن ساق**



www.munber.org

بولۇشنى، ھەر بىر ياخشىلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنى، جەننەتنىڭ قولغا كېلىشىنى، دوزاختىن نىجات تېپىشنى سورايمەن». — ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ياخشى ئەمەللەرگە، تائەت ـ ئىبادەتلەرگە سەئيى قىلىش، يامان ئەمەللەردىن يىراق بولۇش.

2) ئىمامى نەۋەۋىنىڭ بۇ بابنى بۇ ھەدىس بىلەن تۈگەتكەنلىكى شۇنىڭغا ئىشارەتكى، ئاللاھ تائالاغا بەندىچىلىكنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن باشقا ئەمەللەرگە ئوخشاش دۇئا قىلىشتىكى مەخسەت: دوزاختىن نىجات تېپىشنى ۋە جەننەتكە ئامان ـ ئېسەن كىرىشنى تەلەپ قىلغانلىقتۇر.

## 251 . باب باشقىلار ئۈچۈن غايىبانە دۇئا قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دىگەن: ﴿وَالَّذِينَ جَاؤُوا مِن بَعْدِهِمْ يَقُولُونَ رَبَّنَا اغْفِرْ لَنَا وَلِإِخْوَانِنَا الَّذِينَ سَبَقُونَا بِالْإِيمَانِ﴾ ﴿ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: «پەرۋەردىگارىمىز بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغفىرەت قىلغىن»، دەيدۇ﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھەشر 10 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دىگەن: ﴿وَاسْتَغْفِرْ لِذَنبِكَ وَلِلْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ﴾ ﴿گۇناھىڭ ئۈچۈن، ئەر ـ ئايال مۆئمىنلەر ئۈچۈن مەغفىرەت تىلىگىن﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە مۇھەممەد 19 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿رَبَّنَا اغْفِرْ لِي وَلِوَالِدَيَّ وَلِلْمُؤْمِنِينَ يَوْمَ يَقُومُ الْحِسَابُ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىمىز! ھېساب ئالىدىغان كۈندە ماڭا، ئاتا ـ ئانامغا، مۆئمىنلەرگە مەغفىرەت قىلغىن﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئىبراھىم 41 ـ ئايەت)

1494 ـ ئەبۇ دەردائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ما مِن عبْدٍ مُسْلِمٍ يَدعُو لأَخِيهِ بِظَهرِ الغَيْبِ إِلاَّ قَالَ المَلَكُ ولَكَ بِمِثْلٍ» «قانداق بىر مۇسۇلمان بەندە ئۆزىنىڭ قېرىندىشىغا غايىبانە دۇئا قىلسا، پەرىشتە: ‹ساڭىمۇ شۇنداق بولسۇن›، دەيدۇ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مۇسۇلمان قېرىندىشىغا غايىبانە دۇئا قىلىپ قويۇشنىڭ پەزىلىتى ۋە بۇ پەزىلەتنىڭ مۇسۇلمانلار جامائەسىگە ياكى بارلىق مۇسۇلمانلارغا دۇئا قىلىش ئارقىلىق قولغا كېلىدىغانلىقى.

1495 ـ ئەبۇ دەردائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «دَعْوَةُ المرءِ المُسْلِمِ لأخيهِ بِظَهْرِ الغَيْبِ مُسْتَجَابَةٌ، عِنْدَ رأْسِهِ ملَكٌ مُوكَّلٌ

www.munber.org

كلَّمَا دعا لأَخِيهِ بخيرٍ قَال المَلَكُ المُوكَّلُ بِهِ: آمِينَ، ولَكَ بِمِثْلٍ» « مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ بۇرادىرى ھەققىدە غايىبانە قىلغان دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ. دۇئا قىلغۇچىنىڭ بېشىدا بىر مۇئەككەل پەرىشتە بولۇپ، ھەر قاچان ئۇ ئادەم ئۆز بۇرادىرى ھەققىدە خەيرلىك دۇئا قىلسا، مۇئەككەل پەرىشتە: ‹ئامىن، ساڭىمۇ شۇنداق بولسۇن›، دەيدۇ ».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئۆزگە ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا قىلغان دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇشى ئۈچۈن ۋە ئوخشاش ياخشىلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن دۇئا قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

## 252 . باب دۇئانىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

1496 ـ ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ صُنِعَ إِلَيْهِ معْرُوفٌ، فقالَ لِفَاعِلِهِ: جزَاكَ اللَّه خَيْراً، فَقَدْ أَبْلَغَ في الثَّنَاءِ» « قانداق بىر كىشىگە ياخشىلىق قىلىنسا، ئۇ كىشى ياخشىلىق قىلغۇچىغا: ‹ئاللاھ تائالا ساڭا مۇكاپات بەرسۇن›، دېسە، ئاشۇرۇپ رەھمەت ئېيتقان بولىدۇ ».

— تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مۆئمىننىڭ دۇئاسىنىڭ قوبۇل بولىدىغانلىقى، قىلغان ياخشى ئىشلىرىغا مىننەت قىلماسلىق ۋە ياخشىلىق قىلغان ئادەمنىڭ ياخشىلىقىنى بىلىش لازىملىقى.

1497 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا تَدعُوا علَى أَنْفُسِكُم، وَلا تدْعُوا عَلَى أَولادِكُم، ولا تَدْعُوا على أَمْوَالِكُم، لا تُوافِقُوا مِنَ اللَّـهِ ساعة يُسأَلُ فِيهَا عطَاءً، فيَسْتَجيبَ لَكُم» « ئۆزۈڭلارغا، بالىلىرىڭلارغا، ماللىرىڭلارغا بەددۇئا قىلىپ سالماڭلار، ئاللاھ تائالادىن سورىسىلا ئىجابەت قىلىنىدىغان بىر ۋاقىت بولۇپ، دۇئايىڭلار شۇ ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قېلىپ ئىجابەت بولۇپ قالىدۇ ».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئۆزگە ياكى ئەۋلادىغا ۋەياكى مېلىغا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يېتىشنى تىلەپ بەد دۇئا قىلىش دۇئانىڭ قوبۇل بولۇش سائەتلىرىگە توغرا كېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن چەكلەنگەن.

2) ئاللاھ تائالا دۇئالارنى قوبۇل قىلىدىغان ئالاھىدە ۋاقىتلار بولۇپ، مۆئمىن كىشى قىلغان دۇئانىڭ مەزمۇنى ئازاب، ھالاكەت ئەمەس، بەلكى ياخشىلىق، رەھمەت، ئامانلىق ئېلىپ كېلىدىغان بولۇشى كېرەكلىكى، دۇئا قوبۇل بولىدىغان مۇبارەك ۋاقىتلاردا دۇئا قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

3) يېرىم كېچە ۋە پەرز نامازدىن كېيىن قىلىنغان دۇئا ئىجابەت بولۇشى ئەڭ ئۈمىدلىك دۇئالار ئىكەنلىكى.

www.munber.org

**1498 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «أقْرَبُ ما يَكُونُ العَبْدُ مِن ربِّهِ وَهُوَ سَاجِدٌ، فَأكْثِرُوا الدُّعَاءَ» **« بەندىنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئەڭ يېقىن بولىدىغان ۋاقتى، ئۇنىڭ سەجدە قىلىپ تۇرغاندىكى ۋاقتىدۇر. شۇڭا، سەجدە قىلغان ۋاقىتلاردا دۇئانى كۆپ قىلىڭلار ».**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: سەجدىدىكى ھالەتتە دۇئا قىلىشنىڭ پەزىلىتى. چۈنكى، بۇ ۋاقىت بەندىنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە ياراتقۇچىسى ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىن تۇرىدىغان ۋاقتىدۇر.

**1499 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «يقُولُ قَد دَعوتُ رَبِّي، فَلم يستَجبْ لي» **« ھەر قانداق ئادەم مەن رەببىمگە دۇئا قىلسام، دۇئايىمنى ئىجابەت قىلمىدى، دەپ ئالدىراپ كەتمىسىلا دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىدۇ ».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «لا يزَالُ يُسْتَجَابُ لِلعَبْدِ مَا لَم يدعُ بإِثمٍ، أوْ قَطِيعةِ رَحِمٍ، ما لَمْ يَسْتعْجِلْ» **« مادامىكى، بەندىنىڭ قىلغان دۇئاسى گۇناھ ئىشلارنى ياكى سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالمىسا ياكى بۇ ئادەم پەرۋەردىگارىمغا دۇئا قىلسام، دۇئايىمنى ئىجابەت قىلمىدى، دەپ ئالدىراپ كەتمىسىلا دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىدۇ »، دېگەندە: « ئى رەسۇلۇللاھ! ئالدىراپ قېلىش قانداق بولىدۇ؟ »، دەپ سورالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «يَقُولُ: قَدْ دعَوْتُ، وَقَدْ دَعَوْتُ فَلَم أرَ يَسْتَجِيبُ لي، فَيَسْتَحْسِرُ عِنْد ذلك، ويَدَعُ الدُّعَاءَ» **« بەندە دۇئا قىلدىم، دۇئا قىلدىم، ئىجابەت بولغىنىنى كۆرمىدىم، دەپ ھەسرەتلىنىپ دۇئا قىلىشنى تاشلايدۇ »، دېدى.**

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مۇسۇلمان كىشى پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ تۇرۇشى، ياخشىلىقنى تىلىشى كېرەك. گۇناھ ئىشلارنى تىلىمىسە ياكى ئىجابەت بولۇشىغا ئالدىراپ كەتمىسىلا دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ.

2) دۇئانىڭ ئىجابەت بولماسلىقىغا سەۋەب بولىدىغان ئالدىراپ كېتىش دۇئانى تەرك ئېتىشكە ئېلىپ بارىدۇ.

**1500. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: « ئى رەسۇلۇللاھ، قايسى چاغدىكى دۇئا بەكرەك قوبۇل قىلىنىدۇ؟ »، دېيىلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «جوْفَ اللَّيْلِ الآخِرِ، وَدُبُرَ الصَّلَوَاتِ المكْتُوباتِ» **« يېرىم كېچىدىن كېيىن ۋە پەرز نامازلاردىن كېيىن قىلىنىدىغان دۇئا »، دېدى.**

— تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ئەڭ ئۇمىدلىك ۋاقىتلار ۋە شۇ ۋاقىتلاردا دۇئا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى بايان قىلىنغان.

**1501 ـ ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مَا عَلَى الأَرْضِ مُسْلِمٌ يَدْعُو اللّٰه تَعالى بِدَعْوَةٍ إِلاَّ آتَاهُ اللّٰه إِيَّاهَا، أَوْ صَرَفَ عَنْهُ مِنَ السُّوءِ مِثْلَهَا . ما لَم يدْعُ بِإِثْم، أَوْ قَطِيعَةِ رحِم» «يەر يۈزىدىكى قايسىبىر مۇسۇلمان دۇئا قىلسىلا، مادامىكى دۇئاسى گۇناھ ئىشلارنى ۋە سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالمىسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن تىلىگىنىگە باراۋەر بىر يامانلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ»، دېگەنىدى، جامائەت ئىچىدىكى بىر ئادەم: «ئۇنداقتا بىز دۇئانى كۆپ قىلساق بولىدىكەنغۇ؟»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللّٰه أَكْثَرُ» «ئاللاھ تائالا تېخىمۇ كۆپ بېرىدۇ»، دېدى.**

— ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) دۇئا زايا بولۇپ كەتمەيدۇ. بىر بولسا، ئىجابەت بولۇپ، مەقسەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. بىر بولسا كىشى دۇئا ئارقىلىق ئۇنىڭغا يېتىدىغان يامانلىقلاردىن ساقلىنىپ قالىدۇ ۋەياكى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ قىلغان دۇئاسى سەۋەبلىك باشقا بىر مەنپەئەتنى قۇرامساق قىلىپ ساقلاپ قويىدۇ.

2) ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى ياخشىلىق كىشىلەر تىلەيدىغان، سۆزلەيدىغان نەرسىلەردىنمۇ كۆپتۇر.

**1502 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىشۋارلىقتا يولۇققاندا مۇنداق دەيتتى: «لا إِلَه إِلاَّ اللّٰه العظِيمُ الحلِيمُ، لا إِله إِلاَّ اللّٰه رَبُّ العَرْشِ العظِيمِ، لا إِلَهَ إِلاَّ اللّٰه رَبُّ السمَواتِ، وربُّ الأَرْض، ورَبُّ العرشِ الكريم» «ئۇلۇغ مەرھەمەتلىك بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، ئاسمان ـ زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى ۋە ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: قاتتىقچىلىقلار ۋە ئېغىر كۈنلەرنىڭ داۋاسى ئاللاھ تائالانى يەككە ـ يىگانە دەپ ئېتىقاد قىلىش، بارلىق سەۋەبلەرگە يېپىشىپ ئاللاھ تائالادىن باشقىغا يۈزلەنمەسلىك ۋە دۇئا ـ زىكىرلەرنى كۆپ قىلىش بىلەن بولىدۇ.

## 253. باب ئاللاھ تائالاغا يېقىن بولغان كىشىلەرنىڭ كارامەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿أَلا إِنَّ أَوْلِيَاء اللّهِ لاَ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُونَ۝ الَّذِينَ آمَنُواْ وَكَانُواْ يَتَّقُونَ۝ لَهُمُ الْبُشْرَى فِي الْحَياةِ الدُّنْيَا وَفِي الآخِرَةِ لاَ تَبْدِيلَ لِكَلِمَاتِ اللّهِ ذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ﴾ «راستتىنلا



www.munber.org

ئاللاھنىڭ دوستلىرىغا (ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قورقۇش، (دۇنيادا قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانلىرىغا) قايغۇرۇش يوقتۇر. ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلاردۇر. ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ (يەنى، دۇنيادا جان ئۈزۈش ۋاقتىدا، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن، ئاخىرەتتە نازۇ ـ نېئمەتلىك جەننەتكە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ)، ئاللاھ تائالا ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، ئەنە شۇ كاتتا بەختتۇر﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە يۇنۇس 62 ـ، 64 ـ ئايەتلەر)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَهُزِّي إِلَيْكِ بِجِذْعِ النَّخْلَةِ تُسَاقِطْ عَلَيْكِ رُطَبًا جَنِيًّا فَكُلِي وَاشْرَبِي وَقَرِّي عَيْنًا﴾ ﴿خورما دەرىخىنى ئۆز تەرىپىڭگە ئىرغىتقىن، ئالدىڭغا پىشقان، يېڭى خورمىلار تۆكۈلىدۇ. (بۇ شېرىن خورمىدىن) يېگىن، (بۇ تاتلىق سۇدىن) ئىچكىن ۋە خۇرسەن بولغىن...﴾ (« قۇرئان كەرىم » سۈرە مەريەم 25 ـ، 26 ـ ئايەتلەر).

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿فَتَقَبَّلَهَا رَبُّهَا بِقَبُولٍ حَسَنٍ وَأَنبَتَهَا نَبَاتًا حَسَنًا وَكَفَّلَهَا زَكَرِيَّا كُلَّمَا دَخَلَ عَلَيْهَا زَكَرِيَّا الْمِحْرَابَ وَجَدَ عِندَهَا رِزْقاً قَالَ يَا مَرْيَمُ أَنَّى لَكِ هَذَا قَالَتْ هُوَ مِنْ عِندِ اللّهِ إنَّ اللّهَ يَرْزُقُ مَن يَشَاء بِغَيْرِ حِسَابٍ﴾ ﴿ئۇنى پەرۋەردىگارى چىرايلىقچە قوبۇل قىلدى. ئۇنى ئوبدان ئۆستۈردى. ئۇنىڭغا زەكەرىيانى كېپىل قىلدى (يەنى ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا زەكەرىيانى قويدى). زەكەرىيا ھەر قېتىم (ئۇنىڭ) ئىبادەتگاھىغا ئۇنى كۆرگىلى كىرسە، ئۇنىڭ يېنىدا بىرەر يېمەكلىك ئۇچرىتاتتى. ئۇ: « ئى مەريەم، بۇ ساڭا قەيەردىن كەلدى؟ »، دەيتتى. مەريەم: « بۇ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلدى »، دەيتتى. ئاللاھ ھەقىقەتەن خالىغان ئادەمگە (جاپا ـ مۇشەققەتسىزلا) ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە ئال ئىمران 37 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِذِ اعْتَزَلْتُمُوهُمْ وَمَا يَعْبُدُونَ إِلَّا اللَّهَ فَأْوُوا إِلَى الْكَهْفِ يَنشُرْ لَكُمْ رَبُّكُم مِّن رَّحمته ويُهَيِّئْ لَكُم مِّنْ أَمْرِكُم مِّرْفَقًا وَتَرَى الشَّمْسَ إِذَا طَلَعَت تَّزَاوَرُ عَن كَهْفِهِمْ ذَاتَ الْيَمِينِ وَإِذَا غَرَبَت تَّقْرِضُهُمْ ذَاتَ الشِّمَالِ﴾ ﴿(ئى يىگىتلەر!) سىلەر ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلىرىدىن ئايرىلغان ئىكەنسىلەر، غارنى پاناھ جاي قىلىڭلار، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە كەڭ رەھمەت قىلىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىشلىرىڭلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. كۈن چىققان چاغدا ئۇلارنىڭ غارنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى، كۈن پاتقان چاغدا ئۇلارنىڭ غارنىڭ شىمال تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسەن (يەنى، غارنىڭ ئىشىكى شىمال تەرەپتە بولغانلىقتىن، كۈننىڭ نۇرى غارنىڭ ئىككى تەرىپىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى ھۆرمەتلىگەنلىكتىن، كۈن چىققاندىمۇ، پاتقاندىمۇ ئۇنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشمەيدۇ)﴾... (« قۇرئان كەرىم » سۈرە كەھف 16 ـ، 17 ـ ئايەتلەر)

www.munber.org

1503 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: سۇففە ئەھلىلىرى يوقسۇل ئادەملەر ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مَنْ كَانَ عِنْدَهُ طَعَامُ اثـنَيْنِ، فَلْيَذْهَبْ بِثَالِث، ومَنْ كَانَ عِنْدهُ طعامُ أَرْبَعَةٍ، فَلْيَذْهَبْ بِخَامِسٍ وبِسَادِسٍ» «كىمنىڭ ئۆيىدە ئىككى كىشىلىك يېمەكلىك بولسا، ئۈچىنچى بىر ئادەم چاقىرسۇن. تۆت كىشىلىك يېمەكلىك بولسا، بەشىنچى، ئالتىنچى بىر ئادەمنى چاقىرسۇن»، دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈچ ئادەمنى ئېلىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئون ئادەمنى ئېلىپ كەتتى. ئەبۇ بەكرى پەيغەمبىرىمىزنىڭ قېشىدا كەچلىك تاماق يېدى. ئاندىن ساقلاپ تۇرۇپ خۇپتەننى ئوقۇدى. ئاندىن قايتتى. خۇدا خالىغان بىر چاغلار ئۆتكەندە ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ئەبۇ بەكرىنىڭ ئايالى ئۇنىڭغا: «مېھمانلىرىڭنى كۈتمەي ھايال قالدىڭغۇ؟»، دېدى. ئەبۇ بەكرى: «ئۇلارغا تېخى كەچلىك تاماق بەرمىدىڭمۇ؟»، دېۋىدى، ئايالى: «ئۇلارغا تاماق كەلتۈرسەم: ‹ئەبۇ بەكرى كەلمىگۈچە يېمەيمىز›، دەپ ئۇنىمىدى»، دېدى. ئابدۇراھمان يەنە مۇنداق دەيدۇ: مەن چىقىپ بىر يەرگە يوشۇرۇنۇۋالدىم. ئاتام مېنى: «ھەي ھاڭۋاقتى، نەدە سەن؟»، دەپ چاقىرىپ كايىدى ۋە مېھمانلارغا: «بۇ تائام سىلەرگە يېيىشلىك بولسۇن، مەن بۇ تائامنى ھەرگىز يېمەيمەن»، دېدى (كېيىن مېھمانلار يېدى). ئابدۇراھمان يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، بىز بىر لوقما تاماق ئالساق، ئاستىدىن نەچچە ھەسسە بولۇپ كۆپىيىپ چىقاتتى. مېھمانلار تويۇشتى. تاماق ئىلگىرىكىدىنمۇ كۆپىيىپ قالغانىدى. بۇنى كۆرۈپ ئەبۇ بەكرى ئايالىغا: «ئى بەنى فىراسنىڭ ھەمشىرىسى، بۇ قانداق ئىش؟»، دېدى. ئايالى: «بىلمىدىم، تاماق ھازىر بۇرۇنقىدىن ئۈچ ھەسسە كۆپىيىپ قالدى»، دېدى. ئەبۇ بەكرى: «قەسىمىم شەيتاندىن بوپتىكەن»، دەپ، بىر لوقما يەپ، تاماقنى ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەتتى. تاماق تاڭ ئاتقۇچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا تۇردى. شۇ كۈنلەردە بىز بىلەن بىر قەۋم ئوتتۇرىسىدا ئەھدە بار بولۇپ، دەل شۇ ۋاقىتتا ئەھدىنىڭ ۋاقتى توشۇپ، ئۇلار كېلىپ قالدى. ئاندىن بىز ئون ئىككى كىشىگە بۆلۈندۇق. ھەر بىرىمىز بىلەن بىر مۇنچە كىشى بار ئىدى. ھەر بىر ئادەم بىلەن قانچىلىك ئادەم بىللە ئىكەنلىكىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ تائامدىن يېيىشتى.

يەنە بىر رىۋايەتتە: ئەبۇ بەكرى ئۇ تاماقتىن يېمەسلىككە قەسەم ئىچتى. ئايالىمۇ يېمەسلىككە قەسەم ئىچتى. مېھمان ياكى مېھمانلارمۇ «ئەبۇ بەكرى يېمىگۈچە بىزمۇ يېمەيمىز»، دەپ قەسەم ئىچتى. ئەبۇ بەكرى: «بۇ شەيتاننىڭ ئىشى»، دېدى ـ دە، تائامنى ئەكەلدۇرۇپ ئۇنىڭدىن يېدى. مېھمانلارمۇ يېدى. ئۇلار تائامدىن بىر لوقما ئالسا، ئاستىدىن ئۇنىڭدىن جىقراق ئاۋۇپ تۇردى. ئەبۇ بەكرى ئايالىغا: «ئى بەنى فىراسنىڭ ھەمشىرىسى، بۇ قانداق ئىش؟»، دەپ سورىدى.



www.munber.org

ئايالى: «كۆزۈمنىڭ نۇرى بىلەن قەسەمكى، بۇ تائام بىز يېيىشتىن بۇرۇنقىدىن كۆپىيىپ كەتتى»، دېدى. ئۇلار تائامنى يېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىمۇ ئەۋەتىپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ تائامدىن يېدى، دېيىلگەن.

يەنە بىر رىۋايەتتە: ئەبۇ بەكرى ئابدۇراھمانغا: «سەن مېھمانلارنى كۈتۈۋالغىن، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىغا بارىمەن. سەن ئۇلارغا مەن كېلىشتىن بۇرۇن تائام بېرىپ بولغىن»، دېدى. ئابدۇراھمان ئۇلارغا تەييارلىغان تائاملارنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ: «تائامدىن يەڭلار»، دېدى. مېھمانلار: «ئۆي ئىگىسى قەيەردە؟»، دېيىشتى. ئابدۇراھمان ئۇلارنى يەنە تائامدىن يېيىشكە تەكلىپ قىلسا، مېھمانلار: «بىز ئۆي ئىگىسى كەلمىگۈچىلىك تائام يېمەيمىز»، دېيىشتى. ئابدۇراھمان يەنە ئۇلارغا: «تائامغا بېقىڭلار، سىلەر يېمىسەڭلار ئاتام كەلسە، بىزگە خاپا بولىدۇ»، دېدى. ئۇلار ئۇنىمىدى. ئابدۇراھمان مۇنداق دېدى: «ئاتام كەلگەندە ماڭا خاپا بولىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۆزۈمنى چەتكە ئالدىم». ئاتام ئۆيدىكىلەردىن: «مېھمانلارنى قانداق قىلدىڭلار؟»، دەپ سورىدى. ئۆيدىكىلەر ئەھۋالنى بايان قىلدى. ئاتام: «ئابدۇراھمان»، دەپ مېنى چاقىردى. مەن ئۈندىمىدىم. ئاندىن يەنە: «ھەي ئابدۇراھمان»، دەپ چاقىردى. يەنە ئۈندىمىدىم. ئاندىن: «ھەي ھاڭۋاقتى، ئاۋازىمنى ئاڭلاپ تۇرۇپ چىقمايسەنغۇ؟»، دەپ توۋلىدى. مەن چىقىپ ئۇنىڭغا: «مېھمانلاردىن سورا»، دېدىم. مېھمانلار: «راست ئېيتتى، ئۇ بىزگە تائام ئېلىپ كەلگەندى، بىز يېمىدۇق»، دېيىشتى. ئەبۇ بەكرى: «سىلەرنى كۈتكۈزۈپ قويۇپتىمەن. ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، بۇ كېچە مەن بۇ تائامدىن يېمەيمەن»، دېدى. باشقىلارمۇ: «سەن يېمىگۈچە بىزمۇ يېمەيمىز»، دەپ قەسەم ئىچىشتى. ئەبۇ بەكرى: «سىلەرگە ۋاي، سىلەرگە تەييارلىغان نەرسىلىرىمىزنى نېمىشقا يېمەيسىلەر»، دەپ: «تائامنى كەلتۈرۈڭلار»، دېدى. تائام كەلتۈرۈلۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. ئۇ: «بىسمىللاھ، ئاۋۋالقى قەسەم شەيتاندىن بولۇپتۇ»، دەپ تائامدىن يېدى، شۇنىڭ بىلەن باشقىلارمۇ يېيىشتى.

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تاماقنى كۆپەيتىش كارامىتى.

2) ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ مېھمانلارنىڭ تاماقنى يېمىگەنلىك سەۋەبلىك كۆڭۈللىرى يېرىم بولغانلىقى.

3) ياخشى ئىشنى قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەن كىشى قەسىمىنى بۇزۇۋېتىپ كەففارەت بەرسە بولىدىغانلىقى، بۇ ھەقتە ئىككى سەھىھ كىتابتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەن بىر ئىشقا قەسەم قىلىپ، ئۇ ئىشتىنمۇ ياخشىراق بىر ئىشنى كۆرۈپ قالسام، قەسىمىمگە كەففارەت بېرىۋېتىپ، ياخشى ئىشنى قىلغان بولاتتىم»، دېگەن ھەدىسى بار.



www.munber.org

**1504** ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «لَقَدْ كَان فِيما قَبْلَكُمْ مِنَ الأُممِ نَاسٌ محدَّثونَ، فإن يَكُ في أُمَّتي أَحَدٌ، فإِنَّهُ عُمَـرُ» «ھەقىقەتەن سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ئىچىدە ئاللاھ تائالا كۆڭلىگە سېلىش بىلەن سۆزلەيدىغان كىشىلەر بار ئىدى. ئەگەر مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ئىچىدە بىرەر ئادەم مۇشۇنداق بولسا، ئۇ شەكسىزكى ئۆمەردۇر».

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇ ھەدىستە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنغان.

**1505** ـ جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، كۇفە ئاھالىسى سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس توغرىسىدا ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا شىكايەت قىلىشتى. ئۆمەر ئۇنى ۋالىيلىقتىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەممارنى تەيىنلىدى. ئۇلار قىلغان شىكايەتلەرنىڭ ئىچىدە سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس نامازنىمۇ ياخشى ئوقۇيالمايدۇ، دېگەندەك سۆزلەر بار ئىدى. ئۆمەر سەئدنى چاقىرتىپ كېلىپ: «ئى ئەبۇ ئىسھاق! ئۇلار سېنى نامازنىمۇ ياخشى ئوقۇيالمايدۇ، دېيىشىدىغۇ؟»، دېدى. سەئد: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇلارغا نامازنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىزىدىن كېچىكككىنىمۇ پەرقلەندۈرمەي ئوخشاش قىلىپ ئوقۇپ بەردىم. مەن ئۇلارغا خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بەرسەم، ئىلگىرىكى ئىككى رەكئەتنى ئۇزۇن، كېيىنكى ئىككى رەكئەتنى قىسقا قىلىپ ئوقۇپ بەردىم»، دېدى. ئۆمەر: «ئى ئەبۇ ئىسھاق! بىزمۇ شۇنداقمىكى دەپ ئويلىغان»، دېدى. ئاندىن بۇ ئىشنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن قوشۇپ بىر كىشىنى ياكى بىر نەچچە كىشىنى كۇفەگە ئەۋەتتى. بارغانلار ھەممە مەسجىدلەرگە بېرىپ تەكشۈردى. جامائەتنىڭ ھەممىسى سەئد ھەققىدە ياخشى گەپلەرنى قىلدى. ئاخىرىدا ئۇلار ئەبس جەمەتىنىڭ مەسجىدىگە كىردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇسامە ئىبنى قەتادە ئىسىملىك بىر كىشى قوپۇپ: «سىلەر بۇ ئىشنى بىزدىن ئېنىقلىغىلى كېلىپسىلەر، راستىنى ئېيتقاندا سەئد ھەقىقەتەن قوشۇن بىلەن بىللە ئۇرۇشقا چىقمايدۇ. ئولجىنى ئادىل بۆلمەيدۇ ۋە ھۆكۈمدە ئادىل بولمايدۇ»، دېدى. سەئد: «ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، بۇ ئادەم ھەققىدە بىر كەلىمە سۆز بىلەن دۇئا قىلاي، دەپ: ‹ئى ئاللاھ! ئەگەر سېنىڭ بۇ بەندەڭ يالغانچى بولۇپ، ئۆزىنى كۆرسىتىپ، شۆھرەت قازىنىش ئۈچۈن ماڭا تۆھمەت چاپلىغان بولسا، ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغىن، ئۇزۇنغىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىسۇن ۋە پىتنە ـ پاساتلارغا گىرىپتار قىلغىن›»، دەپ دۇئا قىلدى. بۇ كىشى شۇ ئىشتىن كېيىن سوئال سورالسا: «مەن پىتنە ـ پاساتلارغا قالغان بوۋايمەن، مېنى سەئدنىڭ دۇئاسى تۇتتى»، دەيتتى.

جابىر ئىبنى سەمۇرەدىن بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان ئابدۇل مەلىك ئىبنى ئۇمەير مۇنداق دەيدۇ: « مەن كېيىن بۇ كىشىنى كۆردۈم. قېرىلىقتىن قاشلىرى كۆزلىرىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ يوللاردا دېدەكلەرگە بەدقىلىقلىق قىلىپ قاش ئاتاتتى ».

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاسنىڭ پەزىلىتىنى ۋە ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولىدىغان زات ئىكەنلىكى، سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاسنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولىدىغان دۇئالىقى توغرىسىدا تىرمىزيي، ئىبنى ھەببان ۋە ھاكىملار رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «اَللَّهُمَّ اسْتَجِبْ لِسَعْدٍ إِذَا دَعَاكَ» « ئى ئاللاھ، سەئد ساڭا دۇئا قىلسىلا ئىجابەت قىلغىن! »، دېگەن ھەدىسى بار.

2) ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەر ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنسا، شۇ جايدىكى ئەھلى پەزىلەلەردىن شىكايەت قىلىنغۇچى ئادەمنىڭ ئەھۋالى سورىلىدىغانلىقى، چۈنكى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسجىدتە ناماز ئوقۇغانلاردىن سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاسنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.

3) كىشىلەر شىكايەت قىلغان ھۆكۈمراننى خەلىفە بولغۇچى ئادەمنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىسا بولىدىغانلىقى، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن نارازى بولغان ئەمەلدارنى گەرچە ئۇنىڭغا يالغان تۆھمەت چاپلانغان تەقدىردىمۇ ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

1506 ـ ئۇرۋە ئىبنى ئەل زۇبەيردىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەۋسنىڭ قىزى ئەرۋا سەئد ئىبنى زەيد بىلەن داۋالىشىپ قېلىپ، جېدەل ـ ماجىرا قىلىپ مەرۋان ئىبنى ئەلھەكەمنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ ئايال: « سەئد ئىبنى زەيد زېمىنىمدىن بىر ئاز يېرىمنى تارتىۋالدى »، دەپ دەۋا قىلدى. سەئد: « مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ توغرۇلۇق ھەدىس ئاڭلىغان تۇرۇپ، ئۇنىڭ زېمىنىدىن تارتىۋالارمەنمۇ؟ »، دېدى. مەرۋان: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قانداق ھەدىس ئاڭلىغانىدىڭ؟ »، دەپ سورىدى. ئۇ: « مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مَنْ أَخَذَ شِبْراً مِنَ الأَرْضِ ظُلْماً، طُوِّقَهُ إلى سبْعِ أرضينَ» ‹كىمكى باشقىلارنىڭ بىر غېرىچ يېرىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالسا، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى يەتتە قات زېمىننى ئۇنىڭ بوينىغا چەمبىرەك شەكلىدە ئوراپ قويىدۇ›، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم »، دېدى. مەرۋان ئۇنىڭغا: « سەن بۇ ھەدىسنى بىلگەندىكىن، مەن سەندىن بۇنىڭدىن ئارتۇق پاكىت تەلەپ قىلمايمەن »، دېدى. ئاندىن سەئد: « ئى ئاللاھ، ئەگەر بۇ ئايال يالغانچى بولسا، ئۇنى كور قىلغىن، ئۇنىڭ جېنىنى ئۆز يېرىدە ئالغىن »، دەپ دۇئا قىلدى. ئۇ ئايال كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆز يېرىدە كېتىۋاتقاندا تۇيۇقسىز بىر ئورەككە چۈشۈپ كېتىپ شۇ يەردە ئۆلدى.

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

مۇسلىمنىڭ مۇھەممەد ئىبنى زەيدتىن قىلغان رىۋايىتىدە مۇنداق بايان قىلىنغان: مۇھەممەد ئۇ ئايالنىڭ قارىغۇ بولۇپ قېلىپ، تاملارنى سىلاپ مېڭىۋېتىپ، مېنى سەئدنىڭ بەددۇئاسى تۇتتى، دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. ئۇ ئايال

سەئدتىن دەۋا قىلىپ تالاشقان قورۇنىڭ يېنىدىكى بىر قۇدۇقنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپ، شۇ يەردە ئۆلۈپ قاپتۇ. قەبرىسى شۇ قۇدۇق بولۇپتۇ.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) سەئد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولىدىغان كارامىتى ۋە ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىملىرىنى ئوبدان بىلىدىغانلىقى.

2) سالىھ كىشىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن ئاگاھلاندۇرۇش ھەمدە سالىھ كىشىلەرگە ئازار بەرگۈچىلەرنىڭ مۇشۇ دۇنيادا ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقى.

1507 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇھۇد ئۇرۇشى بولغاندا كېچىسى دادام مېنى چاقىرىپ: « مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئىچىدە دەسلىپىدە ئۆلتۈرۈلىدىغاندەك تۇرىمەن. مەندىن كېيىن قالىدىغان ئادەملىرىم ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قالسىلا سەن مېنىڭ ئەڭ قەدىردان ئادىمىم. مېنىڭ قەرزىم بار، ئۇنى ئادا قىلغىن. ئاچا ـ سىڭىللىرىڭغا ياخشى قارىغىن »، دېدى. تاڭ ئاتتى. دەرۋەقە ئۇ بىرىنچى بولۇپ شېھىت بولدى. يەنە بىرەيلەننى ئۇنىڭ بىلەن بىر قەبرىگە قويدۇم. كېيىن دادامنى باشقا بىرسى بىلەن بىر قەبرىگە قويۇشقا كۆڭلۈم ئۇنىماي، ئالتە ئايدىن كېيىن قەبرىنى ئېچىپ، ئۇنى چىقىرىۋالدىم. ئۇنىڭ قۇلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇنى يەرلىكىدە قويغان كۈنىدىكىدەك تۇرۇپتۇ. ئاندىن ئۇنى ئايرىم بىر قەبرىگە قويدۇم.

ــ بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئابدۇللاھ ئەبۇ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن جەسىتىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتكىچە چىرىمىگەنلىكى، ئەجلىنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى سېزەلەيدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئاللاھ تائالادىن ئىخلاس بىلەن شېھىتلىك تىلىگەنلىكتىن ئىبارەت كارامەتلىرى سۆزلەنگەن.

2) ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرۈشىنىڭ دەرىجىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى جېنى ۋە ئەھلى ـ ئەۋلادلىرىنىمۇ ئارتۇق كۆرىدىغانلىقى.

1508 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن ئىككى كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدىن قاپقاراڭغۇ كېچىدە قايتىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا چىراغنىڭ نۇرىدەك نۇر پەيدا بولدى. ئۇ ئىككىسى ئايرىلىشقاندىن كېيىن ھەر بىرسى بىلەن بىر نۇر ئۆيىگە يېتىپ كەلگۈچىلىك بىللە بولدى.

ــ بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بۇ ئىككى ساھابىنىڭ كارامىتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى بايان قىلىنغان، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئالدىدا زاھىر بولغان نۇر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك نۇرىدىن بولۇپ، بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ھېسابلىنىدۇ.



www.munber.org

2) پەرزلەرنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن چىققان كىشىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ ياردەم بېرىدىغانلىقى.

**1509** - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئون ئادەمنى دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆزىتىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇلارغا ئاسىم ئىبنى سابىت ئەنسارىينى باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ ئاسىم ئىبنى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ چوڭ دادىسى ئىدى. ئۇلار ئۇسفان بىلەن مەككىنىڭ ئارىلىقىدىكى ھەددە دېگەن جايغا يېتىپ كەلگەندە ھۇزەيل قەبىلىسىدىن بولغان بەنى لىھيان ئۇرۇقىنىڭ ئادەملىرى ئاڭلاپ قېلىپ، يۈزگە يېقىن ئوقچىلارنى ئۇلارنى قوغلاشقا ئەۋەتتى. ئۇلار مۇسۇلمانلار چۈشكەن بىر مەنزىلگە كېلىپ، ئۇلارنىڭ يېگەن خورمىلىرىنى ئۇچرىتىپ، بۇ مەدىنىنىڭ خورمىسى دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئىزىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. ئاسىم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى مۇشرىكلارنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قېلىپ، پاناھ ئىزدەپ بىر جايغا چىقىۋالدى. مۇشرىكلار ئۇلارنى قورشىۋېلىپ: «چۈشۈپ بىزگە تەسلىم بولۇڭلار، سىلەردىن ھېچبىر ئادەمنى ئۆلتۈرمەسلىككە ۋەدە بېرىمىز»، دېيىشتى. ئاسىم ئىبنى سابىت: «ئى قېرىنداشلار، مەن كۇففارلارنىڭ كاپالىتى بىلەن بۇ يەردىن چۈشمەيمەن. ئى ئاللاھ! بىزنىڭ ھالىمىزنى پەيغەمبىرىڭگە يەتكۈزگىن»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى مۇشرىكلار ئوققا تۇتۇپ ئاسىمنى ئۆلتۈردى. خۇبەيب، زەيد ئىبنى دەسنە ۋە يەنە بىرەيلەن بولۇپ، ئۈچەيلەن مۇشرىكلارنىڭ كاپالىتى بويىچە چىقىۋالغان يەرلىرىدىن چۈشتى. ئۇلار مۇشرىكلارنىڭ قولىغا چۈشكەندىن كېيىن، مۇشرىكلار ئۇلارنى ئوقيالىرىنىڭ زەيلىرىنى چىقىرىپ باغلىدى. بۇلارنىڭ ئۈچىنچىسى: «مانا بۇ خىيانەتنىڭ باشلىنىشى، ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەر بىلەن ماڭمايمەن، بۇ ئۆلگەنلەرنى ئۆزۈمگە ئۈلگە قىلىمەن»، دېدى. مۇشرىكلار ئۇنى سۆرەپ ماڭدۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆرسىمۇ، ئۇ ئۇلار بىلەن مېڭىشتىن باش تارتتى. خۇبەيب بىلەن زەيد ئىبنى دەسنەنى ھەيدەپ بېرىپ ساتتى. بۇ ۋەقە بەدرى ئۇرۇشىدىن كېيىن بولغانىدى. خۇبەيبنى ھارىس ئىبنى ئامىر ئىبنى ئۇفەلنىڭ بالىلىرى سېتىۋالدى. خۇبەيب بەدرى جېڭىدە ھارىس ئىبنى ئامىرنى ئۆلتۈرگەنىدى. خۇبەيب ئۇلارنىڭ قولىدا ئەسىر بولۇپ تۇردى. ئاخىر ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرۈش قارارىغا كەلدى. خۇبەيب سۈننەت قىلىش ئۈچۈن ھارىسنىڭ قىزلىرىنىڭ بىرىدىن ئۇستىرا سورىدى. ئۇ خۇبەيبكە ئۇستىرا ئارىيەت بەردى. ھارىسنىڭ قىزىنىڭ غەپلەتتە قېلىشى بىلەن ئۇنىڭ بىر بالىسى خۇبەيبنىڭ يېنىغا بېرىپ قالدى. خۇبەيب ئۇ بالىنى قۇچىقىدا ئولتۇرغۇزۇۋالغانىدى. خۇبەيبنىڭ قولىدا ئۇستىرا تۇراتتى. ھارىسنىڭ قىزى ئېيتىدۇكى، مەن بۇ ھالنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم. خۇبەيب بۇنى بىلىپ: «مەندىن بالامنى ئۆلتۈرۈۋېتەمدىكىن، دەپ قورقۇۋاتامسەن؟ ئۇنداق قىلمايمەن»، دېدى. ھارىسنىڭ قىزى: «ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، مەن



www.munber.org

خۇبەيبدىن ياخشى ئەسىرنى كۆرمىدىم. بىر كۈنى ئۇنىڭ پۇتىدا ئىشكەل، قولىدا بىر ساپ ئۈزۈمنى يەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. مەككىدە مېۋە يوق ئىدى. ئۇ چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ خۇبەيبكە بەرگەن رىزقى ئىدى »، دەيدۇ. خۇبەيب ئادەم ئۆلتۈرۈش هارام قىلىنغان ھەرەمنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىلىپ ئۆلتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغاندا، خۇبەيب ئۇلارغا: « مېنى قويۇۋېتىڭلار، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇۋالاي »، دېدى. ئۇلار خۇبەيبنى قويۇپ بەردى. ئۇ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ بولۇپ: « ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مېنى ئۆلۈمدىن چۆچۈۋاتىدۇ، دەپ ئويلىمايدىغان بولساڭلار، مەن نامازنى جىقراق ئوقۇيتتۇم »، دېدى. ئاندىن كېيىن ئۇ: « ئى ئاللاھ! ئۇلارنىڭ سانىنى ئالغىن، ئۇلارنى تارقاق ئۆلتۈرگىن، ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ قويمىغىن »، دېدى. ئاندىن مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

پەقەت ئىمان بىلەن كەتسەملا بولدى، يوقكى پەرۋايىم،
شېھىت بولۇپ يېقىلسام، سول تەرەپتىن ياكى ئوڭ ياندىن.
خۇدانىڭ يولىدا ئۆلدۈم، ئەگەر ئۇ خالىسا شەكسىز،
ئورۇن ئالغاي بۇ قىينالغان ۋۇجۇدۇم باغۇ رىزۋاندىن.

ئاندىن ئەبۇ سەرۋە ئۇقبە ئىبنى هارىس بېرىپ خۇبەيبنى ئۆلتۈردى. خۇبەيب ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارى يوق ھالەتتە ئۆلتۈرۈلگەن ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن، ئۆلتۈرۈلۈش ئالدىدا ناماز ئوقۇشنى سۈننەت قىلىپ قالدۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار ئۆلتۈرۈلگەن كۈنىلا ساھابىلىرىگە ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزدى. ئاسىم ئىبنى سابىتنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرى قۇرەيش خەلقىگە ئاڭلانغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۇنىڭ راست ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ سۈپىتىدە ئۇنىڭ ئەزالىرىدىن بىر پارچە ئېلىپ كېلىشكە بىر تۈركۈم كىشىنى ئەۋەتتى. ئاسىم قۇرەيش خەلقىنىڭ چوڭ ئادەملىرىدىن بىرىنى ئۆلتۈرگەنىدى. ئاللاھ تائالا ئاسمانغا سايە چۈشۈرۈپ تۇرىدىغان بۇلۇتلارغا ئوخشاش ھەرىلەرنى ئەۋەتىپ، ئۇنى قۇرەيش خەلقى ئەۋەتكەن كىشىلەردىن قوغدىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاسىمنىڭ جەسىتىدىن ھېچ نەرسىنى كېسىۋېلىشقا قادىر بولالمىدى. — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن تەشكىللەنگەن بۇ جامائەتنىڭ پەزىلىتى، باتۇرلۇقى ۋە سەۋرچانلىقى بايان قىلىنغان.

2) خۇبەيب ۋە ئاسىمنىڭ كارامىتى، ئۇلارنىڭ مۇشرىكلارنىڭ ئازارلىرىغا سەۋر قىلغانلىقى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلار ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇلارنى قوغدىغانلىقى سۆزلەنگەن.



www.munber.org

3) شـﯩﻬﯩﺖ ﺑﻮﻟـﯘش ﺋـﺎﻟﺪﯨﺪا ﺋﯩﻜﻜﻰ رەﻛﺌـﻪت ﻧﺎﻣـﺎز ﺋﻮﻗﯘﺷـﻨﯩﯔ ﻳﺎﺧﺸﻰ ﺋﯩﻜـﻪﻧﻠﯩﻜﻰ. ﭼﯜﻧﻜﻰ، ﺧﯘﺑﻪﻳﺐ ﺷﯘﻧﺪاق ﻗﯩﻠﻐﺎن، ﭘﻪﻳﻐﻪﻣﺒﻪر ﺋﻪﻟﻪﻳﻬﯩﺴﺴﺎﻻﻣﻤﯘ ﺑﯘﻧﻰ ﻣﯘﻗﯩﻤﻼﺷﺘﯘرﻏﺎن.

**1510.** ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، مەن ئۆمەرنىڭ: «مەن بىرەر ئىشنى مۇنداق بولارمىكىن، دەپ ئويلىسام، شۇنداق بولاتتى»، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. ـــ بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى، ئىشلارنى توغرا مۆلچەرلەيدىغانلىقى ۋە ناھايىتى زېرەكلىكى، يۇقىرىقىلار ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا قىلغان مەرھەمىتى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ سالىھ، سادىق بەندىلىرىگە ئۇنىڭغا قىلغاندەك ئىلتىپاتلارنى قىلىدىغانلىقى.

## 254. باب غەيۋەتنىڭ ھاراملىقى ۋە تىلنى ساقلاشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَا يَغْتَب بَّعْضُكُم بَعْضًا أَيُحِبُّ أَحَدُكُمْ أَن يَأْكُلَ لَحْمَ أَخِيهِ مَيْتًا فَكَرِهْتُمُوهُ وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ تَوَّابٌ رَّحِيمٌ﴾ ﴿بىر ـ بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر؟» ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھۇجۇرات 12 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَا تَقْفُ مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ إِنَّ السَّمْعَ وَالْبَصَرَ وَالْفُؤَادَ كُلُّ أُولَٰئِكَ كَانَ عَنْهُ مَسْئُولًا﴾ ﴿بىلمەيدىغان نەرسەڭگە ئەگەشمە (يەنى بىلمىگەننى بىلدىم، كۆرمىگەننى كۆردۈم، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم، دېمە)، (ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى)نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەققەتەن سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئىسرا 36 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿مَا يَلْفِظُ مِن قَوْلٍ إِلَّا لَدَيْهِ رَقِيبٌ عَتِيدٌ﴾ ﴿ئۇ قانداق بىر سۆزنى قىلمىسۇن، ئۇنىڭ ئالدىدا ھامان پەرىشتە ھازىر بولۇپ كۆزىتىپ تۇرىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە قاف 18 ـ ئايەت)

شۇنى بىلگىنكى، ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان پايدىسى بولمىغان ھەر قانداق گەپتىن تىلنى ساقلىشى كېرەك. قىلىسىمۇ بولىدىغان، قىلمىسىمۇ بولىدىغان سۆزلەرنى قىلماسلىق سۈننەت ھېسابلىنىدۇ. بەزىدە قىلىش دۇرۇس بولىدىغان سۆزلەرمۇ ھارام ياكى مەكرۇھقا ئېلىپ بارىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدۇ. يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن ساقلىنىش شۇنداق ياخشىكى، ھېچ نەرسە توغرا كەلمەيدۇ.

www.munber.org

1511 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « مَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ فَلْيَقُلْ خَيْراً، أَوْ لِيَصْمُتْ » « كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى جىم تۇرسۇن »، دېدى (بۇ ھەدىستە شۇ نەرسە ئاشكارىكى، كىشى ياخشى سۆزنى قىلىشى كېرەك، سۆزلەشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغاندا مۇشۇنداق. سۆزنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىگە گۇمانلىنىپ قالسا، سۆزلىمەسلىك كېرەك). —
بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ياخشى سۆزلەرنى قىلىشنىڭ ۋەياكى پايدىسىز سۆزلەردىن تىلىنى يىغىشنىڭ ئىمانى كامىللىق جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى.

1512 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن: « ئى رەسۇلۇللاھ، قانداق مۇسۇلمان ئەڭ ئەۋزەل بولىدۇ؟ »، دېۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مَنْ سَلِمَ الْمُسْلِمُونَ مِن لِسَانِهِ وَيَدِهِ» « سۆزى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمىگەن كىشى »، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كىشىلەرگە ئازار بېرىشتىن چەكلەنگەن.

2) كىشىگە ئەزىيەت يەتكۈزمىگەن كىشىنىڭ ئەڭ ياخشى مۇسۇلمان ھېسابلىنىدىغانلىقى.

1513 ـ سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مَنْ يَضْمَنْ لِي ما بيْنَ لَحْيَيْهِ وَمَا بيْنَ رِجْلَيْهِ أَضْمنْ لهُ الجَنَّة» « كىمكى ئېغىزىنى ۋە جان يېرىنى ساقلاشقا كېپىللىك قىلسا، مەن ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە كېپىللىك قىلىمەن »، دېگەن. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: تىلى ۋە ئەۋرىتىنى ھارامدىن ساقلاشنىڭ جەننەتكە كىرىش ۋە دوزاختىن نىجات تېپىش يولى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن.

1514 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إنَّ الْعَبْد لَيَتَكَلَّمُ بالكَلِمةِ مَا يَتَبيَّنُ فيهَا يَزِلُّ بها إلى النَّارِ أَبْعَدَ ممَّا بيْنَ المشْرِقِ والمغْرِبِ» « بىر بەندە پەرۋاسىزلىق بىلەن ئاللاھ تائالانى نارازى قىلىدىغان بىرەر سۆزنى قىلىپ قويىدۇ ـ دە، بۇ سۆز سەۋەبىدىن ئاللاھ تائالا ئۇنى دوزاخقا تاشلايدۇ ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مۇسۇلمان كىشى تىلىنى يامان سۆزلەردىن ساقلىشى كېرەك. بەزىدە ئويلانماستىن، پەرۋاسىز دەپ تاشلىغان سۆز شۇ كىشىنى دوزاخقا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. شۇڭا، سۆزلەشتىن بۇرۇن سۆزنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاش زۆرۈر.

www.munber.org

**1515 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إنَّ الْعَبْدَ لَيَتَكَلَّمُ بِالكَلِمةِ مِنْ رِضْوَانِ اللَّهِ تَعَالى مَا يُلقِي لهَا بَالاً يَرْفَعُهُ اللَّه بهَا دَرَجاتٍ، وَإنَّ الْعبْدَ لَيَتَكلَّمُ بالْكَلِمَةِ مِنْ سَخَطِ اللَّهِ تَعالى لا يُلْقِي لَهَا بالاً يهوِي بهَا في جَهَنَّم» **« بەندە ئويلىمايلا ئاللاھ تائالانى مەمنۇن قىلىدىغان بىرەر سۆزنى قىلىپ قويىدۇ. بۇ سۆز سەۋەبىدىن ئۇنى ئاللاھ تائالا بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. يەنە بىر بەندە پەرۋاسىزلىق بىلەن ئاللاھ تائالانى نارازى قىلىدىغان بىرەر سۆزنى قىلىپ قويىدۇ. بۇ سۆز سەۋەبىدىن ئاللاھ تائالا ئۇنى دوزاخقا تاشلايدۇ ».** —— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇ ھەدىستە ياخشى سۆزلەرنى قىلغۇچىلارنىڭ جەننەتتىكى مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى بولىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىنغان. يامانلىقنى سۆزلىگۈچىلەرنىڭ دوزاخقا تاشلىنىشىدىن ئاگاھلاندۇرۇلغان.

**1516 ـ ئابدۇراھمان بىلال ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إنَّ الرَّجُلَ ليَتَكَلَّمُ بالْكَلِمَةِ مِنْ رِضْوانِ اللَّهِ تَعالى ما كَانَ يَظُنُّ أنْ تَبْلُغَ مَا بلَغَتْ يكْتُبُ اللَّه اللَّه بهَا رِضْوَانَهُ إلى يَوْمِ يلْقَاهُ، وَإنَّ الرَّجُلَ لَيَتَكَلَّمُ بالكَلِمةِ مِنْ سَخَطِ اللَّه مَا كَانَ يظُنُّ أن تَبْلُغَ ما بلَغَتْ يكْتُبُ اللَّه لَهُ بهَا سَخَطَهُ إلى يَومِ يلْقَاهُ» **« بىر ئادەم ئاللاھ تائالانى مەمنۇن قىلىدىغان بىر سۆزنى قىلىپ سالىدۇ ـ دە، شۇ سۆزنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە ئۆزى بىلەن ئۇچرىشىدىغان كۈنگىچە رازىلىقىنى پۈتۈۋېتىدىغانلىقى خىيالىغا كەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالانى نارازى قىلىدىغان بىر سۆزنى قىلىپ سالىدۇ ـ دە، شۇ سۆزنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىدىن قىيامەتكىچە نارازى بولىدىغانلىقى ئويىغىمۇ كەلمەيدۇ ».**

—— ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

**1517 ـ سۇفيان ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن: « ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا مەن مەھكەم ئېسىلىدىغان بىرەر سۆزنى دەپ بەرگىن »، دېۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «قُلْ ربِّي اللَّه، ثُمَّ اسْتَقِمْ» **« پەرۋەردىگارىم ئاللاھ دېگىن، ئاندىن توغرا بولغىن »، دېدى. مەن: « ئى رەسۇلۇللاھ، سېنىڭ مەندىن ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنىڭ نېمە؟ »، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ تىلىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:** «هذا» **« مۇشۇ »، دېدى.** —— ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئالدى بىلەن ئىمان ئېيتىش، ئىماننى مۇستەھكەملەش، ئارقىدىنلا ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش.

2) تىل ئاسانلا ئېزىپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرۇلغان.

www.munber.org

**1518** ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا تُكْثِرُوا الكَلامَ بغَيْرِ ذِكْرِ اللَّهِ، فَإِنَّ كَثْرَةَ الكَلامِ بِغَيْرِ ذِكْرِ اللَّه تَعالَى قَسْوةٌ لِلْقَلْبِ، وإِنَّ أَبْعَدَ النَّاسِ مِنَ اللَّهِ القَلبُ القَاسِي» «ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىشتىن باشقا سۆزلەرنى كۆپ سۆزلىمەڭلار. چۈنكى، ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىشتىن باشقا سۆزلەرنى تولا قىلىش دىلنى قاساۋەتلەشتۈرىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ تائالادىن ئەڭ يىراق كىشى بولسا دىلى قاساۋەتلىشىپ كەتكەن كىشىدۇر».

—— تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پايدىسىز گەپلەرنى كۆپ قىلىشنىڭ قەلبنىڭ قاساۋەتلىشىپ كېتىشىگە، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولۇشقا سەۋەب بولىدىغانلىقى.

**1519** ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ وَقَاهُ اللَّه شَرَّ مَا بيْنَ لَحْيَيْهِ، وشَرَّ مَا بَيْنَ رِجْلَيْهِ دَخَلَ الجَنَّةَ» «كىمكى ئاللاھ تائالا ئۇنى ئېغىزىنىڭ يامانلىقىدىن ۋە جان يېرىنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىسا، ئۇ كىشى جەننەتكە كىرىدۇ». —— تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇ ھەدىستە تىلنى ئاللاھ تائالا رازى بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىپ سېلىشتىن ساقلاش ۋە ئەۋرەتنى ھارامدىن ساقلاش تەكىتلەنگەن.

**1520**. ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! نىجاتلىققا قانداق ئېرىشكىلى بولىدۇ؟»، دېۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَمْسِكْ عَلَيْكَ لِسانَكَ، وَلْيَسَعْكَ بيْتُكَ، وابْكِ على خَطِيئَتِكَ» «تىلىڭنى چىڭ تۇت، ئۆيۈڭنى ئازادە بىل، خاتالىقلىرىڭغا يىغلىغىن»، دېدى. —— تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇ ھەدىستە تىلنى ساقلاشقا ۋە باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشتىن ئاجىز كەلگەندە ياكى كىشىلەر بىلەن ئارىلاشسا، نەپسى ۋە دىنىغا زىيان يېتىپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەندە، ئۆز ئىشلىرى بىلەن بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

**1521** ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إذا أَصْبح ابْنُ آدم، فَإِنَّ الأَعْضَاءَ كُلَّهَا تُكَفِّرُ اللِّسانَ، تَقُولُ: اتَّقِ اللَّه فينَا، فَإِنَّما نحْنُ بِكَ: فَإِنِ اسْتَقَمْتَ اسَتقَمْنا وإِنِ اعْوَججت اعْوَجَجْنَا» «تاڭ ئاتقان چاغدا ئادەم بالىسىنىڭ بارلىق ئەزالىرى تىلغا ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىپادىلەپ دەيدۇكى: ھەي تىل! بىز توغرۇلۇق ئاللاھ تائالادىن قورققىن، ھەقىقەتەن بىز سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن جازاغا تارتىلىمىز. ئەگەر سەن دۇرۇس بولساڭ، بىزمۇ دۇرۇس بولىمىز، ئەگەر سەن ئەگرى بولساڭ، بىزمۇ ئەگرى بولىمىز».

—— تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) تىل دىلنىڭ ئەلچىسى ۋە تەرجىمانى بولغانلىقى ئۈچۈن، تىلنىڭ ئىنسانىنىڭ ساق ـ سالامەت بولۇشتىكى ئەھمىيىتى. ئىنسانىنىڭ قىممىتى تىلى ۋە دىلىدىن ئىبارەت ئىككى كىچىك ئەزا بىلەن بولىدىغانلىقى.

2) بىرەر ئەزانىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈشى ياكى گۇناھقا مۇپتىلا بولۇشى باشقا ئەزالارغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى.

**1522** ـ مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن: « ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا مېنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ۋە دوزاختىن يىراق قىلىدىغان بىر ئەمەلنى دەپ بەرگىن »، دېۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لَقدْ سَأَلْتَ عنْ عَظِيمٍ، وإنَّهُ لَيَسِيرٌ عَلى منْ يَسَّرَهُ اللَّه تَعَالى علَيهِ: تَعْبُد اللَّه لا تُشْرِكُ بِهِ شَيْئاً، وتُقِيمُ الصَّلاةَ، وتُؤتي الزَّكَاةَ، وتصُومُ رمضَانَ وتَحُجُّ البَيْتَ إن استطعت إِلَيْهِ سَبِيْلاً، «ألا أدُلُّك عَلى أبْوابِ الخَيْرِ؟ الصَّوْمُ جُنَّةٌ .الصَّدَقةٌ تطْفِيءُ الخَطِيئة كما يُطْفِيءُ المَاءُ النَّار، وصلاةُ الـرَّجُلِ منْ جوْفِ اللَّيْلِ» « سەن ھەقىقەتەن چوڭ بىر ئىش توغرۇلۇق سورىدىڭ. ئۇ ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالا ئۇنى ئاسان قىلىدىغان بەندىگە ئاساندۇر. ئاللاھ تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلغايسەن، نامازنى ئادا قىلغايسەن، زاكاتنى بەرگەيسەن، رامىزان روزىسىنى تۇتقايسەن، ئەگەر قادىر بولالىساڭ ھەج قىلغايسەن »، دەپ ئاندىن: « ساڭا ياخشىلىقنىڭ دەرۋازىلىرىنى كۆرسىتەيمۇ؟! روزا قالقاندۇر، سەدىقە ۋە ئەر كىشىنىڭ يېرىم كېچىدە ئوقۇغان نامىزى خاتالىقنى سۇ ئوتنى ئۆچۈرگەندەك ئۆچۈرۈۋېتىدۇ »، دەپ ﴿تتجافى جُنُوبهُمْ عَنِ المَضَاجِعِ﴾ ﴿ئۇلارنىڭ بىقىنلىرى ياتىدىغان جايلىرىدىن يىراق بولىدۇ (يەنى، ئۇلار كېچىسى ئىبادەت قىلىپ ئاز ئۇخلايدۇ)... كاتتا نېئمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ﴾ (« قۇرئان كەرىم » سۈرە سەجدە 16 ـ، 17 ـ ئايەتلەر) دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇدى. ئاندىن: «ألا أُخْبِرُكَ بِرَأسِ الأمْرِ، وعمودِهِ، وذِرْوَةِ سَنامِهِ» « مەن ساڭا ئىشنىڭ بېشى، ئۇنىڭ تۈۋرۈكى ۋە ئۇنىڭ چوققىسىنى دەپ بېرەيمۇ؟ »، دېۋىدى، مەن: « شۇنداق قىلغىن، ئى رەسۇلۇللاھ »، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «رأْسُ الأمْـرِ الإسْـلامُ، وعَمُـودُهُ الصَّـلاةُ . وذروةُ سـنامِهِ الجِهَـادُ» « ئىشنىڭ بېشى ئىسلامدۇر، ئۇنىڭ تۈۋرۈكى نامازدۇر، چوققىسى جىھادتۇر »، دەپ، ئاندىن: «ألا أُخْبِرُكَ بِمِلاكِ ذلكَ كله؟» « مەن ساڭا ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇلىنى دەپ بېرەيمۇ؟ »، دېدى. مەن: « شۇنداق قىلغىن ئى رەسۇلۇللاھ! »، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ تىلىنى تۇتۇپ: « بۇ تىلىڭنى يىغقىن »، دېدى. مەن: « ئى رەسۇلۇللاھ. بىز قىلغان سۆزلىرىمىزگىمۇ جاۋابكارلىققا تارتىلامدۇق؟ »، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ثَكِلتْكَ أُمُّكَ، وهَلْ يَكُبُّ النَّاسَ في النَّارِ على وَجُوهِهِم إلاَّ حصَائِدُ ألْسِنَتِهِمْ؟» « ئىست ساڭا، كىشىلەرنىڭ دوزاخقا دۈم تاشلىنىشىغا پەقەت ئۇلارنىڭ تىللىرى سەۋەب بولىدۇ »، دېدى. — تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىسلام ئەركانلىرىدىن ھەر بىر رۇكنىنىڭ ئەھمىيىتى بايان قىلىنغان.

2) تىلنىڭ خەتىرى ۋە تىلنى يامانلىقتىن ساقلىمىسا، ئۇنىڭ كىشىنىڭ دوزاخقا چۈشۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

**1523 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە: «أتَدْرُونَ ما الغِيبَةُ؟» « غەيۋەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ »، دېۋىدى. ئۇلار: « ئاللاھ تائالا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلى ئەڭ ياخشى بىلىدۇ »، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ذِكْرُكَ أخَاكَ بما يكْرَهُ» « قېرىندىشىڭ ياقتۇرمايدىغان نەرسىنى تىلغا ئېلىشىڭ »، دېۋىدى: « مېنىڭ دېگەنلىرىم قېرىندىشىمدا ھەقىقەتەن تېپىلسىچۇ؟ »، دېيىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إنْ كانَ فِيهِ ما تقولُ فَقَدِ اغْتَبْته، وإنْ لَمْ يكُن فِيهِ ما تَقُولُ فَقَدْ بهتَّهُ» « بار نەرسىنى دېسەڭ غەيۋەت قىلغان بولىسەن. ئەگەر ئۇنىڭدا يوق نەرسىنى دېسەڭ بوھتان قىلغان بولىسەن »، دېدى.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: غەيۋەت ۋە بوھتاننىڭ مەنىسى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ ئىككىسى تىلنىڭ ئاپەتلىرىدىن ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

**1524 - ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەججىدە قۇربان ھېيت كۈنى مىنادا تۇرۇپ سۆزلىگەن نۇتقىدا مۇنداق دېگەن: «إنَّ دِماءَكُم، وأمْوالَكم وأعْراضَكُم حرامٌ عَلَيْكُم كَحُرْمة يومِكُم هذا، في شهرِكُمْ هذا، في بلَدِكُم هذا، ألا هَلْ بلَّغْت» « بىر - بىرىڭلارنىڭ جېنىغا، مېلىغا، ئابرۇيىغا چېقىلىش خۇددى مۇشۇ ئاينىڭ، مۇشۇ كۈننىڭ، مۇشۇ جاينىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماسلىققا ئوخشاشلا ھارامدۇر، ئاگاھ بولۇڭلاركى، سىلەرگە يەتكۈزدۈممۇ؟ ».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مۇسۇلماننىڭ قېنىغا، مېلىغا ۋە ئابرۇيىغا شەرئى سەۋەبسىز چېقىلىشنىڭ، شۇنداقلا مۇسۇلمانغا غەيۋەت ئارقىلىق تاجاۋۇز قىلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى.

**1525 - ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: « سىلىگە سەفىيەنىڭ مۇنداق، مۇنداق تەرىپى (ئائىشە سەفىيەنىڭ پاكارلىقىنى كۆزدە تۇتقان) كۇپايە قىلمامدۇ؟ »، دېۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لقَدْ قُلْتِ كَلِمةً لو مُزجتّ بماءِ البحْر لَمَزَجتْه» « سەن شۇنداق بىر سۆزنى قىلدىڭ، ئەگەر ئۇ سۆز دېڭىز سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇلسا، ئەلۋەتتە ئۇ دېڭىزغا تېتىغان بولاتتى »، دېدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېيتتى: « مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر كىشىنىڭ ھەرىكىتىنى دوراپ بېرىۋىدىم، پەيغەمبەر**

www.munber.org

ئەلەيھىسسالام ماڭا: ‹ما أحِبُّ أني حكَيْتُ إنْساناً وإنَّ لي كذا وَكَذَا› ‹مەن ئۇچۇن شۇنداق پايدىلار بولسىمۇ، بىر كىشىنىڭ قىلىقىنى دوراشنى ياقتۇرمايمەن›، دېدى. — ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇ ھەدىستە مۇسۇلمان كىشى غەيۋەت قىلىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلغان.

1526 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لمَّا عُرِجَ بي مررْتُ بِقَوْمٍ لهُمْ أظْفَارٌ مِن نُحاسٍ يَخمِشُونَ بهَا وجُوهَهُمْ وَصُدُورَهُم، فَقُلْتُ: منْ هـؤلاءِ يَا جِبْرِيل؟ قَال: هـؤلاءِ الَّذِينَ يَـأْكُلُونَ لُحُـوم النَّـاسِ، ويَقَعُـون في أعْراضِـهمْ» « مەن مىئراجقا ئەپچىقىلغان كېچىدە تىرناقلىرى تۇچتىن بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن يۈزلىرىنى، مەيدىلىرىنى تاتىلاۋاتقان بىر جامائەنى كۆرۈپ: ‹ئى جىبرىئىل، ئۇلار كىملەر؟›، دەپ سورىۋىدىم، جىبرىئىل: ‹ئۇلار كىشىلەرنىڭ گۆشلىرىنى يەيدىغان (غەيۋەت قىلىدىغان)، ئۇلارنىڭ ئابرۇيىنى تۆكىدىغان كىشىلەردۇر›، دېدى ».

— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: غەيۋەتتىن ئاگاھلاندۇرۇلغان ۋە غەيۋەت قىلغۇچىنى ئادەم گۆشى يېگۈچىگە ئوخشاتقان.

1527 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كُلُّ المُسلِمِ عَلى المُسْلِمِ حرَامٌ: دَمُهُ وعِرْضُهُ وَمَالُهُ» « بىر مۇسۇلماننىڭ قېنى، ئابرۇيىنى تۆكۈش ۋە مېلىغا چېقىلىش يەنە بىر مۇسۇلمان ئۇچۇن ھارامدۇر ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانلارنىڭ جانلىرى، ئىناۋەت ـ ئابرۇيلىرى ۋە مېلىنى ساقلاشقا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

## 255 ـ باب غەيۋەتكە قۇلاق سېلىشنىڭ ھاراملىقى، غەيۋەتنى ئاڭلاپ قالغان كىشىنى غەيۋەتنى ئىنكار قىلىشقا ۋە رەت قىلىشقا بۇيرۇش، ئەگەر بۇنداق قىلىشتىن ئاجىز كەلسە ياكى غەيۋەت قىلغۇچى ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلمىسا، مۇمكىن قەدەر ئۇ يەردىن كېتىشنىڭ لازىملىقى توغرىسىدا

ئالالاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِذَا سَمِعُوا اللَّغْوَ أَعْرَضُوا عَنْهُ﴾ ﴿ئۇلار بىھۇدە سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە قەسەس 55 ـ ئايەت)

ئالالاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَالَّذِينَ هُمْ عَنِ اللَّغْوِ مُعْرِضُونَ﴾ ﴿ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە مۇئمىن 3 ـ ئايەت)



www.munber.org

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ السَّمْعَ وَالْبَصَرَ وَالْفُؤَادَ كُلُّ أُولـئِكَ كَانَ عَنْهُ مَسْؤُولاً﴾ ﴿(ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىلنىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سوراق قىلىنىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئىسرا 36 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِذَا رَأَيْتَ الَّذِينَ يَخُوضُونَ فِي آيَاتِنَا فَأَعْرِضْ عَنْهُمْ حَتَّى يَخُوضُواْ فِي حَدِيثٍ غَيْرِهِ وَإِمَّا يُنسِيَنَّكَ الشَّيْطَانُ فَلاَ تَقْعُدْ بَعْدَ الذِّكْرَى مَعَ الْقَوْمِ الظَّالِمِينَ﴾ ﴿بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز توغرىسىدا (تەنە ۋە مەسخىرە قىلىپ) پاراڭ سېلىشىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرگىنىڭدە، ئۇلار بۇنىڭدىن باشقا پاراڭغا چۆشمىگۈچە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىن، ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماسلىقنى شەيتان ساڭا ئۇنتۇلدۇرغان بولسا، ئېسىڭگە كەلگەندىن كېيىن، زالىم قەۋم بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەنئام 68 ـ ئايەت)

1528 ـ ئەبۇ دەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «منْ ردَّ عَنْ عِرْضِ أخيهِ، ردَّ اللَّه عنْ وجْهِهِ النَّارَ يوْمَ القِيَامَةِ» «كىمكى بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ غەيۋىتى قىلىنغان يەردە ئۇنىڭ ئابرۇيىنى ساقلاپ قالسا، ئاللاھ تائالا ئۇنى قىيامەت كۈنى دوزاختىن ساقلاپ قالىدۇ».

— تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: دۇنيادا بىرەر مۇسۇلماننىڭ ئابرۇيىنى قوغداشنىڭ ئاخىرەتتە دوزاخ ئازابىدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

1529 ـ ئىتبان ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ ئۆمىدۋارلىق توغرىسىدىكى بابتا ئۆتكەن مەشھۇر ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇرۇپ ناماز ئوقۇدى. ئۇ: «أيْنَ مالِكُ بنُ الدُّخْشُمِ؟» «دۇخشۇمنىڭ ئوغلى مالىك كۆرۈنمەيدىغۇ؟»، دېدى. بىر كىشى: «ئۇ ئاللاھ تائالانى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيمەيدىغان مۇناپىق»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لا تقُلْ ذلكَ، ألا تَراه قد قَال: لا إلهَ إلاَّ اللَّه يُريدُ بذلك وجْه اللَّه، وإن اللَّه قدْ حَرَّمَ على النَّارِ منْ قال: لا إله إلاَّ اللَّه يبْتَغِي بِذلكَ وجْهَ اللَّه» «ئۇنداق دېمىگىن، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى تىلەپ ‹بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق›، دېگەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى تىلەپ: ‹بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق›، دېگەن كىشىگە ئاللاھ تائالا دوزاخنى ھارام قىلغان»، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) غەيۋەتنى چەكلەش ئۇنىڭ ھارام بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. غەيۋەتنى چەكلەش غەيۋەت قىلغۇچىنى توسۇش ئارقىلىق ۋەياكى ئېيتقان سۆزىنى رەت قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ.

2) قىلىنغان ياخشى ئەمەللەردە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى، ئاللاھ تائالاغا قۇلچىلىق قىلىش ۋە ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش كۆزدە تۇتۇلسىلا، ئاندىن پايدىسى بولىدىغانلىقى.

**1530.** ئابدۇللاھ ئىبنى كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇنىڭ تەۋبە توغرىسىدىكى ئۇزۇن ھەدىسىدە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇكتا كىشىلەر ئارىسىدا ئولتۇرۇپ: «ما فعل كعبُ بنُ مالك؟» «كەئب ئىبنى مالىكقا نېمە بولدى؟» ، دەپ سورىدى. بەنى سەلەمە جەمەتىدىن بولغان بىر كىشى: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، كەئبنى ئۆزىنىڭ ئېسىل تونىنى كىيىپ، ئىككى يانغا ئېغىناپ مېڭىشلىرى ئۇرۇشقا كەلگىلى قويمىغاندۇ» ، دېدى. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: «ئەجەب يامان گەپ قىلدىڭ. ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئى رەسۇلۇللاھ، بىز كەئبنى پەقەت ياخشى دەپلا بىلىمىز» ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆز قىلماي جىم تۇردى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مۇئاز ئىبنى جەبەلنىڭ قېرىندىشى كەئبنى قوغدىغانلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەستىقلىغانلىقى بايان قىلىنىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشتىن ساقلىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

## 256 ـ باب يامان بولمايدىغان غەيۋەتلەر توغرىسىدا

غەيۋەتسىز يەتكىلى بولمايدىغان توغرا دىنىي مەقسەت ئۈچۈن قىلىنغان غەيۋەت دۇرۇس بولىدۇ. بۇنىڭ دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئالتە تۈرلۈك ئەھۋالنىڭ بىرى بولۇشى كېرەك.

بىرىنچىسى، يەتكەن زۇلۇمنى شىكايەت قىلىش. سۇلتانغا، قازىغا ياكى ئىش ئۈستىدىكىلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، زۇلۇم قىلغۇچىنىڭ ئۈستىدىن ھەققىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن شىكايەت قىلىش.

ئىككىنچى، ناشايان ئىشلارنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن. گۇناھكارلارنى توغرا يولغا سېلىش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان كىشىگە مۇنداق يامان ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، پالانى مۇنداق گۇناھ ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ، بۇنى توسقىن، دەپ شىكايەت قىلىش.

ئۈچىنچى، پەتىۋا سوراش ئۈچۈن. پەتىۋا بەرگۈچىگە ئاتام، قېرىندىشىم، ئېرىم ياكى پالانى زۇلۇم قىلغۇچى زۇلۇم قىلىۋاتىدۇ، ياكى پالانچى مۇنداق بوزەك قىلىۋاتىدۇ، ئۇ مۇشۇنداق قىلسا بولامدۇ؟ قانداق قىلىپ بۇ زۇلۇمدىن خالاس تاپىمەن، ئۆزۈمنىڭ ھەققىگە ئېرىشەلەيمەن؟ دەپ چىقىش يولى سوراپ بولىدۇ. ئەڭ

www.munber.org

ياخشىسى، سوئال سورىغاندا ئەينەن ئىسمىنى ئاتماي، پالانى مۇنداق بولۇپتىكەن، دېگەن تۈزۈك.

تۆتىنچى، مۇسۇلمانلارنى يامانلىقتا ئۇچراپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش. نەسىھەت قىلىش، ئۇلارغا سادىق بولۇش يۈزىسىدىن غەيۋەت قىلىش توغرىدۇر. بىر قىسىم ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنى ئىشەنچىسىز، دەپ قارىغانلىرىنى بىلدۈرۈپ قويۇش، گۇۋاھچىلارنىڭ ئىشەنچىسىز ئىكەنلىكى، تويى قىلماقچى بولغان ئادەم قارشى تەرەپنى سۈرۈشتۈرگەندە ئەھۋالنى تولۇق بىلگۈچىنىڭ راست سۆزلىشى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئاگاھلاندۇرۇشقا تېگىشلىك بارلىق ئىشلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش زۆرۈردۇر. بۇ مۇسۇلمانلار بىرلىككە كەلگەن ئىشتۇر.

بەشىنچى، پاسىق ياكى بىدئەتچىلىكى بىلەن ئاشكارا بولغان ئادەمنىڭ يامان قىلمىشلىرىنى تىلغا ئېلىش.

ئالتىنچى، تونۇشتۇرۇش، ئەگەر بىر ئادەم توكا، گاچا، قارىغۇ، ئالغاي دېگەندەك لەقەملەر بىلەن تونۇشلۇق بولسا، ئۇ ئادەمنى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن لەقەملىرى بىلەن ئاتاش، ئەمما ئۇ ئادەمنى كەمسىتىش يۈزىسىدىن لەقەملىرىنى ئاتاش ھارامدۇر.

1531 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈشكە رۇخسەت سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ائذَنُوا لهُ، بئس أخو العشِيرَةِ؟» «ئۇنىڭغا رۇخسەت بېرىڭلار، بۇ ئادەم ئۆز جەمەتىنىڭ يامان ئادىمىدۇر» ، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئىمام نەۋەۋى ئەھلى پىتنە ـ پاساتچىلار ۋە پاسىقلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىگە ئالدىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلار ئۈستىدىن غەيۋەت قىلىشقا بولىدۇ، دەپ قارىغان.

1532 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَا أَظُن فُلاناً وفُلاناً يعرِفَانِ مِنْ ديننا شَيْئاً» «مەن پالانچى، پالانچىلارنى دىنىمىزدىن بىرەر نەرسە بىلىدۇ، دەپ قارىمايمەن» . رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان لەيس ئىبنى سەئد: «بۇ ئىككىسى مۇناپىقلاردىن ئىدى» ، دەيدۇ. — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مۇناپىق كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىنى بىلمەيدىغان ئادەمنىڭ ئۇلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە قاراپ ئالدىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، مۇناپىقلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشقا بولىدىغانلىقى.

www.munber.org

1533 ـ فاتىمە بىنتى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: « ئەبۇ جەھمى بىلەن مۇئاۋىيە ماڭا تويى تەلەپ قويدى »، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أمَّا مُعَاوِيةُ، فَصُعْلُوكٌ لا مالَ له، وأمَّا أبو الجَهْمِ فلا يضَعُ العَصا عنْ عاتِقِهِ» « مۇئاۋىيە بولسا نامرات، پۇلى يوق ئادەم، ئەبۇ جەھمى بولسا يەلكىسىدىن ھاسىسى چۈشمەيدىغان ئادەم (كۆپ سەپەر قىلىدىغان ئادەم دېمەكچى. ـــ ت) »، دېدى. ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: ئەبۇ جەھمى ئاياللارنى ئۇرغاق ئادەم، دېيىلگەن.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: تويى قىلماقچى بولغان كىشى قارشى تەرەپنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئاشۇرۇۋەتمەي، راستچىللىق بىلەن ئۇنىڭ كەمچىلىكلىرىنى دەپ بېرىشىنىڭ غەيۋەت ھېسابلانمايدىغانلىقى.

1534 ـ زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە سەپەرگە چىققانىدۇق. كىشىلەر سەپەردە قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي: « رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدىكى كىشىلەرگە ھېچ نەرسە بەرمەڭلار، ئۇلار تاراپ كەتسۇن »، دېدى ۋە يەنە: « ئەگەر بىز مەدىنىگە قايتساق، ئەڭ ئەزىز ئادەم ئەڭ خار ئادەمنى مەدىنىدىن چىقىرىۋېتىدۇ »، دېدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ بۇ ئەھۋالنى ئېيتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيگە ئادەم ئەۋەتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي: « مەن ئۇنداق دېمىدىم »، دەپ قەسەم ئىچىپ تۇرۇۋالدى. ساھابىلەر: « زەيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يالغان ئېيتىپتۇ »، دېيىشتى. ئۇلارنىڭ بۇ سۆزى ماڭا قاتتىق ئېغىر كەلدى. ھەتتا، ئاللاھ تائالا مېنىڭ راستچىللىقىم توغرۇلۇق ﴿إذا جاءَكَ الْمُنَافِقُون﴾ ﴿مۇناپىقلار سېنىڭ ئالدىڭغا كەلگەن چاغدا...﴾ (« قۇرئان كەرىم » سۈرە مۇناپىقۇن 1 ـ، 2 ـ ئايەتلەر) دېگەن ئايەت نازىل قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇناپىقلارنى تەۋبە قىلىشقا چاقىردى. ئۇلار تەۋبە قىلىشتىن باش تارتتى. ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مۇناپىق ۋە خائىنلارنىڭ سىرلىرىنى ئاشكارىلاشقا بولىدىغانلىقى ۋە بۇنداق قىلىشنىڭ غەيۋەت ھېسابلانمايدىغانلىقى.

1535 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ سۇفياننىڭ ئايالى ھىندى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇزۇرىغا كېلىپ: « ئەبۇ سۇفيان پىخسىق ئادەم، ئۇ ماڭا ۋە بالامغا يەتكۈدەك نەپىقە بەرمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا بىلدۈرمەي ئېلىۋالغان نەرسەمنى قوشسام ئاندىن يېتىدۇ »، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:



www.munber.org

«خُـذِي مـا يكْفِـيكِ وولَـدَكِ بـالمعْرُوفِ» « ئۆزۈڭگـە ۋە بالاڭغـا كۇپـايە قىلغـۇدەك ئالساڭ بولىدۇ » ، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى:1) ئەر ـ ئايال شەرىئەتنىڭ ھۆكمى بويىچە پەتىۋا سورىغان ۋاقىتتا بىر ـ بىرىنىڭ ئەيىبىنى ئېيتسا بولىدىغانلىقى.

2) ئېرى ئايالىغا بېرىشقا تېگىشلىك نەپىقىنى بەرمىسە، ئايالى ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز مالدىن ئۆز ھەققىنى ئالسا بولىدىغانلىقى.

## 257 . باب چېقىمچىلىقنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿هَمَّازٍ مَّشَّاء بِنَمِيمٍ﴾ ﴿غەيۋەتخور، سۆخەنچىگە ئىتائەت قىلمىغىن﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە قەلەم 11 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿مَا يَلْفِظُ مِن قَوْلٍ إِلَّا لَدَيْهِ رَقِيبٌ عَتِيدٌ﴾ ﴿ئۇ قانداق بىر سۆزنى قىلمىسۇن، ئۇنىڭ ئالدىدا ھامان پەرىشتە ھازىر بولۇپ كۆزىتىپ تۇرىدۇ﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە قاف 18 ـ ئايەت)

1536 ـ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا يَدْخُلُ الجنةَ نَمَّامٌ» « سۆخەنچى ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: چېقىمچى چېقىمچىلىقنىڭ ھاراملىقىنى بىلىپ تۇرۇپ چېقىمچىلىقنى ھالال سانىسا، جەننەتكە كىرەلمەيدىغانلىقى. ئەگەر ھاراملىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئاسىيلارچە چېقىمچىلىق قىلىپ سالسا، جەننەتكە تۇنجى قېتىم كىرگۈچىلەر بىلەن بىللە كىرەلمەيدىغانلىقى.

1537 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى قەبرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ مۇنداق دېدى: «إنَّهُمَا يُعَذَّبانِ، وَمَا يُعَذَّبَانِ في كَبيرٍ، بَلَى إنَّهُ كَبيرٌ: أمَّا أحَدُهمَا، فَكَانَ يَمشِي بالنَّميمَةِ، وأمَّا الآخرُ فَكَانَ لا يسْتَتِرُ مِنْ بولِه» « بۇ ئىككى قەبرىدىكىلەر ئازاب چېكىۋېتىپتۇ. ئازاب چېكىش چوڭ گۇناھ سەۋەبىدىن ئەمەس، دۇرۇس، بەلكى ئۇ چوڭ گۇناھتۇر. ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى چېقىمچىلىق قىلاتتى. يەنە بىرى بولسا، سۈيدۈك چاچراپ كېتىشتىن ساقلانمايتتى ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) چېقىمچىلىقنىڭ ھارام ئىكەنلىكى ۋە قەبرىدە ئازابلىنىشقا سەۋەبچى بولىدىغان چوڭ گۇناھلارنىڭ قاتارىدا ئىكەنلىكى.

2) كىچىك تاھارەت قىلغاندا ئۆزىنى دالدىغا ئېلىش ۋە سۈيدۈكتىن تازىلىنىش لازىملىقى.

www.munber.org

3) قەبرە ئازابىنىڭ ئىسپاتلىنىشى ۋە سۆخەنچىلىكنىڭ، سۈيدۈكتىن ساقلانماسلىقنىڭ، شۇنداقلا كىچىك تاھارەت قىلغاندا كىشىلەردىن دالدىلانماسلىقنىڭ قەبرە ئازابىغا سەۋەب بولىدىغانلىقى.

**1538** ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ألا أُنَبِّئكُم ما العَضْهُ؟ هي النَّميمةُ، القَالَةُ بيْنَ النَّاسِ» «مەن سىلەرگە بوھتاننىڭ نېمىلىكىنى ئېيتىپ بەرمەيمۇ؟ ئۇ سۆخەنچىلىكتىن كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۆز ـ چۆچەك پەيدا قىلىشتىن ئىبارەتتۇر». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: چېقىمچىلىقتىن ئاگاھلاندۇرۇش، چېقىمچىلىقنىڭ تەپرىقچىلىق ۋە دۈشمەنلىشىشكە سەۋەب بولىدىغانلىقى.

## 258. باب كەپ توشۇش، پىتنە ـ پاساتتىن قورقۇشتەك زۆرۈرىيەت بولمىغاندا كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىنى باشقىلارغا يەتكۈزۈشتىن چەكلەش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَلاَ تَعَاوَنُواْ عَلَى الإِثْمِ وَالْعُدْوَانِ﴾ ﴿گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە مائىدە 2 ـ ئايەت)

**1539** ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا يُبَلِّغْني أحدٌ من أصْحابي عنْ أحَدٍ شَيْئاً، فَإنِّي أُحِبُّ أنْ أخْرُجَ إِلَيْكُمْ وأنا سليمُ الصَّدْرِ» «ماڭا ساھابىلىرىمدىن ھېچ ئادەم بىراۋ ئۈستىدە سۆخەنچىلىك قىلمىسۇن. شۈبھىسىزكى، مەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا دىلىم ساغلام چىقىشنى ياقتۇرىمەن». — ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى يېپىشقا ۋە باشقىلارنىڭ نۇقسانلىرىنى كەچۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

## 259. باب ئىككى يۈزلىمىچىلىكنى سۆكۈش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿يَسْتَخْفُونَ مِنَ النَّاسِ وَلاَ يَسْتَخْفُونَ مِنَ اللّهِ وَهُوَ مَعَهُمْ إِذْ يُبَيِّتُونَ مَا لاَ يَرْضَى مِنَ الْقَوْلِ وَكَانَ اللّهُ بِمَا يَعْمَلُونَ مُحِيطًا﴾ ﴿ئۇلار خىيانەتلىرىنى ئىنسانلاردىن (خىجىل بولۇپ) يوشۇرىدۇ. ئاللاھ تائالادىن (خىجىل بولۇپ) يوشۇرمايدۇ. ئۇلار ئاللاھ رازى بولمايدىغان سۆزنى پىلانلىغان چاغدا ئاللاھ ئۇلار بىلەن بىللە ئىدى. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئاللاھ تامامەن بىلگۈچىدۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە نىسا 108 ـ ئايەت)



www.munber.org

**1540. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «تَجِدُونَ النَّاسَ معادِنَ: خِيارُهُم في الجاهِلِيَّةِ خيارُهُم في الإسْلامِ إذا فَقُهُوا، وتَجِدُونَ خِيارَ النَّاسِ في هذا الشَّأْنِ أشدَّهُمْ لهُ كَراهِيةً، وتَجِدُونَ شَرَّ النَّاسِ ذا الوجْهيْنِ، الذي يأتي هؤلاءِ بِوجْهٍ وَهؤلاءِ بِوَجْهٍ» **« بايقايسىلەركى، كىشىلەر كانغا ئوخشايدۇ. شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بىلسىلا ئۇلارنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ياخشىلىرى ئىسلامىيەت دەۋرىدىمۇ ياخشى ھېسابلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ ياخشىلىرى مەنسەپ تۇتۇشنى ئەڭ ياقتۇرمايدۇ. ئۇلارغا بىر يۈزى بىلەن، بۇلارغا بىر يۈزى بىلەن كېلىدىغان ئىككى يۈزلىمچى ئادەملەرنىڭ كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامىنى ئىكەنلىكىنى بايقايسىلەر ».**

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) جاھىلىيەتتە ئېسىل ھېسابلىنىدىغان كىشىلەرنىڭ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، تېخىمۇ ئېسىل بولۇپ كەتكەنلىكى.

2) كىشىلەر ئارىسىدىكى مەنسەپكە لايىق كىشى مەنسەپكە بېرىلمەيدىغان كىشى ئىكەنلىكى. چۈنكى، ئۇنداق كىشىنىڭ مەنسەپكە ئېرىشىسە ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىشقا ھېرىسمەن كېلىدىغانلىقى.

3) بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ يېنىغا كېلىپ: « مەن سىلەردىن »، دەپ يەنە بىر تۈركۈمنىڭ يېنىغا بېرىپ: « مەن ئۇلار بىلەن بىللە ئەمەس، سىلەر بىلەن بىللە »، دەيدىغان ئىككى يۈزلىمچى كىشىلەر ئادەملەر ئىچىدىكى ئەڭ ئەسكى كىشىلەر ھېسابلىنىدىغانلىقى، ئەپلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىككى تەرەپكە بارىدىغان كىشىنىڭ ياخشى كىشى ئىكەنلىكى.

**1541 - مۇھەممەد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، كىشىلەر ئۇنىڭ بوۋىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرگە: « بىز ئىش بېشىلىرىمىزنىڭ ئالدىغا كىرگەندە، ئۇلارنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىپ، ئۇلارنىڭ يېنىدىن چىقىپلا ئۇلارنىڭ يامان گېپىنى قىلىمىز »، دېگەندە، ئابدۇللاھ: « بىز بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا ئىككى يۈزلىمچىلىك، دەپ قارايتتۇق »، دېدى.**

—— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) باشقىلارنىڭ ئالدىدىمۇ، كەينىدىمۇ راستچىل بولۇش سادىق مۇئمىنلەرنىڭ ئىشى. ئەمما، باشقىلارنى ئالدىدا ماختاپ، كەينىدىن ئەيىبلەيدىغان ئىش قورقۇنچاق مۇناپىقلارنىڭ ئىشى.

2) مۇسۇلمان كىشى ھۆكۈمرانلارغىمۇ نەسىھەت قىلىدۇ. پايدا ـ مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزىنى خار قىلمايدۇ.

www.munber.org

## 260 ـ باب يالغانچىلىقنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَلاَ تَقْفُ مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ﴾ ﴿بىلمەيدىغان نەرسەڭگە ئەگەشمە (يەنى، بىلمىگەننى بىلدىم، كۆرمىگەننى كۆردۇم، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم دېمە)﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئىسرا 36 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿مَا يَلْفِظُ مِن قَوْلٍ إِلَّا لَدَيْهِ رَقِيبٌ عَتِيدٌ﴾ ﴿ئۇ قانداق بىر سۆزنى قىلمىسۇن، ئۇنىڭ ئالدىدا ھامان پەرىشتە ھازىر بولۇپ كۆزىتىپ تۇرىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە قاف 18 ـ ئايەت)

**1542** ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إنَّ الصِّدْقَ يهْدِي إلى الْبِرِّ وَإنَّ البرَّ يهْدِي إلى الجَنَّةِ، وإنَّ الرَّجُل لَيَصْدُقُ حتَّى يُكتَبَ عِنْدَ اللَّهِ صِدِّيقاً، وإنَّ الْكَذِبَ يَهْدِي إلى الفُجُورِ وإنَّ الفُجُورَ يهْدِي إلى النارِ، وإن الرجل لَيكذبَ حَتى يُكْتَبَ عِنْدَ اللَّهِ كَذَّاباً» «راستچىللىق كىشىنى ياخشىلىققا يېتەكلەيدۇ. ياخشىلىق كىشىنى جەننەتكە ئېلىپ بارىدۇ. كىشى ھەقىقەتەن راست سۆزلەۋەرسە بارا ـ بارا راستچىللار قاتارىغا ئۆتىدۇ. يالغانچىلىق كىشىنى گۇناھقا يېتەكلەيدۇ. گۇناھ كىشىنى دوزاخقا ئېلىپ بارىدۇ. كىشى ھەقىقەتەن يالغان سۆزلەۋەرسە، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ‹كاززاپ›، دەپ يېزىلىدۇ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) راستچىل بولۇشقا ۋە راستچىللىققا كۈچلۈك بۇلۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن. چۈنكى، داۋاملىق راستچىل بولغان كىشى راستچىللىقى بىلەن تونۇلىدۇ.

2) يالغانچىلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا سەل قاراشتىن ئاگاھلاندۇرۇلغان. يالغانچىلىق ئەڭ زىيانلىق ئىش، ئەمما، راستچىللىق بولسا ئەڭ پايدىلىق ئىش.

3) راستچىللىق كىشىنى جاپا ـ مۇشەققەتلەر ئالدىدا قەيسەر بولۇشقا ئۈندەيدۇ. يالغانچىلىق بولسا، شۇ كىشىنىڭ قىينچىلىقتىن قورقىدىغانلىقى ۋە ئۆزىگە ئىشەنچىسى يوقلۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

4) بىرەر ئىشقا ئادەتلىنىپ، شۇنىڭغا بېرىلگەندە بۇ ئىش شۇ كىشىنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ، شۇ خىسلەت بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا تونۇلىدىغانلىقى.

**1543** ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «أَرْبعٌ منْ كُنَّ فِيهِ، كان مُنافِقاً خالِصاً، ومنْ كَانتْ فيهِ خَصْلَةٌ مِنْهُنَّ، كَانتْ فِيهِ خَصْلَةٌ مِنْ نِفاقٍ حتَّى يَدعَهَا: إذا اؤْتُمِنَ خَانَ، وَإذا حدَّثَ كَذَبَ، وإذا عاهَدَ غَدَرَ، وإذا خَاصمَ فجَرَ» «مۇنداق تۆت خىسلەت بار، كىمدە مۇشۇ تۆت خىسلەت بولىدىكەن، ئۇنى تەرك ئەتمىگۈچە ئۇنىڭدا مۇناپىقلىقتىن بىر خىسلەت بولغان بولىدۇ. بۇ تۆت خىسلەت: ‹يالغان سۆزلىمەك، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلماق، قىلغان توختامنى بۇزماق، جېدەللەشكەندە ئېغىزنى بۇزماق›». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) يۇقىرىقى ناچار خىسلەتلەردىن يىراق بولۇش، چۈنكى ئۇ خىسلەتلەر مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكى.

2) يۇقىرىقى تۆت خىسلەتنىڭ ھەممىسى بىرەر كىشىدە تەڭ تېپىلسا، ئۇ كىشىنىڭ كەم ـ كۈتىسىز مۇناپىق بولىدىغانلىقى.

**1544 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «مَنْ تَحَلَّمَ بِحُلْمٍ لمْ يرَهُ، كُلِّفَ أنْ يَعْقِدَ بيْن شَعِيرتيْنِ، ولَنْ يفْعَلَ، ومنِ اسْتَمَع إلى حديثِ قَوْم وهُمْ لهُ كارِهُونَ، صُبَّ في أُذُنَيْهِ الآنُكُ يَوْمَ القِيامَةِ، ومَنْ صوَّر صُورةً، عُذِّبَ وَكُلِّفَ أنْ ينفُخَ فيها الرُّوحَ وَلَيْس بِنافخٍ» **« كىمكى كۆرمىگەن چۈشنى يالغاندىن كۆردۈم دېسە، ئۇ قىيامەت كۈنىگە ئىككى تال ئارپىنى بىر ـ بىرىگە جۈپلەپ چىگىشكە مەجبۇر قىلىنىدۇ. ئۇ ئۇنى ھەرگىزمۇ چىگەلمەيدۇ. كىمكى ئۆزىنىڭ ئاڭلىشىنى ياقتۇرمايدىغان ياكى ئۆزى قاچىدىغان خەلقنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا قوغۇشۇن قۇيۇلىدۇ. كىمكى جانلىق نەرسىلەرنىڭ رەسىمىنى سىزىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئازابقا قالىدۇ. ئۇنىڭغا جان كىرگۈزۈشكە زورلىنىدۇ. ئۇنىڭغا جان كىرگۈزەلمەيدۇ ».** — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كۆرمىگەن چۈشنى كۆردۈم دەپ يالغان سۆزلىگەن كىشىلەرگە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن. چۈنكى، بۇنداق قىلىش ئاللاھ تائالاغا ۋە كىشىلەرگە يالغان ئېيتقانلىق بولىدۇ.

2) تىڭ ـ تىڭلاش ۋە باشقىلارنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاشتىن ئاگاھلاندۇرۇلغان.

3) ھەر ئادەمنىڭ ئەمەلىگە يارىشا ساۋاب ياكى جازا بېرىلىدىغانلىقى.

4) رەسساملارغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن. چۈنكى، ئۇلار ياراتقۇچى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى تالاشماقچى بولغان.

**1545 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «أفْرَى الفِرَى أنْ يُرِيَ الرجُلُ عيْنَيْهِ ما لَمْ تَرَيا» **« كۆز كۆرمىگەننى كۆردۈم دېيىش ئەڭ چوڭ يالغانچىلىقتۇر ».** — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇ ھەدىستە ئويغاق چېغى توغرۇلۇق بولسۇن ياكى چۈشى توغرۇلۇق بولسۇن يالغاننى توقۇشتىن ئاگاھلاندۇرۇلغان.

**1546 ـ سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە:** «هَلْ رَأى أحدٌ مِنكُمْ مِن رؤيا؟» **« سىلەردىن چۈش كۆرگەن ئادەم بارمۇ؟ »، دەپ كۆپ ئېيتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا خالىغان ئادەملەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشلىرىنى بايان قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتىگەندە بىزگە مۇنداق دەپ بەرگەن:** «إنَّهُ أتَاني اللَّيْلَةَ آتيانِ، وإنَّهُما قالا لي:



www.munber.org

انطَلَقْ، وإنِّي انطلَقْتُ معهُما ، وإنَّا أتَيْنَا عَلى رجُلٍ مُضْطَجِعٌ، وإِذَا آَخَرُ قَائِمٌ عَلَيْهِ بِصَخْرَةٍ، وإِذَا هُوَ يَهْوِي بالصَّخْرَةِ لِرَأْسِهِ، فَيثْلَغُ رَأْسهُ، فَيَتَدَهْدهُ الحَجَرُ هَاهُنَا . فيتبعُ الحَجَرَ فيأْخُذُهُ، فلا يَرجِعُ إلَيْه حَتَّى يَصِحَّ رَأْسُهُ كما كان، ثُمَّ يَعُودُ عَلَيْهِ، فَيفعلُ بهِ مِثْلَ ما فَعَل المَرَّةَ الأولى،» قال: قلتُ لهما : سُبْحانَ اللَّهِ، ما هذانِ؟ قالا لي : انْطَلِقْ انْطَلِقْ، فانْطَلَقْنا . فأَتيْنَا عَلى رَجُل مُسْتَلْقٍ لقَفَاه وَإذا آخَرُ قائمٌ عليهِ بكَلُّوبٍ مِنْ حَديدٍ ، وإذا هُوَ يَأْتى أحَد شِقَّيْ وَجْهِهِ فيُشَرْشِرُ شِدْقَهُ إلى قفاهُ، ومنْخِرهُ إلى قَفَاهُ، وَعينَهُ إلى قَفاهُ، ثُمَّ يتَحوَّل إلى الجانبِ الآخرِ فيَفْعَل بهِ مثْلَ ما فعلَ بالجانب الأول، فَما يَفْرُغُ مِنْ ذلكَ الجانب حتَّى يصِحَّ ذلكَ الجانِبُ كما كانَ، ثُمَّ يَعُودُ عليْهِ، فَيفْعَل مِثْلَ ما فَعلَ في المَرَّةِ الأولى . قال: قلتُ: سُبْحَانَ اللَّه، ما هذان؟ قالا لي : انْطلِقْ انْطَلِقْ، فَانْطَلَقْنَا . فَأَتَيْنا عَلى مِثْل التَّنُّورِ فَأَحْسِبُ أنهُ قال: فإذا فيهِ لَغَطٌ، وأصْواتٌ، فَاطَّلَعْنا فيهِ فَإِذَا فِيهِ رجالٌ ونِساء عُرَاةٌ، وإذا هُمْ يأتِيهم لَهَبٌ مِنْ أسْفلِ مِنْهُمْ، فإذا أتَاهُمْ ذلكَ اللَّهَبُ ضَوْضَوُا، قلتُ ما هؤلاءِ؟ قالا لي: انْطَلِقْ انْطَلِقْ،فَانْطَلَقْنَا . فَأَتيْنَا على نهرٍ حسِبْتُ أنهُ كانَ يقُولُ: «أَحْمرُ مِثْلُ الدَّمِ، وإذا في النَّهْرِ رَجُلٌ سابِحٌ يَسْبَحُ، وَإذا على شَطِّ النَّهْرِ رجُلٌ قَد جَمَعَ عِندَهُ حِجارةً كَثِيرَة، وإذا ذلكَ السَّابِحُ يسبح ما يَسْبَحُ، ثُمَّ يَأْتِيْ ذلكَ الذي قَدْ جمَعَ عِنْدهُ الحِجارةً، فَيفْغَرُ لهَ فاهُ، فَيُلْقِمُهُ حجراً، فَيَنْطَلِقُ فَيسْبَحُ، ثُمَّ يَرْجِعُ إليهِ، كُلَّمَا رجع إليْهِ، فَغَر فاهُ لهُ، فَأَلْقمهُ حَجَراً، قلت لهما : ما هذانِ؟ قالا لي : انْطلِقْ انطلِق، فانْطَلَقنا . فَأَتَيْنَا على رَجُلٍ كرِيه المَرْآةِ، أَوْ كأَكرَهِ ما أنت رَاءٍ رجُلاً مَرْأى، فإذا هو عِندَه نارٌ يحشُّها وَيسْعى حَوْلَهَا ، قلتُ لهما : ما هذا؟ قالا لي : انْطَلِقْ انْطلِقْ، فَانْطلقنا . فَأَتَينا على روْضةٍ مُعْتَمَّةٍ فِيها مِنْ كلِّ نَوْرِ الرَّبيعِ، وإذا بيْنَ ظهْرِي الرَّوضَةِ رَجلٌ طويلٌ لا أكادُ أرى رأسَهُ طُولاً في السَّماءِ، وإذا حوْلَ الرجلِ منْ أكثر ولدان ما رَأَيْتُهُمْ قطُّ، قُلتُ: ما هذا؟ وما هؤلاءِ؟ قالا لي : انطلَقْ انْطَلِقْ فَانْطلقنا . فَأتيْنَا إلى دَوْحةٍ عظِيمَة لَمْ أر دَوْحةً قطُّ أعظمَ مِنها، ولا أحْسنَ، قالا لي : ارْقَ فيها، فَارتَقينا فيها ، إلى مدينةٍ مَبْنِيَّةٍ بِلَبِنِ ذَهبٍ ولبنِ فضَّةٍ، فأَتَينَا باب المَدِينة فَاسْتفتَحْنَا ، فَفُتحَ لَنا ، فَدَخَلناهَا ، فَتَلَقَّانَا رجالٌ شَطْرٌ مِن خَلْقِهِم كأحْسنِ ما أنت راءٍ، وشَطَرٌ مِنهم كأَقْبحِ ما أنتَ راءٍ، قالا لهم : اذهبوا فقَعُوا في ذلك النَّهْر، وإذا هُوَ نَهرٌ معتَرِضٌ يجْرِي كأن ماءَهُ المحضُ في البياض، فذَهبُوا فوقعُوا فيه، ثُمَّ رجعُوا إلينا قد ذَهَب ذلكَ السُّوءُ عَنهمْ، فَصارُوا في أحسن صُورةٍ .قال: قالا لي : هذه جَنَّةُ عدْن، وهذاك منزِلُكَ، فسمَا بصَرِي صُعداً، فإذا قصر مِثلُ الرَّبابة البيضاءِ . قالا لي : هذاك منزِلُكَ . قلتُ لهما : بارك اللَّه فيكُما، فَذراني فأدخُلْه . قالا : أما الآن فلا، وأنتَ داخلُهُ . قلت لهُما : فَإنِّي رأيتُ مُنْذُ اللَّيلة عجباً؟ فما هذا الذي رأيت؟ قالا لي : إنَا سَنخبِرُك . أمَّا الرجُلُ الأوَّلُ الذي أتَيتَ عَليه يُثلَغُ رأسُهُ بالحَجَرِ، فإنَّهُ الرَّجُلُ يأْخُذُ القُرْآنَ فيرفُضُه، وينامُ عن الصَّلاةِ الكَتُوبةِ . وأمَّا الذي أَتَيتَ عَليْهِ يُشرْشرُ شِدْقُه إلى قَفاهُ، ومَنْخِرُه إلى قَفاهُ، وعَيْنهُ إلى قفاهُ، فإنه الرَّجُلُ يَغْدو مِنْ بَيْتِه فَيكذبُ الكذبةَ تبلُغُ الآفاقَ . وأمَّا الرِّجالُ والنِّساءُ العُراةُ الذين هُمْ في مِثل بِناءِ التَّنُّورِ، فإنَّهم الزُّناةُ والزَّواني . وأما الرجُلُ الَّذي أَتَيْت عليْهِ يسْبَحُ في النَهْرِ، ويلْقمُ الحِجارة، فإنَّهُ آكِلُ الرِّبا . وأمَّا الرَّجُلُ الكَرِيهُ المَرآةِ الذي عندَ النَّارِ يَحُشُّها ويسْعى حَوْلَها فإنَّهُ مالِكُ خازنُ جَهنَّمَ. وأما الرَّجُلُ الطَّويلُ الَّذي في الرَّوْضةِ، فإنه إبراهيم، وأما الوِلدانُ الذينَ حوْله، فكلُّ مُوْلود ماتَ على الفِطْرَةِ» وفي روايةِ البَرْقَانِي : «وُلِد على الفِطْرَةِ» ‹‹ كېچىسى ئىككى پەرىشتە كېلىپ مېنى تۇرغۇزۇپ ماڭا: ‹يۈر›، دېدى. مەن ئۇلار بىلەن يۈردۈم. بىز ئوڭدىسىغا ياتقان بىر ئادەمنىڭ يېنىغا كەلدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر ئادەم تاشنى تۇتۇپ تۇراتتى ۋە تاش بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىپ، كاللىسىنى يەنجىيتتى. تاش دومىلاپ ئۇنىڭ



www.munber.org

ئالدىغا كېلەتتى. ئۇرغۇچى ئادەم تاشنى ئېلىپ، ئۇرۇلغۇچىنىڭ كاللىسى ساقىيىپ ئەسلىگە كەلگۈچە كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كاللىسى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، يەنە ئاۋۋالقىدەكلا ئۇنىڭ ئۇستىگە تاشلىنىپ كاللىسىنى يانجىيتتى». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «مەن پەرىشتىلەرگە: ‹سُبْحَانَ اللهِ (ئەجەبلىنىش تەرىقىسىدە. — ت) بۇ ئىككى ئادەم نېمە ئادەم؟›، دېسەم، پەرىشتىلەر ماڭا: ‹يۈر، يۈر›، دېدى. بىز يۈرۈپ ئوڭدىسىغا ياتقان بىر ئادەمنىڭ يېنىغا كەلدۇق. بىر ئادەم ئۇنىڭ ئۇستىدە تۇرۇپ يۈزىنىڭ بىر تەرىپىگە كېلىپ كانارە بىلەن ئۇنىڭ جاۋغىيىدىن، بۇرنىدىن ۋە كۆزىدىن بويىنىغىچە تىلاتتى (ئەبۇ رەجانىنىڭ رىۋايىتىدە ‹تىلاتتى›، دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا ‹ياراتتى›، دېگەن سۆز ئىشلىتىلگەنلىكى مەلۇم). ئاندىن يۈزىنىڭ ئىككىنچى تەرىپىنىمۇ شۇنداق قىلاتتى. بۇ تەرىپىنى تىلىپ بولغۇچە ئاۋۋالقى تىلغان تەرىپى ساقىيىپ ئەسلىگە كېلەتتى. ئەسلىگە كەلگەن تەرىپىنى يەنە ئاۋۋالقىدەك تىلاتتى. مەن: ‹سُبْحَانَ اللهِ بۇ ئىككى ئادەم نېمە ئادەم؟›، دېسەم، پەرىشتىلەر ماڭا: ‹يۈر، يۈر›، دېدى. بىز يۈرۈپ تونۇرغا ئوخشايدىغان بىر گودائغا كەلدۇق». سەمۇرە جۇندۇبنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «گودائدىن قيا ـ چىيا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. گودائغا قارىساق، قىپيالىڭاچ ئەر ـ ئاياللار بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئاستى تەرىپىدىن ئوتنىڭ يالقۇنى كېلىپ تۇرۇپتۇ. بۇ يالقۇن ئۇلارغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار ۋارقىرىشىپ كېتەتتى. مەن پەرىشتىلەردىن: ‹بۇلار كىم؟›، دەپ سورىدىم. پەرىشتىلەر ماڭا: ‹يۈر، يۈر›، دېدى. بىز يۈرۈپ بىر ئۆستەڭگە يېتىپ كەلدۇق». سەمۇرە جۇندۇب ئېيتىدۇكى، ئېسىمدە قېلىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۆستەڭ قاندەك قىزىل ئىدى. ئۆستەڭدە بىر ئادەم ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئۆستەڭنىڭ قىرغىقىدا بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ يېنىغا نۇرغۇن تاش يىغىۋالغانىدى. ھېلىقى ئۆستەڭدە ئۈزۈپ يۈرگەن ئادەم تاش يىغىۋالغان ئادەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاغزىنى ئاچاتتى. ئۇ ئۇنىڭ ئاغزىغا بىر تاش سېلىپ قوياتتى. ئۇ بېرىپ ئۆستەڭدە يەنە ئۈزەتتى. ئاندىن ئۇنىڭ ئالدىغا يەنە قايتىپ كېلەتتى. ھەر قايتىپ كەلگەندە ئاغزىنى ئاچاتتى. ئۇ ئۇنىڭ ئاغزىغا تاش سېلىپ قوياتتى. مەن پەرىشتىلەردىن: ‹بۇلار كىم؟›، دەپ سورىدىم. ئۇلار ماڭا: ‹يۈر، يۈر›، دېدى. بىز يۈرۈپ ناھايىتى قەبىھ سۈرەتلىك بىر ئادەمنىڭ يېنىغا كەلدۇق. ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئوت بولۇپ، ئۇ ئوتنى قوچۇيتتى ۋە ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. پەرىشتىلەردىن: ‹بۇ نېمە ئادەم؟›، دەپ سورىدىم. پەرىشتىلەر ماڭا: ‹يۈر، يۈر›، دېدى. بىز يۈرۈپ ئۆسۈملۈكلىرى ئېگىز ئۆسكەن، باھارنىڭ خىلمۇخىل گۈل ـ چېچەكلىرى بىلەن تولغان بىر باغچىغا كەلدۇق. باغچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بويىنىڭ ئېگىزلىكىدىن بېشىنى كۆرگىلى بولمايدىغان ئېگىز بىر ئادەم تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن باللار تۇرۇپتۇكى،



www.munber.org

بۇنداق كۆپ بالىلارنى زادى كۆرمىگەنىدىم. پەرىشتىلەردىن: ‹بۇ كىم؟ ئۇلار كىملەر؟›، دەپ سورىدىم. پەرىشتىلەر ماڭا: ‹يۈر، يۈر›، دېدى. بىز يۈرۈپ شۇنداق چوڭ باغقا يېتىپ كەلدۇقكى، بۇنداق چوڭ ۋە چىرايلىق باغنى زادى كۆرمىگەنىدىم. پەرىشتىلەر مېنى: ‹باغقا كىرگىن›، دېدى. بىز باغقا كىرىپ ئالتۇن كېسەك بىلەن كۈمۈش كېسەكتىن سېلىنغان بىر شەھەرگە يېتىپ باردۇق. شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغا بېرىپ ئېچىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدۇق. بىزگە شەھەرنىڭ دەرۋازىسى ئېچىپ بېرىلدى. شەھەرگە كىردۇق. بۇ يەردە بىزنى بەدەنلىرىنىڭ يېرىمى ئەڭ چىرايلىق، يېرىمى ئەڭ قەبىھ بولغان كىشىلەر كۈتۈۋالدى. پەرىشتىلەر ئۇلارغا: ‹بېرىڭلار، ئاشۇ ئۆستەڭگە چۈشۈڭلار›، دېدى. قارىساق، توغرىسىغا ئېقىۋاتقان بىر ئۆستەڭ تۇرۇپتۇ. ئاقلىقتا ئۇنىڭ سۈيى گويا سۈتتەك ئىدى. ئۇلار ئۆستەڭگە بېرىپ چۈشتى. ئاندىن بىزنىڭ يېنىمىزغا قايتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بەدىنىدىكى قەبىھلىك يوقىلىپ، ئۇلار ئەڭ چىرايلىق شەكىلگە كىرگەنىدى. پەرىشتىلەر ماڭا: ‹بۇ سېنىڭ مەنزىلگاھىڭ ئەدنى جەننىتى بولىدۇ›، دېدى. كۆزۈمنى يۇقىرىغا تىكىپ قارىسام، ئاق بۇلۇتتەك بىر ساراي تۇرۇپتۇ. پەرىشتىلەر ماڭا: ‹مانا بۇ سېنىڭ ئورنۇڭ›، دېدى. مەن پەرىشتىلەرگە: ‹سىلەرگە ئاللاھ تائالا بەخت ئاتا قىلسۇنكى، مېنى قويۇۋېتىڭلار، ئۇنىڭغا كىرىمەن›، دېدىم. پەرىشتىلەر ماڭا: ‹ھازىر كىرىشكە بولمايدۇ، ئۇنىڭغا كېلەچەكتە كىرىسەن›، دېدى. مەن پەرىشتىلەرگە: ‹كېچىدىن بۇيان ئاجايىپ ئەھۋاللارنى كۆردۈم، ئۇلارنى دەپ بەرسەڭلار›، دېدىم. پەرىشتىلەر ماڭا: ‹ئۇلاردىن سېنى خەۋەردار قىلىپ قويايلى، سەن ئالدىدا كۆرگەن كاللىسى تاش بىلەن يانچىلىۋاتقان ئادەم قۇرئاننى ئۆگىنىپ تاشلىۋەتكەن ۋە پەرز نامازنىڭ ۋاقتىدا ئۇخلايدىغان ئادەمدۇر. سەن كۆرگەن جاۋغاي، بۇرۇن ۋە كۆزلىرىدىن تارتىپ بويىنىغىچە تىلىنىۋاتقان ئادەم ئەتىگەندە ئۆيىدىن سىرتقا يالغان ـ ياۋىداقلارنى تارقىتىدىغان ئادەمدۇر. تونۇرغا ئوخشايدىغان گوداڭدا تۇرغان ئەر ـ ئاياللار بولسا پاھىشىۋازلاردۇر. سەن كۆرگەن ئۆستەڭدە ئۈزۈۋاتقان، ئاغزىغا تاش سېلىنىۋاتقان ئادەم بولسا جازانىخوردۇر. ئوتنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۇنى قوچۇۋاتقان ۋە ئەتراپىدا ئايلىنىپ تۇرغان ئادەم دوزاخقا مەسئۇل پەرىشتە مالىكتۇر. باغدا تۇرغان ئېگىز بويلۇق ئادەم ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدۇر. ئۇنىڭ چۆرىسىدىكى بالىلار ئىسلام تەبىئىتى بىلەن تۇغۇلغانلاردۇر›، دېدى ». سەمۇرە مۇنداق دەيدۇ: مۇسۇلمانلاردىن بىرى: « ئى رەسۇلۇللاھ، مۇشرىكلارنىڭ بالىلىرىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىغا كىرەمدۇ؟ »، دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «وأولادُ المشركينَ» « مۇشرىكلارنىڭ بالىلىرىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ »، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاندىن مۇنداق دېدى: « پەرىشتىلەر: ‹بەدەنلىرىنىڭ يېرىمى چىرايلىق، يېرىمى قەبىھ

**كەلگەن كىشىلەر ياخشى ئىشلارغا يامان ئىشلارنى ئارىلاشتۇرۇپ قىلغانلاردۇر، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى كەچۈرسۇن›، دېدى ».** — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) قۇرئاننى يادلاپ بولۇپ، ئۇنتۇپ قېلىشتىن ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلالماسلىقتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلغان.

2) پەرز نامازغا ھورۇنلۇق قىلىش، يالغانچىلىق قىلىش، زىنا ـ پاھىشە قىلىش ۋە جازانە يېيىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلغان. شۇنداقلا، يۇقىرىقى ئىشلارنى قىلغۇچىلارنىڭ ئېغىر ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنى، شېھىتلەرنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىكى مەرتىۋىسى بايان قىلىنغان.

4) دوزاختىكى ئازابنىڭ ۋە جەننەتتىكى نېئمەتنىڭ شۈبھىسىزكى ھەق ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

5) بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرەتنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىنى كۆرگەنلىكىنى بايان قىلىنغان.

## 261 . باب يالغان ئېيتىش دۇرۇس بولىدىغان ئورۇنلارنى بايان قىلىش توغرىسىدا

يالغان سۆزلەش ئەسلىدە ھارام بولسىمۇ، لېكىن بەزى ئەھۋاللاردا مۇئەييەن شەرتلەر ئاستىدا يالغان سۆزلەش دۇرۇس بولىدۇ. بۇنى مەن «زىكىرلەر» ناملىق كىتابىمدا بايان قىلغانىدىم. ئۇنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، سۆز ئىنسان مەقسىتىنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلىدىغان قورالدۇر. ھەر قانداق ياخشى مەخسەتنى يالغان ئېيتماي تۇرۇپ ئېرىشىش مۇمكىن بولىدىغان بولسا، بۇنىڭغا يالغان ئارىلاشتۇرۇش ھارام سانىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا يالغان ئارىلاشتۇرماي ئېرىشىش مۇمكىن بولمىسا، يالغان ئارىلاشتۇرۇش دۇرۇس بولىدۇ. يالغان سۆزلەشنىڭ زۆرۈرلۈكى شۇنىڭغا قاراپ بولىدۇكى، بىر مەقسەتنىڭ ھاسىل بولۇشى مۇباھ بولىدىغان بولسا، يالغان ئېيتىشمۇ مۇباھ بولىدۇ. ئەگەر يالغان سۆزلەشكە تېگىشلىك بولىدىغان ئىشتا يالغان سۆزلەش تېگىشلىك بولىدۇ. بىرەر مۇسۇلمان ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى ياكى مال ـ مۈلۈكىنى تارتىۋالماقچى بولغان زالىمدىن يوشۇرۇنۇۋالغان بولسا، بىلگەن كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى زالىملارغا ئېيتىپ بەرمەي يالغان ئېيتىشى ۋاجىپتۇر. شۇنىڭدەك بىر كىشىگە باشقىلار بىرەر نەرسىنى ئامانەت قويغان بولسا، زالىملار ئۇنى تارتىۋالماقچى بولغاندا، ئۇ كىشىنىڭ ئامانەتنى ساقلاپ قېلىش يۈزىسىدىن يالغان سۆزلىشى ۋاجىپتۇر. بۇنداق ئەھۋاللاردا پۈتۈنلەي يالغان ئېيتماي، ئاڭلىغۇچىغا راست تۇيۇلىدىغان، ئەمەلىيەتتە يالغان بولغان ئىككى بىسلىق سۆزلەرنى پۈرىتىپ ئۆتۈپ كەتسە، بۇ پۈتۈنلەي يالغان ئېيتقاندىن



www.munber.org

ياخشىراق بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بۇ ئۇسۇلنى قوللانماي يالغان ئېيتسىمۇ ھارام بولمايدۇ.

ئۆلىمالار مۇنداق ئەھۋالدا يالغان سۆزلەشنىڭ دۇرۇسلۇقىغا ئۇممۇ گۇلسۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلغان ھەدىسنى نەقىل كەلتۈرىدۇ.

ئۇممۇ گۇلسۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىشىلەر ئارىسىنى تۈزەش ئۈچۈن يالغان گەپ قىلغان كىشى يالغانچى ھېسابلانمايدۇ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئىمام مۇسلىمدىن قىلىنغان يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دەپ بايان قىلىنغان: ئۇممۇ گۇلسۇم: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەرنىڭ ئۈچ ئىشتىن باشقا ئىشلاردا يالغان ئېيتىشقا رۇخسەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىمىدىم»، دېدى. يالغان ئېيتىشقا رۇخسەت قىلىنغان ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنچىسى، ئۇرۇشتۇر (ئۇرۇشتا يالغان ئېيتسا ۋە ھىيلە ئىشلەتسە بولىدۇ). ئىككىنچىسى، كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى تۈزەش ئۈچۈن يالغان ئېيتسا بولىدۇ. ئۈچىنچىسى، ئەر ـ خوتۇنلار بىر ـ بىرىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، خۇشال قىلىش ئۈچۈن بەزى گەپلەرنى قىلسا، ۋەدىلەرنى بەرسە بولىدۇ.

## 262 . باب ئۆيلىنىپ سۆزلەش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَلاَ تَقْفُ مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ﴾ ﴿بىلمەيدىغان (نەرسەڭگە ئەگەشمە، (يەنى بىلمىگەننى بىلدىم، كۆرمىگەننى كۆردۈم، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم دېمە﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئىسرا 36 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿مَا يَلْفِظُ مِن قَوْلٍ إِلَّا لَدَيْهِ رَقِيبٌ عَتِيدٌ﴾ ﴿ئۇ قانداق بىر سۆزنى قىلمىسۇن ئۇنىڭ ئالدىدا ھامان پەرىشتە ھازىر بولۇپ كۆزىتىپ تۇرىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە قاف 18 ـ ئايەت)

1547 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كفي بالمَرءِ كَذِباً أنْ يُحَدِّثَ بِكُلِّ ما سمع» «كىشىنىڭ ئاڭلىغانلىكى نەرسىنى سۆزلەپ يۈرۈشىنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ يالغانچىلىقى ئۈچۈن يېتەرلىك دەلىلدۇر».
— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) خەۋەرلەرنى ئىنىقلاش ۋە ئاڭلىغان سۆزنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىۋەرمەسلىك.



www.munber.org

2) ئىبنى ئەللان ئېيتىدۇ: «ھەدىسنىڭ مەنىسى: كىشىنى ئاڭلىغانلىكى نەرسىنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەشتىن مەنئى قىلغان. چۈنكى، كىشى راستىمۇ ئاڭلايدۇ، يالغانىمۇ ئاڭلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشى ئاڭلىغانىنىڭ ھەممىسىنى سۆزلىسە يالغان ئېيتقان بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئاڭلىغانىنىڭ ھەممىنى ئېيتىش بىلەن بولمىغان ئىشلارنى بولدى دەپ خەۋەر قىلىپ سالىدۇ.

**1548 ـ سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «منْ حدَّث عنِّي بِحَدِيثٍ يرَى أَنَّهُ كذِبٌ، فَهُو أحدُ الكَاذِبِين» **«كىمكى يالغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ بىرەر سۆزنى مېنى دېدى دەپ رىۋايەت قىلسا ئۇ يالغانچىلارنىڭ بىرىدۇر».** ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان سۆزلەرنى (ھەدىسلەرنى) ئېنىقلاش ۋە ئۇنى رىۋايەت قىلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ توغرۇلۇقىنى جەزملەشتۈرۈش.

2) يالغانچى دېگەن سۈپەت ـ يالغاننى توقۇغۇچى ۋە يالغاننى كىشىلەر ئارىسىدا تارقىتىپ يۈرگۈچىلەرگە ئورتاق ئىشلىتىلىدۇ.

**1549 ـ ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ، بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مېنىڭ بىركۈندىشىم بار، مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ئېرىم ماڭا بەرمىگەن نەرسىلەرنى داملاتسام ماڭا گۇناھ بولامدۇ؟»، دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «الْمُتشبِّعُ بِما لَم يُعْطَ كَلابِس ثَوْبَي زُورٍ» **«بېرىلمىگەن نەرسىنى بەردى، دەپ داملاتقان كىشى يالغانچىلىقنىڭ ئىككى تونىنى كىيگۈچىگە ئوخشايدۇ»، دېدى.** ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كىشىنىڭ يوق ئىشلارنى بار دەپ ئېيتىشى ئۇنى يالغانچىلاردىن قىلىپ قويىدىغانلىقى.

2) مۇمكىنقەدەر ئىچى بىلەن تېشىنىڭ بىردەك بولۇشىغا تەرغىب قىلىنغان.

## 263 . باب يالغان گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ چوڭ گۇناھلىقى توغرىسىدا

**ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:** ﴿وَاجْتَنِبُوا قَوْلَ الزُّورِ﴾ **﴿يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن ساقلىنىڭلار﴾.** («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھەج 30 ـ ئايەت)

**ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:** ﴿إِنَّ رَبَّكَ لَبِالْمِرْصَادِ﴾ **﴿پەرۋەردىگارىڭ (بەندىلەرنى) ئەلۋەتتە كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر﴾.** («قۇرئان كەرىم» سۈرە فەجر 14 ـ ئايەت)

**ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:** ﴿وَالَّذِينَ لَا يَشْهَدُونَ الزُّورَ﴾ **﴿ئۇلار يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ﴾.** («قۇرئان كەرىم» سۈرە فۇرقان 72 ـ ئايەت)



www.munber.org

1550. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ألا أُنبِّئكُم بأكبر الكَبائِر؟» « مەن سىلەرگە ئەڭ چوڭ گۇناھى كەبىرنى دەپ بېرەيمۇ؟ »، دېۋىدى. بىز: « بولىدۇ، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى »، دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الإشراكُ باللّه، وعُقُوقُ الوالِدَيْنِ» « ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش »، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئىدى. ئۇ، رۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ: «ألا وقَولُ الزُّورِ، وشهادةُ الزورِ» « ئاگاھ بولۇڭلاركى، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش، ئاگاھ بولۇڭلاركى، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش »، دەپ بۇ سۆزنى تەكرار ئېيتىپ كەتتى. بىز: « كاشكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توختاپ قالسىكەن »، دېيىشىپ كەتتۇق. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) يالغان سۆزدىن ۋە يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: « ئاگاھ بولۇڭلاركى، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش »، دېگەن سۆزنى تەكرار ئېيتىشى يالغان سۆز ۋە يالغان گۇۋاھلىقنىڭ ئۈممەت ئۈچۈن خەتىرىنىڭ چوڭلۇقىنى، قىيامەت كۈنى يالغان گۇۋاھلىق بەرگۈچىنىڭ قاتتىق ئازابقا قالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

2) ئاللاھ ئەڭ غەزەپلىنىدىغان گۇناھلار: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ئۇنىڭدىن قالسا ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش ئۇنىڭدىن قالسا يالغان سۆز ۋە يالغان گۇۋاھلىق بېرىش. يالغان سۆز ۋە يالغان گۇۋاھلىقنىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن بىر قاتاردا كېلىشى بۇ گۇناھنىڭ ناھايىتى قەبىھ ۋە يىرگىنىشلىك ئىكەنلىكىنى ۋە بۇنىڭ جەمئىيەتكە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق ۋە زور زىيانلارنى كەلتۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## 264. باب ئىنسان ياكى ھايۋاننىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ لەنەت ئېيتىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

1551 ـ ئەبى زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «من حَلَف عَلى يمِينٍ بِملَّةٍ غيْرِ الإِسْلامِ كاذباً مُتَعَمِّداً، فهُو كما قَالَ، ومنْ قَتَل نَفسهُ بشيءٍ، عُذِّب بِهِ يوْم القِيامةِ، وَلَيْس على رجُلٍ نَذْرٌ فِيما لا يَملِكهُ، ولعنُ المُؤْمِنِ كَقَتْلِهِ» « كىمكى ئىسلام دىنىدىن باشقا دىننى يالغاندىن ئۇلۇغلاپ قەستەن شۇ دىن بىلەن قەسەم ئىچسە. ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ دېگىنىدەك بولىدۇ. (ئىماندىن ئاجرايدۇ) كىمكى ئۆزىنى تىغ بىلەن ئۆلتۈرۈۋالسا. بۇ ئادەم دوزاختا شۇ تىغ بىلەن ئازابلىنىدۇ. كىمكى قولىدا بولمىغان نەرسىگە نەزىر قىلسا ۋاپا قىلمىسىمۇ بولىدۇ. مۇئمىنگە لەنەت ئېيتىش ئۇنى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاش ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالادىن غەيرىي بىلەن قەسەم قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇلغان، ئۆزنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى ۋە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغۇچىنىڭ قىيامەت



www.munber.org

كۈنى ئۆزىنى تەكرار ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۆز قىلمىشىنىڭ ئوخشىشى بىلەن ئازابلىنىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

2) ئۆز ئىگىدارچىلىقىدا ئەمەس نەرسىنى نەزىر قىلسا (ئۆزىگە مەجبۇرىيەت قىلسا) ئۇنى ئورۇنداشنىڭ ۋاجىپ بولمايدىغانلىقى.

3) مۇسۇلمانغا لەنەت قىلىش (قارغاش)نىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەن بىلەن ئوخشاش ئېغىر جىنايەت ئىكەنلىكى.

**1552 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا ينْبغِي لِصِدِّيقٍ أنْ يكُونَ لَعَّاناً» «كۆپ قارغاش كامىل مۇسۇلماننىڭ ئىشى ئەمەس».** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بەك كۆپ قارغاش ئاللاھنى تەستىقلاش ۋە ئىماننىڭ كامىللىقىغا زىت ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

**1553 ـ ئەبۇ دەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا يكُونُ اللَّعَّانُون شُفعَاءَ، ولا شُهَدَاءَ يوْمَ القِيامَةِ» «كۆپ قارغايدىغان كىشىلەر قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلىشقا ۋە گۇۋاھلىق بېرىشكە يارىمايدۇ».** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇ ھەدىستە: دۇنيادا باشقىلارنى قارغاشنى ئادەت قىلىۋالغان كىشىنىڭ پاسىق ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقى، قىيامەتتە شاپائەتكە ئېرىشەلمەيدىغانلىقى سۆزلەنگەن.

**1554 ـ سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا تَلاعنُوا بلعنةِ اللَّه، ولا بغضبِهِ، ولا بِالنَّارِ» «ئاللاھ ساڭا لەنەت قىلسۇن، ئاللاھ ساڭا غەزەپ قىلسۇن، دوۋزىخى بولۇپ كەتكەيسەن دەپ، ئۆزئارا قارغاشماڭلار».** — ئەبۇ داۋۇد ۋە ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇ ھەدىستە: خۇدانىڭ لەنەت قىلىشى ياكى غەزىپىگە قېلىش ۋە ياكى دوۋزىخى بولۇپ كېتىشنى تىلەپ دۇئا قىلىشتىن چەكلەنگەن.

**1555 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لَيْس المؤمِنُ بِالطَّعَّانِ، ولا اللَّعَّانِ ولا الفَاحِشِ، ولا البذِيِّ» «مۇئمىن ئادەم كىشىلەرگە تىل تەككۈزمەيدۇ، كىشىلەرنى قارغىمايدۇ، يامان سۆز قىلمايدۇ ۋە سۆرەن سالمايدۇ».** — ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: يۇقىرىقى سۈپەتلەر مۇئمىننىڭ ئىمانىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغانلىقى ھەتتا ئۇنى ئىماندىن چىقىپ كېتىش گىردابىغا ئېلىپ بارىدىغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلەنگەن.

www.munber.org

**1556 ـ** ئەبۇ دەردائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إنَّ العبْد إذا لَعنَ شَيْئاً، صعِدتِ اللَّعْنةُ إلى السَّماء، فتُغْلَقُ أبْوابُ السَّماءِ دُونَها، ثُمَّ تَهبِطُ إلى الأَرْضِ، فتُغلَقُ أبوابُها دُونَها، ثُمَّ تَأْخُذُ يميناً وشِمالا، فإذا لمْ تَجِدْ مساغاً رجعت إلى الذي لُعِنَ، فإنْ كان أهلاً لِذلك، وإلاَّ رجعتْ إلى قائِلِها» «قانداق بىر بەندە بىرەر نەرسىنى قارغىسا، قارغىشى ئاسمانغا ئۆرلەيدۇ. قارغىشىنىڭ ئالدىدا ئاسمانىنىڭ دەرۋازىلىرى تاقىلىدۇ. ئاندىن زېمىنغا چۈشىدۇ. زېمىنىنىڭ دەرۋازىلىرى ئۇنىڭ ئالدىدا تاقىلىدۇ. ئاندىن ئوڭ سول تەرەپكە بۇرىلىدۇ. ھېچبىر جاي تاپالمىغاندا قارغىش قىلىنغان ئادەمنىڭ تەرىپىگە بارىدۇ. ئەگەر شۇ قارغىشقا لايىق بولسا ئۇنىڭ ئالدىدا توختايدۇ. ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا لايىق بولمىسا، قارغىش قىلغۇچىنىڭ ئۆزىگە قايتىدۇ».

— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) لەنەت ھەققىي گۇناھ ئىگىسىگە قارىتىلمىسا ئېيتىلغان لەنەتنىڭ لەنەت ئېيتقۇچىنىڭ ئۆزىگە يېنىپ قالىدىغانلىقى.

2) تولا قارغاشنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە، مۇئمىنىنىڭ ئەخلاقىغا زىت ئىكەنلىكى.

**1557 ـ** ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەر ئۈستىدىكى چېغىدا ئەنسارىيلاردىن چىشى تۆگە مىنگەن بىر ئايال تۆگىسىدىن قاقشاپ ئۇنى قارغىدى. ئۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «خُذوا ما عليها ودعُوها، فإنَّها ملعُونَةٌ» «تۆگىنىڭ ئۈستىدىكى يۈك ـ تاقنى ئېلىۋېتىپ ئۇنى قويۇپ بېرىڭلار، ئۇ باشقىلار تەرىپىدىن قارغالدى»، دېدى. ئىمران ئېيتىدۇكى: «مەن ئۇ تۆگىنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا يۈرگەنلىكىنى، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا دەخلى ـ تەرۇز قىلمىغانلىقىنى ھېلىمۇ كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) قارغاشتىن ھەتتا ھايۋانلارنى قارغاشتىنمۇ مەنئى قىلىنىدىغانلىقى.

2) ھايۋانلارغا قارىتا سەۋرچان بولۇش، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكى.

**1558 ـ** ئەبۇ بەرزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، سەپەردە بويىغا يەتكەن بىر قىز كىشىلەرنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرى ئارتىلغان بىر تۆگىگە مىنىپ كېتىۋاتاتتى. بىر چاغدا ئۇ قىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ قىلىپ ئۆزىنى نېرى تارتاي دېسە تاغ يولى تار كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىز تۆگىسىنى دىۋەتكەندىن كېيىن «ئى ئاللاھ! بۇ تۆگىگە لەنەت قىلغىن»، دېدى. پەيغەمبەر

www.munber.org

ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ: «لا تُصاحِبْنا نَاقَةٌ عليها لعْنةٌ» «لەنەت قىلىنغان تۆگە بىزگە ھەمراھ بولمىسۇن» ، دېدى. ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

بۇ ھەدىس مەنىسى چۈشىنىكسىزدەك تۇيۇلىدۇ. ھەقىقەتتە بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسىدە مۈجمەللىك يوق. بۇ ھەدىستە پەقەت بۇ تۆگىنىڭ ئۇلارغا ھەمراھ بولماسلىقى ئېيتىلغان. بۇ سۆزدە تۆگىنى سېتىش، ئۇنى سويۇش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمراھ بولمىغان چاغدا مىنىش چەكلەنمەيدۇ. بەلكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دۇرۇسلۇقى چىقىدۇ.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) لەنەت قىلىشتىن، قارغاشتىن ئاگاھلاندۇرۇش. بىدئەتچى ۋە پاسىق كىشىلەرگە ھەمراھ بولۇشتىن ساقلىنىش لازىملىقى. چۈنكى، ئۇلار لەنەت ـ قارغاشنىڭ ئوبيېكتلىرى بولۇپ قالىدىغانلىقى.

2) بۇ ھەدىستە تۆگىنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىشنى كۆرسىتىدىغان دەلىل يوق. چۈنكى، ئىسلامدا تۆگىنى مەيلىگە قويۇپ بېرىدىغان ئادەت يوق.

## 265. باب گۇناھكارلارنىڭ ئىسمىنى ئاتىماي لەنەت ئوقۇشنىڭ دۇرۇسلۇقى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿أَلاَ لَعْنَةُ اللّهِ عَلَى الظَّالِمِينَ﴾ ﴿راستلا ئاللاھنىڭ لەنىتى زالىملارغا بولىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھۇد 18 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَأَذَّنَ مُؤَذِّنٌ بَيْنَهُمْ أَن لَّعْنَةُ اللّهِ عَلَى الظَّالِمِينَ﴾ ﴿بىر جاكارچى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇنداق دەپ جاكارلايدۇ «زالىملارغا ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن»﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەئراف 44 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىدە: «لعَنَ اللَّه الوَاصِلَةَ والمُسْتَوصِلةَ لعَنَ اللَّه آكِلَ الرِّبا» ، «لَعَنَ المُصَوِّرين» ، «لعنَ اللَّه مَنْ غَيَّر منارَ الأَرْض» ، «لَعنَ اللَّه السَّارِقَ يَسرِقُ البيضَة» ، «لَعنَ اللَّه مَنْ لعن والِديْهِ» ، «ولَعَنَ اللَّه مَنْ ذبح لِغيْرِ اللَّه» ، «منْ أَحْدَثَ فِيها حدثاً أَوْ آوى محدِثاً» ، «فَعليّهِ لَعْنَةُ اللَّهِ والملائِكَةِ والنَّاسِ أَجْمعِينَ» ، «اللَّهُمَّ العنْ رِعْلاً» ، «وذَكوانَ وَعُصيَّةَ» ، «عصَوا اللَّه ورَسُولَهُ» ، «لعنَ اللَّه اليهودَ اتَّخَذُوا قُبورَ أَنبيَائِهم مسَاجِدَ» ، «لَعنَ المُتشبهِينَ مِنَ الرِّجالِ بِالنِّساءِ» ، «والمتشَبِّهَاتِ مِنَ النِّسَاءِ بالرِّجالِ» «ئاللاھ چاچ ئۇلىغۇچىغا ۋە ئۇلاتقۇچىغا لەنەت قىلسۇن، جازانىخورغا لەنەت قىلسۇن، سۈرەت سىزغۇچىغا لەنەت قىلسۇن، زېمىننىڭ چېگرالىرىنى ئۆزگەرتكۈچىلەرگە لەنەت قىلسۇن، تۇخۇم چاغلىق نەرسىنى بولسىمۇ ئوغرىلىغان كىشىگە لەنەت قىلسۇن، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قارغىلىشىغا سەۋەبچى بولغانلارغا لەنەت قىلسۇن، ئاللاھنىڭ نامىدىن باشقىنى تىلغا ئېلىپ مال بوغۇزلىغۇچىلارغا لەنەت قىلسۇن، مەدىنىدە بىرەر بىدئەتنى پەيدا قىلغان كىشىگە پاناھلىق بەرگۈچىگە ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولسۇن، ئى ئاللاھ! رىئلا، زەكۋان،



www.munber.org

ئۇسەيىيە قەبىلىلىرىگە لەنەت قىلغىن. ئۇلار ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئاسىيلىق قىلدى. (بۇ ئەرەب قەبىلىلىرىدىن ئۈچ قەبىلە ئىدى) ئاللاھ يەھۇدىيلارغا لەنەت قىلسۇن، ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ قەبرىلىرىنى مەسجىد قىلىۋالدى. ئەرلەردەك بولىۋالغان ئاياللارغا. ئاياللاردەك بولىۋالغان ئەرلەرگە لەنەت قىلسۇن»، دېيىلگەن.

بۇ سۆزلەرنىڭ بەزىسى سەھىھۇلبۇخارىدا، بەزىسى سەھىھۇلمۇسلىمدا تېپىلىدۇ. بۇ يەردە پەقەت قىسقىچە توختالدىم. ئۇلارنىڭ تولىسىنى خۇدا خالىسا بۇ كىتابنىڭ مۇناسىۋەتلىك بابلىرىدا بايان قىلىمەن.

## 266 . باب بىرەر مۇسۇلمان ئادەمنى ناھەق تىللاشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَالَّذِينَ يُؤْذُونَ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ بِغَيْرِ مَا اكْتَسَبُوا فَقَدِ احْتَمَلُوا بُهْتَانًا وَإِثْمًا مُّبِينًا﴾ ﴿مۇئمىنلەر ۋە مۇئمىنەلەرگە قىلمىغان ئىشلارنى (چاپلاپ) ئۇلارنى رەنجىتىدىغانلار (شۇ) بوھتاننى ۋە روشەن گۇناھنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ﴾.
(«قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەھزاب 58 ـ ئايەت)

**1559** ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سِباب المُسْلِمِ فُسوقٌ، وقِتَالُهُ كُفْرٌ» «مۇسۇلماننى تىللاش پاسىقلىقتۇر، ئۇنى ئۆلتۈرۈش كۇفرىلىقتۇر»، دېگەن — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مۇسۇلمانغا لەنەت ئېيتىش ۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈش چەكلەنگەن، چۈنكى بۇنداق قىلىش نىئمەتكە تۇزكورلۇق قىلىش ۋە قېرىنداشلىق ھەققىنى ئادا قىلماسلىق بولىدۇ.

ئىمام تەبەرى ئېيتىدۇ: لەنەت ئوقۇش بىلەن ئۆلتۈرۈش ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق شۇكى لەنەت قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىشتۇر. ئۆلتۈرۈش بولسا ھاياتتىن يىراق قىلىنىشتۇر.

**1560** . ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «لا يَرمي رجُلٌ رَجُلاً بِالفِسْقِ أو الكُفْرِ، إلاَّ ارتدت عليهِ، إنْ لمْ يَكُن صاحِبُهُ كذلكَ» «كىمكى يەنە بىر ئادەمنى پاسىق ۋە كافىر دەپ تىللايدىكەن، تىللانغان ئادەمدە مەزكۇر سۈپەتلەر بولمىسا، بۇ تىللىغان ئادەمنىڭ ئۆزىگە يېنىپ قالىدۇ». — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىبنى ئەللان ئېيتىدۇ: بۇ ھەدىستە، پاسىق ئەمەس كىشىلەرنى پاسىق دېگەن كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ پاسىق بولۇپ قالىدىغانلىقى، يەنى ئۇ كىشى



www.munber.org

ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ. ئەگەر ئۇ بۇ قىلمىشتا چىڭ تۇرسا ھەقىقەتەن پاسىق بولۇپ كېتىش ئېھتىماللىقى بار.

2) مۆئمىننى كافىر دېيىشنى ھالال سانىغان ئادەمنىڭ دېگەن گېپى ئۆزىگە يېنىپ قالىدىغانلىقى.

**1561 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «المُتَسابانِ مَا قَالا فَعَلَى البَادِي مِنْهُما حتَّى يَعْتَدِي المظلُومُ» « ئىككى ئادەم تىللاشقان بولسا گۇناھ باشتا تىللىغان ئادەمگە بولىدۇ. تىللانغۇچى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتسە گۇناھ ئۇنىڭغا بولىدۇ ».** ــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: قىساسنى ئېلىۋېلىشقا بولىدىغانلىقى، لېكىن سەۋر قىلىش ۋە ئەپۇ قىلىشنىڭ ئەۋزەللىكى.

ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دەيدۇ: تىللاشقان ئىككى ئادەمنىڭ گۇناھى تىللانغۇچى قارشى تەرەپنى بېسىپ چۈشۈش ئۈچۈن ھەپىلەشمىسىلا دەسلەپتە تىللىغان ئادەمگە بولىدىغانلىقى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَمَن صَبَرَ وَغَفَرَ إِنَّ ذَٰلِكَ لَمِنْ عَزْمِ الْأُمُورِ﴾ ﴿كىمكى (ئەرزىيەتكە) سەۋر قىلسا، (ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالمىسا، بۇ ئەلۋەتتە مەرغۇپ ئىشلاردىندۇر﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە شورا 43 ـ ئايەت)

**1562 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا ھاراق ئىچكەن بىر ئادەم ئېلىپ كېلىندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اضرِبُوهُ» « ئۇنى ئۇرۇڭلار »، دېدى. ئىچىمىزدىن بەزىلەر قولى بىلەن ئۇردى، بەزىلەر ئايىغى بىلەن ئۇردى، كىيىمى بىلەن ئۇردى، ئۇ ئادەم قايتقۇدى، بەزىلەر: « ئاللاھ سېنى خار قىلغۇەتسۇن »، دېيىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لا تقُولُوا هذا، لا تُعِينُوا عليهِ الشَّيطَانَ» « ئۇنداق دېمەڭلار، ئۇنىڭغا قارشى شەيتانغا ياردەم بەرمەڭلار »، دېدى.** ــ بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھاراق ئىچكۈچىنىڭ جازاسىنى قامچىدىن باشقا قول، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن ئۇرۇپ ئىجرا قىلىسمۇ بولىدىغانلىقى.

2) ئاسىي بەندىلەرگە ئۇلارنى خۇدانىڭ رەھمىتىدىن يىراقلاشتۇرۇپ شەيتاننىڭ دامىغا چۈشۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن بەد دۇئا قىلماسلىق.

3) ئىسلامدىكى جىنايى جازا ئازابلاش ئەمەس، بەلكى ئەدەبلەش ئىكەنلىكى.

**1563 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «من قَذَفَ مَمْلُوكَهُ بالزِّنا يُقامُ عليهِ الحَدُّ يومَ القِيامَةِ، إلاَّ أنْ يَكُونَ كما قالَ» « قانداق بىر كىشى ئۆزىنىڭ قۇلىنى زىنا قىلدى دەپ قارىلىسا، قۇل ئۇ ئادەم دېگەندەك بولمىسا قىيامەت كۈنى قارىلىغان ئادەمگە ھەد**



www.munber.org

(شەرىئەتتە تۆھمەت چاپلىغۇچىغا بېرىلىدىغان جازا) تۇرغۇزۇلىدۇ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاللاھ تائالانىڭ مۇكەممەل ئادالىتىنىڭ كامالىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قىيامەت كۈنى قول ـ چاكارلارغا زۇلۇم قىلغۇچىغا (ھەتتا تىل ـ ھاقارەت بىلەن بولسىمۇ) ئاللاھنىڭ ئازابى بولىدىغانلىقى.

## 267 . باب ئۆلگەنلەرنى ناھەق ۋە دىنى زۆرۈرىيەتسىز تىللاشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

دىنى زۆرۈرىيەت دېگەنلىك ئۆلگۈچىلەرنىڭ قىلغان يامان ئىشلىرى ۋە پەيدا قىلغان بىدئەتلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارغا ئەگىشىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش، دېگەنلىكتۇر.

بۇ ھەقتىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەر ئىلگىرىكى بابتا ئۆتتى.

1564 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا تَسُبُّوا الأمواتَ، فَإنَّهُمْ قد أفْضَوْا إلى ما قَدَّموا» «ئۆلگەن كىشىلەرنى ھاقارەتلىمەڭلار. چۈنكى، ئۇلار ئىلگىرى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆردى». — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

## 268 . باب باشقىلارغا ئازار بېرىشتىن يەكلەش توغرىسىدا

1565 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «المُسْلِمُ مَنْ سَلِمَ المُسْلِمُونَ مِنْ لِسَانِهِ ويدِهِ، والمُهَاجِرُ منْ هَجَرَ ما نَهَى اللَّه عنْهُ» «سۆزى ۋە ھەرىكىتى بىلەن مۇسۇلمانلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمىگەن ئادەم ھەقىقىي مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ، چەكلىگەن نەرسىلەرنى تەرك ئەتكەن ئادەم ھەقىقىي مۇھاجىر ھېسابلىنىدۇ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مۇسۇلمانلارنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان بارلىق ئىشلاردىن يىراق بولۇش.

2) كامىل مۇسۇلمانلىقنىڭ ئىپادىسى نەپسىنى گۇناھتىن پاكلاش ئىكەنلىكى، ھەقىقىي ھىجرەت بولسا گۇناھلارنى تەرك ئېتىپ تائەت ـ ئىبادەت بىلەن بولۇش ئىكەنلىكى.



www.munber.org

1566 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ أحبَّ أن يُزَحْزحَ عن النَّارِ، ويَدْخَل الجنَّةَ، فلتَأْتِهِ منِيَّتُهُ وهُوَ يُؤمِنُ باللهِ واليَوْمِ الآخِرِ، وَلْيَأْتِ إلى النَّاسِ الذي يُحِبُّ أنْ يُؤْتَي إليْهِ» «دوزاختىن يىراقلاشتۇرۇپ، جەننەتكە كىرگۈزۈلۈشنى ياقتۇرىدىغان ئادەم، چوقۇم ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىشى كېرەك، يەنە كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىنى ياقتۇرسا، ئۆزىمۇ كىشىلەرگە شۇنداق مۇئامىلە قىلسۇن».

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئۆلۈپ كەتكۈچە ئىمانىدا مۇستەھكەم تۇرۇش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى داۋاملاشتۇرۇشقا بۇيرۇلغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن﴿فَلاَ تَمُوتُنَّ إَلاَّ وَأَنتُم مُّسْلِمُونَ﴾ ﴿پەقەت مۇسۇلمان پېتىڭلارچە ئۆلۈڭلار﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە 132 ـ ئايەت)

2) مۇسۇلمان ئادەم باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىنى ياقتۇرسا ئۆزىنىڭمۇ باشقىلارغا شۇنداق مۇئامىلە قىلىشى لازىملىقى.

## 269 ـ باب دۈشمەنلىشىش، مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش ۋە تەتۈر قارىشىپ يۈرۈشتىن چەكلەش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ﴾ ﴿مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھۇجۇرات 10 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿أَذِلَّةٍ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ أَعِزَّةٍ عَلَى الْكَافِرِينَ﴾ ﴿مۇئمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كۇففارلارغا شەپقەتسىز﴾... («قۇرئان كەرىم» سۈرە مائىدە 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿مُّحَمَّدٌ رَّسُولُ اللَّهِ وَالَّذِينَ مَعَهُ أَشِدَّاء عَلَى الْكُفَّارِ رُحَمَاء بَيْنَهُمْ﴾ ﴿مۇھەممەد ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۇئمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە فەتھ 29 ـ ئايەت)

1567 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا تَباغَضُوا، ولا تحاسدُوا، ولاَ تَدابَرُوا، ولا تَقَاطعُوا، وَكُونُوا عِبادَ اللَّهِ إخواناً، ولا يَحِلُّ لِمُسْلِمٍ أنْ يهْجُرَ أَخَاه فَوقَ ثلاثٍ» «دۈشمەنلەشمەڭلار، ھەسەت قىلىشماڭلار، تەتۈر قارىشىپ يۈرمەڭلار. مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشمەڭلار، ئاللاھنىڭ قېرىنداش بەندىلىرىدىن بولۇڭلار، بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قېرىندىشىنى ئاداۋەت يۈزىسىدىن گەپ قىلماي ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلىۋېتىشى ھالال بولمايدۇ».

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىتتىپاقسىزلىق، تەپرىقچىلىق ۋە ئاجىزلىققا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلاردىن چەكلەش.

2) مۇسۇلمان كىشىنىڭ قېرىندىشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق سالام قىلماي تاشلىۋېتىشىنىڭ ھارام ئىكەنلىكى.

**1568 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «تُفْتَحُ أبْوابُ الجَنَّةِ يَوْمَ الاثنَيْنِ ويَوْمَ الخَمِيس، فَيُغْفَرُ لِكُلِّ عبْدٍ لا يُشْرِكُ بِاللَّهِ شَيَئاً، إلاَّ رجُلاً كانَت بيْنهُ وبَيْنَ أخيهِ شَحْناءُ فيقالُ: أنْظِرُوا هذيْنِ حتَّى يصطَلِحا، أنْظِرُوا هذَيْنِ حتَّى يَصطَلِحا»

**« جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنى ئېچىلىدۇ. ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن ھەربىر بەندىگە مەغفىرەت قىلىنىدۇ. پەقەت بىر كىشىنىڭ قېرىندىشى بىلەن ئوتتۇرىسىدا ئاداۋىتى بولسا، ئۇنىڭدىن مۇستەسنا، بۇ ئىككىسى يارىشىپ قالغۇچە كېچىكتۈرۈڭلار، بۇ ئىككىسى يارىشىپ قالغۇچە كېچىكتۈرۈڭلار، دېيىلىدۇ ».** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: شەرىئەت رۇخسەت قىلغان سەۋەبلەردىن باشقا سەۋەبسىز باشقىلار بىلەن ئۇزۇلۇشۇپ كېتىشتىن چەكلەنگەن ۋە ئاداۋەت ساقلاش ۋە باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋېلىش ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرىشكە توسالغۇ بولىدىغانلىقى.

## 270 - باب ھەسەت قىلىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

**ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:** ﴿أَمْ يَحْسُدُونَ النَّاسَ عَلَى مَا آتَاهُمُ اللّهُ مِن فَضْلِهِ﴾ **﴿ياكى ئۇلار ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن كىشىلەرگە بەرگەن نەرسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن پەيغەمبەرلىككە) ھەسەت قىلىشامدۇ؟﴾.** («قۇرئان كەرىم» سۈرە نىسا 54 - ئايەت)

**1569 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إيَّاكُمْ والحسدَ، فإنَّ الحسدَ يأكُلُ الحسناتِ كَما تَأْكُلُ النَّارُ الحطبَ، أوْ قال العُشْبَ» **« ھەسەت قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى ھەسەت ياخشىلىقلارنى، ئوت ئوتۇننى يالماپ كۆيدۈرۈۋەتكەندەك يوق قىلىۋېتىدۇ ».** — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ھەسەت قىلىشتىن چەكلەنگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ چوڭ گۇناھلارنىڭ قاتارىدىن سانىلىدىغانلىقى. چۈنكى، ھەسەت ئوت ئوتۇننى ۋە شاخ شۇمبىلارنى يالماپ كەتكىنىدەك ياخشى ئەمەللەرنى بەك تېزلا بەربات قىلىۋېتىدىغانلىقى.

www.munber.org

## 271. باب كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىرىنى ئىزدەشتىن ۋە باشقىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىنى ياقتۇرمىغان كىشىنىڭ سۆزىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاشتىن چەكلەش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَا تَجَسَّسُوا﴾ ﴿مۇئمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھۇجۇرات 12 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَالَّذِينَ يُؤْذُونَ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ بِغَيْرِ مَا اكْتَسَبُوا فَقَدِ احْتَمَلُوا بُهْتَانًا وَإِثْمًا مُّبِينًا﴾ ﴿مۇئمىنلەر ۋە مۇئمىنەلەرگە قىلمىغان ئىشلارنى (چاپلاپ) ئۇلارنى رەنجىتىدىغانلار شۇ بوھتاننى ۋە روشەن گۇناھنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەھزاب 59 ـ ئايەت)

1570. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إيَّاكُمْ والظَّنَّ، فإن الظَّنَّ أكذبُ الحدِيثَ، ولا تَجسَّسُوا ولا تنافَسُوا ولا تَحَاسَدُوا، ولا تَباغَضُوا، ولا تَدابَرُوا، وكُونُوا عِباد اللَّهِ إخْواناً كَما أمركُمْ. المُسْلِمُ أخُو المُسْلِمِ، لا يظلِمُهُ، ولا يَخذُلُهُ ولا يَحْقرُهُ، التَّقوى هٰهُنا، التَّقوَى هٰهُنا» «گۇمانخورلۇقتىن ساقلىنىڭلار، گۇمانخورلۇق سۆزلەرنىڭ ئەڭ يالغىنى ھېسابلىنىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئاقتۇرماڭلار، تىڭ ـ تىڭلاپ يۈرمەڭلار، نەپسانىيەتچىلىك قىلماڭلار، ھەسەت قىلىشماڭلار، ئاداۋەت قىلىشماڭلار، ماي تارتىپ يۈرمەڭلار، ئاللاھنىڭ سىلەرنى بۇيرۇغىنى بويىچە ئاللاھنىڭ قېرىنداش بەندىلىرىدىن بولۇڭلار، مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر. مۇسۇلمان مۇسۇلمانغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ئۇنى خارلىمايدۇ، كەمسىتمەيدۇ. تەقۋالىق مانا مۇشۇ يەردە، تەقۋالىق مانا مۇشۇ يەردە، تەقۋالىق مانا مۇشۇ يەردە»، دەپ كۆكرىكىنى كۆرسىتەتتى، ئاندىن: «بِحْسبِ امريءٍ مِن الشَّرِّ أن يحْقِر أخاهُ المسلِم، كُلُّ المُسلم على المُسْلِمِ حرَامٌ: دمُهُ، وعِرْضُهُ، ومَالُه، إنَّ اللَّه لا يَنْظُرُ إلى أجْسادِكُمْ، وَلا إلى صُوَرِكُمْ، وأعمالكم ولكنْ يَنْظُرُ إلى قُلوبِكُمْ» «كىشىلەرنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى كەمسىتىشى ئۇنىڭ يامان ئادەم ئىكەنلىكىگە يېتەرلىكتۇر، بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ قېنىغا، ئابرۇيىغا ۋە مېلىغا چېقىلىشى ھارامدۇر. ئاللاھ سىلەرنىڭ تەن قۇرۇلۇشىڭلارغا، سۈرەتلىرىڭلارغا، ئىش ھەرىكىتىڭلارغا قارىمايدۇ، لېكىن سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا قارايدۇ»، دېدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «لا تَحاسَدُوا، وَلا تَبَاغَضُوا، وَلا تَجَسَّسُوا ولا تَحَسَّسُوا ولا تَنَاجشُوا وكُونُوا عِبَادَ اللَّهِ إخْوَاناً» «ھەسەت قىلىشماڭلار، ئاداۋەتلەشمەڭلار، تىڭ ـ تىڭلاپ يۈرمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەشمەڭلار، مال باھاسىنى قەستەن ئۆستۈرۈۋالماڭلار ۋە ئاللاھنىڭ قېرىنداش بەندىلىرىدىن بولۇڭلار»، دېگەن.

www.munber.org

يەنە بىر رىۋايەتتە: «لا تَقَاطَعُوا، وَلا تَدَابَرُوا، وَلا تَبَاغَضُوا ولا تَحَاسدُوا، وَكُونُوا عِبَادَ اللَّهِ إخْوَاناً» «بىر ـ بىرىڭلارنىڭ سودىسىنىڭ ئۈستىگە سودىلاشماڭلار، ماي تارتىپ يۈرمەڭلار، دۈشمەنلەشمەڭلار، ھەسەت قىلىشماڭلار، ئاللاھنىڭ قېرىنداش بەندىلىرىدىن بولۇڭلار»، دېگەن.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «لا تَهَاجَروا وَلا يَبِعْ بَعْضُكُم على بيع بَعْضٍ» «بۇرادەرلىرىڭلارنىڭ سودىسىنى بۇزۇپ، تارتىۋالماڭلار»، دېگەن. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مۇسۇلماننىڭ ئۆزئارا ئابرۇيىنى ۋە ئىززەت ھۆرمىتىنى ساقلاشقا، گۇمانخورلۇق قىلماسلىققا، ئەيىبىنى ئاختۇرماسلىققا بۇيرۇلغان.

2) باشقىلارغا زۇلۇم قىلماسلىق، باشقىلارنى ياردەمسىز قويماسلىق، كەمسىتمەسلىك، ھاكاۋۇرلۇق قىلماسلىق، باشقىلارنىڭ جېنىغا ـ مېلىغا ۋە ئىززەت ـ نەپسىگە چېقىلماسلىق، قېرىنداشلىقنى ساقلاش كېرەكلىكى.

3) باشقىلارغا زىيان سېلىش مەقسىتىدە مال باھاسىنى ئۆستۈرۈۋېلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى.

4) باشقىلارنىڭ سودىسىنى بۇزۇپ سودا قىلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى. چۈنكى، بۇنداق قىلىش ئۆزئارا ئۆچمەنلىككە ۋە يىراقلىششقا ئېلىپ بارىدىغانلىقى.

1571 ـ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «إنَّكَ إن اتَّبعْتَ عَوْراتِ الْمُسْلِمِينَ أفسَدْتَهُمْ، أوْ كِدْتَ أنْ تُفسِدَهُمَ» «شۈبھىسىزكى سەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەيىبلىرىنى ئىزلىسەڭ، ئۇلارنى بۇزىسەن، ياكى بۇزۇشقا تاس قالىسەن». — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

1572 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇنىڭ يېنىغا بىر ئادەم ئېلىپ كېلىندى: «بۇ پالانى ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ساقاللىرىدىن ھاراق تېمىپ تۇرىدۇ»، دېيىلگەندە ئۇ: «بىز كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزلەپ يۈرۈشتىن مەنئى قىلىنغان، لېكىن بىرەر ئەيىب بىزگە ئاشكارا بولۇپ قالسا ئۇنى تۇتىمىز»، دېدى. — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ساھابىلەرنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا مەھكەم ئېسىلىشقا ھېرىسمەن ئىكەنلىكى.

2) گۇمانغا تايىنىپ جازا ئىجرا قىلماسلىق، جازا ئىجرا قىلىشتىن بۇرۇن جىنايەت ئامىللىرىنى ئېنىقلاش كېرەكلىكى.



www.munber.org

## 272 . باب زوّرۇرىيەت بولمىغاندا مۇسۇلمانلارغا يامان ئويدا بولۇشتىن پەكلەش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَا تَجَسَّسُوا﴾ ﴿مۆئمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھۇجۇرات 12 ـ ئايەت)

1573 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِيَّاكُمْ وَالظَّنَّ، فإِنَّ الظَّنَّ أَكذَبُ الحَدِيثِ» «گۇمانخورلۇقتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى گۇمانخورلۇق سۆزلەرنىڭ ئەڭ يالغىنى ھېسابلىنىدۇ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كىشىلەرگە يامان ئويدا بولۇشتىن ئاگاھلاندۇرۇلغان.

2) شەرىئەتتىكى ھۆكۈم ۋە جازا گۇمان بىلەن ئەمەس، پاكىتقا ئاساسەن يۈرگۈزۈلىدىغانلىقى.

## 273 . باب مۇسۇلمانلارنى كەمسىتىشنىڭ ھارامىلىقى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا يَسْخَرْ قَومٌ مِّن قَوْمٍ عَسَى أَن يَكُونُوا خَيْرًا مِّنْهُمْ وَلَا نِسَاء مِّن نِّسَاء عَسَى أَن يَكُنَّ خَيْرًا مِّنْهُنَّ وَلَا تَلْمِزُوا أَنفُسَكُمْ وَلَا تَنَابَزُوا بِالْأَلْقَابِ بِئْسَ الاِسْمُ الْفُسُوقُ بَعْدَ الْإِيمَانِ وَمَن لَّمْ يَتُبْ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ﴾ ﴿ئى مۆئمىنلەر! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغان قەۋم (ئاللاھنىڭ نەزەرىدە) مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆزئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار، مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. بىر ـ بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرىشماڭلار. ئىماندىن كېيىن پىسقى بىلەن ئاتاش (يەنى مۆئمىننى پاسىق) دەپ ئاتاش نېمە دېگەن يامان! (مۇنداق نەھيى قىلىنغان ئىشلاردىن تەۋبە قىلمىغانلار زالىملاردۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھۇجۇرات 11 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَيْلٌ لِّكُلِّ هُمَزَةٍ لُّمَزَةٍ﴾ ﴿(كىشىلەرنى) ئەيىبلىگۈچى سۇخەنچىگە ۋاي!﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھۇمەزە 1 ـ ئايەت)

1574 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بِحَسْبِ امْرِيءٍ مِنَ الشَّرِّ أَن يَحْقِرَ أَخَاهُ الْمُسْلِمَ» «كىشىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى كەمسىتىشى ئۇنىڭ يامان ئادەم ئىكەنلىكىگە يېتەرلىكتۇر».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

**1575** ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لا يَدْخُلُ الجَنَّةَ مَنْ كَانَ في قَلْبِهِ مِثْقَالُ ذَرَّةٍ مِنْ كِبْرٍ» «قەلبىدە زەررىچىلىك تەكەببۇرلۇق بار ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ»، دېدى. بىر ئادەم: «ھەقىقەتەن كىشى ئۆزىنىڭ كىيىمى ۋە ئايىغىنىڭ چىرايلىق بولۇشىنى ياخشى كۆرىدىغۇ؟»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إنَّ اللّه جَمِيلٌ يُحِبُّ الجَمَال، الكِبْرُ بَطَرُ الحَقِّ، وغَمْطُ النَّاسِ» «شۈبھىسىزكى ئاللاھ گۈزەلدۇر. گۈزەللىكنى ياقتۇرىدۇ، تەكەببۇرلۇق دېگەن ھەقنى ئىنكار قىلىش ۋە كىشىلەرنى كەمسىتىشتۇر»، دېدى.

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: يولسىز ھاكاۋۇرلۇقنىڭ چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكى، ئازغىنا كىبىر شۇ كىشىنى جەننەتكە كىرىشتىن مەھرۇم قىلىپ قويىدىغانلىقى.

كىبىرنىڭ ئالامىتى: كىشىلەرنى كۆزگە ئىلماسلىق ۋە ھەققە بوي ئەگمەسلىك ئىكەنلىكى.

**1576** ـ جۇندۇب ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قالَ رَجُلٌ: واللَّهِ لا يَغْفِرُ اللَّه لفُلانٍ، فَقَالَ اللَّه عَزَّ وَجَلَّ: مَنْ ذا الّذِي يَتَألَّى عليَّ أنْ لا أغفِرَ لفُلانٍ إنِّي قَد غَفَرْتُ لَهُ، وَأَحْبَطْتُ عملَكَ» «بىر ئادەم: ‹ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، پالانىنى ئاللاھ كەچۈرمەيدۇ›، دېدى. ئۇلۇغ ئاللاھ: ‹پالانىنى كەچۈرمەسلىكىمگە قەسەم قىلغان كىشى كىمكەن؟ مەن ئۇنى مەغفىرەت قىلدىم، سېنىڭ ئەمەللىرىڭنى بولسا، بىكار قىلدىم›، دېدى». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە مەغفىرەت ۋە رەھمىتىنىڭ كەڭ ئىكەنلىكى.

2) باشقىلارنى كەمسىتىشتىن ئاگاھلاندۇرۇلغانلىقى.

## 274. باب مۇسۇلمانىنىڭ بېشىغا كەلگەن كېلىشمەسلىككە خۇرسەن بولۇشتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ﴾ ﴿مۆئمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھۇجۇرات 10 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ الَّذِينَ يُحِبُّونَ أَن تَشِيعَ الْفَاحِشَةُ فِي الَّذِينَ آمَنُوا لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ﴾ ﴿مۆئمىنلەر ئۈستىدە يامان سۆزلەرنىڭ تارقىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر، شۈبھىسىزكى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە نۇر 19 ـ ئايەت)

www.munber.org

1577 ـ ۋاسىلە ئىبنى ئەسقە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « لا تُظْهِرِ الشَّمَاتَةَ لأخيك فَيرْحمْهُ اللّهُ وَيبتَلِيكَ»
« قېرىندىشىڭنىڭ بېشىغا كەلگەن كېلىشمەسلىكتىن خۇرسەن بولۇپ كەتمىگىن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا رەھىم قىلىپ كېلىشمەسلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ، سېنى كېلىشمەسلىككە ئۇچرىتىپ قويمىسۇن، يەنە ». — ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ھەقىقىي مۇسۇلمان كىشىنىڭ قېرىندىشىنىڭ قايغۇسىغا قايغۇرىدىغان، خۇشاللىقىغا خۇشال بولىدىغان بولۇشى لازىملىقى.

## 275 . باب كۆرۈنۈشتە شەرىئەتتە ئىزچىللاشقان نەسەبكە تىل تەككۈزۈشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَالَّذِينَ يُؤْذُونَ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ بِغَيْرِ مَا اكْتَسَبُوا فَقَدِ احْتَمَلُوا بُهْتَانًا وَإِثْمًا مُّبِينًا﴾ ﴿مۇئمىنلەرۋە مۇئمىنەلەرگە قىلمىغان ئىشلارنى (چاپلاپ) ئۇلارنى رەنجىتىدىغانلار (شۇ) بۆھتاننى ۋە روشەن گۇناھنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ﴾.
(« قۇرئان كەرىم » سۈرە ئەھزاب 58 ـ ئايەت)

1578 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «اثْنَتَان في النَّاسِ هُمَا بِهِم كُفْرٌ: الطَّعْنُ في النَّسَبِ، والنِّيَاحةُ على المَّيت»
« كىشىلەردە تارالغان ئىككى تۈرلۈك ئىش بار، ئۇ كىمدە بولىدىكەن، شۇ كىشىنى كۇفرىغا ئېلىپ بارىدۇ. بىرى: كىشىنىڭ نەسەبىگە قارىسىغا تىل تەككۈزۈش، يەنە بىرى: مېيىتكە ئۈن سېلىپ يىغلاش ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مېيىتقا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن يىغلاش ۋە نەسەبكە تىل تەككۈزۈشنىڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكى، ھەتتا بۇنداق قىلىشنىڭ كۇفرى بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

## 276 . باب ئالدامچىلىق ۋە مەككارلىقتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَالَّذِينَ يُؤْذُونَ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ بِغَيْرِ مَا اكْتَسَبُوا فَقَدِ احْتَمَلُوا بُهْتَانًا وَإِثْمًا مُّبِينًا﴾ ﴿مۇئمىنلەر ۋە مۇئمىنەلەرگە قىلمىغان ئىشلارنى (چاپلاپ) ئۇلارنى رەنجىتىدىغانلار (شۇ) بوھتاننى ۋە روشەن گۇناھنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ﴾.
(سۈرە ئەھزاب 58 ـ ئايەت)

www.munber.org

**1579 ـ** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «منْ حملَ عَلَيْنَا السِّلاحَ، فَلَيْسَ مِنَّا، ومَنْ غَشَّنَا، فَلَيْسَ مِنَّا» «كىمكى بىزگە قارشى قورال كۆتۈرىدىكەن، ئۇ بىزگە تەۋە ئەمەس. كىمكى بىزگە ئالدامچىلىق قىلىدىكەن، ئۇمۇ بىزگە تەۋە ئەمەس». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە: رەسۇلۇللاھ (سېتىش ئۈچۈن قويۇلغان) بىر دۆۋە ئاشلىقنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، قولىنى ئاشلىقنىڭ ئىچىگە تىققانىدى، قولىغا ھۆللۈك تەگدى. رەسۇلۇللاھ: «مَا هَذَا يا صَاحِبَ الطَّعَامِ؟» «ھەي ئاشلىق ئىگىسى! بۇ نېمە ئىش؟»، دېدى. ئۇ كىشى: «ئاشلىق يامغۇردا قالغانىدى، ئى رەسۇلۇللاھ»، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «أَفَلا جَعلْتَه فَوْقَ الطَّعَامِ حَتَّى يَرَاهُ النَّاس، مَنْ غَشَّنَا فَلَيْسَ مِنَّا» .«ئۇنداق بولسا نېمىشقا ھۆل ئاشلىقنى كىشىلەرگە كۆرگۈدەك قىلىپ ئۈستىگە چىقىرىپ قويمىدىڭ؟ كىمكى ھىيلە ئىشلىتىدىكەن، ئۇ بىزگە مەنسۇپ ئەمەس»، دېدى.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئۆزئارا قورال كۆتۈرۈشكە ۋە مۇئامىلىدە كىشىلەرنى ئالداشقا بولمايدىغانلىقى، مال ساتقۇچى ئەگەر مالدا ئەيىب بولسا، خېرىدارغا مالنىڭ ئەيىبىنى ئاشكارا ئېيتىشى كېرەكلىكى.

2) ھاكىم ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان قانۇن يۈرگۈزگۈچىلەرنىڭ بازارنى نازارەت قىلىپ تۇرۇشقا ۋە كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالغان ئالدامچىلارنى جازالاشقا مەسئۇل بولۇشى كېرەكلىكى.

3) ئۇممەتكە زىيانغا سېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى قەستەن ئالداش ئۇممەتكە ئاسىيلىق قىلغانلىق ۋە تانغانلىق بولىدىغانلىقى.

**1580.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا تَنَاجشُوا» «خېرىدارنى قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن يالغاندىن مالنى يۇقىرى باھادا ئېلىۋالماقچى بولماڭلار».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ خېرىدارنى ئالداپ مال باھاسىنى ئۆستۈرۈۋالماسلىق كېرەكلىكى، چۈنكى بۇنداق قىلىش ئالدامچىلىق بولىدىغانلىقى.

**1581 ـ** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ خېرىدارنى قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن مالنى يالغاندىن يۇقىرى باھادا ئالماقچى بولۇۋېلىشتىن مەنئى قىلغان. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1582 ـ** ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم رەسۇلۇللاھقا ئۆزىنىڭ سودا ـ سېتىقتا ئالدىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتتۇيدى. رەسۇلۇللاھ: «مـنْ بـايَعْتَ، فَقُـلْ لا خِلابَـةَ» «كىم بىلەن ئالدى ـ ساتتى قىلىشساڭ ئۇنىڭغا سودا ـ سېتىقتا ھىيلە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ دېگىن»، دېدى.



www.munber.org

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: سوددا ئالدانغان بولسا مال قايتۇرۇش ھەققى بولىدىغانلىقى.

**1583 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «مَنْ خَبَّبَ زَوْجَةَ امْرِىءٍ، أَوْ مَمْلُوكَهُ، فَلَيْسَ مِنَّا» **«كىمكى بىراۋنىڭ ئايالىنى ياكى قۇلىنى ئالداپ يولدىن چىقارسا ئۇ بىزدىن ئەمەس».**

— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاياللارنى ياكى باشقىلارنىڭ خىزمەتچىلىرىنى ئالداشنىڭ ۋە ياكى ئۇلار بىلەن ئەرلىرى ۋە خوجايىنلىرى ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى.

## 277 . باب ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىقنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

**ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:** ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ أَوْفُواْ بِالْعُقُودِ﴾ **﴿ئى مۇئمىنلەر! ئەھدىلەرگە (يەنى ئاللاھ بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ۋە سىلەرنىڭ ئۆزئاراڭلاردىكى ئەھدىلەرگە) ۋاپا قىلىڭلار﴾.** («قۇرئان كەرىم» سۈرە مائىدە 1 ـ ئايەت)

**ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:** ﴿وَأَوْفُواْ بِالْعَهْدِ إِنَّ الْعَهْدَ كَانَ مَسْؤُولاً﴾ **﴿ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، ئەھدە ئۈستىدە ئەلۋەتتە سوئال ـ سوراق قىلىنىسىلەر﴾.** («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئىسرا 34 ـ ئايەت)

**1584 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «أَرْبَعٌ مَنْ كُنَّ فيهِ، كانَ مُنَافِقاً خالصاً، وَمَنْ كانتْ فيه خَصْلَةٌ مِنْهُنَّ، كانَ فِيهِ خَصْلَةٌ مِنَ النِّفاقِ حتَّى يدعها : إذا أُؤتِمِنَ خانَ، وإذا حدَّثَ كَذَبَ، وإذا عاهَدَ غَدَرَ، وإذا خَاصَم فَجر» **«مۇنداق تۆت سۈپەت بار، كىمدە مۇشۇ تۆت سۈپەت بولىدىكەن، ئۇلارنى تەرك ئەتمىگۈچە ئۇ مۇناپىق ھېسابلىنىدۇ. كىمدە مۇشۇ تۆت سۈپەتتىن بىرى تېپىلىدىكەن، ئۇنى تەرك ئەتمىگۈچە ئۇنىڭدا مۇناپىقلىقتىن بىر خىسلەت بولغان بولىدۇ: 1) ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلماق. 2) يالغان سۆزلىمەك. 3) قىلغان توختامىنى بۇزماق. 4) جېدەللەشكەندە ئاغزىنى بۇزماق».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) يۇقىرىقى ناچار سۈپەتلەر پەقەت مۇناپىقتىلا بولىدىغان سۈپەتلەر بولۇپ، مۇئمىن كىشى بۇ سۈپەتلەردىن يىراق بولۇشى ۋە ئۆزىنى پاك تۇتۇش لازىملىقى.

2) ئىسىل ئەخلاقى پەزىلەت كۈچلۈك ئىمانغا باغلانغان بولۇپ، ئۇ ئىمان مەۋجۇت بولسا مەۋجۇت بولىدۇ. ئەگەر ئىمان يوقالسا ئىسىل ئەخلاقمۇ يوقىلىدۇ.



www.munber.org

3) مۇناپىقلىق ئىنسان تەبىئىتىدىكى پەسلىك بولۇپ، جەمئىيەتكە زىيان كەلتۈرىدىغانلىقى.

**1585 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم دەيدۇ:** «لِكُلِّ غَادِرٍ لِوَاءٌ يوْمَ القِيامةِ، يُقَالُ: هذِهِ غَدْرَةُ فُلانٍ» **« ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغان ھەربىر ئادەم ئۈچۈن قىيامەت كۈنى ۋاپاسىز دېگەن بايراق تىكلىنىدۇ ».** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئەھدىنى بۇزغان كىشىنىڭ قىيامەت كۈنى تېخىمۇ رەسۋا بولۇشى ۋە ۋاپاسىزلىقنىڭ پۈتۈن خالايىقلار ئالدىدا ئاشكارىلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر بايراق قادىلىدىغانلىقى.

**1586 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «لِكُلِّ غَادِرٍ لِواءٌ عِندَ إسْتِهِ يَوْمَ القِيامةِ يُرْفَعُ لَهُ بِقدْرِ غدْرِهِ، ألا ولا غَادر أعْظمُ غَدْراً مِنْ أميرِ عامَّةٍ» **« ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان ھەربىر كىشىنىڭ قىيامەت كۈنى قۇيرۇقىدا بىر بايراق بولىدۇ، ئۇنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغانلىقى قانچىلىك بولسا ئۇ بايراق شۇنچە ئېگىز كۆتۈرۈلىدۇ. ئاگاھ بولۇڭلاركى خەلقكە باشلىق بولغان ئادەمنىڭ ۋەدىسىدە تۇرماسلىقىدىنمۇ چوڭراق ۋاپاسىزلىق بولمايدۇ ».** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: خىيانەتنىڭ بولۇپمۇ خەلىفە ياكى ھۆكۈمرانلاردىكى خىيانەتنىڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش، چۈنكى ئۇ خەلىفە ياكى ھۆكۈمرانلار خىيانەت قىلماسلىقتا، ۋەدىگە ۋاپا قىلىشقا قادىر بولۇپ مەجبۇرلانغان ئەمەس، ئۇلارنىڭ خىيانىتى پۈتۈن جەمئىيەتكە زىيان كەلتۈرىدۇ.

**1587 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «قَالَ اللَّه تعالى ثَلاثَةٌ أنا خَصْمُهُمْ يَوْمَ القِيَامَةِ: رَجُلٌ أعطَى بي ثُمْ غَدَرَ، وَرجُلٌ باع حُراً فأكل ثمَنَهُ، ورجُلٌ استَأجرَ أجِيراً، فَاسْتَوْفي مِنهُ، ولَمْ يُعْطِهِ أجْرَهُ» **« ئاللاھ تائالا ئېيتتىكى، ئۈچ تۈرلۈك ئادەم قىيامەت كۈنى مېنىڭ دۈشمىنىم بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرىنچى خىلى، مەن بىلەن قەسەم قىلىپ ۋەدە بېرىپ، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغان ئادەم. ئىككىنچى خىلى، ھۆر ئادەمنى سېتىپ پۇلىنى يېگەن ئادەم. ئۈچىنچى خىلى، بىر ئادەمنى ياللاپ ئىشلىتىپ ئىش ھەققىنى بەرمىگەن ئادەم ».**

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ۋەدىگە ۋاپا قىلىشقا، ئازاد (ھۆر) ئادەمنى ساتماسلىققا ۋە ئىشلەمچىنىڭ ھەققىنى بېرىشكە رىغبەتلەندۈرگەن.

2) يۇقىرىقى ئۈچ خىل ئىشنى قىلغان كىشىلەرنى قاتتىق ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇش، بىرىنچى خىلى، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە خىيانەت قىلىپ ئاللاھنىڭ مۇبارەك ئىسمى، سۈپىتىنىڭ ھۆرمىتىنى



www.munber.org

بۇزۇش. ئىككىنچى خىلى، بۇ يەردىكى مەقسەت سودا قىلىپ پۇل ئۇندۇرۇش ئەمەس، بەلكى مەيلى ساتسۇن ياكى پۇل ئۇندۇرسۇن ئازاد بىر ئادەمنى ئىگىلىۋېلىش بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئازاد ئادەمنى ئىگىلىۋالغان كىشىگە دۈشمەن. ئۈچىنچى، كىشىنىڭ بىر ئادەمنى بەدەلسىز ئىشقا سېلىپ كۈچىدىن پايدىلىنىشى ھەققىي زۇلۇمدۇر.

## 278 ـ باب بەرگەن نەرسىگە مىننەت قىلىشتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تُبْطِلُواْ صَدَقَاتِكُم بِالْمَنِّ وَالأذَى﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە بەقەرە 264 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿الَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَالَهُمْ فِي سَبِيلِ اللّهِ ثُمَّ لاَ يُتْبِعُونَ مَا أَنفَقُواُ مَنًّا وَلاَ أَذًى﴾ ﴿پۇل ـ مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدىغان ئارقىسىدىن ئۇنىڭغا مىننەت قىلمايدىغان ۋە (خەير ـ ساخاۋەتكە ئېرىشكەنلەرنى) رەنجىتمەيدىغان كىشىلەر﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە بەقەرە 262 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

**1588** ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ثَلاثةٌ لا يُكلِّمُهُمْ اللَّه يوْمَ القيامةِ، ولا يَنْظُرُ إِليْهِمْ، ولا يُزَكِّيهِمْ وَلهُمْ عذابٌ أليمٌ» « قىيامەت كۈنى ئاللاھ (ئۇلارنى خوش قىلىدىغان) گەپ قىلمايدىغان، (رەھمەت كۆزى بىلەن) قارىمايدىغان، (گۇناھلىرىنى) پاكلىمايدىغان، ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بولىدىغان ئۈچ تۈرلۈك ئادەم بار ». ئەبۇ زەر دېدىكى: رەسۇلۇللاھ بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغانىدى. ئەبۇ زەر: « خار بولىدىغان، زىيان تارتىدىغان كىشىلەر كىم، ئى رەسۇلۇللاھ؟ »، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «المُسبِلُ، والمَنَّانُ، والمُنْفِقُ سلعتهُ بالحِلفِ الكَاذبِ» « ئىشتىنىنى سۆرەپ ماڭغۇچى، مىننەت قىلغۇچى، يالغان قەسەم بىلەن مېلىنىڭ بازىرىنى چىقارغۇچى »، دېدى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە: « ئىشتىنىنى سۆرەپ ماڭغۇچى، يەنى كۆز ـ كۆز قىلىپ ئۆزىنىڭ كىيىمىنى ۋە ئىشتىنىنى ئۇشۇقىدىن ئۇزۇن قىلىپ سۆرىۋالغۇچى »، دېدى.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مىننەت قىلىشنىڭ چەكلەنگەنلىكى، چۈنكى، مىننەت قىلىش ساخاۋەت قىلىنغان كىشىگە ئازار بەرگەنلىك ۋە ئۇنى خورلىغانلىق بولىدىغانلىقى.

2) ھاكاۋۇرلۇق قىلىش نىيىتىدە كىيىمنى ئۇزۇن كىيىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى، ئەگەر ھاكاۋۇرلۇق قىلماي ئۇزۇن كىيسە مەكرۇھ بولىدىغانلىقى.

www.munber.org

3) سودا ئۈچۈن يالغان قەسەم قىلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى، چۈنكى بۇنداق قىلىش خۇددى بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە كەلگەندەك، يالغان قەسەم مالنىڭ بازىرىنى چىقىرىدىغانلىقى، ئەمما بەرىكىتىنى ئۆچۈرۈۋېتىدىغانلىقى.

## 279. باب ماختانچاقلىقتىن ۋە باشقىلارغا چېقىلىشتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَلَا تُزَكُّوا أَنفُسَكُمْ هُوَ أَعْلَمُ بِمَنِ اتَّقَى﴾ ﴿سىلەر ئۆزۈڭلارنى پاك ھېسابلىماڭلار، ئاللاھ تەقۋادار بولغان ئادەمنى ئوبدان بىلىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە نەجىم 32 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّمَا السَّبِيلُ عَلَى الَّذِينَ يَظْلِمُونَ النَّاسَ وَيَبْغُونَ فِي الْأَرْضِ بِغَيْرِ الْحَقِّ أُوْلَئِكَ لَهُم عَذَابٌ أَلِيمٌ﴾ ﴿ئەيىبلىنىدىغانلار پەقەت كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىدىغان، زېمىندا ناھەق رەۋىشتە پىتنە ـ پاسات تېرىيدىغان ئادەملەردۇر. ئەنە شۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە شۇرا 42 ـ ئايەت)

1589 ـ ئىياز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إن اللَّه تَعالى أوْحَى إليَّ أن تواضعُوا حَتى لا يبْغِيَ أحَدٌ على أحدٍ، ولا يفْخرَ أحدٌ على أحدٍ» «ئاللاھ تائالا مېنى ۋە سىلەرنى كەمتەر بولۇشقا ۋە بىراۋ بىراۋغا چېقىلماسلىققا، بىراۋ بىراۋغا ماختانچاقلىق قىلماسلىققا ئەمرى قىلدى». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇ ھەدىستە كۆز ـ كۆز قىلىپ پەخىرلىنىش ۋە بىراۋغا چېقىلىش چەكلەنگەن، شۇنداقلا پانىي دۇنيانىڭ مال ـ دۇنيا ۋە نام ـ ئابرۇيلىرىغا بېرىلىپ ئالدىنىپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇلغان.

1590. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إذا قال الرَّجُلُ: هلَكَ النَّاسُ، فهُو أَهْلَكُهُمْ» «قاچانكى بىر ئادەم پالانى تۈگەشتى، دېسە، ئۇنىڭ ئۆزى ھەممىدىن بەك تۈگەشىدۇ. ۋەيران بولغانلار، دېسە ۋە بۇنى چوڭچىلىق قىلىپ كىشىلەرنى كۆزگە ئىلماي دېسە ھارام بولىدۇ. ئۇلارنىڭ دىنىنىڭ سۇسلىقىدىن ئەپسۇسلىنىپ دېسە كارايىتى يوقتۇر».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇ ھەدىستە: ئۆزىگە تەمەننا قويۇشتىن، باشقىلارنى كەمسىتىشتىن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن ئامان قالىمەن دېيىشتىن ئاگاھلاندۇرۇلغان.



www.munber.org

## 280. باب بىرئەتپى ياكى پاسىق بولمىسىلا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلىۋېتىشىنىڭ ھارامىلىقى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ فَأَصْلِحُوا بَيْنَ أَخَوَيْكُمْ﴾ ﴿مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھۇجۇرات 10 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَلاَ تَعَاوَنُواْ عَلَى الإِثْمِ وَالْعُدْوَانِ﴾ ﴿گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە مائىدە 2 ـ ئايەت)

**1591** ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا تَقَاطَعُوا، ولا تَدابروا، ولا تباغضُوا، ولا تحاسدُوا، وكُونُوا عِبادَ اللَّهِ إخْواناً. ولا يحِلُّ لمُسْلِمٍ أنْ يهْجُرَ أخَاهُ فَوقَ ثَلاثٍ» «مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشمەڭلار، تەتۈر قارىشىپ يۈرمەڭلار، دۈشمەنلەشمەڭلار، ھەسەت قىلىشماڭلار، ئاللاھنىڭ قېرىنداش بەندىلىرىدىن بولۇڭلار، مۇسۇلماننىڭ بۇرادىرىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلىۋېتىشى دۇرۇس بولمايدۇ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1592** ـ ئەبۇ ئەييۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا يحِلُّ لمُسْلِمٍ أنْ يَهْجُرَ أخَاهُ فوْقَ ثَلاثِ لَيالٍ: يلتَقِيانِ، فيُعرِضُ هذا ويُعرِضُ هذا، وخَيْرُهُما الّذِي يبْدأ بالسَّلامِ» «بىر ئادەمنىڭ دىنىي قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇپ بىر ـ بىرىگە تەتۈر قاراپ يۈرۈشى دۇرۇس ئەمەس. قايسى ئالدى بىلەن سالام بەرسە، ئەنە شۇ ئۇلارنىڭ ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ»

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھەدىستىكى «قېرىنداش»، دەپ ئىپادىلەش مۇناسىۋەتنى ئۈزمەسلىككە رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئۆزئارا تاشلىۋېتىشتىن ئاگاھلاندۇرۇشقا ئېنىق ئىشارەتتۇر.

2) مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، بىر ـ بىرىنى تاشلىۋەتكۈچى ئىككەيلەننىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسى بولسا قېرىندىشىغا بۇرۇن سالام بەرگىنى ۋە دەسلەپ گەپ قىلغىنى، قېرىنداشلىق رىشتىنى ئۇلاپ ئۆچمەنلىك سەۋەبلىرىنى يوق قىلغىنىدۇر.

3) مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈچ كۈندىن ئارتۇق بىر ـ بىرىنى تاشلىۋېتىشىنىڭ ھارام ئىكەنلىكى. ئۈچ كۈن مۇددەت بېكىتىشتىكى ھېكمەت: ئۈچ كۈن ۋاقىت ئويلىنىشقا، غەزىپىنى بېسىشقا، قارشى تەرەپنىڭ خاتالىقلىرىنى ئۇنتۇش ۋە ئۆچمەنلىك ھېسسىياتىنى دەپئى قىلىۋېتىشكە يېتەرلىكتۇر.

4) مۇسۇلمان ئۆچمەنلىكنى تېز ئۇنتۇيدۇ ۋە پەزلى مەرھەمەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ياخشىلىنىۋېلىشقا ئالدىرايدۇ.

5) ئىسلامدىكى سالام دوستلۇق ۋە قېرىنداشلىقنىڭ سىمۋولىدۇر.



www.munber.org

**1593** - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تُعْرضُ الأعْمالُ في كُلِّ اثنين وخَميس، فيغفِر اللّه لِكُلِّ امْرِيءٍ لا يُشْرِكُ بِاللَّهِ شَيْئاً، إلا امْرءًا كَانَتْ بيْنَهُ وبيْنَ أَخِيهِ شَحْناءُ، فيقُولُ: اتْرُكُوا هذَينِ حتَّى يصْطَلِحا» «دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنى كۈنلىرى تامام ئەمەللەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن ھەربىر بەندىنى ئاللاھ مەغفىرەت قىلىدۇ. لېكىن، بىر كىشىنىڭ قېرىندىشى بىلەن ئوتتۇرىسىدا ئاداۋىتى بولسا، ئاللاھ بۇ ئىككىسى يارىشىپ قالغۇچە كېچىكتۈرۈڭلار دەيدۇ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئۆچمەنلىك ئىككى ئاداۋەتلەشكۈچىنىڭ ئاداۋىتىدىن قايتىپ ياخشىلاشقانغا قەدەر ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ مەغفىرەت بولۇشىنى توسۇپ تۇرىدۇ.

**1594** - جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «إنَّ الشَّيْطَانَ قَدْ يئسَ أنْ يَعْبُدهُ المُصلُّون في جَزيرةِ العربِ ولكِن في التَّحْرِيشِ بيْنهم» «شەيتان ئەرەب ئارىلىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭغا چوقۇنۇشىدىن ئۈمىد ئۈزدى. لېكىن، مۇسۇلمانلار ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش كويىدادۇر».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) شەيتان مۇسۇلمانلار ئارىسىغا ئۆچ - ئاداۋەت، جەڭگى - جېدەل ۋە پىتنە - پاسات تېرىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. شۇڭا مۇسۇلمان كىشى نەپسى بىلەن كۈرەش قىلىپ، شەيتاندىن يىراق بولۇپ، ئاللاھقا سېغىنىپ شەيتاندىن پاناھ تىلەش كېرەك.

2) بۇ ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى بولۇپ، ئۇ غەيب ئىشتىن خەۋەر بەرگەنىدى. كېيىنكى ئىشلار خەۋەر قىلغانىدەك بولدى.

**1595** - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا يحِلُّ لمسْلِمٍ أنْ يهْجُرَ أخَاه فوْقَ ثَلاثٍ، فمنْ هَجر فَوْقَ ثلاثٍ فمات دخَل النَار» «مۇسۇلماننىڭ ئۆز قېرىندىشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق (ئاداۋەت قىلىپ) تاشلىۋېتىشى دۇرۇس بولمايدۇ. بىر - بىرىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلىۋېتىپ ئۆلۈپ كەتكەنلەر دوزاخقا كىرىدۇ». — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلاپ قويۇپ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشكە چېك تۇرغان ھالدا ۋاپات بولسا، دوزاخقا كىرىدىغانلىقى ۋە دوۋزىخىيلار بىلەن بىللە ئازابلىنىدىغانلىقى.

**1596** - ئەبۇ خىراش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «مَنْ هَجر أخاهُ سَنَةً فَهُو كَسفْكِ دمِهِ» «كىمكى قېرىندىشىنى بىر يىل تاشلىۋەتسە ئۇنىڭ قېنىنى تۆككەنگە باراۋەر بولىدۇ». — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: قېرىندىشىنى تاشلىۋېتىشتىن ۋە مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشتىن ئاگاھلاندۇرۇلغان، چۈنكى قېرىنداشنى تاشلىۋېتىش دېگەن مەنىۋى ئۆلتۈرۈش بولۇپ، جىسمانىي ئۆلتۈرۈشتىن يەڭگىل ئەمەس.

1597 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا يَحِلُّ لمُؤْمِنٍ أنْ يهْجُرَ مُؤْمِناً فَوْقَ ثَلاثٍ، فَإِنْ مرَّتْ بِهِ ثَلاثٌ، فَلْيَلْقَهُ، ولْيُسَلِّمْ عَلَيْهِ، فَإِن رَدَّ عليهِ السَّلام، فقَد اشْتَرَكَا في الأجْرِ، وإنْ لَمْ يَرُدَّ عَلَيْهِ، فَقَدْ باءَ بالإثم، وخَرَجَ المُسلِّمُ مِن الهجْرةِ» «بىر مۇئمىن ئادەمنىڭ يەنە بىر مۇئمىننى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلىۋېتىشى دۇرۇس بولمايدۇ. ئەگەر ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتسە، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ سالام قىلسۇن، ئەگەر ئۇ سالامنى ئىلىك ئالسا ساۋابتا ئىككىلىسى ئورتاقلىشىدۇ. ئەگەر سالامنى ئىلىك ئالمىسا ئۇ گۇناھكار بولىدۇ. سالام قىلغۇچى تاشلاشقاننىڭ گۇناھىدىن خالاس تاپقان بولىدۇ». — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مۇئمىن كىشىنىڭ قېرىندىشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلىۋېتىشىنىڭ ھارام ئىكەنلىكى.

2) سالام قىلىش بىلەن ئاداۋەتنىڭ ئاخىرلىشىدىغانلىقى.

3) ئەگەر قارشى تەرەپ سالامنى ئىلىك ئالسا ئەجىردە ئورتاق بولىدۇ. ئەگەر سالامنى ئىلىك ئالمىسا ئۇ گۇناھكار بولىدۇ. سالامنى باشلىغۇچىدىن گۇناھ ساقىت بولىدۇ.

## 281 ـ باب ئۈچ كىشى بىر يەردە بولۇپ زۆرۈرىيەت بولمىسا ئۈچىنچى بىر ئادەمنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي ئىككى كىشىنىڭ پىچىرلىشىشىدىن ياكى ئۈچىنچى كىشى بىلمەيدىغان تىل بىلەن سۆزلىشىشتىن چەكلەش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّمَا النَّجْوَى مِنَ الشَّيْطَانِ﴾ ﴿گۇناھ توغرىسىدا پىچىرلىشىش شەيتان تەرىپىدىن بولغاندۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە مۇجادىلە 10 ـ ئايەت)

1598 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إذا كَانُوا ثَلاثَةً، فَلا يَتَنَاجَى اثْنَانِ دُونَ الثَّالِثِ» «ئۈچ ئادەم بار يەردە ئىككىسى ئۈچىنچىسىدىن يوشۇرۇن پىچىرلاشمىسۇن».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئەبۇ داۋۇدنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە: ئەبۇ سالىھ مۇنداق دېگەن: «مەن ئىبنى ئۆمەردىن تۆت ئادەم بولسىچۇ؟»، دەپ سورىسام. ئۇ: «ئۇنداقتا باك يوق»، دېدى.



www.munber.org

مالىكنىڭ « مۇۋەتتا »، دېگەن كىتابىدا ئابدۇللاھ ئىبنى دىنارنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە: ئۇ مۇنداق دېگەن: « مەن ۋە ئىبنى ئۆمەر خالىد ئىبنى ئۇقبەنىڭ بازاردىكى قورۇسىدا ئىدۇق. بىر كىشى كېلىپ ئىبنى ئۆمەر بىلەن ئايرىم سۆزلەشمەكچى بولدى. ئۇنىڭ يېنىدا مەندىن باشقا كىشى بولمىغاچقا، ئۇ يەنە بىر كىشىنى چاقىرىپ كىردى. شۇنىڭ بىلەن بىز تۆت بولدۇق. ئاندىن ئۇ مەن بىلەن ئۆزى چاقىرىپ كىرگەن كىشىگە: « ئەمدى ئىككىڭلار كەينىدە تۇرۇپ تۇرساڭلار، چۈنكى مەن رەسۇلۇللاھنىڭ: «لا يَتَنَاجَى اثْنَانِ دونَ وَاحِدٍ» ‹ئىككى كىشى ئۈچىنچى كىشىنى يالغۇز قالدۇرۇپ ئايرىم سۆزلەشمىسۇن›، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان »، دېدى.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىنىڭ بىر پۈتۈن يوليورۇق، كۆرسەتمىلىرى بىلەن تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى ئۆزئىچىگە ئالىدىغانلىقى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سورۇن ئەدەبلىرىدىن تەلىم بەرگەنلىكى.

2) ئىككەيلەننىڭ ئۈچىنچى كىشىنى قويۇپ ياكى ئۈچەيلەننىڭ تۆتىنچى كىشىنى قويۇپ ياخشى ئىشلار توغرىسىدا پاراڭلىششىتىنمۇ نەھيى قىلىنغانلىقى، ئەگەر ئىككەيلەن ئۈچىنچى كىشى يوق ھالدا يامان ئىشلار توغرىسىدا پاراڭلاشسا ھارام بولىدىغانلىقى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا تَنَاجَيْتُمْ فَلَا تَتَنَاجَوْا بِالْإِثْمِ وَالْعُدْوَانِ وَمَعْصِيَتِ الرَّسُولِ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر، سىلەر پىچىرلاشساڭلار گۇناھ، زۇلۇم ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىش توغرىسىدا پىچىرلاشماڭلار﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە مۇجادىلە 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

3) بۇ كاتتا ئەدەبتىكى ھېكمەت: بىر كىشىنى سۆزنى ئاڭلاشتىن ياكى چۈشىنىشتىن يىراق قىلىش ئۇ كىشىدە شەك پەيدا قىلىپ غەمگە سېلىپ قويىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشىنى يالغۇز قويماي باشقىلار بىلەن پىچىرلاشسا گۇناھ بولمايدىغانلىقى.

**1599** ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إذا كُنْتُمْ ثَلاثة، فَلا يَتَنَاجى اثْنَانِ دُونَ الآخَرِ حتَّى تَخْتَلِطُوا بالنَّاسِ، مِنْ أَجْلِ أنَّ ذَلِكَ يُحزِنُهُ» « سىلەر ئۈچ كىشى بولساڭلار باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇرمىغۇچىلىك بىرىڭلارنى ئايرىپ قويۇپ ئىككىڭلار پىچىرلاشماڭلار » (چۈنكى بۇنداق قىلىش ئۈچىنچى كىشىنى رەنجىتىپ قويىدۇ). ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئىككى كىشىنىڭ ئۈچىنچى بىر كىشىنى يالغۇز قويۇپ پىچىرلىششى ھارام دەرىجىسىدىكى نەھيى بولۇپ ئۈچىنچى كىشىنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىپ ئازار بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَالَّذِينَ يُؤْذُونَ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ بِغَيْرِ مَا اكْتَسَبُوا فَقَدِ احْتَمَلُوا بُهْتَانًا وَإِثْمًا مُبِينًا﴾ ﴿مۇئمىنلەر ۋە مۇئمىنلەرگە قىلمىغان ئىشلارنى (چاپلاپ) ئۇلارنى رەنجىتىدىغانلار (شۇ) بوھتاننى ۋە روشەن گۇناھنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە ئەھزاب 58 ـ ئايەت)



www.munber.org

## 282 . باب قۇلنى، ئۇلاغلارنى، ئايالنى ۋە بالىلارنى شەرئى سەۋەبسىز ياكى ھەددىدىن ئۇشۇق قىيناشتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا وَبِذِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَالْجَارِ ذِي الْقُرْبَى وَالْجَارِ الْجُنُبِ وَالصَّاحِبِ بِالْجَنبِ وَابْنِ السَّبِيلِ وَمَا مَلَكَتْ أَيْمَانُكُمْ إِنَّ اللّهَ لاَ يُحِبُّ مَن كَانَ مُخْتَالاً فَخُورًا﴾ ﴿ئاتا ـ ئانائلارغا، خىش ـ ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، ياندىكى ھەمراھقا، مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل ـ چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۇتەكەببىر ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە نىسا 36 ـ ئايەت)

1600 . ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «عُذِّبتِ امْرَأَةٌ في هِرَّةٍ حبستها حَتَّى ماتَتْ، فَدَخلَتْ فِيهَا النَّارَ، لا هِيَ أطْعمتْهَا وسقَتْها، إذ هي حبَستْهَا ولا هِي تَركَتْهَا تَأْكُلُ مِنْ خَشَاشِ الأرض» « بىر ئايال بىر مۈشۈكنى تاماقمۇ بەرمەي ۋە زېمىندىكى ھاشارەتلەرنىمۇ يېگىلى قويماي باغلاپ قويۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن دوۋزىخي بولۇپ كەتكەن » . ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھايۋانلارغا كۆيۈنۈشكە رىغبەتلەندۈرۈلگەنلىكى ھەمدە ھايۋانلارنى سولاپ قويۇش ۋە ئاچ قويۇشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى.

2) ھايۋانلارنى ياخشى خەۋەر ئالالىسا بېقىشقا بولىدىغانلىقى.

1601 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ نىشانغا يەتمىگەن ئوقنى قۇش ئىگىسىگە بېرىش شەرتى بىلەن تىرىك قۇشنى نىشان قىلىپ قارىغا ئېتىشىپ ئويناۋاتقان قۇرەيش ياشلىرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، ئۇلار ئىبنى ئۆمەرنى كۆرۈپ تاراپ كەتتى. ئىبنى ئۆمەر: « بۇ ئىشنى كىم قىلدى؟ ئاللاھ بۇ ئىشنى قىلغان كىشىگە لەنەت قىلسۇن، رەسۇلۇللاھ جانىدارنى قارىغا ئېتىپ ئوينىغان كىشىگە لەنەت قىلغان » ، دېدى. ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ھەرقانداق جانلىقنى قارىغا ئېلىپ ئېتىپ ئويناش ئۈچۈن نىشان قىلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى، چۈنكى بۇنداق قىلىشنىڭ ئۇ ھايۋاننى ھېچقانداق شەرئى سەۋەبسىز قىينىغانلىق بولىدىغانلىقى. ھەدىستە ھايۋانلارنى قىيناشنىڭ چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكى ئېنىق بايان قىلىنغان ۋە بۇنداق قىلغۇچىلارغا لەنەت ئېيتىلغان.

1602 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ كىشىلەرنى چارپايلارنى باغلاپ قويۇپ بىرەر نەرسە بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈشتىن مەنئى قىلغان. ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1603 ـ ئەبۇ ئەلى سۇۋەيد ئىبنى مۇقەررىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن مۇقەررىننىڭ يەتتە ئوغلىنىڭ بىرى بولىمەن، بىزنىڭ بىرلا



www.munber.org

چۆرىمىز بار ئىدى. ئۇنى بىزنىڭ ئەڭ كىچىك قېرىندىشىمىز بىر كاچات سالغانىدى. رەسۇلۇللاھ بىزنى ئۇ چۆرىنى ئازاد قىلىۋېتىشكە بۇيرۇدى.

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: قۇل ـ چۆرىلىرىنى قاتتىق ئۇرۇش ياكى ئازابلاشتىن ئاگاھلاندۇرۇلغان ۋە بۇنداق قىلغانلارنى ئۇرغانلىق ۋە قىينىغانلىقىنىڭ كەففارىتى بولۇش ئۈچۈن ئۇلارنى ئازاد قىلىۋېتىشكە ئۈندىگەن.

**1604** ـ ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن بىر خىزمەتكارىمنى قامچا بىلەن ساۋاداۋاتاتتىم. كەينى تەرىپىمدىن: «اعلَمْ أبا مَسْعُودٍ» «ئى ئەبۇ مەسئۇد، بىلىپ قوي»، دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىدىم. مەن قاتتىق ئاچچىقلىنىپ تۇرغاچقا نىمە ئاۋاز ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم. تولۇق يېقىنلاشقاندا قارىسام ئۇ، رەسۇلۇللاھ ئىكەن. ئۇ مۇنداق دەۋاتاتتى: «اعلَمْ أبا مسْعُودٍ أنَّ اللّه أقْدرُ علَيْكَ مِنْكَ عَلى هذا الغُلامِ» «ئەي ئەبۇ مەسئۇد! بىلىپ قوي، ئاللاھنىڭ ساڭا بۇ قۇلغا كۈچۈڭ يەتكىنىڭدىنمۇ ئارتۇق كۈچى يېتىدۇ»، دېدى. مەن بۇنى ئاڭلاپ: «بۇنىڭدىن كېيىن ھېچ بىر قۇلنى ئۇرمايمەن»، دېدىم.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىدىن ئەيمىنىپ قامچا چۈشۈپ كەتتى»، دېيىلگەن.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئى رەسۇلۇللاھ، بۇ قۇل ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئازاد»، دەۋەتتىم. رەسۇلۇللاھ: «أمَا لوْ لَمْ تَفعَلْ، لَلَفحَتْكَ النَّارُ، أوْ لَمَسَّتكَ النَّارُ» «ئەگەر شۇنداق قىلمىغان بولساڭ، سېنى دوزاخ كۆيدۈرگەن بولاتتى»، دېدى، دېيىلگەن.

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) گۇناھ ئۆتكۈزمىگەن قۇل ـ چۆرە ۋە خىزمەتچىلەرگە مېھرىبانلىق قىلىش، ئەمما گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىرىنى گۇناھىغا يارىشا ئەدەبلەپ قويۇشقا ئىسلام دىنى رۇخسەت قىلغان.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى ھەيۋىتى ۋە ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمە، يوليورۇقلىرىنى چىڭ تۇتۇشقا ئالدىرايدىغانلىقى.

**1605** ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «منْ ضرب غُلاماً له حَداً لم يأتِهِ، أو لَطَمَهُ، فإن كَفَّارتَهُ أن يُعْتِقَهُ» «كىمكى ئۆز قۇلىنى جازا تېگىشلىك بولمىغان ھالدا ئۇرسا ياكى بىر شاپىلاق سالسا، ئۇنىڭ كەففارىتى ئۇ قۇلنى ئازاد قىلىشتۇر». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) قازى ئىياز ئېيتىدۇ: ئالىملار ھەدىستە ئېيتىلغان ئازاد قىلىۋېتىشنىڭ ۋاجىپ ئەمەس، ئۇنىڭدەك ياخشى ئىش ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلدى. لېكىن بۇ خىل ئازاد قىلىۋېتىشنىڭ ئەجرى دەسلەپتىلا سەۋەبسىز ئازاد قىلىۋېتىشنىڭ ئەجرىگە يېتەلمەيدۇ.

2) ئىسلام دىنىنىڭ قانداق يول بىلەن بولسۇن ھەرقاچان قۇل ئازاد قىلىشقا بۇيرۇيدىغان ئىسىل پەزىلىتى.

**1606 ـ ھىشام ئىبنى ھەكىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ شام دىياردا ئاپتاپتا تۇرغۇزۇلۇپ باشلىرىغا قىزىق ماي قۇيۇلۇۋاتقان دېھقانلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ «بۇ نېمە ئىش؟»، دەپ سورىدى. «بۇلار يەر بېجى تاپشۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنىۋاتقانلار»، دېيىشتى. ھىشام: «گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: ‹ئاللاھ دۇنيادا كىشىلەرنى قىيىنغان ئادەملەرنى ئازابلايدۇ›»، دەپ ھاكىمنىڭ يېنىغا كىرىپ بۇ ھەدىسنى سۆزلەپ بېرىۋىدى، ھاكىم بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۇلارنى قويۇپ بەردى.**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاجىز، پېقىر ـ مىسكىنلەرنى سەۋەبسىز ئازابلاشتىن ئاگاھلاندۇرۇلغان.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنى ئىزچىل تۈردە ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىغانلىقى.

3) زالىملارنى زۇلۇم قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان.

**1607 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ يۈزى داغلىنىپ بەلگە سېلىنغان بىر ئېشەكنى كۆرۈپ بۇنىڭغا نارازى بولدى. ئاندىن ئىبنى ئابباس: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئېشەككە بەلگە قويىدىكەنمەن، يۈزىدىن باشقا يەرگە قويىمەن»، دەپ بەلگە قويۇش ئۈچۈن ئېشەكنىڭ كاسىسىنى داغلاتقۇزدى. شۇنىڭ بىلەن ئىبنى ئابباس ئېشەكنىڭ كاسىسىنى داغلاپ بەلگە قويغان تۇنجى كىشى بولۇپ قالدى.**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھايۋانلارنىڭ يۈزىگە ئەن سېلىشتىن چەكلەنگەن.

2) ئىسلام دىنىنىڭ ھايۋانلارغىمۇ كۆيۈمچانلىقى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايۋانلار يۈزىگە ئەن سالماسلىق بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلغانلىقى.

**1608 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدىن يۈزى داغلانغان بىر ئېشەك ئۆتكەنىدى، رەسۇلۇللاھ:**

«لعن اللّـه الّـذي وسمـهُ» « ئـۇ ئـېشـەكـنىڭ يۈزىـنى داغلىغۇچىغـا ئـالـلاھ لەنـەت قىلسـۇن » ، دېدى .

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

مۇسـلـىمنىڭ يەنـە بـىـر رىۋايـىـتـىدە: رەسـۇلۇللاھ يۈزىـگـە ئۇرۇشـتـىن ۋە يۈزىـگـە بەلگە قويۇشتىن چەكلىگەن.

ھەدىسـنـىڭ مۇھـىـم نۇقتىسـى: يۈزىـگـە ئـەن سېلىش ۋە يۈزىـگـە ئۇرۇشـتـىن نـەھيى قىلىنغـان، چۈنكى يۈز گۈزەللىك ۋە ھېس ـ تۇيغۇ مەركەزلەشكەن نازۇك ئـورۇن بولـۇپ يۈزىـگـە ئۇرۇش ياكى ئـەن سېلىش يۈزنى سەتلەشتۈرۈپ سەزگۈلەرنىڭ بىكار بولۇپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ.

## 283 . باب ھەرقانداق ھايۋاننى، ھەتتا پىتنىمۇ ئوت بىلەن ئازابلاشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

1609 ـ ئـەبۇ ھۇرەيـرە رەزىيـەللاھۇ ئـەنھۇدىـن رىۋايـەت قىلىـنـىدۇكى، رەسـۇلۇللاھ بـىزنى بىـر قوشۇن بـىـلـەن ئـەۋەتـىپ، قۇرەيشـتـىن بولغان ئـىككى كـىـشـىنى ئاتاپ تۇرۇپ: «إن وجدتُـم فُلاناً وفُلانا، فأحْرِقوهُمَا بالنَّارِ» « پـالان ـ پـالانـلار قولۇڭلارغا چۈشسە ئـوت بـىـلـەن كۆيدۈرۈۋېتىڭلار » ، دېدى. ئاندىن بىـز ماڭـايلى دەپ تۇرغىـنـىمـىزدا رەسۇلۇللاھ: «إنِّي كُنْـتُ أمـرْتُكمْ أن تُحْـرقُوا فُلانـاً وفُلانـاً، وإنَّ النَّـار لا يُعَـذبُ بِهَـا إلا اللّـه، فَإنْ وجَدْتُموهُـما فَاقْتُلُوهُـما» « مـەن سىلەرگـە پـالان ـ پـالانچىلارنى ئـوت بـىـلـەن كـۆيدۈرۈۋېتـىڭلار دېگـەنـىدىم. ئـوت بـىـلـەن ئـازابلاش ئاللاھقـا خـاس، ئۇلارنـى قولغا چۈشۈرسـەڭلار، ئـۆلتۈرۈۋېتـىڭلار » ، دېـدى.

ـــ بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسـنـىڭ مۇھـىـم نۇقتىسـى: ئوتتـا كـۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈشـتـىن نـەھيى قىلىنغـان ۋە ھـەتتا دۈشمەنلەرنىمۇ ئەدەبلەش ۋە جازالاشـنىڭ ئـەڭ يۇقـىرى دەرىجىسى ئـوت بىـلـەن كـۆيدۈرۈش بولماي ئۆلتۈرۈش بىلەن كۇپايىلىنىش ئىكەنلىكى كۆرستىلگەن.

1610 . ئىـبـنى مەسـئۇد رەزىيـەللاھۇ ئـەنھۇدىن رىۋايـەت قىلىـنىدۇكى، بىـز رەسۇلۇللاھ بىلەن بىـر سەپەردە ئـىدۇق. رەسۇلۇللاھ ھاجەتكە كەتكەنىدى. بىز بىـر قـىزىل قۇشـنى كـۆردۇق، ئۇنىڭ باچكىسى بـار ئـىكەن، ئۇنىڭ ئـىككى باچكىسىنى تۇتۇۋالدۇق، قۇش ئۇستىمىزدە سايە تاشلاپ ئەگىگلى تۇردى. رەسۇلۇللاھ كېلىپ: «منْ فَجع هذِهِ بِولَدِهَا؟ رُدُّوا وَلَدهَا إليْهَا» « بالـىسـىنى ئـېلىۋېلىپ بۇ قۇشنى كـىم بىئارام قىلدى، ئۇنـىڭ بالـىسـىنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار » ، دېـدى. كـېيىن بىـز بىـر چۈمۈلە ئۇۋىسىنى كۆيدۈرۈۋەتتۇق. بۇنى رەسۇلۇللاھ كۆرۈپ: «مَنْ حرَّقَ هذِهِ؟» « بۇنى كـىم كۆيدۈردى؟ » ، دېدى. بىـز: « بىـز » ، دېدۇق. رەسۇلۇللاھ: «إنَّهُ لا ينْبَغِي أنْ يُعَذِّب بالنَّارِ إلاَّ ربُّ النَّارِ» « ئوت بىلەن ئازابلاشقا پەقەت ئوتنىڭ رەببى ئاللاھ لايىقتۇر » ، دېدى.



www.munber.org

ـــ ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) قۇشلارنى ئازابلاش، قۇش بالىلىرىنى تۇتۇۋېلىش ۋە چۈمۈلە، ھاشارەتلەرنى ئوتتا كۆيدۈرۈشتىن نەھيى قىلىنغان. ئەمما، چۈمۈلە يوق چۈمۈلە ئۇۋۇسىنى كۆيدۈرۈش نەھيى قىلىنمىغان ئىش.

2) كىمكى ئوت بىلەن بىرەر كىشىنى ئۆلتۈرسە، ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىلىرى خالىسا قاتىلدىن ئوت بىلەن كۆيدۈرۈپ ياكى قىلىچ بىلەن چېپىپ قىساس ئالسا بولىدىغانلىقى.

## 284. باب ھەقدار ھەققىنى سۈيلىگەندە باي ئادەمنىڭ ئۇنى ۋاقتىدا بەرمەي كېچىكتۈرۈشىنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ اللّهَ يَأْمُرُكُمْ أَن تُؤدُّواْ الأَمَانَاتِ إِلَى أَهْلِهَا وَإِذَا حَكَمْتُمْ بَيْنَ النَّاسِ أَنْ تَحْكُمُواْ بِالْعَدْلِ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە نىسا 58 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَإِنْ أَمِنَ بَعْضُكُم بَعْضًا فَلْيُؤَدِّ الَّذِي اؤْتُمِنَ أَمَانَتَهُ﴾ ﴿ئاراڭلاردا بىر-بىرىڭلارغا ئىشىنىپ ئامانەت قويسا، ئۇ چاغدا ئامانەتنى ئالغۇچى ئادەم ئامانەتنى تاپشۇرسۇن (يەنى قەرز بەرگۈچى قەرز ئالغۇچىغا ئىشىنىپ ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى گۆرۈ ئالمىسا، قەرزدار قەرزنى دېيىشكەن ۋاقتىدا قايتۇرسۇن)﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 283 ـ ئايەت)

1611 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَطْلُ الغَنِيِّ ظُلْمٌ، وَإذَا أُتبِعَ أحَدُكُمْ عَلى مَلِيءٍ فَلْيَتْبَعْ» «باي ئادەمنىڭ قەرزنى ئارقىغا سۈرۈپ ۋاقتىدا بەرمەسلىكى، زۇلۇم سالغانلىق بولىدۇ. بىر كىمنىڭ بىر ئادەمدە ئېلىشى بولۇپ، قەرزدار ئادەم ئۇنى بىر باي كىشىنىڭ بېرىپ قويۇشىغا ھاۋالە قىلسا، بۇ ھاۋالىنى قوبۇل قىلسا بولىدۇ». ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) باي كىشىنىڭ ئۆز ئۈستىدىكى قەرزلەرنى ئۆزرىسىز كېچىكتۈرۈشىنىڭ ھارام ئىكەنلىكى.

2) ھاۋالىنى قوبۇل قىلىشقا بۇيرۇلغان، رافىئى ئېيتىدۇ: باينىڭ قەرزنى ئارقىغا سۈرۈشى زۇلۇم بولۇپ باشقىلارنىڭ بىرىۋېتىشىگە ھاۋالە قىلسا بولىدىغانلىقى، مۇئمىن كىشىلەر بولسا زۇلۇمدىن ھەزەر ئەيلىگەچكە قەرزنى ئارقىغا سۈرمەيدىغانلىقى.

3) كىشىلەر بىلەن ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشقا دەۋەت قىلىنغان.

www.munber.org

## 285. باب بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە بىرەر نەرسىنى سوۋغا قىلماقچى بولسا، سوۋغا ئالماقچى بولغان تەرەپ سوۋغىنى تاپشۇرۇۋېلىشتىن بۇرۇن بەرمەكچى بولغان تەرەپنىڭ يېنىۋېلىشىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، ئۆزىنىڭ بالىسىغا قىلغان سوۋغىسىدىن بالىسى تاپشۇرۇۋالغان بولسۇن ياكى ئالمىغان بولسۇن، يېنىۋېلىشىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى ۋە سەدىقە، زاكات، كەففارەتتىن بىرەر نەرسىنى بىر ئادەمگە بېرىپ كېيىن شۇ بەرگەن ئادەمدىن سېتىۋېلىشىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، ئەگەر بېرىلگەن ئادەمدىن باشقا بىر ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن سېتىۋالسا دۇرۇس بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

1612 - ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الَّذِي يعُودُ في هِبَتِهِ كَالكَلبِ يرجعُ في قَيْئِهِ» « بەرگەن سوۋغىسىنى قايتۇرۇۋالىدىغان كىشى ئۆزىنىڭ قۇسۇقىنى يېگەن ئىتقا ئوخشايدۇ ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «مَثَلُ الَّذي يَرجِعُ في صدقَتِهِ، كَمَثلِ الكَلْبِ يَقيءُ، ثُمَّ يعُودُ في قَيْئِهِ فَيَأْكُلُهُ» « بەرگەن سەدىقىسىنى قايتۇرۇۋالغان كىشى، قۇسۇپ ئاندىن ئۇنى يەيدىغان ئىتقا ئوخشايدۇ »، دېگەن.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «العائِدُ في هِبَتِهِ كالعائدِ في قَيْئِهِ» « سوغىسىنى قايتۇرۇۋالغۇچى قۇسۇقىنى يېگۈچىگە ئوخشايدۇ »، دېيىلگەن.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىمام نەۋەۋى ئېيتىدۇ: ھەدىسنىڭ زاھىرى ھەدىيەسىدىن يېنىۋېلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ھەدىس ياتقا بەرگەن ھەدىيەسىنى قايتۇرۇۋالغان كىشىگە قارىتىلغان. ئەگەر بالىسىغا بەرگەن نەرسىدىن شەرتى ئارقىلىق يېنىۋالسا بولىدۇ.

2) ئىبنى دەقىق ئېيتىدۇ: ھەدىستىكى ئوخشاشلىق ئىككى تەرەپتىن. بىرى سوۋغا بېرىشتىن يېنىۋالغۇچىنىڭ ئىتقا ئوخشايدىغانلىقى، ئىككىنچىسى قايتۇرۇۋالغان سوۋغىتىنىڭ قەيگە ئوخشايدىغانلىقى.

1613 - ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن بىر ئاتنى ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلغانىدىم. كېيىن ئۇنى سەدىقە قىلغان ئادەمدىن سېتىۋالماقچى بولدۇم، ئۇنى ئەرزان بېرىدۇ دەپ ئويلىدىم، بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لا تَشتَرِهِ ولَا تَعُدْ في صدَقَتِكَ وإن أعْطَاكَهُ بِدِرْهَمٍ، فَإنَّ الْعَائد في صَدَقَتِهِ كَالْعَائِدِ في قيْئِهِ» « ئۇنى سېتىۋالمىغىن. ئۇنى بىر دەرھەمگە بەرسىمۇ سەدىقەڭنى قايتۇرۇۋالمىغىن. چۈنكى سەدىقىسىنى قايتۇرۇۋالغۇچى قۇسقان نەرسىنى يېگۈچىگە ئوخشايدۇ »، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: گەرچە سېتىۋېلىش يولى بىلەن بولسىمۇ ئۆز سەدىقىسىدىن يېنىۋېلىشتىن نەھيى قىلىنغان.

## 286 . باب يېتىمنىڭ مېلىنى يېۋېلىشنىڭ ھاراملىقىنى تەكىتلەش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ الَّذِينَ يَأْكُلُونَ أَمْوَالَ الْيَتَامَى ظُلْمًا إِنَّمَا يَأْكُلُونَ فِي بُطُونِهِمْ نَارًا وَسَيَصْلَوْنَ سَعِيرًا﴾ ﴿زۇلۇم قىلىپ، يېتىملەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى (ناھەق) يەۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا (قىيامەت كۈنى يېنىپ تۇرىدىغان) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ، ئۇلار يېنىپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە نىسا 10 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَلاَ تَقْرَبُواْ مَالَ الْيَتِيمِ إِلاَّ بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ﴾ ﴿يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلىڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەنئام 152 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَيَسْأَلُونَكَ عَنِ الْيَتَامَى قُلْ إِصْلاَحٌ لَّهُمْ خَيْرٌ وَإِنْ تُخَالِطُوهُمْ فَإِخْوَانُكُمْ وَاللّهُ يَعْلَمُ الْمُفْسِدَ مِنَ الْمُصْلِحِ وَلَوْ شَاء اللّهُ لأعْنَتَكُمْ إِنَّ اللّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن يېتىملەر توغرىسىدا سورىشىدۇ، ئېيتقىنكى، (تەربىيىلەش، ماللىرىنى ئۆستۈرۈپ) ئۇلارنى تۈزەش ياخشىدۇر. ئۇلار بىلەن (ئۇلارغا پايدىلىق بولغان رەۋىشتە) ئارىلىشىپ ياشىساڭلار، ئۇ چاغدا (يەنى ئۇلارغا قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلساڭلار) ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر. ئاللاھ (يېتىملەرنىڭ ئىشلىرىنى) بۇزغۇچى ۋە تۈزىگۈچىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئاللاھ خالىسا، سىلەرنى (قىيىن ئىشقا تەكلىپ قىلىش بىلەن) جوقۇم جاپاغا سالاتتى. ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 220 ـ ئايەت)

## 287 . باب جازانىنىڭ قاتتىق ھاراملىقى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿الَّذِينَ يَأْكُلُونَ الرِّبَا لاَ يَقُومُونَ إِلاَّ كَمَا يَقُومُ الَّذِي يَتَخَبَّطُهُ الشَّيْطَانُ مِنَ الْمَسِّ ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ قَالُواْ إِنَّمَا الْبَيْعُ مِثْلُ الرِّبَا وَأَحَلَّ اللّهُ الْبَيْعَ وَحَرَّمَ الرِّبَا فَمَن جَاءهُ مَوْعِظَةٌ مِّن رَّبِّهِ فَانتَهَىَ فَلَهُ مَا سَلَفَ وَأَمْرُهُ إِلَى اللّهِ وَمَنْ عَادَ فَأُوْلَـئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ يَمْحَقُ اللّهُ الْرِّبَا وَيُرْبِي الصَّدَقَاتِ وَاللّهُ لاَ يُحِبُّ كُلَّ كَفَّارٍ أَثِيمٍ الَّذِينَ آمَنُواْ وَعَمِلُواْ الصَّالِحَاتِ وَأَقَامُواْ الصَّلاَةَ وَآتَوُاْ الزَّكَاةَ لَهُمْ أَجْرُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ وَلاَ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُونَ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اتَّقُواْ اللّهَ وَذَرُواْ مَا بَقِيَ مِنَ الرِّبَا إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ﴾ ﴿جازانە، ئۆسۈم يېگەن ئادەملەر



www.munber.org

(قىيامەت كۈنى گۆرلىرىدىن) جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەملەردەك قوپىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار ئاللاھ هارام قىلغان ئىشنى هالال بىلىپ: «سودا سېتىق جازانىگە ئوخشاش (جازانە نېمىشقا هارام بولىدۇ؟)»، دېدى. ئاللاھ سودا ـ سېتىقنى هالال قىلدى. جازانىنى (بەدەلسىز بولغانلىقى، شەخسكە ۋە جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن) هارام قىلدى. كىمكى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ۋەز ـ نەسىھەت كەلگەندىن كېيىن (يەنى جازانە مەنئى قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن) يانسا، بۇرۇن ئالغىنى ئۆزىنىڭ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىشى ئاللاھقا تاپشۇرۇلىدۇ (يەنى ئاللاھ خالىسا ئۇنى كەچۈرىدۇ، خالىسا جازالايدۇ). قايتا جازانە قىلغانلار ئەھلى دوزاخ بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. ئاللاھ جازانىنىڭ (بەرىكىتىنى) ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، سەدىقىنىڭ (بەرىكىتىنى) زىيادە قىلىدۇ. ئاللاھ هەربىر ناشۈكۈر (يەنى جازانىنى هالال سانىغۇچى) گۇناهكارنى دوست تۇتمايدۇ. ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ناماز ئوقۇغان ۋە زاكات بەرگەن كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاهىدا (چوڭ) ساۋابقا ئېرىشىدۇ، ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ. ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! (هەقىقىي) مۆئمىن بولساڭلار، ئاللاھ (نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك) قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، (كىشىلەرنىڭ زىممىسىدە) قېلىپ قالغان جازانىنى (يەنى ئۆسۈمنى) ئالماڭلار.﴾
((«قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 275 ~ 278 ـ ئايەتلەر)

1614 ـ ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «اجْتَنِبُوا السَّبْعَ المُوبِقَاتِ» «يەتتە خىل هالاكەتلىك گۇناهتىن ساقلىنىڭلار»، دېگەندە: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇلار قايسى گۇناهلار؟»، دەپ سورىغان كىشىلەرگە: «الشِّرْك بِاللَّهِ، وَالسِّحْرُ وَقَتْلُ النَّفْسِ التي حرَّمَ اللَّهُ إلاَّ بِالحقِّ، وَأَكْلُ الرِّبَا، وَأَكْلُ مال اليَتِيمِ. والتَّوَلِّي يَوْمَ الزَّحْفِ، وقذفُ الْمُحْصَنَاتِ الْمُؤمِنَاتِ الغافِلاتِ» «ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرمەك، سېهىرگەرلىك قىلماق، ناهەق ئادەم ئۆلتۈرمەك، جازانىخورلۇق قىلماق، يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋالماق، غازاتتىن قاچماق، ئىپپەتلىك، پاك مۇسۇلمان ئاياللارغا بوھتان چاپلىماق»، دېگەن. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

هەدىسنىڭ مۇهىم نۇقتىلىرى: 1) ئىمامى نەۋەۋى ئېيتىدۇ: بۇ هەدىستە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ئەڭ زور گۇناه سانالغان، بۇ ناهايىتى ئېنىق.

2) مۆئمىنلەرنى ياخشىلىق يولىغا باشلاپ يامانلىق يوللىرىدىن يىراق بولۇشقا يېتەكلەش.

3) بىر قىسىم گۇناهلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاهىدا يەنە بىرقىسىم گۇناهلاردىن چوڭراق هېسابلىنىدىغانلىقى.

4) ئاللاھ تائالا چەكلىگەن نەرسىلەرنىڭ هەممىسىنىڭ چوقۇم كىشىگە زىيان ۋە پىتنە ـ پاسات ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلار ئىكەنلىكى، يۇقىرىقى ئىشلارنى قىلغاندا مىللەتكە هەرقايسى



www.munber.org

جەھەتلەردىن ساناپ تۈگەتكۈسىز زىيانلارنىڭ بولۇدىغانلىقى، ئۇ ئىشلاردىن ساقلانغاندا مىللەتنى ئازغۇنلۇق ۋە بۇزۇلۇشتىن ساقلايدىغانلىقى.

**1615 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «لَعَنَ رسُولُ اللَّهِ صَلّى اللهُ عَلَيْهِ وسَلَّم آكِلَ الرِّبـاَ وموكِلهُ» رەسۇلۇللاھ جازانە ئالغۇچى ۋە جازانە بەرگۈچىگە ۋە ئىككى تەرەپنىڭ گۇۋاھچىسى ھەم خاتىرىلىگۈچىگە لەنەت قىلدى.**

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) جازانىنىڭ قەتئىي ھارام ئىكەنلىكى. جازانىنى پۈتۈپ بەرگۈچى ۋە گۇۋاھ بولغۇچىغا گەرچە ئۇلار جازانىنى ئۆزى قىلمىغان بولسىمۇ لەنەت ئوقۇلغان يەردە جازانخور ئەلۋەتتە لەنەتكە تېخىمۇ لايىق.

2) بۇخىل مۇئامىلىدىن، ئۇنىڭغا ياردەملىشىشتىن بۇ ئىشقا باشقىلارنى قىزىقتۇرۇشتىن چەكلەنگەن.

3) ئىسلام دىنىنىڭ مونوپول قىلىۋېلىش ۋە شەخسىيەتچىلىك ئۈستىگە ئەمەس ئۆز ـ ئارا ھەمكارلىشىش ۋە چىرايلىقچە ئۆتنە ـ يېرىم قىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقى.

## 288 . باب رىيانىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

**ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاء﴾ ﴿ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى﴾.** («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەييىنە 5 ـ ئايەت)

**ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿لاَ تُبْطِلُواْ صَدَقَاتِكُم بِالْمَنِّ وَالأذَى كَالَّذِي يُنفِقُ مَالَهُ رِئَاء النَّاسِ... فَمَثَلُهُ كَمَثَلِ صَفْوَانٍ عَلَيْهِ تُرَابٌ فَأَصَابَهُ وَابِلٌ فَتَرَكَهُ صَلْدًا﴾ ﴿بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار، بۇنداق (پۇل ـ مېلىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان) ئادەم خۇددى ئۈستىگە توپا ـ چاڭ قونۇپ قالغان، قاتتىق يامغۇردىن كېيىن، (يۇيۇلۇپ) بۇرۇنقىدەك بولۇپ قالغان سىلىق تاشقا ئوخشايدۇ﴾.** («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 264 ـ ئايەت)

**ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِذَا قَامُواْ إِلَى الصَّلاَةِ قَامُواْ كُسَالَى يُرَآؤُونَ النَّاسَ وَلاَ يَذْكُرُونَ اللّهَ إِلاَّ قَلِيلاً﴾ ﴿ئۇلار ناماز ئۈچۈن تۇرغاندا خۇش ياقماسلىق بىلەن تۇرىدۇ. (ساۋاب ئۈمىد قىلمايدۇ). (نامازنى) كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ. (يەنى رىياكارلىق قىلىدۇ) ئاللاھنى پەقەت ئازغىنا ياد ئېتىدۇ﴾.** («قۇرئان كەرىم» سۈرە نىسا 142 ـ ئايەت)



www.munber.org

1616 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: « قَالَ اللَّه تعَالى : أَنَا أَغْنى الشُّرَكَاءِ عَنِ الشِّرْكِ، مَنْ عَمِلَ عَمَلا أَشْرَكَ فِيهِ مَعِي غَيْرِي، تَرَكْتُهُ وشِرْكَهُ » « ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: مەن شېرىك كەلتۈرگۈچىنىڭ شېرىكىدىن ئەڭ بىھاجەتمەن، كىم مەندىن باشقا نەرسىنى ماڭا شېرىك قىلىپ بىر ئەمەلنى قىلسا، ئۇ كىشىنى ئۆزىنىڭ شېرىكى بىلەن بىللە قالدۇرىمەن (يەنى مەن ئۇنىڭغا ھېچقانداق ساۋاب بەرمەيمەن) ».

—— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئىبنى ئەللان ئېيتىدۇ: رىيانىڭ ئورنىغا شىرىك دېگەن سۆزنى ئىشلىتىش رىيانىڭ مەخپىي شېرىك ئىكەنلىكىدىندۇر. گەرچە رىيا ئىماننىڭ ئەسلىي يىلتىزىنى تەۋرىتەلمىسىمۇ لېكىن ئىمانغا بېقىندى ئەمەللەرنىڭ ساۋابىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ.

1617 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «إِنَّ أَوَّلَ النَّاسِ يُقْضَى يومَ الْقِيامَةِ علَيْهِ رجُلٌ اسْتُشْهِدَ ، فَأُتِيَ بِهِ، فعرَّفَهُ نِعْمَتَهُ، فَعرفَهَا ، قالَ : فمَا عَمِلْتَ فِيها؟ قَالَ : قَاتَلْتُ فِيكَ حَتَّى اسْتُشْهِدْتُ : قالَ كَذَبْتَ، وَلَكِنَّكَ قَاتلْتَ لأَنَ يُقالَ جَرِيءٌ ، فَقدْ قِيلَ، ثُمَّ أُمِرَ بِهِ فَسُحِبَ على وَجْهِهِ حَتَّى أُلْقِيَ في النَّارِ . وَرَجُل تَعلَّم الْعِلّمَ وعَلَّمَهُ، وقَرَأَ الْقُرْآنَ، فَأَتِيَ بِهِ، فَعَرَّفَهُ نِعمهُ فعَرَفَهَا . قالَ : فمَا عمِلْتَ فِيهَا؟ قالَ : تَعلَّمْتُ الْعِلْمَ وَعلَّمْتُهُ، وَقَرأْتُ فِيكَ الْقُرآنَ، قَالَ : كَذَبْتَ، ولكِنَّك تَعَلَّمْتَ الْعِلْمَ وَعلَّمْتُهُ، وقَرَأْتُ الْقرآن لِيقالَ : هو قَارِىءٌ ، فَقدْ قِيلَ، ثُمَّ أمِرَ، فَسُحِبَ عَلى وَجْهِهِ حَتَّى أُلْقِيَ في النَّارِ، وَرَجُلٌ وسَّعَ اللَّه عَلَيْهِ، وَأَعْطَاه مِنْ أَصنَافِ المَال، فَأُتِي بِهِ فعرَّفَهُ نعمَهُ، فَعَرَفَهَا . قال : فَمَا عَمِلْت فيها؟ قال : ما تركتُ مِن سَبيلٍ تُحِبُّ أَنْ يُنْفَقَ فيهَا إِلاَّ أَنْفَقْتُ فيها لَك . قَالَ : كَذَبْتَ، ولكِنَّكَ فَعَلْتَ لِيُقَالَ : هو جَوَادٌ فَقَدْ قيلَ، ثُمَّ أُمِرَ بِهِ فَسُحِبَ عَلَى وجْهِهِ ثُمَّ أُلْقِيَ في النارِ» « قىيامەت كۈنى تۇنجى بولۇپ سوئال ـ سوراق قىلىنىدىغان كىشى، شېھىت بولغان كىشىدۇر، ئۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كەلتۈرۈلۈپ، ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇنيادا بەرگەن نېئمەتلەرنى ئەسلىتىدۇ، ئۇمۇ ئەسلەيدۇ. ئاللاھ: ‹ئۇ نېئمەتلەرگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن نېمىلەرنى قىلدىڭ؟›، دەيدۇ. ئۇ كىشى: ‹سېنىڭ يولۇڭدا كۈرەش قىلىپ شېھىت بولدۇم›، دەيدۇ. ئاللاھ ئۇ كىشىگە: ‹سەن يالغان ئېيتتىڭ، سەن باتۇر ئاتىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلدىڭ ۋە ئاتالدىڭ›، دەيدۇ. ئاندىن ئۇ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە يۈزى بىلەن سۆرۈلۈپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. ئاندىن ئىلىم ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن، قۇرئان ئوقۇغان كىشى كەلتۈرۈلىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا بەرگەن نېئمەتنى تونۇتىدۇ، ئۇ تونۇيدۇ، ئاللاھ: ‹بۇ نېئمەتلەرگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن نېمىلەرنى قىلدىڭ؟›، دەيدۇ. ئۇ: ‹ئىلىم ئۆگەندىم ۋە ئۆگەتتىم. سېنىڭ رىزالىقىڭ ئۈچۈن قۇرئان ئوقۇدۇم›، دەيدۇ. ئاللاھ: ‹يالغان ئېيتتىڭ، سەن بولساڭ باشقىلار مېنى ئالىم دېسۇن دەپ ئۆگەندىڭ، قۇرئاننى قارىي دېسۇن دەپ ئوقۇدۇڭ ھەم شۇنداق دېيىلدىڭ›، دەيدۇ. ئاندىن ئۇ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە يۈزى بىلەن سۆرۈلۈپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. ئاندىن ئاللاھ



www.munber.org

تۇرلۇك مال ـ مۈلۈكلەرنى بېرىپ دۆلەتمەن قىلغان كىشى كەلتۈرۈلىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا بەرگەن نېئمەتنى ئەسلىتىدۇ. ئۇمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. ئاللاھ: ‹شۇ نېئمەتلەرگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن نېمىلەرنى قىلدىڭ؟›، دەيدۇ. ئۇ كىشى: ‹مەن سېنىڭ رىزالىقىڭ ئۈچۈن سەن پۇل سەرپ قىلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىكى يوللارنىڭ ھەممىسىگە پۇل ـ مال سەرپ قىلدىم›، دەيدۇ. ئاللاھ: ‹يالغان ئېيتتىڭ، سەن بولساڭ كىشىلەر مېنى سېخىيكەن دېسۇن، دەپ پۇل ـ مال سەرپ قىلدىڭ›، دەيدۇ. ئاندىن ئۇ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە يۈزى بىلەن سۆرۈلۈپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) رىيا قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇلغان، قىيامەت كۈنى تۇنجى قېتىم رىيا ئىشلاردىن ھېساب ئېلىنىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ رىياكارلارغا رەسۋاچىلىق ۋە ھەسرەت ـ نادامەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقى.

2) ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن مۇنداقلا ئەمەل قىلىپ قويۇشنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكى، بەلكى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئىخلاس بىلەن قىلىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكى.

**1618** ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، كىشىلەر ئۇنىڭغا: « بىز سۇلتانلىرىمىزنىڭ ئالدىغا كىرگەندە ياخشى گەپلەرنى قىلىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ يېنىدىن چىقىپلا ئەكسىچە گەپلەرنى قىلىمىز »، دېگەندە، ئابدۇللاھ: « بىز ئۇنى رەسۇلۇللاھنىڭ زامانىسىدا مۇناپىقلىق دەپ سانايتتۇق »، دېگەن.

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**1619** ـ جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جۇندۇب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم دەيدۇ: «مَن سَمَّعَ سَمَّعَ اللَّه بِـهِ، ومَنْ يُرَائِي اللَّه يُرَئِي بِهِ» « كىمكى ئەمىلىنى باشقىلار ئاڭلىسۇن دەپ قىلىدىكەن. ئاللاھ ئۇنىڭ بۇزۇق نىيىتىنى قىيامەت كۈنى خالايىق ئالدىدا ئاشكارىلاپ، ئۇنىڭ رەسۋا قىلىدۇ. كىمكى ئەمىلىنى باشقىلار كۆرسۇن دەپ قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىمۇ شۇنداق قىلىدۇ ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: رىيا ۋە ئابرويپەرەسلىكتىن ئاگاھلاندۇرۇلغان. ئاللاھ تائالانىڭ رىياكار ۋە ئابرويپەرەسلەرنى رەسۋا قىلىدىغانلىقى سۆزلەنگەن.

**1620**. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ تَعَلَّم عِلْماً مِمَّا يُبْتَغَى بِهِ وَجْهُ اللَّهِ عَزَّ وَجَلَّ لا يَتَعَلَّمُهُ إلاَّ لِيُصِيبَ بِهِ عَرَضاً مِنَ الدُّنْيَا، لَمْ يَجِدْ عَرْفَ الجَنَّةِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ» « كىمكى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن تەلەپ قىلىنىدىغان ئىلىمنى دۇنيالىق غەرەز ئۈچۈن ئۆگەنسە، قىيامەت كۈنى جەننەتنىڭ ھىدىنى پۇرىيالمايدۇ ». — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) شەرىئەت ئىلىملىرىنى تەلەپ قىلىشتا ئاللاھقا خالىس نىيەتتە ئۆگەنمەسلىكتىن ئاگاھلاندۇرۇلغان. دىننى ۋاستە قىلىپ دۇنيا تىپىشنىڭ قىيامەت كۈنى جەننەتتىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشنىڭ سەۋەبى ئىكەنلىكى، جەننەتنىڭ ھىدىنى ھىدلىيالماسلىق دېگەنلىك ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرەلمەيدۇ دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇ شۇ قىلمىشىغا لايىق ئازاب تارتىپ بولۇپ جەننەتكە كىرىدۇ دېگەنلىك. بۇ خۇددى دۇنيادا شاراب ئىچىش ئاخىرەتتە جەننەت شارابىنى ئىچىشتىن ۋە دۇنيادا يىپەك رەختتىن كىيىم كىيىش ئاخىرەتتە يىپەك كىيىشتىن مەھرۇم قىلىنىشقا ئوخشايدۇ.

2) دۇنيا مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىلىم تەلەپ قىلىشنىڭ جەننەت ھىدىدىن مەھرۇم قېلىشىدىكى ھېكمەت: ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى ئىلىمنى پەقەت ئەرزىمەس دۇنيا مەنپەئىتىنى دەپ تەلەپ قىلغان ۋە ئەڭ ياخشىسىنى ئەڭ پەس نەرسىگە ئالماشتۇرغان، نەتىجىدە ئۇ تېخىمۇ ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن ئالىي ھىممەتلىكلەرگە تەييارلانغان نەرسىلەردىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشقا مۇناسىپ بولغان.

## 289 . باب رىيا دەپ قارىلىدىغان، ئەمما رىيا ئەمەس ئىشلار توغرىسىدا

1621 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھقا: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىر ئادەم بىر ياخشى ئىشنى قىلسا، بۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنى ماختىسا بۇنىڭغا قانداق قارايسەن؟» ، دېيىلگەندى. رەسۇلۇللاھ: «تِلْكَ عاجِلُ بُشْرَى الْمُؤْمِنِ» «بۇ بولسا مۇئمىن ئۈچۈن ئالدىنئالا بېرىلگەن خۇش بېشارەتتۇر» ، دېدى.

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاللاھقا يېقىنلىشىش ۋە قۇربەت ھاسىل قىلىش ئۈچۈن خالىس نىيەتتە قىلىنغان ئىشلارغا كىشىلەرنىڭ مەدھىيە سانالىرى تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ كىشىلەرنىڭ تىللىرىنى ئۇنى مەدھىيىلەشكە مۇيەسسەر قىلىشى ئۇنىڭ ئىشىنىڭ مەقبۇل بولغانلىقىنىڭ دەلىلى ۋە ھەقلىق رەۋىشتە قىلىنغان گۇۋاھلىقتۇر، شۇنداقلا ئۇ ئادەمنىڭ نىجاتلىققا ۋە سائادەتكە ئېرىشىدىغانلىقىدىن ئالدىن بېرىلگەن بېشارەتتۇر.

## 290. باب ئاياللارغا، كېلىشكەن يىگىتلەرگە دىننىي زۆرۈرىيەت بولمىغان شارائىتتا قاراشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿قُل لِّلْمُؤْمِنِينَ يَغُضُّوا مِنْ أَبْصَارِهِمْ﴾ ﴿مۇئمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نامەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە نۇر 30 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ السَّمْعَ وَالْبَصَرَ وَالْفُؤَادَ كُلُّ أُولَئِكَ كَانَ عَنْهُ مَسْؤُولاً﴾ ﴿(ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى) نىڭ



www.munber.org

قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سوئال سوراق قىلىنىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئىسرا 36 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿يَعْلَمُ خَائِنَةَ الْأَعْيُنِ وَمَا تُخْفِي الصُّدُورُ﴾ ﴿ئاللاھ كۆزلەرنىڭ خىيانىتى ۋە دىللاردىكى يوشۇرۇن نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە غافىر 19 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ رَبَّكَ لَبِالْمِرْصَادِ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭ (بەندىلەرنى) ئەلۋەتتە كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە فەجىر 14 ـ ئايەت)

1622 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « كُتِبَ على ابْنِ آدم نَصِيبُهُ مِنَ الزِّنَا مُدْرِكٌ ذلكَ لا محالَةَ: الْعَيْنَانِ زِنَاهُمَا النَّظَرُ، والأُذُنَانِ زِنَاهُما الاستِماعُ، واللِّسَانُ زِنَاهُ الْكَلامُ، وَالْيدُ زِنَاهَا الْبَطْشُ، والرِّجْلُ زِنَاهَا الخُطَا، والقَلْبُ يَهْوَى وَيَتَمنَّى، ويُصَدِّقُ ذلكَ الْفرْجُ أَوْ يُكَذِّبُهُ » « ئادەم بالىسىغا زىنا قىلىش پۈتۈلگەن بولسا ئۇنى قىلماسلىققا چارىسى بولمايدۇ. ئىككى كۆزنىڭ زىناسى قاراشتۇر. ئىككى قۇلاقنىڭ زىناسى زىناغا ئائىت سۆزنى ئاڭلاشتۇر، تىلنىڭ زىناسى زىناغا ئائىت سۆزنى قىلىشتۇر، قولنىڭ زىناسى تۇتۇشتۇر. پۇتنىڭ زىناسى زىناغا مېڭىشتۇر، كۆڭۈل زىناسى خالايدۇ ۋە ئارزۇ قىلىدۇ. جىنسى ئەزا بۇ خاھىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ ياكى يالغانغا چىقىرىدۇ ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: زىنا ۋە ئۇنىڭغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى تەرك ئېتىش كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَلاَ تَقْرَبُواْ الزِّنَى إِنَّهُ كَانَ فَاحِشَةً وَسَاء سَبِيلاً﴾ ﴿زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئىسرا 32 ـ ئايەت) دېمەك، زىنا قىلىش ئەمەس، بەلكى زىناغا يېقىنلاشماسلىقمۇ بەك تەكىتلىنىدۇ.

ئىبن بەتتال ئېيتىدۇ: ھەدىستە سۆزلەنگەن ئىشلار ھەممىسى زىناغا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلار بولغاچقا ھەممىسىگە زىنا دېگەن سۆز ئىشلىتىلدى.

1623 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إِيَّاكُمْ والجُلُوسِ في الطُّرُقَاتِ» « كوچىلاردا ئولتۇرۇشتىن ساقلىنىڭلار » ، دېگەندە كىشىلەر: « ئۇ يەردە ئولتۇرمىساق بولمايدۇ، چۈنكى كوچىلار بىزنىڭ ئولتۇرۇپ پاراڭ سېلىشىدىغان جايىمىز » ، دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: «فإذا أَبَيْتُمْ إلاَّ المجْلِسَ، فأعْطُوا الطَّرِيقَ حَقَّهُ» « كوچىلاردا يەنىلا ئولتۇرۇۋېرىدىغان بولساڭلار، كوچىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ ئولتۇرۇڭلار » ، دېدى. ئۇلار: « كوچىنىڭ ھەققى نېمە؟ » ، دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: «غَضُّ البصرِ، وكَفُّ الأذَى، وردُّ السَّلامِ، والأمْرُ بالمَعْرُوفِ والنَّهيُ عنِ المُنْكَرِ» ، « كوچىنىڭ ھەققى ھارامدىن كۆزنى يېغىش، كىشىلەرگە



www.munber.org

ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىك، سالام بەرگەنلەرنىڭ سالامىنى ئىلىك ئېلىش، كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش »، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) يولدا ئولتۇرۇشتىن ئاگاھلاندۇرۇلغان. چۈنكى، يول يامان ئىشلار ۋە گۇناھنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشىگە سەۋەبچى بولىدىغان ئورۇن.

2) جامائەت مۈلكىنى ئاسراش، جامائەت مۈلكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالماسلىق، مۇسۇلمان كىشى ھەردائىم كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا چاقىرىپ ۋە ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىش بىلەن بولۇش كېرەك، يولۇچىلار ماڭىدىغان يوللارنى تارلاشتۇرماسلىق كېرەك.

**1624 ـ ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز ئۆيىمىزنىڭ سەيناسىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندۇق، رەسۇلۇللاھ كېلىپ ئۈستىمىزدە تۇرۇپ: « مَالَكُمْ وَلِمَجَالِسِ الصُّعُدَاتِ؟ » سىلەرگە نېمە بولدى، يولدا ئولتۇرۇپسىلەر؟ يوللاردا ئولتۇرماڭلار »، دېدى. بىز: « ئى رەسۇلۇللاھ، بىز يامان ئىشلار بىلەن ئولتۇرمىدۇق، ئۆزئارا مۇزاكىرىلىشىپ ۋە سۆزلىشىپ ئولتۇردۇق »، دېسەك. رەسۇلۇللاھ: « «إما لا فَأَدُّوا حَقَّهَا : غَضُّ البصرِ، ورَدُّ السَّلام، وحُسْنُ الكَلام» « ئولتۇرمىسا بولمايدىغان ئىش بولسا يولنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ ئولتۇرۇڭلار، يولنىڭ ھەققى نامەھرەمدىن كۆزنى يېغىش، سالام قايتۇرۇش ۋە ياخشى گەپلەرنى قىلىش »، دېدى.**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: يوللاردا ـ يول ھەققىنى ئادا قىلىش ۋە مۇسۇلمانچىلىقنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاقلىرىغا ئەمەل قىلىش شەرتى ئاستىدا ئولتۇرۇشقا بولىدىغانلىقى. بۇ ھەدىس ۋە يۇقىرىقى ھەدىسلەردە مۇسۇلمانچىلىقنىڭ ئەدەبلىرىدىن: ھارامدىن كۆز يۇمۇش، ئازار بەرمەسلىك، سالام قايتۇرۇش، ياخشى سۆزلەرنى قىلىش ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن تۇسۇش سۆزلەنگەن.

**1625 ـ جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر نامەھرەمگە ئۇشتۇمتۇت قاراپ قېلىش توغرۇلۇق سورىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا بۇيرۇق قىلىپ: «اصْرِفْ بصَرَكَ» « تېز باشقا تەرەپكە قارىۋالغىن »، دېدى.**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇ ھەدىستە قاراش ھارام بولغان نەرسىگە مەخسەتسىز ھالدا كۆز چۈشۈپ قالغان بولسا كۆزنى دەرھال تارتىۋالماي قاراۋېرىشتىن ئاگاھلاندۇرۇلغان.

**1626 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەيمۇنە ئىككىمىز رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا ئىدۇق، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم كەپقالدى. بۇ بىز ھىجاپقا بۇيرۇلغاندىن كېيىن بولغان ئىش ئىدى. رەسۇلۇللاھ بىزگە: «احْتَجِبا مِنْهُ» « ئۇنىڭدىن پەردىلىنىڭلار »، دېدى. بىز: « ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇ بىزنى**



www.munber.org

كۆرەلمەيدىغان ۋە تونۇيالمايدىغان ئەما ئەمەسمۇ؟ »، دېدۇق. رەسۇلۇللاھ: «أَفَعَمْيَاوَانِ أَنْتُما أَلَسْتُما تُبصِرانِهِ؟» « سىلەرمۇ ئەمامۇ؟ سىلەرمۇ ئۇنى كۆرەلمەمسىلەر؟ »، دېدى.

— ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئاياللىرىنى ئەما كىشىدىن ھىجابلىنىشقا بۇيرۇغانلىقى ئۇ ئاياللارنى ھۆرمەتلىگەنلىك يۈزىسىدىن بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا يات ئەما كىشىگە قاراشنىڭ ھارام قىلىنىشى، قاراشتىن كېلىپ چىقىدىغان پىتنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بولغان.

1627 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا يَنْظُرُ الرَّجُلُ إلى عورةِ الرَّجُلِ، وَلا المَرْأَةُ إلى عورَةِ المَرْأَةِ، ولا يُفْضِي الرَّجُلُ إلى الرَّجُلِ في ثوبٍ واحِدٍ، ولا تُفْضِي المَرْأَةُ إلى المَرْأَةِ في الثَّوْبِ الواحِدِ» « ئەر ـ ئەرنىڭ، ئايال ـ ئايالنىڭ ئەۋرىتىگە قارىمىسۇن، بىر ئەر يەنە بىر ئەر بىلەن، بىر ئايال يەنە بىر ئايال بىلەن بىر يوتقاندا ياتمىسۇن ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) يات جىنسلىقلار ئەمەس ئوخشاش جىنسلىقلارنىڭمۇ ئۆزئارا ئەۋرەتلىرىگە قاراشتىن نەھيى قىلىنغان.

2) ئىسلام دىنىنىڭ كوللىكتىپ تازىلىققا ۋە زىناغا ئېلىپ بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان بارلىق سەۋەبلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ھېرىس ئىكەنلىكى.

3) ئەر كىشىنىڭ ئەۋرىتى (كىندىكتىن باشلاپ تىزنىڭ ئاستىغىچە)گە قاراشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى. يات ئەرگە نىسبەتەن ئايال كىشىنىڭ يۈزى ۋە ئىككى ئالقىنىدىن باشقا ھەممە ئەزاسى ئەۋرەت ھېسابلىنىدىغانلىقى.

4) ئىمام نەۋەۋى ئېيتىدۇ: ئايال كىشى مەيلى پىتنىدىن ئەمىن بولالىسۇن، يا ئەمىن بولالمىسۇن ئەمدى يېتىلىۋاتقان چىرايلىق، كېلىشكەن بالىغا قارىسا ھارام بولىدۇ.

## 291 ـ باب يات ئايال بىلەن يالغۇز تۇرۇشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِذَا سَأَلْتُمُوهُنَّ مَتَاعًا فَاسْأَلُوهُنَّ مِن وَرَاءِ حِجَابٍ﴾ ﴿سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىر نەرسە سوراپ (ئالماقچى) بولساڭلار، پەردە ئارقىسىدىن سوراپ ئېلىڭلار﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە ئەھزاب 53 ـ ئايەت)

1628 ـ ئۇقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ: «إيَّاكُمْ وَالدُّخُولَ عَلَى النِّسَاءِ» « نامەھرەم ئاياللارنىڭ يېنىغا كىرمەڭلار »، دېۋىدى. مەدىنىلىك ساھابىلەردىن بىرى: « ئېرىنىڭ قېرىنداشلىرى كىرسىچۇ؟ »، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «الْحمْوُ

www.munber.org

المَوْتُ» « ئەرنىڭ قېرىنداشلىرى كىرىشى ھالاك بولغاننىڭ ئۆزى شۇ »، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئىسلام دىنىنىڭ ئىسلام جامەئەسىنىڭ ئەخلاقى جەھەتتىن ساغلام بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى، ئەخلاقسىزلىق، ھاياسىزلىق، پاھىشە ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش يوللىرىنى توسۇشقا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى.

1629 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا يَخْلُوَنَّ أحدُكُمْ بِامْرأةٍ إلاَّ مَعَ ذِي مَحْرَمٍ» « سىلەرنىڭ بىرەرسىڭلار قېشىدا مەھرىمى بولمىغان ئايال بىلەن بىر يەردە خالىي تۇرمىسۇن ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1630. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «حُرْمَةُ نِساءِ المُجاهِدِينَ على الْقَاعِدِينَ كَحُرْمَةِ أمهاتِهِمْ، ما مِنْ رجُل مِنْ الْقَاعِدِين يخْلُفُ رجُلاً مِنَ المُجاهدينَ في أهلِهِ، فَيَخُونُهُ فِيهِم إلاَّ وقَف لهُ يَوْم الْقِيامةِ، فيأْخُذُ مِن حسَناتِهِ ما شَاءَ حَتَّى يَرضي» « مۇجاھىدلارنىڭ ئاياللىرى جىھادقا چىقمىغانلارغا نىسبەتەن ئانىسى ھارام بولغىنىدەك ھارامدۇر. ھەرقانداق بىر جىھادقا چىقمىغان كىشى، مۇجاھىدنىڭ ئورنىدا ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن قويۇلۇپ، ئۇ مۇجاھىدنىڭ ئەھلىگە خىيانەت قىلسا، خىيانەت قىلغۇچى قىيامەت كۈنى مۇجاھىد ئۈچۈن تۇرغۇزۇپ قويۇلىدۇ. ئاندىن مۇجاھىد تاكى رازى بولغۇچىلىك خىيانەتچىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىدىن خالىغىنىچە ئېلىۋالىدۇ ». رەسۇلۇللاھ بىزگە قاراپ: «ما ظَنُّكُمْ؟» « سىلەر قانداق ئويلايسىلەر »، دېدى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

## 292. باب كىيىم ـ كېچەك ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشتا ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا، ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاش بولۇۋېلىشىنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

1631 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارغا ئوخشاش بولۇۋالغان ئەرلەرگە، ئەرلەرگە ئوخشاش بولۇۋالغان ئاياللارغا لەنەت قىلدى. يەنە بىر رىۋايەتتە: رەسۇلۇللاھ ئاياللارغا ئوخشىۋالغۇچى ئەرلەرگە، ئەرلەرگە ئوخشىۋالغۇچى ئاياللارغا لەنەت قىلدى، دېيىلگەن.

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەرلەرنىڭ سۆز ـ ھەرىكەت، كىيىم ـ كېچەك، يۈرۈش تۇرۇش، ياسىنىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئاياللارغا خاس ئادەت مىجەزلەردە ئاياللارغا ئوخشىۋېلىشىنىڭ ھارام ئىكەنلىكى. ئاياللارنىڭمۇ ھەم يۇقىرىقى ئىشلاردا ئەرلەرگە ئوخشىۋېلىشىنىڭ ھارام ئىكەنلىكى.



www.munber.org

2) ئالىملار ئېيتىدۇ: ھەدىستىكى لەنەت سۆزى ئوخشىشىۋېلىشنىڭ چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

ئەرنىڭ ئايالغا ئايالنىڭ ئەرگە ئوخشىۋېلىشىنىڭ ھاراملىقىدىكى ھېكمەت: ھەر بىر ئوخشىۋېلىش ئاللاھ تائالا ياراتقان ئۆزلىرىنىڭ تەبىئى خاراكتېرىدىن چەتنەش بولۇپ، خاس روھىيەتكە تەھدىد بولىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

1632 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئايالچە كىيىم كىيىۋالغان ئەرگە ۋە ئەرەنچە كىيىم كىيىۋالغان ئايالغا لەنەت قىلدى». — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەرلەرنىڭ ئايالچە، ئايالالارنىڭ ئەرچە كىيىم كىيىشىنىڭ ھارام ئىكەنلىكى.

2) ئەر ـ ئايالالارنىڭ كىيىم كېچەكتە بىر ـ بىرىگە ئوخشىۋېلىشى ھەر بىرىنىڭ ئەرلىك تەبىئتى ۋە ئاياللىق تەبىئتىدىن چەتلەش، خاسلىقىنى ساقلىماسلىق، ئىككى جىنسنىڭ ئۆز ئالدىغا خاس بولغان ئالاھىدىلىكى ۋە ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىش ۋە قارىغۇلارچە دورامچىلىق قىلىش ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق قىلىش پەقەت ئىسلامنىڭ توغرا كۆرسەتمىلىرىدىن ۋە پەيغەمبەر سۈننەتلىرىدىن چىققانلىقلا بولماستىن ئىنسانىنىڭ ئەسلىي خاراكتېر ۋە تەبىئتىدىن تايغانلىق، ئۆز ئىززەت شەرىپى ۋە قەدىر قىممىتىنى يوقاتقانلىقتۇر.

1633 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «صِنْفَانِ مِنْ أهلِ النَّارِ لمْ أرَهُما : قَوْمٌ معهم سِياطٌ كأذْنَابِ الْبقَرِ يَضْرِبون بِها النَّاس، ونِساء كاسياتٌ عارِياتٌ مُمِيلاتٌ مَائِلاتٌ، رُؤُوسُهُنَّ كَأَسْنِمةِ الْبُخْتِ المائِلَةِ لا يَدْخُلنَ الجنَّةَ، ولا يجِدْنَ رِيحَهَا، وإنَّ رِيحَهَا لَيُوجَدُ مِنْ مسِيرَةِ كذَا وكَذَا» «ئىككى گورۇھ دوۋزىخىي ئادەملەر باردۇركى، (مەن ئۇلارنى دوزاختا كۆرىۋېدىم) ئۇلارنى دۇنيادا كۆرۈپ باقمىدىم. بىرى: قوللىرىدا كالىنىڭ قۇيرۇقىدەك قامچىلارنى تۇتۇۋېلىپ كىشىلەرنى ئۇرىدىغان ئادەملەر، يەنە بىرى: يېرىم يالىڭاچ كىيىنگەن، ئۆزلىرىمۇ ئېزىپ باشقىلارنىمۇ ئازدۇرىدىغان، باشلىرىدىكى چاچلىرى تۆگىنىڭ لوكىسىدەك ساڭگىلاپ تۇرىدىغان ئايالالار بولۇپ، ئۇلار جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، جەننەتنىڭ پۇرىقىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ. جەننەتنىڭ پۇرىقى يىراق جايلاردىنمۇ پۇراپ تۇرىدۇ.» — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كىشىلەرنى ھېچقانداق سەۋەبسىزلا ئۇرۇش ياكى ئازار بېرىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى، كىشىلەرگە تۆھمەت چاپلايدىغان، ئۇلارنى قول ئورنىدا كۆرىدىغان ۋە ئۇلارنى ھەرخىل زۇلۇم ئارقىلىق قىينايدىغان كىشىلەر بولسا دىندىن يىراقلاشقان كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى جازاسى خارلىق، ئاخىرەتتە بولسا دوزاخ ئازابى بولىدۇ.



www.munber.org

## 293 . باب شەيتانغا ۋە يەھۇدى، ناسارالارغا ئوخشاپ قېلىشتىن پەخلەش توغرىسىدا

1634 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا تأكُلوا بالشِّمَالِ، فَإنَّ الشَّيْطَانَ يأكُل ويَشْرَبُ بِشِمالِهِ» « سول قولۇڭلار بىلەن يېمەڭلار، چۈنكى شەيتان سول قولى بىلەن يەيدۇ » .

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) سول قولدا يېيىش ۋە ئىچىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، چۈنكى بۇ شەيتاننىڭ ئادىتى ئىكەنلىكى، بۇنداق قىلسا شەيتانغا ئوخشاپ قالىدىغانلىقى.

2) ئوڭ قولدا يېيىش ـ ئىچىشكە ھەرقانداق ياخشى ئىشلارنى قىياس قىلىش مۇمكىن. ياخشى ئىشلاردا ئوڭ قولنى ئىشلىتىش، ئەكسىچە پاسكىنا نەرسىلەرگە سول قولنى ئىشلىتىشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكى، شەيتاننىڭ پەس ۋە پاسكىنا بولغاچقا يۇقىرىقىنىڭ تەتۈرسىنى قىلىدىغانلىقى.

3 ـ شەيتاننىڭ ئىشلىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاپ قالىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەرك ئېتىش.

1635 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا يَأْكُلَنَّ أحدُكُمْ بِشِمالِهِ، وَلا يَشْرَبَنَّ بِهَا . فَإنَّ الشَّيْطَانَ يَأْكُلُ بِشِمالِهِ وَيشْرَبُ بِهَا» « بىرەرسىڭلار ھەرگىزمۇ سول قولى بىلەن تاماق يېمىسۇن ۋە ئىچمىسۇن، چۈنكى شەيتان سول قولى بىلەن يەپ ـ ئىچىدۇ » .

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1636 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « إنَّ اليهُود والنَّصارىٰ لا يَصْبغُونَ، فَخَالِفوهُمْ » « يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار دەرۋەقە ساقاللىرىنىڭ ئاقلىرىنى بويىمايدۇ. سىلەر ئۇلارنىڭ ئەكسىنى قىلىڭلار » .

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) چاچ ـ ساقال ۋە ياكى باشقا يەرلەرنى خېنە بىلەن بويىسا بولىدىغانلىقى.

2) يەھۇدىي ـ ناسارالارنى ئەنئەنە، ئادەت ۋە كىيىنىش ـ تاشقى قىياپەت جەھەتتە دورىماسلىق كېرەكلىكى، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا خاس ئۇبرازىنى ساقلاشنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكى.

## 294 . باب ئەر ۋە ئاياللارنىڭ چاچ ـ ساقاللىرىنى قارا رەڭدە بوياشتىن پەخلەش توغرىسىدا

1637 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەككى فەتھى قىلىنغان كۈنى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئاتىسى ئەبۇ قۇھافە ھازىر بولدى. ۋە ھالەنكى



www.munber.org

ئۇنىڭ چاچ ۋە ساقىلى ئاق ئۆسۈملۈككە ئوخشاپ قالغانىدى. رەسۇلۇللاھ: «غَيِّرُوا هَذا واجْتَنِبُوا السَّوادَ» «بۇ زاتنىڭ چاچ ساقىلىنى بوياڭلار، لېكىن قارىغا بويىماڭلار»، دېدى.

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

## 295 . باب پاپىنىڭ بىر قىسمىنى چۈشۈرۈپ، بىر قىسمىنى چۈشۈرمەي قالدۇرۇشتىن مەنئى قىلىش ۋە ئاياللار ئۈچۈن ئەمەس، ئەرلەر ئۈچۈن پاپىنىڭ ھەممىسىنى چۈشۈرۈشنىڭ دۇرۇسلۇقى توغرىسىدا

**1638** ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ چاچنىڭ بىر قىسمىنى چۈشۈرۈپ، بىر قىسمىنى قويۇپ قويۇشتىن مەنئى قىلغان.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1639** ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ چېچىنىڭ بىر قىسمىنى چۈشۈرۈپ، بىر قىسمى قالدۇرۇلغان بىر كىچىك بالىنى كۆرۈپ مۇنداق قىلىشتىن مەنئى قىلغان ھەمدە: «احْلِقُوهُ كُلَّهُ أو اتْرُكُوهُ كُلَّهُ» «ئۇنىڭ چېچىنىڭ ھەممىسىنى چۈشۈرۈۋېتىڭلار ياكى ھەممىسىنى قويۇڭلار»، دېگەن.

— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: چاچنىڭ بىر قىسمىنى قويۇپ بىر قىسمىنى ئېلىشتىن قاتتىق چەكلىگەن. بۇنىڭدىكى ھېكمەت: بۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقان خىلقىتىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئەھلى كىتابلارغا ئوخشىشىش بولىدىغانلىقى، چۈنكى بۇ ئەھلى كىتاب راھىبلىرىنىڭ ۋە پاسىق كىشىلەرنىڭ ئادەتلىرى ئىكەنلىكى. لېكىن، داۋالىنىش ياكى بىرەر ئۆزرە تۈپەيلى شۇنداق قىلسا جائىز ئىكەنلىكى.

**1640** ـ ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھقا جەئفەرنىڭ شېھىت بولغانلىق خەۋىرى يەتكەندە (ھازا يۇزىسىدىن) جەئفەر ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۈچ كۈن مۆھلەت بەردى. ئاندىن ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ: «لا تَبْكُوا على أخِي بَعْدَ الْيوم» «بۈگۈندىن ئېتىبارەت قېرىندىشىمغا يىغلىماڭلار»، دېدى. ئاندىن: «ادْعُوا لي بَنِيَّ أخِي» «ماڭا قېرىندىشىمنىڭ باللىرىنى چاقىرىپ بېرىڭلار»، دېدى. بىز خۇددى بىچارە باچكىلاردەك رەسۇلۇللاھنىڭ ھوزۇرىغا كەلتۈرۈلدۇق. رەسۇلۇللاھ: «ادْعُوا لي الحلاَّقَ» «ماڭا ساتىراچ چاقىرىپ بېرىڭلار»، دېدى. ساتىراچقا بۇيرۇپ بىزنىڭ چاچلىرىمىزنى چۈشۈرگۈزىۋەتتى.

— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) باشتىكى چاچنىڭ ھەممىسىنى چۈشۈرۈشنىڭ جائىز ئىكەنلىكى، بولۇپمۇ باللارنىڭ چېچىنى چۈشۈرگەندە ياكى چۈشۈرمىگەندە بولسۇن تولۇق بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكى.

2) مېيىت ئەھلىگە بولۇپمۇ ئاللاھ يولىدا شېھىت بولغانلارنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىغا غەمخورلۇق قىلىش، ئۇلارغا غەم ـ قايغۇلىرىنى يېنىكلىتىدىغان ياخشى سۆزلەرنى قىلىش.

3) مېيىتكە ياقا يىرتماي، ئۆزىنى كاچاتلىماي ۋە هارام ئىشلارنى قىلماي يىغلىسا بولىدىغانلىقى.

4) ئېرىدىن باشقا كىشىلەرگە ئۈچ كۈندىن ئارتۇق قارىلىق تۇتسا بولمايدىغانلىقى.

1641 ـ ئەلىي رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئاياللارنى چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىشتىن چەكلىگەن. —— نەسەئىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئايال كىشىنىڭ چاچ چۈشۈرۈشىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، چۈنكى بۇ ئاللاھ تائالا ياراتقان خىلقەتنى ئۆزگەرتىشكە كىرىدىغانلىقى، ئەگەر داۋالىنىش يۈزىسىدىن ياكى باشقا پۇت تېرەپ تۇرالايدىغان ئۆزرىسى بولسا، ئېرىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىش بىلەن جائىز بولىدىغانلىقى.

## 296 ـ باب چاچ ئۇلاش، مەڭ چېكىش ۋە چىش ياسىتىشنىڭ (يەنى ساق چىشنى چىرايلىق قىلىش ئۈچۈن ئېگەكلىتىپ ئەسلىي ھالىتىنى ئۆزگەرتىش) ھاراملىقى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِن يَدْعُونَ مِن دُونِهِ إِلاَّ إِنَاثًا وَإِن يَدْعُونَ إِلاَّ شَيْطَانًا مَّرِيدًا ۞ لَّعَنَهُ اللّهُ وَقَالَ لَأَتَّخِذَنَّ مِنْ عِبَادِكَ نَصِيبًا مَّفْرُوضًا ۞ وَلأُضِلَّنَّهُمْ وَلأُمَنِّيَنَّهُمْ وَلآمُرَنَّهُمْ فَلَيُبَتِّكُنَّ آذَانَ الأَنْعَامِ وَلآمُرَنَّهُمْ فَلَيُغَيِّرُنَّ خَلْقَ اللّهِ﴾ ﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئاللاھنى قويۇپ پەقەت (ئۆزلىرى) چىشى (ناملار بىلەن ئاتىۋالغان) بۇتلارغا ئىبادەت قىلىدۇ، پەقەت ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدىن باش تارتقان شەيتانغا ئىبادەت قىلىدۇ. ئاللاھ شەيتاننى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى. شەيتان ئېيتتى: مەن ئەلۋەتتە سېنىڭ بەندىلىرىڭدىن مۇئەييەن سانىنى ئېگىلەيمەن، شۇنداقلا ئۇلارنى چوقۇم ئازدۇرىمەن. ئۇلارنى خام ـ خىيال قىلدۇرىمەن (يەنى ھايات ئۇزۇن، قىيامەت، ھېساب ئېلىش يوق دېگەندەك باتىل ئەقىدىلەرنى كۆڭلىگە سالىمەن). ئۇلارنى چوقۇم چاھارپايلارنىڭ (بۇتلارغا نەزىرە قىلىپ بەلگە ئۈچۈن) قۇلاقلىرىنى يېرىشقا بۇيرۇيمەن، ئۇلارنى چوقۇم ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە (يەنى قۇللارنى ئاختا قىلىش، ئۇلارغا مەڭ قويدۇرۇشقا ئوخشاش) ئىشلارغا بۇيرۇيمەن﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە نىسا 117 ~ 119 ـ گىچە بولغان ئايەتلەر)

1642 ـ ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئايال رەسۇلۇللاھتىن: « ئى رەسۇلۇللاھ، مېنىڭ قىزىمغا چېچەك چىقىپ چېچى چۈشۈپ كەتتى. مەن ئۇنى ياتلىق قىلماقچىدىم، ئۇنىڭغا (چۈشكەن چاچلىرىنىڭ ئورنىغا) چاچ سېلىپ

www.munber.org

بەرسەم بولامدۇ؟ »، دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ: «لَعَنَ اللَّه الْواصِلة والْمَوصولة» « چاچ ساتقۇچى ۋە چاچ سالدۇرغۇچىغا ئاللاھ لەنەت قىلسۇن »، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كىشىلەر ئارىسىدا يامان ئىشلارنىڭ تارقىلىشى ۋە ئايرىم كىشىلەرنىڭ يامان ئىشلارنى ئىنكار قىلماسلىقى ھالاكەتكە ۋە ئاللاھتىن بولغان ھەممىنىڭ بېشىغا تەڭ كېلىدىغان ئازابقا دۇچار بولۇشقا سەۋەبچى بولىدىغانلىقى.

2) ئىسلام دىنى بولۇپمۇ ئاياللارنى گۇناھ ئىشلارنى قىلىشتىن ۋە ئارتۇقچە ياسانچۇقلۇق قىلىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان.

3) چاچ سېتىش يالغان چاچ ياساشقا سەۋەب بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يالغان چاچنىڭ كۆپىنچىسى ئۆلۈكلەرنىڭ چېچىدىن ياسىلىدىغان بولغاچقا، كېسەللىك مىكروبلىرىنىڭ يۇقۇش ئېھتىماللىقى يۇقىرى.

**1643 ـ ھۇمەيد ئىبنى ئابدۇراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەجگە كەلگەن يىلى مۇنبەرگە چىقىپ تۇرۇپ، مۇھاپىزەتچىنىڭ قولىدىكى بىر تۇتام چاچنى قولىغا ئېلىپ: « ئى مەدىنە خەلقى! سىلەرنىڭ ئالىملىرىڭلار قېنى؟ مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇشۇنداق ئىشتىن مەنئى قىلىپ: ‹إِنَّمَا هَلَكَتْ بنُو إِسْرَائِيل حِينَ اتَّخَذَهَا نِسَاؤُهُمْ› ‹ئاياللار مۇشۇنداق ئىشنى قىلغاچقا بەنى ئىسرائىل ھالاك بولۇپ كەتكەن›، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم »، دېدى.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئىمام شافىئىي ئېيتىدۇ: « مەڭ چەككەن ئورۇن پاسكىنا بولۇپ، ئۇ مەڭنى ئەسلىي ئورۇنغا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزمەي ئېلىۋېتىش كېرەك، ئەگەر مەڭنى ئېلىۋېتىشتا ھېچقانداق توسالغۇ بولمىغان شارائىتتا مەڭنى يوقاتماي كېچىكتۈرۈپ قويۇش گۇناھ ھېسابلىنىدۇ ».

**1644 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: « رەسۇلۇللاھ چاچ سالغۇچى، چاچ سالدۇرغۇچى، مەڭ چەككۈچى، مەڭ چەكتۈرگۈچىگە لەنەت قىلغان ».** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1645 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ: مەڭ چەككۈچى، مەڭ چەكتۈرگۈچى، قاش تەردۇرگۈچى، چىرايلىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن چىشلىرىنى ياستىپ ئاللاھ ياراتقان تەبىئىي ھالەتنى ئۆزگەرتكۈچى ئاياللارغا ئاللاھ لەنەت قىلسۇن »، دېۋىدى. بىر ئايال ئىبنى مەسئۇدقا ئېتىراز بىلدۈردى. ئىبنى مەسئۇد: « رەسۇلۇللاھ لەنەت قىلغان كىشىگە نېمىشقىمۇ لەنەت قىلماي. ھالبۇكى، مۇنداق لەنەت قىلىش ئاللاھنىڭ كىتابىدا تۇرسا. ئاللاھ تائالا: ﴿وَمَا آتَاكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَانتَهُوا﴾ ﴿پەيغەمبەر سىلەرگە نېمىنى ئېلىپ كەلسە، ئۇنى تۇتۇڭلار،**



www.munber.org

سىلەرنى نىمىدىن چەكلىسە ئۇنىڭدىن يىنىڭلار﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە ھەشر 7 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى)، دېگەن تۇرسا»، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ھەدىستە چەكلەنگەن مەڭ چەكتۇرۇش بولسا قاشنى چەكتۇرۇش، قاپاقنى چەكتۇرۇش ۋە لەۋنى چەكتۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 297 . باب ساقالغا ۋە باشقا كىرگەن ئاقنى يۇلۇۋېتىشتىن مەنئى قىلىش ۋە ياش ئوغلاننىڭ تۈكى چىققان ساقىلىنى تېرىۋېتىشتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا

1646 - ئەمر ئىبنى شۇئەيب ئاتىسىدىن، ئاتىسى ئۇنىڭ ئاتىسىدىن (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لاَ تَنْتِفُوْا الشَّيْبَ فَإِنَّهُ نُوْرُ الْمُسْلِمِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ» «ساقالنىڭ ئېقىنى يۇلماڭلار، چۈنكى ئۇ مۇسۇلماننىڭ قىيامەت كۈنىدىكى نۇرىدۇر». — ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: چاچ ئارىسىغا ئۈنگەن ئاق چاچلارنى يۇلۇۋېتىشتىن چەكلىگەن. چۈنكى ئاق چاچ ئۆمۈرنىڭ ئۇزارغانلىقى ۋە ياشانغانلىقنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئاخىرەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ ۋە يەنە ئىسلام دىنىدا «چېچى ئاقارغان كىشىنى ئاللاھ تائالا ئازابلاشتىن ھايا قىلىدۇ»، دېگەن گەپمۇ بار.

1647 - ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ عمِل عملاً لَيْس عليهِ أمْرُنَا فهُو رَدٌّ» «كىمكى بىزنىڭ دىنىمىزدا يوق بىرەر ئىشنى قىلسا ئۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

## 298 باب ئۆزرىسىز ئوڭ قول بىلەن ئىستىنجا قىلماسلىق، ئىستىنجا قىلغان ۋاقىتتا ئوڭ قول بىلەن ئەۋرەتنى تۇتماسلىق توغرىسىدا

1648 - ئەبۇ قاتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِذَا بال أحدُكُمْ، فَلاَ يأْخُذَنَّ ذَكَرهُ بِيَمِينِهِ، ولاَ يسْتَنْجِ بِيمِينِهِ، ولاَ يتنَفَّسْ في الإِنَاءِ» «سىلەرنىڭ بىرىڭلار كىچىك تەرەت قىلغاندا ئەۋرىتىنى ئوڭ قولى بىلەن تۇتمىسۇن، ئوڭ قولى بىلەن ئىستىنجا قىلمىسۇن ۋە تاماق قاچىسىغا تىنمىسۇن».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئوڭ قولدا تاماق يەيدىغانلىقىمىز ئۈچۈن ۋە ئوڭ قولنى ھۆرمەتلەش ئۈچۈن ئوڭ قولدا ئىستىنجا قىلىش، ئەۋرەتنى تۇتۇش ۋە ھەرقانداق نىجىس نەرسىلەرنى تۇتۇشتىن ساقلىنىش.

2) سۇ ئىچىۋېتىپ قاچىغا تىنىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى.



www.munber.org

3) ئەگەر سول قولدا بىرەر ئىللەت بولۇپ ئۆزرىسى بولغان چاغدا، پاسكىنا نەرسىلەرنى تازىلاش ئۈچۈن ئوڭ قولنى ئىشلەتسە دۇرۇس بولىدۇ.

4) ئىسلام دىنىنىڭ تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى، پاسكىنا نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇشقا ئۈندەيدىغانلىقى، يېيىش، ئىچىش، يۈز كۆرۈشۈشكە ئوخشاش ئېسىل، ياخشى ئىشلارغا ئوڭ قولنىڭ خاس قىلىنغانلىقى، پاكىز بولمىغان ئىشلارغا سول قولنىڭ خاس قىلىنغانلىقى.

## 299 . باب سەۋەبسىز بىرپاي ئاياغ ۋە بىرپاي ئۆتۈك ياكى مەيسە بىلەن مېڭىشنىڭ ۋە ئۆرە تۇرۇپ ئاياغ، ئۆتۈك ـ مەيسە كىيىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا

1649 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا يَمْشِ أحدُكُم في نَعْلٍ واحِدَةٍ، لِيَنْعَلْهُما جمِيعاً، أوْ لِيخْلَعْهُمَا جمِيعاً» «سىلەر بىر پاي ئاياغ كىيىپ يول يۈرمەڭلار، ئىككىلىسىنى كىيىڭلار ياكى ھەر ئىككىلىسىنى كىيمەڭلار»، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1650. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «إذَا انْقَطَعَ شِسْعُ نَعْلِ أحدِكُمْ، فلا يَمْشِ في الأُخْرى حتَّى يُصْلِحَهَا» «بىرىڭلارنىڭ ئايىغىنىڭ بىر تاسمىسى ئۈزۈلۈپ كەتسە، ئۇنى ئوڭشىۋالمىغىچە بىرپاي ئاياغ بىلەن ماڭمىسۇن». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: يەكپاي ھالدا مېڭىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، چۈنكى بۇنداق قىلىش كىشىنىڭ تەمكىنلىكىگە تەسىر يەتكۈزۈپ قويىدۇ ھەمدە كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە قېلىشىمۇ مۇمكىن. بۇنىڭلىق بىلەنلا قالماستىن، بەلكى مۈدۈرۈپ ـ چۈقۈرۈپ ياخشى ماڭالماي قالىدۇ. ئەگەر ئۆزرىسى بولۇپ يەكپاي ئاياغ بىلەن ماڭسا دۇرۇس بولىدىغانلىقى.

1651 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆرە تۇرۇپ ئاياغ كىيىشنى مەنئى قىلغان. — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئۆرە تۇرۇپ ئاياغ كىيىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، ئولتۇرۇپ ئاياغ كىيىشنىڭ قۇلايلىق ۋە ياخشى ئىكەنلىكى، چۈنكى ئولتۇرغاندا ئاياغنى قولى بىلەن كىيەلەيدۇ، ھەمدە قولاشمىغان ھالەتتە زېمىنغا ئېيىلىشتىن ساقلىنالايدۇ.

2) ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرۈنۈشتە بولۇشىغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئاياغ كىيىشكە چاغلىق ئىشلارغىمۇ ئەدەب ـ ئەخلاق نۇقتىسىدىن كۆڭۈل بۆلگەنلىكى.



www.munber.org

## 300 . باب كېچىسى ئۇخلىغاندا ئۆيدىكى ئوت ۋە چىراغلارنى ئۆچۈرۈپ يېتىش توغرىسىدا

1652 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا تَتْرُكُوا النَّار في بُيُوتِكُمْ حِين تَنامُونَ» «سىلەر ئۇخلايدىغان چېغىڭلاردا ئۆيۈڭلاردىكى ئوتنى ئۆچۈرۈۋېتىڭلار». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1653 ـ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەدىنىدە بىر ئۆي ئادەملىرى بىلەن قوشۇلۇپ كۆيۈپ كەتتى. بۇ ۋەقە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكەندە «إنَّ هَذِهِ النَّار عدُوٌّ لكُمْ، فَإذَا نِمْتُمْ فأطْفِئُوها» شۈبھىسىزكى بۇ ئوت سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلاردۇر، ئۇخلىغان چېغىڭلاردا ئوتنى ئۆچۈرۈپ يېتىڭلار»، دېگەن. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1654 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «غَطُّوا الإنَاء، وأوْكِئُوا السِّقَاءَ، وَأغْلِقُوا الْباب، وَأطفِئُوا السِّراج، فإنَّ الشَّيْطَانَ لا يحِلُّ سِقَاءً، ولاَ يفتَحُ باباً، ولاَ يكْشِفُ إنَاءً، فإنْ لَمْ يجِدْ أحَدُكُمْ إلا أنْ يَعْرُضَ على إنَائِهِ عوداً، ويذْكُر اسْمَ اللَّهِ فَلْيفْعَلْ، فَإنَّ الفُويْسِقَةَ تُضْرِمُ على أهْلِ البيتِ بيْتَهُمْ» «قاچىلارنى يېپىڭلار، تۇلۇمنىڭ ئاغزىنى چىگىڭلار، ئىشىكنى تاقاپ قويۇڭلار، چىراغنى ئۆچۈرۈڭلار، چۈنكى شەيتان تۇلۇمنى يېشەلمەيدۇ. ئىشىكنى ئاچالمايدۇ، قاچىنىڭ ئاغزىنى ئاچالمايدۇ، سىلەرنىڭ بىرىڭلار (قاچىنى ياپقۇدەك نەرسە) تاپالمىسا، ‹بسم الله› ‹بىسمىللاھ› دەپ بىر تال ياغاچنى توغرىسىغا قويۇپ قويسۇن، چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتمىگەندە چاشقان (ئۆيدىكىلەر ئۇخلاپ قالغان چاغدا ئۆچۈرۈلمىگەن چىراغنىڭ پىلىكىنى تارتىپ) ئۆينى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئۇخلىغان چاغدا مەيلى ئوت بولسۇن، مەيلى چىراق بولسۇن ياكى شام بولسۇن، ئۆچۈرۈلمەي قالسا ئۆيگە ئوت كېتىشى مۇمكىن. ئاقىۋەتتىن ساقلانغىلى بولىدىغان شارائىتتىمۇ ئۆچۈرۈۋېتىش ئەۋزەل.

2) ھاشارات، پاسكىنا نەرسىلەرنىڭ چۈشۈپ قېلىپ بۇلغىنىۋېتىمەسلىكى ئۈچۈن يېمەك ـ ئىچمەك قاچىلىرىنىڭ ئېغىزىنى ئېتىپ قويۇش لازىملىقى.

3) ياسقاللارنىڭ، ئوغرىلارنىڭ ۋە كۈتۈلمىگەن خەتەرلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ قويۇش لازىملىقى.

4) شەيتان كىشىلەر غەپلەتتە قالغاندا كىشىلەرنىڭ نەرسە كېرەكلىرىگە تېگىپ قويىدۇ ۋە زېمىندىكى باشقا جانلىقلارنى كىشىلەرگە ئازار بېرىشكە كۈشكۈرتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ھەرقانداق خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش يۈزىسىدىن ئېھتىيات بىلەن ئىش تۇتۇشى لازىملىقى.

5) نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئىشلەتكەندە ياكى قويغاندا بىسمىللاھ دېيىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.



www.munber.org

## 301 . باب سۆز ۋە ھەرىكەتلەردە ئارتۇقچە زورۇقۇشتىن چەكلەش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿قُلْ مَا أَسْأَلُكُمْ عَلَيْهِ مِنْ أَجْرٍ وَمَا أَنَا مِنَ الْمُتَكَلِّفِينَ﴾ ﴿ئېيتقىنكى، (ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھيىنى) تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھەق تەلەپ قىلمايمەن، مەن (قۇرئاننى) ئىپتىرا قىلغۇچىلاردىن (يەنى يالغاندىن توقۇغۇچىلاردىن) ئەمەسمەن﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە ساد 86 ـ ئايەت)

1655 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز ئارتۇقچە تەكەللۇپ قىلىشتىن مەنئى قىلىنغان.
— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

1656 ـ مەسرۇق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ يېنىغا كىردۇق، ئۇ: « ئى كىشىلەر! بىلگەن ئادەم بىلگىنىنى دېسۇن ۋە بىلمىگەن ئادەم زورۇقماي ئاللاھ بىلىدۇ، دېسۇن، ئۇنداق دېيىش شۇ كىشىنىڭ بىلىملىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىگە: ﴿قلْ ما أسأَلُكُمْ عَلَيْهِ مِنْ أجْرٍ وما أنا مِنَ المُتَكَلِّفِين﴾ ﴿ئېيتقىنكى، (ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھيىنى) تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچ ھەق تەلەپ قىلمايمەن، مەن (قۇرئاننى) ئىپتىرا قىلغۇچىلاردىن (يەنى يالغاندىن توقۇغۇچىلاردىن) ئەمەسمەن دېگىن﴾ (« قۇرئان كەرىم » سۈرە ساد 86 ـ ئايەت)، دېدى ».
— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىلمى مەسىلىلەردە زورۇقۇپ بىلەرمەنلىك قىلماسلىق. چۈنكى ئۇ ئۆزىگىمۇ ئېنىق بولمىغان بىرەر مەسىلە توغرۇلۇق سورالسا ئۇنىڭغا زورمۇزور جاۋاب بېرىپ ھەقىقەتتىن يىراق بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

2) ئىلىمدە ۋە پەتىۋا بېرىشتە پەقەت ئەتراپلىق، پۇختا ئىلىمگە ئىگە بولغانلار سۆز ئېچىشقا ھەقلىقتۇر.

3) بىرقىسىم مەسىلىلەرنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئاشكارىلىغانلىق بىلەن ئالىمنىڭ قەدرى ـ قىممىتى تۆۋەنلەپ كەتمەيدىغانلىقى.

4) مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشتە زورۇقماسلىقتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشكە رىغبەتلەندۇرۇلگەن.

## 302 . باب ئۆلگەن ئادەم ئۈچۈن ئۈن سېلىپ يىغلاش، يۈزنى كاچاتلاش، ياقىسىنى يىرتىش، چېچىنى يۇلۇش ۋە چۇشۇرۇۋېتىش ۋە ئاللا ـ توۋا سېلىپ يىغلاشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

ئۆلىمالار مېيىتكە قىلىنىدىغان بۇ ئازاب توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقان، كۆپچىلىك ئۆلىمالار: مېيىت ھايات ۋاقتىدا ئائىلىسىدىكىلەرگە يىغا ـ زارە قىلىش ھەققىدە ۋەسىيەت قىلغان، ئۆلگەندىن كېيىن ئائىلىسىدىكىلەر شۇ بويىچە ئاللا ـ



www.munber.org

تـوۋا قىلغـان بولسـا مېيىـت قـەبرىدە ئازابقـا قالـىدۇ، دەپ قـارايدۇ. يەنـە بەزىلـەر: مېيىـت ھاياتلىقىدا ئۆلگـەندىن كېيىـن يىغا ـ زارە قىلماسـلىقنى ۋەسـىيەت قىلـىشى كېرەك، ئەگـەر ئۇنـداق قىلمىغـان بولسـا قـەبرىدە ئـازاب قىلىـنىدۇ، دەيـدۇ. يەنـە بەزىلـەر: مېيىتنىـڭ قەۋرىدىكى ئـازابى ئۇنىـڭ ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىنىـڭ يىغـا ـ زارىنى ئاڭلاپ ئىچ ئاغرىتىپ، ئازابلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ.

**1657** ـ ئۆمـەر ئىبـنى خـەتتاب رەزىيـەللاھۇ ئـەنهۇدىن رىۋايـەت قىلىـنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «المَيِّتُ يُعذَّبُ فِي قَبرِهِ بِما نِيحَ علَيْهِ» «مېيىتكە ئۇن سېلىپ يىغلاش بىلەن مېيىتكە قەبرىسىدە ئازاب قىلىنىدۇ».

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مېيىتكە ئۈن سېلىپ يىغلاشتىن نەھيى قىلىنغان. مېيىتنىڭ ئەھلىنىڭ مېيىت ئۈچۈن يىغا ـ زارە قىلىشى سەۋەبلىك، مېيىتنىڭ قەبرىدە ئازابلىنىدىغانلىقى.

**1658** ـ ئىبـنى مەسئۇد رەزىيـەللاھۇ ئـەنهۇدىن رىۋايـەت قىلىـنىدۇكى، پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لَيْسَ مِنَّا مَنْ ضَرَبَ الخُدُودَ، وشَقَّ الجُيُوبَ، ودَعا بِدَعْوَى الجَاهِلِيةِ» «كاچىتىغا ئۇرۇپ، ياقىلىرىنى يىرتىپ، جاھىلىيەت قوشاقلىرىنى (تۇۋرۇكـۇم ئىدىڭغۇ، بالىلىرىڭنى يېتىم قىلدىڭغۇ، ئاياللىرىڭنى تۇل تاشلاپ كەتتىڭغۇ... دېگەندەك) توقۇپ يىغلىغان ئادەم بىزدىن ئەمەس». ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئىشلارنىڭ ئىسلامدىن چىقىرىۋېتىدىغان چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان ھەمدە ئۇ ئىشلاردىن نەھيى قىلىنغان. چۈنكى، ئۇ ئىشلار ئاللاھ تائالاغا ئاشكارا ئېتىراز بىلدۈرۈشنى ۋە ئاللاھنىڭ قازاسىغا نارازى بولۇشنى ئىپادىلەيدۇ.

**1659** ـ ئـەبۇ بـۇردە رەزىيـەللاھۇ ئـەنهۇدىن رىۋايـەت قىلىـنىدۇكى، ئـەبۇ مۇسا ئاغرىپ قېلىپ ھوشىدىن كەتتى، ئۇنىڭ بېشى ئايالىنىڭ قۇچىقىدا ئىدى. ئايالى ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئـەبۇ مۇسا ھوشسىز بولغاچ ئۇنى يىغىدىن توسۇيالمىدى، ھوشىغا كەلگەندە: «رەسۇلۇللاھ ئادا ـ جۇدا بولغان كىشىدىن مەنمۇ چەك ئارىغايمەن، رەسۇلۇللاھ (مېيىت ئۈچۈن) ئۈن سېلىپ يىغلىغان، چېچىنى چۇشۇرۇۋەتكەن ۋە كىيىمىنى يىرتقان ئاياللىدىن ئادا ـ جۇدا ئىدى»، دېدى.

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مېيىتنى قوشاقلا قېتىپ ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن يىغلاش ۋە مېيىتقا قايغۇسىنى بىلدۈرۈپ چاچلىرىنى چۇۋۇۋېتىش ياكى چۇشۇرۇش ۋە ياكى كىيىملىرىنى يىرتىش قاتارلىق ئىشلاردىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلغان.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئىشلاردىن چەك ئايرىغانلىقى، شۇنداقلا بۇ ئىشلارنىڭ ئىمانىنىڭ كامىللىقىغا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ قازا ـ قەدىرىگە رازى بولۇشقا زىت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.



www.munber.org

**1660**. مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «مَنْ نِيحَ عَلَيْهِ، فَإِنَّهُ يُعَذَّبُ بِمَا نِيحَ عَلَيْهِ يَوْمَ الْقِيامَةِ» «قانداق بىر مېيىتكە ئۈن سېلىپ يىغلانسا قىيامەت كۈنى ئۇ مېيىت شۇ يىغا سەۋەبى بىلەن ئازابلىنىدۇ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مېيىتنىڭ قىيامەت كۈنى ئەھلى ـ ئەۋلادىنىڭ ئۇنىڭغا يىغلىغانلىق تۈپەيلىدىن ئازابلىنىدىغانلىقى ئۆلگەندىن كېيىن ئۆزىگە يىغلاشقا ۋەسىيەت قىلغان كىشىگە قارىتىلغان.

**1661** ـ ئۇممۇ ئەتىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز رەسۇلۇللاھقا بەيئەت قىلغاندا رەسۇلۇللاھ بىزدىن مېيىتكە ئۈن سېلىپ يىغلىماسلىققا ئەھدە ئالغان. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مېيىتكە ئۈن سېلىپ يىغلاش مۇسۇلمان كىشى يىراق بولۇشقا تېگىشلىك جاھىلىيەتنىڭ ئادەتلىرى ئىكەنلىكى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللاردىن مېيىتكە ئۈن سېلىپ يىغلىماسلىققا ئەھدە ئالغانلىقى.

**1662** ـ نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە ھوشىدىن كەتكەندە ئۇنىڭ ھەمشىرىسى: «ۋاي! بېغىم، ۋاي! تېغىم»، دەپ ئۇنلۇك يىغلىغىلى تۇردى. ئۇ ھوشىغا كەلگەندە: «ئى سىڭلىم، سەن نېمە دېگەن بولساڭ، ماڭا (پەرىشتىلەر تەرىپىدىن) سەن شۇنداقمىدىڭ؟ دېيىلىپ تۇردى»، دېدى. — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مېيىتكە ئۈن سېلىپ يىغلاشنىڭ بولۇپمۇ ئۆلگۈچىنىڭ ئۆزىدە بولمىغان سۈپەتلەرنى تىلغا ئېلىپ يىغلاشنىڭ چەكلەنگەنلىكى. بۇ مېيىت ئۈچۈن ياخشى ئەمەس بولۇپ، مېيىتكە بۇنىڭ ئۈچۈن مالامەت قىلىنىدىغانلىقى.

**1663** ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، سەئد ئىبنى ئۇبادە ئاغرىپ قالغانىدى، رەسۇلۇللاھ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف، سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدلار بىلەن سەئد ئىبنى ئۇبادەنى يوقلاپ كەلدى. بۇ چاغدا سەئد ھوشسىز ياتاتتى، رەسۇلۇللاھ: «أَقُضَى؟» «جان ئۈزدىمۇ؟»، دېدى. ئائىلىسىدىكىلەر: «ياق، ئى رەسۇلۇللاھ»، دېدى. رەسۇلۇللاھ كۆز يېشى قىلدى. بۇنى كۆرۈپ باشقىلارمۇ كۆز يېشى قىلىشتى. رەسۇلۇللاھ: «أَلاَ تَسْمَعُونَ؟ إِنَّ اللَّهُ لا يُعَذِّبُ بِدمْعِ الْعَيْنِ، ولا بِحُزْنِ الْقَلْبِ، ولَكِنْ يُعذِّبُ بِهذَا أَوْ يَرْحَمُ» «ئاڭلاپ قويۇڭلار، ئاللاھ كۆز يېشى قىلىش بىلەن ۋە دىلنىڭ غەمكىن بولۇشى بىلەن ئازابلىمايدۇ، لېكىن بۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ئازابلايدۇ ياكى رەھىم قىلىدۇ»، دەپ تىلىغا ئىشارەت قىلىپ كۆرسەتتى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مۇسىبەتتە دىلىدا قايغۇرۇپ، ئۈنسىز يىغلاشنىڭ جائىز ئىكەنلىكى، بۇنىڭغا ئازابمۇ قىلىنمايدىغانلىقى، ساۋابمۇ بېرىلمەيدىغانلىقى.

2) كېسەل يوقلاشنىڭ، كېسەلنىڭ ھالىنى سوراشنىڭ مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان ئۈستىدىكى ھەققى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭ ياخشى ئىش ئىكەنلىكى.

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەمتەرلىكى، ساھابىلىرىگە كۆيۈنىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنى يوقلاپ تۇرىدىغانلىقى.

4) تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىغا شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن تەلىم بېرىدىغانلىقى، بولۇپمۇ ئۇلارغا مۇجمەل بولۇپ قالغان ئىشلارنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدىغانلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەرگە تەلىم بېرىشتىكى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشتىكى قوزغاشتىكى گۈزەل ئۇسلۇبى بايان قىلىنغان.

**1664 ـ ئەبۇ مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «النَّائِحَةُ إِذَا لَمْ تتُبْ قَبْل مَوْتِهَا تُقَامُ يوْمَ الْقِيامةِ وعَلَيْها سِرْبَالٌ مِنْ قَطِرَانٍ، ودَرْعٌ مِنْ جرَبٍ» **« ئۆن سېلىپ يىغلىغۇچى ئايال تەۋبە قىلماي ئۆلۈپ كەتسە قىيامەت كۈنى كۆكس مېيىدىن ئىشتان، چىقاندىن كۆينەك كىيگۈزۈلۈپ تۇرغۇزۇپ قويۇلىدۇ ».** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مېيىتكە ئۈن سېلىپ يىغلاشتىن مەنئى قىلىش ۋە مۇنداق قىلىقتىن تەۋبە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

2) مېيىتكە ئۈن سېلىپ يىغلىغۇچىلارغا قىيامەتتە قاتتىق ئازاب بولىدىغانلىقى، ئۈن سېلىپ يىغلاپ تۆككەن ياشلىرىنىڭ قىيامەت كۈنى دوزاخقا تۇترۇق بولىدىغانلىقى، يىغلاپ يىرتقان كىيىملىرىنىڭ ئۆزىگە ۋابا بولىدىغانلىقى.

**1665 ـ تابىئىنلاردىن بولغان ئۇسەيد ئىبنى ئۇسەيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغۇچى ئاياللارنىڭ ئىچىدىكى بىر ئايالدىن مۇنداق رىۋايەت قىلغان: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزدىن ياخشى ئىشلاردىن باش تارتماسلىققا بەيئەت ئالغاندا، مۇسىبەتتە يۈزلىرىمىزنى تاتىلىماسلىقىمىزنى، داد ـ پەرياد چېكىپ يىغلىماسلىقىمىزنى، ياقىلىرىمىزنى يىرتماسلىقىمىزنى، چاچلىرىمىزنى يۇلماسلىقىمىزنى بۇيرۇغانىدى ».** — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: يۇقىرىقى ئىشلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ قىلىقلىرى بولۇپ ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۇلاردىن ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكى.

**1666 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «ما مِنْ ميِّتٍ يَمُوتُ، فَيَقُومُ باكيهمْ، فَيَقُولُ: وَاجبلاهُ، واسَيِّداهُ أوَ نَحْو ذَلِك إلاَّ وُكِّل بِهِ مَلَكَانِ يلْهَزَانِهِ: أَهَكَذَا كُنتَ؟» **« قايسى بىر ئادەم ئۆلۈپ كەتسە ئۇنىڭغا ھازىدار بولغۇچى ۋاي تېغىمىز! ۋاي خوجىمىز! دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ يىغلىسا،**



www.munber.org

مېيىتكە ئىككى پەرىشتە مۇئەككەل قىلىنىدۇكى، ئۇ پەرىشتىلەر ئۇنى: « سەن شۇنداقمىدىڭ »، دەپ مەيدىسىنى مۇشتلاپ ئۇتتۇرىدۇ. — ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

1667 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «اثْنَتَانِ في النَّاسِ هُمَا بِهِمْ كُفْرٌ: الطَّعْنُ في النَّسَبِ، والنِّيَاحَة عَلى المَيِّتِ» « ئىككى تۈرلۈك ئىش بولۇپ، بۇلار كىمدە سادىر بولسا ئۇنىڭدىن كۇفرىلىق سادىر بولغان بولىدۇ. ئۇ ئىككى ئىش كىشىنىڭ نەسەبىگە تىل تەگكۈزۈش، مېيىتكە ئۈن سېلىپ يىغلاشتىن ئىبارەت ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھالال نەسەپكە تىل تەگكۈزۈش، مېيىتكە ئۈن سېلىپ يىغلاش كىشىنى كۇفرىلىققا ئېلىپ بارىدىغان چوڭ گۇناھلاردىن بولۇپ، كىشىنىڭ دوزىخىي بولۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغانلىقى.

2) نۇرغۇن مۇسۇلمانلار بىپەرۋالىق قىلىپ، ئۆتكۈزۈپ قالىدىغان مۇنداق ئىككى يامان قىلىقتىن ھەزەر ئەيلەشكە ئاگاھلاندۇرغانلىقى.

## 303 . باب پال سېلىشنىڭ ۋە پال سالدۇرۇشنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقى توغرىسىدا

1668 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كاھىنلار توغرىسىدا سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لَيْسُوا بِشَيْءٍ» « ئۇلار ھېچ نەرسىنى ئۇقمايدۇ »، دېدى. ئۇلار: « ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇلار بىزگە بەزى چاغلاردا بىرەر ئىشنى سۆزلەپ بېرىدۇ، ئۇ توغرا چىقىپ قالىدۇغۇ »، دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ: «تِلْكَ الْكَلمةُ مِنَ الْحَقِّ يخْطَفُهَا الجِنِّيُّ . فَيَقُرُّهَا في أُذُنِ وليِّهِ، فَيخْلِطُونَ معهَا مِائَةَ كِذْبَةٍ» « ھەق تەرىپىدىن بولغان ئاشۇ سۆزنى جىن ئوغرىلاپ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ يېقىنىنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىتىدۇ ـ دە، ئۇلار ئۇنىڭغا 100يالغاننى قوشۇپ بىلجىرلايدۇ »، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

بۇخارىنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتىدۇ: «إنَّ الملائكَةَ تَنْزِلُ في العَنانِ وهو السَّحابُ فَتَذْكُرُ الأمْرَ قُضِيَ في السَّمَاءِ، فيسْتَرِقُ الشَّيْطَانُ السَّمْع، فَيَسْمعُهُ، فَيُوحِيهِ إلى الْكُهَّانِ، فيكْذِبُونَ معَهَا مائَةَ كَذْبةٍ مِنْ عِنْدِ أنفُسِهِمْ» « پەرىشتىلەر بۇلۇتقا چۈشۈپ، ئاسماندا ھۆكۈم قىلىنغان ئىشلار ئۈستىدە سۆزلىشىدۇ، شەيتان ئوغرىلىقچە ئاڭلاپ ئۇنىڭغا 100 يالغاننى قوشۇپ كاھىنلارغا دەپ بېرىدۇ ».



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كاھىنلارنىڭ سۆزلىرى يالغان ۋە ئويدۇرما بولۇپ، ئۇلارغا چىنپۈتۈشتىن چەكلەش، ئۇلارنىڭ ئايرىم سۆزلىرى راست چىقىپ قالغان تەقدىردىمۇ، بۇ جىنلارنىڭ ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋالغان سۆزلىرى ئىكەنلىكى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇن جىنلارنىڭ بىرىنچى ئاسماندا بەزى خەۋەرلەرنى ئاڭلايدىغانلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن مۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بەرمەيدىغانلىقى، ئاسمان خەۋەرلىرىنى ئاڭلاشقا ئۇرۇنغان جىنلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىلغاندەك ئاقار يۇلتۇزلار بىلەن قوغلىنىپ كۆيدۈرۈپ تاشلىنىدىغانلىقى.

**1669 ـ ئەبۇ ئۇبەيدىنىڭ قىزى سەفىييە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى ئاياللىرىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «مَنْ أَتَى عَرَّافاً فَسأَلَهُ عنْ شَيْءٍ، فَصدَّقَهُ، لَمْ تُقْبلْ لَهُ صلاةٌ أَرْبَعِينَ يومْاً» **«كىمكى رەممالنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن بىر ئىشنى سوراپ ئۇنىڭغا ئىشەنسە ئۇنىڭ 40 كۈنلۈك نامىزى قوبۇل بولمايدۇ»** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلمەكچى بولۇپ، رەم سېلىشنىڭ ۋە رەمماللارنىڭ ئالدىغا بېرىپ رەم سالدۇرۇشنىڭ چەكلەنگەنلىكى.

2) رەمماللارغا ئىشىنىشنىڭ نامازنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ ساۋابىنى يوققا چىقىرىدىغانلىقى.

3) رەمماللارنىڭ سۆزىدە غەيبنى بىلىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەنلىكى، يالغان ياۋىداقلارنىڭ توقۇلمىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىرتۈرلۈك ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش بولىدىغانلىقى.

**1670. قەبىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:** «الْعِيَافَةُ، والطِّيرَةُ، والطَّرْقُ، مِنَ الجِبْتِ» **«يەرگە بىر نەرسىلەرنى جىجاپ، غەيبدىن خەۋەر بېرىش، يامان پال ئېلىش ۋە قۇشلارنىڭ ئۈچۈشىدىن ياخشى يامان پال ئېلىش بۇتپەرەسلىكتۇر».** — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بۇ ئۈچ ئىش باتىل ئىشلاردىن بولۇپ، ئىسلام دىنىدىن بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرى ئادەملىرى ھەپىلىشىدىغان كاھىنلىقنىڭ تۈرلىرى ئىدى. ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن بۇ ئىشلارنىڭ بىرەر پايدىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە بىرەر زىياننى دەپئى قىلىشتا ھېچقانداق رولى يوق ئىكەنلىكى بايان قىلىنىپ ئىنكار قىلىنغان.

2) ئۇلار بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە ئۇلارغا ئىشىنىشنىڭ بىرخىل گۇمراھلىق ۋە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ئىكەنلىكى مۇقىملاشتۇرۇلغان. بۇ ئىشلار يالغاندىن تۆھمەت بىلەن قارىسىغا ئېيتىلغان ئەپقاچتى گەپلەر بولۇشتىن تاشقىرى يەنە غەيبنى بىلىش دەۋا قىلىنغان بولىدۇ.

3) كىشىلەر رەممالىققا ئىشەنمەسلىكى، پال سالدۇرماسلىقى، غەيبنى ئاللاھتىن باشقا كىشىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىشى، «قۇرئان كەرىم» ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى بويىچە ئىش قىلىشنىڭ لازىملىقى.

**1671 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «من اقْتَبَسَ عِلْماً مِنَ النُّجُومِ، اقْتَبسَ شُعْبَةً مِنَ السِّحْرِ زَادَ ما زَاد» **« كىمكى يۇلتۇزغا قاراپ پال ئېلىشتىن ئىبارەت مۇنەججىملىكتىن بىر نەرسە ئۆگەنسە سېھرىگەرلىكتىن بىر شاخچە ئۆگەنگەن بولىدۇ. مۇنەججىملىكنى قانچە ئۆگەنسە ئۇنىڭ سېھرىگەرلىكمۇ ئېشىپ بارىدۇ ».** ـــ ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھەرخىل پالچىلىق ئىشلىرىدىن ۋە پالچىغا ئىشىنىشتىن نەھيى قىلىنغان. پالچىلىقنىڭ سېھرىگەرلىككە كىرىدىغانلىقى ۋە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن تەڭ تۇرىدىغان چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكى.

2) بۇ يەردە ئىلمى نۇجۇم دېگىنى ئاسترونومىيە ئەمەس. ئىبنى ئەللان نەقىل قىلىپ ئېيتىدۇ: يۇلتۇز، پىلانېتلارنىڭ ئايلىنىشى، بىرلىشىش ياكى ئايرىلىشىدىن شامال چىقىدىغان ياكى يامغۇر ياغىدىغان ۋاقىتلارنى بىلەلەيمىز ھەمدە كېلەچەكتە بولىدىغان ھادىسىلەرنى بىلەلەيمىز، پىلانېتلاردىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ زېمىندا بولىدىغان ئىشلارغا تەسىرى بار دەپ قاراش چەكلەنگەن. ئەمما، ئىلمى نۇجۇم، كۈننىڭ قايرىلىشى ياكى قىبلە تەرەپنى بىلىش دېگەندەك كۆز بىلەن كۆرۈپ تەجرىبە قىلىپ بىلىدىغان ئىلىملاردىن نەھيى قىلىنمايدۇ. چۈنكى، بۇ خىل ئىلىمدا كۆز بىلەن كۆرگەن سايە ياكى يۇلتۇزلارغا ئاساسلىنىدۇ.

**1672 ـ مۇئاۋىيە ئىبنى ھەكەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن: « ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى، يېڭى مۇسۇلمان بولغان ئادەممەن، ئاللاھ تائالا ئىسلام دىنىنى مەيدانغا كەلتۈردى، بىزنىڭ ئىچىمىزدە كاھىنلارغا بارىدىغانلار بار »، دېۋىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «فَلا تَأْتِهِم» **« سەن ئۇلارغا بارمىغىن »، دېدى. مەن: « بىزنىڭ ئىچىمىزدە يامان پال ئالىدىغانلار بار »، دېسەم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «ذلكَ شَىْءٌ يجِدُونَه في صُدُورِهِمْ، فَلاَ يُصُدُّهُمْ» **« بۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە پەيدا بولغان ئىشتۇر، بۇ ئۇلارغا بولىدىغان ئىشنى توسۇپ قالالمايدۇ »، دېدى. مەن: « بىزنىڭ ئىچىمىزدە يەرگە جىجايدىغانلار بار »، دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «كَانَ نبيٌّ مِنَ الأنْبِيَاءِ يَخُط ، فَمَنْ وَافَقَ خَطَّهُ، فَذاكَ» **« ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەردىن بىر پەيغەمبەر يەرگە جىجايتتى، كىمكى شۇ پەيغەمبەردەك جىجايدىغان بولسا ئۇنىڭدا باك يوق (ئۇلار پەيغەمبەردەك جىجالمايدىغانلىقى ئۈچۈن جىجىمىسۇن) »، دېدى.**

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كۆڭلۈم ئېغىۋاتىدۇ، كۆڭلۈم ئۆيۈۋاتىدۇ، كۆڭلۈم تۇيۇۋاتىدۇ دېگەنگە ئوخشاش كىشىدە تاسادىپيي پەيدا بولىدىغان، ئەمما كىشى شۇ بويىچە ئەمەل قىلمايدىغان تۇيغۇلار ئۈچۈن كىشى جازاغا تارتىلمايدىغانلىقى.

2) بۇ يەردىكى ئۆلچەم شۇكى، غەيبنى بىلىشنى دەۋا قىلماسلىق شەرتى ئاستىدا شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىگە، ۋەقەلەرنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىگە، مەيدانغا كېلىش سەۋەبلىرىگە ئاساسەن ئىش



www.munber.org

ھادىسىلەر ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ مۆئەييەن تونۇش ھاسىل قىلىش ۋە بىلىشلەرنىڭ بۇنىڭغا كىرمەيدىغانلىقى.

**1673 ـ ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىت ساتقان پۇلنى، پاھىشىدىن كەلگەن پۇلنى ۋە پالچىلىقتىن كەلگەن پۇلنى يېيىشنى مەنئى قىلدى.**

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىت ئەينى نىجىس ھايۋان بولغانلىقى ئۈچۈن ئىت سېتىش ياكى سېتىۋېلىش ھارام قىلىنغانلىقى.

2) ئىت سېتىپ تاپقان پۇل، پاھىشىدىن تاپقان پۇل ۋە پالچىلىق قىلىپ تاپقان پۇل ھەممىسى ھارام بولۇپ، بۇنداق پۇلنى ئېلىشقا، ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. (مەيلى پۇل بولسۇن ياكى مال بولسۇن، بۇنىڭدىن كەلگەن تاپاۋەت ھەممىسى ھارام).

3) ئىت سېتىۋېلىشنىڭ ياكى پالچىنىڭ ھەققىنى بېرىشنىڭ ھاراملىقى.

## 304 . باب شۇم پال ئېلىشتىن چەكلەش توغرىسىدا

**1674 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لا عَدْوَى ولا طِيَرَةَ ويُعْجِبُنى الفألُ» «ئىسلامدا كېسەل كۆچىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش يوق. قۇشلارنىڭ ئۇچۇشىدىن شۇملىنىش يوق، مەن ياخشى پالنى ياقتۇرىمەن»، دېۋىدى. ساھابىلەر: «ياخشى پال دېگەن نېمە؟»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كَلِمةٌ طيِّبَةٌ» «ياخشى پال دېگەن ياخشى سۆزدىن ئىبارەت»، دېدى.**

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ساق كىشىنىڭ كېسەل كىشىگە ئارىلىشىشىدىن كېسەللىك كېلىپ چىقىدۇ دەپ قاراشتىن نەھيى قىلىنغان، چۈنكى شەيئىلەر خۇدانىڭ تەقدىرىسىز بىر ـ بىرىگە تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ.

2) كېسەل كىشىدىكى مىكروبنىڭ راستتىنلا ساق كىشىگە (ئىككىنچى بىر شەخسكە) يۇقىدىغانلىقى ئىسپاتلانسا ساق كىشىلەرنىڭ كېسەللەرگە ئارىلىشىشىدىن چەكلىنىدىغانلىقى.

3) شۇم پال ئېلىشتىن نەھيى قىلغان، ھەدىستە ئېيتىلغان ياخشى پال ھەرگىزمۇ ئەسلي مەنىدىكى پالچىغا بېرىپ پال ئاچقۇزۇپ، ئۇنىڭدىن خۇش خەۋەر ئاڭلاشنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى بۇ يەردە دېمەكچى بولغان مەقسەت بەندىنىڭ خۇداغا قارىتا ياخشى ئويدا بولۇش بولغانلىقى ئۈچۈن ياخشى ئىش ھېسابلىنىدىغانلىقى. شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنىڭدىن شادلىنىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

4) شادلىق ۋە ئۈمىد بېغىشلايدىغان سۆزلەرنى قىلىشنىڭ ۋە شۇخىل سۆزلەرنى ئاڭلاشقا رىغبەتلەندۈرۈشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، ئەكسىچە شۇم ئېغىزلىق قىلىشنىڭ ۋە بولمىغۇر سۆزلەرنى قىلىشنىڭ ياخشى ئىش ئەمەسلىكى.



www.munber.org

1675 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لا عَدْوى ولا طِيَرَةَ، وإنْ كَانَ الشُّؤمُ في شَيْءٍ، فَفي الدَّارِ، والمَرْأةِ وَالفَرَسِ» « كېسەل كۆچىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش يوق. يامان پال ئېلىش يوق. ئەگەر بىرەر نەرسىدە شۇملۇق بار دېيىلسە، ئۇ (يامان قوشنىلىق) ئۆيدە، (ديانەتسىز ۋە بەد ئەخلاقلىق) ئايالدا، (خۇيى يامان) ئاتتا بولىدۇ»، دېگەن.

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1676 ـ بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يامان پال ئالمايتتى. ـــ ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇ ھەدىستە قۇشلاردىن پال ئېلىشتىن چەكلەنگەن ۋە ھېچقانداق قۇشلارغا قاراپ شۇم پال ئالماسلىق، ھەمدە ھەممە نەرسىدىن ئۈمىدۋار بولۇشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشكە رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

1677 ـ ئۇرۋەتە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا شۇم پال ئېلىنغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أحْسَنُهَا الْفَأْلُ، ولا تَرُدُّ مُسْلِماً، فَإذا رأى أحَدُكُمْ ما يَكْرَه، فَلْيَقُلْ: اللَّهُمَّ لا يَأتي بالحَسَنَاتِ إلاَّ أنتَ، ولا يَدْفَعُ السَّيِّئاتِ إلاَّ أنْتَ، ولا حولَ ولا قُوَّةَ إلاَّ بك» « ياخشى ئويدا بولۇش پالنىڭ ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ. يامان پال مۇسۇلماننى قىلماقچى بولغان ئىشىدىن يالتايتقۇزمىسۇن. ئەگەر بىرىڭلار ياقتۇرمايدىغان نەرسىنى كۆرسە: ئى ئاللاھ ياخشىلىقلارنى پەقەت سەنلا بېرىسەن ۋە يامانلىقلارنى پەقەت سەنلا دەپئى قىلىسەن. سېنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭ ۋە مەدىتىڭسىز ھېچقانداق ئىش ئەمەلگە ئاشمايدۇ دېسۇن»، دېدى.

ـــ ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) يامانلىق ئەكېلىدىغان نەرسىلەرنىڭ يامانلىقنى دەپئى قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلەش ۋە ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىش كېرەكلىكى.

2) ئادەتتە كىشىلەر يامان پال ئالىدىغان ئىشلار يۈز بەرگەندە ياكى كۆڭۈلگە بىر نەرسە كەچكەندە مەزكۇر دۇئا بىلەن دۇئا قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

## 305 ـ باب ھايۋان، ئۇچار قۇش، ئادەم، تاش، ئەدىيال، ياستۇق، پەردە، كىيىم ـ كېچەك، تىلا، تەڭگە، ياستۇق قاتارلىقلارغا جانلىقلارنىڭ سۈرىتىنى سىزىشنىڭ ھاراملىقى ۋە تامغا، تورۇسقا، پەردىگە، باش كىيىمگە، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىقلارغا سۈرەت سىزىشنىڭ ھاراملىقى ۋە سىزىلغان سۈرەتلەرنى يوقىتىۋېتىشكە بۇيرۇش توغرىسىدا

1678 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إن الذين يَصْنَعونَ هذِهِ الصورَ يُعَذَّبُونَ يَوْمَ القِيَامَةِ، يُقَالُ لَهُمْ: أحْيُوا مَا



www.munber.org

خَلْقُمْ» «ھەقىقەتەن مۇشۇ سۈرەتنى سىزغۇچىلار قىيامەتتە ئازابقا قالىدۇ. ئۇلارغا بارلىققا كەلتۈرگەن نەرسىلىرىڭلارنى تىرىلدۈرۈڭلار، دېيىلىدۇ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) جانلىق نەرسىلەرنىڭ رەسىمنى سىزىش قاتتىق چەكلەنگەن ۋە ھارام قىلىنغان ئىش بولۇپ، رەسىم سىزغۇچىنىڭ قىيامەتتە ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقى ھەمدە ئۇنىڭدىن رەسىمگە جان كىرگۈزۈش تەلەپ قىلىنىدىغانلىقى، بۇ چاغدا رەسىمگە جان كىرگۈزۈشكە قانداقمۇ ئۇنىڭ قۇدرىتى يەتسۇن؟

2) ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا ياكى كېسەللەرگە دىئاگنوز قويۇشتا رەسىم ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقى، لېكىن رەسىمنى غايە ۋە نىشان قىلىۋالماسلىق شەرتى ئاستىدا بولۇشى. چۈنكى، زۆرۈرىيەتتى بولغاندا چەكلەنگەن ئىشلار مۇباھ قىلىنىدۇ. زۆرۈرىيەت ئۆز ئۆلچىمى بويىچە ئۆلچىنىدۇ. ئەگەر زۆرۈرىيەت تۇغۇلماستىن ئۆزىنى كۆرسىتىش ۋە كۆڭۈل خۇش قىلىش ئۈچۈن جانلىق نەرسىلەرنىڭ رەسىمنى سىزسا ھارام بولىدۇ.

1679 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر سەپەردىن قايتىپ كەلدى، مەن سۇپىغا سۈرەتلىك نېپىز پەردە تارتىپ قويغانىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈپلا چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى. ئاندىن: «يا عَائِشَةُ أَشدُّ الناسِ عَذاباً عِنْدَ اللَّه يَوْمَ الْقِيامةِ الَّذِينَ يُضَاهُون بَخَلْقِ اللَّه» «ئى ئائىشە، قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ قاتتىق ئازابىغا قالىدىغانلار ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتىغا ئوخشىتىپ بىر نەرسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن كىشى»، دېدى. ئاندىن ئۇنى بىز كېسىپ بىر ياكى ئىككى ياستۇق قىلىۋالدۇق. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: رەسىم سىزىشتىن بولۇپمۇ رامكىلارغا ئېلىپ تامغا ئېسىپ قويۇش ۋە پەردە قاتارلىق نەرسىلەرگە چۈشۈرۈپ ئۇلۇغلاشتىن قاتتىق نەھيى قىلىنغان. بولۇپمۇ رەسىم ـ سۈرەتلەرنى قەبرىگە قويۇشتىن ئاگاھلاندۇرۇش كېرەك. چۈنكى، بۇ ئىشلار ئىنكار قىلىش زۆرۈر بولغان بىدئەت قاتارىغا كىرىدۇ.

1680. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كُلُّ مُصَوِّرٍ في النَّارِ يُجْعَلُ لَهُ بِكُلِّ صُورَةٍ صَوَّرَهَا نَفْسٌ فَيُعَذِّبُهُ في جهَنَّم» «ھەرقانداق جاندارلارنىڭ سۈرىتىنى سىزغۇچى دوزاختا كىرىدۇ. ئۇ سىزغان ھەربىر سۈرىتى ئۈچۈن جەھەننەمدە ئايرىم ـ ئايرىم ئازابقا دۇچار بولىدۇ».

ئىبنى ئابباس يەنە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن دەيدۇ: «ئەگەر دە بەك سىزغۇڭ كەلسە، دەل ـ دەرەخ ۋە باشقا جانسىز نەرسىلەرنى سىزغىن».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

1681 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ: «مَنْ صَوَّرَ صُورة في الدُّنْيَا، كُلِّفَ أنْ يَنْفُخَ فيها الرُّوحَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَلَيْسَ بِنَافِخٍ» « دۇنيادا جاندارلارنىڭ رەسىمىنى سىزغان ئادەمنى قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۆزۈڭ سىزغان رەسىمگە جان كىرگۈز دەپ ئازابلايدۇ. رەسىم سىزغۇچى ئۇنىڭغا ھەرگىز جان كىرگۈزەلمەيدۇ »، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1682 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم دەيدۇ: «إنَّ أشَدَّ النَّاسِ عَذَاباً يَوْمَ الْقِيَامَةِ الْمُصَوِّرُونَ» « ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قىيامەت كۈنى ئەڭ قاتتىق ئازابقا قالىدىغانلار جانلىق نەرسىلەرنىڭ رەسىملىرىنى سىزغۇچىلاردۇر ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1683 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «قَالَ اللَّه تَعَالى: ومَنْ أظْلَمُ مِمَّنْ ذهَب يَخْلُقُ كَخَلْقِي، فَلْيَخْلُقُوا ذَرَّةً أوْ لِيَخْلُقُوا حَبَّةً، أوْ لِيَخْلُقُوا شَعِيرَةً» « ئاللاھ تائالا ‹مەن ياراتقان نەرسىگە ئوخشىتىپ ياراتماقچى بولغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ قېنى ئۇلار چۈمۈلە ياكى بۇغداي ياكى ئارپا چاغلىق نەرسە يارىتىپ باقسۇنچۇ؟›، دېگەن ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1684 ـ ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا تَدْخُلُ المَلائِكَةُ بَيْتاً فِيهِ كَلْبٌ وَلا صُورَةٌ» « پەرىشتە (يەنى رەھمەت پەرىشتىلىرى) ئىت ۋە سۈرەت بار ئۆيگە كىرمەيدۇ ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1685 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەدە قىلىپ ۋاقتىدا كېلەلمەي كېچىكىپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىچى سىقىلىپ سىرتقا چىقىۋىدى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا ئۇچراپ قالدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىكىپ كەتكەنلىكى توغرۇلۇق ئاغرىنىۋىدى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: « بىز شۈبھىسىزكى ئىت ۋە سۈرەت بار ئۆيگە كىرمەيمىز »، دېدى.
— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

1686 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام رەسۇلۇللاھقا پالانى ۋاقىتتا كېلىمەن دەپ ۋاقتىدا كەلمەي قويسا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى: «مَا يُخْلِفُ اللَّهُ وَعَدَهُ وَلا رُسُلُهُ» « ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرى



www.munber.org

ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ »، دېگەن ھالدا قولىدىكى ھاسىنى تاشلىدى. ئاندىن قارىسا كارۋىتىنىڭ ئاستىدا بىر ئىتنىڭ كۈچۈكى تۇرۇپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مَتَى دَخَلَ هذا الْكَلْبُ؟» « بۇ ئىت قاچان كىرىۋالدى؟ »، دېدى. مەن: « ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئۇقمايمەن »، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇيرۇپ ئۇنى چىقارغۇزۇۋەتكەندىن كېيىن، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كىرىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «وَعَدْتَني، فَجَلَسْتُ لكَ ولَم تَأتِني» « ۋەدە قىلغانىدىڭ، قاراپ ئولتۇرسام كەلمەي قويدىڭغۇ »، دېۋىدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: « ئۆيۈڭدە ئىت بولغاچقا كىرمىدىم، بىز ئىت ۋە سۈرەت بار ئۆيگە كىرمەيمىز »، دېدى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1687 ـ ئەبتتەيياھ ھەييان ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئەلي ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا: « مەن سېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇرۇن مېنى ئەۋەتكەن ئىشقا ئەۋەتەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ: قايسى بىر يەردە بىرەر سۈرەتنى كۆرسەڭ ئۇنى يوقاتماي قويمىغىن، بىرەر ئېگىز قەبرىنى كۆرسەڭ ئۇنى تۈزلىۋەتمەي قويمىغىن »، دېدى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) رەسىمنى ۋە رەسىم سىزىش چەكلەشنىڭ زۆرۈر بولغان ئىش ئىكەنلىكى.

2) قەبرە قاتۇرۇش ۋە قەبرىنى يەردىن ئېگىز قىلىش چەكلەنگەن.

## 306 ـ باب ئوۋ ئوۋلاش، مال ـ ۋاران ياكى دېھقانچىلىقتا قارىتىشتىن باشقا سەۋەبلەر بىلەن ئىت بېقىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

1688 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «من اقْتَنى كَلْباً إلا كَلْب صَيْدٍ أوْ مَاشِيةٍ فإنَّهُ يَنْقُصُ مِنْ أجْرِهِ كُلَّ يومٍ قِيراطَانِ» « كىمكى ئوۋ ئىتى ياكى چارۋىغا قارايدىغان ئىتتىن باشقا ئىت باقسا ھەركۈنى ئۇنىڭ ساۋابىدىن ئىككى قىيرات كېمىيىپ بارىدۇ ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئىزاھات: ياخشى ئەمەللەرنىڭ ساۋابىغا يۇقىرىقى ئۆلچەمنى ئىشلىتىش ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا مەلۇملۇق ئىش بولۇپ، ئۇنىڭ بىز يۇقىرىدا ئېيتقان پۇل بىرلىكى ئەمەس، باشقا خىل مىقداردىكى ئۆلچەم بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

1689 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ أمْسَكَ كَلْباً، فَإنَّهُ ينْقُصُ كُلَّ يَوْمٍ مِنْ عملِهِ قِيرَاطٌ إلاَّ كَلْب حَرْثٍ أوْ

مَاشِيَة» «كىمكى ئىت باقىدىكەن، ئۇنىڭ ھەركۈنلۈك قىلغان ئەمىلىنىڭ ساۋابىدىن بىر پارچە كېمىيىپ تۇرىدۇ. ئەمما، دېھقانچىلىق ياكى چارۋىچىلىق ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىت بېقىش ئۇنىڭغا كىرمەيدۇ». ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھېچقانداق زۆرۈر ئېھتىياج بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئىت باقسا ھارام بولىدىغانلىقى، ئەگەر چارۋا ـ مال، ئېتىز ـ ئېرىق ۋە ئۆي ـ جايلارنى قوغداش ئۈچۈن ئىتقا ئېھتىياج چۈشسە، ئىت باقسا جائىز بولىدىغانلىقى.

2) ھېچبىر ئېھتىياجسىز ئىت بېقىش ساۋابنى كېمەيتىۋېتىدۇ. ئالىملار ساۋابىنىڭ كېمىيىش سەۋەبىنى ئىتنىڭ نىجاستىدىن ساقلىنالماي ئىبادەت قىلىپ قالسا، ئىبادەت ساۋابىنىڭ كېمىيىشىدىن بولىدۇ دەپ بايان قىلدى.

بەزىلەر: ئىت مېھمانغا قاۋايدىغانلىقى، سائىللارنى قورقىتىدىغانلىقى ئۈچۈن ساۋابنى كېمەيتىۋېتىدۇ دەپ قاراشتى.

## 307 . باب تۆگە ۋە باشقا ھايۋانلارغا قوڭغۇراق ئېسىشنىڭ يائشى ئەمەسلىكى ۋە سەپەردە ئىت ۋە قوڭغۇراق ئېلىپ يۈرۈشنىڭمۇ يائشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا

1690. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا تَصْحَبُ الْمَلَائِكَةُ رُفْقَةً فِيهَا كَلْبٌ أَوْ جَرَسٌ» «پەرىشتىلەر ئىت ۋە قوڭغۇراق بار كارۋانغا ھەمراھ بولمايدۇ». ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1691 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الْجَرَسُ مِنْ مَزَامِيرِ الشَّيْطَانِ» «قوڭغۇراق شەيتاننىڭ نەيلىرىدىندۇر». ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىت بېقىش ۋە ئىت ھەمراھ قىلىشتىن نەھيى قىلىنغان.

2) پەرىشتىلەرنىڭ بەرىكىتىنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن قوڭغۇراق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئاۋاز چىقىرىدىغان نەرسىلەرنى ئاسماسلىق، بولۇپمۇ سەپەردىكى ئۇلاغلارغا ئاسماسلىق، چۈنكى مۇساپىر سەپەر جەريانىدا پەرىشتىلەرنىڭ ساقلىشىغا بەك ئېھتىياجلىق بولىدۇ. قوڭغۇراق ئېسىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنىڭ سەۋەبى: قوڭغۇراق ئاۋازىدىن پەرىشتىلەر ئۈركۈپ كېتىدۇ، شەيتانلار بۇ ئاۋاز بىلەن كىشىلەرنى ئاسانلا ئازدۇرىدۇ.

3) مۇسۇلمان كىشى پەرىشتىلەر سۆھبىتىگە ھېرىسمەن بولۇشى ۋە پەرىشتىلەرنى قاچۇرىدىغان ئىشلاردىن يىراق بولۇشى كېرەك.



www.munber.org

## 308 . باب كەندە يېيىشكە ئادەتلىنىپ قالغان (بەدبۇي پۇراپ تۇرغان) تۆكىلەركە مىنىشتىن مەنئى قىلىنغانلىقى، ئەگەر ئۇلار پاك نەرسىلەرنى يەپ گۆشى پاكلانسا ئۇلارنى پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

1692 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گەندە يەيدىغان تۆگىنى مىنىشتىن مەنئى قىلغان.

ــــ ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئىسلام دىنىنىڭ پاكىزلىق ۋە تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان نىجاسەت، پاسكىنا نەرسىلەردىن يىراق تۇرىدىغانلىقى.

## 309 . باب مەسچىتكە تۈكۈرۈشتىن مەنئى قىلىش، مەسچىتتە تۈكۈرۈك بولسا تازىلىۋېتىش ۋە مەسچىتنى پاك تۇتۇش توغرىسىدا

1693 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «البُصَاقُ في المسْجِدِ خَطِيئَةٌ، وَكَفَّارَتُهَا دَفْنُهَا» « مەسجىدكە تۈكۈرۈش گۇناھدۇر. ئۇنىڭ كەففارىتى تۈكۈرۈكنى كۆمۈۋېتىشتۇر » .

ــــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئىزاھات: مەسجىد ئاستى قۇم ياكى تۇپا بولسا تۈكۈرۈكنى كۆمۈۋەتسە بولىدۇ. ئەبۇ ماھاسىن رۇيانى بۇ يەردىكى كۆمۈشنىڭ مەنىسى ئۇنى مەسجىدتىن چىقىرىۋېتىشتۇر. مەسجىد ئاستى تاش ياكى سۇۋۇالغان بولسا ئاياغ بىلەن سۈرتۈش تېخىمۇ بۇلغاشتۇر، مۇنداق قىلغانلار ئۇنى كىيىمى، قولى ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن ئېيتىپ تازىلىۋېتىشى لازىم، دەيدۇ.

1694 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدنىڭ قىبلە تېمىدا ماڭقا ياكى تۈكۈرۈك ياكى بەلغەمنى كۆردى ـ دە، ئۇنى تازىلىۋەتتى. ــــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1695 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إنَّ هذِهِ المسَاجِدَ لا تَصْلُحُ لِشَيْءٍ مِنْ هذا الْبولِ ولا القَذَرِ، إنَّمَا هِيَ لِذِكْرِ اللَّه تَعَالَى، وقِراءَةِ الْقُرْآنِ» « بۇ مەسجىدلەر سۈيدۈك ۋە ناپاك نەرسىلەرنىڭ بولۇشىغا مۇناسىپ كەلمەيدۇ. ھەقىقەتتە مەسجىدلەر ئاللاھنى زىكرى قىلىشقا ۋە قۇرئان ئوقۇشقىلا خاستۇر » . ــــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

بۇ بابتىكى ھەدىسلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى (1693~1695): 1) مەسجىدكە تۈكۈرۈككە ئوخشاش پاسكىنا نەرسىلەرنى تاشلاشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى، ئەگەر تاشلىغان پاسكىنا نەرسە نىجاسەت بولسا تېخىمۇ ھارام بولىدىغانلىقى. مەسجىدتە پاسكىنا نەرسە تاشلىغان كىشى شۇ

www.munber.org

نەرسە مەسجىدتىن يوقالغۇچە گۇناھكار بولىدىغانلىقى، مەسجىدكە پاسكىنا نەرسە تاشلىغان كىشى ئاللاھ تائالادىن مەغفىرەت تىلىشى ھەمدە تاشلىغان نەرسىنى دەرھال تازىلىۋېتىشى كېرەكلىكى.

2) مۇسۇلمان كىشى مەسجىدتە پاسكىنا نەرسە كۆرسە دەرھال تازىلىۋېتىشى، ئەگەر كۆرگەن نەرسىسى نجاسەت بولسا ئۇنى يوقىتىش مەجبۇرىيەت بولىدۇ. ئەگەر كۆرگىنى نجاسەت بولماي باشقا پاسكىنا نەرسە بولسا ئېلىۋېتىشى ياخشى ئىش ھېسابلىنىدۇ.

3) مەسجىدنىڭ تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش، مەسجىدتە ئاللاھنى ئەسلەپ ئىبادەت قىلىشقا، «قۇرئان كەرىم» ئوقۇشقا، نامازلارنى ئادا قىلىشقا، دىنىي ۋە باشقا مەنپەئەتلىك بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە كۆڭۈل بۆلمەك.

## 310. باب جېدەل ـ ماجىرا قىلىش، يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلىش، يىتكەن نەرسىنى ئىزدەش، سودا ـ سېتىق قىلىش، ئىجارە ئېلىش، باشقا مۇئامىلىگە ئائىت ئىشلارنى قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا

**1696 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:** «مِنْ سمِعَ رَجُلاً يَنْشُدُ ضَالَّةً في المسْجِدِ فَلْيَقُلْ: لا رَدهَا اللَّه علَيْكَ، فإنَّ المساجدَ لَمْ تُبْنَ لهذا» **«كىمكى بىراۋنىڭ يىتكەن نەرسىسىنى مەسجىدتە سورۇشتۇرغەن سۆزلىرىنى ئاڭلىسا: ‹ئاللاھ يىتكەن نەرسەڭنى قايتۇرۇپ بەرمىسۇن›، دېسۇن، چۈنكى مەسجىد مۇنداق ئىشلار ئۈچۈن سېلىنغان ئەمەس».**

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1697 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إِذا رأَيتم مَنْ يَبِيعُ أَو يبتَاعُ في المسجدِ، فَقُولُوا: لا أَرْبَحَ اللَّه تِجَارتَكَ، وَإِذا رأَيْتُمْ مِنْ يَنْشُدُ ضَالَّةً فَقُولُوا: لا ردَّهَا اللَّه عَلَيكَ» **«بىرەر كىشىنىڭ مەسجىدتە ئېلىم ـ بېرىم قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭلار، ئاللاھ سوداڭنى پايدىلىق قىلمىسۇن، دەڭلار ۋە بىرەر كىشىنىڭ يىتكەن نەرسىنى مەسجىدكە كېلىپ ئىزدەش بىلەن بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭلار، ئاللاھ ئۇ نەرسەڭنى قايتۇرۇپ بەرمىسۇن، دەڭلار».** ـــ تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

**1698 ـ بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى يىتكەن تۆگىنىڭ دېرىكىنى ئېلىپ، قىزىل تۆگە تېپىۋالغانلار بارمۇ؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ:** «لا وَجَدْتَ إِنَّمَا بُنِيَتِ المَسَاجِدُ لِمَا بُنِيَتْ لَهُ» **«تاپالمىغايسەن، ھەقىقەتەن مەسجىدلەر ناماز، زىكىر، ئىلىم ئۆگىنىش قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن سېلىنغان»، دېدى.**

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

**1699 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدتە ئالدى ـ ساتتى قىلىشتىن، يىتكەن نەرسىنى ئىزدەشتىن ۋە شېئىر ئوقۇشتىن مەنئى قىلغان.** ـــ ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

يۇقىرىقى ھەدىسلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى (1696~1699): 1) مەسجىدتە سودا ـ سېتىق قىلىشتىن، يوقاپ كەتكەن نەرسىنى ئىزلەپ قىلىشتىن، شېئىر ئوقۇشتىن ۋە شۇنىڭدەك دۇنيا ئىشلىرى توغرۇلۇق پاراڭ سېلىشتىن نەھيى قىلىنغان.

2) مەسجىدتە دۇنيا پاراڭلىرىنى قىلىش مەسجىدتىكى ناماز ئوقۇۋاتقان ياكى «قۇرئان» تىلاۋەت قىلىۋاتقان ۋە ياكى ئىلىم ئۆگىنىدىغانلارغا تەسىر يەتكۈزمىگەن تەقدىردىمۇ مەسجىدتە پاراڭ سېلىش مەكرۇھ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر تەسىر يەتكۈزسە مەسجىدتە پاراڭ سېلىش ھارام بولىدۇ.

3) مەسجىدلەر دۇنيا سودىسى ئەمەس، ئاخىرەت سودىسى قىلىنىدىغان بازار، شۇڭا مەسجىدلەرنى ئاخىرەتكە مۇناسىۋەتسىز ئىشلاردىن خالىي قىلىش كېرەك.

4) مەسجىدتە مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى ۋە ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەنپەئىتىگە ئالاقىدار سۆزلەرنى قىلسا جائىز بولىدىغانلىقى.

**1700. سائىب ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، مەن مەسجىدتە ئىدىم، ماڭا بىرى شېغىل تاش ئاتتى، قارىسام ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئىكەن. ئۇ ماڭا: «ئاۋۇ ئىككى ئادەمنى چاقىرىپ كەل»، دېدى. مەن ئۇ ئىككىسىنى چاقىرىپ كەلدىم. ئۆمەر ئۇلارغا: «سىلەر قەيەرلىك»، دېدى. ئۇلار: «بىز تائىفتىن»، دېدى. ئۆمەر: «ئەگەر سىلەر مەدىنىلىك بولساڭلار چوقۇم سىلەرنى ئەدەبلەپ قوياتتىم، رەسۇلۇللاھنىڭ مەسجىدىدىمۇ يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلامسىلەر؟»، دېدى.** ـــ بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مەسجىدتە يۇقىرى ئاۋازدا زىكىر تەسبىھ ئېيتىش ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، ئەگەر ناماز ئوقۇغۇچىلارنى نامىزىدىن ئازدۇرۇۋېتىدىغان دەرىجىدە يۇقىرى ئاۋاز چىقارسا چەكلىنىدىغانلىقى.

2) مەسجىدتە باشقىلارنى بىرەر ئىشتىن ئاگاھلاندۇرماقچى ياكى بىرەر ئىشقا بۇيرۇماقچى بولسا ئاۋاز چىقارماي قول ئىشارىتى قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

3) مەسجىدتە ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشقا رىغبەتلەندۈرگەن، چۈنكى ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن تۇسۇش ئىسلامنىڭ بۈيۈك مەقسەتلىرىدىن بولۇپ، مەسجىد ئەدەبلىرىگە رىئايە قىلمىغان كىشىگە پەندى نەسىھەت قىلىشمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

4) ئاللاھ تائالانىڭ ئۆيلىرى(مەسجىدلەر) پەقەت ئاللاھقا تائەت ـ ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان بولۇپ، بۇنىڭغا رىئايە قىلىشىمىز كېرەكلىكى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فِي بُيُوتٍ أَذِنَ اللَّهُ أَن تُرْفَعَ وَيُذْكَرَ فِيهَا اسْمُهُ يُسَبِّحُ لَهُ فِيهَا بِالْغُدُوِّ وَالْآصَالِ. رِجَالٌ لَّا تُلْهِيهِمْ تِجَارَةٌ وَلَا بَيْعٌ عَن ذِكْرِ اللَّهِ وَإِقَامِ الصَّلَاةِ وَإِيتَاءِ الزَّكَاةِ يَخَافُونَ يَوْمًا تَتَقَلَّبُ فِيهِ الْقُلُوبُ وَالْأَبْصَارُ﴾ ﴿ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىنىشى ۋە ئىسمىنىڭ ياد ئېتىلىشى بۇيرۇلغان مەسجىدلەردە (مۇئمىنلەر) ئەتىگەن ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىپ



www.munber.org

تۇرىدۇ. ئۇلار شۇنداق ئەرلەركى سودا ـ سېتىق ئۇلارنى ئاللاھنى زىكىر قىلىشتىن، ناماز ئۆتەشتىن، زاكات بېرىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمايدۇ. ئۇلار دىللار ۋە كۆزلەر قالايمىقانلىشىپ كېتىدىغان كۈن (قىيامەت كۈنى) دىن قورقىدۇ﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە نۇر 36~37 ـ ئايەتلەر).

## 311 ـ باب (خام) سامساق، (خام) پىياز، كۈدىلەرنى ۋە ئۇلاردىن باشقا بەدبۇي نەرسىلەرنى يەپ، ئۇلارنىڭ پۇرىقى يوقىلىشتىن بۇرۇن زۆرۈرىيەت بولمىسا مەسچىتكە كىرىشتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا

1701 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «منْ أَكَلَ مِنْ هَذِهِ الشَّجَرَةِ يَعْنِي الثُّومَ فلا يقْرَبَنَّ مَسْجِدَنَا» «كىمكى مۇشۇ ئۆسۈملۈكنى (سامساقنى) يەيدىكەن، ئۇ ئادەم مەسجىدىمىزگە يولىمىسۇن». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1702 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ أَكَلَ مِنْ هذِهِ الشَّجَرَةِ فَلا يَقْربنَّا، وَلا يُصَلِّيَنَّ مَعنَا» «كىمكى مۇشۇ ئۆسۈملۈكنى (خام سامساقنى) يەيدىكەن، بىزگە يېقىن يولىمىسۇن ۋە نامازنىمۇ بىز بىلەن بىللە ئوقۇمىسۇن». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1703 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ أَكَلَ ثُوماً أَوْ بَصَلاً، فَلْيَعْتَزِلْنَا، أَوْ فَلْيَعْتَزِلْ مَسْجِدَنَا» «كىمكى سامساقنى ياكى پىيازنى (خام) يەيدىكەن، ئۇ بىزنىڭ يېنىمىزغا ياكى مەسجىدىمىزگە يولىمىسۇن. (بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسى دېيىلگەنلىكى رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ ئېسىدە قالمىغان). — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: «كىمكى سامساق، پىياز، كۈدىنى (خام) يەيدىكەن، بىزنىڭ مەسجىدىمىزگە يېقىن كەلمىسۇن، چۈنكى پەرىشتىلەرمۇ ئادەم بالىسى سەسكەنگەن نەرسىدىن سەسكىنىدۇ»، دېيىلگەن.

1704 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ بىر جۈمە كۈنى خۇتبە ئوقۇپ خۇتبىسىدە مۇنداق دېدى: «ئى جامائەت! سىلەر سامساق، پىيازدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۆسۈملۈكنى (خام) يەيسىلەر، مەن ئۇلارنى ياقتۇرمايمەن، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرەر كىشىدىن ئۇ ئىككىسىنىڭ پۇرىقىنى پۇراپ قالسا، ئۇنى بەقىي قەبرىستانلىقىغا چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇغانلىقىنى كۆرگەنمەن، كىمكى ئۇ ئىككىسىنى يېمەكچى بولسا ئۇلارنى پىشۇرۇپ پۇرىقىنى تۈگىتىپ يېسۇن». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مەسجىدكە بارماقچى بولغان ئادەمنىڭ خام سامساق، خام پىياز ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان پۇرىقى يېقىمسىز يېمەكلىكلەرنى پىشۇرۇپ پۇرىقىنى يوقاتماستىن بۇرۇن يېيىشتىن، ئىستىمال قىلىشتىن چەكلەنگەنلىكى.

2) مۇسۇلمان كىشى بىرەر سورۇن ياكى ئىبادەت ئورۇنلىرىغا بارغاندا خۇش پۇراق نەرسىلەرنى ئىشلىتىشى، پاكىز بولۇشى ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە ئازار بەرمەسلىكى كېرەك.

3) مەسجىد تازىلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى تەكىتلەنگەن. مەسجىدگە كىرگەندە ئىش كىيىملىرىنى ئەمەس، پاكىز كىيىملەرنى كىيىشكە بۇيرۇلغان، تەر پۇرايدىغان كىيىملەرنى كىيىپ مەسجىدكە كىرىش، خام سامساق، خام پىياز يەپ مەسجىدكە كىرىشتىن مەنئى قىلىنغان.

4) تاماكا چېكىپ ئېغىزى پۇرىغانلارنىڭمۇ خام سامساق، خام پىياز يەيدىغانلارنىڭ ھۆكمىدە بولىدىغانلىقى.

5) ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلەرنى ئىتتىپاقلىششقا ۋە تەپرىقچىلىق، ئىتتىپاقسىزلىقتىن يىراق بولۇشقا ئۈندەيدىغانلىقى.

6) ئىش ئىگىلىرىنىڭ (مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ) مەسجىد باشقۇرۇشى، مەسجىد تازىلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە كىشىلەرنى مۇشۇنداق قىلىشقا يۈزلەندۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى.

## 312 ـ باب جۈمە كۈنى ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقان چاغدا، ئىككى تىزنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا

چۈنكى، بۇنداق ئولتۇرغاندا كىشى مۈگدەپ خۇتبىنى ياخشى ئاڭلىيالماسلىقى ۋە تاھارىتى سۇنۇشى مۇمكىن.

1705 ـ مۇئاز ئىبنى ئەنەس جۇھەنيي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ جۈمە كۈنى ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقان چاغدا ئىككى تىزنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇشتىن مەنئى قىلغان. ـــ ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) خۇتبە ئارىسىدا ئىككى تىزنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، چۈنكى بۇنداق ئولتۇرۇش مۈگدەشكە سەۋەب بولۇپ خۇتبىنى ئاڭلاشقا تەسىر يەتكۈزىدىغانلىقى ۋە ياكى تاھارەتنىڭ سۇنۇشىغا سەۋەب بولۇپ قالىدىغانلىقى.

2) مۇسۇلمان كىشىنىڭ خۇتبە مەزمۇنىدىن پايدىلىنىش ۋە ساۋابىغا ئېرىشىش ئۈچۈن جۈمە كۈنى خۇتبىنى دىققەت بىلەن ئاڭلايدىغان ھالەتتە ئولتۇرۇشى كېرەكلىكى.



www.munber.org

## 313 . باب زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئونى كىرگەندە قۇربانلىق قىلماقچى بولغان ئادەمنىڭ تاكى قۇربانلىق قىلغۇچە بەدىنىدىكى تۈكلەرنى ۋە تىرنىقىنى ئالماسلىقى توغرىسىدا

**1706** ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ كَانَ لَهُ ذِبْحٌ يَذْبَحُهُ، فَإِذا أُهِلَّ هِلالُ ذِي الحِجَّة، فَلا يَأْخُذَنَّ مِنْ شَعْرِه وَلا مِنْ أَظْفَارِهِ شَيْئاً حتى يُضَحِّيَ» «كىمكى ئۇنىڭ قۇربانلىق قىلىدىغان مېلى بولۇپ، زۇلھەججە ئېيى كىرىپ قالسا تاكى قۇربانلىق قىلغانغا قەدەر، بەدىنىدىكى تۈك ۋە تىرناقلاردىن ھېچ نەرسىنى ئالمىسۇن». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: قۇربانلىق قىلىشنى نىيەت قىلغان كىشى زۇلھەججە ئېيىنىڭ كىرىشى بىلەن چاچ ـ تىرناقلىرىنى ئالماي قويۇشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، مەزكۇر كىشى چاچ ـ تىرناقلىرىنى ئېلىۋەتسە ياخشى بولمايدىغانلىقى، بۇنىڭدىكى ھېكمەت: ھەجدە قۇربانلىق ماللىرىنى قۇربانلىق قىلغانغا ئوخشاشلا، قۇربانلىق قىلغان ۋاقتتا بارلىق ئەزالىرىنىڭ ئاللاھنىڭ كەچۈرىمى، مەغفىرىتىگە ئورتاق ئېرىششى ئۈچۈندۇر. كېسەل ياكى يارىلانغان كىشىلەرنىڭ چاچ ـ تىرناقلىرىنى ئېلىۋەتسە بولىدىغانلىقى.

## 314 . باب پەيغەمبەر، كەئبە، پەرىشتە، ئاسمان، ئاتا ـ بوۋا، ھاياتلىق، روھ، باش، سۇلتاننىڭ نېئمىتى، پالاننىڭ قەبرىسى ۋە ئاللاھ بۇيرۇغان ناماز، روزا، ھەج قاتارلىق پەرزلەر بىلەن قەسەم قىلىش (مۇشۇنداق قەسەم ئېيتىمۇ قاتتىق مەنئى قىلىندى) شۇنداقلا مەخلۇقاتلارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىشتىن مەنئى قىلىنغانلىقى توغرىسىدا

**1707** ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ اللّه تَعالى يَنْهَاكُمْ أَنْ تَحْلِفُوا بابائِكُمْ، فَمَنْ كَانَ حَالِفاً، فلْيَحْلِفْ بِاللَّهِ، أَوْ لِيَصْمُتْ» «شۈبھىسىزكى ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئاتاڭلار بىلەن قەسەم قىلىشتىن مەنئى قىلىدۇ، كىمكى قەسەم قىلماقچى بولسا ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسۇن ياكى جىم تۇرسۇن» — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) قەسەمنى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ياكى سۈپەت (يەنى، بىلگۈچى ياكى قۇدرەتلىك دېگەنگە ئوخشاش) لىرى بىلەن قىلىش كېرەكلىكى.

2) ئەجداد ۋە باشقا مەخلۇقلار بىلەن قەسەم ئىچىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى، چۈنكى قەسەم دېگەن بىرخىل ئۇلۇغلاش بولۇپ، ئۇلۇغلىنىشقا پەقەت ئاللاھ تائالا لايىق ئىكەنلىكى.

**1708** ـ ئابدۇراھمان ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا تَحْلِفُوا بِالطَّواغِي، ولا بابائِكُمْ» «بۇتلار ۋە ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلماڭلار». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئەجدادلار، ھۆكۈمرانلار، بۇتلار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باتىل نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. ئەگەر قەسەم ئارقىلىق ئۇلارنى ئۇلۇغلاشنى مەخسەت قىلسا ئىماندىن ئاجرايدىغانلىقى، بولۇپمۇ ئاللاھتىن باشقا كىشىلەر مۇقەددەس دەپ بىلىدىغان نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلسا تېخىمۇ شۇنداق بولىدىغانلىقى.

**1709 - بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «من حلَف بِالأمانَةِ فليْس مِنا» **«كىمكى ئامانەت بىلەن (ئاللاھ بۇيرۇغان ناماز، روزا، ھەج قاتارلىق پەرزلەر بىلەن) قەسەم قىلسا، ئۇ بىزگە مەنسۇپ ئەمەس».**

—— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئامانەت بىلەن قەسەم قىلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى. ئىبنى ئەللان ئېيتىدۇ: سۈيۈتى خەتتابىدىن نەقىل قىلغان بىر سۆزىدە مۇنداق دېگەن: ئامانەت بىلەن قەسەم قىلىشنىڭ ھارامىلىقىنىڭ سەۋەبى، قەسەم پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى، سۈپەتلىرى بىلەن بولىدۇ. ئامانەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى، سۈپەتلىرى قاتارىدا يوق بولۇپ، ئۇ پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ پەرزلىرى بولغاچقا، ئامانەت بىلەن قەسەم ئىچىش ئامانەتنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمىغا تەڭ قىلغانلىق بولۇپ قالىدۇ.

**1710. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «منْ حلفَ، فقال: إِني برِيءٌ مِنَ الإِسلامِ فإِن كانَ كاذِباً، فَهُو كما قَالَ، وإِنْ كَان صادِقاً، فلَنْ يرْجِع إِلى الإِسلاَمِ سالِماً». **«كىمكى ئىسلامدىن چەك ئايرىغان بولۇپ كېتىش بىلەن قەسەم قىلسا، ئەگەر يالغاندىن دېگەن بولسا ئۇ دېگىنىدەك بولىدۇ. ئەگەر راستىن دېگەن بولسا ئىسلامغا ھەرگىزمۇ نۇقسانسىز ھالدا قايتالمايدۇ».**

—— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئەگەر مۇنداق قىلسام كافىر بولۇپ كېتەي، ۋە ياكى ئۇنداق قىلسام باشقا دىندىكى كىشى بولۇپ كېتەي دەپ قەسەم قىلىشتىن چەكلەنگەن.

ئالىملار ئېيتىدۇ: ئەگەر بىر كىشى يۇقىرىقىدەك قەسەم قىلىپ راستتىنلا كۇفرىلىقنى مەقسەت قىلغان بولۇپ قەسىمى ئەمەلگە ئاشماي قالسا، ئەمەلىيەتتە ئۇ كۇففار بولۇپ كەتكەن بولىدۇ.

ناۋادا ئۇ كىشى بۇخىل قەسەم ئارقىلىق قەسەم قىلىنغان ئىشتىن پۈتۈنلەي ئۆزىنى چەكلەش مەقسىتىدە بولۇپ قەسىمى ئەمەلگە ئاشماي قالسا (ئۇ ئىشنى سادىر قىلىپ قويسا) بۇخىل ھالەتتە كۇفرى ھېسابلانمايدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇخىل قەسەم قەبىھ ئىش بولۇپ، بۇنداق قەسەم قىلغان كىشى مۇسۇلمانچىلىقتا نۇقسان يەتكۈزگەن بولىدۇ. شۇڭا، ئىستىغفار ئېيتىشى، قايتا ـ قايتا شاھادەت ئېيتىشى كېرەك.

**1711 - ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ بىر كىشىنىڭ: «ياق، كەئبە بىلەن قەسەمكى»، دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھتىن باشقىسى بىلەن قەسەم قىلمىغىن، شۈبھىسىزكى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:** ‹منْ حلفَ بِغَيْرِ اللَّهِ، فَقدْ كَفَر أَوْ أَشرْكَ›

www.munber.org

‹كىمكى ئاللاھتىن باشقا بىلەن قەسەم قىلسا، ئۇ كۇففارلاردىن ياكى مۇشرىكلاردىن بولىدۇ› ».

— تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

بەزى ئۆلىمالار: « كۇففار بولىدۇ ياكى مۇشرىك بولىدۇ »، دېگەن سۆزنى گۇناھنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن دېيىلگەن دەپ قارايدۇ، خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: « رىياگەرلىك ـ مۇشرىكلىكتۇر »، دېگەن سۆزىگە ئوخشاش.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاللاھ تائالادىن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىدىن غەيرىي بىلەن قەسەم قىلىشنىڭ چەكلەنگەنلىكى، كىشىلەر كۆپ قەسەم قىلىدىغان شەرىپىم بىلەن قەسەم، باللىرىم بىلەن قەسەم، ئاتامنىڭ رەھمىتى بىلەن قەسەم، دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق، مۇقەددەس زېمىنلار بىلەن، مۇقەددەس جايلار بىلەن، پەيغەمبەرلەر بىلەن، سالىھلار بىلەن قىلىنغان قەسەملەرنىڭ ھەممىسى چەكلەنگەن قەسەمدۇر. كىمكى ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىدىن غەيرىي بىلەن قەسەم ئىچىدىكەن ياكى قەسەم دەپ تىلغا ئالغان نەرسىنى ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلىغاندەك ئۇلۇغلاشنى كۆزدە تۇتىدىكەن، ئۇ ئىماندىن ئاجرىغان بولىدۇ.

## 315 . باب قەستەن يالغان قەسەم قىلىشنىڭ قاتتىق گۇناھلىقى توغرىسىدا

**1712** ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «منْ حلفَ علَى مَالِ امْريءٍ مُسْلِمٍ بغيْرِ حقِّهِ، لقِي اللّه وهُو علَيْهِ غَضْبانُ» « كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ پۇل ـ مېلىنى يۇلۇۋېلىش ئۈچۈن يالغان قەسەم ئىچىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا دەرغەزەپ بولغان ھالدا مۇلاقات بولىدۇ ». ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ سۆزىنىڭ تەستىقى سۈپىتىدە ئاللاھ ئەززە ۋەجەللەنىڭ كىتابىدىن بىزگە بۇ ئايەتنى ئوقۇپ بەردى: ﴿إِنَّ الَّذِينَ يَشْتَرُونَ بِعَهْدِ اللّهِ وَأَيْمَانِهِمْ ثَمَنًا قَلِيلاً أُوْلَئِكَ لاَ خَلاَقَ لَهُمْ فِي الآخِرَةِ وَلاَ يُكَلِّمُهُمُ اللّهُ وَلاَ يَنظُرُ إِلَيْهِمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَلاَ يُزَكِّيهِمْ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ﴾ ﴿ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىنى ۋە قەسەملىرىنى ئازغىنا بەدەلگە تېگىشىدىغانلار ئاخىرەتتە (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) ھېچقانداق نىسىۋىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇلارغا (رەھمەت كۆزى بىلەن) قارىمايدۇ. ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىمايدۇ. ئۇلار قاتتىق ئازابقا قالىدۇ﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە ئال ئىمران 77 ـ ئايەت)

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: **1**) يالغان قەسەم بولۇپمۇ كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى ناھەق يۇتۇۋېلىش ياكى باشقىلارنىڭ ھەققىنى يوق قىلىۋېتىش ئۈچۈن يالغاندىن قەسەم قىلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان ۋە ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرغان.

**2**) يالغان قەسەم ئاللاھ تائالانىڭ قاتتىق ئازاب قىلىشىغا سەۋەب بولىدىغان چوڭ گۇناھلاردىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، جانغا زامىن بولۇش ۋە ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىشتىن



www.munber.org

ئىبارەت چوڭ گۇناھلار بىلەن بىر ئورۇندا تىزىلغانلىقى، چۈنكى يۇقىرىقى گۇناھلارنىڭ ھەربىرى زۇلۇم، ناھەقچىلىك ۋە باشقىلارنىڭ ھەقلىرىگە چېقىلىش ھېسابلىنىدۇ.

3) يالغان قەسەم قىلغان كىشى قەسەمگە كەففارەت بېرىشى، تەۋبە قىلىشى ۋە ھەقلەرنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇشى كېرەك.

**1713 ـ** ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «منِ اقْتَطع حَقَّ امْرِيءٍ مسْلِمٍ بِيمِينِهِ، فَقَدْ أَوْجَب اللَّه لَهُ النَّارَ، وحرَّم عَلَيْهِ الْجنَّةَ» «كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ھەققىنى يالغان قەسەم بىلەن ئېلىۋالسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا دوزاخنى تېگىشلىك، جەننەتنى ھارام قىلىدۇ» ، دېدى. بىر كىشى رەسۇلۇللاھقا: «ئازغىنا نەرسە بولسىمۇ شۇنداق بولامدۇ؟ ئى رەسۇلۇللاھ» ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «وَإِنْ كان قَضِيباً مِنْ أَراكٍ» «مىسۋاك دەرىخىدىن شاخ چاغلىق نەرسە بولسىمۇ شۇنداق بولىدۇ» ، دېدى. ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1714 ـ** ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الْكَبَائِرُ: الإِشْرَاكُ بِاللَّهِ، وَعُقُوقُ الْوَالِدَيْنِ، وَقَتْلُ النَّفْسِ، والْيَمِينُ الْغَمُوسُ» «گۇناھى كەبىرلەر ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، يالغان قەسەم قىلىشلاردىن ئىبارەت» . ـــ بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر ئەئرابى كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ. گۇناھى كەبىرلەر قايسى؟» ، دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الإِشْراكُ بِاللَّهِ» «ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش» ، دېدى. ئەئرابى: «ئاندىن قالسىچۇ؟» ، دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الْيَمِينُ الْغَمُوسُ» «يالغان قەسەم قىلىش» ، دېدى. مەن: «يالغان قەسەم دېگەن نېمە؟» ، دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الَّذِي يَقْتَطِعُ مَالَ امْرِيءٍ مسلم» «يالغاندىن قەسەم ئىچىپ مۇسۇلمان ئادەمنىڭ مېلىنى ئېلىۋېلىش» ، دېدى.

## 316 ـ باب بىر كىشى بىرەر ئىشقا قەسەم قىلسا، ئاندىن ئۇ ئىشتىن ياخشىراق بىر ئىشنى كۆرسە قەسىمىنى بۇزۇپ، ئېيتقان قەسىمىگە كەففارەت بېرىپ، شۇ ياخشى ئىشنى قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

**1715 ـ** ئابدۇراھمان ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «... وإِذَا حَلَفْتَ علَى يَمِينٍ، فَرَأَيْت غَيْرَهَا خَيْراً مِنهَا، فأْتِ الَّذِي هُوَ خَيْرٌ،



www.munber.org

وكفِّرْ عن يَمِينك» « ... بىرەر نەرسىگە قەسەم قىلساڭ، كېيىن باشقا بىر ئىشنى ئۇنىڭدىن ياخشى دەپ قارىساڭ، بۇ ھالدا سەن ياخشى دەپ قارىغان ئىشنى قىلىپ، قەسىمىڭگە كەففارەت بەرسەڭ بولىدۇ »، دېگەندى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) قەسەمنى ئىجرا قىلماسلىق ئۇنى ئىجرا قىلىشتىن ئەۋزەل بولىدىغان بولسا قەسەمگە كەففارەت بېرىپ بۇزۇشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، ئەگەر پەرزنى تەرك ئېتىشكە ياكى ھارام ئىشنى قىلىشقا قەسەم ئىچكەن بولسا بۇ قەسەمنى بۇزۇشنىڭ ۋاجىپ بولىدىغانلىقى، ئەگەر دىندا تەشەببۇس قىلىنغان ئىشلارنى قىلماسلىققا ياكى دىندا ياخشى ئەمەس دەپ قارالغان ئىشلارنى قىلىشقا قەسەم ئىچسە بۇ قەسەمنى بۇزۇۋېتىشنىڭ مۇستەھەپ ئىكەنلىكى.

2) قەسىمنى بۇزغان كىشى چوقۇم كەففارەت بېرىش كېرەك. كەففارەتنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىك مەسىلىسىدە ئۆلىمالار جامائەسى كەففارەتنى ئىلگىرى بېرىشنىڭ جائىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئۇلار ھەدىسلەرگە ئاساسلىنىپ قەسەمنى بۇزۇشتىن بۇرۇن كەففارەت بېرىش كېرەك دەپ قارايدۇ.

3) ساۋابى ئارتۇق بولغان ياخشى ئىشلارغا ئۆتمەي بۇرۇنقى قەسىمدە چىڭ تۇرۇۋېلىش بولسا ھەددىدىن ئېشىش ۋە گۇناھقا پېتىشنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ.

4) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش، خۇسۇسەن شەرىئەت ئىشلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشكە رىغبەتلەندۇرۇلگەن.

1716 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «منْ حلَف عَلَى يَمِينٍ فَرأَى غَيْرَهَا خَيْراً مِنْهَا، فَلْيُكَفِّرْ عَنْ يَمِينِهِ، ولْيَفْعَلْ الَّذِي هُوَ خَيْرٌ» « كىمكى بىر ئىشقا قەسەم قىلسا، ئۇنىڭدىن باشقا بىر ئىشنى ئۇنىڭدىن ياخشىراق دەپ قارىسا قەسىمىگە كەففارەت بېرىپ ياخشى دەپ بىلگەن ئىشنى قىلسۇن ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1717 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنِّي واللَّهِ إِنْ شَاءَ اللَّه لاَ أَحلِفُ عَلَى يَمِينٍ، ثُمَّ أَرَى خَيْراً مِنهَا إِلاَّ كَفَّرْتُ عَنْ يَمِيني، وأَتيْتُ الَّذِي هُوَ خَيرٌ» « ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئىنشائاللاھ قەسەم قىلمايمەن. قەسەم قىلىپ قالسام قىلغان قەسىمىمدىن ياخشىراق بىر نەرسىنى كۆرسەم، قەسىمىمگە كەففارەت بېرىپ، ياخشى دەپ قارىغان ئىشنى قىلىمەن » — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1718 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لأَنْ يَلَجَّ أَحَدُكُمْ في يَمِينِهِ في أَهْلِهِ آثَمُ لَهُ عِنْدَ اللَّهِ تَعَالى مِنْ أَنْ يُعْطِيَ كَفَّارَتَهُ الَّتي فَرَض اللَّه عَلَيْهِ» « بىرەرىڭلار ئۆز ئائىلىگە مۇناسىۋەتلىك بىرەر ئىش ئۈستىدە



www.munber.org

قەسەم ئىچىپ، قەسەم ئىچكەن نەرسىسىگە قارىغاندا باشقا بىر ئىشنى ئەۋزەل دەپ بىلىپ تۇرۇپ، ئىچكەن قەسىمىدە چىڭ تۇرۇۋالغانلىقى كەففارەت بېرىپ قەسىمىنى بۇزغاندىن ئېغىرراق گۇناھتۇر ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

## 317 . باب ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ۋە ماقۇل ئاللاھ بىلەن قەسەمكى دېگەندەك قەسەمنى نىيەت قىلماستىن تىلغا رام بولۇپ قالغان سۆزلەرنى قىلىپ سەۋەنلىك بىلەن قىلىنغان قەسەملەرگە كەففارەت كەلمەيدىغانلىقى، كەچۈرۈلىدىغانلىقى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿لاَ يُؤَاخِذُكُمُ اللّهُ بِاللَّغْوِ فِي أَيْمَانِكُمْ وَلَـكِن يُؤَاخِذُكُم بِمَا عَقَّدتُّمُ الأَيْمَانَ فَكَفَّارَتُهُ إِطْعَامُ عَشَرَةِ مَسَاكِينَ مِنْ أَوْسَطِ مَا تُطْعِمُونَ أَهْلِيكُمْ أَوْ كِسْوَتُهُمْ أَوْ تَحْرِيرُ رَقَبَةٍ فَمَن لَّمْ يَجِدْ فَصِيَامُ ثَلاَثَةِ أَيَّامٍ ذَلِكَ كَفَّارَةُ أَيْمَانِكُمْ إِذَا حَلَفْتُمْ وَاحْفَظُواْ أَيْمَانَكُمْ﴾ ﴿ئاللاھ سىلەرنى سەھۋەنلىك بىلەن قىلغان قەسەمخىلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ، لېكىن سىلەرنى قەستەن قىلغان قەسەمخىلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىدۇ. (مۇنداق قەسەمخىلارنى بۇزساڭلار) ئۇنىڭ كەففارىتى ئائىلەڭلارغا بېرىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك تاماق بىلەن ئون مىسكىننى بىر ۋاق غىزالاندۇرۇشتۇر، ياكى ئۇلارغا (يەنى ئون مىسكىنگە بەدىنىنى يېپىپ تۇرىدىغان) بىر قۇر كىيىم بېرىشتۇر، ياكى بىر قۇل ياكى بىر چۆرىنى ئازاد قىلىشتۇر، كىمكى بۇنداق قىلىشقا كۈچى يەتمىسە ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشى لازىم. بۇ ئەنە شۇ ئىچكەن قەسەمخىلارنى بۇزغانلىقىڭلارنىڭ كەففارىتىدۇر. قەسەمخىلارغا رىئايە قىلىڭلار.﴾ (« قۇرئان كەرىم » سۈرە مائىدە، 89 ـ ئايەت)

1719 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: « ﴿لا يُؤَاخِذُكُمْ اللَّه بِاللَّغْوِ في أَيْمَانِكُمْ﴾ ﴿سەھۋەنلىك بىلەن ئىچكەن قەسەمخىلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرنى جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ﴾، دېگەن ئايەت: ‹ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ۋە ماقۇل، ئاللا بىلەن قەسەمكى›، دەيدىغان كىشىلەرنىڭ سۆزى توغرىسىدا نازىل بولغان ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: قەسەم ئۈچ تۈرلۈك بولىدىغانلىقى: بىرىنچى، يالغان قەسەم قىلىش توغرىسىدىكى بايان ۋە ھۆكۈملەر يۇقىرىدا سۆزلەنگەن. ئىككىنچى، لەغۋى (بىھۇدە قەسەم) بۇ قەسەمگە گۇناھمۇ يېزىلمايدۇ. كەففارەت بېرىشمۇ كەتمەيدۇ. ئۈچىنچى، چىگىلگەن قەسەم، يەنى بىرەر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن ياكى قىلماسلىق ئۈچۈن ئىچىلگەن قەسەم بولۇپ، بۇزۇلسا كەففارەت بېرىش لازىم بولىدۇ. كەففارەت بەرگەندە بىرىنچىدىن، تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئىشنىڭ بىرەرنى تاللاپ قىلسا بولىدۇ. ئون مىسكىنگە ئەتىگەن ياكى كەچتە بىرۋاق تاماق بېرىش ياكى كىيىم بېرىش ۋە ياكى بىرقۇل ئازاد قىلىش. ئىككىنچىدىن، ئەگەر يۇقىرىقى ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنى قىلىشتىن ئاجىز كەلسە ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش، روزىنى ئۇلاپ تۇتۇش شەرت ئەمەس. كىيىمنىڭ ئۆلچىمى: ئادەتتە كىيىم ھېسابلىنىدىغان نەرسىلەر بولسا بولىدىغانلىقى.

www.munber.org

## 318 . باب كەرچە راست بولسىمۇ سودىدا قەسەم قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا

**1720** . ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم دەيدۇ: «الحَلِفُ منْفَقَةٌ للسِّلْعَةِ، مَمْحَقَةٌ للْكَسْبِ» « يالغان قەسەم مالنىڭ بازىرىنى چىقىرىدۇ، بەرىكىتىنى كەتكۈزىدۇ ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1721** ـ ئەبۇ قاتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «إِيَّاكُمْ وَكَثْرَةَ الحلِفِ في الْبَيْعِ ، فَإِنَّهُ يُنَفِّقُ ثُمَّ يَمْحَقُ» « تىجارەتتە كۆپ قەسەم قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى مۇنداق قەسەم مالنىڭ بازىرىنى چىقىرىدۇ يۇ، بەرىكىتىنى ئۆچۈرىۋېتىدۇ ».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) سودا ـ سېتىق، مۇئامىلە ئىشلىرىدا ئالدىراپ قەسەم قىلماسلىققا رىغبەتلەندۈرۈش، چۈنكى بۇ خىل قەسەم ماللىرىنى سېتىش ۋە پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ نامىنى قورال قىلىۋالغانلىق بولىدۇ.

2) سودا ـ سېتىق. مۇئامىلىدە راست بولسىمۇ قەسەم قىلىش ياخشى ئەمەس. ئەگەر يالغاندىن قەسەم قىلسا ھارام ۋە چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدۇ.

## 319 . باب ئاللاھ نامى بىلەن جەننەتتىن باشقىنى سوراشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى ۋە ئاللاھنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ ۋە ئاللاھنى شېپى كەلتۈرۈپ بىر نەرسە سورىغان كىشىگە سورىغىنىنى بەرمەسلىكنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا

**1722** ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا يُسْأَلُ بوَجْهِ اللَّهِ إِلاَّ الجَنَّةُ» « ئاللاھنىڭ نامى بىلەن پەقەت جەننەتلا سورىلىدۇ ».

— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) دۇنيالىق مەنپەئەتلىرىگە ئېرىشىۋېلىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ نامىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ تىلەشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى.

2) ئاخىرەت نېئمەتلىرىنىڭ ھەر قاندىقىنى ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن تىلىسە جائىز بولىدىغانلىقى.

**1723** ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنِ اسْتَعَاذَ بِاللَّهِ، فأَعِيذُوهُ، ومنْ سَأَل باللَّهِ، فَأَعْطُوهُ، وَمَنْ دَعَاكُمْ،

www.munber.org

فَأَجِيبُوه، ومَنْ صنَع إِلَيْكُمْ معْرُوفاً فَكَافِئُوهُ، فَإِنْ لمْ تَجِدُوا مَا تُكَافِئُونَهُ بِه، فَادْعُوا لَهُ حَتَّى تَرَوْا أَنَّكُمْ قَدْ كَافَأْتُمُوهُ»

«كىمكى ئاللاھنىڭ نامى بىلەن پاناھلىق سورايدىكەن، پاناھلىق بېرىڭلار، كىمكى ئاللاھنىڭ نامى بىلەن سورىسا ئۇنىڭغا بېرىڭلار، كىمكى سىلەرنى چاقىرىدىكەن بېرىڭلار، كىمكى سىلەرگە ياخشىلىق قىلسا، ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇڭلار، ئەگەر ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرغۇدەك نەرسە تاپالمىساڭلار، ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇردۇم دەپ قارىغانغا قەدەر خەيرلىك دۇئا قىلىڭلار».

ـــ ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن پاناھ ئىزدىگەن كىشىگە پاناھلىق بېرىشكە رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

2) ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن سوراشنىڭ ھۆكمى سورىغۇچىنىڭ سورالغۇچى ئادەمنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشىگە قاراپ پەرقلىق بولىدۇ. سورىغۇچى ئادەم سورالغۇچى ئادەمنىڭ سورالغاندا ۋۇجۇدى تىترەپ سورالغاننى بېرىشكە ئالدىرايدىغانلىقى، ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىشنى غەنىيمەت بىلىدىغانلىقىنى بىلەلىسە، ئۇنىڭدىن سوراش دۇرۇس بولىدۇ. (گەرچە دۇنياۋى غەرەز ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن سورىماسلىق ئەۋزەل بولسىمۇ) ئەگەر سورالغان ئادەمنىڭ سورىغۇچىدىن زېرىكىدىغان، ئۇنى قۇرۇق قول قايتۇرىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلسە، ئۇ چاغدا ئۇنىڭدىن سوراش ھارام بولىدۇ.

3) ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن تىلەپ كەلگەن كىشىنى قۇرۇق قول قايتۇرماسلىق، ئۇنىڭ تەلپىنى خۇشاللىق بىلەن ۋە كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ تەلپىنى قاندۇرۇش، ئۇنىڭدىن «بەرەر ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرار»، دەپ كۈتمەسلىك كېرەكلىكى.

4) چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇش، يەنى چاقىرغان يەرگە بېرىش.

5) ياخشىلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش ياكى دۇئائى خەير بىلەن بولسىمۇ ياخشىلىقنى بىلىشنىڭ مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئەخلاقى ئىكەنلىكى.

## 320. باب سۇلتاننى شاھىنشاھ دەپ ئاتاشنىڭ ھارامىلىقى، چۈنكى ئۇنىڭ مەنىسى «شاھلارنىڭ شاھى»، دېمەكتۇر بولىدىغانلىقى، ئاللاھتىن غەيرىينى بۇنداق سۈپەتلەش لايىق ئەمەسلىكى توغرىسىدا

1724 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ أَخْنَعَ اسمٍ عندَ اللَّهِ عزَّ وجَلَّ رَجُلٌ تَسَمَّى مَلِكَ الأَملاكِ»

«ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ يامان ئىسىم، شۇنداق بىر ئادەمنىڭ ئىسمىدۇركى، پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى دەپ ئاتالغان ئىسىم». ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇ ھەدىستە مەخلۇقاتلارنى پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا تەۋە سۈپەتلەر ياكى بەندىنى ئاللاھ تائالاغا قۇلچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئەسلىي سۈپەتتىن چىقىرىۋېتىدىغان سۆزلەر بىلەن سۈپەتلەشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

## 321 . باب پاسىقلارنى، بىدئەتچىلەرنى خوجا دەپ ئاتاش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھۆرمەت سۆزلىرى بىلەن ئاتاپ تۇرۇپ سۆزلىشىشنىڭ مەنئى قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا

**1725** ـ بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا تَقُولُوا لِلْمُنَافِقِ سَيِّدٌ، فَإِنَّهُ إِنْ يكُ سَيِّداً، فَقَدْ أَسْخَطْتُمْ رَبَّكُمْ عزَّ وَجَلَّ» «مۇناپىقلارنى ‹سەييىد›، دېمەڭلار، ئەگەر ئۇنى سەييىد دەپ بىلسەڭلار، ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىڭلارنى غەزەپلەندۈرگەن بولىسىلەر». — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مۇناپىقنى ھۆرمەتلەش سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلەشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى، چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائىتىدىن چەتلەپ، خارلىققا لايىق بولغان كىشىلەرنى ئۇلۇغلاش ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغانلىقى.

2) ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىپ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەرمانلىرىغا بويسۇنۇپ، كەمتەر بولغان كىشىلا ئېھتىرام ۋە قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغانلىقى.

## 322 . باب قىزىتمىنى تىللاشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا

**1726** ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ سائىبنىڭ يېنىغا كىرىپ: «مَالَكِ يا أُمَّ السَّائِبِ أَوْ يَا أُمِّ المُسيَّبِ تُزَفْزِفِينَ؟» «سەن نېمە بولدۇڭ، ھەي، ئۇممۇ سائىب! تىترەپ كېتىپسەنغۇ؟»، دېدى. ئۇممۇ سائىب: «قىزىتمىدىن تىترەپ كەتتىم، قىزىتما دېگەن قۇرۇپ كەتسۇن»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لا تَسُبِّي الحُمَّى، فَإِنَّهَا تُذْهِبُ خَطَايا بَنِي آدم، كَما يُذْهِبُ الْكِيرُ خَبَثَ الحدِيدِ» «قىزىتمىنى تىللىمىغىن، چۈنكى قىزىتما ئادەم بالىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى خۇددى تۆمۈرچىنىڭ كۆيىكى تۆمۈرنىڭ كىرىنى كەتكۈزۈۋەتكەندەك كەتكۈزۈۋېتىدۇ»، دېدى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) دەرد ـ ئەلەم ۋە كېسەللىكلەرنىڭ گۇناھلارغا كەففارەت بولىدىغانلىقى، ياخشىلىقلارنىڭ زىيادە بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقى.

2) كېسەللىكلەرنى قارغىماسلىق، چۈنكى بۇنداق قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىگە رازى بولمىغانلىق بولىدىغانلىقى، كېسەللىكتە يۇقىرىقىدا سۆزلەنگەندەك پايدىلارنىڭ بولىدىغانلىقى، بۇنىڭدىن كېسەللىكنى داۋالاتماسلىق دېگەن مەنە چىقمايدىغانلىقى. شەرىئەتتە كېسەلنى داۋالاشقا بۇيرۇلغانلىقى.

www.munber.org

## 323 . باب شاماللارنى تىللاشتىن مەنئى قىلىش ۋە شامال چىققاندا نېمە دېيىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

1727 ـ ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا تَسُبُّوا الرِّيحَ، فَإذَا رَأَيْتُمْ ما تَكْرَهُونَ، فَقُولُوا: اللَّهُمَّ إِنَّا نَسْأَلُكَ مِنْ خَيْرِ هذِهِ الرِّيحِ وخَيْرِ مَا فِيهَا وخَيْرِ ما أُمِرَتْ بِهِ، وَنَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ هَذِهِ الرِّيحِ وَشَرِّ ما فيها وشرِّ ما أُمِرَتْ بِهِ» « شامالنى تىللىماڭلار. شامالدا سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىرەر ھالنى كۆرگەندە: ‹ئى ئاللاھ! سەندىن مۇشۇ شامالنىڭ پايدىلىق بولۇشىنى ۋە بۇ شامالدىكى نەرسىلەرنىڭ پايدىلىق بولۇشىنى ۋە بۇشامالنىڭ پايدا ئېلىپ كېلىشىنى تىلەيمىز ۋە سەندىن بۇ شامالنىڭ يامانلىقىدىن ۋە بۇ شامالدىكى نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن ۋە شامالنىڭ يامانلىق ئېلىپ كېلىشىدىن پاناھ تىلەيمىز›، دەڭلار ». — تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

1728 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «الرِّيحُ مِنْ رَوْحِ اللَّهِ تَأْتِي بِالرَّحْمَةِ، وَتَأْتِي بالعَذَابِ، فَإذا رَأَيْتُمُوهَا فَلا تَسُبُّوهَا، وَسَلُوا اللَّه خَيْرَهَا، واسْتَعِيذُوا باللَّهِ مِنْ شَرِّهَا» « شامال ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى بولۇپ ئۇ رەھمەت ئېلىپ كېلىدۇ ۋە ئازابمۇ ئېلىپ كېلىدۇ. شامالنى كۆرگىنىڭلاردا ئۇنى تىللىماڭلار، ئاللاھتىن ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى سوراپ، ئۇنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەڭلار ». — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

1729 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، قاچانكى شامال چىقسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى: «اللَّهُمَّ إِني أَسْأَلُكَ خَيْرَهَا، وَخَيْرِ مَا فِيهَا، وخَيْر ما أُرسِلَتْ بِهِ، وَأَعُوذُ بك مِنْ شَرِّهِا، وَشَرِّ ما فِيها، وَشَرِّ ما أُرسِلَت بِهِ» « ئى ئاللاھ! سەندىن ئۇنىڭ پايدىلىق بولۇشىنى ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنىڭ پايدىلىق بولۇشىنى ۋە ئۇنىڭ پايدا ئېلىپ كېلىشىنى تىلەيمەن ۋە سەندىن ئۇنىڭ يامانلىقى ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنىڭ يامانلىقى ۋە ئۇنىڭ يامانلىق ئېلىپ كېلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) شامال ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تەبىئەت ھادىسىلىرىنى تىللاشنىڭ يامان ئىكەنلىكى. چۈنكى، بارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرى ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقى بويىچە بولىدىغانلىقى.

2) كائىنات ھادىسىلىرى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەر ئىكەنلىكى ۋە قۇدرەت كامالىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى ئىكەنلىكى. ئۇنىڭ ئاللاھ تائالا رەھمەتنى ئىرادە قىلغان كىشىلەرگە رەھمەت ۋە ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقى، ئاللاھ تائالا ئازابنى ئىرادە قىلغان كىشىلەرگە ھالاكەت ۋە ئازاب ئېلىپ كېلىدىغانلىقى.

www.munber.org

3) يامان ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغان ياكى ئەنسىزچىلىككە سالىدىغان تەبىئەت ھادىسىلىرىنى كۆرگەندە ئاللاھ تائالاغا تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىجا قىلىش لازىملىقى.

4) شامالدا رىزىق ۋە تەنلەرنىڭ سالامەت بولۇشىغا پايدىلىق ئىكەنلىكىگە ئوخشاش كۆپ ياخشىلىقمۇ ھەمدە زىيائەت ۋە نەسىلنى ھالاكەتكە ئۇچرىتىدىغان يامانلىقمۇ بار بولۇپ، مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئاللاھ تائالادىن شامالنى ياخشىلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى، يامانلىقتىن ساقلىشىنى تىلىشى كېرەكلىكى.

5) شامال چىققاندا يۇقىرىقى دۇئا بىلەن دۇئا قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

6) تىللاش ۋە سۆكۈش (گەرچە ئىنسانلاردىن باشقا مەخلۇقاتلارنى بولسىمۇ) نىڭ مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى ئەمەسلىكى.

## 324 . باب خورازنى تىللاشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا

1730- زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا تَسُبوا الدِّيكَ، فَإِنَّهُ يُوقِظُ للصلاةِ» «خورازنى تىللىماڭلار، چۈنكى ئۇ نامازغا ئويغىتىدۇ». ـــ ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) خورازنى تىللاشقا بولمايدىغانلىقى، چۈنكى خوراز كىشىلەرنى ئۇيقۇدىن ئويغىتىپ، ناماز ۋە كېچە ئىبادەتلىرىگە ئالدىراشقا ئۈندەيدىغانلىقى.

2) خورازنىڭ چىللىشىدىن زېرىكىش ھېس قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى.

3) ئاللاھ تائالانىڭ تائەتكە ياردەمدە بولىدىغان ۋە شۇنىڭغا تۈرتكە بولىدىغان بارلىق ئىشلارغا قىزىقىش مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى ئىكەنلىكى.

## 325 . باب پالانى يۇلتۇز بەرىكىتىدىن بىزلەرگە يامغۇر ياغدى دېيىشنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقى توغرىسىدا

1731 - زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ھۇدەيبىيەدە يامغۇر ياغقان كېچىنىڭ ئەتىگىنى بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بەردى. نامازنى ئوقۇپ بولۇپ كىشىلەرگە قاراپ: «هَلْ تَدْرُون مَاذَا قَالَ رَبُّكُمْ؟» «رەببىڭلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟»، دېدى. ساھابىلەر: «ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى بۇنى ئوبدان بىلىدۇ»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قَالَ: أَصْبَحَ مِنْ عِبَادِي مُؤمِنٌ بِي، وَكَافِرٌ، فأمَّا مَنْ قالَ مُطِرْنَا بِفَضْلِ اللَّهِ وَرَحْمتِهِ، فَذلِكَ مُؤمِنٌ بِي كَافِرٌ بالْكَوْكَبِ، وَأَمَّا مَنْ قالَ: مُطِرْنا بِنَوْءِ كَذا وَكذا، فَذلكَ كَافِرٌ بِي مُؤمِنٌ بالكَوْكَبِ» «ئاللاھ ئېيتىدۇ:



www.munber.org

‹مېنىڭ بەندىلىرىمدىن بەزىسى مۆئمىن ھالدا تاڭ ئاتقۇزدى. بەزىسى كافىر ھالدا تاڭ ئاتقۇزدى. ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بىلەن يامغۇر ياغدى، دېگەن ئادەمگە كەلسەك ماڭا ئىمان ئېيتقۇچىدۇر، يۇلتۇزنى ئىنكار قىلغۇچىدۇر. پالانى ـ پالانى يۇلتۇزنىڭ بەرىكىتىدىن بىزگە يامغۇر ياغدى، دېگەن ئادەمگە كېلىدىغان بولساق، ئۇ مېنى ئىنكار قىلغۇچىدۇر، يۇلتۇزغا ئىمان ئېيتقۇچىدۇر› »، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كائىنات ھادىسىلىرىنىڭ ھەقىقىي باشقۇرغۇچىسى ئاللاھ تائالا بولۇپ، ھادىسىلەرنى ئاللاھ تائالاغا نىسبەت بېرىش كېرەك.

2) ھادىسىلەر پەقەت سەۋەبچى ئامىللاردىنلا پەيدا بولغان دەپ قاراش كۇفرىلىق ۋە خۇداغا شېرىك كەلتۈرگەنلىك بولىدىغانلىقى.

3) ھادىسىلەرنىڭ ھەقىقىي پەيدا قىلغۇچىسى ئاللاھ تائالا دەپ قاراش بىلەن بىر ۋاقىتتا ھادىسىلەرنى سەۋەبچى ئامىللارغا نىسبەت بەرسە بولىدىغانلىقى.

4) جاھىلىيەت زامانىسىدىكى كىشىلەر بىرەر يۇلتۇز چىققان ياكى كۆچكەن ۋاقىتتا يامغۇر ياغسا، يامغۇرنى شۇ يۇلتۇزغا نىسبەت بېرەتتى. ساھابىلەرمۇ جاھىلىيەت كىشىلىرىدەك قاراشتا بولۇۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بۇ خىل قاراشتىن ئۇلارنى قاتتىق چەكلىگەن.

## 326 . باب مۇسۇلماننى كافىر دېيىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

**1732** ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: «إِذا قَالَ الرَّجُلُ لأَخِيهِ: يَا كَافِر، فَقَدْ بَاءَ بِهَا أَحَدُهُما، فَإِنْ كَان كَمَا قَالَ وَإِلاَّ رَجَعَتْ عَلَيْهِ» « بىر كىشى ئۆزىنىڭ بۇرادىرىنى ھەي كافىر، دەيدىكەن، كۇفرىلىق ئۇلارنىڭ بىرىگە چۈشىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ بۇرادىرى دېگەندەك شۇنداق بولىدىغان بولسا بۇ گەپ دېيىلگۈچىگە چۈشىدۇ، ئۇنداق بولمىسا شۇنداق دېگۈچىنىڭ ئۆزىگە يانىدۇ ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1733** ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «منْ دَعَا رَجُلاً بالْكُفْرِ، أَوْ قَالَ: عَدُوَّ اللَّهِ، ولَيْس كَذلكَ إِلاَّ حَارَ علَيْهِ» « كىمكى بىر كىشىنى كافىر ياكى ئاللاھنىڭ دۈشمىنى دەپ چاقىرسا، ۋەھالەنكى چاقىرىلغۇچى ئۇنداق بولمىسا، دېگۈچىنىڭ سۆزى ئۇنىڭ ئۆزىگە يېنىپ قالىدۇ ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى (1732~1733): مۇسۇلمان كىشىنى كۇفرىلىق ياكى كۇفرىلىق مەنىسى بار سۆيەت بىلەن سۈپەتلەشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى ۋە ھېچقانداق دەلىل ـ ئىسپاتسىز



www.munber.org

مۇسۇلمان كىشىنى كۇفرىلىق بىلەن سۈپەتلەپ، كافىر دەپ قارىغان كىشىنىڭ ئۆزى (ئىمانىنى كۇفرىلىق دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن) كافىر بولۇپ كېتىدىغانلىقى.

## 327. باب يامان سۆزلەرنى قىلىش ۋە ئاغزى بۇزۇپلۇقتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا

1734 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لَيْسَ المُؤْمِنُ بالطَّعَّانِ، وَلا اللَّعَّانِ، وَلا الْفَاحِشِ، وَلا الْبَذِيءِ» «مۇئمىن ئادەم كىشىلەرگە تىل تەگكۈزمەيدۇ، كىشىلەرنى قارغىمايدۇ، يامان سۆز قىلمايدۇ ۋە ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىمايدۇ»، دېدى. — ترمزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) يامان ئەخلاقلاردىن يىراقلىشىپ، ياخشى ئەخلاقلار بىلەن زىننەتلىنىش ئىمانى كامىللىق ھېسابلىنىدىغانلىقى.

2) تىل ـ ئاھانەت، تەنە ـ مالامەت ۋە قەبىھ سۆزلەر بىلەن ھاقارەت قىلىشتىن يىراق بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن ھەمدە يۇقىرىقى ئىشلارنى قىلىشنىڭ ئىماننىڭ كەمتۈكلۈكىنىڭ دەلىلى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

1735 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَا كَانَ الْفُحْشُ في شَيْءٍ إلاَّ شانَهُ، ومَا كَانَ الحَيَاءُ في شَيْءٍ إلاَّ زَانَهُ» «بىھايالىق كىشىنى سەت كۆرسىتىدۇ، نومۇسچانلىق كىشىگە ھۆسن قوشىدۇ».

— ترمزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بىھايا سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى تەرك ئېتىشكە رىغبەتلەندۈرۈلگەن ھەمدە بىھايا سۆز ـ ھەرىكەتلەرنىڭ گۇناھ ئىشلارغا پېتىپ قېلىشنىڭ سەۋەبچىسى ئىكەنلىكى سۆزلەنگەن.

2) ھايالىق بولۇش، چۈنكى ھايا مالامەتكە قالدۇرىدىغان ئىشلاردىن يىراق قىلىدۇ. ئەيىب ـ نۇقسانلار بىلەن سۈپەتلىنىپ قېلىشتىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

## 328. باب ئاۋام خەلق بىلەن پاراڭلاشقاندا ئۇستىلىق بىلەن پاساھەتلىك سۆزلەيمەن دەپ زورۇقۇش، ئادەتتە ئىشلەتمەيدىغان ياۋا سۆزلەرنى ۋە چۈشىنىكسىز ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىشنىڭ يامان ئەمەسلىكى توغرىسىدا

1736 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «هَلَكَ المُتَنَطِّعُون» «سۆز ـ ھەرىكەتتە چوڭقۇرلىشىمەن دەپ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر ھالاك بولىدۇ»، دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇ ھەدىستە سۆز ـ ھەرىكەتلەردە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ئاگاھلاندۇرۇلغان ۋە ئىشلارنى زورۇقماستىن ئاددىي ئېلىپ بېرىشقا تەرغىب قىلىنغان.

1737 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ اللَّه يُبْغِضُ الْبَلِيغَ مِنَ الرِّجَالِ الَّذي يَتَخَلَّلُ بِلِسَانِهِ كَمَا تَتَخَلَّلُ الْبَقَرَةُ» «كالا ئوتنى يالماپ يېگەندەك چايناپ گەپ قىلىدىغانلارنى ئاللاھ يامان كۆرىدۇ». — ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

1738 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ مِنْ أَحَبِّكُمْ إِليَّ، وَأَقْرَبِكمْ مِنِّي مَجْلِساً يَوْمَ الْقِيامةِ، أَحَاسِنُكُمْ أَخْلاقاً، وَإِنَّ أَبْغَضَكُمْ إِليَّ، وَأَبْعَدَكُمْ مِنِّي يومَ الْقيَامَةِ، الثَّرْثَارُونَ، وَالْمُتَشَدِّقُونَ وَالْمُتَفَيْهِقُونَ» «قىيامەت كۈنى ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك ۋە ئورۇن جەھەتتە ئەڭ يېقىن بولىدىغىنىڭلار ئەڭ گۈزەل ئەخلاقلىق بولغىنىڭلاردۇر. قىيامەت كۈنى مەن ئەڭ يامان كۆرىدىغان ۋە مەندىن ئەڭ يىراق بولىدىغىنىڭلار، تولا گەپ قىلىدىغان، ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلايدىغان، سۆزمەنلىكىنى كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن ئاغزىنى تولدۇرۇپ گەپ قىلىدىغانلاردۇر». — تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى (1737~1738): 1) ھېچقانداق پايدىسى يوقلا ئاغزىغا كەلگەنچە بىلجىرلاپ ياسالمىلىق بىلەن پايدىسىز سۆزلەرنى قىلىشقا بولمايدىغانلىقى ھەمدە بۇنداق سۆزلەشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى. ئاللاھ تائالانىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىگە ئۇچراپ قىيامەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتىدىن يىراقلىشىپ كېتىش خارلىق ۋە مەھرۇملۇق بولۇپ، قىيامەت كۈنىدىكى خارلىق پەقەت ھارام ئىشلارنى قىلغانلارغا خاس بولىدىغانلىقى.

2) مۇسۇلمان كىشى سۆز قىلغاندا ياسالمىلىق قىلماي، قىيىن ئىبارىلەرنى ئىشلەتمەي، زورۇقماي، پاساھەت ـ بالاغەتلىك ۋە مەنتىقىگە ئۇيغۇن ھالدا سۆز ئىشلىتىشى، ئۆز تەبىئىتىنى ساقلىشى كېرەك.

3) كەمتەرلىك بىلەن سۆزلەش مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى كامىللىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

## 329 . باب نەپسىم ئەسكىلىشىپ كەتتى دېيىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا

1739 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا يَقُولَنَّ أَحَدُكُمْ خَبُثَتْ نَفْسِي، وَلَكِنْ لِيَقُلْ: لَقِسَتْ نَفْسِي» «بىرەرسىڭلار نەپسىم ئەسكىلىشىپ كەتتى دېمىسۇن، لېكىن نەپسىم قاساۋەتلىشىپ كەتتى دېسۇن». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالا مۇسۇلماننى ھۆرمەتلىك قىلغاچقا مۇسۇلمان ئۆزىنى «نەپسىم ئەسكىلىشىپ كەتتى»، دەپ سۈپەتلىشىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى.



www.munber.org

2) سۆزلىگەندە چىرايلىق ئىبارىلەرنى ئىشلىتىش، قەبىھ سۆزلەرنى قىلماسلىققا رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

## 330. باب ئۈزۈمنى كەرم (ئۆلۈغ) دەپ ئاتاشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا

**1740. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا تُسَمُّوا الْعِنَبَ الْكَرَمَ، فإِنَّ الْكَرَمَ الْمُسْلِمُ» « ئۈزۈمنى كەرم دەپ ئاتىماڭلار، چۈنكى كەرم دېگەن نام مۇسۇلمانغا مۇناسىپتۇر ».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**يەنە بىر رىۋايەتتە: «فَإِنَّمَا الْكَرَمُ قَلْبُ الْمُؤْمِنِ» « كەرم دېگەن مۇئمىننىڭ قەلبىدۇر »، دېيىلگەن**

**يەنە بىر رىۋايەتتە: «يَقُولُونَ الْكرْمُ إِنَّمَا الْكَرَمُ قلْبُ الْمُؤْمِنِ» « ئۇلار ئۈزۈمنى كەرم دەپ ئاتايدۇ، ئەمەلىيەتتە كەرم دېگەن مۇئمىننىڭ قەلبىدۇر »، دېيىلگەن.**

**1741 - ۋائىل ئىبنى ھۇجرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا تَقُولُوا: الْكَرْمُ، وَلَكِنْ قُولُوا: الْعِنَبُ، وَالحبَلَةُ» « ئۈزۈمنى كەرم دەپ ئاتىماڭلار، لېكىن ئىنەب ۋە ھەبەلە دەڭلار ».**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**ھەدىسلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى (1740~1741):** ئۈزۈمگە « كەرم » (ئۇلۇغ دېگەن مەنىدە) دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، ئۈزۈم لۇغەتتە « كەرم »، دەپ ئاتالسىمۇ، لېكىن بۇ ئاتالغۇ بىلەن ئاتاش پاك مۇسۇلماننىڭ ئالاھىدىلىكى بولغان مەدھىيە سۆزى بىلەن باشقا نەرسىنى ئاتىغانلىق بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، بىرەر نەرسىنى ئۆزىدە يوق مەدھىيە سۈپەتلەر بىلەن ئاتاش چەكلەنگەن.

ئىبنى جەۋزى جامىئۇلمۇسنەدتە ئېيتىدۇ: « كەرم »، دېگەن ئاتالغۇنى ئۈزۈمگە ئىشلىتىشتىن چەكلەشنىڭ سەۋەبى، ئەرەبلەر ئۈزۈم ھارىقىنى ئىچكەنلىكتىن ئۇنى ئۇلۇغ ھېسابلىشاتتى. شۇڭا، ئۈزۈمنى « كەرم »، دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئاتىغان بولغاچقا، ئۈزۈمنى مەدھىيە سۆزى بىلەن ئاتاش چەكلەنگەن. قەلبى ئىمان نۇرى بىلەن تولغان مۇئمىن « كەرم »، دېگەن سۆزگە ئەڭ لايىق.

www.munber.org

## 331 . باب ئۆيلىنىشكە ئوخشاش بىرەر شەرىئەتكە دائىر سەۋەب بولمىسا، ئەر كىشىگە بىر ئايالنىڭ گۈزەللىكلىرىنى سۆزلەپ بېرىشتىن چەكلەش توغرىسىدا

1742 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا تُبَاشِرِ المرْأَةُ المَرْأَةَ، فَتَصِفَهَا لِزَوْجِهَا كَأَنَّهُ يَنْظُرُ إِلَيْهَا» «ئايال بىلەن ئايال بىر تۆشەكتە ياتمىسۇن. بىر تۆشەكتە ياتسا، ئۇ ئايال ئېرىگە ئىككىنچى ئايالنىڭ سۈپىتىنى گويا ئېرى ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇۋاتقاندەك سۈپەتلەپ بېرىپ قالىدۇ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئايال كىشىنى يات بىر ئەرگە سۈپەتلەپ بېرىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى. چۈنكى، سۈپەتلەش قاراش ۋە كۆرۈشنىڭ ھۆكمىدە. بۇنىڭدىكى ھېكمەت: سۈپەتنى ئاڭلىغۇچى ئادەم سۈپەتلەنگۈچىگە كۆڭلى چۈشۈپ قېلىپ ۋە قىزىقىپ پىتنىگە دۇچار بولۇشى مۇمكىن.

## 332 . باب ئى ئاللاھ، خالىساڭ مەغفىرەت قىلغىن، دەپ دۇئا قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، بەلكى ئىشىنىپ مەغفىرەت تىلەش كېرەكلىكى توغرىسىدا

1743 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا يَقُولَنَّ أَحَدُكُمْ: اللَّهُمَّ اغْفِرْ لي إِنْ شِئْتَ: اللَّهُمَّ ارْحَمْني إِنْ شِئْتَ، لِيعْزِمِ المَسْأَلَةَ، فإِنَّهُ لا مُكْرِهَ لَهُ» «بىرەرسىڭلار ھەرگىزمۇ، ئى ئاللاھ! خالىساڭ مېنى مەغفىرەت قىلغىن، ئى ئاللاھ! خالىساڭ ماڭا رەھمەت قىلغىن دېمىسۇن. بەلكى ئىشەنچ قىلىپ تىلىسۇن، چۈنكى ئاللاھنى زورلىغۇچى يوق (ئاللاھ ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ، شۇڭا تىلىگىنىمنى بېرەلمىسە خىجىل بولۇپ قالمىسۇن دېگەندەك ئىنسانلارغا ئىشلىتىدىغان ئەگەر خالىسىڭىز دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى ئىشلىتىشنىڭ قەتئىي ھاجىتى يوق)».

مۇسلىمنىڭ بىر رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «وَلكنْ، لِيَعْزِمْ وَلْيُعْظِّمِ الرَّغْبَةَ، فَإِنَّ اللّه تَعَالى لا يتَعَاظَمُهُ شَيْءٌ أَعْطَاهُ» «ئىشىنىپ تۇرۇپ تىلىسۇن، تىلىگىنى قانچە چوڭ بولسىمۇ تىلەۋەرسۇن. لېكىن، ئاللاھنىڭ بەندىسىگە بەرگىنى ئاللاھقا نىسبەتەن چوڭ بىلىنمەيدۇ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1744 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِذا دعا أَحَدُكُمْ، فَلْيَعْزِمِ المَسْأَلَةَ، وَلا يَقُولَنَّ: اللَّهُمَّ إِنْ شِئْتَ، فَأَعْطِنِي، فَإِنَّهُ لا



www.munber.org

مُسْتَكْرِهَ لَهُ» «بىرەر سىڭلار دۇئا قىلسا ئىشىنىپ تۇرۇپ قىلسۇن، ھەرگىزمۇ، ئى ئاللاھ! خالىساڭ بەرگىن دېمىسۇن. چۈنكى ئاللاھنى بېرىشكە زورلىغۇچى يوق».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

## 333 . باب ئاللاھ ۋە پالانى خالىسا دېيىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى توغرىسىدا

1745 ـ ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا تَقُولوا : ماشاءَ اللّٰه وشاءَ فُلانٌ ، ولكِنْ قُولوا : مَا شَاءَ اللّٰه، ثُمَّ شَاءَ فُلانٌ» «ئاللاھ خالىسا ۋە پالانى خالىسا دېمەڭلار، لېكىن ئاللاھ خالىسا ئاندىن پالانى خالىسا دەڭلار».

— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى (1743~1745): 1) ئىنساننىڭ خاھىشىنى ئاللاھ تائالانىڭ خاھىشى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، بۇنداق قىلغاندا خالىغان چاغدىكى ئورتاقلىق ئىنسان بىلەن ئاللاھ تائالادا تەڭ بار دېگەن گۇمانغا چۈشۈرۈپ قويىدىغانلىقى، ئەمەلىيەتتە ئىككى خاھىش ئوتتۇرىسىدا زور پەرق مەۋجۇت ئىكەنلىكى، چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ خاھىشى ئەزەلى بولۇپ، بەندىنىڭ بولسا يېڭىدىن پەيدا بولغانلىقى.

2) ئەگەر ئىككى خاھىش ئارىلىقىنى «ئاندىن كېيىن»، دېگەن قوشۇمچىلار بىلەن ئايرىسا چەكلەنمەيدىغانلىقى، چۈنكى بۇنداق دېگەنلىك ئاللاھ تائالانىڭ خاھىشى بولغاندىلا، ئاندىن بەندىنىڭ خاھىشى بولالايدۇ، دەپ قارىغانلىق بولىدىغانلىقى.

## 334 . باب خۇپتەندىن كېيىن پاراڭ سېلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ياخشى بولمىغان پاراڭ خۇپتەندىن كېيىنكى ۋاقتتىن باشقا چاغلاردا قىلىنسا كارايىتى بولمايدۇ. باشقا چاغلاردا قىلىنسا مەكرۇھ ياكى ھارام سانىلىدىغان پاراڭلار بۇ چاغدا تېخىمۇ مەكرۇھ ۋە ھارام سانىلىدۇ. ئىلمى مۇزاكىرە، ياخشى كىشىلەرنىڭ ھېكايىلىرى، گۈزەل ئەخلاقتا ئائىت پاراڭلار، مېھمان بىلەن سۆزلىشىش، ھاجەتمەن بىلەن سۆزلىشىش قاتارلىق پاراڭلار، شۇنداقلا بىرەر ئۆزرە بولۇپ قىلىپ قىلغان پاراڭلاردا ھېچ باك يوقتۇر. بۇ ھەقتە كەلگەن سەھىھ ھەدىسلەر بۇ جەھەتتىكى بايانىمىزنى تەكىتلەيدۇ.

1746 ـ ئەبۇ بەرزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇپتەندىن ئىلگىرى ئۇخلاشنى، خۇپتەندىن كېيىن پاراڭ سېلىشنى ياقتۇرمايتتى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) خۇپتەن نامىزى ئوقۇماي ئۇخلاشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، چۈنكى بۇنداق قىلغاندا تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ئويغىنالماي خۇپتەن نامىزى قازا بولۇپ كېتىشى مۇمكىن.

2) خۇپتەن نامىزىدىن كېيىنلا ئۇخلاش، بىكار گەپ قىلىپ ئولتۇرماسلىق، خۇپتەندىن كېيىنلا ئۇخلىماي، باشقا سۆز ـ ھەرىكەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇش كېچە ئىبادەتلىرىگە ۋاقتىدا ئويغىنالماسلىق ياكى بامداتنى ۋاقتىدا ئوقۇيالماسلىققا سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، بىر كۈنلۈك ئىش ـ ھەرىكەتنى ناماز بىلەن ياخشى تاماملاش ئۈچۈن خۇپتەندىن كېيىنلا ئۇخلاش ئەۋزەل.

3) خۇپتەندىن كېيىن شەرئىتكە ئالاقىسى يوق قۇرۇق گەپ قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى ھەمدە نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلىشقا توسالغۇ بولىدىغان مەشغۇلات ياكى بىھۇدە سۆز ـ ھەرىكەتلەرنىڭ ھارام ئىكەنلىكى. چۈنكى، بۇنداق قىلىش نامازنى قەستەن، ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرگەنلىك ھۆكمىدە بولىدۇ.

**1747 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخىرقى ئۆمرىدە بىر ئاخشىمى خۇپتەننى (جامائەت بىلەن) ئوقۇپ بولۇپ مۇنداق دېدى:** «أَرَأَيْتَكُمْ لَيْلَتَكُمْ هَذِهِ؟ فَإِنَّ على رَأْسِ مِئَةِ سَنَةٍ لا يَبْقَى مِمَّنْ هُوَ عَلَى ظَهْرِ الأَرْضِ اليَوْمَ أَحدٌ» **«بۇ كېچە توغرۇلۇق دەپ بېقىڭلارچۇ؟ مەن ئېيتايكى، مۇشۇ كېچىدىن باشلاپ يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەر يۈزىدىكى بۈگۈنكى ھايات كىشىلەردىن ھېچكىم قالمايدۇ».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1748 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ساھابىلەر (بىر ئاخشىمى خۇپتەن نامىزى ئۈچۈن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۈتۈپ ئولتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېرىم كېچىگە يېقىن كېلىپ ئۇلارغا خۇپتەن نامىزى ئوقۇپ بەردى. ئاندىن بىزگە نۇتۇق سۆزلەپ مۇنداق دېدى:** «أَلا إِنَّ النَّاسَ قَدْ صَلُّوا، ثُمَّ رَقَدُوا وَإِنَّكُمْ لَنْ تَزَالُوا في صَلاةٍ ما انْتَظَرْتُمُ الصَّلاةَ» **«كىشىلەر نامازنى ئوقۇپ بولدى، ئاندىن ئۇخلاشتى، سىلەر نامازنى كۈتۈپ ئولتۇرغان ئىكەنسىلەر، سىلەرگە ھامان نامازنىڭ ئىچىدە تۇرغاندەك ساۋاب بېرىلىدۇ».**

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى (1747~1748): 1) خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىنىشكە ئوخشاش شەرئىتتە پايدىلىق، ياخشى ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلەشسە ھەمدە ئائىلىگە كۆيۈنۈش ۋە مېھرىبانلىق يۈزىسىدىن چاقچاقلاشسا بولىدىغانلىقى.

2) 1747 ـ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ مۆجىزە كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانداق خەۋەر قىلغان بولسا شۇنداق يۈز بەرگەن.

3) 1748 ـ ھەدىستە كۆپرەك ئەجىر ساۋابقا نائىل بولۇش ئۈچۈن، مەسجىدكە بۇرۇن بېرىشقا، نامازنى كۈتۈشكە رىغبەتلەندۈرۈلگەن.



www.munber.org

## 335. باب. شەرئى ئۆزرىسى بولمىسىلا ئايال كىشىنىڭ ئېرى تۆشەككە چاقىرغاندا باش تارتىشىنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

1749 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِذا دَعَا الرَّجُلُ امْرَأَتَهُ إِلى فِراشِهِ فأَبَتْ، فَباتَ غَضْبانَ علَيْهَا، لَعَنَتْهَا المَلائِكَةُ حتى تُصْبِح» «ئەر كىشى ئايالىنى تۆشەككە چاقىرسا. ئايالى ئۇنىماي، ئەر بۇنىڭدىن خاپا بولۇپ يېتىپ قالسا، پەرىشتىلەر ئۇ ئايالغا تاڭ ئاتقۇچە لەنەت ئوقۇيدۇ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «حَتَّى تَرْجِع» «ئۇ ئايال ئېرىنىڭ قېشىغا كەلگۈچە»، دېيىلگەن.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئايال كىشىنىڭ ئېرىگە قارىتا ئادا قىلىشقا تېگىشلىك، باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيەتلىرى بولۇپ، ئېرى بىرگە بولۇش ئۈچۈن چاقىرسا ماقۇل بولۇش مەجبۇرىيىتىمۇ شۇ مەجبۇرىيەتلەردىندۇر. ئايال كىشى بۇ مەجبۇرىيەتتىن كېسەل ياكى ھەيز، ياكى پەرز روزىغا ئوخشاش ئۆزرە بولمىغان شارائىتتا باش تارتسا بولمايدىغانلىقى.

2) ئايال كىشى ئېرىنىڭ تەلىپىگە ھېچقانداق ئۆزرىسىز ماقۇل بولمىسا، ماقۇل بولغۇچىلىك مۇددەتتە پەرىشتىلەرنىڭ قارغىش - لەنەتلىرىگە ئۇچرايدۇ. ھەدىستىكى چاقىرىلغان ۋاقىتتا كېچىنىڭ خاس قىلىنىشى تەلەپكە ئاياللارنىڭ قوشۇلۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەش ئۈچۈن بولغان. چۈنكى، كېچىدە تەلەپ كۈچلۈك بولىدۇ.

3) ئايال كىشى ئۆزىنىڭ باش تارتقانلىقىدىن ئېرىنىڭ غەزەپلەنمەيدىغانلىقىنى بىلسە، بۇ ھالدا پەرىشتىلەرنىڭ لەنەت ئوقۇمايدىغانلىقى، ئەڭ ياخشىسى ئەر - ئاياللىق تۇرمۇشنىڭ خۇشال - خۇرام داۋاملىشىشى ۋە مېھرى - مۇھەببەتنىڭ كۈچىيىشى ئۈچۈن قوشۇلسا ياخشى ئىكەنلىكى.

## 336. باب. ئەر يېنىدا بار تۇرۇقلۇق ئەرنىڭ رۇخسىتىسىز ئايال كىشىنىڭ نەفلى روزا تۇتۇشىنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

1750 ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا يَحِلُّ للمَرْأَةِ أَنْ تَصُومَ وَزَوْجُهَا شاهِدٌ إِلاَّ بإِذْنِهِ ولا تَأْذَنَ في بَيْتِهِ إِلاَّ بإِذْنِهِ» «ئايال كىشىنىڭ ئېرى بار تۇرۇقلۇق ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز نەفلى روزا تۇتۇشى ۋە بىراۋنى ئۆيگە كىرىشكە رۇخسەت قىلىشى ھارامدۇر». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەر يېنىدا بار چاغدا ئايال كىشىنىڭ ئېرىنىڭ يېقىنلىشىشىغا توسالغۇ بولىدىغان نەفلى روزىنى ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز تۇتۇشىغا بولمايدىغانلىقى. چۈنكى، ئەرنىڭ ھەققى ئايالىنىڭ نەفلى روزا تۇتۇشىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئەگەر



www.munber.org

ئايال كىشى رۇخسەتسىز نەفلى روزا تۇتقاندا ئېرىنىڭ ئايالىنىڭ نەفلى روزىسىنى بۇزۇۋېتىشىنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقى.

2) ئايال كىشى ئېرى ياقتۇرمايدىغان كىشىلەرنى (گەرچە مەھرەملىرى بولسىمۇ) ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆيىگە باشلىسا ھارام بولىدىغانلىقى.

## 337. باب بىرەر ئىمامغا ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ ئىمامدىن بۇرۇن رۇكۇ ياكى سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرۈشىنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

**1751** ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَمَا يَخْشَى أَحَدُكُمْ إِذا رفَعَ رأْسَهُ قَبْلَ الإِمَامِ أَنْ يَجْعلَ اللَّه رأْسَهُ رأْسَ حِمارٍ، أَوْ يَجْعلَ اللَّه صُورتَهُ صُورَةَ حِمارٍ» «سىلەردىن بىركىم بېشىنى ئىمامدىن بۇرۇن كۆتۈرسە، ئۇ ئاللاھنىڭ ئۇنىڭ بېشىنى ئېشەكنىڭ بېشىدەك قىلىپ قويۇشىدىن قورقامدۇ»، دېگەن ياكى «سۈرىتىنى ئېشەكنىڭ سۈرىتىدەك مۇبەددەل قىلىپ قويۇشىدىن قورقامدۇ»، دېگەن.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) نامازنىڭ رۇكۇ، سەجدە ياكى قىيامغا ئوخشاش ئاساسلىق رۇكۇنلىرىدا ئىمامدىن ئىلگىرى كېتىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى. ھاراملىقنىڭ دەلىلى شۇكى، بۇ قىلمىشنىڭ جازاسى ئەڭ قاتتىق ئازاب بولغان چىرايىنىڭ مۇبەددەل قىلىنىشى، دەپ ئېيتىلغان. لېكىن، ئۇ كىشىنىڭ نامىزى گۇناھ بىلەن ئادا تاپىدىغانلىقى.

2) يۇقىرىقى ئىشنى ئۇنىڭ ھۆكمىنى بىلىپ تۇرۇپ، قەستەن قىلسا ھارام بولىدىغانلىقى.

3) نامازدا ئىمامغا ئەگەشكەندە نامازنىڭ كامىل ئادا بولىدىغانلىقى ۋە نامازنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل بولىدىغانلىقى.

## 338. باب نامازدا تۇرغان كىشىنىڭ قولىنى بېقىنىغا قويۇپ تۇرۇشىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا

**1752** ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ نامازدا (تۇرغان ئادەمنىڭ) قولىنى بېقىنىغا قويۇپ تۇرۇشتىن چەكلىگەن.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: نامازدا قولىنى بېلىگە قويۇپ تۇرۇشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، بۇنداق قىلىشنىڭ ھاكاۋۇرلۇقنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكى. تەبرانى ۋە بەيھەقى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە: «الإِخْتِصَارُ فِي الصَّلاَةِ فِعْلُ اَهْلِ النَّارِ» «نامازدا بىلىنى تۇتۇپ تۇرۇش دوزاخ ئەھلىنىڭ ئىشى»، دېيىلگەن. لېكىن، بىرەر ئۆزرە سەۋەبلىك قولىنى بېلىگە قويسا بولىدىغانلىقى.

www.munber.org

## 339 . باب تاماق تەييار بولۇپ كىشىنىڭ نەپسى تاقىلداپ تۇرغان ياكى ئالدى ـ ئارقا تاھارەت قىستاپ تۇرغان چاغدا ناماز ئوقۇشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا

1753 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «لا صَلاةَ بحَضرَةِ طَعَامٍ، وَلا وَهُوَ يُدَافِعُهُ الأَخْبَثَانَ» «تاماق تەييار بولۇپ قالغاندا ۋە تەرەت قىستاپ تۇرغاندا ناماز ئوقۇشقا بولمايدۇ». ــــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) يېمەك ـ ئىچمەك بار تۇرۇپ ئاچ قورساق ياكى ئۇسسۇزلۇق ھالىتىدە ناماز ئوقۇشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، چۈنكى بۇنداق قىلغاندا نامازنى ھۇزۇرى قەلب بىلەن ئوقۇغىلى بولمايدىغانلىقى.

2) چوڭ ـ كىچىك تاھارەت قىستاپ كېتىۋاتقان ھالەتتە ناماز ئوقۇسا ياخشى بولمايدىغانلىقى، چۈنكى بۇنداق قىلىش كىشىنىڭ پىكرىنى چېچىپ، نامازدا خۇشۇ بىلەن تۇرغىلى بولمايدىغانلىقى.

3) نامازغا خېلى ۋاقىت بار بولسا، تاماق تەييار بولۇپ قالغاندا ۋە تەرەت قىستاپ تۇرغاندا ناماز ئوقۇشنىڭ مەكرۇھ ئىكەنلىكى. ئەگەر ناماز ۋاقتى قىستاپ قالغان بولسا، ناماز ئوقۇسا بولۇۋېرىدىغانلىقى.

## 340. باب نامازدا تۇرۇپ ئاسمانغا قاراشتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا

1754 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَا بالُ أَقْوَامٍ يَرْفَعُونَ أَبْصَارَهُمْ إِلِى السَّماءِ في صَلاتِهِمْ، لَيَنْتَهُنَّ عَنْ ذلك، أَوْ لَتُخْطَفَنَّ أَبْصارُهُمْ» «كىشىلەر نامازدا تۇرۇپ نېمىشقا ئاسمانغا قارايدۇ؟ ئۇلار ھەرگىز ئۇنداق قىلمىسۇن. ئۇنداق قىلىدىغان بولسا ئۇلارنىڭ كۆزلىرى كور بولسۇن». ــــ بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ناماز ئارىسىدا ئاسمانغا قاراشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى. چۈنكى، بۇنداق قىلغانلىق ئەدەبسىزلىك ۋە خۇشۇنى بۇزۇش ھېسابلىنىدۇ.

2) ناماز سىرتىدا دۇئا قىلىۋاتقان ياكى ئويلىنىۋاتقاندا ئاسمانغا قاراشنىڭ ياخشى ئىش ئىكەنلىكى.



www.munber.org

## 341 . باب نامازدا (تۇرغان ئادەمنىڭ) ئۆزرىسىز ئۇياق ـ بۇياققا قارىشىنىڭ يائشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا

1755 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ناماز ئوقۇۋاتقان كىشىنىڭ ئۇنىڭ ـ سولغا قاراش مەسىلىسىنى سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «هُوَ اخْتِلاسٌ يَخْتَلِسُهُ الشَّيْطَانُ مِنْ صَلاةِ الْعَبْدِ» «بۇ بولسا بەندىنىڭ نامىزىدىن شەيتاننىڭ ئوغرىلاپ كەتكەنلىكى بولىدۇ»، دېگەن.

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

1756 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِيَّاكَ وَالالْتِفَاتَ في الصَّلاةِ، فَإِنَّ الالْتِفَاتَ في الصَّلاةِ هَلَكَةٌ، فإِنْ كَانَ لابُدَّ، فَفي التَّطَوُّعِ لا في الْفَرِيضَةِ» «نامازدا تۇرۇپ ئۇياق ـ بۇياققا قاراشتىن ساقلانغىن، چۈنكى نامازدا تۇرۇپ، ئۇياق ـ بۇياققا قاراشنىڭ ئۆزى كىشىنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. قاراشقا مەجبۇر بولۇپ قالساڭ پەرز نامازدا ئەمەس، نەفلى نامازدا قارىغىن».

— تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى (1755~1756): 1) نامازدا ئۇياق ـ بۇياققا قاراشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، چۈنكى بۇنداق قىلىش غاپىللىقنىڭ ۋە خۇشۇنىڭ كەملىكىنىڭ ئالامىتى بولۇپ، شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى ئىكەنلىكى. شەيتاننىڭ ناماز ئوقۇغۇچىلارنى غەپلەتتە قويۇشقا تىرىشىدىغانلىقى. شۇنىڭدەك، نامازدا ئۇياق ـ بۇياققا قاراش ھالاكەت سەۋەبى ئىكەنلىكى. چۈنكى، بۇ قىلمىش ئىبادەت ۋاقتىدا شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىگە ئەگىشىپ، ئاللاھ تائالادىن يۈز ئۆرۈش بولۇپ قالىدىغانلىقى، ئادەتتىكى مەكرۇھ ئىشلارغا سەل قاراش ۋە مەكرۇھ ئىشلارنى قىلىۋېرىشنىڭ ھارامغا ئېلىپ بارىدىغانلىقى.

2) نامازدا بىرەر ئۆزرە بولسا ئۇياق ـ بۇياققا قاراشقا بولىدىغانلىقى. بۇ ھەقتە «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇنەين تەرەپتە تۇرۇپ دۈشمەن تەرەپكە كېچىدە ئايغاقچى ئەۋەتكەن، ئەتىگەن بامدات ئوقۇۋېتىپ، ئايغاقچى كېلىدىغان تەرەپكە قارىغان»، دېگەن رىۋايەت بار.

3) نەفلى ئىبادەتلەردە ئۇياق ـ بۇياققا قاراشنىڭ مەكرۇھلۇقى پەرز ئىبادەتلەردىكىگە قارىغاندا يەڭگىلراق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، شەرىئەتنىڭ پەرز ئىبادەتكە كۆڭۈل بۆلۈشى نەفلى ئىبادەتلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ.

4) يۇقىرىدىكى ئۇياق ـ بۇياققا قاراش يۈز بىلەن قاراشنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن، گەۋدىسى بىلەن بۇرۇلۇپ قاراش بولسا ھارام بولۇپ، نامازنى بۇزىدۇ. چۈنكى، گەۋدىسىنى بۇراپ قاراش قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت نامازنىڭ شەرتىگە دەخلى يەتكۈزۈپ قويىدۇ.



www.munber.org

## 342 . باب قەبرىلەرگە قاراپ ناماز ئوقۇشتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا

1757 ـ ئەبۇ مەرسەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «لا تُصَلُّوا إلى القُبُورِ، ولا تَجْلِسُوا عليْها» «قەبرىلەرگە قاراپ ناماز ئوقۇماڭلار ۋە قەبرىلەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرماڭلار»

ــــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) قەبرىگە يۈز كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ، ھېچقانداق توساقسىز قەبرىگە قاراپ ناماز ئوقۇش ھارام. ئەگەر ئارىلىقتا توساق بولۇپ، قەبرىگە يۈز كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلماي ناماز ئوقۇسا ياخشى ئەمەس. بۇنىڭدىكى ھېكمەت، بۇ ئاللاھ تائالادىن باشقىنى ئۇلۇغلىغانلىق بولىدۇ ۋە مۇشرىكلىك پىتنىسىگە دۇچار بولۇپ قېلىش خەۋپى بار.

2) قەبرە ئۈستىدە ئولتۇرۇشنىڭ چەكلىنىدىغانلىقى، چۈنكى بۇنداق قىلىش ئاللاھ تائالا ھۆرمەتلىك ياراتقان ئىنساننى كۆزگە ئىلماي، خارلىغانلىق ھېسابلىنىدىغانلىقى.

ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دەيدۇ: ھەدىسشۇناسلار قەبرە قاتۇرۇش ياخشى ئەمەس، قەبرە ئۈستىدە ئولتۇرۇش، شۇنىڭدەك قەبرىگە يۆلىنىش، تايىنىپ ئولتۇرۇش چەكلەنگەن ئىش، دېگەن.

## 343 . باب ناماز ئوقۇۋاتقان ئادەمنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

1758 ـ ئەبۇ جۇھەيم ئابدۇللاھ ئىبنى ھارس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لَوْ يَعْلَمُ المَارُّ بَيْنَ يدي المُصَلِّي مَاذا عَلَيْهِ لَكَانَ أنْ يَقِفَ أَرْبَعِينَ خَيْراً لَهُ مِنْ أنْ يَمُرَّ بَيْنَ يَدَيْهِ» «ئەگەر ناماز ئوقۇۋاتقان ئادەمنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈچى ئۆزىگە قانداق گۇناھ بولىدىغانلىقىنى بىلسە ئىدى، ئۇنىڭ ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتمەي (40 كۈن ياكى 40 يىل كۈتۈپ) تۇرغىنى ئەلۋەتتە ياخشى بولاتتى».

رىۋايەت قىلغۇچى: «مەن رەسۇلۇللاھنىڭ 40 كۈن ياكى 40 ئاي ياكى 40 يىل دېگەنلىكىنى جەزم قىلالمىدىم»، دېگەن. ــــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ناماز ئوقۇۋاتقان كىشىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى. ئەگەر مەسجىد ئىچىدە ناماز ئوقۇۋاتقان بولسا، ئۇ كىشى بىلەن سەجدە قىلىدىغان ئورۇننىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈش ھارام.

2) ئەگەر مەسجىدتىن باشقا ئورۇندا بولۇپ ئالدىدا توساق قويغان بولسا، توساق بىلەن ئۇ كىشى ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈش ھارام. ئەگەر توساق يوق ھالدا ناماز ئوقۇۋاتقان بولسا، ئالدىدىن ئۆتۈش ھارام ئەمەس.

www.munber.org

تۇساق: ئالدىغا تىكلەپ قويغان ھاسا ياكى باشقا نەرسىلەر بولۇپ، بىر ياكى يېرىم مېتىر ئارىلىقتا تىكلىشى كېرەك. ئەگەر بىر مېتىردىن يىراق ئارىلىقتا تىكلەپ قويۇلغان بولسا، ئارىلىقتىن ئۆتۈش ھارام ئەمەس. يۇقىرىقى ھۆكۈم پەرز ۋە نەفلى نامازلارغا ئورتاق تەتبىقلىنىدۇ.

## 344 . باب مۇئەززىن تەكبىر ئېيتىپ پەرز ناماز ئوقۇلىدىغان چاغدا مەيلى مۇشۇ نامازنىڭ سۈننىتىنى بولسۇن ياكى نەفلى نامازلارنى بولسۇن ئوقۇشنىڭ مەكرۇھلىقى توغرىسىدا

1759 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إذا أُقِيمتِ الصلاَةُ، فَلاَ صَلاَةَ إلا المكتوبَةَ» « پەرز نامازغا تەكبىر ئېيتىلغان چاغدا پەرز نامازدىن باشقا ناماز ئوقۇشقا بولمايدۇ » .

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەرز ناماز ئوقۇلۇۋاتقان ياكى ئوقۇلۇشقا ئاز قالغان ۋاقىتتا نەفلى نامازنى باشلاشقا شۇرۇ قىلىشقا بولمايدىغانلىقى. ئەبۇ ھەنىفە بىلەن ئىمام مالىك ئېيتىدۇ: « بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىنى پەرز باشلىنىپ بىرىنچى رەكئەت ئاخىرلاشقۇچە ئوقۇپ بولۇشقا كۆزى يەتسە، سۈننەتنى بۇرۇن ئوقۇسا بولىدۇ. پەرز ناماز ئوقۇلۇۋاتقاندا نەفلى نامازنى ئوقۇشتىن چەكلەشتىكى ھېكمەت: بىرىنچىدىن، پەرزنىڭ تولۇقلىقىنى ساقلاش. ئىككىنچىدىن، ئىمام بىلەن جامائەت ئارىسىدا بىردەكلىك بولۇشى ئۈچۈن بىرىنچى تەكبىرگە ئۈلگۈرۈش.

## 345 . باب جۈمە كۈنىنىڭ كۈندۈزىنى روزا تۇتۇشقا، كېچىسىنى ناماز ئوقۇشقا خاس قىلىۋېلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا

1760. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا تَخُصُّوا لَيْلَةَ الجُمُعَةِ بِقِيَامٍ مِنْ بَيْنِ اللَّيَالي، وَلا تَخُصُّوا يَوْمَ الجُمُعَة بِصيَامٍ مِنْ بيْنِ الأَيَّامِ إلاَّ أَنْ يَكُونَ في صَوْمٍ يَصُومُهُ أَحَدُكُمْ» « يالغۇز جۈمە كۈنىنىڭ كېچىسىنى تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشقا، كۈنلەرنىڭ ئىچىدە جۈمە كۈنى كۈندۈزنى روزا تۇتۇشقا خاس قىلىۋالماڭلار، لېكىن جۈمە كۈنى تۇتۇپ ئادەتلەنگەن روزاڭلارغا توغرا كېلىپ قالسا تۇتساڭلار كېرەك يوق » .

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1761 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم دەيدۇ: «لا يَصُومَنَّ أَحَدُكُمْ يَوْمَ الجُمُعَةِ إلاَّ يَوْماً قَبْلَهُ أوْ بَعْدَهُ» « سىلەردىن بىر كىم جۈمە كۈنىدە روزا تۇتسا، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ياكى كەينىدىكى بىر كۈننىمۇ قوشۇپ تۇتسۇن » .

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

1762 ـ مۇھەممەد ئىبنى ئەببادتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: « مەن جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: ‹رەسۇلۇللاھ جۈمە كۈنى روزا تۇتۇشتىن مەنئى قىلغانمۇ؟›، دەپ سورىسام، ئۇ: ‹ھەئە›، دېدى ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1763 ـ مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى جۇۋەيرىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ جۈمە كۈنى ئۇنىڭ قېشىغا كىرگەندە ئۇ روزا تۇتۇغلۇق ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: «أَصُمْتِ أَمْسِ؟» « تۈنۈگۈن روزا تۇتقانمىدىڭ؟ »، دېدى. ئۇ: « ياق »، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «تُرِيدِينَ أَنْ تَصُومِي غداً؟» « ئەتىمۇ روزا تۇتماقچىمۇ سەن؟ »، دېگەندى، ئۇ يەنە: « ياق »، دېدى . رەسۇلۇللاھ: «فَأَفْطِرِي» « ئۇنداق بولسا روزاڭنى ئېچىۋەتكىن »، دېدى. — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى (1760~1763): 1) جۈمە كۈنىنىڭ كۈندۈزىنى روزىغا ياكى كېچىسىنى ناماز ئوقۇشقا خاس قىلىشنىڭ مەكرۇھ بولىدىغانلىقى. ئالىملار بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلغان: شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرىنى ئىبادەتكە خاس قىلغان يەھۇدىي، خرىستىئانلارغا ئىبادەت ئۇسۇلى ۋە كۈنلەرنى ئۇلۇغلاش ئىشلىرىدا قارىمۇ ـ قارشى يول تۇتۇش ياخشى. بۇ يەردىكى چەكلەش ھاراملىقنى ئىپادىلىمەيدۇ. چۈنكى، بۇ يەردە ھېيت كۈنلىرىدىكى ئاللاھ تائالانىڭ زىياپىتىدىن روزا تۇتۇپ يۈز ئۆرۈشكە ئوخشاش ھاراملىق سەۋەبلىرى مەۋجۇد ئەمەس.

2) جۈمە كۈنىدىكى روزا تۆۋەندىكىدەك ئىككى ھالەتكە توغرا كەلسە ھېچ باك يوق.

(1) جۈمە كۈنى روزا تۇتىمەن، دەپ ئاللاھ تائالاغا ۋەدە قىلغان بولسا ياكى زۇلھەججىنىڭ ئونىنچى كۈنى دېگەندەك باشقا شەرئى سەۋەبكە توغرا كېلىپ قالسا.

(2) جۈمە روزىسىنى پەيشەنبە ياكى شەنبە كۈنى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تۇتقان بولسا.

(3) پەقەت جۈمە كۈنىلا بىر كۈن روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئېغىز ئېچىۋېتىشى ياخشى.

## 346 . باب ئىككى ـ ئۈچ كۈن يېمەي ـ ئىچمەي روزا تۇتۇشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

1764 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ يېمەي ـ ئىچمەي ئۇلاپ روزا تۇتۇشتىن مەنئى قىلغان.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1765 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ يېمەي ـ ئىچمەي ئۇلاپ روزا تۇتۇشتىن مەنئى قىلدى. ساھابىلەر: « سەن ئۇلاپ روزا تۇتىسەنغۇ؟ »، دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ: «إِنِّي لَسْتُ مِثْلَكُمْ، إِنِي أُطْعَمُ وَأُسْقَى» « مەن سىلەرگە

www.munber.org

ئوخشىمايمەن، ماڭا يەيدىغان ۋە ئىچىدىغان نەسىلەر بېرىلىپ (يەنى ماڭا ئاللاھ تەرىپىدىن يېگەندەك ۋە ئىچكەندەك كۈچ قۇۋۋەت بېرىلىپ) تۇرىدۇ» ، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى (1764~1765): 1) ئۇلاپ روزا تۇتۇش ئىسلام ئۇممىتى ئۈچۈن چەكلەنگەن ئىش.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. گاھى ئۇممەتكە مەجبۇرىيەت بولمىغان ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەجبۇرىيەت بولىدۇ. ئۇممەتكە جائىز ئىش ئۇنىڭغا جائىز بولماي قالىدۇ. بەزىدە ئۇممەتكە دۇرۇس بولغان ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تېخىمۇ سىناش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا دۇرۇس بولمايدۇ.

3) ئۇلاپ روزا تۇتۇش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇسۇسىيىتى بولۇپ، باشقا كىشىلەرگە بېرىلمىگەن كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە سەۋرچانلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن.

## 347 . باب قەبرە ئۈستىدە ئولتۇرۇشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

1766 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لأنْ يجْلِسَ أحدُكُمْ على جَمْرَةٍ، فَتُحْرِقَ ثِيَابَه، فَتَخْلُصَ إلى جِلْدِهِ خَيرٌ لَهُ مِنْ أنْ يجْلِسَ على قَبْرٍ» «بىرىڭلارنىڭ چوغنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغىنى ۋە چوغ ئۇنىڭ كىيىمىنى كۆيدۈرۈپ تېرىسىگە تۇتاشقىنى ئۇنىڭ قەبرە ئۈستىدە ئولتۇرغىنىدىن ياخشىدۇر» .

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

## 348 . باب قەبرىگە گەج ئىشلىتىش ۋە قۇرۇلۇش قىلىشتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا

1767 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەبرىگە گەج ئىشلىتىشتىن، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشتىن ۋە ئۇنىڭغا قۇرۇلۇش قىلىشتىن، قەبرە قاتۇرۇش، گۈمبەز ياساشقا ئوخشاش ئىشلاردىن مەنئى قىلدى.

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) قەبرە قاتۇرۇشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، چۈنكى بۇنداق قىلىش پۇل ـماللارنى زايە قىلىۋېتىش بولىدىغانلىقى، ئەگەر قەبرىلەرنى ياساش، ئۇنى بېزەش ۋە زىننەتلەش دەرىجىسىگە يەتسە بۇنىڭ ھارام بولىدىغانلىقى.

2) قەبرىگە قۇرۇلۇش سېلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، چۈنكى بۇنداق قىلىشنىڭ مەخلۇقلارنى ئۇلۇغلاشقا ئوخشاپ قالىدىغانلىقى ۋە پۇل ـ مالنى زايە قىلغانلىق بولىدىغانلىقى.

3) قەبرە ئۈستىدە ئولتۇرۇشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى.



www.munber.org

## 349 . باب قۇلنىڭ خوجايىنىنىڭ خىزمىتىدىن قېچىشىنىڭ قاتتىق ھاراملىقى توغرىسىدا

1768 ـ جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ: «أَيُّمَا عَبْدٍ أَبَقَ، فَقَدْ بَرِئَتْ مِنْهُ الذِّمَّةُ» «قانداقلىكى بىر قۇل خوجايىنىنىڭ خىزمىتىدىن قاچىدىكەن، ئىسلام ئۈنىڭدىن چىكارىگاھ بولىدۇ»، دېگەن.

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1769 ـ جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِذا أَبَقَ الْعَبْدُ، لَمْ تُقْبَلْ لَهُ صَلاةٌ» «قاچانكى بىر قۇل قاچىدىكەن ئۇنىڭ نامىزى قوبۇل بولمايدۇ». ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

## 350. باب شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىشقا ئارا تۇرۇشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿الزَّانِيَةُ وَالزَّانِي فَاجْلِدُوا كُلَّ وَاحِدٍ مِّنْهُمَا مِئَةَ جَلْدَةٍ وَلَا تَأْخُذْكُم بِهِمَا رَأْفَةٌ فِي دِينِ اللَّهِ إِن كُنتُمْ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ﴾ ﴿زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەر بىرىنى يۈز دەررىدىن ئۇرۇڭلار، ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدىغان بولساڭلار، ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ (ئەھكامىنى ئىجرا قىلىشتا) ئۇلارغا رەھىم قىلماڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە نۇر 2 ـ ئايەت)

1770. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەخزۇم ئايمىقىدىن ئوغرىلىق قىلغان بىر ئايالنىڭ ئىشى قۇرەيش قەبىلىسى كىشىلىرىنى غەمناك قىلىپ قويىدى. ئۇلار: «بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كىم سۆزلىشىپ باقار؟ بۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمى ئۇسامە ئىبنى زەيدىدىن باشقا كىم جۈرئەت قىلالايدۇ»، دېيىشتى، ئۇسامە بۇ توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا گەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «أَتَشْفَعُ فِي حَدٍّ مِنْ حُدُودِ اللَّهِ تَعَالى؟» «ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا ئارا تۇرماقچىمۇ سەن؟»، دېدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇپ مۇنداق دېدى: «إِنَّمَا أَهلَكَ الَّذينَ قَبْلَكُمْ أَنَّهمْ كَانُوا إِذا سَرَقَ فِيهِم الشَّرِيفُ تَرَكُوهُ، وَإِذا سَرَقَ فِيهِمُ الضَّعِيفُ، أَقامُوا عَلَيْهِ الحَدَّ، وَايْمُ اللَّهِ لَوْ أَنَّ فاطِمَةَ بِنْتَ مُحَمَّدٍ سَرَقَتَ لَقَطَعْتُ يَدَهَا» «سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەر شۇنىڭ ئۈچۈن ھالاك قىلىندىكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نوپۇزلۇق كىشىلەر ئوغرىلىق قىلسا جازالىماي، ئاجىز كىشىلەر ئوغرىلىق قىلسا جازالايتتى. ئاللاھنىڭ نامى



www.munber.org

بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مۇھەممەدنىڭ (ئۆزىنى دېمەكچى) قىزى فاتىمە ئوغرىلىق قىلغان تەقدىردىمۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قولىنى كەسكەن بولاتتىم».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھەدلەرنى ئىجرا قىلىشتا شاپائەت قىلماسلىق كېرەك. ئىمام مالىك ئېيتىدۇ: كىشىلەرگە ئازار بەرگەن كىشىگە شاپائەت قىلماسلىق كېرەك.

2) ئاياللارنىڭ ئوغرىلىق ۋە باشقا جىنايى قىلمىشىنىڭ جازا ئىجرالىرىدا ئەرلەر بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكى.

3) ئىسلامدا ھەد ئىجرا قىلىشتا ھەد كەلگەن كىشىنىڭ ئاما ئىچىدىكى نوپۇزى، ئورنى قانچىلىك ئۈستۈن بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر ھەققانىيەت تەرەپتىن ئېغىش ياكى ئادالەتسىزلىك قىلىش مەۋجۇت ئەمەس.

4) ھەدلەردە شاپائەت قىلىش ياكى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا ئادەم قويۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى، شەرىئەتتىكى ھەد ئۆزگەرمەيدۇ.

5) ئۆتمۈشتە ئۆتكەن قەۋملەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇش.

6) بۇ ھەدىستە ئۇسامە ئىبنى زەيدنىڭ پەزىلىتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەزىرىدىكى ئورنى بايان قىلىنغان.

## 351 . باب يولغا، كىشىلەر سايىدايدىغان جايغا ۋە سۇ ئالىدىغان جايغا چوڭ تەرەت قىلىپ قويۇشتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ وَالَّذِينَ يُؤْذُونَ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ بِغَيْرِ مَا اكْتَسَبُوا فَقَدِ احْتَمَلُوا بُهْتَانًا وَإِثْمًا مُّبِينًا ﴾ ﴿مۇئمىنلەر مۇئمىنەلەرگە قىلمىغان ئىشلارنى (چاپلاپ) ئۇلارنى رەنجىتىدىغانلار، شۇ بوھتاننى ۋە روشەن گۇناھنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەھزاب 58 ـ ئايەت)

1771 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «اتَّقُوا اللاعِنَيْن» «كىشىلەرنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدىغان ئىككى قىلىقتىن ساقلىنىڭلار». ساھابىلەر: ئۇلار قايسىلار، ئى رەسۇلۇللاھ؟»، دەپ سورىغاندا رەسۇلۇللاھ: «الَّـذِي يَـتَخَلَّى فِي طَـرِيقِ النَّـاسِ أَوْ فِي ظِلِّهِـمْ» «كىشىلەرنىڭ ماڭىدىغان يولىغا ياكى ئۇلارنىڭ سايىدايدىغان جايىغا تەرەت قىلىپ قويۇش»، دېدى.

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) شەيخ زەكەرىيا ئەنسارىي مۇنداق دەيدۇ: بۇ قىلىقلار مۇسۇلمانلارغا ئەزىيەت يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن ھارام، دەيدۇ. بۇ ھەدىسنىڭ زاھىرىدىن بۇنىڭ



www.munber.org

هاراملىقى چىقىپ تۇرىدۇ. بۇنداق قىلىقنى قىلغۇچىلارغا لەنەت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن بۇ چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدۇ.

2) ئىسلام دىنىنىڭ پاكىزلىققا ۋە كېسەل، ۋابالارنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ھېرىسمەنلىكى، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ياخشى ئىشلاردا بىرلىشىشنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقى.

## 352 . باب توختام سۇغا سىيىپ قويۇشتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا

1772 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توختام سۇغا سىيىپ قويۇشتىن مەنئى قىلغان. ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: تۇرغۇن سۇغا (گەرچە سۇ كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ) سىيىش چەكلەنگەن. ئەگەر سۇ باشقىلارنىڭ مۈلكى ياكى ئېقىن سۇ بولسا سىيىش ھارام ھېسابلىنىدىغانلىقى.

## 353 . باب ئاتىنىڭ بالىلىرىغا نەرسە بېرىشتە بەزىسىگە بەزىسىدىن ئارتۇق بېرىشىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا

1773 ـ نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، نۇئماننىڭ ئاتىسى ئۇنى رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىپ: « مەن بۇ ئوغلۇمغا مېنىڭ خىزمەتكارىمنى بېرىۋەتتىم »، دېۋىدى. رەسۇلۇللاھ: «أَكُلَّ وَلَدِكَ نَحلْتَهُ مِثْلَ هَذا؟» « سەن بالىلىرىڭنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇنداق خىزمەتكار بەردىڭمۇ؟ »، دېدى. ئۇ: « ياق »، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «فأَرْجِعْهُ» « ئۇنى قايتۇرۇۋالغىن »، دېدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە: رەسۇلۇللاھ: «أَفَعَلْتَ هَذا بِوَلَدِكَ كُلِّهِمْ؟» « بالىلىرىڭنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇنداق قىلدىڭمۇ؟ »، دېدى. ئۇ: « ياق »، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «اتَّقُوا اللَّهَ وَاعْدِلُوا في أَوْلادِكُمْ» « ئاللاھتىن قورقۇڭلار، بالىلىرىڭلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل بولۇڭلار »، دېدى. دادام كېلىپ ئېھسان قىلغان نەرسىنى قايتۇرۇۋالدى، دېيىلگەن.

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: رەسۇلۇللاھ: «يَا بَشِيرُ أَلَكَ وَلَدٌ سِوَى هَذا؟» « ئى بەشىر! بۇنىڭدىن باشقا بالىلىرىڭ بارمۇ؟ »، دېۋىدى. ئۇ: « ھەئە »، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «أَكُلَّهُمْ وَهَبْتَ لَهُ مِثْلَ هَذا؟» « ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇنداق بەردىڭمۇ؟ »،

www.munber.org

دېدى. ئۇ: «ياق»، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «فَلا تُشْهِدْني إِذاً فَإِنِّي لا أَشْهَدُ عَلى جَوْرٍ» «ئۇنداقتا مېنى گۇۋاھلىققا تارتمىغىن، چۈنكى مەن زۇلۇمغا گۇۋاھ بولمايمەن»، دېدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «لا تُشْهِدْني عَلى جَوْرٍ» «ئۇنىڭغا مېنى گۇۋاھلىققا تارتما»، دېدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «وَّشهِد نَلوُ هوُا غَيري،» «باشقا ئادەمنى گۇۋاھ قىلغىن»، دېدى. ئاندىن: «أَيَسُرُّكَ أَنْ يَكُونُوا إِلَيْكَ فِي الْبِرِّ سَوَاءً؟» «ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ساڭا قارىتا باراۋەر ياخشىلىق قىلىشىدىن خۇشاللىنامسەن؟»، دېۋىدى، نوئمان: «شۇنداق»، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «فَلا إِذاً» «ئۇنداقتا سەنمۇ ئۇلارنى باراۋەر كۆرگىن»، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بارلىق ئىشلاردا ئىسلام شەرىئىتىگە ۋە ئىسلام ئالىملىرىغا مۇراجىئەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى. بۇنداق قىلىش ساھابىلەرنىڭ بىرەر قىيىنچىلىققا يولۇققان ياكى بىرەر ئىشقا بەل باغلىغان چاغدىكى ئادىتى ئىدى.

2) ئاتا ـ ئانا قىز ـ ئوغۇل پەرزەنتلىرىگە ئادىل كۆز قاراشتا قاراش، ئايرىمچىلىق قىلماسلىق كېرەك، چۈنكى بۇنداق قىلىش ئائىلە بىرلىكىنى پاچاقلايدىغان سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

## 354. باب ئايال كىشى ئۆز ئېرىگە تۆت ئاي ئون كۈن قارىلىق تۇتقاندىن باشقا، باشقا مېيىتلارغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق قارىلىق تۇتۇشىنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

1774 ـ ئەبۇ سەلەمەنىڭ قىزى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ ئايالى ئۇممۇ ھەبىبەنىڭ يېنىغا دادىسى ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب تۈگەپ كەتكەندە كىرسەم، بىر تۈرلۈك خۇشبۇي نەرسىنى ئەكەلدۈرۈپ ئالدى بىلەن بىر قىزچاققا سۈرۈپ قويدى. ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئىككى مەڭزىگىمۇ سۈرۈپ مۇنداق دېدى: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، خۇش پۇراق ئىشلىتىشكە ھاجىتىممۇ يوق ئىدى، لېكىن مېنىڭ بۇنى ئىشلىتىشىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنبەردە تۇرۇپ: «ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن ئايالنىڭ ئېرىگە تۆت ئاي ئون كۈن قارىلىق تۇتقاندىن باشقا بىرەر مېيىتقا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق قارىلىق تۇتۇشى ھالال بولمايدۇ»، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.

ئاندىن زەينەب مۇنداق دەيدۇ: مەن جەھشىنىڭ قىزى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ قېرىندىشى تۈگەپ كەتكەندە ئۇنىڭ يېنىغا كىرسەم، ئۇ خۇش پۇراق نەرسىنى ئەكەلدۈرۈپ سۈرگەندىن كېيىن: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن



www.munber.org

رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنبەردە تۇرۇپ: ‹لا يَحِلُّ لامْرَأَةٍ تُؤْمِنُ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ أَنْ تُحِدَّ عَلى مَيِّتٍ فَوْقَ ثَلاَثٍ إِلاَّ عَلى زوجٍ أَرْبَعَةَ أَشْهُرٍ وَعَشْراً› ‹ئاللاھ ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ئايالنىڭ ئېرىگە تۆت ئاي ئون كۈن قارىلىق تۇتقىنىدىن باشقا، بىرەر مېيىتقا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق قارىلىق تۇتۇشى ھالال بولمايدۇ›، دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىغان بولسام، بۇ خۇش پۇراقنى ئىشلىتىشكە ھاجىتىمۇ يوق ئىدى »، دېگەنىدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئايال كىشى ئۆز ئېرىدىن باشقىلارغا پەقەت ئۈچ كۈنلا قارىلىق تۇتۇشى كېرەكلىكى، ئۇنىڭدىن ئارتۇق قارىلىق تۇتۇش چەكلەنگەن.

2) ئايال كىشى ئېرىگە ئىددەت مۇددىتى (يەنى، تۆت ئاي ئون كۈن)گىچە قارىلىق تۇتۇشى لازىم.

3) ئايالنىڭ ئېرىگە قارىلىق تۇتۇشىدىكى ھېكمەت: بالىياتقۇنىڭ پاكلىقىنى ساقلاش، تۆھمەت، گۇمانلارنى يوق قىلىش ئۈچۈندۇر.

4) شەرىئەتنىڭ ئەرنىڭ ئايالىغا قارىتا ھەققىنى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئېتىراپ قىلىدىغانلىقى ۋە ئەر ـ ئاياللىق رىشتىنىڭ ئىسلامدىكى ئەھمىيىتى.

## 355 . باب يەرلىك كىشىنىڭ سىرتتىن مال ئېلىپ كەلگەن قىرلىق ياكى يېزىلىقنىڭ مېلىنى ئۆزىگە شۇ كۈنكى باھا بويىچە ساتقىلى قويماي، « مەن سېتىپ قوياي » دېيىشىنىڭ، مال ئېلىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئالدىنى توساشنىڭ، قېرىنداشنىڭ سودىسىنى بۇزۇپ ئۆز مېلىنى سېتىشنىڭ، قېرىندىشى ئالماقچى بولغان ئايالغا توي تەلىپى قويۇشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

1775 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ يەرلىك كىشىنىڭ سىرتتىن كەلگەن ئادەمنىڭ (مەيلى قىرلىق ياكى دېھقان بولسۇن) مېلىنى سېتىپ بېرىشىدىن مەنئى قىلغان. (ئۇ ئادەم ئۇنىڭ ئاتا بىر ئانا بىر تۇغقىنى بولغاندىمۇ).

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: باھادا ئالدامچىلىق قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، شەھەرلىكلەرنىڭ سەھرالىقلارنىڭ (قارشى تەرەپ باھادىن خەۋەرسىز ھالدا) نەرسىسىنى « مەن سېتىپ قوياي »، دەپ ئېلىۋېلىشىنىڭ چەكلەنگەنلىكى. (بۇ ئۇسۇل بىلەن باشقىلارنى ئالداپ زىيان تارتقۇزۇشنىڭ ھاراملىقى).

1776 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا تَتَلَقُّوا السلَعَ حَتَّى يُهْبَطَ بِهَا إِلى الأَسْوَاقِ» « مال بازارغا يېتىپ كېلىپ، كىرمىگىچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئالدىنى توساپ سېتىۋالماڭلار ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) شەھەر بازارلىرىغا مال ئەكىرىۋاتقانلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ سودا قىلىشنىڭ چەكلىنىدىغانلىقى. ئەگەر بۇ چەكلىمىنى بىلىپ تۇرۇپ سودا قىلسا ھارام دەپ قارىلىدىغانلىقى.

2) يۇقىرىقىدەك سودىنىڭ شەرىئەتتىكى ھارام دەپ قارىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، مال ئىگىسى مالنى ساتىمەن دېمىگەن، شەھەرگە كىرىپ تېخى نەرخى ـ ناۋانى بىلمىگەن شارائىتتا ئالدىنى توسۇپ مال سېتىۋالسا، مال ئىگىسىنى ئالدىشى ۋە زىيانغا ئۇچرىتىشى مۇمكىن.

**1777 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ: «لا تَتَلَقَّوُا الرُّكْبَانَ، وَلا يبِعْ حَاضِرٍ لِبَادٍ» « كارۋان بازارغا يېتىپ كېلىشتىن ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ (ماللىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن) يولىنى توسماڭلار » ، دېدى. تاۋۇس ئىبنى ئابباسقا: « يەرلىك ئادەم سىرتتىن كەلگەن ئادەمگە سېتىپ بەرمىسۇن دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟ » ، دېۋىدى. ئىبنى ئابباس: «لا يكُونُ لَهُ سَمْسَاراً» « ئۇنىڭغا دەللال بولۇپ بەرمىسۇن دېگەن گەپ » ، دېدى.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1778 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ يەرلىك ئادەمنىڭ سىرتتىن كەلگەن ئادەمگە مېلىنى سېتىشنى مەنئى قىلدى ۋە مۇنداق دېدى: «وَلا تَنَاجَشُوا ولا يبع الرَّجُلُ عَلى بَيْعِ أَخيهِ ، ولا يخطبْ عَلى خِطْبَةِ أَخِيهِ ، ولا تسْأَلِ المرأَةُ طلاقَ أُخْتِهَا لِتَكْفَأَ مَا في إِنَائِهَا» « مالنى ئوشۇق باھادا سېتىۋېلىش ئۈچۈن يالغان خېرىدار ياللىماڭلار، بىر ئادەم ئۆزىنىڭ قېرىندىشىنىڭ سودىسىنى بۇزۇپ ئۆز مېلىنى سېتىۋالمىسۇن. قېرىندىشىنىڭ ئالماقچى بولغان ئايالغا توي قىلىش تەلىپى قويمىسۇن ۋە بىر ئايال ئۆزىنىڭ ئايال قېرىندىشىنىڭ قاچىسىدىكى ئېشىنى (ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ) تۆكۈۋېتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئېرىگە ئۇنى تالاق قىلغۇزىۋەتمىسۇن » ، دېگەن.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**يەنە بىر رىۋايەتتە: رەسۇلۇللاھ: « يېرىم يولدا كېلىۋاتقان كارۋان مالىنىڭ ئالدىنى توسۇپ سودا قىلىشتىن ۋە يەرلىكنىڭ سىرتتىن كەلگەنلەرنىڭ مېلىنى سېتىشتىن، بىرەر ئايالنىڭ: ‹خوتۇنىڭنى قويۇۋەتسەڭ مەن ساڭا تېگىمەن›، دەپ ئەر كىشىگە شەرت ئېيتىشتىن، ئۆزىنىڭ قېرىندىشى قويغان كېلىشىپ بولغان باھاسىنىڭ ئۈستىگە باھا قويۇشتىن ۋە مالنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈۋېلىش مەقسىتىدە يالغان خېرىدار ياللاشتىن، ساتماقچى بولغان چاھارپاينىڭ سۈتىنى قەستەن ساغماي يىلىنىنى چوڭ كۆرسەتمەكچى بولۇشتىن مەنئى قىلغان » ، دېيىلگەن.**

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) يۇقىرىقى شەكىلدىكى سودىدىن چەكلەنگەن. چۈنكى، بۇ خىل سودا باشقىلارغا ئەزىيەت يەتكۈزۈش، ئالداش ۋە زىيانغا ئۇچرىتىشتۇر.



www.munber.org

2) كىشىلەرگە قىيىنچىلىق كەلتۈرىدىغان ۋە زىيانغا ئۇچرىتىدىغان ئىشلاردىن چەكلەنگەن. ئائىلىلەر ئارا ئىتتىپاقسىزلىق، ئۆچمەنلىككە سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن يىراقلىشىش تەشەببۇس قىلىنغان.

**1779 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «لا يبِعْ بَعْضُكُمْ عَلَى بَيْعِ بعْضٍ، ولا يَخْطُبْ على خِطْبَةِ أَخِيهِ إلاَّ أَنْ يَأْذَنَ لَهُ» **« سىلەرنىڭ بەزىڭلار بەزىڭلارنىڭ سودىسىنى بۇزۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ مېلىنى سېتىۋالمىسۇن ۋە قېرىندىشىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالماقچى بولغان لايىقىغا ئېغىز ئاچمىسۇن ».** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) باشقىلارنىڭ سودىسىنى بۇزۇپ سودا قىلىشتىن نەھيى قىلىنغان.

2) بىر ئەر كىشى ئايالغا سۆز ئېچىپ، ھەر ئىككى تەرەپ قوشۇلۇپ، رازى بولۇشۇپ بولغان بولسا ياكى قوشۇلغانلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ، پەقەت پۈتۈشۈۋېلىشلا قالغان بولسا، باشقا بىر كىشى بۇنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇ ئايالغا خېرىدارلىق قىلسا ھارام بولىدۇ. چۈنكى، بۇنداق قىلىش باشقىلارغا ئازار بېرىش ۋە باشقىلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچى قېتىمقى پۈتۈشكەن ئەر ياكى ئايال مۇناسىۋەتنى ئۈزسە ياكى رۇخسەت قىلسا، ئاندىن ئىككىنچى ئادەم توي تەلەپ قويسا بوللۇق بولىدۇ. ئەگەر بۇ مۇناسىۋەتنىڭ ۋاقتى ئۇزىراپ كەتسە، ياكى يوقاپ كەتسە، ۋەياكى يېنىۋالسا، بۇ مۇناسىۋەت ئۈزۈلگەن بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

3) ئىككىنچى قېتىم تەلەپ قويغۇچىنىڭ نىكاھى توغرا بولغاندىمۇ، لېكىن ئۇ كىشى چەكلەنگەن ئىشنى قىلغانلىقى ئۈچۈن گۇناھكار ھېسابلىنىدۇ.

4) ئاياللارنىڭمۇ ئىككىنچى بىر ئايالنىڭ لايىقىغا ئېغىز ئېچىشىمۇ ئوخشاشلا ھارام قىلىنغان.

**1780. ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «المُؤْمِنُ أَخُو المُؤمِن، فَلاَ يَحِلُّ لِمُؤمِنٍ أَنْ يبْتَاعَ عَلَى بَيْعِ أَخِيهِ وَلاَ يَخْطِبْ علَى خِطْبَةِ أَخِيهِ حتَّى يَذَرَ» **« مۇئمىن مۇئمىننىڭ قېرىندىشىدۇر. مۇئمىنگە قېرىندىشىنىڭ سودىسىنى بۇزۇپ ئۆزىنىڭ مېلىنى سېتىۋېلىشى ۋە قېرىندىشى يېنىۋالمىغىچە ئۇنىڭ ئالماقچى بولغان لايىقىغا ئېغىز ئېچىشى ھالال بولمايدۇ ».**
— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

## 356 . باب شەرىئەتتە دۇرۇس ئەمەس يوللارغا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقى توغرىسىدا

**1781 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إنَّ اللَّه تَعَالى يَرضي لَكُمْ ثلاثاً، وَيَكْرَه لَكُمْ ثَلاثاً: فَيَرضي لَكُمْ أَنْ تَعْبُدوه، وَلا تُشركُوا بِهِ شَيْئاً، وَأَنْ تَعْتَصِموا بِحَبْلِ اللَّهِ جَمِيعاً وَلا تَفَرَّقُوا، ويَكْرهُ لَكُمْ: قِيلَ وَقَالَ، وَكَثْرَةَ السُّؤالِ، وإضَاعَةَ المَالِ»

www.munber.org

« ئاللاھ سىلەرنىڭ ئۈچ ئىشىڭلاردىن رازى بولىدۇ ۋە ئۈچ ئىشىڭلارنى ياقتۇرمايدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىشىڭلاردىن، ئاللاھنىڭ دىنىغا بىردەك مەھكەم يېپىشىشىڭلاردىن، ئايرىلماسلىقىڭلاردىن مەمنۇن بولىدۇ. سۆز ـ چۆچەك قىلىشىڭلاردىن، سوئال سورىشىڭلاردىن، پۇل ـ مالنى بۇزۇپ چېچىۋېتىشىڭلاردىن نارازى بولىدۇ ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالاغا ئىبادەتنى شېرىكتىن خالىي ھالدا ئىخلاس بىلەن قىلىشقا ۋە دىنىي ئەھكاملاردا مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى ساقلاشتا چىڭ تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

2) قۇرۇق گەپ قىلماسلىق، پايدىسىز نەرسىلەر ئۈستىدە كۆپ سوئال سورىماسلىق كېرەكلىكى.

3) شەرىئەتتە دۇرۇس ئەمەس ئىشلارغا پۇل خەجلەش ۋە ماللارنى بۇزۇپ ـ چېچىشتىن يىراق بولۇش كېرەكلىكى.

1782 ـ مۇغىرە ئىبنى شۇئبەنىڭ كاتىبى ۋەرراد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مۇغىرە ئىبنى شۇئبە ئەۋەتكەن بىر خېتىدە ماڭا مۇنداق دەپ يازغان: « رەسۇلۇللاھ ھەر پەرز نامازنىڭ كەينىدە: ‹يالغۇز بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد يوق، ئاللاھنىڭ شېرىكى يوق، پادىشاھلىق ھۆكۈمرانلىق ۋە جىمى مەدھىيە ئاللاھقا مەنسۇپ. ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. ئى ئاللاھ! سەن بەرگەن نەرسىگە ھېچكىم توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ، سەن بەرمىگەن نەرسىنى ھېچكىم بېرەلمەيدۇ، سېنىڭ ئالدىڭدا بايلارنىڭ بايلىقى ئەسقاتمايدۇ›، دېگەن رەسۇلۇللاھ سۆز چۆچەكلەردىن، پۇل ـ مالنى بۇزۇپ چېچىشتىن، كۆپ سوئال سوراشتىن، ئانىلارنى قاقشىتىشتىن، قىزلارنى تىرىك كۆمۈشتىن، بېرىشكە تېگىشلىك ھەقنى بەرمەسلىكتىن، ئېلىشقا تېگىشلىك بولمىغاننى ئېلىش كويىدا بولۇشتىن مەنئى قىلغان ».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ھەدىسلەرنى توپلاش ئىشىنىڭ ساھابىلەر زامانىسىدىن تارتىپلا باشلانغانلىقى.

2) ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىشتىن نەھيى قىلىنغان. ھەدىستە خاس ئانىلارنىڭلا تىلغا ئېلىنىشى ئۇلارنىڭ ئاجىز بولغانلىقى ۋە تولاراق قاقشىتىلىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

3) مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشتىن باش تارتىشتىن چەكلەنگەن.

www.munber.org

## 357 . باب مۇسۇلمانغا مەيلى راست مەيلى چاقچاق بولسۇن قورال خاراكتېرىنى ئالغان نەرسىلەرنى تەڭلەشتىن ۋە قىلىچنى يالىڭاچ سۇنۇشتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا

**1783** ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لاَ يشِرْ أَحَدُكُمْ إِلَى أَخِيهِ بِالسِّلاَحِ، فَإِنَّهُ لاَ يَدْرِي لَعَلَّ الشَّيْطَانَ يَنْزِعُ فِي يَدِهِ، فَيَقَعَ فِي حُفْرَةٍ من النَّارِ» «سىلەردىن بىرىڭلار قېرىندىشىغا قورال تەڭلىمىسۇن. چۈنكى ئۇ ئۇقمايدۇكى، شەيتان ئۇنىڭ قولىدىكى قورالنى تارتىۋېلىپ، ئۇنى دوزاختا تاشلايدىغان ۋەقەگە دۇچار قىلىپ قويۇشى مۇمكىن».

مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن دېيىلىدۇ: «مَنْ أَشارَ إِلَى أخيهِ بِحَدِيدَةٍ، فَإِنَّ الْمَلاَئِكَةَ تَلْعَنُهُ حتَّى يَنْزِعَ، وإِنْ كَان أَخَاهُ لأَبِيهِ وأُمِّهِ» «قانداق بىر كىشى بولمىسۇن ئۇ قېرىندىشىغا تىغ تەڭلەيدىكەن، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇيدۇ، تىغ تەڭلىگۈچى ئۆزىنىڭ دادا بىر ئانا بىر قېرىندىشى بولغان تەقدىردىمۇ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: **1**) ئىسلامنىڭ ئىنساننىڭ ساغلاملىقىنى ۋە ئابرۇيىنى ساقلاشقا ھېرىس ئىكەنلىكى.

**2**) مەيلى راست ياكى چاقچاق قىلىپ بولسۇن مۇسۇلماننى قورقۇتۇشتىن چەكلەنگەن. چۈنكى، مۇسۇلماننى قورقۇتۇش ھارام. بۇ ھەدىسنى ھازىرقىدەك قورال ئېلىپ يۈرۈش خەتەرلىرى كۆپ بولۇۋاتقان زامانغا تەتبىقلاش مۇمكىن.

**1784** ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، يالىڭاچ قىلىچنى سۇنۇشتىن مەنئى قىلغان. — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: قىلىچنى يالاڭ بېرىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، چۈنكى قىلىچنى ئالغۇچى ئېھتىيات قىلمىسا، قولى ياكى باشقا ئەزالارنى جاراھەتلەندۈرۈپ كۆڭۈلسىزلىككە سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. پىچاق ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تىغلىق، بىسلىق نەرسىلەرمۇ قىلىچنىڭ ھۆكمىدە بولۇپ، ئۇ نەرسىلەرنى ئېتىپ ئوينىماسلىق، باشقىلارغا بەرگەندە بىسى تەرىپىنى تۇتۇۋېلىپ، تۇتقۇچى تەرىپىنى سۇنۇشنىڭ لازىملىقى.

## 358 . باب ئۆزرىسى بولماي تۇرۇپ ئەزاندىن كېيىن پەرزنى ئوقۇماستىن مەسجىدتىن چىقىپ كېتىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا

**1785** ـ ئەبۇ شەئسادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: بىز ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مەسجىدتە ئولتۇراتتۇق، مۇئەززىن ئەزان ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن بىر ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ مەسجىدتىن سىرتقا مېڭىۋىدى، ئەبۇ



www.munber.org

ھۇرەيرە ئۇ ئادەم مەسجىدتىن چىقىپ كەتكۈچىلىك ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرۇپ: « ئۇ ئادەم ئەبۇلقاسىمغا ئاسىيلىق قىلدى » ، دېگەن.

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ناماز ۋاقتى كىرىپ، ئەزان ئېيتىلغاندىن كېيىن، پەرز نامازنى ئادا قىلماستىنلا ئۆزرىسىز مەسجىدنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشنىڭ يامان ئىش ئىكەنلىكى. بۇنداق قىلىشنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە ئاسىيلىق قىلىش بولىدىغانلىقى.

## 359 . باب بىرەر خۇشبۇي نەرسە سوۋغا قىلىنسا ئۇنى ئۆزرىسىز قايتۇرۇۋېتىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا

1786 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ عُرِضَ عَلَيْهِ رِيْحَانٌ، فَلا يَرُدَّهُ، فَإِنَّهُ خَفِيفُ المَحْمِلِ، طَيِّبُ الرِّيحِ» « كىمكى ئۇنىڭغا رەيھان گۈلى سوۋغا قىلىنسا، ئۇنى قايتۇرۇۋەتمىسۇن، چۈنكى ئۇ كۆتۈرۈشكە يەڭگىل، پۇرىقى خۇشبۇي نەرسىدۇر » . — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1787 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھقا خۇشبۇي نەرسە ھەدىيە قىلىنسا ئۇنى قايتۇرۇۋەتمەيتتى. — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى (1786~1787): 1) خۇش پۇراقلىق، پاكىز ھەدىيىلەرنى قوبۇل قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى ۋە بۇ نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشتا ھېچقانداق مۇشەققەت ـ مىننەت بولمايدىغانلىقى.

2) خۇش پۇراقلىق، پاكىز نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش ۋە قېرىنداشلىرىغا سوۋغا قىلىپ تۇرۇشنىڭ ياخشىلىقى.

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاكىز، خۇشبۇي نەرسىلەرنى قايتۇرۇۋەتمەي، قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلىشتەك ئەخلاقى.

## 360. باب يۈز تۇرانە ماختالغان ئادەمنىڭ مەغرۇرلىنىپ ئۆزىنى بىلەلمەي قېلىش خەۋپى بولسا ئۇنى يۈزتۇرانە ماختاشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، ئۇنداق بولمىسا ئۇنى ئالدىدا ماختاشنىڭ دۇرۇسلۇقى توغرىسىدا

1788 ـ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ بىر كىشىنىڭ يەنە بىر كىشىنى تەرىپلەپ ھەددىدىن ئارتۇق ماختاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ: «أَهْلَكْتُمْ، أَوْ قَطَعْتُمْ ظَهرَ الرَّجُلِ» « ئۇنى نابۇت قىلدىڭلار ياكى ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلدىڭلار » ، دېگەن. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: يۈزبچىلاپ ماختاشتىن نەھيى قىلىنغان. بۇ ماختالسا مەغرۇرلىنىپ، ئۇچۇپ كېتىدىغان كىشىلەرگە قارىتىلغان بولۇپ، ماختالسا مەغرۇرلىنىپ كەتمەيدىغان ھەمدە پايدىسى تېگىدىغان ئىشلاردا ماختىسا بولىۋېرىدىغانلىقى.

1789 ـ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىدا بىر ئادەمنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغانىدى. ئۇنى بىر ئادەم ماختاپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «وَيْحَكَ قَطَعْتَ عُنُقَ صَاحِبِكَ» « ساڭا ئۇۋال، بۇرادىرىڭنى (ماختىغان كىشىڭنى ــــ ت) ھالاك قىلدىڭ » ، دېدى ۋە بۇ سۆزنى بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىدى. ئاندىن مۇنداق دېدى: «إِنْ كَانَ أَحَدُكُمْ مَادِحاً لا مَحَالَةَ، فَلْيَقُلْ: أَحْسِبُ كَذَا وكَذَا إِنْ كَانَ يَرَى أَنَّهُ كَذَلِكَ، وَحَسِيبُهُ اللَّه، ولاَ يُزَكِّى علَى اللَّهِ أَحَدٌ» « سىلەردىن بىر كىم بىراۋنى ماختىماي بولمايدىغان بولسا، مېنىڭچە پالانى مۇنداق ـ مۇنداق دېسۇن. ئۇنىڭ قارىشىدا ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا. ئاللاھ كىشىنىڭ قىلغان ئەمەلىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىپ جازا بېرىدۇ. كىشى ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھېچبىر ئادەمنى ئاقلىمىسۇن » .

ــــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كىشىلەرنى ئۇلاردا يوق نەرسە بىلەن قارىسىغا ماختاشتىن نەھيى قىلىنغان. ئەگەر بىرەرسىنى ماختاشقا مەجبۇر بولۇپ قالسا، شۇ كىشىدە بولۇشى مۇمكىن بولغان نەرسىلەر بىلەن ماختاپ: « پەمىمچە ئۇ كىشى مۇنداقراق » ، دېگەندەك سۆزلەرنى قىلسۇن. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئاللاھ تائالا بىلىدۇ.

1790 . ھەممام مىقداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئالدىدا ماختىغىلى تۇرۇۋىدى، مىقداد بۇنى كۆرۈپ تىزلىنىپ تۇرۇپ ماختىغان كىشىنىڭ يۈزىگە شېغىل چاچتى. ئوسمان مىقدادقا: « بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ » ، دېۋىدى. ئۇ: « رەسۇلۇللاھ: ‹إِذَا رَأَيْتُمُ المَدَّاحِينَ، فَاحْثُوا في وَجُوهِهِمُ التُّرابَ› ‹ماختىغۇچىنى كۆرسەڭلار ئۇنىڭ يۈزىگە توپا چېچىڭلار›، دېگەن » ، دېدى.

ــــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

مانا بۇ ھەدىسلەر يۈزتۇرانە ماختاشنى مەنئى قىلىش ھەققىدىكى ھەدىسلەر بولۇپ، بۇنىڭ دۇرۇسلۇقى ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەرمۇ بار. ئۆلىمالار بۇ ھەدىسلەرنى تەتبىقلاپ مۇنداق دېگەن: « ئەگەر ماختالغۇچى كىشى ئىمان ئېتىقادى كامىل، ئىستىقامەتلىك، مەرىپەتلىك ئىنسان بولۇپ بىراۋنىڭ ماختىشى بىلەن مەغرۇرلىنىپ كەتمەيدىغان، ئۆزىنى يوقىتىپ ئۇچۇپ كەتمەيدىغان كىشى بولسا ماختاش ھارامبۇ ئەمەس، مەكرۇھمۇ ئەمەس. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئۇ كىشىنى يۈزتۇرانە ماختاش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ.



www.munber.org

يۇزتۇرانە ماختاشنىڭ دۇرۇسلۇقى ھەققىدىكى ھەدىسلەرنىڭ بىرى شۇكى، ئەبۇ بەكرىگە رەسۇلۇللاھ: «أَرْجُو أَنْ تَكُونَ مِنْهُمْ» «مەن سېنىڭ جەننەتكە كىرىشىڭ ئۈچۈن جەننەتنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىدىن چاقىرىلغۇچىلاردىن بولۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن»، دېگەن.

يەنە بىر ھەدىستە: «لستَ مِنهُم» «سەن تەكەببۇرلۇق قىلىپ تونىنى سۆرەپ يۈرگۈچىلەردىن ئەمەس سەن»، دېگەن.

يەنە ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا: «مَا رَآكَ الشَّيْطَانُ سَالِكاً فَجّا إلاّ سلكَ فَجّا غَيْرَ فَجِّك» «شەيتان سېنىڭ قايسى بىر يولدا ماڭغانلىقىڭنى كۆرسە، ئۇ سەن ماڭغان يولنى تاشلاپ باشقا بىر يولدا ماڭىدۇ»، دېگەن.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مەدداھلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماسلىق ۋە ئۇلارنىڭ مەدھىيىسىنى مۇكاپاتلىماسلىق. «مەدداھلارنىڭ يۈزىگە توپا چېچىش ۋە تاش ئېتىش»، دېگەن سۆزمۇ بار. بۇ مەدھىيىنى خۇشامەت ياكى كەسىپ قورالىغا ئايلاندۇرۇۋېلىشنى ياكى ماختالغان كىشىنىڭ مەغرۇرلىنىپ، ھاكاۋۇرلۇق قىلىشىنى چەكلەش ئۈچۈندۇر. ئالىملار يۇقىرىقى ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنىنى بىرلەشتۈرۈپ ئېيتىدۇ: ئەگەر ماختالغان كىشى مەدھىيىگە ئالدىنىپ، مەغرۇرلىنىپ كەتمەيدىغان ئىمانى كامىل كىشى بولسا، بۇ كىشىنى مەدھىيىلەش ھارام ئەمەس. ئەگەر يۇقىرىقىدەك كىشى بولمىسا، ئۇنى يۈزىچىلاپ ماختاش قاتتىق چەكلىنىدۇ. مانا يۇقىرىقى تەپسىلاتلارغا ئاساسەن ھەر خىل ھەدىسلەر كەلگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبۇ بەكرىگە: «أَرْجُو اَنْ تَكُونَ مِنْهُمْ» «سېنىڭ ئۇلارنىڭ (يەنى جەننەتنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىدىن چاقىرىلىدىغان كىشىلەرنىڭ) جۈملىسىدىن بولۇشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن»، دېگەن سۆزى ۋە يەنە باشقا ھەدىستىكى: «لَسْتَ مِنْهُمْ» «سەن ئۇلارنىڭ (يەنى، ئىشتىنىنى ھاكاۋۇرلۇقتىن ئۇزۇن كىيىدىغان كىشىلەرنىڭ) جۈملىسىدىن ئەمەس»، دېگەن سۆزلىرى، شۇنىڭدەك ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «مَارَآكَ الشَّيْطَانُ سَالِكًا فَجًّا اِلاَّ سَلَكَ فَجًّا غَيْرَ فَجِّكَ» «شەيتاننىڭ سەن ماڭغان كوچىدا ماڭماي، باشقا كوچىدا ماڭغانلىقىنى كۆردۈم»، دېگەن سۆزلىرىمۇ يوللۇق مەدھىيىلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

## 361. باب ۋابا كېسىلى پەيدا بولغان يۇرتتىن قېچىپ چىقىپ كېتىشنىڭ ۋە سىرتتىكى كىشىلەرنىڭ ئۇ يۇرتقا كىرىشىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿أَيْنَمَا تَكُونُواْ يُدْرِككُّمُ الْمَوْتُ وَلَوْ كُنتُمْ فِي بُرُوجٍ مُّشَيَّدَةٍ﴾ ﴿قەيەردە بولماڭلار، (ئەجەل كەلگەندە) ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ، مۇستەھكەم قەلئەلەردە بولغان تەقدىردىمۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە نىسا 78 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَلاَ تُلْقُواْ بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ﴾ ﴿ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 195 ـ ئايەت)



www.munber.org

1791 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۆمەر شامغا قاراپ سەپەرگە چىقىپ سەرغ دېگەن جايغا كەلگەندە ئۇنىڭ ئالدىغا لەشكەر باشلىقلىرىدىن ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى چىقىدۇ. ئۇلار ئۆمەرگە شامدا ۋابا كېسىلى پەيدا بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ماڭا: « ئىلگىرى ھىجرەت قىلغان مۇسۇلمانلارنى چاقىرىپ بەرگىن »، دېدى. مەن ئۇلارنى چاقىرىپ كەلدىم. ئۆمەر ئۇلار بىلەن شامدا ۋابا كېسىلى پەيدا بولغانلىقىنى ئېيتىپ مەسلىھەتلەشتى، ئۇلارنىڭ پىكرى بىردەك بولمىدى. بەزىلىرى: « سەن بىر ياخشى ئىش ئۈچۈن مەدىنىدىن چىقتىڭ، بىز سېنىڭ قايتىپ كېتىشىڭنى مۇۋاپىق دەپ قارايمىز »، دېدى. بەزىلىرى: « سەن بىلەن نۇرغۇن ئادەم ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرى بار، بىز سېنىڭ ئۇلارنى بۇ ۋاباغا ئىتتىرمەسلىكىڭنى توغرا دەپ قارايمىز »، دېدى. ئۆمەر ئۇلارنى قايتىشقا بۇيرۇدى، ئاندىن مېنىڭ ئەنسارىيلارنى چاقىرىپ كېلىشىمنى ئېيتتى. مەن ئۇلارنى چاقىرىپ كەلدىم. ئۆمەر ئۇلاردىنمۇ مەسلىھەت سورىدى، ئۇلارنىڭ پىكرىمۇ مۇھاجىرلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولدى. ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى قىلىشتى. ئۆمەر ئۇلارغىمۇ: « قايتىپ تۇرۇڭلار »، دېدى. ئاندىن ماڭا: « مەككە فەتھ بولغان يىلى ھىجرەت قىلغان قۇرەيشنىڭ چوڭلىرىنى چاقىرىپ كىرگىن »، دېدى. ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشماي بىردەك: « بىز سېنىڭ كىشىلەرنى ۋاباغا ئىتتەرمەي ئۇلارنى ئېلىپ قايتىپ كېتىشىڭنى توغرا دەپ قارايمىز »، دېيىشتى. ئۆمەر كىشىلەرگە: « تاڭ ئېتىشى بىلەن مەدىنىگە قايتىمەن، سىلەرمۇ قايتىڭلار »، دېدى. ئەبۇ ئۇبەيدە: « ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن قېچىش يۈزىسىدىن قايتامسەن؟ »، دېدى. ئۆمەر: « ئى ئەبۇ ئۇبەيدە، بۇ گەپنى سەندىن باشقىسى دېگەن بولسىچۇ؟ (ئۆمەر ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىشنى ياقتۇرمايتتى) ھەئە، ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن ئاللاھنىڭ يەنە بىر تەقدىرىگە قاچماقچىمىز، ئېيتىپ باقە، ئەگەر سېنىڭ بىر پادا تۆگەڭ بولۇپ بۇلار بىر ۋادىغا چۈشسە، ئۇ ۋادىنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ بىر تەرىپى يېشىلچىلىق يەنە بىر تەرىپى قاقاسلىق بولسا، تۆگەڭنى يېشىلچىلىقتا باقساڭمۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن باققان ۋە قاقاسچىلىقتا باقساڭمۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن باققان بولمامسەن؟ »، دېدى. ئىبنى ئابباس ئېيتتىكى: كېيىن ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەلدى. ئۇ بىرەر ئىش بىللە سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ: « مەن بۇ توغرۇلۇق مەلۇماتقا ئىگىمەن، رەسۇلۇللاھنىڭ: ‹إِذَا سَمِعْتُمْ بِهِ بِأَرْضٍ، فلاَ تَقْدمُوا عَلَيْهِ، وإِذَا وَقَعَ بِأَرْضٍ وَأَنْتُمْ بِهَا، فَلا تخْرُجُوا فِرَاراً مِنْهُ› ‹بىرەر يەردە ۋابا بار دەپ ئاڭلىساڭلار ئۇ يەرگە كىرمەڭلار، ئەگەر سىلەر تۇرغان يەردە ۋابا بولسا ئۇيەردىن قېچىپ چىقماڭلار›، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم »، دېۋىدى، ئۆمەر ئاللاھقا ھەمد ئېيتتى ۋە قايتىپ كەتتى. —— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

1792 ـ ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِذَا سمِعْتُمْ الطَّاعُونَ بِأَرْضٍ، فَلاَ تَدْخُلُوهَا، وَإِذَا وقَعَ بِأَرْضٍ، وَأَنْتُمْ فِيهَا، فَلاَ تَخْرُجُوا مِنْهَا» «بىرەر جايدا ۋابا يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭلىساڭلار ئۇ جايغا كىرمەڭلار، سىلەر بار جايدا يۈز بەرگەن بولسا ئۇ يەردىن چىقىپ كەتمەڭلار» .ــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى (1791~1792): 1) ھۆكۈمران بولغان ئادەمنىڭ پۇقرالىرى بىلەن كېڭىشىشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، ۋابا بار جايغا كىرىشنىڭ ۋە ۋابا تارقالغان جايدىن قېچىپ چىقىشنىڭ يامان ئىش ئىكەنلىكى. مانا بۇ بۈگۈنكى كۈندە يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، كىشىلەرنى مۇئەييەن بىر جايدا قاتتىق قامال قىلىپ قويۇش دېيىلىدۇ. چۈنكى، سەۋەبكە يېپىشىش، خەتەرلىك جايلاردىن يىراق بولۇشنىڭ ئۆزى ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىشنىڭ نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ. كېسەلنىڭ يۇقىلىشى، تارقىلىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئىزنى بىلەن بولىدۇ. كىشىنىڭ تۇتقان، پۇتكەن ئىشىنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ تائالا بىلىپ تۇرىدۇ. ئىنسان خەتەرلىك ئىشلاردىن ساقلىنىشقا بۇيرۇلغان.

2) شەرىئەتنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرى ھېسابلانغان قىياسنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكى.

3) ئاۋامنىڭ باشچىلىرى ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەكلىكى. ئۇلارنى خەتەرلىك ئىشلارغا ئىتتىرىۋەتمەسلىكى لازىملىقى.

## 362 . باب سېھىرگەرلىكنىڭ قاتتىق ھارامىلىقى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَا كَفَرَ سُلَيْمَانُ وَلَـكِنَّ الشَّيْاطِينَ كَفَرُواْ يُعَلِّمُونَ النَّاسَ السِّحْرَ﴾ ﴿سۇلايمان كافىر بولغىنى يوق، لېكىن شەيتانلار كىشىلەرگە سېھىر ئۆگىتىپ كافىر بولدى﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەرە 202 ـ ئايەت)

1793 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «اجْتَنِبُوا السَّبْعَ الْمُوبِقَاتِ» «ھالاك قىلغۇچى يەتتە خىل گۇناھلاردىن ساقلىنىڭلار»، ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇلار قايسىلار؟»، دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الشِّرْكُ بِاللَّهِ، السِّحْرُ، وَقَتْلُ النَّفْسِ التي حرَّمَ اللَّه إلاَّ بِالْحَقِّ، وَأَكْلُ الرِّبَا، وَأَكْلُ مَالِ اليتيم، والتَّوَلِّي يَوْمَ الزَّحْفِ، وقَذفُ الْمُحْصنَاتِ الْمُؤْمِناتِ الْغَافِلاتِ» «ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىرگەرلىك قىلىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، جازانە يېيىش، يېتىملارنىڭ مېلىنى يەۋېلىش، ئۇرۇش مەيدانىدىن قېچىش، يامان ئىشتىن بىخەۋەر ئىپپەتلىك مۇئمىن ئاياللارغا بوھتان چاپلاشتۇر»، دېدى.

ــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇ ئىشلار كىشىنى ھالاكەتكە تاشلىغۇچى، ئازابقا سالغۇچى ئىشلار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھارام ئىكەنلىكى. بۇنىڭ بايانى يېتىمنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋېلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى بابتا ئۆتكەن. بۇ يەردە سېھىرگەرلىكنىڭ قاتتىق ھارام ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن.

## 363 ـ باب « قۇرئان كەرىم »نىڭ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ خارلىنىپ قېلىشىدىن قورقسا ئۇنى كۇففار يۇرتىغا ئېلىپ بارماسلىق توغرىسىدا

1794 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۈشمەن زېمىنىغا سەپەر قىلغاندا قۇرئان ئېلىۋېلىشنى مەنئى قىلغان.
—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: دۈشمەن دىيارلىرىغا « قۇرئان كەرىم »نى يېنىدا ئېلىپ سەپەر قىلىشقا بولمايدىغانلىقى. سەۋەبى، « قۇرئان كەرىم » ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپ، ئۇلار « قۇرئان كەرىم »نى خارلاپ قويۇشى مۇمكىن. ئەگەر بۇنداق بولۇشتىن ئەنسىرىمىگەن تەقدىردىمۇ ئېھتىيات يۈزىسىدىن « قۇرئان كەرىم »نى يېنىدا ئېلىپ سەپەرگە چىقماسلىق ياخشى.

## 364 ـ باب يېيىش ـ ئىچىش، تازىلىق ۋە باشقا بارلىق ئىشلاردا ئالتۇن ـ كۈمۈش قاچىلارنى ئىشلىتىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

1795 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الَّـذِي يَشْـرَبُ فِي آنِيَـةِ الْفِضَّـةِ إِنَّمَـا يُجَرْجِـرُ فِي بَطْنِـهِ نَـارَ جَهَـنَّمَ» « كۈمۈش قاچىدا بىر نەرسە ئىچكەن ئادەم شۈبھىسىزكى قورسىقىغا جەھەننەمنىڭ ئوتىنى تولدۇرۇپ ياتقان بولىدۇ ».
—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «إِنَّ الَّـذِي يَـأْكُلُ أَوْ يَشْـرَبُ فِي آنِيـةِ الْفِضَّـةِ وَالذَّهَـبِ» « ئالتۇن ـ كۈمۈش قاچىدا يېگەن ياكى ئىچكەن ئادەم شۈبھىسىزكى قورسىقىغا جەھەننەمنىڭ ئوتىنى تولدۇرۇپ يۇتقان بولىدۇ ».

1796 ـ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ بىزنى تاۋار ـ دۇردۇن يېپەك رەختنى كىيىشتىن، ئالتۇن ـ كۈمۈش قاچىلاردا ئىچىشتىن مەنئى قىلىپ: «هُنَّ لَهُمْ فِي الدُّنْيَا وَهِيَ لَكُمْ فِي الآخِرَةِ» « ئۇلار دۇنيادا كۇففارلار ئۈچۈن، ئاخىرەتتە سىلەر ئۈچۈندۇر »، دېدى.
—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

يەنە بىر رىۋايەتتە: مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «لا تَلْبِسُوا الحَرِيرَ وَلا الدِّيبَاجَ، ولا تَشْرَبُوا في آنيَةِ الذَّهَبِ والْفِضَّةِ وَلا تَأْكُلُوا في صِحَافِهَا» « سىلەر يىپەك رەخت، تاۋار ـ دۇردۇن كىيمەڭلار، ئالتۇن ـ كۈمۈش قاچىلاردا ئىچمەڭلار ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈش لېگەنلەردە يېمەڭلار »، دېيىلگەن.

1797 ـ ئەنەس ئىبنى سىرىن مۇنداق دەيدۇ: « مەن ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىر جامەئە مەجۇسىيلارنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتۇق، كۈمۈش قاچىدا ھالۋا كەلتۈرۈلۈۋىدى، ئەنەس ئۇنى يېمىدى، تاماق كەلتۈرگۈچىگە ‹قاچىنى ئالماشتۇرۇۋەت›، دېيىلدى، كۈمۈش قاچا ياغاچ قاچىغا ئالماشتۇرۇلدى. ئاندىن ئەنەس ھالۋىنى يېدى ».

— بەيھەقى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى (1795~1797): 1) يېمەك ـ ئىچمەك ۋە باشقا ئىستېمالدا ئالتۇن ـ كۈمۈش قاچىلارنى ئىشلىتىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى، چۈنكى بۇ نەرسىلەرنى ئىشلىتىش تەكەببۇرلۇق ۋە ھاكاۋۇرلۇقنىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكى. بۇ نەرسىلەرنى زىننەت ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىشكە بولمايدىغانلىقى. چۈنكى، ئىشلىتىش ھارام قىلىنغان نەرسىنى زىننەت ئۈچۈن ئىشلىتىشمۇ ھارام. يۇقىرىقى ھەدىسلەردىكى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشلارغا قارىغاندا، بۇ نەرسىلەرنى ئىشلىتىش چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدىغانلىقى. ئاياللار زىننەت ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئالتۇن ـ كۈمۈش بۇيۇملىرى ۋە ئەرلەرنىڭ كۈمۈش ئۈزۈك سېلىشى بۇنىڭغا كىرمەيدۇ.

2) ھەر خىل يىپەك كىيىملەرنى كىيىشنىڭ ئەرلەرگە ھارام ئىكەنلىكى. چۈنكى، يىپەكتە ئەرلەرنىڭ خاراكتېرىگە زىت بولغان ئەۋرىشىملىك بولىدىغانلىقى. ئەگەر كېسەل سەۋەبىدىن يىپەك كىيىم كىيسە بولىۋېرىدىغانلىقى.

3) يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەكتە ھەشەمەتچىلىك قىلىشتىن ۋە كۇففارلارغا ئوخشاشلىقتىن يىراق بولۇش.

4) ئاللاھ تائالانىڭ يوقىلاڭ، ئۆتكۈنچى نەرسىلەر ئورنىغا مەڭگۈلۈك نەرسىلەرنى ئالماشتۇرۇپ بېرىدىغانلىقى.

## 365 ـ باب ئەر كىشىنىڭ زەپەر رەڭلىك كىيىم كىيىشىنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

1798 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەر كىشىنىڭ زەپەر رەڭلىك كىيىم كىيىشىنى مەنئى قىلغان.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1799 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ ئۇستۇمدىكى سېرىق رەڭلىك ئىككى كىيىمنى كۆرۈپ: «أُمُّكَ أَمَرَتْكَ بهذا؟» « بۇلارنى كىيىشكە ئاناڭ بۇيرۇدىمۇ »، دېدى.

مەن: «يۇيۇۋېتەيمۇ؟»، دېسەم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بَلْ أَحْرِقْهُمَا» «بەلكى ئۇلارنى كۆيدۈرۋەت»، دېدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «إنَّ هذا مِنْ ثِيَابِ الكُفَّارِ فَلا تَلْبَسْهَا» «كۇففارلارنىڭ كىيىمدۇر. ئۇنى كىيمىگىن»، دېدى، دېيىلگەن. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1800. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ئەستە تۇتۇۋالغان ئىدىم: «لايُتْمَ بَعْدَ احْتِلامٍ، وَلا صُمَاتَ يَوْمٍ إلى اللَّيْلِ» «بالاغەتكە يەتكەن كىشى يېتىم ھېسابلانمايدۇ. ئەتىگەندىن كەچكىچە گەپ قىلماي يۇرۇشكە بولمايدۇ». — ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

خەتتاب بۇ ھەدىسنىڭ ئىزاھاتىدا مۇنداق دېگەن: «گەپ قىلماي يۇرۇش جاھىلىيەت دەۋرىدە ئىبادەت ھېسابلىناتتى. ئىسلامىيەتتىن كېيىن بۇنىڭدىن مەنئى قىلىنىپ ئۇنىڭ ئورنىغا زىكىر ئېيتىش ۋە ياخشى گەپ قىلىشقا بۇيرۇلغان».

1801 ـ قەيس ئىبنى ئەبۇ ھازىم مۇنداق دېگەن: ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەھمەس قەبىلىسىدىن زەينەب ئىسىملىك بىر ئايالنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭ گەپ قىلمايدىغانلىقىنى كۆرگەن ۋە بۇ ئايالنىڭ نېمىشقا گەپ قىلمايدىغانلىقىنى سورىغان. ئۇلار: «بۇ ئايال مۇشۇنداق گەپ قىلماي ھەج قىلىپ كەلدى»، دېدى. ئەبۇ بەكرى ئۇ ئايالغا: «گەپ قىلغىن، گەپ قىلماسلىق ھالال ئەمەس، بۇ جاھىلىيەتنىڭ قىلىقى»، دېۋىدى، بۇ ئايال شۇ ھامان گەپ قىلدى.

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) يېتىم بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن يېتىم ھېسابلانمايدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن يېتىملىق ھۆكۈملىرى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغانلىقى.

2) سۆز قىلماسلىق بىلەن ئىبادەت قىلىش ئىسلامدا مەۋجۇت ئەمەس، ھارام ئىش بولۇپ، مېھمان كۈتۈشتە ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇلۇپ يامانلىقتىن توسۇشتا شۇنىڭدەك ئىلىم تەلەپ قىلىشقا ئوخشاش ياخشى ئىشلاردا سۆزلەش تەشەببۇس قىلىنغان. غەيۋەت ياكى سەت گەپ قىلىش بولسا ھارام قىلىنغان.

3) پەقەت سۆزلىمەسلىككە ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلغان كىشى شەرىئەت بۇيرۇقلىرىغا زىت ئىش قىلغانلىقى ئۈچۈن قەسىمىگە ۋاپا قىلىشى لازىم ئەمەس.

www.munber.org

## 367 . باب كىشىنىڭ ئۆز ئاتىسىدىن باشقا كىشىنى ئاتام دەۋېلىشىنىڭ ۋە ئۆزىنى ئازاد قىلغان كىشىدىن باشقا كىشىنى مېنىڭ ئازاد قىلغۇچىم دەۋېلىشىنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

**1802** ـ سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَن ادَّعَىٰ وِلىٰ غَيرِ وَبِيهِ وَهُوَ يَعلَمُ وَنَّهُ غَيرُ وَبِيهِ فَالجَنَّةُ نَلَيهِ چَرامٌ» «كىمكى بىر كىشىنى ئۆز ئاتىسى ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆز ئاتام دەۋالسا جەننەت ئۇنىڭغا هارام بولىدۇ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1803** ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا تَرْغَبُوا عَنْ آبَائِكُمْ، فَمَنْ رَغِبَ عَنْ أَبِيهِ فَهُوَ كُفْرٌ» «ئاتاڭلاردىن تانماڭلار، كىمكى ئاتىسىدىن تانىدىكەن، بۇ كۇفرىلىق بولىدۇ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئۆز دادىسى بولمىغان كىشىنى بىلىپ تۇرۇپ دادام دەپ تۇرۇۋېلىش كۇفرىلىق بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى دادىسىنىڭ نامرات بولغانلىقى ئۈچۈن ياكى دادام دەۋالغان كىشىنىڭ ئابرۇيىنى كۆزلەپ ئۆز دادىسىدىن تانغان. ئەگەر كىشى ئۇ ئىشنىڭ ھاراملىقىنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ بۇ ئىشنى قىلسا دوزاخقا لايىق چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىدۇ.

2) ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلەرنىڭ نەسەبلىرىنى قوغداشقا ۋە باللار ئۈستىدىكى ئاتىلىق ھوقۇقلىرىنى ھۆرمەت قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى.

**1804** ـ يەزىد ئىبنى شەرىك ئىبنى تارىق مۇنداق دەيدۇ: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ: «ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، قولىمىزدا بىز ئوقۇۋاتقان ئاللاھنىڭ كىتابىدىن ۋە مۇشۇ سەھىفىلەردىن (يەنى پارچە كىتاب ۋاراقلىرى) باشقا يېزىلغان نەرسە يوق»، دەپ سەھىفىلەرنى ئاچتى. ئۇنىڭدا تۆلەمگە بېرىلىدىغان تۆگىلەرنىڭ ياش سانى ۋە جاراھەتلەرنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئالاقىدار مەسىلىلەر ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى بار ئىكەن: «المدِينَةُ حَرَمٌ مَا بَيْنَ عَيْرٍ إلى ثَوْرٍ، فَمَنْ أَحْدَثَ فيهَا حَدَثاً، أَوْ آوَى مُحْدِثاً، فَعَلَيْهِ لَعْنَةُ اللَّهِ والمَلائِكَة وَالنَّاسِ أَجْمَعِينَ، لا يَقْبَلُ اللَّه مِنْهُ يَوْمَ الْقِيَامَة صَرْفاً وَلا عَدْلاً، ذِمَّةُ المُسْلِمِينَ وَاحِدَةٌ، يَسْعَى بِهَا أَدْنَاهُمْ، فَمَنْ أَخْفَرَ مُسْلِماً، فَعلَيْهِ لَعْنَةُ اللَّه والمَلائِكَةِ وَالنَّاسِ أَجْمَعِينَ، لا يَقْبَلُ اللَّه مِنْهُ يَوْم الْقِيامَةِ صَرفاً ولا عدْلاً . وَمَنِ ادَّعَى إلى غَيْرِ أَبِيهِ، أَو انتَمَى إلى غَيْرِ مَوَالِيهِ، فعلَيْهِ لَعْنَةُ اللَّه وَالملائِكَةِ وَالنَّاسِ أَجْمَعِينَ، لا يقْبَلُ اللَّهُ مِنْهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ صَرْفاً وَلا عَدْلاً» «مەدىنە ئەيردىن سەۋرگىچە ھۆرمىتى ساقلىنىدىغان جايدۇر. كىمكى بۇ مەدىنىدە بىدئەت پەيدا قىلسا ياكى بىدئەتچىگە ئورۇن بەرسە، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ لەنىتى بولسۇن، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ تەۋبىسىنى ۋە بەرگەن تۆلىمىنى قوبۇل قىلمايدۇ. بارلىق مۇسۇلمانلار ھامىيلىقتا ئېلىشتا باراۋەردۇر. ئەڭ ئاددىي مۇسۇلمانمۇ ھامىيلىققا ئالالايدۇ. كىمكى بىرەر مۇسۇلمانغا بەرگەن ھامىيلىقنى



www.munber.org

بۇزسا، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولسۇن، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ تەۋبىسىنى ۋە بەرگەن تۆلىمىنى قوبۇل قىلمايدۇ. كىمكى ئۆز ئاتىسىدىن باشقا بىر كىشىنى ئاتام دەۋالسا ۋە ئۆزىنى ئازاد قىلغان كىشىدىن باشقىسىنى ئازاد قىلغۇچۇم دەۋالسا، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولسۇن. ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ تەۋبىسىنى ۋە بەرگەن تۆلىمىنى قوبۇل قىلمايدۇ ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى باشقا ساھابىلەر بىلمەيدىغان ئىلىملەردىن خەۋەردار قىلدى ياكى ئۇنىڭغا خەلىپىلىكنى ۋەدە قىلدى دەپ دەۋا قىلغان كىشىنىڭ كاززاپلىقى.

2) مەدىنە شەھىرىنىڭ ئەير تېغىدىن سەۋر تېغىغىچىلىك بولغان ئارىلىقى مەككە مۇكەررەمەگە ئوخشاشلا قوغدىلىدىغان جاي بولۇپ، ھايۋانلارنى ئوۋلاشقا، دەرەخلەرنى كېسىشكە، مۇشرىك ۋە مۇسۇلمان بولمىغانلارنىڭ كىرىشىگە يول قويۇلمايدۇ. ئەگەر مەدىنىدە يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلىپ قويسا ھەرەمنىڭ قوغدىلىش دائىرىسىدە يۇقىرىقى ئىشلارنى قىلىپ قويغۇچىنىڭ ئەكسىچە فىدىيە بېرىش يوق.

3) مەدىنىدە گۇناھ ئۆتكۈزۈشنىڭ چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدىغانلىقى.

سەمھۇدى ئېيتىدۇ: مەدىنىدە سادىر قىلىنغان كىچىك گۇناھ چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدۇ.

4) چوڭ گۇناھ سادىر قىلغۇچىلارنى ئىسمىنى ئاشكارىلىماي قارغىسا بولىدىغانلىقى.

5) كىمكى يۇقىرىقى گۇناھلارنى سادىر قىلىپ تەۋبە قىلماستىن ئۆلۈپ كەتسە ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنىڭ پەرز ۋە نەفلى ئىبادەتلىرىنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقى.

6) باشقا كىشىنى دادا قىلىۋېلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى، بۇنىڭ تۇزكۇرلۇق قىلىش ۋە مىراس ھەقلىرىنى زايە قىلىۋېتىش بولىدىغانلىقى.

**1805** - ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «لَيْسَ منْ رَجُلٍ ادَّعَى لِغَيْرِ أبيهِ وَهُوً يَعْلَمُهُ إلاَّ كَفَرَ، وَمَنِ ادَّعَى مَا لَيْسَ لهُ، فَلَيْسَ مِنَّا، وَلِيَتَبوَّأْ مَقْعَدَهُ مِنً النَّار، وَمَنْ دَعَا رَجُلاً بِالْكُفْرِ، أَوْ قالَ: عدُوَّ اللَّه، وَلَيْسَ كَذلكَ إلاَّ حَارَ عَلَيْهِ»

« كىمكى ئۆز ئاتىسى ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، بىرەر كىشىنى ئاتام دەۋالسا، ئۇ دىندىن چىققان بولىدۇ. كىمكى ئۆزىنىڭ بولمىغان نەرسىنى مېنىڭ دەۋالسا، ئۇ كىشى بىزدىن ئەمەس، ئۇ ئۆز جايىنى جەھەننەم دەپ بىلسۇن، كىمكى بىراۋنى كافىر دەپ ياكى ئاللاھنىڭ دۈشمىنى دەپ چاقىرسا، دېيىلگۈچى ئۇنداق بولمىسا، ئۇ گەپ دېگۈچىنىڭ ئۆزىگە قايتىپ قالىدۇ ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

## 368. باب ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى مەنئى قىلغان ئىشنى قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَلْيَحْذَرِ الَّذِينَ يُخَالِفُونَ عَنْ أَمْرِهِ أَن تُصِيبَهُمْ فِتْنَةٌ أَوْ يُصِيبَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ﴾ ﴿پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادا چوڭ بىر) پىتنىگە يولۇقۇشتىن، يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە نۇر 63 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَيُحَذِّرُكُمُ اللّهُ نَفْسَهُ﴾ ﴿ئاللاھ سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقىتىدۇ﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە ئال ئىمران 30 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ بَطْشَ رَبِّكَ لَشَدِيدٌ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ جازاسى شەك ـ شۈبھىسىز قاتتىقتۇر﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە بۇرۇج 12 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَكَذَلِكَ أَخْذُ رَبِّكَ إِذَا أَخَذَ الْقُرَى وَهِيَ ظَالِمَةٌ إِنَّ أَخْذَهُ أَلِيمٌ شَدِيدٌ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭ زالىم يۇرتلار (ئاھالىسى)نى ھالاك قىلسا، ئەنە شۇنداق ھالاك قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن تولىمۇ قاتتىقتۇر﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە ھۇد 102 ـ ئايەت)

1806 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ اللَّه تَعَالى يَغَارُ، وَغَيْرَةُ اللَّهِ أَنْ يَأْتِيَ الَمَرْءُ مَا حَرَّمَ اللَّه عَليهِ» « شۈبھىسىزكى ئاللاھ غەزەپ قىلىدۇ. ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشلارنى قىلغان كىشىگە ئاللاھنىڭ غەزىپى كېلىدۇ ».

ــــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

## 369. باب ئاللاھ مەنئى قىلغان ئىشنى قىلىپ سالغان ئادەمنىڭ نېمە قىلىش ۋە نېمە دېيىشى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِمَّا يَنزَغَنَّكَ مِنَ الشَّيْطَانِ نَزْغٌ فَاسْتَعِذْ بِاللَّهِ. إِنَّ الَّذِينَ اتَّقَواْ إِذَا مَسَّهُمْ طَائِفٌ مِّنَ الشَّيْطَانِ تَذَكَّرُواْ فَإِذَا هُم مُّبْصِرُونَ﴾ ﴿ئەگەر شەيتان ساڭا ۋەسۋەسە قىلسا، (شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن) ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن (سۆزۈڭنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر (ئىشىڭنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئەگەر تەقۋادار كىشىلەر شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىگە ئۇچرىسا، ئاللاھنى ئەسلەيدۇ ـ دە،



www.munber.org

ھەقىقەتنى كۆرۈۋېلىپ، (شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن) خالاس تاپىدۇ﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەئراف 200 ـــ 201 ـ ئايەتلەر)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَالَّذِينَ إِذَا فَعَلُواْ فَاحِشَةً أَوْ ظَلَمُواْ أَنْفُسَهُمْ ذَكَرُواْ اللّهَ فَاسْتَغْفَرُواْ لِذُنُوبِهِمْ وَمَن يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلاَّ اللّهُ وَلَمْ يُصِرُّواْ عَلَى مَا فَعَلُواْ وَهُمْ يَعْلَمُونَ۞ أُوْلَـئِكَ جَزَآؤُهُم مَّغْفِرَةٌ مِّن رَّبِّهِمْ وَجَنَّاتٌ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَنِعْمَ أَجْرُ الْعَامِلِينَ﴾ ﴿تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا ئاللاھنى ياد ئېتىدۇ، گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ. گۇناھنى كەچۈرىدىغان ئاللاھتىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ (يەنى يۇقارقى خىسلەتلەرگە ئىگە كىشىلەرنىڭ) مۇكاپاتى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بولغان مەغفىرەت ۋە ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇر. بۇ يەرلەردە ئۇلار مەڭگۈ قالىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئېرىشىدىغان ساۋابى نېمىدېگەن ياخشى!﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال ئىمران 135 ـ 136 ـ ئايەتلەر).

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَتُوبُوا إِلَى اللَّهِ جَمِيعًا أَيُّهَا الْمُؤْمِنُونَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىڭلار﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە نۇر 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

1807 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ حَلَف فَقَالَ في حلفِهِ: بِاللّاتِ والْعُزَّى، فَلْيقُلْ: لا إِلَهَ إِلاَّ اللَّه ومَنْ قَالَ لِصَاحِبِهِ، تَعَالَ أُقَامِرْكَ فَلْيتَصَدَّق» «كىمكى لات ۋە ئۇززا بىلەن قەسەم قىلسا، ئارقىدىن لاَ إِلَهَ إِلاَّ الله دېسۇن، كىمكى ئۆزىنىڭ يېنىدىكى ئادەمگە كەل، قىمار ئوينايمىز دېسە، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ سەدىقە قىلسۇن». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بۇتلار بىلەن قەسەم قىلىشنىڭ دىندىن چىقىرىۋېتىدىغان ئىش بولۇپ ھارام ئىكەنلىكى، ئەگەر بۇت بىلەن قەسەم قىلغان كىشى بولسا ئىمانىنى يېڭىلاش كېرەكلىكى.

2) قىمارغا چاقىرىشنىڭ ھاراملىقى. بۇنىڭ كەففارىتى بولسا تەۋبە قىلىش ۋە سەدىقە بېرىشكە ئالدىراش بولۇپ، ئاللاھ تائالا: ﴿شۈبھىسىزكى ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ﴾، دېگەن.

## 370 . باب خىلمۇخىل مەزمۇندىكى ھەدىسلەر

1808 ـ نەۋۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئەتىگىنى دەججال ئۈستىدە توختىلىپ ئاۋازىنى بىر



www.munber.org

پەسلىتىپ بىر كۆتۈرەتتى. بىز دەججالنى يېقىن جايدىكى خورمىزارلىقتىكەن، دەپ قالدۇق. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىغا بارغىنىمىزدا، ئۇ بىزنىڭ ھالىمىزنى بىلىپ: «ما شأنكم؟» « ئەھۋالىڭلار قانداق؟ »، دېدى. بىز: « ئى رەسۇلۇللاھ، قايسى بىر ئەتىگىنى سەن ئاۋازىڭنى بىر پەسلىتىپ بىر كۆتۈرۈپ دەججال ئۈستىدە توختالدىڭ، ھەتتاكى بىز ئۇنى يېقىن جايدىكى خورمىزارلىقتىمىكىن دەپ قالدۇق »، دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «غَيْرُ الدَّجَالِ أخْوفَنِي عَلَيْكُمْ، إنْ يخْرجْ وأنآ فِيكُمْ، فَأنَا حَجِيجُه دونَكُمْ، وَإنْ يَخْرجْ وَلَسْتُ فِيكُمْ، فكلُّ امريءٍ حَجيجُ نَفْسِهِ، واللّه خَليفَتي عَلى كُلِّ مُسْلِمٍ . إنَّه شَابٌ قَطَطٌ عَيْنُهُ طَافِيَةٌ، كأَنِّي أشَبِّهُه بعَبْدِ الْعُزَّى بن قَطَنٍ، فَمَنْ أدْرَكَه مِنْكُمْ، فَلْيَقْرأْ عَلَيْهِ فَوَاتِحَ سُورةِ الْكَهْفِ، إنَّه خَارِجٌ خَلَّةً بَيْنَ الشَّامِ وَالْعِرَاقِ، فَعَاثَ يميناً وَعاثَ شمالاً، يَا عبَادَ اللّه فَاثْبُتُوا» « مېنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنىم سىلەرگە دەججالنىڭ پىتنىسىدىن باشقا بىر پىتنىنىڭ يېتىپ قېلىشىدۇر، ئەگەر دەججال چىققاندا مەن ئاراڭلاردا بولىدىغان بولسام ئۇنىڭ چارىسىنى قىلىمەن، ئەگەر ئۇ چىققان چاغدا مەن ئاراڭلاردا بولمىسام ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىلاجىنى ئۆزى قىلسۇن. مەندىن كېيىن ئاللاھ تائالا ھەر بىر مۇسۇلماننى دەججالنىڭ پىتنىسىدىن ئۆزى ساقلايدۇ. دەججال قويۇق بۇدۇر چاچلىق، كۆزى پولتىيىپ چىقىپ تۇرغان بىر يىگىتتۇر، گويا ئۇنى مەن قەتەنىنىڭ ئوغلى ئابدۇلئۇززاغا ئوخشىتىمەن. كېيىنكى چاغلاردا سىلەردىن كىمكى ئۇنى كۆرسە ئۇنىڭغا سۈرە كەھفنىڭ بېشىدىكى ئايەتلەرنى ئوقۇسۇن. ئۇ شام بىلەن ئىراقنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر يولدىن چىقىدۇ ۋە ئوڭدىمۇ، سولدىمۇ ھەممىلا يەردە پىتنە پاسات تېرىيدۇ. ھەي ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! دىنىڭلاردا مۇستەھكەم تۇرۇڭلار »، دېدى. بىز: « ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ زېمىندا قانچە ۋاقىت تۇرىدۇ؟ »، دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَرْبَعُون يَوْماً : يَوْمٌ كَسَنَةٍ، وَيَوْمٌ كَشَهْرٍ، وَيوْمٌ كجُمُعَةٍ، وَسَائِرُ أيَّامِهِ كأَيَّامِكُم» « قىرىق كۈن تۇرىدۇ، ئۇ قىرىق كۈننىڭ بىرىنچى كۈنى بىر يىلدەك، ئىككىنچى كۈنى بىر ئايدەك، ئۈچىنچى كۈنى بىر ھەپتىدەك بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا كۈنلەرنىڭ ھەممىسى سىلەرنىڭ مۇشۇ كۈنۈڭلەردەك بولىدۇ »، دېدى. بىز: « ئى رەسۇلۇللاھ! بىر يىلدەك بولىدىغان ئۇزۇن كۈندە بىر كۈنلۈكنىڭ نامىزىنى ئوقۇسا بولامدۇ؟ »، دەپ سورىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لا، اقْدُرُوا لَهُ قَدْرَهُ» « بولمايدۇ، سىلەر ئۇ كۈننى ئادەتتىكى كۈننىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئۆلچەپ، بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، ھەربىر بۆلىكىدە بىر كۈنلۈك نامىزىڭلارنى ئوقۇڭلار »، دېدى. بىز: « ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭ مېڭىش سۈرئىتى قانداق بولىدۇ؟ »، دەپ سورىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كَالْغَيْث استَدبَرَتْه الرِّيحُ، فَيَأْتي على الْقَوْم، فَيَدْعُوهم، فيؤْمنُونَ بِهِ، ويَسْتَجيبون لَهُ فَيَأْمُرُ السَّماءَ فَتُمْطِرُ، والأرْضَ فَتُنْبِتُ، فَتَرُوحُ عَلَيْهِمْ سارِحتُهُم أطْوَلَ مَا كَانَتْ ذُرى، وَأسْبَغَه ضُرُوعاً، وأمَدَّهُ خَواصِرَ، ثُمَّ يَأْتي



www.munber.org

الْقَوْمَ فَيَدْعُوهم، فَيَرُدُّون عَلَيهِ قَوْلَهُ، فَيَنْصَرِف عَنْهُمْ، فَيُصْبِحُون مُمْحِلِينَ لَيْسَ بأَيْدِيهم شَيءٌ مِنْ أَمْوالِهم، وَيَمُرُّ بِالخَرِبَةِ فَيقول لَهَا : أَخْرِجِي كُنُوزَكِ، فَتَتْبَعُه، كُنُوزُهَا كَيَعَاسِيبِ النَّحْلِ، ثُمَّ يدْعُو رَجُلاً مُمْتَلِئاً شَباباً فَيضْرِبُهُ بالسَّيْفِ، فَيَقْطَعهُ، جِزْلَتَيْنِ رَمْيَةَ الْغَرَضِ، ثُمَّ يَدْعُوهُ، فَيُقْبِلُ، وَيَتَهلَّلُ وجْهُهُ يَضْحَكُ . فَبَينَما هُو كَذلك إِذْ بَعَثَ اللّه تَعَالى المسِيحَ ابْنَ مَريم صَلّى الله عَلَيْهِ وسَلَّم، فَيَنْزِلُ عِنْدَ المَنَارَةِ الْبَيْضَآءِ شَرْقِيَّ دِمَشْقَ بَيْنَ مَهْرُودتَيْنِ، وَاضعاً كَفَّيْهِ على أَجْنِحَةِ مَلَكَيْنِ، إِذا طَأْطَأَ رَأْسهُ، قَطَرَ وإِذا رَفَعَهُ تَحدَّر مِنْهُ جُمَانٌ كَاللُّؤلُؤ، فَلا يَحِلُّ لِكَافِرٍ يَجِدُّ رِيحَ نَفَسِهِ إِلاَّ مات، ونَفَسُهُ يَنْتَهِي إِلى حَيْثُ يَنْتَهِي طَرْفُهُ، فَيَطْلُبُه حَتَّى يُدْرِكَهُ بِباب لُدٍّ فَيَقْتُلُه . ثُمَّ يأتِي عِيسَى صَلّى الله عَلَيْهِ وسَلَّم قَوْماً قَدْ عَصَمَهُمُ اللّه مِنْهُ، فَيَمْسَحُ عنْ وُجوهِهِمْ، ويُحَدِّثُهُم بِدرَجاتِهم في الجَنَّةِ . فَبَينما هُوَ كَذلِكَ إِذْ أَوْحَى اللّه تَعَالى إِلى عِيسى صَلّى الله عَلَيْهِ وسَلَّم أَنِّي قَدْ أَخرَجتُ عِبَاداً لي لا يدانِ لأَحَدٍ بِقِتَالِهِمْ، فَحَرِّزْ عِبادِي إِلى الطُّورِ، وَيَبْعَثُ اللّه يَأْجُوجَ ومَأْجوجَ وَهُمْ مِنْ كُلِّ حَدَبٍ يَنْسلُون، فَيَمُرُّ أَوَائِلُهُم عَلى بُحَيْرَةِ طَبرِيَّةَ فَيَشْرَبُون مَا فيهَا ، وَيَمُرُّ آخِرُهُمْ فيقولُونَ : لَقَدْ كَانَ بهَذِهِ مرَّةً ماءٌ . وَيُحْصَرُ نبي اللّهِ عِيسَى صَلّى الله عَلَيْهِ وسَلَّم وَأَصْحَابُهُ حَتَّى يكُونَ رأْسُ الثَّوْرِ لأَحدِهِمْ خيْراً مِنْ مائَةِ دِينَارٍ لأَحَدِكُمُ الْيَوْمَ، فَيرْغَبُ نبي اللّه عِيسَى صَلّى الله عَلَيْهِ وسَلَّم وأَصْحَابُه، رضي اللّه عَنْهُمْ، إِلى اللّهِ تَعَالى، فَيُرْسِلُ اللّه تَعَالى عَلَيْهِمُ النَّغَفَ في رِقَابِهِم، فَيُصبحُون فَرْسى كَموْتِ نَفْسٍ وَاحِدَةٍ، ثُمَّ يهْبِطُ نبي اللّه عيسى صَلّى الله عَلَيْهِ وسَلَّم وَأَصْحابُهُ رضي اللّه عَنْهُمْ، إِلى الأَرْضِ، فَلاَ يَجِدُون في الأَرْضِ مَوْضِعَ شِبْرٍ إِلاَّ مَلأَهُ زَهَمُهُمْ وَنَتَنُهُمْ، فَيَرْغَبُ نبي اللّه عِيسَى صَلّى الله عَلَيْهِ وسَلَّم وَأَصْحابُهُ رضي اللّه عَنْهُمْ إِلى اللّه تَعَالَى، فَيُرْسِلُ اللّه تَعَالى طيْراً كَأَعْنَاقِ الْبُخْتِ، فَتحْمِلُهُمْ، فَتَطرَحُهم حَيْثُ شَآءَ اللّه، ثُمَّ يُرْسِلُ اللّه عَزَّ وجَلَّ مطَراً لا يَكِنُّ مِنْهُ بَيْتُ مَدَرٍ ولا وَبَرٍ، فَيَغْسِلُ الأَرْضَ حَتَّى يَتْرُكَهَا كالزَّلَقَةِ . ثُمَّ يُقَالُ لِلأَرْضِ : أَنْبِتِي ثَمرَتَكِ، ورُدِّي برَكَتَكِ، فَيَوْمئِذٍ تأْكُلُ الْعِصَابَة مِن الرُّمَّانَةِ، وَيستَظِلون بِقِحْفِهَا ، وَيُبارَكُ في الرِّسْلِ حَتَّى إِنَّ اللَّقْحَةَ مِنَ الإِبِلِ لَتَكْفِي الفِئَامَ مِنَ النَّاس، وَاللَّقْحَةَ مِنَ الْبَقَرِ لَتَكْفِي الْقَبِيلَةَ مِنَ النَّاس، وَاللَّقْحَةَ مِنَ الْغَنمِ لَتَكْفِي الفَخِذَ مِنَ النَّاس .فَبَيْنَمَا هُمْ كَذَلِكَ إِذْ بَعَثَ اللّه تَعالَى رِيحاً طَيِّبَةً، فَتأْخُذُهم تَحْتَ آبَاطِهِمْ، فَتَقْبِضُ رُوحَ كُلِّ مُؤمِن وكُلِّ مُسْلِمٍ، وَيبْقَى شِرَارُ النَّاسِ يَتهَارجُون فِيهَا تَهَارُج الْحُمُرِ فَعَلَيْهِم تَقُومُ السَّاعَةُ» «ئۇنىڭ سۇرئىتى شامال ھەيدەپ كەلگەن بۇلۇتتەك بولىدۇ. ئۇ بىر قەۋمنىڭ قېشىغا كېلىدۇكى، ئۇلارنى ئۆز دىنىغا دەۋەت قىلىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىدۇ. نېمە دېسە شۇنى قوبۇل قىلىدۇ. ئاندىن ئۇ ئاسماننى يامغۇر ياغدۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ، ئاسماندىن يامغۇر ياغىدۇ. زېمىننى بۇيرۇپ، زېمىندىن ئۆسۈملۈكلەر ئۈنىدۇ. ئۇ قەۋمنىڭ ئوتلىغىلى كەتكەن چارۋىلىرى كەچقۇرۇنلىقى يوغىناپ، يېلىنلىرى سۈتكە تولغان، سەمرىگەن ھالدا قايتىپ كېلىدۇ. ئاندىن ئۇ باشقا بىر قەۋمنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇلارنى ئۆز دىنىغا دەۋەت قىلىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلىدۇ. ئۇ ئۇلارنىڭ قېشىدىن قايتىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا قەھەتچىلىك يۈزلىنىپ قوللىرىدا ھېچقانداق مال ـ مۈلكى قالمايدۇ. ئۇ بىر خارابىلىكتىن ئۆتۈپ ئۇ يەرگە ئىچىڭدىكى نەرسىلەرنى چىقار دەيدۇ. خارابىلىك ئىچىدىكى بايلىقلار ھەسەل ھەرىسى ئۇۋىسىدىن چىققاندەك ئارقمۇئارقا چىقىپ ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ. ئاندىن ئۇ يىگىتلىك قۇرامىغا يەتكەن بىر كىشىنى چاقىرىپ ئەكېلىپ ئۇنى قىلىچ بىلەن ئۇرۇپ ئىككى پارچە قىلىۋېتىپ، ئۇ

www.munber.org

كىشىنى قايتا چاقىرىدۇ. ئۇ تىرىلىپ خۇشال كۈلگەن قىياپەتتە دەججالنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. مۇشۇنداق بىر پەيتتە ئاللاھ تائالا مەريەمنىڭ ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىرجۇپ رەڭلىك كىيىم كىيگەن، ئىككى ئالقىنىنى ئىككى پەرىشتىنىڭ قاناتلىرىغا قويغان ھالىتىدە دەمەشقنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئاق مۇنارغا چۈشىدۇ. ئۇ بېشىنى تۆۋەن قىلسا بېشىدىن سۇ تامچىيدۇ، بېشىنى كۆتۈرسە مەرۋايىتتەك سۈزۈك سۇ تامچىلىرى تۆكۈلىدۇ. ئۇنىڭ ھىدىنى ئالغان ئىمانسىزلارنىڭ ھەممىسى ھايات قالمايدۇ. ئۇنىڭ ھىدى كۆزى يەتكەن يەرگىچە بارىدۇ. ئاندىن ئىيسا ئەلەيھىسسالام دەججالنى ئىزدەپ ئاخىر ئۇنى بەيتۇلمۇقەددەسكە يېقىن بابلۇن دېگەن جايدا تېپىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئاندىن ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئاللاھ تائالا دەججالنىڭ پىتنىسىدىن ساقلاپ قالغان قەۋم كېلىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يۈز كۆزلىرىنى سىلاپ قويىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى مەرتىۋىلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. مانا شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا: « ھەققەتەن مەن ھېچ بىر كىشىنىڭ سوقۇشۇشقا كۈچى يەتمەيدىغان بىر جامائە بەندىلىرىمنى چىقاردىم، سەن مۆئمىن بەندىلىرىمنى تۇر تېغىغا ئېلىپ بارغىن »، دەپ ۋەھيي قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا يەئجۇج ـ مەئجۇجنى ئەۋەتىدۇ. ئۇلار زېمىننىڭ ھەربىر تۆپىلىكلىرىدىن ئالدىراپ چىقىپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا كەلگەنلىرى تەۋەرىييە كۆلىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ ئۇنىڭ سۈلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىچىپ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاخىرقىلىرى ئۆتكەندە: « بىر چاغلاردا بۇ كۆلدە سۇ بولغان بولغىيمىدى »، دېيىشىدۇ. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قامىلىپ قالىدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرى ئۈچۈن ئۆكۈزنىڭ بىرتال بېشى سىلەرنىڭ بۈگۈنكى كۈنۈڭلاردىكى يۈز تىللادىن ئەلا بولۇپ قالىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى ئاللاھقا دۇئا قىلىدۇ، ئاللاھ تائالا يەئجۇج ـ مەئجۇجلەرگە قۇرت بالاسىنى ئەۋەتىش بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىردەك تەڭلا ھالاك بولىدۇ. ئاندىن ئىيسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى (تۇر تېغىدىن) زېمىنغا چۈشىدۇ. زېمىننىڭ بىر غېرىچ يېرىمۇ يەئجۇج ـ مەئجۇجلارنىڭ بەد بۇي، سېسىق پۇرىقىدىن خالىي بولمايدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا تۆگىلەرنىڭ بويۇنلىرىدەك چوڭ قۇشلارنى ئەۋەتىدۇ. ئۇ قۇشلار ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى كۆتۈرۈپ ئاللاھ خالىغان يەرلەرگە ئاپىرىپ تاشلايدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا شۇنداق بىر يامغۇر ياغدۇرىدۇكى، يامغۇر بىرەر ئۆيي ۋە ياكى بىرەر چېدىرنىمۇ ساق قالدۇرمايدۇ. زېمىننى يۇيۇپ ئەينەكتەك قىلىپ قويىدۇ. ئاندىن كېيىن زېمىنغا: « مېۋىلىرىڭنى ئۆستۈرگىن، بەرىكەتلىرىڭنى ئەسلىگە كەلتۈرگىن »، دېيىلىدۇ. شۇ كۈنلەردە بىر ئانارنى بىر جامائەت كىشىلەر يەپ تويىدۇ، شۇپەكلىرى بىلەن سايىدايدۇ، سۈتكە شۇنداق بەرىكەت بېرىلىدۇكى، ھەتتا بىر سۈتلۈك تۆگە



www.munber.org

ئادەملەرنىڭ بىر كاتتا جامائەسىگە كۇپايە قىلىدۇ. سىيرنىڭ سۈتى بىر قەبىلە كىشىلىرىگە يېتىدۇ. بىر ساغلىقنىڭ سۈتى بىر جەمەت كىشىلىرىگە يېتىدۇ. ئۇلار شۇنداق ياشاۋاتقان چاغدا ئاللاھ تائالا تۇيۇقسىزلا مەيىن بىر شامالنى ئەۋەتىدۇ. شامال ئۇلارنىڭ قولتۇقلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈپ ھەربىر مۆئمىن مۇسۇلماننى قەبزى روھ قىلىدۇ. ئۇلاردىن كېيىن زېمىندا ئېشەكلەردەك ئاشكارا جىنسىي ئالاقە قىلىشىدىغان ئەڭ ئەسكى ئادەملەر قالىدۇ. مانا شۇلارنىڭ ۋاقتىدا قىيامەت قايىم بولىدۇ »، دېدى. —— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1809 - رىبئى ئىبنى ھىراش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن ئەبۇ مەسئۇد ئەنسارىي بىلەن ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ يېنىغا باردىم. ئەبۇ مەسئۇد ھۇزەيفىگە: « ماڭا دەججال توغرۇلۇق ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ئاڭلىغانلىرىڭنى سۆزلەپ بەرگىن »، دېۋىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «إنَّ الدَّجَّالَ يَخْرُجُ وَإنَّ مَعَهُ ماءً وَنَاراً، فَأَمَّا الَّذي يَرَاهُ النَّاسُ ماءً فَنَارٌ تُحْرِقُ، وَأَمَّا الَّذِي يَرَاهُ النَّاسُ نَاراً، فَمَاءٌ بَارِدٌ عذبٌ، فَمَنْ أدْرَكَهُ مِنْكُمْ، فَلْيَقَعْ في الذي يَراهُ نَاراً، فَإِنَّهُ ماءٌ عَذْبٌ طَيِّبٌ» « شۈبھىسىزكى، دەججال چىققاندا ئۇنىڭدا ئوت ۋە سۇ بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ سۇ دەپ قارىغان نەرسىسى كۆيدۈرىدىغان ئوتتۇر. ئوت دەپ قارىغىنى مۇزدەك تاتلىق سۇدۇر. سىلەردىن كىمكى شۇ زاماندا بولۇپ قالسا كۆزىگە ئوت كۆرۈنگەنگە كىرسۇن، چۈنكى ئۇ تاتلىق، پاكىز سۇدىن ئىبارەتتۇر »، دېدى. ئاندىن ئەبۇ مەسئۇد: « مەنمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇشۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىم »، دېدى. —— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1810. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يَخْرُجُ الدَّجَّالُ في أمَّتي فَيَمْكُثُ أربَعِينَ، لا أدْرِي أرْبَعِينَ يَوْماً، أو أرْبَعِينَ شَهْراً، أوْ أرْبَعِينَ عَاماً، فَيبْعثُ اللَّه تَعالى عِيسَى ابْنَ مَرْيَمَ صَلّى اللهُ عَلَيْهِ وسَلَّم فَيَطْلُبُهُ فَيُهْلِكُه، ثُمَّ يَمْكُثُ النَّاسُ سبْعَ سِنِينَ لَيْس بَيْنَ اثْنَيْنِ عداوَةٌ، ثمَّ يُرْسِلُ اللَّه، عزَّ وجَلَّ، ريحاً بارِدَةً مِنْ قِبلِ الشَّامِ، فَلا يبْقَى على وَجْهِ الأَرْضِ أحَدٌ في قَلْبِهِ مِثْقَالُ ذَرَّةٍ مِنْ خَيْرٍ أوْ إيمَانٍ إلاَّ قَبَضَتْهُ، حتَّى لَوْ أنَّ أحَدَكُمْ دخَلَ في كَبِدِ جَبلٍ، لَدَخَلَتْهُ عَلَيْهِ حَتَّى تَقْبِضَهُ . فَيَبْقَى شِرَارُ النَّاسِ في خِفَّةِ الطَّيْرِ، وأحْلامِ السِّباعِ لا يَعْرِفُون مَعْرُوفاً، وَلا يُنْكِرُونَ مُنْكَراً، فَيَتَمَثَّلَ لهُمُ الشَّيْطَانُ، فَيقُولُ: ألا تسْتَجِيبُون؟ فَيَقُولُونَ: فَما تأمُرُنَا؟ فَيأمرُهُم بِعِبَادةِ الأَوْثَانِ، وهُمْ في ذلكَ دارٌّ رِزْقُهُمْ، حسنٌ عَيْشُهُمْ . ثُمَّ يُنْفَخُ في الصَّور، فَلا يَسْمَعُهُ أحَدٌ إلاَّ أصْغى لِيتاً ورفع ليتاً، وَأَوَّلُ منْ يسْمَعُهُ رَجُلٌ يلُوطُ حَوْضَ إبِله، فَيُصْعَقُ ويسعق النَّاسُ حوله، ثُمَّ يُرْسِلُ اللَّه أوْ قالَ: يُنْزِلُ اللَّه مَطَراً كأَنَّهُ الطَّلُّ أو الظِّلُّ، فَتَنْبُتُ مِنْهُ أجْسَادُ النَّاس ثُمَّ ينفخ فِيهِ أخْرَى فإذا هُمْ قِيامٌ يَنْظُرُون . ثمَّ يُقَالُ يا أيهَا النَّاسُ هَلُمَّ إلى رَبِّكُم، وَقِفُوهُمْ إنَّهُمْ مَسْؤولونَ، ثُمَّ يُقَالُ: أخْرِجُوا بَعْثَ النَّارِ فَيُقَالُ: مِنْ كَمْ؟ فَيُقَالُ: مِنْ كُلِّ ألْفٍ تِسْعَمِائَة وتِسْعَةَ وتِسْعِينَ، فذلكَ يَوم يجْعَلُ الوِلْدانَ شِيباً، وذَلكَ يَوْمَ يُكْشَفُ عنْ ساقٍ» « دەججال مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدە پەيدا بولىدۇ. دۇنيادا 40 تۇرىدۇ (رىۋايەت

قىلغۇچى 40 كۈنمۇ، 40 ئايمۇ، 40 يىلمۇ بىلمىدىم دەيدۇ). ئاللاھ مەريەم ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىدۇ. ئۇ دەججالنى ئىزدەپ تېپىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئاندىن كىشىلەر (ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن) يەتتە يىل ئادەم ئارىسىدا ئاداۋەتمۇ بولماي تىنچ ھايات كەچۈرىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا شام تەرەپتىن سوغۇق شامال چىقىرىدۇ. ئۇ شامال يەر يۈزىدە قەلبىدە زەررىچە ياخشىلىق ياكى ئىمان بولغان كىشىنى قالدۇرماي قەبزى روھ قىلىدۇ. ھەتتا بىرەرسىڭلار تاغنىڭ باغرىغا كىرىۋالغان تەقدىردىمۇ شامال شۇ يەرگە كىرىپ ئۇنىڭ جېنىنى ئالماي قويمايدۇ. يەر يۈزىدە يامان ئىشلارغا بېرىلىشتە قۇشنىڭ ئۇچقىنىدەك تېز، يىرتقۇچ ۋەھشىي ھايۋانلاردەك ھۆركىرەيدىغان كىشىلەر قالىدۇ. ئۇلار ياخشى ئىشنى بىلمەيدۇ. يامان ئىشنى ئىنكار قىلمايدۇ. ئاندىن شەيتان بىر ئادەمنىڭ سۈرىتىگە كىرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «مېنىڭ سۆزۈمگە كىرمەمسىلەر»، دەيدۇ. ئۇلار: «بىزنى نېمىگە بۇيرۇيسەن؟»، دەيدۇ. شەيتان ئۇلارنى بۇتقا چوقۇنۇشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ رىزقى كەڭ، تۇرمۇشى پاراۋان بولۇپ كېتىدۇ. ئاندىن سۈر چېلىنىدۇ. ئۇنى پەقەت بويىنىنىڭ بىر تەرىپىنى پەس قىلىپ يەنە بىر تەرىپىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قۇلاق سالغان ئادەملا ئاڭلايدۇ. ئۇنى ئالدى بىلەن تۆگىسىنى سۇغۇرىدىغان كۆلنى ئوڭلاۋاتقان كىشى ئاڭلايدۇ. ئالدى بىلەن بۇ ئادەم سۈر ئاۋازىدىن ئۆلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئۆلۈشكە باشلايدۇ. ئاندىن ئاللاھ خۇددى شەبنەمدەك بىر يامغۇر ياغدۇرىدۇكى، ئۇنىڭدىن كىشىلەرنىڭ جەسەتلىرى ئۈنۈپ چىقىدۇ. ئاندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم سۈر چېلىنغاندا ناگاھان ئۇلار تۇرۇپ (نېمىگە بۇيرۇلىدىغانلىقلىرىغا) قاراپ تۇرىدۇ. ئاندىن: «ئى خالايىق، پەرۋەردىگارىڭلار تەرەپكە كېلىڭلار»، دېيىلىدۇ. پەرىشتىلەرگە: «ئۇلارنى توختىتىپ تۇرۇڭلار، ئۇلار (جىمىكى سۆزلىرى ۋە ئىشلىرىدىن) سوئال ـ سوراققا تارتىلىدۇ»، دېيىلىدۇ. ئاندىن پەرىشتىلەرگە: «دوزاخقا يوللىنىدىغانلارنى چىقىرىڭلار»، دېيىلسە، «قانچىلىكتىن قانچىنى؟»، دەپ سورىلىدۇ. «ھەر مىڭدىن 999نى»، دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ. ئۇ شۇنداق بىر كۈندۈركى دەھشىتىدىن بالىلارنىڭ بېشىنى ئاقارتىۋېتىدۇ. ئۇ شۇنداق بىر كۈندۈركى، ئىشلار قىيىنلىشىدۇ».

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1811 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لَيْسَ مِنْ بَلَدٍ إلاَّ سَيَطَؤُهُ الدَّجَّالُ إلاَّ مَكَّةَ والمَدِينة، ولَيْسَ نَقْبٌ مِنْ أنْقَابِهما إلاَّ عَلَيْهِ المَلائِكَةُ صَافِّينَ تَحْرُسُهُما، فَيَنْزِلُ بالسَّبَخَةِ، فَتَرْجُفُ المدينةُ ثلاثَ رَجَفَاتٍ، يُخْرِجُ اللَّه مِنْهَا كُلَّ كَافِرٍ وَمُنَافِقٍ» «مەككە بىلەن مەدىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دەججالنىڭ قەدىمى يەتمىگەن شەھەر بولمايدۇ. مەدىنىنىڭ ھەربىر يوچۇقلىرىدا ئۇنى مۇھاپىزەت



www.munber.org

قىلىدىغان سەپ ـ سەپ بولۇپ تۇرغان پەرىشتىلەر بولىدۇ. ئاندىن مەدىنە ئۆز ئاھالىسىنى ئۈچ قېتىم قاتتىق سىلكىيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ مەدىنىدىكى ھەربىر دىنسىز ۋە مۇناپىقنى چىقىرىۋېتىدۇ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1812 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يَتْبعُ الدَّجَّال مِنْ يهُودِ أَصْبهَانَ سَبْعُونَ أَلْفاً علَيْهم الطَّيَالِسة» «دەججالغا ئىسفاھان يەھۇدىيلىرىدىن 70 مىڭ كىشى ئەگىشىدۇ، ئۇلار يېشىل تون كىيىۋالغان بولىدۇ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1813 ـ ئۇممۇ شەرىك رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «لَيَنْفِرَن النَّاسُ مِنَ الدَّجَّالِ في الجِبَالِ» «كىشىلەر دەججال پىتنىسىدىن قورقۇپ نەپرەتلىنىپ تاغقا قاچىدۇ».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1814 ـ ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «مَا بَيْنَ خَلْقِ آدَم إلى قِيامِ السَّاعةِ أمْرٌ أكْبرُ مِنَ الدَّجَّالِ» «ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلغان كۈندىن قىيامەتكىچە بولغان ئارىلىقتا دەججال پىتنىسىدىنمۇ چوڭ پىتنە بولمايدۇ».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1815 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يخْرُجُ الدَّجَّالُ فَيتَوَجَّه قِبَلَه رَجُلٌ منَ المُؤْمِنين فَيَتَلَقَّاهُ المَسالح: مسالحُ الدَّجَّالِ، فَيقُولُونَ له: إلى أيْنَ تَعمِدُ؟ فيَقُول: أعْمِدُ إلى هذا الَّذي خَرَجَ، فيقولُون له: أو ما تُؤْمِن بِربِّنَا؟ فيقول: ما بِربَنَا خَفَاء، فيقولُون: اقْتُلوه، فيقول بعْضهُمْ لبعضٍ: أَلَيْس قَدْ نَهاكُم رَبُّكُمْ أنْ تقتلوا أحداً دونَه، فَينْطَلِقُونَ بِهِ إلى الدَّجَّالِ، فإذا رآه المُوْمِنُ قال: يَا أَيُّهَا النَّاسُ إنَّ هذا الدَّجَّالُ الَّذي ذَكر رَسُولُ اللَّه صَلّى اللهُ عَلَيْهِ وسَلَّم فيأمُرُ الدَّجَّالُ بِهِ فَيُشبَح، فَيقولُ: خُذُوهُ وَشجُّوهُ، فَيُوسَعُ ظَهْرُهُ وبَطْنُهُ ضَرْباً، فيقولُ: أوما تُؤمِنُ بي؟ فَيقُولُ: أنْتَ المَسِيحُ الْكَذَّابُ، فَيُؤمرُ بهِ، فيؤْشَرُ بالمِنْشَارِ مِنْ مَفْرقِهِ حتَّى يُفرقَ بَيْنَ رِجْلَيْه، ثُمَّ يَمْشِي الدَّجَّالُ بَيْنَ الْقِطْعتَيْنِ، ثُمَّ يقولُ لَهُ: قُمْ، فَيسْتَوي قَائماً. ثُمَّ يقولُ لَهُ: أتُؤمِنُ بي؟ فيقولُ: مَا ازْددتُ فِيكَ إلاَّ بصِيرةً، ثُمَّ يَقُولُ: يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّهُ لا يفعَلُ بعْدِي بأَحَدٍ مِنَ النَّاسِ، فَيأْخُذُهُ الدَّجَّالُ لِيَذْبَحهُ، فَيجْعَلُ اللَّه مَا بيْنَ رقبَتِهِ إلى تَرْقُوتِهِ نُحَاساً، فَلا يَسْتَطِيعُ إلَيْهِ سَبيلاً، فَيأْخُذُ بيَدَيْهِ ورجْلَيْهِ فَيَقْذِفُ بِهِ، فَيحْسَبُ الناسُ أنَّما قَذَفَهُ إلى النَّار، وإنَّما أُلْقِيَ في الجنَّةِ» «دەججال مەيدانغا كەلگەندە مۇئمىنلەردىن بىر كىشى دەججال تەرەپكە يۈزلىنىدۇ. ئۇنىڭغا دەججالنىڭ پايلاقچىلىرى يولۇقۇپ ‹نەگە بارماقچىسەن؟›، دەيدۇ. مۇئمىن: «دەججالنىڭ يېنىغا»، دەيدۇ. ئۇلار: «بىزنىڭ رەببىمىزگە ئىمان كەلتۈرمەمسەن؟»، دەيدۇ.

مۇئمىن: « رەببىمىز يوشۇرۇن ئەمەس »، دەيدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنى ئۆلتۈرۈشلار، دېسە ئۇلارنىڭ بەزىلىرى رەببىڭلار سىلەرنى ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈشلارنى مەنئى قىلغان ئەمەسمۇ؟ دەيدۇ. ئۇلار ئۇ مۇئمىننى دەججالنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىدۇ. مۇئمىن دەججالنى كۆرگەندە: « ئى، خالايىق! رەسۇلۇللاھ سۆزلەپ بەرگەن دەججال مانا مۇشۇ »، دەيدۇ. دەججالنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇ قوزۇقلارغا ئېسىپ قويۇلىدۇ. يەنە: « ئۇنى تۇتۇپ باش كۆزلىرىنى يېرىڭلار »، دەيدۇ. مۇئمىننىڭ قورساق ـ دۈمبىلىرىگە راسا ئۇرۇلىدۇ. دەججال: « ماڭا ئىمان ئېيتامسەن؟ »، دەيدۇ. مۇئمىن: « سەن كاززاپ دەججال سەن »، دەيدۇ. بۇيرۇق بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ھەرىدىلىپ ئىككى پارچە قىلىۋېتىلىدۇ. ئاندىن دەججال ھەرىدىلىپ ئىككىگە بۆلۈنگەن جەسەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا مېڭىپ مۇئمىنگە: « تۇر »، دەيدۇ، مۇئمىن ئورنىدىن ساپساق ھالەتتە تۇرىدۇ. دەججال مۇئمىنگە: « ماڭا ئىمان كەلتۈرەمسەن؟ »، دەيدۇ. مۇئمىن: « مېنىڭ سېنىڭ دەججال ئىكەنلىكىڭگە بولغان چۈشەنچەم تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى، ئى خالايىق! ئۇ ماڭا قىلغانلىرىنى ئەمدى ھېچكىمگە قىلالمايدۇ »، دەيدۇ. دەججال ئۇنى بوغۇزلىماقچى بولغاندا ئاللاھ مۇئمىننىڭ بويىندىن ئوقرەك سۆڭىكىگىچە بولغان يەرلەرنى تۇچتىن قىلىپ قويىدۇ. دەججال مۇئمىننى ئۆلتۈرەلمەيدۇ (ئاللاھ تائالا مۇئمىننى راستتىنلا شۇنداق قىلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن ياكى دەججالنىڭ مۇئمىننى ئۆلتۈرۈشكە قادىر بولالمىغانلىقىدىن كىنايە بولۇشى مۇمكىن). ئۇنىڭ ئىككى قولى، ئىككى پۇتىدىن تۇتۇپ تاشلايدۇ، كىشىلەر دەججال ئۇنى دوزاخقا تاشلىدى، دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ جەننەتكە تاشلانغان بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «هذا أعْظَمُ النَّاسِ شَهَادَةً عِنْدَ رَبِّ الْعالَمِينَ» « ئۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ نەزىرىدە شېھىت بولغانلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ھېسابلىنىدۇ ».

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1816 ـ مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ھېچ بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن دەججال توغرىسىدا مەن سورىغاندەك كۆپ سورىغان ئەمەس. رەسۇلۇللاھ ماڭا: «ما يَضُرُّكَ؟» « ئۇ ساڭا زىيان سالالمايدۇ »، دېۋىدى. مەن: « ئادەملەر ئۇنىڭ بىلەن تاغدەك نان ۋە ئۆستەڭدەك سۇ بولىدىكەن دېيىشىۋاتىدۇ »، دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «هُوَ أهْوَنُ عَلى اللَّهِ مِنْ ذلِكَ» « ئۇ ئاللاھ نەزىرىدە مۇنداق بولۇشقا ھېچ ئەرزىمەيدۇ »، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

1817 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ: «مَا مِنْ نَبِيٍ إلاَّ وَقَدْ أنْذَرَ أُمَّتَهُ الأعْوَرَ الْكَذَّاب، ألا إنَّهُ أعْوَرُ، وإنَّ ربَّكُمْ عَزَّ وجلَّ لَيْسَ بأعْورَ، مكْتُوبٌ بَيْنَ عَيْنَيْهِ ك ف ر» «پەيغەمبەر ئۆز ئۈممىتىنى يەكچەشمە كاززاپتىن ئاگاھلاندۇرغان. بىلىڭلاركى دەججال يەكچەشمىدۇر، سىلەرنىڭ ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىڭلار يەكچەشمە ئەمەس. دەججالنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ك، ف، ر (كافىر) دەپ يېزىلغان»، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1818 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ألا أُحَدِّثُكُمْ حَدِيثاً عنِ الدَّجَّالِ مَا حَدَّثَ بِهِ نَبِيٌّ قَوْمَهُ، إنَّهُ أعْوَرُ وَإنَّهُ يجيءُ مَعَهُ بِمِثَالِ الجَنَّةِ والنَّار، فالتي يَقُولُ إنَّهَا الجَنَّةُ هِيَ النَّارُ» «مەن سىلەرگە دەججال توغرۇلۇق ھېچقانداق پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىگە سۆزلەپ بەرمىگەن بىر سۆزنى سۆزلەپ بېرەي، ھەقىقەتەن دەججال يەكچەشمىدۇر، ئۇ جەننەت ۋە دوزاخنىڭ كۆرۈنۈشىنى ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇنىڭ جەننەت دەپ كۆرسەتكىنى دوزاختۇر».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1819 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا دەججالنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېدى: «إنَّ اللَّه لَيْسَ بأعْوَرَ، ألا إنَّ المَسِيحَ الدَّجَّالَ أعْورُ الْعينِ الْيُمْنى، كَأَنَّ عَيْنَهُ عِنَبةٌ طَافِيَةٌ» «ئاللاھ يەكچەشمە ئەمەس، ئاگاھ بولۇڭلار، دەججالنىڭ ئوڭ كۆزى قارىغۇ، ئۇنىڭ كۆزى خۇددى سۇدا لەيلەپ تۇرغان ئۈزۈمدەك پولتىيىپ چىقىپ تۇرىدۇ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

دەججال توغرىسىدىكى يۇقىرىقى ھەدىسلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: دەججالنىڭ مەيدانغا كېلىشى، ئۇنىڭ ئالامەتلىرى. ئۇنىڭ پىتنە ـ پاسات تېرىيدىغان مۇددىتى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسماندىن چۈشۈپ دەججالنى ئۆلتۈرىدىغانلىقى. بۇ ھەدىسلەر دەججالنىڭ چوقۇم مەيدانغا كېلىدىغانلىقى، بۇنىڭدا ھېچ شەك يوق ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

دوكتۇر مۇھەممەت سەئىد رامىزان بۇتى ئۆزىنىڭ «ئەڭ چوڭ ئىشەنچلىك مەلۇمات»، دېگەن كىتابىدا بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالغان. تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى شۇ كىتابتىن ئېلىپ بەرمەكچىمىز:

دەججال بولسا ئەسلى يەھۇدىي بولۇپ، ئۇ ھىيلىگەرلىكى ۋە يالغانچىلىقى، باتىل بىلەن ھەقنى يېپىشتىكى يۇقىرى ماھارىتى تۈپەيلى دەججال دەپ ئاتالغان. ئۇ مەشرىق تەرەپتىن چىقىپ كىشىلەر ئارىسىدا ئۆلارنى توغرىلىقتا، راۋۇرۇس بولۇشقا چاقىرىدۇ. ئاندىن ئۇ خۇدالىق داۋاسى قىلىدۇ. نۇرغۇن ئادەم ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ. ئەگەشكەنلەردىن تولىسى يەھۇدىيلاردىن بولىدۇ. ھەدىس كىتابلىرىدا بۇنىڭغا دائىر خەۋەرلەر ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، شەكلىنىشكە ھېچقانداق ئورۇن يوق. ھەدىسشۇناس ئىبنى ھەجەر «پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىسى ھېسابلانغان ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈشتەك كارامەتلەرنى قانداقمۇ ئاللاھ تائالا دەججالنىڭ قولىغا مۇيەسسەر قىلىپ بېرىدۇ؟»، دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ بۇنداق ئىشلارنى دەججالغا مۇيەسسەر قىلىپ بېرىشى بەندىلىرىنى سىناش ئۈچۈندۇر. كىشىلەر بىلىدۇكى، دەججال بولسا



www.munber.org

دەۋاسىدا يالغانچى بولۇپ، ئۇنىڭ پېشانىسىگە كافىر ئىكەنلىكى يېزىلغان بولىدۇ. ئۇنىڭ بىر كۆزى كوردۇر. ئۇنىڭ كورلۇقى، كافىر دېگەن خەتنىڭ پېشانىسىگە يېزىلغانلىقى ئۇنىڭ يالغانچىلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئىسپاتتۇر. ‹ئەگەر ئۇ ئىلاھ بولىدىغان بولسا ئۆزىدىكى ئەيىبنى تۈزەلىگەن بولاتتى. ئۇ ئىلاھلىقىنى دەۋا قىلىدۇ-يۇ، ئۆزىدىكى بەتبەشىرلىكىنى تۈزىيەلمەيدۇ›، دەپ ئەقىل ئىگىلىرى ئۇنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىۋالالايدۇ ».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بايان قىلغانىدەك دەججالنىڭ كىشىلەرگە خەتەرلىك چوڭ پىتنە بولىدىغانلىقى ئېنىقتۇر. ئەگەر ئاللاھ تائالا دەججالغا نۇرغۇن ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى قىلالايدىغان ئىقتىدارنى ئاتا قىلمىسا ھەم ئۇنىڭغا نۇرغۇن مەنپەئەتلىك ئىشلارنى مۇيەسسەر قىلىپ بەرمىسە ئۇ كىشىلەرگە پىتنە بولماي قالاتتى.

بۇنىڭدىن شۇ مەلۇمكى، دەججالنىڭ ئىشى ھېلىمۇ غەيب ئىشلار جۈملىسىدىندۇر. ھەدىسلەردە بايان قىلىنغانىنىڭ سىرتىدا دەججالنى تەتقىق قىلىش ۋە بۇ توغرۇلۇق تەھلىل يۈرگۈزۈش ئەقىلنىڭ ئىشى ئەمەس. بۇ ھەقتىكى بىردىنبىر توغرا چۈشەنچە ھەدىستە بايان قىلىنغان مەزمۇندۇر. ھەدىستە مۇشۇنداق بايان قىلىنغان بولسا، دەججالنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئىشىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلمىغان بولاتتۇق. ئۇ مەيدانغا كەلگەن چاغدا، (ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىدىغان ۋاقتى ئاللاھنىڭ ئىلمىگە خاس ئىش) ئۇنىڭ ئىشى نوقۇل غەيب ئىشتىن رېئال ئىشقا ئايلىنىدۇ. دېمەك دەججال توغرىسىدا سەھىھ ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان ئىشلارغا ئىشىنىشىمىز كېرەك. بۇ ئەقىل بىلەن ئىسپاتلاشقا ھاجەت ئەمەس. ئەقىلغا ئائىت ھۆكۈملەر سەزگۈ ئەزالار ئارقىلىق بايقاشقا يۈلىنىدۇ، ئالمى غەيبكە ئائىت ئىشلار ئۇنداق ئەمەس. غەيب ئالەمدىكى ئىشلارنى بىلىشتە ئەقىلغا تايىنىپ بىلگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا « قۇرئان كەرىم »دە: ﴿ذَلِكَ الْكِتَابُ لاَ رَيْبَ فِيهِ هُدًى لِّلْمُتَّقِينَ . الَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِالْغَيْبِ﴾ ﴿بۇ كىتابتا ( يەنى قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق، (ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر. ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ﴾، دېگەن.

(« قۇرئان كەرىم » سۈرە بەقەرە 3 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

**1820 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «لا تَقُومُ الساعَةُ حَتَّى يُقَاتِلَ الْمُسْلِمُونَ الْيَهُودَ حتَّى يَخْتَبِيءَ الْيَهُودِيُّ مِنْ وَراءِ الحَجَرِ والشَّجَرِ، فَيَقُولُ الحَجَرُ والشَّجَرُ: يَا مُسْلِمُ هذا يَهُودِيٌّ خَلْفِي تَعَالَ فَاقْتُلْهُ، إلاَّ الْغَرْقَدَ فَإِنَّهُ منْ شَجَرِ الْيَهُودِ» **« تاكى مۇسۇلمانلار يەھۇدىيلار بىلەن ئۇرۇشقان، يەھۇدىيلار تاش ۋە دەرەخنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالغان، تاش ۋە دەرەخلەر: ئى مۇسۇلمان! بۇ يەھۇدىي مېنىڭ كەينىمگە ئۆتىۋالغان، ئۇنى ئۆلتۈر، دېمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. لېكىن، غەرقەد دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل دەرەخ بولۇپ ئۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا، چۈنكى ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ دەرىخىدۇر ».** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) مۇسۇلمانلارنىڭ يەھۇدىيلار بىلەن جەڭ قىلىپ غەلىبە قازىنىدىغانلىقى ئىشىنىش زۆرۈر بولغان غەيب خەۋەرلەرنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، بۇ جەڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر قىلغانىدەك يۈز بېرىدۇ. لېكىن، بۇنىڭ ۋاقتىنى ئاللاھ بىلىدۇ.

2) دەرەخ ۋە تاشلارنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋالغان يەھۇدىيلارنى پاش قىلىدىغانلىقى ۋە بۇلارنىڭ خۇدانىڭ قۇدرىتى ئالدىدا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئەمەسلىكى.

www.munber.org

1821 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «والذِي نَفْسِي بِيَدِه لا تَذْهَبُ الدُّنْيَا حَتَّى يَمُرَّ الرَّجُلُ بالْقَبْرِ، فيتمَرَّغَ عَلَيْهِ، ويقولُ: يَالَيْتَني مَكَانَ صَاحِبِ هذا الْقَبْرِ، وَلَيْس بِهِ الدِّين وما به إلاَّ الْبَلاَءُ» «جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، بىر ئادەم بىر قەبرە يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ قەبرە ئۈستىدە يۇمىلىنىپ كاشكى بۇ قەبرىدىكى كىشىنىڭ ئورنىدا مەن بولۇپ قالسامچۇ؟ دېمىگۈچە زامان ئاخىر بولمايدۇ. ئۇ كىشىنىڭ ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىشى دىنىي سەۋەبتىن ئەمەس، بەلكى بېشىغا كەلگەن دەرد - ئەلەم تۈپەيلىدىن».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: يامانلىق ۋە گۇناھ - مەئسىيەتلەر كۆپىيىپ كېتىدىغانلىقى، بالا - قازا، مۇسىبەتلەرنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىدىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن كىشى ئۆلۈكلەر قاتارىدا بولسامچۇ دەپ ئارزۇ قىلىدىغان چاغلارنىڭ كېلىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخىرقى زاماندا يۈز بېرىدىغان ئىشلاردىن بەرگەن خەۋەرلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

1822 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا تَقُومُ السَّاعَةُ حَتَّى يَحْسِرَ الْفُرَاتُ عَنْ جبَلٍ منْ ذَهَبٍ يُقْتَتَلُ علَيْهِ، فيُقْتَلُ مِنْ كُلِّ مِائةٍ تِسْعَةٌ وتِسْعُونَ، فَيَقُولُ كُلُّ رَجُلٍ مِنْهُمْ: لَعَلِّي أَنْ أَكُونَ أَنَا أَنْجُو» «فۇرات دەرياسىنىڭ سۈيى تۈگەپ ئالتۇن تاغ ئېچىلىپ قېلىپ، بۇنى تالىشىپ كىشىلەر بىر - بىرىنى قىرمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. (بۇ قىرغىنچىلىقتا) يۈز ئادەمدىن توقسان توققۇزى ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرى مەن ساق قالسام ئىكەنمەن، دەيدۇ».

يەنە بىر رىۋايەتتە: «يوُشِكُ أَنْ يَحْسِرَ الْفُرَاتُ عَن كَنْزٍ مِنْ ذَهَبٍ، فَمَنْ حَضَرَهُ فَلا يأْخُذْ منْهُ شَيْئاً» «ئۇزۇنغا قالماي فۇرات دەرياسىدىن ئالتۇن كان چىقىدۇ. كىمكى شۇ زامانغا توغرا كېلىپ قالسا ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە ئالمىسۇن»، دېيىلگەن.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كەلگۈسى ئىشلار توغرىسىدىكى خەۋەرلەر پەقەت يۈز بەرگەن ۋاقىتتىلا بىلگىلى بولىدىغان غەيب ئىشلار قاتارىدىن بولۇپ، مۇسۇلمان كىشى بۇ خەۋەرلەرگە ئىشىنىپ يۈز بېرىشىنى كۈتۈشى كېرەك.

2) ئۇ ماللارغا ئۇرۇش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى، شۇڭا ئۇ ماللاردىن يىراق تۇرۇشنىڭ لازىملىقى، يىراق تۇرغاندا كىشىگە خاتىرجەملىك بولىدىغانلىقى.

1823 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «يَتْرُكُونَ المَدينَةَ عَلى خَيْرٍ مَا كَانَتْ، لا يَغْشَاهَا إلاَّ الْعوَافي يُرِيدُ: عَوَافِي السِّباعِ وَالطَّيْرِ وَآخِر مَنْ يُحْشَرُ رَاعِيانِ مِنْ مُزَيْنَةَ يُريدَانِ المَدينَةَ ينْعِقَانِ بِغَنَمِها فَيَجدَانِها وُحُوشاً. حتَّى إذا بَلَغَا ثَنِيَّةَ الْودَاعِ خَرَّا على وَجوهِهمَا» «كىشىلەر مەدىنىنى ئەڭ

www.munber.org

ياخشى چاغلىرىدا تاشلاپ كېتىدۇ، مەدىنىنى پەقەت يىرتقۇچ ۋە ئۇچار قاناتلار قاپلاپ كېتىدۇ، مەدىنىگە ئەڭ ئاخىرىدا توپلىنىدىغىنى مۇزەينە قەبىلىسىدىن بولغان ئىككى پادىچى بولۇپ ئۇلار پادىلىرىغا تووۋلاپ كېلىپ مەدىنىنىڭ ياۋايى ھايۋانلار بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىدۇ تاكى ئۇلار سەنىيەتۇلۋەدا دېگەن جايغا كەلگەندە دۈم چۈشۈپ جان ئۈزىدۇ ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان، پەيغەمبەرلەرگە بىلدۈرۈلگەن ئاللاھ تائالانىڭ غەيب ئىلمىدىكى بەزى ئىشلار خەۋەر قىلىنغان.

ئۇ ئىشلار: قىيامەت يېقىنلاشقاندا كىشىلەرنىڭ ئۆز خاھىشلىرىغا ئەگىشىپ ئەڭ ياخشى شەھەر بولغان مەدىنە شەھىرىنى تاشلاپ كېتىدىغانلىقى.

2) قازى ئىياز: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ مۆجىزىلىك خەۋەرلىرى بۇرۇنقى دەۋرلەردە يۈز بېرىپ بولغان. دەيدۇ. يەنى، ئىسلام سەلتەنىتى شام ۋە ئىراققا يۆتكەلگەن چاغدا مەدىنىنىڭ مەيلى دىنى ـ ئالىملارنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتە بولسۇن ۋە ياكى پاراۋانلىق ـ مولچىلىق ۋە ئاھالىلىرىنىڭ كۆپىيىشى جەھەتلەردە بولسۇن ئەڭ ياخشى ئاۋات ۋاقتى ئىدى.

**1824 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «يَكُونُ خَلِيفَةٌ مِنْ خُلَفَائِكُمْ فِي آخِرِ الزَّمَانِ يَحْثُو الْمَالَ وَلَا يَعُدُّهُ» **« زامان ئاخىرىدا (پۇل ـ مالنىڭ كۆپلۈكىدىن) مالنى سانىماي ئۇسۇپ بېرىۋېرىدىغان بىر خەلىفە مەيدانغا كېلىدۇ ».** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاخىر زاماندا ماللارنىڭ كۆپىيىدىغانلىقى ۋە بىربۆلۈك خەلىفىلەرنىڭ ماللارنى ھەددى ـ ھېسابسىز بېرىدىغانلىقى.

بۇ ھەدىستىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەقسىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئوبدان بىلگۈچىدۇر. چۈنكى، قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن: ﴿(ئۇ) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ، پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ﴾ (« قۇرئان كەرىم » سۈرە نەجم 3 ـ، 4 ـ ئايەتلەر).

**1825 ـ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «لَيَأْتِيَنَّ عَلَى النَّاسِ زَمَانٌ يَطُوفُ الرَّجُلُ فِيهِ بِالصَّدَقَةِ مِنَ الذَّهَبِ، فَلَا يَجِدُ أَحَداً يَأْخُذُهَا مِنْهُ، وَيُرَى الرَّجُلُ الْوَاحِدُ يَتْبَعُهُ أَرْبَعُونَ امْرَأَةً يَلُذْنَ بِهِ مِنْ قِلَّةِ الرِّجَالِ وَكَثْرَةِ النِّسَاءِ» **« ھەقىقەتەن كىشىلەرگە شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، بىر ئادەم سەدىقە قىلىش ئۈچۈن ئالتۇننى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، ئۇنى ئالىدىغان بىر ئادەم تاپالمايدۇ. ئەرلەرنىڭ سانى ئازىيىپ، ئاياللارنىڭ سانى كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن بىر ئەرگە 40 ئايال ئەگىشىپ ئۇنىڭغا تايىنىدۇ ».** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇ ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىنئالا خەۋەر بەرگەن ئىشلاردىن بولۇپ، ماللار كۆپىيىپ مولچىلىق بولىدىغان بىر زامان كېلىپ كىشىلەر سەدىقىنى



www.munber.org

بېرىدىغان ئادەمنى تاپالمايدىغانلىقى، بۇ ۋاقىتتا ئەرلەر قىرىلىدىغان ئۇرۇشلارنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقى ياكى قىزلارنىڭ كۆپ تۇغۇلغانلىقىدىن ئاياللار ئەرلەردىن كۆپ بولىدىغانلىقى.

**1826 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «اشْتَرَى رَجُلٌ مِنْ رَجُلٍ عقاراً، فَوَجَد الذي اشْتَرَى الْعَقَارَ في عَقَارِه جَرَّةً فِيهَا ذَهَبٌ، فقالَ لهُ الذي اشْتَرَى الْعَقَارُ: خُذْ ذَهَبَك، إنَّمَا اشْتَرَيْتُ مِنْكَ الأَرْضَ، وَلَمْ أَشْتَرِ الذَّهَبَ، وقالَ الَّذي لَهُ الأَرْضُ: إنَّمَا بِعْتُكَ الأَرضَ وَمَا فِيهَا، فَتَحاكَما إلى رَجُلٍ، فقالَ الَّذي تَحَاكَمَا إلَيْهِ: أَلَكُمَا وَلَدٌ؟ قَالَ أحدُهُمَا: لي غُلامٌ. وقالَ الآخرُ: لي جَارِيةٌ، قالَ أَنْكِحَا الْغُلامَ الجَارِيَةَ، وَأَنْفِقَا عَلى أنْفُسهمَا مِنْهُ وتصَدَّقَا» **《 بىر ئادەم بىر ئادەمدىن قورو سېتىۋاپتۇ. قورو سېتىۋالغان ئادەم قورودىن بىر كۈپ ئالتۇن تېپىۋاپتۇ. بۇ ئادەم قورونى ساتقۇچىغا: ‹سەندىن مەن قورونى سېتىۋالدىم. ئالتۇن سېتىۋالغىنىم يوق. ئالتۇنۇڭنى مەندىن ئېلىۋالغىن›، دەپتۇ. قورونى ساتقان ئادەم: ‹ساڭا مەن قورونى ئۇنىڭدىكى نەرسىلەر بىلەن بىللە قوشۇپ ساتقان›، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر كىشىنىڭ ئالدىغا دەۋالىشىپ بېرىپتۇ. ئۇ: ‹سىلەرنىڭ بالاڭلار بارمۇ؟›، دەپ سوراپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ‹بىر ئوغلۇم بار›، دەپتۇ. يەنە بىرى ‹قىزىم بار›، دەپتۇ. ئۇ ئادەم: ‹ئوغۇلغا قىزنى ئېلىپ بېرىڭلار. ئۇلارنىڭ چىقىمىغا شۇ ئالتۇندىن خەجلەڭلار. قالغىنىنى سەدىقە قىلىڭلار›، دەپتۇ 》.** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) تەقۋادارلىقنىڭ ۋە شۈبھىلىك مالنى تەرك ئېتىشنىڭ پەزىلىتى.

2) بۇ ھەدىستە بىزدىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ شەرىئەت ھۆكمى بايان قىلىنغان. ئىسلام شەرىئىتىدە بولسا كوزا مال ساتقۇچىنىڭ كۆمۈپ قويغان نەرسىسى بولۇپ، سېتىلغان يەرنىڭ خىلىدىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، سېتىلغان نەرسىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. ئەگەر بۇ مالنى كۆمۈپ قويغۇچى نامەلۇم بولسا، بۇنىڭ ھۆكمى تېپىۋالغان مالنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. بۇنداق مالنى تېپىۋالغۇچى بىر يىل كۈتۈپ، ئىگىسى چىقمىسا مالغا ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. شۇندىن كېيىنمۇ ئىگىسى چىقىپ قالسا قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ناۋادا سەرپ قىلىپ بولغان بولسا تۆلەپ بېرىدۇ.

**1827 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:** «كانَتْ امْرَأَتَان مَعهُمَا ابْناهُما، جَاءَ الذِّئْبُ فَذَهَبَ بابنِ إحْداهُما، فقالت لصاحِبتهَا: إنَّمَا ذهَبَ بابنِكِ، وقالت الأُخْرى: إنَّمَا ذَهَبَ بابنِك، فَتَحَاكما إلى داوُودَ صَلّى اللهُ عَلَيْهِ وسَلَّم، فقَضِي بِهِ للْكُبْرَى، فَخَرَجتَا على سُلَيْمانَ بنِ داودَ صَلّى اللهُ عَلَيْهِ وسَلَّم، فأخبرتَاه، فقالَ: ائْتُوني بِالسِّكين أَشقُّهُ بَيْنَهُمَا. فقالت الصُّغْرى: لا تَفْعَلْ، رَحِمكَ اللَّه، هُو ابْنُهَا فَقَضَى بِهِ للصُّغْرَى» **《 ئىككى ئايالنىڭ بىردىن ئىككى ئوغلى بولۇپ، ئۇلار كېتىۋاتقاندا بۆرە كېلىپ ئۇ ئىككىسىدىن بىرىنىڭ ئوغلىنى ئېلىپ قېچىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى سېنىڭ بالاڭنى ئەپقاچتى دېسە، يەنە بىرى ھەقىقەتەن سېنىڭ بالاڭنى ئەپقاچتى، دەپ دەۋالىشىپ داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەپتۇ. داۋۇد ئەلەيھىسسالام بالىنى يېشى چوڭراق ئايالغا بۇيرۇپ بېرىپتۇ.**

www.munber.org

ئۇ ئىككىسى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا ئۇچرىشىپ قىلىپ، بولغان ئەھۋالنى ئۇنىڭغا دەپتۇ. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام: ‹ماڭا پىچاق ئەكىلىپ بېرىڭلار، بۇ بالىنى پارچىلاپ ئىككىڭلارغا بۆلۈپ بېرەي›، دەپتىكەن، كىچىك ئايال: ‹ئۇنداق قىلمىغىن، ئاللاھ ساڭا رەھىم قىلسۇن، بولدى بۇ بالا ئۇنىڭ ئوغلى›، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۇ بالىنى كىچىككە بۇيرۇپ بېرىپتۇ ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بۇ ھەدىس زېرەكلىك ۋە ھوشيارلىق ئاللاھ تائالانىڭ ئاتاسى بولۇپ، ياشنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە ئالاقىسى يوقلۇقىنىڭ دەلىلى.

2) پەيغەمبەرلەرگە گەرچە ۋەھيى ئارقىلىق ھۆكۈم قىلىش ئىمكانىيىتى بولسىمۇ، ئۆز ئىجتىھاتى بىلەن ھۆكۈم قىلىشىنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقى، بۇنداق بولغاندا خاتالىقتىن خالىي بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەجرىنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقى.

1828 ـ مىرداس ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يَذْهَبُ الصَّالِحُونَ الأَوَّلُ فالأولُ، وتَبْقَى حُثَالَةٌ كحُثَالَةِ الشَّعِيرِ أَوْ التَّمْرِ، لا يُبالِيهِمُ اللَّه بالَةً» « ياخشىلار ئارقىمۇ ئارقا بىر ـ بىرلەپ كېتىپ قالىدۇ، ئارپىنىڭ ياكى خورمىنىڭ قالدۇقلىرىغا ئوخشاش ئاللاھ پەرۋامۇ قىلمايدىغان چۈپرەندە ئادەملەرلا قالىدۇ ». — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) سالىھ بەندىلەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى قىيامەتنىڭ ئالامىتىدىندۇر.

2) ياخشى كىشىلەرگە ئەگىشىش، ئۇلارغا خىلاپلىق قىلماسلىققا ئۈندەلگەن.

3) ئاخىر زاماندا ياخشى كىشىلەرنىڭ تۈگەپ، نادان كىشىلەر قالىدىغانلىقى، مۇشۇنداق كىشىلەر قالغاندىلا قىيامەتنىڭ قايىم بولىدىغانلىقى.

1829 ـ رىفائە ئىبنى رافىئۇززەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، جىبرىئىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ: « سىلەر ئاراڭلاردىكى بەدرى ئەھلىنى قانداق ھېسابلايسىلەر؟ »، دېۋىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مِنْ أَفْضَلِ الْمُسْلِمِين» « ئۇلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋزىلى دەپ ھېسابلايمىز »، دېۋىدى، جىبرىئىل: بىزمۇ بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقان پەرىشتىلەرنى شۇنداق ھېسابلايمىز، دېدى. — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) بەدرى غازىتىغا قاتناشقان ساھابىلەرنىڭ ئورنى.

2) بەدرىگە قاتناشقان پەرىشتىلەرنىڭمۇ پەزىلىتى. قۇرئاندا بەدرىگە پەرىشتىلەرنىڭمۇ قاتناشقانلىقى سۆزلەنگەن، لېكىن، ئۇلارنىڭ ئۇرۇش قىلغانلىقى ھەققىدە ھەرخىل قاراشلار بولۇپ ئەڭ ئىشەنچلىك قاراش: ئۇلار بەدرىدە مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلغان، باشقا غازاتلاردا ئۇرۇش قىلمىغان دېگەن قاراش.



www.munber.org

1830. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إذا أنْزل اللّه تَعالى بِقَوْمٍ عَذَاباً أَصَابَ الْعَذَابُ مَنْ كَانَ فِيهِمْ . ثُمَّ بُعِثُوا على أعمَالِهِمْ» «ئاللاھ بىرەر قەۋمگە ئازاب ـ ئوقۇبەت كەلتۈرسە، ئازاب ـ ئوقۇبەت ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە كېلىدۇ. ئاندىن قىيامەت كۈنى ئۇلار ياخشى ـ يامانلىقىغا قاراپ ئايرىلىدۇ». — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئازابنىڭ ياخشى ۋە يامان كىشىلەرگە ئورتاق چۈشىدىغانلىقى، قىيامەتتە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نىيەت ۋە ئەمەللىرىگە يارىشا تىرىلىپ قوپىدىغانلىقى.

2) گۇناھكارلار بىلەن ھەمسورۇن بولۇشتىن ۋە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا سۈكۈت قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش.

1831 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ خۇتبە ئوقۇغاندا ئۈستىگە چىقىپ تۇرىدىغان بىر خورما دەرىخىنىڭ كۆتىكى بار ئىدى. رەسۇلۇللاھقا يېڭى مۇنبەر قويۇپ بېرىلگەندە، بىز خورما كۆتىكىنىڭ ئون ئايلىق بالىسى بار تۆگىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش ئاۋاز چىقارغىنىنى ئاڭلىدۇق، تاكى رەسۇلۇللاھ مۇنبەردىن چۈشۈپ قولىنى ئۇنىڭغا قويۇۋىدى ئۇ جىم بولدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە: رەسۇلۇللاھ جۈمە كۈنى مۇنبەردە ئولتۇرۇۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۈستىدە تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇيدىغان خورما دەرىخىنىڭ غولى ئاۋاز چىقىرىپ يېرىلىپ كەتكىلى تاس قالدى، دېيىلگەن.

يەنە بىر رىۋايەتتە: خورما دەرىخىنىڭ غولى كىچىك بالىنىڭ ئاۋازىدەك ئاۋاز قىلدى. رەسۇلۇللاھ مۇنبەردىن چۈشۈپ ئۇنى تۇتۇپ باغرىغا باسقانىدى، ئۇ كىچىك بالا ئىڭرىغاندەك ئىڭراپ ئاخىر توختاپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بكت عَلَى ما كَانَتْ تسمعُ مِنَ الذِّكْرِ» «ئۇ ئاڭلاپ تۇرىدىغان زىكىردىن مەھرۇم بولغىنىغا تارتىشىپ يىغلايدۇ»، دېدى، دېيىلگەن. — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىبنى ھەجەر ئېيتىدۇ: بۇ ھەدىس جانسىز نەرسىلەرنىڭمۇ ھايۋانلارغا ئوخشاش ئىدراكلىق يارىتىلغانلىقىنىڭ دەلىلى ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسىنىڭ دەلىلى.

2) ئىمام بەيھەقى ئېيتىدۇ: خورما كۆتىكىنىڭ قىسسىسى سەلەفى سالىھلار كېيىنكىلەرگە يەتكۈزگەن ئېنىق ۋەقەلەر جۈملىسىدىندۇر.

1832 ـ ئەبۇ سەئلەب خۇشەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إن اللّه تعالى فَرَضَ فَرائِضَ فلا تُضَيِّعُوهَا ، وحدَّ حُدُوداً فَلا تَعْتَدُوهَا ، وحَرَّم أشْياءَ فَلا تَنْتَهِكُوها ، وَسكَتَ عَنْ أشْياءَ رَحْمةً لَكُمْ غَيْرَ نِسْيانٍ فَلا تَبْحثُوا عنها» «ئاللاھ



www.munber.org

بىرمۇنچە پەرزلەرنى پەرز قىلىپ بېكىتتى. ئۇلارنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويماڭلار، ئاللاھ نۇرغۇنلىغان چەك ـ چېگرىلارنى بېكىتتى، ئۇلاردىن ھالقىپ كەتمەڭلار، ئاللاھ بىرمۇنچە نەرسىلەرنى ھارام قىلدى، ئۇلارغا يېقىن يولىماڭلار، ئاللاھ بىرمۇنچە نەرسىلەر ئۈستىدە سۈكۈت قىلدى، مۇنداق قىلىشى ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى سىلەرگە رەھمەت قىلىش يۈزىسىدىندۇر، بۇ توغرىسىدا تولا ئىزدىنىپ كەتمەڭلار ». — دارى قۇتنى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالا بەندىلەرگە بەلگىلىگەن ئىشلارنى شۇ بويىچە ئورۇنداش.

2) يۈز بەرمىگەن ۋە ئاللاھ تائالا سۈكۈت قىلغان ئىشلارنى تۈجۈپىلەپ كېتىشنىڭ ۋە زىغىرلاپ سوراشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى. چۈنكى بۇ قىيىن ۋەزىپىلەرنىڭ يۈكلىنىپ قېلىشىغا سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىكەنلىكى، بۇنداق سوئال سوراشلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا بولغان.

1833 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن يەتتە قېتىم غازاتتا بىللە بولدۇق، ھەممىسىدە يېمىككىمىز چېكەتكە ئىدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: چېكەتكىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى يېيىشنىڭ ھالال ئىكەنلىكى.

1834 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لا يُلْدغُ الْمُؤمِنُ مِنْ جُحْرٍ مرَّتَيْنِ» « مۇئمىن ئادەم يىلان چېقىۋالغان تۆشۈككە قايتا قولىنى سالمايدۇ ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: نەپسىگە ئەگىشىپ كەتمەسلىك، دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن ئالدىنىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ھەممە ئىشلاردا ئېھتىياتچان ۋە سەگەك بولۇش كېرەكلىكى.

1835 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ثَلاثَةٌ لاَ يُكَلِّمُهُمُ اللَّه يَوْمَ الْقِيَامةِ وَلاَ ينْظُرُ إِلَيْهِمْ وَلا يُزَكِّيهِمْ ولَهُمْ عذابٌ أَلِيمٌ: رجُلٌ علَى فَضْلِ ماءٍ بِالْفَلاةِ يمْنَعُهُ مِن ابْنِ السَّبِيلِ، ورَجُلٌ بَايَع رجُلاً سِلْعَةً بعْد الْعَصْرِ، فَحَلَفَ بِاللَّهِ لأَخَذَهَا بكَذَا وَكَذا، فَصَدَّقَهُ وَهُوَ عَلى غيْرِ ذَلِكَ، ورَجُلٌ بَايع إمَاماً لا يُبايعُهُ إلاَّ لِدُنيَا، فَإِنْ أَعْطَاهُ مِنْهَا وفي، وإِنْ لَم يُعْطِهِ مِنْهَا لَمْ يَفِ» « ئۈچ تۈرلۈك ئادەم بولۇپ ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇلارغا گەپ قىلمايدۇ. ئۇلارغا قارىمايدۇ ۋە ئۇلارنى پاكلىمايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. بىرى: باياۋاندا ئوشۇق سۈيى بار تۇرۇقلۇق ئۇنى سۇسىز قالغان يولۇچىغا بەرمىگەن. يەنە بىرى: ناماز ئەسىردىن كېيىن بىر ئادەمگە مەن بۇ مالنى مۇنچىگە ئالغان دەپ، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىپ ئۇنى ئىشەندۈرۈپ مېلىنى ساتقان ئادەم.

يەنە بىرى: بىرەر خەلىفىگە دۇنيانى دەپ بەيئەت قىلىپ ئەگەر خەلىفە ئۇ ئادەمگە مال ـ دۇنيادىن بەرسە سادىق بولىدىغان، بەرمىسە سادىق بولمايدىغان ئادەم».
— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھارام ۋە چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكى، چۈنكى بۇ كىشىلەرنى قىينچىلىقتا قالدۇرۇش، ئاللاھ تائالانىڭ نامىنى سەل چاغلاش، ھارام مالنى يېيىش ۋە بەيئەت قىلغان خەلىفىگە خىيانەت قىلىش ھېسابلىنىدۇ.

1836 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بَيْنَ النَّفْخَتَيْنِ أرْبعُونَ» «(قىيامەت بولغاندا چېلىنىدىغان) ئىككى سۇرنىڭ ئوتتۇرىسىدا 40 بار»، دېگەن، دېۋىدى. كىشىلەر: «ئى ئەبۇ ھۇرەيرە، 40 كۈنمۇ؟»، دېۋىدى. بۇ: «بىلەلمىدىم»، دېدى. كىشىلەر: «40 يىلمۇ؟»، دېۋىدى. ئۇ: «بىلەلمىدىم»، دېدى. ئۇلار: «40 ئايمۇ؟»، دېۋىدى. ئۇ: «بىلەلمىدىم»، دېدى ۋە رەسۇلۇللاھ: «وَيَبْلَى كُلُّ شَيءٍ مِنَ الإنْسَانِ إلاَّ عَجْبَ الذَّنَبِ ، فِيهِ يُرَكَّبُ الْخَلْقُ، ثُمَّ يُنَزِّلُ اللّه مِنَ السَّمَآءِ مَاءً ، فَيَنْبُتُونَ كَمَا يَنْبُتُ الْبَقْلُ» «ئىنساننىڭ تۇغۇر سۆڭكىدىن باشقا ھەممە يېرى چىرىپ كېتىدۇ. ئىنسان شۇ تۇغۇر سۆڭكىدىن قايتا بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ. ئاندىن ئاللاھ ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرىدۇ، ئۇلار خۇددى ئوت ـ چۆپ ئۈنگەندەك ئۈنۈپ چىقىدۇ»، دېگەنىدى دېدى.
— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىككى سۇرنىڭ ئارىسىدا 40 يىل ۋاقىت ئۆتىدىغانلىقى، كىشىلەرنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن تۇغۇر سۆڭكىدىن باشقا ھەممە يېرى چىرىپ تۈگەيدىغانلىقى، پەيغەمبەر ۋە شېھىتلەرنىڭ جەسىتىنىڭ چىرىپ كەتمەيدىغانلىقى.

2) بۇ ھەدىستە ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشتىن ئىبارەت غەيب ئىش بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ بىلىدىغانلىقى.

1837 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئولتۇرۇشتا خەلققە سۆز قىلىۋاتاتتى. بىر ئەئرابى كېلىپ: «قىيامەت قاچان بولىدۇ؟»، دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەي سۆزلەۋەردى. بەزىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەئرابىنىڭ سوئالىنى ئاڭلىدىيۇ، ئۇنى ياقتۇرمىدى، دېسە بەزىلەر ئۇنى ئاڭلىمىدى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن: «أيْنَ السَّائِلُ عَنِ السَّاعَةِ؟» «قىيامەت توغرۇلۇق سورىغۇچى قېنى؟»، دېدى. ئەئرابى: «مانا مەن، ئى رەسۇلۇللاھ»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إذَا ضُيِّعَتِ الأمَانَةُ فانْتَظِرِ السَّاعةَ» «ئىشەنچ يوقالغان چاغدا قىيامەتنى كۈتسەڭ بولىدۇ»، دېدى. ئەئرابى: «ئىشەنچنىڭ يوقالغىنى قانداق بولىدۇ؟»، دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إذَا وُسِّدَ الأمْرُ إلى غَيْرِ أهْلِهِ فَانْتَظِرِ



www.munber.org

السَّـاعة» « ئىـش شـۇ ئىشـنىڭ ئـەھلى بولمىغـان ئادەملەرگـە تاپشـۇرۇلغان چـاغدا قىيامەتنى كۈتسەڭ بولىدۇ » ، دېدى.

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئامانەتلەرنىڭ زايە قىلىنىشى ئىش، ۋەزىپىلەرنىڭ نالايىق كىشىلەرگە تاپشۇرۇلغانلىقىدىن بولۇپ، بۇ ھەقلەرنىڭ زايە بولۇشىغا ۋە پىتنىلەرنىڭ تېرىلىشىغا سەۋەب بولۇپ قالىدىغانلىقى.

**1838 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «يُصَلُّونَ لَكُمْ، فَإِنْ أَصَابُوا فَلَكُمْ، وإِنْ أَخْطَئُوا فَلَكُمْ وَعَلَيْهِمْ» **« ئىماملار سىلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇلار دۇرۇس ئوقۇغان بولسا سىلەرگىمۇ ۋە ئۆزلىرىگىمۇ ئەجىر بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار خاتا ئوقۇسا سىلەرگە ساۋاب بولىۋېرىدۇ. ئۇلارغا بولسا گۇناھ بولىدۇ ».**

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ناماز ۋە باشقا تۇرمۇش ئىشلىرىدا نادانلارنىڭ باشچىلىق قىلىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بولۇپ، ئەگەر ئۇلار ئىبادەتلەرنى توغرا ئورۇندىسا ئۆزلىرى ۋە ئەگەشكۈچىلىرىگە ئەجىرلەر بولىدىغانلىقى، ئەگەر توغرا ئورۇندىيالمىسا خاتالىقنىڭ گۇناھى ئۆزىگە بولىدىغانلىقى.

**1839 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ** ﴿كُنْتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ﴾ **﴿سىلەر كىشىلەر مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۈممەت﴾** ( « قۇرئان كەرىم » سۈرە ئال ئىمران 110 - ئايەت) **دېگەن ئايەتنىڭ تەفسىرىدە: كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەڭ پايدا يەتكۈزىدىغانلىرى بولسا، كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا تاقاقلار سېلىپ ئەسىر ھالەتلىرى بىلەن ئۇلارنى ئېلىپ كەلگەنلەردۇر » ، دېگەن.**

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**1840. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «عَجِبَ اللَّه عَزَّ وَجَلَّ مِنْ قَوْمٍ يَدْخُلُونَ الْجَنَّةَ في السَّلاسِلِ» **« ئاللاھ تائالا ئەسىر ئېلىنىپ بويۇنلىرىغا تاقاق سېلىنغان، ئاندىن مۇسۇلمان بولۇپ، جەننەتكە كىرگەن كىشىلەردىن مەمنۇن بولىدۇ ».**

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى (1839 - 1840): پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ باشقا كىشىلەردىن ئەۋزەللىكى ۋە ياخشىلىق تەرىپى.

**1841 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «أَحَبُّ الْبِلاَدِ إلى اللَّه مَساجِدُهَا، وأَبَغضُ الْبِلاَدِ إلى اللَّه أسواقُهَا» **« ئاللاھ شەھەرلەردىكى جايلار ئىچىدە مەسجىدلەرنى ئەڭ ياقتۇرىدۇ، بازارلارنى بولسا ئەڭ ياقتۇرمايدۇ ».**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مەسجىدلەرنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئورنىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكى، چۈنكى بۇ ئورۇن ئاللاھ تائالانىڭ نامى كۆپ زىكىر قىلىنىدىغان، ناماز ئادا قىلىنىدىغان ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىنىدىغان جايدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بازارلارنى يامان كۆرىدىغانلىقى، چۈنكى بازار ئاللاھ تائالادىن غەپلەتتە قالىدىغان، ئالدامچىلىق، ساختىلىق ۋە يالغان قەسەمنىڭ جايى بولۇپ بۇلاردىن ئاسان ساقلانغىلى بولمايدۇ.

بۇ ھەدىستىكى بازارنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى دېگەنلىك شۇ ئورۇننىڭ ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىگە ئەمەس، بەلكى شۇ ئورۇندا قىلىنىدىغان ئىشلارنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىگە قارىتا ئېيتىلغان.

**1842 ـ سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن:** «لاَ تَكُونَنَّ إن اسْتَطعْتَ أَوَّلَ مَنْ يَدْخُلُ السُّوقَ، وَلا آخِرَ مَنْ يَخْرُجُ مِنْهَا، فَإِنَّهَا مَعْرَكَةُ الشَّيْطَانِ، وَبهَا يَنْصُبُ رَايَتَـهُ» **«قولۇڭدىن كەلسىلا بازارغا كىرىدىغانلارنىڭ ئاۋۋالقىسى ۋە ئۇنىڭدىن چىقىدىغانلارنىڭ ئاخىرقىسى بولمىغىن، چۈنكى بازار شەيتاننىڭ ئۇرۇش مەيدانى بولۇپ، ئۇ يەرگە شەيتان تۇغىنى قادايدۇ»**

**بەرقانى ئۆزىنىڭ سەھىھىدە مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «لا تَكُنْ أَوَّلَ مَنْ يَدْخُلُ السُّوقَ، وَلا آخِرَ منْ يخْرُجُ مِنْهَا، فِيهَا بَاضَ الشَّيْطَانُ وَفَرَّخَ» **بازارغا كىرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئاۋۋالقىسى ۋە ئۇنىڭدىن چىقىدىغان كىشىلەرنىڭ ئاخىرقىسى بولمىغىن، شەيتان بازاردا تۇخۇم تۇغۇپ، بازاردا چۈجە چىقىرىدۇ»، دېگەن.**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بازارغا كۆپ بېرىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، چۈنكى بازارغا بارغۇچى تولا چاغلاردا گۇناھلارغا شېرىك بولۇشتىن ياكى گۇناھ ئۆتكۈزۈشتىن خالىي بولالماسلىقى مۇمكىن.

**1843 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى سەرجىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھقا: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ئاللاھ ساڭا مەغفىرەت قىلسۇن»، دېسەم، رەسۇلۇللاھ:** «وَلَكَ» **«ساڭىمۇ قىلسۇن»، دېدى. ئاسىم ئابدۇللاھقا: «رەسۇلۇللاھ ساڭا مەغفىرەت تىلىدىمۇ؟»، دېۋىدى، ئۇ: «ھەئە، ساڭىمۇ تىلىدى، دەپ ئاندىن بۇ ئايەتنى ئوقۇدى.** ﴿واستغفِرْ لِذَنْبِكَ ولِلْمُؤمِنِينَ والمُؤْمِناتِ﴾ **﴿گۇناھىڭ ئۈچۈن ئەر ۋە ئايال مۇئمىنلەر ئۈچۈن مەغفىرەت تەلەپ قىلغىن﴾.**

**(«قۇرئان كەرىم» سۈرە مۇھەممەد 19 ـ ئايەت)** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەغفىرەت تىلەپ دۇئا قىلسا بولىدىغانلىقى. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلۇغلىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۇناھسىز، مەسۇم زاتتۇر. شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياخشىلىقنى ياخشىلىق بىلەن قايتۇرۇشتەك ئېسىل ئەخلاقى بايان قىلىنغان.



www.munber.org

**1844 ـ ئەبۇ مەسئۇد ئەنسارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «إِنَّ مِمَّا أَدْرَكَ النَّاسُ مِنْ كَلامِ النُّبُوَّةِ الأولَى: إِذَا لَمْ تَسْتَحِ فَاصْنَعْ مَا شِئْتَ» **« ئەگەر ئۇيالمايدىغان بولساڭ، نېمىنى خالىساڭ شۇنى قىلغىن دېگەن سۆز ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ كىشىلەرگە ئېيتىپ قالدۇرغان سۆزلىرىدىندۇر ».**

— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ھايا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن كىشى ھايادىن ئىبارەت چەكلىگۈچىدىن ئايرىلغاچقا، ھالال ـ ھارامنى ئايرىماي ھەممە ئىشنى قىلىۋېرىدىغانلىقى.

**1845 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «أَوَّلُ مَا يُقْضَى بَيْنَ النَّاسِ يوْمَ الْقِيَامَةِ فِي الدِّمَاءِ» **« قىيامەت كۈنى كىشىلەر ئارىسىدا تۇنجى چىقىرىلىدىغان ھۆكۈم ناھەق قان تۆكۈش توغرىسىدا بولىدۇ ».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) جاننىڭ ھۆرمەتلىك ۋە دەخلىسىزلىكى. قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا بەندىلەردىن قان تۆكۈش ۋە ناھەق جانغا زامىن بولۇش ئۈستىدە دەسلەپ ھېساب ئالىدىغانلىقى.

2) «أَوَّلُ مَايُحَاسَبُ بِهِ الْعَبْدُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ الصَّلاَة» « قىيامەت كۈنى بەندىدىن ئەڭ ئاۋۋال ناماز توغرۇلۇق ھېساب ئېلىنىدۇ »، دېگەن ھەدىستە ئاللاھ تائالانىڭ ھەقلىرىگە ئالاقىدار ھېساب، يۇقىرىقى ھەدىستە بولسا بەندىلەرنىڭ ھەقلىرىگە ئالاقىدار ھېساب كۆزدە تۇتۇلغان.

**1846 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «خُلِقَتِ المَلاَئِكَةُ مِنْ نُورٍ، وَخلِقَ الجَانُّ مِنْ مَارِجٍ منْ نَارً، وخُلِق آدمُ مِّما وُصِفَ لَكُمْ» **« پەرىشتىلەر نۇردىن، جىنلار ئوتنىڭ يالقۇنىدىن، ئادەم سىلەرگە بايان قىلىپ بېرىلگەن نەرسىدىن (لايدىن) يارىتىلدى ».**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەرىشتە، جىن ۋە ئىنسانلاردىن ئىبارەت مەخلۇقلارنىڭ يارىتىلىشى بايان قىلىنغان.

2) ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىنى يارىتىشتىكى قۇدرىتى، خاھىشى بويىچە نېمىنى يارىتىشنى ئىرادە قىلسا شۇنى يارىتىشقا قادىر ئىكەنلىكى، ئۇلۇغلىقى بايان قىلىنغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانداق خەۋەر بەرگەن بولسا، شۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشنىڭ لازىملىقى.

**1847 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن ئەخلاقى قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان ئەخلاقتۇر.**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى كامالەتتە شۇ ئىدىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى قۇرئان كەرىمنىڭ تىرىك ئۈلگىسى ئىدى. قۇرئان

www.munber.org

ھارام قىلغاننى ھارام، ھالال قىلغاننى ھالال سانايتتى. قۇرئاندىكى ئەدەب ـ ئەخلاقنى مۇكەممەل ئۆزلەشتۇرگەنىدى.

**1848 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «مَنْ أَحَبَّ لِقاءَ اللَّهِ أَحبَّ اللَّه لِقَاءَهُ، وَمنْ كَرِهَ لِقاءَ اللَّه كَرِهَ اللَّه لِقَاءَهُ» **«كىمكى ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشنى ياقتۇرىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا مۇلاقات بولۇشنى ياقتۇرىدۇ. كىمكى ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشنى يامان كۆرىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا مۇلاقات بولۇشنى يامان كۆرىدۇ». ئائىشە: «بىز ئۆلۈمنى ھېچ ياقتۇرمايمىز»، دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:** «لَيْس كَذَلِكَ، وَلَكِنَّ الْمُؤمِنَ إِذَا بُشِّر بِرَحْمَةِ اللَّه وَرِضْوانِهِ وَجنَّتِهِ أَحبَّ لِقَاءَ اللَّه، فَأَحَبَّ اللَّه لِقَاءَهُ وإِنَّ الْكَافِرَ إِذَا بُشِّرَ بعَذابِ اللَّه وَسَخَطِهِ، كَرِهَ لِقَاءَ اللَّه، وَكَرِهَ اللَّه لِقَاءَهُ» **«مېنىڭ دېگىنىم ئۇ ئەمەس. مۇئمىن ئادەمگە ئۆلۈم كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئۇلۇغ ئاللاھ تەرىپىدىن بولغان رازىلىق ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن بىشارەت بېرىلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭغا ئۆلۈمدىن سۆيۈملۈك نەرسە بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشنى ياقتۇرىدۇ. ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا مۇلاقات بولۇشنى ياقتۇرىدۇ. كافىرغا ئۆلۈم كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ ئازابى ۋە ئوقۇبىتى بىلەن بىشارەت بېرىلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭغا ئۆلۈمدىن يامان نەرسە بولمايدۇ. ئۇ ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشنى ياقتۇرمايدۇ. ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا مۇلاقات بولۇشنى ياقتۇرمايدۇ».**

—— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: تائەت ـ ئىبادەتلەرگە ئادەتلىنىشكە ۋە ئىخلاس بىلەن ئورۇنلاشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن. شۇنىڭدەك مۇئمىن كىشىنىڭ جان ئۈزۈش ۋاقتىدا ئاخىرەت نېئمەتلىرىدىن ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا قىلىدىغان ئىززەت ـ ھۆرمەتلىرىدىن خۇش بىشارەت ئالىدىغانلىقى.

**1849 ـ مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى سەفىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېتىكاپتا ئولتۇرغانىدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يوقلاپ كەلدىم، ئۇنىڭ بىلەن بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن قايتماقچى بولۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. رەسۇلۇللاھ مېنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن تۇردى. شۇچاغدا، ئەنسارىيلاردىن بولغان ئىككى ساھابە بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ قېلىپ ئالدىراپ مېڭىشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «عَلَى رِسْلُكُمَا إِنَّهَا صَفِيَّةُ بنتُ حُيَيٍّ» **«ئالدىرىماڭلار، بۇ ھويەينىڭ قىزى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى) سەفىييە بولىدۇ»، دېدى. بۇ ئىككىسى: «ئى رەسۇلۇللاھ، سەندىنمۇ گۇمان قىلارمىزمۇ؟»، دېۋىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:** «إِنَّ الشَّيْطَانَ يَجْرِي مِنْ ابْنِ آدَمَ مَجْرَى الدَّمِ، وَإِنِّي خَشِيتُ أَنْ يَقذِفَ فِي قُلُوبِكُمَا شَرا» **«شەيتان ئادەم بالىسىنىڭ قان تومۇرلىرىدا ماڭىدۇ، مەن شەيتاننىڭ سىلەرنىڭ**

قەلبىڭلارغا يامان ئويلارنى سېلىشىدىن ئەنسىرىدىم»، دېدى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: «فەتھۇل بارى» كىتابىنىڭ مۇئەللىپى ئىبنى ھەجەر بۇ ھەدىسنى شەرھىلەپ مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستىكى ئاساسلىق مەقسەت يامان ئويغا كېلىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ۋە شەيتاننىڭ ھىيلە ـ مىكرىدىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت».

ئىبنى دەقىق مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىس ئۆلىمالارنىڭ ھەققىگىمۇ تاقىلىدۇ. كىشىلەر گەرچە ئۆلىمالارغا ئىخلاسمەن بولسىمۇ، ئۆلىمالار كىشىلەرنى ئۇلار ئۈستىدە يامان ئويغا كەلتۈرۈپ قويىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى، بۇنداق قىلىش كىشىلەرنىڭ ئۇلار توغرىسىدا يامان ئويدا بولۇپ قېلىشىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئىلمىدىن پايدىلىنالماسلىقىغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ».

ھافىز مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككى ساھابىنىڭ ئىمانىنىڭ كۈچلۈكلىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆزى ئۈستىدە بىرەر گۇماندا بولىدۇ دەپ ئويلىمىغان. لېكىن، شەيتاننىڭ ئۇلارغا ۋەسۋەسە قىلىشىدىن ئەنسىرىگەن، چۈنكى ئۇ ئىككىسى گۇناھلاردىن پاك، يەنى مەسۇم بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېيىنكىلەرگە مۇشۇنداق ئىشقا دۇچ كېلىپ قالسا قانداق قىلىشنى تەلىم بېرىش ئۈچۈن، ئەھۋالنى دەرھال مەلۇم قىلىش بىلەن مەسىلىنى تۈپ يىلتىزىدىن ھەل قىلغان.

**1850. ئاببا س ئىبنى ئابدۇل مۇتتەلىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھۇنەين غازىتىغا قاتناشقانىدىم. ئەبۇ سۇفيان ئىككىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئايرىلمىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئاق قېچىرىغا مىنىگىلىك ئىدى. مۇشرىكلار بىلەن ئۇچراشقاندا مۇسۇلمانلار ئارقىغا ئۆرۈلۈپ قاچتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا قېچىرنى دۈشمەن تەرەپكە قاراپ دېۋىتىۋاتاتتى. مەن بولسام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەيقاچمىسۇن دەپ قېچىرنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇۋالغانىدىم، ئەبۇ سۇفيان قېچىرنىڭ ئۈزەڭگىسىنى تۇتۇۋالغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَيْ عبَّاسُ نادِ أَصْحَابَ السَّمُرَةِ» «ئى ئاببا س، سەمۇرە دەرىخىنىڭ ئاستىدا بەيئەت قىلغانلارنى چاقىرغىن»، دېدى. (ئاببا سنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق ئىدى) مەن جاراڭلىق ئاۋازىم بىلەن: «سەمۇرە دەرىخى ئاستىدا بەيئەت قىلغانلار قېنى سىلەر؟!»، دەپ توۋلىدىم. ئاللا بىلەن قەسەمكى، ئۇلار مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلاپ موزايىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ كەلگەن كالىلاردەك تېزلىقايتىپ كەلدى. ئۇلار: «مانا بىز ھازىر بولدۇق، مانا بىز ھازىر بولدۇق»، دېيىشكىنىچە كېلىپ كۇففارلار بىلەن ئېلىشىپ كەتتى. ئەنسارىيلار ئۆزئارا: «ھەي ئەنسارىيلار جامەسى، ھەي ئەنسارىيلار جامەسى»، دەپ چاقىرىشاتتى. ئۆزئارا چاقىرىشىپ ئاخىر ھارىس ئىبنى خەزرەج جەمەتىدىكىلەر بىلەن توختىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېچىرىنىڭ ئۈستىدە، بويىنىنى سوزۇپ ئۇرۇش بولۇۋاتقان تەرەپكە قاراپ: «هَذَا حِينَ حَمِيَ الْوَطِيسُ» «مانا ئۇرۇش ئەمدى تازا قىزىپتۇ»، دەپ ئاندىن شېغىلدىن بىر سىقىم**

ئېلىپ ئۇنى كۇففارلارغا قارىتىپ ئاتتى. ئاندىن: «انْهَزَمُوا وَرَبِّ مُحَمَّدٍ» « مۇھەممەدنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەمكى ئۇلار مەغلۇپ بولدى » ، دېدى. مەن قارىسام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا تاش ئېتىشى بىلەن ئۇلارنىڭ كۈچى ئاجىزلاپ ئىشلىرىنىڭ ئۇڭغا تارتمىغانلىقىنى كۆردۈم. ــــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەڭلەردىكى باتۇر ـ قەھرىمانلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇ ئاتقان بىر سىقىم شېغىل تاش ئارقىلىق دۈشمەنلىرىنى مەغلۇپ قىلىشتىن ئىبارەت مۆجىزە بىلەن ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلىكى.

2) ساھابىلەرنىڭ ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ۋاقتىتىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقىغا ناھايىتى تېز ئاۋاز قوشقانلىقى.

3) كۆپ ساھابىلەرنىڭ قېچىشى دۈشمەننىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغىنىدىن بولغان بولۇپ، ساھابىلەر ئۆزىنىڭ كۆپلۈكىدىن مەغرۇرلانغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ساۋاق بېرىپ، ئۇلارنى تەربىيىلەپ قويغان. شۇ ۋاقىتتىكى ئۇلارنىڭ سانى 12 مىڭ ئىدى.

4) جىھاتتىكى ھەقىقىي كۈچنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىش، نۇسرەت ۋە ياردەم تىلەش بىلەن بولىدىغانلىقى.

5) قوماندانلارنىڭ جەڭچىلىرىگە باتۇرلۇق ۋە قەھرىمانلىقتا ئۈلگە بولۇش كېرەكلىكى.

1851 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّ اللَّه طَيِّبٌ لا يقْبَلُ إِلاَّ طَيِّباً ، وَإِنَّ اللَّه أَمَرَ الْمُؤمِنِينَ بِمَا أَمَرَ بِهِ الْمُرْسلِينَ، فَقَالَ تَعَالَى: ﴿يَا أَيُّها الرُّسُلُ كُلُوا مِنَ الطَّيِّباتِ واعملوا صَالحاً﴾ وَقَالَ تعالَى: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُلُوا مِنَ طَيِّبَات مَا رَزَقْنَاكُمْ﴾ ثُمَّ ذَكَرَ الرَّجُلَ يُطِيلُ السَّفَرَ أَشْعَثَ أَغْبَرَ يَمُدُّ يدَيْهِ إِلَى السَّمَاءِ: يَاربِّ يَاربِّ، وَمَطْعَمُهُ حَرَامٌ، وَمَشْرَبُه حَرَامٌ، ومَلْبسُهُ حرامٌ، وغُذِيَ بِالْحَرامِ، فَأَنَّى يُسْتَجابُ لِذَلِكَ؟» « ئى كىشىلەر! ئاللاھ پاكتۇر، پاك نەرسىنىلا (ھالالنى) قوبۇل قىلىدۇ. ئاللاھ پەيغەمبەرلەرگە نېمىنى بۇيرۇغان بولسا، مۆئمىنلەرگىمۇ شۇنى بۇيرۇدى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرگە: ‹ئى پەيغەمبەرلەر، پاك نەرسىلەردىن يەڭلار ۋە ياخشى ئەمەلنى قىلىڭلار›، دېگەن بولسا، مۆئمىنلەرگە: ‹ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! بىز سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن پاك نەرسىلەردىن يەڭلار›، دېدى، دېگەندىن كېيىن ئۇزۇن سەپەر قىلىپ (ھەج سەپىرىگە ئوخشاش) چاچلىرى چۇۋۇلغان، يۈزلىرىنى توپا ـ چاڭ باسقان بىر ئادەمنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. ئۇ ئادەم ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ: ‹ئى رەببىم! ئى رەببىم!›، دەيدۇ. ھالبۇكى ئۇنىڭ يېمىكى ھارامدۇر، ئىچمىكى ھارامدۇر ۋە ئوزۇقلىنىشى ھارامدۇر، بۇنداق ئادەمنىڭ دۇئاسى قانداقمۇ قوبۇل بولىدۇ؟ » ، دېدى. ــــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالانىڭ كامالى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىدىغانلىقى، ھارامدىن تاپقان ماللارنىڭ سەدىقىسىنى ئاللاھنىڭ قوبۇل قىلمايدىغانلىقى.



www.munber.org

2) پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا باشقا دىن ئەھكاملىرىدا مۇئمىنلەر بىلەن ئوخشاشتۇر.

3) ھالالدىن تاپقان پاك رىزىقلارنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

4) ھارام مال يېيىش دۇئانىڭ ئىجابەت بولماسلىقىدىكى سەۋەب. ھالالدىن يېيىش بولسا دۇئا ئىجابەت بولۇشنىڭ سەۋەبى. شۇڭا « دۇئانىڭ ئىككى قانىتى بار: بىرى ھالالدىن يېيىش، يەنە بىرى راست سۆزلەش » ، دېگەن گەپ بار.

**1852 - ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «ثَلاثَةٌ لاَ يُكَلِّمُهُمْ اللَّه يومَ الْقِيَامةِ، وَلاَ يُزَكِّيهِمْ، وَلا ينْظُرُ إلَيْهِمْ، ولَهُمْ عذَابٌ أليمٌ: شَيْخٌ زَانٍ، ومَلِكٌ كَذَّابٌ، وَعَائِل مُسْتَكْبِرٌ» **« قىيامەت كۈنى ئاللاھ سۆز قىلمايدىغان، قارىمايدىغان ۋە قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلىدىغان ئۈچ تۈرلۈك كىشى بار بولۇپ، ئۇلار زىنا قىلغۇچى بوۋاي، يالغانچى پادىشاھ ۋە تەكەببۇر كەمبەغەل ».**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالانىڭ يۇقىرىقى خىلدىكى كىشىلەرنى ياقتۇرمايدىغانلىقى.

2) قازى ئىياز ئېيتىدۇ: « يۇقىرىقى ئۈچ خىل كىشىلەرنىڭ ئازابقا خاس قىلىنىشى شۇنىڭ ئۈچۈنكى ئۇلار ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى بولمىغان ئەھۋالدا گۇناھقا دۇچار قىلغۇچى سەۋەبلەرنى سادىر قىلغان ۋە ئاجىز تۇرۇپ گۇناھ ئۆتكۈزگەن. ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق ئەھۋالدا گۇناھقا جۈرئەت قىلىشى ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى كۆزگە ئىلماي بۇيۇنتاۋلۇق قىلغانلىقىدىن بولغان.

**1853 - ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «سيْحَانُ وجَيْحَانُ وَالْفُراتُ والنِّيلُ كُلٌّ مِنْ أنْهَارِ الْجَنَّةِ» **« سەيھۇن، جەيھۇن، فۇرات ۋە نىل دەريالىرى بولسا جەننەتنىڭ دەريالىرىدىندۇر ».**

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇ دەريالارنىڭ پەزىلىتى - ئۇلارنىڭ سۈيىنىڭ ساپلىقى ۋە ئەتراپىغا ئىسلامنىڭ كۆپ تارقالغانلىقىدىندۇر. بۇ دەريانىڭ سۇلىرى جەننەت سۇلىرىغا ئوخشىتىلغان بولۇپ، ئىمام سۇيۇتى: « ئىشنىڭ ھەققىتىنى ئاللاھ تائالا ئوبدان بىلىدۇ. ئىشنىڭ ماھىيىتىنى شۇكەنكى، ئۇ دەريالاردا جەننەتنىڭ ئىلمىنتى بولۇشى مۇمكىن » ، دېگەن.

**1854 - ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ مۇنداق دېدى:** «خَلَقَ اللَّه التُّرْبَةَ يومَ السَّبْتِ، وخَلَقَ فِيهَا الْجِبَالَ يَوْمَ الأحَد ، وخَلَقَ الشَّجَرَ يَوْمَ الإثْنَيْنِ، وَخَلَقَ المَكْرُوهَ يَوْمَ الثُّلاثَاءِ، وَخَلَقَ النُّورَ يَوْمَ الأرْبَعَاءِ، وَبَثَّ فِيهَا الدَّوَابَّ يَوْمَ الخَمِيسِ، وخَلَقَ آدَمَ صَلّى اللهُ عَلَيْهِ وسَلَّم بَعْدَ الْعَصْرِ مِنْ يَوم الجُمُعَةِ في آخِرِ الْخَلْقِ في آخِرِ سَاعَةٍ مِنَ النَّهَارِ فِيمَا بَيْنَ الْعَصْرِ إلى اللَّيلِ» **« ئاللاھ شەنبە كۈنىدە تۇپراقنى ياراتتى ۋە تۇپراقتا يەكشەنبە كۈنى**

تاغلارنى ياراتتى، دۈشەنبە كۈنى دەل ـ دەرەخلەرنى ياراتتى، سەيشەنبە كۈندە يامان سانىلىدىغان نەرسىلەرنى ياراتتى، چارشەنبە كۈنى نۇرلارنى ياراتتى ۋە پەيشەنبە كۈنى يەر يۈزىدە ھايۋاناتلارنى ياراتتى، ھەممىسىنىڭ ئاخىرىدا جۈمە كۈنى ئەسىردىن كېيىن كۈندۈزنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئادەمنى ياراتتى ».

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ھەدىسنىڭ مەنىسىدىن قارىغاندا، بىر قىسىم مەخلۇقاتلارنىڭ يارىتىلىش تەرتىپى بايان قىلىنغان. لېكىن، كۈنلەرنىڭ ماھىيىتى ئۈستىدە توختالماسلىق ئەڭ ئاقلانىلىكتۇر.

1855 ـ ئەبۇ سۇلايمان خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «لَقَدِ انْقَطَعَتْ في يَدِي يومَ مُؤتَةَ تِسْعَةُ أسْيافٍ، فَمَا بقِيَ في يدِي إلا صَفِيحةٌ يَمَانِيَّةٌ» « مۇئتە ئۇرۇشى بولغان كۈنى مېنىڭ قولۇمدا توققۇز دانە قىلىچ سۇنۇپ تۈگەپ قولۇمدا پەقەتلا يەمەندە سوقۇلغان بىر دانە قىلىچ قالغان ».

ـــ بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى، جەڭلەردىكى باتۇر ـ قەھرىمانلىقى بايان قىلىنغان.

1856 ـ ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «إذَا حَكَمَ الْحَاكِمُ، فَاجْتَهَدَ، ثُمَّ أصاب، فَلَهُ أجْرانِ وإنْ حَكَم وَاجْتَهَدَ، فَأَخْطَأَ، فَلَهُ أجْرٌ» « ئەگەر ھۆكۈم قىلغۇچى ھۆكۈم چىقارغان چاغدا تىرىشىپ ئىزدىنىپ توغرا ھۆكۈم چىقارغان بولسا ئۇنىڭغا ئىككى ئەجىر بېرىلىدۇ. ئەگەر تىرىشىپ ئىزدىنىپ خاتا ھۆكۈم چىقىرىپ قالسا، ئۇنىڭغا بىر ئەجىر بېرىلىدۇ ».

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئەگەر دىندا ئىجتىھاد دەرىجىسىگە يەتكەن كىشى بولسا ئىجتىھات قىلسا بولىدىغان ئەھكاملاردا ئىجتىھاد قىلسا بولىدىغانلىقى، ئۇ ئىجتىھادىغا ساۋاب بېرىلىدىغانلىقى. ئىجتىھادى توغرا بولسا ئىجتىھاد ۋە توغرۇلۇقىغا ساۋاب بېرىلىدىغانلىقى (بىرى ئىجتىھادى ئۈچۈن بېرىلگەن ساۋاب، ئىككىنچىسى توغرا قىلغانلىقى ئۈچۈن بېرىلگەن ساۋاب). ئەگەر خاتا بولسا ئىجتىھات قىلغانلىقى ئۈچۈن بىر ساۋاب بېرىلىدىغانلىقى.

1857 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الْحُمَّى مِنْ فيْحِ جَهَنَّم فأبْرِدُوهَا بِالمَاَءِ» « قىزىتما بولسا جەھەننەمنىڭ ھارارىتىدۇر، ئۇنى سۇ بىلەن سوۋۇتۇڭلار (سۇنى ئىچىش ۋە سۇ بىلەن بەدەننى يۇيۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ).

ـــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەن كىشىنىڭ يۇزىگە سۇغۇق سۇ چېچىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تېبابەت ھەققىدە قىلغان سۆزلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى. سوغۇق سۇنىڭ قىزىتما بىلەن ئاغرىغان بىر قىسىم كىسەللەرنىڭ قىزىتمىسىنى پەسەيتىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان.

**1858** - ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مَنْ مَاتَ وَعَلَيْهِ صَوْمٌ، صَامَ عَنْهُ وَلِيُّهُ» «كىمكى گەدىنىدە قازا روزىسى قېلىپ ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋارىسى تۇتۇپ قويسۇن».

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ۋاپات بولغان تۇغقانلىرى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قېپقالغان پەرز روزىسىنى ۋارىسنىڭ تۇتۇپ قويسا بولىدىغانلىقى.

**1859** - ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بىرەر نەرسىنى ساتقانلىق سودىسىدىن ياكى قىلغان سەدىقىسىدىن نارازى بولۇپ: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى ئائىشە (قىلىۋاتقان ئىشىدىن) يېنىشى كېرەك ياكى ئۇنى چوقۇم ئۆزۈم چەكلىشىم كېرەك»، دېگەن گېپى يەتكۈزۈلىدۇ. ئائىشە: «ئابدۇللاھ بۇ گەپنى راس قىلدىمۇ؟»، دەپ يەتكۈزگۈچىلەردىن سورايدۇ. ئۇلار: «ھەئە»، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئائىشە: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرىگە مەن ھەرگىز گەپ قىلمايمەن»، دەيدۇ. ئائىشە بىلەن ئابدۇللاھنىڭ ئارىسىدىكى ئارازلىق ئۇزۇنغا سوزۇلغانلىقتىن ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ئائىشىدىن كەچۈرۈم سوراپ ئارىغا ئادەم قويىدۇ. ئائىشە: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ھېچكىمنىڭ سالامىنى قوبۇل قىلمايمەن ۋە ئىچكەن قەسەممنى ھەرگىز بۇزمايمەن»، دەيدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير بىتاقەت بولۇپ مىسۋەرە ئىبنى مەخرەمە بىلەن ئابدۇراھمان ئىبنى ئەسۋەدگە گەپ قىلىپ: «خۇدا ھەققى سىلەردىن ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى ئائىشەنىڭ قېشىغا ئېلىپ كىرىڭلار، ئۇنىڭ ماڭا گەپ قىلماي تۇغقانچىلىقىمىزنى ئۈزۈشى ئۈچۈن قەسەم ئىچىشى توغرا ئەمەس»، دەيدۇ (ئائىشە ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنىڭ ھاممىسى ئىدى). ئۇلار ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنى ئائىشەنىڭ ئالدىغا باشلاپ كېلىدۇ، ھەم ئائىشەگە: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەراكاتۇھۇ»، دەپ سالام بېرىپ: «كىرىشىمىزگە رۇخسەتمۇ؟»، دەپ ئىجازەت سورايدۇ. ئائىشە: «كىرىڭلار»، دەيدۇ. ئۇلار: «ھەممىمىزمۇ؟»، دەيدۇ. ئائىشە: «ھەئە، ھەممىڭلار كىرىڭلار»، دەيدۇ. ئائىشە ئۇلار بىلەن بىللە ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار ئۆيگە كىرىشى بىلەن ئابدۇللاھ ئائىشەنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ يىغلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى ئەپۇ قىلىشنى ئۆتۈنىدۇ. مىسۋەرە بىلەن

ئابدۇراھمانمۇ ئائىشەدىن ئۇنى كەچۈرۈپ ئۇنىڭغا گەپ قىلىشىنى ئۆتۈنىدۇ ۋە ئائىشەگە: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاداۋەت تۇتۇپ گەپ قىلماسلىقنى توسقانلىقىنى سەنمۇ بىلىسەن، بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆز قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق گەپ قىلماي تاشلىۋېتىشى دۇرۇس ئەمەسقۇ » ، دەيدۇ. ئۇلار ئائىشەگە بۇ ھەقتە كۆپ نەسىھەت قىلىدۇ. ئائىشە يىغلاپ تۇرۇپ مىسۋەرە بىلەن ئابدۇراھمانغا ئۆزىنىڭ قەسەم ئىچكەنلىكىنى، قەسەمنى بۇزۇشنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇلار ئائىشەگە نەسىھەت قىلىۋېرىپ ئاخىر ئائىشە ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرگە گەپ قىلىدۇ. ئائىشە قەسىمىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن قىرىق قۇل ئازاد قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئائىشە قەسىمىنى ئەسلەپ يىغلاۋېرىپ ئاققان ياشلىرى بىلەن ياغلىقى ھۆل بولۇپ كېتىدۇ. — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالا ئۈچۈن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشكە بولىدىغانلىقى، لېكىن دۇنيا ئىشى ئۈچۈن ئۈچ كۈندىن ئارتۇق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى.

2) بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولۇپ ئاللاھ تائالاغا قەسەم بەرمەكچى بولسا، يامان ئىش توغرۇلۇق ئاللاھ تائالاغا قەسەم قىلىشقا بولمايدۇ. بىرەر ئىشنى قىلىمەن دەپ ئاللاھ تائالاغا ۋەدە بېرىپ ئۇنى قىلالمىسا ئۇنىڭ كاففارىتى قەسەمنىڭ كەففارىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. يەنى قەسەمنىڭ كەففارىتى بىر قۇل ئازاد قىلىش، ئون مىسكىن تويغۇدەك تاماق بېرىش، ياكى كىيىم - كېچەك بېرىش، يوقىرىقىلارغا تاقىتى يەتمىسە ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش.

**1860. ئۇقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئۇھۇد غازىتىدىن سەككىز يىل كېيىن ئۇھۇدقا باردى، ئۇ ئۇھۇد شېھىتلىرىگە ئۆلگەنلەر ۋە تىرىكلەر بىلەن ۋىدالىشىۋاتقاندەك دۇئا قىلدى، ئاندىن مەسجىدتىكى مۇنبەرگە چىقىپ:** «إنِّي بيْنَ أيْدِيكُمْ فَرَطٌ وأنَا شهيد علَيْكُمْ وإنَّ موْعِدَكُمُ الْحوْضُ، وَإنِّي لأنْظُرُ إليه مِنْ مَقامِي هَذَا، وإنِّي لَسْتُ أخْشَى عَلَيْكُمْ أنْ تُشْرِكُوا، ولَكِنْ أخْشَى عَلَيْكُمْ الدُّنيا أنْ تَنَافَسُوهَا» **« مەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا بېرىپ تۇرغۇچىمەن، مەن سىلەرنىڭ گۇۋاھچىڭلاردۇرمەن، (يەنى گۇناھى بارلارغا شاپائەت قىلىش، ياخشى مۇئمىنلەرگە گۇۋاھلىق بېرىش بىلەن ئۈممىتىم ئالدىدا ھازىرمەن) سىلەرنىڭ چۈشىدىغان جايىڭلار ھەۋزى كەۋسەرنى ۋەدە قىلىمەن، مەن مۇشۇ جايىمدا تۇرۇپ ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن. مەن سىلەرنىڭ مەندىن كېيىن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشۈڭلاردىن ئەنسىرىمەيمەن، سىلەرنىڭ دۇنياغا بېرىلىپ، دۇنيانى قوغلىشىپ كېتىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن » ، دېگەن. ئۇقبە: « بۇ مېنىڭ رەسۇلۇللاھنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈم بولۇپ قالدى » ، دېگەن.**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «وَلَكِنِّي أخْشَى علَيْكُمْ الدُّنيَا أنْ تَنَافَسُوا فِيهَا، وتَقْتَتِلُوا فَتَهْلِكُوا كَما هَلَكَ مِنْ كَان قَبْلَكُمْ» « لېكىن مەن سىلەرنىڭ دۇنياپەرەس بولۇپ، دۇنياغا بېرىلىپ بىر -



www.munber.org

بىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈشۈپ، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەر ھالاك بولغاندەك ھالاك بولۇپ كېتىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن» ، دېگەن. ئۇقبە: «بۇ مېنىڭ رەسۇلۇللاھنى مۇنبەر ئۈستىدە ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈم بولۇپ قالدى» ، دېگەن، دېيىلگەن.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «إنِّي فَرطٌ لَكُمْ وأنَا شَهِيدٌ علَيْكُمْ، وَإنِّي واللّه لأنْظُرُ إلَى حَوْضِي الآنَ، وإنِّي أُعْطِيتُ مَفَاتِيحَ خَزَائِنِ الأرضِ، أوْ مَفَاتِيحَ الأَرْضِ، وَإنَّي واللَّهِ مَا أَخَافُ علَيْكُمْ أنْ تُشْرِكُوا بعْدِي ولَكِنْ أخَافُ علَيْكُمْ أنْ تَنَافَسُوا فِيهَا» «مەن سىلەردىن ئىلگىرى بېرىپ تۇرغۇچىمەن ۋە سىلەرگە گۇۋاھچىدۇرمەن، ئاللاھقا قەسەمكى، مەن ھازىر ھەۋزىمنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن، ماڭا زېمىندىكى خەزىنىلەرنىڭ ياكى زېمىننىڭ ئاچقۇچلىرى بېرىلدى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرنىڭ مەندىن كېيىن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشۈڭلاردىن ئەنسىرىمەيمەن. لېكىن سىلەرنىڭ دۇنياغا بېرىلىپ كېتىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن» ، دېدى، دېيىلگەن.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇنيادىكى ئورنىدا تۇرۇپ جەننەتتىكى ھەۋزى كەۋسەر كۆرسىتىلگەنلىكى.

2) ھەۋزى كەۋسەرنىڭ راستلىقى.

3) ئىسلامنىڭ داۋاملىشىشى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دىندا مۇستەھكەم تۇرۇشىدىن بېشارەت بېرىلگەن.

4) دۇنيانى دەپ بەسلىششتىن نەھيى قىلىنغان.

5) قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىپ تۇرۇش ۋە قەبرىدىكىلەرگە دۇئا قىلىش كېرەكلىكى.

6) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇنيا بايلىق ئىشىكلىرىنى ئېچىپ بەرگەن تۇرۇقلۇق دۇنياغا بېرىلمەي ئاخىرەتنى تاللىغانلىقى.

**1861** - ئەبۇ زەيد ئەمر ئىبنى ئەختەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ بىزگە بامداتنى ئوقۇپ بېرىپ بولۇپ مۇنبەرگە چىقىپ پېشىن نامىزىغىچە سۆزلىدى، بىز بىلەن پېشىننى ئوقۇپ بولۇپ يەنە مۇنبەرگە چىقىپ ئەسىرگىچە سۆزلىدى، ئەسىرنى ئوقۇپ بولۇپ يەنە مۇنبەرگە چىقىپ كۈن پاتقۇچە سۆزلىدى، بىزگە بولۇپ ئۆتكەن ۋە بولىدىغان ئىشلاردىن خەۋەر بەردى. رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىرىنى ئەڭ كۆپ ئېسىدە ساقلىغۇچىلار ئارىمىزدىكى ئەڭ ئالىملىرىمىزدۇر. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرىگە ئېھتىياجلىق بولغان دىنىي ئىشلارنى تەلىم بېرىشكە، ئۇلارغا ئىلگىرىكىلەردىن ئىبرەت ئېلىپ، كېيىنكى ئىشلارنىڭ يامانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرۇشقا ھېرىس ئىكەنلىكى.

2) ئەڭ ئالىم كىشى كۆپ ئىلىم ئۆگەنگەن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى بىلىدىغان كىشىدۇر.



www.munber.org

**1862 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «مَنْ نَذَرَ أن يُطِيع اللَّه فَلْيُطِعْهُ، ومَنْ نَذَرَ أنْ يعْصِيَ اللَّه، فلا يعْصِهِ» **《كىمكى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا ۋەدە قىلغان بولسا، ئاللاھقا ئىتائەت قىلسۇن، كىمكى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشقا ۋەدە قىلغان بولسا، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلمىسۇن》.**
— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش توغرۇلۇق ۋەدە قىلغان بولسا، ۋەدىسنى ئورۇنلاشنىڭ زۆرۈرلۈكى. گۇناھ ئىشلارنى قىلىشقا ۋەدە قىلغان بولسا، ۋەدىسگە ئەمەل قىلماسلىقنىڭ لازىملىقى.

**1863 ـ ئۇممۇ شەرىك رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ پاتمىچۇقلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغان ۋە مۇنداق دېگەن:** «كَانَ يَنْفُخُ علَى إبْراهيمَ» **《پاتمىچۇق ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆيدۈرۈش ئۈچۈن يېقىلغان ئوتنى پۈۋلىگەن》.**
— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1864 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «منْ قَتَلَ وزَغَةً في أوَّلِ ضَرْبَةٍ، فَلَهُ كَذَا وَكَذَا حسنَةً، وَمَنْ قَتَلَهَا في الضَّرْبَةِ الثَّانِية، فَلَهُ كَذَا وكَذَا حَسنَةً دُونَ الأولَى، وإنَّ قَتَلَهَا في الضَّرْبَةِ الثَّالِثَةِ، فَلَهُ كَذاَ وَكَذَا حَسَنَةً» **《كىمكى پاتمىچۇقنى بىر ئۇرۇپ ئۆلتۈرسە، ئۇنىڭغا مۇنداق ـ مۇنداق ساۋاب بېرىلىدۇ، كىمكى پاتمىچۇقنى ئىككى ئۇرۇپ ئۆلتۈرسە ئۇنىڭغا ئاۋۋالقىدىن كەمرەك مۇنداق ـ مۇنداق ساۋاب بېرىلىدۇ، كىمكى ئۇنى ئۈچىنچى قېتىم ئۇرۇپ ئۆلتۈرسە مۇنداق ـ مۇنداق ساۋاب بېرىلىدۇ》.**

يەنە بىر رىۋايەتتە: «مَنْ قَتَلَ وزَغاً في أوَّلِ ضَرْبَةِ، كُتِبَ لَهُ مائةُ حسَنَةٍ، وَفي الثَّانِيَةِ دُونَ ذَلِكَ، وفي الثَّالِثَةِ دُونَ ذَلِكَ» **《كىمكى پاتمىچۇقنى بىر ئۇرۇپ ئۆلتۈرسە 100 ساۋاب، ئىككى ئۇرۇپ ئۆلتۈرسە ئۇنىڭدىن ئازراق، ئۈچ ئۇرۇپ ئۆلتۈرسە ئۇنىڭدىن ئازراق ساۋاب بېرىلىدۇ》، دېدى، دېيىلگەن.**
— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى (1863~1864): 1) پاتمىچۇقنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى. ئۆلتۈرگەندە بىرلا قېتىمدا ئۆلۈشى ئۈچۈن، قاتتىق ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈش كېرەكلىكى. شۇنىڭدەك چايان، يىلانغا ئوخشاش زىيانداش ھاشارەتلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەكلىكى.

2) پاتمىچۇقنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى تاشلىغان ئوتنى پۈۋلىگەنلىكى، ئوتنىڭ يالقۇنلىشىغا كۆپ تەسىرى بولمىسىمۇ، بۇ ھەقىقەت بولۇشى مۇمكىن ياكى پاتمىچۇقنىڭ ئىنسانلارغا زىيان يەتكۈزۈشىدىن كىنايە بولۇشى مۇمكىن.



www.munber.org

1865 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قَال رَجُلٌ لأتَصدقَنَّ بِصَدقَةِ، فَخَرجَ بِصَدقَته، فَوَضَعَهَا في يَدِ سَارِقٍ، فَأَصْبحُوا يتَحدَّثُونَ: تَصَدِّقَ الليلة علَى سارِقٍ، فقَالَ: اللَّهُمَّ لَكَ الْحَمْدُ لأتَصدَّقَنَّ بِصَدَقَةٍ، فَخَرجَ بِصَدقَتِهِ، فَوَضَعَهَا في يدِ زانيةٍ، فَأَصْبَحُوا يتَحدَّثُونَ تُصُدِّق اللَّيْلَةَ عَلَى زَانِيَةٍ، فقَالَ: اللَّهُمَّ لَكَ الْحَمْدُ عَلَى زانِيَةٍ؟ لأتَصَدَّقَنَّ بِصدقة، فَخَرجَ بِصَدقَتِهِ، فَوَضَعها في يد غَنِي، فأَصبَحُوا يتَحدَّثونَ: تُصُدِّقَ علَى غَنِيٍّ، فَقَالَ اللَّهُمَّ لَكَ الْحَمْدُ علَى سارِقٍ، وعَلَى زَانِيةٍ، وعلَى غَنِي، فَأتِي فَقِيل لَهُ: أَمَّا صدَقَتُك علَى سَارِقٍ فَلَعَلَّهُ أَنْ يَستِعفَّ عنْ سرِقَتِهِ، وأَمَّا الزَّانِيةُ فَلَعلَّهَا تَسْتَعِفَّ عَنْ زِنَاهَا، وأمَّا الْغنِيُّ فَلَعلَّهُ أنْ يعْتَبِر، فَيُنْفِقَ مِمَّا آتَاهُ اللَّهُ» «بىر ئادەم چوقۇم سەدىقە بېرىمەن دەپ چىقىپ، سەدىقىنى بىر ئوغرىغا بەردى. كىشىلەر ئۇنىڭغا سەدىقەڭنى ئوغرىغا بەردىڭ، دەپ سۆز ـ چۆچەك قىلىشتى. سەدىقە بەرگۈچى: ‹ئى ئاللاھ، ئوغرىغا سەدىقە بەرگەنلىكىم ئۈچۈن ساڭا شۈكۈر قىلىمەن›، دېدى. يەنە بىر قېتىم چوقۇم سەدىقە بېرىمەن دەپ چىقىپ سەدىقىسىنى پاھىشە ئايالغا بەردى. كىشىلەر ئۇنىڭغا سەدىقەڭنى پاھىشە ئايالغا بەردىڭ، دەپ سۆز ـ چۆچەك قىلىشتى. ئۇ: ‹ئى ئاللاھ، پاھىشە ئايالغا سەدىقە بەرگەنلىكىم ئۈچۈن ساڭا شۈكۈر قىلىمەن›، دېدى. ئاندىن چوقۇم سەدىقە بېرىمەن دەپ چىقىپ سەدىقىسىنى بىر بايغا بەردى. كىشىلەر ئۇنىڭغا سەدىقەڭنى بايغا بەردىڭ دەپ سۆز ـ چۆچەك قىلىشتى. ئۇ: ‹ئى ئاللاھ، ئوغرىغا، پاھىشە ئايالغا، بايغا سەدىقە بەرگەنلىكىم ئۈچۈن ساڭا شۈكۈر قىلىمەن›، دېدى. سەدىقە بەرگۈچىنىڭ چۈشىدە ئۇنىڭغا مۇنداق دېيىلگەن: ‹ئوغرىغا بەرگەن سەدىقەڭگە كەلسەك ئوغرى شۇ ئارقىلىق ئوغرىلىقتىن باش تارتىشى مۇمكىن. پاھىشە ئايالغا بەرگەن سەدىقەڭگە كەلسەك ئۇ شۇ ئارقىلىق پاھىشىدىن يېنىشى مۇمكىن. بايغا بەرگەن سەدىقەڭگە كەلسەك ئۇ بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىپ ئاللاھ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان بايلىقنى ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىشى مۇمكىن› ».

—— بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئەھۋالنى ئۇقمىغانلىقتىن تېگىشلىك بولمىغانلارغا بېرىلىپ قالغان سەدىقىنىڭ سەدىقە بەرگۈچىنىڭ نىيىتىگە قاراپ ئۇنىڭغا ساۋابى بولىدىغانلىقى. شۈبھىسىزكى، سەدىقىنى خىش ـ ئەقرىبالاردىن ياخشى ئادەملەرگە ۋە ھاجەتمەنلەرگە بېرىشنىڭ باشقىلارغا بېرىشتىن ئەۋزەل بولىدىغانلىقى. بۇ ھەدىستە دىققەت قىلىدىغان يەنە بىر نۇقتا: بۇ سەدىقە بەرگۈچى كىشى سەدىقىنى رىيا قىلماستىن، ھېچكىمگە بىلىندۇرمەي بېرىش مەقسىتىدە كېچىدە بەرگەن، دېگەن قاراشمۇ بار.

1866 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن چاقىرىلغان بىر جايدا بىللە بولۇپ قالدۇق. رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا قوينىڭ ئالدى پۇتى كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوينىڭ ئالدى پۇت گۆشىگە ئامراق ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر چىشلەپ

www.munber.org

يېگەندىن كېيىن، مۇنداق دېدى: «أنا سيد الناس يوم الْقِيَامَةِ، هَلْ تَدْرُونَ مِمَّ ذَاكَ؟ يَجْمعُ اللَّه الأوَّلِينَ والآخِرِينَ في صعِيدٍ وَاحِدٍ، فَيَنْظُرُهمُ النَّاظِرُ، وَيُسمِعُهُمُ الدَّاعِي، وتَدْنُو مِنْهُمُ الشَّمْسُ، فَيَبْلُغُ النَّاسُ مِنَ الْغَمِّ والْكَرْبِ مَالاَ يُطيقُونَ وَلاَ يحْتَمِلُونَ، فَيَقُولُ النَّاسُ: أَلاَ تَروْنَ إِلى مَا أَنْتُمْ فِيهِ، إِلَى ما بَلَغَكُمْ؟ أَلاَ تَنْظُرُونَ مَنْ يشْفَعُ لَكُمْ إِلى رَبِّكُمْ؟ فيَقُولُ بعْضُ النَّاسِ لِبَعْضٍ: أَبُوكُمْ آدَمُ، ويأتُونَهُ فيَقُولُونَ: يَا أَدمُ أَنْتَ أَبُو الْبَشرِ، خَلَقَكَ اللَّه بيدِهِ، ونَفَخَ فِيكَ مِنْ رُوحِهِ، وأَمَرَ المَلائِكَةَ فَسجَدُوا لَكَ وَأَسْكَنَكَ الْجَنَّةَ، أَلا تَشْفعُ لَنَا إِلَى ربِّكَ؟ أَلاَ ترى مَا نَحْنُ فِيهِ، ومَا بَلَغَنَا؟ فقَالَ: إِنَّ رَبِّي غَضِبَ غضَباً لَمْ يغْضَبْ قَبْلَهُ مِثْلَهُ. ولاَ يَغْضَبُ بَعْدَهُ مِثْلَهُ، وَإِنَّهُ نَهَانِي عنِ الشَّجَرةِ، فَعَصَيْتُ. نَفْسِي نَفْسِي نَفْسِي. اذهَبُوا إِلَى غَيْرِي، اذْهَبُوا إِلَى نُوحٍ. فَيَأْتُونَ نُوحاً فيقُولُونَ: يَا نُوحُ، أَنْتَ أَوَّلُ الرُّسُلِ إِلى أَهْلِ الأَرْضِ، وَقَدْ سَمَّاكَ اللَّه عَبْداً شَكُوراً، أَلا تَرَى إِلَى مَا نَحْنُ فِيهِ، أَلاَ تَرَى إِلَى مَا بَلَغَنَا، أَلاَ تَشْفَعُ لَنَا إِلَى رَبِّكَ؟ فَيَقُولُ: إِنَّ ربِّي غَضِبَ الْيَوْمَ غَضَباً لمْ يَغْضَبْ قَبْلَهُ مِثْلَهُ، وَلَنْ يَغْضَبَ بَعْدَهُ مِثْلَهُ، وَأَنَّهُ قدْ كانَتْ لِي دَعْوةٌ دَعَوْتُ بِهَا عَلَى قَوْمِي، نَفْسِي نَفْسِي نَفْسِي، اذْهَبُوا إِلَى غَيْرِي اذْهَبُوا إِلَى إِبْرَاهِيمَ. فَيْأْتُونَ إِبْرَاهِيمَ فَيَقُولُونَ: يَا إِبْرَاهِيمُ أَنْتَ نَبِيُّ اللَّهِ وَخَلِيلُهُ مِنْ أَهْلِ الأَرْضِ، اشْفَعْ لَنَا إِلَى رَبِّكَ، أَلاَ تَرَى إِلَى مَا نَحْنُ فِيهِ؟ فَيَقُولُ لَهُمْ: إِنَّ رَبِّي قَدْ غَضِبَ الْيَوْمَ غَضَباً لَمْ يَغْضَبْ قَبْلَهُ مِثْلَهُ، وَلَنْ يَغْضَبَ بَعْدَهُ مِثْلَهُ وَإِنِّي كُنْتُ كَذَبْتُ ثَلاَثَ كَذْبَاتٍ نَفْسِي نَفْسِي نَفْسِي، اذْهَبُوا إِلَى غَيْرِي، اذْهَبُوا إِلَى مُوسَى. فَيأْتُونَ مُوسَى، فَيقُولُون: يا مُوسَى أَنْت رسُولُ اللَّه، فَضَّلَكَ اللَّه بِرِسالاَتِهِ وبِكَلاَمِهِ على النَّاسِ، اشْفعْ لَنَا إِلَى رَبِّكَ، أَلاَ تَرَى إِلى مَا نَحْنُ فِيهِ؟ فَيَقول إِنَّ ربِّي قَدْ غَضِبَ الْيَوْمَ غَضَباً لَمْ يَغْضَبْ قَبْلَهُ مِثْلَهُ، وَلَنْ يَغْضَبَ بَعْدَهُ مِثْلَهُ وَإِنِّي قَدْ قَتَلْتُ نَفْساً لَمْ أُومرْ بِقَتْلِهَا. نَفْسِي نَفْسِي نَفْسِي، اذْهَبُوا إِلَى غَيْرِي، اذْهَبُوا إِلَى عِيسى. فَيَأْتُونَ عِيسَى. فيقُولُونَ: يا عِيسى أَنْتَ رَسُولُ اللَّهِ وَكلمتُهُ أَلْقَاهَا إِلَى مَريم ورُوحٌ مِنْهُ وَكَلَّمْتَ النَّاسَ في المَهْدِ. اشْفَعْ لَنَا إِلَى رَبِّكَ. أَلاَ تَرَى مَا نَحْنُ فِيهِ، فيَقولُ: إِنَّ ربِّي قَدْ غَضِبَ الْيَوْمَ غَضَباً لَمْ يَغْضَبْ قَبْلَهُ مِثْلَهُ، وَلَنْ يَغْضَبَ بَعْدَهُ مِثْلَهُ، وَلمْ يَذْكُرْ ذنْباً، نَفْسِي نَفْسِي نَفْسِي، اذْهَبُوا إِلَى غَيْرِي، اذْهَبُوا إِلَى مُحمَّد صَلّى الله عَلَيْهِ وسَلَّم. فيأْتون محَمداً صَلّى الله عَلَيْهِ وسَلَّم» «قىيامەت كۈنى، مەن ئىنسانلارنىڭ سەردارىمەن. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ ئاللاھ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بولۇپ ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى بىر جايغا يىغىدۇ. ئۇلار بىر ـ بىرىنى كۆرەلەيدۇ. (توۋلىغۇچىنىڭ ئاۋازىنى) ئاڭلىيالايدۇ. قۇياش بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى يېقىن بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بېشىغا كۈن كېلىپ غەم ـ قايغۇغا چۆمىدۇ. ئۇلار ئۆزئارا: ‹كۆلپەتتىن قايسى ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىڭلارغا قارىمامسىلەر. ئاللاھنىڭ ئالدىدا كىم سىلەرگە شاپائەت قىلار›، دېيىشىپ كېتىدۇ. كىشىلەرنىڭ بەزىسى بەزىسىگە: ‹ئادەم ئاتاڭلار قانداق بولار؟›، دېيىشىپ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ‹سەن بولساڭ ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى. ئاللاھ سېنى ئۆز قولى بىلەن ياراتقان. ساڭا ئۆزى جان كىرگۈزگەن. پەرىشتىلەرنى ساڭا سەجدە قىلىشقا ئەمر قىلغان ۋە ساڭا جەننەتتىن ئورۇن بەرگەن. پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىدا بىزگە شاپائەتچى بولساڭ ئىكەن. بېشىمىزغا كەلگەن ئىغىرچىلىقنى كۆرمەمسەن؟›، دەيدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام: ‹ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم بۈگۈن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىنمۇ ھېچ غەزەپلىنىپ باقمىغان ۋە



www.munber.org

غەزەپلەنمەيدىغان دەرىجىدە غەزەپلەندى. ئاللاھ مېنى (جەننەتتىن) بىر مېۋىنى
يېيىشتىن مەنئى قىلغانىدى. مەن ئۇنى يەپ سېلىپ ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلدىم.
مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ھالى بىلەن›، دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلاپ: ‹سىلەر
نۇھنىڭ قېشىغا بېرىڭلار›، دەيدۇ. ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
‹ئى نۇھ، سەن زېمىنغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ تۇنجىسى سەن، شۈبھىسىزكى
ئاللاھ سېنى شۈكۈر قىلغۇچى بەندە دەپ ئاتىدى. بىزنىڭ ھالىمىزنى
كۆرمەيۋاتامسەن، بېشىمىزغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆرمەيۋاتامسەن؟
پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىدا بىزگە شاپائەتچى بولساڭ ئىكەن›، دەيدۇ. نۇھ
ئەلەيھىسسالام: ‹ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم بۈگۈن ئىلگىرى ھېچ غەزەپلىنىپ
باقمىغان ۋە كېيىنمۇ غەزەپلەنمەيدىغان دەرىجىدە غەزەپلەندى. مەن قىلىدىغان
دۇئايىمنى قەۋمىمنىڭ ھالاك بولۇشىغا قىلىۋەتتىم. مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ھالى بىلەن›،
دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلاپ: ‹سىلەر ئىبراھىمنىڭ قېشىغا بېرىڭلار›،
دەيدۇ. ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ ۋە: ‹ئى ئىبراھىم، سەن
بولساڭ يەر يۈزى بويىچە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ۋە ئاللاھنىڭ دوستىدۇرسەن.
پەرۋەردىگارىڭ ئالدىدا بىزگە شاپائەتچى بولساڭ ئىكەن›، دەيدۇ. ئىبراھىم
ئەلەيھىسسالام: ‹ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم بۈگۈن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچ
غەزەپلىنىپ باقمىغان ۋە كېيىنمۇ غەزەپلەنمەيدىغان دەرىجىدە غەزەپلەندى،
ھاياتىمدا ئۈچ قېتىم يالغان سۆز قىلغانلىقىم ئۈچۈن قاتتىق خىجىلمەن، مەنمۇ
ئۆزۈمنىڭ ھالى بىلەن›، دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلاپ: ‹سىلەر مۇسا
ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار›، دەيدۇ. ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ
ئالدىغا كېلىدۇ ۋە: ‹ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇسا، سەن بولساڭ ئاللاھ تەۋرات
نازىل قىلغان ۋە بىۋاستە سۆزلەشكەن پەيغەمبەردۇرسەن، پەرۋەردىگارىڭ ئالدىدا
بىزگە شاپائەتچى بولساڭ ئىكەن، بىزنىڭ ھالىمىزنى كۆرمەيۋاتامسەن؟›، دەيدۇ.
مۇسا ئەلەيھىسسالام: ‹ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم بۈگۈن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچ
غەزەپلىنىپ باقمىغان ۋە كېيىنمۇ غەزەپلەنمەيدىغان دەرىجىدە غەزەپلەندى، مەن
ئۇقۇشماسلىقتىن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغانمەن، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ھالى بىلەن›، دېگەن
سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلاپ: ‹سىلەر ئىيسانىڭ ئالدىغا بېرىڭلار›، دەيدۇ. ئۇلار
ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ ۋە: ‹ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىيسا، سەن
ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىسەن ۋە ئاللاھنىڭ ھەزرىتى مەريەمگە ئىلقا قىلغان كەلىمىسى
سەن ۋە ئاللاھ تەرىپىدىن بولغان روھ سەن، بۆشۈكتە سۆزلىگەن پەيغەمبەرسەن،
پەرۋەردىگارىڭ ئالدىدا بىزگە شاپائەتچى بولساڭ ئىكەن، بىزنىڭ ھالىمىزنى
كۆرمەيۋاتامسەن؟›، دەيدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام: ‹ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم بۈگۈن
بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچ غەزەپلىنىپ باقمىغان ۋە كېيىنمۇ غەزەپلەنمەيدىغان
دەرىجىدە غەزەپلەندى›، دەپ ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكىنى تىلغا ئالماي ‹مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ

www.munber.org

ھالى بىلەن›، دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلاپ ‹سىلەر مەندىن باشقىسىنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار›، دەيدۇ ».

يەنە بىر رىۋايەتتە دېيىلىشىچە: «فَيَأْتُونِي فيَقُولُونَ : يَا مُحَمَّدُ أَنْتَ رسُولُ اللَّهِ، وَخاتَمُ الأَنْبِياءَ، وقَدْ غَفَرَ اللَّه لَكَ ما تَقَدَّمَ مِنْ ذَنْبِكَ وَما تَأَخَّر، اشْفَعْ لَنَا إِلَى ربِّكَ، أَلاَ تَرَى إِلَى ما نَحْنُ فِيهِ؟ فَأَنْطَلِقُ، فَآتي تَحْتَ الْعَرْشِ، فأَقَعُ سَاجِداً لِربِّي» ثُمَّ يَفْتَحُ اللَّه عَلَيَّ مِنْ مَحَامِدِهِ، وحُسْنِ الثَّنَاءِ عَلَيْهِ شَيْئاً لِمْ يَفْتَحْهُ عَلَى أَحَدٍ قَبْلِي ثُمَّ يُقَالُ : يَا مُحَمَّدُ ارفع رأْسكَ، سَلْ تُعْطَهُ، وَاشْفَعْ تُشفَّعْ، فَأَرفَعُ رَأْسِي، فَأَقُولُ أُمَّتِي يَارَبِّ، أُمَّتِي يَارَبِّ، فَيُقَالُ : يامُحمَّدُ أَدْخِلْ مِنْ أُمَّتك مَنْ لاَ حِسَابَ عَلَيْهِمْ مِنَ الْباب الأَيْمَنِ مِنْ أَبْوَابِ الْجَنَّةِ وهُمْ شُركَاءُ النَّاسِ فِيمَا سِوىَ ذَلِكَ مِنَ الأَبْوَابِ» « ئۇلار مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ: ‹ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، سەن بولساڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى سەن، سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى ئاللاھ كەچۈرگەن، پەرۋەردىگارىڭ ئالدىدا بىزگە شاپائەتچى بولساڭ ئىكەن، بىزنىڭ ھالىمىزنى كۆرمەيۋاتامسەن؟›، دەيدۇ. مەن بېرىپ ئەرشنىڭ ئاستىغا يەتكەندە پەرۋەردىگارىمغا سەجدە قىلىمەن، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا مېنىڭ قەلبىمگە بۇرۇن ھېچكىمنىڭ قەلبىگە سالمىغان ھەمدۇسانالارنى سالىدۇ. ئاندىن كېيىن ئاللاھ تەرىپىدىن: ‹ئى مۇھەممەد، سورىغىنىڭنى بېرىمەن، شاپائەت قىلغىن، شاپائىتىڭنى قوبۇل قىلىمەن›، دېگەن ئاۋاز كېلىدۇ. بېشىمنى سەجدىدىن كۆتۈرىمەن، ئاندىن: ‹ئى ئاللاھ! ئۈممىتىمگە مەغفىرەت قىلغىن، ئى ئاللاھ! ئۈممىتىمنى كەچۈرگىن دەيمەن›. ئاللاھ تائالا: ‹ئى مۇھەممەد، سەن ئۈممىتىڭ ئىچىدىن ھېساب ئېلىنمايدىغانلارنى جەننەتنىڭ ئوڭ ئىشىكىدىن كىرگۈزگىن، ئۈممىتىڭنىڭ قالغانلىرى باشقا ئىشىكلەردىن كىرىشتە باشقا ئۈممەتلەر بىلەن ئوخشاشتۇر›، دەيدۇ ».

ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «وَالَّذِي نَفْسِي بِيدِهِ إِنَّ مَا بَيْنَ المصراعَيْنِ مِنْ مَصَارِيعِ الْجَنَّةِ كَمَا بَيْن مَكَّةَ وَهَجَر، أَوْ كَمَا بَيْنَ مَكَّةَ وَبُصْرَى» « جىنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، جەننەتنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئىككى قانىتىنىڭ ئارىلىقىنىڭ كەڭلىكى مەككە بىلەن ھەجەرنىڭ ئارىلىقىچىلىك ياكى مەككە بىلەن بۇسرانىڭ ئارىلىقىچىلىك كېلىدۇ »، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەزىلىتى، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقى ۋە قىيامەت كۈنى مەھشەردە بەندىلەرگە شاپائەت قىلىدىغانلىقى، مەھشەرگاھتا بەندىلەرنىڭ ئەھۋالىنىڭ قىيىن بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

2) پەيغەمبەرلەرنى ۋاستە قىلىش ۋە ئۇلار ئارقىلىق قىيامەت كۈنى شاپائەت تىلەشنىڭ جائىز ئىكەنلىكى.

1867 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئانىسى ھاجەرنى ئىمىۋاتقان مەزگىلدە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھاجەر بىلەن ئوغلى ئىسمائىلنى ئېلىپ مەككە مۇكەررەمدىكى بەيتۇللاھنىڭ يېنىدىكى زەمزەم قۇدۇقىنىڭ ئۈستىدىكى مەسجىدنىڭ يۇقىرىسىدىكى بىر چوڭ دەرەخنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى، بۇ چاغدا مەككىدە ئادەمزات يوق ئىدى، سۇمۇ يوق ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئانا ـ بالىنى مۇشۇ جايغا قويۇپ بىر خالتا خورما ۋە بىر تۇلۇم سۇ قالدۇرۇپ قايتىپ كەتمەكچى بولدى، لېكىن، ھاجەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ: «ئى ئىبراھىم! سەن بىزنى ئىنس ـ جىن يوق بۇ جىلغىغا تاشلاپ قەيەرگە بارىسەن؟»، دېدى. ھاجەر بۇ سۆزنى بىرقانچە قېتىم تەكرارلىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سۆزىگە قارىماي كېتىۋەردى. ئاندىن ھاجەر: «ئى ئىبراھىم، سېنى ئاللاھ تائالا مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇدىمۇ؟»، دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، مۇشۇنداق قىلىشقا ئاللاھ بۇيرۇدى»، دېدى. ھاجەر: «ئۇنداق بولسا ئاللاھ بىزنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيدۇ»، دەپ ئارقىسىغا قايتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يولنى داۋاملاشتۇرۇپ ئۇلاردىن ئۇزاپ ئۇلارنىڭ كۆزى يەتمەيدىغان تۆپىلىككە يېتىپ بارغاندا، بەيتۇللاھقا يۈز كەلتۇرۈپ، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ بۇ دۇئالار ئوقۇدى: ﴿رَّبَّنَا إِنِّي أَسْكَنتُ مِنْ ذُرِّيَّتِي بِوادٍ غَيْرِ ذِي زَرْعٍ عِندَ بَيْتِكَ الْمُحَرَّمِ رَبَّنَا لِيُقِيمُواْ الصَّلاَةَ فَاجْعَلْ أَفْئِدَةً مِّنَ النَّاسِ تَهْوِي إِلَيْهِمْ وَارْزُقْهُم مِّنَ الثَّمَرَاتِ لَعَلَّهُمْ يَشْكُرُونَ﴾ ﴿ئى پەرۋەردىگارىمىز، ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى (يەنى بالام ئىسمائىل بىلەن ئايالىم ھاجەرنى) ناماز ئوقۇسۇن (يەنى ساڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپ) سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا (يەنى مەككىگە) ئورۇنلاشتۇردۇم، پەرۋەردىگارىمىز! بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن، ئۇلارنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگىن﴾ («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئىبراھىم 37 ـ ئايەت) دېدى. ھاجەر ئوغلى ئىسمائىلنى ئېمىتەتتى، تۇلۇمدىكى سۇنى ئىچەتتى. تۇلۇمدىكى سۇ تۈگەپ ھاجەر بىلەن ئوغلى ئۇسساپ كەتتى، ھاجەر بالىسىنىڭ تەشنالىقتىن يۇمىلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چىداپ تۇرالماي ئالدىغا ماڭدى، مەككىدىكى تاغلار ئىچىدە ئۆزىگە ئەڭ يېقىن كۆرۈنگەن سەفا تېغىغا چىقىپ بىرەر ئادەمزات بارمىكىن دەپ ئەتراپىغا قاراپ، ھېچ ئادەمنى كۆرمىدى. ھاجەر سەفا تېغىدىن چۈشۈپ ۋادىغا يەتكەندە، كىيىمىنىڭ بىر تەرىپىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، چارچىغان ئادەم يۈگۈرگەندەك ۋادىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كەتتى. ئاندىن مەرۋىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۆرە تۇرۇپ ئادەمزات بارمىكىن، دەپ ئەتراپىغا قارىدى، لېكىن ھېچكىمنى كۆرمىدى. مۇشۇ يوسۇندا سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا يەتتە قېتىم چېپىپ يۈردى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەجدە سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا يەتتە قېتىم سەئيى



www.munber.org

قىلىشىنىڭ كېلىپ چىقىشى مانا مۇشۇنىڭدىن»، دېگەن. ھاجەر مەرۋىگە قايتىپ كېلىپ تۇرۇشىغا غايىپتىن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ھاجەر ئىچىدە ئۆز ـ ئۆزىگە: «زەن قويۇپ ئاڭلا»، دەپ قۇلاق سېلىۋىدى، يەنە شۇ ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ: «ئاۋازىڭنى ئاڭلىدىم. سۆيۈك بولسا ئۇسسۇزلۇقۇمنى قاندۇرساڭ»، دېدى. قارىسا زەمزەم قۇدۇقى چىققان جاينىڭ يېنىدا بىر پەرىشتە پەيدا بولۇپ، تاپىنى يا قانىتى بىلەن يەرنى ئۇرۇۋاتقانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن سۇ پەيدا بولغانلىقىنى كۆردى. شۇنداق قىلىپ ھاجەر سۇنىڭ تۆت تەرىپىنى قولى بىلەن توسۇپ كۆلچەكتەك قىلىپ قويىدى ۋە سۇنى تۇلۇمغا قاچىلاشقا باشلىدى، سۇ ئېتىلىپ چىقىۋەردى.

ئىبىن ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىسمائىلنىڭ ئانىسىغا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇنكى ئۇ سۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەن ياكى تۇلۇمغا قاچىلىمىغان بولسا زەمزەم بىر ئېقىن بۇلاققا ئايلانغان بولاتتى».

ئاندىن ھاجەر سۇدىن ئىچتى ۋە بالىسىنى ئەمگۈزدى. پەرىشتە ھاجەرگە: «ھالاك بولۇپ كېتەرمىزمىكىن، دەپ قورقماڭلار. بۇ يەردە ئاللاھنىڭ ئۆيى (كەئبە) بولىدۇكى ئۇنى بۇ بالا ۋە ئۇنىڭ دادىسى بىنا قىلىدۇ. ئاللاھ بەيتۇللاھنىڭ ئەھلىنى تاشلىۋەتمەيدۇ»، دېدى. بۇ چاغدا بەيتۇللاھنىڭ ئورنى زېمىندىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بىر تۆپىلىك ئىدى. قىيان كەلسە ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىنى يالاپ ئۆتۈپ كېتەتتى. شۇ تەرىقىدە بىرقانچە ۋاقىت ئۆتتى. كېيىن جۇرھۇم قەبىلىسىدىن بىر توپ ئادەم كەدا يولى بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ مەككىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە چۈشتى، ئۇلار بىر قۇشنىڭ ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ: «بۇ قۇش چوقۇم سۇ بار يەردە ئايلىنىدۇ. كۆپ ۋاقىتتىن بېرى بۇ يەردىن ئۆتۈپ تۇراتتۇق، سۇ كۆرمەيتتۇق»، دېيىشىپ بىر ئىككى كىشىنى ئۇ يەرگە ئەۋەتتى، ئۇلار بۇ يەردە سۇ بارلىقىنى دەپ كەلدى، ئۇلار سۇ بار يەرگە كەلگەندە سۇنىڭ يېنىدا ئىسمائىلنىڭ ئانىسى تۇراتتى. ئۇلار ھاجەرگە: «بىزنىڭ يېنىڭدا تۇرۇپ ساڭا قوشنا بولۇشىمىزغا رۇخسەت قىلامسەن»، دېدى. ھاجەر: «رۇخسەت قىلىمەن، لېكىن سىلەرنىڭ سۇغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقۇڭلار بولمايدۇ»، دېدى. ئۇلار بولىدۇ دەپ قوشۇلدى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئېيتىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «فَأَلفي ذلكَ أُمَّ إِسماعِيلَ، وَهِي تُحِبُّ الأُنْسَ . فنزَلُوا، فَأَرْسلُوا إِلى أَهْلِيهِم فنَزَلُوا معهُم، حتَّى إِذا كَانُوا بِهَا أَهْلَ أَبياتٍ، وشبَّ الغُلامُ وتَعلَّم العربِيَّةَ مِنهُمْ وأَنْفَسَهُم وأَعجَبهُمْ حِينَ شَبَّ، فَلَمَّا أَدْرك، زَوَّجُوهُ امرأَةً منهُمْ، ومَاتَتْ أُمُّ إِسمَاعِيل» «جۇرھۇملۇقلارنىڭ كېلىشى ئىسمائىلنىڭ ئانىسىنىڭ يالغۇزلۇقتا يېتىمسىراپ تۇرغان چاغلىرىغا توغرا كەلگەنىدى. ئۇلار بۇ يەرگە جايلاشقاندىن كېيىن ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى ئېلىپ كېلىپ بۇ يەرگە جايلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن



www.munber.org

ئۇ يەردە بىرمۇنچە ئائىلە پەيدا بولدى. ئىسمائىل ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چوڭ بولدى ۋە ئۇلاردىن ئەرەبچە ئۆگەندى، ئۇلارنىڭ ھۆرمەتلىشىگە ۋە ياخشى كۆرۈشىگە سازاۋەر بولدى. ئۇلار ئىسمائىلنى ئۆيلۈك ئوچاقلىق قىلىپ قويدى. ئىسمائىلنىڭ ئانىسى ۋاپات بولدى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنى يوقلاپ كەلدى. ئىسمائىل ئۆيدە بولمىغانلىقى ئۈچۈن كېلىنىدىن ئىسمائىلنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى، ئىسمائىلنىڭ خوتۇنى: ‹تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن (يەنە بىر رىۋايەتتە دېيىلىشىچە ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن) سىرتقا چىقىپ كەتتى›، دېدى. ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ۋە باشقا ئەھۋاللىرىنى سورىدى، ئىسمائىلنىڭ خوتۇنى: ‹ئەھۋالىمىز يامان، قىيىنچىلىق، كۆلپەت ئىچىدە ياشاۋاتىمىز›، دەپ شىكايەت قىلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: ‹ئېرىڭ كەلگەندە مەندىن سالام ئېيتقىن ۋە ئېيتىپ قويغىنكى ئىشىكىنىڭ بوسۇغىسىنى يەڭگۈشلىۋەتسۇن›، دېدى. ئىسمائىل ئائىلىسىگە قايتىپ كېلىپ ئالدىن بىر نەرسە سەزگەندەك خوتۇنىدىن: ‹ئۆيگە بىرەرسى كەلدىمۇ؟›، دەپ سورىدى. خوتۇنى: ‹ھەئە، مۇنداق سۈپەتلىك بىر بوۋاي كېلىپ كەتتى، سەن توغرۇلۇق سورىدى. ئەھۋالىڭنى دېدىم، يەنە تېخى بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى سورىدى، ئۇنىڭغا قىيىنچىلىقتا ياشاۋاتقانلىقىمىزنى دېدىم›، دېدى. ئىسمائىل: ‹بوۋاي ساڭا بىرەر ئىشنى تاپىلىدىمۇ؟›، دېدى. خوتۇنى: ‹ساڭا سالام ئېيتتى ھەمدە ساڭا ئىشىكىمىزنىڭ بوسۇغىسىنى يەڭگۈشلىشىۋېتىمىزنى ئېيتتى›، دېدى. ئىسمائىل: ‹ئەنە شۇ مېنىڭ ئاتام بولىدۇ، مېنىڭ سېنى قويۇۋېتىشىمنى بۇيرۇپتۇ، ئۆيۈڭدىكىلەرنىڭ يېنىغا بار›، دەپ ئۇنى قويۇۋەتتى ۋە جۇرھۇملۇقلاردىن باشقا بىر قىزنى ئالدى. كېيىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يەنە ئوغلىنى يوقلاپ كەلدى. ئوغلىنىڭ يېڭى ئالغان خوتۇنى بىلەن كۆرۈشۈپ ئىسمائىلنى سورىدى. خوتۇنى: ‹ئۇنى تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن چىقىپ كەتتى›، دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىك ئەھۋالىنى سورىۋىدى، ئىسمائىلنىڭ ئايالى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا تۇرمۇشتا ناھايىتى ياخشى كېتىپ بارغانلىقىنى ۋە ئاللاھقا شۈكۈر قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن نېمە يەپ، نېمە ئىچىۋاتقانلىقىنى سورىۋىدى، يېڭى كېلىن: ‹گۆش يەۋاتىمىز، سۇ ئىچىۋاتىمىز›، دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ گۆش، سۇلىرىغا بەرىكەت بەرگىن دەپ دۇئا قىلدى». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «وَلَمْ يكنْ لهُمْ يومَئِذٍ حبٌّ وَلَوْ كَانَ لهُمْ دَعَا لَهُمْ فيهِ» «بۇ چاغدا ئۇلاردا ئاشلىق يوق ئىدى، ئاشلىق بولغان بولسا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ دۇئا قىلاتتى». «فَهُما لاَ يخْلُو علَيْهِما أَحدٌ



www.munber.org

بِغَيْرِ مكَّـةَ إِلاَّ لَـمْ يُوافِقـاهُ» «مەككىدىن باشقا جايدا يالغۇز گۆش، سۇ بىلەنلا ئوزۇقلىنىدىغان بولسا سالامەتلىككە زىيانلىق».

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كېلىپ كىلىندىن: «ئىسمائىل قېنى؟»، دەپ سورىدى، كېلىن: «ئىسمائىل ئوۋغا چىقىپ كەتتى»، دېدى. كېلىن: «چۈشۈپ تاماق يېمەمسەن، ئۇسسۇلۇق ئىچمەمسەن؟»، دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: «نېمە يەپ نېمە ئىچىۋاتىسلەر؟»، دەپ سورىدى، كېلىن: «گۆش بىلەن سۇ»، دەپ جاۋاب بەردى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: «ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن»، دەپ دۇئا قىلدى.

ئىبن ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بركَـةُ دعْـوةِ إِبـراهِيم صَـلّى اللهُ عَلَيْـهِ وسَـلَّم» «بۇ بەرىكەتلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتىدۇر»، دېگەن. — ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كېلىنىگە: «ئېرىڭ كەلگەندە مەندىن سالام دېگىن، ئۇ ۋە دەرۋازىسىنىڭ بوسۇغىسىنى يۆختىلاشقا بۇيرۇغىنىمنى ئېرىڭگە ئېيتقىن»، دېدى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ خوتۇنىدىن: «بىرەرسى كەلدىمۇ؟»، دەپ سورىدى. خوتۇنى: «ھەئە چىرايلىق، سۆرلۈك بىر بوۋاي كەلدى»، دەپ ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلدى. «سەن توغرۇلۇق ۋە تۇرمۇشىمىز توغرۇلۇق سورىدى، سېنىڭ تەرىپىڭنى قىلدىم، تۇرمۇشىمىزنىڭ ياخشىلىقىنى ئېيتتىم»، دېدى. ئىسمائىل: «ساڭا بىرەر سۆز قالدۇردىمۇ؟»، دەپ سورىدى. كېلىن: «ھەئە، ساڭا سالام ئېيتتى ۋە دەرۋازاڭنىڭ بوسۇغىسىنى يۆختىلاشنى تاپىلىدى»، دېدى. ئىسمائىل: «ئۇ مېنىڭ ئاتام بولىدۇ. بوسۇغامنى يۆختىلاشنى تاپىلىغىنى مېنىڭ سەن بىلەن ياخشى ئۆتۈشۈمنى تاپىلىغىنىدۇر»، دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئوغلى ئىسمائىلنى يوقلاپ كەلدى. ئۇنىڭ زەمزەم قۇدۇغى يېنىدا ئوقيا ياساۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئىسمائىل دادىسىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ قېشىغا باردى. بىر ـ بىرىنى سېغىنغان ئاتا ـ بالا قانداق كۆرۈشسە ئۇلار مۇشۇنداق كۆرۈشتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىسمائىلغا: «ئاللاھ مېنى بۇ يەرگە بىر ئىش بىلەن بۇيرۇدى، ئى ئىسمائىل، ئاللاھنىڭ بۇيرۇغىنىنى قىلغىن»، دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلىغا: «ماڭا ياردەملىشەمسەن؟»، دېدى. ئىسمائىل: «ياردەملىشىمەن»، دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ مېنى بۇ يەرگە بىر ئۆي بىنا قىلىشقا بۇيرۇدى»، دېدى ۋە ئەتراپىدىكى بىر ئېگىزلىكنى كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن بەيتۇللاھنىڭ ئاساسىنى بەرپا قىلىدۇ. ئىسمائىل تاش توشۇپ بېرىشكە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تام قوپۇرۇشقا كىرىشىدۇ. تام ئېگىزلەپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بويى يەتمىگەندە ئىسمائىل بىر چوڭ قارا تاشنى



www.munber.org

ئېلىپ كېلىپ ھازىرقى ماقامى ئىبراھىم بار يەرگە ئەكېلىپ قويۇپ بېرىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئىسمائىل ئۇنىڭغا تاش سۇنۇپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى: ﴿رَبَّنَا تَقَبَّلْ مِنَّا إِنَّكَ أَنْتَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ﴾ « پەرۋەردىگارىمىز بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن »، دەيدۇ.

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنى ئېلىپ سەپەرگە ئاتلاندى. يېنىدا بىر تۇلۇم سۇ بولۇپ، ھاجەر ئۇنىڭدىن ئىچەتتى. ئۇنىڭ بالىسىنى ئىمىتىدىغان سۈتى جىق چىقاتتى. ئۇلار شۇ يوسۇندا مېڭىپ مەككىگە يېتىپ كەلدى. ئىبراھىم ئۇلارنى بىر چوڭ دەرەخ ئاستىغا قويۇپ قايتماقچى بولدى. ھاجەر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەدا دېگەن جايغا يېتىپ كەلگەندە: « ئى ئىبراھىم، بىزنى كىمگە تاشلاپ كېتىسەن؟ »، دەپ توۋلىدى. ئىبراھىم: « ئاللاھقا تاشلاپ كېتىمەن »، دېدى. ھاجەر: « ئۇنداق بولسا مەن ئاللاھتىن مەمنۇن »، دېدى ـ دە، ئارقىسىغا قايتتى. ئۇ تۇلۇمدىكى سۇنى ئىچەتتى. بالىسى ئۈچۈن سۈتى جىق چىقاتتى. ئاخىر ئۇلارنىڭ سۈيى تۈگەپ كەتتى. ھاجەر: « بىر ئاز مېڭىپ باقسام بىرەر ئادەمنى ئۇچرىتارمەنمۇ »، دەپ مېڭىپ سەفا تېغىغا چىقتى. ئۇ « بىرەر ئادەمنى كۆرەرمەنمۇ؟ »، دەپ ئەتراپقا قارايتتى. لېكىن، ھېچ ئادەمنى كۆرمىدى، ئۇ يەردىن چۈشۈپ، ۋادىغا يېتىپ يۈگۈرۈپ مەرۋىگە چىقتى. شۇ يوسۇندا مەرۋىگە نەچچە قېتىم بېرىپ كەلدى. ئاندىن كېيىن: « جايىمغا بېرىپ قاراپ باقاي، بالام نېمە قىلىۋاتىدىغاندۇ؟ »، دەپ ئۇ يەرگە بېرىپ قارىۋىدى، ئۇنىڭ ئەھۋالى ئاۋۋالقىدەكلا بولۇپ، بىر يۆقىرى، بىر تۆۋەن تىنىپ ياتقانلىقىنى كۆردى. ھاجەر تاقەتسىزلىنىپ: « يەنە بېرىپ قاراپ باقاي، بىرەر ئادەمزات ئۇچراپ قالار »، دەپ بېرىپ سەفا تېغىغا چىقتى. قارا ـ قارا ھېچ ئادەمنى كۆرمىدى. شۇ يوسۇندا يەتتە قېتىم بېرىپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن: « بېرىپ قاراپ باقاي، بالا نېمە بولغاندۇ؟ »، دەپ تۇرغاندا بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى، ئۇ ئاۋاز قىلغۇچىغا قارىتا: « سەندە بىر ياخشىلىقتىن دېرەك بولسا، قۇتقۇزغىن »، دېدى، قارىسا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام تۇرۇپتۇ. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئىككى تاپىنىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ يەرگە تاپىنىنى ئۇرۇۋىدى، سۇ ئېتىلىپ چىقتى. ھاجەر ھاڭ ـ تاڭ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككى چاڭگىلىنى سۇ بىلەن تولدۇردى.

رىۋايەت قىلغۇچى بۇ ھەدىسنى تولۇق رىۋايەت قىلغان. — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشى بىلمەيدىغان ۋەقەلەردىن خەۋەر بېرىشى پەقەت ۋەھيى ئارقىلىقلا بولغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ راستلىقىنىڭ ئىسپاتلىنىشىدۇر.



www.munber.org

2) پەيغەمبەرلەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلىش ۋە رازىلىقىغا ئېرىشىشتە بالا ـ چاقىلىرىنىمۇ قۇربان قىلىدىغانلىقى.

3) دۇئا قىلغاندا قىبلە تەرەپكە قاراشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، مەككىنىڭ ۋە بەيتۇللاھنىڭ پەزىلىتى.

4) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ بەيتۇللاھنى بىنا قىلغانلىقى.

5) تۇرمۇشىدىن نارازى بولۇشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، ھەممە ئەھۋالدا سەۋر قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

6) گۇناھ ئىشلاردا بولمىسىلا، ئاتىغا ئىتائەت قىلىش ۋە رازىلىقىغا ئېرىشىشنىڭ لازىملىقى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كېلىنىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىگە نارازى بولغانلىقىنى كۆرگەن ۋاقىتتا بۇ ئىللەتنىڭ ئوغلىغا تەسىر قىلىشىدىن ئەنسىرەپ قويۇۋېتىشكە بۇيرۇغانلىقى.

7) سەفا ـ مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىشنىڭ ھېكمىتى.

8) تائەت ـ ئىبادەتلەردە ياخشىلارغا ئەگىشىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى دۇنيا ۋە ئۇنىڭ زىبۇزىنىنەتلىرىدىن ئەلا بىلىش لازىملىقى.

**1868 ـ ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:** «الْكَمأَةُ مِنَ المَنِّ، وماؤُهَا شِفَاءٌ لِلْعَيْنِ»

**«ئاللاھ تائالانىڭ مەرھەمەتىدىندۇركى، يەر مەدىكى (موگو) نىڭ سۈيى كۆزگە شىپا بولىدۇ».** — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: كېسەل بولغاندا داۋالاشنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىزنى بىلەن يەر مەدىكى سۈيىنىڭ كۆز ۋە باشقا كېسەللىكلەرگە شىپا قىلىدىغانلىقى. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامى تىبابەتكە دائىر ھەدىسلىرى جۈملىسىدىندۇر.

## 371 . باب ئىستىغفار ئېيتىش توغرىسىدا

**ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:** ﴿وَاسْتَغْفِرْ لِذَنبِكَ﴾ **﴿گۇناھىڭ ئۈچۈن مەغفىرەت تىلىگىن﴾.** («قۇرئان كەرىم» سۈرە مۇھەممەد 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

**ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:** ﴿وَاسْتَغْفِرِ اللّهِ إِنَّ اللّهَ كَانَ غَفُورًا رَّحِيمًا﴾ **﴿ئاللاھتىن مەغفىرەت تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾.** («قۇرئان كەرىم» سۈرە نىسا 106 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

**ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:** ﴿فَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ وَاسْتَغْفِرْهُ إِنَّهُ كَانَ تَوَّابًا﴾ **﴿رەببىڭگە تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمد ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغفىرەت تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر﴾.** («قۇرئان كەرىم» سۈرە نەسر 3 ـ ئايەت)

www.munber.org

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿لِلَّذِينَ اتَّقَوْا عِندَ رَبِّهِمْ جَنَّاتٌ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَأَزْوَاجٌ مُّطَهَّرَةٌ وَرِضْوَانٌ مِّنَ اللّهِ وَاللّهُ بَصِيرٌ بِالْعِبَادِ۞ الَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا إِنَّنَا آمَنَّا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ۞ الصَّابِرِينَ وَالصَّادِقِينَ وَالْقَانِتِينَ وَالْمُنفِقِينَ وَالْمُسْتَغْفِرِينَ بِالأَسْحَارِ﴾ ﴿تەقۋادارلار ئۈچۈن پەرۋەردىگارى ھوزۇرىدا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بولۇپ، (ئۇلار) جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. (جەننەتلەردە) پاك جۈپتىلەر بار. (تەقۋادارلار ئۈچۈن) يەنە ئاللاھنىڭ رەزاسى بار» ئاللاھ بەندىلىرىنى (يەنى ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇلار (يەنى تەقۋادارلار): «پەرۋەردىگارىمىز! بىز شۈبھىسىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغفىرەت قىلغىن. بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن) دەيدۇ. ئۇلار (يەنى تەقۋادارلار) سەۋر قىلغۇچىلاردۇر. راستچىللاردۇر (ئاللاھقا) ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر. (ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل ـ ماللىرىنى) سەرپ قىلغۇچىلاردۇر ۋە سەھەرلەردە ئىستىغفار ئېيتقۇچىلاردۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال ئىمران 15 ـ ـ 17 ـ ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمى)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَن يَعْمَلْ سُوءًا أَوْ يَظْلِمْ نَفْسَهُ ثُمَّ يَسْتَغْفِرِ اللّهَ يَجِدِ اللّهَ غَفُورًا رَّحِيمًا﴾ ﴿كىمكى بىرەر يامانلىق ياكى ئۆزىگە بىرەر زۇلۇم قىلىپ قويۇپ، ئاندىن ئاللاھتىن مەغفىرەت تەلەپ قىلسا، ئۇ ئاللاھنىڭ مەغفىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە نىسا 110 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَا كَانَ اللّهُ لِيُعَذِّبَهُمْ وَأَنتَ فِيهِمْ وَمَا كَانَ اللّهُ مُعَذِّبَهُمْ وَهُمْ يَسْتَغْفِرُونَ﴾ ﴿سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرغان چېغىڭدا (سېنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن) ئاللاھ ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ. ئۇلار ئىستىغفار ئېيتىپ تۇرغان چاغدا ئاللاھ ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئەنفال 33 ـ ئايەت)

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَالَّذِينَ إِذَا فَعَلُواْ فَاحِشَةً أَوْ ظَلَمُواْ أَنْفُسَهُمْ ذَكَرُواْ اللّهَ فَاسْتَغْفَرُواْ لِذُنُوبِهِمْ وَمَن يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلاَّ اللّهُ وَلَمْ يُصِرُّواْ عَلَى مَا فَعَلُواْ وَهُمْ يَعْلَمُونَ﴾ ﴿تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا ئاللاھنى ياد ئېتىدۇ، گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغفىرەت تەلەپ قىلىدۇ. گۇناھنى كەچۈرىدىغان ئاللاھتىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال ئىمران 135 ـ ئايەت)

**1869** ـ ئەغەررىل مۇزەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «إِنَّهُ لَيُغَانُ على قَلْبِي، وَإِني لأَسْتَغْفِرُ اللَّه في الْيومِ مِئَةَ مرَّةٍ» «مېنىڭ قەلبىمۇ پەردە باغلانغاندەك بولۇپ قالىدۇ. مەن كۈنىگە ئەلۋەتتە 100 قېتىم ئىستىغفار ئېيتىمەن». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ « قەلبىمدە پەردە باغلانغاندەك بولۇپ قالىدۇ » ، دېگىنى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبى ھەمىشە ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. مەلۇم ۋاقىتلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىلىغا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىدىن كۆڭلىنى بۆلۈۋېتىدىغان بىرەر ئىش كىرىپ قالسا، رەسۇلۇللاھ بۇنىمۇ سەھۋەنلىك ساناپ، دەرھال ئىستىغفار ئېيتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كامالەت دەرىجىلىرىگە ئۆرلەش جەريانىدا ئازراق سۇسلۇق يېتىپ قالسا، بۇنىمۇ ئۆزىگە بىر نۇقسان سانايتتى. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئاللاھ تائالانىڭ زىكرىگە ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن سۇسلۇق يېتىپ قالىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

**1870. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:** «واللّهِ إنِّي لأَسْتَغْفِرُ اللّه وأتُوبُ إلَيْهِ في الْيَوْمِ أكْثَرَ مِنْ سبْعِين مَرَّةً» **« ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن چوقۇم كۈنىگە 70 قېتىمدىن ئارتۇق ئاللاھ تائالادىن مەغفىرەت تەلەپ قىلىمەن ۋە ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىمەن ».** — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىپ، كۆپ ئىستىغفار ئېيتىشقا رىغبەتلەندۈرۈش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسۇم، ھەر قانداق گۇناھتىن پاك بولۇش بىلەن بىللە كۆپ ئىستىغفار ئېيتىدىغانلىقى ئۈممەتلىرىگە تەلىم بېرىش ئۈچۈندۇر.

**1871 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن:** «والَّذي نَفْسِي بِيدِهِ لَوْ لَمْ تُذْنِبُوا، لَذَهَب اللّه تَعَالى بِكُمْ، وجاءَ بقَوْمٍ يُذْنِبُونَ فَيَسْتَغْفِرُونَ اللّه تَعالى فَيغْفِرُ لهمْ» **« جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، سىلەر گۇناھ ئۆتكۈزمىسەڭلار، ئەلۋەتتە ئاللاھ سىلەرنى كەتكۈزۈۋېتىپ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ مەغفىرەت تەلەپ قىلىدىغان بىر قەۋمنى ئورنۇڭلارغا كەلتۈرگەن بولاتتى. ئاندىن ئۇلارنى مەغفىرەت قىلاتتى ».** — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاش، ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالاغا قىلىۋاتقان قۇللۇقىنى تەكىتلەش ئۈچۈن بۇنداق قەسەمنى كۆپ قىلىدىغانلىقى.

2) تەۋبە قىلىشقا، گۇناھتىن قول ئۈزۈشكە ئۈممىتىنى تەرغىب قىلغانلىقى.

3) مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئىستىغفار ئېيتىشى بەندە بىلەن پەرۋەردىگار ئارىسىدىكى ۋاستە بولغانلىقى ئۈچۈن ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئىستىغفار ئېيتىشقا ئالدىرىشىنىڭ لازىملىقى.

**1872 - ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز رەسۇلۇللاھنىڭ بىر ئولتۇرۇشىدا 100 قېتىم:** «ربِّ اغْفِرْ لي، وتُبْ عليَ إنَّكَ أنْتَ التَّوابُ الرَّحِيمُ» **« پەرۋەردىگارىم، مېنى مەغفىرەت قىلغىن، تەۋبەمنى قوبۇل قىلغىن، ھەقىقەتەن سەن تەۋبىنى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبان زاتتۇرسەن » ، دېگەنلىكىنى سانايتتۇق.** — ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئا قىلغان چاغدا، شۇنىڭغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشى لازىملىقى. مەسىلەن، ئاللاھ تائالادىن مەغفىرەت ۋە رەھمەت تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلغاندا دۇئاسىنىڭ ئاخىرىدا ‹إِنَّكَ اَنْتَ التَّوَّابُ الرَّحِيْمُ›، دېيىشى كېرەكلىكى، ئەگەر بۇ دۇنيالىق ياكى ئۇ دۇنيالىق بىرەر نەرسىنى تەلەپ قىلغان چاغدا ‹إِنَّكَ اَنْتَ الْجَوَادُ الْكَرِيْمُ›، دېيىشىنىڭ لازىملىقى.

**1873 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەن:** «منْ لَزِمِ الاسْتِغْفَار، جعل اللّٰه لَهُ مِنْ كُلِّ ضِيقٍ مخرْجاً، ومنْ كُلِّ هَمٍّ فَرجاً، وَرَزَقَهُ مِنْ حيْثُ لا يَحْتَسِبُ» **« ئاللاھ تائالا داۋاملىق ئىستىغفار ئېيتىدىغان ئادەمگە چىقىش يولى بېرىدۇ. ھەر قانداق غەم ـ قايغۇدىن خالاس قىلىدۇ. ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق ئاتا قىلىدۇ ».**

— ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئىستىغفار ئېيتىش ۋە ئىستىغفارنى داۋاملاشتۇرۇش كىشىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك پايدا ـ مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقى.

**1874 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «منْ قال: أَسْتَغْفِرُ اللّٰه الذي لا إِلَهَ إِلاَّ هُو الحيَّ الْقَيُّومَ وأَتُوبُ إِلَيهِ، غُفِرَتْ ذُنُوبُهُ وإِنْ كَانَ قَدْ فَرَّ مِنَ الزَّحْفِ» **« كىمكى ‹ئاللاھ تائالادىن مەغفىرەت تىلەيمەنكى، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ تائالا ھەمىشە تىرىكتۇر، مەخلۇقاتلارنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىمەن›، دېسە، گەرچە ئۇ جەڭدىن قاچقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ گۇناھلىرى ئەپۇ قىلىنىدۇ ».**

— ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىستىغفارنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ پەزىلىتى، بولۇپمۇ بىرەر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندىن كېيىن ئىستىغفار ئېيتىشنىڭ لازىملىقى.

2) تەۋبىگە گۇناھتىن ئۇزۇل ـ كېسىل قول ئۈزۈشنىڭ قوشۇلۇپ كېلىشى لازىملىقى.

**1875 ـ شەدداد ئىبنى ئەۋسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:** «سيِّدُ الاسْتِغْفار أَنْ يقُول الْعبْدُ: اللَّهُمَّ أَنْتَ رَبِّي، لا إِلَـه إِلاَّ أَنْتَ خَلَقْتَني وأَنَا عَبْدُكَ، وأَنَا على عهْدِكَ ووعْدِكَ ما اسْتَطَعْتُ، أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ ما صنَعْتُ، أَبوءُ لَكَ بِنِعْمتِكَ علَيَ، وأَبُوءُ بذَنْبِي فَاغْفِرْ لي، فَإِنَّهُ لا يغْفِرُ الذُّنُوبِ إِلاَّ أَنْتَ . منْ قَالَهَا مِنَ النَّهَارِ مُوقِناً بِهَا، فَماتَ مِنْ يومِهِ قَبْل أَنْ يُمْسِيَ، فَهُو مِنْ أَهْلِ الجنَّةِ، ومَنْ قَالَهَا مِنَ اللَّيْلِ وهُو مُوقِنٌ بها فَمَاتَ قَبل أَنْ يُصْبِح، فهُو مِنْ أَهْلِ الجنَّةِ» **« ‹ئى ئاللاھ! سەن مېنىڭ رەببىمسەن، سەندىن بۆلەك ئىلاھ يوق، سەن مېنى ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ بەندەڭمەن، ساڭا ئىمان ئېيتىش ۋە ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت بەرگەن ۋەدەمدە كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە بەرقارارمەن، ساڭا سېغىنىپ يامان قىلمىشلىرىمدىن پاناھ**



www.munber.org

تىلەيمەن، سېنىڭ ماڭا بەرگەن نېئمەتلىرىڭنى ئېتىراپ قىلىمەن، گۇناھلىرىمنى ئىقرار قىلىمەن، مېنى مەغفىرەت قىلغىن، گۇناھلارنى پەقەت سەنلا مەغفىرەت قىلىسەن»، دېگەن كىشى كاتتا ئىستىغفار ئېيتقان بولىدۇ. كىمكى، بۇ دۇئانى ئىخلاس بىلەن كۈندۈزى ئوقۇپ، ئاندىن كەچ كىرگۈچە ئۆلسە، ئۇ ئەھلى جەننەتتىن بولىدۇ. كىمكى، ئۇنى ئىخلاس بىلەن كېچىسى ئوقۇپ، ئاندىن تاڭ ئاتقۇچە ئۆلسە، ئۇ ئەھلى جەننەتتىن بولىدۇ ». — بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: نىيەتنىڭ دۇرۇسلۇقى ۋە ئاللاھ تائالاغا پۈتۈنلەي يۈزلىنىش ئىستىغفارنىڭ قوبۇل بولۇش شەرتلىرىدىندۇر. بۇ دۇئا ئىسىل مەنىلەرنى، گۈزەل سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ دۇئانىڭ ئىستىغفارلارنىڭ خوجىسى دېيىلىشىدىكى سەۋەب، بۇ دۇئا ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ئىقرار بولۇش، ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش، ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئەھدىگە بەرقارار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدە قىلغانلىرىنى ئۈمىد قىلىش، ئۆزىنىڭ يامان قىلمىشلىرىدىن پاناھ تىلەش، نېئمەتنى ئاللاھ تائالادىن دەپ بىلىش، گۇناھنى ئۆزىدىن دەپ بىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ مەغفىرىتىگە قىزىقىش، پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ مەغفىرەت قىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

1876 ـ سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدىن پارىغ بولغاندا ئۈچ قېتىم ئىستىغفار ئېيتاتتى ۋە: «اللَّهُمَّ أَنْتَ السَّلامُ، ومِنْكَ السَّلامُ، تَبارَكْتَ ياذَا الجلالِ والإِكْرامِ» « ئى ئاللاھ! سەن لايىق ئەمەس سۈپەتلەردىن پاكتۇرسەن، سالامەتچىلىك سەن تەرەپتىندۇر. ئى ئۇلۇغلۇق ۋە غەلىبە ئىگىسى! سەن ئۇلۇغدۇرسەن »، دەيتتى. ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ بىرى ئەۋزائىغا: « ئىستىپار قانداق ئېيتىلىدۇ؟ »، دېيىلىۋىدى، ئۇ: « ئەستەغفىرۇللاھ، ئەستەغفىرۇللاھ، دېيىلسە بولىدۇ »، دېدى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ھەدىستە بايان قىلىنغان ئىبارە بويىچە نامازدىن كېيىن ئىستىغفار ئېيتىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى.

1877 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى: «سُبْحانَ اللَّهِ وبِحَمْدِهِ، أَسْتَغْفِرُ اللَّه وأَتُوبُ إِلَيْهِ» « ئاللاھ تائالانى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، ئاللاھ تائالانى مەدھىيىلەيمەن، ئاللاھ تائالادىن مەغفىرەت تەلەپ قىلىمەن، ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىمەن »، دېگەن دۇئانى كۆپ ئوقۇيتتى. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاللاھ تائالانىڭ « رەببىڭگە تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدۇسانا ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغفىرەت تىلىگىن، ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر »، دېگەن سۆزىگە ئاساسەن كىشى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا خەيرلىك ئىشلارنى كۆپ قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى. بۇ جەھەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشنىڭ لازىملىقى. ئىستىغفاردىن كېيىن تەۋبە قىلىش ئىستىغفارنىڭ مەزمۇنىنى كۈچەيتىدىغانلىقى ۋە ئىستىغفارنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرىدىغانلىقى.

www.munber.org

1878 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىس قۇددۇستا مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «قالَ اللّه تَعَالى: يا ابْنَ آدَمَ إِنَّكَ ما دَعَوْتَني ورجوْتَني غفرتُ لَكَ على ما كَانَ منْكَ وَلا أُبَالِي، يا ابْنَ آدم لَوْ بلَغَتْ ذُنُوبُك عَنَانَ السَّماءِ ثُم اسْتَغْفَرْتَني غَفرْتُ لَكَ وَلا أُبالي، يا ابْنَ آدم إِنَّكَ لَوْ أَتَيْتَني بِقُرابِ الأَرْضِ خطايَا، ثُمَّ لَقِيتَني لا تُشْرِكُ بي شَيْئاً، لأَتَيْتُكَ بِقُرابِها مَغْفِرَةً» « ئى ئادەم بالىسى! ماڭا دۇئا قىلساڭ ۋە مېنىڭدىن ئۈمىد قىلساڭ، بارلىق گۇناھلىرىڭنى مەغفىرەت قىلىمەن، پەرۋا قىلمايمەن. ئى ئادەم بالىسى! سېنىڭ گۇناھلىرىڭ ئاسمانغا تاقاشقۇدەك بولسىمۇ سەن مەندىن مەغفىرەت تىلىسەڭ مەغفىرەت قىلىمەن، پەرۋا قىلمايمەن. ئى ئادەم بالىسى! ئەگەر ماڭا زېمىنغا بىر كەلگۈدەك گۇناھ بىلەن كېلىپ، ئاندىن ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن ھالدا ئۇچراشساڭ، مەنمۇ ساڭا زېمىنغا بىر كەلگۈدەك مەغفىرەت بىلەن مۇلاقات بولىمەن ». — ترمىزىي رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: بۇ ھەدىستە ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭلىكى كۆرسىتىلىدۇ. ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن باشقا گۇناھلارنىڭ مەغفىرەت قىلىنىشىدا ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىش شەرتتۇر. چۈنكى، ئىبادەتلەرنىڭ قوبۇل بولۇشى، گۇناھلارنىڭ مەغفىرەت قىلىنىشى ئىمانغا ئاساسلىنىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ مەغفىرىتىنى قولغا كەلتۈرىدىغان كامىل ئىستىغفار دېگەن گۇناھتىن ئۈزۈل ـ كېسىل قول ئۈزۈش بىلەن بولىدۇ. مانا بۇ سەممىي تەۋبە ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، گۇناھتىن قول ئۈزمەي تۇرۇپ ئىستىغفار ئېيتقانلىق پەقەتلا نوقۇل دۇئادىن ئىبارەتتۇر.

1879 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ: «يا معْشَرَ النِّساءِ تَصَدَّقْنَ، وأَكْثِرْنَ مِنَ الاسْتِغْفَارِ، فَإِنِّي رَأَيْتُكُنَّ أَكْثَرَ أَهْلِ النَّارِ» « ئى ئاياللار جامائەسى، سەدىقە قىلىڭلار، ئىستىغفارنى كۆپ ئېيتىڭلار، مەن دوزاخ ئەھلىنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ ئاياللار ئىكەنلىكىنى كۆردۈم »، دېۋىدى. ئۇلاردىن بىر ئايال: « نېمە ئۈچۈن دوزاخ ئەھلىنىڭ كۆپرەكى بىزدىن بولىدۇ؟ »، دېدى، رەسۇلۇللاھ: «تُكْثِرْنَ اللَّعْنَ، وتَكْفُرْنَ العشِيرَ مَا رأَيْتُ مِنْ نَاقِصَاتِ عقْلٍ ودِينٍ أَغْلبَ لِذِي لُبٍّ مِنْكُنَّ» « سىلەر تولا قارغايسىلەر، ئەرلىرىڭلارنىڭ ھەققىدىن تانىسىلەر، سىلەردىنمۇ كالتە پەم ۋە دىنىي كەمتۈك، ھەر قانداق ئەقىللىق كىشىنىڭمۇ بۇرنىغا چۆلۈك ئۆتكۈزۈۋالىدىغان ئادەملەرنى كۆرمىدىم »، دېدى. ئۇ ئايال: « ئەقىل ۋە دىنىنىڭ كەمتۈكلۈكى نېمە؟ »، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «شَهَادَةُ امرأَتَيْنِ بِشهَادَةِ رجُلٍ، وتَمْكُثُ الأَيَّامَ لا تُصَلِّي» « ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ بىر ئەرنىڭ گۇۋاھلىقىغا باراۋەر بولىدىغانلىقى ۋە ھەر ئايدا نەچچە كۈن ناماز ئوقۇيالمايدىغانلىقى »، دېدى. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاياللارنىڭ كۆپ سەدىقە قىلىشقا، كۆپ ئىستىغفار ئېيتىشقا تەرغىب قىلىنغانلىقى، چۈنكى سەدىقە بىلەن ئىستىغفار دېگەن ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىنى دەپئى قىلىدۇ ۋە خاتالارنى يوققا چىقىرىدۇ.

www.munber.org

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالLارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشى ئىسلام دىنىنىڭ ئايالLارغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغانلىقى. ياخشىلىققا نانكورلۇق قىلىش، قارغاش ۋە تىللاشقا ئوخشاش يامان تىللارنى ئىشلىتىشنىڭ هارامىلىقى.

3) كىشىنىڭ ئەقلىمۇ زىيادە ۋە كەمتۈك بولغاندەك، دىن بىلەن ئىمانىنىڭمۇ زىيادە ۋە كەمتۈك بولىدىغانلىقى.

## 372 . باب ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىنلەرگە جەننەتتە تەييارلىغان نەرسىلىرى توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ الْمُتَّقِينَ فِي جَنَّاتٍ وَعُيُونٍ۞ ادْخُلُوهَا بِسَلَامٍ آمِنِينَ۞ وَنَزَعْنَا مَا فِي صُدُورِهِم مِّنْ غِلٍّ إِخْوَانًا عَلَى سُرُرٍ مُّتَقَابِلِينَ۞ لاَ يَمَسُّهُمْ فِيهَا نَصَبٌ وَمَا هُم مِّنْهَا بِمُخْرَجِينَ﴾ ﴿تەقۋادارلار ھەقىقەتەن (ئاخىرەتتە ياپيېشىل) باغ ـ بوستانلاردىن، (سۈ، ھەسەل ۋە ماي ئېقىپ تۇرىدىغان) بۇلاقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ. (ئۇلارغا): «جەننەتكە ئامان ـ ئېسەن، تىنچ كىرىڭلار!»، دېيىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى دۈشمەنلىكنى چىقىرىپ تاشلايمىز، ئۇلار ئۆزئارا قېرىنداش بولغان هالدا تەختلەر ئۈستىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ. جەننەتتە ئۇلارغا چارچاش بولمايدۇ. ئۇلار جەننەتتىن چىقىرىۋېتىلمەيدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە هىجر 44 ~ 48 ـ ئايەتلەر)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿يَا عِبَادِ لَا خَوْفٌ عَلَيْكُمُ الْيَوْمَ وَلَا أَنتُمْ تَحْزَنُونَ۞ الَّذِينَ آمَنُوا بِآيَاتِنَا وَكَانُوا مُسْلِمِينَ۞ ادْخُلُوا الْجَنَّةَ أَنتُمْ وَأَزْوَاجُكُمْ تُحْبَرُونَ۞ يُطَافُ عَلَيْهِم بِصِحَافٍ مِّن ذَهَبٍ وَأَكْوَابٍ وَفِيهَا مَا تَشْتَهِيهِ الْأَنفُسُ وَتَلَذُّ الْأَعْيُنُ وَأَنتُمْ فِيهَا خَالِدُون۞ وَتِلْكَ الْجَنَّةُ الَّتِي أُورِثْتُمُوهَا بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ۞ لَكُمْ فِيهَا فَاكِهَةٌ كَثِيرَةٌ مِنْهَا تَأْكُلُونَ﴾ ﴿(ئۇلارغا:) «بەندىلىرىم! بۈگۈن سىلەرگە قورقۇنچ يوق، غەم ـ قايغۇمۇ يوق»، (دېيىلىدۇ). ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتقان ۋە مۇسۇلمان بولغانلار ئىدى. (ئۇلارغا:) «سىلەر ئاياللىرىڭلار بىلەن خۇشال ـ خۇرام جەننەتكە كىرىڭلار» (دېيىلىدۇ). ئۇلارغا ئالتۇن لېگەنلەردە (تائام)، ئالتۇن جاملاردا (شاراب) تۇتۇلىدۇ. جەننەتتە كۆڭۈللەر تارتىدىغان، كۆزلەر لەززەتلىنىدىغان نەرسىلەر بار. سىلەر جەننەتتە مەڭگۈ قالىسىلەر. سىلەر (دۇنيادا) قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرىڭلار بىلەن ۋارىس بولغان جەننەت ئەنە شۇدۇر. جەننەتتە نۇرغۇن (تۈرلۈك) مېۋىلەر بار، ئۇنىڭدىن يەيسىلەر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە زۇخرۇف 68~73 ـ ئايەتلەر)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ الْمُتَّقِينَ فِي مَقَامٍ أَمِينٍ۞ فِي جَنَّاتٍ وَعُيُونٍ۞ يَلْبَسُونَ مِن سُندُسٍ وَإِسْتَبْرَقٍ مُّتَقَابِلِينَ۞ كَذَلِكَ وَزَوَّجْنَاهُم بِحُورٍ عِينٍ۞ يَدْعُونَ فِيهَا بِكُلِّ فَاكِهَةٍ آمِنِينَ۞ لَا يَذُوقُونَ فِيهَا الْمَوْتَ إِلَّا الْمَوْتَةَ الْأُولَى وَوَقَاهُمْ عَذَابَ الْجَحِيمِ۞ فَضْلًا مِّن رَّبِّكَ ذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ﴾ ﴿تەقۋادارلار ھەقىقەتەن بىخەتەر جايدا بولىدۇ. باغلاردا، بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. ئۇلار قېلىن، يۇپقا



www.munber.org

يېپەك كىيىملەرنى كىيىپ بىر-بىرىگە قاراپ ئولتۇرىشىدۇ. (ئۇلارنى تۇرلۇك ھۆرمەتلەر بىلەن) مۇشۇنداق ئىكرام قىلدۇق. شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرنى ئۇلارغا جۈپ قىلىمىز. ئۇلار جەننەتتە (مەيدە ئېغىرلىشىش ۋە كېسەللىكلەردىن) ئەمىن بولغان ھالدا (خىزمەتچىلەردىن) ھەممە مېۋىلەرنى (كەلتۈرۈشنى) تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلار ئىلگىرىكى (دۇنيادىكى) ئۆلۈمدىن باشقا (جەننەتتە) ھېچقانداق ئۆلۈمنى تېتىمايدۇ، ئاللاھ تائالا دوزاخ ئازابىدىن ساقلايدۇ. (بۇ) پەرۋەردىگارىڭنىڭ مەرھەمىتىدىندۇر. بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە دۇخان 51~57- ئايەتلەر)

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ الْأَبْرَارَ لَفِي نَعِيمٍ۞ عَلَى الْأَرَائِكِ يَنظُرُونَ۞ تَعْرِفُ فِي وُجُوهِهِمْ نَضْرَةَ النَّعِيمِ۞ يُسْقَوْنَ مِن رَّحِيقٍ مَّخْتُومٍ۞ خِتَامُهُ مِسْكٌ وَفِي ذَلِكَ فَلْيَتَنَافَسِ الْمُتَنَافِسُونَ۞ وَمِزَاجُهُ مِن تَسْنِيمٍ۞ عَيْنًا يَشْرَبُ بِهَا الْمُقَرَّبُونَ﴾ ﴿ياخشىلار نېمەت ئىچىدە (جەننەتتە) بولىدۇ. ئۇلار تەختلەر ئۈستىدە تۇرۇپ (ئاللاھ تائالانىڭ جەننەتتە ئۇلارغا بەرگەن تۈرلۈك نېمەتلىرىگە) قارايدۇ. ئۇلارغا قارايدىغان بولساڭ، نېمەتنىڭ (ئۇلارنىڭ چىرايىدىن چىقىپ تۇرغان) ئەسىرىنى تونۇيسەن. ئۇلار ئاغزى پېچەتلەنگەن ساپ شاراب بىلەن سۇغىرىلىدۇ. ئىچىشنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن ئىپارنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ. قىزىققۇچىلار شۇنىڭغا قىزىقسۇن. ئۇنىڭغا (ساپ شارابقا) تەسنىمنىڭ (سۈيى) ئارىلاشتۇرۇلغان. تەسنىم جەننەتتىكى بىر بۇلاق بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاللاھ تائالانىڭ يېقىن بەندىلىرى ئىچىدۇ﴾. («قۇرئان كەرىم» سۈرە دۇخان 51~57- ئايەتلەر)

1880. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يَأْكُلُ أَهْلُ الجَنَّةِ فِيهَا ويشْرَبُونُ، ولا يَتَغَوَّطُونَ، ولا يَمْتَخِطُونَ، ولا يبُولُونَ، ولكِنْ طَعامُهُمْ ذلكَ جُشَاء كَرشْحِ المِسْكِ يُلهَمُونَ التَّسبِيح وَالتكْبِير، كَما يُلْهَمُونَ النَّفَسَ» «جەننەت ئەھلى يەيدۇ-ئىچىدۇ، چوڭ تەرەت قىلمايدۇ. مىشقىرمايدۇ ۋە كىچىك تەرەت قىلمايدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ يېمەكلىكى ئىپارنىڭ ھىدىدەك خۇشبۇي كېكىرىش بىلەن ھەزىم بولىدۇ. خۇددى ئۇلار تەبىئىي نەپەسلىنىپ تۇرغىنىدەك تەسبىھ، تەكبىرلەر ئۇلارنىڭ تىلىغا جارى بولۇپ تۇرىدۇ». — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەھلى جەننەتنىڭ ئەھۋالى، ئۇلارغا جەننەتتە تەييارلانغان نازۇ-نېمەتلەر ۋە كۆڭۈلدىكىدەك تۇرمۇشنىڭ بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

2) ئەھلى جەننەتنىڭ يېمەكلىكلىرى ناھايىتى شېرىن، مۆتىدىل بولۇپ، ئۇنى يېگۈچىدىن پاسكىنا ئاجرالمىلارنىڭ چىقمايدىغانلىقى، بەلكى ئۇنىڭدىن ئەڭ خۇش ھىد كېلىدىغانلىقى، ئەھلى جەننەت ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىش بىلەن لەززەتلىنىدىغانلىقى، ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىشنىڭ ئۇلارنىڭ نەپەسلىنىشىگە ئوخشاشلا تەبىئىي ھالدا ئۇلارنىڭ تىلىغا جارى بولۇپ تۇرىدىغانلىقى.



www.munber.org

1881 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «قَال اللَّه تَعالَى: أَعْددْتُ لِعِبادِيَ الصَّالِحِينَ مَا لاَ عيْنٌ رأَتْ، ولاَ أُذُنٌ سَمِعتْ ولاَ خَطَرَ علَى قَلْبِ بَشَرٍ، واقْرؤُوا إِنْ شِئْتُمْ: ﴿فَلا تَعْلَمُ نَفْسٌ ما أُخْفِيَ لَهُمْ مِنْ قُرَّةِ أَعْيُنٍ جزَاءً بِما كَانُوا يعْمَلُونَ﴾ » ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: ‹مەن ياخشى بەندىلىرىمگە كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان، كىشىنىڭ كۆڭلىگە كېچىپ باقمىغان نەرسىلەرنى تەييار قىلدىم›. خالىساڭلار بۇ ئايەتنى ئوقۇڭلار: ﴿ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن ئاللاھ تائالانىڭ ھوزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە سەجدە 17 ـ ئايەت)

ــــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) جەننەت نېمەتلىرىنىڭ تاكامۇللۇقى بايان قىلىنغان.

2) جەننەت ئەھلىنىڭ ھەر قانداق كۆڭۈلسىزلىكتىن خالىي ھالدا خۇشاللىق بىلەن ياشايدىغانلىقى.

1882 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «أَوَّلُ زُمْرَةٍ يدْخُلُونَ الْجنَّةَ على صُورَةِ الْقَمرِ لَيْلَةَ الْبدْرِ . ثُمَّ الَّذِينَ يلُونَهُمْ علَى أَشَدِّ كَوْكَبٍ دُرِّيٍّ في السَّماءِ إِضَاءَةً: لاَ يُبولُونَ ولاَ يتَغَوَّطُونَ، ولاَ يتْفُلُونَ، ولاَ يمْتَخِطُون . أَمْشاطُهُمُ الذَّهَبُ، ورشْحهُمُ المِسْكُ، ومجامِرُهُمُ الأَلُوَّةُ عُودُ الطِّيبِ أَزْواجُهُم الْحُورُ الْعِينُ، علَى خَلْقِ رجُلٍ واحِدٍ ، علَى صُورَةِ أَبِيهِمْ آدم سِتُّونَ ذِراعاً في السَّماءِ» « جەننەتكە دەسلەپتە كىرىدىغان جامائە ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك بولىدۇ. جەننەتكە ئۇلاردىن كېيىن كىرگۈچىلەر ئاسماندىكى نۇرلۇق يۇلتۇزلاردەك بولۇپ كىرىدۇ. ئۇلار چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلمايدۇ. تۈكۈرمەيدۇ ۋە مىشقىرمايدۇ. ئۇلارنىڭ تاغاقلىرى ئالتۇندىن بولىدۇ. تەرلىرى ئىپاردەك خۇش ـ ھىد بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىسرىقدىنى خۇش پۇراق ئۇد ياغىچى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاياللىرى شەھلا كۆزلۈك ھۆر ـ پەرىلەردىن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئادەمنىڭ شەكلىدە ئېگىزلىكى 60 گەز كېلىدىغان ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈرىتىدە بولىدۇ ».

ــــ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «آنيتُهُمْ فِيهَا الذَّهَبُ، ورشْحُهُمْ المِسْكُ، ولِكُلِّ واحِدٍ مِنْهُمْ زَوْجَتَانِ يُرَى مُخُّ سُوقِهِما مِنْ وراءِ اللَّحْمِ مِنَ الْحُسْنِ، لاَ اخْتِلاَفَ بيِنَهُمْ، ولا تَبَاغُضَ: قُلُوبهُمْ قَلْبُ رَجُلٍ واحِدٍ، يُسَبِّحُونَ اللَّه بُكْرةَ وَعَشِيّاً» « ئۇلارنىڭ جەننەتتە ئىشلىتىدىغان قاچىلىرى ئالتۇن، تەرلىرى ئىپار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ گۈزەللىكىدىن گۆشىنىڭ ئىچىدىن پاچاقلىرىنىڭ يىلىكلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئىككى ئايالى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ قىلىشىش بولمايدۇ. ئاداۋەت بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرى بىر ئادەمنىڭكىدەك بولىدۇ. ئەتىگەندە ـ ئاخشامدا ئۇلار ئاللاھ تائالاغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ »، دېيىلگەن.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئەھلى جەننەتتە ناقىس سۈپەتلەرنىڭ بولمايدىغانلىقى. ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: ئەھلى جەننەتنىڭ يېيىش ـ ئىچىش، كىيىش ۋە خۇشبۇي ئىشلىتىشتە، قانداقتۇر ئۇلاردا ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق، يالىڭاچلىق ياكى بەتبۇيلۇق ھېسسىياتى يوق بولىدۇ. ئۇلار پەقەت ئۈزۈلمەس لەززەتلەر ۋە تۈگىمەس نېئمەتلەر ئىچىدە بولىدۇ. ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دەيدۇ: ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ مەزھىپى شۇكى، ئەھلى جەننەت دۇنيا ئەھلىگە ئوخشاشلا نازۇ ـ نېئمەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا لەززەتلىنىش جەھەتتە پەرق بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم» ۋە سۈننەتتە جەننەتنىڭ نېئمەتلىرىنىڭ تۈگىمەيدىغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. ئەھلى جەننەتنىڭ دىللىرى ناچار ئەخلاقتىن پاك بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر ـ بىرىنى كۆرەلمەسلىك ۋە ئىتتىپاقسىزلىق بولمايدىغانلىقى.

**1883 ـ مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن:** «سأَل مُوسَى صَلّى اللهُ عَلَيْهِ وسَلَّم ربَّهُ، ما أَدْنَى أَهْلِ الْجنَّةِ مَنْزلَةً؟ قَالَ: هُو رَجُلٌ يجِيءُ بعْدَ ما أُدْخِل أَهْلُ الْجنَّةِ الْجَنَّةَ، فَيُقَالُ لَهُ: ادْخِلِ الْجنَّة. فَيقُولُ: أَيْ رَبِّ كَيْفَ وقَدْ نَزَل النَّاسُ منَازِلَهُمْ، وأَخَذُوا أَخَذاتِهِم؟ فَيُقَالُ لهُ: أَتَرضي أَنْ يكُونَ لَكَ مِثْلُ مُلْكِ مَلِكٍ مِنْ مُلُوكِ الدُّنْيا؟ فيقولُ: رضِيتُ ربِّ، فَيقُولُ: لَكَ ذَلِكَ ومِثْلُهُ ومِثْلُهُ ومِثْلُهُ ومِثْلُهُ، فَيقُولُ في الْخَامِسَةِ: رضِيتُ ربِّ، فَيَقُولُ: هَذَا لَكَ وعشَرةُ أَمْثَالِهِ، ولَكَ ما اشْتَهَتْ نَفْسُكَ، ولَذَّتْ عَيْنُكَ. فَيَقُولُ: رضِيتُ ربِّ، قَالَ: ربِّ فَأَعْلاَهُمْ منْزِلَةً؟ قال: أُولَئِك الَّذِينَ أَرَدْتُ، غَرسْتُ كَرامتَهُمْ بِيدِي وخَتَمْتُ علَيْهَا، فَلَمْ تَر عيْنُ، ولَمْ تَسْمعْ أُذُنٌ، ولَمْ يخْطُرْ عَلَى قَلْبِ بشَرٍ» **«مۇسا ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىدىن جەننەت ئەھلىنىڭ تۆۋەن دەرىجىسىنى سورىدى. ئاللاھ تائالا ئېيتتى: ئۇ شۇنداق كىشى بولۇپ، ئەھلى جەننەت جەننەتكە كىرىپ بولغاندىن كېيىن كېلىدۇ. ئۇنىڭغا: ‹جەننەتكە كىرگىن›، دېيىلىدۇ. ئۇ: ‹پەرۋەردىگارىم، كىشىلەر جايلىرىغا چۈشۈپ، ئالىدىغان نەرسىلىرىنى ئېلىپ بولغان تۇرسا، قانداقمۇ كىرەي؟›، دەيدۇ. ئۇنىڭغا: ‹دۇنيا پادىشاھلىرىدىن بىر پادىشاھنىڭ مۈلۈكچىلىك نەرسە بېرىلسە رازى بولامسەن؟›، دېيىلىدۇ. ئۇ: ‹پەرۋەردىگارىم، رازى بولىمەن›، دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: ‹ساڭا شۇنچىلىك بولسۇن، يەنە شۇنىڭ باراۋىرىدە بولسۇن، يەنە شۇنىڭ باراۋىرىدە بولسۇن، يەنە شۇنىڭ باراۋىرىدە بولسۇن›، دەپ بەشىنچى قېتىمغا كەلگەندە: ‹پەرۋەردىگارىم رازى بولدۇم›، دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: ‹ساڭا بۇلار ۋە شۇنىڭدەك ئون باراۋەر كۆپ بولسۇن ۋە ساڭا كۆڭلۈڭ خالىغان، كۆزۈڭ كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىدىغانلىكى نەرسە بولسۇن›، دەيدۇ. ئۇ بەندە: ‹رازى بولدۇم، ئى پەرۋەردىگارىم›، دەيدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام: ‹ئى پەرۋەردىگارىم، جەننەت ئەھلىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى قايسى؟›، دەپ سورىدى. ئاللاھ تائالا: ‹ئۇلار شۇنداق كىشىلەركى، ئۇلارنى مەن خالىدىم، ھۆرمەت دەرىخىنى ئۆز قولۇم بىلەن تىكتىم. ئۇلارنى (دەرەخلەرنى) باشقىلارنىڭ كۆرمەسلىكى ئۈچۈن پېچەتلىۋەتتىم. ئۇلارنى ھېچقانداق كۆز كۆرگىنى يوق، ھېچقانداق قۇلاق ئاڭلىغىنى يوق، ھېچقانداق ئىنساننىڭ كۆڭلىگە كەچكىنى يوق›، دەيدۇ.**

ـــ مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ۋە مەرھەمىتىنىڭ كەڭلىكى بايان قىلىنغان.

2) ئەھلى جەننەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىكىنىڭ دۇنيادىكى ھەر قانداق پادىشاھ ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان مۈلۈكتىنمۇ ھەسسىلەپ كۆپ مۈلۈكتىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقى.

**1884 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن:** «إِنِّي لأَعْلَمُ آخِرَ أَهْلِ النَّارِ خُرُوجاً مِنهَا، وَآخِرَ أَهْلِ الْجَنَّةِ دُخُولاً الْجَنَّة. رجُلٌ يخْرُجُ مِنَ النَّارِ حبْواً، فَيقُولُ اللَّه عزَّ وجَلَّ لَهُ: اذْهَبْ فَادخُلِ الْجنَّةَ، فَيأْتِيهَا، فيُخيَّلُ إِلَيْهِ أَنَّهَا مَلأَى، فيَرْجِعُ، فيقُولُ: ياربِّ وجدْتُهَا مَلأَى، يَقُولُ اللَّه عزَّ وجلَّ لهُ: اذْهَبْ فَادْخُلِ الجنَّةَ، فيأْتِيها، فَيُخَيَّل إِلَيْهِ أَنَّهَا ملأى، فَيرْجِعُ. فيَقُولُ: ياربِّ وجدْتُهَا مَلأَى،، فَيقُولُ اللَّه عزَّ وجلَّ لهُ: اذْهَبْ فَادْخُلِ الْجَنَّةَ. فإِنَّ لَكَ مِثْلَ الدُّنْيا وعشرَةَ أَمْثَالِها، أَوْ إِنَّ لَكَ مِثْل عَشرَةِ أَمْثَالِ الدُّنْيا، فَيقُولُ: أَتَسْخَرُ بِي، أَوَ أَتَضحكُ بِي وأَنْتَ المِلكُ» **« مەن جەھەننەمدىن چىقىشتا ھەممىدىن كېيىن چىقىدىغان، جەننەتكە كىرىشتە ئەڭ ئاخىرىدا كىرىدىغان بىر ئادەمنى ياخشى بىلىمەن. ئۇ شۇنداق بىر كىشىكى، دوزاختىن ئۆمىلەپ چىقىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا: ‹بارغىن، جەننەتكە كىرگىن›، دەيدۇ. ئۇ جەننەتكە كەلسە، ئۇنىڭغا جەننەت توشۇپ كەتكەندەك تۇيۇلىدۇ ـ دە، ئۇ قايتىپ كېلىپ: ‹ئى پەرۋەردىگارىم! جەننەت توشۇپ كېتىپتۇ›، دەيدۇ. ئۇلۇغ ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا: ‹بارغىن جەننەتكە كىرگىن›، دەيدۇ. ئۇ جەننەتكە كېلىدۇ، جەننەت توشۇپ كەتكەندەك تۇيۇلىدۇ. ئۇ قايتىپ كېلىپ: ‹ئى پەرۋەردىگارىم، جەننەت توشۇپ كېتىپتۇ›، دەيدۇ. ئۇلۇغ ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا: ‹بارغىن، جەننەتكە كىرگىن، ساڭا جەننەتتە دۇنيا باراۋىرىدە ۋە دۇنيانىڭ ئون ھەسسىسىدەك كۆپ ئورۇن بار›، دەيدۇ. ئۇ بەندە: ‹سەن ھەممىنىڭ پادىشاھى تۇرۇپ مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن›، دەيدۇ ». ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دېدى: « مەن رەسۇلۇللاھنىڭ كۈلۈپ، ھەتتا ئېزىق چىشلىرىنىڭ كۆرۈنۈپ قالغانلىقىنى كۆردۈم. رەسۇلۇللاھ:** «ذَلِكَ أَدْنَى أَهْلِ الْجَنَّةِ منْزِلَةً» **‹مانا بۇ جەننەت ئەھلىنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىدۇر›، دەيتتى ».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1885 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن:** «إِنَّ للْمُؤْمِنِ في الْجَنَّةِ لَخَيْمةً مِنْ لُؤْلُؤةٍ وَاحِدةٍ مُجوَّفَةٍ طُولُهَا في السَّماءِ سِتُّونَ ميلاً. للْمُؤْمِنِ فِيهَا أَهْلُونَ، يَطُوفُ عَلَيْهِمُ المُؤْمِنُ فَلاَ يَرى بعْضُهُمْ بَعْضاً» **« مۇئمىن ئۈچۈن جەننەتتە ئۇزۇنلۇقى 60 مىل كېلىدىغان بىر مەرۋايىت چېدىر بولىدۇ. ئۇنىڭدا مۇئمىننىڭ ئاياللىرى تۇرىدۇ. ئۇ ئاياللارنى مۇئمىن كىشى ئايلىنىپ يوقلاپ تۇرىدۇ. ئۆينىڭ چوڭلۇقىدىن بەزىسى ـ بەزىسىنى كۆرەلمەيدۇ ».**

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**1886 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن:** «إِنَّ في الْجنَّةِ لَشَجرَةً يسِيرُ الرَّاكِبُ الْجوادَ المُضَمَّرَ السَّرِيعَ مِائَةَ سنَةٍ مَا يَقْطَعُهَا»



www.munber.org

« جەننەتتە بىر دەرەخ بولۇپ، شۇنداق يۇگۈرۈك ئېسىل ئاتقا مىنگەن كىشى 100 يىل يۈرسىمۇ، ئۇ دەرەخنىڭ سايىسىدىن مېڭىپ تۈگىتەلمەيدۇ ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: جەننەتنىڭ دەرەخلىرىنىڭ چوڭلۇقى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى ۋە بەندىلىرىگە ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى ـ مەرھەمىتىنىڭ كەڭلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

1887 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «إِنَّ أَهْلَ الْجنَّةِ لَيَتَرَاءُوْنَ أَهْلَ الْغُرَفِ مِنْ فَوْقِهِمْ كَمَا تَتَرَاءَوْنَ الكَوْكَبَ الدُّرِّيَّ الْغَابِرَ في الأُفُقِ مِنَ المشْرِقِ أَوِ المَغْرِبِ لتَفَاضُلِ ما بَيْنَهُمْ» « دەرىجىلىرى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن جەننەت ئەھلى ئۈستىدىكى خانىلەردىكى جەننەت ئەھلىلىرىنى مەشرىق ياكى مەغرىپ تەرەپتىكى نۇرى ئۆتكۈر يۇلتۇزنى كۆرگەندەك كۆرۈپ تۇرىدۇ ». ساھابىلەر: « ئى رەسۇلۇللاھ، بۇ پەيغەمبەرنىڭ دەرىجىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا باشقىلار يېتەلمەمدۇ؟ »، دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: «بلَى وَالَّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ رجَالٌ أَمَنُوا بِاللَّهِ وصَدَّقُوا الْمُرْسلِينَ» « ياق، جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، بۇ ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرگەن، پەيغەمبەرلەرنى تەستىق قىلغان كىشىلەرنىڭ ئورنى »، دېدى.

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: جەننەت ئەھلىنىڭ پەزىلەت ئېتىبارى بىلەن دەرىجىسىنىڭكى ئوخشىمايدىغانلىقى، ھەتتا تۆۋەندىكىلەرنىڭ يۇقىرىدىكىلەرنى يۇلتۇزلارغا ئوخشاش كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى. ياخشى مۇئمىن بەندىلەرنىڭ ئىمان ئېيتقانلىق ۋە پەيغەمبەرلەرنى تەستىق قىلغانلىق سەۋەبى بىلەن ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ دەرىجىسىگە يېتىدىغانلىقى.

1888 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «لَقَابُ قَوْسٍ في الْجَنَّةِ خَيْرٌ مِمَّا تَطْلُعُ علَيْهِ الشمْسُ أَوْ تَغْربُ» « جەننەتتىكى بىر ياچاق دائىرىسىچىلىك ئورۇن دۇنيادىكى قۇياشنىڭ نۇرى چۈشكەنلىكى يەرلەردىن ياخشىدۇر ».

— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: جەننەتنىڭ پەزىلىتى، جەننەتتىكى كىچىككىنە ئورۇنىڭمۇ دۇنيادىكى ھەممە يەردىن ياخشى ئىكەنلىكى، دۇنيا داۋامى يوق پانىي بولۇپ، جەننەتنىڭ مەڭگۈ باقىي ئىكەنلىكى.

1889 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «إِنَّ في الْجنَّةِ سُوقاً يأْتُونَهَا كُلَّ جُمُعَةٍ . فتَهُبُّ رِيحُ الشَّمالِ، فَتحثُو في وُجُوهِهِمْ وثِيَابِهِمْ، فَيزْدادُونَ حُسْناً وجَمالاً . فَيَرْجِعُونَ إِلَى أَهْلِيهِمْ، وقَدْ ازْدَادُوا حُسْناً وجمالاً ، فَيقُولُ لَهُمْ أَهْلُوهُمْ : وَاللَّهِ لَقدِ ازْدَدْتُمْ حُسْناً وجمالاً ، فَيقُولُونَ : وأَنْتُمْ وَاللَّهِ لَقَدِ ازْددْتُمْ بعْدَنَا حُسناً وَجمالاً» « جەننەتتە بىر بازار بولۇپ، ئەھلى جەننەت ھەر جۈمە كۈنى شۇ يەرگە يىغىلىدۇ. شىمال شامىلى كېلىپ ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە



www.munber.org

كىيىملىرىگە خۇشبۇي چاچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار ئۆيلىرىگە ھۆسن قوشۇلغان ھالدا قايتىدۇ. ئەھلىلىرى ئۇلارغا: ‹ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر ھەقىقەتەن تېخىمۇ گۈزەل بولۇپ كېتىپسىلەر›، دەيدۇ. ئۇلارمۇ ئەھلىلىرىگە: ‹ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز چىقىپ كەتكەندىن كېيىن سىلەرنىڭمۇ گۈزەللىكىڭلارغا گۈزەللىك قوشۇلۇپتۇ›، دەيدۇ ››. — مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئەھلى جەننەتنىڭ گۈزەللىكلىرىنىڭ ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن نېئمەتنىڭ زىيادە بولىدىغانلىقى. شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دوستلۇق ۋە مۇھەببەتنىڭمۇ زىيادە بولىدىغانلىقى.

2) جەننەتنىڭ بازىرى دېگەن ئەھلى جەننەتنىڭ بىر جايغا توپلانغانلىقى بولۇپ، ئۇلار ئۇ يەردە كۆڭلى تارتقان نەرسىلەرنى ھېچقانداق ئېلىم ـ سېتىمسىز يەپ ئىچىدۇ.

1890. سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «إِنَّ أَهْلَ الْجنَّةِ لَيَتَراءَوْنَ الْغُرفَ في الْجنَّةِ كَمَا تَتَرَاءَوْنَ الْكَوْكَبَ في السَّماءِ» ‹‹ جەننەت ئەھلى ئۈستىدىكى ئۆيلەرنى خۇددى ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى كۆرگەندەك كۆرىدۇ ››. — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

1891 ـ سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، مەن رەسۇلۇللاھ جەننەتنىڭ تەرىپىنى قىلغان بىر سورۇنغا ھازىر بولغانتىم. رەسۇلۇللاھ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا: «فِيهَا ما لاَ عيْنٌ رأَتْ، ولا أُذُنٌ سمِعَتْ، ولاَ خَطَر عَلى قَلْبِ بشَرٍ» ‹‹ جەننەتتە كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان، كىشىنىڭ كۆڭلىگە كېچىپ باقمىغان، راھەت ـ پاراغەت ۋە نازۇنېئمەتلەر بار ››، دەپ ئاندىن بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿تَتَجَافَى جُنُوبُهُمْ عَنِ الْمَضَاجِعِ يَدْعُونَ رَبَّهُمْ خَوْفًا وَطَمَعًا وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنفِقُونَ فَلَا تَعْلَمُ نَفْسٌ مَّا أُخْفِيَ لَهُم مِّن قُرَّةِ أَعْيُنٍ جَزَاء بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾ ﴿ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن ـ كۆرپىدىن يىراق بولىدۇ (يەنى، ئۇلار كېچىسى ئىبادەت قىلىپ ئاز ئۇخلايدۇ). ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ (ئازابىدىن) قورقۇپ، (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلىپ، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ. ئۇلارغا بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن ئاللاھ تائالانىڭ ھوزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېئمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ﴾. (‹‹قۇرئان كەرىم›› سۈرە سەجدە 16 ـ، 17 ـ ئايەتلەر) — بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلغانلارغا ساۋاب بېرىلىدىغانلىقى بىلەن بىشارەت بەرگەنلىكى.

2) جەننەتنىڭ ئۈستۈنلۈكى ۋە ئۇنىڭ نازۇ ـ نېئمەتلىرىنىڭ دۇنيا نازۇ ـ نېئمەتلىرىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە كاتتىلىقى.



www.munber.org

1892 ـ ئەبۇ سەئد ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «إِذَا دخَلَ أَهْلُ الْجنَّةِ الجَنَّةَ يُنَادِي مُنَادٍ: إِنَّ لَكُمْ أَنْ تَحْيَوْا، فَلا تَمُوتُوا أَبداً وإِنَّ لكُمْ أَنْ تَصِحُّوا، فَلاَ تَسْقَمُوا أَبداً، وإِنَّ لَكُمْ أَنْ تَشِبُّوا فَلا تهْرَمُوا أَبداً وإِنَّ لَكُمْ أَن تَنْعمُوا، فَلا تبؤسوا أَبَداً» «جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرسە بىر نىدا قىلغۇچى مۇنداق دەيدۇ: ‹سىلەر مەڭگۇ ھايات ياشايسىلەر، ئۆلمەيسىلەر، سالامەت بولىسىلەر، ھەرگىز كېسەل بولمايسىلەر، ياش تۇرىسىلەر، ھەرگىز قېرىمايسىلەر، سىلەر نازۇ ـ نېئمەتتە، بەخت ـ سائادەتتە ئۆتىسىلەر، مەڭگۇ بەختسىزلىككە دۇچار بولمايسىلەر››.

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: جەننەتنىڭ نېئمەتلىرىنىڭ دۇنيا نېئمەتلىرىدىن تۈپتىن پەرقلىق بولىدىغانلىقى. جەننەت نېئمەتلىرىدە ئۆزگىرىش ياكى خوراش، تۈگەپ كېتىش بولمايدىغانلىقى. شۇنداقلا، ئەھلى جەننەتلەرنىڭ كېسەل بولمايدىغانلىقى ۋە قېرىمايدىغانلىقى.

1893 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «إِنَّ أَدْنَى مقْعَدِ أَحدِكُمْ مِنَ الْجنَّةِ أَنْ يقولَ لَهُ: تَمنَّ فَيَتَمنَّي ويتَمنَّي. فَيَقُولُ لَهُ: هلْ تَمنَّيْتَ؟ فَيَقُولُ: نَعمْ فَيقُولُ لَهُ: فَإِنَّ لَكَ ما تَمنَّيْتَ ومِثْلَهُ معهُ» «سىلەرنىڭ جەننەتتىكى ئورنى ئەڭ تۆۋەن بولىدىغىنىڭلار مۇنداق بىر كىشى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە: ‹ئارزۇيىڭنى دېگىن›، دەيدۇ. ئۇ كىشى ئارزۇسىنى دەيدۇ، يەنە دەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە: ‹ئارزۇيىڭنى دەپ بولدۇڭمۇ؟›، دېسە، ئۇ كىشى: ‹ھەئە›، دەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا: ‹ساڭا ئارزۇ قىلغىنىڭ بېرىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يەنە بىر باراۋەر قوشۇپ بېرىلىدۇ›، دەيدۇ››.

— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئەھلى جەننەتكە ئاللاھ تائالانىڭ مەرھەمىتىنىڭ كەڭلىكى، ئۇلارغا ئارزۇ قىلغان نەرسىلىرىنىمۇ ھەسسىلەپ كۆپ بېرىلىدىغانلىقى. جەننەتنىڭ نېئمەتلىرى مۆئمىنلەر بىلىدىغان نەرسىلەر بىلەن چەكلەنمەيدىغانلىقى. بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى ـ مەرھەمىتى، سېخىلىقى يۈزىسىدىن مۆئمىن ئادەمگە جەننەتتە ئارزۇ قىلغان، كۆڭلى تارتقان نازۇ ـ نېئمەت، راھەت ـ پاراغەتلەرنىڭ ھەممىسى بېرىلىدىغانلىقى.

1894 ـ ئەبۇ سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «إِنَّ اللَّه عزَّ وجلَّ يقُولُ لأَهْل الْجنَّةِ: يا أَهْلَ الْجنَّة، فَيقُولُونَ: لَبَّيْكَ ربَّنَا وسعْديْكَ، والْخيرُ في يديْك فيقُولُ: هَلْ رَضِيتُمْ؟ فَيقُولُونَ: وما لَنَا لاَ نَرْضَي يا رَبَّنَا وقَدْ أَعْطَيْتَنَا ما لمْ تُعْطِ أَحداً مِنْ خَلْقِكَ، فَيقُولُ: أَلاَ أُعْطِيكُمْ أَفْضَلَ مِنْ ذَلَكَ؟ فَيقُولُونَ: وأَيُّ شَيْءٍ أَفْضلُ مِنْ ذلِكَ؟ فيقُولُ: أُحِلُّ عليْكُمْ رضْوانِي، فَلا أَسْخَطُ عليْكُمْ بَعْدَهُ أَبَداً» «ئۇلۇغ ئاللاھ تائالا جەننەت ئەھلىگە: ‹ئى جەننەت ئەھلى›، دەيدۇ. ئۇلار: ‹پەرۋەردىگارىمىز، خوش، بىز ھازىرمىز، بارلىق خەيرلىك ئىشلار سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر›، دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: ‹مەمنۇن بولدۇڭلارمۇ؟›، دەيدۇ. ئۇلار: ‹پەرۋەردىگارىمىز، مەخلۇقاتلىرىڭدىن ھېچبىرىگە بەرمىگەن نېئمەتلىرىڭنى



www.munber.org

بەرگەن تۇرساڭ، نېمىشقا مەمنۇن بولمايدىكەنمىز›، دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: ‹سىلەرگە بۇنىڭدىن ئەۋزەلرەك نەرسە بېرەيمۇ؟›، دەيدۇ. ئۇلار: ‹بۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەل قايسى نەرسە ئۇ؟›، دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: ‹سىلەرگە رازىلىقىمنى چۈشۈرىمەن، سىلەرگە بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز غەزەپ قىلمايمەن›، دەيدۇ».

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاللاھ تائالانىڭ ئەھلى جەننەتكە مەرھەمىتىنى زىيادە قىلىش، چىرايلىق ۋەدىلەرنى قىلىش يۈزىسىدىن خىتاب قىلىپ ئەھلى جەننەتنى ئۈستۈن قىلىدىغانلىقى.

1895 ـ جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 14 كۈنلۈك تولۇن ئايغا قاراپ مۇنداق دېدى: «إِنَّكُمْ ستَرَوْنَ رَبَّكُمْ عِياناً كما تَرَوْنَ هَذَا الْقمرَ، لاَ تُضامُونَ في رُؤْيتِهِ» « سىلەر خۇددى مۇشۇ ئاينى ھېچقانداق توسالغۇسىز كۆرگەندەك، پەرۋەردىگارىڭلارنى ئوچۇق ـ ئاشكارا كۆرىسىلەر ».

—— بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مۆئمىنلەرنىڭ پەرۋەردىگارىنى جەننەتتە كۆرىدىغانلىقى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ نَّاضِرَةٌ إِلَى رَبِّهَا نَاظِرَةٌ﴾ ﴿بۇ كۈندە (سائادەتمەنلەرنىڭ) يۈزلىرى نۇرلۇق بولىدۇ. (ئۇلار) پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرىدۇ﴾. (« قۇرئان كەرىم » سۈرە قىيامەت 22 ـ، 23 ـ ئايەت)

ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: « ئاللاھ تائالا باقىي بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ دۇنيادا كىشىلەرنىڭ پانىي كۆزلىرى بىلەن باقىينى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئاخىرەتتە بولسا، جەننەتلەرگە باقىي كۆزلەر بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن مۇشۇ كۆز بىلەن ئاللاھ تائالانى كۆرگىلى بولىدۇ ».

1896 ـ سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِذَا دَخَل أَهْلَ الْجنَّةِ الجَنَّةَ يقُولُ اللَّه تَبارك وتَعالَى: تُرِيدُونَ شَيْئاً أَزِيدُكُمْ؟ فَيقُولُونَ: أَلَمْ تُبيِّضْ وُجُوهَنَا؟ أَلَمْ تُدْخِلْنَا الْجَنَّةَ وتُنَجِّنَا مِنَ النَّارِ؟ فَيكْشِفُ الْحِجابَ، فَما أُعْطُوا شَيْئاً أَحبَّ إِلَيهِمْ مِنَ النَّظَرِ إِلَى رَبِّهِمْ» « جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرسە، ئاللاھ تائالا: ‹سىلەرگە مېنىڭ بىرەر نەرسىنى زىيادە قىلىپ بېرىشىمنى خالامسىلەر›، دەيدۇ. ئۇلار: ‹يۈزىمىزنى يورۇق قىلمىدىڭمۇ، دوزاختىن قۇتقۇزۇپ، جەننەتكە كىرگۈزمىدىڭمۇ، بىز يەنە نېمىنى تەلەپ قىلاتتۇق›، دەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆز جامالىدىن پەردىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. ئۇلارغا ئۆز پەرۋەردىگارىغا مۇشەررەف بولۇشتىنمۇ سۆيۈملۈكرەك نەرسە بولمايدۇ ».

—— مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئاللاھ تائالانىڭ جامالىدىن پەردە كۆتۈرۈلۈپ، جەننەت ئەھلىنىڭ ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىنى كۆرىدىغانلىقى، مۆئمىنلەرنىڭ جەننەتتە ئاللاھ تائالانى ماھىيىتى ئىدراك قىلىنغان ۋە ھېچقانداق شەكىل ـ سۈرەتتە تەسەۋۋۇر قىلىنمىغان ھالدا كۆرىدىغانلىقىنىڭ

ئىسپاتلىنىشى. كۇففارلارغا كېلىدىغان بولساق، ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدە دېيىلگەندەك: ﴿... ھەقىقەتەن ئۇلار بۇ كۈندە پەرۋەردىگارىنى كۆرۈشتىن مەنئى قىلىنغان﴾، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ مۇبارەك جامالىنى كۆرۈشتىن مەھرۇم قالدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

www.munber.org